
# شىنجاڭ

# ئېنسىكلوپېدىيىسى

شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسىنى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن

1



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

新疆百科全书/《新疆百科全书》编纂委员会编;加马力·伊明等译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.7　　ISBN7－228－09461－1

Ⅰ．新…　Ⅱ．①新…　②加…　Ⅲ．新疆－概况－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．K924.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 074313 号

责任编辑：托呼提·图尔迪，阿力木江·塔伊尔，吾依洪·阿不都瓦力

责任校对：阿斯亚·艾合买提，帕里达·艾力，阿达来提·买合苏提，阿依古丽·沙比提，赛娜瓦尔·依布拉音，再米拉·菲达依，古丽夏尔·尼合买提，热娜古丽·阿布里米提，阿热孜古丽·克里木，木尼拉·木沙江

**新疆百科全书**（维吾尔文）

《新疆百科全书》编纂委员会编

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码:830001)

新疆新华书店发行

新疆新华印刷厂印刷

787×1092 毫米　16 开本　135 印张　76 插页

2005 年 8 月第 1 版　2005 年 8 月第 1 次印刷

印数:1－1000

---

ISBN7－228－09461－1　　定价：320.00 元（全二册）

# «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر: جانابىل

مۇئاۋىن مۇدىرلار: قېيۇم باھاۋۇدۇن، فېڭ داجېن، ۋاڭ خۇبىيو، جاڭ گۇيتاڭ، ۋاڭ گۇيجېن

ھەيئەتلەر: جاڭ يۇجۇڭ، تۇرسۇن سادىر، لى كاڭنىڭ، لى دېخۇڭ، خەن شۇچى، سۇڭ رۇگو، چېن زېيۇ، جاڭ بەيجى، ۋاڭ شۇەنچيەن، تاۋ شىيى

باش تۈزگۈچى: فېڭ داجېن

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچىلەر: ياڭ چيەن، ليۇ شيەنجى، ليۇ پېيى

# خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ تەھرىراتى

مۇدىر: فېڭ داجېن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ۋېي ليۇگېن، ياڭ جېنخۇا، رېن باڭكۇن، ياڭ فارېن، ليۇ شيەنجى، ياڭ چيەن

ئەزالار: ليۇ جىشاۋ، چېن بەيجۇڭ، جى داچۇن، خەن دېلىن، ليەن جېنخۇا، شيې مىن، ۋاڭ خۇڭجىن

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپ: نارىنگۇۋا

# تارماق تەھرىرات

تارىخ تەھرىراتى

مۇدىر: جى داچۇن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ۋاڭ بىڭخۇا ، يىن چىڭ

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپ: ۋاڭ لى

جۇغراپىيە تەھرىراتى

مۇدىر: خەن دېلىن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: يەن شۈن ، ۋاڭ شۇجى

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپلار: سېڭ جىڭ ، شى جيالى

تەبىئىي بايلىق تەھرىراتى

مۇدىر: ۋاڭ خوڭجېن

مۇئاۋىن مۇدىر: جېن جاۋجيې

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپ: ۋاڭ خۇڭ

مىللەت ، دىن تەھرىراتى

مۇدىرلار: ليۇ جىشاۋ، ۋاڭ شۇەنچيەن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: دىشېڭ ، ۋاڭ ۋېنخېڭ

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپ: ساڭ رۇڭ

سىياسىي قانۇنچىلىق تەھرىراتى

مۇدىر: ليەن جېنخۇا

مۇئاۋىن مۇدىرلار: تاڭ ۋېي ، گاۋ جىڭۋېن

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپلار: خې يۈنلۇڭ ، گۈلىيە

ئىقتىساد تەھرىراتى

مۇدىر: ياڭ فارېن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: شۇ جىبىڭ ، جاڭ شياۋرېن ، ياڭ سۇمىن ،
شۇجۈن ، ۋاڭ جيې ، ليۇ ۋېنجۇ ، چۇەن بىڭجۇڭ

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپ: ياڭ شۇەي

ئىلىم - پەن تەھرىراتى

مۇدىر: ۋېي ليۇگېن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: فېي ئەنمىن ، ۋاڭ شياۋيەن ، ۋاڭ شىنخې

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپ: شيې گوجىڭ

مەدەنىيەت تەھرىراتى

مۇدىر: چېن بەيجۇڭ

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ۋەن يۇڭ، خۇاڭ چۇنخۇا ، ۋاڭ شۇمېي

مائارىپ تەھرىراتى

مۇدىر: رېن باڭكۇن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: شۇ يۇچى ، چۇلەنچاۋ ، ۋاڭ يىجيې

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپلار: سۇي ۋېي ، ۋاڭ چېن ، نىڭ شاۋجۇ ، يۇجىنخۇا

جەمئىيەت ، مۇھىت ئاسراش تەھرىراتى

مۇدىر: شيې مىن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ۋاڭ كۇن ، جياڭ لىڭيۇن

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەھرىراتى

مۇدىر: ياڭ جېنخۇا

مۇئاۋىن مۇدىر: ۋاڭ يۇنخۇا

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپلار: ما شيا ، شى گۇاڭجۇ

زامانىمىز كىشىلىرى تەھرىراتى

مۇدىر: ياڭ چيەن

مۇئاۋىن مۇدىر: جاڭ شۇكەي

ئالاقىلەشكۈچى كاتىپ: چيۇ لياڭجيۇ

# سۆزلەم ئاپتورلىرى

(فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە تىزىلدى)

دىڭ زىرىن، دىڭ شياۋلىڭ، يۈ تيەنشۈي، ۋەن يۇڭ ۋەن چىن، ما لى، ما پىڭ، ما جيې،
ما لۇ، ما فېيپېڭ، ما يۈنشيا، ما چاڭۋېي، ما ۋېنخۇا، ما خوڭفۇ، ما گورۇڭ، ما جيەنمىن،
ما پىنيەن، ما شيۇڭفۇ، ما شياڭيۈن، ۋاڭ چۈەن، ۋاڭ ۋېي، ۋاڭ كۈن، ۋاڭ جۇڭ، ۋاڭ جېڭ،
ۋاڭ خۇڭ، ۋاڭ جيې، ۋاڭ بو، ۋاڭ دى، ۋاڭ يىجيې، ۋاڭ شياۋپىڭ، ۋاڭ شياۋيەن، ۋاڭ
ۋېنخېڭ، ۋاڭ ۋېيمىن، ۋاڭ شىرۇڭ، ۋاڭ جەنتىڭ، ۋاڭ شېڭشى، ۋاڭ يۇڭلەي، ۋاڭ ياپىڭ،
ۋاڭ ۋېيداۋ، ۋاڭ ۋېيلىيەن، ۋاڭ جاۋسۇڭ، ۋاڭ جىچاۋ، ۋاڭ ليەنفاڭ، ۋاڭ زوجې، ۋاڭ جىخۇا،
ۋاڭ مىڭشەن، ۋاڭ گوفۇ، ۋاڭ باۋچېڭ، ۋاڭ باۋيۇ، ۋاڭ جيەندې، ۋاڭ چۈنفېڭ، ۋاڭ شۇجى،
ۋاڭ رۇڭفۇ، ۋاڭ شۈەنچيەن، ۋاڭ بىڭخۇا، ۋاڭ جېنخۇا، ۋاڭ فېڭرۇي، ۋاڭ يىۋېن، ۋاڭ
خۇڭجىن، ۋاڭ شۇمېي، ۋاڭ ۋېيجى، ۋاڭ شىنۇڭ، ۋاڭ شىنخې، ۋاڭ رۇيتاڭ، ۋاڭ چېڭيۇ،
ۋاڭ شۇجياڭ، چې خېڭشياڭ، زەمىر سەيدۇللا، نيۇ جۇ، نيۇ لىشىن، نيۇ رۇجى، كۇڭ يۇجيې،
كۇڭ چىڭجېن، كۇڭ شيەنخۇ، يىن جىڭيۈەن، باھار مەمەتنىياز، دېڭ كېجۇڭ، دېڭ يامۇ، دېڭ
شياڭدى، گۇ چىڭ، گۇلىيە، زو شۇشياڭ، زو شىنپىڭ، شى جى، شى لىمىڭ، شى گېچىڭ،
يا لياڭجيې، قەھرىمان، يې خۇا، يې چېڭجيەن، يې شيۇپىڭ، تيەن ۋېيجياڭ، تيەن يىڭۋۇ،
تيەن گورېن، تيەن چۈنفاڭ، شى نيەن، شى رۇيجى، رەن خاۋ، فۇ گاڭ، دەي نىڭشياڭ، بەي
لى، باۋ يىڭ، فېڭ گۇاڭيۈەن، فېڭ جىنجۇڭ، فېڭ خەييەن، فېڭ شىشى، تىڭ شاۋجۇ، نىياز
كېرىم، گۇڭ جيەنمىن، لا دىشېڭ، بى شۇتىڭ، گو چاڭخۇي، شى سيا، شى گۇاڭجۇ، تۇرسۇنئاي
مەخسۇتوف، تۇرسۇن زېپۇ، لۇ چىشىن، لۇ ئېنگو، جۇيۇجياڭ، جۇ جېپىڭ، ۋۇ شىننەن، رېن
جىجيې، رېن خۇيىي، رېن جيەنجۇڭ، رېن شىنخۇڭ، رېن باڭكۈن، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل،
ئىسرافىل يۇسۇف، چۈەن بىڭجۇڭ، ۋۇ جياخۇ، ليۇ يۈن، ليۇ دەن، ليۇ پىڭ، ليۇ جېن، ليۇ
شىڭ، ليۇ كې، ليۇ بىن، ليۇ جيې، ليۇ ئې، ليۇ لىن، ليۇ گۇاڭچىن، ليۇ يۈنفاڭ، ليۇ
شىڭدۇڭ، ليۇ چاڭچۈن، ليۇ ۋېنجۇ، ليۇ ۋېنفېڭ، ليۇ ۋېنسو، ليۇ يۇڭشياڭ، ليۇ شيەنجى،
ليۇ جياڭخۇا، ليۇ كېشىن، ليۇ يىڭشېڭ، ليۇ جىخۇي، ليۇ چاڭخۇا، ليۇ گوفاڭ، ليۇ دېشېڭ،
ليۇ شۇمو، ليۇ خۇڭتاۋ، ليۇ شىگو، چى جېنتىڭ، چى چىڭشۈن، جۇاڭ چاۋچۈن، گۈەن چۈن،
جياڭ يۈن، ئەنۋەر، شۇ كې، سۇ جۈن، شۇ ۋېنلى، چى شېيىۇ، مەھەممەت پولات، مو شۇفاڭ،
سۈن يۈمېي، سۈن شىيى، سۈن مىنجى، سۈن ئەيلى، جى داچۈن، جى ۋېنشىن، ياڭ چيەن،
ياڭ شۇ، ياڭ شۈن، ياڭ لىمىن، ياڭ ۋېيدۇڭ، ياڭ فارېن، ياڭ گۈەنيۇڭ، ياڭ جىمىن، ياڭ
سۇڭتاۋ، ياڭ چاڭيۇ، ياڭ باۋخۇا، ياڭ چۈنخاڭ، ياڭ چۇڭخۇي، ياڭ چاۋچۈن، ياڭ جىڭلەن،
ياڭ شەنمىڭ، سۇ زىشۇ، سۇ يۇرۇڭ، لى فەن، لى يى، لى نىڭ، لى جيەن، لى جۈەن، لى
مىن، لى خۇي، لى كەيچۈەن، لى شۇۋېن، لى شۇچۈن، لى چۈەنمىن، لى جياڭفېڭ، لى شىڭيې،
لى جىنشىن، لى باۋشەن، لى جيەنجيې، لى بىڭجۇ، لى جىنۋېي، لى شياۋشيا، لى كاڭجۇاڭ،
لى جىنلەن، لى شىنلەن، لى شىبىن، لى شىنچۈن، لى دېخۇا، يەن جياڭبىن، يەن رۇڭلياڭ،

با يۇخۋا، شياۋ مۇنا، شياۋ يىڭليەن، ۋۇ جېن، ۋۇ شۇپېڭ، ۋۇ شاۋزۇ، ۋۇ چۇڭتۇن، خې
خۇڭ، خې ۋېنچىن، خې لىشىن، خې يۇنلۇڭ، خې شىڭۋېي، خې سىمىڭ، چيۇ لىڭ، چيۇ
لياڭجيۇ، يۇ جىنخۋا، لىڭ جۇڭشياۋ، كۇ لىپىڭ، ۋاڭ ئەيشاڭ، ۋاڭ يۇفۇ، ۋاڭ جيالۇن،
سالامەت، شېن جۇنلى، سۇڭ دۇڭ، سۇڭ ۋېي، سۇڭ مېيشياۋ، سۇڭ شياڭجيې، چى خەي،
جاڭ پىڭ، جاڭ نىڭ، جاڭ ۋېي، جاڭ جۇڭ، جاڭ يۇ، جاڭ جىن، جاڭ جۇي، جاڭ پىڭ،
جاڭ جاۋ، جاڭ يۆ، جاڭ لېي، جاڭ پېڭ، جاڭ جىڭ، جاڭ گۇاڭتەي، جاڭ ۋېندې، جاڭ لىيۇن،
جاڭ يۇجۇڭ، جاڭ يۇخې، جاڭ باڭگو، جاڭ شۇكەي، جاڭ رۇپىڭ، جاڭ يۇندې، جاڭ شياۋخۋا،
جاڭ لەيرۇڭ، جاڭ لىچى، جاڭ خۇەيجېن، جاڭ خۇڭمياۋ، جاڭ مىڭفا، جاڭ گوجى، جاڭ
گوخۋا، جاڭ زۇڭجى، جاڭ شۆبىن، جاڭ جيەنرېن، جاڭ سىدې، جاڭ جۇجېن، جاڭ شياۋرېن،
جاڭ جىڭماۋ، جاڭ فۇچۇەن، جاڭ دېجېن، جاڭ يىشۇن، چى شەن، لۇ شيۇيىڭ، ئابدۇرېيىم،
چېن يۇڭ، چېن گېڭ، چېن مېڭ، چېن چاۋ، چېن لېي، چېن شىلياڭ، چېن يۇنخۋا، چېن
چاڭچۇن، چېن ۋېنخەي، چېن جىنخۋا، چېن ۋۇگو، چېن يەنچى، چېن شېڭيۇەن، چېن گوگۇاڭ،
چېن بەيجۇڭ، چېن جېنخۋا، ۋۇ مىن، ۋۇ شىن، لىن خەي، لىن چۇڭخۋا، لىن خەيتاۋ، مياۋ
پۇشېڭ، فەن جىشىڭ، فەن چىڭشى، ئوۋياڭ جى، شاڭ جىن، شاڭ جيۇسەن، جۇڭ لۇ، لو
يۇڭ، لو زۇڭداۋ، لو شاۋۋېن، لو رۇنشېڭ، لو يۇزېڭ، جى يۇەنجۇڭ، جىن يۇڭشياڭ، جىن
جاۋجيې، جىن ئەيمىن، جۇ چۇەن، جۇ يەن، جۇ يۇسۇن، جۇ تۇڭلياڭ، جۇ شۇپىڭ، جۇ جۇنلىن،
جۇ گۇيلىڭ، پاڭ شياۋخۇڭ، جېڭ لىفېڭ، جېڭ پېڭنيەن، فاڭ ۋېنجيې، فاڭ يىجيې، جۇرئەت،
چۇ ۋېنجۇن، مېڭ دېشېڭ، بەي مېيشياڭ، ليۇ يىڭ، ليۇ خۇڭلياڭ، خۇ بىن، خۇ شياۋفاڭ،
خۇ ۋېنكاڭ، خۇ يۆيۇەن، خۇ جىنخۋا، خۇ رۇجى، خۇ شۇنلۇن، خۇ جىڭشياڭ، فېڭ گوفۇ،
فېڭ جيەنجياڭ، جاۋ فېي، جاۋ بەي، جاۋ خۇ، جاۋ شىجيې، جاۋ جىخۇڭ، جاۋ يۆگۇاڭ،
قاسىمبېك، خۇ زۇڭشيەن، دۇەن مىڭشىڭ، يۇ شياڭياڭ، جياڭ لىڭ، جياڭ جى، فېي لىجياڭ،
ياۋ خېجياڭ، ياۋ چېڭشۇن، خې فېڭ، خې جىدو، چىن ئەنجياڭ، گې تۇكېن، گېڭ جيەنچاڭ،
يۇەن رۇڭ، يۇەن شىلىن، يۇەن گويىڭ، يۇەن باۋجيەن، جاقىپ مىرزاقان، جيا يىڭيى، گۇ
شياۋخۇي، سەي جۇنجيې، سەي جۇنماۋ، داڭ سېڭجيەن، نى گېپىڭ، شۇ تاۋ، سۇ ۋېنكەن،
شۇ يۇچى، شۇ خېمىڭ، شۇ جېبىڭ، يىن چىڭ، يىن يۇڭچىڭ، چىڭ يەن، گو خۇڭ، گو يەن،
گو جېڭلى، گو جۇڭتيەن، گو چىڭرېن، گو چىجى، گو دۇەنيەن، گاۋ جۇشياڭ، گاۋ جىڭۋېن،
تاڭ لىن، تاڭ دەيۋېي، تاڭ يەنلىڭ، تاڭ خۇڭبىن، شەن خۇڭبىڭ، ساڭ رۇڭ، خۇاڭ لى،
خۇاڭ رېنشىڭ، خۇاڭ جۇڭچىڭ، خۇاڭ چۇنخۋا، ساۋ شىلىڭ، گوڭ يۇەن، گوڭ جىجۇن، سۇي
ۋېي، كاڭ يۇجۇ، كاڭ دۇڭشېڭ، كاڭ كېچىن، يەن شۇن، يەن دۇڭچېن، يەن لىلى، چۇ
شېنجيەن، لياڭ فۇجياڭ، تاھىرجان، خەن شىچى، خەن ئەيليەن، خەن دېلىن، پېڭ زىلېي،
پېڭ جىڭيۇ، گې شاۋخۋا، دوڭ شىڭتيەن، دوڭ جىگو، دوڭ پېيدې، دوڭ شىنجيې، جياڭ لىن،
جياڭ چىشياڭ، جياڭ لىڭيۇن، چېڭ جياسەي، لۇ يۇچۇڭ، شيې مىن، شيې گوجېڭ، مېڭ
شياۋشۇ، يۇ شياڭمىڭ، جيې ۋېي، سەي زىتۇڭ، سەي رېنشېڭ، سەي يۇجى، سەي گوخۋا،
زاڭ بىڭ، زاڭ چىشيەن، پېي ئەنمىڭ، چى ياپىڭ، چۇ خۇڭگو، جاڭ نەن، فەن جې، فەن
تۇشياڭ، پەن جې، پەن شىن، پەن جياڭلىن، شۆ زۇڭجېڭ، مۇھەممەت تۇرسۇن، خو شۇچۇ،
دەي گۇاڭفۇ، دەي جىچى، دەي ئېنچى، ۋېي لياڭ، ۋېي شىڭگۇي، ۋېي ليۇگېن، جۇ ۋېنيەن.

# «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئىشلىگۈچىلەر:

بېكىتكۈچىلەر: ئابلەت ئىمىن، دىلشات سۇلتان، قۇربان ياسىن
تەرجىمە تەھرىرلىرى: ئەخمەت ھاشىم، ئەنۋەر جاپپار، سۇلتان ھاشىم، ۋەلى ئەلى، ئوبۇل ئىسلام

تارىخ قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:
ئەخمەتجان مۆمىن
ئەركىن شېرىپ
ئەنۋەر سابىت
مۇختار مامۇت

جۇغراپىيە قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:
ئازات ئالماس
توختى تۇردى

تەبىئىي بايلىق قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:
ئازات ئالماس
بەختىيار ساۋۇت
مەمەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مىللەت، دىن قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:
ئەخمەت ئىمىن
دىلشات سۇلتان
مەمەتتۇردى مىرزىئەخمەت

سىياسىي قانۇنچىلىق قىسمىنىڭ مۇھەررىرى:

ئابلىمىت ئىمىن

ئىقتىساد قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:

ئازات ئالماس

ئالىمجان تاھىر

ئىلىم - پەن قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:

ئازات ئالماس

بەختىيار ساۋۇت

مەدەنىيەت قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:

ئازات ئالماس

قادىر قاۋۇز

مائارىپ قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:

ئالىمجان تاھىر

ئەخمەت ئىمىن

قادىر قاۋۇز

جەمئىيەت، مۇھىت ئاسراش قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:

ئازات ئالماس

قۇربان ياسىن

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قىسمىنىڭ مۇھەررىرى:

راخمان مامۇت

زامانىمىز كىشىلىرى قىسمىنىڭ مۇھەررىرلىرى:

ئايشەم سوپى

قادىر قاۋۇز

چوڭ ئىشلار قىسمىنىڭ مۇھەررىرى:

مەتىمىن شىپە

# تەرجىمە قىلغۇچىلار:

(ئۇيغۇرچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇللا
ئابدۇرېشىت مەھەممەت
ئابدۇۋايىت نىياز
ئابلىكىم ئالاۋۇدۇن
ئادالەت تاھىر
ئالىمجان تاھىر
ئالىمجان قادىر
ئايشەم سوپى
ئەخمەت راخمان
ئەركىن شىرىپ
ئەنۋەر جاپپار
ئەنۋەر قاسىم
باتۇر ئابدۇللا
تاھىرجان مۇھەممەد
تەلئەت ئىبراھىم
جامال ئىمىن
خالىق ئاۋۇت
خوجا ئابدۇللا

دىلشات سۇلتان
دىلنار قۇربان
دىلنۇر ئابدۇرۇسۇل
قادىر قاۋۇز
قۇربان ياسىن
لوقمان ئاقنىياز
مەھەممەت ئۆمەر
مەتىمىن ھاشىم
مەخمۇت ئابدۇرېھىم
مەخمۇت ئابدۇۋەلى
مىجىت تۇرسۇن
نىغمەت ئابلىمىت
ھېكىم ئابدۇرېھىم
ئېلى زاھىت
ئىدرىس باقى
ئىسكەندەر ئىبراھىم
ئىسمايىل ئىبراھىم

# كىرىش سۆز

## ۋاڭ لېچۈەن

شىنجاڭ ئەزەلدىنلا جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى.

«شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» شىنجاڭنىڭ ئۇزاق تارىخى خاتىرىلەنگەن، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ۋە جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى، ئاساسىي ئەھۋاللارنى، ئاساسىي ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تىپلىق ئۇنىۋېرسال قورال كىتاب. ئۇنى تۈزۈپ نەشر قىلىشنى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قارار قىلغان. پۈتۈن كىتاب «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ رايونلار ئېنسىكلوپېدىيىلىرى ئىچىدىكى بىر ئېنسىكلوپېدىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلەتلىك ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى نەشر قىلىشنى پىلانلىغان نۇقتىلىق كىتابلارنىڭ بىرى. بۇ شىنجاڭدىكى 500 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس، ئالىم، پروفېسسور ۋە تەتقىقات خادىملىرى بىلەن مەركەز ۋە باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىقىنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى نەشرىياتىدىكى يولداشلارنىڭ ھېرىپ چارچاشقا پىسەنت قىلماي، شىنجاڭغا كۆپ قېتىم كېلىپ يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنىڭ ۋە ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ مېۋىسى. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» نى تۈزۈش خىزمىتى 1998-يىلى 4-ئايدىن باشلىنىپ، تۆت يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، 2002-يىلى 1-پەسىلدە تاماملاندى. پۈتۈن كىتاب 5000 غا يېقىن سۆزلەم، 2 مىليون 500 مىڭ خەت ۋە 800 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەتتىن تەركىب تاپتى. بۇ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى غايەت زور بىر سىستېما قۇرۇلۇشى، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى بىر نامايەندە بولۇپ، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ.

«شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مىللەتلىرى، سىياسىتى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، جەمئىيىتى، شەخسلىرى قاتارلىق 17 تۈر بويىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە بۈگۈنكى ئىقتىساد، جەمئىيەت، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېپيېڭى قىياپىتى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىنغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ شىنجاڭنى بىلىشى، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈشى، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ؛ دۇنيانىڭ شىنجاڭنى يەنىمۇ چۈشىنىشىگە، شىنجاڭنىڭ دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى يۈزلىنىشىگە، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

«شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئىنسانلار 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان دەسلەپكى پەيتتە، جۇڭگو غەربىي شىمالىنى پاتال گۈللەندۈرۈۋاتقان ۋەزىيەتتە نەشر قىلىندى. بىز بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم

ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇردۇق، ئىلمىيلىك، ئوبيېكتىپلىق ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق، ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللار تېپىك ۋە ئىشەنچلىك، بىلىملەر توغرا، نەقىل كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار ۋە سانلىق مەلۇماتلار قاتتىق سېلىشتۇرۇشتىن ئۆتكەن، مەزمۇنىدا شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشتۇق ھەمدە شىنجاڭنىڭ بۈگۈنىگە دائىر يېڭى بىلىملەر، يېڭى ئەھۋاللار ۋە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردۇق. كىتابتا شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە ئائىت بىلىملەر توپلانغان بولۇپ، زامان جەھەتتە بىرقانچە مىڭ يىلنى، مەزمۇن جەھەتتە پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلىغان بولۇپ، كىشىلەرگە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان شانلىق تارىخ ۋە مەدەنىيەتنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

شىنجاڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور جاي بولۇپ، غەربىي رايوننى ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. پۈتۈن رايوندىكى 18 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، گۈزەل، باياشات سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى.

# پايدىلىنىش قائىدىلىرى

بىرىنچى، ئېنسىكلوپېدىيە تېكىستى ئومۇمىي بايان ۋە سۆزلەمىلەردىن تەركىب تاپتى. تېكىستنىڭ ئالدىغا كىرىش سۆز، تۈرلەر مۇندەرىجىسى ۋە رەڭلىك قىستۇرما بەت مۇندەرىجىسى بېرىلدى، تېكىستنىڭ كەينىگە شىنجاڭنىڭ چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ۋە پايدىلىنىلغان كىتابلار تىزىملىكى بېرىلدى.

ئىككىنچى، ئومۇمىي بايان ماقالىسى — «شىنجاڭ» دا شىنجاڭنىڭ ئاساسىي تارىخىي ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇلۇپ، كىتابخانلارنىڭ سىستېمىلىق ئوقۇشىغا سۇنۇلدى.

ئۈچىنچى، سۆزلەمىلەر ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، پەن خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئىي بايلىق، مىللەت، دىن، سىياسىي قانۇنچىلىق، ئىقتىساد، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، ئاخبارات - نەشرىيات، مائارىپ، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە، جەمئىيەت، مۇھىت ئاسراش، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، زامانىمىز كىشىلىرىدىن ئىبارەت 17 تۈرگە ئايرىلدى. سۆزلەمگە ئېلىنغان شەخسلەر تۇغۇلغان يىل، ئاي تەرتىپى بويىچە، ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تىزىلدى، باشقىلىرى ئادەتتىكى تەرتىپ بويىچە تىزىلدى.

تۆتىنچى، سۆزلەمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار «قارالسۇن» ئۇسۇلى بويىچە باغلىنىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلىدى.

بەشىنچى، كىتابخانلارنىڭ ئىزدەپ تېپىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن سۆزلەمىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتلام مۇناسىۋىتى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تۈرلەر مۇندەرىجىسى تۆت قاتلام بويىچە پەلەمپەيسىمان تىزىلدى. مەسىلەن :

قېزىلما بايلىقلار ............................ 507
نېفىت، تەبىئىي گاز ............................ 509
جۇڭغار نېفىت - گازلىق ئويمانلىقى ............................ 510
قاراماي نېفىت - گازلىق رايونى ............................ 510

ئالتىنچى، ئورگان نامىلىرىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى بويىچە ئېلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا سۆزلەمىلەردە سۆز بېشى قىسقارتىلىپ تېما سۆزى ئۇسۇلى قوللىنىلدى. مەسىلەن : ئومۇمىي بايان ماقالىسىدىكى «تارىخ» دېگەن سۆز «شىنجاڭ تارىخى» نى، ئومۇمىي بايان خاراكتېرلىك سۆزلەم «چارۋىچىلىق» دېگەن سۆز «شىنجاڭ چارۋىچىلىقى» نى كۆرسىتىدۇ، «تېرىلغۇ يەرلەر»، «ئورمان يەرلىرى» دېگەندەك ئادەتتىكى سۆزلەمىلەر شىنجاڭنىڭ «تېرىلغۇ يەرلىرى»، «ئورمان يەرلىرى» نى كۆرسىتىدۇ.

«شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى» تارمىقىدا، ئىزدەشكە ئاسان بولۇشى ۋە يەرلىكنىڭكى بىلەن تەكرار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تېما سۆزلىرىنىڭ ئالدىغا «بىڭتۇەن» سۆزى قوشۇلدى. مەسىلەن، «بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىكى»، «بىڭتۇەن سانائىتى» ۋاھاكازا.

يەتتىنچى، رەڭلىك سۈرەتلەر ئاساسىي تېمىلار بويىچە توققۇز گۇرۇپپا قىستۇرما ۋاراقتا ئايرىلدى، ئۇلار ھەم تېكىست بايانىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ھەم نىسبىي مۇستەقىل ھالدا ئۆز

ئالدىغا مىستېما شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئومۇمىي قىياپىتىنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈردى، ئومۇمىي بايان ماقالىسى ۋە سۆزلەملەرگە مۇناسىۋەتلىكلىرى شەرھ قىسمىدا «رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ ×× - بېتىگە قاراڭسۇن» دەپ ئىزاھلاندى.

سەككىزىنچى، كەسپىي تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتكىنى بويىچە ئېلىندى، تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتمىگەن ياكى تېخىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەن ئاتال-غۇلار كىشىلەرنىڭ ئاتاپ ئادەتلەنگىنى بويىچە ئېلىندى. بۈگۈنكى زاماندىكى يەر نامىلىرى جۇڭگو يەر نامىلىرى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتكىنى بويىچە ئېلىندى؛ تارىخىي يەر نامىلىرى كىشىلەر-نىڭ ئاتاپ ئادەتلەنگىنى بويىچە ئېلىنىپ، ئارقىدىن تىرناق ئىچىگە ھازىرقى يەر نامى ئىزاھلاندى.

توققۇزىنچى، ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئېلىشتا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىي ئۆلچەم بىرلىكلىرى» ئۆلچەم قىلىندى، قەدىمكى ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ستاتىستىكىلىق سانلاردا قوللىنىلغان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۆز ئەينى بويىچە ئېلىندى.

ئونىنچى، رەقەملەر ئىمكانقەدەر ئەرەب رەقىمى بويىچە ئېلىندى، ئەمما جۇڭگو تارىخىدىكى سۇلالىلەرنىڭ يىل نامىلىرى، خاس ئىسىملار، ھەربىي قىسىملارنىڭ نومۇرلىرى رەقەم بىلەن ئىپادىلەندى. جۇڭگو سۇلالىلىرىنىڭ يىل نامىلىرىدىن كېيىن تىرناق ئىچىگە ئۇنىڭ مىلادىيە يىلى ئىزاھلاندى.

ئون بىرىنچى، ستاتىستىكا سانلىرى ئادەتتە 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرى بىلەن چەكلەندى.

ئون ئىككىنچى، نوپۇسنىڭ ستاتىستىكىلىق سانلىرى 2001 - يىلىدىكى يىغى ستاتىستىكا يىلنامىسىدە ئېلان قىلىنغان 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان سان بويىچە ئېلىندى.

# ئومۇمىي مۇندەرىجە


1 ....................................................................
كىرىش سۆز .................................................... 1
پايدىلىنىش قائىدىلىرى ........................................ 1
تۈرلەر مۇندەرىجىسى ........................................... 1
رەڭلىك قىستۇرما بەتلەر مۇندەرىجىسى ............................ 1
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ................................ 1
تېكىست ....................................................... 317
تارىخ ........................................................ 486
جۇغراپىيە .................................................... 598
تەبىئىي بايلىقلار ............................................. 690
مىللەتلەر ..................................................... 728
دىن .......................................................... 883
سىياسىي - قانۇنچىلىق .......................................... 1113
ئىقتىساد ..................................................... 1253
ئىلىم - پەن ................................................... 1320
مەدەنىيەت .................................................... 1347
ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق ..................................... 1450
مائارىپ ...................................................... 1496
داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرى ...................................... 1527
تەنتەربىيە ................................................... 1585
جەمئىيەت ..................................................... 1616
مۇھىت ئاسراش ................................................. 1777
ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى .............................. 1986
زامانىمىز كىشىلىرى ........................................... 2019
چوڭ ئىشلار ....................................................
شىنجاڭ تەتقىقاتىدا پايدىلانغان ئەسەرلەر .......................

# تۈرلەر مۇندەرىجىسى

## ئىزاھات

1. بۇ مۇندەرىجە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈرلەرنى تېپىشتا ۋە قىسقىچە بايان، تارماقلارنى ئوقۇشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلدى ھەمدە قىسقىچە بايان بىلەن تارماقلار، تارماقلار بىلەن تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتلاملىق مۇناسىۋەت ئىپادىلەندى.

2. ھەر قايسى تۈر، ساھە، كەسىپ ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرتىپى ئومۇمەن ئادەتلەنگەن تەرتىپ بويىچە تىزىلدى. ئۇ قاتتىق ئىلمىي تۈرگە ئايرىش سىستېمىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئورنى، كۆلىمى ۋە ئادەم سانىنىڭ قانداقلىقىنىمۇ ئىپادىلىمەيدۇ.

3. تارىخ قىسمىدىكى تارماقلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچىلىك بولغان ۋاقىت بىلەن چەكلىنىدۇ.

4. زامانىمىز كىشىلىرى تۇغۇلغان ۋاقتى بويىچە تىزىلدى.

## ئومۇمىي بايان


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ........ 1


## تارىخ


تارىخ ........ 1

[ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى]

[قەدىمكى خارابە ئىزلىرى]

كونا تاش قورال خارابىلىرى ........ 11

ئوتتۇرا تاش قورال خارابىلىرى ........ 12

برونزا دەۋرى خارابىلىرى ........ 13

دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى خارابىلىرى ........ 14

نۇراساي قەدىمكى مىس كېنى خارابىسى ........ 14

غار رەڭلىك رەسىملىرى ........ 14

قىيا تاش رەسىملىرى ........ 15

كاڭجىيا شىمېنزى قىياتاش رەسىمى ........ 16

كىرۇران قەدىمكى شەھىرى ........ 17

نىيە خارابىسى ........ 18

يارغول قەدىمكى شەھىرى ........ 19

لۈكچۈن قەدىمكى شەھىرى ........ 20

ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ........ 20

گەمە سالىڭ ........ 21

مىرەن خارابىسى ........ 22

يوملاق قۇم قەدىمكى شەھىرى ........ 22

قارا دۆڭ خارابىسى ........ 23

قارا شەھەردىكى دەنزىل قەدىمكى شەھىرى ........ 23

ماگۇلىياڭ قەدىمكى شەھىرى ........ 24

يوتقان خارابىسى ........ 24

مەلىكە ئاۋات خارابىسى ........ 24

لاپچۇق قەدىمكى شەھىرى ........ 24

ئۇشرغول قەدىمكى شەھىرى ........ 25

بېشبالىق قەدىمكى شەھىرى ........ 25

ئۇلانباي قەدىمكى شەھىرى ........ 26

پىلاڭ قەدىمكى شەھىرى ........ 26

توڭگۇز بېشى قەدىمكى شەھىرى ........ 27

دەندان ئۆيلۈك خارابىسى ........ 27

توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى ........ 28

تاشقورغان قەدىمكى شەھىرى ........ 28

ئالمالىق قەدىمكى شەھىرى ........ 29

ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى خارابىسى ........ 29

قەدىمكى تۈرلار ........ 29

مازار تاغ قورغىنى ........ 30

ئالغۇي قەدىمكى قورغىنى ........ 30

بەدەل ئارت قەدىمكى تۈرى ........ 31

رەڭدار ساپاللار ........ 31

[تاش غار ۋە ئىبادەتخانىلار]

قىزىل مىڭئۆي ........ 32
ئۇچبۇرھان تاش غارى ........ 33
تومشۇق ساڭرامى ........ 33
سىم - سىم مىڭئۆيى ........ 34
سۇبېشى ساڭرامى ........ 34
شىكشىن ساڭرامى ........ 34
تويوق تاشكېمىرى ........ 35
خانئۆيى بۇددا مۇنارى ........ 36
راۋاق بۇددا ساڭرامى ........ 36
قۇمتۇرا تاشكېمىرى ........ 36
قىزىل قاغا (قىزقالغان) مىڭئۆيى ........ 37
بەشبالىق غەربىي چوڭ ساڭرامى ........ 37
سىڭگىم مىڭئۆيى ........ 37
بىزەكلىك مىڭئۆيلىرى ........ 38
بۇگۇر بۇددا ساڭرامى ........ 39
ئاغى تاش غارى ........ 39
مانى دىنى خارابىلىرى ........ 40

[قەدىمكى قەبرىلەر]

قەدىمكى جەسەتلەر ........ 40
قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى ........ 40
قەدىمكى ياردائلىق قەبرىستانلىقى ........ 41
چاغوخوت قەدىمكى قەبرىستانلىقى ........ 41
چىبار كۆلدىكى تاش قەبرە تېشى ........ 42
چوڭ دۆۋىلىك قەبرىلەر ........ 42
سۇبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى ........ 42
زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى ........ 43
ئۇچكۆۋرۈك قەدىمكى قەبرىستانلىقى ........ 44
ئالغۇيدىكى تىك ئازگاللىق ياغاچ قورۇلمىلىق
قەبرىلەر ........ 44
نىيە قەبرىستانلىقى ........ 44
يارغولدىكى تىك ئازگاللىق قەبرىلەر ........ 45
سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى ........ 46
ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى ........ 46
بالباللىق قەبرىلەر ........ 48
كۆكسۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقى ........ 48
قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى ........ 49

[تامغا، قەبرە تەزكىرىسى ۋە ئابىدىلەر]

خەن سۇلالىسىگە بېيئەت قىلغان چاڭلار ئاقساقى-
لى تامغىسى ........ 49
لى چۈڭنىڭ تامغىسى ........ 50
پۇلبى ئايمىقىنىڭ تامغىسى ........ 50
تورغات قەبىلىسىنىڭ كۈمۈش تامغىسى ........ 50
ئارچات بالبالى ........ 50
تورپاندىن تېپىلغان قەبرە تەزكىرىسى ........ 51
جاڭ خۇەيجىننىڭ قەبرە تەزكىرىسى ........ 51
ئەنشى ياندىش قورۇقچىبېگى گاۋياۋنىڭ قەبرە تەز-
كىرە تېشى ........ 51
رېن شاڭنىڭ ئابىدىسى ........ 52
پېي سېننىڭ تۆھپە ئابىدىسى ........ 52
خەن دەۋرىدىكى كۇسەننىڭ سول قانات سانغۇنى
ليۇ پىڭگونىڭ كۆزىتىش قورغانى ياساتقانلى-
قىنىڭ مەدھىيىسى ........ 52
لياڭ خانى ئۇلۇغ قۇتقۇ ئەنجۈنىڭ بۇت ياسات-
قانلىقى ھەققىدىكى خاتىرە ........ 53
شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جۇ بىننىڭ ئىبا-
دەتخانا ياساتقانلىقى ھەققىدىكى ئابىدە ........ 53
جياڭ شىڭبېننىڭ ئابىدىسى ........ 54
دۇ خۇەنباۋنىڭ ئابىدىسى ........ 54
بايانچۇر مەڭگۈ تېشى ........ 55
توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى ........ 55
نېستورىئانلارنىڭ قەبرە تاشلىرى ........ 55
گېردىن تېغىدىكى خاتىرە ئابىدە ........ 56
جوڭغارلارنى تىنچىتقانلىق خاتىرىلەنگەن ئىلى
ئابىدىسى ........ 56
جوڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىنكى ئىشلار خاتى-
رىلەنگەن ئىلى ئابىدىسى ........ 56
مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتقانلىق خاتىرىلەنگەن
يېشىلنۇر كۆلىدىكى ئابىدە ........ 56
مۇسۇلمانلار يۇرتى ھەققىدىكى يەكەن ئابىدىسى ... 57
ئامانلىق ساقلاش ئابىدىسى ........ 57
زو زۇڭتاڭ ئابىدىسى ........ 57
سىڭيولدىكى ئابىدە ........ 57
دولبېگىنىڭ مۇراجىئەت ئابىدىسى ........ 58

[سىياسىي تارىخ]

[غەربىي سىياسىي قۇرۇلۇش ۋە ئەمەل - مەنسەپلەر]

غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى ........ 58
قورۇل چېرىكچىبېگى ........ 59
غەربىي يۇرت دورغىسى ........ 60
قوچو ئايمىقى ........ 60
پىشامشاندىكى ئۈچ ئايماق ........ 60
ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ........ 61
بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى
........ 62
ئىۋرغول ئايمىقى ........ 63
يارغول ئايمىقى ........ 63
بېشبالىق ئايمىقى ........ 63

ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى
تۆت قورغان ...... 64
قاراشەھەر تۇتۇق مەھكىمىسى ...... 64
كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسى ...... 65
ۋايجىرا تۇتۇق مەھكىمىسى ...... 65
سۇللاغ تۇتۇق مەھكىمىسى ...... 65
جىشى ھىراۋۇلى ...... 65
بېشبالىقتىكى بىرقانچە دارۇغا قوشۇن ...... 66
بېقىندۇرۇلغان ئايماق ـ مەھكىمە ...... 66
دارۇغا (دورغا) ...... 67
ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى ...... 67
قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى ...... 67
ئىلى جاڭجۇنى ...... 68
ئۈرۈمچى دۇتۇڭى ...... 69
مەسلىھەتچى ئامبال ...... 69
خان ئامبال ...... 70
ئاغلاقچى ئامبال ...... 70
يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن
تۈزۈمى ...... 71
سەككىز تۇغلۇق قوشۇن تۈزۈمى ...... 71
مانجۇ قوشۇنى ...... 72
شىبە كۈرەسى ...... 72
سولۇن كۈرەسى ...... 72
چاخار كۈرەسى ...... 73
ئويرات كۈرەسى ...... 73
چېگرا چارلاش ۋە قاراۋۇللار بىلەن ئۆچرىشىش
...... 73
قاراۋۇلخانا ...... 74
شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى ...... 75
شىنجاڭ سەييارە سىلاۋچىسى ...... 76
پەرمانبەردار، پەرمانچى ...... 76
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ...... 77
ئۈرۈمچى ۋىلايىتى ...... 77
ئاقسۇ ۋىلايىتى ...... 77
قەشقەر ۋىلايىتى ...... 78
ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتى ...... 78
ئىلى ۋىلايىتى ...... 78
تارباغاتاي ۋىلايىتى ...... 78
ئالتاي ۋىلايىتى ...... 78
قارا شەھەر ۋىلايىتى ...... 78
خوتەن ۋىلايىتى ...... 79
دىخۋا رايونى ...... 79
ئىلى رايونى ...... 79
تارباغاتاي رايونى ...... 79
ئالتاي رايونى ...... 79
قەشقەر رايونى ...... 79
ئاقسۇ رايونى ...... 80
خوتەن رايونى ...... 80
قاراشەھەر رايونى ...... 80
يەكەن رايونى ...... 80
قۇمۇل رايونى ...... 80
شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى
...... 80
چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ...... 81
شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكىنى باشقۇرۇش باش
قارمىسى ...... 81
جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇن ...... 82
شەرقىي شىمال قوشۇنى ...... 82
ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىك خادىم مەھكىمىسى
...... 82
شىنجاڭ گارنىزۇن قوماندانلىق شتابى ...... 82
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى ...... 83
[تارىخىي ۋەقەلەر]
جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىشى ... 83
خەن سۇلالىسىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ
مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ...... 84
سۇللاغ شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشى
...... 85
ئالاقىنىڭ ئۈچ قېتىم ئۈزۈلۈپ، ئۈچ قېتىم
ئەسلىگە كېلىشى ...... 86
يارغولغا يۈرۈش قىلىش ...... 87
ئارساكقا يۈرۈش قىلىش ...... 87
قورۇمغا يۈرۈش قىلىش ...... 87
شۈەنزاڭنىڭ غەربىي يۇرتقا بېرىپ نوم تەھسىل
قىلىشى ...... 88
ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ...... 88
تورغات موڭغۇللىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى ...... 89
قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭى ...... 89
جۇڭغارلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش ...... 90
چوڭ، كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنىڭ تىنچىتىلىشى
...... 92
بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق سەككىز مۇسۇلمان تۆرىسى
...... 93
ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى ...... 93
شىنجاڭ ئەپيۇننى چەكلەش نىزامى ...... 94
خوجىلار يېغىلىقى ...... 94

كۆچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ...... 95
ئىلى تۆڭگان يېغىلىقى ...... 95
شىنجاڭدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى ...... 96
مىنتۇەن قوراللىق كۈچلىرى ...... 97
ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ...... 98
چۆچەكتىكى چاررۇسىيە موبىكىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى ...... 99
چاررۇسىيىنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەسى ...... 99
شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى ...... 100
ئىلى يېخېتۇەنچىلىرى ...... 101
ئىلى توڭمىڭخۇيى ...... 101
شىنخەي ئىنقىلابى شىنجاڭدا ...... 102
چىرا ۋەقەسى ...... 103
قۇمۇل، تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى ...... 103
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى «يېڭى سىياسەت» ...... 104
دىخۇا «7 ـ ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگىرىشى ...... 104
دىخۇادىكى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى ...... 105
ئالتە بۈيۈك سىياسەت ...... 105
قەشقەردىكى قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ...... 105
شىنجاڭ ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ...... 106
شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ...... 106
«سۈيقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» ...... 107
يېڭى گازارما ...... 107
مامۇت، ماخۇسەن توپىلىڭى ...... 108
8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى ...... 108
كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىدىكى كۈرەشلىرى ...... 109
پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ...... 110
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ...... 110
غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى ...... 111
مىللىي ئارمىيە ...... 112
«11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ...... 112
دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى ...... 113
شىنجاڭ تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى ...... 113
كۈرەش نەشرىياتى ...... 114
ئاۋانگارت جەمئىيىتى ...... 114
شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ...... 115
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى ...... 115
شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ...... 116
[يەرلىك ھاكىمىيەتلەر]
غەربىي يۇرت دۆلەتلىرى ...... 117
قۇتقۇ جەمەتى قۇرغان قوچو خانلىقى ...... 117
غەربىي تۈرك خانلىقى ...... 118
ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى ...... 119
ئەنشى ئۇيغۇرلىرى ...... 120
قاراخانىيلار سۇلالىسى ...... 120
ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ...... 121
قاراقىتان سۇلالىسى ...... 122
ئوگىداي خانلىقى ...... 123
چاغاتاي خانلىقى ...... 124
شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ...... 125
يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ...... 126
جۇڭغارىيە خانلىقى ...... 127
[دېپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرى]
«جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى ـ تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» ...... 127
«جۇڭگو ـ روسىيىنىڭ تارباغاتايدا تۈزۈلگەن تولۇقلىما شەرتنامىسى» ...... 128
«جۇڭگو ـ رۇسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىلارنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامىسىنىڭ خاتىرىسى» ...... 128
«جۇڭگو ـ رۇسىيە قوبدۇ چېگرا شەرتنامىسى» ...... 128
«جۇڭگو ـ رۇسىيە ئۇلاستاي چېگرا شەرتنامىسى» ...... 129
«جۇڭگو ـ رۇسىيە تارباغاتاي چېگرا شەرتنامىسى» ...... 129
جۇڭگو ـ روسىيىنىڭ ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبىتى ...... 129
«جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ...... 130
«جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىلى چېگرا كېلىشىمى» ...... 131
«جۇڭگو ـ رۇسىيە قەشقەر كېلىشىمى» ...... 131
«جۇڭگو ـ رۇسىيە قوبدۇ ـ تارباغاتاي چېگرا كېلىشىمى» ...... 131

«جۇڭگو ـ رۇسىيە تارباغاتاينىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرا كېلىشىمى» …… 131
«جۇڭگو ـ رۇسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش كېلىشىمى» …… 131
جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ پامىر مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆھبىتى …… 132
«جۇڭگو ـ رۇسىيە كېڭەشىپ بېكىتكەن تارباغاتاي قازاقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى» …… 133
«جۇڭگو ـ رۇسىيە كېڭەشىپ بېكىتكەن قازاق يەرلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» …… 133
«رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي يوللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ روسىيىگە چاي يۆتكەش شەرتنامىسى» …… 134
روسىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى …… 134
«جۇڭگو-رۇسىيە قورغاس دەرياسى چېگرىسىنى ئايرىش كېلىشىمى» …… 134
سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ، رۇسىيە قالدۇق قوشۇنلىرىنى يوقىتىشى …… 134
«ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» …… 135
شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزئارا كونسۇل تەسىس قىلىشى …… 135
«شىنجاڭ ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» …… 135
قۇمۇلدىكى «قىزىل 8 ـ پولك» …… 136
«جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى قۇمۇل ـ ئالمۇتا قەرەللىك ئايروپىلان قاتناش كېلىشىمى» …… 136
ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىلىرى …… 137
«جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» …… 137
[مىللەت ۋە قەبىلىلەر]
ساك …… 138
ھۇن …… 138
چاڭ …… 139
دىڭلىڭ …… 139
توخرى …… 139
ئۇسۇن …… 140
قوش …… 141
ئېفتالىت …… 141
ياپيان …… 142
جۇرجان …… 142
ئۇرا …… 142
ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭ …… 143
تۈرك …… 144
تۈركەش …… 144
تۈبۈت …… 145
ئۇيغۇر …… 146
قارلۇق …… 147
قىرغىز …… 148
تۇيغۇن …… 148
دوغلات قەبىلىسى …… 149
چىگىل …… 150
نايمان …… 150
تابغاچ …… 150
ئۇيغۇر …… 150
قىرغىز …… 150
ئۇيرات …… 150
ئۇيرات موڭغۇللىرى …… 151
ئۇيرات …… 151
تورغات …… 151
خوشۇت …… 152
ئۇرياڭخاي …… 152
ئايماق ـ خوشۇن تۈزۈمى …… 152
ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى …… 153
بەگلىك تۈزۈمى …… 153
ھاكىمبەگ …… 154
بۇرۇت …… 154
[ئىجتىمائىي ئىقتىساد]
[ئىقتىسادىي تۈزۈم]
نوپۇس دەپتىرى …… 155
مال ـ مۈلۈكنى تىزىملاش دەپتىرى …… 155
كۆك دەپتىرى …… 156
قول سودىسى …… 156
سودا بېجى …… 156
ئىكتا تۈزۈمى …… 157
پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش تەمىناتى …… 157
يانچى …… 158
ئۇيغۇرلاردىكى كونا ئۆلچەم تۈزۈمى …… 158
[دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سودا ـ سانائەت]
سۇغىرىش ئېتىزى …… 158
سوقا بىلەن يەر ھەيدەش …… 159
يەر ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى …… 159

چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش ........ 159
شىنجاڭ تېرىقچىلىق قىلىش نىزامنامىسى ...... 162
ساگرام - ئىبادەتخانىلار ئىگىلىكى ........ 163
يەر بۆلۈپ بېرىش ........ 164
چارۋىلارنى تىزىملاش ........ 164
چارۋىلارغا ئەن سېلىش ........ 164
دۆلدۆل ........ 165
پىلە ئۇرۇقىنىڭ غەربكە تارقىلىشى ........ 165
كىمخاب توقۇلما بۇيۇملار ........ 166
قوچودا توقۇلغان كىمخاب ........ 167
يىپەك توقۇلمىلار ........ 167
يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ........ 167
ئۇدۇن قاشتېشى ........ 168
زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان ياغاچ غوڭقا ........ 168
بومادىن تېپىلغان ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملار ........ 169
قوچو قەغەزچىلىكى ........ 169
بور ھارىقى ........ 169
غەربىي يۇرت تېبابەتچىلىكى ........ 170
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى فارفور بۇيۇملار ........ 170
ئىلى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى ........ 171
شىنجاڭ كىرسىن شىركىتى ........ 171
شىنجاڭ باسما زاۋۇتى ........ 171
مايتاغ نېفىت كېنى ........ 171
تۇدۇنخابا تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى ........ 172
ئۇلپان شەكلىدىكى سودا ........ 172
كارۋان ........ 173
سوغدى سودىگەرلىرى ........ 173
دۇكان ........ 173
مال باھا جەدۋىلى ........ 174
سودا - سېتىق پۇتۇمى ........ 174
سودا مويكىسى ........ 174
چەت ئەل بانكىسى ........ 175
سەككىز چوڭ گۇرۇھ ........ 175
تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ سەككىز چوڭ دۇكىنى ........ 175
يىڭفېڭيۇ سودا سارىيى ........ 176
شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتى ........ 176
سوۋ - سىن - تورگ شىركىتى (سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتى) ........ 176
يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ........ 176
[پۇل ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى]
دەۋرلەردىن بۇيانقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ پۇللىرى ........ 177
خەنزۇچە - كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقتىكى يارماق ........ 178
كۇشانىيە يارمىقى ........ 178
كۇسەننىڭ بەش جۇلۇق يارمىقى ........ 178
كۇسەننىڭ كىچىك مىس يارمىقى ........ 178
بارچۇق بەش جۇلۇق يارماق قېلىپى ........ 179
پېرسىيىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى ........ 179
ۋىزانتىيە تىللاسى ........ 179
قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى يارمىقى ........ 179
ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى يارمىقى ........ 180
تۈركەش يارمىقى ........ 180
قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەڭگىسى ........ 180
چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇلى ........ 181
جۇڭغارلارنىڭ پۇلى ........ 181
چاقا ........ 181
شىنجاڭ تىيزا ئىدارىسى ۋە ھۆكۈمەت تىيزا ئىدارىسى ........ 181
جۇڭگو - رۇسىيە غالىبىيەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى ........ 182
ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل ۋە ئۆلكە پۇلى ........ 183
شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ........ 183
ئالتۇن رۇبلى قەرز پۇلى ........ 184
قورۇلۇش زايومى ........ 184
مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭ قەغەز پۇلى ........ 185
شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى ........ 185
[قاتناش ۋە ترانسپورت]
يىپەك يولى ........ 185
چىڭخەي يولى (كۆكنۇر يولى) ........ 187
دەشتى باياۋان يولى ........ 187
كۈمۈش يولى ........ 188
تەڭرىتاغ قەدىمكى يوللىرى ........ 188
تەكلىماكان قەدىمكى يولى ........ 189
تىم - ئۆتەڭ ........ 189
رابات ........ 189
يول خېتى ........ 190
شىنجاڭ تېلېگراف باش ئىدارىسى ........ 190
شىنجاڭ پوچتا باش ئىدارىسى ........ 190
شىنىۋي ئاپتوموبىل شىركىتى ........ 190
شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى ........ 191
جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ........ 191
[مەدەنىيەت ۋە قەدىمكى كىتابلار]

[قەدىمكى يېزىق ۋە قەدىمكى ۋەسىقىلەر]

كىنىگىت ـ كۇسەن تىلى …… 192

كارۇشتى يېزىقى …… 192

سوغدى يېزىقى …… 193

ئۇدۇن يېزىقى …… 193

تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى …… 194

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى …… 194

چاغاتاي يېزىقى …… 195

كارۇشتى يېزىقىدىكى ياغاچ تارشا پۈتۈكلەر …… 195

تىبەت يېزىقىدىكى ياغاچ تارشا پۈتۈكلەر …… 195

توخرى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر …… 196

ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر …… 197

سوغدى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر …… 197

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر …… 198

بۈگۈ قاغاننىڭ دىنغا كىرىش خاتىرىسى …… 198

خەنزۇ يېزىقىدا قەغەزگە پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر …… 198

تۇرپان ۋەسىقىلىرى …… 199

ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر …… 199

بۇ تيەنشو كۆچۈرگەن «مۇھاكىمە ۋە بايان. جىڭ ھەزرىتىنىڭ شەرھىسى» …… 200

تۆت موڭغۇل يېزىقىدىكى تارىخىي ۋەسىقىلەر …… 201

[مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تەكشۈرۈش پائالىيىتى]

غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنى …… 201

ئاتەش دىنى …… 202

نېستورى دىنى …… 202

مانى دىنى …… 203

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى …… 203

كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتى …… 204

غەربىي يۇرت ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى …… 205

سۇمۇز …… 206

غەربىي يۇرت تىياتىرلىرى …… 206

قۇمغا كۆمۈلگەن كىرۇران شەھىرى ھەققىدىكى رىۋايەت …… 206

«ئوغۇزنامە» داستانى …… 207

مەتبەئەچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىشى …… 207

رۇس تىلىدىكى سىياسىي قانۇن ئېخنىكومى …… 208

ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ …… 208

ئۆلكىلىك دىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى …… 208

ئۆلكىلىك دىخۇا دارىلفۇنۇنى …… 209

ھاۋا ئارمىيە تەربىيىلەش ئەترىتى …… 209

مەركىزىي تەربىيىلەش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭ تارماق گورۇپپىسى …… 209

جۇڭگو ـ سوۋېت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭ تارمىقى …… 209

شىنجاڭ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى …… 210

ستەيننىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى …… 210

پېللىئوتنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى …… 211

فون لېكوكنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى …… 211

سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك پائالىيەتلىرى …… 212

مونشۇ كوزۇي ئوتانىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى …… 212

خۇاڭ ۋېنبىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى …… 213

[تارىخىي ئەسەرلەر ۋە ھۆججەتلەر]

«24 تارىخ»تىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرى …… 213

«تاغ ـ ئېرىقلار قۇرئى» …… 215

«مۇ تيەنزى تەزكىرىسى» …… 215

«دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى. دەريا ـ ئېرىقلار بۆلىكى» …… 216

«سۇڭ يۈننىڭ سەپەرنامىسى» …… 216

«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» …… 216

«غەربىي ئايماقنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ قالدۇقلىرى …… 217

«شاجۇ ـ ئىۋۇرغوللارنىڭ تەزكىرىسى» …… 217

«شاجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» …… 217

«جيادەننىڭ تۆت يول خاتىرىسى» …… 218

«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» …… 218

«ئۇلۇغ مېھىر ـ شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى ئۈچ پىتەكە ھەزرىتىنىڭ تەرجىمىھالى» …… 218

«ۋۇكۇڭنىڭ ھىندىستانغا بېرىش خاتىرىسى» …… 218

«بەش ئەنەتكەك ئېلىگە قىلىنغان سەپەر تەزكىرىسى» …… 219

«نوملار شەرھى» ...... 219
«يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەزكىرىسى» ...... 219
«قانۇنلار قامۇسى. ۋىلايەت- ناھىيىلەرنىڭ چېگرا قوغداش قانۇنى» ...... 220
«ستېل خولستېين ساقلىغان نوملار» ...... 220
«مايتىرى سىمىت» ...... 220
«ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ...... 221
«غەربىي ئاياقتا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ...... 221
«هۇدۇدۇلئالەم» ...... 222
«تۈركىي تىللار دىۋانى» ...... 222
«قۇتادغۇبىلىك» ...... 223
«ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ...... 224
«تارىخىي جاھان كۇشاي» ...... 224
«جامىئۇل تەۋارىخ» ...... 224
«سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ...... 225
«غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» ...... 225
«غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» ...... 225
«تارىخىي رەشىدى» ...... 226
«تارىخىي ئومۇمىيە» ...... 226
«ئەۋلىيا چيۇچۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى» ...... 226
«غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» ...... 227
«شىمالغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ...... 227
«غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ...... 227
«قوچودىكى شى جەمەتىنىڭ شەجەرىسى» ...... 228
«قوچو مەھكىمىسىنىڭ باجلىرى» ...... 228
«خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان قوچو مەھكىمىسى تەرمەكلىرى» ...... 229
«قاسىم خان قانۇنى» ...... 229
«بېنوئىت دېگويسنىڭ قىتانغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ...... 230
شاھ مۇھەممەد جوراس يازغان «تاۋارىخ» ...... 230
«موڭغۇل ئويرات قانۇنى» ...... 230
«غەيرىي ئەللەر مۇندەرىجىسى» ...... 231
«جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ...... 231
«غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» ...... 231
«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ...... 232
«غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» ...... 232
«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ...... 233
«تەزكىرەئى خوجىگان» ...... 233
«غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ئىشلار» ...... 233
«شىنجاڭ ھەققىدە مەلۇمات» ...... 233
«مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ...... 234
«ئۈچ ئاياق ھەققىدە مەجمۇئە» ...... 234
«غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» ...... 235
«مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش، ئاسىيلار ئەۋلادلىرىنى جازالاش تەدبىرلىرى» ...... 235
«مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە - نىزاملار» ...... 235
«سەلتەنىتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات» ...... 236
«موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر» ...... 236
«سىرتقى ۋاسساللار موڭغۇل - مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى شاھزادە - بەگلەرنىڭ تەزكىرىسى» ...... 236
«لىيۇ ھەزرەتلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى» ...... 237
«شىنجاڭنى تىنچىتىش خاتىرىسى» ...... 237
«ئالتۇن مەيە خاتىرىلىرى» ...... 237
«تارىخىي ھەمىدى» ...... 238
«شەنشى - گەنسۇ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان قالاقچىلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ...... 238
«شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەتنىڭ تەزكىرىسى» ...... 238
«يۈەن سۇلالىسى تارىخىنىڭ تەرجىمە تولۇقلىمىسى» ...... 239
«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ...... 239
«ئىلى ئاممىباب گېزىتى» ...... 240
«ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار» ...... 240
«جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ...... 240
«خەنخەيچاۋ ژۇرنىلى» ...... 241
«تيانشان ژۇرنىلى» ...... 241
«شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» ...... 241
«ئىتتىپاق» ...... 242
[تارىخ - جۇغراپىيە]
غەربىي يۇرت ...... 242
ئۆرۈياپ ...... 242

قەدىمكى ئۇدۇن ........ 242
ئۇزۇنتات ........ 243
كۇسەن ........ 243
قەدىمكى چۇرچان ........ 244
قەدىمكى سۇلى ........ 244
قەدىمكى كىنگىت ........ 245
قەدىمكى ساكارائۇل ........ 245
قەدىمكى پىشامشان ........ 246
قەدىمكى بۇگۇر ........ 246
سارىقول ........ 246
لۇكچۇن ........ 247
ئالتۇنبالىق ........ 247
ئىدىقۇت ........ 247
كۇنەس قەلئەسى ........ 248
ئىبىل ........ 248
بېشبالىق ........ 248
موغۇلىستان ........ 248
ئالمالىق ........ 248
ماچىن ........ 249
ماڭلايسۇيەر ........ 249
ئىلىبالىق ........ 249
كۆكئارت ........ 249
تېتىما كۆلى ........ 249
جۇبىن دەرياسى ........ 250
سىتا دەرياسى ........ 250
بارسكۆل ........ 250
ئۇدۇن دەرياسى ........ 250
قاش دەرياسى ........ 250
يۇلتۇز يايلىقى ........ 250
قۇمتاغ ........ 251
غەربىي يۇرت شىنجاڭ ........ 251
مۇسۇلمانلار يۇرتى ........ 251
مۇسۇلمانلار زېمىنى ........ 251
جەنۇبىتىكى سەككىز شەھەر ........ 251
ئالتە شەھەر ........ 252
يەتتە شەھەر ........ 252
شەرقىي تۈركىستان ........ 252
غۇلجا ........ 253
ئىلى ........ 253
دىخۇا شەھىرى ........ 253
[تارىخىي شەخسلەر]
لى گۇاڭلى ........ 254
مەرگەن جايمىر ........ 254
قېلاڭ لياۋ ........ 255
ئۆڭكۈ بەگ (ئۇنغۇمى) ........ 255
جېلاڭ جى ........ 255
قىزىل خان ........ 255
فۇ جېزى ........ 256
چاڭ خۇي ........ 256
قېلاڭ قېڭشى ........ 256
گەن يەنشۇ ........ 257
چېن تاڭ ........ 257
دۇەن خۇيزۇڭ ........ 257
ساكارائۇل خانى ئاتا ـ بالا يەنلەر ........ 258
لى شۇن ........ 258
بەن چاۋ ........ 259
بەن يۇڭ ........ 259
گۇاڭ دې ........ 260
چېن بەن ........ 260
ئۇدۇن ۋايجىرا خان جەمەتى ........ 261
بۇددۇچىڭا ........ 261
لۇي گۇاڭ ........ 262
كوماراجىۋا ........ 262
راھىب فاشيەن ........ 262
ئاپۇرغۇر ........ 263
سۇجۇپ ........ 263
چۇ بويا ........ 263
جاڭ شيۇڭ ........ 264
باش يابغۇ قاغان ........ 264
قاپىش غالىن ........ 264
پېي جۇ ........ 265
ئاقارى ماندا ........ 265
ۋايجىرا ۋېچىر ........ 265
چاۋ شىۋاڭ ........ 266
سۇ دىڭفاڭ ........ 266
قاپىش ئالپ ........ 267
گو شياۋگې ........ 267
ئاشىناشىر ........ 268
بايان ........ 268
خۇ جۇنجى ........ 269
ئاشىنا قۇلى ........ 269
ئاشىنامىش ........ 270
پېي شىڭجيەن ........ 270
ۋاڭ فاڭيى ........ 271
كانيانىدەن ........ 271
ۋاڭ شياۋجيې ........ 271

ئاشىنا شان ...... 272
جاڭ شياۋسۇڭ ...... 272
گو يۈەنجېن ...... 273
ئۆگىل ...... 273
ساقال ...... 273
سۇلۇق ...... 274
دۇ شيەن ...... 274
گەي جيايۈن ...... 275
باغا تارقان ...... 275
گاۋ شيەنجى ...... 275
فېڭ چاڭچىڭ ...... 276
سېن شىن ...... 276
قۇشۇ خان ...... 277
پۇسپا شياۋدې ...... 277
سوغد لىڭجۇڭ ...... 277
گوشىن ...... 278
ۋايجرا سامباۋا ...... 278
ياڭ جىلىي ...... 279
پان تېگىن ...... 279
بۆگۈ تېگىن ...... 279
بىلگە كۆل قادىر خان ...... 280
سىڭقۇ سالى تۇتۇڭ ...... 280
سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان ...... 280
ۋىسارا سامباۋا ...... 280
يۈسۈپ قادىر بۇغرا قاراخان ...... 281
يوللىغ تايشى ...... 281
بارچۇق ئارت تېگىن ...... 281
كۈچلۈك ...... 282
تاتاتوڭا ...... 282
ليەن شىشيەن ...... 282
قوچقار تېگىن ...... 283
ئارىغ بۆكە ...... 283
سەيدۇللا ...... 283
گۇەن يۈنشى ...... 284
لۇ مىڭشەن ...... 284
ئالغۇ ...... 284
تۇغلۇق تۆمۈر خان ...... 285
ئۇۋەيس خان ...... 285
ئەھمەد خان ...... 286
خۇدايداد ...... 286
مىرزا ئابابەكرى ...... 286
مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگەنى ...... 286
سۇلتان سەئىد خان ...... 286
سۇلتان ئابدۇرەشىد خان ...... 287
سۇلتان ئابدۇكېرىم خان ...... 287
سۇلتان مۇھەممەد خان ...... 287
سۇلتان ئەھمەدخان ...... 288
ئابدۇللاخان ...... 288
ئەنق تۆمۈر ...... 288
چېن چېڭ ...... 288
قاسىم خان ...... 289
گۈشخان ...... 289
زايابەندىدا ...... 290
ئايۇش خان ...... 290
خوئۇرلۇك ...... 290
باتۇر خۇنتەيجى ...... 291
غالدان ...... 291
ئەبەيدۇللا ...... 291
ئىمىن خوجا ...... 292
داۋاچى ...... 292
ئامۇرسانا ...... 293
قۇدې ...... 293
شۇ خېدې ...... 293
جاۋخۇي ...... 294
ئاگۇي ...... 294
ئابلايخان ...... 294
ئىپارخان ...... 295
جى يۈن ...... 295
ئۇباش خان ...... 296
كوكوردايى ...... 296
چاڭلىڭ ...... 297
نايەنچىڭ ...... 297
قۇلچاق ...... 298
لىن زېشۇ ...... 298
جىڭ ليەن ...... 298
كۇڭگې جالسان ...... 299
خارماڭا ...... 299
روڭ چۇەن ...... 299
زو زوڭتاڭ ...... 300
ليۇ جىنتاڭ ...... 301
جىن شۇن ...... 301
زېڭ جىزې ...... 302
تاڭجارىق ...... 302
ياڭ زېڭشىن ...... 302
جىن شۇرېن ...... 303
شېڭ شىسەي ...... 303

ما جۇڭيىلى ...... 304
خوجانىياز ھاجى ...... 305
يۈ شيۇسۇلى ...... 305
دېڭ فا ...... 306
چېن تيەنچيۇ ...... 307
ماۋ زېمىن ...... 308
لىن جىلۇ ...... 308
دۇ جۇڭيۈەن ...... 309
ۋۇ جۇڭشىن ...... 310
ل. مۇتەللىپ ...... 310
ئېلىخان تۆرە ...... 310
ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوف ...... 311
ئەخمەتجان قاسىمى ...... 311
ئابدۇكېرىم ئاباسوف ...... 312
دەلىلقان سۈگۈرباييېۋ ...... 312
ئىسھاقبېك مونونوف ...... 313
لوجى ...... 313
جاڭ جىجۇڭ ...... 314
مەسئۇد ...... 315
مۇھەممەتئىمىن ...... 315
ئەيسا ...... 315


## جۇغراپىيە


شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى ...... 317
[تەبىئىي جۇغراپىيە]
گېئولوگىيە ...... 323
يەر قاتلاملىرى ...... 324
ئارخېئوزوي ئېئونو تېمى ...... 324
پروتېروزوي ئېئونو تېمى ...... 324
دەسلەپكى پالېئوزوي ئېرا تېمى ...... 325
كېيىنكى پالېئوزوي ئېرا تېمى ...... 326
مېزوزوي ئېرا تېمى ...... 327
كاينوزوي ئېرا تېمى ...... 327
تاغ جىنسلىرى ...... 328
چۆكۈندى جىنسلار ...... 328
يانار تاغ جىنسلىرى ...... 329
مېتا مورفىلىق جىنسلار ...... 329
ئۇلترا ئاساسلىق، ئاساسلىق جىنس ۋە ئوتتۇرا ئاساسلىق جىنسلار ...... 329
گرانىت ...... 330
تۈزۈلمە ...... 330
ئالتاي تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ...... 331
جۇڭغار تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ...... 331
تەڭرىتاغ تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ...... 332
كۇئېنلۇن تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ...... 332
قاراقۇرۇم تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ...... 333
ئالتۇنتاغ تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ...... 333
جۇڭغار ئولتۇرۇشمىسى ...... 334
تارىم ئولتۇرۇشمىسى ...... 334
تۇرپان - قۇمۇل ئولتۇرۇشمىسى ...... 335
ئىلى ئولتۇرۇشمىسى ...... 335
شىنجاڭدىكى ھەرىكەتچان چوڭقۇر يېرىلمىلار ۋە
يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى ...... 335
شىمالىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغى ...... 336
جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغى ...... 336
غەربىي كۇئېنلۇن يەر تەۋرەش بەلۋېغى ...... 337
ئالتۇنتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغى ...... 338
ئالتاي يەر تەۋرەش بەلۋېغى ...... 338
قەدىمكى بىئولوگىيىلىك قاتمىلار ...... 338
ترىلوبىتا قۇرتى قاتمىسى ...... 339
گراپتولىت قاتمىلىرى ...... 340
براخىئوپودالار قاتمىسى ...... 340
مارجان قاتمىسى ...... 341
ھۇجەيرىلىك سۆڭەكلىكلەر ...... 341
بېلىقسىمان ھايۋاناتلار قاتمىسى ...... 342
يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋاناتلار قاتمىسى ...... 343
ئۆسۈملۈك قاتمىسى ...... 343
يەر تۈزۈلۈشى ...... 344
تاغ سىستېمىسى، تاغ تىزمىسى ...... 345
ئالتاي تاغ سىستېمىسى ...... 345
بەيتىك تاغلىرى ...... 346
ساۋۇر تاغلىرى ...... 346
تارباغاتاي تاغلىرى ...... 346
بارلىق تاغلىرى ...... 346
تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى ...... 347
شىمالىي تەڭرىتاغ ...... 347
ئالاتاۋ ...... 347
بېگجىنتاۋ ...... 348
كوگۈرچىن تاغلىرى ...... 348
پولكىنۇر تاغلىرى ...... 348
ئېرەن قابىرغا تاغلىرى ...... 348
تەڭگىرتاغ ...... 348
بوغدا تاغلىرى ...... 349
باركۆل تاغلىرى ...... 349
قارلىق تاغ ...... 349

بېيشەن تاغلىرى ........ 349
ئوتتۇرا تەڭرىتاغ ........ 350
ئۆيسۈن تاغلىرى ........ 350
نارات تاغلىرى ........ 350
ئابرال تاغلىرى ........ 350
بېيىكتاغ ........ 351
ئېرېن تاغلىرى ........ 351
ئالغۇي تاغلىرى ........ 351
جەنۇبىي تەڭرىتاغ ........ 352
تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى ........ 352
خالىقتاغ ........ 352
كۆكتېكە تاغلىرى ........ 353
خورا تاغلىرى ........ 353
قۇرۇقتاغ ........ 353
پامىر ئېگىزلىكى ........ 353
سارىقول تاغلىرى ........ 354
قاراقۇرۇم تاغلىرى ........ 354
كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسى ........ 355
غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرى ........ 356
ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تاغلىرى ........ 356
شەرقىي كۇئېنلۇن تاغلىرى ........ 356
ئالتۇنتاغ ........ 357
يالقۇنتاغ ........ 357
كۆيۈكتاغ ........ 358
شارقىرايدىغان قۇمتاغ ........ 358
[تاغ چوققىلىرى]
دوستلۇق چوققىسى ........ 358
بوغدا چوققىسى ........ 358
تۆمۈر چوققىسى ........ 359
خانتەڭرى چوققىسى ........ 359
تەڭگىر چوققىسى ........ 359
قوڭۇر چوققىسى ........ 359
قوڭۇر توققۇز چوققىسى ........ 359
مۇز تاغ چوققىسى ........ 360
چوغىر چوققىسى ........ 360
جاشۆبۇلۇم چوققىسى ........ 360
ئېرامكەڭرى چوققىسى ........ 360
كۇئېنلۇن چوققىسى ........ 360
مۇز تاغ چوققىسى ........ 360
[تاغ ئۆتكىلى (تاغ ئېغىزى ياكى داۋان)]
قارىغاي داۋان ........ 360
غالىبىيەت داۋىنى ........ 361
217 ـ دۆلەت تاشيولىنىڭ تەڭرىتاغ بۆلىكى
داۋىنى ........ 361
مۇزارت داۋىنى ........ 361
تورغات ئېغىزى ........ 361
سۇ بېشى داۋىنى ........ 361
قونجىراپ تاغ ئۆتكىلى ........ 362
[ئويمانلىقلار]
تارىم ئويمانلىقى ........ 362
جۇڭغار ئويمانلىقى ........ 362
تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى ........ 363
باركۆل ئويمانلىقى ........ 363
كۆكتوقاي ئويمانلىقى ........ 363
تارباغاتاي ئويمانلىقى ........ 363
سايرام كۆلى ئويمانلىقى ........ 363
ئىلى ئويمانلىقى ........ 364
يۇلتۇز ئويمانلىقى ........ 364
داۋانچىڭ ـ سەيۇوپۇ ئويمانلىقى ........ 364
سەنتاڭخۇ ـ نوم كۆلى ئويمانلىقى ........ 364
قارا شەھەر ئويمانلىقى ........ 364
باي ئويمانلىقى ........ 365
مۇجى ئويمانلىقى ........ 365
ئاقسايچىن ئويمانلىقى ........ 365
قۇمكۆل ئويمانلىقى ........ 365
[ۋادىلار]
ئېرتىش دەرياسى ۋادىسى ........ 365
بورتالا دەرياسى ۋادىسى ........ 365
كۈنەس دەرياسى ۋادىسى ........ 366
قاش دەرياسى ۋادىسى ........ 366
ئالغۇي ۋادىسى ........ 366
قاراشەھەر دەرياسى چوڭ جىلغىسى ........ 366
كۆنچى دەرياسى جىلغىسى ........ 366
توشقان دەرياسى ۋادىسى ........ 367
تاشقورغان ۋادىسى ........ 367
بەيياڭخې دەرياسى ۋادىسى ........ 367
[قۇملۇقلار]
تەكلىماكان قۇملۇقى ........ 367
قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقى ........ 368
قۇمتاغ قۇملۇقى ........ 369
شىخو قۇملۇقى ........ 369
بۆرۈلتوقاي قۇملۇقى ........ 369
بۆرچىن ـ قابا ـ جېمىنەي قۇملۇقى ........ 369
قاراشەھەر ئويمانلىقى ئاقبەلقۇم قۇملۇقى ........ 369
كۇئېنلۇن قۇمكۆل قۇملۇقى ........ 370
تارىم ئويمانلىقىنىڭ چېتىدىكى چۆللەر ........ 370

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ چەتلىرىدىكى چۆللەر ... 370

شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چۆللۈك ... 371

ياردالڭ ... 371

لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى ياردالڭلىقلار ... 372

ئورقۇ شامال يالىغان قەلئەسىمان تاغ جىنسلىرى ... 372

جىمسارادىكى رەڭدار توقاي ... 373

گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى ئالۋاستى شەھىرى ... 373

[يانار تاغ ۋە لاۋىدىن ھاسىل بولغان يەر شەكلى]

كۇئېنلۇن ئاچىكۆل ئويمانلىقىدىكى يانار تاغ يەر شەكلى ... 373

كۇئېنلۇن قۇمكۆل ئويمانلىقىدىكى يانار تاغ يەر شەكلى ... 373

مايتاغ لاي ـ لاتقا ۋولقىنى ... 373

شەرقىي كۇئېنلۇن ئارقا تاغ كارستلىق يەر شەكلى ... 374

«دەنشيا» يەر شەكلى ... 374

شىنجاڭنىڭ كىلىماتى ... 374

كىلىمات بەلۋېغى ... 375

جەنۇبىي شىنجاڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋېغى ... 376

جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ مۆتىدىل بەلۋېغى ... 376

سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ ... 376

سۇب سوغۇق بەلۋاغ ... 377

سوغۇق بەلۋاغ ... 377

[تىپىك كىلىمات رايونلىرى]

ئىنتايىن قۇرغاق كىلىمات رايونى ... 377

قۇرغاق كىلىمات رايونى ... 378

يېرىم قۇرغاق كىلىمات رايونى ... 378

يېرىم نەم كىلىمات رايونى ... 378

نەم كىلىمات رايونى ... 378

كىلىمات تىپلىرى ... 378

قۇملۇق كىلىماتى ... 379

ئېگىز تاغ كىلىماتى ... 379

ئېگىزلىك كىلىماتى ... 380

ئويمانلىق كىلىماتى ... 380

ۋادى كىلىماتى ... 381

كۆل كىلىماتى ... 381

چۆل كىلىماتى ... 382

قار ـ مۇزلۇق كىلىماتى ... 382

ئوتلاق كىلىماتى ... 382

ئورمان كىلىماتى ... 383

قۇياش رادىئاتسىيىسى ... 383

قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى ... 383

بۇلۇت مىقدارى ... 384

شامال ... 385

تورپان 30 چاقىرىملىق شامال رايونى ... 385

100 چاقىرىملىق شامال رايونى ... 385

سەيۇۋپۇ ـ داۋانچىڭ شامال رايونى ... 386

ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇب بوران رايونى ... 386

لاۋفېڭكو (شامال ئېغىزى) شامال رايونى ... 386

ئالاتاۋ ئېغىزى شامال رايونى ... 387

قاراماي شامال رايونى ... 387

جەنۇبىي شىنجاڭ قارا بورىنى ... 388

جەنۇبىي شىنجاڭ يەر يۈزى شامال سىستېمىسى ... 388

جەنۇبىي شىنجاڭ يەريۈزى كونۋېرگېنسىيە بەلۋېغى ... 388

شىمالىي شىنجاڭ يەر يۈزى شامال سىستېمىسى ... 389

دەريالار ... 389

ئېرتىش دەرياسى تاشقى ئېقىن سۇ سىستېمىسى ... 390

بۇرچىن دەرياسى ... 391

قابا دەرياسى ... 391

قارا ئېرتىش دەرياسى ... 391

جۇڭغار ئىچكى ئېقىن رايونى سۇ سىستېمىسى ... 391

ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ... 392

بورتالا دەرياسى ... 393

جىڭ دەرياسى ... 393

كۇيتۇن دەرياسى ... 393

ماناس دەرياسى ... 393

ئۈرۈمچى دەرياسى ... 393

ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا رايونى

ئىلى دەرياسى سۇ سىستېمىسى ... 394

تېكەس دەرياسى ... 394

كۈنەس دەرياسى ... 394

قاش دەرياسى ... 395

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرى سۇ سىستېمىسى ... 395

قاراشەھەر دەرياسى — كۆنچى دەرياسى ... 396

ئۆگەن دەرياسى ... 397

ئاقسۇ دەرياسى ...... 397
قۇمئېرىق دەرياسى ...... 397
توشقان دەرياسى ...... 398
قەشقەر دەرياسى ...... 398
قىزىل دەرياسى ...... 398
گەز دەرياسى ...... 399
يەكەن دەرياسى ...... 399
تاشقورغان دەرياسى ...... 399
خوتەن دەرياسى ...... 400
قاراقاش دەرياسى ...... 400
يۇرۇڭقاش دەرياسى ...... 400
كېرىيە دەرياسى ...... 401
چەرچەن دەرياسى ...... 401
كۆللەر ...... 401
بوغدا كۆلى ...... 402
ئاقسايچىن كۆلى ...... 402
ئاياغ قۇمكۆل ...... 402
ئېبىنور كۆلى ...... 403
سايرام كۆلى ...... 403
ئۇلۇڭگۇر كۆلى ...... 403
لوپنۇر كۆلى ...... 404
ئايدىڭكۆل ...... 404
باركۆل كۆلى ...... 405
باغراش كۆلى ...... 405
ئاققۇ كۆلى ...... 406
قاناس كۆلى ...... 406
سەيۋوپو كۆلى ...... 407
داۋانچىڭ تۇزلۇق كۆلى ...... 407
مۇزلۇقلار ...... 407
كۆپ چوققا مۇزلۇقى ...... 408
يۇرۇڭقاش مۇزلۇقى ...... 408
ئوتتۇرا چوققا مۇزلۇقى ...... 409
چۆڭئسې مۇزلۇقى ...... 409
قارا يايلاق مۇزلۇقى ...... 409
كېرىيە مۇز قالپاق مۇزلۇقى ...... 410
يېڭىسۆگەت مۇزلۇقى ...... 410
چوغىر مۇزلۇقى ...... 410
جاشۆ بۇلۇم مۇزلۇقى ...... 411
تېرامكەڭرى مۇزلۇقى ...... 411
ئۈرۈمچى دەرياسى مەنبەسى 1 - نومۇرلۇق مۇز-
لۇقى ...... 411
تۆمۈر مۇزلۇقى ...... 412
چوڭ تېرەن مۇزلۇقى ...... 412
تۇغبەلچى مۇزلۇقى ...... 412
مۇزارت مۇزلۇقى ...... 413
جەنۇبىي ئىنەلچۈك مۇزلۇقى ...... 413
ئالتاي تېغى مۇزلۇقلىرى ...... 413
ئورمان تۇپراقلىرى ...... 414
يايلاق تۇپراقلىرى ...... 414
بوستانلىق تۇپراقلىرى ...... 415
قۇرغاق تۇپراقلار ...... 415
تۇزلۇق تۇپراقلار ...... 416
نەم تۇپراقلار ...... 416
قۇم - بوران تۇپراقلىرى ...... 417
يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر
خەرىتىسى ...... 417
يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىشى ...... 418
شىمالىي قىسىم ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈك
زونىسى ...... 419
جۇڭغار چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك سۇب زونىسى
...... 419
تارىم چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك سۇب زونىسى
...... 420
شىمالىي شىزاڭ — پامىر ئېگىز ھەم سوغۇق
زونا چۆل رايونى ...... 420
ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى تاغلىق يېپىن-
چا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكترى
...... 420
ئىلى تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا
سپېكترى ...... 421
تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى تاغلىق يېپىن-
چا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكترى
...... 421
تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى تاغلىق يې-
پىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكترى
...... 422
كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى تاغلىق
يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكترى
...... 422
شىنجاڭ ئۆسۈملۈك فلورىسىنىڭ تەركىبى
...... 423
شىنجاڭ بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ فلورا
تەركىبى ...... 424
شىنجاڭ قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ
فلورا تەركىبى ...... 424
تارىم توغراق ئورمىنى، كۆك تېرەك ئورمىنى

...... 424
جۇڭغار سۆكسۆك چۆلى ...... 425
شىنجاڭ تەمەسى ئېگىز سوغۇق زونا ئوتلىقى ...... 426
قۇرغاقچىلىقتا ئۆسىدىغان چاتقال چۆلى ...... 426
چۆل دەريا قىرغىقى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ...... 426
سۇلۇق ياغاچ غوللۇق شورلۇق ئۆسۈملۈكلىرى چۆلى ...... 426
يېرىم چاتقال، كىچىك يېرىم چاتقال چۆلى ...... 427
ئېگىز ھەم سوغۇق زونا ئەمەنلىك چىملىقى ...... 427
ياۋا بادام چاتقاللىقى ...... 428
يۇلغۇن چاتقاللىقى ...... 428
كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمىنى ...... 428
يۇلغۇن دۆڭلۈكلىرى ...... 429
ئاپەت ...... 429
ھاۋارايى ئاپەتلىرى ...... 430
قۇرغاقچىلىق ...... 430
بوران ...... 430
قۇرغاق شامال ...... 431
قۇم بوران ...... 431
چاڭ - توزانلىق ھاۋا رايى ...... 431
سوغۇق ئېقىم ...... 432
قىرو ئۈششۈكى ...... 432
ئۈششۈك ئاپىتى ...... 433
قارا يامغۇر ...... 433
مۆلدۈر ...... 434
يامغۇر مۆڭگىسى، تۇمان سۆڭگىسى ...... 435
ئاق، قارا ئاپەت ...... 435
قار كۆچكۈنى ...... 436
يېزا ئىگىلىك كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى ...... 436
كەلكۈن ئاپىتى ...... 437
قارا يامغۇر كەلكۈن ئاپىتى ...... 438
يەر تەۋرەش ئاپىتى ...... 438
[تەبىئىي رايونلارغا ئايرىلىشى]
شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 439
شىنجاڭ ئوتلاقلىرىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 439
شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ كىلىمات بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 440
شىنجاڭنىڭ كىلىمات بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 441
شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 442
شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەر شەكلى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 442
شىنجاڭنىڭ تۇپراق جۇغراپىيىسى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 443
شىنجاڭنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 443
شىنجاڭنىڭ سۇ رايى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 444
[خەرىتە ۋە يىراقتىن سېزىش]
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاتلىسى ...... 446
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى خەرىتىسى ...... 446
شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايون بويىچە ئايرىلىش خەرىتىسى ...... 447
شىنجاڭنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى ...... 447
شىنجاڭنىڭ قاتناش خەرىتىسى ...... 448
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەڭلىك ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق سۈرەت خەرىتىسى ...... 448
ئەمەلىي ئۆلچەپ سىزىلغان يەرشەكلى خەرىتىسى ...... 449
ئاسىيا - ياۋروپا رايونى خەرىتىلىرى ...... 450
يىراقتىن سېزىش ...... 451
[ئىجتىمائىي جۇغراپىيە]
[ئىقتىساد تۈرى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى]
شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 452
شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىلىشى ...... 452
شىنجاڭنىڭ يەردىن پايدىلىنىش بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى ...... 453
شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئايرىلىشى ...... 453
خوتەن بوستانلىقى ...... 454
قەشقەر بوستانلىقى ...... 454
يەكەن دەرياسى بوستانلىقى ...... 455
ئاقسۇ بوستانلىقى ...... 455
ئۆگەن دەرياسى بوستانلىقى ...... 455
قاراشەھەر دەرياسى — كۆنچى دەرياسى بوستان-

لىقى …… 456
تۇرپان ـ قۇمۇل بوستانلىقى …… 456
ماناس بوستانلىقى …… 456
ئېبىنۇر كۆلى بوستانلىقى …… 457
ئىلى بوستانلىقى …… 457
ئېرتىش — ئۇلۇڭگۇر دەريالىرى بوستانلىقى …… 457
تارباغاتاي — دۆربىلجىن ۋادىسى بوستانلىقى …… 458
شىخو ـ كۈيتۇن ـ مايتاغ «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» بوستانلىقى …… 458
ئۈرۈمچى بوستانلىقى …… 459
تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بوستانلىق …… 459
شەرقىي كوئېنلۇن — ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى بوستانلىقى …… 460
[شىنجاڭدىكى يەر ناملىرى]
ئۈرۈمچى …… 460
ۋۇجياچۈ …… 460
شۈيموگۇ …… 461
تۇدۇڭخابا …… 461
داۋانچىڭ …… 461
قاراماي …… 462
مايتاغ …… 462
كۈيتۇن …… 462
غۇلجا …… 463
قورغاس …… 463
كەڭساي …… 463
چاپچال …… 463
نىلقا …… 464
كۈنەس …… 464
توققۇزتارا …… 464
تېكەس …… 465
موڭغۇلكۈرە …… 465
چۆچەك …… 465
دۆربىلجىن …… 466
چاغانتوقاي …… 466
تولى …… 466
قوبۇقسار …… 466
قوشتولغاي …… 466
شىخو …… 467
ساۋەن …… 467
ئالتاي …… 467
بەيتۈن …… 467
بۇرچىن …… 468
جېمىنەي …… 468
قابا ناھىيىسى …… 468
بۇرۇلتوقاي …… 469
كۆكتوقاي …… 469
كۆكتوقاي …… 469
چىڭگىل …… 469
بورتالا …… 469
جىڭ ناھىيىسى …… 470
ئارىشاڭ …… 470
سانجى …… 470
مىچۈەن …… 471
ماناس …… 471
قۇتۇبى …… 471
فۇكاڭ …… 472
جىمسار …… 472
گۇچۇڭ …… 472
مورى …… 472
تۇرپان …… 473
داخېيەن …… 473
توقسۇن …… 473
ئارغىبۇلاق …… 473
پىچان …… 474
قۇمۇل …… 474
شىڭشىڭشيا …… 474
سەنداۋلىڭ …… 474
يامانسۇ …… 475
ئاراتۈرۈك …… 475
باركۆل …… 475
كورلا …… 475
باشئەگىم …… 475
خېجىڭ …… 476
بالغۇنتاي …… 476
خوشۇت …… 476
قاراشەھەر …… 476
باغراش …… 476
بۈگۈر …… 477
لوپنۇر …… 477
چاقىلىق …… 477
چەرچەن …… 477
ئاقسۇ …… 477
ئونسۇ …… 478

باي …… 478
كۆچار …… 478
توقسۇ …… 479
شايار …… 479
ئۈچتۇرپان …… 479
ئاۋات …… 479
كەلپىن …… 480
ئاتۇش …… 480
ئاقچى …… 480
ئۇلۇغچات …… 480
ئاقتۇ …… 481
قەشقەر …… 481
قەشقەر كونا شەھەر …… 481
قەشقەر يېڭى شەھەر …… 481
مارالبېشى …… 482
ئاچال …… 482
پەيزىۋات …… 482
يوپۇرغا …… 482
يېڭىسار …… 483
مەكىت …… 483
يەكەن …… 483
پوسكام …… 483
قاغىلىق …… 484
تاشقورغان …… 484
خوتەن …… 484
گۇما …… 485
قاراقاش …… 485
لوپ …… 485
چىرا …… 485
كېرىيە …… 485
نىيە …… 485


## تەبىئىي بايلىقلار


تەبىئىي بايلىقلار …… 486
يەر بايلىقى …… 489
[يەرنىڭ تەبىئىي تىپلىرى]
قۇتۇپ ئېگىز تاغ يەر تىپى …… 490
ئېگىز تاغ يەر تىپى …… 490
ئوتتۇرا تاغ يەر تىپى …… 490
پەس تاغ ئېدىرلىق يەر تىپى …… 491
قىيپاش دۆڭلۈكلەرنىڭ يەر تىپى …… 491
تۈز يەرلەرنىڭ يەر تىپى …… 491
پەس نەم يەرلەرنىڭ يەر تىپى …… 492
قۇملۇق يەر تىپى …… 492
پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر تىپى …… 492
تېرىلغۇ يەرلەر …… 492
باغ يەرلىرى …… 493
ئورمان يەرلىرى …… 493
ئوت - چۆپلۈك يەرلەر …… 493
سۈنئىي ئوتلاق …… 493
ئاھالىلەر ئولتۇراق جايلىرى ۋە زاۋۇت - كانلار
ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرلەر …… 494
قاتناشقا ئىشلىتىلگەن يەرلەر …… 494
سۇ رايونى …… 494
پايدىلىنىلمىغان يەر …… 495
شىنجاڭنىڭ يەردىن پايدىلىنىش رايونلىرى …… 495
[ھەر خىل كەسپلەرگە باب يەر تىپلىرى]
دېھقانچىلىققا باب يەرلەر …… 496
ئورمانغا باب يەرلەر …… 496
چارۋىچىلىققا باب يەرلەر …… 496
سۇ بايلىقى …… 497
[يەر يۈزى سۇ بايلىقى]
دەريا سۈيى بايلىقى …… 497
مۇزلۇق سۇ بايلىقى …… 498
ئالتاي تاغ سىستېمىسىدىكى مۇزلۇق سۇ بايلىقى
…… 498
تەڭرىتاغ سىستېمىسىدىكى مۇزلۇق سۇ بايلىقى
…… 498
كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسىدىكى مۇزلۇق سۇ
بايلىقى …… 498
كۆل سۈيى بايلىقى …… 499
سۇ بايلىقلىرىنىڭ رايونلارغا تارقىلىشى …… 499
سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى …… 503
يەر ئاستى سۇ بايلىقى …… 504
تەبىئىي مىنېرال ئىچىملىك سۇلار …… 505
يەر ئىسسىقلىقى مىنېرال سۈيى …… 505
سۇ، پار كانلىرى …… 506
يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ مەنبە يەرلىرى …… 506
ئاساسلىق شەھەرلەرنى سۇ بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبە يەرلىرى
…… 507
قېزىلما بايلىقلار …… 507
نېفىت، تەبىئىي گاز …… 509
جۇڭغار نېفىت - گازلىق ئويمانلىقى …… 510
قاراماي نېفىت - گاز رايونى …… 510

شەرقىي جۇڭغار نېفىت ـ گازلىق رايونى …… 511
تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى نېفىت ـ گاز بايلىقى …… 512
تارىم نېفىت ـ گازلىق ئويمانلىقى …… 513
كۇچار نېفىت ـ گازلىق رايونى …… 513
شىمالىي تارىم نېفىت ـ گاز رايونى …… 514
ئوتتۇرا تارىم نېفىت ـ گازلىق رايونى …… 514
مارالبېشى ـ مەكىت نېفىت رايونى …… 515
كۆكيار قېتىشما نېفىت ـ گازلىقى …… 515
قاراشەھەر نېفىت ـ گازلىق ئويمانلىقى …… 515
سەنتاڭخۇ ئويمانلىقى …… 516
كۆمۈر بايلىقى …… 516
جۇڭغار كۆمۈرلۈك رايونى …… 517
تولى ـ قوشتولغاي كۆمۈرلۈكى …… 517
شەرقىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكى …… 518
جەنۇبىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكى …… 518
ئۈرۈمچى كان رايونى …… 518
سەنتاڭخۇ ـ باركۆل كۆمۈرلۈكى …… 519
غەربىي شىمالىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكى …… 519
تۇرپان ـ قۇمۇل كۆمۈرلۈك رايونى …… 519
ئېۋىرغول كۆمۈر كېنى …… 520
سەنداۋلىڭ كۆمۈر كېنى …… 520
غۇلجا ـ يۇلتۇز ـ قارا شەھەر كۆمۈرلۈك رايونى …… 520
تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى كۆمۈرلۈك رايونى …… 521
[قارا مېتال قېزىلما بايلىقلىرى]
تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى كۆمۈرلۈك رايونى …… 522
تۆمۈر كانلىرى …… 522
يامانسۇ تۆمۈر كېنى …… 523
سىخەي تۆمۈر كېنى …… 523
تيەنخۇ تۆمۈر كېنى …… 524
مودوت سالا تۆمۈر (مانگان) كېنى …… 524
ئۈچ كەپتەر تۆمۈر كېنى …… 525
مۆڭكۈ تۆمۈر كېنى …… 525
چېلەكچى تۆمۈر كېنى …… 526
ۋۇتۇڭگۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۆمۈر كانلىرى …… 526
مانگان كېنى …… 526
خرومىت كېنى …… 527
[رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقلىرى]
مىس كېنى …… 528
ئاشىلى مىس ـ سىنك كېنى …… 528
شورقۇدۇق مىس كېنى …… 528
نىكېل كېنى …… 529
قارا تۇڭكى مىس ـ نىكېل كېنى …… 529
قۇمۇل خۇاڭشەن مىس ـ نىكېل كېنى …… 530
قوغۇشۇن ـ سىنك كېنى …… 530
[قىممەت مېتاللار]
ئالتۇن كېنى …… 530
ئاشى ئالتۇن كېنى …… 531
خاتۇ ئالتۇن كېنى …… 531
كاڭگۇرتاغ ئالتۇن كانلىرى …… 532
ساۋاياردۇڭ ئالتۇن كېنى …… 532
ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى ئالتۇن كانلار …… 533
شىچاخې كېپەك ئالتۇن كېنى …… 533
توققۇزباي ئالتۇن كېنى …… 533
[مېتاللوئىد كانلىرى]
[مېتاللورگىيە قوشۇمچە ماتېرىياللىرى مېتاللوئىد كانلىرى]
ئوتقا چىدامىلىق سېغىز …… 533
ماگنېزىت كېنى …… 534
[خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرى مېتاللوئىد كانلىرى]
تاش تۇز، شور …… 534
كالىيلىق سېلىترا …… 535
ناترىيلىق سېلىترا …… 536
كالىيلىق تۇز كانلىرى …… 536
سۈيۈن تاش …… 537
[قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە باشقا مېتاللوئىد كانلىرى]
تاشپاختا كېنى …… 537
زۇلۇك تاش كېنى …… 538
گەج …… 538
ئاق چىرمىتال …… 539
ھاك تاش كېنى …… 540
بېنتونىت كېنى …… 540
دولومىت كېنى …… 540
يېنىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى خام ئەشيالىرى …… 541
[بېزەك تاش ماتېرىياللىرى كانلىرى]
گرانىت تاش …… 541
مەرمەر تاش …… 542
[گۆھەر تاش، قاشتاش كانلىرى]

گۈھەر تاشلار ........ 542
خوتەن قاشتېشى ........ 543
كىلىمات بايلىقى ........ 543
يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى بايلىقى ........ 544
ئىسسىقلىق بايلىقى ........ 544
شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى ........ 545
قۇياش ئېنېرگىيىسى بايلىقى ........ 546
نەملىك بايلىقى ........ 546
ئوتلاق بايلىقى ........ 546
[ئوتلاق ئۆسۈملۈك بايلىقى]
ئوتلاق ئوت ـ چۆپ بايلىقى ........ 547
ئوتلاق ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى ........ 547
[يايلاق تىپى]
مۆتىدىل چىملىق يايلاق تىپى ........ 548
مۆتىدىل يايلاق تىپى ........ 548
مۆتىدىل چۆللۈك يايلاق تىپى ........ 549
ئېگىز ھەم سوغۇق رايون يايلاق تىپى ........ 549
مۆتىدىل يايلاقلاشقان چۆللۈك تىپى ........ 549
مۆتىدىل چۆللۈك تىپى ........ 550
ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چۆللۈكى تىپى ........ 550
پەس تۈزلەڭلىك چىملىقى تىپى ........ 550
تاغلىق چىملىق تىپى ........ 551
ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىق تىپى ........ 551
سازلىق تىپىدىكى ئوتلاق ........ 552
[پەسىللىك فېرمىلار]
يازلىق ئوتلاق ........ 552
قىشلاق ........ 552
كۈزلەك ـ كۆكلەم ........ 553
پۈتۈن يىللىق ئوتلاق ........ 553
كۆكلەم ـ كۈزلەك ـ قىشلاق ........ 553
ئوتلاق كۆلىمى ........ 553
ئوتلاقنىڭ ئوت ـ چۆپ مىقدارى ........ 553
ئوتلاقنىڭ مال سىغىمچانلىقى ........ 554
ئوتلاق دەرىجىسى ........ 554
[ئاساسلىق يايلاقلار]
كۈنەس يايلىقى ........ 555
بايىنبۇلاق يايلىقى ........ 556
باركۆل يايلىقى ........ 556
[ئورمانلىق بايلىقى]
[ئورمانلىق دەرەخ تۈرى بايلىقى]
شەمشاد ........ 556
سىبىرىيە قىزىل قارىغىيى ........ 557
سىبىرىيە بال قارىغىيى ........ 557
كوئېنلۈن ئارچىسى ........ 557
تېرەك ........ 558
سۆگەت ........ 558
قېيىن ........ 559
قارىياغاچ ........ 560
قارا ئۈجمە ........ 560
قىزىل مېۋىلىك جۇزگۈن ........ 560
سۆكسۆك ........ 560
جۇڭغار دولانىسى ........ 561
چىتەن ........ 561
تەڭرىتاغ زەرىڭى ........ 561
يۇلغۇن ........ 561
شىنجاڭ كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇنى ........ 562
ئۆسۈملۈك بايلىقى ........ 562
يەم-خەشەك قىلىنىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر ........ 563
ياۋايى تالالىق ئۆسۈملۈكلەر ........ 563
تېرە ئەيلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ياۋايى ئۆسۈم-
لۈكلەر ........ 564
دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە چېتىلىدىغان ياۋايى
ئۆسۈملۈكلەر ........ 564
پىگمېنتلىق ئۆسۈملۈكلەر ........ 564
ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ........ 565
ھاشارات ئۆلتۈرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ........ 565
[مېۋىلىك ياۋا دەرەخلەر ۋە ۋىتامىنلىق ئۆسۈم-
لۈكلەر]
ياۋا ئالما ........ 565
ياۋا ئۆرۈك ........ 566
ياۋا ئالۇچا ........ 566
جىغان ........ 566
مالىنا ........ 567
ئازغان ........ 567
ماكسىموۋىچ باتالى رىبىس چاتقىلى ........ 567
ئۈچلۈق مېۋىلىك قاغا جىگدىسى ........ 568
ياۋا بۆلجۈرگەن ........ 568
ياۋا ياڭاق ........ 568
[يېمەكلىك ماي ياۋايى ئۆسۈملۈكلىرى]
ياۋا بادام ........ 569
سوغىگۈل ........ 569
[دورىلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر]
چۈچۈكبۇيا ........ 569
يەر مەدىكى ........ 570
شىنجاڭ ھىڭى ........ 570
لوپنۇر كەندىرى ........ 570

شىنجاڭ ئەگلىك ئوتى …… 571
تولۇق يوپۇرماقلىق مەرزەنجۇش …… 571
تاغ لەيلىسى …… 571
يېزىخۇ ئەمىنى …… 572
قانتېپەر …… 572
قىرىق بوغۇمسىمان چاكاندا …… 572
[خۇش پۇراق مايلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر]
سېرىق گۈللۈك قاشقا بېدە …… 573
ياۋا يالپۇز …… 573
چىنىگۈل …… 573
زىچ گۈللۈك يالغان رەيھان …… 573
جەمبىل …… 574
جۇلاغ …… 574
چۆل رەيھىنى …… 574
سۈمبۈل …… 575
ئىگىر …… 575
[مەنزىرىۋى ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر]
ئىلى كۈركۈم گۈلى …… 575
شەھدان …… 575
چاي ئوت …… 576
شىنجاڭ بۆۋانىسى …… 576
تەڭرىتاغ گۈلەمبىرى …… 577
قوڭغۇرباش …… 577
تۈگۈنەك گۈللۈك چوغلۇق …… 578
ھايۋانات بايلىقى …… 578
شىنجاڭ سەمەندەرى …… 578
تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى …… 579
ئاق لەيلەك …… 579
قارا لەيلەك …… 579
شۇڭقار …… 580
ئاق مۇرە بۈركۈت …… 580
ئالاقۇيرۇق بۈركۈت …… 580
ساقاللىق قۇماي …… 580
قۇر …… 580
قارا بويۇن تۇرنا …… 581
ئاق تۇرنا …… 581
لەيلىلىك تۇرنا …… 581
چوڭ دوغداق …… 581
بازغالداق …… 582
چىپار دوغداق …… 582
قۇندۇز …… 582
قارا بۆلغۈن …… 582
بۆرە بورسۇق …… 583
تەڭگە گۈللۈك يىلپىز …… 583
قۇلان …… 583
ياۋا ئات …… 584
ياۋا تۆگە …… 584
ياۋا قوتاز …… 584
پرژېۋالسكىي بۆكىنى …… 584
تىبەت بۆكىنى …… 585
قاڭشارلىق بۆكەن …… 585
تاغ ئۆچكىسى …… 585
چارپاقا …… 585
شىنجاڭ ياللىق كەسلەنچۈكى …… 585
ئاق ساقىيقۇش …… 585
چوڭ ئاققۇ …… 586
لاچىن …… 586
قارا قۇر …… 586
قىيالىق تۇندرا كەكلىكى …… 587
ئورمان چىلى …… 587
ئېگىز تاغ ئۇلارى …… 587
ئاق مۈشۈكياپىلاق …… 587
يەكەن توشقىنى …… 588
مۈشۈكياپىلاق …… 588
ياۋا ئاق توشقان …… 588
سۆسەر …… 588
ئوتلاق ياۋا مۈشۈكى …… 588
سۈلەيسۈن …… 589
مولۇن …… 589
بۇغا …… 589
قانداغاي …… 589
تىبەت يەرلىك بۆكىنى …… 590
جەرەن …… 590
كۆكمەت …… 590
ئارقار …… 590
ئاپوللو كېپىنىكى …… 590
ئۆرۈك كېپىنىكى …… 591
بېلىق بايلىقى …… 591
يالىڭاچ قورساقلىق سىكات بېلىقى …… 591
سالمون بېلىقى …… 591
شىمالىي قۆتۈپ تىماللۇس بېلىقى …… 592
ئالا چورتان بېلىق …… 592
ئىدۇس بېلىقى …… 592
بايقال لېيتىسكۇس بېلىقى …… 592
كۆل كارپ بېلىقسىمان بېلىق …… 593
فوكسىن بېلىقى …… 593

شىنجاڭ خاپانباش بېلىقى ........ 593
ئىلى يېرىق كاسىلىق بېلىقى ........ 594
كۆمۈش رەڭ يېرىق كاسىلىق بېلىق ........ 594
تارىم يېرىق كاسىلىق بېلىقى ........ 594
چىپار قوش كالپۇك بېلىق ........ 595
شىنجاڭ تەڭگىچىسىز قوش كالپۇك بېلىقى ........ 595
شەرقىي ياۋروپا يېيىسى بېلىقى ........ 595
سازان بېلىق ........ 595
كۆمۈش رەڭ كاراس بېلىقى ........ 596
دەريا تىرىسكا بېلىقى ........ 596
دەريا ئوكۇن بېلىقى ........ 596
[سۇ جانلىقلىرى]
لەيلىمە جانلىقلار ........ 596
سۇ ئاستى جانلىقلىرى ........ 597
يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ........ 597


## مىللەتلەر


مىللەت ........ 598
ئۇيغۇر مىللىتى ........ 598
خەنزۇ مىللىتى ........ 600
قازاق مىللىتى ........ 600
خۇيزۇ مىللىتى ........ 601
قىرغىز مىللىتى ........ 602
موڭغۇل مىللىتى ........ 603
تاجىك مىللىتى ........ 604
شىبە مىللىتى ........ 604
مانجۇ مىللىتى ........ 605
ئۆزبېك مىللىتى ........ 606
رۇس مىللىتى ........ 606
داغۇر مىللىتى ........ 607
تاتار مىللىتى ........ 608
[مىللىي سىياسەت]
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ........ 608
مىللەتلەر باراۋەرلىكى سىياسىتى ........ 610
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سىياسىتى ........ 610
دېموكراتىك ئىسلاھات سىياسىتى ........ 611
ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق سىياسىتى ........ 612
ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى ........ 613
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش سىياسىتى ........ 613
مىللىي سودا ۋە مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش سىياسىتى ........ 614
باج سىياسىتى ........ 615
نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى ........ 615
ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇس سىياسىتى ........ 616
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ سىياسىتى ........ 616
[مىللەتلەر، دىن خىزمىتى ئورگانلىرى]
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ........ 617
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ........ 617
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ........ 618
[مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى]
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ........ 619
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە پائالىيىتى ........ 619
بۇرژۇئا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ........ 619
[ئاز سانلىق مىللەت كادىر، ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش]
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ........ 620
ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ........ 621
ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ........ 621
[مىللىي تىل، يېزىق]
شىنجاڭدىكى ھازىرقى تىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى ........ 621
ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ........ 622
تۈركىي تىللار تۈركۈمى ........ 622
ئۇيغۇر تىلى ........ 623
ئۇيغۇر يېزىقى ........ 623
قازاق تىلى ........ 623
قازاق يېزىقى ........ 624
قىرغىز تىلى ........ 624
قىرغىز يېزىقى ........ 624
ئۆزبېك تىلى ........ 624
تاتار تىلى ........ 625

موڭغۇل تىلى …… 625
موڭغۇل يېزىقى …… 626
تودۇ يېزىقى …… 626
داغۇر تىلى …… 626
شىبە تىلى …… 627
شىبە يېزىقى …… 627
ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى …… 627
تاجىك تىلى …… 628
رۇس تىلى …… 628
خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى …… 628
خەنزۇ تىلى …… 629
خەنزۇ يېزىقى …… 629
[ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتى]
ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرى …… 630
ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار …… 631
ياغاچ نەقىش سەنئىتى …… 631
گەج نەقىش سەنئىتى …… 632
قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى …… 632
توقۇش سەنئىتى …… 632
كەشتە سەنئىتى …… 633
كۆن - خۇرۇم قول ھۈنەر - سەنئىتى …… 633
[ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى]
نان …… 634
لەغمەن …… 634
سامسا …… 635
پولۇ …… 635
پىنتاڭ …… 635
نېرىن …… 636
قولداما …… 636
بولكا …… 636
بولاق قوتۇرماچ …… 636
پىشۇرۇلغان گۆش …… 636
ئۆپكە - ھېسىپ …… 637
زىق كاۋاپ …… 637
تونۇر كاۋىپى …… 638
تالقان …… 638
سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر …… 638
چاي …… 639
قېتىق …… 639
مۇسەللەس …… 640
مۇراببا …… 640
قىمىز …… 640
تۆگە قىمىزى …… 641
سۈت ھارىقى …… 641
بوزا …… 641
مودزى …… 642
تونۇر …… 642
ئاپتۇۋا …… 642
[ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى]
دوپپا …… 643
كىيىم - كېچەك ۋە بېزەكلەر …… 643
ئۆتۈك، ئاياغ …… 644
[ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ، ئائىلىسى]
نىكاھ …… 644
ئائىلە …… 646
تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت …… 647
تۇغۇت ئادىتى …… 648
[مېيىت ئۇزىتىش ئادەتلىرى]
مېيىت ئۇزىتىش …… 649
مېيىتنى كۆيدۈرۈش …… 649
[ئۆرپ - ئادەتلەر]
ئىسىم قويۇش …… 649
خەتنە قىلىش …… 650
قۇلاق تېشىش …… 650
ئاتقا مىندۈرۈش …… 650
قائىدە - يوسۇن …… 651
پەرھىز - سۈننەت …… 651
[ئەلنەغمە سەنئىتى]
يۈرۈشلۈك مۇزىكا …… 652
مۇھەببەت ناخشىلىرى …… 652
ئۇزۇن ئاھاڭلىق ناخشىلار …… 653
خوار (گۈل) ناخشىلىرى …… 653
بەخت تىلەش ناخشىسى …… 654
مەرسىيە ناخشىسى …… 654
[خەلق ئۇسسۇللىرى]
ساما ئۇسسۇلى …… 655
دولان ئۇسسۇلى …… 655
نازىركوم …… 655
شادىيانە ئۇسسۇلى …… 656
سەنەم ئۇسسۇلى …… 656
كىگىز بېسىش ئۇسسۇلى …… 656
يورغا ئۇسسۇلى …… 656
ئادىنوچكا …… 656
بۈركۈت ئۇسسۇلى …… 657
ئۇيغۇر 12 مۇقامى …… 657
بېيلون ئۇسسۇلى …… 658

بەدەخشانلىق سودىگەر ........ 658
جىر ........ 658
ئېيىق ئۇسسۇلى ........ 658
قۇمۇل مۇقامى ........ 658
[خەلق مۇزىكا ئەسۋابلىرى]
راۋاب ........ 658
دۇتار ........ 659
خۇشتار ........ 660
غىجەك ........ 660
ساتار ........ 660
سۇناي ........ 661
بالىمان ........ 661
داپ ........ 661
ناغرا ........ 661
ساپايى ........ 662
دومبىرا ........ 662
قومۇز ........ 662
توبىشۇر ........ 663
بوركۇت نەي ........ 663
ئات باش غىجەك ........ 663
[ئاز سانلىق مىللەتلەر چۆچەكلىرى]
رىۋايەت ........ 663
لەتىپە ........ 664
مەسەل ........ 664
[ئەل ئىچى تەنتەربىيىسى]
سارغايدى ........ 665
ئات ئويۇنى ........ 665
قىز قوۋار ........ 666
ئەرئاغدۇرۇش ........ 666
گاگار ئويۇنى ........ 666
پاپۇز ........ 667
قوتاز چاپتۇرۇش ........ 667
ئودىكام ئويۇنى ........ 667
دوپپا تالىشىش ........ 668
ئاتلىق چېپىپ كېتىۋېتىپ، يەردىن تەڭگە
ئېلىش ........ 668
سۆگەك تاشلاش ئويۇنى ........ 668
بويۇندا ئارقان تارتىش ........ 669
يۇڭ توپ ئۇرۇش ........ 669
باشقا قوغۇن قويۇپ يورغىلاش ........ 669
يامبۇ ئېتىش ........ 670
ئوۋ ئوۋلاش ........ 670
ئايدىڭدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ........ 670
ئوردا ئېلىش ئويۇنى ........ 670
خوراز سوقۇشتۇرۇش ........ 671
قوشقار سوقۇشتۇرۇش ........ 672
كالا سوقۇشتۇرۇش ........ 672
ئىت تالاشتۇرۇش ........ 672
كويلا توپ ........ 673
ياغاچ توپ ........ 674
كالتەك بىلەن توپ ئۇرۇش ........ 674
كالتەك ئويۇنى ........ 673
ئاق تېرەك - كۆك تېرەك ........ 675
دامكا ........ 675
موڭغۇل شاھمىتى ........ 676
بۇغا شاھمىتى ........ 676
توققۇز ساراي شاھمىتى ........ 677
سەكرەپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ........ 677
خادىغا چىقىش ........ 677
بولدۇرسۇن ........ 678
يۇڭ توپ (قاچما توپ) ........ 678
ئات كۆندۈرۈش ........ 679
سالما تاشلاش ........ 679
بۇمۇك ........ 679
تاش توپ تېپىش ........ 679
چوقماق ئېتىش ........ 680
ئارقان تارتىش ........ 680
دولىسىدا كۆتۈرۈش ........ 681
بويۇنغا پوتا سېلىپ كۈچ سىنىشىش ........ 681
توقماق تارتىش ........ 681
[مىللىي ئەنئەنىۋى بازارلار]
بازار ........ 681
نادام بايرىمى ........ 682
ئات ئۈستى بازىرى ........ 683
[مىللىي ئەنئەنىۋى ھېيت - بايراملار]
چاغان ........ 683
قۇربان ھېيت ........ 684
روزى ھېيت ........ 685
نورۇز بايرىمى ........ 685
بارات ئايىمى ........ 686
غەربكە كۆچۈش بايرىمى ........ 687
دولبۇز بايرىمى ........ 687
زۇۋۇر بايرىمى ........ 687
ئۇرۇق چېچىش بايرىمى ........ 688
سابان تويى ........ 688
پاسخا بايرىمى ........ 689
مىلاد بايرىمى (روژدېستۇۋ بايرىمى) ........ 689

## دىن


دىن 690
[دىنىي تەشكىلاتلار]
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 690
شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى 691
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى 691
[دىن سىياسىتى]
ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش 692
دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى 692
دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش 693
ياش دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش 694
دىنىي جەھەتتىكى دوستانە بېرىش - كېلىشلەر 694
دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتى 695
[دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش]
دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش 695
دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش 696
دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش 697
دىنىي خادىملارنى باشقۇرۇش 697
قوش «بەشتە ياخشى» لارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش 697
شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى 698
[مۇقەددەس كىتابلاردىن تەرجىمىلەر]
«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى 699
«قۇرئان كەرىم» نىڭ قازاقچە تەرجىمىسى 699
«سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى 699
[دىنىي ئېقىملار]
سۈننىي مەزھىپى 699
ھەنەفىي فىقھە ئېقىمى 700
شىئە مەزھىپى 700
سوپىلار (سوفىزمچىلار) ئېقىمى 701
خۇفىيە 702
جەھرىيە سۇلۇكى 702
قەدىمىيە 702
ئىخۋانىيە 703
[دىنىي ۋەزىپە ناملىرى]
خەلىپە 703
ئىمام 703
خاتىب 703
موللا 704
ئاخۇن 704
شەيخ 704
ئىشان 704
ھافىز 705
تالىپ 705
مەزىن (مۇئەززىن) 705
ھاجى 705
مۇتەۋەللى 705
مۇسۇلمان 705
[مەشھۇر مەسچىتلەر]
قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى 706
تۇرپان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى 707
تۇرپان شەرقىي چوڭ مەسچىتى 707
ئۈرۈمچى جەنۇبىي چوڭ مەسچىتى 707
تۇرپان قازىخانا مەسچىتى 708
ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتى 708
كىبرىيە جامە مەسچىتى 708
ئۈرۈمچى شەنشى چوڭ مەسچىتى 708
غۇلجا تۇڭگان مەسچىتى 708
غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتى 709
كۇچا خانىقاسى 709
يەكەن جامە مەسچىتى 710
ئۈرۈمچى تەنبىن مەسچىتى 710
خوتەن جامە مەسچىتى 711
[داڭلىق مازار - زىيارەتگاھلار]
مازار 711
سۇتۇق بۇغراخان مازىرى 712
ئوردام مازار 712
مەھمۇد قەشقەرى مازىرى 713
يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى 713
يۈسۈپ قادىرخان مازىرى 714
تۇيۇق مازىرى 714
چىلتەن مازار (چىلتەنلىرىم) 715
نىيا چوڭ مازىرى 715
قەيس مازىرى 716
تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى 716
مەۋلانا ئەرشىدىن مازىرى 717
ئاپاق خوجا مازىرى 717
ئالتۇن مازار 718
[كالېندار ۋە بايرام]
ھىجرىيە 719
مەۋلۇد بايرىمى 719
ئاشۇرا كۈنى 719
بارات كېچىسى 719
[بۇددا دىنى]
تىبەت بۇددا دىنى 720

لاما ...... 720
[زاڭزۇ بۇددا دىنى (لاما دىنى) دىكى ھەر خىل دىنىي ئېقىملار]
نىما مەزھىپى ...... 720
گادام مەزھىپى ...... 721
ساكيا مەزھىپى ...... 721
گاجۇ مەزھىپى ...... 722
گېلۇ مەزھىپى ...... 722
[مەشھۇر بۇتخانىلار]
شېگىيۇ بۇتخانىسى ...... 722
خېجىلىڭ سىبرىق بۇتخانىسى ...... 723
ئارۋىدۇن چۇمبۇل بۇتخانىسى ...... 723
شارسۇم ساڭرامى ...... 724
بورتالا لاما بۇتخانىسى ...... 724
ئارشاڭ ئاق بۇتخانىسى ...... 724
خرىستىئان دىنى ...... 724
كاتولىك دىنى ...... 725
پراۋوسلاۋىيە دىنى ...... 726
تويىن دىنى ...... 726
تويىن ...... 727

## سىياسىي قانۇنچىلىق

[سىياسىي]
[جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى]
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ...... 728
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ...... 728
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ دىخۇا رايونلۇق كومىتېتى ...... 728
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ئىلى رايونلۇق كومىتېتى ...... 729
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ...... 729
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى ...... 730
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ...... 731
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى ...... 731
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايون كومىتېتى ...... 732
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى ...... 732
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى ...... 733
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى ...... 734
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى ...... 734
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى ...... 734
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى ...... 735
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ...... 735
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى ...... 736
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى ...... 736
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتى ...... 736
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى ...... 737
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى ...... 737
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى ...... 738
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتى ...... 738
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قاراماي شەھەرلىك كومىتېتى ...... 738
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى ...... 738
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى ...... 739
شىنجاڭ خەلق سارىيى ...... 739
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەرمىللەت، ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ...... 739
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ...... 740
ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ...... 741
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ...... 742
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ...... 742
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق

قورۇلتىيى ...... 742

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇ-
رۇلتىيى ...... 743

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇ-
لتىيى ...... 743

[ھۆكۈمەت ئورگانلىرى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى
...... 743

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتى ...... 744

يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ...... 745

ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ...... 745

ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ...... 746

ۋىلايەتلىك مەمۇري مەھكىمىلەر ...... 747

ناھىيىلىك (شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق
رايونلۇق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى ...... 747

ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ...... 748

مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ...... 748

[سىياسىي كېڭەش ۋە دېموكراتىك پارتىيە -
گۇرۇھلار، سودا - سانائەت بىرلەشمىسى]

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەرمىللەت، ھەرساھە خەلق
ۋەكىللەر يىغىنى مەسلىھەت كومىتېتى ...... 750

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى
...... 750

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى
...... 751

جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ...... 751

جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيە-
تىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كو-
مىتېتى ...... 752

جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئى-
يىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
كومىتېتى ...... 752

جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيە-
سىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
كومىتېتى ...... 752

«3- سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ...... 753

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانا-
ئەتچىلەر بىرلەشمىسى جەمئىيىتى ...... 753

[خەلق ۋەكىللىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى
...... 753

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار
ئۇيۇشمىسى ...... 754

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىر-
لەشمىسى ...... 754

[ئاممىۋى تەشكىلاتلار]

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەش-
مىسى ...... 755

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەيۋەنلىك
قېرىنداشلار بىرلەشمىسى ...... 755

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنگە قايت-
قان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسى ...... 755

[قوراللىق كۈچلەر]

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەر-
بىي رايونى ...... 756

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دېڭخۇا ھەربىي
رايونى ...... 757

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەنۇبىي شىن-
جاڭ ھەربىي رايونى ...... 757

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىمالىي شىن-
جاڭ ھەربىي رايونى ...... 757

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقىي شىن-
جاڭ ھەربىي رايونى ...... 758

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى-
نىڭ ھەربىي بۆلۈمى ...... 758

جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى شىنجاڭ
باش ئەترىتى ...... 758

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى
ھاۋا ئارمىيە قىسمى ...... 759

شىنجاڭ خەلق قوراللىق كومىتېتى ...... 760

شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە قىسمى
...... 760

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ زا-
پاس قىسمى ...... 761

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى قۇ-
رۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى ...... 761

قوراللىق ساقچى قىسمى باش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈ-
مچى قوماندانلىق مەكتىپى ...... 761

لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچى باش دوختۇر-
خانىسى ...... 761

ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) خەلق قو-
راللىق بۆلۈمى ...... 762

شۆبە ھەربىي رايونى ...... 762

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئەس-

كەرلىرى …… 763
جۇڭگونىڭ يادرو سىناق بازىسى …… 764
ئاتوم بومبىسى سىنىقى …… 764
يادرو سىنىقى …… 765
قونجىراپ يول باشلاش پونكىتى …… 765
[جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى]
ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى …… 765
ش ئۇ ئا ر دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى …… 766
جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ش ئۇ ئا ر ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى …… 766
جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ش‌ئۇئا ر چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى …… 767
ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ قاتناش ساقچىلىرى باش ئەترىتى …… 767
ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇلازىمەت شىركىتى …… 767
ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئالاھىدە ساقچى ئارمىيە (چولڭ) ئەترىتى …… 768
ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) …… 768
ئۈرۈمچى تۆمۈريول ج خ ئىدارىسى …… 768
خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ج خ ئىدارىسى …… 768
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى نېفىتلىك ج خ ئورگىنى …… 769
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسى …… 769
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش كومىتېتى …… 769
چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى …… 769
چېگرا باشقۇرۇش رايونى …… 770
[تەپتىش ئورگانلىرى]
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى …… 770
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەپتىش مەھكىمىسى …… 771
تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىيانەتچىلىك - پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسى …… 771
تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جىنايەت دېلوسىنى پاش قىلىش مەركىزى …… 772
ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى …… 772
ئاساسىي قاتلام خەلق تەپتىش مەھكىمىسى …… 772
ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى …… 772
جىنايى ئىشلار تەپتىشى …… 773
ھەق تەلەپ، مەمۇرىي تەپتىشى …… 773
قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشى …… 773
تۈرمە - قاماقخانا تەپتىشى …… 774
[سوت ئورگانلىرى]
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى …… 774
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى …… 775
ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى …… 775
ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى …… 776
ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى …… 776
جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى …… 776
ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى …… 776
ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى …… 777
مەمۇرىي سوت خىزمىتى …… 777
[ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى]
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى …… 777
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى …… 778
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى …… 778
ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش - باشقۇرۇش ئورنى …… 779
ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى …… 779
خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى …… 779
ئادۋوكاتلىق ئورنى …… 780
جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى …… 780
ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى …… 781
قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى …… 781
[مەمۇرىي قۇرۇلما]
شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈشى …… 781
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى …… 783
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى …… 784
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى …… 786
ئۈرۈمچى شەھىرى …… 787

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى …… 788
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى …… 789
قەشقەر ۋىلايىتى …… 790
خوتەن ۋىلايىتى …… 791
ئاقسۇ ۋىلايىتى …… 792
ئىلى ۋىلايىتى …… 793
ئالتاي ۋىلايىتى …… 794
تارباغاتاي ۋىلايىتى …… 795
قاراماي شەھىرى …… 796
تۇرپان ۋىلايىتى …… 797
قۇمۇل ۋىلايىتى …… 798
[تاموژنا ۋە چېگرا ئېغىزلىرى]
ئۈرۈمچى تاموژنىسى …… 799
ئاۋئىنا پورتى …… 800
تۇمۇر تام پورتى …… 800
تايكەشكەن پورتى …… 800
قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى …… 800
ئۇلاستاي پورتى …… 801
جىمىنەي پورتى …… 801
باقتۇ پورتى …… 802
ئالاتاۋ پورتى …… 802
قورغاس پورتى …… 802
دولاتى پورتى …… 803
تورغات پورتى …… 803
ئىركەشتام پورتى …… 803
قونجىراپ پورتى …… 804
[مۇھىم سىياسىي ھەرىكەتلەر]
پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇش …… 804
ئىجارە كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش …… 805
ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى …… 805
يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى …… 806
«3 كە قارشى تۇرۇش» ، «5 كە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى …… 806
يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتى …… 806
قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش …… 807
خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش …… 807
چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات …… 807
ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى …… 808
يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى …… 808
«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» …… 809
يېزىلارنى خەلق گۇڭشېلاشتۇرۇش ھەرىكىتى …… 810
سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى …… 810
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» …… 811
[جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش]
ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى …… 812
ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش فوندى …… 812
زەھەر چەكلەش …… 813
ئەتكەسچىلىكنى تەكشۈرۈش …… 813
يوقىرالار ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش …… 814
چەت ئەللىكلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىشىنى باشقۇرۇش …… 814
جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ چېگرىدىن چىقىش ـ كىرىشىنى باشقۇرۇش …… 815
جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ئىش بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونىغا بېرىش ـ كېلىشىنى باشقۇرۇش …… 815
زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش …… 816
سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز نەشىر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش …… 816
چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش …… 817
نۇقتىلىق جايلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش …… 817
جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش …… 818
[مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى]
ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى …… 818
ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى …… 819
مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش …… 819

«3 تە ئېلا، 1 دىن ئۆگىنىش» بويىچە مۇسابىقىلىشىش ...... 820
«4231» ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ھەرىكىتى ...... 820
يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش ئوبراز قۇرۇلۇشى ...... 821
ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ...... 821
مەدەنىيەت، سەھىيە، پەن ـ تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى ...... 822
«100 شەھەردىكى 10 مىڭ دۇكاندا ساختا مال بولماسلىق» پائالىيىتى ...... 822
[ئالاھىدە چوڭ ئىشلار]
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشى ...... 823
شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى ...... 824
شىنجاڭ ئۆلكىلىك گومىنداڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى ...... 825
ئالغا يۈرۈش قىلىش ...... 826
ئاراتۈرۈك مۇداپىئە جېڭى ...... 827
توپىلاڭنى تىنچىتىپ باندىت تازىلاش ...... 827
ئۈچ يىللىق چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى ...... 828
ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلىش ۋە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» پائالىيىتى ...... 829
ئارمىيە خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى ...... 829
كۆۋرۈك سېلىش ۋە يول ياساش ...... 830
سۇ ئىنشائاتى ياساش ...... 831
«ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» ...... 831
خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ...... 832
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش مۇنارى ...... 833
ئىلى ـ تارباغاتاي ۋەقەسى ...... 833
زىيالىي ياشلارنىڭ چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشى ...... 833
يانۋار ھوقۇق تارتىۋېلىش بورىنى ...... 834
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئەلەم كۆرشى ۋەقەلىرى ...... 835
ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى ...... 835
ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش ...... 836
[ئالاھىدە چوڭ دېلولار]
لى يىڭچى ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى ...... 836
ئوسمان ئىسلام ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى ...... 837
شاياردىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈرمىدىن قېچىش دېلوسى ...... 837
قەشقەردىكى «12 ـ ماي» قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى ...... 838
قاغىلىقتىكى پەۋقۇلئاددە زور ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى ...... 838
«25 ـ فېۋرال» كوچا ئاپتوبۇسىنى پارتلىتىش دېلوسى ...... 839
زۇلىلۇن، زۇلىچۇنلارنىڭ بانكا بۇلاش، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى ...... 839
بەي باۋشەننىڭ بۇلاڭچىلىق، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى ...... 839
چېن يۈەنفۇ، ياڭ شۇاڭچۈەننىڭ پەۋقۇلئاددە زور زەھەر سېتىش دېلوسى ...... 840
گې يىنشياڭنىڭ ساختا قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى كېسىپ بېرىش دېلوسى ...... 841
خې پۇنىڭ خىيانەتچىلىك دېلوسى ...... 841
دىڭ شياۋلىننىڭ ئالدامچىلىق دېلوسى ...... 842
چيۇ چۇاڭتيەننىڭ خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىۋېلىش ۋە پارا بېرىش دېلوسى ...... 842
جياڭ ئەيجېننىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى ...... 843
شى دېيەنرۇڭنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، خىزمەتتىكى بىپەرۋالىق دېلوسى ...... 843
[ئالاھىدە چوڭ ئوت ئاپىتى، ۋەقەلىرى]
«18 ـ ماي» پەۋقۇلئاددە زور يولۇچىلار پويىزى ئوت ئاپىتى ھادىسىسى ...... 844
بىڭتۇەن 61 ـ تۇەن مەيدانىدا يۈز بەرگەن «28 ـ فېۋرال» ئوت ئاپىتى ھادىسىسى ...... 845
داخېيەن بازىرىدىكى «10 ـ ئاپرېل» پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسى ...... 845
ئۈرۈمچىدىكى «2 ـ ئىيۇل» پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ھادىسىسى ...... 845
ئۈرۈمچىدىكى «13 ـ نويابىر» ئايروپىلان ۋەقەسى ...... 845
قارامايدىكى «8 ـ دېكابىر» پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسى ...... 846
[ئەتراپتىكى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى شەرتنامىسى، باياناتى، كېلىشىمنامىسى]

«جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى شەرتنامىسى» …… 846
«جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە كونسۇل شەرتنامىسى» …… 847
«جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا شەرتنامىسى» …… 847
«جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا تۈزۈمى ۋە چېگرا مەسىلىسى شەرتنامىسى» …… 847
«جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ قازاقىستان ـ قىرغىزىستان ـ تاجىكىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ھەربىي ساھەدىكى ئىشەنچىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» …… 848
«جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ قازاقىستان ـ قىرغىزىستان ـ تاجىكىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ھەربىي كۈچلەرنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» …… 848
«جۇڭگو ـ قازاقىستان ـ قىرغىزىستان ـ رۇسىيە ـ تاجىكىستان قوشما باياناتى» …… 849
«قازاقىستان ـ جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ رۇسىيە ـ تاجىكىستان باشلىقلىرىنىڭ دۈشەنبە باياناتى» …… 849
«جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن پاكىستان مۇداپىئە ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىي كونترول قىلىۋاتقان رايونلار ئارىسىدىكى چېگرا كېلىشىمى» …… 850
«جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەت چېگرىسى كېلىشىمى» ۋە ئۇنىڭ «تولۇقلىما كېلىشىمى» …… 851
«جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ 21 ـ ئەسىردە ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قوشما باياناتى» …… 851
«جۇڭگو ـ رۇسىيە قوشما باياناتى» …… 852
«جۇڭگو ـ ئافغانىستان چېگرا شەرتنامىسى» …… 853
«جۇڭگو ـ قىرغىزىستان قوشما باياناتى» …… 853
«جۇڭگو ـ قىرغىزىستان كونسۇل شەرتنامىسى» …… 853
«جۇڭگو ـ قىرغىزىستان چېگرا كېلىشىمى» ۋە ئۇنىڭ «تولۇقلىما كېلىشىمى» …… 854
«جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسى تۇتىشىدىغان نۇقتىلار توغرىسىدىكى كېلىشىمى» …… 854
«جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ جۇڭگو ـ تاجىكىستان چېگرىسى توغرىسىدىكى كېلىشىمى» …… 854
«جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ XXI ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى "قوشما باياناتى» …… 855
«جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئەمەلىي كونترول لىنىيىسىدىكى ھەربىي ساھەلەردە ئىشەنچ تەدبىرلىرى ئورنىتىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى» …… 855
«جۇڭگو ـ قازاقىستان قوشما باياناتى» …… 856
«جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگرىسىنىڭ غەربىي بۆلىكى توغرىسىدىكى كېلىشىم» …… 856
«جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ قازاقىستاننىڭ ئۈچ دۆلەت چېگرىسىنىڭ تۇتىشىش نۇقتىسىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى» …… 857
«جۇڭگو ـ قازاقىستان ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلارغا دائىر ئەدلىيە ياردەم شەرتنامىسى» …… 857
«جۇڭگو ـ رۇسىيە ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى» …… 858
«جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىسى» …… 858
[يەرلىك نىزام ۋە بەلگىلىمىلەر]
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىشى …… 858
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش توغرىسىدىكى قارارى» …… 860
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەت قىلىش نىزامى» …… 860
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» …… 860
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنى›نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» …… 861
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق

تۇغۇت چارىسى» ...... 861
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى» ...... 862
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ...... 862
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ...... 863
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 863
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق قائىدىسى» ...... 864
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ...... 864
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ...... 865
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ناملىرىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» ...... 865
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قېزىلما بايلىق باشقۇرۇش نىزامى» ...... 865
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرى نىزامى» ...... 866
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىزامى» ...... 866
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى نىزامى» ...... 867
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مۈلكىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 867
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى» ...... 867
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 867
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - يېزا سودا - بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 868
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەر باشقۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ...... 868
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتلاق قانۇنى›نى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» ...... 868
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سۇ قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ...... 869
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئېتىبار بېرىش چارىسى» ...... 869
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىش توغرىسىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى» ...... 870
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىش سىياسىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» ...... 870
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خېبەردار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر بىرقانچە سىياسەت توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» ...... 870
«خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە خىمىيە سانائىتى بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تېزلىتىش چارىسى» ...... 871
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ئۆي ئىجارىسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ...... 871
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» ...... 872
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق مۇھاپىزىتى چارىسى» ...... 872
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زىرائەت ئۇرۇقىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 872
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك

بىخەتەرلىكى ۋاقىتلىق نىزامى» ...... 873

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش چارىسى» ...... 873

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» ...... 873

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دەريا باشقۇرۇش نىزامى» ...... 873

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 874

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 874

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىت ئاسراش نىزامى» ...... 874

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ...... 875

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 875

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ئامىۋى تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى» ...... 875

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى يولغا قويۇش چارىسى» ...... 876

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىم ۋادىسى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 876

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى چارلاش - باشقۇرۇش چارىسى» ...... 876

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى نىزامى» ...... 877

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ...... 877

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» ...... 877

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسى» ...... 878

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى نىزامى» ...... 878

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش نىزامى» ...... 878

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نەشە مەنئى قىلىش نىزامى» ...... 879

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش ۋە كۆچ كۆرسىتىش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» ...... 879

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش نىزامى» ...... 879

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلوغا چېتىلىدىغان بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ...... 880

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆسۈملۈك كارانتىنىنى يولغا قويۇش چارىسى» ...... 880

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان سودىسىنى باشقۇرۇشقا دائىر سىناق چارىسى» ...... 880

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا پورتىدىن ئۆتۈش ۋە ئۇ يەردە تۇرغۇچىلارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ...... 880

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت چېگرىسى ۋە چېگرا باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ...... 881

«ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» ...... 881

# رەڭلىك فىستۇرما بەتلەر مۇندەرىجىسى


بېشبالىق باش قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى خارابىسى (تاڭ سۇلالىسى) …………………… 1
ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى (خەن سۇلالىسى) ……1
كروران قەدىمىي شەھىرى (خەن سۇلالىسى) … 1
يارغول قەدىمىي شەھىرىگە نەزەر (خەن سۇلالىسى) …………………………… 1
يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ بىر قىسمى (خەن سۇلالىسى) …………………………… 1
نىيە بەگلىكى خارابىسى (خەن سۇلالىسى) …… 2
كۆكسۇ قەدىمىي شەھىرى (خەن سۇلالىسى)…… 2
باركۆلدىكى ئۇيرغول قەدىمىي شەھىرى (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيرغول ھەربىي قەلئەسى) …………………………… 2
چاكىر ساڭرامى خارابىسى (جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر — تاڭ سۇلالىسى) ……………… 2
قىزىل مىڭئۆيى (ۋېي ـ تاڭ سۇلالىلىرى) …… 2
بېزەكلىك مىڭئۆيى (تاڭ سۇلالىسى) ………… 3
قىزىل قاغا تۆرى …………………………… 3
موڭغۇلكۈرەدىكى شاتى ئۇسۇن قەبرىستانلىقى (خەن سۇلالىسى) ……………………… 3
قومۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى (چىڭ سۇلالىسى) …………………………… 3
گىبردىن تېغىدىكى خاتىرە ئابىدە (چىڭ سۇلالىسى) …………………………… 3
شەمشەكتىكى بالباللار (تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى) …………………………… 4
قىزىل مىڭئۆيى تام رەسىمى (ۋېي، جىن ـ تاڭ سۇلالىلىرى) …………………… 4
قومتۇرا تاش كېمىرىنىڭ تۇرۇسىدىكى رەڭلىك سىزمىلار (جىن ـ تاڭ سۇلالىلىرى) ……… 4
تاڭ سۇلالىسى قانۇنىنىڭ پارچىسى ……………… 4
قىزىل مىڭئۆيدىكى پەرىشتىلەر سۈرىتى (تاڭ سۇلالىسى) …………………………… 4
تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نوپۇس دەپتىرى كۆچۈرمىسى …………………………… 5
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى …………… 5
خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر ………… 5
چاڭئەننىڭ 3 ـ يىلىدىكى ئۈزۈملۈك باغنى ئىجارىگە بېرىش توختامى (تاڭ سۇلالىسى) …… 5
سوغدى يېزىقىدىكى مانى دىنى نومىنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى ……………………… 5
تىبەت يېزىقىدىكى مەكتۇپ……………………… 5
قېزىۋېلىنغان مىس بۇتلار (تاڭ سۇلالىسى) …… 6
خەن سۇلالىسىگە بېئەت قىلغان چاڭلار ئاقساقىلىنىڭ تامغىسى ……………………… 6
تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھەيكەل (تاڭ سۇلالىسى) …………………………… 6
تورغات قەبىلىسىنىڭ كۈمۈش تامغىسى (چىڭ سۇلالىسى) …………………………… 6
شىنجاڭنىڭ ئۆلكە پۇلى……………………… 6
شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەشتىلىك كىمخاپ …………………………… 7
خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى كەشتىلىك يۇڭ توقۇلما …………………………… 7
خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى كەشتىلىك كىمخاپ …………………………… 7
خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەشتىلىك كىمخاپ … 7
بەنچاۋ …………………………………… 8
جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشى…8
لىن زېشۈ …………………………………… 8
ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى خارابىسى (چىڭ سۇلالىسى) …………………………… 8
جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يول ئارمىيىسى باش تارماق ئەترىتىنىڭ ئىلگىرىكى ئورنى …………………………… 8
8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى خاتىرە سارىيى ………… 8
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خاتىرە سارىيى ………… 8
دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز چوققا — چوغىر چوقـ

قىسى …… 9
مۇزتاغ چوققىسى …… 9
تۆمۈر چوققىسى …… 9
بوغدا چوققىسى …… 9
دوستلۇق چوققىسى …… 9
جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن مۇزلۇق — يىڭسۇگەت
مۇزلۇقى …… 10
مۇز چوققا باغرىدىكى تىك چوققىلار …… 10
تەڭرىتاغدىكى غالىبىيەت داۋىنى …… 10
يالقۇنتاغ …… 10
كۇئېنلۇن تاغلىرى …… 10
تەكلىماكان قۇملۇقى …… 11
ئالتاي تاغلىرى …… 11
جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى رەڭدار توقاي …… 11
ياردالڭ يەر شەكلى …… 11
يۇرا دەۋرىگە خاس قۇم جىنسلىق تىك يار …… 11
ئورقو شامال يالىغان قەلئەسىمان تاغ جىنس-
لىرى …… 11
سايرام كۆلى …… 12
باغراش كۆلى …… 12
بۇرۇلتوقاي كۆلى …… 12
تارىم دەرياسى …… 12
قارا شەھەر دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى …… 12
ئىلى دەرياسى …… 13
سىلتىسىلاشقان ياغاچ …… 13
ۋاران (ئۆچكىئېمەر) قاتمىسى …… 13
ئېرتىش دەرياسى …… 13
ئۈرۈمچى شەھىرى …… 14
غۇلجا شەھىرى …… 14
كورلا شەھىرىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى …… 14
قەشقەر شەھىرى …… 14
ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كو-
مىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسى …… 15
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمە-
تىنىڭ خىزمەت بىناسى …… 15
ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش
چوڭ يىغىنى …… 15
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت بى-
ناسى …… 15
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا
كىرگەنلىكىنى قارشى ئېلىش …… 15
شىنجاڭ خەلق سارىيى …… 15
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا
كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش مۇنارى …… 16
قورغاس پورتى …… 16
ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى …… 16
ئۈرۈمچى تاموژنىسى …… 16
چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى چارلاش ئېلىپ بار-
ماقتا …… 16
ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى …… 16
قومۇل سەنداۋلىنىڭ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنى …… 17
يامانسۇ تۆمۈر كېنى …… 17
ئاشى ئالتۇن كېنى …… 17
كۆكتوقاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كېنى …… 18
سارتوقاي خروم كېنى …… 18
382.5 گرام تەبىئىي ئالتۇن …… 18
مىس رودىسى …… 18
«خوتەن قاشتېشى مىڭ بۇت سۈرىتى» …… 18
ھېقىق …… 18
لوپنۇردا تۇنجى تاتلىق سۇ قۇدۇقى قېزىلدى …… 19
موڭغۇل ياۋا ئېتى …… 19
جەرەن …… 19
ياۋا تۆگە …… 19
ياۋا قوتاز …… 19
تىبەت يەرلىك بۆكىنى …… 20
تەڭگە گۈللۈك يىلپىز …… 20
تاغ ئۆچكىسى …… 20
ئۇلار …… 20
شىنجاڭ سەمەندەرى …… 20
چىپار قوش كالپۇك بېلىق …… 20
تەڭرىتاغ قار لەيلىسى …… 21
تەڭرىتېغىدىكى ئورمانزارلىق …… 21
تارىم ئويمانلىقىدىكى توغراق ئورمىنى …… 21
ئىلىدىكى ياۋا مېۋە ئورمىنى …… 21
باينبۇلاق چوڭ يايلىقى …… 21
تەڭرىتېغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى چوڭ يايلاق …… 22
توققۇزتارا ياۋا ياڭاق تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان
رايون …… 22
تۇياقلىق ھايۋانلار (تىبەت ياۋا ئېشىكى) تەبى-
ئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون …… 22
گۇچۇڭ چۆللۈك، يېرىم چۆللۈك يايلاق تەبىئىي-
لىكى قوغدىلىدىغان رايون …… 22

تۇرپان قۇمنى تىزگىنلەش پونكىتى يېپىنچا ئۆ-
سۈملۈكلەر بىلەن قۇم بورانىنى توستى ...... 23
شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپ،
تۆمۈر يولنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ... 23
ئالتۇنتاغ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون ...... 23
غەربىي تەڭرىتاغ تەڭرىتاغ شەمشادى تەبىئىيلىكى
قوغدىلىدىغان رايون ............................ 23
ئاق قۇ كۆلى تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون ... 23
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ... 24
ئۈرۈمچىدە شەھەردىن چىققان پاسكىنا سۇلارنىڭ
بىر تەرەپ قىلىنىشى ............................ 24
سۇ سۈپىتىنى ئانالىز قىلىش ..................... 24
شەھەر ئاتموسفېراسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ... 24
ئاپتوموبىللاردىن چىققان گازنى ئۆلچەپ تەك-
شۈرۈش ........................................... 24
قاراماي شەھىرىدە سانائەتتىن چىققان كىر،كىر
سۇلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ................. 24
ئۇيغۇر مىللىتى
ئايەم تەتەنىسى ................................... 25
قىز كۆچۈرۈپ كېلىش ............................ 25
خەنزۇ مىللىتى
سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش .................. 25
يېڭى گۈل نۇسخىلىرىنى لايىھىلەش ........... 25
قازاق مىللىتى
تەنتەنە ........................................... 25
ئوۋچى ........................................... 25
خۇيزۇ مىللىتى
مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش ............... 26
خۇيزۇ قىزلىرى ................................... 2
قىرغىز مىللىتى
سازەندە ...........................................
مىللىيچە كىيىم بىلەن ............................ 26
موڭغۇل مىللىتى
ئۇسسۇل ........................................... 26
توي ............................................... 26
تاجىك مىللىتى
ئۇسسۇل ........................................... 27
تاجىك قىزى ...................................... 27
شىبە مىللىتى
قىز كۆچۈرۈپ كېلىش ............................ 27
ترېنېرلار ئائىلىسى ............................... 27
مانجۇ مىللىتى
قۇيماق سېلىش ................................... 27
مىللىيچە كىيىم بىلەن ............................ 27
ئۆزبېك مىللىتى
ئائىلە ............................................. 28
كەشتە تىكىش ..................................... 28
رۇس مىللىتى
ئارام ............................................... 28
بېلىقچىلار ......................................... 28
داغۇر مىللىتى
ئۇسسۇل رەپتىس قىلىش ......................... 28
داغۇر قىزلىرى .................................... 28
تاتار مىللىتى
زىياپەت ............................................ 29
سابان بايرىمى .................................... 29
ئوغلاق تارتىشىش .................................. 29
قىز قوۋۇار ........................................ 29
مارجان دوپپا ...................................... 29
يېڭىسار پىچىقى ................................... 29
زىغ كاۋاپ ......................................... 30
نان بازىرى ........................................ 30
قەشقەردىكى ھېيتكار مەسچىتى ................... 30
تۇرپاندىكى سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى .............. 30
موڭغۇلكۈرەدىكى شىڭيۇ ئىبادەتخانىسى ........ 30
ئاپاق خوجا مازىرى ............................... 31
توغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ........................ 31
مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈرۈم-
چىدە ئۆتكۈزۈلدى ................................. 31
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 9 ـ نۆۋەت-
لىك تەنھەرىكەت يىغىنى ......................... 31
قارىغا ئېتىش تەنھەرىكىتى بويىچە دۇنيا چېمپى-
يونى — لى ۋېنجيې ............................... 31
ئاۋئاموداىل دۇنيا چېمپىيونى — خەن شىنپىڭ ... 31
2000 ـ يىللىق سىدنىي ئولىمپىك تەنھەرىكەت
يىغىنىغا قاتناشقان بوكس تەنھەرىكەتچىسى ۋە
ئۇنىڭ ترېنېرى ..................................... 32
ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىلىرى ................. 32
ئات ئويۇنى ........................................ 32
دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىدا ئۈرۈمچى-
دىكى ياشانغانلار تەيجى گۇڭپۇسى ماھارىتى
كۆرسەتمەكتە ...................................... 32
ئالتاي تەنتەربىيە سارىيى ........................ 32

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، فېڭ داجېن

شىنجاڭ قەدىمكى زاماندا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالاتتى. مىلادىيەدىن 60 يىل ئىلگىرى (غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى) غەربىي خەن ھاكىمىيىتى «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نى تەسىس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلۈپ، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى)، «يۇرتنىڭ يېڭىدىن قايتىپ كېلىشى» دېگەن مەنىدىكى نام بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلىدۇ. 1955 ـ يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلىدۇ ۋە «شىن» دەپ قىسقارتىپ ئاتىلىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇنىڭ مەركىزى بولىدۇ.

شىنجاڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن، شىمالىي ۋە غەربىي قىسمى روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق تۆت دۆلەت بىلەن، غەربىي جەنۇبى ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5400 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ شىمالى شىمالىي كەڭلىك 49°10′45″ قا، جەنۇبى شىمالىي كەڭلىك 34°15′ قا جايلاشقان بولۇپ، چات ئارىسى كەڭلىكى 15 گرادۇسقا يېقىنلىشىدۇ. شەرقى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 96°25′ تا، غەربى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 73°21′40″ تا بولۇپ، چات ئارىسى كەڭلىكى 23 گرادۇستىن ئاشىدۇ. پۈتۈن رايوننىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1900 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 1500 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 1 مىليون 660 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگونىڭ يەر مەيدانىنىڭ 1/6 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. 2000 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا ئۈچ بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر (ئىككىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر)، سەككىز ۋىلايەت، بەش ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەتكە قاراشلىق توققۇز شەھەر، ئوبلاستقا قاراشلىق يەتتە شەھەر، 62 ناھىيە، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، شەھەرگە قاراشلىق 11 رايون تەسىس قىلىندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ھازىر 47 مىللەت بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 13 ى قەدىمدىن تارتىپلا مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن مىللەتلەر ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 18 مىليون 462 مىڭ 600 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 964 مىڭ 900، ئۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرلار 8 مىليون 256 مىڭ 660 نوپۇسنى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگودىكى يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ رايون بولۇپ، تاغ ـ دەريالىرى كۆركەم، يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق مۇنبەت زېمىن. شىنجاڭ دېڭىزغا يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقان، تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى ۋە كۇئېنلۇن تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ سىستېمىسى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئوراپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئالاھىدە گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش سەۋەبىدىن، شىنجاڭدا ئورغۇنلىغان كان بايلىقلىرى كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

ئېگىز تاغلىق رايونلاردىكى ئورغۇنلىغان مۇزلۇقلار دەريا، كۆللەرنىڭ سۇ مەنبەسى بولۇپ، بوستانلىق ۋە يايلاقلارنى سۇغۇرۇپ، ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنى يېتىلدۈرگەن.

شىنجاڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن مىلادىيەدىن 20 مىڭ يىلدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى زامانلارغىچە بولغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئىنسانلار بۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا «قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نى تەسىس قىلغان چاغدىن تارتىپ، خەن، تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ قاتارلىق سۇلالىلەر دەۋرلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، 2000 يىلدىن

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، فىڭ داجېن

شىنجاڭ قەدىمكى زاماندا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتىلاتتى. مىلادىيەدىن 60 يىل ئىلگىرى(غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى) غەربىي خەن ھاكىمىيىتى «غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نى تەسىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلۈپ، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى)، «يۇرتنىڭ يېڭىدىن قايتىپ كېلىشى» دېگەن مەنىدىكى نام بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلدى. 1955 ـ يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى ۋە «شىن» دەپ قىسقارتىپ ئاتالدى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇنىڭ مەركىزى بولدى.

شىنجاڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن، شىمالىي ۋە غەربىي قىسمى روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق تۆت دۆلەت بىلەن، غەربىي جەنۇبى ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5400 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ شىمالى شىمالىي كەڭلىك 49°10′45″ قا، جەنۇبى شىمالىي كەڭلىك 34°15′ قا جايلاشقان بولۇپ، چات ئارىسى كەڭلىكى 15 گرادۇسقا يېقىنلىشىدۇ. شەرقى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 96°25′ تا، غەربى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 73°21′40″ تا بولۇپ، چات ئارىسى كەڭلىكى 23 گرادۇستىن ئاشىدۇ. پۈتۈن رايوننىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1900 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 1500 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 1 مىليون 660 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگونىڭ يەر مەيدانىنىڭ 1/6 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا ئۈچ بىۋاستە قاراشلىق شەھەر (ئىككىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر)، سەككىز ۋىلايەت، بەش ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەتكە قاراشلىق توققۇز شەھەر، ئوبلاستقا قاراشلىق يەتتە شەھەر، 62 ناھىيە، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، شەھەرگە قاراشلىق 11 رايون تەسىس قىلىندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ھازىر 47 مىللەت بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 13 ى قەدىمدىن تارتىپلا مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن مىللەتلەر ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 18 مىليون 462 مىڭ 600 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 964 مىڭ 900، ئۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرلار 8 مىليون 256 مىڭ 660 نوپۇسنى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگودىكى يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ رايون بولۇپ، تاغ ـ دەريالىرى كۆركەم، يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئېچىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق مۇنبەت زېمىن. شىنجاڭ دېڭىزغا يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقان، تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى ۋە كۇئېنلۇن تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ سىستېمىسى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئوراپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئالاھىدە گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش سەۋەبىدىن، شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان كان بايلىقلىرى كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

ئېگىز تاغلىق رايونلاردىكى نۇرغۇنلىغان مۇزلۇقلار دەريا، كۆللەرنىڭ سۇ مەنبەسى بولۇپ، بوستانلىق ۋە يايلاقلارنى سۇغۇرۇپ، ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنى يېتىلدۈرگەن.

شىنجاڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، بۇنىڭدىن تەخمىنەن مىلادىيەدىن 20 مىڭ يىلدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى زامانلارغىچە بولغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئىنسانلار بۇ جايدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا «قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» نى تەسىس قىلغان چاغدىن تارتىپ، خەن، تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ قاتارلىق سۇلالىلەر دەۋرلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، 2000 يىلدىن

بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچان قولى ۋە ئەقىل پاراسىتى ئارقىلىق، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گۈللەندۈرۈپ ۋە چېگرا رايوننى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رەڭگارەڭ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان يەرلىك مەدەنىيەت يارىتىپ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمىنىڭ ئېزىشىدىن قۇتۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم تاشلىدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، دەسلەپكى قەدەمدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىندى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن چېگرا رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە باي قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا.

## I شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا جۇڭگونىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى

شىنجاڭنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى بار ئىدى. 4000 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە كىچىك مورىن قەبرىستانلىقىدىن جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز ياقىسىدا ياشايدىغان قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان كىچىك ئاق مارجان تېپىلدى، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئەنياڭ شەھىرىگە جايلاشقان يىن خارابىسىدىكى فۇخاۋ قەبرىسىنى قازغاندا ھەر تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقىدىن 1928 دانە چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 756 دانىسى قاشتاش بۇيۇملىرى ئىدى. باھالاش ئارقىلىق، بۇ قاشتاش بۇيۇملىرىنىڭ خام ئەشياسىنىڭ ئاساسەن شىنجاڭدىن كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. تەڭرىتاغ ئالغۇيدىكى يېغىلىق دەۋرىدىن ئەمىنىيە دەۋرىگىچە بولغان زامانلارغا تەۋە بولغان بىر تۈركۈم قەبرىلەردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن كەلگەن يىپەك، مىس كۈزگۈ ۋە سىرلانغان بۇيۇم قاتارلىقلار بايقالدى.

شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىزچىل تۈردە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش داۋام قىلىپ كەلگەچكە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭنى چۈشىنىدۇ ۋە تونۇيدۇ. چىن سۇلالىسىدىن ئاۋۋالقى دەۋرلەرگە خاس يازما مەنبەلەردە، مەسىلەن، «تاغ - دەريالار تىزىمى»، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»، «نەسەرنامە»، «گۇەنزى»، ھەتتا مەشھۇر شائىر چۈيۈەننىڭ «ئەرۋاھ چاقىرىش»، «ئۇلۇغ خىتاب» دېگەن ئەسەرلىرىدىمۇ شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرى، جۇغراپىيىسى، بايلىق ۋە مەھسۇلاتلىرى، مەشھۇر جايلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. دېمەك، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاللىبۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان ھەمدە توختىماي تەرەققىي قىلىپ كەلگەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە مۇشۇ ئاساستىكى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ھەم چۈشىنىش، شىنجاڭنىڭ خەن دەۋرىدە جۇڭگونىڭ زېمىنىغا رەسمىي كىرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىپ بەرگەن ھەم ئاساس سالغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۇن ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھۇنلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم بىر قەدىمكى مىللەت ئىدى، ئۇلار ئەمىنىيە دەۋرىدە باش كۆتۈرۈپ، چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا قۇدرەت تاپتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 141 - يىلى، خەن ۋۇدى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ شىمالىي قىسىم چېگرا رايونىغا بولغان تەھدىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇنلارغا تاقابىل تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلگىرى ياكى تېخىچە قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى ھۇن ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمى ئاستىدىكى مىللەتلەر ۋە جايلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مىلادىيىدىن 138 يىل ئىلگىرى ۋە مىلادىيىدىن 119 يىل ئىلگىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جاڭ چيەننى ئىككى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا سىياسىي مۇناسىۋەت ئورناتتى.

مىلادىيەدىن 107 يىل ئىلگىرىكى مەزگىلنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۇسۇنلار خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېسىل ئاتتىن 1000نى سوۋغا قىلىدۇ ۋە خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇنلارنىڭ بىرلىكتە قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى ھۇن ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان سىياسىي ئىتتىپاقى تۈزۈلىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 101 - يىلى، غەربىي خەن سۇلالىسى بۈگۈردە «چېرىكچى يالاۋاچ» تەسىس قىلىدۇ ھەمدە ئەسكەرلەرنى باشلاپ، بۈگۈر، لوپنۇر ئەتراپىدا بوز يەر ئاچىدۇ. مىلادىيەدىن 72 يىل ئىلگىرى خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئۇسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ھۇنلارنى شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارغا ئېغىر زەربە بېرىدۇ. ئىككىنچى يىلى قىش پەسلىدە، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. مىلادىيەدىن 68 يىل ئىلگىرى غەربىي خەن سۇلالىسى پىشامشاننىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي يىپەك يولىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ياساۋۇللار ئەمىر لەشكىرىنى ئەۋەتىدۇ. مىلادىيەدىن 60 يىل ئىلگىرى ھۇن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش يۈز بەرگەچكە، ھۇنلارنىڭ غەربىي قىسمىنى باشقۇرىدىغان باتىسقان بىلگە تەڭرىقۇت قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەن شۈەندى جىڭ جىنى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ ۋە ئۇرلى شەھىرىدە (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىدىكى چېدىردا) قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى باشقۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا ئىجرا قىلىنىدۇ»، شىنجاڭمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا رەسمىي كىرگۈزۈلۈپ، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ، ئۇلار ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. (1) ئەمەلدارلارنى تەيىنلىگەن. غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىدىن باشقا، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن ئەمەلداردىن يەنە ياساۋۇل چېرىكچىبېگى، بۇ - كى چېرىكچىبەگلىرى، غەربىي يۇرت دورغابى، ئەركەشتام كاھبېگى، تېرىقچىلىق كاھبېگى ۋە ئېۋۈرغول ئەمىرلەشكىرى قاتارلىقلار بار. (2) شىنجاڭدىكى يەرلىك سەردارلارغا ئۇتۇغات نامى بېرىپ ۋە مۆھۈر تارقىتىپ، ئۇلارغا يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تاپشۇرغان. غەربىي خەن دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى «تىلماچ بەگ، شەھەر بېگى، قەبىلە باشلىقى، نازارەتچى، مەنسەپدار، ئۇلۇغ بۇيرۇق بەگ، يۈز بېشى، مىڭبېگى، كاھبەگ، جورچى، ياساقبەگ، سانغۇن، ۋەزىرلەردىن بەگ - تۆرىلەرگىچە بولغان 376 ئادەمنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسى تارقاتقان مۆھۈرلەرنى ئىشلەتكەن». (3) ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلغان. خەن ۋۇدى زامانىدا، بۈگۈر، لوپنۇر ئەتراپىدا باشلانغان؛ خەن جاۋدى زامانىدا دائىرىسى قوش (ھازىرقى تۇرپان)، توقسۇ (ھازىرقى ئاقسۇ)، باركۆل (ھازىرقى مورى)، ئالتۇنبالىق (ھازىرقى جىمسار)، ئىسسىقكۆل (ھازىرقى ئىسسىقكۆل ئەتراپى) قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىلگەن. ④ شەھەر - قورغانلارنى ياساپ، ئۆتەڭلەرنى قۇرۇپ، يىپەك يولىنى مۇھاپىزەت قىلغان ۋە كېلىپ - كېتىپ تۇرغان يولۇچىلارنى تەكشۈرگەن.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سۇلالىلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ. بولۇپمۇ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سۇلالىلەر شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئەندىزىسىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيە 25~220) دىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدا ئالدى بىلەن ۋېي، شۇ، ۋۇدىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىق قۇرۇلىدۇ، ئارقىدىنلا غەربىي جىننىڭ قىسقا ۋاقىتلىق بىرلىككە كەلتۈرۈشى بارلىققا كېلىدۇ. شىمالىي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن ساۋۋېي ھاكىمىيىتى ۋە غەربىي جىن سۇلالىسى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت دورغابى بىلەن قورۇل چېرىكچىبېگىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەيتۇ بىلەن قوچۇدا تۇرغۇزىدۇ، شۇنداقلا ھەرقايسى جايلاردىكى سەردارلارغا ئۇنۋان ئىنئام قىلىپ، مۆھۈر تارقىتىپ بېرىدۇ. غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەردارلار ۋېي، جىن سۇلالىلىرى بىلەن «خۇددى خەن سۇلالىسىگە قىلغىنىدەك، ھەريىلى ئۇلارغا ھەدىيە سۇنىدىغان» مۇناسىۋىتىنى ساقلايدۇ.

316 - يىلى غەربىي جىن مۇنقەرز بولۇپ، شىمالىي جۇڭگودا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نۇرغۇنلىغان كىچىك ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلىدۇ. 327 - يىلى، ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى ئالدى قوش بەگلىكىدە قوچو

ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ، تۇنجى بولۇپ ئايماق - ناھىيە تۈزۈمىنى شىنجاڭ رايونىدا يولغا قويىدۇ. 420 - يىلى، لىيۇيۇ جەنۇبىي جۇڭگودا لىيۇ - سۇڭ سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. 439 - يىلى شىمالىي ۋېي شىمالىي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگودا جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر تىركىشىپ تۇرغان ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. مۇشۇ تارىخىي مەزگىلدە، غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى كەينى- كەينىدىن شىمالىي ۋېيغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، بەلكى جەنۇبىي سۇلالىلەرگە- مۇ ئەلچى ئەۋەتىپ، ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ. شىمالىي ۋېيمۇ ئىلگىرى - كېيىن پىشامشان قورغىنى بىلەن قارا شەھەر قورغىنىنى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ.

581 - يىلى سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ بۆلۈنۈش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، 609 - ۋە 610 - يىللىرى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غەربىي يۇرتتا پىشامشان ئايمىقى، چەرچەن ئايمىقى، ئىۋىرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلىدۇ. 640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچو كۇ جەمەتى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي تۈركلەرمۇ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولىدۇ، مۇشۇ مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. ھازىرقى ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان ۋە قۇمۇل تەۋەسىدە ناھىيە، يېزا، تۈتۈن تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىۋىرغول، قوچو ۋە بەشبالىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقنى قۇرىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىدا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكە- مىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەنشى (غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى) باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن بەشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى، مەسىلەن، يەر تەقسىمات تۈزۈمى، ئىجارە، ھاشار - سېلىق تۈزۈمى ۋە مەھكىمە ئەسكەرلىرى تۈزۈمى قاتارلىقلارمۇ غەربىي يۇرتتا ئومۇملاشتۇرۇ- لۇپ، شىنجاڭ سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئىچكى رايونلار بىلەن بىردەكلىككە يۈزلىنىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى (618 ~907) دىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونىدا ئالدى بىلەن بەش دەۋر، ئون پادىشاھلىقنىڭ ئۇستۇنلۇك تالىشىشى، كەينىدىنلا سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرىنىڭ تىركىشىش ھالىتى شەكىل- لىنىدۇ. مۇشۇ تارىخىي باسقۇچتا، شىنجاڭ تەۋەسىدە قارا خانىيلار سۇلالىسى، ئۇدۇن ۋىسارا خانلىقى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ يەرلىك ھاكىمىيەت مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ ئۈچ يەرلىك ھاكىمىيەت ئۆزلىرىنى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلايدۇ. 1132 - يىلى قاراقىتان سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار قاراقىتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتىدۇ.

13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، قوشۇن تارتىپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قاراقىتاننى يوقىتىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. 1251 - يىلى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ جۇڭگو تەۋەسىدىكى ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمىنى بىر قەدەر بالدۇر يولغا قويغان رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. 1271 - يىلى يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىمۇ ئىچكى رايونلاردىكىگە ئوخشاش مەمۇرىي تەشكىلىي تۈزۈلۈش يولغا قويۇلۇپ، سەركەردە مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ھەربىي ئىشلار باشقۇرۇلىدۇ؛ تەپتىش مەھكىمىسى، ئايغاقچى مەھكىمىسى، ياساۋۇل بېگى مەھكىمىسى ۋە تېز! ئىسكىلاتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنىپ، مالىيە ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرى باشقۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ۋە چېگرا رايوننى قوغداش ئىشلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يۈەن سۇلالىسى شىنجاڭ تەۋەسىدە يەنە نۇرغۇنلىغان ھەربىي رابات، ئۆتەڭلەرنى قۇرىدۇ. دېمەك، يۈەن سۇلالىسى خەن، تاڭ سۇلالىرىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىش تارىخىي مۇساپە- سىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر مۇھىم تارىخىي باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى مەزگىللىرىدە، چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئەينى چاغدا، خانلىقنىڭ ئاخىرقى خانى بەشبالىقتا تۇرغان بولۇپ، باشقا جايلارنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىنى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، تەدرىجىي ھالدا باشباشتاقلىق قىلىشىپ، بىر- بىرىگە قارىمايدىغان ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن،

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئارقا ــ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، مىڭ سۇلالىسىگە مەدھىيە سۇندى. 1406ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل قورۇلىنى تەسىس قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەردارلارمۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنۋان ئىنئام قىلىشىغا ئېرىشىپ، مىڭ سۇلالىسى تارقاتقان مۆھۈرلەرنى قوبۇل قىلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى، شىنجاڭ رايونىنى ئاساسەن جۇڭغارلار قەبىلىسى كونترول قىلدى. جۇڭغارلار قەبىلىسى جۇڭگودىكى غەربىي موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. 1755ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، جۇڭغارلار ھاكىمىيىتىنى يوقىتىدۇ، كەينىدىنلا يەنە ئامۇرسانا ۋە چوڭ ــ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى.

1762 ــ يىلى، چىڭ سۇلالىسى «ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان جياڭجۈن» نى تەسىس قىلدى، ئۇ كورە (ھازىرقى قورغاس) دە تۇرۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلدى، شۇنداقلا يەنە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنىمۇ باشقۇردى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا «ئۆرپ ــ ئادىتىگە ئاساسەن ئىدارە قىلىش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدا، بۇرۇنقىدەكلا بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى؛ موڭغۇللار ۋە چىڭ سۇلالىسىگە بىر قەدەر بالدۇر تەۋە بولغان قۇمۇل، تۇرپانلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «جاساق تۈزۈمى» نى يولغا قويۇپ، ۋاڭلىق مەرتىۋىسى بېرىپ، مەمۇرىي ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە باشقۇرغۇزدى؛ خەنزۇلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن باركۆل، گۇچۇڭ (ھازىرقى چىتەي)، ئۈرۈمچى ۋە غەربتە شىخوغىچە بولغان جايلاردا ئايماق ۋە ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1884 ــ يىلى چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچى ھاكىمىيىتىنى يوقاتقان ھەمدە چار روسىيىنىڭ قولىدىن ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا رەسمىي ئۆلكە تەسىس قىلىپ، دىخۋا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) نى ئۆلكە مەركىزى قىلدى، جۇملىدىن شۇنىڭدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن مەمۇرىي تۈزۈم جەھەتتە پۈتۈنلەي بىرلىككە كېلىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇش شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مىنگو دەۋرىدە، شىنجاڭ مەمۇرىي تەشكىلىي تۈزۈلۈش جەھەتتە يېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىچكى رايونلار بىلەن بىرلىككە كېلىدۇ. 1949 ــ يىلى 9 ــ ئايدا، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولىدۇ. 1955 ــ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم داغدام يولىغا قەدەم قويىدۇ. شىنجاڭمۇ بىر يېڭى تارىخىي دەۋرگە كىرىدۇ.

2000 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا گەرچە بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقچىلىق بولغان بولسىمۇ، بىراق ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ئىزچىل ھالدا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولدى، ھەر قېتىملىق بۆلۈنۈشتىن كېيىن بارلىققا كەلگىنى يېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان بىرلىكتىن ئىبارەت بولدى.

# I شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، تارىختا ھەر مىللەت خەلقى چېگرا رايوننى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداشقا ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى قوشقان

شىنجاڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمقى زاماندا ئېلىمىز بىلەن غەربتىكى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش لىنىيىسى ئىدى. تارىختا بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. بولۇپمۇ ئۇزاق مۇددەت ئورتاق ئەمگەك قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئارىلىشىش ۋە قوشۇلۇش ئارقىلىق، قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايوننى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداشتا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق خاتىرە يوق. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى توغرىسىدا

بىر قەدەر ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

خەن دەۋرىدە شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەر ئاساسەن ساكلار، توخرىيلار، ئۇسۇنلار، چياڭلار، ھۇنلار ۋە خەنزۇلاردىن ئىبارەت بولغان. ساكلار ئەسلىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلاتتى، ئۇلار توخرىيلار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغاچقا غەربكە كۆچكەن. ئەمىنىيە دەۋرىگىچە ساكلار ئاساسەن ئىلى دەريا ۋادىسى بىلەن پامىر ئەتراپىدىكى رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

توخرىيلار ئەمىنىيە دەۋرىدە خېشى كارىدورىدىن تارىم ئويمانلىقىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. چىن، خەن دەۋرلىرىدە راسا قۇدرەت تېپىپ، ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە ئۇسۇنلارغىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ. مىلادىيىدىن 176 يىل ئىلگىرىكى مەزگىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئۇلار ھۇنلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى ساكلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇ جاينى ئىگىلىۋالىدۇ. كېيىن ئۇلار ھۇنلار بىلەن ئۇسۇنلارنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، يەنە بىر قېتىم مەجبۇرىي ھالدا باكتېرىيە (ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلار) گە كۆچۈپ بارىدۇ. ئۇسۇنلارنىڭ دەسلەپتە خېشى كارىدورىدا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، ئۇلار توخرىيلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن ھۇنلارغا ئەل بولىدۇ. كېيىن ھۇنلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا، توخرىيلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىدىكى يەرلىرىنى ئىگىلىۋالىدۇ. چياڭلار جۇڭگودىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار دەسلەپتە جياڭ شۈي (ھازىرقى شەنشى بىلەن شەندۇڭ) ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گەنسۇ، چىڭخەي ۋە شىزاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بارىدۇ. يىغلىق ۋە ئەمىنىيە دەۋرلىرىدە، يەنە بىر قىسىم چياڭلار خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، چىلەنشەن ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىنى بويلاپ داۋاملىق غەرب تەرەپكە كۆچكەن بولغاچقا، شىنجاڭدا ئۇلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قېپقالغان. ھۇنلار ئاساسەن مىلادىيىدىن 176 يىل ئىلگىرىكى مەزگىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭغا كىرىدۇ. ئۇلار شىنجاڭدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 300~400 يىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مىلادىيە II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كۆپ ساندىكى ھۇنلار شىنجاڭدىن ياۋروپاغا كۆچۈپ كېتىدۇ. خەنزۇلار شىنجاڭ تەۋەسىگە بىر قەدەر بالدۇر كىرگەن مىللەتلەردىن بىرى بولۇپ، ئېنىق خاتىرىلەنگەن ۋاقتى خەن ۋۇدى دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيىدىن 101 يىل ئىلگىرى، خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بۈگۈر، لوپنۇر ئەتراپىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ، كېيىنچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭىيىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇپ تېرىقچىلىق قىلىنغان ئورۇنلار خەنزۇلار شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئەڭ دەسلەپتە ئورۇنلاشقان جايلار ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيىدىن 60 يىل ئىلگىرى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، مەنسەپ تۇتۇش، ئەسكەر بولۇش ياكى سودا قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كىرگەن خەنزۇلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. بولۇپمۇ ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان خەنزۇلار خېشىغا كۆچۈپ كىرىپ، خېشى ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىدۇ. ئۇلار خەن دەۋرىدە بوز يەر ئاچقان ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرى بىلەن تۇرپان رايونىغا يىغىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كەن جەمەتى، جاڭ جەمەتى ۋە كۇ جەمەتى ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، مىلادىيە 498 ـ يىلى قۇرۇلغان كۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچو ھاكىمىيىتى 140 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كۆچۈپ كىرىش كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۈزۈلمەيدۇ، خەنزۇلار تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قاڭقىللار بىلەن ئوغۇز قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى جۇڭگو تارىخىدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇش دەۋرى بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە كېلىپ ـ كېتىشى كۆپىيىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە يەنە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى مىللەتلەر شىنجاڭ رايونىغا كىرىدۇ. مەسىلەن، جۇرجانلار سيانپىيلار بىلەن ھۇنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن يېڭى مىللەت بولۇپ، V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل دالاسىدا باش كۆتۈرۈپ، ھۇنلارغا ئوخشاش قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ، شىمالىي ۋېي بىلەن غەربىي يۇرتنى تالىشىدۇ. قاڭقىللار يەنە تۇرالار، چىلىلار، تېلېلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلار دەسلەپكى مەزگىلدە بايقال كۆلى ۋە ئورقۇن دەرياسى، تۇرا دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلاتتى. 487 ـ يىلى جۇرجان خانىنىڭ شىمالىي ۋېيغا ھۇجۇم قىلىشىغا قارشى تۇرغانلىق-

تىن، قاڭقىللارنىڭ يۈۋۈرغۇر قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئاپۇرغۇر ئىنىسى كۈنچى بىلەن قول ئاستىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈننى باشلاپ غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ، ئالدى قوش (پايتەختى ھازىرقى تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرى) نىڭ غەربىي شىمالىدا قاڭقىل خانلىقىنى قۇرىدۇ. تارىختا بۇ تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى تىلنى قوللىنىدىغان مىللەتلەر شىنجاڭغا بىر قەدەر بالدۇر كىرىپ، چوڭراق تەسىر كۆرسەتكەن بىر قېتىملىق مۇھىم ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. ئېفتالىتلار يەنە ئابدالىلار ياكى ئاق ھۇنلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇلار جەنۇبىدىكى توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھاكىمىيەت قۇرىدۇ ھەمدە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، جۇرجانلارغا تاقابىل تۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىنى بىر مەزگىل كونترول قىلىدۇ. تۇيغۇنلار ئەسلى سيانپىيلاردىن كېلىپ چىققان. IV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇلار لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن غەربكە كۆچۈپ، ھازىرقى گەنسۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى، سىچۈەن ۋە چىڭخەي رايونلىرىدىكى دىلى، چياڭ قاتارلىق مىللەتلەرنى تەدرىجىي كونترول قىلىپ، ھاكىمىيەت قۇرىدۇ. 445- يىلى تۇيغۇنلار شىمالىي ۋېي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ سەردارى ئامونوشاد پىشاشان، چەرچەن ئارقىلىق ئۇدۇنغا كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇيغۇنلار تۈركۈملەپ لوپنۇر رايونىغا كۆچۈپ بارىدۇ.

سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە تۈرك ۋە تىبەت قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر شىنجاڭنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. تۈركلەر ھۇنلار، سيانپىيلار، جۇرجانلاردىن كېيىن، جۇڭگونىڭ شىمالىدا يايلاق تارىخىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان يەنە بىر مۇھىم مىللەت ھېسابلىنىدۇ. تۈركلەرنىڭ ئەجدادى دەسلەپتە يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، كېيىن قوچونىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلار، ھازىرقى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوغدا تېغى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىدۇ. V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇرجانلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، ئالتۇنتاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) غا كۆچۈرۈلۈپ، جۇرجانلارنىڭ تۆمۈرچى قۇلى قىلىنىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇلار تۈرك دېگەن نام بىلەن جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلىدۇ. 552- يىلى، تۈركلەرنىڭ سەردارى تۈمەن قاغان جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شىمالىي چۆللۈكنى مەركەز قىلىپ ھاكىمىيەت قۇرىدۇ ھەمدە ئىنىسى ئىستەمىنىڭ قوماندانلىقىدا ئون چوڭ سەردار بىلەن 100مىڭ لەشكەرنى غەربىي يۇرتقا ئاتلاندۇرىدۇ. 583 - يىلى، تۈركلەر شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، شىنجاڭ ۋە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئاساسەن غەربىي تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. 657 - يىلى غەربىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى يەنىلا ئىلى دەريا ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. تۈبۈتلەر زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ، VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدە باش كۆتۈرىدۇ، ئۇلار چىڭخەينى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنى تالىشىشقا باشلايدۇ. 755 - يىلى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئۆڭلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى يۈز بېرىدۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق قوشۇنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تۈركۈملەپ يۆتكىلىدۇ، تۈبۈتلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىنى بېسىۋالىدۇ. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۈبۈتلەرنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلىشىپ، تەدرىجىي ھالدا غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىدۇ. بۇ ئارىدا، كۆپ ساندىكى تۈبۈت قەبىلىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچۈپ كىرىدۇ.

ئىككى خەن دەۋرىدىن سۇي، تاڭ دەۋرلىرىگىچە گەرچە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەدىمكى مىللەتلەر شىنجاڭغا ئىلگىرى - كېيىن كۆچۈپ كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. 840 - يىلى قەدىمكى ئۇيغۇرلار تۈركۈملەپ شىنجاڭغا كىرىپ، بۇخىل ئەھۋالنى ئۈزۈل- كېسىل ئۆزگەرتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدە خۇيخې (ئۇيغۇر) دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار تۇرا قەبىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە موڭغۇلىيىدىكى سېلېنگا دەرياسى بىلەن ئورقۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، كېيىنچە تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن. 744 - يىلى ئۇيغۇرلار تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىپ، گوبىنىڭ شىمالىدا ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرىدۇ. 840 - يىلى تەبىئىي ئاپەتنىڭ ھۇجۇمى، ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى توقۇنۇشى ۋە خاكىكاسلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر خانلىقى گۇمران بولۇپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ زور قىسمى غەربكە كۆچىدۇ. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدۇ: بىر تارمىقى خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ بارىدۇ ۋە كېيىن «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ؛ بىر تارمىقى ھازىرى جىمسار ۋە تۇرپان

تەۋەسىگە كۆچۈپ بېرىپ، «غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى» ياكى «قوچو ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرىدۇ؛ يەنە بىر تارمىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلاقلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ، قارلۇق، ياغما قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن كۆچۈپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئارا قوشۇلۇش، ئۇيغۇرلىشىش مۇساپىسى باشلىنىدۇ.

1125 - يىلى لياۋ سۇلالىسى يوقىلىدۇ. لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىكى يەللىغ تاشىن ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى يوقىتىپ، غەربىي يۇرتتا قاراقىتان ھاكىمىيىتىنى قۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم قىتانلار شىنجاڭغا كىرىدۇ.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چىڭگىزخان قوشۇن تارتىپ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، بويسۇندۇرغان جايلارنى ئەۋلادلىرىغا بۆلۈپ سۇيۇرغال قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چاغاتاي بىلەن ئوگېدايغا قىسمەن سۇيۇرغال قىلىنغان بىر قىسىم يەرلەر شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىدى. XV — XVI ئەسىرلەرگىچە، شىنجاڭغا يەنىلا چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى كۆپىنچە موڭغۇللار ئۆتەيدۇ. موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ۋە شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى ھەرقايسى قەدىمكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ قويۇق ئۇچرىشىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە قوشۇلۇش ئارقىلىق، بەزى قەدىمكى مىللەتلەر يوقىلىپ، بەزى يېڭى مىللەتلەر بارلىققا كېلىدۇ.

بۇ مەزگىلدە، ئالدى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىر قىسىم قىتانلار ۋە موڭغۇللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە قوشۇۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تىل مەدەنىيەت ۋە دىن قاتارلىق جەھەتلەردە بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئاخىرىدا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەزگىلدە ئىلى دەريا ۋادىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرمۇ تۈركلىشىش مۇساپىسىنى تاماملاپ قازاق، ئۆزبېك مىللەتلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. قىرغىزلارمۇ ئويراتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاچقا، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن غەربكە كۆچۈپ، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى رايونلار ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، ئۈچتۇرپان، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ كېلىدۇ.

ئويراتلار، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي چۆللۈكتە پائالىيەت ئېلىپ بارغان موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇلار دەسلەپتە خېشىنخىد دەرياسى بىلەن يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، كېيىن ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچىدۇ. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تەدرىجىي ھالدا جۇڭغار، دۆربۆت، خوشۇت، تورغۇتتىن ئىبارەت تۆت قەبىلىنى شەكىللەندۈرىدۇ. 70 - يىللاردا، جۇڭغارلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئىشغال قىلىدۇ ھەمدە تۆت قەبىلىگە باش بولىدۇ. 1680- يىلى جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىن مانجۇ، شىبە، سولون (داغۇر) قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن يۆتكەپ كېلىپ شىنجاڭدا مۇداپىئەدە تۇرغۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مىللەتلەر شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ. كېيىنچە رۇس، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرمۇ شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، مانجۇ، شىبە، تاجىك، داغۇر، ئۆزبېك، تاتار، رۇس قاتارلىق 13 مىللەت بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھالەت ئاخىرى شەكىللىنىدۇ.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي چېگرا رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، 2000 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىننى ئېچىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. بولۇپمۇ ئۇزاق مۇددەت ئورتاق ئەمگەك قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئارا ئۇچرىشىش، ئارىلىشىپ كېتىش، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش ۋە قوشۇلۇپ كېتىشتىن

خالىي بولالمىغاچقا، بۇنىڭغا ئۇ، ئۇنىڭغا بۇ قوشۇلۇپ كەتكەن ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەت ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك ئۇيۇشۇش كۈچى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈچى ئۇرغۇپ چىقىدىغان مەنبە. بۇ ناھايىتى زور مەنىۋى بايلىق بولۇپ، بىز ئۇنى ئۈزلۈكسىز كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز لازىم.

## III رەڭگا رەڭ كۆپ مەنبەلىك يەرلىك مەدەنىيەت، جۇڭخۇا مىللەتلىرى سەنئەت خەزىنىسىدىكى ئاجايىپ مۆجىزىلەر

شىنجاڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئۇنىڭ ئالاھىدە گۇمانىتارلىق جۇغراپىيىلىك مۇھىتى مول، رەڭگارەڭ ۋە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر تەرەپتىن ئوچۇق كۆڭۈل بىلەن سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، مۇشۇ ئاساستا رەڭگا رەڭ يەرلىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خەزىنىسىنى بېيىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى چەت ئەللەرگە تارقىتىپ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر، يەنى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

يىراق قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭدا قەدىمكى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى، ھىندى دەرياسى ۋادىسى مەدەنىيىتى، پارس مەدەنىيىتى، ئىككى دەريا مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان ۋە ئالاقە ئورناتقان. بولۇپمۇ خەن دەۋرىگە كەلگەندە، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت جەم بولغان جايغا ئايلانغان. غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ئاجايىپ رەڭدار بولغان.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان تەسىرى تېزدىن كۈچەيگەن. بىرىنچىدىن، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىدۇ. كۇسەن، يەكەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئىككىنچىدىن، خەنزۇچە يېزىق بىلەن خەنزۇچە كىتابلارمۇ غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىدۇ. قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەردىن قارىغاندا، سانى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ خەنزۇچىنى قوللانغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار ئاز ئەمەس. لوپنۇر رايونىدىكى خەن دەۋرىگە تەۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «يېغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» ۋە «توققۇز كەرەلىك ھېسابلاش ئۇسۇلى» قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى خاتىرىلەنگەن تارشا پۈتۈكلەر تېپىلدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە، قوچودىكى كۇ جەمەتى خانلىقى شىمالىي ۋېيدىن بەش دەستۇر ۋە تارىخ كىتابلىرىنى ئارىيەت بېرىشنى ۋە ئادەم ئەۋەتىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئىچكى رايونلارنىڭ مۇزىكا ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمۇ غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىدۇ. جىيى يۇ مەلىكىنىڭ چوڭ قىزى دىشى چاڭئەنگە بېرىپ ساز چېلىشنى مەخسۇس ئۆگەنگەن، بۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىنىڭ مۇزىكىسى بىلەن ناخشا ـ ئۇسسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى غەربىي يۇرتقا تارقىلىش بىلەن تەڭ، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىمۇ ئوخشاشلا خەن ـ تاڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتتى. غەربىي خەن دەۋرىدە، مەشھۇر مۇزىكانت لى يەنىيەن جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىن ئېلىپ كەلگەن چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا «ماھا تۇرى» غا ئاساسەن، 28 مۇزىكىنى ئىجاد قىلىدۇ. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە، غەربىي يۇرتنىڭ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىلىرى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ، كۇسەن مۇزىكىسى، سۇلې مۇزىكىسى، ئۇدۇن مۇزىكىسى، ئۇۋرغول مۇزىكىسى بىلەن كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان غەربىي لياڭ مۇزىكىسى شىمالىي جۇڭگو مۇزىكىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ. كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۇ ناخشا مۇزىكىسى، سېرىك ئويۇنلىرى مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇل مۇزىكىسىنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ. چالغۇلاردىن چاڭ (ئارفا) ، باربىت، پەنجىتار، شىلڭ، نەي، بالىمان، دۇمباق، جاڭ ۋە بۇرغا قاتارلىق 15 خىل چالغۇ بولۇپ، بۇلار چېلىنغاندا ناھايىتى جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىرىدۇ. كۇسەنلىك سۇجۇپ شىمالىي جۇ زامانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بېرىپ، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بۇزۇلۇپ كەتكەن يەتتە كۈينى رەتلەپ بېكىتىپ ھەمدە كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئاھاڭىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوردا مۇزىكىسى ۋە خەلق مۇزىكىسى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى بىلەن دۇنيادا شۆھرەت قازانغان. بولۇپمۇ تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرتنىڭ ئۇسسۇللىرى ئىچكى ئۆلكىلەردە تېخىمۇ رەڭگارەڭ نۇر چاچىدۇ. غۇزلارنىڭ سەكرىمە ئۇسسۇلى، قويۇن ئۇسسۇلى ۋە شاش ئۇسسۇلىدىكى قولىنى قايرىپ بېلىگە تىرەش، ئۇزۇنسى ۋە توغرىسىغا سەكرەش ياكى قويۇندەك پىرقىراشلارنىڭ رىتىمى ناھايىتى تېز، ئۆزگىرىشلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئىچكى رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئىنتايىن ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدۇ. شۇڭا، مەشھۇر شائىرلاردىن بەي جۈيى ۋە ليۇيۈشى قاتارلىقلار نۇرغۇن مەدھىيە نەزمىلىرىنى قالدۇرىدۇ.

غەربىي يۇرتنىڭ ھەيكەلتىراشلىقى ۋە رەسساملىقى رەڭگارەڭ بولۇپ، باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆي، كۇچا ناھىيىسىدىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيدە ۋېي، جىن دەۋرلىرىگە تەۋە نۇرغۇن ئېسىل سەنئەت دۇردانىلىرى ساقلانماقتا. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئەسلىدىكى ئاساستا غەربىي يۇرتنىڭ رەسساملىقى يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە غەربنىڭ بۇددىزم سەنئىتى ماھارىتىنى قوبۇل قىلىپ، كۆرۈنۈشى جانلىق، سىزىقچىلىرى ئاددىي، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ گۈل ـ نۇسخىلىرىنىڭ جەلپكارلىقى كۈچلۈك بولغان سەنئەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان بۇددا رەسىملىرى، بۇددا ھېكايىلىرى، ئادەملەر، تاغلار ۋە سۇلار، گۈللەر ـ قۇشلار، ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان تام رەسىملىرىنى، شىپ رەسىملىرى، ئويما رەسىملەر ۋە قەغەز، يىپەك رەخت قاتارلىقلارغا سىزىلغان رەسىملەرنى ئىجاد قىلىدۇ. ئۇدۇنلۇق كاتتا رەسسام ۋىسا ۋىچىر پىتىنقى ـ كۆيۈنكى رەسىم سىزىش ماھارىتىنىڭ پېشۋاسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مۇقەددەس ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇ چاڭئەندىكى مېھىر ـ شەپقەت ئىبادەتخانىسىنىڭ مۇنارىغا سىزغان مىڭ قوللۇق، مىڭ كۆزلۈك ئاۋالوكىتېشۋارا بۇددساتۋانىڭ ئوبرازى ئىنتايىن نەپىس بولۇپ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ رەسىمدىكى ئۈچ چىشى يەكسا، تۆت ماھاراج تەڭرىلىرى ئوبرازى جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، پىتىنقى ـ كۆيۈنكى ئۇسۇلى تاڭ دەۋرىدىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى رەسساملىققا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە، غەربىي يۇرت ئىچكى رايونلار بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. چەت ئەل مەدەنىيەتلىرى ياكى غەربىي ئەللەر مەدەنىيەتلىرى، بولۇپمۇ دىنلار غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى ۋە باشقا جايلارغا تارقىلىدۇ.

مىلادىيىدىن تۆت يۈز يىل ئىلگىرى، زوروئاستېر دىنى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىدۇ. بۇ دىن «ئاتەشپەرەستلىك دىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى يىلتىزچىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوت، يورۇقلۇق، پاكلىق، يارىتىش، توغۇلۇش قاتارلىقلارنى ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراپ، مۇرىتلىرىدىن مەخسۇس مۇراسىم ئارقىلىق «مۇقەددەس ئوت» قا چوقۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چىن، خەن دەۋرلىرىدە شىنجاڭ تەۋەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ساكلار ئاساسەن ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بۇددا دىنى غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىدۇ. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە ئۇدۇن، سۇلې، كۇسەن قاتارلىق جايلارغا نۇرغۇن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى سېلىنىپ، راھىبلار يىغىلىدۇ، بۇ جايلار بۇددا دىنى مەركىزىگە ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىچكى رايونلاردىن كەلگەن راھىبلارنىڭ نوم ئالىدىغان يېرىگىمۇ ئايلىنىدۇ. غەربىي يۇرتلۇق مەشھۇر راھىبلاردىن كۇماراجىۋا، بۇددۇ چىڭا، بۇدىرۇچى قاتارلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چوڭ ئابرويغا ئىگە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە، مانى دىنى بىلەن نېستورىئان دىنىمۇ غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىدۇ. غەربىي يۇرتتىكى بەزى كىشىلەرمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بارلىققا كەلگەن توبن دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ كۆپ خىل دىن بىرلىكتە مەۋجۇت بولغان رايونغا ئايلىنىدۇ.

سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن دەۋرلىرىدە، غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيىتى بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم

تاشلايدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىدە يەنە يېڭى مەزمۇن، يېڭى ئالاھىدىلىك بارلىققا كېلىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىدىكى نۇرلۇق بىر سەھىپە ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دىداكتىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» (ئۇدۇل تەرجىمىسى «كىشىلەرگە بەخت ئاتا قىلىدىغان ئەقىل ـ پاراسەت») نىڭ مەقسىتى كىشىلەرگە تەلىم بېرىپ، ئۇلارنى بىلىم ئىگىلەش ۋە ئەقىل پاراسەتلىك بولۇشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت. ئەرەب تىلىدا تۈزۈلگەن «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» تۈركلەر، تۈركمەنلەر، ئوغۇزلار، چىگىللار، ياغمىلار ۋە قىرغىزلارنىڭ تىلى ۋە شېئىر ـ قوشاقلىرىنى خاتىرىلىگەن. بۇ كاتتا ئەسەر قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، جۇغراپىيىلىك ناملىرى ۋە مەدەنىيەت سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشنى ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

XIV ئەسىردىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا ئەرەب يېزىقىنى ئاساس قىلغان چاغاتاي يېزىقى ئالىدۇ. چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «قىسسەئى رەبغۇزى» ئەڭ مەشھۇر. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 72 پارچە نەسرىي ۋە نەزمى ئەسىرىنىڭ توپلىمى ھېسابلىنىدۇ. يەنە تارىخىي داستانلاردىن «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «خەمسە» قاتارلىقلارمۇ بار.

XV — XVI ئەسىرلەردە، ئۇزاق مۇددەتلىك ئايرىلىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە قوشۇلۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان ھەرقايسى مىللەتلىرى ئاخىر شەكىللىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. XVI — XVII ئەسىرلەردە پۈتكەن «تارىخىي رەشىدى» ۋە «تاۋارىخ» تىن ئىبارەت ئىككى تارىخىي ئەسەر، XVI ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن كۈي «مۇقام» دا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن ناخشىلىرى سىستېمىلىق يىغىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلىنىپ ۋە رەتلىنىپ 16 قىسىم قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرىنىڭ توپلىمىدۇر.

قازاق ئەدەبىياتىمۇ تېز راۋاجلانغان بولۇپ، «ئالپامىش»، «ئېرتارغىن»، «قامبار» قاتارلىقلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قەھرىمانلىق ئېپوس، «چىڭگىزنامە»، «يىلنامىلەر توپلىمى»، «قىپچاق تارىخى» قاتارلىق يازما ئەدەبىياتلار بارلىققا كەلگەن.

موڭغۇللارنىڭ مەشھۇر تارىخىي داستانى «جاڭغىر» جەمئىي 30 باب كېلىدۇ، ئۇ جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ تارىخىي داستاننىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيا موڭغۇل كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى «ئۈچ چوڭ يۇقىرى پەللىنىڭ بىرى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

قىرغىزلارنىڭ خەلق ئېغىزىدىكى تارىخىي داستانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى «ماناس» بولۇپ، ئۇ بىئوگرافىيە خاراكتېرلىك تارىخىي داستان ھېسابلىنىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىدە كۆپ مەنبەلىك فورماتسىيە بارلىققا كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى كۆپ مەنبەلىك، شۇنداقلا بىر گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان «كۆپ مەنبەلىك» ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە شەكىللەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئۇسلۇبنى، كۆپ خىل شەكىللىك ۋە رەڭگارەڭلىكى بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرى بىر گەۋدە بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش جەريانىغا پائال قاتنىشىدۇ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئورتاق ئەمگەك قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ھەرمىللەت خەلقى ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ «بىرىنىڭ ئىچىدە بىرى بار» لىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلىنىدۇ. XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ

باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن ئىنقىلابىي ئىلغار خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيىتى شىنجاڭدا بارلىققا كېلىشكە ۋە گۈللىنىشكە باشلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى ئاساسىي تېما قىلغان ئەدەبىيات، مۇزىكا، دراما، گۈزەل سەنئەت ئىجادىيەتلىرى كەڭ تارقىلىپ ۋە راۋاجلىنىپ، مىللىي، ئىنقىلابىي يېڭى مەدەنىيەتنىڭ مەدەنىيەت بازىسىنى ئىگىلىگەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تۈزۈپ يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش يولىغا قەدەم تاشلىدى. 1953 - يىلى، شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 11 ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا- ئۇسسۇلىنى ئاساس قىلغان مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئوپېرا، دراما ۋە ئەلنەغمە، سىرىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەنئەت ئۆمەكلىرىدىن 88 ى تەشكىللەندى. سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىلىپ، «شىنجاڭ ياخشى»، «چېگرا رايوننىڭ ھەممە يېرى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن قېلىشمايدۇ» قاتارلىق ناخشىلار بارلىققا كەلدى، چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ ئېيتىلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە شەرەپ قوچتى. غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ مول مەدەنىيەت بايلىقى چوقۇم تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى ئاجايىپ گۆھەر ھېسابلىنىدىغان شىنجاڭنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيىتى كۆزنى تېخىمۇ چاقنىتىدۇ.

## IV شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول

شىنجاڭ ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىزغا يىراق. تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات ۋە گېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ئارقىلىق، «ئۈچ تاغ، ئىككى ئويمانلىقنى ئارىغا ئالغان» گېئومورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشنى شەكىللەندۈرگەن. تاغ سىستېمىسى ئىچىدە يەنە چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك بولمىغان، يۇقىرى - تۆۋەنلىكى روشەن پەرقلىنىدىغان تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار تاغ سىستېمىسى بىلەن تاغ سىستېمىسى ئۆزئارا تۇتىشىدىغان، تاغلىق رايون بىلەن ئويمانلىق گىرەلىشكەن گېئومورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشنى ھاسىل قىلغان. بۇ خىل گېئومورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان رەت تەرتىپى: ئالتاي تېغى سىستېمىسى ۋە جۇڭغارىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق جايلار، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى، تارىم ئويمانلىقى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن تېغى سىستېمىسى، قارا قۇرۇم تېغى سىستېمىسى ۋە ئالتۇن تاغ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 450 كىلومېتىر، كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئويمانلىقنىڭ مەركىزى قۇربانتۇڭغۇت (قاۋان توڭگۇز) قۇملۇقىدىن ئىبارەت. تارىم ئويمانلىقى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1400 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 520 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدۇر.

شىنجاڭنىڭ بۇ ئېگىز تاغلىق رايونلىرىدا كۆلىمى 23 مىڭ 20 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 18 مىڭ 600 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك مۇزلۇق بولۇپ، مۇزلۇقلاردا ساقلانغان سۇنىڭ مىقدارى 2 تىرىليون 134 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدە جەمئىي 570 دەريا - ئېقىن بار بولۇپ، ئاساسلىق سۇ سىستېمىلىرى: دۆلەت چېگراسىنىڭ سىرتىغا ئاقىدىغان ئېرتىش دەرياسى سۇ سىستېمىسى؛ ئىلى دەرياسى سۇ سىستېمىسى، تارىم دەرياسى سۇ سىستېمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلاردىن باشقا يەنە سايرام كۆلى، قاناس كۆلى، باغراش كۆلى قاتارلىق 138 كۆل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5 مىڭ 136 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، چات كەڭلىكى چوڭ. پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى قۇرغاق ھەم قامال

ھالەتتىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى شەكىللەندۈرگەن. مول ۋە كۆپ خىل گېئومورفولوگىيىلىك فورمىسى ئۆزگىچە تەبىئىي ئۇنىۋېرسال گەۋدىنى ۋە تارىخىي، گۇمانىتار كۆرۈنۈشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. جەنۇبىي شىنجاڭ قۇرغاق ھەم ئىسسىق بولغان مۆتىدىل بەلۋاغ كېلىمات رايونىغا، شىمالىي شىنجاڭ بولسا قۇرغاق كەلگەن ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ كېلىمات رايونىغا تەۋە. ئومۇمىيلىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ رايونىنىڭ نۇر ۋە ئىسسىقلىق بايلىقى مول بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن كۆپ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى 200 ~220 كۈنگە يېتىدۇ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى ئومۇمەن 150 كۈن بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ يېغىن مىقدارى ئاز بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىنىڭ ئەڭ ئاز. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يىللىق يېغىن مىقدارى ئوتتۇرىچە 145 مىللىمېتىر بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يىللىق يېغىن مىقدارى 630 مىللىمېتىرنىڭ 23 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا، يېغىننىڭ تارقىلىشىمۇ تەكشى ئەمەس. شۇڭا، مۇھىتى ئىنتايىن قۇرغاق، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى ئاجىز ئەھۋال ھاسىل بولغان. بۇخىل مۇھىتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى توپ سەۋەب شىنجاڭنىڭ دېڭىز - ئوكيانغا يىراق بولغانلىقى، ئاساسەن ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن شىمالىي مۇز ئوكياندىن كەلگەن غەرب شامىلى ھاۋا ئېقىمىغا تايىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ھاۋا ئېقىمى ئېلىپ كەلگەن نەملىك ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندە ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، يەر يۈزىگە چۈشىدىغان نەملىك بەكمۇ چەكلىك؛ شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىنىڭ يامغۇر ھاسىل قىلىدىغان شارائىتى بىر قەدەر ناچار بولغاچقا، كۆپ قىسىم رايونلار ئاساسەن قۇرغاق ھالەتتە بولۇپ، تۇپراقنىڭ چۆللىشىش كۆلىمى ناھايىتى چوڭ. بۇخىل دەھشەتلىك تەبىئىي مۇھىت ئېكولوگىيە سىستېمىسىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەملىك كەمچىل بولغاچقا، كۆپ قىسىم جايلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ شالاڭلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھەرقايسى تاغ سىستېمىسىدىكى پاكار تاغلىق جايلار بىلەن كەڭ تۈزلەڭ رايونلاردا چۆل - باياۋان مەنزىرىلىرى كېلىپ چىققان. شىمالىي شىنجاڭدىكى قۇملۇق ۋە چۆللۈك رايونلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى پەقەت 0.3 ئەتراپىدا بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چۆللۈك رايونلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى 0.1 گە يەتمەيدۇ.

تىپىك قۇرغاق مۇھىتتا ئالاھىدە بوستانلىق مەنزىرىلىرى بارلىققا كەلگەن. شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار تەبىئىي بوستانلىق ۋە سۈنئىي بوستانلىقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تىپقا ئايرىلىدۇ. تەبىئىي بوستانلىق 74 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، سۈنئىي بوستانلىق 62 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. سۈنئىي بوستانلىق يېزا ئىگىلىك بوستانلىقى، شەھەر - بازار بوستانلىقى ۋە زاۋۇت - كان بوستانلىقىغا ئايرىلىدۇ. ئۇلاردىن بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى، بوستانلىق شەھەر - بازار ئىگىلىكى ۋە بوستانلىق زاۋۇت - كان ئىگىلىكلىرىنى ئاساس قىلغان بوستانلىق ئىگىلىكى فورمىسى شەكىللەنگەن. شىنجاڭنىڭ ئوتلاق كۆلىمى چوڭ، تۆت پەسىل ئوتلاقلىرى يېتىلگەن بولۇپ، جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ ئوتلاق چارۋىچىلىقى رايونلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. شىنجاڭدا بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغاچقا، بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى سانائەت ۋە دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 40%نى ئىگىلەيدۇ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغان يېنىك - سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئومۇمىي يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 90%نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىق ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغانلىقتىن، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ پاختا، ئاشلىق، شېكەر، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە مېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى.

شىنجاڭ جۇڭگودىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، بايلىقى مول رايون بولۇپ، كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىنىڭ زاپاس مىقدارى مول، بايقالغان كان مەھسۇلاتلىرى 138 خىل، جۇڭگونىڭ 168 خىل كان مەھسۇلاتىنىڭ 82%نى ئىگىلەيدۇ. 138 خىل كان مەھسۇلاتى ئىچىدىكى 117 خىلنىڭ زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، 42 خىل كان مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 10 - ئورۇندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 24 خىلى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ. بايقالغان ئېنېرگىيە، قارامېتال، رەڭلىك، ئاز ئۇچرايدىغان، ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان ۋە قىممەت باھالىق مېتاللار، خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى ۋە بىناكارلىققا ئىشلىتىلىدىغان مېتاللوئىدلار، چىنتاش، قاشتاشلار ۋە يەر ئاستى سۈيىدىن ئىبارەت يەتتە چوڭ تۈردىكى كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىنىڭ 68 خىلى ئېچىپ ئىشلىتىلدى. ئېنېرگىيە كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقى ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە كۆمۈر بايلىقى ئەڭ مول. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تارىم، جۇڭغار، تۇرپان - قۇمۇلدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئويمانلىقتىن نېفىت گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسىنىڭ جەمئىي 2 مىليارد توننا ئېكۋىۋالېنت ئىكەنلىكى

تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، ئۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىز قۇرۇقلۇقىدا ئېنىقلانغان نېفىت گازى بايلىقىنىڭ 34% نى ئىگىلەيدۇ. كۆمۈر بايلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقالغان بولۇپ، ھازىرغىچە 190 دىن ئارتۇق ئورۇندا بايقالدى. ئومۇمىي بايلىقىنىڭ مۆلچەر زاپىسى 2 تىرىلىيون 190 مىليارد توننا ئەتراپىدا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىز كۆمۈر بايلىقىنىڭ 1/3 نى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭ ئەزەلدىنلا «ئالتۇن ۋە قاشتېشى ماكانى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ياقۇت، قاشتېشى كانلىرى مەملىكىتىمىز بويىچە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدە ياقۇتتىن 13 تۈر 36 خىلى، قاشتېشىدىن 20 نەچچە خىلى بايقالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خوتەن قاشتېشىنىڭ سۈپىتى ياخشى، تەركىبى پاكىز، رەڭگى ھەرخىل ھەم قاتتىق بولغانلىقتىن خەلقئالەمگە داڭلىق.

شىنجاڭ جۇڭگو بويىچە قۇياش رادىئاتسىيىسى ئومۇمىي مىقدارى چوڭ، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش پىرسەنتى يۇقىرى رايون بولغاچقا، يىل بويى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىدىغان قۇياش رادىئاتسىيىسى $3200 \times 10^8$ توننا ئەلا سۈپەتلىك كۆمۈردىن ئېلىنغان ئېنېرگىيە مىقدارىغا توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ زاپاس شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى 3 تىرىلىيون كىلوۋات - سائەتكە يېتىدۇ. ئالاتاۋ، داۋانچىڭ، لاۋفېڭكۇ قاتارلىق داڭلىق شامال ئېغىزلىرىدا سەككىز بال بوران چىقىدىغان كۈنلىرى 100 كۈندىن ئارتۇق بولۇپ، شامال ئېنېرگىيىسى زىچلىقى يۇقىرى بولغان رايونلار ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى مول ھەم بىر قەدەر تۇراقلىق. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئاتموسفېرا ئومۇمىي ھۆل-يېغىن مىقدارى 245 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى مۇزلۇقتىن ئېرىپ ئېقىپ چۈشكەن سۇنىڭ يىللىق مىقدارى 19 مىليارد 850 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ. تۈزلەڭلىك رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيى 3. 6~19 مىليارد كۇب مېتىر. دەريا - ئېقىننىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 88 مىليارد 250 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئېقىن مىقدارى 79 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە 12 - ئورۇندا، ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سۇ بايلىقى مىقدارى مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىنىڭ 2.2 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، مەملىكىتىمىز بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ بولغاچقا، بىرلىك كۆلەمدىكى ئەمەلىي سۇ بايلىقى مىقدارى ناھايىتى ئاز، شۇڭلاشقا بۇ رايون بۇرۇندىن قۇرغاق رايون دەپ قارالغان.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1/6 نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆلىمى 634 مىليارد 62 مىليون گېكتار بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 38.1% نى ئىگىلەيدۇ. تېرىقچىلىقتا ئىشلىتىلگەن يەر 4 مىليون 164 مىڭ گېكتار، باغۋەنچىلىككە ئىشلىتىلگەن يەر 192 مىڭ 200 گېكتار، ئورمانچىلىق ئىگىلىگەن يەر 6 مىليون 564 مىڭ 100 گېكتار، ئوتلاقلىق 51 مىليون 360 مىڭ 500 گېكتار، سۇلۇق يەر 1 مىليون 181 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىدۇ. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ تۇرغان چۆللۈكنىڭ كۆلىمى 14 مىليون 958 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، ئۇنىڭدىن 3 مىليون 319 مىڭ 100 گېكتار يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن دېھقانچىلىق قىلىشقا بولىدىغان زاپاس يەر ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئوتلاق بايلىقى مول، كۆلىمى چوڭ، تۈرى كۆپ، ھەرخىل ئوت - چۆپلەر، بولۇپمۇ سۈپەتلىك ئوت - چۆپلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، تۆت پەسىللىك ئوتلاقلىرى تولۇق. ئوتلاقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 57 مىليون 258 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 34.88% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق 48 مىليون گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 83.8% نى ئىگىلەپ، مەملىكىتىمىز بويىچە پەقەت شىزاڭ بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. دۇنيادا ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان تېپچاق، قومۇشسىمان تېپچاق، زەۋرەك، چۆجگۈن، بالدۇر پىشىدىغان مايسا، بېدە قاتارلىق سۈپەتلىك ئوتلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭغا تارقالغان.

شىنجاڭنىڭ ئورمان بايلىقى بىر قەدەر ئاز، قاپلىنىش نىسبىتى پەقەت 1.57% بولۇپ، تارقىلىشى تەكشى ئەمەس. دېمەك، مەملىكەت بويىچە ئورمان بايلىقى بىر قەدەر ئاز رايون ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئورمانلىقنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 523 مىڭ گېكتار، چاتقاللىقنىڭ كۆلىمى 988 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تۈپلىكى ۋە ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي تۈپلىكىگە تارقالغان.

شىنجاڭنىڭ ياۋايى ھايۋانلار تۈرى كۆپ ھەم رايون ئالاھىدىلىكى روشەن. پۈتۈن شىنجاڭدا 137 خىل ھايۋان

بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھايۋان تۈرىنىڭ %30.4 نى ئىگىلەيدۇ؛ قۇشلاردىن 398 خىلى بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى قۇش تۈرىنىڭ %33.6نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 43 خىل ئۆمىلىگۈچى ھايۋان، ئالتە خىل قوش ماكانلىقلار بىلەن 50 خىلغا يېقىن يەرلىك بېلىقلار بار. ئۇلاردىن دۆلىتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋانلار ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن قىممەتلىك ھايۋانلاردىن تۆت پۇتلۇق تاشپاقا، ئاق لەيلەك، سېرىق بۈركۈت، بۆرە بورسۇق، يىلپىز، يولۋاس، قۇلان، ياۋا ئات، ياۋا تۆگە، ياۋا قوتاز قاتارلىق 28 خىلى بار؛ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۇقتىلىق قوغدىلىدىغانلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەنلىرىدىن ئاق قۇ، قوڭۇر ئېيىق، قارا تايغان، بۇغا، ئارقار قاتارلىق 74 خىلى بار.

شىنجاڭدىكى ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر بايلىقىنىڭ تارقىلىشى كەڭ ھەم سۈپەتلىك. شىنجاڭ تەۋەسىدە ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان دورىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن 2014 خىلى بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 1451 خىلى ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، چاكاندا، سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا، ھىلە، توشقان زەدىكى، قارلەيلىسى، يەر مەدىكى، تەڭرىتاغ رەۋىنى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلاردىن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە پايدىلىنىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېمەكلىك زەمبۇرۇغ تۈرىدىن 200 خىل، ۋىتامىنلىق ئۆسۈملۈكتىن 50 خىلدىن ئارتۇق، ياغلىق ئۆسۈملۈكىدىن 100 خىلغا يېقىن، ھەسەل مەنبەسى بولغان ئۆسۈملۈكتىن تەخمىنەن 500 خىلغا يېتىدۇ؛ پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدىكى يېمەكلىك ۋە يەم ـ خەشەك قىلىشقا بولىدىغان ئۆسۈملۈك 2930 (سۇدا ياشايدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خىل ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلاردىن ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سۈپەتلىك ئۆسۈملۈك 382 خىلدىن ئاشىدۇ.

## ۷ تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىساد

### 1. ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان خەلق ئىگىلىكى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغاچقا، ئىقتىسادى كەينىدە قېلىپ، سانائىتى تەرەققىي تاپمىغانىدى، شۇڭا ھەر مىللەت خەلقى ئاچ ـ يالىڭاچ ۋە قىلچە سىياسىي ھوقۇقى يوق ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بولۇپمۇ يومبىشچىكلار سىنىپىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى، سىياسىي جەھەتتىكى زۇلۇم سېلىشى ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، شەپقەتسىزلىك ۋە ۋەھشىيانىلىق ئەۋج ئالغانىدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق ئۆزاق مۇددەتكىچە مىللىي زۇلۇمغا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تالان ـ تاراج ۋە باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغانلىقتىن، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنغان. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، كەڭ خەلق ئاممىسى شەپقەتسىز بېسىمغا ۋە تالان ـ تاراج قىلىشقا ئۇچراپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خارابلىشىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولغان، جۇملىدىن يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالىدىغان ئادەم چىقماي، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكەپ ئەكىرەلمىگەن. شۇڭا، ماددىي ئەشيالار ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ، پۇلنىڭ پاخاللىشىش ئەھۋالى كېلىپ چىققان، 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە، مالىيە قىزىل رەقىمى %99.97كە يېتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، 1949 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پەقەت 684 مىليون يۈەن بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى %85.7نى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى %14.3نى ئىگىلەپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى كىشى بېشىغا ئاران 176 يۈەندىن توغرا كېلەتتى. خەلق ئىگىلىكى ئۈچ يىل ئەسلىگە كېلىش ئارقىلىق، 1952ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 790 مىليون يۈەنگە يەتكەنىدى. بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سانائەت ئىگىلىكىدە بىر قەدەر زور تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 466 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى كىشى بېشىغا 267 يۈەندىن توغرا كەلگەنىدى. بۇ مەزگىلدە ئاشلىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلىدى، سانائەتمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، نېفىت، رەڭلىك مېتال، ئېلېكتر، كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، پاختا توقۇمىچىلىق، گۆل بېسىش، يىپەك تارتىش، ئورمانچىلىق سانائىتى ۋە ئاشلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم كارخانىلار

يېڭىدىن قۇرۇلدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىش مەزگىلىدە (1958~1965)، شىنجاڭ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «خەلق كوممۇنىسى» ھەرىكىتىنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ئىقتىسادىي جەھەتتە چوڭ ئىلگىرىلەش ۋە چوڭ چېكىنىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەت ئوتتۇرىسىدا نىسبەتنىڭ بۇزۇلۇشى كېلىپ چىقىدۇ. 1963 - يىلى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش ۋە ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، خەلق ئىگىلىكى مۈشكۈل شارائىتتىن قۇتۇلدى. 1965 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 419 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى كىشى بېشىغا 312 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1957 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا %65 ۋە %16.8 ئۆستى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە (1966~1976)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سانائەت زەربىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئاستىلاپ، بازار كاساتلىشىپ كەتتى.

1978 - يىلى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى مەركەزنىڭ توغرا يېتەكلىشى ئاستىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، زور كۈچ بىلەن ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەدرىجىي تەرتىپكە سېلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەچكە، خەلق ئىگىلىكى مۇقىم ۋە تېز تەرەققىي قىلغان يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. 2000 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 136 مىليارد 486 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 7.7 ھەسسە ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈشى %10.3 بولدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1978- يىلدىكى 313 يۈەندىن 2000 - يىلدىكى 7470 يۈەنگە يېتىپ، 5.94 ھەسسە ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليارد 550 مىليون يۈەن بولۇپ، 1978- يىلدىكىدىن 12.4 ھەسسە ئېشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا %12.5 ئاشتى.

2000 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 48 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1949 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە، ئاشلىق مەھسۇلاتى 840 مىڭ 770 توننىدىن 8 مىليون 86 مىڭ توننىغا يېتىپ، 8.54 ھەسسە ئاشتى ھەمدە ئۆز - ئۆزىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى يەنە ئېشىندى. پاختا مەھسۇلاتى 5100 توننىدىن 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىپ، 273 ھەسسە ئاشتى ھەمدە مەملىكىتىمىز پاختا مەھسۇلاتىنىڭ 1/4 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا ئايلاندى. يېمەكلىك ماي مەھسۇلاتى 28 مىڭ 700 توننىدىن 601 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، 19.95 ھەسسە ئاشتى؛ قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، 2000 - يىلى قىزىلچا مەھسۇلاتى 2 مىليون 926 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى؛ مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتى 100 مىڭ 600 توننىدىن 3 مىليون 29 مىڭ توننىغا يېتىپ، 29 ھەسسە ئاشتى.

چارۋىچىلىق مۇقىم ھالدا تەرەققىي قىلدى. 1949 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بېقىلىۋاتقان چارۋىلارنىڭ سانى 10 مىليون 382 مىڭ تۇياقتىن 45 مىليون 246 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، 3.64 ھەسسە كۆپەيدى. گۆش مەھسۇلاتىمۇ 50 مىڭ 60 توننىدىن 900 مىڭ توننىغا يېتىپ، 16.78 ھەسسە ئاشتى.

50 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا نېفىت، كۆمۈر، ئېلېكتر، پولات - تۆمۈر، ماشىنىسازلىق، توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، يېنىك - سانائەت، يېمەكلىك، ئورمانچىلىق، رەڭلىك مېتال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۈرى بىر قەدەر تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى. 2000 - يىلىغا كەلگەندە سانائەت كارخانىلىرى 70 مىڭ 23 كە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە، چوڭ تىپتىكى كارخانىدىن 51، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردىن 126سى، كىچىك تىپتىكى كارخانىدىن 69 مىڭ 846سى بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە، چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليارد 49 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %53.75نى ئىگىلەيدۇ.

ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلات مىقدارى زور كۆلەمدە ئاشتى. 2000 - يىلى ئىشلەپ چىقارغان خام نېفىت 18 مىليون 480 مىڭ توننا، كۆمۈر 27 مىليون 980 مىڭ توننا، توك چىقىرىش مىقدارى 18 مىليارد 300

مىليون كىلوۋات سائەت، پولات 1 مىليون 90 مىڭ توننا، سېمونت 8 مىليون 950 مىڭ توننا، ئورچۇق 330 مىڭ دانە، شېكەر 300 مىڭ تونىغا يەتتى.

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن 105 كە، يېرىم ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن 573 كە ئىگە بولدى. چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىرى 17.2 پىرسەنتكە، مەملىكەتمىز ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەنلىرى 28 پىرسەنتكە يەتتى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلاتتىن 4536 تۈرنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېڭەيتىلگەن مۇھىم تېخنىكىلىق تۈر 705 بولۇپ، 509 تۈرلۈك مەھسۇلاتقا خەلقئارا ئۆلچەم ۋە مەملىكەتمىز ئىچىدىكى ئىلغار ئۆلچەم قوللىنىلدى ھەمدە 108 تۈرلۈك مەھسۇلات ئاپتونوم رايون بويىچە داڭلىق مەھسۇلات دەپ ئاتالدى.

**2. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى** 1949 - يىلدىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەسى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، شۇ چاغلاردا تۆمۈر يول يوق بولۇپلا قالماي، تاشيول قاتناش مۇساپىسىمۇ ناھايىتى قىسقا ھەمدە يول ئەھۋالىمۇ ناھايىتى ناچار ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى چوڭ كۆلەمدە ئېلىپ باردى. 1978 - يىلدىن 2000- يىلغىچە شىنجاڭنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 417 مىليارد 375 مىليون يۈەنگە، ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت 2000 - يىلىلا سالغان مەبلەغ 61 مىليارد 380 يۈەنگە يەتكەن، يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان، قاتناش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىپ، تۆمۈريول، تاشيول، ئاۋىئاتسىيە ۋە تۇرۇبا يوللىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ ستېرېئولۇق قاتناش تورى شەكىللەندى. 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۆمۈر يول مۇساپىسى 3010 كىلومېتىرغا، تاشيول قاتناش مۇساپىسى 34 مىڭ 585 كىلومېتىرغا يەتتى؛ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئۇچۇش ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىن 69 ى ئېچىلىپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 153 مىڭ 900 كىلومېتىرغا يەتتى. نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئاققۇزۇش ئۈچۈن ياسالغان تۇرۇبا 2696 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان ئوپتىكىلىق كابېل لىنىيىسى بىلەن ئاسىيا - ياۋروپا ئوپتىكىلىق كابېلىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى ياسىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە پروگراممىلىق ئالماشتۇرۇش، ئوپتىك تالالىق ئالاقە، رەقەملىك مىكرو دولقۇنلۇق ئالاقە، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش، كۆچمە ئالاقە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل زامانىۋى ئالاقىلىشىش سىستېمىسى شەكىللەندى. 2000 - يىلى پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان، ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1978 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليارد 74 مىليون يۈەن بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بىر تۈركۈم سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلدى. 2000 - يىلى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تەمىنلىگەن سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 3 مىليارد 773 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنى تەمىنلىگەن سۇ 32 مىليارد 901 مىليون كۇب مېتىر، سانائەتنى تەمىنلىگەن سۇ 404 مىليون كۇب مېتىر، شەھەر - بازاردىكى ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن تەمىنلىگەن سۇ 458 مىليون كۇب مېتىر بولغان، مانا بۇلار خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى.

**3. ئىگىلىكنىڭ تارقىلىشى مۇۋاپىقلاشتى** شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، جايلارنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭلاشقا، ھەر يەرنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ئاجىزلىق تەرەپتىن ساقلىنىش، ئەۋزەللىك تەرەپلىرىنى ئۆزئارا تولۇقلاش، رايونلار بويىچە ئىش تەقسىم قىلىش ۋە بىرلىكتە تەرەققىي قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، بەش ئىقتىسادىي رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي بەلۋاغ. ئۈرۈمچى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، شىخەنزە، كۈيتۇن، شىخو قاتارلىق تۆت شەھەر بىلەن ساۋەن

نامىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي بەلۋاغدا بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئەلا سۈپەتلىك پاختا بار بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، قىزىلچا، پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىش، كۆكتات ۋە باقمىچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ. سانائەت ئاساسى تولۇق بولۇپ، نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، ئېلېكتر، پولات - يۇمۇر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك قاتارلىق سانائەتلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تۈرى بىر قەدەر تولۇق زامانىۋى سانائەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. قاتناش، ئالاقە، ئىچكى - تاشقى سودا، پۇل مۇئامىلە ۋە ئىستراخوۋانىيە ئىشلىرى، ئۇچۇر مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق ئۈچىنچى كەسىپمۇ خېلى راۋاجلانغان.

(2) شىمالىي شىنجاڭدىكى غەربىي شىمال ئىقتىسادىي رايون. ئىلى (كۈيتۇندىن سىرت)، تارباغاتاي (ساۋەن، شىخودىن سىرت)، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئالتايدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ رايون، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بازىسى بولۇپ، ئاساسەن ئاشلىق، چارۋا مەھسۇلاتى، ياغلىق زىرائەت ۋە قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىدۇ، شۇنداقلا يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ رەڭلىك مېتال بىلەن ئاز ئۇچرايدىغان مېتال، ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. بۇنىڭدىن باشقا تېرە، توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يېمەكلىك قاتارلىق سانائەتلەرمۇ ئاساسەن شەكىللەنگەن.

(3) شەرقىي شىنجاڭ ئىقتىسادىي رايونى. بۇ قۇمۇل ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايون بولۇپ، جۇڭگودىكى ئۇزۇن تالالىق پاختا، ئۈزۈم ۋە قوغۇن ئىشلەپ چىقىدىغان مۇھىم بازا. سانائىتى نېفىت، كۆمۈر، تۇز ۋە خىمىيە سانائىتى، تۆمۈر ۋە غەيرىي مېتال رۇدىلىرىنى قېزىشنى ئاساس قىلغان ھەمدە ساقلىنىش مىقدارى 10 مىليون توننىلىق مىس كان بايلىقى بايقالغان. بۇ يەر كەلگۈسىدە جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ مىس كان ئېچىش ۋە تاۋلاش بازىسىغا ئايلانغۇسى.

(4) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى يېڭىدىن راۋاجلانغان سانائەت رايونى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېھقانچىلىقتا ئاشلىق، پاختا، قىزىلچا، مېۋە - چېۋە ۋە پەمىدۇر قىيامى ئىشلەشنى ئاساس قىلىدۇ. سانائەتتە نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، قەغەز ياساش، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك - سانائىتىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي رايوندىكى تارىم نېفىتلىكى ۋە تەبىئىي گاز مەيدانى چوڭ كۆلەمدە ئېچىلىپ، ھازىر شىنجاڭدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي ئۆسۈش نۇقتىسىغا ئايلاندى.

(5) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىقتىسادىي رايون. قەشقەر، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە خوتەندىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت - ئوبلاستنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭدىكى پاختا ۋە مېۋە - چېۋە ئىشلەپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق بازا. ئەمما، سانائەت ئاساسى ئاجىز بولۇپ، توقۇمىچىلىق (يىپەك تارتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، يېمەكلىك ۋە مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى بايقالدى. دېمەك، بۇ رايوننىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد زور.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جۈملىدىن لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ پۈتۈپ پويىز قاتنىشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي رايون خېلى تېز تەرەققىي قىلىپ، 2000 - يىلىغىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 46.16%نى ئىگىلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى يېڭىدىن راۋاجلانغان سانائەت رايونى، تارىم نېفىتلىكى ۋە تەبىئىي گاز بايلىقىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېچىلىشى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ پۈتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئىقتىسادىي رايون تېز كۆتۈرۈلۈپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 16.74%نى ئىگىلەپ، شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تارقىلىشى شەكىللىنىپلا قالماي، بەلكى غەربىي قىسمىنى ئېچىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تېخىمۇ يۈزلىنىپ، ئۆز يېرىنىڭ شەرت - شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش يولىغا قەدەم تاشلىدى.

4. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش فاڭجېن - سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

(1) خەلق كوممۇنىسى تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان بىر تۇتاش تەقسىملەش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىككى خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. چارۋىچىلىق رايونىدىمۇ چارۋىلارنىڭ باھاسىنى سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ۋە ئوتلاقلارنى كۆتۈرە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

(2) ئىسلاھات كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتتى. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى مەركىزىي ھالقا قىلىنغاچقا، كارخانىلار ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنىڭ كېڭىيىشىنى، قەدەممۇ قەدەم پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن كارخانىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىككە قارىتا ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشنى يولغا قويدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي چېكى كونترول قىلىنىدىغان چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى 171 كارخانىدىن 121ى شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ئۇلاردىن 19 پاي چېكى چەكلىك شىركىتى بازارغا يۈزلەندى؛ 100دىن ئارتۇق ھەرخىل كارخانا گۇرۇھى تەشكىللەندى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى 700 دىن ئارتۇق كىچىك كارخانىنىڭ 80 پىرسەنتىگە قارىتا ھەرخىل شەكىلدىكى تۈزۈم ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى.

(3) مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر يۈرۈش مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى، شەھەرلەردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك، يېزا بازار كارخانىلىرى، يەككە خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ھەمدە پاي تۈزۈمى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى قاتارلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. 2000 - يىلى سانائەت ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي چېكىنى كونترول قىلغان ئىگىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىك، شەھەر- يېزىلاردىكى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە باشقا ئىگىلىك تىپلىرىنىڭ نىسبىتى، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 77.49%، 6.86%، 6.18%، 3.31%، 6.16% نى ئىگىلىگەن جۈملىدىن دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبى بىرلىكتە تەرەققىي قىلغان ھالەت شەكىللەندى.

(4) ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ بازار ئىگىلىكى سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى تەدرىجىي ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى، سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى قويۇپ بېرىلدى ھەمدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، كارخانىلار ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزى سېتىش، ئۆزى مال كىرگۈزۈپ ۋە ئۆزلىرى باھا بېكىتىش، جۈملىدىن قىسمەن كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭدىكى ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلارنىڭ چەكلىمىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، دەسلەپكى قەدەمدە كۆپ شەكىللىك، كۆپ يوللۇق ئوبوروت تورىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىساس ئىگىلىرى، ئەمگەك كۈچى، تېخنىكا، ئۇچۇر ئۆي - زېمىن، ئاكسىيە، كاپىتال قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىمۇ تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندى. 2000 - يىلىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەرخىل بازاردىن 1427 سى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيال بازىرىدىن 80، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدىن 1322سى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى بازىرىدىن 25ى

بار.

**5. سىرتقا ئېچىۋېتىش كېڭەيتىلدى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 11 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ «ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، غەربكە ئەھمىيەت بېرىش»، «سىرتتىن قوبۇل قىلىپ ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بايلىق ئەۋزەللىكى ۋە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، ھەرخىل شەكىللىك ۋە كۆپ ئىقتىدارلىق سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

تاشقى سودا ئىشلىرىدا يۈسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. 2000 - يىلغىچە، شىنجاڭ 99 دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، چېگرا رايوندىكى شەھەر ۋە ناھىيىدىن 33ى ئېچىۋېتىلدى. ئۈرۈمچى، غۇلجا، بورتالا، كۈيتۇن، چۆچەك، شىخەنزە قاتارلىق ئالتە شەھەردە ئۈچ ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، بىر يۇقىرى يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، ئۈچ چېگرا رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلدى ھەمدە توققۇز قېتىملىق ئۈرۈمچى تاشقى سودا يەرمەنكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. ھازىر 25 پورت بار بولۇپ، ئۇنىڭ 16 سى بىرىنچى دەرىجىلىك پورت (ئىككىسى ھاۋا لىنىيىسى پورتى، 14تى قۇرۇقلۇق قاتناش پورتى)، توققۇزى ئىككىنچى دەرىجىلىك پورتتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىز بويىچە پورت بىر قەدەر كۆپ رايون ھېسابلىنىدۇ. 2000 - يىلى شىنجاڭ تاشقى سودىسىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 264 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا سودىسى 1 مىليارد 319 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 58.25 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش كۆلىمى تەدرىجىي ھالدا كېڭەيدى. 2000 - يىلغىچە، جەمئىي 1281 توختام تۈزۈلۈپ، توختام مەبلىغى 3 مىليارد 657 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان توختام تۈرلىرى 1117 بولۇپ، توختام مەبلىغى 388 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى ئۈچ خىل شەكىلدىكى كارخانىلار 371 گە يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدە شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان كارخانا 286 گە، ھەمكارلىشىپ باشقۇرىدىغان كارخانا 24 كە، چەت ئەل سودىگەرلىرى ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىپ باشقۇرغان كارخانا 58 گە، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا ئۈچكە يەتتى. چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش 80 - يىلىنىڭ باشلىرىدىكى ئاسىيادىن ھالقىپ ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى 35 دۆلەت ۋە رايونغا كېڭەيدى.

**6. تەرەققىي قىلىۋاتقان سەيلە - ساياھەت ئىشلىرى** شىنجاڭ ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى 1 مىليون 660 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر، ئاساسلىق 13 مىللەت بار، ئەتراپى سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدىغان چېگرا پورتىدىن 25ى بولۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. شىنجاڭنىڭ ئالتە چوڭ ساياھەت بايلىقى تولۇق بولۇپ، 68 خىل ساياھەت بايلىقىدىن 56 خىلى بار، بۇ ئومۇمىي ساياھەت بايلىقىنىڭ 83 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋەكىل خاراكتېرلىك ساياھەت بايلىقلىرىدىن فىزىئوگرافىك مەنزىرە، سۇ مەنزىرىسى، بىئولوگىيىلىك مەنزىرە، قەدىمكى خارابىلىك ئىزلىرى ۋە بىناكارلىق كۆرۈنۈشلىرى، ئارام ئېلىش، بىلىم ئىگىلەش ۋە چېنىقىش، مال سېتىۋېلىش، مىللىي ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق تۈرلىرى بار ھەمدە ئومۇمىي كۆلىمى چوڭ، تىپلىرى كۆپ، سەۋىيىسى يۇقىرى، بىرلەشتۈرۈلۈشى ياخشى، سىغدۇرۇشچانلىقى، ئۇنۇمى زور بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، جۇڭگونىڭ ساياھەتچىلىكنى زور تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرىدىغان ئاساسلىق زاپاس بايلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق — تارىم ئويمانلىقى، جۇڭگودىكى ئەڭ ئىسسىق جاي تۇرپان ئويمانلىقى، جۇڭگو بويىچە يەر يۈزى ئەڭ تۆۋەن، دۇنيادا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئايدىڭكۆل (دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن)؛ دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا — چوگىر چوققىسى (ئېگىزلىكى 8611 مېتىر)؛ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ، دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان قۇملۇق — تەكلىماكان قۇملۇقى؛ جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى — تارىم دەرياسى؛ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق

تاتلىق سۇ كۆلى — باغراش كۆلى؛ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن قۇملۇق تاشيولى — بۇگۇردىن نىيە ناھىيىسىگىچە بولغان، ئۇزۇنلۇقى 522 كىلومېتىر كېلىدىغان تاشيول قاتارلىقلارغا ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىغا جايلاشقان سىلىتسىيلاشقان ياغاچ ۋە ياردالڭ يەر تۈزۈلۈشىمۇ دۇنيادىكى ئاجايىپ مەنزىرە ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان گۈمانتارلىق ساياھەت بايلىقى «يىپەك يولى» بولۇپ، ئۇ قەدىمكى دەۋردە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان دوستلۇق يولى بولۇپ كەلگەن. «يىپەك يولى» شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولغان جەنۇبىي، ئوتتۇرا ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئۈچ لىنىيە ئۈستىدە سان - ساناقسىز قەدىمكى شەھەر، قەدىمكى تۇر، مىڭئۆي (تاش غار)، قەدىمكى بىناكارلىق، قەدىمكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خارابىسى قاتارلىقلارنى قالدۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنلىرىدىن 14ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورۇنىدىن 154ى بار. قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى «يىپەك يولى»نى بويلاپ تارقالغان بولۇپ، دۇنيادا قەدىمكى شەھەر ئەڭ كۆپ، ساقلىنىشى ئەڭ ياخشى رايون ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، «دۇنيادىكى قەدىمكى شەھەر مۇزېيى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. جەنۇبىي يولغا جايلاشقان كروران قەدىمكى شەھىرى، مىرەن قەدىمكى شەھىرى، نىيە خارابىسى قاتارلىقلار؛ ئوتتۇرا يولدىكى قوچو، يارغول قەدىمكى شەھىرى؛ شىمالىي يولدىكى تاڭ سۇلالىسىگە تەئەللۇق بەشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. سەنئەت خەزىنىسى — مىڭئۆي ئىبادەتخانا خارابىسىدىن جەمئىي 14 ئورۇندا 990 مىڭئۆي ساقلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى كۇسەن تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق تاش غار — قىزىل مىڭئۆيدە ساقلانغان تام رەسىملىرىنىڭ كۆلىمى 10مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېقىن بولۇپ، جۇڭگودا پەقەت دۇنخۇاڭدىنلا كېيىن تۇرىدىغان تام رەسىم سەنئەت خەزىنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ يەنە دۇنيا بويىچە قېزىۋېلىنغان قۇرۇق جەسەت ئەڭ كۆپ، ساقلىنىش ئەھۋالى ئەڭ ياخشى رايونلارنىڭ بىرى.

شىنجاڭدا يەنە مىللىي ئۇسلۇبتىكى قەدىمكى قۇرۇلۇش، قەدىمكى خارابىلىكلەر بار. مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ جامەسى جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ جامە ھېسابلىنىدۇ.

بۇنداق تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە بەدىئىي كۆرۈنۈشلەر ساياھەتنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ تاماشا قىلىدىغان ئورۇنلىرىدۇر.

شىنجاڭ بولسا جۇڭگودىكى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، 47 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 13 مىللەت قەدىمدىن تارتىپلا شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان مىللەتلەردۇر. شۇڭا، ھەرقايسى مىللەتنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرار جاي ۋە يۈرۈش - تۇرۇش، تىل ۋە يېزىق، ئەدەبىيات - سەنئەت، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى، ھېيت - بايراملىرى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە، پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى بار. مەسىلەن، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، قىز قوغلاش، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى، ھەرخىل كىيىم - كېچەك ۋە دوپپا قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىككە ئىگە. مىللىيچە يېمەكلىكلەر ئىچىدىكى تونۇر كاۋىپى، شورپا، لەڭمەن قاتارلىقلار يېمەك - ئىچمەك خەزىنىسىدە تېخىمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

**7. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى تەدرىجىي ھالدا ئۆسۈۋاتىدۇ**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆنسايىن ئۆسۈپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم تاشلاشقا باشلىدى. 2000 - يىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن ئىستېمال چىقىمى 4665.05 يۈەن، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن ئىستېمال چىقىمى 1236.45 يۈەن، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4921 يۈەندىن توغرا كەلگەن. 2000 - يىلغىچە يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ 25 پىرسەنتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 1994 - يىلىدىكى

20 پىرسەنتتىن 2000 ـ يىلدىكى 4.4 پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى.

پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك راۋاجلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ رول ئوينىماقتا. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى مۇستەقىل تەتقىق قىلىش ۋە ئېچىش ئورگىنىدىن 127 سى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇراھال زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ئاپپاراتىدىن 75 ى، ئالىي مەكتەپ بىلەن ئېچىش ئاپپاراتىدىن 62سى بارلىققا كەلگەن. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن نەچچە مىڭى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە زىرائەت سورتلىرىنى ياخشىلاش ۋە يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈش، شورتاڭ يەرلەرنى ياخشىلاش، جۈملىدىن ئېتىز ـ ئېرىقلار ئارقىلىق بورانغا تاقابىل تۇرۇپ، قۇمنى تىزگىنلەش قاتارلىق پەن ـ تەتقىقات نەتىجىلىرى دەل ۋاقتىدا ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلدى. يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، جۇڭگو مېرىنوس قويى ۋە ئورۇق تېپىتىكى توڭگۇز قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى قوي، توڭگۇزلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. سانائەت ۋە قاتناش ساھەسىدىكى توك بىلەن ئېرىتىپ پارچىلاش تېخنىكىسى، بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى، پاختا يىغىش ماشىنىسى ۋە شىنجاڭنىڭ قۇملۇق تاشيولىنى ياساش جەھەتلىرىدىكى تېخنىكىلىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. «شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەت تىل ۋە يېزىقى توغرىسىدىكى كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىسى تەتقىقاتى» مۇ مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئوخشاش تۈردىكى تېخنىكىلارنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز يولغا قويغان «مەشئەل» پىلانى بىلەن «ئۇچقۇن» پىلانى پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆستۈرۈپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي تەتقىقات، سىجىل تەرەققىيات تەتقىقاتى، خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىق، تەدبىر بەلگىلەپ مەسلىھەت بېرىش، ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش، ئەمگەكچىلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەر ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نەچچە ئونلىغان مۇھىم كان بەلۋېغى بايقىلىپ، 200 گە يېقىن ئورۇن كان ئىزدەش نىشانلىق رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا يېڭى كان بايلىقى ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىدا يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن رايونىمىزدىكى 93 ناھىيە ـ شەھەر، رايوننىڭ ھەممىسىدە باشلانغۇچ مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، 65 ناھىيە (شەھەر، رايون) دە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتىن 20سى بولۇپ، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 72 مىڭ 867 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 31 مىڭ 949 غا يەتتى. 1999 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، ئاساسىي جەھەتتىن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ، ياش ۋە ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ساۋاتلىق نىسبىتى 98% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى يېزا ـ بازارلاردا دېھقان، چارۋىچىلارنى يېتىشتۈرىدىغان مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتەپلىرىدىن 822 سى قۇرۇلۇپ، ھەر يىلى 2 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان، چارۋىچى ئوخشاش بولمىغان تۈرلەر بويىچە ئەمەلىي تېخنىكا بىلەن تەربىيىلىنىپ يېتىشتۈرۈلدى.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دوختۇرخانا 531 گە، يېزا ـ بازار شىپاخانىسى 826 گە، ساناتورىيە سەككىزگە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىش پونكىتى 213 كە، سەھىيە خادىمى 122 مىڭ 178 كىشىگە، بالنىتسا كارىۋىتى 53 مىڭ سەككىزگە يەتكەن. ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تېبابەتخانىسى، ئالتاي ۋىلايىتىدە قازاق تېبابەتخانىسى، بايىنغولىن، بورتالادا موڭغۇل تېبابەتخانىسى قۇرۇلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بېرى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمما، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېلىمىزنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، يەنە ئۇزاق مۇددەت جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. XXI ئەسىردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدىكى ئىستراتېگ-

يىلىك تەدبىرنى يولغا قويدى، بۇ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. شىنجاڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىدىكى ئاساسلىق ئىدىيىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خەلقنىڭ بېيىشى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ گۈللىنىشىنى نىشان قىلىپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىقلارنى ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان بازارنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ ۋە پەن - مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئاكتىپ ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، تايانچ كەسىپلەرنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا مېڭىپ، ئۇقتىلىق تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك ۋە كۈچلۈكلەرنى قوللاش ئارقىلىق، كۈچ سەرپ قىلىپ يېڭى رايون ۋە ساناائەتنىڭ ئۆسۈش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈپ، نوپۇس، بايلىق، مۇھىت بىلەن ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، 2010 - يىلىغا بارغاندا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ زور تەرەققىياتى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، جۈملىدىن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشتىن ئىبارەت.

# تارىخ

**يىراق قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ**

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىختا ئۇزاق مەزگىللەرگىچە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان.

بۇ بىپايان زېمىندا، بۇنىڭدىن 15000 يىل بۇرۇنلا ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. تۇرپاندىن ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ياسالغان چاناش ـ چوقۇش قوراللىرى، تاش بولقا، تاش ئۆزەك قاتارلىق ئەسۋابلار بايقالدى ۋە يىغىۋېلىندى؛ تاشقورغاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ئىنسانلار ئوتتىن پايدىلانغان ئىز بايقالدى، ئالتايدىكى دەسلەپكى دەۋرلەرگە تەۋە قىياتاش رەسىملىرىدىن ئوتخور ھايۋانلارنى قورشاپ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بايقالدى. بۇ بايقاشلار، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭدا ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپلىرى پەيدا بولۇپ، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن 15000 ~ 7000 يىللار بۇرۇنقى دەۋر، ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىدۇر. بۇ مەزگىلدىكى تاش قوراللاردىن سوقۇپ ياسالغان ئۇششاق تاش قوراللار بىلەن يالپاق تاش قوراللار، مەسىلەن، تاش باشاق، ئۇچلۇق ئەسۋاب قاتارلىقلار بار. قۇمۇلدىكى يەتتە قۇدۇق ۋە تارانچى، پىچان، مورى قاتارلىق جايلاردىن بۇ خىل تاش قوراللار تېپىلدى ۋە يىغىۋېلىندى. بۇ مەزگىلدە ئوقيانىڭ ئىشلىتىلىشى كىشىلەرنىڭ ئوۋ ئوۋلاش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن.

بۇنىڭدىن 7000~6000 يىللار بۇرۇنقى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، سۈركەپ ياسالغان تاش قوراللار كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، يەنە يارغۇنچاق قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تاش قوراللارمۇ بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل تاش قوراللار تۇرپان ئاستانە، ئۈرۈمچى ساي گەمە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپى ۋە لوپنۇردىكى ئويمان يەرلەردىن تېپىلدى، بەزى جايلاردا قېزىۋېلىندى. قولدا ياسالغان ساپال قاچىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇ دەۋرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەجدادلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشنى باشلىغانلىقىنى ۋە تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ ئىپتىدائىي كوممۇنانىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىگە قەدەم قويغان.

مىتال ۋە تاش قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋردىن كېيىن، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىل بۇرۇنقى، يەنى مىلادىيىدىن 2000 يىل بۇرۇنقى دەۋر برونزا دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە تاش قوراللار داۋاملىق كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى، تېۋىلغىدىكى (خوشۇتتىكى) شىنتاران، چۇقو ۋە باركۆل، تۇرپان، كۇچا، قەشقەر كونا شەھەر قاتارلىق جايلاردىن پىچاق، كۈرگۈ، پالتا، ئاي پالتا قاتارلىق مىس قوراللار قېزىۋېلىندى. ساپال بۇيۇملار رەڭلىك ساپالنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىڭچىن ناھىيىسىدىكى شاجىڭ مەدەنىيىتى ۋەكىللىك قىلغان رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭكىگە بەزى جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ غەربىي شىمالنىڭ قايسى جايلىرىدىكى ۋە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ئەجدادلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئورتاقلىق مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. تۇرپان ۋە تېۋىلغىدىن تېپىلغان كېسەكلەر، ئەجدادلارنىڭ گەمىلەردە ئولتۇرىدىغان دەۋر بىلەن خوشلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تېۋىلغا شىنتاران قەبرىستانلىقى خارابىسىدىن بايقالغان ئادەمنى ھەمدەپنە قىلىش ھادىسىسى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىپ، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شىنجاڭدا رەسمىي نام بېرىلگەن ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتتىن ئىككىسى بار: بىرى، قۇمۇل يانبۇلاق مەدەنىيىتى، يەنە بىرى، خوتۇنسومۇل (خېجىڭ) چايخا مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەتلەر خارابىلىرىدىكى شەھەر ـ قەلئە، تۇرالغۇ ئۆي ۋە قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىگە كېسەك ئىشلىتىلگەن. ھەمدەپنە بۇيۇملىرى مول بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە پىچاق، خەنجەر، ئۈزۈك قاتارلىق كىچىك تۆمۈر بۇيۇملار بار. تەكشۈرۈپ بېكىتىلىشىچە، ئۇلار سۇنئىي تۆمۈردىن سوقۇپ ياسالغان بولۇپ، دەۋرى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2700 يىل بۇرۇن-

قى چاغلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەدەنىيەت يالداملىرىنىڭ ۋاقتى بىرونزا دەۋرىدىن تاكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردىكى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگىچە بولۇپ، تارقالغان دائىرىسىمۇ كەڭ. بۇ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى مەدەنىيلىك دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىرغىچە بايقالغان بىرونزا دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە تەۋە ئادەملەرنىڭ باش سۆڭەكلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۆلچەپ بېكىتىشكە ئاساسەن، شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدا موڭغۇل ئىرقى، ياۋروپا ئىرقى ۋە بۇ ئىككى خىل ئىرقنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئارىلاشما قان تىپىدىكى ئىنسانلار ياشىغان. ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر غەربتىن شەرققە سۈرۈلۈپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان، موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر بولسا شەرقتىن غەربكە سۈرۈلۈپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. دېمەك، شىنجاڭدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىرقى كۆپ مەنبەلىك بولۇپ، بۇ مەدەنىيلىك دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا شەكىللەنگەن.

### ھەر قايسى دەۋرلەردىكى فېئودال سۇلالىلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى

*خەن دەۋرىدە جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشى* يىغىلىق ۋە ئەمىنىيە دەۋرىدىن كېيىن، ئەمىنىيە دەۋرىدە يېزىلغان «تاغ – ئېبزىملار قۇرئى» ۋە «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» دە غەربىي يۇرت توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. لوپنۇر رايونىدىكى قەبرىلەردىكى ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە، جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز ياقىلىرىدىن چىقىدىغان قۇلۇلە قېپى بېزەك بۇيۇملىرى بايقالدى. شىنجاڭنىڭ كۇئېنلۇن قاشتاشلىرى ئىچكى رايونلاردىكى بەگ – تۆرە، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان بۇيۇمى بولغاچقا، قاشتۇۋۇق دېگەن نام مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە، جۇڭگونىڭ يىپەك توقۇلمىلىرىغا مەپتۇن بولغان ياۋروپادىكى يۇنانلىقلار جۇڭگونى سېرىس ئېلى دەپ ئاتىغان.

چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن فېئوداللىق ھاكىمىيەتنى قۇرغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى دەۋرى جۇڭگودىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت مۇستەھكەملەنگەن مۇھىم دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىمال تەرەپتىكى ھونلار خەن سۇلالىسىنىڭ غەربكە قاتنايدىغان يولىنى ئۈزۈپ قويدى. يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاپ بىرلىكتە ھونلارغا قارشى تۇرۇشقا موھتاج بولدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشىدەك مۆجىزە بارلىققا كەلدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىپ خەن سۇلالىسىنىڭ داڭقىنى چىقىرىپلا قالماي، بەلكى غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە ئۇسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھونلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرىدىغان سىياسىي مەقسەتنىمۇ ئورۇندىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتتى. تەيچۇ 4 – يىلى (مىلادىيىدىن 101 يىل ئىلگىرى)، خەن ۋۇدى بۈگۈردە يالۋاچ چېرىكچىبەگ تەسىس قىلدى ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا ھەربىيلەرگە يەر تېرىتتى. دىجيې 2 – يىلى (مىلادىيىدىن 68 يىل ئىلگىرى)، ئۇنى ئۆزگەرتىپ پىشامشاننىڭ غەربىنى قوغدايدىغان يالۋاچ بەگ تەسىس قىلدى. بۇ تەدبىرلەر يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىنى قوغداپلا قالماستىن، غەربىي يۇرتنىڭ كېيىنچە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شەرت – شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

*غەربىي يۇرتنىڭ جۇڭگو زېمىنىغا قوشۇلۇشى*

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 – يىلى (مىلادىيىدىن 60 يىل ئىلگىرى)، ھونلاردا ئىچكى توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ھون باتىسقانى بىلگە تەگرىقۇت ئادەملىرىنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى، ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتقا تەھدىت سېلىشىمۇ تۈگىدى. خەن سۇلالىسى ئۇرلىدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، جېڭ جىنى تۇنجى قورۇقچىبەگ قىلىپ تەيىنلىدى، غەربىي يۇرتنىڭ پۈتۈن زېمىنى ئۇنىڭغا قارىدى. پىشامشان، كۇسەن، يەكەن، سۇلى قاتارلىق ھەرقايسى بوستانلىق شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەرتىۋە نامى بىلەن مۆھۈرنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمر – پەرمانلىرى غەربىي يۇرتتا يۈرگۈزۈلدى» («خەننامە. جېڭ جىنىڭ تەرجىمىھالى»). مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلىپ ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش دۆلەتنىڭ

ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ تۇپ بەلگىسى. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، غەربىي يۇرتنىڭ جۇڭگو زېمىنىغا رەسمىي قوشۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ۋاڭ ماڭ تەختنى تارتىۋالدى، ليۇشيۇ لەشكەر تارتىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنى قۇردى. ھونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتنى قايتىدىن كونترول قىلىۋالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى جاپالىق مۇساپىلەر ئارقىلىق، ھونلارنى مەغلۇپ قىلىپ، خەن مىڭدىنىڭ يوڭپىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى)، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن ۋۇجى چېرىكچى بېگىنى قايتىدىن تەسىس قىلدى.

*ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمىنىڭ غەربىي يۇرتتا يولغا قويۇلۇشى* شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى پارچىلىنىپ كەتتى. ئۈچ پادىشاھلىق، شەرقىي جىن، غەربىي جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن تاكى سۈي سۇلالىسى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ يېرىم ئەسىر ئۆتتى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ساۋـ ۋېي ھاكىمىيىتى خەيتۇ شەھىرىدە غەربىي يۇرت دورغابېي، قوچودا ۋۇجى چېرىكچى بېگىنى تەسىس قىلدى، ئۇلار غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىگىچە داۋام قىلدى. شەرقىي جىن سۇلالىسى ۋە 16 پادىشاھلىق مەزگىلىدە ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىدىكى جاڭ ھاكىمىيىتى يەنىلا غەربىي يۇرت دورغابېي ۋە ۋۇجى چېرىكچى بېگىنى داۋاملىق تەسىس قىلدى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ شەنخې 2 ـ يىلى (327 ـ يىلى)، قوچو ۋىلايىتى تەسىس قىلىنىدى، تيەندى قاتارلىق ناھىيىلەر قۇرۇلدى. بۇ چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان ئىچكى رايونلاردا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمىنىڭ تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرتتا يولغا قويۇلۇشىدۇر.

ۋېي سۇلالىسى داۋۇدىنىڭ دېڭگو 1 ـ يىلى (386ـ يىلى)، سيانپېيلارنىڭ توغبات ئۇرۇقى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇردى. كۇسەن، سۇلې ۋە كاۋاتتا قاتارلىق بەگلىكلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن قوشۇن ئەۋەتىپ پىشامشان، ئاگنى قاتارلىق جايلاردا تۇرغۇزۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

گەنسۇلۇق خەنزۇلار قۇرغان چۇر جەمەتى قوچو ھاكىمىيىتى ۋىلايەت تەسىس قىلىش بىلەن ناھىيە قۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغاندىن سىرت، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى قوللاندى ھەمدە خەنزۇچە يېزىق ـ پۈتۈكنى ئاساس قىلدى. چۇر جەمەتى قوچو ھاكىمىيىتى باشتا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە، كېيىن يەنە سۈي، تاڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلدى. غەربىي يۇرتتىكى يەنە بىر ھاكىمىيەت شىمالدىكى تۈركلەر بولۇپ، ئۇلار ئالتاي تېغىدىن جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلۈپ، تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يۇلتۇز ئوتلاقلىقىغا كېلىپ، بۇ يەردىن غەربكە ئاتلىنىپ پامىردىن ئۆتتى. سۈي ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 2 ـ يىلى (582 ـ يىلى)، تۈرك خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى؛ غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى كۇسەننىڭ شىمالىدا بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ پۈتۈن زېمىنى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى.

*ئۈچ ئايماق، ئىككى چوڭ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى* سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. سۈي سۇلالىسى قوشۇنىنى ئىۋىرغول قاتارلىق جايلاردا تۇرغۇزدى ھەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى، مەمۇرىي جەھەتتە پىشامشان، چەرچەن ۋە ئىۋىرغول ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلدى. بۇ VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەربىي يۇرت تەۋەسىدە 3 ـ قېتىم تەسىس قىلىنغان ۋىلايەت ـ ناھىيە بولۇپ، باشقا جايلار غەربىي يۇرت چېرىكچى بېگىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. تاڭ گاۋزۇ ۋۇدې 1ـ يىلى (618 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، غەربىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى خانلىق تەختنى تالىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىۋاتقانىدى، غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەر تىنچ تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى ھەمدە نۇرغۇن تۈرك سەركەردىلىرىنى ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلدۇرۇپ ھۇجۇمغا ئەۋەتىپ غەربىي تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنى لۇڭيۇ ۋىلايىتىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى.

تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويدى. بىرى، ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمى. قۇمۇلدا ئىۋىرغول ئايمىقى تەسىس قىلدى، ئۇنىڭ قار-

مىقىدا ئۈچ ناھىيە بولدى؛ قوچودا قوچو ئايمىقى تە-
سىس قىلدى، قارىمىقىدا بەش ناھىيە بولدى؛ بېشبا-
لىقتا بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلدى، قارىمىقىدا
تۆت ناھىيە بولدى. ھەر قايسى ئايماقلارنىڭ ئايماق
بېگىنى ئوردا تەيىنلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، سۇي سۇلا-
لىسى پىشامشان ۋىلايىتى بىلەن چەرچەن ۋىلايىتىدە شە-
چېڭ قەلئەسى ۋە بوشيەن قەلئەسىنى قۇردى، ئۇلار
شاجۇ ئايمىقىغا قارىدى. ۋىلايەت - ناھىيىلەرنىڭ تە-
سىس قىلىنىش دائىرىسى ئىلگىرىكى سۇلالىلەردىكىگە
قارىغاندا خېلى كېڭىيىپ، ئومۇمەن دېھقانچىلىق رايون-
لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. يەنە بىرى، قورۇقچى بەگ
مەھكىمىسى تۈزۈمى. ئەنشى (غەربنى تىنچلاندۇرغۇ-
چى) چوڭ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى كۇسەندە، بېش-
بالىق چوڭ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بېشبالىقتا
تەسىس قىلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەڭرىتاغ-
نىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى باشقۇردى. چوڭ قورۇقچى
بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئاستىدا تۇتۇق مەھكىمىلىرى تە-
سىس قىلىنىپ، باشقۇرۇش دائىرىسى پامىر رايونى ۋە
ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولدى. تۇتۇق مەھكىمىلىرىگە قو-
رۇقچى بەگ قوماندانلىق قىلدى، چوڭ قورۇقچى بەگ
مەھكىمىلىرىگە شاھزادىلەر يىراقتىن باشچىلىق قىل-
دى. قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئاستىدا قەلئە،
قورغان، بوقال، قورۇل، كۆرە، تور قاتارلىق ھەربىي
ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. ئەنشى تۆت قورغانى ئەنشى
قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تۆت
مۇھىم ھەربىي قورغان ھېسابلىنىدۇ.

*ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمىنىڭ غەربىي يۇرتتا دەس-*
*لەپكى قەدەمدە ئورغۇزۇلۇشى* جاۋ شۈەندىنىڭ تيەنيۇ
4- يىلى (907 - يىلى)، تاڭ سۇلالىسى مۇنقەرز
بولۇپ، جۇڭگو يەنە بۆلۈنۈش مەزگىلىگە قەدەم قويدى.
ئۇدۇن، قوچو قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەش دەۋردىكى
كېيىنكى جىن، كېيىنكى جۇ سۇلالىلىرى بىلەن ناھا-
يىتى زىچ سىياسىي مۇناسىۋەتنى ساقلىدى. بەش دەۋر-
دىن كېيىن، قىتانلارنىڭ باشلىقى يولۇغ ئاپاگى قۇر-
غان لياۋ سۇلالىسى بىلەن خەنزۇلار قۇرغان سۇڭ سۇلا-
لىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي جۇڭگودا تەڭ مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇردى. لياۋ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
سۇلالىلەر ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان خەنزۇ
قانۇن - تۈزۈملىرىنى قوللىنىپ، غەربىي يۇرتنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا ئىلچى، ئۆگە قاتارلىق ئەمەلدارلار-
نى تەسىس قىلدى. لياۋ دېزۇڭنىڭ يەنچىڭ 7 - يىلى
(1130 - يىلى) يولۇغ تاشىن غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ
كېلىپ، قاراقىتان سۇلالىسىنى قۇرۇپ، بالاساغۇننى
مەركەز قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى
ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ۋە ئارال دېڭى-
زى ئەتراپىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى. ئۇدۇن،
كۇسەن، قوچو قاتارلىق جايلار سۇڭ سۇلالىسىگە تار-
تۇق ئەۋەتىشنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئۇدۇن خان جەمەتى-
نىڭ ئەسلىي فامىلىسى ۋىسارا ئىدى، ئۇلار خەنزۇ
مەدەنىيىتىگە ئىخلاس قىلغاچقا ئۆزلىرىنى تاڭ سۇلالى-
سىگە تەۋە ھېسابلاپ، فامىلىسىنى «لى»گە ئۆزگەر-
تىپ، خەنزۇچە يىل ناملىرىنى قوللاندى. قاراخانىيلار
سۇلالىسى ئۇدۇننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، قوچو
ئۇيغۇر خانلىرىغا ئوخشاش سۇڭ سۇلالىسىگە سۇنغان
مەكتۇپلىرىدا ئۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى «جيەن - تاغا»
دەپ ئاتىدى، چۈنكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئەجدادلىرى
تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۆت مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەنىدى.

موڭغۇللاردىن چىڭگىزخان لەشكەر تارتىپ غەربىي
لياۋ خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتنى بىر
تۇتاش باشقۇردى. چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال
بەرگەندە، غەربىي يۇرت ئاساسەن 2 - ئوغلى چاغاتاي
بىلەن 3 - ئوغلى ئوگەدايغا بۆلۈپ بېرىلدى؛ قالغان
رايونلار موڭغۇل چوڭ خانىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا
بولۇپ، بېشبالىق ۋە ئامۇ دەرياسى ۋاقىتلىق دىۋان
ۋازارەتلىرى تەسىس قىلىندى. جىيۈەن 8 - يىلى
(1271 - يىلى)، قۇبلاي خانلىق نامىنى يۈەن سۇلالى-
سىگە ئۆزگەرتىپ، قارادىۋان ئارقىلىق دۆلەت ئىشلى-
رىنى ئىدارە قىلىپ، غەربىي يۇرتتا ئالمالىق ۋاقىتلىق
قارا دىۋان ۋازارىتىنى تەسىس قىلدى. غەربىي يۇرتتا
تەسىس قىلىنغان ۋاقىتلىق ۋازارەتلەر ئىچكى رايونلار-
دىكى يەرلىك مەمۇرىي ئورگان ھېسابلىنىدىغان ۋاقىت-
لىق ۋازارەتلەردىن پەرقلىنەتتى؛ ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈ-
زۈمى يۈەن سۇلالىسىدىن باشلىنىپ، كېيىنكى دەۋر-
لەردىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلماي داۋاملاشتۇرۇلدى. بۇ-
نىڭدىن باشقا، يەنە قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى، ئايغاق-
چى مەھكىمىسى، ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى قاتارلىق
يەرلىك ھەربىي ئاپپاراتلارمۇ تەسىس قىلىندى.

مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي
يۇرت يەنىلا موڭغۇل چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدا بولدى. ئۇلار كېيىنكى چاغاتاي خانلىرى دەپ
ئاتالدى. خان ئوردىسى دەسلەپكى مەزگىلدە بېشبالىقتا
بولدى، كېيىن ئىلىبالىققا كۆچۈرۈلدى. ھەرقايسى
جايلارنىڭ ناھايىتى چوڭ مۇستەقىللىقى بولۇپ، قۇ-
مۇل، تۇرپان، بېشبالىق، ئىلىبالىق، ئۇدۇن قاتارلىق-
لارنىڭ ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مىڭ سۇلالىسى

بىلەن ئالاقە باغلاپ تارتۇق ئەۋەتىپ تۇردى. ئويرات موڭغۇللىرى كۈچەيگەندىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان كېيىنكى چاغاتاي خانلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ، يەكەن خانلىقىنى قۇردى.

*غەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ۋە شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇشى* شۈنجىنىڭ 1 ـ يىلى (1644 ـ يىلى)، چىڭ شىزۇ ئەيشىن گورۇ فۇلىن شەرقىي شىمالدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ، چىڭ سۇلالىسىنى قۇردى. چىڭ سۇلالىسى ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىلى جياڭجۈنى، باشبۇغ، مەسلىھەتچى ئامبال، چېرىكچى ئامباللارنى قويۇپ غەربىي يۇرتنى باشقۇردى. غەربىي مەھكىمە پەقەت ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشمىدى. خەلق ئىشلىرىدا بۇرۇنقى قائىدىلەر قوللىنىلدى، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايوندا بەگلىك تۈزۈمى ساقلاپ قېلىندى، ئەمما بەگلەرنى تەيىنلەش ۋە ئېلىۋېتىش ھوقۇقى ئوردىنىڭ قولىدا بولدى، بەگلەرنىڭ ھوقۇقىغا چەك قويۇلدى، مەمۇرىي ئىشلار بىلەن دىنى ئىشلارنى ئايرىۋېتىش يولىغا قويۇلدى؛ موڭغۇل قاتارلىق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر ئارىسىدا جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بەگ ـ تۆرە قاتارلىق ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدىغان مەرتىۋىلەر بېرىلدى؛ خۇيزۇ ۋە خەنزۇ كۆچمەنلەر رايونىدا ئۇرۇمچى ۋىلايىتى قۇرۇلۇپ، ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسىگە قارىدى، ئۇنىڭ ئاستىدا، ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن دۆلەت كۈچى تەدرىجىي ئاجىزلىدى، كۈچلۈك دۆلەتلەر جۇڭخۇا زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەندلىك ياقۇپبەگ تاجاۋۇز قىلىپ ئىشغال قىلىۋالدى. چارروسىيە قوشۇنى ئىلىغا تاجاۋۇز قىلدى، بۇ غەربىي شىمالىي چېگرا رايون كرىزىسىنى پەيدا قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گۇاڭشۈنىڭ 10 ـ يىلى (1884 يىلى)، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇپ، سەييارە سىلاۋچى تەيىنلەندى. ئۇرۇمچى، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە ئىلى ـ تارباغاتايدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت قۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدا مەھكىمە، نازارەت، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىندى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەمۇرىي تۈزۈمىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى تاماملاندى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئالتاي رايونى ئالتاي ۋىلايىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭغا قوشۇۋېتىلدى، كېيىن ۋىلايەتلەر رايونغا ئۆزگەرتىلدى. مۇشۇنداق داۋاملىق كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ئۆلكە بويىچە جەمئىي ئون مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىندى.

**كۆپلىگەن مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، مەدەنىيەت تۇرمۇشى ھەم دىنىي ئېتىقادلىرى**

*شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەر* شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىرقى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ مىللەتكە ئايرىلغان، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشى ھەر خىل، دىنى ئېتىقادلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاساسەن ھونلار ۋە ئۇسۇنلار بولۇپ، ئۇلار «كۆچمەن ئەللەر» دەپ ئاتىلاتتى. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «شەھەر بەگلىكلىرى» بولۇپ، ئۇلار كۆسەن ـ قارا شەھەر تىلى ۋە ئۇدۇن ساك تىلىنى ئىشلەتەتتى. ئۇلاردىن باشقا يەنە پامىر رايونىدا ياشايدىغان تاجىكلار ۋە كوئىنلۇن (قۇرۇم) تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان چاڭلارمۇ بار ئىدى.

مىلادىيە II ئەسىردە، تېگرىكلار (دىڭلىڭلار)، تۇرالار (تېلېلار) شىمالىي چۆللۈكتىكى ئوتلاقلىقتىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلدى؛ VI ئەسىردە، تۈركلەر ئالتاي تېغىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى؛ IX ئەسىردە، ئۇيغۇرلار شىمالىي چۆللۈكتىن غەربىي يۇرتقا كەڭ كۆلەمدە كۆچۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى قەدىمدىن تارتىپلا غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ تەلىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈردى. قىتانلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى، موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقى، شىمالىي شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا ياشىغان موڭغۇللارمۇ تەدرىجىي ھالدا

ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

خەنزۇلار قەدىمدىن تارتىپلا غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن. ئەڭ دەسلەپكى كۆچمەنلەرنى ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بوز يەر ئاچقان ئەسكەرلەر دېيىشكە بولىدۇ. ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە، خەنزۇلار خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان جاي تېپىش ئۈچۈن ياڭگۈەن قوۋۇقىدىن چىقىپ غەربىي يۇرتقا كەلگەن ھەمدە تۇرپان تەۋەسىدە بىر نەچچە كىچىك ھاكىمىيەت قۇرغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى، قوشۇنلىرى ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ئەسكەرلىرى پامىرنىڭ غەربىگىچە يېتىپ بارغان. لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلار قىتانلارغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جىمىسار، بورتالا، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆپلىگەن خەنزۇلار تۇرمۇش كەچۈرگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭدىكى ئاھالىلەرنىڭ تەركىبى كۆپەيدى. بىرىنچىدىن، شىنجاڭدا، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭدا مانجۇلارنى ئاساس قىلغان مانجۇ قوشۇنى ۋە خەنزۇلارنى ئاساس قىلغان يېشىل تۇغلۇق قوشۇن تۇرغۇزۇلدى ھەمدە ئىچكى موڭغۇل ۋە شەرقىي شىمال رايونىدا تۇرۇشلۇق شىبە، داغۇر، چاخار، ئۆيراتلار ھەربىي تۈزۈلۈش بويىچە تەشكىللىنىپ، ئائىلە بويىچە يۆتكەپ كېلىنىپ ئىلىدا تۇرغۇزۇلدى. ئىككىنچىدىن، ناھايىتى زور ساندىكى كۆچمەنلەر ئىچكى رايونلاردىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ بوز يەر ئاچتى، شىنجاڭدىكى خۇيزۇ، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. ئۈچىنچىدىن، جۇڭغارلار كۆچىيىپ كەتكەندە ئامالسىز غەربكە كۆچۈپ كەتكەن قازاق، قىرغىزلار ئەسلىدىكى ئوتلاقلىرىغا قايتىپ كەلدى. تۆتىنچىدىن، غەربىي يۇرتتىن جەنۇبىي روسىيەدىكى ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىپ چارۋىچىلىق قىلغان موڭغۇللارنىڭ تورغۇت قەبىلىسى يىراق مۇساپىنى بېسىپ ئەسلىي يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. بەشىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرىپ تۇرمۇش كەچۈردى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك قۇرۇلمىسى ئاخىر شەكىللەندى.

*غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى*

ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ شىنجاڭنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى رايونغا، يەنى چارۋىچىلىقتا ۋە دېھقانچىلىقتا باب كېلىدىغان ئوخشىمايدىغان ئىقتىسادىي رايونغا ئايرىۋەتكەن. ئۇزۇنغا سوزۇلغان يىپەك يولى شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدا ئالاقە رىشتىسى باغلاپ، بۇ رايوننىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

يەر تېرىش — ئۆتكەن زاماندىكى ھۆكۈمرانلار غەربىي يۇرتتا يولغا قويغان مۇھىم سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىر. يەر تېرىيدىغان ئەسكەرلەر ساپان ئارقىلىق يەر ھەيدەش ۋە قۇدۇق كولاش تېخنىكىسىنى ئېلىپ كەلگەن، شۇنداقلا تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق قاتارلىق تېخنىكىلارمۇ غەربكە تارقالغان. خەن سۇلالىسى ئۇسۇنلار بىلەن قۇدىلاشقاندىن كېيىن، يىپەك توقۇلما قاتارلىق قىممەت باھالىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى كۆپ مىقداردا غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەن. غەربىي يۇرتنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بېدە، ئۈزۈم قاتارلىقلار، چالغۇلىرىدىن بەرباب، چاڭ، ياغاچ چۆرى قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تۇراقسىز بولسىمۇ، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يەنىلا ئۈزۈلمىدى. ئىچكى رايونلارنىڭ پىلە بېقىش تېخنىكىسى III ~ IV ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىپ، ئۇدۇن، ئاگنى، قۇچو قاتارلىق جايلاردا پىلىچىلىك گۈللەندى. كالا ئارقىلىق يەر ھەيدەش تېخنىكىسىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرىپ، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە زىرائەت مەھسۇلاتىنىڭ ئۆسۈشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇددا دىنى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خەن مىڭدى زامانىدا ئىچكى رايونلارغا تارقىلىپ كىردى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي يۇرت راھىبلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە كۆپەيدى.

سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن، شۇنداقلا غەربىي يۇرت ئارقىلىق غەربىي ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى تېخىمۇ گۈللەندى. ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى مەخسۇس سۇ ئىنشائاتىنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات - مىرابخانا قۇردى. بۇ يەر سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ قۇرغاق رايون دېھقانچىلىقىدىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىچكى رايونلاردىن چىقىدىغان چاي، يىپەك توقۇلمىلار بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشمۇ ئىلگىرىكى سۇلالىلەر ۋاقتىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ

كەتتى. بۇ ئىككى رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىدا كۈچلۈك تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. تۇرپاندىن بايقالغان قەغەزچىلىك دۈكىنى جۇڭگونىڭ قەغەز ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان «نەسرنامە»، «نەزمىنامە» قاتارلىقلارنىڭ پارچىلىرى كۆچۈرگۈچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇدۇنلۇق رەسسام ۋىسايىتسامىنىڭ رەسىم سىزىش ماھارىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رەسساملار تەرىپىدىن قەدىرلەنگەن ۋە قوبۇل قىلىنغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە كۇسەن نەغمىسى، سۇلې نەغمىسى، قوچۇ نەغمىسى، ئۇدۇن نەغمىسى ئىچكى رايونلاردا تارقالغاندىن كېيىن، سۈي، تاڭ ئوردا مۇزىكىلىرى كۆپلىگەن غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلدى.

لياۋ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرتتىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كۆپ بولغاندا ھەر قېتىمدا 300 ~ 400 يۈزگە يەتتى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە ئۇيغۇرلار سارىيى قۇرۇلدى. بۇ مەخسۇس غەربىي يۇرتتىن كەلگەن ئەلچىلەر، سودىگەرلەرنى كۈتۈۋالىدىغان ۋە سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئورۇن ئىدى. قاراقىتان خانلىقى مەزگىلىدە نۇرغۇن خەنزۇ ئۇستىكارلار غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە يېڭى تېخنىكىلارنى قوشتى، پۇرۇخ ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى غەربىي يۇرتقا تارقالدى ھەمدە بۇ يەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغىچە تارقىلىپ، تارىخنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش غەربىي يۇرتنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق دەۋرىنى بەرپا قىلدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چوڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەت كىشىلەرنىڭ باردى ـ كەلدىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئىلى قاتارلىق جايلاردا ئىچكى رايونلاردىن كەلگەن ئۇستىكارلار بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى مىڭلىغان ھۈنەرۋەنلەرمۇ شىمالدىكى ھەرقايسى جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى تارقاتتى. ئۇيغۇرلاردىن ئوردىغا كىرىپ ئەمەل تۇتقانلار ۋە يەرلىك ئەمەلدار بولغانلار ناھايىتى كۆپ بولدى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتتىكى سودىگەرلەر ھەمىشە تارتۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا قىلدى، ھەتتا نۇرغۇنلىرى ئۇزۇن مۇددەت شۇ جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ، يىللاپ قايتىپ كەلمىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرى تېخىمۇ گۈللەندى. بەگلەر ھەر يىلى پايتەختكە بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يول بويى سودا قىلدى. سۇجۇ، خاڭجۇ، جياڭسۇ قاتارلىق جايلارمۇ مەخسۇس شىنجاڭ ئۈچۈن تاۋا ـ دۇردۇنلارنى توقۇدى ۋە نۇرغۇن مىقداردىكى رەخت، چاي ۋە دورا ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ ساتتى؛ شىنجاڭنىڭ ئات، تېرە ـ يۇڭ، قاشتېشىمۇ كۆپ مىقداردا ئىچكى رايونلارغا يۆتكەپ ئاپىرىلدى.

شىنجاڭ تارىخىدىكى ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىدۇر. چېگرا سودىسى شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ھەم تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. بىراق، تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى رولىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۇزاق مۇددەتكىچە سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىش ھالىتىدە تۇرغان. ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇن ۋە ئەپسىزلىكىدىن، ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىغان. دېڭىز يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، يىپەك يولىنىڭ بۇرۇنقى ئاۋاتلىقى قالمىغان. شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستىلاپ ئۇزاق مەزگىل تەبىئىي ئىگىلىك ھالىتىدە توختاپ قالغان، ئۇزاق مۇددەتكىچە ئالۋان ـ ياساق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان.

*كۆپ خىل دىنلارنىڭ بىللە تۇرۇشى ۋە گۈللىنىشى ـ خارابلىشىشى* كۆپ خىل دىنلار شىنجاڭنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئەڭ دەسلەپكى دىن شىمالدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئومۇميۈزلۈك ئېتىقاد قىلغان ئىپتىدائىي دىن بولغان شامان دىنى ھېسابلىنىدۇ. پېرىخونلۇقمۇ بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «شەھەر بەگلىكلىرى»دىكى ئاھالىلەر ئېتىقاد قىلغان.

تويىن دىنى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. بۇ دىن خېشى ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن قوچوغا كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلار ئارقىلىق تارقالغان. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان جەنۇبىي ۋە شىما-

لى سۇلالىلەر دەۋرىگە تەۋە خەنزۇچە ھۆججەتلەر ئارىسىدا تويىن دىنىنىڭ تۇمارلىرى بايقالدى. سۈي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرلىرىدە، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت- ناھىيىلەردە تويىن دىنى ئىلاۋەتخانىلىرى ياسالغان؛ چۈر جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچۇنىڭ دەپنە مۇراسىملىرىدىمۇ تويىن دىنىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى روشەن ھالدا مەۋجۇت بولغان. سۇڭ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە، بەزى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىمۇ تويىن دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. كېيىنچە، بۇ دىن بارا - بارا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ئەمما پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەن.

زەردۇشت، مانى دىنلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پېرسىيەدىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن. نېستورىيان دىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى بولۇپ، تەخمىنەن VI ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كەڭ ئەۋج ئالغان ھەمدە سۇڭ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىگىچە داۋاملاشقان، قەشقەر، خوتەن، بۆگۈر، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە نېستورىيان ئىبادەتخانىسى ياسالغان.

بۇددا دىنى قەدىمكى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن، تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا ئالدى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا تارقىلىپ كىرگەن ھەمدە تېزلا شامان دىنى بىلەن زەردۇشت دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. III ئەسىردىن كېيىن، بۇددا دىنى شىنجاڭدا تەدرىجىي ھالدا گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. كۇسەن، سۇلې، ئۇدۇن، قوچۇ قاتارلىق جايلار بۇددىزم مەركىزىگە ئايلانغان. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي يۇرتتا جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان، بۇددا دىنىمۇ بارغانسېرى گۈللەنگەن. ئۇيغۇرلار شىمالىي چۆللۈكتىكى چاغلىرىدا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. VIII ئەسىردىن كېيىن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان.

لاما دىنى بۇددا دىنىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەن ئەتراپىغا تارقالغان، كېيىنچە داۋاملىق شەرققە تارقىلىپ، قىتانلار ۋە موڭغۇللار ئارىسىدا ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان. قاراقىتان خانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، لاما دىنىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئۇيرات موڭغۇللىرى رايونىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتكەن.

ئىسلام دىنى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ كىرگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى ساتۇق بۇغراخان ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇنىڭ ۋە ئوغلىنىڭ مەجبۇرىي يولغا قويۇشى ئارقىلىق ئىسلام دىنى قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى تۈركىي تىلنى قوللىنىدىغان مىللەتلەر ئارىسىدا تېز تەرەققىي قىلغان، زوردۇشت، نېستورىيان دىنلىرى ئاساسەن يوقاپ، بۇددا دىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان. بۇ كۈچلۈك قارشىلىقنى قوزغىغان ۋە بۇددا ئېلى ئۇدۇننىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان. XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسلام دىنى قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ غەلىبىسىگە ئەگىشىپ ئۇدۇندا يولغا قويۇلغان.

قاراقىتان ۋە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا دىنلارغا بىر قەدەر كەڭ سىياسەتنى قوللانغان. XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قاراقىتان خانلىقى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى يوقىتىپ پۈتۈن غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ كۇچا، قاراشەھەر، قوچو قاتارلىق جايلارغا تارقىلىشىغا قولايلىق يارىتىش بىلەن بىرگە، نېستورىيان دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ قەشقەرگە قايتا تارقىلىشى ئۈچۈنمۇ پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. كېيىن، موڭغۇللار قاراقىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ھەر مىللەت ئاھالىسىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئارىلاشمىغان. XIV ئەسىردە، چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈر خان خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەمدە زورلۇق كۈچ ئارقىلىق تەۋەلىكىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن؛ ئۇنىڭ ۋارىسلىرى قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوچوغىچە تارقاتقان. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنى قۇمۇلدىمۇ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. شۇنداق قىلىپ، ئالتە ئەسىرلىك تارقىلىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە شەرقىي قىسمىدىكى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ ئورنىنى ئاخىر ئىگىلىگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۇيغۇرلاردىن سىرت، يەنە قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مانجۇ، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، خەنزۇ سودىگەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارالغان بۇددا دىنىغا

ئېتىقاد قىلسا، ئاز ساندىكى خەنزۇلار تويىن دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

**جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئورتاق كۆرەش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى**

*جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئورتاق كۆرەش قىلىش* XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتى ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن قىيىنچىلىققا بوغۇلدى. غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قەبىھ ئەپيۇن ئۇرۇشى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى، جۇڭگونى ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ خورلايدىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى تۈزۈپ، جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. مۇشۇ مەزگىلدە، غەربىي چېگرا رايونغا جايلاشقان شىنجاڭمۇ چاررۇسىيە چاڭگىلىغا ئېلىنۋالماقچى بولغان نىشانغا ئايلاندى. ئەنگلىيە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، تاجاۋۇزچىلىق تۇمشۇقىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۇزاتتى. شىنجاڭنىڭ كانچىلىق، پاختا توقۇمىچىلىق، پىلىچىلىك قاتارلىق قول سانائىتى ۋە ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى ۋەيران قىلىنىپ، يەرلىك سودىدىكى پايدىنىمۇ چەت ئەل سودىگەرلىرى تارتىۋالدى. فېئودالىزمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلمى قوشۇلدى. بۇ خىل ئەھۋال چېگرا رايون خەلقىنى توختىماي قارشىلىق قوزغاشقا مەجبۇر قىلدى.

تەيپىڭ تيەنگو ۋە شەنشى - گەنسۇ خۇيزۇلار قوزغىلىڭى قاتارلىق كۆرەشلەرنىڭ ئىلھامى بىلەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۆپ قىسىم جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى. بىراق، دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكى ئەربابلار جايلاردىكى قوزغىلاڭلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ھەر قايسى جايلاردا بەش فېئودال تەپرىقىچى ھاكىمىيەت قۇرغاچقا، فېئودالىزمغا قارشى كۆرەش ئۆز ئارا تەسىر دائىرە تالىشىدىغان ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە، چېگرا رايوندىكى ئىچكى ئۇرۇش چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

تۇڭجى 4 - يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند خانلىقىنىڭ ئوفىتسېرى ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلدى. خوتەن، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى خەلقلەر ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىپ قەھرىمانلىق بىلەن ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئېچىنىشلىق ھالەتتىكى كۆرەش دۈشمەننىڭ تاجاۋۇز قىلىش سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. بەش يىلدىن كېيىن، ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭ، تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە ماناس قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى.

چاررۇسىيە «جۇڭگو - روسىيە غەربىي شىمالىي چېگرالارنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى» ئارقىلىق جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىن 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەرنى كېسىپ ئېلىۋالغىنىغا قانائەت قىلماي، ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىشتىن پايدىلىنىپ، تۇڭجى 10 - يىلى ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلدى. غۇلجىدىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، شىبە، خۇيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن باتۇرانە كۆرەش قىلدى. چاررۇسىيە قوشۇنى ئىككى ئايدىن ئارتۇق قانلىق قىرغىن قىلىش ئارقىلىق ئىلىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋالدى.

دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن كېلىپ چىققان غەربىي شىمالىي چېگرا رايون كرىزىسى مەملىكەتتىمىزدىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى نەچچە قېتىم لەشكەر يۆتكەپ ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەي، ئەڭ ئاخىرىدا شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى زوزۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭنىڭ غەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا پەرمان چۈشۈردى. گۇاڭشۇ 2 - يىلى (1876 - يىلى) يازدا، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى باشلىنىپ، بىر يىلدىن كېيىن ئاخىرلاشتى. بۇ ھەقتە زوزۇڭتاڭ: «قوشۇنىمىزنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز ۋە چاققان بولدى، بۇنىڭدەك ھەرىكەت ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ» دېگەن («گۇاڭشۇي خان دەۋرانىدىكى شەرقىي قەسىردە ساقلانغان خاتىرىلەر» 503 - بەت). شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ناھايىتى تېزلا غەلىبە قىلدى.

قوقەند تاجاۋۇزچىلىرى قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى سۆھبەتلىشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانغا ماقۇل كەلدى. بىر قۇر تالاش - تارتىش ئارقىلىق گۇاڭشۇ 7 - يىلى «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالاندى، روسىيە ئىلىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى قايتۇرۇپ بەردى. بىراق، ئىلىنىڭ قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى تەرىپىنى، يەنى 70 نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگو زېمىنىنى ئۆز تەۋەسىگە كىرگۈزۈۋالدى.

شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۇزاق مۇددەت يولغا قويۇلغان بەگلىك تۈزۈمىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇ ئالۋان - ياساق تۈزۈمى ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ ھاشار بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ۋە ماددىي نەرسىلەر بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇلۇشلۇك تۈزۈمدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتى.

1911 - يىلى، شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدىكى ئىنقىلابىي پارتىيىدىكىلەر قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شىنجاڭ خەلقىمۇ مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن جۇمھۇرىيەتنى كۈتۈۋالدى. فېئودال پادىشاھ ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئىجتىمائىي خاراكتېرى ئۆزگەرمىدى، چېگرا رايون بۇرۇنقىدەكلا جاھانگىرلار كۆزلەيدىغان نىشان بولۇپ قېلىۋەردى.

چېگرا رايوندا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوزغاش XX ئەسىردىكى جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق سەپەسى»نى تارقىتىپ، ئاز ساندىكى قارانىيەتچىلەرنى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا كۈشكۈرتتى ھەمدە 1933 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەردە قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بىراق، بۆلگۈنچىلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەچكە، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن، قورچاق ھاكىمىيەت پەقەت ئۈچ ئايدىن كېيىنلا گۇمران بولدى. قورچاق «باش مىنىستىر» قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭ قالغان شېرىكلىرى چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ، ئامېرىكىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، بەزىدە يەنە دۆلىتىمىزگە قايتىپ كېلىپ شىنجاڭنى مالىماتاڭ قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب قىلدى، يىراق چېگرا رايونىمۇ ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ تۈزۈپ، 100 دىن ئارتۇق كومپارتىيە ئەزاسىنى شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ھەر مىللەت خەلقى پۇل ۋە مال - مۈلۈك ئىئانە قىلىپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەردى. شىنجاڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سەپ بازىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرغان 1944 - يىلىنىڭ قىش پەسلىدە، ئىلى ۋىلايىتىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قوزغالدى ھەمدە ناھايىتى تېزلا چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە كېڭىيىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە ئەۋج ئالدى. بۇ تارىختا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن يىراق شەرققە ئەسكەر چىقىرىپ ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇنچە، ئىلگىرىكى ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشىدا ياپونىيە تارتىۋالغان چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىش توغرىسىدا ۋەدە قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشىپ، جۇڭگو بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە ئالدىرىدى ھەمدە ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئارقىلىق بۇنى مۇقىملاشتۇردى، شۇنداقلا ئۇ جۇڭگوغا قارىتىلغان سىياسىتىنى تەڭشەپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان تىنچلىق سۆھبىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ 1945 - يىلى 8 - ئايدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو- سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» ۋە ئۇنىڭ ئالماشتۇرۇلغان ئىككى پارچە ھۆججىتىدىكى شىنجاڭغا چېتىلىدىغان ئاساسلىق مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ.

1946 - يىلى 6 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ۋە ئىككى قوشۇمچە كېلىشىم تۈزۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھانلار رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى. بۇ ھۆكۈمەت ئادەتتە «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاللابۇرۇن كوممۇنىزمغا قارشى، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان بولۇپ، شىنجاڭدىمۇ

تىنچلىق بىتىمگە قارشىلىغان بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرى ئۈزۈلمىدى، ئەڭ ئاخىرىدا گومىنداڭ تەرەپ مەسئۇدنى رەئىسلىككە تەيىنلەشنى قارار قىلدى. ئۆلكىلىك هۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىدىغان ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى غەزەپلىنىپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. ئەسلىدىلا «بىرلەشكەن، بىراق كېلىشەلمىگەن» ئۆلكىلىك هۆكۈمەت شۇئان «بۆلۈنگەن، ئەمما پارچىلانمىغان» هالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىقلار غۇلجىغا قايتقاندىن كېيىن، دەرهال ئىنقىلابنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە كىرىشىپ، ئىنقىلابنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىنى توغرىلىدى. 1948 - يىلى، «شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى هىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەتتە سىرتتىن كەلگەن «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامدىن ۋاز كېچىلىپ، «شىنجاڭ» دېگەن قانۇندا بەلگىلەنگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ بۆلگۈنچىلىكنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرىكى خاتا تەشۋىقاتلىرىغا قارشىلىغان ئۈچۈق ئىنكار هېسابلىنىدۇ.

*هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى* ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىشى، شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىگە ناهايىتى زور ئىلهام بەردى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتى، ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە پائال ماسلىشىپ، غەربىي تەرەپتىن گومىنداڭ قوشۇنىغا قىسىپ هۇجۇم قىلدى.

ئۇرۇمچىنىڭ ۋەزىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. جاڭ جىجوڭنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، ئالدى بىلەن تاۋسىيۈ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى؛ كەينىدىنلا گومىنداڭ هۆكۈمىتى بۇرهاننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. بۇ قېتىم يۇقىرى قاتلام كادىرلارنى ئالماشتۇرۇشتىكى دەسلەپكى مەقسەت، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتكە قايتىپ كېلىپ داۋاملىق خىزمەت قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن هەققەتكە قايتىشى ئۈچۈن كادىرلار ئىشلىرى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن هەققەتكە قايتىش تەييارلىق خىزمەتلىرى 1949 - يىلى 2 - ئايدا باشلىنىپ، 5 - ئايدا روشەنلەشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئارمىيە بىلەن هۆكۈمەت تەڭ ئىش باشلاپ قىسمەن تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئالاقىچى دېڭ لىچۈن غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋە ئۆلكىلىك هۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئەهۋالىنى ۋاقتىدا مەركەزگە دوكلات قىلدى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ئالاقىدار زاتلارغا بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىهەت كېڭىشى يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتنىشىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى يەتكۈزدى. گەنسۇ، چىڭخەي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئازاد بولغاندىن كېيىن، دېموكراتىك تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاستىدا، جاهىل ئۇنسۇرلار هەربىي هوقۇقىنى تاپشۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق تەيۋەن ياكى چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ۋە 26 - كۈنى، تاۋسىيۈ، بۇرهان باشچىلىقىدىكى ئارمىيە ۋە هۆكۈمەت دائىرىلىرى ئايرىم - ئايرىم هالدا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، تىنچلىق بىلەن هەققەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. 10 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. شىنجاڭ ئازاد بولدى. شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى يىراق چېگرا رايوندا مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى كۈتۈۋالدى.

**كونا تاش قورال خارابىلىرى** كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ. ئاساسلىقى ئىككى ئورۇندا بايقالغان: ① تۇرپان يارغول قەدىمكى شەهىرىنىڭ غەربىي غولىدىكى تەكشى تۆپىلىك. تاش قوراللار ئىچىدىكى بىر دانە چانىغۇچ بىلەن بىر دانە يالپاق تاش قورال قىزىلغان يەرنىڭ بىرىنچى قاتلىمىنىڭ ئاستىدىن يىغىۋېلىنغاندىن سىرت (بۇ قاتلامنىڭ قىزىلغان يەرنىڭ ئۈستى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن ئون مېتىر كېلىدۇ) ، قالغان تاش قوراللار پۈتۈنلەي يەر يۈزىدىن يىغىۋېلىنىدى. تاش قوراللار ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ياپراقسىمان قىرغۇچلارنى ۋەكىل قىلغان مەدەنىيەت يالدامىلىرىدىن جەمئىي 580 دانە بولۇپ، تاش يالپاقلار، تاش ياپراقلار، يونىغۇچ، هەرەچىشسىمان قورال، ئۈچلۇق قورال، ئۇشكە، ئويغۇچ، چاپقۇچ - سوققۇچ، تاش ئۆزەك، چانىغۇچ ۋە تاش پارچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇششاق تاش ئۆزەكلەرنى ۋەكىل قىلغان مەدەنىيەت يالداملىرىدىن جەمئىي 32 دانە بولۇپ، ئۇششاق تاش ئۆزەك ۋە ئۇنى ياسىغاندا چىققان تاش يالپاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② تاشقورغان جىرغالدىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە

تەۋە خارابە. تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىدى-
كى ئۈچىنچى قاتلام يەرنىڭ چۆكۈندە قاتلىمىدىن بايقال-
غان بولۇپ، ئاساسلىقى سۇنىشي ئۇتتىن پايدىلانغان
ئىزدىن ئىبارەت. ئوت كۆيگەن ئىز يەر يۈزىدىن بەش
مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈلگەن. كۈل ئىچى-
دىن ئاز مىقداردا كۆيدۈرۈلگەن سۆڭەك بايقالدى، كۈل-
نىڭ ئەتراپىدىكى چۆكۈندىلەر ئارىسىدا يەنە ھايۋانات
سۆڭەكلىرى بار. ئۈچىنچى قاتلام يەرگە يېقىن كەلگەن
تىك يار ئۈستىدىن سوقۇپ ياسالغان تاش قورالدىن بىر
دانە ۋە مەلۇم ساندا تاش پارچىلىرى تېپىلدى. يۇقىرىدا
تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىككى ئورۇندىن باشقا، پىچان
ناھىيىسىدىكى تۆكتى تاش قورال خارابىسىدىن سوقۇپ
ياسالغان تاش قورالدىن 100 دىن ئارتۇقى يىغىۋېلىن-
دى، ئۇلار ئاساسەن تاش ياللاق، تاش ياپراق، تاش
ئۆزەك ۋە ھەرخىل يونىغۇچلاردىن ئىبارەت. يىغىۋې-
لىنغان تاش قوراللارنىڭ تىپى ۋە سوقۇپ ياسىلىش
ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن يارغول قەدىمكى شەھىرى-
نىڭ غەربىي غولىدىكى تەكشى تۆپىلىكتىن تېپىلغان
تاش قوراللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. دېمەك، ئۇلار بىر
دەۋرنىڭ بۇيۇملىرى بولسا كېرەك. ئۈرۈمچى ساي گەمە
كۆلى بويىدىكى تاش قورال خارابىسىدىن يىغىۋېلىنغان
تاش قوراللارمۇ ئاساسىي جەھەتتە ياپراقسىمان قىرغۇچ-
لارنى ۋەكىل قىلغان سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆششاق قورال ئەمەس.
تاش ياپراق قىرغۇچلارنى كونا تاش قورال دەۋرنىڭ
ئاخىرقى مەزگىلىگە تەۋە قىلىش، نۆۋەتتە ھەرقايسى
ئەل ئارخېئولوگلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىۋاتقان ئۇ-
سۇل ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆششاق تاش قورال خارابىلىرى** ئۆششاق
تاش قوراللار بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10000 ~4000
يىللار ئىلگىرىكى شەكلى ئۆششاق ھەم كىچىك بولغان
سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللاردۇر. بۇنىڭ تىپىكلىرى
ۋاستىلىك سوقۇپ ياساش ۋە قىرىپ يونۇش قاتارلىق
ئالاھىدە تېخنىكىلار ئارقىلىق ياسالغان تاش ياپراق ۋە
تاش ئۆزەكلەر ھەمدە قايتا پىششىقلاش ئارقىلىق ياسال-
غان ئوۋ ئوۋلاش ۋە كېسىش ئەسۋابلىرىدۇر. بۇ بېلىق
تۇتۇش، يىغىمچىلىق ئىگىلىكى تۇرمۇشنى ئىپادىلەي-
دۇ. شىنجاڭدا ھازىرغا قەدەر مۇشۇنداق خارابىلەردىن
50 كە يېقىنى بايقالغان بولۇپ، ئۇلار ھەممە جايلارغا
تارقالغان. بىر قەدەر مۇھىملىرىدىن قۇمۇل شەھىرىدى-
كى تارانچى، يەتتە قۇدۇق، پىچان ناھىيىسىدىكى دى-
غار، ياتقىر، تۇرپان شەھىرىدىكى ئاستانە، يارغول،
توقسۇن ناھىيىسىدىكى ئويمان بۇلاق، ئۈرۈمچى شەھى-
رىدىكى ساي گەمە، مورى ناھىيىسىدىكى چىچىڭزى،
سىداۋگۇ، فۇكاڭ شەھىرىدىكى فۇبېي دېھقانچىلىق مەي-
دانى، شىخەنزە شەھىرىدىكى 105 - تۇەن مەيدانى،
ئالتاي شەھىرىدىكى شەمىرشەك، قابا ناھىيىسىدىكى
جىبدى قارىن، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى ئو-
پال، گۇما ناھىيىسىدىكى كىلمىياڭ، كېرىيە ناھىيىسى-
دىكى كىچىك يۇلۇ، باش كەڭسۇلا ۋە مارالبېشى، قارا
شەھەر، لوپنۇر رايونى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەر-
ياسى، نىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كوئىنلۇن
تېغىنىڭ ئالدى تاغلىق رايونى قاتارلىقلار بار. تاش
قوراللارنىڭ تىپى ئۆزئارا يېقىن كېلىدۇ، ئۇلار ئاسا-
سلىقى ئۆششاق تاش ياپراق، تاش ئۆزەك ۋە قايتا پىش-
شىقلاپ ئىشلەنگەن يونىغۇچ، ئۈچلۈق قورال، ئوي-
غۇچ، باشاق، نەيزە قاتارلىقلار بولۇپ، ئالاھىدىلىكى-
دىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگونىڭ شىمالىي
يايلاق رايونلىرىنىڭ ئۆششاق تاش قوراللىرى بىلەن بىر
قەدەر زور ئورتاقلىقتا ئىگە. خارابىلەرنىڭ كۆپ ساندى-
كىسى چۆل - جەزىرىدە بولغاچقا، بۇيۇملار ئاساسەن
تەكشۈرۈش جەريانىدا يىغىۋېلىنغان بولۇپ، قېزىۋېلىن-
غانلىرى ناھايىتى ئاز. نۇرغۇن ئورۇنلاردىن سۈركەپ
ياسالغان تاش قوراللار، ساپال پارچىلىرى ۋە مېتال
بۇيۇملار بىللە تېپىلغان بولۇپ، مۇناسىۋىتى مۇرەك-
كەپ، ئېنىق يەر قاتلىمى بولمىغاچقا، كونكرېت يىل
دەۋرنى بېكىتىش تەسكە توختايدۇ. تىپولوگىيىدىن
پايدىلىنىپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇ-
لارنىڭ دەۋرنىڭ ئەڭ بۇرۇن دېگەندە بۇنىڭدىن 10
مىڭ يىل بۇرۇن بولۇشى مۇمكىنلىكى مۆلچەرلەنمەك-
تە. نۆۋەتتە قېزىلغان يەرنىڭ يەر قاتلىمى مۇناسىۋىتى
ئېنىق بولغانلىرىدىن كۆنچى دەرياسىدىكى گۇمۇگۇ قەب-
رىستانلىقىلا بار. بۇنىڭدىن باشقا، شەمىرشەكتىكى
تاش تاۋۇتلۇق قەبرىدىن ئۆششاق تاش باشاق، سىداۋگۇ
خارابىسىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن ئۆششاق تاش ئۆزەك
قېزىۋېلىندى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ ئورۇندىن
كۆپ مىقداردا كۆندۈرۈلۈپ بېقىلغان ھايۋانلارنىڭ سۆ-
ڭەكلىرى تېپىلدى، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئى-
گىلىكىدە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان، ھەممىسى
برونزا دەۋرىگە تەۋە بولۇپ، مۇتلەق يىل دەۋرى مىلادى-
يىدىن 2000 - يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا ياكى تېخىمۇ
بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى شىنجاڭنىڭ
ئۆششاق تاش قورال دەۋرىنىڭ تۆۋەن چېكى دەپ
قاراشقا بولىدۇ.

بىرونزا دەۋرى خارابىلىرى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق كوممۇنىسى مەزگىلىگە مەنسۇپ. بىرونزا قوراللار كىچىك تىپتىكى سايمانلار ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئاساس قىلغان، چوڭ تىپتىكى بۇيۇملار ناھايىتى ئاز، رەڭدار ساپاللارمۇ بار. مۇتلەق دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىرگىچە بولغان زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بەش خىل تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ.

*يانبۇلاق مەدەنىيىتى* ئاساسلىقى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تەڭرىتاغ ئاساسىي چوققىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تارقالغان بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىدىكى تەڭرىتاغ شىمالىي يولى قەبرىستانلىقى، قارا دۆڭ، يانبۇلاق قەبرىستانلىقى، باركۆلدىكى نەنۋەن قەبرىستانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ مەدەنىيەت گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىرونزا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەڭرىتاغ شىمالىي يولى قەبرىستانلىقىدا چىجيا مەدەنىيىتى، سىبا مەدەنىيىتىنىڭ ئامىللىرى كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن ھەمدە تەدرىجىي ھالدا شىمال ۋە غەرب تەرەپتىكى نەنۋەن ۋە قارا دۆڭ قاتارلىق جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا مەزگىلدە شەرقتىن كەلگەن ئامىللار پەيدىنپەي ئاجىزلاپ، يەرلىك ئامىللار كۈچەيگەن. ئاخىرقى مەزگىلدە يەرلىك مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى تولۇق نامايان بولغان. قەبرىستانلىقتا جەسەتلەر ناھايىتى زىچ دەپنە قىلىنغان، يەر ئۈستىدە قەبرە بەلگىسى يوق. قەبرىلەر تىك ئازگاللىق ياكى تىك كولانغان كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان لەھەتلىك قەبرىلەردىن ئىبارەت. جەسەتلەر پۈت ـ قوللىرى پۈكلەنگەن ھالەتتە دەپنە قىلىنغان، يالغۇز دەپنە قىلىش بىلەن كۆپ جەسەتنى بىرگە دەپنە قىلىش مەۋجۇت بولغان ھەم دەپنە بۇيۇملار ئىچىدە مىس بۇيۇملار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، پىچاق، بىگىز، ئورغاق، چوت، ئىسكىنە، نەيزە، كۆزگۈ ۋە بېزەكلەردىن ئىبارەت. ئاز ساندىكى بۇيۇملار ساپ مىس ۋە ئارسىن ئارىلاشتۇرۇلغان مىستا ياسالغاندىن سىرت، كۆپ ساندىكىسى قەلەي ئارىلاشتۇرۇلغان مىستىن ياسالغان. رەڭدار، سىدام ساپال بۇيۇملار ھەم ياغاچ، سۆڭەك بۇيۇملار مەۋجۇت بولغان.

*چاپچال مەدەنىيىتى* چاپچال قەبرىستانلىقىدىن سىرت، يەنە قاپچىغاي قەبرىستانلىقى بىلەن بەلچىر قەبرىستانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ئالىملار بۇگۇردىكى چومپاق، بايدىكى قىزىل قەبرىستانلىقلىرىنىمۇ مۇشۇ مەدەنىيەت ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسلىق يالدامىسى چوڭ تىپتىكى ئۇرۇق قەبرىستانلىقى بولۇپ، تاغ قاپتىلى ئۈستىگە جايلاشقان. قەبرىلەر تىك ئازگاللىق تاش قورشاۋلىق تاش لەھەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تىزىلىشى زىچ ۋە رەتلىك، ساپال بۇيۇملار جوغىلىق قاچىلارنى ئاساس قىلغان، رەڭدار ساپاللار بىر قەدەر مول بولۇپ گۈل نۇسخىلىرى ئاساسەن بويۇن، قورساق قىسمىلىرىغا ۋە ئىچكى گىرۋىكىنىڭ ئاستى قىسمىغا چۈشۈرۈلگەن؛ يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك. مىس بۇيۇملاردىن كىچىك پىچاق، بىگىز، ئات جابدۇقلىرى قاتارلىقلار بار. كۆپ ساندىكىسىگە قەلەي ئارىلاشتۇرۇلغان، ئاز مىقداردىكىسى ساپ مىستىن ياسالغان بولۇپ. ئەتراپتىكى چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى يالدامىلىرى بىلەن خېلى چوڭ ئورتاقلىقى بار. بۇ مەدەنىيەتنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەپ بېكىتىلگەن مۇتلەق دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 500 ـ يىلغىچە بولغان زامانلارغا تەۋە بولۇپ، بىرونزا دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ.

*كۆنچى دەرياسى قەبرىستانلىقى* كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بارخانلار ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، قەبرىلەر پۈتۈنلەي تىك ئازگال شەكىللىك. ئاز ساندىكىسىنىڭ ئۈستىگە يەتتە قات چەمبەرسىمان ياغاچ ئورنىتىلىپ، ئاندىن تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە ياغاچ قوزۇقلار نۇر چېچىلىۋاتقان شەكىلدە تۇرغۇزۇلغان. قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئاساسەن يۇڭ توقۇلمىلار، چىۋىقتا توقۇلغان كومزەكلەر ۋە ياغاچ قاچا قاتارلىقلار بولۇپ، مىستا ياسالغان زىننەت بۇيۇمىدىن ئۈچ دانىلا تېپىلدى. ئۇلار پۈتۈنلەي قىزىل مىستىن ياسالغان بولۇپ، بىرونزا قورال ۋە ساپال بۇيۇم بايقالمىدى، ئەمما ھەممىدەپنە قىلىنغان كۆپ مىقداردىكى ياغاچ بۇيۇملارنىڭ ئۈستىدە ئۆتكۈر ئەسۋابنىڭ ئىزى ساقلانغان. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەپ بېكىتىلگەن دەۋرى بۈگۈندىن 3800 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بىرونزا دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ.

*تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى خارابىلەر* خوشۇت ناھىيىسىدىكى شىنتاران، كۇچا ناھىيىسىدىكى قارادۆڭ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى قارا يۇلغۇن، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى ئاقدالا خارابىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خارابىلەردە كىچىك كۆلەملىك

قېزىش ئېلىپ بېرىلىپ، كىچىك تىپتىكى مىس قورال، تاش قوراللار ۋە ساپال قاچىلار قېزىۋېلىندى. تۆمۈر قوراللار تېپىلمىدى. شىنتاران خارابىسىنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەپ بېكىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ 3500 يىل بۇرۇنقى دەۋر ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئويمانلىقنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىقلاردىكى دەسلەپكى مەزگىل مەدەنىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

*جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى برونزا مەدەنىيىتى خارابىلىرى* ئالتاي شەھىرىدىكى شەمىرشەك، چۆچەك شەھىرى سەھىيە مەكتىپى، تولى ناھىيىسىنىڭ ساز كەنتى، شىخەنزە شەھىرى سېمونت زاۋۇتى ۋە مورى ناھىيىسىدىكى سىداۋگۇ قاتارلىق جايلاردىكى خارابىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار رەسمىي قېزىلمىغان، ئېرىشكەن ماتېرىياللار ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، ئاندىرونوۋ ۋە قاراسۇق مەدەنىيىتى بىلەن كۆپرەك مۇناسىۋىتى باردەك قىلىدۇ.

**دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرى خارابىلىرى** مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VII ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياكى تېخىمۇ كېيىنگە توغرا كېلىدىغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يالدامىلىرىدۇر. يانبۇلاق مەدەنىيىتى ۋە چاپخا مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ كىچىك تىپتىكى تۆمۈر بۇيۇملار بايقالدى. ئۇلار تۆمۈر پىچاق ۋە بىزەك بۇيۇملارنى ئاساس قىلغان. بۇلار نۆۋەتتە شىنجاڭدىن بايقالغان ئەڭ دەسلەپكى تۆمۈر بۇيۇملار بولۇپ، مۇتلەق يىل دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VII ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى V ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بەلچىر قەبرىستانلىقى، قابچىغاي قەبرىستانلىقى، بۈگۈر ناھىيىسىدىكى چومپاق قەبرىستانلىقى، تاشقورغان ناھىيىسىدىكى شامبابا قەبرىستانلىقى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنشەن كان رايونىدىكى ئالغوي قەبرىستانلىقى قاتارلىقلاردىنمۇ بەزى تۆمۈربۇيۇملار بايقالدى. پىچاق ۋە بىزەك بۇيۇملاردىن سىرت، يەنە ئۇرغاق، خەنجەر، بىگىز، نەيچە ۋە قازان پارچىلىرى قاتارلىقلارمۇ تېپىلدى. ئۇلارنىڭ دەۋرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن تۆمۈر بۇيۇملارنىڭ دەۋرىنى بەزى ئالىملار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 يىل ئىلگىرىكى مەزگىللەرنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمما بۇ ئېنىق ئەمەس. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە تەۋە قەبرىستانلىقلاردىن ئاساسلىقى سۇ بېشى قەبرىستانلىقى بولۇپ، دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى II ئەسىرگىچە بولغان چاغلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ جايدا تۆمۈر قوراللار بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلگەن. نۆۋەتتە شىنجاڭدا بايقالغان دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە تۆمۈر قوراللار پۈتۈنلەي قەبرىلەردىن قېزىۋېلىندى. بۇ دەۋردىكى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە تۇپا (ياكى تاش) دۆۋىلەنگەن بولۇپ، برونزا دەۋرىنىڭكىدەك تاش دائىرە ياكى تاش قورشاۋ چىقىرىلمىغان.

**نۇراساي قەدىمكى مىس كېنى خارابىسى** شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە مىس قېزىش ۋە تاۋلاش خارابىسى. نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر جەنۇبىدىكى نۇراساي مىس كېنى رايونىغا جايلاشقان. كان خارابىسىدە قەدىمكى كان قۇدۇقلىرىدىن ئون نەچچىسى بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى ئالتە مېتىر، ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر كېلىدىغان قېزىلغان رايونمۇ بار. كان لەخمىسى ئىچىدە توغرىسىغا تېرەلگەن ياغاچلار بولۇپ، ئۆڭكۈر ئاستىدىن بىر ئۈچى يۇمىلاق، ئىككى ئۈچى يۇمىلاق شەكىللىك كان قېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان تاش توقماقچە، سۆڭەك پارچىسى ۋە كۆمۈر پارچىلىرى قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى. كاننىڭ يېقىن ئەتراپىدا تاۋلاش ئىزى بولۇپ، دۆۋىلەنگەن داشقالنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 ~ 50 مېتىر، كەڭلىكى بىر يېرىم ~ ئىككى مېتىر، قېلىنلىقى يېرىم مېتىر ~ ئىككى مېتىر كېلىدۇ. داشقال دۆۋىسىدىن رۇدا، ياغاچ كۆمۈر، تاش قورال، ھايۋان سۆڭەكلىرى بىلەن خېلى كۆپ ساندا تاش پاقا چىغىنقىسمان كالىلەك مىسلار تېپىلدى. بۇ كالىلەك مىسلارنىڭ ئېغىرلىقى ئون كىلوگرام كېلىدۇ، سپېكتىر ئانالىزى ئارقىلىق مەلۇم بولۇشىچە، مىس مىقدارى 60% دىن ئاشقان، ئارسېن مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى. كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەپ بېكىتىلىشىچە، خارابىنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

**غار رەڭلىك رەسىملىرى** بۇلار شىنجاڭدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ رەسىم يالدامىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقىلىرى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل يالدامىلار ئاساسەن ئالتاي تېغىغا

تارقالغان بولۇپ، مۇھىم ئىزلاردىن ئالتاي شەھىرىدىكى ئاقتاس، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى تاشبالتاس، قابا ناھىيىسىدىكى ساربۇلاق ۋە دوغاتتىكى رەڭلىك رەسىملەر سىزىلغان ئۆڭكۈرلەر بار. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تېكەس ناھىيىسى چىلتۇرەك يېزىسىدىكى ئاقتاس، پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى قاغىلىق ناھىيىسى جىيان يېزىسىنىڭ ئارغانلىق كەنتى، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى گۇما ناھىيىسىدىكى ئارشى ئۆڭكۈر قاتارلىق جايلاردىمۇ ئوخشاش رەڭلىك رەسىملەر بايقالدى. غارلار ئاساسەن سۇ ۋە ئوتچۆپلىرى مول، كىشىلەر تولىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق بولغان جايلارغا ئورۇنلاشقان. رەسىملەر پۈتۈنلەي قىزىل رەڭلىك بوياقتا سىزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى كۆپىنچە ئوۋ ئوۋلاش، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى، قول ئىزى، ئۇسسۇل كۆرۈنۈشى، گېئومېتىرىك شەكىللەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دوغاتتىكى ئۆڭكۈرگە سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەردە كىشىلەرنىڭ ئوزۇن نەيزە، ئاتار نەيزە، ئارقىلىق ئوتخور چوڭ ھايۋانلاردىن كالا، ئاتلارنى قورشىۋېلىپ ئوۋلاۋاتقانلىق كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن، ئوۋچىلار قوللىرىدا نەيزە ۋە قالقان تۇتقان بولۇپ، ئوقيا ئىشلەتمىگەن، بۇ ئىنسانلارنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تېخى قەدەم قويمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تاشبالتاس غارىدىكى رەڭلىك رەسىملەر ئاساسەن نەچچە گۇرۇپپا ئاياللار جىنسىي ئەزاسى رەسىمى ۋە ئېگىز قالپاق كىيگەن شامانىڭ ئوبرازى بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى چارۋىچىلارنىڭ پىرىخونلۇقنى قوللىنىپ، ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى، ئاياللارنىڭ كۆپ تۇغۇشىنى تىلىگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. بۇ رەسىملەر ئىپتىدائىي پىرىخونلۇق، ئىپتىدائىي دىن ۋە جىنسقا تېۋىنىش ئىدىيىسىنى، ئىپتىدائىي ئۇسسۇل، رەسساملىق سەنئىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. مۇتلەق يىل دەۋرىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ بالدۇرلىرى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى چاغقا توغرا كېلىدۇ.

قىياتاش رەسىملىرى قەدىمكى زاماندىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئېگىز تاغلاردىكى ئۆڭكۈرلەر ۋە قىياتاشلارغا ئويغان رەسىملەردۇر. قىياتاش رەسىملىرى ئاساسەن ئالتاي تاغلىرىغا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق يەرلەرگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىگە تارقالغان بولۇپ، پامىر، كۇئېنلۇن، ئالتۇنتاغ رايونلىرىغىمۇ ئاز مىقداردا تارقالغان. كونكرېت ئورۇنلىرى ئاساسەن سۇ - ئوتلىرى ئەلۋەك بولغان قىشلاق، كۆچكەندە ماڭىدىغان مۇھىم يوللار، شەكلى ئالاھىدە كەلگەن ۋە يۈزى تەكشى تاغلىق ئورۇنلاردىن ئىبارەت. تولۇق بولمىغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ خىل يالداملار جەمئىي 300 گە



ئالتاي قىياتاش رەسىملىرى

يېقىن ئورۇندا بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتاي شەھىرىدىكى دولان، چۆگۈچى، لوتوفېڭ، چىڭگىل ناھىيىسىدىكى سۇ ئامبىرى، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى بۇلات، شۇيۈك چال، قابا ناھىيىسىدىكى تاشبالتاس، جارتاس قورا، جېمىنەي ناھىيىسىدىكى تاتىكىش قوراسى؛ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تاغلىق رايوندىكى چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى بارداكۆل، تولى ناھىيىسى مايلى تېغىدىكى قاراچوق چارۋىچىلىق مەيدانى؛ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى كاڭجياشىمېنزى (كالڭ ئائىلىسىنىڭ تاشقوۋۇقى)، مورى ناھىيىسىدىكى بوستان چارۋىچىلىق مەيدانى، گۈچۈڭ ناھىيىسىدىكى بەيتىك؛ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى توقسۇن ناھىيىسىدىكى كۆجەي؛ پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ دەرياسى ۋادىسى؛ ئالتۇن تاغ ئېتىكىدىكى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ مۆلچەر دەرياسى ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىزلار ھېسابلىنىدۇ. قىياتاش رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنلىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ھايۋانلاردىن ئارقار، بۇغا، كالا، ئات، تۆگە، قوتاز، يىلپىز، ئىت، تۈلكە قاتارلىقلار رەسىمى ۋە قول ئىزى، ھارۋا، چاق، گېئومېتىرىك شەكىللىك ئىزلاردىن ئىبارەت. يەنە ئوۋ

ئوۋلاش، قورشىۋېلىپ ئوۋ قىلىش، جەڭگە ئاتلىنىش،
ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىۋاتقانلىقى،
ئۇسسۇل ئويناش، شامان ئىلاھى قاتارلىق ئىجتىمائىي
تۇرمۇش ئىپادىلەنگەن رەسىملەرمۇ بار. بۇ رەسىملەرگە
قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مال ـ چارۋى-
لىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئوۋ ئوۋلاش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇش-
لۇق بولۇشى ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلتىجا قىلى-
دىغان پسىخىكىلىق ھالىتى مۇجەسسەملەنگەن. بەزى
ئورۇنلارنىڭ ئەينى زاماندا ئىپتىدائىي پىرىخونلۇق پائا-
لىيىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكى ئېنىق.
نۆۋەتتە بۇ رەسىملەر قەدىمكى شىنجاڭدىكى كۆچمەن
چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىپتىدا-
ئىي دىنى، ئۇسسۇلى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەمدە
جىنسىقا تېۋىنىش ئىدىيىسى قاتارلىقلارنى تەھلىل قى-
لىشتا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. ئورغۇنلى-
غان قىياتاش رەسىملىرى بىرونزا دەۋرى بىلەن دەسلەپ-
كى تۆمۈر قورال دەۋرىگە تەۋە يادىكارلىقلار ھېسابلىنى-
سىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كونكرېت دەۋرى ۋە قىياتاش
رەسىملىرىنى قالدۇرغان ئادەملەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى
يەنىلا يۇتۇنلەي ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەر ھېسابلىنى-
دۇ.

**كاڭجيا شىمىنزى قىياتاش رەسىمى** بۇ قەدىم-
كى ئاھالىلەرنىڭ جىنسىقا تېۋىنىش پىرىخونلۇقىنى ناما-
يان قىلىدىغان قىياتاش رەسىم ئىزى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ
تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قۇتۇبى ناھىيىسى-
نىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كاڭجياشىمىنزىدا بولۇپ،
تەڭرىتاغنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرى
بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلى-
دۇ. بۇ قىياتاش رەسىمى قەدىمىي قورغانغا ئوخشاپ
كېتىدىغان قوڭۇر رەڭلىك تاغ چوققىسىنىڭ تۆۋىگە
چېكىلگەن بولۇپ، تاغ ئالدى بۈك ـ باراقسان، ئەتراپى
جىلغا بىلەن ئورالغان. رەسىم مەزمۇنى «كاتتىلار يو-
سۇنلىرى» دا خاتىرىلەنگەن «ئېدىرلىق ئەركەك، جىلغى-
لار چىشى» دېگەن تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئىدىيىسى بىلەن
ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. رەسىمنىڭ كۆلىمى 120 كۋاد-
رات مېتىرغا يېتىدۇ، چېكىلگەن ئادەم ئوبرازى 300
دىن ئارتۇق بولۇپ، چوڭلىرى راست ئادەمدىن چوڭ-
راق، كىچىكلىرى ئون سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.
رەسىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى زىلۋا بوي، كەڭ كۆك-
رەكلىك، ئىنچىكە بەللىك ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ياتقان
ئەرلەرنىڭ ئالدىدا بىر جۈپ ئاتنى چۆرىدەپ ئۇسسۇل
ئويناۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى؛ ئەر ـ ئاياللار جىنسىي مۇنا-
سىۋەت قىلىشىۋاتقان ، ئاستىنى ئەرنىڭدە بىر توپ بالى-
لار خۇشال ھالەتتە ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش؛ بىر تەنلىك
قوش باشلىق ئەر ـ ئاياللار كۆرۈنۈشى؛ كۆكرىكىگە
ئوغۇل ھامىلە ئوبرازى چېكىلگەن ئەرنىڭ بىر ئايال
بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى؛
مايمۇن يۈزلۈك ئادەملەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلى-
شىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى ۋە يولۋاس ئوۋلاش قاتارلىقلار-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسىمدە ئەرلەرنىڭ جىنسىي
ئەزاسىنىڭ چوڭلۇقى يۈكسەك دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈ-
رۈلۈپ، ئاياللارنىڭ كەڭ كۆكرىكى ۋە بولغان ساغرىلى-
رىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئەرلەرنىڭ كۈچلۈك
نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، قەبىلە



كاڭجيا شىمىنزى قىياتاش رەسىملىرى

جان سانىنىڭ كۆپىيىشى ئىلتىجا قىلىنغان. رەسىملەر-
گە چېكىلگەن ئادەملەرنىڭ ئوبرازى كۆپىنچە يۈزى سو-
زۇنچاق، كۆزى ئىچكىرى، قاڭشارلىق، بېشىغا پەي
قىستۇرغان، ئېگىز قالپاق كىيگەن ھالەتتە تەسۋىرلەن-
گەن. رەسىمدە تۈتاش چېكىت چېكىپ بەدەن ئىزناسى-
نى چىقىرىش ياكى ئومۇمىيۈزلۈك چېكىت چېكىش،
سىلىقلاش ئارقىلىق تېپىز قاپارتما ھاسىل قىلىش تېخ-
نىكىسى قوللىنىلغان. چوڭقۇرراق چېكىلگەن يەردە
ساقلانغان قىزىل رەڭ قالدۇقلىرىنى تەھلىل قىلىشتىن
قارىغاندا، رەسىملەرگە ئەينى زاماندا ئومۇمەن قىزىل
رەڭ بېرىلگەن. قىياتاش رەسىملىرى بار تاغ باغرىدا

ئۇزاق مۇددەت ئوت قالانغاچقا، قېلىنلىقى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا كۆل دۆۋىلىنىپلا قالماي، بەلكى چوڭ تاشلارمۇ ئوتتا كۆيگەنلىكتىن يېرىلىپ كەتكەن. ھەممىگە مەلۇمكى، ئوت يېقىش پېرىخونلۇق پائالىيىتىدىكى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىياتاش رەسىمنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەبرىلەردىن قارىغاندا، بۇ رەسىم مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە پۈتكەن بولسا كېرەك. بۇ ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىپتىدائىي پېرىخونلۇق، ئىپتىدائىي جىنسقا تېۋىنىش ئىدىيىسى ۋە ئىپتىدائىي ئۇسسۇل قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**كىروران قەدىمكى شەھىرى** خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىروران بەگلىكىنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى. ئۇ مىلادىيە II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن IV ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىگىچە بولغان زاماندا، جىن سۇلالىسى ۋە ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى دەۋرلىرىدىكى غەربىي يۇرت دورغابى مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولغان. خارابە چاقىلىق ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. شەھەر خارابىسى سەل چاسا شەكىلدە بولۇپ، سېپىللىرىنىڭ ساقلىنىشى ئانچە ياخشى ئەمەس. سېپىل قالدۇقىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىزناغا ئاساسەن ئۆلچىگەندە، شەرقىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 333.5 مېتىر، جەنۇبىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 329 مېتىر، غەربىي ۋە شىمالىي سېپىللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 327 مېتىر، شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1316.5 مېتىر، خارابىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 108 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلى سېغىز توپىدىن خانداپ ياسالغان بولۇپ، كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان. قالدۇق قىسمىنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن بەش ~ سەككىز يېرىم مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر ~ تۆت مېتىر كېلىدۇ. قوۋۇق ئىزى ئېنىق ئەمەس. شەھەرنىڭ غەربىدە قەدىمكى دەريا قىنىنىڭ ئىزى بار. كۆنچى دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنىدىن شەكىللەنگەن بۇ دەريا، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ شەھەرنى قىيپاش كېسىپ ئۆتكەن، ئۇ ئەينى زاماندىكى كىروران ئاھالىسىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان.

شەھەر ئىچىدىكى خارابىلەر تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچراپ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان. ھازىر شەھەر ئىچىنىڭ سەل شەرقىي شىمالىدا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۇلى چاسا شەكىللىك، ئۈستى كۈمتۈرۈلگەن چۈچەك شەكىللىك بىر بۇددا مۇنارى بولۇپ، ئۇنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇددا مۇنارىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇرۇلۇش ئىزىدىن ياغاچتا ئويۇلغان بۇددا ھەيكىلى، يۈگمەچ ئوت نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن ياغاچ ئويمىنىڭ پارچىلىرى ۋە نىلۇپەر نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ئۇزۇن دەستىلىك ئىسرىقدان قاتارلىق بۇددىزم مەدەنىيىتىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى. قۇرۇلۇش خارابىلىرى ئاساسەن قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا مەركەزلەشكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 125 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز يېرىم مېتىر كېلىدىغان ئۈچ ئېغىز ئۆي ئەڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان خارابە ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ ئېغىز كېسەك ئۆينىڭ غەربىي جەنۇبى، شەرقىي شىمالى بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان بولۇپ، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ قۇرۇلۇش خارابىسى ھېسابلىنىدۇ. يەر يۈزىگە ياتقۇزۇلغان لىم ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا قويۇلغان لىم، تۈۋرۈكلەر چىرىمەي بۇرۇنقىدەكلا تۇرغان.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مەزكۇر خارابە ئىچىدىن خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگە تەۋە نۇرغۇن خەنزۇچە ھۆججەتلەر، كارۆشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر، بەش جۇلۇق يارماق، ھالقا، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە جياپىڭ، تەيشى دېگەندەك يىلنامىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن غەربىي يۇرت دورغابى مەھكىمىسى بىلەن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ خەت ـ ئالاقىلىرى ۋە شەخسىي خەت ـ چەكلەردىن ئىبارەت. ئۇلاردىن غەربىي يۇرت دورغابىغا قاراشلىق مەمۇرىي ئاپپاراتلار، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلەپچىقىرىشى، سۇ ئىنشائاتى ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىر دانە ياغاچ تارشىغا «يىپەك — تۆت مىڭ ئۈچيۈز يىگىرمە ئالتە توپ» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، يىپەك يولىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ روناق تاپقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاتاغلىق غەربىي يۇرت دورغابى لى بونىڭ ئاگنى پادىشاھىغا يازغان خېتى دەل مۇشۇ جايدىن قېزىۋېلىنغان.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ جايدىن نەچچە ئون دانە خەنزۇچە تارشا پۈتۈك بىلەن قەغەزگە يېزىلغان بىر پارچە خەنزۇچە ھۆججەتنى تاپتى. بۇلار بۇ جاينىڭ ۋېي ـ جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى غەربىي دورغابى مەھكىمىسى

نىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ جاينىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدا بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ئادەتتىكى ئۆي خارابىلىرى بولۇپ، تاملىرى يۇلغۇن شاخلىرى ياكى قومۇشتا توقۇلۇپ، ئىچى-سىرتى سۇۋالغان، ياغاچ تۈۋرۈك، لىم، ئىشىكلىرى بار. ئۇلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئاددىي، ئەمما كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. كۆلىمى سەل چوڭراق قورۇلارنىڭ دەرۋازىلىرى، دەھلىزى، ساراي، يان ئۆيلىرى بولۇپلا قالماي، ئۆيلەرنىڭ كەينىدە مېۋىلىك باغلىرىمۇ بار. ئاددىي تۇرالغۇ ئۆيلەر پەقەت بىر ئېغىز كىچىك ئۆيدىنلا ئىبارەت. شەھەرنىڭ سىرتىدا بۇددا مۇنارى، تۇر، قورۇپ كەتكەن توغراقلىق ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە قەبرىستانلىقلار بار.

يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە، شەھەر ئىچىدىن ئۇششاق تاش قورال، قاشتېشى، پالتا، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يېرىم سەرلىك يارمىقى، بەش جۇلۇق يارمىقى، ۋاڭ ماڭ دەۋرىنىڭ داچۈەن ئەللىكلىك يارمىقى، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە مىس كۆزگۈ پارچىسى، سىرلانغان قولاقلىق جام، خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى ئۈچ قىرلىق باشاق، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلار، بىر دانە كۇشانىيە تەڭگىسى، ئەينەك بۇيۇم پارچىسى، ھەرخىل كىچىك تېپتىكى بېزەك بۇيۇم قاتارلىقلار يىغىۋېلىندى. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۇل ئىزىدىن بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە ئىنسانلار پائالىيەت ئىزلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

قەدىمكى شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا، كۆلىمىگە، قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە ھۆججەتلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان « 楼兰 » دېگەن ۋە كارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىكى «Kroraina» دېگەن ناملارغا ئاساسەن، ئالىملار بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى غەربىي خەن سۇلالىسىدىكى كىروران بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولغان، كېيىن غەربىي يۇرت دورغابى مەھكىمىسى مۇشۇ جايدا تەسىس قىلىنغان دەپ قارىماقتا؛ بىراق يەنە بەزى ئالىملار غەربىي يۇرت دورغابى مەھكىمىسىلا بۇ قەدىمكى شەھەردە تەسىس قىلىنغان، خەن دەۋرىدىكى كىروران بەگلىكىنىڭ پايتەختى بۇ جايدا ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇ خارابە مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 1 - بېتىگە قارالسۇن)

**نىيە خارابىسى** خەن، جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى نىيە بەگلىكىنىڭ ئەسلىي ئورنى. ئۇ نىيە ناھىيىسىنىڭ 120 كىلومېتىر شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، 1901 - يىلى ئەنگلىيىلىك A. ستەيىن تۇنجى بولۇپ كىرگەندىن تارتىپ 30 - يىللارغىچە كۆپ قېتىم ئوغرىلىقچە قېزىلغان. بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسەن لوندون، يېڭى دېھلىدا ساقلانماقتا. 1959 - يىلى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خېلى كۆپ ساندىكى ئۆي ئىزى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە ئاقسۆڭەك ئەر - ئايال بىرگە دەپنە قىلىنغان. بىر قەبرىنى تاپتى. 1988 ~ 1997 - يىللىرى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ياپونىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، نىيە خارابىسىنى چوڭ كۆلەملىك، كۆپ ئىلمىلىك ئۇنىۋېرسال تەكشۈردى. بۇ خارابىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 25 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىسى ئىچىدە قەدىمكى شەھەردىن بىرى، قورۇلۇش ئىزىدىن 95 ى، بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن بەشى، ئېغىلدىن 12 سى، قەدىمكى كۆۋرۈكتىن بىرى، مېۋىلىك باغدىن ئالتىسى، يول بويىدا ۋە سۇنىشى ئۇسۇلدا دەرەخ تىكىلگەن ئورۇندىن 33 ى، چىتلانغان ئورۇندىن 12 سى، ھېچقانداق قورۇلۇشى يوق، ئەمما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان ئورۇندىن 24 ى بولۇپ، جەمئىي 204 كە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كۆلچەك، سۇغىرىش ئۆستىڭى، ئېتىزلىق قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ ئىزلار جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ كىچىك مەھەللە شەكلىدە نىيە دەرياسىنىڭ كونا قىنىنىڭ ئوڭ-سول تەرەپلىرىدىكى تەكشى تۈپىلىك ئۈستىگە تارقالغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1250 مېتىرچە كېلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى ئارقىلىق، خارابىدىكى بارلىق ئىزلار ئۆلچىنىپ خەرىتىلىرى سىزىلدى؛ يەنە نىيە خارابىسىنىڭ تەخمىنەن 40 كىلومېتىر شىمالىدىكى قۇملۇق ئىچىدىن برونزا دەۋرىگە تەۋە خارابىدىن بىرى بايقالدى. نىيە قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى، N2 ، N5 قاتارلىق ئاز ساندىكى ئىزلار ۋە قەبرىستانلىقلار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلىپ، خەنزۇچە، كارۇشتىچە تارشا پۈتۈكلەر، ساپال ۋە ياغاچ بۇيۇملار، نۇرغۇنلىغان تاۋار- دۇردۇن ۋە پاختا رەخت، گىلەم، بەش جۇلۇق يارماق، مىس باشاق، مىس كۆزگۈ، سىرلانغان بۇيۇملار ھەمدە يۇڭ توقۇلما، ئەينەك بۇيۇم، مارجان قاتارلىقلار تېپىلدى، بۇ ماتېرىياللار نىيە بەگلىكىنىڭ ئىج-



بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى
خارابىسى   جاڭ پىڭ فوتوسى



ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى   سۇڭ شىجاڭ فوتوسى



كروران قەدىمىي شەھىرى   ليۇ يۇشىڭ فوتوسى



يارغول قەدىمىي شەھىرىگە نەزەر
سۇڭ شىجاڭ فوتوسى



يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ بىر قىسمى   ليۇ يۇشىڭ فوتوسى




كۆكسۇ قەدىمىي شەھىرى    لىن يىيشۇن فوتوسى



نىيە يەگلىنكى خارابىسى    لىۋ يۇشياڭ فوتوسى




چاكىر ساقىرامى خارابىسى    لىۋ يۇشياڭ فوتوسى



باركۆلدىكى ئۆزىرغول قەدىمىي شەھىرى
ۋاڭ يىڭخۇا فوتوسى




قىزىل مىڭئۆيى    لياڭ فېڭ فوتوسى




بېزەكلىك مىڭئۆيى      «شىنجاڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى»دىن ئېلىندى



قىزىل قاغا تۈرى      ۋېن جاۋخۇي فوتوسى



موڭغۇلكۈرەدىكى شاتى ئۇسۇن قەبرىستانلىقى
جى شياۋشەن فوتوسى



قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى      ليۇ گورۇي فوتوسى



گېردىن تېغىدىكى خاتىرە ئابىدە
«ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى»
رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



ئەمىرسەگىتىكى بالباللار      چى شياۋشەن فوتوسى



قىزىل مىڭئۆيى تام رەسىمى
جاۋ جۈنتەن فوتوسى



قۇمتۇرا تاش كېمىرىنىڭ تورۇسىدىكى رەڭلىك
سىزمىلار      چى شياۋشەن فوتوسى



تاڭ سۇلالىسى قانۇنىنىڭ پارچىسى
«جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى»دىن ئېلىندى




قىزىل مىڭئۆيدىكى پەرىشتىلەر سۈرىتى      ليۇ يۇشېڭ فوتوسى



تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نوپۇس دەپتىرى كۆتىنكى
خۇ شياگلى، ۋۇ جىن فوتوسى



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرىسىمىت»نىڭ
كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى     لىيۇ يۇشياڭ فوتوسى



خەنزۇ يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر  لىيۇ يۇشياڭ فوتوسى



چاڭئەنشەنلاڭ 3 ـ يىلىدىكى ئۈزۈملۈك باغنى ئىجارىگە بېرىش
توختامى   «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»دىن ئېلىندى



سوغدى يېزىقىدىكى مانى دىنى نوسخىسى
كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى  لىيۇ يۇشياڭ فوتوسى



تىبەت يېزىقىدىكى مەكتۇپ  چى شياۋشەن فوتوسى





قېزىۋېلىنغان مىس بۇتلار «سانجى»
رەسساملار توپلىمىدىن ئېلىندى





خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان چاقىلار ئاقسا.
قاللىق تامغىسى چى شياۋشەن فوتوسى



تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھەيكەل
چى شياۋشەن فوتوسى





تورغات قەبىلىسىنىڭ كۈمۈش تامغىسى لىۋ يۈشېڭ فوتوسى





شىنجاڭنىڭ ئۆلكە پۇلى «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيانقى پۇللىرى ۋە پۇل مۇئامىلىسى»دىن ئېلىندى



شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەشتىلىك كىمخاب   ليۇ يۇشېڭ فوتوسى



خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى كەشتىلىك يۇڭ توقۇلما   ۋاڭ بو، خو شياڭلى فوتوسى



خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى كەشتىلىك كىمخاب   ليۇ يۇشېڭ فوتوسى





خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەشتىلىك كىمخاب   «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»دىن ئېلىندى





جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشى
دۇنخۇاڭنىڭ موگاۋ غارىدىكى تام رەسىمى



لىن زېشۈ «جۇڭگو ئىنسىكلو-
پېدىيىسى»دىن ئېلىندى

بەنچاۋ چى شياۋشەن فوتو...



ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى خارابىسى
چى شياۋشەن فوتوسى



جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي
يول ئارمىيىسى باش ئارماق ئەترىتىنىڭ
ئىلگىرىكى ئورنى لى يۇڭۋاڭ فوتوسى



8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش
باشقارمىسى خاتىرە سارىيى جاڭ كۈنيۈەن فوتوسى



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خاتىرە سارىيى
چى شياۋشەن فوتوسى

تىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 1995 ـ يىلى بايقالغان بىرىنچى نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى، خەن ـ جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر بىلەن نىيە يەرلىك ھۆكۈمران گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. خارابىنىڭ دائىرىسى، قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە، كارۇشتىچە ماتېرىياللار ۋە نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن، بۇ جاينىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نىيە بەگلىكىنىڭ ئەسلىي ئورنى ئىكەنلىكى، جۈملىدىن N14 نومۇرلۇق ئىزنىڭ نىيە بېگى جەمەتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە نىيە بەگلىكى يوقىلىپ، پىشامشان بەگلىكىنىڭ بىر ئايمىقىغا ئايلانغان. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولۇشى، ئاساسلىقلىرى شەرقىي خەن، ۋېي ـ جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. ٧ ئەسىردىن كېيىنكى يالدامىلار بايقالمىدى. جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىشى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تاراپ كېتىشى، بۇ بەگلىكنىڭ تاشلىنىپ خارابىلىككە ئايلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 2 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**يارغول قەدىمكى شەھىرى** ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى بولۇپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن ئون كىلومېتىر غەربىدىكى يار ئېغىزى غولىغا جايلاشقان.

بۇ يەر دەسلەپتە ئالدى قاڭقىل خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، دوزى (تۇتسى) دەپ ئاتالغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يارغول دەپ ئۆزگەرتىلگەن ۋە بۇ ـ كى (ۋۇجى) چېرىكچى بەگلىرى تۇرغۇزۇلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوچو ئايمىقى قۇرۇلغان، ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىمۇ بىر مەزگىل مۇشۇ جايدا تۇرغان. كېيىن ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىغان. XIII ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىكىلەر قوزغىغان توپىلاڭنىڭ بالايىئاپىتىگە ئۇچرىغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 16 ـ يىلى (1383 ـ يىلى)، بېشبالىقتىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى خىزىر خوجا ئىدىقۇت شەھىرى ئۇس-

تىدىن جىھات قىلغانلىقتىن، شەھەر خارابىلىككە ئايلانغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىزلارنىڭ كۆپىنچىسى تاڭ سۇلالىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان زامانغا تەۋە يالدامىلاردۇر.

خارابە جايلاشقان تۆپىلىك تىك قىيالىق بولۇپ، نىسپىي ئېگىزلىكى 20 ~ 30 مېتىرگە يەتكەچكە، قىيانىڭ گىرۋىكىدىكى مۇداپىئە توساق تېمىدىن باشقا، ئادەتتىكىدەك سېپىللار يوق. بۇ تۆپىلىك تال يوپۇرمىقى شەكلىدە بولۇپ، جەنۇبىتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1700 مېتىر، شەرقتىن غەربكە ئەڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 300 مېتىر كېلىدۇ. قۇرۇلۇشلار ئاساسەن شەھەر خارابىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 360 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبىي، شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدا ياردىن ئېچىلغان قوۋۇق بار. جەنۇبىي قوۋۇق بىلەن شەرقىي قوۋۇق قەدىمكى شەھەرگە كىرىپ چىقىدىغان ئاساسلىق يول بولۇپ، شەھەرنى جەنۇبىتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يول جەنۇبىي ۋە شەرقىي قوۋۇقلار بىلەن تۇتىشىدۇ ھەمدە قۇرۇلۇشلار مەركەزلەشكەن رايوندىكى 47 تار كوچىنىمۇ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاھالىلەر ئولتۇرىدىغان قورۇ ـ جايلارنىڭ ئىشىكلىرى بىۋاسىتە چوڭ يولغا قارىتىپ ئېچىلماي، بەلكى تار كوچىلار ئارقىلىق چوڭ يولغا تۇتاشتۇرۇلغان.

خارابىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئۇلارنىڭ ئاھالىلەر ئۆيلىرى، ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى، ئىبادەتخانا، ئامبار قاتارلىقلار ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئۆيلەر سوقما تاملار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئىچىدە كارىدور، كىچىك سەينا، سۇ قۇدۇقى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەم رولى پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆيلەر بار. ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىدە مورا ۋە ئىسويۇقلار بار. مەھكىمىلەر شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى تۆت كوچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. يەر ئۈستىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپى ساقلىنىپ قالالمىغان بولۇپ، خاڭدالغان تام قالدۇقىنىڭ قېلىنلىقى ئىككى مېتىرغا يېتىدۇ؛ پەقەت يەر ئاستىدىكى ئۆي، چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان يوشۇرۇن لەخمە، نۇرغۇن ئىدىش ئورنى، چوڭ قۇدۇق قاتارلىقلارنىلا كۆرگىلى بولىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئادەتتىكى ئاھالىلەر تۇرالغۇلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ

شىمالىي تەرىپىدە، يەنى شەرقىي قوۋۇقتا يېقىن كېلىدىغان جايدا، تىك قىياغا كولانغان غار شەكىللىك بىر يۈرۈش قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇلار ئامبار بولسا كېرەك. چۈنكى، قېزىۋېلىنغان تارىشا پۈتۈك ۋە ھۆججەتلەردە قەيت قىلىنغان «يارغول ئەگرى ئامبىرى»، «يارغول ئامبىرى» دېگەن خاتىرىلەر بۇنى دەلىللەيدۇ. شەھەر ئىچىدە كۆلىمى ۋە دەۋرى ئوخشاش بولمىغان بۇددا ئىبادەتخانىسى، بۇت قەسرى، بۇددا مۇنارى، بۇددا سۇپىسى قاتارلىق ئىزلار 85 ئورۇندا بار. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 5200 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. دالانچە ۋە ئارقا ساراي، بۇت قەسرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بۇت تەكچىسى، ئىككى ياندىكى ھۇجرىلار، ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى قۇدۇق، ئىشىك ئورنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانا ئىشىكى، سەيناسى، بۇت قەسرى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرا ئوق قىلىپ قارىغاندا، ئۇلارنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۆرنىكى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. يارغول شەھىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى ئاساسەن قۇدۇق بولغاچقا، ھازىرغا قەدەر بايقالغان 153 قۇدۇق شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، قۇرۇلۇشلار بىر قەدەر زىچ بولغان يەردە قۇدۇقلارمۇ سەل كۆپرەك بولغان. قۇدۇقلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى قۇدۇقلارنىڭ شەكلىگە ئوخشاش بولۇپ، قۇدۇق ئاغزى يۇمىلاق، دىئامېتىرى 1~1.4 مېتىر، ئەڭ چوڭ قۇدۇقنىڭ ئاغزى ئىككى مېتىر كېلىدۇ.

ھازىر ساقلىنىپ قالغان قۇرۇلۇشلاردىن ئوخشىمايدىغان بىناكارلىق تېخنىكىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يەرنى كولاپ تام قوپۇرۇش تېخنىكىسىنى ئالغاندا، بۇنىڭدا تام ئورنى قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىچى - سىرتى كولانغاندىن كېيىن تام شەكىللىنىدۇ، بۇ ئەڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە تېخنىكا ۋە ئاساسلىق قۇرۇلۇش شەكلى ھېسابلىنىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە خاڭداش، لاي دۇۋىلەش، كېسەك چالمىلار بىلەن قوپۇرۇش، گەمە كولاش قاتارلىق تېخنىكىلارمۇ بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمايدىغان رول تەلىپى ۋە دەۋر ئۆزگىرىشىنى نامايان قىلغان. يارغول تۆپىلىكىنىڭ شىمالىدا، يەنە تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە قىيپاش يوللۇق، ئۆڭكۈرسىمان لەھەتلىك نەچچە ئون قەبرە بار. بۇ قەدىمكى شەھەر مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 1 - بېتىگە قارالسۇن)

**لۇكچۇن قەدىمكى شەھىرى** خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇكچۇن شەھىرىنىڭ ئەسلىي ئورنى بولۇپ، پىچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇن بازىرىغا جايلاشقان. بۇ شەھەر شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بىنا قىلىنىپ، لۇكچۇن دەپ ئاتالغان، غەربىي يۇرت دورغابى بەن يۇڭ مۇشۇ جايدا تۇرۇپ ئەسكەرلىرىگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈزگەن ۋە چېگرانى قوغدىغان. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى جاڭ جۈن بۇ يەردە تيەندى ناھىيىسىنى قۇرغان؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لۇكچۇن ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لۇكچۇن شەھىرى دەپ ئاتالغان؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لۇكچۇن ياكى ۋاڭ - غوجاملار شەھىرى دەپمۇ ئاتالغان، بۇ يەر تۇرپان ئىناچىسىنىڭ ئوردىسى ۋە ئىمىن غوجا جەمەتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ھېسابلىنىدۇ. بۇ شەھەر خارابىسى بىر قەدەر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان بولسىمۇ، ئەمما شەكلىنى يەنىلا ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 400 مېتىرغا يېقىن كېلىدۇ؛ غەربىي سېپىلنىڭ جەنۇبىي قىسمى ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قالغان، سېپىل خاڭداپ ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 12 مېتىر، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن بەش مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىرچە كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىناچى جەمەتى لۇكچۇن شەھىرىنىڭ غەربىگە تۇتاشتۇرۇپ يېڭى شەھەردىن بىرنى سالغان بولۇپ، قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي تېمى يېڭى شەھەرنىڭ شەرقىي تېمى ھېسابلىنىدۇ. يېڭى شەھەرنىڭ سېپىلىنىڭ ئىزناسى ھېلىمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا. ۋاڭ ئوردىسى يېڭى شەھەر ئىچىگە بىنا قىلىنغان؛ قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي سېپىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ساراي سېلىنغان بولۇپ، سۇپا ئۇلى سېپىل بىلەن تەكشى چىقىرىلغان. ئۇ ھازىرمۇ بار بولۇپ، ۋاڭ سۇپىسى دەپ ئاتىلىدۇ.


**ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى** خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى. تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 40 كىلومېتىر شەرقىدىكى ئاستانە كەنتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي تەرىپى قاراغوجا

كەتتىگە يېقىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇت قەلئەسى دەپ ئاتالغان، شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى ئىدىقۇت ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئەۋلادى بۇ يەرنى پايتەخت قىلىپ، ئۆزىنى «لياڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىغان، كېيىن ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مەركىزى قىلىنغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي ئايماق (قوچۇ ئايمىقى) تەسىس قىلىنغان. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلغاچقا، ئۇ ئىدىقۇت شەھىرى دەپمۇ ئاتالغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە قوچۇ ھۆدەيچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران بولغان. بۇ شەھەر خارابىسى تاشقى شەھەر، ئىچكى شەھەر ۋە بالا شەھەردىن ئىبارەت ئۈچ قات بولۇپ، ھەربىرى خاڭداپ ياسالغان سېپىل بىلەن ئورالغان. تاشقى شەھەر تەرتىپسىز چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى بەش يېرىم كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 2 مىليون 100 مىڭ كۋادرات مېتىر، سېپىلىنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 12 مېتىر، بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان بۆلىكىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 11.5 مېتىر كېلىدۇ، سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپىغا يۆلەك تام ياسالغان. شەھەر قوۋۇقىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، بۇلارنىڭ ئىچىدە غەربىي تەرەپتىكى قوۋۇق خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ئۇنى قوشۇمچە سېپىل قورۇقداپ تۇرىدۇ. ئىچكى شەھەر تاشقى شەھەرنىڭ ئىچىدە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 820 مېتىر كېلىدىغان چاسا شەكىللىك شەھەر ھېسابلىنىدۇ. بالاشەھەر ئىچكى شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىنىڭ سەل شىمالىدىراق بولۇپ، تەكشى يۈزى تۈز ئەمەس، كۆلىمى تەخمىنەن 40 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدا ئېگىز سۇپا، سۇپا ئۈستىدە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان 15 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چاسا شەكىللىك مۇنار بار. بالاشەھەر شىمالىي سېپىلىنىڭ سىرتىدا بىر نەچچە سۇپا ئۇلى بار، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە يەرنى ئويۇپ ياسالغان مەھكىمە قورۇلۇشى بار. تاشقى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە بىر كىچىك ئىبادەتخانا بولۇپ، ئىبادەتخانىدا مۇنارنىڭ قالدۇق ئۇلى بىلەن تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى قېپقالغان بىر ۋەيرانە چايتىيا غارى بار. غەربىي جەنۇبىي بۇرجەكتە بىر چوڭ ئىبادەتخانا بار، ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋازىسى شەرققە قارايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۇكان شەكلىدىكى قۇرۇلۇشلار سېلىنغان. قەدىمكى شەھەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى ئەينى يىللاردا چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقانلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئاساسەن مانى دىنى، بۇددا دىنى، نېستورىئان دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ نوم - دەستۇرلىرى ۋە ھۆججەتلەر، تام رەسىملىرى، رەسىملەر، ھەيكەللەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قول يازمىلاردىن سانسكرىتچە، قەدىمكى تۈركچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تىبەتچە ۋە موڭغۇلچە ھۆججەتلەر بىلەن قەدىمىي ئىران تىلىدىكى قول يازمىلار بار. يەنە ئاز مىقداردا «تۇمشۇق تىلى» ۋە باكتىرىيە تىلىدىكى قول يازمىلارمۇ ساقلانماقتا. گېرمانىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن شىمالىي لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ چېڭپىڭ 3 - يىلى (445 - يىلى) ئورنىتىلغان «جۈرچى ئانجۇنىڭ ئىبادەتخانا ياساتقانلىق ئابىدىسى» دەل مۇشۇ شەھەر ئىچىدىن قېزىۋېلىنغان. بۇ قەدىمكى شەھەر مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 1 - بېتىگە قارالسۇن)

گەمەساڭ بۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىكەنساڭ (جۇلۇ ئامبىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ئەسلىي ئورنى بولۇپ، قوشۇمچە ئۆتەڭ رولىنى ئوينىغان. ئۇ چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا، يەنى كۆنچى دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدىكى يەرگە جايلاشقان. خارابە جايلاشقان جاي جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىدىن ئېيتقاندا كۆل قىرغىقىغا تۇتاشقان دېلتا بولۇپ، لوپنۇر كۆلى ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرگەن، ئۇنىڭ شەرقىي، غەربىي، جەنۇبىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرىپى سۇ بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ، شىمالىي تەرىپى قۇرۇقلۇققا تۇتىشىدۇ، تېخىمۇ شىمالىي ياردائلىق ھېسابلىنىدۇ. خارابە دېلتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق، غەرب تەرەپلىرىدە ئىككى توپا داۋان، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدە ئادەم كۈچى ئارقىلىق كولانغان خەندەك بار. غەرب تەرىپىدىكى توپا داۋان ئۈستىدە بەش ئورۇندا قەدىمكى ئۆي ئىزى بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ لىم ۋە تۈۋرۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدا چاسا شەكىللىك گەمىلەر بار. شەرق تەرەپتىكى داۋان ئۈستىدىمۇ ياغاچ لىم، كېسەك ۋە قومۇشتا قوپۇرۇلغان قۇرۇلۇش ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. خەندەك ۋە داۋاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان خارابىنىڭ دائىرىسى 10 مىڭ كۋادرات مېتىرچە

كېلىدۇ. 1930 ـ يىلى، جۇڭگو ئارخېئولوگى خۇاڭ
ۋېنبى بۇ خارابىنى بايقىغان ۋە 1930 ـ يىلى، 1934ـ
يىلى ئىككى قېتىم قېزىپ، غەربىي خەن، سۇلالىسى
دەۋرىگە تەۋە 71 دانە خەتنۇسخە تارىشا پۈتۈككە ئېرىش-
كەن. بۇ تارىشا پۈتۈكلەردە غەربىي يۇرت قورۇقچىبې-
گىگە قاراشلىق ئەمەلدارلار، ئامبارلار، ئۆتەڭلەر، ئەل-
چىلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ كېلىپ ـ كېتىشىگە ئالاقىدار
ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. بۇ جايدىن يەنە نۇرغۇن بەش
جۇلۇق يارماق، مىس باشاق، سىرلانغان جام، پۈلەك،
كەندىر، يىپەك توقۇلمىلارنىڭ پارچىلىرىمۇ تې-
پىلدى. 2000 ـ يىلدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ-
رۈشتە، ۋاڭ ماڭ مەزگىلىدىكى «داچۈەن ئەللىكلىك»
يارمىقى يىغىۋېلىندى. بۇلار تۈيىن خارابىسىنىڭ غەر-
بىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە ۋاڭ ماڭ دەۋرىگىچە
ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى ئالىم-
لار تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بۇ خارابىنى تۈر، دەپ
قارايدۇ. ئەمما قېزىۋېلىنغان «يىكەنساڭ پوچتا يولى
بىلەن» دېگەن خەتلىك تارىشا پۈتۈككە، خارابە جايلاش-
قان يەرنىڭ پەسلىكى ۋە تۈر ياساشقا ئەپسىزلىكىگە،
ئاشلىق ساقلايدىغان گەمەساقلارنىڭ بىر قەدەر كۆپلۈ-
كىگە ئاساسەن؛ بۇ خارابىنى يىكەنساڭنىڭ ئەسلىي ئور-
نى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

**مىرەن خارابىسى** خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى
مىرەننىڭ ئەسلىي ئورنى. ئۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ
شەرقىنىڭ 75 كىلومېتىر شىمالىغا، مىرەن دەرياسىغا
يېقىن يەرگە جايلاشقان. خارابە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە-
كى تۇرالغۇ ئىزى، خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرلىرى-
دىكى سوغىرىش سىستېمىسى، بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە
يېقىن ئەتراپتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى-
گە تەۋە بۇددا ئىبادەتخانىسى بىلەن تىبەت قەلئەسى



مىرەن خارابىسى

قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوغىرىش سىستېمى-
سى ئىزىدا غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلار-
نىڭ ئىزلىرى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، تارقىلىشىمۇ
تەكشى. خارابىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكى تۇبۇتلەر تۇرغان
قەلئە ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەلئە سەل چاسا شەكلىدە بو-
لۇپ، 1959 ـ ۋە 1973 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن
بولۇپ ئىككى قېتىم تەكشۈرۈلۈپ ۋە قېزىلىپ، تىبەت
يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكتىن 300 نەچچە دانىسى قېزى-
ۋېلىندى. تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ مەزمۇنى دېھقانچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. قەلئەنىڭ
شەرقى ۋە غەربىدىكى كۆپلىگەن ئورۇندا بۇددا ئىبادەت-
خانىسى بىلەن بۇددا مۇنارى خارابىسى بار. شەرقىي
تەرەپتىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بۇددا ئىبادەتخا-
نىسىدا لايدىن ياسالغان بۇت ۋە بودساتۋا ھەيكەللىرىنىڭ
قالدۇقلىرى ساقلانغان. قەلئەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى
بۇددا مۇنارىنىڭ دەۋرى سەل بۇرۇن بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى ئايلانما كارىدوردىن قاناتلىق پەرىشتە ئوبرا-
زى چۈشۈرۈلگەن تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىل-
دى. بۇ جايدىكى تام رەسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى
ئەنگلىيىلىك ستەيىن كېسىپ ئېلىپ كەتكەن بولۇپ،
ھازىر پەقەت ئازراق قالدۇقىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ
جايدىكى تام رەسىملىرى شەرقىي رىم سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە.

**يومىلاق قوم قەدىمكى شەھىرى** خەن سۇلالى-
سى دەۋرىدىكى ئۇزۇن تات بەگلىكىنىڭ ئورنى. ئۇ
كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 230 كىلومېتىر شىمالىغا، تەك-
لىماكان قۇملۇقىنىڭ مەركىزىگە يېقىن يەرگە جايلاش-
قان بولۇپ، شەھەر ئۆلچەمسىز تۆت تەرەپلىك شەكىل-
دە، سېپىلى ئاساسەن تۈز ئەمەس. شەھەرنىڭ ئايلانما
ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 995 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا
ئۇزۇنلۇقى 330 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى
270 مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قالدۇق شەھەر
سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 473 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭ-
لىكى ئۈچ ~ تۆت مېتىر، ئېگىزلىكى ئومۇمەن
ئۈچ~تۆت مېتىر بولۇپ، ئەڭ ئېگىز يېرى 11 مېتىر
كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ قۇرۇلمىسى: تىك ئورنى-
تىلغان ئىككى رەت توغراق ياغىچى ئوتتۇرىسىغا يۇلغۇن
شاخلىرىنى بويىغا قاتمۇ قات بېسىپ، تامنىڭ گەۋدىسى-
نى شەكىللەندۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ سىرتىغا كېسەك
قوپۇرۇلغان ياكى توغراق شاخلىرى، قومۇشلارغا لاي
ۋە چارۋىلارنىڭ تېزەكلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ چاپلاپ ياس-
تۇ يۆلەك چىقىرىلغان. جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسى
بىلەن شەرقىي سېپىلنىڭ شىمالىي قىسمىدا بىردىن
قوۋۇق بار. جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر
چوڭ بولۇپ، ساقلىنىشىمۇ بىر قەدەر مۇكەممەل. شە-
ھەر ئىچىدە ساقلانغان ئالتە ئورۇندىكى قۇرۇلۇش ئىزى-
نىڭ ئېگىزلىكى يېرىم مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان ئۆلىلا
ساقلىنىپ قالغان. يەر يۈزىدە چېچىلىپ ياتقان مەدەنى-

يەت يادىكارلىقلىرى ئاساسەن ساپال بۇيۇم پارچىلىرى، تاش قوراللار، كىچىك تىپتىكى مىس، تۆمۈر بۇيۇملار ۋە ئەينەك مارجان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ خېلى كۆپ، باھالاش ئارقىلىق ئېنىقلىنىشىچە، ئۇلار ئاساسەن ئۆي چارۋىلىرىنىڭ بولۇپ، قوي، كالا، تۆگە سۆڭەكلىرى بىر قەدەر كۆپ، قالغانلىرى ئات، ئېشەك، ئىت، چوشقا، بۇغا، توشقان، چاشقان، بېلىق، قۇش سۆڭەكلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار چارۋىچىلىق بىلەن بېلىق تۇتۇشنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شەھەر سىرتىدا سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى بايقالدى. شەھەر ئىچىدىن بۇغداي، تېرىق تېپىلدى. قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدا ئالتە قەبرىستانلىق بولۇپ، جەسەتلەرنى پۇت ـ قوللىرى پۈكلەنگەن ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇش ۋە پۇت ـ قوللىرى تۈز ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇشتەك دەپنە قىلىش ئادىتى تەڭ مەۋجۇت بولغان. جەسەتلەر كۆزلىرى چوڭقۇر، قاڭشارلىق، چېچى قوڭۇر ۋە كۆپ ئۆرۈملۈك بولۇپ، ئۈستىگە يۇڭ توقۇلمىلاردا تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيگەن. يۇڭ توقۇلمىلار توقۇلۇش ئۇسۇلىدىن تۈز يوللۇق ۋە قىيپاش يوللۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ساپال بۇيۇملار بىر قەدەر كۆپ، يەنە ئاز مىقداردا تاش ۋە ياغاچ ئورچۇق، ياغاچ تارغاق، ياغاچ ئاياق، مىس ھەم تۆمۈردىن ياسالغان بېزەك بۇيۇملار، ئەينەك مارجان قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ دەۋرى غەربىي خەن سۇلالىسى زامانىدىن كېيىن ئەمەس.

**قارادۆڭ خارابىسى** خەن، جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىگە تەۋە خارابە. ئۇ كېرىيە ناھىيىسى دەريا بويى يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 190 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنى 1896 ـ يىلى شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن تۇنجى قېتىم بايقىغان، 1901 ـ يىلى قازغان. 1991 ـ يىلى، 1993 ـ يىلى ۋە 1994 ـ يىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن فرانسىيە ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى 315 ـ گۇرۇپپىسىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى بۇ خارابىدە سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. خارابىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تۆت خىل ئاساسىي تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ: ئۇلار ئادەتتىكى قۇرۇلۇش (قەلئە ۋە ئادەتتىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر)، بۇددا ئىبادەتخانىسى، دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىزلار (سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى) ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلانغان يەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىي 63 ئورۇنغا تارقالغان. قەلئە چاسا شەكىلدە بولۇپ، خارابىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان؛ بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ئايرىم ھالدا قەلئەنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىغا جايلاشقان، تەكشى يۈزى « 回 » خېتى شەكىلدە؛ سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى خارابىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا؛ ئادەتتىكى تۇرالغۇ ۋە قورۇ ـ جاي ئىزلىرى پۈتۈن خارابە ئىچىگە تارقالغان. قۇرۇلۇشلارنىڭ ماتېرىياللىرى ياغاچ ۋە سېغىز توپىنى ئاساس قىلغان. تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن تاش، ياغاچ، مىس، تۆمۈر، ئەينەك بۇيۇملار بولۇپ، تاش يارغۇنچاق، بەش جۇلۇق يارماق ھەمدە تاش ۋە ئەينەك مارجان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن تام رەسىمىنىڭ پارچىلىرى چىقتى. خارابە پۈتۈنلەي قۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر بۇ جايدا ئەڭ ئاخىرقى پائالىيەت ئېلىپ بېرىلغان ۋاقتى ئومۇمەن مىلادىيە Ⅲ ~ Ⅳ ئەسىرلەر دەپ قارالماقتا. بۇ خارابە «خەننامە» دە خاتىرىلەنگەن «ئۇزۇن تات بەگلىكى» نىڭ ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

**قاراشەھەردىكى دەنزىل قەدىمكى شەھىرى** يەنە «بۇغداچىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاگنى بەگلىكىنىڭ باغدات شەھىرى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاگنى تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە ئاگنى قورغىنىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان. قەدىمكى شەھەر قايدۇ ناھىيىسىنىڭ 20 كىلومېتىر جەنۇبىغا، يەنى قارا شەھەر دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جاينى ھازىر پۈتۈنلەي شور بېسىپ كەتكەن. شەھەر خارابىسى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3088 مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا خاڭداپ ياسالغان چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش ئۇلى بار. شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت تەرىپىدىن قوۋۇق ئېچىلغان بولۇپ، ھەممىسىدە قوۋۇق قەلئەسى بار. قەدىمكى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر ~ بەش كىلومېتىر دائىرىدە خېلى كۆپ قۇرۇلۇش خارابىلىرى ۋە خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگە تەۋە قەبرىلەر ئۈستى ـ ئۈستىلەپ چۈشكەن قەدىمكى قەبرىستانلىق بار. شەھەر ئىچىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ بەش جۇلۇق يارمىقى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تۇڭباۋ، چيەنيۈەن جۇڭباۋ، دالى يۈەنباۋ يارماقلىرى ۋە پېرسىيە كۈمۈش تەڭگىسى،

خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگە تەۋە مىس كۈزگۈلەر، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە ئەجدىھا نەقىشلىك ئالتۇن كەمەر توقىسى، ئالتۇن قاپلىغان تۆمۈر خەنجەر، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە تەمتەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمكى شەھەر ئەتراپىدا تاكىل، ئازادلىق ئۆستىڭى چوڭ كۆۋرۈكى ۋە دەنزىلدىن ئىبارەت ئۈچ جايدا خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگە تەۋە ئۈچ قەلئە بار.

**ماگۇلىياڭ قەدىمكى شەھىرى** خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلې شەھىرىنىڭ ئەسلىي ئورنى. ئۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى گوچۈڭ ناھىيىسىنىڭ بەنجيېگۇ يېزىسىدىكى ماگۇلىياڭ دېگەن يەرگە جايلاشقان بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا بارىدىغان جىلغا يولىنى كونترول قىلغان. بۇ جاينىڭ يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1750 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىي تىك قىيالىق جىلغا بولۇپ، شىمالىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە تاغقا يۆلەپ سالغان سېپىل بار. خارابە دائىرىسىدىن خەن سۇلالىسى ئۇسلۇبىدىكى بۇلۇت نۇسخىلىق كاھىش، گېئومېتىرىك نۇسخىلىق كاھىش، يوللۇق گۈللۈك ياپىلاق كاھىش، نوكەش كاھىش ۋە كاتەكچە نۇسخىلىق خىشلاردىن نۇرغۇنى قېزىۋېلىندى. يەنە نۇرغۇنلىغان كۈل رەڭ ساپالدىن ياسالغان قاچا - قۇچىلار قېزىۋېلىندى. بۇ جاي شىنجاڭدىكى خەن سۇلالىسى ئۇسلۇبىدىكى خىش ۋە كاھىشلار تېپىلغان بىردىنبىر قەدىمكى شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى دەل خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جىنمەن(ھازىرقى جىمسار) دىن لۇكچۈن (ھازىرقى پىچان ناھىيىسىدىكى لۈكچۈن) گە بارىدىغان تاغ جىلغىسى ئىچىدىكى تار يولغا جايلاشقان، تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئۇنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە گېڭ گۇڭ مۇداپىئە قىلغان سۇلې شەھىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

**يوتقان خارابىسى** جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ مۇھىم خارابىسى. ئۇ خوتەن شەھىرىنىڭ تەخمىنەن ئون كىلومېتىر غەربىدىكى باغچى يېزىسىنىڭ يوتقان كەنتىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىر ئويمانلىق بولۇپ، يەر يۈزىدە خارابە ئىزى كۆرۈنمەيدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېلىنلىقى ئۈچ ~ ئالتە مېتىر كېلىدىغان لاتقا چۆكۈندى قاتلىمى ئاستىغا كۆمۈلگەن. بىر ئەسىردىن بويان بۇ يەردىن قاشتېشى پارچىلىرى، كىچىك ئالتۇن ئۆردەك، ئالتۇن مايمۇن، ھەرخىل ئالتۇن ياپراقچىلار، بولۇپمۇ يۇمشاق لايدىن ياسالغان قىزىل ساپال بۇيۇملار خېلى كۆپ يىغىۋېلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇناننىڭ ئادەم يۈزى شەكلىدىكى ھاراق چۆگۈنى «رايتون» (rhyton) بولۇپ، جوغىسى كالا بېشى شەكلىدە ياسالغان. بۇ خارابىدىن تېپىلغان ساپال كومزەكلەرنىڭ تۇتقۇچلىرى كۆپىنچە ھايۋانات شەكلىدە ياسالغان بويۇن ۋە قىرىغا ھايۋان ياكى ئادەم شەكلىدىكى قاپارتمىلار چىقىرىلغان. بۇنىڭدىن قەندىھار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خارابىدە قېزىش ئېلىپ بېرىلمىدى. بەزى ئالىملار ئۇنى قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ، لېكىن بۇ ئېنىق دەلىللەنگىنى يوق.

**مەلىكە ئاۋات خارابىسى** جىن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ خارابىسى. ئۇ خوتەن ناھىيىسى تومائالا يېزىسى مەلىكە ئاۋات كەنتىنىڭ ئىككى كىلومېتىرچە جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىر چۆللۈككە ئايلىنىپ كەتكەن. تەكشۈرۈش ۋە سىناق تەرىقىسىدە قېزىشتىن مەلۇم بولۇشىچە، خارابىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا توپا دۆڭگە ئايلانغان قۇرۇلۇش سۇپىلىرىنىڭ ئۆلى بىر قەدەر زىچ بولۇپ، نۇرغۇن تاش تۈۋرۈك ئۆلى، بۇددىزم لاي ھەيكەللىرى ۋە تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرى قېزىۋېلىندى. قارىغاندا بۇ جاي چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىزى بولسا كېرەك. خارابىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئاھالىلەر رايونى قۇرۇلۇش ئىزى بار. ئوتتۇرا قىسمىدا نۇرغۇن خۇمدان ئىزى بىلەن كاھىش كۆيدۈرگەندە دۆۋىلەنگەن نەرسىلەر بار، يەر يۈزىگە ئېرىگەن قارامتۇل داشقاللار ۋە ھەرخىل قولدا، چاقتا ياسالغان ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى چېچىلغان. بۇ خارابىدىن ئېغىرلىقى 45 كىلوگرام كېلىدىغان گەمدە ساقلانغان بەش جۇلۇق يارماق ۋە نۇرغۇن مىس، تۆمۈر، تاشتا ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ساپال بۇيۇملار قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى.

**لاپچۇق قەدىمكى شەھىرى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرغول ئايمىقى لاپچۇق ناھىيىسىنىڭ ئەسلىي ئورنى، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارا دۆۋە يېزىسىكى لاپچۇق كەنتىگە جايلاشقان. بۇگۇر دەرياسى قەدىمكى شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئاھالىلەر تۇرالغۇلىرى، خامان قاتارلىقلار بولغانلىقى ئۇ-

چۈن، خارابە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قەدىمكى شەھەرنىڭ شەرقىي سېپىلىنىڭ قالدۇق قىسمى، جەنۇبىي سېپىلىنىڭ بىر بۆلىكى، غەربىي ۋە شىمالىي سېپىللىرىنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى شەھەر ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 300 مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىزلىرى بار. مەسىلەن، شەھەرنىڭ تەخمىنەن 400 مېتىر غەربىي شىمالىدىكى جاراڭ - جۇرۇڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى، تەخمىنەن بىر كىلومېتىر شىمالىدىكى ياتاق بۇددا ئىبادەتخانىسى، تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇمتۇر بۇددا ئىبادەتخانىسى، ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇگۇر دەرياسى بۇددا ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەينى زاماندىكى لايچوق ناھىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇددىزم خارابىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇۋرغول قەدىمكى شەھىرى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى ئۇۋرغول ھەربىي قەلئەسىنىڭ ئەسلىي ئورنى. ئۇ باركۆل ناھىيىسى داخې يېزىسىنىڭ گەنجۈي كەنتىگە جايلاشقان. شەھەر خارابىسى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئاساسىي شەھەر ۋە قوشۇمچە شەھەرگە ئايرىلىدۇ. ئاساسىي شەھەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 210 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 180 مېتىر بولۇپ، شەھەر سېپىلى ئاساسەن مۇكەممەل ساقلانغان. قوشۇمچە شەھەر ئاساسىي شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەر سېپىلى بىر قەدەر پاكارراق. خارابە ئىچىدىن كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقى، نىلۇپەر گۈللۈك خىش، نىلۇپەر گۈللۈك كاھىش، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە مىس كۆزگۈ، مىس بۇت، تۆمۈر قايچا، تاش تۈگمەن ۋە نۇرغۇن ساپال داس، كومزەك قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا تاڭ دەۋرى ئۇسلۇبى ناھايىتى ئېنىق. قوشۇمچە شەھەردىن ئات، قوي، تۆگە، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى كۆپ چىقتى. قەدىمكى شەھەردىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ كۆمۈرنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەنگەن ۋە دەرەخ يىل ھالقىسى ئارقىلىق بېكىتىلگەن ۋاقتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەرنىڭ دەۋرى بۈگۈنگىدىن $1375\pm65$ يىل بۇرۇن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت - ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە «ئەللىنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» دېگەن كىتابلاردا: «ئۇۋرغول ھەربىي قەلئەسى ئۇۋرغول ئايمىقىنىڭ 300 چاقىرىم غەربىي شىمالىدىكى شەربەت دەرياسى بويىدا» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ خاتىرە بىلەن قەدىمكى شەھەرنىڭ ئورنى ماس كېلىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 2 - بېتىگە قارالسۇن)

**بېشبالىق قەدىمكى شەھىرى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئەسلىي ئورنى. ئۇ جىمسار ناھىيىسىنىڭ تەخمىنەن 12 كىلومېتىر شىمالىدىكى خوباۋزى كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە «ئەسكىسار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەر دەسلەپتە ئارقا قاڭقىل خانلىقىنىڭ ئوردىسى بولغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جىنمەن دەپ ئاتالغان؛ تۈركلەر بۇ يەردە قاغان بۇت شەھىرىنى قۇرغان؛ تاڭ سۇلالىسى بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلىپ، بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان؛ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە بېشبالىق دەپ ئاتىلىپ، يازلىق پايتەخت قىلىنغان؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى، ئايغاقچى مەھكىمىسى، ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جايدا تۇرغان. يۈەن سۇلالىسى يوقالغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا تاشلىنىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ قەدىمكى شەھەر ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى قات بولۇپ، تەكشى يۈزى ئۆلچەمسىز ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە، ئىچكى شەھەر تاشقى شەھەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرقىي شىمالىغىراق جايلاشقان. تاشقى شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 4596 مېتىر، ئىچكى شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 3003 مېتىر كېلىدۇ. ئىچكى ۋە تاشقى شەھەر سېپىللىرىدا يۆلەك تام، قاراۋۇلخانا، راۋاق، قوۋۇق قاتارلىق قورۇلۇشلار بار. تاشقى شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدا قوۋۇق سېپىلى يەنىلا ساقلانماقتا. شەھەرنىڭ سىرتىدا خەندەك بار. شىمالىي سېپىلنىڭ سىرتىدا قوي، ئاتلارنىڭ ئېغىلى بار. ئاساسىي شەھەر ئىچىدىكى قورۇلۇش ئىزلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، قورۇلۇش ئۇلى ئىزىدىن تاشقى شەھەردە يەتتىسى، ئىچكى شەھەردە بەشى بار. ئىككى ئورۇندىكى قورۇلۇش ئۇلى ئىزى ئەتراپىدىن ساپال بۇت پارچىلىرى، نىلۇپەر گۈللۈك ۋە مارجان گۈللۈك ساپال پارچىلىرى يىغىۋېلىندى. بۇلاردىن قارىغاندا، بۇ جاي بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى بولسا كېرەك. شەھەر


خارابىسى ئىچىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جىنمەن ناھىيىسىنىڭ كەمتۈك ئابىدىسى، تاڭ ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە بۇددا ھەيكەللىرىنى ياساتقانلىق توغرىسىدىكى ئابىدىلەر، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى باركول ئايىمقى مۆھۈرى ۋە تاش شىر، چەكمە نەقىشلىك تاش شار، خەيرلىك ھايۋان بىلەن ئەنقا نەقىشى چۈشۈرۈلگەن مىس كۆزگۈ، كەيىۈەن تۈڭباۋ، چيەنيۈەن جۇڭباۋ يارماقلىرى قاتارلىق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە پۇللار، نورغۇن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، مەسىلەن، ساپال تورۇبا، سىدام ئۇزۇنچاق خىش، سىدام خىش، تۇتاش ئۈنچە گۈللۈك، تۇتاش ئۈنچە ھەم پىلەكلىك ئوت نۇسخىلىق خىش، نوكەش كاھىش، ياپىلاق كاھىش، نىلۇپەر نۇسخىلىق كاھىش قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى. ئۇلارنىڭ شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى، رەڭگى ۋە نەقىشلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى پايتەختىدىن قېزىۋېلىنغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. تاشقى شەھەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بىنا قىلىنغان، ئىچكى شەھەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان. مەزكۇر قەدىمكى شەھەر مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 1 - بېتىگە قارالسۇن)

**ئۇلانباي قەدىمكى شەھىرى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە شەھەر خارابىسى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى داۋان يېزىسى ئۇلانباي كەنتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، تەكشى يۈزى سەل چاسىراق كەلگەن، جەنۇبىي سېپىلىنىڭ ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى. شەھەر سېپىلى خاڭداپ ياسالغان بولۇپ، قالدۇق ئېگىزلىكى ئىككى ~ يەتتە مېتىر، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن ئون مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. سېپىلنىڭ سىرتىدا يۆلەك تاملار، تۆت بۇرجىكىدە راۋاق بار. شەھەر ئىچىدە ئۈچ سېپىل بولۇپ، شەھەر ئىچىنى شەرقىي شىمالىي، غەربىي شىمالىي، جەنۇبىي قىسمىدىن ئىبارەت ئۈچ رايونغا بۆلگەن، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا چاسا ۋە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە. شەھەرنىڭ شەرق، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدىن قوۋۇق ئېچىلغان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ قوۋۇق قەلئەسى بار. بۇ شەھەر خارابىسىدىن تاش قورال، تۆمۈر قورال، لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل، كۈل رەڭ، قارا رەڭلىك كومزەك، ئۆۋرىق، لوڭقا، داس، كۆپ قاتارلىق ساپال قاچىلار قېزىۋېلىندى. بەزى قاچىلارنىڭ ئۈستىگە سۇس ئەگرى ۋە دولقۇنسىمان سىزىقلىق نەقىشلەر ئويۇلغان. ئۇلاردىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە سۇڭ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ جاينى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈرۈمتاي ناھىيىسىنىڭ ئەسلى ئورنى دەپ ھېسابلايدۇ، بىراق بۇ ئېنىق دەلىللەنگىنى يوق.

**پىلاڭ قەدىمكى شەھىرى** بۇ يەرلىك ئاتىلىشى. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئەسلىي ئورنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كۇچا يېڭى شەھىرى بىلەن كونا شەھىرى ئارىلىقىدا بولۇپ، كۇچا دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان چىلساي دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىنىڭ دائىرىسى چوڭ بولۇپ، ئۇچا دەرياسى شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ھازىرغىچە ساقلانغان جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىي ئۈچ تەرەپتىكى سېپىل قالدۇقىدىن قارىغاندا، شەھەر سەل چاسا شەكىلدە. ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 7100 مېتىر بولۇپ، شىنجاڭدا ھازىر ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى شەھەرلەر ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ھېسابلىنىدۇ. شەھەر سېپىلى خاڭداپ ياسالغان بولۇپ، قالدۇق ئېگىزلىكى 2 ~ 7.6 مېتىر، كەڭلىكى 8 ~ 16 مېتىر كېلىدۇ. قەدىمكى شەھەرگە ھازىر ئاھالىلەر تۇرالغۇلىرى چۈشۈپ كەتكەچكە، ئىزلارنىڭ كۆپى ساقلىنىپ قالالمىغان بولۇپ، پەقەت ئالتە ئورۇندا چوڭ تىپتىكى خاڭداپ ياسالغان سۇپا ئۇلى كۆرگىلى بولىدۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدىمۇ بەش ئورۇندا چوڭ تىپتىكى خاڭداپ ياسالغان سۇپا ئۇلى بار. بۇ سۇپا ئۇللىرىدىن توپا قېزىش جەريانىدا، يۇمىلاق ۋە چاسا شەكىللىك تاش تۈۋرۈك ئۇلى، نىلۇپەر بەرگى نۇسخىلىق بىرىكمە خىش، نىلۇپەر نۇسخىلىق يەرگە ياتقۇزۇلىدىغان خىش، نىلۇپەر نۇسخىلىق كاھىش، نوكەش كاھىش، تاختا كاھىش، چوڭ ساپال ئىدىش، پۇل قاچىلانغان ساپال كومزەك قاتارلىقلار تېپىلغان. تۈۋرۈك ئۇلى، خىش، كاھىشلارنىڭ شەكلى ۋە نەقىشلىرىنىڭ ئۇسلۇبى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىكى داڭمىڭ قەسرى خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان خىش ۋە كاھىشلارنىڭ شەكلى ۋە نەقىشلىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ يەر ئاستىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە كۆل ئازگىلى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يىغىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ساپال بۇيۇم، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ھەربىي قوراللار ۋە نورغۇن كەييۈەن تۈڭباۋ يارمىقى، جيەنجۇڭ تۈڭباۋ يارمىقى، دالى يۈەنباۋ يارمىقى قاتارلىقلار بار.

جۇڭگولۇق ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى 1928 - يىلى ۋە 1957 ~ 1958 - يىللىرى بۇ جاينى ئىككى قېتىم تەكشۈرگەن ھەمدە قارا دۆڭنى قازغان. مەزكۇر قەدىمكى شەھەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە تەۋە مەدەنىيەت قاتلىمى خەن سۇلالىسى ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى زامانلارغا توغرا كېلىدۇ؛ كېيىنكى مەزگىلىگە تەۋە مەدەنىيەت قاتلىمى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئومۇمىي قامۇس. چېگرا مۇدابىئە ئىشلىرى» دا: «ھازىر ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تۇرۇۋاتقىنى دەل كۈسەن شەھىرىدۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ قەدىمكى شەھەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۈسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يەنچېڭ شەھىرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۈسەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى يىلولۇ شەھىرىنىڭ ئورنى ھېسابلىنىدۇ. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ. ھازىر بۇ قەدىمكى شەھەر مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

توڭگۇز بېشى قەدىمكى شەھىرى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق كۈسەنگە تەۋە ھەربىي كۆزە. ئۇ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 44 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى سۇغىرىلىدىغان تۈزلەڭلىك رايونىدا، بۇ



توڭگۇز بېشى قەدىمكى شەھىرى

جاي ھازىر شورتاڭلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. شەھەر خارابىسىنىڭ تەكشى يۈزى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 960 مېتىر، سېپىلىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى تۆت ~ سەككىز مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە 13 يۆلەك تام بار. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قوۋۇق ئېچىلغان بولۇپ، قوۋۇق قەلئەسى بار. شەھەر ئىچىدىكى قۇرۇلۇش ئىزلىرى يىمىرىلىپ تۆپە دۆڭگە ئايلىنىپ قالغاچقا، شەكلى ئېنىق ئەمەس. شەھەر خارابىسىدىن سىدام خىش؛ سىدام كاھىش، ساپال تۇرمۇش بۇيۇملىرى، تاش يارغۇنچاق، تۆمۈر ئورغاق، زىغىر ئۇرۇقى، قۇيماق ۋە كەييۈەن تۈڭباۋ يارمىقى، دالى يۈەنباۋ يارمىقى، جيەنجۇڭ تۈڭباۋ يارمىقى قاتارلىق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇللار ۋە «دالى 15 - يىلى لى مىڭدانىڭ ئاشلىق ئۆتنە ئېلىش ھۆججىتى»، «دالى 14 - يىلى پاكسۇ پارنىڭ ئېشىنچا تېرىق ئېلىش ئىلتىماسى» قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى.

دەندان ئۆيلۈك خارابىسى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لايىقى قورغىنىنىڭ ئەسلىي ئورنى. چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا، يەنى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 90 كىلومېتىر كېلىدۇ، خارابىنى قۇم بېسىۋالغان. 1997 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا،



دەندان ئۆيلۈك خارابىسى

بارخانلىق ئۈستىگە چىقىپ قالغان ئىزلار، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىگە تارقالغان. خارابىنىڭ سەل جەنۇبىدىكى تەخمىنەن ئىككى كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە، قەدىمكى قۇرۇلۇش ئىزىدىن توققۇزى بار. ياغاچ تۈۋرۈكلۈك قومۇش تاملىق تۇرالغۇ ئۆيلەر، « 回 » خېتى شەكىللىك بۇددا ئىبادەتخانىسى، چىتلاق، قۇرۇپ كەتكەن ئۈجمىلىك قاتارلىقلارنى ناھايىتى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئەنگلىيىلىك ستەيىن بۇ خارابىنى قېزىپ، نۇرغۇن بۇددىزىم تام رەسىملىرى، ياغاچ تاختايغا سىزىلغان رەسىملەر، خەنزۇچە ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسلار ھۆججەتلىرىدىن 15 پارچە، ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى قاتارلىقلارغا ئېرىشكەن. بۇ لايىقى قورغانىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ ئالتە شەھىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، قورغان سانغۇنىنىڭ ياڭ جىنچىڭ ئىكەنلىكى، ئالتە شەھەرنىڭ بېگى «ئاماچۇنسا» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ياغاچ تاختايغا سىزىلغان رەسىملەردە

يېپەكنىڭ ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرىشى ۋە چاشقان پادشاھى توغرىسىدىكى رىۋايەت تەسۋىرلەنگەن.

**توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇر ئايمىقىنىڭ ئەسلى ئورنى بولۇپ، گيازدى شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تۇمشۇق تېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. جەنۇب تەرىپى قىزىل دەرياسىغا تۇتىشىدۇ. قەدىمكى شەھەر تاغقا يۆلەپ سېلىنغان، سەل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە ۋە ئىچكى - تاشقى ئۈچ قات بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان، كۆپ ئورۇندا قۇرۇلۇشلارنىڭ قالدۇق ئۇلى بار. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «گيازدى شەھىرى كۇسەن تەۋەسىدە، ئوتتۇر ئايمىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورنى قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئوقۇ مازار تېغىدا» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شەھەرنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشى بىلەن ماس كېلىدۇ. بۇ جايدىكى دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە يەر قاتلىمىدىن بەش جۇلۇق يارماق بىلەن بەش جۇلۇق يارماقنىڭ قېلىپى، قومۇش قەلەم، سۆڭەك نەي، چىگىت، ئارپا، پىلە غوزىسى، يىپەك يىپ باغلانغان سىرلانغان قۇتا، ساپال كومزەك قاتارلىق جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىندى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە مەدەنىيەت قاتلىمىدىن كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقى، سانسكرىتچە ھۆججەت، نۇرغۇن بۇددا، بۇددساتۋا ھەيكەللىرى، گۈل چېكىلىپ توقۇلغان پاختا رەخت، كىمخاپ، تۈز نۇسخىلىق كەشتە، ئادەم ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن مۆھۈر ۋە خەنزۇچە ھۆججەت قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇ ھۆججەتلەر سەل كەمتۈك بولۇپ، ئۈزۈمزارلىقنى ئىجارىگە ئېلىش ھۆججىتى، ھۆكۈمەت ھۆججەت - ئالاقىلىرى، خۇسۇسىي خەت - چەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلاردا «قورۇل»، «يابغۇ»، «سانغۇن» قاتارلىق ناملار ئۇچرايدۇ. ئاخىرقى مەزگىلگە تەۋە مەدەنىيەت قاتلىمى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى، قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ئەرەبچە يېزىقتا پۈتۈلگەن «بەگدىن مال - مۈلۈك ئىنئام قىلىشنى ئۆتۈنۈش نامىسى»، ھەر خىل شەكىلدىكى مىس چۆگۈنلەر، مىس چىراغ قاتارلىقلار تېپىلدى، ئۇلار جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن تاڭ، سۇڭ سۇلالىسىغىچە بولغان زامانلاردا مەزكۇر قەدىمكى شەھەردە كىشىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قەدىمكى شەھەرنىڭ سەل جەنۇبىدا تۇمشۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى بار.

**تاشقورغان قەدىمكى شەھىرى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆكئارت قورۇلىنىڭ ئەسلى ئورنى. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاش تۆپىلىككە جايلاشقان. قەدىمكى شەھەر تۆپىلىككە يۆلەنگەن بولۇپ، جەنۇب، شىمال، غەرب ئۈچ تەرەپتىكى شەھەر سېپىلى ئاساسەن ياخشى ساقلىنىپ قالغان، شەرق تەرەپتىكى سېپىلنىڭ ئۈستىگە ئاساسەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان سارىقول ئارارىتى چۈشكەن. شەھەر سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1300 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، شەھەر سېپىلى تاش ۋە توپا بىلەن قوپۇرۇلغان.



تاشقورغان قەدىمكى شەھىرى

شىمالىي ۋە غەربىي سېپىلنىڭ سىرتىدا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان يۆلەك تام قالدۇقىدىن 14 ى كۆرۈنىدۇ. شەھەرنىڭ تۆت بۇرجىكىدە راۋاق بار. قۇرۇلۇش ئىزلىرى ئاساسەن شەھەرنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئېگىزرەك كەلگەن تۆپىلىك ئۈستىگە تارقالغان. ئۆي ئىزلىرى چاسا شەكىلدە بولۇپ، تاملىرى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۆي ئىچىدە ئوچاق بار. بەزى ئۆيلەر تۆپىلىكنىڭ يەر شەكلىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە بېقىپ ئارىلاش جايلاشقان. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا، يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچىلىرى، ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چيەنيۈەن جۇڭباۋ يارمىقى، بۇددىزم ھەيكەللىرىنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلدى. دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە يەر قاتلىمىدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ كۆمۈرنىڭ كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەنگەن يىلى بۈنىڭدىن 1325±75 يىل بۇرۇن بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ كۆكئارت قورۇلىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، كەييۈەن يىللىرى تاڭ سۇلالىسى كاۋانتا بەگلىكىنى تىنجىتقاندىن كېيىن ئۇنى تەسىس قىلغان. ساقلانغان ئىزلار دەل بۇ تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ماس كېلىدۇ.

**ئالمالىق قەدىمكى شەھىرى** چاغاتاي خانلىقى-
نىڭ پايتەختىنىڭ خارابىسى. ئۇ ئىلى ئوبلاستى قور-
غاس ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرە-
پىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى بار. تۇرلۇك سەۋەبلەر
تۇپەيلىدىن يەر يۈزىدىكى ئىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ساقلى-
نىپ قالالمىغان. قەدىمكى شەھەرنىڭ ئورنى تارىخىي
ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەر بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك
تەكشۈرۈشكە ئاساسەن بېكىتىلگەن. قەدىمكى شەھەر
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىن سەل بالدۇر بىنا
قىلىنغان. چاغاتاي خان دائىم مۇشۇ جايدا تۇرغاچقا،
كېيىن بۇ شەھەر خانلىقنىڭ پايتەختى بولغان. يۈەن
سۇلالىسىنىڭ ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى
مۇشۇ يەردە تەسىس قىلىنغان. بۇ خارابىدىن نۇرغۇن
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. مەسىلەن، ساپال
قاچىلار، كۆكۈش فارفۇر قاچىلار، نېستورىئان دىنى
مۇخلىسلىرىنىڭ سۈرىيە يېزىقىدىكى قەبرە تېشى دېگەن-
دەك. خارابىدىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇللىرى دائىم
دېگۈدەك بايقىلىپ تۇرغان بولۇپ، بۇ جاي خانلىقنىڭ
پۇل قۇيىدىغان ئورنى بولسا كېرەك. 1977 ـ يىلى،
سانجى قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان 1300 دانىدىن
ئارتۇق كۈمۈش تەڭگىنىڭ يېرىمىغا يېقىنىنىڭ ئۈستىگە
«ئالمالىق» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن.

**ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى خارابىسى** ئىلى
جياڭجۈنىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى. ئىلى دەرياسىنىڭ
شىمالىي قىرغىقىدىكى خۇييۈەن كۇرەسىگە، يەنى ھا-
زىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۇرە يېزىسىغا جايلاش-
قان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا «ئىلى
قاتارلىق جايلارنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرىدىغان جياڭ-
جۈن» تەسىس قىلىنىپ، ئۇ غەربىي يۇرت تەۋەسىدىكى
ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرغان.
خۇييۈەن كۇرەسى ئىلىدىكى توققۇز كۇرەنىڭ بىرىنچە-
سى بولغاچقا، كۆلىمى چوڭ، دۇكانلار كۆپ، ماللار
تولۇق، سودا ـ سېتىق ئىشلىرى گۈللەنگەن بولۇپ،
ئەينى يىللاردىن، تاكى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىن-
غۇچە، غەربىي چېگرا رايوننىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي
مەركىزى بولغان. تۇڭجىنىڭ 10 ـ يىلى (1871 ـ
يىلى)، چارروسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى ئىشغال
قىلىپ، كۇرە قاتارلىق قەلئەلەرنى بۇزۇپ تۈزۈپ قىلى-
ۋەتكەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىنى قايتۇرۇ-
ۋالغاندىن كېيىن، كۇرە قەلئەسى خارابىسىنىڭ شىما-
لىغا ئەسلىدىكى شەكلىگە تەقلىد قىلىپ يېڭى كۇرە
قەلئەسىنى ۋە جياڭجۈن مەھكىمىسىنى ياسىغان، بۇلار
ھازىرغىچە ساقلانماقتا. مەزكۇر خارابىنىڭ يېقىن ئەت-
راپىدا قوڭغۇراق راۋىقى بار. بۇ خارابە شىنجاڭ بويىچە
ئۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكار-
لىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراق-
نىڭ 8 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**قەدىمكى تۇرلار** قەدىمكى زاماندىكى ھەربىي
ئەسلىھە. ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سۇلالىلەر
چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىم
قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ بويلىرىغا نۇرغۇن تۇرلارنى يا-
سىغان بولۇپ، بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان تۇرلار
ئىزلىرى ئاز ئەمەس. (1) خەن سۇلالىسى دەۋرى.
خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سەددىچىن سېپىلى سۇلې دەريا-
سىغىچە ئىدى؛ ئۇنىڭ غەربىگە سېپىل ياسالماي، «ھە-
مىشە شىپاڭ سېلىنغان» بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە تۇر
ئىدى. ئۇلار جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىگە لايىقلاش-
قان بولۇپ، سەددىچىن سېپىلى بىلەن ئۆزئارا ماسلاش-
قان ۋە ئۆزئارا تۇتاشقانىدى. كىرۇران قەدىمكى شەھە-
رىنىڭ سەل غەربىي شىمالىدىكى قۇرۇق تاغنىڭ جەنۇبى-
غا، كۆنچى دەرياسى ۋادىسىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلغان
جايلاردا، ھازىر يەنىلا خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بىر
قاتار تۇرلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار: تۇنجى تۇر،
ياقا تۇر، كالتە تۇر، سىنىر تۇر، تۆشۈك تۇر، كۆنېي-
تىش تۆشۈك تۇر، شالۋاق تۇر، ساچقاي تۇر، شىڭدى
تاغ ئېغىزىدىكى تۇرلاردىن ئىبارەت؛ تېخىمۇ غەرب تە-
رەپتىكى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدىمۇ تۇرلار بار بو-
لۇپ، قارايار، لايسۇ قاتارلىق تۇرلار بىر ـ بىرىگە
تۇتاشقان. تۇرلار پۈتۈنلەي يەر تۈزۈلۈشى ئېگىزرەك
ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، قالدۇق ئېگىزلىكى ئون
مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. بىناكارلىق تېخنىكىسىدىن
قارىغاندا، تۇپا بىلەن قومۇش ۋە يۇلغۇن شېخىدىن ياكى
كېسەك بىلەن يۇلغۇن شېخىدىن ياسالغان. جۇغراپىيە-
لىك يەر تۈزۈلۈشىدە پەرق بولغاچقا، تۇرلار ئارىسىدى-
كى ئارىلىقمۇ ئوخشاش ئەمەس، سەل يىراق بولغانلىرى-
نىڭ ئارىلىقى ئون كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. (2)
تاڭ سۇلالىسى دەۋرى. ھازىر ساقلىنىپ قالغان تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرلار تۇرپاننىڭ تۆت ئەتراپىدا،
مەسىلەن، لەمجىننىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆللۈكتە،
يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا، دا-
خەنگودا، ئۈرۈمچىدىكى تۇز كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقى-
دا؛ يەنە كۇچا بىلەن مارالبېشى ئارىسىدىكى يايدى تىم،
ئاقچىن، دۇۋاي تىم، چوڭ تىم، يۇمىلاق تىم، كىچىك
تىم ۋە زىېتىم قاتارلىق تۇرلارنىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلا-

لىسى دەۋرىگە تەۋە تۇرلار ھېسابلىنىدۇ. تۇر بىناكارلە-
قىدىكى ماتېرىياللار ئاساسەن كېسەك بىلەن يۇلغۇن
شېخىدىن ئىبارەت. (3) چىڭ سۇلالىسى دەۋرى. بار
كۆلدىن سانجى، ماناسقىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۇرلار-
نىڭ ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى. باركولدىن غەربكە
قاراپ مېڭىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلا-
پ، مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ ناھىيىلىرى
تەۋەسىگە بارىدىغان يول بويلىرىدا دۆڭلەر كەينى كەينى-
دىن ئۇچرايدۇ، سانجىدىن شىمالغا بۇرۇلۇپ قۇتۇبى،
ماناس ناھىيىلىرى تەۋەسىگە كىرگىچىمۇ مۇشۇنداق
ئىزلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار باركۆلدىن چىڭ سۇ-
لالىسىنىڭ ئىلى جياڭجۈنى تۇرۇشلۇق جايغىچە بولغان
قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
تۇرلارنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى ئون مېتىر ئەتراپىدا
بولۇپ، ئۇزۇنىسىغا كەسمە يۈزى تراپىتسىيە شەكلىدە،
خاڭداپ ياسالغان، خاڭدالغان قەۋەتلەر ئارىسىغا كىچىك
كالتەكلەر ياتقۇزۇلغان، يەنە يالپاق تاشلار بىلەن تويا
ئارىلاشتۇرۇپ ۋە يۇلغۇن، قومۇش باستۇرۇپ ياسالغان-
لىرىمۇ بار. تۇرلارنى ياساشتا شۇ يەردىن ماتېرىيال
ئېلىش پرىنسىپ قىلىنغان. تۇرلار ئەينى يىللاردىكى
ھەربىي مۇداپىئە ئىشلىرى، خەۋەرلىشىش ۋە ئالاقىلە-
شىش سىستېمىسىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەل-
كى ئوخشىمايدىغان دەۋرلەردىكى قاتناش لىنىيىلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.
(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 3 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**مازار تاغ قورغىنى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى
ئەۋلىيا تېغى قورغىنىنىڭ ئەسلىي ئورنى. ئۇ قاراقاش
ناھىيىسى كاۋاك يېزىسىنىڭ 150 كىلومېتىر شىمال-
ىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ،
تاغقا يۆلەپ ياسالغان. ئىچىدە ئۈچ گۇرۇپپا قورۇلۇش
ئىزى بار. بىرىنچى گۇرۇپپا ئىز جەنۇبىي ۋە شىمالد-
ىكى ئىككى ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شەرقىدە
ئىككىنچى گۇرۇپپا ئىز بولۇپ، ئۇ تورالغۇ ئۆي ئىزى
ھېسابلىنىدۇ؛ يەنە شەرقتىرەك ئۈچىنچى گۇرۇپپا ئىز
بولۇپ، ئۇ ئېغىلدۇر. قورغاننىڭ 50 مېتىر غەربىدە
تۇر بار. شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە بىر كىچىك بۇددا
ئىبادەتخانىسى بولۇپ، كۆچمە قۇم كۆمۈۋەتكەن، توغ-
راق ياغىچىدىن قىلىنغان تۈۋرۈكلىرى بىلەن تاملىر-
ىنىڭ ئىزى ئازراق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىدىن بۇيان، بۇ خارابىدىن خەن، تاڭ سۇلالىسى
دەۋرلىرىگە ئائىت يارماقلار، بۇددىزم مەدەنىيىتىگە
خاس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، خەنزۇچە ھۆججەتلەر،
مەسىلەن، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن، تيەنباۋ يىل-
لىرىدا ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ خانى ۋىسا گويگە سۇنۇلغان
مەلۇماتنامە»، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇدۇن ئەۋ-
لىيا تېغىدىكى مەلۇم ئىبادەتخانىنىڭ چىقىم خاتىرىسى»
ۋە تىبەتچە تارىشا پۈتۈك قاتارلىقلار تېپىلدى.

**ئالغۇي قەدىمكى قورغىنى** تاڭ سۇلالىسى دەۋ-
رىدىكى قورغان. خوتەنيۈ قورغانىنىڭ ئەسلىي ئورنى
بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ كان
رايونىدىكى ئالغۇي جىلغىسى ئاغزىغا جايلاشقان بولۇپ،
تۇرپان ئويمانلىقىدىن كونەس دەرياسى ۋادىسى،



ئالغۇي قەدىمكى قورغىنى

قارا شەھەر ئويمانلىقىغا بارىدىغان مۇھىم ئۆتكەلنى
كونترول قىلغان. قەدىمكى قورغان سەل جاسا شەكىل-
دىرەك بولۇپ، تاملىرى بەش قۇر ياپىلاق تاش ئۈستىگە
بىر قۇر ياغاچ ياتقۇزۇش ئارقىلىق قوپۇرۇلغان، تاش-
لارنىڭ ئاراچلىرى لاي بىلەن ئېتىلگەن. قورغان ئىچى-
دە قەدىمكى زامان ئۆيلىرىدىن بىر نەچچە ئېغىزى ساق-
لانغان بولۇپ، بۇ جايدىن تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە قەغەز
ھۆججەت پارچىلىرى خېلى كۆپ تېپىلدى. بۇ ھۆججەت-
لەر ئىچىدە «خوتەنيۈ قورغانىدىكى قورشاۋ شاھماتخانا»
توغرىسىدىكى پۈتۈك، يەنە «مىڭئەن تۇرى»، «مىشۈي
تۇرى»، «لېيشى تۇرى» «لىنفەن ئۆتىكى»، «دۇەن
زېي ئۆتىكى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ھۆججەت پارچە-
لىرى ۋە لەشكىرىي لازىمەتلىك ھېسابات دەپتىرىنىڭ
پارچىلىرى، قەرز ئېلىش ھۆججىتى ۋە خەنزۇ ئەسكەر-
لەرنىڭ تىزىملىكى قاتارلىقلار بار. قورغاننىڭ تۆۋەنكى
قاتلىمىدىن ئېلىنغان ياغاچلارنىڭ يىلنى كاربون 14
ئارقىلىق ئۆلچەش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ
دەۋرى VII ~ VIII ئەسىرلەرگە تەۋە بولۇپ، قېزىۋېلىنغان
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ دەۋرى بىلەن بىردەك. بۇ
قورغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېگرا رايون ھەربىي
مۇداپىئە ئىشلىرى، بولۇپمۇ غەربىي تۇركلەردىن مۇدا-

پىشەلەنگەندىكى ھەربىي ئەسلىھەلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بەدەل ئارت قەدىمكى تۇرى  تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلۇ تۇرىنىڭ ئەسلىي ئورنى. ئۇ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەدەل داۋىنىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان. قەدىمكى تۇرنىڭ كەينىدە تەڭرىتاغ، يېقىن ئەتراپىدا بەدەل دەرياسى بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى بىر قەدەر ئېگىز، كەڭ دائىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قەدىمكى تۇرنىڭ ئۇلى 10×13 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى يەتتە مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ. بۇ تۇرنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى خاڭدالغان توپا بىلەن شىغىل قاتلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ياغاچ ۋە يۇلغۇن باستۇرۇلغان، خاڭدالغان قاتلامنىڭ قېلىنلىقى 12 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. قەدىمكى تۇرنىڭ ئۈستىدە ياغاچ كۆمۈر كۈلى بار. بۇ تۇردىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا يەنە بىر قەدىمىي تۇر بولۇپ، ئۈستىدە بىر نەچچە تال ياغاچ تۈۋرۈك بار. بۇ تۇرلارنى بويلاپ داۋاملىق ئالدىغا ماڭغاندا، بەدەل داۋىنىدىن ئاشقىلى بولىدۇ. قەدىمكى تۇرنىڭ يېقىن ئەتراپىدا قەدىمىي قەبرىستانلىق ۋە تۆگە، ئات، ئېشەكلەرنىڭ سۆڭەكلىرى بايقالدى. تۇرنىڭ شىغىل قاتلىمىدىكى ياغاچلارنىڭ يىلىنى كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ دەۋرى بۈگۈنگىدىن 1645±90 يىل بۇرۇن بولۇپ، مۇتلەق دەۋرى IV ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىگە، يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بەدەل داۋىنىدىكى قەدىمكى يول، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىن سۇياب دەرياسىغا بارىدىغان مۇھىم يول بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن سۇلۇ تۇرى قەدىمكى يولى دېگەن ماس كېلىدۇ.

رەڭدار ساپاللار  رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان ساپال قاچىلار. ئۇلار برونزا دەۋرىدىن دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگىچە ئىشلىتىلگەن. ساپاللار ئاساسەن لېيىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان ۋە لايدىن ياسالغان قىزىل ساپال بولۇپ، كۈل رەڭ ساپاللار ئاز. ساپال قاچىلارغا تۆمۈر، مانگان ۋە ئوخرا قاتارلىق مىنېرال بوياقلار بېرىلىپ سۇس ئوتتا پىشۇرۇلغاندىن كېيىن قىزىل، قارا ياكى قوڭۇر رەڭگە كىرگۈزۈلگەن. رەڭدار ساپال قاچىلار ئاساسەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ياقىلىرى ئەتراپىدىن قېزىۋېلىندى. ئۇلارنى گۈل نۇسخىلىرى، رەڭلىرى ۋە شەكلىگە ئاساسەن تۆت رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ.

شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شەرقى  قۇمۇل رايونىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىق بايقالغان ئورنى قۇمۇل شەھىرىدىكى تەڭرىتاغ شىمالىي يولى، قارا دۆۋە، يانبۇلاق، باركۆل ناھىيىسىدىكى نەنۋەن، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى نەسىللىك ئات فېرمىسى قاتارلىق 30 نەچچە ئورۇندىن ئىبارەت. قاچىلار ئاساسلىقى قوش قۇلاقلىق كومزەك، جام، ئېگىز پۇتلۇق ھېجىر بولۇپ، گۈللىرى دولقۇنسىمان نۇسخا، ئۈچ بۇرجەك نۇسخا، ھەر خىل ئۆزگەرتىلگەن توغرا، تىك سىزىقچە نۇسخىلىق، قارا رەڭنى ئاساس قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ شىمالىي يولىدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ دەۋرى ئەڭ بالدۇر بولۇپ، گەنسۇنىڭ غەربىدىكى «سىبا مەدەنىيىتى» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك؛ قالغان جايلاردىكىلىرىنىڭ دەۋرى كېيىنرەك بولۇپ، ئۆز ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنگەن. رەڭدار ساپال قاچىلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى برونزا دەۋرىگە تەۋە بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلگە تەۋەلىرى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي شىمالى  ئاساسلىق بايقالغان جايلار پىچان ناھىيىسىدىكى سۇبېشى، ياڭخى، تۇرپان شەھىرىدىكى ئايدىڭكۆل، يارغول، توقسۇن ناھىيىسىدىكى قاغاچاق، ئۈرۈمچى نەنسەن كان رايونىدىكى ئالغۇي، ئۇلانباي سۇ ئامبىرى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى 40 نەچچە ئورۇندىن ئىبارەت. قاچىلار بىر قۇلاقلىق ئۇرىق (كومزەك)، جام، ئاياقلارنى ئاساس قىلغان. ئۇلارغا كۆپرەك قاينام نۇسخىسى، گىرۋەكلىرىنىڭ ئىچى - سىرتىغا ھەرە چىشسىمان نۇسخا، قۇرسىمان ۋە تورسىمان نۇسخا قاتارلىقلار چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، قارا رەڭنى ئاساس قىلغان. بۇ رايوندىكى رەڭلىك ساپاللار تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، شەرقىي رايوندىكى رەڭلىك ساپاللارنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلغان. مەسىلەن، تېگىگە قىزىل رەڭ بېرىپ، ئۈستىگە قارا رەڭدە ئۈچ بۇرجەك ۋە ھەرە چىشسىمان گۈل نۇسخىلارنى سىزىش دېگەندەك. قاچىلارنىڭ شەكلىدىمۇ بىر قەدەر چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان، قوش قۇلاقلىق قاچىلار ئازلاپ، بىر قۇلاقلىق قاچىلار كۆپەيگەن. ئۇلار تۆمۈر قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە تەۋە يادىكارلىقلاردۇر.

**تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ** جەنۇبى خوتۇنسۇمۇل (خېجىڭ) ناھىيىسى چابخادىكى قەبرىستانلىقلاردا ئەڭ كۆپ بولۇپ، يەنە قاپچىغاي، بەلچىر، بۈگۈر ناھىيىسىدىكى چۇمپاق، باي ناھىيىسىدىكى قىزىل قاتارلىق جايلاردىمۇ بار. قاچىلار ئاساسەن بىر قۇلاقلىق جوغىلىق جام، كومزەكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، گۈللىرى شاھمات تاختىسىدىكىدەك كاتەكچە نۇسخا، بۇلۇتسىمان نۇسخا، ئۈچ بۇرجەك ۋە تورسىمان نۇسخىلارنى ئاساس قىلغان؛ قىسمەنلىرىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى قورساق قىسمى، بويۇن ئەتراپى ۋە گىرۋەك ئاستى قاتارلىق ئورۇنلارغا چۈشۈرۈلگەن؛ ئۇلارنىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، كۆپىنچە قىزىل رەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇ رايوندىكى رەڭدار ساپال قاچىلار روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، برونزا دەۋرىنى



رەڭدار ساپاللار

ئاساس قىلغان، ئاخىرقى باسقۇچى دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتكە ياتىدۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكىسى بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدىكىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۇچرىشىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش مەۋجۇت بولغان.

**غەربىي تەڭرىتاغ سايلىرى** ئىلى ۋىلايىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىقى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى شات، كۈنەس ناھىيىسىدىكى قارا تۇمشۇق، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى سوتۇنبۇلاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قاچىلارنىڭ سانى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، ئاساسەن قۇلاقسىز ئۇرۇق، ئاياق، ئەگرى قورساقلىق جام قاتارلىقلاردۇر. قاچىلارغا يوپۇرماق تومۇر نۇسخىسى، تورسىمان نۇسخا، شاھمات تاختىسىدىكىدەك كاتەكچە نۇسخا قاتارلىقلار چۈشۈرۈلگەن، قىزىل رەڭ ئاساس قىلىنغان. يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ساك - ئۇيسۇن سىستېمىسىغا خاس بولۇپ، دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە تەۋە.

**قىزىل مىڭئۆي** دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددىزم غارلىرىنىڭ ۋەكىلى، باي ناھىيىسى قىزىل يېزىسىنىڭ توققۇز كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا، مۇزات دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى تىك يار ئۈستىگە جايلاشقان. غارلار شەرقتىن غەربكە ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بولۇپ، جىلغىنىڭ غەربى، جىلغا ئىچى، جىلغىنىڭ شەرقى ۋە تاغ كەينىدىن ئىبارەت تۆت رايونغا ئايرىلىدۇ. رەسمىي نومۇر قويۇلغان غار 236، ئاساسىي جەھەتتىن غار شەكلىگە ئىگە ئۆڭكۈرلەر 334 كە يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە غار شەكلى بىر قەدەر مۇكەممەل، تام رەسىملىرىنىڭ ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولغان غار 70 تىن ئاشىدۇ. قىزىل مىڭئۆينى ياساش تەخمىنەن مىلادىيە II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلىنىپ، VII ~ IX ئەسىرلەردە توختىغان. ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئەڭ بالدۇر قېزىلغان چوڭ تىپتىكى غارلار توپى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) بىناكارلىق. شەكلى ۋە رولىغا ئاساسەن، غارلار بۇتقا چوقۇنىدىغان ھەم ئۇلارنى تاماشا قىلىدىغان مەركىزى تۈۋرۈكلۈك غارلار، نوم تەپسىر قىلىدىغان چاسا شەكىللىك غارلار، راھىبلار ھۇجرىسى بولغان كارىدورلۇق چاسا غارلار، ھەرخىل نەرسىلەرنى قويىدىغان غەيرىي شەكىللىك غارلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارنىڭ چوڭايتىلغان شەكلى بولغان چوڭ بۇتلۇق غارمۇ بار. (2) ھەيكەللەر. ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، ئاساسىي جەھەتتىن ساقلىنىپ قالالمىغان. (3) تام رەسىملىرى. سانى بىر قەدەر كۆپ، ساقلىنىشى بىر قەدەر ياخشى بولغان تام رەسىملىرى قىزىل مىڭئۆيدىكى ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلار ھېسابلىنىدۇ. تام رەسىملىرى مەركىزى تۈۋرۈكلۈك غارلار بىلەن چاسا شەكىللىك غارلارغا مەركەزلەشكەن. ئاساسلىق ۋەقەلىكى ساكيامۇنىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا يارالمىش قىسسىلىرى، ۋەج - سەۋەب قىسسىلىرى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى قىسسىلىرى، كەلگۈسى بۇددا — مائىترىنىڭ قىسسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسىملەردە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ «پە-

قەت ساكيامۇنىغىلا چوقۇنىدىغان» ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تام رەسىملىرىدىكى ئاسمان كۆرۈنۈشى، ئەرش ئوردىسىدىكى سازەندىلەر، كىنتارالار (نەغمىچى تەڭرىلەر) قاتارلىقلار قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى ئىچىدىكى ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت بۇيۇملىرى ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى مەزگىلگە تەۋە تام رەسىملىرىدە ماھايانا مەزھىپىگە خاس «مىڭ بۇددا» رەسىمى كۆرۈلىدۇ. غارلاردا تېۋىنغۇچىلار رەسىمى كۆپ بولۇپ، ھەممىسى كۇسەنلىكلەرنىڭ ئوبرازى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كۇسەننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر.

قىزىل مىڭئۆي سەنئىتى كۇسەن بۇددىزم سەنئىتى ئەندىزىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ بىناكارلىقتىكى مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غار تېخنىكىسى، رەسساملىقتىكى رومبىسىمان تۈزۈلۈش، سايىلاندۇرۇپ رەڭ بېرىش ۋە سىزىق بىلەن تەسۋىرلەش ئۇسۇلى، مول ۋەقەلىك رەسىملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىپەك يولىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە دىندارلارنىڭ ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن قىزىل مىڭئۆي تارىخنىڭ چاڭ - تۇزانلىرىغا كۆمۈلۈپ كېتىپ، XIX ئەسىرگە كەلگەندە قايتىدىن بايقالدى. كېيىن روسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ، نۇرغۇن تام رەسىملىرى بىلەن ھەيكەللەر چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گېرمانىيە بۇلاپ كەتكەن تام رەسىملىرى 400 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن بۇ مىڭئۆي مۇھاپىزەت قىلىندى ۋە رېمونت قىلىندى. 80 - يىللاردا چوڭ كۆلەمدە رېمونت قىلىندى. 1985 - يىلى، كۇسەن مىڭئۆي تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپ، قوغداش ۋە تەتقىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 2 -، 4 - بەتلىرىگە قارالسۇن)

**ئۇچبۇرھان تاش غارى** IV ~ VIII ئەسىرلەردىكى سۇلى بەگلىكىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى. قەشقەر شەھىرىنىڭ 18 كىلومېتىر شىمالىغا، چاقماق دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تىك يار تۈۋىگە جايلاشقان. ئۈچ غار قاتار تىزىلغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 مېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرىدىكى غارنىڭ ئىككى تېمىغا ئايرىم - ئايرىم ئىشىك ئويۇش ئارقىلىق ئۈچ غار بىر گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرۇلغان. غارلارنىڭ قۇرۇلمىسى ئالدى - كەينى ھۇجرىلىق بولۇپ، ئالدى ھۇجرىنىڭ ئارقا تېمىدىن ئىشىك ئېچىپ كەينى ھۇجرىغا تۇتاشتۇرۇلغان. ئوتتۇرىسىدىكى غارنىڭ كەينى ھۇجرىسىدىكى جەنۇبىي تېمىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تاشتىن ئويۇلغان ساكيامۇنى ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان، ھەيكەلنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 1.2 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي ۋە غەربىي غارنىڭ ئالدى ھۇجرىسىنىڭ ئىككى تېمىدا ئايرىم - ئايرىم بۇت تەكچىسى بار. غار ئىچىدە تام رەسىملىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان. شەرقىي تەرەپتىكى غارنىڭ ئالدى ئەگمە تورۇسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى كۆكۈش رەڭلىك چاسا رامكا ئىچىگە يۇلتۇز، ئاي قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ رەسىملىرى، رامكىنىڭ چۆرىسىگە تۆت يېرىم چەمبەر سىزىلىپ، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاق نۇر ئايلاندۇرۇپ سىزىلغان. يېرىم چەمبەرنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرغان ياكى ئۆرە تۇرغان بۇددادىن 14 ى سىزىلغان. كەينىدىكى ھۇجرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تېمى، ئىشىك ماڭلاي ياغىچى بىلەن ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا بىردىن بۇددا، ئىككىدىن بوتساتۋا سىزىلغان. ئوتتۇرا غارنىڭ ئالدى ھۇجرىسىنىڭ تېمىدا (بۇددانىڭ) قويۇق رەڭ بىلەن سىزىلغان باش نۇرى، گەجگە نۇرى ۋە بەدەن نۇرى بار. تام رەسىملىرىگە رەڭ بېرىشتە سۇس رەڭ ئاساس قىلىنغان. رەسىملەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئۆزگىرىشى ئاز بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇددىزم تام رەسىملىرى ئۇسلۇبىغا ئىگە.

**تۇمشۇق ساڭرامى** جىن - تاڭ دەۋرلىرىگە تەۋە بۇددا ساڭرامى خارابىسى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تەخمىنەن 40 كىلومېتىر شەرقىدىكى تۇمشۇق تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر خارابىنىڭ كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا. ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خارابىلىك بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، 20 نەچچە ئېغىز ئۆي خارابىسى، بىر بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالغان؛ شەرقىي قىسمىدىكى خارابىلىكتە تەخمىنەن 14 ئېغىز ئۆي خارابىسى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خارابىلىكتە چوڭ تىپتىكى بىر بۇددا ساڭرامىنىڭ خارابىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالتە باسقۇچلۇق پەلەمپەيلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ بۇددا ساڭرامى تەخمىنەن IV ئەسىردە ياسالغان بولۇپ، VII ~ VIII ئەسىرلەرگىچە ساقلانغان. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى مەزكۇر

خارابە بىلەن توققۇز سارايىنى ئارخېئولوگىيىلىك قې-
زىپ، بۇ يەردىن چىققان ھەيكەل، قەدىمكى ھۆججەت،
پۇل قاتارلىق 400 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى-
نى ئېلىپ كەتكەن.

**سىم ـ سىم مىڭئۆيى** جىن ـ تاڭ دەۋرلىرىگە
تەۋە مىڭئۆي. كۇچا ناھىيىسىدىكى قوناس كەنتىنىڭ
شىمالىدىكى چۆلتاغنىڭ بىر جىلغىسى ئىچىگە جايلاش-
قان، ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىد-
غان بولۇپ، كۇسەن (كۇچا) رايونىنىڭ شەرقىي قىس-
مىدىكى ئەڭ چوڭ تاشكېمىر ھېسابلىناتتى. ھازىر ئۇ-
نىڭدا نومۇر قويۇلغان 52 غار بار، مەزكۇر مىڭئۆي
ئوتتۇرا رايونىنىڭ مەركىزىدە بىر ساڭرام خارابىسى
بار. مىڭئۆي تەخمىنەن IV ئەسىردە قېزىلىشقا
باشلاپ، VIII ئەسىردىن كېيىن توختىغان. غارلارنى
ئاساسەن ئۈچ مەزگىلگە ئايرىشقا بولىدۇ: دەسلەپكى
مەزگىلى IV ~ V ئەسىرلەر بولۇپ، غارلار مەرك-
ىزىي تۈۋرۈكلۈك ۋە چاسا شەكىللىك غارلار ئاساس
قىلىنغان، تۈلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى قىزىل مىڭئۆيگە
ئوخشايدۇ، تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ بۇددا دىنى-
دىكى ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن؛ ئوتتۇرا مەزگىلى VI ~ VII ئەسىرلەر بولۇپ،
چوڭ بۇتلۇق غارلار كۆپىنچە مۇشۇ مەزگىلدە قېزىل-
غان؛ ئاخىرقى مەزگىلى VIII ئەسىردىن كېيىن بولۇپ،
ئۇيغۇر ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى غارلاردا ئىپادىلەن-
گەن. غارلارنىڭ تورۇس قۇرۇلمىسىنىڭ خىلمۇخىل
بولۇشى بۇ رايوندىكى مىڭئۆيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.
غارلارنىڭ ئىچىدە، 11 ـ نومۇرلۇق چوڭ بۇتلۇق
غارنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 18.5 مېتىر بولۇپ،
شۇ زاماندا كۇسەن (كۇچا) تەۋەسىدىكى ئەڭ ئېگىز
تاشكېمىر ھېسابلىناتتى. ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈكنىڭ
تۆت تەرىپىگە ئويۇلغان قازناق تاشكېمىرلارمۇ كۇسەن
رايونىدىكى خاس ئالاھىدىلىك ئىدى. چوڭ بۇتلۇق غار-
نىڭ كەينى ھۇجرىسىدىكى نىرۋانا سۈپىتى باشقا جايلار-
دا ئاز ئۇچرايدۇ. تام رەسىملىرى ۋەقەلىكىنىڭ مەزمۇ-
نى ئاخىرقى مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلار ئۇسلۇبىدىكى غار-
لاردا ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت مەزمۇن ئەكس ئەتتۇ-
رۇلگەندىن سىرت، قالغان غارلاردا پۈتۈنلەي ھىنايانا
مەزھىپىگە ئائىت مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تام
رەسىملىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئوبرازى، رەسىملەرنىڭ
رەڭگى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پاسونى قاتارلىقلار
كۇسەندىكى باشقا مىڭئۆيلەردىكىدىن پەرقلىق بولۇپ،
روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا،
گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تام رەسىملىرى قا-
تارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قى-
لىپ، بۇ مىڭئۆينى مۇئەييەن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچراتقان. ئۇ ھازىر مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغ-
دىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ.

**سۇبېشى ساڭرامى** IV ~ X ئەسىرلەردىكى
چاكىر (چاكرا) ساڭرامىنىڭ خارابىسى. كۇچا ناھىيە-
سىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 23 كىلومېتىر كېلىدىغان
يەردىكى چۆلتاغ ئېغىزىنىڭ شەرق ۋە غەرب ئىككى
قىرغىقىغا جايلاشقان. غەربىي قىرغاقتىكى خارابىنىڭ
جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 700 مېتىر،
شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 180 مېتىر كېلى-
دۇ. خېلى كۆپ خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان، جەنۇب
تەرەپتىكى مۇنار ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش بولۇپ، ھازىر
ئۇلى بىلەن پەلەمپىيى ساقلىنىپ قالغان. شىمالىي
تەرەپتىكى دەريا ياقىسىغا تاغقا يۆلەپ كىرىپ شەكلىدى-
كى قېزىلغان ديان (ئىستىقامەت) غارلىرى شۇ زاماندى-
كى كۇسەن (كۇچا) رايونىدىكى ئەڭ مەركەزلەشكەن
ديان غارلىرى ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي قىرغاقتىكى خا-
رابىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 530
مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 140 مې-
تىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يۇمىلاق بۇددا
مۇنارى قۇرۇلۇشنىڭ مەركىزىي ھېسابلىنىدۇ، جەنۇ-
بىي قىسمىدىكى چوڭ بىر پارچە يەردە راھىبلار ھۇجرى-
لىرى خارابىسى بار. بۇ ساڭرام مىلادىيە IV ئەسىردە
ياسىلىشقا باشلاپ، تاكى ئۇيغۇرلار دەۋرى (IX ~ X
ئەسىرلەر) گىچە ئىشلىتىلگەن. بۇ جايدىن ئۈستىگە سا-
زەندىلەر بىلەن ئۇسسۇلچىلار سىزىلغان شارىرىر قۇتىسى
(ياپونىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن)، كۇسەن يېزىقى، ئۇي-
غۇر يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر، تاڭ
سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن، چيەنيۈەن، دالى، جيەنجۇڭ
يىللىرىنىڭ يارماقلىرى، پېرسىيە كۈمۈش تەڭگىسى،
رەڭدار جەسەت ساندۇقلىرى، كۇسەنلىكلەرنىڭ ئىسكە-
لىتى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىن-
غان. ئۇ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مە-
دەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك
قىستۇرما ۋاراقنىڭ 2 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**شىكشىن ساڭرامى** ئاگنى (قاراشەھەر) دۆ-
لىتىنىڭ ساڭرامى. قاراشەھەر ناھىيىسىدىكى شىكشىن
يېزىسىنىڭ سەككىز كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان بو-
لۇپ، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى

خان- خورا تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە توغرا كېلىدۇ.
XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شۋېتسىيىلىك سۋېن ھېدىن،
گېرمانىيىلىك گرىيۇنۋېدېل، ئەنگلىيىلىك ستەيىن قاتار-
لىقلار بۇ جايغا كېلىپ كۆپ قېتىم تەكشۈرگەن. ستەيىن
ساڭرامنىڭ بۆت قەسرى خارابىسىنى قازغان. 1957 -
يىلى، جۇڭگو ئالىمى خۇاڭ ۋېنبىمۇ بۇ جاينى قېزىپ
تەكشۈرگەن. ساڭرام قۇرۇلۇشى خارابىسىنىڭ جەنۇب-
تىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 600 مېتىر،
شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 190 ~ 270 مېتىر كېلى-
دۇ. خارابە رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇلاق سۈيىنىڭ
يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان بىر سازلىق بار، بۇ ساز-
لىقنى چېگرا قىلىپ، ساڭرامنى غەربىي شىمال ۋە
شەرقىي جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى رايونغا ئايرىشقا بو-
لىدۇ. بۇ ئىككى رايوندا جەمئىي 100 دىن ئارتۇق
ساڭرام - ئىبادەتخانا خارابىسى بولۇپ، چوڭ خارابىلار-
نىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر،
كىچىك خارابىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭ-
لىكى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. قۇرۇلۇشلا-
رنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇسلۇبى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ-
لار پۈتۈنلەي چاسا شەكىلدىكى ئەگمە تورۇسلۇق ۋە
يېپىق ئايلانما كارىدورلۇق «مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك»
شەكىلدىكى بۆت قەسىرلىرى بولۇپ، كېسەكتە قوپۇ-
رۇلغان. ئۇلاردىن باشقا، يەنە راھىبلار ھۇجرىسى، نوم
نوملاش ئۆيى، ئامبار ۋە كۆپلىگەن چوڭ - كىچىك
بۆددا مۇنارى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارمۇ بار. بۇ جايدىن
قەندىھارا ئۇسلۇبىدىكى بۆددا، بودساتۋا ۋە تېۋىنغۇچى-
لارنىڭ ھەيكەللىرى، بۆددىزم قىسسىلىرى تېما قىلىن-
غان تام رەسىملىرى، ياغاچ تاختايغا سىزىلغان رەسىم-
لەر، ھەيكەل قېلىپلىرى، شارىرىر كوزا - قۇتىلىرى،
ئۇيغۇر يېزىقى، قاراشەھەر يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى
بۆددا نوملىرى، توخار تىلىدىكى «مايترى سىمىت»،
سوغد ئۇسلۇبىدىكى كۈمۈش تاۋاق قاتارلىق مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنغان.

تۈيۇق تاشكېمىرى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى
ئەڭ دەسلەپكى مىڭئۆيلەرنىڭ بىرى. پىچان ناھىيىسى-
نىڭ تۈيۇق يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىدىكى
قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرىگە تەخمىنەن 15 كىلومېتىر
كېلىدۇ. ھازىر 40 نەچچە غار ساقلىنىپ قالغان،
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئون غاردا تام رەسىملىرى بار. بۇ
مىڭئۆي IV ئەسىردىن باشلاپ ياسالغان. قوچو ئايمىقى
دەۋرى (327 ~ 460) گە تەۋە غارلاردىن 1-، 20-،
42-، 44- نومۇرلۇق غارلار بار. تام رەسىملىرىنىڭ
تېمىسى ديان (ديانا) ئولتۇرۇش رەسىمى، بۆددا، نە-
قىشلەنگەن بۆددا يۇرتى، جاتاكا سۇترا قىسسىسى، خې-
ئوپراتىيايا قىسسىسى قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان. 1-
ۋە 42 - نومۇرلۇق غارلار راھىبلار ئېتىكاپتا ئولتۇ-
رۇپ بۇتقا تېۋىنىدىغان ديان غارلىرىدۇر. ئۇلار ئىچى-
دىكى «دياندا ئولتۇرغان بىكشۇ» رەسىمدە راھىبلىق
يولىدا تەربىيىلىنىشتىن ئىبارەت قوچودىكى ديان تەلى-
ماتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەڭ
ياخشى ساقلىنىپ قالغان 44 - نومۇرلۇق غار شىمالىي
لياڭنىڭ قاچاق خانى چۈچى ئەنجۇنىڭ چېكىپىلىڭ
7~12 - يىللىرى (450 ~ 455) ياسالغان، تام
رەسىملىرىنىڭ تېمىسى، ئۇسلۇبى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدى-
كى 275- نومۇرلۇق غارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. غارلارنىڭ
تەكشى يۈزى چاسا شەكىلدە بولۇپ، تورۇسىنىڭ ئوتتۇرا
قىسمىدا قاپارتما قىلىپ ئويۇلغان يۇمىلاق شەكىللىك
شىپ بېزەكلىرى بار. غارنىڭ تۆت تېمىنىڭ ئوتتۇرا
قىسمىغا ئايلانما قىلىپ كاتەكچىلەر ئىچىگە «سۇۋاي
خانىنىڭ يارالمىش قىسسىلىرى»، «ۋايلىنسېرى
خانىنىڭ يارالمىش قىسسىلىرى»، «بۇندارىكا خاتۇنىنىڭ
ۋەج - سەۋەب قىسسىسى»، «براھمان ئايالنىڭ قىز-
چاقىقا قەست قىلىش ھەققىدىكى خېتۇ - پرايتايا قىسسى-
سى» قاتارلىق يارالمىش، ۋەج - سەۋەب ھېكايىلىرى
سۈرەت سىزىلغان. بۇ خارابىدىن «ئۆي يىلى (449-
يىلى) لياڭ خانى ئۇلۇغ جۈچى ئەنجۇنىڭ تېۋىنىش
ھەققىدىكى نوم بېتىگە» قاتارلىق نوملار قېزىۋېلىنغان.
قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (460 ~ 640) گە تەۋە
غارلاردىن 2 -، 12 -، 38 - قاتارلىق غارلار بار.
بۇ مەزگىلدە تۈيۇق تاشكېمىرلىرى خان جەمەتى ساڭرا-
مى بولغان، بۇ جايدىن ئىدىقۇت خانى جۇگەنگۇ كۆچۈر-
گەن «دارماراجا پراجنا پارامىتا سۇترا» نىڭ پارچىسى
بىلەن «پراجنا پارامىتا سۇترا» نىڭ پارچىسى قېزىۋې-
لىنغان. غارلار ئىچىدىكى چوڭ تىپتىكى مەركىزىي
تۈۋرۈكلۈك غارلارغا مىڭ بۆددا رەسىمى، بىر بۆددا
ئىككى بودساتۋا كۆرۈنۈشىدىكى نوم نوملاش رەسىمى،
قاتارىسىغا تىزىلغان بۆددا، بودساتۋا رەسىملىرى، چاق-
چاق شەكىللىك، تەكشى شاھمات نەقىشلىق نەقىش قا-
تارلىقلار كەڭ تارقالغان بولۇپ، نوم نوملاش رەسىملى-
رىدىن «ئاسوكا خانىنىڭ مۇنار ياساتقانلىقى ھەققىدىكى
ۋەج - سەۋەب ھېكايىسى» قاتارلىق ئادەم ئوبرازى
كۆپ، ھېكايە ۋەقەلىكىگە ئىگە چوڭ ئەنلىك رە-
سىملەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەدرىجىي بارلىققا كەلگەن.
تۈيۇق تاشكېمىرلىرى جايلاشقان تىك يارنىڭ توپىسىدا
شېغىل كۆپرەك بولغاچقا، ئاسان گۈمۈرۈلۈپ چۈشەت-

تى. شۇڭا، جۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچو خان جەمەتى مۇرتۇق جىلغىسىدا بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىنى يېڭىدىن ياسىتىپ، تۇيۇق تاشكېمىرلىرىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلىگەن. X ~ XI ئەسىرلەردە ئۇيغۇر راھىبلىرى بۇ جايدا ساغراملارنى سالدۇرغان. XV ئەسىردە مەزكۇر تاشكېمىرلار تاشلىنىپ قالغان.

**خانئۇيى بۇددا مۇنارى** V ~ VIII ئەسىرلەردىكى سۇلى بەگلىكىنىڭ بۇددا ساغرامى خارابىسى. قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ كەپتەرخانا كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، چاقماق دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر بۇت قەسرى، راھىبلار ھۇجرىسى خارابىلىرى ۋە جەنۇب — شىمالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى بۇددا مۇنارى قۇرۇلۇشى ساقلىنىپ قالغان. شىمال تەرەپتىكى بۇددا مۇنارى دۈم قىلىنغان كۈرە شەكلىدە بولۇپ، ئۈلى پۈتەي ھەم چاسا شەكىللىك، كېسەكتە قوپۇرۇلغان مۇنار گەۋدىسىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي يۈزىدە بۇت تەكچىسى قالدۇقى بار، ئەمما شامالدا ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە يالىنىپ كەتكەن. جەنۇب تەرەپتىكى بۇددا مۇنارىنىڭ شەكلى مۇكەممەلرەك، گەۋدىسى دۈم قىلىنغان چىنە شەكلىدە، كېسەكتە قوپۇرۇلغان بۇ مۇنارنىڭ سىرتى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان. مۇنار ئۈلى چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 14 مېتىر، تېگىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى 12.5 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ پەلەمپەيسىمان ئۈلى بالداقسىرى قۇرۇلغان. مۇنار دائىرىسىدىكى يەر يۈزىدە لايغا قوم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال ۋە سىرلانغان ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ئۇچرايدۇ.

**راۋاق بۇددا ساغرامى** V ~ VIII ئەسىرلەردىكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ بۇددا ساغرامى. لوپ ناھىيىسىدىكى جىيا يېزىسىنىڭ 30 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان. ساغرام شىمالدىن جەنۇبقا يۈزلەنگەن، بۇددا مۇنارى چاسا شەكىلدىكى قورۇق ئىچىگە ئېلىنغان، مۇنار ئۈلىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 5.4 مېتىر، تەكشى يۈزى كرېست شەكلىدە بولۇپ، پەلەمپەيلىرى تۆت تەرەپكە سوزۇلغان. كېسەكتە قوپۇرۇلغان دۈم قىلىنغان چىنە شەكىللىك مۇنار گەۋدىسى ساغرامنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تۇرغۇزۇلغان. ساغرامنىڭ تۆت تېمىغا لايدا ياسالغان بۇددا، بۇدساتۋا، بېكشۇ ۋە تېۋىنغۇچىلار ھەيكەللىرى بىلەن ھەرخىل تەقلىد قىلىنغان ھەيكەل ۋە رەسىم سىزىلغان نەقىشلەر قوندۇرۇلغان. ساغرامنىڭ شىمالىي تېمىنىڭ سىرتىدا را-

ھىبلار ھۇجرىلىرىنىڭ خارابىسى بار، يەر يۈزىدىن لايغا قوم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال، كۆك رەڭ ساپال ۋە يېشىل سىرلانغان ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى، بەش جۇلۇق يارماق قاتارلىقلار تېپىلغان. 1901 ~ 1906 - يىللىرى، ئەنگلىيىلىك ستەيىن بۇ جاينى قېزىپ، نۇرغۇنلىغان قاپارتما نەقىش، ھەيكەل قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. 1928 - يىلى، گېرمانىيىلىك چونكېرمۇ بۇ يەردىن ئالتە ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەتكەن.

**قۇمتۇرا تاشكېمىرى** مۇھىم بۇددىزم تاشكېمىرى. كۇچا ناھىيىسىنىڭ تەخمىنەن 25 كىلومېتىر غەربىدىكى ئۆگەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى چۆلتاغ ئېغىزىدىكى تىك يار ئۈستىگە جايلاشقان. مىڭئۆي جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىككى رايونغا ئايرىلىدۇ ھەمدە ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي رايوندا 80 نەچچە تاشكېمىر بولۇپ، بۇ يەردە بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، جەنۇبىي رايوندا 30 نەچچە تاشكېمىر بار. ھازىر نومۇر قويۇلغان تاشكېمىردىن 112 سى بار. تاشكېمىرنى ياسالغان دەۋرى بويىچە ئۈچ مەزگىلگە ئايرىشقا بولىدۇ: دەسلەپكى مەزگىلدىكى غارلار تەخمىنەن V ~ VI ئەسىرلەردە قېزىلغان. غارلار شەكىل جەھەتتىن مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارلار بىلەن چاسا شەكىللىك غارلار ئاساس قىلىنغان. تام رەسىملىرىنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى قىزىل مىڭئۆينىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكىلىرىدىكى مىڭئۆيلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئوتتۇرا مەزگىلگە تەۋە تاشكېمىرلار تەخمىنەن VII ~ VIII ئەسىرلەردە قېزىلغان، بۇ مەزگىل دەل تاڭ سۇلالىسى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان چاغقا توغرا كېلىدۇ. غارلار شەكىل جەھەتتىن يەنىلا مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غار بىلەن چاسا شەكىللىك غارلار، تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يەرلىك ئالاھىدىلىكتىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ خەنزۇ ئۇسلۇبىدىكى تام رەسىملىرى قوللىنىلغان. ئاخىرقى مەزگىلگە تەۋە غارلار تەخمىنەن IX ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە، يەنى ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قېزىلغان. گەرچە بۇ مەزگىل كۆسەن (كۇچا) مىڭئۆيلىرىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن مەزگىلى بولسىمۇ، ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆسەن بۇددا سەنئىتىگە يېڭىچە تۈس قوشقان، شۇڭا ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار غاردا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى ۋە كۇسەن (كۇچا) يېزىقىدا تېۋىنغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان بولۇپ، خەنزۇچە يېزىلغان ئىسىملار ئىچىدە «ئىل سىلىڭ قۇنچۇي» دېگەن خەتلەر ساقلانغان. بۇ كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ھادىسىسى دۇنيادىكى بۇددىزم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر مىسال ھېسابلىنىدۇ. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياپونىيە، گېرمانىيە، روسىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى بۇ مىڭئۆينى تالان - تاراج قىلغان. 60 - يىللاردىكى تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان سۇ ئاپىتىنىڭ يالاپ كېتىشىگە ئۇچرىغان. ئۇ مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 4 - بېتىگە قارالسۇن)

**قىزىل قاغا (قىزقالغان) مىڭئۆيى** تاڭ دەۋرىدىكى كۇسەن (كۇچا) خان جەمەتى ساغراملىرىنىڭ خارابىسى. كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆلتاغ تىزمىسى تۈپىلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، كۇسەن دۆلىتىنىڭ پايتەختى يىلۇلو شەھىرى خارابىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 11 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىر ئۇنىڭدا نومۇر قويۇلغان 52 غار بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 14 - نومۇرلۇق غاردىكى تېۋىنغۇچىلار رەسىملىرىدىكى يەر ئىلاھىنىڭ كۇسەن دۆلىتىنىڭ خانىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوبرازى كۇسەن تەۋەسىدىلا كۆرۈلىدۇ، خان جەمەتى تېۋىنغۇچىلىرىنىڭ رەسىملىرىنىڭ كۆپلۈكىمۇ كۇسەن مىڭئۆيلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تام رەسىملىرىدىكى ئوبرازلار ۋە كۇسەن يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلاردىن قارىغاندا، بۇ يەر خان جەمەتىنىڭ بۇددا ساغرامى بولسا كېرەك. مىڭئۆيلەرنىڭ بىنا قىلىنغان ۋاقتى VI ~ VIII ئەسىرلەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. غارلار شەكىل جەھەتتە مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك غارلار ئاساس قىلىنغان. تام رەسىملىرىنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسەن بۇددانىڭ يارالمىش قىسسىلىرى، ۋەج - سەۋەب قىسسىلىرىدىن ئىبارەت يارالمىش قىسسىلىرى مەركىزىي تۈۋرۈكنىڭ يان تاملىرىغا ناھايىتى چوڭ سىزىلغان، بۇ خىل ئەھۋال كۇسەن تەۋەسىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن باشقا، بۇ مىڭئۆيدە يەنە كۇسەن تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ راھىبلار ھۇجرىسى بىلەن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان نوم نوملاش غارلىرىمۇ بار بولۇپ، غارلاردا نەچچە ئونلىغان ئادەم بىرلا ۋاقىتتا نوم ئاڭلىيالايدۇ ۋە دياندا ئولتۇرالايدۇ. 30 - نومۇرلۇق غارنىڭ كەينى ھۇجرىسىنىڭ تورۇسىغا سىزىلغان پەرى نەغمىچىلەر ئوبرازى شۇنچە كۆركەم بولۇپ، كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى ئەڭ ياخشى ساقلانغان پەرىلەرگە ئائىت سەنئەت ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

**بەشبالىق غەربىي چوڭ ساغرامى** ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى خان جەمەتى ساغرامى خارابىلىرىدىن بىرى. جىمسار ناھىيىسىدىكى بەشبالىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولغاچقا، مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ساغرام خارابىسى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 70.15 مېتىر، كەڭلىكى 43.8 مېتىر كېلىدۇ. ئالدى ھويلا، كەينى ساراي قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوتتۇرا ساراي شىمال تەرەپتە بولۇپ، تاشقى كۆرۈنۈشى چاسا مۇنار شەكلىدە. سارايىنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارىتىلىپ ھويلىغا تۇتاشتۇرۇلغان. ھويلىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى يان ساراي، راھىبلار ھۇجرىسى، ئامبارلار ئوڭ - سولغا ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ساغرامنىڭ شەرقىي، غەربىي ۋە شىمالىي تاملىرىنىڭ سىرتىدا ئىككى قۇردىن بۇت تەكچىسى بار. بۇت تەكچىسى ۋە ھويلىدىكى يان سارايدا ھەيكەل ۋە نۇرغۇن تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، مەزمۇنى نىرۋانا، مىڭ بۇددا، تېۋىنغۇچى بۇددساتۋا، دارمانى قوغدىغۇچى، تېۋىنغۇچى بېكشۇ، تېۋىنغۇچىلار ئاساس قىلىنغان. ھەيكەل ۋە رەسىملەرگە ئالتۇن ھەل بېرىش بىلەن رەڭ بېرىش بىرلەشتۈرۈلگەن. ساغرامنىڭ تاملىرىغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلار يېزىلىپ، قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتى، خاتۇنى ۋە دورغايى قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرىگە ئەسكەرتىش بېرىلگەن، بۇ مەزكۇر ساغرامنىڭ خان جەمەتى ساغرامى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرۇلۇشلارنىڭ شەكلى، ھەيكەل ۋە رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبىنى كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلارنى بىرلەشتۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر بۇددا ساغرامىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىلغان دەۋرىنىڭ X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغانلىقىنى، كېيىن ئۇنىڭ ئوتتا ۋەيران بولغانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

**سىڭگىم مىڭئۆيى** تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ سىڭگىم جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇب تەرىپىنىڭ ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ خارابە يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى مۇرتۇق ئېقىنىنىڭ شەرقىي يېنىدىكى ئۈزۈك يار ۋە تەكشى تۈپىلىك ئۈستىگە تارقى-

لىپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئىككى كىلومېتىر سوزۇلغان، ئىچىدە بەش ساڭرام خارابىسى بار. ساڭراملارنىڭ قەسىرلىرى ھەيۋەتلىك، ھويلا - ئاراملىرى مۇكەممەل بولۇپ، جايلىشىشىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. تار مەندىكى سىڭگىم مىڭئۆيى خارابىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇستەقىل ئىككى تاش غار ساڭرامىدىن تەركىب تاپقان. شىمال تەرىپىدىكىسىنىڭ بىنا قىلىنىشى بۇرۇنراق، 3 - نومۇرلۇق غار مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك شەكىلدىكى ئاساسلىق غار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى خانىسىنىڭ جەنۇبىي تېمىغا بىر پارچە چوڭ تىپتىكى نوم ھېكايىلىرى رەسىمى سىزىلغان. رەسىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك، سىزىلىش ئۇسلۇبىنى ۋە تېمىسىنى تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، تاڭ دەۋرىگە خاس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ؛ ئىككى ياندىكى 2 -، 4 - نومۇرلۇق ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى ئەگمە تورۇسلۇق غارلاردا پىلەك تارتىپ مېۋە باغلىغان ئۈزۈم بارىڭى، باراقسان دەرەخلىك، قانىتىنى يېيىپ ئۆزىنى دەرەخلىككە ئاتقان قۇش قاتارلىقلار رېئال تەسۋىرلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. جەنۇب تەرەپتىكى تەخمىنەن XI ئەسىردە بىنا قىلىنغان بىر غاردىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، بۇ ئەسەرلەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە ئىكەن.

بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى V ئەسىردىكى قوچو بەگلىكىدىن XIII ئەسىردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىچە بولغان دەۋرلەرگە تەۋە ساڭرام خارابىسى. تۇرپاننىڭ شەرقىگە، يالقۇنتاغدىكى مۇرتۇق جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، غارلار غەربىي قىرغاقتىكى بىر كىلومېتىر دائىرىدىكى ئۈزۈك يار ئۈستىگە جايلاشقان. ھازىر ئۇنىڭدا ئىبادەت غارى، ديان غارى، راھىبلار ھۇجرىسى ۋە خاتىرە غارى قاتارلىق 83 غار بار. غارلار شەكىل جەھەتتىن ئاساسەن مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك، بويىغا ئەگمە تورۇسلۇق ۋە گۈمبەز تورۇسلۇق ھەمدە ئوتتۇرىسى ئايلانما چاسا شەكىللىك ئۈچ خىل تىپقا ئايرىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 40 نەچچە غاردا تام رەسىملىرى ساقلانغان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ.

غارلارنىڭ ياسىلىشى چۈر جەمەتى قۇرغان قوچو ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرى (499 ~ 640) دىن باشلانغان. مەزكۇر خارابىدىن قوچو دۆلىتىنىڭ جيەنچاڭ 5 - يىلى (559 - يىلى) گە تەۋە «ساددارما پۇندارىكا سۇترانىڭ ئاۋالوكىتېشۋارا بۆلۈمى» نىڭ پارچىسى بايقالغان. بۇ مەزگىلگە تەۋە غارلاردىن 9 -، 18 -، 34 - نومۇرلۇق غارلار بار بولۇپ، بۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە قايتا رېمونت قىلىنغان ۋە رەسىملىرى قايتا سىزىلغان. ھازىر 18 - نومۇرلۇق غارلا بار بولۇپ، بۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە قايتا رېمونت قىلىنغان ۋە رەسىملىرى قايتا سىزىلغان. ھازىر 18 - نومۇرلۇق غارنىڭ كارىدورى ۋە تاشكېمىر تەشىمىسىنىڭ ئۈستىكى قىسمىدىلا دەسلەپكى مەزگىلدىكى تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. تاڭ دەۋرىدىكى قوچو ئايمىقى (640 ~ IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) مەزگىلىدە، بۇ يەردە تۇيۇق ساڭرامى بىنا قىلىنغان. بۇ مەزگىلدە ياسالغان غارلاردىن 16 -، 17 -، 28 -، 69 - نومۇرلۇق غارلار بار. ئۇلاردىن 28 - نومۇرلۇق غارنىڭ رەسىملىرى XI ئەسىردە قايتا سىزىلغان. تام رەسىمى ۋەقەلىكلىرىدىن «جەننەت قىسسىلىرى»، «نىرۋانا قىسسىلىرى»، مىڭ بۇددا قاتارلىقلار بار. 16 -، 17 - نومۇرلۇق غارلاردا تۈرك تېۋىنغۇچىلىرىنىڭ رەسىمى ساقلانغان بولۇپ، يېشىل رەڭنىڭ كۆپ مىقداردا ئىشلىتىلىشى بۇ غارغا رەڭ ئىشلىتىشتىكى بىر ئالاھىدىلىك. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەشبالىق باش قورۇقچىبېگى قوشۇمچە ئۈۋرغول، قوچو، بەشبالىق ھېراۋۇلى بولغان ياڭ شىگۇ تۇيۇق ساڭرامىنى قايتا رېمونت قىلدۇرغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIII ئەسىرگىچە) دەۋرىدە تۇيۇق ساڭرامى خان جەمەتى ساڭرامى بولغاچقا، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىدىقۇت خانلىرى كۆپىنچە مۇشۇ جايدا غار ياساتقان. 38 - نومۇرلۇق غار جۇڭگو بويىچە ساقلىنىشى ئەڭ ياخشى بولغان مانى دىنىغا ئائىت غار ھېسابلىنىدۇ. بۇ غارنىڭ ئۇدۇل تېمىغا ئۈچ تۈپ دەرەخ سىزىلغان بولۇپ، دەرەخ تۈۋىدە ئۈستىگە ئاق كىيىم كىيگەن ئەر - ئايال مانى مۇخلىسلىرى بار. X ~ XI ئەسىرلەرگە تەۋە 15 -، 20 -، 31 -، 33 - نومۇرلۇق غارلار مەزكۇر غارنىڭ جەۋھىرى. مىڭئۆيدىكى تام رەسىملىرىنىڭ بەدىئىي تۈزۈلۈشى ناھايىتى پۇختا، سىزىقچىلىرى راۋان ھەم تەبىئىي، ئۇسلۇبى كۆركەم، ئادەملەرنىڭ ئوبرازى ئەينەن بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى روشەن بولغاچقا، دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى تاڭ دەۋرىگە خاس رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىنىڭ داۋاملاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. تېما جەھەتتە «ماناۋانىڭ ئېغىزچە نومى ھېكايىسىنىڭ رەسىمى» قاتارلىق ساكيامۇنىنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتىدىكى ساناقسىز ئالەملەردە چىن دىلىدىن ئىلگىرى

ئۆتكەن بۇددالارغا تېۋىنىپ، ئاخىر ئۆزى بۇدداغا ئايلانغانلىقى ھەققىدىكى يارالمىش ۋە ۋەج ـ سەۋەب قىسسەلىرىنى تەرغىب قىلىش ھەمدە ھەيكەل ياساش ۋە سىزىش بىرلەشتۈرۈلگەن «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا قىسسىلىرى» كەڭ تارالغان، بۇلار ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ نامايەندىسىدۇر. XII، XIII ئەسىرلەرگە تەۋە 39 ـ، 40 ـ، 42 ـ نومۇرلۇق غارلاردا بۇددالىق مەرتىۋىگە يېتىش ھەققىدىكى ئىدىيەرنى ئىپادىلەيدىغان تېمىلار زور دەرىجىدە ئازلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەرخىل ئولتۇرغان بۇددا، ئۆرە تۇرغان بۇددا، تېۋىنغۇچى بۇدساتۋالار رەسىمى بىلەن «مىڭ قوللۇق مىڭ كۆزلۈك ئاۋالوكېتىشۋارا ھېكايىسى رەسىمى» ئالغان. بۇ ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرىدە، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ بۇددالىق مەرتىۋىگە يېتىش تۇيغۇسىدىن بۇددانىڭ پاناھىدا ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىشقا ئۆزگەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ سىڭئۈي XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاشلىۋېتىلگەن.

بېزەكلىك غارلىرى ھازىرغا قەدەر ساقلانغان ئۇيغۇر بۇددىزم سەنئىتىدىكى ئەڭ مۇھىم، سانى ئەڭ كۆپ، ساقلىنىشى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان سەنئەت خەزىنىسىدۇر. 1982 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن دەپ ئېلان قىلىنغان.

**بۆگۈر بۇددا ساغرامى** تاڭ دەۋرىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان چوڭ تىپتىكى بۇددىزم خارابىسى. قۇمۇل شەھىرى لىيۇشۇچۇەن (دۇۋەنجىن) دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بۆگۈر كەنتىنىڭ بىر كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، بۆگۈرغول سۈيىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان، يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇنى «تەيزاڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئاساسلىق خارابە غەربىي قىرغاقتا بولۇپ، ئالدى ـ كەينى ئىككى خانىغا ئايرىلغان ھەمدە كارىدور ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. ساغرامنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئاساسىي سارايى ئۇلىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 15 مېتىر، تاملىرىنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر كېلىدۇ. ئاساسىي خانا كەينىگە جايلاشقان، ئەگمە تورۇسلۇق بولۇپ، قالدۇق ئېگىزلىكى 8.2 مېتىر كېلىدىغان ئولتۇرغان بۇددا ھەيكىلىنىڭ تۆۋەن قىسمى ساقلىنىپ قالغان؛ ئالدى ھۇجرىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 9.8 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 11.6 مېتىر كېلىدۇ. خارابىدە نۇرغۇنلىغان ئۆي، بۇددا مۇنارى، كىچىك بۇت تەكچىسى قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان، بىراق ئەسلىدىكى تام رەسىملىرى پۈتۈنلەي يىمىرىلىپ چۈشۈپ، ھېچنېمىسى قالمىغان. بۇددا ساغرامىنىڭ ئاساسىي سارىيىنىڭ سەل شىمالىدىكى بىر غار ئىچىدە، ئىككى كۋادرات مېتىرغا يېقىن تام رەسىمى ساقلىنىپ قالغان، تېمىسى مىڭ بۇددا ئاساس قىلىنغان. بۇ تام رەسىمنىڭ تېگى ئاق بولۇپ، ئۈستىگە قىزىل ۋە يېشىل رەڭ بېرىلگەن، XIV ~ XV ئەسىرلەردە، ئىسلام دىنى قۇمۇلغا تارقالغاندىن كېيىن، مەزكۇر ساغرام تەدرىجىي تاشلىۋېتىلگەن.

**ئاغى تاش غارى** تاڭ دەۋرىگە تەۋە بۇددىزم غارى. 1999 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بايقالغان. كۇچا ناھىيىسىنىڭ 60 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى قىزىل يار جىلغىسىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپىنىڭ تۆگچالڭ دەرياسى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ بىر يەككە گەۋدىلىك بۇتقا تېۋىنىش غارىدىن ئىبارەت. بۇ غاردىن تاشتىن ئويۇلغان كىچىك بۇت، لاي ھەيكەل، ياغاچ بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى، كەندىر يىپى قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان. غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇت سۇپىسى قالدۇقى بار، لېكىن بۇت بۇزۇۋېتىلگەن. تام رەسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاجراپ چۈشۈپ كەتكەن، ساقلىنىپ قالغىنى 15 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. غارنىڭ ئۇدۇل تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئابىتا يۇرديانا سۇترا قىسسىلىرى» رەسىمى سىزىلغان. سول تەرەپتىكى تامدا ئولتۇرغان بۇددا، دورىگەر بۇددا، مانجۇسىرى بۇدساتۋا، لۇشانا بۇددا قاتارلىقلار رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان. بۇددا ۋە بۇدساتۋالارنىڭ ئالدىغا قارا سىياھ بىلەن تىك شەكىلدە خەنزۇچە بېغىشلىمىلار يېزىلغان. ئوڭ تەرەپتىكى تامدا شەپقەتكار بۇدساتۋا، ئولتۇرغان بۇتلار رەسىملىرى بار. ئەگمە تورۇسنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان كىچىك بۇددا رەسىمىدىن توققۇز قاتار جەمئىي 150 سى ساقلانغان. ئولتۇرغان كىچىك بۇددالار رەسىمىنىڭ يېنىدا قارا سىياھ بىلەن تىك شەكىلدە يېزىلغان 17 بېغىشلىما بار بولۇپ، بېغىشلىمىلاردا كۆي، بۇشيا، بويلا، فۇ، پېڭ، ۋسارا، جاۋ، شىبىن، لى قاتارلىق فامىلىلەر ۋە «مۇۋەققەت ئەمەلدار ياڭ □» دېگەن سۆزلەر بار. تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى ئىچكى رايونلاردىكى ماھايانا مەزھىپىنىڭ پاك ئورۇن ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ ئۇسلۇبى توخار (دۇڭخۇاڭ) سىڭئۈبلىرىدىكى تام

رەسىملەرنىڭكىگە ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

**مانى دىنى خارابىلىرى** ئاساسەن تۇرپان رايونىدا كۆرۈلىدۇ. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فون لېكوك ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدىكى K ساغرامىنى قېزىپ تەكشۈرۈپ، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى خان جەمەتىنىڭ مانى دىنى ساغرامىدىن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. چۈنكى، بۇ ساغرامىدىن مانى دىنىغا ئائىت نۇرغۇن نوملار، بىر پارچە چوڭ تىپتىكى تام رەسىمى تېپىلغان. رەسىمدە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەم بويى كېلىدىغان، ئۈستىگە مانى دىنىنىڭ نەزىر ـ چىراغ مۇراسىم كىيىمىنى كىيگەن مۆتىۋەرنى ئەر ـ ئايال مۇخلىسلار چۆرىدەپ تۇرغان ھەمدە مۇخلىسلارنىڭ مەيدىسىگە سوغد يېزىقىدا ھەر بىرىنىڭ پارچە ئىسمى يېزىلغان. فون لېكوك رەسىمدىكى مۆتىۋەر دەل مانىنىڭ رەسىمى دەپ قارىغان. ئۇلاردىن باشقا، يەنە شايى ئۈستىگە سىزىلغان رەسىم، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئايال مۇجاكلارنىڭ كاناپقا سىزىلغان كاناپ رەسىمى ۋە مانى دىنى نوملىرىدىكى نەپىس سىزىلغان قىستۇرما رەسىم قاتارلىقلار بار. قىستۇرما رەسىملەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە سوغد يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، بەزى رەسىملەرنىڭ ئۇيغۇر خانلىرى، خاتۇنلىرىنىڭ رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلاردىن باشقا، «α» ساغرامىدىن مانى دىنىنىڭ ئەر مۇجاكلىرىنىڭ رەسىمى سىزىلغان تام رەسىملىرى، ئەر ـ ئايال مۇجاكلار سىزىلغان شايى رەسىم، كېيىنكە مانى دىنىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئۇيغۇر خانى ۋە خان جەمەتىنىڭ ئەلچىلىرى يېزىلغان ئۇيغۇر خانىنىڭ بىر پارچە رەسىمى بايقالغان. يۇقىرىقىلاردىن سىرت، مانى نوملىرىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىدىنمۇ خېلى كۆپ تېپىلغان. مانى دىنى يالدامىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى فون لېكوك ئېلىپ كەتكەن. ھازىر مانى دىنىغا ئائىت يالدامىلار تۇرپاندىكى بېزەكلىك بىلەن سىڭگىمدىلا ساقلىنىپ قالغان. بېزەكلىك مىڭئۆيىنى تازىلاش جەريانىدا سوغد يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇرغۇن مانى نوملىرى بىلەن شەرقتىكى مىسسىئونغا قاراشلىق رايونلارنىڭ ئېپىسكوپىغا ئەۋەتىلگەن تەبرىك خەتلىرى تېپىلغان. 38 ـ نومۇرلۇق غاردا مانى مۇخلىسلىرىنىڭ ھاياتلىق دەرىخىگە تاۋاپ قىلىۋاتقان تام رەسىمى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. سىڭگىم مىڭئۆيىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ساغرام خارابىسىنى بەزى ئالىملار مانى ساغرامى دەپ قارىماقتا. چۈنكى، بۇ ساغرامدىكى ھاياتلىق دەرىخى بىلەن ھالاكەت دەرىخى گىرەلەشتۈرۈلگەن رەسىمدە يورۇقلۇق ئالىمى بىلەن قاراڭغۇلۇق ئالىمىنىڭ قارىمۇقارشى كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

**قەدىمكى جەسەتلەر** تەبىئىي شەكىللەنگەن قۇرۇق جەسەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەسەتلەر ھاۋاسى قۇرغاق، يېرى شورلۇق يەرلەرگە ۋە قىش پەسلىدە دەپنە قىلىنغانلىقى قاتارلىق ئامىللاردىن شەكىللەنگەن، مىسىرلىقلارنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا شەكىللەندۈرۈلگەن مومىيالىرىغا ئوخشىمايدۇ. قەدىمكى جەسەتلەر ئاساسەن لوپنۇر چۆللۈكى، تەكلىماكان قۇملۇقى، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان. مۇھىم ئورۇنلاردىن لوپنۇردىكى قۇملۇق ۋە تۆۋەن دەريا، نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە خارابىسى، چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى كۆكسۇ، قۇمۇل شەھىرىدىكى قارا دۆۋە، تۇرپاندىكى سۇبېشى ۋە ئاستانە قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلار بار. ئۇنىڭ دەۋرى ئەڭ بالدۇرلىرى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىل ئىلگىرىكى بىرونزا دەۋرىگە، كېيىنكىلىرى VII ~ IX ئەسىرلەردىكى تاڭ دەۋرىگە تەۋە. قەدىمكى جەسەتلەر قېزىۋېلىنغاندا، شەكلى بىجىرىم بولۇپلا قالماستىن، ئۈستىگە كىيگەن كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسى چىرىپ كەتمىگەن، ئۇلار قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ ئىرق ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەت، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى تېپىلغۇسىز ماددىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماتېرىياللار قەدىمكى شىنجاڭنىڭ موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر بىلەن كاۋكاز ئىرقىدىكىلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، مىللەت تەركىبى كۆپ، مەدەنىي تۇرمۇشى مول، رەڭگارەڭ رايون ئىكەنلىكىنى جانلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى** شىنجاڭدىكى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە قەبرىستانلىق. قۇمۇل شەھىرىدىكى قارادۆۋە يېزىسىنىڭ غەربىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان. قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ تارقىلىشى زىچ، تىزىلىشى تەرتىپلىك. لەھەتلەر تىك ئازگاللىق بولۇپ، كۆپىنچىسىگە بىر ئادەم دەپنە قىلىنغان، خېلى كۆپ ساندىكى مېيىتلار قورۇق جەسەتكە ئايلانغان. ھەمدەپنە بۇيۇملار ئاساسەن قەبرىدىكى جەسەتنىڭ ئىلگىرى كىيگەن بۆكى، ئايىغى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان ساپال،

ياغاچ بۇيۇم، تېرىق توقاچ، مىس بەكە، مىس بېزەك،



قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى

مىس كەكە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تىنەۋۇرما توپا ئە-
چمەدىن ياغاچتىن ياسالغان ئاددىي هارۋا چاقى. ئۈچ
بۇرجەك توپا قېزىش قورالى. ياغاچ كورەك قاتارلىقلار
تېپىلغان. ساپال بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە رەڭ بېرىلىپ،
ئۈچ بۇرجەك ۋە دولقۇنسىمان گۈل - نۇسخىلار سىزىل-
غان. جەسەتلەرنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملەردىن خۇرۇم
ئاياغ، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تونلار كۆپ ئۇچراي-
دۇ. يۇڭ توقۇلمىلار ناهايىتى كۆپ، تۈز يوللۇق يۇڭ
رەختلەردىن سىرت، يەنە تۈرگۈزۈلگەن قىيپاش يوللۇق
رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارمۇ بار، رەختلەرنىڭ رەڭلىرى
ناهايىتى ياخشى ساقلانغان. ئاساسلىق نۇسخىلىرى تىوم
ۋە ئىنچىكە يول نۇسخىلىق، چوڭ - كىچىك چاق-
ماق نۇسخىلىقلاردىن ئىبارەت. تېگى قىزىل ئۈچ بۇ-
لۇڭ نۇسخىلىق بىر پارچە يۇڭ كەشتە بىلەن رەڭلىك
چاقماق نۇسخىلىق كىگىزلەر ئىلگىرى ئۇچرىمىغان
قىممەتلىك بۇيۇملار هېسابلىنىدۇ. بۇ قەبرىستان-
لىقنىڭ مۇتلەق دەۋرى بۈنىڭدىن 3000~3200-
يىللار ئىلگىرىكى زامانلارغا توغرا كېلىدۇ.

## قەدىمكى ياردائىلىق قەبرىستانلىقى

برونزا دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قەبرىستان-
لىق. لوپنۇر چۆللۈكىگە جايلاشقان. قەبرىستانلىقتا
تىك ئازگاللىق قۇم لەھەتلىك 42 قەبرە بار بولۇپ،
ئۇلاردىن ئالتە قەبرىنىڭ ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇلۇپ يەتتە
قات ياغاچ قوزۇق قېقىلغان، ئۇلارنىڭ سىرتىغا يەنە
ياغاچلار قېقىلغان بولۇپ، شەكلى قۇياش نۇرىنىڭ چې-
چىلىشىغا ئوخشايدۇ. بۇ قەبرىلەرگە ئەر جەسەتلەرلا
دەپنە قىلىنغان، قالغان 36 قەبرە ئىچىگە ئايرىم -
ئايرىم هالدا ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلار دەپنە قىلىنغان.
يالغۇز كىشىلىك قەبرىلەرگە ياغاچ تاۋۇت ئىشلىتىل-
گەن. هەمدەپنە بۇيۇملاردىن چىغ سېۋەت (ئىچىگە بۇغ-
داي دانلىرى سېلىنغان)، چاكاندا شاخلىرى، ياغاچ
تەڭلىگە، ياغاچ جام، مۈڭگۈزدىن ياسالغان بېزەك،
كىچىك تىپتىكى مىس بېزەك، ياغاچتىن ئويۇلغان ئايال
هەيكەل قاتارلىقلار بار. چىرىمىگەن بەزى جەسەتلەرنىڭ
باشلىرىدا ئۇچلۇق كىگىز قالپاق، پۇتلىرىدا كالا تېرى-
سىدىن تىكىلگەن ئاياغ بولۇپ، گەۋدىسى يۇڭ ئەديالدا
ئورالغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن ساپال بۇيۇملار بايقال-
غان. بۇ بۈنىڭدىن 3800 يىل بۇرۇنقى قەبرىستانلىق-
تۇر.

## چاقوخوت قەدىمكى قەبرىستانلىقى

خېجىڭ ناهىيىسىنىڭ قارامودۇن يېزىسىدىكى جۇلۇن
تۇرگىن كەنتىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئالدىغا ۋە تاغ جىل-
غىسىدىكى چۆل قاپتاللىققا جايلاشقان. بۇ يەردە جەمئىي
بەش قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۆزئارا تۇتاشقان. قەبرىلەر-
نىڭ ئومۇمىي سانى 1500 دىن ئاشىدۇ. 1983 ~
1989 - يىللىرى جەمئىي 600 قەبرە قېزىلغان، ئۇلا-
ردىن 3 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ دەۋرى سەل
كېيىنرەك بولۇپ، هونلارغا تەۋە مەدەنىيەت يالدامىسى
هېسابلىنىدۇ. چاقوخوت قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ قۇ-
رۇلمىسى مۇرەككەپ ۋە ناهايىتى پۇختا، قەبرىستانلىق
تەزىر - چىراغ سۇپىسى رايونى ۋە دەپنە مۇراسىمى ياكى
پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان رايونلارغا ئايرىلىدۇ. قەبرىلەر-
نىڭ سانى كۆپ، تارقىلىشى زىچ ۋە تەرتىپلىك بولۇپ،
يەر يۈزىدە ئاساسەن يايسىمان ئۈچ بۇلۇڭ، ئۆزەڭگە
ۋە يۇمىلاق شەكىللىك تاش قورۇقلار بار. تاش قورۇق-
لار ئوتتۇرىسىدىكى تىك ئازگاللىق تاش لەھەتلەر چوڭ-
قۇر بولۇشتىن تېيىز بولۇشقا، ئاددىي بولۇشتىن ئۆل-
چەملىك بولۇشقا يۈزلىنىپ ماڭغان. دەسلەپكى مەز-
گىلدىكى قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە بىر جەسەت دەپنە
قىلىنغان، كېيىنكى مەزگىلدىكىلىرىگە دەپنە قىلىنغان-
لار تەدرىجىي كۆپەيگەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قەبرىگە
30 نەچچە جەسەت دەپنە قىلىنغان، بەزى قەبرىلەرگە
جەسەتلەر نەچچە قەۋەتكە ئايرىپ دەپنە قىلىنغان. جە-
سەتلەر كۆپىنچە پۇتى پۈكلەپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ،
بېشى غەربىي شىمالغا قارىتىلغان، باش سۆڭىكىگە تۆ-
شۈك تېشىلگەن. بەدەن ئالاهىدىلىكى ياۋروپا ئىرقى
تارمىقىنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە ئاز ساندا موڭغۇل ئىر-
قى تارمىقىنىڭ تىپىمۇ مەۋجۇت.

هەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ساپال، مىس، ياغاچ،
سۆڭەك بۇيۇملىرى ۋە تاش قوراللار ناهايىتى كۆپ
بولغاندىن باشقا، يەنە ئاز ساندا ئالتۇن، كۈمۈش، تۆ-
مۈر ۋە قولۇلە قېپى بۇيۇملىرىمۇ بار. ساپال بۇيۇملار

ئىچىدە ئەڭ ئالاھىدە بولغانلىرى جوغىلىق قاچىلار، ئۇلار چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە يۈرۈشلەشكەن بولۇپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى ئېنىق. گۈللۈك ساپاللار نۇسخىلىرىدىن جوغىلىق قاچىلارنىڭ بوغۇز قىسمىغا سىزىلغان تورسىمان نۇسخا، چاقماق نۇسخا ۋە قورساق قىسمىغا قىيپاش سىزىلغان بۇلۇتسىمان، رومبا كاتەكلىك تورسىمان نۇسخىلار ھەم كۆپ، ھەم ئالاھىدىلىككە ئىگە. مىس قوراللار كىچىك تىپتىكى بۇيۇملارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، پىچاق، بىگىز، ئات جابدۇقلىرى كۆپ ئۇچرىغان، بولۇپمۇ بۆرە نەقىشلىك مىس كۆزگۈ، ئۆرە ئېيىق بېشى دەستىلىك مىس پىچاق، شىر تەنلىك قارچىغا باشلىق ھايۋان نەقىشلىك مۇراسىم ھاسا بېشى، قوش تۆشۈكلۈك ئېغىزدۇرۇق ۋە تومۇزغا شەكىللىك كەمەر توقىسى قاتارلىقلار دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. تاش قوراللاردىن مىس پىچاقلارنى بىلەيدىغان تۆشۈكلۈك ئۈزۈنچاق بىلەي تاش بىلەن قاش سىزىدىغان ۋە ھەرخىل رەڭلىك خام ماتېرىياللارنى ئېزىدىغان پەرداز قەلىمى ئەڭ كۆپ. يەنە خېلى نۇرغۇن يۇڭ توقۇلما بۇيۇم پارچىلىرى بىلەن مىس، تاش، ياغاچ، ساپال، سۆڭەكتە ياسالغان ئۇرچۇق تاشلىرى قېزىۋېلىنغان.

مەزكۇر قەبرىستانلىقلارنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 2500 ~ 3000 يىل ئىلگىرى بولۇپ، برونزا دەۋرىدىن دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگىچە بولغان زامانلارغا تەۋە بولغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يالدامىلىرى ھېسابلىنىدۇ. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس، دېھقانچىلىق، توقۇمىچىلىق، ئۇۋچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان. بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار مۇستەھكەم ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتى ئاستىدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئالاقىلەردە بولغان.

**چىبار كۆلدىكى تاش قەبرە تېشى** دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىگە تەۋە قەبرە. چىڭگىل ناھىيىسىدىكى چىبار كۆلى بويىغا جايلاشقان. قەبرىنىڭ ئۈستىگە تاشلار دۆۋىلەنگەن، تاش دۆۋىسىنىڭ سىرتى تاشلار بىلەن قورۇلغان. تاش قورۇق بىلەن تاش دۆۋىسى ئارىسىدا ئۆزئارا تۇتىشىدىغان كرېست شەكىللىك ئېغىل يول بار. قەبرە ئۈستىدىكى تاش دۆۋىسىنىڭ چوققىسى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. تاش قەبرىنىڭ يېنىغا چاسا شەكىلدىكى بۇغا رەسىملىك بىر تاش تىكلەنگەن بولۇپ، ئالدى يۈزىگە يۇمىلاق نۇسخىلار چېكىلگەن، ئۈستىدىكى بۇغا بىلەن ئاستىدىكى تۆت بۇغىنىڭ قارىمۇقارشى چېپىپ كېتىۋاتقان رەسىمى ئويۇلغان؛ كەينى يۈزىگە ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرگە چېپىپ كېتىۋاتقان ئالتە بۇغىنىڭ رەسىمى ئويۇلغان؛ تاشنىڭ يان تەرىپىگە خەنجەر چېكىلگەن؛ يەنە بىر يېنىدىكى رەسىم ئېنىق ئەمەس. بۇ قەبرىلەر قېزىلمىغان. بۇغا ئويۇلغان تاشلارنى تەتقىق قىلىشقا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ مۇتلەق دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىر ئەتراپىدا بولۇپ، دەسلەپكى تۆمۈر قورال دەۋرىدە ئالتايدا تىرىكچىلىك قىلغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چوڭ قەبرىسى بولسا كېرەك.

**چوڭ دۆۋىلىك قەبرىلەر** شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى VI ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى II ئەسىرلەرگىچە، بەزى قىسمەن رايونلاردا مىلادىيە VI ئەسىرگىچە بولغان قەبرىلىرى. ئۇلار ھەرقايسى تاغ سىستېمىلىرىدىكى ئوتلاق، دەريا ۋادىسى ۋە تاغ ئالدىدىكى چۆللەرگە كەڭ تارقالغان. XX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن بۇيان، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلغان. بۇ قەبرىلەرنىڭ پەرقلىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئومۇمەن يەردە تاش، تۇپا دۆۋىلىك ۋە تۇپا - تاش دۆۋىلىك توپ قويۇلغان ۋە بىر تۇتاش قويۇلغان قەبرىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆلىمى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، بەزى قەبرىلەر تاش ۋە خەندەكلەر بىلەن قورۇلغان. قەبرە دۆۋىلىرىنىڭ ئاستىدا كۆپىنچە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك تىك تۇپا ئازگال كولانغان بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئىچىگە ياغاچ قورۇلما، تاش قورۇلما ۋە تاش ساندۇق ياسالغان. يالغۇز دەپنە قىلىنغان ۋە بىر نەچچەيلەن بىللە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۆت، قوللىرى تۈزلەپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ساپال بۇيۇملار بىر قەدەر كۆپ، مىس، ياغاچ، سۆڭەك، ئالتۇن، كۈمۈش بۇيۇملارمۇ بار، تۆمۈر قوراللار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت بەلگىلىرى ئوخشىمايدۇ. دەسلەپكى مەزگىلگە تەۋە چوڭ دۆۋىلىك قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساكلارغا، ئوتتۇرا مەزگىلدىكىلىرى ئۇسۇنلار ۋە ھونلارغا تەۋە، ئاخىرقى مەزگىلدىكىلىرىنىڭ تۈركلەرگە خاسلىرى كۆپ.

**سۆبېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى** دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە تەۋە قەبرىستانلىق.

پىچان ناھىيىسىدىكى تۇيۇق يېزىسىنىڭ سۇبېشى كەنتىگە، يەنى يالقۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. جىلغا ئاغزى ۋە جىلغا ئىچىدىن ئىبارەت جەمئىي ئۈچ ئورۇنغا تارقالغان قەبرىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 100 دىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 1 -، 3 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقلار رەسمىي قېزىلغان ھەم مەركەزلەشكەن، ھەم تەكشى ياسالغان قەبرىلەر تىك ئازگاللىق توپا لەھەتلىك ياكى يان لەھەتلىك بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە تاش دۆۋىلەنگەن، ئاغزىغا ياغاچ لىملار قويۇلۇپ ئاستى پاخال بورا ۋە قورۇق پاخاللار بىلەن يېپىلغان. قەبرە ئاستىغا پاخال يانقۇزۇلۇپ ياكى جەسەت قويىدىغان ياغاچ تاۋۇت قويۇلۇپ، ئىچىگە بىر ياكى بىر نەچچە جەسەت قاتمۇقات دەپنە قىلىنغان. جەسەتلەر پۇت - قوللىرى تۈزلەپ ياكى پۈكلەپ ئوڭدىسىغا يانقۇزۇلغان. قەبرىستانلىقلار رايونى قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدىغان جاي بولغاچقا، ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ئەڭ ياخشى ساقلىنىپ قالغانلىرى ئېگەر - جابدۇق، گۈللۈك ساپال، ئوقيا، ھەرخىل كىيىم - كېچەكلەردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرى Ⅲ ~ Ⅳ ئەسىرلەرگە تەۋە بولۇپ، قەدىمكى قوشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. قۇرۇق جەسەتلەر كاۋكاز ئىرقى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

## زاغونلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى

قەدىمكى چەرچەن دۆلىتىنىڭ قەبرىستانلىقى. چەرچەن ناھىيىسىدىكى توغراقلىق يېزىسىنىڭ زاغۇنلۇق كەنتى ئەتراپىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان بولۇپ، جەمئىي تۆت قەبرىستانلىق بايقالغان ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 176 قەبرە قېزىلغان. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەنگەن يىلىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن 700 يىل ئىلگىرى مەزگىلدىن مىلادىيە Ⅵ ئەسىرگىچە بولغان زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. قەبرىلەر دەسلەپكى ۋە كېيىنكىدىن ئىبارەت ئىككى مەزگىلگە ئايرىلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى قەبرىلەر قەبرە يولى بار لاپاسلىق قەبرە ۋە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك لاپاسلىق قەبرىلەردىن ئىبارەت چوڭ تىپتىكى لاپاسلىق قەبرىلەر لەھەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا توم تۈۋرۈك تىكلەنگەن بولۇپ، توغرىسىغا قويۇلغان لىملارنىڭ ئۈستىگە قومۇش، پاخال، كەندىر شاخلىرى ۋە يۇلغۇندىن توقۇلغان بورا يېپىلغان. بىللە دەپنە قىلىش ۋە شام گۆرگە دەپنە قىلىش كەڭ تارقالغان. شام گۆرگە دەپنە قىلىنغان جەسەت سانى كۆپ بولغاندا 20گە يېتىدۇ. دەپنە قىلىش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، پۇتى يۇقىرىغا قارىتىپ پۈكلەپ ئوڭدىسىغا يانقۇزۇلغان، ئىككى قولى قورساق قىسمىغا كىرىشتۈرۈلگەنلىرى %95 نى ئىگىلەيدۇ. جەسەتلەرنىڭ باشلىرى قارىتىلغان تەرەپ ئوخشاش ئەمەس، بولۇپمۇ شام گۆرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ باشلىرى لەھەتنىڭ تۆت تېمىغا قارىتىلغان. جەسەتلەرنىڭ ئاستىغا كىگىز، يۇڭ ئەدىيال، تېرە ۋە قومۇش، يۇلغۇندىن توقۇلغان بورا ۋە ياغاچلار سېلىنغان، بەزى جەسەتلەرگە ئوتتۇرىدىن تىلىنغان ئەن ياغاچلىق تاۋۇت ئىشلىتىلگەن، چوڭ تىپتىكى قەبرىلەردە ئىنچىكە ياغاچلاردىن ياسالغان جەسەت جازىسى بايقالغان. نۇرغۇن قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ يۈزىگە رەڭلىك نەقىش سىزىلغان ۋە رەخت يېپىلىپ، ئاغزى شىلىم بىلەن ئېتىلگەن؛ يەنە كۆزلىرىگە كىچىك ياپىلاق تاشلار قويۇلۇپ، يۈزىگە تېرە قاپلانغان، ئاغزىغا ئالتۇن ياپراقلىرى يېپىلغان ئەھۋالمۇ بايقالغان. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى بولۇپ، باشلىرىغا قالپاق كىيگەن، پۇتلىرى يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن ئورالغان، تېرە ياكى كىگىزدىن تىكىلگەن ئۆتۈكلەرنى كىيگەن، ئۈستىگە ئۇزۇن كۆڭلەك ياكى تېرە ئىشتان - چاپان كىيگەن، ئۇلاردا بېلىنى باغلاش، بوينىغا مارجان ئېسىش ۋە چاچلىرىغا مارجان تاقاش قاتارلىق ئادەتلەر بولغان. جەسەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يۇڭ رەختنى ئاساس قىلغان بولۇپ، يىپەك توقۇلمىلار ناھايىتى ئاز. ھەمدەپنە قىلىنغان ياغاچ، ساپال بۇيۇملار بىر قەدەر كۆپ، قېزىۋېلىنغان تىك ياغاچ غوڭخانىڭ قورسىقى، بوغۇزى، تارا دەستىسى ياخشى ساقلانغان، بۇ ئېلىمىزدە ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان دەۋرى ئەڭ بۇرۇنقى غوڭخا ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر قەبرىستانلىقتا خېلى كۆپ قۇرۇق جەسەتلەر ساقلانغان، بەزى قۇرۇق جەسەتلەرنىڭ بىلەكلىرىگە گۈل چېكىلگەن. ئاخىرقى مەزگىلدىكى قەبرىلەردىن تىك ئازگاللىق توپا لەھەتلىك، تىك ئازگاللىق لاپاسلىق ۋە ئۆڭكۈر لەھەتلىك قەبرىلەر بار. جەسەتلەر ياغاچ جازا ئۈستىگە ياكى ئۇزۇنچاق چاسا ياغاچ ساندۇق ئىچىگە قويۇلغان بولۇپ، پۇت - قوللىرى تۈزلەپ ئوڭدىسىغا يانقۇزۇلغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن ساپال، ياغاچ، سىرلانغان بۇيۇم، مىس ۋە تۆمۈر قورال، ئەينەك بۇيۇم، مەرۋايىت ھەمدە مونچاق، تېرە بۇيۇم، دانلىق زىرائەتلەردىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر ھەمدە يىپەك، پاختا، يۇڭ توقۇلما، قەغەزگە يېزىلغان خەنزۇچە پۈتۈك قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بولۇپمۇ نۇر چاقناپ تۇرىدىغان نەپىس ياسالغان بىر تال

تۆمۈر يىڭنىمۇ قېزىۋېلىنغان. يىمەكلىكلەردىن جۇخارگۈل شەكىللىك قاتلىما، تولغىما قۇيماق، نېپىز قورۇماچ ۋە كىچىك پوشكال قاتارلىقلار بولۇپ، ناھايىتى نەپىس تەييارلانغان.

**ئۈچكۆۋرۈك قەدىمكى قەبرىستانلىقى** ئەمىنىيە دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان قەبرىستانلىق. پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن تەۋەسىدىكى ئۈچكۆۋرۈك كەنتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، قەبرىلەر چۆللۈككە تارقالغان. جەمئىي 33 قەبرىنىڭ ھەممىسى ئوغرىلىقچە قېزىلغان. ئۇلارنىڭ دەۋرىنى ئەمىنىيە دەۋرى ۋە جىن، تاڭ دەۋرلىرىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئەمىنىيە دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەر ئاساسەن تىك ئازگاللىق ئورەكلىك توپا لەھەتلىك بولۇپ، بىر قەبرە ئىچىگە ئىككى ~ ئۈچ جەسەت دەپنە قىلىنغان، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملاردىن قىزىل رەڭلىك گۈللۈك ۋە سىدام ساپال قاچىلار، ياغاچ تاۋاق، ھاسا، ياغاچ قوشۇق، ياغاچ چاچ قىستۇچ، مىس ھالقا، ياغاچ دەستىلىك تۆمۈر بىگىز، تۆمۈر پىچاق، ئورجۇق، مۆڭگۈزدىن ياسالغان بىر قۇلاقلىق جام بىلەن تارغاق قاتارلىقلاردىن باشقا، يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن تېرە بۇيۇملارمۇ خېلى كۆپ، ھەممىسى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. ئۇلاردىن باشقا، يەنە قۇربانلىق قىلىنغان ئات، تۆگىلەر كۆمۈلگەن ئازگاللارمۇ بار. جىن، تاڭ دەۋرلىرىگە تەۋە قەبرىلەردىن تىك ئازگاللىق يان لەھەتلىك قەبرىلەر بىلەن پەلەمپەي شەكىللىك قىيپاش قەبرە يولى بار ئۆڭكۈر لەھەتلىك قەبرىلەر بار. قېزىۋېلىنغان بۇيۇملاردىن ئۈزۈرىق، كومزەك قاتارلىق چاقتا ياسالغان كۈل رەڭ ساپال قاچىلار بار. يەنە ياغاچ تاۋاق، ياغاچ تارغاق، تاش چىراغ، خۇرۇم ئاياغ، يىپەك توقۇلما، كاناپ رەخت، جۇۋاۋا، ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئون تۆشۈكلۈك ئۇزۇنلۇقى 35.6 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 2 ~ 2.2 سانتىمېتىر، تۆشۈكلىرىنىڭ دىئامېتىرى 0.6 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر دانە بامبۇك نەي ناھايىتى قىممەتلىك بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.

**ئالغۇيدىكى تىك ئازگاللىق ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر** تەڭرىتاغنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان بۇ قەبرىلەر ئەمىنىيە دەۋرىدىن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچى نەنشەن كان رايونىدىكى ئالغۇينىڭ شەرقىي ئېغىزىغا جايلاشقان، يەر يۈزىدە چوڭ تىپتىكى تاش دۆۋىلىرى بار. توپا ئازگاللىق، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر ئۈستىگە تاش دۆۋىلەنگەن، قەبرە ئىچىگە بىر ياكى ئىككى جەسەت دەپنە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يالغۇز كىشىلىك بىر قەبرىگە باش سۆڭىكىگە تۆشۈك تېشىلگەن بىر ئايال جەسەت دەپنە قىلىنغان ھەمدە يولۋاس ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن سەككىز دانە يۇمىلاق ئالتۇن قاداق، بىر جۈپ يولۋاس نەقىشلەنگەن ئالتۇن بەلۋاغ، شىر شەكىللىك ياپراقچە ئالتۇن، ھايۋان يۈزى نەقىشلەنگەن كۈمۈش تاختا، يۇمىلاق ھەم تال يوپۇرمىقى شەكىللىك بېزەك بۇيۇم پارچىلىرى ۋە بىر جۈپ شىر ھەيكىلى قوندۇرۇلغان چاسا مىس تەگلىك، سېغىز لايلىق قىزىل ساپال جام، ئاياق، سىرلانغان تەخسە، كىچىك تۆمۈر پىچاق ۋە رومبا شەكىللىك نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن يىپەك ھىلىملە قاتارلىقلار ھەمدەپنە قىلىنغان. نۇرغۇن ئالتۇن بېزەكلەر ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار نۇسخىلىرى، نەزىر - چىراغلاردا ئىشلىتىدىغان بىر جۈپ ھايۋان ھەيكىلى قوندۇرۇلغان مىس تەگلىك قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇلار ساكلار مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

**نىيە قەبرىستانلىقى** خەن - جىن دەۋرلىرىدىكى نىيە بەگلىكىنىڭ قەبرىلىرى بولۇپ، نىيە خارابىسى ئىچىگە تارقالغان. تا ھازىرغىچە ئون ئورۇندا قەدىمكى قەبرىستانلىق بايقالغان، ئەمما تۆت ئورۇندىكىسى بىرقەدەر مۇھىم قەبرىستانلىق ھېسابلىنىدۇ: (1) نىيەدىكى N3 تۇرالغۇ ئىزنىڭ جەنۇبىدىكى قەبرىستانلىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك تىك لەھەتلىك قەبرىدىكى جەسەتلەر توپىغا دەپنە قىلىنغان. ھەمدەپنە قىلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن جوغىلىق كۈل رەڭ كومزەكلەر بار، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قىزىل رەڭ بېرىلىپ، ئۆسۈملۈك نۇسخىلىرى سىزىلغان. دەۋرى غەربىي خەن زامانىسىغا توغرا كېلىدۇ. (2) غەربىي شىمالدىكى قەبرىستانلىق نىيە خارابىسىنىڭ مەركىزىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، كۆلىمى سەل چوڭراق. جەسەتلەر قۇم ئازگاللار ئىچىگە دەپنە قىلىنغان، دەپنە قىلىش جابدۇقلىرى ساندۇق شەكلىدىكى جەسەت ساندۇقىدىن توغراقتىن ئويۇلغان جەسەت ساندۇقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل. قەبرىستانلىقتىن خەن دەۋرىگە تەۋە مىس كۆزگۈ، يىپەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلار، ھەر خىل مارجانلار قېزىۋېلىنغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى 1959 - يىلى تەكشۈرۈپ تازىلىغان نىيىلىك ئاقسۆڭەك ئەر - خوتۇن بىرگە دەپنە قىلىنغان

قەبرە دەل مۇشۇ قەبرىستانلىقتىن بايقالغان. قېزىۋېلىنغان كىمخاب تون، شايى چاپان، سىرلانغان بۇيۇم، «مەرتىۋىلىرى ئۆسكەي» دېگەن خەنزۇچە خەتلىك مىس كۆرگۈ ۋە قويۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە يۇڭ چەكمەن، گۈل بېسىلغان پاختا رەخت، قولدا ياسالغان ساپال ۋە ياغاچ بۇيۇملار كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. (3) 95 نىيە 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتا جەمئىي توققۇز قەبرە قېزىلغان. قەبرىلەر تىك ئازگاللىق قۇم لەھەتلىك بولۇپ، دەپنە قىلىش جابدۇقلىرى توغراقتىن ئويۇلغان مىيىت ساندۇقى ۋە ساندۇق شەكلىدىكى مىيىت ساندۇقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل. ئۇلاق ئىچىگە بىر ياكى ئىككى جەسەت سېلىنغان، ساندۇق ئىچىگە ئەر ـ خوتۇن بىللە قويۇلۇپ، ساندۇقنىڭ ئۈستىگە يۇڭ ئەدىيال يېپىلغان. جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇكەممەل ساقلانغان. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ساپال كومزەك (بىرسىنىڭ ئۈستىگە «王» خېتى يېزىلغان)، ياغاچ تەخسە (ئىچىگە قوينىڭ كەينى سانى، بەكە، قۇرۇق مېۋىلەر سېلىنغان)، كېيىم ئاسقۇچ، ئوقيا، سىرلانغان پەرداز قۇتىسى، مىس كۆرگۈ ۋە تارغاق ـ سۈزگۈچ قاتارلىقلار بار. جەسەتنىڭ ئۈستىگە كىمخاب ۋە پاختا يوتقان يېپىلغان، بېشىغا كىمخاب، شايى بۆك كىيگۈزۈلگەن ياكى يىپەك توقۇلمىلار ئورالغان. يىپەك، كىمخابلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نۇرغۇنلىرى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان. مەسىلەن، «بەگ ـ ئەمىرلەر قۇدىلاشسا ئۇرۇق ئەۋلادلىرى تۈمەن مىڭ يىللارغىچە دەۋر سۈرگەي»، «مەشرىقتە كۆرۈندى بەش ئەختەر، ئوتتۇرا ئەلگە نەپ يەتكەي، تۆۋەنكى چاڭلار ئۈستىگە يورۇش قىلغايمىز»، «ئالەمدە يوق بۇ ئېسىل كىمخاب، ئىككى قۇدا پەرزەنتلىرىگە خەيرلىك ئاتا قىلغاي» دېگەن خەتلەر كەشتىلەنگەن كىمخابلار بىلەن خەيرلىك سۆزلەر ئىشلىتىلمەي، ئادەم، ھايۋانلار ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن كىمخابلار ۋە كونۇس نۇسخىلىق كىمخاب قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا، يەنە شىر نۇسخىلىق ۋە گېئومېتىرىيەلىك نۇسخىلىق گىلەم، ئەرەنچە نەقىشلىق خورۇم ئاياغ، ئايالچە كەشتىلەنگەن كىمخاب قونچلۇق قىزىل مۇۋۇت ئاياغ قاتارلىق ئىلگىرى ئۇچرىمىغان ئېسىل بۇيۇملارمۇ بار. بۇلار شەرقىي خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى نىيە بەگلىكىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى قېزىش نەتىجىسى مەملىكىتىمىز بويىچە 1995 ـ يىللىق ئون چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. (4) نىيىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ شەرق تەرىپىدىن بىر تۈركۈم يۇقىرىلار قەبرىسى بايقالغان ۋە قېزىلغان، ئەمما ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىنتايىن ئاز چىققان.

پۈتۈن قەبرىستانلىق نىيە بەگلىكى جەمئىيىتىدە باي ۋە نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ روشەن ئىكەنلىكىنى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان قۇرۇق جەسەتلەر ئاق تەنلىكلەرنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق نامايان قىلىدۇ. دەپنە تۈزۈمى (مەسىلەن، كىيىم ئاسقۇچ، چۈمبەل) ۋە خەن سۇلالىسى ھەدىيە قىلغان زور مىقداردىكى كىمخاب، شايى، مىس كۆرگۈ، سىرلانغان بۇيۇملار نىيە بەگلىكى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ زىچ سىياسىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كونكرېت چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يارغولدىكى تىك ئازگاللىق قەبرىلەر قۇش بەگلىكىگە تەۋە قەبرىلەر. قەدىمكى يارغول شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ۋە غولىنىڭ شىمالىدىكى تەكشى تۆپىلىككە جايلاشقان. 1996 ـ يىلى غولىنىڭ غەربىدىن 23 قەبرە بايقالغان ھەم قېزىلغان. ئۇلار شەكىل ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە تىك ئازگاللىق توپا لەھەتلىك (16 سى)، تىك ئازگاللىق يان لەھەتلىك (يەتتىسى) قەبرىلەردىن ئىبارەت. ئالدىنقى قەبرىلەرنىڭ دەۋرى غەربىي خەن دەۋرىگە، كېيىنكى قەبرىلەرنىڭ دەۋرى شەرقىي خەن دەۋرىگە، ئەڭ ئاخىرقىلىرىنىڭ دەۋرى (بىر قەبرە) جىن دەۋرىگىچە توغرا كېلىدۇ. قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى ئوغرىلىقچە قېزىلغان، لېكىن قۇربانلىق قىلىنغان ئاتنىڭ بېشى، پۇت سۆڭەكلىرى ۋە ساپال، تۆمۈر، ئالتۇن، مارجان، سۆڭەك، تاش بۇيۇملار بىلەن خەن دەۋرىگە خاس سەييارە بۇلۇت نۇسخىلىق مىس كۆرگۈ، بەش جۇلۇق يارماق، تۆمۈر باشاق، قۇلۇلە قېپىلىق بېزەك، تاش مۇنچاق قاتارلىقلار ساقلىنىپ قالغان. بۇلار قۇش مەدەنىيىتى بىلەن شىمالدىكى موڭغۇل يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. غولىنىڭ شىمالىدىكى تەكشى تۆپىلىكتە جەمئىي 55 قەبرە قېزىلغان، ئاساسەن قۇش بەگلىكى خان جەمەتىگە تەۋە ئىككى قەبرىدۇر؛ قەبرىستانلىقتا قۇربانلىق قىلىنغان چارۋىلار ئازگىلىدىن 55 ى بار. ئاساسلىق قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلار يۇمىلاق شەكىلدە دۆۋىلەنگەن، كېيىنكى قوپۇرۇلغان قورۇق تام ئىچىگە ئېلىنغان قەبرە، تىك توپا ئازگاللىق يان لەھەتلىك قىلىپ ياسالغان، كۆلىمى 100 كۇب مېتىرچە كېلىدۇ. بىرىنچى، قەبرىنىڭ يېنىدا قوشۇمچە كىچىك قەبرىدىن توققۇزى، قۇربانلىق قىلىنغان چارۋىلار ئازگى-

لىدىن 23ى بار؛ ئىككىنچى، يېنىدا قوشۇمچە قەبرە-
دىن 15ى، قۇربانلىق قىلىنغان چارۋىلار ئازگىلىدىن
23 ى بار. قەبرىلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىغان بولغاچقا، جەسەتلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى تولۇق
ساقلانمىغان، ھەممەپنە بۇيۇملارمۇ يوقالغان. ھازىر
قېزىۋېلىنغان ھەممەپنە بۇيۇملار ئاساسەن لاي ياكى لايغا
يۇمشاق قۇم ئارىلاشتۇرۇپ قولدا ياسالغان قىزىل ساپال
قاچىلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ياسىلىشى سىلىق بو-
لۇپ، ئىچى - سىرتىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن. ساپال
قاچىلاردىن تاۋاق، ئاياق، جام، كومزەكلەر؛ سۆڭەك
بۇيۇملاردىن كەمەر توقىسى، پىچاق، نەيچە قاتارلىق
نەرسىلەردىن سىرت، نۇرغۇنلىرى بېزەك بۇيۇملىرى.
ئالتۇن بېزەك بۇيۇملاردىن قارچىغا تۇمشۇقلۇق ھايۋا-
نىڭ يولۋاس بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقى نەقىشلەنگەن قا-
داق، بىر جۈپ قۇش نەقىشلەنگەن قاداق، قارچىغا
نەقىشلەنگەن ياپراقچە، ئالتە بۇرجەكلىك گۈل شەكىل-
لىك ياپراقچە، ئالتۇن تۆگە، ئالتۇن بوغا قاتارلىقلار
بار؛ بۇلاردىن باشقا، يەنە كالا باشلىق كۈمۈش بېزەك،
بۆرە شەكىللىك مىس بېزەك ۋە تۆمۈر كەمەر
توقىسى، باشاق، ئېگەر - جابدۇق، تۇرنا تۇمشۇق
ئوتىغۇچ، مىس كۆرگۈ، بەش جۇلۇق يارماق، يىپەك،
يۇڭ، پاختا توقۇلما پارچىلىرى، سىرلانغان بۇيۇم قا-
تارلىقلار بار. يۇقىرىقىلار قەبرە ئىگىلىرىنىڭ ھايات
ۋاقتىدا ئالتۇننى قەدىرلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا
قالماي، يەنە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىدىغان-
لىقىنى، شۇنداقلا ھايۋانلارنىڭ ئوبرازىنى ئەتىۋارلايدى-
غان مەدەنىيەت روھىي ھالىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
بۇلاردىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوش بەگلىكىنىڭ
يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى
مەدەنىيىتى، تۇرمۇشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**ساﻣﭙﯘل قەدىمكى قەبرىستانلىقى**
خەن - جىن دەۋرىگە تەۋە قەبرىستانلىق. لوپ ناھىيە-
سىدىكى ساﻣﭙﯘل يېزىسىنىڭ جەنۇبىي چۆللۈك بويىغا
جايلاشقان. قەبرىستانلىقنىڭ شەرقتىن غەربكىچە ئۇ-
زۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى
تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر يۈزى شېغىل
ۋە قۇم توپىلىق بولۇپ، ھېچقانداق بەلگە يوق. 1983-
يىلىدىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ قېتىم 60 تىن
ئارتۇق قەبرە قېزىلغان. قەبرىلەر گۇرۇپپا بويىچە ئو-
رۇنلاشقان بولۇپ، ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ ئوتتۇرىسىدى-
كى چوڭ بىر قەبرىنىڭ ئەتراپىدا كىچىك قەبرىلەر
بىلەن ئات قۇربانلىق قىلىنغان ئازگاللار بار. ئۇزۇنچاق
چاسا شەكىللىك تىك توپا ئازگاللىق چوڭ قەبرىنىڭ بىر
بۇلۇڭىدا چەيدۇ دەستىسى شەكلىدىكى يانتۇ قەبرە يولى
بار. قۇم - توپىلارنى توسۇش ۋە قەبرە تېمىنى مۇس-
تەھكەملەش ھەمدە قەبرە ئېغىزىنى يېپىشقا قولايلىق
بولۇش ئۈچۈن، لەھەت ۋە قەبرە يولىنىڭ تېمىنى بوي-
لىتىپ ياغاچ قوزۇق قېقىلىپ، سىرتىغا قومۇش، شاخ
- شۇمبا، سامانلار يۇڭ ئارغامچا بىلەن ياغاچ قوزۇق-
لارغا پۇختا باغلانغان، قەبرە ئاستىغا ياغاچتىن ياسالغان
تاۋۇت قويۇلغان. جەسەتلەر كەينى - كەينىدىن دەپنە
قىلىنغان ھەمدە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر يۈزدىن ئاش-
قان. كىچىك قەبرىلەر بۇرجەكلىرى يۇمىلاق كەلگەن
ئۇزۇنچاق چاسا تىك ئازگال شەكلىدە بولۇپ، كارنىيىس-
مان، قولۋاقسىمان جەسەت ساندۇقى ئىشلىتىلگەن.
باللار قەبرىسى كۆپرەك، ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر دەپنە
قىلىنغان ۋە بىللە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر بىرقەدەر
ئاز. تىك توپا ئازگاللارنىڭ ھەربىرىگە قۇربانلىق قى-
لىنغان بىردىن كۆمۈلگەن ئاتلار يۆگەن - جابدۇقلانغان
پېتى يېنىچە ياتقۇزۇلغان. ھەممەپنە قىلىنغان مەدەنى-
يەت يادىكارلىقلىرى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان بو-
لۇپ، ئاساسەن ساپال، مىس، تۆمۈر، تاش بۇيۇملى-
رى؛ ياغاچ، سۆڭەك، كىگىز، يۇڭ - تېرە بۇيۇملى-
رى؛ يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلار؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇ-
رۇقى، يېمەكلىك، دورا، ئۆي چارۋىچىلىرى قاتارلىق-
لار بولۇپ، قۇرۇق جەسەت ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بولۇپمۇ نەپىس توقۇلغان كىمخاب،
كەشتىلەنگەن يۇڭ توقۇلما ۋە يۇڭ توقۇلمىلىق بۇيۇملار
خەن - جىن دەۋرلىرىدىكى خوتەن تەۋەسىدە تىرىكچى-
لىك قىلغان ئاھالىلەرنىڭ ئىرقى، ئىشلەپچىقىرىشى،
تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ھەمدە ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىك ۋە غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان مەدەنىيەت
ئالاقىسى، يىپەك يولىنىڭ قاتناش ئەھۋالى قاتارلىقلار-
نى تەتقىق قىلىشتىكى ماددىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى** جىن-
تاڭ دەۋرلىرىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جامائەت
قەبرىستانلىقى. تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 40 كى-
لومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاستانە كەنتىنىڭ شىما-
لىغا ۋە قاراخوجا كەنتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ،
جەنۇب تەرىپى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىگە تۇتىشىدۇ.
كۆلىمى شەرقتىن غەربكە بەش كىلومېتىر، جەنۇبتىن
شىمالغا ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ. 1959 - يىلىدىن
1975 - يىلىغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
موزېيى 13 قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ، 400

دىن ئارتۇق قەدىمكى قەبرىنى تازىلىغان، قېزىۋېلىنغان



ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى

يىلنامە بار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى غەربىي جىننىڭ
تەيشى 9 ـ يىلى (273 ـ يىلى) دىن تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ جيەنجۇڭ 3 ـ يىلى (782 ـ يىلى) غىچە توغرا
كېلىدۇ. قەدىمكى قەبرىلەرنى جىن (Ⅲ ～ Ⅴ ئەسىر)،
جۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچو ئىدىقۇت خانلىقى
(Ⅵ ～ Ⅶ ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرى)، تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ قوچو ئايمىقى (Ⅶ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن
Ⅷ ئەسىرلەر) مەزگىللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋرگە
ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى مەزگىلگە تەۋە قەبرىلەر ئىك-
كى خىل شەكىلگە ئىگە: بىرىنچى خىل شەكىلدىكىسى
يانتۇ قەبرە يولى بار تۆۋە ئۆڭكۈرلۈك قەبرىلەر. ئۇلار-
نىڭ لەھەتلىرى تەكشى، قەبرە يولى قىسقىراق بولۇپ،
ئاساسەن تەكشى بولمىغان پەلەمپەي شەكلىدە. ئىككىن-
چى خىل شەكىلدىكىسى تىك ئازگاللىق يان لەھەتلىك
قەبرىلەر بولۇپ، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك تىك ئاز-
گالنىڭ بىر تەرىپىگە يان لەھەت كولانغان ياكى ئىككى
تەرىپىگە يۇقىرى ـ تۆۋىنى ماس كەلگەن يان لەھەتلەر
كولانغان. ئىككىنچى مەزگىلگە تەۋە لەھەتلەرنىڭ تۆت
تېمى سىرتقا يايسىمان كۆپتۈرۈلگەن، تورۇسى تۈز ۋە
يۇمىلاقراق چىقىرىلغان، قەبرىلەرنىڭ قەبرە يولى ئۇ-
زارتىلىپ، پەلەمپەيلىرى يوقىتىلغان. ئۈچىنچى مەز-
گىلگە تەۋە قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ئاساسەن ئىككىنچى
مەزگىلدىكىلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ، پەقەت لەھەتلىرىلا
بارغانسېرى چوڭايتىلىپ، قەبرە يولى تېخىمۇ ئۇ-
زارتىلغان. ۋۇزېتيەن (Ⅶ ئەسىرنىڭ ئاخىرى) دەۋرى-
دىن باشلاپ، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان قەبرىلەر-
نىڭ لەھەتى ئالدىغا كارىدور ياسىلىپ، ئىككى تەرىپىگە
ھەيكەللەرنى قويىدىغان ئۆيۈقچىلار كولانغان ھەمدە لە-
ھەت ئىچىگە جەسەت قويىدىغان خام توپىلىق سۇپا چىقى-
رىلغان؛ بەزى چوڭ قەبرىلەرنىڭ قەبرە يولىنىڭ ئاخى-
رىغا تۈڭلۈك ۋە يول قويۇلغان. ئۈچىنچى مەزگىلنىڭ
ئاخىرىغا كەلگەندە، قەبرە يولى لەھەتنىڭ بىر تەرىپىگە
توغرا كېلىدىغان چەيدۇ شەكلىدىكى قەبرىلەر بارلىققا
كەلگەن.

يانتۇ قەبرە يولى بار ئۆڭكۈرسىمان قەبرىلەر ئىچى-
دە بېزەك رەسىملەر بايقالغان. بىرىنچى مەزگىلگە تەۋە
قەبرىلەرنىڭ ئاقارتىلغان كەينى تېمىغا قارا سىياھتا
رەسىم سىزىلىپ، بەزى جايلىرىغا رەڭ بېرىلگەن. بە-
زى تام رەسىملىرىنىڭ ئورنىنى قەغەزگە سىزىلغان رە-
سىملەر ئالغان بولۇپ، مەزمۇنى قەبرە ئىگىسىنىڭ ھا-
يات ۋاقتىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
ئىككىنچى مەزگىلدە بەدىنىنىڭ يۇقىرىسى ئادەمگە، تۆ-
ۋىنى يىلانغا ئوخشايدىغان شايىغا سىزىلغان فۇشى نۈۋە
رەسىمى پەيدا بولغان. ئۇ دەسلەپتە جەسەت ساندۇقى
قاپقىقىنىڭ ئاستى يۈزىگە يېپىلغان، كېيىنچە ياغاچ
مىخلار بىلەن لەھەتنىڭ تورۇسى ياكى كەينى تېمىغا
ئېسىلغان. ئۈچىنچى مەزگىلدىمۇ ئالدىنقى مەزگىلدى-
كىگە ئوخشاش مەزمۇندىكى شايىغا سىزىلغان رەسىملەر
كۆپەيگەن بولۇپ، بىر قەبرىدىن ئۈچ پارچە چىققان،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كاناپ رەختكە سىزىلغانلىرىمۇ بار.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىن كېيىنكى مەز-
گىلگە تەۋە لەھەتلەرنىڭ ئارقا تېمىدا تۇتاش دەرپەردە
شەكلىدىكى تام رەسىملىرى بولۇپ، مەزمۇنى ئادەم ئوب-
رازلىرى ياكى گۈل ـ قۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
(قەغەزگە سىزىلغانلىرىمۇ بار). بەزى قەبرىلەرنىڭ
تورۇسىغا ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەر كۆرۈنۈشى سى-
زىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەرپەردە شەكلى-
دىكى شايىغا سىزىلغان رەسىملەر، مەسىلەن، كېيىن-
زەك رەسىمى، نەغمىچىلەر رەسىمى، يىلقىچى رەسىمى
قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەن. جەسەتلەر كۆپىنچە بورا
ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان، دەپنە جابدۇقلىرى ئاز ئۇچرى-
غان. بىرىنچى، ئىككىنچى مەزگىللەردە ياغاچ جەسەت
ساندۇقى ئىشلىتىلگەن، ئۈچىنچى مەزگىلدە جەسەت
ساندۇقى ئىشلىتىلگەن ئەھۋال ئىنتايىن ئاز ئۇچرىغان.
قەغەز جەسەت ساندۇقى ئىشلىتىشنى مىسالغا ئالساق،
ئارخېئولوگىيە تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن ئەھۋال
ھېسابلىنىدۇ. دەپنە قىلىش شەكلىدىن قارىغاندا، جە-
سەتلەرنىڭ ھەممىسى پۇت ـ قوللىرى تۈزلەپ ئوڭدى-
سىغا ياتقۇزۇلغان، ئاز ساندىكى ياش قۇرامىغا يەتمىگەن
باللارنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى خالتا ياكى
كىچىك جەسەت ساندۇقىغا سېلىنىپ، ئاتا ـ ئانىلىرى-
نىڭ يېنىغا قويۇلغان.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى قەدىمكى قەبرىلەر كۆپ قې-
تىم ئوغرىلىنىپ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، شۇنداقتى-

مۇ قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملار ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىيىم - كېچەكلەرگە ئىشلىتىلگەن يىپەك، پاختا، كەندىر، يۇڭ توقۇلمىلار بار؛ يىپەك توقۇلمىلاردىن ھەرخىل كىمخاب (نەقىشلىك ۋە قوش ئەتلىك كىمخابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، دارايى، گۈللۈك دۇردۇن، نىپىز شايى، ھىلھىلە قىسىش تاختىسى بىلەن گۈل بېسىلغان گۈللۈك يىپەك تۇقۇلمىلار بار، يەنە ئوخشاش بولمىغان يىپەك رەختلەر ئىشلىتىلگەن ئالاھىدە يىپەك توقۇلما كەش قاتارلىقلارمۇ بار. ئۇلاردىن باشقا، نەچچە مىڭ پارچە ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىي ھۆججەت قاتارلىقلار؛ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ساپال، ياغاچ بۇيۇملار، يىمەك - ئىچمەككە ئىشلىتىلىدىغان ھەمدە ئىچىگە ئۈگرە، جۇۋاۋا، پىرەنىك سېلىنغان ھېجىر، تاۋاق، كومزەك قاتارلىقلار؛ يەنە لاي ھەيكەل ۋە ياغاچ ئويما ھەيكەل قاتارلىقلار بار. ئۇلار قوچونىڭ Ⅲ ~ Ⅷ ئەسىرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مىللەتلىرى، مەدەنىيىتى ھەمدە ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەزكۇر قەبرىستانلىق مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

**بالباللىق قەبرىلەر** قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەبرىلىرى. قەبرىلەر يېنىغا تاش ھەيكەللەر تۇرغۇزۇلغانلىقتىن شۇنداق نام ئالغان. ئۇلار ئاساسەن ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى ئوتلاقلارغا تارقالغان. بالباللارنىڭ بېشى چوڭ، چىرايى ئېنىق، بەدىنى سەل كىچىك بولۇپ، بىردىن، بىر نەچچىدىن ياكى رەت بويىچە قەبرىستانلىقتا تارقالغان ھەمدە قاتار شەرققە قارىتىلغان. قەبرىستانلىقنىڭ ئۈستىدە توپا، تاش دۆۋىلىرى ۋە تاش قورۇقلار بار. ئالتاي شەھىرىدىكى شەمىرشەك، ئارىشاڭ ناھىيىسىدىكى ئارچات، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى بوزدۆڭ قاتارلىق بالباللىق قەبرىستانلىقلار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلغان. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دەسلەپكى ۋە كېيىنكى مەزگىللەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكىلىرى بىرونزا دەۋرىدىن دەسلەپكى


بالباللىق قەبرىلەر

تۆمۈر قورال دەۋرىگىچە بولغان زامانلارغا تەۋە بولۇپ، بالباللارنىڭ گەۋدىسى تەكشى، سىلىق، يۈزىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى كۆپىنچە يۇمىلاق، ئۈستىگە بۆكلۈك خالات كىيگۈزۈپ قويۇلغاندەك يۈزىلا ئوچۇق تۇرغان، كۆزلىرى كىچىك ھەم يۇمىلاق، يېتىلگەن كۆكرەك مۇسكۇللىرى بىلەن كىيىمنىڭ ياقىسى ئالاھىدە ئىپادىلەنگەن. قەبرىلەرنىڭ ئەترابى چاسا ياكى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك تاش قورۇقلار بىلەن قورۇلغان. ھەمدەپنە بۇيۇملار مىس پىچاق ۋە لېپىغا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان، ئۈستىگە ئويما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن ساپال قاچىلارنى ئاساس قىلىدۇ. قەبرە ئىگىلىرىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى بېكىتمەك تەس. كېيىنكى مەزگىلگە تەۋە بالباللارنىڭ بەش ئەزاسى ئېنىق، ئوبرازى جانلىق بولۇپ، يوغان كۆزلۈك، بۇرۇتلۇق كەلگەن، سول قولىدا جام، ئوڭ قولىدا قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان، ئۈستىگە قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن تون كىيىپ، كەمەر باغلىغانلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە توپا ياكى تاش دۆۋىلىرى بار. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە تۆمۈر ۋە ساپ لايدىن پىشۇرۇلغان ساپال بۇيۇملار كۆپرەك. ئۇلارنىڭ دەۋرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن سۈي - تاڭ سۇلالىلىرىغىچە بولغان زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى تۈركلەرگە تەۋە.

**كۆكسۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقى** ۋېي - جىن دەۋرلىرىگە تەۋە چوڭ قەبرىستانلىق. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ 150 كىلومېتىر شەرقىنىڭ قىيپاش جەنۇبىغىراق، يەنى قۇرۇقتاغ بىلەن كۆنچى دەرياسى ئارىلىقىدىكى چۆلدىكى تەكشى تۆپىلىككە جايلاشقان. بايقالغان قەبرە 200 دىن ئارتۇق. شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 1989 -، 1995 - ۋە 1999 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان قەبرىلەرنى تازىلىغان ۋە 100 دىن ئارتۇق قەبرىنى رەسمىي قازغان. قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە بىر تالدىن نەچچە تالغىچە قىسقا ياغاچ قوزۇق قېقىلغان. لەھەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدىكى تىك توپا ئازگاللىق بولۇپ، ئاز ساندىكىلىرىدە ئازگالنىڭ ئىككى تەرىپىگە يان لەھەت كولانغان. قەبرە ئاغزى يۇمىلاق ياغاچ ۋە قۇرۇق پاخاللار بىلەن يېپىلغان، قەبرە ئىچىگە توغراقتىن ئويۇلغان ۋە ياغاچتىن ياسالغان مېيىت ساندۇقى قويۇلغان، بەزى ياغاچ جەسەت ساندۇقىنىڭ سىرتىغا نەپىس رەڭلىك نۇسخىلار سىزىلغان. قەبرىلەردىن يە-

چەك، يۇلۇ، پاختا، كەندىر، تېرە، كىگىز، كەشتە قاتارلىق توقۇلمىلار ۋە كىيىم - كېچەكلەر؛ ياغاچ، سۆڭەك، ساپال، سىرلانغان ساپال، مىس، تۆمۈر، سىرلانغان قاچا، كۆزگۈ قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى؛ ئالتۇن، كۈمۈش، مارجان، قۇلۇلە قېپى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان، شۇنداقلا پۇل ۋە قەغەزگە يېزىلغان ھۆججەت قاتارلىقلار بايقالغان. 1995 - يىلى قېزىلغان 15 - نومۇرلۇق قەبرىدە، رەڭلىك جەسەت ساندۇقى بايقالغان. جەسەتنىڭ يۈزىگە كەندىر غولىغا لاي ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان نىقاب تارتىلغان بولۇپ، ئۈستىگە سېرىق رەڭدە جۈپ ئادەم، ھايۋان ۋە دەرەخ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن تېگى قىزىل يۇڭ چەكمەن تون، ياپچاقىراق ئالتۇن شايى كىيىم، كەشتىلەنگەن يۇڭ ئىشتان، پۇتىغا شايى تاشلىق ئالتۇن ئۇقا تۇتۇلغان گۆللۈك كىگىز ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. بېلىگە كۆك رەڭلىك كەشتىلەنگەن شايى باغلىنىپ، مەيدىسىگە كېچىكلىتىپ تىكىلگەن ئاخىرەتلىك شايى چاپان، بېشىغا چىللاۋاتقان خوراز كەشتىلەنگەن دارايى ياستۇق قويۇلغان. بۇنداق كۆركەم ۋە ئاجايىپ كىيىم - كېچەكلەر باشقا جايلاردىكى قەبرىلەردىكىدىن ئۆزگىچە بولغاچقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان.

## قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى

«ئۇيغۇر ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن قۇمۇل ۋاڭلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىق. قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەخمىنەن بىر كىلومېتىر غەربىدىكى شەھەر ئىچى يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قەبرىستانلىقتا ھازىر ئۈچ يۈرۈش ئىمارەت، بىر مەسچىت رايونى ساقلانغان، يەر مەيدانى 1.33 گېكتار كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىكى 7 - ئەۋلاد ۋاڭ بېشىر (1813 - يىلى ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغان) نىڭ مەقبەرىسى. ئۇنىڭ ئاستى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك، تورۇسى گۈمبەز ۋە ئۈچلۈق ئەگمە شەكىللىك ئىشىكى غەربكە قارىتىلغان، ئوڭ - سول يېنىغا تۆۋرۈكسىمان مۇنار چىقىرىلغان. مۇنارنىڭ ئىچىدە ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان ئايلانما تۇپا پەلەمپەي بار. گۈمبەزنىڭ تۆت ئەتراپىدا پاكار قورۇق تاملاردىن باشقا، يەنە يىراقتىن كۆزەتكىلى بولىدىغان سۇپا بار. مەقبەرە گەۋدىسىنىڭ سىرتىغا پۈتۈنلەي سىرلىق كاھىش چاپلانغان، ئىچى ھاك بىلەن ئاقارتىلىپ، ئۈستىگە كۆك رەڭدە ناھايىتى نەپىس ۋە سۈرلۈك كۆرۈلىدىغان خەيرلىك بۇلۇت ۋە يۇمىلاق گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان. مەقبەرە ئىچىگە بېشىر ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ يولدىشى مېھرىبانۇ، 8 - ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەت (1867 - يىلى ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغان) ئەر - خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرىدىن جەمئىي 40 ئادەم دەپنە قىلىنغان. بېشىر ۋاڭ مەقبەرىسىنىڭ سول تەرىپىدە، ئەسلىدە ياغاچ شىپاڭ شەكلىدىكى قەبرىدىن بەشى بار ئىدى، ھازىر ئىككىسىلا ساقلىنىپ قالغان، بۇ 9 - ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت (1882 - يىلى ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغان) ۋە تەيجىلەرنىڭ مەقبەرىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىچى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ياسىلىش ئۇسلۇبى ئىسلام بىناكارچىلىقىدىكى گۈمبەز تورۇسلۇق قۇرۇلۇش ئاساس قىلىنغان، سىرتى خەنزۇ ئۇسلۇبىدىكى سەككىز بۇرجەكلىك ئۈچلۈق ئۆگزىلىك، موڭغۇل ئۇسلۇبىدىكى دۈبۈلغىسىمان ئۆگزىلىك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان. بۇ ئىمارەت كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى بىر گەۋدە قىلغاچقا، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسچىت XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياسالغان بولۇپ، 5000 ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدۇ. ھازىر قۇمۇل تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىتتۇر. مەزكۇر قەبرىستانلىق شىنجاڭ بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 3 - بېتىگە قارالسۇن)

خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان چاڭلار ئاقساقىلى تامغىسى خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەركەردىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن ئەمەلدارلىق تامغىلىرى. 1956 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۈچقات قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان. تامغا مىستىن ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 3.5 سانتىمېتىر، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 2.3 سانتىمېتىر كېلىدۇ، تۇتقۇچى ياتقان قوي شەكىللىك بولۇپ، تۇتقۇچى بىلەن تامغا دۈمبىسى ئارىلىقىدا شوينا ئۆتكۈزۈپ ئېسىۋالىدىغان تۆشۈكى بار. تامغىغا پېتىنقى قىلىپ «خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان چاڭلار ئاقساقىلى» دېگەن خەنزۇچە جۇەنشۇ نۇسخىلىق خەت ئويۇلغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرت ئەمەلدارلىرىنىڭ «ھەممىسى خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەرگەن تامغىنى تۇتقان» ئىكەن. بۇ تامغا تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، بۇ خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتقا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ ماددىي پاكىتى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 6 - بېتىگە قارالسۇن)

**لى چۈڭنىڭ تامغىسى** خەن دەۋرىگە تەۋە مىس تامغا. شايار ناھىيىسىدىكى يۇلتۇز باغ ئەتراپىدىن تېپىلغان. تامغا چاسا شەكىللىك بولۇپ، چوڭلۇقى 1.3×1.3 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 0.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ، تۇتقۇچى كۆۋرۈك شەكلىدە چىقىرىلغان. جۇڭگو ئارخېئولوگىيە خۇاڭ ۋېنبىنىڭ «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا، تامغىنىڭ «ئۈستىگە جۇەنشۇ نۇسخىسىدا ئالتە خەت ئويۇلغان، ‹لى چۈڭنىڭ تامغىسى› دېگەن تۆت خەتنى تونۇغىلى بولىدۇ، قالغان ئىككى خەت ئېنىق ئەمەس» لىكىنى ئېيتقان. يەنە بىر ئېيتىلىشىچە، تامغىدىكى خەت «لى چۈڭنىڭ تامغىلىق خېتى» دېگەن بەش خەت ئىكەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، لى چۈڭ ۋاڭ ماڭنىڭ تيەنفېڭ 3 - يىلى (16 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بولغان مەزگىلدە «قايتىپ بېرىپ كۇسەننى ساقلىغان، ۋاڭ ماڭ ئۆلۈپ نەچچە يىلدىن كېيىن، لى چۈڭمۇ ۋاپات بولغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالغان» ئىكەن. بۇ تامغا لى چۈڭ كۇسەن (كۇچا) دە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە قالدۇرغان يادىكار ھېسابلىنىدۇ.

**پۇلىي ئايمىقىنىڭ تامغىسى** تاڭ دەۋرىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تامغىسى. مىستىن ياسالغان، چاسا شەكىلدە بولۇپ، چوڭلۇقى 5.7 × 5.7 سانتىمېتىر، ئومۇمىي ئېگىزلىكى تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ. 1972 - يىلى جىمسار ناھىيىسىدىكى بەشبالىق قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋېلىنغان، 1973 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا ئاپىرىپ ساقلانغان. تامغىنىڭ ئوتتۇرىسى سەل پۇچىلىپ كەتكەن، ئەمما ئۈستىدىكى خەتلەرنى ئېنىق تونۇغىلى بولىدۇ، «پۇلىي ئايمىقىنىڭ تامغىسى» دېگەن خەتلەر جۇەنشۇ نۇسخىسىدا ئويۇلغان. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»دە خاتىرىلىنىشىچە، شيەنچىڭ 4 - يىلى (659 - يىلى)، تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرگە قاراشلىق ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ «ھەربىرىگە تامغا تارقىتىپ بېرىپ، ئالۋان - سېلىق ئىشلىرىدا بەلگە قىلغان». بۇ تامغا دەل شۇ ۋاقىتتا غەربىي تۈركلەرنىڭ شۇ جايدىكى مەلۇم بىر قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسىگە تارقىتىپ بېرىلگەن بولسا كېرەك.

**تورغات قەبىلىسىنىڭ كۈمۈش تامغىسى** چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تورغات قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسىگە تارقىتىپ بەرگەن ئەمەلدارلىق تامغىسى. چيەنلۇڭنىڭ 35 - يىلى (1771 - يىلى)، ئېتىل (ۋولگا) دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بىر يېرىم ئەسىرگىچە كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرگەن تورغات موڭغۇللىرى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، چىڭ خانلىقىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئېرىشكەن. چيەنلۇڭ رېخې (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېڭدې شەھىرى) دە مۇشۇ قەبىلىنىڭ سەركەردىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇباشقا جورىغتۇ خان دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن، قالغان سەردارلارغىمۇ ئوتتۇغات ئىنئام قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 40 - يىلى ئۇباش خانغا كۈمۈش تامغا بەرگەن. بۇ تامغىغا «ئۇنىبېن سۇجۇكتۇ تورغات قەبىلىسىنىڭ جورىغتۇ خانىنىڭ تامغا» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. ئۇنىڭ مەنىسى: «ساداقەتمەن كونا تورغات قەبىلىسىنىڭ قەھرىمان خانىنىڭ تامغىسى». تامغىغا مانجۇچە ۋە خەنزۇچە يېزىق ئويۇلغان. بۇ تامغا قالغان يەتتە كۈمۈش تامغا بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. تامغىلارنىڭ ھەممىسى چاسا شەكىلدە، چوڭلۇقى 10.6×10.6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3.1 سانتىمېتىر، تۇتقۇچى يولۋاس شەكىللىك بولۇپ، تۇتقۇچىنىڭ ئېگىزلىكى 6.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تامغىنىڭ يانلىرىغا «چيەنلۇڭنىڭ 40 - يىلى توققۇز □□ كۈنى»، «شىغاۋۇل پىرقىسى ياساتقان» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 6-بېتىگە قارالسۇن)

**ئارچات بالبالى** تاڭ دەۋرىدىكى تۈركلەرنىڭ تاش ھەيكىلى. ئەسلىي ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى ئارچات يايلىقىدا ئورنىتىلغان، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. مەزكۇر بالبال گرانىت تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 285 سانتىمېتىر كېلىدۇ، يۈزى كەڭ ۋە يۇمىلاق، ياڭىقى سەل ئېگىز، كۆزى يۇمىلاق، بۇرۇتى بار؛ بويىنىغا مارجان ئاسقان، ئۈستىگە قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن چاپان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، بېلىگە كەمەر باغلاپ، خەنجەر، بىلەيتاش ۋە كىچىك خالتا ئېسىۋالغان، سول قولىدا خەنجەرنىڭ دەستىسىنى، كۆكرىكى ئالدىدىكى ئوڭ قولىدا جامنى تۇتۇپ تۇرغان. بالبال ئەسلىي يۈزى شەرققە قارىتىلىپ چاسا شەكىلدىكى تاش جەسەت ساندۇقى ئالدىغا تۇرغۇزۇلغان. بۇ تاش جەسەت ساندۇقلۇق قەبرە قېزىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىن ئاز ساندىكى كۆيدۈرۈلگەن سۆڭەكتىن باشقا ھەمدەمە بۇيۇملىرى بايقالمىغان. بۇ تۈركلەر جەسەتنى كۆيدۈرۈپ

دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن قەبرە ئالدىغا تاش تۇرغۇزىدىغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

**تۇرپاندىن تېپىلغان قەبرە تەزكىرىسى** تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان جىن ـ تاڭ دەۋرلىرىگە تەۋە خەنزۇچە قەبرە تەزكىرىلىرى. ئۇلار قەبرە تەرجىمىھال تېشى، قەبرە خاتىرە تېشى، قەبرە تەزكىرە تېشى ۋە قەبرە تېشى دەپ ئايرىلغان. كىچىك تېپتىكى قەبرە تەرجىمىھالى تېشى، قەبرە خاتىرە تېشى، قەبرە تەزكىرە تېشى ئادەتتە قەبرە يولىنىڭ ئالدى قىسمىغا، يەنى قەبرە يولى كىرىش ئېغىزىنىڭ بىر مېتىرچە ئىچكىرىسىگە كۆمۈلگەن (قەبرە يولىنىڭ بىر يېنىغا تۇرغۇزۇلغان). چوڭ تېپتىكى تاش ئويما قەبرە تەزكىرىلىرى كۆپىنچە كارىدورنىڭ سىرتىدىكى تۇڭلۇكنىڭ ئاستىدىكى يەرگە ياكى كارىدور ئىچىگە (لەھەتنىڭ سىرتىدا) تۈز ياتقۇزۇپ قويۇلغان؛ لەھەت ئىچىگە پەقەت قەبرە تەزىيە تاختىسىدىن بىرى، ئۆلگەندىن كېيىن نام بېرىش بۇيرۇقىدىن ئىككىسى قويۇلغان. قەبرە تەزكىرە تاشلىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى پىشۇرۇلغان خىشتىن ياسالغان. تاشتىن ياسالغانلىرى ناھايىتى ئاز. ئىلگىرى قېزىۋېلىنغان قەبرە ئابىدىلىرى 328 دانە بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا گۇگۇڭ خان سارىيى مۇزېيى، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى، لۈشۈن مۇزېيى ۋە لوندوندىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا؛ XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن قېزىۋېلىنغان قەبرە تەزكىرە تاشلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيىدا ساقلانماقتا. قەبرە ئابىدىلىرى ئىچىدىكى دەۋرى ئەڭ بالدۇرى شىمالىي لياڭ دەۋرىنىڭ چېڭپىڭ 13 ـ يىلى (455 ـ يىلى) دىكى «جۈجۇ فېڭدەينىڭ قەبرە تەزكىرە تېشى»، ئەڭ كېيىنكىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭتەي 2 ـ يىلى (766 ـ يىلى) دىكى «گاۋياۋنىڭ قەبرە تەزكىرە تېشى». دېمەك، بۇ جەرياندا قەبرە تەرجىمىھال تېشى — قەبرە تەزكىرە تېشى — ئابىدە تېشىدىن ئىبارەت ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىدىن ئالغاندا، ئومۇمەن يىلنامە، ئۆلگۈچىنىڭ مەرتىۋىسى، ئىسىم ـ فامىلىسى، تۇغۇلغان كۈنى ۋە دەپنە قىلىنغان ۋاقتى تەرتىپ بويىچە پۈتۈلۈپ، نەزمە تىل بىلەن قەسىدە يېزىلغان. ئۇلار تۇرپان رايونىدىكى دەپنە تۈزۈمى، مەرتىۋە تۈزۈمى، كالېندارچىلىق ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئەسلىي يۇرتى، نەسەب ـ ئۇرۇق قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. قەبرە تەزكىرە تاشلىرىغا جۇەنشۇ، كەيشۇ، شىڭشۇ قاتارلىق ھەرخىل خەت نۇسخىلىرىدا ئىختىيارىي يېزىلغان. بۇلاردىن باشقا، يەنە قېلىپلاشمىغان خەتلەر، باشقىچە يېزىلغان خەتلەر، باشقا مەنىدىكى ئاھاڭداش خەتلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن خەتلەر ۋە ۋۇجو دەۋرىدە يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان خەتلەر كۆپ ئىشلىتىلگەن.

**جاڭ خۇەيجىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى** قەدىمكى ئابىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1900ـ يىلى) تۇرپان قاراخوجا يېزىسىدىن تېپىلغان. جاڭ خۇەيجى قەبرىسىنىڭ لەھىتى چوڭ بولۇپ، جەسەت ياخشى ساقلانغان ۋە ئۈستىگە بەش خىل رەڭلىك دۇردۇن يېپىلغان. جۇڭگو ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى 1928ـ يىلى دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) غا كەلگەندە جەسەت ساقلىنىپ قالمىغان، ھازىر ئابىدىمۇ يوقالغان. ئابىدە تېكىستىنىڭ ئىزى چىقىرىۋېلىنغان نۇسخىسى «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى، مېتال ـ تاش پۈتۈكلەر تەزكىرىسى»، لو جېنيۈنىڭ «غەربىي چېگرىدىكى تاش ئويمىلار ھەققىدە خاتىرە» قاتارلىقلاردا ئۇچرايدۇ. ئابىدە تەزكىرىسىدە ۋۇۋېي ئايمىقىنىڭ تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋېلىشقا ئائىت ھەربىي يۈرۈشلىرى بايان قىلىنغان. جاڭ خۇەيجى (632 ~ 693) نەنياڭنىڭ بەيشۈي دېگەن يېرىدىن بولۇپ، چاڭشۇ 2 ـ يىلى (693 ـ يىلى) ۋاڭ شياۋجيېگە ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋالغان. ۋۇجو ئۇنىڭغا جوڭشەن بېگى، ماۋجو تۇتۇق ئەمىرلەشكەر مەرتىۋىسىنى بەرگەن. مەزكۇر قەبرە تەزكىرىسىدە ۋاڭ شياۋجيېنىڭ تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋېلىشقا ئائىت قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان.

**ئەنشى ياندىش قورۇقچىبېگى گاۋياۋنىڭ قەبرە تەزكىرە تېشى** تاڭ دەۋرىگە تەۋە ئابىدە. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، تۇرپان رايونىدىكى قاراخوجا كەنتىنىڭ ئۈچ كىلومېتىر شەرقىدىكى جايدىن تېپىلغان. قەبرە تەزكىرە تېشىغا 29 قۇر، مىڭغا يېقىن خەنزۇچە خەت ئويۇلغان. گاۋياۋ (702 ~ 767) نىڭ ئەسلىي يۇرتى بوخەي بولۇپ، قوچو ئايمىقى (ھازىرقى تۇرپان) غا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە ئاتىسى ئەنشى ياندىش قورۇقچىبېگى، بەشبالىق ياندىش قورۇقچىبېگى ۋەزىپىلىرىدە بولغان. گاۋياۋنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى ئۇششۇرغۇل، قوچو، بەشبالىق ئايماقلىرىنىڭ ھەربىي تەمىناتىغا مەسئۇل نائىب بېگى،


كۆك لىېنتىلىق كۈمۈش مۇھۇرلۇك كېگەش بېگى، يا-
ساۋۇللار بېگى، ئالىي دۆلەت ئەركانى، بەشبالىق ياد-
داش قورۇقچىبېگى» قاتارلىق مەنسەپلەرنى تۇتقان.
ئۇلار ئۈچ ئەۋلاد يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىن بولۇپ،
مەزكۇر قەبرە ئابىدىسى تۇرپان تەۋەسىدىن ھازىرغا قە-
دەر قېزىۋېلىنغان ئەڭ يۇقىرى مەنسەپتىكى كىشىنىڭ
قەبرە ئابىدىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا گاۋيۇاڭنىڭ ئىل-
گىرى ـ كېيىن بولۇپ گەي جىيۇڭگە ياردەملىشىپ بەش-
بالىقنى مۇھاپىزەت قىلغانلىقى، باغا تارخان، بولۇر،
قارا تۇرگەشلەرگە قىلىنغان جازا يۈرۈشلىرىگە قاتناش-
قانلىقى، تۆگلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىككە لەشكەر تارتىپ خانغا ياردەملەشكەن-
لىكى، خانغا ياردەملەشكەن قوشۇنلاردىن ئۇنىڭ قوشۇ-
نىلا باۋيىڭ 2 ـ يىلى (763ـ يىلى) بەشبالىققا قايتقان-
لىقى، ئۇنىڭ ياڭ جىلىيە باشقۇرۇشىدىكى ئۈچ مەمۇرىي
رايوننىڭ بىرلەشمە مۇداپىئە ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئە-
ۋىرغول، قوچو، بەشبالىق ئايماقلىرىنىڭ ھەربىي تە-
ىسناتىغا مەسئۇل نائىب بەگلىككە تەيىنلەنگەنلىكى با-
يان قىلىنغان. بۇ قەبرە ئابىدىسى تېيەنباۋ يىللىرىدىن
تۆگلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىنكى چاغلارغىچە
بولغان بەشبالىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زور
پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

**رېن شاڭنىڭ ئابىدىسى** شەرقىي خەن دەۋرى-
دىكى رېن شاڭنىڭ تۆھپە ئابىدىسى. 1980ـ يىلى
باركۆل ناھىيىسىدىكى سۇڭگۇچتامدا بايقالغان. تاش
ئۆلچەمسىز بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.4 مېتىر، كەڭ-
لىكى 0.65 مېتىر، قېلىنلىقى 0.42 مېتىر كېلى-
دۇ. ئابىدىگە لىشۇ نۇسخىسىدا بەش قۇر خەت چۈشۈ-
رۈلگەن، ھەر قۇرىدا ئون نەچچە خەت بار. خەتلىرى
ئىنتايىن تۇتۇق بولۇپ، «خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن
5 ـ يىلى» (93 ـ يىلى) 《平》 (تىنچتىماق)،
《任尚》 (رېن شاڭ)، 《海》 (كۆل)، 《道□临物》
قاتارلىق خەتلەرنىلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، قالغانلىرى-
نى پەرق ئەتمەك تەس. رېن شاڭ (؟~118)، دەس-
لەپتە قورۇل چېرىكچىبەگلەردىن بولۇپ تەيىنلەنگەن،
شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 14 ـ يىلى
(102ـ يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگلىكىگە ئۆس-
تۈرۈلگەن. «كېيىنكى خەننامە. خېدى خان ھەققىدە
خاتىرە» دە: «يۇڭيۈەن 5 ـ يىلى ... كۈز پەسلى
9 ـ ئايدا ... خون تەڭرىقۇتى يۇرتقان توپىلاڭ كۆتۈر-
دى. توپىلاڭنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمىرنۆكەر رېن
شاڭ جازا يۈرۈشكە ئەۋەتىلىپ، ئۇلار يوقىتىلدى»
دەپ خاتىرىلەنگەن. ئابىدە بىلەن خاتىرە بىر ـ بىرىنى
دەلىللىگەچكە، مەزكۇر ئابىدىنىڭ رېن شاڭنىڭ توپىلا-
ڭنى تىنچىتقان تۆھپىلىرى خاتىرىلەنگەن ئابىدە ئىكەن-
لىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇرۇش
دەل باركۆل يايلىقىدا يۈز بەرگەن. ھازىر باركۆل ناھى-
يىلىك مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

**پېي سېننىڭ تۆھپە ئابىدىسى** شەرقىي خەن
دەۋرىدىكى پېي سېننىڭ ھونلارنى يەڭگەن تۆھپىسى
خاتىرىلەنگەن ئابىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ 7ـ
يىلى (1729 ـ يىلى) باركۆل ناھىيىسىدىكى شىرىنزا
پېزىسىنىڭ شىرىنزىتەي كەنتىدىن تېپىلغان. ئېگىزلى-
كى تۆت چى ئۈچ سۇڭ، كەڭلىكى بىر چى سەككىز
سۇڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا لىشۇ نۇسخىسىدا ئالتە قۇر خەت
ئويۇلغان. ھەر قۇرىدا ئون خەت بار. مەزمۇنى مۇنداق:
«خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭخې 2 ـ يىلى 8ـ ئايدا، دۇن-
خۇاڭنىڭ ۋالىيسى يۈنجۇڭلۇق پېي سېن، ئايماق ئەس-
كىرىدىن ئۈچ مىڭنى باشلاپ، قويانخان قاتارلىقلارنى
ۋە قەبىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، دۈشمەنلەرنى مەغ-
لۇپ قىلىپ، غەربىي يۇرت ۋە تۆت ئايماقتىكى ئاپەتنى
يوقىتىپ، چېگرا رايوننى تىنچلاندۇرۇپ، بۇ جايدا
نام- شەرەپ قازاندى. بۇ تۆھپىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە
خاتىرىلەش ئۈچۈن باركۆل ئىبادەتخانىسى سېلىندى.»
شەرقىي خەننىڭ يۇڭخې 2 ـ يىلى (137ـ يىلى)،
ھونلارنىڭ قويانخاننى مەغلۇپ قىلىش غەربىي يۇرت
تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ. «كېيىنكى
خەننامە» دە بۇ ئىش خاتىرىلەنمىگەن، بۇ ئابىدە خەننا-
مىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدۇ. ئۇ ھازىر شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

**خەن دەۋرىدىكى كۈسەننىڭ سول قانات
سانغۇنى ليۇ پىڭگونىڭ كۆزىتىش قورغانى يا-
سانقانلىقىنىڭ مەدھىيىسى** باي ناھىيىسىنىڭ كا-
لاقوتان تاغ ئېغىزىدىكى تىك يارغا ئويۇلغان مەدھىيە.
شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، لىشۇ
نۇسخىسىدا سەككىز قۇر قىلىپ ئويۇلغان. ئۇنىڭ مەز-
مۇنى مۇنداق: «كۈسەننىڭ سول قانات سانغۇنى ليۇ
پىڭگو 7ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۆيىدىن چىقىپ، ئۆزى
باشلاپ كەلگەن چىنلىق مىڭ بوشەن، دى خۇبېن، جاۋ
داڭبېي، شياجياڭ، شى داڭبېي، چېڭ ئاچياڭ قاتار-

لىق ئالتە كىشىگە كۆزىتىش قورغانى ياساتتى، ئۇلار



خەن دەۋرىدىكى كۇسەننىڭ سول قانات سانغۇنى ليۇ پىڭگونىڭ
كۆزىتىش قورغانى ياسانقانلىقىنىڭ مەدھىيىسى

جىلغا ئۆتكىلىدە 8 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن باشلاپ تاش-
لارنى چېپىپ تۈشۈك ئاچتى، 10 ـ كۈنى ئىشنى
توختاتتى. (ئۇ ياساتقان قورغاننىڭ) تۈمەن يىللارغىچە
مەزمۇت تۇرىدىغانلىقىدىن خەلق خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ۋە نەۋرە ـ چەۋرىلىك بولۇشىنى
تىلىدى. يۇڭشۇ 4 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ، يەنى ئىت
ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى، كۆزىتىش قورغانىنى باشقۇرۇش
ئۈچۈن ئۇنىڭ شەرقىدىكى ئۇرۇياب قورغانىنىمۇ سال-
غۇن ياساتقۇزدى ... » بۇ مەدھىيىدە خەن سۇلالىسىنىڭ
يۇڭشۇ 4 ـ يىلى (158ـ يىلى) ليۇ پىڭگونىڭ مىڭ
بوشەن قاتارلىق خەنزۇلارنى باشلاپ كېلىپ تەڭرىتاغ
ئىچىدە تاشلارنى ئويۇپ قورغان ياساتقان ئىش ـ ئىزلى-
رى خاتىرىلەنگەن، ئۇ كۇسەن تارىخى، كۇسەندىن تەڭ-
رىتاغنىڭ شىمالىغا بارىدىغان قاتناش لىنىيىسىنى تەت-
قىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**لياڭ خانى ئۇلۇغ قۇتقۇ ئەنجۇنىڭ بۇت
ياساتقانلىقى ھەققىدىكى خاتىرە** قەدىمكى ئابى-
دە. گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى XIX ئەسىردە
تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدە بايقىغان، ھازىر
بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا جەمئىي 22 قۇر
خەت بولۇپ، ھەربىر قۇردا 47 دىن خەت بار. ئۇنىڭغا
«ھۆدەيچى كاتاۋۇل شياخۇسەن يازغان» دەپ بېغىشلى-
ما، ئاخىرىغا «□ پىڭ 3 ـ يىلى» دېگەن خەتلەر
يېزىلغان. «بۇدساتۋا پىتاكا سۇترا» نىڭ كەمتۈك ۋارى-
قىدىكى «ئۇلۇغ لياڭ خانى قۇتقۇ ئەنجۇنىڭ تېۋىنىش
نومى، چېڭپىڭ 15 ـ يىلى (457 ـ يىلى) توخۇ
يىلى» دېگەن سۆزلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ قوچو تەۋە-
سىدە تاش غار ساڭرامى ياساتقانلىقىغا ئائىت ئەڭ بۇرۇن-
قى خاتىرە، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن
تارقىلىپ كىرگەن بۇددا دىنىنىڭ قوچو تەۋەسىدە تار-
قالغانلىقى ھەققىدىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال ھېساب-
لىنىدۇ. تاش غار ساڭرامى ياساشنى قوچو بەگلىكى
مەزگىلىدىكى ھەرقايسى بەگلەر ئىجرا قىلىپ كەلگەن،
مەزكۇر خاتىرە شىنجاڭنىڭ دىن تارىخى، مەدەنىيەت
تارىخىدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. «شىنجاڭنىڭ خەرىتى-
لىك تەزكىرىسى. مېتال ـ تاش پۈتۈكلەر تەزكىرىسى»
دە ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمە تېكىستى بار.

**شىمالىي تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جۇ بىنى-
نىڭ ئىبادەتخانا ياساتقانلىقى ھەققىدىكى ئابىدە**
قەدىمكى ئابىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 3 ـ
يىلى (1911 ـ يىلى) تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلى-
قىدىن تېپىلغان، سۇنۇپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن.
ئومۇمىي ئېگىزلىكى ئىككى چى توققۇز سۇڭ، كەڭلى-
كى ئىككى چى ئۈچ سۇڭ كېلىدۇ، ھازىر قەيەردىلىكى
نامەلۇم. ئەسلىي تېكىستى «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك
تەزكىرىسى. مېتال ـ تاش پۈتۈكلەر تەزكىرىسى» ۋە
خۇاڭ ۋېنبىنىڭ «تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى خاتىرى-
سى» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئابىدىنى-
سى، قوچونىڭ يەنچاڭ 15 ـ يىلى (575ـ يىلى،
شىمالىي جۇنىڭ جيەندې 4 ـ يىلى) 9ـ ئايدا، جۇلياڭ
دادىسى جۇبىنىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ يەر ـ مۈلۈكلىرى-
دىن ۋاز كېچىپ ئىبادەتخانا ياساتقانلىق تۆھپىسىنى
خاتىرىلەش ئۈچۈن تىكلىگەن. ئابىدىنىڭ كەينى يۈزىگە
قوچونىڭ جيەنچاڭ 1ـ يىلى 12 ـ ئايدا (556 ـ يىلى
1 ـ ئايدا، غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ گۇڭدى 3 ـ
يىلى) ئىبادەتخانا ياسىلىش ۋاقتىدا تۈزۈلگەن توختام
پۈتۈلگەن. ئابىدىنىڭ ئالدى يۈزىگە جۇبىن ھۆجۈمچى
نۆكەرلەر سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يېڭى
بۇيرۇققا بىنائەن ئەسكەر باشلاپ تۈركلەر بىلەن جەڭ
قىلغانلىقى ۋە سۆھبەتلىشىپ سۈلھ تۈزگەنلىكى خاتىرى-
لەنگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «تۈركلەر قۇدرەت

تېپىپ، شان ـ شۈھرىتى شىمالنى زىلزىلىگە سالدى.
ئۇلار قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئەسكەرلىرىنى
مەشىق قىلدۇرۇپ، چېگرىمىزغا تاجاۋۇز قىلدى ···
ۋاقىتلىق ئېلىشقاندىن كېيىنلا ئەھۋالغا قاراپ تاراپ
كېتىپ ··· يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش قىلىپ ···
ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ··· قايتىپ ···
تۆھپىسىگە ئاساسەن ئۇنۋان بېرىلىپ، ھەربىي ئىشلار-
نى كۆزلەندۈرگۈچى سانغۇنلۇققا ئۆستۈرۈلدى» . بۇ دەل
جۇبىننىڭ «نىگشو» ، يەنى شىمالنى تىنچلاندۇرۇشتى-
كى تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خاتىرىدە جيەنچاڭ 1-
يىلى مۇقان قاغاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقى، جۇ
بىننىڭ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي، ئۇرۇشتىن ۋاز كې-
چىپ سۈلھ تۈزگەنلىكى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن، قوچو تۈركلەرگە ئەل بولىدۇ، ئۇلار ئىبا-
دەتخانا ياساپ ئىلاھلارغا ئىلتىجا قىلىدۇ.

**جياڭ شىڭبىننىڭ ئابىدىسى** بۇ جياڭ شىڭ-
بىننىڭ قوچونى تىنچىتىشتىكى تۆھپىلىرى خاتىرىلەن-
گەن ئابىدە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 14 ـ
يىلى (640 ـ يىلى) ئورنىتىلغان، ئېگىزلىكى 1.8
مېتىر، كەڭلىكى 0.6 مېتىر، ئابىدىنىڭ ماڭلىيىغا
«بۈيۈك تاڭنىڭ سول قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇنى جياڭ
شىڭبىننىڭ تاش ئويمىسى» دېگەن ماۋزۇ يېزىلغان.
ئۇنىڭدا 18 قۇر خەت بولۇپ، تولۇق قۇرلىرىدا 47
خەت بار. ئابىدىگە: «···قوچو دۆلىتى غەربىي خەن
سۇلالىسى ئەسكەر تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلغان جاي
بولغاچقا، ئۇ يەردە قېپقالغان ئەسكەرلەر تۇرغان. جۇر
ۋېنتاي مياۋلارنىڭ ئەۋلادىدۇر» . «ئۇ يىراق جايلاردى-
كى ئەمەلدارلارنىڭ ئوردىغا سوۋغا ئەۋەتىشكە توسقۇن-
لۇق قىلدى، ئۆتەڭلەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى توس-
تى، ··· نۇرغۇن ئاۋام خەلقنى جازالاپ ھاشارغا ئەۋەت-
تى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى توختاتمىدى. خان ئالىيلى-
رىنىڭ پۇقرالارنىڭ جېنىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇلارغا
جازا يۈرۈشى قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى» .
«جېنگۇەن 14 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى،
قوشۇنلار ئۇۋرغولدىكى جېلومەن (ھازىرقى قۇمۇلنىڭ
شىمالىي قىسمىدىكى شەرقىي تەڭرىتاغ) تېغىغا يېتىپ
كېلىپ، شىمالىي تەرىپىدىن خېيگەن چوققىسىغا چىق-
تى. ئاي تولۇشقا ئون كۈن قالغاندا، غەلىبە قازىنىپ
كارامەت تۆھپە ياراتتى. ئۇ تاغدىكى دەرەخلەر كېسىۋې-
تىلگەنلىكتىن، تاغ ئورمانلىقى پۈتۈنلەي يوقالغان بو-
لۇپ، كۆزكىرىگەن شامال تاغ جىلغىلىرىنى تىترىتە-
ۋەتتى. ھۇجۇم شوتىلىرى قىسقا ۋاقىتتا ياسىلىپ بول-
دى، ئۇلار تاغدىن سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرۈلگەندە




جياڭ شىڭبىننىڭ ئابىدىسى

مۇزلارنى پارچىلىۋەتتى، مۇز پارچىلىرى بالاقىنالار ئې-
تىلىشى بىلەن تاشلار ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈش
ھاسىل بولدى.» جياڭ شىنبىن (؟~643)، جېن-
گۇەن 13 ـ يىلى خۇ جونجىگە ئەگىشىپ قوچو دۆلىتىگە
يۈرۈش قىلغان ھەمدە يۈرۈش قىلىۋاتقان قوشۇننىڭ
باش دورغىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئابىدىدە دەل مۇشۇ تارى-
خىي پاكىت خاتىرىلەنگەن. ئابىدە ئەسلىي باركۆل تا-
ھىيىسىدىكى سۆڭگۈچتامدا ئىدى، ھازىر شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

**دۇ خۇەنباۋنىڭ ئابىدىسى** قەدىمكى ئابىدە.
1982 ـ يىلى قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ يېقىن ئەت-
راپىدىكى ئاق بېشىمدىن، يەنى تاڭ دەۋرىدىكى سۇيئاب
شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان. ئۇ توغرىسىغا ئۇزۇن-
چاق شەكىلدىكى پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان مايت-
رى بۇددا ھەيكىلىنىڭ پەشتىقى بولۇپ، قېلىنلىقى
تەخمىنەن 11 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 32.6 سانتىمې-
تىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 135 سانتىمېتىر كېلىدۇ.
ئۇنىڭ ئۇزۇنچاق چاسا يۈزىگە «غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى
ياندىش قورۇقچى بەگ ··· ئالىي دۆلەت ئەركانى دۇ
خۇەيباۋ» باقىي ئالەمدە بەختكە ئېرىشىشنى تىلەپ،
«ئېھتىرام بىلەن ··· بىر بۇددا، ئىككى بۇدساتۋا ھەيكى-
لى ياسانقان» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. دۇ خۇەنباۋ
ئىلگىرى پېرسىيىگە قوشۇن تارتىپ بارغان، كېيىن

يېپ شىنجىيەڭە ئەگىشىپ غەربىي تۈركلەرنى تىنچىتىشقا قاتنىشىپ، سۈيئاب شەھىرىنىڭ ئاساسلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. بۇ ئابىدىنىڭ تېپىلىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۈيئاب ئەتراپىدا دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**بايانچۇر مەڭگۈتېشى** قەدىمكى ئابىدە. «ئۇيغۇر باتۇر، ھەيۋەتلىك بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) فىنلاندىيىلىك رامستېد موڭغۇلىيىدىكى سېلېنگا دەرياسى بويىدا بايقىغان. مەڭگۈتاش تۈرك - رۇنىك يېزىقىدا ئويۇلغان بولۇپ، 49 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسى سۇزۇڭنىڭ چيەنيۈەن 2 - يىلى (759 - يىلى) ئورنىتىلغان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر باتۇر، ھەيۋەتلىك قاغان بايانچۇر قاغان دەپ ئاتىلىشتىن ئىلگىرى دادىسى كۆل بىلگىگە ياردەملىشىپ تۈرك قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزمىش تېگىننى ئەسىرگە ئالغانلىقى؛ قارلۇقلارنىڭ ئۇلۇغ بىلگە تۇتۇقىنى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەسلىي ماكانىغا قوغلىۋەتكەنلىكى؛ ئۇيغۇرلار بىلەن خاكاس، باسمىل، تۈرگەش قاتارلىق قەبىلىلەر ئارىسىدىكى كەسكىن ئۇرۇشلار؛ ئۇيغۇرلارنىڭ «تاڭ سۇلالىسى پادىشاھ قاغانى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ شۇنداقلا «سوغدلار ۋە تاڭلىقلارغا سېلېنگا دەرياسى بويىدا بايبالىقنى بىنا قىلدۇرغانلىقى» قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بۇ مەڭگۈتاش ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ۋە تاڭ سۇلالىسى، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە ھېسابلىنىدۇ.

**توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى** تولۇق ئاتىلىشى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى». تاڭ دەۋرىدىكى ئابىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 16 - يىلى (1890 - يىلى) فىنلاندىيىنىڭ H. ھايكېل ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى قارابالغاسۇن ئەتراپىدا بايقىغان بولغاچقا، «قارابالغاسۇن مەڭگۈتېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەڭگۈتاشتا خەنزۇ يېزىقى، تۈرك - رۇنىك يېزىقى ۋە سوغد يېزىقى قاتارلىق ئۈچ خىل يېزىق چېكىلگەن بولۇپ، 24 قۇر خەنزۇچە خەتلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇ تاڭ شيەنزۇڭنىڭ يۈەنخې 9- يىلى (814 - يىلى) تىكلەنگەن. ئۇنىڭدا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى قاغانلارغا ئائىت تارىخىي ۋەقەلەر، مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقىلىپ كىرىشى قاتارلىق چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «تەڭرى قاغان» بىلەن تۇبۇتلەر، خاكاسلار، قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش خاتىرىسى ئۆڭلۈك - سۈيگۈن تېپىلىڭىدىن كېيىنكى غەربىي يۇرت تارىخىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭدا «بەشبالىقنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇۋېلىپ، يېرىمىنى قورشىۋالغاندىن كېيىن، تەڭرى قاغان ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ، باش جىنايەتچىنى يوقىتىپ، شەھەرنى قايتۇرۇۋالغان»، «(قوچو ئايمىقىدىن) ۋاز كەچكەندىن كېيىن، تۇبۇتلەرنىڭ زور قوشۇنى كۆسەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، تەڭرى قاغان قوشۇن تارتىپ ھۇجۇم قىلدى، تەڭرى قاغان قوشۇن تارتىپ ياردەمگە باردى، تۇبۇتلەر ئالاقزادە بولۇپ، شەھەر يولىغا قېچىپ بېرىۋالدى، قاغاننىڭ قوشۇنى ئۇلارنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ، ناھايىتى تېزلا يوقاتتى» دېگەنلەر خاتىرىلەنگەن. بۇلار باشقا تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنمىگەن. لوجېنيۈ، شاۋان، پېللىئوت قاتارلىقلار ئابىدىنىڭ تىكلەنگەن ۋاقتىغا ئاساسەن، ئۇنى ئادالەت قوچقان (保义) قاغاننىڭ مەڭگۈتېشى دەپ قارىغان، بىراق رادلوف، ئابې تاكېئو قاتارلىقلار ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن مۇھىم نۇقتىلارغا ئاساسەن، ئۇنى ئىشەنچ قوچقان (怀信) قاغاننىڭ مەڭگۈتېشى دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ مەڭگۈتاش ئۇيغۇر ئادىز قەبىلىسىنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ قاغان ئالماشتۇرغان تۆھپىلىرى خاتىرىلەنگەن مەڭگۈتاش بولۇشى مۇمكىن. مەڭگۈتاشتىكى «تەڭرى قاغان» بىرلا ئادەمنى كۆرسەتمەيدۇ، مەڭگۈتاشتىكى تۇبۇت، قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن قىلىنغان ئۇرۇش خاتىرىلىرى ئىشەنچ قوچقان قاغاننىڭ تۆھپىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**نېستورىيانلارنىڭ قەبرە تاشلىرى** قەدىمكى قەبرە تاشلىرى. ئاساسەن ئىلىدىكى ئالمالىق قەدىمكى شەھىرىدە ئۇچرايدۇ. قەبرە تاشلىرى كۆپىنچە ياپىلاق تاشلاردىن ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 20 ~ 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كرېست نەقىشى پېتىنقى شەكلىدە ئويۇلغان ھەمدە سۇرىيە يېزىقى چېكىلگەن. دەۋرى كۆپىنچە يۈەن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قەبرە تاشلىرى توغرۇلۇق ئىلىم ساھەسىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار: بىرىنچىسى، ئۇلار XII ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە موڭغۇللارنىڭ

نايمان قەبىلىسى ئىچىدە دىن تارقاتقان نېستورىئانلارنىڭ قەبرە تاشلىرى دېگەن قاراش؛ ئىككىنچىسى، XIV ئەسىردە ئىسپانىيىدىن دىن تارقاتقۇچى پاسكال بۇيرۇققا بىنائەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئالمالىق شەھرىگە بېرىپ دىن تارقاتقان، قەبرە تاشلىرى مۇشۇ پائالىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت يالدامىسى دېگەن قاراشتىن ئىبارەت.

**گېردىن تېغىدىكى خاتىرە ئابىدە** چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتقانلىقىنىڭ خاتىرە ئابىدىسى. ئابىدە كۆك تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 303 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 98 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 27 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئابىدىنىڭ ئىككى تەرىپىگە خەنزۇچە، مانجۇچە، موڭغۇلچە ۋە تۇبۇتچىدىن ئىبارەت تۆت خىل يېزىقتا جۇڭغارلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ مالىمانچىلىقىنى تىنچىتىش جەريانى خاتىرىلەنگەن. گېردىن تېغى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەۋەسىدە. چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) 5 - ئايدا، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى ئايۇش چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ، گېردىن تېغىدىكى دۈشمەن كورەسىگە كېچىدە ھۇجۇم قىلغان، جۇڭغارلارنىڭ سەركەردىسى داۋاچى جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بېرىپ، ئۇچتۇرپاندا ئەسىرگە چۈشكەن. بۇ زور غەلىبىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، چيەنلۇڭ گېردىن تېغىدا ئابىدە تىكلەتكۈزگەن، ئۇنىڭ نامى «جۇڭغارلارنى تىنچىتقانلىق خاتىرىلەنگەن گېردىن تېغىدىكى ئابىدە» دەپ ئاتالغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 3 - بېتىگە قارالسۇن)

**جۇڭغارلارنى تىنچىتقانلىق خاتىرىلەنگەن ئىلى ئابىدىسى** چىڭ دەۋرىدىكى ئابىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىغا كىرىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى، ئويراتلارنىڭ تۆت خانىغا ئۇنۋان بېرىلگەنلىكى، داۋاچىنى تۇتقۇن قىلغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ جەريانىنى ئۆز قولى بىلەن يازغان. ئابىدە تېكىستى مانجۇچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە ۋە تۇبۇتچىدىن ئىبارەت تۆت خىل يېزىقتا ئويۇلغان. بۇ ئابىدىدىن ئىككىسى بار، بىرى ئىلىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ كەتكەن؛ يەنە بىرى خېبېي ئۆلكىسىدىكى چېڭدې يازلىق ئوردىنىڭ پۇنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئورنىتىلغان.

**جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىنكى ئىشلار خاتىرىلەنگەن ئىلى ئابىدىسى** چىڭ دەۋرىدىكى ئابىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى)، ئامۇرسانا توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئابىدە تېكىستىنى چيەنلۇڭ ئۆزى يازغان. ئابىدىگە مانجۇچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە ۋە تۇبۇتچىدىن ئىبارەت تۆت خىل يېزىق چېكىلگەن. بۇ ئابىدە ئىككى، بىرى ئىلىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ كەتكەن؛ يەنە بىرى خېبېي ئۆلكىسىدىكى چېڭدې يازلىق ئوردىنىڭ پۇنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئورنىتىلغان.

**مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتقانلىق خاتىرىلەنگەن يېشىلنۇر كۆلىدىكى ئابىدە** چىڭ دەۋرىدىكى ئابىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ - كىچىك خوجىلار ئاكا - ئۇكا بۇرھانىددىن بىلەن خوجا جاھان قوزغىغان توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن، پامىردىكى يېشىلنۇر كۆلى (ھازىرقى ياشىل كۆل، تاجىكىستان تەۋەسىدە) گىچە ئەسكەر ئەۋەتكەن، چوڭ - كىچىك ئاكا - ئۇكا خوجىلار بەدەخشان (ھازىرقى تاجىكىستان بىلەن ئافغانىستان تەۋەسىدە) غا قېچىپ بارغاندا، بەدەخشان ئەمىرى سۇلتان شاھ تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن خوجىلار توپىلىڭىمۇ تىنچىتىلغان. بۇ ئۇرۇشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، چيەنلۇڭ ئابىدە تېكىستىنى يازغان. مانجۇچە، خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىقتا ئويۇلغان ئابىدە كۆلنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىغا ئورنىتىلغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ جاي يېزىق بارتاش دېگەن مەنىدىكى «سومانتاش» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. گۇاڭشۇ 17 - يىلى (1891 - يىلى)، چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ ئابىدىنى قومۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن ۋە دەسلەپتە تاشكەنت (ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) كە ئورنىتىلغان، كېيىن سان پېتىربۇرگ (ھازىرقى رۇسىيە) قا يۆتكەپ كېتىلگەن. ئابىدە قومۇرۇپ ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى قوشۇن ۋە خەلق ئابىدە تىكلەنگەن ئورۇنغا تام قوپۇرۇپ ئەق مەيدانىنى مۇھاپىزەت قىلغان، كېيىن شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋېي گۇاڭتاۋ ئادەم ئەۋەتىپ قايتىدىن

ئابىدە تىكلەتكۈزگەن.

**مۇسۇلمانلار يۇرتى ھەققىدىكى يەكەن ئابىدىسى** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئابىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) 6 - ئايدا، چوڭ - كىچىك خوجىلار ئاكا - ئۇكا بۇرھانىددىن بىلەن خوجا جاھان توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاقسۇغا توپلانغان ۋە ئىككى يولغا بۆلۈنگەن. بىر يولدىكىلەر يەكەنگە، يەنە بىر يولدىكىلەر قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. چوڭ - كىچىك خوجىلار شەھەرنى تاشلاپ كۆكتارت (ھازىرقى پامىر) دىن ئۆتۈپ قاچقان، يېشىلنۇر كۆلى (ھازىرقى ياشىل كۆل، تاجىكىستان تەۋەسىدە) گە كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قوغلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقاتقان، قالدۇق قىسمى بەدەخشان (ھازىرقى تاجىكىستان بىلەن ئافغانىستان تەۋەسىدە) غا قېچىپ بارغان، نەتىجىدە ئىككى خوجا بەدەخشان ئەمىرى تەرىپىدىن ئىلگىر - كېيىن تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. 11 - ئايدا، بەدەخشان ئەمىرى سۇلتان شاھ چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىغا خوجا جاھاننىڭ بېشىنى تەقدىم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغان. بۇ ئۇرۇشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئابىدە تىكلىنىپ، ئۇنىڭدا توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانى تەسۋىرلەنگەن. داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) بۇرھانىددىننىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا باستۇرۇپ كىرىپ، يەكەنگە كەلگەندە بۇ ئابىدىنى بۇزۇۋەتكەن.

**ئامانلىق ساقلاش ئابىدىسى** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، باركۆلدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن تاش ئابىدە. ئابىدە تېكىستى باركۆل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بىر چوڭ تاش ئۈستىگە ئويۇلغان. ئۇ چوڭ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى ئىككى مېتىر بولۇپ، 500 دىن ئارتۇق خەت ئويۇلغان. ئۇنىڭغا «چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، شىنجاڭ تەۋەسىدە مالىمانچىلىق يۈز بەرگەچكە، پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كېتىشكە يۈزلەندى ... بىر توپ كۈچلۈك دۈشمەن باركۆلگە قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ، مانجۇلار ۋە خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان ئىككى شەھەرگە يېقىنلىشىپ كەلدى، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار چوقۇم قىرغىنچىلىق قىلاتتى». باركۆلدىكى ئەسكەر ۋە خەلق دۇتۇڭ ئېرجى، ياساۋۇل بېگى خې گۈەن قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ قوماندانلىقىدا «ھايات - ماماتتا بىللە بولۇشقا قەسەم قىلىشتى، ئۇلار ئاز ساندىكى ئاچ قورساق ئەسكەرلەرنى باشلاپ، تۈمەنلىگەن ياۋۇز دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى»، «كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلىپ»، باركۆلنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىدا، «ئارقا سەپ تەمىناتى قىيىنغا توختايدىغانلىقى ئۈچۈن، باركۆلدىكى مۇلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئوت - چۆپ، ئاشلىقلارنى توپلاپ، زور مەبلەغ ئارقىلىق يادەم قىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. چوڭ قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، باركۆل ئالدىنقى سەپتىكى بازىغا ئايلانغان، ئەسكەرلەرمۇ بۇ جايدا يولغا بۆلۈنۈپ، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان» دېگەنلەر يېزىلغان. بۇ ئابىدە باركۆلدىكى ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا باتۇرلۇق بىلەن بۇ تەنھا شەھەرنى ساقلاپ قالغان مۇھىم تۆھپىلىرى بەدەھىيلەنگەن.

**زو زۇڭتاڭ ئابىدىسى** زو زۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى خاتىرىلەنگەن تاش ئابىدە. 1988 - يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ ليۇشۇچۈەن (دۇۋەنجىن) دېھقانچىلىق مەيدانىدىن تېپىلغان. ئابىدە ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ كەتكەن ۋە ئۈستۈنكى يېرىمى يوقاپ كەتكەن. ئاستىنقى قىسمىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 77.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 49.5 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا 11 قۇر، 180 نەچچە خەت ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى زو زۇڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ليۇ جىڭتاڭ، جياڭ ياۋلارنىڭ قۇمۇلغا ئەسكەر توپلاپ، ئوت - چۆپ ۋە ئاشلىقلارنى يۆتكەپ، ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق قىلغان ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئابىدە ھازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا.

**مىڭيولدىكى ئابىدە** چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى خاتىرىلەنگەن ئابىدە. گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877- يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياقۇپبەگ

قوشۇنلىرىنىڭ قالدۇق قىسمىغا قارشى قەشقەرگىچە جازا يۈرۈشى قىلىپ، «قاراقچىلارنى تارمار قىلغان» ھەمدە قوشۇنلارنى نەچچە يولغا بۆلۈپ مىڭيولغىچە قوغلاپ كېلىپ، ئاخىرى ئومۇمیۈزلۈك غەلىبە قازىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان. ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى 135 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 77 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 14 سانتىمېتىر بولۇپ، تاشتىن ياسالغان. ئۇنىڭ ئالدى يۈزىگە كەيشۇ نۇسخىسىدا ئون قۇر خەت ئويۇلغان، ھەر قۇردا 18 خەت بار بولۇپ، ئۇرۇش غەلىبىلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ قالدۇق دۈشمەنلەرنى قوغلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغانلىق ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان؛ ئۇنىڭ كەينى يۈزىدە كەيشۇ نۇسخىسىدىكى توققۇز قۇر خەت بار بولۇپ، ئۇرۇشقا قاتناشقان لو چياڭيۇ قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ مەرتىۋىسى، ئىسىم - فامىلىسى، يۇرتى قاتارلىقلار تەزكىرە شەكلىدە خاتىرىلەنگەن. بۇ ئابىدە ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.


## دولبىڭنىڭ مۇراجىئەت ئابىدىسى

مىڭگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى باركۆل ياندىش سەركەردىسى دو لبىڭنىڭ يۇرتداشلارنىڭ مۇھىتنى ئاسرىشى توغرىسىدىكى مۇراجىئىتى خاتىرىلەنگەن ئابىدە. ئابىدىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، بىرى باركۆل ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى قاراغول ئېغىزىدىكى بىر تەبىئىي تاشقا ئويۇلغان. تاشنىڭ ماڭلىيىغا «ياندىش باسقابەگ دو لبىڭنىڭ مۇراجىئىتى» دەپ ماۋزۇ يېزىلغان. ئۇنىڭ ئاستىغا «باركۆل چىرايلىق كۆلدۇر، ئۇنىڭ تاغلىرى ئېگىز، ئېقىنلىرى ئۇزۇن، باركۆل دەرياسى بويىدا قارىغايلار كۆپ، بۇلاق سۈيى ئۈزۈلمەي ئاقىدۇ، بۇغا مېھرىبان ھايۋان، ئۇنى يارىلاندۇرۇشقا بولمايدۇ» دېگەن سۆزلەر بىلەن «ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى كېسىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. يەنە بىرى باركۆل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئۈزۈنبۇت سېپىدىكى بىر گرانىت تاش ئۈستىگە ئويۇلغان، تاشنىڭ ماڭلىيىغا «ياندىش باسقابەگ دو لبىڭنىڭ مۇراجىئىتى» دېگەن خەتلەر توغرىسىغا يېزىلغان. بۇ ئابىدىگە «ئېقىن بۇلاق بويلىرى ۋە تاغنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىدا چارۋىلارنى بېقىش مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. دېمەك، بۇنىڭدىن ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىش ۋە بۇغىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش، سۇ مەنبەسىنى قوغداشقا دىققەت قىلىش جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسى باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

## غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار. خەن شۈەندى شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن 60 يىل ئىلگىرى) تەسىس قىلىنغان. خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىرمەت چەۋەندازلار بېگى ياكى كېڭەش بېگىنى ئەۋەتىپ، 2000 تاغار تەمىنات بىلەن بۇ ۋەزىپىگە قويغان. قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئۇرلى (ھازىرقى چېدىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي) غا تەسىس قىلىنغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگنىڭ قول ئاستىدا ياندىش چېرىكچى، ياندىش خادىم، ئەمىرلەشكەر، بەگ، مىڭبېشىلار بولغان. قورۇقچى بەگ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن غەربىي يۇرتتا ھوقۇق يۈرگۈزگەن. قاشقوۋۇق (يۈمېنگۈەن)، كۆنگەيقوۋۇق (ياڭگۈەن) نىڭ غەربىي، تەڭرىتاغنىڭ غەربىي شىمالى ھەمدە ئاسىيۇ (ھازىرقى ئىلى دەرياسى ۋادىسى)، فەرغانە (ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى فەرغانە) قاتارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭ تەۋەسىدە بولغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جېڭ جى، خەن شۈەن، گەن يەنشۇ، دۈەن خۈيزۇڭ، ليەن باۋ، خەن لى، گوشۈن، سۈن جيەن، دەن چىن قاتارلىق 18 كىشى ئىلگىرى - كېيىن بۇ ۋەزىپىدە ئولتۇرغان. ۋاڭ ماڭنىڭ تيەنفېڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 16- يىلى) دىن كېيىن، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلگەندىن كېيىن، قورۇقچى بەگ بىكار قىلىنغان. شەرقىي خەن يۇڭپىڭ 17- يىلى (مىلادىيە 74- يىلى) قايتا تەسىس قىلىنىپ، قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى كۈسەندىكى تاۋقان (ھازىرقى كۇچا، كەلپىن ئەتراپىدا) غا تەسىس قىلىنغان. جيەنچۇ 1 - يىلى (مىلادىيە 76- يىلى) قورۇقچى بەگ بىكار قىلىنغان. يۇڭيۈەن 3- يىلى (مىلادىيە 91 - يىلى) قايتا تەسىس قىلىنغان. يۇڭچۇ 1 - يىلى (مىلادىيە 107 - يىلى) يەنە بىكار قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ ۋەزىپىنىڭ ئورنىنى غەربىي يۇرت دورغىسى ۋە قورۇل چېرىكچىبېگى ئالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنىڭ ۋەزىپىسىنى چېن مۇ، بەن چاۋ، رېن شاڭ، دۈەن شىلار ئۆتىگەنلىكى تارىختا پۈتۈلگەن.

ئالدىنقى لياڭ دەۋرىدە جاڭ جۈن، ۋە كېيىنكى لياڭ دەۋرىدە لۈ گۇاڭ قوچو (ھازىرقى تۇرپان) دا گىلگەرى. كېيىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى ۋە غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگى تەسىس قىلىنغان.




قورۇل چېرىكچىبېگى خەن، جىن سۇلالىلىرىدە لەشكىرىي تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ئەمەلدار. خەن يۈەندى چۇيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيىدىن 48 يىل ئىلگىرى) دىن باشلاپ قورۇل چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاستىدا بىردىن ياندىش خادىم، ئەمىرلەشكەر، بەش بەگ بولغان. قورۇل چېرىكچىبەگ مەھكىمىسى دەسلەپ يارغول (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىدە) غا تەسىس قىلىنغان. ياڭشۇ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن 21 يىل ئىلگىرى) قوچو (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) غا كۆچۈرۈلگەن. تېرىقچى چېرىكلەر ئادەتتە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇلارنىڭ ئىشلەپ چىقارغان ئاشلىقلىرى چېرىكلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن سىرت، كېلىپ- كېتىۋاتقان ئەلچى، سودىگەر ۋە يولۇچىلارنىڭمۇ ئېھتىياجىنى قامدىغان. ئۇلار تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ۋە بىرلىكنى قوغداشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. چېرىك يۆتكىمەكچى بولغاندا، چوقۇم ئوردىنىڭ تەستىقى ئېلىناتتى، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى خالىغانچە چېرىك يۆتكىسە ئەيىبلىنەتتى ياكى جازاغا تارتىلاتتى. ۋاڭ ماڭنىڭ تيەنفېڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 16 - يىلى)، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يامانلاشقاندىن كېيىن، بۇ ئەمەل بىكار قىلىنغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭ 17 - يىلى (مىلادىيە 74 - يىلى)، غەربىي يۇرت بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى ۋە قورۇل چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىنىپ، ئارقا قوشتىكى ئالتۇنبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ شىمالى) ۋە ئالدى قوشتىكى لۈكچىن شەھىرى (ھازىرقى پىچان ناھىيىسىدىكى لۈكچۈن) دە ئايرىم - ئايرىم تېرىقچىلىق قىلغان. ئىككىنچى يىلى ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن،


ئالتۇنبالىقتىكى تېرىقچى چېرىكلەر ساپارى (هازىرقى گۈچۈڭ ناھىيىسى تەۋەسى) غا يۆتكەلگەن، كېيىن بىكار قىلىنغان. يۇڭيۈەن 3 - يىلى (مىلادىيە 91 - يىلى)، بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى تىنچىتقاندىن كېيىن، قوچودا قورۇل چېرىكچىبېگى ئەمىلىنى قايتا تەسىس قىلغان، يەنە ئارقا قوشتىكى بەگبالىق (هازىرقى جىمسار ناھىيىسى تەۋەسى) تا قورۇلبېگى تەسىس قىلىنغان. يۇڭيۈەن 14 - يىلى، بەن چاۋ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قورۇل چېرىكچىبېگىنىڭ ئورنىدا رېن شاڭ قورۇقچى بەگ بولغان. ۋېي، جىن دەۋرلىرىدىمۇ بۇ ئەمەل تەسىس قىلىنغان. ئالدىنقى لياڭ دەۋرى شيەنخېنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 327- يىلى)، قوچو ئايمىقى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئەمەل بىكار قىلىنغان.

غەربىي يۇرت دورغىسى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئەمەلدار. شەرقىي خەن سۇلالىسى يۈەنخې 3 - يىلى (مىلادىيە 86 - يىلى) نىڭ باشلىرىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بەن چاۋ تۇنجى نۆۋەت دورغاب بولغان. يۇڭيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيە 89 - يىلى)، كۇسەن قاتارلىق دۆلەتلەر خەن سۇلالىسىغا كېيىنى - كەينىدىن بېيئەت قىلغاندىن كېيىن، بەن چاۋ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگلىككە ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان، شۇ گەن غەربىي يۇرت دورغىلىقىغا قويۇلغان ھەمدە سۇللاغ (هازىرقى قەشقەردە) دا تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋاڭ لىن، جاۋ بولار دورغا بولغان. يۈەنچۇ 6 - يىلى (مىلادىيە 119 - يىلى)، غەربىي يۇرت دورغىسى سو بەن ئۆزغول (هازىرقى قومۇل) دا 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ تېرىقچىلىق قىلغان. يەنگۇاڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 125 - يىلى)، بەن يۇڭ غەربىي يۇرت دورغابى بولۇپ، لۈكچىن (هازىرقى پىچان ناھىيىسىدىكى لۈكچىن) دە تۇرغان ھەمدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. يۇڭجيەن 2 - يىلى (مىلادىيە 127 - يىلى)، بەن يۇڭنىڭ ئەمىلى ئېلىپ تاشلانغان، ھوقۇقى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكتىن، دورغا مەھكىمىسى ئۇدۇن (هازىرقى خوتەن) گە كۆچۈرۈلگەن. جيەنىنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 169 - يىلى)، غەربىي يۇرت دورغىسى جاڭ يەن كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ 20 مىڭدىن ئارتۇق چېرىكىنى باشلاپ سۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ مەغلۇپ بولغان. ۋېي، جىن، ئالدىنقى لياڭ دەۋرلىرىدىمۇ غەربىي يۇرت دورغابى قويۇلغان ھەمدە كروران (هازىرقى لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالىي) دا تۇرغان.

**قوچو ئايمىقى** (قۇدغار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلىنغان مەمۇرىي بىرلىك. غەربىي جىن سۇلالىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، شىمالدا شەرقىي جىن سۇلالىسى بىلەن تىركىشىدىغان يەرلىك خانلىقلار پەيدا بولغان، تارىختا ئۇ شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەگلىكلەر دەپ ئاتالغان. شەرقىي جىن سۇلالىسى شيەنخې 2 - يىلى (مىلادىيە 327 - يىلى)، غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ قورۇل چېرىكچىبېگى جاۋ جېن تەپرىقچى قاشىن (خېشى) دىكى ئالدىنقى لياڭ خانى جاڭ جۈننىڭ پەرمانىغا بويسۇنماي قارشى تۇرغانلىقتىن، قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنى بىتچىت قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئالدىنقى قوشتا قوچو ئايمىقى (هازىرقى تۇرپاننىڭ شەرقى)، قوچو ئايمىقى تەۋەسىدە لۈكچىن (هازىرقى پىچان ناھىيىسىدىكى لۈكچىن) ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. دېمەك، بۇ ئايماق - ناھىيە تۈزۈمىنىڭ غەربىي يۇرتتا تۇنجى يولغا قويۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى كېنىگىت (هازىرقى قاراشەھەر)، كۇسەن (هازىرقى كۇچا)، پىشامشان (هازىرقى چاقىلىق) قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرت دورغىسى، غەربىي يۇرت چېرىكچىسى، ئۆزغول (هازىرقى قومۇل) چېرىكچىسى قاتارلىق ئەمەلدارلارنى قويۇپ، غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش باشقۇرغان. تەخمىنەن بىر ئەسىر ئىچىدە، ئالدىنقى لياڭ، كېيىنكى لياڭ، غەربىي لياڭ، شىمالىي لياڭ سۇلالىلىرى ئىلگىرى - كېيىن قوچو ئايمىقى تۈزۈمىنى قوللانغان؛ ئالدىنقى چىن ۋە كېيىنكى لياڭ سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگلىرى قوچو ئايمىقىدا تۇرغان.

**پىشامشاندىكى ئۈچ ئايماق** سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلىنغان مەمۇرىي بىرلىكنىڭ نامى. 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غەربىي تۈركلەردىن تاردۇش قاغان سۈي سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇيغۇنلارغا قېچىپ كەتكەن. سۈي سۇلالىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتقا قوشۇن ئەۋەتكەن. سۈي ياڭدى ياڭ گۇاڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، دايې 4 - يىلى (مىلادىيە 608 - يىلى)، قاشقۇۋۇق (يۈمېن) يولىنىڭ يۈرۈش

قىلغۇچى قوشۇن ئۇلۇغ سانغۇنى شۆ شىيۇگېنى ئەۋەتىپ ئىدىقۇت (ھازىرقى قوموئل) نى ئالغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىنا قىلدۇرغان كونا ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ شەرقىگە يېڭى ئىدىقۇت شەھىرىنى بىنا قىلدۇرغان. دايې 5 - يىلى، سۈي ياڭدى ياڭ گۇاڭ غول قوشۇننى بىۋاسىتە باشلاپ تۇرالار بىلەن بىرلىشىپ




تۇيغۇنلارنى تىنچىتقان، ئۇلارنىڭ زېمىنىدا تۆت ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلغان، جۈملىدىن پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق) ئايمىقىغا شيەنتۇ، جيۇمەن ئىككى ناھىيە قارىغان؛ چەرچەن ئايمىقىغا سۇنىڭ، فۇرۇڭ ئىككى ناھىيە قارىغان. دايې 6 - يىلى يەنە ئىدىقۇت ئايمىقى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەسىرلەشكەر تۇرغۇزۇلغان. خۇاڭتەي 2 - يىلى (مىلادىيە 619 - يىلى) سۈي سۇلالىسى ھالاك بولغان. لېكىن، سۈي سۇلالىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئىككى مەھكىمە، تۆت ئاياقنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن.

ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ئەڭ ئاۋۋال تەسىس قىلىنغان چېرىك مەھكىمىسى. دەسلەپتە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئىدى، كېيىن دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئارىلىقتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەت ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ ۋە غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دەرىجىسى يۇقىرىلاپ، تۆۋەنلەپ تۇرغان. جېنگۇەن 1 - يىلى (مىلادىيە 640 - يىلى)، تاڭ سۇلالىسى قوچۇ دۆلىتى (ھازىرقى تۇرپان) نى يېقىندۇرۇپ، ئۇ يەردە قوچو ئايمىقى تەسىس قىلغان ھەمدە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، چياۋ شىۋاڭنى تۇنجى نۆۋەت غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگلىككە قويغان، ئەمەل دەرىجىسى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئىدى. جىننىڭ شيەنچىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 658 - يىلى)، غەربىي تۈركلەردىن ئاشىنا ئالىپ، كۈسەنلىكلەردىن كەرتەنلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئەنشى قورۇقچىبەگنىڭ دەرىجىسى ئىككىنچى دەرىجىدىكى باش قورۇقچىبەگلىككە ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە كۈسەن (ھازىرقى كۇچا) گە كۆچۈرۈلۈپ، ياڭ جۇ تۇنجى نۆۋەت ئەنشى باش قورۇقچىبەگلىككە قويۇلغان. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى كۆكئارت (ھازىرقى پامىر) نىڭ شەرقى ۋە غەربى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغىچە، غەربىي جەنۇبىي چېگراسى تارجىيىسكىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. چيەنفېڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 677 - يىلى)، دەرىجىسى ئەنشى قورۇقچىبەگلىككە چۈشۈرۈلگەن. چۇيگۇڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 689 - يىلى)، ئاشىنا غۇسارا غەربىي يولنى تىنچلاندۇرۇش يۈرۈشىدە غەلىبە قازانغانلىقتىن، ئەنشى قو-

رۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئىككىنچى قېتىم باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلگەن. يۇڭچاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 689 ـ يىلى)، ۋۇبى دەيجيا، يەن ۋېنگو تۇبۇتلەر بىلەن ئۇرۇشۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقتىن، دەرىجىسى ئىككىنچى قېتىم ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە چۈشۈرۈلۈپ قوچو ئايمىقى (ھازىرقى تۇرپان) تا تۇرىۋەرگەن. چاڭشۇ 2ـ يىلى (مىلادىيە 693 ـ يىلى)، دەرىجىسى ئۈچىنچى قېتىم باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە شۇ تۈزۈم بېكىتىلگەن. دەرىجىسى جىڭلوڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 709ـ يىلى)، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ، ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغان. كەييۈەن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 716 ـ يىلى)، شاھزادە ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان، چېكرا سانغۇنى ئەنشى ياندىش باش قورۇقچى بەگ نامىدا موقۇق يۈرگۈزگەن. 16 ـ يىلى، ئەنشى ياندىش باش قورۇقچىبەگكە ئەنشى ھىراۋۇلى ياكى قورغان ھىراۋۇلى دېگەن ئاتاق قوشۇپ بېرىلگەن. تيەنباۋ يىللىرى، لى لىنفۇ ۋەزىر نامىدا ئەنشى باش قورۇقچىبەگكە يېتەكچىلىك قىلغان. چيەنيۈەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 759ـ يىلى)، ياندىش ئۇلۇغ چېرىكبېشى خې يىشى قاشىن (خېشى، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي قاتارلىق جايلار)، بېشبالىق، ئەنشى ئۈچ ئايماقتا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ دەرىجىسىنى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە چۈشۈرگەن. جيەنجۇڭ 2ـ يىلى (مىلادىيە 781 ـ يىلى)، تاڭ دېزۇڭ لى كو پەرمان چۈشۈرۈپ بېشبالىق، ئەنشى ئىككى مەھكىمىنى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى، ئىككى مەھكىمىنىڭ باش سانغۇنىنى باش قورۇقچى بەگ قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن. يۈەنخې 3 ـ يىلى (مىلادىيە 808ـ يىلى) غا كەلگەندە، تۇبۇتلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ باش مەھكىمىسى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي چېگرا رايونىدا تەسىس قىلىنغان چېرىك مەھكىمىسى. ئۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىدىن ئىككىنچى دەرىجىلىك قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە، يەنە ئۈچىنچى دەرىجىلىك قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىدىن قوشۇمچە ئۈۋرغول (قومۇل)، قوچو ئايمىقى (تۇرپان)، بېشبالىق (جىمسار) ھىراۋۇللۇقىنى ئۈستىگە ئېلىشتەك تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. ۋۇجۇ چاڭئەن 2 ـ يىلى 12 ـ ئاي (مىلادىيە 703 ـ يىلى 1 ـ ئاي) دا، بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بېشبالىقتا بەرپا قىلىنغان، شيې ۋەن تۇنجى نۆۋەت قورۇقچى بەگ بولغان بولۇپ، لياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارىغان. شېنلوڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 705 ـ يىلى)، ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارىغان. جىڭلوڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 709 ـ يىلى)، دەرىجىسى بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلۈپ، ئورنى بېشبالىقتا بولغان ھەمدە ياڭ خې تۇنجى نۆۋەت باش قورۇقچى بەگ بولۇپ، ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئىدارە قىلغان. دەسلەپتە تەسىس قىلىنغان بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى بېشبالىقتىكى بىرقانچە ناھىيە ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۇلۇسلىرىنى باشقۇرغان، بىراق ئۈۋرغول (ھازىرقى قومۇل) بىلەن قوچو ئايمىقىنى باشقۇرمىغان؛ ئاشىنا شان بېشبالىق باش قورۇقچىبېگى قوشۇمچە غەربىي يۇرت ھىراۋۇلى بولغان مەزگىللەردە، ئۈۋرغول، قوچو ئايمىقىنىڭ چېرىكچىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرغان. كەييۈەن 2ـ يىلى(مىلادىيە 716ـ يىلى)، شاھزادە ئەنشى باش قورۇقچى بەگ تۈزۈمىنى بېكىتىشكە يېتەكچىلىك قىلغان. لېكىن، ئەنشى چېرىكچىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل چېكرا سانغۇنى ئەنشى ياندىش باش قورۇقچىبەگلىككە چۈشۈرۈلگەنلىكتىن، بېشبالىقنىڭ دەرىجىسى قورۇقچىبەگكە چۈشۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىككى مەھكىمىنىڭ باش سانغۇنى تەڭ دەرىجىدە بولغان. 7 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى كېڭگىتنى تۆت قورغاننىڭ بىرىگە كىرگۈزگەنلىكتىن ئەنشى، بېشبالىق ئىككى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى شەرق ۋە غەربنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا باشقۇرغان. ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئەنشىدىكى تۆت قورغان ۋە ئۇلارنىڭ غەربىدىكى بىرمۇنچە چېرىكچىلىك ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغان؛ بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قوشۇمچە ئۈۋرغول، قوچو ئىككى ئايمىقىنى ھەمدە نامدا تۈركەش قاتارلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان. 7 ـ يىلىدىن 10 ـ يىلىغىچە، جاڭ شياۋسوڭ بېشبالىققا مەسئۇل بولغان مەزگىللەردە، يەنە بېشبالىق ھىراۋۇلى دېگەن ئاتاق قوشۇپ بېرىلگەن، كېيىن بىكار قىلىنغان. 15ـ يىلى، يەنۋاڭ لى بىن غەربىي قۇملۇق ھىراۋۇلىغا يېتەكچىلىك قىلغاندا، ئەنشى، بېشبالىق ئىككى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى رەسمىي ئىككى ھىراۋۇللۇققا ئايرىل-

خان، بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە كۆپ ھاللاردا ئۆۋرغول، قوچو ھىراۋۇللىق ئاتلىق قوشۇلغان، لېكىن بەزىدە قوشۇلۇپ، بەزىدە قوشۇلمىغان. 29 ـ يىلىغا كەلگەندە، بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە ھىراۋۇللۇق ئاتلىق قوشۇش تۈزۈملەشكەن ھەمدە ئۆگلۈك ـ سۈيگىن تويلىكى كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر داۋاملاشقان. ئۇنىڭدىن كېيىن، بېشبالىق قورۇقچىبېگىنىڭ ھىراۋۇللۇق ئاتلىق قايتا ئېلىپ تاشلانغان، پەقەت ساۋلىنجۇڭغىلا بېشبالىق ھىراۋۇل تەپتىشى دېگەن ئاتاق بېرىلگەن.

**ئۆۋرغول ئايمىقى** قەدىمكى جاي نامى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان مەمۇرىي بىرلىك. جېنگۇەن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 630 ـ يىلى)، ئۆۋرغولدىكى يەتتە شەھەر بېگى شى ۋەننيەن تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندا، غەربىي ئۆۋرغول ئايمىقى تەسىس قىلىنغان، 6 ـ يىلى ئۆۋرغول ئايمىقى دەپ بېكىتىلگەن. شى ۋەننيەن، شيې شۇفاڭ، خەن ۋېي، سۇ خەيجاڭ، خېڭ ۋېنجېڭ، لى شېنجياۋ، گو جىنيۈن، جاڭ چۇبېڭ، يۈەن گۇاڭتىڭ قاتارلىقلار ئايماق بېگى بولغان. ئۆۋرغول ئايمىقى ھازىرقى قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قەدىمكى ئۆۋرغول ناھىيىسى ئايماق ھاكىمىيىتى جايلاشقان ئورۇندا ئىدى، ھازىرقى قۇمۇلدا بولۇپ، تۆت يېزىنى باشقۇرغان؛ لاپچۇق ناھىيىسى ھازىرقى قۇمۇلدىكى لاپچۇقتا بولۇپ، يەتتە يېزىنى باشقۇرغان؛ تاشبالىق ناھىيىسى ھازىرقى قۇمۇلنىڭ شەرقىدە بولۇپ، جېنگۇەن 4 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان، يەنە قوشۇمچە قورۇل تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئون يېزا ۋە تاشبالىق بازىرى قاتارلىق شەھەرلەرنى باشقۇرغان. باۋيىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 763 ـ يىلى) تۈبۈتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. داجۇڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 851 ـ يىلى)، شاجۇلۇق جاڭ يىچاۋ تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭ شىڭگو 6 ـ يىلى (مىلادىيە 981 ـ يىلى)، ۋاڭ يەندې قوچوغا ئەلچىلىككە كەلگەندە ئۇ يەردىن ئۆتكەن ھەمدە سەپەر خاتىرىسىدە ئۆۋرغول ئايمىقى دەپ تىلغا ئالغان.

**يارغول ئايمىقى** قەدىمكى جاي نامى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان مەمۇرىي بىرلىك. جېنگۇەن 14 ـ يىلى (مىلادىيە 640 ـ يىلى)، قوچو يوقىتىلغاندىن كېيىن، شۇ دۆلەت ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان. دەسلەپتە غەربىي قوچو دەپ ئاتالغان، كېيىن يارغول دەپ بېكىتىلگەن. قوچو دۆلىتىنىڭ ئەسلىدىكى 20 ئايماق، ناھىيە، شەھەرنىڭ ھەممىسى قوچو ئايمىقىغا قوشۇۋېتىلگەن. ئايماق ئورنى قوچو بالىقتا بولۇپ، ئاساسەن ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقى تەۋەسىنى باشقۇرغان. قارمىقىدا بەش ناھىيە بولغان: قوچو ناھىيىسى ئايماق ھاكىمىيىتى جايلاشقان ئورۇندا ئىدى. تيەنباۋ 15 ـ يىلى (مىلادىيە 742 ـ يىلى)، ئالدى ئوردا ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، ئورنى ھازىرقى تۇرپاندا بولۇپ، چىچان، شۇنيى، نىڭچاڭ، شاڭشيەن، ۋۇچېڭ قاتارلىق ئون يېزىنى باشقۇرغان؛ يارغول ناھىيىسى، ئورنى ھازىرقى يارغول قەدىمىي شەھىرىدە بولۇپ، ئۈچ يېزىنى باشقۇرغان؛ لۈكچۈن ناھىيىسى، ئورنى ھازىرقى پىچاندىكى لۈكچۈندە بولۇپ، تۇيۇق قاتارلىق تۆت يېزىنى باشقۇرغان؛ تەڭرىتاغ ناھىيىسى، ئورنى ھازىرقى توقسۇن بولۇپ، پىچان ناھىيىسى، ئورنى ھازىرقى پىچان بولۇپ، ئىككى يېزىنى باشقۇرغان. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شيې شۇفاڭ، گو شياۋگې، سەي جېۋېي، جۇ جىنجيەن، سۇي جىنبيەن، تاڭ شيۇجىڭ، فېڭ سىيې، جاڭ دېيىڭ، يۈەن زەي قاتارلىقلار ئايماق بېگى بولغان. يارغول شەھىرىنىڭ رەستە، دۇكانلىرى ئاۋات بولۇپ، قەغەز بازىرى، قىمارخانا قاتارلىقلار بولۇپ، مۇكەممەل ئىچكى بازار تەشكىلى بولغان. ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى مۇشۇ جايغا تەسىس قىلىنغان. دېمەك، قوچو تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. جېنيۈەن 19 ـ يىلى (مىلادىيە 803 ـ يىلى)، قوچو تۈبۈتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان.

**بېشبالىق ئايمىقى** قەدىمكى جاي نامى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان مەمۇرىي بىرلىك. تەيزۇڭ خان لى شىمىننىڭ جېنگۇەن 14 ـ يىلى (مىلادىيە 640 ـ يىلى)، قوچوغا جازا يۈرۈشى قىلىنغاندا، غەربىي تۈرك يابغۇسى ئاشىنا بايان قاغانبۇت (ھازىرقى جىمسار) نى بېقىندۇرغان، 23 ـ يىلى بېشبالىق ئايمىقى تەسىس قىلىنغان. شيەنچىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 658 ـ يىلى)، ئىسسىقكۆل قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى مۇشۇ جايغا تەسىس قىلىنغان، لوڭشو 3 ـ يىلى (مىلادىيە 663 ـ يىلى)، ئىسسىقكۆل قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئالتۇنتاغ قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى مۇشۇ جايغا تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بېشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى، بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىمۇ مۇشۇ

جايدا بولغان. تۈرك - رۇنىك يېزىقلىرىدىكى ئابىدىلەردە «Besh-baligh» دەپ يېزىلغان. ئورنى ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدىكى خۇپۇزا قەدىمىي شەھەر خارابىسىدە ئىدى. شەھەرنىڭ ئىچكى - تاشقى ئۈچ قات سېپىلى بولۇپ، تاشقى سېپىلنىڭ شىمالىغا دەشتى ماكان كۆرەسى، ئوتتۇرا سېپىلغا لوڭشىڭ ساگرامى، ئىچكى سېپىلغا مەھكىمە - يامۇل ئورۇنلاشقان. بوگدىكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن غەربتە ھازىرقى ماناسقىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. لو خوڭيى، لەيجى، پىي شىڭجيەن، يۈەن گوڭيۇ، دۇ خۇەيباۋ، ۋاڭ فاڭيىڭ، تيەن ياڭمىڭ، تاڭ شيۇجىڭ، جاڭ رىنچۇ، جۇ يى، ساۋ لىڭجوڭ، ياڭ شىگۇ قاتارلىقلار ئايماق بېگى بولغان. بېشبالىق ئايمىقىنىڭ تەۋەسىدە تۆت ناھىيە بولغان: ئالتۇنبالىق ناھىيىسى ئايماق ھاكىمىيىتى جايلاشقان ئورۇندا ئىدى. باۋيىڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 762 - يىلى)، ئارقا قوش ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئىككى يېزىنى باشقۇرغان؛ باركۆل ناھىيىسى، ھازىرقى گۇچۇڭدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاتۇنبالىق (؟) تا بولۇپ، ئۈچ قورغان (باركۆل، خاۋجى، شوربۇلاق)، بىر قەلئە، ئۈچ يېزىنى باشقۇرغان؛ ئورۇمچاي ناھىيىسى، بېشبالىقنىڭ غەربىگە 420 چاقىرىم كېلىدىغان بولۇپ، سۇيئاب يولىدا، تۆت يېزىنى باشقۇرغان؛ ئەنجىخەي ناھىيىسى، ئۇنىڭغا قانچە يېزا قارايدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. جېنيۈەن 6 - يىلى (مىلادىيە 790 - يىلى)، تىبەتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان.

**ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قارمىقىدىكى تۆت قورغان** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قارمىقىدىكى تۆت دارغاچ قوشۇنىنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈزۈم بولۇپ، بىرىنچىسى سۇ، ئىككىنچىسى قورۇل، ئۈچىنچىسى قەلئە، تۆتىنچىسى قورغان دەپ ئاتالغان. قورغان چېگرىلىك تۈزۈمىدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك؛ لېكىن سۇنىڭ تولۇق ئاتىلىشى دارۇغاچ قوشۇن. ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى شيەنچىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 658 - يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئورنى كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) دا ئىدى. ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تۆت چوڭ دۆلەتنى باشقۇرغانلىقتىن، كۇسەن، قاراشەھەر، سۇللاغ (ھازىرقى قەشقەر)، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) تۆت دارۇغا (دورغا) قوشۇن تەسىس قىلىنغان، دائىمىي تۈزۈم سۈپىتىدە ھەرقايسىسىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 4000 ئادىمى تۇرغان. كېيىنكى چاغلاردا، غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ كامىۇ دەرىجىسى ئۆرلەپ ۋە تۆۋەنلەپ تۇرغانلىقتىن، تۆت قورغاننىڭ نامى كۆپ قېتىم ئۆزگەرگەن. ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە باسقۇچقا بۆلۈنگەن: شيەنچىڭ 3 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قارمىقىدىكى تۆت قورغان قاراشەھەر، كۇسەن، سۇللاغ، ئۇدۇن بولغان. شيەنخېڭ 1 - يىلى (مىلادىيە 671 - يىلى)، تۇبۇتلەر تۆت قورغاننى ئىشغال قىلغان. ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قوچو ئايمىقى (ھازىرقى تۇرپان) غىلا ئىدارە قىلالىغان. شۇڭا، تۆت قورغان بىكار قىلىنغان. دياۋلۇ 1 - يىلى (مىلادىيە 679 - يىلى)، پېي شىڭجيەن غەربىي تۈركلەرنى بېقىندۇرغاندا تۆت قورغان قايتا تەسىس قىلىنغاندا، سۇيئاب (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ غەربىي شىمالىدا)، كۇسەن، سۇللاغ، ئۇدۇنگە ئۆزگەرتىلگەن. چۇيگوڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 686 - يىلى)، ئاشىنا يۈەنچىڭ تاربەگ تۇيىلىگىنى تىنچىتىشتا قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ، تۆت قورغان قولدىن كەتكەن. چاڭشۇ 1 - يىلى (مىلادىيە 692 - يىلى) دىن كەييۈەن 7 - يىلى (مىلادىيە 719 - يىلى) قايتا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، يەنىلا سۇيئاب، كۇسەن، سۇللاغ، ئۇدۇن ئىدى. كەييۈەن 7 - يىلىدىن يۈەنخې 3 - يىلى (مىلادىيە 808 - يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا، سۇيئاب تۈرگەشلەرنىڭ ئوردىسى قىلىنغانلىقتىن، تۆت قورغان قاراشەھەر، كۇسەن، سۇللاغ، ئۇدۇن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

**قاراشەھەر تۇتۇق مەھكىمىسى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېقىندۇرۇلغان جايلاردىكى تەشكىلىي تۈزۈلمە بولۇپ، قاراشەھەر دۆلىتىدە تەسىس قىلىنغان. جېڭگۇەن 18 - يىلى (مىلادىيە 644 - يىلى)، گو شياۋكې قاراشەھەرگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئۇنىڭ خانى ئارجۇنا تۇرگەچ ئەسىرگە ئېلىنغان ھەمدە قاراشەھەردە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، خان جەمەتى ئارجۇنا لىباقۇن قاراشەھەر تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇنجى تۇتۇقى بولغان. شۇ يىلى، غەربىي تۈركلەر بېسىپ كىرگەندە، لىباقۇن ئەسىرگە ئېلىنىپ، تۇتۇق مەھكىمىسى بىكار قىلىنغان. گاۋزۇڭ خان لى جىنىڭ شاڭيۈەن 2 - يىلى (مىلادىيە 675 - يىلى)، شياۋ سىيى غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆڭۈت قەبىلىسىنى بېقىندۇرغاندا، قاراشەھەر تۇتۇق مەھكىمىسى

قايتا تەسىس قىلىنىپ، قاراشەھەر خان جەمەتى تۇتۇقلۇققا ۋارىس قىلىنغان. ئورنى ھازىرقى قاراشەھەر بازىرىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 61 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى جەنۇبىي قاراسودۇن قەدىمىي شەھىرىدە ئىدى.

**كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېقىندۇرۇۋېلىنغان جايلاردىكى تەشكىلىي تۈزۈلمە بولۇپ، كۇسەن دۆلىتىدە تەسىس قىلىنغان. جېنگۇەن 22 ـ يىلى (مىلادىيە 648 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) نى بېقىندۇرغاندا تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، يابغۇ تاردۇ تۇتۇقلۇققا قويۇلغان. يۇڭخۇي 1 ـ يىلى (مىلادىيە 650 ـ يىلى)، ئىلگىرىكى خان ئەلباشى بەگ دۆلىتىگە قايتىپ بېرىپ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتىلگەندە، دۆلەت نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تۇتۇق مەھكىمىسى بىكار قىلىنغان. شيەنچىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 658 ـ يىلى)، كۇسەن ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنى بولۇپ، تۇتۇق مەھكىمىسى قايتا تەسىس قىلىنغان. لۇڭشو 2 ـ يىلى (مىلادىيە 662 ـ يىلى)، كۇسەندە يېغىلىق كۆتۈرۈلگەندە، يەنە بىكار قىلىنغان. شاڭيۇەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 675 ـ يىلى)، شياۋ سىيى غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆڭۈت قەبىلىسىنى بېقىندۇرغاندا، پىلاڭدا تۇتۇق مەھكىمىسى قايتا تەسىس قىلىنىپ، كۇسەن خانى پۇشپا سۇكەر كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇنجى تۇتۇقلۇقىغا قويۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كۇسەن خان جەمەتى تۇتۇقلۇققا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن.

**ۋايجىرا تۇتۇق مەھكىمىسى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېقىندۇرۇلغان جايلاردىكى تەشكىلىي تۈزۈلمە. ئۇدۇن دۆلىتىدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، دۆلەتنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغۇچى ئىلاھ ۋايجىراۋانا دېۋانىڭ نامىدىن كەلگەن. جېنگۇەن 22 ـ يىلى (مىلادىيە 648 ـ يىلى) نىڭ دەسلىپىدە ۋايجىرا تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ۋايجىرا ۋۇجاسىم ئايماق بېگىلىككە قويۇلغان، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ۋايجىرا ۋۇجاسىيوڭ شياۋ سىيىگە ياردەملىشىپ تىبەتلەر قوللاۋاتقان غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆڭۈت قەبىلىسىنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، شاڭيۇەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 675 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا، تۇتۇق مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئورنى ھازىرقى خوتەن شەھىرى ئەتراپىدا ئىدى. ۋايجىرا ۋۇجاسىيوڭ ۋايجىرا تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇنجى تۇتۇقى بولغان، يېرى ئون ئايماققا بۆلۈن-

گەن.

**سۇللاغ تۇتۇق مەھكىمىسى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېقىندۇرۇۋېلىنغان جايلاردىكى تەشكىلىي تۈزۈلمە. شاڭيۇەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 675 ـ يىلى)، تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، سۇللاغ خان جەمەتى تۇتۇق بولغان، ئورنى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە 25 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى خانئۆي قەدىمىي شەھىرىدە، يەنى قەدىمىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنىدىغان فەيزئاباد بولۇپ، 15 ئايماقنى باشقۇرغان.

**جىشى ھىراۋۇلى** تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگرا رايونىدىكى مەمۇرىي تۈزۈلمە. تاڭ شۈەنزوڭ لى لۇڭجى ھىراۋۇل تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، شوفاڭ، خېدۇڭ، خېبېي لىيۇجو، خېشى لوڭيۇ، جيەننەن، غەربىي يۇرت قاتارلىق جايلاردا يەتتە ھىراۋۇللۇق تەسىس قىلىپ، ھەرقايسىلىرىدا ھىراۋۇل قويغان. كەييۈەن 6 ـ يىلى (مىلادىيە 718 ـ يىلى)، تاڭ جياخۇي تۇنجى نۆۋەت جىشى ھىراۋۇللۇقىغا قويۇلۇپ، ئەنشى باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى تۆت قورغان ۋە بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى ئۈچ ئايماقنىڭ چېرىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باغايان قۇملۇقىنىڭ غەربىنى بىرتۇتاش تىزگىنلىگەن. بۇ جىشىدا ئىككى مەنبەلىك رەھبىرىي تۈزۈمدىن بىر مەنبەلىك رەھبىرىي تۈزۈلمىگە ئۆتكەنلىكىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. 14 ـ يىلى بىكار قىلىنغان، 15 ـ يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەنۋاڭ لى خۇي جىشى ھىراۋۇلىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەنشى، بېشبالىق ئىككى يولنىڭ چېرىكلىرىنى تىزگىنلىگەندىن باشقا، يەنە چېگرا سانغۇنى جىشى يانداش ھىراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ھاۋالە قىلىنغان. بۇ ۋەزىپىنى ياكى بېشبالىق قورۇقچىبېگى، مەسىلەن، ياڭ چۇكې، ياكى ئەنشى يانداش باش قورۇقچىبېگى، مەسىلەن، لەي ياۋ قاتارلىقلار ئۆتىگەن، بۇ نام ـ ئاتاق دەسلەپتە تۈزۈملەشتۈرۈلگەن. كەييۈەن ئاخىرقى يىللىرى، شاھزادە جىشى ھىراۋۇلىغا يېتەكچىلىك قىلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ھاۋالە بويىچە چېگرا سانغۇنى گەي جياۋۈن جىشى ھىراۋۇلى بولغان. تيەنباۋ يىللىرى، غەربىي رايون ھىراۋۇللۇق تۈزۈمى بىكار قىلىنغان، بۇ بىر مەنبەلىك چېگرا سىياسىتى ئىسلاھاتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن دېرەك بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەنشى باش

قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى، بېشبالىق باش قورۇقچى
بەگ مەھكىمىسى ئايرىم ـ ئايرىم باشقۇرۇش تۈزۈلمە-
سى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

**بېشبالىقتىكى بىرقانچە دارۇغا قو-**
**شۇن** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھەربىي قوشۇنلاردىكى
بىرلىك. بېشبالىق باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە
ئەسلى ئۈچ دارۇغا (دورغا) قوشۇن، يەنى دەشتى ماكان
(پىچان ناھىيىسىدىكى جەنۇبىي قۇمتاغ قۇملۇقىنى
كۆرسىتىدۇ ـ تەرجىماندىن) قوشۇنى، تەڭرىتاغ قوشۇ-
نى، ئۇۋىرغول قوشۇنى قارايتتى. دەشتى ماكان قوشۇ-
نىنىڭ ئەسلىي نامى يۈرۈن (ئادەم يۈزلۈك ئەجدىھا
تەنلىك بىر خىل نۇر چاچىدىغان ئىلاھىي ھايۋان ـ
تەرجىماندىن) قوشۇن ئىدى، چاڭئەن 2 ـ يىلى 12ـ
ئاي (مىلادىيە 703 ـ يىلى 1 ـ ئاي) دا تەسىس
قىلىنغان، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئىسمى دەشتى ماكان
قوشۇنىغا ئۆزگەرتىلىپ، بېشبالىقنىڭ تاشقى سېپىدا
تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە 5000
چېرىك، 500 ئاتنى باشقۇرغان. تەڭرىتاغ قوشۇنى،
كەييۈەن 2ـ يىلى (مىلادىيە 714 ـ يىلى) قوچو ئايمى-
قى (ھازىرقى تۇرپان) نىڭ جەنۇبىدا تەسىس قىلىنغان
بولۇپ، 12 مىڭ چېرىك، 4200 ئات باشقۇرغان.
ئۇۋىرغول قوشۇنى، كەييۈەن يىللىرىنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە ئۇۋىرغولنىڭ غەربىي شىمالىدىكى باركۆل
دەرياسى بويىدىكى كۆرەدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ،
3000 چېرىك، 300 ئات باشقۇرغان. تيەنباۋ يىللى-
رى، يەنە بېشبالىقنىڭ غەربىگە 700 چاقىرىم كېلىدى-
غان ماناس قورغىنى ماناس قوشۇنىغا ئۆزگەرتىلگەن
بولۇپ، ئادەم سانى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۆتتۈلۈك ـ
سۈيگەن توپىلىڭى قوزغالغاندىن كېيىن، ئەمىرلەشكەر
خې يىشى ئۈچ يولنى تىزگىنلىگەن، دالى 6ـ يىلى
(مىلادىيە 771ـ يىلى)، ئۈرۈمتاي (ھازىرقى ئۈرۈم-
چى) ئەتراپىدا جىگسەي قوشۇنى تەسىس قىلىنغان،
ئېھتىمال ئىلگىرىكى ماناس قوشۇنىنىڭ ئاساسىدا ئۆز-
گەرتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بېشبالىق
تۆت دارغاچ قوشۇننى باشقۇرغان.

**بېقىندۇرۇلغان ئايماق ـ مەھكى-**
**مە** تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونىدىكى مىللىي رايون-
لاردا يولغا قويغان چېرىكچى، مەمۇرىي تۈزۈلمە. تاڭ
سۇلالىسىنىڭ جايلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەسلىي مە-
مۇرىي جەھەتتە ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنى، چېرىكچە-
لىك جەھەتتە تۇتۇق مەھكىمىسى، قورۇقچى بەگ مەھ-
كىمىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بولغانلىقتىن، غەربىي
يۇرتتىكى دۆلەت، قەبىلىلەر تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت
قىلغاندىن كېيىن، باش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى
بېقىندۇرۇلغان ئايماق ياكى بېقىندۇرۇلغان تۇتۇق مەھ-
كىمىسى، بېقىندۇرۇلغان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە
ئۆزگەرتىلگەن، بۇ رايونلار شەكىل جەھەتتە پۈتۈنلەي
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەل تۈزۈمى سىستېمىسىغا بېقىن-
غانلىقىدىن دېرەك بەرگەن. لېكىن، خاراكتېر جەھەتتە
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلاردا يولغا قويۇلغان ئايماق،
مەھكىمە تۈزۈمىگە قارىغاندا ناھايىتى پەرقلىنىدۇ. ئا-
ساسلىق پەرقى: (1) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدى-
كى قورۇقچى بەگ، تۇتۇق، ئايماق بەگلىرىنىڭ ھەم-
مىسىنى مەركەز تەيىنلەيدۇ، ۋەزىپىسى توشقاندىن كې-
يىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ ياكى باشقا يەرگە يۆت-
كىلىدۇ. لېكىن، بېقىندۇرۇلغان ئايماق ـ مەھكىمە-
نىڭ ئايماق بېگى، تۇتۇقلىرى باقىۋەندىلىك بولۇپ،
مەنسەپ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىنىدۇ، تەكلىپ قىلىش،
ئوتۇغات نامى بېرىش تەرتىپ ـ رەسمىيىتى ئادا قىلىن-
سىلا كۇپايە. (2) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا چې-
رىكچىلىك بىلەن مەمۇرىيەت ئايرىلىش تۈزۈمى يولغا
قويۇلغان، تۇتۇق، باش قورۇقچى بەگ ۋە ئالاھىدە
ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە چېرىكچى ئە-
مەلدارلار خەلق ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ، مەمۇرىي ئە-
مەلدارلارمۇ چېرىكچىلىك ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. لې-
كىن، بېقىندۇرۇلغان ئايماق ـ مەھكىمىنىڭ چېرىك-
چىلىك بىلەن مەمۇرىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۇلارنى
تۇتۇق، ئايماق بەگلىرىنىڭ ھەممىسى چېرىكچى بىلەن
مەمۇرىي ھوقۇقنى تۇتىدۇ. (3) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
رايونىدىكى ئايماق ـ مەھكىمىلىرىدىكىلەر ئەل قاتارىدا
نوپۇسقا تىزىملىنىدۇ، تېرىقچىلىق قىلىپ باج تاپشۇرى-
دۇ، نوپۇس پەرقىنىڭ تىزىمىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.
لېكىن، بېقىندۇرۇلغان ئايماق ـ مەھكىمىدىكىلەر نو-
پۇسقا ئېلىنمايدۇ، باج تاپشۇرماسلىقتەك ئالاھىدە سىيا-
سەتتىن بەھرىلىنىدۇ، شەكىل جەھەتتىكى باج تاپشۇ-
رۇش رەسمىيىتى ئادا قىلىنسىلا كۇپايە. (4) بېقىن-
دۇرۇلغان ئايماق ـ مەھكىمە ئىچكى ئىشلىرىغا ئۆزى
ئىگىدارلىق قىلىدۇ، ئوردا ئارىلاشمايدۇ، ئەدلىيە ئىش-
لىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئە-
دارە قىلىشىدا بولمايدۇ، ئەنئەنە تۈزۈمى ساقلاپ قېلى-
نىدۇ. (5) بېقىندۇرۇلغان ئايماق ـ مەھكىمىنىڭ
ئەللەر ئارا ئالاقە باغلاش ھوقۇقى بولمايدۇ، چېرىكچە-
لىك ئىشلىرىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۆتكەپ تەڭشىشىگە
بويسۇنىدۇ، «ئەلگە ياردەم بېرىپ جازا يۈرۈشى قى-

لىش» مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى ئۆزى توپلايدۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېرىكچىلىك ئورۇنلىرى تەمىنلىمەيدۇ. (6) باشقۇرۇش تۈزۈمى جەھەتتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان ئەنشى، بېشبالىق ئىككى چوڭ چېرىك مەھكىمىسىگە بېقىنىدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا، قائىدە بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدىكى سىياسىي ئەنئەنىسى بىلەن سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، بېقىندۇرۇلغان ئايماق - مەھكىمىنىڭ سەركەردىلىرى تاڭ سۇلالىسىغا قارىتا قورۇقچى بەگ، تۇتۇق، ئايماق بېگى دەپ ئاتىلىدۇ، ئىچكى جەھەتتە يەنىلا قاغان، پادىشاھ، ئىركىن، تۇدۇن قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونىدىكى كۆپ مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا قوللانغان سىياسەت جەھەتتىكى كەڭچىلىك قىلغان ۋە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ.

**دارۇغا (دورغا)** موڭغۇل ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ئەمەل نامى. ئۇيغۇرچە «شەھەر تەرتىپىنى نازارەت قىلغۇچى مىرشاپ؛ شەھەر باشلىقى؛ دورغا» دېگەن مەنىدە. شۇ تۇرۇشلۇق جاي، قوشۇن ۋە يامۇلدىكى ئەڭ چوڭ نازارەتچى ئەمەلدار. موڭغۇللار بېقىندۇرغان ئاساسلىق جاي - رايون، شەھەر - بازار ھەمدە موڭغۇللاردىن بولمىغان قوشۇنلاردا دارغاچ قويۇلۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق يۈرگۈزۈلگەن. يۈەن سۇلالىسىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، يول، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە، پۈتۈكچىلەر مەھكىمىسى ھەمدە جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئەمەلدار مەھكىمىلىرىدە بۇ ئەمەل تەسىس قىلىنغان، چېرىك ۋە خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان سىلاۋچى مەھكىمىلىرىدىمۇ كۆپ ھاللاردا تەسىس قىلىنغان. قوشۇندا موڭغۇل قوشۇنى، تامغاچ قوشۇنىدىن باشقا، ھەرقايسى مىللەتلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى، تۈمەنبېگى مەھكىمىسى، مىڭبېگى ياساۋۇلخانىلىرىدا ئادەتتە تەسىس قىلىنىپ چېرىكچىلىك ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلغان. ئاقچا - يامبۇ خەزىنىسى، ئاشلىق تەمىناتى مەھكىمىسى، ھەرقايسى چوڭ مەسچىت - ساڭراملارنىڭ ئاغلاقچى مەھكىمىسى، ئامبار - خەزىنىلەرنى ئوڭشاش مەھكىمىسى قاتارلىق مۇھىم مەھكىمىلەردىمۇ دارۇغا قويۇلغان. خان جەمەتى ھەمدە ئۇلارغا تەۋە ھۈنەرۋەنلەر ئاغلاقچى مەھكىمىسى قاتارلىق يامۇللاردىمۇ تەسىس قىلىنغان، ھەرقايسى چۈشۈرۈلگەن دارۇغا ھەم ئۆزىگە تەۋە ھەرقايسى خانلار تەرىپىدىن ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. قۇبلاي خاننىڭ جىيۈەن 2 - يىلى (مىلادىيە 1265 - يىلى) ھەرقايسى يوللارنىڭ دارۇغالىق ۋەزىپىسىگە چوقۇم موڭغۇل پاكى نەسىل - نەسەبى ئېسىل ئۇيغۇرلاردىن تەيىنلىنىدۇ، خەنزۇلار، جەنۇبلۇقلار بىردەك تەيىنلەنمەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى** يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەشكىلىي تۈزۈلمە. خانزادە مەڭگۇ (مۆڭكە) ئۇلۇغ خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلغان. ئاغاي، تالاغاي، مەسئۇد قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بۇ ۋەزىپىدە بولغان. باشقۇرۇش تەۋەلىكى شەرقتە ئۇيغۇرستاندىن باشلىنىپ، غەربىي شۇ يىلى سەمەرقەند (ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) دىكى ئامۇ دەرياسى قاتارلىق جايلارغا تەسىس قىلىنغان ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىگىچە بارغان. ئۇ موڭغۇل ئۇلۇغ خانىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقان جايلاردىكى چېرىكچى، مەمۇرىي ئىشلارنى ئىدارە قىلىدىغان يۇقىرى ئورۇن ئىدى. جىيۈەن 12 - يىلى (مىلادىيە 1275 - يىلى) دىن 14-يىلىغىچە، ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دىۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كەينى - كەينىدىن ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) دە ئايغاقچى ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى، بېشبالىقتا ئايغاقچى مەھكىمىسى ۋە باش ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى، قارا قوچو (ھازىرقى تۇرپان) دا ئاغلاقچى مەھكىمىسى قاتارلىق يەرلىك چېرىكچىلىك مەمۇرىي ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغان.

**قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى** مىڭ سۇلالىسىدە تەسىس قىلىنغان قورغان - ياساۋۇلخانا. بۇ مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇل رايونىنى بىر تۇتاش باشقۇرغانلىقىنىڭ بەلگىسى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، قۇمۇل رايونى موڭغۇل خان جەمەتى ناغۇرى (ھۇنەشرى) ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇڭۋۇ 13 - يىلى (مىلادىيە 1380 - يىلى)، ناغۇرى ئەلچى ئەۋەتىپ ئاتلارنى سوۋغا قىلغان. 24 - يىلى، ئۇ غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ - كېلىۋاتقان ئەلچى ۋە كارۋانلارغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، مىڭ سۇلالىسى سەركەردىسى ليۇ جېڭ، سوڭ شېڭ قاتارلىقلار پەرمانغا بىنائەن غەربىي يۇرتقا ھۇجۇم قىلىپ، قۇمۇل شەھىرىنى ۋەيران قىلغان. بۇ چاغدا

ناغۇرى ئائىلىسىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتكەن.
ئىككىنچى يىلى، ئەلچى ئەۋەتىپ ئاتلارنى سوۋغا قىلىپ
ۋە گۇناھىنى تىلەپ، مىڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان. شۇ-
نىڭدىن ئېتىبارەن مىڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسى-
ۋەت باغلاپ كەلگەن. يۇڭلې 2 - يىلى (مىلادىيە
1404- يىلى)، ناغۇرىنىڭ ئىنىسى ئەنقەتېمۇر ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە ئەلچى ئەۋەتىپ مەرتىۋە تەلەپ قىلغان،
شۇنىڭ بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا سادىق-
ئىتائەتمەن خان دېگەن ئاتاق بەرگەن. قۇمۇل شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ
باشقۇرۇشىدا بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئويراتلار ئەنقە-
تېمۇرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن مىڭ سۇلالىسى
ئۇنىڭ جىيەنى تۇتۇغا قايتا سادىق - ئىتائەتمەن خان
دېگەن ئاتاق بەرگەن. 4 - يىلى، مىڭ سۇلالىسى
قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىپ، توتۇغا ياردەمدە
بولۇش ئۈچۈن، شۇ يەرنىڭ ئاقساقالى ماھمۇت خوجا
قاتارلىقلارنى ئىرشادگەر، مىڭبېگى قىلىپ تەيىنلە-
گەن، غوزچىن، ھاجىب، مەخمۇدلارنى كاتىپ قىلىپ
تەيىنلىگەن. يەنە خەنزۇلاردىن جۇ ئەننى سادىق - ئىتا-
ئەتمەن خان دورغىسى، ليۇ شىڭنى يوسۇنبېگى قىلىپ
تەيىنلىگەن. بۇ چاغدا قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ باشقۇ-
رۇش دائىرىسى جەنۇبتا دۇنخۇاڭنىڭ غەربىگىچە، غەربى-
تە تۇرپاننىڭ شەرقىغىچە، شىمالدا ئويراتقىچە، شەر-
قىي جەنۇبىي دروساق (ھازىرقى جيۇچۈەن) قىچە بار-
غان. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقا
رايونلىرىدا تەسىس قىلغان قورغان - ياساۋۇلخانىسىغا
ئوخشىمايتتى، ئۇ چېگرا ئىشلىرىنى مەخسۇس ئىدارە
قىلىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان چېرىكچىلىك بىلەن
مەمۇرىيەت ئايرىۋېتىلگەن بىر خىل يەرلىك مەمۇرىي
ئورۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: مىڭ سۇلالىسى
ئەمەلدارنى بىۋاسىتە ئەۋەتمەستىن، شۇ جايدىكى تەختكە
ۋارىسلىق قىلغان ئاقساقاللارغا تايىنىپ ئىدارە قىلغان،
لېكىن ياساۋۇلخانىنىڭ سادىق- ئىتائەتمەن خانىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ رەس-
مىي تەيىنلىشى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلە-
شى ياكى تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن؛ مىڭ سۇلالىسى ھۆ-
كۈمىتى مەزكۇر جاينىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولغان،
ئەگەر قېيىنچىلىققا يولۇققاندا، دەرھال چېرىك ئەۋە-
تىپ يار - يۆلەكلەردە بولغان، ئاچارچىلىققا يولۇققاندا،
قۇتۇلدۇرۇش ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى تارقىتىپ بەر-
گەن. قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى: بىرىن-
چى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانى بويىچە، شۇ جاينىڭ
مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان؛ ئىككىنچى، غەربىي
چېگرىنىڭ ئارقا قوۋۇقىنى ساقلاپ، سىرتقى جايلارنىڭ

ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرغان؛ ئۈچىنچى، كېلىپ-
كېتىۋاتقان ئەلچى، ساياھەت، سودىگەر ۋە شەيخ -
راھىبلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىغان. قۇمۇل ياساۋۇلخا-
نىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى خەن، تاڭ، يۈەن سۇلالى-
لىرىدىن بۇيانقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقىنىڭ غەر-
بىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشىنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇ مىڭ
سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنىڭ ئامانلىقى ۋە
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق
بولغان. 15 - ئەسىردە، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى قۇر-
غان شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئىشغالىيىتىدىكى تۇرپاننى
بازا قىلىپ شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلغاندا، قۇمۇل
نەچچە قېتىم ۋەيران قىلىنغان، ياساۋۇلخانا بىر مەھەل
قۇيۇق (ھازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي شىمالىي) قا
كۆچۈرۈلگەن. جېڭدې يىللىرى (مىلادىيە 1506- ~
1521 - يىللىرى)، قۇمۇل رايونى ئاخىر شەرقىي
چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان.

ئىلى جاڭجۈنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىن-
جاڭدىكى ئەڭ يۇقىرى چېرىكچى، مەمۇرىي ئەمەلدار.
تولۇق نامى «ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر تۇتاش ئىدارە
قىلىدىغان جاڭجۈن». ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر
تۈرلۈك تۈزۈم بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ۋاس-
ساللار مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئىچكى، تاشقى
موڭغۇلىيە، تىبەت، غەربىي يۇرت قاتارلىق ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باش-
قۇرغان، دىۋان بېگى ئىش باشقۇرغان، ئۇلاڭ، سول
ياندىش دىۋان بېگى ياردەملەشكەن جايلاردا چېگرا ساق-
لىغۇچى سانغۇن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەرتىۋىسى
رەسمىي بىرىنچى دەرىجە ياكى قوشۇمچە بىرىنچى دەرى-
جىلەردە ئىدى. ئىلى جاڭجۈنى چىڭ سۇلالىسى تەڭرى-
تاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن
كېيىن چيەنلوڭنىڭ 27 - يىلى (مىلادىيە 1762 -
يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ
كۈرە (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) دېگەن
يېرىدە تۇرۇشلۇق ئىدى. ئاساسەن مانجۇلارنىڭ ئاقسۆ-
ڭەكلىرى، ئاز ساندا موڭغۇل ۋە خەنزۇ سەككىز تۇغ-
لۇق قوشۇنىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئىلى
جاڭجۈنى يەرلىك چېرىكچىلىك مەمۇرىي ئىشلىرىنى
باشقۇرۇپ، خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرمىغان، خەلق
ئىشلىرى شۇ جاينىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە باشقۇ-
رۇلغان؛ لېكىن، شۇ جايدىكى ئاقساقال قاتارلىقلار
ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇش،
ئۆستۈرۈلۈش ۋە چۈشۈرۈلۈش ئىشلىرى ھەرقايسى جاي-
لاردا تۇرۇشلۇق ۋەزىرلەر تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكى-

قىلىپ، ئوردىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا
سۇنىلاتتى. جاڭجۈن يامۇلىدا تامغاچىخانا، مۇسۇلمانلار
باشقارمىسى، تەمىناتخانا، ئات - ئۇلاغ باشقارمىسى
قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، زەڭگى،
پۈتۈكچى قاتارلىق خادىملار شۇ ئىشلارغا مەسئۇل ئى-
دى. ئىلى جاڭجۈنى ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى (سان-
غۇن بىلەن بىر يەردە تۇرغاچقا، ئۇزۇن مۇددەت ۋەزى-
پىگە قويۇلمىغان) ، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى،
مۇسۇلمانلار يۇرتىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مەسلى-
ھەتچى ئامبال قاتارلىق مەنسەبدارلارنى باشقۇرغان ھەمدە
ئۈرۈمچى دۇتۇڭىنى قوشۇمچە باشقۇرغان. جاڭجۈن
ھەرقايسى جايلاردىكى مانجۇ قوشۇنى ھەمدە يېشىل تۇغ-
لۇق قوشۇن قاتارلىق چېگرا ساقلايدىغان، ئالمىشىدى-
غان چېرىكلەر ۋە ئىلىدىكى شىبە، سولۇن، چاخار،
ئويرات تۆت قوشۇنىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئۆز ئىچى-
گە ئالغان ھالدا چېگرا ساقلايدىغان بارلىق چېرىكلەرنى
باشقۇرغان، يەنە سىرتلار بىلەن بولغان ئالاقە ئىشلىرى-
نى قوشۇمچە باشقۇرغان، تۇڭجى 3 - يىلى (مىلادىيە
1864 - يىلى) دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، چار
روسىيە قوشۇنلىرى ئىلىنى بېسىۋالغاندا، ئىلى جاڭجۇ-
نى ۋاقتىنچە ئۇلاستاي (ھازىرقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە)
غا كۆچۈرۈلگەن، كېيىن تارباغاتايغا يۆتكەپ كېلىن-
گەن. گۇاڭشۇ 8 - يىلى (مىلادىيە 1882 - يىلى)
ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئىلىغا كۆچۈرۈپ كې-
لىنگەن، كونا سېپىلى ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىنغانلىقى-
تىن، كونا كورە سېپىلىنىڭ شىمالىغا يېڭى كورە
سېپىلى سوقۇلغان. گۇاڭشۇ 10 - يىلى (مىلادىيە
1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغاندا، جاڭ-
جۈنلۈك ۋەزىپە نامى ساقلىنىپ قېلىپ، ئىلى، تارباغا-
تاي ئىككى جاينىڭ چېگرا ئىشلىرىنى، قوشۇمچە ئىلى-
تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىشلىرىنىلا باشقۇرغان. شىن-
خەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بىكار قىلىنغان. بىر يېرىم
ئەسىر ئىچىدە، 40 چە ئادەم ئىلى جاڭجۈنلۈك ۋەزىپى-
سىنى ئۆتىگەن. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 8 -
بېتىگە قاراڭ)

**ئۈرۈمچى دۇتۇڭى** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى
ئەمەل نامى. چيەنلۇڭنىڭ 38- يىلى (مىلادىيە 1773-
يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تۇرۇشلۇق ئورنى
گۇڭنىڭ شەھىرى (ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى
لومەنچېڭ) دە ئىدى. ئۇ 26- يىلى تەسىس قىلىنغان
ئۈرۈمچى خان ئامبىلى، 36- يىلى ئۆزگەرتىپ تەسىس
قىلىنغان ئۈرۈمچى مەسلىھەتچى ئامبىلى ئاساسىدا قۇ-
رۇلغان. دۇتۇڭ ئەسلى سەككىز تۇغلۇق قوشۇن تەش-
كىلىدىكى ھەرقايسى قوشۇنلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەل-
دارى ئىدى، كېيىن سەككىز تۇغلۇق قوشۇننىڭ چېگرا
رايونىدا تۇرۇشلۇق ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدارى بولغان.
مەرتىۋىسى قوشۇمچە بىرىنچى دەرىجە بولۇپ، ئىلى
سانغۇنىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى، سەككىز تۇغلۇق قو-
شۇننىڭ چېگرا رايونىدا تۇرۇشلۇق ئەڭ يۇقىرى ئەمەل-
دارىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولغان. يەنە يانداش دۇتۇڭ
مەنسىپىدىن بىرى تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى
رەسمىي ئىككىنچى دەرىجە ئىدى. ئۈرۈمچىنىڭ چېرىك-
چىلىك، مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ، قو-
شۇمچە جېڭدى ۋىلايىتى (ھازىرقى ئۈرۈمچى) نىڭ
ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن بىللە، تۇرپان، باركۆل،
گۇچۇڭ، كۇر قارائۇسۇ (ھازىرقى شىخو) قاتارلىق
تۆت ئورۇنغا ئاغلاقچى ئامبال قويۇلۇپ، ھەرقايسى
چېگرا رايونلارنىڭ چېرىكچى، مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئا-
ساسلىق باشقۇرغان. ئۇنىڭ قارمىقىدا تۇغچى دورغا،
سومۇن زەڭگىسى، قورۇقچى بەگ، ئاغلاقچى دورغا
قاتارلىق ئەمەللەر بولغان. گۇاڭشۇ 10- يىلى (مىلادى-
يە 1884- يىلى) ، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن
كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

**مەسلىھەتچى ئامبال** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدى-
كى ئەمەل نامى. (1) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىرەر
چوڭ ھەربىي ھەرىكەت يۈز بەرگەندە، چېرىكچىلىك
ئىشلىرىدا ھەمدەم بولىدىغان، ھەربىي قوشۇننىڭ بىر
قىسىم ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خادىم مەسلىھەتچى ئام-
بال دېيىلەتتى. (2) شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى
چېگرا ساقلىغۇچى جاڭجۈننىڭ ئاستىدا مەسلىھەتچى
ئامبال قويۇلغان. ئادەتتە مانجۇ تۆرىلىرىدىن قويۇلات-
تى. ئارىلاپ موڭغۇل ۋە خەنزۇ سەككىز تۇغلۇق قو-
شۇننىڭ ئەمەلدارلىرىدىنمۇ قويۇلاتتى. مانجۇ كورەسى
ۋە چېگرا ساقلىغۇچى باشقا كورە چېرىكلىرىنى ئايرىم
بىر تۇتاش باشقۇراتتى، جايلاردىكى مىللىي كاتتىۋاش-
لارنى، مەسىلەن، قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ۋارىسى ۋە ھەر
دەرىجىلىك بەگلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن
قالدۇرۇش، ئۆستۈرۈش ۋە چۈشۈرۈشتە تەكشۈرۈپ بې-
كىتىپ، ئوردىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىناتتى. يەنە مۇ-
سۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئىشلىرىنى بىرتۇتاش باشقۇرغۇچى
مەسلىھەتچى ئامبال (مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ھەرقايسى
شەھەر ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغۇچى مەسلىھەتچى
ئامبالمۇ دېيىلىدۇ) دەپمۇ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ تۇرۇش
ئورنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقتىن، نامىمۇ خىلمۇخىل
بولاتتى: چيەنلوڭ 24- يىلى (مىلادىيە 1759- يىلى)
نىڭ بېشىدا قەشقەردە تەسىس قىلىنىپ، قەشقەر مەس-

لىھەتچى ئامبىلى دەپ ئاتالغان؛ چيەنلوڭ 31 ـ يىلى ئۇچتۇرپانغا كۆچۈرۈلۈپ، ئۇچتۇرپان مەسلىھەتچى ئامبىلى دەپ ئاتالغان؛ چيەنلوڭ 51 ـ يىلى يەنە قەشقەرگە كۆچۈرۈلگەن؛ داۋگۇاڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيە 1831ـ يىلى) يەكەنگە كۆچۈرۈلۈپ، يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى دەپ ئاتالغان. ئۇ قەشقەر، يېڭىسار (ھازىرقى يېڭىسار)، يەركەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەردىن ئىبارەت سەككىز جايدىكى خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامبالنى باشقۇرغان. ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى، چيەنلوڭ 27 ـ يىلى كۈرە (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) دە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىلى جاڭجۈنىگە ھەمكارلىشىپ، تەۋەسىدىكى ئىشلارنى باشقۇرغان (جاڭجۈن بىلەن بىر شەھەردە تۇرغاچقا، ئۇزۇن مۇددەت ۋەزىپىگە قويۇلمىغان). تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى، چيەنلوڭ 30ـ يىلى يار (ھازىرقى قازاقىستاندىكى ئۈرزار) دا تەسىس قىلىنىپ، كېيىن چۆچەككە كۆچۈرۈلگەن. ئۈرۈمچى مەسلىھەتچى ئامبىلى، چيەنلوڭ 37 ـ يىلى تەسىس قىلىنىپ، 38 ـ يىلى ئۈرۈمچى دۇتۇڭى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ قارمىقىدا ياش بوغ، جالان بېگى، تۇرغاق بەگ، ھەيدەكچى داقاقچى قاتارلىق ئەمەلدارلار بار. يامۇل ئىچىدە ئادەتتە تامغاچىخانا، مۇسۇلمانلار باشقارمىسى، تەمىناتخانا، ئەمەل ـ مەنسەپخانا قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنىپ، زەڭگى، پۈتۈكچى قاتارلىق خادىملار كۈندىلىك ئىشلارنى بېجىرىدۇ. تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى)، دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانلىقتىن، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسلىھەتچى ئامباللار ۋەزىپىگە قويۇلمىغان. گۇاڭشۈ 10ـ يىلى (1884ـ يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئىلى، تارباغاتايدا ياندىش دۇتۇڭ قويۇلۇپ، چېگرا ساقلاش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرغان.

**خان ئامبال** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەل نامى. چىڭ سۇلالىسى جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن چەنلۇڭنىڭ 24ـ يىلى (1759ـ يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىپ، قارمىقىدا قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەردىن ئىبارەت يەتتە خان ئامبالنى ھەمدە يېڭىسار (ھازىرقى يېڭىسار) خان ئامبىلىنى باشقۇرغان. ئۇلارنى شۇ يىلى ياكى كېيىنى ـ كېيىندىن تەسىس قىلغان. مەسلىھەتچى ئامبال قەشقەر، ئۇچتۇرپان، يەكەندىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇنغا يۆتكىلىپ تۇرغاچقا، شۇ شەھەردە تۇرۇشلۇق خان ئامبالنى ۋەزىپىگە قويۇش ـ قويماسلىقتىمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈلگەن ياكى ياندىش ئامبال، ئاغلاقچى ئامبالغا ئۆزگەرتىلگەن. خان ئامبىلى تەۋەسىدىكى چېرىكچىلىك، مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، جايلاردىكى مىللىي كاتتىۋاشلارنى ۋە ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، ئۈستۈرۈش ۋە چۈشۈرۈشتە تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئوردىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىغان. يامۇلدا ئادەتتە تامغاچىخانا، تەمىناتخانا، مۇسۇلمانلار باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنىپ، زەڭگى، ياكى ئوتتۇرانچى ئايماق بېگى قاتارلىقلار كۈندىلىك ئىشلارنى بېجىرگەن؛ قارمىقىدا تۇرغاق بەگ، سومۇن زەڭگى، تۇغچى دورغا قاتارلىقلار بولغان. ئۇنىڭدىن قومۇل، پىچانلاردىمۇ خان ئامبىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۈرۈمچى دۇتۇڭىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. گۇاڭشۈ 10ـ يىلى (1884 ـ يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

**ئاغلاقچى ئامبال** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەل نامى. خۇڭلى ـ چيەنلوڭ يىللىرى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردا تۇرغۇزۇلغان ئەمەلدار، بېغىنىش مۇناسىۋىتى ئوخشاشمىغان. كۈرەدىكى مانجۇ قوشۇنى ھەمدە ئەتراپ رايونىدىكى شىبە، چاخار، ئۆيرات كۈرەلىرىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەرقايسى قوشۇننىڭ چېرىكچىلىك، مەمۇرىيەت ئىشلىرى بىلەن تېرىقچىلىق، چارۋا يېتىلدۈرۈش فېرمىسى قاتارلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرغان، ئۇ ئىلى جاڭجۈنىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولغان. كۇر قاراسۇ (ھازىرقى شىخو)، تۇرپان، گۇچۇڭ، باركۆل قاتارلىق ئاغلاقچى قوشۇنى بىلەن يېشىل تۇغلۇق چېرىكلەرنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ھەمدە چېگرا رايوندىكى چېرىكچى، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ، ئۈرۈمچى دۇتۇڭىنىڭ قول ئاستىدا بولغان. يېڭىساردا ياكى مەسلىھەتچى ئامبال تۇرۇشلۇق ئاغلاقچى ئامبال جايلارنىڭ چېرىكچى، مەمۇرىي ئىشلارغا بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى ئومۇمىي باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ قول ئاستىدا بولغان. قارمىقىدا زەڭگى، پۈتۈكچى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنىپ، كۈندىلىك ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلغان. گۇاڭشۈ 10ـ يىلى (1884ـ يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

**يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن تۈزۈمى** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېرىك تۈزۈمى. شۇنجى 1 - يىلى (1644 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسلىم بولغان چېرىكلىرى ۋە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان خەنزۇ چېرىكلىرىدىن قوشۇن تەشكىللىگەن ھەمدە قوشۇننى بىرلىك قىلىپ يېشىل تۇغ بەرگەن، يېشىل تۇغ تۇتقان بۇ قوشۇن «يېشىل تۇغ» ياكى «يېشىل تۇغلۇق قوشۇن» دەپ ئاتالغان. يېشىل تۇغلۇق قوشۇندا ئادەتتە 600 مىڭ ئادەم بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردا تۇرغۇزۇلغان. چېرىكچى ئامبال شۇ ئۆلكىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىدى. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى بىرىنچى دەرىجىلىك بولۇپ، قارىمىقىدا باش بۇغ، يانداش سانغۇن، مۇشاۋۇر سانغۇن، سەييارە سانغۇن، قۇرچى بەگ، ساقلاۋچى بەگ، مىڭبېشى، يۈزبېشى، ياساۋۇل قاتارلىق ئەمەللەر تەسىس قىلىنغان. قوشۇن ئاتلىقلار قوشۇنى، پىيادىلەر قوشۇنى، سۇ چېرىكلىرى قوشۇنى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، كۆپ ساندىكىلىرى قىلىچ، نەيزە، ئوقيا قاتارلىق قوراللار بىلەن، ئاز ساندىكىلىرى مىلتىق، توپ قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللانغان. بۇ قوشۇنغا چېرىكلىككە كىرگەنلەر ئۆمۈر بويى ۋەزىپە ئۆتەيتتى؛ ئۆلگەن، يارىلانغان ياكى چېكىنگەنلەرنىڭ ئورنىغا بالا- چاقىلىرى، ئىنىلىرى كىرەتتى؛ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قوشۇن بىلەن بىللە يۈرۈپ، ئوبچە بىر يەردە تۇرغان، خالىغانچە كۆچۈپ يۈرۈشكە يول قويۇلمىغان؛ بوش يۈرگەن بالا- چاقىلىرى، ئىنىلىرى ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلغان. تەمىنات ئاي بويىچە تارقىتىپ بېرىلگەن. ئائىلىدىكىلەرنى بېقىش ئۈچۈن، ئاتلىق چېرىكلەرگە ئىككى سەر كۈمۈش، پىيادە چېرىكلەرگە بىر يېرىم سەر كۈمۈش بېرىلگەندىن سىرت، يەنە ئۈچ كۈرە گۈرۈچ بېرىلگەن. شىنجاڭ چېگرىسىدا تۇرۇشلۇق يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق ئامباللارنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇپ، ئىلى جاڭجۈنىنىڭ بىر تۇتاش ئىدارە قىلىشىدا بولغان. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە تۇرغان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا شەنشىدىن گەنسۇغىچە بولغان ئىككى ئۆلكىدە قەرەللىك ئالمىشىپ تۇرغان. يۇڭجېڭ 13- يىلى(1735- يىلى)، قۇمۇل چېرىكچى ئامبىلى تەسىس قىلىنغان، چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1769 - يىلى) قالدۇرۇلغان؛ يەنە ئەنشى چېرىكچى ئامبال باركۆلگە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، باركۆل چېرىكچى ئامبىلى دەپ ئاتالغان؛ 29 - يىلى يەنە ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، ئۈرۈمچى چېرىكچى ئامبىلى دەپ ئاتالغان؛ گۇاڭشۈ 10- يىلى(1884- يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، قەشقەر چېرىكچى ئامبىلى دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە باركۆل، ئىلى ئىككى قورغان تەسىس قىلىنغان، ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاقسۇ قورغانى كۆپەيتىلگەن، ھەرقايسىلىرىغا بىردىن باش چېرىكچى دورغا تەسىس قىلىنغان؛ قارىمىقىدا قۇمۇل، ماناس، ئۇچتۇرپان، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى، يەكەن قاتارلىق يانداش خان ئامبىلى، ھەرقايسىلىرىغا بىردىن يانداش سانغۇن تەسىس قىلىنغان؛ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەرقايسى سانغۇنلارغا يەنە يانداش بەگلەر مۇشاۋۇر سانغۇن قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى يېڭى سىياسەت يۈرگۈزۈلگەچكە «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق قوشۇنى» تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**سەككىز تۇغلۇق قوشۇن تۈزۈمى** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي تۈزۈم. مىڭ سۇلالىسى ۋەنلى 29 - يىلى (1601 - يىلى)، جۇرجىتلار (كېيىن مانجۇلار دەپ ئاتالغان) نىڭ سەركەردىسى نۇرخاچ ئىلگىرىكى «نىرۇ» تۈزۈمى ئاساسىدا، تەۋەسىدىكى ئاۋامنى سېرىق تۇغ، ئاق تۇغ، قىزىل تۇغ، كۆك تۇغدىن ئىبارەت تۆت تۇغقا ئايرىغان، ئۇلار ئادەتتىكى چاغلاردا ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇرۇش قىلغانلىقتىن، چېرىكچىلىك بىلەن مەمۇرىيەت بىرلەشكەن تەشكىلاتقا ئايلانغان؛ ۋەنلى 43 - يىلى سېرىق جىيەكلىك تۇغ، ئاق جىيەكلىك تۇغ، قىزىل جىيەكلىك تۇغ، كۆك جىيەكلىك تۇغدىن ئىبارەت تۆت قوشۇن كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن مانجۇلارنىڭ سەككىز تۇغلۇق قوشۇنى بارلىققا كەلگەن. ئىككىنچى يىلى، كېيىنكى جىن ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان. نۇرخاچىنىڭ خانزادىسى قۇتتەيجى ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە، مانجۇلارغا بېقىنغان موڭغۇل، خەنزۇلاردىن بارلىققا كەلگەن موڭغۇل سەككىز تۇغلۇق قوشۇنى، خەنزۇ سەككىز تۇغلۇق قوشۇنى قىلىپ تەشكىللىگەن. چۇڭدې 1 - يىلى (1336- يىلى) دۆلەت نامى چىڭ دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇنجى 1 - يىلى (1644 - يىلى)، مانجۇلار بېيجىڭغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى قوشۇنلار كەينى- كەينىدىن ئۆتكەللەرنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەرقايسى قوشۇنلاردا خوشۇن (قوشۇن)، جالان (جالان دورغىسى)، نىرۇ (سومۇن زەڭگىسى) دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان. نىرۇ ئاساسىي بىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەم سانى 300 بولغان، كۆپ ھاللاردا بۇ سانغا توشمىغان؛ بەش نىرۇدىن بىر جالان، بەش جالاندىن بىر قوشۇن تەشكىللەنگەن، ھەربىر قو-

شۇنغا كۈندىلىك ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىدىغان قوشۇن ئىبرجىن (قوشۇن ئامبىلى) تەسىس قىلىنغان، قارمىقىدا بىردىن مىرىن ئىبجىن (ياندىش دۇتۇن)، جالان ئىبجىن (جالان دۇرغىسى)، نىرۇ ئىبجىن (سومۇن زەڭگىسى) ھەمدە زەڭگى، ئاغلاقچى، ھەيدەكچى قاتارلىق ئەمەللەر تەسىس قىلىنغان. بىر تۇتۇندىكى 15 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان ئەرلەردىن ئادەتتە ئۈچىنىلىك بىرى چېرىكلىككە ئېلىنغان، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە نىسبەت ۋە چېرىك سانى سۇرۇشتۇرۇلمىگەن. ئائىلىسىدىكىلەرنى بېقىش ئۈچۈن، ئاتلىق چېرىككە ئايدا ئۈچ سەر كۈمۈش، 40 كۈرە گۈرۈچ تەمىنات بېرىلگەن: پىيادە چېرىككە ئايدا بىر يېرىم سەر كۈمۈش، 24 كۈرە گۈرۈچ تەمىنات بېرىلگەن. شىنجاڭدا مانجۇ قوشۇنى ئاساسەن ئىلى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا تۇرغان ھەمدە مەخسۇس مەشىق قىلدۇرۇلغان؛ باشقا شىبە، سولۇن، چاخار، ئۆيرات قوشۇنلىرى ئادەتتە تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزلىرىنى قامدىغان.

مانجۇ قوشۇنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي تۈزۈم. چيەنلوڭ 27- يىلى (1762- يىلى)، تەسىس قىلىنغان. ئىلى جاڭجۈنى غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ يۇقىرى چېرىكچى، مەمۇرىي ئەمەلدارى ئىدى. غەربىي يۇرت ۋە ئىلى مەركىزى كۈرە (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) نى قوغداش ئۈچۈن، مانجۇ سەككىز تۇغلۇق قوشۇن چېرىكلىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ھەرقايسى چېگرا جايلارغا كەينى - كەينىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن؛ چيەنلوڭ 28- يىلىدىن 31- يىلىغىچە، رىخى، لياڭجۇ، جۇاڭلياڭ قاتارلىق جايلاردىن 4000 دىن ئارتۇق مانجۇ چېرىكى ئىلىدىكى كۈرە شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىنگەن؛ چيەنلوڭ 35~36- يىللىرى، شىئەندىن 8000 دىن ئارتۇق مانجۇ قوشۇن چېرىكى ئىلىدىكى باياندىي كۈرەسى (ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىدىكى باياندىي بولۇپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدە) گە يۆتكەپ كېلىنگەن؛ چيەنلوڭ 37- يىلى، لياڭجۇ، جۇاڭلياڭدىن 3000 دىن ئارتۇق مانجۇ قوشۇن چېرىكى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان؛ چيەنلوڭ 37 - يىلى، شىئەندىن 1000 مانجۇ چېرىكى باركۆلگە، گەنسۇدىن 1000 مانجۇ چېرىكى گۇچۇڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن. تۇڭجى يىللىرى يېغىلىق تۈپەيلىدىن يۆتكەپ كېلىنگەنلەر ئازلىغان. گۇاڭشۇ 10- يىلى (1884 - يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردىكى مانجۇ قوشۇندىكى چېرىكلەرنىڭ سانى تولۇشمىغانلىقتىن، بىرلەشتۇرۇۋېتىش، گۇچۇڭ يېڭى كۈرە شەھىرىنى ساقلاش توغرىسىدا چىڭ ئوردىسىغا مەكتۇپ يوللانغان. يېڭى كۈرە شەھىرىنى ساقلىغانلار كونا مانجۇ قوشۇنى ۋە يېڭى مانجۇ قوشۇنى دەپ ئايرىلغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

شىبە كۈرەسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي تۈزۈمى. چيەنلوڭ 29- يىلى (1764- يىلى)، شېڭجىڭ (ھازىرقى شېنياڭ) غا قاراشلىق ھەرقايسى كۈرەلەردىكى 1000 دىن ئارتۇق شىبە چېرىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋادىسىدا تېرىقچىلىق قىلىپ چېگرىنى قوغداشقا يۆتكەپ كېلىنگەن. چيەنلوڭ 32 - يىلى شىبە كۈرەسى بولۇپ تەشكىللەنگەن، ئەسلىدىكى ئالتە قوشۇن سەككىز قوشۇنغا كۆپەيتىلىپ، ئوڭ قول، سول قولغا بۆلۈنگەن. جياچىڭ 7 - يىلى (1802- يىلى)، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋادىسىدىكى بوز يەردە يېڭىدىن چېپىلغان شىبە ئۆستىڭىنىڭ سۈيى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ۋادىغا باشلانغانلىقتىن، بىكار چاغلاردا تېرىقچىلىق قىلىنىپ، ئىسىم بويىچە يەر بۆلۈپ بېرىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئوزۇق- تۈلۈكلەر بىلەن قامدىغان. كۈرە شەھىرى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) گە بىردىن ئاغلاقچى ئامبال، بىردىن باش بۇغ، ياندىش باش بۇغ قويۇلغان. قارمىقىدا سەككىز قوشۇن بولۇپ، ھەربىر قوشۇنغا بىردىن سومۇن زەڭگى، تۇرغاقبەگ، سۆيلەكچى دورغا، تۆت ئاغلاقچى، 112 چېرىك قويۇلغان. ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋادىسىدا 18 قاراۋۇلخانا، سولۇن قوشۇنى ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان ئىككى قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنىپ چېگرانى چارلىغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، قوشۇنلۇق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغانلىقتىن، شىبە چېرىك، خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. 1939 - يىلى قوشۇن تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خېنەن (دەريا جەنۇبىي) ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. 1944 - يىلى نىڭشى ناھىيىسى (ھازىرقى چاپچال ناھىيىسى) گە ئۆزگەرتىلگەن.

سولۇن كۈرەسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي تۈزۈمى. چيەنلوڭ 28- يىلى (1763 - يىلى)، ھازىرقى خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىدىن 1300 ئەۋەنكە، داغۇر چېرىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋادىسىغا تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىشقا يۆتكەپ كېلىنگەن. كۈرە شەھىرى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) گە بىر ئاغلاقچى ئامبال، يەنە بىردىن باش بۇغ، ياندىش باش بۇغ

قويۇلغان. قارمىقىدا سەككىز قوشۇن بولۇپ، ھەر قوشۇنغا بىردىن سومۇن زەڭگىسى، ئاغلاقچى دورغا قاتارلىق ئەمەلدارلار قويۇلغان. سول قول، ئوڭ قولغا بۆلۈنگەن، ھەر قول تۆت قوشۇنغا بۆلۈنگەن؛ سول قول ئەۋەنكە چېرىكلىرى، ئوڭ قول داغۇر چېرىكلىرى بولۇپ، قورغاس دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدا تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەمدە تەۋەسىدە توققۇز قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنغان. نوپۇس ئاز بولغانلىقتىن، چېرىك سانى توشمىغان. جياچىڭ 2 ـ يىلى (1797 ـ يىلى)، داۋگۇاڭ 13 ـ يىلى (1833 ـ يىلى)، چېرىكلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن، شىبە كۆرەسىدىن ئىككى قېتىمدا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم يۆتكەپ كېلىنىپ سولۇن كۆرەسى تولۇقلانغانلىقتىن، سولۇن شىبە ۋە سولۇن داغۇر دەپ ئايرىلغان.

**چاخار كۆرەسى** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي تۈزۈم. چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چېرىكلىرىنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ئىلىغا يۆتكەپ كەلگەن. چيەنلوڭ 27 ـ يىلى (1762ـ يىلى) ئەتىيازدا، بىرىنچى تۈركۈمدە 1300 دىن ئارتۇق چېرىك چاخار سەككىز تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ دالان تۇلۇدىكى بارگاھىدىن يولغا چىقىپ، ئىككىنچى يىلى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. قېلىپقالغان 200 تۇتۇن، 542 ئادەمدىن باشقا، قالغان 843 ئادەم غەربكە يۈرۈپ سايرام كۆلىگىچە بارغان. چيەنلوڭ 28 ـ يىلى (1763 ـ يىلى) باش يازدا، ئىككىنچى تۈركۈمدە 1000 دىن ئارتۇق چېرىك يولغا چىقىپ، ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. قىش كىرگەندە، ئىككى تۈركۈم چېرىك ئىلگىرى ـ ئاخىر بۆرتالا، سايرام كۆلى ئەتراپىغا كۆچكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ قېتىم ئويرات قوشۇنىدىن ئىلگىرى ـ ئاخىر 420 تۇتۇن چاخار قوشۇنىغا يۆتكەپ كېلىنگەن؛ قازاق، قىرغىز چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن كەينى ـ كەينىدىن قايتىپ كەلگەن جۇڭغارلارنىڭ بىر قىسمىمۇ چاخار كۆرەسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چيەنلوڭ 32 ـ يىلى، ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇي خانغا مەكتۇپ يوللاپ، چاخار قوشۇنىنى سول قول، ئوڭ قولغا بۆلگەن، ھەر بىر قولدا تۆت قوشۇن، سەككىز سومۇن زەڭگىسى قويۇلغان. سول قول ھازىرقى ئارشاڭ ناھىيىسىدە، ئوڭ قول ھازىرقى بۆرتالا شەھىرى تەۋەسىدە چارۋىچىلىق قىلغان. ئىككى قولغا بىردىن باش بوغ قويۇلۇپ، چاخار قوشۇنىدىكى ئاغلاقچى ئامبالغا قارىغان. چاخار قوشۇن 23 قاراۋۇلخانا ۋە بەش چېرىك ئۆتەڭنى ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن باشقا، يەنە بىر تۈركۈم چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى باشقۇرغان.

**ئويرات كۆرەسى** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي تۈزۈم. چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلوڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى)، قازاق، قىرغىز چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن قايتىپ كەلگەن جۇڭغارلار ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قۇللۇقتا سېتىلغان جۇڭغارلار ئىككى سومۇن قىلىپ تەشكىللەنگەن، كېيىن يەنە ئالتە سومۇنغا كېڭەيتىلىپ تەشكىللەنگەن؛ چيەنلوڭ 28 ـ يىلى بىر ئاڭجى تەسىس قىلىنغان، ئىككى يىلدىن كېيىن ئويرۇت قوشۇنىنىڭ ئوڭ قول قوشۇنى قىلىپ تەشكىللەنگەن. چيەنلوڭ 29ـ يىلى، رېخې (ھازىرقى خېبېيدىكى چېڭدې) تۇرۇشلۇق جۇڭغار داشداۋا قەبىلىسىدىن 500 ئادەم، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئويرات قوشۇنىدىكى ئەمەلدار، چېرىكتىن 25 ئادەم ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ئىلىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، بىر يانچى قىلىپ تەسىس قىلىنغان. ئۇ ئويرۇت قوشۇنىنىڭ سول قولى قىلىپ تەشكىللەنگەن. چيەنلوڭ 32 ـ يىلى، ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇي خانغا مەكتۇپ يوللاپ، سول قول ئالتە سومۇننى يۇقىرىقى ئۈچ قوشۇن قىلىپ تەشكىللەپ، ھازىرقى تېكەس ۋە چارىنتاماغا ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان؛ ئوڭ قول سەككىز سومۇننى تۆۋەنكى بەش قوشۇن قىلىپ تەشكىلگەن، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئون سومۇنغا كېڭەيتىپ تەشكىللەپ، كۈنەس دەرياسى، قاش دەرياسى ۋادىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ئاغلاقچى ئامبال، باش بوغ، سومۇن زەڭگىسى، ئاغلاقچى دورغا قاتارلىق ئەمەلدارلار قويۇلغان ھەم چېرىكچىلىك، ھەم چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. قاراۋۇلخانا، چېرىك ئۆتەڭلەرنى ساقلىغاندىن سىرت، فېرمىدىكى ئات، كالا، قوي، تۆگە قاتارلىق پادا ـ ئۇيۇرلارنى باققان. چيەنلوڭ 36 ـ يىلى، ئوباش خان بىلەن بىللە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىن قايتىپ كەلگەن ئۇلۇغ لاما لۆبساڭ دەنزىن شابىنار قاتارلىقلارنىڭ جەمەتىدىن 860 نەچچە تۇتۇن تۆت سومۇن قىلىپ تەشكىللىنىپ، بەش قوشۇنغا سەپلەپ بېرىلگەن.

**چېگرا چارلاش ۋە قاراۋۇللار بىلەن ئۈچرىشىش** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېگرانى قوغداش تەدبىرى. چېگرا چارلاش — چېگرا ياقىلىرىنى چارلاشنى كۆرسىتىدۇ، قاراۋۇلخانىلاردىكى ئەمەلدار ۋە چېرىكلەر چېگرىنى ئايدا بىر قېتىم قەرەللىك چارلايدىغان-

لىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ قاراۋۇللار بىلەن ئۆچرىشىش — ھەر يىلى كۈزدە ئاغلاقچى ئامبال بىر نەچچە يۈز چېرىك‑نى باشلاپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى چېگرا قاراۋۇلخانىلى‑رىنى بويلاپ چېگرا ئارىلاپ، قوشنا چېگرا چارلىغۇچى ئەمەلدار ۋە چېرىكلەر بىلەن ئۆچرىشىپ قايتىدىغانلىقى‑نى كۆرسىتىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال يۈز بەرگەندە، ئور‑دىغا ئەستىقلاتقاندىن كېيىن، يىل ئاتلاپ بىر قېتىم چارلايدىغان چاغلارمۇ بولاتتى. مەيلى چېگرا چارلاش ياكى قاراۋۇللار بىلەن ئۆچرىشىش بولسۇن، ئومۇمەن ئۆز ئىختىيارىچە چېگرىدىن كىرگۈچىلەر سېزىلگەندە ئۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىراتتى؛ چېگرا چارلىغۇ‑چى ئەمەلدار ۋە چېرىكلەردە چېگرا ئىچىدىكى چارۋىچى‑لاردىن ئات ـ ئۇلاغ بېقىش ھەققى ئېلىش ھوقۇقى بولاتتى. جىياچىڭ يىللىرىدىن كېيىن، بۇ تۈزۈم بارا‑بارا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چېگرا چارلىغۇچى ئەمەل‑دارلارنىڭ مەرتىۋىسىمۇ تۆۋەنلىتىلگەن. داۋگۇاڭ 14 ـ يىلى (1834 ـ يىلى)، ئىلى جاڭجۈنى تېبى شۈنباۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، «چېگرا چارلاش ۋە قارا‑ۋۇللار بىلەن ئۆچرىشىش نىزامنامىسى» ئالاھىدە تۈ‑زۈلگەن ھەمدە ئۇنىڭدا قاراۋۇللار بىلەن ئۆچرىشىشتا شۇ قوشۇننىڭ باش بۇغى ياكى باش بۇغى چېرىكلەرنى باشلاپ بارىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. روسىيىنىڭ تاجا‑ۋۇزچىلىق ئەسىر كۈچى شەرققە تەدرىجىي كېڭەيگەنلىك‑تىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ نورمال چېگرا چارلاش ئىشى كۆپ قېتىم يولسىز ئارىلىشىش ۋە توسقۇنلۇققا ئۇچرى‑غان.

قاراۋۇلخانا چىڭ سۇلالىسى، شەرقىي شىمال، ئىچكى، ئاشقى موڭغۇل، شىنجاڭ قاتارلىق چېگرىدىكى مۇھىم رايونلاردا تەسىس قىلغان ئۆۋەت بىلەن كۆزەتچى‑لىك قىلىدىغان ئورۇننىڭ نامى. شىنجاڭدا چارۋىچى‑لىق، تېرىقچىلىق، كانچىلىق، ئوغرى ـ يالغان، كې‑لىپ ـ كېتىدىغان سودىگەرنى تەكشۈرۈش ھەمدە خەت‑چەك، مەلۇمات ـ مەكتۇپلارنى يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن 250 قاراۋۇلخانا تەسىس قىلغان. ھەر‑قايسى قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئارىلىقى نەچچە ئون چاقىرىم‑دىن نەچچە يۈز چاقىرىمغىچە بولۇپ، ھەرقايسى قارا‑ۋۇلخانىدا 10 دىن 30 نەچچىگىچە چېرىك ۋە مالايلار


چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسى خەرىتىسى
گۇاڭشۇ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى)

بولغان، قاراۋۇلخانا زەڭگىسى، ياساۋۇل بېگى قاتارلىق ئەمەلدارلار قاراۋۇللۇق ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلغان. قاراۋۇلخانا دائىمىي قاراۋۇلخانا، سەييارە قاراۋۇلخانا، كۆپەيتىلگەن قاراۋۇلخانىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئاي‑

رىلغان. ئىچكى جەھەتتە دائىمىي قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنىپ، شەھەر- بازار، چوڭ يول قاتارلىق مۇھىم جايلارنى قوغداش ۋە تەكشۈرۈش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن، بۇ دائىملىق ھېسابلىنىدۇ؛ سىرتقى جەھەتتە سەييارە قاراۋۇلخانا، ئەڭ سىرتقى جەھەتتە كۆپەيتىلگەن قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنىپ، پەسىلگە قاراپ كۆچۈرۈلگەن ياكى كۆپەيتىلگەن، يازلاردا ئۆزارتىلغان، قىشلاردا قىسقارتىلغان. موڭغۇل، قازاق يايلاقلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئېھتىياجىغا قاراپ تەسىس قىلىنغان، ئۆزارتىلغاندا نەچچە يۈز چاقىرىمغىچە، قىسقارتىلغاندا 1000 نەچچە چاقىرىمغىچە بولغان. «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دە دېيىلىشىچە، ئىككى قاراۋۇلخانا ئارىلىقىدىكى ئۆزئارا تەكشۈرۈش يولى «كەيچى»، كىچىك قاراۋۇلخانىدا ئايرىم تەسىس قىلىنغان كۆزەتچىلىك ئورنى «بۇقشىن» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ يەرلىكىدە ۋازارەت قۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش مۇلاھىزىسى گوڭ زىجېڭ زامانىسىدا باشلانغان، زوزۇڭتاڭ زامانىسىدا بېكىتىلگەن، ليۇ جىنتاڭ زامانىسىدا ۋۇجۇتقا چىققان.

گوڭ زىجېڭنىڭ مەكتۇپى رەت قىلىنغان جياچىڭ 25 - يىلى (1820 - يىلى)، شىنجاڭدىكى خوجا ئەۋلادلىرىدىن جاھانگىر خوجا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەندتىن قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ كەينى - كەينىدىن پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغان، ئۇنىڭ پاراكەندىچىلىكى سەككىز يىلچە داۋاملىشىپ ئاندىن تىنچىغان. قارا دىۋاننىڭ دىۋان بېگى گوڭ زىجېڭ «غەربىي يۇرتتا ۋازارەت قۇرۇش مۇلاھىزىسى» يېزىپ، مۇپەتتىش ئامبال تەڭ تەسىس قىلىپ، ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنى قىسمەن رايوندىن ھەممە رايوندا ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ مۇلاھىزە ئوردىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمىغان. داۋگۇاڭ 11- يىلى(1830- يىلى)، جاھانگىر خوجىنىڭ ئاكىسى يۈسۈپ خوجا جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ، پاراكەندە قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي تىنچىتىلغان. سۈر - بەھەيۋەتلىك جاڭجۈن چاڭلىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇلكىي ئەمەلدارلارنى خىزمەتكە قويۇش توغرىسىدا ئوردىغا مەكتۇپ يوللىغان، لېكىن ئوردىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان.

زو زۇڭتاڭنىڭ مەكتۇپى تەستىقلانغان، ئەمما ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇلغان تۇڭجىنىڭ 4 - يىلى (1864 - يىلى)، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ۋەيران بولغان. قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى دىنىي زاتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئۆزئارا ھوقۇق تالاشقان. قوقەندلىك ياقۇپ بەگ ۋە چار روسىيە قوشۇنلىرى ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەن. ئون نەچچە يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىقتىن كېيىن، گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى)، قوقەندلىك تاجاۋۇزچىلار قوغلاپ چىقىرىلىپ، شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغان. كونا تۈزۈملەر پۈتۈنلەي بىكار قىلىنغان ئەھۋالدا، شەنشى، گەنسۇ ھەربىي ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدا ۋازارەت تەسىس قىلىپ، ئايماق، ناھىيە قۇرۇش توغرىسىدا ئوردىغا مەكتۇپ يوللىغان. چېگرا رايونىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىش ئىشى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرغاچقا، ئوردا ماقۇل بولغان ئەمەس، ئىلى تېخى قايتۇرۇۋېلىنمىغانلىقتىن، بۇ ئىش قويۇپ تۇرۇلغان.

ليۇ جىنتاڭنىڭ مەكتۇپى تەستىقلانغان ھەمدە ئۆلكە قۇرۇش تەدرىجىي يولغا قويۇلغان دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) ۋىلايىتى باركۆل مەھكىمىسى ۋە دىخۇا ئايمىقىنى بۇرۇنقى تۈزۈلمە بويىچە باشقۇرۇپ كەلگەن. باشقا رايونلارنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسىنى زادى قانداق بىر ياقلىق قىلىش مەسىلىسى تېخى ئاخىرقى ھېسابتا بېكىتىلمىگەن. گۇاڭشۈ 8 - يىلى (1882 - يىلى)، ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغان. شەنشى، گەنسۇ ھەربىي ۋالىيسى تەڭ جۇڭلىڭ كونا ئىشنى قايتا تىلغا ئېلىپ شىنجاڭدا ئاۋۋال ئۆلكە، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىش، بىراق سەييارە سىلاۋچىلىق مەنسەپ ئورنىنى بوش قويۇپ تۇرۇش توغرىسىدا ئوردىغا مەكتۇپ يوللىغان. شىنجاڭ چېرىكچى ئامبىلى ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭدا سەييارە سىلاۋچىلىق مەنسەپ ئورنىنى قويۇش تەسىس قىلىپ، ھەربىي ۋالىي تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىغان. جياڭسۇ، جياڭشى ھەربىي ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدا سەييارە، سىلاۋچى قويۇش جەنۇب ۋە شىمالنى ئايرىم باشقۇرۇش پىكرىدە چىڭ تۇرغان. ئوردا دەسلەپ كۆرگەندىن كېيىن، ليۇ جىنتاڭنىڭ لايىھىسىنى قوبۇل قىلغان.

گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883- يىلى)، ليۇ جىنتاڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ھاكىمدىن باشلاپ، ئامبال، ۋالىي، ئاخىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئامبىلىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىغان. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (مىلادىيە 1884 - يىلى)، تۇتۇن - سىبلىق پىرقىسىنىڭ يوللىشى، خاننىڭ تەستىقلىشى بويىچە،

ليۇ جىنتاڭ تۇنجى قارار گەنسۇ، شىنجاڭ سەييارە سىلاۋچىلىقىغا تەيىنلەنگەن، ئۇ يەنە گەنسۇدىكى ۋېي گۇاڭتاۋنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىپ پەرمانچىلىققا قويغان. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش ئىشى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملانغان. چار روسىيە بىر قاتار تەڭسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق ئىلىنىڭ غەربىدىكى 500 نەچچە مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىننى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىلىدىكى كۈرە (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) دىن شەرققە كۆچۈرۈلۈپ، دىخۇادا تەسىس قىلىنغان. گۇاڭشۈ 11- يىلى (1885 - يىلى)، ليۇ جىنتاڭ ئىلى- تارباغاتاي ئۆلكىسىنى تولۇقلاپ تەسىس قىلىش ھەمدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق قومۇلنى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە سەييارە سىلاۋچىلىق مەنسىپى تولۇقلاپ تەسىس قىلىنىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، شىنجاڭ تەۋەسىدە تۆت ۋىلايەت، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئالتە مەھكىمە، ئون ۋازارەت، ئۈچ ئايماق، 23 ناھىيە تەسىس قىلىنغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە ھەربىي ۋالىي جايلاردىكى ئەڭ يۇقىرى لەشكىرىي پىرقىنىڭ مەرتىۋىسى لەشكىرىي پىرقىنىڭ دۇۋان بېگى دەرىجىسىگە تەڭ كېلەتتى، بىر ئۆلكە ياكى ئىككى، ئۈچ ئۆلكە باشقۇراتتى؛ سەييارە سىلاۋچى بىر ئۆلكىنىلا باشقۇراتتى. مەرتىۋىسى لەشكىرىي پىرقىنىڭ ياندىش ئامباللىقىغا تەڭ ئىدى. ليۇ جىنتاڭ مۇھارىبە ئىشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ئۇنىڭغا قائىدىدىن تاشقىرى لەشكىرىي پىرقىنىڭ دۇۋان بېگىلىك مەرتىۋە بېرىلگەن. تەۋەسىدىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ چېرىكلىرىنى قوشۇمچە بىر تۇتاش باشقۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان، پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرمايدىغان ئۈرۈمچى دۇتۇڭى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل مەسلىھەتچى ئامبال ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان؛ ھالبۇكى، ئىلى جاڭجۈنى ساقلىنىپ قېلىپ، ئۇ تەۋەسىدىكى ئىلى - تارباغاتاينىڭ چېگراسىنى ساقلاش ۋە ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى جايلارنى باشقۇرۇش بىلەنلا چەكلەنگەن. ھەربىي مەھكىمە بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىدىغان ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋەرگەنلىكتىن جاڭجۈن بىلەن سەييارە سىلاۋچى ئۈستىگە ھەربىي ۋالىي قويۇش - قويماسلىق توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئۇزاققىچە توختىمىغان.

شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھمىيىتى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى يەرلىك مەمۇرىي تۈزۈملەر بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىكى خىلمۇخىل چەكلىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان؛ بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئالۋان - ياساق تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك تۈزۈلمىسى تەدرىجىي ئۆلۈش تۈزۈمىدىكى ئىگىلىككە ئۆتۈشكە باشلىغان. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەرلىك مەمۇرىي تۈزۈملەرنى چوڭ ئىسلاھ قىلىپ، باشقا چېگرا رايونلاردا چېرىك مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆلكە قۇرۇش ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن.

**شىنجاڭ سەييارە سىلاۋچىسى** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەلدار. مەرتىۋىسى قوشۇمچە ئىككىنچى دەرىجىلىك، ياندىش ئامباللىق مەرتىۋىسى بېرىلگەنلەر رەسمىي ئىككىنچى دەرىجىلىك، گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) دىخۇا (ئۈرۈمچى) دە تەسىس قىلىنىپ، گەنسۇ باش ئامبىلىغا قارىغان، ئومۇمىي ئاتىلىشى «گەنسۇ، شىنجاڭ سەييارە سىلاۋچىسى». بىر ئۆلكىنىڭ مالىيە، پۇقرالار ئىشلىرى، مەنسەپدارلارنى تەركە قىلىش خىزمىتى، زىندان ئىشلىرى، چېرىكچى، مەمۇرىي ئىشلارنى قوشۇمچە يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنى باشقۇرغان. ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەتنى باشقۇرغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇ ۋەزىپىنى ليۇ جىنتاڭ، ۋېي گۇاڭتاۋ، تاۋمو، راۋ يىڭچى، پەن شياۋسۇ، ۋۇ يىڭشۇن، ليەن كۇي، يۈەن داخۇا بولۇپ جەمئىي سەككىز كىشى ئۆتىگەن.

**پەرمانبەردار**، پەرمانچى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەرلىك ئەمەلدار نامى. تولۇق نامى «يارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ يارلىقنى سۈرۈشتۈرگۈچى بېگى». مەرتىۋىسى قوشۇمچە ئىككىنچى دەرىجىلىك، سەييارە سىلاۋچىغا قارايدىغان بولۇپ، بىر ئۆلكىنىڭ مالىيە، پۇقرالار ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەسىس قىلىنىشقا باشلىغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

**شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت** مىنگو دەۋرىد-
ىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىك ئورگى-
نى. 1912 ـ يىلى مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە،
ىر تۇتۇق ئامبال قويۇلغان بولۇپ، مەمۇرىيەت ۋەزىپە-
سىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. ياڭ زېڭشىن تۇتۇقلۇققا قو-
يۇلۇپ، مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرغان.
پەرمانچى، سوراقچى بەگ (كېيىن ئەدلىيە نازىرىغا
ئۆزگەرتىلگەن) لەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىلىدىكى سەييارە سىلاۋچى يامۇلىنىڭ ئەمەلناملىرى
بويىچە قوللىنىلغان. كېيىن ئىچكى ئىشلار مەھكىمى-
سى، خەزىنە مەھكىمىسى، ساقچى نازارىتى، ئەدلىيە
تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى قاتارلىقلار تەسىس قى-
لىنغان. 1914 ـ يىلى، تۇتۇق جاڭجۈنگە، مەمۇرىيەت
باشلىقى سەييارە تەپتىش بېگىگە ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە
مەمۇرىي ئىشلار نازارىتى، مالىيە نازارىتى، مائارىپ
نازارىتى، سودا ـ سانائەت نازارىتى قاتارلىقلار تەسىس
قىلىنغان. 1916 ـ يىلى، جاڭجۈن ھەربىي تۇتۇققا،
سەييارە تەپتىش بېگى ئۆلكە باشلىقىغا ئۆزگەرتىلگەن.
1928ـ يىلى، چېرىكچى ئامبال، ئۆلكە باشلىقى رە-
ئىسكە ئۆزگەرتىلىپ، باش كاتىپ، خەلق ئىشلىرى
نازارىتى، مالىيە نازارىتى، چېرىك نازارىتى، قۇرۇ-
لۇش نازارىتى تەسىس قىلىنغان. شۇ يىلى، دىخۋا «7ـ
ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن
ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن رەئىس، قو-
شۇمچە دۇبەن بولغان، 1931 ـ يىلى چېگرا مۇداپىئە
دۇبەنلىكىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1933 ـ يىلى، دىخۋا
«12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن،
شېڭ شىسەي چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغان. ئۆلكە
رەئىسلىك ئورنى شەكىللىنىپ تەسىس قىلىنغان بو-
لۇپ، ليۇ ۋېنلوڭ، جۇ رۈيچى، لى روڭ شەكلەن
رەئىسلىككە قويۇلغان، 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي
ئۆزى رەئىس بولغان؛ خوجانىيازنى ئورۇنلاشتۇرۇش
ئۈچۈن، مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنى ئالاھىدە تەسىس
قىلىنغان. ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن
كاتىبات باشقارمىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، قۇرۇ-
لۇش نازارىتى، دېھقانچىلىق ـ كانچىلىق نازارىتى،
جامائەت خەۋپسىزلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى قاتار-
لىقلار بار. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ۋۇ جوڭشىن
رەئىس بولۇپ، قائىدە بويىچە ئۆلكىلىك ئامانلىق ساق-
لاش قوماندانى بولغان ھەمدە قوشۇمچە چېرىكلىك ۋەزى-
پىسىنى ئۆتىمىگەن. ئۆلكە مەركىزىدە باش كاتىپ،
خەلق ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى، قۇرۇلۇش
نازارىتى، مائارىپ نازارىتى تەسىس قىلىنغان. 1946ـ
يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە
ئۆزگىرىش قىلىنىپ، جاڭ جىجوڭ غەربىي شىمال يۇ-
رۇش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە ئۆلكە رە-
ئىسى، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن
رەئىس بولغان؛ باش، مۇئاۋىن باش كاتىپ، خەلق
ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى، مائارىپ نازارى-
تى، تەمىرات نازارىتى، ئىسلاھات باشقارمىسى، سەھى-
يە باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان. 1947 ـ يىلى 5ـ
ئايدا، مەسئۇد ئۆلكە رەئىسى بولغان؛ مۇئاۋىن رەئىس
ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەشنى رەت
قىلىپ، غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن. 1949ـ يىلى 1ـ
ئايدا بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى، ئەخمەتجان
قاسىمى مۇئاۋىن رەئىس (ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلمە-
گەن)، مۇھەممەتئىمىن ھەزرەت مۇئاۋىن رەئىس بول-
غان.

**ئۈرۈمچى ۋىلايىتى** مەمۇرىي رايون نامى. چيەن-
لوڭ 38 ـ يىلى (1773 ـ يىلى) دىخۋا (ھازىرقى
ئۈرۈمچى) دا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكى-
سىگە قارىغان، ئۈرۈمچى دۇتۇڭىنىڭ قوشۇمچە باشقۇ-
رۇشىدا بولۇپ، باركۆل مەھكىمىسى، دىخۋاغا بىۋاستە
قاراشلىق ئايماقنى ۋە ئالتە ناھىيىنى باشقۇرغان.
گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكى-
سىگە ئۆزگەرتىلگەن. كېيىن يەنە تەسىس قىلىش ئار-
قىلىق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە، دى-
خۋا مەھكىمىسى ۋە قارمىقىدىكى دىخۋا، سانجى، ما-
ناس، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭدىن ئىبارەت ئالتە
ناھىيە ۋە قۇتۇبى شۆبە ناھىيىسىنى باشقۇرغان؛ يەنە
باركۆل بىۋاستە قاراشلىق نازارىتى، قومۇل بىۋاستە
نازارىتى؛ كورقارائۇسۇ (ھازىرقى شىخو) بىۋاستە قا-
راشلىق نازارىتىنى باشقۇرغان. 1913 ـ يىلى دىخۋا
ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1929ـ يىلى دىخۋا مەمۇرىي
رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن.

**ئاقسۇ ۋىلايىتى** مەمۇرىي رايون نامى. گۇاڭشۈ
9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) ئونسۇ (ھازىرقى ئاقسۇ)
بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ،
شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قارىغان. گۇاڭشۈ 28 ـ يىلى مەھ-
كىمىگە ئۆستۈرۈلۈپ، بىر ئامبال قويۇلغان. كېيىن
يەنە تەسىس قىلىش ئارقىلىق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئا-
خىرقى يىللىرىغىچە، ئونسۇ مەھكىمىسى ۋە قارمىقىد-
ىكى ئونسۇ، بايدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە ۋە كەلپىن
ناھىيىسى؛ ئۇچ (ھازىرقى ئۇچتۇرپان) بىۋاستە قا-

راشلىق نازارىتى؛ كۇچا بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى ۋە قارمىقىدىكى شايار ناھىيىسى؛ قارا شەھەر مەھكىمىسى ۋە قارمىقىدىكى قاراقۇم (ھازىرقى لوپنۇر)، چاقىلىق، بۈگۈردىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنى باشقۇرغان. 1920 ـ يىلى قاراشەھەر ۋىلايىتى ئايرىم تەسىس قىلىنغان. 1929 ـ يىلى ۋىلايەت مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلگەن.

قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي رايون نامى. گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى) قەشقەر كونا شەھەردە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قارىغان ھەمدە بىر ئامبال قويۇلغان. كېيىن يەنە تەسىس قىلىش ئارقىلىق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە، قەشقەر يېڭىشەھەر مەھكىمىسى ۋە قارمىقىدىكى قەشقەر كوناشەھەر، پەيزىۋاتتىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە؛ يېڭىسار بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى؛ يەكەن مەھكىمىسى ۋە قارمىقىدىكى تاشقۇرغان شۆبە مۇداپىئە نازارىتى، بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى) ھەمدە قاغىلىق، گۇمادىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە؛ خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايىمىقى ۋە قارمىقىدىكى كېرىيە، لوپتىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنى باشقۇرغان. 1920 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى ئايرىم تەسىس قىلىنغان. 1929 ـ يىلى ۋىلايەت مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلگەن.

ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي رايون نامى. گۇاڭشۈ 11 ـ يىلى (1885 ـ يىلى) غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قارىغان ھەمدە بىر ئامبال قويۇلغان. كېيىن يەنە تەسىس قىلىش ئارقىلىق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە، ئىلى نازارىتى، ئىككى يىلدىن كېيىن دەرىجىسى مەھكىمىگە ئۆستۈرۈلگەن قورغاس مۇداپىئە نازارىتى ھەمدە سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى بازىرى)، غۇلجىدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە؛ دىنغابالىق (ھازىرقى جىڭ) بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى؛ تارباغاتاي بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتىنى باشقۇرغان. 1915ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان.

ئىلى ۋىلايىتى مەمۇرىي رايون نامى. گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان، 11 ـ يىلى ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتى غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، قارمىقىدىكى ئىلى مەھكىمىسى، دىنغابالىق (ھازىرقى جىڭ) بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى ھەمدە تارباغاتاي بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتىنى باشقۇرغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1915 ـ يىلى ئايرىپ چىقىپ ئىلى، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان. ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا، سۈيدۈڭ، بۆرتالا، دىنغابالىق، كۈنەس، قورغاستىن ئىبارەت ئالتە ناھىيە ھەمدە تېكەس جۇجۇقىنى باشقۇرغان.

تارباغاتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي رايون. گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان، گۇاڭشۈ 14 ـ يىلى تارباغاتاي بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى تەسىس قىلىنغان ھەمدە ئىلى ـ تارباغاتاي بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى تەسىس قىلىنغان ھەمدە ئىلى ـ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قارىغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1913 ـ يىلى نازارەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە بىر ئامبال قويۇلغان؛ قارمىقىدىكى چۆچەك، كور قارائۇسۇ (ھازىرقى شىخو)، ساۋەن، دۆربىلجىندىن ئىبارەت تۆت ناھىيە ۋە قوشتولغاي ئامبال ياردەمچىسىنى باشقۇرغان.

ئالتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي رايون. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئالتاي ئۇلاستاي جاڭجۈنىگە قاراشلىق قوبدۇ (ھازىرقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە) مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. گۇاڭشۈ 31 ـ يىلى (1905 ـ يىلى)، قوبدو بىلەن ئالتاي ئايرىم ئايرىم باشقۇرغان، سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتايدا) دە ئالتاي خان ئامبىلى تەسىس قىلىنغان. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خان ئامبال خان ئەمەلدارىغا ئۆزگەرتىلىپ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارىغان. 1919 ـ يىلى، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى خان ئامبالنى ئەمەلدىن قالدۇرغاچقا، ئالتاي شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارمىقىدىكى سارسۇمبە، بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي، قابا، جىمىنەيدىن ئىبارەت بەش ناھىيىنى باشقۇرغان.

قاراشەھەر ۋىلايىتى مەمۇرىي رايون. گۇاڭشۈ 8 ـ يىلى (1882 ـ يىلى)، قاراشەھەر بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى تەسىس قىلىنغان. 24 ـ يىلى، قاراشەھەر مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارىغان. 1913 ـ يىلى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1920 ـ يىلى قاراشەھەر ۋىلايىتىگە ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە قارمىقىدىكى قاراشەھەر، بۈگۈر، لوپنۇر، چاقىلىق، چەرچەن قاتارلىق ناھىيىلەرنى باشقۇرغان،

خوتەن ۋىلايىتى مەمۇرىي رايون. گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (1883 ـ يىلى)، ئىلچى (ھازىرقى خوتەن شەھىرى) دە خوتەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى تەسىس قىلىنغان. 1913 ـ يىلى، ئايماق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ناھىيە تەسىس قىلىنغان. 1920 ـ يىلى، خوتەن ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان ۋە قارمىقىدىكى خوتەن، كېرىيە، قاراقاش، لوپ، گۇما، قاغىلىقتىن ئىبارەت ئالتە ناھىيە ھەمدە چىرا ئامبال ياردەمچىسىنى باشقۇرغان.

دىخۇا رايونى مەمۇرىي رايون. 1929 ـ يىلى، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىن ئۈرۈمچى مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارمىقىدىكى ئۈرۈمچى، مىچۈەن، گۆچۈڭ، سانجى، قۇتۇبى، فۇكاڭ، جىمسار، ماناس، مورى، پىچان، قومۇل، باركۆلدىن ئىبارەت 12 ناھىيىنى باشقۇرغان. 1938 ـ يىلى، تۇرپان، توقسۇن ئۈرۈمچى رايونى تەۋەسىگە كىرگۈزۈلگەن. 1943 ـ يىلى، مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. 1934 ـ يىلى، يەنە قومۇل، باركۆل ئايرىلىپ چىقىپ قومۇل مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنغان.

ئىلى رايونى مەمۇرىي رايون. 1929 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى ئىلى مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارمىقىدىكى غۇلجا، سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى بازىرى)، بورتالا، دىنغابالىق (ھازىرقى جىڭ)، كۈنەس، قورغاستىن ئىبارەت ئالتە ناھىيە ۋە تېكەس باشقۇرۇش ئىدارىسىنى باشقۇرغان. 1938 ـ يىلى، ئىلگىرىكى شىبە كۈرەسى دەريا جەنۇبىي (ھازىرقى چاپچال ناھىيىسى) باشقۇرۇش ئىدارىسىگە، چاخار كۈرەسى ئارشاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسىگە، ئۆيرات كۈرەسى موڭغۇلكۈرەگە ئۆزگەرتىلىپ، قوڭقا (ھازىرقى نىلقا ناھىيىسى) باشقۇرۇش ئىدارىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان. 1943 ـ يىلى، مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. كېيىن قوڭقا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، ئارشاڭ، دەريا جەنۇبىي ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنغان. دەريا جەنۇبىي ناھىيىسى چاپچال ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن؛ كۈنەس باشقۇرۇش ئىدارىسى يېڭىدىن كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان ھەمدە 1946 ـ يىلى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن.

تارباغاتاي رايونى مەمۇرىي رايون. 1929 ـ يىلى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن تارباغاتاي مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارمىقىدىكى چۆچەك، ساۋەن، كورقاراۇسۇ (ھازىرقى شىخو)، دۆربىلجىندىن ئىبارەت تۆت ناھىيە ۋە قوشتۇلغاي باشقۇرۇش ئىدارىسى، چاغانتوقاي باشقۇرۇش ئىدارىسىنى باشقۇرغان. 1942 ـ يىلى، قوشتۇلغاي قوبۇقسار ناھىيىسىگە، چاغانتوقاي قارابۇرا ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئىككىنچى يىلى مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان.

ئالتاي رايونى مەمۇرىي رايون. 1929 ـ يىلى، ئالتاي ۋىلايىتىدىن ئالتاي مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارمىقىدىكى سارى سۈمبە (ھازىرقى ئالتاي)، بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي، قابا، جىمىنەي، كۆكتوقايدىن ئىبارەت ئالتە ناھىيە ۋە چىڭگىل دەرياسى باشقۇرۇش ئىدارىسىنى باشقۇرغان. 1941 ـ يىلى، چىڭگىل ناھىيىسى جىڭ ناھىيىسىگە، كۆكتوقاي ناھىيىسى فۇيۈن (ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىقلار يەنىلا كۆكتوقاي دەپ ئاتىغان) ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئىككىنچى يىلى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى فۇخەي (ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىقلار يەنىلا بۇرۇلتوقاي دەپ ئاتىغان) ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1943 ـ يىلى، مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان.

قەشقەر رايونى مەمۇرىي رايون. 1929 ـ يىلى، قەشقەر ۋىلايىتى قەشقەر مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارمىقىدىكى قەشقەر كوناشەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى)، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى)، مەكىت، فەيزئابات (ھازىرقى پەيزىۋات)، تاشقورغاندىن ئىبارەت ئون ناھىيە ۋە ئۈلۈغچات باشقۇرۇش ئىدارىسىنى باشقۇرغان. 1938 ـ يىلى، ئۈلۈغچات باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈلۈغچات ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن؛ ئاتۇش باشقۇرۇش ئىدارىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان ھەمدە 1942 ـ يىلى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1943 ـ يىلى، مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. يەنە ياركەنت، يەكەن ئەسلىي بىر ناھىيە ئىدى، 1941 ـ يىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ يەكەن ناھىيىسى دەپ ئاتالغان. يەنە يەكەن ناھىيىسى ئايرىلىپ

چىقىپ يەكەن مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنغان.

**ئاقسۇ رايونى** مەمۇرىي رايون. 1929 ـ يىلى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن ئاقسۇ مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە ئاقسۇ، ئونسۇ، باي، كۇچا، شايار، ئۈچ (ھازىرقى ئۈچتۇرپان)، توقسۇ، ئاۋات، كەلپىندىن ئىبارەت توققۇز ناھىيىنى باشقۇرغان. 1938 ـ يىلى، ئاقچى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە 1944 ـ يىلى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1941 ـ يىلى، توقسۇ ناھىيىسى شىخا (ئۇيغۇرچە يەنىلا توقسۇ دەپ ئاتالغان) ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1943 ـ يىلى، مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان.

**خوتەن رايونى** مەمۇرىي رايون. 1929 ـ يىلى، خوتەن ۋىلايىتىدىن خوتەن مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارىقەشقەر... 

**قاراشەھەر رايونى** مەمۇرىي رايون. 1929 ـ يىلى، قاراشەھەر ۋىلايىتى قاراشەھەر مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارىمىقىدىكى قاراشەھەر، بۈگۈر، لوپنۇر، چاقىلىق، چەرچەن، تۇرپاندىن ئىبارەت ئالتە ناھىيە ۋە كورلا، توقسۇن، خوتونسۇمۇل، تېۋىلغا (ھازىرقى خوشۇت) قاتارلىق تۆت باشقۇرۇش ئىدارىسىنى باشقۇرغان. 1936ـ يىلى توقسۇن، 1941 ـ يىلى تېۋىلغا خوشۇت ناھىيىسى بولۇپ تەسىس قىلىنغان. 1943 ـ يىلى مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. 1938 ـ يىلى يەنە تۇرپان، توقسۇندىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە ئۈرۈمچى مەمۇرىي رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

**يەكەن رايونى** مەمۇرىي رايون. 1942 ـ يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدىن يەكەن مەمۇرىي رايونى ئايرىلىپ چىقىپ تەسىس قىلىنغان. ئىككىنچى يىلى، مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارىمىقىدىكى يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، پوسكام، تاشقورغاندىن ئىبارەت بەش ناھىيىنى باشقۇرغان.

**قومۇل رايونى** مەمۇرىي رايون. 1934ـ يىلى، ئۈرۈمچى مەمۇرىي رايونىدىن ئايرىلىپ چىقىپ قومۇل مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە قارىمىقىدىكى قومۇل، باركۆلدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە ۋە ئىۋىرغول باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ۋە 1930 ـ يىلى ناھىيە قىلىپ تەسىس قىلىنغان ئىۋىرغول ناھىيىسىنى باشقۇرغان. 1943 ـ يىلى مەمۇرىي رايون ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان.

**شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى**
مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئورگان. 1931 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، مىللىي ھۆكۈمەت شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېننى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە تەيىنلىگەن. 1933ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلار ۋاقىتلىق تەرتىپ ساقلاش كومىتېتى ۋە ۋاقىتلىق ھەربىي كومىتېت قۇرۇپ، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولغان، لېكىن ئەمەلگە ئاشمىغان. 8 ـ ئايدا، نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ كومىسسارلىقىغا، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە قويغان. شېڭ شىسەي دۇبەنلىك ھوقۇقىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، دۇبەن مەھكىمىسى ئاستىدا مۇھاپىزەتچى پولك، شىتاب باشلىقى، ئۆلكە قوغداش باشقارمىسى، سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە باشقارمىسى، قاتناش باشقارمىسى، ئوزۇق ـ تۈلۈك باشقارمىسى، تەمىنات باشقارمىسى، ھەربىي ياساق باشقارمىسى، ئالاھىدە تۈرمە، مەھكىمە باش كاتىپى قاتارلىق فونكسىيىلىك ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلغان. شىنجاڭ بويىچە 11 ھەربىي رايون قۇرغان؛ قومۇل ـ باركۆل ھەربىي رايونى، تۇرپان ـ پىچان ـ توقسۇن ھەربىي رايونى، گۇچۇڭ ـ جىمسار ـ مورى دەرياسى ھەربىي رايونى، ئىلى ھەربىي رايونى، تارباغاتاي ھەربىي رايونى، ئالتاي ھەربىي رايونى، قاراسۇ ـ ماناس ـ ساۋەن ھەربىي رايونى، قاراشەھەر ھەربىي رايونى، ئاقسۇ

ھەربىي رايونى، قەشقەر ھەربىي رايونى، خوتەن ھەربىي رايونىدىن ئىبارەت. ھەرقايسىلىرى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدارى بولغان ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، دۇبەن مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئاخبارات ئورگىنى. 1936 ـ يىلى قۇرۇلغان. دەسلەپتە مەخپىيەتلىك باشقارمىسى دەپ ئاتالغان، كېيىن ھازىرقى ئىسمغا ئۆزگەرتىلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن گېنېرال مايور مالانچۇك باشچىلىقىدىكى يەتتە كىشىلىك ھەربىي ئاخبارات گۇرۇپپىسى ھەممە كەسپىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلغان؛ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ليۇ جىنجوڭ (تەخەللۇسى چېن پېيشېڭ. سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى) كۈندىلىك ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلغان. شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ دۇبەنى شېڭ شىسەي قوشۇمچە باشقارما باشلىقى، يەنە ۋۇ زوجۇن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان. قارمىقىدا بىرىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى بۆلۈم، مەخپىي تېلېگرامما ئىشخانىسى، مالىيە ئىشخانىسى، رەسىم تارتىش ـ يۇيۇش ئىشخانىسى، باش تېلېگراف ئىستانسىسى تەسىس قىلىنغان؛ 1942 ـ يىلى ئۆزگەرتىلىپ تۆتىنچى بۆلۈم تەسىس قىلىنغان؛ بىرىنچى بۆلۈم تەشكىللەشكە، ئىككىنچى بۆلۈم ئاخباراتقا، ئۈچىنچى بۆلۈم تېلېگرامما ـ خەۋەرلەرگە، تۆتىنچى بۆلۈم مالىيەگە مەسئۇل بولغان. قومۇل، ئارايۇلتۇز (ھازىرقى شىڭشىڭشيا)، ئېرلىزى دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئەرگىنە خوشۇنى)، خوتەن، تاشقورغان، چاقىلىقلاردا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان. ئۆلكىنىڭ سىرتىدىكى ئاخبارات پونكىتلىرى ئاساسەن لەنجۇدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، گەنسۇ، كۆكنۇر (ھازىرقى چىڭخەي)، نىڭشيا، تىبەت قاتارلىق جايلارنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ئاخباراتلىرىنى توپلىغان. ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاخباراتلىرىنى يىغىشنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىۋاسىتە تىزگىنلەپ، جۇڭگو تەرەپ ئادەملىرىنى ئارىلاشتۇرغۇزمىغان. غەربىي يول ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ماھمۇت (مامۇت)، ماخۇسەنلەر توپىلىڭىنى تىنچىتىش، خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ئەۋەتكەن ياردەم ماددىي ئەشيالىرىنى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن ياردەم ماددىي ئەشيالىرىنى ئالدىنقى سەپكە توشۇش قاتارلىق ئىشلاردا رولى جارى قىلدۇرۇلغان. 1941 ـ يىلى، شېڭ شىسەي ۋەقە توغدۇرۇپ، ليۇ جىنجوڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكۈزۈۋېتىپ، ۋۇ زوجۇن ۋە نۇرغۇن جۇڭگو تەرەپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنىسى شېڭ شىجىنى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىققا قويغان. 1943 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەيئەت رىياسەتى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن ھەمدە ھەرقايسى ئەل كوممۇنىستىك پارتىيىلىرىنىڭ بىردەك تەستىقىدىن ئۆتكەن. يازدا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ خادىملىرىنى دۆلەتكە ئۇزىتىپ قويغان ھەمدە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ۋە قارمىقىدىكى ئاپپاراتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكىنى باشقۇرۇش ئورگىنى. 1934 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى قۇرغان نازارەتچىلىك باشقارمىسى. 8 ـ ئايدا، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلەھەتچىسى سوۋېت ئىتتىپاقلىق گېنېرال مايور باۋ گونىڭ (پلېبخاۋكا) ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان؛ 10 ـ ئايدا، شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ باشقۇرۇشىدا سىياسىي تەپتىش باشقۇرۇش ئىدارىسى تەشكىللىنىپ بولغان. دۇبەن شېڭ شىسەي قوشۇمچە ئىدارە باشلىقى، باۋ گونىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان؛ قارمىقىدا تەھقىقلەش، تەرگەۋ، خەلقئارا، ھەربىي سىياسىي قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان. 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش باش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە جاڭ يىۋۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، مۇۋەققەت ئىدارە باشلىقى بولغان. قارمىقىدا كاتىبات ئىشخانىسى، بوغالتىرىيە ئىشخانىسى ھەمدە خوجىلىق، ھەربىي بۆلۈم، سىياسىي بۆلۈم، مىللەتلەر بۆلۈمى، خەلقئارا ئىشلار بۆلۈمى، ئىقتىساد بۆلۈمى، تەكشۈرۈش بۆلۈمى، تاشيول بۆلۈمىدىن ئىبارەت سەككىز بۆلۈم ۋە ئالاھىدە جىنايى ئىشلار كوللېگىيىسى تەسىس قىلىنغان؛ ھەرقايسى مەمۇرىي رايون ۋە ناھىيىلەردە شۆبە ئىدارە تەسىس قىلىنغان. 1936 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يەنە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقۇرۇش باشـ

قارمىقىسىغا ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە جاڭ يىۋۇ باشقارما باشلىقى، ليۇ شېڭچېن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان؛ قارمىقىدا خوجىلىق بۆلۈم، ئامانلىقنى ساقلاش بۆلۈمى، مەمۇرىيەت بۆلۈمى، ئەدلىيە بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمىدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. ئامانلىقنى ساقلاش بۆلۈمىدە ئىچكى جەھەتتە يەنە ھەربىي ئىشلار بۆلۈمچىسى، سىياسىي ئىشلار بۆلۈمچىسى، مىللەتلەر ئىشلىرى بۆلۈمچىسى، تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسىدىن ئىبارەت يەتتە بۆلۈمچە تەسىس قىلىنغان. ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەردىكى شۆبە ئىدارىلەرمۇ كەينى-كەينىدىن رايونلۇق، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن؛ قارمىقىدا ساقچىخانىلىرى تەسىس قىلىنغان. 1937 - يىلى ئەتىيازدا، شېڭ شىسەي جاڭ يىۋۇ، ليۇ شيەنچېنغا «تروتسكىيچى» دەپ بەتنام چاپلاپ، ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكۈزۈۋېتىپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جيەنفېڭنى جامائەت خەۋپسىزلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك باشقارما باشلىقلىقىغا قويغان.

**جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇن** مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتارىست شېڭ شىسەينىڭ يەرلىك قوشۇنى. 1934 - يىلى، شىنجاڭدا مالىمانچىلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پۈتۈن ئۆلكىدىكى قوراللىق قىسىم رەتلەپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن دۇبەن مەھكىمىسى مۇھاپىزەتچى پولكى، تەلىم - تەربىيە ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىنى قوغداش چوڭ ئەترىتى، گۇچۇڭ شەھىرىنى قوغداش قوماندانلىق شتابى، ئىلى تېرىقچىبەگ مەھكىمىسى، ئىلى، قومۇل - باركۆل، تۇرپان - پىچان - توقسۇن، تارباغاتاي، ئالتاي، قاراشەھەر، قەشقەر قاتارلىق يەتتە گارنىزون قوماندانلىق شتابى ھەمدە بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكەرلەر، پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، بىرتۇتاش «جاھانگىرلىككە قارشى قوشۇن» دەپ ئاتىغان. جۇملىدىن مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي تەرتىپكە سالغان ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلگىرىكى ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ئورۇنلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. شېڭ شىسەي گومىنداڭغا بېقىنغاندىن كېيىن، «مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن» غا ئۆزگەرتىلگەن.

**شەرقىي شىمال قوشۇنى** ئەسلى مۇنتىزىم قوشۇن ۋە پىدائىيلار قوشۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە تۈمەن كىشىدىن تەركىب تاپقان شەرقىي شىمالدىكى جىلىن، خېيلۇڭجياڭ ئىككى ئۆلكىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قوشۇنى ئىدى، «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە چېكىنىپ كەتكەن. پىيادە ئەسكەرلەر 2 - بىرىگادىسىنىڭ مۇۋەققەت بىرىگادىرى، 9 - پولكىنىڭ پولك كوماندىرى جېڭ رۈنچېڭنىڭ رەھبەرلىكىدە 1933 - يىلىنىڭ بېشىدا ۋەتەنگە قايتىپ شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق شەھەرلەردە تۇرغان. كېيىن جېڭ رۈيچېڭ قاتارلىقلار چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، قوشۇن پارمپىرۇفكا قىلىۋېتىلگەن.

**ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىك خادىم مەھكىمىسى** مىنگو دەۋرىدىكى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورگىنى. 1913 - يىلى، شىمالىي مىللەتارىستلار ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرى، پرىستانلىرى بار ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ دىپلوماتىيە، تاشقى، ئالاقە ئىشلىرى قاتارلىق مەھكىمىلىرىنىڭ خادىملىرى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىمىغا ئۆزگەرتىلسۇن، دەپ بەلگىلىگەن. شۇ بەلگىلىمە بويىچە، جاڭ شاۋبو ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە خادىمى شىنجاڭ دىپلوماتىيە مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىچىسى قىلىپ قويۇلغان ھەمدە ئىش بېجىرىش ئورگىنى قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، فەن ياۋنەن ئالاقىچى بولغان. 1942 - يىلى، مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىيەت كېڭىشى ۋۇ زېشياڭنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىمى قىلىپ قويۇپ، ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىم مەھكىمىسى تەسىس قىلغان؛ 1944 - يىلى 10- ئايدا، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى ليۇ زېرۇڭ يۆتكەپ كېلىنىپ، شىنجاڭ دىپلوماتىيە ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن خادىمى قىلىپ قويۇلغان؛ كېيىن دىپلوماتىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە ليۇ زېرۇڭ باشقارما باشلىقى بولغان.

**شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابى** 1946 - يىلى 4 - ئايدا، غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى قىسىمنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ جىجوڭنىڭ تەكلىپى بىلەن تەسىس قىلىنغان. تاۋ سىيۈ باش قوماندان بولۇپ، ئۈرۈمچىدە تۇرغان؛ يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلىنىپ، قەشقەر يېڭى شەھەردە

تۇرفان. 11 ـ ئايدا، تاۋ سيۇ غەربىي شىمالىي يۇرۇش قىلغۇچى قىسمىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكەلگەندە، سوڭ شىليەن قوماندانلىقتا، جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى، رەتلەپ تەشكىللەنگەن 42- دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى جاۋ شىگۇاڭ مۇئاۋىن قوماندان بولغان. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سوڭ شىليەن يۆتكەپ كېتىلگەندە، غەربىي شىمالىي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى تاۋ سيۇ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ قوشۇمچە باش قوماندان بولغان. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

### گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى

1926 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، گومىنداڭ شىنجاڭدا ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تەييارلىق باشقارمىسى قۇرۇش توغرىسىدا مەخپىي ئادەم ئەۋەتكەن. 1928 ـ يىلى 7ـ ئايدا، ئۈرۈمچىدە سىياسىي داۋالغۇش بولۇۋاتقاندا، گومىنداڭ شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ يېتەكچىلىك كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم قارار قىلغان، بىراق ئەمدىلا شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان جىن شۇرېن بۇ قارارنى رەت قىلغان؛ لېكىن جىن شۇرېن ئۆزى قۇرغان ئۆلكىلىك پىرقىنى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى ئېتىراپ قىلمىغان. ئاخىر مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنى ئەۋەتىدىغان بولغان: گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدىن رەئىس جىن شۇرېن ۋە جۇرۋېيچى، لۇ شياۋزۇ ئۈچىگە قوشۇلغان؛ گومىنداڭ ئەۋەتكەن ئىچكىرى ئۆلكىدىكى شىنجاڭلىق ياش گوڭ بىچېڭ، بەي يۈشۇ ۋە مەركىزىي سىياسىي مەكتەپتىكى گەنسۇلۇق ئوقۇغۇچى لى چيا، ساۋ چېۋېنلاردىن تەركىب تاپقان ئۆلكىلىك پىرقە تەشكىللىنىپ، 1931 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان. 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئۈرۈمچىدە يەنە سىياسىي ئۆزگىرىش بولغان، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەربىي، سىياسىي چوڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، 1934 ـ يىلى ئۆلكىلىك پىرقىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. 1942- يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى قارار چىقىرىپ، شېڭ شىسەي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى، خۇاڭ رۇجېڭ پىرقە باشلىقى بولغان، يېڭى ئۆلكىلىك پىرقە قۇرغان. ئىككىنچى يىلى، «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق ئورگان نەشر ئەپكارى نەشر قىلىنغان. 1944- يىلى 8 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي باھانە توقۇپ خۇاڭ رۇجېڭ قاتارلىقلارنى قولغا ئالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك پىرقە ئىگىسىز قالغان. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، چوڭچىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ۋۇ جوڭشىننى شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، قوشۇمچە ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەشكە، چېن شىخاۋنى باش كاتىپ بولۇشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلغان. 1947 ـ يىلى، چېن شىخاۋ مۇدىر ھەيئەت بولغان، شىي يوگسۇن پىرقە باشلىقى، قوشۇمچە باش كاتىپ بولغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ياڭ ۋېي پىرقە ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. تىنچلىق قوزغىلىڭىنىڭ ھارپىسىدا، ياڭ ۋېي شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەن، ئۆلكىلىك پىرقىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوقالغان.

### جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە

كېلىشى جۇڭگو تارىخىدىكى جۇڭگو بىلەن غەربتىكى ئەللەر مۇناسىۋىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىش. مىلادىيىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلغان، دۆلەت كۈچى تولۇقلانغان. بىراق، شىمالدىكى ھۇنلار خەن سۇلالىسىغا دائىم تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بېسىپ كىرىپ تالان ـ تاراج قىلاتتى ۋە تەھدىت سالاتتى. خەن ۋۇدى ھۇنلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلۇغ توخرىيلار بىلەن بىرلەشمەكچى بولغان. شۇڭا ئۇلۇغ توخرىيلار ئېلىغا بارىدىغانغا جاڭ چيەن تاللانغان.

جاڭ چيەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى چېڭگۇ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى چېڭگۇ) دىن، جيەنيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن 138 يىل ئىلگىرى)، جاڭ چيەن ھۇنلارنىڭ تاغيى ئۇرۇقىدىن بولغان گەنفۇ قاتارلىق 100 نەچچە كىشى بىلەن لوڭشى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى لىڭتاۋنىڭ جەنۇبى) دىن غەربىي يۇرتقا قاراپ يولغا چىققان. خېشى كارىدورىغا كەلگەندە ھۇنلارغا تۇتۇلۇپ قالغان. تۇتقۇنلۇقتا ئون نەچچە يىل ياشاپ، ئۆي- ئوچاقلىق بولغان. كېيىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گەنفۇ بىلەن قېچىپ چىقىپ، قوش (ھازىرقى تۇرپان)، قاراشەھەر، كۇسەن (ھازىرقى كۇچا)، سۇللاغ (ھازىرقى قەشقەر) قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ فەرغانە (ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ فەرغانە ئويمانلىقى) گە كەلگەن؛ يەنە سەمەرقەند (ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى كانجۇت ئەترابى) ئارقىلىق ئۇلۇغ توخرىيلار ئېلىغا بارغان.

بۇ چاغدا ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدا ياشاۋاتقان ئۇلۇغ توخرىيلار شەرققە كۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، ھۇنلار بە-

لەن قايتا قارشىلىشىش نىيىتى يوق ئىدى. جاڭ چيەن
بىر يىلچە تۇرغاندىن كېيىن، جەنۇبىي يول بىلەن يەنە
قارا قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىنى بويلاپ، يەكەن، ئۇدۇن
(ھازىرقى خوتەن)، پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق)
قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ شەرققە مېڭىپ، چاڭ-
لار يۇرتىغا كەلگەندە، يەنە ھۇنلارغا تۇتۇلۇپ قېلىپ
ئەسىرلىكتە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ قالغان. يۈەنشو
3 - يىلى (مىلادىيىدىن 126 يىل ئىلگىرى) ھۇن
تەڭرىقۇتى قازا قىلىپ ئەل ئىچىدە قالايمىقانچىلىق يۈز
بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خوتۇن، بالا - چاقى-
لىرى بىلەن گەنفۇنى باشلاپ چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ،
خەن ۋۇدىغا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ
ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەرگەن. كېيىن يەنە خەن
سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن ئۇ-
رۇشلارغا قاتنىشىپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكتىن،
بىلگە بەگ دېگەن نام بېرىلگەن. جاڭ چيەن خەن ۋۇدىغا
ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان
ئاسيۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتى-
كى ئوڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلاش تەكلىپىنى بەرگەن.
يۈەنشۇ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن 119 يىل ئىلگىرى)،
ۋۇدى جاڭ چيەنگە ئەمىر نۆكەر دېگەن نام بېرىپ،
كىشى بېشىغا ئىككىدىن ئات، 10 مىڭدىن ئۇشۇق كالا-
قوي، قىممىتى نەچچە مىڭ تۈمەن پۇلغا يارايدىغان
ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق دۇنيا-
دەپنە بېرىپ، 300 كىشى بىلەن بىللە ئەلچىلىك دەس-
تىكى تۈزتان يەنە نۇرغۇن نائىب ئەلچىلەرنى ئاسيۇلار
يۇرتىغا يولغا سالغان. ئۇ يەرگە بېرىپ بىر-بىر جاۋابقا
ئېرىشەلمىگەن جاڭ چيەن يەنە نائىب ئەلچىلەرنى
ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئارساك (ھازىرقى ئىران)، بەش
ئەنەتكەك (ھازىرقى ھىندىستان)، ئۇدۇن قاتارلىق
ئەللەرگە ئەۋەتكەن. يۈەندىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن
115 يىل ئىلگىرى)، ئاسيۇلار جاڭ چيەننى تىلماچ
ۋە يول باشلىغۇچى بىلەن بىللە ئۆز يۇرتىغا يولغا سې-
لىپ قويغان. ئۇ خەن سۇلالىسىگە بارغاندىن كېيىن،
ئوردىنىڭ مېھمان كۈتۈش، ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى
باشقۇرىدىغان، توققۇزىنچى دەرىجىلىك ئەمەل كاتۇۋال
دېگەن مەنسەپكە ئولتۇرغان.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاسيۇ، ئۇدۇن، يەكەن
قاتارلىق غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن ئەللەر خەن سۇلالى-
سى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغان. تارىختا جاڭ
چيەن «مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىشنى ياراتقان ئادەم» دەپ
ئاتالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىلگە بەگ دېگەن بۇ نام
غەربىي يۇرتقا كەڭ تارقالغان؛ كېيىنكى ئەلچىلەرمۇ
شۇ نام بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولغان. جاڭ چيەننىڭ
غەربىي يۇرتنىڭ يولىنى ئېچىشى جۇڭگو غەربىنىڭ قات-
نىشىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئېچىشتا، ئىقتىساد ۋە مە-
دەنىيەتنى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ھەتتا
خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش
ئۇلۇغۋار ئىشىنى ئورۇنداشتا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەت-
كەن ۋە نۇرغۇن تۆھپە قوشقان (رەڭلىك قىستۇرما
ۋاراقنىڭ 8 - بېتىگە قارالسۇن).

**خەن سۇلالىسىدە غەربىي يۇرت قورۇقچى
بەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى** جۇڭگو
غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغانلىقىنىڭ باشلى-
نىشى. شىمالدىكى كۆچمەن ھۇنلار ھازىرقى ئىچكى
موڭغۇلدىكى خېتاۋ رايونىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،
بارغانسېرى قۇدرەت تېپىپ، جەنۇبتا خەن سۇلالىسى-
نىڭ شىمالدىكى جايلارغا، يەنە ھازىرقى خېبېي، سەن-
شى، شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئۈزلۈكسىز بېسىپ
كىرىپ تالان - تاراج قىلغان؛ غەربتە توخارلارنى مەغ-
لۇپ قىلىپ، ئاسيۇلارنى بېقىندۇرۇپ، تەسىر كۈچى
غەربىي يۇرتقىچە كېڭەيگەن. ھۇن باتىسقانى قاراشە-
ھەر، چۇقو، قاراقۇم (قاراشەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى جاي-
لار) ئارىلىقىدا «چاكارلار كاھىبېگى» تەسىس قىلى-
نىپ، غەربىي يۇرتنى بىر تۇتاش باشقۇرغان.

خەن ۋۇدى دەۋرىدە، ئاسيۇلار بىلەن بىرلىشىپ
ھۇنلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، خېشىدا تۆت ئايماق
تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن غەربىي يۇرتقا چې-
رىك كىرگۈزگەن. يۈەنفېڭ 3- يىلى (مىلادىيىدىن
108 يىل ئىلگىرى)، ياڭداش چاپاۋۇل بەگ جاۋ پونو
خەن سۇلالىسى چېرىكلىرىنى باشلاپ، ھۇنلارغا بولۇش-
قان كروران (ھازىرقى لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالىدا)
ۋە قوش (ھازىرقى تۇرپان) نى بېقىندۇرغان. تەيچۇ
4 - يىلى (مىلادىيىدىن 101 يىل ئىلگىرى)، ماۋرا-
ئۇننەھىرنى بېقىندۇرغۇچى جاڭجۇن گۇاڭلى فەرغانە
(ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ فەرغانە ئويمانلىقى) گە جا-
زا يۈرۈشى قىلىپ غەلىبە قازانغان. شۇنىڭ بىلەن خەن
سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تۇنجى قېتىم چېرىك تۇرغۇ-
زۇپ تېرىقچىلىق قىلغان. ھۇن قولدارلىرى قەدەممۇ
قەدەم مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىۋاتقان ئەھۋالدا، غەربىي
يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەركىزىنى غەربتىكى
قوشقا يۆتكەپ، خەن سۇلالىسى بىلەن يەنە قارشىلاش-
قان. جېڭخې 4 - يىلى (مىلادىيىدىن 89 يىل ئىلگى-
رى)، خەن سۇلالىسى چوڭخې بېگى ماڭتۇڭ 40 مىڭ
چەۋەندازنى باشلاپ جيۇچۇەندىن ئاتلىنىپ، قوشنىڭ

شىمالىغا يېتىپ كەلگەن، كەيلىنىڭ بېگى چېگمىيەن كروران، چۇقۇ، قارا قۇمدىن ئىبارەت ئالتە دۆلەتنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قوش قاغاننى تەسلىم قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىغا دەز كەتكەن.

خەن جاۋدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ھۇنلار قوشنى قايتا ئىگىلەپ، ئاسىيۇلارغا كۆپ قېتىم تاجاۋۇز قىلغان، ئاسىيۇ خانى مەكتۇپ يوللاپ خەن سۇلالىسىدىن چېرىك ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان، خەن شۇەندىنىڭ بېنشىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن 72 يىل ئىلگىرى)، خەن سۇلالىسى بەش تارام چېرىك ئاتلاندۇرۇپ ھۇنلارغا زەربە بەرگەن. چېرىكچى چاڭ خۇي ئاسىيۇلارنىڭ كۈن بېگى بىلەن 50 مىڭ ئاتلىقنى باشلاپ كۈنپېتىشتىن زەربە بېرىپ، ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان. يۈەنكاڭ 4- يىلى (مىلادىيىدىن 62 يىل ئىلگىرى)، خەن سۇلالىسى جېڭ جىنى قورۇقچى چېرىكچىبەگ قىلىپ پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق ئەتراپى) نىڭ غەربىي جەنۇبىي يولىنى قوغداتقان.

ھۇنلارنىڭ ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيىتى ئۇلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى كۈچەيتىۋەتكەن. خەن شۈەندىنىڭ شېنجۆ 2- يىلى (مىلادىيىدىن 60 يىل ئىلگىرى)، ھۇن باتىسقانى 40 مىڭ چېرىكنى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان. بىلڭ جى يارلىق بويىچە كۈسەن (ھازىرقى كۇچا)، لوپنۇر (ھازىرقى كورلا ئەتراپىدا) دىكى نەچچە 10 مىڭ تىرىنچى چېرىكنى باشلاپ ھۇن باتىسقانىنىڭ ئالدىغا چىققان ھەمدە ئۇنى قوغداپ ئاستانىگە ئاپىرىپ قويغان. خەن سۇلالىسى ھۇن باتىسقانىغا بەيئەت قىلغان بەگ دېگەن نام بەرگەن. جېڭ جى ئاۋۋال جەنۇبىي يولنى قوغداپ، قوشنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يولنىمۇ تەدرىجىي قوغدايدىغان بولغان، ئىككى يولنى تەڭ قوغدىغانلىقتىن ئۇ قورۇقچى بەگ دەپ ئاتالغان. قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ئۇرۇياپ (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىدىكى چېدىر) دا تەسىس قىلىنغان. بۇ غەربىي يۇرت تارىخىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىپ ھوقۇق يۈرگۈزگەن تۇنجى ئەڭ يۇقىرى چېرىكچى، مەمۇرىي ئورگان. غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە شەرق، غەرب مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ جۇڭگوغا تەۋە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## سۇللاغ شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق مۇھىم ئۇرۇشى. خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 18 - يىلى (مىلادىيە 75 - يىلى) 2 - ئايدا، قورۇل چېرىكچىبېگى گېڭ گوڭ ئالتۇنبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدە) تا ھۇنلارغا ئېغىر زەربە بەرگەندىن كېيىن، 5 - ئايدا چېرىكلەرنى سۇللاغ شەھىرى (ھازىرقى گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ يېرىم جىلغا يېزىسىدىكى شىچېڭزى) گە يۆتكىگەن. 7 - ئايدا ھۇنلار قوشۇن تارتىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان. خەن سۇلالىسى چېرىكلىرى تويۇقسىز زەربە بېرىپ، ھۇنلارنى چېكىندۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھۇنلارنى دەريا يوللىرىنى قاماللاپ، شەھەر ئىچىدىكى سۇ مەنبەسىنى ۋە سىرت بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈۋەتكەن. خەن سۇلالىسى چېرىكلىرى ئات سۈيدۈكىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغان. گېڭ گوڭ پۈتۈن شەھەردىكى چېرىك، خەلقلەرنى قۇدۇق كولاپ سۇ چىقىرىشقا بۇيرۇغان. قۇدۇق كولىنىپ سۇ چىققاندىن كېيىن، چېرىكلەر شەھەرگە سۇ چېچىشقان، بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن ھۇنلار ئىلاھ مەدەت بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇرۇش قىلمايلا چېكىنىپ كەتكەن. خەن مىڭدى ئۆلگەندىن كېيىن، غەربىي يۇرت ۋەزىيىتىدە تويۇقسىز ئۆزگىرىش بولغان، ھۇنلار سۇللاغ شەھىرىنى قايتا مۇھاسىرىگە ئالغان. خەن سۇلالىسى چېرىكلىرى شەھەرنى قەيسەرلىك بىلەن نەچچە ئاي ساقلىغان، ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگەپ، تاسما - كەمەرلەرنى پىشۇرۇپ يېگەن. شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشنىڭ ئۈنۈمى ئانچە چوڭ بولمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھۇنلار ئەلچى ئەۋەتىپ گېڭ گوڭنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ: «گېڭ گوڭ، شەھەرنى ئۆتكۈزۈپ تەسلىم بولسىلىرى، ئاق ئۆي خانى دېگەن نام بەرگەندىن سىرت، مەلىكىنى خوتۇنلۇققا بەرگەيمىز» دېگەن. گېڭ گوڭ ھۇنلار ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، شەھەر بىلەن ھايات - ماماتتا تەڭ بولۇشقا قەسەم - ياد قىلغان. جيەنچۇ 1 - يىلى (مىلادىيە 76- يىلى) 2 - ئايدا، خەن جاڭدى تەختكە چىققاندا، ئايماق بېگى چىن پېڭ، ۋاڭ مېڭ قاتارلىقلارنى 7000 دىن ئارتۇق چېرىك بىلەن غەربىي يۇرتقا ياردەمگە ئاتلاندۇرغان. غول قوشۇن لۈكچۈن (ھازىرقى پىچان ناھىيىسىدىكى لۈكچۈن) دە ئۇچرىشىپ، ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان. كەينىدىنلا فەن چياڭنى ئەۋەتكەن، ئۇ 2000 كىشى بىلەن يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي

ئەگىرتاغنىڭ شىمالىدىن سۇللاغ شەھىرىگە يېتىپ بارغان. ياردەمچى قوشۇننىڭ شىددەتلىك يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ھۇنلار ئۇرۇش قىلماي قېچىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن سۇللاغ شەھىرىنى قورشاۋدىن بوشاتقاندا، خەن سۇلالىسى چېرىكىدىن ئاران 26 ئادەم قالغان. شەھەر قورۇقچى ئەمەلدار ـ چېرىكلىرى فەن چياڭ بىلەن بىللە مېڭىپ قاشقوۋۇق (يۈمېنگۇەن) قا كەلگەندە، يېرىمى دېگۈدەك يولدا ئۆلۈپ بولغان. لوياڭغا يېتىپ بارغاندا، ئوردا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەشەم ـ ھەشەمەت بىلەن باتۇرلارنى كۈتۈۋېلىپ، سەركەردىلىرىگە شىرمەت چەۋەندازلار بېگى دېگەن نام بەرگەن. ھايات قالغان چېرىكلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم تارتۇقلىغان.

**ئالاقىنىڭ ئۈچ قېتىم ئۈزۈلۈپ، ئۈچ قېتىم ئەسلىگە كېلىشى** شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھۇنلار بىلەن قىلىشقان ئەگرى ـ توقاي كۈرەشلىرى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەسلەپتە قۇرۇلغاندا، غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى لى چوڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، غەربىي يۇرتنى ئىچكىرىكى جايلار بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسى ئۈزۈلگەن. ھەرقايسى ئەللەر ياكى ھۇنلارغا بېقىنغان ياكى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان، ھۇنلارمۇ خەن سۇلالىسىگە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانلىقتىن، خېشى رايونىدىكى ئايماق، ناھىيىلەر ئىشىك ـ قوۋۇقلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز تاقىۋالغان. خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى)، يارلىق بويىچە ئايماق چېرىكچىبېگى دۇ گۇ قوشۇن تارتىپ ھۇنلارنى باركۆلدە مەغلۇپ قىلىپ، قوش (ھازىرقى تۇرپان) غا بېسىپ كىرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى ۋە قورۇل چېرىكچىبەگ مەھكىمىسىنى تۇنجى قېتىم تەسىس قىلىپ، چېن مۇنى قورۇقچىبەگلىككە، گېڭ گوڭ، گۇەن چوڭنى قورۇل چېرىكچىبەگلىككە قويغان ھەمدە ئۇلارنى ئارقا قوشتىكى ئالتۇنبالىق (ھازىرقى جىمىسار) ۋە ئالدىنقى قوشتىكى لۈكچىن شەھىرىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۇرۇپ تېرىقچىلىق قىلغان. 18 ـ يىلى، مىڭدى خان ليۇ جۇاڭ قازا قىلغاندا، قاراشەھەر، كۈسەن قاتارلىق ئەللەر ھۇنلارنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي، ئىلگىرى ـ كېيىن خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان. غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى چېن مۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئالتۇنبالىق ۋە لۈكچىندىكى تېرىقچى چېرىكلەر كۆپ قېتىم ھۇن چەۋەندازلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. خەن جاڭدى تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، قورۇل چېرىكچىبېگى ۋە تېرىقچى چېرىكلەرنى قايتىپ كېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن، بەن چاۋ ئاز ساندىكى ئادەملەر بىلەنلا جەنۇبىي يولدا يېگانە ئۇرۇش قىلغانىدى.

خەن جاڭدىنىڭ جيەنچۇ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 78 ـ يىلى)، بەن چاۋ ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى پايدىلىق شارائىت ۋە ئۆز ئىرادىسىنى مەلۇم قىلغان. ئوردىدىكىلەر غەربىي يۇرتقا يەنە بىر قېتىم قوشۇن تارتىش قارارىغا كەلگەن. 5 ـ يىلى، ئالدى بىلەن بەن چاۋغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شۇ گەننى 1000 چېرىك بىلەن ئاتلاندۇرغان؛ يۈەنخې 1 ـ يىلى (مىلادىيە 84 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى قوشۇننى كۈچەيتىش ئۈچۈن خې گوڭنى 800 چېرىك بىلەن سۇللاغ (ھازىرقى قەشقەر) غا ئاتلاندۇرغان. بەن چاۋ كۈرەشنى 14 يىل داۋاملاشتۇرغان، ئاخىر ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي يۇرتنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە يېڭىۋاشتىن كىرگۈزگەن. خېدى خان ليۇ جاۋنىڭ يۇڭيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 91 ـ يىلى)، خەن سۇلالىسى بەن چاۋنى كۇسەندە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىلىككە قويغان؛ شۇ گەننى ساپارىدا غەربىي يۇرت دورغابلىقىغا قويغان؛ قورۇل چېرىكچىبېگى ئالدىنقى قوشتىكى قوچو (ھازىرقى تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكىرىكى جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسى قايتا ئەسلىگە كەلگەن. يۇڭيۈەن 14 ـ يىلى، بەن چاۋ لوياڭغا قايتىپ كەتكەن. رېن شاڭ، دۇەن شىشيەن ئىلگىرى ـ كېيىن قورۇقچى بەگ بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، چاڭ چېرىكلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئوردىدىكىلەر غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، قورۇل چېرىچىبېگىنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. شىمالىي ھۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرىپ، غەربىي يۇرتنى قايتا تىزگىنلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىچكىرىكى جايلار بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسى يەنە ئۈزۈلگەن.

خەن ئەندىنىڭ يەنگۇاڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيە 123 ـ يىلى)، خەن ئوردىسى دۇنخۇاڭ ئايماق بېگى جاڭ داڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بەن چاۋنى غەربىي يۇرتنىڭ دورغىلىقىغا قويۇپ چېرىك باشلاپ لۈكچىندە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن. بەن يوڭ تۆت يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقاتقان. خەن شۇندىنىڭ يۇڭجيەن 2 ـ يىلى (مىلادىيە 127 ـ يىلى)، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى يەنە بىر قېتىم بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قورۇل چېرىكچىبېگى ۋە

ئىۋىرغول (ھازىرقى قومۇل) چېرىكچىبېگىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكىرىكى جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسى قايتا ئەسلىگە كەلگەن.

**يارغولغا يۈرۈش قىلىش** تاڭ سۇلالىسى قوچۇنى تىنچىتىش ئۈچۈن قوللانغان مۇھارىبىيە ھەرىكىتى. تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 13 ـ يىلى (مىلادىيە 639 ـ يىلى)، لى شىمىڭ قوچو خانى چۈرۈبىنتاي غەربىي تۈركلەرگە يېقىنىپ ئۆلپان يولىنى توسۇۋېتكەنلىكتىن، خوجۇنجىنى يارغولغا يۈرۈش قىلغۇچى باش دورغىسى، سىرۇۋنكە، قاپىش ئالپىنى ياندىش دورغا قىلىپ، 150 مىڭ قوشۇن بىلەن غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئاتلاندۇرغان. ئىككىنچى يىلى 5 ـ ئايدا، تۇرشاۋۇل جياڭ شىگېبىن شەرقىي تەگرىتاش (بوغدا ياكى قارلىقتاغ بولۇشى مۇمكىن) نى بىر يولىلا ئىگىلىگەندە، غەربىي تۈرك يابغۇسى ئاشىنا بايان قاغانبۇت شەھىرى (ئالتۇنبالىق، يەنى ھازىرقى جىمسار) بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە يېقىنغان. قوشۇن تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، قوچو خانى چۈرۈبىنتاي تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەن، 9 ـ ئايدا، ئۇنىڭ ئوغلى چورقىشىن تەسلىم بولۇپ ئالدىغا چىققان، تاڭ سۇلالىسى بۇ جايدا غەربىي قوچو ئايمىقى تەسىس قىلغان، كېيىن يارغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، چېرىك تۇرغۇزۇپ قوغدىغان.

**ئارساكقا يۈرۈش قىلىش** تاڭ سۇلالىسى ۋۇزېتيەن دەۋرىدە تاڭ ئوردىسىنىڭ تۈبۈتلەرگە قارشى بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمى. چۇيگوڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 687 ـ يىلى)، ئوڭ قول ۋەزىر، قارا دىۋاننىڭ دىۋانبېگى، شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋەزىرى ۋېي دەيجيا ئۆزى جاڭجۇن ـ چېرىكلەرنى باشلاپ تىبەتلەرگە جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولغاندا، ۋۇزېتيەن ئۇنى ئارساكقا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باغ بوغىلىققا تەيىنلەپ، غەربكە يۈرۈش قىلىش ئىشلىرىنى پىلانلاشقا تولۇق ھوقۇق بەرگەن، سانغۇن ـ چېرىكلەرگە بولغان قوماندانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرەم ئاغىسى نازارەتچىلىك قىلىدىغان كونا تۈزۈمنى ئالاھىدە ئەمەلدىن قالدۇرغان؛ ئەنشى قورۇقچى بەگ يەن ئونغۇنى تېرىقچىلىق قىلىپ ئاشلىق توپلاپ، 36 تارام يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ باش بوغىنى نازارەت قىلىشقا قويۇپ، بەش ئىركىن يولى ئارقىلىق تۈبۈتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلغۇچى قوشۇنغا ياندىش بوغ قىلىپ تەيىنلىگەن. يوڭچاڭ 1 ـ يىلى (مىلادىيە 689 ـ يىلى)، ۋۇزېتيەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەت نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دۆلەت نامىنى جوغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى ئۇلۇغ جوڭنىڭ خانى دەپ ئاتىغان ھەمدە ئارساكقا قىلىنغان ئۇرۇشنىڭ زەپەر تەنتەنىسىنى يېڭى سەلتەنەتكە سوۋغا قىلماقچى بولغان. بۇ قېتىملىق يۈرۈش قىلىش ئىشلىرى ئۇزاققا سوزۇلغانلىقتىن، تۈبۈتلەر تولۇق تەييارلىق كۆرگەن، ئۇلار ئاۋۋال غەربىي يۇرتنىڭ خەزىنىلىرىنى قورۇقداپ، دۇنخۇاڭدا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا زەربە بەرمەكچى بولغان؛ يەنە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى ئالداپ ئىچكىرىلەپ كىرگۈزگەن، ۋېي دەيجيا قوملۇقتىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ، ئاقسۇ دەرياسىغا كەلگەندە چوڭ قار شىۋىرغانىغا دۇچ كېلىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر ئۈزۈلگەنلىكتىن، مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى تۆت قورغانى تۈبۈتلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ۋېي دەيجيا شيۇجۇ (ھازىرقى گۇاڭشى ئۆلكىسىدىكى گۈيپىڭ) غا سۈرگۈن قىلىنغان، ئۇنىڭغۇ ئۆلتۈرۈلگەن. غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى تاڭ شيۇجىڭ قالغانلارنى يىغىپ يارغول (ھازىرقى تۇرپان) نى ساقلىغانلىقتىن، يارغول تۇتۇقلۇقىغا قويۇلغان.

**قورۇمغا يۈرۈش قىلىش** تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەردىن ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغانغا جازا يۈرۈشى قىلىش مۇھارىبىيە ھەرىكىتى. جېنگۇەن 21 ـ يىلى (مىلادىيە 647 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا تاڭ قوشۇن تارتىپ غەربىي تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. سول قول شىرمەت چەۋەندازلار ئۇلۇغ جاڭجۈنى ئاشىنا شىرنى قورۇمغا يۈرۈش قىلغۇچى باش بوغ، سول قول شىرمەت چەۋەندازلار ئۇلۇغ جاڭجۈنى قاپىش ئالپ، ئالتۇن جۇلالىق كېڭەش بېگى، غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى گو شياۋكې، تېرىقچىلىق بېگى، چىڭخې ۋىلايىتى بېگى ياڭ خوڭلى قاتارلىقلارنى ياندىش بوغ قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارنى تۆلۈسلەر، تۈركلەر، تۈبۈتلەر ۋە تۇيغۇنلارنىڭ چېرىكلىرى ھەمدە تاڭ سۇلالىسىگە يېقىنغان غەربىي تۈرك سەركەردىسى ئاشىنا ئالپىنىڭ قەبىلىسى بىلەن تەڭ ئاتلاندۇرغان. ئۇلار چىگىللەرنى يېڭىپ، قاراشەھەرنى ئېلىپ، كۆسەنگە يېقىنغان قاراشەھەر خانى سىرپا ئاناچىنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالغان، كۆسەن ئۇلۇغ سانغۇنى كەرتەننى مەغلۇپ قىلغان، خان شەھىرىنى ئىگىلەپ، بارخان (ھازىرقى ئاقسۇ) نى قورشاۋغا ئالغان، غەربىي تۈركلەرنىڭ ياردەمچى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، كۆسەن خانى ئەلباشى بەگ، كۆسەن ۋەزىرى نار، كۆسەن ئۇلۇغ جاڭجۈنى كەرتەن قاتارلىقلارنى ئەسىرگە ئېلىپ تاڭ سۇلالىسىغا بېقىندۇرغان. بۇ چاغدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ

تەسىر دائىرىسى كۇسەن، سۇللاغ (ھازىرقى قەشقەر) گىچە كېڭەيگەن ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) نى بېقىندۇرغان. بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشىنىڭ ئاپىدىسى بولۇپ قالغان.

**شۈەنزاڭنىڭ غەربىي يۇرتقا بېرىپ نوم تەھسىل قىلىشى** تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ راھىبى ئۈچ ئاغىلىق ھەزرەت شۈەنزاڭنىڭ بۇددا دىنىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، نومنىڭ خاتا تەرجىمىلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ھىندىستانغا بېرىپ نوم تەھسىل قىلماقچى بولغان. جېنگۇەن 1 - يىلى (مىلادىيە 627 - يىلى)، شۈەنزاڭ ئوردىدىن ھەمراھلىرى بىلەن غەربىي يۇرتقا بېرىپ نوم تەھسىل قىلىشنى تەلەپ قىلغان، ئىلتىماسى تەستىقلانمىغانلىقتىن، ئۆزى ئوغرىلىقچە ئەنتەككە سەپەرگە ئاتلانغان. ئۇ چاڭئەن (ھازىرقى شەنشىدىكى شىئەن) دىن يولغا چىقىپ، چىنجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى تيەنشۈي)، لەنجۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ لياڭجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى ۋۇۋېي) غا كېلىپ، ئىۋىرغول (ھازىرقى قومۇل) غا يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانى چۈرۈبىنتاي ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، يول - يوللاردا جاجاڭ قۇرۇپ ئۇنى كۈتكەن. ئۇ ئەسلىدە تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ قاغانبۇت شەھىرى (ھازىرقى جىمسار) ئارقىلىق غەربكە بارماقچى بولغان، لېكىن سەمىمىي، دوستانە كۈتۈۋېلىشلەرنى رەت قىلالماي، قوچو ئوردو كەنتى (ھازىرقى تۇرپان شەھىرىدىكى قوچو قەدىمىي شەھىرى) دە بىر ئايدىن ئارتۇق نوم توپلىغان. سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا، چۈرۈبىنتاي يول بويى كېرەك بولىدىغان كىيىم - كېچەك، ئاتلارنى ھازىرلاپ بەرگەندىن سىرت، 100 سەر ئالتۇن، 30 مىڭ ئاقچا سوۋغا قىلغان، بۇ نەرسىلەر بېرىپ - كېلىشتىكى 20 يىللىق خەج - خىراجىتىگە يېتەتتى؛ يەنە غەربىي تۈرك يابغۇسىنىڭ يول بويى ئېتىبار بېرىشى ۋە چېگرادىن ئۆزىتىپ قويۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 500 توپ شايى دۇردۇن، ئىككى ھارۋا مېۋە - چېۋىلەرنى ئەۋەتكەن. قوچودىن قاراشەھەر ئارقىلىق كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) غا بارغۇچە، شۇ جايلاردىكى ئۇلۇغ راھىبلار بىلەن بۇددىزم قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلغان. غەربكە يەنە سەپەر قىلىپ بالۇكا ئېلى (ھازىرقى ئاقسۇ) دىن ئۆتۈپ، بەدەلئارت (غەربىي تەڭرىتاغنىڭ ئېغىزى، بەزىلەر بەدەلئارت دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تاغ ئېغىزى دەپ قارايدۇ) ئارقىلىق مېڭىپ ئىسسىقكۆل (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى ئىسسىقكۆل) دىن ئېشىپ، توخارىستان (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى) لارنى بېسىپ ئۆتۈپ كەشمىر ئارقىلىق شىمالىي ھىندىستان چېگرىسىغا كىرگەن. شۈەنزاڭ ھىندىستاندا بۇددا مۇقەددەس جايلىرىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا، داڭلىق ئاچارىلارنى زىيارەت قىلغان، بۇددىزم قائىدىلىرىنى تەھسىل قىلغان، ئۇنىڭ نامى بەش ئەنتەككىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. تاڭ تەيزۇڭ جېنگۇەن 17 - يىلى، شۈەنزاڭ 657 پارچە نومنى ئېلىپ قايتىشىدا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ۋاخان (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە) دىن ئۆتۈپ، كاۋانتا (ھازىرقى تاشقورغان)، قەشقەر ئارقىلىق، جېنگۇەن 18 - يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) گە كەلگەندە، ئۇدۇن خانى ئوردو كەنتىدىن 100 چاقىرىمچە ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالغان. يولدا قاراقچىلارغا يولۇققانلىقتىن، ئۇدۇندە ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ، راھىبلارغا نوم توپلىغان ھەمدە قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن نوملىرىنى ئىزدىشىپ بېرىشكە ئادەم ئەۋەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا غەربىي يۇرت سەپىرىنىڭ جەريانىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن مەكتۇپ ئەۋەتكەن. تاڭ تەيزۇڭ شۈەنزاڭنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشى توغرىسىدا يارلىق ئەۋەتكەن. شۈەنزاڭ يولغا چىقىش ئالدىدا، ئۇدۇن خانى نۇرغۇن مال - دۇنيالارنى سوۋغا قىلغان. چەرچەن، پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق ئەتراپىدا) خانلىرى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى يول بويى قوغداپ ئۆزىتىپ قويغان. جېنگۇەن 19 - يىلى 1 - ئايدا، شۈەنزاڭ چاڭئەنگە يېتىپ بارغان ھەمدە سەپەر جەريانىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى توپلاپ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىققان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان رومان «غەربكە ساياھەت» شۈەنزاڭنىڭ غەربىي يۇرتقا بېرىپ نوم تەھسىل قىلىش پائالىيىتى ئاساسىدا يېزىپ تەييارلانغان.

**ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى** 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۇيغۇر قوۋمىلىرى كۆچۈشكە باشلىغان. ئۇگە قاغان 13 قەبىلىسىنى باشلاپ جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسى چېگراسىدىكى رايونغا بارغان، كېيىن شىۋىرلارغا بېقىنغان. قىرغىزلار شىۋىرلارنى بېقىندۇرۇپ، قىسمەن ئۇيغۇرلارنى باشلاپ شىمالىي دەشتكە كەتكەن. قالغان كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار غەربتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كۆچكەن. دېمەك، بىر قىسمى تىبەتكە كەتكەن، ئەمەلىيەتتە ئۆبۇتلەر باش-

قورۇش دائىرىسىدىكى گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى
جاڭيې) قاتارلىق جايلارغا كەلگەن. ئەتراپتىكى ھەرقاي-
سى ئارماقلار، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ گەنجۇ ئۇيغۇر ھا-
كىمىيىتىنى قۇرۇپ، غەربتە بۇگۇنكى قومۇلنى تىز-
گىنلىگەن. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار سابچى (ساۋچى)
مەڭلىك تېگىن قاتارلىقلار 15 قەبىلىنىڭ تەخمىنەن
200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، ئۇيغۇرىيە يولى
بىلەن غەربكە، يەنى شىمالىي دەشتتىن ئالتاي تېغىدىن
ئېشىپ جەنۇبقا ئۆتۈپ، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار)
قا كەلگەن؛ يەنە تەڭرىتاغدىن ئېشىپ جەنۇبقا ئۆتۈپ،
قارا شەھەرنى ئېلىپ، يەنە كۇچا، قوچو ئەتراپىنى
ئىگىلىگەن. دەسلەپتە مەڭلىك تېگىن ئۆزىنى يابغۇ دەپ
ئاتىغان؛ داجوڭ 2- يىلى (مىلادىيە 848- يىلى)،
ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ، كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەر-
كەردىسى بولغان. شيەنتوڭ 7 - يىلى (مىلادىيە 866-
يىلى). بېشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۆكۈچىن (بۇگۇ-
چىن) قوچونى بېقىندۇرغاندىن كېيىن، يەنە كۇچا،
قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، قوچو ئۇيغۇر
ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. يەنە بىر قىسمى بېشبالىق ئار-
قىلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈپ،
پامىرنىڭ غەربىدىن ئۆتۈپ قارلۇقلار يۇرتىغا، يەنى
يەتتىسۇ رايونى (ھازىرقى قازاقىستاندىكى بالقاش كۆلى-
نىڭ جەنۇبى) غا كەلگەن، ئۇلار غەربىي پامىر ئۇيغۇر-
لىرى دەپ ئاتالغان. كېيىن بالاساغۇن (ھازىرقى قىر-
غىزىستاندىكى توقماق) بىلەن قەشقەرنى مەركەز قى-
لىپ، قارلۇق، ياغما، چىگىللار بىلەن بىرلىشىپ،
قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان. غەربكە كۆچۈش ئۇي-
غۇرلار تارىخىدىكى چوڭ ۋەقە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەھمى-
يىتى ناھايىتى چوڭ بولغان. تارىخىي ماتېرىياللار چۇ-
ۋالچاق، كەمتۈك ۋە ئاددىي بولغانلىقتىن، تەتقىقاتچىلا-
رنىڭ تارىخىي پاكىتقا بولغان قاراشلىرىمۇ ئوخشاش
ئەمەس.

**تورغات موڭغۇللىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى**
ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى تورغات قەبىلىسىنىڭ مىڭ
چاقىرىمچە مۇساپىنى بېسىپ شەرققە كۆچۈپ كەلگەن-
لىك ئۇلۇغ ھەرىكىتى. چيەنلوڭ 35 - يىلى 11 -
ئاينىڭ 20 - كۈنى (مىلادىيە 1771- يىلى 1 - ئاينىڭ
5 - كۈنى)، تورغات قەبىلىسىنىڭ خانى ئۇباش خان
چار روسىيە پادىشاھىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت زۇلمىدىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قەبىلىسىدىكى 33 مىڭدىن ئارتۇق
تۈتۈن، 169 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈپ، جۇڭگوغا قايتىپ كېلىش سەپىرىنى باشلى-
غان. ئۇلار ئورال دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، روسىيە
قوشۇنىنىڭ كەينىدىن قوغلىشى ۋە قازاق، قىرغىزلار-
نىڭ توسۇپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا قارىماي، جۇڭگو-
نىڭ غەربىدىكى كاتتا دېڭىز (ھازىرقى قازاقىستان تەۋە-
سىدىكى بالقاش كۆلى) بويىغا كەلگەن. بۇ يەرگە كې-
لىپ ئىككى ئارماققا بۆلۈنگەن: بىر ئارمىقى كۆلنىڭ
غەربىدىكى گوبىنى بويلاپ جەنۇبتىن شەرققە قاراپ مې-
ڭىپ، چيەنلوڭ 36 - يىلى يازدا ئىلى دەرياسىنىڭ
ئارمىقى چارىن دەرياسى بويىغا كېلىپ، ئالدىغا چىققان
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقان؛ يەنە بىر
ئارمىقى كۆلنىڭ شىمالىنى بويلاپ شەرققە قاراپ مې-
ڭىپ ئىلىغا كەلگەن. بۇ قېتىمقى شەرققە مېڭىش سە-
پىرى سەككىز ئاي داۋاملاشقان، مۇساپىسى 1000 چا-
قىرىمغا يەتكەن. ئادەملەرنىڭ يېرىمى ئۆلگەن، چارۋى-
لارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىلىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، گەنسۇ، ئىچكى
موڭغۇل قاتارلىق جايلاردىن دەرھال 200 مىڭدىن ئار-
تۇق تۇياق قوي، ئات، 40 مىڭ دەندىن ئارتۇق گۇ-
رۈچ، بۇغداي، 20 مىڭ كېسەكتىن ئارتۇق چاي، 50
مىڭدىن ئارتۇق قوي تېرىسى، 60 مىڭ تۇپتىن ئارتۇق
پاختا رەخت، 60 مىڭ جىڭغا يېقىن پاختا ھەمدە نۇر-
غۇن چېدىرلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن؛ شۇنىڭ بىلەن مۇۋا-
پىق ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسىنى مەسلىھەتلىشىپ بې-
كىتكەن. چېڭدې (ھازىرقى خېبېي تەۋەسىدە) دا ئۇ-
باش خان قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇ-
لارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تارتۇقلىغان. ئۇنىڭدىن
باشقا «ئۇناغىن سۇجۇقتۇ كونا تورغات قەبىلىسىنىڭ
چورۇقتۇ خانى» دېگەن ئۇنۋانى بەرگەن، ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكىلەر ئۇلۇڭ، تۆۋەن، سول، يۇقىرى دەپ تۆت
قاناتقا بۆلگەن ۋە ئۇلارنى كور قارائۇسۇ (ھازىرقى شى-
خو)، يۇلتۇز، دىنغابالىق (ھازىرقى جىڭ ناھىيىسى)،
قوبۇقسارلاردا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان؛
سەرەڭ چىنسە تەيجىلتۇنى يېڭى تورغات قەبىلىسىنىڭ
بېيرىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئايماق بەگلىكىگە، قوبدۇ
(ھازىرقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە) دا چارۋىچىلىق قىل-
غان؛ گۈنگىر باچىسە تەيجىلتۇنى خوشۇت قەبىلىسىنىڭ
تۇشەتۇ بىلىكتەلىكىگە قويۇپ، باغراش كۆلىنىڭ شىما-
لىدا چارۋىچىلىق قىلىشىغا ئورۇنلاشتۇرغان. چيەنلوڭ
40 - يىلى ئايماق، قوشۇن تۈزۈلۈشى يولغا قويۇلغان-
دا، جەمئىي 6 ئايماق، 16 قوشۇنغا بۆلۈنۈپ، ھەرقاي-
سى جايلاردىكى جاڭجۈن، خان ئامبال، ئاغلاقچى ئام-
باللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

**قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭى** قايدۇ (؟- 1301)

ئۆگەداينىڭ نەۋرىسى؛ دۇۋا (؟ ـ 1308) چاغاتاينىڭ ئەۋرىسى بۇراقنىڭ ئوغلى. ئارىق بۆكە توپىلىڭى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قايدۇ خانلىق ئورنى ئۆگەداينىڭ ئەۋلادىغا تەئەللۇق بولۇشنى باھانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى قايالىق (ھازىرقى قازاقىستاندىكى تالدىقورغاننىڭ شەرقى) نى بازا قىلىپ، تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، ئۆگەداي ئەۋلادىدىن بولغان خانلارنىڭ سەركەردىسى بولغان. قۇبلاي خاننىڭ جىيۈەن 6ـ يىلى (مىلادىيە 1269 ـ يىلى)، قايدۇ ئۆگەداي ئەۋلادىدىن، چاغاتاي ئەۋلادىدىن، جوچى ئەۋلادىدىن بولغان خانلار بىلەن تالاس (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى تالاس) تا ئىتتىپاق تۈزگەن ھەمدە ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنىڭ خوجىسى بولۇپ قۇبلاي ۋە ئىلخانىيە بىلەن قارشىلاشقان. 8 ـ يىلى، قۇبلاي دۆلەت نامىنى يۈەن قىلىپ بېكىتكەن. قايدۇ چاغاتاي خانى بۇراقنىڭ ئىلخانىيە ئۇلۇسىغا بېسىپ كىرىشىنى قوللىغان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە چاغاتاينىڭ ئەۋلادى نەگۈبەي، بۇقا تۆمۈر ۋە دۇۋانى ئىلگىرى ـ كېيىن چاغاتاي خانلىققا تىكلىگەن ھەمدە ھەر يىلى قوشۇن تارتىپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق رايونلىرىغا بېسىپ كىرگەن. جىيۈەن 24 ـ يىلى، سول قول خانلاردىن ئوتچىگىننىڭ ئەۋلادى نايان، قاساردىن كېيىنكى خان شىدۇر، قاچىغۇندىن كېيىنكى خان شۇڭقار ۋە قادان خان قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ قوزغىغان. جىيۈەن 26 ـ يىلى، قارا قورۇم (ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى قارا قورۇم) نى بىر يولىلا ئىگىلىگەن. جىيۈەن يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى توپىلاڭچى قوشۇنغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، كامان (ھازىرقى روسىيىدىكى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) دەرياسى ۋادىسىغىچە بېسىپ كىرىپ، قايدۇنى ئىبىر سىبىر (ھازىرقى روسىيىدىكى ئوب دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى) غىچە سۈرۈپ بارغان. دادې 5 ـ يىلى (301ـ يىلى)، يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قارا قورۇم قورۇل چېرىكلىرى قايدۇ، دۇۋا قوشۇنى بىلەن ئالتۇنتاغدىكى تەكەلكۇ تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلۈكى) ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلغان. دۇۋا يارىلانغان، قايدۇ ئۇرۇشتىن كېيىن قايتىش يولىدا ئۆلگەن، ئاساسىي خانلارنىڭ ئەمەلىي كۈچىمۇ ئاجىزلاشقان. دادې 8 ـ يىلى، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاغاتاي، ئۆگەداي ئۇلۇسلىرى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن قايدۇ، دۇۋا توپىلىڭى ئاخىرلاشقان.

**جۇڭغارلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش** چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئۇرۇشلارنىڭ ئومۇمىي نامى. كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ ئۈچ سۇلالە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇش ئۈچۈن، تەپرىقچىلىق قىلىپ، دەۋران سۈرۈۋاتقان جۇڭغارلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش قىلغان، جۈملىدىن بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئىچىدە يەتتە قېتىم چوڭ ئۇرۇش بولغان.

ئۇلان بۇتۇن ئۇرۇشى كاڭشى 27 ـ يىلى (مىلادىيە 1688 ـ يىلى)، جۇڭغارلاردىن غالدان قالقانىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ۋە چار روسىيىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن، قالقا دىنىي ئاقساقال قابزۇن دامبە ئىككى يىل ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا دالاي لاما (5 ـ دالاي، ئۇ بۇ چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن) نىڭ ئەلچىسىگە بىھۆرمەتلىك قىلغان دېگەننى باھانە قىلىپ، 30 مىڭ چېرىكنى باشلاپ قالقا موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئاستانىگە 700 چاقىرىم كېلىدىغان ئۇلان بۇتۇن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى كېشىكتېڭ قوشۇنىنىڭ تەۋەسىدە) غىچە بېسىپ كىرگەن. كاڭشى قوشۇن تارتىپ قارشى ھۇجۇمغا ئاتلانغان، 32ـ يىلى 8 ـ ئايدا، غالداننىڭ 30 مىڭ تۆگە بىلەن قورغان تۆگە ئىستىھكامى بىت ـ چىت بولغان، غالدان نەچچە مىڭ ئادىمى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ قوبدۇ (ھازىرقى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە) غا چېكىنگەن.

زۇن مودۇن ئۇرۇشى كاڭشى 34 ـ يىلى يازدا، غالدان 30 مىڭ چېرىك توپلاپ كورۇلۇن دەرياسى بويىغا كەلگەن. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، چىڭ سۇلالىسى 100 مىڭ چېرىكنى سول قول، ئوتتۇرا، ئوڭ قولدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرغان. يازدا فىيانغۇ ئوڭ قول چېرىكلەرنى باشلاپ زۇن مودۇن (توپ تال دېگەن مەنىدە. ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئۇلان باتورنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى زۇن مودۇن دېگەن جاي) دا غالداننىڭ غول كۈچى بىلەن تۇتۇشقان، غالدان مەغلۇپ بولۇپ چېرىكلىرى بىلەن كۆنپېيتىشكە قاچقان. 36 ـ يىلى ئەتىيازدا، كاڭشى نىڭشيادىن چېرىكلەرنى ئەۋەتىپ زەربە بەرگەن. غالدان مەغلۇپ بولۇپ، كەبىسە 3 ـ ئايدا كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

تىبەت ئۇرۇشى كاڭشى 55 ـ يىلى، غالداندىن كېيىنكى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانى سەۋاڭ رابدان چوڭ سەرەڭ دوندۇبنى 6000 چېرىك بىلەن تىبەتكە ئاتلاندۇرغان. ئىككى يىلى لىخاسانى ئىگىلەپ، خوشۇتنىڭ

لاتساڭ خاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 59 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، كاڭشى 14 ـ شاھزادىسى يۈنتىنى يىراققا مەدەت بەرگۈچى ئۇلۇغ سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، چېرىكلەرنى باشلاپ كۆكنۇر (ھازىرقى چىڭخەي)، سىچۈەندىن ئىبارەت ئىككى يول ئارقىلىق تىبەتكە كىرىشكە ئاتلاندۇرغان.

خوتۇنتۇر ئۇرۇشى يوڭجېڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1727 ـ يىلى)، سەۋاڭ رابدان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى غالدان سەرەڭ تەختكە چىققان. يوڭجېڭ ئۇنىڭدىن كۆكنۇردىن قېچىپ كەلگەن لوبساڭ دەنزىننى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا جاۋاب بەرمىگەن. 7 ـ يىلى ئەتىيازدا، فۇلداننى غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ جاڭجۈن قىلىپ چېرىكلىرى بىلەن ئالتاينى ئىگىلەشكە، يۆ جۇڭچىنى يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى ئۇلۇغ جاڭجۈن قىلىپ چېرىكلىرى بىلەن باركۆلنى ئىگىلەشكە ئەۋەتكەن. 9 ـ يىلى، غالدان سەرەڭ 30 مىڭ چېرىك چىقىرىپ، ئاۋۋال يالغاندىن تەسلىم بولۇشقا ئەلچى ئەۋەتىپ، فۇلداننى خوتۇنتۇرغا ئالداپ ئەكەلگەن، ئۆت ئەرەپتىن قورشاپ كەلگەن يۈكتۇرمە چېرىكلەرنىڭ ئارىسىدا قالغان چىڭ قوشۇنلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن، ئاران قالغان 2000 ئادەملا قوبدۇغا چېكىنەلىگەن.

ئېردەن جاۋ ئۇرۇشى يوڭجېڭ 10 ـ يىلى، غالدان سەرەڭ غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، كىچىك سەرەڭ غوندۇبنى 30 مىڭ چېرىك باشلاپ كۆرۈلۈن دەرياسىغا ئاتلاندۇرغان، ئۆزىمۇ ئارقىدىنلا چېرىك باشلاپ ئاتلانغان. چىڭ سۇلالىسى جاڭجۈنى تادەي، سايان نويان ئىنانچىخانى خوشۇئى سەرەڭ باشلىغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئېردەن جاۋ (گۇاڭشېيەن بۇتخانىسى) دا جىددىي ئۇرۇش قىلغان، جوڭغار قوشۇنى قالدۇق ئادەملىرى بىلەن مۇھاسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغان.

ئىلىغا يۈرۈش قىلىش چيەنلوڭ 10 ـ يىلى (مىلادىيە 1745 ـ يىلى)، غالدان سەرەڭ ئۆلگەن، جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئون يىلغىچە ئىچكى توقۇنۇش يۈز بەرگەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چيەنلوڭ 20 ـ يىلى ئىككى يول بويىچە ئىلىغا يۈرۈش قىلغان، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شىمالىي يول، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى جاڭجۈن بەندى، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوتتۇرانچى سانغۇن باغىبەندى؛ جەنۇبىي يول، ئەنشى سانغۇن يوڭچاڭ، ئەنشى ئوتتۇرانچى سانغۇن سالارنىڭ باشچىلىقىدا بورتالا دەرياسى بويىدا ئۇچراشقان. جوڭغار سەركەردىسى داۋاچى قارشىلاشماي، گېردىن تېغى (ھازىرقى موڭغۇلكۈرە تەۋەسىدە) دىن قاچقاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كېچىدە زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ چىققان. ئۇ تەڭرىتاغدىن ئېشىپ ئۇچ (ھازىرقى ئۇچتۇرپان) قا بارغاندا، ئۇيغۇر ھاكىمبېگى خوجىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئاپىرىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىلى دەسلەپكى قەدەمدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان.

ئامۇرسەنا توپىلىڭىنىڭ تىنچىتىلىشى ئامۇرسەنا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى پەش قىلىپ ئويرات تۆت قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغ خانى بولۇش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقتىن، چيەنلوڭ 10 ـ يىلى، يارلىق بويىچە رېخېغا ئاتلىنىش سەپىرىدە ئۇلۇنغول دەرياسى بويىدا توپىلاڭ كۆتۈرگەن. ئۇ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قازاق دالاسىغا (ھازىرقى قازاقىستان) قېچىپ كەتكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بورتالاغا كېلىپ ئۇرۇش ئوتىنى قايتا تۇتاشتۇرغان. چيەنلوڭنىڭ 22 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىككى يول بويىچە ھۇجۇمغا ئاتلانغان، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول ئوتتۇرانچى جاڭجۈن جاۋخۇي قازاق دالاسىغا چېگرىسىغىچە قوغلاپ بارغان. ئامۇرسەنا روسىيىگە قېچىپ كەتكەن، كېيىن ئۇ يەردە چېچەك چىقىپ بولۇپ ئۆلگەن.



چىڭ سۇلالىسى زامانىدىكى بىرەيلەن سىزغان «جوڭغار توپىلىڭىنى تىنچىتىش رەسىملىرى»

**چولاق، كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنىڭ تىنچىتىلىشى** چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشى. چيەنلۇڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى داۋاچى ئۈستىدىن جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئىلىنى بېسىۋالغان. جۇڭغارلارنىڭ فېئودال كۆچمەن چارۋىچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇتقۇنلىقىدا ياشاۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئاق تاغلىق تۇرغاق خوجىلار — خوجا بۇرھانىدىن، خوجا جاھان ئاكا - ئۇكا ئىككىسى چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى خوجا جاھاننى ئىلىدا تۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ چىقىلغان يانچىلارنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇغان؛ بۇرھانىدىننى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ خەلقنى ئۆزىنى باشقۇرۇشقا بۇيرىغان. ھالبۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلار ۋە دەھرىي فېئوداللار ئۇنى ئانچە قارشى ئالمىغان. ئامۇرسەنا توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، خوجا جاھان ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئامۇرسەنانى جازالىماقچى بولغاندا، خوجا جاھان قورقۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنى يوشۇرۇن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، ئۆزىنى باتۇرخان دەپ ئاتىغان. ئۇ ئاكىسىغا دەسلەپتە مانجۇلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرايلى دەپ نەسىھەت قىلغان، كېيىن ئۇنى تەھدىت ئاستىدا بويسۇندۇرغان، چيەنلۇڭ 22 - يىلى 3 - ئايدا دالالەت قىلغىلى بارغان ئوتتۇرانچى يانداش دۇتۇن ئاسىنتۇ ۋە ئۇنىڭ باشلاپ بارغان 100 نەچچە سەركەردە - چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەمدە بەگ، ئاخۇنلارنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قىستىغان. كۇچا ھاكىمبېگى ئوداي خوجا ئۇنىڭغا بېقىنماي ئىلىغا كەتكەندە، ئۇنىڭ ئائىلىدىكىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئامۇرسەنا توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چولاق، كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتكەن. چيەنلۇڭ 23 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئاسىيلارنى تىنچلاندۇرغۇچى جاڭجۈن يارغاشان تۇرپان ئىناپچىخانى ئىمىن خوجا قاتارلىقلارنى مەسلىھەتچى ئامبال، ئوداي خوجىنى ئالغىنچى قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئون نەچچە مىڭ چېرىكىنى باشلاپ تۇرپاندىن غەربكە ئىلگىرىلىگەن، 5 - ئايدا كۇچانى قورشاۋغا ئالغان. يارغاشان ئوداي خوجىنىڭ گېپىگە قولاق سالماي، خوجا جاھاننى قاچۇرۇپ قويغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يارغاشاننىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، جاۋ خۈيىنى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى جاڭجۈن قىلىپ چېرىكلەر بىلەن ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرغان.

خوجا جاھان ئاقسۇغا قېچىپ بارغاندا، ئاقسۇ ئاقساقىلى قوۋۇقنى ئېتىۋېلىپ ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزگىلى قويمىغان ۋە جاۋخۈيغا بېقىنغان. خوجا جاھان يەنە ئۇچ (ھازىرقى ئۇچتۇرپان) غا بارغاندا، يەنە رەت قىلىنغان؛ ئاندىن قەشقەر ۋە يەكەنلەرگە قېچىپ بارغان، چولاق - كىچىك ئىككى خوجىنىڭ ھەرقايسى شەھەرنى ساقلاپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. كۈزدە، جاۋخۈي ئۇچ ھاكىمبېگى خوجەسىنىڭ تەكلىپى بويىچە، 3000 چېرىكنى باشلاپ يەكەننى ئالغان، ئوداي خوجىنى سەركەردە - چېرىكلەرنى باشلاپ خوتەننى بېقىندۇرۇشقا بۇيرۇغان. چولاق - كىچىك ئىككى خوجا جاۋخۈينى يەكەننىڭ جەنۇبىدىكى قاراسۇدا قورشاۋغا ئېلىۋالغان. چيەنلۇڭ 24 - يىلىنىڭ بېشىدا، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قول ئوتتۇرانچى جاڭجۈن فۇدې يېتىپ كېلىپ، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن قىستاپ قورشاۋنى بۆسۈپ، ئاقسۇغا قايتقان. 6 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنگەن، جاۋخۈي ئۇچتىن قەشقەرنى ئېلىشقا ئاتلانغان، فۇدې خوتەندىن يەكەننى ئېلىشقا ئاتلانغان. خوجا جاھان جەمەتىدىن بولغان ھەربىي خوجا — ھۇسەيىن خوجا («بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇسۇلمان تۆرىلەر» گە قاراڭ) قاتارلىقلار قىرغىزلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنى باشلاپ، ئارقا تەرەپتىن ئىككى خوجا توپىلىڭىغا زەربە بەرگەن. بۇرھانىدىن قارشىلاشماي تەسلىم بولغان، خوجا جاھان تەسلىم بولماي، كەبىسە 6 - ئايدا ئات - ئۇلاغ، ئېرىنچماللارنى ئېلىپ چېگرا تەرەپكە قاچقان. 7 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى ياشىل كۆل (ھازىرقى تاجىكىستان تەۋەسىدە) غىچە قوغلاپ بارغان. يەزەك بەگ خوجەسى، ئوداي خوجا ئۇنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان، بۇنى ئاڭلاپ قورققان نەچچە مىڭ ئاما تاغدىن چۈشۈپ ئۇلارغا بېقىنغان. خوجا جاھان تەسلىم بولماي، ئاكىسى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى باشلاپ بەدەخشان (ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا) غا قېچىپ بارغاندا بەدەخشان ئەمىرى مۇزەپپەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خاتىرە ئۈچۈن «مۇ-

سۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش خاتىرىسى ئۈچۈن ئويدۇرغان «ياشىل كۆل ئابىدىسى» نى تىكلىگەن.

**بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق سەككىز مۇسۇلمان تۆرىسى** بېيجىڭغا تۇرغاقلىققا ئاپىرىلغان شىنجاڭ ئاقسۆڭەكلىرى. مۇسۇلمانلار يۇرتى، يەنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتىلىشى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ 25 - يىلى (مىلادىيە 1760- يىلى)، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى خىزمىتى بويىچە تارتۇقلاپ، ھەرقايسىلىرىغا مەرتىۋە بەرگەن. ئۇلار جەمئىي سەككىز تۈتۈن، 35 ئادەم بولۇپ، يارلىق بويىچە بېيجىڭدا تۇرغاقلىقتا تۇتۇپ تۇرۇلغان ھەمدە موڭغۇللارنىڭ سېرىق جىيەكلىك تۇغلۇق قوشۇنى بىلەن ئاق جىيەكلىك تۇغلۇق قوشۇنىغا قارىغان، جۈملىدىن ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجا ئەۋلادىدىن بەش تۈتۈن: ھۈسەيىن خوجا، ئىنىسى پەرسا خوجا، ئاكىسىنىڭ ئوغلى مەھمۇت خوجا، ئۈچىنچى ئاكىسىنىڭ ئوغلى تۇردى خوجا، شەرەم جىيەنى ئابدۇراھمان خوجا. ئۇلار چوڭ، كىچىك خوجىلار بۇرھانىدىن ۋە خوجا جاھان بىلەن بىر ئاتا - بوۋا، باشقا ئۇرۇقتىن بولغان خوجىلار ئىدى. چيەنلۇڭ 22 - يىلى، ئۇرۇقىدىكى خوجا جاھان قاتارلىقلارنىڭ توپىلىڭىغا قارشى تۇرغان ھەمدە قىرغىز چارۋىچىلىق رايونىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇن تارتىپ توپىلاڭنى تىنچىتقاندا چېرىكلەرنى باشلاپ قەشقەر ۋە يېڭىسارىدىكى توپىلاڭچى قوشۇننىڭ ئارقا يوللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، قورشاۋدا قالغان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەگ ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەيجى دېگەن ئۇتۇغات بېرىلگەن. چاغاتاي خان ئەۋلادىدىن ئىككى تۈتۈن: ئاكا- ئۇكا مەنسۇر خوجا ۋە قاسىم خوجا ئىدى. ئۇلار تۇرپاندىن بولۇپ، كاڭشى 59- يىلى(1720- يىلى)، چىڭ سۇلالىسى قوشۇن تارتىپ جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئات- تۆگىلەرنى تەقدىم قىلغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، جۇڭغارلار ئۇلارنى قاماپ قويغان. چيەنلۇڭ 20 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلىغا كەلگەندە، ئۇلارغا بېقىنىپ خىزمەت قىلغانلىقتىن، تايىنغۇر بەگ ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى دېگەن ناملار بېرىلگەن. دەھرىي بەگدىن بىر تۈتۈن: ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجەسى. ئۇ داۋاچىنى تۇتۇش، خوجا جاھاننى قوغلاپ تۇتۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، بېلە دېگەن ئۇتۇغات بېرىلگەن.

**ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى** فېئوداللىق ئالۋاڭ - ھاشارلارغا قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭ. چيەنلۇڭ 30- يىلى (1765 - يىلى) 2 - ئايدا، ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىڭ، ھاكىمبەگ ئابدۇللا، رەھمەتۇللا بەگ (؟~1765) نى 240 ئادەمنى باشلاپ جىگدە كۆچەتلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇغان، ئۇ قايسى جايغا ئاپىرىدىغانلىقنى ئۇقالماي، ئۇلاردىن سورىسا ئەيىبلەنگەن، ئۇنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - بالا سۇچىڭ ۋە ئابدۇللالار ئۆز مەيلىچە باشباشتاقلىق قىلىپ يۈرگەن ھەمدە ئاستىدىكىلەرنىڭ خەلققە خالىغانچە زۇلۇم سېلىپ بوزەك قىلىشىغا يول قويغان، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئامما خېلىغىچە كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن. سۇچىڭدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن رەھمەتۇللا بەگ ھاشارچىلار بىلەن خۇپىيانە مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئابدۇللانى قاماپ قويۇپ، ئائىلىدىكىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن خان ئامبال سۇچىڭنىڭ يامۇلىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بالىسى ۋە غۇلام- دېدەكلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، سۇچىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. قوزغىلاڭچىلار ئۇچتۇرپان شەھىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، رەھمەتۇللا داھىيلىققا سايلانغان. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاقسۇ خان ئامبىلى بيەنتاغاي چېرىكلىرىنى باشلاپ كەلگەن، رەھمەتۇللا شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشقان. بيەنتاغاي شەھەرنى توپقا تۇتقان. بۇنىڭدىن غەزەپكە قوزغالغان قوزغىلاڭچى قوشۇن 400 كىشىدىن كۆپىيىپ 2600 كىشىگە ئۇلغايغان. كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئامبال ۋە ھاكىمبەگلەر ئىلگىرى- كېيىن چېرىكلىرىنى باشلاپ ئۇچتۇرپاننى قورشاۋغا ئالغان. قوزغىلاڭچىلار قىرىلىپ كەتكەن. رەھمەتۇللامۇ ئوق تېگىپ قازا قىلغان. 8 - ئايدا، قوزغىلاڭچى قوشۇندىكى سابىق شاڭبېگى سىيىت قاتارلىق كىشىلەر 40 نەچچە ئادەمنى تۇتۇپ ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇيغا ئاپىرىپ بەرگەن، قوزغىلاڭمۇ مەغلۇپ بولغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بيەنتاغاي قاتارلىق ئورغۇن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، سۇچىڭنىڭ جىنايىتىنى ئاش-

كاربىلغان، قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىرىنى دارغا ئاسقان، ئون نەچچە مىڭ خەلق ئاممىسى ئاق ئۆيلۈك قىلىنىپ ئىلىغا پالانغان. مىڭرۇي قاتارلىقلار قېچقالغان ئىشلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىغان؛ يەنى ئامبال بىلەن بەگلەرنىڭ كۆرۈشۈش يۇسۇنىنى بېكىتىش، ھاكىمبەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى بۆلۈۋېتىش، بەگلەرنىڭ خۇسۇسىي ھاشارغا سېلىش ئىشلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلار. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرغۇچى مەسلىھەتچى ئامبالنى قەشقەردىن ئۈچتۇرپانغا يۆتكەپ كەلگەن ھەمدە ئۈچتۇرپاندا تېرىقچىلىق قىلىشقا مەسئۇل قىلغان.

**شىنجاڭ ئەپيۇننى چەكلەش نىزامى** قائىدە ـ نىزام نامى. داۋگۇاڭ 19 ـ يىلى (1839 ـ يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «ئەپيۇننى قاتتىق چەكلەش نىزامنامىسى»نى تۈزۈپ پۈتۈن مەملىكەتكە تارقاتقان. شىنجاڭدا بىرئاز ئۆزگىرىش بولغان: شۇ يىلى، ئۈرۈمچىدە «يېڭى بېكىتىلگەن ماددىلار» تۈزۈلگەن؛ ئىككىنچى يىلى، ئىلىدا «ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن نىزامنامە»، جەنۇبىي شىنجاڭدا «مۇسۇلمانلار يۇرتىدا ئەپيۇننى قاتتىق چەكلەش نىزامنامىسى» (يەنە «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىدە ئەپيۇننى تەكشۈرۈش ۋە چەكلەش نىزامنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تۈزۈلگەن. ھەرقايسى نىزامنامىلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى: ئوغرىلىقچە يۆتكەپ كېلىنگەن ئەپيۇنلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىش؛ چېگرا بويلىرىدىكى قاراۋۇلخانىلار ئادەم ئاجرىتىپ قاتتىق تەكشۈرۈپ، چېگرا سىرتى (ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى) دىكىلەرنىڭ ئەپيۇن يۆتكەپ ئەكىرىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش؛ ئوغرىلىقچە ئەكىرگەنلەر تەكشۈرۈپ تۇتۇلغان ھامان، ماللىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزىنى قانۇن جازاسىغا تارتىش؛ ئەپيۇن تېرىغان، چەككەنلەرنى قاتتىق جازالاش؛ ئەپيۇننى قاتتىق تەكشۈرمىگەن ياكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغانلارنى جازالغا تارتىش؛ چېگرا تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مۇھىم قاتناش يوللىرىغا قاراۋۇلخانىلارنى قۇرۇپ تەكشۈرۈپ، ئىچكىرى جايلاردىكىلەرنىڭ ئەپيۇن يۆتكەپ ئەكىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. ھەرقايسى نىزامنامىلەر ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، ئەپيۇن يۆتكىگەن، تېرىغان ۋە چەككەن نۇرغۇن كىشىلەر تۇتۇلغان، تاپشۇرۇلغان 100 نەچچە مىڭ سەر ئەپيۇن شۇ جايدا ئاشكارا كۆيدۈرۈلگەن.

**خوجىلار يېغىلىقى** قوقەندتە تۇرۇپ قالغان شىنجاڭلىق ئىسلام دىنىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ پاراكەندە قىلىشى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بۇرھانىدىن، خوجا جاھانلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، بۇرھانىدىننىڭ ئوغلى سامساق خوجا قوقەندكە قېچىپ بېرىۋېلىپ، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىسلام يانچىلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەر ۋاقىت خام خىيال قىلىپ كەلگەن. قوقەندلىك ھۆكۈمرانلار شىنجاڭدىكى سودا مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئاردىن تېخىمۇ كۆپ قانۇنسىز ئىمتىيازغا ئېرىشمەكچى بولغان. ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا پايدىلىنىپ، نەچچە قېتىم خوجا ئەۋلادلىرى شىنجاڭغا كېلىپ پاراكەندىچىلىك قىلغان.

جىياچىڭ 25 ـ يىلى (1820 ـ يىلى) دىن باشلاپ، بۇرھانىدىننىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا قوقەند خانىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن تۆت قېتىم قاراۋۇلخانىلارغا ھۇجۇم قىلغان ياكى خەلقنى توپىلاڭ قوزغاشقا قۇتراتقان ۋە تەھدىت سالغان؛ داۋگۇاڭ 6 ـ يىلى (1826 ـ يىلى) ئۇ ئەنگلىيىگە قولچوماق بولۇپ، قوقەند چېرىكلىرىنى باشلاپ قەشقەر، يېڭىھىسار (ھازىرقى يېڭىسار)، يەكەن، خوتەندىن ئىبارەت تۆت شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، تالان ـ تاراج قىلغان. شۇ جاي خەلقلىرى كەينى ـ كەينىدىن قارشى چىققان، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ قوشۇن ئەۋەتىپ تىنچىتقان، شۇنىڭ بىلەن تۆت شەھەر بارا ـ بارا ئەمىن تاپقان. داۋگۇاڭ 7 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، جاھانگىر خوجا تۇتۇلغان. بۇ ئەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان «جاھانگىر خوجا يېغىلىقى» ئىدى. داۋگۇاڭ 10 ـ يىلى، جاھانگىر خوجىنىڭ ئاكىسى يۇسۇپ خوجىمۇ قوقەندلىك ھۆكۈمرانىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ياللانما چېرىكلەرنى باشلاپ قەشقەر، يېڭىھىسار، يەكەنلەرگە بېسىپ كىرگەن؛ شۇ يىلى 11 ـ ئايدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە، يۇسۇپ قورقۇپ شىنجاڭدىن قېچىپ كەتكەن، بۇ «يۇسۇپ خوجا يېغىلىقى» ئىدى. داۋگۇاڭ 27 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جاھانگىرنىڭ جىيەنى

كاتتا خان تۆرە بىلەن ۋەلىخان تۆرىنىڭ باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا قوقەندتىن ئاتۇشقا كېلىپ، شۇ جاي خەلقىنى ئارقىسىغا سېلىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇلار قوقەندلىك سودىگەرنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ بېرىشى بىلەن، شەھەرگە بېسىپ كىرىپ خەنزۇلارنى قىرغان، يېڭىھىسسارغا ھۇجۇم قىلىپ خېلىغىچە ئالالمىغان. كۈزدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەن ۋە تەدرىجىي جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ، قولدىن كەتكەن ھەرقايسى مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلغان. كاتتا خان تۆرە قاتارلىقلار ئون نەچچە تۈگمىگە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئارتىپ قوقەندكە كەتكەن، بۇ «يەتتە خوجا يېغىلىقى» ئىدى. شيەنفېڭ 2 - يىلى (1852 - يىلى)، جاھانگىرنىڭ جىيەنى تەۋەككۇل خوجا، ۋەلىخان تۆرە قاتارلىقلار قەشقەر، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارغا كەلگەن؛ شيەنفېڭ 5 - يىلى، قاراۋۇلخانىلارغا يەنە بېسىپ كېلىپ مالىمان قىلغان؛ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، شىنجاڭدىن دەرھال قېچىپ كەتكەن. شيەنفېڭ 7 - يىلى يازدا، ۋەلىخان تۆرە يەنە قوقەند چېرىكلىرىنى باشلاپ قەشقەر كوناشەھىرى (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى)، يېڭىھىسسار كوناشەھىرى ھەمدە بارچۇق (ھازىرقى مارالبېشى)، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، خالىغىنىچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان، ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرمىگەنلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تۆت يەردە كاللىدىن مۇنار ياسىغان. شۇ جاي خەلقى باتۇرانە قارشىلىق كۆرسەتكەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېتىپ كەلگەندە، شىنجاڭدىن قېچىپ كەتكەن، بۇ «ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى» ئىدى. تۇڭجى 4 - يىلى (1865 - يىلى)، جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خان تۆرە قوقەندلىك ياقۇب بەگ بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە بېسىپ كىرگەن، بۇزرۇك خان تۆرە قورچاق خان قىلىپ تىكلەنگەن، كېيىن تۇتۇلۇپ قامالغان، ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئۇ توغرىسىدا سۈرگۈن قىلىنغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، قوقەندكە كەتكەن، دېگەن نەچچە خىل قاراش بار. ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەلىخان تۆرىنىڭ جىيەنى ھېكىمخان تۆرە بىلەن كىچىكخان تۆرە قاتارلىقلار ياقۇب بەگكە ئەگەشكەن. كېيىن ۋەلىخان تۆرىمۇ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن. قوقەندمۇ روسىيە تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئوداللىق ئالۋان - ياساۋۇلغا قارشى قوزغىلىڭى. شيەنفېڭ 1 - يىلى، كۇچا، شايار ئىككى جايدىكى ھاكىمبەگلەر يول - كۆۋرۈك، چېرىك ئۆتىڭى، قاراۋۇلخانا، ئېرىق - ئۆستەڭ، مازارلارنى ياساشنى باھانە قىلىپ سودىگەرلەردىن كەينى - كەينىدىن يۇقىرى ئۆسۈمدە قەرز ئالغان، پۇل ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن، بەگ - ئامباللارنى سېتىۋېلىپ خان ئامبال ئۇرچىڭانىڭ قەرز پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئىككى جاي خەلقى ئۈستىگە ئېلىپ قايتۇرۇشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈشىنى ئىلتىماس قىلغان. شيەنفېڭ 5 - يىلى (1855 - يىلى)، دېھقان مۇھەممەتئەلى قاتارلىقلار ئىلى جاڭجۈن يامۇلىغا بېرىپ ئەرز سۇنغان؛ ئىلى جاڭجۈنى يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى ئۇرچىڭاغا خەت يوللاپ، بەگلەرنىڭ قايتا ئالۋاڭ سالماسلىقىنى بۇيرۇغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇھەممەتئەلىنىڭ ئىناۋىتى كۈنسېرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنى «خەلىپە» دەپ ئاتىۋالغان. شيەنفېڭ 6 - يىلى قىشتا، كۈمۈش، ئاشلىقلارنى تاپشۇرۇشقا مۇيلىگىلى كەلگەن بەگلەرنى ئىبراھىم شاھ بىلەن بىرلىكتە خەلق ئارىسىدا قامچىلىغان. شيەنفېڭ 7 - يىلى 1 - ئايدا، ئۇنى تۇتقىلى كەلگەن بەگلەرنى قاماپ قويغان. 3 - ئايدا، 2000 ئادەمنى يىغىپ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھاكىمبەگكە تەلەپ قويغان: بەگ، تۇڭچى - ئاخۇنلارنى يوقىتىش، ھەرقايسى يامۇللاردىكى قول ۋە يانچىلارنى بوشىتىش، بەگ، تىلماچلار ئىگىلىۋالغان دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قورال - ياراغلارنى ياساپ، ئاقسۇغا تەۋە ئاتۇش مەھەللىسىدىكى مىس كان قوزغىلاڭچىلىرى بىرلىشىپ كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپتىن كۇچا شەھىرىنى ئىسكەنجىگە ئالماقچى بولغان. ئەسلىي 3 - ئايدا ھەرىكەتلەنمەكچى بولغان، ھاۋا ئۇزگىرىپ تۇرغانلىقتىن كەينىگە سۈرۈلگەن. ئۇرچىڭا بەگلەر بىلەن چېرىكلەرنى يۆتكەپ باستۇرغان. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارغا بىر تەرەپتىن قارشى تۇرۇپ ئاتۇش تەرەپكە چېكىنگەن، ئاقسۇغا تەۋە قاراتالغا كەلگەندە، مۇھەممەتئەلى بىلەن ئىبراھىم شاھ قاتارلىقلار تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان.

**ئىلى تۇڭگان يېغىلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ**

شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزىي رايوندا يۈز بەرگەن قوراللىق قوزغىلاڭ. شەنشى، گەنسۇ تۇڭگانلىرى قوزغىلىڭىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۇڭگانلارنىڭمۇ غەزىپى قوزغالغان. تۇڭجى 1-يىلى (1862- يىلى)، سۇيدۇڭ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى بازىرى) لىق تۇڭگان ياڭ سەنشىڭ، پىچاقۇاز مائەر ئەتراپتىكى تۇڭگانلار ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇندا تۇرۇشلۇق تۇڭگان چېرىكچىبەگلىرى ۋە چېرىكلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغان. 1 - ئاينىڭ ئاخىرى، كېلىشكەن ۋاقىت ئىدى، ياڭ سەنشىڭ، مائەر تۇڭگانلارنى باشلاپ تەلكە كۆرەسى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) گە بېسىپ كىرىپ، ئامبارلاردىكى قورال - ياراغلارنى ئېلىپ، چېرىكلەرنى ئېتتىۋەتكەن، بىراق باشقا ھەرقايسى جايلار قوزغالمىغان. 2 - ئاينىڭ ئالدىدا، باياندايى كۆرەسى (ھازىرقى غۇلجا شەھرىنىڭ غەربىدىكى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ باياندايى يېزىسى) دىكى تۇڭگانلار شەھەر سىرتىدىكى يوقسۇللار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارغا ماسلاشقان. ئىلى جاڭجۈنى تۇرۇشلۇق جاي كۈرە (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى بازىرىنىڭ جەنۇبىدا) دە، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن ئىككى ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ئىلى جاڭجۈنى جىددىي قوشۇن يۆتكەپ باستۇرۇپ، ياڭ سەنشىڭ، مائەر ئىككىسىنى تۇتۇپ پارە - پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، 100 نەچچە قوزغىلاڭچى تۇڭگاننى قولغا ئالغان. تۇڭگان يېغىلىقى شۇنىڭ بىلەن مەغلۇپ بولغان.

**شىنجاڭدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى** ھەرقايسى مىللەت دېھقانلىرىنىڭ فېئوداللىققا قارشى كۈرىشى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى يېزىلاردا بىرقاتار ھاشارغا قارشى كۈرەشلەر يۈز بېرىپ، بارغانسېرى ئۆلغىيىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەنگەن. شيەنفېڭ 9 - يىلى (1859 - يىلى)، تەيپىڭ تيەنگونىڭ ئېلانى جۇچەك شەھرىنىڭ تاملىرىدا كۆرۈلگەن، تۇڭجى 1 - يىلى (1862 - يىلى)، شەنشى، گەنسۇ قوزغىلاڭچى تۇڭگانلار ئادەم ئەۋەتىپ شىنجاڭدىكىلەر ئالاقىلەشكەن. تۇڭجى 3 - يىلى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت دېھقانلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى قوزغىلاڭ مەشئىلىنى ئۇتاشتۇرغان.

*كۇچا قوزغىلىڭى* كۈرەش ئاۋۋال كۇچادىكى ئۆگەن دەرياسى بويىدا ئۆستەڭ چېپىپ بوز يەر ئېچىۋاتقان ھاشارچى دېھقانلار ئارىسىدا پارتلىغان. ئۇلار ئىككى چېرىكنى ۋە 15 بەگنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كۇچا شەھرىگە قاراپ ماڭغان. شەھەر سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ماسلىشىپ، چېرىك ئۆتەڭ ۋە رەستىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. كۇچا خان ئامبىلى سالىڭا: «قاراقچى خىتايلار، ئاسىي ئۇيغۇرلار تۇپلىشىپ ئىش تېرىدى»، «شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان قاراقچىلارنى تىنچىتىش تەدبىرى» 68 - جىلد) دەپ جار سېلىپ، دەرھال چېرىك يۆتكەپ باستۇرغان. 5- ئاينىڭ باشلىرىدا، قوزغىلاڭچى قوشۇن شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، سالىڭا، ھاكىمبەگ قۇربان، كۇچا ۋاڭى ئەھمەت ۋاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. باشلىقلىققا كۆتۈرۈلگەن راشىدىن خوجا ئۆزىنى «خان خوجا» دەپ ئاتىغان. 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، كورلىدىن ئاقسۇغىچە بولغان نۇرغۇن رايونلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن، بۇ كۇچادىكى «خان خوجا» ھاكىمىيىتى ئىدى.

*گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى* 6 - ئايدا، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، سانجى، ماناس، كۆر قاراۇسۇ (ھازىرقى شىخو) قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار كەينى - كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن.

*قەشقەر قوزغىلىڭى* 7 - ئايدا، قەشقەر، يېڭىھىسار (ھازىرقى يېڭىسار) دا تۇرۇشلۇق يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكى تۇڭگان چېرىكچىبەگلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئىش قوزغىغان. ئاق تاغلىقلارنىڭ تۆرىلىرى ئالدى بىلەن قەشقەر كوناشەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھرى) نى ئىگىلەپ دەۋر سۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ شەھەر تاشمىلىق (ھازىرقى قەشقەر كوناشەھرى) تىكى ھاكىمبەگ، قىرغىز سىدىقبەگ باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان. يەكەندىكى ئۇيغۇر، تۇڭگان ئاتلىق چېرىكلىرى يەكەن خىتاي شەھرىگە باستۇرۇپ كىرگەن، كونا شەھەردىكى نىياز ھېكىمبەگ چېرىك تارتىپ ئۆزى قوزغالغان.

*قومۇل قوزغىلىڭى* 8 - ئاي بىلەن 9 - ئاي ئارىلىقىدا، قومۇل، باركۆلدىكى ئۇيغۇر، تۇڭگانلار قوزغىغان. قوزغىلاڭ قومۇل ۋاڭى ۋە چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

*غۇلجا قوزغىلىڭى* غۇلجا شەھرىنى ۋاقىتلىق

باشقۇرۇپ تۇرغان ھاكىمبەگ ئابدۇرەسۇل ئۆزىنى ئەمىر دەپ ئاتاپ، ئۇيغۇر، تۇڭگان خەلقىنى باشلاپ غۇلجا شەھىرىنى ئىگىلىگەن؛ روسىيىنىڭ مۇيكىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، روسىيىلىك ئەلچى ۋە سودىگەرلەرنى ھەيدىۋەتكەن. تۇڭگان سۇلتان ما ۋەنشاڭ (ئىسمى ياگۇر) شىبە تۇغىنىڭ باش دورغىسى قالماقا ئارقىلىق ئىلى جاڭجۈنىگە مانجۇ، ئۇيغۇر، تۇڭگان ئۈچ تەرەپ ئىلىمدىكى توققۇز كۈرەنى بۆلۈپ باشقۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 10 - ئايدا، «قارا چېرىك گېپ لاۋبا مىڭدىن ئارتۇق مۇتتىھەم - قۇلاق كەستىنى يېغىپ» («شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. چېرىكچىلىك بابى - 2») قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قاتناشقان. ئىلى جاڭجۈنى مىڭشۇ ۋەزىيەتتىن قالدۇرۇپ سوراق قىلىنىۋاتقان سابىق ھاكىمبەگ، غۇلجا شەھىرىنىڭ دەھرى تەيجىسى مەزەمزاتنى بوشىتىپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ياردەملىشىشكە بۇيرۇغان. مەزەمزات بارغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، «سۇلتان» قىلىپ كۆتۈرۈلگەن. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، كۈرە (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى بازىرىنىڭ جەنۇبىدا) قولدىن كەتكەن، ئىلى جاڭجۈنى مىڭشۇ ئۆلتۈرۈلگەن، قالدۇرۇلغان سابىق ئىلى جاڭجۈنى چاڭچىڭ تۇتۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەمىر بىلەن سۇلتان ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى، قەست قىلىش، ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن ئۆلگىسىپ ئۆزئارا نەيزىلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئەخمەت خان مىڭبېشى (ئىبراھىم) نىڭ ئوغلى ئەلاخان سۇلتان بولغان. بۇ شۇ چاغدىكى ئىلى سۇلتانلىقى ھاكىمىيىتى ئىدى.

*خوتەن قوزغىلىڭى* شۇ چاغدا بايدا ھاكىمبەگلىك قىلىۋاتقان خوتەنلىك خەزىنىچىبەگ بەگ ئېزىز كۆچا قوزغىلىڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۇرتىغا قايتىپ، قازى ھەبىبۇللا خوجا بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالامانىنى باشلاپ خوتەنگە بېسىپ كىرگەن. ھەبىبۇللا ئۆزىنى پاشا دەپ ئاتىغان، بۇ شۇ چاغدىكى خوتەن ھەبىبۇللا پاشا ھاكىمىيىتى ئىدى.

سىدىقبەگ قەشقەر كوناشەھەر ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەشكە قۇربى يەتمەي، فەيزئاباد (ھازىرقى پەيزىۋات) لىق تۇڭگان جىن شياڭيىنىڭ قاتارلىقلارنى قوقەند (ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) كە بېرىپ خوجا ئەۋلادلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارغا تاياناقچى بولغان. خوتەنلىك پاشا ھەبىبۇللامۇ چەت ئەلگە ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلغان. تۇڭجى 4 - يىلىنىڭ بېشىدا، جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇك خان تۆرە، ياقۇپ بەگ قاتارلىق 64 ئادەمنى باشلاپ كېلىپ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلغان. دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھەرقايسى جايلاردىكى تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەر تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەشنى ئۈنۈملۈك تەشكىللىيەلمەي، ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلغانلىقتىن، ئەڭ ئاخىرى ئۇلار ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بىر - بىرلەپ تارمار قىلىنىشتەك ئېچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچار بولغان.

مىنتۇەن قوراللىق كۈچلىرى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن خەلق قوراللىق كۈچ. تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى)، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر، تۇڭگانلارنى ئاساس قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى قوزغالغان. رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تۇتقان ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى قاتلام تۆرىلەر مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلغان. خەنزۇ، مانجۇ قاتارلىق خەلقلەر تاغلارغا مۇكۇۋېلىپ ۋە گوبىنىڭ چەت ياقىلىرىغا قېچىپ بېرىپ، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ ئۇرۇش قىلغان. كۆلىمى چوڭ ئۇرۇشلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) شۇ شۆگۇڭ (1842 - 1911) قىسمى. ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى نەنسەندە تۇرۇشلۇق بولۇپ ئۇن نەچچە مىڭ ئادىمى، 5000 دىن ئارتۇق چېرىكى بار ئىدى. تۇڭجى 10 - يىلى 4 - ئايدا، تۇڭگانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرىپ ياقۇپ بەگ تىكلىگەن قورچاق ھاكىم ما جوڭنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ما جوڭنىڭ ئوغلى ما رېنده ياقۇپ بەگنىڭ باسمىچى قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ئۇلارغا قارشى چىققان. تۇڭگانلار ئۇنىڭ قىرغىنچىلىقىغا چىدىماي، «شۇ شۆگۇڭغا بېقىنغان» («شىنجاڭدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش خاتىرىسى» 1 - جىلد). شۇ شۆگۇڭ قوشۇنى باسمىچى قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ ئۈرۈمچىگە كىرگەن. گۇمۇدى (ھازىرقى مىچۈەن) دىكى تۇڭگانلارنىڭ سەركەردىسى ما مىڭشەنمۇ شۇ شۆگۇڭ قىسمى بىلەن بىرلىشىپ ياقۇپ بەگكە زەربە بەرگەن. تۇڭجى 12 - يىلى، ئۈرۈمچى دۇتۇڭى جىڭ لىيەن، ۋاقىتلىق ئىلى جاڭجۈنى رۇڭ چۈەننىڭ قوماندانلىقىدا ئەلەمپەرۋەرلەر قوشۇنى قىلىپ تەشكىللەنگەن، شۇ شۆگۇڭ ياندىش جاڭجۈنلۇققا قويۇلغان؛

گۇاڭشۇ 2 ـ يىلى ( 1876 ـ يىلى) ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەنلىكتىن باش بوغ، چېرىكچى ئامباللىق ئوتتۇغاتى بېرىلگەن. (2) جاۋ شىڭتى (1828 ـ 1905) قىسمى. ئۇ ماناسىنىڭ شىمالىدىكى قۇمتاغ (ھازىرقى سامەنتزە) دا تۇرۇشلۇق بولۇپ، 1000 دىن ئارتۇق چېرىكى بار ئىدى. ياقۇپ بەگنىڭ باسمىچى قوشۇنىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، شۇ جايدىكى تۇڭگانلار جاۋ شىڭتىنىڭ قىسمى بىلەن سۈلھ قىلىشقان ھەمدە ياقۇپ بەگ تىكلىگەن قورچاق ئەمەلدار مافۇيۈەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ما فۇيۈەن قېچىپ كەتكەن. تۇڭجى 10 ـ يىلى، جاۋشىڭتى چېرىكلەرنى باشلاپ شىخەنزىدە ھارۋىكەشتەك ياسىنىۋېلىپ پايلاقچىلىق قىلىپ يۈرگەن رۇس ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. تۇڭجى 12 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى جاۋ شىڭتى قىسمىنى ئەلەچى سول قول قوشۇن قىلىپ تەشكىللىگەن. گۇاڭشۇ 2 ـ يىلى، يارلىق بويىچە شىمالىي يولنى ساقلايدىغان دۇتۇڭ قىلىپ قويۇلغان، كېيىن ئەسلىدىن قالدۇرۇلغان. (3) كوڭ سەي (؟~1880) قىسمى. ئۇ جىمسارادا تۇرۇشلۇق بولۇپ، دەسلەپتە ئۇنىڭ ئۇيۇشقان ئادىمى بىرنەچچە مىڭ ئىدى، قومۇلغا چېكىنگەندىن كېيىن خان ئامبال ۋېن لىڭنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، ئۇنىڭ قىسمى سەلتەنەت قوشۇن دەپ ئاتالغان؛ ياقۇپ بەگ ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرگەندە، يارلىق بويىچە گۇچۇڭ، جىمسارنى ساقلىغان. گۇاڭشۇ 2 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ ماناسنى قايتۇرۇۋالغاندا، تۇتۇقلۇقتا قويۇلغان؛ تۇڭگانلارنى كەلسە ـ كەلمەس ئۆلتۈرگەنلىكتىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

**ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى** مۇھەممەت ياقۇپ بەگ (1825ـ1877) ، قوقەندلىك (ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) ، قوقەند خانى خۇدايارخاننىڭ مىڭبېگى ئالىمقۇلنىڭ قول ئاستىدا قوشبېگى بولغان. تۇڭجى 3ـ يىلى (مىلادىيە 1864ـ يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شىنجاڭدا دېھقانلار قوزغىلىڭى قوزغالغان. تاشمىلىق (ھازىرقى قەشقەر كوناشەھەردە) دىكى قىرغىز ھاكىمبەگ سىددىق مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر كوناشەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرىدە) گە بېسىپ كىرگەندە، شۇ جايدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ پۇت تىرەپ تۇرالمىغان، فەيزئاباد (ھازىرقى پەيزىۋات) دا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان تۇڭگان جىن شياڭيىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە قوقەندكە بېرىپ قوقەندتىكى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجا بۇرھانىددىننىڭ ئەۋلادى بۇزرۇكخان تۆرىنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغاندا ئالىمقۇل ياقۇپ بەگنى ئۇلارغا قوشۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ياقۇپ بەگ يېقىنلىرىنى يىغىپ قوراللاندۇرۇپ، بۇرھانىدىننىڭ نەۋرىسى بۇزرۇك خان تۆرە بىلەن يىل ئاخىرى قەشقەرگە كەلگەن ھەمدە شۇ جايدىكى قوقەندلىك سودىگەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن سىددىقبەگنى قوغلاپ چىقىرىپ، قەشقەر كوناشەھىرىنى ئىگىلىگەن. سىددىقبەگ خەلقنى باشلاپ ياقۇپ بەگكە قارشى تۇرغان، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش مانا مۇشۇنىڭدىن باشلانغان.

ياقۇپ بەگ قەشقەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يەنە يېڭىھىسار (ھازىرقى يېڭىسار) نى بېسىۋالغان. يەكەندىكى ئۇيغۇر، تۇڭگانلار ياقۇپ بەگنىڭ تۇنجى ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، كۇچادىكى خان خوجا راشىدىن خوجىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ تاجاۋۇزچىلىققا تەڭ قارشى تۇرغان. ياقۇپ بەگ كۇچا قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ يەتتە كۈن تالان ـ تاراج قىلغان. كۈزدە، قوقەند خانى خودايار قايتا تەختكە چىققان. ئۇنىڭ رەقىبى يۇنۇسجان زور تۈركۈم مەغلۇپ بولغان چېرىكلەرنى باشلاپ، بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ قېرىندىشى ھېكىمخان تۆرە قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ ياقۇپ بەگكە قوشۇلغان. تۇڭجى 5 ـ يىلى، ياقۇپ بەگ يەكەنگە يەنە بىر قېتىم بېسىپ كىرگەن. يىل ئاخىرى، ياقۇپ بەگ خوتەندىكى مازار ـ ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىشنى باھانە قىلىپ، خوتەن پادشاھى ھەبىبۇللانى ئالداپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خوتەن خەلقى كوچا ـ كويلاردا باتۇرلارچە قارشى تۇرغان. ياقۇپ بەگ قىساس ئېلىش ئۈچۈن بەش كېچە ـ كۈندۈز قىرغىنچىلىق قىلغان. 50 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئۆي ـ ماكانىنى قوغداش يولىدا قازا قىلغان.

تۇڭجى 6 ـ يىلى، ياقۇپ بەگ يېڭى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىغان. خان خوجا راشىدىندىن قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، ئاقسۇ،

ياقئېرىق (مازىرقى باي ناھىيىسىدىكى چارچى)، خەزىر (مازىرقى باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە) قاتارلىق ئۈچ ئورۇندا بولغان ئۇرۇشتا، چىرىكچىبەگ ئاسىيلىق قىلغان ۋە ياخشى ماسلاشمىغانلىقتىن مەغلۇپ بولغان. ئامان قالغانلىرى كۇچا شەھىرىگە چېكىنگەن. كۇچا ئۇرۇشىدا، ياقۇپ بەگنىڭ چولاق ئوغلى خۇدا قولىبەگ ئۆلتۈرۈلگەن. راشىدىدىن خوجا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ياقۇپ بەگنىڭ ئىگىلىگەن يېرى كورلىغىچە يەتكەن. توڭجى 9- يىلى، ياقۇپ بەگ چېرىكلىرى تۇرپانغا بېسىپ كىرگەن. ئىمام تومىڭ رەھبەرلىكىدىكى قوشۇن ئۈيغۇر، موڭغۇل خەلقىنىڭ قوللىشىدا، يول بويى كۈنپېتىشقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، باسمىچىلارنى كۇچادىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن. چىرىكچىبەگ كۇچا قاتارلىق جايلارنى شۇ جايدىكى خەلققە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قوشۇننى باشلاپ قايتىپ كەتكەن. تۇڭگانلار قوشۇنى چېكىنىشىگىلا، ياقۇپ بەگ تۇرپانغا قاراپ يول ئالغان. نەچچە 10 مىڭ چېرىك بىلەن خەلق باسمىچىلىقىغا قارشى تۇرغان، ئۇرۇش دەھشەتلىك ۋە جىددىي بولغان. تومىڭ مەغلۇپ بولۇپ، يارىشىشنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى، ماناسلار تەڭلا مەغلۇپ بولغان. ياقۇپ بەگ باسمىچىلىرى ھەرقايسى يەرلىك تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەر ئۆزئارا ئېتىشماۋاتقان، ئۆزئار ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، سۈيىقەست ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا زورلۇق – زومبۇلۇق قىلغان. شىنجاڭ خەلقىمۇ تېز پۈكمەي ھەرخىل شەكىلدىكى قارشى كۈرەشلەرنى قىلغان. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان، خەنزۇلار ئىتتىپاقلىشىپ ياقۇپ بەگكە تەڭ قارشى تۇرغان، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى تارباغاتايغا سودىگەر ئەۋەتىپ ئىلى جاڭجۈنىگە ئازاب – ئوقۇبەتتە قالغانلىق ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بالدۇرراق كېلىپ باسمىچىلارنى ھەيدىۋېتىشىنى ئارزۇ قىلغان.

**چۆچەكتىكى چار روسىيە مويكىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى** تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۆزلۈكىدىن قوزغالغان كۈرەش. شيەنفېڭ 4- يىلى (مىلادىيە 1854- يىلى)، چۆچەكنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يارغاتۇ ئالتۇن كانىغا كۆزى چۈشكەن چار روسىيىنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بۇ كان روسىيىگە تەۋە دەپ، كانچىلارنى قوغلىۋەتمەكچى بولغان. يىل ئاخىرى، روسىيە كونسۇلى كانچىلارنى زورلۇق بىلەن قوغلىۋەتكەن؛ ئىككىنچى يىلى 4 – ئايدا، كانچىلاردىن ئىلگىرى – كېيىن 200 نەچچىسىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن. 5 – ئايدا، ئەن يۈشيەن، شۇ تيەنراۋ كانچىلارنى باشلاپ روسىيە مويكىسىغا توپلىشىپ، قاتىلنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن مەسلىھەتچى ئامبال چېرىكلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى قوغلىۋەتكەن. 7- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، مۇسۇلمان، خەنزۇ قاتارلىقلاردىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كانچى چار روسىيە مويكىسىنى قورشىۋالغان ھەمدە ئوت قويىۋەتكەن. چار روسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋاسالالار مەھكىمىسىنى قاقتى – سوقتى قىلغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چار روسىيە كونسۇلنى ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنىڭ جاۋابكارى دەپ ئەيىبلىگەن. سۆھبەتتە، چار روسىيە تەرەپ ئىلى دەرياسىدا كېمە قاتناپ مال يۆتكەش، ئىككى دۆلەت چېگراسىنى باشقىدىن ئايرىش تەلىپىنى قويغان، شيەنفېڭ 8 – يىلى چېرىكلەرنى چۆچەككە ئەۋەتىپ تەھدىت سالغان. 8 – ئايدا، ئىككى تەرەپ «جۇڭگو – تارغاباتاي كېلىشىم نامىسىنىڭ تولۇقلىما ماددىسى» دىن توققۇز ماددىنى تولۇقلاپ بېكىتكەن، جۇڭگو تەرەپ چار روسىيە تەرەپكە 130 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئاق كۆمۈش قوشۇمچە تۆلەم قىلىپ، ئۈچ يىلدا چاي بىلەن تۆلەشكە پۈتۈشكەن؛ چار روسىيە ئىلى، چۆچەك ئىككى كونسۇلدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

**چارروسىيىنىڭ ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋەقەسى** توڭجى 3 – يىلى (مىلادىيە 1864 – يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدە، شىنجاڭدا دېھقانلار قوزغىلىڭى قوزغالغان. ئىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن، فېئودال ئەمەلدار ۋە دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكى تۆرىلەر ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنى ئەمىر ۋە سۇلتان دەپ ئاتاپ، ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىپ سۇلتانلىقنىڭ ھوقۇقىنى ئەڭ ئاخىرىدا ئەلاخان ئىگىلىگەن. توڭجى 6 – يىلى، روسىيە مەركىزىي ئاسىيادىكى قوقەند قاتارلىق ئۈچ خانلىقنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسىنىڭ خارجى ئىشلار يامۇلىغا: شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە قاراپ ئولتۇرمايمىز، دەپ ئولتىماتوم تاپشۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى، ئۈچ يىل ئىچىدە، چار روسىيە قوشۇنى ئىلىدىكى چۇنچى (ھازىرقى قازا-

قىستاندىكى چۈنچى) قاراۋۇلخانىسى، ئۇلۇغ مازار (ھا-
زىرقى قازاقىستان تەۋەسىدە)، تېكەس، مۇزئارت،
بورخۇجىرنى كەينى - كەينىدىن ئىگىلىگەن. تونجى
9 - يىلى، ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ياقۇپ
بەگ ئۈرۈمچىنى ئىگىلىگەن. تونجى 10 - يىلى 3 -
ئاينىڭ ئاخىرى، گېنېرال مايور كالپاكوۋسكىي چار
روسىيە قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ بورخۇجىردىن
شەرققە كەڭ كۆلەمدە ئىلگىرىلىگەن. ئىلى خەلقى ئىلى
دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي بويلىرىدا تاجاۋۇزچى
روسىيە قوشۇنىنى تەڭ توسۇپ زەربە بەرگەن. دەريانىڭ
شىمالىدا، ئىلىدىكى خەلق - چېرىكلەر سۇ مەنبەسىنى
ئۈزۈۋېتىپ، بىر مەھەل چار روسىيە قوشۇنىنى قور-
غاستىن قوغلاپ چىقارغان. دەريانىڭ جەنۇبىدا، روس-
يەگە قارشى خەلق - چېرىكلەر بىرىنچى قېتىملىق
ھۇجۇمنى چېكىندۈرگەن ھەمدە كەتمەن (ھازىرقى قازا-
قىستان تەۋەسىدە) مۇداپىئە ئۇرۇشىدا دۈشمەنلەرنى
بىرقانچە قېتىم چېكىندۈرۈپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ توپقا
تۇتۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولغان. ئۇنىڭ-
دىن كېيىن روسىيە قوشۇنى 200 دىن ئارتۇق چېرىك
كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دەريانىڭ شىمالىي بويىدا ئۇ-
رۇش قىلغان. بۇ يەردە ئۇيغۇر، تۇڭگان، قازاق،
موڭغۇل، خەنزۇ، شىبە قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى-
دىن 4000 دىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى، قوماندان
دۈشمەنگە يېقىنلاشماي تۇرۇپلا ھەممىيلەننى چېكىندۈر-
گەن؛ ئاخىر چاغانسۇ (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ
غەربىي شىمالىدىكى چىڭگىسخوزا بازىرى) ئۇرۇشىدا،
ئەر - ئايال، قېرى - چۆرىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا
قاتناشقان، بىراق قورال - ياراغلار يېتىشمىگەن ھەم
ناچار بولغانلىقتىن مەغلۇپ بولغان. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇ-
رىلىرى، چار روسىيە قوشۇنى سۈيدۈڭ شەھىرى (ھا-
زىرقى قورغاس ناھىيىسى بازىرى) نى توپقا تۇتۇپ،
شەھەرنى ساقلاۋاتقان تۇڭگان چېرىكچىبىگىنى ئالداپ
تەسلىم قىلدۇرغان. 17 - كۈنى، سۇلتان ئەلاخان
باياندايى (ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى غۇلجا
ناھىيىسىنىڭ باياندايى يېزىسى) غا بېرىپ روسىيە چې-
رىكلىرىنى غۇلجا شەھىرىگە باشلاپ كەلگەن. ئىككى
ئايدىن كېيىن، روسىيە ئەلچىسى چىڭ ئوردىسىنىڭ
يامۇلىغا نوتا تاپشۇرۇپ: ئىلى شەھىرىنى ئالماقچى بول-
دۇق، ھۆكۈمەتلار مەسلىھەتلىشىشكە ئادەم ئەۋەت-
سۇن، دېگەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ «مەسلىھەت» ئون

يىل داۋاملاشقان، تا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ياقۇپ
بەگنى قوغلاپ چىقىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ، ئۈرۈمچى-
نى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گۇاڭشۇ 7 - يىلى (مى-
لادىيە 1881 - يىلى)، «جۇڭگو - ئىلى شەرتنامىسى»
ئىمزالىنىپ، جۇڭگو چارروسىيىگە تۆۋەنكى ئىلىدىن
ئىبارەت بىپايان زېمىننى كېسىپ بەرگەندىن كېيىن،
چارروسىيە قوشۇنلىرى ئاندىن يۇقىرقى ئىلىدىن چې-
كىنگەن.

### شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى

ياقۇپ بەگنى قوغلاپ چىقىرىش ئۇرۇشى. گۇاڭشۇ 1-
يىلى (1875 - يىلى) 4 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى شەنشى، گەنسۇ ھەربىي ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ-
نى خان مۇپەتتىشلىككە تەيىنلەپ، شىنجاڭنىڭ چېرىك-
چىلىك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشقا قويغان، جىن شۇن-
نى شىنجاڭنىڭ چېرىكچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىش-
كە قويۇپ، ياقۇپ بەگكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، شىن-
جاڭنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان.

*بىرىنچى باسقۇچ* گۇاڭشۇنىڭ 2 - يىلى يازدا،
ھەرقايسى قىسىم چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى كەينى -
كەينىدىن قوۋۇقتىن ئۆتۈشكە باشلىغان، قايتا تەشكىل-
لەنگەندىن كېيىنكى شىنجاڭدا ئىلگىرى تۇرۇشلۇق قو-
شۇنىنى قوشقاندا، جەمئىي 100 قوشۇنغا يەتكەن. زو
زوڭتاڭ سۇجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى جيۇچۈەن) دا
تۇرۇپ، مەخسۇس ئارقا سەپ تەمىنات يولىنىڭ راۋان
بولۇشىغا مەسئۇل بولغان. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش
ئۇسۇللىرى: ئالدى بىلەن ياقۇپ بەگكە جازا يۈرۈشى
قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن چار روسىيىنىڭ ئىلىنى ئى-
گىلىۋېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ ياقۇپ بەگكە
جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئاۋۋال جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇ-
رۇۋېلىشى، خۇنەن قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىشقا، ليۇ
جىنتاڭ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنغا قوماندانلىق
قىلىشقا جىن شۈن بېكىتىلگەن، جاڭ ياۋ خېنەن قوشۇ-
نىغا، شۇ جەنبياۋ سىچۈەن قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىپ
ئارقا يولنى تازىلاشقا بېكىتىلگەن؛ جەنۇبىي شىنجاڭنى
قايتۇرۇۋېلىشتا، جىن شۈن شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەر-
بىي قىسمىنى ساقلاپ تۇرۇشقا، جىن يۈنچاڭ قوماندان-
لىقىدىكى ئەيخۇي قوشۇنى بىلەن يۆتكەپ كېلىنىپ شى-
مالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىنى ساقلاپ تۇرۇشقا،
ليۇ جىنتاڭ قوشۇنىنى باشلاپ ئۈرۈمچىدىن جەنۇبقا يۈ-
رۈش قىلىپ، ئاساسىي كۈچنى توپلاپ تۇرۇشقا، جاڭ
ياۋ بىلەن شۇ جەنبياۋ قومۇلدىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ
غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ليۇ جىنتاڭ قوشۇنىغا ماسلى-

شىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئەلگ ئىلگىرىلەپ، ياقۇپ
بەگنىڭ ئۇۋۇسىنى چۇۋۇۋېتىشكە ئۇرۇنلاشتۇرۇلغان.
5 ـ ئايدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالتىنچى
قىسمى فۇكاڭغا يېتىپ كەلگەن، 6 ـ ئايدا، خۇاڭتىيەن-
گە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىر قىسمىنى
يوقاتقان؛ ياردەمچى دۈشمەنلەرنى زەربە بېرىپ چېكىن-
دۈرگەندىن كېيىن، گۇمۇدى (ھازىرقى مىچۈەن) نى
تويغا تۇتۇپ، بىر يولىلا ئىگىلىگەن. چىڭ سۇلالىسى
قوشۇنى غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ، بەش كۈن
ئىچىدە ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى قاتارلىق شەھەرلەر-
نى كەينى ـ كەينىدىن ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-
تا، ۋاقىتلىق ئىلى جاڭجۈنى رۇڭچۈەن چۆچەكتىن ئات-
لىنىپ ماناسنىڭ شىمالىنى ئالغان، ئىككى يول قوشۇن
بىرلىشىپ 9 ـ ئايدا ماناسنىڭ جەنۇبىنى ئالغان، شۇ-
نىڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى دۈشمەننىڭ ھەممىسى
تازىلانغان.

*ئىككىنچى باسقۇچ* گۇاڭشۈ 3 ـ يىلى 3 ـ
ئاينىڭ باشلىرىدا، لۇ جىنتاڭ قىسمى ئۈرۈمچىدىن
داۋانچىڭ (ھازىرقى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي
جەنۇبىدا) نى قورشاپ، ئۈچ كۈن كەسكىن ئۇرۇش
قىلىپ ئۇ يەرنى قايتۇرۇۋالغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن تۇر-
پان، توقسۇننى قايتۇرۇۋالغان. يەنە بىر يولدىكى جاڭ
ياۋ، شۇ جەنبياۋ قومۇل، موريدىن ئاتلىنىپ 2 ـ
ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېڭگىم (ھازىرقى تۇرپاننىڭ
شەرقىدە) ئېغىزىنى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن، جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغان. ياقۇپ بەگنىڭ كە-
چىك ئوغلى ھەقۇلىبەگ، بوزرۇك خان تۆرىنىڭ جىيە-
نى ھېكىمخان تۆرە قېچىپ كەتكەن. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇ-
رىلىرى، كورلىدا ئۇرۇش قىلىپ ئېچىنىشلىق مەغلۇپ
بولغان. ياقۇپ بەگ دەردىنى قول ئاستىدىكىلەردىن
ئالماقچى بولغاندا، جىدەللىشىشتە ئېتىپ تاشلانغان.
ھەقۇلىبەگ ئاتىسىنىڭ جەستىنى غەربكە ئېلىپ ماڭ-
غاندا، ئاكىسى بەگقۇلىبەگ تەرىپىدىن سوغۇن چازىدا
يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن. 7 ـ ئايدا، ھېكىمخان ئاقسۇغا
بېسىپ كىرگەندە، بەگقۇلىبەگ مەغلۇپ بولۇپ، روسى-
يىگە قېچىپ كەتكەن. 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، ليۇ
جىنتاڭ يازلىق ئاشلىقلارنى يىغىۋالغاندىن كېيىن،
تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلە-
گەن. قۇرۇقدالغان كورلىدىن 100 مىڭ ئۇرا ئاشلىق
تاپقان. كۇچا خەلقى ھەقۇلىبەگ، ھېكىمخان تۆرىلەرگە
قارشى ئۇرۇش قىلغان، باي، ئاقسۇ، ئۈچ (ھازىرقى
ئۈچتۇرپان)، ئاقچى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر،
تۇڭگان، قىرغىز قاتارلىق خەلق باسمىچىلارنى ھەيدە-

ۋەتكەن، شەھەر قوۋۇقلىرىنى ئېچىۋېتىپ دۈشمەنلەرنى
يولاتماي، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا بېقىنغان. ئىككى
ئاي ئىچىدە 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرگەن.
زو زۇڭتاڭ مەكتۇپىدا: «ئۇرۇش ئوڭۇشلۇق ھەم تېز
بولدى، بۇنى ھېچقاندىقىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ» (
«گۇاڭشۈ دەۋرىدا شەرقىي قەسىردە ساقلانغان خاتىرە-
لەر»، 503 ـ بەت) دېيىلگەن. 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى-
دا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاقسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ،
كەلپىندىكى مۇداپىئەچى قوشۇننى مەغلۇپ قىلغان ھەم-
دە قەشقەرگە قاراپ يول ئالغان. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرى-
لىرى، بەگ قۇلىبەگ روسىيىگە قېچىپ كەتكەن. چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەر، يېڭىھىسار (ھازىرقى يې-
ڭىسار)، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق ھەرقايسى شەھەر-
لەرگە تېز كىرگەن. 12 ـ ئايدا، سارىقول (ھازىرقى
تاشقورغان) لىق تاجىك غالىب بىر قورچاق ئەمەلدارنى
ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بىر قورچاق ئەمەلدارنى قەشقەردىكى
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى بىر يېرىم يىل-
دىن كېيىن غەلىبىلىك ئاياغلاشقان.

ئىلى يېڭىتۇەنچىلىرى يېڭىتۇەنچىلەرنىڭ شىن-
جاڭدىكى بىردىنبىر يەرلىك تەشكىلاتى. گۇاڭشۈ 26-
يىلى (مىلادىيە 1900 ـ يىلى)، جىلى (ھازىرقى
خېبېي) دىكى مۇساپىرلار شىنجاڭدىكى ئىلىغا كېلىپ
تىرىكچىلىك قىلغان، تيەنجىڭ ئىتتىپاقىدىكى مىن
جىيايوڭ كۈرە شەھىرى (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى
بازىرىنىڭ جەنۇبىدا) نىڭ غەربىدە مۇشتىلىشىش، كال-
تەكلىشىش مەكتىپى ئاچقان، ئۇنىڭ مەكتىپىگە ياش،
ئوتتۇرا ياش ۋە بالىلار قاتناشقان. ئىلى جاڭجۈنى گېڭ-
چىنى شۇ جايدىكى ئەمەلدار تۇتقۇن قىلغان. جىيايوڭ
قېچىپ كەتكەن، قالغان نۇرغۇن ئادەملەر قولغا ئېلىن-
غان.

ئىلى تۇڭمىڭخۇيى جۇڭگو تۇڭمىڭخۇيىنىڭ يەر-
لىك تەشكىلاتى. گۇاڭشۈ 34- يىلى(1908- يىلى)،
خۇبېي قۇرۇقلۇق قوشۇنى 42 ـ پولكىنىڭ باشلىقى
ياڭ زەنشۇ بۇيرۇق بويىچە شىنجاڭدىكى ئىلىغا يۆتكە-
لىپ، ئىلى قۇرۇقلۇق قوشۇنىنىڭ يانداش باش چېرىك-
چىلىكىگە قويۇلغان. ياڭ زەنشۇ ئىلگىرى ياپونىيىنىڭ
تويوما قۇرۇقلۇق قوشۇنى مەكتىپىدە ئوقۇپ، سۇن
جۇڭشەننىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ،
ئىتتىپاقداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ بىلەن

تەك يولغا چىققانلاردىن ۋۇچاڭ ۋە شەنشى قاتارلىق جايلاردىكى ئىتتىپاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى ۋە باشقا ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزاسىدىن فېڭ تېمىن، لى فۇخۇاڭ، خاۋ كېچۈەن، فېڭ داشۇ، لى مېڭبىياۋ، دېڭ باۋشەن قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىلىغا بارغاندىن كېيىن «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» نى نەشر قىلدۇرغان ھەمدە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇن ئارىسىغا بېرىپ ئىنقىلابىي ئىدىيىنى تەشۋىق قىلغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر، تۇڭگان، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ جۇمھۇرىيەتنى تەشۋىق قىلغان. 1912 - يىلى 1 - ئايدا، ئىلى قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قىلىپ، بەش مىللەتنىڭ مۇختارىيەتلىك جۇمھۇرىيىتىنى جاكارلىغان. ئىتتىپاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى قوشۇن ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتتە ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، تۇتۇقلۇقنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغان ئىلى جاڭجۈنى گۇاڭفۇغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

## شىنخەي ئىنقىلابى شىنجاڭدا

ئىنقىلابىي تارىخىي ۋەقە. ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن، شىنخەي ئىنقىلابى پۈتۈن مەملىكەتتە كۆتۈرۈلگەن. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى (1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى)، شىنجاڭ ئىنقىلابچىلىرىدىن ليۇ شيەنجۈن ئۈرۈمچى قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ ئىككى ئاي ئىلگىرى ئۈرۈمچىگە كەلگەن، مۇپەتتىش ئامبال يۈەن داخۇانىڭ تەييارلىق كۆرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئالدىراپ - سالدىراپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، ئىككى كۈن قان كېچىپ كۆرەش قىلىپ مەغلۇپ بولغان. ليۇ شيەنجۈن قاتارلىق 100 نەچچە ئادەم قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، 200 نەچچە ئادەم جەنۇبىي شىنجاڭغا ھەيدەلگەن. ئىلى قوزغىلىڭى 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پارتلىغان، ئۇنىڭ رەھبىرى ئىتتىپاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى ياڭ زەنشۇ، فېڭ تېمىن قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار ئىلىدا نۇرغۇن يىل ئىشلىگەن، ياڭ زەنشۇ قورۇقلۇق قوشۇن ئارىلاشما قوشۇنىنىڭ ياندىش باش چېرىكچىسى ئىدى، باشقىلىرىنىڭمۇ قوشۇندا ۋەزىپىسى بار ئىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە چېرىكلەر بەش يولغا بۆلۈنۈپ، شۇ كۈنى كېچىسى جاڭجۈن مەھكىمىسى، ئوتتۇرانچى قوشۇن ئامبال يامۇلى ۋە قورال - ياراغ ئامبىرى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن؛ يېڭى مانجۇ قوشۇنى ئامبارنىڭ شىمالىدا قارشىلىق كۆرسەتكەن، ياڭ زەنشۇ جاڭجۈن گۇاڭفۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ يۆتكىۋەتكەندىن كېيىن قارشىلىق قىلىش توختىغان. 8 - كۈنى، ئىلى جاڭجۈنى جىرۇي قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ كۈنى خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان، تىبەتتىن ئىبارەت «بەش مىللەت ئورتاق ئىلگىرىلەش جەمئىيىتى» قۇرۇلغان. ياڭ زەنشۇ جەمئىيەت باشلىقى بولغان. 10 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق ھەربىي - مەمۇرىي شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغان، گۇاڭفۇ تۇتۇق، ياڭ زەنشۇ باش قوماندان، خې جيادوڭ، فېڭ تېمىن، خۇاڭ لىجۇڭ، خاۋ كېچۈەن قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەسلىھەتچىلەر، تاشقى ئىشلار، مالىيە، چېرىكچىلىك قاتارلىق بۆلۈملەرنىڭ باشلىقى بولغان. بىر تەرەپتىن پۈتۈن مەملىكەتكە تېلېگرامما يوللاپ، جۇمھۇرىيەت جاكارلىغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن يۈەن داخۇاغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ئادا - جۇدا بولۇشقا دەۋەت قىلغان. 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، ئالدىنقى سەپ باش قوماندانلىقىغا قويۇلغان لى فۇخۇاڭ قوشۇننى باشلاپ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىگەن، دىنغابالىق (ھازىرقى جىڭ)، كورقارائۇسۇ (ھازىرقى شىخو) ئەتراپىدا يۈەن داخۇا ئەۋەتكەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغان. 2 - ئايدا (شۈەنتۇڭ 3 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى) دا چىڭ سۇلالىسى خانى تەختنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن، ئىچكى ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرغۇچى ۋەزىر يۈەن شىكەي جۇمھۇرىيەتنى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىغان، سۈن جۇڭشەن ۋاقىتلىق ئۇلۇغ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن، ۋاقىتلىق كېڭەش يۈەن شىكەينى ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭلۇققا سايلاپ، شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىگەن. شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتى تېلېگرامما يوللاپ ئۆلكە بىلەن ئىلى ئىككى تەرەپ ئۇرۇشنى توختىتىشنى ھەمدە يۈەن داخۇا كۆرسەتكەن سابىق ئۈرۈمچى ئايماق بېگى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭ تۇتۇقلۇقىغا قويۇشنى بۇيرۇغان. 4 - ئايدا، ئۆلكە بىلەن ئىلى ئىككى تەرەپ تارباغاتايدا سۈلھى تۈزۈشكەن، 7 - ئايدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان: ئۈرۈمچىنى ئۆلكە مەركىزى قىلىش، ياڭ زېڭشىن تۇتۇق بولۇش، شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىلى باسقاۋۇل مەھكىمىسى قۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**چىرا ۋەقەسى جاھانگىرلىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرەش.** شىنجاڭ ئۆلكىسى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ چىرا كەنتى (بۈگۈنكى چىرا ناھىيەسى) دە ئولتۇرۇشلۇق روسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەر سېيىت ھاجى ئەسلىدە كېرىيىلىك بولۇپ، روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، كۈچىگە تايىنىپ خەلق ئاممىسىنى بوزەك قىلىدۇ. 1912 ـ يىلى سېيىت ھاجى ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەر ئۆستەڭ سۈيىنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ، دەپ جار سالىدۇ. بۇ ئاممىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، سۈيۈرگە ئاخۇن باشچىلىقىدىكى كەنت خەلقى سېيىت ھاجى بىلەن توقۇنۇشىدۇ. قەشقەردىكى گېلاۋخۇيىنىڭ باشلىقى بيەن يۈڭفۇ قاتارلىقلار شۇ جاينىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، يەكەندە تۇرۇشلۇق مۇشاۋۇر سانغۇن شيۇڭ گاۋشېڭنى ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، 23 ـ كۈنى سېيىت ھاجى قاتارلىقلار ئۈچ ئەسكەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، بىر ئادەمنى يارىلاندۇرىدۇ، دېھقان ئىسلامنىمۇ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرىدۇ. بۇ قانلىق دېلو ئاممىنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغايدۇ، 500 دىن ئارتۇق كىشى سېيىت ھاجىنىڭ تۇرالغۇسىنى قورشىۋېلىپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، 30 دىن ئارتۇق باندىت ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئوتتا كۈلى كۆككە سورۇلىدۇ. سېيىت ھاجى كېچىدە ئارقا تامنى تېشىپ قېچىپ كېتىدۇ. چار روسىيە ئەسكەر چىقىرىپ شەھەر دەرۋازىسىنى پارتلىتىپ قەشقەر شەھىرىگە بېسىپ كىرىدۇ ھەم بىرقاتار يولسىز تەلەپلەرنىقويۇپ شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىدۇ. شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى چار روسىيىگە بويسۇنۇپ، تۇتۇق ياڭ زېڭشىنغا بيەن يۈڭفۇ قاتارلىقلارنى قەشقەردىن يۆتكىۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ؛ 1913 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يەنە قەشقەرنىڭ باش بۈگى ياڭ زەنشۇگە روسىيە بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قەشقەر تەيتەيشى، خوتەننىڭ دوتيى ۋە ئامباللىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ جەرىمانە قويىدۇ، شيۇڭ گاۋشېڭغا 12 يىللىق قاماق جازاسى، سۈيۈرگە ئاخۇن قاتارلىق 40 نەچچە نەپەر ئاممىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېغىر ئەمگەككە سېلىش ۋە تۆت يىلدىن ئون يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىدۇ. 10 ـ ئايدا، كېلىشىم ئىمزالىنىپ دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆرەش ئاھانەتلىك كېلىشىم بىلەن باستۇرۇلىدۇ.

**قۇمۇل، تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى** شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ فېئوداللىق ھاشار، زۇلۇمغا قارشى كۆرىشى. گۇاڭشۈنىڭ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) ئاكا ـ ئۇكا تورپاقلار باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتقا قارشى تۇرۇپ، ئېغىر ھاشارنى يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭ باشچىلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ. 1912 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابى، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە، تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار «ھاشارنى يەڭگىللىتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە قۇمۇل ۋاڭ مەھكىمىسىگە قارىتىدۇ. شىنجاڭ دائىرىلىرى باركۆل مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يى شېڭفۇنى قوشۇنغا باشچى قىلىپ باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ، قوزغىلاڭچىلار چىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، يى شېڭفۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى زورىيىپ نەچچە مىڭ كىشىگە يېتىدۇ. يېڭىدىن تەيىنلەنگەن تۇتۇق ياڭ زېڭشىن ھاشارنى ئايدا يەتتە كۈندىن ئىككى كۈنگە قىسقارتىشقا، قۇمۇل ۋاڭى قاماپ قويغان ئاممىنى قويۇپ بېرىشكە، قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاممىنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ۋە زىيانكەشلىك قىلماسلىق قاتارلىق شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. تۆمۈر خەلىپىمۇ قوزغىلاڭچىلاردىن 128 كىشىنى ئۆلكە قوشۇنىنىڭ چېگرانى تىنچلاندۇرغۇچى ئاتلىق قوشۇنىنىڭ 3 ـ يىڭى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، دىخۇادا تۇرۇشقا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) ھەم يىڭجاڭلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا قوشۇلىدۇ. قالغان قوزغىلاڭچىلار ئۆيلىرىگە دېھقانچىلىق قىلىشقا قايتۇرۇلىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى دېھقانلارمۇ مۇھەممەدىن خەلىپىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ، نەچچە يۈز كىشى فېئودال زۇلۇمغا قوراللىق قارشى تۇرىدۇ. ياڭ زېڭشىن تۇرپاندىكى قوزغىلاڭچىلارغىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل قوللىنىپ، ئۇلارنى دىخۇادا تۇرۇشلۇق 1 ـ يىڭ قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ ھەم مۇھەممەدىننى يىڭجاڭلىققا تەيىنلەيدۇ. قوراللىق قوشۇن ئۆلكە مەركىزى دىخۇاغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ھاشارنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ، تارقىتىۋېتىلگەن قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىدۇ. تۆمۈر خەلىپە بىلەن مۇھەممەدىن خەلىپە مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ يۇرتىغا قايتىپ قايتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ ھەم قورال ـ ياراغلىرىنى شەھەر سىرتىغا يۆتكەيدۇ. ياڭ زېڭشىن 1913 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ

باشلىرىدا تۆمۈر خەلىپە، مۇھەممەد خەلىپە ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى 200 دىن كۆپ ئادەمنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرىدۇ. كېيىن تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئىنىسى شاكىر، مۇھەممەد خەلىپىنىڭ دوستى ئەمەت قاتارلىقلار كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا ھەر ئىككىلىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ. 1930 - يىلى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ئۆلىدۇ، قۇمۇل ۋاڭى تەۋەلىكىدىكى كىشىلەر چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىن قېلىپ قالغان ۋاڭلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىشنى، ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قۇمۇل ۋاڭىغا قاراشلىق جايلارنى قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈركتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىگە ئايرىيدۇ، شامەخسۇتنىڭ ئوغلى نەزەر دىخۇاغا كېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «ئالىي مەسلىھەتچىلىكى» نى ئۈستىگە ئالىدۇ. بىراق، ئەمەلىي ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ھەق-ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، دېھقانلارنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، ئىلگىرىكى ۋاڭ ئوردىسى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى خوجىنىياز قاتارلىقلار «ھاكىمنى بىكار قىلىش، ۋاڭلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» قاتارلىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭنىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، كېيىن گەنسۇدىكى ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ كىرگەنلىكتىن، 30- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا پاتىدۇ.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى «يېڭى سىياسەت»** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يولغا قويۇلغان ئىسلاھات ھەرىكىتى. گۇاڭشۈنىڭ 26- يىلى 12- ئاينىڭ 10- كۈنى (1901- يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى) چىڭ ئوردىسى پۈتۈن مەملىكەتتە «يېڭى سىياسەت» يۈرگۈزۈش پەرمانىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۈي، ئىلى جياڭجۈنى چاڭگېڭ قاتارلىقلار يېڭى تىپتىكى ئارمىيە قۇرۇش، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، سودا - سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مەكتەپ ئېچىش قاتارلىقلارنى مۇھىم ئىشلار قاتارىغا قويدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئارمىيە قۇرۇش، زاۋۇت، كان - كارخانىلارنى ئېچىش ۋە مەكتەپ ئېچىش كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. گۇاڭشۈنىڭ 33 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىلى، ئۈرۈمچىلەردە ھەربىي مەكتەپلەرنى خېلى كۆپ قۇرۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەدى؛ ئىلى جياڭجۈنى خۇبېي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كەلگەن «يېڭى ئارمىيە» ئاساسىدا، ھەرقايسى مىللەت ياشلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ مەشىقلەندۈرۈپ، ئارىلاشما «يېڭى ئارمىيە» (لۇ) تەشكىللىدى. ئۈرۈمچىدىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ نامىنىمۇ ئۆزگەرتىپ ئارىلاشما ئارمىيىگە قوشۇپ «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق قوشۇنى» غا ئۆزگەرتتى. گۇاڭشۈنىڭ 34- يىلى «خان كۆرۈپ بېكىتكەن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تەمىرات جۈجۈقى تەسىس قىلىش قائىدە - نىزاملىرى» ئېلان قىلىندى، بۇ نىزام جەمئىي 12 تارماق، 55 ماددا ئىدى. ھەرقايسى جايلاردا كان ئېچىش، نېفىت پىششىقلاش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ يېقىنقى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى قوللاندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھۆسەيىن باي قۇرغان ئىلى خۇرۇم زاۋۇتى ئەڭ داڭلىق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، كونىچە مەكتەپلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى، ئوقۇغۇچىلار 4000 كىشىدىن ئاشتى، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىندى، خەنزۇ تىلىدىن سىرت ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، چەت ئەل ئەدەبىياتى، جۇغراپىيە، ئىقتىساد، قانۇن، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى؛ دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەربىيىلەندى.

**دىخۇا «7 - ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگىرىشى** بۇ ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدۇر. 1928 - يىلى نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن تېلېگرامما يوللاپ مىللىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، قوشۇمچە باش قوماندان بولىدۇ. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ياڭ زېڭشىن مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. خارجى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ھەربىي ئىشلار نازىرى پەن ياۋنەن مەكتەپنىڭ نازارەتچىسى سۈپىتى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، زىياپەتتە قاتىل ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆلكە مەركىزىدىكى تۇتۇق مەھكىمىسىنى ھۇجۇم بىلەن ئالىدۇ. خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن سىياسىي

ئۆزگىرىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قىسىملارنى يەغىپ، يەن ياۋەن قاتارلىق 20 نەچچە كىشىنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرىدۇ. يەن ياۋەن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ مەغلۇپ بولىدۇ، جىن شۇرېن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالىدۇ.

**دىخۇادىكى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى** بۇ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ۋەقەسىدۇر. 1931 ـ يىلى قۇمۇل ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى، دىخۇادىكى خەلق ساراسىمىگە چۈشتى. دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) نىڭ ھاكىمى تاۋمىڭيۈ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى چېن جۇڭ، ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىنىڭ تېخنىكى لى شياۋتيەن قاتارلىقلار مەغلۇب بولغان ئاق ئورۇسلار قوشۇنى، شەرقىي شىمالىي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش — ۋەتەننى قۇتقۇزۇش قوشۇنى قاتارلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇردى. سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلار شۇ كۈنى كېچىدە ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى قاتناشقان يىغىن چاقىرىپ، ۋاقىتلىق ئىدارە قىلىش كومىتېتى قۇردى، سابىق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى؛ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلۇپ شەرقىي شىمالىي ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش — ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ لۈيجاڭى جېڭ رۇنچېڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. 13 ـ كۈنى «شەرقىي يول باندىتلارنى تازىلاش باش قوماندانى» شېڭ شىسەي ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كېلىپ، دىخۇانىڭ شەھەر سىرتىدىكى ئېگىز نۇقتىلارنى ئىگىلەپ، جىن شۇرېن قوشۇنىنى توپقا تۇتتى، سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوللىدى، 14 ـ كۈنى شېڭ شىسەي ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىكىگە سايلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغۇچىلارنى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى، سىياسىي ئۆزگىرىشنى ئۆزى رەھبەرلىكىدىكى «ئاپرېل ئىنقىلابى» دەپ ئاتىدى.

**ئالتە بۈيۈك سىياسەت** مىڭگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسى. ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانى مۇنداق: 1934 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چېگرا مۇداپىئە تۈتۈقى شېڭ شىسەي سەككىز ماددىلىق خىتابنامىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ 11 ـ ئايدا توققۇز تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەشۋىقات ئېھتىياجى بىلەن «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى» نى يېزىپ چىقتى، بۇنى يازغان ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتكەنلەر ئىچىدىكى جاڭ يىۋۇ، ۋاڭ لىشياڭلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. 1935 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتنى ئېلان قىلدى؛ شۇ يىلى باھاردا يۈ شيۇسۇڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭغا كەلدى، ئۈچ چوڭ سىياسەتكە پاك بولۇش سىياستى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش سىياستى قوشۇلۇپ، بەش چوڭ سىياسەتكە ئايلاندى؛ 1936 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھەرقايسى مىللەتلەر باپباراۋەر بولۇش (قىسقارتىپ مىللەتلەر باراۋەر بولۇش دەپ ئاتالدى) سىياستى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئالتە بۈيۈك سىياسەت بارلىققا كەلدى. ئالتە بۈيۈك سىياسەت كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇشىنىڭ سىياسىي ئاساسىغا ئايلاندى.

**قەشقەردىكى قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»** ئەنگلىيە ياردەم بەرگەن تەپرىقچى ھاكىمىيەت. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قەپەستىن چىقتى. قورچاق ھاكىمىيەت «زۇڭتۇڭ» تەسىس قىلدى، خوجىنىياز 1934 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «زۇڭتۇڭ» لۇققا تەيىنلەندى؛ سابىت داموللا «زۇڭلى» لىقنى ئۈستىگە ئالدى؛ «مۇئاۋىن زۇڭلى» لىققا ئىككى ئادەم قويۇلدى؛ دىپلوماتىيە، ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلار، مالىيە، مائارىپ، دىنىي ئىشلار، ئەدلىيە، ۋەخپە تەئەللۇقاتلىرىنى باشقۇرۇش، دېھقانچىلىق ـ سودا، سەھىيەدىن ئىبارەت توققۇز مىنىستىرلىق تەسىس قىلىندى. سابىت داموللا ئاتۇشتىن بولۇپ، ھىندىستاندا ئوقۇغان، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانىدى، قورچاق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، چەت ئەللەرگە ياردەم سوراشقا ئەۋەتىلگەنىدى. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرگۈچى قىسمى بولغان مافۇيۈەن قوشۇنى قەشقەرگە كىرىپ، يەرلىك ئارمىيە، خەلق بىلەن بىرلىكتە قورچاق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇردى، سابىت داموللا يېڭىسار ئارقىلىق يەكەنگە قېچىپ كەتتى. خوجىنىياز قېچىپ كېتىۋېتىپ سوۋېت

ئىتتىپاقى خادىملىرىغا ئۇچراپ قالدى، ئۇ سابىت دا-
موللىنى تىرىك تۇتسا ھەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرى-
لىرىگە تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇ-
ئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتى. 4 -
ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوجىنىياز قوشۇن باشلاپ يەكەن-
گە باردى، قول ئاستىدىكى مامۇتقا سابىت داموللىنى
تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەم چېگرا مۇداپىئە
دۇبەنى شىڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەردى.

## شىنجاڭ ئاۋام خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى

1934 ~ 1938 - يىللىرى شىڭ شىسەي دىخۇا (بۈ-
گۈنكى ئۈرۈمچى) دا ئۈچ قېتىم ئاۋام خەلق ۋەكىللەر
قۇرۇلتىيى چاقىرىدى. 1934 - يىلى 4 - ئايدا
تۇنجى قېتىملىق يىغىن چاقىرىلىپ 200 دىن كۆپ
ۋەكىل قاتناشتى، ۋەكىللەر بىر قىسىم ئۇرۇش بولۇ-
ۋاتقان جايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەنۇبىي ۋە شىما-
لىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەنىدى. يى-
غىندا چېگرامۇداپىئە دۇبەنى شىڭ شىسەي سۆز قى-
لىپ، يىغىننىڭ مەقسىتى مىللەتلەر باراۋەرلىكى سىيا-
سىتىنى يولغا قويۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە
كاپالەتلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت
ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېدى. 2 - قېتىم-
لىق قۇرۇلتاي 1935 - يىلى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا
ئۆلكە مەركىزى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن
بولۇپ 320 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. شىڭ شى-
سەي سىياسىي دوكلاتىدا، شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو-
نىڭ زېمىنى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى، نەنجىڭ
مىللىي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قوغۇق-
لاشتۇرىدىغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاھىدە
دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر نامىنى خەنزۇ
تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە يېزىش ئۆلچىمىمۇ مۇشۇ
قېتىمقى قۇرۇلتايدا بېكىتىلدى. 3 - قېتىملىق قۇ-
رۇلتاي 1938 - يىلى 10 - ئايدا چاقىرىلدى، بۇ يىغىن
ئۈچىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قۇرۇلتىيى دەپمۇ ئاتالدى،
قۇرۇلتايغا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقە كى-
شىلىرى، ئىدارە - جەمئىيەت باشلىقلىرى، ئاممىۋى
تەشكىلاتلار، ئارمىيە، مەكتەپ ۋە ئاياللار ۋەكىللىرى
بولۇپ 520 ئادەم قاتناشتى. يىغىن ئۈچ يىللىق قۇرۇ-
لۇش پىلانىنى تۈزۈپ ماقۇللىدى، بۇ سىياسىي، مەدە-
نىيەت - مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش ۋە سەھىيە ئىشلى-
رىغا ئائىت 24 ماددىلىق لايىھەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغا-
نىدى. يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە ئاساسەن لىن
جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار رىياسەتچىلىك قىلدى،
خاتىرە دەپتەرگە ماۋزېدۇڭ، جۇدې قاتارلىقلارنىڭ سۈ-
رىتى چۈشۈرۈلدى؛ قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ياپونغا قارشى
تىياتىرلار تەشۋىق قىلىندى.

## شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى


ۋەتەنپەرۋەر بۇ تەشكىلات
1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان،
جاھانگىرلىك ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىغا قارشى تۇرۇش،
شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ مەڭگۈلۈك زېمىنى ئىكەنلىكى-
نى ساقلاپ قېلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى باش
نىشان قىلغان. خې يۈيجۇ كومىتېت باشلىقلىقىنى،
لاڭ داۋخېڭ باش كاتىپلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. 1935-
يىلى 7 - ئايدا ئۇيۇشما ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ،
كومىتېت باشلىقى تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئۇيۇشما
باشلىقلىقىنى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شىڭ شىسەي قو-
شۇمچە ئۈستىگە ئالغان، مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقلىقىنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى رۇڭ،
خوجىنىيازلار ئۈستىگە ئالغان؛ كومپارتىيە ئەزاسى يۈ
شيۇسۇڭ (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ۋاڭ شۇچېڭ) باش
كاتىپلىققا تەيىنلىنىپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىيا-
سەتچىلىك قىلغان؛ ھەرقايسى جايلاردا رايونلۇق ئۇيۇش-
ما، شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇپ، ئۇيۇشما ئەزالىرى
2400 گە يەتكەن. ئەزالارنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت
خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، قىسىمدىكى
كوماندىرلار ئىدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇيۇشمىنىڭ
ئورگان ژۇرنىلى «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نەشر
قىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشەب-
بۇسلىرى تەشۋىق قىلىنغان. 1937 - يىلى كۈزدە يۈ
شيۇسۇڭ قولغا ئېلىنغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسىنىڭ ئەزاسى جاۋشى (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ۋاڭ
باۋچيەن) كاتىپلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. 1938 - يىلى
1 - ئايدا ئىلگىرىكى جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل
ئارمىيىسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسى سولقانات تار-
ماق ئەترىتىنىڭ كادىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يىسىنىڭ ئەزاسى خۇاڭ چيۇچىڭ (ئۆزگەرتىلگەن ئىس-
مى خۇاڭ مىڭفۇ) باش كاتىپلىقىنى ئۈستىگە ئالغان.
1939 - يىلى 5 - ئايدا جاۋشى (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى
ۋاڭ باۋچيەن) باش ئۇيۇشمىنىڭ كاتىپلىقىنى ئۈستىگە
ئالغان. مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ باش ۋەزىپىسى ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ۋە
گۈللەندۈرۈش، خەلقئارا قاتناش يولىنى مۇستەھكەم-
لەش، كەڭ ئاممىنى تەشكىللەش ۋە تەربىيىلەش ئارقى-
لىق ئايروپىلان ۋە قىشلىق كىيىم - كېچەك قاتارلىق

بۇيۇملارنى ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش؛ باللار قوشۇنى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش، كادىرلار كۇرسى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۇرسى، رۇس تىلى كۇرسى ئېچىش، دراما، ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش ئىدى. 1943 - يىلىغا بارغاندا ئۇيۇشما ئەزاسى 10~20 مىڭ كىشىگە يەتكەن. شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ۋە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1943 - يىلى 8 - ئايدا مەزكۇر ئۇيۇشما تارقىتىۋېتىلگەن.

**«سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى»** شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي پەيدا قىلغان ساختا دېلو، جەمئىي ئۈچ قېتىم ئويدۇرۇپ چىقارغان، 1 - قېتىملىقى 1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1938 - يىلى 2 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن. «دۇبەننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش»، «ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش»، «تروتسكىچىلار» قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن ھەربىي، سىياسىي ئەمەلدارلار ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا ئېلىپ، ياتلارنى تازىلىغان؛ قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە باي سودىگەرلەرنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان ۋە ئاممىنى قايمۇقتۇرغان؛ سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن كوممۇنىستلارنى قولغا ئالغان ھەم ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرغان. ئىككىنچى قېتىم 1940 - يىلدىن 1941- يىلغىچە «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ» جىنايىتى بىلەن «دۇجۇڭيۈەن دېلوسى»، «ئالتاي دېلوسى» قاتارلىق بىرقانچە دېلولارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى ساھەلەردىن بولغان زور بىر تۈركۈم زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلغان. ئۈچىنچى قېتىم، 1942- يىلى «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ دېلوسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئاساسىدىكى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان دېگەننى باھانە قىلىپ، زور تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى، تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن كادىرلارنى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇپ قالغان يارىدار، كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنى تۈرمىگە تاشلىغان ياكى نەزەربەنت قىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق رەھبەرلەرنى مەخپىي قەتل قىلغان. تۆتىنچى قېتىم 1944 - يىلى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ رۇجېن ۋە لىن بويا قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارنى گومىنداڭ پارتىيىسى ئىچىدىكى مەخپىي كومپارتىيە ئەزالىرى، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەخپىي پىلانلىغان دېگەن. بۇ دېلو «خۇاڭ رۇجېن، لىن بويا دېلوسى» مۇ دېيىلىدۇ.

**يېڭى گازارما** 1936 - يىلى 11 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ج ك پ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قىزىل 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ 5 - جۈنى، 9 - جۈنى، 30 - جۈنى ۋە باش شتابىدىن بولۇپ جەمئىي 21 مىڭدىن ئارتۇق كىشى جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يول ئارمىيىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. ئەكسىيەتچى قوشۇنلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن ئېغىر چىقىم تارتقان. 1937- يىلى 3 - ئايدا، غەربىي يول ئارمىيىسى ئوڭقانات ۋە سولقانات تارماق ئەترەتكە ئايرىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا شەرققە ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. 4 - ئاينىڭ ئاخىرى سولقانات تارماق ئەترەت مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، غەربىي يول ئارمىيىسى ھەربىي خىزمەت كومىتېتى شۇجىسى لى جورەن، 30 - جۈننىڭ جۈنجاڭى چېڭ شىسەي، 30 - جۈننىڭ سىياسىي كومىسسارى لى شيەننيەنلەر باشچىلىقىدا گەنسۇ بىلەن شىنجاڭنىڭ چېگرىسىدىكى شىڭشىڭشياغا يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي بيۇرو ئەزاسى چېن يۈن، تېڭ دەيىۋەنلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغان. 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سولقانات تارماق ئەترەتنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئادىمى دىخۇا (ئۈرۈمچى) غا كىرىپ، شياۋدۇڭمېن (بۈگۈنكى بەش يۇلتۇز يولى) غا ئورۇنلاشقان. چېن يۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە شېڭ شىسەي بىلەن ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى قۇرغان. سولقانات تارماق ئەترەت دېگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ باش ئەترىتىگە ئۆزگەرتكەن، ئۇنىڭ ئاستىدا كادىرلار ئەترىتى ۋە تۆت چوڭ ئەترەت قۇرۇپ، سىرتقا قارىتا «يېڭى گازارما» دەپ ئاتىغان. 8- ئايدا ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى دېگەن نام مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ 8 - ئارمىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. باش تارماق

ئەترەتتىكى كادىر ۋە ئەسكەرلەر شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار مەكتىپىدە شوپۇرلۇق، برونېۋىك، توپ، سىمسىز تېلېگراف، ئاۋىئاتسىيە ۋە تېببىي قاتارلىق ھەرخىل قىسىملارغا خاس تېخنىكىلارنى ئۆگەنگەن. باش ئارماق ئەترەت 1940 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يەنئەنگە قايتىپ، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان. بىر قىسىم كادىرلار قېلىپ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشقان، كېيىن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلىپ، يارىدارلار، مېيىپلار ۋە باشقا كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن يەنئەنگە قايتقان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 8 ـ بېتىگە قارالسۇن)



غەربىي يول ئارمىيىسىدىكى بىر قىسىم كوماندىرلار دىخۋادىكى يېڭى گازارمىدا

**ماموت، ماخۇسەن توپىلىڭى** بۆلگۈنچىلىك خاراكتېردىكى توپىلاڭ. ماموت تۇرپانلىق، ئۇيغۇر. 1931 ـ يىلى قىسىم تەشكىللىگەن، كېيىن خوجىنىيازغا ئەگەشكەن. 1933 ـ يىلى يازدا جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان. ماموت ئۆز قىسىملىرى بىلەن شۇ جايدىكى قوراللىق كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ 7 ـ دىۋىزىيىنى تەشكىللەپ، سىجاڭ بولغان، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ تۇرغان. ماخۇسەن گەنسۇلۇق، خۇيزۇ. 1933 ـ يىلى باھاردا 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭى ماجۇڭيىڭغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن. لۈيجاڭ، قوشۇمچە ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى بولغان. 1934 ـ يىلى يازدا ماجۇڭيىڭ قەشقەر ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ماخۇسەن مۇۋەققەت سىجاڭلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، خوتەنگە كىرىپ شاھمەنسۇرنىڭ قورچاق «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى يوقاتقان. 1937ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ماموت ئىسيان كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەكەنگە چېكىنگەن. ماخۇسەن ئىسياننى باستۇرۇش نامى بىلەن ماموتنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، قەشقەر كونا شەھەر (بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى)، يېڭىشەھەر، مارالبېشى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، كۇچاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شىڭ شىسەي قوشۇن چىقىرىپ ھەم يەنە بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوشۇن تەكلىپ قىلىپ توپىلاڭنى باستۇرغان. 10 ـ ئايدا، توپىلاڭ تىنچىتىلىپ 36 ـ دىۋىزىيە يوقىتىلغان. ماموت، ماخۇسەنلەر ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. ماموت 1939 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىگە بېرىپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ، رەئىس بولغان؛ 1944 ـ يىلى جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى بېيپىڭدا ئۆلگەن. ماخۇسەن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ھەمدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان.

**8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى** ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدا قۇرغان ئاپپارات. 1937ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي ھەر-

بىر ئىشلار كومىتېتى جۇشياۋجۇنى شىنجاڭغا چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇرۇشقا ئەۋەتكەن، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دىكى نەنلياڭغا جايلاشقان بولۇپ، 3 - كۈتۈۋېلىش ئورنى دەپ ئاتالغان، سىرتقا قارىتا مېھمان كۈتۈش دېيىلگەن. تېڭ دەيىۋەن (1937 - يىلى 4 - ئايدىن 12 - ئايغىچە)، دېڭ فا (1938 - يىلى 1 - ئايدىن 1939 - يىلى 6 - ئايغىچە)، چېن تەنچيۇ (1939 - يىلى 6 - ئايدىن 1942 - يىلى 9 - ئايغىچە) قاتارلىقلار ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋەزىپىسى ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى كېڭەيتىش؛ ھەرقايسى مىللەتلەردىن بولغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپونغا قارشى كۈرەش قىلىش، شىنجاڭنىڭ مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە قاتناش يولىنى ساقلاش؛ شىنجاڭ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ كېلىدىغان پارتىيىمىز كادىرلىرى ۋە خەلقئارا دوستلارنى كۈتۈۋېلىش؛ 8 - ئارمىيىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇشىغا كېرەكلىك ماددىي ئەشيالارنى توپلاپ ياردەم بېرىش؛ دىخۇادا داۋالىنىۋاتقان 8 - ئارمىيە ياردار ۋە مېيىپلارنى باشقۇرۇش ئىدى. 1942 - يىلى شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، مىللىي بىرلىك سەپ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىش بېجىرىش ئورنىمۇ تاقالغان. غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇدىكى ئورنى 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خاتىرە سارىيى قىلىنغان. مەزكۇر خاتىرە ساراي ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 8 - بېتىگە قارالسۇن)

## كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىدىكى كۈرەشلىرى

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭ تۈرمىلىرىدە دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. 1942 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي بوھتان چاپلاپ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى كادىرلىرى، داۋالىنىۋاتقانلار ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن بولۇپ 128 ئادەمنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەزەربەنت ئاستىغا ئالغان. پارتىيىمىز ۋەكىلى چېن تەنچيۇ خەت يېزىپ شېڭ شىسەيگە كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆگىنىش كومىتېتى تەشكىللەپ ئىنقىلاب نەزەرىيىسى ۋە غايىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنى قوراللاندۇرغان، كۆپچىلىكنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەپ، كوللېكتىپ ھالدا يەنئەنگە قايتىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. 1943 - يىلى 2 - ئايدا، نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان كومپارتىيە ئەزالىرى 1 -، 2 - ۋە 4 - تۈرمىلەرگە يالاپ ئاپىرىلغان. شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «سوراق قىلىش ئۆمىكى» تەشكىللەپ شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، كوممۇنىستلارنى سوراق قىلغان. چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش» قا ئۇرۇنۇشنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىغان ھەم ئۇلارنى كومپارتىيىدىن چېكىنىشكە قىستىغان. بۇ ۋاستىلەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى باش ئەگدۈرەلمىگەن. 9 - ئايدا چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىقلار مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تۈرمىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تۇنجى قېتىملىق كوللېكتىپ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىنى تەشكىللەپ يەتتە كۈن داۋاملاشتۇرغان.

1944 - يىلى 8 - ئايدا، ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ھەرقايسى تۈرمىلەرگە قامالغان كوممۇنىستلارنى 2 - تۈرمە (ئەرلەر تۈرمىسى) ۋە 4 - تۈرمە (ئاياللار تۈرمىسى) لەرگە يىغقان. تۈرمىدە پارتىيە تەشكىلاتى جاڭ زىيى، ماڭفاڭ، فاڭ جىجۇنلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە «ھەممە بىر نىيەتكە كېلىش»، «شەرتسىز قويۇپ بېرىش، كوللېكتىپ يەنئەنگە قايتىش» تىن ئىبارەت كۈرەش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تۈرمىدىكى دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلار كوممۇنىستلارنى ياشاش ۋە غورۇر ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا مەجبۇرلىغان، ئۇلار 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە 2 - قېتىم كوللېكتىپ ئاچلىق ئېلان قىلغان، 7~8 - ئايلاردا سوراق قىلىشقا قارشى 2 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك كۈرەشنى قانات يايدۇرغان، 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 3 - قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلغان، 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا 3 - قېتىملىق سوراق قىلىشقا قارشى ئومۇميۈزلۈك كۈرەش ئېلىپ بارغان. ھەربىر قېتىملىق زور كۈرەش ھايات - ماماتلىق سىناق بولۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ۋە پارتىيىگە تەلپۈنۈش، ھايات - مامات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنئەنگە قايتىش ئىرادىسىنى نامايان قىلغان.

شىنجاڭ تۈرمىلىرىگە قامالغان كوممۇنىستلارنىڭ
ھايات ـ ماماتى ھەر مىللەت تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرى
ۋە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. مۇئاۋىن
رەئىس جۇ ئېنلەينىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا غەربىي شىـ
مالىي ھەربىي ـ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى،
قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭـ
نىڭ ئۆز قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 100
دىن ئارتۇق كوممۇنىست 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا
گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىپ قويۇۋېتىلگەن، ئۇلار ئائىـ
لە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى
يەنئەنگە بىخەتەر يېتىپ بارغان.

**پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى** جاھانگىرلارنىڭ شىنجاڭدا خەنزۇلارغا
قارشى تۇرۇش، «ئىستىقلالىيەت» نى تەرغىب قىلىش
ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان تەپرىقىچىلىك ھەرىكىتىـ
نى كۆرسىتىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جەنۇبىي
شىنجاڭدا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەشۋىقات بويۇمـ
لىرى بايقالغان ھەم تۈركىيە ئىلىم ئەھلى مەكتەپ
ئېچىش نامى بىلەن شىنجاڭدا بۇ خىل ئىدىيىنى قانۇنـ
سىز تارقاتقان. شىنجاڭلىق مەسئۇد، سابىت داموللا
قاتارلىقلار تۈركىيىدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن
مەكتەپ، دوختۇرخانا ئېچىش نامىدا پانئىسلامىزم، پانـ
تۈركىزم كۆزقارشى تارقاتقان. بۇ خىل ئىدىيە دۆلەتـ
نىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بىرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەنلىكـ
تىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن چەكلەنگەن.
1933 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جاھانگىرلار قەشقەردە روياپقا
چىقارغان قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇـ
رىيىتى» تەپرىقىچىلىك توپىلىڭى تەپرىقىچىلىكنىڭ ئىـ
دىيىۋى ئازدۇرۇشتىن توپىلاڭ ھەرىكىتىگە ئۆزگەرگەنـ
لىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ۋەھالەنكى، تەپرىقىچىلىك
كىشىلەرنىڭ مايىللىقىغا ئېرىشەلمىگەن، بۆلگۈنچىلىك
توپىلىڭى ئۈچ ئايدىلا شىڭ جايدىكى ئارمىيە ۋە خەلق
تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. مۇھەممەتئىمىن چەت
ئەلگە قېچىپ كەتكەن. 1940 ـ يىلى، كەشمىردە
«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابنى نەشر
قىلدۇرۇپ، تارىخنى بۇرمىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن
جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاـ
كىتنى يوققا چىقارغان ھەم بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى
ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلىغان. 1944 ـ يىلى 1 ـ
ئايدا، ئەيسا چۇڭچىڭدا «ئالتاي» ژۇرنىلىنى خەنزۇچە
چىقىرىپ، مەسئۇد ۋە مۇھەممەتئىمىنلەرنىڭ «شىنـ
جاڭدىكى قېرىنداشلار تۈرك مىللىتى» دىن دېگەن سەپـ
سەتىسىنى باسقان، شۇنداقلا شىنجاڭ مىللەتلىرىنى
«تۈرك مىللىتى» دەپ بېكىتىپ، «شىنجاڭ» دېگەن
نامنى «شەرقىي تۈركىستان» غا ئۆزگەرتىشنى ئاشكارا
تەلەپ قىلغان. مەزكۇر سەپسەتە ئوتتۇرىغا چىقىش بىـ
لەنلا «مەركەز گېزىتى» مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ
رەددىيە بەرگەن. 1945 ـ يىلى مەسئۇد، مۇھەممەتئىـ
مىن، ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن،
ھۆكۈمەت سالاھىيىتى بىلەن پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى
تارقىتىپ، شىنجاڭدا كۆپ مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىـ
دىن ئىبارەت پاكىتنى ئىنكار قىلىپ، تۈركىي تىلىدا
سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەر «تۈرك مىللىتى» دەـ
كى ئوخشىمىغان قەبىلىلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.
مەسئۇد قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى گوـ
مىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان، شۇنىڭ
بىلەن 1949 ـ يىلى ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىـ
غان. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە
قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇھەممەتئىمىن، ئەيسا قاتارلىقـ
لار ئاشكارا ھالدا غەربىي شىمالدىكى مىلىتارىست مابۇـ
فاڭ قاتارلىق گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇـ
شىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ بارلىق
ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن،
يەنە چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن.

**ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى** شىنجاڭ خەلقىنىڭ
گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرىشى.
1944 ـ يىلى كۈزدە، ئىلىدا قوراللىق قوزغىلاڭ پارتـ
لاپ، تېز سۈرئەتتە چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە تارـ
قالغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەپ ئاتالغان.

ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىغا 1943 ـ يىلى شىنجاڭ
دائىرىلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى شىنجاڭدا تۇرۇشـ
لۇق گومىنداڭ قوشۇنىغا 10 مىڭ تۇياق ئات ھەدىيە
قىلىشقا زورلىغانلىقى سەۋەب بولغان، بۇ ئېغىر يۈك
چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ زىممىسىگە چۈشـ
كەن. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى نىلقىدا
قوزغىلاڭ پارتلىغان، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجا
ئازادلىق تەشكىلاتى نىلقا پارتىزانلىرى بىلەن بىرگە
غۇلجا شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالغان، 12 ـ كۈنى
«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈـ
مىتى قۇرۇلغان. ئېلىخان تۆرە رەئىسلىككە سايلانغان،
ئارقىدىنلا پارتىزانلار قورغاس، سۈيدۇڭ، كۈرە (بۇـ
گۈنكى قورغاس ناھىيىسى ئىچىدە) نى ئىشغال قىلغان.

1945 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، جىڭ ناھىيىسىدىن باشقا پۈتۈن ئىلىنى ئىگىلىگەن. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، پارتىزانلار ئەترەتلىرى مىللىي ئارمىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 6 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈچ سەپتە ئۇرۇش قىلغان، يەنى شىمالىي سەپتە چۆچەك ۋە ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بۇ ئىككى ۋىلايەتنى تېزلىكتە ئىشغال قىلغان؛ جەنۇبىي سەپتە قارا شەھەر ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، شۇ جايدىكى قوشۇنلارنى ئىسكەنجىگە ئالغان؛ ئوتتۇرا سەپتىكى قوشۇن گومىنداڭ كۈچىنى توپلاپ ئۇقتىلىق قوغداۋاتقان جىڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولغان شىخۇلارغا ھۇجۇم قىلغان. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاخىرلىشىپ، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي رايونلىرى مىللىي ئارمىيىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن، ئۆلكە مەركىزى دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) نى يېرىم قورشاش ھالىتى شەكىللەنگەن.

1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن رەھىمجان، ئوبۇلخەيرى، ئەخمەتجان قاسىمىلار دىخۇاغا كېلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن. 1946 ـ يىلى 1ـ ئاي ۋە 6ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ھەم ئىككى قوشۇمچە ھۆججەتنى ئىمزالىغان. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن. ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن رەئىسلىكنى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باش كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئالغان، قالغان ئالتە كىشى نازىر، مۇئاۋىن نازىر ۋە ھەيئەتلىكنى ئۈستىگە ئالغان. ۋەھالەنكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئاللىبۇرۇن كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان بولۇپ، شىنجاڭدىمۇ تىنچلىق بىتىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ئەمەلدارلىرى 1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئارقا ـ ئارقىدىن غۇلجىغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار تىنچلىق بىتىمىنى قوغداش ئۈچۈن، 1948ـ يىلى 8ـ ئايدا ئارقاـ ئارقىدىن غۇلجىغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار تىنچلىق بىتىمىنى قوغداش ئۈچۈن، 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا غۇلجىدا شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى رەئىس بولغان. مەزكۇر تەشكىلات غۇلجىدا تۆت يىلدىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «شىنجاڭ» دېگەن نامنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن. 1949 ـ يىلى يېڭى تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئازادلىق ئۇرۇشى ۋەزىيىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلغان ۋە تونۇشتۇرغان، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈرىشىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. 8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن غۇلجىغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزگەن ھەم پات يېقىندا چاقىرىلىدىغان سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ماۋ زېدوڭ بۇ ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەركىبىي قىسمى» دەپ كۆرسەتكەن. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 8 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى** گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مەخپىي تەشكىلات. «ئازادلىق جەمئىيىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1944 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى ئاستىدا بىر قىسىم ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى ۋە باشقا گۇرۇپپىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلغان. ئېلىخان تۆرە رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالغان. رەھبىرىي ئەزالار 12 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرى، سودىگەرلەر، چارۋىچىلار، پومېشچىكلار ئون نەپەر ئىدى. مەزكۇر تەشكىلات چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نىلقا پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىلەشكەن. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتىزانلار ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلغان. 12 ـ كۈنى غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغان. «ئازادلىق تەشكىلاتى» غا ئوخشاش تەشكىلاتلار چۆ-

چەك، چىمىنەي، تاشقورغان قاتارلىق چېگرا رايونلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

**مىللىي ئارمىيە** شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق قوشۇنى. 1944 - يىلى قىشتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان، ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ ئارمىيە - ساقچى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. باش قوماندان پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندىروۋ ئىدى. 1945- يىلى 1 - ئايدا ئىۋان ياكوفلىۋىچ پالىنوف باش قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئالغان، شۇ يىلى 4 - ئايدا پارتىزانلارنى ئاساس قىلغان ھالدا تەخمىنەن 15 مىڭ كىشىلىك مىللىي ئارمىيە تەشكىللەنگەن. باش قوماندانلىق شتابى غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پالىنوف باش قوماندان، ۋارسانوف مىخايلوۋىچ مورالوف شتاب باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. باش شتاب قارمىقىدا ئارقا سەپ بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، ھەربىي سوت مەھكىمىسى، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، رازۋېدكا باشقارمىسى، ئورۇش قىلىش باشقارمىسى، كادىرلار باشقارمىسى، خوجىلىق باشقارمىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان، ھەرقايسى پولك، باتالىيونلارنىڭ نامى يەر نامى ياكى مىللەت نامى بىلەن ئاتالغان. 1946-يىلى 7 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نى ئىمزالاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن. مىللىي ئارمىيە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن، ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى 13 مىڭ 500 گە يەتكەن. باش شتابى يەنىلا غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى، ئوفىتسېرلىرى ۋەتىنىگە قايتقان. ئىسھاقبېك مونونوف باش قوماندانلىقنى، دەلىلقان سۈگۈرباييوف، زۇنۇن تېيىپوفلار مۇئاۋىن باش قوماندانلىقنى ئۈستىگە



ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى

ئالغان، مىللىي ئارمىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 1949 - يىلى 12 - ئايدا مەركىزىي ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مىللىي ئارمىيىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلغان، لېسكىن كورپۇس قوماندانلىقىنى، دۇن شىگۇن سىياسىي كومىسسارلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، 5 - كورپۇس قارمىقىدا ئىككى دىۋىزىيە تەسىس قىلىنغان.

**«11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى»** تولۇق ئاتىلىشى «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم». 1944 - يىلى كۈزدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان. 1945- يىلى 10 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىدىن رەھىمجان، ئوبۇلخەيرى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ بىلەن دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن، 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2- كۈنى ئىككى تەرەپ 11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ تېكىستىنى ۋە بىرىنچى قوشۇمچە ھۆججىتىنى ئىمزالىغان، 6 - ئايدا ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججىتىنى ئىمزالىغان. ئاساسلىق مەزمۇنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە؛ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ شىنجاڭدىكى مەمۇرىي ئورگان ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدە خەنزۇ يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ، خەلقنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سۇنغان ھۆججەتلىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنىلا قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ؛ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ مىللىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ ئەركىن تەرەققىياتى، خەلقنىڭ نەشر قىلىش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، پىكىر ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؛ باج نىسبىتى، تاشقى سودا جەھەتلەردىمۇ مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلىدۇ، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بىرىنچى قوشۇمچە ھۆججەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىشىگە ئائىت بەلگىلىمىلەر بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت 25 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنى تەيىنلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئون كىشىنى مەركەز بىۋاسىتە ئەۋەتىدۇ (ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت تەشكىللەنگەندە يەتتە كىشى ئەۋەتكەن)، رەئىس ۋە باش كاتىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۈچ ۋىلايەت ئالتە نامزات كۆرسىتىدۇ (ئەمەلىيەتتە سەككىز نامزات كۆر-

سەتكەن)، مۇئاۋىن رەئىس ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قالغان يەتتە ۋىلايەت توققۇز نامزات كۆرسىتىدۇ (ئەمەلىيەتتە ئون نامزات كۆرسەتكەن)، مۇئاۋىن رەئىسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلگەن. ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججەت ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە ئائىت بەلگىلىمىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەت قىسىملىرىنى دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۈچ ئاتلىق تۈەن، ئۈچ پىيادە تۈەن قىلىپ تۈزۈش، ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 12 مىڭدىن ئاشماسلىق. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە تۇرۇش، غۇلجا تەرەپ بىر باش قوماندان قويۇش ھەم ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولۇش، دەپ بەلگىلەنگەن. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەسمىي تەشكىللەنگەن. جاڭ جىجۇڭ رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىس بولغان. شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىغان، شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ۋەقە تۇغدۇرۇپ ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلغان ۋە ھەر مىللەت دېموكراتىيە كۈچلىرىگە زەربە بەرگەن، ئاخىرىدا مەسئۇدنى يۆلەپ ئۆلكە رەئىسى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى غۇلجىغا چېكىنگەن. بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۆزۈل ـ كېسىل يىمىرىلگەن.

**دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى** يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلات. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دىخۋا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دا قۇرۇلغان. «11 ماددىلىق تىنچلىق كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان. 1946-يىلى 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئابباسوف «مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىلى» سۈپىتىدە نەنجىڭغا يىغىنغا بارغاندا، دىخۋادىكى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىنىڭ خېتىنى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن ئالاقىلەشكەن، خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلغان ۋە يوليورۇق سورىغان. ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى دۇڭ بىۋۇ مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە شىنجاڭدىكى ئىلغار تەشكىلاتلار مەسلىھەتلىشىپ بىرلىشىشى كېرەك، نام جەھەتتە كوممۇنىزم بايرىقىنى بالدۇر كۆتۈرۈپ چىقىشقا بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوف شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ دىخۋادىكى رەھبىرىي ئەزالىرى ۋە شىنجاڭدىكى كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزگەن ھەم ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنى قۇرغان. ئابدۇكېرىم ئابباسوف مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى، لى تەييۈ، ئەسئەت ئىسھاقوف مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم بىلەن قوراللىنىپ، ئاممىغا بولۇپمۇ ياش، ئوتتۇرا ياش زىيالىيلارغا تەربىيە ئېلىپ بېرىش؛ بىر قىسىم جايلار ۋە ئورۇنلاردا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇش، دەپ بېكىتىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي دىخۋادا «25 ـ فېۋرال» ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ۋەزىيەت يامانلاشقان. 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە سالاھىيىتى ئاشكارىلانغان رەھبىرىي ئەزالار غۇلجىغا قايتقان، 1948 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تارقىتىۋېتىلگەن، پارتىيىنىڭ بارلىق ئەزالىرى 8-ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان شىنجاڭ تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا كىرگەن. دىخۋادا قېپقالغان ئەزالار «دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى دىخۋا رايونلۇق كومىتېتى» نامىدا داۋاملىق مەخپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

**شىنجاڭ تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى** ئاممىۋى تەشكىلات. قىسقارتىلىپ «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» مۇ دېيىلىدۇ. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» غا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقتىن، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت كادىرلىرى 1947-يىلى 7~8 ـ ئايلاردا دىخۋا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دىن غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن. ئارقىدىنلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تىنچلىق بىتىمىنى قوغداش ئۈچۈن، «شىنجاڭ تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان؛ «ئۆلكە خەلقىگە مۇراجەتنامە» نى ئېلان قىلىپ، خەلقنى شىنجاڭدا تىنچ، ھەققانىي، ئادىل، مېھرىبان، ئەركىن جەمئى-

ەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان. «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسلىكىنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. مەزكۇر ئىتتىپاقتا 35 كىشىلىك مەركىزىي كومىتېت تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى مەركىزىي تەشكىلات كومىتېتى يادرولۇق رەھبەرلىك ئورگىنى ئىدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ئەزالارنى تەرەققىي قىلدۇرغان، كېيىن ياشلار تەشكىلاتى، ئاياللار جەمئىيەتلىرىمۇ «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» غا قوشۇۋېتىلگەن. «شىنجاڭ ئىتتىپاقى» ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىدا «ئالغا گېزىتى» ۋە «ئىتتىپاقداش» ژۇرنىلى، شۇنداقلا خەنزۇ يېزىقىدىكى «دېموكراتىيە گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان، ماركسىزمنىڭ مىللەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بېسىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى، مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1948 - يىلى 8 - ئايدا ئەسئەت ئىسھاقوۋ مۇۋەققەت رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالغان. 1950 - يىلى 6- ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلگەن، سەيپىدىن ئەزىزى رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالغان، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بىرلىك سەپ تەشكىلاتىغا ئايلانغان. 1954 - يىلى 8- ئايدا تارقالغانلىقى جاكارلانغان.

**كۈرەش نەشرىياتى** مەخپىي ئىلغار تەشكىلات. ئەسلىدىكى شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بولۇپ، قىسقارتىلىپ «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» دېيىلگەن. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7- كۈنى، كومپارتىيە كىشىلىرىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار ۋە زىيالىيلار دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دا كۈرەش نەشرىياتىنى قۇرغان، خەن شىيى نەشرىيات مەسئۇلى بولغان. ئۇنىڭ باش نىشانى كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان شىنجاڭ ياشلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەشكىللەش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ ئاق تېررورلۇقى ئاستىدا، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا پارتىيە تەشكىلاتىنى ئىزدەش ئىدى. 1945 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلىپ جاۋ شىنيا شۇجى بولغان. ئۇلار ئىچكى قىسىمدا قەرەلسىز ژۇرنال «لاۋا» نى قول بىلەن يېزىپ چىقارغان، تۈرمىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى خەت يېزىپ، سوۋغا تەقدىم قىلىپ مەدەت بەرگەن. 10 - ئايدا چۆچەككە ئادەم ئەۋەتىپ، تۈرمىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى چۆچەكتىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1946 - يىلى بىر قىسىم ئەزالىرى ئازاد رايونلارغا بارغان، 4 - ئايدا لى تەيىۋ شۇجىلىققا سايلانغان. 11 - ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف نەنجىڭغا «مىللىي قۇرۇلتاي» غا بارغاندا، «كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ خېتىنى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن ئالاقىلەشكەن. ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى دۇڭ بىۋۇ يەتكۈزگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن 1947 - يىلى 2 - ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف قۇرغان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان. مەزكۇر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى غۇلجىغا چېكىنگەندىن كېيىن، دىخۇادا قالغان 17 نەپەر ئەزا دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ دىخۇا رايونلۇق كومىتېتى نامى ئاستىدا داۋاملىق مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان، لوجى مەسئۇللۇقنى ئۈستىگە ئالغان. رايونلۇق كومىتېت قارمىقىدا ئۈچ ياچېيكا بولۇپ، 60 تىن كۆپ ئادەمنى ئۇيۇشتۇرغان. 1948 - يىلى 11 - ئايدا، بۇ تەشكىلات مەخپىي ھالدا «كۈرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى چىقارغاچقا، كۈرەش نەشرىياتى دەپ ئاتالغان. مەزكۇر ژۇرنال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشەببۇس ۋە سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. 1950 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېتىلگەن.

**ئاۋانگارت جەمئىيىتى** يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلات. 1947 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پارتىيە تەشكىلى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان كومپارتىيە ئەزالىرى قۇرغان تەشكىلات بولۇپ، ئۆزىنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ياچېيكىسى» دەپ ئاتىغان، ياڭ ۋېنشيەن شۇجى

بولغان. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەزالىرى 91 كىشىگە يەتكەن. ئۇلار مەخپىي ھالدا شاپىگرافتا «ئاۋانگارت» ناملىق ژۇرنالنى چىقارغاچقا، بۇ تەشكىلاتمۇ «ئاۋانگارت نەشرىياتى» دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئاممىغا ماركسىزم ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى يىللاردا «ئاۋانگارت» ژۇرنىلىنىڭ نامى «مەدەنىيەت ئاۋانگارتى» غا ئۆزگەرتىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قوشۇمچە سانى قىلىنغان. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تارقىتىۋېتىلگەنلىكى جاكارلانغان.

شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلات. 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا نۇسرەت رەھبەرلىكىدىكى «دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى»، مەخسۇت تىيىپوف رەھبەرلىكىدىكى «شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» قوشۇلۇپ قۇرۇلغان. مەزكۇر تەشكىلات «11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىمى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ئاممىغا شاپىگرافتا بېسىلغان تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئازادلىق ئۇرۇشى ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان ھەم گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنغا ئائىت ئاخباراتلارنى توپلاپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان رەھبەرلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بەرگەن. 1954-يىلى شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى پائالىيىتىنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىغان.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى** شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە مەركەز بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا تېلېگراف ئالاقىسىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئالاقىچىنى كۆرسىتىدۇ. 1949 ـ يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلغاندا، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاچقۇچ پارتىيىمىز بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زىچ ھەمكارلىقى دەپ ھېسابلىغان، ئەينى چاغدا شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى قۇرۇلمىغان بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىش ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سىياسىي كاتىپى دېڭ لىچۈننى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى قارار قىلغان. دېڭ لىچۈن بىر دانە تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئېلىپ ئۈچ خىزمەتچى خادىم بىلەن بىرگە موسكۋادىن يولغا چىقىپ ئالمۇتا ئارقىلىق 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلدۈرگەن ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى ۋەكىل ئەۋەتىپ بېيجىڭدا چاقىرىلغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەتنى تاپشۇرغان.



دېڭ لىچۈن 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە

رەئىس ماۋزېدۇڭ خېتىدە: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېگەنىدى، بۇ ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنى مەمنۇن قىلغان ھەم ئىلھام بولغان. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدە، شىنجاڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپ - پىكىرلىرى دەل ۋاقتىدا مەركەزگە تېلېگرامما بىلەن يوللانغان. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دېڭ لىچۈن مەخپىي ھالدا دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) غا كېلىپ، ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلەرگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇس ۋە سىياسەتلىرىنى يەتكۈزگەن، گارنىزون قوماندانى تاۋسىيۆ، ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدىلەرگە جاڭ جىجۇڭنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەققەتكە قايتىشقا تەۋسىيە قىلغان تېلېگراممىسىنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرغان؛ يەنە ھەرقايسى يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىلەشكەن. 9 ـ ئاينىڭ 25ـ، 26ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى تىنچلىق قوزغىلىڭى كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلىغان. مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ۋاقتىدا توغرا قارار چىقارغان. ئازادلىق ئارمىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە ئەگە-

شىپ، ئالاقىچىنىڭ بۇرچى مۇكەممەل ئادا بولغان.

## شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن گومىنداڭ پارتىيىسى سۆھبەت ۋەكىللىرى ئىمزالىغان «ئىچكى تىنچلىق كېلىشىمى» نى گومىنداڭ دائىرىلىرى رەت قىلغاندىن كېيىن، رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدې پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنى ھەربىي كۈچ بىلەن ھەل قىلىشنىڭ قوشۇمچە ئۇسۇلى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەزى جايلاردا قىسمەن تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا شارائىت ھازىرلىغان.


1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، تاۋ سىيۆ دىخۇا شەھىرىدە «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى» چوڭ يىغىنىدا سۆز قىلماقتا

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن دېيىلگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە 100 مىڭغا يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاق جايلاشقانىدى. ھەربىي ھوقۇق ئاساسەن تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، 78 ـ شىنىڭ شىجاڭى يې چېڭ، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى ئاتلىق 1 ـ شىنىڭ شىجاڭى ماچېڭشياڭ، 78 ـ شى قارمىقىدىكى 179 ـ لۈينىڭ لۈيجاڭى لوشۇرېن قاتارلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى. ھالقىلىق پەيتتە ئۇلار مۇھەممەتئىمىن، ئەيسا قاتارلىق بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار بىلەن قارشى بولغان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە تەرتىپكە سېلىش ۋە تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان «شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرغان، تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق خەلققە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى ئىنقىلابنىڭ كەلگۈسىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن. بۇ تىنچلىق يولى بىلەن ئازاد بولۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم كۈچ ئىدى. دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دا، بىر يىلدىن بېرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىكىدە زور ئۆزگىرىش بولغان، سۇڭ شىليەن، مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغان، غەربىي شىمالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاۋ سىيۆ قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇرھان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان، غەربىي شىمالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ليۇ مېڭچۈن قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، نەتىجىدە شىنجاڭدىكى دېموكراتىك كۈچلەر زورايغان.

قوزغىلاڭ 1949 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پىلانلىنىشقا باشلىغان، 5 ـ ئايدا ئاشكارىلانغان. 7 ـ ئايدا ھەربىي ۋە سىياسىي ساھەدىكىلەر ئۆز ئارا ماسلىشىپ، بىرلىكتە ئىلگىرىلەپ تىنچ يول بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت جەھەتتىن تەييارلىق كۆرگەن. تاۋسىيۆ قارا شەھەرگە بېرىپ شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى جاۋ شىگۇاڭ بىلەن ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرغان؛ ھەربىي تەرەپ يەنە ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش، ئارقىغا سۈرۈش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، خۇزۇڭنەننىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇننى ئىچكىرىگە يۆتكەش بۇيرۇقىغا بويسۇنماي، گەنسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ ئازاد بولۇشىغا ماسلاشقان. 8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈن غۇلجىغا بارغان، 9 ـ ئايدا مەخپىي ھالدا دىخۇاغا كەلگەن. ئۇ تېلېگراف ئاپپاراتى ئارقىلىق توغرا ئاخباراتلارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭنىڭ جەريانىنى چۈشىنىشىگە ھەمدە توغرا، كەسكىن سىياسەت بەلگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغان. شىئەن، لەنجۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئازاد بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى پېڭ دېخۇەي قوشۇن باشلاپ خېشى كارىدورىغا كەلگەن. تاۋسىيۆ يې چېڭ، ماچېڭشياڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلارغا پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا ھەربىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ شىنجاڭدىن كېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان. مۇھەممەتئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بۇنىڭدىن بىر ئاز ئىلگىرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنىدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ ، 26 ـ كۈنلىرى تاۋسىيۆ،

بۇرھان قاتارلىقلار ھەربىي، سىياسىي ساھەدىكىلەرنى يېتەكلەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلىغان. 10- ئايدا شىنجاڭ خەلقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرگە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنە قىلغان. قوماندان ۋاڭ جېن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ 2- ۋە 6 - جۈنىنى باشلاپ گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن دېگەن يېرىدىن يولغا چىقىپ 13 - كۈنى قۇمۇلغا، 20 - كۈنى ئۆلكە مەركىزى دىخۇاغا كېلىپ ئورۇنلاشقان، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان.

**غەربىي يۈرت دۆلەتلىرى** غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۈرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، غەربىي يۈرت دۆلەتلىرىنى باشقۇرغان. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 36 بەگلىك قاراشلىق بولۇپ، ئۇلار بەزىدە بىرلىشىپ، بەزىدە بۆلۈنۈپ تۇرغان. بۇ بەگلىكلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۆت رايونغا جايلاشقان: (1) كوئېنلۇن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە نوپچان، پىشامشان، چالمادان، ئەندىر، نىيە، روڭلۇ، ئۇزۇنتات، چۈرى، ئۇدۇن، ساكارائول، پاسيان قاتارلىقلار جايلاشقان؛ (2) تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە ساپارى، سەپەرباي، قۇم، ئونسۇ، كۈسەن، ئۇرلى، چىدىر، چۇقۇ، ئاگنى، قۇرقتاغ قاتارلىقلار جايلاشقان؛ (3) تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ئېتىكىگە ئالدى قوش، ئارقا قوش، قوش كامبەگلىكى، ئارقا قوش قەلئە بەگلىكى، ئوتتەنزىل، بىراكى، ئارقا بىراكى بەگلىكى، ئورۇمتاي، چارقىلىق، باركۆل، ئارقا باركۆل، غەربىي چۇمۇل، شەرقىي چۇمۇل، جامبالىق، خوزخور، ئۇسۇن قاتارلىقلار جايلاشقان؛ (4) پامىر تېغى ۋە ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىگە ئۇدىيانا، يولئېرىق، سارىقول، سىغنان، ئۇررى، ناندۇ، فەرغانە، دەرۋازا، ئېركەشتام، جۇەندۇ قاتارلىقلار جايلاشقان.

**قۇتقۇ جەمەتى قۇرغان قوچو خانلىقى** بۇ شىمالىي لياڭنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەت. خەنزۇلاشقان «شالغۇت» قۇتقۇ جەمەتى خېشى رايونىدا شىمالىي لياڭ خانلىقىنى قۇرۇپ، گۇزاڭ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھىرى) نى پايتەخت قىلغان، ياڭجۇ (ھازىرقى ۋۇۋېي)، خېجۇ (ھازىرقى لىن شيا)، شاجۇ (ھازىرقى جيۇچۈەن) ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغانىدى. شۇ چاغدا قۇرۇلغان قوچو (ھازىرقى تۇرپان) ۋىلايىتى شاجۇ ئايمىقىغا قارىغان. تەيپيەن 5 - يىلى (439 - يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرى گۇزاڭنى ئىشغال قىلغان. شىمالىي لياڭ پادىشاھ جەمەتىدىكى قۇتقۇ ئۇرغۇ دۇنخۇاڭغا چېكىنىپ، تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 3 - يىلى (442 - يىلى) ئۆز قوۋمىنى باشلاپ چۆللۈكنىڭ سىرتىغا سۈرۈلگەن ھەم قوچو ۋىلايىتى تەۋەسىدە «لياڭ» دېگەن خانلىق نامىنى قوللىنىۋەرگەن، يىلنامىنى چېڭپىڭنىڭ 1 - يىلى قىلىپ قوللانغان، بۇ خانلىق تارىختا «كېيىنكى شىمالىي لياڭ» دەپ ئاتالغان. ئۇلار شىمالدا ئاۋارلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ داۋاملىق تۈردە شىمالىي ۋېي خانلىقى بىلەن دۈشمەنلەشكەن. قۇتقۇ ئەنجۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن داۋاملىق «چېڭپىڭ» يىلنامىسىنى قوللانغان، كۆڭزى تەلىماتى ۋە خەنزۇلار رايونىغا تارقالغان ماخايانا بۇددىزمىنى تەرغىب قىلغان، زامانىمىزغا قەدەر ساقلىنىۋاتقان «قۇتقۇ ئەنجۇنىڭ ساڭرام ياساتقانلىق ئابىدىسى» شۇنىڭدىن قالغان مەدەنىيەت مىراسىدۇر. قۇتقۇ ئەنجۇ شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ كۈن پېتىشتىكى ئاگنى، كۈسەن قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قوش خانلىقىنى ئىشغال قىلىۋالغان، قوش ئىلاجىسىز ئاگنىغا كۆچۈپ خەنزۇلارنىڭ قوچو تەۋەسىگە كۆچۈپ ماكانلىشىشىغا شارائىت ياراتقان. چېڭپىڭ 18 - يىلى، يەنى شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ خېپىڭ 1 - يىلى (460-يىلى) ئاۋارلار جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ قوچونى ئىگىلىگەن، قۇتقۇ ئەنجۇ قەتل قىلىنغان. خانلىق تارىخىدا ئۈچ پادىشاھ 18 يىل دەۋر سۈرگەن.

**قوچو دۆلىتى** قوچو بەگلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى. بۇ ۋېي، جىن سۇلالىلىرىنىڭ ئېرىقچى لەشكەرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى تۇرپان بوستانلىقىدا بەرپا قىلغان خەنزۇلار ھاكىمىيىتى. جەمئىي مۇنۇ سەلتەنەتلەر بولغان: (1) يەن جەمەتى خانلىقى. شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ خېپىڭ 1 - يىلى (460-يىلى) يەن شۇاڭ قۇرغان، تەيخې 5 - يىلى (481-يىلى) قاڭقىللار تەرىپىدىن يوقىتىلغان، جەمئىي ئۈچ پادىشاھ ئۆتكەن. (2) جاڭ جەمەتى خانلىقى. تەيخې 5 - يىلى جاڭ مېڭمىڭ قۇرغان، تەيخې 20 - يىلى يوقىتىلغان. (3) ما جەمەتى خانلىقى، تەيخې 20-يىلى مارۇ قۇرغان، بەش يىللا مەۋجۇت بولۇپ، جىڭمىڭنىڭ 2 - يىلى (501 - يىلى) يوقىتىلغان. (4) چۈر جەمەتى خانلىقى. جىڭمىڭ 2 - يىلى قۇرۇلغان، بۇنىڭ دەۋر سۈرگەن ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ 11 پادىشاھ ئۆتكەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن 14 - يىلى (640 - يىلى) يوقىتىلغان. قوچو دۆلىتىدە خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقى قوللىنىلغان بولۇپ، ئاياللار

خەنزۇچە چاچ قويۇپ خەنزۇچە كىيىنگەن، ئەرلەر ئۆ-
رۈمە چاچ قويۇپ سالاپەتلىك كىيىملەرنى كىيگەن. قو-
چو تەۋەسىدە ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمى، نوپۇس رويخەت
تۈزۈمى، يەر سۈيۈرغال تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ،
ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمەل
مەنسەپ تۈزۈمىدە جىن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى تەق-
لىد قىلىنغان بولۇپ، بىر ئاز ئۆزگەرتىلگەن، جىن
سۇلالىسىنىڭ كالېندارى قوللىنىلىپ بىردەك خەنزۇچە
يىلنامىلەر ئىشلىتىلگەن. مەدەنىيەت جەھەتتە كۆڭزە-
چىلىق ئاساس قىلىنغان، دىنىي جەھەتتە خەنزۇلار را-
يونىغا تارقالغان ماخايانا بۇددىزمى ئاساس قىلىنغان ھال-
دا زوروئاستېر دىنى، مانى دىنى، تەرىقەت (تويىنىزم)
دىنى تەڭ مەۋجۇت بولغانىدى. سىرتقا قارىتا چېگرىنى
تىنچلاندۇرۇپ ئاۋامنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى ئاساسىي ۋە-
زىپە قىلىپ، سىياسەتتە يايلاق قوۋملىرىغا تايانغان.
خانلىقتىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى ئىچكىرىگە تەلمۈ-
رۈپ كەلگەن بولۇپ، چۇجيا زامانىسىدا شەرققە كۆچۈپ
كېتىش ئىشى كېڭەشكىمۇ قويۇلغان، چۇربويا سۈي
سۇلالىسى ئوردىسىغا تاۋاپقا بارغاندا ئۆرۈمە چاچنى چۇ-
ۋۇپ تاشلاپ، پەشلەرنى كېسىۋېتىش ھەققىدە يارلىق
چۈشۈرگەن، چۇرۋېنتاي شۈەن زاڭنىڭ كۆن پېتىشقا
نوم ئالغىلى بېرىش سەپىرىگە ماددىي جەھەتتىن ياردەم
بەرگەن، شۇنداقلا شەخسەن تاڭ ئوردىسىغا تاۋاپقا بار-
غان. جېنگۇەن 13 ـ يىلى (639. يىلى) غەربىي
تۈركلەر تۇدۇن مەنسىپىدىكى ئاشىنا جۇنى قوچو دۆلە-
تىگە نازارەتچىلىككە ئەۋەتىپ قاغانبۇت شەھىرى (ھا-
زىرقى جىمسار) دە لەشكەر تۇرغۇزغان ۋە غەربىي يۇرت-
نىڭ ئۇلپان يولىنى كېسىپ تاشلىغان. تاڭ سۇلالىسى
ئوردىسى قوچونى بەيئەتكە چاقىرغاندا غەربىي تۈركلەر
قارشى چىققان، نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۆن
پېتىشقا يۈرۈش قىلغان. جېنگۇەننىڭ 14 ـ يىلى
(640 ـ يىلى) زور قوشۇن چۆللۈكتىن ئۆتۈپ، خەن-
زۇ پۇقرالارنىڭ ياردىمىدە خان شەھىرىنى قورشاپ ھۇ-
جۇم قىلغان. جۇجىشىڭ ئەل بولۇپ پۈتكۈل قوچو تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەن. تاڭ سۇلالىسى بۇ
جاينى شىجۇ (غەربىي ئايماق) قىلىپ بېكىتكەن.

**غەربىي تۈرك خانلىقى** غەربىي تۈرك خانلى-
قى قەدىمكى دۆلەتنىڭ نامى. VI ~ VII ئەسىرلەردە
تۈركلەر غەربىي تۈركلەر ۋە شەرقىي تۈركلەر دەپ
ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. غەربىي تۈركلەر سابىق
تۈرك خانلىقىنىڭ باتىسقان قوۋمى، ئاپار قاغان قوۋ-
مى، تامغان قاغان قوۋمى، سارزىغان قاغان قوۋمى
قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، زېمىنى شەرقتە
ئالتۇنتاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) دا شەرقىي تۈركلەر
بىلەن چېگرىلانغان، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى
قىسىملىرىغا سوزۇلغان. ئۇلار ئىلى دەرياسى ۋە سۇياپ
دەرياسى (چۇ دەرياسى) نى ياسىل قىلىپ تۇرۇپ
ئولۇغ-سول قاناتلارغا ئايرىلغانىدى. يادرولۇق قوۋمى
ئون قەبىلە بولۇپ ھەربىر قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىغا بىر-
دىن يا ئوقى ھەدىيە قىلىنغان بولغاچقا، ئون ئوق تۈرك-
لىرى دەپمۇ ئاتالغان. سول قاناتتا (شەرقىي قانات)
تۇغلۇق قەبىلىسىنىڭ سەردارلىقىدا قويلاۋ، تۈركەش،
سۇنىش، چۇمۇكۇت، شىشەت قاتارلىق بەش قەبىلە بار
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى «چۇر» دەپ ئاتالغان؛
بۇلاردىن سىرت يەنە چىگىل، چۇمۇل، شىبى، چۆل
تۈركلىرى قاتارلىق قەبىلىلەر ۋە قارلۇقلارنىڭ بىر
قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ داھىيلىرى «ئېركىن» دەپ
ئاتالغان. ئوڭ قانات ساداقلىقلارنىڭ بەش قەبىلىسى
ئاسكىل كۆل ئېركىن قوۋمى، ئاسكىل نىزۇن ئېركىن
قوۋمى، قوشۇ كۆل ئېركىن قوۋمى، قوشۇچۇبىن ئېر-
كىن قوۋمى، باساغا تۈت قوۋمى قاتارلىقلارنى كۆرسە-
تىدىغان بولۇپ، يەنە قارلۇقلارنىڭ باشقا بىر تارمىقى
ئۈچ يەمەكلەر، ئوغۇزلار قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.
غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى-
دىكى روناشولا قاغان ۋە تۇر كۇر قاغان ئاپار قاغاننىڭ
پۇشتى ئىدى. كېيىن قاغانلىق ئىستەمى قاغان جەمەتى-
گە ئالمىق بولۇپ قالغانلىقتىن تۇركۇر قاغان شەرققە
يۆتكىلىپ، سۈي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. سۈي
سۇلالىسى ئۇنىڭغا قاسانا قاغان مەرتىۋىسىنى ھەدىيە
قىلغان. كېيىنچە لياۋدۇڭ ۋە ياڭجۇغا قارىتىلغان لەش-
كىرىي يۈرۈشكە قاتنىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپ-
كى مەزگىللىرىدە ئۆلگەن. ئۇنىڭ خانزادىسى بولغان
شى دانەي تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۆھپىكار ۋەزىرلىرىنىڭ
بىرى ئىدى. تۇن يابغۇ قاغان تەختتە ئولتۇرغان مەز-
گىللەردە (617 ~ 630) غەربىي تۈركلەر لەشكىرىي
قۇدرەتتە ئازا كۈچىيىپ قاغان بارگاھىنى مىڭلاق (ھا-
زىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ توقماق شەھىرى
ئەتراپىدا) قا يۆتكىگەن، پارسلارنى مەغلۇپ قىلىپ
زېمىنىنى ماۋەرا ئۇننەھر، جەيھۇن (سىر) دەريا ۋادى-
لىرىغىچە كېڭەيتكەن. تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەس-
لەپكى مەزگىللەردە گاۋزۇ خان گاۋپىڭ تۈرىسى لى
داۋلىنى غەربىي تۈركلەر ئېلىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ
ئىتتىپاقلىق ئورناتقان. كېيىنكى قاغانلار بولسا بىر-
دەك تاڭ سۇلالىسى ھەدىيە قىلغان ئۇنۋانلارنى
قوبۇل قىلغان.

جېنگۇەننىڭ 13 ـ يىلى (639 ـ يىلى) ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ، ئىككى قاناتقا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئون ئوق قوۋمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، قوچو خانلىقىنى تىزگىنلەپ، يابغۇ ئاشىنا بۇجېنىنى قاغان بۇد (ھازىرقى جىمسار) قا قارارگاھ تىكىش ۋە ئۇلپان يولىنى كېسىپ تاشلاشقا ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىشكە باشلىغان. كېيىنكى يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچو خانلىقىنى يوقاتقان، ئاشىنا بۇجېن تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. تاڭ سۇلالىسى يەنە ئىلگىرىكى بەگ ئىشپارا يابغۇ قاغانغا ئوتتۇغات بېرىپ، ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغاننىڭ تەسىرىنى پارچىلاشقا باشلىغان. جېنگۇەننىڭ 16-يىلى ئىلىگ بەگ تۇغلۇق قاغان ئېۋىرغولدا (ھازىرقى قۇمۇل) قايتا ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئەنشى تۇتۇقى گوشياۋكېنىڭ قولىدا يېڭىلگەن ۋە پىرسىيىگە قېچىپ كەتكەن.

جېنگۇەننىڭ 18 ـ يىلى (644 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى گوشياۋكېنى ئاگنىغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئارجونا تۈركەشنى ئەسىر ئالغان، ئاگنى تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ خان جەمەتىدىن بولغان سۈپوجۇنى تۇتۇقلۇققا تەيىنلىگەن. غەربىي تۈركلەر قوشۇن ئەۋەتىپ سۈپوجۇنى قەتل قىلغان. جېنگۇەننىڭ 21 ـ يىلى 12 ـ ئايدا (648 ـ يىلى 1 ـ ئاي) تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرگە جازا يۈرۈش قىلغان. جېنگۇەننىڭ 22 ـ يىلى يابغۇ ئاشىنا قارا ئەل بولۇپ، ياۋچى تۇتۇقلۇققا تەيىنلەنگەن. گاۋزۇڭ خاننىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئاشىنا قارا ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىشبارا قاغان دەپ ئاتالغان. شيەنچىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى) مالىمان تىنچىغان، 4 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى سانغونى ئاشىنا مىشى ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى يىنچۇ يابغۇ قاغاننى ئۆلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈرك قاغانلىقى ھالاك بولغان.

تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغاندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەر يەنىلا ئىككى قاناتقا ئايرىلىپ ئىدارە قىلىنغان، ئاقساقاللارغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قاغان ئۇنۋانى بېرىلگەن. ھالاك بولغان قاغانلىقتا ئاشىنا مىشى، ئاشىنا يۈەنچىڭ، ئاشىنا شيەن، ئاشىنا جېن قاتارلىق تۆت ئەۋلاد ئۆتكەن. قاغانلىق نەسەبى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاشىنا بۇچېن، ئاشىنا قۇبرا، ئاشىنا خۇەيداۋ، ئاشىنا شىن قاتارلىق تۆت ئەۋلاد دەۋران سۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى كۈنلەردە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىككى قانات قاغانلىققا ئايرىلىپ كېتىشى، ئىچكى قىسىمدا قاغان دەپ ئاتىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا تۇتۇق ئاتىلىشقا سەۋەب بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئايماقلار سىياسىتىنى يولغا قويۇش، تاڭ سۇلالىسىگە ھەمدەملىشىپ غەربىي چېگرا سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىشىدىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالغان.

ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى قەدىمكى دۆلەت نامى. غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئىدىقۇت (بۈگۈنكى تۇرپان)، بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار قۇرغان ھاكىمىيەتنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «بەشبالىق ئۇيغۇرلىرى»، IX ئەسىردىن كېيىنكى مۇسۇلمان ئەدىبلىرىنىڭ قەلىمىدىكى «توققۇز ئوغۇز» (توققۇز ئۇيغۇر)، «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» قاتارلىقلارمۇ مۇشۇلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى ئادىز جەمەتىنىڭ 1 ـ سۇلالە مەزگىلى ۋە يۈگلۈ جەمەتىنىڭ 2 ـ سۇلالىسى مەزگىلى دېگەندەك دەۋرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۆتۈلۈك ـ سۆيگىن ئىسيانىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايونغا بولغان كونتروللۇقى كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ، گوبىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى جەنۇبتىن كېڭىيىشكە باشلىغان تۈبۈتلەر بىلەن بەشبالىقنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلغان، ئىلگىرى بەشبالىق رايونىنى تىزگىنلىگەن. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە شىمالىي دالىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى قىرغىزلارنىڭ قولىدا ھالاك بولغان. بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار خان جەمەتى بولغان ئادىز قوۋمىنىڭ خانزادىسى پان تېكىننىڭ باشچىلىقىدا تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، ئاگنىغا كەلگەن، ئاندىن كۈسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ خۇيچاڭ 6 ـ يىلى (848 ـ يىلى) جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆگە قاغاننىڭ باشچىلىقىدا شىرۋېلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. پان تېكىن كۇچادا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ كۈسەن ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنتۇڭ 7 ـ يىلى (866 ـ يىلى) «بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئاقساقىلى» بولغان بۆگۈگۈن ئۆز قوۋمىنى باشلاپ ئىدىقۇت شەھىرىنى ۋە بەشبالىقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان ھەم ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنى بەرپا قىلغان. غەربىي رايون ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى تەدرىجىي ھالدا كۈسەندىن شەرقتىكى ئىدىقۇت تەۋەسىگە يۆتكەلگەن. بەش دەۋر مەزگىلىدە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە داۋاملىق ئەلچىلەردىن ئولپان ماڭدۇرۇپ تۇرغان. سۇڭ سۇلالىسى-

نىڭ تەيپىڭ شىنگو 6 ـ يىلى (981 ـ يىلى) سۇڭ
سۇلالىسى ئوردىسىغا مەلۇمات سۇنۇپ ئۆزىنى غەربىي
ئايماق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارسلان خانى دەپ ئاتىغانلىقىنى
مەلۇم قىلغان. موڭغۇللار باش كۆتۈرگەندىن كېيىن
ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قاراقىتانلاردىن ئايرى-
لىپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان ۋە موڭغۇل خانلى-
رىنىڭ ئىشەنچ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولغان. يۈەن سۇلالى-
سىنىڭ 17 ـ يىلى (1280 ـ يىلى) ئىدىقۇت ئۇيغۇرلى-
رىنىڭ ئىدىقۇتى نىرىن تېكىن گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ رايو-
نىغا كۆچۈش پەرمانىنى چۈشۈرگەن. قاراشلىق رايونى-
نىڭ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا بىۋاسىتە قارام بولۇش
ھادىسىسى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئا-
خىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى
خان دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى تاڭ
سۇلالىسى مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەن بولغاچقا، ئۆزلىرىنى
تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ شىرەم جىيەنى دەپ قارى-
غان؛ بەش دەۋر ۋە سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى بىلەن
بولغان مەكتۇپ ـ ئالاقىدە جىيەنلىرى، تاغا ...
دېگەندەك ئاتالغۇلارنى قوللانغان. خاننىڭ تۆۋىنىدە ۋە-
زىر، زوراغا، خەلپەت، بەگ، سانغۇن، تۇتۇق، يۈيۈق
قاتارلىق ئەمەللەر تەسىس قىلىنغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ زېمىنى خانلىق گۈللەنگەن مەزگىللەردە
شەرقتە دۇنخۇاڭغا، غەربتە ئىسسىقكۆلگە، شىمالدا
تەڭرىتېغىنىڭ نېرىسىغا، جەنۇبتا ئۇدۇن (خوتەن) غى-
چە سوزۇلغان. ئومۇمىي جەھەتتىن تاڭ سۇلالىسى دەۋ-
رىدىكى ئېۋۇرغول، غەربىي ئايماق ۋە ئاگنى، كۇسەن
قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. خانلىق تەۋەسى-
دىكى قوۋملار مۇرەككەپ، مەدەنىيەت كۆپ قاتلاملىق
ئىدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، تۈرك، تۈبۈت، تاڭغۇت يېزىق-
لىرى قوللىنىلغان. بۇددىزم ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدى-
غان بولۇپ، ئىدىقۇت رايونىدىلا 50 نەچچە ئىبادەتخانا
بار بولۇپ، ئىبادەتخانىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىق ـ
پەرمانلىرى، خەنزۇ يېزىقىدىكى دەستۇرلار ۋە
نوم ـ تەپسىرلەر ساقلانغان. يەنە مانى دىنى، نېستورى
دىنى، زورو ئاستېر دىنى قاتارلىق دىنلارمۇ بار ئىدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تۆت ئە-
سىر داۋاملاشقان. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار كۆچمەن ئې-
گىلىكتىن ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە بۇرۇ-
لۇشنى ئورۇنلاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئى-
گىلىك ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدىكى بىر پۈتۈنلۈك
تاماملانغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تەدرىجىي باشقا
مىللەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېلىپ غەربىي يۇرتتىكى
ئاساسلىق مىللەت بولۇپ قالغان.

**ئەنشى ئۇيغۇرلىرى** قەدىمكى دۆلەتنىڭ نامى،
يەنى كۇسەن ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە IX
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەنشى (كۇچا) قاتارلىق جايلارغا
كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار قۇرغان ھاكىمىيەت-
نى كۆرسىتىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچېڭ 4 ـ يىلى
(840 ـ يىلى) شىمالىي دالىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى
قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدا ھالاك بولۇپ، ئۇيغۇر قوۋ-
ملىرى «ھەرقايسى ئائىپلەر زېمىنىغا كۆچۈپ كەتكەن.»
ئۇيغۇرلارنىڭ پان تېكىن قاتارلىق سەردارلىرى باشچى-
لىقىدىكى 15 قەبىلىدىكى 200 مىڭدىن كۆپ ئادەم
خۇيچاڭ 2 ـ يىلى (843 ـ يىلى) تەڭرىتېغىدىن
ئېشىپ جەنۇبقا مېڭىپ ئاگنى، كۇسەن، ئىدىقۇت ئەت-
راپلىرىغا كەلگەن. خۇيچاڭ 6 ـ يىلى (848 ـ يىلى)
جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى ئۆگە قاغاننىڭ
شىرۋىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، پان تېكىن كۇسەندە ئۆزىنى قاغان دەپ جاكار-
لىغان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋە-
تىپ ئوتۇغات ھەدىيە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. داجۇڭ
10 ـ يىلى (856 ـ يىلى) ۋە 11 ـ يىلى تاڭ
سۇلالىسى پان تېكىنگە «كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش
ئۇلۇش بىلگە خۇەيجيەن قاغان» دېگەن ئوتۇغات نامىنى
ھەدىيە قىلغان، شۇنداقلا ساراي كېڭەش بېگى، تەپتىش
ۋازارىتى سەرمۇنشىسى، ياندىش ئەدلىيە ۋەزىرى ۋاڭ
دۇەنجاڭنى ئوتۇغاتنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن. ئەمما،
باشقا بىر تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى تۈ-
پەيلىدىن ئوتۇغات بېرىش ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇنداقتى-
مۇ پان تېكىن ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرۇشنى زادىلا
توختاتمىغان. شيەنتۇڭ 7 ـ يىلى (866 ـ يى-
لى) بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارى بۆگۈ كۈن
ئىدىقۇت رايونىنى تارتىۋالغان. غەربىي رايون ئۇيغۇر-
لىرىنىڭ سىياسىي مەركىزى كۇسەندىن ئىدىقۇت رايو-
نىغا يۆتكەلگەن. بەش دەۋر، سۇڭ سۇلالىسى مەزگىل-
لىرىدىن كېيىنمۇ تارىخىي ۋەسىقىلەردە كۇسەن ئۇي-
غۇرلىرىغا ئائىت خاتىرىلەر پۈتۈلۈپ تۇرغان.

**قاراخانىيلار سۇلالىسى** بۇ غەربكە كۆچكەن
ئۇيغۇرلار قۇرغان سۇلالە. خەنزۇچە مەنبەلەر-
دە «哈拉汗 ، 黑韩 ، 黑汗» دېگەندەك شەكىللەردە
خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچېڭ 5 ـ
يىلى (840 ـ يىلى) شىمالىي دالىدىكى ئۇيغۇر خاندان-
لىقى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن ھالاك بولغاندا

ئاماله تەرەپ ـ تەرەپكە توزۇپ كەتكەن. قاغان ئۇرۇقـ
ـدىن بولغان پان تېكىن 15 قەبىلىنى باشلاپ كۆن پې-
ـتىش تەرەپتىكى قارلۇقلار تەرەپكە كەتكەن، ئاردىن
ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، چۆل-
ـلۈكنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ سەردارى
بولۇپ قالغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان ئاپتور-
لارنىڭ خاتىرىلىرىدە خاندانلىقتا ئاساس سالغۇچى
شەخس سۈپىتىدە بىلگە كۆل قادىرخان تىلغا ئېلىنىدۇ.
«بىلگە كۆل قادىرخان» ئېھتىمال پان تېكىننىڭ خان
بولغاندىن كېيىنكى خانلىق ئاتاق نامى بولۇشى مۇمكىن
ياكى كېيىنكىلەر قوشقان ئاتاق بولۇشىمۇ مۇمكىن.
بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ نەۋرىسى سۇتۇق بۇغراخان ئەڭ
دەسلەپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا
ئارسلان خان 960-يىلى (كېيىنكى جۇ سۇلالىسىنىڭ
شيەندې 7 ـ يىلى) ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ
جاكارلاپ، تارىختىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان
تۇنجى تۈرك سۇلالىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قاراخا-
نىيلار X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سامانىيلار خاندانلىقىنى،
XI ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇدۇندىكى لى جەمەتى خانلىقىنى
يوقاتقان. شۇنىڭ بىلەن زېمىنى كۆكتارتىنىڭ شەرقى
ۋە غەربىگە ھالقىغان، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا
سوزۇلغان قۇدرەتلىك سۇلالە بولۇپ قالغان؛ سۇلالە
شەرقتە تاڭغۇتلار، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى، قىتانلار بە-
ـلەن غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە، شىمالدا بالقاش كۆلى
ئەتراپلىرىغىچە، جەنۇبتا قارا قۇرۇم، ھىندىقۇش تاغ-
ـلىرىغىچە كېڭەيگەنىدى. ئاستانە بالاساغۇن (ھازىرقى
قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ توقماق شەھىرىنىڭ
جەنۇبىدا) غا، قوشۇمچە ئاستانە قەشقەرگە جايلاشقانى-
ـدى. 1041 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چىڭلى 1 ـ
يىلى) ئىبراھىم تابغاچ بۇغراخان ماۋەرا ئۈننەھر (ھا-
زىرقى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرىسىدى-
ـكى جايلار) نى تىزگىنلەپ، سەمەرقەنتنى پايتەخت قى-
ـلىپ ئۇلۇغ خاندىن بۆلۈنۈپ چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبا-
رەن سۇلالە شەرق ۋە غەرب ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ
كەتتى. غەربىي بۆلەك سەلجۇقىيلار ماۋەرا ئۈننەھرگە
بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇلارغا قارام بولۇپ قالدى.
شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى 1134 ـ يىلى (سۇڭ
سۇلالىسىنىڭ شاۋشىڭ 4 ـ يىلى) ياللۇغ تاشىن بالاسا-
غۇننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن قارا قىتانلارغا قارام
بولۇپ قالدى، ئارقىدىنلا قاراقىتانلار ماۋەرا ئۈننەھرنى
ئىگىلەپ پۈتكۈل قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنى ئۆز زې-
ـمىنىغا قوشۇۋالدى. 1211 ـ يىلى (سۇڭ سۇلالىسى-
ـنىڭ جيادىڭ 4 ـ يىلى) قەشقەر تۈرلىرى مۇھەممەد
خاننى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار
سۇلالىسى زاۋال تاپتى؛ ئىككىنچى يىلى خارەزم شاھى
مۇھەممەد سۇلتان ئوسماننى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى، بۇنىڭ
بىلەن غەربىي قاراخانىيلارمۇ ھالاك بولدى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا-
نىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى غايەت زور دەرىجىدە تەرەق-
قىي قىلدى. تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ ئولتۇراق
دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ فېئوداللىق
تۈزۈم ئومۇمىيۈزلۈك تىكلەندى. ئەسلىدىكى يەرلىك تۈ-
ـرىلەرنىڭ «دېھقان» يەر تۈزۈمى فېئودال پومېشچىكلار-
نىڭ «مۈلۈك» يەر تۈزۈمىگە ئالماشتى. ئوتتۇرا ئاسى-
يادا فېئودال پومېشچىكلار ۋە ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق
قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەر
«مۈلۈك» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت دۆلەت ئى-
ـگىدارچىلىقىدىكى دىۋان يەرلەر، مەدرىسە ـ خانىقالار
ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋەخپە يەرلەر ۋە دېھقانلار جامائە-
ـسىگە قاراشلىق پارچە يەرلەر بار ئىدى. دۆلەت مۈلۈك
يەرلەردىن باج ئالىدىغان بولسىمۇ، بەگ ـ تۆرىلەر بۇ
خىل باجدىن مۇستەسنا ئىدى. دىۋان يەرلەر، ۋەخپە
يەرلەر ۋە فېئوداللارنىڭ مۈلۈك يەرلىرىنى تېرىغۇچى
دېھقانلار يەر ئىگىسىگە ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى ياكى ئۇ-
نىڭدىن كۆپرەكىنى يەر ئىجارىسى ئورنىدا تاپشۇراتتى.
ھۆكۈمرانلار سودا ـ سانائەت، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك،
سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن
ۋە قوغدىغانىدى. يەتتىسۇ رايونىدا (ھازىرقى قازاقىس-
ـتان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇ-
بىدا) بىرقاتار يېڭى شەھەرلەر بارلىققا كېلىپ، قەش-
قەر، بۇخارا، سەمەرقەنتلەرنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كې-
ـڭەيگەن. سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلغانلىقتىن سۇلا-
لىنىڭ يوللىرى شەھەر ـ قەلئەلەردىن يىراق يېزا ـ
قىشلاقلارغىچە ئىشلىتىلگەنىدى.

ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى يەرلىك مىل-
ـلەتلەرنىڭ تۈركلىشىش مۇساپىسىنى تېزلەتتى، تۈر-
كىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىش قەدىمىنىمۇ
تېزلەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈرلۈك يېڭىچە ئىسلام ـ
تۈرك مەدەنىيىتى شەكىللەندى. بۇنىڭ ۋەكىللىرى سۈ-
پىتىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك يىرىك
ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە يۈسۈپ خاس ھا-
جىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق داستانى بارلىققا
كەلدى.

### ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى

IX X ئەسىردىكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئاتىلىشى.

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۇدۇن (هازىرقى خوتەن) دا
ئۇزاقتىن بۇيان هاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن ۋىسارا
جەمەتى تىبەتلەرنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، هۆ-
كۈمرانلىق ئورنىنى قايتا تىكلىدى. بەش دەۋر مەزگى-
لىدە كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ تيەنفۇ 3 ـ يىلى
(938 ـ يىلى) ئوردىغا ئولپان ئەۋەتكەن، كېيىنكى
جىن سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇ خانى شى جىڭتاڭ «ئۇلۇغ
ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى» دېگەن نامنى هەدىيە قىلغانى-
دى. زېمىنى غەربتە سۇلې (قەشقەر) غا، شەرقتە چەر-
چەنگە، شىمالدا چوڭ چۆللۈككە، جەنۇبتا قۇرۇم تاغلى-
رىغا يەتكەنىدى. ئۇلاردا تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى
قوللىنىلغان بولۇپ، پۈتۈن ئەل ئون ئايماققا بۆلۈنگەنى-
دى. ئاستانىسى ئەنجۇن ئايمىقى دەپ ئاتىلىدىغان بو-
لۇپ، هازىرقى خوتەن تەۋەسىدە ئىدى. شەرقىدە گەنجۇ
(هازىرقى چېرىيە ناهىيىسى تەۋەسىدە)، شەرقىي جە-
نۇبىدا يىنجۇ، لۇجۇ، مېيجۇ، جەنۇبقا 1300 چاقىرىم
كېلىدىغان جايدا يۈجۇ، غەربتە شىنفۇجۇ بار ئىدى.
دۆلەت تۈزۈمى مۇكەممەل، ئىگىلىكى گۈللەنگەن، سى-
ياسىي تەدبىرلىرى خەنزۇلار رايونىنى تەقلىد قىلغان
بولۇپ، ۋەزىر ئىش بېجىرىش تۈزۈمى قوللىنىلغانىدى.
ئەمەلدارىدىن ئەمىر، تۇتۇق قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلۇغ
ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى بەيئەتچى
قوشۇنىنىڭ سەردارى قۇدىلاشقان بولغاچقا، ئابرۇيى تې-
خىمۇ كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇدۇنلۇقلار بۇددا دىنىغا ئېتى-
قاد قىلىدىغان بولۇپ، زوروئاستىر دىنى، مانى دىنلى-
رىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئىدى. قەشقەرنى مەركەز
قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى پائال
كېڭەيتىپ، 961-يىلى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنلۇڭ
2- يىلى) دىن كېيىن ئۇدۇن بىلەن بولغان ئۇرۇشنى
باشلىۋەتتى. ئۇدۇن بىر مەھەل ئۈستۈنلۈكنى ئىگى-
لەپ، 971 ـ يىلى (كەيباۋ 4 ـ يىلى) سۇڭ سۇلالى-
سىگە سۇلېدىن قولغا چۈشۈرگەن ئۇسسۇلچى پىلنى
غەنىيمەت ئولپان سۈپىتىدە تەقدىم قىلغانىدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇدۇن كۈچ جەھەتتە تەڭ كېلەلمەي
1006- يىلى (سۇڭ جېنزۇڭنىڭ جىڭدې 3 ـ يىلى)
قاراخانىيلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.

**قاراقىتان سۇلالىسى** لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادى-
شاھ جەمەتىدىن ياللۇغ تاشىن قۇرغان سۇلالە. سۇڭ
سۇلالىسىنىڭ شۈەنخې 6 ـ يىلى (1124 ـ يىلى) لياۋ
سۇلالىسى هالاك بولۇش هارپىسىدا ياللۇغ تاشىن 200
ئاتلىق نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تيەنزۇ خانىنىڭ بارگاھى-
دىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا خان بولدى ۋە قاتۇن بالىق
(هازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇرا دەرياسى
بويىدا) تا هاكىمىيەت قۇرۇپ، يىلنامىسىنى بەنچىڭ
قىلىپ بېكىتتى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنيەن 4 ـ
يىلى (1130 ـ يىلى) ياللۇغ تاشىن قوشۇن تارتىپ
كۆن پېتىشقا يۈرۈش قىلدى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شاۋ-
شىڭ 2 ـ يىلى (1132 ـ يىلى) ئېمىل شەھىرى
(هازىرقى دۆربىلجىن تەۋەسىدە) نى بىنا قىلىپ، يەر-
لىك تۈركىي تىلدىكى قەبىلىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ تەخت-
كە چىقتى ۋە گۈرخان دەپ ئاتالدى. خەنزۇچە سەلتەنەت
نامى تيەنيۇ خاقان دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن كېيىن
دەسلەپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قوشۇۋالدى، شاۋ-
شىڭ 4 ـ يىلى بالاساغۇنغا هۇجۇم قىلىپ ئىگىلىدى
ۋە پايتەخت قىلدى، شەھەر نامى قۇز ئوردۇ دەپ ئاتى-
لىپ، يىلنامىنى كاڭگاغا ئۆزگەرتتى. ئارقىدىنلا شەر-
قىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قارام قىلدى، كاتۋان
ئۇرۇشىدا سەلجۇقىيلار سۇلالىسى تەشكىللىگەن بىر-
لەشمە قوشۇننى تارمار قىلىپ، غەربىي قاراخانىيلار
سۇلالىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئاخىرىدا خارەزم (ها-
زىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى كاسپىي
دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى خىۋە ئەتراپى) گە لەشكەر تار-
تىپ قارام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قاراقىتان سۇلالىسى
گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. زېمىنى شەرقتە تۇغلا
دەرياسىدىن غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، شىمالدا بالقاش-
تىن جەنۇبتا ئامۇ دەرياسى، هىندىقۇش ـ قۇرۇم تاغلى-
رىغا يەتتى، زېمىنى بىۋاسىتە ئىگىدارچىلىق قىلىنىدى-
غان يەرلەر ۋە قارام ـ بېقىندى يەرلەر دەپ ئىككى
قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىۋاسىتە ئىدارە قىلىنىدى-
غان جايلار بالاساغۇننى مەركەز قىلغان هالدا سىر دەر-
ياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى؛ بېقىندى ـ قارام بولغانلاردىن ئىدىقۇت
ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى، شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالى-
سى، غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى، خارەزم، نايمان
قوۋمى، كاڭقىيە، قارلۇقلار بار ئىدى. سۇڭ سۇلالى-
سىنىڭ چۈنشى 2 ـ يىلى (1175 ـ يىلى) نايمان
قوۋمى جىن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، قاراقىتان
ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي چېگراسى ئىدىقۇت ئۇلۇغ
ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا تارايدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرى خەنزۇ مە-
دەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بولۇپ،
جۇڭگو تارىخىدىكى هەرقايسى سۇلالە پادىشاھلىرىنىڭ
هۆكۈمرانلىق تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە بىر
يۈرۈش ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە سىياسەتلەرنى
يۈرگۈزگەنىدى. بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇ-

ئۇلار: (1) مەمۇرىي جەھەتتە: بىۋاسىتە ئىدارە قىلىنمىغان جايلارنى سۇيۇرغال قىلمىدى، ئەكسىچە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ جايلاردىكى ئولتۇراق دېھقانچىلىق بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، لياۋ خاندانلىقىدىكى جەنۇب - شىمال ئەمەلدارلىرىنىڭ ئايرىپ ئىدارە قىلىش تۈزۈمى داۋاملىق قوللىنىلدى. (2) ھەربىي ئىشلار جەھەتتە: ئەمىرلەرنى يۈز بېشىدىن يۇقىرى لەشكەر مەنسىپىگە قويمىدى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاتتى، قوشۇن پادىشاھنىڭ بىۋاسىتە تىزگىنلىشىگە ئۆتۈپ، لەشكىرىي يۈرۈش پەيتىدىلا سانغۇنلارنىڭ قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى بولدى. (3) باج سېلىق جەھەتتە شۇ جايدا يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان ئوندىن بىر ئۈلۈش باج ئېلىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتمىدى، يەنە ئەسلىدىكى يەر مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قوغداپ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كېپىللىك قىلدى، يەر قاشالىماسلىق ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى يايلاققا ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ غايەت زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ۋە دېھقانلارنىڭ سەرسان بولۇپ ياقا يۇرتلارغا كېتىپ قېلىشىدىن ساقلاندى. (4) دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە: كۆپ خىل دىنلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىشىغا يول قويۇپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلدى. (5) قارام ۋە بېقىندى ئەللەرگە دانا بولغان ئايماق سىياسىتىنى يۈرگۈزدى: ئىتائەت قىلغان دۆلەت ۋە قەۋمنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى ۋە سىياسىتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنى بەلگىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە لەشكەر تۇتۇپ تۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى پەقەت مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ نازارەت قىلاتتى ياكى قەرەللىك چارلاپ تۇراتتى. قارا قىتان خانى قارام ئەللەر ۋە قەۋملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئىززەت كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە دوستانە ھالەتتە داۋام قىلغانىدى. يۇقىرىقى سىياسەتلەرنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى بىلەن غەربىي لياۋ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى سەۋىيە ئاساسىدا تېخىمۇ يۈكسەلدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىدە بەش پادىشاھ جەمئىي 87 يىل دەۋر سۈردى. ياللۇغ تاشىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شاۋشىڭ 13 - يىلى (1143 - يىلى) ئۆلۈپ، كەنتيەن خانىشى سۇتابۇيان دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالدى ۋە يىلنامىنى شيەنچىڭ دەپ ئۆزگەرتتى. كېيىن ھاكىمىيەتنى يىلىيې شاھزادىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، يىلنامە شاۋشىڭغا ئۆزگەرتىلدى. يىلىيې ئۆلگەندىن كېيىن، سىڭلىسى پۇسۇۋان ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىپ چېڭتيەن خانىش دەپ ئاتالدى ۋە يىلنامىنى چوڭفۇغا ئۆزگەرتتى. ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىدە پۇسۇۋان ئۆلتۈرۈلۈپ يىلىيېنىڭ ئىككىنچى ئوغلى جىلۇگۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى ۋە يىلنامىنى تيەنشىغا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ، خارەزم، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارلۇقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىسيان كۆتۈردى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ 4 - يىلى (1211 - يىلى) نايمان قەۋمىنىڭ شاھزادىسى كۈچلۈك ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ جىلۇگۇنى ئەسىر ئالدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي لياۋ سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى.

ئوگىداي خانلىقى موڭغۇل ۋاسسال دۆلەتلىرىنىڭ بىرى. چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال بەرگەندە 3 - ئوغلى ئوگىدايغا ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ غەربى ۋە ئېمىل (ھازىرقى دۆربىلجىن)، قوب (ھازىرقى قوبۇقسار) ۋە بالقاش كۆلى (ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدە) ئەتراپىدىكى جايلارنى ئايرىپ بەرگەندى. ئوگىداي خانلىقى مۇشۇ سۇيۇرغاللىق ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەندى. چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن ئوگىداي موڭغۇللارنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىپ ئۇلۇغ خان بولدى ۋە يۈەن تەيزۇڭ دەپ ئاتالدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ سۇيۇرغال يېرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى داۋام قىلدۇردى. ئوگىداي ئۆلگەندىن كېيىن يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەر ھوقۇق تالىشىپ، ئوگىداينىڭ ئوغلى كۈيۈك (يۈەن دىڭزۇڭ) بىرمەھەل ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، خانلىق تەخت چىڭگىزخاننىڭ 4 - ئوغلى بولغان تولى خاننىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. تولىنىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭكە تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئوگىداينىڭ سۇيۇرغال زېمىنى بىرقانچە ئۇششاق سۇيۇرغاللىقلارغا پارچىلىنىپ كەتتى. توپىلاڭغا ئىشتىراك قىلمىغان ئوگىداي جەمەتىدىكى خانزادىلەر بۇ زېمىننى بۆلۈشۈۋالدى. شۇلاردىن ئوگىداينىڭ 5 - ئوغلى قاش خاننىڭ ئوغلى قايدۇ قايالىق (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ تالدىقورغان دېگەن يېرىنىڭ شەرقى) قا ئىگە بولدى. يۈەن شىزۇ جىيۈەن يىللىرى (1264_1294) نىڭ بېشىدا قايدۇ ئوردا يارلىقىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئوگىداي

جەمەتىدىكى خانزادىلەرنىڭ سۇيۇرغاللىرىنى تەدرىجىي ئۆزىگە قوشۇۋالدى، يەنە چاغاتاي خانلىقىدىن خوجەند دەرياسى (يەنى سىر دەرياسى، ھازىرقى تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) نىڭ شىمالىدىكى جايلارنى تارتىۋېلىپ، غەربىي يۇرت بويىچە ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە بىر زور كۈچ بولۇپ قالدى. دادې 5 - يىلى (1301 - يىلى) قايدۇ يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى خانزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىش جېڭى - جېدەلى ئۇزاققىچە بېسىقمىدى. دۇۋا قايدۇنىڭ ئوغلى چەبەنى خان قىلىپ تىكلەپ ئوگېداي خانلىقىنى چاغاتاي خانلىقىغا قارام قىلىپ قويدى. 7 - يىلى دۇۋا ۋە چەبە يۈەن سۇلالىسىگە ۋاسساللىق بىلدۈردى. يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى دۇۋانىڭ قايدۇ كونتروللۇقىدىكى زېمىن ۋە قوشۇننى تارتىۋېلىشىغا مەدەت بېرىپ، ئوگېداي خانلىقىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇردى. 10 - يىلى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى ئالتۇنتاغدىن ھالقىپ چەبەگە ھۇجۇم قوزغىغاندا، چەبە دۇۋانىڭ يېنىغا قېچىپ باردى. چەبە چاغاتاي خانلىقىدىكى ئىچكى جېڭى - جېدەلگە قاتنىشىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى، يۈەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا رۇنىڭ بېگى مەرتىۋىسىنى ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوگېداي خانلىقى زاۋال تاپتى.


ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ بىر قىسمى يۈەن سۇلالىسىگە تەۋە بولدى، كۆپ قىسمى چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى، لېكىن ئوگېداي جەمەتىدىكى ھەرقايسى خانزادە، بەگلەر چاغاتاي خانلىقىدا يەنىلا تەسىر كۈچكە ئىگە ئىدى، ھەتتا بىر قىسىم كىشىلەر يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە چاغاتاي خانلىقىغا قىسقا مۇددەت ھۆكۈمرانمۇ بولدى.

**چاغاتاي خانلىقى** موڭغۇل ۋاسسال دۆلەتلىرىنىڭ بىرى. چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال بۆلگەندە 2 - ئوغلى چاغاتاي ئۇيغۇرىيە چېگرىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىنىڭ شىمالىغىچە بولغان تەۋەلىككە ئىگە بولۇپ، چاغاتاي خانلىقىنى شەكىللەندۈردى. گۈللەنگەن مەزگىلدە چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە تۇرپانغا، غەربتە ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىسىغا، شىمالدا تارباغاتايغا، جەنۇبتا ھىندىستانغا يەتكەن بولۇپ، ئوردا ئالمالىق (ھازىرقى قورغاس) قا يېقىن جايدىكى قوياستا ئىدى.

خانلىقنىڭ تەخت ۋارىسى موڭغۇللارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. قۇبلاي بىلەن ئارىقبۇغا ئۇلۇغ خاننىڭ تەختىنى تالىشىۋاتقاندا چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئالغۇي تەختكە چىقىپ، ئۇلۇغ خاننىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. قۇبلاي ئالتاي تېغىدىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئالغۇيغا بۆلۈپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي خانلىرىدىن ياراق، دۇۋا ئاتا - بالا ئوگېداي خانلىقىدىكى قايدۇخان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا قارشى چىقتى، ئۇرۇش 40 يىلغا سوزۇلۇپ جەنۇبتا ھىندىستانغا، شىمالدا قىپچاق دالاسىدىكى ئاق ئوردا خانلىقىغا، غەربىي جەنۇبتا ئىلخان خانلىقى بىلەن سۈركىشىپ تۇردى. دادې 7 - يىلى (1303 - يىلى) دۇۋا ۋە قايدۇنىڭ ئوغلى چەبە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا ۋاسسال بولدى. دۇۋا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ قوللىشى بىلەن چەبەنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوگېداي خانلىقىنى تەدرىجىي ئاجىزلاتتى ۋە ئاخىرىدا ئوگېداي خانلىقىنى ھالاك قىلىپ زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

يۈەن رېنزۇڭ زامانىسىدا ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. كېبېك خان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەر (1320 - 1327) نەخشەب ئەتراپىغا شەھەر بىنا قىلىپ «قارشى» (qarsi، ئوردا دېگەن مەنىدە، ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى قارشى) دەپ ئاتىدى، بۇ جاينى دائىم تۇرۇشلۇق ماكان قىلىپ، خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى غەربكە يۆتكىدى. كېيىن يانجىتاي تەختكە چىققاندا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى ئەلچى ئارقىلىق تەيزۇڭ خاننىڭ ئىلگىرىكى قېرىنداشلىق ئەمتىكىنى ھەدىيە قىلدى. دارما شىرى خان تەختتىكى ۋاقىتلاردا (1331 - 1334) ئىلگىرىكى خانلاردىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ھەر يىلى بىر قېتىم شەرقىي چېگرانى كۆزدىن كەچۈرۈشنى ئۆزگەرتىپ، مۇقىم ھالدا خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدا تۇردى ھەمدە بۇددا دىنىنى تاشلاپ ئىسلامغا كىرىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. يۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1335 - يىلى) غازات خان تەختكە چىقىپ باشقا دىنلارغا باراۋەر ئىمتىياز ئاتا قىلدى ۋە ئالمالىقتا مۇقىم تۇرۇپ، ئۇز خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئەڭ مۇھىم شەھەرگە ئايلاندۇردى. جىجېڭ 6 - يىلى (1346 - يىلى) غازات خان ئۆلگەندىن كېيىن خانلىق تەپرىقىچىلىككە پېتىپ قېلىپ، ھەممىلا قوۋم ئۆز ئالدىغا قورچاق خانلارنى تىكلەپ چىقتى. 8 - يىلى (مىلادىيە 1348 - يىلى) ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان موڭغۇللارنىڭ دوغلات جەمەتى تۇغلۇق تۆمۈرنى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى موڭغۇل تۆرىلىرىگە ئىسلامغا كىرىش ھەققىدە

پارلىق چۈشۈردى، ئىككى قېتىم خانلىقنىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلىپ، خانلىقنى ۋاقتىنچە بىرلىككە كەلتۈردى. جىجېڭ 22 - يىلى، تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلۈپ، خانلىقنىڭ غەربىدىكى بارلاس جەمەتىدىن بولغان ئاقساق تۆمۈرنىڭ كۈچى زورايدى ۋە تەدرىجىي تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنى شەكىللەندۈردى. خانلىقنىڭ شەرقىي تەرىپى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، تارىختا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى.



يۈەن دەۋرىدىكى چاغاتاي خانلىقى خەرىتىسى
(1330 - يىل)

**شەرقىي چاغاتاي خانلىقى** چاغاتاي خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ شەكىللەنگەن. موغۇل قوۋملىرىنىڭ ھەرقايسى ھەربىي تۆرىلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك قالايمىقان ئۇرۇشلىرىدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىسمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بارلاس ۋە دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ تەسىرىدە بولۇپ قالدى. دوغلات ئەمىرلىرى جىجېڭ 7 - يىلى (1347 - يىلى) ئاقسۇدا چاغاتاي خاننىڭ ئەۋلادى تۇغلۇق تۆمۈرنى تەختكە چىقىرىپ، تارىختا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «بەشبالىق دۆلىتى» دەپ ئاتالدى، كېيىن ئىلى دەريا بويىغا يۆتكىلىپ نامىنى «ئىلبالىق» قا ئۆزگەرتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجېڭ 13- يىلى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلاپ، خانلىقتىكى موغۇل قوۋمىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ئىلياس تەختكە چىقىپ ئىككى يىل پادىشاھ بولدى. بىر مەزگىللىك مالىمانچىلىقتىن كېيىن، دوغلات ئەمىرى خۇدايدات تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كەنجى ئوغلى خىزىر خوجىنى تەختكە چىقىرىپ، چاغاتاي ۋارىسلىرىنىڭ «قانۇنلۇق» ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن دوغلات ئەمىرى تېخىمۇ زور ئىمتىيازغا ئىگە بولدى. خۇدايدات ئۆمرىدە 16 پادىشاھنى «ئۆز قولى» بىلەن تەختكە چىقارغان بولۇپ، ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلغان مەزگىللەردە، خانلىق ئاستانە بەشبالىقتا تەسىس قىلىندى. خىزىر خوجا خان تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى، مىڭ سۇلالىسىمۇ جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتتى، بۇ خىلدىكى ئەلچىلەرنىڭ بېرىش - كېلىشى ئۇزاققىچە داۋاملاشتى. غەربتىكى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن، خىزىر خوجاخان مەلىكىلەردىن بىرنى تۆمۈرلەڭگە ياتلىق قىلدى. خانلىق ھازىرقى تۇرپان رايونىنى قوشۇۋېلىپ ئىسلام دىنىنى يولغا قويدى.

خىزىر خوجا خان مەزگىلىدە، خانلىقنىڭ زېمىنى ئاساسەن مۇقىملاشقان بولۇپ، مۇنداق ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقاندى: (1) موغۇلىستان، يەنى موغۇل-

لارنىڭ يېرى دېگەن مەنىدە؛ (2) ماڭلاي سۇيەر، بۇ دوغلات ئەمىر جەمەتىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى؛ (3) ئۇيغۇرىستان، ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلىرى، جۈملىدىن هازىرقى تۇرپان ۋە قارا شەھەر ئەتراپى، بەزىدە هازىرقى كۇچا ۋە قۇمۇل رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئوۋەيسخان خۇدايدات تىكلىگەن 6 ـ خان بولۇپ، تەختكە چىققاندىن كېيىن ئاستانىنى ئىلبالىق (هازىرقى غۇلجا ئەتراپى) قا يۆتكىدى، تۇرپاندا ئېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولدى، موڭغۇل قەبىلىلىرىمۇ ئولتۇراق دېهقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئوۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىق پارچىلىنىپ كەتتى. ئەھمەدخان هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئويراتلارنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، زېمىنىنى قۇمۇل ئەتراپىغىچە كېڭەيتتى. ئاغا ـ ئىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى مەنسۇرخان خانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، خانلىق زېمىنىنى ئۆتمۈشتىكىگە سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى شاھخان هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، خانلىق زېمىنى كۇچانىڭ شەرقى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ لوڭچىڭ 4 ـ يىلى (1570 ـ يىلى)، شاھخان سەئىدىيە خانلىقىدىكى ئابدۇكېرىم خاننىڭ قوشۇنىغا ئەسىر چۈشۈپ قالدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى زاۋال تېپىپ، زېمىنى سەئىدىيە خانلىقىغا قوشۇۋېلىندى.

**يەكەن سەئىدىيە خانلىقى** سۇلتان سەئىدخان يەكەندە بەرپا قىلغان هاكىمىيەت. سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ پۇشتىدىن بولۇپ، ئەھمەدخاننىڭ 3 ـ ئوغلى ئىدى. 1514 ـ يىلى (مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 9 ـ يىلى) ئۆزبېكلەرنىڭ قىستاپ كېلىشى ئارقىسىدا سۇلتان سەئىدخان فەرغانە (هازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى فەرغانە) دىن قەشقەر رايونىغا كېلىپ دوغلات ئەمىرى ئابابەكرىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ۋە ئۆزىنىڭ خان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خانلىق رەسمىي قۇرۇلدى. كېيىنرەك سۇلتان سەئىدخان ئۆز قېرىندىشى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى مەنسۇرخان بىلەن ئۇچرىشىپ، مەنسۇرخاننىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە نامدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ خانلىقنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. سەئىدخان ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ هاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىدى ۋە شىمال ـ جەنۇبقا كېڭەيدى.

ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن دوغلات ئەمىر جەمەتىنىڭ تەسىرىنى تۈگەتتى، مەنسۇرخاننىڭ كۆپ قېتىملىق هۇجۇملىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلدى، ئەمما موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ لوڭچىڭ 4 ـ يىلى (1570 ـ يىلى)، ئابدۇكېرىمخان قوشۇن ئەۋەتىپ تۇرپاننى ئىشغال قىلدى ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇۋالدى. مۇھەممەدخان زامانىسىدا (1592 ـ 1609) خانلىق گۈللىنىشنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە كىردى، خانلىق زېمىنى شەرقتە مىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان جيايۈگۈەنگە، غەربتە پامىردىكى خۇۋە (هازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) ۋە ۋاخان (هازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا) رايونلىرىغا، جەنۇبتا قۇرۇم تاغلىرىغا، شىمالدا تەڭرىتاغقا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام دىنىدىكى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ تەسىرى راۋۇرۇس زورايدى.

ئەھمەدخان دەۋرىدە (1609 ـ 1618)، يەرلىك كۈچلەر ۋە دىنىي كۈچلەر خېلىلا كۈچەيدى: تۇرپان ۋالىيسى ئىبراھىم سۇلتان ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. قارا تاغلىق خوجىلار هاكىمىيەتكە ئارىلىشىشقا باشلىدى، خانلىقتا ئىچكى ماجىرالار باش كۆتۈردى. مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چوڭجېن خاننىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، شەرقىي رايون هۆكۈمرانى ئابدۇللاخان يەكەنگە بېسىپ كىرىپ، ئۇلۇغ خان بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ هوقۇقىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قارشى كۈچلەرنى باستۇردى، ئويراتلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان ماڭدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاق تاغلىق خوجىلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەكەنگە قارىتا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتتى. 1667 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 6 ـ يىلى) ئابدۇللاخان خانلىقتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، مەككىگە هەجگە ماڭدى، ئوغلى يولۋاس خان ئۇلۇغ خان بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قارا تاغلىقلارغا زەربە بېرىشىنى قوللىدى، بۇنىڭ بىلەن ئاستانىدە مالىمان يۈز بېرىپ، ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى. ئاقسۇ هۆكۈمدارى ئىسمائىل سۇلتان قارا تاغلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن يەكەنگە كىرىپ ئۆزىنى ئۇلۇغ خان، دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ بىلەن دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. 1680 ـ يىلى (كاڭشىنىڭ 19 ـ يىلى) جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ قوشۇنى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى ۋە يول باشلىشى بىلەن يەكەنگە بېسىپ كىرىپ ئىسما-

ئىل خانىنى ئەسىرگە ئالدى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى گۇمران بولۇپ، زېمىنى جۇڭغار خانلىقىغا قوشۇۋېلىندى.

سەئىدىيە خانلىقى 160 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ، جەمئىي 11 خان سەلتەنەت سۈردى. بۇ مەزگىلدە خانلىقتىكى ھۆكۈمران مىللەت بولغان موڭغۇللار تۈركلىشىش ۋە ئىسلاملىشىش مۇساپىسىنى تاماملاپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتتى. جەمئىيەت مۇقىم بولغان مەزگىللەردە ئىگىلىك ئەسلىگە كېلىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى گۈللەندى ۋە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدى»، شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ «تاۋارىخ» قاتارلىق ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى. يۇرۇشلەشكەن چوڭ تىپتىكى مۇزىكا «ئون ئىككى مۇقام» مۇ مۇشۇ مەزگىلدە مۇقىملاشتى، مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەت ساقلاندى. چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىن، خانلىق ۋە شەرق تەرەپتىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى.

**جۇڭغارىيە خانلىقى** مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت. جۇڭغارلار ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تۆت قەبىلىسىنىڭ بىرى بولۇپ، چوراس قەبىلىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسلىدە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە قوبۇقسار ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئىلى دەريا ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن تەدرىجىي كۈچىيىپ، غەربىي شىمالغا خوجا بولدى. جۇڭغار ئەسلىدە بىر قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، كېيىن تۆت قەبىلە ئوخشاشلا جۇڭغار دەپ ئاتالغان. باتۇر خۇنتەيجى مەزگىلىدە سىرتقا قارىتا چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرسا، ئىچكى جەھەتتە ھەر قايسى قەبىلىلەرنى قوشۇۋالدى. غالدان مەزگىلىدە، نۇرغۇن قوشنا قەبىلىلەرنى قوشۇۋېلىپ ياكى پاراكەندە سېلىپ، قاراخان تەيىنلەپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنى باشقۇردى، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئەسكەر چىقىرىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلدى. سىۋان ئارابدان، غالدان سېرىن ئاتا - بالا دەۋرىگە كەلگەندە، جۇڭغارلار ئەڭ كۈچەيدى. جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا خانلىق ئورنىنى تالىشىش ئۇرۇشلىرى ئۈزۈلمىگەچكە، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېقىنىپ تىنچىتىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى، يۇڭجېڭ خانلىرى دەۋرىدە يىلمۇيىل ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى، چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) غا كەلگەندە ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بېسىۋالدى، داۋاچىنى تىرىك تۇتۇپ بېيجىڭغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا شاھزادىلىك مەرتىۋىسى بەردى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭغارلار دەسلەپكى قەدەمدە تىنچىتىلدى. خويت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامۇرسانا تۆت قەبىلىنىڭ باش تەيجىسى بولۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ توپىلاڭ كۆتۈردى. چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ئەسكەر چىقىرىپ جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

**«جۇڭگو - روسىيە ئىلى - تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى»** شەرتنامە نامى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 27 - (1847 - يىلى)، 28 - يىلى، چار روسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىككى قېتىم مەكتۇپ يوللاپ، شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي (بۈگۈنكى چۆچەك)، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سودا رايونىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەت قىلىندى؛ داۋگۇاڭنىڭ 30 - يىلى چار روسىيە ئىلگىرىكى تەكلىپىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويىدۇ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چار روسىيە سودىگەرلىرى ئەمەلىيەتتە ئىلى، تارباغاتايلارغا كىرىپ بولدى دەپ قاراپ، شيەنفېڭنىڭ 1 - يىلى (1851 - يىلى) 7 - ئايدا ئىلى جاڭجۈنى يىشەن، مەسلىھەتچى ئامبال بايىنتاي قاتارلىقلار چار روسىيە ۋەكىلى پولكوۋنىك كوۋالېۋسكىي بىلەن خۇييۈەن كۈرەسى (بۈگۈنكى قورغاس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى) دە «جۇڭگو - چار روسىيە ئىلى - تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» نى ئىمزالايدۇ. نىزامنامە جەمئىي 17 ماددا بولۇپ، روسىيىنىڭ ئىلى (بۈگۈنكى غۇلجا)، تارباغاتاي (بۈگۈنكى چۆچەك) قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانا قۇرۇشىغا يول قويۇش، روسىيە كونسۇللىرىنىڭ سودىلىك ھوقۇقى بولۇش، روسىيە سودىگەرلىرى ئىلى، تارباغاتايلاردا سودا رايونى تەسىس قىلىش ھەم سودا - سېتىقتا باج تۆلىمەسلىك قاتارلىق ئالاھىدە ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. مەزكۇر نىزامنامە چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چار روسىيە ئىمزالىغان تۇنجى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە بولۇپ، چار روسىيە تۇنجى قېتىم جۇڭگودا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش ۋە كونسۇللارنىڭ سودىلىك ھوقۇقىغا

ئىگە بولۇۋالدى.

**«جۇڭگو ـ روسىيىنىڭ تارباغاتايدا تۈزۈلگەن تولۇقلىما شەرتنامىسى»** مەزكۇر شەرتنامىنىڭ مەخسۇس ئاتىلىشى يوق. چىڭ سۇلالىسى شيەنفېڭنىڭ 5 ـ يىلى (1855 ـ يىلى) تارباغاتايدىكى كان ئىشچىلىرىدىن شۇ تيەنداۋ، ئەن يۇشەن قاتارلىقلار چار روسىيە كونسۇلىنىڭ يارغۇت ئالتۇن كېنىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى، يۇقىرالارنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، چار روسىيىنىڭ سودا قورغىنىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. شيەنفېڭنىڭ 8 ـ يىلى تارباغاتاينىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى مىڭيى بىلەن روسىيە ۋەكىلى سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ 9 ماددىلىق كېلىشىم ئىمزالىغان. بۇ شەرتنامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى جۇڭگو روسىيىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن ئۆي ۋە ماللىرى ئۈچۈن «تولۇقلىما» سۈپىتىدە 135 مىڭ 682 سەر كۈمۈش تۆلەش، بۇ كۈمۈش ئورنىغا ئۈچ يىلدا روسىيىگە 5500 ساندۇق ۋۇيى چېيى بېرىش؛ شۇ تيەنداۋ، ئەن يۇشەن قاتارلىقلارنى جازالاش؛ روسىيىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي سودا قورغانلىرىدا 50 نەپەر ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا يول قويۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. مەزكۇر شەرتنامە روسىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

**«جۇڭگو ـ روسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىلارنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامىسىنىڭ خاتىرىسى»** شەرتنامە نامى. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا، ئۇلاستاي (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل چېگراسىدا) سانغۇنى مىڭيى، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى شى لىن قاتارلىقلار روسىيىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئىۋان زاخاروف، ئومسكى بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى بابكوفلار بىلەن چۆچەكتە مەزكۇر شەرتنامىنى ئىمزالىغان. شەرتنامە جەمئىي 10 ماددا بولۇپ، 1ـ، 3 ـ ماددىلىرىدا روسىيىنىڭ تەلىپى بويىچە شابىڭدا بۇختىن پامىرغىچە بولغان ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق چېگراسىنى قايتا ئايرىش بەلگىلەنگەن؛ 4 ـ ماددىسىدا، يېڭى ۋە كونا چېگرىنىڭ ئارىلىقىدا جۇڭگو تەرەپنىڭ قاراۋۇلخانىلىرى يېڭى چېگرا ئايرىلغاندىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە يۆتكىلىپ بولۇش بەلگىلەنگەن؛ 5ـ ۋە 10 ـ ماددىلىرىدا، شەرتنامە ئالماشتۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ئاھالىلەر «زېمىن كىمگە تەۋە بولسا ئادەم شۇ دۆلەتكە تەۋە بولۇش» پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن؛ 6 ـ ماددىسىدا، شەرتنامە ئالماشتۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ 240 كۈن ئىچىدە ئىككى تەرەپ چېگرا بەلگىسى ئورنىتىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن؛ 9 ـ ماددىدا، چېگرا ئېنىقلاپ بېكىتىلگەندىن كېيىن روسىيە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ئىشلار چىقىپ قالسا، چېگرا ئەمەلدارلىرى بىر تەرەپ قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ شەرتنامە شيەنفېڭنىڭ 10 ـ يىلى (1860ـ يىلى) ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» نىڭ 2 ـ ماددىسىغا ئاساسەن ئىمزالانغانىدى. مەزكۇر ماددىدا: «شابىڭدا بۇختىكى چېگرا بەلگىسىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ غەربكە قاراپ توپتوغرا زەيسان كۆلىگە قەدەر، بۇ جايدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ تيانشان تاغلىرىدىكى تۆمۈرتۇ كۆلىنى بويلاپ، جەنۇبقا قاراپ قوقاننىڭ چېگراسىغا قەدەر بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. سۆھبەت تۇڭجىنىڭ 1 ـ يىلى چۆچەكتە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، شەرتنامىدە ئېنىق بولمىغان مەزمۇنلار كۆپ ئىدى، بۇ روسىيىنىڭ شەرتنامىگە خىلاپلىق قىلىپ كۆپ زېمىن ئىگىلىۋېلىشى، ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئىشغالىيەتچىلىك قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى. مۇشۇ شەرتنامىگە ئاساسەن ئىككى تەرەپ «جۇڭگو ـ روسىيە قوبدۇ چېگرا شەرتنامىسى» ، «جۇڭگو ـ روسىيە ئۇلاستاي چېگرا شەرتنامىسى» ، «جۇڭگوـ روسىيە تارباغاتاي چېگرا شەرتنامىسى» قاتارلىق ئۈچ چېگرا شەرتنامىسى تۈزگەن، باشقا رايونلارنىڭ چېگرا شەرتنامىسى ياقۇپبەگنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە روسىيىنىڭ ئىلىنى بېسىۋېلىشى سەۋەبىدىن ئىمزالانمىغان. ئېلىمىز غەربىي شىمالىي چېگراسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بېكىتىلىشى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنى مەجبۇرىي روسىيىگە كېسىپ بېرىلگەن.

**«جۇڭگو ـ روسىيە قوبدۇ چېگرا شەرتنامىسى»** «جۇڭگو ـ روسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىلارنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامىسىگە ئائىت خاتىرىلەر» نىڭ ئۈچ قوشۇمچە شەرتنامىسىنىڭ بىرى. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 8 ـ يىلى (1869 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا قوبدۇ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل چېگرىسى ئىچىدە) نىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى كۈيچاڭ روسىيە غەربىي سىبىرىيە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، گېنېرال مايور بابكوف بىلەن مەزكۇر شەرتنامىنى ئىمزالىغان. بابكوف چېگرا قىزىل سىزىقىنى ئاساس قىلماي، چېگرا بەلگىسىنى سۇ ئېقىنلىرى بويى-

چە بېكىتىمىز دەپ مۇتتەھەملىك قىلغان، كۆيچاڭ ياشىنىپ قېلىپ تاغ يوللىرىدا يۈرەلمىگەچكە، بابكوفنىڭ جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ چېگرا بەلگىسى ئورنىتىشقا يول قويغان. بوغۇسوقتىن مانتوغاتوفانغا قەدەر 20 جايغا چېگرا تېشى ئورناتقان. ئەسلىدە جۇڭگوغا تەۋە بولغان زەيسان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى جۈملىدىن ئالتاننۇر - ئورانقاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو زېمىنىنى روسىيىگە كېسىپ بەرگەن.

**«جۇڭگو - روسىيە ئۇلاستاي چېگرا شەرتنامىسى»** «جۇڭگو - روسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىلارنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامىسىگە ئائىت خاتىرىلەر» نىڭ ئۈچ قوشۇمچە شەرتنامىسىنىڭ بىرى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 8 - يىلى (1869 - يىلى) 7 - ئايدا ئىلى جياڭجۈنى رۇڭ چۈەن بىلەن چار روسىيە باش شتابىدىن لېيتېنانت مورمۇتسوف ئىمزالىغان شەرتنامە. مەزكۇر شەرتنامە بويىچە شابىندا بوغىتىن سوقتىنغىچە بولغان چېگرىنى ئايرىپ سەككىز جايغا چېگرا تېشى ئورناتقان. ئەسلىدە جۇڭگوغا تەۋە بولغان تاڭنۇ - ئورانقاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاموخ دەرياسى ۋادىسىدىكى يايلاقلار روسىيىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

**«جۇڭگو - روسىيە ئارباغاتاي چېگرا شەرتنامىسى»** «جۇڭگو - روسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىلارنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامىسىگە ئائىت خاتىرىلەر» نىڭ ئۈچ قوشۇمچە شەرتنامىسىنىڭ بىرى. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 9 - يىلى (1870 - يىلى) 7 - ئايدا قوبدۇ (موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە) نىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى كۆيچاڭ چار روسىيە باش شتابىدىن پودپولكوۋنىك مورمۇتسوف بىلەن مەزكۇر شەرتنامىنى ئىمزالىغان. مەزكۇر شەرتنامە ئىمزالىنىشتىن بىر يىل ئىلگىرى چار روسىيە ئۆز ئالدىغا مانتو غاتوغان قاراۋۇلخانىسىدىن تارتىپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئارباغاتاي تېغىنى بويلاپ قابارئاسۇغا قەدەر جەمئىي توققۇز ئورۇنغا چېگرا بەلگىسى ئورناتقان؛ بۇنىڭ ئىچىدىكى چاغان ئوباغا ئورناتقان چېگرا بەلگىسى شەرتنامىگە خىلاپ ھالدا جۇڭگو چېگراسى ئىچىگە يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئورنىتىلغانىدى. جۇڭگو تەرەپ كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ، ئاخىرى شەرتنامىگە ئىمزا قويغان ھەم روسىيە چېگرا بەلگىسىنىڭ بىر تەرىپىگە چېگرا بەلگىسى ئورناتقان. زەيسان كۆلى (بۈگۈنكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە) ۋە ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جۇڭگو زېمىنلىرىنى روسىيە تەدرىجىي يۇتۇۋالغان.

**جۇڭگو - روسىيىنىڭ ئىلى مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبىتى** روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىلىنى ئىشغال قىلىۋېلىشى خەلقئارا سۆھبەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. سۆھبەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم، ئون يىل داۋاملاشقان. 1 - قېتىم، چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 10 - يىلى (1871 - يىلى) 7 - ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى روسىيىنىڭ ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ يىلى ۋە كېيىنكى يىلى ئىلى جياڭجۈنى رۇڭ چۈەننى ئىككى قېتىم روسىيىگە ئەۋەتكەن، روسىيە تەرەپ بولسا ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلغان. 2 - قېتىم، تۇڭجىنىڭ 11 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، زۇڭلى يامۇلى چار روسىيە ئەلچىسى بىلەن داۋاملىق ئالاقىلەشكەن. روسىيە ئەلچىسى ۋىرانگىل جۇڭگو ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىز ئىلىنى قايتۇرىمىز دەپ تۇرۇۋالغان. گۇاڭشۈنىڭ 2 - يىلى (1876 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىگەندە روسىيىنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن ئەلچىسى بۇس: جۇڭگو ئالدى بىلەن سودا ئالاقىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم، دېگەن. ئىككىنچى يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىنمۇ بۇس ئىلگىرىكى پىكرىدە چىڭ تۇرغان. 3 - قېتىم گۇاڭشۈنىڭ 4 - يىلى 6 - ئايدا چىڭ ئوردىسى مەنسەپ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ يانداش ئامبىلى، ۋاقىتلىق شېڭجىڭ (ھازىرقى شېنياڭ) جياڭجۈنى چوڭخۇنى روسىيىگە كېڭەشكە ئەۋەتىشنى بۇيرۇغان. چوڭخۇ 12 - ئايدا روسىيە پايتەختى سان پېتېربۇرگقا يېتىپ بارغان. روسىيە ۋەكىلى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى رېمىن، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بۇس قاتارلىقلار ئىدى. گۇاڭشۈنىڭ 5 - يىلى 6 - ئايدا روسىيە ۋەكىلى ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، تولۇق قايتۇرۇشقا قوشۇلمىغان. چوڭخۇ سۆھبەت نەتىجىسىنى زۇڭلى يامۇلىغا تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسى كۆپ يول قويۇۋېتىپتۇ دەپ قاراپ، تېلېگرامما بېرىپ رەت قىلغان. چوڭخۇ ئوردىنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق سالماستىن ئۆز ئالدىغا شەرتنامىگە ئىمزا قويۇپ ۋەتەنگە قايتقان. 4 - قېتىم گۇاڭشۈنىڭ 6 - يىلى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى زېڭ جىزېنى خان مۇپەتتىشلىكىگە تەيىن-

لەپ روسىيىگە ئەۋەتكەن. 6 ـ ئايدا، زېڭ جىزې لۇندۇندىن سان پېتېربورگقا بارغان. روسىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى گېرس ئالدى بىلەن ئىچكى ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇسقا زېڭ جىزې بىلەن قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن. 11 ـ ئايدا، روسىيە چېگرا ئىشلىرى توغرىسىدا ئۈچ ماددا، سودا ئىشلىرى توغرىسىدا تۆت ماددا، تۆلەم تۆلەش توغرىسىدا بىر ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مېموراندۇم تاپشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ مۇنازىرىلىشىشىگە يول قويمىغان. زېڭ جىزې زۇڭلى يامۇلىغا تېلېگرامما يوللاپ مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، شەرتنامىگە ئىمزا قويۇش توغرۇلۇق جاۋاب تاپشۇرۇۋالغان. گۇاڭشۈنىڭ 7 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئىككى تەرەپ «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «باشقىدىن تۈزۈلگەن قۇرۇقلۇق سودا نىزامنامىسى» ۋە مەخسۇس بىر ماددىغىمۇ ئىمزا قويغان. 5. ئايدا ئوردا تەستىقلىغان؛ 7 ـ ئايدا روسىيە پايتەختىدە ئىككى تەرەپ شەرتنامە ئالماشتۇرغان. 12ـ ئايدا چىڭ ئوردىسى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئىلى جياڭجۈنى جىن شۇنگە ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن، ئەمەلدار ئەۋەتىپ روسىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن كېڭەشكەن. گۇاڭشۈنىڭ 8-يىلى 2 ـ ئايدا ئىلىنى رەسمىي قايتۇرۇۋالغان.

## «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى»

شەرتنامە نامى. «جۇڭگو ـ روسىيە ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، رۇسلار «جۇڭگو ـ روسىيە سان پېتېربورگ شەرتنامىسى» دەپ ئاتايدۇ. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 7 ـ يىلى (1881-يىلى) 1 ـ ئايدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ روسىيىگە ئەۋەتىلگەن خان مۇپەتتىشى زېڭ جىزې روسىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى گېرس، روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بۇس قاتارلىقلار بىلەن روسىيە پايتەختى سان پېتېربورگتا ئىمزالىغان شەرتنامە. شەرتنامە جەمئىي 20 ماددا بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) روسىيە ئىشغال قىلىۋالغان تۆۋەنكى ئىلى رايونىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ (2) قورغاس دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يۇقىرىقى ئىلى روسىيىگە ئايرىپ بېرىلىدۇ؛ (3) ئىلى خەلقىدىن روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى خالىغۇچىلارنىڭ بىر يىل ئىچىدە كۆچۈپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ (4) جۇڭگو روسىيىنىڭ جىيايۈگۈەن (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدە)، تۇرپاندا كونسۇلخانا تەسىس قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قوبدۇ (بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلىيە چېگراسى ئىچىدە)، ئۇلاستاي (بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلىيە چېگراسى ئىچىدە)، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ (بۈگۈنكى چىتەي) قاتارلىق بەش ئورۇندا سودا ئىشلىرى روناق تاپقاندىن كېيىن، داۋاملىق كېڭىشىپ كونسۇلخانا تەسىس قىلىدۇ؛ (5) ئىككى دۆلەت چېگراسىدىكى 100 چاقىرىم دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سودىدىن باج ئېلىنمايدۇ، جۇڭگونىڭ موڭغۇل رايونىغا بېرىپ سودا قىلىدىغان روسىيە سودىگەرلىرىدىن بۇرۇنقىدەكلا باج ئېلىنمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە بېرىپ سودا قىلغان روسىيە سودىگەرلىرىدىنمۇ باج ئېلىنمايدۇ؛ (6) جۇڭگودا سودا قىلىدىغان روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ قۇرۇقلۇق سودا يولى بۇرۇنقى چاقتۇدىن (ھازىرقى روسىيە چېگراسى ئىچىدىكى قىسمى يەنىلا چاقتۇ دەپ ئاتىلىدۇ، موڭغۇلىيە چېگراسى ئىچىدىكى قىسمى ئاردان بۇلاق دېيىلىدۇ) تيەنجىنگە بارىدىغان يولدىن تاشقىرى، يەنە جىيايۈگۈەنگە بارىدىغان يول ئېچىلىدۇ؛ (7) خېيلۇڭجياڭ، سۇڭخۇاجياڭ، ئۇسسۇرى دەريالىرىدىكى كېمە قاتنىشى «ئەيخۇي شەرتنامىسى» بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؛ (8) جۇڭگو 9 مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلەيدۇ. بۇ شەرتنامىنى چوڭخۇ تۈزگەن «ئىلى شەرتنامىسى» غا سېلىشتۇرغاندا تۆلىنىدىغان تۆلەم پۇلى 4 مىليون رۇبلى كۆپەيگەندىن باشقا، باشقا زىيانلار ئازراق بولغان. سودا جەھەتتە، ئەسلىي شەرتنامىدىكى كۆپەيتىپ قۇرۇلىدىغان يەتتە ئورۇندىكى كونسۇلخانا ئىككىگە قىسقارتىلغان؛ كۆپەيتىپ ئېچىلىدىغان ئىككى سودا يولى بىرگە ئۆزگەرتىلگەن ھەم جىيايۈگۈەن بىلەن چەكلىنىپ، شىئەن ۋە خەنجۇڭغا قەدەر سوزۇلمىغان؛ شىنجاڭدا سودا قىلىدىغان روسىيە سودىگەرلىرىدىن «پۈتۈنلەي باج ئالماسلىق» «ۋاقىتىنچە باج ئالماسلىق» قا ئۆزگەرتىلگەن. سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىدىن بايدوناغا بارىدىغان كېمە قاتنىشىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. چېگرا جەھەتتە، ئىلى رايونىدىكى تېكەس ۋادىسى قايتۇرۇۋېلىنغان، ئالتاي، تارباغاتاي رايونىنىڭ چېگرا سىزىقى چوڭخۇ ئىمزالىغان شەرتنامىدىكى چېگرا سىزىقى بىلەن كونا چېگرا سىزىقى ئوتتۇرىسىدىن ئايرىلغان، قەشقەر رايونىدىكى ئەمەلىي كونترول سىزىقى چېگرا قىلىنغان. مەزكۇر شەرتنامىگە ئاساسەن «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى چېگرا كېلىشىمى»، «جۇڭگو ـ روسىيە قوبدۇ ـ تارباغاتاي چېگرا كېلىشىمى»، «جۇڭگو ـ روسىيە قەشقەر چېگرا كېلىشىمى»، «جۇڭگو ـ روسىيە تارباغاتاينىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرا كېلىشىمى» ۋە

«جۇڭگو - روسىيە قەشقەر چېگراسىنى داۋاملىق قايتا تەكشۈرۈش كېلىشىمى» قاتارلىق بەش چېگرا تەكشۈرۈش كېلىشىمى ئىمزالانغان. ئەسلىدە جۇڭگوغا تەۋە بولغان 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىن روسىيىگە كېسىپ بېرىلگەن.

**«جۇڭگو - روسىيە ئىلى چېگرا كېلىشىمى»** «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ بەش چېگرا تەكشۈرۈش كېلىشىمىنىڭ بىرى. گۇاڭشۈنىڭ 8 - يىلى (1882 - يىلى) 9 - ئايدا قومۇلنىڭ ياردەمچى ئامبىلى چاڭ شۈن بىلەن روسىيە سىمىرچېنسكىي ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ۋولد بىرلىكتە ئىمزالىغان. كېلىشىم جەمئىي ئۈچ ماددا بولۇپ، ئىلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قارا داۋاندىن نارىنقالىغا قەدەر بولغان جۇڭگو - روسىيە چېگراسىغا ئۈچ چېگرا بەلگىسى ئورنىتىلغان. ئىلىنىڭ غەربىي يولى، يەنى قورغاس دەرياسىنىڭ غەربى ۋە سۈمبە دەرياسىنىڭ غەربىدىكى زېمىنلار روسىيىگە كېسىپ بېرىلگەن.

**«جۇڭگو - روسىيە قەشقەر كېلىشىمى»** بۇ «جۇڭگو - روسىيە قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىي چېگرا كېلىشىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ بەش چېگرا تەكشۈرۈش كېلىشىمىنىڭ بىرى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 8 - يىلى (1882 - يىلى) 10 - ئايدا ياركۆل ئاغلاقچى ئامبىلى ساقدۇلىنجاپ بىلەن فەرغانە ئۆلكىسىنىڭ گوبېرناتورى، گېنېرال مايور مېدىنىسكى تەرىپىدىن ئىمزالانغان. كېلىشىم جەمئىي تۆت ماددا بولۇپ، نارىنقالىدىن بەدەل تاغ ئېغىزىغىچە بولغان ئىككى دۆلەت چېگراسى بەلگىلەنگەن. روسىيە جۇڭگونىڭ تۈمۈرتۇ كۆلى (ئىسسىقكۆل، بۈگۈنكى قىرغىزىستان چېگراسى ئىچىدە) ئەتراپىدىكى رايونلارنى كېسىپ ئېلىۋالغان ھەم تيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تاغ تىزمىسىنى چېگرا قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئاقسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جانارت دەرياسى مەنبەسى رايونىنى شەرتنامىگە خىلاپ ھالدا ئىگىلىۋالغان.

**«جۇڭگو - روسىيە قوبدۇ - تارباغاتاي چېگرا كېلىشىمى»** «جۇڭگو روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ بەش چېگرا تەكشۈرۈش كېلىشىمىنىڭ بىرى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 9 - يىلى (1883- يىلى) 7 - ئايدا، ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى شېڭ تەي، قوبدۇ (ھازىرقى موڭغۇلىيە چېگراسى ئىچىدە) نىڭ ياردەمچى ئامبىلى ئېرچىڭگې بىلەن روسىيە ئومسكى ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى، گېنېرال مايور بابكوف، شتاب ئوفىتسېرى، پولكوۋنىك پېۋسوف تەرىپىدىن ئىمزالانغان. كېلىشىم جەمئىي بەش ماددا بولۇپ، «جۇڭگو - روسىيە قوبدۇدىكى يېڭى چېگرا بەلگىسى خاتىرىسى» بىلەن «جۇڭگو روسىيە تارباغاتاينىڭ شىمالىدىكى چېگرا بەلگىسى خاتىرىسى» قاتارلىق ئىككى خاتىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كېلىشىمدە ئاق قابا دەرياسى مەنبەسى رايونى بىلەن ساۋىر تېغى ئوتتۇرىسىنى جۇڭگو- روسىيە چېگراسى قىلىش بەلگىلەنگەن. قوبدۇغا تەۋە بولغان ئالتاي رايونىدا چار روسىيە ئاق قابا دەرياسى، ئالقابېك دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى كېسىپ ئېلىۋالغان؛ تارباغاتاي رايونىدا ئالقابېك دەريا ئېغىزىنىڭ غەربىدىن تارتىپ قاپچۇغايدىن مۇزتاۋ تېغىغىچە بولغان جايلارنىڭ غەربىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان.

**«جۇڭگو - روسىيە تارباغاتاينىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرا كېلىشىمى»** «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ بەش چېگرا ئايرىش كېلىشىمىنىڭ بىرى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 9 - يىلى (1883 - يىلى) 9 - ئايدا، ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى شېڭ تەي بىلەن روسىيە سىمىرچېنىسكىي ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ۋولد تەرىپىدىن ئىمزالانغان. كېلىشىم جەمئىي يەتتە ماددا بولۇپ، قابارسۇدىن قارا داۋانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چېگرا بەلگىلەنگەن. بۇ بۆلەك چېگرا ھەققىدە تۇڭجىنىڭ 3- يىلى (1864 - يىلى) ئىمزالانغان «جۇڭگو - روسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىنى ئايرىش شەرتنامە خاتىرىسى» دە بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى چېگرا بەلگىسى ئورناتىلمىغان، مەزكۇر كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، 21 چېگرا بەلگىسى ئورنىتىلغان. روسىيە تەرەپ يولسىزلىق قىلىپ چېگرىنى قايتا مۇھاكىمە قىلىش كېرەك دەپ تۇرۇۋالغان ھەم زورلۇق بىلەن بارلۇق تېغى رايونىنى ئۇن يىللىق ئىجارىگە ئېلىۋالغان.

**«جۇڭگو - روسىيە قەشقەر چېگراسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش كېلىشىمى»** «جۇڭگو - روسىيە قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىي چېگراسى كېلىشىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نىڭ بەش چېگرا ئايرىش كېلىشىمىنىڭ بىرى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 10 - يىلى (1884 -

يىلى) 5 ـ ئايدا باركۆل ئاغلاقچى ئامبىلى ساقىرۇلىنجاپ بىلەن روسسىيە فەرغانە ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى مىدىنسكى تەرىپىدىن ئىمزالانغان. كېلىشىم جەمئىي ئالتە ماددا بولۇپ، ئۈچ بۆلەك چېگرا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن. (1) بەدەل ئېغىزىدىن سوۋچەك تاغ ئېغىزىغىچە بولغان جايلارنىڭ چېگراسى تۈڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ روسسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامە خاتىرىسى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە «تيانشان تاغ چوققىسى» چېگرا قىلىنغان. ئەسلىدە تيانشان تىغىنىڭ ئاساسىي تىزمىسى چېگرا قىلىنىشى كېرەك ئىدى، چار روسسىيە بولسا تيانشان تىغىنىڭ جەنۇبىي تاغ تىزمىسىنى ئاساسىي تاغ تىزمىسى دەۋېلىپ، شەرتنامىگە خىلاپ ھالدا قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاقساي دەرياسى رايونىنى ئىگىلىۋالغان. (2) سوۋچەك تاغ ئېغىزىدىن ئۇزبەل تاغ ئېغىزىغىچە بولغان چېگرا «جۇڭگو ـ روسسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دە بەلگىلەنگەن ھازىرقى ئەمەلىي باشقۇرۇلۇۋاتقان چېگرا بولۇشى كېرەك ئىدى، روسسىيە تەرەپ جۇڭگو باشقۇرۇۋاتقان جايلارنى روسسىيە باشقۇرۇش كېرەك دەپ كۆرسىتىپ، شەرتنامىگە خىلاپ ھالدا قوش قوجۇق، پامىر قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالغان. (3) ئۇزبەل ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى بۆلەكنىڭ چېگراسى ھەققىدە چېگرا كېلىشىمىدە ئۇزبەل ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى «روسسىيە چېگراسى غەربىي جەنۇبقا، جۇڭگو چېگراسى جەنۇبقا سوزۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن، روسسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ ئالاي تىغىدىن ئۇزبەل تىغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر پارچە زېمىنىنى ئىگىلىۋالغاندىن سىرت، غەربىي جەنۇب بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدا كېيىنچە كېڭىيىپ بېكىتىش ئۈچۈن ئۈچ بۇرجەك رايون شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن چار روسسىيە شەرتنامىگە خىلاپ ھالدا سارىكۆل چوققىسىنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئىگىلىۋالغان.

**جۇڭگو بىلەن روسسىيىنىڭ پامىر مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆھبىتى** روسسىيىنىڭ پامىرنى قانۇنسىز ئىشغال قىلىۋېلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان خەلقئارا سۆھبەت. روسسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى تالاشقاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچىنى جۇڭگونىڭ پامىر رايونىغا قاراتقان. 1869 ـ يىلى 10 ـ ئايدا (چىڭ سۇلالىسى تۈڭجىنىڭ 8 ـ يىلى 9 ـ ئايدا)، روسسىيە بىلەن ئەنگلىيە كېلىشىم ھاسىل قىلغان، جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزىۋالغان. 1876 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 2 ـ يىلى)، روسسىيە قوقان خانلىقى (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسى ئىچىدە) نى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، پامىرنىڭ شىمالىدىكى جۇڭگو زېمىنى ئالاي جىلغىسىغا تاجاۋۇز قىلغان. گۇاڭشۈينىڭ 10 ـ يىلى جۇڭگو ـ روسسىيە ئىككى دۆلەت «جۇڭگو ـ روسسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈش كېلىشىمى» نى ئىمزالىغاندا، ئۇزبەل تاغ ئېغىزىدا «روسسىيە چېگراسى غەربىي جەنۇبقا، جۇڭگو چېگراسى جەنۇبقا سوزۇلۇش» تەك كېيىنچە كېڭىيىشىپ بېكىتىدىغان رايون شەكىللەنگەن.

گۇاڭشۈينىڭ 17 ـ يىلى يازدا، روسسىيە تۈركىستان چېگرا مۇداپىئە 2 ـ باتالىيونىنىڭ باتالىيون كوماندىرى پولكوۋنىك يانوف كازاك ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ «غەربىي جەنۇبقا سوزۇلگەن» روسسىيە چېگراسىدىن ھالقىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىسسىقكۆل (ھازىر يېشىل كۆل دېيىلىدۇ، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى چېگراسى ئىچىدە) گە قەدەر كېلىپ، چيەنلۇڭ ئەسكەرلىرى تىكلىگەن سۇمەن تاشتىكى «مۇسۇلمان قەبىلىلىرىنى تىنچىتىش خاتىرىسى — يېشىل نۇر خاتىرە تېشى» نى قومۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. 2 ـ يىلى ياز پەسلىدە، يانوف يەنە 1500 كىشىدىن تەشكىللەنگەن تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ «جەنۇبقا سوزۇلغان» جۇڭگو چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ، سارىكۆلنىڭ غەربىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق جۇڭگو زېمىنى ئەمەلىيەتتە روسسىيىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي، روسسىيە جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى كاسىن ئارقىلىق پامىر رايونىدا چېگرا ئايرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چىڭ ئوردىسىنىڭ روسسىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى شۈي جىڭچېڭ روسسىيە تەرەپكە روسسىيىنىڭ سارىكۆل تىغىنى بېسىۋېلىشىنىڭ «چېگرا كېلىشىمى» گە خىلاپ ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو تەرەپنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى، «چېگرا كېلىشىمى» نىڭ 3 ـ ماددىسىدىكى ئۇزبەل ئېغىزىدىكى جۇڭگو چېگراسى بىلەن روسسىيە چېگراسى ئارىلىقىدىكى قالغان جايلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. گۇاڭشۈينىڭ 19 ـ يىلى باھاردا، فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچى چىڭ چاڭنى ئاۋستىرىيىگە ئەۋەتىپ شۇ يەردە داۋالىنىۋاتقان روسسىيە دىپلوماتىيە ۋەزىرى گىرس بىلەن ئۇچرىشىشقا ئەۋەتكەن، چىڭ چاڭ جۇڭگونىڭ مەيدانىنى تەكىتلەپ،

جۇڭگو ـ چەت ئەل مەنبەلىرىدە پامىرنىڭ جۇڭگو زېمى-
نى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ-
دىن كېيىن گېرىس بىر پارچە خەرىتە تاپشۇرۇپ،
سارىكۆل تېغىنىڭ غەربىدىكى جۇڭگو زېمىنلىرىنى رو-
سىيە تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالغان، بۇ ئەلۋەتتە جۇڭ-
گونىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، پامىر چېگرىسىنى ئاي-
رىش سۆھبىتى قاتمال ھالغا چۈشۈپ قالغان.

روسىيە جۇڭگونىڭ پامىر رايونىنى قوراللىق بې-
سىۋالغان، ئەنگلىيە ھىندىستاندىن قوشۇن چىقىرىپ
كانجۇت (بۈگۈنكى كەشمىر رايونىنىڭ پاكىستان ئەمە-
لىي كونتروللۇقىدىكى رايون) نى بېسىۋالغان ھەم رو-
سىيىگە نوتا تاپشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ پامىر رايونىدا توغ-
را سىزىق تارتىپ سىزىقنىڭ جەنۇبىنى ئەنگلىيە، شى-
مالىنى روسىيە «ھامىيلىقىغا ئېلىش» نى تەشەببۇس
قىلغان. روسىيە ئەنگلىيە بىلەن پامىرنى بۆلۈشۈۋېلىش
ھەققىدە مەخپىي سۆھبەتلىشىش بىلەن بىرگە، گۇاڭ-
شۈنىڭ 20 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شۇ جىڭچېڭغا نوتا
تاپشۇرۇپ پامىرنىڭ چېگراسىنى ئايرىشنىڭ قىيىنغا
توختىغانلىقىنى، پامىر رايونىدا چېگرىنىڭ ھازىرقى
ھالىتىنى ساقلاپ قېلىپ كېيىنچە كېڭىشىشنى ئوتتۇ-
رىغا قويغان. شۇجىڭچېڭ روسىيىگە تاپشۇرغان جاۋاب
نوتىسىدا تەكلىپىنى قوبۇل كۆرگەنلىكىنى، بۇ جۇڭگو-
نىڭ ھازىر جۇڭگو قوشۇنلىرى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان
يېرىدىن باشقا يەرلىرىگە بولغان ئەسلىدىكى ھوقۇقىدىن
ۋاز كەچكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان.
جۇڭگو «جۇڭگو ـ روسىيە قەشقەر چېگراسىنى داۋام-
لىق تەكشۈرۈش كېلىشىمى» دىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت-
نى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى ھالەتنى ئىككى تەرەپ
قانائەتلەنگۈدەك كېلىشىم ھاسىل قىلغۇچە ساقلاش كې-
رەك، دەپ قارىغان. ۋەھالەنكى، روسىيە بىلەن ئەنگ-
لىيە جۇڭگونىڭ جۇڭگو ـ ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشىدا
مەغلۇپ بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 1895 ـ يى-
لى (گۇاڭشۈنىڭ 31 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ئاخىرقى
كېلىشىم ھاسىل قىلغان. كېلىشىمدە مۇنداق بەلگىلەن-
گەن: سارىكۆلنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن بىر نۇقتىنى
بەلگىلەپ، ئوخشاش بولغان پاراللېل بويىچە شەرققە
قاراپ تاكى جۇڭگو چېگرىسىغىچە بولغان جاي چېگرا
سىزىقى قىلىنىدۇ؛ چېگرىنىڭ كونكرېتنى يۆنىلىشىنى
ئەنگلىيە بىلەن روسىيە تەشكىللىگەن بىرلەشمە كومى-
تېت بىرلىكتە ھەل قىلىدۇ؛ كومىتېت دوكلاتىدا بې-
كىتمەكچى بولغان جۇڭگو چېگرىسىنى، ئىككى دۆلەت
ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن چېگرا كېلىشىمى
ھاسىل قىلغاندىن كېيىن بېكىتىدۇ؛ روسىيە بىلەن
ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان چېگرا سى-
زىقىنىڭ سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بارماسلىققا كاپالەت-
لىك قىلىدۇ؛ ئەنگلىيە ئۆز تەسىر دائىرىسىدىكى
جايلارنىڭ ئافغانىستان زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولىدى-
غانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ياز پەسلىدە، ئەنگلىيە
بىلەن روسىيە پامىرنى بۆلۈۋېلىش خىزمىتىنى تاماملى-
غان.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ
مەيدانىنى تەكىتلىگەن. ۋەھالەنكى، روسىيە زورلۇق
بىلەن كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن جۇڭگو زېمىنى پامىرنى
بېسىۋېلىپ، سۆھبەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى رەت
قىلغان. پامىرنى يەر شەكلىگە ئاساسەن «سەككىز پا-
مىر» غا ئايرىشقا بولىدىغان بولۇپ، جۇڭگو چېگراسى
ئىچىدە تاغدۇمباش پامىر بىلەن رەڭكۆل پامىرنىڭ بىر
قىسمىلا قالغان.

**«جۇڭگو ـ روسىيە كېڭىشىپ بېكىتكەن
تارباغاتاي قازاقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش شەرت-
نامىسى»** شەرتنامە نامى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ-
نىڭ 10 ـ يىلى 11 ـ ئايدا (1885 ـ يىلى 1 ـ
ئاي)، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلى شى لۇن بىلەن
روسىيىنىڭ تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بالكاشىن
تەرىپىدىن ئىمزالانغان. شەرتنامە بويىچە، روسىيە
4000 تۈتۈن قازاقنى روسىيە دۆلەت تەۋەلىكىگە مەج-
بۇرىي ئۆتكۈزۈۋالغان، ئالدىنقى يىلى ئىمزالانغان
«جۇڭگو ـ روسىيە تارباغاتاينىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگ-
را كېلىشىمى» بويىچە چار روسىيە تەۋەلىكىدىكى قا-
زاقلارنىڭ بارلۇق تېغىدا چارۋىچىلىق قىلىشى ئۈچۈن،
بۇ تاغنى ئون يىللىق ئىجارىگە بەرگەن، جۇڭگو چارۋ-
چىلىرىنىڭ بۇ رايونغا كىرىشى چەكلەنگەن، گۇاڭشۈ-
نىڭ 9 ـ يىلى ئىككى دۆلەت بارلۇق تېغىنى قايتۇرۇۋې-
لىش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىغان، روسىيە تەۋەلىكى-
دىكى چارۋىچىلار چېگرىدىن چىقىپ كەتكەن.

**«جۇڭگو ـ روسىيە كېڭىشىپ بېكىتكەن قا-
زاق يەرلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»** شەرتنامە
نامى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 9 ـ يىلى (1893 ـ
يىلى)، ئىلى ـ تارباغاتاي دوتىيى يىڭ لىن بىلەن چار
روسىيىنىڭ تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بېرلېمان
تەرىپىدىن تارباغاتايدا ئىمزالانغان. ئاساسلىق مەزمۇنى
جۇڭگو بارلۇق تېغىدىكى روسىيە ئىجارىگە ئالغان يايلاق-
لارنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئوتلاقتا قېلىپ قالغان
قازاقلار جۇڭگوغا تەۋە بولىدۇ، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە

چېگرىدىن چىقىپ كەتكەنلەر روسىيىگە تەۋە بولىدۇ؛ ئىككى دۆلەت چارۋىچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قەرز، ئوغرىلىق دېلولىرى 2 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن چېگرىدىكى خەلق مەسىلىسىنى كېڭەشىش يىغىنىدا مۇرەسسە قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

**«روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي يوللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ روسىيىگە چاي يۆتكەش شەرتنامىسى»** شەرتنامە نامى. «تارباغاتايدا ئىمزالانغان روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىلى ـ تارباغاتاي يوللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ چاي يۆتكەش شەرتنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) ئىمزالانغان. شەرتنامە جەمئىي سەككىز ماددا بولۇپ، جۇڭگو روسىيىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي يوللىرىنى ئارىيەت ئېلىپ روسىيىگە چاي يۆتكىشىگە يول قويىدۇ؛ روسىيە سودىگەرلىرى تارباغاتاي چېگراسىغا كىرگەندە، جۇڭگو تەرەپ ئۇلاردا تيەنجىن ياكى جياڭجياكۇدىن كېسىپ بېرىلگەن چاي ئېكسپورت قىلىش كىنىشكىسى بار ياكى يوقلۇقىنى تەكشۈرىدۇ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان مېلى بۇرۇنقىدەك مۇۋاپىق بولغانلار چازىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ روسىيە سودىگەرلىرى چازىدىن كىرگەندە چوقۇم رەنە پۇلى تاپشۇرىدۇ، ئىلى چېگراسىدىن چىقىدىغان چاغدا تۆكمە قىلىپ سېتىش قىلمىشى بولمىغانلار ھەم مېلى مۇۋاپىق بولغانلارنىڭ رەنە پۇلى قايتۇرۇلىدۇ؛ ئاۋادا روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگو چېگراسى ئىچىدە تۆكمە قىلىپ سېتىش قىلمىشى بايقالسا چاي ۋە رەنە پۇلى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، روسىيە سودىگەرلىرى كونسۇلخانىنى قوغدىنىش ۋاستىسى قىلىپ بەلگىلىمىگە بويسۇنمىغان، جۇڭگو چايلىرى روسىيىگە ئېكسپورت قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدا تۆكمە قىلىپ سېتىلغان، جۇڭگونىڭ سودا مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىغان.

**روسىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى** روسىيە شىنجاڭدا جەمئىي بەش ئورۇندا كونسۇلخانا تەسىس قىلغان. چىڭ سۇلالىسى شيەنفېڭنىڭ 1 ـ يىلى (1851 ـ يىلى) ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى ـ تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» دا، روسىيىنىڭ ئىلى، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندا سودا كونسۇلى تەسىس قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ روسىيە غەربىي شىمالىي چېگرانى ئايرىش شەرتنامە خاتىرىسى» دە، روسىيىنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس قىلىشىغا يول قويۇلغان، ئەمما ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىق توپىلىڭىدىن ئىشقا ئاشمىغان. گۇاڭشۈينىڭ 7 ـ يىلى ئىمزالانغان «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» دە، كونسۇلخانا قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش تەكىتلەنگەن. تۇرپاندىكى كونسۇلخانا «ئىلى شەرتنامىسى» گە ئاساسەن قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتە ئورنى تۇرپاندا ئىدى، كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەن. شۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، روسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قوبدۇ (ھازىرقى موڭغۇلىيە چېگراسى ئىچىدە) دا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى مەزكۇر تەلەپكە قوشۇلغان.

**«جۇڭگو ـ روسىيە قورغاس دەرياسى چېگراسىنى ئايرىش كېلىشىمى»** چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى) ئىمزالانغان «ئىلى شەرتنامىسى» دا، قورغاس دەرياسىنىڭ چېگراسى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. كېيىن قورغاس دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ئېقىش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ جۇڭگو چېگراسى تەرەپكە سۈرۈلگەچكە، 1915 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو ـ روسىيە كېلىشىم ئىمزالاپ قورغاس دەرياسىنىڭ تاغ ئېغىزىدىكى ئايرىلىش نۇقتىسىدىن قورغاس دەرياسىنىڭ ئىككى ئېقىنىنىڭ قارا سۇدا ئۇچرىشىدىغان نۇقتىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تالاش ـ تارتىشتىكى ئاراللارنى تەڭ بۆلۈپ، چېگرا ئايرىغان.

**سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ، روسىيە قالدۇق قوشۇنلىرىنى يوقىتىشى** شىنجاڭنىڭ روسىيە قالدۇق قوشۇنلىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىش ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشتۇر. 1925 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، روسىيە ئاق گۋاردىيىچى باندىتلىرىنىڭ بابىچ، نوۋىكوف باشچىلىقىدىكى ئىككى قىسمى قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ چۆچەك رايونىغا قېچىپ كىرگەن ئەسكىرىي كۈچى 10 مىڭغا يېقىن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە سۇ ئۆلكىسى (كونا ئۆلكە نامى، ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمى) نىڭ تاشقى ئىشلار ۋەكىلى راژدوبرىيېڧ 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۆچەك دائىرىلىرىگە نوتا تاپشۇرغان ھەم شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنى بىرلە-

شىپ يوقىتىش كېلىشىمى ئىمزالىغان. قىزىل ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن تەخمىنەن 800 كىشى باقتۇ ئېغىزىدىن شىنجاڭغا كىرىپ، ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ ئۇۋىسى چۆچەكتىكى مويكىغا ھۇجۇم قىلىپ، 900 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر - ئەسكەرنى ئەسىر ئالغان. بابىچ 7000 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ ئالتايغا قېچىپ كەتكەن. 8 - ئايدا، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە بىر قېتىم كېلىشكەن، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قىزىل ئارمىيىنىڭ 4000 دىن ئارتۇق قوشۇنى ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ بۇرچىن ۋە سارسۈمبە (بۈگۈنكى ئالتاي شەھىرى) گە كىرىپ، 2000 دىن ئارتۇق ئاق گۋاردىيىچى باندىتنى ئەسىر ئالغان، 400 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. 9 - ئاينىڭ ئاخىرى بابىچ قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىڭگىل دەرياسى (بۈگۈنكى چىڭگىل ناھىيىسى) دىن ئۆتۈپ تاشقى موڭغۇلىيە (بۈگۈنكى موڭغۇلىيە) گە قېچىپ كەتكەن. شىنجاڭدىكى ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنى يوقىتىش ئاخىرلاشقان، قىزىل ئارمىيە زەيسان (بۈگۈنكى قازاقىستان چېگراسى ئىچىدە) غا چېكىنگەن.

**«ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»** شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىمزالىغان يەرلىك سودا نىزامنامىسى. 1920 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، شىنجاڭ ئىلى ۋالىيسى شۈي گوجېن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركىستان يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى لېۋۇستاس قاتارلىقلار ئىلىدا مەزكۇر كېلىشىمنى ئىمزالىغان. كېلىشىم جەمئىي ئون ماددا بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: (1) سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىغا مال كىرگۈزسە ياكى ئىلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مال يۆتكىسە، شىنجاڭنىڭ باج نىزامنامىسى بويىچە جۇڭگو تاموژنىسىغا باج تاپشۇرۇش؛ (2) ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا سودا ۋاكالەتخانىسى تەسىس قىلىش، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋېرنى (بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرى) شەھىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە سودا ۋاكالەتخانىسى قۇرۇش؛ (3) ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سودا ئىشلىرى جەھەتتە تالاش - تارتىش تۇغۇلسا ياكى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ دەۋاسى كېلىپ چىقسا، مەزكۇر دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىش؛ (4) نىكانكانى ئىككى دۆلەت سودا ئالاقىسىدە جەزمەن ئۆتىدىغان يول قىلىش، بۇ يولدىن ئايلىنىپ چىققان ياكى كىرگەنلەر كۆرۈلسە، باج ئوغرىلاپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش. مەزكۇر شەرتنامىدە، چار روسىيىنىڭ شىنجاڭدا سودا قىلغاندا باج تاپشۇرماسلىق ئىمتىيازى ۋە كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بىكار قىلىنغان.

**شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز ئارا كونسۇل تەسىس قىلىشى**

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، چار روسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىلىرى تاقالغان. 1922 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى كازانسكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بىلەن سودا كونسۇلخانىلىرىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن، لېكىن يېرىم يىل سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ نەتىجە چىقمىغان. 1923 - يىلى 9 - ئايدا ئىككى تەرەپ داۋاملىق سۆھبەتلەشكەن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىلى چار روسىيىنىڭ شىنجاڭدا سودا قىلغاندا باج تاپشۇرماسلىق ئىمتىيازى ۋە كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش؛ ئىككى تەرەپ باراۋەرلىك ئاساسىدا كونسۇلخانا تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1924 - يىلى 5 - ئايدا، «جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش پروگراممىسى» ئىمزالىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودىكى كونسۇلخانىلىرى مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. 11 - ئايدا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشىم ئىمزالىغان. كېلىشىم بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى)، ئىلى، چۆچەك، سارسۈمبە (بۈگۈنكى ئالتاي شەھىرى)، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە كونسۇلخانا قۇرۇش ھەم دىخۇا، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر قاتارلىق تۆت ئورۇندا سودا قىلىش، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئالمۇتا، شەمەي، زەيسان (بۈگۈنكى قازاقىستان چېگراسى ئىچىدە)، ئەنجان، تاشكەنت (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان چېگراسى ئىچىدە) قاتارلىق بەش ئورۇندا كونسۇلخانا تەسىس قىلىش ھەم سودا قىلىش بەلگىلەنگەن. ئەينى چاغدا شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى تېز ئالمىشىپ تۇرغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كونسۇلخانا خادىملىرىنى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن.

**«شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»** شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي كېلىشىم. 1931 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ دىپلوماتىيە ئالاھىدە ۋەكىلى چېن جىشەن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالاھىدە

ۋەكىلى سىلائۇسكى تەرىپىدىن ئىمزالانغان. كېلىشىم
جەمئىي يەتتە ماددا بولۇپ، ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندى-
كىچە: (1) ئىككى تەرەپنىڭ مال ۋە خەلق بېرىش –
كېلىشلىرى ئەركەشتام (ياكى تورغات)، قورغاس،
باقتۇ ۋە جىمىنەيلەردىن ئۆتۈش؛ (2) شىنجاڭ سودى-
گەرلىرى ئالاھىدە رۇخسەت قەغىزى بولمىسىمۇ سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنىدا يولغا قويغان شىنجاڭدىن چىقى-
دىغان ئالاھىدە يەرلىك ماللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
چەكسىز ئېلىپ كىرىشكە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆ-
لەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىغا سېتىپ بېرىشكە
يول قويۇش؛ (3) سوۋېت ئىتتىپاقى سودىگەرلىرى ۋە
سودا ئورۇنلىرىنىڭ قەشقەر، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي،
دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) قاتارلىق رايونلاردا ئەركىن
سودا قىلىشىغا ۋە سوۋېت سودا ۋەكىللىرىنىڭ يەكەن،
تۇرپان، قارا شەھەر، خوتەن، ئاقسۇلارغا بېرىپ سودى-
گەرلەر بىلەن سودا توختامى تۈزۈشكە يول قويۇش،
شىنجاڭ قانۇنىغا بويسۇنۇش ئاساسىدا ئەر-
كىن بېرىش – كېلىش قىلىش؛ (4) ئىككى تەرەپ
سودا توختامى ئىمزالاش، باھانى كېڭىشىپ بېكىتىشكە
يول قويۇش، توختامنى چوقۇم جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە
تىزىمغا ئالدۇرۇش، تىزىملىتىش ۋاقتى بەش كۈندىن
ئېشىپ كەتمەسلىك، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسى-
دا تالاش – تارتىش كۆرۈلسە، جۇڭگودا ھازىر يۈر-
گۈزۈلۈۋاتقان قانۇن بويىچە توختامنى ئىجرا قىلىش؛
(5) جۇڭگودا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن بويىچە
تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلارنى ئېلىش؛ (6) شىنجاڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوخشاش خاراكتېردىكى توختام
بويىچە ھەرخىل ماشىنىلار بىلەن تەمىنلەشنى، تېخنىك
ئاجرىتىپ ۋە كەسپىي خادىم تەربىيىلەپ بېرىپ، شىن-
جاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىشنى
ئۈمىد قىلىدۇ؛ (7) شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مال
يۆتكەش ئىشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تۆمۈر يولى ئار-
قىلىق سوۋېت چېگرىسىدىن يۆتكەشكە رۇخسەت قىلىش-
نى ئۈمىد قىلىدۇ. مەزكۇر كېلىشىمنىڭ تولۇقلىمىسى
سۈپىتىدە يەنە تۆت قوشۇمچە ھۆججەت ئىمزالانغان.
ئالايلۇق، شىنجاڭنىڭ باج پرىنسىپىنى بىرلىككە كەل-
تۈرۈش؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇا، قەشقەر، غۇل-
جا، چۆچەكلەردە مالىيە ئورۇنلىرىنى قۇرۇشىغا رۇخ-
سەت قىلىش. 1932 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەزكۇر كېلىشىم ۋە ئۇنىڭ قو-
شۇمچە ھۆججەتلىرىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇ-
رۇشقا يوللىغان.

قومۇلدىكى «قىزىل 8 ـ پولك» ياپونغا
قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق رو-
سىيە قوشۇنى. شىنجاڭ دۇبەنى شېڭ شىسەينىڭ تەلى-
پىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى 1938 ـ يىلى 1 ـ
ئايدا قومۇلغا قوشۇن كىرگۈزگەن، سىرتقا قارىتا «سو-
ۋېت ئىتتىپاقى ئاتلىق ئەسكەرلەر 8 ـ پولكى» دەپ
ئاتالغان، ئادەتتە «قىزىل 8 ـ پولك» دېيىلگەن، ئەمە-
لىيەتتە «قىزىل 8 ـ پولك» ماشىنىلاشقان بىر بىرىگادا
ئىدى. ئەسكىرىي كۈچى 3000 دىن ئارتۇق بولۇپ،
2000 دىن ئارتۇق پىيادە ئەسكەر، 500 دىن ئارتۇق
ئاتلىق ئەسكەر، نەچچە يۈزنەپەر ئۇچقۇچى، تېخنىك،
رېمونتچى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىدى؛ مەزكۇر
قوشۇننىڭ ئون بومباردىمانچى ئايروپىلانى، 12 قوغلى-
غۇچى ئايروپىلانى، ئالتە مەشىق ئايروپىلانى، بىر ئالا-
قە ئايروپىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 29
ئايروپىلانى؛ 150~160 دانە ئاپتوموبىلى، شۇنداقلا
تانكا، برونېۋىك، توپ قاتارلىق ئېغىر تىپتىكى قورال-
لىرى بار ئىدى. قوشۇنغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىن-
جاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ
باشلىقى لاتوف قوماندانلىق قىلغان. «قىزىل 8 ـ
پولك» شەرقتە شىڭشىڭشيا، ئارا تۈرك، شىمالدا بار-
كۆلگىچە، جەنۇبتا لوپنۇرغىچە بولغان جايلارنى مۇداپىئە
قىلىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قاتناش
يوللىرىنى كونترول قىلغان. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدا،
شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق
باش كونسۇلى ۋە ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسىگە قو-
شۇن چېكىندۈرۈش تەلىپىنى قويغان. 4ـ ئاينىڭ 10ـ
كۈنى، سوۋېت تەرەپ قوشۇن چېكىندۈرۈشكە قوشۇل-
غان ھەم 10 ـ ئايدا پۈتۈن قوشۇننى سوۋېت ئىتتىپاقى-
غا چېكىندۈرگەن. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى جۇڭگونىڭ
30 نەپەر ئوفىتسېر ـ ئەسكىرى قىزىل 8 ـ پولكنىڭ
گازارمىسىغا كىرىپ ئورۇنلاشقان، ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەت پۇل چىقىرىپ گازارمىنىڭ مال ـ مۈلكىنى سېتى-
ۋالغان.

**«جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى قومۇل ـ ئال-
مۇتا قەرەللىك ئايروپىلان قاتناش كېلىشىمى»**

1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، جۇڭگو
قاتناش مىنىستىرلىقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مەركى-
زىي خەلق ئاۋىئاتسىيە باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن
ئىمزالانغان كېلىشىم. كېلىشىم جەمئىي 16 ماددا بو-
لۇپ، ئۈچ قوشۇمچە ھۆججىتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.
ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: جۇڭگو ـ سوۋېت

ئىتتىپاقى ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇش، شىركەتنىڭ 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى سەرمايىسىنى ئىككى تەرەپ تەڭ چىقىرىش؛ ئالمۇتادا مۇدىرىيەت ھەيئىتى تەسىس قىلىش، ئىككى تەرەپ مۇدىرىيەت ھەيئەتلىكىگە ئۈچتىن ئادەم چىقىرىش، دىخۇا (ئۈرۈمچى) دا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىش؛ توختامنىڭ مۇددىتى ئون يىل بولۇش، مۇددەت توشۇشتىن ئىلگىرى ئىككى تەرەپ توختامنى بىكار قىلىشنى قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرمىسا توختامنى بەش يىل ئۇزارتىش؛ شىركەتنىڭ پايدا- زىيىنىغا ئىككى تەرەپ تەڭ ئىگە بولۇش. ئايروپىلان ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچى ئالمۇتادىن قومۇلغا ئۇچۇش، ھەپتىنىڭ 4 - كۈنى قومۇلدىن ئالمۇتاغا قايتىش، كېيىن شۇ كۈندە بېرىپ - كېلىشكە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ لىنىيىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ دوگلاس ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 2 - L تىپلىق قوش ماتورلۇق يولۇچىلار ئايروپىلانى ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

**ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىلىرى** (1) ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى. گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان، 2 - يىلى باش كونسۇلخانا قىلىنغان، ماكارتنىي تۇنجى نۆۋەتلىك باش كونسۇللۇققا تەيىنلەنگەن. كونسۇلخانا قەشقەر شەھىرىنىڭ چىنىۋاغ كوچىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 33 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە 1949 - يىلى 5 - ئايدا كونسۇلخانىنى تاقاشنى جاكارلىغان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەنگلىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىشلىرى ئەنگلىيىنىڭ دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دىكى كونسۇلخانىسىغا ھاۋالە قىلىنغان؛ كونسۇلخانىنىڭ مال - مۈلكى ھىندىستان، پاكىستان ئىككى دۆلەتكە بۆلۈپ بېرىلگەن. ھىندىستان، پاكىستان كونسۇلخانىسى تەڭلا قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان. 10 - ئايدا شىنجاڭ ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە جەھەتتە ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى، خىزمەتچى خادىملارنىڭ مۇھاجىر سۈپىتىدە تۇرۇپ قالسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. (2) ئەنگلىيىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى. 1943 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قۇرۇلغان، دىخۇا شەھىرىنىڭ ئۈچ تاش شەرقىي كوچىسى 13 - قورۇغا جايلاشقان، كۆلىمى 17 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، تۇنجى كونسۇلى دىياۋرۇلپ بولغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيە ئورگىنى دەپ قارالمىغان، ئەسلىدىكى كونسۇلى شى رېنجى 1950 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. (3) ئامېرىكىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى. 1942 - يىلى 12 - ئايدا تەستىقلىنىپ قۇرۇلغان. تۇنجى نۆۋەتلىك كونسۇلى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىپى كېلىبو بولغان. كونسۇلخانا ئورنى دىخۇانىڭ ياڭماۋخۇ 1 - كوچىسى 5 - نومۇرلۇق قورو بولۇپ، كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىر ئىدى. 1949 - يىلى 8 - ئايدا، مۇئاۋىن كونسۇل ماكنان كونسۇلخانىنىڭ ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا قالدۇرۇلۇپ، باشقا خادىملار ھىندىستان ۋە پاكىستان ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتقان. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ماكنان مەخپىي ھالدا باركۆل رايونىغا بېرىپ ئوسمان قاتارلىق باندىتلار بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان، كېيىن قېچىپ كەتكەن، مەزكۇر كونسۇلخانا ئەمەلىيەتتە تاقالغان.

**«جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى»** شەرتنامە ئىسمى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى «يالتا كېلىشىمى» دا بەلگىلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش سىياسىي شەرتىگە ھەمدە جۇڭگو بىلەن دوستلۇق ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاشقا تەييارلىق قىلىش ئىپادىسىگە ئاساسەن، 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوفلار موسكۋادا ئىمزالىغان. شەرتنامىنىڭ ئاساسىي تېكىستى سەككىز ماددىلىق بولۇپ، مۇھىم مەزمۇنى: ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا ئۆزئارا زۆرۈر بولغان ھەربىي ۋە باشقا ياردەملەرنى بېرىش، ئۆزئارا قوللاش، ياپونىيە بىلەن ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزمەسلىك، ئۇرۇشتىن كېيىن تىنچلىق ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا دوستانە ھەمكارلىشىش، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دەرىجىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزئارا ياردەملىشىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى دۆلەت ئۆزئارا نوتا ئالماشتۇرغان بولۇپ، سوۋېت تەرەپ ئۆز نوتىسىدا: (1) بارلىق ياردەملەر مىللىي ھۆكۈمەتكە بېرىلىدۇ؛ (2) جۇڭگو - سوۋېت چاڭچۈن تۆمۈر يولىنى، لۈشۈن دېڭىز ئارمىيە بازىسىنى ئورتاق باشقۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ شەرقىتىكى ئۈچ

ئۆلكىسىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسى شەرقىي شىمالغا كىرگەندىن كېيىن قايتۇرۇۋالغان رايونلاردا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئادەم ئەۋەتىپ مەمۇرىي ئورگان تەسىس قىلىدۇ. ياپونىيە تەسلىم بولۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن سوۋېت ئارمىيىسى پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ؛ (3) شىنجاڭدا يۈز بەرگەن يېقىنقى ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا سوۋېت تەرەپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ دەپ بايان قىلىنغان. جۇڭگو تەرەپ ئۆز نوتىسىدا: ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ خەلق ئاۋاز بېرىپ مۇستەقىل بولۇشىدەك ئارزۇسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، دەپ بايان قىلىنغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى يېڭىدىن ھاسىل بولغان «جۇڭگو - سوۋېت ئۆزئارا دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» گە ئاساسەن، كونا كېلىشىم ئەمەلدىن قالغان.

**ساك** قەدىمكى مىللەت نامى. قەدىمكى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. قەدىمكى پارس تىلىدا ساكا (saka) دېيىلگەن. يۇنان، رىم كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى saca ياكى saga دەپ ئاتىغان. براخمى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە saka دەپ يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن ساكلاردۇر. «ساكا» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى «كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. مىلادىيىدىن VIII ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن كېيىن ساكلار ياۋرو - ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا پەيدا بولغان، بېشىغا ئادەتتە ئۈچلۈق كىگىز قالپاق، ئۈچىسىغا كەڭرى، ئازادە كىيىملەر، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك كىيىپ يۈرۈشكەن. غەربتە ياشىغانلىرى بىراز بالدۇر يوقالغان، شەرقتە ياشىغانلىرى خېلى ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولغان. مىلادىيىدىن II ئەسىر ئىلگىرىكى مەزگىللەردە، ئۇلار ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى ۋادىلىرىنى ماكان تۇتۇپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرى 176 يىل ئىلگىرى توخرىلار غەربكە كۆچكەندە، ئۇلار پامىر ئېتەكلىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئىلى دەرياسى بويلىرىدا تۇرۇپ قالغانلىرى كېيىن توخرىلار بىلەن بىللە ئاستا - ئاستا ئۇيسۇنلارغا سىڭىپ كەتكەن. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇدۇن (يۈگۈنكى خوتەن) بوستانلىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىرى ئاستا - ئاستا مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان. XI ئەسىردىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن.

ساك تىلى ھىندى - ياۋروپا تىلى سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىلىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا مەنسۇپ. ئۇدۇن - ساك تىلى بىلەن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ساك ھۆكۈمرانىنىڭ نامى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ ئىككى جايدىكى ساكلار ئارىسىدا مەلۇم باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن.

**ھۇن** قەدىمكى مىللەت نامى. يېغىلىق دەۋرىدە، يەنە جاۋ، چىن بەگلىكلىرىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ياشىغان. چىن، خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە، باغادۇر تەڭرىقۇت ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبى، شىمالىنى ۋە غەربىي يۇرتنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى قوشۇمچە قىلغان. گۆش ۋە سۈتنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلغان، تېرىدىن كىيىم - كېچەك كىيگەن، جۇۋىنى يېپىنچا، كىگىزنى سېلىنچا قىلغان. تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە. بىراق، قايسى تىل تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش قىيىن، بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. جەسەتنى يەرگە دەپنە قىلىپ قەبرە قاتۇرمىغان. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ھۇنلار ئۈزلۈكسىز جەنۇبقا پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان. خەن ۋۇدى كۆپ قېتىم قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ئەسكەر چىقىرىپ، ھۇنلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاتقان. خەن شۈەندى مەزگىلىدە، ھۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن. شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن 60 يىل ئىلگىرى)، باتىسقان تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان، بۇنىڭ بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتا قويغان چاكارلار كاھېبگى ئۆز رولىنى يوقاتقان. گەنلۇ 3 - يىلى (مىلادىيىدىن 51 يىل ئىلگىرى)، قۇغشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان، شۇنىڭدىن كېيىنكى 60 ~ 70 يىل جەريانىدا خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلار ئارىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ناھايىتى گۈللەنگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى گۇاڭۋۇدىنىڭ جيەنۋۇ 24 - يىلى (مىلادىيە 48 - يىلى)، ھۇنلار ئىككىگە ئايرىلىپ، خەن سۇلالىسىگە قارام بولغان، جەنۇبتىكى ھۇنلار جەنۇبىي ھۇنلار، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى ماكان تۇتقان ھۇنلار شىمالىي ھۇنلار دەپ

ئاتالغان. شىمالىي ھۇنلار گەندى خان دەۋرىدە ئەسكەر
چىقىرىپ خېنشىغا ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي يۇرتقا تەھ-
دىت سالغان. خەن مىڭدى مەزگىلىدە دوگۇ قاتارلىقلار
ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. خېدىنىڭ يۇڭ-
يۈەن 3- يىلى (مىلادىيە 91- يىلى)، دۇشيەن شىما-
لىي ھۇنلارنى ئالتاي تېغى ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلىپ
غەربكە چېكىندۈرگەن. ئاجىز - ئۇششاقلىرى كۇسەن
(ھازىرقى كوچا) نىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلارغا
ماكانلاشقان. خەن شۈندىنىڭ يوڭجيەن يىللىرى
(126 ~ 132 - يىللىرى)، غەربىي يۇرت دورغابې
بەن يوڭ ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى-
نى مەغلۇپ قىلغان. خەن خېڭدىنىڭ يۈەنجيا تۇنجى
يىلى (151 - يىلى)، ھۇنلاردىن قويان قاغان قالدۇق
قوۋملىرىنى باشلاپ ئۇۋىرغول (بۈگۈنكى قومۇل ئەترا-
پى) غا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇۋىرغولنىڭ ئەمىرلەشكىرى
ماۋكەينى مەغلۇپ قىلغان. خەن سۇلالىسى دۇنخۇاڭنىڭ
ۋالىيسىنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ باركۆلگە ياردەمگە ئە-
ۋەتكەندە، قويان قاغان ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرگەن.
5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قوملۇقنىڭ غەربىي شىمالى-
دا تۇرۇپ قالغان ھۇنلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى جۇر-
جانلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

**چاڭ** قەدىمكى مىللەت نامى. چىن سۇلالىسىدىن
ئىلگىرىكى قەدىمكى ئەسىرلەردە دى - چاڭلار دەپ تىلغا
ئېلىنغان، خەن دەۋرىدىن باشلاپ پارچىلانغان. ئۆرپ-
ئادىتى، ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئېنىق ئەمەس، ئاتا ئىس-
مى ياكى ئانا فامىلىسىنى ئۇرۇق نامى قىلغان. ئاتىسى
ئۆلسە ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى، ئاكىسى ئۆلسە ئىنىسى
يەڭگىسىنى ئالغان. ئەمەل - مەنسەپ تۈزۈمى تىكلەنمە-
گەن، ئادەتتە كۈچلۈكلەر قەبىلە ئاقساقىلى بولغان،
ئاجىزلار ئۇنىڭغا بېقىنغان. ئادەم ئۆلتۈرسە خۇن تۆلەي-
دىغان بولۇپ، باشقا چەكلىمىلەر قويۇلمىغان. يىرى
ئاز بولۇپ، چارۋىچىلىق ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان،
قويىنى ئۆتۈم ھېسابلايتتى. ئۇرۇشتا ئۆلۈشنى خەير-
لىك، كېسەل بىلەن ئۆلۈشنى يامانلىق دەپ ھېسابلايت-
تى، ئۆلگەندىن كېيىن كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىناتتى.
ئاساسلىقى خېخۇاڭ، لوخېنىدىن تارتىپ سىچۈەننىڭ
غەربىي شىمالىي ۋە غەربىي رايونىدا مەركەزلىك ئولتۇ-
راقلاشقان. تارىختا تەكلىماكان چولك قوملۇقىنىڭ جە-
نۇبىي چېتى، قورۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئا-
ھالىلەر چاڭلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان.

**دىڭلىڭ** قەدىمكى مىللەت نامى. دىلى دەپمۇ
ئاتالغان. ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر
دەۋرىدە سىلىي يەنە گېگىز ھارۋىقلار دەپ ئاتالغان.
سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە تېلې (ھەممىسى تۈرك سۆزد-
نىڭ خىلمۇ خىل ئاتىلىشى) دەپ ئاتالغان. ئەس-
نىيە - يېغىلىق دەۋرىدە شەرقتە بايقال كۆلىنىڭ شىما-
لىدىكى رايونلارغىچە، غەربتە ئالتاي تېغىنىڭ شىمالى-
دىكى رايونلارغىچە بولغان جايلارغا تارقالغان. مىلاد-
يىدىن ئىلگىرىكى Ⅱ ئەسىر ئەتراپىدا ھۇنلار تەرىپىدىن
بېقىندۇرۇلۇپ «دىڭلىڭ قاغانى» نىڭ ئىدارىسىدە بول-
غان، كېيىن كۆپ قېتىم ھۇنلارغا قارشى كۆرەش
قىلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې 3- يىلى
(مىلادىيە 86 - يىلى)، ئۇغان، سىيانپىلار بىلەن
بىرلىشىپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ
ھۇنلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. شەرقىي
خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، بايقال كۆلى ئەتراپىدا كۆچ-
مەن چارۋىچىلىق قىلغان دىڭلىڭلار شىمالىي دىڭلىڭلار
دەپ ئاتالغان؛ ئالتاي تېغى ۋە چۆچەك ئەتراپىنى ماكان
قىلغان دىڭلىڭلار غەربىي دىڭلىڭلار دەپ ئاتالغان. يەنە
بىر تارماق دىڭلىڭلار جەنۇبقا كۆچۈپ، گەنسۇنىڭ خې-
شى رايونلىرىغا ھەم ياشىل ئۆگۈز (خۇاڭخې دەريا-
سى) نىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى رايونلارغا
ماكانلاشقان. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە، بۈگۈنكى سەن-
شى، خېبېي، خېنەن قاتارلىق جايلارغا ماكانلاشقان.
شەرقىي جىننىڭ ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى تەيجۇ 3-
يىلى (388 - يىلى) دىۋېي ھاكىمىيىتىنى قۇرغان،
كېيىن يەن پادىشاھلىقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

**توخرى (ماسساگېت)** قەدىمكى مىللەت نا-
مى. چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
بىلەن ئالاقىدە بولغان. ئەڭ دەسلەپ دۇنخۇاڭ (تو-
خار)، تەڭرىتاغ (چىلىيەن تېغى) ئەتراپلىرىدا ياشى-
غان. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، بىر
مەزگىل ھۇنلارغا پاراكەندىچىلىك سالغان. كېيىن ھۇن
تەڭرىقۇتى باغادۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، غەرب-
كە كۆچۈپ ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىغا كەلگەن. بۇ توخ-
رىلارنىڭ بىرىنچى قېتىم غەربكە كۆچۈشى ئىدى. كې-
يىن يەنە ھۇنلارنىڭ روشاد تەڭرىقۇتى ئۇلارنى مەغلۇپ
قىلىپ، قاغانىنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىدىن جام ياسىغان.
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 130 - يىلىدىن 132 - يىلى-
غىچە، يەنە بىر قېتىم غەربكە كۆچۈپ مەۋەرەئۇننەھر-
دىكى ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىغا كېلىپ ماكانلىشىپ،
ئېلىمىز تارىخى مەنبەلىرىدە «ئۇلۇغ توخرىلار» دەپ
ئاتالغان. قالدۇق قوۋملىرى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ

شەرقىي جەنۇبقا كېلىپ، شۇ يەردىكى چاغلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ «كىچىك توخرىلار» دەپ ئاتالغان. مىلادىنىڭ باشلىرىدا، ئۇلۇغ توخرىلار قاغانى كۇجۇلا كادفىز كۇشان خانلىقىنى قۇرۇپ، بارلىق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۇلۇغ خان (Maharaja) دەپ ئاتالغان. خان ئۆز نامىدا پۇل قويدۇرغان، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت كۈچىيىپ، مەدەنىيەت نۇرلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خوجىسى بولۇپ قالغان. ۋىما كادفىز تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا، تەسىر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ غەربىي شىمالدا ھىندىستانغىچە يەتكەن. بەن چاۋ غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلغاندا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇدرەت تاپقان بۇ خانلىق خەن سۇلالىسىگە قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويۇپ رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغانلىقتىن، غەربىي يۇرتقا ئەسكەر چىقىرىپ پاراكەندىچىلىك سالغان، ئەمما بەن چاۋ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا، كۇشان خانلىقى ناھايىتى قۇدرەت تېپىپ، غەربتە رىمغىچە يېتىپ بېرىپ، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش تۈگۈنىگە ئايلانغان. بۇ دەۋردە بۇددا دىنى گۈللىنىپ، كۆپلىگەن راھىبلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. III ئەسىردىن كېيىن، بىر نەچچە يەرلىك ھاكىمىيەتكە بۆلۈنۈپ دۆلەت كۈچى ئاجىزلاشقان. كېيىن باكترىيىدىكى يۇرتىنى ماكان قىلغان. V ئەسىردە ئېفتالىتلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

**ئۇسۇن (ئاسىي، ئاسىيانى)** قەدىمكى مىللەت نامى. دەسلەپتە خېشى كارىدورىنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغ (چىلىيەن تېغى)، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. كېيىن توخرىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، قوۋملىرى ھۇنلارغا قارام بولغان. ھۇنلارنىڭ روشاد تەڭرىقۇتى مەزگىلىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 171 ~ 161 - يىللىرى) كەلكۆلىدە غەربكە كۆچۈپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسى ھەم تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىدە ياشاۋاتقان توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە شۇ يەردە دۆلەت قۇرغان، قاغانى كۇنبەگ دەپ ئاتالغان. ئۇسۇن خانلىقىنىڭ مەركىزى قىزىلقورغان (بۈگۈنكى قىرغىزىستاندىكى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبى)، خانلىقتا ۋەزىر، تايىرۇق قاتارلىق ئەمەللەردىن سىرت، ئىككى ئۇلۇغ - سول ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇچ بەگ، بىردىن ئۇلۇغ سانغۇن، كاھبەگ، ئىككى تەپتىش بەگ، بىر ياندىش سانغۇن، بىر چەۋەندازلار بېگى بولغان. خەنۋۇدى يۈەنشۇ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن 119 يىل ئىلگىرى)، جاڭ چيەننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرى مەزگىلىدە، ئۇسۇن ھاكىمىيىتى ئۈچكە پارچىلىنىپ كەتكەن. يۈەنفېڭ 6 - يىلى (مىلادىيىدىن 105 يىل ئىلگىرى) دىن كېيىن دۆلەت ۋەزىيىتى مۇقىم بولغان. ئۇسۇنلارنىڭ كۇنبېگى مەرگەن جايمىر 1000 ئات بىلەن چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن) گە ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىپ، ھۇنلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغان. خەن ۋۇدى قوشۇلۇپ جياڭدۇ بېگى ليۇجيەننىڭ قىزى شىجۈننى مەلىكە قىلىپ مەرگەن جايمىرغا ياتلىق قىلغان. مەرگەن جايمىر شىجۈننى ئوڭ قول خاتۇن قىلغان. تەيچۇ يىللىرىدا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 ~ 101 - يىللىرى) مەلىكە شىجۈن ئالەمدىن ئۆتكەن. خەن ۋۇدى يەنە چۇ بېگى ليۇۋۇنىڭ نەۋرە قىزى جيېيۇنى مەرگەن جايمىرغا ياتلىق قىلىپ ئۇسۇنلار بىلەن قۇدىلاشقان. مەلىكە جيېيۇ ئۇسۇنلار ئېلىدە 40 يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغقان. نىكاھ مۇناسىۋىتى خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇنلار مۇستەھكەم بولغان سىياسىي - ھەربىي ئىتتىپاققا ئايلاندۇرغان. بېنشى II يىلى (مىلادىيىدىن 72 يىل ئىلگىرى)، خەن سۇلالىسى 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بەش يولغا بۆلۈنۈپ، ھۇنلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغان. چېرىكچىبەگ چاڭخۈي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە كۇنبەگ بىلەن 50 مىڭ كىشىلىك ئۇسۇن قوشۇنىنى باشلاپ ھۇنلارنى ئىسكەنجىگە ئالغان. شىددەتلىك ھۇجۇمدا ھۇنلارنىڭ ئوڭ قول قاغان ئوردىسى ۋەيران قىلىنىپ، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. ھۇنلارنىڭ سەركەردىلىرى، ئەسكەرلىرى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قوشۇلۇپ 3900 دىن ئارتۇقى ئەسىرگە چۈشكەن. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئولجا ئالغان ئات، كالا، قوي، تۆگىلەر 700 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن قالدۇق قوۋملار ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن، بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ھۇنلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغان. شۈەندىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن 60 يىل ئىلگىرى)، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرغان. گەنلۇ ئۈنجى يىلى (مىلادىيىدىن 33 يىل ئىلگىرى)، چاڭخۈي خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى باشلاپ قىزىلقورغاندا چېرىك تۇرغۇزۇپ، تېرىقچىلىق قىلغان. II ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، سيانپىلاردىن تانىشقاي ئۇسۇنلارغا ھۇجۇم

قىلغان. جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، كۆپ قىسىم ئۇسۇن قوۋملىرى پامىرنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن. شۇنداقتىمۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۇسۇنلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن. تەييەننىڭ 3 ـ يىلى (437 ـ يىلى)، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خانى تەيۋۇدى دۇڭ ۋەن قاتارلىق كىشىلەرنى ئۇسۇنلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. لياۋ سۇلالىسى ئۇسۇن ئېلىدە ئۇلۇغبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. خۇيتۇڭ تۇنجى يىلى (935 ـ يىلى)، ئۇسۇنلار ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللىغان.

قوش قەدىمكى مىللەت نامى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالدى قوش، ئارقا قوش دەپ ئايرىلغان. ئالدى قوشلار ئالدى قوش خانلىقىنى قۇرغان، مەركىزى يارغول شەھىرى (بۈگۈنكى تۇرپاندىكى يارغول قەدىمىي شەھىرى) دە بولغان. ئارقا قوشلار ئارقا قوش خانلىقىنى قۇرغان، مەركىزى بۇتبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) دا بولغان. شىبەنجۇ 2 ـ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60ـ يىلى) دىن باشلاپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. چۇيۈەن تۇنجى يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 48 ـ يىلى) قورۇل چېرىكچىبېگى ئالدى قوشتا چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان. شەرقىي خەن دەۋرىدە، ئالدى قوش، ئارقا قوش، شەرقىي چۈمۈل بىخىراكى، باركۆل، ئىرۋۋا قاتارلىقلار قوشۇلۇپ قوش ئالتە بەگلىكى دەپ ئاتالغان. يۇڭپىڭنىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى)، قورۇل چېرىكچى بېگى گېڭ گۇڭ ۋە گۇەن لۇڭلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئارقا قوشتىكى ئالتۇنبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) قا ۋە ئالدى قوشتىكى لۈكچۈن شەھىرىگە ئورۇنلاشقان. ئەندى يەنگۇاڭ يىللىرىدا، بەن يۇڭ غەربىي يۇرت دورغايى ۋەزىپىسى بىلەن لۈكچۈندە تۇرغان. خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدە، شەرقىي چۈمۈل، غەربىي چۈمۈل، تۇرپان، بىخىراكى، باركۆل، ئۆتتاماگىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئارقا قوشلارغا قارىغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە، ۋېي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قورۇل چېرىكچىبېگى ئالدى قوشتىكى قوچو (بۈگۈنكى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى) دا تۇرغان. ئارقا قوش خانى ئىدۇقچۇر ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن ھىماتچى شىغاۋۋۇل دېگەن نام بېرىلىپ، ئۇلۇغ كاھبەگ دەپ ئاتالغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرت قورۇل چېرىكچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن قوشلاردىن پەقەت ئالدى قوشلارلا ئۇچرايدۇ. ئالدىنقى چىن دەۋرىدە، فۇجيەن ئالدى قوش خانى باتارغا ھەربىي ـ مەمۇرىي بەگ، غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، غەربىي يۇرت قورۇقچى بېگى قاتارلىق ئەمەللەرنى ئىنئام قىلغان. غەربىي جىن سۇلالىسى شيەنخې 2 ـ يىلى(327 ـ يىلى)، ئالدىنقى لياڭ خانلىقى بۇ جايدا ئىدىقۇت ۋىلايىتى تەسىس قىلغان. شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقى تەييەن تۇنجى يىلى (435 ـ يىلى)، قويلاغ غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، ئالدى قوش خانى بولغان. تەيپىڭ جېنجۈن 2 ـ يىلى (441 ـ يىلى)، شىمالىي لياڭ پادىشاھلىقىدىن جۇرچى ئەنجۇ قويلاغقا ھۇجۇم قىلغان. قويلاغ قارا شەھەرنىڭ شەرقىگە قېچىپ كەتكەن. ئالدى قوش قوچوغا تەۋە بولغان.

ئېفتالىت قەدىمكى دۆلەت نامى ھەم مىللەت نامى. ئابداللار دەپمۇ ئاتالغان. ئېفتالىتلار ئەسلى سەددىچىننىڭ شىمالىدا ياشىغان، ھۇنلارغا تەۋە بولۇپ، ئاق ھۇنلار دەپمۇ ئاتالغان، توخرىلارغا تەۋە دېگۈچىلەرمۇ بار. شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭجيەن تۇنجى يىلى (126 ـ يىلى)، بەنيۇڭنىڭ ھۇنلارنىڭ قويان قاغانىغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەملەشكەن. «ۋېينامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئېفتالىتلار شىمالىي ۋېي خانى ۋېنچېڭدى زامانىدىن 80 ~ 90 يىل ئىلگىرى سەددىچىننىڭ شىمالىدىن ئالتۇنتاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبىغا كەلگەن. ٧ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە جۇرجانلاردىن قۇللىغ قوشۇن تەشكىللەپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئېفتالىتلار ئۇلار بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ماۋەرەئۈننەھر (سىر دەرياسى، ئامۇ دەرياسى ئارىلىقى) گە كەلگەن ھەم جۇرجانلار بىلەن شۇ يەردە ماكانلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمدار تىكلەپ دۆلەت قۇرۇپ، چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي مۇقىم ئولتۇراق دېھقانچىلىققا ئۆتۈپ بارغانسېرى كۈچەيگەن. كېيىن يەنە جۇرجانلارنىڭ تەسىرىنى پامىرنىڭ غەربىدىن سۈرۈپ چىقارغان ھەم ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭلار قاغانى ئاۋۇچۇرنىڭ جۇرجانلارغا قىلغان كۈرىشىنى قوللىغان. بۇنىڭ بىلەن ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭلارمۇ بارغانسېرى كۈچەيگەن. ئارقىدىنلا ئۇلار ئېگىز ھاۋۇلىق دىڭلىڭلارنىڭ ئورۇنباسار قاغانى چوڭچىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئوغلى مىتۇتۇر، ئىلبەگلەرگە باش پاناھلىق بېرىپ، ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ ئۇلارنى يۆلەپ ھۆكۈمدار قىلغان ھەم ئۇلار ئارقىلىق جۇرجانلارنى چەكلەپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تىزگىنلىگەن. يەنە يىلمۇ يىل پارسلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، پېرسىيە پادىشاھى پىرۇزنىڭ شىمالغا قىلغان ئۈچ قې-

تىملىق يۇرۇشىنى مەغلۇپ قىلغان. پىرۇز ئۆلگەندىن كېيىن، پارسلار ئېفتالىتلارغا ئولپان تۆلەپ تۇرغان. كەينىدىنلا ئۇلار گۇپتا خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلغان. V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن VI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ، يىپەك يولىدىكى بارلىق سودىنى تىزگىنلەپ تۇرغان. تەيخېن 2 - يىلى (456 - يىلى) دىن باشلاپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا يوللاپ، ئىناق مۇناسىۋەت ئورناتقان. VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى تۈرك قاغانلىقى كۈچەيگەن. ئۈچىنچى ئەۋلاد قاغان مۇقان ئىستەمى يابغۇ ۋە ئون ئوق قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىغا باشچىلىق قىلىپ، شىمالىي جۇ سۇلالىسى تيەنخې 2 - يىلى (567 - يىلى) ماۋەرائۇننەھرگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئېفتالىتلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان. قوۋملىرى جەنۇبقا مېڭىپ، توخرىلار يۇرتى (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالى) غا ماكانلاشقان. شيەنچىڭنىڭ 3 - يىلى (658 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنىپ، ئۇلۇغ قاغان تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندا، 15 ئايماق باشقۇرۇشىدا بولغان.

ياپيان قەدىمكى مىللەت نامى. شىمالىي ھۇنلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ياپيانلارنىڭ كۆپ قىسمى كۇسەندە تۇرۇپ قېلىپ، كۇسەننىڭ شىمالىدا دۆلەت قۇرغان. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئىگىلىگەن زېمىنى نەچچە مىڭ چاقىرىمغا يېتىپ، ئاھالىسى 200 مىڭدىن ئاشقان. دەسلەپتە جۇرجانلار بىلەن ئىناق ئۆتكەن، كېيىن ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشقان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 9 - يىلى (448 - يىلى)، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇرجۇنلارغا بىرلىشىپ زەربە بېرىشنى ئۆتۈنگەن. تەيۋۇدى خۇيەندىن خانى توغباتنى تۇرشاۋۇل قىلىپ، ياپيانلار قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ جۇرجانلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. ياپيانلارنىڭ ئۇسسۇل-كۈيلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېتىپ بېرىپ، «ياپيانلار كۈيى» دەپ ئاتالغان.

جۇرجان قەدىمكى مىللەت نامى. يەنە ئاۋار دەپمۇ ئاتالغان. قۇملۇقنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيگەن. ئەسكەرلەر بىلەن خەلق بىرلىشىپ ئولتۇراقلىشىدىغان بولغاچقا، خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقيا - ياراغلار ئىشلىتىشكە ماھىر، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. غوللۇق قەبىلىسىدىن ئۇقۇر ئۇرۇقى ئەسلى شەرقىي ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. قۇلانلارغا بېقىنغان، سىيانپىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دېڭگونىڭ 9 - يىلى (394 - يىلى) غەربكە كۆچۈپ، سەللانىي قاغان قىلىپ تىكلەپ تەدرىجىي كۈچەيگەن ھەمدە چېگرىسى قاراشەھەرگىچە يەتكەن. تاتان ئۆلگەندىن كېيىن، جەنۇبتا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى غەربتە ياپيانلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن. غەربىي لياڭ خانىنىڭ ئەۋلادى بولغان لى باۋلى ئۇۋىرغول خانى قىلىپ تىكلەنگەن. بۇتى دەۋرىدە شىمالىي ۋېي مەلىكىسى بىلەن تويلاشقان. كېيىن تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) غا يەتكەن. جۇرچى ئۇرۇقى يوقىتىلغاندىن كېيىن، كەن ئۇرۇقىدىن قايتىدىن قاغان تىكلەنگەن. ئۈچىن قاغانلىققا تىكلەنگەندىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ياساقلىرىنى ئۆگەنگەن، يىلنامە بېكىتكەن، مەسىلەن، يوڭكاڭ، تەيپىڭ، تەيشۇ، شىپىڭ، جيەنچاڭ قاتارلىقلار. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 12 ئەۋلاد قاغان ئۆتۈپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى كۈچلۈك دۈشمەن بولۇپ قالغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پارچىلانغاندىن كېيىن، شەرقىي ۋېي سۇلالىسى، غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەن ئىناق ئۆتكەن. غەربىي ۋېي سۇلالىسى فېيدىنىڭ تۇنجى يىلى (552 - يىلى)، ئاخىرقى قاغانى ئاناغاي جۇرجانلارغا باشچىلىق قىلىپ، يېڭىدىن قۇدرەت تاپقان تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن جۇرجان قاغانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان.

تۇرا قەدىمكى مىللەت نامى. دەسلەپتە «دى» دەپ ئاتالغان. خەن - جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە، «دىڭلىڭ» دەپ ئاتالغان؛ جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۈي، تاڭ سۇلالىرىدە ئۆزگەرتىلىپ «تېلې» (ھەممىسى تۈرك سۆزىنىڭ خىلمۇ خىل ئاتىلىشى) دەپ ئاتالغان. قەدىمكى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈرك تىلى تۈركۈمىدە سۆزلىشىدىغان شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئەڭ دەسلەپ گۈللەنگەن مەزگىلىدە، قۇملۇقنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردا ياشاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەر بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. ھۇنلار قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە، دىڭلىڭلار ئاساسلىقى بايقال كۆلى بويلىرىدا چارۋىچىلىق قىلىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى ئاساسلىق چارۋىچىلىق رايونى قىلغان. شۇڭا، شىمالىي دىڭلىڭلار ۋە غەربىي دىڭلىڭلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭ، يەنى ئېگىز

چاقلىق هارۋا ئىشلىتىدىغان دىڭلىڭ قەبىلىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە جەنۇبقا كۆچكەن دىڭلىڭلار «سىبلى»، قۇملۇقنىڭ شىمالىنى ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغانلار «تېلى» دەپ ئاتالغان. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاقساقاللىرى بولۇپ، ئۆزئارا تەۋەلىك بىلدۈرۈشمىگەن، بۇرۇن جۇرجانلارغا بېقىنغان. سەركەردە بۇلاقنىڭ باشچىلىقىدا ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭلار جۇرجانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئالدى قوشنىڭ غەربىي شىمالىدا، يەنى بۈگۈنكى ماناس دەرياسى ۋادىسىدا ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭ قاغانلىقىنى قۇرغان. ئالتە ئەۋلاد قاغان ئۆتكەندىن كېيىن يوقالغان. جەنۇبىي- شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، تۇرالار جۇرجانلارغا ئەگىشىپ غەربكە كۆچۈپ، مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشىنى پەيدا قىلغان. سىبىرىيەدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا كەڭ تارقالغان بالباللار ئەنە ئاشۇ غەربكە كۆچكەن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يالداملىرى ئىدى. VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، تۈركلەر قۇدرەت تاپقاندا، تۇرا قوۋملىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەرگە بېقىنىپ قارا بۇدۇن دەپ ئاتىلىپ، يات ئۇرۇقتىكى تۈرك قەبىلىلىرى دەپ سانالغان. ئۇزاق مۇددەت تۈرك قاغانلىقى، شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ئەنئەنىۋى مىللەت نامىنى يوقاتقانلىقتىن، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۈركلەر دەپ ئاتالغان.

توققۇزنى ئۇلۇغلايدىغان تۇرالار يەتتىنى ئۇلۇغلايدىغان تۈركلەردىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، قەدىمدە توققۇز تۇرالار دەپمۇ ئاتالغان. ياپونىيە ئالىملىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن توققۇز تېلېلار دەل تۈرك - رۇنىك ۋەسىقىلىرى ھەم ئەرەب ۋەسىقىلىرىدە خاتىرىلەنگەن توققۇز ئوغۇزلار ئىكەن. ئۇيغۇر قاتارلىق قوۋملار ئۇزاق مۇددەت تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن قارشىلاشقان ھەمدە تىلدا ئەنئەنىۋى مىللەت نامىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان توققۇز ئوغۇز (توققۇز تۇرا) ئەمەلىيەتتە ئەرەب مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس ئاتىلىشى بولۇپ قالغان.

**ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭ** قەدىمكى مىللەت نامى. خەنزۇچە «گاۋجۈ» سۆزى «ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئاتىلىشى، ئۇلار قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، دىڭلىڭ - تېلېلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. ئۇلار ئېگىز چاقلىق هارۋا ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. جۇرجان قاغانلىقى مەزگىلىدە غەرب ۋە شەرق ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن. شەرقتىكى ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭلار داۋاملىق تۈردە چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ماكان تۇتقان، ئۇلار تۈرك، ئۇيغۇر، قوغۇرسۇ، قاپش، ئوغۇز، ئېركىن قاتارلىق ئالتە ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان. غەربتىكى ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭلار جۇرجانلارنىڭ ئۇسۇن، توخرىلارغا قىلغان يۈرۈشىگە ئەگىشىپ غەربكە كۆچۈپ تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلەكلىرىدە، يەنى بۈگۈنكى قاراشەھەرنىڭ غەربىي شىمال ۋە ماناس دەرياسى ۋادىلىرىغا ماكانلىشىپ چارۋىچىلىق قىلغان. ئۇلار بۆركلى، تۆلەش، ئېلچىن، تايلان، قوغا، تابىرغان، بايۇندۇر، ئالان، ئېركىن، بۇلاق، ئۇيغۇر، ئۆزبېيدىن ئىبارەت 12 ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇلاق ئۇرۇقى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭلارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىسى ئىدى. تەيخېنىڭ 11- يىلى (487- يىلى)، بۇلاق قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئاپۇرغۇر قوۋمىنى باشلاپ، جۇرجانلارغا قارشى چىققان ھەمدە ئالدى قوشنىڭ غەربىي شىمالىدا قاغانلىق قۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇلۇغ بەگ دەپ ئاتىغان. ئۇلار ئۆز زېمىنىدا ئىككى قاغانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىنىسى چۇنچىنى ئورۇنباسار قاغانلىققا قويۇپ، يابغۇ دەپ نام بەرگەن ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ياشايدىغان ھەرقايسى قوۋملارنى باشقۇرۇشقا قويغان. بۇ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭ قاغانلىقى دەپ ئاتالغان. ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭ قاغانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە جەنۇبتا قاراشەھەر، كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا) قاتارلىق بەگلىكلەر تۇشمۇتۇشتىن جۇرجانلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭ قاغانلىقىغا بېقىنغان، بۇنىڭ بىلەن ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭ قاغانلىقى ناھايىتى تېز كۈچەيگەن. تەيخېنىڭ 15 - يىلى (491 - يىلى)، قوچۇدىكى كەن جەمەتى قاغانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، جاڭ مېڭمىڭ قاغانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقىرىلغان. تەيخېنىڭ 21 - يىلى، ئېفتالىتلار ئېگىز هارۋىلىق دىڭلىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، چۇنچىنى ئۆلتۈرۈپ ئوغۇللىرى مىئوتۇر ۋە ئىلبەگلەرنى ئەسىرگە ئالغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەنۇبتىكى زېمىنلىرىدىن مەھرۇم بولغان. جىڭمىڭنىڭ 2 - يىلى (501 - يىلى)، ئاپۇرغۇر ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆز خەلقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا باليان تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ قاغانلىق ئورنىدا ئولتۇرغان. باليان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، جۇرجانلار بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئەس-

لىگە كەلتۈرگەن. كېيىن مىسۇتۇر ئېفتالىتلارنىڭ يارىدىمىدە دۆلىتىگە قايتىپ بالىيانى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، جۇرجانلار بىلەن بولغان جەڭگە ـ جېدەللەر بېسىقمىغان. مىسۇتۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئېفتالىتلار يەنە ئىلبەگنى يۆلەپ قاغان قىلىپ تىكلىگەن. ئىلبەگ جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇشتا يېڭىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنىسى ئۇگە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. جېڭگۇاڭنىڭ 2 ـ يىلى (535ـ يىلى)، ئۇگە يەنە جۇرجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، دۆلەت ھوقۇقىنى ئىلبەگنىڭ ئوغلى بەگچى تارتىۋالغان. شىڭخې يىللىرى (539 ~ 542)، يەنە جۇرجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، دۆلەت مۇنقەرز بولغان. ئاپۇرغۇر دۆلەت قۇرغاندىن تارتىپ ھېسابلىغاندا جەمئىي ئالتە قاغان ئۆتكەن.

**تۈرك** قەدىمكى مىللەت ۋە دۆلەت نامى. ئاشىنا، ئاشىدېر ئۇرۇقى قاتارلىق كۆك تۈركلەرنى ئاساس قىلغان توققۇز تېلېلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان قەبىلە ئىتتىپاقىدۇر. ئەڭ دەسلەپتە ئالتۇنتاغ (بۈگۈنكى ئالتاي) نىڭ جەنۇبىدا ياشىغان بولۇپ، جۇرجانلارغا قارام بولغان. غەربىي ۋېي سۇلالىسى فېيدىنىڭ تۇنجى يىلى (552 ـ يىلى)، تۈركلەرنىڭ سەركەردىسى تۇمەن جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ تۈرك قاغانلىقىنى قۇرغان، تارىختا ئۇنىڭ نامى ئىكىنجى قاغان دەپ ئاتالغان. مۇقان قاغان مەزگىلىدە قۇملۇقنىڭ شىمالىنى ھەم غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغ ئىشنى تاماملىغان. زېمىنى شەرقتە سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىغىچە، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىغىچە، شىمالدا تۇلا دەرياسى ۋادىلىرىغىچە، غەربىي جەنۇبىي بۈگۈنكى ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا يەتكەن. تۈركلەر ئۆزلىرىنى كۆك تۈركلەر دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زېمىندىكى باشقا خەلقلەرنى قارا بۇدۇن (قارا تۈركلەر) دەپ ئاتىغان، بۇ جۇڭگو تارىخىي مەنبەلىرىدىكى توققۇز تۇرالار ياكى يات تۈركلەرنى كۆرسىتىدۇ. ماۋەرەئۇننەھردىكى سوغد دۆلىتى، تارىم ۋادىسىدىكى شەھەر، ھەتتا شەرقتىكى تاتابى، قىتانلار، كوگورى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تەۋەسىدە بولغان. تۈركلەر غەربتە ۋىزانتىيە بىلەن تۇتىشىپ، غەربىي جەنۇبتا پارسلار بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ تۇرغان. سۈي سۇلالىسىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشنىڭ مەغلۇبىيىتى تۈپەيلىدىن تۈركلەر 20 يىلغا سوزۇلغان ئىچكى ئىختىلاپقا دۇچار بولغان. قاغانلىق شەرقىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەر دەپ ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكەن. شەرقىي تۈرك قاغانلىقى (599 ~ 630) نىڭ ياسىغ قاغانى سۈي سۇلالىسى تەرىپىدىن ئوتتۇغات مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن، كېيىن شىمالدىكى بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئاساسلىق رول ئوينىغان. جېنگۇەننىڭ 3 ـ يىلى (629 ـ يىلى)، تۆلىش قاغان تاغىسى ئىلىك قاغان بىلەن ئازارلىشىپ، ئۇرۇشتا يېڭىلىنىپ سۈي سۇلالىسىگە بېقىنغان. 4 ـ يىلى (630 ـ يىلى)، تاڭ تەيزۇڭ لى چىڭنى شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىلىك قاغاننى ئەسىر ئالغان. تاڭ سۇلالىسى كۆچەيگەندىن كېيىن، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنىپ، تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماقلار تەۋەسىدە بولغان. شەرقىي تۈركلەر جەنۇبقا قاراپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ياشىل ئۆگۈز (خۇاڭخې دەرياسى) نىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى قاتارلىق سەككىز قارام ئايماققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. جېنگۇەننىڭ 13 ـ يىلى (639ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى زېمىنىغا كۆچۈرۈلگەن شەرقىي تۈركلەرگە ئاشىنا شىمار قاغان بولۇپ، قايتىدىن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن يەنە تەڭرىقۇت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەۋەسىدىكى ۋە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى 24 ئايماققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تياۋلۇنىڭ تۇنجى يىلى (790 ـ يىلى)، تۈركلەر، سىر ـ تاردۇشلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، يوڭچۇنىڭ تۇنجى يىلى (682 ـ يىلى) قاراقۇمدا قاغانلىق قۇرغان، قاغانلىق كېيىنكى تۈرك قاغانلىقى دەپ ئاتالغان. جەمئىي توققۇز ئەۋلاد قاغان ئۆتۈپ، تيەنباۋنىڭ 4 ـ يىلى (745 ـ يىلى) قاغانلىق مۇنقەرز بولۇپ، ئاشىنا ئۇرۇقى پۈتۈنلەي يوقالغان.

تۈرك تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ، ئاساسەن سوغد يېزىقىنى، كېيىن تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنى ئىشلەتكەن، «كۆل تېگىن مەڭگۈتېشى» تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا يېزىلغان. قەدىمكى مىللەت نامى سۈپىتىدىكى تۈرك دېگەن سۆز تاكى شىمالىي سۇڭ دەۋرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچو خاتىرىلىرى» دە جەنۇبىي تۈركلەر، شىمالىي تۈركلەر دېگەن ناملارنى ئۇچرىتىقلى بولىدۇ. كېيىن بۇ نام ئاستا ـ ئاستا بىر خىل تىل تۈركۈمى نامىغا خاسلىشىپ، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى بىلەن پەرقلەنگەن.

**تۈرگەش** غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى. تۈر-

گەش، قاپىش، چۇمۇل قۇن قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇقتىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۈچ ئۇرۇقلۇق تۈرگەشلەر دەپمۇ ئاتالغان. ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە ئىسسىقكۆل (بۈگۈنكى قىرغىزىستان تەۋەسىدە) نىڭ شەرقى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان. تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغاندىن كېيىن، ئۇنلۇغ ئايمىقى، تەڭرىتاغ (جىيشەن) ئايمىقى، بايان تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. تيەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى (690 ـ يىلى)، شەرقىي تۈركلەردىن ئاشىنا قۇتلۇق سۇيئاب شەھىرى (بۈگۈنكى قىرغىزىستاندىكى توقماققا يېقىن جاي) گە ھۇجۇم قىلغان. ئاشىنا خۇسراۋ زېمىنىدىن ۋاز كېچىپ تاڭ سۇلالىسى زېمىنىغا كەتكەن. ئۇگىل قوشۇن باشلاپ كۆكۈت (قورغاسنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ) كە ھۇجۇم قىلىپ، سۇيئابنىڭ غەربىي شىمالىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇيئابنى قايتۇرۇۋالغان. كېيىن تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ دەسلەپكى قەدەمدە تۈرگەش قاغانلىقىنىڭ كۆلىمى شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئوغلى ساقال تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تېنىقنۇر (مىڭبۇلاق) قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، 14 ئورۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ قاغانلىق قۇرغان. جىڭيۈننىڭ 3 ـ يىلى (709ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئالپ بىلگە 14 ئورۇقلۇق بەيئەت قىلغان قاغان دېگەن نام بەرگەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن تۈرگەش قاغانلىقى يىمىرىلگەن. قاپىشلارنىڭ سەركەردىسى سۇلۇغ قالدۇق قوۋملەرنى توپلاپ، كەييۈەننىڭ 4 ـ يىلى (716 ـ يىلى) يەنە قايتىدىن قاغانلىق قۇرغان. 7 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى سۇلۇغ قاغانغا سادىق قاغان دەپ رەسمىي ئۇنۋان بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، تۈرگەش قاغانلىقى سېرىق تۈرگەشلەر ۋە قارا تۈرگەشلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. ساقال ئەۋلادلىرى سېرىق تۈرگەشلەرگە، سۇلۇغ ئەۋلادلىرى قارا تۈرگەشلەرگە باشچىلىق قىلغان. بۇ ئىككى قاغان ئەۋلادلىرى ئارىسىدا ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇشتالاشلار بولۇپ تۇرغان. تاڭ سۇلالىسى دەسلەپتە قارا تۈرگەش قاغانلىقىغا قارشى چىققان، كېيىن يەنە قارا تۈرگەش قاغانىنى ياقلىغان. كېيىن قارا تۈرگەشلەر تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ئەرەبلەرگە بېقىنغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەشبالىق ھېراۋۇلى قارا تۈرگەشلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، قايتىدىن سېرىق تۈرگەشلەرنى قوللىغان. كېيىنچە قارا تۈرگەشلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئۆلپان تۆلىگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئۈزۈلۈپ قالغان. سېرىق تۈرگەرشلەر تاكى جېنيۈەننىڭ 2 ـ يىلى (786 ـ يىلى) غىچە تاڭ سۇلالىسىگە ئۆلپان تۆلەپ تۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. كېيىن تۈرگەشلەر قۇرغان بۇ ئىككى قاغانلىق ئاجىزلىشىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئورنىنى قارلۇقلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن.

**تۈبۈت** قەدىمكى مىللەت نامى. زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى. VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى سەركەردە لۈنتسانسو يارلۇڭ (بۈگۈنكى شىزاڭدىكى چيۇنجېي) رايونىدا، يارلۇزاڭبو دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەڭرىتاغ تسانپوسى دەپ ئاتىلىپ، دەسلەپتە دۆلەت قۇرغان. سروڭتسان كەمپو دەۋرىدە تەسىر دائىرىسى غەربىي يۇرتلارغىچە يەتكەن. تۈبۈتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن: (1) گار جەمەتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن (650 ~ 698ـ يىللىرى) دەۋردە، سروڭتسان كەمپو ئۆلگەندىن كېيىن، تسانپو تېخى نارەسىدە بولغانلىقتىن، گار جەمەتى ئۈچ ئەۋلادقىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. لوڭشۇنىڭ 2 ـ يىلى (662 ـ يىلى) دىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتى تالىشىپ دائىم سوقۇشۇپ تۇرغان. غەربىي تۈركلەر بىر مەھەل تۈبۈتلەرگە بېقىنغان. تۈبۈتلەر كۆپ قېتىم ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى ئىگىلىۋالغان. كرىندۇس سروڭ ھاكىمىيەت سورىغان دەۋرگە بارغاندا، گار جەمەتى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشقا باشلىغان. شېڭلىنىڭ تۇنجى يىلى (698 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلەر شېنلوڭنى پاسىل قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈپ، تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتتىكى ئىگىلىۋالغان زېمىنلاردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. (2) كرىلې تسوگسمان (704 ~ 754) تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن شېنلوڭ كېلىشىمىگە ئەمەل قىلىنمىغانلىقتىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇرۇش باشلانغان. تۈبۈتلەر كۆپ قېتىم ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكتىن، غەربىي يۇرتتا بولغان تەسىرى ئاجىزلىغان. (3) كرىسروڭ لېتسان (755 ~ 779) تەختتە ئولتۇرغان دەۋر، دەل تاڭ سۇلالىسىدە ئەنلۇك ـ سۈيگۈن توپىلىڭى يۈز بەرگەن دەۋر بولغاچقا، تۈبۈتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، لوڭيۇ، خېشى قاتارلىق ئىككى قاتناش تۈگۈنىنى بېسىۋالغان. باۋيىڭنىڭ 2 ـ يىلى (763 ـ يىلى)، يەنە ئۈزۈرغول (ھازىرقى قۇمۇل تەۋەسى) غا ھۇجۇم قىلىپ، كۆپ قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. جېنيۈەننىڭ 6 ـ يىلى (790ـ يىلى)، بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) قا ھۇجۇم قىلـ

غان، ئۇزاق ئۆتمەي قوچو (تۇرپان) ئايمىقىنى ئىگىلە-
ۋالغان. شۇنداق قىلىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەشبالىق
مەھكىمىسىگە تەۋە ئۈچ ئايماق تۇبۇتلەر تەرىپىدىن ئە-
گىلىۋېلىنغان: (4) كىرىلي مىروگىستان (804 ~
815) تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ياردە-
چى قوشۇنىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، ئىلگىر -
كېيىن بولۇپ ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن)، سۇلى (بۈ-
گۈنكى قەشقەر)، كىنگىت (بۈگۈنكى قاراشەھەر) قا-
تارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالغان. يۈەنخېنىڭ 3 - يىلى
(809 - يىلى)، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قوغداۋات-
قان كوسەن (كۇچا) نى بېسىۋېلىپ، باش قورۇقچىبەگ
مەھكىمىسىگە قاراشلىق بارلىق جايلارنى تىزگىنلە-
گەن. (5) كرتسوگ لېتسان تەختتە ئولتۇرغاندا،
تۇبۇتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى سۈلھ تۈزۈپ، چاڭچىڭ-
نىڭ تۇنجى يىلى (821 - يىلى) ئىككىلا تەرەپ قو-
شۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ دەم ئالدۇرغان. تاڭ سۇلا-
لىسى تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى زېمىنلىرىنى ئې-
تىراپ قىلغان. تۇبۇتلەر شىمالدىكى ھېراۋۇل بېكىتنى
ئۇدۇندە تۇرغۇزغان، شەرقتىكى ھېراۋۇل بېكىتنى لياڭ-
جۇ (گەنسۇدىكى ۋۇۋېي) ئايمىقىدا تۇرغۇزغان. تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ئەنشى، بەشبالىقتىن ئىبارەت ئىككى
مەھكىمىسىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى تۇبۇتلەرنىڭ ئاشۇ
ئىككى ھېراۋۇل مەھكىمىسىگە تەۋە بولغاچقا، تۇبۇت
ئەسكەرلىرى شۇ جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تۇبۇتلەر
غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارغا ھەرقايسى خانلارنى
ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قارلۇق سەر-
كەردىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئوخ-
شاش تۇتۇپ تۇرۇش تۈزۈملىرىنى يۈرگۈزگەن. IX
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۇبۇتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا
ئىختىلاپ كۆرۈلۈپ، غەربىي يۇرت ۋە خېشى رايونلىرى-
دىكى ھۆكۈمرانلىقى كۆپ ئاجىزلاپ كەتكەن. دەل مۇ-
شۇ ۋاقىتتا، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا
كېلىپ ئورۇنلاشقان. تۇبۇتلەرگە قارام بولغان شاجۇ
(بۈگۈنكى دۇنخۇاڭ) ئايمىقىدا بەتتەتچىلەر قوشۇنى تۇ-
بۇتلەرگە قارشى كۆتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن تۇبۇتلەر
بۇ رايونلاردىن ئۆز ماكانىغا قايتقان.

**ئۇيغۇر** قەدىمكى مىللەت نامى. ئەسلىدە قۇملۇق-
نىڭ شىمالىدىكى توققۇز قەبىلىنىڭ بىرى ئىدى. دەس-
لەپتە شەرق تەرەپتىكى دىڭلىڭلارغا تەۋە بولغان قوۋم-
لەرنىڭ بىرىدۇر. دەسلەپكى ئۇيغۇرلار ئىچكى، تاشقى
توققۇز ئورۇقتىن تەشكىل تاپقان. ئىچكى توققۇز ئو-
رۇق ياغلاقار، ئۇتۇتقار، كۈرەبىر، بۇقىز، ئافشار،
قازار، ئوغۇز، ياباقۇ، ئاياۋىر قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ
ئاساسلىق قەبىلىسىنى تەشكىل قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ
تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل تۈركۈ-
مىگە تەۋە.

دەسلەپتە تۈركلەرگە بېقىنىپ تەڭرىتاغنىڭ شىما-
لىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئەڭ
دەسلەپكى تارىخىي مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان قاغان يەگەن
تېكىن بولۇپ، سۇي سۇلالىسى دايېنىڭ تۇنجى يىلى
(605 - يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ قارا قاغانىنىڭ
ئىسيانىغا قارشى تۇرۇشقا قاتناشقان، كېيىن قۇملۇق-
نىڭ شىمالىدىن شەرققە كۆچۈپ شەرقىي تۈركلەرگە
بېقىنغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۈەن يىللىرىنىڭ باشلىرى-
دا، سەركەردە پاسار سىر - تاردۇشلار بىلەن بىرلە-
شىپ شەرقىي تۈركلەرگە قارشى چىققان، تاڭ سۇلالى-
سى قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىدە شەرقىي تۈركلەرنى مۇن-
قەرز قىلغان. پۇسار سىر - تاردۇشلارغا بېقىنىپ،
ئەلتەبىر دەپ ئاتالغان. جېنگۈەننىڭ 20 - يىلى
(646- يىلى)، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ سىر -
تاردۇشلار ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشىگە ياردەملىشىپ،
سىر- تاردۇشلارنى تاڭغا بېقىندۇرغان. 21 - يىلى،
تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا دەشتى ماكان تۇتۇق
مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەر-
دىسى تۇمىدنى ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك باش ساڭغۇن قىلىپ
بەلگىلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە ئەۋلاد قاغان
دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىق ئور-
نىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇغاتىنى
قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە بايان قاغان كۆپ قېتىم
تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا
ياردەملىشىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ سەركەردىسى ئاشى-
نا ئالپىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا قاتناشقان. تۈركلەر
گۈللەنگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئۆزلۈكسىز زەربىگە
ئۇچراپ تۇرغان. چاڭشۈنىڭ 3- يىلى(694- يىلى)،
تۈركەچى ئۇيغۇرلارغا باشچىلىق قىلىپ، جەنۇبقا —
تاڭ سۇلالىسى ئېلىگە كۆچۈشتە يېرىم يولدا ئورۇشتا
ئۆلگەن. ئۇيغۇر قوۋملىرىغا بۇدبەگ باشچىلىق قىل-
غان. تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنى لياڭجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇ-
دىكى ۋۇۋېي) ئايمىقىغا ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە دەشتى
ماكان تۇتۇقىغا ۋارىسلىق قىلدۇرغان. كەييۈەننىڭ
17 - يىلى (729 - يىلى) قىشتا، دەشتى ماكان
ئەمىرلەشكىرى چېگىزوڭ (ئوگېتېر) ئۇيغۇر قاتارلىق
تۆت قەبىلىنى باشلاپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىغا قايتىپ
بېرىپ، كېيىنكى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىغا بې-
قىنغان.

كېيىنكى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى (744 ـ يىلى) چېگرونىڭ ئوغلى قۇتلۇغ بويلا قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ئۇيغۇر قاغانلىقىنى قۇرغان. 4 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا سۆيىنگىل قاغان دېگەن نامنى بەرگەن. توققۇز تېلې قەبىلىلىرىمۇ ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىغا كىرىپ، تاشقى توققۇز ئورۇق ياكى تاشقى 11 ئورۇق نامى بىلەن ئاتالغان. تاشقى توققۇز قەبىلە ئۇيغۇر، بۇقۇ، خۇن، بايىرغۇ، تۇڭرا، سىغىر، قاپش قاتارلىقلارغا ئايرىلىپ، كېيىن باسمىل، قارلۇقلار قوشۇلۇپ تاشقى 11 ئورۇقنى تەشكىل قىلغان. قاغانلىق ياغلاقار ۋە ئەدىز ئورۇقىدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇقنىڭ قاغانى ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى باشتىن كەچۈرگەن. ياغلاقار ئورۇقىدىن بولغان 2 ـ ئەۋلاد قارلىغ قاغان بايانچۇر مەزگىلىدە قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلىپ، دۆلەت كۈچى كۈچەيگەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى زېمىنىدا يۈز بەرگەن ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ياردەملەشكەن، 3 ـ ئەۋلاد بۆگۈ قاغان يەنە تاڭ سۇلالىسىغا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىسيانچى قوشۇنلارنى باستۇرغان. جېنيۈەننىڭ 4 ـ يىلى (788 ـ يىلى)، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇن باغا قاغانى تاڭ سۇلالىسىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىكى « 回纥 » دېگەن سۆزنى « 回鹘 » دەپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان. « 回鹘 » بولسا «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە ئىدى. ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا تاكى ئەدىز ئورۇقىدىن قۇتلۇق بىلگە قاغان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلگىچە، دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ تۈبۈتلەرگە قارشى تۇرۇپ ئەنشى، بەشبالىقلارنى قوغدىغان.

تاڭ سۇلالىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نىڭگو، كىچىك نىڭگو، شيەنئەن، تەيخې قاتارلىق مەلىكىلەرنى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ كەلگەن. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەشۇت يىپ ۋە ئات سودىسى ئۈزۈلمىگەن. تاڭ سۇلالىسى كەيچېڭنىڭ 5 ـ يىلى (840 ـ يىلى)، ئۇيغۇر قاغانلىقى ئوردىسىدا ئىچكى ئىختىلاپ يۈز بەرگەن، ۋەزىر تۇلاۋىر ئاسىيلىق قىلىپ، قاسار قاغاننى قاغانلىقتا تىكلىگەن. كۆلۈگ باغا سانغۇن قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان. ئۇيغۇرنىڭ قالغان قوۋملىرى جەنۇبقا ھەم غەربكە كۆچكەن.

قارلۇق قەدىمكى مىللەت نامى، خەنزۇچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان توققۇز تېلې ئورۇقىنىڭ بىرى، كېيىن يات تۈركلەرنىڭ تەركىبىدىكى كۈچلۈك قەبىلىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. قارلۇقلار بۇلاق، چىگىل، توخسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇقتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۈچ قارلۇقلار دەپ نام ئالغان. ئۇلار ئەڭ دەسلەپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشىغان، بىر مەھەل قاپش قالىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى تېلې قاغانلىقىغا بېقىنغان. تېلېلار ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، شەرق ۋە غەرب ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن. شەرقىي تارمىقى ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ شىمالىغا كۆچۈپ بېرىپ، يۇڭخۇينىڭ تۇنجى يىلى (650 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان. تاڭ سۇلالىسى ئۆتۈكەن تېغىدىكى قاپش قاغاننىڭ ئۇلۇسلىرىنى سول قانات قەبىلە قىلىپ، ئورقۇن دەرياسى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان، ئوڭ قانات قەبىلىنى بۆرەتاغ (ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى) ئايىمىقىغا ئورۇنلاشتۇرغان. غەربىي تارمىقى داۋاملىق غەربىي يۇرتنى ماكان تۇتۇپ، دەسلەپتە غەربىي تۈركلەرگە بېقىنغان، شيەنچىڭنىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان. تاڭ سۇلالىسى ئۈچ تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، بۇلاقلارنى ئالتاي تېغى ئەتراپىغا، يەنى بۈگۈنكى چۆچەك ئەتراپىغا، چىگىللەرنى چولڭ قۇملۇق تۇتۇق مەھكىمىسى ئەتراپىغا، يەنى بۈگۈنكى بورۇلتوقاينىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارغا، توخسىلارنى زەيسان كۆلى تۇتۇق مەھكىمىسى ئەتراپىغا، يەنى بۈگۈنكى چۆچەكنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ جايلاردا قۇرۇلغان ئۈچ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ھەممىسى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. شەرقىي تۈركلەر گۈللەنگەندە، شەرقىي تارماق قارلۇقلار ئۇلارغا بېقىنغان. تيەنباۋ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، قارلۇقلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ كېيىنكى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن. تيەنباۋنىڭ 4 ـ يىلى (745 ـ يىلى)، قارلۇقلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۇلۇغ بىلگە تۇتۇق (يەنى تۇن بىلگە يابغۇ) قاغانىنىڭ باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ، ئالتۇنتاغ ئېتىكىگە ماكانلاشقان. 12 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ماسلىشىپ تۇڭرالارنىڭ توپىلاڭ كۆتەرگەن ئاقساقلى ئايباشنى تۇتۇپ، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئالتۇنتاغنىڭ ئىنانچخانى دېگەن نامنى قوبۇل قىلغان. ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، شەرقىي تارماق قارلۇقلار تاڭ سۇلالىسىگە ماسلىشىپ بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمىسار) نى قوغدىغان. جېنيۈەننىڭ 6ـ يىلى (790ـ

يىلى)، تۈبۈتلەرگە بېقىنغان. ئەسلى ماكانىدىن كۆچ-
مىگەن بىر قىسىم قارلۇقلار ئۇيغۇرلارنىڭ 11 ئۇرۇقى-
نىڭ بىرى بولۇپ سانالغان. غەربىي تارماق قارلۇقلار
تۈرگەش قاغانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن گۈللەن-
گەن. تيەنباۋنىڭ 10 - يىلى، تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى
گاۋ شيەنجىگە ئەگىشىپ ئەرەبلەر بىلەن بولغان تالاس
(بۈگۈنكى قازاقىستاندىكى جانبۇل) ئۇرۇشىغا قاتنى-
شىپ، يېرىم يولدا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ئاسىي-
لىق قىلغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇرۇش-
تا مەغلۇپ بولغان. كېيىن يەنە تاڭ سۇلالىسى بىلەن
بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈك - سۈي-
گۈن توپىلىڭى ئاخىرلاشقىچە ساقلاپ كەلگەن. تۈبۈتلەر
غەربىي يۇرتنى ئىگىلىۋالغان ۋاقىتتا، شەرقىي ۋە غەر-
بىي تارماق قارلۇقلار ئاستا - ئاستا بىرلەشكەن. تۈبۈت-
لەر غەربىي يۇرتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كې-
يىن، قارلۇقلار پەيدىنپەي گۈللەنگەن ھەمدە قارلۇق
قاغانلىقىنى قۇرۇپ، قاغانىنى يابغۇ دەپ ئاتاپ، مەركى-
زىي ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان.

**قىرغىز** قەدىمكى مىللەت نامى. چىڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە بۇرۇت دەپ ئاتالغان. ئالتاي تىل سىستېمىسى
تۈركىي تىل تۈركۈمىگە مەنسۇپ خەلقتۇر. كۆچمەن
چارۋىچىلىقنى ئاساس، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق، تې-
رىقچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان. ئەڭ دەسلەپ كەم دەريا-
سى (بۈگۈنكى رۇسىيىنىڭ شەرقىدىكى يەنسەي دەريا-
سى) ۋادىلىرىدا ياشىغان. دەسلەپتە ھۇنلارغا، جۇرجان-
لارغا ۋە تۈركلەرگە بېقىنغان. ئۇلارنىڭ سەركەردىسى
«ئەر» دەپ ئاتىلىدۇ، تۈركلەر ئەلتەبىر دەپ نام بەر-
گەن. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى (648-
يىلى)، قىرغىزلارنىڭ ئەلتەبىرى ئىشبارا ئاجو ئەلتە-
بىر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا بارغان. تاڭ سۇلالى-
سى قىرغىز تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئىشبا-
را ئاجونى تۇنجى قىرغىز تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى
قىلىپ تەيىنلىگەن. شەرقىي تۈركلەر كۆچىيىپ، ئەن-
شى، بەشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرى ئەمەل-
دىن قالغاندىن كېيىن، قىرغىزلار قايتىدىن شەرقىي
تۈركلەرگە بېقىنغان. كېيىن شەرقىي تۈرك قاغانى
قاپاغان قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، قىرغىزلار قاغان نا-
مىنى قوللانغان. جىڭلوڭنىڭ 2 - يىلى (708 -
يىلى)، قىرغىز قاغانى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋە-
تىپ، تۈركلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا كېلىشكەن.
4 - يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ئۇچراشقان. تۈركلەر
يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاۋۋال قىرغىز قاغانىنى ئۆل-
تۈرگەن.
كېيىن شەرقىي تۈرك قاغانلىقى مۇنقەرز بولغان.
ئارقىدىنلا ئۇيغۇر قاغانلىقى گۈللىنىشكە باشلىغان.
چيەنيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (758 - يىلى)، ئۇيغۇرلار-
نىڭ قارلىغ قاغانى ئەسكەر باشلاپ غەربكە يۈرۈش قى-
لىپ، قىرغىزلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالا-
قىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقتىن، قىرغىزلار ئېغىر تالا-
پەتكە ئۇچرىغان. جيەنجۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (780 -
يىلى)، ئۇيغۇرلار يەنە غەربكە ئەسكەر چىقارغاندا،
قىرغىز قاغانىغا ئوق تېگىپ ئۆلگەن. قىرغىزلار بىلەن
ئۇيغۇرلار يىلدا دېگۈدەك ئۇرۇش - تالاش قىلىپ تۇر-
غان. كەيچېڭنىڭ 5 - يىلى (840 - يىلى)، ئۇيغۇر
قاغانلىقىدا ئىچكى نىزا كۆرۈلگەن. ئۇيغۇر سانغۇنى
كۈلۈگ باغا تارقاننىڭ باشلىشىدا قىرغىزلار تاتار، قى-
تان، تاتابى، شۈير قاتارلىق بەش قەبىلىنىڭ قوشۇن-
لىرى بىلەن بىرلىشىپ ئورقۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شۇ يەردە ماكانلاشقان. خۈيچاڭنىڭ
تۇنجى يىلى (841 - يىلى)، قىرغىز قاغانلىقى تىكلەن-
گەن. 6 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قىرغىز قاغانىغا باغادۇر
سادىقەتمەن قاغان دېگەن نامنى بەرگەن. قاغانلىقنىڭ
غەربىي چېگرىسى بىر مەھەل غەربىي يۇرتقا تۇتاشقان.
كېيىن بەش قەبىلە ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ قاغانلىق
ئاجىزلاشقان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قىتانلارغا ۋە
موڭغۇللارغا بېقىنغان. قىتانلار قىرغىزلار رايونىدا
ئېلچىن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان. يۈەن سۇلالىسى
مەزكۇر رايوندا كەمكەمجىغۇتنى تەسىس قىلغان، بۇ
رايون ئەينى ۋاقىتتا كەم دەرياسى بىلەن كەمچىك دەريا-
سى ۋادىلىرى (بۈگۈنكى رۇسىيىدىكى يەنسەي دەريا-
سىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چوڭ - كىچىك يەنسەي
دەريالىرى) دا ئىدى. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قىر-
غىزلار غەربتىكى ئالتاي تېغى ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ بول-
غانىدى. جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، تەڭ-
رىتاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي چېتىگە مەجبۇرىي كۆچۈ-
رۈلگەن. كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بېقى-
نىپ، غەربىي بۇرۇتلار ۋە شەرقىي بۇرۇتلار دەپ ئاتال-
غان. ھازىر ئۇلار ئاساسەن قىرغىزىستاندا مەركەزلىك
ئولتۇراقلاشقان.

**تۇيغۇن (تۇغۇق خۇن)** قەدىمكى مىللەت ۋە
دۆلەت نامى. ئەسلى قىتاندىكى غەربىي مۇيۇن سىيانپې-
لىرىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخى-
رى ئاقساقىلى تۇيغۇننىڭ باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ،
خېشى، لوڭيۇ رايونلىرىدا خانلىق قۇرغان. كېيىن

پەيدىنپەي غەربىي چاڭلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. 9 ـ ئەۋلاد خان ئاجى ئۆزىنى شاجۇ ئايمىقىنىڭ دورابى دەپ ئاتاپ، سۇڭ سۇلالىسىگە بېقىنىپ ئەلچى ئەۋەتكەن. 10 ـ ئەۋلاد خان مۇكۇي سوڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن لوڭشى بېگى دەپ ئاتالغان. 11 ـ ئەۋلاد خان مۇليان (437~451 ـ يىللىرى) سۇڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن جەنۇبىي خۇاڭخې بېگى دەپ ئاتالغان. خانلىق ئىچىدە جىن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى قوللىنىلىپ، خەنزۇ يېزىقى ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىنغان، سىيانپى ـ چاڭ تىللىرى قوللىنىلغان. كېيىنچە ئاستا ـ ئاستا كۈچلىنىپ لوڭيۇ، خېشى قاتارلىق چاڭلار زېمىنى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇدۇنگىچە بولغان رايونلارغا كېڭىيىپ، زېمىنى قۇملۇقنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىن ھالقىپ كەتكەن چوڭ سىياسىي كۈچ بولۇپ قالغان. شىيىن، تۇيىن بەگ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان دەۋرگە بارغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە بېقىنغان؛ بۇرىلچۇر دەۋرىگە بارغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن تۇيغۇن خان دېگەن نام بېرىلگەن. كۇلۇگ دەۋرىگە بارغاندا (535 ~ 591)، قاغانغا ئۆزگەرتىلگەن ھەم تۇيغۇن قاغانلىقى دەپ ئاتالغان. كۆكنۇر (ھازىرقى چىڭخەي كۆلىنىڭ غەربى) دا بۇقابالىقنى پايتەخت قىلغان، پىشامشان، چەرچەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى تۇيغۇن قاغانلىقىنىڭ سىياسىي تەسىرىگە ئۇچرىغان. سىياسىي تۈزۈمى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى پەيدىنپەي چاڭلارنىڭكىدەك ئۆزگەرتكەن. بۇيان قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، تۈركلەرگە بېقىنىپ سۈي سۇلالىسىگە بىرلىكتە قارشى تۇرغان. سۈي سۇلالىسى بىر مەزگىل بۇ قاغانلىقنى بېسىۋېلىپ، كۆكنۇر، قىزىلغول قورغان (بۈگۈنكى چىڭخەيدىكى شىڭخەي كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبى)، پىشامشان (بۈگۈنكى چارقىلىق)، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا تۆت ئايماق تەسىس قىلغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يېغىلىق تۈپەيلىدىن قالايمىقانلاشقانلىقتىن، بۇيان قاغان زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالغان. تاڭ تەيزۇڭ جېنگۇەننىڭ 8 ـ يىلى (634 ـ يىلى)، تۈبۈتلەر بىلەن بىرلىشىپ جەنۇب ۋە شىمالدىن تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغان. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇيغۇن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بۇقابالىقنى ئىگىلىگەن. بۇيان قاغان چەرچەننىڭ غەربىدىكى تۇلۇن قۇملۇقىدا ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ يىلى تۈبۈتلەر بوش قالغان جەنۇبتىكى جايلارنى قايتۇرۇۋالغان. جېنگۇەننىڭ 9 ـ يىلى (635 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى تۇيغۇنلارنىڭ شىمالىدا مۇيۇن شۇن، نۇرقاپار ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ قاغانلىققا تىكلىگەن. لوڭشونىڭ 3 ـ يىلى (663 ـ يىلى)، شىمالىي چېگرامۇ تۈبۈتلەر تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. تۇيغۇنلاردا جەمئىي 18 ئەۋلاد قاغان ئۆتكەن. نۇرقاپارنىڭ قالدۇق قۇۋۋىلىرى شىمالدىكى خېجۇ (ئىچكى موڭغۇلدىكى بەيچېڭزى) رايونى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تۇيغۇنلار شۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلاشقان.

**دوغلات قەبىلىسى** موڭغۇل قەبىلىسى. بۇلجاردوغلاينىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، نىرون موڭغۇللىرىغا تەۋە. چىڭگىزخان بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىر ئاز يېقىن. كېيىن چىڭگىزخان بۇ قەبىلىنى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. XIV ئەسىردە، خانلىقتىكى ھەرقايسى قەبىلە ئەمىرلىرى ئارىسىدىكى قالايمىقان ئۇرۇشلاردا شەرقتىكى كۈچلۈك ھەربىي كۈچكە ئىگە قەبىلە بولۇپ قالغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ 7 ـ يىلى (1347 ـ يىلى)، دۇغلات ئەمىرى بولاچى چاغاتاي ئەۋلاد توغلۇق تۆمۈرنى خان قىلىپ تىكلىگەن. ئىنىسى قەمەرىددىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى ئاتا بەگ دەپ ئاتاپ، 20 نەچچە يىل يۇرت سورىغان. ئوغلى خۇدايدات گەرچە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق چوڭ ھوقۇقنى ئۆزى ئىگىلەپ بارغانسېرى كۈچەيگەن. خانلىق بۇ جەمەتكە 12 خىل ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشقا يول قويغان، بۇلار نائىب خانلىق پەرمانى مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ خان ئوردىسىغا كىرىشكە يول قويۇش، ئەڭ مۇنبەت يەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىش، خانلىقتىكى ھەربىي چوڭ ھوقۇقنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مىراس قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، دۇغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى سەئىد مەنسۇر سۇلتان سەئىد خاننىڭ ياردىمىدە دۇغلات ئەمىرى ئابابەكرى بېسىپ ياتقان قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغان. مىڭ سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 9 ـ يىلى (1514 ـ يىلى)، سەئىدنى خانلىق ئورنىغا يۆلەپ چىقىرىپ يەركەن خانلىقىنى قۇرغان. بۇ جەمەت يېڭى قۇرۇلغان يەركەن خانلىقىنىڭ ھەربىي، سىياسىي چوڭ ھوقۇقلىرىغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلغان. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى بىكار قىلىنغان. دۇغلات قەبىلىسى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىغا كىرگەن قەبىلىنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ

ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن.

**چىگىل** قەدىمكى مىللەت نامى. تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ ئاخىرلىرى، بەش دەۋردىن شىمالىي سوڭنىڭ
باشلىرىغىچە خېشىدىن تارتىپ ئۇدۇن (خوتەن) نىڭ
شەرقى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان چوڭ قەبىلە. تۇخرى-
لارنىڭ قالدۇقلىرى، يەنى چاڭلارغا سىڭىپ كەتكەن
تۇخرىلار. لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسۋاننى ئوردا قىل-
غان، باش ۋەزىر، تۇتۇق قاتارلىق ئەمەل ناملىرى بول-
غان. بۇرۇن گەنجۇ (كەمپاي) ئۇيغۇرلىرى بىلەن
سۇجۇ (سۇكتۇر، هازىرقى گەنسۇدىكى جيۇچۇەن شە-
ھىرى رايونلىرى) نى بۆلۈشۈپ باشقۇرغان. تەسىر دا-
ئىرىسى بىر ھەل سۇجۇ قاتارلىق جايلارغىچە يەتكەن.
شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 ـ
يىلى (981 ـ يىلى)، ۋاڭ يەندې قوچوغا ئەلچىلىككە
بارغاندا، كىچىك چىگىل ۋە ئۇلۇغ چىگىللەرنىڭ پائالى-
يىتى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان. بۇلار ھەققىدىكى
ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىلەر سوڭ سۇلالىسى يۈەنفېڭ-
نىڭ 4 ـ يىلى (1010) غىچە بار.

**نايمان** قەدىمكى مىللەت نامى. XI ~ XII
ئەسىرلەردە موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى تۈركىي
تىللىق قەبىلە. ئەڭ دەسلەپ قىرغىزلار (بۈگۈنكى رۇ-
سىيىنىڭ تۇۋا جۇمھۇرىيىتى ھەم شۇنىڭغا يېقىن جايلا-
ر) رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان،
ئېتنىك مەنبەسى بەلكى تاڭ دەۋرىدىكى جەنۇبقا كۆچكەن
قىرغىزلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. قىتان،
جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا
كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، شەرق
تەرىپى كەرەي قەبىلىسى بىلەن، غەرب تەرىپى ئېرتىش
دەرياسىدىكى قاڭلىلار بىلەن، شىمال تەرىپى قىرغىزلار
بىلەن، جەنۇب تەرىپى چوڭ قۇملۇقتىكى ئۇيغۇرلار
بىلەن چېگرىلانغان. ئۇيغۇر يېزىقىنى ئورتاق ئىشلەت-
كەن، نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. چىڭگىزخان
باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار كۆچەيگەن دەۋردە، نايمانلار
سەركەردىسى ئىنانچ خان، يەنى تايان خان دەپ ئاتال-
غان. ئىنانچ خان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى باي بۇقا
تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئىنىسى بۇيرۇق خان
بىلەن چىقىشالماي، يايلاق ۋە تاغلىق رايونلاردا ئايرىم
ياشىغان. كەرەي ۋە موڭغۇللار كۆپ قېتىم ئۇلارغا
ئۇرۇش قىلغان. جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسى جياتەينىڭ
4 ـ يىلى (1204 ـ يىلى)، قۇملۇقنىڭ شىمالىدا
پاشايدىغان ھەرقايسى قەبىلىلەر چىڭگىزخان تەرىپىدىن
بويسۇندۇرۇلغان. تايان خان قوشۇن باشلاپ قانغاي
(بۈگۈنكى موڭغۇلىيە تەۋەسىدە) تېغىغا بېرىپ، ھەر-
قايسى قالدۇق قەبىلىلەرنى يىغىپ، نارقۇ قۇن (بۈگۈن-
كى موڭغۇلىيىدىكى تامىر دەرياسىنىڭ ئورقۇن دەريا-
سىغا قويۇلۇش ئېغىزىنىڭ شەرقى) تېغىدا قاتتىق جەڭ
قىلغان. نايمان قوشۇنى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، تايان خان
ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. موڭغۇل قوشۇنلىرى
يەنە بۇيرۇق خاننى شاقاسۇ (بۈگۈنكى موڭغۇلىيىدىكى
قوبدو دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) بويىدا ئەسىرگە
ئالغان. تايان خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك خان قوۋملىرىنى
باشلاپ قاراقىتانغا قېچىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ناي-
مانلار يوقۇلغان.

**تابغاچ** ئوتتۇرا ئەسىردە مەركىزىي ئاسىيادىكى
خەلقلەر جۇڭگونى ياكى جۇڭگولۇقلارنى شۇنداق ئاتى-
غان. تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا، نوم تەرجىمىلىرىدە، ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە ياۋ-
روپا تارىخىي ئەسەرلىرىدە بۇ سۆز ئۇچرايدۇ. تابغاچ
سۆزى «ئەۋلىيا چۇچۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى»
دە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «تابغاچلار ھەممە ئىشتا ناھايى-
تى چىۋەر. تابغاچلار، يەنى خەنزۇلاردۇر» دەپ خاتى-
رىلەنگەن. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار قۇرغان قاراخا-
نىيلار سۇلالىسىنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر خانلىرى مۇشۇ
نامنى قوللانغان، مەسىلەن، ئىبراھىم بىن ناسىر تاب-
غاچ، بۇغراخان ئىبراھىم بىن مۇھەممەد تابغاچ قاتار-
لىقلار. بۇلار جۇڭگو خانى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى.

**ئۇيغۇر** قەدىمكى مىللەت نامى. «ئۇيغۇر ۋە
ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى» غا قاراڭ.

**قىرغىز** قەدىمكى مىللەت نامى. «قىرغىز» غا
قاراڭ.

**ئويرات** قەبىلە نامى. چىڭگىزخان دەۋرىدە،
دۇغلاتلار قۇملۇقنىڭ غەربىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللانغان. جىجېڭنىڭ 28 ـ يىلى (1368 ـ يىلى)؛ يۈەن
سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندا، شۇندى توغان تۆمۈر شاڭدۇغا
چېكىنگەن، تارىختا بۇ «شىمالىي يۈەن سۇلالىسى» دەپ
ئاتالغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاتارلار ياكى شەرقىي
موڭغۇللار، ئويراتلار بولسا غەربىي موڭغۇللار دەپ
ئاتالغان. مىڭ سۇلالىسى شىمالىي يۈەن سۇلالىسىنى
تىزگىنلەش ئىستىكىدە، ئويراتلار ئاقساقىلى ماخمۇدقا
ئىنتائەتمەن ئەمىن خان، تەيپىڭگە دانىش چېچەن خان،
باتۇر بولۇتقا ئاسايىش خان دېگەن ئۇنۋان ئىنئام قىل-

خان. يوڭلېنىڭ 14 – يىلى (1416 – يىلى)، ماخمۇد ئۆلۈپ ئوغلى توغان تۆمۈر ئىنتائەتمەن ئەمىن خانلىق مەنسۇپكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ تەيپىڭ، باتۇر بولۇتلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئويراتلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. ئارقىدىنلا شىمالىي يۈەن سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، شەرقىي ۋە غەربىي موڭغۇللارنى ۋاقىتلىق بىرلىككە كەلتۈرگەن. جېڭتوڭنىڭ 5 – يىلى (1440 – يىلى)، توغان تۆمۈر ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى ئەسەن ۋارىسلىق قىلغان. ئەسەن دەۋرىدە ئويراتلار كۈچىيىپ، جۇرجۇتلارنىڭ غەربىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى تىزگىنلىگەن. جېڭتوڭنىڭ 14 – يىلى، جەنۇبتا مىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، تۇمۇ قورغانىدا خان مىڭزوڭنى ئەسىرگە ئالغان. جىڭتەينىڭ 4 – يىلى (1453 – يىلى)، ئەسەن ئۆزىنى «ئۇلۇغ يۈەن خانلىقىنىڭ تەڭرى قاغانى» دەپ ئاتىغان. بۇ موڭغۇللاردىكى ئالتۇن ئۇرۇقتىن بولمىغانلارنىڭ قاغان بولالمايدىغانلىقىدەك ئەنئەنىۋى قارىشىغا خىلاپ كەلگەنلىكتىن، سىياسىي جەھەتتە يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. كېيىنكى يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئويراتلار تاتار قاتارلىق قوۋملەرنىڭ ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئامالسىز غەربكە كۆچكەن. ئەسەننىڭ چوڭ ئوغلى بورو ناغالىنىڭ بىر تارمىقى كۆپىيىپ دۆربۆت قەبىلىسى بولغان، ئىككىنچى ئوغلى ئەسمۇت تارخان نويانىنىڭ يەنە بىر تارمىقى كۆپىيىپ جۇڭغار قەبىلىسى بولغان.

**ئويرات موڭغۇللىرى** موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى. ئويرات سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»غا ئاساسلانغاندا، «ئورمان قوۋملىرى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. تارىختىكى تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان. XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئاساسلىق قوۋملىرىدىن جۇڭغار، دۆربۆت، خوشۇت، تورغۇت، خويت قاتارلىقلار بار ئىدى. چوڭجېننىڭ 9 – يىلى، خوشۇت قەبىلىسىدىن گۇش خان كۆكنۇر (چىڭخەي)گە قوشۇن باشلاپ بېرىپ، كۆكنۇردىكى تۈبۈتلەر رايونلىرىدا ھۆكۈمرانلىقىنى قۇرغان. جۇڭغارلار تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ماكان قىلىپ، جۇڭغار ئۇلۇسىنى شەكىللەندۈرگەن. تورغۇتلار جۇڭغارلارغا بېقىنىپ ئەرتىش دەرياسى بويلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 55 – يىلى (1716 – يىلى)، جۇڭغارلار تىبەتكە ھۇجۇم قىلىپ، خوشۇتلارنىڭ تىبەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تىبەتكە كىرىپ جۇڭغارلارنى ھەيدەپ چىقىرىپ، كۆكنۇردىكى خوشۇت قەبىلىسى بىلەن ئايماق، خوشۇن تۈزۈمىنى يولغا قويغان. چيەنلوڭنىڭ 18 – يىلى (1753 – يىلى)، تورغۇتلار سەرەڭ قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا چىڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان ھەمدە ئۇلانگوم (قىزىلقۇم)غا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سەينزاياتۇ ئايمىقى دەپ ئاتىلىپ، ياساق بويىچە باشقۇرۇلغان. چيەنلوڭنىڭ 20 – يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلار ئارىسىدىكى ئىچكى نىزادىن پايدىلىنىپ ئېلىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ بۇ رايونلارنى ئىدارە قىلغان.

**ئويرات** موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى. ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قەدىمكى قەبىلىلىرىدىن بىرى.

**تورغات** موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى. چىڭ دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى ئوڭ خاننىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارىلىدۇ. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار كېرەي قەبىلىسىگە باغلايدۇ. XV ئەسىردە ئويراتلارغا بېقىنىپ، تۆت ئويراتلارنىڭ بىرى بولغان. مىڭ سۇلالىسى چوڭجېننىڭ باشلىرىدا، خوئۇرلۇقنىڭ باشچىلىقىدا 50 مىڭ چېدىرلىق تورغات غەربكە كۆچۈپ، ئەتىل (ۋولگا) دەرياسى بويلىرىغا ماكانلاشقان. غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا يوللاپ تۇرغان. كاڭشىنىڭ 51 – يىلى (1712 – يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ باش دىۋان بېگى تۇلىچىن قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ ئەتىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا تورغاتلاردىن ھال سوراشقا ئەۋەتكەن، ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىككى يىل دېگەندە تورغاتلار رايونىغا يېتىپ كەلگەن ھەم تورغاتلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئەلچىلەر ئۆمىكى كاڭشىنىڭ 54 – يىلى بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەن. تۇلىچىن مانجۇچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا «يات يۇرتلار ھەققىدە خاتىرە» ناملىق كىتابنى تەييارلاپ ئەلچىلىككە چىققان كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلىي يېزىپ چىققان. چيەنلوڭنىڭ 36 – يىلى (1771 – يىلى)، ئۇباشى تورغاتلاردىن 33 مىڭ تۈتۈن، 169 مىڭدىن ئارتۇق ئادەملەرنى باشلاپ شەرققە — ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن.

ئۇلار 10 نەچچە مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يولنى سەككىز ئاي بېسىپ، خىلمۇ خىل مۇشكۇلاتلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئىلىغا قايتىپ كەلگەندە، ئاران دېگەندە 70 مىڭدەك ئادەم قېپقالغانىدى. چيەنلوڭ خان ئۇباش قاتارلىقلارنى چېڭدېدىكى يازلىق ئوردىدا كۈتۈۋالغان ھەمدە «تۇرغاتلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ ئەل بولۇش خاتىرىسى» ۋە «تۇرغات قەبىلىسىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىش خاتىرىسى» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئابىدىنىڭ تېكىستىنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ، چېڭدېدىكى پۇتو بۇتخانىسىغا تىكلىگەن. شەرققە قايتىپ كەلگەن تۇرغاتلار چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يېڭى تۇرغاتلار ۋە كونا تۇرغاتلار دەپ ئايرىلغان، يېڭى تۇرغاتلار يۇلتۇز، قوبۇقسار، قاراسۇ، دىنغابالىق (ھازىرقى جىڭ ناھىيىسى) قاتارلىق جايلارغا، كونا تۇرغاتلار ئالتاي قاتارلىق جايلارغا چارۋىچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

**خوشۇت** موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى. چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى قابۇ تۇقاسارنىڭ 8 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى ئۆلۈغ تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇرياڭقايلارنىڭ ئۈچ ياساۋۇلخانىسى بار جايلارغا ئورۇنلىشىپ، تاتارلاردىن ئارۇغاتاينىڭ ئورنى بىلەن قوشنا بولغان. XV ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى، ئويرات خانى توغان تەيشى ئارۇغاتايغا ھۇجۇم قىلغان. ئۆلۈغ تۆمۈر قوۋملىرىنى باشلاپ توغانغا بېقىنغان. توغان تەيشى بۇ قەبىلىنى خوشۇت دەپ ئاتىغان. مانا بۇ خوشۇت نامىنىڭ ئاتىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، كېيىن تۆت ئويرات قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان. بابۇر مىرزا دەۋرىگە كەلگەندە، تۆت ئويرات قەبىلىسىنىڭ ئاتا بەگلىك (تارقان) ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن. كېيىن قانى نويان قوڭغۇر، باي باغاس، گۈش خان، ئۆچەرتۇ چەچەن خانلار ئاتا بەگلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. مىڭ سۇلالىسى چوڭجېننىڭ 9 ـ يىلى (1636 ـ يىلى)، گۈش خان كۆكنۇر (چىڭخەي) غا يۈرۈش قىلىپ، كۆكنۇردىكى ئالاشان خوشۇت قەبىلىلىرى بولغان. خوئۇرلۇق غەربكە كۆچكەندە، گۈش خاننىڭ ئىنىسى قوندۇلۇن ئۇباشىمۇ قوۋملىرىنى باشلاپ بىللە سەپەر قىلغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭنىڭ 36ـ يىلى (1771 ـ يىلى)، ئۇباشقا ئەگىشىپ شەرققە ــ جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ، يۇلدۇز ۋادىلىرىنى ماكان قىلىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى خوشۇت موڭغۇللىرىدۇر.

**ئۇرياڭقاي** قەبىلە نامى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈچكە بۆلۈنگەن: تاڭنۇ تېغىنىڭ شىمالىدا ماكانلاشقانلىرى تاڭنۇ ئۇرياڭقايلىرى، ئالتاينۇر (ئوب دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان ئالتاي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كۆل) غا جايلاشقانلىرى ئالتاينۇر ئۇرياڭقايلىرى دەپ ئاتالغان. ئىككىسى تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) «جۇڭگو ـ رۇسىيە غەربىي شىمال چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى» گە ئاساسەن رۇسىيىگە ئايرىپ بېرىلگەن. ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقانلىرى ئالتاي ئۇرياڭقايلىرى دەپ ئاتالغان. چيەنلوڭنىڭ 19 ـ يىلى (1754 ـ يىلى)، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى سالار قاتارلىقلارنى ئالتاي ئۇرياڭقايلىرىنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ياشىغان جايلىرىنى ئىگىلەشكە بۇيرۇق قىلغان. 27 ـ يىلى ئوڭ، سول قانات دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ، ھەرقايسىسىگە باش دورغا تەيىنلەنگەن. سول قاناتتىكى تۆت خوشۇن بۈگۈنكى ئالتاي، بۇرچىن قاتارلىق جايلاردا؛ ئوڭ قاناتتىكى ئۈچ خوشۇن بۈگۈنكى چىڭگىل، كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردا چارۋىچىلىق قىلغان.

**ئايماق ـ خوشۇن تۈزۈمى** مانجۇلاردىكى سەككىز خوشۇنلۇق تۈزۈمى بىلەن موڭغۇللاردىكى ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي تەشكىلات بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈم. كېيىنكى جىن سۇلالىسى تيەنسۇڭنىڭ 8 ـ يىلى (1634 ـ يىلى)، قۇن تەيجى ئۆزىگە قاراشلىق موڭغۇل قوۋملىرىنى خوشۇن تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇپ، موڭغۇل رايونىدا تاكى چىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىغىچە يولغا قويغان.

ئايماقلارغا ئايماق بېگى تەيىنلەنگەن، ئايماق بېگى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان ئايماق يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىشتىن سىرت، چېرىكلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش، پۇل ـ ئاشلىقلارنى ئېنىقلاش، چوڭ جىنايى ئىشلارنى تەكشۈرۈش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىگەن. ئايماق بېگىنىڭ ھەرقايسى خوشۇنلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولماي، نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىلا بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، ئايماق بەزى رايونلاردا بىرىنچى دەرىجىلىك مەمۇرىي تەشكىلاتلىق رولىغا ئىگە بولۇپ، ئايماق بېگىنىڭ ھوقۇقىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن.

خوشۇن ئايماق ـ خوشۇن تۈزۈمىنىڭ يادروسى بولۇپ، مەمۇرىيەت بىلەن ھەربىي ئىشلار بىرلەشتۈرۈلگەن ئورۇن. خوشۇن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، موڭغۇل جەمئىيىتىدىكى ئۆتۈك (رايونلار بويىچە ئايرىلغان قوۋم)، ئايماق (قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى

قوۋم)لارنى ئاساس قىلغاچقا، قوۋملەرنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە قاراپ قۇرۇلغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوشۇننىڭ نوپۇس سانىنى ئېنىقلاش (نوپۇسنى ستاتىستىكا قىلىش)، تېرىلغۇ ۋە چارۋىچىلىق يەرلىرىنى تەقسىم قىلىش (يايلاقلارنى تەقسىم قىلىش)، ھەرقايسى تۈتۈنلەرنى ئىدارە قىلىش (ئاھالىنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش)، نىكاھ تۈزۈمىنى تەرتىپكە سېلىش، ئەپقە بېرىش، قائىدە - نىزاملىرىنى بېكىتىش، جىنايى ئىشلار ۋەقەلىرىنى تەكشۈرۈش، ھەربىي ئىشلارنى ئېنىقلاشتەك ھوقۇقى بار دەپ بەلگىلەنگەن. بىر خوشۇننىڭ باشلىقى ياساق دەپ ئاتالغان، ياساقلىققا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى موڭغۇل ۋاڭ، گۇڭ، تەيجىلىرى ئارىسىدىن تاللانغان كىشىلەرنى قويغان. ئادەتتە ياساق ھوقۇقى مىراس قالاتتى. ياساقنىڭ ئاستىدا يارەمچى تەيجى، خوشۇن باشقۇرىدىغان زەڭگى، ياندىش زەڭگى (مېيرېن)، جالان ئېجىن قاتارلىق ئەمەللەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تۈرلۈك ئىشلارغا نائىبلىق قىلاتتى. ياساق ئەمەلىي ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان بولغاچقا، ئايماق - خوشۇن تۈزۈمى يەنە ياساق تۈزۈمى دەپمۇ ئاتالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، خوشۇنلار ئۈچ خىلغا ئايرىلغان: ياساق تەسىس قىلىنغان خوشۇنلار ياساقلىق خوشۇن دەپ ئاتالغان. چۆللۈكنىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋە غەربىدىكى جايلار جەمئىي 18 ئايماق، 32 قەبىلە، 201 خوشۇنغا ئايرىلغان. يەنە باش دورغا تەسىس قىلىنغان خوشۇنلار باش دورغىلىق خوشۇن دەپ ئاتالغان. باش دورغا ئادەتتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىۋاسىتە تەيىنلىنىپ، مىراس قالدۇرۇلمىغان. بۇنداق خوشۇنلاردىن جەمئىي 61سى بولغان. بۇتخانىلارغا تەۋە بولغان خوشۇنلار لامالار خوشۇنى دەپ ئاتىلىپ، ياساق تەسىس قىلىنغان، ئادەتتە ئۇنىڭغا بۇتخانىلارنىڭ راھىب كالان (گېگەن)لىرى تەيىنلىنىپ، مىراس قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىچكى ياساق، تاشقى ياساق دەپمۇ ئايرىلغان. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇللارغا ئىچكى ياساق يۈرگۈزۈلگەن، چۆللۈكنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى موڭغۇللارغا تاشقى ياساق يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھوقۇق ۋە تۈزۈلمە جەھەتتىنمۇ پەرقلەنگەن.

خوشۇن ئاستىدا نىرۇ (موڭغۇلچە سۇمۇن) تەسىس قىلىنغان. سۇمۇن ئاساسەن ھەربىي بىرلىك ئىدى، كېيىن ئاستا - ئاستا خوشۇن ئاستىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مەمۇرىي بىرلىك بولغاچقا، سۇمۇن زەڭگىسى (نىرۇ جاڭگىن)، ئاغلاقچى دورغا (قۇندو)، باشۇقۇ قاتارلىقلار چېرىكلەرگە باشچىلىق قىلىپ، ھېسابات ئېنىقلاش، باج يىغىش، ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغان. سۇمۇن 150 نەپەر چېرىكتىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ھەر ۋاقىت كۆپەيتىپ ۋە قىسقارتىپ تەڭشىگىلى بولىدۇ. 18 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان بارلىق موڭغۇللارنىڭ چېرىكلىككە كىرىش مەجبۇرىيىتى بولغان.

ئايماق - خوشۇن تۈزۈمى ئاستىدا، بارلىق ئايماق - خوشۇنلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ھەرقايسى خوشۇنلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلىرى ئايرىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئىختىيارىچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ؛ ھەرقايسى خوشۇنلار ئارا، ئىچكى، تاشقى ياساقلار ئارا، موڭغۇل، خەنزۇلار ئارا ئۆز ئالدىغا باردى - كەلدى قىلىشقا چەكلىنىدۇ؛ ھەرقايسى خوشۇنلاردىكى ئاھالىلەر قەرەللىك تەكشۈرۈلۈپ تۇرۇلىدۇ؛ ئايماق - خوشۇنلارنىڭ ئەمەلدارلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ھەمدە ئەمەلدارلار بەلگىلەنگەن ئۇنۋان ۋە ئىش ھەققىدىن بەھرىمان بولىدۇ.

**ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى** ئۇنۋان نامى. قەدىمكى دەۋردە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمەلدارلارغا خانلىق تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان ئۇنۋان بولۇپ، گۇڭ، بەگ، بو، زى، نەن قاتارلىق بەش دەرىجىگە بۆلۈنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئاز سانلىق مىللەت سەركەردىلىرىگە ۋاڭلىق ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنغان، چىنۋاڭ (شاھزادە)، جۈنۋاڭ (ئىنانچخان)، دۆلەتنى تىنچىتقۇچى بەگ، دۆلەتكە يۆلەكچى بەگ قاتارلىق ئەمەللەر بولغان. بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ۋاڭ، گۇڭ دەپ ئاتالغان. «تەيجى» خەنزۇچىدىكى «太子» (شاھزادە) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، تەيجى موڭغۇللاردىكى مىراس قالىدىغان ئۇنۋان بولۇپ، دەرىجىسى دۆلەتكە يۆلەكچى بەگدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئىچكى جەھەتتە 1 -، 2 -، 3 -، 4 - دەرىجىلىك دەپ تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان، مىراس قالدۇرۇلمىغان. تۆھپىسى يوقلارنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ، مىراس قالدۇرۇلغان.

**بەگلىك تۈزۈمى** ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كونا دەۋردىكى يەرلىك ئەمەل تۈزۈمى. ئاقساقال، ئەمەلدار، ھۆكۈمران دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، پارس تىلىدىن ئۇيغۇرلارغا كىرگەن. ئەڭ دەسلەپ VII ئەسىردىكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بەگ 30 خىلدىن

ئارتۇق. رايون ئىچىدىكى بارلىق ئىشلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغانلار ھاكىمبەگ دەپ ئاتالغان. تېرىلغۇ ئېتىزلارنى، سۇ ئىشلىرىنى سودا - سېتىقنى، ئامانلىقنى، باجنى، قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭمۇ مەخسۇس ناملىرى بولغان. چيەنلوڭ مەزگىلىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەگلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ئايرىۋەتكەن، بەگلىك بىلەن ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆزئارا قوشۇمچە ئۆتۈگۈزمىگەن. بەگلىك دەرىجىسى بېكىتىلىپ، ھاكىمبەگلەر ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلغان. قالغان 4 - دەرىجىدىن 7 - دەرىجىگىچە دەرىجە پەرقى ئوخشاش بولمىغان. دەرىجىگە قاراپ ئوخشىمىغان مىقداردا دىيانەتلىك بولۇش پۇلى بېرىلگەن. ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ نەپ ئالىدىغانلارغا بۇ خىل پۇل بېرىلمىگەن. بەگلىك ئەمەلىنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرۇش بىكار قىلىنىپ، ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈش ياكى ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ھەممىسىدە مۇقىم بەلگىلىمە بېكىتىلگەن. 3 - دەرىجىدىن 5 - دەرىجىگىچە بولغان بەگلەرنى بېكىتىشتە مەسلىھەتچى ئامبال ئاۋۋال نامزاتنى تاللاپ تولۇقلاپ تەستىق سېلىشقا يوللىغان. 6 -، 7 - دەرىجىلىك بەگلەرنى ئالدى بىلەن ھەرقايسى شەھەرلەردىكى خان ئامباللار نامزاتنى تاللاپ مەسلىھەتچى ئامبالغا سۇنۇپ، مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ تولۇقلاپ تەستىقلىشىغا سۇنىغان. مەسلىھەتچى ئامبال پەسىل بويىچە تىزىمغا ئېلىپ ۋاسساللار مەھكىمىسىگە يوللىغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بەگلەرنى چەتلەشتۈرۈش سىياسىتى يۈرگۈزۈلگەن، يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا، كىچىك دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئۆز يېزىلىرىدا ۋەزىپە ئۆتۈشى چەكلەنگەن. ھاكىمبەگلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىپە ئۆتۈشىگە يول قويۇلمىغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى 5 - دەرىجىدىن يۇقىرى بەگلەرنى نۆۋەتلىشىپ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سالامغا بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان، بۇ «بەگلەرنىڭ يىللىق ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى» دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە ئۈچ گۇرۇپپا بولۇپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىش بەلگىلەنگەن، كېيىنچە تۆت گۇرۇپپىغا ئۆزگەرتىلگەن. ھەر يىلدا بىر گۇرۇپپا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىدىغان بولۇپ، ھەربىر گۇرۇپپىدا 20 ئادەم بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئالتە گۇرۇپپىغا ئۆزگەرتىلىپ، ھەر گۇرۇپپىدىكى ئادەم سانى 10 غا قىسقارتىلغان، جياچىڭنىڭ 16 - يىلى (1811 - يىلى)، توققۇز گۇرۇپپىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئادەتتە 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگ 4 -، 5 - دەرىجىلىك بەگلەردىن سەككىزنى باشلاپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا بارغان. داۋگۇاڭنىڭ 19 - يىلى (1839 - يىلى)، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەن. ئۆزىنى مەلۇم قىلىدىغان بەگلەر ئادەتتە 12 - ئاينىڭ ئاخىرى بېيجىڭغا بېرىپ خانغا كۆرۈنۈپ، زىياپەتتە بولۇش قاتارلىق پائالىيەتلەردىن كېيىن، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەن. تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى) دىن كېيىن، بەگلىك تۈزۈمىنىڭ نامى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز رولىنى يوقاتقان. گۇاڭشۈنىڭ 13 - يىلى (1887 - يىلى)، بەگلىك تۈزۈمى رەسمىي بىكار قىلىنغان.

**ھاكىمبەگ** ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يەرلىك كونا ئەمەل نامى. «ھەكەم» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ھۆكۈمران، ھۆكۈم قىلغۇچى» دېگەن مەنىلەردە ئىدى. XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار ھاكىم دەپ ئاتالغان. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھاكىمبەگلەر شەھەر - يېزىلاردىكى چوڭ - كىچىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋەزىپىسى كۆپ، ھوقۇقى چوڭ ئەمەلدار ئىدى. چيەنلوڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى)، شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بەگلىك تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، كورلا، بۆگۈر، شايار، سايرام (ھازىرقى باي ناھىيىسى تەۋەسىدە)، ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق سەككىز جايدىكى ھاكىمبەگلەر 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگ قىلىپ بېكىتىلگەن. ئۇلارغا قاراشلىق ھەرقايسى يېزا - كەنتلەردىكى ھاكىمبەگلەر 4 -، 5 -، 6 - دەرىجىلەرگە ئايرىلغان. ئۇلارنىڭ ئاستىدا مەخسۇس ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بەگلەر 10 ~ 20 گە بارغان. گۇاڭشۈنىڭ 13 - يىلى (1887 - يىلى)، بەگلىك تۈزۈمى بىلەن بىللە بىكار قىلىنغان.

**بۇرۇت** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىرغىزلارنىڭ نامى. دەسلەپتە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللارغا بېقىنىپ، «بۇرۇت» دەپ ئاتالغان. بۇرۇت «ئېگىز تاغلىق رايونلاردىكى خەلق» دېگەن مەنىدە. ئۇلار كېيىن يەنسەي ۋادىسىدىن غەربتىكى تەڭرىتاغ رايونلىرىغا يۆتكىلىپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن: تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشايدىغانلىرى شەرقىي بۇيرۇتلار، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغانلىرى

غەربىي بۇيرۇتلار دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەم چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بېقىنغان. بۇرۇتلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىلىرى «بىي» (يەنى بەگ) دەپ ئاتىلىپ، «ئاغلاقچى» قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئەمەل ناملىرى بولغان. «قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى خانغا مەكتۇپ يوللاپ ئۇنىڭغا يۇپۇكلۇك قالپاق ئىنئام قىلغان. 2 - دەرىجىلىكتىن 7 - دەرىجىلىككىچە بولغان ئەمەللەر بېرىلگەن» («چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار»، 529 - جىلد). يەنە بىر بۆلەك بۇرۇتلار خېيلۇڭجياڭ ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەن، «جۇڭگو - رۇسىيە غەربىي شىمالىي چېگرىلارنى تەكشۈرۈپ ئايرىش كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، كۆپ قىسىم ئاھالىلىرى يەر بىلەن قوشۇپ چاررۇسىيىگە ئايرىپ بېرىلگەن.

نوپۇس دەپتىرى ئوردىنىڭ پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن يۈرگۈزگەن ئاھالىلەرنى تىزىملاش تۈزۈمى. خەن سۇلالىسىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى شەھەر، بەگلىكلەر ھەم يىراق تاغلىق رايونلاردىكى ئاھالىلەر تەكشۈرۈپ تۇرۇلغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى نوپۇس تىزىملىكىدىن بۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى يەر تەقسىم قىلىپ بېرىش، تىجارە ھەققى يىغىش، ھاشارغا سېلىش ۋە غەللە - پاراق يىغىش تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇپ،



قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان نوپۇس دەپتىرى

نوپۇسنى رويخەتكە ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ھەمدە نوپۇس رويخىتىنى ھاشارغا سېلىش، غەللە - پاراق يىغىش، يەر تەقسىملەشنىڭ ئاساسى قىلغان. جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى 8 - ئايدا (640 - يىلى)، قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) تىنچىتىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەرھال نوپۇس ئېنىقلاشقا كىرىشكەن. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىكى «قوچونىڭ ئىدىقۇت ناھىيىسىدىكى لى شىجۇ قاتارلىقلارنىڭ نوپۇس دەپتىرى كوتىكى» ئەينى ۋاقىتتىكى پۇقرالارنىڭ نوپۇسى رويخەتكە ئېلىنغانلىق ئىپتىدائىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى باشقۇرغاندا، يەر تۈزۈمىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل نوپۇس ئېنىقلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان: (1) ئىۋىرغول (بۈگۈنكى قۇمۇل)، قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان)، بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) قاتارلىق رايونلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوخشاش بولغان ئايماق، ناھىيە، يېزا، تۇتۇن تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. نوپۇس ئېنىقلاشتا ئىلتىماس قىلغان ھەرقايسى تۇتۇنلەر كۆتەككە ئاساسلانغان، بۇ كۆتەكتە نوپۇس ئىگىسى، جان سانى، يېشى، سالاھىيىتى، يېرىنىڭ مو سانى، ئالغان ياكى ئالمىغان ئېتىز سانى قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان. يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قايتا تەكشۈرۈپ، كۆچۈرۈپ كىتابچە قىلىنىپ نوپۇس پىرقىغا يوللانغان. مۇشۇ ئاساستا ئايماق، ناھىيە، يېزا، تۇتۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز ئارا ھۆددىگە بېرىش تۈزۈلمىسى قولغا قويۇلۇپ، يەر تەخسىملەش، غەللە - پاراق يىغىش، ھاشارغا چىقىش قاتارلىق ھەر خىل تۈزۈملەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنغان. (2) ئەنشىدىكى تۆت قورغاندا نوپۇس سانىنى ئوردىغا مەلۇم قىلىپ، باج يىغىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا، ئاھالىلارنى نوپۇسقا ئېلىپ كەسپى بويىچە ئىشقا قويۇش، نوپۇسنى باشقۇرۇش ئىشلىرى پەقەت ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگىلا سۇنۇلۇپ، نوپۇس پىرقىسىغا رەسمىي سۇنۇلمىغان. (3) تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماق - مەھكىمە تەۋەسىدىكى غەربىي تۈرك، تۈرگەش قاتارلىقلار تۈزۈلمە جەھەتتىن بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاچقا، ئىچكى جەھەتتىكى خەلق ئىشلىرىغا پۈتۈنلەي ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلغان. چارۋىچى قوۋملەر دائىم كۆچۈپ يۈرگەچكە، مۇكەممەل بولغان نوپۇس رويخىتى تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 5 - بېتىگە قارالسۇن)

مال - مۈلۈكنى تىزىملاش دەپتىرى ۋېي،

جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى تۇتۇن-
گە قاراپ مال ـ مۈلۈكلەرنى رويخەتكە ئېلىش تۈزۈمى.
خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاددىي ھېساباتتىن كەلگەن.
ھەربىر تۇتۇننىڭ مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە
ئاساسەن رويخەتكە ئېلىپ باج ـ سېلىق بەلگىلەنگەن.
تۇرپاندىن شىمالىي لياڭ دەۋرىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى
تىزىملاش دەپتىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان. كېيىن
«مال ـ مۈلۈكلەرنى تىزىملاش دەپتىرى» ئىشلىتىلمەي-
دىغان بولغان. بىراق، تۇتۇنغا قاراپ باج ـ سې-
لىق، ئالۋاڭ ـ ياساق ئېلىش تۈزۈمى داۋاملىق يولغا
قويۇلۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باج ـ سېلىق، ئالۋاڭ ـ
ياساق ئېلىشىنىڭ مەنبەسى بولغان.

**كۆك دەپتىرى** تاڭ سۇلالىسىدىكى رويخەت شە-
كىللىرىنىڭ بىرى. قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) دىن تې-
پىلغان كۆك دەپتىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۇغىرىش سىس-
تېمىلىرىدىكى توغان ـ توسمىلار بويىچە تۈزۈلگەن بو-
لۇپ، توغان ـ توسما ئىگىلىرى ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ
خەتكە ئالدۇرىدۇ. دەپتەردە تۇتۇن ئىگىسىنىڭ ئىسىم-
فامىلىسى، تېرىلغان كۆكنىڭ مو سانى، ئۆزى تېرىغان
ياكى ئىجارىگە بەرگەنلىكى، يانچىلارنىڭ ئىسىم ـ فا-
مىلىسى، ئايرىلغان نوپۇسى قاتارلىقلار كونكرېت خاتى-
رىلەنگەن. بەزى كۆك دەپتىرىگە يەنە شۇ يەسلدە تېرى-
غان زىرائەت نامى يېزىلىپ، يەر بېجى ئېلىشىنىڭ ئىس-
پاتى قىلىنغان.

**قول سودىسى** قەدىمكى دەۋردىكى بىرخىل
سودا ـ سېتىق ئۇسۇلى. نىيا قەدىمكى خارابىلىقىدىن
قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئىچىدە
(تەخمىنەن Ⅲ~Ⅳ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق) 1995 ـ
يىلى بايقالغان بىر پارچە ھۆججەت قېرىنداشلارنىڭ مى-
راسنى ئۈلۈشۈش ھەققىدىكى كېلىشىمنامە بولۇپ، ئۇ-
نىڭدىكى مال ـ مۈلۈكلەر تىزىملىكىدە «ئەر قول» ،
«ئايال قول» دېگەنناملار ئۇچرىغان. بۇرۇن تېپىلغان
قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىمۇ قول ئېلىپ ـ
سېتىشقا دائىر خاتىرىلەر كۆپ ئۇچرىغان. بىر ئايال
قولنىڭ سېتىلىش باھاسى 41 توپ يىپەك رەخت بول-
غان. تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان
خەنزۇچە ھۆججەتلەردە قول ئېلىپ ـ سېتىشقا دائىر
ۋەسىقىلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، قوچو چېگىپىڭ-
نىڭ 8 ـ يىلى (509 ـ يىلى) ، جەي شاۋيۈەن ئۈچ
يېرىم توپ پاختا رەختكە 25 ياشلىق بىر قول سېتىۋال-
غان. يەنشونىڭ 4 ـ يىلى (627 ـ يىلى) ، جاۋ مىڭ-
ئېر بىر مەلىكىلىك ئىشلەمچى (مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش
تېخنىكىسىغا ئىگە قول) نى 380 كۈمۈش يارماققا 20
يىللىق سېتىۋالغان، بۇ ئىشلەمچىنىڭ سېتىلىش باھا-
سى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر مىسالدۇر. يەنشونىڭ 6 ـ
يىلى (639 ـ يىلى) ، بىردىنبىر سوغد يېزىقىدا يې-
زىلغان قول ئېلىپ ـ سېتىشقا دائىر توختامنامىدە
سوغدىيا دۆلىتى (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاندىكى سەمەر-
قەنت) دە ئايال قولنىڭ سېتىلىش باھاسى 120 پارس
كۈمۈش تەڭگىسىگە توختىغان، قوچودا بولسا قولنىڭ
باھاسىنى بازار بەلگىلىگەن. تاڭ سۇلالىسى كەييۈەن
يىللىرىدا قوچو (تۇرپان) بازىرىدا 12 ~ 13 ياشلىق
ئۇيغۇر قول 40 توپ رەخت بىلەن ئالماشتۇرۇلغان.
مەركىزىي ئاسىيادىكى غۇز سودىگەرلىرى قول، كالا،
ئاتلارنى بۇ جايغا ئەكەلگەن ياكى بۇ جايدىن شەرققە
ئاپىرىپ ساتقان. قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرىدىن ئېل-
گىرى ـ كېيىن بولۇپ تېپىلغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىمۇ
قول ئېلىپ ـ سېتىشقا دائىر ھۆججەتلەر بايقالغان، بۇ
ھۆججەتلەردىكى توختامنامىلەردە بىر قولنىڭ باھاسى
52 قامدۇ (رەخت پۇل) ياكى توققۇز ياستۇق ئاق
كۈمۈش بولغان. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ يىل دەۋرى تەخمى-
نەن 13 ـ ئەسىرلەرگە مەنسۇپ.

**سودا بېجى** غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىق دۆلەت-
لەرنىڭ ئاساسلىق مالىيە كىرىمى. Ⅴ ئەسىرنىڭ ئاخى-
رىلىرىدىكى جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە،
كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا) ، ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن)
لەردىكى سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى كۈمۈش پۇللار بى-
لەن باج تۆلىگەن. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇ-
بىي چېتىدىكى تۇيغۇن دۆلىتى (300 ~ 688 ـ يىللى-
رى) دە مۇقىم باج ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغان،
كېرەك بولغاندا بايلاردىن، سودىگەرلەردىن سودا بېجى
قاتارلىق ھەرخىل باجلار ئېلىنغان. Ⅵ ئەسىردە تېلېلار
ئۇرغۇل (بۈگۈنكى قۇمۇل) ، قوچو (بۈگۈنكى تۇر-
پان) ، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى تىزگىنلەپ، ئۇ
جايلارغا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئەمەلدار ـ بەگلەرنى ئەۋە-
تىپ، كېلىپ ـ كەتكەن غۇز سودىگەرلىرىدىن باج
ئېلىپ تۇرغان. تاڭ گاۋزۇ ۋۇدېنىڭ 2 ـ يىلى (619 ـ
يىلى) ، غەربىي تۈركلەر تېلېلارنى ھەيدىۋېتىپ، قوچو
ۋە تارىم ئويمانلىقىنى تىزگىنلەپ، ھەرقايسى ئەللەر-
دىن سودا بېجى قاتارلىق ھەرخىل باجلارنى ئالغان. كيۇ
جەمەتىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە (502 ~
640 ـ يىللىرى) ، سودىدىن ئېلىنىدىغان باج «باھا
پۇلى» دەپ ئاتىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ يېرىمىدىن

تۆلىگەن. باج نىسبىتى سودا مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 4% نى ئىگىلىگەن. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، كەييۈەننىڭ 7 - يىلى (719 - يىلى)، ھەربىي ئېھتىياجنى قامداش ئۈچۈن سودا بېجى يىغىشقا پەرمان چۈشۈرۈلگەن. شىمالدىكى قاتناش يولىدا قاتناپ يۈرىدىغان سودىگەرلەردىن ئېلىنىدىغان باجغا ئۇرۇمتاي (ئۇرۇمچى) مەسئۇل بولغان.

ئىكتا تۈزۈمى ئوتتۇرا ئەسىردە مەركىزىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردا يولغا قويۇلغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى. ئىكتا ئەرەبچە «سۇيۇرغال قىلىش» دېگەن مەنىدە ئىدى. سۇيۇرغاللىققا بېرىلگەن يەرلەردىكى يەر بېجى تۆھپە كۆرسەتكەن ۋاڭ، بەگلەرگە تەمىنات سۈپىتىدە ئىنئام قىلىنغان. ئىكتا تۈزۈمى قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەم قوشنا ئەللەردىكى رايونلاردا يولغا قويۇلغان. ئىكتاغا ئىگە بولغۇچىلار «موكتا» دەپ ئاتىلىپ، سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەرگە باش ۋالىي قاتارلىقلار مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزگەن. كېيىنچە خىزمەت كۆرسەتكەن، تۆھپە كۆرسەتكەن ۋاڭ، بەگلەرگىلا ئەمەس، ئادەتتىكى ئەمەلدار ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارغىمۇ ئىش ھەققى ئورنىدا بېرىلىدىغان بولغان. ئەڭ دەسلەپكى سۇيۇرغالدىن يەرلەرنى ئۆمۈرلۈك ۋارىسلىق قىلىشقا بېرىش، ھەتتا مىراسلىققا بېرىشكە ئۆزگەرگەن. ئىكتا تۈزۈمى ھوقۇق مەركەزلەشكەن مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن قارىمۇقارشى نەرسە ئىدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سۇيۇرغال يەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، بار كۈچى بىلەن ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ چىقىش غەرىزىدە قالايمىقان ئۇرۇش، تالاش - تارتىشلارنى توختاتمىغان. سۇيۇرغال سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ يەر بېجىمۇ نىسبەتەن ئازىيىپ كەتكەن. نۇرغۇن ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى بېقىش ئۈچۈن، يەنە داۋاملىق سۇيۇرغال قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى ھەل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن باج كىرىمى تېخىمۇ ئازىيىپ دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغان. بۇنداق يامان ئەھۋاللارنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرۇشى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاجىزلىشىپ سۇيۇرغال ئىگىلىرىنىڭ كۈچىيىشىدەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدا فېئودال خوجىلارنىڭ خانلىقتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشى ياكى مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇۋېلىشى دەل ئىكتا تۈزۈمى ئەۋج



ئېلىپ كېتىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

پاك - دىيانەتلىك بولۇش تەمىناتى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىدىن سىرتقى يەر ياكى كۈمۈش پۇل. پاك - دىيانەتلىك بولۇش يېرى سوڭ سۇلالىسىدىن باشلانغان. چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭ خان دەۋرىدە، مۇلكىي بەگلەرگە پاك - دىيانەتلىك بولۇش پۇلى بېرىلگەن، چيەنلوڭ خان دەۋرىدە ھەربىي بەگلەرگە پاك - دىيانەتلىك بولۇش پۇلى بېرىلگەن. ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى - تۆۋەن، رايونلار پەرقى پەرقلىق بولغاچقا، بېرىلىدىغان پۇل سانىمۇ ئوخشىمىغان. ئۇيغۇر بەگلىرىگە بېرىلىدىغان پاك - دىيانەتلىك بولۇش تەمىناتى پاك - دىيانەتلىك بولۇش پۇلى ۋە پاك - دىيانەتلىك بولۇش يېرى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن. پاك - دىيانەتلىك بولۇش پۇلى «پاك - دىيانەتلىك تەڭگىسى» دەپ ئاتالغان. ئۇ قەشقەر، خوتەن، يەركەن قاتارلىق جايلاردىكى بەگلەرگە بېرىلگەن. ئەڭ دەسلەپتە مەھكىمە ئىسپاتنامە تارقىتىپ بەرگەن . بىراق، بەگلەر ئۆزىگە تەۋە ئاھالىلەرنى يىغىپ «پۇل» توپلايدىغانلىقتىن، قانۇنسىز ئىشلار كۆپ يۈز بەرگەن. چيەنلوڭنىڭ 40 - يىلى (1775 - يىلى)، مەھكىمىدىكىلەر ئۆزى بىر تۇتاش يىغىپ، بەگلىك دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بويىچە ئايرىپ تارقىتىشقا ئۆزگەرتىلگەن. بەگلەرنىڭ كىرىم مەنبەسى بولغاچقا، پاك - دىيانەتلىك بولۇش پۇلى بېرىلمىگەن، باشقا شەھەرلەردىكى كىچىك سودىگەرلەر سودا - سېتىق قىلىدىغان جايلاردىكى بەگلەرگە پاك - دىيانەتلىك بولۇش يېرى بېرىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇش پۇلى بەرمىگەن، پاك - دىيانەتلىك بولۇش يېرىنىڭ سانى بەگلىك دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە تېرىقچىلىق قىلىشقا ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشقا بەلگىلىك ساندىكى يانچىلار بېرىلگەن. چيەنلوڭ دەۋرىدە، 3 - دەرىجىلىك ھاكىمبەگكە 200 پاتمان يەر ۋە 100 يانچى، 4 - دەرىجىلىك بەگكە 150 پاتمان يەر ۋە 50 يانچى، 5 - دەرىجىلىك بەگكە 100 پاتمان يەر ۋە 30 يانچى، 6 - دەرىجىلىك بەگكە 50 پاتمان يەر ۋە 15 يانچى، 7 - دەرىجىلىك بەگكە 30 پاتمان يەر ۋە سەككىز يانچى بېرىلگەن. جىياچىڭ دەۋرىدە بېرىلىدىغان يەر ۋە يانچىلارنىڭ سانى ئازايتىلغان. شۇنداق بولسىمۇ بەگلەر مەھكىمىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يەر ۋە يانچىلارنى بەلگىلەنگەن ساندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىگىلىۋالغانلى-

رىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. تۇڭجىنىڭ 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى)، دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن، بەگلەر پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش تەمىناتىغا ئېرىشىشكە ئامالسىز قالغان. گۇاڭشۈينىڭ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى)، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ تۈزۈم بەگلىك تۈزۈمى بىلەن تەڭلا بىكار قىلىنغان.

**يانچى** كونا جەمئىيەتتە بەگلەرگە يەر تېرىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئاتىلىشى. چيەنلوڭنىڭ 24ـ يىلى(1759ـ يىلى)، شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بەگلىك تۈزۈمى داۋاملىق يولغا قويۇلغان. بەگلەرگە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش تەمىناتى سۈپىتىدە مەلۇم مىقداردىكى تېرىلغۇ يەر بېرىلىشتىن سىرت، يەنە دەرىجىسىگە قاراپ شۇ يەرلەرگە ئىشلەيدىغان دېھقانلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يەرگە ئىشلەيدىغان دېھقانلارنىڭ سانى 20 ~ 30 دىن تارتىپ ھەتتا 100 گىچە يەتكەن، ئۇلار ئاساسەن تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ھەمراھ بولۇش، قول بولۇش قاتارلىق ئىشلاردا بولغان، ئاشلىق بېجى تاپشۇرمىغان، ئورنى قۇللار بىلەن ئوخشاش بولغان. گۇاڭشۈينىڭ 13 ـ يىلى (1887 ـ يىلى)، بەگلىك تۈزۈمى بىلەن تەڭلا بىكار قىلىنغان.

**ئۇيغۇرلاردىكى كونا ئۆلچەم تۈزۈمى** (1) چارەك. قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. چيەنلوڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى)، قەشقەر، خوتەن، يەركەن قاتارلىق جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھەرقايسى جايلاردىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئوخشاش ئەمەس ئىكەن. كېيىن ھۆكۈمەت بىردەك ئۆلچەم بىرلىكىنى بېكىتكەن. «چىڭ سۇلالىسى قانۇنلىرىدىن ئۈرنەكلەر» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 1 پاتمان 53 كۈرە ئاشلىققا، 1 غەلبۇر 6.625 كۈرەگە، 1 چارەك 10 جىڭغا تەڭ ئىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنى ھەم مىقدارنى، ھەم سىغىمچانلىقنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلگەن. «خەننامە. تۈزۈك ـ كالېندارچىلىق تەزكىرىسى» دە بېكىتىلگەن ئەنئەنىۋى سۇندۇرۇپ ھېسابلاش نىسبىتى 1 تاغار 120 جىڭغا باراۋەر. يۇقىرىقىدەك ئۆلچەشتە سەككىزنى كۆڭۈلدە قالدۇرۇپ ئۆلچەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. چىڭ دەۋرىدىكى خەزىنە تۈزۈمىنىڭ ئۆلچىمى (1 جىڭ 597 گرامغا تەڭ) بويىچە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، 1 چارەك 5.97 مىڭ گرامغا تەڭ ئىكەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، غەربلىكلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ سەككىزنى كۆڭۈلدە قالدۇرۇپ ئۆلچەش ئۇسۇلىنىڭ بىردەك قوللىنىلغانلىقى ئۈستىدە دوكلات بەرگەن. بىراق، ئۆلچەش نەتىجىسىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. ئەمەلىيەتتە، ئىككى خىل چارەك ئىشلىتىلگەن. بىر خىل چارەك ئاشلىقنى كەملەشتە ئىشلىتىلگەن: 1 چارەك 7.16 ~ 9.55 كىلوگرامغا تەڭ؛ يەنە بىر خىل چارەك خام يىپەك ۋە چاينىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلگەن: 1 چارەك 2.27~3.07 كىلوگرامغا تەڭ بولغان. XX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى تەكشۈرۈلگەن دوكلاتتا 1 چارەك ئاشلىق 9.55 ~ 14.93 كىلوگرامغا تەڭ بولغان. چارەكنىڭ ئۆلچىمى ئۆزلۈكسىز كېڭەيگەن. (2) يەر كۆلىمى. 1 پاتمان ئۇرۇق بىلەن تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 1 پاتمان يەر دەپ ئاتالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا قەدىمكى دەۋردىكى يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى تېرىش ئۆلچىمىدە 1 پاتمان يەر بۈگۈنكى تۈزۈمدىكى 59 ~ 79 مو (1 مو 614.39 كۋادرات مېتىر) غا تەڭ، سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 3.6249~4.8537 گېكتار بولاتتى. (3) ياغاچ چۈبگەز ئىككى خىل بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 گەز ۋە 2.5 گەز كېلەتتى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان ئۆلچەم ئۆلچىمىگە (1 گەز 32 سانتىمېتىرغا تەڭ) ئاساسلانغاندا، ياغاچ ئۆلچىگۈچنىڭ ھەر بىرى 160 سانتىمېتىر ۋە 80 سانتىمېتىرغا توغرا كېلەتتى. بۇ خىلدىكى كونا تۈزۈم چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان، ھازىر قايتا ئىشلىتىلمەيدىغان بولغان.

**سۇغىرىش ئېتىزى** بوستانلىقلاردىكى سۇغىرىپ تېرىلىدىغان يەرلەر. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ساك خۇنچىيالى خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «بۈگۈرنىڭ شەرقى ··· زېمىنى كەڭ، سۇ، ئوت ـ چۆپلىرى مول، 5000 گېكتاردىن ئارتۇق سۇلۇق تېرىلغۇ يېرى بار ئىكەن. ھاۋاسى ئىللىق، يېرى مۇنبەت ئىكەن، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ زىرائەت تېرىسا ··· چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىشقا پايدىلىق» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۆچمەنلەر بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىغان. بۇ دېھقانچىلىقتىكى سۇغىرىش ئىشلىرىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن. جىن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، قوچو (تۇرپان) رايونىدا يەرلەر يەرنىڭ سۈپىتى ۋە سۇغىرىش

ئەھۋالىغا قاراپ سۇغىرىش ئېتىزى، سازلىق يەر (سۇلۇق يەر)، شورلۇق يەر، كۆلچەكلىك يەر (سۇ يىغىلىپ قالغان ئېتىز) لەر دەپ ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە ئايرىلغان. سۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مەزگىللىك نۆۋەت بىلەن سۇغىرىلغان، ئۆستەڭ باشقۇرۇش ئورگىنى قۇرۇلغان. كۇسەن (كۇچا) رايونلىرىدا قېزىش - چېپىش ئورگىنى، قېزىش - چېپىش بېگى تەسىس قىلىنىپ، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى قەرەللىك رېمونت قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، خەلققە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرغان.

**سوقا بىلەن يەر ھەيدەش** ئۆكۈزگە سوقا سۆرىتىپ يەر ھەيدەپ دېھقانچىلىق قىلىش سوقا بىلەن يەر ھەيدەش دەپ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدا سوقا بىلەن يەر ھەيدەش خەن دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئاساسەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى خەن سۇلالىسى چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلغان رايونلاردا شۇنداق تېرىقچىلىق قىلىنغان. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە خەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان سوقىنىڭ تۆمۈر چىشى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ گۇەنجۇڭدىكى لوڭشيەن ناھىيىسىدىن قېزىۋېلىنغان سوقا تۆمۈر چىشىنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كۈنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى خەن، جىن دەۋرلىرىگە مەنسۇپ قەدىمكى شەھەر خارابىلىقىدىنمۇ شەكلى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان سوقا تۆمۈر چىشى بايقالغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆمۈردىن ياسالغان سوقا چىشى خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىشتىن قېپقالغان قالدۇق بولسا كېرەك، غەربىي يۇرتتىكى خەلق ئارىسىدا تېخى كەڭ قوللىنىلمىغان. ۋېي، جىن مەزگىللىرىدە كروران (لوپنۇرغا يېقىن) دا چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىنغان بولۇپ، ئۆكۈز بىلەن يەر ھەيدەش ئەھۋاللىرى كۆپ كۆرۈلگەن. VII ئەسىردىن كېيىن، تاڭ دەۋرىدىكى قوچو ئايمىقىدا سوقا بىلەن يەر ھەيدەش ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلگەن.

**يەر ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى** فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئىجارىكەش دېھقانلارنى ئېزىشىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە، تارىم ئويمانلىقىدا ئاللىقاچان يولغا قويۇلغان. II ~ IV ئەسىرلەردىكى قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە يەر ئىگىلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى يىغقانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، قوچو (تۇرپان) دا ئىجارىگە بېرىلگەن ئېتىز «يازلىق ئېتىز» دەپ ئاتالغان. ئىجارە ئېتىزلار ھەققىدىكى خاتىرە ئەڭ دەسلەپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيخېنىڭ 2 - يىلى (436 - يىلى) ئۇچرايدۇ، كېيىن قوچو كېۋ جەمەتىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (502 ~ 640) دە ۋە تاڭ دەۋرىدىكى قوچو رايونلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان. يەرنى ئىجارىگە ئالغۇچى باج ۋە ھاشارغا، ئىجارىگە بەرگۈچى ئورۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە تېرىقچىلىق ھايۋانلىرىغا ئىگە بولغان. يەر مەھسۇلاتىنىڭ كۆپ - ئازلىق پەرقىگە ئاساسەن ئىجارە ھەققىدىمۇ پەرق بولغان. ئادەتتە 10 نىڭ 5 ئۈلۈش ئەتراپىدا بولغان. تاڭ دەۋرىدىن كېيىن، يەر ئىگىسى ۋە يەرنى ئىجارە ئالغۇچى ئىككى تەرەپ مەھسۇلاتنى تەڭ يېرىمدىن ئايرىپ ئالىدىغان تۈزۈم يولغا قويۇلغان. يەرنى ئىجارىگە بېرىشتە يەنە تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەن: تېرىلغۇ يەر تارقاق جايلاشقان، ئارىلىقى يىراق بولغانلىقتىن ئۆز ئارا ئىجارىگە بېرىلگەن، تېرىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن ئىجارىگە بېرىلگەن، يەنە يەرلەر يېپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقتىن كۆپ مىقداردىكى پۇل ئوبوروت بولۇپ، ئىجارە ھەققىنى پۇل بىلەن تۆلەش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. قوچو دەۋرىدە «يازلىق باھاسى» دا تاپشۇرىدىغان كۈمۈش تەڭگە بارلىق ئىجارە ھەققىنىڭ 1/3 نى ئىگىلىگەن. ئۇدۇن (خوتەن)، كۇسەن (كۇچا) قاتارلىق جايلاردىمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. كېيىنكى تارىخىي باسقۇچتا يەر ئىجارىگە بېرىش مۇناسىۋەتلىرىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 5 - بېتىگە قارالسۇن)

**چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش** تارىختىكى خانلىقلار خانلىق قوشۇنىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئەمگەكچىلەرنى تەشكىللەپ، ھۆكۈمەت يەرلىرىدە تېرىقچىلىق قىلىشتەك دېھقانچىلىق شەكلى. بۇ خىلدىكى چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرى خەن سۇلالىسىدىن باشلىنىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كېڭەيگەن، تېرىقچى چېرىكلەر تېرىقچىلىق قىلىشى، پۇقرالارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىمۇ، ئاساسەن چېرىكلەر تېرىقچىلىق قىلغان.

*خەن دەۋرى* جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان

سەپىرىدىن كېيىن، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىكىلەرنىڭ ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلىشىشقا
باشلىغان. سەپەرگە چىققانلارنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن، تيەنخەن يىللىرى (مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 100 ~ 97 ـ يىللىرى) دا، خەن سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى بۈگۈر، كورلا قاتارلىق جايلارغا نەچچە يۈز
چېرىك ئەۋەتىپ تېرىقچىلىق قىلغۇزغان ھەم يالۋاچ
چېرىكچى دېگەن مەنسەپ تەسىس قىلىپ ئۇلارنى باش-
قۇرغان. ئۇرۇق، ئۆكۈز، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قا-
تارلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى
ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن. چېرىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە
تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقان ھوسۇلنىڭ
ھەممىسى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلغان. جاۋدى دەۋرىگە
بارغاندا (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 86~74 ـ يىل-
لىرى)، ئۇردا ساڭ خوڭيالڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۈگۈردە
چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىشنى كېڭەيتىش
تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇزۇن تاتى (چىرانىڭ شەر-
قىي شىمالىدا) نىڭ خان تېگىنى لايتانىي چېرىكچى سان-
غۇن قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ پىلاننى يۈرگۈزۈشكە ئەۋەت-
كەن. دىجيېنىڭ 2 ـ يىلى چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچە-
لىق قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
68 ـ يىلى) كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، گۇناھى كەچۈرۈم
قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى قوشقاندا كورلا تەۋەسىدە تې-
رىقچىلىق قىلىشقا قاتناشقان چېرىكلەر كۆپىيىپ 1500
گە يەتكەن. يۈەنكاڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگى-
رىكى 77 ـ يىلى)، خەن سۇلالىسى پىشامشان خانلى-
قىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئەمرلەشكەردىن بىر، چې-
رىكتىن 40 نى مىرەن شەھىرى (بۈگۈنكى چارقىلىق-
تىكى مىرەن) گە تېرىقچىلىق قىلىپ ئاشلىق توپلاشقا
ئەۋەتكەن. كېيىن كۆلىمى كېڭىيىپ يېتەكچى چېرىك-
چىبەگ تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا مەسئۇل قىلغان.

شېنجۆنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
60ـ يىلى)، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى
قۇرۇلۇپ، چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش مەر-
كىزى كورلىدىن ئالدى قوش (تۇرپان ئەتراپى) قا
يۆتكەلگەن. يۈەندى چۇيۈەنىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە-
دىن بۇرۇنقى 48 ـ يىلى)، قورۇل چېرىكچىبەگ
مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق
قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. تېرىقچى چېرىكلەر
دەسلەپ يارغول شەھىرى (بۈگۈنكى تۇرپاننىڭ غەربى-
دە) ئورۇنلاشقان، كېيىن ئىدىقۇت شەھىرى (بۈگۈنكى
تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبى) گە يۆتكەلگەن. تېرىقچىلىق
قىلىنغان رايونلار شەرقتىكى لۈكچۈن رايونلىرىغىچە
يەتكەن. تېرىقچىلىق قىلغان چېرىكلەر 4000 ~
5000 ئەتراپىدا بولۇپ، كورلا، بۈگۈر، پىشامشانلار-
دىكىنى قوشاندا 7000 غا، تېرىلغان يەر 10 مىڭ موغا
يەتكەن. ئۇسسۇن بىلەن بولغان تالاش ـ تارتىشنى تىنچە-
تىش ئۈچۈن، قۇم (ئاقسۇ)، قاراشەھەر قاتارلىق جاي-
لاردىكى قىسقا مەزگىللىك تېرىقچىلىق ھېسابلانمىغان.

*شەرقىي خەن دەۋرى* چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچە-
لىق قىلىش كۆلىمى كۆرۈنەرلىك كىچىكلىگەن، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە مۇقىم بولمىغان. يۇڭپىڭنىڭ 16 ـ يىلى
(مىلادىيە 73 ـ يىلى)، دوگۇ چېرىك باشلاپ ھۇنلار-
نىڭ قويان قاغانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىۋىرغول (بۈ-
گۈنكى قۇمۇل) چېرىكچى بېگى تەسىس قىلىپ، ئىۋىر-
غولدا تېرىقچىلىق قىلغان. جيەنچۇنىڭ 2 ـ يىلى (مى-
لادىيە 77 ـ يىلى) غا بارغاندا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.
يۇڭجيەنىڭ 6 ـ يىلى (131 ـ يىلى)، ئىۋىرغولدا
چېرىكچى ئامبال تەسىس قىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىن-
غان. يۈەنجيانىڭ تۇنجى يىلى (151ـ يىلى)، 500
دەك چېرىك ھۇنلارنىڭ قويان قاغانى تەرىپىدىن يوقى-
تىلغان. قوشتىكى چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قى-
لىشمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەزىدە
گۈللىنىپ، بەزىدە خارابلىشىپ تۇرغان. يۇڭپىڭنىڭ
17 ـ يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى)، خەن سۇلالىسى
قوشۇنى ھۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، قورۇل چېرىكچى
بېگى تەسىس قىلغان. قورۇل چېرىكچى بېگى گۆەن
لۇڭ نەچچە يۈز چېرىكنى باشلاپ لۈكچۈندە تېرىقچىلىق
قىلغان. قورۇل چېرىكچى بېگى گېڭ گۇڭ نەچچە يۈز
چېرىكنى باشلاپ ئالتۇنبالىق (جىمسار) تا تېرىقچىلىق
قىلغان. جيەنچۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 76 ـ يى-
لى)، ھۇنلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە چېكىنىپ كەتكەن. يۇڭيۈەنىنىڭ
3 ـ يىلى (مىلادىيە 91 ـ يىلى)، بەن چاۋ غەربىي
يۇرت قورۇقچىبەگلىك ئورنىغا ئولتۇرۇپ، قورۇل
چېرىكچى بېگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 600 چېرىك
بىلەن ئالدى قوش تەۋەسىدىكى قوچودا تېرىقچىلىق قىل-
غان ھەمدە ئارقا قوش تەۋەسىدىكى جىمساردا تېرىقچى
بېگى تەسىس قىلىپ تېرىقچىلىق قىلغان، يۇڭچۇنىڭ
تۇنجى يىلى (107 ـ يىلى) بىكار قىلىنغان. يەنگۇاڭ-
نىڭ 2ـ يىلى (123 ـ يىلى)، بەن يۇڭ 500 چېرىك
بىلەن لۈكچۈندە تېرىقچىلىق قىلغان، يۇڭجيەنىڭ 2ـ
يىلى (127 ـ يىلى) بىكار قىلىنغان. يۇڭپىڭنىڭ 16
ـ يىلى (مىلادىيە 73 ـ يىلى) دىن كېيىن، كرورانى-
كى چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىمۇ
ئوردا ۋەزىرلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن، جيەنچۇڭ-

نىڭ تۇنجى يىلى (76 ـ يىلى) بىكار قىلىنغان.

*ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرى* «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇمەينىڭ باشچىلىقىدا ئەچچە مىڭ چېرىك كروران، پىشامشان قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىپ، چەرچەن دەرياسىدا سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ، «قىلىپ ئۈچ يىل تېرىقچىلىق، دۆۋىلەندى تاغدەك تېرىق» تەك ئەھۋالنى بارلىققا كەلتۈرگەن. نىيادا دېھقانچىلىق ئىشلىرى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ تېرىقچىلىقمۇ قىلىنغان. ۋېي، جىن مەزگىللىرىدە، كروراندىكى چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىمۇ غەربىي يۇرت دورغايىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ۋە چېرىكلەرنىڭ سانى 1000 غا يېقىنلاشقان. Ⅳ ئەسىردىن كېيىن ھەممىسى توختىتىلغان.

*تاڭ سۇلالىسى دەۋرى* Ⅶ ئەسىردە، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. ۋۇزېتيەن چاڭشۇنىڭ تۇنجى يىلى (692 ـ يىلى)، ۋاڭ شياۋجيې قوشۇن باشلاپ تۈبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا 30 مىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق قوشۇن ئەۋەتكەن. چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىنغان رايونلار ئەنشى (كوچا) دە 20 ئورۇن، سۇلى (قەشقەر) دا يەتتە ئورۇن، قاراشەھەردە يەتتە ئورۇن، بەشبالىق (جىمسار) تا 20 ئورۇن، ئۈسرغول (بۈگۈنكى قۇمۇل) دا بىر ئورۇن، توقسۇندا بىر ئورۇن بولۇپ، جەمئىي تېرىقچىلىق قىلىنغان يەر 56 ئورۇن بولغان. تېرىقچىلىق قىلىنغان يەرنىڭ كۆلىمى خەن دەۋرىدە تېرىقچىلىق قىلىنغان يەر كۆلىمىدىن بىر ھەسسە ئاشقان. كەيۈەن يىللىرى (713 ~ 741)، ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرى توشۇپ كەتكەن. بەشبالىقتا ساقلانغان ئاشلىق بەش يىلدىن ئارتۇق يېيىشكە يېتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى ئايماقلاردا ھاشارغا سېلىش ئۇسۇلى بىلەن خەلق كۈچىدىن پايدىلىنىلغان ھەمدە ئۇلار ياردەمچى تېرىقچىلار دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، توقسۇن قوشۇنىنىڭ 50 گېكتار، لۈكچۈن قوشۇنىنىڭ 30 گېكتار، بەيشۈي (بۈگۈنكى تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەيياڭگو) قوشۇنىنىڭ 20 گېكتارغا يەتكەن. تېرىقچىلىق قىلىنغان يەرلەردىن چىققان ھوسۇل مەھكىمىگە تاپشۇرۇلۇپ، مەمۇرىي چىقىملارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

ئوردا يەنە يەرلىكتىكى بارلىق تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ھەققىدە قاتتىق پەرمان چۈشۈرگەن. مەسىلەن، قوچو ئايمىقىدىكى ھەرقايسى قوشۇن تۇرۇشلۇق كۆرەلەرنىڭ 10 گېكتاردىن ئوشۇق تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. ئۆتەڭلەردىكى 2 ~ 3 چېرىكمۇ تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆزلىرىنى ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىنى قامدىغان. يەر تېرىشقا ئېھتىياجلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى ھۆكۈمەت ھەقسىز تەمىنلىگەن، يەر تېرىشقا چېرىكلەر ۋە يىغىۋېلىنغان جىنايەتچىلەرمۇ قاتناشقان. چېگرىدىكى چېرىكلەر مۇددەتلىك ئالماشتۇرۇلۇپ تۇرغان، ئالماشتۇرۇشقا يېتىشمىسە ساغلام، قابىل ياشلاردىن تولۇقلانغان. ئۇلارغا ھۆكۈمەتتىن تۇرمۇش لازىمەتلىرى بېرىلگەن ھەم ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلىشىشقىمۇ يول قويۇلغان. چېرىكلەر تېرىپ ئېرىشكەن ھوسۇل ئاساسەن مەزكۇر قوشۇننىڭ ئامبىرىدا ساقلانغان.

تاڭ دەۋرىدە چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا دائىر مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە بىر يۈرۈش باشقۇرۇش سىستېمىسى بار ئىدى. خەن گاۋزۇڭ دەۋرىدە «ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى بىلگۈچى بەگ» دېيىلگەن مەنسەپ بولغان، كەيۈەننىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بېگى» دەپ ئاتالغان. ئەنشى، بەشبالىق ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بېگىلىك ۋەزىپىسىنى ئادەتتە قورۇقچى بەگ ياكى ھىراۋۇل قوشۇمچە ئۆتىگەن. ھەرقايسى ئايماق ـ مەھكىمىلەردىكى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بېگىلىك ۋەزىپىسىنى ئايماق ـ مەھكىمىنىڭ بېگى قوشۇمچە ئۆتىگەن، كونكرېت ئىشلارغا ئامبار پىرقىسى مەسئۇل بولغان. ھەرقايسى قاراشلىق تېرىقچىلىق ئورۇنلىرى بېكىتىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. تاڭ دەۋرىدىكى تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرى كەيۈەن مەزگىلىدە گۈللەپ ياشنىغان. كېيىن ھەرقايسى مەھكىمە ـ ئايماقلاردىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەمگەك كۈچى قىس بولۇشتەك ئەھۋال كۆرۈلگەنلىكتىن، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئامالسىز ئۆزگەرتىلگەن: چېرىكلەر تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلەر پۇقرالارغا ئىجارىگە بېرىلگەن، بۇنىڭ بىلەن چېرىكلەرنىڭ ئورنىدا پۇقرالار تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۆزگەرگەن. پۇقرالار چېرىكلەردىن قالغان يەرلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان، بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى يەنىلا ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن. پۇقرالار ھەر يىلى ھوسۇلنىڭ 50%نى يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان.

*يۈەن سۇلالىسى دەۋرى* بۇ دەۋردە غەربىي يۇرتتا

چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ كۆلىمى بىر ئاز كىچىك بولغان. تېرىقچىلىق قىلىنغان يەر ئاساسەن بەشبالىق (جىمسار)، چەرچەن، قەشقەر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلار بىلەنلا چەكلەنگەن. تېرىقچى چېرىكلەر، ھۇنەرۋەنلەرنىڭ سانى 1000 ئەتراپىدا بولغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنى ئىلىغا يۆتكەپ دېھقانچىلىق قىلدۇرغان، ئۇلار «تارانچى» دەپ ئاتالغان.

*چىڭ سۇلالىسى دەۋرى* چىڭ دەۋرىدە، شىنجاڭدا چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان بولۇپ، ئاساسەن چېرىكلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەقسەت قىلىنغان. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى شىنجاڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۆچمەنلەرنىڭ شىنجاڭدا دېھقانچىلىق قىلىش ئىشلىرى باشلانغان: (1) چېرىكلەر تېرىقچىلىق قىلىش. خەنزۇ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يېشىل تۇغلۇقلار قوشۇن ئەسلىدىكى تۈزۈلمە بويىچە مەركەزلىك تېرىقچىلىق قىلغان، ھۆكۈمەت يەر، دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇلاغ، ئۇرۇق قاتارلىقلارنى ئاجرىتىپ بەرگەن. ھەر بىر ئادەم 20 مو يەر تېرىپ، يىلىغا تەخمىنەن 15 دەن ئاشلىق ئېلىپ، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقان ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرىغا تاپشۇرغان. ئىش ھەققى ھېسابىغا ئاشلىق ئېلىپ ئۆز ئائىلىسىنى باققان. بىر قىسىم چېرىكلەر تېرىغان يەرلەر دېھقانلارغا تېرىشقا ئىجارىگە بېرىلگەن. (2) پۇقرالار تېرىقچىلىق قىلىش، يەنە تۇتۇنلەر تېرىقچىلىق قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ يەر تېرىغۇچىلارنىڭ ھەر بىر تۇتۇنىگە 30 مو يەر بېرىلگەن، كۆپرەك تېرىيدىغانلارغا چەك قويۇلمىغان، ھۆكۈمەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن. يەرنىڭ مۇددىتى توشقاندا پۇقرالارغا بېرىلىپ، ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ بىر تۇتاش باشقۇرغان. (3) جىنايەتچىلەر تېرىقچىلىق قىلىش. ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ئېلىپ چىققان جىنايەتچىلەر تېرىقچىلىققا سېلىنغان، ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۇرۇق قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىگەن. ھەر بىر ئادەم 12 مو يەر تېرىپ ھۆكۈمەتكە 6 دەن ئاشلىق تاپشۇرغان. بۇنداق يەرلەر چېرىكلەر تېرىقچىلىق قىلغان يەرلەر بىلەن قوشۇپ تېرىلىپ، چېرىكلەرنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولغان، قېچىپ كەتكۈچىلەر قاتتىق جازالانغان. مۇددىتى توشۇپ خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنلەر يۇرتىغا قايتۇرۇلماي شۇ جايدا نوپۇسقا ئالدۇرۇلغان. ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ چىققۇچىلارغا ئائىلىسىنى بېقىشقا ئايرىم بەش مو يەر بېرىلگەن. (4) ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق قىلىش. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ قاقاسلىقلاردا تېرىقچىلىق قىلدۇرغان، شۇ مىللەتتىن بولغان ھاكىمبەگلەر ئۇلارنى باشقۇرغان. ھەربىر تۇتۇن يىلىغا 16 دەن ئاشلىق تاپشۇرغان. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قەدىمدە «ئۇيغۇرلار رايونى» دەپ ئاتالغان. (5) خوشۇنلار تېرىقچىلىق قىلىش. ئىچكىرى جايلاردىن ئىلىغا شىبە، مانجۇ قاتارلىق سەككىز تۇغلۇق خوشۇننىڭ ئەمەلدار - چېرىكلىرى ۋە بىكار چېرىكلەرگە يەر بېرىلگەن. شىبەلەر ئۆزلىرى تېرىپ، ئۆزلىرى يەپ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان، مانجۇلار دېھقانچىلىق قىلىشتا خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان. يۇقىرىدىكى ھەرخىل شەكىلدىكى چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، چېرىك تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

## شىنجاڭ تېرىقچىلىق قىلىش نىزامنامىسى

نىزامنامە ئىسمى. چىڭ سۇلالىسى ئىچكىرىدىكى دېھقانلارنى شىنجاڭغا كېلىپ قاقاسلىقلارنى ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا تەشكىللىگەن ھەمدە ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئوخشىمىغان تېرىقچىلىق قىلىش نىزامنامىسىنى بېكىتكەن. مۇھىم بولغانلىرىدىن: (1) چيەنلوڭنىڭ 21 - يىلى (1766 - يىلى)، شەنشى، گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى ۋۇ داشەن بەش ماددىلىق «مورىدا پۇقرالارنى ئورۇنلاشتۇرۇش نىزامنامىسى»نى بەلگىلىگەن. نىزامنامىدە ھەربىر تۇتۇنگە تېرىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت يېرىدىن 30 مو يەر بېرىلىدۇ، يەر تېرىغۇچىلار ئالتە يىلدىن كېيىن غەللە - پاراق تاپشۇرىدۇ، ھەر مودىن ئېلىنىدىغان ئاشلىق 9.63 كاپچى (تەخمىنەن بىر كۈرە) بولىدۇ، ھەر 30 تۇتۇن 10 ئۆيلۈك، ھەر 10 ئۆيلۈك بىر مەھەللە قىلىپ تەشكىللىنىدۇ. ئۇلارغا تۇتۇنبېشى، مەھەللەبېشى قويۇلىدۇ، 100 تۇتۇنگە توشقانلارغا مىراب بېگى، يېزا بېگى، يۈزبېشى قاتارلىقلار قويۇلىدۇ، ھەرقايسىلىرى ئۆز دائىرىسىدىكى كونكرېت ئىشلارنى باشقۇرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ نىزامنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پۇقرالارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان. (2) داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى (1846 - يىلى)، ئىلى جياڭجۈنى سايىڭا «ئۈرۈمچىدە تېرىقچىلىق قىلىش نىزامنامىسى»نى بەلگىلىگەن. نىزامنامىدە ئۈرۈمچى رايونىدا بوزيەر

يەرلەرگە تايىنىپ ياشىغان. ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلار كۆركەم ھەيۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، راھىبلارمۇ مىڭدىن ئاشقان، يەنە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ساڭرام ـ ئىبادەتخانا مۈلۈكلىرىمۇ بولغان. ئۇزۇن تاتى ساڭرامىدا 300 دىن ئارتۇق راھىب بولغان، ئۇدۇن خانى مەزكۇر ساڭرامدىكى راھىبلارنى بېقىش ئۈچۈن، ساڭراملاردىكى قاتتىق ـ يىرىك ئىشلارنى قىلىدىغانغا 400 ئادەم بەرگەن. ساڭرام تۇتۇنلىرى ساڭرام ئىشلىرىنى قىلىدىغان، سۆڭەك توشۇيدىغان يانچىلار بولۇپ، يەرلەرگىلا بېقىنىپ قالماستىن، ساڭرامغىمۇ بېقىنغان. 7 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئۇدۇندىكى كىچىك ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلارنىڭ يەر ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇدۇن شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان 20 دەك راھىبى بار كىچىك بىر ساڭرامنىڭ ئۈچ يەردە ئېكىنزار ـ باغۋارانلىرى بولغان. ساڭرامغا بېقىنغانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلمايدىغان، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلىدىغان تۆتلا يانچى بولغان. دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلەر ئەركىن بولغان كىشىلەرگە ئىجارىگە بېرىلگەن، يېشى چوڭراق بولغان، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى بىلىدىغان راھىبلار ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

شىمالىي قاتناش تۈگۈنىدىكى بۇددا دىنى مەركىزى بولغان كۈسەن (كۇچا) دە 1000 دىن ئارتۇق ساڭرام ـ ئىبادەتخانا بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق راھىب بولغان. ئۇدۇندىكى ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلارغا ئوخشاش دىنغا ئىخلاسمەن پادىشاھ، ۋەزىر ـ ۋۇزرا، تۆرە، بايلار تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرىنى بەرگەن.

تۇرپان رايونىدا V ئەسىرلەردە بۇددا دىنى گۈللىنىشكە باشلىغان، ئىدىقۇت كىيۇ جەمەتى دەۋرىدە گۈللەپ ياشنىغان. يەر ۋە ئۆيلەرنى سەدىقە قىلىپ ساڭرام ـ ئىبادەتخانا سېلىشقا بېرىدىغانلار ھەممىلا يەردە بولۇپ، ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 300 ئەتراپىدا بولغان، بۇنىڭ ئارىسىدا خەلق ئارىسىدىكى كىچىك ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلار ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇلار ئاساسەن يەر تېرىش، يەر ئىجارىگە بېرىشتىن كەلگەن كىرىمگە تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. ھەر مونىڭ ئىجارە ھەققى 120 جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان. 11 راھىبى بار كىچىك بىر ساڭرامنىڭ 60 مودىن كۆپرەك تېرىلغۇ يېرى بولۇپ، يىلدا 800 كورەگە يېقىن ئاشلىق ئالغان. 320 كورە ئاشلىقنى ئايرىپ قويغاندىن باشقا، 28 كورە ئاشلىقنى

ئېچىپ ئىككى يىلدىن كېيىن غەللە ـ پاراق تاپشۇرىدۇ، باج سوممىسى ئۆزگەرمەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. (3) گۇاڭشۈنىڭ 13 ـ يىلى (1887 ـ يىلى)، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليۇ جىنتاڭ «يۇقىرىلار تېرىقچىلىق قىلىش نىزامنامىسى»نى بەلگىلىگەن. نىزامنامىدە مەيلى ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكا ياكى باشقىلار بولسۇن، ھەر ئىككى ئادەم بىر تۇتۇن قىلىنىپ، بىر تۇتۇنغا 60 مو يەر بېرىلىدۇ. ھۆكۈمەت ئۆكۈز، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە بەش ئايلىق تۇرمۇش راسخوتى بېرىپ تۇرىدۇ؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى كۈمۈشكە سۇندۇرغاندا 71.1 سەر بولۇپ، ئىككى يىل ئىچىدە ئاشلىق بىلەن قايتۇرۇلىدۇ. ئۈچ يىلغىچە غەللە ـ پاراق تۆلەيدۇ، دەسلەپكى يىلى يېرىمى قىسقارتىلىدۇ، كېيىنكى يىلى پۈتۈن ئېلىنىدۇ؛ ھەر 10 تۇتۇنغا ئونبېشى، 50 تۇتۇنغا ئەللىكبېشى، 250 تۇتۇنغا بىر ئامبارچىبەگ تەۋەتىلىدۇ، 10 تۇتۇن ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئىگە بولۇشۇپ، قاتلىمۇ قاتلام باشقۇرۇلىدۇ. خالىغانچە دېھقانچىلىقنى تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە يول قويۇلمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. يەنە «شەخسلەر ئاچقان بوز يەرلەر»مۇ بار، ئادەتتە بۇنداق يەرلەر شەخسلەر ئۆزلىرى ئۈچۈنلا تېرىلىدۇ، ئاز ساندىكى چوڭ تۇتۇنلەر شەخسىي يەرلىرىنى ئادەم يالاپ تېرىتىپ پومېشچىك بولغان.

**ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلار ئىگىلىكى** بۇددا ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلىرىدىكى فېئودال ئىگىلىك. مىلادىيە II ~ VIII ئەسىرلەردە، تارىم ئويمانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا بۇددا دىنى ناھايىتى تېز تارقالغان، بۇددا ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلىرى ئىگىلىكىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ قالغان. مىلادىيە I ~ II ئەسىرلەردە، قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقە ـ ھۆججەتلەردە بۇددا دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلام راھىبلىرى يەرلەرگە ئىگە بولغان ھەمدە يەر ئېلىپ ـ ساتقان، يانچىلار ياكى تۆۋەن قاتلام راھىبلارنىڭ ئۇلارنىڭ يەرلىرىدە ئىشلىگەنلىكى، راھىبلارنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرىمۇ خاتىرىلەنگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بار. جەنۇبىي قاتناش تۈگۈنىدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن) دە IV ئەسىردىن كېيىن كۆلۈمى ناھايىتى چوڭ بولغان بۇددا ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلىرى ئۈزلۈكسىز پەيدا بولغان. ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلاردىكى مۆتىۋەرلەر، راھىبلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان

تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرغان. ئىبادەت ئىشلىرىغا 19 كۇرە ئاشلىقلا ئىشلىتىپ، قالغان 333 كۇرە ئاشلىق بولسا جەمئىيەت ئۈچۈن ئاۋار ئاشلىق سۈپىتىدە بېرىلگەن.

ساڭرام ـ ئىبادەتخانا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى تېرىقچىلىق كەسپىنى ئاساس، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپلىرىنى قوشۇمچە قىلغانىدى. قوچودىكى ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلارنىڭ 1/4 دە ئاتلار، كىچىك ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە كالا، ئېشەك، قويلار بولغان. باش راھىب جاڭ سىگجىن ئىجارىگە يەر ئېلىپ تېرىغاندىن باشقا، 150 قوي باققان. ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇش سۈپىتىدىكى ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلار مالىيە چىقىمى ئۈچ كىشى (باش ھەزرەت، باش راھىب، كارمادانا) نىڭ كېڭىشىدا ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن چىقىم قىلىنغان. VIII ئەسىردىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ غەربىدە جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، ئىقتىساد كاساتلاشقاندا، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئاساسلىق كىرىمى بولۇپ قالغان. يۇقىرىقى ئۆسۈملۈك قەرزنىڭ كەڭ يولغا قويۇلۇشى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلار زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەن. فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ بىر قىسمى بولغان ساڭرام ـ ئىبادەتخانا ئىگىلىكى بىلەن دىندىن خالىي ھاكىمىيەت ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان، لېكىن بەزىدە زىددىيەتلەرمۇ بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇدۇن ھۆكۈمىتى ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلارغا بېقىنغان كىشىلەردىن ئېغىر باج ـ سېلىق ئالغان، بۇ فېئوداللىق ھاكىمىيەتنىڭ ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلار ئىگىلىكىنى قاتتىق چەكلىگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

يەر بۆلۈپ بېرىش سۈيۈرغال يەر دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، چېگرا ـ پاسىللىرى بېكىتىلگەن چارۋىچىلىق يەرلىرى كۆرسىتىلىدۇ. قەدىمدە شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەر ئوت ـ سۇلارنى قوغلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن. چېگرا ـ پاسىللىرى بېكىتىلگەن رايونلاردىلا چارۋىچىلىق قىلىپ، بەلگىلەنگەن چېگرا ـ پاسىللاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە يول قويۇلمىغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە «ھۇنلار ئوت ـ چۆپ، سۇلارنى قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان بولغاچقا، شەھەر ۋە مۇقىم تۇرىدىغان يەرلىرى يوق ئىدى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ، ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تەۋە

يەرلىرى بولاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. خەن شۈەندى گەنلۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 53 ـ يىلى)، ئۇسۇنلارنىڭ ھەرقايسى قابىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەر مەسىلىسىدىن كېلىپ چىققان تالاش ـ تارتىشلارنى پەسەيتىش ئۈچۈن، قىزىل قورغان (بۈگۈنكى قىرغىزىستاندىكى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقى) غا چاڭخۇي قوشۇن بىلەن ئەۋەتىلگەن. VI ئەسىردە قۇدرەت تاپقان تۈركلەر مەزگىلىسىز كۆچۈپ يۈرسىمۇ، ئەمما ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى بولغان. چېگرا ـ پاسىللىرى بېكىتىلگەن يەرلەر تەشكىلىي جەھەتتىن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىشلىتىدىغان مۈلكى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ سەركەردىلىرى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان بولۇپ، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ماددىي ئاساس ئىدى.

چارۋىلارنى تىزىملاش ئات، كالىلارنى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاش تۈزۈمى. خەن، جىن سۇلالىلىرىدىن كېيىن، ئۇلاغلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، كۆپلىگەن جايلاردا ئات، كالىلارنى تىزىملاش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن. تىزىملاش مەزمۇنى ئاساسەن تۈرى، ئەركەك ـ چىشىلىكى، يېشى، تۈكلىرىنىڭ رەڭگى قاتارلىقلار ئىدى. يەنە بەزىلىرىدە چارۋىچىلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى، نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ھۆكۈمەتكە تەۋە ئات، شەخسلەرگە تەۋە ئات، سەپەردە ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئىشلىتىلمەيدىغان ئات قاتارلىقلار. ئىدىقۇت كىيۇ خانلىقى مەزگىلىدە (502 ~ 640 ـ يىللىرى)، ھۆكۈمەتكە تەۋە ئاتلارنى تىزىملاپ ئەنگە ئالدۇرۇشتەك ناھايىتى قاتتىق تۈزۈم بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن، يوقىلىپ كەتكەن، سېتىلغان ۋە سېتىۋېلىنغان ئات، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئاتنىڭ تېرىسىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىپ ئەنگە ئالدۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كېرەككە كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغان ئاتلارنىڭ ھەممىسى تىزىمغا ئېلىنغان. غەربىي يۇرتتىن تارتىپ پۈتۈن مەملىكەتكىچە ھايۋانلارنى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھايۋانلارنى بېقىشتا، يىغىشتا، يۆتكەشكە، ئېلىپ ـ سېتىشتا ۋە سېلىق سېلىشتا پايدىلىق ئىدى.

چارۋىلارغا ئەن سېلىش چارۋىلارغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە. خەن،

چىن سۇلالىرى دەۋرىدە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ چارۋىلىرىغا تۆمۈرنى قىزىتىپ ئوخشىمايدىغان ئەنلەرنى سېلىپ ئۆز ئالدىغا باشقۇرغان. «ۋېينامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، دىڭلىڭلارنىڭ چارۋىلىرىدا ئۆزلىرى سالغان ئەنلىرى بار ئىكەن، شۇڭا يايلاقتا قويۇپ بەرسىمۇ يىتىپ كەتمەيدىكەن. تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تۆگىلەرگە ئوخشاشلا ئەن سېلىنغان. VI ئەسىردە ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا گۈللەنگەن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئالاھىدە ئەنلەر بولغان. مەسلەن، بۆلۈكلەرنىڭ ئېتىغا خەنزۇچە خەت « 刎 » غا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەن سېلىنغان. قاپىشلارنىڭ ئاتلىرىغا خەنزۇچە خەت « 北 » غا ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق تارتىلغان ئەن سېلىنغان. تاڭ دەۋرىدە، قوچودا چارۋىلارنى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن، تونۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئەن سېلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى. ھۆكۈمەت ئاتلىرى ئەن سېلىنىپ ئەنگە ئېلىنغان

دۇلدۇل غەربىي يۇرتتىكى داڭلىق ئات. فەرغانە (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاندىكى فەرغانە) دىن چىقىدۇ. دەسلەپتە خەن سۇلالىسىدىكىلەر ئۇسۇنغا بارغاندا ئاتتىڭ ناھايىتى تېز چاپىدىغانلىقىنى كۆرۈپ دۇلدۇل دەپ ئاتىغان. كېيىن فەرغانىگە بارغاندا چاپچىپ تۇرىدىغان ئۇسۇن ئېتىنى توپچاق، فەرغانە ئېتىنى بولسا دۇلدۇل دەپ ئاتىغان. بۈگۈنكى مەركىزىي ئاسىيادىكى پەنجىكەنت (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاندىكى سەمەرقەنتنىڭ شەرقىدە) تىكى تام رەسىملىرىدە بۇ خىل ئاتنىڭ ئوبرازى قالدۇرۇلغان. ئالدىنقى چىڭلىق لۇ گۇاڭ كۇسەنگە قىلغان يۈرۈشىدە «بۇ دۆلەتتە دۇلدۇللار ئەجدىھا قاسىرىقىدەك ناھايىتى كۆپ ئىكەن» دەپ مەكتۇپ يازغان. بۇنىڭدىن كۇسەندىمۇ بۇ خىل ئاتنىڭ بېقىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. لۇ گۇاڭ شەرققە غەلىبىلىك قايتىپ كەلگەندە، كۆپلىگەن دۇلدۇللارنى لياڭجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇدىكى ۋۇۋېي) غا ئەكەلگەنىكەن.

**پىلە ئۇرۇقىنىڭ غەربكە تارقىلىشى** جۇڭگودا 4000 ~ 5000 يىل ئىلگىرىلا پىلە قۇرتى بېقىلغان. پىلە بېقىش، يىپەك تارتىش، توقۇمىچىلىقتەك بىر يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە پەيدىنپەي غەربىي يۇرتقا تارقالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى يۈەنخېنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 86 ـ يىلى)، ئۇدۇن خانلىقى ھۇنلارغا ھەر يىلى يۇڭ توقۇلما، مەشۇت قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن ئولپان تۆلەپ تۇرغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي تەسىرى ئۇدۇن، نىيا قاتارلىق رايونلارغا يېتىپ بارغان. بۇ جايلارنىڭ تۇپرىقى پىلە قۇرتى بېقىشقا لايىق ئىدى. نىيا خارابىلىكىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدىن قۇرۇپ كەتكەن ئۈجمە دەرىخىنىڭ شاخلىرى ۋە پىلە غوزىلىرى تېپىلغان، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئائىلىدە پىلە قۇرتى بېقىلغانلىقى ئىسپاتلانغان. نىيا خارابىسى IV ~ V ئەسىرلەرگە تەئەللۇق خارابىلار بولۇپ ئۇنىڭدىن چىققان ئۈجمە شاخلىرى ۋە پىلە غوزىلىرى پىلە بېقىش كەسپىنىڭ خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

پىلىچىلىك كەسپى تارىم ۋادىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئۇدۇن تاڭ دەۋرىدىلا خېلى بۇرۇن ئۈجمە دەرەخى ئۆستۈرۈپ مەشۇت توقۇغان، كۆپ قىسىم كىشىلەر يىپەكتىن كىيىم كىيىشكەن. كۇسەن، قارا شەھەرلەردىمۇ ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈپ پىلە قۇرتى بېقىش ئادەتلىرى بولغان. V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قوچودا ئۈجمە يوپۇرماقلىرىدا پىلە قۇرتى بېقىپ يىپەك تارتىش ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان. ماھىرلىق بىلەن ئىشلەنگەن نەپىس رەختلەرنىڭ گۈل رەڭگىنىڭ شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، رەختلەردىن كۇسەن رەختى، سولى رەختى قاتارلىقلار بولغان. پاراللېل سىزىقلىق ئېنىق گۈل نۇسخىلىرىدىن چۈشۈرۈپ توقۇلغان رەختلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تىك سىزىقلىق ئېنىق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈپ توقۇلغان رەختلىرى بىلەن پەرقلىق، بۇ غەربىي يۇرت يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. بۇ جايلاردىن يەنە پىلە بېقىش تېخنىكىسى غەربكە تارقالغان.

ئەينى ۋاقىتتا غەرب دۆلەتلىرى پىلە بېقىشنى بىلمىگەچكە، يىپەكنى تولىمۇ قىممەتلىك بۇيۇم ھېسابلايتتى. داچىن (رىم ئىمپېرىيىسى) دۆلىتى خانى يىپەككە ئېرىشىش ئۈچۈن بىۋاستە خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىش ئۈمىدىدە بولغان. بىراق، ئارساك (پارس، بۈگۈنكى ئىران) بۇ يولدىن بولىدىغان پايدىنى مونوپول قىلىۋېلىش غەرىزىدە دائىم توسقۇنلۇق قىلىپ تۇرغان. V ئەسىردە، پارس بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە جەنۇبىي قاتناش يولىدىكى ئۇدۇن ئارقىلىق بولۇپ گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. پارس تىلىدىكى «غوزەك» سۆزى ئۇدۇن تىلىدىن كەلگەن، بۇنىڭدىن ئائىلىدە پىلە قۇرتى بېقىشنىڭ ئۇدۇن-

دىن كەلگەنلىكىنى جەزىم قىلىشقا بولىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (460 ~ 491- يىللىرى) دە، ئىرانىڭ ھەممە جايلاردا داڭقى چىققان كۆركەم تاۋار- دۇردۇنلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغىچە يېتىپ كەل- گەن. ئۇزۇندىن بېرى پىلە قۇرتى بېقىش تېخنىكىسىغا ئېرىشىش ئۈمىدىدە بولغان ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى يۇستىنىي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (527~ 565) گە كەلگەندە مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىككى ھىندى راھىب پىلە ئۇرۇقىنى مەلۇم ئىسسىقلىقتا ساقلاپ، غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئايلىنىپ ئۆتۈپ ۋىزانتىيىگە ئېلىپ كەلگەن ئىمىش؛ يەنە بىر قاراشتىكىلەر بىر ئىرانلىق پىلە تۇخۇمىنى قولىدىكى ھاسىنىڭ كاۋاكچىسىغا سېلىپ «سېرىس» (يىپەك يۇر- تى دېگەن مەنىدە، يەنى تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلار- نى كۆرسىتىدۇ) ئارقىلىق ۋىزانتىيىگە ئېلىپ كەلگەن دېيىشىدۇ. ئىككى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پىلە ئۇرۇقىنىڭ Ⅵ ئەسىردە جۇڭگودىن غەربىي يۇرت ئارقىلىق رىمغا تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**كىمخاب توقۇلما بۇيۇملار** پاختا يىپ ماتېرى- يال قىلىنىپ توقۇلغان بۇيۇملار ھەم مەھسۇلاتلار. خەن دەۋرىدە تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا خېلى بۇرۇنلا پاختا رەخت پەيدا بولغان. ئۇدۇن، قوچو قاتار- لىق جايلاردا كېۋەز تېرىش ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن باشلانغان. كېۋەز شادىسى كىچىك بولۇپ، پاختىسى ئىنچىكە تالالىق، يەنى ئىن- چىكە تالالىق ئافرىقا پاختىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. پاخ- تىچىلىق بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئومۇميۈزلۈك گۈللەنگەن.



كىمخاب توقۇلما بۇيۇملار

تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردە كيۇ جەمەتى خېپىڭ- نىڭ تۇنجى يىلى (551 - يىلى)، بىر قېتىمدا 60 تايدىن كۆپ پاختا رەخت ئارىيەت ئالغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بار. تاڭ دەۋرىدە قوچو، ئۇدۇن، كۇسەن قاتارلىق جايلارنىڭ پاختىچىلىقى ئومۇميۈزلۈك تەرەق- قىي قىلىپ، پاختا رەخت پۇقرالارنىڭ كىيىم - كې- چەكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق ماتېرىيال بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، پاختا يىپ بىلەن ئارىلاش- تۇرۇپ توقۇلغان بۇيۇملارمۇ پەيدا بولغان، پاختا بۇيۇم- لار يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغىمۇ يۆتكەپ بې- رىلغان. 1959 - يىلىدىن بېرى، نىيا، كروران، لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسى، تۇرپان شەھىرىدىكى ئاستانە قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك پاختا رەخت چىققان. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان شىنجاڭدىن تېپىلغان تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغان پاختا توقۇلما بۇيۇم سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئىككى كىيىمنىڭ پارچىلى- رى بولۇپ، دەۋرى تەخمىنەن مىلادى Ⅰ ~ Ⅱ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكىسى 1998 - يىلى كروراندىكى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك رەسىم چۈشۈرۈلگەن ياغاچ جەسەت ساندۇقى ئىچىدىكى پاختىلىق چەكمەن چاپان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 177 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىچىگە شايىلىق ئەستەر ئېلىنغان، ئاق پاختا رەخت ئىشلىتىلگەن، ئاس- تىغا قىزىل شايىدىن جىيەك تۇتۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا پاختا رەخت باھاسىنىڭ يىپەكتىن تۆۋەن تۇر- مايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ تەخمىنەن Ⅲ ئەسىرگە تەئەللۇق بۇيۇم. 1959 - يىلى، نىيادىن قېزىۋېلىنغان جەسەت ساندۇقىدىنمۇ يەنە پاختىدا توقۇل- غان بۇيۇملار تېپىلغان. بۇ بۇيۇملار ئىچىدە چۈرىسىگە سېرىق يىپەكتىن جىيەك تۇتۇلغان قىزلار قول ياغلى- قى، ئاستىغا رەڭلىك يىپەكتىن پوچقات تىكىلگەن ئەر- لەر ئىشتىنى قاتارلىقلار بار. شۇ قەبرىدىن قېزىۋېلىن- غان كۆك ئاق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن پاختا رەخت كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. گۈل نەقىشلى- رىدە بۇددىساتۋانىڭ ئۈستى قىسمى نەقىشلەنگەن بولۇپ، ئوڭ پۇتىنىڭ ئاستىغا ئەجدىھا شەكلى، يەنە يۇقىرى - تۆۋەن ئۇچۇۋاتقان قۇش سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇددا دىنى تۈسىنى ئالغان بۇ نۇسخىلار ھىندىستاندىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاستانىدىكى 37 - نومۇر- لۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئۇزۇنلۇقى 224 سانتىمې- تىر، كەڭلىكى 118 سانتىمېتىر كېلىدىغان پاختىلىق يوتقانغا پاختا رەختتە تاش - ئەستەر تۇتۇلغان. ئەسلى رەختنىڭ ئېنى 60.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، قوچودا پاختا رەخت «دىيې» (叠) ياكى «دىيېبۇ» (叠布)، تور پاختا «دىيېخۇا» (叠花)، پاختىدىن ئىشلەنگەن

تور يىپى «دىيېلۇ» (叠缕) دەپ ئاتالغان. پاختا رەخت يەنە پۇلنىڭ رولىنىمۇ ئۆتىگەن. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا قوچودا پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقى، پاختا رەختنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**قوچودا توقۇلغان كىمخاب** قوچو (تۇرپان) نىڭ ئۆزىدە ئىشلىدە بېقىلغان پىلە قۇرتىدىن ئالغان، يىپەكتىن توقۇلغان رەڭلىك گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن توقۇلما بۇيۇم. V ئەسىرنىڭ بېشىدا، قوچودا پىلىچىلىك ناھايىتى تەرەققىي تاپقان، كېيىنكى ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن باشلاپ كىمخاب توقۇلغان. توقۇلغان كىمخابلاردىن كۇسەن كىمخابى، پارس كىمخابى، سولى كىمخابى، غەرب كىمخابى، يەنە ئاق تەگلىك كىمخاب، سۆسۈن تەگلىك كىمخاب قاتارلىقلار بار. قوچو كىمخابى مەشۇت يىپتىن قايچىلاشتۇرۇلۇپ توقۇلغان بولۇپ، «تەپكە» ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنغان. ئوتتۇراھال بىر تەپكە كىمخابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.5 گەز، كەڭلىكى 4.5 گەز (تەخمىنەن 232×110cm)؛ كىچىكرەك بىر گەز كىمخابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2×4 گەز، كەڭلىكى 4 گەز (تەخمىنەن 195×98cm) بولغان، چوڭ تاختىلىق كىمخابنىڭ ئۆلچىمى ئېنىق ئەمەس. توقۇش قۇرۇلمىسى توغرىسىغا ئېنىق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن، ئوتتۇرا قىسمى ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا تەكشى سىزىق چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، كۆپىنچە ئىككى خىل رەڭ ئىشلىتىلگەن، ئۈچ خىل رەڭدىكىلىرى ئاز ئۇچرىغان. كەشتىلەنگەن نۇسخىلارنىڭ شەكلى ئاددىي گېئومېتىرىلىك شەكىلدىكى نۇسخىلار ئىدى. توقۇش جەريانىدىكى كېسىشكەن ئورۇنلارغا پاختا توقۇلمىلار قوشۇپ توقۇلغان. قوچو كىمخابى دائىم ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە پەيدا بولغان بولۇپ، جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ غەربكە كىمخاب چىقىرىشنىڭ يېتىشمەي قېلىشىدەك ئەھۋاللىرىنى ئازراق بولسىمۇ تولۇقلىغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 7 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**يىپەك توقۇلمىلار** يىپەك تالا خام ماتېرىيال قىلىنىپ ماشىنىدا ياكى قولدا توقۇلغان توقۇلما بۇيۇملار، يىپەككە گۈل نۇسخىسى كەشتىلەنگەن بۇيۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭدا يىل دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان يىپەك توقۇلما بۇيۇم 1981 ـ يىلى باركۆلنىڭ نەنۋەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مىس ئەينەككە ۋە مىس پالتىغا ئورالغان سۆسۈن رەڭلىك گۈللۈك دارايىنىڭ پارچىلىرى ھەم ئىلىپ توقۇلغان تورنىڭ پارچىلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، يىل دەۋرى تەخمىنەن X ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. ئۈرۈمچى نەنشەندىكى ئالغوي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن سىپتا توقۇلغان شايىنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان بولۇپ، يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرى II ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. كروران بىلەن نىيادىكى خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن ھەم جىن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئاستانا قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن يىپەك توقۇلما بۇيۇملار كۆپرەك تېپىلغان. بۇ جايلاردىن تېپىلغان يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنىڭ سانى كۆپ، تۈرى خىلمۇخىل بولۇپلا قالماستىن، يەنە ساقلىنىش ئەھۋالىمۇ بىرئاز ياخشى. تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە شايى، مەشۇت قاتارلىق ئادەتتىكى يىپەك توقۇلمىلاردىن سىرت، يەنە كۆپلىگەن سۇپەتلىك توقۇلما بۇيۇملارمۇ بار. جۇڭگونىڭ ئەڭ بالدۇرقى كەشتە بۇيۇملىرى ھەم ئىككى قات قىلىپ توقۇلغان ئىككى يۈزلۈك مەخمەللەر تاڭ سۇلالىسى يوڭچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (689 ـ يىلى) غا تەئەللۇق بولغان قەبرىلەردىن ئۇچراتقىلى بولىدۇ. 1959 ـ يىلى، تۇرپاندىكى سىڭگىم بۇددا ساڭرامى خارابىلىكىدىن كىمخاب ماتېرىيال قىلىنغان، ئۈستىگە سۇمۇرغ، كېپىنەك، گۈل كەشتىلەنگەن جەسەت كۆلى خالتىسى تېپىلغان. كىمخابنىڭ 1/5ى ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا يانتۇ سىزىقچىلار تەگ قىلىنىپ، رەڭگارەڭ تىۋىتلار بىلەن كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. توقۇلغان قىسمەن گۈل نۇسخىلىرى ئويۇپ توقۇلۇپ، ئىلىپ توقۇلغان كۆپتۈرمە نۇسخىلارنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرگەن. تەخمىنەن IX ~ X ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللاردا توقۇلغان بۇ كىمخاب جۇڭگونىڭ كىمخاب توقۇش ھۈنەر ـ سەنئەت تارىختى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

**يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار** ئۆي ھايۋانلىرى (ئاساسلىقى قوي) نىڭ يۇڭى تالا ماتېرىيال قىلىنىپ يىپ ئېگىرىپ ماشىنىدا ياكى قولدا توقۇپ چىقىلغان بۇيۇملار. لوپنۇر چۆللىرىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار تېپىلغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XVII ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، ھازىرغىچە شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇلنىڭ لاپچۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان نۇرغۇن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ئىچىدە گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك

كاتەكچە يوللۇق بۇيۇملار، يەنە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى XII ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئۈچ بۇرجەك يوللۇق كەشتىلىك يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارمۇ بار. بۇ يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ قېلىن ـ نېپىزلىكى ئوخشاش ئەمەس، بەزىلىرى تەكشى يوللۇق، بەزىلىرى يانتۇ يوللۇق، يەنە بەزىلىرى ئاچ رەڭلىك، بەزىلىرى قېنىق رەڭلىك، بىراق ھەممىسى تىك ياكى توغرىسىغا توقۇلغان بۇيۇملار. بۇنىڭدىن خېلى كېيىن رەڭلىك گۈل چۈشۈرۈلگەن كىگىز ھەم تىۋىتتىن توقۇلغان گىلەملەر ئوخشىمىغان تېخنىكىدا توقۇپ چىقىرىلغان. مەسىلەن، نىيا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ھەم لوپنۇردىكى كۆكسۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن مىلادىيە III ~ IV ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان تىك يوللۇق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن تىك ھەم توغرىسىغا قوش يوللۇق قىلىپ توقۇلغان گۈللۈك كىگىز تېپىلغان. يەنە تىك ھەم توغرىسىغا تاغ يوللۇق ئۆزئارا كېسىشتۇرۇلۇپ توقۇلغان تەكشى يوللۇق ياكى يانتۇ يوللۇق توقۇلما بۇيۇملارمۇ بار. كىچىك موكىلاردا ئويۇپ (تىك سىزىقچىلار ئارقىلىق توغرىسىغا سىزىقچىلارنى ئۆزۈپ) توقۇلغان رەڭلىك گۈللۈك كىگىزلەرگە ئاجايىپ كۆركەم تۈس بەرگەن. لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن (XII ئەسىرگە تەئەللۇق) تېپىلغان كۆركەم توقۇلما كىگىز بۇيۇملارنىڭ تۈرى ئەڭ كۆپ، يۈزىگە چەۋەندازنىڭ ئوبرازى كەشتىلەنگەن، توقۇلۇشى ناھايىتى نەپىس ھەمدە كەڭ ـ تارلىقى ئوخشىمايدىغان پۆپۈكلەر بېزەلگەن، بۇ توقۇلما بۇيۇملارغا ئىشلىتىلگەن تاغ قاتلىق يۇڭ يىپ ھازىرقى 56 قاتلىق يۇڭ يىپقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئارىسىدىكى ئارقاقنىڭ زىچلىقى 130 ~ 140 تال. كروران، نىيا، سامپۇل ۋە كۆكسۇ قاتارلىق جايلاردىن يەنە مەخمەل گىلەم تېپىلغان، مارالبېشىدىكى توققۇزساراي قەدىمكى خارابىلىكىدىن بىر پارچە «8» ھەرپىگە ئوخشاش تولغاپ ئېشىپ توقۇلغان تەخمىنەن V ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان بىر يۈزلۈك مەخمەل گىلەمنىڭ پارچىسى تېپىلغان. تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە گۈل كەشتىلەنگەن رەخت يىپ، تور قاتارلىقلار بار، بۇلار يۇڭ توقۇمىچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 7 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**ئودۇن قاشتېشى** ئودۇن (بۈگۈنكى خوتەن) قاشتېشى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەشھۇر. ساك تىلىدا ئودۇن سۆزىنىڭ مەنىسى «قاشتېشى چىقىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە. بۇ يەردىكى قاشتېشىلار ھەل بېرىلگەندەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، دۇنيادىكى يۇمشاق قاشتېشىلىرىنىڭ ئالدى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن 6000 يىل بۇرۇنقى گۇەنجوڭ ياڭشاۋ مەدەنىيەت خارابىلىكىدىن بۇ خىلدىكى قاشتېشى تېپىلغان، شاڭ دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى XVI ~ XI ئەسىرلەر) دە، ئودۇن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۈزۈلمەي كىرگۈزۈلگەن. شاڭ سۇلالىسى خانى ۋۇدىڭنىڭ خانىشى قەبرىستانلىقىدىن 750 دانە قاشتېشى بېزەك ـ بۇيۇملار تېپىلغان بولۇپ، كۆپ قىسمى خوتەن يۇمشاق قاشتېشىدىن ياسالغان. ئەمىنىيە ـ يىغىلىق دەۋرىدە، قورۇم قاشتېشى دەپ ھەممىلا جايدا نامى بار ئىدى. خەن ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 119 ـ يىلى)، جاڭ چيەنگە ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغانلار ئودۇندە قورۇم تاغلىرىدىن چىقىدىغان كۆپ مىقداردىكى چىرايلىق قاشتېشىلارنى كۆرگەن. «قاشتېشى قوۋۇقى» (玉门关) دېگەن ناممۇ غەربىي شىمال چېگرىدا پەيدا بولغان. كېيىنكى خانلىقلار خان جەمەتىدىكىلەر قاشتېشى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، مۇشۇ خىلدىكى قاشتېشىدىن باشقىنى ئىشلەتمىگەن. خېبېي ئۆلكىسىدىكى مەنچېڭ قەبرىستانلىقىدىن قاشتېشى كىيىم، قاشتېشى قوراللار تېپىلغان بولۇپ، كۆپ قىسمى خوتەن يۇمشاق قاشتېشىدىن ياسالغان. ئودۇن قاشتېشى ئاق، پارقىراق، مايلىق كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئادەم، قۇش، ھايۋان، گۈل، تاغ، بىنا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئويۇپ ياسىغىلى بولغانلىقتىن ناھايىتى قىممەتلىكتۇر. ئەينى ۋاقىتتا قاشتېشى دەريالاردىن سۈزۈپ ۋە تېرىپ ئېلىناتتى. ئودۇننىڭ شەرقىدە يۇرۇڭقاش دەرياسى، غەربىدە قاراقاش دەرياسى بار، تارماق ئېقىنى يېشىل قاشتېشى دەرياسى بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن چىقىدىغان قاشتېشى بىلەن ناھايىتى داڭلىق. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 18 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان ياغاچ غوڭقا** 1996 ـ يىلى، چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن ياغاچتىن ياسالغان غوڭقىلار تېپىلغان. جەمئىي ئۈچ بولۇپ، 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ 14 ـ نومۇرلۇق قەبرىسىدىن ئىككىسى، 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىسىدىن بىرى تېپىلغان. ھەممىسىنىڭ تارىسى ۋە يۈز تېرىسى يوق. 14 ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 500 ـ يىللار ئۆپچۆرىسىگە توغرا كېلىدۇ. قورسىقى ۋە غولى توغراقتىن، تارىسى يۇلـ

غۇندىن ياسالغان بولۇپ، ھەممىسى بىرقەدەر ياخشى
ساقلانغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 61.6 سانتىمېتىر
كېلىدىغان بىر غۇڭقا قورسىقىنىڭ چۆرىسىگە قاپلانغان
تېرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن كىچىك ياغاچ مىخلار
قېقىلغان. ئاستى تەرىپى تۈپما شەكىللىك بولۇپ، ئۈچ
بۇرجەكلىك ئاۋاز چىقىرىش تۆشۈكچىلىرى چېقىرىل-
غان. يەنە بىر غۇڭقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 87.6 سانتىمې-
تىر بولۇپ، يېرىم قاپاق شەكىللىك قورسىقىنىڭ
سىرتقى سىلىق ھەم پارقىراق ئېغىز قىسمىدا قاپلانغان
تېرىنىڭ قالدۇقلىرى قېپقالغان. ئاۋاز چىقىرىش تۆ-
شۈكچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى تۆت چاسا قىلىپ ياسالغان.
قېپقالغان ئۈچ دانە ئىنچىكە تارا ئىزى تارنىڭ ياي
شەكلىدە تارتىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. 2-
نومۇرلۇق قەبرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرى-
كى 250 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن تېپىلغان
غۇڭقىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن. قېپقالغان قىس-
مىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ، تراپېتسى-
يە شەكىللىك قورسىقىغا نەقىشلەر ئويۇلغان، ئاۋاز
چىقىرىش تۆشۈكچىلىرى قويۇلغان. غۇڭقا پارسچە
سۆز. مىلادىيىدىن 2000 يىل بۇرۇنلا، ئاسسۇرىيە،
مىسىر قاتارلىق رايونلاردا پەيدا بولغان. غەربىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ غۇز
غۇڭقىسى دەپ ئاتالغان. زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان غۇڭقى-
نىڭ ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئۇنى يەرلىك كىشى-
لەر ئۆزلىرى ياسىغان بولۇپ، ھازىرچە ئېلىمىزدە بايى-
قالغان يىل دەۋرى ئەڭ قەدىمىي بولغان غۇڭقىدۇر.

**بومادىن تېپىلغان ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملار** 1997 - يىلى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى قەبرىستان-
لىقتىن ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇملار تېپىل-
غان. ئۇ يەردىن قىزىل ياقۇت بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن
نىقاب، ھېقىق يالىتىلغان ساپ ئالتۇن، قىزىل ياقۇت
نەقىشلەنگەن ئالتۇندىن ياسالغان ياپقۇچلۇق كوزا، قى-
زىل ياقۇت نەقىشلەنگەن ئالتۇندىن ياسالغان شەمشەر
غىلىپى، قىزىل ياقۇتلۇق ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ئارى-
لاشتۇرۇلۇپ ياسالغان بىر قولاقلىق كۈمۈش لوڭقا قا-
تارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان، ئۇلار بولقا
بىلەن سوقۇش، قولدا نەقىشلەش، كەپشەرلەش ئۇسۇل-
لىرى بىلەن ياسالغان. يەنە «فۇچاڭ» كىمخابى، ئال-
تۇن، مارجان كەشتىلەنگەن شايى، كاتەكچە يوللۇق
شايى ھەمدە تۆمۈر گۈرجەك، ئۈزەڭگە پارچىسى قاتار-
لىقلارمۇ تېپىلغان. ئالتۇندىن ياسالغان نىقابنىڭ ئې-
گىزلىكى 17 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 16.5 سانتىمې-



ئېلى بومادىن تېپىلغان ئالتۇن كۈمۈش بۇيۇملار

تىر كېلىدۇ. كۆز قارچۇقى، كىرپىك، ساقال - بۇ-
رۇتلارنىڭ ھەممىسى قىزىل ياقۇت بىلەن ياسالغان،
ئالتۇن كوزا ياپقۇچقا سىزىقلار چېقىرىلغان، ئالتۇن
جام تۇتقۇچى يولۋاس شەكلىدە ياسالغان. «فۇچاڭ»
كىمخابى ھەرخىل يوللۇق بولۇپ، كەشتىلىرى خەن،
جىن سۇلالىلىرىدىكى كىمخابنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئال-
غان. مەدەنىيەت يادىكارلىرى تېپىلغان قەبرىستانلىق
ئېلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ساك، ئۇسۇنلار ياشىغان ما-
كاندۇر. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ ئالتۇن - كۈمۈش-
تىن ياسالغان بۇيۇملار تۈركلەرنىڭ يالدامىسى دەپ
قارايدۇ.

**قوچو قەغەزچىلىكى** قوچونىڭ ئۆزىدە ئىشلەپ-
چىقىرىلغان قەغەز. تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ
قەغەز سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، غەربىي
لياڭ جيەنچۇنىڭ 11 - يىلى (415 - يىلى) دىكى
ھۆججەت، شىمالىي لياڭ شۈەنشىنىڭ 12 - يىلى
(423 - يىلى) دىكى ھۆججەت قەغەزلىرىنىڭ ھەممى-
سى تۇرپان ئۆزىدە ئىشلەنگەن. «قەغەز ياساش ئۇستى-
لىرى» خېلى بۇرۇن قوچو چوڭگۋاڭنىڭ تۇنجى يىلى
(620 - يىل) دىكى ۋەسىقىلەردە تىلغا ئېلىنغان. Ⅶ
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ جايدىكى قەغەزچىلىك ئىشلىرى
كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا
ئىسپاتلايدۇ. Ⅶ ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان، ئاستانىدى-
كى 93 - نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان ھۆججەتلەردە
جىنايەتچىلەرنى قەغەز ياساشقا سالغانلىق ھەققىدىكى
مەزمۇنلار بار.

**بور ھارىقى** يەنى ئۈزۈم ھارىقى. خەن ۋۇدى
جيەنيۈەننىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن 139 يىل ئىلگى-

رى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندا ئۇ يەرلەردە ئۈزۈمنىڭ ناھايىتى كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى ھەم ئۈزۈمنى ئېچىتىپ ھاراق ياسايدىغانلىقى، بايلارنىڭ ساقلايدىغان ھاراقلىرىنىڭ ھەتتا 10 مىڭ كۈپقا يېتىدىغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان. پىشامشان (بۈگۈنكى چاقىلىق ئەتراپى)، نىيا (بۈگۈنكى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) قاتارلىق جايلاردا ھاراق ھەتتا يەر ۋە ئاشلىققا ئالماشتۇرۇلىدىغان مال بولغان. تۇرى ناھايىتى كۆپ ھاراق بېجى ھۆكۈمەت مالىيىسىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى بولۇپ قالغان. IV ئەسىردىن كېيىن ئىدىقۇتتا ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ھاراقچىلىقمۇ ماس ھالدا تەرەققىي قىلغان. بۇ جايدا ئۈزۈمزارلىق ۋە ھاراق ئېچىتىش ئورۇنلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. ھاراقتىن ئالىدىغان باجمۇ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى بولۇپ، بىر ھاراق ھېساباتى ۋەسىقىسىدە 937 كۈپ ھاراق خاتىرىلەنگەن. ئۈزۈم ھارىقى خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىن باشلاپ ئىچكىرى جايلارغا تارقالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا خەنزۇلار ئىدىقۇتتىن ھاراق ئېچىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن. تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن ئۆزى ھاراق ئېچىتىشقا باشچىلىق قىلغان. ئېچىتىلغان ھاراقنىڭ رەڭگى خىلمۇ خىل، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك بولغان. بەش دەۋر مەزگىلىدە ئۇدۇن دۆلىتىمۇ ھاراق ئېچىتىش بىلەن داڭق چىقارغان بولۇپ، بىنەپشە، كۆك رەڭلىك ھاراقلار ئىشلەپچىقىرىلغان. تەمى ناھايىتى خوش پۇراق بولغان. ئىسمەتىپ ھاراق ئېچىتىش تېخنىكىسى يۇەن سۇلالىسىدىكى شيۇڭ لۇ شياڭنىڭ «شىجىن تەزكىرىسى»دە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

**غەربىي يۇرت تېبابەتچىلىكى** جۇڭخۇا تېبابەتچىلىك خەزىنىسىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە گۆھەر. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈلگەن «دېھقانچىلىق پىرىنىڭ ئۆسۈملۈك دورىلار دەستۇرى»غا غەربىي يۇرتتىكى ئۈزۈم، زىغىر، چاكاندا قاتارلىق نۇرغۇن دورا ئۆسۈملۈكلىرى كىرگۈزۈلگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى دورا ئۆسۈملۈكلىرى دەستۇرلىرىغىمۇ زاراڭزا، پىياز، ياڭاق، ئانار، يۇمغاقسۈت قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر كىرگۈزۈلگەن. «سۈينامە. كىتاب-دەستۇرلار»غا 256 خىل تېبابەتچىلىك كىتابى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرتنىڭ تېبابەتچىلىك كىتابىدىن ئالتىسى بار. گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى ھازىرقى تېبابەتچىلىككە ئائىت ۋەسىقىلەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى دورا ماتېرىياللىرى بايلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ھەرقايسى قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىنىڭ ئوردىغا تاپشۇرغان يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن نۈشۈدور، ھىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دورا ماتېرىياللىرى ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تېبابەتچىلىكىمۇ ئۈزلۈكسىز غەربىي يۇرتقا تارقىلىپ غەربىي يۇرت تېبابەتچىلىكىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرىدا يارغول ۋىلايىتىنىڭ كوچا - رەستىلىرىدە 120 خىلدىن ئارتۇق دورا ئۆسۈملۈكلىرى سېتىلىدىغان بولۇپ، كۆپ قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىكى «تابىغاچلارنىڭ يۆتەل قاتارلىق كېسەللىكلەرگە يازغان رېتسىپلىرى» غەربىي يۇرتقا تارقالغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ رېتسىپلىرىدىندۇر. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا تارىم ئويمانلىقىدا تارقالغان ئۇدۇن يېزىقىدىكى «دورا جەۋھەرلىرى»، «ياشانغانلار دەستۇرى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك تېبابەت قامۇسلىرىدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «چوڭ - كىچىك كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرى»نىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى فارفور بۇيۇملار** ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، ئالمالىق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ فارفور بۇيۇملاردۇر. ئاساسلىقى ئەجدىھا سۈرەتلىك كۆك فارفور تەخسە، ئەجدىھا سۈرەتلىك فارفور چىنە، كۆك گۈللۈك فارفور ئاياق، ئاق فارفور لوڭقا قاتارلىقلار بولۇپ، ھەممىسى جىڭدېجېننىڭ لوڭچۈەن خۇمدېنىدا پىشۇرۇلغان ئېسىل فارفور بۇيۇملاردۇر. ئەجدىھا، سۇمۇرغ سۈرەتلىك فارفور بۇيۇملارنىڭ ئالمالىق ۋە ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەرلىرىدىن كۆپلەپ تېپىلىشى بۇ شەھەرلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ھەمدە يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قويۇق ئالاقىدە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىلى كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان مىللىي سانائەت كارخانىسى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 ـ يىلى (1909 ـ يىلى) ئۇيغۇر سودىگەر مۇسەنباي ھۆكۈمەت بىلەن شېرىكلىشىپ ئۆزى 349 مىڭ سەر مەبلەغ چىقىرىپ غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدا قۇرغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ھۆكۈمەت پېيىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن مۇسەنباي مۇستەقىل باشقۇرغان. بۇ زاۋۇتنىڭ ئەسلىھەلىرى گېرمانىيىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، گېرمانىيىلىك تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ قۇراشتۇرغاندىن كېيىن چاررۇسىيىلىك تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ يېتەكچىلىك قىلدۇرغان. ئىشچىلىرى 100 دىن ئارتۇق بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. يىللىق مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 10 نەچچە مىڭ پارچە چوڭ خۇرۇم بولغان. چاررۇسىيە بىلەن ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى قىلغان. مەھسۇلاتلىرى گېرمانىيىنىڭ لېيپسىگدە ئۆتكۈزۈلگەن سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلغان.

شىنجاڭ كىرسىن شىركىتى يۇقىرىلار باشقۇرغان كارخانا. 1920 ـ يىلى كۈزدە فەن زۇخۇەن قۇرغان. ۋاڭ شياۋشەن دىرېكتورلۇقنى، ۋاسىلىيېۋ ئىنژېنېرلىقنى ئۈستىگە ئالغان. سودىگەرلەر 25 مىڭ سەر پاي، ھۆكۈمەت 5000 سەر پاي، ئۆزى 8000 سەر پاي قوشقان. شىركەتنىڭ بارلىق پېيى 38مىڭ سەر بولغان. ئەڭ دەسلەپ دىخۇا (ئۈرۈمچى) شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ماي بۇلاقتا مايىنى چەككىلەش ئۇسۇلى بىلەن كىرسىن ئايرىۋالغان. 1921 ـ يىلى يازدا مايبۇلاقنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ۋاڭ جياگۇدا زاۋۇت قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن. ئون ئىشچىنى ياللاپ ئىشلەتكەن. چاررۇسىيىنىڭ ئىككى دانە ماي چەككىلەش پار قازىنىنى ئاددىيلا قۇراشتۇرۇپ ئىشلىتىپ كۈنىگە كىرسىن، سىلىقلاش مېيى، ئاياغ مېيى بولۇپ 50 كىلو ئىشلەپ چىقارغان. 1922 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرسىن ئىمپورت قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، رىقابەتلىشىشكە كۈچى يەتمەي توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان.

شىنجاڭ باسما زاۋۇتى ئۆلكە باشقۇرغان كارخانا. كېيىن دىخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى دەپ ئاتالغان. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى 1937 ـ يىلى قۇرغان بولۇپ، كېيىنكى يىلى 6 ـ ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. باسما ماشىنىسى، تۈپلەش ماشىنىسى ھەم 7000 كىلوگرام قوغۇشۇن ھەرپى بولغان. ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئوبوروت بولىۋاتقان ئۆلكە پۇلى، ھەرخىل دەرسلىكلەر ۋە «جاھانگىرلىككە قارشى فرونت»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «يېڭى سەنئەت» قاتارلىق ژۇرناللارنى باسقان، يەنە «ياپونغا قارشى ھەجۋى رەسىملەر توپلىمى»، «ياپونغا قارشى رەڭلىك رەسىملەر توپلىمى»، «ياپونغا قارشى تۇرۇش مارشى» قاتارلىقلارنىمۇ باسقان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنخۇا باسما زاۋۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

مايتاغ نېفىت كانى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا. 1936 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىخو مايتاغدا قۇرۇلغان. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زاۋۇت باشلىقلىقىغا جۇڭگو تەرەپتىن دېي رۇنيۇ تەيىنلەنگەن. باش ئىنژېنېرلىقنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن رامزىن ئۈستىگە ئالغان. 1000 غا يېقىن ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولغان. ئومۇمىي مەبلىغى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە پۇلىدا 5 مىليون 828 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، 2 مىليون 922 مىڭ 300 ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر كەلگەن (جۇڭگو تەرەپنىڭ يەر مەبلىغىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەبلەغلىرىنىڭ نىسبىتى 1:4.1 بولغان. بارلىق ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ مۇئاشىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۈستىگە ئالغان. يەرلىكتىن سېتىۋالغان ئەشيالار ۋە يەرلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مۇئاشىنى شىنجاڭ تەرەپ ئۈستىگە ئالغان. 1937 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇنجى قۇدۇقتىن ماي چىققاندىن تارتىپ 1943 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە جەمئىي 33 قۇدۇق بۇرغىلانغان. ئەڭ چوڭقۇر بۇرغىلانغان قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1800 مېتىرغا يەتكەن بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى كۈندىلىك مەھسۇلاتى 55 توننا نېفىت بولغان. رەسمىي يوسۇندىكى توختامنامە ياكى كېلىشىمنامە تۈزۈلمىگەندىكتىن، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە پايدىنى تەقسىملەش جەھەتتە جۇڭگو تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرالمىغان. 1942 ـ يىلى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ توختامنامە ۋە كېلىشىمنامە تۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما مەيدانىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى 1943 ـ يىلى سۆھبەت بۇزۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ماي قۇدۇقلىرىنى ئېتىپ، ھەرخىل قېزىش، توشۇش سايمانلىرىنى بۇزۇپ ئېلىپ كەتكەن. ئېغىر دەرىجىدە ئۇپراپ

كەتكەن 3.5 كىلو ۋاتلىق گېنېراتور، ماي تارتىش
ماشىنىسى، ستانوك، بورغا، پاياتلاش ماشىنىسى، ئون
دانە كونىراپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ماشىنا، ماي
قۇدۇقى ۋە ئۈسكىلىرىنى قوشۇپ 1 مىليون 700 مىڭ
دوللارغا جۇڭگو تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرۇش كومى-
تېتىغا سېتىپ بەرگەن. نېفىت كانى گەنسۇ نېفىت
كانى ئىدارىسى شىخۇ نېفىت كانى تەييارلىق باشقارمى-
سى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت
ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن مايتاغ نېفىت
شىركىتى قىلىپ قۇرغان. ئازادلىقتىن كې-
يىن 1950 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى
قىلىپ قۇرۇلغان.

**تۇدۇنخابا تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى** جۇڭگو -
سوۋېت ئىتتىپاقى شىرىكچىلىكىدىكى ئايروپىلان زاپ-
چاسلىرى زاۋۇتى. دەسلەپتە 4 - نومۇرلۇق قۇرۇ-
لۇش دەپ ئاتالغان. كېيىن تۇدۇنخابا يېزا ئىگىلىك
سايمانلىرىنى ياساش زاۋۇتى دەپ ئاتالغان. 1938 -
يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە دىخۇانىڭ (ئۈ-
رۈمچىنىڭ) غەربىدىكى تۇدۇنخابا رايونىدا قۇرۇلغان.
1940 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى
ئىككى دۆلەت ۋەكىللىرى چۈڭچىڭدا سۆھبەتلىشىپ ھا-
سىل قىلغان كېلىشىمگە ئاساسەن، جۇڭگو مەركىزىي
ھۆكۈمىتى 2 مىليون دوللار ئاجرىتىپ ئۇنى فابىغا
( گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ چاغدىكى پۇلى) ئايلاندۇ-
رۇپ مەبلەغ قىلىپ سالغان، يەتمىگەن قىسمىنى
سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ قەرز بېرىش ھېسابىدا چىقار-
غان. قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ دوبەن مەھكىمىسىنىڭ قۇ-
رۇلۇش باشقارمىسى ئۈستىگە ئالغان. زاۋۇتنىڭ دائىمى-
لىق چىقىمى قايى بىلەن ھېسابلىنىپ، شىنجاڭ مالىيە-
سىدىن ئاجرىتىلغان. جۇڭگو تەرەپ مەمۇرىي جەھەتتىن
باشقۇرغان. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ باش ئىنژېنېر
ئەۋەتىپ تېخنىكىلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولغان. ئۇنىڭ-
دىن باشقا بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش
كومىتېتى زاۋۇتنىڭ دائىملىق خىزمەتلىرىگە نازارەتچى-
لىك قىلغان. ئايروپىلان رېمونت خادىملىرىنى سوۋېت
ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن. زاۋۇت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى
ئېسكوف، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى پې-
راسكىت، چارچىمىق قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان. دەس-
لەپتە 700 دىن كۆپ ئىشچى - خىزمەتچىسى بار
بولۇپ، روسىيىلىكلەر كۆپرەك، يەرلىكلەر ئازراق ئى-
دى. ئاساسلىق ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭ-
گوغا ياردەم قىلغان ئايروپىلانلىرىنى قۇراشتۇرۇش ھەم
ئالدىنقى سەپتە بۇزۇلغان ئايروپىلانلارنى رېمونت قى-
لىش ئىدى. قۇراشتۇرۇلىدىغان ئايروپىلان زاپچاسلى-
رىنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساندۇققا قاچىلى-
نىپ ئاندىن ماشىنا بىلەن توشۇپ كېلىنەتتى. قۇراش-
تۇرۇلغان ئايروپىلانلار ئاساسلىقى ئۇچۇش ئىقتىدارى
چەكلىك بولغان كىچىك تىپتىكى قىرغۇچى ئايروپىلان
ۋە رازۋېدكا ئايروپىلانى ئىدى. ئۇنجى يىلى E16
بەلگىلىك تاق ھەم قوش ئورۇندۇقلۇق ئايروپىلاننىڭ
ھەر بىرىدىن 50 دانە، SB تىپلىق ئايروپىلاندىن 70
دانە، EO153 تىپلىق ئايروپىلاندىن 130 دانە قۇراشتۇ-
رۇلغان. 1943 - يىلى 7 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى
مۇتەخەسسىسلىرى، رېمونتچىلىرىدىن بولۇپ 3000
دەك ئادەم (300 جۇڭگولۇق ئىشچىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)
ھەم ئاساسلىق ئەسۋاب، ئۈسكۈنە، سايمانلار سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ ئەكېتىلگەن. زاۋۇت ئۆيى، ئاي-
روپىلان توختىتىش ئورنى، ئامبار، ئىشخانا ۋە تۇر-
مۇش لازىمەتلىكلىرى ھەم ئايروپىلان يولى قاتارلىقلار-
نى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى 1944 - يىلى 5-
ئايدا 4 مىليون 200 مىڭ دوللار ئاجرىتىپ سېتىۋال-
غان.

**ئۇلپان شەكلىدىكى سودا** غەربىي يۇرتتىكى
ھەرقايسى جايلار ئوردىغا ئولپان بېرىش نامىدا ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن سودا - سېتىق قىلىد-
غان بىر خىل سودا شەكلى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I
ئەسىردە يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئەل
سودىگەرلىرى ئۆزلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ
سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. نۇرغۇن سودىگەر-
لەر ئەلچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئوردىغا ئولپان
بېرىش نامى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ
ئىشەنچىسىگە ھەم ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. زابۇلىستان
(كەشمىر) نۇرغۇنلىغان ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن بولۇپ،
ئەمەلىيەتتە بۇلار «ئەلچى سودىگەرلەر» ئىدى. جىن،
تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇنداق ئالاھىدە سودا شەكلى
داۋاملىق تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سودىغا ماھىر سوغ-
دى غوز سودىگەرلىرى غەربىي يۇرتتىن تاڭ سۇلالىسى
پايتەختىگىچە كۆپ قېتىم قاتناپ زور نەپكە ئېرىشكەن.
كەييۇەن 5 - يىلىدىن ( 717 - يىلى) تيەنباۋ 14-
يىلىغىچە (755 - يىلىغىچە) 56 قېتىمدىن كۆپرەك
ئوردىغا ئولپان بەرگىنى بارغان. بۇ ئولپانلار ئەمەلىيەت-
تە ئالاھىدە تاۋارلار بولۇپ، بۇ جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكى بىلەن غەربتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىساد-
مەدەنىيەت ئالاقىسىنى جانلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوي-

نىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى غوز سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرى يەرلىك مەھسۇلاتلار ھەم كۆپرەك قولدىن ـ قولغا ئۆتكەن ماللار بولۇپ، پېرسىيە (ئىران)، پەرەڭ (شەرقىي رىم) ماللىرىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن. بەش دەۋر، سۇڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرتقا كىرگەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئولپان شەكلىدىكى سودىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقان. XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى ئودۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىن يەنىلا ئودۇن ئېلىنىڭ نامى بىلەن ئات، قاشتېشى، ئەتلەس قاتارلىقلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سوۋغا قىلىپ تۇرغان. سۇڭ سۇلالىسىمۇ تەڭ قىممەتتە سوۋغا بەرگەندىن سىرت ئالتۇن، كۈمۈش ۋە يىپەك رەختلەرنى ئىنئام قىلىپ تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ھەر يىلى دېگۈدەك ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان. ھەتتا، بىر يىلدا ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغان. كېيىنچە ئوردىغا بۇ ناھايىتى ئېغىر كېلىپ، ئاقىۋەت «ئىنئام قىلىنىدىغان بۇيۇملارنى تۈرگە ئايرىش» نى بېكىتىپ سوۋغا ـ سالام ئەكېلىشنىڭ قېتىم سانىغا ۋە ئىنئام قىلىنىدىغان بۇيۇملارنىڭ مىقدارىغا چەك قويغان.

**كارۋان** ئۇزۇن يول بېسىپ تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەر توپى. بالا ـ قازا ۋە بۇلاڭچىلىققا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يىپەك يولىدىكى سودىگەرلەر 500 ~ 600 دىن بولۇپ توپلىشىپ سەپەر قىلغان. كارۋانغا بىر ئادەم كارۋان بېشى بولغاندىن كېيىن، كارۋان بېشى كارۋاننىڭ سەپەرگە چىقىش، سەپەردىن توختاشتەك ئىشلىرىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان. كارۋان بېشىلىققا سودىگەر بولسىمۇ ياكى باشقا ئادەم بولسىمۇ بولۇۋېرەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شۈەنزاڭ غەربكە نوم ئېلىشقا بارغاندا كارۋان بېشى بولغان. كارۋاندىكىلەرنىڭ سەپەر مەنزىلى بىردەك بولماي قالسا يېرىم يولدا قايتىدىن تەشكىللەنگەن. V ~ IV ئەسىرلەردە، كۆكنۇردىن تەكلىماكاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگىچە بولغان يوللارنى ئىگىلىگەن تۇيغۇنلار ھۆكۈمەت تەرەپتىن سودا كارۋانلىرىنى تەشكىللەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى قوغدىغان. كىم كۆپرەك پۇل تاپشۇرسا شۇ كارۋان بېشى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا يىپەك يولىدىكى سودىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ھەر قايسى ئەللەر ئارىسىدا جەڭگە ـ جېدەل بولۇپ تۇرغان، بەزىدە كارۋانلارمۇ بۇنىڭغا چېتىلىپ قالغان.


**سوغدى سودىگەرلىرى** توققۇز جاۋۇپ غوزلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قىسقىچە «سوغدى غوزلىرى» دېيىلىدۇ. سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەت بولۇپ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە سىر، ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدا ياشىغان. ئىران تىلىدا سۆزلەشكەن. ئاساسلىقى سودا بىلەن شۇغۇللانغاچقا سودىگەر غوزلار دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گاۋزۇنىڭ ۋۇدې 7 ـ يىلىدىن (624 ـ يىلى) دېزۇڭنىڭ دالى 7 ـ يىلىغىچە (772 ـ يىلى) بولغان بىر يېرىم ئەسىر جەريانىدا غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە بولغان جايلاردىكى چوڭ كۆلەملىك سودا پائالىيىتى 94 قېتىمغا يەتكەن. ئودۇن، كوسەن قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇلارنىڭ ئىزلىرى بار. قوچودا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ساۋ فامىلىلىك، كاڭ فامىلىلىك سوغدىلار سودا ئىشلىرىدا ئالاھىدە جانلىق بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لوپنۇر رايونىدىكى توققۇز غوزلارنىڭ سوغدىيانالىق ئاقساقىلى كاڭ يەندىيەن دىيەنخې بازىرى، پۇتاۋ بازىرى، يېڭى بازار قاتارلىق ئالتە ـ يەتتە كۆچمەنلەر بازىرىنى قۇرغان.

سوغدى تىلى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇملاشقان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىمۇ ئەسلى سوغدى يېزىقىدىن كەلگەن. سوغدى مەدەنىيىتى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

**دۇكان** كەسىپلەر بويىچە تىجارەت قىلىدىغان ئورۇن. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يارغول ۋىلايىتىدە ھەرخىل دۇكانلار ناھايىتى كۆپ بولغان. مەسىلەن، ئاشلىق دۇكىنى، ئۇن دۇكىنى، يىپەك رەخت دۇكىنى، مېۋە ـ چېۋە دۇكىنى، قاچا ـ قۇمۇچ دۇكىنى، تامغا ـ مۆھۈر دۇكىنى، كۆكتات ئۇرۇقى دۇكىنى دېگەندەك. دۇكانلاردا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىن چىقىدىغان ئاشلىق، ئۇن، قۇرۇق مېۋە، تېتىتقۇ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، كۆكتات ئۇرۇقى، ئۇغۇت قاتارلىق نەرسىلەردىن سىرت يەنە زىجو ئايمىقى (بۈگۈنكى سىچۈەننىڭ سەنتەي)، خېنەن مەھكىمىسى (بۈگۈنكى خېنەندىكى لوياڭ)، پۇجو ئايمىقى (بۈگۈنكى شەنشىدىكى يوڭ چى)، شەنجو ئايمىقى (بۈگۈنكى خېنەندىكى شەنشيەن ناھىيىسى) قاتارلىق جايلاردىن چىقىدىغان يىپەك ماللارمۇ، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن چىقىدىغان خىلمۇ خىل دورا ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرىمۇ بار ئىدى. بۇنداق دۇكانلار غەربىي

يۇرتتا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پەيدا بولغان بولماستىن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا سولىدا ( قەشقەردە ) پەيدا بولغان، جۈملىدىن شۇ چاغدىكى رەستىلەر بۇ دۇكانلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بىراق، كۆلىمى كىچىكرەك ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يارغول ۋىلايىتىدە شەكىللەنگەن دۇكانلار بەلكىم ئەسلىدە بار دۇكانلاردىن شەكىللەنگەن بولسا كېرەك.

**مال باھا جەدۋىلى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئايماق، ۋىلايەتلەردە ھەر ئون كۈندە بىر تۈزۈلىدىغان مال باھا جەدۋىلى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يارغول ۋىلايىتىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى ئايماق، ۋىلايەتلەردىكىگە ئوخشاش بازار بېگى ھەر ئون كۈندە بازاردىكى ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى سۈپىتىگە قاراپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ كېيىنكى ئون كۈنلۈك مال باھا جەدۋىلىنى تۈزۈپ ئېلان قىلىشى ھەم ئۇنى ۋىلايەت ئامبار



مال باھا جەدۋىلى

مەھكىمىسى دېگەندەك يۇقىرى دەرىجىلىك مەھكىمىلەرگە يوللىشى كېرەك ئىدى. تېپىلغان ھۆججەت پارچىلىرىغا ئاساسلىنىپ رەتلىنىپ چىقىلغان «تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋ 2 - يىلىدىكى (747 - يىلى) يارغول ۋىلايىتىنىڭ مال باھا جەدۋىلى» دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان تولىمۇ قىممەتلىك مال باھا ماتېرىيالىدۇر. ئۇنىڭدا قوچودىكى يارغول ۋىلايىتىنىڭ بازارلىرىدىكى كەسىپلەر بويىچە تىجارەت قىلىدىغان ھەرخىل دۇكانلاردىكى ماللارنىڭ كۆپلۈكى، يەرلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭمۇ بارلىقى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، يۇمشاق يىپەك رەختلەر سىپتا، ئوتتۇراھال، قوپال دەپ ئۈچكە ئايرىلىپ، ھەر قايسى يەنە ئېسىل، ئوتتۇراھال، تۆۋەن دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن. ھەربىر چىسىنىڭ باھاسى 47 يارماقتىن 30 يارماقچە بولغان. پاختا رەختلەرنىڭ باھاسى يىپەك رەختلەردىن تۆۋەنرەك بولغان. ئۇلارمۇ سىپتىلىقىغا ئاساسەن ئېسىل، ئوتتۇراھال، تۆۋەن دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىپ ئوخشاش دەرىجىدىكى يىپەك رەختلەرنىڭ باھاسىدىن بىر، ئىككى يارماق ئەرزان بولغان. ئون كۈندە بىر تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنىدىغان « مال باھا جەدۋىلى» ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا بېكىتىلگەن مال باھا چېكى بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مال باھاسىنى كونترول قىلغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

**سودا - سېتىق پۈتۈمى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇللارنى ئېلىپ - سېتىشتا ھەم ئات - كالا قاتارلىق چوڭ ماللارنى ئېلىپ - سېتىشتا پۈتۈلىدىغان ئىسپات. بۇنى ئادەتتە ئايماق، ۋىلايەتلەرنىڭ بازار سودىسىنى باشقۇرىدىغان بازار بېگى ئىمزا قويۇپ تارقاتقان. بۇنداق پۈتۈمنى تۈزۈشتە ئالاقىدارلار ھازىر بولغان. پۇل - مال تەق بولغاندىن سىرت، ساتقۇچى ئەسلىدىكى كونا پۈتۈمنى كۆرسىتىپ ياكى كاپالەتلىك قىلىشقا ئادەم تېپىپ مال - مۈلۈكنىڭ قانۇنلۇق ئىگىدارچىلىقتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. سودا تۈگەپ ئۈچ كۈن ئىچىدە بازار بېگى سېتىۋالغۇچىغا مۆھۈرى ۋە ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان سودا - سېتىق پۈتۈمى بېرىپ قانۇنلۇق ئىگىدارلىقنىڭ ئىسپاتى قىلغان. ئۇنىڭغا يەنە سودىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئىككى تەرەپنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، يېشى، سېتىلغان قۇلنىڭ ئىسمى، يېشى، كاپالەت بەرگەن كىشىنىڭ سۆزى قاتارلىقلار ئەسكەرتىپ قويۇلغان. ئەگەر سودا قىلغۇچى ئىككىلا تەرەپ ۋاقتىدا سودا - سېتىق پۈتۈمى بېجىرمىسە ياكى بازار بېگى ۋاقتىدا سودا پۈتۈمى چىقىرىپ بەرمىسە ھەممىسى جازاغا تارتىلغان. ھۆكۈمەت تارقاتقان سودا - سېتىق پۈتۈمى شەخسلەر پۈتۈمى ھازىرلىيالمايدىغان قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئىدى.

**سودا مويكىسى** يېقىنقى دەۋردىكى روسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ تەڭسىز شەرتنامىلەردىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا قۇرۇۋالغان سودا رايونى ۋە ئولتۇراق رايونىدۇر، ئۇ يەنە ياتلار رايونى، مال چەمبىرىكى، بازار چەمبىرىكى، سودا بوتكىسى قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چېگرا سىرتىدىكى قازاق قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بەلگىلەنگەن سودا ئورۇنلىرىدا قەرەللىك ھالدا مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. روسىيىلىك سودىگەرلەر بۇنىڭغا قىستىلىۋېلىپ ئوتتۇ-

ردىن ناھايىتى كۆپ پايدا ئالغان. چىڭ سۇلالىسى شيەنفېڭنىڭ تۇنجى يىلى (1851 ـ يىلى) تۈزۈلگەن «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» ۋە گۇاڭشۈنىڭ 7 ـ يىلى (1881 ـ يىلى) تۈزۈلگەن «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى شەرتنامىسى»گە ئاساسەن روسىيە ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، تۇرپان (كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەن) قاتارلىق جايلاردا كونسۇلخانا قۇرۇش، سودا قىلىش ھەم سودا چەمبىرىكى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالغان. سودا چەمبىرىكى ئىچىدە روسىيىلىكلەر ئۆي سېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا، ئامبارلارنى سېلىپ مال ساقلاشقا، دۇكان ئېچىپ سودا قىلىشقا بولاتتى. ئۇلار سودا چەمبىرىكى ئىچىدە يەنە پوچتىخانا، بانكاقاتارلىقلارنى قۇرۇۋالغان بولۇپ، سودا چەمبىرىكىنىڭ دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتكەن. ھەتتا بەزىدە 100 ـ 200 مودەك يەرنى ئىگىلىۋالغان. سودا چەمبىرىكى ئىچىدىكى بارلىق ئىشلارنى روسىيە كونسۇللىرى بىۋاسىتە باشقۇرغان ھەم روسىيە ئەسكەرلىرىنى تۇرغۇزغان. سودا چەمبىرىكى ئىچىدىكى ئىشلارغا جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئارىلىشالمىغان. بۇ ئىچكىرى جايلاردىكى «ئىجارە يەرلەر» بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بىراق، شىنجاڭدا ئۇنداق نام بىلەن ئاتالمىغان. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇ جاھانگىرلىكنىڭ ئىمتىيازىنىڭ پاناھلىقىدىن مەھرۇم قېلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالغان. بىر قىسىم سودىگەرلەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەر جۇڭگو پۇقرالىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

**چەت ئەل بانكىسى** چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا قۇرغان سودا ئاپپاراتى. چىڭ سۇلالىسى شيەنفېڭنىڭ تۇنجى يىلى (1851 ـ يىلى) «جۇڭگو ـ روسىيە ئىلى، تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن روسىيە سودىگەرلىرى ئالدى بىلەن سودا چەمبىرىكى ئىچىدە دۇكانلارنى ئېچىپ ئاستا ـ ئاستا باشقا شەھەر ـ بازارلارغا تەرەققىي قىلدۇرغان. گۇاڭشۈنىڭ 24 ـ يىلى (1898 ـ يىلى) ئۈرۈمچىدە روسىيىلىك سودىگەرلەردىن پەقەت ئۈچ، تۆت ئائىلىلا بار بولۇپ 200 دىن كۆپرەك ئادەم ئىدى. 33 ـ يىلىغا بارغاندا كۆپىيىپ 30 نەچچە ئائىلىگە، 800 دىن كۆپرەك ئادەمگە يەتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭدا تيەنشىڭ، رېنجۇڭشىن، دېخې، دېشېڭ، ماۋشېڭ، جىشياڭتۇڭ قاتارلىق بانكىلارنى قۇرۇپ 2500 دىن ئارتۇق ئائىلە، 10 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمگە يەتكەن. ئادەتتە 100 نەچچە مىڭ رۇبلىدىن نەچچە 100 مىڭ رۇبلىغىچە مەبلىغى بولغان. جىشياڭتۇڭ، دېشېڭ، دېخې قاتارلىقلار بانكىلارنىڭ مەبلىغى 1 مىليون روبلىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ روسىيە سودىگەرلىرى ئاساسلىقى روسىيىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلاردىن كەلگەن بولۇپ تاتار، ئۆز بېك سودىگەرلىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. روسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودا ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭنىڭ چېگرا بويىدىكى سودىلىرىنى ئاساسەن كونترول قىلىپ بولغان. ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئەنلى بانكىسى ۋە ئەنگلىيىگە تەۋە ھىندىستانلىق بىر قىسىم سودىگەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدە مەلۇم تەسىر كۆچكە ئىگە بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكىنىڭ بىيلى بانكىسى ۋە خۇاسې بانكىسى، گېرمانىيىنىڭ شۈنغا سودا بانكىلىرىمۇ بولغان.

**سەككىز چوڭ گورۇھ** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شىنجاڭنىڭ سودا ساھەسىدە شەكىللەنگەن گوروھلار. ئاساسلىقى ئۈرۈمچىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، تيەنجىن گورۇھى، بېيجىڭ گورۇھى، مەنشى گورۇھى، خۇبېي گورۇھى، خۇنەن گورۇھى، خېنەن گورۇھى، شەنشى گورۇھى، گەنسۇ گورۇھى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ھەرقايسى گورۇھلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە تىجارەت دائىرىسى ئوخشىمىغان. تيەنجىن، بېيجىڭ گورۇھىدىكىلەر ئاساسلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ (ئەسكەرلەر ئارىسىدا تىجارەت قىلىپ) شىنجاڭغا كەلگەن. خۇنەن، خېنەن گورۇھىدىكىلەر ياقۇپبەگكە جازا يۈرۈشى قىلغان خۇنەن قوشۇنىغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇلار قول ھۈنەرۋەنچىلىك جۇڭگوچە دورا ماتېرىياللىرى، جەنۇب ـ شىمالنىڭ مىلىچ ماللىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. باشقا گورۇھلارنىڭ كۈچى بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، كۆپى بىر يۇرتلۇقلارنىڭ يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەن.

**تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ سەككىز چوڭ دۇكىنى** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىلىرىدىكى ئۈرۈمچىدىكى نامى بار سودا دۇكانلىرىدۇر. توڭشىڭخې، فۇچۇنيۇڭ، يوڭيۇدې، شېڭجۇ يۇڭ، گۇڭجۇچېڭ، جۇشىڭيۇڭ، دېخېڭتەي، شىنشىڭخې قاتارلىق دۇكانلاردىن تەركىب تاپقان. كۆلىمى چوڭ ئەمەس، ھەر

قايسىسىنىڭ مەبلىغى 1000 نەچچە يۈەندىن 10 ـ 20 مىڭ يۈەنگىچە بولغان، تىجارەتچىلىرى 10، 20 ئەتراپىدا بولغان.

**يىڭفىڭيۈ سودا سارىيى** دۇكان ھەم سەرراپخانا. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى مائارىپ نازىرى ليۇۋېنلۇڭ ئامېرىكا بىيلى بانكىسى ئۈرۈمچى تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت توختاتقانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ ھۆكۈمەت تىيزا ئىدارىسىدىن 100 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى قەرز ئېلىپ ئۇنى سېتىۋېلىپ يىڭفىڭيۈ سودا سارىيىنى قۇرغان ھەم بېيجىڭ، تيەنجىنلەردە تارماق دۇكانلارنى ئاچقان. ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ قىممەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئەلتىرە، قوي ئۈچىيى، بۆكەن مۈڭگۈزى، بۇغا مۈڭگۈزى، ئالقات، سوغىگۈل، مامۇرانچىن قاتارلىقلارنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ چەت ئەل سودىگەرلىرىگە سېتىپ، بېيجىڭ، تيەنجىندىن تۈرلۈك ماللارنى شىنجاڭغا ئەكېلىپ ساتقان. پۇل تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن يەنە ئۆلكە ئىچى ـ سىرتىدىكى پۇل پېرېۋوت كەسپىنى يولغا قويغان. 1933 ـ يىلى ليۇۋېنلۇڭ رېجىمغا ئېلىنغانلىقتىن سودا سارىيى تىجارەتتىن توختىغان.

**شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا شىركىتى** ئۆلكە باشقۇرۇشىدىكى كارخانا. 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يۈشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارىغان. ئەسلىدىكى يۈشىن شىركىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، بازارلاردىكى ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرى بىردەك قىسقارتىلغان. ئۆلكىلىك سودا شىركىتى يۈشىن شىركىتىنىڭ سودىنى مونوپول قىلىۋالىدىغان ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، زاپاس ساقلىنىدىغان، ئەسكەرلەر ئېھتىياجلىق بولغان ۋە سىرتقا ئېكسپورت قىلىنىدىغان يەرلىك مەھسۇلاتلارنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، باشقىلىرىنى خەلقنىڭ تىجارەت قىلىشىغا يول قويغان. مۇدىر نازارەتچىلىكىدىكى تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، كونكرېت كەسپىي خىزمەتلەرنى دىرېكتورلار بۆلۈمى بىر تەرەپ قىلغان. باش مۇدىرلىقنى ئۆلكە رەئىسى ۋۇجۇڭشىن قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. مۇئاۋىن باش مۇدىرلىقنى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لويۇۋېن قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى يۈخۇالۇڭ ئۆتىگەن. باش شىركەت ئۈرۈمچىدە بولۇپ ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەردە ھەم گەنسۇنىڭ لەنجۇدا شۆبە شىركەت ياكى ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنغان.

ئومۇمىي مەبلىغى 250 مىليون يۈەن فابىغا (500 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلىغا تەڭ) يەتكەن. ئاساسلىقى يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن تېرە، يۇڭ قاتارلىقلارنى ئىچكىرىدىكى سودىگەرلەرگە سېتىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللانغان. 1946 ـ يىلى شىنجاڭ كارخانا شىركىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**سوۋ ـ سىن ـ تورگ شىركىتى (سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى)** سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تاشقى سودا ئاپپاراتى. تولۇق ئاتىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقى مەملىكەتلىك تاشقى سودا بىرلەشمىسى شىنجاڭ ـ سوۋېت سودا شىركىتى. 1932 ـ يىلى قۇرۇلغان، باش شىركەت موسكۋادا بولۇپ رەئىسلىكىنى ژوكوۋسكى ئۆتىگەن. ئۈرۈمچىدىكى شىركەتنىڭ دىرېكتورلۇقىنى بىفسوف ئۆتىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچىسى مىرخامان بىۋاسىتە باشقۇرغان. غۇلجا، چۆچەك، ئالتايلاردا شۆبە شىركەتلەرنى قۇرغان. ئاساسلىق تىجارىتى: بىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن زاكاس قىلغان ماللارنى سېتىۋېلىش ھەم ھەرخىل ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ۋە سايمانلارنى سەپلەش ۋە قۇراشتۇرۇش، يەنە بىرى، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلغان ماللارغا بېرىدىغان يەرلىك مەھسۇلاتلارنى، يەنى بۇلغۇن تېرىسى، تۈلكە تېرىسى، سۇغۇر تېرىسى، ئەلتېرە قاتارلىق ئەتىۋارلىق تېرىلەر، قوي يۇڭى، تۆگە يۇڭى، زىلچا، ئۈچەي قاتارلىق مەھسۇلاتلار ھەم مال ـ چارۋىلارنى يىغىش بولغان. بۇ شىركەت «شىنجاڭ ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ ھەرقايسى جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ خالىغانچە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى يىغقان، چېگرا بويلىرىدا ۋاقىتلىق بازار قۇرۇۋالغان ھەم چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا مال يەتكۈزۈپ بېرىش پونكىتلىرىنى تەسىس قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋەتەن ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان ماللىرىنىڭ بېجى ئازايغان، 1943 ـ يىلىغا بارغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى ـ شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا توختاپ قالغان.

**يۈشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى** شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى سودا ئورگىنى، 1934 ـ يىلى قىشتا قۇرۇلغان بولۇپ، باش دىرېكتورلۇقنى بۇرھان شەھىدى ئۆتىگەن. ئاساسلىقى

جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە يىپەك يولى سودىسى ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پۇللىرى غەربىي يۇرتتا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، پېرسىيىنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرىمۇ ئۇدۇن، كۇسەن، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلارنىڭ بازارلىرىغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرگەن. مېتال پۇل تەدرىجىي ھالدا غەربىي يۇرتتىكى رايونلاردا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە رەختلەرمۇ پۇل ئورنىدا داۋاملىق ئىشلىتىلىۋەرگەن. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى لياڭجۇ (گەنسۇدىكى ۋۇۋېي) ئايمىقىغا ئۈزۈلمەي كېلىپ سودا قىلغانلىقتىن خېشى ئەتراپىدىكى ۋىلايەتلەردىمۇ غەربنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرى ئىشلىتىلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە راھىب شۈەنزاڭ غەربكە قىلغان سەپىرىدە ئىدىقۇت، كۇسەن، ئاگنى قاتارلىق جايلاردا كۈمۈش تەڭگە ھەم يەنە تىللا، كىچىك مىس يارماق قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن. جېنگۇەننىڭ 14 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوچونى تىنچىتىپ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مىس يارماقلىرى بازارلاردا كۆپلەپ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قوچو قاتارلىق جايلاردا ھەرخىل مېتال پۇللار بىللە ئىشلىتىلگەن ھەم كۈمۈش پۇللار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ پۇللىرى ئوخشاش ئىشلىتىلگەن. VIII ئەسىردە، يەنى ۋۇزېتيەننىڭ شېنلى يىللىرىدىن كېيىن «يارماق» بىرلىك قىلىنغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مىس پۇللىرى غەربنىڭ كۈمۈش پۇللىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. جۈملىدىن كەيۈەن توڭباۋ يارمىقى، چيەنيۈەن جۇڭباۋ يارمىقى، دالى يۈەنباۋ يارمىقى، جيەنجۇڭ توڭباۋ يارمىقى شىنجاڭدا كۆپلەپ بايقالغان. X ئەسىردىن كېيىن سۇڭ، لياۋ، جىن، غەربىي شيا سۇلالىلىرى تىركىشىپ تۇرغان مەزگىلدە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قەغەز پۇلىمۇ غەربىي يۇرتقا تارقالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇلى ئاساسلىقى غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا تارقالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدا تېزا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا قەغەز پۇل ياسالغان. شىمالىي شىنجاڭدا مېتال پۇل قۇيۇلغان. ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىگىچە ئوتتۇرا تۈز-

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈرلۈك ماللىرىنى شىنجاڭدا سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان. 1942 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تاشقى سودا نىزامىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭدا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى تاشقى سودا ئىشلىرىغا بىر تۇتاش مەسئۇل بولىدۇ. باشقا ئىمپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ تاشقى سودا توختاملىرىنى تۈزۈشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. شىركەت ئاساسلىقى يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن گۆرۈچ، قۇرۇق مېۋە، مال ـ چارۋا، قوي يۇڭى، پاختا قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلغان. بۇغداي، ياغاچ ماتېرىياللىرى، شېكەر، نېفىت، نېفىت مەھسۇلاتلىرى، خىمىيىلىك بۇيۇملار، دورا، سەرەڭگە قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، خوتەن قاتارلىق جايلاردا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنى قۇرۇپ، گۈللۈك يىپەك رەختلەرنى ئىشلەپ چىقارغان. مەمۇرىي خادىملار، ئوقۇتقۇچىلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىپ بەرگەن.

**دەۋرلەردىن بۇيانقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ پۇللىرى** شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى خارابىلەر ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن دەۋرلەردىن بۇيانقى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ قەدىمكى پۇللىرى تېپىلغان. ئەڭ دەسلەپ كىروران، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلاردىن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يېرىم سەرلىك يارمىقى تېپىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىنرەك خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش جۇلۇق يارماق تېپىلغان بولۇپ، تارقالغان ئورنى، سانى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، 1977 ـ يىلى خوتەننىڭ مەلىكە ئاۋات خارابىسىدىن قەدىمكى پۇللاردىن 45 كىلو گرام تېپىلغان بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ بەش جۇلۇق يارمىقىنىڭ سانى كۆپرەك. ۋاڭ ماڭ دەۋرىنىڭ داچۇەن 50 لىك يارمىقى ۋە خوچۇەن يارماقلىرىمۇ بايقالغان. ۋېي، جىن، 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مالنى مالغا تېگىشىشتەك سودا ئاساس قىلىنىدىغان بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغان ئاشلىق، رەخت قاتارلىقلار ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولغان. كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلار ئۆزلىرى مىستىن پۇل قۇيغان بولسىمۇ، ئوبوروت دائىرىسى چەكلىك بولغان. V ئەسىردىن كېيىن

لەڭلىكتىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ پۇللىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى پۇللار بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

**خەنزۇچە – قارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق يارماق** خوتەن ئات سۈرەتلىك يارمىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئودۇندا ياسالغان. چوڭ – كىچىك ئىككى خىل بولۇپ، مىسنى ماتېرىيال قىلغان. يۇمىلاق، تۆشۈكى يوق، سوقۇپ ياسالغان. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئەڭ بۇرۇن ياسالغان قەدىمىي پۇل، شۇنداقلا شەرق ۋە غەرب پۇللىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئات ياكى تۆگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، چۆرىسىگە خاننىڭ نامى قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان. سول يۈزىگە (ئارقا يۈزى) خەنزۇچە 24 جۇلۇق چوڭ مىس يارماق» (چوڭلىرىغا) ياكى «ئالتە جۇلۇق يارماق» (كىچىكلىرىگە) دەپ يېزىلغان. چوڭ – كىچىك يارماقنى قوشقاندا ھەربىر تىزىقى 30 جۇ بولۇپ، ئالتە دانە بەش جۇلۇق يارماققا باراۋەر كېلىدۇ. بەش جۇ بويىچە سۇندۇرۇپ ھېسابلاشقا قولايلىق. بۇ پۇلنىڭ ياسالغان دەۋرى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس، بەزى ئالىملار مىلادىيە 1~132 – يىللار ئارىلىقىدا ياسالغان دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر مىلادىيە 175~220 – يىللار ئارىلىقىدا ياسالغان دەپ قارىشىدۇ. ھازىرغىچە بايقالغىنى جەمئىي 360 دانە بولۇپ كۆپ قىسمى چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن. لوندوندىكى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدىلا 256 دانىسى ساقلانماقتا. دۆلىتىمىزدە تەخمىنەن 20 دانىسى ساقلىنىۋاتىدۇ.

**كۇشانىيە يارمىقى** كۇشانىيە خانلىقىنىڭ پۇلى. كۇشانىيە خانلىقى توخرىلار I ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جەنۇبقا كۆچۈپ ئامۇ دەرياسى بويىدا قۇرغان خانلىق بولۇپ، پايتەختى بورسابور (بۈگۈنكى پاكىستاندىكى پىشاۋۇر) بولغان. زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغىچە يەتكەن. III ئەسىردىن كېيىن پارچىلىنىپ V ئەسىردە يوقالغان. كۇشانىيە خانلىقىنىڭ پۇلى سوقۇپ ياسالغان بولۇپ، پۇلغا گرېكچە ۋە قارۇشتىچە خەت چۈشۈرۈلگەن. VI ئەسىرلەردىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. پۇلغا چۈشۈرۈلگەن خەتلەر كۇشانىيە خانلىقىنىڭ تارىخىي بىلىملىرىنى بېكىتىشتە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ رايونىدىنمۇ كۇشانىيە خانلىقىنىڭ يارمىقىدىن 30 نەچچە دانىسى بايقالغان بولۇپ، كۆپ قىسمى چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىلگەن. 1980 – يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كىرۇران قەدىمكى شەھىرىدىن كۇشانىيە خانى ۋىما قادفىس (Vime kadphises) تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە تارقىتىلغان بىر دانە مىس يارماقنى تاپقان. دىئامېتىرى 2.7 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.3 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 16.3 گرام بولۇپ، بىر تەرىپىگە بىر ئادەمنىڭ تۆگە مىنىۋالغان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىر يۈزىدىكى سۈرەت ئېنىق ئەمەس.

**كۇسەننىڭ بەش جۇلۇق يارمىقى** كۇسەن دۆلىتىنىڭ بەش جۇلۇق يارماققا تەقلىد قىلىپ قۇيغان پۇلى، قىزىل مىسنى ماتېرىيال قىلغان، جەنۇبىي – شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇنقى دەۋرلەردە ياسالغان. ئاساسلىقى ھازىرقى كۇچا، بۈگۈر، باي قاتارلىق كۇسەن دۆلىتىنىڭ زېمىنىدا ئوبوروت قىلىنغان. بۇ پۇلدىن ھازىرغىچە 10 مىڭ دانىدىن كۆپرەك تېپىلدى. پۇلدا كۇسەن يېزىقى بولۇپ ئادەتتىكى بەش جۇلۇق يارماقتىن سەل پەرقلىنىدۇ. ئۇنى چوڭ – كىچىكلىكى، ئېغىر يېنىكلىكىگە قاراپ بەش خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئادەتتە ئايلانمىسى 1.3 – 2.1 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىدىكى تۆشۈكىنىڭ ئايلانمىسى 0.5 — 0.9 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 1.43 — 2.2 گرام كېلىدۇ. خەنزۇچە جۇەنشۇ خېتى شەكلىدە «五铢» (بەش جۇ) دېگەن خەت ۋە كۇسەن يېزىقى يېزىلغان. خەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قاراپ ئۇنى ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ، بىرىدە ئوڭ يۈزىگە «五铢» (بەش جۇ) دېگەن خەت، سول يۈزىگە كۇسەن يېزىقى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىرىدە، ئىككى خىل يېزىقنىڭ ھەممىسى ئوڭ يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئارقىسى سىدام. يەنە بىرىگە پەقەت كۇسەن يېزىقى چۈشۈرۈلۈپ خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلمىگەن، بۇنداق يارماقتىن پەقەت ئۈچ دانىلا بار.

**كۇسەننىڭ كىچىك مىس يارمىقى** قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ قۇيغان پۇلى. كۇسەننىڭ بەش جۇلۇق يارمىقىدىن كېيىنرەك قۇيۇلغان. قىزىل مىستىن ياسالغان. خەت يېزىلمىغان، قىر چىقىرىلمىغان، كىچىك، نېپىز، يېنىك. چوڭ – كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. شەكلى يۇمىلاق بولۇپ ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى بار. ئايلانمىسى 1.7 – 1.9 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ

ئايلانمىسى 0.5 ـ 0.9 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 1.2 ـ 0.4 گرام كېلىدۇ. XX ئەسىردە كۇچا، مارالبېشى، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن كۆپ تېپىلغان بولۇپ، ئۇبوروت دائىرىسى كۇسەننىڭ بەش جۇلۇق يارمىقىدىن كەڭ بولغان. پۇل قېلىپىمۇ كۆپ بايقالغان. مەسىلەن، 1958 ـ يىلى كۇچانىڭ تاختا چىن قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن، 1989 ـ يىلى سوخانا قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن يەنە باينىڭ ئونباش دېگەن يېرىدىن بىر قېتىمدىلا 400 دىن كۆپرەك تېپىلغان.

**يارچۇق بەش جۇلۇق يارماق قېلىپى** 1959 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسى توققۇز ساراي خارابىسىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ بەش جۇلۇق يارمىقى، ئىككى خىل پۇل قېلىپى ۋە ئېرىتىش قازىنى بايقالغان. پۇل قېلىپى ساپالدىن ياسالغان بولۇپ ئارقا تەرىپىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. چوڭراق پۇل قېلىپىنىڭ قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.8 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.4 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى خېلىلا مۇكەممەل ساقلانغان يارماقنىڭ ئايلانمىسى 2.2 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ ئايلانمىسى 0.6 سانتىمېتىر، يۈزىدە «五铢» (بەش جۇ) دېگەن ئىككى خەت بار. كىچىك پۇل قېلىپىنىڭ قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.3 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى خېلى مۇكەممەل ساقلانغان يارماقنىڭ ئايلانمىسى 1.4 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ ئايلانمىسى 0.6 سانتىمېتىر كېلىدۇ، بۇ شىنجاڭدىكى خەن سۇلالىسىنىڭ بەش جۇلۇق يارمىقىغا تەقلىد قىلىپ قۇيۇلغان تۇنجى يارماقتۇر.

**پېرسىيىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى** پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ (226 ـ 651 ـ يىللار) پۇلى. جۇڭگودا خېلى بۇرۇنلا بايقالغان. 1949 ـ يىلدىن 1992 ـ يىلغىچە جەمئىي 1536 دانىسى تېپىلغان. جەنۇبتا گۇاڭدۇڭنىڭ يىڭدې، چۈجياڭدىن، شىمالدا خېبېينىڭ دىڭشەن، سەنشىنىڭ تەييۈەن، خېنەننىڭ لوياڭ، شەنشىنىڭ شىئەن، چىڭخەينىڭ شىنىڭدىن، گەنسۇ، نىڭشيا ھەم شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن بايقالغان. 1959 ـ يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن بىر قېتىمدىلا 947 دانە تېپىلغان، يەنە كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىنمۇ تېپىلغان. ئومۇمەن ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 12 خانى تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە تارقىتىلغان تەڭگىلەرنىڭ ھەممىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە خىسراۋ I تەختتىكى ۋاقىتتا تارقاتقان تەڭگىلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ. «سۇينامە. ئوزۇق ـ تۈلۈك، مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى» ۋە «ئومۇمىي قامۇس. ئوزۇق ـ تۈلۈك، مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى» دە: «خېشىدىكى ۋىلايەتلەردە غەربىي يۇرتنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش پۇللىرى ئىشلىتىلىدۇ، ھۆكۈمەت بۇنىڭغا چەك قويمايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن پېرسىيىنىڭ كۈمۈش تەڭگىلىرىنىڭ گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل ئۇبوروت قىلىنغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بۇ پېرسىيە ساسانىيلار سۇلالىسى بىلەن جۇڭگونىڭ قويۇق ئالاقىدە بولغانلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتىدۇر.

**ۋىزانتىيە تىللاسى** مىلادىيە 395 ـ يىلى رىم ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىپ شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ۋىزانتىينى (ھازىرقى ئىستانبول) پايتەخت قىلىپ ۋىزانتىنىيە ئىمپېرىيىسى دەپمۇ ئاتالغان. تارىخنامىلەردە «فەرەڭ» دەپ ئاتالغان. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقىسى كۈچەيگەن. ئاناستوسىئوس تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە (491 ـ 518 ـ يىللار) پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، پۇلغا گرېك يېزىقىنى چۈشۈرۈپ ۋىزانتىنىيە ئىمپېرىيىسى تەڭگىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ پۇل XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن شەنشىنىڭ شىئەن، شەنياڭ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ بېكچى، خېبېينىڭ زەنخۇاڭ، نىڭشيانىڭ گۇيۈەن ھەم تۇرپاننىڭ ئاستانە، قارا خوجىدىكى قەبرىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن تېپىلغان. ياسالغان دەۋرى V ~ VII ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. يەنە تەقلىد قىلىپ ياسالغانلىرىمۇ بار. دىئامېتىرى 1.2 ـ 2.1 سانتىمېتىر ئارىلىقىدا بولۇپ، يىپەك يولىدىكى مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقتۇر.

**قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى يارمىقى** قوچو ئېلىنىڭ پۇلى. يۇمىلاق، چاسا تۆشۈكلۈك، چوڭ، قېلىن ھەم ئېغىر بولۇپ، نەپىس ياسالغان. يارماققا خەنزۇچە قەدىمكى لىشۇ خېتى شەكلىدە خەت چۈشۈرۈلگەن. سانى ئانچە كۆپ ئەمەس. ھازىرغىچە مەلۇم بولغىنى ئون نەچچە بولۇپ، ئاز بىر قىسمى چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا ۋىڭ شۇپېي «قەدىمكى پۇللار ئۈستىدە ئىزدىنىش» دېگەن ئەسىرىدە بۇنى تىلغا ئالغان. دىڭخۇباۋنىڭ XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان

«قەدىمكى پۇللار قامۇسى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ بۇ پۇل ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىمۇ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بۇ پۇلنى بايقىغان. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ شىئەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىنمۇ تېپىلغان. 1977 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى 519 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن بۇ پۇلدىن بىرسى تېپىلغان بولۇپ ئايلانمىسى 2.6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.38 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 12.5 گرام كېلىدۇ. قەبرە شۇ چاغقىچە تېخى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان، قەبرىدىن يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 16 ـ يىلى (642 ـ يىلى) غا تەئەللۇق تەزكىرە تېپىلغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 14 ـ يىلىدىن باشلاپ قوچۇنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگىنىگە ئاساسلانغاندا، بۇ پۇل چۇر جەمەتى ئىدىقۇت خاندانلىقى (499 ـ 640ـ يىللار) دەۋرىدە قۇيۇلغان، بۇنىڭدىن بۇرۇنقىلارنىڭ بۇ پۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان دېگەن كۆز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

**ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى يارمىقى** ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پۇلى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپاننى مەركەز قىلىپ قۇرغان ھاكىمىيىتىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا قۇيۇلغان پۇل تېپىلغان بولۇپ، پۇلغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن. يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك بولۇپ مىستىن ياسالغان. يارماق ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇتنىڭ يارمىقى. 1993ـ يىلى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلانباي قەدىمىي شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان. ئايلانمىسى 2 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ ئايلانمىسى 0.5 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 2 گرام كېلىدۇ. بىر تەرىپىگە «ئىدىقۇتنىڭ پەرمانى بىلەن تارقىتىلدى» ياكى «مۇقەددەس پەرمان بىلەن تارقىتىلدى» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان. يەنە بىر يۈزى سىدام. ھازىر شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. يەنە بىرى، ئىككىلا يۈزىگە قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن يارماق. جىمسارىدىن تېپىلغان. مەلۇم بولغان بىر دانە يارماقنىڭ ئايلانمىسى 2.3 سانتىمېتىر تۆشۈكىنىڭ ئايلانمىسى 0.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇڭ يۈزىگە «كۈل بىلگە بۆگۈ ئۇيغۇر تەڭرى قاغان» ، سول يۈزىگە «خاننىڭ پەرمانى بىلەن تارقىتىلدى» ياكى «ئېل تۇتمىشنىڭ پەرمانى بىلەن تارقىتىلدى» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان. بۇ يارماق تەخمىنەن X ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك قۇيۇلغان.

**تۈركەش يارمىقى** تۈركەش خانلىقىدا سولۇ قاغان تەختكە چىققان ۋاقىتتا (716 ـ 738 ـ يىللار) كەييۇەن تۇڭباۋ يارمىقىغا تەقلىد قىلىپ مىستىن قۇيدۇرغان. ئايلانمىسى 2.3 ـ 2.5 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ ئايلانمىسى 0.6 ـ 0.8 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 4.13 ـ 6.3 گرام كېلىدۇ. بۇ يارماق تۈركەش خانلىقىنىڭ پايتەختى «سۇياب» (بۈگۈنكى قىرغىزىستاندىكى توقماق ئەتراپىدا) تا قۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن. پۇلغا سوغدىچە «تەڭرى تۈركەش قاغان پۇلى» دېگەن خەت ھەم «pny» (بىر يارماق) دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. سول يۈزىدە ياغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەقىش بولۇپ تەتقىقاتلارغا ئاساسەن براخمى يېزىقىدىكى «at» دېگەن خەتنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دەپ بېكىتىلگەن، ئۇ قوۋم بەلگىسى ياكى تامغىسى بولغان بولۇپ، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 72 ـ جىلد «يات قوۋملەرنىڭ ئاتقا باسىدىغان تامغىلىرى» دا بار.


**قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەڭگىسى** قاراخانىيلار سۇلالىسى شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان سۇلالىدۇر. شۇڭا، قاراخانىيلارنىڭ پۇللىرى بىلەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ پۇللىرى مەلۇم ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، يەنى دىنىي مەزمۇندىكى ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن، ئادەم باش سۈرىتى ياكى ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى بولمىغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى شىنجاڭدا كۆپ مىقداردا پۇل قۇيدۇرغان بولۇپ، ئاساسلىقى مىس تەڭگە، ئاز بىر قىسمى كۈمۈش تەڭگىدۇر. ئاتۇش، قەشقەردىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان جايلاردىن بۇ خىلدىكى پۇللار دائىم تېپىلىپ تۇرغان. ئاساسلىقى ئىككى قېتىم بولۇپ، بىرى، 1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاتۇشتىن ئورەكتە ساقلانغان 18 مىڭ دانە، 130 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تەڭگە تېپىلغان. يەنە بىرى، شىنجاڭ پۇلشۇناسلىق جەمئىيىتى تۇرپان داخېيەندە پوسكامدىن ئېلىپ كەلگەن 4000 دانىدىن ئارتۇق تەڭگىنى سېتىۋالغان. قاراخانىيلار پۇلىنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد ئارسلانخان دەۋرىدىكى پۇل ئەڭ كۆپ بولۇپ، %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. سۇلايمان قادىر تابغاچ خان دەۋرىدىكى پۇل 1000 دانىدىن ئارتۇق. «تۈركىي تىللار

دۇنيانى»غا ئاساسلانغاندا تابغاچ خان «جۇڭگو خانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇلى** چاغاتاي خانلىقى قويدۇرغان تىللا، مىس، كۈمۈش تەڭگىلەردۇر. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى مورى، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، سانجى، بورتالا، قورغاس قاتارلىق جايلاردىكى خارابىلەردىن 3400 دانىدەك تېپىلغان. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئازراق تېپىلغان. كۈمۈش، مىس تەڭگىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئالمالىق (قورغاس) ۋە بولات (بورتالا) قاتارلىق جايلاردا ياسالغان. تىللالارنىڭ ئالمالىقتا ياسالغانلىرىمۇ بار. كۆپ قىسمى XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIV ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە ياسالغان. پۇللارغا ئاساسلىقى ئەرەبچە يېزىق، بىر قىسىملىرىغا ئۇيغۇرچە يېزىق ۋە پاسپا يېزىقى (موڭغۇلچە يېزىق) چۈشۈرۈلگەن. يەنە بىر قىسىم پۇللارغا خەنزۇچە قەدىمكى جۇڭسۇ مىتى شەكلىدىكى «朱» خېتىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى نەقىش قىلىنغان.

**جۇڭغارلارنىڭ پۇلى** XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا قويدۇرغان مىس تەڭگە. چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 39 - يىلى (1700 - يىلى) جۇڭغارلارنىڭ ئاقساقىلى سېۋان ئاراپتان يەكەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان ھەم شۇ جايدا ساپ مىستىن خام ئەشيا قىلىپ يۇمىلاق، تۆشۈكى يوق، بىر تەرىپى سەل ئۆچلۈق تەڭگە قويدۇرغان. بۇ خىلدىكى تەڭگىنىڭ شەكلى شىنجاڭدىكى بۇرۇنقى پۇللاردىن پەرقلىق بولۇپ ئوڭ يۈزىگە تود موڭغۇل يېزىقىدا «سېۋان ئاراپتان» دەپ خاقاننىڭ نامى، سول يۈزىگە ئۇيغۇرچە «زەربە ياركەند» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئۇزۇن دىئامېتىرى 1.75 سانتىمېتىر قىسقا دىئامېتىرى 1.52 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.54 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 6.3 ~ 8.2 گرام بولغان. يوڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (1727 - يىلى) غالدان سىرىن تەختكە چىقىپ يېڭىدىن پۇل قويدۇرۇپ كونا ئىككى پۇلغا يېڭى بىر پۇلنى تېگىشكەن. پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە «غالدان سىرىن» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. سول يۈزىدىكى خەت ئۆزگەرمىگەن. ئۇزۇن دىئامېتىرى 1.74 سانتىمېتىر، قىسقا دىئامېتىرى 1.47 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.55 ~ 0.67 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 8 گرام بولغان. ئاساسىي جەھەتتىن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان.

**چاقا** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقالغان پۇل. جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە سوقۇپ ياسالغان، قىزىل مىستىن ماتېرىيال قىلغان، سەل سوزۇنچاق، بىر تەرىپى ئۆچلۈقراق، ئوتتۇرىسى قېلىن، تۆشۈكى يوق. ئوڭ يۈزىگە تود موڭغۇل يېزىقىدا جۇڭغار تەيجىسىنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن. سول يۈزىگە پارس يېزىقىدا پۇل ياسالغان جاينىڭ نامى



چاقا

چۈشۈرۈلگەن. ئادەتتە «قىزىل چاقا» دەپ ئاتالغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) ئاۋۋال يەكەندە تىيىزا ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، كونا پۇللارنى يىغىپ ئۆزگەرتىپ يېڭى پۇل ياسىغان. ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن ئىككى مىسقال بولۇپ، يۇمىلاق، دىئامېتىرى 24 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار، قىزىل مىس خام ئەشيا قىلىنغان. ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» دېگەن خەت، سول يۈزىگە مانجۇچە، ئۇيغۇرچە تىيىزا ئىدارىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن. ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان. بىر پۇل بەش يارماققا، 50 پۇل بىر سەر كۈمۈش تەڭگىگە باراۋەر بولغان. يېڭى پۇل يەنىلا قىزىل چاقا دەپ ئاتالغان، يارماق قارا چاقا دەپ ئاتالغان. سودىگەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا توقسۇندا پۇل ئالماشتۇرغان. قايتقاندىمۇ شۇنداق قىلغان.

**شىنجاڭ تىيىزا ئىدارىسى ۋە ھۆكۈمەت تىيىزا ئىدارىسى** چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئورگىنى تىيىزا ئىدارىسى: چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) ئالدى بىلەن يەكەندە تىيىزا ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان پۇل قويۇلۇشقا باشلىغان. بۇ ئادەتتە «قىزىل چاقا» دەپ ئاتالغان. كېيىن داۋاملىق قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردا تىيىزا ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. شىمالىي شىنجاڭدا بولسا ئىچكىرى جايلاردىكىگە ئوخشاش مىس،

قوغۇشۇن، قەلەي قاتارلىقلاردىن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان يارماقلار ئىشلىتىلگەن. ئادەتتە ئۇ «قارا چاقا» دەپ ئاتالغان. چيەنلۇڭنىڭ 40 ـ يىلى ئىلىدا ئىلى تەمىرات جۇجۇقى قۇرۇلۇپ پۇل قۇيدۇرۇلغان. قىزىل چاقىنىڭ بىر دانىسى كەم بولغاندىمۇ 5 يارماققا تەڭ ئىدى. داۋگۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى (1828 ـ يىلى) ئاقسۇدا تۇنجى قېتىم قىممىتى تۆۋەن بولغاندىمۇ ئون يارماققا تەڭ كېلىدىغان ئون پۇل قۇيۇلغان. شيەنفىڭ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە ھەرقايسى جايلاردا بەش ـ بەستە تەڭگە قۇيۇلغان. ئىلى تەمىرات جۇجۇقى شيەنفىڭنىڭ 3 ـ يىلى (1853 ـ يىلى) قىممىتى 5، 10، 50، 100 لىك تەڭگە قۇيدۇرغان. شيەنفىڭنىڭ 8 ـ يىلى دىخۇادا (ئۈرۈمچى) ئۈرۈمچى تەمىرات جۇجۇقى قۇرۇلۇپ، 8 لىك، 80 لىك تەڭگە قۇيدۇرغان. ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ تەمىرات جۇجۇقى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. گۇاڭشۈنىڭ 12ـ يىلى (1886ـ يىلى) يارماقتىن سىرت يەنە پۇل كۆپەيتىلىپ قۇيۇلغان. شىنجاڭدا كۈمۈش تەڭگە داۋگۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى ئاقسۇ تىيزا ئىدارىسىدە قويۇلۇشقا باشلانغان بولۇپ، ئېغىرلىقى بىر مىسقال، شەكلى پۇلغا ئوخشاش بولغان، ئوبوروت قىلىنغان ۋاقتى قىسقا بولغان. گۇاڭشۈنىڭ دەسلەپكى يىللىرى چىڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندا، ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالغان ۋاقىتتا قۇيدۇرغان كۈمۈش پۇلنى ئۆزگەرتىپ بەش فۇڭلۇق كىچىك كۈمۈش تەڭگە قۇيدۇرۇپ، بازارنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى قامدىغان . گۇاڭشۈنىڭ 6 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئامبال زوزۇڭتاڭ چىڭ ئوردىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن كۇچادا رەسمىي كۈمۈش تەڭگە قۇيدۇرغان. ئۇنىڭ چۆرىسى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا شەكىللىك، يارماققا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، دىئامېتىرى 22.5 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.73 گرام بولغان. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە «بىر مىسقال كۈمۈشكە باراۋەر» دېگەن خەت يېزىلغان. گۇاڭشۈنىڭ 15 ـ يىلى دىخۇادا داۋاملىق 2، 3، 5 مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگە قۇيۇلغان بولۇپ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، مانجۇچە ئۈچ خىل يېزىقتا «گۇاڭشۈنىڭ X مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگىسى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن.

**ھۆكۈمەت تىيزا ئىدارىسى:** گۇاڭشۈنىڭ 11 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سىلاۋچىسى ليۇجىنتاڭ دىخۇادا ھۆكۈمەت تىيزا ئىدارىسى تەسىس قىلغان. 14 ـ يىلى ئىلى جاڭجۇنى سالىڭئا ئىلىدا ھۆكۈمەت تىيزا ئىدارىسى تەسىس قىلىپ ئاق رەختنىڭ ئۈستىگە خەت بېسىپ توغراق يېغى سۈرۈش ئارقىلىق پۇل ياسىغان. بۇ ئادەتتە «ياغ تىيزا» دەپ ئاتالغان. قىممىتى 200، 300، 500، 1000 يارماقلىق بولغان. 16 ـ يىلى دىخۇا ھۆكۈمەت تىيزا ئىدارىسى قىممىتى 400 يارماقلىق قىزىل چاقىغا تەڭ شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇلىنى تارقاتقان بولۇپ، بۇمۇ ياغ رەختتىن ياسالغان. قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھۆكۈمەت تىيزا ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. گۇاڭشۈنىڭ 34 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارى ۋاڭ شۇدەن دىخۇا ھۆكۈمەت تىيزا ئىدارىسىنى شىنجاڭ تىيزا باش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئىدارىلىرىنى، باشقا جايلاردا تارماق ئىدارىلىرىنى تەسىس قىلغان. شۇ يىلى تىيزا باش ئىدارىسى قىممىتى 400 يارماقلىق قىزىل چاقىغا باراۋەر كېلىدىغان، بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ بولغان قەغەز پۇل تارقاتقان بولۇپ، بۇ «چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل» دەپ ئاتالغان.


**جۇڭگو ـ روسىيە غالىبىيەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى** چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا قۇرغان شېرىك پۇل مۇئامىلە ئورگىنى. يەنە روسىيە ئاسىيا بانكىسى دەپمۇ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 21 ـ يىلى (1895 ـ يىلى) روسىيە 2 مىليون 250 مىڭ رۇبلى چىقىرىپ، فرانسىيە 3 مىليون 750 مىڭ رۇبلى چىقىرىپ قۇرغان بولۇپ، 24 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتىمۇ قاتناشقان ھەم روسىيە، فرانسىيىلەر بەرگەن قەرز پۇلدىن 5 مىليون سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، ئۇنى 7 مىليون 562 مىڭ رۇبلىغا ھېسابلاپ مەبلەغ قىلىپ سالغان. باش بانكا روسىيە پايتەختى پېتربورگدا بولۇپ، روسىيىدىن بەش ئادەم فرانسىيىدىن ئۈچ ئادەم مۇدىرىيەت ئەزاسى بولغان. جۇڭگودىن بىرمۇ ئادەم بولمىغان. كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى روسىيىلىكلەرنىڭ قولىدا بولغان. جۇڭگونىڭ شاڭخەيدە باش شۆبە بانكا تەسىس قىلىنغان، باشقا جايلاردا شۆبە بانكىلار قۇرۇلغان. 26 ـ يىلىدىن كېيىن شىنجاڭدا ئىلى، چۆچەك، قەشقەرلەردىمۇ شۆبە بانكىلار قۇرۇلۇپ ئايرىم- ئايرىم ھالدا روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت باش شۆبە بانكىسى، يېڭى سىبىرىيىدىكى بالنۇر باش شۆبە بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ھەرقايسى بانكىلار پۇل پىرېۋوت قىلىشتا پىرېۋوت نىسبىتىنى ئۆزلىرى بېكىتىپ، قانۇنسىز ھالدا جۇڭگو تەۋەسى ئىچىدە پۇل پىرېۋوت قىلىپ، سەنشىنىڭ ۋىپى فىڭخو، تيەنچىڭخىڭ، شېتۇڭچىڭ قاتارلىق ئۈچ بانكىسـ

نى سىقىپ چىقارغان. يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىش ئۇسۇلى بىلەن جۇڭگو سودىگەرلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلغان. تارقاتقان پۇلى 8 مىليون سەردىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى سودا «روسىيە پۇلى» بولمىسا ئاقمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئاساسەن ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ۋاقىتلىق باج تۆلىمەسلىك» تەك قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، يەرلىك سودىگەرلەرنى چەتكە قېقىپ، جۇڭگو سودىگەرلىرىنى روسىيە ماللىرىنى سانقۇچىغا، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى يىغقۇچىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. شۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ پۇل - مۇئامىلە ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنى مەلۇم دەرىجىدە كونترول قىلىۋالغان. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن باش بانكا تاقالغان. ئىلى، قەشقەر، چۆچەكتىكى شۆبە بانكىلارمۇ تىجارەتنى توختاتقان. فرانسىيە سودىگەرلىرىنىڭ كاپىتالى داۋاملىق تۈردە پارىژدىكى شۆبە بانكىغا تەۋە قىلىنىپ، ئۇ باش بانكىغا ئۆزگەرتىلىپ، شاڭخەي باش شۆبە بانكىسى يىراق شەرق باش بانكىسىغا ئۆزگەرتىلگەن ھەم 1919 - يىلى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنى قۇرغان. 1925 - يىلى پارىژ باش بانكىسى تاقىلىپ جۇڭگودىكى ھەرقايسى تارماق بانكىلارمۇ تىجارەتتىن توختىغان.

ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل ۋە ئۆلكە پۇلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى يەرلىك قەغەز پۇل.

ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل: پۇلغا ئاجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنلىكتىن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. جەمئىي ئۈچ خىل بولۇپ، ئىلى ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلى گۇاڭشۈنىڭ 19 - يىلى (1893 - يىلى) تارقىتىلغان، ھەر بىرىنىڭ قىممىتى 1000 يارماق بولغان. چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى تارقىتىلغان، ھەربىرىنىڭ قىممىتى 400 يارماقلىق چاقىغا، بىر سەركۈمۈشكە باراۋەر بولغان. كىچىك ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل 1912 - يىلى تارقىتىلغان ھەربىرىنىڭ قىممىتى 400 يارماقلىق قىزىل چاقىغا باراۋەر بولغان. شىڭجى بانكىسىنىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلى شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) تارقىتىلغان. ھەربىرىنىڭ قىممىتى 400 يارماقلىق قىزىل پۇل بولغان.

ئۆلكە پۇلى يەنە شىنجاڭ پۇلى ياكى يېڭى پۇل دەپمۇ ئاتالغان. 1917 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى تارقاتقان. 10 — 20 - يىللاردا ھەربىرىنىڭ قىممىتى 400 يارماقلىق قىزىل چاقىغا تەڭ بولغان، بىر سەر كۈمۈشكە باراۋەر كېلىدىغان ئۆلكە پۇلى ھەم 3 سەرلىك، 5 سەرلىك ئۆلكە پۇلى، 30 - يىللاردا 10 سەرلىك، 50 سەرلىك ئۆلكە پۇلى ھەم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ 500 سەرلىك قەرەللىك پۇلى تارقىتىلغان. 1939 - يىلى سەر يۈەنگە ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1943 - يىلغىچە 1 پۇڭ، 2 پۇڭ، 5 پۇڭ، 1 مو، 2 مو، 5 مو، 1 يۈەن، 2 يۈەن، 3 يۈەن، 5 يۈەن، 10 يۈەن، 50 يۈەن، 100 يۈەنلىك پۇللارنى تارقاتقان. 1945 - يىلىدىن 1948 - يىلغىچە شىنجاڭ سودا بانكىسى 100



ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل

يۈەن، 200 يۈەن، 500 يۈەن، 2000 يۈەن، 5000 يۈەن، 10 مىڭ يۈەن، 20 مىڭ يۈەن، 100 مىڭ يۈەن، 200 مىڭ يۈەن، 500 مىڭ يۈەنلىك پۇللارنى تارقاتقان. 1948 - يىلىدىن 1949 - يىلى 5 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1 مىليون يۈەن، 3 مىليون يۈەن، 6 مىليون يۈەن، 30 مىليون يۈەن، 60 مىليون يۈەن، 600 مىليون يۈەن، 3 مىليارد يۈەن، 6 مىليارد يۈەنلىك پۇللارنى تارقاتقان. 1949 - يىلى شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى تارقىتىلغان (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 6 - بېتىگە قارالسۇن).

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى. 1930 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان. سۈن گوخۇا بانكىنىڭ باش باشقۇرغۇچىسى بولغان. 1931 - يىلى ئۇرۇش تۈپەيلى تىجارىتىنى توختاتقان. 1933 - يىلى تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. 1934 - يىلى چېن دېلى باش مۇدىر، شۈچيەن

بانكا باشلىقى بولغان. پۈتۈن ئۆلكىدە توققۇز تارماق ئورگانى قۇرۇلغان. بانكا ئۆلكىلىك خەزىنىنى ۋاكالەتەن باشقۇرۇپ ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەربىي مەمۇرىي خىراجەتلىرىنى ئاجرىتىپ بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل ئېلىش، پۇل پېرېۋوت قىلىشتەك كەسپىي خىزمەتلەرنى ناھايىتى ئاز بېجىرگەن. 1939 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ سودا بانكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، نازارەتچىلىك ھەيئىتى، مۇدىرىيەت ھەيئىتى تەسىس قىلىنغان. ماۋزېمىن باش مۇدىر، جاڭ خۇڭيۇ بانكا باشلىقى بولغان. ئومۇمىي مەبلىغى 5 مىليون يۈەن بولۇپ 1943 ـ يىلغا بارغاندا 140 مىڭ ھۆكۈمەت پېيى، 77 مىڭ 690 شەخسلەر پېيى يىغىلغان، پاي پۇلى 10 مىليون 634 مىڭ 500 يۈەن بولغان. 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يەنە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ مەمۇرىي جەھەتتىن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. پۇل مۇئامىلە سىياسىتى ۋە كەسپىي جەھەتتىن جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارماق بانكىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولغان. ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قەرز بېرىش، ئاھالىلەرنىڭ پۇل ئامانەت ئىشلىرىنى بېجىرىش، ئۆلكە ئىچىدە پۇل پېرېۋوت قىلىش، ئۆلكە خەزىنىسىنى ۋاكالەتەن باشقۇرۇش ھەم خەلق بانكىسى تاپشۇرغان مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بېجىرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان. 1950 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك بانكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بارلىق كەسپلىرى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارماق بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ھەرقايسى جايلاردىكى تارماق ئورگانلىرىمۇ مۇناسىپ ئۆزگەرتىلگەن.

**ئالتۇن رۇبلى قەرز پۇلى** شىنجاڭنىڭ يەرلىك تاشقى قەرزى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن پۇل تەلەپ قىلىپ سورىغان ئىلتىماسى نەتىجىسىز چىققانلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن ئىككى قېتىم قەرز پۇل ئالغان: ① 1935 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بۇرھاننى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋشىن سودا شىركىتىنىڭ ۋەكىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا ئىدارىسى بانكا باش مۇدىرى سۋانىزى بىلەن 5 مىليون ئالتۇن رۇبلى (2 مىليون 190 مىڭ يېڭى رۇبلىغا تەڭ) لىق قەرز پۇل ئېلىش توختامى تۈزگەن. بۇ قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى بەش يىل بولۇپ، ئۆسۈمى تۆت لى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئىككى يىل ئىچىدە يول ياساش، توك تەمىنلەش، كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەش، پاختا ئېتىش، ماي چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ھەم ھەربىي قورال ـ ياراغ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان بولغان. شىنجاڭ يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بەش يىل ئىچىدە قوي يۇڭى، تېرە، قوي ئۈچەيى قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە تىرىك چارۋىلار بىلەن قەرز پۇلنى ھەم قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى قايتۇرىدىغان بولغان. ② 1937 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بۇرھان ئالدىنقى يىلى 10 ـ ئايدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەم دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن يەنە بىر قېتىم يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سوۋشىن سودا شىركىتى بىلەن 2 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن رۇبلىلىق قەرز پۇل ئېلىش توختامى تۈزگەن. بۇ قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى بەش يىل بولۇپ يەرلىك مەھسۇلاتلار ئارقىلىق قايتۇرۇلغان. ئىككى قېتىملىق قەرز پۇل ئېلىشنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن.

**قۇرۇلۇش زايومى** شىنجاڭنىڭ يەرلىك زايومى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزاسى ماۋزېمىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ ئىككىنچى ئۈچ يىللىق پىلانىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرىگە مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن تارقاتقان. تارقىتىلغان زايومنىڭ ئومۇمىي سوممىسى يېڭى پۇلدا 5 مىليون يۈەن بولۇپ، قىممىتى 50 يۈەنلىك، 25 يۈەنلىك، 10 يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك بىر يۈەنلىك بەش خىل بولغان. 1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ نامسىز ئۇسۇل بىلەن

تولۇق تارقىتىلغان. ئۆسۈمى يوق، مۇكاپاتلىق بولۇپ، 10 يىلدا دېرى قايتۇرۇلىدىغان بولغان. شۇ يىلىلا 6 مىليون 689 مىڭ يۈەنلىك سېتىلىپ پىلاندىكىدىن 33.8% ئۇشۇق سېتىلغان. بۇ پۇلنىڭ كۆپ قىسمى مالىيەدىكى قىزىل رەقەمنى تولۇقلاشقا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سودا - سانائەتنى جانلاندۇرۇشقا سەرپ قىلىنغىنى ئانچە كۆپ بولمىغان.

مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭ قەغەز پۇلى شىنجاڭنىڭ بەرلىك پۇلى. 1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇجۇڭشىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ بۇئاۋىن مىنىستىرى لۇبەيجۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ 8 - ئايدىن باشلاپ يېڭى پۇلنى تارقىتىشنى توختىتىپ مەركىزىي بانكىنىڭ قەغەز پۇلنى تارقىتىشنى قارار قىلغان. ئۇ 50 يۈەنلىك، 100 يۈەنلىك ئىككى خىل بولۇپ، قىممىتى يېڭى پۇلنىڭ قىممىتى بىلەن ئوخشاش، قايىنىڭ بەش ھەسسىگە توغرا كېلەتتى. مەركىزىي بانكىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يۆتكەپ كېلىنگەن قەغەز پۇل جەمئىي 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەسمىي تارقىتىلىشقا باشلىغان. شۇ كۈنى چۈشكىچە باشقىلار قەغەز پۇلنىڭ ئارقا يۈزىدىكى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ «چىنى تۈركىستاندا ئۆتىدۇ» دەپ خاتا تەرجىمە قىلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن تارقىتىش توختىتىلغان ھەم تارقىتىلىپ بولغان 9 مىليون 640 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 100 يۈەنلىك پۇل دەرھال يىغىۋېلىنىپ، تېخى تارقىتىپ بولۇنمىغان پۇللار بىلەن بىللە شىنجاڭ باسما زاۋۇتىنىڭ ھويلىسىدا كۆيدۈرۈلگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قەغەز پۇلدىكى ئۇيغۇرچە خەتنى مەسئۇدنىڭ تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم بولغان.

شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى يەرلىك قەغەز پۇل. 1949 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھان پۇل مۇئامىلە جەھەتتە گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئالتۇن پۇل كرىزىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارارى ھەم غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجوڭنىڭ قوشۇلۇشى



شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى

بىلەن ئۆلكىلىك بانكىغا 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ كۈمۈش پۇل تارقىتىشقا بۇيرۇق قىلغان. شۇ ئارقىلىق بازارنى ئالتۇن پۇلنىڭ بېسىمىدىن يېنىكلەتكەن. كۈمۈش پۇل 1 پۇڭلۇق، 5 پۇڭلۇق، 1 مولۇق، 2 مولۇق، 5 مولۇق، 1 يۈەنلىك ئالتە خىل بولۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كونتروللۇقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنغان. 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە جەمئىي 4 مىليون 342 مىڭ يۈەن كۈمۈش پۇل تارقىتىلغان. لېكىن ئالتۇن پۇلنىڭ شىنجاڭدىكى ئوبوروتىنى تولۇق چەكلىيەلمىگەنلىكتىن ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1950 - يىلى 1 يۈەنلىك، 5 يۈەنلىك 10 يۈەنلىك پۇللار داۋاملىق تارقىتىلغان. 10 يۈەنلىك پۇلنىڭ چوڭ خەتلىك، كىچىك خەتلىك ئىككى خىل نۇسخىسى بولغان.

يىپەك يولى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرىدىغان قەدىمكى خەلقئارالىق قاتناش يولى. جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى مۇشۇ يول ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ھەم ياۋروپا قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىلغان. 1877 - يىلى گېرمانىيىلىك جۇغراپىيون رىچىت. خوفىن «جۇڭگو» دېگەن ئەسىرىدە بۇ نامنى تىلغا ئالغاندىن باشلاپ ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرى ئۇنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلغان. يىپەك يولى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇرۇن شەكىللەنگەن بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاساسىي لىنىيىسى شەكىللەنگەن. جۇملىدىن جۇڭگودىكى چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىدىكى شىئەن) ياكى لوياڭدىن غەربكە مېڭىپ، خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ يۈمىنگۈەندىن (ھازىرقى گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدە)، ياڭگۇەندىن

(يۈمىنگۈەنىڭ جەنۇبىدا) چىقىپ كىروورانغا بېرىپ، چولڭ قۇملۇقتا (تەكلىمان چۆللۈكىگە) كەلگەندە جەنۇب، شىمال ئىككى لىنىيىگە ئايرىلغان.


*جەنۇبىي لىنىيە* لوپنۇر (كىروران قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى)، ئابدان (مىرەننىڭ شىمالى)دىن ئۆتۈپ چاقىلىقتا بېرىپ، يەنە غەربكە قاراپ مېڭىپ چەرچەن، نىيە (بۈگۈنكى نىيە)، ئۈزۈن تات (چىرىيىنىڭ شەرقىي شىمالى)، ئۈدۈن، گۇمالارنى بېسىپ ئۆتۈپ يەكەنگە بارغان. يەنە غەربكە ماڭغاندا ئىككى يول بولۇپ، بىرى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ كاچۇڭ، ھەسەل باغدىن سارىقولغا (بۈگۈنكى تاشقورغان) يېتىپ بارغان؛ يەنە بىرى، يەكەندىن جەنۇبقا مېڭىپ تىزناپ دەرياسىنى بويلاپ سارىقولغا يېتىپ بېرىپ پامىردىن ئۆتۈپ توخرىلار يۇرتىغا (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالى)، ئاندىن ئارساكقا (بۈگۈنكى ئىران) يېتىپ بارغان.

*شىمالىي لىنىيە* كىروراندىن مېڭىپ كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ ئاگنى، كۈسەنلەرگە يېتىپ بارغان. بۇ يول بىرئاز يېقىن بولسىمۇ، شارائىتى ناچار ئىدى. IV ئەسىردىن باشلاپ كىروران شەھىرى تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن بۇ يول ئاستا ـ ئاستا ئەمەلدىن قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپىرەك كىروراننىڭ شىمالىدىن قاڭقىلغا (بۈگۈنكى تۇرپان) بېرىپ ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ ئاگنى، كۈسەن، قۇم (بۈگۈنكى ئونسۇ)، سولى (قەشقەر)نى بېسىپ ئۆتۈپ، پامىردىن ھالقىپ توخرىلار يۇرتىغا ياكى پەرغانە (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاندىكى پەرغانە ئويمانلىقى)، سوغدىيانا (سەمەرقەنت ۋادىسى)، ئائورسى (ھازىرقى ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدا)غا بارىدىغان يول شەكىللەنگەن.

*تارىخىي ئۆزگىرىش* شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن دۇڭخۇاڭدىن قاڭقىلغا بارغىلى بولىدىغان ۋۇچۈەن يولى (دەشتى باياۋان يولىغا قارالسۇن) ئېچىلغان، بۇ ۋاقىتتا ھونلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقان. دۇڭخۇاڭدىن باشلىنىپ ئاۋۋال ئۈۋرغولغا ئاندىن ئىدىقۇتقا بارىدىغان بۇ يول بىخەتەر ھەم تىنچ بولغاچقا كۆپلىگەن كىشىلەر مۇشۇ يولنى تاللىغان. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى «يېڭى شىمالىي يول» ئاستا ـ ئاستا مۇھىم قاتناش لىنىيىسى بولۇپ قالغان. بۇ يولنىڭ لىنىيىسى ھازىرقى تاشيولنىڭ لىنىيىسى بىلەن ئوخشاپراق كېتىدىغان بولۇپ، ئاۋۋال جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ بىراكى (بۈگۈنكى فۇكاڭ)، ئوتانزىلدىن (بۈگۈنكى قۇتۇبىنىڭ جەنۇبىي) ئۆتۈپ، غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ئۇسۇن (بۈگۈنكى ئىلى دەريا ۋادىسى)دىن ئۆتۈپ سوغدىيانىغا يېتىپ بارغان. سىياسىي داۋالغۇشلار تۈپەيلى خېشى كارىدورىدىن مېڭىش مۇمكىن بولمىغان ۋاقىتتا «چىڭخەي يولى» بارا ـ بارا مۇھىم قاتناش لىنىيىسى بولۇپ قالغان. سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە يىپەك يولى دۇڭخۇاڭدىن باشلىنىپ ئۈچ يولغا بۆلۈنگەن: ① جەنۇبىي يول. پامىرنىڭ شەرقىگىچە بولغان لىنىيە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لىنىيە بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كاۋانتا (تاشقورغان)غا بارغاندىن كېيىن ۋاخان كارىدورىدىن ئۆتۈپ توخرى، ئېفتالىت (ئافغانىستاننىڭ شىمالىي ئەرىبى) لار يۇرتىغا بېرىپ ئاندىن براخمانلار يۇرتىنى (ئاساسەن پاكىستان چېگراسى ئىچىدە) بېسىپ ئۆتۈپ ھىندى ئوكيانغىچە بارغان ② ئوتتۇرا يول، يەنى خەن دەۋرىدىكى شىمالىي لىنىيە بولۇپ، دۇڭخۇاڭدىن چىقىپ ئۈۋرغول، تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا بۇرۇلۇپ سولىغا بارغاندىن كېيىن پامىردىن ئۆتۈپ پەرغانە ئويمانلىقى، سوغدىيانا (سەمەرقەنت)، ئارساك (بۇخارا) قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، پېرسىيە ئارقىلىق پارس قولتۇقىغا بارغان. ③ شىمالىي يول، يەنى ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى يېڭى شىمالىي يول بولۇپ، دۇڭخۇاڭدىن چىقىپ ئۈۋرغول، باركۆلدىن ئۆتۈپ ئاندىن ئىلى، سىر دەريالىرىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي رىمغا، ئاندىن ئوتتۇرا دېڭىزغا يېتىپ بارغان. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا جۇڭگو ۋە غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ ئۈچ غول يولنىڭ شەكىللىنىشى كېيىنكى، ھەتتا يېقىنقى زاماندىكى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن.

قەدىمكى يىپەك يولى خەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچەيتىپ ئىدارە قىلىشى بىلەن گۈللەپ ياشنىغان بولۇپ، ھەرقايسى يوللارنىڭ جەنۇب ـ شىمال تارماق لىنىيىلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا توسالغۇسىز بەجا كەلتۈرۈلۈشىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلەندۈرگەن. كېيىن، دېڭىز يولىنىڭ تەرەققىياتى سەۋەبىدىن يىپەك يولىنىڭ خەلقئارالىق قاتناش يولى بولۇشتەك مۇھىم ئورنى تۆۋەنلەپ كەتكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يىپەك يولى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بەزى كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىدىكى بوستانلىق يىپەك يولىدىن باشقا يەنە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملەر رايونىدىن ئۆتىدىغان يايلاق يىپەك يولى ۋە جۇڭگونىڭ

جەنۇبىدىكى دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان دېڭىز يىپەك يولىمۇ بار، دەپ قاراشماقتا.




يىپەك يولى

چىڭخەي يولى (كۆكنور يولى) كۇئېنلۇن (قۇرۇم) تېغىنىڭ شىمالىنى بويلاپ سەيدام ئويمانلىقىدىن ئۆتىدىغان شەرق ـ غەرب قاتناش غول لىنىيەسى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىن قايتقان ۋاقىتتا هونلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئەنسىرەپ كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىنى بويلاپ، چىڭخەينىڭ جەنۇبىدىكى چياڭلار رايونىدىن ئۆتۈپ قايتىپ كەلگەن. چياڭلار رايونىدىن ئۆتىدىغان بۇ يول ۋېي، جىن سۇلالىرىدىن كېيىن پەيدىنپەي گۈللەنگەن. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سىياسىي داۋالغۇشلار كۆپ بولۇپ، غەربىي شىمالدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەردىمۇ ھاكىمىيەت ئالمىشىش ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان خېشى كارىدورى داۋاملىق توسىلىپ قالغاندا، چىڭخەي يولى بەك ئاۋاتلاشقان. IV ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە تۇيغۇنلار سەيدام ئويمانلىقىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ قاتناش يولىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بۇ يول يىجۇ ئايمىقى (سىچۈەننىڭ چىڭدۇ)دىن شىمالغا مېڭىپ لوڭگۇ (سوڭفەن)غا بېرىپ ئۇ يەردىن سەيدام ئويمانلىقىغا كىرىپ ئالتۇن تاغدىن ئۆتۈپ پىشامشانغا بارغاندا ئىككى يولغا بۆلۈنگەن. بىر يول غەربكە مېڭىپ جەنۇبىي يولغا كىرىپ ئۇدۇن، يەكەندىن ئۆتكەن. يەنە بىر يول شىمالغا مېڭىپ ئىدىقۇت، كۇسەن، سۇلىلاردىن ئۆتكەن. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەر ھەم پارسلارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى چىڭخەي يولىنىڭ غەربىي بۆلىكى ئارقىلىق خۋاڭشۇي دەرياسى ۋادىسىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارىدىغان يول ئارقىلىق بولغان. جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى چىڭخەي يولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىن جەنۇبقا مېڭىپ لوڭگۇدىن ئۆتۈپ يىجۇغا بارىدىغان يول ئارقىلىق بولغان. چىڭخەي يولى، خېشى يولى ۋە جۇيەن يولىنىڭ ھەرقايسى تارماق لىنىيىلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ جۇڭگو ـ غەرب قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرگەن.

دەشتى باياۋان يولى تۇرپاندىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان قۇملۇق يولى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئېچىلغان بولۇپ، ۋۇچۇەن يولى دەپ ئاتالغان. بۇ يولدا قاقاسلىق كۆپ، سۇ، يېمەكلىك ئاز بولۇپ، ماڭغۇچىلار ئانچە كۆپ بولمىغان. مىلادىيە IV ئەسىردىن كېيىن كروران شەھىرى تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ چەت، يېقىن يول قايتىدىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. V ئەسىردە قوچو خانلىقى دائىم مۇشۇ يول ئارقىلىق چەۋەندازلارنى چارلاشقا ئەۋەتكەن، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كېيىن بۇ يول يەنىلا تاشلىنىپ قالمىغان. بۇ يول پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن دېگەن يېرىدىن شەرقىي جەنۇبقا مېڭىپ دىغار، بىر ئاتار بۇ-

لاق، شور بۇلاق، يۇلغۇن بۇلاق، يېڭى بۇلاق، ئۆزۈن بۇلاق، بالغۇن بۇلاق، يولغۇن بۇلاقلاردىن ئۆتۈپ قۇم تاغنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ، تاغنى بويلاپ شەرققە مېڭىپ قۇم قۇدۇق، يانتاق قۇدۇق، قوش قۇدۇقتىن ئۆتۈپ سولى دەرياسىغا يېتىپ بېرىپ ئەڭ ئاخىرىدا شاجۇغا (گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ) يېتىپ بارغان. يېقىنقى يىللاردىكى تەكشۈرۈشلەردىن دىغاردىن دۇنخۇاڭ يۇمېنگۇەنگىچە بولغان ئۇدۇل يولنىڭ 400 كىلومېتىر كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. يول يۈزىنى ئازراق رېمونت قىلغاندا ماشىنا قاتناتقىلى بولىدىكەن. يول ئەتراپىدا مول كان بايلىقى ۋە ساياھەت بايلىقى بار.

**كۇمۇش يولى** قەدىمكى مۇھىم قاتناش يولى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قوچۇنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە: «كۇمۇش يولى غەربتە توخسۇندىن ئۆتىدۇ. غەربىي جەنۇبتا كىنگىتكىچە 700 چاقىرىم كېلىدۇ» دېگەن خاتىرىلەر بار. كونكرېت لىنىيىسى: قوچودىن غەربكە مېڭىپ توقسۇندىن ئۆتۈپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ تەڭرىتېغىدىكى سۇ بېشى جىلغىسى، ئارغى بۇلاق، كۇمۇشلەردىن ئۆتۈپ كىنگىتكە(قارا شەھەرگە) يېتىپ بارغان. بۇ ئوخشاشلا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپاندىن قارا شەھەرگە بارىدىغان ئاساسلىق ئۆتەڭ يولى ئىدى. سۇ بېشى جىلغىسى تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى بورتولا تېغىدىكى بىر تەبىئىي جىلغا بولۇپ، كەڭلىكى ئون مېتىردىن 100 مېتىرغىچە كېلىدۇ. سەل يانتو بولۇپ ئەتراپىدا بۇلاق سۈيى بار. ئارغى بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا، جىلغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە تاغنىڭ تىك قىياسى بولۇپ، بۇلاق سۇلىرى تىك قىيانىڭ بېلىدىن تامچىپ چۈشىدۇ. بۇ دەل تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى راھىب شۈەنزاڭ توخسۇندىن غەربكە ماڭغاندا كۆرگەن «كىنگىتتىكى ئاۋۇش بۇلىقى يولنىڭ جەنۇبىدىكى تىك يارنىڭ تۈۋىدە، يارنىڭ ئېگىزلىكى نەچچە جاڭ كېلىدۇ. بۇلاق سۈيى يارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ چىقىدۇ» دېگەن مەنزىرىگە ئوخشاش. بۇ بۇلاقتىن كۇمۇشكە بارىدىغان يول 40 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، تەخمىنەن بىر كۈنلۈك يول كېلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا شۈەنزاڭنىڭ سەپەر خاتىرىسىدىكى كۇمۇش يولىنىڭ ئىپادىسى بىلەن سۇ بېشى جىلغىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك شەكلى ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

**تەڭرىتاغ قەدىمكى يوللىرى** تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسلىق قاتناش لىنىيىلىرى. ① ئۇۋرغولنىڭ شىمالىدىكى يول. ئۇۋرغول (قۇمۇل) دىن چىقىپ قوشتولۇك (باركۆل داۋىنى) دىن ئۆتۈپ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئارقا قاغىلىق خانلىقىنىڭ پايتەختىگە (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېشبالىق، بۈگۈنكى جىمسار) يېتىپ بارغان. ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۈچى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن بۇ يول پەيدىنپەي گۈللىنىپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىمالىي يولنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ قالغان؛ ② تات يولى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالدى، ئارقا قاڭقىللارنىڭ رايونلىرىدىن ئۆتىدىغان تاغ يولى بولۇپ، يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى داخېيەن دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىپ تەڭرىتېغى داۋىنىدىن ئۆتۈپ بۈگۈنكى جىمساردىكى ئەسكار قەلئەسىگە يېتىپ بارغان. ③ بەيشۈي جىلغىسى يولى (ئاقسۇ جىلغىسى يولى). تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچودىن غەربىي شىمالغا مېڭىپ تەڭرىتېغىدىن ئۆتىدىغان ئاساسلىق يول، جۈملىدىن ھازىرقى تۇرپاندىن مېڭىپ بەيياڭگۇ (ئاق تېرەك جىلغىسى) دىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يول. ④ كىنگىت يولى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كىنگىتنىڭ شىمالىي ئۇسۇنلار بىلەن تۇتىشىدىغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ جەنۇبىي ئوردىسى (تېكەس) بىلەن كىنگىت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە مۇشۇ يول ئارقىلىق بولغان. بۇ يول كىنگىتتىن چىقىپ خوتونسومۇل (خېجىڭ)، بالغۇنتايلاردىن ئۆتۈپ ئىلىغا يېتىپ بارغان. ⑤ كۆسەن يولى. مىلادىيىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى مەزگىللەردە غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىشلەر مۇشۇ يول ئارقىلىق بولغان. بۇ يول ھازىرقى ئىلىدىن چىقىپ ياماتودىن باينبۇلاق يايلىقىغا بېرىپ كۈچا دەرياسىنى بويلاپ كۆسەنگە يېتىپ بارغان. غەربىي تۈركلەر گۈللەنگەندىن كېيىن تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسى مۇشۇ يول بىلەن بولغان؛ ⑥ مۇز داۋان يولى. تەڭرىتېغىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا — تۆمۈر چوققىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، جەنۇبتا ھازىرقى ئونسۇدىكى قىزبۇلاقتىن باشلىنىپ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ شىمالدا موڭغۇلكۈرەدىكى شاتىغا يېتىپ بارغان. ⑦ بەدەل يولى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئونسۇ (بۈگۈنكى ئۈچتۇرپان) دىن ئۇسۇنلار يۇرتىغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولغان، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا ئۆت قورغان تەسىس قىلغاندا، بۇ يول سۇياپ (قىرغىزىسـ

ئاندىكى توقماقنىڭ غەربىي جەنۇبى) قا بارىدىغان مۇھىم يول بولغان. يەنە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان نۇرغۇن يالغۇز ئاياغ يوللارمۇ بولۇپ، «قوچونىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ھازىرقى تۇرپاندىن چىقىپ جىمسار ئارقىلىق خۇاگۇ، ئىمىر، لىاخەن، توپۇ ۋۇگۇ قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان، يەنە ئىلىدىن قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان يوللارنىڭ بارلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان.

**تەكلىماكان قەدىمكى يولى** تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن ئىلگىرى تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب، شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۆت يول بار ئىدى. ① قۇم (ئاقسۇ)دىن ئۇدۇنغا (خوتەنگە) بارىدىغان يول؛ ② قۇمدىن گۇمىغا بارىدىغان يول؛ ③ كۈسەندىن تاتقا (چىرىنىڭ شەرقىي شىمالى) بارىدىغان يول؛ ④ كۈسەندىن نىيەگە بارىدىغان يول. كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ ماڭىدىغان بىرىنچى يول قەدىمدە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئاساسلىق يول ئىدى. سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىن ئىلگىرى قاراقاش دەرياسى گۇمىدىن ئۆتۈپ شىمالغا ئاقىدىغان يېگانە دەريا بولۇپ، بۇ دەريانى بويلاپ گۇمىدىن قۇمغا بارىدىغان يول شەكىللەنگەن، يۆنىلىشى ئۇدۇنغا بارىدىغان يول بىلەن ئوخشاش بولغان. كېيىن دەريا ئېقىنىنىڭ توختىماي شەرققە كۆچۈشى سەۋەبىدىن VI ئەسىردىن كېيىن قاراقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى قوشۇلۇپ ھازىرقى خوتەنگە بارىدىغان يولنى شەكىللەندۈرگەن. گۇمىدىن قۇمغا بارىدىغان يول ئاستا - ئاستا يوقالغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۈسەننىڭ جەنۇبى نىيە بىلەن، غەربىي جەنۇبى تات بىلەن تۇتىشاتتى. تات تەۋەسىدىكى كېرىيە دەرياسى ئۇدۇن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بىلەن قوشۇلۇپ شايارنىڭ جەنۇبىدىن تارىم دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. بۇنىڭ بىلەن دەريا ئېقىنىنى بويلاپ كۈسەندىن تاتقا بارىدىغان يول شەكىللەنگەن. كېيىن دەريا ئېقىنى پەيدىنپەي شەرققە كۆچۈپ قىنى بارغانسېرى تارىيىپ قۇملۇققا سىڭىپ كەتكەنلىكتىن بۇ يولمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقالغان. نىيە دەرياسى غەربىي شىمالغا ئېقىپ كېرىيە دەرياسى بىلەن يېقىن ئارىلىقنى ساقلىغانلىقتىن نىيەدىن كۈسەنگە بارىدىغان يول شەكىللەنگەن. IV ئەسىردە نىيا بىپايان قۇملۇقتا غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قاتناش يولىمۇ تەبىئىي يوقالدى.

**تىم - ئۆتەڭ** تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان قاتناش بېكىتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتكۈل مەملىكەتتىكى چوڭ قاتناش يوللىرىنىڭ ھەر 30 چاقىرىمدا بىردىن ئۆتەڭ قۇرۇلغان. خەتەرلىك، ئادەملەر شالاڭ جايلارغا ئەھۋالغا قاراپ قۇرۇلغان. چوڭ يولدا قۇرۇلغانلىرى تىم، چەت، كىچىك يول ئۈستىدە قۇرۇلغانلىرى تىم - ئۆتەڭ دەپ ئاتالغان. ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تىلىم - ئۆتەڭ دېيىلگەن. ئۆتەڭلەر يەنە كېلىپ-كەتكەن ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋېلىش، ئۇزىتىش ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۆتىگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوچو تەۋەسىدە يارغول ئۆتىڭى، تەڭرىتاغ ئۆتىڭى، كۆمۈش ئۆتىڭى، يۇلغۇنلۇق جىلغا ئۆتىڭى، لۈكچۈن ئۆتىڭى، چىقتىم ئۆتىڭى قاتارلىق ئون نەچچە ئۆتەڭ بار ئىدى. كىنگىتكە بارىدىغان يولدا لۈگۈاڭ ئۆتىڭى، يېڭى شەھەر ئۆتىڭى بار ئىدى. بېشبالىققا بارىدىغان يولدا ئەجدىھا بۇلاق ئۆتىڭى (لۇڭ چۈەن)، ئاقسۇدىن سولغىچە بولغان يولدا چى چوڭ ئۆتىڭى، ئەيجى ئۆتىڭى، جيالۇ ئۆتىڭى، سولىدىن ئۇدۇنغىچە بولغان يولدا جېفەن ئۆتىڭى، ئاقسۇدىن ئۇدۇنغىچە بولغان يولدا شىن شەن ئۆتىڭى بار ئىدى. ئۆتەڭلەردە ئۆتەڭبېگى بولۇپ، ئىشنىڭ ئاز- كۆپلۈكىگە قاراپ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئات بېرىلەتتى. ھەر ئۈچ ئاتقا بىر ئاتباقار قارايدىغان بولۇپ پۇقرالار نۆۋەتلىشىپ قارايتتى. دەسلەپتە ئۆتەڭبەگلىرى باي ئائىلىلەردىن تەيىنلەنگەن، كېيىن ھۆكۈمەت مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ تەيىنلەيدىغان بولغان.

**رابات** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مەھكىمە - ئايماق - ناھىيىلەرگە قارايدىغان قاتناش ترانسپورت ئورگىنى. ئۇنىڭدا ئات، ئېشەك، كالا، قېچىر بولۇپ 100 دەك ئۇلاغ بولۇپ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ مىنىشى ئۈچۈن بېقىلاتتى. ئۇزاق سەپەرگە تەمىن ئېتىلگەن ئات، خېچىرلار ھەرقايسى ئايماقلار ئارىسىدا قاتناپ تۇراتتى. ئالماشتۇرۇش ھاجەتسىز بولۇپ ۋەزىپە تۈگىگەندىن كېيىن ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇلاتتى. باشقۇرۇش تۈزۈمى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ھەربىر ئۇلاغ ئۈچۈن تەپسىلىي ئارخىپ تۇرغۇزۇلغان، بېقىلىش ئەھۋالى، سەپەردە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ۋە يارىدار بولغان، ئۆلگەنلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى تۇتۇق مەھكىمىلىرىگە، قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىگە،

لەشكىرىي مەھكىمىلىرىگە يوللىنىپ مەلۇم قىلىناتتى. راباتلارغا تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار باشچىلىق قىلاتتى. تەپتىش قىلغۇچى ئەمەلدارلار قوشۇمچە مەسئۇل بولاتتى. كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس ئەمەلدار بار ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا قەلەمدارلار، تېۋىپلار ۋە يايلار بار ئىدى.

**يول خېتى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سودىگەرلەر، يولۇچىلار ئۆتكەل، قورۇل، چازىلاردىن ئۆتكەندە كۆرسىتىدىغان يول خېتى. يولۇچىلار ئۆتكەللەردىن ئۆتكەندە يول خېتى ئىسپات قىلىنغان. مەركەزدە دىۋانبېگى



يول خېتى

تەرىپىدىن تارقىتىلغان. يەرلىكتە تۇتۇق مەھكىمىلىرى ياكى ئايماقلار تارقىتىپ، نوپۇسبېگى، مۇشاۋۇرلار تەستىقلىغان. بەزى ۋاقىتلاردا تۇتۇقبېگى ئۆزى تەستىقلىغان. قوچو (تۇرپان) غەربىي يۇرتىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە يول خېتى ئالماشتۇرغان. ئالاقىدار كىشى ئىلتىماس سۇنۇپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئەسلىي نۇسخىسىغا ھۆكۈمەت تامغىسى ئۇرۇلۇپ ئىلتىماس قىلغۇچىغا بېرىلگەن. كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇپ نوپۇسبېگىدە ساقلانغان.

**شىنجاڭ تېلېگراف باش ئىدارىسى** چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 18 - يىلى (1892 - يىلى) شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى ياڭ چاڭجۈن، شىنجاڭنىڭ سىلاۋچىسى تاۋمولار مەكتۇپ يوللاپ ئوردىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن قۇرغان. كېيىنكى يىلى تېلېگراف سىمى گەنسۇدىن دىخۇا (ئۈرۈمچى)، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا، كېيىن يەنە گۇچۇڭ قاتارلىق جايلارغىچە يەتكۈزۈلگەن. گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى دىخۇادا باش ئىدارە قۇرۇلۇپ، قالغان جايلاردا 16 ئورۇندا شۆبە ئىدارە، تارماق ئىدارە، تېلېگرافخانىلار قۇرۇلغان. كېيىن يەنە ھەرقايسى ناھىيىلەردە 30 ناھىيىلىك ئىدارە قۇرۇلغان. كەسپىي ئىشلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئاددىيلىقىغا قاراپ 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك دەپ ئايرىلىدى. 1930 - يىلىدىن باشلاپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدە تېلېفون (خەۋەرلىشىش) ئىدارىسى قۇرۇلغان. 1936 - يىلى قاتناش باشقارمىسىغا تەۋە قىلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغان. 1938 - يىلى تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ 1942 - يىلىغا بارغاندا شەھەر ئىچى تېلېفوندىن سىرت يەنە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇلانغان.

**شىنجاڭ پوچتا باش ئىدارىسى** چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1909 - يىلى) شىنجاڭدا ئۆتەڭلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغان. باش ئىدارە دىخۇاغا قۇرۇلغان. ھەرقايسى جايلاردا 17 ئورۇنغا شۆبە ئىدارە قۇرۇلغان. دەسلەپتە خىراجەتنى يەرلىك ئۆزى چىقارغان. كېيىن ئۆلكىلىك خەزىنىدىن تولۇقلاپ بېرىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان. ھەرقايسى جايلاردا 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك ئىدارىلەردىن 20سى قۇرۇلغان. 31 ئورۇندا پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان پونكىتلار قۇرۇلغان. 1927 - يىلىدىن كېيىن پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 40 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە 38 ئورۇندا 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك، 4 - دەرىجىلىك ئىدارىلەر قۇرۇلغان. 54 ئورۇندا پوچتا ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان پونكىتلار قۇرۇلغان.


**شىنسۇي ئاپتوموبىل شىركىتى** پۇقرالار باشقۇرۇشىدىكى ترانسپورت كارخانىسى، شىنجاڭ - سۈييۈەن ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى. شىنجاڭ بودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى جۇبىڭ مەبلەغ تەييارلاپ 1933 - يىلى قۇرغان، ئۆزى دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. باش ئورگان دەسلەپ دىخۇادا قۇرۇلغان. كېيىن، تيەنجىنگە يۆتكەپ كېتىلگەن. 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مال بېسىلغان بەش يۈك ماشىنىسى تۇنجى بولۇپ سۈييۈەندىن (ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆكخوت) يولغا چىقىپ

ئىچكى موڭغۇل كارۋان يولىدىكى باۋتۇ، بەيلىڭمياۋ،
جۇيەن كۆلى، ئېرلىنزى دەرياسى(روشۇي دەرياسى)،
گۇئېيچۈەن، مىڭشۈي قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ
دەسلەپ قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ كېيىن دىخۋاغا بارغان.
11 - ئايدىن كېيىن رەسمىي قاتناش يولىغا قويۇلغان.
كېيىن پەقەت قۇمۇلغىلا يېتىپ كېلىدىغان بولغان.
قۇمۇلدىن دىخۋاغىچە بولغان ترانسپورتنى شىنجاڭ
ترانسپورت تارماقلىرى ئۈستىگە ئالغان. كېيىن دۇبەن
مەھكىمىسى ھەم چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسى ئۇلارنىڭ
ياپونلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى بىلىپ، قۇمۇلدىكى
ئىش بېجىرىش ئورنىنى پېچەتلەپ ئادەم ئەۋەتىپ ئۆتكۈ-
زۈۋالغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىركەت-
نىڭ ماشىنىلىرى ياپونلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن.
باش شىركەت چۇڭچىڭغا كۆچۈپ بارغان. غەربىي شى-
مال ۋە شىمالدىكى تىجارىتى توختىتىلغان. 1945 -
يىلى غەربىي جەنۇبتىكى تىجارىتىدىن ئۆزلۈكسىز زىيان
چىققاچقا ئاخىرى تىجارىتى توختىتىلغان.

**شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى** ئۆلكە باشقۇ-
رۇشىدىكى كارخانا، يەنە شىنجاڭ ئاپتوموبىل ترانس-
پورت باش شىركىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1925 - يىلى-
دىن باشلاپ دىخۋادا ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ تەييارلىق
باشقارمىسى قۇرۇلغان. بۇرھان ۋە گىملىكىن تەييار-
لىق باشقارمىسىنىڭ ھەيئىتى بولغان. ياڭكى لايىھە-
لەش ئىنژېنېرى بولغان. 1927 - يىلى 8 - ئايدا
شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى قۇرۇلۇپ، گىملىكىن
دىرېكتور، بۇرھان ياردەمچى بولغان. تيەنجىندىن چوڭ
تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلدىن 30نى سېتىۋېلىپ روسى-
يەدىن تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ، گۇچۇڭدىن دىخۋا-
غا يولۇچى ۋە مال توشۇشنى يولغا قويۇپ بېكەت ھېساب-
لاپ توشۇش ھەققى ئالغان. 10 - ئايدا ئاپتوموبىل
رېمونت زاۋۇدى قۇرۇلغان، ئەسلىدىكى ماشىناسازلىق
تەربىيىلەش كۇرسى تەكلا ماشىناسازلىق مەكتىپى قى-
لىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان. گىملىكىن، بۇرھانلار
مەكتەپنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قو-
شۇمچە ئۆتىگەن. تۇنجى تۈركۈمدە تەربىيىلەنگەن ئۇي-
غۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇلاردىن بولغان 30 ئو-
قۇغۇچى شىنجاڭدىكى تۇنجى شوپۇر، تېخنىك، رېمونت-
چىلار بولۇپ قالغان. كېيىنكى يىلى داۋاملىق تۈردە
دىخۋادىن تۇرپان، دىخۋادىن چۆچەك، چۆچەكتىن شە-
مەي (قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە) قاتارلىق جايلارغا
ئاپتوموبىل قاتنىشى يولغا قويۇلغان. 1946 -
يىلى 8 - ئايدا 6 - رايون تاشيول قۇرۇلۇش ئىدارىسى
بىلەن قوشۇۋېتىلگەن. 6 - رايون تاشيول قۇرۇلۇش
ئىدارىسى شىركەتنىڭ 143 ئاپتوموبىلىنى باشقۇرغان
بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 60 دەك ئاپتوموبىل نورمال
قاتنىيالايتتى. 1947 - يىلى 7-، 8 - ئاي ئارىلىقىدا
شاڭخەيدىن 100 قارا ماشىنا سېتىۋېلىندى. جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ماشىنا قاتار-
لىق بارلىق ئەسلىھەلەر، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر
قوشۇلۇپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇ-
رۇشلۇق قىسمىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

**جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى**
شېرىكچىلىكتىكى كارخانا. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قات-
ناش مىنىستىرلىكى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئاۋىئات-
سىيە باش ئىدارىسى بىرلىشىپ قۇمۇل - ئالمائاتا
ئارىسىدا قەرەللىك ئۇچىدىغان ئاۋىئاتسىيە يولىنى بەرپا
قىلغان. 1939 - يىلى 9 - ئايدا توختاملاشقان. توخ-
تام جەمئىي 61 ماددا بولۇپ، ئاساسلىق مەزمۇنى:
(1) قۇمۇل - ئالمائاتا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىنى ئې-
چىش؛ (2) ھەمكارلاشقان جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئات-
سىيە شىركىتىنى قىسقارتىپ «قۇمۇل - ئالمائاتا»
ياكى «Hami — Ata» شىركىتى دەپ ئاتاپ، ھەر
ئىككى تەرەپ ئۆز كىشىدىن تەركىب تاپقان باشقۇرۇش
ھەيئىتى تەشكىللەپ نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىش، جۇڭگو
تەرەپ لىدىرىيەتنىڭ مۇدىرلىقىنى ۋە مەسلىھەتچىلىك-
نى ئۈستىگە ئېلىش، سوۋېت تەرەپ مۇئاۋىن لىدىرلىق
ۋە باش دىرېكتورلۇقنى ئۈستىگە ئېلىش؛ (3) قانۇن-
لۇق پاي 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇش،
بۇنى ئىككى تەرەپ ئوخشاش نىسبەتتە سېتىۋې-
لىش؛ (4) ھەمكارلىشىش مۇددىتى 10 يىل بولۇش.
بۇ لىنىيىدە شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ
قاتناش باشلانغان، دۆلەت ئىچىدە چۆچەك - قۇمۇل
ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، دۆلەت
سىرتىدا بولسا سوۋېت ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى بىلەن
تۇتاشتۇرۇلغان. 1946 - يىلى بۇ لىنىيە ئۈزۈلۈپ
قالغان. جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ لەنجۇ - قۇ-
مۇل لىنىيىسى ۋە چۆچەك - لەنجۇ - قۇمۇل لىنىيە-
سى تۇتۇشۇپ شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى ئاۋىئاتسىيە ئىش-
لىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغان.

**كىنگىت ـ كۇسەن تىلى** بۇرۇنقى ئاتىلىشى
توخار تىلىدۇر. I ~ IX ئەسىرلەردە قاراشەھەر،



كۇسەن يېزىقىدىكى بۇددا نومى


ئىدىقۇت (بۈگۈنكى تۇرپان)، كۇسەن (بۈگۈنكى كۇ-
چا) رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر قوللانغان
ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى ھىندى تىللىرىنىڭ
Centum تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولغان قەدىمكى تىل-
دۇر. ئۇنىڭ ئىككى خىل شېۋىسى بولۇپ، قارا شە-
ھەر، ئىدىقۇت رايونىدا ئاگنى تىلى ياكى A تىل دەپ
ئاتالغان، يەنە بىر خىلى توخرى تىلى بولۇپ، كۇسەن
رايونلىرىدا ئىشلىتىلىپ كۇسەن تىلى ياكى B تىل دەپ
ئاتالغان. ئادەتتە بىراھمان يېزىقىنىڭ قىيپاش خەت
شەكلى بويىچە يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئىسىم، ئالماش،
سان ۋە سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى جىنس، سان، كېلىش
بويىچە ئۆزگەرگەن. پېئىللار ئادەم ئىسىملىرى، ھالەت
ۋە رەۋىش شەكلىدە كەلگەن. ئالدى باغلىغۇچىلار بىلەن
كەينى باغلىغۇچىلار كەڭ قوللىنىلغان. ئىسىملار ئەر-
ئايال، ئەركەك ـ چىشى، تاق ـ جۈپ سانلارغا ئايرى-
لىپ، ئىگە، تولدۇرغۇچى، خاسلىق، ئىشلىتىلىشى،
ئورۇن دېگەندەك ئالتە كېلىشكە بۆلۈنگەن بولۇپ، كې-
لىشنىڭ ئۆزگىرىش شەكلى بىر قەدەر چۇۋالچاق بول-
غان، سۈپەت بىلەن ئىسىمنىڭ پەرقىمۇ ئېنىق ئەمەس.
پېئىللارنىڭ قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان،
ئىككى خىل شېۋىنىڭ پېئىل سۆزلۈكى مەنتىقىسى بى-
لەن ئۆزگىرىشىدە ئۆز ئالدىغا سىستېمىسى بار بولۇپ،
پەرقى چوڭ بولغان. ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنى كەڭ بو-
لۇپ، «مايترى سىمىت»قا ئوخشاش دىراما ئەسەرلىرى-
نى، «ئالتە چىشلىق پىلنىڭ ھېكايىسى»، «بە-
ختلىك شاھزادىنىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق ھېكايە-
لەرنى، شېئىرىي داستانلاردىن «پەندى ـ نەسىھەت
داستانى»، «مانى دىنىنىڭ دۇئا تىلاۋەتلىرى» قاتارلىق-
لارنى، بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىدىن «بۇددا شەرھلىرى
كالامى»، «بۇددىغا يېتىش كالامى» قاتارلىقلارنى، سې-
لىشتۇرما لۇغەتلەردىن «كۇسەن تىلى ـ قەدىمكى ئۇي-
غۇر تىلى سۆزلۈكلىرى»، «سانسكرىت تىلى ـ كۇسەن
تىلى سۆزلۈكلىرى» قاتارلىقلارنى شۇنداقلا ھۆكۈمەت
ۋەسىقىلىرى، ھېساباتلار، تېبابەتچىلىك، پالچىلىق،
تارىخىي ماتېرىياللار ۋە سوئاللار خاتىرىسى قاتارلىقلار-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**كارۇشتى يېزىقى** II ئەسىردىن V ئەسىرگىچە
ئۇدۇن ئېلى (بۈگۈنكى خوتەن)، پىشامشان (بۈگۈنكى
چاقىلىق)، كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا) رايونلىرىدا ئول-
تۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئىشلەتكەن بوغۇملۇق يېزىق.
ئۇنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ئەرەب يېزىقىدۇر. بۇ يېزىق
ئەڭ بۇرۇن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە ئۆتكەن
قەدىمكى ھىندىستان پادىشاھى ئاسوكانىڭ قىيا تېشىدا
بايقالغان. شىنجاڭدا بايقالغان كارۇشتى يېزىقى ئاساس-
لىقى قەندىھار ۋە ئۇدۇن تىلىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ،
ئوڭدىن ـ سولغا توغرا يېزىلاتتى. دەۋرلەر ۋە تېپىلغان
ئورۇنلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كارۇشتى
يېزىقىنىڭ ھەرپلىرىنىڭ سانى ئوخشاش ئەمەس، ئومۇ-
مەن 43 تىن 57 گىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزگىرىپ
تۇرىدۇ، شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بار. كارۇشتى يېزى-
قىنى بايقالغان جايلارغا ئاساسەن تۆت خىلغا ئايرىشقا
بولىدۇ. (1) قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتى ۋەسىقىلىرى:
خوتەندىن تېپىلغان خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە خەت يېزىل-
غان يارماقلار، «بۇددا شەرھى كالاملىرى» ھەمدە نىيە
ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى ئەندىر خارابىسىدىن تېپىلغان
قەدىمكى ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر. (2) قەدىمكى
پىشامشان دۆلىتىنىڭ ۋەسىقىلىرى: نىيە ناھىيىسىنىڭ
شىمالىدىكى نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ تارشى-
لار، يازما نۇسخا ۋە ئويما نۇسخىلار، ئەندىر خارابىسى-
دىن تېپىلغا پىشامشان كارۇشتى ۋەسىقىلىرى، مىرەن-
دىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن توقۇلمى-
لار ۋە سوئاللار خاتىرىسى، كىروران خارابىسىدىن تې-
پىلغان ياغاچ تارشىلار، يازما ۋە ئويما نۇسخىلار. (3)
كۇسەن دۆلىتى ۋەسىقىلىرى: كۇچانىڭ سۇ بېشى خارا-
بىسىدىن تېپىلغان قىيا پۈتۈكلىرى، يازما نۇسخا
ۋە ياغاچ تارشىلار. (4) باشقا ۋەسىقىلەر: مارالبېشى
توققۇز شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ تارشىلار،
دۇنخۇاڭنىڭ خەن سۇلالىسى سېپىلى خارابىسىدىن تې-
پىلغان ئويما ۋەسىقىلەر، لوياڭ ئىبادەتخانىسى خارابى-

سىدىن تېپىلغان قەبرە پۈتۈكلىرى قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە، نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان كارۇشتى ۋەسىقىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 700 پارچە ئەتراپىدا. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار ۋە قانۇن قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايدۇ.

**سوغدى يېزىقى** سوغدىلار مىلادىيە II ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە قوللانغان ئۇزۇك تاۋۇشلۇق يېزىق، ئۇ سۇرىيە يېزىقىدىن كەلگەن. خەت نۇسخىلىرىدىن قەدىمكى سوغدىچە نۇسخا، بۇددا نوم نۇسخىسى، قەدىمكى سۇرىيە نۇسخىسى ۋە مانى دىنى نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. ھەرپلىرىنىڭ سانى دەۋرلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن پەرقلىق. ئەڭ كۆپ بولغاندا 29 غا يېتىدۇ، سوزۇق تاۋۇشلار y ياكى w لار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە ئوڭدىن - سولغا قاراپ تۈز يېزىلىدۇ، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قارىتىلىپ يېزىلىدىغانلىرى ئاز راق. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنخۇاڭدىن بىر يۈرۈش خەت- چەكلەر تېپىلدى، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلگىرىكىلىرى شەرقىي خەن سۇلالىسى جيەنئەننىڭ تۇنجى يىلى (196 - يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ يىل دەۋرى VII ~ IX ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سالمىقى بىر قەدەر چوڭراقى سانسكرىتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «شاھزادە سۇدامانىڭ ھاياتلىق سۇتراسى» بولۇپ، 34 بەت 1500 قۇر. يەنە ياشقا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «بۇددا ئېيتقان ياخشى يامانلىقنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىرىنىڭ شەرھىسى»، «مانى دۇرۇدلىرى» بار. مانى دىنى ۋەسىقىلىرى بولسا بىراھمى تىلى ياكى ئارساك تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق، يىل دەۋرى VIII ~ X ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرىدىن «دۇنيانىڭ رىۋايىتى»، «گوسپېل» قاتارلىقلار بار. نېستورى دىنىنىڭ ئەسەرلىرى بولسا سۇرىيە يېزىقىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق، يىل دەۋرى ئاساسەن VI ~ XI ئەسىرلەر ئارىلىقىدا، مۇھىملىرىدىن «ئىنجىل» قاتارلىقلار بار. قەبرە پۈتۈكلىرى ئىچىدە مۇھىم راقلىرى 1899 - يىلى موڭغۇلىيىنىڭ قارا بالاساغۇن دېگەن يېرىدىن تېپىلغان IX ئەسىرگە تەۋە بولغان «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»، 1956 - يىلى موڭغۇلىيىدە بايقالغان VI ئەسىردىكى «بۇگۇت مەڭگۈ تېشى» دۇر. 1980 -، 1981 - يىللىرى تۇرپاندىن بىر قىسىم قولىيازمىلار، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ نەسىللىك ئات فېرمىسىدىن تۈركلەرنىڭ بالباللىرىغا يېزىلغان 20 نەچچە قۇرلۇق سوغدىچە يېزىلغان تۈرك خانىنىڭ پائالىيىتى بايان قىلىنغان ۋەسىقىلەر تېپىلغان، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 40 نەچچە پارچە قولىيازمىنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى پۈتۈكلەر. ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى مۇغ تېغىدىن سوغدىچە ۋەسىقىلەر تېپىلغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 5 - بېتىگە قارالسۇن)

**ئۇدۇن يېزىقى** IV ~ XI ئەسىرلەردە قەدىمكى ئۇدۇن ئاھالىلىرى قوللانغان بوغۇملۇق يېزىق. ئەسلى مەنبەسى بىراھمان يېزىقىنىڭ كۆپ ھەرپلىك نۇسخىسى. سوزۇق تاۋۇش قوشۇمچە بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۆلگە نۇسخا، يازما نۇسخا، تېز يېزىش نۇسخىسى قاتارلىق ئۈچ خىل يېزىش نۇسخىسى بار. ئۇدۇن يېزىقى بىلەن خاتىرىلەنگەن تىل ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسى شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تارمىقىغا مەنسۇپتۇر. نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسى ئۇنى ئۇدۇن ساك تىلى دەپ ئاتىماقتا. ھازىرغىچە بايقالغان ئۇدۇن ساك تىلىنىڭ ئۈچ خىل شېۋىسى بار.



ئۇدۇن يېزىقى

ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئاساسەن خوتەن، مارالبېشى، كېرىيە قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، قەشقەر كونىشەھەردىكى تۇمشۇق، دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن بۇددا دىنىغا ئائىت بولۇپ، «ئالتۇن يارۇق»، «سەددەرمە پۇنتەرىكە سۇترە»، «بۇددىھا ئېيتقان ئۆلمەسلىك سۇترەسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇددا دىنى ئەسەرلىرىگە دائىر ئەمەس ۋەسىقىلەردىن يارلىق، مەكتۇپ، خەت - چەك، ھېسابات، تىببىي كىتاب، ئەدەبىيات، لۇغەت قاتارلىقلار بار، مەسىلەن، «سىتايول خالىستوي ساقلىغان نوملار»، «يەتتە شاھزادىنىڭ ئەلچىلەر بىلەن بىرگە ئۇدۇن خانىغا مەلۇماتنامە بېرىشى»، «يەتتە شاھزادىنىڭ ئۇدۇن خانىغا مەكتۇپ يوللىشى»، «ئەلچىلەرنىڭ ئۇدۇن خانىغا قامچۇ تۇركلىرىنىڭ توپىلىڭى ھەققىدە مەلۇمات سۇنۇشى»، «خەنزۇ تىلى - ئۇدۇن تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى» قاتارلىقلار. جۇڭگودا ساقلىنىۋاتقان ئاز بىر قىسىم ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن باشقا، نۆۋەتتە كۆپ ساندىكى ئۇدۇن يېزىقىدىكى قولىيازمىلار ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۈتۈپخانا ياكى مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا.


**تۈرك - رۇنىك يېزىقى** قەدىمكى تۈركلەر قوللانغان يېزىق سىستېمىسى. رۇنىك (runic) ئەسلى شىمالىي ياۋروپادىكى بىر خىل سىرلىق يېزىققا قارىتىلغان. تۈرك يېزىقى ئەڭ دەسلەپتە بايقالغاندا خاتا ھالدا شۇنداق ئاتالغان ھەم ئىزچىل ھالدا ھازىرغا قەدەر شۇنداق ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى بايقىلىشقا باشلىنىپ، XIX ئەسىرگە كەلگەندە كۆپ مىقداردا رۇنىك يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم قەبرە تاش ئابىدىلىرى ئاساسەن بايقىلىپ بولدى. تومسېن، رادلوف قاتارلىقلارنىڭ يېشىپ چىقىشى بىلەن بۇ يېزىقنىڭ شەكلى كېيىنكى سام يېزىقى ئىكەنلىكى، يەنى ئەرەم يېزىقى سىستېمىسىغا تەۋە ئىكەنلىكى دەلىللەندى. ئۇ 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ھەمدە سەككىز جۈپ ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىدىن تەركىب تاپقان بوغۇم، تاۋۇشلاردىن ياسالغان ئارىلاشما يېزىقتۇر. ئۇنىڭدىكى بەزى بەلگىلەر تەسۋىرىي بەلگە بولۇپ، مەنە ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىمۇ بار. ئىپادىلەشتە ئالتاي تىل سىستېمىسى غەربىي تارمىقىنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىنى قوللىنىدۇ. ئاساسلىق ئەسەرلەردىن «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «ئونگىن مەڭگۈ تېشى»، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلار بار. بۇ دەۋرلەرنىڭ ھەممىسى كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، دەسلەپكى چاغلاردىكى ئۇيغۇرلار، تۈركەشلەرمۇ مۇشۇ خىل يېزىقنى قوللانغان. ئىجاد قىلىنغان ۋاقىت تاڭ سۇلالىسى دىياۋلۇنىڭ تۇنجى يىلى (790 - يىلى) دىن بۇرۇن بولۇشى ناتايىن.

**قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى** ئۇيغۇرلار VIII ~ XV ئەسىرلەردە ئىشلەتكەن تاۋۇشلۇق يېزىقتۇر. XI ئەسىردىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتالغان. ئەسلىي مەنبەسى سوغدى يېزىقى بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 23 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان، ئۇنىڭدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بەش ھەرپ بولۇپ، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشتۇر. يۇڭ قەلەم، پەي قەلەم ۋە قومۇش قەلەم بىلەن يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە، سولدىن ئوڭغا يېزىلغان. ئۇنىڭ ئويما نۇسخا خەت شەكلى، ئۆلگە نۇسخىسى، يازما نۇسخىسى ۋە ئۇلاپ يېزىلىدىغان تېز يازما نۇسخىلىرى بار. ۋەسىقىلەرنىڭ شەكىللىرىدىن قاتلىنىدىغان شەكىل، ئورىلىدىغان شەكىل ۋە ئويما بەت شەكلى قاتارلىقلار بار. تارقىلىپ يۈرگەن ۋەسىقىلەر ئىچىدە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، مەكتۇپلار، توختامنامىلەر بار، بۇلاردا يەنە ئىجتىمائىي ئىقتىساد، دىن، كالېندارچىلىق، ئىلمىي نۇجۇم، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، پەن - تېخنىكىغا ئائىت مەزمۇنلاردا بار بولۇپ، دىنىي ئەسەرلەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى 100 خىل قاتارلىقلار بار. مەسىلەن، «مايتىرى سىمىت بىلەن كۆرۈشۈش»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئابى دراما كۇشاۋاردى شاستىرغا ئەنخۇينىڭ بەرگەن شەرھىسى» قاتارلىقلار؛ مانى دىنى ۋەسىقىلىرىدىن «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋبىنامىسى»، «ئىككى سەۋەب نومى»، «لەززەت نومى» قاتارلىقلار؛ ئىسلام دىنى ۋەسىقىلىرىدىن «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «تۆمۈر تۈزۈكلىرى» قاتارلىقلار؛ نېستورى دىنى ۋەسىقىلىرىدىن «ئەۋلىيا گىئورگىنىڭ ھەققانىيەت يولىدا تالاپەتكە ئۇچرىشى»، «گوسپېل» قاتارلىق قولىيازمىلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەبرە پۈتۈكلىرى، سوئال تېزىسلىرى، ياغاچقا ئويۇلغان قەبرە پۈتۈكلىرىنىڭ قالدۇقلىرى قاتارلىقلارمۇ بار. دۇنخۇاڭ، تۇرپان، قۇمۇل، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، جيۇچۈەن، جاڭيې، چىفېڭ، چۈەنجۇ ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا، موڭغۇلىيە قاتارلىق

جايلاردىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە قەبرە تېشى پۈتۈكلىرى تېپىلدى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 5 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**چاغاتاي يېزىقى** تىل ـ يېزىقنىڭ نامى. ئوتتۇرا ئاسىيا تېمۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى (1370 ~ 1500 ـ يىللىرى) شەكىللەنگەن شەرقىي تۈرك تىلىنىڭ كىتابىي تىلى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىنىڭ ئاساسى. تېمۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئەدىبلەر «تۈرك تىلى» (يېزىقى) دەپ ئاتىغان. XV ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب، چاغاتاي ئەۋلادى نەۋائىي بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىلنى «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بۇ خىل يېزىقتا پۈتۈلگەن ئەسەرلەرنى «ئىدىقۇت تىلى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىپادىلەنگەن يات ئەللەرنىڭ ئەسەرلىرى» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن باشقا XI ئەسىردىن كېيىن تۈرك تىلىنىڭ مەركىزى ئاسىيا رايونىدىكى تەسىرى كۆنسايىن ئېشىپ بارغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەدىبلىرى ئەرەبچە، پارسچە يېزىلغان ئەسەرلىرىدە كۆپلەپ تۈركچە سۆزلۈكلەرنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. XII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خارەزىم تۈرك ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن XIII ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پارس تىلىدىكى ئەسەرلەردىمۇ پارس يېزىقىدا ئىپادىلەنگەن تۈرك تىلى ياكى موڭغۇلچە سۆزلۈكلەر كۆپلەپ پەيدا بولۇشقا باشلىغان ھەمدە بۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ قالغان، مانا بۇ چاغاتاي تىلىدۇر. ئۇ تېمۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە تارقىلىشقا باشلاپ، تەدرىجىي يوسۇندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ۋە سۇرىيە يېزىقىدىكى تۈركچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، شەرقىي تۈرك تىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاممىباب كىتابىي تىلىغا ئايلانغان. بۇنىڭدا ئەسلىي مەنىسى بىلەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن پارسچە ۋە ئەرەبچە سۆزلۈكلەر كۆپلەپ ئىشلىتىلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ئەسەرلەردە «مۇسۇلمانلار تىلى» ياكى «مۇسۇلمانلار يېزىقى» دەپ ئاتالغان.

**كارۇشتى يېزىقىدىكى ياغاچ تارشا پۈتۈكلەر** قەدىمكى دەۋرلەردىكى بىر خىل يېزىق شەكلى. II ئەسىردىن V ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىگىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدە كەڭ تارقىلىپ خەنزۇ يېزىقى بىلەن تەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، قەدىمكى پىشامشان ئېلىنىڭ ئاساسلىق يېزىق شەكلىدىن ئىبارەت. ھازىرغىچە بايقالغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ياغاچ پۈتۈكلەر جەمئىي 900 پارچىغا يېتىدۇ، ئاساسلىقى نىيە ناھىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدىكى نىيە خارابىسىدىن ۋە چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى كىروران خارابىسىدىن تېپىلغان. كارۇشتى يېزىقى بىر خىل ئۆلۈك يېزىق بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە قەندىھار رايونىدا (بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ شىمالى) بارلىققا كەلگەن. كېيىن شەرققە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدىكى ئۇدۇن ئېلى، پىشامشان ئېلى تەۋەلىكىگە تارقىلىپ ھۆكۈمەت يېزىقى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. پىشامشان ئېلىدە بۇ خىل يېزىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلگەن ياغاچ تارشا بىلەن بىرلىشىپ كارۇشتى يېزىقىدىكى ياغاچ پۈتۈك بولۇپ ۋۇجۇدقا چىققان. شەكىل جەھەتتىن ئۇزۇن تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك، شىنا شەكىللىك ۋە شەكلى تەرتىپسىز قاتارلىق بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشكە بولىدۇ؛ ياسىلىش شەكلىدىن پىچەتلىك، كۆپ شەكىللىك، پوستى سوياغلىق قاتارلىقلارغا بۆلۈنۈشكە بولىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، شىنا شەكىللىك پىچەتلەنگەنلەرگە دۆلەت ئەمر ـ پەرمانلىرى يېزىلغان. ئۇزۇن تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكىلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەتلىرى،




كارۇشتى يېزىقىدىكى ياغاچ تارشا پۈتۈكلەر

قانۇن ـ پەرمانلىرى ياكى مەكتۇپلار يېزىلغان. كۆپ شەكىللىك ۋە پوستىنى سويۇشقا بولىدىغان شەكىللەردىكىلەرگە ئاساسەن ھېساب ـ كىتاب ئىشلىرى يېزىلغان.

**تىبەت يېزىقىدىكى ياغاچ تارشا پۈتۈكلەر**

شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان تىبەت يېزىقىدىكى يامبۇك تارشا پۈتۈكلەردۇر. ئۇ جەمئىي 464 پارچىدىن ئارتۇق. ئاساسەن تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە خوتەن دەرياسى بويىدىكى مازارتاغ قەلئەسى، چاقىلىقتىكى مەرەن قەلئەسى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. ھازىر 380 پارچىسى ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدىكى ھىندىستان ئىشلىرىنى بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ كۇتۇپخانىسى ۋە بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. 78 پارچىسى شىنجاڭ مۇزېيىدا، ئالتە پارچىسى رۇسىيىدە ساقلانماقتا. تارشا پۈتۈك ۋەسىقىلىرى يەر، ئېتىز - ئېرىقلارنى باشقۇرۇش، يەر تەقسىم قىلىش، تېرىقچىلىق قىلىش، ئارپا، بۇغداي، كۆممىقوناق تېرىش قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇغداي تېرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكى 56 پارچە، نەرسە - كېرەكلەرنى ئىجارە بېرىش، ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان باج، ھاشار قاتارلىق باج ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى 13 پارچە، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاشلىق، مال - مۈلۈك، چارۋا - ماللار، قاچا - قۇمۇچلارنى ئۆتنە - بېرىم قىلىش ئىشلىرى خاتىرىلەنگەنلىرى 16 پارچە، كىيىم-كېچەك، توقۇمىچىلىق، ئوزۇق - تۈلۈك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى خاتىرىلەنگەنلىرى 30 پارچە، ئەسكىرىي قوشۇن، ئورۇش - تالاش، قورال - ياراغ، چارلاش - پوستتا تۇرۇش قاتارلىق ھەربىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى 65 پارچە، قەبىلە - ئورۇق، نەسەبلەرگە



تىبەت يېزىقىدىكى ياغاچ تارشا پۈتۈكلەر

مۇناسىۋەتلىكلىرى 84 پارچە، دوكلات، ئەمر - پەرمان، ئۇقتۇرۇشلار، قوشۇنلارنىڭ تۇرار جايى، ئاشلىق يۆتكەش، قاچقۇنلارنى تۇتۇش ئېلانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى 97 پارچە، دىنىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى 25 پارچە بولۇپ، بۇ تىبەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئېتىقادىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدا تەبىئەتكە چوقۇنۇش مەۋجۇت. يەنە بىر قىسىم باشقا مەزمۇنلاردىكى تارشا پۈتۈك پارچىلىرىمۇ بار. بۇ ماتېرىياللار تىبەتلەر VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالار ھەمدە ئەينى دەۋردىكى غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، دىن ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللاردىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان ۋەسىقىلەر بولۇپ، زور ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 5 - بېتىگە قارالسۇن)

**توخرى تىلى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر** توخرى تىلى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ. توخرى تىلىدىكى ۋەسىقىلەر XX ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭدىن تېپىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار. ھازىر ساقلىنىپ قالغان پارچە - پۇرات قالدۇقلىرى V ~ VIII ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېرلىن، لوندون، پېتېربۇرگ، توكيو، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ساقلانماقتا. گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىسلەر مۇشۇ خىلدىكى يېزىقتىن تەرجىمە قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى «مايترى سىمىت»قا ئاساسەن، ئۇنىڭ نامىنى توخرى دەپ ئاتىغان. بۇ تىل قەدىمكى كىنىگىت، كۈسەن قاتارلىق جايلاردا قوللىنىلغان بولۇپ، كىنىگىت - ئىدىقۇت تىلى A خىل يەرلىك شېۋە دەپ ئاتالغان، كۈسەن تىلى B خىل يەرلىك شېۋە دەپ ئاتالغان. A خىل توخرى تىلىدىكى ۋەسىقىلەر 520 بەت (پارچە - پۇراتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھەممىسى دېڭگۈدەك راھىبلارنىڭ بۇددا ئەسەرلىرى بولۇپ، دىنىدىن خالىي ۋەسىقىلەر يوق دېيەرلىك. قەغەزگە، ياغاچقا يېزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ ھەرخىل ماتېرىياللىرىدىكى A خىل توخرى يېزىقىدىكى بۇيۇملار 3100 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، كۆپ قىسمى بۇددا نوملىرى، يەنە باشقا دىنىدىن خالىي ۋەسىقىلەرمۇ بار، مەسىلەن، كارۋانلارنىڭ يول خېتى، بۇتخانىلارنىڭ ھېساباتى، شېئىر - نەزمىلەر قاتارلىقلار. ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلغان بىراھمان يېزىقىنىڭ قىيپاش يېزىلىدىغان ھەرپلىرى قوللىنىلغان. توخرى تە-

لىنىڭ بايقىلىشى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى تارىخىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. تولىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئۇنىڭدا غەربنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدا، يەنى Centum تىل گۇرۇپپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغانلىقىدا. مەسىلەن، «يۈز (100)» دېگەن سۆز توخرى تىلىنىڭ A خىل يەرلىك تىلىدا kant دەپ، توخرى تىلىنىڭ B خىل يەرلىك تىلىدىمۇ kante دەپ ئوقۇلىدۇ. شەرققە مەنسۇپ بولغان ھىندى ـ ياۋروپا تىلىدا، يەنى Satem تىل گۇرۇپپىسىنىڭ سانسكرىت تىلىدا بولسا satam دەپ ئوقۇلىدۇ. توخرى تىلى ماتېرىياللىرى شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشى، بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش جەريانى ۋە بۇددا كالاملىرىنىڭ مەنبەسى، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئەل ـ ئەغمە تارىخى شۇنداقلا بۇنىڭ ئىچكى رايونلاردىكى خەنزۇلارنىڭ ئەل ـ ئەغمىلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، يەنە ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ ئانا يۇرتى ۋە كۆچۈش سەۋەبلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر توخرى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى نىسبەتەن كېيىنرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئەڭ قەدىمكى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار، بۇ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە Centum تىل گۇرۇپپىسىدا سۆزلىشىدىغان ھىندى ـ ياۋروپالىقلارنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر** ئۇدۇن يېزىقىنىڭ مەنبەسى بىراھمان يېزىقىنىڭ قىيپاش خەت شەكلى بولۇپ، قەدىمكى ئۇدۇن دىيارىدىكى ئاۋام خەلقنىڭ ئىشلەتكەن يېزىقىدۇر. بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن تىل بۈگۈنكى كۈندە ئۇدۇن تىلى ياكى ئۇدۇن ساك تىلى، دەپ ئاتالماقتا. ئۇ ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا مەنسۇپ. ھازىرغىچە تېپىلغان ئۇدۇن تىلى ۋەسىقىلىرى تەخمىنەن VI ~ X ئەسىرگە مەنسۇپ. ئاساسلىقى بۇددا كالاملىرى، مەسىلەن، «سەددەرمە پۇنتەرىكە سۇترە»، «سۇرەڭگەمە سامادى سۇترە»، «زانباستانامە»، «ئالتۇق يارۇق»، «پادىشاھ ئاسوكانىڭ تەمسىللىرى»، «سانگھاراتا سۇترە» قاتارلىقلار. دىندىن خالىي ۋەسىقىلەردىن «ئۇدۇن ئېلىگە سەپەر»، «ستابول خالستوي ساقلىغان نوملار»، «ئۇدۇنلۇق راھىب كالاننىڭ كەشمىرگە قىلغان سەپىرى»، «قامچۇ تۈركلىرىنىڭ پاتالىيىتى»، «ئۇدۇن خانىنىڭ ساۋ يۈەنچۇڭغا يازغان مەكتۇپى»، «ئەلچىلەرنىڭ ئۇدۇن خانىغا يەتكۈزگەن دوكلاتلىرى»، «كونىشكانىڭ تەرجىمىھالى»، «يەتتە شاھزادىنىڭ مەكتۇپلىرى»، «خەنزۇچە ـ ئۇدۇنچە سۆزلۈك لۇغىتى» ھەمدە «خەنزۇچە ـ ئۇدۇنچە قوش تىللىق مەكتۇپلار» قاتارلىقلار بار. بۇ ۋەسىقىلەر ئاساسەن خوتەن رايونى، مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرى، تۇرپان، دۇنخۇاڭ موگاۋ غارلىرى قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان، تۇمشۇقتىن تېپىلغىنى ئەڭ بۇرۇنقى مەزگىللەرگە تەۋە ۋەسىقىلەردۇر. بۇلار خوتەن رايونىنىڭ بۇددا دىنىنى ھەمدە غەربىي يۇرتنىڭ بۇددا دىنى تارىخىنى، بۇددا نوملىرىنىڭ تارقىلىش تارىخىنى، ئۇدۇن تارىخىنى، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىياللاردۇر، بولۇپمۇ دىندىن خالىي ۋەسىقىلەردىكى پادىشاھلارنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى، تۈزۈملىرى، ئىقتىسادىي ھېساباتلىرى، مەخپىي ھۆججەتلىرى، ئەرزنامىلەر، تېبابەتچىلىككە دائىر ماتېرىياللار بولۇپ، مۇھىم قىممەتكە ئىگە. XI ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئۇدۇن ئېلى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان، ئۇدۇن تىلىمۇ تەدرىجىي يوقالغان. تېپىلغان خېلى كۆپ ۋەسىقىلەر XX ئەسىرنىڭ باشلىرى چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن. ئاساسلىقى پارىژ، لوندون، پېتېربورگ، ستوكھولم، كيوتو، چىكاگو قاتارلىق جايلاردا ساقلانماقتا. دۆلىتىمىزدە شىنجاڭ مۇزېيى، خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا پەقەت ئاز مىقداردىلا ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇلار يېقىنقى يىللاردا قېزىۋېلىنغان يېڭى ماتېرىياللاردۇر.

**سوغدى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر** 1980 ـ يىلى تۇرپاننىڭ بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن قېزىۋېلىنغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە پۈتۈلگەن، جەمئىي 10 نەچچە پارچە. ئاساسلىقى بۇددا نوملىرىنىڭ پارچە-پۇراتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مانى دىنىنىڭ ئۈچ پارچە ئۇزۇن قولىيازما ۋەسىقىسى بار: بىرىنچىسى، مانى دىنىنى تارقاتقۇچى سەپلىيار زادەھۇنىڭ شەرقىي رايونلارنىڭ ئېپىسكوپى مار ئارۇيامان پويۇرغا يازغان مەكتۇپى بولۇپ، ئۇنىڭ 25 ـ قۇرى بىلەن 26 ـ قۇرى ئارىسىغا رەڭلىك قىلىپ مۇئەككەللەرنىڭ مانىنىڭ ئوبرازى بولغان ئاق تاجنى ساقلاۋاتقانلىقى سىزىلغان، ئۇنىڭ ئاستىغا ئالتۇن ھەل بىلەن «موجاكلارنىڭ شەرەپى» دەپ يېزىلغان. ئىككىنچىسى، مانى ۋايىماننىڭ مار ئارۇيامان پويۇرغا يازغان مەكتۇپىدۇر. ئۈچىنچىسى،

ماني مۇخلىسى شاپ ۋېيسىپۇرنىڭ پوۋار زادەغۇغا ئەۋەتكەن مەكتۇپىدۇر. بۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ماني دىنى شەرقىي رايونىنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى، خانىنىڭ ماني دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى كونكرېت ئەكس ئەتتۈردى. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلانماقتا. (قىستۇرما رەسىملىك ۋاراقنىڭ 5 ـ بېتىگە قارالسۇن)


**قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر** ئاساسەن شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان. دىنغا دائىر ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا دائىر ۋەسىقىلەر، دورىگەرلىك ـ تېبابەت ئەسەرلىرى، قەبرە تاش پۈتۈكلىرى، ئىلمىي نۇجۇم ـ كالېندارچىلىققا دائىر ئەسەرلەر قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا دىنغا دائىر ئەسەرلەردىن «ئالتۇن يارۇق»، «مايتىرى سىمىت»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئابى دراما كۆشاۋاردى شاستىرغا ئەنخۇيىنىڭ بەرگەن شەرھىسى»، «ئامىتا يۇردىيانا سۇترا»، ماني دىنىغا دائىر ئەسەرلەردىن «يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق»، «ماني مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى»، «ماني دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ھۆججەتلىرى»، نىستورىئان دىنىغا دائىر ئەسەرلەردىن «گوسپېل» (بۇنىڭدا ئۈچ نەپەر ئاتەش دىنى مۇرتىنىڭ بېتلېھېمنى تاۋاپ قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەر بار)، «ئەۋلىيا گېئورگىنىڭ ھەققانىيەت يولىدا تالاپەتكە ئۇچرىشى»، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «قۇتادغۇبىلىك»، «ئوغۇزخان» داستانى، قەبرە تاش پۈتۈكلىرىدىن «ئىدىقۇت خان جەمەتلىرىنىڭ شەجەرىسى»، ئىسلام دىنى ۋەسىقىلىرىدىن «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «مىئراجنامە» ۋە «توختامنامە» قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەكىل خاراكتېردىكى ئەسەرلەردىن ئىبارەت. جۈملىلەرگە تىنىش بەلگىلىرى قويۇلغان، دەسلەپتە ئوڭدىن ـ سولغا تۈز يېزىلغان، كېيىن سولدىن ـ ئوڭغا يېزىشقا ئۆزگەرتكەن. مىلادىيە VIII ~ XV ئەسىرلەردە ئاساسلىقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، گەنسۇ رايونىدا ئىشلىتىلگەن. XIII ~ XV ئەسىرلەردە ئۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ (قىپچاق خانلىقى)، تېمۇر ئىمپېرىيىسى ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن شەھىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ئويما نۇسخىدىكى «ئالتۇن يارۇق» 1687 ـ يىلى پۈتۈلگەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى دەۋرلەردىكى ۋەسىقىدۇر. (رەسىملىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 5 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**بۆگۈ قاغاننىڭ دىنغا كىرىش خاتىرىسى** قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە. گېرمانىيىلىكلەر تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرگەن، ئەسلىي نۇسخىسى ھازىر گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە ساقلانماقتا. 1929 ـ يىلى گېبېر، بانگې قاتارلىقلار «تۈرك تىلىدىكى تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، ئۇنىڭدا بۆگۈ خاننىڭ ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىگىنى تىنچىتىشقا قاتنىشىپ لوياڭدىن تۆت نەپەر ماني راھىبىنى ئېلىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خانبالىقىدا دىن تارقاتقانلىق جەريانى بايان قىلىنغان. نەچچە كېچە دىننىڭ تەرىپىنى شەرھلىگەندىن كېيىن، بۆگۈخان ئۆزى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان كۆپ ئىلاھلىق شامان دىنىدىن ۋاز كېچىپ ماني دىنىنى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ داغدۇغىلىق بايرام ئۆتكۈزگەن. بۇ ۋەسىقىنىڭ تىللىرى پاساھەتلىك، تەسىرلىك بولۇپ، ماني دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىش ئەھۋالى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

**خەنزۇ يېزىقىدا قەغەزگە پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر** ئاساسلىقى تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت خەنزۇ يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر ۋە ۋەسىقىلەردۇر. بايقالغان جايلىرى كۆپرەك. تۇرپان ئاستانىدىن 2000 پارچىدىن كۆپرەك خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر بايقالدى. كىروران قەدىمىي خارابىسىدىن خەن، جىن دەۋرلىرىگە تەئەللۇق پۈتۈك ۋەسىقىلەردىن جەمئىي 575 پارچە قېزىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ پۈتۈك 413 پارچە، قەغەزگە پۈتۈلگەن پۈتۈكلەر 162 پارچە. تۇيىندىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق 71 پارچە تارشا پۈتۈك قېزىۋېلىندى. نىيەدىن خەن، جىن دەۋرىگە تەئەللۇق 98 پارچە تارشا پۈتۈكلەر قېزىۋېلىندى، كۇچانىڭ دۇلدۇل ئاغىر دېگەن يېرىدىن تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق 212 پارچە ۋەسىقە پۈتۈكلەر قېزىۋېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا مارالبېشىنىڭ توققۇز ساراي، مازارتاغ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دەندەن ئۆيلۈك، ئالغۇي قەدىمىي قەلئەسى، چەرچەننىڭ ۋاششەرى قاتارلىق جايلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك تاڭ دەۋرى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر بايقالدى. خوتەننىڭ دامكو دېگەن يېرىدىن يەنە خەنزۇ يېزىقى ـ ئۇدۇن يېزىقى بىلەن يېزىلغان قوش تىللىق تارشا پۈتۈكلەر، تۇرپاندىن خەنزۇچە ـ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوش تىلدا يېزىلغان ۋەسىقىلەر بايقالدى. ئومۇمىي جەھەتتىن تارشىغا، قەغەزگە پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر-

نىڭ يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇنقىلىرى غەربىي خەن سۇلالە-
سى خۇاڭلۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 49 - يىلى)
غا، ئەڭ كېيىنكىلىرى تاڭ سۇلالىسى تيەنباۋنىڭ تۇن-
جى يىلىغا تەۋە بولۇپ، سۇڭ دەۋرىگە تەۋەلىرى ئاز بىر
قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى بولسا ھەر-
بىي، سىياسىي ۋەقەلەرگە، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى-
گە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەرگە، باج -
سېلىققا، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆتنە - بېرىم ئىشلىرى-
غا، دىنىي ئېتىقادقا، شەخسىي مەكتۇپلارغا، قەدىمكى
قولىيازمىلارغا، يېزىقچىلىققا دائىر قاتارلىق كۆپ ساھە-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ
ھەممە ساھەلىرىگە. تاڭ دەۋرى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ
غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش، قوشۇنلارنى بەرپا قى-
لىش، قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشتەك جەريانلار ۋە
مەدەنىيەت - مائارىپ، بۇددا دىنى، ئاتەش دىنى ھەمدە
كىشىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋاللىرى قاتارلىق
تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە زور ئىلمىي قىممىتى بار بو-
لۇپ، تارىخىي ئەسەرلەردىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاي-
دۇ. (رەڭلىك فوتۇرما ۋاراقنىڭ 4 -، 5 - بەتلىرى-
گە قارالسۇن)

**تۇرپان ۋەسىقىلىرى** تۇرپان دىيارىدىن قېزىۋې-
لىنغان قەدىمىي ۋەسىقىلەردۇر. ئۇنىڭدا خەنزۇ يېزىق-
دىكى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، سانسكرىت



تۇرپان ۋەسىقىلىرى

يېزىقىدىكى، توخرى يېزىقىدىكى، سوغدى يېزىقىدىكى،
تاڭغۇت يېزىقىدىكى، موڭغۇل يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر
بار. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا XX ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدا پېرسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى جەمئىي 17
خىل يېزىقتا خاتىرىلەنگەن ۋەسىقىلەرنى قولغا چۈشۈر-
گەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ يېزىقى، قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، تىبەت يېزىقى،
تاڭغۇت يېزىقى، موڭغۇل يېزىقى قاتارلىق ئالتە خىل
يېزىق ياغاچ تارشا پۈتۈكلەردە كۆرۈلگەن. بۇلارنى دىن-
دىن خالىي ۋەسىقىلەر، دىنىي ۋەسىقىلەر (ئاساسلىقى
بۇددا دىنى، تويىن دىنى، مانى دىنى قاتارلىقلار)،
كۆڭۈلچىلىق كالاملىرى قاتارلىقلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.
دىنىدىن خالىي ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى ئاستانە - قارا
خوجا قەبرىستانلىقىدىن، دىنىي ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى
تۇيۇق غارلىرى، بېزەكلىك ۋە سىڭگىم ئېغىزى قاتار-
لىق ئۈچ جايدىكى مىڭئۆيلەردە بايقالغان. ئىدىقۇت قەدى-
مىي شەھىرى، يارغۇل خارابىسى قاتارلىق جايلاردىنمۇ
بەلگىلىك مىقداردىكى ھەرتۈرلۈك قەدىمىي ۋەسىقىلەر
تېپىلدى. يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇنقىسى بىر پارچە يىلنا-
مە ۋەسىقىسى بولۇپ، «بۇدساتۋالار سۇترالىرى» قول-
يازمىسىنىڭ قالدۇقلىرى غەربىي جىن سۇلالىسى يۈەن-
كاڭنىڭ 6 - يىلى (296 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 18-
كۈنى پۈتۈلگەن، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇيۇق غار-
لىرىدىكى مىڭئۆيلەردىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىر ياپو-
نىيىدە ساقلانماقتا. ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى چىڭ
سۇلالىسىگىچە تۇتىشىدۇ. تارىخشۇناسلار جىن، تاڭ
دەۋرلىرىدىكى خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەنئەنىۋى ۋەسىقىلەر
ئۈستىدە كۆپىرەك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 2000 پار-
چىدىن ئارتۇق ۋەسىقىنى رەتلەپ، 10 قىسىملىق «تۇر-
پان تېكىستلىرى» نى نەشردىن چىقاردى. ئۇنىڭ مەزمۇ-
نى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، شەخسىي مەكتۇپلار، توخ-
تاملار، ھېساب - كىتابلار، دەپنە بۇيۇملىرى، كالام-
دەستۇر قولىيازمىلىرى، تارىخنامىلەر، دورىگەرلىك قا-
تارلىقلار بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەسكىرىي
ئىشلار، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەر بىلەن باغلى-
نىشلىق پۈتۈن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە (IX ئەسىر-
دىن XIII ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتلار) قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. XX ئەسىرنىڭ كې-
يىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تۇرپاندىن تېپىلغان بايلىقلار
300 پارچىغا يېتىدۇ. دىنىي ۋەسىقىلەردىن سىرت
«بىر تۈگمەنىڭ تېنىنى سېتىش توختامى» قاتارلىق توخ-
تام ۋەسىقىلىرىمۇ زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

**ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ۋەسى-
قىلەر** تۇرپاننىڭ ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن
قېزىۋېلىنغان خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر. ئۇ «تۇر-
پان تېكىستلىرى» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدۇر. ئاساسەن
شىنجاڭ مۇزېيى، تۇرپان مۇزېيى، جۇڭگو تارىخ مۇزې-

يىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ
كېتىلگەنلىرى ئاساسلىقى لوندوندىكى بۈيۈك برىتانىيە
كۇتۇپخانىسى، ياپونىيىنىڭ كيوتو شەھرىدىكى تاشۇ-
تانى ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق جايلاردا ساقلانماقتا. ۋە-
سىقىلەرنى ئۈلگۈچىلەر بىلەن بىرگە دەپنە قىلىش شۇ
دەۋرنىڭ ئادىتى بولغان بولۇشى ياكى ۋەسىقىلەر ئۈلگۈ-
چى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن،
كىيىم ـ كېچەك ۋە تارغاق، گۆر خېتى، تۆھپە خاتى-
رىسى، نەسەبنامىسى، ئۆي خەتلىرى، مەكتۇپ قاتار-
لىقلار؛ ۋە ياكى ۋەسىقىلەردىن ياسالغان باش كىيىم،
كەمەر، ئاياغ، ئۆتۈك، يوتقان ـ كۆرپە، لەھەت ساندۇ-
قى قاتارلىقلار بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان. قەبرىدىن
ئېلىپ چىقىش داۋامىدا تىتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ،
قايتا قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇقۇپ چىققىلى بولدى.
ۋەسىقىلەرنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىلىرى لياڭ
سۇلالىسى شېڭپىڭنىڭ 11 ـ يىلى (367 ـ يىلى)،
ئەڭ كېيىنكىلىرى تاڭ سۇلالىسى دالىنىڭ 7 ـ يىلى
(772ـ يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. يىل دەۋرى ئېنىق
بولمىغان ياكى يىل دەۋرى يوقىلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەر-
نى يىلنامە ۋەسىقىلىرىدىكى تەرتىپلەر ياكى مەزمۇنلار
بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بايقالغان بارلىق يىلنامە ئاسارىئە-
تىقىلەر (قەبرە تەزكىرىلىرى) ھەمدە باشقا سېلىشتۇرما
بۇيۇملارغا ئاساسلىنىپ ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكى-
تىپ چىقىشقا بولىدۇ. ئۇنى ئاساسەن ئۈچ دەۋرگە
بۆلۈشكە بولىدۇ: 16 بەگلىكنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى
ئالدىنقى لياڭ، ئاۋۋالقى چىن، كېيىنكى لياڭ، غەر-
بىي لياڭ، شىمالىي لياڭ دەۋرىدىكى ئىدىقۇت بەگلىكى
دەۋرى (كېيىن بولغاندىمۇ 460 ـ يىلىغىچە)؛ ئىدى-
قۇت خانلىقى دەۋرى (460 ـ يىلىدىن 640 ـ يىلىغى-
چە) ۋە چۈ جەمەتى ئىدىقۇت دەۋرىگىچە (499 ~
640) بولغان دەۋرلەرنى ئاساس قىلىدۇ؛ تاڭ سۇلا-
لىسى غەربىي ئايماقلار دەۋرى (640 ـ يىلىدىن
كېيىن). VII ~ IV ئەسىرلەردىكى ئىدىقۇتنىڭ سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلىرى، مەدەنىيەت ـ
مائارىپ، دىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىق تەرەپ-
لەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قىسىم چوڭراق
تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دۆلەت
ئىچىدىكى داڭدار شەخسلەر ۋە ۋەقەلەرنىمۇ، مەسىلەن،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېكىنزارنى تەڭ تەقسىم قىلىش تۈ-
زۈمى، ئاستانىنىڭ ھەربىي تۈزۈمى قاتارلىق غەربىي
يۇرتتا ناھايىتى تەپسىلىي يولغا قويۇلغان تەرەپلەرنى،
ئاۋام ئىچىدە يۈز بەرگەن دەتالاشلارنى، مەسىلەن، سو-
دا ـ سېتىق، ئىجارە بېرىش، قەرز ئېلىش توختامى
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخنى دەلىللەش،
تولۇقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم قىممە-
تى بار بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم
ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلمەكتە، تۇرپانشۇناس-
لىقمۇ دەل مۇشۇ ئۇقتىنى ئۇل قىلىپ روناق تاپماقتا.

**بۇ تيەنشو كۆچۈرگەن «مۇھاكىمە ۋە بايان.**
**جىڭ ھەزرەتنىڭ شەرھىسى»** تۇرپاندىن قېزىۋېلىن-
غان تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان قولىيازما. پارچە
قالدۇقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.36 مېتىر، ئېگىزلىكى
0.27 مېتىر. «مۇھاكىمە ۋە بايان» نىڭ شەرقىي خەن
دەۋرىدىكى جېڭ شۈەن دېگەن كىشى تەرىپىدىن بېرىل-
گەن شەرھىسى تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن يوقىلىپ كەت-
كەن، يېقىنقى مەزگىللەردە دۇنخۇاڭ، تۇرپان ۋەسىقى-
لىرىدە قايتىدىن بايقالدى. بۇ ئىككى جايدىكى ئورغۇن-
لىغان قولىيازما قالدۇقلىرىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگەندە
«مۇھاكىمە ۋە بايان» نىڭ 20 بابىنىڭ ئىچىدىكى 11
بابىنىڭ «جېڭ ھەزرەتنىڭ شەرھىسى» نىڭ ھەممىسى
ياكى بىر قىسمى ئەكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
1967 ـ يىلى تۇرپاننىڭ ئاستانە قەبرىستانلىقىنىڭ
363 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تاڭ دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن
قولىيازمىنىڭ پارچىلىرى قېزىۋېلىندى، ئىككى يېرىدە
تېزىس قالدۇرغان: «جىڭلۇڭنىڭ 4 ـ يىلى (710 ـ
يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچى
موللام بۇ تيەنشۇ»، «غەربىي ئايماق ئىدىقۇت ئايمىقى-
نىڭ نىڭچاڭ مەھەللىسى ھەقدادەن موللام بۇ
تيەنشۇ 12 ـ يىلى»، بۇ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئېنىق
يىل دەۋرى بار ۋەسىقىلەردىن 280 يىل بۇرۇن يېزىل-
غان. ئەسلى جىلد ئورغۇنلىغان كەندىرىدىن ياسالغان
ۋاراقلارغا يۆتۈلگەن، قېزىۋېلىنغاندا جىلدنىڭ ئاستى
تەرەپلىرى تىتىلىپ كەتكەن. ھەربىر قۇرنىڭ خەتلىرى
تولۇق، جىلدنىڭ ئاخىرىغا ئىزاھات بېرىلگەن بولۇپ،
شۇنىڭغا قارىغاندا كۆچۈرۈلمىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان.
جېڭ ھەزرەتنىڭ شەرھىسى» نىڭ ئالدىنقى بەش بابى
ئەكەنلىكى مەلۇم. بۇنىڭ ئىچىدە، جىلدنىڭ باش قىس-
مىدىكى «ئۆگىنەيلى» دېگەن بابى تىتىلىپ كەتكەن بو-
لۇپ، تولۇق ئەمەس. «يۇرتدارچىلىق رەۋىشلىرى» با-
بىنىڭ بىر قىسمى ۋە «سەككىزدىن سەككىز قاتارلىق
ئۇسسۇل»، «رەھىمدىللىك»، «گۇڭيېچاڭ» قاتارلىق
ئۈچ بابىنىڭ ھەربىر بابىنىڭ تېما ئاستىدا «كۇڭزىنى
پەقىر جېڭ ھەزرەت شەرھلەيدۇ» دەپ يېزىپ قويۇل-
غان. بۇتيەنشۇنىڭ كۆچۈرمىسى مەدرىسلەرنىڭ تالىپ-
لىرىغا بېرىلگەن تاپشۇرۇق بولۇپ، موللاملار كۆرۈپ

بولۇپ قايتۇرۇپ بېرىلگەن. يەنە ئۇنىڭ خالىغان جايلىرىغا بىر نەرسىلەر يېزىلغان، مەزمۇنى «مىلك خەتلىك تېكست»، «12- ئاينىڭ 3 - كۈنىدە سۆزلەنگەن دەرسلىك» ھەمدە ئالتە قۇرلۇق بەش سۆزلۈك ئېسىل نەزمە قاتارلىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا «جىڭلۇڭنىڭ 4- يىلى 5 - ئاي» دېگەندەك يىلنامىسىمۇ بار. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى «تاڭ سۇلالىسى جىڭلۇڭنىڭ 4 - يىلى يېزىلغان قولىيازما ،مۇھاكىمە ۋە بايان، نىڭ جىلىڭ ھەزرەت تەرىپىدىن بېرىلگەن شەرھىسىنى تەتقىلاش خاتىرىسى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. گومورو بۇ جىلدنىڭ ئاخىرىغا خالىغانچە يېزىپ قويۇلغان شېئىرلار ھەققىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ باردى.

**تۇت موڭغۇل يېزىقىدىكى تارىخىي ۋەسىقىلەر** زايابەندىدا تەرىپىدىن تۇت موڭغۇل يېزىقى ئىختىرا قىلىنغاندىن كېيىن، ئويراتلار بۇ يېزىق ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەسىقىلەرنى قالدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى راتنابادرىنىڭ «زايابانديدانىڭ تەرجىمھالى»، جابانشارابونىڭ «ئويراتلارنىڭ تارىخى»، باتۇر ئۇباشچىيۇمەننىڭ «ئويراتلار تارىخى» ھەمدە «قالماق خانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «خورلۇق تارىخى»، «چىڭگىزخان خانلىق ئوردىسى ۋارىسلىرىنىڭ تارىخى»، «ئۇنايىن سۇجۇكتۇ كونا تۇرغۇتلىرى بىلەن يېشىل تېچىلتۇ تېگى تۇرغۇت خانلىرى، نويانلارنىڭ شەجەرىلىرى»، «ئۇنايىن سۇجۇكتۇ كونا تۇرغۇتلىرىنىڭ جەنۇبىي خانلىقلىرىنىڭ شەجەرىسى» (خاتۇنلارمۇ قىستۇرۇپ قويۇلغان)، «ئۇنايىن سۇجۇكتۇ كونا تۇرغۇتلىرىنىڭ شىمالىدىكى خانلىرى، جاساقلىرى، تەيجىلىرىنىڭ شەجەرىسى» قاتارلىقلار بار. بۇلار ئويراتلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى، تىلى قاتارلىق تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىياللار بولۇپ، جۇڭگو، رۇسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

**غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنى** ھىندىستاندىن تارقالغان. مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئالدى بىلەن ئۇدۇن (خوتەن)، ئاندىن سۇلى (قەشقەر)، كۈسەن (كۇچا)، ئاگنى (قاراشەھەر ئەتراپىدىكى جايلار)، ئىدىقۇت (تۇرپان) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئەڭ دەسلەپتە پادىشاھ ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولغان. كېيىنچە ئاۋام خەلققە تەدرىجىي ئومۇملاشقان.

*ماھايانا مەزھىپى ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئورنىنى ئالغان* ئەڭ دەسلەپتە بۇددا دىنىنىڭ بىر قىسىم مەزھەپلىرى تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، كېيىن روناق تاپقان ماھايانا مەزھىپى ھىنايانا مەزھىپىنى كەمستكەن. ھىنايانا بۇددىزمنىڭ قارىشىچە، ساكيامۇنى قاتتىق ئىبادەت ئارقىلىق ئازابلاردىن قۇتۇلۇپ ئەۋلىيا بولغان، شەخسنىڭ يەككە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، شەخسىي ئازابلاردىن قۇتۇلۇپ ئارخاتلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن؛ ئۇنىڭ ئاساسلىق كالاملىرى تۆت قىسىملىق «ئاگاما سۇتراسى» دۇر. مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ماھايانا مەزھىپى قەندىھار رايونى (بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ راۋالپىندى رايونى) دا شەكىللىنىپ ئەۋج ئالغان، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارمۇ بارا - بارا ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ماھايانا مەزھىپى بولسا بۇددساتۋا ھەممىگە قادىر ئىلاھتۇر، باقىي دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سانسىزلىغان قۇدرەتلىك بۇددساتۋا مەۋجۇت دەپ قاراپ، ئالتە خىل دەرىجىنى مەزمۇن قىلغان بۇددساتۋا يولىنى تەرغىب قىلغان. نىرۋاناغا يېتىش يولىدا ئارخاتلىق مۇقامىغا يېتىشنى ئەڭ يۈكسەك نىشان قىلغان. بۇ خىل سىرتتىن كىرگەن دىن بىلەن يەرلىكتە ئەزەلدىن بار بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت بىرىكىپ ئاۋام ئىچىگە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ ئېتىقاد قىلىشىغا ئېرىشكەن. غەربىي دىيار يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغانلىقى ھەمدە كۆپ خىل مىللەت بىرلىكتە ئولتۇراقلاشقان جاي بولغىنى ئۈچۈن بۇددا دىنىنىڭ نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىدىمۇ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن تەرجىمانلار، بۇدداشۇناسلار يېتىشىپ چىققان.

*تۆت چوڭ بۇددا دىنى مەركىزى* بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرت تەۋەلىكىدە سۇلى، كۈسەن، ئۇدۇن، ئىدىقۇت قاتارلىق مەشھۇر بۇددا مەركەزلىرى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇدۇن بىلەن كۈسەن جاھانغا مەشھۇردۇر. ئۇدۇن بولسا جۇڭگو ماھايانا مەزھىپىدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نۇرغۇنلىغان ماھايانا نوملىرى، مەسىلەن، شەرقىي جىن دەۋرىدە ئەۋج ئالغان «يالتىراغلىق نىرۋانا سۇتراسى»، «ئالتۇن يالتىراغلىق نىرۋانا سۇتراسى»، «نۇردەك يورۇق نىرۋانا» ھەمدە «ۋىيملاكىرتى سۇترا»، «بۇددساتۋانىڭ ئالدىدا تۆۋە - ئىستىغپار ئېيتىپ گۇناھىنى

خالاس قىلدۇرغۇچى نوم» قاتارلىق نەچچە ئونلىغان نوم كالاملىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ئۇدۇندىن كەلگەن، «بۇددا ۋە تەمسەكە ـ مەھاۋەيپۇلىيە سۇترا تەپسىراتى»نىڭ 50 جىلدى ۋە 80 جىلدلىق تەرجىمىسىمۇ ئۇدۇندىن كەلگەن. داڭلىق تەرجىمانلاردىن دىيانبانىنو، شىكشانەندە قاتارلىقلار بار. كۇسەن خېلى بىر دەۋرلەرگىچە ھىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان، بىر قىسمى ياكى ھەممىسى دىگۇدەك تەرتىپلىك راۋاجلانغان دېيىشكە بولىدۇ. دىنىي دەستۇرلارنى ساقلاپ رەتلەش، قاتتىق نىزاملارنى بېكىتىش، تەبىر بېرىش قاتارلىقلار ناھايىتى ياخشى راۋاجلانغان بولۇپ، ئىلمىي خادىملارمۇ نۇرغۇن ئىدى. ئاتاقلىق بۇدداشۇناس، تەرجىمان كومىراجىۋا بۇددا نوملىرىدىن 35 بۆلۈم 294 جىلد تەرجىمە قىلىپ جۇڭگودا بۇددا ئىلمىي مەزھەپلىرىگە نەزەرىيىۋى ئاساس ياراتقان. بۇددا دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن ئۇنىڭ شەرھى مىزانلىرى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئاۋامنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. ھەرقايسى جايلاردا كەڭ كۆلەمدە بۇددا مۇنارلىرىنى، ئىبادەتخانىلارنى، ھەيۋەتلىك بۇددا ھەيكەللىرىنى ياساپ، رەڭدار تام رەسىملىرىنى سىزىشقا باشلىغان. ئۇدۇننىڭ ئۆزرىدىلا شەھەر سېپىلى ئالدىدا مۇنارلار قوپۇرۇلغان. چوڭراق بۇتخانىلاردىن 14ى بار بولۇپ، كىچىكلىرى سان ـ ساناقسىز ئىدى. كۇسەندىكى بۇتخانىلار يۈزگە يېتەتتى، تولىمۇ كۆركەم قىلىپ سېلىنغانىدى. بۇددا ھەيكەللىرى ھەيكەلتىراشلارنىڭ قولى بىلەن چىرايلىق ياسالغان. بۇددا نىزاملىرى سۇرلۇك ئوقۇلۇپ، بۇددىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغلار قىلىنىپ تۇراتتى. ھەرقايسى جايلاردا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇت يۇيۇش پائالىيەتلىرى ۋە نەزىر قىلىش پائالىيەتلىرى كەڭ ئاۋامنىڭ چوڭ بايرىمى ھېسابلىناتتى. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان بۇتخانا خارابىلىرى، قىيالارغا ئويۇلغان غارلار گەرچە نۇرغۇن قېتىم چەت ئەللىكلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىلگىرىكى ھەيۋىتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ.

*بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئىگىلىشى*

بۇددا ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى غەربىي يۇرتتا مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى. X ئەسىرگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. ئالدى بىلەن سۇلى (قەشقەر) دە، ئاندىن ئۇدۇن، كۇسەن، ئاگنى، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ، ئاخىرى پۈتۈن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتتى.

**ئاتەش دىنى** قەدىمىي دۇنياۋى دىن. ياراتقۇچىسىنىڭ نامى بىلەن زوروئاستېر دىنى دەپمۇ ئاتالغان، يەنە نەزىر تىلاۋەت قىلغاندا ئۇزاق مۇددەت ئوت يېقىلىپ ئۆچۈرۈلمەيدىغان بولغاچقا ئوتقا چوقۇنىدىغان دىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇڭگولۇقلار ساما تەڭرىسىنى «ئاتەش ئىلاھى» دەپ يازغان. بۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى «يۇ پۈتۈكلىرى» دە ئۇچرايدۇ. بۇ خەت توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە ئۇنى تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان دېيىشكە بولىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە ئىراندا پەيدا بولغان ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدىيە ھەققىدىكى تەلىمات ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئارخۇرا مازداغا ئېتىقاد قىلاتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە پارس (ئىران) لارنىڭ ئاخمېند سۇلالىسى بۇ دىننى دۆلەت دىنى قىلغان. ئاتەش دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتا تارقىلىشى پارس مەدەنىيىتىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن تەڭ قەدەمدە راۋاجلانغان بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى سوغدىلار بۇرۇن قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن، تاڭ دەۋرىدىمۇ غەربىي يۇرتتا ئاتەش دىنى تازا گۈللەنگەن. سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر)، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا ئاتەش دىنى بۇددا دىنى بىلەن تەڭ راۋاجلانغان. ئېيۇرغول (قۇمۇل) دا ئاتەش دىنى ئىبادەتخانىلىرى بولغان. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەردىمۇ ئاتەش دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئائىت مەزمۇنلار بار. كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي يوقىلىپ كەتكەن، بىراق بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاتەش دىنىنىڭ نورۇز بايرىمى ھەمدە ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى شىنجاڭدىكى بەزى مىللەتلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**نېستورى دىنى** خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى. «نېس» نىڭ مەنىسى بۈيۈك، چوڭ دېگەنلىك بولىدۇ. نېستورى دىنى بولسا بۈيۈك دىن دېگەنلىكتۇر. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 9 ـ يىلى (635 ـ يىلى) سۈرىيىلىك نېستورى مۇخلىسلىرىدىن ئاروبېن قاتارلىقلار چاڭئەنگە كېلىپ دىن تارقىتىپ ئىبادەتخانا سالغان. پادىشاھ ۋۇزۇڭ بۇددا دىنىنى چەكلىگەندىن كېيىن بىر مەھەل يوقالغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قايتىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ، كاتولىك دىنى بىلەن قوشۇپ «ئېركېئۈن دىنى» دەپ ئاتالغان. يېقىنقى دەۋرلەردە تۇرپاندا بايقالغان نېستورى دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى، تام رەسىملەر ۋە ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل يېزىقتىن يېزىلغان نېستو-

رى دىنى ۋەسىقىلىرى نېستورى دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقالغان دەۋرىنىڭ تەخمىنەن VI ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىكەنلىكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، سۇلى (بۇگۈنكى قەشقەر) قاتارلىق نېستورى دىنىغا تەۋە 25 رايون ئىلـ چىدىكى 19 – رايون ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ماركوپولو غەربىي يۇرتتىن ئۆتكەندە ھەممە يەردە نېستورى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى ۋە مۇخـ لىسلىرىنى ئۇچراتقان. بۇ جايلار نېستورى دىنىنىڭ جۇڭگو ۋە غەربىي يۇرتقا تارقىلىشىنىڭ تارىخىي ىېشارە- تى ھېسابلىنىدۇ.

مانى دىنى ئىراندىكى تىگىر دەرياسى بويىدا تۇغۇلۇپ بابىلدا ياشاپ ئۆتكەن مانى (216~277) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. قەدىمكى دۇنـ ياۋى دىنلارنىڭ بىرى. بۇ دىننى ئاتەش دىنى، بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ شەرھلىرىدىن يۇغۇرۇلۇپ چىققان دىن دەيدىغان قاراش بار. ئۇ «ئىككى مەنبە تەلىماتى » ۋە «ئۈچ زامان تەلىماتى » نى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاتالمىش «ئىككى مەنبە تەلىماتى» بولسا تەڭـ رى بىلەن ئالۋاستى تەڭ مەۋجۇت بولۇشتەك ئىككى مەنبەلىك دىنىي ئەقىدە بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئالىي يورۇقـ لۇق تەڭرىسى بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئالۋاستى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. «ئۈچ زامان تەلىماتى » بولسا زاماننى ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى زامانلارغا بۆلىدۇ. ئۆتمۈش بولسا دۇنيا تارىخى ىېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان دەسلەپكى قاراڭغۇلۇق باسقۇچى، ھازىر بولسا يورۇقلۇق تەڭرىسى بىلەن قاراڭغۇلۇق ئالۋاستىلىرىنىڭ كۈرەش قىلىدىغان باسقۇچى، كەلگۈـ سى بولسا يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۆز ماكانىغا قايتىش باسقۇچىدۇر. مىلادىيە 243 – يىلى مانى دىنى ئىراندا ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنىـ غان، بىر مەھەل ئەۋج ئېلىپ مۇقىم دىنىي تەشكىلات ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىققان. كېيىن ئاتەش دىنى قايتا گۈللىنىپ، 772 – يىلى 2 – ئاينىڭ 26 – كۈنى مانى مىخلاپ ئۆلتۈرۈلۈپ تېرىسى سويۇۋېلىنغان، مۇـ رىتلىرى باشقا جايلارغا قېچىپ ىېرىپ دىن تارقىتىشقا باشلىغان. شەرقتە غەربىي يۇرت جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قاتارلىق جايلارغىچە تارقىلىپ كېيىن چەكلەنگەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان مانى دىنى ۋەسىقىلىرى ئىچىدە ئاز بىر قىسىم خەنزۇ يېزىقتا پۈـ تۈلگەن كالاملار، مەسىلەن، «زەرۋان پەرىشتە مىزان رەسمىيەتلىرىنىڭ قىسقىچە تەپسىراتى» ھەمدە «كەلگۈـ سى زامان مەدھىيىسى» قاتارلىقلاردىن باشقا كۆپ قىسـ

مى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، سوغدى يېزىقىدا پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەرنىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ، ئاساسلىق بۈگۈنكى تۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان. تاڭ سۇـ لالىسى كەيچېڭنىڭ 5 – يىلى (840 – يىلى) ئۇيغۇرـ لار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. سۇڭ سۇلالىسىدىكى ۋاڭ يەندېنىڭ «غەربكە قىلىنغان ئەلچىلىك سەپىرى خاتىرىسى» دە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە «مانى ئىبادەتخا- نىسىمۇ، پارسلىق دىنىي مۇخلىسلارمۇ بار بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز دىنىنىڭ شەرىئەتلىرى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن» دەپ قەيت قىلىنغان.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ئىسلام دىنى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن. VIII ئەسىردە ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى ۋە غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرغان. X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشىنىڭ باشلى- نىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلىق كۈچىگە تايىنىپ ئىسلام دىنىـ نى كۈچەپ تارقاتقان. كېيىن جۇ سۇلالىسى شىيەندېنىڭ 7 – يىلى (960 – يىلى) بۇ ئەلدىكى ئىككى يۈز مىڭ تۈتۈلۈك تۈرك ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن ئۇدۇن بۇددا دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ، قايتا – قايتا تىركىشىش ئارقىلىق سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جېنزۇڭ جىڭدېنىڭ 3 – يىلى (1006 – يىلى) قاراخا- نىيلار قوشۇنى ئۇدۇننى ئىگىلىگەن. ئىسلام دىنىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان ئۇدۇنغا كىرگەن.

كېيىنكى دەۋرلەردە غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغان كىدانلار بىلەن موڭغۇللار ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەرـ گە كەڭ قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. چىڭگىزخان چوڭ سەركەردىسى جەبەنى نايمان خانى كۈچلۈكنى بويـ سۇندۇرۇشقا ئەۋەتكەندە ئىسلام دىنى ۋە باشقا دىنلارنى ئوخشاشلا قوغداش ئاساسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن موڭغۇللار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرتتا ئىسلام دىنى بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. تىنچلىق شارائىتىدا ئىسلام دىنى جەنۇب ۋە شىمالغا قاراپ تارقىـ لىشقا باشلىغان. جەنۇبتا چەرچەن قاتارلىق جايلارغا، شىمالدا ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا كىرگەن. ئىلى دەرـ

ياسى بويىدىكى ئالمالىق (بۈگۈنكى قورغاس) ھاكىمىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ شىمالدىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق بازىسى بولۇپ قالغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى تۇغلۇق تۆمۈر بولسا شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىغا ئالدى بىلەن بەيئەت قىلغۇچى شۇنداقلا موڭغۇللار ئارىسىغا ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى موڭغۇل خاندۇر. ئۇ 160 مىڭ چېدىرلىق موڭغۇلنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى كۆسەن بۇددا كۈچلىرىدىن غالىب كېلىپ ئوڭۇشلۇق ھالدا كۆسەننىڭ شەرقىغە قاراپ كېڭەيگەن. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى خىزىرخان خوجانىڭ كۈچى بىلەن ئىدىقۇتنى ئىگىلەپ ئىسلام دىنىنى تۇرپان رايونىغا كېڭەيتكەن. XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى قۇمۇل رايونىغىمۇ تارقىلىپ بولغان. ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي يۇرتتا بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا تارقىلىشى ئاخىرى بېرىپ بۇددا دىنىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ھاكىمىيەت ئورنىدا تۇرۇشىغا خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ يەرلىك خەلقنىڭ بىردىنبىر ئېتىقادىغا ئايلانغان ھەم شۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرى ئارىسىدا تېز تارقىلىشقا باشلىغان. چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مۇسۇلمان خۇيزۇلارمۇ بۇ رايونغا كۆچۈشكە باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىچكى رايونلاردىكى بۇرۇن شەكىللەنگەن ئىسلام ئېتىقادى، دىنىي مەزھەپلەر، دىنىي تۇرمۇش قائىدىلىرى قېلىپلاشقان. كېيىنچە سالا، دۇڭشياڭ قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرمۇ شىنجاڭغا كۆچۈشكە باشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۆزبېك، تاتارلارمۇ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنىدا، تاجىك مىللىتى شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغاندىن سىرت، باشقا كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ ھەنەفىييە مەزھىپىگە مەنسۇپ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام دىنىدىكى سوپىزمنىڭ تەسىرىمۇ ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، سوپىلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئىشان»، خۇيزۇلاردا بولسا «سۇلۇك» دەپ ئاتالغان. يېقىنقى زامانلاردىكى ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلار چوقۇم ئادا قىلىدىغان دىنىي پەرھىز، سۈننەت ۋە تۇرمۇشتىكى دىنىي تەقىبلەر شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە تەدرىجىي ئەنئەنىگە ئايلانغان. ھەرقايسى مۇسۇلمانلارنىڭ روزى-رامىزان، ھېيت-بايراملىرى، ئەدەپ-ئەخلاق، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ئادىتى قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ نىسبەتەن مۇقىملاشقان شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ كەلگەن.

**كۆسەن تاشكېمىر سەنئىتى** كۆسەن تاشكېمىرلىرى بۈگۈنكى باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭئۆي تاشكېمىرلىرىنى، كۇچادىكى قۇمتۇرا، سىمسىم، قىزىل تاشكېمىرلىرىنى، توقسۇدىكى توغراق ئېقىن تاشكېمىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ شىنجاڭدا ساقلىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، تام رەسىم سەنئىتى تولىمۇ ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە رايونلاردۇر.

كۆسەن تاشكېمىرلىرىنىڭ ياسىلىش شەكلى: (1) مەركىزى ئۆڭكۈر شەكلىدە ئۆزگىچە بولۇپ، «كۆسەنچە ئۇسلۇب» دەپ ئاتالماقتا. چوڭ بۇت ھەيكەللىرى بار غارلارنىڭ ھەممىسى ئاساسلىق ئىستىقامەت قىلىدىغان جاي بولۇپ، مەركىزىي سارايىنىڭ ئۇدۇل تېمىدىكى بۇت تەكچىلىرىگە كىچىك بۇتلارنىڭ ھەيكەللىرى قويۇلغان، ئەپسۇسلىنارلىقى ئاساسەن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. تاملارنىڭ ھەممىلا يەرلىرىگە رەسىم سىزىلغان بولۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قېلىنغانلىرى كۆسەن تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. غارلار ئىچىدىكى تام رەسىملىرى ناھايىتى تۆجۈپىلەپ سىزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول. (2) مەركىزىي غارنىڭ تورۇسلىرىغا ئەرشئەلانىڭ رەسىمى سىزىلغان، ئوڭ، سول تەرەپلىرىنى تۆت ئەتراپقا كېڭەيتكەن بولۇپ، تاغ چوققىلىرى بىلەن ئەرشئەلا گىرەلەشكەن ئارقا كۆرۈنۈشتىكى ياي شەكىللىك تەسۋىر چۈشۈرۈلگەن. ياي شەكلىنىڭ مەركىزىدە بۇددساتۋانىڭ ھەيكەللىرى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن. كۆسەن تاشكېمىر سەنئىتىدە بۇنداق ئىككى خىل كۆرۈنۈش 130 پارچىدىن ئاشىدۇ، ئۇنى دۇنيادا تەڭداشسىز دېيىشكە بولىدۇ. (3) مەركىزىي غارنىڭ ئىككى يېقىغا تۆت چاسا شەكىلدىكى رەسىملەرگە بۇددا دىنىنى تارقىتىشنىڭ سەۋەبلىرى سىزىلغان. ئوڭ، سول ۋە ئارقا تاملارغىمۇ رەسىملەر سىزىلغان بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ نىرۋانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىدۇر. مەسىلەن، نىرۋانانىڭ ئازاب چېكىشى، كۆلپەت-

لىرى، چىدام - غەيرىتى دېگەندەك كۆرۈنۈشلەر. بۇنىڭ ئىچىدە، ساماداپەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قوغدىغۇچى مۇئەككەللەرنىڭ رەسىمى ناھايىتى نەپىس سىزىلغان. تام رەسىملىرى «سىم چوپلا» شەكلىدىكى سىزىقچىلار بىلەن كارىدورنىڭ ھەممە يېرىگە تۇتىشىدۇ. ئويما - قوپما ئۇسسۇللىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئىپادىلەنگەن ئوبرازلارنىڭ چىرايى، مۇسكۇللىرى، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەڭلىرى، ئىنچىكە كۆك سىزىقچىلىرى بىلەن بەش ئەزانىڭ تومۇرلىرى تۇتاشتۇرۇلغان ئوبرازلار جانلىق، قىيابىتى تولىمۇ نەپىسلىكى سىزىلغان.

كۆسەن تاشكېمىر سەنئىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەندىھار مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرلۈك مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىدىكى سىرتنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، جۇڭگو مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ ھەمدە غەرب - شەرق ئالاقىلىرىنى باغلاپ، بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە جوڭ تەسىر كۆرسەتتى ۋە مۇھىم رول ئوينىدى.

### غەربىي يۇرت ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى

بوستانلىق دۆلەتلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان كۈي - نەغمىلەر. «غەربىي ئاستانە خاتىرىلىرى» دە خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۇدۇن نەغمىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقالغان، خەن گاۋزۇ بىلەن خانىكەچى «7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كۆل بويىدا ئۇدۇن نەغمىلىرىدىن ھۇزۇرلانغان» دېيىلگەن. شەرقىي جىن سۇلالىسى تەييۇەننىڭ 10 - يىلى (385 - يىلى) لۈگۇاڭ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا كۆسەن نەغمىلىرىدىن ھۇزۇرلانغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر) نەغمىلىرى، ئارساك (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇخارا) نەغمىلىرى، سوغدىيانا (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەنت) نەغمىلىرى، ياپان (بۈگۈنكى قۇمۇل) نەغمىلىرى، ئىبۈرغول (كۆسەننىڭ شىمالىدىكى تاغ) نەغمىلىرى، لياڭجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي) نەغمىلىرى قاتارلىق نەغمىلەر تارقالغان. سۈي - تاڭ نەغمىلىرى ئىچىدە ئوردا زىياپەت نەغمىلىرى تارقالغان. سۈي دەۋرىدىكى توققۇز بۆلۈملۈك نەغمىنىڭ تۆت بۆلۈمى غەربىي يۇرتنىڭ ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئون بۆلۈملۈك نەغمىسىنىڭ «ئىدىقۇت نەغمىسى» قاتارلىق بەش بۆلۈمى غەربىي يۇرتنىڭ ئىدى. چېلىنىدىغان سازلاردىن بەش تارلىق بەرباپ، غوڭقا، نەي، داپ، بالىمان قاتارلىقلار بولغان. نەغمىلەرنىڭ تۈرى كۆپ، ئۇسسۇلنىڭ تۈرى ھەرخىل بولغان. ئۇسسۇللىرىدىن ئۇيغۇر شەش ئۇسسۇلى، ئۇيغۇر سەكرىمە ئۇسسۇلى، ئۇيغۇر پىرقىرىما- قايىنام ئۇسسۇل قاتارلىقلار بولغان. ئۇيغۇر شەش ئۇسسۇلىنى تاڭ دەۋرىدە كۆسەنلىكلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، كۆپ كىشىلىك ئوينايدىغان تۈرلىرى بولغان. ئۇسسۇللارنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، يۈزنىڭ قىياپەت تەسۋىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. كىيىم - كېچەكلىرى جۇلالىق، دوپپىلارغا ئۇسسۇلغا چۈشكەندە ياڭراق ئاۋاز چىقىرىدىغان مارجان قوڭغۇراقلار ئېسىلغان. قىزىل خۇرۇم ئۆتۈكلەر كىيىلىپ ئۇدارلار يارقىن ئىپادىلەنگەن. زەرباپ رەڭلىك قىزىل ئىشچا كىيىپ پوتا باغلىۋالغان. ئۇسسۇل ئاخىرلاشقاندا كىيىملىرى لەرزان يېيىلغان. ئۇسسۇلغا ناخشا تەڭكەش قىلىنغان. بۇنداق ئورۇنلىنىش سۇڭ دەۋرىگىچە داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇسسۇلچىلار ئۇمىكى، دەپ ئاتالغان. ئۇسسۇلدا يەنە ئۇسسۇل باشلامىلىرىنىڭ دىئالوگلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇيغۇر سەكرىمە ئۇسسۇلىنىڭ ئۇدارى تېز بولۇپ، سەكرەش، مۇرەككەپ بولغان بويۇن قېقىشتەك ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. تازا لەرزىگە يەتكەندە سەكرەۋېتىپ قوپۇندەك پىرقىرايتتى. ئۇسسۇل كىيىمى ئاساسەن بېشىغا قىرلىق دوپپا كىيىپ، ئۇزۇن تار پەشمەتنى پوتا بىلەن باغلاپ، پۇتىغا مەسە كىيەتتى. ئۇيغۇر پىرقىرىما- قايىنام ئۇسسۇلى تاڭ سۇلالىسى كەييۇەننىڭ تيەنباۋ



غەربىي يۇرت ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى

دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن؛ ئۇسـ
سۇلچىلار كىگىز ئۈستىدە ئوڭ ـ سولغا قويۇنەڭ
چۆرگىلەپ ئوينايتتى. غەربىي يۇرت ئۇسسۇل ـ نەغمە ـ
لىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغاندىن كېيىن بىر
مەھەل كىشىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ، چوڭ
شۆھرەت قازانغان.

**سۇمۇز سامۇز، سولۇۋ دەپمۇ ئاتالغان.** غەربىي
يۇرتتا ئوينىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلدۇر. «كونا تاڭـ
نامە. سوغدىيانە تەزكىرىسى» دە: «سۇمۇز 11 ـ
ئايلاردا سوغۇق تىلەپ ئوينىلىدۇ، سۇ چېچىلىدۇ، ئۇ
شادلىقنى بىلدۈرىدىغان چىللە ئۇسسۇلى» دەپ خاتىرىـ
لەنگەن. كۇسەن دىيارىدا بەكرەك ئەۋج ئالغان، كېيىن
بولغاندىمۇ شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزـ
لەڭلىككە تارقىلىپ ھەرقايسى جايلاردا شۆھرەت قوچۇپ
داڭق چىقارغان. ئۇنىڭدا ئاددىي ۋەقەلىك بولاتتى ۋە
كۆپ خىل پېرسوناژلار ئوينايتتى. داپ ـ دۇمباقلار
تەڭكەش قىلىناتتى، ئويناغۇچى يۈزىگە نىقاب تاقاپ
تەڭرى ياكى مەخلۇق سىياقىدا ياسىناتتى. يۇرت ئارىـ
لاپ توختىماي يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئوينىلاتتى. يامانـ
لىق ـ ياۋۇزلۇقلارنى قوغلاشتەك مەزمۇنغا ئىگە ئىدى.
ئۇنىڭغا دۇمباق، داپ، بەرباپ، بالىمان، غوڭقا، نەي
دېگەندەك سازلار تەڭكەش قىلىناتتى. سۇلاڭ دەۋرىگە
كەلگەندىمۇ ئىدىقۇتتا يەنىلا بۇ خىل ئويۇن ساقلىنىپ
ئوينىلىپ يۈرگەن. ھازىر تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردە
بۇ ھەقتە ساقلىنىپ قالغان بەزى سۆز ـ ئىبارىلەر بار.

**غەربىي يۇرت تىياتىرلىرى** تىياتىر غەربىي
يۇرتتا بىر قەدەر بۇرۇن پەيدا بولغان، جىن دەۋرىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان «لىيېزى» دېگەن كىـ
تابتا قونچاق تىياتىرىنى ئويناش ھەققىدە خاتىرىلەر
بار. ئادەم رول ئېلىپ ئوينايدىغان تىياتىرلارنى دەسلەپـ
تە نىقابلانغان ئادەم بىلەن نىقاپلانمىغان ئادەم بىرلىكتە
ئوينىغان. «كونا تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە،
ئۇسسۇللۇق تىياتىر دەسلەپتە غەربىي يۇرتتىن تارقالـ
غانلىقى، ئۇنىڭدا دادىسىنى يولۋاس ئۆلتۈرگەن يىگىتـ
نىڭ سەككىز داۋان ئېشىپ دادىسىنىڭ جەسىتىنى تاپـ
قانلىقى ۋە يولۋاسنى ئۆلتۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن،
سەككىز پەردىلىك تىياتىر ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.
ھازىر قىزىلنىڭ 163 ـ نومۇرلۇق غارىدا مۇشۇ تىياـ
تىرنىڭ مەزمۇنى چۈشۈرۈلگەن تام رەسىم بار. سۈيـ
تاڭ دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان بوـ
لۇپ، خەلق ئىچىدە ئومۇملىشىپ ئوردا ئىچىدە ئويناڭـ
غان، كېيىن ياپونىيىگىچە تارقالغان. بۇددا دىنىنىڭ
تارقىلىشى بىلەن بۇددا تىياتىرلىرىمۇ بىرگە تارقالغان.
سانسكرىتچە يېزىلغان دراما «سارى بۇددانىڭ تەرجىمىـ
ھالى» تەخمىنەن I ئەسىردە تارقىلىپ كىرگەن
II ~ IV ئەسىرلەردە ئاگنىلىق مۇقەددەس ئاي ھەزرەت
توخرى يېزىقىدا «مايترى سىمىت» دراماسىنى يازغان،
X ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.
بۇنىڭدا بۇددا ساكيامونى بىلەن ئاخىرەت زامان بۇدداسىـ
نىڭ كۆرۈشكەنلىكى بايان قىلىنغان. 1959 ـ يىلى
قۇمۇلدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازمىسى تېپـ
پىلغان، ئۇ جۇڭگودا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان
سەھنە ئەسەرلىرى ئىچىدە تارىخى ئەڭ بۇرۇنقىسى ھېـ
سابلىنىدۇ. بۇ دراما يەرلىكلەر تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈـ
رۈلگەن، 27 پەردىلىك 110 پېرسوناژلىق، دېكوراتسىـ
يىسى ۋە سەھنە سايمانلىرى بىرقەدەر مۇرەككەپ تىياـ
تىردۇر.

**قۇمغا كۆمۈلگەن كىروران شەھىرى ھەققىـ
دىكى رىۋايەت** كىرورانىنى بەزى مۇتەخەسسىسلەر
قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدىكى كىروران (Kroraina) نىڭ
ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇ پۈتكۈل
تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدىكى قۇمغا
كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمىي بوستانلىق شەھەرلىرىنىڭ
تارىخىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ۋەقەلەر «بۇـ
يۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا قىلىنغان سەپەر
خاتىرىسى» دا ئۇچرايدۇ. شۈەنزاڭ ھىندىستانغا نوم
ئالغىلى بېرىپ قايتقاندا، جېنگۈەننىڭ 18 ـ يىلى
(644 ـ يىلى) باھاردا ئۇدۇنغا يېتىپ كەلگەن. سەپەر
جەريانىدا كېشا ئېلى (بۈگۈنكى قەشقەر) گە كەلگىچە
نۇرغۇن قۇم ـ جەزىرىلەردىن ئۆتكەن. شەرقىي جەنۇب
تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ئېگىز قۇم داۋانلاردىن ئۆتۈپ
چىنجۇتا ئېلى (بۈگۈنكى قاغىلىق) گە كەلگەن. ئۇدۇن
ئېلىنىڭ شەھەر قەلئەسىنىڭ غەربىگە 50~60 چاقىـ
رىم كېلىدىغان يول بويىدىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى
كۆچمە قۇم بارخانلىرى ئىكەنلىكى، قەلئەنىڭ شەرقىي
جەنۇب تەرىپىگە يۈز چاقىرىمچە يەردە قۇرۇپ كەتكەن
دەريا ئېقىنى بارلىقى، قەلئەنىڭ شەرقىدە 300 چاقىـ
رىمچە جايدا پىمو شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا رىۋاـ
يەتلەردىكى قۇمغا كۆمۈلگەن كىروران شەھىرى ئىكەنـ
لىكى، داۋاملىق شەرققە قاراپ ماڭغاندا قۇملۇقتا خاـ
راب بولغان نىنا ئېلى (بۈگۈنكى نىيە ناھىيىسىنىڭ
شىمالى) ئىكەنلىكى، مۇشۇ قۇملۇقتا كىرگەن پېتى
سەپەرنى داۋام قىلسا ئەندىر (نىيىنىڭ شەرقى)، پالماـ

دانا (يۇگۇنكى چەرچەن)، نايوب (كىروران، لوپنۇر
كۆلىنىڭ غەربىي شىمالى) قاتارلىق ناملاردا ئاتالغان
شەھەر ـ دۆلەتلەرنىڭ خارابىسىگە ياردىغانلىقى خاتىرى-
لەنگەن. خەن دەۋرىدە پىشامشان رايونلىرى كۆپ قېتىم
قۇم بورانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، نىنا ئېلى دائىرى-
سىمۇ قۇم بوران دەستىدىن بارغانچە تارىيىپ كەتكەن
ھەمدە لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىدىكى جايلار بولسا قۇم
ئاستىدا قالغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ قۇملۇق «ئاق ئەجدى-
ھا» دەپ ئاتالغان. كىروران شەھىرى ۋەي، جىن ۋە
ئالدىنقى لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خېلى بىر مەزگىل
غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. IV ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئالدىنقى چىن ئالدىنقى لياڭنى
يوقاتقاندىن كېيىن بۇ جايلار ئاستا ـ ئاستا قۇم دېڭىزىغا
كۆمۈلۈپ كەتكەن. XVI ئەسىردە ئۆتكەن مىرزا مۇھەم-
مەد ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» دېگەن
ئەسىرىدە ئۇدۇن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ تىرىلغۇ
يەرلىرىنىڭ قۇم بېسىپ كېتىۋاتقانلىقى خاتىرىلەنگەن
بولۇپ، بۇ تەسۋىرلەر شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسى بىلەن
ئوخشاشلىققا ئىگە. قۇمغا كۆمۈلگەن كىروران شەھىرى-
نىڭ رىۋايىتى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە قالغان شەھەر-
لەرنىڭ قۇم بېسىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى پاكىتلارنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
ئۇنىڭغا يەنە يېڭىچە ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالغان مەزمۇن-
لار قوشۇلغان.

**«ئوغۇزنامە» داستانى** قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
تارىخىي داستانى. ھازىرغا قەدەر بىزگە يېتىپ كەلگەن
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازما، فرانسىيەنىڭ
پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئالدىن-
قى قىسمى تىتىلىپ يوقاپ كەتكەن بولۇپ، نامىمۇ
ئېنىق ئەمەس. ھازىرقىلار ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن
«ئوغۇزنامە» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. تەتقىقاتچىلار بۇ
قولىيازمىنىڭ XIII ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە بولغان
ۋاقىتلاردا يېزىلغانلىقىنى، X ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەي-
نىدە رىۋايەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى تەتقىق قىلىپ
ئىسپاتلىغان. داستان ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈنگەن. بىرىن-
چى بۆلۈمى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى، ئۇلارنىڭ يارىلىش
ئەپسانىلىرى ھەمدە قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە دائىر
مەزمۇنلاردۇر. ئۇنىڭدا: ئوغۇزخان باتۇرنىڭ تۇغۇلۇپ
40 كۈندە چوڭ بولغانلىقى، چىرايىنىڭ غەلىتىرەك
بولۇپ، يۈزى تۆمۈردەك كۆك، لەۋلىرى قىزىل، كۆ-
زىمۇ قىزىل، پۈتۈن بەدىنىنى تۈك باسقان، قەددى ـ
قامىتى بەستلىك، ئۆكۈز ئاياغ، بۆرە بەل، قاپلان
مۈللۈق، كۆكرەكلىرى ئېيىقنىڭ كۆكرىكىدەك كەڭ،
دەپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئۇلارغا
كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئاسمان، تاغ، دېڭىز دەپ ئىسىم
قويۇلغان. ئىككىنچى بۆلۈمدە، ئوغۇزخاننىڭ خان بول-
غاندىن كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلىرى: شەرقتە ئالتۇن
خاننى بويسۇندۇرۇشى، غەربتە رىم ئىمپېرىيىسىنى
مەغلۇپ قىلىشى، ھىندىستاننى ئەل قىلىشى، تاڭغۇت-
لارنى، سۇرىيىلىكلەرنى ۋە كىدانلارنى مەغلۇپ قىلىشى
بايان قىلىنغان. بۇ بايانلار مەلۇم نۇقتىدىن تارىخىي
ۋەقەلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسىمۇ، لېكىن ئۇ
يەنىلا ئەدەبىي ئەسەردۇر. بىر قىسىم تۈرك قەبىلىلىرى-
نىڭ ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىمۇ شەرھى
بەرگەن: «يابچان» نى ئىچى كاۋاك دەرەخ دەپ شەرھى
بەرگەن، چۈنكى بۇ قوۋمنىڭ سەركىسى دەرەخ غولىنى
ئويۇپ قولۋاق ياساپ ئوغۇزخاننى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ
قويغانلىقى ئۈچۈن ئوغۇزخان ئۇلارغا شۇنداق نام بەر-
گەن؛ «قاڭقىل» لارنى «ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ
شەرھلەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ سەركەردىسى ئېگىز چاق-
لىق ھارۋا ياساپ ئوغۇزخاننىڭ ئۇرۇش ئولجىلىرىنى
توشىغان. پارىژدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىدىن باشقا يەنە
كېيىنكى چاغاتاي يېزىقى بىلەن يېزىلغان «ئوغۇزنامە»
نۇسخىسىمۇ بار. تۈركىيىدىمۇ يەنە بىر نەزمە شەكلىدە
يېزىلغان نۇسخىنىڭ قالدۇقلىرى بايقالدى، بىراق ئۇلار
تېخىچە تەتقىق قىلىنماي كېلىۋاتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىدىكى «ئوغۇزخاننىڭ رىۋايىتى» نى گېڭ شىمبىن
خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

**مەتبەئەچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىشى**
مەتبەئەچىلىك جۇڭگونىڭ قەدىمكى تۆت چوڭ كەشپى-
ياتلىرىنىڭ بىرى. تاڭ دەۋرىدە ئويما مەتبەئە ھەرقايسى
جايلارغا تارقالغان. بەش دەۋر، شىمالىي سۇڭ سۇلالى-
سى مەزگىلىدە غەربىي يۇرتقا تارقالغان. ئىدىقۇتتا بۇد-
دا دىنى تازا ئەۋج ئالغاندا كىشىلەرنىڭ بۇددا نوملىرىغا
ۋە باشقا ۋەسىقىلەرگە تازا ھاجىتى چۈشكەچكە، تاش
مەتبەئە غەربىي يۇرتقا تارقىلىشقا باشلىغان. يېقىنقى
يىللاردا تۇرپاندىن نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق-
دىكى، بولۇپمۇ خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر قېزىۋې-
لىندى. بۇلار ئىچىدە بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى نوملار
كۆپرەك. بەزىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتبە-
ئەچىلىك نۇسخىسىدا بولۇپ، خەنزۇچىدىن تەرجىمە
قىلىنغان ۋەسىقىلەردە خەنزۇ يېزىقى بىلەن سانسكرىتچە
يېزىق سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئىزاھاتى بېرىلگەن. بۇ خەن-

زۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ياكى خەنزۇ راھىبلارنىڭ كۆپلۈكىنى شۇنداقلا ئىدىقۇت رايونىدىكى مىخ مەتبەئەتچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى كەشپ قىلىنغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياغاچ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى ئىجاد قىلىنغان. ئەڭ بۇرۇن غەربىي يۇرتقا تارقالغان ياغاچ مىخ مەتبەئە دۇنخۇاڭدىن تېپىلدى. XII ئەسىردىن كېيىن ئىدىقۇت غەربىي يۇرتتىكى مەتبەئەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ قالغان. ئۇيما مەتبەئە، مىخ مەتبەئەلەر يىپەك يولىنى بويلاپ پارس (ئىران) لارغا، يەنە داۋاملىق ھالدا غەربكە قاراپ تارقىلىپ ياۋروپاغىچە بارغان.

**رۇس تىلىدىكى سىياسىي قانۇن تېخنىكومى** شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان ئۆلكىلىك تېخنىك مەكتىپى. 1924 - يىلى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە قۇرۇلغان، ئوقۇش تۈزۈمى تۆت يىللىق. تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئەۋەتىلگەن، بۇلار ئىچىدە خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ، شىبە قاتارلىق ھەر مىللەت بالىلىرى بولۇپ جەمئىي 44 نەپەر ئادەم ئوقۇغان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەر بېجى، يەر باشقۇرۇش بېجى قاتارلىقلاردىن مەكتەپنىڭ راسخوتىنى ئاجراتقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ياتاق ۋە ئوقۇش ھەققىنى تاپشۇرمايتتى ھەمدە بەلگىلىك ياردەم پۇلى ئېلىپ ئوقۇيتتى. دەرسلىكتە رۇس تىلىدىن باشقا، قانۇن، خەنزۇ تىلى قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى. رۇس تىلى بولسا رۇسىيە تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قانۇن دەرسلىكى بولسا بېيجىڭ چاۋياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن قوللانما ئاساس قىلىناتتى. ئۇ قانۇن نەزەرىيىسى، خەلقئارا ئامانلىق قانۇنى، خەلقئارا ئەدلىيە قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خەنزۇچە دەرسلىكلەر ئاساسەن تۆت كىتاب - بەش دەستۇرلار ئىدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ قوشۇمچە مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالغان، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا جاڭ چۈنشى مەسئۇل بولۇپ كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغان. 1931 - يىلى رۇسچە سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1934 - يىلى خې ۋۇجۇ مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىسلاھات ئېلىپ بارغان، كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، 1935 - يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بولۇپ قۇرۇلغان.

**ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ** شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) نىڭ بېيلياڭ دېگەن جايىدا بودا خەنزۇ مەكتىپى قۇرۇلۇپ، گۇاڭشۈنىڭ 31 - يىلى (1905 - يىلى) باش تەپتىش ۋۇيىنسۇن بۇ مەكتەپنى ئۆلكىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئۇنىڭ تارمىقىدا دارىلمۇئەللىمىن تەسىس قىلغان. كېيىنكى يىلى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا باشلانغۇچ دارىلفۇنۇن تەسىس قىلغان. بۇ مەكتەپ ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 106 نەپەر ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بىر مەھەل تاقىلىپ قالغان. 1920 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپكە تۇنجى قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەرقايسى ناھىيىلەردىن تاللاپ ئەۋەتكەندىن كېيىن ئىمتىھان ئارقىلىق 40 نەچچە نەپەر ئادەم تاللاپ قوبۇل قىلىنغان، ھەممە خىراجىتىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرگەن. تۆت يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدە بولغان، تەسىس قىلىنغان دەرسلىكلەر خەنزۇ تىلى، ماتېماتىكا، مۇزىكا، تارىخ، مۇزبىيشۇناسلىق، تەنتەربىيە، گىمناستىكا، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، رۇس تىلى بولۇپ، تۆتىنچى يىللىقلارغا قانۇن، ئىقتىساد قاتارلىق دەرسلىكلەر قوشۇلغان. تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن. 1924 - يىلى كۈزدە ئىككىنچى قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلغان. ھەر بىر سىنىپتا 30~40 ئوقۇغۇچى بولغان. مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇدىرلىقىنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ئۈستىگە ئالغان. 1934 - يىلى 9 - ئايدا مۇدىرلىقنى رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى خې يۈجى ئۈستىگە ئالغان. 1935 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دىخۇا 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**ئۆلكىلىك دىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى** 1934 - يىلى دىخۇا قىزلار مەكتىپى ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن، قارمىقىدا باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىنغان. نورمال بولغان ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن باشقا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار جاھانگىرلىككە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇيۇشمىسى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى رەھبەرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئاياللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش كۇرسى ۋە ئاياللار

مىللىي مەكتەپنى تەسىس قىلغان. 1938 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرىدىن جۇ دەنخۇا، خۇاڭ يى، شېن گۇنەن قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تەربىيىچى مۇدىر، باشلانغۇچ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلاب قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ بارلىقىنى ئىنقىلابقا بېغىشلىغان. كېيىن قىزلار ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1946 -يىلى باھاردا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلگەن.

**ئۆلكىلىك دىخۇا دارىلفۇنۇنى** 1916 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دىخۇا (ئۈرۈمچى) دا بۇرۇنقى بېيلياڭ بودا خەنزۇچە مەكتەپنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان. ئىككى يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدە، ھەر قېتىمدە 40 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى ناھىيىلەردىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن. يول كىراسى بىلەن ياتاق ھەققىنى ناھىيىلەر ئۈستىگە ئالغان، قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن خىراجەتلەرنى ھۆكۈمەت كۆتۈرۈۋەتكەن، يەنە قەغەز - قەلەم، سىياھ ھەققىنىمۇ تارقىتىپ بەرگەن. 1920 - يىلدىن باشلاپ تۆت يىللىق تۈزۈمدىكى پېداگوگىكا تولۇق كۇرس سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. 1935 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل سىنىپلىرى ئېچىلغان. 1946 - يىلغا كەلگىچە باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدىن ئۈچ سىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 60% ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

**ھاۋا ئارمىيە تەربىيىلەش ئەترىتى** ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتۈپ تەشكىللەنگەن ھاۋا ئارمىيە ئۇچقۇچى تەربىيىلەش ئورگىنى. 1936 - يىلى غۇلجىنىڭ ھەرەمباغدا قۇرۇلغان. ئاساسلىق خىزمەتچىلىرىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن. يېتەكچىلەر سوۋېت تەرەپتىن، ئاز بىر قىسمى گۇاڭشى-گۇاڭدۇڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ كونا ھاۋا ئارمىيە شتابىدىن كەلگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن. 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېتەكچى خادىملار 91 نەپەر، كۇرسانتلار 164 نەپەر، ئوقۇغۇچىسى 90 نەپەر، تېخنىكلار 118 نەپەر بولۇپ جەمئىي 463 ئادەمگە يەتكەن. بۇ بازىدا بىرقەدەر ياخشى بولغان سۇ، توك ۋە ئۇچۇر - ئالاقە ئەسلىھەلىرى، بىرقەدەر كۈچلۈك قورال - ياراغلىرى بار بولغان. ئۇرۇش قىلغۇچى ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلان لېيوتچىكلىكىنى تاماملىغان ئوقۇغۇچىلار ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە بارغان. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى چېگىدۈننىڭ تەيپىڭ ئايرودرومىغا كۆچۈرۈلگەن.

**مەركىزىي تەربىيىلەش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭ تارماق گۇرۇپپىسى** گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەيدىغان دائىملىق ئورگىنى. 1943 - يىلى ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كادىرلار تەربىيىلەش كۇرسى ئاساسىدا قايتا تەشكىللىگەن. ئۆلكىلىك باش پىرقە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شېڭ شىسەي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن؛ ئۆلكىلىك باش پىرقىنىڭ سېكرېتارى خۇاڭ روجېن خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. دەسلەپكى چاغلاردا ئاساسلىقى سېكرېتار ۋە خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھىيىلىك كادىرلىرىنى تەربىيىلىگەن؛ ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى تەكشەپ، ناھىيىلىك پىرقىنىڭ سېكرېتارلىرى ناھىيە ھاكىملىقىنى تەڭ ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەتلىرىنى ھەمدە يېزا باشلىقلىرىنى، كەنت باشلىقلىرىنى تەربىيىلەشنى مەزمۇن قىلغان. ئۇنىڭغا پىرقە پارتىيە سىياسىي كادىرلار سىنىپى، كەسپىي سىنىپ، ئەدەبىيات سىنىپى، مىللىي مەدەنىيەت سىنىپى، مالىيە سىنىپى قاتارلىق سىنىپلار تەسىس قىلىنغان. ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ باش ھەيئەت ئەزالىرى ھەمدە ئورگان خىزمەتچى خادىملىرى ئۈستىگە ئالغان. ھەربىر ئوقۇش مەۋسۇمى 3～6 ئاي، جەمئىي 12 قارار ئېچىلغان. ھەرقايسى ساھەدىكى كادىرلاردىن 3000 دەك ئادەمنى تەربىيىلىگەن. 1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاخىرلاشقان.

**جۇڭگو - سوۋېت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭ تارمىقى** ئاممىۋى تەشكىلات. 1939- يىلى 11 -ئاينىڭ 5 -كۈنى دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دا قۇرۇلغان. ۋاڭ باۋچيەن ئۇيۇشمىغا باشلىق بولغان. كېيىنكى يىلى چۆچەك، غۇلجا، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە تارماق ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، ئەزاسى 300

زۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ياكى خەنزۇ راھىبلارنىڭ كۆپلۈكىنى شۇنداقلا ئىدىقۇت رايونىدىكى مىغ مەتبەئەتچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە مىغ مەتبەئە تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياغاچ مىغ مەتبەئە تېخنىكىسى ئىجاد قىلىنغان. ئەڭ بۇرۇن غەربىي يۇرتقا تارقالغان ياغاچ مىغ مەتبەئە دۇنخۇاڭدىن تېپىلدى. XII ئەسىردىن كېيىن ئىدىقۇت غەربىي يۇرتتىكى مەتبەئەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ قالغان. ئويما مەتبەئە، مىغ مەتبەئەلەر يىپەك يولىنى بويلاپ پارس (ئىران) لارغا، يەنە داۋاملىق ھالدا غەربكە قاراپ تارقىلىپ ياۋروپاغىچە بارغان.

**رۇس تىلىدىكى سىياسىي قانۇن تېخنىكومى** شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان ئۆلكىلىك تېخنىك مەكتىپى. 1924 ـ يىلى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە قۇرۇلغان، ئوقۇش تۈزۈمى تۆت يىللىق. تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئەۋەتىلگەن، بۇلار ئىچىدە خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ، شىبە قاتارلىق ھەر مىللەت بالىلىرى بولۇپ جەمئىي 44 نەپەر ئادەم ئوقۇغان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەر بېجى، يەر باشقۇرۇش بېجى قاتارلىقلاردىن مەكتەپنىڭ راسخوتىنى ئاجراتقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ياتاق ۋە ئوقۇش ھەققىنى تاپشۇرمايتتى ھەمدە بەلگىلىك ياردەم پۇلى ئېلىپ ئوقۇيتتى. دەرسلىكتە رۇس تىلىدىن باشقا، قانۇن، خەنزۇ تىلى قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى. رۇس تىلى بولسا رۇسىيە تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قانۇن دەرسلىكى بولسا بېيجىڭ چاۋياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن قوللانما ئاساس قىلىناتتى. ئۇ قانۇن نەزەرىيىسى، خەلقئارا ئامانلىق قانۇنى، خەلقئارا ئەدلىيە قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خەنزۇچە دەرسلىكلەر ئاساسەن تۆت كىتاب ـ بەش دەستۇرلار ئىدى. ماتارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ قوشۇمچە مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالغان، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا جاڭ چۇنشى مەسئۇل بولۇپ كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلغان. 1931 ـ يىلى رۇسچە سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1934 ـ يىلى خې ۋۇجۇ مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىسلاھات ئېلىپ بارغان، كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى بىلەن ماتارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، 1935 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بولۇپ قۇرۇلغان.

**ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ** شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) نىڭ بېيلياڭ دېگەن جايىدا بودا خەنزۇ مەكتىپى قۇرۇلۇپ، گۇاڭشۈنىڭ 31 ـ يىلى (1905 ـ يىلى) باش تەپتىش ۋۇيىنسۇن بۇ مەكتەپنى ئۆلكىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتكەن ھەمدە ئۇنىڭ تارمىقىدا دارىلمۇئەللىمىن تەسىس قىلغان. كېيىنكى يىلى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا باشلانغۇچ دارىلفۇنۇن تەسىس قىلغان. بۇ مەكتەپ ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 106 نەپەر ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بىر مەھەل تاقىلىپ قالغان. 1920 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپكە تۇنجى قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ھەرقايسى ناھىيىلەردىن تاللاپ ئەۋەتكەندىن كېيىن ئىمتىھان ئارقىلىق 40 نەچچە نەپەر ئادەم تاللاپ قوبۇل قىلىنغان، ھەممە خىراجەتنى ھۆكۈمەت كۆتۈرگەن. تۆت يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدە بولغان، تەسىس قىلىنغان دەرسلىكلەر خەنزۇ تىلى، ماتېماتىكا، مۇزىكا، تارىخ، مۇزبيشۇناسلىق، تەنتەربىيە، گىمناستىكا، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، رۇس تىلى بولۇپ، تۆتىنچى يىللىقلارغا قانۇن، ئىقتىساد قاتارلىق دەرسلىكلەر قوشۇلغان. تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن. 1924 ـ يىلى كۈزدە ئىككىنچى قاراردىكى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلغان. ھەر بىر سىنىپتا 30~40 ئوقۇغۇچى بولغان. مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇدىرلىقىنى ماتارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ئۈستىگە ئالغان. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مۇدىرلىقنى رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى خې يۈجى ئۈستىگە ئالغان. 1935 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دىخۇا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**ئۆلكىلىك دىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى** 1934 ـ يىلى دىخۇا قىزلار مەكتىپى ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن، قارمىقىدا باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىنغان. نورمال بولغان ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن باشقا، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار جاھانگىرلىككە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇيۇشمىسى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى رەھبەرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئاياللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش كۇرسى ۋە ئاياللار

مىللىي مەكتەپنى تەسىس قىلغان. 1938 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرىدىن جۇ دەنخۇا، خۇاڭ يى، شېن گۇەن قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تەربىيىچى مۇدىر، باشلانغۇچ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلاب قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ بارلىقىنى ئىنقىلابقا بېغىشلىغان. كېيىن قىزلار ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1946 -يىلى باھاردا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلگەن.

**ئۆلكىلىك دىخۇا دارىلفۇنۇنى** 1916 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دىخۇا (ئۈرۈمچى) دا بۆرۈنقى بېيلياڭ بودا خەنزۇچە مەكتەپنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان. ئىككى يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدە، ھەر قېتىمدا 40 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى ناھىيىلەردىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن. يول كىراسى بىلەن ياتاق ھەققىنى ناھىيىلەر ئۈستىگە ئالغان، قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن خىراجەتلەرنى ھۆكۈمەت كۆتۈرۈۋەتكەن، يەنە قەغەز - قەلەم، سىياھ ھەققىنىمۇ تارقىتىپ بەرگەن. 1920 - يىلىدىن باشلاپ تۆت يىللىق تۈزۈمدىكى پېداگوگىكا تولۇق كۇرس سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. 1935 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل سىنىپلىرى ئېچىلغان. 1946 - يىلىغا كەلگىچە باشلانغۇچ دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدىن ئۈچ سىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 60% ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

**ھاۋا ئارمىيە تەربىيىلەش ئەترىتى** ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتۈپ تەشكىللەنگەن ھاۋا ئارمىيە ئۇچقۇچى تەربىيىلەش ئورگىنى. 1936 - يىلى غۇلجىنىڭ ھەرەمباغدا قۇرۇلغان. ئاساسلىق خىزمەتچىلىرىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن. يېتەكچىلەر سوۋېت تەرەپتىن، ئاز بىر قىسمى گۇاڭشى-گۇاڭدۇڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ كونا ھاۋا ئارمىيە شتابىدىن كەلگەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن. 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېتەكچى خادىملار 91 نەپەر، كۇرسانتلار 164 نەپەر، ئوقۇغۇچىسى 90 نەپەر، تېخنىكلار 118 نەپەر بولۇپ جەمئىي 463 ئادەمگە يەتكەن. بۇ بازىدا بىرقەدەر ياخشى بولغان سۇ، توك ۋە ئۇچۇر - ئالاقە ئەسلىھەلىرى، بىرقەدەر كۈچلۈك قورال - ياراغلىرى بار بولغان. ئۇرۇش قىلغۇچى ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلان لىيوتچىكلىكىنى تاماملىغان ئوقۇغۇچىلار ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە بارغان. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى چېڭدۇنىڭ تەيپىڭ ئايرودرومىغا كۆچۈرۈلگەن.

**مەركىزىي تەربىيىلەش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭ تارماق گۇرۇپپىسى** گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەيدىغان دائىملىق ئورگىنى. 1943 - يىلى ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كادىرلار تەربىيىلەش كۇرسى ئاساسىدا قايتا تەشكىللەنگەن. ئۆلكىلىك باش پىرقە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شېڭ شىسەي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن؛ ئۆلكىلىك باش پىرقىنىڭ سېكرېتارى خۇاڭ رۇجېن خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مۇئاۋىن مۇدىر بولغان. دەسلەپكى چاغلاردا ئاساسلىقى سېكرېتار ۋە خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھىيىلىك كادىرلىرىنى تەربىيىلىگەن؛ ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى تەڭشەپ، ناھىيىلىك پىرقىنىڭ سېكرېتارلىرى ناھىيە ھاكىملىقىنى تەڭ ئۆتەش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەتلىرىنى ھەمدە يېزا باشلىقلىرىنى، كەنت باشلىقلىرىنى تەربىيىلەشنى مەزمۇن قىلغان. ئۇنىڭغا پىرقە پارتىيە سىياسىي كادىرلار سىنىپى، كەسپىي سىنىپ، ئەدەبىيات سىنىپى، مىللىي مەدەنىيەت سىنىپى، مالىيە سىنىپى قاتارلىق سىنىپلار تەسىس قىلىنغان. ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ باش ھەيئەت ئەزالىرى ھەمدە ئورگان خىزمەتچى خادىملىرى ئۈستىگە ئالغان. ھەربىر ئوقۇش مەۋسۇمى 3~6 ئاي، جەمئىي 12 قارار ئېچىلغان. ھەرقايسى ساھەدىكى كادىرلاردىن 3000 دەك ئادەمنى تەربىيىلىگەن. 1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاخىرلاشقان.

**جۇڭگو - سوۋېت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭ تارمىقى** ئاممىۋى تەشكىلات. 1939- يىلى 11 -ئاينىڭ 5 -كۈنى دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دا قۇرۇلغان. ۋاڭ باۋچيەن ئۇيۇشمىغا باشلىق بولغان. كېيىنكى يىلى چۆچەك، غۇلجا، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە تارماق ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇپ، ئەزاسى 300

نەچچىگە يەتكەن. ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى: ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىش، سوۋېتنىڭ قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش، سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشىگە مەدەت بېرىش. ئاساسلىق پائالىيىتى بولسا: سوۋېتنىڭ سۈرەت رەسىملىرىنى ئېلىنىپ يۇرۇپ كۆرگەزمە قىلىش، نامايىش قىلىش، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، سوۋېت كىنولىرىنى قويۇش؛ «تاڭ نۇرى ئايلىق ژۇرنىلى» نى ۋە «جۇڭگو- سوۋېت مەدەنىيىتى ئايلىق ژۇرنىلى» نى چىقىرىش؛ رۇس تىلى سىنىپلىرى ۋە قىرائەتخانىلارنى ئېچىش قاتارلىقلار.

**شىنجاڭ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى** ئىجتىمائىي گۇرۇھ. 1939 -يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دا قۇرۇلغان. ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشىلار ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ باشلىقلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى: ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىپ، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەزمۇنىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش. ئۇيۇشما بىۋاسىتە ھالدا قۇرۇلۇپ بولغان ۋە قۇرۇلماقچى بولغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، قازاق ئۇيۇشمىسى، موڭغۇل ئۇيۇشمىسى، شىبە ئۇيۇشمىسى، خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى، خەنزۇ ئۇيۇشمىلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. بۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ باش ئاپپاراتى ئاساسەن ئۈرۈمچىگە تەسىس قىلىنغان، ئاز بىر قىسمى غۇلجىغا تەسىس قىلىنغان. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە تارماق ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان. قائىدە بويىچە يىغىلىش قىلغاندا مەسچىتلەرگە يىغىلغان. ئۇيۇشما مەسچىتلەرگە يىغىلغان ئۆشرە - زاكاتلاردىن مەبلەغ چىقىرىپ «يىغىلىش مەكتەپى» ئاچقان. ئۇيۇشمىنىڭ قارمىقىدا كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى، سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلغان تىياتىر ئۆمەك ۋە كۆرگەزمىخانا قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇيۇشمىغا تەرجىمە بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مائارىپ نازارىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تۆت خىل تىلدا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى، ھېساب، تەبىئەت، ھۆكۈمەت سىياستى قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزگەن. 1940 - يىلى 5 - ئايدا ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشىلار شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ ئىشلىرى تازا يۈرۈشمىگەن. 1943 - يىلى 3 - ئايدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

**ستەيىننىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى** ستەيىن (Mark Aurel Stein 1862- 1943) ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ، جۇغراپىيون، ئېكسپېدىتسىيىچى. ۋېنگرىيىنىڭ بۇداپېشت شەھىرىدىكى بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلارغا تۆت قېتىم كېلىپ جۇغراپىيىلىك ئۆلچەش، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كېتىشتەك قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈش: (1) 1900 - يىلى 5- ئايدىن 1901 - يىلى 7 - ئايغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش. تاشقورغان، قەشقەر، قاغىلىق، خوتەن، نىيە، كېرىيە، ئەندىر قاتارلىق بوستانلىقلارنى كېسىپ ئۆتكەن؛ يوتكان، دەندان ئۆيلۈك، قارا دۆڭ، نىيە، ئەندىر خارابىلىرى قاتارلىق جايلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن. (2) 1906 - يىلى 4 - ئايدىن 1908 - يىلى 11 - ئايغىچە كەشمىر، ھىندىقۇش، پامىر ئېگىزلىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي لىنىيىلىرى، لوپنۇر كۆلى رايونى، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى ھەمدە گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالىغىچە بولغان جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش. ئاساسلىقى: يوتكان، راۋاق، قاغىلىق، نىيە، ئەندىر، مىرەن، كىروران، ئاستانە، دۇنخۇاڭ سەددىچىن سېپىلى ھەم قاشقۇۋۇق، ياڭگۈەن خارابىسى، موگاۋ غارلىرى، مىڭئۆي جىلغىسى، جيايۈگۈەن شۇنداقلا مىڭ سۇلالىسىدىكى سەددىچىن سېپىلى ۋە قاتناش يولى، سوياڭ شەھىرى قاتارلىق جايلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن. (3) 1913- يىلىدىن 1916 - يىلىغىچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە، دۇنخۇاڭ، ئېرغونا دەرياسى بويلىرى، تۇرپان، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلەر. نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان جايلار: دۇنخۇاڭدىكى خەن دەۋرىگە تەۋە تۇرلار، گەزىرمە تۇرلىرى، قاراشەھەر خارابىسى، ئىدىقۇت خارابىسى ۋە قەبرىستانلىقى، بېشبالىق شەھىرىنىڭ خارابىسى قاتارلىقلار. (4) 1930- يىلىدىن 1931- يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭغا تۆتىنچى قېتىم كىرىشى. جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈشنى ئامالسىز توختىتىپ چېگرىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. غەربىي يۇرتتىن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ چىقىپ كەت-

كەن، ئۇلار ھازىر بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا، بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا، ھىندىستان ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش باشقارمىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مەزمۇنى ئىنتايىن مول ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، 43 خىلغا يېتىدۇ. مەشھۇرلىرىدىن «قەدىمكى خوتەن»، «غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى» («غەربىي يۇرت» ياكى «سېرىندىيانا» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان)، «ئاسىيانىڭ ئىچكىرىسىدىكى جايلار»، «ستەيىنىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» قاتارلىقلار بار.

پېللىئوتنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى پېللىئوت (Paul pelliot 1878- 1945) فرانسىيىلىك شەرقشۇناس. پارىژدا تۇغۇلغان. سىياسىي ئىنستىتۇتنى ۋە شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس E. E ساۋان (Sawan. 1865 - 1918) نى ئۇستاز تۇتقان. 1899 - يىلى ھىندىچىنا قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش ئۇيۇشمىسى (كېيىن خېنايدىكى فرانسىيە يىراق شەرق ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ ياردەم بەرگەن ئوقۇغۇچىسى بولغان. 1900 - يىلى بېيجىڭغا بېرىپ ئەلچىخانىنىڭ يىخېتۇەن ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. كېيىن 1902 - يىلغىچە ئىلگىرى-ئاخىر جۇڭگوغا ئۈچ قېتىم كېلىپ كىتاب ۋە قەدىمىي بۇيۇملارنى يىغقان. 1905 - يىلى 8 - ئايدا فرانسىيە ئالتۇن تاش قەبرە پۈتۈكلىرى يېزىقى، ئىنگلىز تىلى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى فرانسىيە مەركىزىي ئاسىيانى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كىرىپ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 8 - ئايلارنىڭ ئاخىرىدا قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن، مارالبېشى، كۇچا ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلارنى ئوقتىلىق تەكشۈرگەن، 1908 - يىلى 5- ئايدا تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغان. مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق، توققۇزساراي، كۇچانىڭ سۇبېشى، دۇلدۇل ئاغىر قاتارلىق جايلىرىدا قېزىش ئېلىپ بارغان. دۇنخۇاڭنىڭ «نوم يوشۇرۇلغان غار» دىكى سەرخىل بۇيۇملارنى ئوغرىلاپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە نەچچە مىڭ جىلدلىق قولىيازما ۋە يىپەك كاسايا، رەسىم قاتارلىق بۇيۇملار بار ئىدى. بۇ بۇيۇملار فرانسىيىنىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى ۋە جىمى ئاسىيا قىتئەسى بەدىئىي ئەسەرلىرى مۇزېيىدا ساقلانماقتا. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار «پېللىئوت ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى مەجمۇئەسى»، «پېللىئوت ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئارخېئولوگىيە مەجمۇئەسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە كۆرۈلىدۇ. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «تۇمشۇق»، «دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرى»، «پېللىئوتنىڭ دۇنخۇاڭ تاشكېمىرلىرى خاتىرىسى» قاتارلىقلار بار.

فون لېكوكنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرى لېكوك (Albert von le cog 1860 - 1930) گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس. بېرلىندا تۇغۇلغان. 42 يېشىدىن باشلاپ بېرلىن ئۆرپ - ئادەت مۇزېيىنىڭ ھىندىستان بۆلۈمىگە كىرىپ خىزمەت قىلغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم شىنجاڭغا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشكە كەلگەن: (1) 1902~ 1903 - يىللىرى A. گرۈنۋېدېل باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە خانىنىڭ ۋە قورال - ياراغ پادىشاھى كېلوبىنىڭ ياردىمىدىكى گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتنىشىپ، تۇرپان، قەشقەرگە كېلىپ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، 46 ساندۇق مەدەنىي بۇيۇمنى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. (2) 1904 - يىلى 9 - ئايدىن 1905 - يىلى 12- ئايغىچە گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا خارابىلەرنى قېزىش، مەدەنىي بۇيۇملارنى ئوغرىلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، 103 ساندۇق مەدەنىي بۇيۇمنى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن. (3) 1905 - يىلى 12 - ئايدىن 1907 - يىلى 6- ئايغىچە A. گرۈنۋېدېل باشچىلىقىدىكى تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتنىشىپ قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، 128 ساندۇق مەدەنىي بۇيۇمنى ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن. (4) 1913 - يىلى 1 - ئايدىن 1914 - يىلى 2 - ئايغىچە گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ شىنجاڭغا كەلگەن. كۇچا، مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق قاتارلىق جايلاردىكى تۇرغۇزۇلغان تام رەسىملىرىنى كېسىپ سويۇپ كەتكەن. ئۆزىنى «پەقەت گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىلا مۇشۇنداق ماھىرلار بار، ئۇلار تام رەسىملىرىنى قانداق قىلىپ مۇكەممەل ھالدا سويۇپ ئېلىشنى ۋە ساق سالامەت بېرلىنغا يەتكۈزۈشنى بىلىدۇ» دەپ ماختىغان. بۇنىڭدىن باشقا ھەيكەللەر، كۆپ خىل يېزىقلاردىكى ۋەسىقىلەردىن بولۇپ جەمئىي 156 ساندۇق مەدەنىي بۇيۇمنى ئوغرىلاپ كەتكەن. بۇلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى ھەمدە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلاردۇر. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىر قىسمىلىرى ۋەيران قىلىنغاندىن

سىرت، قالغانلىرى بېرلىن ھىندىستان سەنئەت مۇزېيىدا، ۋەسىقىلەر تىپىدىكى ماتېرىياللار گېرمانىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئىدىقۇت» (1913 ـ يىلى)، «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» (1925 ـ يىلى)، «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى بۇددا ئاسارئەتىقىلىرى» (1922~1933)، «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى» (1928 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

**سۋېن ھېدىننىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك پائالىيەتلىرى** سۋېن ھېدىن (Sven Anders Hedin 1865 ـ 1952) شۋېتسىيىلىك جۇغراپىيون، ئېكسپېدىتسىيىچى. ستوكخولمدا تۇغۇلغان. 1891 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. جۇغراپىيون F. فون رىختخوفېننى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. ئۇ ئۆمرىدە بىر مۇنچىلىغان قان تەرنى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشكە سەرپ قىلغان. شىنجاڭ ئۇنىڭ ئاساسلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان جايلىرىنىڭ بىرى. ئۇ يەنە شىزاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ، نىڭشيا ۋە ئىچكى موڭغۇللارغىمۇ بارغان. بۇنىڭ ئىچىدە ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغانلىرى تۆۋەندىكى تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈشتۇر: (1) 1893 ـ يىلىدىن 1897 ـ يىلىغىچە. ئۇرال، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرگەن. يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى مەكىت ناھىيىسىدىن قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ خوتەن دەرياسىغا بارغۇچە بولغان تەكشۈرۈش جەريانىدا ھالاكەتكە ئۇچراپ قۇيرۇقىنى قۇم باسقىلى تاس قالغان. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئۇ 500 نەچچە پارچە خەرىتە سىزىپ چىققان، ئاساسلىق نەتىجىلىرى «ئاسىيا قىتئەسىنى كېسىپ ئۆتۈش» (1898 ـ يىلى) دېگەن داڭلىق ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. (2) 1899 ـ يىلىدىن 1902 ـ يىلىغىچە. تارىم دەرياسىنى تەكشۈرۈپ لوپنۇر كۆلىگىچە بارغان. 1900 ـ يىلى لوپنۇر چۆللۈكىدە توساتتىن كىروران خارابىسىنى بايقىغان. 1901 ـ يىلى كىروراندا قېزىش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇنلىغان خەنزۇ يېزىقى، توخرى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ۋە يىپەك توقۇلمىلارنى، يارماق پۇللارنى تاپقان ھەمدە لوپنۇر كۆلىنىڭ يۆتكىلىشچان كۆل ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «1899 ـ يىلىدىن 1902 ـ يىلغىچە مەركىزىي ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىلىرى» (1904 ـ 1908) دېگەن ئەسەرنى ئېلان قىلغان. (3) 1906 ـ يىلىدىن 1907 ـ يىلىغىچە. ئاساسەن شىزاڭ ئېگىزلىكى بىلەن ھىمالايا تاغلىرىنى تەكشۈرگەن. (4) 1927 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە. بۇ ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان تەكشۈرۈشتۇر. جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ «جۇڭگو ـ شۋېتسىيە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنى ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش بىرلەشمە ئەترىتى» دەپ ئاتالغان ئەترەتنى تەشكىللىگەن، شۈ بىڭچاڭ ئىككى تەرەپنىڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا ھاۋارايى، قەدىمىي جانلىقلار، گېئولوگىيە، جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق تەرەپلەردىن ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش «ھەرىكەتچان ئۇنىۋېرسىتېت» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئەينى چاغلاردىكى جۇڭگونىڭ گېئولوگىيە، جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىدا بېسىلغان تۇنجى مەزمۇت قەدەمى ئىدى. «ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىدىكى رايونلاردا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان 8 يىل» (1943 ـ يىلى) دېگەن ئەسەرنى ئېلان قىلغان.

**مونشۇ كوزۇي ئوتانىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى** مونشۇ كوزۇي ئوتانى (1876 ـ 1948) ياپونىيىنىڭ شىبېنيۈەن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد راھىب كالامى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى ئەۋەتكەن. بۇلار: (1) 1902 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مونشۇ كوزۇي ئوتانى باشچىلىقىدىكى تۆت كىشى لوندوندىن يولغا چىقىپ رۇسىيىنىڭ سەمەرقەنت رايونىدىن ئۆتۈپ شىنجاڭغا كىرگەن. تاشقورغاندا ئىككىگە بۆلۈنۈپ مونشۇ كوزۇي ئوتانى خوتتا بىلەن ئىكامىنى ئېلىپ مىڭتىكە داۋىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ پاكىستاننىڭ گېلگىت، ھىندىستاننىڭ سىرىناگار دېگەن جايلىرىغا بارغان. ۋاتانابې بىلەن خورىساكا ئىككىيلەن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنى بويلاپ ئىچكىرىلەپ خوتەن، كۇچا رايونلىرىدىكى قىزىل مىڭئۆيلىرى قاتارلىق جايلاردا تۆت ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. (2) 1908 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تومۇرا بىلەن كىتسۇمىزۇكى ئىككىسى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ ئىچكى موڭغۇلنى كېسىپ ئۆتۈپ جۇڭغار ئويمانلىقىغا كىرىپ، تۇرپاننىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئىككىنچى يە-

لى 2 - ئايدا ئىككىيلەن كورلىدا ئايرىلىپ نومۇرا كۆچانىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاقسۇ، قەشقەرگە بارغان؛ كىتسۇمىزۇكى لوپنۇر كۆلى چۆللۈكلىرىدىن ئۆتۈپ كىروراندا مەشھۇر «لىبو ۋەسىقىلىرى» نى تاپقان، ئاندىن جەنۇبىي يول بىلەن چارقىلىق خوتەنگە، ئاندىن قەشقەرگە بارغان. ئىككىيلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ تاغ ئېغىزى بىلەن ھىندى دەريا ۋادىسىدىكى شەھەرلەرنى بويلاپ 18 ئاي سەپەر قىلغان. (3) 1910 - يىلى 8 - ئايدا كىتسۇمىزۇكى لوندوندىن يولغا چىقىپ، رۇسىيە ئارقىلىق چۆچەككە كىرىپ ئۈرۈمچى، تۇرپانلاردىن ئۆتۈپ يەنە بىر قېتىم كىروران خارابىسىگە كىرگەن، ئاندىن چەرچەننىڭ شىمالىدىن تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ كۇچاغا كېلىپ قەشقەر، خوتەنلەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ شىمالىغا كىرىپ، يەنە چاقىلىق، چەرچەندىن ئۆتۈپ ئاخىرىدا دۇنخۇاڭغا بارغان. دۇنخۇاڭدا جىچۈەن شاۋيىلاڭ بىلەن ئۇچراشقان. 1912 - يىلى دۇنخۇاڭدىن ئايرىلىپ قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەن. كىتسۇمىزۇكى رۇسىيىگە بېرىپ سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتقان. جىچۈەن شاۋيىلاڭ تۇرپاندا يەنە قېزىشنى باشلىۋەتكەن. قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا دىنى خارابىلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن خوتەن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ ئاقسۇغا كېلىپ، تەڭرىتاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ غۇلجىغا بارغان ۋە بۇ جايلاردىمۇ بىر قۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. مونشۇ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى نەتىجىلىرىنىڭ ھاسىلاتى «غەربىي يۇرتتىن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى»، «يېڭى غەربىي يۇرتقا قىلىنغان سەپەر» قاتارلىقلاردۇر.

**خۇاڭ ۋېنبىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى** خۇاڭ ۋېنبى (1893 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ~ 1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خەنچۈەن دېگەن يېرىدىن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتېتى، سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى ھەمدە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق جايلاردا خىزمەت ئۆتىگەن. ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىشلىرى ۋە غەربىي شىمال تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا ئاتىغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلار: (1) 1927 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە، جۇڭگو - شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىگە قاتنىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن. ئاساسلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان جايلار تۇرپان، لوپنۇر كۆلى رايونى ۋە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدىكى قەدىمىي خارابە ئىزلىرى. (2) 1933 - يىلى، بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرغان. (3) 1943 - يىلى، غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. (4) 1957 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە، يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ قۇمۇل، غۇلجا، قاراشەھەر، كۇچا، مارالبېشى ۋە قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئىشلىرىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئەسلىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن كىروران، كۈسەن، ئۇدۇن، كىنگىت قاتارلىق قەدىمىي دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى تەھقىقلەپ چىققان ۋە كۆر جەمەتى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يىل دەۋرى تەرتىپىگە ھۆكۈم قىلغان. ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى شۇكى، شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىغا كېرەكلىك مول مەزمۇنلۇق ماتېرىيال يىغقان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «ئىدىقۇت ساپاللىرى»، (1934 - يىلى)، «ئىدىقۇت كاھىشلىرى» (1951 - يىلى)، «لوپنۇردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن خاتىرىلەر» (1948 - يىلى)، «تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن خاتىرىلەر» (1954 - يىلى)، «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن خاتىرىلەر» (1958 - يىلى)، «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيە ئوچېركلىرى» (1981 - يىلى)، «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ - تەكشۈرۈشلەردىن دوكلات» (1983 - يىلى)، «خۇاڭ ۋېنبىنىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋە شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش كۈندىلىك خاتىرىسى» (1990 - يىلى) قاتارلىقلار بار.

**«24 تارىخ» تىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرى** جۇڭگونىڭ رەسمىي تارىخىدا، يەنى «24 تارىخ»

دا چېگرا رايونلىرىدىكى ئورغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بار. گەرچە ئۇلارنىڭ ناملىرى تازا ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، بەزىلىرى ھەرقايسى تارىخىي جىلدلاردا يەككە ھالەتتە ئۇچرايدۇ، بەزىلىرى ئاساسەن مەخسۇس غەربىي يۇرتقا ئاتاپ يېزىلغان تەزكىرىلەردە ئۇچرايدۇ.

*«تارىخىي خاتىرىلەر»* «تارىخنامە» نىڭ 123 ـ جىلدى «پەرغانە تەزكىرىسى» دا غەربىي شىمالدىكى چېگرىلار بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئۇيسۇن، سوغدىيانە، ئاۋرىسى، ئۇلۇغ توخرىيلار، پەرغانە، بۇخارا، سۇرىيە، باكتېرىيە قاتارلىق ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ غەربىي دىيارلار ھەققىدە مەلۇماتلار بار. «خەننامە» نىڭ 96 ـ جىلدىدا غەربىي يۇرتنىڭ نامىنى ئاتاپ رەسمىي تەزكىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭدا پىشامشان، چەرچەن، ئەندىر، دەندان ئۆيلۇك (ئۇزۇنتات)، چىدىر، ئۇدۇن، پاسان، ئۇديانا، يۈلئېرىق، سارىقۇل، سىغنان، مالور، داردا، ئالېكساندىرىيە، توخرى، سوغدىيانە، پەرغانە، دارۋاز، ئېركەشتام، جۇەندۇ، ساكارائول، سۇلى، سەپەرباي قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەللەر توغرىسىدا مەلۇماتلار بار، بۇ شىجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىي ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى خاتىرىلەردۇر. «كېيىنكى خەننامە» دىكى غەربىي يۇرت ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا بەن يۇڭنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ تۇپراق ـ ئىقلىملىرى خاتىرىسى» گە ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، بۇ غەربىي يۇرت ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭدا ئۇزۇنتات، ئۇدۇن، يۈلئېرىق، لىچخۇېز، توخرى، كابۇل، لىكىگ، ساكارائول، سۇلى، كىنگىت، باركۆل، قۇمۇل، ئىچىۋا، قوش قەلئە قاتارلىق ئەللەرگە دائىر مەزمۇنلار بار.

*«ئۇيغۇر پادىشاھلىق تەزكىرىسى»* بۇ ئەسەردە غەربىي يۇرت ھەققىدە تەزكىرە بولمىسىمۇ، «ۋېينامە» نىڭ 30 ـ جىلدى «ئوغانلار، سيانپىيلار تەزكىرىسى» دە يۈخۈينىڭ «ۋېي سۇلالىسى تارىخى، غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دىكى بەزى مەزمۇنلار ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىغا دائىر تەپسىلاتلار بار. ئۇنىڭدا ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن سىرتقى جايلارنىڭ قاتنىشىغا دائىر خېلى قىممىتى بار مەزمۇنلار بار. «جىننامە» غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسىدە، ئازارلار، كىنگىت، كۇسەن، پەرغانە، سوغدىيانە قاتارلىق ئەللەر ھەققىدە بايانلار بار بولۇپ، ئۇنى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. «ۋېينامە» نىڭ 102 ـ جىلدى غەربىي يۇرتقا دائىر مەزمۇنلاردۇر، ئۇنىڭدا پىشامشان، چەرچەن، ئۇدۇن، پاسان، سەيجۇيەن، ساكارائول، قۇش، ئۇزۇنتات، كىنگىت، كۇسەن، قۇم، ئونسۇ، سەپەرباي، ئۇيسۇن، سۇلى، يوپېقان، مەۋرى، ساۋەنچىن، شاش، ئۇلۇغ توخرى، سوغدىيانە قاتارلىق ئەللەر ھەققىدە مەلۇماتلار بار بولۇپ، ئىككى خەن دەۋرىدىن بۇياقى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرى ھەققىدە ئەڭ كۆپ مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 ـ جىلدىدىمۇ غەربىي يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك قىسمەتلىك مەلۇماتلار بار بولۇپ، ئۇنىڭدا پىشامشان، چۇرچان، ئۇدۇن، پاسان، ساكارائول، قۇش، ئىدىقۇت، دەندەن ئۆيلۇك، كىنگىت، كۇسەن، قۇم، ئونسۇ، سەپەرباي، ئۇيسۇن، سۇلى، يۇبقان، شاش، مەۋرى، سوغدى قاتارلىق ئەللەر ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئۇنى «ۋېينامە» بىلەن سېلىشتۇرۇپ پايدىلانسا بولىدۇ. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقالغان بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە كىشىلەر «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نى ئاساس قىلماقتا. «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ غەربىي يۇرتقا دائىر تەزكىرىسىدە ئىدىقۇت، خارەزىم، بەيتىك تېغى، كۇسەن، ئۇدۇن، كارۋانتا قاتارلىق ئەللەر ھەققىدە بايانلار بار. ئۇلار يەنىلا جەنۇبىي سۇلالىلەرنىڭ نەزىرىدىكى غەربىي يۇرت بولۇپ، شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ تارىخىي پۈتۈكلىرىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدۇ دەپ قارىماقتا. «سۇڭنامە» دا غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلمىغان. بۇ تەزكىرىنىڭ 95 ـ جىلدىدا سۇلى، جۇرجان، سوغدى قاتارلىق ئەللەر ھەققىدە مەلۇماتلار بار، بەزى جايلىرى غەربىي يۇرتنىڭ تەزكىرىلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. «جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى» دا غەربىي يۇرت ھەققىدە مەلۇماتلار يوق، بۇ تارىخنىڭ 59 ـ جىلدىدا جۇرجانلار، خېنەندىكى ئازارلار ھەققىدە مەلۇماتلار بار. «لياڭنامە» نىڭ 54 ـ جىلدىدا يات مىللەتلەر ھەققىدە خاتىرىلەر بار بولۇپ، خېنەن، ئىدىقۇت، كۇسەن، ئۇدۇن، كاۋانتا، جۇرجانلار ھەققىدە مەلۇماتلار بار. «جىننامە» نىڭ «شىمالىي چىن سۇلالىسى تارىخى» دا غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرىلەر يوق. «جۇنامە» دە غەربىي يۇرت ھەققىدە توختالماستىن، باشقا يات ئەللەر ھەققىدە مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. ئۇ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 50ـ جىلدى يات ئەللەر ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭدا تۈركلەر، ئازارلار، ئىدىقۇت، پىشامشان، كىنگىت، ئۇدۇن، سوغدىيانە قاتارلىق ئەللەر ھەققىدە مەلۇماتلار بار. ئۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي

سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر ھېسابلىنىدۇ.

*«سۇينامە»* «سۇينامە» نىڭ 83 ـ جىلدىدا غەربىي يۇرت ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭدا ئىدىقۇت، كىنىگىت، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەر ھەققىدە مەلۇماتلار بار. بۇ تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدۇر. «كونا تاڭنامە» دە غەربىي يۇرت ھەققىدە مەلۇماتلار يوق، بىراق غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى بار، ئۇنىڭدا ئىدىقۇت، كىنىگىت، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەر ھەققىدە مەلۇماتلار بار بولۇپ، شىنجاڭ رايونى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىرقەدەر تەپسىلىي. «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 221 ـ جىلدىدا غەربىي يۇرت ھەققىدىكى تەزكىرە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن: بىرىنچى قىسىمدا ئىدىقۇت، كىنىگىت، كۇسەن، قارلۇق، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەر ھەققىدە مەلۇماتلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى شىنجاڭدا. بۇ كىتابنىڭ بۇنداق باشقىچە بىر ماتېرىيال مەنبەسى بولغانلىقى ئىلگىرىكى تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. «قەدىمكى بەش دەۋر تارىخى» دا غەربىي يۇرت ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، ئۇنىڭ 198 ـ جىلدىدا يات ئەللەر تەزكىرىسى بار، 72 ـ جىلدتىن 74 ـ جىلدىغىچە بولغان مەزمۇنلار يات ئەللەر ھەققىدىكى قوشۇمچىلاردۇر، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئېلى، ئۇدۇندىن ئىبارەت ئىككى ئەل ھەققىدە مەلۇمات بار.

*«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»* «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا غەربىي يۇرت تەزكىرىسىنى يات ئەللەر تەزكىرىسى بىلەن تەڭ قويۇپ خاتىرە قالدۇرغان. ئۇنىڭ 490 ـ جىلدىدا ھىندىستان، ئۇدۇن، ئىدىقۇت، ئۇيغۇر ئېلى، كۇسەن، شاجۇ، پارس، پەرەڭ قاتارلىقلار ھەققىدە مەلۇماتلار بار. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دا غەربىي يۇرت ھەققىدە تەزكىرە پۈتۈلمىگەن، 70 ـ جىلددىكى قارام ئەللەرگە دائىر ھەمدە 46 ـ جىلددىكى ئەمەلدارلار تەزكىرىسىدە غەربىي يۇرتتىكى ۋەقەلەر ھەققىدە بايانلار بار.

*باشقا تارىخىي ئەسەرلەر* «جىن سۇلالىسى تارىخى» دا غەربىي يۇرت ھەققىدە مەلۇمات يوق. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشلىرىدە ئۆلكە دەپ خاتىرلىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان بولۇپ، غەربىي يۇرت ھەققىدە تەزكىرە قالدۇرۇلمىغان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 329 ـ جىلدىدا غەربىي يۇرت تەزكىرىسى خاتىرلەنگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى تارىخىي ۋەقەلەر خېلى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «25 تارىخ» ۋە «26 تارىخ» (بۇنىڭ ئالدىنقىسى «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، كېيىنكىسى «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دا شىنجاڭ تارىخىدىكى ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن.

«تاغ ـ ئىزىملار قورىئى» جۇڭگودىكى ئەڭ بۇرۇنقى جۇغراپىيىگە دائىر تەزكىرە كىتابلارنىڭ بىرى. بۇ كىتاب يىغىلىق دەۋردە پۈتۈلگەن. «خەننامە. ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرى مۇندەرىجىسى» دىن بۇيانقى دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇندەرىجىسى پۈتۈلگەن، لېكىن ليۇ شاڭنىڭ «يەتتە خىل كىتابلار» دا خاتىرىلىنىشىچە «تاغ ـ ئىزىملار قورىئى» 13 جىلدقا بۆلۈنگەن دېيىلگەن. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە سۇڭ دەۋرىدىكى كونا نۇسخىسى ھەمدە جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى مەتبەئە نۇسخىسى ئاران ئۈچ جىلددۇر. بىر قىسىم ساقلىنىپ قالغان نۇسخىلىرى جىن، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە يوقالغان. بۈگۈنكى «تاغ ـ ئىزىملار قورىئى» نىڭ ھەممىسى 18 جىلد بولۇپ، ئالدىنقى قىسىملىرى يۈەن دەۋرىدىكى مەتبەئە نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا مىڭ دەۋرىدە قايتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدۇر. مىنگو دەۋرىدە سودا نەشرىياتى كېيىنكى يىللىرىدا خانلىق مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا باسقان بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر تارقىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ كىتاب يۈ، يىلارنىڭ قەلىمى بىلەن روياپقا چىققان دېيىلسىمۇ، ئەمما ساختا كىتاب ھېسابلىنىدۇ. جىن دەۋرىدىكى گوپۇ ئىلاۋە قالدۇرغاندىن بۇيان مىڭ دەۋرىدىكى ليۇ خۇيىمىڭ، ۋاڭ سۇڭچىڭ، يان جىنشىن قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا شەرھلەرنى يېزىپ بېقىشقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە كېيىنكىلەر بۇ بىر راست بىلەن يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن ئەسەر ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. شۇنداقتىمۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان چۆللۈكنىڭ شىمالى ۋە غەربىي يۇرتلارنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتى بار.

«مۇتيەنزى تەزكىرىسى» ئالدىنقى چىن سۇلالىسىغا تەۋە قەدىمىي ئەسەر. جىن سۇلالىسى تەيكاڭنىڭ 2 ـ يىلى (281 ـ يىلى) يىغىلىق دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ بېگىنىڭ قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان. ئۇ ئەسلىي بىر تارشا پۈتۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى چى تۆت سۇڭ، قارا سىياھ بىلەن قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدا پۈتۈلگەن، ھەربىر پۈتۈككە 40 خەت يېزىلغان. بۈگۈن-

كى كۆنلۈكتىكى نۇسخىسى بولسا جىن دەۋرىدە باشقىلار سىرىق قەغەزگە كۆچۈرۈپ، كاتىباتلار دىۋانىدا ساقلانغان نۇسخىسىدۇر. ئەسلىي نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن، كېيىنكى چاغلاردا بىر قىسىم قالدۇقلىرى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن. كۆچۈرۈلۈپ قايتا تىزىلگەن مەتبەئە نۇسخىسىمۇ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئېقىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭدا جۇمۇۋاڭنىڭ غەربكە بېرىشى خاتىرىلەنگەن. زۇڭجۇ (بۈگۈنكى لويالڭ) دا خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا يول بىلەن مېڭىپ كوئىنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگە بېرىپ جۇيەن قەدىمىي يولى بىلەن قايتقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ئاۋۋالقى چىن دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەردۇر.

«دەريالار تەپسىراتى ئىزاھاتى». دەريا ـ ئىزىملار بۆلىكى» «دەريالار تەپسىراتى» جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى سۇچىلىق ئىلمىغا دائىر ئەسەردۇر. جىن دەۋرىدىن بۇيان بۇ كىتابقا تەپسىر يازغانلار ئىككى كىشى: گوپۇنىڭ تەپسىرى ئۈچ جىلد بولۇپ، كېيىن يوقاپ كەتكەن؛ شىمالىي ۋېي دەۋرىدىكى لى داۋيۈەننىڭ تەپسىراتى 40 جىلد. لى داۋيۈەن (تەخمىنەن 470~527) تەخەللۇسى شەنجاڭ، فەنياڭنىڭ جوشيەن (بۈگۈنكى خېبېينىڭ جوجو شەھىرى) دېگەن يېرىدىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇغراپىيە مۇتەخەسسىسى. ئەلنى ئىدارە قىلىش تارىخىنى يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ تەپسىر قىلغان «دەريالار تەپسىراتى» نىڭ بىرىنچى جىلدىدىن بەشىنچى جىلدىغىچە بولغان مەزمۇنلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئۇ بىرقەدەر كەڭ مەزمۇنلارغا ئىگە بولغان «تاغ ئىزىملار قۇرۇلى»، «مۇتىيەنزى تەزكىرىسى»، «شى ھەزرەتنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسىگە ئىلاۋە»، «خېشىدىكى بۇرۇنقى ۋەقەلەر»، «لياڭ ئېلىدىكى غەيرىي مەخلۇقلار تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلارنى دەلىللەپ تەپسىر يازغان. ئۇنىڭدا غەربىي يۇرتتىكى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئورنى، قەدىمىي ئېپسانىلەر، بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ھەمدە غەربىي يۇرت تارىخى، مەدەنىيىتى ھەتتا يىراقتىكى ئامۇ دەريا ۋادىسى شۇنداقلا ئۇدۇننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلاردىن باشلىنىپ شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەريالار ھەققىدىمۇ مۇھىم ماتېرىياللار بار، يەنە ھەم غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر دەريا ـ كۆللەرنىڭ ناملىرىغا دائىر بايانلارمۇ بار.

«سۇڭ يۈننىڭ سەپەرنامىسى» شىمالىي ۋېي دەۋرىدىكى سۇڭ يۈننىڭ ھىندىستانغا بېرىپ نوم ئېلىپ كېلىشىگە دائىر سەپەر خاتىرىسىدۇر. سۇڭ يۈن دۇنخۇاڭلىق راھىب كالاندۇر. پادىشاھ شياۋ مىڭدى شېنكۈينىڭ تۇنجى يىلى (518 ـ يىلى) خانىشى خۇنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يولغا چىقىپ خۇيى شىڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرگە غەربكە ھىندىستانغا نوم ئېلىپ كېلىشكە بېرىپ، ئۇز ئېلىنىڭ شانۇشەۋكىتىنى نامايان قىلغان، نۇرغۇن ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئورناتقان. سەپەر لوياڭدىن باشلىنىپ شەنشى، گەنسۇلاردىن ئۆتۈپ چىڭخەيگە كىرىپ بۈگۈنكى ئاياغ داۋانلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، سەيدام ئويمانلىقىغا كىرىپ، ئاندىن كوئىنلۇن تاغلىرىنى بويلاپ مېڭىپ كۆكتارت (بۈگۈنكى پامىر ئېگىزلىكى) دىن ھالقىپ، ۋاخان كارىدورى (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالى) ئارقىلىق پىشاۋۇر (بۈگۈنكى پاكىستان تەۋەلىكىدە) رايونىغا كىرگەن. قايتىش سەپىرى بەش يىل داۋام قىلغان، جېڭگۇاڭنىڭ 3 ـ يىلى (522 ـ يىلى) 170 توپلام نوم پۈتۈكلىرىنى ئېلىپ لوياڭغا قايتقان. سۇڭ يۈن، خۇيى شېڭلارنىڭ بۇ قېتىمقى غەربكە قىلغان سەپىرىدە بارلىق سەپەر جەريانىنى خاتىرىلەپ ماڭغان، ئەپسۇس ئەسلىي ئەسەر يوقاپ كەتكەن. بەختكە يارىشا ياڭ شۈەن دېگەن ئادەم تەرىپىدىن يېزىلغان «لوياڭ جيالىيەن تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەردە «سۇڭ يۈننىڭ سەپەرنامىسى» دېگەن ئەسەردىن نۇرغۇن نەقىللەر كەلتۈرۈلگەن، سۇڭ يۈننىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرىنىڭ غەربكە بېرىشىدىكى ئاساسلىق لىنىيىلىرى ۋە جەريانلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «سۇڭ يۈننىڭ سەپەرنامىسى» دەپ قارالغان. ئۇنىڭدا VI ئەسىردىكى چەرچەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلار ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بار. ھازىر جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن نۇسخا «لوياڭ جيالىيەن تەزكىرىسىنىڭ تەپسىراتلىرى» دېگەن ئەسەر ئاساسىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىدۇر. 1978 ـ يىلى شاڭخەيي قەدىمىي كىتابلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» پېي جۈ دېگەن ئادەم سۈيي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدا يازغان. پېي جۈ (547~627) جاڭيې (ھازىرقى گەنسۇ تەۋەسى) دە سودا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. غەربىي يۇرتقا دائىر 44 ئەلنىڭ تاغ ـ دەريا، ئىسىم ـ فامىلە، ھاۋا كىلىمات، كىيىم ـ كېچەك، ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللىرىنى يىغىپ ساقلاپ كىتاب

قىلىپ يېزىپ چىققان ھەمدە خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان، ئەسلى ئەسەر يوقاپ كەتكەن. ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى «سۈينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇچرايدۇ، مۇقەددىمە قىسمى «سۈينامە. بېيجۇنىڭ تەرجىمىھالى»دا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان دۇنخۇاڭدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قاتناش يوللىرى باشقا ئەسەرلەردە ئۇچرىمايدىغان ماتېرىياللاردۇر.

«غەربىي ئايماقنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ قالدۇقلىرى تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي ئايماقنىڭ تەزكىرىسىدۇر. يازغۇچىنىڭ ئىسمى نامەلۇم. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى (1908- يىلى) فرانسىيىلىك پېللىئوت دۇنخۇاڭدىكى غارلاردىن بايقىغان بولۇپ، P2009 - نومۇر دەپ ئەنگە ئالغان. كېيىن لو جېنيۇ تەھرىرلىگەن «ۋۇشىيا غارلىرىدىن يوقالغان پۈتۈكلەر» ۋە «دۇنخۇاڭ تاشكېمىر مىراسلىرى»گە كىرگۈزۈلگەن. پۈتۈكلەر كاتەكچە ئىچىگە يېزىلغان، ئاستىغا قوشۇمچە ئىزاھاتلار قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئاستىنقى ئىككى قۇرغا يېزىلغان. ساقلىنىپ قالغانلىرى 56 قۇر بولۇپ، يوللار قىسمى مۇكەممەلرەك، ئۇنىڭدا چىتلىق يولى، يېڭى ئېچىلغان يول، خۇاگۇ يولى، تىبەت يولى، دېڭىز يولى، ئۇيغۇرىيە يولى، باشقا ئەللەرگە بارىدىغان يوللار، ئىسپىجاپ يولى، كۈمۈش ئايمىقى يولى قاتارلىق مۇھىم قاتناش لىنىيىلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇددا ئىبادەتخانىلىرى قىسمى يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، دىڭگۇ غارلىرى ئىبادەتخانىسى ۋە نىڭگۇ بۇتخانىسى قاتارلىق مۇھىم بۇتخانىلار ھەققىدە خاتىرىلەر بار. تاڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى غەربىي ئايماق (بۈگۈنكى تۇرپان) رايونىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە ئايماقلىرى، يوللىرى، يەر شەكلى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان شىنجاڭنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى يەرلىك تەزكىرىسىدۇر.

«شاجۇ - ئىۋىرغوللارنىڭ تەزكىرىسى» تاڭ دەۋرىدىكى تەزكىرىلەرنىڭ قالدۇقلىرى. ئەنگلىيىلىك ستەيىن دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن. ھازىر بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا، S936 - نومۇر دەپ رويخەتكە ئالغان. 1921 - يىلى «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە رەسىملىك خاتىرىسى»نىڭ تۆتىنچى قىسمىغا كىرگۈزگەن. پۈتۈن ۋەسىقە جەمئىي 84 قۇر بولۇپ، سەككىزلىك ئاق كەندىر قەغەزگە يېزىلغان، ئەسلى كاتەكچە ئىچىگە يېزىلغان ئىزاھات - تەپسىرلىرى ئاستىنقى ئىككى قۇرغا بېرىلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاجۇ (بۈگۈنكى دۇنخۇاڭ)، ئىۋىرغول (بۈگۈنكى قۇمۇل) قاتارلىق جايلار ھەققىدە قالدۇرغان مەلۇماتلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، لېكىن تارىخىي جەھەتتىن تازا تولۇق ئەمەس. كىتابنىڭ ئاخىرىغا «گۇاڭچىنىڭ تۇنجى يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جاڭ داچىڭ. . . بۇ كىتابنى پۈتتىلەر» دەپ يېزىلغان. بۇ كىتابنىڭ مىلادىيە 885 - يىلى پۈتۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. جاڭ داچىڭ دۇنخۇاڭلىق، كېيىنكى جىن دەۋرىدىكى جاڭ خۇەيچىڭنىڭ ئەجدادى، دەپ تەتقىقلەندى. بۇ ئەسەردىكى نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانلار «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت - ناھىيىلەر تەزكىرىسى» دىكى بىلەن ئوخشايدۇ.

«شاجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 1908 - يىلى دۇنخۇاڭدىكى نوم پۈتۈكلەر يوشۇرۇلغان غاردىن بايقالغان ھەمدە P2005— نومۇر دەپ رويخەتكە ئېلىنغان بىر نەچچە يۈرۈش دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىنىڭ بىرىدۇر. لو جېنيۇ تەھرىرلىگەن مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەن، 1909 - يىلى «شاجۇ تەزكىرىلىرى» دېگەن نام بىلەن «دۇنخۇاڭ تاشكېمىر مىراسلىرى»نىڭ 11 - توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن؛ 1913 - يىلى يەنە «شاجۇ تەزكىرىلىرى» دېگەن نام بىلەن «ۋۇشىيا غارلىرىدىن يوقالغان پۈتۈكلەر» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن؛ فرانسىيىلىك پېللىئوت 1916 - يىلى ئۇنىڭغا «شاجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دەپ نام بەرگەندىن كېيىن كەڭ ئىلىم ئەھلى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئالدىنقى ۋاراقلىرى يوقالغان بولۇپ كاتەكچە ئىچىگە يېزىلغان تەپسىر ئىزاھاتلىرى ئاستىنقى قۇرغا بېرىلگەن، پۈتۈن كىتاب 50 جىلد. ئۇنىڭدا شاجۇ (قوچوغا تەۋە بولغان دۇنخۇاڭ، بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ شىمالىدىكى جايلار، ئاقساي، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق جايلىرى) تەۋەلىكىدىكى جايلارنىڭ سۇ قۇرۇلۇشلىرى، كارۋان بېكەتلىرى، مەكتەپ - مەدرىسلەر، ئىبادەتخانىلار، قەدىمىي ئىزلار، قەدىمىي شەھەرلەر، قۇت بەلگىلىرى، ناخشا - قوشاقلار قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. بۇ ھەقتە ياپونىيىلىك چىتيەن ۋىننىڭ «شاجۇنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرى ھەققىدە تەتقىقات»، جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىس ۋاڭ جۇڭلونىڭ «دۇنخۇاڭ تاشكېمىر تەزكىرىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلەر بار.

**«جيادەننىڭ تۆت يول خاتىرىسى»** تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان چېگرا رايونلارنىڭ قاتنىشى خاتىرىلەنگەن ئەسەر. جيادەن (730~805)، تەخەللۇسى دۈن شى، سائجۇ ئايمىقىنىڭ نەنپى (بۈگۈنكى خېبېينىڭ سائجۇ تەۋەلىكىدە) دېگەن يېرىدىن. جۇغراپىيە ئالىمى. تيەنباۋ يىللىرىدا تونۇلۇپ، جېنيۈەننىڭ 9 ـ يىلى (793 ـ يىلى) يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىرى بولغان، يۇڭجېننىڭ تۇنجى يىلى (805 ـ يىلى) ئۆلگەن. يولدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ھەمدە تاڭ ئەلچىلىرىدىن ئاڭلاپ بەزى ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان، ئەسلىي نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»گە «تۆت يول خاتىرىسى»نىڭ يەتتە بابى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدا غەربىي يۇرت يوللىرىمۇ بار.

**«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»** تاڭ دەۋرىدىكى راھىب شۈەنزاڭ (602~664) يازغان غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىگە دائىر ئەسەر. جېنگۇەننىڭ تۇنجى يىلى 627 ـ يىلى) شۈەنزاڭ بۇددا نوملىرىنى تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارغان. ھىندىستاندا داڭلىق بۇددا راھىبلىرىدىن بىلىم ئالغان، نۇرغۇن بۇددا ئىلىم يۇرتلىرىنى ئارىلىغان، جېنگۇەننىڭ 19 ـ يىلى چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن)گە قايتىپ كەلگەن. تەيزۇڭنىڭ پەرمانى بىلەن 100 نەچچە مىڭ خەتلىك، جەمئىي 12 توملۇق بۇ ئەسەرنى يازغان. كىتابتا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلەرنى ئەسەرنىڭ كىرىش سۆز قىسمىغا بەرگەندىن كېيىن ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان قاتارلىق 138 دۆلەت، بەگلىك ۋە رايونلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەردە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمۇ بار. ئۇ ئىبۇرغول (بۈگۈنكى قۇمۇل)، ئىدىقۇت (بۈگۈنكى تۇرپان) دىن ئۆتۈپ غەربكە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، كىتابتا تارىم بوستانلىقىدىكى بەگلىكلەردىن كىنگىت ئېلى، كۈسەن ئېلى، بالوكا ئېلى (بۈگۈنكى ئاقسۇ) قاتارلىقلارنى بايان قىلغان. ھىندىستاندىن قايتىشىدا كىتابنىڭ 12ـ بابىدا تارىم بوستانلىقىدىكى ئەللەردىن كاۋانتا (تاشقورغان)، قاغىلىق، قۇستانە (بۈگۈنكى خوتەن)، چالمادانا (بۈگۈنكى چەرچەن)، نوبچان (چاقىلىق) قاتارلىق جايلارنى بايان قىلغان. كىتابتا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەللەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، مىللىي تىلى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادى، دىنىي مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ھەرقايسى جايلاردىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ كىتابتا يەنە قەدىمكى ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار بار. بايانلار قىسقا، ئىخچام، خاتىرىلەر ۋەزىنلىك، راۋان يېزىلغان. يېقىنقى زامان مۇتەخەسسىسلەر بۇ كىتاب ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئىشلىدى. تەتقىقاتلارنىڭ ئىنگلىزچە، نېمىسچە، فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىلىرى بار. ھازىر كىشىلەر بەكرەك پايدىلىنىۋاتقان نۇسخا جى شيەنلىن تۈزگەن «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى تەپسىرىسى» دۇر، 1985 ـ يىلى جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

**«ئۇلۇغ مېھىر ـ شەپقەت ئىبادەتخانىسىدىكى ئۈچ پىتەكە ھەزرەتنىڭ تەرجىمىھالى»** تاڭ راھىبى خۇي لي، يەن زۇڭلار بىرلىشىپ يازغان ئەسەر. ئۇ شۈەنزاڭنىڭ ھاياتى ۋە غەربكە بېرىپ نوم ئېلىش جەريانى بايان قىلىنغان داڭلىق ئەسەردۇر. پۈتۈن ئەسەر 10 جىلد، 80 مىڭ خەت. خۇي لي يوجۇ (بۈگۈنكى بېيجىڭ) جياۋرېن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىب كالانى، ئۇزۇن مۇددەت شۈەنزاڭ بىلەن بىللە نوم تەرجىمە قىلغان. پادشاھ گاۋزۇڭ لىندېنىڭ تۇنجى يىلى (664 ـ يىلى) شۈەنزاڭ ئۆلگەن، شۈەنزاڭنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن خۇي لي بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى بەش جىلدىنى يازغان، شۈەنزاڭنىڭ يەنە بىر شاگىرتى يەن زۇڭ قالغان بەش جىلدىنى يازغان. بۇ كىتاب شۈەنزاڭ يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرنى مۇنازىرە قىلىش شەكلىدە يېزىلغان. بايان قىلىنغان شەخسلەر، جايلارنىڭ ئەھۋاللىرى ئۆزگىچە بولۇپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قاتناش ئالاقىلىرىنى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. 1983 ـ يىلى جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى سۈن يۈتاڭ، شيې فاڭلار تەھرىرلەپ، ئازراق ئىخچاملىغان نۇسخىنى نەشر قىلدى.

**«ۋۇكۇڭنىڭ ھىندىستانغا بېرىش خاتىرىسى»** تاڭ دەۋرىدىكى راھىب ۋۇ كۇڭ يازغان ھىندىستانغا بېرىش خاتىرىسىدۇر. ۋۇ كۇڭنىڭ تەخەللۇسى

فا جيپ، فامىلىسى چې فېڭجاۋ، جىڭجاۋنىڭ يۇنياڭ (بۈگۈنكى شەنشى شىڭشەننىڭ ئەتراپى) دېگەن يېرىدىن، سىيانپىيلارنىڭ ئەۋلادى. تيەنباۋنىڭ 10- يىلى 751- يىلى) ئەلچى جاڭ داۋگۇاڭغا ئەگىشىپ قەندىھار (پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر رايونىدا)غا بارغاندا ئاغرىپ قېلىپ سەپەردىن قېلىپ راھىب بولغان. كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن داڭلىق راھىب كالان شارىپۇتردىن ئىلىم ئۆگەنگەن، شىمالىي ھىندىستان، ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسىم جايلىرىغا بېرىپ «ئون يۇمىكە سۇترىسى»، «نىرۋاناغا يېتىش نومى»، «ئون كۈچ نومى» قاتارلىق نوملارنى ئېلىپ قايتقان. جېنيۈەننىڭ 5 - يىلى (789 - يىلى) بېشبالىققا يېتىپ كەلگەن، ئەجدىھار بۇتخانىسىدا تۇرۇپ ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن)لىك راھىب سىلادىتيادىن «نىرۋاناغا يېتىش نومى»نى تەرجىمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. شۇ يىلى بېشبالىقنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ئەگىشىپ نوملارنى ئېلىپ ئۇيغۇرىيە يولى بىلەن تاڭ ئېلىگە قايتقان. بۇ قېتىملىق سەپەر خاتىرىسى ياپونىيىنىڭ داجېڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «بۈيۈك نوملار»غا كىرگۈزۈلگەن، ھازىر ياڭ جيەنشىن تۈزگەن «قەدىمكى دەۋردە غەربكە قىلىنغان سەپەرلەر توغرىسىدىكى تەپسىرلەر تاللانمىسى» دېگەن ئەسەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987 - يىلى نەشر قىلىنغان.

**«بەش ئەنەتكەك ئېلىگە قىلىنغان سەپەر تەزكىرىسى»** خۇي چاۋ يازغان ھىندىستانغا قىلىنغان سەپەر توغرىسىدىكى ئەسەر. يەنە بىر نامى «خۇي چاۋنىڭ سەپەر خاتىرىسى». خۇي چاۋ سىللالىق راھىب. بالىلىق چاغلىرىدا تاڭ ئېلىگە بارغان، دېڭىز يولى بىلەن ھىندىستانغا بارغان، بەش بۇددا ئېلىنى ئايلىنىپ چىققان، سەپەردە پاكىستان، ئافغانىستاندىن ئۆتكەن، كەييۈەننىڭ 51 - يىلى (727 - يىلى) كۇسەنگە كەلگەن، كېيىن دۇنخۇاڭ ئارقىلىق تاڭ ئېلىگە قايتقان. بۇ كىتاب ئۈچ جىلدلىق بولۇپ، يولدا كۆرگەن ئاڭلىغان ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. ئەسلىي نۇسخىسى يوقاپ كەتكەن، دۇنخۇاڭدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ باش قىسمى يوقالغان، كوستانە ئېلى (يەر نامى بىردەك ئەمەس، ھىندىستاننىڭ شىمالى، نېپال كاتماندۇنىڭ شەرقىي قىسمى دېگەندەك كۆپ خىل قاراشلارمۇ بار)دىن باشلىنىپ، ئاخىرىدا ئەنشىدىكى تۆت قورغانغا قايتقان جەريان بار. خۇي لىننىڭ «نوملار شەرھى» دېگەن ئەسىرىدە بۇنىڭغا شەرھى يېزىلغان بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىمۇ بېرىلگەن. ياپونىيىلىك تېڭتيەن فېڭبا، جۇڭگولۇق ۋاڭ جۇڭلو قاتارلىقلار بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. «قەدىمكى دەۋردە غەربكە قىلىنغان سەپەر خاتىرىسى توغرىسىدىكى تەپسىرلەر تاللانمىسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى) دە بۇ ئەسەردىن تاللاپ ئېلىنغان مەزمۇنلار بار.

**«نوملار شەرھى»** تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن شەھرىنىڭ شىمىڭ بۇتخانىسىدىكى راھىب خۇي لىن يازغان بۇددا نوملىرى توغرىسىدىكى ئەسەر. خۇي لىن (734~820 - يىللىرى) سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر)لىق، ھىندى تىللىرىغا پىششىق، جۇڭگوچە تەپسىر قىلىشى راۋان، 20 نەچچە يىل ئەجىر قىلىپ، يۈەنخېنىڭ 5 - يىلى (801 - يىلى) بۇ كىتابنى يېزىپ تاماملىغان. جەمئىي 100 جىلدلىق، «بۈيۈك نىرۋانا»دىن باشلىنىپ «ھاياتنى قەدىرلەش شەرھىسى» بىلەن ئاخىرلاشقان. ئەسەردە نوملارنىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇش ئاھاڭى، قەدىمكى يېزىق ھەم بۇددا قانۇنلىرىدىن تارتىپ بۇددا شەرھى - تەپسىرلىرىگىچە يېزىلغان، ھەممە مەزمۇنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن 1300 بۆلۈملۈك 5700 جىلددىن ئارتۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر سۇڭ دەۋرىدە قايتا كۆچۈرۈلمىگەن، لياۋ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى بار بولۇپ، يەنە شەرقتە چاۋشيەن، ياپونىيىلەرگىچە تارقالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا ياپونىيىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن، مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912 - يىلى) نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشكەن.

**«يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەزكىرىسى»** ئەسلىي نامى «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى». تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې يىللىرىدا ۋەزىر لى جىپۇ تەرىپىدىن يېزىلغان. يۈەنخېنىڭ 8- يىلى (813- يىلى) يېزىلىپ تاماملانغان، جەمئىي 40 جىلد، مۇندەرىجىسى 2 جىلد. مىساللار گەرچە كېيىنكى يىللىرىدىكى 10 ئۆلكىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۈەنخې يىللىرىدىكى 47 شەھەر - قەلئەلەردىن پايدىلىنىلغان بولۇپ، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى جايلارغا ئايرىلغان ئاساستا يېزىلغان. ئەسلىي نۇسخىدا ھەربىر شەھەر، بازارنىڭ خەرىتىسى ئېلىنغان، شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە خەرىتىلەر بىلەن مۇندەرىجە قىسمى يوقالغان بولۇپ، كېيىنچە ھازىرقى نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. زېمىن تەۋەلىكلەر شەرقتە لياۋخې دەرياسى-

غىچە، شىمالدا يىنشەن تېغىغىچە، جەنۇبتا بۈگۈنكى ۋېيتنامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىلىرىغىچە، غەربتە لۇڭيۇ ۋىلايىتىدىن تىبەتكىچە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن قولدىن كەتكەن بەگلىكلەرنىمۇ ئۇنىڭ بايان قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن، ئۇنىڭ تارىخىي جەريانى، ئايماقلار ئارا چېگرىسى، نوپۇسى، باج ـ سېلىق ئەھۋالى، ناھىيىلەر، تاغ ـ دەريالىرى، جۇغراپىيىسى، قاتناش ـ ئالاقىلىرى قاتارلىق تەرەپلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. تارىختىن بۇيانقى تەزكىرىچىلىككە ۋارىسلىق قىلىنغان، كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ جۇغراپىيە ئومۇمىي تەزكىرىسىگە يول ئاچقان. ھازىر ساقلىنىپ قالغىنى 34 جىلد بولۇپ، ئالتە جىلدى يوقالغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى 40 جىلددىن كېيىنكى قىسمىدا ئىۋۇرغول، قوچو، بېشبالىق قاتارلىق ئەللەرنىڭ چېگرىسى، ناھىيىلىرى، مەھسۇلاتلىرى، باج ـ سېلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تاڭ دەۋرىنىڭ غەربىي يۇرتتا ھاكىمىيەت بەرپا قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ماتېرىياللار بار. دەسلەپكى نۇسخىسى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى چۈنشىنىڭ 3 ـ يىلى (1176 ـ يىلى) چىققان، 1983 ـ يىلى جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ يوقالغان قىسمىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەنگۈەن يىللىرىدىكى «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىسىنىڭ تولۇقلىمىسى» ۋە مياۋ شۈەنسۈننىڭ «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەزكىرىسىنىڭ يوقالغان قىسمى» قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ بېكىتىلگەن، پايدىلىنىش قىممىتى بار.

**«قانۇنلار قامۇسى. ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرنىڭ چېگرا قوغداش قانۇنى»** تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى دۇزۇ يازغان «قانۇنلار قامۇسى»، جەمئىي 200 جىلد. جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈرلەرگە ئايرىشقا دائىر تارىخىي كىتابلارنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تاڭ دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللار بار. ئۇنىڭدىكى «ئايماق ـ ۋىلايەت قانۇنلىرى»، «چېگرا مۇداپىئە قانۇنلىرى» تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «ئايماق ـ ۋىلايەت قانۇنلىرى» پۈتۈن ئەسەرنىڭ 141 ـ جىلدىدىن تارتىپ 184 ـ جىلدىغىچە قەدىمكى «يۇگۇڭ» دېگەن نام بىلەن توققۇز ۋىلايەتنى تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە دەپ تۈرلەرگە ئايرىغان. 174 ـ جىلدتا قەدىمكى يۇڭجۇ ۋىلايىتىدىن باشلاپ ئىۋۇرغول ئايمىقى، يارغول ئايمىقى ۋە ئايماقلار مەھكىمىسى بايان قىلىنغان. «چېگرا مۇداپىئە قانۇنى» پۈتۈن كىتابنىڭ 185 ـ جىلدىدىن 200 ـ جىلدىغىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى باشقا بەگلىكلەرنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان، بۇ يوقالغان تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش رولىغا ئىگە.

**«ستېيل خولستېين ساقلىغان نوملار»** دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان چېچىلىپ كەتكەن ۋەسىقىلەردۇر. بۇلارنى رۇسىيىلىك ستېيل خولستېين (B. A. von. Stael Holstein) بېيجىڭدىن سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بېرىلگەن. ئەسلىي نۇسخىسى رەڭگى ئۆزگەرگەن قەغەزگە پۈتۈلگەن بولۇپ، ئوڭ يۈزى ئۇدۇن يېزىقى بىلەن قەدىمكى تىبەت يېزىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان ۋەسىقىلەردۇر. ھەممىسى ئۇدۇندىن شاجۇ (بۈگۈنكى دۇنخۇاڭ) غا ئەلچىلىككە بارغان ئەلچىلەرنىڭ شاجۇ خانىغا يازغان مەكتۇپلىرىدۇر. يىل دەۋرى تەخمىنەن تاڭ سۇلالىسى تۇڭگۇاڭنىڭ 3 ـ يىلى (925 ـ يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. ئارقا يۈزىنى باشقىلار خەنزۇچە يېزىقتا نوم كۆچۈرۈشكە ئىشلەتكەن. نورۋېگىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر بۇ توغرۇلۇق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. خامىلتون «ستېيل خولستېين ساقلىغان نوملار ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى خۇلاسىلىگەن. ئۇدۇن يېزىقى 73 قۇر، ئۇنىڭدا ئۇدۇن ئەلچىسىنىڭ شاجۇغا بېرىپ كېلىشكە دائىر ھېساباتلىرى، خېشىغا قىلغان سەپىرى ۋە بېسىپ ئۆتكەن شەھەر ـ بازارلىرى، شاجۇدا ھوقۇق تۇتقۇۋاتقان ئەمەلدارلارنىڭ نام ـ شەرىپى، خېشىدىكى ئاساسلىق قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى، ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ شاجۇدىكى دىنىي پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن. قەدىمكى تىبەت يېزىقىدا يېزىلغانلىرى 41 قۇر، ئۇنىڭدا ئۇدۇن ئەلچىلىرىنىڭ شاجۇ خانىغا ۋە مۇشاۋۇر ساۋيەجىنغا پەرمانىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ يازغان ئىلتىماسى قاتارلىقلار بار. بۇ نوم پۈتۈكلەر قەدىمكى غەربىي شىمالنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مىللىتى، تىلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا تېپىلغۇسىز قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**«مايتىرى سىمىت»** يەنە بىر ئىسمى «مايتىرى

بىلەن كۆرۈشۈش خاتىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسلى ئىسمى «Maitri simit». قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قوليازما. 1959 - يىلى 4 - ئايدا قۇمۇلنىڭ تەڭرىتاغ خەلق كوممۇناسىنىڭ تۆمۈرتى ئەترىتىدىن تېپىلغان بولۇپ، قۇمۇل نۇسخىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇنلۇقى 44 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 22 سانتىمېتىر بولۇپ، قارا سىياھدا يېزىلغان، قەغىزى قاتتىق قېلىن قەغەز بولۇپ، ئۈستى ۋە ئاستىغا سىزىقچە تارتىلغان، ھەربىر قۇرغىمۇ قۇر سىزىقى سىزىلغان، قۇر ئارىلىقى 1.5 سانتىمېتىر، ھەر بېتى تەخمىنەن 30 قۇر، كىچىكرەك سىزىلغانلىرى 31 قۇر، كىچىك خەتلىك بەتلەرمۇ بار. قوليازما 293 پارچە، 586 بەت، ئۇنىڭ 114 بېتى مۇكەممەل ساقلانغان. مەزمۇنى كەلگۈسى زامان بۇدداسى مايترىنىڭ ئىش - ئىزلىرى بولۇپ، مۇقەددىمە ۋە 25 پەردىلىك سەھنە ئەسىرىدىن تەركىب تاپقان. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە بۇ بۇددا دراما ئەسەرلىرىنىڭ باشلىنىشى شۇنداقلا جۇڭگودىكى مۇكەممەل ساقلانغان تۇنجى سەھنە ئەسىرى بولۇپ، جۇڭگو بۇددا دىنى تارىخى ۋە جۇڭگو تىياتىر تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىكەن. بۇ كىتابنىڭ ئەسلىدىكى سانسكرىتچە نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن. بۇ قوليازما مۇقەددەس ئاي ھەزرەتنىڭ سانسكرىتچىدىن كۇسەن - كىنگىت يېزىقىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى بولۇپ، دانىشمەن ھەزرەت تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، بۇ ھازىر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نۇسخىدۇر. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 5 - بېتىگە قارالسۇن)

«ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»

كېيىنكى جىن دەۋرىدىكى گاۋ جۈخۈي دېگەن كىشى يازغان ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە بېرىش سەپەر خاتىرىسىدۇر. ئەسلى نامى «ئۇدۇنغا قىلىنغان سەپەرنىڭ تەرتىپى» بولۇپ، ئەسلى نۇسخا يوقالغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. تۆت يات ئەللەر ھەققىدە قوشۇمچە مۇندەرىجە» دىن كۆرۈڭ. «جېڭخې يىللىرىدا قايتا تۈزىتىلگەن دەستۇر كىتابلاردا دەلىللەنگەن دورا ئۆسۈملۈكلىرى»، «ۋەسىقىلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەتقىقات. تۆت يات ئەل ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئەسلى ئەسەرنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى خېلى ياخشى ساقلانغان. كېيىنكى جىن سۇلالىسى تيەنفۇنىڭ 3 - يىلى (938 - يىلى) ئۇدۇن ئېلىنىڭ پادىشاھى ۋىسارا تەڭرىخان ما جىرۇڭ قاتارلىق ئەلچىلەرنى ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. كېيىنكى جىننىڭ خانى گاۋزۇ باقاۋۇل جاڭ كۇاڭيې، جاڭۋۇ قورغىنىنىڭ ھەراۋۇلى دادخاھ گاۋ جۈخۈينى دادخاھ قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇدۇنغا بېرىپ ۋىسارا تەڭرىخاننى ئۇدۇن خانى قىلىپ تەيىنلەشكە ئەۋەتكەن. شۇ يىلى 12 - ئايدا جاڭ قاتارلىقلار لىڭجۇ (بۈگۈنكى نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ دېگەن يېرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) دىن يولغا چىقىپ قامجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي) دىن ئۆتۈپ خېشى كارىدورى بىلەن شاجۇ (بۈگۈنكى دۇنخۇاڭ) نى بويلاپ جەنۇبىي يول بىلەن غەربكە سەپەر قىلغان، ئۇدۇن ئېلى تۇڭچىڭنىڭ 29 - يىلى (940 - يىلى) يېتىپ بېرىپ ۋەزىپىنى ئورۇندىغان. كېيىن يەنە ئىككى يىلدا بيەنلياڭ (بۈگۈنكى خېنەننىڭ كەيفېڭ) غا قايتىپ كەلگەن. «بەش دەۋر تارىخى. تۆت يات ئەللەرنىڭ قوشۇمچە مۇندەرىجىسى» دە بۇ سەپەرنىڭ جەريانلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، IX ئەسىردە تىبەتلەر تەرىپىدىن ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارىسىدىكى قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا ئۇدۇن ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلگەن.

«غەربىي ئايماققا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»

«ۋاڭ يەندېنىڭ قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۇڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ يەندېنىڭ ئىدىقۇت قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئاستانىگە قىلغان سەپەر خاتىرىسىدۇر. ۋاڭ يەندې (933~1006) شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دامىڭ (بۈگۈنكى خېبېينىڭ دامىڭ) دېگەن يېرىدىن، ئوردىدا پەرمانچى بەگ، باقاۋۇل قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. سۇڭ سۇلالىسى تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 - يىلى (981 - يىلى) قوچو ئۇيغۇر ئېلىگە خانلىق ئولپان يارلىقىنى ئېلىپ ئەلچىلىككە بارغان. ۋاڭ يەندې ئوردىدىن پەرمانچى بەگ بەي گۇڭ بىلەن بىرگە غەربكە سەپەر قىلىپ خانلىق ئوردىنىڭ يارلىقىنى ھەمدە ئوردىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ھەدىيە قىلغان ئالتۇن كەمەرنى ئېلىپ ئەلچىلىككە بارغان. تۆت يىلدىن كېيىن يوڭشىنىڭ 4 - يىلى (984 - يىلى) كەيفېڭگە قايتىپ كەلگەن. كېيىن غەربىي يۇرتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇر ئېلىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىنى ھەمدە غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن نۇسخا ۋاڭ گوۋېينىڭ «قەدىمكى سەپەر خاتىرىلىرىنىڭ تەھرىرلەنگەن

مۇندەرىجىسى» دۇر.

«ھۇدۇدۇلئالەم» پارسچە ئەسلى
نامى Alam — Hududul (دۇنيانىڭ چېگرا - پاسىل-
لىرى). رۇسىيىلىك شەرقشۇناس تۇمانسكىي بۇخارا
(بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەلىكىدە)
دىكى كونا كىتابلار ئارىسىدىن تاپقان، شۇنىڭ ئۈچۈن
بۇ نۇسخىنى تۇمانسكىي نۇسخىسى دەپمۇ ئاتايدۇ. X
ئەسىردە ئۆزگەن (ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى
شىبىرگەن دەيدىغانلارمۇ بار) دىكى نامەلۇم ئاپتور تەر-
ىپىدىن ھىجرىيەنىڭ 372 - يىلى (مىلادىيە 982 -
يىلى) يېزىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ بېگى ئوبۇل
خالىس مۇھەممەد بىننى ئەھمەدكە سوۋغا قىلغان. بۇ
كىتاب ئالدىنقى دەۋرلەردىكى ئەرەب جۇغراپىيونلىرى-
نىڭ ئۇتۇقلىرىدىن پايدىلىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈر-
كىي تىللىق ھەرقايسى قوۋملارنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادى-
كى مۇسۇلمانلار رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇل-
غان. ئەنگلىيىلىك مىنورسكىي ئىنگلىزچىغا تەر-
جىمە قىلىپ، 1937 - يىلى تۇنجى قېتىم نەشردىن
چىققان. 1970 - يىلى بوسۇوس قايتا تەھرىرلەپ
نەشر قىلغان. ئېلىمىزدە ۋاڭ جىلەي، جۇشىجۇەنلەر
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن-
لەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى-
نىڭ ئىچكى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» جۇڭگو بويىچە تۇن-
جى قېتىم ئەرەب تىلىدا چۈشەندۈرۈلگەن تۈركچە لۇ-
غەت. مەھمۇد قەشقەرى باغدادقا بارغاندا تۈزۈپ چىق-
قان، 1074 - يىلى يېزىپ تاماملىغان. بۇ كىتابنى
ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇل قاسىم ئاب-
دۇللا مۇقتەدى بىللاغا تەقدىم قىلغان. كىتاب 8
جىلدلىق بولۇپ، ھەربىر جىلدى يەنە ئىككى قىسىمغا
ئايرىلغان، ھەربىرى سۆزلەرنىڭ فونېتىكىسى بويىچە
تۈرلەرگە ئايرىلىشى، تىل ئالاھىدىلىكى، تۈرلىنىشى،
قوشۇمچىلار بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلغان. كىتابنىڭ قۇ-
رۇلمىسى مۇكەممەل، سىستېمىلىرى روشەن، كىرگۈ-
زۈلگەن سۆزلەرنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئاسترو-
نومىيە، جۇغراپىيە، ئادەم تېنىدىكى ئەزالار، يېمەك-
ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، قورال - سايمان، ئۇچار
قۇشلار، قۇرۇت - قوڭغۇزلار، مەدەن - تاشلار،
ئۆرپ - ئادەتلەر، قەبىلە - قوۋملار، سىياسىي
تۈزۈملەر قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈرك تىلىدىكى ئاسا-
لىق سۆزلۈكلەر ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر
ساقلانغان، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈم-
لىرى، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى، ئۆرپ- ئادەتلە-
رى، دىنىي ئېتىقادى، قوۋملارنىڭ كېلىپ چىقىشى،




«تۈركىي تىللار دىۋانى»

يەر - جاي ناملىرى، ئەدەبىيات - سەنئىتىگە دائىر
بارلىق مەزمۇنلار ساقلانغان بولۇپ، XI ئەسىردىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ قامۇسى، دەپ تەرىپلە-
نىپ كەلگەن. لۇغەتتە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقاي-
سى قەبىلىلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن بو-
لۇپ، بىر يۇمىلاق خەرىتىگە ئىزاھلانغان. خەرىتە ئاپ-
تورنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپلا
قالماي، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ بۇرۇنقى
مۇكەممەل ئوتتۇرا ئاسىيا خەرىتىسى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شەرھلەردە يەنە تۈرك تىلىدا
سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ قەدىمكى بې-
يىت- قوشاقلىرىنى، ماقال - تەمسىللىرىنى، ئەقلىيە
سۆزلىرىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق قوشاق
ساقلانغان. تارقىلىپ يۈرگەن نۇسخىسى XIII ئەسىر-
دىكى دەمەشىقلىق مۇھەممەد ئابابەكرى تەرىپىدىن كۆ-
چۈرۈلگەن بولۇپ، 1916 - يىلى تۈركىيىدە بايقىلىپ
ھەرقايسى ئەللەردىكى شەرقشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى
تارتقان. ئۇنىڭ نېمىسچە، تۈركچە، ئۆزبېكچە، ئىنگ-
لىزچە تەرجىمىلىرى بار. ئېلىمىزدە ئۇيغۇرچە، خەن-
زۇچە نۇسخىلىرى نەشردىن چىقتى.

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دىداكتىك داستان. بۇ ئەسەرنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 ~ 1070 - يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان.

ئۇنىڭ ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى بار. تەھرىرلەپ رەتلەپ چىقىش ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ 85 باب، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەشكىل تاپقانلىقى مەلۇم بولدى. داستاننىڭ باش قىسمى نەسر شەكلى ۋە نەزمە شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىلغان. داستاننىڭ ئالدىنقى 11 بابى بولسا ياراتقۇچى ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇسانا ئوقۇش ھەم بۇغراخانغا مەدھىيە ئوقۇش، ئىلمىي نۇجۇم، بىلىم، تىل ۋە گۈزەل پەزىلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇش ھەمدە مۇئەللىپنىڭ ئەسەرنى يېزىشىنىڭ مۇددىئالىرى بايان قىلىنىدۇ. 12- بابتىن باشلاپ ۋەقەلىك بايان قىلىنىپ تۆت پېرسوناژنىڭ كەسكىن دىئالوگلىرى قانات يايىدۇ. ئۇلار كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلاردىن ئىبارەت. ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا پادىشاھقا، ۋەزىرگە، ۋەزىرنىڭ ۋارىسىغا ۋە زاھىد قىلغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىپ ئادالەت، قۇت، ئەقىل - ئىدراك، تۆۋە - قانائەتتىن ئىبارەت «تۆت خىل ئېسىل خىسلەت»نى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.


«قۇتادغۇبىلىك»

ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋەزىر ئايتولدىنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرىدۇ. ئايتولدى پادىشاھقا ئىلىم - ھېكمەتلەردىن سۆز ئېيتىدۇ، پادىشاھ ئۇنى ۋەزىر قىلىپ ئورنىغا ئەكىرىدۇ. ئۇزۇنغا بارماي ئايتولدى ئاغرىپ قالىدۇ. ئۇ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى ۋەزىرلىككە كۆرسىتىدۇ. ئايتولدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كۈنتۇغدى ئۆگدۈلمىشنى ۋەزىر قىلىدۇ. ئۆگدۈلمىش دادىسىنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرى بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش لايىھىسىنى ئېيتىدۇ، دۆلەتتە ئامانلىق بولىدۇ. پادىشاھ كۈنتۇغدى ئۆگدۈلمىشنى ئەۋەتىپ ئودغۇرمىشنى ھوزۇرىغا نەچچە رەت تەكلىپ قىلغانلىقى، پادىشاھ كۈنتۇغدىنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېرىپ ھالىدىن كەتكەنلىكىدىن پادىشاھ ھوزۇرىغا كېلىشنى رەت قىلغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. كېيىن ئودغۇرمىشنىڭ قېرىپ تۆۋە - ئىستىغپار يولىغا ماڭغانلىقى ئېيتىلىدۇ. ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلىپ خەلققە توغرىلىق، ئادىمگەرچىلىك قىلىپ بەخت - سائادەت يارىتىشى كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ. كېيىن ئۆگدۈلمىشنىڭ كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. ئۇ كۈنتۇغدىغا ئىككى نەرسە مىراس قالدۇرىدۇ: بىرى ھاسا بولۇپ، ئۇنى پادىشاھقا قالدۇرىدۇ، يەنە بىرى ساپال كوزا بولۇپ، ئۇنى ۋەزىرگە قالدۇرىدۇ. داستاننىڭ ئاخىرقى بابى ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىغا ئېچىنىپ جاھاننىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىدىن ئاغرىنغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» شېئىر شەكلىدە يېزىلغان دىداكتىك داستان، ئۇنىڭدىكى ئېتىكا ئەخلاققا دائىر ئىدىيىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا سىستېمىسى بار. ئۇنىڭدا ھەممە ئادەمنىڭ سەمىمىي، ئادىل، ھالال ياشىشىنى ھەمدە بىلىمنى قەدىرلەپ، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىشى تەكىتلىنىدۇ. بۇ ئەسەر يەنە ئېسىل ئەدەبىي ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا يارقىن، ئوبرازلىق، جانلىق تىللاردىن پايدىلىنىپ بىلىش قىيىن بولغان ئابستراكتنى پەلسەپىۋى ئاتالغۇلارنى يېشىپ بەرگەن. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شۇنداقلا بارلىق تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىغان. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كۆپ تەرەپلىمە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھازىرغا قەدەر بۇ ئەسەرنىڭ نېمىسچە، تۈركچە قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بار. ئېلىمىزدە ئۇيغۇرچە نۇسخىسى، خەنزۇچە

پۈتۈن تەرجىمە نۇسخىسى (خاۋ گۇەنجۇڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان) بىلەن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى (گېڭ شىمىن قاتارلىقلار قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان) بار.

**«ئەتەبەتۇل ھەقايىق»** قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان پەندى - نەسىھەت داستانى. ئۇنىڭ بەزى قوليازمىلىرى «ھەقىقەتلەر بوسۇغىسىدا» دەپمۇ ئاتالغان. XII ئەسىرنىڭ باشلىرى ياكى XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىلغان. ئاپتورى ئەدىب ئەخمەد يۈكنەكى قەشقەردە ياشىغان بولۇپ، ئەما شائىر ئىدى. ئۇ بۇ ئەسىرنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئەمىر مۇھەممەدكە تەقدىم قىلغان. ئەسەر 14 باب، 500 مىسرالىق بېيىت بولۇپ، ئاساسىي تېمىسى ئىسلام پەلسەپە ئىدىيىلىرىدىن ئىبارەت. يېزىلغان ۋاقىت قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇ زاماننىڭ بۇزۇقچىلىقىدىن زارلىنىدۇ، بۇ مەلۇم جەھەتتىن شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ۋېي سۈيىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان قىسقارتىلما نۇسخىسى بار.

**«تارىخى جاھان كۇشاي»** ئىرانلىق جۇۋەينى (Juwaini,1226~1283) يازغان تارىخىي ئەسەر. XIII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا يېزىلغان، تاماملانمىغان ئەسەردۇر. ئۇنىڭ تارقىلىپ يۈرگەن 10 نەچچە خىل نۇسخىسى بار. ئەڭ بۇرۇنقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى 1290 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ئۇ ھازىر فرانسىيە پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. ھازىر ئەڭ مۇكەممەل مەتبەئە نۇسخىسى ئىرانلىق كازۋىنى (M. M. Qazwini) تەھرىرلىگەن نۇسخىدۇر. ئۇ جەمئىي ئۈچ توم بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1912-، 1916-، 1937 - يىللىرى گوللاندىيىنىڭ رەيدۇندا نەشر قىلىنغان. بىرىنچى توپلامدا چىڭگىزخان ۋە گورخاننىڭ ھەمدە جۇجى، بۇگۇداي، چاغاتايلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئاساسلىقى غەربكە قىلىنغان ھەربىي يۈرۈشلەر بايان قىلىنغان، ئۇيغۇر تارىخى، كىدان تارىخىمۇ قىستۇرۇلغان. ئىككىنچى توپلامدا خارەزىم خاندانلىقى تارىخى ھەمدە موڭغۇل ئىمپېراتورلىرىنىڭ ئىراندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنغان، بۇنىڭغىمۇ ئالدىنقى توپلامدىكى كىدانلارنىڭ تارىخى قىستۇرۇلغان. ئۈچىنچى توپلامدا مۆڭكە خاننىڭ تەختىنى مۇستەھكەملىشى، ھىلاكۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ھەمدە ئىسمايىلىيە مەزھىپىدىكى خانلىقنىڭ تارىخى قاتارلىقلار يېزىلغان. ئەسەردىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار ئاپتور ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن - ئاڭلىغان ۋەقەلەر بولۇپ، بىرىنچى قول ماتېرىياللاردۇر، ئۇ ئىنتايىن يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە. ئەنگلىيىلىك بويلې (J. A. Boyle) كازۋىنىنىڭ ئەسىرىنى ئاساس قىلىپ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە تەپسىلىي ئىزاھاتلارنى بەرگەن، 1958 - يىلى نەشردىن چىققان. خې گاۋچى ئىنگلىزچىغا ئاساسەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، 1980 - يىلى ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان.

**«جامىئۇل تەۋارىخ»** ئىلخان خانلىقىنىڭ ۋەزىرى راشىدى (Rashidal—din. 1247 ~1317) غازان خاننىڭ پەرمانى بويىچە تۈزۈپ چىققان تارىخىي كىتابتۇر. يېزىلغان ۋاقتى ھىجرىيە 710 - يىلى (1310~1311 - يىللىرى). بۇ ئەسەر ئۈچ بۆلۈمگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى بۆلۈمى موڭغۇل تارىخى، ئىككىنچى بۆلۈمى دۇنيا تارىخى، ئۈچىنچى بۆلۈمى دۇنيا تەزكىرىسىدىن ئىبارەت. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغىنى ئالدىنقى ئىككى بۆلۈمى ۋە يىرتىلىپ كەتكەن تولۇق بولمىغان قوشۇمچە قىسىمدۇر. تارقىلىپ يۈرگەن نۇسخىسى 10 خىلغا يېتىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئىستانبۇلدىن تېپىلغان 1317 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخا ئۈچ جىلدلىق بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۈرك - موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تەزكىرىسى، چىڭگىزخاننىڭ نەسەبلىرى، چىڭگىزخاننىڭ ئىش - پائالىيەت ئۇتۇقلىرى، پارسلارنىڭ ئىلخان خانلىقىنىڭ سىرتىدىكى موڭغۇل ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى، ھىلاكۇ ھەمدە غازان خانلىقىدىكى ئىلخانلارنىڭ ئۇتۇقلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى چىڭگىزخانغا دائىر قىسمى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «چىڭگىزخاننىڭ زەپەرنامىسى» ۋە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. چىڭگىزخاننىڭ تۆھپىلىرى» بىلەن ئوخشاش مەنبەلىك ھەمدە «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى ماتېرىياللار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. ئىككىنچى جىلدنىڭ تۆتىنچى بۆلىكىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا پارس ئېلىدىكى خاندانلىقلارنىڭ تارىخى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەزكىرىسى ۋە خەلىپىلەر تارىخى، X ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە بولغان ئىسلام خاندانلىقلىرىنىڭ تارىخى ۋە تۈركلەر، جۇڭخۇا مىللەتلىرى، يەھۇدىيلار، پەرەڭلەر، ھىندىلار قاتارلىقلار بايان قىلىن-

غان. بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى ئىلىكخانىلار ئوردىسىدا ساقلىنىۋاتقان موڭغۇل خاندانلىقى ھەدىيە قىلغان «ئالتۇن تارىخ» قاتارلىق ئارخىپلاردىن ھەمدە تارىخىي ۋەقەلەرنى پىششىق بىلىدىغان موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان بولۇپ، مۇھىم تارىخىي قىممىتى بار. XIX ئەسىردىن بۇيان نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مۇتەخەسسىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئەڭ ياخشىسى رۇسىيىلىك مۇتەخەسسىلەرنىڭ يەتتە قولىيازمىنى سېلىشتۇرۇپ تۈزۈپ نەشر قىلغان رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ، 1946 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان. يۇ دايجۇ، جۇ جيەنچى قاتارلىقلار رۇسچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، سودا كىتاب باسمىخانىسى تەرىپىدىن 1983-، 1985-، 1986 - يىللىرى قىسىملارغا بۆلۈپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ قوشۇمچە بۆلۈمىدە «ئەرەبچە، يەھۇدىيچە، موڭغۇلچە، پەرەڭچە جۇڭگودىكى بەش مىللەتنىڭ نەسەبنامىسى» بېرىلگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنمىغان.

**«سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما»** جامال قارشى گۆھەرنىڭ ئەرەبچە لۇغىتى «تىللار شاھى ۋە ئەرەبچە يېزىقنىڭ ھۆسنى»گە ئاساسەن تەرجىمە قىلىپ پارسچە «سۇرراھ لۇغىتى»نى تۈزۈپ چىققان، XII ~ XIV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يەنە تولۇقلىما ئىلاۋە يازغان. ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرى تارىخى ھەمدە دىنىي ئەربابلارغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللار ساقلانغان بولۇپ، شەرقشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تارىخ ھەققىدىكى رىۋايەت — ئالمائىنىڭ «قەشقەر تارىخى»دىكى بەزى مەزمۇنلار «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە»دە ساقلىنىپ قالغان. جامال قارشى ئالمالىق (بۈگۈنكى قورغاس ئەتراپىدا) تا تۇغۇلغان، 30 ياشتىن ئاشقاندا قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئوردا ئەمەلدارى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققان. XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**«غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى»** مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەزكىرىسىدۇر. چېن چېڭ يازغان. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 12- يىلى (1414- يىلى) چېن چېڭ قاتارلىقلار غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرلەر خانلىقىغا، ھېرات (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھېرات) شەھىرىگە ئەلچىلىككە بارغان. سەپەردىن بۇرۇن ئوردا ئۇلىماسى خۇ گۇاڭشۇ بۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ كېيىنكى چاغلاردا تەزكىرە يېزىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاشنى ھاۋالە قىلغان. كېيىنكى يىلى 10 - ئايدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتقان. بۇ كىتاب جەمئىي 6000 خەتلىك بولۇپ، كىتابتا قايتىش سەپىرىگە ئاساسەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھېرات، سەمەرقەنت، تاشكەنت، بۇخارا، بېشبالىق، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋە غەربىي يۇرتتىكى 18 شەھەرنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. جۈملىلىرى ئىخچام، سۆزلىرى راۋان، مەزمۇنى مول، ئەينى دەۋردىكى بۇ رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىشلىق بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيالدۇر. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېن دىڭشەن دېگەن كىشىنىڭ «غېرىب ھۇجرىدىكى ھېجىر كومزەكلەر» دېگەن نۇسخىسى بىلەن شۇنىڭغا ئاساسەن فوتوغا ئېلىپ باسقان «دۆلەتلىك بېيپىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى نادىر كىتابلار مەجمۇئەسى» دېگەن نۇسخىسى بار.

**«غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى»** مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. چېن چېڭ، لى شىيەنلەر يازغان. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلېنىڭ 12 - يىلى (1414 - يىلى) چېڭ، شىيەن قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرلەر خانلىقىغا ۋە ھېرات شەھىرىگە ئەلچىلىككە بارغان. سەپەردىن بۇرۇن ئوردا ئۇلىماسى خۇ گۇاڭشۇ بۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ كېيىنكى چاغلاردا تەزكىرە يېزىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاشنى ھاۋالە قىلغان. بۇ كىتاب ھېرات شەھىرىدە تۈرۈپ قالغان چاغدا غەربكە قىلغان سەپەرنىڭ خاتىرىسىنى رەتلەپ چىقىش ئارقىلىق پۈتۈلگەن بولۇپ، يۇڭلېنىڭ 12 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13- كۈنىدىن شۇ يىلى ھەمەل ئېيىنىڭ بېشىغىچە بولغان 250 كۈنلۈك سەپەر جەريانى خاتىرىلەنگەن. سەپەر سۇجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ جيۇچۇەن) دىن باشلىنىپ ئەينى چاغدىكى تۆمۈرلەرنىڭ ئاستانىسى ھېرات شەھىرىگىچە بولۇپ، 110 مىڭ چاقىرىم كېلەتتى. بېسىپ ئۆتكەن

جايلار تەرتىپ بويىچە قۇمۇل، بېشبالىق (بۈگۈنكى
جىمسار)، سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق جايلار بو-
لۇپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى، سۇ يوللىرى،
تاغ- دەريالىرى، مىللەتلىرى، دىنى، مەدەنىيىتى،
ئۆرپ- ئادەتلىرى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇ-
لالىسى دەۋرىدىكى شېن دىڭشەن دېگەن كىشىنىڭ «غە-
رىب ھۆجرىدىكى ھېجىر كومزەكلەر» دېگەن نۇسخىسى
بىلەن شۇنىڭغا ئاساسەن فوتوغا ئېلىپ باسقان «دۆلەت-
لىك بېيپىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى نادىر كىتابلار مەجمۇئە-
سى» دېگەن نۇسخىسى بار.

«تارىخى رەشىدى» شەرقىي چاغاتاي خانلىقى
ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا مۇنا-
سىۋەتلىك تارىخىي ئەسەر. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر
كەشمىردە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە پارسچە يازغان ئەسەر-
دۇر. پۈتۈن كىتاب ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى
بۆلۈمى ھەقىقىي تارىخ بولۇپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ
تارىخى يېزىلغان، قۇبلاي يىللىرىنىڭ 7 - يىلى
(1347 - يىلى) تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە چىققاندىن باش-
لىنىپ مىڭ سۇلالىسى جىياجىڭنىڭ 12 - يىلى
(1533- يىلى) رەشىد خاننىڭ مۇئەللىپنىڭ تاغىسى
سەييىد مۇھەممەدنى قەتلى قىلغانغىچە بولغان تارىخلار
يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ بۇرۇنقى مەزگىللەرگە تەۋە
بولغان تارىخىي ماتېرىياللىرى بىر قىسىم رىۋايەتلەر ۋە
شەرىپىدىننىڭ «زەپەرنامە» داستانىدىن ئېلىنغان. كې-
يىنكى دەۋرلەرگە تەۋە تارىخىي ماتېرىياللار بولسا مۇ-
ئەللىپنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن ئېلىنغان. ئىك-
كىنچى بۆلۈم مۇئەللىپنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن
كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى تارىخ بو-
لۇپ، مۇئەللىپنىڭ تۇغۇلۇشىدىن (1499 - يىلى)
باشلاپ ئۇ ئىككىنچى قېتىم كەشمىرگە بارغانغىچە
(1541- يىلى) بولغان جەريان يېزىلغان. ئىككىنچى
قىسمى مىڭ سۇلالىسى جىياجىڭنىڭ 20 - يىلى
(1541- يىلى) يېزىلغان بولۇپ، ئۈچ يىلدا تاماملان-
غان؛ بىرىنچى بۆلۈمى مىڭ سۇلالىسى جىياجىڭنىڭ
23- يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئىككى يىلدا تاماملانغان.
ئىككىنچى بۆلۈمى بىرىنچى بۆلۈمدىكى ماتېرىياللارنى
پايدىلىنىش مەنبەسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ساقلانغان
نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىياسىي كۆرەش-
لەر، ئورۇش پائالىيەتلىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن رە-
سىملەر تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ.
ئەسەر يېزىپ تاماملانغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايو-
نىدا نۇرغۇنلىغان كۆچۈرمە نۇسخىلىرى تارقالغان ھەمدە
ئىككى قېتىم شەرقتىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ
تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجە-
مىسىمۇ بار. خەنزۇچە تەرجىمىسى 1972 - يىلىدىكى
قايتا نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە
قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمى-
يىسىنىڭ مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى تەرجىمىگە
ئويۇشتۇرغان. ئەسەر نامى ئىنگلىزچە نۇسخىسىنىڭ
«ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى» دېگەن ئاتىلىشى بو-
يىچە ئېلىنغان بولۇپ، «تارىخى رەشىدى» بولسا قو-
شۇمچە نام ئورنىدا ئېلىنغان، ۋاڭ جىلەي تەھرىرلى-
گەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشر
قىلغان. رۇسچە نۇسخىسىدا ئىنگلىزچە نۇسخىغا
تولۇقلىما ئىلاۋىلەر بېرىلگەن.

«تارىخى ئومۇمىيە» ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي
تارىخى. ئاپتورى ئىبىن ئاتھىرى (1161～1234)،
ئەرەب تارىخچىسى. ئەستايىدىل ۋە تەنقىدىي پوزىتسىيە-
دە تۇرۇپ تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىپ، پۈتۈن ئۇم-
رىنى سەرپ قىلىپ بۇ بۈيۈك ئەسەرنى ياراتقان. ئۇنىڭ-
دا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك
ماتېرىياللار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، بىرقەدەر سىستېمى-
لىق بايان قىلىنغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ؛ قىتانلارغا ۋە
موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر
تەپسىلىي ماتېرىياللارمۇ بار. XIX ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدا دولۇنبو تەھرىرلەپ، 14 پارچە كىتاب قىلىپ
نەشر قىلىنغان.

«ئەۋلىيا چيۇچۇجىنىڭ غەربكە زىيارىتى»
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى چيۇ چۇجى يازغان، لى جىچاڭ
تەھرىرلىگەن. چيۇ چۇجى (1148～1227)، ئىسمى
تۇڭمى، تەخەللۇسى ئەۋلىيا بالىسى. شەندۇڭنىڭ دېڭ-
جۇ شىشا دېگەن يېرىدىن. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە تويىن دىنىنىڭ ئۇس-
تازى بولغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى جىن
شىزۇڭ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى نىڭ زۇڭ-
لار ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ،
ماقۇل كۆرمىگەن. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى جىيادىڭنىڭ
12 - يىلى (1219 - يىلى) چىڭگىزخان غەربىي يۇرت-
تىن تۇرشاۋۇل ليۇ جۇڭلۇينى لەيجۇ (بۈگۈنكى شەن-
دۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يېشيەن ناھىيىسى) غا ئەۋەتىپ ئۇنى
ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلغاندا، شاگىرتلىرى لى جىچاڭ
قاتارلىق 18 ئادەم بىلەن غەربىي يۇرتقا خاننىڭ ھوزۇ-
رىغا سالامغا بارغان. ئۇ لەيجۇدىن يولغا چىقىپ ئىلگ-

رى - كېيىن بولۇپ يەنجاڭ (ھازىرقى بېيجاڭ) دىن
ئۆتۈپ، جۇيۇڭ قوۋۇقىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ مې-
ڭىپ، كېرۇلېن دەرياسىنىڭ بويلىرىغا بارغان، يەنە
غەربىي جەنۇبقا قاراپ بۇرۇلۇپ ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆ-
تۈپ بېشبالىققا بارغان، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي باغ-
رى بىلەن غەربكە قاراپ مېڭىپ ئالمىلىق (ھازىرقى
قورغاسنىڭ غەربى) شەھىرىگە بېرىپ، ئاندىن يەنە
غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ چىڭگىزخاننىڭ پاراۋان
(ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەلىكىدىكى ھىندىقۇش تاغلى-
رىنىڭ غەربىي شىمالىي ئېتىكى) دىكى ھەربىكەتچان
ئوردىسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان. ئۈچ يىلنى
ئۆتكۈزۈپ، شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، ئىككىنچى
يىلى كۈزدە يەندى (بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يىخۋا
دېگەن يېرى) غا يېتىپ كەلگەن. بىر يىل ئۆتكەندىن
كېيىن قوبلاي ئۇنىڭغا «ئەۋلىيا چيۇچۇجى دىندار پې-
رىم» دەپ نام بەرگەن، كىشىلەرمۇ «ئەۋلىيا چيۇچۇ-
جى» دەپ ئاتاشقان. لى جىچاڭ (1193 ~ 1256)
ئۇستازىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن بۇ كىتابنى رەتلەپ چىق-
قان. ئۇ ئىككى جىلدلىق كىتاب بولۇپ، چيۇچۇجىنىڭ
غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرىنىڭ جەريانى تەپسىلىي
خاتىرىلەنگەن. XIII ئەسىردىكى موڭغۇللار تارىخىنى،
غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتې-
رىيالدۇر. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىملار ئىچىدە
تەپسىر - تەھقىق قىلغۇچىلار كۆپ، كەڭ تارقالغان
نۇسخىسى بولسا يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن ۋاڭ گوۋېي
تەرىپىدىن سېلىشتۇرۇپ تەپسىر قىلغان نۇسخىدۇر.

«غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» يوللۇغ
چۇسەي يازغان ساياھەت خاتىرىسىدۇر. چۇسەي
(1190~1244) قىتانلىق، تەخەللۇسى جىنلۇەن، لياۋ
سۇلالىسىنىڭ خانى يوللۇغ ئاباۋجىنىڭ توققۇزىنچى ئەۋ-
رىسى. بالىلىق دەۋرىنى جىن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي
ئاستانىسى (بۈگۈنكى بېيجىڭ) دا ئۆتكۈزگەن. كۆڭۈلى
ئەسەرلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن مول بىلىمگە ئىگە
ئۆلىما. ياش ۋاقتىدا جىن سۇلالىسىنىڭ ئوڭ - سول
قول مەھكىمە ياندىش بېگى قاتارلىق مەنسەپلىرىدە
بولغان. جىن سۇلالىسى جېنيۇەننىڭ 3 - يىلى (1215-
يىلى) موڭغۇللار جىن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئاستا-
نىسىنى ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىگەندە، يوللۇغ چۇسەي
چىڭگىزخاننىڭ قارارگاھىغا كىرىپ، موڭغۇللار دۆلە-
تى مەزگىلىدىكى خانلىقنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىنى
تۈرغۇزۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان. چىڭگىزخانغا ئە-
گىشىپ غەربكە سەپەر قىلىپ 50~60 مىڭ چاقىرىم
يول يۈرۈپ، غەربىي يۇرتتا 6~7 يىل تۇرغان. بۇ
قېتىمقى غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرىنى «غەربكە ساياھ-
ەت خاتىرىسى» قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب
5000 خەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنى-
دۇ: بىرىنچى بۆلۈمدە مەركىزىي ئاستانىدىن يولغا چى-
قىش جەريانى ۋە سەپەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى
خاتىرىلەنگەن، ئىككىنچى بۆلۈمدە بۇددا راھىبلىق سالا-
ھىيىتى بىلەن چيۇچۇجى بىلەن بولغان مۇنازىرىلىشىش
ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان. موڭغۇللار دەۋرىدىكى
شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ ئۆزگە-
رىش ئەھۋالىنى، غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا-
نىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىنى، بۇددا دىنى بىلەن تويىن
دىنى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى چۈشىنىشتە-
كى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شياڭ دا تەپسىر
قىلىپ چىققان «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» 1981 -
يىلى جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر
قىلىندى.

«شىمالغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»
ئۇيغۇر سۈن جۈگرۈي بايان قىلغان، ليۇچى خاتىرىلە-
گەن. ئۇيغۇر سۈن جۈگرۈينىڭ ئەسلىي ئىسمى بۇ
جى، تەخەللۇسى زى جىڭ، «جىننامە» دە ئۇنىڭ تەز-
كىرىسى بار بولۇپ، ئۇيغۇر سۈن جۈگرۈي دەپ ئاتال-
غان. پادىشاھ يىزۇڭ شىڭدىڭنىڭ 4~5- يىللى-
رى (1220~1221) شىغاۋۇل پىرقىسىدا ياندىش بەگ
بولغان، پەرمان بويىچە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەلچىلىككە
بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈپ، تىنچلىق ئورنات-
ماقچى بولغان، بىراق نەتىجىسى چىقمىغان. قايتقاندىن
كېيىن كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ليۇ چىغا بايان قى-
لىپ خاتىرىلگۈزۈپ كىتاب قىلىپ رەتلەپ چىققان.
ئۇنىڭدا تاغ - دەريالار، داڭلىق شەخسلەر، يەرلىك
مەھسۇلاتلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خاتىرىلەنگەن.
ۋاڭ گوۋېينىڭ «قەدىمكى سەپەر خاتىرىلىرى» دېگەن
ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن، «ۋاڭ گوۋېينىڭ مى-
راسلىرى» نىڭ 13 - قىسمىغا قاراڭ. سودا كىتاب
باسمىخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھەممەباب ۋە-
سىقىلەر خەزىنىسى» ھەمدە جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدا-
رىسى 1983 - يىلى نەشر قىلغان ليۇ چى تۈزگەن
«كۆز يېشى تەزكىرىلىرى» گە بۇ نۇسخا كىر-
گۈزۈلگەن.

«غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»
چاڭ دېنىڭ غەربكە سەپەر قىلىپ، ھىلاكۇ خاننىڭ

مۇزۇرىدا خاننى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقى ھەققىدىكى سەپەر خاتىرىسىدۇر. لىيۇ يۇ يازغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى كەيچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1259-يىلى) چاڭ دې موڭغۇللارنىڭ خانى مۆڭكەنىڭ پەرمانى بويىچە غەربىي ئاسىياغا سەپەر قىلىپ خاننىڭ ئىنىسى، ئىلىكخان خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ھۇلاكۇ بىلەن كۆرۈشكەن. قاراقورۇم (بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلنىڭ قارا قورۇم دېگەن يېرى) دىن يولغا چىقىپ غەربكە قاراپ مېڭىپ ھازىرقى بۇرگېن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۇلۇڭغۇ كۆلىنى بويلاپ غەربىي جەنۇبقا سەپەر قىلىپ، بۇرۇلتوقاي، بورتالا ۋە غۇلجا قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ ئىلىكخان خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان تەبەرىستان (بۈگۈنكى ئىراننىڭ تەبرىز دېگەن يېرى) غا يېتىپ كەلگەن؛ ئىككىنچى يىلى شەرققە قاراپ يولغا چىققان، بېرىپ كېلىش ئۈچۈن 14 ئاي ۋاقىت كەتكەن. قۇبلايخان جۇڭتۇڭنىڭ 4-يىلى (1263-يىلى) لىيۇيۇ چاڭ دېنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن غەربكە قىلىنغان سەپەرنىڭ خاتىرىسىنى يېزىپ چىققان، ۋاڭ خۇينىڭ «كۆزدىكى ئېقىن، ۋەسىقىلەر توپلىمى. يۇتاڭجىيا ھەققىدە» قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب دەسلەپكى مەزگىلدىكى موڭغۇللارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بىر قەدەر كەڭ تارقالغان نۇسخىسى ۋاڭ گوۋېي تەپسىر قىلىپ تەھرىرلىگەن نۇسخىدۇر.

**«قوچودىكى شى جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»**

شى جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدۇر. يۈەن سۇلالىسىدىكى ئۇۋياڭ شۈەن يازغان. شى جەمەتى موڭغۇللار دەۋرىدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى چوڭ جەمەت. بۇ نەسەبنامە جەمەتنىڭ ئۇرۇق - يىلتىزىنچە بولغان شى جەمەتىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تەرەققىيات جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇيغۇر شى جەمەتىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتى موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى سېلىنگا دەرياسى (بۈگۈنكى رۇسىيىدىكى سېلىنگا دەرياسى) بويلىرى دەپ قارالماقتا، «چۈنكى شى ئۇرۇق نامى قىلىنغان، شى جەمەتى ئۇيغۇرلاردۇر، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادلىرى تونيۇقۇق بولۇپ، چىنلىقلاردىندۇر». ئەينى ۋاقىتتىكى شى جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھوقۇقدارلار ئىدى. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى تالاپەتكە ئۇچراپ ۋەيران بولغان، شى ئۇرۇقىدىكىلەر غەربكە كۆچۈپ ئىدىقۇت رايونىغا كېلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھوقۇق تۇتۇپ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن. كېيىن ئۇلار موڭغۇللارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى بويسۇندۇرۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان. نەسەبنامىدە موڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان سەپىرىدىن بۇرۇنقى غەربىي لياۋ دەۋرىدىكى شى ئۇرۇقىنىڭ تارىخى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، يەنە شى جەمەتىدىن موڭغۇللاردا ئەمەل تۇتقان نەچچە ئون مۇھىم شەخسلەرمۇ كونكرېت تونۇشتۇرۇلغان. مەسىلەن، سىياسەتچى بىلگە تۆمۈر، يولۇغ تۆمۈر، سەنجىس، ھېسابات پىرى قارا بۇغرا ھەمدە ئەدىب شى يۈلى، شى جېدۇ، شى بولىياۋسۇن قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلگەن. بۇ تەزكىرە يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**«قوچو مەھكىمىسىنىڭ باجلىرى»** قوچو مەھكىمىسى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يات ئەللەردە قۇرۇلغان تۆت مەھكىمىنىڭ بىرى بولۇپ، مەھكىمە بىلەن غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باردى - كەلدى ئالاقە ئىشلىرىدا تەرجىمانلىق قىلىش ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىش قاتارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. «قوچو مەھكىمىسىنىڭ باجلىرى»دا قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مىڭ خاندانلىقىغا يازغان دوكلاتلىرى ۋە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان باشقا ۋەسىقىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن. ھازىر بېيجىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان «قوچو مەھكىمىسىنىڭ باجلىرى» نىڭ كۆچۈرۈلمە قولىيازمىسىغا 89 پارچە ۋەسىقە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان نۇسخىلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىدۇر. ئۇ تۆت قىسىم بولۇپ، ئالدىنقى ئۈچ قىسمى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان. خەنزۇچە ۋەسىقە 87 پارچە، تەرجىمە قىلىنمىغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقە 85 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىككى پارچە ئۇيغۇرچە تەرجىمە ھۆججەت ۋە بىر پارچە خەنزۇچە ھۆججەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى كەم. ئەڭ ئاخىرقى قىسمىغا خەنزۇچە بىلەن تود موڭغۇل يېزىقى بىرگە يېزىلغان ۋەسىقىلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئىنئام قىلغان ئىلىبالىق (بۈگۈنكى غۇلجا) دىكى مەكتۇپ ۋە شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىكلىرىدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە جيەنجۇ (بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋياڭ دېگەن يېرىنىڭ غەربى) قاتارلىق قورغانلاردىن كەلگەن ھۆججەتلەردۇر. بۇ ئەسەر مىڭ سۇلالىسى

بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. «قوچو مەھكىمىسىنىڭ باجلىرى» نىڭ ھەرخىل قولىيازمىلىرى چەت ئەللەردىكى كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئىچىدە بېرلىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار ئىچىدىكى ئىككى پارچە ۋەسىقە جۇڭگودىكى نۇسخىلاردا ئۇچرىمايدىغان قىممەتلىك ۋەسىقىدۇر. «قوچو مەھكىمىسى باجلىرى» غا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋەسىقىلەر كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشر قىلغان «قوچو مەھكىمىسى باجلىرى» دا ئۇيغۇرچىنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە ۋە تەپسىرىسى بېرىلگەن. ئاپتورلىرى خۇ جېنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇا.

**«خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان قوچو مەھكىمىسى تەرمەكلىرى»** تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ ئىشلەنگەن ئىزاھلىق لۇغەت. مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرىدا قويانچى، ماشايىخ قاتارلىقلار «خەنزۇ تىلى تەرجىمىسى» نى ئىشلىگەن. يۇڭلېنىڭ 5 - يىلى (1407 - يىلى) تۆت مەھكىمە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، چەت ئەلنىڭ ۋە ئەتراپتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغان. تۆت مەھكىمە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى تۈرلەرگە ئايرىپ خاتىرىلەپ «تەرمەكلەر» نى تۈزۈپ چىققان، ئۇنىڭغا يەنىلا «خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تىللار» دەپ نام بەرگەن. بېيجىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نۇسخىسى ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇ جەمئىي 10 قىسىم بولۇپ، موڭغۇلچە، قىتانچە قاتارلىق سەككىز خىل تىلدىكى سۆزلۈكلەر كىرگۈزۈلگەن. «قوچو مەھكىمىسى تەرمەكلىرى» بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى، ئۇ ئۈچ قىسىم بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە سۆزلۈكلىرى تۈرلەر بويىچە سېلىشتۇرۇلغان لۇغەتتۇر. ئۇنىڭغا 940 سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيىلىك رادلوف «تۈرك تىللىرىنىڭ يەرلىك شېۋىلىرى» دېگەن لۇغەتنى تۈزگەندە، ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈرگەن. 60 - يىللاردا ۋېنگرىيىلىك مۇتەخەسسىس لىگەت بۇ لۇغەتنى رەتلەپ نەشر قىلغان. 1984- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى خۇ جېنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇالار رەتلەپ چىققان «قوچو مەھكىمىسى تەرمەكلىرى» نى نەشر قىلدى. بۇ لۇغەت بېيجىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئەسلىي نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ چەت ئەللەردىكى يېڭىدىن چىققان نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۈزۈلگەن بولۇپ، 1002 سۆزلۈك ئېلىنغان. بۇ لۇغەتتىكى سۆزلۈكلەر 17 تۈرگە ئايرىلغان، ئۇنىڭدا ئاسترونومىيە، ۋاقىت - پەسىللەر، گۈل - گىياھلار، ئۇچار قاناتلار، شەخسلەر، ئادەم بەدىنىدىكى ئەزالار، ئۆردا - ھەرەمخانىلار، سايمانلار، كىيىم - كېچەكلەر، زىبۇ زىننەتلەر، يېمەكلىكلەر، تارىخ - مەدەنىيەت، تەرەپ - نىشانلار، رەڭ ناملىرى، ساناق سانلار، مەمۇرىيغا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي ئاتالغۇلار قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن. ئۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردىكى قويۇق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇيتۇڭ مەھكىمىسى تۈزگەن «تىللار تەرجىمىسى» دە تىبەت، موڭغۇل، ئۇيغۇر، غۇز، سېرىق ئۇيغۇر قاتارلىق بەش خىل تىلدىكى سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى بېرىلگەن. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلى تەرجىمىسىنى باشقىچە بىر ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سۆزلۈكلەرنى ئايرىش ئۇسۇلى بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى خەنزۇ تىلىدىكى خەتلەرنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭى بويىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى خەتلەرنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە ئەسلىي نۇسخىسى يوق. پۈتۈن كىتاب 17 تۈرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، 689 سۆزلۈك ئېلىنغان. بۇنداق «ئۇيغۇر تىلى» بىلەن «قوچو مەھكىمىسى تەرمەكلىرى» نىڭ تۈزۈلۈشى باشقا نۇسخىلاردىن پەرقلىقتۇر.

**«قاسىم خان قانۇنى»** قازاق خانلىقىنىڭ تۇنجى قانۇنىدۇر. قاسىم خان 1511 - يىلىدىن 1523 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. قازاقلارنىڭ ئەجدادى ئۇيسۇنلار دەۋرىدە «بىر» لار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئەدلىيە- قانۇن خادىملىرىنىڭ رولىنى ئوينىغان. ئۇزۇن دەۋرلەردىن بېرى شەكىللەنگەن ئادەت قانۇنى ئاساسىدا ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بۇ قانۇن ۋۇجۇدقا چىققان. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: (1) مال - مۈلۈك قانۇنى. يەر، مال - چارۋىلار ئۈستىدىكى ئەرز - دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن. (2) جىنايى ئىشلار قانۇنى. ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق قاتارلىق جىنايى ئىشلارنى جازالاش ئۈچۈن بېكىتىلگەن. (3) ئەسكىرىي ئىشلار قانۇنى. ئەسكەرلىك

مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ئەسكەرلەرنى تەشكىللەش
قاتارلىقلار ئۈچۈن بېكىتىلگەن. (4) ئەلچىلىك قانۇ-
نى. يات ئەللەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەر
ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر
بېكىتىلگەن. (5) ھەق - تەلەپ قانۇنى. توي - تۆ-
كۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ئەمەلىي قائىدە - يوسۇنلار
توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەردۇر. بۇ قانۇن ئىزچىل
ھالدا نەچچە ئەسىر ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن بولۇپ،
قازاق مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا غايەت زور
رول ئوينىغان.

«بېنوئىت دېگويىسنىڭ قىتائىغا ئەل-
چىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ئىتالىيىلىك
مېتتېيو Metteo Ricci (1552 ~ 1610) بېنوئىت
(Benoeit Gocc 1562~1607) نىڭ كۈندىلىك خاتىر-
ىسىگە ئاساسەن رەتلەپ يېزىپ چىققان ئەسەر. بېنوئىت
پورتۇگالىيىلىك مىسسىئونېر. دىنىي جەمئىيەتنىڭ
يارلىقىنى ئېلىپ موغۇل ئىمپېرىيىسى (ھازىرقى ھىن-
دىستان) غا بېرىپ دىن تارقاتقان، مىڭ سۇلالىسى ۋەن-
لىنىڭ 30 - يىلى (1602 - يىلى) ھىندىستاننىڭ
يارگې دېگەن يېرىدىن يولغا چىقىپ ئەرمەنىيىلىك سو-
دىگەرلەرگە ئەگىشىپ جۇڭگوغا كەلگەن. سەپەردە مو-
غۇللار ئىدارە قىلىۋاتقان ئاتاغ (ھازىرقى پاكىستاننىڭ
راۋالپىندى)، كابۇل (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پاي-
تەختى كابۇل) قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، پامىر ئې-
گىزلىكىدىن ھالقىپ ئىككىنچى يىلىنىڭ ئاخىرلىرى
تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يەركەن (ھازىرقى يە-
كەن) گە كەلگەن؛ يەنە قەشقەر، ئاقسۇ، قارا شەھەر،
تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى
ۋەنلىنىڭ 33 - يىلى سۇجۇ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جيۇ-
چۈەن) غا يېتىپ بارغان. ئىككى يىلدىن كېيىن شۇ
يەردە كېسەل بىلەن ئۆلگەن. بۇ كىتاب مىڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى-
نىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە مۇھىم پايدىلىنىش قىممى-
تىگە ئىگە. جاڭ شىڭلياڭ تۈزگەن «جۇڭگو - غەرب
قاتناش تارىخىي ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسى» نىڭ بىرىن-
چى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭخۇا كىتابچى-
لىق ئىدارىسى 1977 - يىلى نەشر قىلغان.

**شاھ مۇھەممەد جوراس يازغان «تاۋارىخ»**
يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك كىتاب.
شاھ مۇھەممەد بىن فازىل جوراس پارسچە يازغان ئە-
سەر. ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر قول-
يازما نۇسخىسىغا نام قويۇلمىغان، تەتقىقاتچىلار ئۇنى
«سەئىدىيە خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار» دەپ ئاتاپ
كەلمەكتە. ئاپتورنىڭ ئەجدادلىرى سەئىد خاننىڭ قىش-
قەرگە يۈرۈش قىلغان خانى ھېممەدخانغا ئەگىشىپ يەر-
كەنگە كېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇشقا ئىشتىراك
قىلغان تۆھپىكار ۋەزىرلەردىن ئىدى. مۇھەممەدخان ۋە
ئەھمەدخانلار دەۋرىدە جوراس جەمەتىنىڭ ئىمتىيازى
ئۆسۈپ، شۇ يىللاردىكى ئۇرۇشلاردا ئالاھىدە رول ئوي-
نىغان. ئاپتور ياشىغان مەزگىللەر دىنىي مەزھەپلەر
ئۇرۇشى ۋە ئىجتىمائىي زىدىيەتلەر كەسكىنلەشكەن
چاغلار بولۇپ، ئۇ توققۇز خاننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈ-
زۈشىنى، جۇڭغارلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە خانلىقنىڭ
ھالاك بولۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. «سەئىدىيە
خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ
كۆپ قىسمى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىل-
لىرى (1672~1676 - يىللىرى) دا يېزىلغان. ئاپتور
XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋاپات بولغان بولۇشى مۇم-
كىن، 70 ياشلار ئەتراپىدا ئۆمۈر كۆرگەن. «سەئىدىيە
خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ ئالدىنقى يې-
رىمى «تارىخى رەشىدىي» دىن ئېلىنغان، كېيىنكى
قىسمىنى ئۆزى يازغان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەختكە
چىققاندىن (1533 - يىلى) باشلىنىپ ئىسمائىل خان
دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرى، يەركەن خانلىقى يىمى-
رىلىشكە ئاز قالغانغىچە (1680 - يىلى) بولغان تارىخلار
يېزىلغان. ئاپتور پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار
ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي ماتېرىياللار ۋە
رىۋايەتلەر ھەمدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىسمەتلەر
بولۇپ، يەركەن خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار-
نىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتىپ كەلمەكتە. بۇ ئەسەر-
نىڭ كېيىنكى يېرىمىنى رۇسىيىلىك تەتقىقاتچى ئاكى-
مۇشكىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە تەپسىر ياز-
غان، 1976 - يىلى نەشر قىلىنغان.

«موڭغۇل ئويرات قانۇنى» تۆمۈر ئەجدىھا
يىلى ئوتتۇرا كۈزنىڭ خاسىيەتلىك 5- كۈنى (1640-
يىلى 9 - ئاي) تارباغاتاي (ھازىرقى چۆچەك) تە ئېچىل-
غان خالخا، ئويراتتىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىنىڭ ئا-
ساسلىق ئاقساقاللىرىنىڭ قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن.
قۇرۇلتاي خالخا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى جاساقتۇغ خان
بىلەن جۇڭغارلارنىڭ باتۇر خۇڭتەيجىسىنىڭ ئورتاق تە-
شەببۇس قىلىشى بىلەن ئېچىلغان بولۇپ، قۇرۇلتايغا
يەنە ئۈچ نەپەر خۇتۇقتۇ ۋە 26 نەپەر نويان قاتناشقان.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنجىن خۇتۇقتۇ، خالخا قەبىلىسىگە

تەۋە جاساقتۇ خانى سوبوتاي، تۇشەتۇخان كۇنبۇ، ئويراتلارغا تەۋە جۇڭغارلارنىڭ خانى باتۇر قۇنتەيجى، دوربۇت قەبىلىسىدىن دەيچىنقۇشچى، خوشۇت قەبىلىسىدىن گۇشخان ھەمدە ۋولگا دەرياسى بويىدىكى تورغۇت قەبىلىسىدىن خوئۇرلىق قاتارلىقلار بار ئىدى. قانۇندا لاما دىنىنىڭ گىلۇ مەزھىپى (سېرىق بۆكلۈكلەر مەزھىپى) نىڭ خالخا ۋە ئويرات قەبىلىلىرى ئىچىدىكى مۇقەددەس ئىمتىيازى مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، ئۇرۇش قىلىش مەجبۇرىيىتى، ئىجتىمائىي تەشكىلات، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ھەق - تەلەپ دەۋالىرى، جىنايى ئىشلار دەۋالىرى، دەۋا تەرتىپلىرى ھەمدە جازا بېرىش ئۆلچەملىرى قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىمە بېكىتىلگەن. بۇ كىتاب ئويراتلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى، سىياسىي ئىقتىسادى، ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشى، ئائىلە - نىكاھ ئىشلىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ، يۈكسەك تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

**«غەيرىي ئەللەر مۇندەرىجىسى»** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇلىشىننىڭ ۋولگا دەريا بويلىرىغا ئەلچىلىككە بېرىش سەپىرى خاتىرىسىدۇر. تۇلىشىن (1667~1740) ئايەنجۆلو ئۇرۇقىدىن، مانجۇلارنىڭ سېرىق تۇغلۇق خوشۇنىدىن. شەنشىنىڭ مۇپەتتىشى، لەشكىرىي پىرقە ياندىش بېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان؛ رۇس تىلىنى ياخشى بىلىدۇ. يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (1700 - يىلى) «جۇڭگو - رۇسىيە برانسكى چېگرا شەرتنامىسى» سۆھبىتىگە قاتناشقۇچى ۋە شەرتنامىگە ئىمزا قويغۇچىلارنىڭ بىرى. كاڭشىنىڭ 51 - يىلى (1712 - يىلى) يارلىققا بىنائەن سىبىرىيەدىن ئۆتۈپ ۋولگا دەرياسى بويىدىكى تۇرغۇت قەبىلىسىگە ئەلچىلىككە بېرىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. سەپەر جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن مانجۇچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا ماڭغان يوللار، تەرەپ - يۆنىلىشلەر، دەريا - ئېقىنلار، يەرلىك مەھسۇلاتلار، قەلئە - بازارلار، تۇگۈن - ئۆتكەللەر، مىللەتلەر، دىنلار، قائىدە-يوسۇنلار ۋە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلەپ يېزىپ چىققان. «تۆت خەزىنە قامۇسى» نۇسخىسى، يۇڭجېڭنىڭ مەتبەئە نۇسخىسى، «چاقناپ تۇرغان كونا پەرھىز دەستۇرلىرى» نۇسخىسى، «يورۇق زامان - مەجمۇئەسى» نۇسخىسى، «شىمالدىكى ئىلتىجا مەجمۇئەسى» نۇسخىسى قاتارلىقلار بار ھەمدە رۇسچە، ياپونچە قاتارلىق نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

**«جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»** جۇڭغارلار بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى تارىخىي كىتاب. بۇ خېلىڭ قاتارلىقلار خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن يېزىپ چىققان. جەمئىي ئۈچ بۆلۈم، 172 جىلد. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 35- يىلى (1770 - يىلى) تاماملانغان. ئالدىنقى بۆلۈمى 54 جىلد بولۇپ، كاڭشىنىڭ 39- يىلى (1770- يىلى) 7 - ئايدىن باشلىنىپ، چيەنلۇڭنىڭ 18- يىلى (1753 - يىلى) 9 - ئايغىچە يېزىلغان، غالدان ئۆلگەندىن كېيىن توپىلاڭچى ئاراپدان، غالدان ئاتا - بالا توپىلاڭچىلار مەزگىلىدىكى جۇڭغارلار بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر خاتىرىلەنگەن. ئىككىنچى بۆلۈمى 85 جىلد بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 18 - يىلى 11- ئايدىن چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 3 - ئايغىچە بولغان مەزگىللەردىكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭغارلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن غۇلجىغا كىرىپ ئامۇرسانا توپىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىپ چوڭ-كىچىك خوجىلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى يېزىلغان. ئۈچىنچى بۆلۈمى 33 جىلد بولۇپ، ئۇ چيەنلۇڭنىڭ 25- يىلى 3 - ئايدىن چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى 11 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتلاردىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش، بوز يەر ئېچىش، مەھكىمە تەسىس قىلىش، ئالۋان - سېلىقلارنى بېكىتىش قاتارلىق ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. ئاساسلىقى يارلىقلار توپلاملىرىنى ۋە ئالدىنقى سەپتىكى سەركەردىلەردىن كەلگەن دوكلاتلارنى بىرىنچى قول ماتېرىيال قىلىپ مانجۇچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغان، چيەنلۇڭنىڭ 37- يىلى ياھادىرلار سارىيى مەتبەئەگە بەرگەن.

**«غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»** خەنزۇچە بىلەن تىبەتچە، موڭغۇلچە، چاغاتايچە ئادەم ئىسىملىرى، يەر - جاي ناملىرى سېلىشتۇرۇلغان ئاتالغۇلار لۇغىتىدۇر. بۇ خېلىڭ قاتارلىقلار خاننىڭ يارلىقىغا ئاساسەن تۈزگەن، چيەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى (1763 - يىلى) تاماملانغان، 24 جىلد. رايونلارنىڭ تەرتىپى بويىچە يەر ناملىرى، تاغ - دەريالارنىڭ ناملىرى، ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى تۈزۈپ چىققان، ئۇنىڭدا ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى،

تەرەققىياتى، باغلىنىدىغان نەسەبلەر بايان قىلىنغان. چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ۋە چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق جايلاردىكى مىللەتلەرنى، ئۇلارنىڭ تارىخىنى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەمدە تىل - يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

**«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»**

ئومۇمىي نامى «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى». چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ توغرىسىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تۇنجى تەزكىرە. چيەنلۇڭنىڭ 21- يىلى (1756- يىلى) ليۇ تۇڭشۈن قاتارلىقلار خاننىڭ پەرمانى بويىچە تۈزۈپ چىقىشقا كىرىشكەن، 27 - يىلى بو خېڭ قاتارلىقلار دەسلەپكى نۇسخىسىنى تاماملىغان؛ 42 - يىلى يىڭ ليەن قاتارلىقلار خاننىڭ يارلىقىغا ئاساسەن تولۇقلاپ تۈزۈشكە باشلاپ، 47 - يىلى تاماملىغان. جەمئىي 48 جىلد، بېشىدىكى 4 جىلد 600 مىڭ خەت ئەتراپىدا. ئارخىپلارنى كىرگۈزگەندىن سىرت يەنە قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە دائىر ماتېرىياللارمۇ بار، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەزكىرىسى»نىڭ شىنجاڭ بۆلىكى مۇشۇ كىتابتىن پايدىلىنىلغان. جىلدنىڭ مۇقەددىمىسى سەلتەنەت بابى بولۇپ، ئاساسلىقى چيەنلۇڭ خاننىڭ نەزمىلىرى بايان قىلىنىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى ۋە ئەھمىيىتى خاتىرىلەنگەن؛ بىرىنچى جىلدتىن ئۈچىنچى جىلدقىچە رەسىم ۋە خەرىتە بولۇپ، سىزما خەرىتە 21 پارچە، تارىخىي خەرىتە 12 پارچە، قوشۇمچە ئىزاھات بېرىلگەن؛ تۆتىنچى جىلدتىن بەشىنچى جىلدقىچە جەدۋەل بولۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى جەدۋەللەشتۈرۈلگەن؛ ئالتىنچى جىلدتىن يەتتىنچى جىلدقىچە جايلاشقان ئورۇن بولۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنىڭ خەرىتىدىكى كەڭلىك، ئۇزۇنلۇق ئورنى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن؛ سەككىزىنچى جىلدتىن 12 - جىلدقىچە چېگرا- پاسىللار بولۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تېررىتورىيىسى، قاتناش يوللىرى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن؛ 20 - جىلدتىن 48 - جىلدقىچە ئايرىم- ئايرىم ھالدا تاغ، دەريا - كۆللەر، باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، ئەسكىرىي مۇداپىئە ئىشلىرى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسەتلىرى، باج - سېلىق، خەزىنە باشقۇرۇش، مەكتەپ، ئەمەل - مەنسەپكە قويۇش، ئۆرپ - ئادەت، كىيىم - كېچەك، يەرلىك مەھسۇلات، قارام ئەل، تەرەمكەلەر قاتارلىقلار يېزىلغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ مول بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، ئۆرپ - ئادەت، ماددىي بايلىق، ئاشقى ئىشلار، جۇغراپىيە، ئىقلىم - كىلىمات قاتارلىق ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالىدۇر. چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلىدىكى مەتبەئە نۇسخىسى، 47 - يىلىدىكى باھادىرلار سارىيى مەتبەئە نۇسخىسى، گۇاڭشۈنىڭ 19 - يىلى (1893 - يىلى)دىكى باسما نۇسخىسى ۋە گۇاڭشۈ يىللىرىدىكى سىغ مەتبەئە نۇسخىسى قاتارلىقلار بار.

**«غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»**

چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى لۇي جۈنىڭ غەربىي يۇرتتا قىلغان سەپىرىنىڭ خاتىرىسىدۇر. ئۇنى چىشىيى دېگەن ئادەم يازغان. چىشىيىنىڭ ئىسمى چۈنيۈەن، نىماچ جەمەتىدىن، كۆك تۇغلۇق خوشۇنىدىن، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ يىللىرى تەشرىپدار بولغان. ھەممە ئۆلكىلەرنى ئايلىنىپ چىققان ھەمدە ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ غەربكىمۇ بارغان. دىخۋانىڭ مۇپەتتىشى، ئاقسۇنىڭ مۇپەتتىشى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، غەربىي يۇرتتا ئۇزۇن يىل تۇرۇپ، ئۆزى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى يېزىپ، چيەنلۇڭنىڭ 42 - يىلى (1777- يىلى) ئەسەرنى تاماملىغان، كىتاب جەمئىي سەككىز جىلد. ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئەسكىرىي قوشۇنلىرىنىڭ سانى، نوپۇسى، باج - سېلىقلىرى، بايلىقى؛ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، تورغۇتلارنىڭ بىرلىشىشى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى، تۇرمۇش ئەھۋالى، دىنىي ئېتىقادى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ھەربىي راباتلار، ئۆتەڭلەرنىڭ ئورۇنلىرى ۋە ئارىلىقى؛ قازاق، بۇيرۇت (بۈگۈنكى قىرغىزلار) لار شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن. ئەسەرنىڭ باش قىسمىغا خەرىتە بېرىلگەن. مەزمۇنى مول، تارىخىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىنى، مىللەتلەر تارىخىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالىدۇر. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن چېن كاڭچى: چۈن يۈەن ھەزرەتنىڭ تىلى مول ۋە نەپىس ئىكەن، تەسۋىرلەشكە تولىمۇ ماھىر ئىكەن، بۇ ئەسەرنى قالتىس يېزىپتۇ، ئۇنى تەھرىرلەشكە توغرا كەلسە ئەڭ ياخشى جۈملىلەرنى مىدىراتمىغان تۈزۈك، دەپ ماختاپ كەتكەنىكەن. بۇ ئەسەرنىڭ

ئوخشىمىغان ناملىرى بار بولۇپ، «غەربىي يۇرت خاتىرىسى»، «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرت ھەققىدىكى كونا ئۇچۇرلار» قاتارلىق ناملاردا ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. يەنە ياپونچە، رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ بار.

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» بۇ لۇغەتنىڭ پۈتۈن ئاتىلىشى «پادىشاھلىق دەۋرىدىكى بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» دۇر. ئۇ بەش خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ تۈرلەرگە ئايرىپ چىققان سۆزلۈكلەر قامۇسىدۇر. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ مەزگىلىدىكى ئوردا تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان «چىڭ قامۇسلىرى» نىڭ بىرىدۇر. چيەنلۇڭنىڭ 55 - يىلى (1768~1769) ئەتراپىدا يېزىلىپ تاماملانغان. بۇرۇن مانجۇچە، تىبەتچە، موڭغۇلچە، خەنزۇچە يېزىلغان سېلىشتۇرما «تۆت تىللىق لۇغەت» ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلى قوشۇلۇپ موڭغۇل تىلىنىڭ كەينىگە قويۇلغان ھەمدە مانجۇ يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيە بېرىلگەن. پۈتۈن كىتابقا 18 مىڭ سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، جىلد، تارماق، تۈر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئاساسىي قىسىم ۋە قوشۇمچە قىسىم دەپ ئايرىلغان. تارىختىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى، سۆزلۈكلىرى ھەمدە باشقا تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ نەپىس ئىشلەنگەن نۇسخىسى بار. 1957 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى خانسارىيى (گۇگۇڭ) مۇزېيىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ نەشر قىلدى.

«تەزكىرەئى خوجىگان» تارىخىي كىتاب. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى يازغان. ھىجرىيەنىڭ 1182 - يىلى (1768~1769 - يىللىرى، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 33~34 - يىللىرى) تاماملانغان. ئاساسلىقى XVI ~ XVIII ئەسىرلەردىكى قەشقەر ئىسلام ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان خوجىلار جەمەتىنىڭ تارىخى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت كۈچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادى، دىنى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىق تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتى بار. چاغاتايچە قوليازما نۇسخىسى بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئىنگلىزچىغا قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە رۇسچىغا بەزى جايلىرى تەرجىمە قىلىنغان. خەنزۇچە نۇسخىسى بولسا ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، «مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى تەرجىمە ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ سەككىزىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

«غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ئىشلار» تارىخىي ۋەقەلەر خاتىرىسىدۇر. ئۇ يەنە «ئىلىنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى مەلۇماتلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەسەرنى جياچىڭنىڭ 7 - يىلى (1802 - يىلى) ئىلى جاڭجۈنى سۇڭ جۈن ۋاڭ يەنكەيگە يېزىشنى بۇيرۇغان، 10 - يىلى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان ليەن يۈنشىگە يېزىشنى بۇيرۇغان، جياچىڭنىڭ 13 - يىلى تاماملانغان. جەمئىي 12 جىلد، 130 مىڭ خەت ئەتراپىدا، سۇڭ جۈن ئىلاۋە يازغان ھەمدە كېيىن سىزغان 19 پارچە خەرىتىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: بىرىنچى جىلدىدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ھەمدە ئىلىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئېچىشى بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى جىلدىدا جەنۇب ۋە شىمالدىكى ئىككى ئۆلكىنىڭ پۈتۈن خەرىتىلىك چۈشەندۈرۈشلىرى ۋە قوشۇمچە خەرىتىلەر بېرىلگەن؛ ئۈچىنچى جىلدىدا شىنجاڭدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئېقىش يۆنىلىشلىرى، قاراۋۇلخانىلار، ھەربىي راباتلارنىڭ ئورۇنلىشىشى قاتارلىقلار بايان قىلىنغا؛ تۆتىنچى جىلدىدىن توققۇزىنچى جىلدىغىچە ئىلى رايونىنىڭ ئىدارە قىلىنىشى، شەھەر - بازارلىرى، ئىبادەتخانىلار، باج - سېلىقلار، ئاشلىق ئامبارلىرى، ئەسكىرىي ئىشلار، بوز يەر ئېچىش، خەزىنە باشقۇرۇش، مەكتەپلەر، يايلاقلار، قاراۋۇلخانىلار قاتارلىقلار بايان قىلىنغان؛ 10 - جىلدىدا تارغاباتاي (بۈگۈنكى چۆچەك)، ئۈرۈمچى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان؛ 11 - جىلدىدىن 12 - جىلدىغىچە تورغۇت موڭغۇللىرى، قازاق، بۇيرۇت (بۈگۈنكى قىرغىز) لار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ جياچىڭ ۋە داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى كۆپ خىل نۇسخىلىرى، مىنگو دەۋرىدىكى تاش مەتبەئە نۇسخىسى، يېقىنقى زامانلاردىكى باسما نۇسخىسى بار.

«شىنجاڭ ھەققىدە مەلۇمات» تارىخىي ۋەقەلەر خاتىرىسىدۇر. چىڭ سۇلالىسى جياچىڭنىڭ 15 - يىلى (1810 - يىلى) ئىلى جاڭجۈنى سۇڭ جۈن شۇسۇڭغا ئىلىنى تىنچىتىش جەريانىغا ئاساسەن ئارخىپ

ۋە ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، لىيەن يۈنشى قاتارلىقلار يازغان «غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇشقا دائىر ئىشلار خاتىرىسى»نى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى بۇيرۇغان. داۋگۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى (1821 - يىلى) يېزىپ تاماملىغان، پۈتۈن ئەسەر 12 جىلد، بىرىنچى جىلد 28 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئىلگىرىكى ئەسەردىن بىر ھەسسە كۆپ. سۇڭ جۈن داۋگۇاڭ خان بىلەن كۆرۈشكەندە داۋگۇاڭ خان ئۇنىڭغا ئىلاۋە يېزىپ بەرگەن ھەمدە كىتاب نامىنى «سەلتەنىتىمىزدىكى شىنجاڭ ھەققىدىكى مەلۇماتلار» دەپ ئاتىغان. بىرىنچى جىلددا چيەنلۇڭ خانىنىڭ نەزمىلىرى بېرىلگەن، ئۇنىڭدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى بايان قىلىنغان. بىرىنچى جىلدتىن تۆتىنچى جىلدغىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىنجاڭنىڭ پۈتۈن خەرىتىسى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ خەرىتىسى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خەرىتىسى، ئىلىنىڭ خەرىتىسى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى، تاغ - دەريالىرى، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى، يوللىرى، قاراۋۇلخانىلار، رابات - ئۆتەڭلەر يېزىلغان؛ 5 - جىلدتىن 12- جىلدغىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىدارە قىلىش تۈزۈملىرى، ئەسكەرلەرنىڭ سانى، بوز يەر ئېچىش ئەھۋالى، تىجارەت، زاپاس ساقلاش، مالىيە، چېگرا مۇداپىئەسى، تاشقى ئالاقە قاتارلىق مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ ئىلى رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، ئەسكىرىي ئىشلار، چېگرا مۇداپىئەسى ۋە قازاق، بۇيرۇت (بۈگۈنكى قىرغىز) لار چېگرىلىرىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئىلى رايونىدىكى قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلدارلارنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك - چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ ئىلى رايونىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيالدۇر. ئۇنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى نۇسخىسى، گۇاڭشۈنىڭ 8 - يىللىرىدىكى مىخ مەتبەئە نۇسخىسى ۋە تاش مەتبەئە نۇسخىلىرى بار.

«مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» تەزكىرە كىتاب. چىڭ دەۋرىدىكى خې نىڭ يازغان. خې نىڭ (?~ 1821)، تەخەللۇسى تەيئان، ئېردېت جەمەتىدىن، موڭغۇللار ئىچىدىكى سېرىق جەيەكلىك تۇغلۇقلاردىن. چيەنلۇڭنىڭ 36 - يىلى (1771 - يىلى) تەشرىپدار بولغان، جياچىڭنىڭ 7 - يىلى (1802 - يىلى) شەندۇڭدا سەييارە سىلاۋچى بولغاندا شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ يەركەننىڭ ياردەمچى ئامبىلى، قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى 12 - جىلد. بىرىنچى جىلددا چيەنلۇڭ خانىنىڭ نەزمىلىرى بېرىلگەن، ئىككىنچى جىلدتىن ئالتىنچى جىلدغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكى شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلگەن، يەتتىنچى جىلدتىن 11 - جىلدغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەر بىلەن قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان، 12 - جىلددا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بايان قىلىنغان. مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) مىخ مەتبەئە نۇسخىسى ئېلان قىلىنغان، ئىلاۋىسىنى شېن رۇيىي يېزىپ بەرگەن.

«ئۈچ ئايماق ھەققىدە مەجمۇئە» تەزكىرە كىتاب. چىڭ دەۋرىدىكى خې يىڭ يازغان. خې يىڭنىڭ ئەسلىي ئىسمى خې نىڭ (?~1821)، داۋگاڭ خانىنىڭ يارلىقى بىلەن ئۆزگەرتكەن ئىسمى تەيئان، ئېردېت ئۇرۇقىدىن، موڭغۇللار ئىچىدىكى سېرىق جىيەكلىك تۇغلۇقلاردىن. چيەنلۇڭنىڭ 36- يىلى (1771-يىلى) تەشرىپدار بولغان، جياچىڭنىڭ 7 - يىلى (1802 - يىلى) شەندۇڭنىڭ سەييارە سىلاۋچىسى بولغاندا شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ يەركەننىڭ ياردەمچى ئامبىلى، قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان، 11 - يىلى ئاستانىگە قايتقان، ئۈرۈمچى دۇتۇڭى بولغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمايلا 13 - يىلى ئوردىنىڭ يارلىقى بىلەن ئاستانىگە قايتىپ بارغان. شۇ يىلى ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇلنىڭ تەزكىرىسىنى يازغان، بۇ جايلارغا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ناملىرى بويىچە ئېۋۇرغول، قوچو، بېشبالىق دەپ كونا نامىنى ئاتىغان. ئەسەر توققۇز جىلد، 150 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئىدارە قىلىش، زاپاس ساقلاش، نوپۇس، باج-سېلىق، بوز يەر ئېچىش، ئەمەلدارلىق بېجى، ئاشلىق ئامبارلىرى، گازارما، ئۆتەڭلەر، قائىدە - يوسۇنلار، مەكتەپلەر، مەھەللىلەر، ناخشا - ئۇسسۇل، ماددىي بايلىق قاتارلىق تۈرلەر بويىچە يېزىلغان. چىڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ تەرەققىياتلىرى، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقى، قاتنىشى قاتارلىق تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالىدۇر. ئۇنىڭ جياچىڭ يىللىرىدىكى نۇسخىسى ۋە مىنگو يىللىرىدىكى نۇسخىلىرى بار.

**«غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»** تارىخ ـ جۇغراپىيە توغرىسىدىكى ئەسەر. چىڭ دەۋرىدىكى شۈ سۇڭ يازغان. شۈ سۇڭ (1781~1848)، تەخەللۇسى شىڭ بۇ، داشىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ شەھىرى) لىق، جىياچىڭنىڭ 10 ـ يىلى (1805 ـ يىلى) تەشرىپدار بولغان، چىڭ سۇلالىسىدىكى غەربىي شىمالنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيە ئىلمىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، 17 ـ يىلى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ كىتاب جەمئىي بەش جىلدلىق، ئۇنىڭغا يەنە 24 پارچە خەرىتە بېرىلگەن. بىرىنچى، ئىككىنچى جىلدلىرىدا لوپنۇر (بۈگۈنكى لوپنۇر كۆلى) نىڭ سۇ ئەھۋالى، ئۈچىنچى جىلدىدا قارانۇر (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭدىكى قاراسۇ كۆلى) نىڭ سۇ ئەھۋالى، باركۆلنىڭ سۇ ئەھۋالى، ماناس كۆلىنىڭ سۇ ئەھۋالى، ئېبنۇر كۆلىنىڭ سۇ ئەھۋالى، تۆتىنچى جىلدىدا بالقاش كۆلى (بۈگۈنكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى بالقاش كۆلى) سۇ ئەھۋالى، بەشىنچى جىلدىدا سايرام كۆلىنىڭ سۇ ئەھۋالى، تۆمۈرتى نۇر (بۈگۈنكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئىسسىق كۆل) نىڭ سۇ ئەھۋالى، ئالاقتوغولنۇر (بۈگۈنكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئالار كۆلى) نىڭ ئەھۋالى، گېلىزار باشنۇر كۆلى (بالتىق دېڭىزى) نىڭ، زەيسان كۆلى (قازاقىستاندا) نىڭ سۇ ئەھۋالى يېزىلغان. زەيسان كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئېرتىش دەرياسىدىن باشقا دەريالارنىڭ ھەممىسى ئىچكى دەريالاردۇر. ئەسەر دەريا ئېقىنلىرىنى ئاساس قىلغان. ئۇنىڭدا يەنە دەريالارنىڭ ھاۋزىلىرىدا بەرپا بولغان مەھكىمىلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلىرى، قانۇن ـ تۈزۈملەر، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، شەھەر ـ قىشلاقلىرى، قاراۋۇلخانا، ھەربىي راباتلىرى، كان ـ يايلاقلىرى، جايلاشقان ئورنى، مەدەنىيەت ئىزلىرى يېزىلغان بولۇپ، تارىخىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلگەن ئەسەردۇر. داۋگۇاڭنىڭ 3 ـ يىلىدىكى نۇسخىسى، «غەربىي يۇرت ـ 3» نۇسخىسى، گۇاڭشۇ يىللىرىدىكى شائخەي تاش مەتبەئە نۇسخىسى قاتارلىق نۇسخىلىرى بار.

**«مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تىنچىتىش، ئاسىيلار ئەۋلادلىرىنى جازالاش تەدبىرلىرى»** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمىدۇر. ساۋ جىنيۇڭ، جاۋ شېڭكۈي قاتارلىقلار تۈزگەن. داۋگۇاڭنىڭ 10 ـ يىلى (1830 ـ يىلى) تاماملانغان، جەمئىي 80 جىلد، مۇقەددىمىسى 6 جىلد. جىياچىڭنىڭ 25- يىلى (1820- يىلى) جاھانگىر خوجا تاجاۋۇز قىلىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان، داۋگۇاڭنىڭ 9 ـ يىلى توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن چىڭ ئوردىسى خېيبېينىڭ سەييارە سىلاۋچى بېگى بىلەن ئوردىدىكى ۋەزىر نايەنچېڭنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇ كىتاب خاننىڭ يارلىقلىرى، ئوردا پەرمانلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىنتايىن مول ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى، مىللەتلەر تارىخى ھەمدە سىرتقى مۇناسىۋەت تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ باھادىرلار مارىيىدا چىققان نۇسخىسى بار.

**«مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار»** قائىدە ـ تۈزۈملەر توپلىمى. ئەسەرنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «پادىشاھنىڭ يارلىقى بىلەن مۇسۇلمان يۇرتلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن قائىدە ـ نىزاملار» دۇر. چىڭ سۇلالىسى جىياچىڭنىڭ 16- يىلى (1811- يىلى) ۋاسساللار مەھكىمىسى «موڭغۇللار ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار» نى تۈزگەندە، خاننىڭ يارلىقى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر رايونلىرى ئۈچۈن قائىدە-نىزاملار توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان، 20 ـ يىلى تاماملانغان. داۋگۇاڭنىڭ 10- يىلى (1830- يىلى) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوجىلار ئەۋلادى جاھانگىر، يۈسۈپ خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن ئەسلىدىكى قائىدە-نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ يېڭى قائىدە ـ نىزاملارنى ئورناتقان. 13 ـ يىلى ۋاسساللار مەھكىمىسى ئەسلىي ئەسەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، 22 ـ يىلى تاماملاپ تارقاتقان. پۈتۈن ئەسەر سەككىز جىلد، 136 بەت، ئۇنىڭ ئىچىدە بۇرۇنقى قائىدە ـ نىزاملار 26 ماددا، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگىنى 65 ماددا، قوشۇلغىنى 38 ماددا، يەنە بەش بەت قوشۇمچىسى بار. ئۇنىڭ مەزمۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق ساھەلىرى بىلەن چېتىشلىق بولۇپ، چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيالدۇر. ئۇنىڭ داۋگۇاڭنىڭ 34- يىلى (1908 ـ يىلى) دىكى مىخ مەتبەئە نۇسخىسى بىلەن 1988 ـ يىلى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردىكى ۋەسىقىلەر كاتالوگىنى توپلاش مەركىزى تۈزگەن «موڭغۇللار ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قائىدە ـ نىزاملار»

قوشما مەجمۇئە نۇسخىسى بار.

**«سەلتەنىتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات»** مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ماتېرىيال خاراكتېرىدىكى ئەسەر. چىڭ دەۋرىدىكى چى يۈنشى تۈزگەن. جاڭ مۇ قايتا كۆرۈپ چىققان. دەسلەپتە چى يۈنشى «سىرتقى ۋاسساللار موڭغۇل - مۇسۇلمان ۋاڭ - خوجىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»نى تۈزگەندە تۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن. داۋگۇاڭنىڭ 17 - يىلى (1837 - يىلى) زى جۇنساۋ جياڭسۇنىڭ مۇپەتتىشلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ماۋ يۈشېڭغا ھاۋالە قىلىپ «ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات»نى يازدۇرغان. ئۇنىڭدا ئىچكى موڭغۇل ھەققىدە ئىككى جىلد، خالخالار ھەققىدە ئالتە جىلد، ئويراتلار ھەققىدە ئالتە جىلد، مۇسۇلمانلار ھەققىدە ئىككى جىلد، تىبەت ھەققىدە ئىككى جىلد بولۇپ، جەمئىي 18 جىلد. كېيىن سۇڭ جىڭچاڭ تەرىپىدىن قوشۇمچە قوشۇلغان، شۇ سۇڭ قايتا تۈزۈپ چىققان، جاڭ مۇ قايتا تەھرىرلىگەن تۆت جىلدلىق «سەلتەنىتىمىزدىكى ۋاسساللار توغرىسىدىكى ئومۇمىي مەلۇمات»نى، جەمئىي 22 جىلدلىق ئەسەرنى داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى قايتا بېسىپ چىققان. ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن بورىجىگىن (خەنزۇچە ئىسمى باۋ ۋېنخەن) بېيجىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدىكى جاڭ مۇ ئۆز قولى بىلەن ئۆزگەرتىپ بېكىتكەن نۇسخىنى رەتلەپ چىقىپ، «چىڭ سۇلالىسىدىكى ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇماتنىڭ كوپىيىسى» دېگەن نام بىلەن خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 - يىلى نەشر قىلىپ تارقاتقان.

**«موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر»** تارىخ - جۇغراپىيىگە دائىر ئەسەر. چىڭ دەۋرىدىكى جاڭ مۇ يازغان، خې چيۇتاۋ يازغان. جاڭ مۇ (1805~1849)، شەنشىنىڭ پىڭدىڭ دېگەن يېرىدىن، غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيە ئىلمى مۇتەخەسسىسى. داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى بۇ كىتاب دەسلەپكى قەدەمدە يېزىلىپ بولغان، لېكىن ئاخىرقى تۆت جىلد تېخى تىزىلىپ بولالماي جاڭ مۇ قازا قىلغان. خې چيۇتاۋ ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ ئۇنىڭغا تولۇقلىما يازغان. شيەنفېڭنىڭ 9 - يىلى (1858- يىلى) چى جۈنساۋ تەرىپىدىن مەبلەغ چىقىرىلىپ قايتا چىقىرىلغان. پۈتۈن كىتاب جەمئىي 16 جىلد بولۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالى، جەنۇبى، غەربىدىكى موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى جاساقلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلەر، جۇغراپىيىلىك ئورنى، خوشۇنلىرى تۇرۇشلۇق جايلار، يايلاقلىرىنىڭ دائىرىسى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورنى، خانلىق ئۆلپانلارنى توشۇيدىغان يوللار، دەريا - ئېقىنلار، شەھەر - بازار ۋە ئىبادەتخانىلار، قاراۋۇلخانا - رابات قاتارلىقلار يېزىلغان. ماتېرىياللىرى تەپسىلىي بولۇپ، تۈجۈپىلەپ تەھرىرلىگەندىن كېيىن بېسىپ چىقىلغان. ئۇنىڭ شيەنفېڭ يىللىرىدىكى مەتبەئە نۇسخىسى، تۇڭجى يىللىرىدىكى مەتبەئە نۇسخىسى ۋە گۇاڭشۈ يىللىرىدىكى تاش مەتبەئە نۇسخىسى قاتارلىقلار بار. يەنە رۇسچە، ياپونچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

**«سىرتقى ۋاسساللار موڭغۇل - مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى شاھزادە - بەگلەرنىڭ تەزكىرىسى»**

تارىخىي كىتاب. چى يۈنشى قاتارلىقلار پەرمان بىلەن يېزىپ چىققان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى (1779 - يىلى) 8 - ئايدا موڭغۇللارنىڭ جاساقلىرىنى تىزىملاش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈلۈپ، تەپسىلىي ئارخىپ تۇرغۇزۇلغان. قەبىلىلەرنى بىرلىك قىلىپ ئالاھىدە ئىش - ئىزلىرى بار ۋاڭ - گۇڭلار خاتىرىلەنگەن، قەبىلىلەر تەزكىرىسىنىڭ كەينىگە ھەربىر شەخسنىڭ تەزكىرىسى بېرىلگەن؛ مانجۇچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە ئۈچ خىل يېزىق بىلەن روبىخەتكە ئېلىنغان. خەنزۇچە مۇندەرىجە بويىچە «تۆت كىتاب خەزىنىسى»گە كىرگۈزۈلگەن. يارلىقتا ئۇيغۇر شاھزادە - بەگلەرنىڭ تەزكىرىسىمۇ مۇشۇ ئۇسلۇبتا بىر تەرەپ قىلىش بۇيرۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 47 - يىلى چى يۈنشى يارلىققا بىنائەن بۇ ئىشقا رىياسەتچىلىك قىلىپ، چيەنلۇڭنىڭ 54 - يىلى دەسلەپكى قەدەمدە پۈتۈپ رەتلىنىپ، تەھرىرلىنىپ، چيەنلۇڭنىڭ 60 - يىلى رەسمىي تاماملانغان. ئۈچ خىل يېزىقنىڭ ھەربىرى 120 جىلد، ئۇنىڭ ئىچىدە شاھزادە - بەگلەرنىڭ شەجەرىلىك تەزكىرىسى 16 جىلد، ۋاڭ - گۇڭلار تەزكىرىسى 104 جىلد بولۇپ، شۇ يىلى باھادىرلار سارىيى تەرىپىدىن بېسىپ چىقىرىلغان، جياچىڭنىڭ 7 - يىلى (1802 - يىلى)، داۋگۇاڭنىڭ 16 - يىلى (1836 - يىلى)، داۋگۇاڭنىڭ 29 - يىلى قايتا - قايتا تۈزىتىلگەن. ئەسلىي نۇسخىسىنى ۋە كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى لى خېڭ «خانىدانلىقنىڭ قىرانلىق دەۋرىگە ئاتالغان ئەسەرلەرنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى»غا كىرگۈزگەن.

«لىيۇ ھەزرەتلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى» مەلۇماتلار توپلىمى. لىيۇ جىنتاڭ يازغان. جىنتاڭنىڭ تەخەللۇسى يىجەي، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى سەركەردە. گۇاڭشۇنىڭ 2 - يىلى (1876 - يىلى) زوزۇڭتاڭنى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، خۇنەن قوشۇنىنى باشلاپ شىنجاڭغا كىرىپ، قوقەنت (ھازىر ئۆزبېكىستان تەۋەلىكىدە) لىك ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىدىن شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان؛ 6 - يىلى شىنجاڭدا ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل ۋەزىر بولغان، 10- يىلى شىنجاڭغا سەييارە سىلاۋچى بولغان؛ 15 - يىلى يۇرتىغا قايتقان، كېسەل بىلەن شۇ يەردە ئۆلگەن. بۇ ئەسەرگە شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلىرىدىكى دوكلاتلىرى يىغىنچاقلانغان. ئەسەر جەمئىي 16 جىلد بولۇپ، گۇاڭشۇنىڭ 4 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ 20 - يىلى 3- ئايغىچە بولغان ئىشلار خاتىرىلەنگەن. ئەسەر شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، ئۆلكە تەسىس قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاشقى ئالاقىلەر قاتارلىق مەزمۇنلارغا چېتىشلىق بولۇپ، چىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، ھەربىي ئىشلىرى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيالدۇر. گۇاڭشۇنىڭ 24 - يىلى خۇنەننىڭ چاڭشا شەھىرىدە بېسىلغان مەتبەئە نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى بار.

«شىنجاڭنى تىنچىتىش خاتىرىسى» تارىخىي ئەسەر. يەنە بىر نامى «شىنجاڭدىكى توپىلاڭنى تارمار قىلىش خاتىرىسى»، چىڭ دەۋرىدىكى ۋېي گۇاڭشۇ يازغان. گۇاڭشۇنىڭ تەخەللۇسى ۋۇجۇاڭ، خۇنەننىڭ شاۋياڭ دېگەن يېرىدىن. گۇاڭشۇنىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى) گەنسۇنىڭ پەرمەنبەردارلىقىدىن شىنجاڭنىڭ پەرمەنبەردارلىقىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. خۇاڭ بىنكۇن قاتارلىقلارغا يارلىق چىقىرىپ بۇ ئەسەرنى يازدۇرغان؛ 20 - يىلى شەنشى ئۆلكىسىگە سەييارە سىلاۋچى بولغاندا ياڭ دىياۋيۈەنگە قايتىدىن رەتلەپ چىقىش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن. جەمئىي سەككىز جىلد، ئالدىنقى تۆت جىلدى ئۇرۇش خاتىرىسى يىل تەرتىپلىرى بولۇپ، تۇڭجىنىڭ 3- يىلى (1864- يىلى) دىكى كۇچا قوزغىلىڭىدىن باشلاپ گۇاڭشۇنىڭ 9 - يىلى (1883 - يىلى) غىچە بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي مەھكىمىلەر، ۋىلايەت - ئوبلاست، نازارەت، ناھىيىلەردىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىشلىرى يېزىلغان، كېيىنكى تۆت جىلدىدا ئاشلىق ئامبارلىرى، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش، ئۆلكە تەسىس قىلىش قاتارلىق ئىشلار يېزىلغان. يېقىنقى زامان تارىخىدىكى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياقۇپبەگنى يوقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈشى، ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش، چاررۇسىيە بىلەن بولغان چېگرا مۇناسىۋىتى ۋە سودا - ئالاقە ئىشلىرى، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنىشى قاتارلىق بىرقاتار مۇھىم ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيالدۇر. گۇاڭشۇنىڭ 25 - يىلىدىكى مىغ مەتبەئە نۇسخىسى بار، ئۇنىڭغا ۋېي گۇاڭشۇنىڭ سۆز بېشى ئىلاۋىسى بېرىلگەن. 1953 - يىلى جۇڭگو تارىخچىلار جەمئىيىتى تۈزگەن «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار. مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى» مەجمۇئەسىنىڭ بەشىنچى قىسمىغا خۇاڭ بىنكۇن قاتارلىقلار يازغان ئەسلىي نۇسخىدىن ئاز - تولا قىسقارتىلىپ بېرىلگەن ئابزاسلار بار.

«ئالتۇن مەپە خاتىرىلىرى» تاشقى ئالاقە ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر. ئاپتورى ئېنىق ئەمەس، زېڭ جىزېنىڭ كاتىپلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇنىڭ 6 - يىلى (1880- يىلى) ئەنگلىيە - فرانسىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچى زېڭ جىزې رۇسىيىگە سۆھبەتكە بېرىپ چوڭخۇ ئىمزالىغان رۇسىيىنىڭ ئىلىنى ئىگىلىۋېلىشى توغرىسىدىكى شەرتنامىنى ئۆزگەرتىپ كېلىش يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن ئىككىنچى يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە چاررۇسىيىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى گېرس، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن ئون نەچچە كۈنلۈك سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. رۇسىيە تەرەپ ئۆزگەرتىشكە قوشۇلۇپ باشقىدىن «جۇڭگو- رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ھەم «جۇڭگو - رۇسىيە قۇرۇقلۇق قاتنىشى سودا پروگراممىسى»نى تۈزگەن، بۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئابرۇيىنى ئاز- تولا تىكلەپ بىر قىسىم ھوقۇقلارنى قايتۇرۇۋېلىپ كەلگەن. سۆھبەتتە ئىككى تەرەپ قاتتىق مۇنازىرە قىلىشقان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەسەردە خاتىرىلەنگەن، جەمئىي تۆت جىلد، بۇ جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر. كىتابپۇرۇشلاردا تارقىلىپ يۈرگەن ئويما مەتبەئە نۇسخىسى كۆپ، ئەڭ كەڭ تارقالغىنى گۇاڭشۇنىڭ 13 - يىلىدىكى ئويما نۇسخىسى، گۇاڭشۇنىڭ 22- يىلى تاش مەتبەئە بىلەن بېسىلغان نامىنى «جۇڭ-

گو - رۇسىيە مۇناسىۋىتى خاتىرىسى» دەپ ئاتىغان نۇسخىسى، زىلڭ جىزى يازغان مىنگو دەۋرىدىكى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان نامى «ئىلى شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى جەريانىدىكى جۇڭگو - رۇسىيە سۆھبىتى خاتىرىسى» دەپ ئاتىغان نۇسخىسى قاتارلىقلار بار.

**«تارىخى ھەمىدى»** تارىخىي ئەسەر. «تارىخى ھەمىدىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. موللا مۇسا سايرامى، يەنى موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا (تەخمىنەن 1838~1917) يازغان. موللا مۇسا سايرامى شىنجاڭنىڭ باي ناھىيىسىدىن. كىتاب ھىجرىيە 1326 - يىلى (1908 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 34 - يىلى) يېزىلىپ تاماملانغان. بۇ مۇئەللىپنىڭ بەش يىل بۇرۇن يېزىلغان «تارىخى ئەمىنىيە» گە يېزىلغان تۈزىتىش ۋە تولۇقلىمىسىدىن ئىبارەت. دىنغا دائىر دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي رىۋايەتلەردىن باشقا، ئۇنىڭدا تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى) دىكى كۇچا قاتارلىق جايلاردا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى، بەدۆلەتنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ شىنجاڭنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ كېلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن. مۇئەللىپنىڭ ئۆزىمۇ كۇچادىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان، بەدۆلەت دەۋرىدە بەدۆلەتنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابا بەگ ھىسارىغا مەخسۇس مىرزا بولغان. ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى خاتىرىلەپ بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان، تەپسىلاتلار ئىشەنچلىك بولۇپ، پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى چوڭ. ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، دىنى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالىدۇر. ئۇنىڭ چاغاتايچە نۇسخىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاش مەتبەئە نۇسخىسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ كوپىيىسى بار.

**«شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان قاراقچىلىرىنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»** مەلۇماتلار توپلىمى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ماتېرىياللار توپلىمىدۇر. ئۇنىڭدا شاھىن شاھىنىڭ سەلتەنىتىگە ئوقۇلغان ئاپىرىننامە قاتارلىق مەزمۇنلار بار. گۇاڭشۈنىڭ 14- يىلى (1888 - يىلى) يېزىلىشقا باشلىنىپ 22 - يىلى تاماملانغان، 320 جىلد، مۇقەددىمە قىسمى ئايرىم بىر جىلد. شيەنفېڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدا خوجىلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان ۋەلىخان تۆرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ مالىمانچىلىق قىلىشى يۈز بەرگەن. شەنشى، گەنسۇلاردا مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، تۇڭجىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئۇرۇش ئوتى شىنجاڭغا تۇتاشقان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەنت (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان تەۋەلىكىدە) لىك ھەربىي قوماندان ياقۇپبەگ كۆرۈۋېلىپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا كىرىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچى رايونىنى ئىگىلىگەن؛ چاررۇسىيەمۇ ئەسكەر چىقىرىپ ئىلى رايونىنى بېسىۋالغان؛ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغان. چىڭ ئوردىسى ئەسكەر چىقىرىپ ۋەلىخان توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، شەنشى، گەنسۇلاردىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىنى تىنچىتىپ، بەدۆلەت قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغان ھەمدە ئۆلكە تەسىس قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەييارلىقىنى قىلغان. بۇ ئەسەردە شيەنفېڭنىڭ 5 - يىلى (1855 - يىلى) 8 - ئايدىن گۇاڭشۈنىڭ 14 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتلاردىكى دوكلاتلارنىڭ مەزمۇنى، ئوردىنىڭ پەرمانلىرى يىغىنچاقلانغان، مەزمۇنى ناھايىتى مول، تارىخىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، يېقىنقى زامان تارىخىنى، مىللەتلەر تارىخىنى، چېگرا رايونلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيالدۇر. ئۇنىڭ گۇاڭشۈنىڭ 23- يىلىدىكى نۇسخىسى بار.


**«شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەتنىڭ تەزكىرىسى»** تەزكىرە ئەسەر. ئاپتورى ئېنىق ئەمەس. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 13 - يىلى (1887- يىلى) دىن 16- يىلىغىچە بولغان ۋاقىتلاردا يېزىلغان. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى - چۆچەك ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق مەھكىمىلەر، نازارەتلەر، ئايماقلار، ناھىيىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى دائىرىلەر، بازارلار، تاغ - دەريالار، قاراۋۇلخانىلار، راباتلار، يايلاقلار، قەبىلىلەر قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى سىياسىي، ئىقتىسادى، مىللەتلەر، تاشقى مۇناسىۋەتلەر قاتارلىق ساھەلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتى بار. ئۇنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى تارقىلىپ يۈرگەن بولۇپ، يېقىنقى زامان تەيۋەنلىك مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «جۇڭگونىڭ يەرلىك تەزكىرىسى» مەجمۇئەسىگە كىرگۈزۈلگەن.

«يۇەن سۇلالىسى تارىخىنىڭ تەرجىمە تولۇق-
لىمىسى» تارىخىي ئەسەر. خۇڭ جۈن
(1839～1893) يازغان. خۇڭ ھەزرەت گۇاڭشۈنىڭ
13 - يىلى (1887 - يىلى) دىن 16 - يىلىغىچە چاررۇ-
سىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، گوللاندىيە قاتارلىق
تۆت دۆلەتكە ئەلچىلىككە بارغاندا رۇسىيىلىك بېلېجىن
تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان راشىددىننىڭ «جامىئۇل
تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىكى «قەبىلىلەر تەزكىرىسى»
ۋە «چىڭگىزخان» قىسمى ھەمدە ئەرمىنىيىلىك دوس-
سانىڭ «موڭغۇل تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى قولغا
چۈشۈرگەن، كرېيېر (Kreyer) قاتارلىقلار خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلىپ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى» نى تېخىمۇ
ياخشى ئىسپاتلار بىلەن دەلىللەپ تولۇقلىغان. كوپىيە-
سى ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن
تاماملانغان. خۇڭ جۈن ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىدا ئەس-
لىي كوپىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا تاپشۇرغان، چىڭ
ھۆكۈمىتى ئەسەرنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن شېن زېڭ-
جى، لۇ رۇيياڭ قاتارلىقلارغا ھاۋالە قىلغان. گۇاڭشۈ-
نىڭ 23 - يىلى لۇ رۇيياڭ بۇ ئەسەرنى بېسىشقا بەر-
گەن. ئەسەر 30 جىلد بولۇپ، ئۇنىڭ 10 جىلدىنى
بېكىتىپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، خۇڭ ھەزرەت ئۆل-
گەندىن كېيىن ئەسلىي كوپىيىسى يوقاپ كېتىپ مۇندە-
رىجىسىلا قالغان. بىرىنچى جىلدى «تەيزۇنىڭ نەسەبنا-
مىسىنىڭ تەرجىمىسى» «جامىئۇل تەۋارىخ. چىڭگىز-
خان نەسەبنامىسى» دىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان،
قالغان جىلدلىرى ئاساسەن دوسساننىڭ كىتابىدىن ئې-
لىنغان، ھەممىسى ئىزاھات ۋە ئىسپاتلاردۇر. خۇڭ
ھەزرەتنىڭ موڭغۇللارنىڭ دەسلەپكى باسقۇنچىلىكى قو-
رۇلۇشى ۋە يۇەن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى تارىخ ھەققىدە-
كى قوشقان تۆھپىلىرى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، غەربىي
شىمالنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەپسىلىي يازغان.
ئۇ غەربنىڭ كىتابلىرىدىن نەقىل ئالغان، بۈگۈنكى
كۈندە نۇرغۇنلىغان خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئە-
سەرلەر بار بولسىمۇ، بۇ ئەسەر جۇڭگولۇق مۇتەخەس-
سىسلەرنىڭ تۇنجى بولۇپ چەت ئەلچە ئەسەرلەرنى تەر-
جىمە قىلىپ يۇەن سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشى
ۋە غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلى-
شى بولۇپ ھېسابلىنىپ، جۇڭگو يۇەن سۇلالىسى تار-
خى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ كېيىنكىلەر
ئۈچۈن چوڭ تەسىر قوزغىدى.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»
تەزكىرە ئەسەر. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرغۇز-
غان باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا تۈزەتكەن، ۋاڭ شۇ-
دەن، ۋاڭ شۆزىڭ قاتارلىقلار يازغان. شۈەنتۇڭنىڭ
تۇنجى يىلى (1909 - يىلى) شىنجاڭدا تەزكىرە ئىدا-
رىسى قۇرۇلغاندا يۆتكەپ كېلىنگەن ۋە سۈرگۈن قىلىن-
غان نۇرغۇن كىشىلەر ئىككى يىلدەك ئىشلەش ئارقى-
لىق، شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى يېزىپ تاماملىغان بو-
لۇپ، جەمئىي 116 جىلد، كىرىش سۆز قىسمى بىر
جىلد. ئۇنىڭدا تەسىس قىلىنغان مەھكىمىلەر، چېگرا-
لار، خانلىق يارلىقلىرى، ۋاسساللار، ئەمەلدارلىققا
ئولتۇرۇش، كەسىپلەر، باج - سېلىقلار، يېمەك
- ئىچمەكلەر، مۇراسىملار، مەكتەپلەر، مەمۇرىي
ئىشلار، قائىدە - يوسۇنلار، ئەسكىرىي تۈزۈملەر، ماد-
دىي بايلىقلار، تاشقى مۇناسىۋەتلەر، تاغ تىزمىلىرى،
تۇپراق، دەريا ئېقىنلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى،
كارۋان يوللىرى، قەدىمىي خارابىلەر، مەدەنلەر،
سەنئەت، دوكلات يىغىنلىرى، داڭدار ۋەزىر -
ۋۇزرالار، قەھرىمانلار، ھېيت - ئايەملەر، شەخسلەر
قاتارلىقلارنىڭ مەخسۇس تەزكىرىسى بار. ئۇ يەرلىك
ئارخىپلاردىن، شەخسلەرنىڭ ئائىلە نەسەبنامىلىرىدىن،
يېزا - قىشلاقلارنىڭ تەزكىرىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدى-
لىنىلغان بولۇپ، ماتېرىياللار خېلى تولۇق دېيىشكە
بولىدۇ. پۈتۈن ئەسەر 1 مىليون 500 مىڭ خەتلىك
بولۇپ، كۆلەم جەھەتتىن ھەرقايسى دەۋرلەردىكى شىن-
جاڭ تەزكىرىسىگە دائىر ئەسەرلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ.
ئۇنىڭ شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلىدىكى تەزكىرە ئىدارىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلغان نۇسخىسى، ئىلى كىتاب باشقۇ-
رۇش ئىدارىسى چىقارغان نۇسخىسى، مىنگونىڭ 12 -
يىلى (1923 - يىلى) تيەنجىن شەرقشۇناسلىق جەمئى-
يىتى قايتا تەھرىرلەپ چىققان تاش مەتبەئە نۇس-
خىسى، 1965 - يىلى تەيبېي ۋېنخەي نەشرىياتى تەرىپى-
دىن چىقىرىلغان كاتولوگلار نۇسخىسى، 1983 - يىلى
بېيجىڭ مەدەنىيەت سارىيى تەرىپىدىن چىقىرىلغان شا-
پىگرافتا بېسىلغان نۇسخىسى، 1992 - يىلى شاڭخەي
قەدىمىي كىتابلار نەشرىياتى نەشر قىلغان كاتولوگ بى-
لەن سۈرەت قوشۇپ بېرىلگەن نۇسخىسى قاتارلىقلارنىڭ
ھەممىسى تيەنجىن تاش مەتبەئە نۇسخىسىنى ئاساس
قىلغان. ئۇنىڭدا ئۆلكىدىكى ھەرقايسى ئاپتونوم ئوب-
لاست، شەھەرلەر، ناھىيىلەرنىڭ قولدا سىزىلغان خە-
رىتىسىدىن 58 پارچىسى بار بولۇپ، شۈەنتۇڭ يىللىرىدا
تاش مەتبەئەدە بېسىپ چىقىرىلغان، ئۇنىڭغا «شىنجاڭ
ئۆلكىسىنىڭ خەرىتىسى» دەپ نام بەرگەن، 1990-
يىلى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۈتۈپخانىلاردى-
كى ئەسەرلەرنىڭ كاتولوگىنى ئىشلەش مەركىزى تەر-

پىدىن ئىشلەنگەن «شىنجاڭنىڭ يېزا - قىشلاق تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن. بىر قىسىم خاس تەزكىرىلەرنى ئاپتورلار ئايرىم ئېلان قىلغان بولۇپ، ناملىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ۋاڭ شۇدەن (1857~1936)، ئىسمى پۇچېن، تەخەللۇسى تاۋلۇ، خېبېينىڭ شىنچېڭ دېگەن يېرىدىن، گۇاڭشۈنىڭ 12 - يىلى تەشرىپدار بولغان، 33 - يىلى شىنجاڭغا پەرمەندار بېگى بولغان، شۈەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى تەزكىرە ئىرادىسىنىڭ باش پۈتۈكچىسى بولغان، ۋاڭ شۈجى مۇئاۋىن پۈتۈكچى بولغان؛ شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى 5 - ئايدا شۇدەن ئاستانىگە قايتقاندا شۈزېڭ ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان.

**«ئىلى ئاممىباب گېزىتى»** شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى ئاخبارات گېزىتى. ئىلى ئىنتىپاقداشلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان. باش مۇھەررىرى فېڭ تېمىن. تېمىننىڭ ئەسلىي ئىسمى فېڭ يى، خۇبېي ئۆلكىسىدىن، ئىنتىپاقداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى. «ئازاب» گېزىتى چىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلغان، تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ياڭ زېڭشىنگە ئەگىشىپ ئىلىغا كەلگەن. «ئىلى ئاممىباب گېزىتى» چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى 2 - ئايدا (1910 -يىلى 3 - ئاي) بايانداي (بۈگۈنكى قورغاس تەۋەلىكى) دە چىقىرىلغان كۈندىلىك گېزىت.


ئىلى ئاممىباب گېزىتى

خەنزۇچە تاش مەتبەئە نۇسخىسى، مانجۇچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە شاپىگرافتا بېسىلغان نۇسخىلىرى توختىماي چىقىپ تۇرغان. ئاساسلىق سەھىپىلىرىدىن نۇتۇقلار، شىنجاڭ خەۋەرلىرى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى، كۆچۈرۈلىدىغان سەھىپە «تورda ئالماناقلىرى»، «يارلىقلار» ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ «خاس ھۆججەتلىرى»، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى تارىخى، تەرجىمىلەر ۋە باھا قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق مەزمۇنى: يېقىنقى زامان ئىلىم - پەننى تونۇشتۇرۇش، جاھانگىرلىكنىڭ ۋەتەننى بېسىۋېلىش ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش، دەۋرنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ۋە ئىنقىلابىي ئېڭىنى ئويغىتىش. ئۇ شىنجاڭ تەۋەلىكىدە تارقىلىپ بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، خەنكو قاتارلىق جايلاردىكى گېزىتخانىلاردا ۋاكالىتەن تارقىتىلغان.

ئىككىنچى يىلى 10 - ئايدا ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ پەرمانى بىلەن توختىتىلغان.

**«ئىستىقبال ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلار»** تارىخىي ھۆججەتلەر توپلىمى. ياڭ زېڭشىن يازغان. ليۇ ۋېنلۇڭ، جېڭ فۇخېڭ، ۋاڭ ياڭ قاتارلىقلار تۈزۈشكە قاتناشقان، 1921 - يىلى ئاماملانغان، ياڭ ھەزرەت قويغان نام بىلەن «ئىستىقبال ھۆجرىسى» دەپ ئاتالغان. ياڭ ھەزرەتنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 17 يىل جەريانىدىكى ماقالىلىرى، تېلېگراممىسى، ئۇقتۇرۇشلىرى، مەكتۇپلىرى، ئېلانلىرى قاتارلىق ماتېرىياللار توپلانغان. ئۇنىڭدا ئىنقىلابچىلارنى پارچىلاش، ئالتاينى شىنجاڭغا تەۋە قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مالىيىدىكى كىرىزىسنى پەسكويغا چۈشۈرۈش، يات كۈچلەرنى بەربات قىلىش، ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇش، قوبدو (بۈگۈنكى موڭغۇلىيە تەۋەلىكىدە) غا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىش، رۇسىيىدىن قېچىپ كەلگەن قازاق - قىرغىز ئاھالىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، چاررۇسىيىلىك ئاق ئورۇس باندىتلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش، سوۋېت بىلەن بولغان ئالاقىلەرنى ياخشىلاش قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ، مىنگو دەۋرىدىن بۇرۇنقى شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن كىتاب ئۈچ قىسىملىق بولۇپ، بىرىنچى قىسمى 32 جىلد، ئىككىنچى قىسمى 14 جىلد، ئۈچىنچى قىسمى 6 جىلد، ئۇنىڭ مەتبەئە نۇسخىسى ۋە رەسىمگە ئېلىنىپ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بار.

**«جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»** جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەجمۇئەسى. 1935 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) دا چىقىرىلغان، ئۇ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» ۋە «تەكشۈرۈش ۋە تەنقىد» ژۇرنىلى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىنغان. يۈ شيۇسۇڭ ۋە گاۋ ئاۋ قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. دەسلەپتە قەرەلسىز چىقىرىلغان، 1939 - يىلى 8 - ئايدىكى ئىككىنچى توپلام 10-، 11 - سانلىرىدىن باشلاپ ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلگەن، 1943 - يىلى توختىتىلغان. خەنزۇچە جەمئىي 8 توپلام، بىر قەرەل چىقىرىلغان بولۇپ، 55 سان چىققان، تىرازى 4000~15000 ئەتراپىدا بولغان. ئۇيغۇرچە بىر توپلام، ئىككى قەرەل بولۇپ، سەككىز سان چىقىرىلغان. ژۇرنالنىڭ ئاساس-

لىق پرىنسىپى: جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئازاد قىلىش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ۋە دۆلەتنى قۇرۇشتىن ئىبارەت. ئاساسلىق تەشۋىقات مەزمۇنلىرى «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى، ياپونغا قارشى تۇرۇش



جاھانگىرلىككە قارشى سەپ

مەيدانىنىڭ پىداكارلىرىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلىملىرىنى تونۇشتۇرۇش، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. ئاساسلىق سەھىپىلىرى جاھاندىكى ئىشلارغا باھا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەم ئۆلكىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدە مەخسۇس مۇلاھىزىلەر، جەمئىيەت تارىخى ۋە ئىلىم - پەن ھەققىدە مەخسۇس مۇلاھىزىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرجىمىھاللىقى ۋە ئىجادىيەت خىزمەتلەر ئۈستىدە تەنقىد ۋە ئىزدىنىش شۇنداقلا ئوبزورلار قاتارلىقلار.

«خەنخەبچاۋ ژۇرنىلى» 1940- يىلى 10- ئايدا چىقىرىلغان ئىلمىي ژۇرنال. شىنجاڭ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى كومىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان. ۋاڭ يۇنجۇاڭ باش مۇھەررىر بولغان، جىن شىخاۋ تارقىتىشقا مەسئۇل بولغان. شاڭخەي مەدەنىيەت كىتابخانىسى پاي - ھەسسىدارلىق شىركىتى تارقىتىشنى ئۈستىگە ئالغان. خەنزۇچىسىنىڭ شاڭخەي نەشرى، دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) نەشرى ۋە ئۇيغۇرچە نەشرى قاتارلىق ئۈچ خىل نەشرى بولغان. ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى شىنجاڭنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىنى، ئىقتىسادىنى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى تەكلىپلەر توغرىسىدا شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىش؛ دۇنيادىكى مۇھىم ئىلمىي نەزەرىيىلەرنى ۋە يېڭى ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلار. 1947 - يىلى 10 - ئايدا توختىتىلغان.

«تىيانشان ژۇرنىلى» ئەنجاڭ تەگرىتاغ ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن 1947 - يىلى 10 - ئايدا ئەنجىڭدا چىقىرىلغان. ئەن ۋېنخۇي، خۇ داشۇنلەر باش مۇھەررىر بولغان، گۇاڭ لۇي تارقىتىشقا مەسئۇل بولغان. خەنزۇچە نۇسخىسى ئەنجىڭدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى شىنجاڭدا بېسىلىپ تارقىتىلغان. ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساسىي مۇددىئا قىلغان. 1948 - يىلى 7 - ئايدا توختىتىلغان.

«شىنجاڭنىڭ 10 يىلى» تارىخىي ئەسەر. جىن دۇڭجياۋ يازغان. دۇڭجياۋنىڭ تەخەللۇسى چۇنخۇي. 1931 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە بولغان ئىشلار بايان قىلىنغان. تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارغا بۆلۈنىدۇ: ئەنسىز يىللار (1931~1934)، تىنچلىق يىللىرىنىڭ باشلىنىشى (1935~1937)، تازىلاش ئېلىپ بېرىلغان بەش يىل (1937~1941)، شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە ھالاكىتى (1942~1944)، مەۋجۇتلۇق ئىلتىجاسىدىن مۇستەقىللىق كۈرىشىگىچە (1940~1944)، مىنگونىڭ 34 - يىلىدىكى چوڭ مالىمانچىلىق (1945 - يىلى 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە)، نىسبەتەن تىنچ ئۆتكەن يىللار (1934 - يىلى 10 - ئايدىن 1947 - يىلى 2 - ئايغىچە)، مىللەت ۋە دېموكراتىيە (1947 - يىلى 2 - ئايدىن 1948 - يىلى 11 - ئايغىچە). ئاساسلىقى 1931 - يىلىدىكى «نىقابىنى چۆرۈپ تاشلاپ كونا سەنەمگە مېڭىش»، قۇمۇل ۋاڭلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتىن كېلىپ چىققان قۇمۇل خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىدىن 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت يەرلىك ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا بىتىم تۈزۈلۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قايتا تەشكىللەش جەريانىدىكى شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى بايان قىلىنىدۇ. شېڭ شىسەي ھاكىمى-

يىتىمنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋاللىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئەسەر جەمئىي 160 مىڭ خەت ئەتراپىدا. 1948-يىلى لەنجۇ تىنچلىق كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغان.

**«ئىتتىپاق»** ئۇيغۇرچە، قازاقچە چىقىرىلغان سىياسىي نەزەرىيە قوش ئايلىق ژۇرنال. شىنجاڭدا تىنچلىقنى قوغداش دېموكراتىك ئىتتىپاقى تەرىپىدىن 1948 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ چىقىرىلغان. ئەخمەتجان قاسىمى، ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن. ئۇ بارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى، 11 بىتىمنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىجرا قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، بۇ بىتىمنى بۇزغان قارام ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىشنى، تار مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىنىپىي زۇلۇمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، نامراتلىقتىن ۋە زۇلمەتلىك كۈنلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان. 1949 - يىلى 8 - ئايدا ژۇرنالدا ئوبزور ئېلان قىلىنىپ «جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى ئەڭ كەسكىن باسقۇچقا قەدەم قويدى، خەنزۇلار ئىچىدىكى دېموكراتىك كۈچلەر خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىل ئىنقىلابى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىپ بارماقتا»، «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان» دەپ كۆرسەتكەن. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى 6 - ئايدا توختىتىلغان.

**غەربىي يۇرت** قەدىمكى يۇرت نامى. قاشقۇۋۇق، ياڭگۇەن قوۋۇقنىڭ غەربىدىكى كەڭ زېمىننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ تار ھەم كەڭ مەنىگە ئىگە: كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرت بولسا ئوتتۇرا ئاسىيانى، غەربىي ئاسىيانى، ھىندىستاننى، پارسلارنى، شىمالىي ئافرىقىنى ۋە رىم قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت بولسا ئاساسەن بۈگۈنكى شىنجاڭ تەۋەلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىر رايوندا مەھكىمە قۇرۇش ۋە ئۇ يەردىكى خەلقتىن باج - سېلىق يىغىش بىر دۆلەتنىڭ زېمىنغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسىدۇر. غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت ھىراۋۇل تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرغاندىن بۇيان شىنجاڭ رايونى جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولغان. موڭغۇللار دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنى تەسىس قىلغان، كېيىن دىۋان ۋازارەتكە ئۆزگەرتىلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قورغان - قاراۋۇلخانا تۈزۈمىنى يولغا قويغان، غەربىي يۇرتتىمۇ ئوخشاشلا يولغا قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن «غەربىي يۇرت» بىلەن «غەربىي يۇرت شىنجاڭ» دېگەن ئاتالغۇ بىر مەھەل ئېغىزغا تەڭ ئېلىنىپ كەلگەن. داۋگۇاڭ يىللىرىدىن كېيىن، بولۇپمۇ گۇاڭشۈنىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن «غەربىي يۇرت» نامىنىڭ ئورنىغا «شىنجاڭ» ئاتالغۇسى ئالماشقان بولۇپ، بۇ «يۇرت دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا يەر نامىنىڭ ئالماشقانلىقىدىن» دېرەك بېرىدۇ.

**ئۇرۇياپ** قەدىمكى يۇرت نامى. ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چېدىر يېزىسى تەۋەلىكىدە. يېرى مۇنبەت بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان. غەربىي خەن سۇلالىسى پادىشاھ شۈەندى شېنجۆنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ساكارائۇل دۆلىتىگە قارام بولغان. جيەنۋۇنىڭ 22 - يىلى (مىلادىيە 46 - يىلى) ساكارائۇل خانى كۇسەن خانى زىلوننىڭ يېشىنى كىچىك كۆرۈپ، كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا)نىڭ يېرىنى ئۇرۇياپ دۆلىتىگە بۆلۈپ بەرگەن، شىجەن ئۇرۇياپ خانى بولغان. كېيىن كۇسەن دۆلىتى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندا ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. تاڭ دەۋرىدە ئۇرۇياپ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، كۇسەن قورۇقچىبەگلىكىگە قارام بولغان. چىڭ سۇلالىسىدە چېدىر دەپ ئاتالغان.

**قەدىمكى ئۇدۇن** قەدىمكى بەگلىك نامى. پايتەختى قىلۇۋتاغ (ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ تەۋەلىكى شىمالىي تەرىپى چۆللۈككىچە، شەرقىي تەرىپى چەرچەنگىچە، غەربىي تەرىپى ساكارائۇلغىچە، جەنۇبىي تەرىپى قارا قۇرۇم تاغلىرىغىچە تۇتىشىدۇ. خەن - تاڭ دەۋرلىرىدە ئۇنىڭ ئاھالىسى ساكلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلار ھىند-

ىدى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىللىرى گۇرۇپ-
پىسى شەرقىي تارمىقىنىڭ ساك تىلىدا سۆزلەشكەن،
دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن
شۇغۇللانغان. قوناق تېرىپ، پىلە قۇرتى بېقىپ ئۇنىڭ-
دىن يىپەك توقۇش بىلەن نامى چىققان. غەربىي خەن
دەۋرىدە 3000 تۈتۈن، 19 مىڭ نوپۇسى، 2400
ئەسكىرى بولغان. خەن دەۋرىدە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي
گىرۋىكىنى بويلاپ ماڭىدىغان يول راۋان بولۇپ، ئۇ-
زۇنتات (ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى-
دا)، پاسشان قاتارلىق جايلار ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، شەر-
قىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە نوپۇسى كۆپىيىپ ئاھالىسى
32 مىڭ تۈتۈنگە، نوپۇسى 83 مىڭغا، ئەسكىرى 30
مىڭغا يەتكەن، ئۇ ئەينى چاغدىكى پىشامشان دۆلىتى
بىلەن جەنۇبىي قاتناش يولى ئۈستىدىكى بۈيۈك ئەل
ھېسابلانغان. پادشاھ ۋۇدى يۈەنشۇنىڭ 4 - يىلى (مى-
لادىيىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى) خەن ئەلچىسى بۇ
يەرگە كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار
خەن سۇلالىسىگە قارام بولغان. شەرقىي خەن دەۋرىدى-
كى بەن چاۋ غەربىي يۇرتقا كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ
بارغاندا ئۇدۇن خانىنىڭ ئىزچىل قوللىشىغا ئېرىشىپ،
ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ بىرلىكى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان.
غەربىي جىن سۇلالىسىئۇدۇن خانىغا «تورغاقچى، تو-
تۇقبەگ، جىن خانىغا سادىق ئۇلۇغ خان ئاغا، جىن
سۇلالىسىنىڭ قان قېرىندىشى ئۇدۇن خانى» دەپ نام
بەرگەن. پۈتۈن خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.
ئۇ جەنۇبىي قاتناش يولىدىكى بۇددا مەركەزلىرى ئىدى.
مىلادىيە Ⅶ ئەسىردە تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى
بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەردىمۇ كېرىيە
تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرغان بولۇپ، ئەنشىدىكى تۆت
شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. Ⅹ ئەسىردە تارىم
ئويمانلىقىنى ئىگىلىگەن تىبەت ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا
يۈزلەنگەندىن كېيىن ئۇدۇن ئېلى قايتىدىن روناق تاپ-
قان. Ⅺ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنى كۈچلىرىنى
ئىلگىرى سۈرگۈچى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇدۇننى
ئىگىلىشى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئۇدۇنغا كۆ-
چۈشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ خانلىقنىڭ
ئىجتىمائىي ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن.
كېيىن بىر مەزگىل بۇ جايغا قىتانلارمۇ ھۆكۈمرانلىق
قىلغان. قۇبلايخان دەۋرىدە (1264~1294) بۇ جايدا
ئۇدۇن باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى تەسىس قىل-
غان. ئۇزۇن مۇددەتلىك قالايمىقانچىلىقلاردىن كېيىن،
XⅣ ~ XⅦ ئەسىرلەردىكى شەرقىي چاغاتاي دەۋرىدە
ئىقتىسادى ئەسلىگە كېلىپ راۋاجلىنىشقا باشلىغان،
تارىخىي ئەسەرلەردە ئۇدۇننىڭ پىلە قۇرتى بىلەن توقۇ-
مىچىلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كىرگەن دېيىلگەن.
يۈزلىگ يىللىرىدا مىڭ سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرۇشقا
ئەلچىلەر ئېۋەرتىپ تۇرغان، سودا ئالاقىلەر ئۈزۈلۈپ قال-
مىغان.

**ئۆزۆنتات** غەربىي يۇرتتىكى شەھەر نامى. يەنە
ئۇتەن، تىنا قاتارلىق ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. خەن
دەۋرىدە خان ئۆزۆنتات (دەندان ئۆيلۈك) شەھىرىنى
ئىدارە قىلغان، ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي
شىمالى. غەربىي خەن دەۋرىدە ئاھالىسى 3340 تۈتۈن،
نوپۇسى 20040 غا يېتىپ، جەنۇبىي قاتناش يولىدىكى
چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان. يۈەنشۇنىڭ 4 - يىلى (مىلادى-
يىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى) جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا
قايتا سەپەر قىلغاندا ئۆزۆنتات خانى ئەلچىلىرى ئولپان
تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاستانىگە بار-
غان، كېيىن شاھزادە لايدان يەنە سانغۇن لى گۇاڭلى
بىلەن چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن) گە بېرىپ
خانىنىڭ ھۇزۇرىدا بولغان. پادشاھ شاۋدى يۈەنفېڭنىڭ
4- يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى) ئوردا
لايداننى سانغۇنلۇققا كۆتۈرگەن ھەمدە ئەسكەر تۇرغۇ-
زۇپ بوگۇردە بوز يەر ئاچقۇزغان. شەرقىي خەن دەۋرى-
دىن كېيىن ئۇدۇن بىلەن ئۈزلۈكسىز توقۇنۇشۇپ تۇر-
غاچقا كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن. پادشاھ شۈندى يۈڭج-
يەننىڭ 4- يىلى (مىلادىيە 129 - يىلى) ئۇدۇن خانى
چوڭ ئوغلىنى ئۆزۆنتات ئېلىگە خانلىققا قويغان. كې-
يىن دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى شۈ يۈگېڭ خانلىق تىكلەپ
ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغاندا، ئۇدۇن خانى ئانگورنىڭ
ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھالاك بولغان. شىپىڭنىڭ 4 -
يىلى (175 - يىلى) غەربىي يۇرت دورغابى، سانغۇن
ۋۇ يى قاتارلىقلار ئۆز ئالدىغا ئەسكەر تارتىپ خانلىق
تەختىنى تالاشقاچقا، نوپۇس مىڭ ئەتراپىدا قالغان.
ۋېي، جىن سۇلالىسىدىن كېيىن ئاجىزلاپ كەتكەنلىك-
تىن ئۇدۇن دۆلىتى ئۇنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

**كۆسەن** قەدىمكى بەگلىك نامى. خەن دەۋرىدە
كۆسان شەھىرى (ھازىرقى كۈچا ئەتراپى) نى ئىدارە
قىلغان. تۇتۇقبەگ، دۆلەتكە نائىببەگ، دۆلەتنى تىنچ-
لاندۇرغۇچى بەگ، ھۇنلارغا تاقابىل تۇرغۇچى بەگ،
ھۇنلارنى چېكىندۈرگۈچى كاھبەگ، قاڭقىللارغا تاقابىل
تۇرغۇچى كاھبەگ، ئوڭ - سول قول سانغۇن،
ئوڭ - سول قول كاھبەگ، ئوڭ - سول قول چەۋەن-
دازلار سانغۇنى، ئوڭ - سول قول ياردەمچى سانغۇن

قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئادەم، شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالدىكى مىڭ بېگىگە ئىككىدىن ئادەم، ھۇنلارنى چېكىندۇرگۈچى سانغۇنلۇققا ئۈچ ئادەم، باش تىلماچلىققا تۆت ئادەم قويۇلغان. دېھقانچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك قىلغان بولۇپ، ياخشى نەسىللىك ئات، سېمىز كالا، تۇز، ئۈزۈم، رەڭلىك مېتاللار كۈسەننىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى ھېسابلىناتتى. مەدەن تاۋلاش، ھاراقچىلىق سانائەتلىرى بولغان. يېزىقى بولغان. خەلق ئارىسىدا ئەل - نەغمىلەر ئەۋج ئېلىپ تەرەققىي قىلغان. پادىشاھ شۈەندى زامانىدا كۈسەن خانى قىزىل خان مەلىكە جىيۇ بىلەن توي قىلغاندا چاڭئەنگە بېرىپ خەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى بىلەن تونۇشقان. شېنجۆننىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىشقا باشلىغان. شەرقىي خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھۇنلارنىڭ ئىلكىدە بولغان. يۇڭيۈەننىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 91 -يىلى) بەن چاۋ ئۇلارنىڭ خانى ئىيولىدۇنى ئېلىپ تاشلاپ، خەن سۇلالىسىنىڭ خاس مۇلازىمى سۇۋارنا پۇسيانى خان قىلغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسىگە قارام بولغان. كۈسەن خانلىقىدىكى پۇسبا فامىلىلىكلەر تاڭ دەۋرىگىچە ھۆكۈم سۈرگەن. ۋېي، جىن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بۇددا دىنى ئەۋج ئالغان. ئالدىنقى چىن سۇلالىسى جيەنيۈەننىڭ 21 - يىلى (385 - يىلى) لۈي گۇاڭ كۈسەندە بوچۈننىڭ ئىنىسى بوجىننى خان قىلغان ھەمدە بۇددا دىنى ئالىمى كۇمىراجىۋانى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ بۇددا كالاملىرىنى، نوملارنى تەرجىمە قىلىپ تارقىتىشقا تەكلىپ قىلغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا كۈسەن غەربىي تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن. جېنگۈەننىڭ 21– يىلى (647 - يىلى) ئاشىناشىر كۈسەننى تىنچىتىپ كۈسەن تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان ھەم كۈسەن شەھىرىنى بەرپا قىلىپ «ئەنشىدىكى تۆت قورغان» نىڭ بىرى قىلغان. شيەنچىڭنىڭ 3 - يىلى (658– يىلى) تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاشىناقۇلىنى بويسۇندۇرغان، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇ ئەلدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن كۈسەن يەنە «ئەنشى» دەپمۇ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا كۈسەن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. قۇبلايخان جىيۈەننىڭ 23 - يىلى (1286 - يىلى) كۈسەن ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى قۇرغان، جىنيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (1295- يىلى) كۈسەن تارىم ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنى قۇرغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بېشبالىق (كېيىن ئېلىبالىق دەپ ئۆزگەرتىلگەن) قا تەۋە بولغان. چىڭ دەۋرىدە كۈسەن دەپ ئاتىلىپ خان ئامبال تەسىس قىلىپ، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان.

**قەدىمكى چۇرچان** قەدىمكى يۇرت نامى. خەن دەۋرىدە پادىشاھ چۇرچان شەھىرى (ھازىرقى چەرچەننىڭ غەربىي جەنۇبى) نى ئىدارە قىلغان. دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگ، ئولڭ- سول قانات سانغۇن، تىلماچلىققا بىردىن ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان. بۇغداي، ئۈزۈم قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلگەن. شېنجۆننىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. شەرقىي خەن دەۋرىدە پىشامشان دۆلىتى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ تېلى، ئاۋارلار، ئازارلار، توخارلار، تۈركلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 5 - يىلى (609 - يىلى) ئىنانچى خانلىق تەسىس قىلىنىپ سۈنىن، قۇرۇن ناھىيىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. تاڭ دەۋرىنىڭ باشلىرى راھىب شۈەنزاڭ بۇ جايدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ چالمادانا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. گاۋزۇڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ جاي چەرچەن شەھىرى دەپ ئاتالغان. يۈەن دەۋرىدە جورنان دەپ ئاتالغان. چىڭ دەۋرىدە چەرچەن دەپ ئاتالغان. مىنگو مەزگىللىرىدە چەرچەن ناھىيىسى قۇرۇلغان.

**قەدىمكى سۇلى** قەدىمىي يۇرت نامى. سۇلى، قاشغارى، كاشغەر، قەشقەر دەپمۇ ئاتالغان. خەن دەۋرىدە پادىشاھ سۇلى شەھىرى (ھازىرقى قەشقەر ئەتراپى) نى ئىدارە قىلغان، شەھەر سېپىللىق بولغان. سۇلى بېگى، ھۇنلارغا زەربە بەرگۈچى بەگ، دۆلەتكە نائىب بەگ، كاھبەگ، ئولڭ - سول قول سانغۇن، ئولڭ - سول قول چەۋەندازلار بېشى، ئولڭ - سول قول باش تىلماچ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئادەم قويۇلغان. ئاھالىسى ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، نەپىس سانائەت بۇيۇملىرىنى ياساشنى بىلەتتى، شېنجۆننىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى) غەربىي يۇرت تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارىغان. شەرقىي خەن دەۋرىدە ساكارائول دۆلىتىگە قارام بولغان. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن پادىشاھ شۇندى يۇڭجيەننىڭ 2 - يىلى (126 - يىلى) خان - ۋەزىرلىرى خەن سۇلالىسىگە تاۋاپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا

بۈيۈك كامبېگى مەنسىپىنى بەرگەن. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ساكارائۇل، كاۋاتتا (بۈگۈنكى تاشقورغان) قاتارلىق ئەللەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. غەربىي جىن دەۋرىدە بۇ خان «جىن خانلىقىغا سادىق شىغاۋۇل، بۈيۈك كامبەگ، جىن خانلىقىغا سادىق تۇرغاۋۇل، جىن خانلىقىنىڭ قېرىنداشى سۇلى خانى» دېگەندەك ناملاردا ئاتالغان. شىمالىي ۋېي خانلىقى دەۋرىدە بۇ خانلىقنىڭ ئەلچىلىرى ساكيامونىنىڭ بۇت تەۋەررۇكىنى سوۋغا قىلغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سۇلى شەھىرى بەرپا بولۇپ، ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرى بولۇپ قالغان. شاڭيۈەن يىللىرىدا سۇلى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىغان، كەييۈەننىڭ 16 - يىلى (728 - يىلى) بىلگە ئەلچىن سۇلىنىڭ خانى بولغان. X ئەسىردىن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوش ئوردىسىنىڭ بىرى بولغان، كېيىن قىتانلارغا تەۋە بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىگە قارىغان. مىڭ دەۋرىدە موغۇلىستانغا تەۋە بولغان. چىڭ دەۋرىدە كاشغەر دەپ ئاتىلىپ، مەسلىھەتچى ئامبال قويۇلغان. گۇاڭشۈ ئۆلكە تەسىس قىلغان دەۋرىدە قەشقەر ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. مىنگو يىللىرىدا قەشقەر رايونى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**قەدىمكى كىنگىت** قەدىمىي يۇرت نامى. غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان دۆلەت، تاڭ دەۋرىدىكى ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرى. قاراشەھەر، ئاگنى دەپمۇ ئاتالغان. ھازىرقى قاراشەھەر ناھىيىسى تەۋەلىكىدە. غەربىي خەن دەۋرىدە پادىشاھ ۋاقىرات شەھىرىنى ئىدارە قىلغان. ھۇنلارغا زەربە بەرگۈچى بەگ، ھۇنلارنى چېكىندۈرگۈچى بەگ، دۆلەتكە نائىببەگ، ئوڭ - سول قول سانغۇن، ئوڭ - سول قول كامبەگ، قاڭقىللارغا زەربە بەرگۈچى سانغۇن، قاڭقىللارنى بەيئەت قىلدۇرغۇچى سانغۇن قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئادەم، ھۇنلارغا زەربە بەرگۈچى كامبەگ ۋە ھۇنلارغا زەربە بەرگۈچى سانغۇنلۇققا ئىككىدىن ئادەم، باش تىلماچلىققا ئۈچ ئادەم قويۇلغان. ئاھالىسى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقنى قوشۇمچە قىلاتتى. پادىشاھ شۈەندى شېنجۆنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 - يىلى) دىن باشلاپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. شەرقىي خەن دەۋرىدە خانلىق دەرياسىنىڭ تۆۋەندىكى شەھەردە بولغان. خېدى يۇڭيۈەننىڭ 6 - يىلى (مىلادىيە 94 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى بەن چاۋ سول قانات مەھكىمىنىڭ سانغۇنى يۈەن مىڭنى خان قىلغان. غەربىي جىن دەۋرىدە خانغا «جىن خانلىقىغا سادىق شىغاۋۇل بەگ، بۈيۈك كامبەگ، جىن خانغا سادىق بۈيۈك بەگ، جىن خانىنىڭ قېرىنداشى ئاگنى خان» دەپ مەرتىۋە بەرگەن. شىمالىي ۋېي دەۋرىدە تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 9- يىلى (448 - يىلى) كىنگىت شەھىرى تەسىس قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 18 - يىلى (664 - يىلى) باشقا ئەللەر بىلەن بىرلەشكەن. 22 - يىلى ئاگنى تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. كەييۈەننىڭ 7- يىلى (719- يىلى) ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرى بولغان. خۈيچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (841 - يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتى ھالاكەتكە ئۇچراپ، پاتېكىن باشچىلىقىدا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كىنگىت شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار يابغۇ دەپ ئاتالغان. سۇڭ سۇلالىسى پادىشاھ خۇيزۇڭ يىڭخې يىللىرى (1119~1125) دىن كېيىن قىتانلارغا قارام بولغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىگە تەۋە بولغان. مىڭ سۇلالىسىدە موگۇلىستانغا تەۋە بولغان. چىڭ دەۋرىدە قاراشەھەر دەپ ئاتىلىپ، خان ئامبال قويۇلغان. گۇاڭشۈ يىللىرى ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندا نازارەت قىلىنىپ دەرىجىسى ئۆسكەن. مىنگو دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىنغان.

**قەدىمكى ساكارائۇل** قەدىمىي يۇرت نامى. خەن دەۋرىدە پادىشاھ ساكارائۇل شەھىرى (بۈگۈنكى يەكەن ناھىيىسى تەۋەلىكىدە) نى ئىدارە قىلغان. دۆلەتتە نائىببەگ، ئوڭ - سول قول سانغۇن، ئوڭ - سول قول چەۋەندازلار بېشى، يولئېرىق بېگى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئادەم، كامبەگلىككە ئىككى ئادەم، باش تىلماچلىققا تۆت ئادەم قويۇلغان. دېھقانچىلىقتا قوناق، مەدەنچىلىكتە تۆمۈرنىڭ داڭقى بار ئىدى. شېنجۆنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى) دىن باشلاپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. ئۈيسۇنلارنىڭ جىيمۇ مەلىكىسىنىڭ ئوغلى تۈمەننى خان قىلغان. يۈەندى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ خانى ئوردىغا مۇلازىم بولۇپ چاڭئەنگە بېرىپ ئولتۇرۇپ ئۇزۇنلەشكەن مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى ئۆگەنگەن. ۋاڭ ماڭ خان بولغاندا ھۇنلار غەربىي يۇرتنى ئىلكىگە ئالغان، يەن بىلەن قارام بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدا تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەن-

گەن. تيەنفېڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 18 - يىلى) يەن ئۆلۈپ كاڭ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى جيەنۋۇنىڭ 5 - يىلى (مىلادىيە 29 - يىلى) كەڭسۇنىڭ بۈيۈك سانغۇنى كۇي رۇڭ كاڭ خانلىقى ئۈچۈن «خۇەيدى خانىغا تۆھپە قوشقان غەربىي يۇرت كامبېگى» دېگەن شۆھرەتنى قوچۇپ، غەربىي يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك بەگلىكلەرنى قارام قىلغان. 9 - يىلى كاڭ ئۆلۈپ ئىنىسى جېن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان؛ 17 - يىلى خەن سۇلالىسىدىن غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مۆھۈرىنى ئالغان، كېيىن يەنە خەن سۇلالىسىدىن بۈيۈك سانغۇنلۇق مۆھۈرىنىمۇ ئالغان. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ساكارائۇل دەپ ئاتالغان. تاڭ دەۋرىدە كۇشان ئېلىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە يەكەن دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەسلىھەتچى ئامبال قويۇلغان. گۇاڭشۇ دەۋرىدە ناھىيە تەسىس قىلىنغان.

قەدىمكى پىشامشان قەدىمىي يۇرت نامى. دەسلەپتە كىروران دەپ ئاتالغان. پادىشاھ شاۋدى يۈەنفېڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى) خەن سۇلالىسى ۋېتوگىتنى خان قىلىپ تىكلەپ، دۆلەت نامىنى پىشامشان دەپ ئۆزگەرتكەن. پادىشاھ مىرەن قەلئەسى (بۈگۈنكى چاقىلىق ئەتراپى) نى ئىدارە قىلغان. يېرىنىڭ كۆپرەكىنى قۇم باسقان بولۇپ، تېرىلغۇ يېرى ئاز، ئاھالىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان ھەم ئەسكەر بولغان. بۇ ئەلدە قوناق تېرىلاتتى. ئېشەك، ئات، تۆگە قاتارلىقلار بار ئىدى. شېنجۆنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى) دىن باشلاپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا چەرچەن قاتارلىق جايلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. بەن چاۋ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان. ئۈچ پادىشاھلىق مەزگىلىدە ۋېي پادىشاھلىقىغا قارام بولغان. جىن دەۋرىدە ئۇنىڭ خانىغا «جىن خانلىقىغا سادىق شىغاۋۇل بەگ، بۈيۈك كامبەگ، جىن خانىغا سادىق پىشامشان خانى» دېگەن مەرتىۋىلەرنى بەرگەن. تەيكاڭنىڭ 4 - يىلى (283 - يىلى) ئوردىغا مۇلازىملىققا بېرىپ «ھەقىقەتكە قايتقان بەگلىك» دەپ ئاتالغان. ئالدىنقى چىننىڭ خانى فۇجيەن بۇ خانلىقنىڭ خانى سومۇيقا «يالۋاچ ئەلچى، ئۆز ئالدىغا ئىش بېجىرگۈچى مۇلازىم، غەربىي يۇرتنى باشقۇرغۇچى ھەربىي قوماندان، غەربىي يۇرتنى تىنچىتقۇچى سانغۇن» دېگەندەك ناملارنى بەرگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 9 - يىلى (448 - يىلى) پىشامشان شەھىرى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئاھالىسىدىن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئايماقلاردىن باج - سېلىق يىغىلغان. خەنبو غەربىي رۇڭ چاۋۇش بېشىلىقىغا، پىشامشاننىڭ خانلىقىغا قويۇلۇپ، بۇ شەھەر ئارقىلىق باشقا يۇرتلارنى ساقلىغان. سۇي سۇلالىسى دايېنىڭ 5 - يىلى (609- يىلى) بۇ يەردە پىشامشان بەگلىكى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا شيەنۋۇ، چيېۋەن ناھىيىلىرىنى قوشۇپ بەرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن يىللىرىدا سەمەرقەند (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەند) ئېلىنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى شەرققە كېلىپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ھەم بۇ شەھەرنى «قائىدە - تۈزۈملۈك شەھەر» دەپ ئاتىغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، تۇرپانغا تەۋە دېگەندەك ئوقۇشماسلىق سەۋەبى بىلەن چەرچەن ناھىيىسى دېگەن نامدا تەسىس قىلىنغان.

قەدىمكى بۈگۈر قەدىمىي يۇرت نامى. خەن، تاڭ دەۋرىدىكى بۈگۈرنىڭ كۆرسىتىلگەن جايلىرى ئوخشىمايدۇ. خەن دەۋرىدىكى بۈگۈر «تارىخى خاتىرىلەر» دە بۈگۈر (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى ئەتراپى) دەپ ئاتالغان. لى گۇاڭلى پەرغانىگە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بۇ يەردە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئاچقان، يالۋاچ چېرىكچى مەھكىمە تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئۇرۇياپقا يېقىن ئىدى. تاڭ دەۋرىدىكى بۈگۈر بولسا بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) غا تەۋە. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەققىدە كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس: بەزىلەر ئۇنىڭ ئورنى مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ گۇمودى ئەتراپىدا دېسە، يەنە بەزىلەر سانجى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى كونا شەھەر خارابىلىقىدا دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلانباي قەدىمىي شەھەر خارابىسى دەيدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۈگۈرنىڭ ئورنى تاڭ دەۋرىدىكى بۈگۈرنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. چىڭ دەۋرىدىكى بۈگۈر بولسا خەن دەۋرىدىكى بۈگۈردۇر. گۇاڭشۈنىڭ 28 - يىلى (1902 - يىلى) بۈگۈر ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ قارمىقىدا بولغان.

سارىقول قەدىمىي يۇرت نامى. يەنە كاۋانتا دەپمۇ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشاھ سارىقول

(بۈگۈنكى تاشقورغان ئەتراپى) جىلغىسىنى ئىدارە قىل- غان. ساكارائۇل خانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدا بولغان. غەربىي خەن سۇلالىسى شېنجۆنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە- دىن بۇرۇنقى 60 - يىلى) دىن باشلاپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر) بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە توخارلارغا قارام بولغان. تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىغان. كېيىن يىللىرىدا كۆكتارت (بۈگۈنكى پامىر) قورۇل تەسىس قىلىنغان. چىڭ دەۋرىدە يەركەن خان ئامباللىقىغا تەۋە بولغان. يېقىنقى دەۋرلەردە چاررۇسىيە، ئەنگلىيە قا- تارلىق جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ ئەس- لىدە جۇڭگوغا تەۋە بولغان پامىر تېررىتورىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى يوقالغان. گۇاڭشۈنىڭ 28 - يىلى (1902- يىلى) سارىقول ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ يەركەن ۋىلايىتى قارمىقىدا بولغان. مىنگونىڭ 2- يىلى (1912- يىلى) سارىقول ناھىيىسى دەپ ئۆزگەرتىل- گەن. ھازىرقى نامى تاشقورغان.

**لۈكچۈن** قەدىمىي يۇرت نامى. ھازىرقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى. غەربىي خەن دەۋرىدە ئالدى قاڭقىللارغا تەۋە بولغان. يېرى مۇنبەت ئاسان ئۆزلىشىدۇ. شەرقىي خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرت دورغا- بى، ۋۇيى چېرىكچى قاراۋۇلخانىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى جاڭ جۈن بۇ يەردە ئېكىن يەر ئايمىقىنى تەسىس قىل- غان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۈەن يىللىرىدا لۈكچۈن ناھى- يىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. سۇڭ سۇلالىسى خانى ۋاڭ يەندېنى قوچوغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە بۇ يەر «لۇجوڭ» دەپ ئاتىلىدىكەن. يۈەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لۈك- چۈن دەپ ئاتالغان. يۇڭلېنىڭ 5 - يىلى (1407- يىلى) ئولپان تاپشۇرغان. XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى- دا تۇرپانغا قوشۇۋېتىلگەن. چىڭ دەۋرىدە لۈكچۈن، لۇپچىن، لۈكچىن دەپ ئاتالغان بولۇپ، تۇرپان ۋىلايە- تىگە قاراشلىق بولغان.

**ئالتۇنبالىق (بېشبالىق)** قەدىمىي يۇرت نا- مى. ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى بازىرىنىڭ شىمالىغا 12 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە. غەربىي خەن دەۋرىدە كەينى قاڭقىللارغا تەۋە بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى يۇڭپىڭنىڭ 17 - يىلى (مىلادىيە 74 - يىلى) گېڭ ۋۇيى چېرىكچى قاراۋۇلخانىسىنى مۇشۇ شەھەردە تە- سىس قىلغان. يۇڭيۈەننىڭ 3 - يىلى (91 - يىلى) ۋۇبۇ تارخان بەگلىكى مۇشۇ جايدا قورۇلغان ھەم خانبا- لىق دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۈەننىڭ 14 - يىلى (640 - يىلى) بېشبالىق دەپ ئاتالغان. يۇڭخۇينىڭ 5 - يىلى (654 - يىلى) بېشبالىق مەھكە- مىسى تەسىس قىلىنغان. لۇڭشۇنىڭ 2- يىلى (662- يىلى) بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىل- گەن. چاڭئەننىڭ 2 - يىلى (702 - يىلى) دىن كېيىن بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ دەشتى ما- كان تۇتۇق مەھكىمىسى قوشۇنلىرىنىڭ تۇرار جايى بول- غان. باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى (762 - يىلى) نامى ئارقا بالىق ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. VIII ئەسىردە بېشبالىق (بەش شەھەر) گە تەۋە بولغان. يۈەن سۇلالى- سى پادىشاھ چىڭزۇڭ يۈەنجېننىڭ تۇنجى يىلى (1295- يىلى) بېشبالىق باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. مىڭ دەۋرىدە موغۇلىستانغا تەۋە بولغان، چىڭ دەۋرىدە جىمسار دەپ ئاتالغان. ھازىر جىمسار دېيىلىدۇ.

**ئىدىقۇت** قەدىمىي يۇرت نامى. خەن دەۋرىدە ئالدى قاڭقىللارغا تەۋە بولغان. ۋېي، جىن دەۋرىدە چېرىكچى قاراۋۇلخانىسى تۇرۇشلۇق جاي بولغان. شەر- قىي جىن سۇلالىسى شيەنخېنىڭ 2 - يىلى (327 - يىلى) ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى جاڭ جۈن ۋۇيى چېرىكچى قاراۋۇلخانىسىنىڭ قوماندانى جاۋ- جېننى ئەسىرگە ئېلىپ ئىدىقۇت بەگلىكىنى، دېھقانچى- لىق ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان، بۇ شىنجاڭدا بەگ- لىك، ئايماق تەسىس قىلىشنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئىل- گىرى - كېيىن بولۇپ ئالدىنقى لياڭ، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى لياڭ، غەربىي لياڭ، شىمالىي لياڭ قاتارلىق خانلىق سۇلالىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 3- يىلى (442- يىلى) شىمالىي لياڭلىق جۈيۈنىڭ قاپ يۈرەك ئىنىسى بۇ جايغا قەدەم باسقان. خېپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (460 - يىلى) جورجانلىق مېيجۇچۇ قوۋمى كەنبوجۇنى خان قىلغان، قوچو خانلىقىنىڭ ئۇل - ئاساسى شۇنىڭدىن باشلانغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۈەننىڭ 14 - يىلى (640 - يىلى) شى جىشېڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، تاڭ سۇلالىسى ئىدىقۇت خانلىقىنى يوقىتىپ، بۇ جايلار- نى غەربىي چىڭ ئايمىقى دەپ ئاتىغان، كېيىن قوچو ئايمىقىغا ئۆزگەرتكەن. ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمە- سى بىر مەھەل بۇ جايغا تەسىس قىلىنغان. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان، ئۇنىڭغا شەرقتە قۇمۇل (ئېۋىرغول)، غەربتە قاراشەھەرنىڭ جەنۇبى، شىمالدا بېشبالىق قاتارلىق جايلار تەۋە بولغان. كېيىن كىدانلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل خانلىقىغا بەيئەت قىلغان. كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، قوچو (قارا قوچو) دەپ ئاتىلىپ غەربىي يۇرتنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت، سەنئەت، دىن مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. مىڭ دەۋرىدە تۇرپان دەپ ئاتىلىپ، چاغاتاي خانلىقىغا قارام بولغان. چىڭ دەۋرىدە تۇرپانغا بىۋاستە قاراشلىق نازارەت تەسىس قىلىنغان.

**كۆنەس قەلئەسى** قەدىمىي يۇرت نامى. غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆنەس قەبىلىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان. تاڭ سۇلالىسى يۇڭچۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (682 - يىلى) ئاشىنا چابىش كاپىش، تۈركەش قاتارلىق قەبىلىلەرگە باشچىلىق قىلىپ بۇ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان، ئالتۇنتاغ قورۇقچىبېگى فاڭ يى كېلىپ بۇ مۇھاسىرىنى بۇزغان. ئۇچىل بۇ يەردە تۈركەش خانلىقىنى قۇرۇپ، بۇ شەھەرنى كىچىك ئوردا دەپ ئاتىغان. بۇ جاي بۈگۈنكى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىدە.

**ئېمىل** ئەمىل دەپمۇ ئاتالغان. دەريا ۋە شەھەرنىڭ نامى. دەريا ساۋۇر تاغلىرىدىن باشلىنىپ غەربىي جەنۇبقا ئېقىپ، ھازىرقى قازاقىستاندىكى ئارال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. قىتانلارنىڭ يوللۇغ تاشىن دېگەن خانى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا بۇ يەردە تۇرغان ۋە دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا شەھەر بەرپا قىلغان. كېيىن موڭغۇللار قۇدرەت تېپىپ بۇ جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىپ، ئۆگدەي خانلىقىغا تەۋە بولغان، كېيىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان.

**بېشبالىق** يۇرت نامى. دەسلەپ «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى»دا تىلغا ئېلىنغان. تۈرك تىلىدا بەش شەھەر دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «كونا تاڭنامە. ئىقلىم تەزكىرىسى»دە بەش شەھەر دېيىلگەن، «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» دە بەش بار دېيىلگەن. «ئەۋلىيا چۈچۈجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى»دە بېيسىما (鳖思马) دېيىلگەن. بۇ جاينىڭ ئورنى ھازىرقى جىمسار ناھىيە بازىرىدىن شىمالغا 10 چاقىرىمچە كېلىدىغان جايدىكى قەدىمىي قەلئە — كەينى قورغان قەلئەسىنىڭ خارابىسىدۇر. بۇ يەر تاڭ دەۋرىدە بېشبالىق شەھىرىگە، بېشبالىق ئايمىقىغا، دەشتى ماكان قوشۇنى ۋە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىلىرىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق ئوردىسى بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە بېشبالىقتا ۋاقىتلىق دۆۋان ۋازارىتى، ئايغاقچى مەھكىمىسى، بېشبالىق باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى قاتارلىقلارنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ جاي ئۇنىڭ مەركىزى بولغان، ئۇۋەيسخان يۆتكىلىپ 15 - يىلى (1417 - يىلى) ئوردىنى ئېلىبالىق (بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرى) گە يۆتكىگەندىن كېيىن شەھەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاشلىنىپ خارابىگە ئايلانغان.

**موغۇلىستان** يۇرت نامى. «تارىخى رەشىدى» دە ئۇچرايدۇ، موڭغۇللارنىڭ يېرى دېگەن مەنىدە. «موغۇلىستان» دېگەن سۆزدىكى «موغۇل» بولسا پارسچە «Mogul» دېگەن سۆزدىن ئۆزلەشكەن. موغۇلىستان بىلەن غەربلىكلەرنىڭ «موڭغۇلىيە» دەپ ئىشلىتىدىغان يەر نامى ئوخشىمايدۇ. موغۇلىستان بولسا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ، شەرقتە ئالتاي تاغلىرىدىن غەربتە تالاس دەرياسى (قازاقىستان، قىرغىزىستان تەۋەسىدە) نىڭ شەرقىغىچە، شىمالدا تارباغاتاي تاغلىرىدىن بالقاش كۆلى ئەتراپىغىچە، جەنۇبتا تەڭرىتاغ تىزمىلىرىغىچە بولغان زېمىننى كۆرسىتىدۇ. جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بۇ نام يوقالغان.

**ئالمالىق** يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي شىمالدىكى مۇھىم قورغان. تۈرك تىلىدا ئالمازارلىق دېگەن مەنىدە. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا ئالمالىق دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئەۋلىيا چۈچۈجىنىڭ غەربكە زىيارىتى»، يوللۇغ چۇسەينىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى»دە ئالمالىق شەھىرى دەپ خاتىرىلەنگەن؛ پارسچە تارىخىي كىتاب «تارىخى جاھان كۇشاي»، «تارىخى رەشىدى»لەردە ئالمالىق دېيىلگەن. ھازىرقى ئورنى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا. غەرب بىلەن شەرقنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى كەڭ كەتكەن پايانسىز يايلاقتۇر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چاغاتاي خانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خانلىق مەركىزى بولغان. سۇڭ سۇلالىسى

شيەنتىڭنىڭ 4 - يىلى (1268 - يىلى) قۇبلاي قايدۇلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرماقچى بولۇپ، شاھزادىسى بېيپىڭ خانى نامغاننى بۇ جايغا ئەۋەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈەن سۇلالىسى غەربىي شىمالغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئالمالىق ئاستا-ئاستا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاستانىسىگە ئايلانغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى تۇغلۇق تۆمۈر ۋاپات بولغاندا بۇ جايغا دەپنە قىلىنغان، ئۇنىڭ مەقبەرىسى ھازىرمۇ بار. كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى مەركىزىنىڭ جەنۇبقا يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ ئىلى دەرياسى بويىدىكى غۇلجا بەكرەك ئاۋاتلاشقان، كېيىن ئالمالىق تاشلىنىپ قېلىپ خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن.

**ماچىن** يۇرت نامى. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا مۇچىن دەپمۇ خاتىرىلەنگەن. XI ئەسىردە يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «چىن ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: يۇقىرىقى چىن شەرقتە بولۇپ، تابغاچلاردۇر؛ ئوتتۇرا چىن قارا قىتانلاردۇر؛ تۆۋەنكى چىن بارسقاننى كۆرسىتىدۇ، بارسقان قەشقەر دېمەكتۇر. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە تابغاچلار ماچىن دەپ قارىلىپ، قىتانلار بولسا چىن دەپ قارالماقتا» دەپ ئىزاھلانغان. ئالىملار ئادەتتە چىن شىمالىي جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ؛ ماچىن جەنۇبىي جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ، يەنە تابغاچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ تۆۋەنكى چىن قەشقەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزى ئالىملار ماچىن خوتەننى كۆرسىتىدۇ، چىن قەشقەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزى ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىك»تە تىلغا ئېلىنغان ماچىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**ماڭلايسۇيەر** يەر نامى. «تارىخى رەشىدى» دە تىلغا ئېلىنغان، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. ماڭلايسۇيەر دوغلات قەبىلىسىنىڭ يىمىل جەمەتى ئەجدادلىرى ياشىغان زېمىن بولۇپ، قارا قىتانلار دەۋرىدە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. ئۇ كۆكشارت (بۈگۈنكى پامىر) نىڭ شەرقىدىكى قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق ئالتە شەھەرنى ۋە كۆكشارت داۋىنىنىڭ غەربىدىكى پەرغانە (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان تەۋەلىكى) رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ نامى يوقالغان.

**ئىلىبالىق** يۇرت نامى. جىن سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇر سۇن جۇڭرۇينىڭ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە ئىلى شەھىرى دېيىلگەن، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئىلىبالىق دەپ خاتىرىلەنگەن، «ھايتۇننىڭ سەپەر خاتىرىسى» دە Ilanbalex ياكى Ilabaliq دېيىلگەن، «تارىخى رەشىدى» دە Ilabaliq دېيىلگەن، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئىلىبالىق دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ شەھەر ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى (بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرى) گە قۇرۇلغان، دەريا نامى بىلەن ئاتالغان بولغاچقا، يەرلىكلەر غۇلجا دەپ ئاتىغان. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇۋەيسخان ئوردىسىنى مۇشۇ يەرگە يۆتكىگەنلىكى ئۈچۈن «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى «ئىلىبالىق دۆلىتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە ئىلىبالىق سىياسىي، مەدەنىيەت، دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرى قۇرۇلغان. بايانداي شەھەر بولۇپ قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئىلى جاڭجۈنى بۇ يەردە تۇرغان.

**كۆكشارت** قەدىمكى زامانلاردا بۈگۈنكى پامىر ئېگىزلىكى، قاراقۇرۇم تاغلىرى قاتارلىق تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەۋەلىكىدىكى جايلار بىلەن ئۇ تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئايماقلارنىڭ چېگرىسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قاراپ، كۆكشارتنىڭ غەربىنى سىرتقى جايلار، كۆكشارتنىڭ شەرقىنى ئىچكى جايلار دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پامىر ئېگىزلىكىدە قۇرۇلغان كاۋانتا يەنە كۆكشارت ئېلى دەپ ئاتالغان. تاڭ دەۋرىدە قۇرۇلغان كۆكشارت قاراۋۇلخانىسى كاۋانتا ئېلىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سارىقول دەپ ئاتىلىپ، يەكەن مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولغان، كېيىن سارىقول ۋازارىتىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، يەكەن مەھكىمىسى تەۋەلىكىدە بولغان.

**تېتىما كۆلى** ھازىرقى نامى لوپنۇر كۆلى. قە-

دېمكى تىبەتچىدە Nob، «ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى»دە Lob، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا «罗不» دېيىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى لوپنۇر كۆلىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت.

**جۇبىن دەرياسى** يەنى چەرچەن دەرياسىدۇر. پىشامشان (بۈگۈنكى چاقىلىق ئەتراپى) تەۋەلىكىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى. شىمالىي ۋېي دەۋرىدىكى لى داۋيۈەننىڭ «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى»دە، بۇ دەريادا كەلكۈن كېلىپ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى ئېقىتىپ كەتكەچكە، خەن سۇلالىسى دۇنخۇاڭدا تۇرۇشلۇق سولى دېگەن كىشىگە ئەسكەر چىقىرىپ تۇغ ياسىتىپ، سۇنى تىزگىنلەشنى بۇيرۇغانلىقى يېزىلغان. پىشامشان شۇ سەۋەبتىن چۆلدەرەپ كەتكەن، دېگەندەك رىۋايەتلەر بار.

**سىستا دەرياسى** قەدىمكى دەريا نامى. Sita نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. ئۇ جەنۇبىي كۆكئارت دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ، شىمالىي كۆكئارت دەرياسىنىڭ قارشىدا. يەنى بۈگۈنكى يەكەن دەرياسىدۇر، بەزىلەر تارىم دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

**بارسكۆل** بۈگۈنكى باركۆلدۇر. خەن دەۋرىدە بارسكۆل دۆلىتى مۇشۇ يەردە قۇرۇلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى پادىشاھ مىڭدى يۇڭپىڭنىڭ 16 - يىلى (مىلادىيە 73 - يىلى) دۇگۇ، گېڭ چۇڭ قاتارلىقلار ھۇنلارنىڭ قويان خاننى مۇشۇ يەردە قوغلاپ زەربە بەرگەن. شىمالىي ۋېي دەۋرىدە قاڭقىللارنىڭ خانى مىئوتو جۇرجانلارنىڭ خانى بوگدانى باركۆلنىڭ شىمالىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سۈي دەۋرىدە باركۆل تۈركلەرنىڭ ئىلكىدە بولغان.

**ئۇدۇن دەرياسى** بۈگۈنكى خوتەن دەرياسىدۇر. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. ئۇ تارماق ئېقىنلىرى بولغان لوپ دەرياسى (بۈگۈنكى يورۇڭقاش دەرياسى)، ئۇلۇغ سۇ دەرياسى (قاراقاش دەرياسى) نىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان. ٧ ئەسىردىن بۇرۇن ئۇلۇغ سۇ گۇما تەۋەلىكىدىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، مازار تاغ ۋە چوقتا تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، كۆكئارت دەرياسى (بۈگۈنكى يەكەن دەرياسى) بىلەن بىرلىشىپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىنىڭ يەر شەكلى شەرقىي جەنۇبقا يانتۇ بولغاچقا، ئۇلۇغ سۇ دەرياسىنىڭ سۇ ئېقىنى بارا - بارا شەرققە يۆتكىلىپ، ئاخىرى مازار تاغدا تال ئېقىنىنىڭ سۈيىگە قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنىڭ ئاساسىي ئېقىنىنى شەكىللەندۈرۈپ، داۋاملىق شىمالغا قاراپ ئېقىپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلغان. پەسىللىك دەريا بولغىنى ئۈچۈن تارىختا كۆپ قېتىم ئېقىنىنى ئۆزگەرتكەن.

**قاش دەرياسى** قەدىمىي يۇرت نامى. ھازىرقى بورتالا دەرياسى بويلىرىنى كۆرسىتىدۇ دەيدىغان بىر خىل قاراشمۇ بار. يەنە ھازىرقى غۇلجا بىلەن كۈنەس ئارىسىدىكى قاش دەرياسىنىڭ ئىلى دەرسىغا قۇيۇلىدىغان ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ دەيدىغان قاراشمۇ بار. شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى (657 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاشىنا قولىغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، شىمالىي يولدىكى سۇ دىڭفاڭ بىلەن جەنۇبىي يولدىكى ئاشىنامىش ۋە ئاشىنا بۇكىننىڭ قوشۇنلىرى مۇشۇ يەردە ئۇچراشقان. شيەنچىڭنىڭ 4 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئوتۇغات نامىغا ئېرىشكەن شىڭ شۇاڭ خان قۇرۇلۇن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قوماندانى ئاشناشىر ۋە يەنە غەربىي تۈرك سەركەردىسى ئىس يابغۇ قاغان بىلەن ئېلىشقان، غەربىي تۈركلەر يېڭىلگەن. تاڭ سۇلالىسى قاش دەريا بويىدا قاش دەريا تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلغان بولۇپ، قۇرۇلۇن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنشى باش تۇتۇق مەھكىمىسى باشقۇرغان. كېيىن بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىستى تويۇنچۇر قەبىلىسى بۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان.

**يۇلتۇز يايلىقى** دەريا نامى. بۈگۈنكى قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى يۇلدۇز دەرياسىدۇر. غەربىي تۈركلەرنىڭ خىشى ۋۇبات قەبىلىسى بۇ يەردە بارگاھ قۇرغان. شيەنچىڭنىڭ 2 - يىلى (657 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى بۇ قەبىلىنى ئىككى ئوكوز تۇتۇق مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىپ، قەبىلە ئاقساقىلىنى تۇتۇقبەگ قىلغان. بۇ ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان، كېيىن بېشبالىق باش تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارايدىغان

بولغان.

**قۇمتاغ** قەدىمىي يەر نامى. لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ سىرتقى پوستى شامالنىڭ تەسىرى بىلەن غەيرىي شەكىللەر ھاسىل قىلغان، يەر يۈزى ئېگىز ـ پەس، ئۈستۈنكى قەۋىتىنى بىر قەۋەت شور قاپلىغان، پۈتۈن ئەتراپ غەيرىي شەكىللەردىكى ئۇششاق دۆڭلەردىن ئىبارەت. شەرقىي شىمالىي قىسمى لاي ـ لاتقىلار چۆكمىسى بولۇپ، كۈچلۈك شامال دەستىدىن دۆڭلەرگە بەلۋاغسىمان ھالقا ئىزلىرىنى قالدۇرغان، شەكلى خۇددى ياتقان ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە قۇمتاغ دېيىلگەن. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى»دا بولسا «ئەجدىھا شەھىرى» دەپ ئاتالغان. بۇ يەر قەدىمكى غەرب بىلەن شەرقنىڭ قاتناش يولىغا جايلاشقان بولغاچقا قەدىمقىلارغا بەكرەك تونۇش. يەنە بەزىلەر بۇ يولنى دۇنخۇاڭدىن ئاگنىغا ئۇدۇل بارىدىغان قۇمتاغ يولى دەپمۇ ئاتاشقان.

**غەربىي يۇرت شىنجاڭ** تارىخىي يەر نامى. غەربىي يۇرت يەنە غەربىي يۇرت شىنجاڭ دەپمۇ ئاتالغان، بۇنداق غەربىي يۇرت بىلەن «غەربىي يۇرت شىنجاڭ»نى بىرلەشتۈرۈپ ئاتاش چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ تۇنجى يىلى (1821 ـ يىلى) «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دېگەن ئەسەر ئوردىغا كىرگەندىن كېيىنكى مەزگىللەردىن باشلانغان. كېيىن غەربىي يۇرت شىنجاڭ دېگەن ئاتالغۇ تەدرىجىي ھالدا غەربىي يۇرتنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ئاتالغۇغا ئايلىنىشقا باشلىغان. چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى، مەسلىھەتچى ئامبال بېگى، خان ئامبال بېگى تەسىس قىلىنىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلارنى باشقۇرغان: جەنۇب تەرىپى قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن، شەرق تەرىپى شىڭشىڭشىيا ئارقىلىق گەنسۇ بىلەن، شىمالىي تەرىپى ئۇلۇنگۇ دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق ئۇلاستاي (بۈگۈنكى موڭغۇلىيە تەۋەلىكىدە) سانغۇن تەۋەلىكىدىكى جايلار بىلەن، غەرب تەرىپى ئاياگۈز دەرياسى (ھازىرقى ئاياغۇز دەرياسى)، بالقاش كۆلى، تالاس دەرياسى ھەمدە ئۇنىڭ غەربىدىكى ئاقتۇر كۆلى (بۈگۈنكى ئاق كۆل)، بېكنۇر كۆلى (ھازىرقى بىل كۆل، يۇقىرىدا نامى ئاتالغان جايلارنىڭ ھەممىسى قازاقىستاندا) ئارقىلىق قازاق خانلىقلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن چاررۇسىيە شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلاپ ھەمدە قازاقلارنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بارا ـ بارا جۇڭگو بىلەن قوشنا قىلىپ قويغان؛ يەنە قورال كۈچى ئارقىلىق جۇڭگوغا تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا قىستاپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى چېگرا لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، دۆلەتنىڭ 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن زېمىنى زورلۇق كۈچ بىلەن چاررۇسىيىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن. گۇاڭشۈنىڭ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنغان، مەمۇرىي مەركىزى دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) غا يۆتكەلگەن.

**مۇسۇلمانلار يۇرتى** تارىخىي يەر نامى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. دەسلەپتە ئاساسەن قۇمۇل، تۇرپان، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى كۆرسەتكەن. چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، كۇچانىڭ غەربىدىكى توپىلاڭ يۈز بەرگەن بارلىق جايلارغا قارىتىلىدىغان بولغان. كېيىن بارا ـ بارا پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. يەنى بۇرۇنقى جۇڭغارلار تەۋەلىكىدىكى جايلارنى ۋە سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە جايلارنى شۇنداق ئاتاشقا باشلىغان. ئادەتتە مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبالغا قاراشلىق تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا تەسىس قىلىنغان خان ئامبال ياكى ئاغلاقچى خان ئامبال تۇرۇشلۇق سەككىز شەھەرنى: قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى كۆرسىتىدۇ، قەدىمدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى مۇسۇلمانلار يۇرتى دەپمۇ ئاتالغان.

**مۇسۇلمانلار زېمىنى** يۇرت نامى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. (مۇسۇلمانلار يۇرتىغا قاراڭ)

**جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر** رايون تەۋەلىكـ

گە ئىگە يۇرت نامى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىم ۋادىسىدىكى جايلارنىڭ ئورتاق ئاتىلىشىدۇر. چيەنلۇڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار يۇرتى ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ مەسلىھەتچى ئامبال تەيىنلەپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەردىكى خان ئامباللارنى باشقۇرغان. جياچىڭنىڭ 2 - يىلى (1797 - يىلى) يېڭىسارنى قەشقەردىن، يەكەننى خوتەندىن، ئۇچتۇرپاننى ئاقسۇدىن ئايرىپ چىقىپ خان ئامبال ياكى ئاغلاقچى ئامبال تەيىنلىگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەككىز شەھەر قىسقارتىلىپ «جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر» دەپ ئاتالغان. داۋگۇاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (1821～1850) يەنە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق تۆت شەھەر «غەربتىكى تۆت شەھەر» دەپ ئاتالغان. گۇاڭشۈنىڭ 10 - يىلى (1884 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندا غەربتىكى تۆت شەھەر قەشقەر ۋىلايىتى، شەرقتىكى تۆت شەھەر ئاقسۇ ۋىلايىتى دەپ ئاتالغان.

**ئالتە شەھەر** تارىخىي يەر نامى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. چيەنلۇڭنىڭ بىر نەزمىسىدە «ئالتە شەھەرنى ئالدىم ئىلكىمگە، ئىككى توپىلاڭچى ئەمدى قاچالايدۇ نەلەرگە» دېگەن مىسرالار بار بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشقا دائىر ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى يەر نامىلىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان. چيەنلۇڭ دەۋرىدىكى چۈن يۈەن چىشىينىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە: ئالتە چوڭ مۇسۇلمان شەھىرى بولسا يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، يېڭىسار، خوتەندۇر دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە «ئالتە شەھەر» دېيىلگەنلىرىنىڭ بۇلار بىلەن پەرقى بار، مەسىلەن، كېيىن ئالتە شەھەر دېيىلگەنلىرىدە ئۇچتۇرپان بار، يېڭىسار يوق، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك تارىم ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**يەتتە شەھەر** تارىخىي يەر نامى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتىشىدۇر. داۋگۇاڭنىڭ 26 - يىلى (1846 - يىلى) قوقەنت خانلىقى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «يەتتە شەھەر» نىڭ سودا بېجىنى يىغىشنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان. «يەتتە شەھەر» دېيىلگەن شەھەرلەر كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، يەكەن، خوتەن، قەشقەر، يېڭىسارنى كۆرسىتىدۇ (ياكى قەشقەر بار يېڭىسار يوق). بەزىلەر ئالتە شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۇرپاننىمۇ قوشۇپ قويغان بولۇپ، داۋگۇاڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ماس كەلمەيدۇ. قوقەنتلىك ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالغان مەزگىللەردە (1865～1877) يەتتە شەھەرنىڭ بېگىلىك سالاھىيىتى بىلەن چاررۇسىيە بىلەن قانۇنسىز كېلىشىملەرنى ئىمزالىغان. بۈگۈنكى كىشىلەر «يەتتە شەھەر» دەپ ياكى «يەتتە شەھەر دۆلىتى» دەپ تەرجىمە قىلغان يەرلەر مۇشۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

**شەرقىي تۈركىستان** يەر نامى. ئەسلىي مەنبەسى «تۈركىستان» دۇر. تۈركىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى (بۈگۈنكى قازاقىستان تەۋەلىكىدە) بىلەن ئامۇ دەرياسى (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان بىلەن تۈركمەنىستاندا) ئارىلىقىدا بولۇپ، ھازىر سىر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا تۈركىستان دەپ ئاتىلىدىغان شەھەر بار، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىمۇ ئوخشاش نام بىلەن ئاتىلىدىغان رايون بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا دەسلەپكى «تۈركىستان» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن ئوخشاشلىقى بار. XVIII ～ XIX ئەسىرلەردە بىر قىسىم غەربلىكلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە «جەنۇبىي تۈركىستان»، «شىمالىي تۈركىستان»، «غەربىي تۈركىستان» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار كۆزگە چېلىقىشقا باشلاپ، جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى بارا - بارا كېڭەيگەن. رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلارنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن، 1867 - يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 6 - يىلى) تاشكەنت (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان تەۋەلىكىدە) دە تۈركىستان گوبېرناتورى تەسىس قىلىنغان. رۇسىيىگە تەۋە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى رۇسىيە تۈركىستانى ياكى غەربىي تۈركىستان دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، غەربلىكلەر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىغان. رۇسىيىلىك تىمكوۋسكىي (Timkovsky) چىن تۈر-

كىستانى دېگەن ئاتالغۇنى ئىجاد قىلغان. بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش. كېيىن ئاساسەن پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەلىكىنى كۆرسەتكەن. 1933 - يىلى قەشقەردە سابىت داموللا قەشقەردە قالايمىقان بىلجىرلاپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئويدۇرۇپ چىقتى. بۇ نام بۆلگۈنچىلىك قىلىشتا پايدىلىنىدىغان شوئار بولۇپ قالدى.

غۇلجا يەر نامى. ئىورنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا. ئالتۇن قۇببىلىق ئىبادەتخانا دېمەك ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 5 - يىلى (1712 - يىلى) جۇڭغارلار بۇ ئىبادەتخانىنى ياسىغان، گەرچە ھازىر بۇ ئىبادەتخانا مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى ساقلىنىپ قالغان. چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) جۇڭغارلار دەۋرىدىكىگە ئوخشاش جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە سالغان، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەنلەر ئىلىدا مۇسۇلمانلار مەھەللىسىنى قۇرغان، 26 - يىلى غۇلجا شەھىرى قۇرۇلۇپ ھاكىمبەگ كۆچۈپ كېلىپ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى باشقۇرغان، بۇ جاي ئىلىدىكى توققۇز شەھەرنىڭ بىرى بولغان. تۇڭجىنىڭ 10 - يىلى (1871 - يىلى) چار رۇسىيە قوشۇنلىرى بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئىمارەت سېلىپ، چار رۇسىيە ئەمەلدارلىرى ۋە ئىشغالىيەتچى قوشۇن تۇرغان. گۇاڭشۇنىڭ 8 - يىلى (1882 - يىلى) ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، 14 - يىلى غۇلجا قورغاس ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىلى مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغان. ئىلى - چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان. 1913 - يىلى غۇلجا ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرىدۇر.

ئىلى يەر نامى. چىڭ دەۋرىدىكى «ئىلى» دېگەن نامنىڭ كەڭ ۋە تار مەنىلىرى بار: (1) كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ پۈتۈن شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا كۆپرەك مۇشۇ نام قوللىنىلغان، چۈنكى ئەڭ ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار تۇرۇشلۇق جاي ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى مۇشۇ جايدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. (2) تار مەنىدىن ئېيتقاندا ئىلى رايونىنى، يەنى قورغاس دەرياسىنى پاسىل قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. جياچىڭ يىللىرى

(1796~1820) دا پۈتۈلگەن «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ئىلىنىڭ غەربىي تەرىپى شىمالدا بالقاشقىچە (كاتتا دېڭىز دېگەن مەنىدە، ھازىرقى بالقاش كۆلى)، غەربىي ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرى تالاس دەريا بويلىرىنى ھەمدە ئۇنىڭ غەربىدىكى ئاق كۆلنۇر (ئاق كۆل)، بېلىق كۆلنۇر (بېلىق كۆل)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلگەن. XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا رۇسىيە «جۇڭگو - رۇسىيە غەربىي شىمال چېگرىنى ئۆلچەپ ئايرىش توختامنامىسى» ۋە «جۇڭگو - رۇسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ماقۇللاپ بۆلۈپ ئىگىلىۋالغان زېمىن ئاساسەن ئىلىنىڭ غەربىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھازىر بۇ جايلار قازاقىستان تەۋەلىكىدە. ئىلىنىڭ شەرقىي تەرىپى ئاساسلىقى چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) دىن 44 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بەرپا بولغان ھەم ئىلىدىكى توققۇز شەھەر دەپ ئاتالغان شەھەرلەردۇر.

دىخۇا شەھىرى شەھەر ۋە يەر نامى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) ئۈرۈمچىنى تەسىس قىلىشقا پەرمان چۈشكەن؛ 28 - يىلى قۇرۇلۇش تامام بولۇپ نامى دىخۇا دەپ ئاتالغان. 37 - يىلى شەھەر قەلئەسىنىڭ غەربىدە گۇڭنىڭ قەلئەسى ياسالغان بولۇپ، لۇمەنچىڭ دەپ ئاتالغان، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش قوماندان (باش بۇغ) ۋە مانجۇ ئەسكەرلىرى تۇرغان. دىخۇا قەلئەسىدە بولسا ئەسكەرلەر تۇرغان، شۇڭا خەنچىڭ دەپ ئاتالغان. 38 - يىلى دىخۇا شەھىرى ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنىپ، يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئۆلكىسىگە، تۆۋەندە دىخۇا ئايمىقىغا بىۋاسىتە قارىغان. گۇاڭشۇنىڭ 38 - يىلى (1882 - يىلى) ئۈرۈمچى ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، 10 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغاندا ئۆلكە تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان، باش مۇپەتتىش تۇرۇشلۇق جاي بولغان. شۇ يىلى خەنچىڭنى شەرقىي شىمالغا كېڭەيتىپ يېڭى مانجۇ بازىرى بەرپا قىلىنغان. 12 - يىلى دىخۇا مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئوتتۇرىدىكى بەزى قەلئە تاملىرى ئېلىپ تاشلىنىپ بازارلار بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن. 1913 - يىلى دىخۇا ۋىلايىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەھكىمىگە قاراشلىق ناھىيىلا قالدۇرۇلغان. 1930 - يىلى ۋىلايەت ئەمەلدىن قېلىپ رايونغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، دىخۇا مەمۇرىي رايونى دەپ ئاتالغان. 1943 - يىلى مەمۇرىي رايون مەخسۇس رايونغا ئۆزگەرتىلگەن. 1945 - يىلى دىخۇا شەھىرى ئەمەلدىن قال-

دۇرۇلغان. 1954 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**لى گۇاڭلى** (؟ ~ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 89 ـ يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. غەربىي خەننىڭ دەسلەپكى يىللىرى فەرغانە (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ فەرغانە) ھۇنلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىپ خەن سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشكەن. تەيچۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 104 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا خەن سۇلالىسى چې لىڭنى نۇرغۇن ئالتۇن ھەم ئالتۇن ئات ئېلىپ فەرغانىگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ دۇلدۇل ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. فەرغانە پادىشاھى رەت قىلغان ھەمدە شەرقتىكى ئۆز كەنتىنىڭ بېگىگە چې لىڭنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلكىنى بۇلاشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. پادىشاھ ۋۇدى لى گۇاڭلىنى سىۇترىشىنا سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ فەرغانىگە ئەسكەر تارتىشقا پەرمان چۈشۈرگەن. چوڭ قوشۇن غەربكە يۈرۈش قىلىپ لوپنۇر كۆلىدىن ئۆتكەندە يول بويىدىكى كىچىك بەگلىكلەر شەھەرنى چىڭ ساقلاپ ئوزۇق ـ تۈلۈك بېرىشنى رەت قىلغان. ئۆز كەنتىگە كەلگىچە ئاران نەچچە مىڭچە ئەسكىرى قالغاچقا ھەم ئاچلىقتىن ماجالىدىن كەتكەچكە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ كۆپ تالاپەت تارتقان. ئىككىنچى يىلى كۈزدە گۇاڭلى ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىپ خاندىن ياردەمگە ئەسكەر تەلەپ قىلغان. پادىشاھ ۋۇدى قاشتوۋۇقتا ئەسكەر ئەۋەتىپ، چېكىنىپ قوۋۇقتىن كىرىشكە پېتىنغان ئەسكەرلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن. بۇ چاغدا ئوردا ئەھلى قوشۇن توپلاپ ھۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلغان. پادىشاھ ۋۇدى فەرغانىدەك كىچىك ئەللەرنى يېڭەلمىسە تۇخارەدەك چوڭ ئەللەر خەن سۇلالىسىنى مەنسىتمەيدۇ، دەپ قارىغان. تەيچۇنىڭ 3 ـ يىلى 50 سەركەردىلىك 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، لى گۇاڭلىنى باش سانغۇن قىلىپ فەرغانىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەن. خەن قوشۇنلىرى تولىمۇ ھەيۋەتلىك ھالدا تارماق لىنىيەلەرگە بۆلۈنۈپ فەرغانىگە قاراپ يول ئالغان. بارلىق كىچىك بەگلىكلەرمۇ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىش ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر بىلەن تەمىنلەشتىن باش تارتالمىغان. قىشتا خەن قوشۇنلىرى فەرغانىگە كىرگەن. لى گۇاڭلىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئۇلارنىڭ كاسان شەھىرى (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ قازان دېگەن يېرىدە) نى قورشاۋغا ئېلىپ، ئون نەچچە كۈنلۈك تىركىشىش ئارقىلىق خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى تاشقى شەھەرنى ئىگىلىگەن. فەرغانە مۆتىۋەرلىرى خاننى ئۆلتۈرۈپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان؛ ياخشى ئارغىماقلارنى خەن قوشۇنلىرىنىڭ تاللىۋېلىشىغا پەرمان چىقارغان. لى گۇاڭلى ياخشى ئاتلاردىن بىر نەچچە ئوننى ۋە ئوتتۇراھال ئاتلاردىن ئۈچ مىڭدىن ئوشۇقراقىنى تاللىۋېلىپ، فەرغانە ئېسىلزادىلىرىدىن ئىلگىرى خەن ئەلچىلىرىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلغان مەسايىنى خان قىلىپ تىكلەپ، زەپەر قۇچۇپ قايتقان. بۇ ئىشتىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ھەيۋىسى يوقىلىپ، كىچىك ئەللەر فەرغانىنىڭ يېڭىلگىنىدىن خەۋەر تېپىپ شاھزادىلىرىنى خەن قوشۇنلىرىغا قوشۇپ ئوردىدا مۇلازىملىق قىلىشقا ئەۋەتكەن ياكى ئولپان تاپشۇرۇشقا ئەلچى ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە شارائىت ھازىرلانغان. تەيچۇنىڭ 4 ـ يىلى لى گۇاڭلىغا خەيشى بېگلىكى ئۇنۋانى بېرىلگەن. جېڭخېنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 90 ـ يىلى) لى گۇاڭلى ئەسكەر باشلاپ ۋۇيۈەن ۋىلايىتىدىن چىقىپ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن. 4 ـ يىلى ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئانىسى كېسەل بولۇپ قالغاچقا، باخشىلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ لى گۇاڭلىنى ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلغان.

**مەرگەن جايمىر** غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئۇيسۇنلارنىڭ كۈنبېگى. تۇغۇلۇپ ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ دادىسى نانىدۇ بىيى ئۇيسۇن قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ، دۇنخۇاڭ بىلەن چىليەنشەن تاغلىرى ئارىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان، ياۋچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. كۆپ قىسىم ئاھالىسى ھۇنلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئېغىر كۈنلەردە ھۇن تەڭرىقۇتى ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. ئاھالىسى كۆپىيىپ قۇدرەت تاپقاندا، ھۇن تەڭرىقۇتى غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئىلى دەريا بويلىرىدىكى ياۋچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئىگىلىۋالغان. كۈچى پەيدىنپەي زورىيىپ ئەسكىرى نەچچە ئون مىڭغا يەتكەندە ھۇنلارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان. جاڭ چيەن ئۇيسۇنلارغا ئەلچىلىككە بارغاندا دۆلەت ئۈچكە بۆلۈنگەن: جايمىر ئون نەچچە مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلغان، ئىككىنچى ئوغلى تايرو، ئۆگەي نەۋرىسى كۈنشىبەكلارنىڭ ھەرقايسىسى نەچچە ئون مىڭ قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلمۋاتقانىدى. جاڭ چيەن خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ ئورتاق

ھۇنلارغا قارشى تۇرۇشنى ئېيتقان. جايمىر ياشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتكە مۇتلەق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈلمىگەچكە، جاڭ چيەننى ئەلچىگە قوشۇپ ئۇزىتىپ قويۇپ، نەچچە ئون ئات سوۋغا قىلىپ رەھمىتىنى بىلدۈرگەن. يۈنفىڭنىڭ ئوتتۇرىلىرى پادىشاھ ۋۇدى جياڭدۇ بېگىنىڭ قىزى شىجۈن مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىپ بىرىنچى خانىش قىلغان؛ ھۇن قىزىنى ئىككىنچى خانىش قىلغان.

قىلىڭ لياۋ جېيۇ مەلىكىنىڭ دېدىكى. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. خەن ۋۇدى تەيچۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 101 ـ يىلغىچە) غەربىي خەن دەۋرىدىكى چۇ پادىشاھى ليۇ ۋۇنىڭ نەۋرىسى جېيۇ مەلىكىنى ئىسراقتىكى ئۇيسۇنلارغا ياتلىق قىلغان. فىڭ لياۋ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغان، كېيىن ئۇيسۇنلارنىڭ سول قانات سەركەردىسىگە خوتۇن بولغان. خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكە ئەلچىسى سۈپىتىدە ئەتراپتىكى ھەرقايسى ئەللەرگە سوۋغا ـ سالاملارنى ئاپارغان. ھەرقايسى ئەللەرمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئىززەتىنى قىلىشىپ فىڭ خېنىم دەپ ئاتاشقان. پادىشاھ شۈەندىنىڭ زامانىدا يەنە ئۇيسۇن ئېلىگە ئەلچى بولۇپ بارغان. جېيۇ مەلىكىنىڭ ئوغۇللىرى يانغۇنبەگنى بۈيۈك كۈنبېگى، ئۇجۇتنى كىچىك كۈنبېگى قىلىپ تىكلەپ، ھەرقايسىسىغا ئالاھىدە ئىلتىپات قىلغان. يانغۇنبەگ ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىم ئۇيسۇن دىيارىغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، يانغۇنبەگنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىناقلىق تېپىشىغا ھەمدەمدە بولغان.

ئۆتكۈبەگ (ئۇنغۇمى) غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئۇيسۇن ئېلىنىڭ كۈنبېگى (كۈن خانىنى بىلدۈرىدۇ) كۈنشىبەكنىڭ ئۆگەي دادىسى تايرۇ. تۇغۇلۇپ ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. كۈنشىبەك ئۆلگەندىن كېيىن، كۈنبېگى بولۇپ تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى چوڭخان دەپ ئاتىغان. جېيۇ مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنتلىك بولغان. چوڭ ئوغلى يانغۇنبەگ، ئىككىنچى ئوغلى ۋاننان ساكا رائۇلىنىڭ خانى، ئۈچىنچى ئوغلى دالى سول قانات قوشۇنىنىڭ سانغۇنى بولغان، چوڭ قىزى دىشى كۇسەن خانى قىزىل خانغا ياتلىق بولغان، كىچىك قىزى سوگۇاڭ نوخۇراۋ بەگكە ياتلىق بولغان. بېنشىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 72 ـ يىلى) ئوغلى يانغۇنجەگ خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسىنى ئەمرىگە ئالغان.

خەن سۇلالىسى شياڭ پۇ مەلىكىسىنى يىراققا ياتلىق قىلماقچى بولۇپ دۇنخۇاڭغا كەلگەندە، ئۆتكۈبەگنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى، خانلىق تەختىنى ھۇنلار تەرەپدارى نىبەكنىڭ تارتىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ مەلىكىنى قايتۇرۇپ كەتكەن، توي ئىشىمۇ ئاندىن بېسىققان.

جېلىڭ جى (؟ ~ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 49 ـ يىلى) غەربىي خەن دەۋرىدە تۇنجى قېتىم غەربىي يۇرتنىڭ تۇتۇقبېگى بولغان. خۇيجىلىق (بۈگۈنكى جېجياڭنىڭ شاۋشىڭ دېگەن يېرى). ئەسكەر بولۇپ قوشۇنغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا نەچچە قېتىم كەلگەن. پادىشاھ شۈەندىنىڭ زامانىدا ياندىش بەگ بولۇپ لوپنۇر (بۈگۈنكى كورلا) دا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوزيەر ئاچقان. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر قاڭقىل (بۈگۈنكى تۇرپان) غا ھۇجۇم قىلىپ تۇھپە ياراتقاچقا ئەمىرلەشكەرلىككە ئۆستۈرۈلۈپ، پىشامشاننىڭ غەربىدىكى جەنۇبىي يولنى قوغدىغان. شېنجۆنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى) ھۇن باتىسقانى بېلگە شانشاد تەڭرىقۇت 40 مىڭدەك ئەسكىرى بىلەن خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان. لوپنۇر، كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا) قاتارلىق ئەللەردىن 50 مىڭدەك ئادەمنى ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇغان. جەنۇبىي يولنى قوغداش بىلەن بىرگە قاڭقىللارنىڭ غەربىي شىمالىي يولىنىمۇ قوغدىغاچقا، قەدىمدە قورۇقچىبەگ دەپ ئاتالغان. شۇ يىلى خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئۇرۇياپ (بۈگۈنكى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چېدىر يېزىسى) قا تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرت تۇتۇق ھىمراۋۇل تۇرغۇزغان. خەن سۇلالىسى جاڭ چيەننىڭ ئورنىغا جېلىڭ جىنى قويۇشقا يارلىق چىقارغان. ئۇ غەربىي يۇرتنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن كۆپ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۆلگەندىن كېيىن سياۋ بەگ دەپ ئاتالغان.

قىزىل خان غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا) ئېلىنىڭ خانى. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. يۈەنكاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 65 ـ يىلى) ئايالى دىشى يەنە خەن مەلىكىسى جېيۇ بىلەن چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن) گە بېرىپ خاننىڭ ھوزۇرىدا بولغان. خەن سۇلالىسى ئۇلارنى تارتۇقلاپ خانىمنى خانىش دەپ ئاتىغان. يەنە ھارۋىكەش، تۇغ ـ ئەلەم كۆتۈرىدىغانلار، دۇمباقچىلاردىن بولۇپ ئون نەچچە ئادەمنى ئۇلارغا ھەمراھ قىلغان ۋە شايى ـ دۇردۇن، ئۈنچە ـ مەرۋايىت

قاتارلىق قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىپ ئۇلارنى بىر يىل كۈتكەن. ئۇلار كۆمەنگە قايتقاندىن كېيىن ئوردا خانلىرىغا مۇھاپىزەتچىلەرنى قويۇپ، ئوردىدىن كىرىپ چىققاندا دۇمباق چېلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ يوسۇنلىرىچە يۇرۇشىدىغان بولغان. كېيىن نەچچە رەت چاڭئەنگە بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلغان. ئۇنىڭ ئوغلى چېگدې ئۆزىنى خەن سۇلالىسىنىڭ نەۋرىسىمەن دەپ ئاتاپ، قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن.

**فۇ جېزى** (؟ ~ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 65 ـ يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەمەلدارى. شىمالىي يىچۇلىق (گەنسۇدىكى چىڭياڭنىڭ غەربىي شىمالىدا). يۈەنفېڭ يىللىرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 75ـ يىلى ~ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 80 ـ يىلى)دا ئۇلپار سېتىۋېلىش ئۈچۈن فەرغانە (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ فەرغانە)گە بارغان، يارلىق بىلەن كىروران (بۈگۈنكى لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالى)، كۈسەن قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ، ئىككى ئەلنىڭ خانىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن، ھون ئەلچىلىرىنى ئۆز چېگرىسىدىن ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى ئەيىبلىگەن، ئىككى ئەلنىڭ خانى ئۆزلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى بوينىغا ئالغان. جېزى فەرغانىدىن كۈسەنگە قايتىپ، ھونلارنىڭ ئۇيسۇندىكى ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كەپتاۋۇللۇق ئۇنۋانىنى بېرىپ نازارەت قىلغان. كېيىن چوڭ سانغۇن خو گۇاڭنىڭ قوللىشىدا شىسۈي بىلەن ئالتۇن ـ تىللالارنى ئېلىپ باشقا ئەللەرنى ئارتۇقلاشقا بارغان. بۇ چاغدا كىروراننىڭ خانى ئانغۇيلۇسى ھونلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خەن ئەلچىلىرىنى بۇلىغان، ئارساك (بۈگۈنكى ئىران) ۋە فەرغانە قاتارلىق ئەللەرنىڭ خەن ئوردىسىغا ئېلىپ ماڭغان سوۋغا ـ سالاملىرى بۇلانغان. جېزى كىروراندا سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىن ھەققانىيەتچى بەگ دەپ ئاتالغان.

**چاڭ خۇي** (؟ ~ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 46 ـ يىلى) غەربىي يۇرتقا ئالتە قېتىم ئەلچى بولۇپ بارغان غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. شەنشىنىڭ تەييۈەن دېگەن يېرىدىن. كىچىك چاغلىرىدا نامراتلىق دەردىدىن چوڭ بولغاندا چوڭراق ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. پادىشاھ خەن ۋۇدى تيەنخەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 100 ـ يىلى) سۇۋۇۋغا ئەگىشىپ غەربىي يۇرتقا ھونلار ئېلىگە ئەلچىلىككە كېلىپ ئون نەچچە يىل تۇتۇپ قېلىنغان. پادىشاھ جاۋدىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار قۇدىلاشقان. چاڭ خۇي قاتارلىقلار خەن ئەلچىلىرى بىلەن چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن)گە قايتىپ كېڭەش بېگى بولغان. بېنشىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 72 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى لەشكەرلىرى بەش يولغا بۆلۈنۈپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان. چاڭ خۇي تۇنجى قېتىم ئەلچى بولۇپ غەربىي يۇرتقا بارغان. ئۇ خەن ئەلچىلىرىنى ۋە ئۇيسۇن قوشۇنلىرىدىن 50 مىڭ كىشىنى باشلاپ خەن قوشۇنلىرىغا ھەمدەمدە بولۇپ، ھون قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئوردىغا تېگىش قىلغان، چوڭ غەلىبىگە ئېرىشىپ چاڭلونىڭ تۇتۇقبېگى مەنسىپىگە ئېرىشكەن. 4ـ يىلى يەنە بىر قېتىم غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىپ خەن سۇلالىسىگە ۋاكالىتەن ئۇيسۇن ئاقسۆڭەكلىرىنى ۋە ھونغا قارشى ئۇرۇشتا تۆھپىسى بارلارنى ئارتۇقلاشقا بارغان. دىجېنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 68ـ يىلى) ھونلار كۈچ توپلاپ قاغقىل بەگلىكى (بۈگۈنكى تۇرپان)نى مۇھاسىرىگە ئالغان. جېڭ جى ۋە باشقا بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەر شەھەردە قامىلىپ قالغان. چاڭ خۇي پەرمان بويىچە جاڭيې، جيۇچۇەندىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ قورشاۋنى بۆزۈپ تاشلىغان. گەنلۇنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 53 ـ يىلى) ئۇيسۇن ئېلىدە يەنە بىر قېتىم مالىمانچىلىق تۇغۇلغان. 70 ياشلارغا بېرىپ قالغان چاڭ خۇي يول ئازابىدىن قورقماي يەنە بىر قېتىم غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىپ، ئۇيسۇنلارنىڭ خانلىق ۋارىسى ھەققىدىكى ماجىرالارنى ئاقىلانىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، بىر قېتىملىق قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغان. گەنلۇنىڭ 3 ـ يىلى جېيۇ مەلىكىگە ھەمراھ بولۇپ چاڭئەنگە قايتقان.

**فېڭ فېڭشى** غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەمەلدارى. تۇغۇلۇپ ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تەخەللۇسى زىمىڭ. شاڭداڭلۇ (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ لۇچېڭ دېگەن يېرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) دېگەن يەردىن. پادىشاھ ۋۇدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كاتاۋۇللۇققا تاللانغان. پادىشاھ جاۋدى زامانىدا ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى ۋە ھەربىي دەستۇرلارنى ئۆگەنگەن. تۇرشاۋۇل سانغۇن خەن زېڭ تەرىپىدىن زىندانبېگى دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. بىنشى دەۋرىدە ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلغان. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ يەنە نۆكەر بەگ بولغان. بۇ چاغلاردا خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتتى-

كى ھەرقايسى ئەللەر دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان بولۇپ، خەن زىڭنى باسقاق بەگلىككە تەيىنلەپ فەرغانىگە يولغا سالغان، ئۇ ھەرقايسى ئەللەردە ئىززەتلىنىپ مېھمان بولغان. ئۇ مىرەن (بۈگۈنكى چاقىلىقنىڭ غەربىي شىمالى) شەھىرىگە كەلگەندە، كاھىنبەگ ئۇنىڭغا ساكارائۇل ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر بىرلىشىپ خەن سۇلالىسىنىڭ ساكارائۇلدا تۇرغۇزغان خانى ۋانناننى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى شى چۇڭگونى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتقان. فېڭشى مۇشۇ سەۋەبتىن غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرگە قوشۇن تارتىپ، ساكارائۇلغا ھۇجۇم قىلىپ بۇ شەھەرنى ئالغان. ساكارائۇل تەسلىم بولغان. ئەتراپتىكى ئەللەرمۇ تىنچىپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسى غەربىي يۇرتقا تارقالغان. قايتقاندىن كېيىن كېڭەشبېگى، گۇرزىدار قاتارلىق مەنسەپلەرگە ئېرىشكەن. يۇڭگۇاڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 42 - يىلى) لۇڭشىدىكى چياڭلار توپىلاڭ قىلغاندا قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلەشكەن. 3 - يىلى ئاستانىگە قايتىپ سول قانات سانغۇنلۇققا تەيىنلەنگەن، كېڭەشبەگلىكمۇ تۇرۇۋەرگەن. كېيىن قوۋۇق ئىچى بېگى بولۇپ، 500 تۇتۇتنى باشقۇرغان. 60 جىڭ ئالتۇن بىلەن تارتۇقلانغان. كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

**گەن يەنشۇ** (؟ ~ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 25- يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق قورۇقچىبېگى. تەخەللۇسى جۈنكۇاڭ، بېيدىنىڭ يۇجى (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ چىڭياڭ) دېگەن يېرىدىن. لياۋدۇڭدا ۋالىي بولۇپ، كېيىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. پادىشاھ يۈەندى دەۋرىدە ھارۋا ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ سانغۇنى شۇ جياسۇن تەرىپىدىن كاتاۋۇللۇققا قويۇلغان، كېيىن غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ بولغان. جيەنجاۋنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 36 - يىلى) مۇئاۋىن چېرىكچى بېگى چېن تاڭ بىلەن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەردىن 40 مىڭدەك ئەسكەرنى ئەۋەتىپ، شىمالىي ھۇنلارنىڭ قۇتۇش تەڭرىقۇتىغا ھۇجۇم قىلغان. دىيانەتلىك بەگ دەپ ئاتالغان. كېيىن چاڭشۇي چېرىكچى بېگى، قوۋۇق چېرىكچى بېگى، مۇھاپىزەتچى قوشۇن تۇتۇقبېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان.

**چېن تاڭ** (؟ ~ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 - يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مۇئاۋىن چېرىكچى بېگى. تەخەللۇسى زىگوڭ. شەنياڭنىڭ شياۋچيۇ (بۈگۈنكى سەندۇڭنىڭ جىنشيالاڭ) دېگەن يېرىدىن. يۈەندى زامانىدا غەربىي يۇرتنىڭ مۇئاۋىن چېرىكچى بېگى بولغان. جيەنجاۋنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 36 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى گەن يەنشۇگە چېرىكچى ۋۇجى ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ سوغدىيانا (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەنت) گە قېچىپ بېرىۋالغان ھۇنلارنىڭ قۇتۇش تەڭرىقۇتىغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسلىھەت بەرگەن. گەن يەنشۇ ئارسالدى بولۇپ تېخى قارار قىلىپ بولالمايلا كېسەل بولۇپ قالغان. چېن تاڭ بولسا ئىككىلەنمەي ئەتراپىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ھەمدە قاڭقىلدىكى چېرىكچى ۋۇجىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان لەشكەرلىرىدىن بولۇپ، 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ھۇنلارنىڭ قۇتۇش تەڭرىقۇتىغا ھۇجۇم قىلىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتقان. ئۇردا ئۇنىڭغا قوۋۇق ئىچى بېگلىك مەنسىپىنى بەرگەن. چېن تاڭ كېيىن خىيانەتچىلىك قىلىپ ئەسكەرلەرنىڭ نېسىۋىسىگە قول تىققان دەپ ئەيىبلەنگەن. كېيىن دۇنخۇاڭغا بارغان، كېسەل بىلەن چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن) دە ئۆلۈپ كەتكەن. كېيىنكىلەر ئۇنى ھۇنلارنى يەڭگەن باتۇر بېگىم دەپ ئاتىغان.

**دۇەن خۇيزۇڭ** (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 79- يىلى ~ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 - يىلى) سەككىز قېتىم غەربىي يۇرتقا بارغان، ئۈچ قېتىم خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. تەخەللۇسى زىسۇڭ. تيەنشۈينىڭ شاڭگۈي (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ تيەنشۈي) دېگەن يېرىدىن. جىڭنىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 33 - يىلى) غەربىي يۇرتقا تۇنجى قېتىم ئەلچىلىككە بېرىپ، غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبېگى، شىرمەت - چەۋەندازلار بېشى كېڭەشبېگى بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت ئېتىرامىغا سازاۋەر بولغان. پادىشاھ چېڭدى جيەنشىنىڭ 3- يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 30 - يىلى) قايتىپ كېلىپ پېيجۇن ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى بولغان. ياندۇرقى يىلى ئۇيسۇن ئېلىنىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقانلاشقاندا، يەنە بىر قېتىم پەرمان بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىپ، غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبېگى لېيەن باۋغا ياردەملىشىپ ئانىرنى كىچىك كۈنبېگى قىلىپ تىكلىگەن. قايتقاندىن كېيىن يامۇلنىڭ بېگى بولغان. خېپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 28 - يىلى) ئىك-

كىنچى قېتىم غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبېگى بولۇپ تەيىنلەنگەندە، كىچىك كۈنبەگنىڭ تاغىسى رىئېرنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان. ئۇ دۇنخۇاڭدىكى قوشۇنلارنى يۆتكەپ كېلىپ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرغان. 4 ـ يىلى ۋەزىپىدىن ئايرىلىپ ئوردىغا قايتقان. پادىشاھ چېڭدى ياڭشۇنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 22 ـ يىلى) قورۇقچىبەگ خەن لىنىڭ مەنسەپتە ئولتۇرۇش مۇددىتى توشۇپ قايتقاندا، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ دۇەن خۇيزۇڭنى قايتىدىن قورۇقچىبېگى مەنسىپىگە ئولتۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلغان. ئوردا بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپ ئۇنى مەنسەپكە تەيىنلىگەن. خۇڭجيانىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 20 ـ يىلى) مەنسەپ مۇددىتى توشۇپ قايتىپ كېلىپ ئالتۇنبالىقنىڭ ۋالىيسى بولغان. كېيىن كېسەل بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىمىگەن بولسىمۇ، ئۆتىنچى قېتىم ئۇيسۇن ئېلىگە بارغان. خۇڭجيانىڭ 4 ـ يىلى، يۇڭشىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 16 ـ يىلى)، يۈەنيەنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 11ـ يىلى) جيەنپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ يىلى) چوڭ كىچىك كۈنبېگلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھوقۇق تالىشىش ماجىرالىرىدىن كېلىپ چىققان ئۆزئارا قەستلەش ۋە ئۇرۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا بارغان. ئۇنىڭ ھەل قىلىش تەدبىرلىرى بولسا قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە بولۇش، چاۋىنى چىتقا يايماسلىق، ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ جەمئىيەتنىڭ ئەمىنلىكىنى ساقلاش بولۇپ، ئۇيسۇن ئوردا ئەھلىنىڭ قوللىشىغا سازاۋەر بولغان. كېيىن ئۇيسۇندا ئۆلگەن، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرغان.

**ساكارائۇل خانى ئاتا ـ بالا يەنلەر** يەن بولسا خەن دەۋرىدىكى ساكارائۇل خانلىقىنىڭ خانى. تۇغۇلۇپ ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. غەربىي خەننىڭ يۈەندى دەۋرىدە ئوردىدا خاس مۇلازىم بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن) دە تۇرغان. خانلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھەۋەس قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن تۈزۈملىرىدىن پايدىلانغان. ئەۋلادلىرىغا خەن سۇلالىسىنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلغان، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئىجىل ئۆتكەن. ۋاڭ ماڭ پاراكەندىچىلىك قىلغان مەزگىلدە، ھۇنلار غەربىي يۇرتنى قايتا ئىگىلىگەن. بۇ مەزگىل ساكارائۇلنىڭ قۇدرەتلىك مەزگىلى بولغاچقا، ھۇنلارغا قارام بولۇشنى خالىماي، يەن ئەتراپىدىكى ھەرقايسى بەگلىكلەردىن قوشۇن تەشكىللەپ ئۇزاق مۇددەتكىچە ھۇنلار بىلەن قارشىلاشقان. تيەنفېڭنىڭ 5 ـ يىلى (18 ـ يىلى) ۋاپات بولغان، پادىشاھقا ساداقەتمەن خان دەپ ئاتالغان. ئوغلى كاڭ تەختكە چىقىپ ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىگە باش بولۇپ، داۋاملىق ھۇنلارغا تاقابىل تۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قورۇقچىبەگلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىدىن بولۇپ مىڭغا يېقىن ئائىلىنى قوغداپ كەلگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى جيەنۋۇنىڭ 5 ـ يىلى (29 ـ يىلى) خېشى سانغۇنى دۇ رۇڭ كاڭنى خەن سۇلالىسىگە سادىق خان، غەربىي يۇرتنىڭ چوڭ قورۇقچىبېگى دەپ ئاتىغان. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەر ئۇنىڭغا قارام بولغان. 9 ـ يىلى ئۆلگەن، ئادالەتلىك خان دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇكىسى شيەن خان بولغان. 14 ـ يىلى شيەن پىشامشان (بۈگۈنكى چاقىلىق ئەتراپى) خانى بىلەن ئولپان تاپشۇرۇشقا ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. 17 ـ يىلى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگنى قايتا تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى مۆھۈرىنى ئۇلارغا تارتۇق قىلغان، كېيىن مۆھۈرنى قايتۇرۇۋېلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك سانغۇنى دېگەن مۆھۈرگە ئۆزگەرتىپ بەرگەن. شيەن كۆڭلىدە غوم ساقلاپ، يەنىلا بۈيۈك قورۇقچىبەگ بولۇپ يۈرىۋەرگەن. 21 ـ يىلى پىشامشان، كىنگىت، ئالدى قۇس قاتارلىق 18 بەگلىك بىرلىشىپ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگنى قايتا تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلغان. ياندۇرقى يىلى شيەن خەن سۇلالىسىنىڭ قورۇقچىبېگىنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ پىشامشان، كۇسەن، فەرغانە، ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەرگە ھۇجۇم قىلغان. شيەننىڭ زوراۋانلىقى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. يۇڭپىڭنىڭ 4 ـ يىلى (61 ـ يىلى) ئۇدۇن خانى گۇاڭدې ھەرقايسى ئەللەرنى ساكارائۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا قوزغاپ شيەننى ئۆلتۈرگەن.

**لى شۈن** شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى چېرىكچىسى. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تەخەللۇسى شۇيىڭ. ئەندىڭنىڭ لىنزى (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ جېنيۈەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى) دېگەن يېرىدىن. كىچىك چاغلىرىدا خەن نەزمىلىرىنى ئۆگىنىپ نەچچە يۈز تالىپلارغا ساۋاق بەرگەن. كېيىن ياساۋۇل تەپتىش بېگى ۋە يوجۇ ئايمىقىنىڭ ئەمتەك بېگى بولۇپ، شىمالىي دىلارنى ئەمىن تاپقۇرغان. كۆر-

گەن تاغ ـ دەريالار، ئېتىز ـ بىنەملەر ھەققىدە مەلۇماتلارنى توپلاپ نەچچە يۈز جىلدلىق خەرىتىلىك تەزكىرە تۈزۈپ چىقىپ خانغا يوللىغان. پادىشاھ مىڭدىنىڭ جىياجى دەۋرىدە گۇنجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى بولغان، كېيىن جاڭيېغا يۆتكىلىپ ۋالىي بولغان، ئىناۋىتى ئېشىپ نامى چىقىشقا باشلىغان. بۈيۈك سانغۇن دۇشيەن ۋۇۋېيدا بىنەم ئاچقاندا، لى شۇن ئاۋامنىڭ دىتىغا ياقماي، دۇشيەن ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئېلىۋەتكەن. مەنسەپى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن غەربىي يۇرتقا يانداش چېرىكچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خاس مۇلازىملىرى ۋە غۇز سودىگەرلىرى لى شۇنگە قول ـ چاكار، فەرغانە ئېتى، ئالتۇن ـ يامبۇ، ئېپار سوۋغا قىلغان بولسىمۇ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن. كېيىن ۋۇۋېيغا يۆتكىلىپ ۋالىي بولغان. كېيىن مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ يۇرتىغا قايتىپ تىرىكچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالغان. خۇيشىدىكى چاڭلار توپىلاڭ قىلغاندا ئۇنى تىنچىتىشقا قاتناشقان. چاڭلار ئارىسىدا ھەيۋىسى ئېشىپ شۆھرەت قازانغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 90 يېشىدا ئۆلگەن.

بەن چاۋ (مىلادىيە 32 ~ 102) شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قورۇقچىبېگى. تەخەللۇسى جۇڭشېڭ. پۇفېڭنىڭ ئەنلىڭ (ھازىرقى شيەنشىدىكى شەنياڭنىڭ شەرقىي شىمالى) دېگەن يېرىدىن. دادىسى بەن بياۋ، ئاكىسى بەن گۇ، سىڭلىسى بەن جاۋلار خەن دەۋرىدىكى داڭلىق زاتلار ئىدى. يۇڭپىڭنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 62 ـ يىلى) ئاكىسى بىلەن لوياڭغا بېرىپ ۋەسىقىلەرنى كۆچۈرۈش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. كېيىن لەنتەينىڭ دورغىسى بولغان، ئىش چىقىرىپ قويۇپ مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان. يۇڭپىڭنىڭ 16 ـ يىلى ھارۋىلىقلار تۇتۇقى دۇگۇنىڭ پەرمانى بويىچە شىمالدىكى ھونلارغا قارشى ئۇرۇشقا بارغان، بەن چاۋ پەخرىي ئەمىرلەشكەر بولۇپ، ئۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەن. كېيىن دۇگۇ ئۇنى 36 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىگە باشلىق قىلىپ، غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، جەنۇبىي يولدىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلغان. پىشامشاندا ھون ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇدۇنغا بېرىپ ھون تەرەپدارلىرىنى يوقىتىپ، ئۇدۇن خانى گۇاڭ دېنى خەن سۇلالىسىگە قارام قىلغان. يۇڭپىڭنىڭ 18 ـ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خانى مىڭدى ئۆلۈپ، ئوردىنىڭ غەربىي يۇرتنى باشقۇرىدىغانغا چولىسى يەتمىگەن، پادىشاھ جاڭدى غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى قايتىپ كېلىشكە پەرمان چۈشۈرگەن. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر ئەندىشىدە قالغان. بەن چاۋ قاتارلىقلار شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئۇدۇنغا كەلگەندە، گۇاڭ دې ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدار، پۇقرالىرى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، بەنچاۋنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ ئۇنىڭ شەرققە قايتىشىنى توسقان. شۇنىڭ بىلەن بەن چاۋ غەربىي يۇرتتا تۇرۇپ قېلىشنى قارار قىلىپ، جيەنچۇنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 78 ـ يىلى) ئۇدۇن قاتارلىق ئەللەردىن ئون نەچچە مىڭ لەشكەرنى باشلاپ قۇم (بۈگۈنكى ئاقسۇ) غا ھۇجۇم قىلغان؛ سۇلىدىن لەشكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتنى قايتا مۇقىملاشتۇرغان. ئوردا ئەمىرلەشكەر بېگى شۇ گەننى ئەسكەر باشلاپ بەن چاۋغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن. ئىككىسى بىرلىشىپ سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر) دىكى توپىلاڭچى قوشۇننى تارمار قىلغان ھەمدە ئوردىغا ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھونلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. 8 ـ يىلى بەن چاۋ دورغاب دېگەن مەنسەپكە تەيىنلىنىپ، ئەسكەر باشلاپ ساكارائۇل، كۇسەن بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە سالغان ھەمدە داۋاملىق ھالدا ياۋچىلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، قالتىس تۆھپىلەرنى قوشقان. كېيىن شىمالىي يولدىكى ئەللەر كېلىپ ئۇنىڭغا قارام بولغان. پادىشاھ خېدى يۇڭيۈەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 91 ـ يىلى) بەن چاۋ غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن، 6 ـ يىلى كىنگىتنى تىنچىتقان. كىچىك ئەمەلدار ۋە سودىگەرلەرنىڭمۇ قىزغىن قاتنىشىشى بىلەن ئاخىر غەربىي يۇرتتىكى 50 كە يېقىن بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى شەرقىي خەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. بەن چاۋ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە كەڭ قول بولۇپ، «كىچىك ئىشلاردا كەڭ قورساق بولۇش، چوڭ ئىشلارنى تۇتقا قىلىش» سىياسىتىنى قوللىنىپ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. 7 ـ يىلى يىراق ئەللەرنى تىنچىتقۇچىبەگ دېگەن مەنسەپكە تەيىنلەنگەن. 9 ـ يىلى گەن يىڭنى داكچىنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ئارساكلارنىڭ زېمىنىنىڭ غەربىگىچە بېرىپ قايتقان. يۇڭيۈەننىڭ 14 ـ يىلى غەربىي يۇرتتا 31 يىل جاپالىق كۈرەش قىلغان بەن چاۋ لوياڭغا قايتىپ كېلىپ، قىرىپ ئۆلگەن. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 8 ـ بېتىگە قارالسۇن)

بەن يۇڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى.

تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تەخەللۇسى يىلياۋ، يۇفېڭنىڭ ئەنلىك (بۈگۈنكى شەنشىدىكى شيەنياڭنىڭ شەرقىي شىمالى) دېگەن يېرىدىن. غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبېگى بەن چاۋنىڭ كەنجى ئوغلى. پادىشاھ خېدى يۇڭيۈەننىڭ 13 ـ يىلى (101 ـ يىلى) ئارساك (بۈگۈنكى ئىران) ئەلچىلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتقان. ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي يۇرتتا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، بەن يوڭ ئەمىرلەشكەر بولۇپ دۇنخۇاڭغا بېرىپ، قورۇقچىبەگلەرنى قارشى ئېلىپ قايتقان. يۈەنچۇنىڭ 6 ـ يىلى (119 ـ يىلى) دۇنخۇاڭنىڭ ۋالىيسى ساۋ زوڭ دورغاب سو بەننى مىڭغا يېقىن لەشكەر بىلەن ئۇيۇرغۇلغا بېرىپ شىمالىي هۇنلارغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. دېڭ تەيخۇ ۋەزىر ـ ئەمىرلىرىنى يىغىپ مەسلىھەتلەشكەن. بەن يوڭ چېگرا رايوننىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلگەچكە ھەمدە قوس، پىشامشان قاتارلىق ئەللەرنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان نىيىتى دۇرۇس بولمىغاچقا، غەربىي يۇرتنى ساقلاشتىن ۋاز كېچىشكە قارشى تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنى قوغدىغۇچى نائىب چېرىكچىنىڭ دۇنخۇاڭدا تۇرۇشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە غەربىي يۇرت دورغابىنى 500 لەشكەر بىلەن كىروران (بۈگۈنكى لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالى) گە ئەۋەتكەن. دېڭ تەيخۇ يەنگۇاڭنىڭ 2 ـ يىلى (123 ـ يىلى) بەن يوڭنى غەربىي يۇرتنىڭ دورغابى قىلىپ تەيىنلەپ لۈكچۈن (بۈگۈنكى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى) غا بوزيەر ئېچىشقا ئەۋەتكەن. ئىككىنچى يىلى بىرىنچى ئايدا بەن يوڭ كىرورانغا بېرىپ پىشامشاننى بويسۇندۇرغان، كۇسەن، قۇم (بۈگۈنكى ئاقسۇ) نىڭ خەن سۇلالىسىگە بويسۇنۇشقا تۈرتكە بولغان. يەنە ئون مىڭدەك لەشكەرنى باشلاپ هۇنلارنىڭ لەۋخانىنى چېكىندۈرۈپ، ئالدى قوسلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بەن يوڭ ئەسكەرلىرىنى لۈكچۈنگە قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، بوز يەر ئېچىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. يەنگۇاڭنىڭ 4 ـ يىلى بەن يوڭ ھەرقايسى يوللاردىكى لەشكىرىي كۈچنى توپلاپ شىمالىي هۇنلارنىڭ قوللىغۇچىسى ئارقا قوس (بۈگۈنكى جىمسار ئەتراپى) نى مەغلۇپ قىلغان، يەنە قويان خاننى مەغلۇپ قىلىپ، هۇنلارنىڭ قوس تەۋەلىكىدىكى بارلىق قالدۇق كۈچلىرىنى قويماي يوقاتقان. پادىشاھ شۈندى يۇڭجيەننىڭ 2 ـ يىلى (127 ـ يىلى) دۇنخۇاڭنىڭ بېگى جاڭ لاڭ بىلەن ئاگىنىغا هۇجۇم قىلىشنى پۈتۈشكەن. جاڭ لاڭ تۆھپە كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاگىنىغا بېرىپ تەس-

لىمنامىسنى قوبۇل قىلغان، بەن يوڭ كېيىن بارغاچقا ئەيىبلىنىپ مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 8 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**گۇاڭ دې** شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇدۇن ئېلىنىڭ خانى. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. پادىشاھ مىڭدى يۇڭپىڭنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 60 ـ يىلى) هۇنلار بىلەن كۇسەن قاتارلىق ئەللەر بىرلىشىپ ساكارائۇلغا هۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئالالمىغان. ئۇدۇن خانى گۇاڭ دې ساكارائۇلنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەتكە نائىب بەگ رىننى لەشكەر تارتىپ ساكارائۇلنىڭ خانى شيەنگە هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. شيەن نەچچە قېتىم هۇجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئەلچى ئەۋەتىپ سۇلھى تۈزۈپ قىزىنى گۇاڭ دېغا ياتلىق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقان. 4 ـ يىلى گۇاڭ دې ھەرقايسى بەگلىكنىڭ 30 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ ساكارائۇلغا هۇجۇم قىلىپ، شيەننى شەھەردىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ساكارائۇلنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. هۇنلار ئۇدۇننىڭ ساكارائۇلنى مەغلۇپ قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 5 سانغۇننى كۇسەن، ئاگىنى، ۋايسر قاتارلىق 15 ئەلنىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بىلەن قورشاپ هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. گۇاڭ دې رەقىبىگە بەيئەت قىلمىغاچقا، ئۇنىڭ ئوغلىنى تۇتقۇن قىلىپ جىشۇگە يېرىۋەتكەن. هۇنلار ساكارائۇلنىڭ خانى شيەننىڭ گۆرۈگە ئېلىنغان ئوغلى بۇجۇجىنى ساكارائۇلغا خان قىلىپ تىكلىگەن. گۇاڭ دې ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ئىنىسى چىلىنى ساكارائۇلغا خان قىلىپ تىكلىگەن. 16 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ پەخرىي ئەمىرلەشكىرى بەن چاۋ ئۇدۇنغا كەلگەن. گۇاڭ دې بۇنىڭدىن قورقۇپ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بەن چاۋغا ئەل بولۇپ، ئوغلىنى خەن ئوردىسىغا مۇلازىم بولۇشقا ئەۋەتكەن.

**چېن بەن** (؟ ~ 168) شەرقىي خەن دەۋرىدىكى سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر) نىڭ خانى. سۇلىنىڭ خانى ۋاڭ ئەنگونىڭ تاغىسى. پادىشاھ ئەندىنىڭ يۈەنچۇ يىللىرى (114~120) دا ئەنگو ئۇنى گۇناھكار دەپ قاراپ ياۋچىلار ئېلىگە پالىغان. ياۋچىلار پادىشاھى ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلىغان. ئەنگو ئۆلگەندىن كېيىن ياۋچىلار ئۇنى قوغداپ سۇلىغا ئاپىرىپ خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزغان. پادىشاھ شۈندى يۇڭجيەننىڭ 2 ـ يىلى (127 ـ يىلى) لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم

قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ تۇتۇقبېگىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا نائىل بولغان. 5 - يىلى خاس مۇلازىم ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان. ياڭجيانىڭ 2 - يىلى (133 - يىلى) ئەلچىلەردىن شىر، كالا ئەۋەتكەن. كېيىن شىكارغا چىققاندا تاغىسى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۇدۇن ۋايجىرا خان جەمەتى خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇندا ساكلار جەمەتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. تىبەت تارىخىي ماتېرىياللىرىدا غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئۇدۇن خان جەمەتى ۋايجىرا (Visa) جەمەتى دەپ ئاتالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن خانىنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ساكارائۇلىنىڭ خانى شيەنىنىڭ كۈچى كۈچەيگەندە، ئالدى بىلەن ئۇدۇننىڭ خانى يۈلىننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئاندىن ۋەلىئەھدىنى ئۆلتۈرگەن، بۇ ئىككىسى ۋايجىرا جەمەتىدىن ئىدى. ۋەلىئەھدىنىڭ ئوغلى رۇڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قېچىپ كەتكەن. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا تۇرغاقچى بەگ دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ۋايجىرا جەمەتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. ساكارائۇلىنىڭ سەركەردىسى جۈندى ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، زوراۋانلىق قىلغاچقا ئۆلتۈرۈلگەن، خان جەمەتىدىن بولغان شيۇمۇبا خەن سۇلالىسىدىكى خەنزۇڭنىڭ ياردىمىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. گۇاڭ دې خانلىق تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇدۇن ئېلى گۈللەنگەن، جەنۇبىي يولنى كېڭەيتىپ غەربتە سۇلىدىن شەرقتە پىشامشانغىچە بولغان 13 بەگلىكنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان ھەمدە بەن چاۋ بىلەن ھەمكارلىشىپ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۈندىنىڭ يۇڭجيەن يىللىرىدا ئۇدۇن خانلىقى داۋاملىق گۈللەنگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شېنچيۇنىڭ 2 - يىلى (519 - يىلى) سۇڭ يۈن غەربكە سەپەر قىلىپ ئۇدۇن خانى ۋايجىرا خان بىلەن كۆرۈشكەندە: خان بېشىغا خورازنىڭ تاجىسىدەك ئالتۇن تاج تاقىغان، بېشىنىڭ كەينىگە ئىككى چى ئۇزۇنلۇقتىكى شايىنى ساڭگىلىتىپ چۈشۈرۈۋالغان، ئوڭ - سول تەرەپلىرىدە قىلىچ تۇتقان يۈزگە يېقىن مۇلازىم - قاراۋۇل بار بولۇپ، تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىكەن. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى (640 - يىلى) پادىشاھ تەيزۇڭ لى شىمىن ئاشىناشىرنى كۇسەننى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن. ئۇدۇن خانى بۇددىچىن ئوغلىنى 300 تۆگىنى ئېلىپ ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن. كېيىن بۇددىچىن ئۆزى شەخسەن چاڭئەنگە خانىنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىپ، پادىشاھ خەن ۋۇدى زامانىسىدىن تارتىپ ۋايجىراخان جەمەتىنىڭ تارىختىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ يارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ خانغا چەكسىز ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرگەن. پادىشاھ گاۋزۇڭ بۇددىچىننى ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى قورۇ - جاي ۋە نۇرغۇن كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تارتۇقلاپ، ئىززەت-ئىكرام كۆرسەتكەن ھەمدە ئوردا پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرغان. تيەنباۋ يىللىرىدا خانىنىڭ ۋەلىئەھدىسى ۋايجىرا سامپاۋا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ساياھەتكە بارغاندا پادىشاھ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئوردا كېنىزىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان، ئۇنى ئوڭ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنلۇقىغا، كېرىيە تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقلىقىغا تەيىنلىگەن. تيەنباۋنىڭ 14 - يىلى (775 - يىلى) ئۆگلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى پارتلاپ، پۈتۈن دۆلەت ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغاندا ۋايجىرا سامپاۋا شەخسەن قوشۇن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىپ ئوردا ئۈچۈن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان ۋايجىرا خان جەمەتىنىڭ بىر مۇنچىسى مەدەنىيەت-سەنئەت ساھەسىدە تونۇلغان. مەسىلەن، رەسسام ۋايجىرا ۋۇيچىرنىڭ رەساملىقتىكى «ئويما - قويما ئۇسلۇبى» ئاستانىنى قاپلىغان، مۇزىكانت ۋايجىرا چىن بىلەن ۋايجىرا كانىنىڭ نامى ئەتراپقا پۇركەتكەن. بەش پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۇدۇن خانى ۋايجىرا چىرئۇبۇ غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ئۇزاق مۇددەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ئۇدۇن ۋايجىرا خان جەمەتى XI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۈيۈك ئۇدۇن ئېلى قاراخانىيلار خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇن خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئاخىرلاشقان.

**بۇددۇچىڭگا** (232~348) ھىندىستانلىق بۇددۇچىڭگا دەپمۇ ئاتالغان. جىن دەۋرىدىكى داڭلىق راھىب. ئەسلى فامىلىسى بو، كۇسەنلىك. توققۇز يېشىدا ئۇدىيانا بەگلىكى (بۈگۈنكى ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا) دا راھىب بولغان. ئىككى قېتىم زابۇلىستان (ھازىرقى كەشمىر) غا بېرىپ بۇددا ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. غەربىي جىن سۇلالىسى يۇڭجيانىڭ 4 - يىلى (310 - يىلى) لوياڭغا بارغان. كېيىن جياۋ شىلې، شى خۇ ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ ئەتىۋارلىشىغا

ئېرىشكەن. ھەر قانداق زور ئەسكىرىي ئىشلاردا ئۇنىڭ-
دىن مەسلىھەت سوراپ يۈرۈش قىلغان بولۇپ، «ئۇلۇغ
راھىب كالان» دەپ ئاتالغان. ئۇ ھەرقايسى ئايماق -
ۋىلايەتلەردە جەمئىي 893 بۇتخانا مۇنارى تۇرغۇزغان
بولۇپ، ئۇنىڭ ئون مىڭغا يېقىن شاگىرتى بولغان.

**لۈي گۇاڭ** (337~399) شەرقىي جىن سۇلا-
لىسى 16 بەگلىك دەۋرىدە كېيىنكى لياڭ بەگلىكىنىڭ
قۇرغۇچىسى. تەخەللۇسى شىمىڭ. لۈيياڭ (بۈگۈنكى
گەنسۇ تيەنشۈينىڭ شەرقىي شىمالى) دىكى دى مىللىتى-
دىن. جيەنيۈەنىڭ 19 - يىلى (383 - يىلى) ئالدىن-
قى چىننىڭ پادشاھى ئۇنى تەمتەكتار ئەلچىلىككە ۋە
غەربىي يۇرتقا جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ قوماند-
انلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ ئەسكەر تارتىپ غەربىي يۇرتقا
يۈرۈش قىلىپ كىنگىت ئېلىنى بويسۇندۇرغان. 20-
يىلى 7 - ئايدا كۇسەنگەن ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي
يۇرتنى تىنچىتقان. فۇجيەن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپى-
سىنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا تەمتەكتار ئەلچى، چەۋەنداز
مەھرەم، يۈمېنگۈەنىڭ غەربىدىكى ھەربىي ئىشلار تو-
تۇقبېگى، غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، غەربىي يۇرت
چېرىكچىبېگى دېگەن نامlarنى بېرىپ، ئىتامەت بەگ
دېگەن. شۇ چاغدا فۇجيەننىڭ ئەسكەرلىرى فېيشۈيدە
مەغلۇپ بولۇپ، ئالدىنقى چىن زاۋال تاپقان. 21 -
يىلى لۈي گۇاڭ 20 مىڭ تۆگىگە غەربىي يۇرتنىڭ
قىممەتلىك ئۈنچە - مەرۋايىتلىرى، ئۆزگىچە ئۇسلۇب-
تىكى سەنئەت بۇيۇملىرى، ھەرخىل ئەتىۋارلىق ھايۋان-
لارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن مىڭدىن ئارتۇق بۇ-
يۇملارنى ئارتىپ، 10 تۈياقتىن ئارتۇق تۇلپارنى ئېلىپ
قايتقان. ئالدىنقى چىننىڭ لياڭجۇدا تۇرۇشلۇق ئايماق
بېگى لياڭ شى ئۇنى ئۆتكۈزمىگەن. لۈي گۇاڭ ئەسكەر
باشلاپ گاۋدۈڭ، ئۇۋىرغۇل قاتارلىق ئىككى قوۋۇقتىن
باستۇرۇپ كىرىپ، لياڭ شىنى يوقىتىپ خېشىغا مۇرا-
جىئەتنامە تارقاتقان. 22 - يىلى گۇزاڭ (بۈگۈنكى
گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي) نى پايتەخت قىلىپ كېيىنكى لياڭ
خانلىقىنى قۇرغان، يىل نامىنى تەيئەن دەپ ئاتىغان.
شەرقىي جىن سۇلالىسى تەيۈەنىڭ 21 - يىلى (396-
يىلى) يىل نامىنى لۇڭفېيغا ئۆزگەرتكەن. كېسەل بى-
لەن گاۋلىڭدا ئۆلگەن. ئۆلگەندىن كېيىن پادشاھ تەي-
زۇ دەپ ئاتالغان.

**كۇماراجىۋا** (344 ~ 413) شەرقىي جىن
سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ راھىبى. كۇسەنلىك. دادىسى
ھىندىستانلىق، ئىسمى كۇماراتان، ھىندىستاننىڭ ۋە-
زىرلىكىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن كۇسەنگە كەلگەن.
ئانىسى جىۋا كۇسەن خانىنىڭ سىڭلىسى. يەتتە يېشىدا
ئانىسىغا ئەگىشىپ راھىبە بولغان، ھىنايانا تەلىماتى
ئۆگەن. توققۇز يېشىدا ئانىسى بىلەن بىللە زابۇلىستان
(بۈگۈنكى كەشمىر) غا بارغان؛ 12 يېشىدا كۇسەنگە
قايتىپ كەلگەن. كۇسەندىكى ئون مىڭدىن ئارتۇق را-
ھىبنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. 20 يې-
شىدا كۇسەن خان ئوردىسىدا ئەمرىمەرۇپنى قوبۇل قىل-
غان. كېيىن سۇلى، ساكارائۇل قاتارلىق جايلارغا بې-
رىپ ماھايانا مەزھىپىنى ئىسلاھ قىلغان. ئالدىنقى
چىن سۇلالىسى جيەنيۈەنىڭ 18 - يىلى (382 -
يىلى) فۇجيەن لۈي گۇاڭنى قوشۇن تارتىپ كۇسەن
قاتارلىق ئەللەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن. كۇمارا-
جىۋا لۈي گۇاڭنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمرىمەرۇپقا
خىلاپلىق قىلغان، شۇ يىلى ئۇ 41 ياشتا ئىدى. كېيىن-
كى يىلى لياۋجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي) غا
بارغان. لۈي گۇاڭ
كېيىنكى لياڭ خان-
لىقىنى قۇرغاندا ئۇ-
نىڭغا ھەربىي مەسلى-
ھەتچى بولغان؛ كې-
يىنكى چىن سۇلالى-
سى گۇڭشىنىڭ 3 -
يىلى (401- يىلى)
پادىشاھ ياۋشىڭ كو-
ماراجىۋانى چاڭئەن
(بۈگۈنكى شەنشىنىڭ
شىئەن) گە تەكلىپ
قىلىپ، دۆلەت ئۇس-
تازى سۈپىتىدە مۇئا-
مىلە قىلغان. شۇ-
نىڭدىن كېيىن گۇڭ-


كۇماراجىۋا

شىنىڭ 15 - يىلىغىچە شاگىرتلىرى بىلەن «ئۇلۇغ
پرەجنا نومى»، «نىلۇپەردەك ئاجايىپ دەرمە سۇترە-
سى»، «ئالماس سۇترە» قاتارلىق نوم، مۇھاكىمە ۋە
تەزكىرىلەردىن بولۇپ 35 قىسىم 294 جىلد (يەنە
بەزىلەر 74 قىسىم 384 جىلد دەپمۇ قارايدۇ) تەرجىمە
قىلغان. تاڭ شۈەنزاڭ، يى جىڭ بىلەن بىللە جۇڭگو-
نىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئۈچ چوڭ بۇددا نوم تەرجىمانى
دەپ ئاتالغان.

**راھىب فاشەن** (337~422) شەرقىي جىن
سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ راھىبى. پىڭياڭنىڭ ۋۇياڭ (بۇ-

گۇنكى شەنشىنىڭ شياگيۇەن) دېگەن يېرىدىن. ئۇچ يېشىدا راھىبلىققا شاگىرتلىققا كىرگەن. 20 يېشىدا مەھايانە پەرھىزلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ دائىم سۇترەلەرنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنى تولۇق تېپىش ئۈچۈن قەسەم ئىچكەن. جىن سۇلالىسى پادىشاھ ئەندى لۇڭئەننىڭ 3 - يىلى (399 - يىلى) خۇي جىڭ، داۋجىڭ، خۇي يىڭ، خۇي ۋېي قاتارلىق كىشىلەر بىلەن چاڭئەندىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، پىشامشان (بۈگۈنكى چاقىلىق)، قارا شەھەر، ئۇدۇن، كولبا (بۈگۈنكى قاغىلىق)، كۆكئارت (بۈگۈنكى پامىر ئېگىزلىكى) قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارغان. ئۇلار ھىندىستاننىڭ شىمالىي، غەربىي، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسىملىرىنى كېزىپ، «ۋەيپۇلىيەپەرى نىرۋانە سۇترەسى»، «مەھاسەڭگە ۋىنەيە»، «سەرۋاستىۋادە»، «سەنيۇكتە ئەبدەرمە مېغىزلار سۇترەسى» قاتارلىق نوملارنىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسى قولغا چۈشۈرگەن. يەنە سىرى لانكىغا بېرىپ «مەھىشا سەكە ۋىنەيە»، «ئۇزۇن ئاگەمە»، «ئارىلاش ئاگەمە» ھەمدە «ئارىلاشما نوم» قاتارلىق نوملارنىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈرگەن. كېيىن دېڭىز يولى ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، جىن سۇلالىسى پادىشاھ ئەندى يىشىنىڭ 8 - يىلى (412 - يىلى) چىڭجۇنىڭ چاڭگۇاڭجۈن ئايمىقىنىڭ لاۋشەن (بۈگۈنكى شەندۇڭ چىڭداۋنىڭ لاۋشەن) دېگەن يېرىگە بارغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 14 يىل سەرپ قىلىپ 30 دىن ئارتۇق دۆلەتنى كېزىپ چىققان. 9 - يىلى (413 - يىلى) جيەنكاڭ (بۈگۈنكى نەنجىڭ) غا بېرىپ، راھىب بۇددا بەدرە بىلەن داۋچاڭ ئىبادەتخانىسىدا نۇرغۇن نوملارنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ يەنە سەپەر جەريانىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن «بۇددا يۇرتى خاتىرىلىرى» («مۆتىۋەر راھىب فاشيەن تەزكىرىسى») دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققان، بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، سىرتقى ئالاقىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جىڭجۇ (بۈگۈنكى خۇبېينىڭ جياڭلىڭ ئەتراپى) دىكى شىنسى بۇتخانىسىدا ۋاپات بولغان.

ئاپۇرغۇر (؟~508) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى. دەسلەپتە جۇرجان خانلىقىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيخېنىڭ 11 - يىلى (487 - يىلى) جۇرجانلارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششقا ئۇنىماي، ئىنىسى چۇنچى بىلەن ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئالدى قوس (بۈگۈنكى تۇرپاندىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى) نىڭ غەربىي شىمالىغا كېلىپ، ئۇ يەردە ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان، چۇنچى يانداش خان بولغان. بىر مەزگىل ئىدىقۇت، ئاگنى، پىشامشان (بۈگۈنكى چاقىلىق ئەتراپى) قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلىپ، جۇرجانلار ۋە ئېفتالىتلار بىلەن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇرغان. يۇڭپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (508 - يىلى) ئەتراپىدا ئېفتالىتلار ئۇنىڭ دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلىپ، چۇنچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئاپۇرغۇر كۈچ - قۇدرىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، مىجەزى ناچارلىشىپ، سىياسىي زوراۋانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قەبىلىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

سۇجۇپ سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ياشىغان مۇزىكانت. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا) لىق. بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ دادىسىدىن مۇزىكا ئۆگەنگەن، بەرباپ چېلىشقا ماھىر بولۇپ، خانىنىڭ يارلىقى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئوردىسىدا نەغمىكەش بولغان. شىمالىي جۇ سۇلالىسى پادىشاھ ۋۇدى تيەنخېنىڭ 3 - يىلى (568 - يىلى) غەربىي تۈركلەر بىلەن شىمالىي جۇ سۇلالىسى ئۆزئارا قۇدىلاشقاندا، سۇجۇپ مەلىكە ئاشىناشقا ئەگىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىمالىي جۇ سۇلالىسىدىن سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان مۇزىكا ساھەسى جانلىنىشقا باشلىغان. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۇسەننىڭ «بەش تارانە، يەتتە ئاۋاز قانۇنى» نى تارقاتقان: بەش تارانە خۇاڭجۇڭ، تەيسۇ، گۇشيې، لىنجۇڭ، نەنلۈي قاتارلىق بەش تېمپېرامېنتسىيىگە تەڭ، ھەربىر تېمپېرامېنتسىيىگە ئاۋازغا تەڭ بولۇپ، ھەر بىر ئاۋازنى ئاساس قىلىپ كۈي شەكلى شەكىللەنگەن. بۇ سۈي - تاڭ سۇلالىسىدىكى يەنلې 28 تېمپېرامېنتسىيىلىك كۈيلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

چۇ بويا (؟~623) چۇ جەمەتىنىڭ قوچۇدىكى سەككىزىنچى ئەۋلادى. سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 5 - يىلى (609 - يىلى) ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا ئولپان تاپشۇرغان. خېشى كارىدورىدا غەربنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن پادىشاھ سۈي ياڭدى بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاستانىگە بارغان. ئۇلۇغ قول كېڭەشبېگى، قوس ۋالىيسى قاتارلىق مەنسەپلەرنى بې-

رىپ دۆلەت بېگى دەپ ئاتىغان. 8 ـ يىلى سۈي ياڭدى كورىيىگە جازا يۈرۈش قىلغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۈي ئوردىسىدىكى خۇادۇڭ مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغان. قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) غا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «كىيىم ـ كېچەك، ئۆرپ ـ ئادەتنى ئىسلاھ قىلىپ، بەدەۋىلەرنى ئىلغارلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى گەرچە سۈي ياڭدىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تۇرالارنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ، ئىسلاھاتنى داۋاملاشتۇرالمىغان. ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە، غەربىي تۈركلەرنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكەن. 14 ـ يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قوچوغا قايتىپ كېلىپ، خانلىق تەختكە قايتىدىن چىقىپ، كونا يىلنامىسى يەنخېنى چۈڭگۇاڭغا ئۆزگەرتكەن. ھەر يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ سۈي ئوردىسىغا ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرغان.

**جاڭ شيۈڭ** (584~633) چۈ جەمەتىنىڭ قوچودىكى ئۇلۇغ سانغۇنى. يەنە بىر ئىسمى ۋېن خۇەن. خېنەنىڭ نەنياڭ دېگەن يېرىدىن. مەنسەپدارلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. 20 ياشقا كىرگەندە، خېشىدا سۈي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياڭ گۇاڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغان، چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن) ، لوياڭ قاتارلىق ئىككى جاينى كۆزدىن كەچۈرگەن؛ كېيىن پادىشاھ ياڭدىغا ئەگىشىپ كورىيىگە جازا يۈرۈش قىلغان. قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) غا قايتقاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن قوچو خانى چۈ بوياڭنىڭ ئىسلاھاتىنى ۋە سۈي سۇلالىسىگە بويسۇنۇشنى تاللىغانلىقىنى قوللىغان. كېيىن ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە جاڭ شيۈڭ چۈ بويا بىلەن بىللە غەربىي تۈركلەرنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكەن. تاڭ سۇلالىسى ۋۇدېنىڭ تۇنجى يىلى (618 ـ يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا چۈ بويا قوچوغا قايتىپ كېلىپ خانلىق تەختكە قايتىدىن چىققان. جاڭ شيۈڭ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇنلۇققا تەيىنلىنىپ قوشۇمچە پاششاپ بېگى بولغان، كېيىن مەنسىپى سول قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنلۇقىغا ئۆستۈرۈلۈپ لەشكىرىي پىرقىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. سۈي سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، جاڭ شيۈڭ ۋاقىتلىق خاتىرجەملىكنى كۆزلىمەسلىكنى، بۆلۈنۈشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، پەقەت تاڭ سۇلالىسىگە بويسۇنۇشنىڭلا دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ھەمدە تەختكە چىقىشلى ئۇزاق بولمىغان چۈ ۋېنتەيگە كۆپ قېتىم پايدا ـ زىياننى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەچكە، ئاچچىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ چاغدا 50 ياشتا ئىدى. جاڭ شيۈڭ ئەر ـ خوتۇنىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى 1973 ـ يىلى تۇرپاننىڭ ئاستانىدىن قېزىۋېلىندى، ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

**باش يابغۇ قاغان** (؟~630) غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى. ئىستەمى ئۇرۇقىدىن. تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 16 ـ يىلى (617 ـ يىلى) بايغۇ قاغاننىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بۈيۈك قاغانلىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، زور كۈچ بىلەن غەربكە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، قارارگاھىنى مىڭبۇلاق (ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىشكەكنىڭ غەربى) قا يۆتكىگەن، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارام بولغان. ئۇ داۋاملىق غەربكە قاراپ ۋىزانتىيىگە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، پارسلارنى مۇتەەرز قىلىپ، ماۋرائۇننەھر (بۈگۈنكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسى) ۋە ئامۇ دەريا ۋادىسىدىكى خانلىقلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تەسەررۇپى ئاستىغا ئېلىپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئەسكىرىي جاسارىتىنى نامايان قىلغان. تاڭ شۇەنزاڭ غەربكە نوم ئەكېلىشكە ماڭغاندا، ئۇنىڭ ھىمايىسىگە نائىل بولغان. كېيىن يەنە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شەرقىي تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، قاغانبۇت (بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسىنىڭ ئارقا قەلئە قەدىمكى شەھىرى) شەھىرى قولدىن كەتكەن.

**قاپىش غالىن** سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى غەربىي يۇرتتىكى تېلى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى. ئەسلىدە غەربىي تۈركلەرگە ۋەزىر بولغان. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ تۇنجى يىلى (605 ـ يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ نۇركۈر قاراقاغان تېلىلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن ئالىدىغان سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، نەچچە يۈزلىگەن ئاقساقاللارنى ئۆلتۈرگەچكە، تېلىلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشىنى قوزغىغان. قاپىش ۋە سىرتاردۇش قەبىلىلىرىنىڭ ئاتامانلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قاغان بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە قاپىش غالىن نامىنى ئۆزىنى باغا قاغان دەپ ئاتاپ، تەڭرىتاغ (بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسىنىڭ نەنشەن) دا قارارگاھ قۇرغان. سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئاتامانى

ئېركىننىڭ كىچىك قاغان بولغان. تۈركۈر قاراقاغان ئېغىر مەغلۇپ بولۇپ، سۈي سۇلالىسىگە قېچىپ كەتكەن. تېلى ئېلى بىر مەھەل قۇدرەت تاپقاچقا، ئىۋىرغول (بۈگۈنكى قومۇل)، قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان)، قاراشەھەر قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسى قاپشىغا قارام بولغان. سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 3 - يىلى سۈي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى فېڭ شياۋسى دۇنخۇاڭدىن چىقىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان، تېلىلار مەغلۇپ بولۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپ گۇناھىنى تىلىگەن. سۈي سۇلالىسى پېي جۈنى تېلىلارنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يەڭگەن. سۈي سۇلالىسى دايېنىڭ 6 - يىلى سۈي سۇلالىسى بۈيۈك سانغۇن شۆ شىشيۇڭنى قاشقوۋۇقتىن چىقىپ، تېلىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى ئىۋىرغولغا ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلەشكە ئەۋەتىپ، ئىۋىرغول ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، تېلى ئېلى كۈنسېرى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، يابغۇ قاغانغا كەلگەندە غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، قاپىش خانلىق نامىدىن ۋاز كېچىپ، داۋاملىق غەربىي تۈركلەرگە ئىتائەت قىلغان؛ سىرتاردۇش قەبىلىسى شەرققە چۆللۈكنىڭ شىمالىغا يۆتكىلىپ، شەرقىي تۈركلەرگە ئىتائەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن تېلى ئېلى يىمىرىلگەن.

**پېي جۈ** (547~627) غەربىي يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان سۈي سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەمەلدارى. ئەسلىي ئىسمى شى جۈ، تەخەللۇسى خۇڭدا، خېدۇڭنىڭ ۋېنشى (بۈگۈنكى شەنشىدىكى ۋېنشىنىڭ شەرقىي شىمالى) دېگەن يېرىدىن. سۈي سۇلالىسى پادىشاھ ياڭدىنىڭ دايې يىللىرىدا گەنجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ جاڭيې) غا غەربىي يۇرت سودىگەرلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن، ئۇ ئۈزلۈكسىز گەنجۇ، لياڭجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي)، شاجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ) قاتارلىق جايلارغا بېرىپ - كېلىپ غوز سودىگەرلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ سودا قىلىشقا چاقىرغان. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرىلەر» نىڭ 3 - تومىنى يېزىپ ئوردىغا تەقدىم قىلغان. پادىشاھ ياڭدى ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان. دايېنىڭ 4 - يىلى (608 - يىلى) دىن كېيىن، قاشقوۋۇققا يۈرۈش قىلغۇچى بۈيۈك سانغۇن شۆ شىشيۇڭ ئىۋىرغول (بۈگۈنكى قومۇل) شەھىرىنى بەرپا قىلغاندا، ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولغان. غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرگە «يىراق جايدا سودا قىلىش خەتەرلىك»، يېڭى قورۇلغان شەھەردە سودا قىلىش ھەر جەھەتتىن قولايلىق دەپ جاكارلىغاچقا، يەرلىك خەلقنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. ياندۇرقى يىلى پادىشاھ ياڭدى غەربىي يۇرتنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەندە، پېي جۈ قوچو خانى چۈ بويا، ئىۋىرغول تۇتۇق شاتى ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى 27 ئەلنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھنى قارشى ئېلىپ سالامغا بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. تۇتۇق شات نەچچە مىڭ چاقىرىم زېمىننى ھەدىيە قىلغان، سۈي سۇلالىسى بۇ جايغا پىشامشان ۋىلايىتى (بۈگۈنكى چاقىلىق ئەتراپى) ۋە چۈرچان ۋىلايىتى (بۈگۈنكى چەرچەن) نى تەسىس قىلغان. 14 - يىلى سۈي سۇلالىسى ھالاك بولغاندا تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ، نوپۇس پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بىلىمى مول، تارىخقا پىششىق بولغاچقا، باشقىلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ئوردىغا مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىنغان.

**ئاقارى ماندا** سۈي - تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۈيشۇناس. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. كۈسەنلىك، دەسلەپتە سۈي سۇلالىسىدا ناۋا بېگى، تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ كەسپىي مەنسەپدارى بولغان، غەربىي يۇرتنىڭ ئۇسسۇل - مۇزىكىلىرىنى رەپتىس قىلغان. ئىجاد قىلغان مۇزىكىلىرى قويۇق تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان مۇزىكىلىرىدىن: «ياشا»، «يەتتە ئاخشامدا ئۇچرىشىش»، «چەينەك تاشلاش»، «ئۇسسۇللۇق زىياپەتتىكى ئۇلپەتداشلارنىڭ يىغىلىشى»، «زۇمرەت قىزنىڭ سەپىرى»، «قەدىم ئوردىغا قايتىش»، «شادلىق گۈلى» قاتارلىقلار بار. «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» ئۇسسۇللۇق مۇزىكا بولۇپ، بىر دەۋر شۆھرەت قۇچقان.

**ۋايجىرا ۋىچىر** تاڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق رەسسام. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئۇدۇن خان جەمەتىدىن، كىچىكىدە دادىسى ۋايجىرا ۋازىكىنادىن رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن. جېنگۇەن يىللىرىدا ئۇنىڭ نەپىس سىزىلغان رەسىملىرى ئوردىغا تونۇشتۇرۇلغان. چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن) گە كەلگەندە مۇھاپىزەتچى بولۇپ، ۋىلايەت بېگلىك مەنسىپىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ قېنىق سۈس رەڭدىن پايدىلىنىپ ئويما - قويما رەسىم سىزىش ئۇسۇلى ئوت-

تۇرا تۈزلەڭلىكتە رەسسامچىلىق ساھەسىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى بۇددا دىنىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان، ئىلاھ، ئادەم، گۈل- گىياھ ۋە ئۇچار قۇشلارنى سىزىش ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقى ئىدى. «شۈەنخې رەسىملىرى شەجەرىسى» دە خاتىرىلەنگەن ئۇنىڭ سەككىز پارچە ئەسىرى «مايتىرىسىنىڭ بۇت ھەيكىلى»، «بۇتخانا رەسىمى»، «راھىبلار رەسىمى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۈگىمە رەسىملىرىدىن باشقا، چاڭئەندىكى داڭلىق بۇتخانىلاردىمۇ تام رەسىملىرى بار، سىئەنسى ئىبادەتخانىسى مۇنارى ئالدىدىكى «تۆھپىكار ئەربابلار رەسىمى»، «مىڭ پاترالىق مانجۇسىرى رەسىمى»، «مىڭ قوللۇق، مىڭ كۆزلۈك بۇت» ھەمدە گۇاڭجەيسى ئىبادەتخانىسىنىڭ مەنجۇتاڭ سارىيى ۋە پۇجيەنتاڭ سارىيىنىڭ تاملىرىغا سىزىلغان بۇددا رەسىملىرى، ئالۋاستىنى تەسلىم قىلىش رەسىمى، ھىندى راھىبلىرى ۋە تىبەت خانلىرىنىڭ غەلىتە رەسىملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇ سىزغان رەسىملەردۇر. ئۇ سىزغان رەسىملەر ئاستانىدە شۆھرەت قازىنىپلا قالماي، يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەسساملىق ساھەسىگە يېڭىچە ئۇسلۇب ئېلىپ كەلگەن. داڭلىق رەسسام ۋۇ داۋزى، ۋاڭ ۋېي قاتارلىقلار ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان. ۋايجىرا ۋېچىر چاڭئەندە ئۇزۇن مەزگىل ياشاپ، ۋۇ داۋزى، يەن لىبېن قاتارلىق سارايداشلىرى بىلەن بىرگە رەسىم سىزىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ رەسىم سىزىشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىگىلەپ، رەسىم سىزىش ماھارىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەن. زامانداشلىرى ئۇنى قەلەمنى ناھايىتى نەپىس ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، سىزغان ئادەم ئوبرازلىرى تولىمۇ جانلىق، خۇددى راستتەك كۆرۈنۈپ، ئادەمگە ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ، دەپ تەرىپلەشكەن. ھازىر چەت ئەللەردە تارقىلىپ يۈرگەن «ساماۋى خان رەسىمى»، «ئۇيغۇر راھىبى رەسىمى»، «تىبەت خانى رەسىمى»، «كۆسەن قىزى رەسىمى» قاتارلىقلارنىڭ قىممىتى بىر – بىرىدىن قېلىشمايدۇ، لېكىن بەزىلەر بۇنى ھەقىقىي قول سىزما ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

**چاۋ شىۋاڭ** تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. جېنگۇەننىڭ 3 – يىلى (629 – يىلى) شەرقىي تۈركلەر ئېلىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تېلى قەبىلىلىرى سىرتاردۇش قەبىلىسىدىكى يانونى قاغان قىلىپ تىكلىگەن، چاۋشىۋاڭ ھەرىكەتچان سانغۇن بولۇپ چىغىر يول بىلەن سىرتاردۇشقا ئەلچىلىككە بېرىپ، يانون بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ شەرقىي تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلغان. 14 – يىلى قوچو كۇ جەمەتى خانلىقى ھالاك بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى بۇ جايغا غەربىي ئايماق (بۈگۈنكى تۇرپان) تەسىس قىلغان، غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، چاۋ شىۋاڭنى غەربىي تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىگەن. چاۋ شىۋاڭ مەنسەپكە ئولتۇرغان مەزگىلدە، قوچو تەۋەلىكىدىكى ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنى تەرتىپكە سېلىپ، قوچودىكى ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ پۇقرالارغا بۆلۈپ بەرگەن، مەجبۇرىي لەشكەرلىككە ئېلىشنى بىكار قىلغان ھەمدە قاچقۇنلارنىڭ جازاسىنى كەچۈرۈم قىلغان، نامراتلارغا ياردەم بېرىپ، غەربىي ئايماقنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگرىدىكى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىققان. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ ئەلچى ئەۋەتىپ ئىل بېلگە ئىشبارا يابغۇ قاغانغا ئوتتۇغان نامى بېرىپ، ئۇنى يالغۇز تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان ئىل بېلگە تۇغلۇق قاغانغا ھۇجۇم قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. 16 – يىلى ئىل بېلگە تۇغلۇق قاغان ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي تۈركلەرنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن. شۇ يىلى چاۋ شىۋاڭ مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ ئوردىغا قايتقان.

**سۇ دىڭفاڭ** (592~667) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئىسمى سۇ لېي، ئەسلىي يۇرتى جىجۇنىڭ ۋۇيى (بۈگۈنكى خېبېينىڭ ۋۇيى). سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى دۇجيەندېنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن. تاڭ سۇلالىسى گۈللەنگەندە يۇرتىغا قايتقان. جېنگۇەننىڭ 4 – يىلى (630 – يىلى) ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ، لى جىڭغا ئەگىشىپ شەرقىي تۈركلەرگە جازا يۈرۈش قىلىپ، ئىل قاغاننى تۇتۇۋالغان. شيەنچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (656 – يىلى) كۆكتارت ئۆلكىسىنىڭ ئالىي باشبۇغى چېڭ جىجيېگە ئەگىشىپ ئاشىناقۇلىغا جازا يۈرۈش قىلغان، ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى بولغان، باشقا قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ قوشۇنىلا غەلىبە قىلغان. 2 – يىلى ئىلى ئۆلكىسىنىڭ ھەربىي يۈرۈش باش بۇغىلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قارا – ئېرتىش دەرياسى (بۈگۈنكى ماناس دەرياسى) بويىدا ئاشىناقۇلىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ 100 مىڭدەك ئەسكىرىنى يوقىتىپ،

قار - مۇزغا قارىماي قوغلاپ غەربكە بېرىپ، جەنۇبىي يولدىكى ئاشىنامىشىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان. ئاشىناقۇلى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى، كىشىئوغلى ھەمدە ئاز ساندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى شاش شەھىرى (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت) گە قېچىپ كەتكەندە، سۇ دىڭفاڭ ئۇنى تۇتۇپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ، دۆلەت ئەركانىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئۇرۇقى تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغان. شيەنچىڭنىڭ 4 - يىلى (659- يىلى) تىبەتلەرنىڭ دايەنمەنبۇ قەبىلىسى ئازارلارغا ھۇجۇم قىلغان، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىزگىل ئېركىن تۇمەن يەنە سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر)، جۇھافا (بۈگۈنكى قاغىلىق)، يىبەنتا (بۈگۈنكى تاشقۇرغان) قاتارلىق ئۈچ ئەلگە باشلامچىلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەن. سۇ دىڭفاڭ بېرىپ تىنچىتقان، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت ۋە خېيۈەن ۋىلايىتى قايتىدىن ئەمىن تاپقان. 5 - يىلى (660 - يىلى) لياۋدۇڭغا جازا يۈرۈش قىلغان، شيۇڭجىننىڭ ئالىي باشبۇغلۇق مەنسىپى بېرىلىپ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ بەي جىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان.

قاپىش ئالپ (؟~677) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. تېلىلىق. سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى تېلى ئېلىنىڭ قاغانى قاپىش غالىنىڭ نەۋرىسى، جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى (623 - يىلى) ئۇنىڭ ئانىسى قەبىلىنى باشلاپ شاجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ دۈنخۇاڭ) دا تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان، قاپىش ئالپقا سول قانات سەردارلار سانغۇنى دېگەن مەنسەپ بېرىلگەن. جېنگۇەننىڭ 9 - يىلى ئازارلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرى شۆ ۋەنجۈن، شۆ ۋەنچىي قاتارلىقلارنىڭ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشىغا ياردەملىشىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تارمار قىلغان، ئاتلىق قوشۇنغا باشلامچىلىق قىلىپ ئازارلارنىڭ خانى فۇيۈنغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇدۇننىڭ شەرقىدىكى چوڭ قۇملۇقتىچە بېرىپ، ئازارلارنى تارمار قىلىپ قايتقان. ئوردىغا كىرىپ شىمالىي قوۋۇقنىڭ پاسىبانى بولغان، قوشۇمچە لىنتاۋشيەن نامىيىسىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان. جېنگۇەننىڭ 14- يىلى يارغۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ئالىي باشبۇغى بولۇپ تەيىنلىنىپ، قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) نى تىنچىتىشقا قاتناشقان. لياڭجۇ (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي) دىكى قاپىش قەبىلىسى يۈز ئۆرۈپ سىرتاردۇشلارغا يېقىنىپ قاپىش ئالپنى تۇتقۇن قىلغاندا، ئۇ ھەرگىز تەسلىم بولماي قۇلىقىنى كېسىپ ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن. تاڭ سۇلالىسىغا قايتقاندىن كېيىن كۇنچيۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى بولۇپ تەيىنلىنىپ، كۇسەننى تىنچىتىش جېڭىگە قاتنىشىپ زەپەر قۇچۇپ قايتقان. جېنگۇەننىڭ 23 - يىلى پادىشاھ تەيزۇڭ ئۆلگەن، قاپىش ئالپ ھەمدەپنە بولسام دېگەندە، باشقىلار نەسىھەت قىلىپ توسقان. پادىشاھ گاۋزۇڭ يۇڭخۇينىڭ 2 - يىلى (651 - يىلى) لياڭ جيەنفاڭ بىلەن بىرگە كۇنەس ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي يۈرۈش باش بۇغى بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئەسكەر باشلاپ چۇمۇل قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى سۇكۇن ئېركىن، خوخاچىنى ئەسىرگە ئالغان. قاپىش ئالپ سول قول شىرمەن چەۋەندازلار بۈيۈك سانغۇنلۇقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، دۆلەت ئەركانى دەپ نام بېرىلگەن. لۇڭشونىڭ تۇنجى يىلى (661 - يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى توققۇز تېلى توپىلاڭ كۆتۈرگەن، باستۇرۇپ تۇرىسىمۇ قايتا - قايتا قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، قاپىش ئالپ پەقەت 500 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ توپىلاڭچى قوشۇننىڭ قارارگاھىغا باستۇرۇپ كىرىپ، يەرلىكتىكى نوپۇزلۇق ئاقساقاللارنى قايىل قىلىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئاتامانىنى تاپشۇرغۇزۇپ، توپىلاڭنى تىنچىتقان. قاپىش ئالپ بىر ئۆمۈر تاڭ سۇلالىسىگە سادىق بولغان ئۇلۇغ سانغۇن.

گو شياۋگې (؟~649) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. شۇجۇنىڭ ياڭجەي (بۈگۈنكى خېنەننىڭ يۈشيەن ناھىيىسى) دېگەن يېرىدىن، سول قول شىرمەت چەۋەندازلار بۈيۈك سانغۇنى، ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتلىك تۆرە قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. جېنگۇەننىڭ 16 - يىلى (642 - يىلى) پەرمان بويىچە لياڭجۇدا تۇتۇق بولغان، كېيىن يەنە ئەنشىنىڭ قورۇقچىبېگى بولۇپ، غەربىي ئايماق (بۈگۈنكى تۇرپان) غا بارغان. ئىچكى قىسمىنى تىنچلاندۇرۇپ، خەلقنى چەت جايلارغا توپلاپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتكەن. شۇ يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان لەشكەر باشلاپ ئىۋىرغول (بۈگۈنكى قۇمۇل) غا ھۇجۇم قىلغان. گو شياۋگې 2000 شىرمەت چەۋەندازلارنى باشلاپ ۋۇگۇ ئايمىقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى تارمار قىلغان. غەربىي تۈركلەر يەنە ئەسكەر باشلاپ تيانشان ناھىيىسى (بۈگۈنكى توقسۇن) نى قورشىۋالغاندا، گو شياۋگې يەنە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. شۇڭا، غەلىبە پەيتىدىن پايدىلىنىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، چول

قەبىلىسىنىڭ ئاتامانى تۇرۇشلۇق شەھەرنى ئىگىلىگەن. ئىل بېلگە تۇغلۇق قاغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، توخرى (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي چېگراسى) غا قېچىپ كەتكەن. ئىل بېلگە شىر قاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ مەلىكشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قوزغىلىش ھېيلىسىنى ئىشلىتىپ ئاگىننى تاڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرغۇزمىغان. 18 ـ يىلى گو شياۋگې 3000 ئەسكەرنى باشلاپ، كۈمۈش ئايمىقىدىن ئۆتۈپ ئاگىنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانى تۈرگەشنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئىلبەگ يابغۇ لىبۇجۇننى ئاگىننىڭ تۇتۇقى قىلىپ تىكلەپ، ئاگىنى تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرغان. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاگىننى غەربىي تۈركلەر قايتىدىن ئىگىلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ زىددىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن. 21 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرگە جازا يۈرۈش قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، كۇسەنگە لەشكەر تارتقان، بۇ «كۇنچيۇ ئايمىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈشى» دەپ ئاتالغان. گوشياۋگې گۇنچيۇ ئايمىقىنىڭ مۇئاۋىن ئالىي باشبۇغلىقىغا تىكلىنىپ، لەشكەر باشلاپ ئالىي باشبۇغ ئاشىناشىرنىڭ تۇرۇشلۇق جايىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، كۇسەننى ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلەپ، پەرمان بويىچە كۇسەندە تۇرۇپ قالغان. كۇسەننىڭ باش ۋەزىرى نالى غەربىي تۈركلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان. گو شياۋگې شۇ چاغدا كۇسەندە ئۆلگەن.

**ئاشىناشىر** (604 ~ 655) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. شەرقىي تۈرك خان جەمەتىدىكى چۇلۇق قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى، تۇتۇقشاد مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، قاغانبۇت شەھىرى (بۈگۈنكى جىمسار) دا ئوردا قۇرغان. جېنگۇەننىڭ 8 ـ يىلى (643 ـ يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغان، ئاشىناشىر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي تۈركلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك زېمىنىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى دۇب خاقان دەپ ئاتىغان. 9ـ يىلى لەشكەر باشلاپ سىرتاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان) غا چېكىنىپ ئۇ يەرنى ساقلىغان. تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ تەيزۇڭنىڭ سىڭلـ قوبۇل قىلىشقا مۇيەسسەر بولۇپ، پادىشاھنىڭ سىڭلىسى خېڭ ياڭ مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغان، كوراگان تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىنىپ، ئاستانىنىڭ پاسبانى بولغان.

21 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى كۇسەنگە جازا يۈرۈش قىلغاندا، ئاشىناشىر كۇنچيۇ ئايمىقى ھەربىي يۈرۈش ئالىي باشبۇغى بولۇپ تەيىنلىنىپ، لەشكەر باشلاپ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلغان. 2 ـ يىلى چول، چۇمۇل قاتارلىق قەبىلىلەرنى تارمار قىلىپ، شىمالىي يول بىلەن مېڭىپ كۇسەننى بېسىۋالغان. جەنۇبىي يولدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاگىننى تارمار قىلغان، ئاگىنى خانى شۇپاناجى كۇسەنگە قېچىپ كەلگەندە، ئاشىناشىر ئۇنى قولغا ئالغان. كۇسەن سانغۇنى جىلىبەدىن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا مەغلۇپ بولغان. كۇسەن خانى باھارپۇسپا ئوردىدىن ۋاز كېچىپ، غەربتىكى بارخان شەھىرى (بۈگۈنكى ئاقسۇ) نى ساقلىغان. كۇسەن ئېلىنىڭ ۋەزىرى نالى غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ خانلىق شەھەرگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان. ئاشىناشىر قوشۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، خانلىق شەھەرنى قايتىدىن ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارخان شەھىرىنىمۇ ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلەپ، باھارپۇسپا ھەمدە نالى، بۈيۈك سانغۇن جىلىبەدىن قاتارلىق مۇھىم شەخسلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسىرگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى كۆكتارتقىچە كېڭەيگەن. ئاشىناشىر غەلىبە بىلەن ئوردىغا قايتقان. ئۆلگەندىن كېيىن جاۋلىڭغا دەپنە قىلىنغان.

**بايان** (؟ ~ 661) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتامانى. دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇنجى تۇتۇقبېگى تومىنىڭ ئوغلى. جېنگۇەننىڭ 22 ـ يىلى (648 ـ يىلى) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئىدۇگ قاغان تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇپ تومىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇيغۇر ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەلىكشاھى دەپ ئاتاپ، ئىدۇگ قاغانغا بېقىنغان. يەترەنىنىڭ مۇئاۋىن قورۇقچىبېگى يوۋەن لىجېن ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈپ، باياننى دادىسىنىڭ ئورنىغا تىكلەپ، سول قول شىرمەت چەۋەندازلار بۈيۈك سانغۇنى، بۈيۈك ئېلتەبىر، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ لەشكىرىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى، دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقبېگى قاتارلىق مەنسەپلەرنى بەرگەن. كېيىن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاتامانى ئاشىناقۇلى ئىسيان كۆتۈرگەندە، تاڭ سۇلالىسى ئارقا ـ ئارقىدىن يۇڭخۇينىڭ 2 ـ يىلى (651ـ يىلى) دىكى كۈنەس ئايمىقى ھەربىي يۈرۈشى ۋە 5ـ يىلىدىكى كۆكتارت ئايمىقى ھەربىي يۈرۈشى، شيەنچىڭنىڭ 2 ـ يىلى (657 ـ يىلى) دىن 3 ـ يىلىغىچە

بولغان ئىلى ئايمىقى ھەربىي يۈرۈشنى قوزغىغان، بايان مۇشۇ يۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنى باشلاپ ھەمدەمدە جازا يۈرۈش قىلغان. تاڭ سۇلالىسى سانغۇنلىرى رېن ياشياڭ، سۇ سىپىلارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاسىيلارنىڭ باشلىقى ئاشىناقولىنى شاش ئېلى (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشكەنت) نىڭ سۇدۇ شەھىرىگىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئەسىرگە ئېلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئۇلۇغ قانات مۇھاپىزەتچىلەر سانغۇنلۇقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.

خۇ جۇنجى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. يۈجۈنىڭ سەنشۈي (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شۈنيى) دېگەن يېرىدىن. دەسلەپتە ئوردىدا ياردەمچى مەسلىھەتچى بەگ بولغان. شۈەنۋۇمىن ۋەقەسىدە تۆھپە كۆرسەتكەچكە، پادىشاھ تەيزۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن لۇ بەگلىكىدە ئەركانبەگ بولغان. چېنگۇەننىڭ 4 - يىلى (630 - يىلى) لەشكىرىي پىرقە دىۋان بېگى بولغان، 9 - يىلى شىخەي ئايمىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈش مۇئاۋىن ئالىي باشبۇغى مەنسىپىگە تەيىنلىنىپ، لى جىڭغا ھەمدەمدە بولۇپ تۇيغۇنلارغا جازا يۈرۈش قىلغان، ئاتلىق چەۋەندازلار بىلەن جىددىي ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بېرىپ، جەڭدە زور تۆھپە قازانغان. لەشكەرلەر ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ماڭغان، خۇ جۇنجى جەنۇبىي يولدىكى لەشكەرلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، تۇيغۇنلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن قايتقان. 11 - يىلى چېن بەگلىكىدە ئەركانبەگ بولغان، 12 - يىلى تۇتۇق پىرقە دىۋان بېگىلىكىگە كۆتۈرۈلگەن. 13 - يىلى تىبەت قوشۇنلىرى سۇڭجۇ (بۈگۈنكى سىچۈەننىڭ سۇڭپەن) نى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، خۇ جۇنجى لەشكەر تارتىپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ، تىبەتلەرنى چېكىندۈرۈپ، ئۇرۇش ھالىتىنى دوستانە ئالاقە ھالىتىگە ئايلاندۇرۇپ قايتقان. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان نائىب بەگ تۇدۇن ئاشىنا كۇلنى قوچودا تۇرۇشقا ئەۋەتكەن، يابغۇ بوزيەر ئاچقۇچى لەشكەرلەرنى قاغانبۇت شەھىرى (بۈگۈنكى جىمسار) گە ئەۋەتىپ، يىپەك يولىنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ قويغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈپ، خۇ جۇنجىنى يارغول ئايمىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈش ئالىي باشبۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، شۆۋەنجۇن، قاپىش ئالپلارنى مۇئاۋىنلىققا تەيىنلەپ، پىيادە ۋە ئاتلىق قوشۇن بولۇپ 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قوچوغا يۈرۈش قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا قوشۇن تارتىشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان. 14 - يىلى ئالدىن يۈرۈش قىلغۇچى جاڭ شىگىبىن، نيۇ جىندا قاتارلىقلار ئالدىن چۆللۈكتىن ئۆتۈپ، لومەنشەن تېغىدىكى خەتەرلىك ئېغىز (بۈگۈنكى بارىكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ) نى ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىگەن، غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇسى قاغانبۇت شەھىرىدە تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. خۇ جۇنجى بۈيۈك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ جەنۇبىي يول بىلەن مېڭىپ، قوچو خانلىق مەركىزىنى قورشىۋالغان، ئاگنى خانى ئارجونا تۈركەش قوشۇنىنى باشلاپ غەربتىن ياردەمگە كەلگەن. قوچو خانى چۇ جىشىڭ دەرۋازىنى ئېچىپ تەسلىم بولغان، غەربىي تۈركلەر ئەۋەتكەن تۇدۇن ئاشىناكۇلنى ئەسىرگە ئالغان. تاڭ سۇلالىسى بۇ جاينى غەربىي ئايماققا ئۆزگەرتىپ، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ۋىلايەت - ئايماق تۈزۈمىنى يولغا قويغان. زەپەر قۇچۇپ قايتقاندىن كېيىن مەنسىپىدىن ئاستا - ئاستا ئايرىلىپ، شاھزادە ھىيلە ئىشلىتىپ خۇ جۇنجىنى ۋەقە توغدۇردى دەپ ئەيىبلەپ ئۆلتۈرگەن.

ئاشىناقولى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىشبارا يابغۇ تېكىننىڭ ئوغلى. تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان ئاشىناقولىنى يېقىن ئادىمى كۆرۈپ، يابغۇلۇققا تىكلەپ، تالاس سۇ (بۈگۈنكى ئېرتىش دەرياسى) ئەتراپىدىكى چۇمۇل، چول، قوسۇ، قارلۇق، پىش قاتارلىق بەش قەبىلىنى باشقۇرۇشقا قويغان. ئىل بىلگە شىر قاغان بۈيۈك قاغانلىق ئورنىغا چىقىپ، جېنگۇەننىڭ 22 - يىلى (648 - يىلى) قوشۇنلىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. پادىشاھ تەيزۇڭ ئاشىناقولىنى ئىل بىلگە شىر قاغانغا جازا يۈرۈش قىلغۇچى كۇنچيۇ ئايمىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشىشقا بۇيرۇغان، ياندۇرقى يىلى بېشبالىقنىڭ تۇتۇقبېگى بولغان. پادىشاھ گاۋزۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، سول قانات شىرمەت چەۋەندازلار سانغۇنلۇقىغا ئۆستۈرۈلگەن ھەمدە بېشبالىقنىڭ تۇتۇقبېگى بولىۋەرگەن. ئاشىناقولى ئارقا - ئارقىدىن ئىل بىلگە شىر قاغاننى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىنى ئىگىلىۋالغان. بېشبالىقنىڭ ئايماق بېگى لۇبىڭيى ئاشىناقولى ئىسيان كۆتۈرمەكچى دەپ خانغا مەخپىي دوكلات سۇنغان. پادىشاھ گاۋزۇڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئاشىناقولىنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىپ مۇلازىم قىلغان، يەنە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يۇڭخۇينىڭ 2 - يىلى

(651 ـ يىلى) ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئاسىيلىق قىلىپ، قوشۇننى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، مىڭبۇلاق (بۈگۈنكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىشكەك) تا ئوردا قۇرۇپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ ئاتىغان، ئوغلىنى باغادۇر يابغۇ قىلىپ تىكلىگەن، ئەسكەر ئەۋەتىپ بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) غا ھۇجۇم قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆنەس ئايمىقى ھەربىي يۈرۈشى، كۆكئارت ئايمىقى ھەربىي يۈرۈشى ۋە ئىلى ئايمىقى ھەربىي يۈرۈشى قاتارلىق ئۈچ قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت قوزغىغان، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ لياڭ جيەنفاڭ، قاپىش ئالىپ، چىلىڭ جىيى، سۇ دىڭفاڭ قاتارلىقلارنى سەركەردە قىلغان. شيەنچىڭنىڭ 2 ـ يىلى (657 ـ يىلى) سۇدىڭفاڭ بىلەن ئاشىنامىش، ئاشىنابۇكىن باشچىلىقىدىكى يەنە بىر كىنگىت ئايمىقى ھەربىي يۈرۈشى بىلەن بىرلىشىپ، مىڭبۇلاققا ھۇجۇم قىلغان. ئاشىناقۇلى شاش شەھىرى (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت) گە قېچىپ كەتكەن، شاش شەھىرىنىڭ ئاتامانى ئىنال قاغان ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، كېيىن چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن) دە قىرىپ ئۆلگەن.

رىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ قەبىلىلىرىنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرغان. ئىشلار مۇقىملاشقاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى كېيىنكى غەربىي تۈركلەرنى ئىككى خانلىققا بۆلۈپ، ئاشىنامىشنى شىڭشىۋاڭ قاغان دەپ ئاتىغان. شيەنچىڭنىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى) يەنە ئىسسىقكۆل تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) نى ئىدارە قىلغان، ئاشىنامىش ئىسسىقكۆلنىڭ تۇنجى تۇتۇقبېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 4 ـ يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان يەنە بىر تارمىقىنىڭ ئاتامانى ئىدۇگ يابغۇ قاغاننى قاش دەرياسى (بۈگۈنكى بورتالا، ئارشاڭ ئەتراپى) بويىدا ئۆلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ بارلىق قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىغا قارام بولغان. لۇڭشونىڭ 2 ـ يىلى (662 ـ يىلى) تىبەتلەر كۆسەن، كۆنەسنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقان. تاڭ سۇلالىسى سۇ خەيجېڭنى فېڭخەي ئايمىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈش ئالىي باشبۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، ئاشىنامىش، ئاشىنابۇكىننى باشلاپ ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلغان. ئاشىنابۇكىن ئاشىنامىش ئاسىيلىق قىلدى دەپ بوھتان چاپلىغان، سۇ خەيجېڭ بۇنىڭغا ئىشىنىپ ئاشىنامىشنى ئۆلتۈرگەن. غەربىي تۈركلەر قايتا ئىسيان كۆتۈرگەن.

ئاشىنامىش (؟~662) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. ئىستەمى قاغاننىڭ بەشىنچى ئەۋلادى، دەسلەپتە غەربىي تۈركلەرنىڭ تولۇق باسمىل بەگ تۆلىش قاغانى بولغان، تەختتىكى ۋاقتى جېنگۇەننىڭ 6 ـ يىلى (632 ـ يىلى) دىن 8 ـ يىلىغىچە توغرا كېلىدۇ. 7 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ليۇشەننى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ ئۆتۈغات نامى بەرگەن. ئاشىنابۇكىن ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، بۈيۈك قاغانلىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا چول، چۇمۇل قاتارلىق شەرقىي شىمالدىكى بەش قەبىلىنىڭ يەرلىك كىچىك قاغانلىرىنى باشقۇرغان. جېنگۇەننىڭ 13 ـ يىلى ئىل بىلگە تۇغلۇق قاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئون ئوقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دۆلىتىنى يوقىتىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئاشىنامىشنىڭ نامى تارىخ سەھىپىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئاشىنامىش ئاشىناشىمارغا ھەمدەمدە بولۇپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ قەبىلىلىرىنى باشلاپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا قايتقان. شيەنچىڭنىڭ 2 ـ يىلى (657 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى ئاشىناقۇلىغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، ئاشىنامىش كىنگىت ئايمىقىنىڭ سىلاۋچىبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ ئاشىنابۇكىن بىلەن بىرلىكتە قوشۇن باشلاپ بې-

پېي شىڭجيەن (619 ~ 682) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. تەخەللۇسى شويۈ، جياڭجۇنىڭ ۋېنشى (بۈگۈنكى شەنشى ۋېنشىنىڭ شەرقىي شىمالى) دېگەن يېرىدىن. نوم تەرغىباتى بىلەن نام چىقارغان ھەم ئەلەم ۋە قەلەمگە ماھىر بولغاچقا چاڭئەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ شىئەن) دە تۇرغان. ۋۇ ئاغىچانى غۇنچەچە قىلىشقا قارشى تۇرغاچقا، غەربىي ئايماق (بۈگۈنكى تۇرپان) تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ دورغابېي بولۇشقا چۈشۈرۈۋېتىلگەن. لۇڭشونىڭ 2 ـ يىلى (662 ـ يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاشىنا تاماچىي تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ تىبەتلەرگە بېقىنغاچقا، بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) خەۋپ ئىچىدە قالغان، پېي شىڭجيەن لەشكەر باشلاپ بېرىپ بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالغان. تاڭ سۇلالىسى ئالتۇنتاغ قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، پېي شىڭجيەننى مۇئاۋىن قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلەپ، بېشبالىقتا تۇرۇپ، ئۇزۇن مۇددەت بۇ جاينىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان. شۇنىڭ بىلەن بېشبالىقنى مەركەز قىلغان تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار گۈللىنىشكە باشلىغان. لىندېنىڭ 2 ـ يىلى (665 ـ يىلى) غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى باش قورۇقچىبەگلىككە ئۆستۈرۈلۈپ، ئەنشى (بۈگۈنكى كۇچا)

دا تۇرغان. پېي شىڭجيېن پەرمان بىلەن ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى يامانلىشىپ كەتكەن. يىفېڭنىڭ 3 - يىلى (678 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى پارس خانى نارسىسنى دۆلىتىگە قايتىپ ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈشكە قويغان، پېي شىڭجيېننى لەشكەر باشلاپ قوغداپ مېڭىشقا بۇيرۇغان، پارس خانى بىلەن بىرگە ئەرەبلەرنىڭ كۈچلىنى ياسىغۇچى ئەلچى سۈپىتىدە غەربىي تۈركلەرنى باشقۇرغان. دياۋلۇنىڭ تۇنجى يىلى (679 - يىلى) غەربىي ئاياقىغا كېلىپ، كەڭ كۆلەمدە مەخپىي ئەسكەر توپلاپ مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلغان. تەبەتلەرنىڭ ئىككى تەرەپتىكى ئاتامانلىرى ئاشىناتاماچىي بىلەن لى چېفۇنى ئەسىرگە ئېلىپ بەيئەت قىلدۇرۇپ، سۈيئاب (بۈگۈنكى قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىدىكى توقماقنىڭ غەربىي جەنۇبى) دا ئابىدە تىكلەپ قايتقان، غەربىي تۈركلەر قايتىدىن تىنچىغان. پادىشاھ گاۋزۇڭ پېي شىڭجيېنگە ئالاھىدە شىغاۋۇل پىرقە دىۋان بېگى، مۇپەتتىشنىڭ ئولۇغ قانات مۇھاپىزەتچىلەر بۈيۈك سانغۇنى قاتارلىق مەنسەپلەرنى بەرگەن. كېيىنكى يىلى ئاشىد ئۇران بەگ ئاشىنابۇناننى يۆلەپ چىقىرىپ قايتا توپىلاڭ كۆتۈرگەن، پېي شىڭجيېن لەشكەر باشلاپ بېرىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئىككى ئاتامانىنى ئۆلتۈرۈپ قايتقان. يۇڭچۇننىڭ تۇنجى يىلى (682 - يىلى) غەربىي تۈركلەرنىڭ ئاشىناچابىش يەنە قارشىلىق كۆرسەتكەن، پې شىڭجيېن قايتىدىن ئالتۇن چىش ئايمىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈش باش بوغىلىقىغا تەيىنلىنىپ لەشكەر باشلاپ جازا يۈرۈشكە ئاتلانغان. قوشۇن تېخى ئاتلانماي تۇرۇپلا، پېي شىڭجيېن كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

**ۋاڭ فاڭيى** (623～685) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. تەخەللۇسى جۇڭشياڭ. بىڭجۇنىڭ لىيەنشىيەن (بۈگۈنكى شەنشىنىڭ لىيەنشىيەن ناھىيىسى) دېگەن يېرىدىن. پادىشاھ گاۋزۇڭنىڭ خانىشىنىڭ بىر جەمەت قېرىندىشى. دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئەمىر لەشكىرى، سۇجۇنىڭ ئاياق بېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. يىفېڭنىڭ 3 - يىلى (678 - يىلى) پېي شىڭجيېنگە ھەمدەمدە بولۇپ غەربىي يۇرتقا بارغان. پارس خانى بىلەن بىرگە ئەرەبلەرنىڭ كۈچلىنى ياسىغۇچى ئەلچى بولغان، قوشۇمچە ئەنشى (بۈگۈنكى كۇچا) نىڭ قورۇقچىبېگى بولغان. دياۋلۇنىڭ تۇنجى يىلى (679 - يىلى) غەربىي تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن سۈيئاب (بۈگۈنكى قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ توقماق) تا تۇرۇپ قالغان. سۈيئاب شەھرىنى قايتا قۇرۇپ چىقىپ، تۆت تەرىپىگە 12 قۇۋۇق ياساتقان، بەش ئايدا ئىشنى تاماملىغان، شۇنىڭ بىلەن سۈيئاب ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرىگە ئايلانغان. كېيىن ئالتۇنتاغنىڭ قورۇقچىبېگىلىكىگە تەيىنلىنىپ بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) دا تۇرغان. يۇڭچۇننىڭ تۇنجى يىلى (682 - يىلى) ئاشىناچابىش ئىسيان كۆتۈرگەن، ئەنشىنىڭ قورۇقچىبېگى دۇخۇنباۋ قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەن، كۇنەس شەھرى (بۈگۈنكى قورغاسنىڭ غەربى) مۇھاسىرىدە قېلىپ، غەربىي زېمىن خەۋپكە دۇچ كەلگەن. ۋاڭ فاڭيى لەشكەر باشلاپ بېشبالىقتىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يول مېڭىپ كېلىپ، ئاشىناچابىش بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدا جەڭ قىلىپ، ئىسيانكار قوشۇننى مەغلۇپ قىلغان. يەنە غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقكۆل (بۈگۈنكى قىرغىزستاننىڭ ئىسسىقكۆل) گە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى تىنچىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىگە ئېرىشكەن. ۋاڭ فاڭيى كېيىن شياۋجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىگە كېلىپ تەيىۋەن ۋىلايىتىنىڭ بېگى بولغان. شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. ۋۇزېتيەن تەختكە چىقىش ئالدىدا، ۋاڭ فاڭيى خانىشىنىڭ يېقىن جەمەتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، جازالىنىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ياجۇ (بۈگۈنكى خەينەن) غا كېتىۋاتقاندا يول ئۈستىدە ئۆلگەن.

**كانيانەن** سوغد، تۇغۇلۇپ ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. سوغدىيانا (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەند) دىن لوپنۇرنىڭ جەنۇبىغا كەلگەن. جېنگۇەننىڭ 4 - يىلى (630 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان، شىچېڭ قەلئەسىدە ئەلچى بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى سودىگەرلەرنى جەلپ قىلغان. شاڭيۈەننىڭ 2 - يىلى (675 - يىلى) ئۇ يەرلەردە توچ، قويسال، ساپ قاتارلىق يېڭىدىن توققۇز شەھەر بەرپا قىلىنغان بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى سوغدى سودىگەرلىرى ئەڭ مەركەزلەشكەن رايونغا ئايلانغان. ۋۇزېتيەن دەۋرىدە كانيانەننىڭ ئەۋلادلىرى گانفۇ دەننىيەن، كانەسىلار بۇ جايدا سودا قىلغان.

**ۋاڭ شياۋجيې** (؟～697) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. كىنجاپىنىڭ شىنفېڭ (شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىنتوڭ ناھىيىسى) دېگەن يېرىدىن. يىفېڭنىڭ 2 - يىلى (677 - يىلى)، ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ، كۆكنۇر (چىڭخەي) گە يۈرۈش قىلغاندا قوشۇننىڭ يانداش باش بۆغى بولۇپ، تۈبۈتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يې-

مىلگەن. تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلەر يارىشىپ قالغاندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. تىبەت رايونىنىڭ ئەھۋالىغا پىششىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋۇزېتيەن ئۇنى ئۇلۇغ قانات بەھەيۋەت قوشۇننىڭ سانغۇنلۇقىغا تەيىنلىگەن. چاڭشۇنىڭ تۇنجى يىلى (692 ـ يىلى)، بىراقلا سەلتەنەتلىك يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش بوغلۇقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، ئەنشىنىڭ ياندىش قورۇقچىبېگى تاڭ شيۇجىڭ، غەربىي تۈركلەرنىڭ قارلۇق قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى ئاشىنا سادىق قاتارلىقلارنىڭ ياندىش باش بوغلۇقىدا ئاشىنا تۈز قاتارلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى قايتۇرۇۋالغان. بۇ جايلارنى ساقلاش ئۈچۈن ئىچكى جايلاردىن ئەسكەر يۆتكەشكە خاقانغا مەكتۇپ يوللىغان ھەمدە يۆتكەلگەن ئەسكەر 30 مىڭغا يەتكەن. ئەنشىدىكى كۈسەن (كۇچا) نى مەركەز قىلىپ، باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپ قۇدرەت تاپقان. كېيىن ئۇ ئىچكى جايلارغا يۆتكەپ كېتىلگەن. قىتانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن.

**ئاشىنا شان** تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى، تۈرك. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. شىڭشىۋاڭ قاغان، بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تۇنجى قورۇقچىبېگى ئاشىنا ئىزۇكنىڭ نەۋرىسى، چاڭئەندە تۇغۇلغان. ۋۇزېتيەننىڭ رۇيى تۇنجى يىلى (692 ـ يىلى) دادىسى ئاشىنا يۈەنچىن زالىم بەگ لەي جۈنچېڭنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاندا، ئۇمۇ جازالىنىپ جېنجۇ (ھازىرقى خەينەن ئۆلكىسىنىڭ ياشيەن ناھىيىسى ئەتراپىدا) غا پالانغان. جوڭزوڭ دەۋرىدە كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قاغان، بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قورۇقچىبېگى بولغان. جىڭلوڭنىڭ 3 ـ يىلى (709 ـ يىلى) بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) قا قايتىپ ئۇنى باشقۇرغان. جىڭيۈننىڭ 2 ـ يىلى (712 ـ يىلى)، ئۇن ئوقنىڭ دالالەتچى بېگىلىككە تەيىنلىنىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ھەممە قەبىلىسىنى بېقىندۇرغان. ئۇزاققا بارماي بەشبالىقنىڭ باش قورۇقچىبېگى، قوشۇمچە ئۇرغول، قوچۇنىڭ ھېراۋۇلبېگى بولغان. كەييۈەننىڭ 2ـ يىلى (714 ـ يىلى)، غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قۇتۇرنىڭ مالىمانچىلىقىنى تىنچىتقان. 3 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى غەربىي قوملۇق ھېراۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغاندا، ئەنشى، بەشبالىق ئىككى قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ئاشىنا شاننى تۇنجى ھېراۋۇلبېگى قىلىپ ھەمدە قوشۇمچە يىراقنى تىنچىتقۇچى قوشۇننىڭ باش بۇغى قىلىپ، يەنە «ئۇن ئوقنىڭ دالالەتچىبېگى، قوشۇمچە تۆت قورغاننىڭ باسقاقبېگى، دەشتى ماكاننىڭ چېرىكچىبېگى، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەللەرگە ھېراۋۇللۇق قىلغۇچى» دېگەندەك ناملار بىلەن، قوشۇنغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ، غەربتىكى تەزىكلەر (ئەرەبلەر) گە يۈرۈش قىلىپ، تۆمۈر قابىق (ئۆزبېكىستاننىڭ بۇزرۇككاھ تاغ ئېغىزى) غىچە بېرىپ قايتىپ كەلگەن. كېيىن تاڭ جياخۇينىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن شەرقىي تۈركلەرگە زەربە بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەن. 4 ـ يىلى، سۇلۇق قايتا قۇدرەت تاپقاندا، ئاشىنا شاننىڭ كۈچى ئاجىزلاشقان. كېيىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي قولتۇق رايونىدىكى ئالتە چۆپ (سوغد) لار توپىلاڭ قىلغاندا، تىنچىتىشقا ئەۋەتىلگەن ھەمدە خىزمەت كۆرسىتىپ قايتىپ كەلگەن.

**جاڭ شياۋسوڭ** (؟~725) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى، ئەشرەپدار، بويىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە گەز كېلىدىغان بولۇپ، دائىم چېگرالاردا ۋەزىپىدە بولغان. كەييۈەننىڭ 3 ـ يىلى (715 ـ يىلى)، باش مۇپەتتىشبېگى بولۇپ ئەنشىگە بارغان. بۇ چاغ دەل غەربىي فەرغانىنىڭ خانى ئاليۇتا تەزىك (ئەرەب) لەر بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي پەرغانىگە ھۇجۇم قىلغاندا شەرقىي پەرغانىنىڭ خانى ئەنشىگە كېلىپ ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى. ئاشىنا شان غەربىي قوملۇقنىڭ ھېراۋۇلبېگى بولۇپ ئەرەبلەرگە قارشى ئۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك نىشان قىلغان يىراقنى تىنچىتقۇچى قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇش قوزغىغاندا، جاڭ شياۋسوڭ ئەنشىدىكى قوشۇنلىرىنى توپلاپ شەرقىي فەرغانىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇرۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئاليۇتا تاغ جىلغىسىغا قېچىپ كەتكەن. 6 ـ يىلىدىن 10 ـ يىللىرىغىچە بەشبالىقنىڭ قورۇقچىبېگى بولۇپ، بەشبالىقتا تۇرغان. بۇ چاغدا بولۇرنىڭ خانى مۇكىنمۇك تۈبۈتلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقتىن، جاڭ شياۋ سوڭ قوشۇن تارتىپ تۈبۈتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، توققۇز شەھەرنى قايتۇرۇۋالغان. 10 ـ يىلىدىن 12 ـ يىللىرىغىچە ئەنشىنىڭ ياندىش باش قورۇقچىبېگى بولۇپ، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ ئاشلىقلارنى توپلىغان. 12 ـ يىلى تەييۈەن (ھازىرقى سەنشىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ) گە قايتۇرۇپ كېلىنگەن، كېيىن شۇ يەردە ئۆلگەن.

**گو يۈەنجېن** (656~713) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. ۋېي ئايمىقىنىڭ گۇيشياڭ (خېبېي ئۆلكىسىدىكى داملىڭ) دېگەن يېرىدىن. 18 يېشىدا تەشرىپدار بولغان، قەلەمدە ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن ۋۇزېتيەنىڭ ئەتىۋارلىشىغا سازاۋەر بولغان. تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلەر ياراشقاندا ئۇلۇغ قول ياساۋۇل بولۇپ، كۆپ قېتىم تۈبۈتلەرگە ئەلچىلىككە بارغان. ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە نۇرغۇن تەدبىرلەرنى كۆرسەتكەن. تۈبۈتلەر بىلەن يارىشىپ قالغاندىن كېيىن، لياڭجۇنىڭ تۇتۇقى بولغان. جوڭزوڭ ئەنشى قورۇقچىبەگ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، تۈرگەشلەردىن ئۆگىل غەربىي يۇرتنى سوراۋاتقانىدى. گو يۈەنجېن دالالەتچى ئەلچى بولۇپ، ئۆگىلگە پەزىلەتلىك زەرابشان ئىنانچ خانى دەپ نام بەرگەن. ئۆگىل ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ساقال ئاشىنا سادىق بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغان. تاڭ سۇلالىسى باشتا ئاشىنا سادىققا ھەمدەمدە بولغاندا، گو يۈەنجېن ساقالنى ھىمايە قىلىپ، گۇناھنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چۇقاغا ئارتىپ قويغاچقا، ئۇ بىر مەھەل مەنسەپدىن ئېلىنغان. كېيىن ئوغلىنى ئاستانىگە تۇۋا قىلىشقا ئەۋەتىپ، تەيپىڭ مەلىكىنى جوڭزوڭغا تارتۇق قىلغان. جوڭزوڭ ساقال بىلەن يارىشىپ قېلىپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، ساقالنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگرىنى قوغداشتىكى كۈچلۈك قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالغان. ئۇ ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، جوڭزوڭ، رۇيزوڭ خانلار ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلغان. ئۇ تارىختىكى شۈەنزوڭنىڭ خانلىق تالىشىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەسكەر باشقۇرۇشتا تەدبىرسىز دەپ قارىلىپ، مەنسەپدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن سەرگەردانلىقتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

**ئۆگىل** (؟~706) تۈرگەش قاغانلىقىنى قۇرغۇچى. تۈرگەشلەرنىڭ باغا سوق قەبىلىسىدىن. ئەسلىي غەربىي تۈركلەرنىڭ جىۋاڭجۇ قاغانى، قوشۇمچە تېنىقنۇر تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى ئاشىنا قوسارنىڭ ئوردىسىدىكى ئارخان بولۇپ، كۆكئۆت (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربى) دە بارگاھ قۇرغان. تيەنشۇنىڭ تۇنجى يىلى (690 - يىلى)، ئاشىنا قوسار يېڭىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە قېچىپ بارغان. ئۆگىل قوشۇنلىرىنى باشلاپ كۆكئۆتتىن سۇيئاب (قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) نىڭ غەربىي شىمالىغا كەلگەن ھەمدە 20 تۇتۇق تەسىس قىلىپ، ھەر قايسى تۇتۇققا 7000دىن ئەسكەر تۇتقۇزغان. 2 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنىڭ داڭلىق سەركەردىسى ئاشىدېر يۈەنجېننى ئۆلتۈرۈپ، قاغانى ئاشىنا قۇتلۇقنى يارىلاندۇرۇپ، سۇيئاب شەھىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ بارگاھ قۇرغان. چاڭشۇنىڭ 2 - يىلى (693 - يىلى)، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى ۋاڭ شياۋجيېنىڭ تۈبۈتلەرگە قىلغان قايتۇرما ھۇجۇمىغا ياردەم بېرىپ، ئەنشىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، سۇيئابنىمۇ تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. شېڭلىنىڭ 2 - يىلى (699 - يىلى)، شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاپاغان قاغانىنىڭ ئوغلى ئىنال قاغان بۆگۈنى چېكىندۈرۈپ، سۇيئابنى يەنە بىر قېتىم قايتۇرۇۋېلىپ، شۇ يەردە ئوردىسىنى قۇرغان. ئوغلى چىنۇنى ئاستانىگە مەلۇمات يوللاشقا ئەۋەتكەن، ۋۇجېۋ ئۇنى باغابالىق تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى قىلغان. جيۇشىنىڭ تۇنجى يىلى (700- يىلى)، تاڭ سۇلالىسى قوسار قاغاننى يەنە بىر قېتىم غەربىي يۇرتنى تىنچىتقۇچى قوشۇننىڭ ئۇلۇغ باش بۇغلۇقىغا تەيىنلەپ، سۇيئابنى قايتۇرۇۋالغان. ئۆگىل سۇيئاب شەھىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەسلىي ماكانىغا بارغان. چاڭئەننىڭ 3 - يىلى (703- يىلى)، ئىككى تەرەپ توقۇنۇشۇپ قالغان، قوسار مەغلۇپ بولۇپ يەنە تاڭ سۇلالىسىگە قېچىپ بارغان. بۇ چاغدا ئۆگىل قاغان بولمىسىمۇ، تېنىقنۇر تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قاغانلىقىنىڭ كۆلىمىنى ھازىرلاپ بولغانىدى. شېنلوڭنىڭ 2 - يىلى (706 - يىلى) 12 - ئايدا، تاڭ سۇلالىسى شيې ۋەنىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۆگىلگە زەرابشان دەرياسىنىڭ پەزىلەتلىك ئىنانچخانى دېگەن نامنى بەرگەن. كېيىن شامال دارىپ كېسەل بولۇپ ئۆلگەن.

**ساقال** (؟~711) تۈرگەش قاغانلىقىنىڭ قاغانى، ئۆگىلنىڭ چوڭ ئوغلى. شېنلوڭنىڭ 2 - يىلى (706 - يىلى) 12 - ئايدا، تۈرگەشلەر ئاقساقىلىنىڭ تەختىگە ۋە لۇجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى، زەرەبشان دەرياسىنىڭ پەزىلەتلىك ئىنانچخانى ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، سول قانات ئالپ قورۇقچى باش سانغۇن، ئالپ قورۇقچى ئۇلۇغ سانغۇن، قوشۇمچە ياساۋۇلبېگى بولغان. قوشۇن تارتىپ كۈلچۇر سادىقنى مەغلۇپ قىلىپ، 14 ئۇرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قاغان بولۇپ قاغانلىق قۇرغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى چۇقا كۈلچۇر جۇڭجيېنى قوللىغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قو-

روقچىبېگى گو يۈەنجېن بولسا ساقالنى دالالەت قىلغان. جىڭلوڭنىڭ 2 ـ يىلى (708 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ساقال ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولغان. كېيىن گو يۈەنجېننىڭ تەدبىرى بويىچە ساقالغا ئالپ بىلگە 14 ئۇرۇقنىڭ ھۆرمەتلىك قاغانى دېگەن ئوتىغاتنى ۋە سادىق تۈرگەشلەر دېگەن نامنى بېرىپ، غەربىي چېگرىدىكى ئىتتىپاقداش بولغان. بۇ چاغدا چوڭزوڭ جىڭلوڭنىڭ 4 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇپ، شىمالىي قوشۇننىڭ باش بۇغى جاڭ رېنيۈەننى پۈتۈن قوشۇنغا قوشۇنبېگى، ساقالنى ئالتۇنتاغ قوشۇنى ئالغىنچى قوشۇننىڭ ئەلچىسى قىلغان ھەمدە ئۇلار قىرغىز، قىتان قاتارلىقلارنىڭ قوشۇننى باشلاپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۇچراشماقچى بولغان. شۇ يىلى جىزوڭ تەختكە ئولتۇرۇپ سىياسەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، شىمالغا قوشۇن تارتىش سۇغا چىلاشقان. شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى قاپاغان قاغان بۆگۈ، كۆل تېگىن قاتارلىقلارنى باشلاپ تۈرگەشلەرگە زەربە بەرگەن، ساقال ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

سۇلۇق (؟~738) تۈرگەش قەبىلىسىنىڭ قاغانى، قاپىش قەبىلىسىدىن. جېڭيۈەننىڭ 2 ـ يىلى (711 ـ يىلى)، ساقال شەرقىي تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، قاغانلىق بىر مەھەل ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان. سۇلۇق چېچىلىپ كەتكەن قەبىلىلەرنى يىغىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تەدرىجىي كۈچەيگەن. شۇنىڭدىن كېيىن «ئون ئۇرۇقنىڭ سەركەردىسى» بولۇپ، نامى تاڭ ئوردىسىغىچە يېتىپ بارغان. 4 ـ يىلى، شەرقىي تۈركلەردىن بۆگۈچۇر (قاپاغان قاغان) ئۆلۈپ، پۈتۈن قەبىلە ـ ئۇرۇقلىرى غەربكە كۆچكەندە، سۇلۇق ئۇلارنى يىغىپ قۇدرەت تېپىپ، تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇغات بەرگەن ئون ئۇرۇقنىڭ قاغانى ئاشىناشانى مەغلۇپ قىلغان. 5 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. 6 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى ۋاڭ خۇيىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، سۇلۇققا ئۇلۇغ قانات ئالپ ياساۋۇل باش سانغۇنى، تۈرگەشلەر تۇتۇقى، غەرب قوشۇننىڭ باسقاقبېگى دېگەندەك ناملارنى بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ساقال غەربىي رايوننىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجىسى بولغان. شۇ يىلى، تەزىكلەر (ئەرەبلەر) ماۋەرەئۇننەھر (سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقى) تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، سۇلۇق ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. 7 ـ يىلى، يەنە بىر قېتىم ماۋەرەئۇننەھرنى قايتۇرۇۋېلىپ، تەزىكلەرنى مەغلۇپ قىلغان. 10 ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسى سۇلۇققا ۋاپادار قاغان دېگەن نامنى رەسمىي بەرگەن ھەمدە سۇيئاب (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) نى تۈرگەش قاغانلىقىنىڭ ئوردىسى قىلىشقا بۆلۈپ بېرىپ، قاراشەھەرنى ئەنشىدىكى تۆت قورغاننىڭ بىرى قىلغان. 8 ـ يىلى، سۇلۇق سانغۇن چۇمۇل قۇن كۆلچۇرنى تەزىكلەرگە ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرۇپ، تەزىكلەرنى سەمەرقەنتكىچە چېكىندۈرگەن. 10 ـ يىلى، تەزىكلەرنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى ئون ئۇرۇقنىڭ قاغانى ئاشىنا ھىدايەتنىڭ مەلىكىسىنى يارغول مەلىكىسى قىلىپ، سۇلۇققا ياتلىق قىلىپ قۇدىلاشقان. كېيىن تەزىكلەر ھىيلە ئىشلەتكەن، 21 ـ يىلىدىن 24 ـ يىللىرى جەريانىدا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تەزىكلەر بىرلىشىپ سۇلۇققا زەربە بەرگەن. سۇلۇق يېڭىلىپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ قالغان. 26 ـ يىلى باغا تارقان، تاماچى قاتارلىق سەركەردىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

دۇ شيەن (؟~740) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى، يىجۇنىڭ يىياڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى يىياڭنىڭ جەنۇبى) دېگەن يېرىدىن. ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ۋۇجۇدا ئەسكەرلىككە كىرگەن، مۇشاۋۇر بولغان. كەيۈەننىڭ 4 ـ يىلى، سۇلۇق يەنە بىر قېتىم تۈرگەش قاغانلىقىنى قورغاندا، مۇپەتتىشبېگى سۈپىتىدە تۈرگەشلەر زېمىنىغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئەلچىلىككە بارغاندا، قارشى ئېلىنماي قايتىپ كېلىپ خوجىدار بولغان. 12 ـ يىلى، ھەرەم ئاغىسى سۈپىتىدە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قورۇقچىبېگى، غەربىي قۇملۇقنىڭ ھېراۋۇلبېگى بولغان. 13ـ يىلى، ئۇدۇن خانى ۋايجرا تياۋ تاڭ ئېلىگە ئاسىيلىق قىلىپ، تۇبۇتلەرگە بېقىنغاندا، دۇ شيەن قوشۇن تارتىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالغان. 14 ـ يىلى، تۈرگەشنىڭ زەرەبشان مەلىكىسى كۇسەنگە كېلىپ دىن تارقىتىپ، ئات ـ يىپەك سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. دۇ شيەن دىننى قوبۇل قىلماي ئاتلىرىنى تۇتۇپ قالغان، قىش كىرىپ سوغۇقتا ئاتلارنىڭ يېرىمى توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەچكە، تۈرگەشلەرنىڭ غەزىپى قوزغىلىپ، كۇسەنگە قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كىرگەن. بۇ مەزگىلدە دۇ شيەن ئوردىغا چاقىرتىلىپ، كۇسەندىكى ئىشلارغا باشقىسىنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتكەندىن كېيىن ئىشلار بېسىققان. دۇ شيەنگە قارا دۇۋان ـ ئىشىكئاغا مەھكىمىسىنىڭ مۇئەككىلى دېگەن نام بېرىلىپ، جىنجۇ ئايمىقى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ دورغابلىق ئەمەلى

ئېلىپ تاشلانغان. كېيىن ۋېيجو ئايمىقىنىڭ ئايماقبېگى، تەيىۋەننىڭ ئامبىلى، نوپۇس پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى، شىغاۋۇل مەھكىمىسىنىڭ دىۋانبېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان.

**گەي جيايۈن** تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى، تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. كەيىۋەننىڭ 21 ـ يىلى (733 ـ يىلى)، سول قانات سەلتەنەت قورۇقچى سانغۇن، دەشتى ماكاننىڭ چېرىكچىبېگى بولغان. 22 ـ يىلى، ليۇ خۇەننىڭ ئورنىدا بەشبالىقنىڭ قورۇقچىبېگى، سول قانات ياساۋۇل سانغۇنى بولغان. بۇ مەزگىللەردە تۈرگەشلەرنىڭ قاغانى سۇلۇق تاڭ سۇلالىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ، بارخان شەھىرى (ئاقسۇ) نى مۇھاسىرىگە ئالغان. گەي جيايۈن تۈرگەشلەر بىلەن ئۈچ يىل ئۇرۇش قىلىپ، سۇلۇققا مەغلۇپ بولغان. 26 ـ يىلى، ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ يانداش قورۇقچىبېگىلىككە تەيىنلەنگەن. تۈرگەشلەرنىڭ قارا ئۈرۈقلار بىلەن سېرىق ئۈرۈقلار ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئۇرۇش يۈز بەرگەندە، سېرىق ئۈرۈقلارنى ھىمايە قىلغان باغا تارقان تاڭ سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. 27 ـ يىلى (739 ـ يىلى)، گەي جيايۈن غەربىي قۇملۇقنىڭ ھىراۋۇلى تەۋەسىدىكى فەرغانە، تاشكەنت، سەمەرقەند قاتارلىق ئۈچ ئەلنىڭ قوشۇنى ھەمدە ئەنشى تەۋەسىدىكى تۇبۇت ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتلىق ئالىپ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ تاماچى تىكلىگەن قارا ئۈرۈقلارنىڭ قاغانى ئەل ئەتمىش قۇتلۇق بىلگە قاغاننى سۇيئاب (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) دا تارمار قىلغان. ئەل ئەتمىش قۇتلۇق بىلگە قاغاننى ئەسىرگە ئېلىپ، قارا ئۈرۈقنىڭ قاغانى تىۋار تېگىننى ئۆلتۈرگەن ھەمدە سۇلۇقنىڭ خاتۇنىنى تۇتۇپ، زەرەبشان مەلىكىسى — ئاشىنا ھىدايەتنىڭ قىزىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتقان. 28 ـ يىلى، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇقى، خېشى، لوڭيۇ ئايماقلىرىنىڭ باسقاقبېگى بولۇپ ئالماشقان. تۇبۇتلار ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، تاشبالىقنى قولدىن بېرىپ قويغاچقا، 29 ـ يىلى مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان.

**باغا تارقان** تۈرگەشلەرنىڭ مەنسەپ نامى. ئەڭ داڭلىقى تۈرگەشلەرنىڭ چۇمۇل قۇن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بۇيان كۆلچۇردۇر. كەيىۋەننىڭ 8 ـ يىلى (720 ـ يىلى)، باغا تارقان مەركىزىي ئاسىيانى ئىگىلەپ، تەزىكلەر (ئەرەبلەر) نىڭ داڭلىق سەركەردىسى سەئىدنى مەغلۇپ قىلغان. كەيىۋەننىڭ 26 ـ يىلىنىڭ باشلىرى (727 ـ يىلى)، ئاسكىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تاماچى بىلەن بىرلىشىپ سۇلۇقنى ئۆلتۈرگەن. كېيىن باغا تارقان سېرىق ئۈرۈقلارنىڭ قاغانىنى، تاماچى بولسا قارا ئۈرۈقلارنىڭ قاغانىنى قوللىغان. باغا تارقان يۆلەكسىز قېلىپ، تاڭ سۇلالىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. 27 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسى سانغۇنى گەي جيايۈن قوشۇن تارتىپ فەرغانە (ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى سەمەرقەند) قاتارلىق ئۈچ ئەلنىڭ قوشۇنى بىلەن قارا ئۈرۈق تۈرگەشلەرنى تارمار قىلغان. باغا تارقان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ئوردىغا مەكتۇپ يوللىغان. 28 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسى باغا تارقاننى رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، ئاشىنا ھىدايەتنىڭ ئوغلى ئاشىنا تېگىننى ئون ئۈرۈقنىڭ قاغانى قىلغان. باغا تارقان نارازى بولۇپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. تاڭ سۇلالىسى باغا تارقاننى تۈرگەشلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان قاغان قىلىپ بويسۇندۇرغان. تيەنباۋنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (742 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، تاڭ سۇلالىسى ئاشىنا تېگىننى ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن قورۇقچى ئەسكەرلەر بىلەن يولغا سالغان، يولدا باغا تارقان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. تاڭ سۇلالىسى قارا ئۈرۈقلارنىڭ ئەل ئەتمىش قۇتلۇق بىلگە قاغاننى تۈرگەشلەرگە قاغان قىلغان. تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى (744 ـ يىلى)، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۇلى باسقاقبېگى مىڭ لىڭچا قوشۇن تارتىپ ھۇجۇم قىلغاندا، باغا تارقان مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**گاۋ شيەنجى** (703~755) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى، كورىيە (بۈگۈنكى چاۋشيەن) لىك. دادىسى گاۋ شېجى ئەسكەر بولۇپ غەربىي يۇرتقا كېلىپ، تۆت قورغاننىڭ چېرىكچىبېگى بولغان. گاۋ شيەنجى گۆدەك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ دادىسىغا ئەگىشىپ ئەسكەرلەر ئارىسىدا يۈرۈپ ئەسكىرىي ئىشلارنى پۇختا ئۆگەنگەن. نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇرۇشلاردا ئۇتۇق قازىنىپ دادىسى بىلەن تەڭ سانالغان. تيەنباۋنىڭ 3 ـ يىلى (744 ـ يىلى)، ئەنشىنىڭ ھىراۋۇلبېگى مىڭ لىڭچاغا ئەگىشىپ باغا تارقاننى مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، كىنكىت (قاراشەھەر) نىڭ باسقاقبېگى بولغان ھەمدە ئەنشىنىڭ يانداش قورۇقچىبېگى، تۆت قورغاننىڭ ئۇلۇغ باسقاقبېگى قاتارلىق مەنسەپلەرگە ئۆستۈرۈلگەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇ 20 ياشلار چامىسىدا ئىدى. 6 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى بولۇر (ھازىرقى پاكىستاننىڭ شەرقىي قىسمى) غا ھۇجۇم قىلغاندا، گاۋ

شىيەنجى ئەنشىنىڭ ياندىش قورۇقچىبېگىلىك سالاھىيىتى بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ ھېراۋۇلبېگى بولۇپ، نەچچە مىڭ چەۋەندازلارنى باشلاپ يۈرۈش قىلىپ لىيەنيۈنباۋ قورغانى (پاكىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى سارھاد ئەتراپىدا) نى ئىگىلەپ، كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئەنشىنىڭ ھېراۋۇلبېگى بولغان. بۇ چاغلار ئەرەب، ئىمپېرىيىسىدە ئۈمەييە سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا ئابباسىيلار سۇلالىسى ئالمىشىۋاتقان چاغلار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربىي يۇرتقا قايتا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدە بولۇپ، گاۋ شىيەنجىنى 9 - يىلى شاش شەھىرى (ھازىرقى تاشكەنت) گە ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرۇپ، ئەرەبپەرەس شاش خانىنى ئەسىرگە ئالغان. كېيىنكى يىلى ئەرەبلەر قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، گاۋ شىيەنجى ئەنشىدىكى قوشۇننى خىللاپ، فەرغانە قارلۇق ئەسكەرلىرى بىلەن تالاس (ھازىرقى قازاقىستاندىكى جامبۇل ئەتراپىدا) تا ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغان. قارلۇقلار ئاسىيلىق قىلغاچقا، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان. 10 - يىلى، ئوردىغا چاقىرتىلغان. ئۆڭلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى پارتلىغاندا، ياندىش ئەمىرلەشكەرلىككە قويۇلۇپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشقا بۇيرۇلغان. خائىنلارنىڭ قوشۇنى كۈچلۈك بولغاچقا، توڭگۇەننى مەھكەم ساقلاپ تۇرغان، ئوردا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، پەرمانغا بويسۇنمىغان. چېرىكچى تەپتىش، بيەن لىڭچېڭ ئۇنى ئۇرۇش قىلىشتىن باش تارتتى دەپ لاگېردا ئۆلتۈرىۋەتكەن. قوشۇندىكىلەر ئۇنىڭغا «ئۇۋال قىلىندى» دەپ زارلاشقان.

**فېڭ چاڭچىڭ** (؟~755) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. پۇجۇنىڭ چىشى (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىنچى ئەتراپىدا) دېگەن يېرىدىن. نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، بوۋىسىغا ئەگىشىپ ئەنشى (كۇسەن) گە بارغان، ئاقساق، ئازراق ساۋاتى بار، 30 ياشلاردا ئۆلگەن. گاۋ شىيەنجىگە تونۇشتۇرۇلغان، گاۋ شىيەنجى بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئالاھىدە تالانتى بىلەن ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلگەن ھەمدە يېجۇ قوغدىغۇچىسىلىققا قويۇلۇپ، قوشۇن يارغۇچىسىلىققا تەيىنلەنگەن. كېيىن گاۋ شىيەنجى ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىققاندا، ئۇنى ئارقا سەپتە قالدۇرغان. گاۋ شىيەنجىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ياندىش كەپتاۋۇل جېڭ دېشۈەن تەسىر كۈچىگە تايىنىپ زورلۇق قىلغانلىقتىن، فېڭ چاڭچىڭ ئۇنى ياساققا تارتىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سالغان ھەمدە تېرىقچىلىق قىلدۇرغان. تيەن باۋنىڭ 10 - يىلى (751 - يىلى)، گاۋ شىيەنجى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن، فېڭ چاڭچىڭ ئەنشى، بەشبالىق ئىككى قوشۇننىڭ ھېراۋۇلبېگى بولۇپ، تەزىكلەر (ئەرەبلەر) بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كۆكئارتنى پاسىل قىلىپ، ئۆزئارا ئۇرۇش - تالاش قىلىشماسلىققا كېلىشكەن. توپىلاڭلارنى تىنچىتىپ، غەربىي يۇرتنى خاتىرجەم قىلغان. 13 - يىلى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن، بۇ چاغدا ئۆڭلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى پارتلىغاچقا، فېڭ چاڭچىڭ فەنياڭنىڭ ياندىش ھېراۋۇلبېگىلىك مەنسىپى بىلەن لوياڭغا قوشۇن تارتىپ توپىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولغان. ئاستانىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، تىنچىتقۇچى قوشۇننىڭ سەركەردىسى گاۋ شىيەنجىغا ھەمدەمدە بولۇپ توڭگۇەننى مەھكەم ساقلاپ تۇرغان، ئوردا نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، پەرمانغا بويسۇنمىغان. چېرىكچى تەپتىش بيەن لىڭچېڭ ئوردىغا مەخپىي دوكلات يوللاپ، ئۇنى قوشۇن ئىچىدە ئۆلتۈرگۈزىۋەتكەن.

**سېن شېن** (715~770) تاڭ دەۋرىدىكى شائىر. جياڭلىڭلىق بولۇپ، خارابلىشىشقا يۈزلىنىۋاتقان سەركەردە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەنسەپنى تاشلاپ چاڭئەن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرى) دە تۇرغان، شېئىر يېزىش بىلەن نامى چىققان. لى بەي، دۇفۇ قاتارلىقلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقان. 30 ياشلىرىدا ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ تەشرىپدار بولۇپ ئەسكەر مەھكىمىسىدە ئەسكەر بولغان. تيەنباۋنىڭ 8 - يىلى (749 - يىلى)، غەربىي يۇرتقا بارغان، 10 - يىلى چاڭئەنگە قايتقان، 13 - يىلى يەنە بىر قېتىم ئەسكەر تارتىپ، ئىلگىرى - كېيىن ئەنشىنىڭ ھېراۋۇلبېگى گاۋ شىيەنجى، فېڭ چاڭچىڭلارنىڭ قوشۇنىدا تۇرۇپ ھەمدەمدە بولغان. چېگرا رايونىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى، ئەسكەر - سانغۇنلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى مەدھىيىلەپ شېئىرلارنى يازغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك چېگرا مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىرىي ئۇسلۇبى بىلەن تاڭ دەۋرى شېئىرىيىتىدىكى چېگرا مەنزىرىلىرى شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغان. جىدېنىڭ 2 - يىلى 7640 - يىلى)، تۆت قورغان، بەشبالىقتىن قايتقان قوشۇنلار بىلەن ئوردىغا قايتقان ھەمدە ئۇلۇغ قول مەسلىھەتچى بولغان، كېيىن سىچۈەندە ئۆلگەن. «قار ياغقاندا دادخاھ ۋۇ بېگىمنى ئاستانىگە ئۇزىتىش»، «ئاتلىق دەريا - ئېقىنلارنى كېچىپ غەربكە ماڭغان قوشۇنغا يول بولسۇن»، «بۇگۇردىن غەربكە ئاتلانغان

ھەزرىتىنى ئۇزىتىش»، «يالغۇزتاغدا بۆلۈنتلار سەپىرىمىزگە ئاق يول تىلەر» دېگەندەك شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدۇر.

**قوشۇ خان** (؟ ~757) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. تۈرگەشلەرنىڭ قوشۇ قەبىلىسىدىن بولۇپ، كۇچادا بىر ئۆمۈر ياشىغان. دادىسى قوشۇ تويىن كۇچادا ئۆتكەن سەككىز مەشھۇر سانغۇننىڭ بىرى. قوشۇ خان گۇدەك ۋاقتىلىرىدە چاڭئەن (ھازىرقى شەنشىدىكى شىئەن) دە تۇرۇپ بىلىم ئالغان. 40 ياشتا ئالپ كاھبەگ بولۇپ، خېشىغا قوشۇن تارتقان، ھېراۋۇلبېگى ۋاڭ چۇي ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەچكە، يېڭى شەھەرنى ئېلىش ئۇرۇشىدا تۆھپە قوشقان. ۋاڭ چوڭسى ھېراۋۇلبېگى بولغاندا، ئۇ كۆپ قېتىم قوشۇن تارتىپ تۇبۇتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، خېيۈەن قوشۇنىنىڭ قوشۇنبېگى بولغان. يەنە ۋاڭ چوڭسىنىڭ ئورنىغا لوڭيۇنىڭ ھېراۋۇلبېگى، ھۇدەيچى بولغان. كۆكنۇر (چىڭخەي) نىڭ ئۇرۇنكو ئارىلىدا قورغان قۇرۇپ خېيۈەننى باشقۇرغان. تيەنباۋنىڭ 8 - يىلى (749 - يىلى)، خېيۈەننىڭ مۇھىم ئېغىزى بولغان تاش قورغاننى ھۇجۇم قىلىپ قايتۇرۇۋالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلگىرىكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۇبۇتلەر قىزىلچوققا (بۈگۈنكى ئاياغ) نى پاسىل قىلغان چېگراسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇ لياڭ بەگلىكىنىڭ بېگى، قوشۇمچە خېشىنىڭ ھېراۋۇلبېگى بولۇپ، ئىككى قوشۇننى بىر تۇتاش باشقۇرغاندىن كېيىن، تۇبۇتلەر ئۇزاق مۇددەت ئىگىلىۋالغان خېچۇ رايونىنى قايتۇرۇۋېلىپ، چوڭزوڭنىڭ شېنلوڭنى پاسىل قىلغان ئىلگىرىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا پاسىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شىپىڭ ئايمىقىنىڭ ئاياقبېگى بولغان. بۇ چاغدا شۈەنزوڭ ئۆڭلۈكنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتقاندا، قوشۇ خان ئۆڭلۈكنىڭ ئاسىيلىق قىلىش نىيىتى بارلىقىنى سېزىپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. 13 - يىلى، ئۆڭلۈك - سۈيگۈنلەر توپىلاڭ كۆتۈرۈپ لوياڭنى ئىگىلىگەن. سابىق توپىلاڭنى تىنچىتقۇچى سەركەردە گاۋ شيەنجى، فېڭ چاڭچىڭلار تۇڭگۇەننى مەھكەم قوغدايمىز دەپ توپىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغانلىقتىن ئۆلتۈرۈلگەن. قوشۇ خان لوڭيۇنىڭ خىل قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ توپىلاڭچىلارنى باستۇرماي مۇداپىئەدە تۇرغان، ئوردا كۆپ قېتىم باستۇرۇشقا يارلىق چۈشۈرسىمۇ رەت قىلغان. 14 - يىلى، شۈەنزوڭ باستۇرۇشقا قاتتىق يارلىق چۈشۈرگەندە قوشۇ خان تۇڭگۇەندىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن. توپىلاڭچى قوشۇن تۇڭگۇەندىن باستۇرۇپ كىرىپ چاڭئەننى ئىگىلىگەن.

**پۇسپا شياۋدي** (715~780) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى، كۇسەن خان جەمەتىدىن. ئۆڭلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭىدا ئىككى ئاستانىنى ئىگىلىگەن. جېدېنىڭ دەسلەپكى يىللىرى (756 - يىلى)، شۈەنزوڭ سىچۈەنگە قېچىپ كەتكەندە، سۇزوڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ يارلىق چۈشۈرگەندە، پۇسپا شياۋدي غەربىي يۇرت قوشۇنى بىلەن تۇڭگۇەنگە توپىلاڭنى باستۇرۇشقا كىرىپ، تۆت قورغان ۋە بەشبالىق بارگاھىنى تەشكىللىگەن. تۇنجى نۆۋەتلىك بارگاھ ھېراۋۇلبېگى لى سىي بىلەن شياڭجى ئىبادەتخانىسىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، چاڭئەن (ھازىرقى شەنشىدىكى شىئەن)، لوياڭلارنى قايتۇرۇۋالغان ھەمدە ۋاڭ ۋېيلياڭنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشقىمۇ قاتناشقان. يەنە ئىككىنچى نۆۋەتلىك بارگاھ ھېراۋۇلبېگى لىفېي يۈەنلىغا ئەگىشىپ، لى گۇاڭبى بىلەن خېياڭ (ھازىرقى خېنەندىكى جېڭجۇنىڭ شىمالى) نى قوغدىغان. شاڭيۈەننىڭ 2 - يىلى (761 - يىلى) دىن يوڭتەينىڭ تۇنجى يىلى (765 - يىلى) غىچە ماڭئەن تېغىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن، لىفېي يۈەنلىنىڭ تۆت قورغان، بەشبالىق بارگاھىنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ھېراۋۇلبېگلىك مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. نۇرغۇن خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، لۇفاڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدە)، بىننىڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدە) نىڭ ھېراۋۇلبېگى، تەكشۈرۈش - جازالاش پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى بولغان ھەمدە چاڭخۇا (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدە) ئايمىقىنىڭ ئاياقبېگى بولغان. دالىنىڭ 14- يىلى (779 - يىلى) 4 - ئايدا، ۋەلىئەھدىنىڭ كەنجى ئوركانبېگى بولغان. ئۆلگەندىن كېيىن ۋەلىئەھدىنىڭ مۇشاۋۇرلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن.

**سوغد لىڭجوڭ** (؟~786) يەنە بىر ئىسمى لى يۈەنجوڭ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. سوغدلارنىڭ بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) قورۇقچىبېگى. تيەنباۋنىڭ 14 - يىلى (755 - يىلى)، ئۆڭلۈك - سۈيگۈن توپىلىڭى پارتلىغان. ئوردا توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا يارلىق چۈشۈرگەندە، چېگرا مۇداپىئە قوشۇنىنىڭ تەييارلىقى يوق ئىدى. گۇاڭدېنىڭ تۇنجى يىلى (763 - يىلى)، ياڭ جىليې خېشى قوشۇنىنىڭ ئەمىر ئورۇنباسارى بولۇپ، خېشى (ھازىرقى ۋۇۋېي)، ئەنشى (ھازىرقى كۇچا)، بەشبالىق ئۈچ قوشۇنغا بىر تۇتاش قو-

ماندانلىق قىلغان، سوغد لىڭجوڭ بەشبالىقنىڭ تۇتۇق-
بېگى، ئۈرۈمچىدىكى ئۈرغول، قوچو، بەشبالىقنىڭ تەپتىشبېگى
بولغان. سوغد لىڭجوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇي-
غۇرلار ئىتتىپاقىدىن پايدىلىنىپ بەشبالىقنى مەھكەم
قوغدىغان. دالىنىڭ 7 ـ يىلى (722 ـ يىلى)، ئۇيغۇ-
رىيە يولى بىلەن چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتكەن. دەيزوڭ
ئەلچى ئارقىلىق يارلىق ئەۋەتىپ تەقدىرلىگەن. جيەن-
جوڭنىڭ 2 ـ يىلى (781 ـ يىلى)، ئوردىغا ئەلچى
ئەۋەتىپ مەلۇمات يوللىغاندا، دېزوڭ خان ئۇنىڭغا لى
فامىلىسىنى تارتۇق قىلىپ، ئىسمىنى يۈەنجوڭ (سا-
دىق) غا ئۆزگەرتكەن ھەمدە بەشبالىقنىڭ قورۇقچىبېگى
قىلىپ، چېگرا رايوننى تىنچىتقۇچى ئاياقبېگى قىل-
غان. چېگرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ ئۆلگەن.

**گو شىن** تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. تۇغۇلغان
ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. جوڭشىڭلىق داڭلىق سانغۇن
گو زىيىنىڭ ئىنىسى گو يۇسىڭنىڭ ئوغلى. يوڭتەينىڭ
تۇنجى يىلى (765 ـ يىلى)، گوشىن گو زىيىنىڭ
تەشەببۇسى بىلەن خېشىنى چارلاپ نازارەت قىلىش ئۈ-
چۈن ئەنشى (ھازىرقى كۇچا) گە سەپەر قىلغان. كۆچمە
قوۋملار شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش يولىنى ئېتىپ
قويغانلىقى ئۈچۈن قايتىپ كېلەلمىگەن. دالى يىللىرى-
نىڭ ئاخىرلىرى، گو شىن تۆت قورغاننىڭ ھېراۋۇلى
بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنشىدىكى چېرىك مەھكىمىسىدە
چېرىكچىلىك ئىشلىرىنى قىلغان. جيەنجۇڭنىڭ 2 ـ
يىلى (781 ـ يىلى)، ئۈرۈمچىدىكى ئۈرغول، قوچو، بەشبالىقنىڭ
تەپتىشبېگى سوغد لىڭجوڭ بىلەن ئۇيغۇرىيە يولى بىلەن
ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. گو شىن ئەنشىنى مەھكەم
قوغدىغانلىقى ئۈچۈن، دېزوڭ خان ئۇنىڭغا ئەنشىنىڭ
باش قورۇقچىبېگى، تۆت قورغاننىڭ ھېراۋۇل تەپتىش-
بېگى دېگەنناملارنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلار-
نىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغان.

**ۋايجرا سامباۋا** تاڭ دەۋرىدىكى ئۇدۇن ئېلى-
نىڭ خانى. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. گۆ-
دەك چېغىدىلا تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. تيەنباۋنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا (742~756 ـ يىللىرى)، ئوردىغا بې-
رىپ شۈەنزوڭ خاننىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ،
ھەرەم ئاغىچىسىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلغان ھەمدە ئۇلۇغ
قول بەھەيۋەت قورۇقچى سانغۇن، ۋايجرا تۇتۇق مەھكى-
مىسىنىڭ تۇتۇقى قىلغان. ئۇدۇنغا قايتقاندىن كېيىن،
ئەنشى (كۇچا) نىڭ ھېراۋۇلبېگى گاۋ شيەنجىغا ھەمدەم-
دە بولۇپ، چەرچەندە تۈبۈتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى
يوقاتقان. كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى شەرىپىگە كېڭەش-
بېگى، ھۆدەيچى بولغان، كېيىن كېڭەش ۋەزىرى بول-
غان. تيەنباۋنىڭ 14 ـ يىلى، ئەنلۇك ـ سۈيگۈن
توپىلىڭى قوزغىلىپ، تاڭ سۇلالىسى خەۋپتە قالغان.
جىدېنىڭ تۇنجى يىلى (756 ـ يىلى)، ۋايجرا سامباۋا
ئۇدۇن ئېلىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئىنىسى ۋايجرا
بوخان ئىنجۇغا قالدۇرۇپ، 5000 دىن ئارتۇق ئەسكەر-
نى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ توپىلاڭنى
تىنچىتقان. سۇزوڭ خان لى خېڭجيا ئۇنىڭ ساداقەتمەن-
لىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇلۇغ تۆرە، قوشۇمچە ئوردا
تەپتىشى دېگەن نامنى بەرگەن. غەربىي يۇرتنىڭ پىدا-
ئىي قوشۇنلىرى چاڭئەن (ھازىرقى شەنشىدىكى شى-
ئەن) ئەتراپىدا توپىلاڭچى قوشۇننى مەغلۇپ قىلغان،
كېيىن ئۇرۇش جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرەپلەرگە يۆرۈل-
گەندە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن. ئەنلۇك ـ
سۈيگۈن توپىلىڭى بېسىقاندىن كېيىن، ۋايجرا سامباۋا
ئاستانىدە قېلىپ ئوردا قورۇقچىسى نامىغا دىۋاندىكى
ئۈچ ۋەزىرلىك قوشۇلۇپ، ۋۇدۇ (ھازىرقى گەنسۇ تە-
ۋەسىدە) خانى دېگەن نام بېرىلگەن. ۋايجرا سامباۋا
ئاستانىدە تۇرغاندا ئىستىقامەت قىلىش بىلەن بىللە ئىبا-
دەتخانا ـ راۋاقلارنى بېزەش، مېھمانلارنى كۈتۈش،
ئوردا سىرتىدىكى ئۆلىمالار بىلەن دوستلىشىش دېگەن-
دەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. جيەنجوڭنىڭ ئا-
خىرلىرى، ۋاسال بېقىندىلاردا بۆلۈنۈش ھالىتى شە-
كىللىنىپ، بەزى چاغلاردا قوراللىق توقۇنۇشلارمۇ يۈز
بەرگەن. تاڭ ئوردىسى قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە،
دېزوڭ خان لى شى بىلەن بىرگە فېڭتيەن (ھازىرقى
شيەنشىنىڭ چيەنشيەن ناھىيىسى) گە بېرىپ، ئۇلۇغ قا-
نات بەھەيۋەت ئۇلۇغ سانغۇن ھەمدە خان ھەمراھى
بولغان. شەرققە يۈرۈش قىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم
قىلغاندىن كېيىن، ئىنىسى ۋايجرا بوخان ئىنجۇ ئەنشى-
دىكى تۆت قورغاننىڭ ھېراۋۇلبېگى بولۇپ ھاكىمىيەت
يۈرگۈزگەن. جېنيۈەننىڭ تۇنجى يىلى(785ـ يىلى)،
ۋايجرا جيەن ئوردىغا ئەلچىلەر ئارقىلىق مەكتۇپ سۇ-
نۇپ، ۋايجرا سامباۋانىڭ ئوغلى ۋايجرا بۆخان قىرتىنى
خانلىق تەختىگە ۋارىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان،
لېكىن ۋايجرا سامباۋا بۇنىڭغا قوشۇلماي، تەختنى ئى-
نىسىغا بېرىپ، ئەلنىڭ مەدەنىيلىشىگە سازاۋەر بول-
غان. 64 يېشىدا چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتكەن. جېنيۈەن-
نىڭ 10 ـ يىلى (794 ـ يىلى)، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ
تۇتۇقى دېگەن شەرەپ بېرىلگەن. ئوغلى ۋايجرا بۆخان
قىرتى دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، كېيىن
لوڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئاياقبېگى بولغان.

**ياڭ جىلىي** (؟~765) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى. ئەسلىي ئىسمى ياڭ يۈ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك بەشبالىق تۇلۇغ قورۇقچىبېگى. تۈت قورغاننىڭ ياندىش ھېراۋۇلبېگى ياڭ خېنىڭ ئوغلى. ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، لياڭجۇ (ھازىرقى ۋۇۋېي) دىكى سوغدلارمۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. ئۇ لياڭجۇنىڭ ئايماقبېگىگە ياردەملىشىپ توپىلاڭنى تىنچىتقاندىن كېيىن، گۇاڭجۇنىڭ ئايماقبېگى سۈپىتىدە ئەسكەرلەرنى يىغىپ، قوۋۇقنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ چېرىكچىبېگى بولغان. چيەنيۈەنىڭ 2 - يىلى (759- يىلى)، لياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقلۇق ئورنى بوش قالغاچقا، ياڭ جىلىي ئەمەلىي ھوقۇقنى كونترول قىلىپ تۇرغان. شاڭيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (760- يىلى)، تۇبۇتلار بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) نى ئىگىلىگەن. ياڭ يۈ ۋەزىيەتنى ئۆڭشىغاندىن كېيىن، ئىۋىرغول، قوچو، بەشبالىقنىڭ ھېراۋۇلبېگى بولغان. باۋيىڭنىڭ تۇنجى يىلى (762- يىلى)، دەيزوڭ لى يۈ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا، دەيزوڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشىشىپ قېلىشتىن قېچىپ ياڭ جىلىيگە ئۆزگەرتكەن. گۇاڭدېنىڭ تۇنجى يىلى (763- يىلى)، لۇي چولڭ ۋەزىپىسىدىن قالغاندا، ياڭ جىلىي ئۇنىڭ ئورنىغا لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماقبېگى بولغان. شۇ يىلى، تاڭ سۇلالىسى خېشى ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، خانزادە ئەمىرلەشكەرلىككە قويۇلغان، ياڭ جىلىي خېشى ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ئەمىرلەشكەرلىكىگە قويۇلۇپ، خېشى (ھازىرقى ۋۇۋېي)، بەشبالىق، كۇسەن قاتارلىق جايلارنىڭ بىر تۇتاش مۇداپىئە سېپى ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇ چاغدا غەربىي چېگرا رايون تىنچلانغانلىقتىن، ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ دەرىجىسى چۈشۈرۈلگەن، مەھكىمە ئەنشىدە تۇرىۋەرگەن. گۇاڭدېنىڭ 2 - يىلى (764 - يىلى)، بۆگۈ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۇبۇتلار بىلەن بىرلىشىپ چاڭئەن (ھازىرقى شەنشىدىكى شىئەن) گە ھۇجۇم قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەقدىرى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغاندا، ياڭ جىلىي قوشۇن تارتىپ توپىلاڭچى قوشۇنغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان، گەرچە ئاستانىنىڭ مۇھاسىرىسى بۇزۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، خېشىدىكى كۈچلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇبۇتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە ئامال قىلالمىغانلىقتىن، لياڭجۇنىمۇ قولدىن بېرىپ قويغان. يوڭتەينىڭ تۇنجى يىلى (765- يىلى)، ياڭ جىلىي بەشبالىققا بېرىپ ئەسكەر توپلاۋاتقاندا، ئىۋىرغول، قوچو ھېراۋۇلبېگى جۈيى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن، خېشىنىڭ ياندىش ئەمىرلەشكىرى نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قېلىپ، ئۈچ قوشۇن مۇداپىئەلىنىشى پارچىلىنىپ كەتكەن.

**پان تېگىن** تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەردىسى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى زاۋال تاپقاندا، پان تېگىن قاتارلىق سەركەردىلەر قوۋمىلىرىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، قاراشەھەر، كۇسەن، قوچو قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. دەسلەپتە يابغۇ دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى داجۇڭنىڭ 10- يىلى (856- يىلى)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆگە قاغانى جەنۇبقا كۆچۈۋاتقاندا شىۋىرلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئىگىسىز قالغاندا، پان تېگىن ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان. شيەنتوڭنىڭ 7 - يىلى (866 - يىلى)، بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى بۆگۈ تېگىن قوچونى ئىگىلەپ، قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، پەن تېگىننىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلىگەن.

**بۆگۈ تېگىن** تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەردىسى، قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار قىرغىزلار تەرىپىدىن زاۋال تاپقاندىن كېيىن، ئۇلار ھەر تەرەپكە قاراپ كۆچكەن. بەزىلەر بۆگۈچىننىڭ باشچىلىقىدا بەشبالىققا كۆچكەنلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاۋۋال خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىگە كۆچۈپ كەمپساي (گەنجۇ، ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې) غا ماكانلىشىپ، تاڭ سۇلالىسى داجۇڭنىڭ 4- يىلى (850- يىلى)، قۇم ئايماق (ھازىرقى گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ) تىكى جاڭ يىچاۋ بىلەن بىرلەشكەن، ئىككىنچى يىلى بەشبالىقنى ئىگىلىگەن دېيىشىدۇ. شيەنتوڭنىڭ 7 - يىلى (866- يىلى)، بۆگۈچىن قوۋمىنى باشلاپ قوچو (ھازىرقى تۇرپان)، ئۈرۈمتاي (ئۈرۈمچى) ئەتراپلىرىنى ئىگىلەپ، قوچو بىلەن بەشبالىقنى ئوردا قىلغان. ئۇلار تەدرىجىي قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەركىزى كۇسەندىن قوچوغا يۆتكەلگەن. دۇنخۇاڭدىن ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردە ئۇيغۇرچە تىلغا ئېلىنغان «بۆگۈ تەڭرىقۇت»، «تەڭرىقۇت»، «تەڭرى قاغان» نىڭ ھەممىسى بۆگۈ تې-

گەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ. سولڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىن كېيىن پەيدا بولغان «بۆگۈ قاغان» نىڭ رىۋايىتى بولسا بۆگۈ تېگىنىنىڭ قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش تارىخىنىڭ نامايەندىسىدىن ئىبارەت.

**بىلگە كۆل قادىر خان** جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئالمائىيىنىڭ «قەشقەرىيە تارىخى» دېگەن ئەسەرنىڭ پارچىلىرىغا ئاساسلانغاندا، بىلگە كۆل قادىر خاننىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى ئىكەنلىكى مەلۇم. بىر قىسىم ئالىملار ئۇنى خەنزۇچە تارىخىي ۋەسىقىلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشكە باشچىلىق قىلغان قارلۇقلارنىڭ سەركەردىسى مەڭلىك تېگىن، كېيىن غەربىي قۇملۇقتىكى ئۇيغۇرلار ئۇنى خانلىققا تىكلىگەن، بىلگە كۆل قادىر خان بولسا ئۇنىڭ خانلىق نامى بولۇشى مۇمكىن دەپمۇ قىياس قىلىشىدۇ.

**سىڭقۇ سالى تۇتۇڭ** تەرجىمىشۇناس. X ئەسىرلەردە بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دا ياشىغان ئۇيغۇر. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، كۇسەن تىلى قاتارلىق تىللارنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇ سانسكرىتچىدىن تەپسىر بېرىپ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىق قۇۋپتا كۆتىرىلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك» نى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغان، يەنە «ئۈچ ئاغىلىق تاڭ راھىبى خۇيىتساڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق داڭلىق بۇددا ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، خەنزۇ بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى غەربىي يۇرتقا تونۇشتۇرغان. ئۇ يەر ـ جاي ناملىرىنى، ئادەم ئىسىملىرىنى، نەرسە ـ كېرەك ناملىرىنى، بۇددا ناملىرىنى، راھىبلىق ناملىرىنى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، سانسكرىتچىدىن كىرگەنلىرىنى سانسكرىت تىلىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بويىچە ئالغان، خەنزۇچىدىن كىرگەنلىرىنى ئەينى چاغدىكى ترانسكرىپسىيىسى بويىچە كۆچۈرۈپ ئالغان. ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنى ۋە قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالىدۇر.

**سۇلتان ساتۇق بۇغراقاراخان** (؟ ~ 955/956) قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى تۇنجى بولۇپ ئىسلامغا بەيئەت قىلغان قاراخان. بالا چاغلىرىدا ئاتۇشتا ئىسلام دىنى تەربىيىسىنى ئالغان، كېيىن غازاتچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تاغىسى ئوغۇلچاق قادىر خاننى مەغلۇپ قىلىپ قەشقەرنى ئىگىلىگەن. ھىجرىيىنىڭ 330 ـ يىلى (941~942 ـ يىلى)، يەنە بالاساغۇن شەھىرى (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماق شەھىرىنىڭ جەنۇبى) نىمۇ ئېلىپ، ئۆزىنى «بۇغرا قاراخان» دەپ ئاتىغان. ئۆلگەندىن كېيىن ئاتۇشنىڭ جەنۇبىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر مەشھۇر زىيارەتگاھقا ئايلىنىپ قالدى.

**ۋىسارا سامباۋا** (؟~966) بەش دەۋر، سولڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئۇدۇن ئېلىنىڭ خانى. خەن ـ تاڭ دەۋرىدىن بۇيان ئۇدۇندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان خان جەمەتى ئەۋلادى. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مايىلراق بولغاچقا، ئۆزىنى لى (李) فامىلىلىك دەپ ئاتاپ، تاڭ ئوردىسى خان جەمەتىدىن دەيدۇ. كىيىنىشلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. سىياسىي ئىشلىرى، ئەمەلدارلىق تۈزۈملىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان. سىياسىتى دانا، تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتى، سودا ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىقى گۈللەنگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قالايمىقانچىلىقتا قالغان، ھەممە يەرنى قەبىلىچىلىك قاپلىغان شارائىتتا، ئۇدۇننىڭ سىياسىتىنىڭ مۇقىم، جەمئىيىتىنىڭ تىنچ ـ ئامان بولۇشى، دۆلەت كۈچىنىڭ گۈللىنىشىنى ساقلاپ تۇرغان. بۇ چاغدا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەنىدى. كېيىنكى جىن دەۋرى تيەنفۇنىڭ 3 ـ يىلى (938 ـ يىلى)، ئۇ ماجىرولڭ قاتارلىقلارنى ئوردىغا ئالاھىدە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، چىن كۆڭلىدىن بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. جىن گاۋزۇ شى جىڭتاڭ ئۇنى غەربىي چېگرانى باشقۇرغۇچى دەپ ئاتاپ، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى خانى دېگەن نامنى بەرگەن ھەمدە يەنە جاڭ كۇاڭيې، گاۋ جۇخەي قاتارلىقلارنى خان يارلىقىنى يەتكۈزىدىغان ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئۇدۇن خان ئوردىسى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى بەيئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ھېراۋۇلبېگى جەمەتى بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسى قويۇق بولغان. دۇنخۇاڭنىڭ خانى ساۋ يىجىن چولڭ مەلىكىسىنى كەمپساي (گەنجۇ، ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې) ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانىغا ياتلىق قىلغان، ئىككىنچى مەلىكىسىنى ئۇدۇن خانى ۋىسا سامباۋاغا ياتلىق قىلغان. دۇنخۇاڭدىكى دۆڭ قۇم (موگاۋ) غارلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە خان تاجلىق، بۇددا تونلۇق بۈيۈك خانلىقنىڭ ئۇلۇغ

ئاقىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ بۈزرۈكۋار دانا تەڭرى ئەركىسىگە ھەم بۈيۈك خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ ئاقىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ سىياسەتلىرى يولغا قويۇلغان ئۇلۇغ ۋاپادار خانىنىڭ خانىشى ساۋ جەمەتى دەپ خەتلەر يېزىلغان يوغان رەسىمگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. بۇنداق قۇدا – باجىلىق مۇناسىۋەت غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىقتىساد، مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئالمىشىشىدا ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىغان. 54 يىل تەختتە ئولتۇرغان، ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى سوڭدې ئورنىغا خان بولغان.

**يۇسۇپ قادىر بوغرا قاراخان** قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قاغانى. 1004 ~ 1032 – يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان. سۇڭ سۇلالىسى جىڭدېنىڭ 4 – يىلى (1007 – يىلى)، ئۇدۇن خانى ۋارا جەمەتى ھاكىمىيىتىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى خوتەن رايونىغا تارقاتقان. كېيىن سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، باشتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئالاقە باغلىغان. تيەنشېڭنىڭ 3 – يىلى (1025 – يىلى)، سەمەرقەنت (ھازىرقى ئۆزبېكىستاندا) نىڭ جەنۇبىي غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، تەسىر كۈچ دائىرىسىنى ئايرىيدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان، بۇ ۋەزىيەت موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسىغىچە داۋاملاشقان.

**يوللىغ تايشى** (1087 ~ 1143) قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى. ئىسمى چوڭدې، قىتان. قىتان سۇلالىسى تەيزۇ ئاباگىنىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى. سۇڭ سۇلالىسى جېڭخېنىڭ 5 – يىلى (1115 – يىلى) تەشرىپدار بولغان، ئوردىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئوردىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. تەيجۇ ئايىمىقى، شياڭجۇ ئايىمىقىنىڭ ئاياقبېگى ھەم قىتان قوشۇنىنىڭ ھېراۋۇلبېگى بولغان. شۈەنخېنىڭ 4 – يىلى (1122 – يىلى)، جىن قوشۇنلىرى قارا قىتانلارغا ھۇجۇم قىلغان. تيەنزۇدى خان جياشەن (ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇچۇەن ناھىيىسى) قېچىپ كەتكەندە، يوللىغ تايشى قاتارلىق خان جەمەتىدىن بولغان يوللىغ چۇنىنى خانلىققا تىكلىگەن، تارىختا شىمالىي قىتان سۇلالىسى دەپ ئاتالغان. ئۇزاققا بارمايلا بۇ سۇلالە يىمىرىلگەندە، يوللىغ تايشى قوشۇنلارنى باشلاپ تيەنزۇدى خانغا بېقىنغان؛ كېيىن يەنە پىكىردە كېلىشەلمىگەنلىكتىن، 200 دەك ئاتلىق چەۋەندازلارنى باشلاپ شىمالغا كەتكەن. قىتان سۇلالىسى زاۋال تاپقاندىن كېيىن، يوللىغ تايشى ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان ھەمدە شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىپ، قاراسۇ، خاتۇنبالىق (موڭغۇلىيىدىكى تولا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە ئايماق 18 قەبىلىنىڭ خانى بولغان. ئالتە يىل جاپالىق كۆرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، سۇڭ سۇلالىسى جيەنيەننىڭ 4 – يىلى (1130 – يىلى)، قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغان. ئىمىل (دۇربىلجىن) گە بېرىپ شەھەر سېلىپ، شۇ يەردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان. سۇڭ سۇلالىسى شاۋشىڭنىڭ 2 – يىلى (1132 – يىلى)، ئۆزىنى گۈرخان دەپ ئاتىغان («گۈرخان» ئۇلۇغ خان ياكى خانلارنىڭ خانى دېگەن مەنىدە، ئۇنىڭغا يەنە خەنزۇچە ھۆرمەت نامى تيەنيۇ، يەنى تەڭرى ئىلتىپات قىلغان خان دېگەن قوشۇلغان). شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋال قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى، كېيىن يەنە شەرقتىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قوشۇۋېلىپ، بالاساغۇن (قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ جەنۇبىدا) ئوردا قۇرغان ھەمدە ئوردىسى قۇز ئوردا دەپ ئاتالغان. شاۋشىڭنىڭ 11 – يىلى، ئۆزى قوشۇننى باشلاپ، كاتۋان قىشلىقىدا سالجۇقىيلارنىڭ خانى سۇلتان سەنجەر باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلغان. غەربتىكى قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن خارەزم دۆلىتى (ئۆزبېكىستاندىكى كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى خىۋە رايونلىرى) بېقىندى ئەل سۈپىتىدە قارا قىتان سۇلالىسىگە قارام بولغان. ئۇ قوشۇن بىلەن بالاساغۇنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى كېسەل بىلەن ئۆلگەن. يوللىغ تايشى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە تويۇنغان، كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىئون ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىس. ئۇ بەرپا قىلغان قارا قىتان سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئالاھازەل يۈز يىللارچە تىزگىنلىگەن، ئورناتقان تۈزۈملىرى ۋە قانۇن – سىياسەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىيەت، ئىقتىسادىنىڭ روناق تېپىشىدا ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

**بارچۇق ئارت تېكىن** قوچو ئىدىقۇتى. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. ئەسەن تۆمۈرنىڭ ئوغلى. دەسلەپتە قارا قىتانلارغا بېقىنغان. سۇڭ سۇلالىسى جيادىڭنىڭ 2 – يىلى (1209 – يىلى)، قاراقىتانلار تەيىنلىگەن باسقاق شۇكەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كې-

يىنكى يىلى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالغان ھەمدە موڭغۇللارغا بېقىنغان. چىڭگىزخان ئۇنى 5 ـ ئوغلى قاتارىدا كۆرۈپ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن مەلىكە ئالتۇن بېكەنى ياتلىق قىلماقچى بولغان، كېيىن مەلىكە بالا ـ قازاغا ئۇچراپ قازا قىلىپ، قۇدىلىشالمىغان. موڭغۇللار غەربىي يۇرتنىكى، ھەتتا مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەربىي يۈرۈشلەردە چوڭ رول ئوينىغان. تاڭغۇتلارنى بېقىندۇرۇشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. شۇنىڭدىن كېيىن قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، موڭغۇللار «دارغاچ»نى ئەۋەتىپ باشقۇرغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئەۋلادلىرى ئىدىقۇت نامىغا ۋارىسلىق قىلغان.

**كۈچلۈك** (؟~1218) نايمانلارنىڭ سەركەردىسى، تايان خاننىڭ ئوغلى. موڭغۇللار نايمانلارنى يوقاتقاندا، كۈچلۈك قارا قىتان تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. بۇ مەزگىللەردە خارەزم دۆلىتى شەرقتە قاراپ كېڭەيمەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقتىن، قاراقىتانلار نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان. كۈچلۈك چۈلۈقنىڭ مەسلىھىتى بىلەن قايتىپ كېلىپ كونا قەبىلىلىرىنى يىغىپ خانلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلغاچقا، خان دەپ ئاتىلىپ، ئەمىل (دۆربىلجىن) ۋە قايالىق (ھازىرقى قازاقىستاندىكى تالدى قورغاننىڭ شەرقىي قىسمى) قاتارلىق جايلارغا بېرىپ قوۋملىرىنى توپلىغان ھەمدە باشقا قوۋملار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قوشۇن تەشكىللەپ، يەتتىسۇ رايونى (ھازىرقى قازاقىستاندىكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى) غا بېسىپ كىرگەن. لېكىن، خارەزمگە قارشىلىق كۆرسەتمەي، ئەكسىچە بۇ دۆلەتنىڭ شاھى مۇھەممەد بىلەن بىرلىشىپ قارا قىتانلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا كېلىشكەن. سوڭ سۇلالىسى جيادىڭنىڭ 4 ـ يىلى (1211 ـ يىلى)، چۈلۈق ئوۋغا چىققاندا، كۈچلۈك بۆكتۈرمە قوشۇننى سېلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنى شاھىن شاھ دەپ ئاتىغان ھەمدە چۈلۈقنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالغان. كۈچلۈك ھوقۇقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، قارا قىتانلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، بۇرۇنقى نېستورىئان دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى تاشلاپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ھەمدە تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا، ھېچ بولمىغاندىمۇ قىتانچە ياسىنىپ يۈرۈشكە بۇيرۇغانلىقتىن، خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان. جيادىڭنىڭ 10 ـ يىلى، موڭغۇل قوشۇنلىرى يەتتىسۇ رايونىغا كىرگەن، ئىككىنچى يىلى موڭغۇللار ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ۋاھان (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە) نىڭ شەرقىدىكى راداز جىلغىسىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

**تاتاتوڭا** ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىنى ياراتقۇچى. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. دەسلەپتە نايمانلارنىڭ تايان خاننىڭ تامغىسىنى تۇتقان ۋە خەزىنە، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى باشقۇرغان. چىڭگىزخان نايمانلارنى يوقاتقاندا، ئۇ تامغىنى ئېلىپ قاچقاندا ئەسىرگە چۈشكەن. چىڭگىزخان ئۇنىڭ سادىقلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى قىلىپ، تامغىسىنى تۇتقۇزغان. شۇنىڭدىن تارتىپ موڭغۇللارنىڭ بارلىق يارلىق ـ ھۆججەتلىرىگە تامغا بېسىلىدىغان بولغان. چىڭگىزخان ئۇنى يەنە شاھزادىلىرىگە ۋە ئوغلان تېگىنلىرىگە موڭغۇل تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىشنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇغان. ئۆگەدېي تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەنىلا ئوردىنىڭ تامغىسىنى باشقۇرغان. جىداننىڭ 3 ـ يىلى (1310 ـ يىلى)، ئىشىكئاغا بولغان، يەنىبىن ئايمىقى (ھازىرقى سەنشىنىڭ دەي ناھىيىسى) نىڭ ئايماقبېگىلىكىگە ئۇستۇرۇلگەن.

**ليەن شىشيەن (تەپتىش خەسەن)** (1231~1280) يۈەن دەۋرىدىكى سىياسىئون. ئىسمى شەنپۇ، ئۇيغۇر. تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ دادىسى بۇرۇقايا تەپتىشبېگى ئىدى. مەنسەپ نامى «ليەن» دېگەن خەت فامىلە بولۇپ قالغان. تەرىقەتچىلىكنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «ليەن مېڭزى» دەپ ئاتاشقان. قۇبىلاي خاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، يۈننەنگە قوشۇن تارتىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان. يەنە ئاستانىنىڭ جارچى سىلاۋچىسى بولۇپ، تەرىقەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۇرگەن. يۈەن سۇلالىسى شيەنزۇڭ خان مەڭگۇ (مۆڭكە) ئۆلگەندىن كېيىن، قۇبىلاي بىلەن ئارىغ بۆكە ئۆزئارا خانلىق تەختىنى تالاشقاندا، ئۇ قۇبىلايغا بالدۇرراق تەختكە چىقىش ھەمدە ئارىغ بۆكە قاتارلىق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپنى بەرگەن. قۇبىلاي خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى شىزۇ خان بولغان. يۈەن سۇلالىسى جوڭتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1261 ـ يىلى)، ليەن شىشيەن يارلىق بويىچە ئوردا پۈتۈكچىلىك ۋازارەت مۇئەككىللىكىگە قويۇلۇپ، يېڭى ئەركان ـ مىزانلارنى

تۈزۈپ چىقىپ، كونا قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتەك قانۇن ـ پەرمانلارنى تۈنجى بولۇپ تەشەببۇس قىلغان ۋە يولغا قويغان شەخس بولۇپ قالغان. تەپتىشبېگى مەھكىمىسى، ھەر قايسى ئايماق ـ ۋىلايەتلەردە جازا ـ كۆزىتىش جۇجۇقى تەسىس قىلىپ، ئىچكى قىسىمدىكى مەككار ۋەزىرلەرنى تەكشۈرۈش، تۆۋەن قاتلامدىكى خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىنى تۈزەش، ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلىرىنى چەكلەش، مۇشتۇمزورلارغا چەك قويۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىشتەك تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جىيۈەننىڭ 8 ـ يىلى (1271 ـ يىلى)، قۇبىلاي بىلەن چىقىشالمىغانلىقتىن، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلغان. 11 ـ يىلىدىن باشلاپ بېيجىڭ ۋاقىتلىق ۋازارەت مۇئەككەللىكىگە قايتا قويۇلغان. ئىككىنچى يىلى ۋاقىتلىق ۋازارەت جىڭنەن (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى جاڭلىڭ) گە يۆتكەلگەندە، لىيەن شىشيەن سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، مەكتەپلەرنى ئېچىش قاتارلىق يەرلىكنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن؛ يەنە رەھىمدىللىك سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. 16 ـ يىلى، يارلىق بويىچە ئوردا پۈتۈكچىلىك ۋازارەت مۇئەككەللىكىگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن. كېيىن كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

**قوچقار تېگىن** يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى. بارچۇق ئارت تېگىننىڭ چەۋرىسى. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. جىيۈەننىڭ 3 ـ يىلى (1266 ـ يىلى)، قوچو (ھازىرقى تۇرپان) غا ئىدىقۇت بولغان. 12 ـ يىلى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى دۇۋا قوشۇن تارتىپ قوچونى ئالتە ئاي مۇھاسىرىگە ئالغاندا، قوچقار تېگىن قىزىنى ياتلىق قىلىپ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان. ئوردىغا كىرىپ قۇبىلاينىڭ تارتۇقلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ھەمدە دىڭزۇڭ خان گۈيۈكنىڭ قىزى باھار خېنىمنى ئالغان. قايتقاندىن كېيىن قوچو، قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەرنى يۈەن سۇلالىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شىمال قوشۇنى بېسىپ كىرگەندە، قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ ئۇرۇشتا ئۆلگەن.

**ئارىغ بۆكە** (؟~1266) موڭغۇل خانلىرىدىن. چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى تولۇينىڭ كىچىك ئوغلى، قېرىندىشى مەڭگۇ (مۆڭكە)، قۇبىلاي، ھۇلاكۇلەر بىلەن بىر ئانىدىن تۇغۇلغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى باۋيۇنىڭ 6 ـ يىلى (1258 ـ يىلى)، مەڭگۇ خان جەنۇبىي سۇڭنى جازالىغاندا، ئارىغ بۆكە قارا قورۇم (موڭغۇلىيەدىكى قارا قورۇم) نى ساقلاپ تۇرغان. مەڭگۇ خان ئۆلگەندىن كېيىن، قۇبىلاي كەيپىڭ (ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆك تۇغلۇقلار خوشۇنىنىڭ شەرقىدىكى چاقماق دەرياسىنىڭ شىمالىدا) دا تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ئۆزىنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۈنجى خانى دەپ ئاتىغان. ئارىغ بۆكە قارا قورۇمنىڭ غەربىدە ئۆزىنى ئۇلۇغ خان دەپ ئاتىغاندا، قۇبىلاينىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، قىرغىزلار (ھازىرقى رۇسىيىنىڭ تۇۋا ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئەتراپىدا) ماكانىغا قېچىپ كەتكەن. قۇبىلاي خەنزۇلار رايونىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەمىنلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. ئارىغ بۆكە چاغاتاينىڭ نەۋرىسى ئالغۇنى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ئاشلىق، مال ـ مۈلۈك، قورال ـ ياراغلارنى تەل قىلىشقا ئەۋەتكەن. جوڭتوڭنىڭ 2 ـ يىلى (1261 ـ يىلى)، قۇبىلاينىڭ چېگرا قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ، قۇبىلاينىڭ قارىمىقىدىكى موڭغۇل ـ خەنزۇ قوشۇنلىرى بىلەن شىمۇتۇنۇر (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاباغا خوشۇنى تەۋەسىدە) دا قاتتىق ئۇرۇش قىلغان، ھەر قايسى تەرەپلەردە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ، ئاخىر ھەر قايسىسى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرگەن. ئىككىنچى يىلى، ئارىغ بۆكە ئالغۇنىڭ قۇبىلايغا ئەل بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، غەربكە قوشۇن تارتىپ يېڭىلىپ قېلىپ، ئالمالىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) قا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق، قىرغىنچىلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان. قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ئاۋامنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قوۋمى تاراپ كەتكەن. 5 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، قۇبىلايغا ئەل بولغان.

**سەيدۇللا** (تەخمىنەن 1272~1368 ياكى تەخمىنەن 1308~1355) يۈەن سۇلالىسىدىكى ئەدىب. ئۇيغۇر، ئىسمى تيەنشى، تەخەللۇسى جىجەي. غەربىي يۇرتلۇق. ئۇ يۈەن سۇلالىسىدىكى تاۋ زوڭيىنىڭ «تارىخىي مەلۇماتلار» دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇر دەپ يېزىلغان. بوۋىسى ئارسلان بۇقا، دادىسى ئالۇچىكۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىنىڭ يۈەن، دەي جايلىرىنىڭ باسقاقبېگى بولغان. سەيدۇللانىڭ ئۆزى سەنشىنىڭ دەيجۇ ئايمىقىنىڭ يەنمېن (سەنشىنىڭ دەي ناھىيىسى) دە تۇغۇلغان، گۆدەك چاغلىرىدىن تارتىپ ئىلىم تەھسىل

قىلغان، ئائىلىسى خارابلاشقاندىن كېيىن ئىلىمنى تاشلاپ سودىغا كىرىشكەن. تەيدىڭنىڭ 4- يىلى (1327- يىلى) تەشرىپدار بولۇپ، جېنجاڭ پۈتۈكچىلىك مەھكىمىسىنىڭ دارغاچى، كېيىن فۇجيەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشبېگى، ئۆلىمالار مەھكىمىسىنىڭ دۆلەت تارىخىنى رەتلىگۈچىسى، جياشىڭ، جېجياڭنىڭ ۋاقىتلىق كاتاۋۇلى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. شېئىرلىرىدا ناچار ئىللەتلەر سۆكۈپ تاشلىنىپ، ئەمگەكچى خەلققە بولغان ھېسداشلىقى ھەمدە باراۋەرلىك، ئەمىنلىككە ئىنتىلىشى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. يەنە نەغمە ئىشلەش، تېكىست يېزىش، رەسىم سىزىشقىمۇ ماھىر. ئەسەرلىرىدىن «يەنمېن توپلىمى»، «سەيدۇللا نەزمىلىرى توپلىمى»، «ئورمانسىمان تاشلىق نەزمىلىرى توپلىمى» قاتارلىقلار بار.

**گۇەن يۈنشى** (1286 ~ 1324) غۇربىتى. يۈەن سۇلالىسىدىكى ئەل - نەغمىچى. ئەسلى ئىسمى كىچىك يۈنۇس قايا، ئەلى قايانىڭ نەۋرىسى، بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) لىق ئۇيغۇر. دادىسىنىڭ ئىسمى گۇەن چىغا بولغاچقا، «گۇەن» خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان. ئاتا - بوۋىلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت قۇرغۇچى تۆھپىكار تۆنجى ۋەزىر - تۆرىلىرىدىن. گۇەن يۈنشى شەرقىي ۋە غەربىي خۇەيىەن تۈمەن تۈتۈن مەھكىمىسىنىڭ دورغاچى بولغان. ئۇ نام - ئۇنۋانغا ئېتىبار بەرمىگەنلىكتىن، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئەسەرلەرنى يازغان، كېيىن ئۆلىمالار مەھكىمىسىنىڭ ئۆلىماسى، ئىشىكئاغا قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. كېيىن يەنە ئەمەلدارلىق سورۇنلىرىدىكى چىرىكلىكتىن يىرگىنىپ مەنسەپىدىن ئىستىبا بەرگەن. جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يۈرۈپ يېزىقچىلىق بىلەن جان باققان. ئاتاقلىق نەسىرچى ياۋ سۈيىنى ئۇستاز تۇتۇپ، شۈ زەيسى، ياڭ چاۋيىڭلار بىلەن بۇرادەرچىلىك قىلىشىپ ئۆتكەن. گۇەن يۈنشى ئۆزىگە سۈەنزەي (قاڭسىق)، ياڭ چاۋيىڭ ئۆزىگە جەنزەي (تىمتاس)، شۈ زەيسى بولسا ئۆزىگە تيەنزەي (تاتلىق) دەپ تەخەللۇس قويۇشقان. ياڭ چاۋيىڭ «باش باھاردىكى قار»، «تەيپىڭ نەزمىلىرى» دېگەن ئەسەرلەرنى رەتلىگەندە، گۇەن يۈنشىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يازدۇرغان. كېيىنكىلەر گۇەن يۈنشى بىلەن شۈ زەيسىنىڭ ئەسەرلىرىنى «گۇەن يۈنشى، شۈ زەيسى نەزمىلىرى» دەپ ئاتاشقان. گۇەن يۈنشىنىڭ نەزمە، بېيىت، ماقال ۋە مۇسىقەتلىرىنىڭ ھەممىسى داڭلىق. ئۇ ئىجاد قىلغان نەزمە - مەرغۇللارنى كېيىنكىلەر «خەيىەن مەرغۇلى» دېگەن نام بىلەن ئورۇندىلىپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەنۇبنىڭ مەشھۇر نەغمىلىرىنىڭ بىرى بولغان كۇن نەغمىلىرىنىڭ ئاساسىدۇر. يەنە «گۇەن يۈنشى نەزمىلىرى» دېگەن ئەسىرى بار.

**لۇ مىڭشەن** يۈەن دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق ئالىمىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر، تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. ئىسمى تۆمۈر تۇۋرۇك. ئاتىسى قارلۇق ناتاش ئۆلىمالار مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈكچى دورغابى ۋە پەرمانبەردارى، ئىشىكئاغىسى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، لۇ مىڭشەن دادىسى بىلەن بىللە غەربىي يۇرتتىن خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) گە كۆچۈپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ نامىدىكى «لۇ» خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان. يۈەن سۇلالىسى رېنزوڭ خان يەنيۇنىڭ تۇنجى يىلى (1314 - يىلى)، لۇمىڭشەن شۇچۇەن ئايمىقى (ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى شۇشيەن ناھىيىسى) نىڭ تەپتىشبېگى بولغان، كېيىن جېڭجۇ ئايمىقى (خېنەن ئۆلكىسىدىكى جېڭشيەن ناھىيىسى) غا يۆتكىلىپ بېرىپ دارغاچى بولغان. ئۇ نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەپ يازغان «تېرىقچىلىق - پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دېگەن ئەسىرى ئاي، پەسىللەر بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ ئاددىي، چۈشىنىشلىك تۈزۈلگەن. بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن بۇرۇن يېزىلغان «دېھقانچىلىق، توقۇمىچىلىق مەجمۇئەسى»، «دېھقانچىلىق دەستۇرى» دېگەن ئەسەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يۈەن دەۋرىدىكى ئۈچ پارچە دېھقانچىلىق ئىلمىغا دائىر مەشھۇر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

**ئالغۇ** (؟~1265) چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى. چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ نەۋرىسى. سۇڭ سۇلالىسى كەيچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (1259 - يىلى)، مەڭگۇ خان ئۆلگەندە، ئۇنىڭ بىر قورساق ئىنىسى قۇبىلاي خان بىلەن ئارىغ بۆكە ئوتتۇرىسىدا خانلىق تەختىنى تالىشىش ئۇرۇشى يۈز بەرگەن. ئارىغ بۆكە ئۇلۇغ خان نامى بىلەن ئالغۇنى چاغاتاي خاندىن خانلىقنى تارتىۋېلىشقا ئەۋەتىپ، ئەسكەر، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى توپلىغان ھەمدە ئىبل خان بىلەن ئالتۇن

ئوردا خانلىقىنىڭ قۇبىلاي خانغا ياردەم بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان. كېيىنكى يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، ئالغۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوردىسى ئالمالىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) قا بېرىپ نازارەتچىبەگ قاتۇن ئۆلتۈنايىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان. ئۇ بۇرۇنقى بەشبالىق قاتارلىق جايلاردىكى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قۇبىلاي خان بىلەن ئارىغ بۆكە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا قايسى تەرەپتە تۇرۇشنى بىلەلمەي قېلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، 150 مىڭ ئەسكەرنى توپلىغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە ئارىغ بۆكە ئەۋەتكەن ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئارىغ بۆكەدىن يۈز ئۆرۈپ قۇبىلاي خانغا بېقىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قايدۇ، بەركە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، قايدۇنى مەغلۇپ قىلغان. قۇبىلاي خان ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەيۋاتقان شەرقتىن ئالتايغىچە، غەربتە ئامۇ دەرياسى (ھازىرقى تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئالغۇنىڭ باشقۇرۇپ قوغدىشىغا تاپشۇرغان. بۇ موڭغۇل خانلىقى ئۇلۇغ خانىنىڭ چاغاتاي خانلىقىنىڭ بۇ جايلارغا بولغان ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىشى ئىدى. ئالغۇ باشتىن - ئاخىرى موڭغۇل ئۇلۇغ خانلىقىنىڭ چېگرا بويىدىكى ۋاسسال خانى سۈپىتىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

**تۇغلۇق تۆمۈر خان** (1362~1363) چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى. ئۇ ئۆز تەۋەلىكىدە ئىسلام دىنىنى يولغا قويغان تۇنجى موڭغۇل خاندۇر. ئۇنىڭ نەسەبى ھەققىدىكى پىكىرلەر بىردەك ئەمەس، بەزىلەر چاغاتاي خانلىقىدىكى دۇۋا خاننىڭ نەۋرىسى، ئەمىل خوجىنىڭ ئوغلى دەپ قارىماقتا؛ بەزىلەر ئەسەن بۇقانىڭ ئوغلى دەپ قارىماقتا؛ يەنە بەزىلەر چاغاتاي خان جەمەتىدىن تۇغۇلغان دەپ قاراش دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بولاچىنىڭ نامىنى سۈيىئىستېمال قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا. يۈەن سۇلالىسى جىجېڭنىڭ 7 - يىلى (1347 - يىلى)، ئەمىر بولاچى خەلق ئارىسىدىن چاغاتاي خانىنىڭ ئەۋلادى — 18 ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرنى تېپىۋېلىپ، ئاقسۇدا ئۇنى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چاغاتاي خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن، يەنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۆمۈرىيلەر ئىمپېراتورلۇقى. تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە چىقىپ ئالتە يىلدىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى جاكارلىغان ھەمدە ئىسلام دىنىنى ئاۋۋال موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا تارقىتىشقا باشلاپ، ئۇرۇشلار ئارقىلىق دىن تارقىتىشى ئوڭۇشلۇق بولغان. «تارىخى رەشىدى»گە ئاساسلانغاندا، 160 مىڭ چېدىرلىق موڭغۇل چېچىنى ئالغۇزۇۋېتىپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلىپ، تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەن. بولۇپمۇ ئۇ ماۋەرەئۈننەھر (ھازىرقى سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى جاي) نى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق بۆلۈنۈپ كەتكەن چاغاتاي خانلىقىنى ۋاقىتىنچە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نام - ئابرۇيى ۋە ئىمتىيازىنى ئۆستۈرگەن ھەمدە دوغلات قەبىلىسى ئەمىرى بولاچىنىڭ جەمەتىنىڭ كۈچىگە ئۈنۈملۈك زەربە بەرگەن. 1363 - يىلى، ئۇ كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، ماۋەرەئۈننەھرنى قوغداۋاتقان ئوغلى ئىلياس خوجا شەرققە قايتىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان.

**ئۇۋەيس خان** (؟~1432) شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى. خىزىر خوجا خاننىڭ نەۋرىسى، شىر ئەلىنىڭ ئوغلى. مىڭ سۇلالىسى يوڭلېنىڭ 15 - يىلى (1417 - يىلى)، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خودايدادنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. بۇ چاغدا ئويراتلار غەربكە كېڭىيىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كىرىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇۋەيس خان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئوردىسىنى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دىن ئىلىبالىق (ھازىرقى غۇلجا تەۋەسىدە) قا، خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزىنى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىگەن. ئۇ ھەر يىلى تارىم، لوپنۇر ۋادىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن، يەنە تۇرپاندا تېرىقچىلىققا قاتنىشىپ، موڭغۇللارنىڭ چارۋىچىلىقتىن تېرىقچىلىققا كۆچۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مىڭ سۇلالىسىگە سوۋغىلارنى يوللاش يولى بىلەن باردى - كەلدى ئالاقىنى ساقلاپ، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، ھەربىي كۈچكە ئىگە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغان. ئۇ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندا خانلىق گۈللەپ روناق تاپقان، ئۆلگەندىن كېيىن ھۆكۈمرانلار

قاتلىمىدا ئىچكى نىزالار كۆتۈرۈلۈپ، خانلىق غەرب ۋە شەرق ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

**ئەھمەد خان** (؟～1504) شەرقىي چاغاتاي خانلىقى شەرقىي قىسىم خانلىقىنىڭ خانى. يۇنۇس خاننىڭ ئوغلى. يۇنۇس خان ئۇزاق مۇددەت خانلىقنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تۇرغان، بىر قىسىم چارۋىچىلىقتىن ئايرىلىشنى خالىمىغان موڭغۇللار ئەھمەد خاننى شەرققە قايتىشقا قوللىغان. ئەھمەد خان نەچچە يىللىق جاپالىق ئەجىر قىلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئارقىلىق موڭغۇلستاننىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئاتىسى ھايات ۋاقتىدىلا خان ئىدى. كېيىن ئۇيغۇرىيىنى قوشۇۋېلىپ، تۇرپاننى ئۆزىنىڭ خانلىق مەركىزى قىلغان. كۆپ يىللىق ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق قۇمۇل رايونىنى تىزگىنلىگەن. ئىككى قېتىم ئويراتلارنى مەغلۇپ قىلىپ ھەيۋىسى ئاشقاچقا، ئويراتلار ئۇنى «ئالچەخان» (مەنىسى «قانخورخان») دەپ ئاتىغان. مىڭ سۇلالىسى خوڭجىنىڭ 14 ـ، 15 ـ يىللىرى (1501～1502 ـ يىللىرى) ئارىلىقىدا خانلىقنىڭ غەربىگە بېرىپ ئۆزبېكلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان قېرىندىشى مەھمۇد خاننى قۇتقۇلدۇرۇشقا بارغان، مەغلۇپ بولۇپ ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

**خۇدايداد** شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋەزىرى. دۇغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى، ئەمىر بولاچىنىڭ ئوغلى. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. چاغاتاي كېيىنكى خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان. ئۇ خانلىقتا ھەر خىل سىياسەتلەرنى يولغا قويغان، مەسىلەن، خانلىق ھاكىمىيەت مەركىزىنى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونىغا يۆتكەش، موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تېرىقچىلىق قىلىشنى يولغا قويۇش، تۇرپان رايونىنى قوشۇۋالغان ۋە ئىسلام دىنىنى يولغا قويۇش، مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلاش، غەربتىكى قوشنىسى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇ بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك رول ئوينىغان. ئۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولۇش مەزگىلىدە، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى يۈكسەك تەرەققىي قىلىپ روناق تاپقان. خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، خۇدايداد ئەرەبىستانغا ھەجگە بېرىپ، مەككىدە ئۆلگەن.

**مىرزا ئابابەكرى** (؟～1514) موڭغۇللارنىڭ دۇغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى. خۇدايدادنىڭ ئەۋلادى. جەمەت ئىچىدىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، ئۇرۇشتا ئىگىلىگەن سۇيۇرغال يېرى — ماڭلايسۈيەر رايونى (شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە فەرغانە رايونى) نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى بولغان. كېيىن ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، نەچچە رەت شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئاكتىپ ھالدا ئەتراپقا كېڭەيمىچىلىك قىلغان، «تارىخى رەشىدى» دە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى «قەشقەر خانلىقى» دەپ ئاتالغان. كېيىن ھاكىمىيەت يىمىرىلىپ، ئۆزى كەشمىرگە قېچىپ ماڭغاندا قاراڭغۇ تاغدا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگەنى** (1499～1551) بىر ئىسمى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر، يەنە بىر ئىسمى مۇھەممەد ھەيدەر دۇغلات. موڭغۇللار دۇغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى. يەركەن خانلىقىنى قۇرغۇچى ۋەزىرلىرىنىڭ بىرى سەئىد مۇھەممەدنىڭ جىيەنى. يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى سەئىدخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ، كۆرەگەن (كۈيئوغۇل) دەپ ئاتالغان. مۇھىم مەنسەپنى تۇتۇپ، خانلىقنىڭ چوڭ ھەربىي، سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. سۇلتان ئابدۇرەشىد خان مىڭ سۇلالىسى جياجىڭنىڭ 12 ـ يىلى (1533 ـ يىلى) تەختكە چىققاندىن كېيىن، دۇغلاتلارنىڭ ئەمىر جەمەتىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغان. جياجىڭنىڭ 19 ـ يىلى (1540 ـ يىلى)، كەشمىرنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئۇ يەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كېيىن ئۇرۇشتا ئوقيا تېگىپ ھاياتىدىن ئايرىلغان. كەشمىردە تۇرغان مەزگىلدە «تارىخى رەشىدى» نى يېزىپ تاماملىغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى مىڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيالدۇر.

**سۇلتان سەئىد خان** (1490～1533) يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەھمەد خاننىڭ 3 ـ ئوغلى. تۇرپاندا تۇغۇلغان، 14 يېشىدا ئاتىسىغا ئەگىشىپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى مەھمۇد خاننىڭ ئۆزبېكلەرنىڭ خانى شەيبانىخانغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بې-

رىشكە كەلگەن، يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشۈپ كېيىن قېچىپ چىقىپ مۇھەممەد خانغا يېقىنغان. كېيىن بىر تۇققان قېرىندىشى مەنسۇر خان ھۇجۇم قىلغاندا مەغلۇپ بولۇپ فەرغانە (ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە) ئار-قىلىق كابۇل (ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدە) غا مو-غۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى بابۇرنى پاناھ تار-تىپ بارغان. مىلادىيە سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 6 ـ يىلى (1511 ـ يىلى)، دۇغلاتلارنىڭ ئەمىرى سەئىد مەھمۇد فەرغانىنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئىمپېراتوردىن ياردەم تى-لىگەن. ئىمپېراتور بابۇر سەئىد سۇلتاننى ئەۋەتكەن، سەئىد سۇلتان شۇ جايدىكى ئەمىرلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، فەرغانىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان. جېڭدېنىڭ 9 ـ يىلى، ئۆزبېكلەر كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغى-غان. سەئىد سۇلتان فەرغانىنى تاشلاپ، شەرققە يۈ-رۈش قىلىپ قەشقەرگە كېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتى-غان، ھەربىي يۈرۈش قىلىپ يەركەننى پايتەخت قىلى-غان، بۇ تارىختا يەركەن ـ سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئاتالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي مەنسۇرخان بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭ قېرىندىشىنى دىنىي ھۆكۈمران قىلىپ، ئۆزئارا يېرىكلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ۋە فەرغانە رايونىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۆچەپ ئىشقا ئاشۇرۇلماي، جە-نۇبقا قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، كۆپ قېتىم كەش-مىر قاتارلىق رايونلارغا قوشۇن تارتقان. جياجىڭنىڭ 12 ـ يىلى (1533 ـ يىلى)، غازات قىلىپ مېڭىپ ئېگىز تاغ رىئاكسىيىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

## سۇلتان ئابدۇرەشىد خان (1509~1560)

يەركەن خانلىقىنىڭ خانى، سەئىد خاننىڭ چوڭ ئوغلى. ياش ۋاقىتلىرىدا ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا تۇرغان. مىلادىيە سۇلالىسى جياجىڭنىڭ 12 ـ يىلى (1533 ـ يىلى)، سەئىد خان كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندە، سۇلتان ئابدۇرەشىد خان يەركەنگە كېلىپ خانلىق تەختكە ۋا-رىسلىق قىلغان. ئۇ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئۇزۇن مۇد-دەت ئىگىلىۋالغان دۇغلات جەمەتىنىڭ كۈچىنى كەسكىن باستۇرۇپ، خانلىق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەن. مەنسۇر خاننىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرۇپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ چىققان. تەختتە ئولتۇرغان 26 يىل جەريانىدا، خانلىق ئىمتىيازى ئۆسۈپ، جەمئى-يەت ئامان بولۇپ، خانلىقنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن.

موڭغۇل قەبىلىرى خانلىقنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئۈزلىشىپ كەتكەن.

## سۇلتان ئابدۇكېرىم خان (1520~1592)

يەركەن خانلىقىنىڭ خانى، سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى. مىلادىيە سۇلالىسى جياجىڭنىڭ 39 ـ يىلى (1560 ـ يىلى) تەختكە چىققان. سۇلتان ئابدۇ-كېرىم خان ھاكىمىيەتنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، موڭغۇل چارۋىچى ھەربىيلىرىنىڭ كۈچىنى تىزگىنلى-گەن؛ قانۇن ـ تۈزۈملەرنى مۇستەھكەملەپ، ھەر ھەپ-تىدە ئىككى كۈن دەۋا قىلغۇچىلارنى قوبۇل قىلغان ھەمدە دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلغان؛ جازانىخورلارنى جازالىغان. لوڭچىڭنىڭ 4 ـ يىلى (1570 ـ يىلى)، قوشۇن تارتىپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەڭ ئا-خىرقى زېمىنى بولغان تۇرپاننى ئىگىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ ئەڭ يۇقى-رى چەككە يەتكەن. سۇلتان ئابدۇكېرىم خان مەرىپەت-پەرۋەرلىكى بىلەن داڭقى چىقىپ، مۇسۇلمانلار مەنپە-ئىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، موڭغۇللار بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ ئويۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلى-شىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## سۇلتان مۇھەممەد خان (1537~1609)

يەركەن خانلىقىنىڭ خانى. مىلادىيە سۇلالىسى لوڭچىڭنىڭ 4 ـ يىلى (1570 ـ يىلى)، ئاكىسى سۇلتان ئابدۇكې-رىم خاننىڭ يارلىقى بىلەن تۇرپانغا يۈرۈش قىلىپ، سۇلتان مەنسۇر خاننى قولغا ئېلىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قوشۇۋالغان ھەمدە يەنە مىلادىيە سۇلالىسىگە سوۋغا يوللاپ ئەلچى ئەۋەتكەن؛ كېيىن قەشقەرنىڭ باش ۋالىيسى قىلىپ يۆتكەپ كېلىنگەن. ۋەنلىنىڭ 20 ـ يىلى (1592 ـ يىلى)، ئاكىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە، خانلىق ھاكىمىيىتىنى يۈكسەك تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن: خانلىق ئورنى مۇستەھكەم، ئەمىر ـ پەرمانلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى راۋان، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەق-قىي قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ قارا تاغلىقلار مەزھىپى-نىڭ پېشۋاسى خوجا ئىسهاقنىڭ خەلىپىسى بولۇپ، قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ كۈچى خانلىق تەۋەسىدە خې-لىلا تەرەققىي قىلغان.

**سۇلتان ئەھمەدخان (؟ـ1638/1639)** يەكەن خانلىقىنىڭ خانى. رەشىدخاننىڭ چەۋرىسى، مۇ-
ھەممەدخاننىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، مۇھەممەدخان ئەۋلادـ
دىكى ئەڭ ئاخىرقى خان. دەسلەپتە ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى
بولغان، قازاق ـ قىرغىزلار ئابدۇلبىتىپ خاننى تۇتۇپ
كېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يەكەن ئەمىرلىرى
ئۇنى خان قىلىپ تىكلىگەن. سۇلتان ئەھمەدخان خانـ
لىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئاقسۇدىكى كونا ئادەمـ
لىرىنى ئىشقا قويغانلىقتىن يەكەن ئەمىرلىرىنىڭ نارا-
زىلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمران گورۇھـ
لار ئارىسىدا كەسكىن تالاش ـ تارتىشلار يۈز بەردى.
سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئىنىسى، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى
بولۇپ تۇرۇۋاتقان سۇلتان مەھمۇد پۇرسەتتىن پايدىلىـ
نىپ ئەسكەر چىقىرىپ يەكەننى ئىگىلەپ ئۆزىنى خان
دەپ جاكارلىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇغا قېچىپ
كەتتى. كېيىن، يەكەنگە قايتىپ كېلىپ ئىنىسىنىڭ
كەڭچىلىكىگە ئېرىشىپ شەھەر سىرتىدىكى چاھارباغ
ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۆزۈن ئۆتمەي ئىنىسى قارا
تاغلىق خوجا سەئىد تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈ-
رۈلدى. سۇلتان ئەھمەدخان يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى خان
دەپ ئېلان قىلدى. كېيىن، خوجا سەئىد بىلەن زىددىـ
يەتلىشىپ قالدى. خوجا سەئىد شۇنىڭ بىلەن قەدەممۇ
قەدەم غەربكە ئىلگىرىلەۋاتقان تۇرپان ۋالىيسى ئابدۇرې-
ھىمنىڭ ئوغلى ئابدۇللاخاننى قوللىدى. مىڭ
سۇلالىسى چوڭ جېننىڭ 11 ~ 12 ـ يىللىرى
(1638/1639 ـ يىللار) ئابدۇللاخان قەشقەرنى ئىگىلىـ
دى. سۇلتان ئەھمەدخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن چېگرىدىن چىقىپ بەلخ (بۈگۈنكى ئافغانىستاندىكى
مازار شەرق) كە بېرىپ، مەۋرا ئۇننەھر (سىر ـ ئامۇ
دەريا ۋادىلىرى) دىن ئۆتۈپ ئىمامقۇل خانغا بېقىندى.
كېيىن ئەنجانغا قىلغان ھۇجۇمدا ئۆلدى.

**ئابدۇللاخان (؟ـ1670)** يەكەن خانلىقىنىڭ
خانى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى، شەرقىي قىسىمـ
نىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇرېھىم خاننىڭ چوڭ ئوغلى.
تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا شەرقىي قىسمىنىڭ ھۆكۈمـ
رانى ئىدى. كېيىن، يەكەننى ئىگىلەپ پۈتكۈل دۆلەتـ
نىڭ خانى بولغان. مەركەزدىكى خانلىق ھوقۇقىنى
مۇستەھكەملەپ، ئاسىيلارنى باستۇرۇپ ئويراتلارنىڭ
تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغان. چىڭ سۇلالىسى شۇنـ
جىنىڭ 12 ـ يىلى (1655 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسىگە
ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان، شۇندىجى خان
يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى تەقدىرلىگەن. ئۇ ھۆكۈمرانلىق
قىلغان دەۋردە ئاق تاغلىق خوجىلار زورىيىپ، ئۇنىڭ
ئوغلى، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى يولۋاس سۇلتانىنىڭ يەكەنـ
گە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىنى قوللىغان. كاڭشىنىڭ
ئونجى يىلى (1667 ـ يىلى) ئۇ مەجبۇرىي ھالدا خانـ
لىقتىن ۋاز كېچىپ، ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدى
ئەرەبىستانغا يولغا چىقىپ ھەج سەپىرىدە ۋاپات بولغان.

**ئەنق تۆمۈر** مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇلـ
نىڭ سادىق ئىتائەتمەن ۋاڭى. قۇمۇلنىڭ يەرلىك ئاقـ
ساقاللىرىغا ۋاڭلىق مەرتىۋىسىنى بېرىش يۈەن سۇلالىـ
سىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان. شۇ دەۋردە مۇڭغۇل
ئاقساقىلى نارقۇشرى ھەيۋەتلىك ئەلەمدار ۋاڭلىققا ئېـ
رىشكەن. كېيىن، ھەيۋىدار ۋاڭ قىلىپ ئۆزـ
گەرتىلگەن. مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇنىڭ 13 ـ يىـ
لى (1380 ـ يىلى) ئۇ مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەـ
تىپ ئات تارتۇق قىلغان. 24 ـ يىلى بازار ئېچىپ
بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان، كېيىن غەربىي يۇرتتىكى
ھەرقايسى جايلار بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى
قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، مىڭ ئوردىسى ليۇـ
جىن، سوڭشېڭ قاتارلىقلارنى قۇمۇلغا تېگىش قىلىشقا
ئەۋەتكەن. نارقۇشرى قېچىپ كەتكەن، كېيىنكى يىلى
ئەلچى ئەۋەتىپ ئات تەقدىم قىلىپ گۇناھىنى تىلىگەن.
يۇڭلېنىڭ ئىككىنچى يىلى (1404 ـ يىلى) ئىنىسى
ئەنق تۆمۈر ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مىڭ
سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ مەرتىۋە بېرىشنى ئۆتۈنگەن
ھەم سادىق ئىتائەتمەن ۋاڭ دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشـ
كەن. ئۇزاق ئۆتمەي ئەنق تۆمۈر ئويراتلار تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى. مىڭ سۇلالىسى ئەنق تۆمۈرنىڭ جىيەنى
توقتۇغا سادىق ئىتائەتمەن ۋاڭ ئۇنۋانىنى بەردى. شۇـ
نىڭدىن كېيىن، بۇداشرى، دوۋاداشرى، بۇراق، خانجاـ
ھان، سانبا، بايياجى قاتارلىقلار ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە
ۋارىسلىق قىلدى. مىڭ سۇلالىسى يەنە ساداقەتمەن ۋاڭ
تەسىس قىلىپ، سادىق ئىتائەتمەن ۋاڭنىڭ قۇمۇلنىڭ
ھەربىي مەمۇرىيەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا
ھەمكارلاشتۇردى. بۇنىڭغا باشتا توقتونىڭ ئىنىسى
مەڭلىك تۆمۈر، كېيىن توغان تۆمۈر، ئەڭ ئاخىرىدا
توتو تۆمۈر تەيىنلەندى.

**چېن چېڭ (1365 ـ 1457)** مىڭ سۇلالىسىـ
نىڭ ئەمەلدارى، يەنە بىر ئىسمى پۇجەي، تەخەللۇسى
زىلۇ، لەقىمى جوشەن. جياڭشىنىڭ جىشۈي دېگەن

يېرىدىن. خوڭۋۇنىڭ 27 ـ يىلى (1394 ـ يىلى) تەشرىپدار بولغان. دەسلەپتە ئەلچىلەر مەھكىمىسىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ، جەنۇبتا لىڭ خەيگىچە، شىمالدا يۇجۇ، يىڭجۇغىچە، شەرقتە فۇجيەن، گۇاڭدۇڭغىچە، غەربتە شەنشى، گەنسۇلارغىچە بېرىپ مىڭ ئوردىسىنىڭ ئەتراپتىكى جايلار بىلەن بولغان ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. كېيىن، دارىلئۇلۇمنىڭ تەپتىشى، مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ئەمەلدارلارنى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش مەھكىمىسىنىڭ فوجىدارى قاتارلىق ئەمەللەرنى ئۆتىگەن، يوڭلېنىڭ 4 ـ يىلى (1412 ـ يىلى) ئىچكى ئوردىنىڭ ئىرپان سارىيىدا «يوڭلى قامۇسى»نى تۈزگەن. 10 ـ يىلى مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ ئەمەلدارلارنى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش مەھكىمىسىنىڭ ياندائىشبېگى بولغان. كېيىنكى يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان موغۇل تېمۇر خانلىقى مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوغا تەقدىم قىلغاندا پەرمانغا بىنائەن قارا دىۋان ئەمەلدارى لى دا، تۇتۇن ـ سېلىق پىرقىسىنىڭ غوجىدارى لى شيەن قاتارلىقلار بىلەن ئەلچىلەرنى دۆلىتىگىچە ئاپىرىپ قويغان ھەم خان مەكتۇبى ۋە سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى ئەللەرگە بارغان.

11 ـ يىلى پايتەختتىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ كېيىنكى يىلى 11 ـ ئايدا ئەڭ ئاخىرقى مەنزىل ھىرات شەھىرىگە (ئافغانىستاندىكى ھىرات) يېتىپ بارغان. 13 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پايتەختكە قايتىپ كەلگەن. بۇ سەپەر ئارقىلىق ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جايلار ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن. سەپەردە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى رەتلەپ «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى»، «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى»نى يېزىپ چىقىپ ئوردىغا سۇنغان. يوڭلېنىڭ 14 ـ يىلىدىن 18 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە قارا دىۋان ئەمەلدارى لوئەنلەر بىلەن بىللە كۆپ قېتىم غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىرات قاتارلىق جايلارغا ئەلچىلىككە بارغان. پادىشاھ رېنزۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىلگىرىكى سىياسەتلەرنى ئۆزگەرتىپ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ماڭغان چېن چېڭنى ئوتتۇرا يولدىن قايتۇرۇپ ئەكەلگەن. كېيىن ئۇ گۇاڭدۇڭغا بېرىپ مۇئاۋىن ۋەزىر بولغان. ئۇنىڭ «جۇشەن پۈتۈكلىرى» دېگەن ئەسىرى بار.

**قاسىم خان** (1445_1523) قازاق خانلىقىنىڭ خانى. جانىبەك خاننىڭ ئوغلى. 1511 ـ يىلى (مىڭ سۇلالىسى جېڭدېنىڭ 6 ـ يىلى) تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. 1513 ـ يىلى يەكەن خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ تاشكەنت(ھازىرقى ئۆزبېكىستاندا) كۆچمەنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا زەربە بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا قازاق خانلىقىنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ جەنۇبى سىر دەريا ۋادىسىغا، شەرقىي جەنۇبى چۇ، تالاس، قاراتال، ئىلى دەريا ۋادىلىرىغا، شەرقىي شىمالى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، غەربى يايىق دەريا ۋادىلىرىغىچە يەتكەن، تۈركىستان شەھىرىنى(ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىدا) پايتەخت قىلغان شۇ دەۋردە خانلىقنىڭ نوپۇسى 1 مىليونغا يېتىپ ئەسكىرىي كۈچى 300 مىڭدىن ئاشقان. «قاسىمقان ياسىقى» ناملىق تۇنجى قانۇننى بېكىتكەن. «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئاپتورى ئۇنى قازاق خانلىقى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك خان دەپ تەرىپلىگەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى مامىش ۋارىسلىق قىلغان.

**گۇشخان** (1582_1655) ئويرات مۇڭغۇللىرىدىكى خوشۇت قەبىلىسىنىڭ داڭلىق ئاقساقىلى، بورجىگىت قەبىلىسىدىن، ئىسمى تولۇبايخۇ، چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى خاپتۇ خاسىرنىڭ 17 ـ ئەۋلادى، مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 34 ـيىلى (1606 ـ يىلى) خالخالار بىلەن ئويراتلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى كېلىشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. دالاي لاما ٧ نىڭ «شىزاڭ ۋاڭلىرى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى خاتىرىسى» دە «لاما دۆڭكېر ۋە خالخالارنىڭ بارلىق خان ـ ۋەزىرلىرى تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا گۇش دېگەن ھۆرمەتلىك نامى بەردى» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گۇشخان دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان. ئۇنىڭ ئاكىسى بايباغاس ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ تۆت ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقاللىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بۇددا دىنىدىكى گېلۇ مەزھىپىنى قوللاپ ئورنىنى مۇستەھكەملىگەن. مىڭ سۇلالىسى چوڭجېننىڭ 8 ـ يىلى ۋە 10ـ يىلى ئىككى قېتىم شىزاڭنىڭ لاساغا بېرىپ دالاي ٧ بىلەن كۆرۈش ئۆتكۈزگەن. دالاي ئۇنىڭغا «دەنلۇ چۇجىجبۇ» دېگەن ھۆرمەتلىك نامنى (دىننى قوغدىغۇچى لاما) بېرىپ، بىرلىكتە شىگېجېڭغا (لياۋنىڭدىكى شېنياڭ) ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانى قۇنتەيجى بىلەن ئالاقە ئورناتقان. چوڭجېننىڭ 13 ـ يىلى تارباغاتايغا (چۆچەك) بېرىپ «موڭغۇل ئويرات ياسىقى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان. ئويرات بىرلەشمە قو-

شۇنىڭغا باشچىلىق قىلىپ چىڭخەيگە ھۇجۇم قىلىپ چىتۇغاننى يوقاتقان. يەنە بولتوسنى يوقىتىپ، زاڭباخاننى تىرىك تۇتۇپ، خوشۇت قەبىلىسىنىڭ چىڭخەي ـ شىزاڭ رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغان. چىڭ سۇلالىسى شۇنجىنىڭ 2 ـ يىلى (1645 ـ يىلى) لوساڭ چۆجىجەنزەڭگە «بەنچەن بوكتو» (بەنچەن IV) نامىنى بېرىپ، بەنچەننىڭ زاڭزۇلار رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغان. كېيىنكى يىلى باتۇر خۇڭتەيجى قاتارلىق 22 نەپەر ئويرات ئاقساقىلىنىڭ نامى بىلەن چىڭ سۇلالىسىگە مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش توغرىسىدا مەكتۇپ ئەۋەتكەن. دالاي V نىڭ پايتەختكە بېرىشىنى قوللىغان. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا «مەرىپەتلىك ئادالەتلىك زەكى گۇشىخان» دېگەن نامنى بەرگەن، كېيىن ئۇ كېسەل بىلەن لاسادا ئۆلگەن.

**زايابەندىدا (1599ـ1662)** ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ چوڭ لاماسى، سىياسىي پائالىيەتچىسى. ئەسلىي ئىسمى نامخاجاموس بولۇپ، قۇرۇق دېگىز دېگەن مەنىدە. خوشۇت قەبىلىسى كىلوكچىن ئوتەكبىساگاس جەمەتىدىن، باباخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى. ئويرات ئىتتىپاقى ئاقساقىلى، خوشۇت قەبىلىسىدىن بولغان بايباغاسنىڭ بېقىۋالغان بالىسى. دىنىي ئەمرىيەرۇپىنى قوبۇل قىلغان. مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 44 ـ يىلى (1616 ـ يىلى) چىڭخەيدىن شىزاڭغا نوم ئۆگەنگىلى بارغان ھەم دالاي لاما V بىلەن 22 يىل دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ «زايابەندىدا» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. دىن تارقىتىپ پۈتكۈل ئويراتلار رايونىنى كېزىپ چىققان. يەنە خالخالار (بۈگۈنكى موڭغۇلىيە زېمىنىدا) رايونىغىمۇ بارغان. ئويراتلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. ئويراتلار تىلىنى تېخىمۇ توغرا يېزىش ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى شۇنجىنىڭ 5ـ يىلى (1648ـ يىلى) تود موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ كەڭ تەسىر قوزغىغان.

**ئايۇش خان (1642 ـ 1724)** ئويرات موڭغۇللىرىدىكى تۇرغاۋۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، ۋولگا دەرياسى بويىدا قۇرۇلغان تۇرغاۋۇت خانلىقىنىڭ خانى. خوئۇرلوكنىڭ ئەۋرىسى، پىنچۇكنىڭ ئوغلى. ئۇسمۇرلۇك دەۋرىدە بوۋىسى جوڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى باتۇر خۇڭتەيجىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان. چىڭ سۇلالىسى شۇنجىنىڭ 11 ـ يىلى (1654 ـ يىلى) بوۋىسى شوكۇردايچىن شىزاڭدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنى ۋولگا دەرياسى بويىغا ئېلىپ كەتكەن. كاڭشىنىڭ 10 ـ يىلى (1671 ـ يىلى) ئۇ تۇرغاۋۇتلارنىڭ ئاقساقىلى بولغان. 29 ـ يىلى دالاي لاما III ئۇنىڭغا خان دېگەن ھۆرمەت نامىنى تەقدىم قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ خان دەپ ئاتالغان. تەختتە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كۈچ توپلاپ خوشۇتلارنىڭ ئاقساقىلى ئابلاينى مەغلۇپ قىلغان. يەنە ئىچكى قىسمىدىكى بىر قىسىم چارۋىدارلارنىڭ يايلاقلىرىنى ۋە خەلقلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. قوشۇن باشلاپ روسىيىنىڭ ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى ۋە شۋېتسىيە بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. بىراق، روسىيىنىڭ ئۆز قوۋملىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا رۇخسەت قىلمىغان. كاڭشىنىڭ 37 ـ يىلى ۋە 48 ـ يىلى ئىككى قېتىم چىڭ ئوردىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە ئورناتقان. كاڭشىمۇ تولىچېننى تۇرغاۋۇتلار رايونىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئۇ جوڭغار قەبىلىسى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىۋان ئاراپتانغا قىزىنى ياتلىق قىلغان. ئەتراپتىكى ئازوۋ، قىرىم، ئىران، خىۋە، قارا قالپاق، باشقىرت قاتارلىق ئەللەر بىلەن گەرچە ئۇرۇش ـ تالاش قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن تىنچلىقنى ساقلاپ دوستانە ھالدا سودا ـ سېتىق قىلىپ بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرغان. ئۇ تەختتىكى ۋاقىتتا تۇرغاۋۇتلار ئەڭ گۈللەنگەن.

**خوئۇرلوك (؟ ـ 1644)** ئويرات موڭغۇللىرىدىكى تۇرغاۋۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، ۋولگا دەرياسى بويىدىكى تۇرغاۋۇت خانلىقىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرغاۋۇتلار ۋە دۆربۆتلەر ئوب دەرياسى، ئىرتىش دەرياسى، توبول دەرياسى ئارىلىقلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، مال ـ چارۋىلارنىڭ ئېشىشى سەۋەبىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۇرال تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ غەربكە كۆچۈشكە باشلىغان. مىڭ سۇلالىسى چوڭجېننىڭ تۇنجى يىلى (1628 ـ يىلى) ئوغلى لوبزاڭ ئالدى بىلەن تاتارلار كۆچۈپ كېتىپ، روسىيىلىكلەر تېخى يېتىپ كەلمىگەن ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ئېقىنىغا كەلگەن. ئىككى يىلدىن كېيىن تۇرغاۋۇتلارنىڭ ئاساسلىق قوۋمىدىن 50 مىڭ تۈتۈن، 200 مىڭدەك ئادەمنى باشلاپ ئۇرال دەرياسى بويلىرىغا كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن

ئېقىنىدا تورغاۋۇت خانلىقى قۇرۇلغان. چوڭجېننىڭ 13 ـ يىلى تارباغاتايغا (چۆچەك) بېرىپ خالخا، ئويرات نويان قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ «موڭغۇل ـ ئويرات ياسىقى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان. جۇڭغار قەبىلىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ باتۇر خۇنتەيجى بىلەن قۇدىلاشقان. روسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، روسىيە بىلەن مۇناسىۋىتى يامانلاشقان. چىڭ سۇلالىسى شۇنجىنىڭ تۇنجى يىلى (1644 ـ يىلى) روسىيىگە قارشى ئۇرۇشتا ئاستراخان شەھىرىدە قازا قىلغان. چوڭ ئوغلى شۇكۇردايچىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. شۇنجىنىڭ 3 ـ يىلى ئەمدىلا قۇرۇلغان چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تارتۇق ئەۋەتىپ ئالاقە ئورناتقان.

**باتۇر خۇنتەيجى (؟ ـ 1653)** ئويرات موڭغۇللىرى ئىچىدىكى جولوس قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، ئەسلى ئىسمى خودخوچىن، قاراخۇلانىڭ چوڭ ئوغلى، دالاي لاما V تەرىپىدىن ئىردەنى باتۇر خۇنتەيجى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. مىڭ سۇلالىسى چوڭجېننىڭ 7 ـ يىلى (1634 ـ يىلى) ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا ھۇجۇم قىلغان روسىيە قوشۇنىنى چېكىندۈرگەن. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن گۇشىخاننىڭ ئاساسلىق ئىتتىپاقچىسى سۈپىتىدە چىڭخەيگە قوشۇن كىرگۈزگەن. چوڭجېننىڭ 13 ـ يىلى خالخالاردىن جاساقتۇخاننىڭ تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ تارباغاتايدا ئېچىلغان قۇرۇلتايغا بېرىپ، «موڭغۇل ـ ئويرات ياسىقى» نى تۈزگەن. جۇڭغار ئۇلۇسلىرىنىڭ ئاساسچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ پەقەت چارۋىچىلىقتىلا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، يەنە دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىككىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئويراتلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپ يىراقتا — ۋولگا دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كەتكەن خۇ ئۇرلۇكنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئالغان. يەنە قىزىنى خۇ ئۇرلۇكنىڭ نەۋرىسى پېنچۇككە ياتلىق قىلغان. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان، كېيىن نام چىقارغان ئايۇچخاننى ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ باققان. چىڭ سۇلالىسى شۇنجىنىڭ 3 ـ يىلى (1646 ـ يىلى) گۇشىخان قاتارلىق 22 نەپەر ئويرات ئاقساقىلى بىلەن بىرلىشىپ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ھال سورىغان، كېيىن پايتەختكە كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن.

**غالدان (1644 ـ 1697)** ئويرات موڭغۇللىرىدىكى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، باتۇر خۇنتەيجىنىڭ 6 ـ ئوغلى. دالاي V تەرىپىدىن «بوشۇكتۇخان» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. كىچىك ۋاقتىدىلا شىزاڭنىڭ لاساغا بېرىپ نوم ئۆگەنگەن. چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 10 ـ يىلى (1671 ـ يىلى) ئاكىسى زەڭگى ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ دالاي لاما V نىڭ تەستىقى بىلەن جۇڭغارلار يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. دەسلەپ زەڭگىنىڭ تۇل قالغان ئايالىنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ زەڭگىنىڭ كونا قەۋملىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. يەنە تاغىسى سوخۇر ئۇباش ۋە قېيىنئاتىسى ئوچۇرتۇخاننىڭ ياردىمىدە ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن دۈشمىنى چېچەننى ئۆلتۈرۈپ، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياردەم قىلغان تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ، قېيىنئاتىسىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆز ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىگەن. قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرغان. كاڭشىنىڭ 17 ـ يىلى چىڭخەيگە قوشۇن كىرگۈزگەن. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئەسى ناھايىتى چىڭ بولغانلىقتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قايتىپ كەتكەن. 18 ـ، 19 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قۇمۇل، تۇرپانلارنى ئېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدا قازاق، قىرغىزلار بىلەن كۆپ قېتىم توقۇنۇشۇپ بەزىدە غەلىبە قىلغان، بەزىدە يېڭىلگەن. كاڭشىنىڭ 27 ـ يىلى روسىيىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن تۇشەتۇخان باشچىلىقىدا روسىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان خالخا موڭغۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى باستۇرغان. ئارقىدىنلا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇل رايونىغا كىرىپ، ئۇلانبۇتۇڭدا چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولۇپ قوبدۇغا چېكىنگەن. بۇ ۋاقىتتا زەڭگىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى قورامىغا يەتكەن بولۇپ، ئۇلارمۇ خانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە يۈرەتتى. ئۇ داۋاملىق تۈردە سونوم ئاراپتاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ئىنىسى سىۋان ئاراپتاننىمۇ مەغلۇپ قىلغان. كاڭشىنىڭ 34 ـ يىلى ئۇ ئۆزى يالغۇز كۈچ توپلاپ يەنە خالخالارغا ھۇجۇم قىلىپ، زۇن مودۇندا (توپتال، ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئۇلانباتورنىڭ جەنۇبىدا) چىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىنغان.

**ئەبەيدۇللا (؟ ـ 1709)** چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋاقىتتا خىزمەت كۆرسەتكەن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارى. دەسلەپ جۇڭ-

غارلارغا تەۋە بولۇپ «تارخان» لىققا تەيىنلەنگەن. كاڭشىنىڭ 32 ـ يىلى (1693 ـ يىلى) جۇڭغارلار تەرەپىدىن ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇچرىغان ۋاسالىلار مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى مادىنى قوغداپ جيايۇگۇەنگىچە ئاپىرىپ قويغان. 35 ـ يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تەقدىم قىلىپ چىڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن. كېيىنكى يىلى ئوغلى گوپا بەگ جۇڭغارلارنىڭ رەھبىرى غالدانىنىڭ ئوغلىنى تىرىك تۇتۇپ چىڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 37 ـ يىلى چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ 1 ـ دەرىجىلىك جاساق ئۇتۇغاتىنى بېرىپ، جاساقلىق مۆھرىنى ئىنئام قىلىپ، ياردەمچى ئەمىر لىككە تەيىنلەپ گەنسۇ، تاشقى موڭغۇل (ھازىرقى موڭغۇلىيە) نىڭ غەربىدىن تۇرپانغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا مىراسلىق يەر قىلىپ بەرگەن. ئەبەيدۇللا شىنجاڭدىكى مىراسلىق مەرتىۋىسىگە تۇنجى ئېرىشكەن كىشىدۇر. ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىغا ئىنانچى مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنغان. ئۇنىڭ 3 ـ ئەۋلادى ئىمىن خوجا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چىڭ قوشۇنلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن ئەلنى تىنچىتقۇچى ئەركان مەرتىۋىسىگە، يەنە بېزى مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. 4 ـ ئەۋلادى يۈسۈپ بېلى مەرتىۋىسىگە، 7 ـ ئەۋلادى بېشىر ئىنانچى، چىن ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. مىنگو دەۋرىدە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ۋاڭ ـ گۇڭلارغا ئېتىبار بىلەن قاراپ 9 ـ ئەۋلادى شامەخسۇتقا چىنۋاڭلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. 1931 ـ يىلى ۋاڭلىق تۈزۈم بىكار قىلىنغان. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى ھەيۋەتلىك، كۆركەم، قىممەتلىك بۇيۇملار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئۇرۇشتا كۆيۈپ كەتكەن.

**ئىمىن خوجا (؟ـ1777)** تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كاتتىسى ، دەسلەپتە جۇڭغارلارغا تەۋە بولغان. چىڭ قوشۇنلىرى جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ تۇرپانغا كەلگەندە چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇرپاندا قەلئە بىنا قىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشىگە رۇخسەت قىلغان. يوڭجېڭنىڭ 3 ـ يىلى (1725 ـ يىلى) جۇڭغارلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن 8000 دىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ شەرققە كۆچۈپ گۇاجۇ (گەنسۇ ئەنشى) غا ئورۇنلىشىپ قاقاسلىقلارنى ئېچىپ يەر تېرىپ ئۆزلىرىنى قامدىغان. 10 ـ يىلى ئەلگە ھەمدەم بولغۇچى ئەركان مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. چيەنلۇڭنىڭ 19 ـ يىلى (1754 ـ يىلى) جاساق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈپ، خوشۇن تەشكىللىنىپ، زەڭگى، ياردەمچى ئەمىر قاتارلىق ئەمەلدارلار تەسىس قىلىنغان. 20 ـ يىلى داۋاچىغا قىلىنغان جازا يۈرۈشىگە قاتناشقان. كېيىنكى يىلى گۇاجۇدىن لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ ئەلنى تىنچىتقۇچى ئەركان، بېزى ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ قاراشەھەردىن تارتىپ قۇمۇلغىچە بولغان كەڭ رايونلار ئۇنىڭ مىراسلىق يېرى بولغان. 23 ـ يىلى بۇرھانىدىن، خوجا جاھان ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ چىڭ قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ ئۇچتۇرپان، يەكەنلەرگە بارغان. خوجا جاھان بىلەن قاراسۇدا ئۇرۇشۇپ قالغاندا، دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ سۈلھى تۈزۈش تەلىپىنى رەت قىلغان. بېلى، ئىنانچى مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. بەش ئوغلىنىڭ ھەممىسى گۇڭ ياكى تەيجى بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇسا، ئورانزىپ ئاكا ـ ئۇكا ئىلىغا بېرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بوز يەر ئېچىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ھاكىم بەگ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇپ چۇلۇقاينى سۇيۇرغال يەرلىرى قىلىپ ئالغان. ئۇلارنىڭ سۇيۇرغال يەرلەر توڭجى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن دېھقانلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان. ئۇنىڭ ئىنانچى ئۇنۋانى كەنجى ئوغلى ئىسكەندەردىن 6 ـ ئەۋلادى ئىمىن خوجىغىچە مىراس قالغان. 1913 ـ يىلى چىنۋاڭلىق ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنغان. تۇرپاندىكى سۇلايمان ۋاڭ مۇنار ئىمىننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئاتىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ سالغان.

**داۋاچى (؟ ـ 1759)** ئويرات موڭغۇللىرىدىكى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى، باتۇر خۇنتەيجىنىڭ چەۋرىسى، چوڭ سېرىن دوندۇپنىڭ نەۋرىسى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 17 ـ يىلى قىشتا (1725 ـ يىلى) ئامۇر سانا بىلەن بىرلىشىپ ئىلىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ لامادارجەنى ئۆلتۈرۈپ، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغان، كېيىن ئاينىپ ئامۇر ساناغا قارشى تۇرغانلىقتىن، ئامۇر سانا چىڭ ئوردىسىغا بېقىنغان. بۇنىڭ بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاق مەزگىللىك ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. چيەنلۇڭ بۇ جۇڭغارلار مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى پەيت دەپ قاراپ، ئامۇر سانا قاتارلىقلارنى تورشاۋۇل قىلىپ چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى ئىلىغا قوشۇن كىرگۈزگەن. داۋاچى قارشىلىق كۆرسىتەلمەي گېدىن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجىسى تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلۇپ چىڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ

بېرىلگەن. چيەنلۇڭ ئۇنى جازادىن كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، ئۇنىڭغا خوشۇت چىنۋاڭى دېگەن مەرتىۋىنى بەرگەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قائىدە بويىچە دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 48 - يىلى پەرمان چۈشۈرۈلۈپ ۋارىسلىق قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

**ئامۇرسانا (1722 - 1757)** ئويرات موڭغۇللىرىدىكى خويت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى. ئەسلىدە غالدان دەنجۇڭنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسى ئۆلگەندە تېخى ئاپىسىنىڭ قورسىقىدا ئىدى. كېيىن، ئانىسى خويت قەبىلىسىدىن ۋېجىن خوشۇچىغا تەككەندىن كېيىن تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، خويت قەبىلىسىنىڭ تەيجىلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ جۇڭغارلارنىڭ 21 ئائىجىسىنىڭ بىرى بولغان. يايلىقى داۋاچىنىڭ يايلىقى بىلەن قوشنا ئىدى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 15 - يىلى (1750 - يىلى) داۋاچى بىلەن بىرلىشىپ لاما دارجەگە قارشى تۇرۇپ سۇان داشنى تەختكە چىقىرىشنى پىلانلىغان. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قازاقلار يۇرتىغا قېچىپ كەتكەن. لاما دارجە ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. كېيىن ئۇ يەنە داۋاچى بىلەن بىرلىشىپ ئىلىنىڭ بوش قالغان يۇرتىدىن پايدىلىنىپ قوشۇن باشلاپ كېلىپ لاما دارجەنى ئۆلتۈرۈپ داۋاچىنى يۆلەپ تەختكە چىقارغان. ئۇزۇن ئۆتمەي داۋاچى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغان. داۋاچى قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنى ئۇتماقچى بولغاندا، ئۇ چيەنلۇڭنىڭ 19 - يىلى كۈزدە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم 2000 دەك ئەسكەر بىلەن چىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا چىنۋاڭلىق ئۇنۋانىنى ئىنئام قىلغان. كېيىنكى يىلى باھاردا چىڭ قوشۇنلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ئىلىغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سول قانات ئورۇنباسار سانغۇن بولۇپ، شىمالىي يول قوشۇنىنىڭ تورشاۋۇلى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئىلى تىنچلاندۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا خويتلارنىڭ خانى بولغان. تۆت ئويرات قەبىلىسىنىڭ باش خانى بولۇش ئارزۇسىغا يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، چيەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى 8 - ئايدا ئۇلۇنگور دەرياسى بويىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان. ئىككى يىلدىن كېيىن مەغلۇپ بولۇپ روسىيىگە قېچىپ كېتىپ چېچەك كېسىلى بىلەن ئۆلگەن.

**فۇدې (؟-1779)** چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى. گېرچا ئورۇقىدىن بولۇپ، مانجۇ سېرىق تۇغلۇق خوشۇنىدىن. چيەنلۇڭنىڭ 13 - يىلى (1748 - يىلى) داجىنچۇەنگە جازا يۈرۈش قىلغان. 20 - يىلى جۇڭغارلارغا يۈرۈش قىلىپ، مەسلىھەتچى ئامبال بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ئۆتەڭ - راباتلارغا نازارەتچىلىك قىلغان. 22 - يىلى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن چېن گۇنجاپ بىلەن باركۆلگە بارغان. يەنە چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قانات ئورۇنباسار سانغۇن جاۋخۇي بىلەن بىللە خويت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامۇرسانانى قوغلاپ قازاق قەبىلىلىرىنىڭ جايلىرىغا بارغان. قازاقلارنى تىنچلاندۇرۇپ تۆھپە كۆرسەتكىنى ئۈچۈن چەۋەندازلار بېشى ئەمىلىگە ئېرىشكەن. جاۋخۇي چوڭ - كىچىك غوجىلارنىڭ ئىسيانچى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قاراسۇدا (بۈگۈنكى يەكەندە) مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغاندا ئۇ ياردەمگە قوشۇن باشلاپ بېرىپ مۇھاسىرىچى قوشۇنلارنى تارمار قىلىپ قاچقان دۈشمەنلەرنى پامىردىكى يېشىلنۇر كۆلىگىچە (بۈگۈنكى تاجىكىستاندا) قوغلاپ بارغان. غوجىلار توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا 1 - دەرىجىلىك يىراقنى تىنچلاندۇرغۇچى بەھەيۋەت باتۇر تۆرە دېگەن ئۇنۋان ئىنئام قىلىنغان. تەپتىش ۋەزىرى، قارا دىۋان باشقۇرغۇچىسى، ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ دىۋان بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كېيىن پارىخورلۇق، تۆھمەت قىلىش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان.

**شۇخېدې (1710 - 1777)** چىڭ قوشۇنىنىڭ سانغۇنى، تەخەللۇسى بورۇڭ، لەقىمى مىڭ تىڭ، سۇملۇ ئورۇقىدىن بولۇپ، مانجۇ ئاق تۇغلۇق قوشۇنىدىن. لەشكىرىي پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى، تۇتۇن - سېلىق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى بولغان ھەم شىمالىي يولدا جۇڭغارلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە بارغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال بولۇپ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن چېن گۇنجاب بىلەن بىللە ئامۇر سانانى تۇتۇشقا قاتناشقان. 23 - يىلى ئاقسۇغا ئورۇنلىشىپ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قانات ئورۇنباسار سانغۇن فۇدې بىلەن قاراسۇدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان جاۋخۇيغا ياردەم بېرىشكە بارغان. جاۋخۇي كېيىنكى يىلى بىرىنچى ئايدا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان، شۇخېدې داۋاملىق ئاقسۇدا تۇرغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى غەللە - پاراق، ھەر قايسى مەھكىمىلەرگە بەگ بېكىتىش، ئاقسۇدا پۇل قۇيدۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. 36 - يىلى ۋەتەن قويىنىغا قايتىپ

كەلگەن تورغاۋۇتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن، ئىلى جياڭجۈنى، تۈتۈن - سېلىق پىرقىسى دۇۋانبېگى، باھادىرلار سارىيىنىڭ باش مۇشاۋۇرى بولغان.

**جاۋخۇي (؟-1764)** چىڭ قوشۇنىنىڭ سانغۇنى. تەخەللۇسى خېيۇ، ۋۇيا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، مانجۇ سېرىق تۇغلۇق خوشۇنىدىن. چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى ئۇلاستايغا (بۈگۈنكى موڭغۇلىيىدە) ئورۇنلاشقان. ئامۇرسانا ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، باركۆلگە يۆتكىلىپ كېلىپ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئوڭ قانات ئورۇنباسار سانغۇن بولۇپ، ئىلىغا يۈرۈش قىلغان. ئىشلار بېسىققاندىن كېيىن چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن بولۇپ، بۇرھانىدىن، خوجا جاھان قاتارلىق چوڭ - كىچىك غوجىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، 400 چېرىكنى باشلاپ ئۈچتۇرپاندىن يەكەنگە كېلىپ قاراسۇدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان. كېيىنكى يىلى بىرىنچى ئايدا فۇدېنىڭ ياردەمچى قوشۇنى كەلگەندە مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان. كېيىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر، يەكەنلەرگە يۈرۈش قىلىپ خوجا جاھاننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى قوغلاپ پامىر تاغلىرىدىن يېشىل نۇر كۆلىگىچە (ھازىرقى تاجىكىستاندا) بارغان. توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەگلەرنىڭ نۆۋەتلىشىپ پايتەختكە سالامغا بېرىشىنى بېكىتكۈچى بولغان، 25 - يىلى پايتەختكە قايتۇرۇلۇپ كېتىلگەن، كېيىنكى يىلى ھەمدەمچى باش مۇشاۋۇر مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلىپ جازا پىرقىسىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

**ئاگۇي (1716 - 1797)** چىڭ قوشۇنىنىڭ سانغۇنى، تەخەللۇسى گۇڭتىڭ، زەنجىيا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئەسلىي مانجۇ كۆك تۇغلۇق خوشۇنىدىن، تۆھپە كۆرسەتكەنلىكتىن كۆتۈرۈلۈپ ئاق تۇغلۇق خوشۇنىغا تەۋە بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ شىمالىي يول بىلەن ئۇلاستاي، قوبدۇ (ھەممىسى بۈگۈنكى موڭغۇلىيىدە) لارغا بېرىپ مەسلىھەتچى ئامبال بولغان. كېيىن غەربىي يولدا ئورۇنباسار سانغۇن فۇدې بىلەن بىللە توپىلاڭچىلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى قوغلاشقا قاتناشقان. 24 - يىلى فۇدېغا ئەگىشىپ خوجا جاھان توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا قاتنىشىپ پامىردىن ئېشىپ يېشىل نۇر كۆلىگە (بۈگۈنكى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدە) بارغان. ئىشلار تىنچىغاندىن كېيىن خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەم ماناس، قاراسۇ (بۈگۈنكى شىخو)، جىڭخې (بۈگۈنكى جىڭ) قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئېيتقان. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، تەمىرات پىرقىسىنىڭ دۇۋانبېگى، قارادۋان باشقۇرغۇچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 29 - يىلى مۇۋەققەت ئىلى جياڭجۈنى بولغان. 30 - يىلى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرغان. 32- يىلى ئىلى جياڭجۈنى بولغان. كېيىن لەشكىرى پىرقىسىنىڭ دۇۋانبېگى، يۈننەن - گۈيجۇ باش ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن.

**ئابلايخان (1711 - 1781)** قازاقلارنىڭ چوڭ خانى. ئەسلىي ئىسمى ئابۇل مەنسۇر. چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ تۇنجى يىلى (1723 - يىلى)-جۇڭغارلار قازاق خانلىقىنىڭ پايتەختى تۈركىستانغا (بۈگۈنكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە) ھۇجۇم قىلغان. دادىسى ۋەلى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئۈيسۇنكىلەرگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا يۈزدىن چوڭ يۈزگە قېچىپ بارغان. ئۇ چوڭ بولۇپ جۇڭغارلار بىلەن كۆرەش قىلغاندا ئەسلىدىكى تۈركىستان شەھىرىنىڭ سۇلتانى، بوۋىسى ئابلاينىڭ نامى بىلەن دۈشمەنلىرىنى قىرغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. چوڭ يۈزنىڭ خانى ئابىلمامبەت ئۇنىڭ باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى قازاقلارنىڭ چوڭ خانلىق ئورنىغا كۆرسەتكەن. يېشى كىچىك بولغاچقا قوبۇل قىلىنماي بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن چوڭ خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغان، چوڭ يۈز كىچىك يۈزدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلە ئۇنىڭغا بويسۇنغان. خانلىقنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە خانلىق ئورنىغا چوڭ يۈزدىن خان تەيىنلىنەتتى. مۇشۇنىڭدىن باشلاپ خانلىق ئورنىغا ئوتتۇرا يۈزدىن خان تەيىنلىنىدىغان بولدى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) چىڭ قوشۇنى جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ ئىلىغا كەلگەن. چيەنلۇڭ خان قازاقلارغا پەرمان چۈشۈرۈپ، «ئۆز چېگرىڭلارنى ياخشى ساقلاڭلار، خالىغانچە چېگرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار» دېگەن. 22 - يىلى ئامۇر سانا ئىسيان كۆتۈرۈپ قازاق ئەسكەرلىرىنى ئارىيەتكە ئېلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنگەندە رەت قىلىشقا ئۇچرىغان. چىڭ قوشۇنلىرى ئامۇرسانانى قوغلاپ ئاياغۇز دەرياسى (بۈگۈنكى قازاقىستاندا) بويىغا كەلگەندە، ئۇ قازاقلاردىكى ھەر قايسى يۈزلەرنى باشلاپ چىڭ سۇلالىسىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن ھەم ئەلچى ئەۋەتىپ سالامغا بارغان. چيەنلۇڭ خان

ئەلچىلەرگە: «سىلەر بىلىشىڭلار كېرەككى، جۇڭغارلار ھەممىسى مېنىڭ زېمىنىمدا، سىلەر تىنچ ئۆز زېمىنىڭلارنى ساقلاڭلار، باشقىلارنىڭ زېمىنىغا خالىغانچە ئۇسۇپ كىرمەڭلار» دېگەن ھەم يەرلىك ئەمەلدارلارغا «قازاقلار رايونىدا ئايماق ـ ناھىيە تەسىس قىلىپ، ئەمەلدارلارنى بەلگىلەش ھاجەت ئەمەس ھەم خالخا موڭغۇللىرىغا ئوخشاش ئۇلارنى خوشۇنغا ئايرىپ ئەمىرلەرنى تەسىس قىلىشمۇ ھاجەت ئەمەس، پەقەت ئۇلار بىزگە بېقىندىلىق بىلدۈرسىلا بولدى» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن («چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 543 ـ جىلد). ئۇ ئابلىمابەت بىلەن بىرلىشىپ كىچىك يۈز خانى ئابۇلخەيرخاننىڭ روسىيىگە تەۋەلىك بىلدۈرۈشىگە قارشى تۇرغان ھەم روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەدىيىسى، يىللىق تەمىناتى ۋە ئەمەل ـ مەرتىۋىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان، كېيىنكى يىللىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا روسىيىگە قارشى تۇرغان. ئۆلگەندىن كېيىن تۈركىستان شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغان. چيەنلۇڭ ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈرگەن.

ئىپارخان (شياڭفېي، ؟ ـ 1788) چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چيەنلۇڭنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان بانۇسى. چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) ھۈسەيىن، پەرسا خوجا ھەم جيەنى تۇردى خوجا پەرمانغا بىنائەن بېيجىڭغا كېلىپ بۇرھانىدىن، خوجا جاھان ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى ئۈچۈن تارتۇقلىنىپ «بېيجىڭدا ئولتۇرۇشلۇق سەككىز مۇسۇلمان مۆتىۋىرى» دىن بولغان. ھۈسەيىن خوجىنىڭ جيەن قىزى ئوردىغا كىرىپ دەسلەپتە ئېسىلزادىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ خاننىڭ پەرمانى بىلەن ئايىم بولغان. 33 ـ يىلى يەنە «بانۇ مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنغان» («چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 820 ـ جىلد). ئۇ خوجا جەمەتىنىڭ قىزى بولۇپ، جاھانگىر خوجا بىلەن بىر ئەجدادتىن بولسىمۇ ئوخشىمىغان نەسەبكە تەۋە ئىدى. ئۇ پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ رىخې (خېبېينىڭ چېڭدې) جىشەن (شەندۇڭدىكى تەيشەن تېخى) سەپىرىدە، جەنۇبتىكى سۇ ـ خاڭ (جياڭسۇ، جېجياڭ)، شەرقتىكى شېڭجىڭ (لياۋنىڭ شېنياڭ) غا قىلغان ساياھىتىدە، شەرقتىكى شېڭجىڭ (لياۋنىڭ شېنياڭ) نى كۆزدىن كەچۈرۈشىدە ھەمراھ بولۇپ بىللە بارغان. ئۆلگەندىن كېيىن ئادەت بويىچە خېبېي زۈنخۇادىكى يۈلىڭ خانىشلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. 1979 ـ يىلى شەرقىي قەبرىستانلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى يۈلىڭ قەبرىستانلىقىنى رەتلەش داۋامىدا ئىپارخاننىڭ جەسەت ساندۇقىنى بايقىغان بولۇپ، جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستى ۋە ئىككى يان تەرىپىگە ئەرەبچە «قۇرئان» دىكى سۆزلەر يېزىلغان، باشقا جەسەت ساندۇقىدىكى زاڭزۇچە بۇددا ئايەتلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلەنگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىنگونىڭ باشلىرىغىچە بىر قىسىم شېئىرلاردا، خاتىرىلەردە، غەيرىي تارىخلاردا ئۇنىڭ كەچۈرمىشى «ئىپارخان» ھېكايىسى بولۇپ، قىسسىلەر پۈتۈلگەن. قەشقەردىكى ئاپاق خوجا قەبرىستانلىقىمۇ خاتا ھالدا «ئىپارخان قەبرىسى» دەپ قارالغان. ئىپارخاننىڭ ئەسلىي ئىسمى خاتىرىلەردە كۆزگە چېلىقمايدۇ. كېيىن بەزىلەر «شياڭفېي» نى «ئىپارخان» دەپ ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغان بولۇپ، مەنىسى «خۇش پۇراق پۇرايدىغان قىز» دېگەنلىكتۇر.

جى يۈن (1724 ـ 1805) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر، تەخەللۇسى شاۋلەن، يەنە بىر تەخەللۇسى چۇنفەن. كېيىنكى لەقىمى شىيۈن. خېبېي شيەنشەن ناھىيىسىدىن، چيەنلۇڭنىڭ 19 ـ يىلى (1754 ـ يىلى) تەشرىپدار بولغان. 22 ـ يىلى ئوردىدا پۈتۈكلەرنى رەتلىگۈچى بولغان ھەم يەنە ئىمتىھان ئالغۇچى ئەمەلدار بولۇپ تاللانغان. 33 ـ يىلى دارىلئۇلۇمنىڭ مۇدەررىس ئۆلىماسى بولۇپ ئۆستۈرۈلگەن. شۇ يىلى تۇغقىنى خۇەيخې ـ خەيخې تۇز نەقلىيات ئەمەلدارى لو جيەنزېڭغا دۆلەتنى زىيانغا ئۇچرىتىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىدىغانلىقىنى ھەم ئوردىنىڭ ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقتىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ئۈرۈمچىگە پالانغان. ئىككى يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ يەنە داۋاملىق ئوردىدا پۈتۈكلەرنى رەتلىگۈچى بولغان. 38 ـ يىلى «كىتابلار خەزىنىسى» سارىيىنى ئېچىپ ئۇنىڭ باش پۈتۈكدارى بولغان. 44ـ يىلى ئىچكى دىۋان ئۆلىماسى، قوشۇمچە شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ ياندىشبېگى بولغان. 52 ـ يىلى شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى بولۇپ ئۆسكەن. جياچىڭنىڭ 4 ـ يىلى (1799 ـ يىلى) گاۋزۇڭ ئوردا خاتىرىلىرى سارىيىنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى بولغان. 10 ـ يىلى باش مۇشاۋۇر ۋەلىئەھد مۇشاۋۇرى، خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ نازارەتچىبېگى بولغان. 50 يىلدىن ئارتۇق مەنسەپ تۇتقان. ئەمەلدارلىق ھاياتىدا كۆپ رىيازەتلەرنى چەككەن. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسى-

دىن ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن زات دەپ نام بېرىلگەن.
ئۇ كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، شېئىر ۋە يېزىقچىلىققا
ماھىر، شەرھىگە ناھايىتى پۇختا، بىلىمى ۋە ئەسەرلە-
رى ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مەشھۇر
ئۆلىماسىدۇر. كىتابلار خەزىنىسى سارىيىنىڭ باش پۈ-
تۈكدارى بولغان ۋاقىتتا بارلىق رەتلەش، تۈرگە ئايرىش-
لارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بېكىتىپ چىققان. ئۇ تۈز-
گەن «كىتابلار خەزىنىسىنىڭ ئومۇمىي تىزىمى» (200
جىلد)، «كىتابلار خەزىنىسىنىڭ قىسقىچە تىزىمى»
(20 جىلد) قەدىمكى مۇندەرىجە شۇناسلىقتىكى مەشھۇر
ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا «دەۋرلەردىن بويانقى ئە-
مەل ـ مەنسەپلەر»، «سەككىز تۇغلۇق خوشۇننىڭ ئو-
مۇمىي تەزكىرىسى» دېگەن كىتابلارنى يېزىشقا ۋە تو-
زۇشكە قاتناشقان. شىنجاڭدا تۇرغان ۋاقتىدا شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلارغا ۋاكالىتەن خانغا مەكتۇپ يې-
زىپ ھەقنى سۆزلىگەن. پايتەختكە قايتىش سەپىرىدە
ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ 160 كۇپلېتلىق «ئۈرۈمچى
نەزمىلىرى»نى يېزىپ چىققان. بۇنىڭدىن چيەنلوڭ يىل-
لىرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇ، ئۇنىڭ بەلگىلىك ماتېرىيال قىممىتى بار.
ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلار-
دىن پايدىلىنىپ 26 جىلدلىق «يۆۋېي سارىيىدىكى خا-
تىرىلەر»نى يازغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرت
توغرىسىدىكى ھېكايىلەرمۇ بار. گەرچە ئۇنىڭدا كۆپىنچە
جىن ـ ئالۋاستىلار توغرىسىدا سۆزلەنگەن بولسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خاھىشىنى ئىپادىلە-
گەن. كېيىنكىلەر ئۇنىڭ يازغان نەزمە، بايانلىرىنى
«مەرىپەتلىك جى ھەزرەتنىڭ پۈتۈكلىرى» قىلىپ رەت-
لەپ چىققان.

**ئۇباش خان (1742 ـ 1775)** ئويرات موڭ-
غۇللىرىدىكى تورغاۋۇت قەبىلىسىنىڭ مەشھۇر خانى،
ئايۇشخاننىڭ ئەۋرىسى، دونلوبشىنىڭ ئوغلى، چىڭ سو-
لالىسى چيەنلوڭنىڭ 25 ـ يىلى 12 ـ ئايدا (1761-
يىلى 1 ـ ئاي) 19 يېشىدا خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق
قىلغان. شۇ چاغلاردا روسىيىنىڭ بېسىمى كۈندىن ـ
كۈنگە ئېغىرلىشىپ يىلمۇ يىل تورغاۋۇتلاردىن ئەسكەر-
لىككە مەجبۇرىي ئادەم ئېلىپ، يەتتە ـ سەككىز تۈمەن
ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ مىللىي كرى-
زىس بارغانسېرى ئېغىرلاشقان. چيەنلوڭنىڭ 35 ـ
يىلى كۈزدە (1770 ـ يىلى) ئۇباش روسىيە ـ تۈركىيە
ئۇرۇشىدىكى ئالدىنقى سەپ كاۋكازدىن قايتىپ كېلىپ
ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى ۋۇچكادا ھەرقاي-
سى قەبىلىلەرنىڭ مەخپىي يىغىنىنى چاقىرىپ روسىيە-
دىن ئايرىلىپ شەرقتىكى ئەسلىي زېمىنغا قايتىپ كې-
تىشنى قارار قىلغان. يىل ئاخىرىدا روسىيە قوشۇنلى-
رىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قوۋملىرىنى باشلاپ
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تېزلىك بىلەن شەرققە يۆتكىلىپ،



خېجىڭ ناھىيىسىدىكى ئۇباش خاننىڭ خاتىرە ئابىدىسى

ئۇزۇن يولنى بېسىپ چيەنلوڭنىڭ 35 ـ يىلى
5 ـ ئايدا قارشى ئېلىشقا چىققان چىڭ قوشۇنلىرى
بىلەن نارىن دەرياسى (بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ شەرقى-
دە) بويىدا ئۇچراشقان. 6 ـ ئايدا يەرمانغا بىنائەن
چىڭدې (بۈگۈنكى خېبېيدا)غا بېرىپ چيەنلوڭنىڭ قو-
بۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن. 9 ـ ئايدا، «ئۇتايىن سو-
جۇقتو كونا تورغاۋۇت قەبىلىسى چولوقخانى» دېگەن
نامغا ئېرىشىپ يولتۇز ۋادىلىرىنى (بۈگۈنكى خېجىڭ
ناھىيىسى) چارۋىچىلىق قىلىشقا ئالغان. كېسەل سەۋە-
بىدىن بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن. چيەنلوڭ خەۋەر تاپقاندىن
كېيىن مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈرگەن ھەم
خانلىق مەرتىۋىسى ئوغلى سېرىن نامجارغا مىراس قال-
دىغانلىقى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن.

**كوكورداي (؟ ـ 1823)** ئالتاي قازاقلىرىنىڭ
ئاقساقىلى، قازاقلارنىڭ چوڭ يۈزىنىڭ خانى ئابولپې-
نىڭ 6 ـ ئوغلى بولۇپ، بۇيرۇققا بىنائەن ئالتايدىكى
كېرەي قەبىلىسىنى باشقۇرغان. چىڭ سۇلالىسى چيەن-
لوڭنىڭ 55 ـ يىلى پايتەختكە بېرىپ خاننى تاۋاپ
قىلىپ گۈڭلۈق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ جۇڭگو
زېمىنىدىكى قازاقلار ئىچىدىكى تۇنجى بولۇپ ئەڭ يۇقى-

ىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكۈچىدۇر. ئۇنىڭغا تەۋە 12 ئۇرۇق بولۇپ، ھەربىر ئۇرۇقتا بىر تەيجى قويۇلغان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئالتاي رايونىدا چارۋىچىلىق قىلىپ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. 2 - ئەۋلادى ھاجى گۇڭ، 3 - ئەۋلاد قاسىمخان گۇڭلار ئىدى. مىنگو دەۋرىدە شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتى ۋاڭ - گۇڭلارغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەن بولۇپ، 4 - ئەۋلادى ئەرىت ئىنانچىلىقتا، ئانا باشقا ئىنىسى جىگىس گۇڭلۇق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن.

**چاڭلىڭ (1758 - 1838)** چىڭ قوشۇنىنىڭ سانغۇنى، تەخەللۇسى ماۋتىڭ. سارتۇق ئۇرۇقىدىن بولۇپ، موڭغۇل ئاق تۇغلۇق خوشۇنىدىن. ۋاسالالار مەھكىمىسىنىڭ غوجىدارى، شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. جياچىڭنىڭ 13 - يىلى (1808 - يىلى) چېگرا ئىشى بىلەن ئىلىغا بېرىپ ئايلىنىپ قوبدۇ (موڭغۇلىيىدە)غا بارغاندا مەسلىھەتچى ئامبال بولغان. 19 - يىلى ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى بولۇپ يۆتكەلگەن. 20 - يىلىدىن 22 - يىلىغىچە ئىلى جياڭجۈنى بولغان. داۋگۇاڭنىڭ 5 - يىلى (1825 - يىلى) يەنە ئىلى جياڭجۈنى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 6 - يىلى جاھانگىرخوجا قوقەند قوشۇنلىرىنى باشلاپ چېگرىدىن كىرىپ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەنلەردە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغاندا، چاڭلىڭ سۇر - ھەيۋەتلىك سانغۇن بولۇپ تەيىنلىنىپ چىڭ قوشۇنلىرىدىن 40 مىڭدەك ئادەمنى باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن ھەرقايسى شەھەرلەرنى ئېلىپ 7 - يىلى توپىلاڭنى تىنچىتىپ جاھانگىر خوجىنى تىرىك تۇتۇپ ئاستانىگە يالاپ ئاپارغان. ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن 2 - دەرىجىلىك ھەيۋەتلىك باتۇر تۆرە مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، تەيتىش ۋەزىرى بولۇپ تەيىنلىنىپ پايتەختكە قايتۇرۇپ كېلىنگەن. 10 - يىلى كۈزدە جاھانگىرنىڭ ئىنىسى يۈسۈپ قوقەند قوشۇنلىرىنى باشلاپ چېگرىدىن ئۆتۈپ قەشقەر، يەكەنلەرنى قورشىۋالغاندا، چاڭلىڭ يەنە خان مۇپەتتىشى بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا بارغان. ئىشلار بېسىقاندىن كېيىن ئىلى جياڭجۈنى يۈلىن بىلەن بىللە خانغا مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرىدىغان مەسلىھەتچى ئامبالنى قەشقەردىن يەكەنگە يۆتكەش، قەشقەرگە بولسا چېرىكچى ئامبال يۆتكەش، قەشقەر، بارچۇقتا (مارالبېشىدا) باش بۆغ تۇرغۇزۇش، غەربتىكى تۆت شەھەردە ئەسلىدە بار بولغان ئەسكەرلەردىن سىرت يەنە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن كۆپەيتىش، بۇ جايلاردا قاقاسلىقلارنى ئېچىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، قوشۇنلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەند قاتارلىق جايلارنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن بۇرۇندىكىدەك سودا ئالاقىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىغان. 12 - يىلى ئاستانىگە قايتىپ كەتكەن. «مەرىپەتلىك مەدەتكار چاڭ ھەزرىتىنىڭ تۈزگەن سالنامىسى»، «مەرىپەتلىك مەدەتكار چاڭ ھەزرىتىنىڭ شىنجاڭدا قېپقالغان ئىشلار توغرىسىدىكى مەكتۇپلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

**نايەنچىڭ (1764 - 1833)** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. تەخەللۇسى يۈنجيۇ، يەنە بىر تەخەللۇسى دوڭفۇ. لەقىمى زىبتاڭ. زەنچا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، مانجۇ ئاق تۇغلۇق خوشۇنىدىن. چيەنلۇڭ دەۋرىدە تەشرىپدار بولغان. جياچىڭ دەۋرىدە تەمرات پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى، گۇاڭشى - گۇاڭدۇڭنىڭ باش ۋالىيسى بولغان. سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكتىن دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ ئىلى چېرىكچى ئامبىلى، قاراشەھەر خان ئامبىلى، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى. شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى، جىلى باش ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. داۋگۇاڭنىڭ 8 - يىلى (1828 - يىلى) جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن سۇر - ھەيۋەتلىك سانغۇن چاڭلىڭنىڭ قېپقالغان ئىشلار توغرىسىدىكى مەكتۇبى مۇۋاپىق كۆرۈلمىگەنلىكتىن، نويانچىڭ خان مۇپەتتىشى بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قېپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خانغا مەكتۇپ يوللاپ: «ھەرقايسى خان ئامبال، چېرىكچى ئامباللارنىڭ ھەممىسى يىل ئاخىرىدا مەسلىھەتچى ئامبال ۋە ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈش، ئۇلارنىڭ تەمىناتىنى كۆپەيتىش، ئائىلە تاۋابىتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشىغا يول قويۇش. بەگلەرنىڭ پارا ئېلىشىنى چەكلەش، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى قاتتىق تەكشۈرۈش، شەھەر سېپىلىنى قايتىدىن ياساش، قاراۋۇلخانىلارنى كۆپەيتىش، ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈش قوقەند سودىگەرلىرىنى ھەيدىۋېتىش، چاي، رەۋەن قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىشنى چەكلەش» دېگەندەك بىر قاتار بەلگىلىمىلەرنى تۈزگەن. 9 - يىلى چېگرا سىرتىدىكى خوجىلار ئەۋلادلىرىنى تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتكەن. داۋگۇاڭ خان ئۇنىڭ بۇ زور تۆھپىسىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پايتەختكە قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇق بېرىپ، يەنە داۋاملىق جىلىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن. 10 - يىلى جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنىسى يۈسۈپ چىڭ

سۇلالىسىنىڭ قوقەند سودىگەرلىرىنى ھەيدەپ سودىغا يول قويمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ چېگرىنى قالايمىقان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن نويانچىلىڭ دۆلەتكە ئىش تېرىپ بەردى دەپ ئەيىبلىنىپ، 11 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان كېيىنكى يىلى دىۋانبېگىلىك مەنسىپى بېرىلگەن. ئۇنىڭ «مەرىپەتلىك قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانىغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» دېگەن ئەسىرى بار.

**قۇلچاق (؟ ـ 1838)** قوقەند تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان تاجىك مىللىتىدىن بولغان ھاكىمبەگ. ئەسلىي يەكەندىكى داتۇڭ (بۈگۈنكى تاشقۇرغاننىڭ شەرقى) دىن بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ غەربكە — سارىقولغا كۆچۈپ، بېرىپ باشقىلارغا يانچىلىققا سېتىلغان، شۇڭا «قۇلچاق» (يانچى) دەپ ئاتالغان. داۋگۇاڭنىڭ 10 ـ يىلى (1830 ـ يىلى) قوقەند قوشۇنى يۈسۈپ غوجىغا ئەگىشىپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە يەرلىك دېھقانلاردىن 1000دەك ئادەمنى باشلاپ قارشىلىق قىلغان. سارىقولنىڭ 5 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبېگى سەيت ئۆلگەندىن كېيىن يەكەن مەسلىھەتچى ئامبىلى تەرىپىدىن ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن. تۆت يىلدىن كېيىن قوقەند ئەسكەرلىرى يەنە سارىقولغا تاجاۋۇز قىلىپ، تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇغان. ئۇ: «مەن ئەجدادىمدىن تارتىپ جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ كەلگەن، ئۆلسەممۇ تەسلىم بولمايمەن» دەپ، ئەسكەر ۋە خەلقلەرنى تەشكىللەپ قارشىلىق كۆرسىتىپ بۇلاپ كېتىلگەن مال ـ چارۋا ۋە نەرسە كېرەكلىرىنى قايتۇرۇۋالغان. 18 ـ يىلى قوقەند ئەسكەرلىرى يەنە سارىقولغا ھۇجۇم قىلغان. قۇلچاق قول ئاستىدىكىلىرىنى قوغداپ مۇھاسىرىنى بۆسۈش جەريانىدا ئوق تېگىپ ئۆلگەن.

**لىن زېشۈ (1785 ـ 1850)** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئەمەلدار، تەخەللۇسى شياۋمۇ، يەنە بىر تەخەللۇسى يۈەنفۇ، فۇجيەننىڭ خوگۇەن (فۇجۇ) دېگەن يېرىدىن. جياچىڭ خان دەۋرىدە تەشرىپدار بولغان. جېجياڭ خاڭجۇ ۋالىيسى، جياڭسۇنىڭ تەپتىشى، سىلاۋچىسى، خۇنەن ـ گۇاڭشى باش ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. داۋگۇاڭنىڭ 18 ـ يىلى (1838 ـ يىلى) قايتا ـ قايتا خانغا مەكتۇپ يوللاپ خۇاڭ جۆزىنىڭ ئەپيۇن چەكلەش تەشەببۇسىنى قوللاپ ئالتە تۈرلۈك ئەپيۇن چەكلەش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم خۇنەن، گۇاڭشىدا يولغا قويغان. كېيىنكى يىلى خان مۇپەتتىشى بولۇپ گۇاڭجۇغا بېرىپ گۇاڭدۇڭ ـ گۇاڭشى باش ۋالىيسى دېڭتىڭجېن بىلەن بىللە ئەپيۇننى تەكشۈرۈپ چەكلىگەن. يىل ئاخىرى گۇاڭدۇڭ ـ گۇاڭشى باش ۋالىيسى بولغان. ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلىغاندا گۇاڭدۇڭدىكى ئەسكەر ۋە خەلقلەرنى تەشكىللەپ ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى شىمالغا يۈرۈش قىلغانلىقتىن ئۇرۇش كېڭىيىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆھمەتكە ئۇچراپ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ئىلىغا پالانغان. سەپەردە بۇيرۇققا بىنائەن خۇاڭخې دەرياسىنى تىزگىنلەش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن داۋاملىق غەربكە سەپەر قىلىپ 22 ـ يىلى ئىلى كۈرە قەلئەسىگە (قورغاس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) يېتىپ كەلگەن. ئىلى جياڭجۈنى بۇيانتايغا ياردەملىشىپ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا كىرىشىپ، مەبلەغ توپلاپ توسما ـ توغان ياساتقان. 25 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپرەك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى بوز يەر ئېچىشقا تەشكىللەش پىكرى ئوردىنىڭ پىكرى بىلەن قارشىلىشىپ قالغانلىقتىن، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا يەرلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن. ئۈرۈمچى ئارقىلىق تۇرپان، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يېڭىسار، خوتەن، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەرنى يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تېرىشىغا بۆلۈپ بېرىش توغرىسىدا مەلۇمات سۇنغان ھەم بۇ ئوردا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. 25 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قايتا ئىشقا قويۇلۇپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەنشى مۇپەتتىشى، يۈننەن ـ گۈيجۇ باش ۋالىيسى بولغان. «دەشت ـ باياۋان سەپەر خاتىرىلىرى»، «يىجى خاتىرىلىرى»، «مۇسۇلمانلار يۇرتىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» قاتارلىقلارنى يازغان يەنە «مەرىپەتلىك ساداقەتمەن لىن ھەزرەتنىڭ مەكتۇپلىرى»، «غەربىي تاغدىكى ھۇجرىدا يېزىلغان قىسسىلەر»، «غەربىي تاغدىكى ھۇجرىدا يېزىلغان نەزمىلەر» ۋە جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى تۈزگەن «لىن زېشۈ ئەسەرلىرى توپلىمى» بار.

**جىڭ لىيەن (1823 ـ 1885)** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. تەخەللۇسى جيەنچۈەن، يەنە بىر تەخەللۇسى جىچۈەن، لەقىمى چيۇپىڭ. يانجا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، مانجۇ سېرىق تۇغلۇق خوشۇنىدىن. شيەنفىڭ خان دەۋرىدە تەشرىپدار بولغان. ئىچكى دىۋان ئۆلىماسى. تۇتۇن ـ سىيلىق پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شيەنفىڭنىڭ 9 ـ يىلى (1859 ـ يىلى) ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى بولۇپ تەيىنلىنىپ، تارغاباتاي (چۆچەك)، ئاقسۇ، يەكەن قاتارلىق ئۈچ

لورۇندىكى ئامباللارنىڭ پارىخورلۇق ئىشلىرىنى تەكشۈرگەن. تۇڭجىنىڭ تۇنجى يىلى (1862- يىلى) يەكەننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى بولۇپ تەيىنلىنىپ يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ ئاۋام - پۇقرانى ئېزىشىنى چەكلىگەن. ئىككىنچى يىلى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكتىن ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ نىڭشىياغا ئەۋەتىلىپ ھەربىي بارگاھتا گۇناھىنى يۇغان. 5 - يىلى قۇمۇل ياردەمچى ئامبىلى بولۇپ تەيىنلىنىپ شىنجاڭنىڭ شەرقىي يولى تىنچسىز بولغانلىقتىن گەنسۇدا ئەسكەر توپلاشقا قىپقالغان. 8 - يىلى ئەنشىدىن ئەسكەر باشلاپ خان ئامبال ۋېنلىن بىلەن ئۆچرىشىپ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىي يولدىكى كۈچىنى زورايتقان. 10 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى بولۇپ تەيىنلەنگەن. قوقەندلىك ياقۇپبەگ بۇ جاينى ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىتلىق باركۆلگە ئورۇنلىشىپ ھەرقايسى يوللاردىكى خەلق ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلغان. 13 - يىلى خان مۇپەتتىشى بولۇپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. گۇاڭشۈنىڭ تۇنجى يىلى (1875 - يىلى) پەرمانغا بىنائەن پايتەختكە قايتىپ قارادىۋانغا كىرىپ، ئىچكى دىۋان ئۆلىماسى، لەشكىري پىرقىنىڭ دىۋانبېگى بولغان. شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئىلى جياڭجۈنى جىن شۈن خاندىن ئۇنى تارتۇقلاشنى ئىلتىماس قىلغان. ئەمما، ئوردا «چېگرا سانغۇنلىرى بىر - بىرىنى تۇھمەتكار قىلىپ كۆرسەتسە، بۇنىڭ بىلەن خۇشامەتچىلىككە يول ئېچىلىدۇ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلغان.

**كۆنگې جالسان** چىڭ سۇلالىسىدىكى لاما، يەنە بىر ئىسمى جام باتۇدوپ، گەنسۇ تاۋجولۇق (بۇگونكى لىنتەن)، زاڭزۇ، بەزىلەر موڭغۇلمۇ دەيدۇ. تۇڭجىنىڭ تۇنجى يىلى (1862 - يىلى) شىنجاڭدىكى كورقارا ئۇسۇ (بۇگۇنكى شىخو) غا كېلىپ نوم ئوقۇپ بۇتقا تاۋاپ قىلغان، ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، بۇرۇلتوقايغا تارقاق ئورۇنلاشقان دېھقانلارمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇ راھىبلاردىن ئەسكەر تەشكىللەپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قاتناشقان. بۇنىڭ بىلەن چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ ئالتايدا بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىشىغا ئالاھىدە رۇخسەت قىلغان. گۇاڭشۈخان دەسلەپتە بۇ ئىبادەتخانىغا «چىڭخۇا ئىبادەتخانىسى» دەپ نام بەرگەن . يەرلىك كىشىلەر «لاما كۈرەسى» دەپ ئاتىغان. بۇ لاما شەھىرى دېگەن مەنىدە ئىدى. گۇاڭشۈنىڭ2 - يىلى (1876 - يىلى) روسىيە ئوفىتسېرى پوتىنىن قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ بەش يېرىنى «ساياھەت قىلىپ» ئىجازەت ئالمايلا چىڭخۇا ئىبادەتخانىسىغا ئۇسۇپ كىرىپ ئىبادەتخانا چولاڭ قەسرىدە زورلۇق بىلەن جېدەل تېرىغان. كۆنگې جالسان قول ئاستىدىكى لامالارغا بۇيرۇق بېرىپ روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قورال - ياراغلىرىنى تارتىۋېلىپ ئىبادەتخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتكەن. ئىشتىن كېيىن روسىيە ئوفىتسېرى ئۇراسوف نەچچە يۈز ئادەمنى باشلاپ ئىبادەتخانىغا كىرىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ ماجىرا چىقارغان. بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسمۇ نوتا تاپشۇرۇپ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. چىڭ ئوردىسى ئامالسىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ شىزاڭغا بېرىپ دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرۇغان. 12 - يىلى ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ، كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ كورخارا ئۇسۇدىكى بايىڭگۇ ئىبادەتخانىسىدا لاما بولۇپ، شۇ يەردە ئۆلگەن.

**خارماڭا (1817 - 1882)** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى. ئەنجا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئىلى شىۋە بارگاھىدىكى ئاق تۇغلۇق خوشۇندىن. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ 10 - يىلى (1871 - يىلى) ئىلى شىۋە بارگاھىنىڭ چېرىكچى ئامبىلى بولغان. چارروسىيە قوشۇنلىرى ئىلىنى بېسىۋالغاندا ئۇلار ئۆزىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشنى رەت قىلغان. مۇۋەققەت ئىلى جياڭجۈنى رۇڭ چۈەن چۆچەكتە قارارگاھ قۇرغاندىن كېيىن ئەسكەر، خەلقنى تەشكىللەپ بېرىپ روسىيىنىڭ ئىلىنى ئىگىلىۋالغانلىق ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ ئىشغالىيەتچى قوشۇننىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغان. 12- يىلى روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوغلىشى بىلەن ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ئېلىپ چۆچەككە كەلگەن. بۇيرۇققا بىنائەن كورقارا ئۇسۇ (شىخو) غا كېلىپ بوزيەر ئېچىپ يەر تېرىپ قوشۇنغا زاپاس ئاشلىق غەملىگەن. گۇاڭشۈنىڭ 4 - يىلى (1878 - يىلى) چاخار بارگاھىنىڭ مۇۋەققەت چېرىكچى ئامبىلى بولۇپ يۆتكىلىپ يەنە بورتالادا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن چاخار بارگاھىنىڭ چېرىكچى ئامبىلى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئىلى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىش سەپىرىدە ئوتتۇرا يولدا سۈيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلگەن.

**روڭ چۈەن (؟ - 1879)** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى، گۇرجا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، مانجۇ سېرىق تۇغلۇق خوشۇندىن. شيەنفىڭ خان دەۋرىدە شەندۇڭدىن ئاتلىنىپ، 11 - يىلدىن كېيىن (1861 - يىلى)

تارباغاتاي چېرىكچى ئامبىلى، قارا شەھەر خان ئامبىلى، ئىلى مەسلىھەتچى ئامبىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. تۇڭجىنىڭ 4 ـ يىلى (1865 ـ يىلى) ئىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قوزغىلاڭ پارتلىغاندا روسىيىگە بېرىپ ياردەم سوراپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. كېيىنكى يىلى ھەر قايسى شەھەرلەر قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغاندىن كېيىن، مۇۋەققەت ئىلى جياڭجۈنى، ئۇلاستاي (موڭغۇلىيىدە) مەسلىھەتچى ئامبىلى بولۇپ تەيىنلەنگەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شەھەرلەر قوقاندلىك ياقۇپبەگ تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، 10 ـ يىلى چارروسىيە ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ پەرمانغا بىنائەن روسىيىدىكى ئاياغۇزغا (بۈگۈنكى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاياغۇز) بېرىپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ روسىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان. كېيىن، چۆچەكتە بارگاھ قۇرۇپ ئىلىدىكى چېگرا قوغدىغۇچى شىۋە، سولۇن قوشۇنلىرىنى ئامال بار يىغىپ، ئىلى قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئەمەلدار، سودىگەرلەرنىمۇ توپلىغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىنمۇ بەگلەر سودىگەرلەرنى ئەۋەتىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغان. ئۇ داۋاملىق تۈردە بوز يەر ئېچىپ ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرغان. گۇاڭشۈنىڭ 2 ـ يىلى (1876 ـ يىلى) شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى باشلانغاندا قول ئاستىدىكى قوشۇنلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ماناسقا ھۇجۇم قىلغان. جىن شۈننىڭ ياردىمىدە جەنۇب، شىمالدىكى ئىككى شەھەرنى ئالغان. كېيىن پەرمان بىلەن پايتەختكە قايتىپ ھىماتچى باش چېرىكچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

**زوزۇڭتاڭ (1812 ـ 1885)** چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى، تەخەللۇسى چى گاۋ، خۇنەن شياڭيىنلىق. داۋگۇاڭ يىللىرى خەتمەكەردە بولغان، ئۈچ قېتىم شىغاۋۇل پىرقىسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتەلمەي ئەمەلدار بولۇشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، جۇغراپىيە ۋە ھەربىي ئىلمىنى ئۆگەنگەن. تەيپىڭ قوشۇنى تىيەنگو خۇنەنگە ھۇجۇم قىلغاندا سىلاۋچى لوبىڭجاڭغا مەسلىھەتچى بولغان. يەنە ياردەمچى باش مۇشاۋۇر زىڭ گوفەننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قوشۇن باشلاپ تەيپىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان. جېجياڭنىڭ سىلاۋچىسى، فۇجيەن ـ جېجياڭنىڭ باش ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1 ـ دەرىجىلىك تىنچىتقۇچى تۆرە مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. تۇڭجىنىڭ 5 ـ يىلى (1866 ـ يىلى) شەنشى ـ گەنسۇنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ يۆتكىلىپ، قوشۇن باشلاپ شەنشىگە كىرىپ ھەم خېشىغىچە بېرىپ، نيەنجۈن قوشۇنى ۋە خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان. ياپونىيە تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلغاندا ئوردا ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر غەربكە يۈرۈشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ دېڭىز مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنى تەشەببۇس قىلغاندا، ئۇ خانغا: «چېگرا مۇداپىئەسىگە سەرىپ قىلىنغان پۇل ئەسلىدىنلا ئاز. ئۇنىڭدىن دېڭىز مۇداپىئەسىگە ئاجراتقۇدەك پۇل يوق. ئەگەر چېگرا جايلارغا ئەسكەر كىرگۈزۈشنى توختاتساق ئۇ جايلاردىكى قارام ئەللەردىن ئۈزلۈكسىز ۋاز كەچكەن بولىمىز. بۇنىڭ دېڭىز مۇداپىئەسىگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، بىراق، چېگرا مۇداپىئەسىگە زىيىنى چوڭ بولىدۇ» دەپ مەكتۇپ يوللىغان. گۇاڭشۈنىڭ تۇنجى يىلى (1875 ـ يىلى) خان مۇپەتتىش بولۇپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىنىپ، سۇمۇغا (بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن) ئورۇنلىشىپ ئاشلىق ۋە قاتناش قوراللىرىنى توپلاپ، شىنجاڭدىكى ئەسلىدىكى قوشۇنلارنى تەرتىپكە سالغان. مەكتۇپ يوللاپ خۇنەن قوشۇنى، خۇبېي قوشۇنى، سىچۈەن قوشۇنى، ئەنخۇي قوشۇنلىرىنى شىنجاڭغا ئالدۇرۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇنلار بىر يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلىپ شىنجاڭنى ئون يىلدىن كۆپرەك بېسىۋالغان ياقۇپبەگ باندىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ چىقارغان. ھەر قايسى شەھەرلەرنى ئالغاندىن كېيىن قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جۈجۈقى قۇرۇپ، ھەر قايسى جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نامۇۋاپىق ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويمىغان. شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بۇغىدىغان بەگلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا شەرت-شارائىت ھازىرلىغان. قالدۇق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرىدە شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇپ مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەققىدە كۆپ قېتىم خانغا مەكتۇپ يوللىغان. شىنجاڭدا پۇل قۇيۇش، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، شەھەر سېپىلىنى ياساش، سەرگەردانلارنى توپلاش، يەرلەرنى ئېنىقلاش، ئالۋاڭ ـ ياساق ئىشلىرىنى رەتكە



زوزۇڭتاڭ

سېلىش، يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەشەببۇس قىلىشتەك ئىشلارنى قىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ تېزلىكتە ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چارروسىيە ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغانلىقتىن، قومۇلغا قوشۇن يۆتكەپ ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ لەشكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى پىلانلاپ، روسىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ھەيۋىسىنى زورايتقان. 6 - يىلى پەرمانغا بىنائەن پايتەختكە قايتىپ بېرىپ، 2 - دەرىجىلىك تىنچىتقۇچى بەگ مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، قارا دىۋان ۋەزىرى، جېجياڭ - جياڭسۇنىڭ باش ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «مەرىپەتلىك مەدەنكار زوزۇڭتاڭ ھەزرەتنىڭ پۈتۈكلىرى» دېگەن ئەسىرى بار. يېقىنقى يىللاردا خۇنەن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى يەنە «زوزۇڭتاڭ ئەسەرلىرى توپلىمى»نى نەشر قىلدى.

ليۇجىنتاڭ (1844 - 1894) چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تۇنجى سىلاۋچىسى، تەخەللۇسى يى جەي، خۇنەننىڭ شياڭشاڭ دېگەن يېرىدىن. تاغىسى ليۇسۇڭشەنگە ئەگىشىپ نىيەنجۈن قوشۇنىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شەنشىگە كىرگەن. يەنە شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ بىلەن بىللە خۇيزۇلارنىڭ قوزغىلىڭىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ گەنسۇغىچە بارغان. تۇڭجىنىڭ 9 - يىلى (1870 - يىلى) ليۇ سۇڭشەن ئۆلگەندىن كېيىن 3 - دەرىجىلىك ئەركانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ خۇنەن قوشۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. شىنىڭنى ئېلىپ سۈجۈنى تىنچىتقان. گۇاڭشۈنىڭ تۇنجى يىلى (1875 - يىلى) زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىنىپ سۈجۈغا قوشۇن يۆتكىگەندە، بارگاھ خوجىدارى بولغان. ئىككىنچى يىلى خۇنەن قوشۇنىنى باشلاپ قۇۋۇقتىن چىقىپ فۇكاڭغىچە بارغان، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىدا ئاساسلىق قىسىمنى باشلاپ گۈمۈدى (مىچۈەن)، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرۇۋالغان. 3 - يىلى داۋانچىڭدىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جەنۇبتىكى سەككىز چوڭ شەھەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، شىنجاڭنى ئون نەچچە يىل بېسىۋالغان ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىپ، غەربىي چېگرىدا تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، 2 - دەرىجىلىك بەگ مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. 6 - يىلى زوزۇڭتاڭ پەرمان بىلەن پايتەختكە قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىنىپ، قومۇلغا جايلاشقان. 8 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇپ، سىلاۋچى تەسىس قىلىنىپ شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسىغا قارايدىغان قىلىنغان. 10 - يىلى ئۇ شىنجاڭنىڭ تۇنجى سىلاۋچىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ دىۋانبېگىلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆلكە مەركىزى دىخۇاغا (ئۈرۈمچىگە) كېلىپ ئورۇنلاشقان. قومۇلنىڭ ياندىش ئايماقبېگىنى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئىلى، چۆچەك ۋىلايىتىنى كۆپەيتىپ دەسلەپكى قەدەمدە ۋىلايەت - ناھىيە تۈزۈمىنى بېكىتكەن. يەنە خان ئامبال، چېرىكچى ئامبال، ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قوشۇنلارنى مۇقىملاشتۇرۇش، ھەربىي چىقىمنى ئازايتىش سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ئاھالىلەرنى يۆتكەپ بوز يەر ئېچىش، مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ ئوقۇش ھەققىنى ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەشتەك ئىشلارنى قىلغان. 13 - يىلى ئۇنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. 20 - يىلى 1 - دەرىجىلىك بەگلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ئۇنىڭ «جاسارەتلىك ساداقەتمەن ليۇ ھەزرەتنىڭ مەكتۇپلىرى» دېگەن ئەسىرى بار.

جىن شۈن (؟ - 1885) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى، تەخەللۇسى خېيۇ، ئېرگىن جولو ئۇرۇقىدىن. جىلىنلىك، مانجۇ كۆك تۇغلۇق خوشۇنىدىن. شەندۇڭدىن جازا يۈرۈشى قىلىپ، چەۋەندازلار بېشى بولۇپ تەيىنلەنگەن. تۇڭجىنىڭ 2 - يىلى (1863 - يىلى) شەنشى - گەنسۇدىكى خۇيزۇلا قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندا نىڭشيا ئورۇنباسار باش بوغلىقىغا تەيىنلىنىپ، پەرمان بويىچە ئۈرۈمچى ياساۋۇلبېگى چېڭ لۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇنىنى ئۆتكۈزۈۋالغان. 12 - يىلى شەنشى - گەنسۇ باش ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ بىرلىكتە سۈجۈنى (گەنسۇ جيۇچۈەن) ئالغان. كېيىن يەنە ئۇلاستاي سانغۇنى (موڭغۇلىيىدە) بولۇپ تەيىنلىنىپ بۇيرۇق بىلەن گۇچۇڭغا (چىتەي) يۈرۈش قىلغان. 13 - يىلى گۇچۇڭغا يېتىپ بېرىپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئۈرۈمچى باش بوغى جىڭ لىيەن بىلەن ئۇچرىشىپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ياردەمچى ئامبال بولۇپ تەيىنلەنگەن. گۇاڭشۈنىڭ تۇنجى يىلى (1875 - يىلى) زوزۇڭتاڭ جىڭ لىيەننىڭ شىنجاڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ شىنجاڭدىكى ئەسلىدىكى قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇلارنى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئۈرۈمچى باش بوغى جىن شۈننىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرغان. كېيىنكى يىلى ئۇ فۇكاڭغا

بېرىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى باشلانغاندا
خوتەن قوشۇنى باش بوغى لىيۇجىنتاڭ بىلەن بىرلىشىپ
تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۇزۇپ تاش-
لاپ ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالغان. شىما-
لىي يولىدىكى ھەممە جايلارنى تىنچىتقان. خان پەرمان
چۈشۈرۈپ ئىلى جاڭجۈنى مەرتىۋىسىنى بەرگەن.
ئەمما، ئىلى تېخى قايتۇرۇۋېلىنمىغاچقا، ئىلگىرى -
كېيىن بولۇپ ماناس، كۆر خارا ئۇسۇ (شىخو) غا ئو-
رۇنلاشقان. روسىيە ئىلىنىڭ شەرقى قىسمىنى قايتۇ-
رۇپ بەرگەندىن كېيىن، 8 - يىلى 5 - ئايدا كىرىپ
ئورۇنلىشىپ، كۆرە يېڭى قەلئەسىنى (بۇگۇنكى قور-
غاسنىڭ جەنۇبىدا) بىنا قىلىپ، شىۋە، چاخار بارگاھ-
لىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەم قايتىدىن قاراۋۇلخا-
نا، ئۆتەڭلەرنى تەسىس قىلىپ خەلقنى بوز يەر ئۆزلەش-
تۈرۈشكە چاقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەل-
تۈرگەن. 11- يىلى ئەسكەرلەر چىقارغان مالىمانچىلىق-
نى توغرا ئۇسۇلدا ھەل قىلالمىغاچقا، پەرمانغا بىنائەن
بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ سۇجوۋدا ئۆلگەن.

**زىڭ جىزې (1839 - 1890)** چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى تاشقى ئىشلار ئەمەلدارى،
تەخەللۇسى جېگاڭ، خۇنەننىڭ شياڭشياڭ دېگەن يېرى-
دىن، باش مۇشاۋىر زىڭ گوفەننىڭ ئوغلى. دەسلەپ
تۆتۈن - سىبلىق پىرقىسىنىڭ ياندىش دېۋانبېگى بول-
غان. دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن 1 - دەرىجىلىك جاما-
ئەتلىك باتۇر بەگ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان.
گۇاڭشۈنىڭ 4 - يىلى (1878 - يىلى) ئەنگلىيە،
فرانسىيە ئىككى دۆلەتكە ئەلچى بولۇپ بارغان. 6 -
يىلى روسىيىگە ئەلچىلىككە بارغان. ۋەزىر چوڭ خو
ھوقۇقىدىن ھالقىپ پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆز ئال-
دىغا چارروسىيە بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالىغانلىقتىن
ئۇ بۇيرۇقا بىنائەن قايتىدىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە
چارروسىيە پايتەختىگە بارغان. ئۇ خانغا مەكتۇپ يول-
لاپ، مەكتۇبىدا: «ئىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا
ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇل بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇرۇش قىلىش،
قوغدىنىش، سۈلھى قىلىش. ئۇرۇش قىلغاندا، جۇڭگو
بىلەن روسىيە ئۆزئارا چېگرىلىنىدۇ، ئۇنۇملۇك مۇدا-
پىئەلەنگىلى بولمايدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر گەرچە تاشقى
جەھەتتىن ئەپ، ئىچكى جەھەتتىن قىتىغۇر بولسىمۇ،
بىزگە كەلگەندە كېلىشەلەيدۇ. قوغدىنىشتا، چېگرالار
ئېنىق ئەمەس، جىددىي ئىشلار بولۇپ قالسا قانداق بىر
تەرەپ قىلغۇلۇق؟ سۈلھى قىلماق چېگرا ئايرىش،
سودىلىشىش، تۆلەم تۆلەشتەك ئۈچ خىل ئۇسۇل بار.
تۆلەم تۆلەش كىچىك ئىش. سودىلىشىش چېگرانى ئاي-
رىشقا قارىغاندا بىر ئاز ئاسانراق. چوڭ خو سۆھبەتلە-
شىپ تۈزگەن كېلىشىمنامىنى ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قا-
رىغاندا پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش قىيىن، شۇڭا چېگرىنى
ئايرىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. سودىلىشىش تولىمۇ
تەس. باشقا ئىشلارنى پۇرسەت كۈتۈپ، كېيىنرەك ئۆز-
گەرتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلساق ئاندىن ئۇلار بىلەن
تەڭ بولالايمىز» دېگەن ھەم چارروسىيىنىڭ تاشقى ئىش-
لار مىنىستىرى گىرس، جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى
بورس قاتارلىقلار بىلەن ئون ئاي تالاش - تارتىش
قىلىپ دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشىمنامە مەزمۇنىغا ئۆز-
گەرتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا كېلىشىپ، جۇڭگونىڭ
بىر قىسىم ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قايتۇرۇۋالغان.
گۇاڭشۈنىڭ 7 - يىلى (1881 - يىلى) ئىككى تەرەپ
«جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» نى تۈزگەن
(جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ ئىلى مەسىلىسى ھەققىدىكى
سۆھبىتىگە قارالسۇن). 10 - يىلى لەشكىرىي پىرقە-
نىڭ ياندىشبېگىلىك مەنسىپىگە ئېرىشكەن. 11 - يىلى
دېڭىز ئارمىيە يامۇلىنى قۇرۇشقا ياردەملەشكەن. 13-
يىلى تۆتۈن - سىبلىق پىرقىسىگە يۆتكەلگەن ھەم قو-
شۇمچە جازا پىرقىسى، مەنسەپ - تۆتۈق پىرقىسىنىڭ
ياندىش بېگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ
«پاراسەتلىك، ئۆتكۈر زىڭ ھەزرەتنىڭ پۈتۈكلىرى»
دېگەن ئەسىرى بار.

**تاڭجارىق (1903 - 1947)** قازاقلارنىڭ شا-
ئىرى. تولۇق ئىسمى تاڭجارىق جۇلدىباي، شىنجاڭنىڭ
كۈنەستىن. 1923 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازا-
قىستانغا بېرىپ ئوقۇپ داڭلىق شائىر ئاباي قۇنانبايىنىڭ
ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان ھەم ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-
رىغان. 1926 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ مەكتەپ
ئېچىپ يېڭى مائارىپنى تارقاتقان. 1935 - يىلى ئىلى
قازاق - قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىش-
لەپ ئىلى گېزىتىنىڭ قازاقچە تەھرىرلىك خىزمىتىنى
قىلغان. ئىلى مىللى تىياتىر ئۆمىكىنى قۇرۇپ قازاق-
لارنىڭ ھازىرقى زامان دىرامىسى «مانان» نى ئىجاد قىل-
غان. 1940 - يىلى 2 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن
قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالغان. 1946-
يىلى قويۇپ بېرىلگەن. كېيىنكى يىلى ئالەمدىن ئۆت-
كەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «نەزىگۈل»، «تاڭجارىق
شېئىرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىقلار بار.

**ياڭ زېڭشىن (1864 - 1928.7.7)** مىنگو

دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى، ئۆلكە باشلىقى. تەخەللۇسى دىڭچېن، ئاتا - بوۋىسى جياڭسۇنىڭ شاڭيۈەن (نەنجاڭ) دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئۆزى يۈننەننىڭ مېڭزى دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 15 - يىلى (1889 - يىلى) تەشرىپدار بولغان. گەنسۇنىڭ جۇڭۋېي ناھىيىسىنىڭ (ھازىر نىڭشياغا تەۋە) ھاكىمى، خېجۇ ئايمىقىنىڭ (ھازىرقى لىنشيا) ئايماقدارى، گەنسۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ نازارەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. گۇاڭشۈنىڭ 33- يىلى تولۇقلانغان ئەمەلدار سۈپىتىدە شىنجاڭ پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ نازارەتچىسى بولۇپ يۆتكەلگەن. كېيىن ئاقسۇ ۋالىيسى، ئۈرۈمچى ۋالىيسى، قوشۇمچە تەپتىشلىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1912 - يىلى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى) 3 - ئايدا شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى بولغان. 7 - ئايدا ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىغان. 1913 - يىلى قۇمۇل - تۇرپانلاردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭنى پارچىلىغان ھەم قوشۇن چىقىرىپ تاشقى موڭغۇلىيە توپىلاڭچىلىرىنىڭ ئالتايغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنى چېكىندۈرگەن. 1915 - يىلى تېلېگراما ئەۋەتىپ يۈەن شىكەينىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى قوللىغان. 1918 - يىلى كۇچادىكى مەتىلى خاننىڭ توپىلىڭىنى تارمار قىلغان. 1920~1921- يىللىرى سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ قىزىل ئارمىيىنىڭ چېگرىدىن كىرىپ شىنجاڭدا قېچىپ يۈرگەن ئاق گۋاردىيىچى باندىتلارنى باستۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىپ، چېگرىدىن كىرگەن روسىيە پۇقرالىرى مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلغان. 1928- يىلى ئۈرۈمچىدە «7 - ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەندە ھەربىي ئىشلار نازىرى فەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى مەكتۇپلار»، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرى بار.



ياڭ زېڭشىن

**جىن شۇرېن (1879 - 1941)** مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، تەخەللۇسى دىيەن، گەنسۇنىڭ داۋخې (لىنشيا) دېگەن يېرىدىن. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 23 - يىلى (1909 - يىلى) ئىمتىھاندا ئاللىنىپ گەنسۇ ئالىي بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. 1914 - يىلى ياڭ زېڭشىننىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاقسۇ، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنىڭ ھاكىمى بولغان. 1926 - يىلى يۆتكىلىپ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1928 - يىلى «7 - ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدە ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان فەن ياۋنەننى قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرگەن. نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇۋەققەت ئۆلكە رەئىسى، 10 - ئايدا ئۆلكە رەئىسى، 1931 - يىلى 6 - ئايدا قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغان. ھەربىي قوشۇننى كېڭەيتىش، غەللە - پاراقنى ئېغىرلىتىش، كۆپ مىقداردا قەغەز پۇل تارقىتىش، يۇڭ - تېرە سودىسىنى مونوپول قىلىش ھەم مىللىي زۇلۇمنى كۈچەيتىشتەك ئەھۋاللىرى تۈپەيلى ئاللىقاچان ناھايىتى ئېغىر بولغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل قوزغىلىڭى پارتلاپ پۈتۈن شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق پەيدا بولغان. 1933 - يىلى دىخۇادا (ئۈرۈمچى) «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى پارتلاپ ھەم مەجبۇرىي ھوقۇق تاپشۇرغان. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىچكىرىگە قايتقاندا دەرھال قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان. 1935 - يىلى 10 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەن. كېيىن لەنجۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.



جىن شۇرېن

**شېڭ شىسەي (1897 - 1970)** مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى، تەخەللۇسى جىن يۇڭ. لياۋنىڭ كەييۈەندىكى خەنزۇ خوشۇنىدىن. يۈننەن ھەربىي مەكتىپى شياۋجۇ شۆبە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، شەرقىي شىمالغا قايتىپ بېرىپ شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ 8 - بىرىگادىسىنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولغان. 1923 - يىلى ياپونىيىگە بېرىپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇ-

غان. 1927 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ مىللىي
ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىدا پول-
كوۋنىك دەرىجىلىك مەسلىھەتچى، مەسلىھەتچىلەر بۆلۈ-
مىنىڭ باشلىقى بولغان. 1930 ـ يىلى دىخۇاغا (ئۈ-
رۈمچىگە) كېلىپ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچى-
لەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، شەرقىي يولدىكى باندىتلارنى
تازىلاش باش قوماندانى بولغان. 1933 ـ يىلى
دىخۇادا «12 ـ ئاپرېل»
سىياسىي ئۆزگىرىشى بول-
غاندا كۈچلۈك قوشۇننى قو-
لىدا تۇتۇپ تۇرغانلىقتىن
ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە
دۇبەنى بولۇپ سايلىنىپ،
سىياسىي ئۆزگىرىش قوز-
غىغۇچىلارنى قاتتىق باس-
تۇرغان. نەنجىڭ ھۆكۈمى-
تى ئامالسىز ئۇنى رەسمىي
چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قى-
لىپ تەيىنلىگەن. ئۇ سو-
ۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالا-


شېڭ شىسەي

قىلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىدە
ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەن قوشۇنىنى يوقىتىپ، كېيىنىدى-
كى ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئۈرۈمچى قورشاۋىنى تارمار
قىلغان ھەم «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويغان.
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەسلىھەتچى تەكلىپ قىلىپ سو-
ۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئى-
چىدە تۇرۇشىغا يول قويغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى بىلەن ياپونغا قارشى تۇرۇش مىللىي بىرلىك
سېپىنى قۇرۇپ كومپارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىپ
ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرغان. جاھانگىرلارنىڭ
تاجاۋۇزچىلىق كۈچلىرىنى ھەيدەپ چىقارغان. كېيىن
«توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولدى» دېگەن نام
بىلەن فېئودال كۈچلەرگە زەربە بېرىپ، ئۆزىگە قارشى
پىكىردىكىلەرنى تازىلاپ، دېموكراتىك ئىلغار كۈچلەر-
نى باستۇرغان. 1939 ـ يىلى ئورغۇنلىغان جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى ھەر قايسى رايون،
تارماقلارغا تارقىلىپ خىزمەت قىلغان، بۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى كەيپىياتى يۇقى-
رى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ داۋاملىق تۈردە «توپى-
لاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستى» نامى بىلەن كوممۇنىستىك
پارتىيە ئەزالىرىنى دىخۇاغا يىغىپ نەزەر بەند قىلىپ
چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلو قاتارلىقلارنى
مەخپىي ئۆلتۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي، مە-
مۇرىي خادىملىرىنى شىنجاڭدىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە
قايتىشقا مەجبۇرلىغان. 1943 ـ يىلى گومىنداڭ
شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلغاندا، ئۇ ھەيئەت
مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 10 ـ ئايدا چۇڭچىڭغا بېرىپ
گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا
قاتناشقان. 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گومىنداڭ شىنجاڭ
ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ باش كاتىپى خۇاڭ رۇلياڭ قا-
تارلىقلارنى قولغا ئالغان، شۇنىڭ بىلەن چۇڭچىڭ گو-
مىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى
مەھكىمىسىنى بىكار قىلىپ، شېڭ شىسەينى يۆتكەپ
دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىس-
تىرى قىلغان. 1945 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇل-
غان. 1949 ـ يىلى تەيۋەنگە بېرىپ «دۆلەت سىياسى-
تى» مەسلىھەتچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ «شىن-
جاڭدىكى ئون يىللىق ئەسلىمىلەر» ۋە «چېگرا رايوندى-
كى ئەيجەش ئەسلىمىلەر» دېگەن ئەسىرى بار.

ماجۇڭيىڭ (1911 ـ ؟) شىنجاڭدىكى ھەربىي
ئوفىتسېر. ئەسلى ئىسمى مابۇيىڭ، تاكسى، غەربىي
شىمال مىللىتارىستى مابۇفاڭ بىلەن ئارازلىشىپ قال-
غانلىقتىن ئىسمىنى ئۆزگەرتكەن. تەخەللۇسى زىسەي،
گەنسۇنىڭ خېجۇ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، خۇيزۇ.
1928 ـ يىلى باتالىيون كوماندىرى بولۇپ گەنسۇ ـ
نىڭشيا ـ چىڭخەي بىرلەشمە ئارمىيىسىنى قۇرۇپ ئۆزى
باش قوماندان بولغان. 1931 ـ يىلى مابۇفاڭ تەرىپى-
دىن زەربىگە ئۇچراپ گەنسۇنىڭ جيۇچۇەن دېگەن يېرى-
گە چېكىنگەن. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ قۇمۇل رايونىدا
جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ
پارتلىغان، ماجۇڭيىڭ قوشۇن باشلاپ شىنجاڭغا كىرىپ
ئۆلكە ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلغان. ئۇرۇش ئول-
جىلىرىنى تارتىۋالغاچقا، قۇمۇل قوراللىق قوزغىلاڭ-
چىلىرىنىڭ سەركەردىسى خوجانىياز ھاجىنىڭ نارازىلى-
قىنى قوزغىغان. گەنسۇغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن
1932 ـ يىلى يېڭى تۈزۈلگەن 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ
دىۋىزىيە كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1933 ـ يىلى
يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ دىخۇاغىچە (ئۈرۈم-
چى) قىستاپ بارغان. دىخۇادىكى «12 ـ ئاپرېل»
سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شەرقىي يولنىڭ باش
قوماندانى شېڭ شىسەي كۈچلۈك قوشۇننى قولىدا تۇ-
تۇپ تۇرغانلىقتىن نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى تەرىپى-
دىن چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ تەيىنلەنگەن. شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە ماجۇڭيىڭ شەرقىي شىنجاڭ گارنىزون
قوماندانى، ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى جاڭ

پېيىۋەن قوشۇمچە يېڭىدىن تۈزۈلگەن 8 ـ دىۋىزىيىنىڭ
كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن، بۇنىڭ بىلەن شەرق،
غەرب ئىككى تەرەپتىن شېڭ شىسەينى قىسىشتەك ۋەز-
يەت شەكىللەنگەن. 9 ـ ئايدا ئىككى تەرەپ ئۇرۇش
باشلىغان. شېڭ شىسەي جىددىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئالدى بىلەن جاڭ
پېيۈەنلى يوقىتىپ ئارقىدىنلا دىخۋانى (ئۈرۈمچى)
مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرغان. 1934 ـ يىلى بېشىدا
ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىن-
جاڭغا چېكىنىپ ئۈزلۈكسىز غەربكە مېڭىپ قەشقەرگى-
چە بېرىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»
نى بىتچىت قىلغان. ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقىلەش-
كەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قورال تاپشۇرۇپ سوۋېت ئىت-
تىپاقىغا چىقىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆگىنىشكە
يول قويۇلغان. 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى-
لىق ۋەزىپىسى ھەدىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەنگە قالغان.
ماخۇسەن قوشۇن باشلاپ خوتەنگە بېرىپ «خوتەن پادى-
شاھلىقى»نى ئاغدۇرغان. ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا بارغاندىن كېيىن ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەنگەن ھەم
ھەربىي ئەمەلدارلارنى تاللاپ ئەكېلىپ سوۋېت ئىتتىپا-
قىدا تۆۋەت بىلەن مەشقلەندۈرگەن. ياپونغا قارشى ئۇ-
رۇشنىڭ دەسلىپىدە ۋەتەنگە قايتىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىد-
غانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق 1938 ـ يىلى-
دىن كېيىن ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كەتكەن.

**خوجانىياز ھاجى (1887 ـ 1938)** مىنگو
دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،
شىنجاڭنىڭ قۇمۇلدىن، ئۇيغۇر. 1912 ـ يىلى قۇمۇل
ۋاڭىنىڭ ھاشىرىغا قارشى قوزغالغان دېھقانلار قوزغى-
لىڭىغا قاتناشقان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن
سىرتتا سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن يې-
قىن دوستىنىڭ كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق قۇمۇلغا قاي-
تىپ ۋاڭ ئوردىسى ياساۋۇللىرىنىڭ باشلىقى بولغان.
1931 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى يەنە بىر قېتىم قوزغى-
لىپ ۋاڭلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلغان. ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «مەمۇرىي تۈ-
زۈم بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش»نى يولغا قويغان،
ئەمما تەدبىرلەر ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئىشلار ئاس-
تىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، دېھقانلارنىڭ
قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ۋاڭ ئوردىسىدىكى كاتتىلار بۇ
پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىشنى چوڭايتقان. خوجانى-
ياز ھاجى ياساۋۇللىرىغا باشچىلىق قىلىپ ئۆلكە ئارمى-
يىسىنىڭ باستۇرۇشىنى چېكىندۈرۈپ سەردار بولغان.
ئۆلكە تەرەپ بىلەن بولغان سۆھبەتتە «ھاكىملارنى قاي-
تۇرۇپ ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» پىكرى-
نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېھقانلار كۆرۈشىنىڭ ئەسلىي
مەقسىتىگە مۇخالىپلىق قىلغان. بۇ چاغدا ئۆلۈپ كەت-
كەن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوغلى ئادەم ئەۋەتىپ گەنسۇدىكى
ماجۇڭيىڭنىھەمدەملىشىپ ئۇرۇش قىلىشقا باشلاپ
كەلگەن. ماجۇڭيىڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئىككى
تەرەپ يۈز ئۆرۈشكەن. 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماجۇڭ-
يىڭ 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ قالايمىقانچىلىقتىن
پايدىلىنىپ دىخۋانى (ئۈرۈمچىنى) قولغا كىرگۈزۈۋال-
ماقچى بولغان. دىخۋادىكى «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي
ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شەرقىي يول باش قوماندانى
شېڭ شىسەي كۈچلۈك قوشۇنغا تايىنىپ چېگرا مۇداپى-
ئە دۈبەنى بولۇۋالغان ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يارد-
مىگە ئېرىشىپ ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى تۇرپانغىچە
چېكىندۈرگەن. ماجۇڭيىڭ خوجانىياز ھاجىنى قىستاپ
ئاقسۇغىچە چېكىندۈرگەن. بۇ ۋاقىتتا قەشقەردە ئەنگلى-
يىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن سابىت داموللا «شەرقىي
تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرغان ھەم خو-
جانىياز ھاجىنى زۇڭتۇڭلۇققا سايلىغان. خوجانىياز ھا-
جى مەھمۇد مۇھىتىنى ئەۋەتكەندىن كېيىن، 1934 ـ
يىلى 1 ـ ئايدا قوشۇنلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كەلگەن.
2ـ ئاينىڭ بېشىدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇن-
لىرى قەشقەرگە كىرگەن. خوجانىياز ھاجى قارشىلىق
كۆرسىتەلمەي جۇڭگو ـ سوۋېت چېگراسى ئەتراپىغا
چېكىنگەن. سوۋېت تەرەپ ئۇنىڭغا «شەرقىي تۈركىس-
تان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ كاتتىۋېشىنى تۇتۇپ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرسە ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدىغانلىقى
ھەققىدە ۋەدە بەرگەن. 5 ـ ئايدا خوجانىياز ھاجى
ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سابىت داموللىنى تۇتۇپ بەر-
گەن، ئاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ يېڭى ۋەزىپىگە
ئولتۇرغان. بارلىق قوشۇنلىرىنى مەھمۇت مۇھىتىغا
تاپشۇرۇپ قەشقەردە قالدۇرغان. 1937ـ يىلى 10ـ ئاي-
دا مەھمۇت مۇھىتى سىرتقى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىك-
تۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن. خوجانىياز ھاجى چېتىلىپ
قېلىپ قولغا ئېلىنىپ كېيىنكى يىلى زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغان.

**يۇشيۇ سۇڭ (1899 ـ 1938)** ياپونغا قارشى
ئۇرۇش مەزگىلىدىكى شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى

تورۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى. ئەسلىي ئىسمى
شوسوڭ، تەخەللۇسى بوچىڭ، ئۆزگەرگەن ئىسمى ۋاڭ
شوچىڭ. جېجياڭنىڭ جوجى دېگەن يېرىدىن. 1916ـ
يىلى جېجياڭ ئۆلكىلىك 1 ـ دارىلمۇئەللىمىگە ئىمتىھ
ھان بېرىپ كىرگەن. 1920 ـ يىلى 8 ـ ئايدا



يۈشيۇسۇڭ

جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ شاڭخەي گۇ-
رۇپپىسىغا قاتنىشىپ سوت-
سىيالىستىك ياشلار ئىتتى-
پاقىنى قۇرۇپ، سېكرېتار
بولغان. كېيىنكى يىلى
موسكۋاغا بېرىپ ياشلار
ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ 2ـ
قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇل-
تىيىغا قاتناشقان. شىمالغا
يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى ۋا-
قىتىدا شەرقىي يول ئارمى-
يىسى باش قوماندانلىق شتابى مەسلىھەتچىلەر باشقار-
مىسىنىڭ كاتىپى بولغان. 1925 ـ يىلى 10 ـ ئايدا
سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرسىتې-
تى، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى، لېنىن ئىنستىتۇتىدا
ئوقۇغان ھەم ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، جۇڭ-
گو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ موسكۋادىكى ياچېيكى-
سىنىڭ ھەيئىتى بولغان. كېيىن ۋاڭ مىڭ قاتارلىقلار
تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ زەربىگە ئۇچرىغان. 1933ـ
يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ يىراق شەرقتىكى خابا-
روۋسكىدا خىزمەت قىلىپ خەنزۇچە چىقىدىغان «ئىش-
چىلار يولى» ژۇرنىلىدا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بول-
غان. 1935 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى
كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭ
چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەينىڭ بىرلىك سەپ
خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتى-
لىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسى-
نىڭ باش كاتىپى بولۇپ تەيىنلەنگەن. كېيىن يەنە شىن-
جاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا
مەكتەپنىڭ مۇدىرى، دۇبەن مەھكىمىسى سىياسىي تە-
لىم ـ تەربىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاۋ-
ئاتسىيە مەكتىپى ۋە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ سىيا-
سىي يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن.
«جاھانگىرلىككە قارشى فرونت» ژۇرنىلىنىڭ باش
تەھرىرى بولۇپ ئومۇمىي خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە قار-
شى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلغان. ئۆزى باش بولۇپ ئادەم
ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ قىيىناتىسىنىڭ جىنايەتلە-
رىنى ئېنىقلىغان. 1937 ـ يىلى قىشتا ۋاڭ مىڭ،
كاڭ شىڭلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ ئۈ-
رۈمچىگە كەلگەندە، ئۇ تىروتسكىچىلارنىڭ كاتتىۋېشى
دېگەن بەتنام بىلەن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئې-
لىنغان. 1937 ـ يىلى يازدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇ-
رۇلۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. دۆلەت قۇرۇلغاندىن
كېيىن ئىنقىلابىي قۇربان قاتارىدا سانالغان بولسىمۇ،
بىراق كاڭ شېڭنىڭ توسقانلىقى تۈپەيلى تەشۋىق قى-
لىپ تونۇشتۇرۇشقا يول قويۇلمىغان. 1978 ـ يىلى
نامى يۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

**دېڭ فا (1906.2.13 — 1946.4.8)**

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى جۇڭ-
گو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
ۋەكىلى. ئەسلىي ئىسمى دېڭ يۈنجاۋ، ئۆزگەرگەن
ئىسمى فاڭ لىن. گۇاڭدۇڭنىڭ يۈنفۇ دېگەن يېرىدىن.
1925 ـ يىلى كوزدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
گە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1927 ـ يىلى گۇاڭجۇ قوز-
غىلىڭىغا قاتناشقان. شياڭگاڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ
سېكرېتارى، شياڭگاڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسى،
گۇاڭجۇ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، گۇاڭدوڭ
ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتار-
لىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى 6 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مەركى-
زىي كومىتېت ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. 5 ـ
ئومۇمىي يىغىندا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو-
سىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا سايلانغان. ئۇزۇن سەپەر
ۋاقتىدا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا قاراشلىق
2 ـ ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوماندانى بولۇپ
تەيىنلەنگەن. 1936 ـ يىلى مەركەز تەرىپىدىن موسكۋا-
غا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالىنى كوممۇنىستىك ئىن-
تېرناتسىئونال يىغىنىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىل-
گەن ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوممۇ-
نىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمى-
كىدە خىزمەت قىلغان. 1937ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋەتەنگە
قايتىپ كېلىپ بۇيرۇققا بىنائەن چېن يۈننىڭ ئورنىغا
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇش-
لۇق ۋەكىلى ھەم 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇش-
لۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ تەيىن-
لەنگەن. مەركىزىي كومىتېتقا تەكلىپ بېرىپ ماۋزې-
مىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق كوممۇنىس-
تىك پارتىيە ئەزاسىنى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئې-
لىپ كەلگەن. ئۇلار ئاساسلىق شىنجاڭ گېزىتى، شىن-

جاڭ ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەدەنىيەت، مائارىپ ئورۇنلىرى ھەم مالىيە، باج ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلغان. خۇاڭ خوچىڭنى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان. يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرىدىكىلەردىن ۋە يەنئەن ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 40 دىن ئارتۇق كىشىنى ئاۋىئاتسىيە ھەربىي مەكتىپىگە كىرىپ تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرغان. چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەيگە تەكلىپ بېرىپ خوجىيەتنى تاشقورغان چېگرا مۇداپىئەسىگە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇلىياڭنى تاشقورغان ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىگەن. 1939 - يىلى 9 - ئايدا ئۆزىنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن چېن تيەنچيۇغا شېڭ شىسەينىڭ ئەسلى قىياپىتىنىڭ قارانىيەت مىللەتارىست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنئەنگە قايتقاندىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى، مەركىزىي خەلق ھەرىكىتى خىزمەت كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1945 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭگونىڭ ئازاد رايونلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋەكىل بولۇپ پارىژدا ئېچىلغان ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، دۇنيا ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش ئەزاسى، ئىجرائىيە ھەيئىتى بولۇپ سايلانغان. 1946 - يىلى چۇڭچىڭدىن يەنئەنگە قايتىش سەپىرىدە ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان.

**چېن تيەنچيۇ (1896.1.4 - 1943.9.27)**

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى. ئىسمى دېڭ، تەخەللۇسى يۇنشيەن، لەقىمى تيەنچيۇ. ئۆزگەرگەن ئىسمى شۇجې، خۇبېينىڭ خۇاڭگاڭ دېگەن يېرىدىن. 1919 - يىلى ۋۇچاڭ ئالىي دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن. 1921 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. 1924 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋۇخەن يەرلىك كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى، خۇبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1927 - يىلى جياڭشى ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 5 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان. 1930 - يىلى 9 - ئايدا مانجۇ ئۆلكىلىك كومىتېت سېكرېتارى بولغان، 12 - ئايدا قولغا ئېلىنغان. 1932 - يىلى يازدا تۈرمىدىن چىقىپ جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1933 - يىلى كۈزدە مەركىزىي سوۋېت رايونىغا بېرىپ فۇجيەن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى بولغان. كېيىنكى يىلى جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي ئىجرائىيە ئەزاسى بولغان. 1935 - يىلى كۈزدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىدە ئىشلىگەن. 1939 - يىلى يازدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ھەم 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولغان. بۇ ۋاقىتتا چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي ئاينىپ كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى چەتكە قېقىپ، زەربە بېرىشكە باشلىغان. چېن تيەنچيۇ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرغان. 1940 - يىلىنىڭ بېشىدا غەربىي يول ئارمىيەسى باش ئارماق ئەترىتىدىكى ئاۋىئاتسىيە ئەترىتى ئوقۇغۇچىلىرى ۋە بىر قىسىم كادىرلاردىن سىرت 300 نەچچە كىشىنى يەنئەنگە قايتۇرۇپ ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتكەن. ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى، خۇاڭ خوچىڭ ۋە بىر قىسىم كىشىلەر يەنئەنگە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقان. جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسىدىن كېيىن چېن تيەنچيۇ شىنجاڭ گېزىتىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە قارشى ئاشكارا تېلېگراما ئېلان قىلغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغىنىنىڭ 20 يىللىقىدا شىنجاڭ گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلغان ھەم ماۋزېدۇڭ، جۇدېلارنىڭ سۈرىتىنى باسقان. شۇ ئىشتىن كېيىن جياڭجېشى بىلەن شېڭ شىسەي تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، 1937 - يىلى شېڭ شىسەي «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ شىنجاڭدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى سولاپ رېجىمغا ئالغان. چېن تيەنچيۇ شېڭ شىسەي بىلەن توختىماي كۈرەش قىلىش بىلەن بىللە ئىچكى قىسمىغا



چېن تيەنچيۇ

نىسبەتەن تەربىيە ئېلىپ بارغان ھەم مەركىزىي كوم-
ىتېتنىڭ تېزرەك تەدبىر قوللىنىپ ئۆزلىرىنى چېكىند-
ۈرۈپ ئېلىپ كېتىشىنى ئىلتىماس قىلىپ تېلېگرامما
يوللىغان. مەركىزىي كومىتېتتىن چېكىنىپ كېتىشكە
قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى تېلېگرامما كەلگەن ۋاقىتتا
يەنئەنگە بارىدىغان يول ئاللىقاچان ئۈزۈلۈپ قالغانلىق-
تىن ئۆزئارا كېلىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنمەك-
چى بولغاندا، تۇيۇقسىز قولغا ئېلىنغان. ئۇ «ھەممە
بىر نىيەتتە بولۇش، كوللېكتىپ يەنئەنگە قايتىش»نى
ئوتتۇرىغا قويۇپ يولداشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تۈر-
مىدە كۆرەشنى توختاتمىغان. كېيىنكى يىلى 9 - ئاي-
نىڭ 27 - كۈنى مەخپىي ھالدا زىيانكەشلىككە ئۇچرى-
غان. ئېنىق ئۇچۇرى بولمىغانلىقتىن 1945 - يىلى
ئۇ يەنىلا 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ھەيئەت
ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن
كېيىن، جەسىتى ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار
قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈلگەن.

**ماۋزېمىن (1896.4.3 ~ 1943.3.27)**
ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى شىنجاڭ مالىيە
نازارىتىنىڭ نازىرى. تەخەللۇسى رۇيلىيەن، ئۆزگەرگەن
ئىسمى جۇ بىن. خۇنەننىڭ شياڭتەن دېگەن يېرىدىن.


ماۋزېمىن

1922 - يىلى جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسىگە ئە-
زا بولۇپ كىرگەن. شاڭ-
خەيدە جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ نەشر - تارقى-
تىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتو-
رى بولغان. «يول باشلىغۇ-
چى»، «جۇڭگو ياشلىرى»
قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرى-
نى بېسىشقا مەسئۇل بول-
غان. 1927 - يىلى خەنكۇ-
دىكى مىنگو گېزىتخانىسىنىڭ دىرېكتورى بولغان.
تيەنجىندە خۇاشىن باسما زاۋۇتىنى قۇرغان. 1931 -
يىلى 7 - ئايدا فۇجيەن - گۇاڭدۇڭ - جياڭشى تايانچ
بازىسى ھەربىي رايون ئىقتىساد بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1932 - يىلى جۇڭخۇا سوۋېت
جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى دۆلەت
بانكىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1934 - يى-
لى ئۇزۇن سەپەر ۋاقتىدا قىزىل ئارمىيە 1 - يۈنۈلۈش
ئارمىيىسى 3 - ئەترىتىنىڭ كوماندىرلىق ۋەزىپىسىنى
ئۆتىگەن. شەنشىنىڭ شىمالىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن
مەركىزىي ئىشچى - دېھقان دېموكراتىك ھۆكۈمىتى-
نىڭ مىللىي ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بول-
غان. 1938 - يىلى 2 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا
كېسەل كۆرسىتىشكە بېرىپ شىنجاڭدىن ئۆتكەندە چېگ-
را مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن شىنجاڭدا
قېلىپ ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ خىزمىتىنى
قانات يايدۇرغان. مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى،
مۇۋەققەت نازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە
ئۆلكىلىك بانكىنى پاي ھەسسىدارلىق سودا بانكىسى
قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرغان ھەم تىجارەت ئورگانلىرىنى
كېڭەيتىپ قۇرۇپ، پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى قىلىپ
«سەر»نى «يۈەن»گە ئۆزگەرتىپ يېڭى پۇل تارقاتقان.
باج تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى
باج ئىدارىلىرىنى مالىيە ئىدارىسىدىن ئايرىۋەتكەن.
ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. قۇرۇ-
لۇش زايومىنى تارقىتىپ ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى-
نى قوللىغان. 1941 - يىلى 7 - ئايدا خەلق ئىشلار
نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى بولۇپ يۆتكىلىپ، نە-
زامنامە تۈزۈپ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئاساسىي
قاتلام ئورگانلىرىنىڭ نامىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.
سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ چىڭ سۇلالىسىدىن قې-
لىپ قالغان خوشۇن، بارگاھ ۋە ۋاڭلىق تۈزۈملىرىنى
ھەم مىڭبېشى، يېزا بەگلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىكار
قىلغان. 1942 - يىلى 9 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپى-
دىن قولغا ئېلىنىپ قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ
كېيىن ئۈرۈمچىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. شىنجاڭ
تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن جەسىتى ئۈ-
رۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا يۆتكەپ
دەپنە قىلىنغان.

**لىن جىلۇ (1916.4.17 ~ 1943.9.27)**
ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى شىنجاڭ ئىنستى-
تۇتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى. ئەسلىي ئىس-
مى لىن ۋېيلياڭ، گۇاڭدۇڭنىڭ تەيشەن دېگەن يېرى-
دىن، 1933 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە شاڭخەي جىنەن
ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە كوممۇ-
نىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن. كۈز-
دە داشيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئو-
قۇشقا كىرگەن. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىق-
تىن ھۆكۈمەت دىققەت قىلىشقا باشلىغان. 1934 -
يىلى ياپونىيىگە بېرىپ مېيجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇ-

غان. يەنە داۋاملىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە ئىشتىراك
قىلغان. 1935 - يىلى يازلىق تەتىلدە ۋەتەنگە قايتىپ
كېلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ
كىرگەن. كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
توكيو ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان. 1937 -



لى جىلۇ

يىلى يازدا شاڭخەيگە قايتىپ
كەلگەن. «7 - ئىيۇل»
ۋەقەسىدىن كېيىن يەنئەنگە
بېرىپ مەركىزىي پارتىيە
مەكتىپىدە ئوقۇغان.
1938- يىلى شىنجاڭدا
خىزمەت قىلىشتا ئەۋەتىل-
گەن ھەم شىنجاڭ ئىنستى-
تۇتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى-
نىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىن-
لەنگەن. يەنئەندىكى مەك-
تەپ تەلىمىگە تەقلىد قى-
لىپ «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئاددىي -
ساددا بولۇش، جۇشقۇن بولۇش» تىن مەكتەپ تەلىمىنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىسىنى «ياپونغا
قارشى تۇرۇپ دۆلەتنى قۇتقۇزۇش كۈنى» قىلىپ بې-
كىتكەن. 1939 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاقسۇ مائارىپ
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ يۆتكەلگەن. يېرىم يىلدىن
كېيىن يەنە كۇچانىڭ ھاكىمى بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ
ۋاقىتتا ئۇ بۇزۇلغان توسما - توغانلارنى ياسىتىپ،
يېڭىدىن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ، كوچا دەر-
ياسى كۆۋرۈكىنى قايتىدىن ياسىتىپ «قەدىمى ئۆتكەل
كۇسەن يېڭى ئىتتىپاق كۆۋرۈكى» دەپ نام بەرگەن.
1941 - يىلى 6 - ئايدا دىخۇاغا (ئۈرۈمچىگە) يۆتكەپ
كېلىنگەن. چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەينىڭ
كاتىپى بولۇشقا ئۇنىمىغانلىقتىن 1942 - يىلى 1 -
ئايدا ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ يۆتكەل-
گەن. يازدا يەنە دىخۇاغا (ئۈرۈمچىگە) كېلىپ 9 - ئايدا
رېجىم ئاستىغا ئېلىنغان. كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا
تۈرمىگە تاشلىنىپ، 9 - ئايدا زىيانكەشلىككە ئۇچرى-
غان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن
جەسىتى ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستاد-
لىقىغا يۆتكەپ دەپنە قىلىنغان. تۈرمىدە يازغان «مەھ-
بۇسلار ناخشىسى» كېيىن «ئىنقىلابىي قۇربانلار شې-
ئىرلىرى» غا كىرگۈزۈلگەن.

**دۇجۇڭيۈەن (1898.4.27 ~ 1943.5)**
ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زات. جىلىننىڭ خۇيدې دېگەن
يېرىدىن، ياپونىيىدە ئوقۇغان. 1923 - يىلى شېنياڭغا
قايتىپ كېلىپ فارفورچىلىق شىركىتى قۇرغان.
«18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇ شەرقىي شى-
مال خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ دۆلەتنى قۇتقۇ-
زۇش ئويۇشمىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلى-
قى بولغان. 1934 - يىلى شاڭخەيدە «يېڭى ھايات»
ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدا «پادىشاھ ھەققىدە پا-
راڭ» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ياپونلار-
نىڭ يولسىزلارچە قارشىلىقىغا ئۇچراپ، گومىنداڭ ھۆ-
كۈمىتى تەرىپىدىن بىر يىلدىن ئارتۇقراق تۈرمىگە سو-
لانغان. 1936 - يىلى 9- ئايدا قويۇپ بېرىلگەندىن
كېيىن شىئەنگە بارغان. شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن يەنە
رېجىم ئاستىغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ شىنجاڭ چېگرا مۇدا-
پىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي بىلەن كونا دوستلۇق مۇناسى-
ۋىتى بولغاچقا ھەم «ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى» قوللى-
غاچقا 1937 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭنى زىيارەت
قىلىشقا كەلگەن. ۋۇخەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
«ياپونغا قارشى ئۇرۇش» ژۇرنىلىدا «شىنجاڭغا بېرىڭ-
لار» ناملىق ئۇزۇن ماقالىسىنى ئۇلاپ ئېلان قىلىن-
غان. كېيىنكى يىلى ئۇ بۇ ماقالىنى رەتلەپ «شېڭ
شىسەي ۋە يېڭى شىنجاڭ» ناملىق كىتابچە قىلغان.
يازدا يەنە ئۈرۈمچىدە يېرىم ئاي زىيارەتتە بولغان.
1938 - يىلى 10 - ئايدا تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا
كېلىپ 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ
«تەڭرىتېغىغا ئۈچ قېتىم سەپەر» ناملىق ئۇزۇن ماقالى-
سىنى «ئومۇمىي خەلق ياپونغا قارشى تۇرۇش» دېگەن
ژۇرنالدا ئۇلاپ ئېلان قىلغان. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ
تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى
قوشۇمچە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى
بولۇشقا قوشۇلغان. چۇڭچىڭغا قايتقاندىن كې-
يىن 1939 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە ئائىلىسىنى
ئېلىپ كېلىپ يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان. ئۇ ماۋدۇن،
جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ مەكتەپتە
دەرس ئۆتكۈزگەن. جاۋدەن، ۋاڭ ۋېيى قاتارلىقلارنى
تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزگەن ھەم مەدەنىيەت پائا-
لىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇرغان. شياڭگاڭ قاتارلىق
جايلاردىن كىتاب سېتىۋېلىپ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنى
تولۇقلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلى-
رىمۇ بار ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسىگە قارشى تۇرۇشتەك ئەپت - بەشىرىسى
ئاشكارىلانغاندىن كېيىن 10 - ئايدا خىزمىتىدىن ئىس-
تىپا بېرىپ قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغاندا رېجىم
ئاستىغا ئېلىنغان. 1940 - يىلى 5 - ئايدا رەسمىي

قولغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا كەل-
گۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا چېتىلىپ قولغا ئېلىن-
غان. 1943 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئۇنى زىياپەت بېرىپ
زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن.

**ۋۇجوڭشىن (1884.3.15 ~ 1959.12.16)**
مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى. تە-
خەللۇسى لى چىن، ئەنخۇينىڭ خېفېي دېگەن يېرىدىن.
دەسلەپتە ياپونىيىدە ئوقۇغان. ئىتتىپاقداشلار جەمئىيى-
تىگە كىرىپ، شىنخەي ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئەنجىڭ
ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، شائخەي ساقچى
نازارىتىنىڭ نازىرى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ
ھەيئەتتى ھەم تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ھەيئە-
تى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، گۈيجۇ ئۆلكى-
سىنىڭ رەئىسى، موڭغۇل ـ تىبەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1942 ـ يىلى جياڭ
جېيشىنىڭ ئايالى سۇڭ مېيلىڭغا ھەمراھ بولۇپ شىن-
جاڭغا كېلىپ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي
بىلەن كۆرۈشكەن. 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ
ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ ئىلاھى قانۇن، ئادەم-
گەرچىلىك، دۆلەت قانۇنى قاتارلىق ئۈچ سۆزنى ئۆزى-
نىڭ ئىش بېجىرىشتىكى پرىنسىپى قىلغان. يەنە «مىل-
لەتلەر»نىڭ ئۆزئارا ئىشىنىشىنى كۈچەيتىش، دىنىي
ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، خەلقنى خا-
تىرجەم قىلىش ئۈچۈن يۇرتنى تىنچلاندۇرۇش، خەلق-
نىڭ تۇرمۇشىغا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۇلنىڭ ئىناۋى-
تىنى ساقلاشتەك ئوت ئوقتىنى سىياسەت يۈرگۈزۈش
مىزانى قىلغان. «تۇرمىدىكى زاتلارنى قويۇپ بېرىش،
يەرلىكنى خاتىرجەملەندۈرۈش، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن
ئىناق ئۆتۈش»نى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى ئۈچ
ئۆرنەك قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا نىسبەتەن
«باستۇرۇش ھەم يارىشىش»نى تەڭ قوللىنىشنى تەشەب-
بۇس قىلغان بولسىمۇ، بىراق قەدەممۇ قەدەم مەغلۇپ
بولۇپ ماناسنىڭ شەرقىگىچە چېكىنگەن. شىنجاڭنى
ئىدارە قىلىشتىكى تەدبىرلىرى مەغلۇپ بولغانلىقتىن
1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىستېپا سوراپ قايتىپ كەت-
كەن. كېيىن زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچى-
سى، زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى بولغان. 1949 ـ
يىلى تەيۋەنگە بېرىپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گومىن-
داڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باھالاش ھەيئىتى، ئىن-
تىزام كومىتېتىنىڭ مۇدىر ھەيئىتى بولۇپ تەيىنلەن-
گەن. «ۋۇجوڭشىننىڭ شىنجاڭ خاتىرىلىرى» دېگەن
ئەسىرى بار.

**ل. مۇتەللىپ (1922 ـ 1945)** ئۇيغۇر شائى-
رى. تولۇق ئىسمى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تەخەللۇسى
قاينام ئۆركىشى. شىنجاڭنىڭ نىلقىدىن، ئىلىدىكى
رۇس ئوتتۇرا مەكتىپىدە، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دا-
رىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. كېيىن شىنجاڭ گېزىتخانى-
سىدا خىزمەت قىلغان. ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە
گېزىتخانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىگە ئۇچرى-
غان. ياپونغا قارشى تۇرۇش تېما قىلىنغان نۇرغۇن
شېئىرنى ئىجاد قىلغان. گومىنداڭ كەلتۈرۈپ چىقار-
غان «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى»نى ئەيىبلىگەنلىكى ئۈ-
چۈن گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان چېگرا مۇدا-
پىئە دۇبەنى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئاقسۇ گېزىتخانى-
سىغا يۆتكىۋېتىلگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئىلىدىن
باشلىنىپ تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ جەنۇبىي سەپتە ئۇ-
رۇش باشلىغاندا، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەخپىي
«ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنى قۇرۇپ قوراللىق
كۆچ توپلاپ ئىنقىلابقا ماسلاشقان. خائىنلارنىڭ ئاشكا-
رىلىشى بىلەن قولغا ئېلىنىپ 9 ـ ئايدا باتۇرلارچە
قۇربان بولغان. 1956 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ
ئېنىق ئالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى رەتلىنىپ «ل. مۇ-
تەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانما» قىلىپ نەشر قىلىن-
غان.

**ئېلىخان تۆرە (1885 ـ 1976)** دىنىي زات،
سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئۆزبېك. توقماقتا (بۈگۈنكى قىر-
غىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە) تۇغۇلغان. سەئۇدى ئەرە-
بىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە دىن ۋە دوختۇرلۇقنى ئۆ-
گەنگەن. ئەنجانغا (بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيى-
تىدە) قايتىپ كېلىپ دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللان-
غان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن پانئىسلامىزم تەش-
كىلاتىنى قۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستلارغا
قارشى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1924 ـ يىلى
قولغا ئېلىنغان. كېيىن شىنجاڭ رايونىغا قېچىپ كې-
لىپ كۇچا قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان.
1929 ـ يىلى ئىلىغا كېلىپ دىن ۋە دوختۇرلۇق بىلەن
شۇغۇللانغان. 1937 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرى-
پىدىن قولغا ئېلىنىپ 1940 ـ يىلى قويۇپ بېرىلگەن.
كېيىن ئىلىدىكى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ چوڭ ئىمامى
بولۇپ خەلقنى «غازات» قىلىشقا قۇترىتىپ، خەنزۇلار-
غا قارشى تۇرۇپ ئۇلارنى چەتكە قېقىپ، «شەرقىي
تۈركىستان مۇستەقىللىقى»نى تەشەببۇس قىلىپ،

جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى پارچىلىماقچى بولغان. 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسى بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مارشال بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشىغا قارشى تۇرغان ھەم ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» دەپ ئۆزگەرتىپ، جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارچىلىماقچى بولغان. 1946 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى تەرىپىدىن دۆلىتىگە قايتۇرۇلغان.

ئىۋان ياكوۋلېۋىچ پالىنوف رۇس، چاررۇسىيەنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئاتلىقلار روتىسىنىڭ كوماندىرى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلىدا تۇرۇپ قالغان. شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى گىرازدانلىقىنى مەخپىي ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ 1937 ـ يىلى قولغا ئېلىنغان. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى ئامال قىلىپ قۇتۇلدۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچۇرۇۋەتكەن. شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتىپ ياردەم بەرگەندە ئۇنى ھەر قايسى پارتىزانلارنىڭ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىشىغا قوماندانلىق قىلىشقا تەيىنلىگەن. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پارتىزانلار ئەترىتى مىللىي ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە، ئۇ گېنېرال لېيتېنانت دەرىجىلىك باش قوماندان بولغان. ئۈچ يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشتا ئۇ شىمالىي فرونتقا قوماندانلىق قىلىپ يەرلىكتىكى قوراللىق پارتىزانلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن چۆچەكنى ئېلىپ ئالتايغا قىلىدىغان ھۇجۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال جەنۇبقا بېرىپ ئوتتۇرا فرونتقا ھەمدەم بولۇپ شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم شەھەر شىخونى ئېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىلگىرىلەپ ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا بېرىپ گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالىغاندىن كېيىن باشقا ھەربىي ئوفىتسېرلار بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

ئەخمەتجان قاسىمى (1914.4.14~1949.8.27)


ئەخمەتجان قاسىمى

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ئاساسلىق رەھبىرى. غۇلجىلىق ئۇيغۇر. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئاتىسىغا ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان. 1936 ـ يىلى موسكۋادىكى شەرق سوتسىيالىزمچىلار ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1942 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىلىدا ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاچ ئىنقىلاب ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان. 1943 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىدىكى 2 ـ تۈرمىگە قامالغان. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلگەن. ئىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پارتىزانلارغا قېتىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى بىلەن بولغان كۆرەشكە ئاتلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن گېزىتخانىدا تەھرىر، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» گە ئىمزا قويغان. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1947 ـ يىلى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان باشقا خادىملار بىلەن بىرلىكتە ئىلىغا قايتىپ كەتكەن. ئۈچ ۋىلايەتتە بارلىق ئىشلارغا ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خاتالىقىنى تۈزىتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرىنى، ئازادلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلغان. شىنجاڭدىكى بارلىق مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تىنچلىق بىتىمىنى قوغداش ئۈچۈن، 1948 ـ

يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭدا تىنچلىقنى ـ خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا رەئىس بولغان. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەييارلىق يىغىنىغا قاتنىشى ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايلىنىپ بېيجىڭغا بارغۇچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى بايقال تاغلىرى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان. ماۋزېدۇڭ تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن ھەم ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىنىڭ تېكىستىنى يېزىپ بەرگەن. جەسىتى غۇلجىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ «ئەخمەتجان قاسىمى ئەسەرلىرى توپلىمى» بار.

### ئابدۇكېرىم ئاببาسوف (1921.9~1949.8.27)

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، شىنجاڭنىڭ ئاتۇشتىن، ئۇيغۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پىرژىۋالىسكىدا (بۈگۈنكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە) تۇغۇلغان، ئالتە ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگىشىپ ئىلىغا كېلىپ، 1936 ـ يىلى قىشتا ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆلكىلىك بىرىنچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 1938 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ



ئابدۇكېرىم ئابباسوف

ئوقۇغان. 1942 ـ يىلى غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ۋالىي مەھكىمىسىدە تەرجىمان بولغان. 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرىپ 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتىزانلارنى باشلاپ غۇلجىغا ھۇجۇم قىلغان. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ جەنۇبىي فرونتتىكى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. 1946 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەخپىي ھالدا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى قۇرغان. 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە باش كاتىپ بولغان. 11 ـ ئايدا نەنجىڭغا «مىللىي قۇرۇلتاي» غا قاتنىشىشقا بېرىپ مەخپىي ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى زىيارەت قىلىپ دۇڭ بىۋۇدىن يوليورۇق سورىغان ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تېلېگراف ئالاقىچىسى پىڭ گۇئەننى غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەن. 1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دۇڭ بىۋۇ يەتكۈزگەن مەركىزىي كومىتېت يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنى بىرلەشتۈرۈپ دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيە قىلىپ ئۆزى رەئىس بولغان. غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىنى شىنجاڭدا تىنچلىقنى خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىغا قوشۇپ، مەركىزىي كومىتېت ھەيئىتى، قوشۇمچە ئاخبارات ئاشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن بېيجىڭدىكى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا بېرىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايلىنىپ ماڭغاندا ۋەقەگە ئۇچراپ قازا قىلغان. جەسىتى غۇلجىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

### دەلىلقان سۇگۇرباييېف (1906~81949.8.27)

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭنىڭ ئالتايدىن، قازاق. 1921 ـ يىلى



دەلىلقان سۇگۇرباييېف

ئاق ئورۇس باندىتلىرى شىنجاڭغا ئۇسۇپ كىرگەندە قوشكېزەك ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ باندىتلارنى يوقىتىشىغا يول باشلىغۇچى بولغان. 1937 ـ يىلى ئالتاي رايونىدىكى قازاق ـ قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولغان. 1940 ـ يىلى سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) نامىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولغان.

1941 ـ يىلى «فورال ئىنقىلابى»غا قارشى كۆرەش پارتلىغاندا قولغا ئېلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يوشۇرۇنچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالمۇتاغا قېچىپ بېرىپ ئوقۇشقا كىرگەن. 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئالتاي پارتىزانلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. 10 ـ ئايدا ئالتاي ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى بولغان. 1945 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئىتى قوشۇمچە ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئالتاينىڭ ۋالىيسى، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭدا تىنچلىقنى خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە ماڭغاندا ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان. جەسىتى ئالتاي شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

**ئىسھاقبېك مونونوف (1902~27.8.1949)** شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭنىڭ ئۈلۈغچات دېگەن يېرىدىن، قىرغىز. بۇرۇن دادىسىغا ئەگىشىپ روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سودا بىلەن شۇغۇللانغان. 1925 ـ يىلى چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا كىرىپ ئەسكەر بولغان. 1928 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ فرۇنزىدا (قىرغىزستاندىكى بىشكەك) ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەنگەن. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چېگرا قاراۋۇلخانىسىدا كاتىپ، ئەترەت باشلىقى بولغان. 1934 ـ يىلى قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قالدۇقى ئۆزاربېك قاتارلىق باندىتلارنى باستۇرغان. 1935 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈلۈغچات ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1937 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتى، ماخۇسەن توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا قاتنىشىپ ئاتلىقلار برىگادىسىنىڭ كوماندىرى بولۇپ قەشقەردە تۇرغان. 1940 ـ يىلىنىڭ دەسلەپىدە ئىلىدىكى قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1942 ـ يىلىنىڭ دەسلەپىدە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. كېيىن چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ تاشقورغان ئازادلىق تەشكىلاتى ۋە پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇرغان. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قوشۇننى باشلاپ ئىلىغا كېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيە 1 ـ ئاتلىقلار پولكىنىڭ كوماندىرى بولغان ھەم گېنېرال مايور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇزاق ئۆتمەي گېنېرال لېيتېنانتلىققا كۆتۈرۈلگەن. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئىتى بولغان. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى بولغان. 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداش مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭدا تىنچلىقنى ـ خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بېيجىڭغا ماڭغاندا ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان. جەسىتى غۇلجىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.



ئىسھاقبېك مونونوف

**لوجى (1915~1949.8.27)** ئىنقىلابىي قۇربان. ئەسلىي ئىسمى لوچاڭشىڭ، خەنزۇ. گۇاڭدۇڭنىڭ گاۋمىڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1931 ـ يىلىدىكى «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن جىلىن قوغدىنىش ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ ياپونغا قارشى تۇرغان. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنىپ، 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋەتەنگە قايتىپ شىنجاڭغا كەلگەن. 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاشكەنتكە ئوقۇشقا بارغان. كېيىن مەجبۇرىي ھالدا شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە قامالغان. يېرىم يىلدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. 1938 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىساد فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان ھەم ئۇ-

نىڭ مەزكۇر مەكتەپتىكى تارماق ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋى-
قات ھەيئىتى بولغان. 1940 - يىلى قابا ناھىيىسى
مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1942 - يىلى
يازدا سارسۇمبە ناھىيىسىگە (ئالتاي شەھىرى) يۆتكە-
لىپ تەلىم - تەربىيە مۇدىرى بولغان. كېيىنكى يىلى
قولغا ئېلىنىپ كېيىنلىك
بىلەن تۈرمىدىن چىققاندىن
كېيىن قاراشەھەر ساقچى
ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن.
1944 - يىلى 5 - ئايدا يەنە
قولغا ئېلىنغان. 1945 -
يىلى ئەتىيازدا گۇناھسىز
دەپ قويۇپ بېرىلگەن.
1946 - يىلى جۇڭگو -
سوۋېت مەدەنىيەت جەمئى-
يىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئى-
يىتىدە خىزمەت قىلغان.



لوجى

شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار
ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرىپ تەشۋىقات ئىشلىرىغا
مەسئۇل بولغان. 1947 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ
دېموكراتىك ئىنقىلابىي پارتىيىسى قۇرۇلغاندا مەركە-
زىي كومىتېت ھەيئىتى قوشۇمچە دىخۋا رايونلۇق (ئۈ-
رۈمچى) پارتكومىنىڭ سېكرېتارى بولغان. مەخپىي تار-
قىتىلىدىغان «كۈرەش» ژۇرنىلىنى چىقارغان. 1949-
يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەر-
كىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگو خەلق
سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈ-
چۈن ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايلىنىپ
بېيجىڭغا ماڭغاندا ھادىسىگە ئۇچراپ قازا قىلغان. جە-
سىتى غۇلجا شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىس-
تانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## جاڭ جىجوڭ (1890 ~ 1969.4.6)

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گېنېرالى، تەرەققىيپەرۋەر
زات. ئەسلىي ئىسمى بىن ياۋ، تەخەللۇسى ۋېن بەي.
ئەنخۇيىنىڭ زىشەن دېگەن يېرىدىن. شىنخەي ئىنقىلابى
ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىغا قاتناشقان. 1916 -
يىلى باۋدىڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن.
1924 - يىلىدىن كېيىن خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى
ئوقۇغۇچىلار پولكىنىڭ كوماندىرى، ئوفىتسېرلار پول-
كىنىڭ كوماندىرى بولغان. 1926 - يىلى شىمالغا
يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1928 - يىلىدىن
كېيىن مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە 5 - كورپۇسىنىڭ
كوماندىرى، 9- بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1937 - يىلى
شاڭخەيدە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، كوممۇ-
نىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىشنى
تەشەببۇس قىلغان. 11 - ئايدا خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ
رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1940 - يىلى مىللىي
ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈ-
مىنىڭ باشلىقى بولغان.



جاڭ جىجۇڭ
1946 - يىلى شىنجاڭدا

ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلى-
بە قىلغاندىن كېيىن تىنچ-
لىق ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى مەركە-
زىي كومىتېتى ئۇرۇشلۇق
يەنئەنگە ئۈچ قېتىم بارغان.
1945 - يىلى گومىنداڭ
مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ
ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈچ ۋىلا-
يەت ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھ-
بەت ئۆتكۈزۈپ 1946 -
يىلى «11 ماددىلىق تىنچ-
لىق بىتىمى»نى ئىمزالى-
غان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قى-
لىنغاندىن كېيىن غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ
مۇدىرى قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسى بولغان. ئۇ «تىنچ-
لىق، دېموكراتىيە، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق»تىن ئىبا-
رەت سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوۋېت
ئىتتىپاقى بىلەن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى ياخشى-
لاشقا تىرىشىپ، تۈرمىدىكى بارلىق جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى ئەزالىرىنى قويۇپ بېرىپ يەنئەنگە يولغا
سېلىپ، تۈرمىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ئىلغار زات-
لارنى قويۇپ بەرگەن. 1947 - يىلى 5 - ئايدا ئۆلكە
رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بېرىپ شىنجاڭدىن ئايرىلغان
بولسىمۇ، ئىزچىل تۈردە شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل
بۆلۈپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
ياخشىلاش ئۈچۈن ئامال قىلىپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي،
مەمۇرىي رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرغان. 1949 - يىلى
4 - ئايدا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوت-
تۇرىسىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى بەربات بولغاندىن كې-
يىن گومىنداڭنىڭ تونجى سۆھبەت ۋەكىلى سۈپىتىدە
بېيجىڭدا قېپقالغان. 9 - ئايدا ماۋزېدۇڭنىڭ كۆرسەت-
مىسى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار-
لاردىن تاۋسىيو، بۇرھانلارغا تېلېگرامما يوللاپ ئۇلار-
نىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان. جۇڭ-

خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» دېگەن ئەسىرى بار.

**مەسئۇد (1888 ـ 1950)** مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى. تولۇق ئىسمى مەسئۇد سەبرى، غۇلجىلىق ئۇيغۇر. 1904 ـ يىلى تۈركىيىدىكى كونستانتىنوپول تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1915 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلىدا مەكتەپ ئېچىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن جەكلەنگەن ۋە قولغا ئېلىنغان. 1934 ـ يىلى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن. 1935 ـ يىلى قايتىپ كېلىپ نەنجىڭ مىللىي ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمىدە تىل ئوقۇتقۇچىسى، مىللىي ھۆكۈمەت قانۇن تۈزگۈچى كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، گومىنداڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى بولغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چۇڭچىڭغا بېرىپ مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن ژۇرنال چىقىرىپ، يۇرتلۇقلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى مەسىلىسىدە ماقالە ئۇرۇشى قوزغىغان. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دىخۇاغا (ئۈرۈمچىگە) قايتىپ كېلىپ، 1946 ـ يىلى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەم داۋاملىق دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تۈرلۈك سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولغان. 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلگەن.

**مۇھەممەتئىمىن (1901 ـ 1965)** مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تولۇق ئىسمى مۇھەممەتئىمىن بۇغرا. شىنجاڭنىڭ لوپ ناھىيىسىدىن، ئۇيغۇر. 1933 ـ يىلى 2 ـ ئايدا توپىلاڭ قوزغاپ قاراقاش، خوتەنلەرنى ئىگىلەپ خوتەن خانى بولغان. ئەنگلىيىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن سابىت داموللا قەشقەردە قۇرغان قورچاق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە قاتناشقان. كېيىنكى يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بۇ قورچاق ھاكىمىيەت قەشقەردىكى ئەسكەر ـ خەلقلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندا، خوتەنگە قېچىپ بېرىپ «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» (يەنە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى قۇرۇپ ئىنىسىنى مەنسۇرنى پاشا (خان) قىلغان. 10 ـ ئايدا 36 ـ دىۋىزىيىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. 1935 ـ يىلى ئافغانىستانغا بېرىپ ياپونىيە ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە ھەمكارلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، تارىخنى بۇرمىلاپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتقان. 1943 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ چۇڭچىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي تەپتىش كومىتېتىنىڭ كاندىدات ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. مەسئۇد بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى مەسىلىسىدە ماقالە ئۇرۇشى قوزغىغان. 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئالتاي نەشرىياتىنى قۇرۇپ باش مۇھەررىر بولغان. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تەمرات نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ھىندىستانغا قېچىپ بېرىپ داۋاملىق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

**ئەيسا (1909 ـ 1994)** مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، تولۇق ئىسمى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن، شىنجاڭنىڭ يېڭىسارىدىن، ئۇيغۇر. 1924 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانى بولغان. 1928 ـ يىلى جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنتتىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كاتىپى، قوشۇمچە تەرجىمانى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1933 ـ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ نەنجىڭغا بېرىپ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قانۇن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. كېيىن ھەربىي ئىشلار كومىتېتى مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمىنىڭ

ئالاقىچىلار گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن ھەم مىللىي ھۆكۈ-
مەت قانۇن تۈرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى بولغان.
«چېگرا ئاۋازى» ژۇرنىلىنى (كېيىن «تەڭرىتاغ» دەپ
ئۆزگەرتىلگەن) چىقىرىپ قورچاق «شەرقىي تۈركىس-
تان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بۆلۈنمىچىلىك پاراكەن-
دىچىلىكىگە جور بولۇپ، ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجا-
ۋۇز قىلىشىغا يول كۆرسەتكەن. ياپونغا قارشى ئۇرۇش
پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭچىڭغا بېرىپ، خەنزۇچە
«ئالتاي» ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى مىللەت-
لەرنىڭ تارىخى مەسىلىسى ھەققىدە مۇنازىرە ئۇرۇشى
قوزغىغان. 1945 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭغا قايتىپ
كېلىپ سەنمىنجۇيىچى ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ شۆبە-
سىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1946 - يىلى 7 - ئايدا
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، 1947 - يىلى
كۆزدە گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىر ھەيئىتى بولغان. «ئالتاي» ئايلىق ژۇرنى-
لى تەھرىراتىنى «ئالتاي نەشرىياتى» غا ئۆزگەرتىپ،
نەشرىيات باشلىقى بولۇپ، داۋاملىق ئۇيغۇرچە «ئال-
تاي» ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقىرىپ، مەسئۇدنىڭ «ئەرك
گېزىتى» نى چىقىرىشىغا ھەمدەم بولغان. 1948 - يىلى
«چىنى تۈركىستان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقار-
غان. 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن
ئازاد بولۇش ھارپىسىدا چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ،
1954 - يىلى تۈركىيىدە ئولتۇراقلىشىپ، «شەرقىي
تۈركىستان مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ،
«شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» نى چىقىرىپ، داۋاملىق
بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن
شۇغۇللانغان.

# جۇغراپىيە

شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى شىنجاڭنىڭ قىسقارتىلغان نامى شىن، ئورنى ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان. شىمالىي قىسمى موڭغۇلىيە، روسىيىلەر بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي قىسمى قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان بىلەن قوشنا، غەربىي جەنۇب قىسمى ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستان (كەشمىر) بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5400 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. شەرقىي جەنۇب قىسمى گەنسۇ، چىڭخەي بىلەن، جەنۇبىي قىسمى شىزاڭ بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: ئەڭ شىمالى شىمالىي كەڭلىك 49°10′45″، ئەڭ جەنۇبى شىمالىي كەڭلىك 34°15′ بولۇپ، 15° قا يېقىن كەڭلىككە سوزۇلغان؛ ئەڭ شەرقى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 96°25′، ئەڭ غەربى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 73°20′41″ بولۇپ، 23° تىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتا يېيىلغان. پۈتكۈل ئاپتونوم رايوننىڭ شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى 1900 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى 1500 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ؛ ئومۇمىي يەر مەيدانى 1 مىليون 660 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ تەخمىنەن ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ ئۆلكىسى ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلىشىشى، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق بولۇشى، ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرۇشى، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن ئىبارەت غايەت زور كۆتۈرۈلمىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تۈرلۈك تەبىئەت ئامىللىرى ۋە تەبىئىي ئۇنىۋېرسال گەۋدە شۈبھىسىزكى، بۇ رايوننى روشەن تىپىك قۇرغاق مۇھىتقا ئىگە قىلغان. بۇ خىل قۇرغاق مۇھىت شىنجاڭنىڭ تەبىئىي لاندشافتىنى تىپىك قۇرغاق ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭلىقلارمۇ ئەنە شۇنداق ئېغىر قۇرغاق مۇھىت بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرغان، تىرىكچىلىك قىلىپ ئاۋۇغان.

گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، گېئومورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ئېنىق شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك تەرەققىيات تارىخى ئۇزۇن، گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، رايونلۇق قۇرۇلما بىرلىكلىرى قەدىمىي بولۇپ، ھەرقايسى چوڭ پلاتفورمىلار بىلەن گېئوسىنكلىناللار ئوخشاش بولمىغان گېئولوگىيىلىك تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن. تارىم پلاتفورمىسى جۇڭگودىكى ئەڭ قەدىمىي پلاتفورمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى قۇرۇقلۇق يادروسى 2 مىليارد 500 مىليون يىل ئىلگىرى شەكىللىنىپ، تارىمنىڭ كرىستاللاشقان ئۇلىنى ھاسىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. پلاتفورمىنىڭ ئەڭ كونا يەر قاتلىمى ئارخېئوزوي ئېراسىنىڭ جىنس قاتلاملىرى بولۇپ، ئۈستىنى دەسلەپكى پروتېروزوي ئېراسىنىڭ يەر قاتلاملىرى بىماس دەستىلەنگەن ھالەتتە يېپىۋالغان. پالېئوزوي ئېراسىدىن بۇيان چۆكۈندىلەشكەن يېپىنچا قاتلام بەك قېلىن. جۇڭغارىيە بۆلىكى تارىم پلاتفورمىسىدىن كېيىنرەك ھاسىل بولغان قۇرۇلما بۆلىكى بولۇپ، گېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش تارىخى مۇرەككەپرەك، ئۇنىڭ قۇرۇلما خاراكتېرى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار بار. ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تېغى قاتارلىق گېئوسىنكلىنال پۈرمە سىستېمىلىرىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى كېيىنرەك. جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئالتاي گېئوسىنكلىنالى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تىپتىكى چۆكۈندىلەردىن تەشكىل تاپقان، ئاستىنقى پالېئوزوي گۇرۇپپىسى ئىككىلەمچى گېئوسىنكلىنال تىپىدىكى چۆكۈندىلەر، ئۈستۈنكى پالېئوزوي گۇرۇپپىسى ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال تىپىدىكى چۆكۈندىلەر بولۇپ، دېۋون دەۋرىنىڭ ئاخىرى گېئوسىنكلىناللىق چۆكۈندىلىشىش ئاخىرلاشقان. جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى تەڭرىتاغ گېئوسىنكلىنال پۈرمىسى ياڭزى سىپكىلى ھەرىكىتىدە شەكىللەنگەن جۇڭگو پلاتفورمىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇ تىپىك كۆپ سى-

كىللىك تەرەققىي قىلغان گېئوسىنكلىنال پۈرمە سىستېمىسى بولۇپ، جەنۇبىي تەڭرىتاغ ئىككىلەمچى گېئوسىنكلىنال پۈرمە بەلۋېغى، شىمالىي تەڭرىتاغ ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال پۈرمە بەلۋېغى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كۆتۈرۈلمە بەلۋاغ ۋە شىمالىيتاغ پۈرمە بەلۋېغىدىن ئىبارەت تۆت پۈرمە بەلۋېغىغا بۆلۈنىدۇ. تەڭرىتاغ گېئوسىنكلىنال پۈرمە سىستېمىسىدا دەسلەپكى پېرىم ئېپوخاسىنىڭ ئاخىرى گېئوسىنكلىناللىق چۆكۈندىلىشىش ئاخىرلاشقان. كۇئېنلۇن پۈرمە سىستېمىسى قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بولغان گېرتسىن پۈرمە سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ شەرقىي كۇئېنلۇن پۈرمە سىستېمىسى ۋە غەربىي كۇئېنلۇن پۈرمە سىستېمىسىغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى سىستېمىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئىككى دەرىجىلىك قۇرۇلما بىرلىكىنىڭ پەرقى بىرقەدەر چوڭ. شەرقىي كۇئېنلۇن پۈرمە سىستېمىسى ئاققۇن داۋان ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال پۈرمە بەلۋېغى، ئۇلانبۇلاق كۆتۈرۈلمە بەلۋېغى، چايدامنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال پۈرمە بەلۋېغى، چايدام ئولتۇرۇشما بەلۋېغى، چىمەنتاغ ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال پۈرمە بەلۋېغى، بۇرھانبۇدا ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال پۈرمە بەلۋېغى، ئالتۇنتاغ ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال پۈرمە بەلۋېغىدىن ئىبارەت يەتتە ئىككىنچى دەرىجىلىك بىرلىككە بۆلۈنگەن؛ غەربىي كۇئېنلۇن پۈرمە سىستېمىسى شىمالىي كۇئېنلۇن ئىككىلەمچى گېئوسىنكلىنال پۈرمە بەلۋېغى، ئوتتۇرا كۇئېنلۇن كۆتۈرۈلمە بەلۋېغى، جەنۇبىي كۇئېنلۇن پۈرمە بەلۋېغىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىككىنچى دەرىجىلىك بىرلىككە بۆلۈنگەن. ئۇلاردا پالېئوزوي ئېراسىنىڭ ئاخىرى گېئوسىنكلىناللىق چۆكۈندىلىشىش ئاخىرلاشقان. ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرى ئومۇمەن پالېئوزوي ئېراسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى پۈرمىلىشىپ كۆتۈرۈلۈش باسقۇچى، ئوتتۇرا ھايات ئېراسى بىلەن كونا ئۈچىنچى دەۋردىكى ئۇپراش، تەكشىلىنىش باسقۇچى، يېڭى ئۈچىنچى دەۋر بىلەن تۆتىنچى دەۋرنىڭ دەسلەپكى يېڭىلىنىش ئېپوخاسىدىكى ئۈزۈلۈش، كۆتۈرۈلۈش باسقۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ گېئولوگىيىلىك تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان تاغلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان.

شىنجاڭنىڭ چوڭ گېئومورفولوگىيىلىك بىرلىكى بىلەن رايونلۇق قۇرۇلما بىرلىكى بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ. تۈزۈلمە ھەرىكىتى نىسپىي تىنچ ھالەتتىكى تارىم بۆلىكى بىلەن جۇڭغار بۆلىكىنى ھازىرقى ئىككى چوڭ ئويمانلىققا ئايلاندۇرغان. بىراق، تۈزۈلمە ھەرىكىتىنىڭ كۆپ بولۇشى، بولۇپمۇ ئاخىرقى مەزگىللەردىكى تۈزۈلمە ھەرىكىتى كۈچلۈك بولغان ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تېغى، قارا قۇرۇم تېغى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈزۈلمە ھەرىكىتى باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈشى نەتىجىسىدە، ئاخىرىدا بۇ تاغلار تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ غايەت ئېگىز ھەم كۆلىمى كەڭ، ھەيۋەتلىك تاغ سىستېمىلىرىغا ئايلانغان؛ شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدا «ئۈچ تاغ ئارىسىدا ئىككى ئويمانلىق» بولۇشتەك گېئومورفولوگىيىلىك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. تاغ سىستېمىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە نۇرغۇن چوڭ - كىچىك، ئېگىز - پەسلىكى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرى جايلاشقان بولۇپ، تاغ سىستېمىلىرى بىلەن تاغ سىستېمىلىرى تۇتاشقان، تاغلىقلار بىلەن ئويمانلىقلار ئارىلاشقان گېئومورفولوگىيىلىك لاندشافتنى شەكىللەندۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن يەر شەكلى تىپلىرى خىلمۇ خىللىققا ئىگە بولغان.

يورۇقلۇق - ئىسسىقلىق بايلىقى مول، سۇ بايلىقى بىرقەدەر كەمچىل شىنجاڭنىڭ كەڭلىك جەھەتتە بېسىپ ئۆتىدىغان دائىرىسى كەڭ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ قۇرغاق ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ كىلىمات رايونىغا، شىمالىي شىنجاڭ قۇرغاق ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ كىلىمات رايونىغا مەنسۇپ. بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭ رايونىنىڭ يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي شىنجاڭغا قارىغاندا مولراق. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10°C تىن يۇقىرى، ≥10°C بولغان يىللىق جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4000°C تىن يۇقىرى بولۇپ، قىروسىز مەزگىلى 200~220 كۈنگە يېتىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن 2°C ~ 3°C تۆۋەن، ≥10°C بولغان يىللىق جۇغلانما تېمپېراتۇرا كۆپىنچە 3500°C ئەتراپىدا بولۇپ، قىروسىز مەزگىلى ئادەتتە 150 كۈن بولىدۇ. مول يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق.

شىنجاڭنىڭ ھۆل - يېغىنى ئاز، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ ھۆل - يېغىنى ئىنتايىن ئاز. تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ يەر يۈزى ئېقىنى ياخشى يېتىلمىگەن بولۇپ، كەڭ كۆلەمدىكى ئېقىنسىز

رايونلار بار. شىنجاڭ رايونىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى بىلەن ئوتتۇرىچە يىللىق ئېقىن مىقدارى (يىللىق ئېقىن چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىدىن تۆۋەن، شۇنداقلا يەر شارىنىڭ ئوخشاش كەڭلىكتىكى باشقا رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندىمۇ تۆۋەن. شىنجاڭنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 145 مىللىمېتىر بولۇپ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 630 مىللىمېتىرنىڭ 23%ىگە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ يىللىق ئېقىن چوڭقۇرلۇقى 50 مىللىمېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېقىن چوڭقۇرلۇقى 271 مىللىمېتىرنىڭ 18%ىگە تەڭ كېلىدۇ. شىنجاڭدا سۇ بايلىقىنىڭ تارقىلىشىمۇ ئىنتايىن تەكشىسىز. ئاتموسفېرا ھۆل - يېغىنى شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ، غەربتە شەرقتىكىدىن كۆپ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىك رايونلاردىكىدىن كۆپ، ئويمانلىقلارنىڭ چەت - ياقا رايونلىرىدا مەركىزىي قىسمىدىكىدىن كۆپ. تاغلىق رايونلار يەر يۈزى ئېقىنلىرىنىڭ شەكىللىنىش رايونى، تۈزلەڭلىك رايونلار يەر يۈزى ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىپ يوقىلىش رايونلىرىدۇر. يەر يۈزى ئېقىنلىرىنىڭ جايلىشىشىمۇ شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ، غەربىي قىسمىدا شەرقىي قىسمىدىكىدىن كۆپ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىدىن كۆپ. دەريا ئېقىنلىرىنىڭ سۇ مىقدارى ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، دائىم ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، يازدا كەلكۈن ئاپەتلىرىنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. سۇ بايلىقىنىڭ كەمچىل بولۇشى شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرغان مۇھىم ئامىل. شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى دەريا — ئىلى دەرياسى بىلەن ئېرتىش دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەخمىنەن 16 مىليارد كۇب مېتىر ۋە 12 مىليارد كۇب مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ جايلار سۇ مول رايون بولسىمۇ، لېكىن دەريا سۇلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن. ئالدىنقىسىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان سۇ مىقدارى 12 مىليارد كۇب مېتىردىن كۆپرەك، كېيىنكىسىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان سۇ مىقدارى 9 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇ شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا يوشۇرۇن كۈچىنىڭ ئىنتايىن زور ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**مۇھىتى ئېغىر ھالدا قۇرغاق، ئېكولوگىيىلىك سىستېمىسى ئاجىز** شىنجاڭنىڭ قۇرغاق تەبىئىي مۇھىتى گېئولوگىيىلىك دەۋرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن. ئەڭ بۇرۇنقىسىنى بۇنىڭدىن 100 مىليون يىللار ئىلگىرىكى بور دەۋرىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. ئۈچىنچى دەۋرنىڭ باشلىرىدىلا قۇرغاق مۇھىت بارلىققا كەلگەن، تۆتىنچى دەۋردىن كېيىن پۈتكۈل يەر شارىنىڭ تۈزۈلمە ھەرىكىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈشى شىنجاڭنى تامامەن يېپىق ھالەتتىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىغا ئايلاندۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئېغىر قۇرغاق مۇھىت شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ خىل مۇھىتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى توپ سەۋەب شىنجاڭ رايونىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا سۇ تەركىبىنىڭ ئاز بولغانلىقى، يەر يۈزىدە سۇ بايلىقىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدا. شىنجاڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق بولۇپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىنىڭ مۇسسۇن شامالLIRى يېتىپ كېلەلمەيدۇ، ئاساسەن ئاتلانتىك ئوكيان ۋە شىمالىي مۇز ئوكيانىدىن كېلىدىغان غەرب شامىلى ھاۋا ئېقىمىغا تايىنىدۇ. بىراق بۇ خىل غەرب شامىلى ھاۋا ئېقىمى ئېلىپ كەلگەن نەملىك يىراق مۇساپىنى بېسىپ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگۈچە ئازىيىپ كەتكەچكە، ھۆل - يېغىن سۈپىتىدە يەر يۈزىگە چۈشىدىغان سۇ ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ تاغلىقلىرىدىمۇ يامغۇر يېغىش شارائىتى بىرقەدەر ناچار، شۇڭا كەڭ رايونلاردا قۇرغاقچىلىق داۋاملىشىپ، يەرلەرنىڭ چۆللىشىش كۆلىمى زورايغان. شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن قۇرغاق ۋە قۇرغاق رايونلىرىنىڭ يەر كۆلىمى پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 65.5% نى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن قۇرغاق رايونلار 82.8% نى، قۇرغاق رايونلار 36.7% نى) ئىگىلەيدۇ. ئەگەر يېرىم قۇرغاق رايونلارنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىساق، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 88.7% نى ئىگىلەيدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك چۆل رايونلىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئىنتايىن ناچار. ئويمانلىقلارنىڭ چەتلىرىدىكى ئورغۇن بوستانلىقلار ئاساسەن تاغلىق رايونلارنىڭ سۇ بايلىقىغا تايىنىپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان، بىۋاسىتە ھۆل - يېغىن بولسا پەقەتلا قوشۇمچە رول ئوينايدۇ.

شىنجاڭنىڭ ناچار تەبىئىي مۇھىتى ئېكولوگىيە

سىستېمىسىنى ئىنتايىن ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن. سۇنىڭ كەمچىل بولۇشى كەڭ رايونلاردا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەرقايسى چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ پەس تاغ زونىلىرى بىلەن كەڭ تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا چۆللۈك لاندشافتىنى پەيدا قىلغان. شىمالىي شىنجاڭدا قۇملۇق ۋە چۆل رايونلىرىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى پەقەت 0.3% ئەتراپىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چۆل رايونلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى بولسا 0.1% كىمۇ يەتمەيدۇ. چۆل رايونلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى شىمالىي شىنجاڭدا دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتىرچە ئېگىزلىككە، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 2000 مېتىر ئېگىزلىككە يېتىدۇ؛ كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغ چۆللىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىزلىكتە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز. چۆللەرنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىنتايىن قىيىن.

شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېرتىكال بەلۋاغلارغا بۆلۈنۈشى سۇ ۋە ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ ئۇنىۋېرسال رولىغا باغلىق. شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ھۆل - يېغىن بىرقەدەر كۆپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى تۈزلەڭلىكلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ تاغلىق رايونلىرىنىڭ تەخمىنەن 0.8%، جەنۇبىي شىنجاڭ تاغلىق رايونلىرىنىڭ بولسا 0.5% تىن كۆپرەك.

ئۆزىگە خاس بوستانلىق لاندشافتىغا ئىگە، بوستانلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. تىپىك قۇرغاق مۇھىت تىپىك بوستانلىق لاندشافتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بوستانلىقلار قۇرغاق رايون چۆل مۇھىتىدا مۇقىم سۇ مەنبەسىنىڭ تەمىنلىشى (تەبىئىي ھۆل-يېغىن ئەمەس) بىلەن ئۆسۈملۈكلەر قويۇق ئۆسكەن ياكى سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان، ئىنسانلار توپلىشىپ ياشىغان بەلۋاغسىز ئېكولوگىيىلىك لاندشافتتۇر. بۇ خىل لاندشافت قۇرغاق رايونغىلا خاس بولۇپ، چۆللۈك، تاغلىق لاندشافت سىستېمىلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. بوستانلىقلارنى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگە قاراپ تەبىئىي بوستانلىقلار ۋە سۈنئىي بوستانلىقلار دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. شىنجاڭدىكى تەبىئىي بوستانلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى قۇرغاق مۇھىتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تارىم ئويمانلىقى ئېلىمىزدىكى بوستانلىقلارنىڭ يېتىلىشى ۋە تارقىلىشى ئەڭ تىپىك بولغان بىر ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى تەبىئىي بوستانلىقلار يۇقىرى يېڭى ئېرانىڭ ئاخىرىدىن تۆتىنچى دەۋرنىڭ دەسلەپكى يېڭىلىنىش ئېپوخاسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ كۈچلۈك كۆتۈرۈلۈشى تۈپەيلىدىن، كەڭ كۆلەمدىكى قۇملۇقلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كېڭىيىشى ھەمدە ئۇلار تەمىن ئەتكەن قۇرغاق كىلىمات شارائىتى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن. تەبىئىي بوستانلىقلارنىڭ شەكىللەنگىنىگە ئاخىرقى يېڭىلىنىش ئېپوخاسىدىن ھازىرغا قەدەر تەخمىنەن 100 مىڭ يىللار بولدى. سۈنئىي بوستانلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بولسا ئىنسانلار پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئومۇمەن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئىپتىدائىي سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىققا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭغا تەخمىنەن 3000 يىللار بولدى.

شىنجاڭدىكى بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 136 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ تېررىتورىيىسىنىڭ 8.2% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي بوستانلىقلار 62 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ 3.7% نى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بوستانلىقلارنىڭ 60% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ تەبىئىي بوستانلىقلار 74 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ 4.5% نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىقلارنىڭ تارقىلىشى ئاساسەن يەر شەكلى ھالىتى ۋە سۇ رايى شارائىتىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ. تۈزلەڭلىك دەريا ۋادىلىرى، يەلپۈگۈچسىمانلىقنىڭ چەتلىرىدىكى پەس يەرلەر، دەريا دېلتىلىرى ۋە كۆل بويلىرىدىكى سازلىقلار تەبىئىي بوستانلىقلارنىڭ تارقالغان جايلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۈنئىي بوستانلىقلار سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق بايلىقلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى بىرىكىشىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ئېتەكلىرى، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، ئىلى ۋادىسى، ئېرتىش دەرياسى ھەۋزىسى ھەمدە تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. تارقىلىش قانۇنىيىتى سۇ، تۇپراقنى قوغلاشقان ھالدا يېتىلىش، ئېرىق - ئۆستەڭ، كارىز - قۇدۇقلارنى بويلاپ تارقىلىش، ئويمانلىقلارنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېتىلىش، تاغ ئالدىنى بويلاپ

جايلىشىش، تۈزلەڭلىككە مەركەزلىشىش، چۆللۈككە قوشنا بولۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بوستانلىقلار بۈگۈنكىچە كىچىك ھەم تارقاق ھالەتتە شەكىللەنگەچكە، «مەرۋايىتتەك تىزىلغان بوستانلىقلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

سۇنئىي بوستانلىقلارنى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ بوستانلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىش دەرىجىسى ۋە ئۇسۇلىغا ھەمدە بوستانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي فۇنكسىيىسى، تەرەققىيات يۆنىلىشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىكى بوستانلىقلىرى، شەھەر بوستانلىقلىرى ۋە سانائەت ـ كان تىپىدىكى بوستانلىقلار دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. بۇلاردىن بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى، بوستانلىق شەھەر ئىگىلىكى، بوستانلىق سانائەت ـ كان ـ كارخانا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك بوستانلىق ئىگىلىكى ئەندىزىسى شەكىللەنگەن. شىنجاڭدا يايلاقلارنىڭ كۆلىمى كەڭ، ئوت پەسىللىك ئوتلاقلار ياخشى يېتىلگەن بولۇپ، جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ يايلاق چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بۇنىڭدىن باشقا، قېزىلما بايلىقلارنى چوڭقۇرلاپ قېدىرىپ تەكشۈرۈشكە ئەگىشىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقلىرىدىكى چۆل قۇملۇقلاردا زور مىقداردا نېفىت، تەبىئىي گاز تېپىلدى. بىراق، بۇ قېزىش رايونلىرىدا سانائەت ـ كان تىپىدىكى بوستانلىقلار تېخى شەكىللەنمىدى، ئۇنى يەنىلا قۇملۇق ئىگىلىكى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. دېمەك، شىنجاڭدىكى ئوخشاش بولمىغان لاندشافتلاردىن بوستانلىق ئىگىلىكى، يايلاق ئىگىلىكى ۋە قۇملۇق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاساسىي تىپ مەيدانغا كەلدى. بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا زىچ باغلىنىش ۋە گىرەلىشىش مەۋجۇت. لېكىن، بوستانلىق ئىگىلىكى مەيلى نوپۇس كۆلىمى جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىگىلىك تۈرى، مەبلەغ سېلىش سالمىقى، ھاسىلات ئۇنۇمى جەھەتلەردىن بولسۇن، پۈتۈنلەي يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن بولىدۇ. بوستانلىق ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شىنجاڭنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى.


بوستانلىق ئىگىلىكى كۈچلۈك قورغاق رايون تۈسىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە ئۆز جايىنىڭ بايلىق مەنبەسىگە تايىنىدىغان ئىگىلىك بولۇپ، ئۇ بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى، بوستانلىق شەھەر ـ بازار ئىگىلىكى ۋە بوستانلىق زاۋۇت ـ كان ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبلىك قۇرۇلمىغا ئىگە. بۇنىڭدا بوستانلىق يېزا ئىگىلىكى ئاساسىي گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. يەردىن پايدىلىنىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىدە پايدىلىنىۋاتقان يەرلەر پۈتكۈل بوستانلىقتىكى پايدىلىنىۋاتقان يەرلەرنىڭ 75%نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىقلاردىكى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 70% نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 40% نى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغان يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتكۈل يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 90% نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى پاختا، ئاشلىق، شېكەر، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلانغان.

**رايون پەرقى روشەن، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئەھۋالى ئېنىق ئايرىلغان** شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا ۋېرتىكال بەلۋاغسىمانلىق بىلەن گورىزونتال بەلۋاغسىمانلىقنىڭ بوشلۇقتىكى رايونلۇق پەرقى مەۋجۇت. بۇ ھال ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ رايونلۇق پەرقىدە تەبىئىي ئامىللاردىن باشقا يەنە تارىخ، جەمئىيەت، مىللەت، مەدەنىيەت، ئىقتىساد قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار بار. تارىختا شەكىللەنگەن «جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىقنى، شىمالىي شىنجاڭدا كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىش» تەك ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدا، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى بوز يەر ئېچىشقا ئەگىشىپ روشەن ئۆزگىرىش بولدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، 50 يىلدىن ئارتۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ خىل ئەندىزىدە ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىندى. بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە سانائەت ـ كانچىلىق ئىشلىرى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي ئورنى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە خاس سىستېمىنى شەكىللەندۈردى. يېرىك يېزا ئىگىلىكىگە نەزەر سالساق، جەنۇبىي شىنجاڭدا پاختا، ئاشلىق، مېۋە ـ چېۋە ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى، شىمالىي شىنجاڭدا ئاشلىق، چارۋا مەھـ


مۇلاتلىرى، شېكەر، پاختا، شەرقىي شىنجاڭدا پاختا، قوغۇن-تاۋۇز مۇھىم نوقتا قىلىنغان ئىگىلىك ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رايون پەرقى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

*جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدىن روشەن ھالدا ئارقىدا قالغان* شىمالىي شىنجاڭ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرىنى ۋە ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، بورتالا، سانجىدىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ناھىيە، شەھەرلەردىن جەمئىي 39 ناھىيە، شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شەرقىي شىنجاڭ رايونى تۇرپان، قۇمۇلدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتتىكى جەمئىي ئالتە ناھىيە، شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق بەش ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى جەمئىي 42 ناھىيە، شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى ئايرىم-ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ يەر مەيدانىنىڭ %23.3، %12.6، %64.1 نى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: 1998-يىلى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 64 مىليارد 417 مىليون يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %57.7 نى ئىگىلىگەن. شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 7 مىليارد 957 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %7.1 نى ئىگىلىگەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 39 مىليارد 293 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %35.2 نى ئىگىلىگەن. دەسلەپكى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 87 ناھىيە، شەھەر ئىچىدە تەرەققىي قىلغان ۋە بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ناھىيە، شەھەر 19. بۇنىڭ 12 سى شىمالىي شىنجاڭدا بولۇپ، %63.2نى، تۆتى جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپ، %21نى، ئۈچى شەرقىي شىنجاڭدا بولۇپ، %15.8نى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان ياكى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان ناھىيە، شەھەر 42؛ بۇنىڭ 25 ى جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپ، %59.5 نى، 15ى شىمالىي شىنجاڭدا بولۇپ، %35.7نى، ئىككىسى شەرقىي شىنجاڭدا بولۇپ، %4.8نى ئىگىلەيدۇ. مالىيە كىرىمى جەھەتتىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭ %73.8نى، جەنۇبىي شىنجاڭ %19.6 نى، شەرقىي شىنجاڭ %6.6نى ئىگىلەيدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP شىمالىي شىنجاڭدا 6519.4 يۈەن/نەپەر، جەنۇبىي شىنجاڭدا 3027 يۈەن/نەپەر، شەرقىي شىنجاڭدا 6150 يۈەن/ نەپەردىن توغرا كېلىدۇ.

*«بىر ئوق، بىر بەلۋاغ» دىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپلىشىش ئېنىق ئايرىلغان* «بىر ئوق» ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكى (يەنى قۇمۇل-ئۈرۈمچى-بورتالا ئالاتاۋ تاغ ئېغىزىغىچە) نىڭ لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى بويلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا جەمئىي 16 ناھىيە، شەھەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە 13 ناھىيە، شەھەر تەرەققىي قىلغان ياكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %81.3 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچى ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان شەھەر بولۇپ، %18.7نى ئىگىلەيدۇ. «بىر بەلۋاغ» ئوقيا شەكلىدىكى چېگرا ياقىسى بەلۋىغىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بەلۋاغدا جەمئىي 33 ناھىيە، شەھەر بولۇپ، بىرلا بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان، ئۈنى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي قىلغان؛ ئارقىدا ياكى بىرقەدەر ئارقىدا قالغىنى 22 ناھىيە، شەھەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %67 نى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ چەت، تۆمۈريول لىنىيىسىدىن يىراق بولغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى سەككىز ناھىيە، شەھەرنىڭ ئالتىسى ئارقىدا قالغان ياكى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %75نى ئىگىلەيدۇ. «بىر ئوق»تا يەنە ئۈرۈمچىدىن قارامايغىچە بولغان تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋىغى (قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى «تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يادرولۇق بەلۋاغ») بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال سانائەت رايونىغا ئايلانغان، ئۇنىڭغا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ %83 ئېغىر سانائىتى، %62 يېنىك سانائىتى ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى مەركەزلەشكەن. تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يادرولۇق بەلۋاغدا جەمئىي 11 ناھىيە، شەھەر بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ياكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ تۆمۈريول غول لىنىيىسى بەلۋىغى بىلەن تۆمۈريولغا يىراق، چەت چېگرا ياقىسى بەلۋىغىنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى



دۇنيا بويىچە 2 - ئېگىز چوققا — چوغىر
چوققىسى      ۋاڭ جىجاۋ فوتوسى



مۇزتاغ چوققىسى      ۋاڭ جىجاۋ فوتوسى




تۆمۈر چوققىسى      شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن




بوغدا چوققىسى  سۇ ماۋجۈن فوتوسى



دوستلۇق چوققىسى  ئالتاي ۋىلايەتلىك
پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەمىنلىگەن



جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن مۇزلۇق — يىڭسۇگەت مۇزلۇقى    ۋاڭ جىجاۋ فوتوسى





ئەگرىتاغدىكى غالىبىيەت داۋىنى    مەي لى فوتوسى


مۇز چوققا پامىردىكى تىك چوققىلار
جىن شىلىن فوتوسى





بالقۇنتاغ    دىڭ شاۋگۇن فوتوسى

كۇئېنلۇن تاغلىرى    سۇ ماۋجۇن فوتوسى



تەكلىماكان قۇملۇقى    ۋاڭ فاڭ فوتوسى



ئالتاي تاغلىرى    لىيۇ فېڭجى فوتوسى



جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى رەڭدار توقاي
سۇڭ شىجاڭ فوتوسى



ياردالڭ يەر شەكلى    شىنجاڭ جۇغراپىيە
تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن



يۇرا دەۋرىگە خاس قۇم چىنسىلىق تىك يار
ۋاڭ جۇنلىياڭ فوتوسى



ئورقۇ شامال يالىغان قەلئەسىمان تاغ جىنسلىرى    «شىنجاڭ
نېفىت پاشقۇرۇش ئىدارىسى» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى




سايرام كۆلى    ئاڭ شۇ فوتوسى



باغراش كۆلى    جىن ۋېي فوتوسى



بورۇلتوقاي كۆلى    خەن خاۋ فوتوسى



تارىم دەرياسى    شىنجاڭ جۇغراپىيە
تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن



قارا شەھەر دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى
سۇڭ شىجاڭ فوتوسى



ئىلى دەرياسى   «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



سىلىتسىيلاشقان ياغاچ   «شىنجاڭ» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



ۋاران (ئۈچكىشبەمەر) قاتمىسى   «شىنجاڭ
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»دىن ئېلىندى



ئېرتىش دەرياسى   خەن دېيلىن فوتوسى



ئۈرۈمچى شەھرى    سۇڭ شىجاڭ فوتوسى



غۇلجا شەھرى    «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



كورلا شەھرىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسى
ليۇ جىن فوتوسى



قەشقەر شەھرى    «شىنجاڭ قۇرۇلۇشى»
رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ
خىزمەت بىناسى    دۇ جيەنرو فوتوسى



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
خىزمەت بىناسى    ۋېن جاۋخۇي فوتوسى



ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش
چوڭ يىغىنى    ئابدۇرېھىم فوتوسى




ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسى    ياۋ زوچياڭ فوتوسى



جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا
كىرگەنلىكىنى قارشى ئېلىش    دۇ جيەنرو تەسۋىرلىگەن



شىنجاڭ خەلق سارىيى    چى شياۋشەن فوتوسى



جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا
كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش مۇنارى  لىۋ شەنجى فوتوسى



قورغاس پورتى      سۇلى شىجىلىڭ فوتوسى



ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى      لى دىجۇن فوتوسى



ئۈرۈمچى تاموژنىسى      چى شياۋشەن فوتوسى



چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى چارلاش ئېلىپ بارماقتا
ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەمىنلىگەن



ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى
لىۋ يۇشىڭ فوتوسى

ۋە سەۋىيىسىدە روشەن ماكان بۆلۈنۈشى شەكىللەنگەن.

*شەھەرلىشىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بىرقەدەر تېز، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسى پەرقى ۋە شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقى بىرقەدەر چوڭ* 1949 - يىلى شىنجاڭدا بىرلا دىخۇا شەھىرى (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) بولۇپ، ئاھالىسى 100 مىڭ ئىدى. شىنجاڭدىكى شەھەر - بازارلارنىڭ نوپۇسى 530 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %12.2 نى ئىگىلەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە شەھەرلەر كۆپىيىپ 19 غا، شەھەر - بازار ئاھالىسى 8 مىليون 754 مىڭ 200 گە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %50.1 نى ئىگىلىدى. شەھەرلىشىش سەۋىيىسى (غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى) %35.3 كە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسىدىن تەخمىنەن %5 يۇقىرى بولدى. شىنجاڭدىكى شەھەرلەر بوستانلىق تىپىدىكى شەھەرلەر بولۇپ، كۆپىنچىسى بوستانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە قاتناش، سودا مەركەزلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى بوستانلىقنىڭ كۆلىمىگە ۋە ئىقتىسادىي سەۋىيىسىگە باغلىق. مەسىلەن، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ بوستانلىق كۆلىمى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كەڭ بولغانلىقى ۋە بوستانلىق ئىگىلىكى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن، شەھەرلىشىش سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى 19 شەھەرنىڭ 12 سى شىمالىي شىنجاڭدا بولۇپ، %63.2 نى ئىگىلەيدۇ؛ بەشى جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپ، %26.3 نى ئىگىلەيدۇ، ئىككىسى شەرقىي شىنجاڭدا بولۇپ، %10.5 نى ئىگىلەيدۇ. شەھەرلىشىش سەۋىيىسى شىمالىي شىنجاڭدا %48.3 كە، شەرقىي شىنجاڭدا %35.4 كە يەتكەن، بۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا %25.9 ۋە %13 يۇقىرى. بۇنىڭ ئىچىدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يادرولۇق بەلۋاغدا توققۇز شەھەر بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ %21.3 نى، شەھەر - بازار غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەر - بازار غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ %46.8 نى ئىگىلەيدۇ؛ شەھەر - بازارلىشىش سەۋىيىسى %65.6 كە يەتكەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %30.3 يۇقىرى تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىمۇ پەرق بىرقەدەر چوڭ.

**گېئولوگىيە** شىنجاڭنىڭ يەر قاتلاملىرى تولۇق ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، تۈزۈلمە ھەرىكىتى كۆپ، ماگمىلارنىڭ ھەرىكىتى ھەرخىل، گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، گېئوخرونولوگىيىلىك تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ئۆزگىچە. ئومۇمەن ئالغاندا «ئۈچ تاغ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان ئىككى ئويمانلىق» نىڭ يەر قىياپىتى دائىرىسى بىلەن تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ئولتۇرۇشمىلارنىڭ چېگرىسى ئاساسىي جەھەتتىن ماس كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتاغدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى بىلەن شىمالىي قىسمىدىكى ئالتاي تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ ئوتتۇرىسى جۇڭغار ئولتۇرۇشمىسى ھېسابلىنىدۇ؛ تەڭرىتاغدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى بىلەن جەنۇبىي قىسمىدىكى كۇئېنلۇن تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ ئوتتۇرىسى تارىم ئولتۇرۇشمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئېچىلىپ قالغان يەر قاتلاملىرىدىن ئارخېئوزوي ئېئونو تېمى، پروتېروزوي ئېئونو تېمى، دەسلەپكى پالېئوزوي ئېرا تېمى، كېيىنكى پالېئوزوي ئېرا تېمى، مېزوزوي ئېرا تېمى ۋە كاينوزوي ئېرا تېمى بار، ئۇلار قەدىمكى مېتامورفىلىق جىنىس، ماگماتىت، ھەرخىل دېڭىز فاتسىيىلىك (دېڭىز چۆكمىسى)، قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندى ۋە ماگما جىنسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پروتېروزوي ئېئونو تېمىدىن تۆتىنچى دەۋرگىچە بولغان ئالتە باسقۇچ ئىچىدە 32 قېتىم (فازا) تۈزۈلمە ھەرىكىتى يۈز بەرگەن، بۇلار ئىچىدە پروتېروزوي ئېئونو تېمى مەزگىلىدە ئالتە قېتىم، كالېدون مەزگىلىدە بەش قېتىم، گېرتسېن مەزگىلىدە 12 قېتىم، ھىندىچىنى مەزگىلىدە بىر قېتىم، يەنشەن ھەرىكىتى مەزگىلىدە ئۈچ قېتىم، ھىمالايا ھەرىكىتى مەزگىلىدە بەش قېتىم. ھەرقايسى مەزگىلدىكى تۈزۈلمە ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ دېگۈدەك تىپى، كۆلىمى، شەكلى ئوخشاش بولمىغان ماگما ھەرىكىتى يۈز بەرگەن ھەمدە بۆسمە جىنىس، ئېتىلما جىنسلار پەيدا بولغان. گېرتسېن مەزگىلىدىكى بۆسمە جىنسلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولۇپ، ئېچىلىپ قالغان يەر كۆلىمى پۈتكۈل بۆسمە جىنس كۆلىمىنىڭ %80 نى ئىگىلەيدۇ، ئالتاي تاغلىرى، جۇڭغار، تەڭرىتاغ، ئالتۇنتاغ، كۇئېنلۇن تاغلىرىنى بويلاپ بەش بۆسمە جىنس بەلۋېغى شەكىللەنگەن. قۇرۇلمىلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى تۆت باس-

قوچقا بۆلۈنىدۇ. (1) كېمبرىي دەۋرىدىن ئىلگىرىكى باسقۇچ. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي يېرىم قىسمى تۇراقلىق پلاتفورما تىپىدىكى چۆكۈندىلەردىن تۈزۈلگەن، دەسلەپكى كېمبرىي ئېپوخاسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالتاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى قاناس رايونى يۇرۇلمىسى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، پلاتفورما رايونى شەكىللەنگەن. (2) دەسلەپكى پالېئوزوي ئېراسى. بۇ مەزگىلدە تارىم پلاتفورمىسى دىففېرېنسىيىلەنگەن بولۇپ، ئالتاي، جۇڭغار، تەڭرىتاغ ۋە شەرقىي كۇئېنلۇنلار گېئوسىنكلىنالىلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. (3) ئاخىرقى پالېئوزوي ئېراسى. كالېدون مەزگىلىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇرۇقلۇق دېۋون دەۋرىدە كېڭەيگەن، دەسلەپكى تاشكۆمۈر ئېپوخاسىدا دېڭىز سۈيى بېسىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سىبىرىيە بۆلىكى بىلەن تارىم بۆلىكى سوقۇلۇپ قىسىلىش نەتىجىسىدە، ئالتاي، تەڭرىتاغ، ئالتۇنتاغ ۋە كۇئېنلۇن يۇرۇلمە تاغ سىستېمىسى ۋە جۇڭغار، تارىم ئولتۇرۇشمىسى شەكىللەنگەن. «ئۈچ تاغ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان ئىككى ئويمانلىق» نىڭ ئومۇمىي قىياپىتى شەكىللەنگەن. بۇ باسقۇچمۇ شىنجاڭدا ئىچىدىن پەيدا بولغان كۆپ خىل قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىق كان ھاسىل بولغان باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. (4) مېزوزوي ئېراسى، كاينوزوي ئېراسى. قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندىلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، تاش ھاسىل قىلىش بەلۋاغلىرى سوزۇلۇپ، ئويمانلىقلارغا چۆكۈندىلەر تىنىپ، مول كۆمۈر ـ نېفىت گازىدىن ئىبارەت قېزىلمىلار شەكىللەنگەن. ئاخىرقى ئۈچىنچى دەۋر ـ يېڭىلىنىش ئېپوخاسى يېڭى قۇرۇلما ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تاغلىق جايلار ئۆزۈلمە بۆلەك بولۇپ كۆتۈرۈرلۈپ چىقىپ، ھازىرقى يەر قىياپىتى قۇرۇلمىسىغا ئاساس سالغان.

**يەر قاتلاملىرى** بۇ مەلۇم قاتلام ئورنىدىكى بىر قەۋەت ياكى بىر گۇرۇپپا تاغ جىنسلىرىدىن ئىبارەت. شىنجاڭدا يەر قاتلاملىرى تولۇق يېتىلگەن بولۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىغىچە ئېچىلىپ قالغان يەر قاتلاملىرىدىن ئارخېئوزوي ئېئونو تېمى، پروتېروزوي ئېئونو تېمى، دەسلەپكى پالېئوزوي ئېرا تېمى، كېيىنكى پالېئوزوي ئېرا تېمى، مېزوزوي ئېرا تېمى، كاينوزوي ئېرا تېمى بار. ئارخېئوزوي ئېئونو تېمىدىن ئىلگىرىكىسى ئاساسلىقى مېتامورفىلىق جىنس، پالېئوزوي ئېرا تېمى ئاساسەن دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندىلەردىن ئىبارەت. پالېئوزوي ئېراتېمى ۋە ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى يەر قاتلاملىرى ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن تېغى، ئالتۇنتاغ ۋە شەرقىي ـ غەربىي جۇڭغار تېغى رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان، بۇلار ئىچىدىكى كېمبرىي سىستېمىسى، سىلۇر سىستېمىسى، دېۋون سىستېمىسى، تاشكۆمۈر سىستېمىسى، پېرم سىستېمىسى جۇڭگودا يەر قاتلىمىنى تەتقىق قىلىش ئۆلچىمىنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. مېزوزوي ئېرا تېمىغا تەۋە بولغان ترىئاس سىستېمىسى، يۇرا سىستېمىسى، بور سىستېمىسى ۋە كاينوزوي ئېراتېمىغا تەۋە بولغان ئۈچىنچى سىستېما، تۆتىنچى سىستېما ئاساسەن جۇڭغار، تارىم ئولتۇرۇشمىسى، تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋاغلىرىنىڭ چېتى ۋە ئۆزۈك ئولتۇرۇشما دائىرىسىدە ئېچىلىپ قالغان، لېكىن تارىمنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتى ۋە قارا قۇرۇم رايونلىرىدا يەنە دېڭىز فاتسىيىلىك مېزوزوي ـ كاينوزوي ئېرا تېمى بار. تۆتىنچى سىستېما ھەرقايسى ئويمانلىق، ئۆزۈك ئولتۇرۇشمىلاردا ئېچىلىپ قالغاندىن سىرت، چوڭ دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقى، تاغ ئالدى، ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرىنىڭ تۆۋەن تەرەپلىرىدە ۋە يېقىنقى زامان يانار تاغ ئېغىزى ئەتراپلىرىدىمۇ ئېچىلىپ قالغان.

**ئارخېئوزوي ئېئونو تېمى** بۇ تەخمىنەن 4 مىليارد 600 مىليون يىلدىن 2 مىليارد 500 مىليون يىلغىچە بولغان دەۋردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدا پەقەت كېيىنكى ئارخېئوزوي ئېئونو تېمىلا ئۇچرايدۇ، ئۇ ئەڭ بۇرۇنقى يەر قاتلىمى بولۇپ، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىلا ئېچىلىپ قالغان، بىر قاتلاما ئىچىدىكى تولۇق ئۆزگەرگەن گرانولىت فاتسىيىلىك تاغ جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ كۆكۈچ رەڭلىك چىرىگەن پىروكسېنلىق گرانولىت، بىنەپشە پىروكسېنلىق گرانولىت، كۆل رەڭلىك بىنەپشە قارا سۇزۇك گرانولىت، قېنىق كۆل رەڭلىك يولسىمان ئامفىبوللۇق بىنەپشە پلاگىئوكلازلىق گرانولىت، دىئوپسىدلىق ئۆزگەرگەن گرانولىت، قارا چىرىمتاللىق پلاگىئوكلازلىق گنېيس ۋە مىگماتىت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گرانولىت فاتسىيىسى بىلەن يۇقىرى ئامفىبولىت فاتسىيىسى ئارىلىقى فازا ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدە ئۆزگەرگەن مەھسۇلاتقا مەنسۇپ. كۆرۈنۈپ تۇرغان قېلىنلىقى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ. گنېيس غەربتىن شىمالغا قاراپ تەدرىجىي ھالدا گرانولىتنى سىقىپ چىقارغان.

**پروتېروزوي ئېئونو تېمى** بۇ تەخمىنەن 2 مىليارد 500 مىليون يىلدىن 570 مىليون يىلغىچە

بولغان دەۋردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ، ئالتۇن تېغى، كوئېنلۇن تېغى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ چېتىگە تارقالغان.

*دەسلەپكى پروتېروزوي گېنجونسو تېمى* بۇ يېشىل تارىشا جىنس فاتسىيىسى ياكى تۆۋەن ئامفىبولىت فاتسىيىلىك مېتامورفىلىق جىنس ۋە ماگماتىتتىن تەركىب تاپقان، ئۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) داغىلاق بۇلاق توپى. بۇ گرانىتلىق گنېيس، ئۆتۈشكەن گنېيس، ئانار تاش قارا چىرىمتاللىق پلاگىئوكلازلىق گنېيس، ئامفىبولىت، كۋارتس، مەرمەر تاش قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئەڭ چوڭ قېلىنلىقى 3000 مېتىر كېلىدۇ. (2) ئاقسۇ توپى. بۇ يېشىل تارىشا جىنس، كۆك ئامفىبوللۇق تارىشا جىنس فاتسىيىلىك تاغ جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 1766~3091 مېتىر كېلىدۇ.

*ئوتتۇرا پروتېروزوي گېنجونو تېمى* بۇ تېيىزلىقتىكى مېتامورفىلىق جىنسلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) چاڭچېڭ سېپىلى سىستېمىسى، بۇ ئاز ساندىكى گنېيس، تارىشا جىنس، ماگماتىت، فىللىت ۋە مەرمەر تاش، كۋارتس قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۈستۈنكى قىسمى تاش تەركىبلىك قاتلامدىن ئىبارەت. (2) جىشيەن سىستېمىسى. بۇ چاڭچېڭ سېپىلى سىستېمىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىن چىقىدۇ، ئاستىنقى قىسمى تارىشا جىنس، گنېيس قاتلىمى ئارىسىغا قىستۇرۇلغان مەرمەر تاشتىن تەركىب تاپقان، ئوتتۇرا قىسمى ۋە ئۈستۈنكى قىسمى مەرمەر تاش، دولومىت جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تاش تەركىبلىك قاتلام ھېسابلىنىدۇ.

*كېيىنكى پروتېروزوي گېنجونسو تېمى* بۇ ئازراق ئۆزگەرگەن ياكى ئۆزگەرمىگەن دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندى ئۇۋۇندى جىنس، كاربوناتلىق جىنس، ئېتىلما جىنس، مۇزلۇق دۆمبەل قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، تارقىلىش دائىرىسى ئاز، ئوتتۇرا پروتېروزوي ئېنجونو تېمى ئۈستىگە بىماس دەستىلەنگەن بولۇپ، مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) چىڭبەيكو سىستېمىسى. بۇ تېيىز دېڭىز فاتسىيىلىك ئۇۋۇندى جىنس، دولومىت، مەرمەر تاش قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان، ئۇنىڭ تەركىبىدە قەۋەتلىك تاشلار ھەمدە مەنبەسى گۇمانلىق بولغان تاش قاتىملار مول بولۇپ، قېلىنلىقى 14 مىڭ مېتىر كېلىدۇ؛ (2) جىندەن سىستېمىسى. ئۇنىڭ ئاستىنقى بۆلۈكى بىماس ھالدا دەستىلىنىپ چىڭبەيكو سىستېمىسىنىڭ ئۈستىنى قاپلىۋالغان بولۇپ، تېيىز دېڭىز فاتسىيىلىك ئۇۋۇندى جىنس، مۇز دۆمبەل جىنسىتىن تەركىب تاپقان. ئۇ قەدىمكى مىكرو ئۆسۈملۈك قاتىمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈستۈنكى قىسمى ئېتىلما جىنس، ئۇۋۇندى جىنس ۋە كاربوناتلىق جىنستىن ھاسىل بولغان، تەركىبىدە قەدىمكى مىكرو ئۆسۈملۈك قاتىمىسى بولۇپ، قېلىنلىقى تەخمىنەن 1000 مېتىر كېلىدۇ.

**دەسلەپكى پالېئوزوي ئېرا تېمى** بۇ تەخمىنەن 570 مىليون يىلدىن 405 مىليون يىلغىچە بولغان دەۋردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ كېمبرىي سىستېمىسى، ئوردوۋىك سىستېمىسى، سىلۇر سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سىستېمىلار ھەرقايسى زور تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ۋە ئولتۇرۇشما ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردا يېتىلىش دەرىجىسى ۋە جىنس خۇسۇسىيىتى ئوخشاش ئەمەس، يەنى ئىككى خىل چۆكۈندە جىنس تىپىغا ئايرىلىدۇ: (1) تارىم — كوئېنلۇن رايونىدىكى كېمبرىي سىستېمىسى ۋە ئوردوۋىك سىستېمىسى تېيىز دېڭىز — دېڭىز ياقىسى فاتسىيىلىك كاربوناتلىق جىنس — ئۇۋۇندى جىنس بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان، سىلۇر سىستېمىسى ئۇۋۇندى جىنس بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان؛ (2) تەڭرىتاغ — جۇڭغار رايونىدا ئوتتۇراھال كىسلاتالىق يانار تاغ جىنسلىرى ۋە ئۇۋۇندى جىنسلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، بولخىنۇر تېغى كاربوناتلىق جىنس بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان. كېمبرىي سىستېمىسىنىڭ ئاستىنقى ئوتتېلى فوسفور - سىلتىسىي تەركىبلىك جىنس بىرىكمىسى، ئوتتۇرا ئوتتېلى ئۇۋۇندى جىنس، كاربوناتلىق جىنس بىرىكمىسى، ئۈستۈنكى ئوتتېلى كاربوناتلىق جىنس بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان. ھەرقايسى جايلاردا جىنس خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن يەر قاتلىمى دەۋرىنى بېكىتىشكە بولىدىغان قەدىمكى بىئولوگىيىلىك قاتىملار ناھايىتى مول بولۇپ، ترىلوبىتا قۇرتى (جەينەك پۇتلۇقلار)، براخىئوپودالار، بۆلۈتسىمان قىلتىرىق، قۇلۇلە قاتارلىقلارنىڭ تاش قاتىملىرى دائىم ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 10 مىڭ مېتىر كېلىدۇ. ئوردوۋىك سىستېمىسى ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، كاربوناتلىق جىنسلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۈستۈنكى قىسمى ياندىشى بولغان قۇمتاش، سلانېتسلاردىن ھاسىل بولغان، ئۇنىڭ تەركىبىدە ترىلوبىتا قۇرتى، گراپتولىت، مارجان

قاتارلىقلارنىڭ تاش قاتىمى بار، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 10 مىڭ مېتىردىن ئاشىدۇ. سىلۇر سىستېمىسى ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، تېيىز دېڭىز فاتسىيىلىك ئۇۋۇندى جىنس بىرىكمىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تەركىبىدە گراپتولىت، مارجان، براخىئوپودالار، ترىلوبىتا قاتارلىقلارنىڭ تاش قاتىمى بار، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 16 مىڭ مېتىر كېلىدۇ.

كېيىنكى پالېئوزوي ئېرا تېمى بۇ تەخمىنەن 405 مىليون يىلدىن 230 مىليون يىلغىچە بولغان دەۋردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ دېۋون سىستېمىسى، تاشكۆمۈر سىستېمىسى، پېرم سىستېمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شىنجاڭدا ئەڭ كەڭ تارقالغان يەر قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا يەر قاتلىمىنىڭ پەرقى ناھايىتى زور. شىمالىي تەڭرىتاغ ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى جىنس فاتسىيىسى مۇرەككەپ بولۇپ، يانار تاغ ھەرىكىتى ئىنتايىن كۈچلۈك. چۆكۈندىلەر ناھايىتى قېلىن، قۇرۇلمىلارنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپ، كۆپىنچە ھاللاردا رايون خاراكتېرلىك بىماس دەستىلەنگەن؛ تارىم رايونىدا جىنس فاتسىيىسى مۇقىم، چۆكۈندىلەر ئانچە قېلىن ئەمەس، يەر قاتلاملىرى ئاساسىي جەھەتتىن تۇتۇشۇپ كەتكەن؛ جەنۇبىي تەڭرىتاغ رايونىنىڭ چېگرىسى ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. دېۋون سىستېمىسى ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، ئاستىنقى ئوتدېلىدىكى شەرقىي، غەربىي جۇڭغار تېغى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئۇۋۇندى جىنس ۋە يانار تاغ ئۇۋۇندى جىنسلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ جەنۇبىي تەڭرىتاغ ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئۇۋۇندى جىنس، كاربوناتلىق جىنسلاردىن تۈزۈلگەن. ئوتتۇرا ئوتدېلىدىكى شەرقىي، غەربىي جۇڭغار تېغى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جىنسلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئاستىنقى ئوتدېلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، جەنۇبىي تەڭرىتېغىدا كاربوناتلىق جىنسلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۈستۈنكى ئوتدېلىدا قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك يەر قاتلاملىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ شەرقىي، غەربىي جۇڭغار تېغى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا يەنىلا يانار تاغ ھەرىكىتى مەۋجۇت بولۇپ، رىگرىتسىيىلىك فاتسىيە چۆكۈندىلىرى شەكىللەنگەن. كۇئىنلۇن تاغلىرى بىلەن تارىم رايونىدا ئاندا-ساندا ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئاستىنقى ئوتدېلىدىن تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 16 مىڭ مېتىر كېلىدۇ. تاش كۆمۈر سىستېمىسى شىنجاڭدا ئەڭ كەڭ، ئەڭ كۆپ ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، چۆكۈندى جىنس فاتسىيىسى مۇرەككەپ، يانار تاغ ھەرىكىتى كۈچلۈك، قۇرۇلمىلارنىڭ ھەرىكىتى كۆپ. شىمالىي تەڭرىتاغ ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدا ھەقىقىي گېئوسىنكلىناللىق چۆكۈندىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، جانلىقلار توپى شىمالىي تىپقا كىرىدۇ؛ جەنۇبىي تەڭرىتاغ ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئىككىلەمچى گېئوسىنكلىنال ۋە پلاتفورما تىپىدىكى چۆكۈندىگە مەنسۇپ؛ كۇئىنلۇن تېغىنىڭ قىسمەن ئارىسىغا يانار تاغ جىنسلىرى قىستۇرۇلغان بولۇپ، جانلىقلار توپى جەنۇبىي تىپقا كىرىدۇ. تاشكۆمۈر سىستېمىسىنىڭ ئاستىنقى ئوتدېلى قۇرۇقلۇق دېڭىز فاتسىيىلىك ئۇۋۇندى جىنس، يانار تاغ جىنسلىرى، كاربوناتلىق جىنسلاردىن ھاسىل بولغان، قاتلاملار مول؛ ئوتتۇرا ئوتدېلى يەنىلا تېيىز دېڭىز فاتسىيىلىك ئۇۋۇندى جىنس، كاربوناتلىق جىنسلاردىن ھاسىل بولغان، قىسمەن رايونلىرىغا يانار تاغ جىنسلىرى قىستۇرۇلغان، قاتلاملار مول بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى جانلىقلار توپى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ؛ ئۈستۈنكى ئوتدېلى ئاساسەن شىمالىي تەڭرىتاغ - جۇڭغار رايونى ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغ - تارىم رايونلىرىغا تارقالغان، ئۇنىڭدىن قالسا كۇئىنلۇن تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە تارقالغان بولۇپ، كۆپ قىسمى دېڭىز فاتسىيىلىك كاربوناتلىق جىنس، ئاز ساندىكىسى قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك ئۇۋۇندى جىنس ھېسابلىنىدۇ، شىمالىي تاغ رايونلىرىدا يانار تاغ جىنسلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇۋۇندى جىنسلىرى بار. تاش كۆمۈر سىستېمىسىدا قاتلاملارنىڭ كۆپ بولۇشى، يەر قاتلاملىرىنىڭ بىماس دەستىلىنىشى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ، ئومۇمىي قېلىنلىقى 10 مىڭ مېتىر كېلىدۇ. پېرم سىستېمىسى ئاساسەن، چوڭ - كىچىك ئويمانلىقلارنىڭ چېتىدە ئېچىلىپ قالغان، كۇئىنلۇن تېغىنىڭ شەرقىدىمۇ ئېچىلىپ قالغان، ئاستىنقى ئوتدېلى دېڭىز فاتسىيىلىك ئۇۋۇندى جىنس، كاربوناتلىق جىنس ئارىسىغا قىستۇرۇلغان يانار تاغ جىنسلىرىدىن ھاسىل بولغان؛ تۇرپان، شىمالىي تاغلاردىكى دېڭىز فاتسىيىلىك ئۇۋۇندى جىنسلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۈستۈنكى ئوتدېلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئاساسەن قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك ئۇۋۇندى جىنستىن ھاسىل بولغان، قىسمەنلىرىنىڭ ئارىسىغا يانار تاغ ئۇۋۇندى جىنسلىرى قىستۇرۇلغان، ئۇنىڭ تەركىبىدە ھايۋانات، ئۆسۈملۈك قاتىمى بولۇپ، قېلىنلىقى 7000 مىڭ مېتىر كېلىدۇ.

**مېزوزوي ئېرا تېمى** بۇ تەخمىنەن 230 مىليون يىلدىن 67 مىليون يىلغىچە بولغان دەۋردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ترىئاس سىستېمىسى، يۇرا سىستېمىسى، بور سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۇ ھەرقايسى چوڭ ئويمانلىقلارنىڭ چېتىدە ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلاردا ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك ئۆۋۈندى جىنسلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئوخشاش دەۋردىكى يەر قاتلاملىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، قەدىمكى جانلىقلارنىڭ قىياپىتىمۇ ئوخشاش بولۇپ، دېڭىز فاتسىيىلىك يەر قاتلاملىرى پەقەت تارىمنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىدە، كوئېنلۈن تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىلا ئۇچرايدۇ. ئۆۋۈندى جىنس، كاربوناتلىق جىنسلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، قىسمەنلىرىنىڭ ئارىسىغا يانار تاغ جىنسلىرى قىستۇرۇلغان بولۇپ، تەركىبىدە مول قاتلاملار بار. ترىئاس سىستېمىسىنىڭ ئاستىنقى ئوتدېلىغا تەۋە بولغان دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندە رايونىدا قۇم تاش، ھاك تاشلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئارىسىغا كرېمنىيلىق جىنسلار قىستۇرۇلغان، ئوتتۇرا ئوتدېلى ئورگانىك ھاك جىنسىدىن تۈزۈلگەن، ئۈستۈنكى ئوتدېلى كالتسىيلىق قۇم تاش، ئەشمە قۇم تاش ۋە يۇقىرى كاربونلۇق ئەشمە قۇم تاش، گىل تاش كىرىشمە قاتلىمىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان ئاز ساندىكى ھاك تاشتىن شەكىللەنگەن؛ قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك يەر قاتلام رايونلىرىنىڭ ئاستىنقى ئوتدېلى سۇس بىنەپشە رەڭلىك، قوڭۇر قىزىل رەڭلىك ئۆۋۈندى جىنسنى ئاساس قىلىدۇ؛ ئوتتۇرا ئوتدېلى قوڭۇر قىزىل رەڭلىك، قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك ئۆۋۈندى جىنسلاردىن تەركىب تاپقان، ئۈستۈنكى ئوتدېلى ئاساسەن، كۆل فاتسىيىلىك، كۆل ـ سازلىق فاتسىيىلىك ئۇششاق ئۆۋۈندى جىنسلاردىن شەكىللەنگەن بولۇپ، ئارىسىغا كۆمۈر قاتلىمى قىستۇرۇلغان. شۇڭا، كۇچار، تۇرپان ئويمانلىقى ناھايىتى ياخشى يېتىلگەن، ترىئاس سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 2800 مېتىر كېلىدۇ. يۇرا سىستېمىسى بولسا كوئېنلۈن تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى دېڭىز فاتسىيىلىك يەر قاتلىمى ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېگۈدەك قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك ئۆۋۈندى جىنس، كۆمۈر تەركىبلىك جىنس سىستېمىسىدىن ھاسىل بولغان، ئۇ شىنجاڭدىكى مۇھىم كۆمۈر سىستېمىسى ۋە نېفىت ـ گاز يەر قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ. يۇرا سىستېمىسىغا تەۋە بولغان دېڭىز فاتسىيىلىك رايونلارنىڭ ئاستىنقى ئوتدېلى قۇم تاش، ھاك تاش، كالتسىيلىق قۇم تاش ۋە سلانېتستىن تەركىب تاپقان، ئوتتۇرا ئوتدېلى شېغىل تاش، قۇم تاش، ھاك تاشتىن، ئۈستۈنكى ئوتدېلى ھاك تاشتىن تەركىب تاپقان؛ قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك رايونلارنىڭ ئاستىنقى ئوتدېلى ئۆۋۈندى جىنس قىستۇرۇلغان كۆمۈر قاتلىمىدىن ھاسىل بولغان، ئوتتۇرا ئوتدېلى يەنىلا ئۆۋۈندى جىنس قىستۇرۇلغان كۆمۈر قاتلىمىدىن ھاسىل بولغان؛ ئۇ، ئاساسلىق كۆمۈر تەركىبلىك جىنس سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ؛ ئۈستۈنكى ئوتدېلى ئاز ساندىكى توق قىستۇرۇلغان ئارىلاشما رەڭلىك ئۆۋۈندى جىنستىن ھاسىل بولغان. ھايۋانات، ئۆسۈملۈك قاتلىمى مول بولۇپ، ئومۇمىي قېلىنلىقى 4600 مېتىر كېلىدۇ. بور سىستېمىسىنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىرى ئاز ھەم تولۇق ئەمەس. دېڭىز فاتسىيىلىك يەر قاتلىمى رايونلىرىنىڭ ئاستىنقى ئوتدېلى ئۆۋۈندى جىنسلارنى ئاساس قىلىدۇ، ئۈستۈنكى ئوتدېلى تېيىز دېڭىز فاتسىيىلىك، كۆل فاتسىيىلىك ئۆۋۈندى جىنس، ھاك تاش، گەجنى ئاساس قىلىدۇ؛ قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك رايونلاردا دەريا فاتسىيىلىك، كۆل فاتسىيىلىك ئۆۋۈندى جىنسلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئاستىنقى ئوتدېلى بىنەپشە قىزغۇچ رەڭلىك سۇر كۆك قۇم تاش، گىل تاشنى ئاساس قىلىدۇ، ئۈستۈنكى ئوتدېلى قوڭۇر سېرىق بىنەپشە قىزغۇچ رەڭلىك قۇم تاش، گىل تاش، شېغىلدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ تەركىبىدە ھايۋانات، ئۆسۈملۈك قاتلىمى بولۇپ، قېلىنلىقى 600 مېتىر كېلىدۇ.

**كاينوزوي ئېرا تېمى** بۇ تەخمىنەن 67 مىليون يىلدىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ، 3 ـ سىستېما بىلەن 4 ـ سىستېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تارىم، جۇڭغاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئولتۇرۇشمىغا ھەمدە تاغ ئارىسىدىكى ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان ئويمانلىق ئىچىگە تارقالغان. 3 ـ سىستېما: پالېئوگېن سىستېمىسى جۈملىدىن پالېئوتسېن ئوتدېلى، ئېئوتسېن ئوتدېلى، ئولىگوتسېن ئوتدېلىدىن تەركىب تاپقان. دېڭىز فاتسىيىلىك رايونلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تارقالغان بولۇپ، دېڭىز فاتسىيىلىك، لاگۇنا فاتسىيىلىك ئۆۋۈندى جىنس، ھاك تاش، گىل تاش ۋە گەج قاتلىمىدىن ھاسىل بولغان؛ قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندە رايونلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان بولۇپ، دەريا فاتسىيىلىك، كۆل فاتسىيىلىك ئۆۋۈندى جىنسلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئاساسەن قوڭۇر قىزىل، قېنىق قىزىل،

سۇس كۆل رەڭلىك شېغىل، قۇم تاش، ئۇششاق قۇم تاش ۋە گىل تاش قاتارلىقلاردىن شەكىللەنگەن. نېئوگېن سىستېمىسى مىئوتسېن ئوتتۇرىدىكى ۋە پلىئوتسېن ئوتتۇرىدىكى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ، دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندى رايونلار پەقەت تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئارىلىقى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. كۆل رەڭ يېشىل قۇم تاش، گىل تاش ئارىسىغا قىستۇرۇلغان قىزىل گىل تاشتىن تەركىب تاپقان؛ قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندى رايونلىرىدا يەنىلا دەريا فاتسىيىلىك، كۆل فاتسىيىلىك ئۆزۈندى جىنسلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ قوڭۇر رەڭلىك، قوڭۇر سېرىق رەڭلىك قۇم تاش، شېغىل، گىل تاش ئارىلاش تاشتۇز قاتلىمى، گەج قاتلىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يىرىك ئۆزۈندى قاتلىمى كۆپ بولۇپ، رەڭگى پالېئوگېن سىستېمىسىدىكىسىگە قارىغاندا، كۆزۈنەرلىك دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ. 3 ـ سىستېمىغا تەۋە بولغان مايۋانات، ئۆسۈملۈك قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 3000 مېتىرغا يېتىدۇ. 4 ـ سىستېما: بۇ پلېيستوتسېن ئوتتۇرىدىكى، گولوتسېن ئوتتۇرىدىكىنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەرقايسى چوڭ، ئوتتۇرا ھال، كىچىك ئويمانلىقلاردا، چوڭ دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، ھازىرقى زامان مۇزلۇقىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا كەڭ دائىرىدە يېتىلگەن بولۇپ، شەكىللىنىش تىپى بىرقەدەر كۆپ. پلېيستوتسېن ئوتتۇرىدىكى: ئاستىنقى ئوتتۇرىدىكى غەربىي رايون گورۇپپىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ كۆپ ھاللاردا تاغ ئېتىكىدىكى بەلۋاغلاردىن ئۇچرايدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قاراتۇل كۆل رەڭ، كۆكۈچ رەڭلىك شېغىل قاتلىمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، دەريا فاتسىيىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، قېلىنلىقى 3400 مېتىر كېلىدۇ؛ ئوتتۇرا ئوتتۇرىدىكى شىخو تۈپى دەپ ئاتىلىدۇ، شەكىللىنىش تىپى كۆپ، ئېقىندى، كەلكۈن چۆكۈندىسى كۆپ بولۇپ، چالا يېپىشقاقلىق شېغىل جىنسلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئارىسىغا كەنجى قۇم توپا قىستۇرۇلغان، قېلىنلىقى 60 ـ 150 مېتىر كېلىدۇ، كۈنلۈن تاغلىق رايوندا قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك ئېتىلما جىنس بولۇپ، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 200 مېتىر كېلىدۇ؛ ئۈستۈنكى ئوتتۇرىدىكى شىنجاڭ تۈپى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ مۇزدۆمبەل شېغىل قاتلىمى ۋە شامالدا شەكىللەنگەن چۆكۈندى سېرىق تۇپىسىمان كەنجى قۇم تۇپراقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قېلىنلىقى تەخمىنەن 50 مېتىر كېلىدۇ. گولوتسېن ئوتتۇرىدىكى: بۇ ئېقىندا، لاتقا چۆكۈندى، شامالدا شەكىللەنگەن چۆكۈندى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان، شامالدا شەكىللەنگەن چۆكۈندىلەر ئاساسەن، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقى، تارىم ئويمانلىقىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھەرقايسى تاغ سىستېمىلىرىدىكى دەريا ۋادىلىرى، تاغ ئالدى ئويمانلىقلارغا ئېقىندى، كەلكۈن (لاتقا) چۆكۈندىسى، قۇملۇق شېغىل، قۇم تۇپراق قاتلىمى، مۇزدۆمبەل، تۇزلۇق كۆل، سازلىق چۆكۈندى قاتارلىقلار كەڭ تارقالغان. كۈنلۈن تېغىدىكى ئاشكۆل ئويمانلىقى شىنجاڭدىكى تۆتىنچى دەۋردە يانار تاغلاردىن ئېتىلىپ چىققان دۆۋىلەنمە جىنسلار ئاساسلىق تارقالغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

**تاغ جىنسلىرى** بۇ تەبىئىي پەيدا بولغان مەلۇم قۇرۇلمىلىق تۈزۈلمىگە ئىگە مىنېرال قۇراشمىسى ھېسابلىنىدۇ. يەر پوستىنى ھاسىل قىلغان ئۈستۈنكى قاتلام مەلۇم يېتىلىش ھالىتىگە ئىگە. شەكىللىنىش سەۋەبىگە قاراپ ئېگېنتىس (ماگما جىنس)، چۆكۈندى جىنس ۋە مېتامورفىلىق جىنس دەپ ئايرىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، ماگما جىنسلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، يەر پوستىدىن 16 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى دائىرىدە پەيدا بولغان، ئۇنىڭ 95% تىن كۆپرەكى ماگما جىنس ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ رايونى كۆپ مەزگىللىك، كۆپ قېتىملىق تۈزۈلمە ھەرىكىتىنى باشتىن كەچۈرگەچكە، جىنسلار ھەرخىل ـ ھەر ياڭزا بولۇپ شەكىللەنگەن. ماگما جىنس بولسا بۆسمە جىنس ۋە ئېتىلما جىنس دەپ ئاتىلىدۇ. بۆسمە جىنس بەش جىنس بەلۋېغىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تارقالغان كۆلىمى ئۇل جىنس رايونى كۆلىمىنىڭ 15%~20 تىنى ئىگىلەيدۇ، ئېتىلما جىنسلار دېڭىزدەك ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدىن تېپىلىدۇ، ئۇلترا ئاساسلىق جىنستىن تارتىپ كىسلاتالىق جىنسلارغىچە ھەممىسى ئېچىلىپ قالغان. چۆكۈندى جىنس پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان بولۇپ، دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندى جىنس، قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندى جىنسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ پۈتكۈل گېئولوگىيىلىك دەۋرلەرگە سىڭىپ كەتكەن. مېتامورفىلىق جىنسلارنىڭ ئېچىلىپ قالغان دائىرىسى بىرقەدەر كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرقەدەر تارقاق، ئۇ رايون دائىرىلىك مېتامورفىلىق جىنس، كۆچ ئۆزگەرتكەن جىنس ۋە تېرمودىنامىكىلىق جىنسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**چۆكۈندى جىنسلار** بۇ قاتلاملىق چۆكۈندى تەركىبىدىكى بوش چۆكۈندى ماددىلارنىڭ قېتىشىدىن ھاسىل بولغان تاغ جىنسى. گىدروگېنلىق جىنس دەپمۇ

ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇۋۇندى جىنىس (شېغىل، قۇم تاش، ئەشمە قۇم تاش، گىل تاش، شامالدا ھاسىل بولغان جىنىس، مۇزلۇق دۆمبەل جىنىسلىرى) دىن ئىبارەت، خېمىيىلىك جىنىس (گىپىس، تۇز تاش)، بىئولوگىيىلىك جىنىس (بەزى ھاك تاش) تىن ئىبارەت. چۆكۈندىلەرنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىككى تۈرگە، يەنى دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندى جىنىس ۋە قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندى جىنىس دەپ ئايرىلىدۇ. شىنجاڭدا دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندى جىنىسلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاخىرقى پالېئوزوي ئېراسىدىن ئىلگىرىدىكى يەر قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاساسەن ئالتاي، جۇڭغار، تەڭرىتاغ، ئالتۇنتاغ، كۇئېنلۇن تېغى قاتارلىق بىرنەچچە تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋاغلىرىغا تارقالغان، قۇم تاش، ئەشمە قۇم تاش، ھاك تاش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندە جىنىسلار كۆپ ھاللاردا مېزوزوي ئېراسى ـ كاينوزوي (يېڭى ھايات) ئېراسىدىكى يەر قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاساسەن جۇڭغار، تۇرپان، قۇمۇل، تارىم قاتارلىق ئولتۇرۇشمىلارغا ھەمدە تاغ ئارىسىدىكى ئۇزۇۋك ئولتۇرۇشما ئىچىگە تارقالغان، شېغىل، قۇم تاش، ئەشمە قۇم تاش، گىل تاشلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، گىپىس، تۇز تاش، ھاك تاش قاتارلىقلار ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**يانار تاغ جىنىسلىرى** بۇ، يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ماگمىلار يەر پوستىنىڭ بەزى يېرىلغان جايلىرىنى بويلاپ يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىققاندىن كېيىن سوۋۇپ قېتىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان تاغ جىنسىدۇر. بۇ ئېتىلما جىنىس دەپ ئاتىلىدۇ. ئېتىلىپ چىقىش شارائىتىغا قاراپ ئىككى تۈرگە، يەنى دېڭىز ئاستى يانار تاغ جىنىسلىرى ۋە قۇرۇقلۇق يانار تاغ جىنىسلىرى دەپ ئايرىلىدۇ. خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئۇلترا ئاساسلىق، نېيتراللىق، كىسلاتالىق يانار تاغ جىنىسلىرى دەپ ئايرىلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى خىل يانار تاغ جىنىسلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭغا تارقالغان، ئاخىرقى پالېئوزوي ئېراسىدىن ئىلگىرىكى يانار تاغ جىنىسلىرى ئاساسەن، ھەرقايسى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋاغلىرىغا تارقالغان، ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ئۈزۈلمە ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان، دېڭىز ئاستى ئېتىلما جىنىسلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئاساسلىق بازالىت، نېيتراللىق ئاندېزىت، كىسلاتالىق رىئولىت قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ ئاخىرقى پالېئوزوي ئېراسىدا يانار تاغ ھەرىكىتى ئەڭ كۈچلۈك بولغان؛ مېزوزوي ـ كاينوزوي ئېراسىدىكى يانار تاغ جىنىسلىرى ئاساسەن، ھەرقايسى ئولتۇرۇشمىلارنىڭ چېتىگە تارقالغان بولۇپ، قۇرۇقلۇق ئېتىلما جىنىسلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، كۆلىمى كىچىك، مۇھىمى بازالىتلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

**مېتامورفىلىق جىنىسلار** بۇ، مېتامورفىزم (سۈپەت ئۆزگىرىش) تەسىرى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن تاغ جىنىسلىرىدۇر، يەنى يەر پوستىدىكى ئەسلىدە بار بولغان تاغ جىنىسلىرى مەلۇم تېمپېراتۇرا، بېسىم كۈچىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، تاغ جىنىس مىنېراللىرى تەركىب قۇرۇلمىسىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئۆزگىرىش ياساش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان تاغ جىنىسلىرىدۇر. شىنجاڭدىكى مېتامورفىلىق جىنىسلار ئىككى تۈرگە، يەنى كېمبىرىي دەۋرىدىن ئىلگىرىكى مېتامورفىلىق جىنىس ۋە دەسلەپكى پالېئوزوي ئېراسىدىكى مېتامورفىلىق جىنىس دەپ ئايرىلىدۇ. ئارخېئوزوي ئېئونو تېمى، پروتېروزوي ئېئونو تېمى ئاساسەن، ئوتتۇراھال، تولۇق ئۆزگەرگەن جىنىسلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەرخىل گرانۇلىت، گنېيس، تارىشا جىنىس، مىگماتىتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ كېمبىرىي ـ سىلۇر سىستېمىسىدىكى مېتامورفىلىق جىنىسلار ئاساسەن، تارىشا جىنىس، فىللىت، مەرمەر تاش، سلانېتس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالدىنقىسى شىنجاڭنىڭ يەر پوستىنى ھاسىل قىلغان ئۇل تېگى بولۇپ، ئېچىلىپ قالغان دائىرىسى كىچىك، كېيىنكىسىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ھەرقايسى تاغ ھاسىل قىلىش چوڭ بەلۋاغلىرى، ئولتۇرۇشمىلارنىڭ چېتىدە ئېچىلىپ قالغان.

**ئوفىئولىت ۋە ئاساسلىق جىنىس، ئۇلترا ئاساسلىق جىنىسلار** بۇ ئېپتىدائىي جەھەتتە ئارا قاتلام ماددىلارغا قىياس قىلىنغان تاغ جىنىسلىرىدۇر. ئۇ مانتىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئۈچ ـ بەش ئۆلۈش زەيتۇن تاش ۋە بىر ئۆلۈش بازالىتتىن تەركىب تاپقان دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭ تەركىبى يۇمىلاق دانىلىق مېتېئورىت تەركىبىدىكى سىلىكاتلارنىڭ ياكى ئىككىلەمچى پىرولىتلارنىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇلترا پوستلۇق چوڭقۇر يېرىلمىلارنى بويلاپ يەر پوستىغا يۆسۈپ كىرىدۇ. ئۇ بۆلەكلەر قوشۇلغان ياكى چوڭقۇر يېرىلما ئەتراپىدا يېتىلگەن ئۇلترا ئاساسلىق جىنىس ـ گابېرو ـ ياشۇقسىمان بازالىتتىن ئىبارەت ئۈچىسى بىر گەۋدىلەشكەن تاغ جىنىس بىرىكمىسى ئو-

فىئولىت يۈرۈشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلترا ئاساسلىق جىنس، ئاساسلىق جىنس ماگما جىنس تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇلترا ئاساسلىق جىنس تۈرلىرىنىڭ تەركىبىدە سىلىكون دىئوكسىد 45% تىن تۆۋەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، MgO، FeO قاتارلىق تەركىبلەر يۇقىرى بولىدۇ، ئاساسلىق جىنسلار ساپ زەيتۇن جىنس، زەيتۇن جىنس، پىروكسېنلىق زەيتۇن جىنس قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىققانلىرى رىكرىت ھېسابلىنىدۇ، يانار تاغ بويىنى جايى كىمبېرلىت (قىزلىق شېغىل، چىرىمتاللىق زەيتۇن جىنس) ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىق جىنس تۈرىدىكىلەرنىڭ تەركىبىدىكى سىلىكون دىئوكسىد 45%~ 52% كىچە بولىدۇ، ئاساسلىق مىنېراللار پىروكسېن ۋە ئاساسلىق پلاگىئوكلازدىن، بۆسمە جىنسلار گاببرو، دىئابازدىن، ئېتىلما جىنسلار بازالتتىن تەركىب تاپقان. شىنجاڭدا تىپىك بولغان ئوفىئولىت ئاساسەن، تەڭرىتاغ بىلەن غەربىي جۇڭغار تۈزۈلمە بەلۋېغى قوشۇلغان جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۇلترا ئاساسلىق جىنس. گاببرو، بازالت ۋە ئۇستىنى يېپىپ تۇرغان رادىئاتسىيىلىك سازاكسىمان كرېمنىيلىق جىنستىن تەركىب تاپقان. ئاساسلىق جىنس، ئۇلترا ئاساسلىق جىنسلار ئاساسەن، تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ چېتىدىكى چوڭقۇر يېرىلما ئەتراپلىرىغا، مەسىلەن، ئالتاي تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى، شەرقىي، غەربىي جۇڭغار تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى، تەڭرىتاغدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى، كۇئېنلۇن تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى قاتارلىقلارغا تارقالغان.

**گرانىت** بۇ چوڭقۇرلۇقتىكى كىسلاتالىق بۆسمە جىنس ھېسابلىنىدۇ. $SiO_2$ مىقدارى كۆپ ھاللاردا 70% تىن ئاشىدۇ. ئاساسەن كۋارتس، دالا شپاتى ۋە ئاز مىقداردىكى قارامتۇل مىنېراللاردىن تەركىب تاپقان. شىنجاڭدا گرانىت تېشىنىڭ تارقىلىش كۆلىمى كەڭ، بەش تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىدا ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇل جىنس ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 20% تىنى ئىگىلەيدۇ، بۆسۈپ كىرگەن مەزگىلى، قېتىمى ئەڭ كۆپ بولۇپ، گېرتسىن مەزگىلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، پۈتكۈل بۆسمە جىنسلارنىڭ 80% تىنى ئىگىلەيدۇ. ئالتاي گرانىت بەلۋېغىدا گرانىتنىڭ ئېچىلىپ قالغان كۆلىمى مۇشۇ بەلۋاغ كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 40% تىنى ئىگىلەيدۇ. گېرتسىن مەزگىلى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، يەنشەن مەزگىلى، كالېدون مەزگىلى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تەختىسىمان قارا چىرىمتاللىق گرانىت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ تەركىبىدە زور كرىستال جىنس تومۇرى مول بولۇپ، جەمئىي 10 مىڭ ئالغا يېتىدۇ. بۇ ئالتايدا ئاز ئۇچرايدىغان مېتال — ئاق چىرىمتال كېنىنى ھاسىل قىلغۇچى ئاساسلىق ئانا جىنس ھېسابلىنىدۇ. جۇڭغار گرانىت بەلۋېغى ئاساسەن، گېرتسىن مەزگىلىدە ھاسىل بولغان. تاختىسىمان جىنس، ماگما جىنس ئۇلى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، كىسلاتالىق خۇسۇسىيىتى ئىشقارلىق خۇسۇسىيىتىگە تەۋە، تاغ جىنسلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاسىل بولغان خروستاللىق زور كرىستال جىنس تومۇرلىرى بىرقەدەر كۆپ. تەڭرىتاغ گرانىت بەلۋېغى ئاساسەن گېرتسىن مەزگىلىدە ھاسىل بولغان، ئۇ دەسلەپكى مەزگىل، ئوتتۇرا مەزگىل ۋە ئاخىرقى مەزگىلدىن ئىبارەت ئۈچ مەزگىلگە بۆلۈنىدۇ، دەسلەپكى مەزگىلدىكىسى ئۆتۈشاق - ئوتتۇراھال دانىچە قارا چىرىمتاللىق گرانىتتىن ھاسىل بولغان. ئوتتۇرا مەزگىلدىكىسى ئاساسەن ئوتتۇراھال كىسلاتالىق گرانىتلىق دىئورىت، پلاگىئوگرانىتتىن ھاسىل بولغان، ئاخىرقى مەزگىلدىكىسىدە كالىيلىق گرانىت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جەنۇبىي تەڭرىتاغ گرانىت بەلۋېغىدا يەنە ئۆزگەرگەن ئاز ساندىكى پروتېروزوي ئېئونىغا تەۋە گرانىت بار. كۇئېنلۇن گرانىت بەلۋېغىدا پروتېروزوي ئېئونى، كالېدون، گېرتسىن مەزگىلىدىكى گرانىت بار، گېرتسىن مەزگىلىدىكى پلاگىئوگرانىت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالتۇنتاغ گرانىت بەلۋېغىدا پروتېروزوي ئېئونى، كالېدون، گېرتسىن مەزگىلىدىكى گرانىت بار، گېرتسىن مەزگىلىدىكى ئوتتۇراھال كىسلاتالىق گرانىتلىق دىئورىت، قارا چىرىمتال دىئورىتلىق گرانىت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، كۆپىنچىسى غول جىنس، ماگما جىنس ئۇلى بولۇپ، تەركىبىدە زور كرىستال جىنس تومۇرى بار.

**تۈزۈلمە** بۇ بىرەر رايوندا تاغ جىنسلىرى دۆۋلىنىپ قالغان ھەمدە قېتىپ قالغاندىن كېيىن يەر پوستى ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان شەكىل ئۆزگىرىش قىياپىتىدۇر. ئۇ چاك، يېرىلما، پۈرۈلمە ھەمدە ئۈزۈك قاتلام قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ يەر قاتلىمى پۈرۈلمىسىنى ئۇستىگە كۆتۈرۈپ چىقىرىپ، تاغ ھاسىل قىلىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان بەلۋاغ ياكى يەر قاتلاملىرى چۆكۈپ كېتىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئولتۇرۇشما رايونى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈ-

زۆلمە قىياپىتى دەل شىمالدىن جەنۇبقا يۆزلەنگەن تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋاغلىرى بىلەن ئولتۇرۇشمىلارنىڭ ماسلىشىشىدىن ھاسىل بولغان. پروتېروزوي ئېئونىغا تەۋە بولغان تۈزۈلمە ھەرىكىتى ئاساسەن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا يۈز بەرگەن، شۇنىڭغا ئەگىشىپ كەڭ كۆلەمدە ماگما ھەرىكىتى، مېتامورفىزىم ھەمدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مىگماتىتلىشىش تەسىرى پەيدا بولغان، كالېدون مەزگىلىدىكى تۈزۈلمە ھەرىكىتى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان، ئالتاي، جۇڭغار، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە كۈچلۈك بولۇپ، پالېئوزوي ئېرا تىپى پۈرلۈمە بەلۋېغىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە شۇنىڭغا ئەگىشىپ كەڭ كۆلەمدە ماگما ھەرىكىتى پەيدا بولغان. گېرتسىن مەزگىلىدىكى تۈزۈلمە ھەرىكىتى شىنجاڭدا ئەڭ كۈچلۈك بولغان تۈزۈلمە ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پۈتۈن شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئاساسەن دېۋون دەۋرى ۋە دەسلەپكى تاشكۆمۈر ئېپوخاسىغا مەركەزلەشكەن، شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆپ مىقداردىكى يانار تاغ جىنىسلىرى ۋە بۆسمە جىنىسلار شەكىللەنگەن. گېرتسىن مەزگىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭغار، تەڭرىتاغ ۋە كۇئېنلۇن پۈرلۈمە بەلۋېغى شەكىللەنگەن. ھىندىچىنى تۈزۈلمە ھەرىكىتى كۇئېنلۇن تېغى، جۇڭغار رايونىدا روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. يەنشەن مەزگىلىدىكى تۈزۈلمە ھەرىكىتى يۇرا دەۋرى ۋە بور دەۋرىدە پەيدا بولغان، بۇ ھەرىكەت كۈچلۈك بولغاچقا تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، جۇڭغار، تارىم، تۇرپان - قۇمۇل، ئىلى، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكى، تۆۋەن ئويمانلىقىدا كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. ھىمالايا ھەرىكىتى مەزگىلىدىكى تۈزۈلمە ھەرىكىتى يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتى ھازىرقى زاماندىكى شىنجاڭنىڭ يەر قىياپىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئۇ پلىئوتسېن ئېپوخاسىنىڭ ئاخىرىدىكى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى، دەسلەپكى پلېيستوتسېن ئېپوخاسىنىڭ ئاخىرلىرىدا تەڭرىتېغىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئالدى ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ ئىككى يېنىدىكى يېرىلمىلارنىڭ ئاكتىپلىشىپ ئۈستىگە شۇڭغۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

**ئالتاي تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى**

بۇ شىنجاڭنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدىكى قىسمى ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى جەنۇبىي يانباغرىغا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبىي ئېرتىش چوڭ يېرىلمىسى بىلەن جۇڭغار تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنى بىر بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئالتاي - سايەندىكى كالېدون پۈرلۈمە بەلۋېغى ئاساسىدا قايتىدىن پەيدا بولغان گېرتسىن گېئوسىنكلىنال پۈرلۈمە بەلۋېغى ھېسابلىنىدۇ. ئېچىلىپ قالغان يەر قاتلاملىرىدىن جىشيەن سىستېمىسى، جېندەن سىستېمىسى، كېمبىرىي سىستېمىسى، ئوردوۋىك سىستېمىسى، سىلۇر سىستېمىسى، دېۋون سىستېمىسى، تاشكۆمۈر سىستېمىسى بار. ئاخىرقى تاشكۆمۈر ئېپوخاسىنىڭ ئاخىرلىرىدا گېئوسىنكلىناللىشىپ يېپىلىپ قالغان. تۈزۈلمە ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ بۆسمە جىنىسلار شەكىللەنگەن، تارقالغان كۆلىمى بۇ رايون كۆلىمىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئاساسەن، گېرتسىن مەزگىلىدىكى گرانىتتىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە زور كرىستال جىنىس تومۇرى 100 مىڭ تالغا يېتىدۇ. بۇ ئالتۇنتاغدا ئاز ئۇچرايدىغان مىتال — ئاق چىرىمتال قېزىلما بايلىق كېنىنى ھاسىل قىلغان ئاساسلىق ئانا جىنىستۇر. تاغ جىنىس فاتسىيىلىك يەر قاتلىمى، تۈزۈلمە خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئىككىلەمچى دەرىجىلىك ئۈچ تۈزۈلمە بەلۋاغقا بۆلۈنىدۇ، يەنى شىمالىي قىسىم قاناس كۆتۈرۈلمىسى، ئوتتۇرا قىسىم كۆكتوقاي گېئوسىنكلىناللىق پۈرلۈمە بەلۋېغى ۋە جەنۇبىي قىسىم ئېرتىش قىسىلما بەلۋېغىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسى دېگۈدەك يېرىلمىلار ئارقىلىق پاسىل ئايرىپ تۇرىدۇ.

**جۇڭغار تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى**

بۇ ئالتاي بىلەن تەڭرىتېغىدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، چوڭقۇر يېرىلمىلار ئارقىلىق چېگرىلىنىپ تۇرىدۇ. پالېئوزوي ئېراسىدىن بۇيان مەزمۇت يەر بۆلىكى (جۇڭغار ئولتۇرۇشمىسى) نى مەركەز قىلغان ئىككى گېئوسىنكلىناللىق پۈرلۈمە بەلۋاغ يېتىلگەن: (1) شەرقىي شىمال جۇڭغار گېئوسىنكلىناللىق پۈرلۈمە بەلۋېغى، ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى بارلىق يېرىلمىسى، بارىكۆل ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال پۈرلۈمىسى شەرققە قاراپ موڭغۇلىيىگىچە، غەربكە قاراپ قازاقىستانغىچە سوزۇلىدۇ، ئۇ گېرتسىن مەزگىلىدە ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال ۋە ئىككىلەمچى گېئوسىنكلىنال بولۇپ شەكىللىنىپ (يانار تاغ جىنىس ۋە ئۇنىڭ ئۆۋۈندىسى بىلەن ئۆۋۈندى جىنىس، كاربوناتلىق جىنىس بىرىكمىسى) ئورۇن ئالماشقان، دەسلەپكى تاشكۆمۈر ئېپوخاسىنىڭ ئاخىرلىرىدا پۈرلۈملەر ئەسلىگە قايتقان، قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك يانار تاغ جىنىسلىرى، مولاس ھەمدە كۆمۈر تەر-

كىبلىك ئۆزۈك ئۇلتۇرۇشما بىرىكمىلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان، پەقەت تاغ ئالدىلىرىدا قۇرۇقلۇق ئارىسىدىكى دېڭىز فاتسىيىلىك مۇھىتلا ساقلىنىپ قالغان، كېيىنكى مەزگىللەردە كۆپ قىسىم سىكللىك يەر بۆلەكلىرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، سەنتاڭخۇ، بۇرۇلتوقاي ھەمدە بۇرچىننىڭ غەربىدىكى ئۇلتۇرۇشمىلار ئوتتۇرا كاينوزوي ئېراسىدىكى ئۇلتۇرۇشمىدىن ئىبارەت، بۇ تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋىغىدا ئۇلترا ئاساسلىق جىنس ۋە گرانىت يېتىلگەن، ئۇ 13 ئىككىلەمچى دەرىجىلىك تۈزۈلمە بىرلىكىگە ئايرىلىدۇ. (2) غەربىي جەنۇب جۇڭغار گېئوسىنكلىنال بەلۋىغى، ئۇنىڭ شىمال تەرىپى بارلىق يېرىلمىسى بىلەن، شەرقىي تەرىپى قاراماي ـ ئۈرۈمچى يېرىلمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبىي تەرىپى 4 ـ سىستېما ياپمىسىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇق چېتىدىكى ھەرىكەتچان بەلۋاغ ئىچىدىكى يېرىق ئۇلتۇرۇشما ئوقۇرىغا تەۋە، ئاخىرقى تاشكۆمۈر ئېپوخاسىدا ئەسلىگە قايتقان، تېز سۈرئەتتە ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىش ۋە تۆۋەن دەرىجىدە تولۇقلىنىش ـ بۇ بەلۋاغنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بىرقەدەر ئوخشاش فلىش چۆكۈندىسى شەكىللەنگەن، ئوردوۋىك سىستېمىسى ئوفىئولىت يۈرۈشىنى بەلگە قىلغان ئوكيان پوستى تېپىلىق بىرىكمىدىن، سىلۇر سىستېمىسى يانار تاغ جىنسلىق فلىش ۋە قۇم تاشلىق فلىش بىرىكمىسىدىن، دېۋون سىستېمىسى يانار تاغ جىنسلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆزۈندى بىرىكمىسىدىن، تاشكۆمۈر سىستېمىسى قۇملۇق فلىش ۋە دۆۋە ئېقىن فاتسىيىلىك بىرىكمىدىن شەكىللەنگەن. بۇ تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋىغىدا ئۇلترا ئاساسلىق جىنس ھەمدە گرانىت بار، گرانىت گەۋدىسى غايەت زور، ئۇلترا ئاساسلىق جىنس تەركىبىدە خروممىت بار، بۇ بەلۋاغ تۆت ئىككىلەمچى دەرىجىلىك تۈزۈلمە بەلۋاغقا ئايرىلىدۇ.

**تەڭرىتاغ تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋىغى** بۇ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى پۈتكۈل تەڭرىتاغ سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 300～350 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1700 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئىككى يان تەرىپى چوڭقۇر كەتكەن چوڭ يېرىلما ۋە جۇڭغار ئۇلتۇرۇشمىسى ھەمدە تارىم ئۇلتۇرۇشمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا ئاساسەن، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئۈچ ئىككىلەمچى 1ـ دەرىجىلىك تۈزۈلمە بىرلىكىگە ئايرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى چوڭ يېرىلما بىلەن چېگرىلىنىدۇ. (1) شىمالىي تەڭرىتاغ ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال يۈرۈلمە بەلۋىغى: بۇ دەسلەپكى پالېئوزوي ئېراسىدىكى ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال ئاساسىدا داۋاملىشىپ تەدرىجىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن گېئوسىنكلىنال ھېسابلىنىدۇ. گېرتسىن مەزگىلى ئاساسلىق سىكل بولۇپ، دېۋون سىستېمىسىدىن باشلىنىپ، دەسلەپكى پېرم ئېپوخاسىدا ئاخىرلىشىدۇ، ئوتتۇرا كاينوزوي ئېراسى پلاتفورما شەكىللىك ياپما قاتلامدىن ھاسىل بولغان، تۈزۈلمە ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ بۆسمە جىنسلار شەكىللەنگەن، ئۇلترا ئاساسلىق جىنستىن تارتىپ كىسلاتالىق گرانىتقىچە ھەممىسى ئېچىلىپ قالغان ھەمدە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىچىدىن ھاسىل بولىدىغان كۆپ خىل قېزىلما بايلىقلار شەكىللەنگەن. بۇ بەلۋاغ تۆت ئىككىلەمچى دەرىجىلىك تۈزۈلمە بىرلىكىگە بۆلۈنىدۇ، يەنى ئۈرۈمچى تاغ ئالدى ئۇلتۇرۇشمىسى، شىمالىي تەڭرىتاغ ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال يۈرۈلمە بەلۋىغى، ئىلى تاغ ئارىسى ئۇلتۇرۇشمىسى ۋە تۇرپان ـ قۇمۇل تاغ ئارىسى ئۇلتۇرۇشمىسىدىن ئىبارەت. (2) جەنۇبىي تەڭرىتاغ ئىككىلەمچى گېئوسىنكلىنال يۈرۈلمە بەلۋىغى: بۇ تارىم ئۇلتۇرۇشمىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، تارىم پلاتفورمىسى ئاساسىدا شەكىللىنىپ قايتىدىن ھاسىل بولغان گېئوسىنكلىنال ھېسابلىنىدۇ، ئوردوۋىك دەۋرىدە ئوقۇرسىمان پلاتفورمىلا پارچىلىنىپ، جەنۇبىي تەڭرىتېغىدا گېئوسىنكلىناللىق چۆكۈندىلەر پەيدا بولغان، گېرتسىن مەزگىلىدە سىكللىق گېئوسىنكلىنال تەرەققىي قىلىپ تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، غەربىي جەنۇب تەڭرىتېغىنىڭ ھەقىقىي گېئوسىنكلىنالى، جەنۇبىي تەڭرىتېغىنىڭ ئىككىلەمچى گېئوسىنكلىنالى ۋە شىمالىي تاغنىڭ ھەقىقىي گېئوسىنكلىنالى شەكىللەنگەن، پېرم دەۋرىدىكى يۈرۈلمىلەر ئەسلىگە قايتىپ، يېڭى پلاتفورما باسقۇچىغا سىڭىپ كىرگەن. ھىندىچىنى، يەنشەن ھەرىكىتى مەزگىلىدە نىسبىي تۇراقلاشقان، ھىمالايا ھەرىكىتى مەزگىلىدە كەڭ دائىرىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان، تۈزۈلمە ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ ماگما ھەرىكىتىمۇ بارلىققا كەلگەن، لېكىن يەنىلا گېرتسىن دەۋرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىشقارلىق خۇسۇسىيىتىمۇ شىمالىي تەڭرىتېغىنىڭ يۈرۈلمە بەلۋىغىدىكىدەك كۈچلۈك ئەمەس. (3) تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرىسى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى تۈزۈلمە بىرلىك ئوتتۇرىسىنىڭ سەل جەنۇبىنى پاسىل قىلغان، ئۇ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تۇتاش بولمىغان تار بەلۋاغ بولۇپ، ئىلگىرىكى كېمبرىي سىستېمىسىدىكى كونا جىنس سىسـ

تېپىسىدىن تەركىب تاپقان. ھەرقايسى بەلۋاغلارنىڭ
ھەممىسىدە يۇسمە جىنس ھەرىكىتى پەيدا بولغان، كۆپ
سىكلاشقان، بۇنىڭدا گېرتسېن ھەرىكىتى مەزگىلى
ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. نىسبىي جەھەتتىن ئېيتقان-
دا، جەنۇبىي تەگرىتېغىدىكى ئىككىلەمچى گېئوسىنك-
لىنال يۇرۇلمە بەلۋېغىدا ماگمىلارنىڭ ھەرىكىتى ئا-
جىزراق.

## كوئېنلۇن تاغ ھاسىل قىلىش

بەلۋېغى بۇ شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاش-
قان بولۇپ، شەرقىي كوئېنلۇن يۇرۇلمە سىستېمىسى
ۋە غەربىي كوئېنلۇن يۇرۇلمە سىستېمىسىدىن ئىبارەت
ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقان. شەرقىي كوئېنلۇن
جەنۇبىي غەرب يۆنىلىشىنى ئالغان، جەنۇبىي كوئېنلۇن
يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ شىمالىي غەرب يۆنىلىشىنى
ئالغان. شىمالىي پاسىلى ئالتۇنتاغ، تارىمنىڭ كەڭشە-
ۋەر چوڭ يېرىلمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي
كوئېنلۇن يۇرۇلمە بەلۋېغى جەنۇبتا مۇزتاغ - چوڭ
يۇلغۇن ساي يېرىلمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۇ، كا-
لېدون، گېرتسېن، ھىندىچىنى - يەنشەن ھەمدە ھىما-
لايا تۇزۇلمە قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان، چاڭچېڭ سىس-
تېمىسىدىن تەركىب تاپقان ئۇلى ئېچىلىپ قالغان،
ئوخشاش بولمىغان يەر بۆلەكلىرىنى ئايرىم - ئايرىم
ھالدا ئوردوۋىك سىستېمىسى، دېۋون سىستېمىسى،
تاشكۆمۈر سىستېمىسى ۋە ترىئاس سىستېمىسى بىماس
دەستىلەنگەن ھالەتتە قاپلاپ تۇرىدۇ، يەر قاتلاملىرى
شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ يېڭىلىنىپ بارىدۇ. ئۇ شىمال-
دىن جەنۇبقا قاراپ تۆت ئىككىلەمچى دەرىجىلىك تۇزۇل-
مە بىرلىكىگە ئايرىلىدۇ: (1) گورگا ئولتۇرۇشمى-
سى، بۇ يىراق پالېئوزوي ئېرا تېمى - پالېئوزوي ئېرا
تېمى ئۇلى ئاساسىدىكى مېزوزوي - كاينوزوي ئېرا
تېمى ئولتۇرۇشمىسى بولۇپ، ھەرقايسى مەزگىللەردى-
كى ئۇلترا ئاساسلىق - كىسلاتالىق يۇسمە جىنسلار
ئېچىلىپ قالغان. (2) چىمەنتاغ ھەقىقىي گېئوسىنك-
لىنال بەلۋېغى. (3) ئارقا تاغ ئىككىلەمچى گېئو-
سىنكلىنال يۇرۇلمە بەلۋېغى: بۇ بەلۋاغدا كەڭ كۆلەمدە
گرانىت بار. (4) قاراتاش ئىككىلەمچى گېئوسىنكلى-
نال يۇرۇلمە بەلۋېغى، بۇ بەلۋاغدا ئۇلترا ئاساسلىق —
كىسلاتالىق يۇسمە جىنس بار. غەربىي كوئېنلۇن يۇ-
رۇلمە بەلۋېغى تارىم ئويمانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن
شەكىللەنگەن يېرىق جىلغا تىپلىق قۇرۇقلۇق ئىچىدىكى
ھەقىقىي گېئوسىنكلىنال يۇرۇلمە بەلۋېغى ھېسابلىنى-
دۇ. ئۇ ئىككىلەمچى دەرىجىلىك ئىككى تۇزۇلمە بەل-
ۋاغقا ئايرىلىدۇ: ① چارلۇڭ - كۆرلەڭ ھەقىقىي گې-
ئوسىنكلىنال يۇرۇلمە بەلۋېغى: ئۇنىڭ ئۇلى چوڭ قۇ-
رۇقلۇق پوستىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، پروتېروزوي ئې-
ئونو تېمى، پالېئوزوي ئېرا تېمى ئېچىلىپ قالغان،
كالېدون، گېرتسېن مەزگىلىدە ماگما ھەرىكىتى كۆ-
چەيگەن، پېرم دەۋرىدە يۇرۇلۇشۇپ كۆتۈرۈلۈپ چىق-
قان. ② قوڭۇر - سانجۇ تېغى كۆتۈرۈلمىسى: بۇنىڭ
جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرىپى يېرىلما ئارقىلىق پاسىل
ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇلى دەسلەپكى پروتېروزوي
ئېئونو تېمىدىن، ياپما قاتلىمى پالېئوزوي ئېرا تېمىدىن
شەكىللەنگەن، ھەرقايسى مەزگىللەردە دېڭىزدەك ماگما
ھەرىكىتى يۈز بەرگەن، ئۇلترا ئاساسلىق جىنستىن
كىسلاتالىق جىنسقا ئۆزگەرگەن، كالېدون مەزگىلىدىن
كېيىن ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان.

## قارا قۇرۇم تاغ ھاسىل قىلىش

بەلۋېغى بۇ غەربىي كوئېنلۇن يۇرۇلمە بەلۋېغىنىڭ
جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كەڭشۇەر چوڭقۇر يېرىل-
مىسى بىلەن تارىم پلاتفورمىسى ئارقىلىق پاسىل ئاي-
رىپ تۇرىدۇ. ئۇ جۇڭگودا پلاتفورما پارچىلانغاندىن
كېيىن قايتىدىن پەيدا بولغان گېئوسىنكلىنالغا تەۋە.
ئېچىلىپ قالغان يەر قاتلاملىرىدىن پروتېروزوي ئېئونو
تېمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە كېمبىرىي، ئوردوۋىك،
سىلۇر سىستېمىسى ۋە كېيىنكى پالېئوزوي ئېرا تېمىدى-
كى تېيىز دېڭىز فاتسىيىلىك ئۆۋۈندى جىنس، كاربو-
ناتلىق جىنسلار بار، قىسمەن يانار تاغ جىنسلىرى ھەم-
دە باشقا ئۆۋۈندى جىنسلار قىستۇرۇلغان بولۇپ،
ئىككىلەمچى گېئوسىنكلىنالغا تەۋە. ھىندىچىنى يەن-
شەن ھەرىكىتى مەزگىلىدە، دېڭىز سۇلىرىنىڭ بېسىپ
كىرىش نەتىجىسىدە كېڭەيگەن، مېزوزوي ئېرا تېمىغا
تەۋە بولغان گېئوسىنكلىناللىق چۆكۈندىلەر كەڭ تار-
قالغان، كالېدون، يەنشەن ھەرىكىتى مەزگىلىدە گرا-
نىت، دىئورىت يېتىلگەن. بۇ بەلۋاغ ئىككىلەمچى دەرى-
جىلىك ئىككى تۈزۈلمە بىرلىكىگە ئايرىلىدۇ: ①
ئاقسايچىن كۆتۈرۈلمىسى؛ ② لىن جىنتاڭ ئىككىلەم-
چى گېئوسىنكلىناللىق يۇرۇلمە بەلۋېغىدىن ئى-
بارەت.

## ئالتۇنتاغ تاغ ھاسىل قىلىش

بەلۋېغى بۇ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شى-
مالىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، تارىم بىلەن سايدام
ئويمانلىقى ئارىلىقىدىكى ئوتتۇرا تاغ سىستېمىسى
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تارىم پلاتفورمىسىنىڭ ئىككى-

لەمچى دەرىجىلىك تۈزۈلمە بەلۋېغىغا تەۋە، ئۇنى بەزىلەر ئالتۇنتاغ ئۈزۈلمە كۆتۈرۈلمىسى دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبىي ئالتۇنتېغىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى يېرىلما ۋە شەرقىي كوئېنلۇن تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ، شىمالىي چېگرىسى كېڭدى - كېپا يېرىلمىسىدىن ئىبارەت. تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ ئۇلى ئارخېئوزوي ئېئونو تېمى، پروتېروزوي ئېئونو تېمىدىن، ياپما قاتلاملىرى ئوردوۋىك سىستېمىسى، تاش كۆمۈر سىستېمىسىدىن شەكىللەنگەن، تاشكۆمۈر سىستېمىسى پروتېروزوي ئېئونو تېمى ئۈستىگە بىماس ھالدا دەستىلەنگەن، پېرم سىستېمىسى تاشكۆمۈر سىستېمىسى ئۈستىگە بىماس دەستىلەنگەن، ئوتتۇرا كاينوزوي ئېرا تېمى قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك كۆمۈر تەركىبلىك چۆكۈندە ۋە ئارىلاشما رەڭلىك ئۆزۈندى دۆۋىلەنمىسىدىن ھاسىل بولغان. كۆپ قېتىم كۆتۈرۈلۈپ چىققاچقا سويۇلۇپ كەتكەن، تۈزۈلمە ھەرىكىتى كۈچلۈك بولغان، ئالتۇنتاغ ھەرىكىتى (ئوتتۇرا، كېيىنكى پروتېروزوي ئېئونو تېمى) ئەڭ مۇھىم بولۇپ، پروتېروزوي ئېئونو تېمى گېئوسىنكلىنال يۆرۈلمىسىنىڭ ئەسلىگە قايتىپ، پلاتفورمىغا ئايلىنىشىغا سەۋەب بولغان، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، گرانىت، ئۇلترا ئاساسلىق جىنسلار يۆسۈپ كىرگەن. گېرتسىين مەزگىلىدە گرانىت، ئۇلترا ئاساسلىق جىنسلار پارچە - پۇرات تارقالغان.

**جۇڭغار ئولتۇرۇشمىسى** بۇ جۇڭغار تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، شەرقىي شىمال، غەربىي جەنۇب ئارىلىقىدىكى جۇڭغار ھەققىي گېئوسىنكلىنال ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭغار - شىمالىي تەڭرىتاغ يۆرۈلمىسىنىڭ ئىككىلەمچى دەرىجىلىك تۈزۈلمە بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پېرم دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا شەكىللەنگەن، ھىندىچىنى - يەنشەن تۈزۈلمە ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى تۇراقلاشقان، يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتى 4 - سىستېمىسىنىڭ 3 - سىستېما ئۈستىگە بىماس دەستىلىنىشىگە سەۋەب بولغان، ئولتۇرۇشما مەركىزى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ، شىمالدىن جەنۇبقا يۆتەلگەن يەككە يانتۇ قاتلام ھاسىل قىلغان. ئۇ ئىككىلەمچى دەرىجىلىك تۆت تۈزۈلمە بىرلىكىگە ئايرىلىدۇ: (1) قاراماي - ئۈرۈمچى ئۈزۈلمە پەلەمپىيى، ئۇ يەككە يانتۇلۇق ئۈستىدە يېتىلگەن پەلەمپەيسىمان ئۈزۈلمە بۆلەك بولۇپ، بىرنەچچە پاراللېل تەتۈر ئۈزۈك قاتلام، تەتۈر يېپىلغان ئۈزۈك قاتلامدىن تەركىب تاپقان. (2) مەركىزىي ئولتۇرۇشما جەنۇبقا قاراپ قىيسايغان يانباغىر بولۇپ، ئۇلى 6 - 12 كىلومېتىر چوڭقۇر، مېزوزوي ئېراسىدىكى چۆكۈندە قاپلىغان رايونغا تەۋە. (3) شىمالىي قىسىم كۆتۈرۈلمىسى: بۇ گېرتسىين تۈزۈلمە قاتلىمى ئۇلى ئاساسىدا يېتىلگەن مېزوزوي - كاينوزوي ئېراسىدىكى چۆكۈندە رايونى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلى 5.0 - 5.5 كىلومېتىر چوڭقۇر. (4) شەرقىي قىسىم كۆتۈرۈلمىسى: بۇ گېرتسىين تۈزۈلمە قاتلىمى ئۇلى ئاساسىدا يېتىلگەن مېزوزوي - كاينوزوي چۆكۈندە قاتلىمىدىن ئىبارەت.

**تارىم ئولتۇرۇشمىسى** بۇ تارىم پلاتفورمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. تارىم پلاتفورمىسى تەڭرىتاغ بىلەن كوئېنلۇن تېغى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئالدىنقى جېنىدەن سىستېمىسى ئۇلىغا ئىگە، لۈيلياڭ ھەرىكىتى پلاتفورمىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىگە ئاساس سالغان. بۇ، جۇڭگودا پلاتفورمىنىڭ غەربكە سوزۇلغان قىسمى ھېسابلىنىدۇ، گېئولوگىيىلىك، گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئالتە تۈزۈلمە بىرلىكىگە ئايرىلىدۇ، تارىم ئولتۇرۇشمىسى شۇلارنىڭ بىرى. بۇ ئولتۇرۇشما يەنە بەش ئۈچىنچى دەرىجىلىك بىرلىككە ۋە 17 تۆتىنچى دەرىجىلىك بىرلىككە ئايرىلىدۇ: (1) شىمالىي ئولتۇرۇشما رايونى: بۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۇچار ئولتۇرۇشمىسى - تارىم پلاتفورمىسى بىلەن تەڭرىتاغ گېئوسىنكلىنال يۆرۈلمە بەلۋېغى ئوتتۇرىسىدىكى مېزوزوي - كاينوزوي ئېراسى ئولتۇرۇشمىسى بولۇپ، چۆكۈندىلەرنىڭ قېلىنلىقى 10 مىڭ مېتىر كېلىدۇ؛ شايار يانباغىر - چولڭ تېپتىكى مېزوزوي - كاينوزوي ئېراسى ئولتۇرۇشمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 4000 - 7000 مېتىر كېلىدۇ، ئۇلى 8 - 12 كىلومېتىر چوڭقۇر. (2) شەرقىي تارىم ئولتۇرۇشما رايونى: مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاۋات ئولتۇرۇشمىسى، يەنى گېرتسىين ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تەرەققىي قىلغان ئۈزۈك ئولتۇرۇشما بولۇپ، ئۇلى پالېئوزوي ئېرا تېمىدىن تەركىب تاپقان، چوڭقۇرلۇقى بەش - سەككىز كىلومېتىر كېلىدۇ، كاينوزوي ئېراسىدا تېز چۆكۈپ 6000 مېتىر قېلىنلىقتىكى ياپما قاتلام ھاسىل بولغان؛ شۇنتوغول ئولتۇرۇشمىسى پالېئوزوي ئېرا تېمى، مېزوزوي - كاينوزوي ئېرا تېمىدا يېتىلگەن؛ سەكرەپ ئىلگىرىلەش 1 - نومۇرلۇق ئۆزۈن تام بولسا پالېئوزوي ئېراسى، مېزوزوي ئېراسىدا شەكىللەنگەن

ئولتۇرۇشما بولۇپ، چۆكۈندىلەرنىڭ قېلىنلىقى ئاز كەم 10 مىڭ مېتىر (كاينوزوي ئېرا تېمى 2500 مېتىر) كېلىدۇ؛ مەنجار ئولتۇرۇشمىسى مېزوزوي – كاينوزوي ئېرا تېمىدا يېتىلگەن؛ كۆنچى دەرياسى يانباغىر پالېئوزوي ئېراسىدا كۆتۈرۈلۈپ چىققان، شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي جەنۇبقا قىيسايغان؛ ھىمالايا ھەرىكىتى مەزگىلىدە پۈرۈلمىلەشكەن؛ قەدىمكى شەھەر خارابىسى يانباغىر مېزوزوي، كاينوزوي ئېرا تېمىدا يېتىلگەن. (3) مەركىزىي كۆتۈرۈلمە رايونى مارالبېشى كۆتۈرۈلمىسى، كاتاق ئولتۇرۇشمىسى، تاڭغۇسباستاۋ ئولتۇرۇشمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (4) غەربىي جەنۇبىي ئولتۇرۇشما رايونى قەشقەردىن كېرىيىگىچە بولغان جايلاردىكى ئالتە دانە كۆپۈنكى كۆتۈرۈلمىسى ۋە ئولتۇرۇشمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (5) شەرقىي جەنۇبىي ئۆزۈلمە پەلەمپەي رايونى نىيەدىن چاقىلىققىچە بولغان ئىككى ئۆزۈلمە پەلەمپەي رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تۇرپان – قۇمۇل ئولتۇرۇشمىسى** بۇ تۇرپان – قۇمۇل ئولتۇرۇشمىسىدۇر. ئۇ تەڭرىتاغ تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە تارقالغان بولۇپ، تەڭرىتېغىدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى ئىچىدىكى ئىككىلەمچى 1 – دەرىجىلىك تۈزۈلمە بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ گېرتسىن پۈرۈلمىسى ئۇلى ئاساسىدا يېتىلگەن چوڭ تىپتىكى مېزوزوي – كاينوزوي ئېراسىدىكى تاغ ئارىسى ئولتۇرۇشمىسى بولۇپ، ئەتراپى چوڭ يېرىلمىلارنىڭ ئىلكىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇلى ئۆزگەرمىگەن پرىكېمبىرىي سىستېمىسى ياكى كالېدون تۈزۈلمە قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان، ئوتتۇرا قىسمىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر كۆتۈرۈلمە بار، شەرقىي قىسمىدىكى چۆكمە مەركىزىي قۇمۇل شەھىرىنىڭ قارا دۆۋە ئېرىقى ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلى 3500 مېتىر چوڭقۇر. غەربىي قىسمىدىكى چۆكمە مەركىزى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلى 4600 مېتىر چوڭقۇر.

**ئىلى ئولتۇرۇشمىسى** بۇ تەڭرىتېغىدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، بورىخورو تېغى بىلەن خالىقتاۋ تېغى ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇلغان شىنىسىمان ئويمانلىقتۇر. ئۇ تاغ ئارىسى ئولتۇرۇشمىسىغا تەۋە بولۇپ، شىمالىي تەڭرىتاغ گېئوسىنكلىنال پۈرۈلمە بەلۋېغى ئىچىدىكى 3 – دەرىجىلىك تۈزۈلمە بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ، ئىلى ئولتۇرۇشمىسى ۋە موڭغۇلكۈرە ئولتۇرۇشمىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پروتېروزوي ئېئونو تېمى ۋە گېرتسىن پۈرۈلمە بەلۋېغى ئاساسىدا يېتىلگەن تاغ ئارىسى ئولتۇرۇشمىسى ھېسابلىنىدۇ، غايەت زور قېلىنلىقتىكى دېڭىز فاتسىيىلىك كېيىنكى ترىئاس دەۋرى ۋە دەسلەپكى – ئوتتۇرا يۇرا دەۋرىدىكى كۆمۈر تەركىبلىك بىرىكمىلەر بار، 3 – سىستېمىدىكى قىزىل رەڭلىك بىرىكمىلەر، مولاسلىق بىرىكمىلەر ۋە كەڭ كۆلەمدە يېتىلگەن 4 – سىستېمىدىن تۈزۈلگەن.

**شىنجاڭدىكى ھەرىكەتچان چوڭقۇر يېرىلمىلار ۋە يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى** بۇ گېئولوگىيىلىك ھەرىكەتچان قۇرۇلمىدۇر. ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى ئۈچىنچى دەۋردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەرىكەتچان 29 چوڭقۇر يېرىلمىدا كۆپ قېتىم قەدىمكى يەر تەۋرەش ئەمۋالى كۆرۈلگەن ھەمدە 6 بالدىن يۇقىرى 26 قېتىم يەر تەۋرىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن، ئۇلار ئىچىدە ئۈچ قېتىم 8 بالدىن يۇقىرى، يەتتە قېتىم 7.0 – 7.9 بال، 16 قېتىم 6.0 – 8.9 بال يەر تەۋرىگەن. بۇ تەۋرەش قۇرۇلمىلىرىنىڭ كېسىلگەن لىتوسفېراسى ۋە يەر پوستى چوڭقۇرلۇقىغا ئاساسلانغاندا، يەتتە دانە ئۇلترا لىتوسفېرا يېرىلمىسى، توققۇز دانە لىتوسفېرا يېرىلمىسى ۋە 13 دانە يەر پوستى يېرىلمىسى بار. ئۇلار ئالتاي تاغلىرى، غەربىي جۇڭغار تاغلىق جايلىرى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي، كۇئېنلۇن تېغى، قارا قۇرۇم تېغى، ئالتۇنتاغ ۋە ئۇنىڭ ئارىسى ھەمدە جۇڭغار ئويمانلىقى ياكى تارىم ئويمانلىقى قاتارلىق ئۆزئارا تۇتاشقان بەلۋاغلارغا تارقالغان. ستاتىستىكىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشنىڭ 90%ى ھەرىكەتچان چوڭقۇر يېرىلمىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، بۇلار ئىچىدە 8 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش ئاساسلىق غول ھەرىكەتچان چوڭقۇر يېرىلمىلاردا يۈز بەرگەن، 7.0 – 7.9 بال يەر تەۋرەشنىڭ 87%ى ۋە 6 بال يەر تەۋرەشنىڭ 86%ىمۇ ئاساسلىق غول ھەرىكەتچان چوڭقۇر يېرىلمىلاردا يۈز بەرگەن. ئۇنىڭدىن قالسا ئىككىلەمچى دەرىجىلىك ھەرىكەتچان چوڭقۇر يېرىلمىلاردا يۈز بەرگەن. قەدىمكى يەر تەۋرەش ۋە ھازىرقى زاماندىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەشتە يەر يۈزىدىكى يېرىلما بەلۋاغلار ھەرىكەتچان چوڭقۇر يېرىلمىنى بويلاپ تارقالغان، مەسىلەن، تولى ناھىيىسىدىكى 800 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قەدىمكى يەر تەۋرىگەن يەر يۈزى يېرىلما بەلۋېغى بارلىق لىتوسفېرا يېرىلمىسىنى بويلاپ تارقالغان. 1000 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئالتۇنتاغنىڭ

جەنۇبىي چېتىدىكى ئۇلترا لىتوسفېرا يېرىلمىسىدا يەتتە جايدا ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى قەدىمكى يەر تەۋرەشنىڭ دېفورماتسىيىلىك بەلۋېغى بار. 1812 ـ يىلى نىلقىدىكى 8 بال يەر تەۋرەشنىڭ دېفورماتسىيىلىك بەلۋېغى قەشقەر دەرياسى ۋادىسى يېرىلمىسىنى بويلاپ 65 كىلومېتىر كېڭەيگەن. 1985 ـ يىلى ئۇلۇغچاتتىكى 7.1 بال يەر تەۋرىگەن يەر يۈزى يېرىلما بەلۋېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىرغا يېتىپ، كازىكئارت لىتوسفېرا يېرىلمىسىنى بويلاپ كېڭەيگەن. بۇ شىنجاڭدىكى ھەرىكەتچان چوڭقۇر يېرىلما بەلۋېغى تەۋرەش پاكى سىلكىنىشنى كونترول قىلىدىغان قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**شىمالىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغى** بۇ غەربتە قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستاننىڭ شىمالىي تەڭرىتېغىدىن باشلىنىپ شەرقتە شىنجاڭدىكى باركۆل ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە ئاخىرلىشىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 3125 كىلومېتىر، كەڭلىكى 250 ـ 550 كىلومېتىر، غەربىي تەرىپى كەڭ، شەرقىي تەرىپى تار. ئومۇمىي گەۋدىسى شەرقتىن غەربكە يېيىلغان بولۇپ، شىنجاڭ يەر تەۋرەش رايونىغا تەۋە. بۇ بەلۋاغدىكى يەر پوستىنىڭ قېلىنلىقى 45 ـ 55 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ بەلۋاغ تەڭرىتېغىدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، گېرتسىن پۈرۈلمە بەلۋېغىدىن تەركىب تاپقان، ھازىرقى شىمالىي تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى يىلىغا 2.0 ـ 17.8 مىللىمېتىر تېزلىكتە كۆتۈرۈلمەكتە. تالاس چوڭقۇر يېرىلمىسى، زالائېر ـ نايمان چوڭقۇر يېرىلمىسى، ئالاساڭ ـ چۇلاق چوڭقۇر يېرىلمىسى، بولخىنۇر ـ ئاچچىق قۇدۇق چوڭقۇر يېرىلمىسى، جۇڭغارنىڭ جەنۇبىي چېتى يېرىلمىسى، بوغدا ياپسىمان تۈزۈلمىسى، داخېيەن ـ لوباۋچۈەن يېرىلمىسى ھەمدە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي قۇرۇلمىسى 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش يۈز بېرىدىغان تەۋرەش قۇرۇلمىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەلۋاغنىڭ شىنجاڭدىكى تەۋەسىدە 1716 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە بىر قېتىم 8 بالدىن يۇقىرى، بەش قېتىم 7.0 ـ 7.9 بال، 15 قېتىم 6.0 ـ 6.9 بال، 71 قېتىم 5.0 ـ 5.9 بال يەر تەۋرىگەن. يەر تەۋرەش دەرىجىسى بىلەن تەكرارلىنىش مۇناسىۋىتى قىممىتى (b) 0.80، يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ تەكرارلىنىشى تۆۋەن، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى زور بولغان. ئۈرۈمچى دەرياسىنى پاسىل قىلغان يەر تەۋرەش ھەرىكىتى غەربتە كۈچلۈك، شەرقتە ئاجىز بولغان. 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 12 ـ 60 كىلومېتىر بولۇپ، تېيىز مەنبەلىك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. 1889 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چىلىكتە 3.8 بال يەر تەۋرىگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ بەلۋاغ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. 1812 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى نىلقىدا 8 بال يەر تەۋرىگەن، بۇ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەلۋاغدىكى يەر تەۋرەش ھەرىكىتى باسقۇچى ئۇزۇن بولۇپ، تەخمىنەن 100 يىلغا يېتىدۇ، ئۈچ يەر تەۋرەش ھەرىكىتى باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. 1716 ـ يىلدىن 1812 ـ يىلغىچە بىرىنچى ھەرىكەت باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. 1813 ـ يىلدىن 1914 ـ يىلغىچە ئىككىنچى ھەرىكەت باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ، بۇلار ئىچىدە 1813 ـ يىلدىن 1841 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت تىنچ باسقۇچ، 1842 ـ يىلدىن 1914 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت جانلانغان باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى ھەرىكەت باسقۇچى 1915 ـ يىلى باشلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە، 1915 ـ يىلدىن 1943ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت تىنچ باسقۇچ، 1944ـ يىلدىن باشلاپ جانلانغان باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

**جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغى** بۇ شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى يەر تەۋرەش بەلۋېغىدۇر. غەربتە تاجىكىستان، قىرغىزىستاندىن باشلىنىپ، شەرقتە شىنجاڭدىكى قۇرۇقتاغدا ئاخىرلىشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2500 كىلومېتىر، كەڭلىكى 100 ـ 325 كىلومېتىر كېلىدۇ. بەلۋاغ ئىچىدىكى يەر پوستىنىڭ قېلىنلىقى 48 ـ 62 كىلومېتىر بولۇپ، تەڭ قېلىنلىق سىزىقى يېقىن شەرقتىن غەربكە قاراپ يېيىلىپ، تەڭرىتېغىدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ بارىدۇ، ئۇ كالېدون ـ گېرتسىن پۈرۈلمە بەلۋېغى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى جەنۇبىي تەڭرىتاغ يىلىغا 0 ـ 2 مىللىمېتىر تېزلىك بىلەن كۆتۈرۈلمەكتە. فەرغانە چوڭقۇر يېرىلمىسى بېيىچېن ـ جەنۇبىي فەرغانە چوڭقۇر يېرىلمىسى، ئۇلۇغچات چوڭقۇر يېرىلمىسى، كەلپىن يېرىلمىسى، پوچاڭ يېرىلمىسى ۋە چۆلتاغ يېرىلمىسى بەلۋاغ ئىچىدە يۈز بەرگەن 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلمىلارنىڭ كۆپىنچىسى شىمالغا قىيسايغان تەتۈر ئۈزۈك قاتلام بولۇپ، كۆپ ھاللاردا يېقىن شەرقتىن غەربكە قاراپ يۆرۈش يۆنىلىشىنى ھاسىل قىلغان، شىمالدىن جەنۇبقا

قاراپ رەت تەرتىپى بويىچە تاجىك ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئىتتىرىلىپ يېيىلغان. بۇ بەلۋاغنىڭ شىنجاڭدىكى دائىرىسىدە 1600 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە جەمئىي بىر قېتىم 8 بالدىن يۇقىرى، ئۈچ قېتىم 7.0 ـ 7.9 بال، 37 قېتىم 6.0 ـ 6.9 بال، 169 قېتىم 5.0 ـ 5.9 بال يەر تەۋرىگەن. يەر تەۋرەش دەرىجىسى بىلەن تەكرارلىنىش دەرىجىسى مۇناسىۋىتىنىڭ قىممىتى 0.70(b) بولۇپ، شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش رايونلىرى ئىچىدە ئەڭ ھەرىكەتچان يەر تەۋرەش بەلۋېغى ھېسابلىنىدۇ. كۈچلۈك يەر تەۋرەشنىڭ تەكرارلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى زور. 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 ـ 60 كىلومېتىر بولۇپ، تېيىز مەنبەلىك يەر تەۋرەشكە تەۋە. 1902 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاتۇشتا 8.25 بال يەر تەۋرىگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ بەلۋاغ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەلۋاغدىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەش مەركەزلىك ھالدا ئالاي تېغى ـ كەلپىن ۋە باي ـ باغراش كۆلىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە، يەنى كەلپىن ئۆزۈلمە بۆلىكى كۆتۈرۈلمىسى بىلەن تارىم ئولتۇرۇشمىسى تۇتاشقان بۆلەككە ھەمدە تارىم ئويمانلىقى ئولتۇرۇشمىسىنىڭ شىمالىغا چوقچىيىپ چىققان قىسمىغا تارقالغان. بۇ بەلۋاغنىڭ يەر تەۋرەش باسقۇچىغا تەخمىنەن 100 يىل بولغان. بىرىنچى ھەرىكەت باسقۇچى 1907 ـ يىلى ئاخىرلاشقان. ئىككىنچى ھەرىكەت باسقۇچى 1908 ـ يىلى باشلانغان، 1908 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىت تىنچ باسقۇچ، 1946 ـ يىلىدىن باشلاپ جانلانغان باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

**غەربىي كۇئېنلۇن يەر تەۋرەش بەلۋېغى** بۇ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى يەر تەۋرەش رايونىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. شىمالىي تەرىپى قىزىلسۇ دەرياسى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ ھەمدە شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش رايونىنىڭ جەنۇبىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش رايونى بەلۋېغى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. غەربتە تاجىكىستاندىكى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ، يېڭىسار، قاغىلىق، خوتەن، كېرىيە لىنىيىسىنىڭ غەربىدىن ئۆتىدۇ، جەنۇبىي چېگرىسى تەخمىنەن شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىكى لى تيەنسۇ دېگەن يەرنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇ پامىر، غەربىي كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى ۋە قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ يۆنىلىشى شىمالدىن غەربكە سوزۇلۇپ، شىمالغا قاراپ چوقچىيىپ چىققان يايسىمان بەلۋاغنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇزۇنلۇقى 890 كىلومېتىر، كەڭلىكى 190 ـ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ 50 ـ 60 كىلومېتىر قېلىنلىقتىكى يەر پوستى يانتۇ بەلۋاغدۇر. غەربىي كۇئېنلۇن تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغى كالېدون ۋە ھىندىچىنى يۆرۈلمە بەلۋېغىدىن تەركىب تاپقان. ھازىر يىلىغا 2 ـ 8 مىللىمېتىر تېزلىك بىلەن كۆتۈرۈلمەكتە. پامىر يايسىمان چوقچىيىشىنىڭ ئورنىنى دېفورماتسىيىلىك ئۆلچىگەندە، تېزلىكى يىلىغا 6 ـ 16 مىللىمېتىرغا يەتكەن. 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش پەيدا بولىدىغان تەۋرەش قۇرۇلمىسى تەتۈر يېپىلغان ئۆزۈك قاتلام ۋە يۇقىرى بولۇڭلۇق تەتۈر ئۆزۈك قاتلامنى ئاساس قىلىدۇ، ئۆزۈك قاتلاملارنىڭ سىيرىلىش تېزلىكى يىلىغا 6 ـ 10 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ. كۈچلۈك يەر تەۋرەش كۆپىنچە يۆنىلىشلىك يېرىلمىلارنىڭ يايسىمان ئايلانمىسىدا ياكى ياتۇ كەسمە يېرىلمىلار كېسىشىدىغان جايلاردا يۈز بېرىدۇ. 1895 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە ئالتە قېتىم 7.0 ـ 7.9 بال، 22 قېتىم 6.0 ـ 6.9 بال، 83 قېتىم 5.0 ـ 5.9 بال يەر تەۋرىگەن. يەر تەۋرەش دەرىجىسى بىلەن تەكرارلىنىش دەرىجىسى مۇناسىۋەت قىممىتى 0.64(b). يەر تەۋرەشنىڭ تەكرارلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى، كۈچلۈك يەر تەۋرەش ئاز، كۆپ ھاللاردا ئوتتۇراھال كۈچلۈك يەر تەۋرەيدۇ. ئاساسەن قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىي، تاشقورغان، قاغىلىقنىڭ جەنۇبىدىكى مازار، خوتەننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مۇز تاغ ھەمدە قارا قۇرۇم تېغى ئېغىزى ئەتراپلىرىدا يۈز بەرگەن. 1895 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاشقورغاندا 7.5 بال يەر تەۋرىگەن بولۇپ، بۇ ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. يەر تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى غەربتىن شىمالغا قاراپ تېيىزلاشقان، تېيىز مەنبەلىك يەر تەۋرەش كۆپىنچە 50 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇق ئىچىدە كۆرۈلگەن، ئوتتۇراھال چوڭقۇر مەنبەلىك يەر تەۋرەش 170 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆرۈلگەن. يەر تەۋرەش ھەرىكىتى باسقۇچى 100 يىل ئىچىدە بولغان، بىرىنچى ھەرىكەت باسقۇچى 1910 ـ يىلى ئاخىرلاشقان. 1911 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىككىنچى ھەرىكەت باسقۇچىغا قەدەم قويغان، بۇنىڭ ئىچىدە 1911 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىت تىنچ باسقۇچ. 1944 ـ يىلىدىن باشلاپ جانلانغان باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ.

**ئالتۇنتاغ يەر تەۋرەش بەلۋىغى** بۇ چىڭخەي – شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى يەر تەۋرەش بەلۋىغىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى يەر تەۋرەش بەلۋىغىدۇر، ئۇ ئالتۇنتاغ – چىلىيەنشەن تېغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شىنجاڭ، چىڭخەي ۋە گەنسۇنىڭ قىسمەن رايونلىرىغا تارقالغان، ئومۇمىي گەۋدە يېيىلمىسى شىمالغا چوقچىيىپ چىققان ياي شەكلىنى ھاسىل قىلغان، ئۇزۇنلۇقى 2710 كىلومېتىر، كەڭلىكى 70 – 240 كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي تەرىپى تار، شەرقىي تەرىپى كەڭ. شىنجاڭ تەۋەسىدە نىيە، لوپنۇر كۆلى، قۇمقۇدۇق لىنىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتۇنتاغ ۋە ئۇنىڭ تاغ ئالدىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىك بەلۋاغلارغا جايلاشقان. يەر پوستىنىڭ قېلىنلىقى 50 كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدۇ. ئالتۇنتاغدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋىغى ئاساسەن، كالېدون پۈرلۈمە بەلۋىغى ھېسابلىنىدۇ. يەر شارى بايلىق سۈنئىي ھەمراھى تارتقان سۈرەتتە ناھايىتى ئېنىق بولغان ئالتۇنتاغ ھەرىكەتچان ئۈزۈلمە بەلۋىغى يەر تەۋرەش بەلۋىغىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن. ھازىرقى ئالتۇنتاغ ۋە كوئېنلۇن تېغى يىلىغا 2-10 مىللىمېتىر تېزلىكتە كۆتۈرۈلمەكتە. 1922-يىلدىن 1999 – يىلغىچە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى بۇ بەلۋاغدا ئىككى قېتىم 7.0 – 7.9 بال، تۆت قېتىم 6.0 – 6.9 بال 32 قېتىم 5.0 – 5.9 بال يەر تەۋرىگەن؛ ئاساسەن، نىيە، چەرچەن ھەمدە لوپنۇرنىڭ جەنۇبىي رايونىغا تارقالغان. 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 14 – 58 كىلومېتىر بولۇپ، تېيىز مەنبەلىك يەر تەۋرەشكە كىرىدۇ. يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ تەكرارلىنىش دەرىجىسى تۆۋەن، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئاجىز، تەۋرەش دەرىجىسى بىلەن تەكرارلىنىش دەرىجىسى مۇناسىۋىتىنىڭ قىممىتى (b)0.72. 1924 – يىلى 7 – ئاينىڭ 3 – كۈنى ۋە 12 – كۈنى يۈز بەرگەن ئاساسلىق قوش تەۋرەش تىپىدىكى 7.25 بال يەر تەۋرەش – بۇ بەلۋاغنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەلۋاغنىڭ يەر تەۋرەش ھەرىكىتى باسقۇچى 100 يىل ئىچىدە بولغان. بىرىنچى ھەرىكەت باسقۇچىدىكى جانلىنىش مەزگىلى 1924 – يىلى باشلىنىپ 1933 – يىلى ئاخىرلاشقان. 1934 – يىلى ئىككىنچى ھەرىكەت باسقۇچىغا كىرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1934 – يىلدىن 1947 – يىلغىچە بولغان ۋاقىت تىنچ بولغان ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ، 1948 – يىلدىن باشلاپ جانلىنىش باسقۇچىغا كىرگەن.

**ئالتاي يەر تەۋرەش بەلۋىغى** بۇ شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۇ جۇڭگو، موڭغۇلىيە، قازاقىستان ۋە رۇسىيىلەر تۇتاشقان چېگرا رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىنى بويلاپ، بارىكۆلنىڭ شىمالىي، ئاراتۇرۇكنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، ئالتاي تېغى، ئالمانتى – بەيتىك تېغى، قارا مايلى ۋە سانتاغخۇ – نوم ئويمانلىقى ھەمدە موڭغۇلىيىدىكى چۆل ئالتاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي گەۋدىسى شىمالىي غەربىي – شىمالىي غەربىي غەرب يۆنىلىشى بويىچە يېيىلغان، ئۇزۇنلۇقى 2100 كىلومېتىر، كەڭلىكى 325 – 475 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ گېرتسىن پۈرلۈمە بەلۋىغى ھېسابلىنىدۇ. يەر پوستى قېلىنلىقى 46 – 56 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئالتاي تېغى ھازىر يىلىغا 0.5 – 2.0 مىللىمېتىر تېزلىكتە كۆتۈرۈلمەكتە. كۆكتوقاي – ئەرتەي چوڭقۇر يېرىلمىسى، ئېرتىش چوڭقۇر يېرىلمىسى ھەمدە كۆپ قاتارلىق يېرىلمىلار بۇ بەلۋاغنىڭ شىنجاڭدىكى تەۋەسىدە 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش يۈز بېرىدىغان قۇرۇلما ھېسابلىنىدۇ. 1917 – يىلدىن 1999 – يىلغىچە بۇ بەلۋاغنىڭ شىنجاڭ قىسمىدا بىر قېتىم 8 بال، ئىككى قېتىم 7.0 – 7.4 بال، ئۈچ قېتىم 6.0 – 6.9 بال، 21 قېتىم 5.0 – 5.9 بال يەر تەۋرىگەن، يەر تەۋرەش دەرىجىسى بىلەن تەكرارلىنىش دەرىجىسى مۇناسىۋىتىنىڭ قىممىتى (b)0.68. 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 25 – 35 كىلومېتىر بولۇپ، تېيىز مەنبەلىك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ. 1939 – يىلدىن ئىلگىرى بىرىنچى يەر تەۋرەش ھەرىكىتى باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. 1940 – يىلدىن باشلاپ يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا قەدەم قويغان. بۇلار ئىچىدە 1940 – يىلدىن 1969 – يىلغىچە بولغان ۋاقىت تىنچ باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ، 1970 – يىلدىن باشلاپ يەر تەۋرەش ھەرىكىتى جانلانغان باسقۇچقا قەدەم قويغان، بۇ بەلۋاغدىكى يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ باسقۇچىغا تەخمىنەن 90 يىل بولغان.

**قەدىمكى بىئولوگىيىلىك قاتىملار** بۇ گېئولوگىيىلىك تارىخىي دەۋرلەردە ساقلىنىپ قالغان ھايۋانات – ئۆسۈملۈك قاتىمىسىدۇر. يەنى يەر قاتلاملىرىنىڭ تەركىبىدە ساقلىنىپ قالغان قاتىملارغا ئاساسەن، گېئوخرونولوگىيىلىك دەۋرلەردىكى جانلىقلارنىڭ مورفو-

لوگىيىسى، قۇرۇلمىسى، تۈرلىرى، تارقىلىشى، تەدرىجي تەرەققىي قىلىش مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. شىنجاڭدا قەدىمكى بىئولوگىيىلىك قاتىملارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قەۋەتلىك تاشلار، ئۆسۈملۈك ھەمدە سپورا، ترىلوبىتا قۇرتى، گراپتولىت، مارجان، پۆتىسمانلار، باش پۇتلۇقلار، قوش قاسراقلىقلار، ستروماتوپور قۇرتى، ۋېيىتېبۇلا قۇرتى، يىڭناغۇچلار، قۇرت ـ قوڭغۇز، قاسراقلىق قۇرت، فوسسىل قۇلۇلىسى، ھۇجەيرىلىك سۆڭەكلىكلەر، چىشلىق سۆڭەكلىكلەر، بېلىقلار، قوش ماكانلىق ھەرىكەت قىلغۇچىلار، يانباغىرلاپ ھەرىكەت قىلغۇچىلار ۋە سۈت ئېمىپ ھەرىكەت قىلغۇچىلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇنقى قاتىملار 1 مىليارد يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن ھازىرغىچە بولغان پروتېروزوي ئېراسىنىڭ چاڭ چېڭ (سەددىچىن) سىستېمىسى (1 مىليارد 400 مىليون يىلدىن 1 مىليارد 800 مىليون يىلغىچە) دىن ئۇچرايدۇ، ئۇ قەدىمكى مىكرو ئۆسۈملۈك ۋە قەۋەتلىك تاشلاردىن ھاسىل بولغان. ئالدىنقىسى يوسۇنلەرئۆسۈملۈكىنى كۆرسىتىدۇ، كېيىنكىسى كۆك يوسۇننىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى ئىزلىرىدىن شەكىللەنگەن ئۇنىۋېرسال قۇرۇلمىلىق ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ دائىم ھاك جىنس، دولومىتلىق جىنس تەركىبىدە مەركەزداش ھالەتتىكى قەۋەتلىك قۇرۇلما بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئەڭ كېيىنكى قاتىملار تۆتىنچى دەۋردىكى يەر قاتلىمىدىن تېپىلىدۇ، ئۇ ئاساسەن، سپورىلىق گۈل چېڭى ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ قاتىمىسى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان.

شىنجاڭدىكى تۈرغۇن قەدىمكى بىئولوگىيىلىك قاتىملار ۋە يادىكارلىقلارنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى داڭقى بار. مەسىلەن، دەسلەپكى پالېئوزوي ئېراسىدىكى كىچىك قاسراقلىق ھەرىكەت قىلغۇچىلار، ترىلوبىتا قۇرتى، گراپتولىت، ئاخىرقى پالېئوزوي ئېراسىدىكى يىڭناغۇچلار، مارجان، پۆتىسمانلار، چىشلىق سۆڭەكلىكلەر، ئۆسۈملۈك، بېلىق ۋە قوش ماكانلىقلار؛ مېزوزوي ئېراسىدىكى يەر باغىرلىغۇچىلار، قەدىمكى ئورمانلىق خارابىسى، كاينوزوي ئېراسىدىكى ئويستېر قۇلۇلىسى ھايۋانلار توپى، پالېئوتسېن ئېپوخاسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**ترىلوبىتا قۇرتى قاتىمىسى** بۇ دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ قاتىمىسىدۇر. بوغۇم پۇتلۇقلار تۈرىگە كىرىدۇ. تېنى دۈمبە قاسىرىقى ۋە قورساق قاسىرىقىدىن تەركىب تاپقان. ئۇزۇنلۇقى نەچچە سانتىمېتىردىن 70 سانتىمېتىرغىچە، ئايرىملىرىنىڭ پەقەت نەچچە مىللىمېتىرلا كېلىدۇ. كۆپ ساندىكى قاتىملارنىڭ دۈمبە قاسىرىقى ۋە ئۇنىڭ سىرتقى پەردىسى ساقلىنىپ قالغان. تېنى باش قىسمى، كۆكرەك قىسمى، قۇيرۇق قىسمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، دۈمبىسىدىكى قاسراقلار بويىغا سوزۇلغان ئىككى دۈمبە قىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئوق ۋە ئىككى يان تەرىپىدىكى قوۋۇرغا قىسمىنى ئايرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ ترىلوبىتا قۇرتى دەپ ئاتىلىدۇ. باش قىسمى كۆپ ھاللاردا يېرىم يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، باش ئېگىرى، بويۇن ھالقىسى، ئالدى گىرۋىكى ۋە يۈز قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باش ئېگىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئويمان بولۇشى تۈرلەرگە ئايرىشتىكى مۇھىم خۇسۇسىيىتىنىڭ بىرى. بويۇن ھالقىسى باش ئېگىرىنىڭ كەينىگە جايلاشقان بولۇپ، بويۇن ھۆررىكى ياكى بويۇن نەشتىرى بار. ئالدى گىرۋىكى باش ئېگىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، سىرتقى گىرۋىكى ئىچكى گىرۋەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپ ساندىكى ترىلوبىتا قۇرتىنىڭ قوۋۇز قىسمى مۇقىم قوۋۇز ۋە ھەرىكەتچان قوۋۇز دەپ ئايرىلىدۇ. باش ئېگىرى بىلەن مۇقىم قوۋۇزى بىرلىشىپ چوقا ياپىمىسى دېيىلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ چوققىسىنىڭ ئالدى دوقمىدا چوقا نەشتىرى بار. كۆكرەك قىسمى 2 ـ 40 نەچچە تال تۇگۈنچەك كۆكرەك بوغۇمچىسىدىن تەركىب تاپقان، ھەربىر بوغۇمچىسى ئوق بوغۇم ۋە ئىككى يان قوۋۇرغا بوغۇمى دەپ ئايرىلىدۇ، قوۋۇرغا ئېرىقچىسى ياكى قوۋۇرغا قىلتىرىقى بار. قۇيرۇق قىسمى مەركىزىي ئوق ياكى ئىككى يېنىدىكى قوۋۇرغا قىسمىدىن تەركىب تاپقان، ھەر ۋاقىت قۇيرۇق گىرۋىكى ياكى قۇيرۇق قىلتىرىقلىرى بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ترىلوبىتا قۇرتىنىڭ قاسىرىقى پارقىراق كېلىدۇ، بەزىلىرىدە تۇشۇكچە، ھۆررەك، داغلار بار. شىنجاڭ تەۋەسىدە ترىلوبىتا قۇرتىنىڭ تاش قاتىملىرى ناھايىتى مول بولۇپ، كېمبرىي ـ ئوردوۋىك سىستېمىسىدا ئەڭ كۆپەيگەن، ئۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئاساسەن، ئاگنوستىدا ئەترىتى، سەيدېلىجى قۇرتى ئەترىتى، تاياقچىسىمان قۇرتلار ئەترىتى، پۇرۇلمە قوۋۇزلۇق قۇرتلار ئەترىتى ۋە يېرىق قوۋۇرغىلىق قۇرتلار ئەترىتى مولېكۇلالىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئالتاي تېغى، شەرقىي، غەربىي جۇڭغار، تەڭرىتاغ ۋە كۇئىنلۇن ـ قارا قۇرۇم رايونلىرى ھەمدە تارىم ياپما رايونلىرىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا تارقالغان. ئۇ دەسلەپكى

پالېئوزوي ئېراسى قاتلىمىنى ئايرىپ سېلىشتۇرۇشنىڭ
مۇھىم ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

گراپتولىت قاتىمىلىرى بۇ ئاللىبۇرۇن نەسلى
يوقالغان بىرخىل دېڭىز ھايۋىنى قاتمىسىدۇر، ئۇ خور-
دىلىق ھايۋاناتلار تىپىگە كىرىدۇ. قاتمىلار تاغ جىنىس
قاتلىمىنىڭ يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان قەلەم پوچىركى-
سىغا ئوخشاپ كەتكەچكە شۇنداق ئاتالغان. گراپتولىت-
نىڭ گەۋدىسى بىر ياكى بىرنەچچە گراپتولىت شاخلى-
رىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باشلىنىش ئۇچى كونۇس-
سىمان تۈرلىمە نەيچىسى ھالەتتە كېلىدۇ، شاخ گەۋدى-
سى سىرتقا قاراپ يېيىلىپ ئۆسكەن، بىسلىق ئۇچى
بارا - بارا ئىنچىكىلەپ، سىرتقا قاراپ سوزۇلۇپ ئىن-
تايىن ئىنچىكە يىپسىمان نەيچىنى شەكىللەندۈرگەن،
بەزى يىپ نەيچىلىرى گراپتولىت گەۋدىسى خالتىسى-
نىڭ تەسىرىدە قاتتىق مەركىزى ئوققا ئايلانغان. گراپ-
تولىت شاخلىرى بىر يۆنىلىشنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز
ئۆسكەن تۈرغۇنلىغان ھۇجەيرە نەيچىلىرىنىڭ ئۆزئارا
ئۇتىششىدىن ھاسىل بولغان، شەكلى ھەرخىل بولۇپ،
ئوخشاش شاخلىق، كېيىنكى شاخلىق ۋە مىكرو شاخ-
لىق دەپ ئايرىلىدۇ. ئوخشاش شاخلىقلىرى بولسا يەنە
تۈز شاخلىق ۋە يان شاخلىق دەپ ئايرىلىدۇ. ھۇجەيرە
نەيچىلىرى يەككە تەنلىرىنىڭ تۇرالغۇ ماكانى بولۇپ،
بىرقاتار، ئىككى قاتار ياكى تۆت قاتار بولۇپ تىزىل-
غان، ئالدى ۋە كەينى ئۆزئارا دەستىلىنىپ يېپىلغان.
دەرەخسىمان گراپتولىتلار ئەترىتى بىلەن نورمال گراپ-
تولىتلار ئەترىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شاخسىمان
گراپتولىتلار ئەترىتىدىكى گراپتولىتنىڭ گەۋدىسى كۆ-
پىنچە دەرەخ شېخى شەكلىدە كېلىدۇ، شاخلىرى رەت-
لىك ياكى رەتسىز كېلىدۇ، شاخ ئايرىلىقلىرىدا بەزىدە
توغرا چاناقلار ياكى سىزىقسىمان تۇگۈنەكلەر ئۆزئارا
تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەتتە دېڭىز ئاستىدا قېتىپ
قالىدۇ، ئاز ساندىكىلىرى چىرمىشىپ لەيلەپ ياشايدۇ.
نورمال گراپتولىتلار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى
چىرمىشىپ لەيلەپ ياشايدۇ. گراپتولىت گەۋدىسىدە
بىر خىل نورمال ھۇجەيرە نەيچىسى بولۇپ، كۆپىنچى-
سى رەتلىك بولغان شاخلاردىن تەركىب تاپقان، مەركى-
زىي ئوقى بولىدۇ ياكى مەركىزىي ئوقى بولمايدۇ.
گراپتولىت شاخلىرى ئاستىغا قاراپ تىك، ياتتۇ، تەك-
شى سوزۇلغان، ئۈستىگە قاراپ قىيسايغان ھالەتتە يا-
كى يامىشىپ ئۆسىدۇ. ھۇجەيرە نەيچىلىرىنىڭ شەكىل
ئۆزگىرىشى ناھايىتى زور بولۇپ، كۆپ ھاللاردا تىك
نەيچىسىمان، پۈرۈلمىسىمان، چانىسىمان ۋە بۇدۇرسى-
مان ھالەتتە كېلىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدە گراپتولىت
قاتىملىرى ناھايىتى مول، تارقىلىشى كەڭ بولۇپ،
ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالتاي تېغى، شەرقىي، غەربىي
جۇڭغار، تەڭرىتاغ، كوئېنلۇن - قارا قۇرۇم تېغى ۋە
تارىم ياپما رايونلىرىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا ئۇچرايدۇ.
مەركەزلىك ھالدا ئوردوۋىك سىستېمىسى، سىلۇر سىس-
تېمىسى ۋە ئاستىنقى دېۋون دەۋرىدىن چىقىدۇ. ئۇ
پالېئوزوي ئېراسىدىكى يەر قاتلاملىرىنى ئايرىشتا سې-
لىشتۇرۇش ۋە تاغ جىنىس قاتسىيىلىك قەدىمكى جۇغرا-
پىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى ھې-
سابلىنىدۇ.

براخىئوپودالار (جەينەك پۇتلۇق-
لار) قاتىمىسى بۇ بىر خىل ئومۇرتقىسىز دېڭىز
ھايۋانلىرىنىڭ قاتمىسىدۇر. ھەممىسى يەككە تەنلىكلەر
ھېسابلىنىدۇ. يۇمشاق تەنلىكلەردە ئايلانمىلىق ئىككى
قولى (تۈكلۈك ھالقا) بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتىنى ئىككى
خىتىنلىق فوسفورلۇق قاسراق ئوراپ تۇرىدۇ، سىرتقى
ئومۇمىي كۆرۈنۈشى چاسا، يۇمىلاق، دومىلاق، ئۈچ
قىرلىق قاتارلىق شەكىلدە كېلىدۇ. ئادەتتە قاسراقلى-
رىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5 - 80 مىللىمېتىر بولۇپ، ئىككى
قاسىرىقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ.
لېكىن، ئوڭ - سول تەرىپى سىممېترىك ھالەتتە كې-
لىدۇ، چوڭلىرى قورساق قاسرىقىدىن، كىچىكلىرى
دۈمبە قاسرىقىدىن تەركىب تاپقان. ئىككى قاسرىقى-
نىڭ يېتىنقى - كۆپۈنكى شەكىللىك ئەھۋالىغا قاراپ،
قوش كۆپۈنكى شەكىللىك، يېتىنقى - كۆپۈنكى شە-
كىللىك، كۆپۈنكى تەكشى شەكىللىك ۋە قوش ئەگرى
شەكىللىك دەپ ئايرىلىدۇ. قاسراق گەۋدىسىنىڭ مەر-
كىزىدە دائىم پۇلتىيىپ چىققان ئوتتۇرا ئوقۇرى بىلەن
كۆپتۈرمىلىك ئوتتۇرا دۆمبەل ھاسىل بولغان. كىرى-
شىش سىزىقلىرى، كىرىشىش يۈزى، ئۈچ بۇرجەكلىك
تۆشۈكچىلەر بار، قاسراق يۈزى پارقىراق ياكى قاسى-
راقلىرى يولسىمان، سىزىقسىمان، پۈرۈلمىلىك ھەمدە
ئورتاق مەركەزلىك يولسىمان، ئورتاق مەركەزلىك سى-
زىقسىمان، ئورتاق مەركەزلىك قەۋەتسىمان كېلىدۇ،
بەزىلىرىنىڭ قاسراق نەشتىرى بار، قاسىرىقى ئىچىدە
كىرىشمە چىشى، ئاچقۇچسىمان سۇپىسى، ئاساسلىق
قاپارتما، بېغىش قاپارتمىسى ياكى بېغىش تاياقچىسى،
بېغىش ھالقىسى، بېغىش بورمىسى قاتارلىقلار بار.
قاسىراقلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يۇمشاق تەنلىكلەرنىڭ
خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، قايچىلانمىسىزلار
سىنىپى ۋە قايچىلانمىلىقلار سىنىپىدىن ئىبارەت ئىككى

چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. قاسىراقلىرىنىڭ سىرتقى شەكلى قاسىراق بېزەكلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشى براخىئوپودالارنى تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ مۇھىم ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا براخىئوپودالارنىڭ قاتمىسى ناھايىتى مول، كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالتاي تېغى، شەرقىي ـ غەربىي جۇڭغار، تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن ـ ئالتۇنتاغلىرى ھەمدە ئويمانلىقلاردىكى ياپما رايونلارنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى پالېئوزوي ئېراسى يەر قاتلىمىدىن چىقىدۇ. ئەڭ بۇرۇنقىسى دەسلەپكى كېمبىرىي ئېپوخاسىدىن تېپىلغان بولۇپ، كېمبىرىي ـ ئوردوۋىك دەۋرلىرىدە قايچىلانمىسىزلار سىنىپى بىلەن ئورتىس قۇلۇلىسى ۋە ستروفومېنا قۇلۇلىسى تۈرىدىكىلەر ئەڭ ياخشى يېتىلگەن. سىلۇر ـ دېۋون دەۋرىدە ئاساسەن، پېنتامېرۇس سەدەپ قۇلۇلىسى، ئاترىپا قۇلۇلىسى ۋە سپىرىفېر قۇلۇلىسى يېتىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قارا قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي يانباغىرىدىكى يۇرا دەۋرىدىكى يەر قاتلىمىدىن كۆپ مىقداردا كىچىك تۇمشۇقلۇق قۇلۇلە، تېرېبىراتۇلىد قۇلۇلىسى تېپىلدى. براخىئوپودالارنىڭ كۆپىنچىسى توپلىشىپ 200 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئىللىق تېيىز دېڭىز بەلۋاغلىرىدا ياشايدۇ، ئاز ساندىكىسى چوڭقۇر دېڭىزلاردا ياشايدۇ، ئىچكى غولى ياكى قاسىراق گەۋدىسى دېڭىز تېگىگە ئورناپ كەتكەن ياكى باشقا جىسىملارنىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ قالغان، بەزىلىرى ئەركىن ھالدا دېڭىز تېگىدە يېتىپ ھاردۇق ئالىدۇ. بۇ دېڭىز فاتسىيىلىك يەر قاتلاملىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئايرىشتىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى.

**مارجان قاتمىسى** بۇ دېڭىزدا ياشايدىغان بىرخىل ئومۇرتقىسىز كاۋاك ئىچلىكلەر قاتمىسىدۇر. تەنھا ياكى توپلىشىپ ياشايدۇ. يۇمشاق تەنلىكلەرنىڭ باش قىسمىدا ئوتتۇرىسى كاۋاك بولغان سېزىش قولى بار، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىدە كالتسىيلىق سىرتقى ئىسكىلىتى بار. سىرتقى پوستى، ئايرىغۇچى پوستى، پەردىلىك، تەڭگىسىمان پەردىلىك، كۆپۈكسىمان پەردىلىك ياكى ئورتاق سۆڭەكلىك توقۇلمىلاردىن تەركىب تاپقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇ ئاستىنى ماكان تۇتۇپ ياشايدۇ، كۆپىنچىسى بىئولوگىيىلىك خادا تاشلارنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۈستىخان قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن رۇگوزا مارجىنى، غەيرىي شەكىللىك مارجان، پەردىلىك مارجان، جۈلالىق مارجان ۋە ئوكتوكورال مارجان دەپ ئايرىلىدۇ. رۇگوزا مارجىنى، يەنى تۆت بۇرجەكلىك مارجان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەككە تەنلىرى كۆپىنچە تەتۈر كونۇسسىمان، تۇۋرۇكسىمان، تەخسىسىمان ياكى ساپما كەشسىمان ھالەتتە كېلىدۇ، توپ ياشىغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى غوۋزىمەك شەكىللىك، كاللەك شەكىللىك كېلىدۇ. ئۇ يەككە بەلۋاغ تېپلىق، قوش بەلۋاغ تېپلىق، ئۈچ بەلۋاغ تېپلىق ھەمدە كۆپۈكچە بەلۋاغ تېپلىق دەپ ئايرىلىدۇ. شىنجاڭدا دەسلەپتە ئوتتۇرا ئوردوۋىك ئېپوخاسىدىن ئۇچرايدۇ. غەيرىي شەكىللىك مارجانلارنىڭ ھەممىسى يەككە تەنلىكلەرگە كىرىدۇ، كىچىك تېپتەكلىرى ئىنچىكە ئۇزۇن تۇۋرۇكسىمان ھالەتتە بولۇپ، تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئۇ ئاساسەن، دەسلەپكى ـ ئوتتۇرا تاشكۆمۈر ئېپوخاسىدىن ئۇچرايدۇ. پەردىلىك مارجانلارنىڭ ھەممىسى توپ ياشىغۇچىلارغا تەۋە بولۇپ، سىرتقى شەكلى غوۋزىمەكسىمان، كاللەكسىمان، شاخسىمان ياكى زەنجىرسىمان شەكىللىك كېلىدۇ، يەكتەنلىرى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولىدۇ، تۇتاش قۇرۇلمىلىق ياكى ئورتاق سۆڭەكلىك توقۇلمىلاردىن تۈزۈلگەن. بۇ شىنجاڭدا ئاخىرقى ئوردوۋىك ئېپوخاسىدىن ئۇچرايدۇ. رۇگوزا مارجىنى ۋە پەردىلىك مارجانلار شىنجاڭ تەۋەسىگە ناھايىتى كەڭ تارقالغان، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى ئوردوۋىك ئېپوخاسى، ئوتتۇرا ـ ئاخىرقى سىلۇر ئېپوخاسى، دەسلەپكى ـ ئوتتۇرا دېۋون ئېپوخاسى ۋە تاشكۆمۈر ـ پېرم دەۋرىدىكى يەر قاتلاملىرىغا جايلاشقان بولۇپ، پالېئوزوي ئېراسىنىڭ ئاخىرلىرىدا پۈتۈنلەي يوقالغان. جۈلالىق مارجانلار ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرا ترىئاس ئېپوخاسىدىن تېپىلغان بولۇپ، تاكى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. شىنجاڭ تەۋەسىدە ئاساسەن، قارا قۇرۇم تېغىدىكى ئاخىرقى ترىئاس ئېپوخاسى ـ بور دەۋرىدىكى يەر قاتلاملىرىدىن تېپىلىدۇ. مارجانلارنىڭ كۆپىنچىسى سۇ تېمپېراتۇرىسى 22 ـ 27 گرادۇسقىچە، سۇ چوڭقۇرلۇقى 7 ـ 50 مېتىرغىچە، ئىشقارلىق دەرىجىسى 35‰—36‰ غىچە بولغان ئىسسىق بەلۋاغ ياكى مۆتىدىل ئىسسىق بەلۋاغلاردىكى تېيىز دېڭىز بەلۋاغلىرىدا ياشايدۇ، قاتمىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاك جىنس ياكى كالتسىيلىق جىنس قاتلىمىدا ساقلىنىپ قالغان، بۇ يەر قاتلاملىرىنى ئايرىشتا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش، قەدىمكى ھاۋا كىلىماتى ۋە قەدىمكى جۇغراپىيىلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خادا تاشلىق ھاك ئىچىدىن نېفىت ـ گاز زاپىسىنى تېپىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ھېسابلىنىدۇ.

**ھۆجەيرىلىك سۆڭەكلىكلەر (خىتىنوزو ئا**

**قۇرتى)** بۇ ئالىبۇرۇن نەسلى يوقالغان، تۇر ئايرىمىسى ئۇرنى ئېنىق بولمىغان بىر خىل مىكرو تەنچىلىك دېڭىز ھايۋىنىدۇر. ئۇ سۇدا لەيلەپ يۈرۈپ ياشايدۇ. خىتىنوزوئا قۇرتىنىڭ قاسىرىقى ساختا خىتىنلىق ماددىلاردىن تەركىب تاپقان خالتىلىق تەنچە ھېسابلىنىدۇ، ئادەتتە قارا رەڭلىك بولۇپ، سۈزۈك ئەمەس، ئاز ساندىكىلىرى قوڭۇر رەڭلىك چالا سۈزۈك كېلىدۇ. خالتىلىق تەنچىلەرنىڭ سىرتقى شەكلى بوتۇلكىسىمان، نەيچىسىمان، قوڭغۇراقسىمان ھالەتتە كېلىدۇ، چوڭ ـ كىچىكلىكى 30 ـ 1500 مىكرو مېتىر كېلىدۇ، 150 ـ 300 مىكرو مېتىر كېلىدىغانلىرى دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەركىزىدىكى ئۆزۈن ئوقنى بويلاپ ئاكسونومورفىيىلىك شەكىل ھاسىل قىلغان، بىر ئۇچى بىرقەدەر تار بولۇپ، بويۇن قىسمى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۇچى ئېچىلغان ھالەتتە تۇرىدۇ، تاڭلىيى بار، شەكىل ھالىتى ۋە ئۇرنى تۈرلەرگە ئايرىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە بىر ئۇچى بەدەن بوشلۇقى بولۇپ، شار شەكىللىك، بېگىز شەكىللىك ياكى يۇمىلاق تۆۋرۈك شەكىللىك كېلىدۇ. خالتا پەردىسى تاق قەۋەتلىك ياكى قوش قەۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىدە تىكەن، تۈگىنەك، قىرلىق قاسىراق قاتارلىقلار بار. ئادەتتە يەككە ـ يېگانە ياشايدۇ، بەزىلىرى ئۆزئارا ئارقىمۇ ئارقا ئۇلىشىپ زەنجىرسىمان توپ ھاسىل قىلىدۇ. يەككە تاڭلايلىق كەنجى توپ ۋە بىرقەدەر مۇرەككەپ ئويۇلما تاڭلايلىق كەنجى توپ دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ قاتلىملىرى كۆپ ھاللاردا دېڭىز فاتسىيىلىك ھاك جىنىس، مارىل، سلانېتس ھەمدە كرىمنىيلىق جىنىس ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، دائىم گراپتولىت، چىش شەكىللىك تۈردىكىلەر بىلەن بىرگە ياشايدۇ، سانى كۆپ، تارقىلىشى كەڭ بولۇپ، كۆپىنچە كېمبرىي ئېپوخاسى — دېۋون دەۋرىدىن تېپىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تاشكۆمۈر ـ پېرم دەۋرىدىكى يەر قاتلاملىرىدىنمۇ بايقالدى. نېفىتنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ، كەلپىن تېغى ھەمدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ياپما رايونلىرىدىكى سوخۇ، تارىم دەرياسى، بۈگۈرنىڭ جەنۇبى، يېڭى مەھەللە، ۋېيما ھەمدە چوڭ كۆل قاتارلىق جايلاردا قۇدۇق بۇرغىلاش جەريانىدا كۆپ مىقداردىكى خىتىنوزوئا قۇرتى قاتلىملىرى ئانالىز قىلىپ چىقىلدى، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رايونلارنىڭ ئۈستۈنكى ئوردوۋىك ئوتدېلى، ئاستىنقى سىلۇر ئوتدېلى، ئوتتۇرا سىلۇر ئوتدېلى ۋە ئۈستۈنكى سىلۇر ـ ئوتتۇرا دېۋون ئوتدېلىدىن تېپىلدى. تەپسىلىي تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 6 ـ 7 دانە خىتىنوزوئا قۇرتى بىرىكمىسى (بەلۋېغى) تۇرغۇزۇلدى. خىتىنوزوئا قۇرتى يەر قاتلاملىرىنى ئايرىپ سېلىشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

**بېلىقسىمان ھايۋاناتلار قاتىمىسى** بۇ بېلىق تۈرىدىكى ھايۋانات قاتىمىسىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر. ئۇ ئېڭەكسىزلەر ۋە ئېڭەكلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېڭەكسىزلەر ئوردوۋىكتە ئاشكارا بولغان، سۇدا ياشايدىغان ئەڭ ئىپتىدائىي ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار بولۇپ، سىرتقى شەكلى بېلىققا ئوخشاپراق كېتىدۇ، لېكىن ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئېڭىكى بولمايدۇ. ئېغىزى ۋارونكىسىمان كېلىدۇ، سۇلاردىكى ئورگانىك ئۇششاق نەرسىلەرنى سۈزۈپ يەيدۇ ياكى ئېغىزىدىكى مۈڭگۈز ماددىلىق چىشى بىلەن غاجىلاپ ئوزۇقلىنىدۇ. سۆڭەك ماددىسىدا ئوتتۇرا ئوقلۇق سۆڭەك بولمايدۇ، ھەقىقىي پالاقچىسىمۇ يوق. كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ بەدەن سىرتىنى ساۋۇت قاسىرىقى يېپىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇستىرا كودېرم بېلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئوردوۋىك دەۋرىدە سىرتتىغا چىقىپ قالغان بولۇپ، سىلۇر دەۋرى، دېۋون دەۋرىدە كۆپەيگەن. شىنجاڭدا ئېڭەكسىزلەر تۈرىدىكى قاتىملار ھازىرقى ۋاقىتتا ئاساسەن، كەلپىن ئەتراپىدىكى سىلۇر دەۋرىدىكى يەر قاتلىمىدىن تېپىلىدۇ. ئېڭەكلىكلەر تۈرىدىكىلەرنىڭ ئېغىزىدا ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئېڭىكى بولىدۇ. ئادەتتە پالاقچىسى بار. يېرىم تەرتىپلىك ئۈچ نەيچىسى بار. خوردىلىق ھايۋانلار ئۆمۈر بويى ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى ئومۇرتقىلىقلارنىڭ ئېزىنى باسىدۇ، يېتىلگەنلىرىنىڭ ياكى بېلىجانلىرىنىڭ ساقاق سۆڭىكى ئاجرالمىلىق يايىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ساقاقلىق تومۇرى، گەۋدە غول تومۇرى ھەمدە ساقاقلىق نېرۋا ئىچىدىكى يان تەرىپىگە جايلاشقان. شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئاساسلىق ئېڭەكلىك بېلىق قاتىملىرى ئاساسەن، قاتتىق سۆڭەكلىك بېلىقلارغا تەۋە. قاتتىق سۆڭەكلىك بېلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىچكى سۆڭەكلىرىنىڭ قىسمەنلىرى ياكى ھەممىسى قاتتىق سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەن. يۇمشاق مۆڭەككە ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى پەردىلىك سۆڭەكمۇ يېتىلگەن. ئۇ قاتتىق تەڭگىچە ياكى سۆڭەكلىك تەڭگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شىنجاڭدا بېلىق شەكىللىك ھايۋاناتلار تۆرۈكۈمىدىن سىلۇر دەۋرىدىكى ئېڭەكسىزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەسلەپكى پېرم ئېپوخاسىدىكى تۇرپان يوغان

باش ھايۋاناتلار تۈركۈمى (جۈملىدىن تۈرپان يوغان باش بېلىقى، تەگرىتاغ يوغان باش بېلىقى، سۆلەپ يوغان باش بېلىقى قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقدىشى)، ئاخىرقى ترىئاس ئېپوخاسىدىكى فۇكاڭ بېلىقى ھايۋاناتلار تۈركۈمى، دەسلەپكى بور ئېپوخاسى (ياكى ئاخىرقى يۇرا ئېپوخاسى) دىكى غەربىي يۇرت بېلىقى ھايۋاناتلار تۈركۈمى بار. بېلىقلارنىڭ باشقا قاتىملىرىدىن يەنە ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىكى ترىئاس دەۋرىدىكى شىنجاڭ بېلىقى ۋە يېرىم ئومۇرتقىلىق بېلىقلار بار.

**يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋاناتلار قاتىمىسى** بۇ قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئومۇرتقىلىق ھايۋانلاردىن ئىبارەت، ئۆمۈر بويى سۇدا ياشايدىغانلىرىمۇ بار، لېكىن دېگۈدەك ئۆپكىسى ئارقىلىق نەپەس ئالىدۇ، شەكلى ئۆزگەرمەيدۇ. سوغۇق قانلىق ھايۋاناتلار تېپىغا كىرىدۇ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يۈرەك قېرىنچىسى ئارىلىقى مۇكەممەل ئەمەس. تۇخۇمىدىن كۆپىيىدۇ، تۇخۇمىدا ئامنيون، سۈيدۈكلۈك قېپى بولىدۇ، قۇرۇقلۇقتا پەيدا بولىدۇ. يەر باغىرلىغۇچى ھايۋانلار ئۆمۈر بويى ئۆسىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بەزىلىرىنىڭ گەۋدىسى ناھايىتى يوغان بولىدۇ. يەر باغىرلىغۇچى ھايۋانلارنى تۈرلەرگە ئايرىشتا پىكىر بىردەك ئەمەس. دەسلەپتە تاشكۆمۈر دەۋرىدە پەيدا بولغان، مېزوزوي ئېراسىدا كۆپەيگەن. ئۇرۇقداش تۈرلىرى كۆپ. ھازىرقى ۋاقىتتا پەقەت تاشپاقا، تىمساھ، كەسلەنچۈك، يىلان قاتارلىق ئاز ساندىكى ئۇرۇقداش تۈرلىرى ساقلىنىپ قالغان. شىنجاڭدا ئاخىرقى پېرم ئېپوخاسىدىن بور دەۋرىگىچە بولغان ۋاقىتلاردا يەر باغىرلىغۇچى ھايۋانلار ئىنتايىن كۆپەيگەن، تۈرلىرىمۇ كۆپ بولغان، ئاساسلىقى، تاشپاقىلار، تىمساھلار، ئۇچار كەسلەنچۈكلەر، كەسلەنچۈكسىمان دىنوزاۋرلار، قەدىمكى قۇشسىمان كەسلەنچۈكلەر، تىرايىدلار قاتارلىقلار بار. يەر باغىرلىغۇچى ھايۋانلار ئىچىدە دىنوزاۋر مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، يەردە ماڭالايدىغانلىرى بار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇڭغۇپ ئۇچالايدىغان كەسلەنچۈك، ئوتخور گادروزاۋرلار بار، گۆشخور تىرانوزاۋر قاتارلىقلارمۇ بار. شىنجاڭدىكى يەر باغىرلىغۇچى ھايۋانات قاتىمىسى ئىچىدىكى نۇرغۇن ئۇرۇقداش تۈرلىرى تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە، مەسىلەن، ئاخىرقى پېرم ئېپوخاسىدىكى دىتسىنودون ھايۋاناتلار تۈركۈمى، دەسلەپكى ترىئاس ئېپوخاسىدىكى لىستروزاۋر ھايۋاناتلار تۈركۈمى، ئوتتۇرا ترىئاس ئېپوخاسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كېمپى يىرتقۇچ ھايۋاناتلار تۈركۈمى، ئوتتۇرا ـ ئاخىرقى يۇرا ئېپوخاسىدىكى گۇچۇڭ ـ تيانشانوزاۋر ـ سۇشچياۋ دىنوزاۋر ھايۋاناتلار تۈركۈمى، دەسلەپكى بور ئېپوخاسىدىكى پسىتتاكوزاۋر ـ ئۇچار كەسلەنچۈك ھايۋاناتلار تۈركۈمى، ئاخىرقى بور ئېپوخاسىدىكى گادروزاۋر ـ تىرانوزاۋر ھايۋاناتلار تۈركۈمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، تاشپاقىلار ۋە تىمساھلار قاتىمىسى بار. شىنجاڭدىن بايقالغان يەر باغىرلىغۇچى ھايۋاناتلار قاتىمىسى ئاساسەن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىن ۋە تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىدىن تېپىلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىن يەر باغىرلىغۇچى ھايۋاناتلارنىڭ قاتىمىسى ھازىرغىچە ناھايىتى ئاز تېپىلدى، پەقەت كۇچار ـ بايدىن ئاز ساندىكى تاشپاقىلار ۋە پلېسىنوزاۋر قاتىمىسى ئۇچرىدى، ئۈلۈغچات ئەتراپلىرىدىن بور دەۋرىدىكى دىنوزاۋر قاتىمىسى تېپىلدى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 13 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**ئۈسۈملۈك قاتىمىسى** ئۈسۈملۈكلەر تۆۋەن دەرىجىلىك ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئۈسۈملۈكلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئالدىنقىسى زەمبۇرۇغلار ۋە يوسۇنلارنى، كېيىنكىسى مۇخلار ۋە پېترىدلار، يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۈسۈملۈكلەر ۋە يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۈسۈملۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زەمبۇرۇغلار ناھايىتى ئاز ساندا قاتىمغا ئايلىنىپ ساقلىنىپ قالغان. يوسۇنسىمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سۇدا ئۆسىدۇ، ئەمما مۇخلار، پېترىدلار، يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۈسۈملۈكلەر ۋە يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۈسۈملۈكلەر ئاساسەن قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدۇ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاتىمغا ئايلىنىپ ساقلىنىپ قالغان. قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئۈسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، غولى، يوپۇرمىقى ھەمدە كۆپىيىش ئەزالىرى (سپورىسى ياكى گۈل چېچىكى) نىڭ ھەممىسى قاتما سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان، لېكىن كۆپ ساندىكىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈسۈملۈك قاتىملىرىغا بېرىلگەن ناملارنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشاش بولمىغان قىسىملارنىڭ مورفولوگىيىسىگە ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم نام بېرىلگەن بولۇپ، مورفولوگىيىلىك ئۇرۇقداشلىق دەپ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدىكى ئەڭ بۇرۇنقى قۇرۇقلۇق ئۈسۈملۈكلەرنىڭ قاتىمىسى غەربىي جۇڭغاردىكى دەسلەپكى دېۋون ئېپوخاسى يەر قاتلىمىدىن چىقىدۇ. ئوتتۇرا دېۋون ئېپوخاسىدا كۆپ مىقداردا كۆپىيىشكە باشلىغان بولۇپ، پلائۇن ئۈسۈملۈكلىرىنىڭ كۆپىيىشى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ھې-

سابلىنىدۇ. ئاخىرقى تاشكۆمۈر ئېپوخاسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئۆرۈقداشلىقى ئوخشاش بولمىغان ئۈسۈملۈك جۇغراپىيىلىك رايونلىرىغا ئايرىلىشقا باشلىغان، جۇڭغار ئانگارا ئۈسۈملۈكى جۇغراپىيىلىك رايونىغا، تارىم ياۋرو ئامېرىكا ئۈسۈملۈكى جۇغراپىيىلىك رايونىغا تەۋە. مېزوزوي - كاينوزوي ئېراسىدا شىنجاڭ شىمالىي ئۈسۈملۈك رايونىنىڭ بىر قىسمىغا تەۋە بولغان. ئۈسۈملۈك قاتىمى كەمچىل بولغان يەر قاتلاملىرىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ساقلانغان سپورا ياكى گۈل چېڭى ئانالىز قىلىنىدى. سپورا ۋە گۈل چېڭى بىرىكمىسىگە ئاساسەن، ئۈسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە يەر قاتلىمى دەۋرى بېكىتىلدى. شىنجاڭدا دېۋون دەۋرىدىن تارتىپ تۆتىنچى دەۋرگىچە بولغان يەر قاتلاملىرىدىن سپورا ۋە گۈل چېڭى قاتىملىرى ئۇچرايدۇ. ئۇ، ئۈسۈملۈك قاتىملىرىغا ئوخشاش ئۈسۈملۈكلەرنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش، يەر قاتلىمى دەۋرى ھەمدە قەدىمكى ھاۋا كىلىماتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 13 - بېتىگە قارالسۇن)

يەر تۈزۈلۈشى  شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، رايونلىرى چوڭ، تاغلىرى تۇتىشىپ كەتكەن، تاغ سىستېمىلىرى بىلەن ئويمانلىقلىرى گىرەلىشىپ «ئۈچ تاغ سىستېمىسى ئارىسىدا ئىككى ئويمانلىق» بولۇشتەك گېئومورفولوگىيىلىك لاندشافتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل يەر تۈزۈلۈشى شىمالدىن جەنۇبقا رېتى بويىچە ئالتاي تاغ سىستېمىسى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي، غەربىي قىسمىدىكى تاغلىقلار، جۇڭغار ئويمانلىقى، تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى، تارىم ئويمانلىقى، پامىر ئېگىزلىكى، كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسى، قاراقۇرۇم تاغ سىستېمىسى ۋە ئالتۇنتاغ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ ئالتاي تېغى پۈتكۈل ئالتاي تاغ سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي يانباغرى بولۇپ، غەربىي شىمال — شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800 كىلومېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 80 ~ 150 كىلومېتىر؛ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3000 مېتىر بولۇپ، ئەڭ ئېگىز بولغان دوستلۇق چوققىسى 4375 مېتىر كېلىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىقلار شىمالدىكى جېمىنەي گرابېنلىق پەس يەرلەر، ئوتتۇرا قىسمىدىكى تارباغاتاي، ساۋۇر تاغلىرى، جەنۇبىي قىسمىدىكى قوبۇقسار ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان ئويمانلىقى ۋە بارلىق تاغلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاغلىقلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2500 مېتىر ئەتراپىدا، ئويمانلىقلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 500 ~ 1000 مېتىر ئارىلىقىدا. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىقلار بەيتىك تېغى، قارا مايلى تېغى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان قىسمىدۇر. بۇلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 ~ 2000 مېتىر بولۇپ، پەس تاغ ئېدىرلىقلىرىدىن ئىبارەت.

جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇرىدۇ. شىمالىي قىسمى ئالتاي تېغى، شەرقىي، غەربىي قىسىملىرى جۇڭغار تاغلىرى بولۇپ، ئىككى تەرەپكە سوزۇلغان، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئويمانلىق ئۈچ بۇرجەكلىك تۇمار شەكلىدە بولۇپ، تۆۋەن تەرىپى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن ئىبارەت. غەربىي شىمالى بۇرجىكىدىكى ئېرتىش دەرياسى تاشقى ئېقىن سۇ سىستېمىسى بولغاندىن باشقا، قالغان كەڭ كەتكەن بۆلىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق سۇ سىستېمىسىغا كىرىدۇ، ئويمانلىقنىڭ مەركىزى قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىدىن ئىبارەت.

تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى غايەت چوڭ خەلقئارالىق تاغ سىستېمىسى بولۇپ، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى شەرقتىن غەربكە شىنجاڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. پۈتكۈل تاغ سىستېمىسى شىمالىي تەڭرىتاغ، ئوتتۇرا تەڭرىتاغ، جەنۇبىي تەڭرىتاغدىن ئىبارەت ئۈچ تاغ تىزمىسى بىلەن تاغ سىستېمىسى ئىچىدىكى نۇرغۇن چوڭ - كىچىك تاغ ئارىسى رايونلىرىدىن تەركىب تاپقان.

تارىم ئويمانلىقى ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى بولۇپ، شىمال تەرىپى تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى، غەرب تەرىپى پامىر ئېگىزلىكى، غەربىي كۇئېنلۇن تېغى، غەربىي جەنۇب تەرىپى قاراقۇرۇم تېغى، جەنۇب تەرىپى ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تېغى، شەرقىي كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغ، شەرقىي قىسمى بېيشەن تېغى پەس تاغ ئېدىرلىقلىرىدىن ئىبارەت. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ قۇملۇق — تەكلىماكان قۇملۇقىدۇر.

جۇڭگونىڭ پامىر ئېگىزلىكى پۈتكۈل پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىي يېرىم قىسمى بولۇپ، تاغلىق جايلار، ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان كەڭ جىلغىلار ۋە ئويمانلىقلاردىن تەركىب تاپقان.

كۆئېنلۈن تاغ سىستېمىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىن جەنۇب ۋە شەرققە قاراپ تەدرىجىي سوزۇلغان بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1800 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ تاغ سىستېمىسىنىڭ غەربىي بۆلىكى دېڭىز يۈزىدىن ناھايىتى ئېگىز، شەرقىي بۆلىكىدىكى تاغلار شەرققە قارىتا تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ، ئېگىزلىك ئالاھىدىلىكى روشەن. ئالتۇنتاغ كۆئېنلۈن تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى بىلەن يېقىن قوشنا.

**تاغ سىستېمىسى، تاغ تىزمىسى** تاغ سىستېمىسى مەلۇم يۆنىلىشتە سوزۇلغان، شەكىللىنىش سەۋەبى جەھەتتە باغلىنىشلىقى بولغان ھەم قانۇنىيەتلىك ھالدا تارقالغان بىرقانچە تاغ تىزمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئوخشاش بىر تاغ سىستېمىسىدىكى تاغ تىزمىلىرى ئوخشاش گېئوتېكتونىكىلىق بىرلىك ۋە گېئولوگىيىلىك دەۋرگە تەئەللۇق. مەسىلەن، تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى شىمالىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى، ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى، جەنۇبىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاغ تىزمىسى مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە جايلاشقان بىرقانچە تاغنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، شىمالىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسى ئالاتاۋ تېغى، بېيجىنتاۋ تېغى، كوگۈرچىن تېغى، پولكىنۇر تېغى، ئېرەن قابىرغا تېغى، تەڭگىرتاغ، بوغدا تېغى، باركۆل تېغى قاتارلىق تاغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان تاغلار ئاساسىي تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئاساسىي تاغ تىزمىسىدىن سوزۇلۇپ چىققانلىرى تارماق تاغ تىزمىلىرىدۇر.

شىنجاڭدا تاغلار كۆپ. تاغ، تاۋ، ئۇلا، ئېلا قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تاغنى ئوخشاش بولمىغان تىلدا ئاتىشىدۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى تاغ قازاق تىلىدا تاۋ، موڭغۇل تىلىدا ئۇلا دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئالتاي تاغ سىستېمىسى** ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ بىرى، موڭغۇل تىلىدا «ئالتۇنتاغ» دېگەن مەنىدە. ئالتاي تاغ سىستېمىسى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمال قىسمى قازاقىستان ۋە رۇسىيە تەۋەلىكىگە سوزۇلىدۇ، ئۇ قەدىمكى پۈرۈلمە ئۈزۈك تاغ ھېسابلىنىدۇ. غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2000 كىلومېتىر، كەڭلىكى 250 ~ 350 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4506 مېتىر بولۇپ، ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى بار. تاغلىقلىرىدا يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە تۇپراقنىڭ ۋېرتىكال بەلۋاغلارغا بۆلۈنۈشى روشەن، ئورمان ۋە كان زاپىسى مول. تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا باپ كېلىدۇ.

جۇڭگو شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى ئالتاي تاغلىرى پۈتكۈل تاغ سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلەك جەنۇبىي يانباغرى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 750 كىلومېتىر، غەربىي شىمال بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 50 كىلومېتىر، شەرقىي جەنۇب بۆلىكىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 80 كىلومېتىر، كۆلىمى 58 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئالتاي تاغلىرى، ئارگالتى تاغلىرى، بەيتىك تاغلىرى ۋە شەرقىي قىسمىدىكى قابتىك تېغى، خوخۇندىل تېغى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2000 ~ 3500 مېتىر كېلىدۇ؛ تاغلىرى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ. جۇڭگو، رۇسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيە قاتارلىق تۆت دۆلەت چېگرىلىنىدىغان جايدىكى بىر قانچە تاغ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئەڭ ئېگىز بولغان دوستلۇق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4374 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا كىچىك مۇزلۇقلار تارقالغان. شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى تاغ چوققىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3200 ~ 3800 مېتىر ئارىلىقىدا. شەرقىي قىسمىدىكى بىر قاتار ئۈزۈك تاغلار ئانچە ئېگىز ئەمەس. ئارگالتى تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2137 مېتىر، بەيتىك تېغىنىڭ 3290 مېتىر، بەيتىك تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تار، ئۇزۇنچاق كەتكەن پەس تاغلارنىڭ بولسا 2000 ~ 2500 مېتىر كېلىدۇ. ئالتاي تاغلىرى تىپىك قاتلامسىمان گېئومورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچى دەرىجىلىك تەكشىلەنگەن يۈز دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن يۇقىرى ئېگىز تاغ بەلۋېغىغا، ئىككىنچى دەرىجىلىك تەكشىلەنگەن يۈز دېڭىز يۈزىدىن 2600~3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كەنجى ئېگىز تاغ بەلۋېغىغا، ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەكشىلەنگەن يۈز دېڭىز يۈزىدىن 2000 ~ 2400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوتتۇرا ھال تاغ بەلۋېغىغا، تۆتىنچى دەرىجىلىك تەكشىلەنگەن يۈز دېڭىز يۈزىدىن 1100 ~ 1400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى پەس تاغ بەلۋېغىغا جايلاشقان. غەربىي قىسمى شىمالىي مۇز ئوكيان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە

ئۆچرىغانلىقتىن، ھۆل - يېغىنى مول. تاغلار قويۇق
ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، شەمشاد، بالقارىغاي،
قارىغاي، ئاق شەمشاد قاتارلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق دە-
رەخلەر ۋە قېيىن، تېرەك قاتارلىق كەڭ يوپۇرماقلىق
دەرەخلەر بار. شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوننىڭ
ھۆل - يېغىنى ئاز، ئورمانلىرى بىرقەدەر شالاڭ بو-
لۇپ، يايلاقنى ئاساس قىلغان يېيىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن



ئالتاي تاغلىرى

ئىبارەت. جۇڭگودىكى ئالتاي تاغلىرىدىكى ئا-
ساسلىق دەريا - ئېقىنلار غەربتىن شەرققە قارىتا قابا
دەرياسى، بۇرچىن دەرياسى، قىران دەرياسى، قارا
ئېرتىش دەرياسى، چىڭگىل دەرياسى قاتارلىقلار بو-
لۇپ، بۇ دەريالار ئېرتىش دەرياسى سۇ سىستېمىسى
بىلەن ئۇلۇڭگۇر دەرياسى سۇ سىستېمىسىنى شەكىللەن-
دۈرىدۇ. بۇ جاينىڭ ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلىرىدىن
ئالتۇن، نىكېل، مىس، لىتىي، نىئوبىي، تانتال،
چىرىمتال، ياقۇت قاتارلىقلار بار (رەڭلىك قىستۇرما
ۋاراقنىڭ 11 - بېتىگە قارالسۇن).

**بەيتىك تاغلىرى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەر-
قىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم
ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شەرقىي شىمال يانباغرى موڭغۇ-
لىيە چېگرىسى ئىچىدە، شەرقىي جەنۇب تەرىپى نوم
چۆلى، غەربىي جەنۇب تەرىپى قارامايلى تاغلىرى بىلەن
قارشىپ تۇرىدۇ، شەرقىي ئۇچى قابتىك تاغلىرى بە-
لەن تۇتىشىدۇ. غەربىي شىمال - شەرقىي جەنۇب يۆنە-
لىشىدە، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 كىلومېتىر، كەڭ-
لىكى 30 ~ 40 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن
3000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**ساۋۇر تاغلىرى** غەربىي شىمال بۆلىكى قازا-
قىستان تەۋەلىكىدە، شەرقىي بۆلىكى بىلەن غەربىي
جەنۇب قىسمى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا
بولۇپ، ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىنى
بېسىپ ئۆتىدۇ، شەرق - غەرب يۆنىلىشىگە يېقىنراق.
ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخ-
مىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى
تاغ بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 كىلومېتىر،
كەڭلىكى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق
چوققىسى بولغان مۇزتاۋ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 3806 مېتىر. تاغ گەۋدىسى سىممېترىيىە-
سىز ھالەتتە، جەنۇبىي يانباغرى تۈز ھەم تىك، شىما-
لىي يانباغرى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، تەدرىجىي پەسە-
يىپ بارىدۇ.

**تارباغاتاي تاغلىرى** غەربىي بۆلىكى قازا-
قىستان تەۋەلىكىدە، شەرقىي بۆلىكى شىنجاڭنىڭ غەر-
بىي قىسمىدىكى تارباغاتاي ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. تاغ
گەۋدىسى شەرق - غەرب يۆنىلىشىگە يېقىنراق، ئۇزۇن-
لۇقى تەخمىنەن 300 كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 ~
50 كىلومېتىر. شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى ئۇزۇنلۇقى
تەخمىنەن 150 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمال تەرىپى
دۆلىتىمىز چېگرا لىنىيىسىنى ياسىل قىلىدۇ، جەنۇبتا
تارباغاتاي ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ، شەرقىي ئۇچى ساۋۇر
تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇب يانباغرى بىلەن ئۇرقاشار
تاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتىشىدۇ. تاغ ئومۇر-
تقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 ~ 2200
مېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 2598 مېتىر بولۇپ،
غەربتىن شەرققە تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ. سۇ سىس-
تېمىسى غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە بولۇپ، دۆربىلجىن
دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**بارلىق تاغلىرى** شىنجاڭنىڭ غەربىي شە-
مال قىسمىدىكى تارباغاتاي ۋىلايىتى تەۋەلىكىگە جايلاش-
قان. شىمالىي قىسمى تارباغاتاي ئويمانلىقى بىلەن
چېگرىلىنىدۇ. غەرب تەرىپى جۇڭگو - قازاقىستان
چېگرىسىغا تۇتىشىدۇ، شەرقىي جەنۇبى كۆپ دەرياسى
ۋادىسى، مايلى تاغلىرى ۋە زاھىر تاغلىرى بىلەن قارى-
شىپ تۇرىدۇ. غەربىي جەنۇب — شەرقىي شىمال
يۆنىلىشىدە، ئۇزۇنلۇقى 120 كىلومېتىر، كەڭلىكى
50 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 3500
كۋادرات كىلومېتىر. ئاساسلىق تاغ چوققىلىرى شەر-
قىي قىسمىدا بولۇپ، غەربىي شىمالغا قارىتا پەسىيىپ
بارغان سىممېترىيىسىز تاغلىقنى شەكىللەندۈرگەن.
ئاساسلىق چوققىسى بولغان كونباتقان تېغىنىڭ دېڭىز

يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3248 مېتىر كېلىدۇ.

**تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى** ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ بىرى، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. غەربىي بۆلىكى قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان تەۋەلىكىدە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىر كېلىدۇ.

شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى 1760 كىلومېتىر بولۇپ، تەڭرىتاغ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ؛ كەڭلىكى 250 ~ 350 كىلومېتىر، كۆلىمى 464 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. قەدىمكى تەڭرىتاغلىرى قەدىمكى ھايات (پالېئوزويى) ئېراسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پۈرلىنىش، كۆتۈرۈلۈش بىلەن شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ھايات (مېزوزويى) ئېراسى بىلەن يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ دەسلەپكى ئۈچىنچى دەۋرىدە يالىنىپ تەكشىلىنىش نەتىجىسىدە يالانما تۈزلەڭلىككە ئايلانغان. يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتى داۋامىدا ئۇزۇن بۆلەكلەر كۆتۈرۈلۈپ، بۈگۈنكى ھەيۋەتلىك تاغ گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بىرقانچە ئۇزۇن تاغلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا قارىتا شىمالىي تەڭرىتاغ، ئوتتۇرا تەڭرىتاغ، جەنۇبىي تەڭرىتاغلاردىن ئىبارەت. تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىر ئەتراپىدا. تەڭرىتاغلىرىدا پەلەمپەيسىمان يەر شەكىللىرى بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك تەكشى يۈزى 4000 مېتىردىن يۇقىرى، ئىككىنچى دەرىجىلىك تەكشى يۈزى 2800 ~ 3200 مېتىر، ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەكشى يۈزى 1800~2200 مېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى ئاساسەن شەرق – غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە ئاساسىي چوققا — تۆمۈر چوققىسى جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435.3 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى خانتەڭرى چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6995 مېتىر، شەرقىي تەڭرىتېغىنىڭ ئاساسىي چوققىسى بولغان بوغدا چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5445 مېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلەك تاغ گەۋدىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ. قارلىق تاغنىڭ شەرقىي قىسمى چۆللۈككە يانتۇلانغان. تەڭرىتاغ سىستېمىسىدا نۇرغۇن ئويمانلىقلار بار. مەسىلەن، ئىلى ئويمانلىقى، قارا شەھەر ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى، موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقى، يۇلتۇز ئويمانلىقى، باي ئويمانلىقى، كۇمۇش ئويمانلىقى قاتارلىقلار.

تەڭرىتاغلىرى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ھازىرقى زامان مۇزلۇق رايونى بولۇپ، 6890 دىن ئارتۇق مۇزلۇق بار، بۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 9500 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، مۇزلۇقلاردىكى ئومۇمىي زاپاس سۇ مىقدارى 360 مىليارد كۇب مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى تۆمۈر چوققىسى — خانتەڭرى چوققىسى تاغ تۈگۈنى بىلەن خالىقتاۋ ئەڭ زور مۇزلۇق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

**شىمالىي تەڭرىتاغ** غەربتە ئالاتاۋ تاغلىرىدىن باشلىنىپ، شەرققە قارىتا رېتى بويىچە بېگجىنتاۋ تېغى، كوگۈرچىن تېغى، پولكىنۇر تېغى، ئېرەن قابىرغا تېغى، تەڭرىتېغى، بوغدا تېغى، باركۆل تېغى، قارلىق تاغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاغ گەۋدىسى ئاساسەن شەرق – غەرب يۆنىلىشىدە. شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1500 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى 50 ~ 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا، ئەڭ كەڭ جايلىرى 200 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. شىمال تەرىپى جۇڭغار ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. جەنۇبتا ئىلى ۋادىسى، چوڭ – كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە تاغلىرى ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرىدىن ئېگىز، جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىدىن پەسرەك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 ~ 3500 مېتىر ئارىلىقىدا.

**ئالاتاۋ** قازاقچە «رەڭدار تاغ» دېگەن مەنىدە. شىمالىي يانباغرى قازاقىستان تەۋەلىكىدە، جەنۇبىي يانباغرى شىنجاڭنىڭ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شەرقىي شىمال – شەرق — غەربىي جەنۇب – غەرب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 350 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى تاغ بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 ~ 25 كىلومېتىر، كۆلىمى 4000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىقنىڭ جەنۇبىي چېتى بورتالا ۋادىسى، شىمال تەرىپى جۇڭگو – قازاقىستان چېگرا لىنىيىسىنى پاسىل قىلىدۇ، شەرقىي بۆلىكى ئېبىنۇر كۆلى

ئويمانلىقىغىچە سوزۇلىدۇ، غەربىي قىسمى ئاساسەن شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان بېگجىنتاۋ تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

**بېگجىنتاۋ** شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى تاغ تىزمىسى. شىنجاڭنىڭ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدە، ئاساسەن شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە. شىمال تەرىپى بورتالا ۋادىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبتا سايرام كۆلىگە، غەربتە ئالاتاۋ تاغلىرىغا، شەرقتە بولسا كوگۇرچىن تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى 20 ~ 40 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 4500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي بۆلىكىدىكى تاغلار كەڭ ھەم ئېگىز بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2500 ~ 3000 مېتىر، ئاساسىي چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 4242 مېتىر كېلىدۇ، تاغلار شەرققە قارىتا بارا ـ بارا پەسىيىپ بارىدۇ.

**كوگۇرچىن تاغلىرى** تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ شىمالىي قىسمى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدە، جەنۇبىي قىسمى ئىلى رايونى تەۋەلىكىدە. ئۇ شىمالدا سايرام كۆلى ئويمانلىقى بىلەن بورتالا ۋادىسىغا قوشنا، جەنۇبتا ئىلى ئويمانلىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقتە پولكىنۇر تاغلىرىغا، غەربتە بېگجىنتاۋ تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ. غەربىي شىمال ـ غەرب — شەرقىي جەنۇب ـ شەرق يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 160 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 70 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلارنىڭ غەربتىن شەرققە قارىتا ئېگىز ـ پەسلىكى چوڭ ئەمەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2500 ~ 2800 مېتىر كېلىدۇ، تاغ چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى 3731 مېتىر.

**پولكىنۇر تاغلىرى** بوروخورا تاغلىرى، تارچىلىڭ تاغلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاغ ئومۇرتقىسى لىنىيىسىنىڭ شىمالى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىگە سوزۇلغان، جەنۇبى ئىلى رايونى تەۋەسىدە. غەربىي شىمال ـ غەرب — شەرقىي جەنۇب ـ شەرق يۆنىلىشىدە سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 130 كىلومېتىر، كەڭلىكى 90 ~ 110 كىلومېتىر، كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقى، جەنۇبتا قاش دەرياسى ۋادىسى، شەرقتە ئېرەن قابىرغا تاغلىرى بىلەن، غەربتە كوگۇرچىن تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. تاغ گەۋدىسىنىڭ ئىككى يېقى بىر ئاز سىممېترىك بولۇپ، شىمالىي يانباغرى كەڭرەك، جەنۇبىي يانباغرى تارراق. تاغلارنىڭ شەرقىي قىسمى ئېگىز بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 4169 مېتىر؛ غەربىي قىسمى پەسرەك بولۇپ، ئومۇمەن 3000 مېتىر ئەتراپىدا، ئاساسلىق چوققىسى 3686 مېتىر كېلىدۇ.

**ئېرەن قابىرغا تاغلىرى** شىمالىي تەڭرىتاغدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى. غەربىي شىمال ـ غەرب — شەرقىي جەنۇب ـ شەرق يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر، كەڭلىكى 110 ~ 130 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىغا قوشنا، جەنۇبتا كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقتە تەڭگىرتاغ بىلەن، غەربتە پولكىنۇر تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ تاغ شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئەڭ كۈچلۈك كۆتۈرۈلگەن رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاغلىرى ئېگىز بولۇپ، تاغ چوققىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 4500 مېتىردىن ئاشىدۇ. 5000 مېتىردىن يۇقىرى ئېگىز چوققىدىن 20 نەچچىسى بولۇپ، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 5289 مېتىر كېلىدۇ.

**تەڭگىرتاغ** شىمالىي تەڭرىتاغدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى. شىمالىي يانباغرى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەلىكىدە، جەنۇبىي يانباغرى بايىنغولىن، تۇرپان ۋىلايەتلىرى تەۋەلىكىدە، غەربىي شىمال ـ غەرب — شەرقىي جەنۇب ـ شەرق يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر، كەڭلىكى بىر خىل ئەمەس، ئومۇمەن 40 ~ 80 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ جايى 120 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 16 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرىپى جۇڭغار ئويمانلىقى، سەيۇوپۇ ئويمانلىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ جەنۇب تەرىپى ئالغۇي، توقسۇن

ئويمانلىقى بىلەن چېگرىداش، غەربىي بۆلىكى ئېرەن قابىرغا تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ. شەرقىي بۆلىكى بوغدا تاغلىرى بىلەن كېسىشىدۇ. تاغ گەۋدىسى سىممېترىيەسىز، ئومۇرتقا لىنىيىسى جەنۇبقا قىيسايغان، شىمالىي يانباغرى ئۇزۇن، جەنۇبىي يانباغرى قىسقا. غەربىي بۆلىكىدىكى تاغلار تىك ھەم ئېگىز بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى بولغان تەڭگىر چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 4481 مېتىر، چوققا رايونىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 192 كۋادرات كىلومېتىر. شەرقىي بۆلىكىدىكى تاغلار پەسرەك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 ~ 2500 مېتىر كېلىدۇ.

**بوغدا تاغلىرى** شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلەك تاغ تىزمىسى بولۇپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە سوزۇلغان. شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىغا قوشنا، جەنۇبتا سەيۋوپو ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن چېگرىداش، شەرقتە يەتتە قۇدۇق ئويمانلىقى ئارقىلىق باركۆل تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ. غەربىي جەنۇبتا سەيۋوپو ئويمانلىقى ئارقىلىق تەڭرىتېغىغا قوشنا. ئاساسەن شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 320 كىلومېتىر، كەڭلىكى 40 ~ 80 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسىي چوققىسى بولغان بوغدا چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5445 مېتىر، چوققا رايونىدا 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاغ چوققىسىدىن يەتتىسى بار. مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 221 كۋادرات كىلومېتىر. شەرقىي بۆلىكىنىڭ تاغ گەۋدىسى تەدرىجىي پەسىيىپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىرغا چۈشىدۇ، يەتتە قۇدۇق بۆلىكىگە كەلگەندە، 1000 مېتىر ئەتراپىغا بارىدۇ. تاشيول بۇ جايدىن ئۆتۈپ، جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي يانباغرىنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق.

**باركۆل تاغلىرى** يەنە بىر ئىسمى بارقۇ تېغى. باركۆل موڭغۇلچە يولۋاس پۇتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. باركۆل تاغلىرى شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. ئۇ شىمالدا باركۆل ئويمانلىقى، جەنۇبتا قۇمۇل ئويمانلىقى، شەرقتە قارلىق تاغ بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە بوغدا تاغلىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. غەربىي بۆلىكى ئاساسەن شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە، شەرقىي بۆلىكى غەربىي شىمال ــ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى شىمالغا تومپىيىپ چىققان يايسىمان شەكىل ھاسىل قىلغان. ئوتتۇرا قىسمى ئەڭ كەڭ، ئىككى بېشى تار، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 160 كىلومېتىر، كەڭلىكى 20 ~ 40 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 4500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 3000 مېتىر، ئوتتۇرا قىسمى ئەڭ ئېگىز. ئاساسىي چوققىسى بولغان ھىلال تاي تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4265 مېتىر كېلىدۇ؛ ئىككى بېشىغا قارىتا تەدرىجىي پەسىيىپ 2000 مېتىر ئۆپچۆرىسىگە چۈشىدۇ. سۇ بۆلگۈچ چوققىسى شىمالغا يانتۇلانغان بولۇپ، شىمالىي قىسمىدىكى تاغلارنىڭ شەكلى يايسىمان، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلار تۈز.

**قارلىق تاغ** شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى تاغ تىزمىسى. قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. شىمالدا تۇر كۆل ئويمانلىقى ۋە بېيشەن تاغلىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبتا قۇمۇل ئويمانلىقىغا قوشنا، شەرق تەرىپى چۆلگە تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى باركۆل تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاساسەن غەربىي شىمال ــ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 ~ 50 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 6000 كۋادرات كىلومېتىر، ئاساسىي چوققىسى بولغان تۇمۇرتى چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4886 مېتىر.

**بېيشەن تاغلىرى** مەچىن ئۇلا تاغلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى تاغ تىزمىسى. قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. شەرقىي شىمال تەرىپى نوم چۆلى بىلەن، غەربىي جەنۇب تەرىپى باركۆل ئويمانلىقى ۋە تۇر كۆل بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربىي شىمال ــ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 ~ 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 6000 كۋادرات كىلومېتىر. ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى تاغلار بىرقەدەر ئېگىز، ئۈستى تەكشى، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 3000 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى بولغان دالى تېغى 3962 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي قىسمىدىكى تاغلار

تار ھەم پەسرەك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىرغا يەتمەيدۇ. شەرقىي بۆلىكى ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىغا تۇتىشىدۇ.

**ئوتتۇرا تەڭرىتاغ** تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئىلى ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىرىنىڭ تەۋەلىكىدە. ئاساسلىق تاغ تىزمىلىرى ئىلى دەرياسى بىلەن قارا شەھەر دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىن شەرققە قارىتا رېتى بويىچە ئۆيسۈن تاغلىرى، ئابرال تاغلىرى، بىيىك تاغلىرى، نارات تاغلىرى، سارمىن تاغلىرى، ئالغوي تاغلىرى، چۆلتاغ قاتارلىقلار بار. بۇ تاغلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئاساسەن شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە، ئوخشاش بولمىغان تاغ تىزمىلىرىنىڭ يۆنىلىشى پەرقلىنىدۇ. غەربىي جەنۇب - غەرب — شەرقىي شىمال - شەرق ۋە غەربىي شىمال - غەرب — شەرقىي جەنۇب - شەرق يۆنىلىشىدىكى تاغلار بىرقەدەر كۆپ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 900 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 80 كىلومېتىر بولۇپ، ئەڭ كەڭ جايلىرى 120 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئوتتۇرا تەڭرىتاغ بىلەن شىمالىي تەڭرىتاغ ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تاغ ئارا ئويمانلىقلار ۋە ۋادىلار ئايرىپ تۇرىدۇ. ئىلى دەرياسى ئويمانلىقى، قاش دەرياسى ۋادىسى، كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقى ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرى بىلەن شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ چېگرىسى ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقى، چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقى ۋە قارا شەھەر ئويمانلىقلىرى ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرى بىلەن جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ چېگرىسىدۇر. تاغلىرى شىمالىي تەڭرىتاغ ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىدىن پەسرەك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2000 ~ 3000 مېتىر كېلىدۇ؛ ئاساسلىق چوققىلىرى 3500 ~ 4500 مېتىر، سارمىن تاغلىرىنىڭ ئاساسىي چوققىسى 4589 مېتىر كېلىدۇ. غەربتىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە كىلىماتى بىرقەدەر نەم.

**ئۆيسۈن تاغلىرى** يەنە بىر نامى چاپچال تاغلىرى. ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى، ئىلى ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. ئاساسەن شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە. شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى تەخمىنەن 20 ~ 50 كىلومېتىر، كۆلىمى 6000 كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن كېلىدۇ. ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80°45′~82°30′، شىمالىي كەڭلىك 43°10′~43°40′ دائىرىسىدە. شىمالدا ئىلى ئويمانلىقىغا قوشنا، جەنۇبتا موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربتە قازاقىستاندىكى كەتمەن تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقتە بىيىكتاغ بىلەن كېسىشىدۇ. ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 ~ 3000 مېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 3699 مېتىر. مەشھۇر ئاقتاش چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 3475 مېتىر كېلىدۇ.

**نارات تاغلىرى** ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى. ئىلى ۋىلايىتى بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شىمالدا كۈنەس دەرياسى ۋادىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبتا چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، غەربتە بىيىكتاغ بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقتە ئابرال تاغلىرى بىلەن كېسىشىدۇ. غەربىي جەنۇب - غەرب — شەرقىي شىمال - شەرق يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 ~ 50 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 6000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 3000 ~ 3500 مېتىر بولۇپ، ئاساسىي چوققىسى 4257 مېتىر. تاغلىرى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي تارايغان بولۇپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسى ھەۋزىسى بىلەن قارا شەھەر دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ سۇ بۆلگۈچىسى ھېسابلىنىدۇ. تاغ ئومۇرتقىسى جەنۇب تەرەپكە يانتۇلانغان، جەنۇبىي يانباغرى شىمالىي يانباغرىغا قارىغاندا تىك. ئەڭ ئېگىز چوققا رايونلىرىدا مۇزلۇقلار تارقالغان بولۇپ، كۆلىمى 69 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپى 2800 ~ 3200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كەڭ كەتكەن تەكشى يەر شەكلىنى ھاسىل قىلغان. كىلىماتى نەم، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 450 ~ 700 مىللىمېتىر، شەمشاد ئورمانلىرى بىلەن قاپلانغان. تەڭرىتاغلىرىدىكى بىردىنبىر قارلىق چوققا شەمشاد ئورمانلىقى مۇھاپىزەت رايونى شىمالىي يانباغرىدىكى كوردىنىندا. تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدىغان مەشھۇر تاغ، مەنزىرىلىك دەريا بۆلىكى، ئورمانلار ۋە يايلاقلار ئىنتايىن يۇقىرى ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش قىممىتىگە ئىگە. نارات يايلىقىنىڭ مەنزىرىسى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق.

**ئابرال تاغلىرى** ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىـ

لىرىنىڭ بىرى. ئىلى ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شىمالدا
قاش دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق پولىكنۇر تاغلىرى ۋە
ئېرەن قابىرغا تاغلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، جەنۇبتا
كۈنەس دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق نارات تاغلىرىدىن
ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ غەربتە قاش دەرياسى بىلەن ئاچال
دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدىكى دۆڭسازلاردىن باشلى-
نىپ، شەرقتە ئېرەن قابىرغا تاغلىرى بىلەن كېسىشى-
دۇ. ئاساسەن شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان.
ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 240 كىلومېتىر،
كەڭلىكى 20 ~ 40 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن
8000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىرى غەربتىن
شەرققە قاراپ تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدۇ. غەربىي بۆ-
لىكى پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000
مېتىر، ئوتتۇرا بۆلىكى تېخىمۇ پەسىيىپ ئېگەرسىمان
ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. شەرقىي بۆلىكى تەدرىجىي
ئېگىزلەپ بارىدۇ، ئاساسلىق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزى-
دىن ئېگىزلىكى 3996 مېتىر كېلىدۇ. تاغ گەۋدىسى
قاش دەرياسى بىلەن كۈنەس دەرياسى ئارىلىقىدىكى سۇ
بۆلگۈچتۇر.

**بېيىكتاغ** ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ
بىرى. ئىلى ئوبلاستى بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپ-
تونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شىمالدا تېكەس دەرياسى
ۋادىسى بىلەن، جەنۇبتا ئاساسەن شەرق ـ غەرب يۆنىلى-
شىدە سوزۇلغان كۆكسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى
ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغ سىستېمىسىدىكى كۆكتېكە تاغلى-
رى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ؛ شەرقىي قىسمى نارات
تاغلىرى بىلەن ھەمدە چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقىنىڭ
غەربىي چېتى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي جە-
نۇب ـ غەرب ــ شەرقىي شىمال ـ شەرق يۆنىلىشىدە
سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 95 كىلومېتىر،
كەڭلىكى 50 ~ 60 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن
5000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئومۇرتقىسى
جەنۇبقا قىيسايغان بولۇپ، شىمالىي يانباغرى كەڭرەك،
دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 3500 مېتىر، تاغ
چوققىلىرى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئاساسلىق تاغ
چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4370 مېتىر
كېلىدۇ. چوققا رايونىدا ئاز مىقداردا مۇزلۇق ۋە يىغىن-
دى قارلار تارقالغان، كىلىماتى بىرقەدەر نەم. شىما-
لىي يانباغرىدا دەريالار زىچ بولۇپ، بەلۋاغسىمان شەم-
شاد ئورمانلىرى يېتىلگەن. جەنۇبىي يانباغرىدىكى
كۆكسۇ دەرياسى گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ چەكلى-
مىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئوخ-
شاش يۆنىلىشتە ئېقىپ، غەربىي قىسمىغا كەلگەندە
تويۇقسىز تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ بۇرۇلۇپ شىمالغا
ئېقىپ، تاغ تىزمىلىرىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ
تېكەس دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**ئېرىبىن تاغلىرى** ئەرىبىن، سارمىن تاغلىرى
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ
بىرى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلى-
كىدە. شىمالدا كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقى، جەنۇبتا
چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقى ۋە قارا شەھەر دەرياسىنىڭ
ئوتتۇرا ئېقىنى ۋادىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ شىما-
لىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىنى قارا شەھەر دەر-
ياسىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ.
شەرقىي قىسمى ئۇلاستاي دەرياسى، قاپچىغاي دەرياسى
ئارقىلىق ئالغوي تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي
شىمال ـ غەرب ــ شەرقىي جەنۇب ـ شەرق يۆنىلى-
شىدە سوزۇلغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 180
كىلومېتىر، كەڭلىكى 20 ~ 60 كىلومېتىر، كۆلى-
مى تەخمىنەن 7000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.
تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى كەڭ، ئېگىز، دېڭىز يۈزى-
دىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 4000 مېتىر، ئاساسلىق
چوققىسى 4815 مېتىر؛ غەربىي بۆلىكى تارراق بو-
لۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىر ئەتراپى-
دا، شەرقىي بۆلىكى كەڭرەك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 3000 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە. ئەڭ ئېگىز
چوققىسى 4146 مېتىر كېلىدۇ.

**ئالغوي تاغلىرى** بورتوئولا تاغلىرى دەپمۇ ئا-
تىلىدۇ. ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى.
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تۇرپان
ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. شىمالدا ئالغوي جىلغىسى ئارقى-
لىق تەڭگىرتاغ بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالدا تۇر-
پان ئويمانلىقى بىلەن، جەنۇبتا قارا شەھەر ئويمانلىقى
بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ غەربتە ئۇلاستاي دەرياسى، قاپ-
چىغاي دەرياسى ئارقىلىق سارمىن تاغلىرى بىلەن،
شەرقتە چۆلتاغ بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاساسەن شەرق ـ
غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن
200 كىلومېتىر، كەڭلىكى 25 ~ 60 كىلومېتىر،
كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. تاغ
ئومۇرتقىسى شىمالغا قىيسايغان، جەنۇبىي يانباغرى بار-
غانسېرى كەڭ ھەم ئۇزۇن. غەربىي بۆلىكىدىكى تاغلار
كەڭ، تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى
4000 مېتىرچە كېلىدۇ. ئەڭ ئېگىز چوققىسى 4505

مېتىر. شەرقىي بۆلىكىدىكى تاغلار تارىيىپ، بارغانسېرى پەسىيىپ بارىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 ~ 3000 مېتىر كېلىدۇ ھەمدە تەدرىجىي سوزۇلۇپ، تەكشى ھەم پەس كەتكەن چۆلتاغقا تۇتىشىدۇ.

**جەنۇبىي تەڭرىتاغ** قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تەۋەلىكىدە. شىمالدا موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقى، چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقى، قارا شەھەر ئويمانلىقى ئارقىلىق ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. ئاساسەن شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە. كۆپ قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر، كەڭلىكى ئومۇمەن 50 ~ 100 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ جايلىرى 160 كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي بۆلىكى غەربىي جەنۇب — شەرقىي شىمال يۆنىلىشتە، ئوتتۇرا بۆلىكى بىلەن شەرقىي بۆلىكى شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ئۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى بىلەن خالىقتاغ، كۆكتېكە تاغلىرى، خورا تاغلىرى، قورۇقتاغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاغلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ، ئوتتۇرا قىسمى غەربكە قىيسايغان تۆمۈر چوققىسى — خانتەڭرى چوققىسى رايونلىرىدىن ئىبارەت غايەت زور تاغ ئومۇرتقىسىنى ھاسىل قىلغان. تۆمۈر چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435 مېتىر بولۇپ، تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. خانتەڭرى چوققىسى 6995 مېتىر كېلىدۇ. بۇ بەلۋاغدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاغ چوققىلىرىدىن 20 نەچچىسى، يېتىلىۋاتقان مۇزلۇقلاردىن 421 ى بولۇپ، كۆلىمى 2804 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تەڭرىتاغ مۇزلۇقلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %29نى ئىگىلەيدۇ. خانتەڭرى چوققىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ غەربىي جەنۇب — شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە بولۇپ، دۆلەت چېگرىسىنى بويلاپ سوزۇلغان تاغ ئومۇرتقا لىنىيىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 4000 ~ 5000 مېتىر كېلىدۇ. خانتەڭرى چوققىسىنىڭ شەرقىدىكى خالىقتاغ، كۆكتېكە تاغلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. خالىقتاغنىڭ ئاساسلىق چوققىسى بولغان قار لەيلىسى چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6627 مېتىر كېلىدۇ.

**تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى** جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىدىكى خانتەڭرى تېغىنىڭ غەربىي قىسمى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى دېيىلىدۇ. ئۇ جەنۇبىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. ئۇ غەربتىن شەرققە قارىتا ئالاي تاغلىرى، كۆكتونتاۋ، مەيدانتاغ، كۆكشائال تاغلىرى ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ تاغ ئالدى تاغ تىزمىلىرىدىكى قارا تېرەك (قارا تېكە) تاغلىرى، قارا تاغ، كەلپىن تاغلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي قىسمى جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسى بىلەن، جەنۇبتا قىزىلسۇ دەرياسى ئارقىلىق غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي قىسمى غەربكە سوزۇلۇپ قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىكى ئالاي تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتى بىلەن قوشنا، شەرقىي شىمالىي قىسمى قۇمئېرىق دەرياسى ئارقىلىق تۆمۈر تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربىي جەنۇب — شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 520 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 160 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 60 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي قىسمى جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا لىنىيىسى بولۇپ، ئەڭ ئېگىز تاغ ئومۇرتقا لىنىيىسىدۇر، ئۇنىڭدىكى سۇ بۆلگۈچ چوققىلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 ~ 5000 مېتىر. ئەڭ ئېگىز چوققىسى كۆكشائال تاغلىرىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5842 مېتىر كېلىدۇ. تاغ تىزمىسى ئاساسەن غەربىي جەنۇب — شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدىكى بىرقانچە تاغلاردىن تەركىب تاپقان، تاغ ئارىلىرى ئوخشاش يۆنىلىشتىكى توشقان دەرياسى ۋادىسى، قارا جول ۋادىسى، كەلپىن ۋادىلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

**خالىقتاغ** خالىقتاۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى. ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن ئىلى ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. شىمالدا موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقى، تېكەس ۋادىسى بىلەن، جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقى ۋە باي ئويمانلىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربتە خانتەڭرى — تۆمۈر تاغ تۈگۈنىنى چېگرا قىلىپ، شەرقتە كۆكتېكە تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاساسەن شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر، كەڭلىكى 100 ~ 120 كىلومېتىر كېلە-

دۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 22 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئۇ غايەت زور خانتەڭرى — تۆمۈر تاغ تۈگۈنىنىڭ شەرققە سوزۇلغان قىسمىدىن ئىبارەت. تاغ ئومۇرتقا لىنىيىسىنىڭ يۆنىلىشى ئېنىق، جەنۇب - شىمال يانباغىرلىرى بىرقەدەر سىممېترىك ھالەتتە. ئاساسلىق تاغ چوققىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن يۇقىرى، 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلىرى ئونغا يېتىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى بولغان قار لەيلىسى چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6627 مېتىر.


**كۆكتېپكە تاغلىرى** كۆكتېپكە تاۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى. ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شىمالدا كۆكسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋادىسى ئارقىلىق بېيىكتاغ بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبتا ياي ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىغا، غەربتە خالىقتاغقا تۇتىشىدۇ، شەرقتە خورا تاغلىرىغا ئۇلىنىدۇ، شەرقىي شىمال تەرەپتە چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ئۇزۇنلۇقى 130 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 60 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 7000 كۋادرات كىلومېتىر. تاغ گەۋدىسى كەڭ بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 3500 ~ 4000 مېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 4470 مېتىر كېلىدۇ.

**خورا تاغلىرى** بوروخوتان تاغلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شىمالىي قىسمى قارا شەھەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ئارقىلىق سارىمىن تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقى بىلەن، غەربتە كۆكتېپكە تاغلىرى بىلەن قوشنا، شەرقتە قارا شەھەر ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى 190 كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 ~ 60 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 9000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ گەۋدىسىنىڭ غەربىي قىسمى كەڭ، شەرقىي قىسمى تار، باشئەگىم ئەتراپلىرىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر ئەتراپىدا. غەربىي قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 4000 مېتىر. ئەڭ ئېگىز چوققىسى 4675 مېتىر بولۇپ، شەرققە قارىتا تەدرىجىي پەسىيىپ 3000 مېتىرغا چۈشىدۇ، شەرقىي بۆلىكى 1400 مېتىرلا كېلىدۇ. تاغ ئومۇرتقا لىنىيىسى شىمالغا قىيسايغان، جەنۇبىي يانباغىرى كەڭ ھەم ئۇزۇن، شىمالىي يانباغىرى تار. شىمالىي يانباغىردىكى سۇ سىستېمىلىرى قارا شەھەر دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ، جەنۇبىي يانباغىردىكى سۇ سىستېمىسى چۆللۈككە ئېقىپ بېرىپ سىڭىپ كېتىدۇ.

**قۇرۇقتاغ** جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى تاغ تىزمىسى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. شىمالدا قارا شەھەر ئويمانلىقى بىلەن ئۇزۇنبۇلاق ۋادىسىنى چېگرا قىلىدۇ، جەنۇبتا كۆنچى دەرياسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربتە كۆنچى دەرياسىنىڭ باشئەگىم بۆلىكى ئارقىلىق خورا تاغلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، شەرقىي قىسمى گاشۇن چۆلىگە تۇتىشىدۇ. شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى 420 كىلومېتىر، كەڭلىكى 40 ~ 60 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 21 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىدىكى باشقا تاغ تىزمىلىرىدىن روشەن ھالدا پاكار. تاغنىڭ غەربىي قىسمى بىرقەدەر ئېگىزرەك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 2000 مېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى 2596 مېتىر كېلىدۇ.

**پامىر ئېگىزلىكى** ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېگىزلىك. قەدىمكى زاماندىكى كۆك تاغ دەپ ئاتىلىدىغان تاغنىڭ بىر قىسمى. ئۇ شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى، تاجىكىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسىملىرىغا يېيىلغان بولۇپ، كۇئېنلۇن تېغى، قاراقۇرۇم تېغى، ھىندىقۇش تېغى ۋە تەڭرىتاغلىرى تۇتاشقان غايەت زور تاغ تۈگۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. تاغ گەۋدىسى ئېگىز، ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4500 مېتىردىن يۇقىرى، ئادەتتىكى تاغ چوققىلىرى 5000 ~ 5500 مېتىرغىچە كېلىدۇ، ئاساسلىق تاغ چوققىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 6000 مېتىردىن ئاشىدۇ. غەربىي قىسمىدىكى ئاساسلىق چوققا بولغان كوممۇنىزم چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7495 مېتىر، لېنىن چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7134 مېتىر. ئېگىزلىكنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ پەرقى روشەن. غەربىي پامىرنىڭ مۇتلەق ئېگىزلىكى بىلەن نىسپىي ئېگىزلىكلىرىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ؛

پاراللېل ۋە مېرىدىئان يۆنىلىشتىكى تاغ تىزمىلىرى



پامىر ئېگىزلىكى

گىرەلىشىپ كەتكەن، يەر شەكلى مۇرەككەپ بولۇپ، ئېگىز تاغ ئېگىزلىكى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. دەريا تورلىرى ناھايىتى زىچ، جىلغىلارنىڭ كېسىلىشى چوڭقۇر، تەكشىلەنگەن يۈزلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئېغىر. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ مۇتلەق ئېگىزلىكى بىرقەدەر كىچىك، نىسپىي ئېگىزلىكمۇ بىرقەدەر تۆۋەن، ئېگىزلىك ئالاھىدىلىكى روشەن، ۋادىلىرى كەڭ. ئېگىزلىكتە مۇزلۇقلار كەڭ تارقالغان بولۇپ، 1085 مۇزلۇق بار، بۇ مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 8041 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن بولغان فېدچېڭك مۇزلۇقى 77 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. مۇزلۇق كۆللەر كۆپ، ئەڭ چوڭ بولغان قارا كۆلنىڭ كۆلىمى 383 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ كۆلنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايى 236 مېتىر.

جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى پامىر ئېگىزلىكى بولسا ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى بولۇپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەلىكىدە. ئۇ شەرقتە مۇجى ۋادىسى بىلەن تاشقورغان ۋادىسىنى چېگرا قىلىدۇ، غەربتە كۆئېنلۈن تاغلىرى بىلەن قوشنا، جەنۇبتا قارا قورۇم تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ. شىمالىي قىسمى غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە، جەنۇبىي قىسمى غەربىي شىمال - شىمال — شەرقىي جەنۇب - جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى 260 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 100 كىلومېتىر بولۇپ، ئېگىزلىك تاغلىقى بىلەن ئېگىزلىكتىكى تاغ ئارا ئويمانلىقلاردىن تەركىب تاپقان. تاغلىقلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 5000 ~ 5500 مېتىر، تاغ ئارا ئويمانلىقلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3500 ~ 4200 مېتىر بولۇپ، قىسمەن بۆلەكلىرى پەسىيىپ 3200 مېتىرغا چۈشىدۇ.

**سارىقول تاغلىرى** پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىدە. شەرقتە مۇجى ئويمانلىقى، قارا كۆل ئويمانلىقى، تاغارما ئويمانلىقى، تاشقورغان ئويمانلىقى ئارقىلىق غەربىي كۆئېنلۈن تېغى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربتە ئاقسۇ دەرياسى بىلەن، جەنۇبتا مىڭ تېكە داۋىنى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالىي قىسمى غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. جەنۇبىي قىسمى غەربىي شىمال - شىمال — شەرقىي جەنۇب - جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 260 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 100 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 18 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 4000 ~ 5000 مېتىر، ئاساسىي چوققىسى جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5507 مېتىر كېلىدۇ.

**قارا قورۇم تاغلىرى** تۈركچە «قارا تاشلىق» دېگەن مەنىدە، ئۇيغۇرچە «ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغ» دېگەن مەنىدە. ئۇ يەنە ئىھاتىيى تاغلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا كۆك تاغ دەپ ئاتالغان تاغنىڭ بىر قىسمى. قارا قورۇم تاغلىرى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى ۋە كەشمىرنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرققە سوزۇلۇپ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىغا يېتىپ بارىدۇ. غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىردىن ئارتۇق، كەڭلىكى 150 ~ 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي شىمالدا ئاساسەن يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋادىسى ئارقىلىق كۆئېنلۈن تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى ئاساسەن

ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋادىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربىي شىمال بۆلىكى پامىر ئېگىزلىكى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇب بۆلىكى جۇڭگونىڭ شىزاڭ تەۋەلىكىگە سوزۇلىدۇ. بۇ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغلاردىن بىرى بولۇپ، ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6000 مېتىر كېلىدۇ، 7000 مېتىردىن يۇقىرى تاغ چوققىسىدىن 25ى، 8000 مېتىردىن يۇقىرى تاغ چوققىسىدىن تۆتى بار. ئاساسىي چوققىسى بولغان چوغىر چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. ئېگىز چوققىلار تۇتىشىپ كەڭ كۆلەملىك مۇزلۇق رايونلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 17 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي ياتباغرىدىكى توبۇر ۋادىسىغا جايلاشقان سىياچىن مۇزلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. پەلەمپەيسىمان يەر شەكلى روشەن. شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى قارا قۇرۇم تاغلىرى ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدۇر. ئۇ ئاساسەن يەكەن دەرياسى بىلەن قارا قاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى رايونى بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىگە سوزۇلغان، غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 كىلومېتىر، كەڭلىكى 90 ~ 150 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 6000 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5300 مېتىر كېلىدۇ. چوغىر چوققىسى، تېرامكەڭرى چوققىسى قاتارلىق چوققا رايونلىرىنى مەنبە قىلغان مۇزلۇقلار تارىم دەرياسىنىڭ ئاساسىي تارمىقى بولغان يەكەن، قارا قاش دەريالىرىنىڭ مۇھىم سۇ مەنبەسى. يېڭىسۆگەت مۇزلۇقى چوغىر چوققىسىنىڭ شىمال تەرىپىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 41.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى بىز بىلىدىغان ئەڭ ئۇزۇن ھازىرقى زامان مۇزلۇقى ھېسابلىنىدۇ.

**كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسى** غەربتە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن باشلىنىپ، شىنجاڭ، شىزاڭلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقىي قىسمى چىڭخەي تەۋەلىكىگىچە سوزۇلىدۇ. يۆنىلىشى غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدىن بۇرۇلۇپ، شەرق - غەرب يۆنىلىشىگە سوزۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2500 كىلومېتىر، كەڭلىكى 100 ~ 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 74°~103° ئارىلىقىدا. غەربىي بۆلىكى تارىم ئويمانلىقى بىلەن شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ پاسىل تېغى ھېسابلىنىدۇ. غەربىي شىمال ئۇچى قىزىلسۇ دەرياسى ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرى كوڭگەي تاغدىن چوڭ مۇز تاغقا قەدەر تەخمىنەن 900 كىلومېتىرغا سوزۇلىدۇ. ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تاغلىرى چوڭ مۇز تاغدىن مۇزتاغ چوققىسىنىڭ شەرقىگىچە سوزۇلۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ تاشيولى كېسىپ ئۆتىدىغان تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە ئۈچ تارماققا بۆلۈنىدۇ: شىمالىي تارمىقى چىمەنتاغ، ئوتتۇرا تارمىقى ئارغۇ تاغ، جەنۇبىي تارمىقى كۆكشىل تاغلىرىدىن ئىبارەت؛ ئۇ يەنە داۋاملىق شەرققە سوزۇلۇپ شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئوتتۇرا تارماقنىڭ شەرققە سوزۇلغان قىسمى بورھان بۇدا تاغلىرى ۋە ئانىماچىن تاغلىرىدۇر. جەنۇبىي تارماقنىڭ شەرققە سوزۇلغان قىسمى بايانقار تاغلىرى بولۇپ، سىچۈەن چېگرىسىدىكى مىنشەن، چيۇڭلەيشەن تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ.

كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ پۈتكۈل كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونى بولۇپ، ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 74° ~ 91° دائىرىسىدە. تاغ گەۋدىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇ جەنۇبقا تومپىيىپ چىققان ياي شەكىللىك تاغ سىستېمىسى بولۇپ، غەربتىن شەرققە قارىتا غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرى، ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تاغلىرى ۋە شەرقىي كۇئېنلۇن تاغلىرىغا بۆلۈنىدۇ. شىمالىي ياتباغرى تارىم ئويمانلىقىغا يۈزلەنگەن. تاغ گەۋدىسى ھەيۋەتلىك، چوققىلىرى تىك، تار جىلغىلار كەڭ تارقالغان؛ جەنۇبىي ياتباغرى قارا قۇرۇم تاغلىرى ۋە شىمالىي شىزاڭ ئېگىزلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ، تاغلىرى پەسىيىپ بارىدۇ. تاغ ئومۇرتقىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6000 مېتىر، نۇرغۇن تاغ چوققىلىرىنىڭ 6500 مېتىرغا يېتىدۇ، ئاز ساندىكى تاغ چوققىلىرى 7700 مېتىردىن ئاشىدۇ. غەربىي قىسمىدىكى قوڭغۇر چوققىسى 7719 مېتىر، مۇز تاغ چوققىسى 7546 مېتىر كېلىدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇز چوققىسى 6638 مېتىر، چوڭ مۇز تاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6942 مېتىرغا يېتىدۇ؛ شەرقىي قىسمىدىكى مۇز تاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6973 مېتىر كېلىدۇ. كۇئېنلۇن تاغلىرى

ئاسىيادىكى ئەڭ قۇرغاق ئېگىز تاغ رايونلىرىنىڭ بىرى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 10 - بېتىگە قارالسۇن)

**غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرى** شىنجاڭنىڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەلىكىگە جايلاشقان. غەربىي شىمال ئۇچى قىزىلسۇ دەرياسىنى چېگرا قىلىپ تەڭرىتاغلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ شىمالىي قىسمى تارىم ئويمانلىقى بىلەن قوشنا؛ جەنۇبىي قىسمى يەكەن دەرياسى يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شەرق — غەرب يۆنىلىشىدىكى بۆلىكى ئارقىلىق قارا قۇرۇم تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ غەربىي قىسمى تاشقورغان ۋادىسى بىلەن مۇجى ۋادىسىنى چېگرا قىلىدۇ، پامىر ئېگىزلىكى بىلەن قوشنا؛ شەرقىي قىسمى كۇئېنلۇن تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 70° ~ 77°، شىمالىي كەڭلىك 36°30′ ~ 39°40′ دائىرىسىدە. تاغ گەۋدىسى غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 450 كىلومېتىر، كەڭلىكى 70 ~ 130 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 54 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. تاغ گەۋدىسى كەڭ ھەم ئېگىز، جەنۇبى بىلەن شىمالى سىممېترىيىسىز. شىمالىي يانباغرى ئۇزۇن ھەم تىك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىر كېلىدىغان تارىم ئويمانلىقى بىلەن قوشنا. ئېگىزلىك پەرقى 4000 مېتىر كېلىدۇ؛ غەربىي جەنۇب يانباغرى پامىر ئېگىزلىكى ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرى بىلەن قوشنا بولۇپ، ۋادا بىلەن بولغان ئېگىزلىك پەرقى 1000 ~ 2000 مېتىر، ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000~6000 مېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىلىرى غەربكە جايلاشقان. ئاساسىي چوققىسى بولغان قوڭۇر چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7719 مېتىر كېلىدۇ. قوڭۇر چوققىسى ۋە مۇز تاغ مۇزلۇقلىرى يىغىندى مۇز رايونىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 600 مىللىمېتىر. بۇ رايوندا جەمئىي 466 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 898 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تاغلىرى** شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكى. خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىكىگە جايلاشقان. شىمالدا تارىم ئويمانلىقى بىلەن قوشنا، جەنۇبتا چاقىلىق - تاڭگۇلا ئېگىزلىكى بىلەن قوشنا، غەربىي قىسمى غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرىغا، شەرقىي قىسمى شەرقىي كۇئېنلۇن تاغلىرىغا تۇتىشىدۇ. ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 78°~84°، شىمالىي كەڭلىك 35°10′~37°10′ دائىرىسىدە. سانجۇ تېغى، تېكىلىك تېغى، قاش تېغى، قاشتاش تېغى، ئۇستۇن تاغ، ئاقتاغ قاتارلىق تاغ تىزمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەربىي بۆلىكى غەربىي شىمال — غەرب يۆنىلىشىدە، شەرقىي بۆلىكى شەرقىي شىمال — شەرق يۆنىلىشىدە بولۇپ، كېرىيە دەرياسى ئەتراپىدا كېسىشىپ، شەرقىي جەنۇبقا تومپىيىپ چىقىپ ياي شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 600 كىلومېتىر، كەڭلىكى 80 ~ 120 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 60 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ گەۋدىسى كەڭ، جەنۇب - شىمال ئىككى قانىتى سىممېترىيىسىز. شىمالىي قانات رايونى تار كەتكەن بولۇپ، شىمالغا سوزۇلۇپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ چېتىگە كەلگۈچە تېز تۆۋەنلەيدۇ. ئېگىزلىك پەرقى 4000 ~ 5000 مېتىرغىچە كېلىدۇ، جەنۇبىي قانات رايونى كەڭ، يەر شەكلى ئېگىز بولۇپ، چاقىلىق - تاڭگۇلا ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن بولغان ئېگىزلىك پەرقى 1000 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 ~ 5500 مېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق چوققىسى بولغان چوڭ مۇز تاغ چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 6942 مېتىر كېلىدۇ، 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىدىن نەچچە ئونى بار.

**شەرقىي كۇئېنلۇن تاغلىرى** شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىگە جايلاشقان. شىمالدا تارىم ئويمانلىقى بىلەن، شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىي قانىتى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ؛ جەنۇبتا چىڭخەي، شىزاڭلاردىكى كۆكشىل تاغلىرى بىلەن قوشنا، غەربىي قىسمى ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تاغلىرى بىلەن، شەرقىي قىسمى شىزاڭ تەۋەلىكىدىكى كۇئېنلۇن تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 84°~91°، شىمالىي كەڭلىك 36° ~ 38° دائىرىسىدە. شىمالىي قىسمىدىكى تاغ تىزمىلىرى شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدە، جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ تىزمىلىرى ئاساسەن شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 630 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 160 ~ 210 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 120 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. توققۇز داۋان، ئاچچىقكۆل تاغلىرى، چىمەنتاغ، ئارقا تاغ ۋە تاغ ئارىسىدىكى ئاچچىق-

كۆل، ئاياقكۆل، لەھەڭ كۆلى قاتارلىق كۆل ئويمانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى شەرقىي شىمال — غەرب جەنۇب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان تاغلارنىڭ تاغ گەۋدىسى ئارراق. توققۇز داۋان تاغ چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 6096 مېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي قىسمى چىگەدەي - شىراڭ ئېگىزلىكىنىڭ ئىچكى لاندشافت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، يېرى كەڭ، تاغ چوققىلىرىنىڭ نىسبىي ئېگىزلىكى كىچىك. ئاساسىي چوققىسى بولغان مۇز تاغ جەنۇبقىراق جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6973 مېتىر كېلىدۇ. بۇقا داۋان چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6860 مېتىر كېلىدۇ.

**ئالتۇنتاغ** باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەلىكىگە جايلاشقان. شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ تىزمىسى. شىمالدا تارىم ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا شەرقىي كۇئېنلۇن تاغلىرىغا يېقىن، غەربتە شەرقىي كۇئېنلۇن تاغلىرىدىكى توققۇز داۋان بىلەن قىيپاش كېسىشىدۇ. شەرقىي قىسمى گەنسۇ تەۋەلىكىگە سوزۇلۇپ، داڭخې تاغ ئېغىزىدا چىلىيەنشەن تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ تاغ تارىم ئويمانلىقى بىلەن چايدام ئويمانلىقىنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86°~94°، شىمالىي كەڭلىك 37°~39°10′ دائىرىسىدە. شەرقىي شىمال — غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. سۇلامىن تاغ، ئاستىنتاغ، يۇسۇپالىق تېغى، ئەنئەنبا تاغلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 750 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 100 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 45 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. تاغ شەكلى تار، ئۇزۇنچاق، غەربىي قىسمى ئېگىز، شەرقىي قىسمى پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 3000 ~ 4000 مېتىر. غەربىي بۆلىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5500 مېتىرغا يېتىدۇ، شەرققە سوزۇلغانسېرى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ 4000 مېتىر ئۆپ-چۆرىسىگە چۈشىدۇ. غەربىي قىسمىدىكى سۇلامىن تاغنىڭ ئاساسىي چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6295 مېتىر، يۇسۇپالىق تاغلىرىنىڭ ئاساسىي چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6062 مېتىر كېلىدۇ. تاغ گەۋدىسىنىڭ شىمالىي تەرەپ يانباغرى تىك، چوڭقۇر جىلغا بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى بىلەن بولغان ئېگىزلىك پەرقى 3000 مېتىردىن ئارتۇق. جەنۇب تەرىپى كۇئېنلۇن تاغلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، نىسپىي ئېگىزلىك پەرقى 1000 مېتىردىن ئاشىدۇ. تاغ يانباغىرلىرى تەكشى. ھۆل - يېغىنى ئاز، پەقەت ئېگىز چوققا رايونلىرىدىلا ئاز مىقداردا مۇزلۇقلار تارقالغان. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى شالاڭ بولۇپ، قاقاسلىق ۋە چۆل ئوتلاقلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ياۋايى ھايۋانلار كۆپ بولۇپ، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلغان.



ئالتۇنتاغ

**يالقۇنتاغ** تۇرپان تەۋەلىكىگە جايلاشقان. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. غەربتە ئاپتوللۇقتىن باشلىنىپ، شەرقتە ئاقتېرەك جىلغىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ، غەربىي جەنۇبى ئايدىڭكۆل، شەرقىي جەنۇبى قۇمتاغ، شىمالىي قىسمى بوغدا تاغلىرىنىڭ تاغ ئالدى يانتو تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت. ئاساسەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 89°10′~90°10′، شىمالىي كەڭلىك 42°50′~43°5′ دائىرىسىدە. غەربىي شىمال - غەرب — شەرقىي جەنۇب - شەرق يۆنىلىشىدە. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 ~ 8 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 600 كۋادرات كىلومېتىر. تاغ شەكلى تار ھەم ئۇزۇن، ئوتتۇرا بۆلىكى بىرقەدەر كەڭ، شەرق، غەرب ئىككى ئۇچى پاكار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 300 ~ 500 مېتىرچە كېلىدۇ، ئاساسلىق چوققىسى ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى سىڭگىم ئېغىزىنىڭ شەرقىي يان تەرىپىدە بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 851 مېتىر كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى شائىرى سېن شېن: «يانار تاغدا چىغتام دېگەن① تۇرار مەزمۇت قىياپەتتە، بەشىنچى ئايدىلا چىقار ئىكەن يالقۇنى كۆككە. تاغ - ئېدىر چۈمۈلۈپتۇ ئوتقا، كەتمەپتۇ ئىس - تۈتەك تارقاپ، ئۇچار قۇش يېقىن كېلەلمەي تۇراركەن مىڭ چاقىرىم چەتتە» دەپ

① چىغتام — يىجان ناھىيىسىنىڭ چىغتام دېگەن يېرى.

يازغان. «غەربكە ساياھەت» رومانىدا راھىپ شۇەنزاڭ-نىڭ نوم ئەكېلىش سەپىرىدە بۇ تاغدىن ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 10-بېتىگە قارالسۇن)

**كۆيۈكتاغ** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغ ئېدىرلىقى. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ جىمسار ناھىيىسى تەۋەلىكىگە جايلاشقان. جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە قارىتا كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن ئون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نەچچە يۈزلىگەن كىچىك تاغلار ئېدىرلىق يەر شەكلىنى ھاسىل قىلغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 580 مېتىر، يەككە تاغلارنىڭ ئېگىزلىكى 20 ~ 30 مېتىر، كۆلىمى 400 ~ 10000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. پەسرەك كەلگەن كىچىك تاغ ئېدىرلىقلىرى ئاساسەن خىش قىزىل رەڭلىك ۋە ئاپېلسىن رەڭلىك تاغ جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، رەڭگى ئوچۇق ھەم قاتتىق. پۈتكۈل ئېدىرلىق رايونى قوياش نۇرىدا قىپقىزىل كۆرۈنۈپ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. كۆرۈنۈشى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك. شۇڭا بۇ تاغ كۆيگەن تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**شارقىرايدىغان قۇمتاغ** جۇڭغار ئويمانلىقى-



شارقىرايدىغان قۇمتاغ

نىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇمتاغ. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەلىكىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 91°38′، شىمالىي كەڭلىك 44°36′، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1178 مېتىر. شەرقتىن غەربكە قارىتا كەڭلىكى تەخمىنەن ئون كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 30 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇمتاغ چۆلنىڭ شىغىللىق يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ، نىسپىي ئېگىزلىكى تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدۇ، ئۇندىن ئارتۇق پىرامىدا شەكلىدىكى قۇمتاغلاردىن تەركىب تاپقان. شارقىرايدىغان چوڭ قۇمتاغ دەپ ئاتىلىدىغان قۇم تاغنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى رومبا شەكىللىك، ئۇزۇن ئوقى جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە، قىسقا ئوقى شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 0.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇم دانچىلىرى قۇم يۈزىنى بويلاپ كەڭ كۆلەمدە تۆۋەنگە سىيرىلگەندە گۈركىرىگەن ئاۋاز چىقىدۇ. بۇ ئاۋاز كۈچلۈك ھەم ياڭراق بولۇپ، يىراقلارغا ئاڭلىنىدۇ؛ رىتىملىق بولۇپ، ئۇزاققىچە بېسىلمايدۇ.

**دوستلۇق چوققىسى** ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ، رۇسىيە ۋە موڭغۇلىيە چېگرىسىغا، ئالتاي ئېغىزىنىڭ بۇرچىن ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئۇچىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇرچىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى تارمىقى — قاناس دەرياسىنىڭ مەنبەسى رايونىدىن ئىبارەت. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شىمالىي كەڭلىك 49°12′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 87°52′. مەزكۇر چوققا جۇڭگونىڭ ئالتاي تاغلىرىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. چوققىنىڭ ئاستىغا مەشھۇر قاناس كۆلى جايلاشقان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 9 - بېتىگە قارالسۇن)

**بوغدا چوققىسى** شىمالىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىدىكى بوغدا تاغلىرىنىڭ ئاساسلىق چوققىسى. ئورنى فۇكاڭ شەھىرى (شىمالىي) بىلەن ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋانچىڭ بازىرى (جەنۇبىي) تەۋەلىكىدە. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى تەخمىنەن 60 كىلومېتىر، فۇكاڭ شەھىرى بىلەن بولغان تۈز سىزىقلىق ئارىلىقى 49 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق 88°20′، شىمالىي كەڭلىك 43°48′. بۇ چوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5445 مېتىر، چوققا رايونىنىڭ ئۈچ كىلومېتىرلىق دائىرىسىدە يەنە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5287 مېتىر ۋە 5213 مېتىر كېلىدىغان ئىككى تاغ چوققىسى بار. ئادەتتە بۇ «ئۈچ تاغ» دەپ ئاتىلىدۇ. چوققا رايونىنىڭ 15 كىلومېتىر دائىرىسىدە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاغ چوققىلىرىدىن يەتتىسى بولۇپ، شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە تىزىلغان. چوققا رايونى تاغقا چىقىش، ئىلمىي تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيە، ساياھەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان كۆ-

ئۆلدىكىدەك جاي ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 9 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**تۆمۈر چوققىسى** تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435.3 مېتىر بولۇپ، شىنجاڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە جايلاشقان. ئۇ خانتەڭرى چوققىسى (6995 مېتىر) قاتارلىق 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان 40 تىن ئارتۇق تاغ چوققىسى بىلەن بىرلىكتە تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز تاغ تۈگۈنىنى ھاسىل قىلغان. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 42°02′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80°07′. ئۇرنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ ناھىيىسى تەۋەلىكىدە. تۆمۈر چوققىسى رايونىدا شىنجاڭ تەۋەلىكىگە مەنسۇپ بولغان جەمئىي 509 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 2746.32 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ چوققا سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 9 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**خانتەڭرى چوققىسى** خانتەڭرى موڭغۇلچە تەڭرىتاغ شاھى دېگەن مەنىدە. خانتەڭرى چوققىسى جەنۇبىي تەڭرىتاغ تۈگۈنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى6995 مېتىر، ئورنى جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستان چېگرىسىدا. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80°10′32″، شىمالىي كەڭلىك 42°1′28″. چوققىنىڭ جەنۇب تەرىپى تۆمۈر چوققىسى بىلەن مەنبەداش (تۆمۈر چوققىسىنى ئاساس قىلىدۇ) بولغان خانتەڭرى مۇزلۇقلىرى بولۇپ (يۇقىرى ئېقىنى جۇڭگو تەۋەلىكىدە، تۆۋەن ئېقىنى قىرغىزىستان تەۋەلىكىدە)، ئۇزۇنلۇقى 61.1 كىلومېتىر، كۆلىمى 544.29 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تەڭرىتاغ تاغ تىزمىلىرى ئىچىدە مۇزلۇقلار ئەڭ مەركەزلەشكەن، مۇزلۇق كۆلىمى ئەڭ كەڭ بولغان رايوندۇر.

**تەڭگىر چوققىسى** شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تەڭگىرتاغقا جايلاشقان (ئەسلىدە قارا ۋۇچىڭ تاغلىرى دەپ ئاتالغان). ئۇنىڭدا ئىككى چوققا بولۇپ، بىرى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولغان 1 ـ نومۇرلۇق مۇزلۇقنىڭ ئارقا قىسمىنىڭ غەربكە قىيسايغان جايىدا، ئۇ تەڭگىر II چوققىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 43°07′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86°49′، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4486 مېتىر؛ يەنە بىر چوققا، يەنى تەڭگىر I چوققىسى تەڭگىر I چوققىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 17 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، سانجىدىكى تۇدۇڭخابا دەرياسىنىڭ بىر تارمىقىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4562 مېتىر كېلىدۇ.

**قوڭۇر چوققىسى** غەربىي كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىدىكى قوڭۇر تېغىنىڭ ئاساسىي چوققىسى. بۇ كۇئېنلۇن تاغلىرىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7719 مېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75°19′53″، شىمالىي كەڭلىك 38°34′35″. ئاساسىي چوققىنىڭ ئەتراپىدا 6000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاغ چوققىلىرىدىن 53 ى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 7000 مېتىردىن ئاشىدىغان ئېگىز چوققا 21 گە يېتىدۇ. قوڭۇر چوققىسى كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئاساسىي ئومۇرتقىسى بىلەن جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تارماق



قوڭۇر چوققىسى

تىزمىسى قوشۇلغان جايدا بولۇپ، گرانىتلىق گنېيسلاردىن تەركىب تاپقان. قوڭۇر چوققىسى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە ئېچىۋېتىلدى.

**قوڭۇر توققۇز چوققىسى** قوڭۇر تېغىنىڭ ئاساسىي سۇ بۆلگۈچ چوققىلىرىغا جايلاشقان. غول تاغ ئومۇرتقىسى بىلەن ئىككى تەرەپكە سوزۇلغان بىرنەچچە تارماق تاغ تىزمىلىرى قوشۇلغان بۆلەككە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7595 مېتىر. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75°12′54″، شىمالىي كەڭلىك 38°37′02″. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەلىكىدە. قوڭۇر تېغىدىكى توققۇز چوققا قوڭۇر چوققىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، قوڭۇر چوققىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھەرقايسىسىدا

مۇستەقىل مۇزلۇق يېتىلىش مەركەزلىرى شەكىللەنگەن.

**مۇز تاغ چوققىسى** غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان، بۇ يەردىكى تاغلار مۇز تاغ ئاتا تاغلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي تارمىقى كۇڭگەي تاغلىرىدىن باشلىنىپ، قوڭقۇر تاغلىرى، مۇز تاغ، تاشقورغان تاغلىرى ھەمدە ئۇنىڭ شەرقىدىكى تاشقوزۇق تاغلىرى، ئاغىز تاغلىرى قاتارلىق تاغلار بىلەن تۇتىشىپ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىپ، غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″75°07′56، شىمالىي كەڭلىك ″38°15′41 بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7546 مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ چوققا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەلىكىدە بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 9 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**چوغىر چوققىسى** شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىدىكى قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ ئاساسلىق تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە، جۇڭگو ـ پاكىستان چېگرا لىنىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا. چوغىر چوققىسى دۇنيا بويىچە 2 ـ ئېگىز چوققا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″76°36′30، شىمالىي كەڭلىك ″35°53′31. ھازىر جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 9 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**جاشۆبۇلۇم چوققىسى** چوغىر چوققىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 25 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا جاشۆ بۇلۇم I ۋە II چوققىلىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 8068 مېتىر ۋە 8028 مېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى تەخمىنەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′76°41، شىمالىي كەڭلىك ′35°43 ئەتراپىدا. I چوققىنىڭ يېنىدا يەنە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8051 مېتىر كېلىدىغان بۆلۈڭ ئارت چوققىسى بار. جاشۆبۇلۇم مۇزلۇقلىرىنىڭ مەنبەسى مۇشۇ ئىككى چوققا بولۇپ، مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 26 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 5.2 كىلومېتىر، قار سىزىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5540 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4250 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ كۆلىمى 119.80 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**ئىرامكەڭرى چوققىسى** قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7441 مېتىر. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′77°05، شىمالىي كەڭلىك ′35°35. جاشۆ بۇلۇم چوققىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەزكۇر چوققا ئاسىي تاغ ئومۇرتقىسى بىلەن ئىككى ياندىكى بىرىنچى دەرىجىلىك تاغ ئومۇرتقىلىرىنىڭ تۇتاشقان جايىدا بولۇپ، قارا قورۇم تاغ ئېغىزىنىڭ غەربىدىكى بىرىنچى ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ.

**كۇئېنلۇن چوققىسى** كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن مەنبەسى رايونىغا جايلاشقان، چىرا ناھىيىسى تەۋەلىكىدە. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7167 مېتىر. تەخمىنەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق ′81°00، شىمالىي كەڭلىك ′35°20 ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. چوققا ئەتراپىغا زور مىقداردىكى ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 4200 كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، ئۇ كۇئېنلۇن تاغلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ھەرىكەتچان مۇزلۇق مەركىزىدۇر.

**مۇز تاغ چوققىسى** ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6973 مېتىر بولۇپ، چەرچەن دەرياسىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″87°22′00، شىمالىي كەڭلىك ″37°15′08. تاغ چوققىسىنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن غەربىي شىمال تەرىپىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى توپلىنىپ ئېقىن ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغ دەرياسى دېيىلىدۇ. دەريا سۈيى ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرى ئارقىلىق ئالايارلىق ساي دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ، چەرچەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چوققا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى.

**قارىغاي داۋان** باركۆل تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئۇچىنىڭ تاغ ئۈستىدىكى تەڭرىتاغ ئىبادەتخانىسى بۆلـ

نكى (شىمالىي كەڭلىك 43°20′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 93°40′ ) گە جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2650 مېتىر كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى قۇمۇل شەھىرىگە 60 كىلومېتىر، غەرب تەرىپى باركۆل ناھىيىسىگە 60 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ قۇمۇل شەھىرىدىن باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى (203 ـ ئۆلكە يولى) ۋە ئارا تۈرۈك ناھىيىسىگە (302 ـ ئۆلكە يولى) بېرىشتا بېسىپ ئۆتىدىغان جاي. بۇ يەر بالقارىغاي ۋە شەمشاد ئورمىنى بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، قارىغاي داۋان دەپ ئاتالغان.

**غالىبىيەت داۋىنى** شىمالىي تەڭرىتاغلىرىدىكى تەڭرى I چوققىسىنىڭ يېنىدا. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4010 مېتىر. ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ مەنبەسى بىلەن جەنۇبىي يانباغىرىدىكى ئۇلاستاي دەرياسى چېگرىلىنىدىغان جاي. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 110 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ بېشى مەشھۇر ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولغان 1 ـ نومۇرلۇق مۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ يەردە (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3539 مېتىر) ئېگىز تاغ مۇزلۇقىنى كۆزىتىش پونكىتى قۇرغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ھاۋا رايىنى كۆزىتىش پونكىتى قۇرغان. بۇ جاي جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەت ئېگىز تاغ پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان ئەڭ دەسلەپكى بازىسى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 10 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**217 ـ دۆلەت تاشيولىنىڭ تەڭرىتاغ بۆلىكى داۋىنى** 217 ـ دۆلەت تاشيولىنىڭ تەڭرىتاغ بۆلىكىدە. شىمالدا مايتاغدىن باشلىنىپ جەنۇبتا كۇچارغىچە بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 540 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىدىكى شىمالىي تەڭرىتاغ، ئوتتۇرا تەڭرىتاغ ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغدىن ئىبارەت ئۈچ تاغ تىزمىسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالدىن جەنۇبقا قارىتا خاشلىغىن داۋىنى، ئۈچ مەرگەن داۋىنى، لاردون داۋىنى ۋە تەلمەت داۋىنىدىن ئىبارەت تۆت داۋاندىن ئۆتىدۇ.

**مۇزارت داۋىنى** جەنۇبىي تەڭرىتاغدىكى خانتەڭرى چوققىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قارا جۇلقا تېغىنىڭ پەسرەك كەلگەن تاغ ئېغىزىدا. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3600 مېتىردىن ئارتۇق. بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دەريالارنىڭ بىرى بولغان ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى — مۇزارت دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ راھىبى شۈەنزاڭ (602 ~ 664) جېنگۇەننىڭ 3 ـ يىلى (629 ـ يىلى) ھىندىستانغا بېرىش سەپىرىدە مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن ھەمدە بۇ جاينىڭ تاغلىرىنىڭ ئېگىز ھەم خەتەرلىك ئىكەنلىكى، مۇزلۇق قىيالارنىڭ تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى، ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشچان ھەم نورمالسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) لەشكىرىي ۋازارەتنىڭ ئەمىر لەشكىرى شۇ خېدې (1710 ~ 1777) جۇڭغار توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا، چىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئالىم شۈي سۇڭ (1781 ~ 1848) جياچىڭنىڭ 21ـ يىلى (1816ـ يىلى) ئىلىغا بېرىپ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب، شىمالىنى ئايلانغاندا بۇ يەردىن ئۆتكەن. ئۇلار بۇ رايوننىڭ كىلىماتى، تاغلىرى، مۇزلۇقلىرى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

**تورغات ئېغىزى** قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەۋەلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسىدىكى بىر تاغ ئۆتكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئاتۇش، قەشقەردىن قىرغىزىستانغا بارىدىغان 212 ـ ئۆلكە تاشيولىنىڭ ئاخىرقى ئۆچى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3795 مېتىر كېلىدۇ. تاشيول چاقماق دەرياسى ۋادىسىنى بويلاپ تاكى چېگرىغىچە سوزۇلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 3505 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايدا تورغات ئېغىزى (ئەسلىدە ھاۋالىلىك توشۇش ئېغىزى دېيىلەتتى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 130 يىللىق تارىخقا ئىگە؛ 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغان، 1983 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئېچىۋېتىلدى.

**سۇ بېشى داۋىنى** پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي چېتىدىكى سۇ بېشى داۋىنى. شەرقىي تەرىپى مۇزتاغ چوققىسى بىلەن قوشنا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4733 مېتىر كېلىدۇ. داۋاننىڭ شىمالى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەلىكىدە، داۋاننىڭ جەنۇبى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەلىكىدە. مەزكۇر داۋان ئىككى دەريا ئېقىنىنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسى بولۇپ، شىمال تەرىپى گەز دەرياسى ۋادىسى، جەنۇب تەرىپى

يەكەن دەرياسى ۋادىسىدۇر.

**قونجىراپ تاغ ئۆتكىلى** 314 ـ دۆلەت تاشيولى (جۇڭگودىن پاكىستانغا ئۆتىدىغان تاشيول) نىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4733 مېتىر كېلىدۇ. تاغ ئۆتكىلىنىڭ جەنۇبى پاكىستان تەۋەلىكىگە سوزۇلغان، شىمال تەرىپى جۇڭگونىڭ قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە تەۋە. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4200 مېتىر كېلىدىغان ئورۇندا قونجىراپ ئېغىزى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تاشقورغان ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 92 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 387 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئېغىز جۇڭگو ـ پاكىستان پۇقرالىرىغا ئېچىۋېتىلگەن، ئۈچىنچى دۆلەتكىمۇ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ياز پەسلىدە ساياھەتچىلىك قاتنىشى ئەۋج ئالىدىغان قىزىق لىنىيە ھېسابلىنىدۇ.

**تارىم ئويمانلىقى** جۇڭگونىڭ ئالاھىدە چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى. ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، شىمال تەرىپى تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى، غەرب تەرىپى پامىر ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكى، جەنۇب تەرىپى كۇئېنلۇن، قارا قۇرۇم تاغلىرى ۋە ئالتۇنتاغ، شەرق تەرىپى شىمالىي تاغنىڭ پەس تاغ ئېدىرلىقلىرى ۋە قۇمتاغدىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئالغاندا، شىمالىي كەڭلىك 37°~42°، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76°~89° ئارىلىقىغا يېيىلغان. ئويمانلىقتا بايىنغولىن، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق بەش ۋىلايەت، ئوبلاست بار. ئويمانلىق تەرتىپسىز رومبا شەكلىدە، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1400 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 520 كىلومېتىر ئەتراپىدا، كۆلىمى 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 31.9%نى ئىگىلەيدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي يەر شەكلى غەربىي ئېگىز، شەرقىي پەس بولۇپ، شىمالغا يانتۇلىنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 800~1400 مېتىر ئارىلىقىدا، ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىر؛ ئەڭ تۆۋەن يېرى شەرقىي بۆلىكىدىكى لوپنۇر كۆلى ئويمىنى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 780 مېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىقتا غەربتىكى مازارتېغى، خامتاغ ھەمدە مارالبېشى ئەتراپىدىكى ئۆلجىنس قالدۇق ئېدىرلاردىن باشقا ھەممىلا يېرى ئېقىن سۇ دۆۋىلەنمىلىرى يەر شەكلى ۋە قۇم بوران دۆۋىلەنمىلىرى يەر شەكلىدىن ئىبارەت. تەڭرىتاغ، پامىر، كۇئېنلۇن، قارا قۇرۇم تاغلىرى قاتارلىق تاغلارنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ئويمانلىقنىڭ چەتلىرىدە نۇرغۇن دېلتىلارنى شەكىللەندۈرگەن. خوتەن دەرياسى، يەكەن دەرياسى، قىزىلسۇ دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، قارا شەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى قاتارلىق دەريالار تاغ ئېغىزلىرىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن ئېقىندى تۈزلەڭلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن، بولۇپمۇ ئويمانلىقنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئېقىندى تۈزلەڭلىكنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 130 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن بوستانلىقلار تارقالغان. تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىنىڭ ئىككى قېتىدا مەملىكەت بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئېپتىدائى توغراقلىق ئورمىنى ساقلانغان. ئويمانلىقنىڭ مەركىزىي قىسمى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ كۆچمە قۇملۇق ـــ تەكلىماكان قۇملۇقىدۇر. ئۇنىڭ كۆلىمى 337 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 63.7%نى ئىگىلەيدۇ. ئويمانلىقتا كان مەھسۇلاتلىرى مول، نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى نېفىت، تەبىئىي گازلىقلار بايقالدى ھەمدە ئېچىلىۋاتىدۇ. بۇ جاي جۇڭگونىڭ مۇھىم نېفىت، تەبىئىي گاز زاپاس بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

**جۇڭغار ئويمانلىقى** شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، تەڭرىتاغلىرى ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى، شىمالدا ئالتاي تاغلىرى، غەربتە جۇڭغار غەربىي قىسىم تاغلىرى، شەرقتە بەيتىك تاغلىرى بار. ئومۇمەن ئالغاندا، شىمالىي كەڭلىك 44°~47°، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82° ~ 90° ئارىلىقىدا. پۈتكۈل ئويمانلىق ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، تۆۋەنكى چېتى جەنۇبتا. شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىردىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا ئەڭ كەڭ جايى 450 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبقا يانتۇلانغان بولۇپ، شىمالىي قىسمى جەنۇبىي قىسمىدىن ئېگىزرەك، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 500 مېتىر، شىمالىي قىسمى بىلەن شەرقىي قىسمىنىڭ كۆپىنچە يەرلىرى 700 مېتىر ئەتراپىدا. ئەڭ تۆۋەن جايى غەربىي جەنۇبىدىكى ئېبىنور كۆلى ئويمانلىقى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 189 مېتىرلا كېلە-

دۇ. ئويمانلىقنىڭ مەركىزى قىسمىنى تۇراقلىق، يېرىم تۇراقلىق قۇم بارخانلىرى ئاساس قىلغان قۇرباناتوڭغۇت قۇملۇقى ئىگىلەيدۇ. پۈتكۈل ئويمانلىق ئۈچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، شىمالىي قىسمى بىلەن جەنۇبىي قىسمى تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا قىسمى قۇملۇق. ئويمانلىقنىڭ چەتلىرىگە نۇرغۇن بوستانلىقلار جايلاشقان، ئاساسلىقلىرىدىن ئۈرۈمچى - ۋۇجياچۈي بوستانلىقى، شىخەنزە - ماناس بوستانلىقى، كۈيتۈن - چېپەيزى بوستانلىقى قاتارلىقلار بار. بۇ شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى، شۇنىڭدەك جۇڭگو بويىچە 4 - چوڭ نېفىتلىكتۇر.

**تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى** جۇڭگونىڭ تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسى ئىچىدىكى ئورنى پەس بولغان چوڭ تاغ ئارىسى ئويمانلىقى. ئۇ شىمالىي تەڭرىتاغلىرى بىلەن ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان، لياۋدۇن ئېدىرلىقىنى چېگرا قىلىپ، غەربىي قىسمىنى تۇرپان ئويمانلىقى، شەرقىي قىسمىنى قۇمۇل ئويمانلىقى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقى غەربتە ئېبۇرغول ئەتراپىدىن باشلىنىپ، شەرقتە لياۋدۇن ئېدىرلىقىغىچە سوزۇلىدۇ. شىمالدا بوغدا تاغلىرى بىلەن، جەنۇبتا چۆلتاغ بىلەن تۇتىشىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى 240 كىلومېتىردىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا ئەڭ كەڭ يېرى تەخمىنەن 75 كىلومېتىر، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 18 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن نۇقتىسى دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر تۆۋەن بولغان ئايدىڭكۆل ئويمانلىقى بولۇپ، بۇ جاي جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن جاي، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە ئىئوردانىيىدىكى ئۆلۈك دېڭىز (دېڭىز يۈزىدىن 392 مېتىر تۆۋەن) بىلەن تايبال كۆلى (دېڭىز يۈزىدىن 212 مېتىر تۆۋەن) دىن قالسىلا 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان پەس جاي ھېسابلىنىدۇ.

**باركۆل ئويمانلىقى** ئورنى شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى مەچىن ئۇلا تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، باركۆل تاغلىرى بىلەن قارلىق تاغنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان قاپاقسىمان تاغ ئارىسى ئويمانلىقىدۇر. ئويمانلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىرغا يېقىن، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى 30 كىلومېتىر ئەتراپىدا، كۆلىمى تەخمىنەن 3000 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1585 ~ 1900 مېتىر كېلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى كۆپ تارقالغان، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ چىقىش ئېغىزلىرىدا نۇرغۇن يەلپۈگۈچسىمان يەر شەكىللىرى ھاسىل بولغاچقا، ئويمانلىق شىمالغا يانتۇلاشقان. بۇ مەشھۇر باركۆل يايلىقىدۇر.

**كۆكتوقاي ئويمانلىقى** ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆتىنچى دەۋردە شەكىللەنگەن كىچىكرەك تاغ ئارىسى ئۈزۈك ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1600 مېتىر ئەتراپىدا. ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قايىرتى دەرياسى ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي چېتىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ يەر شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر سىرەك يەر مېتاللىرى ئۈستى ئوچۇق كان رايونى، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سىرەك يەر مېتاللىرى كان بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تارباغاتاي ئويمانلىقى** جۇڭغار غەربىي قىسىم تاغلىقلىرىدىكى تارباغاتاي تاغلىرى، ئورقاشار تاغلىرى (شىمالىدا) بىلەن بارلىق تاغلىرى (جەنۇبىدا) ئارىلىقىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 400~1000 مېتىر، كۆلىمى 840 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تاغ ئارىسى ئۈزۈك ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبقا يانتۇلانغان، ئەڭ تۆۋەن ئورنى دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دۆلەت چېگرىسى ئەتراپىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 400 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە كېلىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايىتى قازاقىستانغا يېقىن قوشنا بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ يايلاقتىكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم سودا تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. ھازىر بۇ يەردە باقتۇ دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك چېگرا پورتى بار.

**سايرام كۆلى ئويمانلىقى** سايرام كۆلى موڭغۇلچە تاغ ئومۇرتقىسىدىكى كۆل دېگەن مەنىدە. ئويمانلىقنىڭ نامى سايرام كۆلىنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ ئويمانلىق شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكى بولغان كوگۇرچىن تاغلىرى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، يېپىق ھالەتتىكى ئېگىز تاغ ئارىسى ئويمانلىقىدىن ئىبارەت. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2073 ~ 2400 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ تۆتىنچى دەۋردە شەكىللەنگەن ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان كىچىك ئويمانلىق بولۇپ،

كۆلىمى 810 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، كۆلىمى 458 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. سۈيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوڭقۇرلۇقى 83 مېتىر، زاپاس سۇ مىقدارى تەخمىنەن 21 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان نادام يىغىلىشى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە.

**ئىلى ئويمانلىقى** شىنجاڭ تەڭرىتاغ سىستېمىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا، شىمالىي تەڭرىتاغلىرىدىكى پولكىنۇر تاغلىرى بىلەن ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرىدىكى ئۇيسۇن تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان. شەرقتە مازار - ياما كېچىكى ئەتراپىدىن باشلىنىپ، غەربتە دۆلەت چېگرىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ، شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى 50 كىلومېتىر ئەتراپىدا. كۆلىمى 4040 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 500 ~ 780 مېتىر كېلىدۇ. ئىلى دەرياسى ئۇنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ. دەريانىڭ ئىككى ياقىسى تەكشى كەتكەن ئېقىندى تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت. ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قورغاس ئېغىزى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ 1 - دەرىجىلىك تاشيول سودا پورتى بولۇپ، تارىختا يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى مۇشۇ جايدىن ئۆتكەن.

**يۇلتۇز ئويمانلىقى** ئېگىزلىكتىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقى. ئويمانلىقنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2400 ~ 2600 مېتىر، كۆلىمى 3480 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقى بىلەن كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقىدىن تەركىب تاپقان. كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقى شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېرەن قابىرغا تاغلىرى بىلەن ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرىدىكى سارمىن تېغى ئارىلىقىغا قىسىلغان شەرق - غەرب يۆنىلىشىدىكى تار ھەم كىچىك ئويمانلىق؛ چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقى كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرى ئىچىدىكى نارات تېغى بىلەن جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرى ئىچىدىكى كۆكتېكە تېغىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ئېللىپس شەكىللىك ئويمانلىقتۇر. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 25 كىلومېتىر كېلىدۇ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا ياتقۇلانغان، قارا شەھەر دەرياسىنىڭ ئەگرى - بۈگرى ئېقىنى ئېقىندى تۈزلەڭلىكتىن ئۆتىدۇ. بۇ ئويمانلىقتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان بايىنبۇلاق يايلىقى جايلاشقان، ئۇ جۇڭگو بويىچە ئىككىنچى چوڭ يايلاق ھېسابلىنىدۇ، كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوردۇس يايلىقىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. بۇ جايدا دۆلەت دەرىجىلىك بايىنبۇلاق ئاق قۇ كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار.

**داۋانچىڭ - سەيۇۋپۇ ئويمانلىقى** شىمالىي تەڭرىتاغلىرىدىكى بوغدا تېغى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ئوتتۇراھال ئېگىزلىكتىكى تاغ ئارىسى ئۈزۈلۈپ ئۆلتۈرۈشقان ئويمانلىقتىن ئىبارەت. بۇ ئويمانلىق غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قارىتا يېيىلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 50 نەچچە كىلومېتىر، كەڭلىكى 13 ~ 30 كىلومېتىر، كۆلىمى 2990 كۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 ~ 1500 مېتىر. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا سۇ يىغىلىش مەركىزىدىن ئىككىسى بار: ئۇنىڭ بىرى، شەرقىي قىسمىدىكى داۋانچىڭ تۇز كۆلى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1070 مېتىر؛ يەنە بىرى سەيۇۋپۇ كۆلى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1093 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئويمانلىقتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ شامال ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر ئىستانسىسى بار.

**سەنتاڭخۇ — نوم كۆلى ئويمانلىقى** ئارا تۈرۈك ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، مەچىن ئۇلا تاغلىرى ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى ھېسابلىنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 480 ~ 1000 مېتىر ئارىلىقىدا، ئىككى ئويمانلىقنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 17 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. سەنتاڭخۇ ئويمانلىقى باركۆل ناھىيىسى تەۋەلىكىدە بولۇپ، يەر تۈزلۈكى تەكشى، ئۇنىڭغا 240 كىلومېتىرلىق چۆللۈك جايلاشقان.

**قارا شەھەر ئويمانلىقى** ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرىدىكى بورتوئۇلا تېغى بىلەن جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىدىكى قورۇقتاغ ئارىلىقىغا جايلاشقان ئوتتۇراھال ئېگىزلىكتىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقى. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1047~ 1200 مېتىر. ئويمانلىقنىڭ شەرق-

ئىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى 120 كىلومېتىردىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى 60 كىلومېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، يەر كۆلىمى 7800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا يانتۇلانغان. جەنۇبىي قىسمىدا جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقى بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل — باغراش كۆلى بار بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1047 مېتىر كېلىدۇ.

**باي ئويمانلىقى** چوڭ تىپتىكى سىنكلىناللىق ئويمانلىق بولۇپ، شىمال تەرىپىدە قارلىق تاغ، جەنۇب تەرىپىدە چۆل تاغ بار. شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى 20 ~ 30 كىلومېتىر، ئويمانلىقنىڭ كۆلىمى 4450 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا يانتۇلانغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2200 كىلومېتىردىن تۆۋەنلەپ 1100 مېتىرغىچە چۈشىدۇ. مۇزارت دەرياسى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، قىزىل مىڭ ئۆيىسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا چۆلتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ تارىم ئويمانلىقىغا قۇيۇلىدۇ.

**موجى ئويمانلىقى** كۇئېنلۇن تاغلىرى ئىچىدىكى كوڭگەي تېغى بىلەن پامىر ئېگىزلىكى ئارىلىقىغا جايلاشقان ئېگىزلىكتىكى كىچىك تاغ ئارىسى ئويمانلىقى. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3300 ~ 3800 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 900 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئويمانلىق غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان.

**ئاقسايچىن ئويمانلىقى** كۇئېنلۇن تاغلىرى بىلەن قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمال - شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4848 ~ 5000 مېتىر كېلىدۇ. ئېگىزلىكتىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقى. يەر كۆلىمى 3440 كۋادرات كىلومېتىر. تولۇق يېپىق ھالەتتىكى ئىچكى ئېقىن ئويمانلىقى بولۇپ، ئاقسايچىن كۆلىنى مەركەز قىلغان، ئەتراپىدىكى دەريالارنىڭ ھەممىسى بۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ. كۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4848 مېتىر كېلىدۇ.

**قۇمكۆل ئويمانلىقى** كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، چىمەنتاغ، ئارقا تاغ قاتارلىق تاغلار ئارىلىقىدىكى يېپىق ھالەتتىكى ئېگىزلىك تاغ ئارىسى ئويمانلىقى. ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4100 مېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 27 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئويمانلىقتا ئاياغكۆل، ئاچچىقكۆل ۋە لەھەڭكۆل قاتارلىق كۆللەر بار. بۇ ئويمانلىق شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى — ئالتۇن تاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

**ئېرتىش دەرياسى ۋادىسى** جۇڭگونىڭ ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئېرتىش چوڭ ئۈزۈلمە بەلۋېغىنى بويلاپ يېتىلگەن ۋادا. كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان. ۋادىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى شەرقىي جەنۇبتىكى 800 مېتىردىن تۆۋەنلەپ، بۇرچىنغا بارغاندا 490 مېتىرغا چۈشىدۇ؛ بۇ جاي جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى ئىككىنچى ئەڭ پەس رايون بولۇپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 280 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي يانباغرىدىن باشلانغان ھەرقايسى تارماق ئېقىنلار يانباغىر يۈزىنى بويلاپ ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىغا قاراپ ئېقىپ، كۆپلىگەن يەلپۈگۈچسىمان يەر شەكىللىرىنى ھاسىل قىلغان. بۇ بىر خىل تارغاقسىمان سۇ سىستېمىسى بولۇپ، شىمالىي قىرغاقتا 20 دىن ئارتۇق تارماق ئېقىن بار. جەنۇبىي قىرغاقتا بولسا دەرياغا قۇيۇلىدىغان ئېقىنلار يوق بولۇپ، سىممېترىيىسىز جىلغىنى شەكىللەندۈرگەن. ئېرتىش دەرياسى ۋادىسى بىر قەدەر كەڭ، پولىمىلىرى چوڭ، ئەگرى - بۈگرى ئېقىنلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىلدى.

**بورتالا دەرياسى ۋادىسى** بورتالا موڭغۇلچە كۆمۈش رەڭ يايلاق دېگەن مەنىدە. بورتالا دەرياسى ۋادىسى شىمالىي تەڭرىتاغلىرىدىكى ئالاتاۋ تېغى بىلەن بېگجىنتاۋ تاغلىرى ئارىسىدا. ئۇ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 160 كىلومېتىر

كېلىدۇ. بورتالا دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، غەربتىن شەرققە ئېقىپ ئاخىرىدا ئېبىنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بۇ ۋادا گرابېن تىپىدىكى ۋادىدۇر. يۇتكۇل ۋادىسىنىڭ غەربىي ئېگىز، شەرقىي پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2700 مېتىردىن تۆۋەنلەپ 500 مېتىرغا چۈشىدۇ. غەربىي قىسمى تار، شەرقىي قىسمى كەڭ، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**كۈنەس دەرياسى ۋادىسى** بۇ شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان ئۇزۇنىغا كەتكەن ۋادى بولۇپ، شىمالىدا ئابىرال تاغلىرى، جەنۇبىدا نارات تاغلىرى بار. ۋادىنىڭ شەرقىي قىسمى تار، غەربىي قىسمى كەڭ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 600 ~ 1500 مېتىر كېلىدۇ. بۇ ۋادىدىكى ئارالتۆپىنىڭ يۇقىرى قىسمى كۈنەس دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۈنەس ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ياۋا مېۋە ئورمانلىقى بولۇپ، توققۇز تارا ناھىيىسىنىڭ ياۋا ياڭاق ئورمانلىقى ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئامان قالغان قىممەتلىك قەدىمكى دەرەخ تۈرىدۇر.

**قاش دەرياسى ۋادىسى** ئىلى دەرياسىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى چوڭ ۋادى. شىمال تەرىپىدە شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېرەن قابىرغا تاغلىرى بىلەن پولىكنۇر تاغلىرى، جەنۇبىدا ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئابىرال تېغى بار. بۇ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، ئوتتۇرا، يېڭى ھايات ئېرالىرىنىڭ تاغ ئارا سىنكلىنال قۇرۇلمىلىق دەريا ۋادىسىدۇر. قاش دەرياسى ۋادى ئوتتۇرىسىدا شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېقىپ، ئاخىرىدا ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**ئالغوي ۋادىسى** تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى توقسۇن ناھىيىسى تەۋەلىكىدە، تەڭرىتاغلىرى (شىمالدا) بىلەن ئالغوي تاغلىرى (جەنۇبتا) ئارىلىقىدا. ۋادى شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان، غەربىي قىسمى ئېگىز، شەرقىي قىسمى پەس؛ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ ئېگىز بولغان كۆشەگىن داۋىنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2780 مېتىر كېلىدۇ، شەرقىي قىسمىدىكى ۋادا ئېغىزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 700 مېتىر ئەتراپىدا. ۋادىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىرغا يېقىن، كەڭلىكى بىرنەچچە يۈز مېتىردىن بىرنەچچە كىلومېتىرغىچە، غەربىي قىسمى تار، شەرقىي قىسمى كەڭ. ئالغوي دەرياسى ۋادى ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئاخىرىدا تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىدۇ.

**قارا شەھەر دەرياسى چوڭ جىلغىسى** تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىدىكى چوڭ يۆلتۈز ئويمانلىقى بىلەن قارا شەھەر ئويمانلىقى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئالاھىدە چوڭقۇر كېسىلگەن جىلغىدۇر. بۇ جىلغا ئىككى ئويمانلىقتىكى تار جىلغىلىق دەريالارنى تۇتاشتۇرغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىر كېلىدۇ، جىلغا ناھايىتى تار، كەڭلىكى 200 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، ئىككى يېقىدا ھەيۋەتلىك تىك چوققىلار كۆپ. جىلغىنىڭ يۇقىرىقى كىرىش ئېغىزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2380 مېتىر، تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ قارا شەھەر ئويمانلىقىغا كىرىدىغان جايىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1320 مېتىر كېلىدۇ، جىلغا بۆلىكىنىڭ تۆۋەنلەش پەرقى 1060 مېتىرغا يېتىدۇ. جىلغىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا داشەنكۇ (تاغ ئېغىزى) سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

**كۆنچى دەرياسى جىلغىسى** كورلا شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، كۆنچى دەرياسىنىڭ قارا شەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن خورا تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈشىدىن شەكىللەنگەن. كۆنچى دەرياسى مۇشۇ جىلغا ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا كىرىدۇ. جىلغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر بولۇپ، قەدىمكى زاماندا تارىم ئويمانلىقىغا كىرىشتىكى مۇھىم يول ئىدى. جىن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايدا ئۆتكەل (قوۋۇق) تەسىس قىلىنغان. جىلغا خەتەرلىك بولۇپ، باش ئەگىم دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنداقلا جېلىيۇگۇ جىلغىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەرلىك ئاما ئۇنى قالقا جىلغىسى دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەرنىڭ تاغلىرى تىك ھەم ھەيۋەتلىك، يەر شەكلى خەتەرلىك بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى شائىرى سېن شېن (تەخمىنەن 715~770) بۇ قەدىمكى يېپەك يولىنىڭ بۆلىكىنى: «كۆۋرۈك تۈرار پىلىسرات كەبى تاغلار ئامانىدا، ئىككى يېقى تىك قىيا، تار يول پايانىدا» دەپ يازغان. قوۋۇق يېنىدىكى تاغقا «گىرەلەشكەن

تاغ ـ دەريا» دېگەن خەت ئويۇپ قويۇلغان.

**توشقان دەرياسى ۋادىسى** جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇزۇنىغا سوزۇلغان تۈزۈلمە ۋادىسى. شىمال تەرىپىدە قاقشال تاغلىرى، جەنۇب تەرىپىدە مەيدانتاغ ۋە قارا تېكە تاغلىرى بار. پۈتكۆل ۋادى شەرقىي شىمال ـ شەرق يۆنىلىشىدە سوزۇلغان. ۋادىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن قاراچىغىچە بولغان بۆلىكى دەريانىڭ يۇقىرى بۆلىكى بولۇپ، دەريا ۋادىسى تار، دەريا قىسمىنىڭ كەڭلىكى 50 ~ 60 مېتىرلا كېلىدۇ. قاراچىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدىكى ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان ۋادى بولۇپ، ئاقچى ئەتراپىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈچتۇرپان ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا كەلگەندە كەڭلىكى 30 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دەريانىڭ تارماق ئېقىنلىرى ياخشى يېتىلگەن.

**تاشقورغان ۋادىسى** تاشقورغان «تاش شەھىرى» دېگەن مەنىدە. بۇ تاشقورغان ناھىيە بازىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ۋادىدۇر. بۇ ۋادى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي چېتىدىكى بىرقەدەر كەڭرەك ۋادى بولۇپ، جەنۇبتا قونجىراپتىن باشلىنىپ شىمالدا چۇمەنگچە بارىدۇ. تاشقورغان دەرياسى (يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ بىر تارمىقى) ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ۋادىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە كۇئېنلۇن تاغلىرى تەركىبىدىكى سۆگەتتاغ بار، غەربىي چېتىدە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ سەرىقول چوققىسى بار. ۋادى غەربىي شىمال ـ شىمال — شەرقىي جەنۇب ـ جەنۇب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 120 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 ~ 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ۋادىنىڭ قىيپاش شىمالىي بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3091 مېتىر. بۇ جاي شىنجاڭنى غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل.

**بەيياڭخې دەرياسى ۋادىسى** بوغدا تاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىن باشلانغان بىرقانچە دەريا ئېقىنلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن، داۋانچېڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغلارنى كېسىپ ئۆتۈش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ۋادى. نۇرغۇن جايلىرى تار جىلغا ھالىتىدە بولۇپ، بىر پۈتۈن يۆنىلىشى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ۋادى يەنە ھاۋا ئېقىمى ئۆتكىلى بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقىدىن سوققان غەربىي شىمال بورىنى ئۈرۈمچى، سەيۋۇپو، داۋانچىڭ ئارقىلىق جىلغىدىن ئۆتۈپ، قۇم بورانلىق ھاۋا كىلىماتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ «30 چاقىرىملىق بوران رايونى» نىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ھەر يىلى نۇرغۇن قېتىم سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدۇ. جىلغا ئۈرۈمچى بىلەن ئىچكى جايلارنى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنى باغلاپ تۇرىدىغان ئۆتكەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەكلىماكان قۇملۇقى** جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ قۇملۇق، شۇنداقلا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى رۇبئەلخارى قۇملۇقىدىن قالسا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى ئاساس قىلىپ، لوپنور كۆلىنىڭ غەربى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ شەرقىدىكى قۇرۇق قۇملۇقى، چەرچەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ياقا تاغ قۇملۇقىنى ھەمدە قەشقەر دېلتىسىدىكى بوغۇل قۇملۇقى ۋە توغراق قۇملۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتكۆل قۇملۇقنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1070 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 410 كىلومېتىر، كۆلىمى 337 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت قۇملۇق كۆلىمىنىڭ 47.4%نى، تارىم ئويمانلىقى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 63.7% نى ئىگىلەيدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 840 ~ 1200 مېتىر كېلىدۇ. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق، قۇم بوران كۆپ، جەنۇبىي چەتلىرىنىڭ يىللىق قۇم بورانلىق كۈنى 100 كۈندىن ئېشىپ كېتىدۇ. قۇملۇقتىكى كۆچمە قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆلىمى ئومۇمىي قۇملۇق كۆلىمىنىڭ 85%نى ئىگىلەيدۇ. دەريا بويلىرى ۋە غەربىدىكى مازار تاغ، رۇس تېغى ۋە شىمالىي نىيە تۆپىلىكلىرىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى سىرتتىن ئىچكىرىسىگە قارىتا تەدرىجىي ئېگىزلەپ بارىدۇ، نىسبىي ئېگىزلىكى

ئومۇمەن 100 ~ 200 مېتىر، ئەڭ ئېگىز جايلىرى 300 مېتىرغا يېتىدۇ. قۇم بارخانلىرىنىڭ تىپى ئون نەچچە خىل بولۇپ، مۇرەككەپ تىپلىق بويلىما قۇم قىرلىرى بىلەن ھىلال ئايسىمان بارخان زەنجىرلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. كېرىيە، نىيە ئارىلىقىدا يەنە پىرامىدا شەكلىدىكى قۇم بارخانلىرىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئاساسلىق شامال يۆنىلىشى كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىدە شەرقىي شىمال شامىلى، غەربىدە غەربىي شىمال شامىلى بولۇپ، قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆچۈش يۆنىلىشى شامال يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. كېرىيە، نىيە ئەتراپلىرى كۆپ خىل شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، قۇم بارخانلىرىنىڭ يۆتكىلىشىمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ. قۇملۇقتا قۇم بورىنى چىقىدىغان كۈن يىلىغا 30 كۈندىن، چاڭ - توزانلىق ھاۋا رايى يىلىغا 150 كۈندىن ئارتۇق بولىدۇ. قۇملۇقنىڭ چەت رايونلىرىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 60 ~ 80 مىللىمېتىرغىچە. قۇملۇقنىڭ مەركىزىدىكى ھاۋا رايىنى كۆزىتىشتىن قارىغاندا، قۇملۇقنىڭ مەركىزىي قىسمىدا ياز پەسلى ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغىدۇ. مەنشى پونكىتى (شىمالىي كەڭلىك 40°06′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 83°06′ قا جايلاشقان) نىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 84.8 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئوتتۇرا تارىم پونكىتى (شىمالىي كەڭلىك 38°08′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 83°57′ قا جايلاشقان) نىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 26.4 مىللىمېتىر كېلىدۇ. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدا نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى نېفىت، تەبىئىي گازلىقلار بايقالدى؛ تارىمنىڭ شىمالىدىكى بۈگۈردىن تارىمنىڭ جەنۇبىدىكى نىيە ناھىيىسىگىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 522 كىلومېتىر كېلىدىغان، دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان قۇملۇق تاشيولى ياسالدى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 11 - بېتىگە قارالسۇن)

**قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقى** جۇڭگودىكى ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. قۇملۇق تارقالغان رايونلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 300 ~ 600 مېتىر، كۆلىمى 48 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇملۇق ئاساسەن تۆت پارچە قۇملۇقتىن تەشكىل تاپقان، يەنى شەرقىي قىسمىدىكى خوجىن ئېلىسىن قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېزوستىن ئېلىسىن قۇملۇقى، غەربىي قىسمىدىكى شوبغور بوك قۇملۇقى، شىمالىي قىسمىدىكى ئاققۇم قۇملۇقىدىن ئىبارەت. قۇملۇقنىڭ شىمالىي قىسمى جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدىكى شاخسىمان قۇم قىرلىرى، جەنۇبىي قىسمى ھەرە كۆزىكسىمان مۇرەككەپ قۇم قىرلىرى، ھىلال ئايسىمان قۇم بارخانلىرى ھەمدە ئوت - چۆپلۈك قۇم بارخانلىرىدىن ئىبارەت. شەرقىي قىسمىدا مۇرەككەپ قۇم قىرلىرى، رېشاتكىسىمان قۇم بارخانلىرى ۋە سىرىقسىمان قۇم قىرلىرى تارقالغان. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئومۇمەن 50 مېتىردىن تۆۋەن، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ھەمدە ئۈچ بۇلاقنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 50 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئايرىملىرىنىڭ 100 مېتىرغا يېتىدۇ. قۇم بارخانلىرىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى تۇراقلىق ھەم يېرىم تۇراقلىق بولۇپ، كۆلىمى پۈتكۈل قۇملۇق كۆلىمىنىڭ 97% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ جۇڭگو بويىچە ئەڭ چوڭ تۇراقلىق ھەم يېرىم تۇراقلىق قۇملۇقتۇر. تۇراقلىق قۇم بارخانلىرى رايونىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىشى 40% ~ 50% نى، يېرىم تۇراقلىق قۇم بارخانلىرىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش نىسبىتىمۇ 15% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسەن سۆكسۆك، يۇلغۇن ۋە سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. قۇملۇق رايونلىرىدا نۇرغۇن چوڭ نېفىتلىك، تەبىئىي گازلىقلار بايقالدى؛ شەرقىي جۇڭغار نېفىت، تەبىئىي گازلىقى ئېچىپ پايدىلىنىلماقتا.



قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقى

**قۇمتاغ قۇملۇقى** كۆچمە قۇملۇق، لوپنور كۆلى ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، شەرق تەرەپى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا سوزۇلغان. بۇ قۇملۇق دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1200 ~ 2000 مېتىر كېلىدىغان تاشلىق تاغلىقنىڭ قىيپاش يانباغرىنى ۋە قەدىمكى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىلىرىنىڭ ئۈستىنى قاپلىغان بولۇپ، كۆلىمى 22 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇملۇق جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدىكى نورغۇن جىلغىلار تەرىپىدىن كېسىلگەن بولۇپ، نىسپىي ئېگىزلىكى ئومۇمەن 100 ~ 200 مېتىر كېلىدۇ. جىلغا ئارىلىقلىرىدىكى قىرسىمان يانباغىرلارغا تارقالغان قۇم بارخانلىرى كۆپىنچە پىرامىدا شەكلىدە، تاغ ئالدى بەلۋاغلىرى ئاساسەن قۇم قىرلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەرقىي شىمال — غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە تاغ باغرىنى بويلاپ يۇقىرىغا سوزۇلۇپ، ئومۇمەن دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىر ئۆرچۈرىسىگىچە بولغان جايلارغا يېتىپ بارغان. قۇم قىرلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى پاكار تۆپىلىكلەر بىلەن بۆلۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئالاھىدە پەيسىمان قۇم بارخانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئومۇمەن 16 ~ 20 مېتىر كېلىدۇ. قۇم تاغ بەلۋېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 250 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇم قىرلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 60 ~ 70 كىلومېتىر، قۇم قىرلىرى ئارىلىقىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغ ئېتەكلىرىنى بويلاپ تارقالغان بۇلاقلاردىن بىرقانچە پارچە سازلىق شەكىللەنگەن. قۇملۇقنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ چېتى تارىختىكى «يىپەك يولى»نىڭ جەنۇبىي بۆلىكى بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا تاشلىنىپ كەتكەن.

**شىخۇ قۇملۇقى** تەڭرىتاغلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان گورتۇ دەرياسى بىلەن كۈيتۈن دەرياسى ئارىلىقىغا، ئېبىنور كۆلى ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. ئاساسەن جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدىكى قۇم قىرلىرى بولۇپ، نىسپىي ئېگىزلىكى ئادەتتە 10 ~ 15 مېتىر كېلىدۇ، ئېگىزلىرى 35 مېتىر ئۆرچۈرىسىگە يېتىدۇ. قۇم قىرلىرى تارقالغان رايونلاردا ئۆسۈملۈكلەر ياخشى ئۆسكەن بولۇپ، ئاق سۆكسۆك، جۇزغۇن قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئادەتتە قۇملۇقلارنىڭ يۆتكىلىشى روشەن ئەمەس، جىڭ ناھىيىسىدىكى قۇمبۇلاق ئەتراپىدا ئاندا - ساندا كۆچمە قۇم بارخانلىرى بار.

**بۇرۇلتوقاي قۇملۇقى** بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى ئۇلۇڭگۇر كۆلى ئويمانلىقى رايونىغا جايلاشقان. شەرق تەرەپى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 87°50′قا، شىمال تەرەپى بۇرچىن - كۆكتوقاي تاشيولىغا يېتىپ بارىدۇ. ئاساسەن ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ ئۇلۇڭگۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان جايىدىكى دېلتا تىنىما تۈزلەڭلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭدىكى قۇم قىرلىرى ۋە قۇملۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**بۇرچىن - قابا - جېمىنەي قۇملۇقى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە، ساۋۇر تېغى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېرتىش، بۇرچىن دەريالىرىنىڭ ئىككى يېقىغا ئۈزۈك ھالدا تارقالغان. قۇمتاغ قۇملۇقى، تاز قۇم قۇملۇقى، تۇنكە قۇم قۇملۇقى، ئاققۇم قۇملۇقىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ قۇملۇقتىن تەركىب تاپقان. بۇ قۇملۇق كۆچمە قۇم بارخانلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، قۇم بارخانلىرىنىڭ تىپلىرى ھىلال ئايسىمان قۇم بارخانلىرى، زەنجىرسىمان قۇم بارخانلىرى، ئېدىرلىق شەكلىدىكى قۇم قىرلىرى ۋە قۇم تاغلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، نىسپىي ئېگىزلىكى ئومۇمەن 15 مېتىردىن يۇقىرى.


**قارا شەھەر ئويمانلىقى ئاقبەلقۇم قۇملۇقى** قارا شەھەر ئويمانلىقىدىكى باغراش كۆلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي قىرغاقلىرىغا ئاقبەلقۇم قۇملۇقى بىلەن مارتازنىڭقۇم قۇملۇقى تارقالغان. ئالدىنقىسى جەنۇبىي قىرغاقتا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 75 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 25 كىلومېتىر، كۆلىمى 600 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ كېيىنكىسى شەرقىي قىرغاقتا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى تۆت كىلومېتىر ئەتراپىدا، يەر كۆلىمى 74 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇملۇقلار باغراش كۆلىگە تۇتىشىدۇ، ھاۋاسىنىڭ

ئەملىكى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا، قۇم قاتلاملىرى
ئەم، قۇرغاق؛ قۇم قاتلىمى نېپىز؛ ئېگىز قۇم بارخانـ
لىرىدا سۆكسۆك، يۇلغۇن قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈمـ
لۈكلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**كۇئېنلۇن قۇمكۆل قۇملۇقى** كۇئېنلۇن
قۇمكۆل ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بوـ
لۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3900 ~ 5000
مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇ جۇڭگودىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېـ
گىزلىكى ئەڭ يۇقىرى قۇملۇق، شۇنداقلا دۇنيا بويىـ
چىمۇ نۆۋەتتە بايقالغان دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئەڭ
يۇقىرى قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاساسەن بەش پارچە
قۇملۇقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قۇمكۆل ئاساسىي
گەۋدە قۇملۇقى، قۇملۇق ساھىل قۇملۇقى، دېڭىزكۆ
قۇملۇقى، چاتما ساھىل قۇملۇقى ۋە قۇمكۆل بويى
قۇملۇقلىرىدىن ئىبارەت. قۇملۇقنىڭ ئومۇمىي كۆلەـ
مى 3054 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇملۇقلار
يەر يۈزىدىكى يېمىرىلگەن تاغ جىنسلىرىنىڭ پارچىلىـ
نىپ ئۇۋۇلغاندىن كېيىن، شامال ۋە سۇنىڭ ۋاسىتىسى
بىلەن تەكرار يۆتكىلىپ دۆۋىلىنىشى نەتىجىسىدە شەـ
كىللەنگەن.

**تارىم ئويمانلىقىنىڭ چېتىدىكى چۆللەر** تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ
تۇرىدۇ، تەڭرىتاغ، پامىر، كۇئېنلۇن، ئالتۇنتاغ قاـ
تارلىق تاغلارنىڭ تاغ ئېتەك بەلۋاغلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك
ھالدا ئېقىن چۆكۈندىلىرى ۋە كەلكۈن چۆكۈندىلىرىدىن
ھاسىل بولغان نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك چۆللۈكلەر بار.
ئۇلار ئاساسەن قۇم، شېغىللاردىن تەركىب تاپقان بوـ
لۇپ، كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارـ
تۇق. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى چۆللۈك
بەلۋاغلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى
كۆپىنچە 1000 ~ 1200 مېتىر ئارىلىقىدا. كەلـ
پىن تاغلىرى ۋە چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى
چۆللەرنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، كونا ـ يېڭى
يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىلىرى ئاساسەن قۇم ـ
شېغىل ۋە ئۇۋاق تاشلاردىن تەركىب تاپقان. پامىر
ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىـ
دىكى چۆللۈك بەلۋېغىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ.
قىزىلسۇ دەرياسى ھەمدە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى،
يەركەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ
تاغدىن چىقىش ئېغىزلىرىنىڭ سىرتىدا شېغىل تاشلىق
دېلتىلار كەڭ دائىرىدە شەكىللەنگەن. ئالتۇنتاغنىڭ
شىمالىي ئېتىكىدە كەڭلىكى 60 ~ 70 كىلومېتىر،
ئۇزۇنلۇقى 600 كىلومېتىر كېلىدىغان، پۈتۈنلەي شېـ
غىللىقلاردىن تەركىب تاپقان كەلكۈن چۆكۈندىلىك
چۆل تۈزلەڭلىكى سوزۇلغان. بۇ يەردە يېپىنچا ئۆسۈمـ
لۈكلەر شالاڭ بولۇپ، قۇرغاق چۆل تەبىئىي لاندشافـ
تىنى كىرىدۇ. چۆللۈكنىڭ ئاياغ تەرىپى بەلۋاغسىمان
ۋە ئارالسىمان بوستانلىقلار ۋە توپىلىق تۈزلەڭلىكلەرـ
دىن ئىبارەت.

**جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ چەتلىرىدىكى چۆللەر** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ ئېتەك
بەلۋاغلىرىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك نۇرغۇن يەلپۈگۈچسـ
مان ئېقىن چۆكۈندىلىرى ۋە كەلكۈن چۆكۈندىلىرى
تويى تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن ئۇششاق تاش ۋە قۇم
ـ شېغىللاردىن تەركىب تاپقان چۆل بەلۋېغىنى شەكىلـ
لەندۇرگەن. چۆلنىڭ كۆلىمى 72 مىڭ كۋادرات كىلوـ
مېتىر بولۇپ، كۆپىنچىسى پارچە ـ پارچە چۆللەردىن
ئىبارەت. شەرقىي قىسمىدىكى گېبىرال چۆللۈكىنىڭ
دائىرىسى كەڭ، يەر يۈزىدە ھەم تۈشىنچى دەۋرنىڭ
شېغىل قاتلىمى بار، ھەم يۇرا — بور دەۋرلىرىنىڭ
يەر قاتلىمى (قۇم تاش، شېغىل تاش ۋە لاتقا جىنسلار)
بار بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل ئېقىن سۇلارنىڭ قىسقا
مۇددەتلىك كېسىشىگە، بولۇپمۇ كۈچلۈك شامال ئېروـ
زىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ئۇۋاق
تاشلىق چۆللۈك شەكىللەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن



جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى چۆل

چاسا تاغلىق يەر شەكىللىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
ئويمانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ساۋۇر تېغى ۋە شەـ
مىستەي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى تاشلىق كەلكۈن چۆـ
كۈندە تۈزلەڭلىكىدە كۈچلۈك شامال ئېرروزىيىسىنىڭ
تەسىرى بىلەن كەڭ دائىرىدىكى شامال ئېرروزىيىلىگەن

يەر شەكلى شەكىللەنگەن بولۇپ، شىمال ئېررروزىيىلەنگەن ئوقۇر، شامال ئىررروزىيىلىگەن ئويمان، چاسا تاغ قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قاراماي ئەتراپىدىكى كەلكۈن چۆكۈندىسى شېغىللىق چۆلنىڭ جايلىشىش كۆلىمىمۇ خېلى چوڭ.

**شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چۆللۈك** ئاساسلىقى گاشۇن چۆللۈكى، 13 ئۆي — ئەنخۇ چۆللۈكى ۋە لاۋپىياۋ چۆللۈكلىرىدىن ئىبارەت. گاشۇن چۆللۈكى شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ چۆللۈك بولۇپ، قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا، لوپنور كۆلى - شۇلېخې دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىن جىلغىسى لىنىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ئۇ جاي ئۇزۇن مۇددەتلىك قۇرغاقلىشىپ يالىنىشتىن شەكىللەنگەن يالاڭما تۈزلەڭلىك بولۇپ، كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ئۇل جىنىسلار ئېچىلىپ قالغان، يېمىرىلگەن تاغ جىنىس ئۇۋاقلىرى ھەممە يەرگە تارقالغان. بۇ جۇڭگودىكى تاشلىق چۆللەرنىڭ تارقىلىشى ئەڭ كەڭ رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 13 ئۆي — ئەنخۇ چۆللۈكى تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن قۇمۇل ئويمانلىقى ئارىلىقىغا جايلاشقان. بۇ رايوندا ئۈچىنچى دەۋرنىڭ قىزىل تاغ جىنىسلىرى كەڭ تارقالغان بولۇپ، كەلكۈن چۆكۈندىلىرىنىڭ تارقىلىش كۆلىمىمۇ ناھايىتى كەڭ؛ ۋاقىتلىق سۇ ئېقىنلىرى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك شامال ئېررروزىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن يەر يۈزى بەكرەك بۇزۇلغان بولۇپ، ناچار يەر شەكلى ھاسىل بولغان. لاۋپىياۋ چۆللۈكى باركۆل ناھىيىسىنىڭ سەنتاڭخۇ ۋە ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم كۆلى ئەتراپلىرىدا بولۇپ، موڭغۇلىيە چۆللۈكى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. ھازىرقى زامان يەر ئۈستى ئاساسەن سەل - پەل يانتۇلانغان كەلكۈن چۆكۈندە تۈزلەڭلىكىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كەلكۈن چۆكۈندە شېغىل قاتلىمى نەچچە مېتىرلا بولۇپ، ئۈچىنچى دەۋر يەر قاتلىمىنى ياپقان، يەر يۈزىدە كەلكۈن چۆكۈندىلىرى ۋە يېمىرىلگەن تاش پارچىلىرى كەڭ تارقالغان.

**ياردالڭ** ياردالڭ ئۇيغۇرچىدا ھەر خىل تىك تۆپىلىكلەر دېگەن مەنىدە. ياردالڭ شىنجاڭنىڭ لوپنۇر كۆلى رايونىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، خەلقئارادىكى جۇغراپىيە ئىلمى ساھەسىدىكىلەر ئورتاق ئىشلىتىپ قىلغان ھەمدە دەرسلىكلەردە قوللىنىلغان بىر خىل ئالاھىدە يەر شەكلى تىپى. ياردالڭ يەر شەكلى ئاساسەن كۆل چۆكۈندىلىرى ۋە دەريا چۆكۈندىلىرىنىڭ گورىزونتال قاتلىمى ياكى تەقرىبىي گورىزونتال قاتلىمىنىڭ تارقىلىش رايونلىرىدا شەكىللىنىدۇ. ئۇ يېڭى ئۈچىنچى دەۋر ۋە تۆتىنچى دەۋرنىڭ قۇم، لاتقا جىنىس قاتارلىق ئۇششاق دانچىلىق قاتلىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل گورىزونتال قاتلام ئۆتكۈنچى قارا يامغۇرنىڭ يالىشى، بولۇپمۇ كۈچلۈك بوراننىڭ يالاپ ئېررروزىيىلىشى ئارقىسىدا ھەر خىل ھالەتتىكى ياردالڭلىق يەر شەكىللىرىگە ئايلانغان. بۇ خىل يەر شەكىللىرى كېمىگە، قەلئەگە، ئەجدىھاغا ياكى پىرامىداغا، تاش موگوغا ۋە ياكى تاش تۈۋرۈك، تاش تاملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار بىردەك گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يىللار ئىلگىرىكى جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلىرىدە ئەجدىھاسىمان قەلئە ھالىتىدىكى ياردالڭلىق يەر شەكلى توغرىسىدا بايانلار ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جۇغراپىيە ئالىمى لى داۋيۈەن (تەخمىنەن 470 ~ 527 يىللار) يازغان «سۇ ئىشلىرى تەپسىراتى» دا: ئەجدىھا قەلئەسى تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسى، ئۇ سۇ بىلەن شامالنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، دېيىلگەن. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ياردالڭ يەر شەكلىنىڭ تارقىلىشى ئەڭ كەڭ بولغان ئۆلكە بولۇپ، ئاساسەن لوپنور كۆلى ئەتراپى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قارا شەھەر ئويمانلىقى، كۇچا ئەتراپىدىكى چۆلتاغ ئېتەكلىرى، قۇمۇل - تۇرپان ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ بەزى جايلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بەزى ئالىملار چاسا تاغلارنى ئايرىم چۈشەندۈرگەن، ئەمەلىيەتتە چاسا تاغلارمۇ ياردالڭ يەر شەكلىگە يېقىن كېلىدىغان قالدۇق ئېدىرلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە بەزى ئالىملار قەدىمىيرەك يەر قاتلاملىرى (ئۈچىنچى دەۋر، ئوتتۇرا ھايات ئېراسى يەر قاتلىمى) دىن تەركىب تاپقان ئۇل جىنىسلىق قالدۇق ئېدىرلىقلارنى تاغ جىنىسلىق ياردالڭ دەپ ئاتايدۇ. ياردالڭ بىلەن چاسا تاغلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاش بىر خىل گېئومورفولوگىيىلىك تىپقا مەنسۇپ بولۇپ، ئىنتايىن قۇرغاق كىلىمات شارائىتىدا، ئۇزاق مۇددەت شامالنىڭ ئېررروزىيىلىشى نەتىجىسىدە شەكىل-

لەنگەن. ئۆتكۈنچى يامغۇر ئۇنى شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈنۈمىگە ئىگە قىلغان. يارداڭلىق تارقالغان رايونلار ئىنتايىن قۇرغاق، يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق، ھۆل - يېغىنى ئاز، شامال كۈچى يىل بويى كۈچلۈك بولۇپ، يەر يۈزىدە گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 11 - بېتىگە قارالسۇن)

**لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىكى يارداڭلار** جۇڭگو بويىچە ئىككىنچى چوڭ يارداڭ يەر شەكلى تارقالغان رايون. ئۇ دۇنيا بويىچىمۇ ئىنتايىن داڭلىق بولۇپ، چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى چايدام ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى شامالدا يېمىرىلگەن يەر شەكلى (يالانما يەر شەكلى) دىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆلىمى تەخمىنەن 3000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تۆتىنچى دەۋردە شەكىللەنگەن؛ ئاساسەن ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرى ۋە تۆتىنچى دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كۆل لاتقىسى بىلەن دەريا ئېقىنى چۆكۈندىلىرىنىڭ تىنىملىشىشى نەتىجىسىدە يېتىلگەن. بۇ جايدا بەش چوڭ تارقىلىش رايونى بار: (1) ئاق ئەجدىھا دۆۋىلەنمە رايونى. لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 1000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسەن گەج ئارىلاش كۆل رەڭ لاتقا جىنسلاردىن تەركىب تاپقان. تۆپىلىكلەرنىڭ ئېگىزلىكى ئومۇمەن 10 ~ 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 200 ~ 500 مېتىر كېلىدۇ. (2) كونچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى رايونى. ئاساسەن لاتقا جىنسلار، قۇمتاشلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كونچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ۋە كروران قەدىمىي شەھىرى ئەتراپلىرىغا تارقالغان، كۆلىمى 1800 كۋادرات كىلومېتىر. (3) ئەجدىھا شەھىرى رايونى. لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. تۆپىلىكلەرنىڭ ئېگىزلىكى 20 ~ 25 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 ~ 50 مېتىر كېلىدۇ. پۈتۈنلەي مول گەج قاتلاملىق سۇس قوڭۇر رەڭلىك لاتقا جىنسلاردىن تەركىب تاپقان. (4) ئاچچىق رايونى. لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاچچىق ۋادىسىغا جايلاشقان، بىرقەدەر تارقاق. مەركەزلىك جايلاشقانلىرىدىن بايجۈەن ۋە لۇەنلياڭزى يارداڭ تۈپى بار، كۆلىمى تەخمىنەن 100 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاساسەن كۆل رەڭ لاتقا جىنسلىرى بىلەن قۇم جىنسلىرىنىڭ ئۆزئارا قاتلام ھاسىل قىلىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. تۆپىلىكلەرنىڭ ئېگىزلىكى 10 ~ 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 ~ 50 مېتىر، كەڭلىكى 20 ~ 30 مېتىر كېلىدۇ. (5) سەنلۇڭشيا رايونى. ئاچچىق ۋادىسىنىڭ شەرقىي بېشىدىكى سەنلۇڭشيا ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئاساسەن سۇس قوڭۇر رەڭلىك لاتقا جىنس ۋە قۇم جىنسلىرىنىڭ ئۆزئارا قاتلاملىشىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. تۆپىلىكلەرنىڭ ئېگىزلىكى 10 ~ 20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 200 ~ 300 مېتىر كېلىدۇ.

**ئورقۇ شامال يالىغان قەلئەسىمان تاغ جىنسلىرى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدە، قاراماي شەھىرىگە قاراشلىق ئورقۇ رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، غەربىي جەنۇب تەرىپى قاراماي شەھىرىگە تەخمىنەن 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. جامۇس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 350 مېتىرچە كېلىدىغان بۆلىكىگە جايلاشقان. غەربىي شىمال تەرىپى چىڭگىزخان تېغى بىلەن قارائالات تاغلىرى ئارىسىدىكى تار جىلغىلىق شامال ئۆتكىلى بولۇپ، يىل بويى غەربىي شىمال بورىنى كۆپ چىقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، شامال يالىغان قەلئەسىمان تاغ جىنسلىرى غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشىدە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى بەش كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن نەچچە ئون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جاينىڭ يەر شەكلى غەلىتە بولغاچقا، موڭغۇل ۋە قازاق تىللىرىدا «ئالۋاستى تېغى»، ئۇنىڭ كۆرۈنۈش ھالىتى قەلئەگە ئوخشاپ كەتكەچكە «ئالۋاستى شەھىرى» (شەيتانكەرتى) دەپمۇ ئاتالغان. ئورقۇ شامال يالىغان قەلئەسىمان تاغ جىنسلىرى قارا يامغۇر ۋە كەلكۈن سۇلىرىنىڭ تەسىرىدە، بولۇپمۇ كۈچلۈك شامالنىڭ يالىشى بىلەن شەكىللەنگەن بىر خىل ئۆزگىچە يەر شەكلى لاندشافتى بولۇپ، كۆرۈنۈشى قەلئەگە ئوخشاپ كەتكەچكە شامال ئېرروزىيىلىگەن «قەلئەسىمان» تاغ جىنسلىرى دەپ ئاتالغان. «قەلئە» بور دەۋرىنىڭ ئاساسەن گورىزونتال ھالەتتىكى قىزغۇچ ۋە كۆل رەڭ يېشىل ئارىلاشقان قۇم ۋە لاتقا جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شامال تەرىپىدىن ئويۇپ چىقىرىلىپ تۈرلۈك ئۆزگىچە شامال ئېرروزىيىلىگەن يەر شەكلىگە ئايلانغان. ئاساسلىقلىرىدىن چاسا تاغ، تاش

تۆۋرۈك، تاش قەلئە، تاش موگۈ قاتارلىقلار بار بولۇپ، چاسا تاغ ياكى مۇنارسىمان قالدۇق ئېدىرلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى كۆپىنچە 20 ~ 30 مېتىرغىچە، ئېگىزلىرى 50 مېتىرغىچە يېتىدۇ. تۆپىلىكلەرنىڭ ئۈستىدە يەنە رەڭلىك تاشلار بار. شامال ئېررozىيىلىگەن قەلئەسىمان تاغ جىنسلىرى مۇھىم ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى. ئەتراپىدىكى يەر قاتلىمىدا مول نېفىت بايلىقى ساقلانغان بولۇپ، ئۇرقۇ نېفىت يېڭى شەھىرى بار. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 11 - بېتىگە قارالسۇن)

**جىمساردىكى رەڭدار توقاي** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى جىمسار ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 130 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان قۇم بارخىنى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغا، قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان. ئەتراپى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىدە بىنەپشە رەڭ، جىگەر رەڭ، ساغۇچ رەڭ، كۆل رەڭ يېشىل، كۆل رەڭ قاتارلىق ھەر خىل رەڭلەردىكى رەڭدار لاتقا جىنسلار، قۇم تاش، شېغىل قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان يۇرا دەۋرى يەر قاتلىمىدىن تۈزۈلگەن پەس ئېدىرلىق تۈپى بولۇپ، رەڭدار قەلئەدەك كۆرۈنگەچكە، رەڭدار توقاي دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 11 - بېتىگە قارالسۇن)

**گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى ئالۋاستى شەھىرى (شەيتانكەرش)** گېنېرال چۆلى رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇب تەرىپى گۇچۇڭ ناھىيە بازىرىغا تەخمىنەن 110 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 900 مېتىر. بۇ جاينىڭ يەر شەكلى ئاجايىپ بولۇپ، تاغ جىنسلىرىنىڭ ھالىتى غەلىتە. شامال چىققاندا دائىم ھەر خىل غەلىتە ئاۋازلار چىققاچقا ئالۋاستى شەھىرى (شەيتانكەرش) دەپ ئاتالغان. «شەھەر رايونى» نىڭ ئومۇمىي يەر تۈزۈلۈشى شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەس بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى تۆت كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق. جىلغىلار ۋە جىلغا ئارىلىقلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن ھەر خىل شەكىلدىكى قاتار تۆپىلىكلەر ۋە چوققىلار بار. تۆپىلىك بىلەن جىلغىلارنىڭ ئېگىزلىك پەرقى ئادەتتە 20 ~ 50 مېتىر كېلىدۇ.

**كۇئېنلۇن ئاچكۆل ئويمانلىقىدىكى يانار تاغ يەر شەكلى** دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىزگە جايلاشقان يانار تاغلارنىڭ بىرى. كېرىيە ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئاچكۆل ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4700 ~ 5000 مېتىر كېلىدۇ. يانار تاغ يەر شەكلى تىپلىرىدىن ئاساسەن لاۋا تۆپىلىكى، لاۋا سۇپىسى، مۇكەممەل ۋۇلقان كونۇسى، يېرىلمىلىق يانار تاغ ئېغىزىدىكى ۋۇلقان كونۇسى قاتارلىقلار بار بولۇپ، جەمئىي 11 يانار تاغ، 30 نەچچە ئۇششاق يانار تاغ بار، كۆلىمى 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يانار تاغ كونۇسلىرىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى ئومۇمەن 80 ~ 400 مېتىر، چوققىسىنىڭ دىئامېتىرى 100 ~ 300 مېتىر، ئاستى قىسمىنىڭ دىئامېتىر 300 ~ 500 مېتىر كېلىدۇ. ئاساسەن بېغىر رەڭ ھاۋا تۆشۈكچىسىمان، كالىي تەركىبى مول يىرىك ئاندېزىت، كۆيۈك تاش (پېمزا)، قارامتۇل زىچ ھاۋا تۆشۈكچىسىمان لاۋا جىنسلار، ئۇيۇل جىنسلار بىنەپشە كۆل رەڭ لىپارتلىق چىپار تاشلاردىن تەركىب تاپقان. ئەڭ يېقىنقى بىر قېتىملىق يانار تاغ 1951 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى پارتلىغان.

**كۇئېنلۇن قۇمكۆل ئويمانلىقىدىكى يانار تاغ يەر شەكلى** قۇمكۆل ئويمانلىقى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى چوڭراق ئېگىز تاغ ئارىسى ئويمانلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ يانار تاغ يەر شەكلى ئويمانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى لەھەڭكۆلنىڭ شەرقىگە ۋە خۇاخەيتەن رايونىغا جايلاشقان. ئاساسەن ماگمىلارنىڭ تۆتىنچى دەۋرنىڭ ئۈزۈك، يېرىقلىرىنى بويلاپ يەر يۈزىگە ئېقىپ چىقىشى ھەمدە يانباغىرلارنى بويلاپ پەسكە ئېقىپ دۆۋىلىنىپ قېتىشىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ئاساسىي تىپلىرىدىن لاۋا جىنسلىرى، تۆپىلىك، لاۋا ئېدىرلىقى قاتارلىقلار بار.

**مايتاغ لاي - لاتقا ۋۇلقىنى** تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى مايتاغ قىسقا ئوقلۇق ئانتىكلىناللىق تۈزۈلمە چوققىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغىراق جاي-

لاشقان. مايتاغ ئانتىكلىنالىنىڭ شەرقىدىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاساسەن يېڭى ئۈچىنچى دەۋر يەر قاتلىمى (لاتقا جىنسى، ئەشمە قۇم جىنسى، قۇمتاش) دىن تەركىب تاپقان. جەنۇبىي قانىتى پەسرەك، شىمالىي قانىتى تىك. جەنۇبىي قانىتىنىڭ يانتۇلۇقى ئومۇمەن 35° ~ 30°، شىمالىي قانىتى تەتۈر ئۆزۈلمە تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىنكى مەزگىلدە ۋە 90 - يىللاردا ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرغان. 1995 - يىلى 7 -، 8 - ئايلارنىڭ باشلىرىدا مايتاغ لاي - لاتقا ۋولقىنى قايتا ھەرىكەتلەندى. ۋولقان ئېغىزى ئاساسەن بەش ئورۇندا بولۇپ، تاغ چوققىسى سۇپىسىنىڭ 500 كۋادرات مېتىرلىق دائىرىسىگە مەركەزلىك تارقالغان، ئاساسلىق ۋولقان ئېغىزلىرىنىڭ دىئامېتىرى 210 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 7 - ئايدىن باشلاپ زور مىقداردا سۇيۇق لاي، تاغ جىنس پارچىلىرى، مىنېراللاشقان سۇ ۋە تەبىئىي گاز ئېتىلىپ چىقىپ، 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ۋولقان ئېغىزىنىڭ ئەتراپى دۆۋىلەنمە جىنىسلار بىلەن تولۇپ، ئاستى قىسمىنىڭ دىئامېتىرى بەش ~ ئالتە مېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىغان كونۇس شەكىللىك دۆڭلۈك شەكىللەنگەن، باشقا تۆت جايدىكى ۋولقان ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ. 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاساسىي ۋولقان ئېغىزى ئېتىلىپ چىقىشتىن توختىغان، قالغان ئۈچ ئورۇندىكى ۋولقان ئېغىزىدىن يەنىلا گاز چىقىۋاتىدۇ ھەمدە ئاز مىقداردا سۇيۇق لاي سۇ ئېقىپ چىقماقتا.

**شەرقىي كۆئېنلۇن ئارقا تاغ كارستلىق يەر شەكلى** شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى شەرقىي كۆئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئاچچىق كۆلدىن ئارقا تاغقىچە بولغان رايوندا ھازىرغا قەدەر كەڭ كۆلەمدىكى قەدىمىي كارستلىق يەر شەكلى ساقلىنىپ قالماقتا. ئۇ غەربىي شىمال - غەرب يۆنىلىشىدە لېنتىسىمان تارقالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 100 نەچچە كىلومېتىر، كەڭلىكى 30 ~ 40 كىلومېتىر، كۆلىمى 5000 كۋادرات كىلومېتىرغا يېقىن كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4200 ~ 5300 مېتىر كېلىدىغان دائىرىگە تارقالغان. ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ تېيىز دېڭىز لاتقا چۆكۈندىلىرىنىڭ ھاك جىنسلىرى ئىچىدە يېتىلگەن. ئارقا تاغ كارستلىق يەر شەكلىنىڭ ئاساسلىق تىپلىرىدىن: تاغ جىنس تېمى، تەنھا چوققا، چوققا تۈپى، كارستلىق ئۆڭكۈر، تەبىئىي كۆۋرۈك، ۋارونكا قاتارلىقلار بار. بۇ رايوندىكى كارستلىق يەر شەكلى تىپىك تارقالغان جايلار ئاچچىق كۆلنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسمى، داجيۇ تۇسمىسىنىڭ غەرب تەرىپى، شۈنگدەك سۇڭجىلياڭ، يىداۋلياڭ قاتارلىق تاغ بۆلەكلىرىدىن ئىبارەت.

**«دەنشيا» يەر شەكلى** ناھايىتى قېلىن قىزىل رەڭلىك قۇم - شېغىللار ئۈستىدە يېتىلگەن چاسا تاغ، غەلىتە چوققا، قىزىل تام، ئۆڭكۈر قاتارلىق ئالاھىدە يەر شەكلى. شىنجاڭدىكى «دەنشيا» يەر شەكلى ئاساسەن تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى پەس تاغ ئېدىرلىق بەلۋاغلىرىدا ئۇچرايدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ كاڭجيا تاش قوۋۇقى ئەتراپىدا بۇ خىل يەر شەكلى ئەڭ تىپىك بولۇپ، «دەنشيا» يەر شەكلى بۇ ناھىيىنىڭ چۆرگۈل يېزىسى تەۋەلىكىدە. شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە تارقالغان تاش تام بىلەن جەنۇب - شىمال يۆنىلىشىدە يېتىلگەن دەريا ئېقىنى ۋە جىلغىلار تۇتاشقان جايدا تاغ جىنس تېمىنى كېسىپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئۆتۈشمىلەر بولۇپ، ئۇلار «تاش قوۋۇق» دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، قۇتۇبى دەرياسى تاش قوۋۇقى، تاش پەلەمپەي، غەربىي جىلغا تاش قوۋۇقى، تاش دەريا تاش قوۋۇقى، چىندىخوزا دەرياسى تاش قوۋۇقى قاتارلىقلار بار. كاڭجيا تاش قوۋۇقى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆتۈشمە بولۇپ، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 مېتىر كېلىدۇ. تاغ جىنس تېمى بۇ جايدا تەخمىنەن 200 مېتىر ئېگىزلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ بىغىر رەڭلىك قۇم - شېغىل جىنسلاردىن تەركىب تاپقان. تاغ جىنس تېمىغا نۇرغۇن قىيا تاش رەسىملىرى ئويۇلغان.

**شىنجاڭنىڭ كىلىماتى** شىنجاڭ چوڭ قۇرۇقلۇق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق كىلىمات رايونىغا كىرىدۇ.

شەكىللىنىش سەۋەبى: (1) ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغاندا، جەنۇب-

تا ھىندى ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى 2500 كىلومېتىر، شەرقتە تىنچ ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى 4400 كىلومېتىر، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى 3400 كىلومېتىر، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن بولغان ئارىلىقى 6900 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇب مۇسسۇن شامىلى، غەربىي جەنۇب موسسۇن شامالللىرى ئېلىپ يۈرگەن سۇ ھورلىرىنىڭ شىنجاڭغا يېتىپ كېلەلىشى تەس. شىنجاڭ غەرب شامىلى بەلۋېغى ئايلانما ئېقىمىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئاتلانتىك ئوكيان سۇ ھورلىرى ئېگىزلىكلەر ۋە ئېگىز تاغلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھۆل - يېغىنى ئىنتايىن ئاز. شىمالىي مۇز ئوكياندىن جەنۇبقا سۈرۈلگەن سوغۇق ھاۋا ئۆزى بىلەن بىللە كۆپ مىقداردىكى سۇ ھورلىرىنى ئېلىپ ئۆدۈل شىمالىي شىنجاڭغا كىرىپ، بىرقەدەر كۆپ ھۆل - يېغىن پەيدا قىلىدۇ. (2) ئايلانما ئېقىم ۋەزىيىتى. قىش پەسلىدە 500 گېكتو پاسكاللىق تەڭ بېسىم يۈزى ۋەزىيىتى خەرىتىسىدە شىنجاڭنىڭ يۇقىرى بېسىم ئومۇرتقىسىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرايدىغان دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ (تەخمىنەن 30° ~ 65°N، 60°~85°E). بۇ ھال قۇتۇپ سوغۇق ھاۋاسىنىڭ ئومۇرتقا بويلاپ جەنۇبقا سۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، نەتىجىدە يەر يۈزى خەرىتىسىدە كۈچلۈك موڭغۇلىيە يۇقىرى بېسىمىنىڭ كونتروللۇقى بولۇپ ئەكس ئېتىپ، ھاۋا بېسىمى 1035 ~ 1040 گېكتو پاسكالغا يېتىدۇ ھەمدە سوغۇق فرونت شەرقىي جەنۇبقا داۋاملىق سۈرۈلىدۇ. ياز پەسلىدە شىنجاڭ ئومۇرتقىسى 50°E غەربكە چېكىنىدۇ ۋە 90°E تا تېيىز ئومۇرتقا ھاسىل قىلىدۇ، يەر يۈزى خەرىتىسىدە سۇبتروپىك بەلۋاغ چوڭ قۇرۇقلۇق ئىسسىق تۆۋەن بېسىمى 995 ~ 1000 گېكتو پاسكالغا يېتىدۇ. (3) قۇياش رادىئاتسىيىسى. شىنجاڭ ئوتتۇرا كەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئويمانلىق، قۇملۇق، چۆللۈكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئاتموسفېرانىڭ سۈزۈكلۈكى ياخشى، بۇلۇت مىقدارى ئاز، قۇياشنىڭ ئومۇمىي رادىئاتسىيىسى 5200 ~ 6200 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ.

قۇرغاق كىلىمات ئالاھىدىلىكى: (1) قىش پەسلى قۇرغاق سوغۇق، ياز پەسلى قۇرغاق ئىسسىق. جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقى قىش پەسلى «سوغۇق كۆل»لۈك، يازدا «قىزىق قازان»لىق رول ئويناپ، قۇرغاق سوغۇق، قۇرغاق ئىسسىقلىق ئېففېكتىنى كۈچەيتىدۇ. (2) ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، ئەملىكى تۆۋەن. شىنجاڭنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 100 ~ 300 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بولسا 10 ~ 100 مىللىمېتىر كېلىدۇ؛ شىمالىي شىنجاڭدا ئەڭ قېلىن يېغىندى قار چوڭقۇرلۇقى 149 سانتىمېتىر (1960 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) غا يەتكەن. شىمالىي شىنجاڭدا 12 -، 1 - ئايلاردا ھاۋا كۆپىنچە تۇمانلىق بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا 4 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ھاۋا كۆپىنچە چاڭ-توزانلىق بولىدۇ. (3) تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق، سوتكىلىق پەرقى بىرقەدەر چوڭ. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ يىللىق تېمپېراتۇرا پەرقى 40°C ~ 50°C قىچە بولىدۇ. چېبەيزىدە ئەڭ چوڭ بولۇپ، 55°C (1956 - يىلى) قا يەتكەن؛ ئەڭ چوڭ سوتكىلىق تېمپېراتۇرا پەرقى ئومۇمەن 20°C ~ 30°C، نىيە ناھىيىسىدە ئەڭ چوڭ بولۇپ، 33.2°C (1960 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى) قا يەتكەن. مەشھۇر ئىسسىق جاي تۇرپاننىڭ ماكسىمۇم ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 48.1°C (1949 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى). كۆكتوقاي مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى سوغۇق قۇتۇپ بولۇپ، مۇتلەق مىنىمۇم ھاۋا تېمپېراتۇرىسى -51.5°C (1960 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) بولغان. (4) قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، پارغا ئايلىنىش كۈچلۈك. قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى ئومۇمەن 2600 ~ 3600 سائەت بولۇپ، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2000 ~ 4000 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. نوم مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى رايونى بولۇپ، 4370.6 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

**كىلىمات بەلۋېغى** يەر شارى كەڭلىكلەرگە ئاساسەن بىرقانچە بەلۋاغسىمان كىلىمات رايونلىرىغا ئايرىپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇلار كىلىمات بەلۋاغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدىكى كىلىمات بەلۋاغلىرىنى بۆلۈشتە قوللىنىلغان ئاساسىي كۆرسەتكۈچ: سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥ 10°C بولغان كۈن سانى، ≥10°C بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا؛ قوشۇمچە كۆرسەتكۈچ: ئەڭ ئىسسىق ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېرا-

تۇرا، سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥0℃ بولغان ئاي سانى. شىنجاڭ جەمئىي بەش كىلىمات بەلۋېغىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار: ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ، مۆتىدىل بەلۋاغ، سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ، سۇب سوغۇق بەلۋاغ، سوغۇق بەلۋاغدىن ئىبارەت.

**جەنۇبىي شىنجاڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋېغى** تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ≥10℃ بولغان كۈن سانى 181~220 كۈن، ≥100℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 3900℃ ~ 5500℃ ، ئەڭ ئىسسىق ئايلارنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 26℃ ~ 27℃ ، سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ≥0℃ بولغان كۈن سانى 251 ~ 350 كۈنگە يېتىدىغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئايرىشنىڭ كۆرسەتكۈچ قىممىتى چېن شەنجىننىڭ «جۇڭگو كىلىماتى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش» دېگەن كىتابىدىكى قاراشلار بىلەن ئاساسەن بىردەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ كېپېننىڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ CW (ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قىش پەسلى قۇرغاق كىلىمات)، CS (ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ياز پەسلى قۇرغاق كىلىمات، يەنى ئوتتۇرا دېڭىز كىلىماتى)، CBW (ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل كىلىماتى) دەپ ئايرىشى بىلەن ئاساسەن بىردەك. بۇ شىنجاڭنىڭ ئىللىق مۆتىدىل كىلىمات بەلۋېغىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋېغى (خۇاڭخې، خۇەيخې، خەيخې رايونلىرى) بىلەن تۇتىشىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا دۇنيا كىلىمات بەلۋېغى بىلەنمۇ تۇتىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭنىڭ ≥10℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرىسى ۋە ≥10℃ بولغان كۈن سانى خۇاڭخې، خۇەيخې، خەيخې رايونلىرىنىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ. تۇرپاننىڭ ≥10℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 5500℃ ئۈپچۆرىسىگە يېتىدىغان بولۇپ، سۇبتروپىك بەلۋاغ كۆرسەتكۈچىگە يېتىدۇ، ئەڭ سوغۇق ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى بولسا ئومۇمەن 0℃ تىن تۆۋەن بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەلمەيدۇ.

**جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ مۆتىدىل بەلۋېغى** مۆتىدىل بەلۋاغدا ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىل ئېنىق بولىدۇ. شىنجاڭدا مۆتىدىل بەلۋاغنى ئايرىشنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچى: سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥0℃ بولغان كۈن سانى 101~180 كۈن بولۇش، ≥10℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇا 1600℃~3400℃ بولۇش؛ قوشۇمچە كۆرسەتكۈچى: ئەڭ ئىسسىق ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 19℃~25℃ بولۇش، سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥0℃ بولغان كۈن سانى 200~250 كۈن بولۇش. شىمالىي شىنجاڭ مۆتىدىل بەلۋېغى جۇڭغار ئويمانلىقى، چۆچەك ئويمانلىقى، ئىلى ئويمانلىقى، باركۆل ئويمانلىقى، ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن رايونى، گېنېرال چۆلى - لاۋيېمياۋ رايونى قاتارلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭ مۆتىدىل بەلۋېغى قارا شەھەر ئويمانلىقى، باي ئويمانلىقى، ئۇچتۇرپان - ئاقچى ۋادىسى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا، پەس تاغ ئېتەك بەلۋېغى، ئالتۇنتاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 2000~3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئوتتۇرا، پەس تاغ ئېتەك رايونى (مەسىلەن، ئالتۇنتاغ - چاقىلىق رايونىدىكى گورىزونتال تار، ئۇزۇن سوزۇلغان بەلۋاغسىمان رايون) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ** مۆتىدىل بەلۋاغ كىلىماتى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. كەڭلىك گرادۇسى بىلەن دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭكىدىن يۇقىرىراق، تېمپېراتۇرىسى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭكىدىن تۆۋەنرەك. سوغۇق پەسىل كۈنلىرى بىرقەدەر ئۇزۇن، ئىللىق پەسىل كۈنلىرى بىرقەدەر قىسقا بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش پەسلى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭكىدىن قىسقىراق. شىنجاڭدا سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغنى ئايرىشنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچى: سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥10℃ بولغان كۈن سانى 51 ~ 100 كۈن، ≥10℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا 1000℃~1600℃ قا يەتكەن بولۇش؛ قوشۇمچە كۆرسەتكۈچى: ئەڭ ئىسسىق ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10℃ ~ 18℃ ، سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥0℃ بولغان كۈن سانى 180 ~ 200 كۈنگىچە بولۇش. شىنجاڭنىڭ سوغۇق مۆتىدىل بەلۋېغىنىڭ كۆپىنچىسى ۋېرتىكال كىلىمات بەلۋېغىغا كىرىدۇ: (1) ئالتاي تاغلىرى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋېغىنىڭ

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400 ~ 2000 مېتىر؛ (2) تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1700 ~ 2300 مېتىر؛ (3) تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 ~ 2600 مېتىر؛ (4) پامىر ئېگىزلىكى، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي چېتى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2200 ~ 3000 مېتىر كېلىدۇ.

**سۇب سوغۇق بەلۋاغ** شىنجاڭ سۇب سوغۇق بەلۋېغىغا قوللىنىلغان كۆرسەتكۈچ: سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا مۇقىملىقى ≥10°C بولغان كۈن سانى 11 ~ 50 كۈن بولۇش؛ ≥10°C بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا 1001°C ~ 200°C بولۇش. قوشۇمچە كۆرسەتكۈچ: ئەڭ ئىسسىق ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10°C ~ 6°C؛ سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥0°C بولغان كۈن سانى 100 ~ 181 كۈن بولۇش. شىنجاڭ سۇب سوغۇق بەلۋېغى تەبىئىي لاندشافتى ئوتلاق ۋە چۆل ئوتلاقلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى: (1) ئالتاي سۇب سوغۇق بەلۋېغى 2000 ~ 3000 مېتىر؛ (2) تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى سۇب سوغۇق بەلۋېغى 2300 ~ 3500 مېتىر؛ (3) تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى سوغۇق بەلۋېغى 2600 ~ 4000 مېتىر؛ (4) پامىر ئېگىزلىكى سۇب سوغۇق بەلۋېغى 3000 ~ 4200 مېتىر؛ (5) كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ چىڭخەي، شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي چېتى سۇب سوغۇق بەلۋېغى 3000 ~ 4500 مېتىر كېلىدۇ. سۇب سوغۇق بەلۋاغنىڭ تۆۋەن چېكى يازلىق ئوتلاقلارنىڭ تۆۋەن چېكى بولۇپ، كۆپىنچە ئۆششاق چارۋىلار بېقىلىدۇ؛ يۇقىرى چېكىدە چوڭ چارۋىلار بېقىلىدۇ.

**سوغۇق بەلۋاغ** شىنجاڭ سوغۇق بەلۋېغىغا قوللىنىلغان كۆرسەتكۈچ: سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥10°C بولغان كۈن سانى 0 ~ 10 كۈن، ≥10°C بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا 0°C ~ 20°C، ئەڭ ئىللىق ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا <5°C، سوتكىلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥0°C بولغان كۈن سانى 101 كۈن بولۇش. شىنجاڭ تەۋەلىكىدە ئېگىزلىكلەر، ئېگىز تاغلار كۆپ. سوغۇق بەلۋاغ مەڭگۈلۈك قار سىزىقىنى ياكى يەر ئۈستى مەڭگۈلۈك توڭ توپا قاتلىمىنى چېگرا قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكلىرى: (1) ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلىرى؛ (2) تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغىرلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4200 ~ 4500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلىرى؛ (3) تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغىرلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4400 ~ 4800 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلىرى؛ (4) چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي چېتى (كۇئېنلۇن تاغلىرى، قارا قۇرۇم تاغلىرى، ئالتۇنتاغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ 4800 ~ 5500 مېتىردىن يۇقىرى رايونلىرى. بۇ رايونلار غەربىي پەس، شەرقىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس، شىمالىي ئېگىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

كىلىمات چوڭ رايونلىرىنى ئايرىش كۆرسەتكۈچى

| ۋاكالەت نومۇرى | نامى | يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى (mm) | قۇرغاقلىق دەرىجىسى (K) | تەبىئىي لاندشافتى |
|---|---|---|---|---|
| A | نەم | 1000≤ | 0.994≥ | ئورمان |
| B | يېرىم نەم | 1000~501 | 1.59~1.0 | ئورمان، ياپلاق |
| C | يېرىم قۇرغاق | 500~200 | 5.99~1.6 | ياپلاق |
| D | قۇرغاق | 200~60 | 19.9~6.0 | يېرىم چۆللۈك |
| E | ئىنتايىن قۇرغاق | 60> | 20.0≤ | چۆل |

**ئىنتايىن قۇرغاق كىلىمات رايونى** قۇرغاق كىلىمات كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. كىلىمات چوڭ رايونلىرىنى ئايرىش كۆرسەتكۈچى يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى. شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن قۇرغاق كىلىماتىنى ئايرىش كۆرسەتكۈچى: يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى <60 مىللىمېتىر، قۇرغاقلىق دەرىجىسى (جۇڭگونىڭ تەبىئىي رايونلارغا ئايرىلىشى: K (قۇرغاقلىق دەرىجىسى) =TE (يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى) /P (يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى) ≥20.0. شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن قۇرغاق كىلىمات رايو-

نىنى ئاساسەن ئۇنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق بولۇشى؛ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىنىڭ ئۇزاق مۇددەت يۇقىرى ھاۋا بېسىمىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇشى؛ يەر شەكلىنىڭ يېپىق ھالەتتە بولۇشى، ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ ئومۇمەن ⩽0 ~ 60 مىللىمېتىر ئارىلىقىدا بولۇپ، چۆل لاندشافتىدا بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ رايوننىڭ كۆپ قىسمى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ رايونىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭغا ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل ـ تۇرپان ئويمانلىقىغا تارقالغان. مۆتىدىل بەلۋاغ بولسا شىمالىي شىنجاڭدىكى گېنىرال چۆلى ـ لاۋپېمياۋ رايونىدىنلا ئىبارەت.

**قۇرغاق كلىمات رايونى** شىنجاڭنىڭ قۇرغاق رايونىنى ئايرىش كۆرسەتكۈچى: يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 200 ~ 400 مىللىمېتىر، قۇرغاقلىق دەرىجىسى 6.0 ~ 19.9. تەبىئىي لاندشافتى چۆل يايلاق ۋە يېرىم چۆللۈكتىن ئىبارەت. بۇ خىل كلىمات جۇڭغار ئويمانلىقى، چۆچەك ئويمانلىقى، ئالتۇنتاغ تاغلىق رايونىغا ۋە مۇزلۇق بولمىغان قار سىزىقى رايونلىرىنىڭ تەخمىنەن 0℃ لۇق لىنىيىسىدىن تۆۋەن جايلارغا تارقالغان. يەر مەيدانى ئىنتايىن قۇرغاق كلىمات رايونىدىن كېيىن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قۇرغاقلىق ئالاھىدىلىكى: جۇڭغار ئويمانلىقى، چۆچەك ئويمانلىقى قاتارلىق جايلاردا ھۆل ـ يېغىننىڭ تارقىلىشى بىرقەدەر تەكشى، قىش پەسلى ياغىدىغان قار مىقدارى كۆپ بولۇپ، چۆل يايلاق، يېرىم چۆل قىشلاق ياكى كەچ كۈز، باش باھارلىق ئوتلاقلار ھېسابلىنىدۇ. ئېگىزلىك رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يازلىق ئوتلاق ياكى چوڭ چارۋىلار بېقىلىدىغان ئوتلاقلاردۇر.

**يېرىم قۇرغاق كلىمات رايونى** شىنجاڭنىڭ يېرىم قۇرغاق كلىمات كۆرسەتكۈچى: يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 201 ~ 500 مىللىمېتىر، قۇرغاقلىق دەرىجىسى 1.6 ~ 5.99. تەبىئىي لاندشافتى كۆپىنچە يايلاق ياكى قىسمەن چۆل يايلاقلاردىن ئىبارەت. شىنجاڭدا يېرىم قۇرغاق كلىمات رايونىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، ئومۇمەن تاغ ئېتەكلىرىگە ياكى تاغلىق رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، ئورنى شىمالدىن جەنۇبقا قارىتا ئېگىزلەپ بارىدۇ. ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئومۇمەن تاغ ئالدى رايونى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1200 ~ 2100 مېتىر كېلىدۇ؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 800 ~ 2500 مېتىر كېلىدىغان جايلىرى، جەنۇبىي يانباغرىنىڭ 1300 ~ 3000 مېتىر كېلىدىغان جايلىرىدىن ئىبارەت. يېرىم قۇرغاق رايونلار ئومۇمەن تاغلىق رايونلارنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى بەلۋاغلىرىنىڭ چەتلىرىگە جايلاشقان. بۇ رايوننىڭ سۇ، ئىسسىقلىق بايلىقى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۆتكۈنچى چۆل يايلاق — يايلاق تەبىئىي لاندشافتى بەلۋېغىدۇر.

**يېرىم نەم كلىمات رايونى** شىنجاڭنىڭ يېرىم نەم كلىمات رايونىنى ئايرىش كۆرسەتكۈچى: يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 501 ~ 1000 مىللىمېتىر، قۇرغاقلىق دەرىجىسى 1.0 ~ 1.59، تەبىئىي لاندشافتى ئورمان، يايلاق. شىنجاڭ گەرچە قۇرغاق رايون بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېرىم نەم رايون ۋە نەم رايونلار مەۋجۇت بولۇپ، تاغلىق رايونلارغا تارقالغان ھەمدە سوغۇق بەلۋاغ، سۇب سوغۇق بەلۋاغ، سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغلاردا روشەن ۋېرتىكال تارقىلىش بەلۋاغلىرى بولۇپ، ئومۇمەن تاغ تىزمىلىرىنىڭ شامالغا يۈزلەنگەن يانباغىرلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ھۆل ـ يېغىن بەلۋېغى دائىرىسىگە جايلاشقان بولىدۇ ياكى ئېگىز تاغلارنىڭ شامالغا يۈزلەنگەن يانباغرىدىكى قار سىزىقىغا يېقىن بولۇپ، تاغلىق رايونلاردا ئېگىز تاغ قار ـ مۇزلىرىنىڭ قاتتىق ھالەت ياكى يېرىم قاتتىق ھالەتتىكى مول سۇ بايلىقى رايونىنى ۋە ياكى ئوتتۇراھال تاغ بەلۋېغىدىكى ئەڭ چوڭ ھۆل ـ يېغىن بەلۋېغى مول سۇ بايلىقى رايونىنى شەكىللەندۈرگەن.

**نەم كلىمات رايونى** شىنجاڭنىڭ نەم كلىمات رايونىنى ئايرىش كۆرسەتكۈچى: يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ⩾1000 مىللىمېتىر، قۇرغاقلىق دەرىجىسى <1.0، تەبىئىي لاندشافتى ئورمان بەلۋېغى ياكى ئورمان، يايلاق بەلۋېغى. شىنجاڭنىڭ نەم كلىمات رايونىنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس، ئوتتۇرا، ئېگىز تاغ بەلۋاغلىرىغا تارقالغان. مەسىلەن، كۈنەس دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى رايونىنىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 1000 مىللىمېتىردىن كۆپ ياكى شۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قابا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن رايونىمۇ نەم رايون ھېسابلىنىدۇ.

**كلىمات تىپلىرى** يەر شارىدا كەڭلىكلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغان كلىمات بەلۋاغلىرى پەيدا بولغان. ئوخشاش بولمىغان ياكى ئوخشاش كلىمات بەلۋاغلىرىدا دېڭىز، دەريا، تاغ ـ ئېدىر قاتارلىق

تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغان كىلىمات ئالاھىدىلىكلىرى شەكىللەنگەن. بۇ خىل كىلىماتلار كىلىمات تىپلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭ چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىمات تىپىغا كىرىدۇ. ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: كىلىمات ئامىللىرىنىڭ سوتكىلىق، پەسىللىك، يىللىق دەۋرىي ئۆزگىرىشى ياكى دەۋرىيلىكى بولمىغان ئۆزگىرىشى ناھايىتى چوڭ، بولۇپمۇ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ۋە يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى كۈچلۈك. قۇرغاق رايونلاردا قۇياش رادىئاتسىيىسى ۋە يەر يۈزى رادىئاتسىيىسىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى بىرقەدەر چوڭ. ياز پەسلى تېمپېراتۇرا ناھايىتى يۇقىرى، ھاۋا بېسىمى تۆۋەن، نەملىك ئاز؛ قىش پەسلى تېمپېراتۇرا ناھايىتى تۆۋەن، يۇقىرى بېسىمنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇپ، نەملىك بىر قەدەر يۇقىرى. ياز پەسلى قۇياش رادىئاتسىيىسى كۈچلۈك، قۇرۇقلۇق يۈزى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشى تېز؛ تۇربۇلېنتلىق ئېقىم كۈچىيىپ، دائىرىلىك توپ بۇلۇت ۋە گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇلۇت مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى قۇياشنىڭ بىۋاستە رادىئاتسىيىسىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىپ، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلەش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. قىش پەسلى يۇقىرى ھاۋا بېسىمىنىڭ قاپسىۋېلىشى بىلەن ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپرەك، يەر يۈزى رادىئاتسىيىسى كۈچلۈك، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى كۈچلۈك بولىدۇ. شىنجاڭدا تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق پەرقى ئەڭ چوڭ جاي تۇقسۇن بولۇپ، 47.0℃ قا يېتىدۇ؛ تېمپېراتۇرىنىڭ سوتكىلىق پەرقى ئەڭ چوڭ جاي نىيە بولۇپ، 33.2℃ قا يېتىدۇ؛ تېمپېراتۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە سوتكىلىق پەرقى ئەڭ چوڭ جاي ئەندىر دەرياسى ساھىلى بولۇپ، 18.6℃ قا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ ئاز رايون توقسۇن بولۇپ، ئوتتۇرىچە قىممىتى (1950 ~ 1980 - يىللىرى) 6.6 مىللىمېتىرلا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتى كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان نۇرغۇن كىلىمات تىپلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى باشقا كىلىمات بەلۋاغلىرى ۋە كىلىمات رايونلىرىدا كۆرۈلىدىغان بولۇپ، شىنجاڭ كىلىماتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

**قۇملۇق كىلىماتى** شىنجاڭدىكى قۇملۇقلارنىڭ كۆلىمى 429 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت قۇملۇق كۆلىمىنىڭ 59.2% نى ئىگىلەيدۇ. تەكلىماكان ۋە قۇربانتوڭغۇتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قۇملۇق تىپىك قۇملۇق كىلىماتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تەكلىماكان رايونىدا قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى يىلىغا 5700 ~ 6200 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتى (يىلىغا 6400 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر) نىڭكىدىن ئازراق. بۇنى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇم بوران ۋە چاڭ - توزانلىق ھاۋا رايى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ياز پەسلى 7 - ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 26.0℃~28.0℃ بولۇپ، مەنشى پونكىتىدا ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 36.5℃، مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 42.3°℃ (1988- يىلى 6- ئاي)، ئوتتۇرا تارىم پونكىتىدا مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا -21.2℃ (1990 - يىلى 1 - ئاي) بولغان؛ قۇم يۈزى تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇتلەق ماكسىمۇم قىممىتى مەنشى پونكىتىدا 70.0℃ (1988- يىلى 6- ئاينىڭ 27 - كۈنى)، ئوتتۇرا تارىم پونكىتىدا 70.8℃ (1990 - يىلى 6- ئاينىڭ 29- كۈنى) بولغان. قۇم بوران مەنشى پونكىتىدا 65 كۈن، چاڭ - توزانلىق كۈن مەنشى پونكىتىدا 96 كۈن، ئوتتۇرا تارىم پونكىتىدا 70 كۈن بولغان. يەنى شامال چىقسىلا چاڭ - توزان پەيدا بولۇش قۇملۇق كىلىماتىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىدۇر.

**ئېگىز تاغ كىلىماتى** شىنجاڭدا ئېگىز تاغلار كۆپ بولۇپ، ئېگىزلىك ۋە يەر تۈزۈلۈشىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئالاھىدە ئېگىز تاغ كىلىماتى شەكىللەنگەن. ئېگىز تاغ كىلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: (1) كىلىمات بەلۋېغى روشەن، بولۇپمۇ ياز پەسلىدە تۈزلەڭلىكتىن تاغ چوققىلىرىغىچە ئوخشاش بولمىغان كىلىمات رايونى ۋە كىلىمات تىپلىرى بار بولۇپ، ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلنىڭ كىلىماتى بولىدۇ. (2) تاغلىقلارنىڭ ئوتتۇرا ھال تاغ رايونلىرىدا ئەڭ چوڭ بىر ھۆل - يېغىن بەلۋېغى بار. تەڭرىتاغلىرىنى مىسالغا ئالساق، شىمالىي يانباغرىدىكى ئەڭ چوڭ بەلۋاغ دېڭىز يۈزىدىن 1900 ~ 2800 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارى 500 مىللىمېتىردىن يۇقىرى، ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن، پۈتۈن يىللىق ھۆل - يېغىننىڭ 60% نى ئىگىلەيدۇ؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىلىرىدا بولسا دېڭىز يۈزىدىن ئومۇمەن 2000 ~ 3800 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئەڭ چوڭ ھۆل - يېغىن بەلۋېغى يۇقىرى - تۆۋەن

يۆتكىلىدۇ. قىش پەسلى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغىرلىرىدا 800 ~ 1000 مېتىر ئارىلىقىدا؛ ئەتىياز، كۈز پەسىللىرى قىشلىق، يازلىق ھۆل - يېغىن بەلۋاغلىرى ئارىلىقىدا بولىدۇ. (3) قىش پەسلى تاغلىق رايونلاردا ئىنۋېرسىيە بەلۋاغلىرى بولۇپ، 11 - ئاينىڭ باشلىرى شەكىللىنىپ، 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى يوقىلىدۇ. ئىنۋېرسىيە ئەڭ كۈچلۈك بولغاندا (ئۈرۈمچىدىن تەڭرىتاغ 1 - نومۇرلۇق مۇزلۇقىغىچە) 0.54℃/100m غا يېتىدۇ. ئۇنىڭ قېلىنلىقى 1 - ئايدا ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4200 مېتىرغا يېتىدۇ؛ 12 - ئاي، 2 - ئايلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3850 مېتىر، 3550 مېتىرغا يېتىدۇ. (4) روشەن جىلغا شامىلى چىقىدۇ. ئەتىگەندىن تارتىپ كەچ كىرگۈچە جىلغا شامىلى سوقىدۇ، كۈن ئولتۇرغاندا بولسا تاغ شامىلى سوقىدۇ. (5) تاغ چوققا رايونلىرىغا نۇرغۇن چوڭ - كىچىك مۇزلۇقلار تارقالغان. (6) ئىنفرا قىزىل نۇرى، ئۇلترا بىنەپشە نۇرلار دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگەنسېرى ئازىيىپ، ئوتتۇراھال تاغ بەلۋېغىغا بارغاندا ئاجىز بەلۋاغنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە كېيىن بارغانچە ئېشىپ بارىدۇ. ئىنفرا قىزىل نۇرىنىڭ يىللىق قىممىتى 2500~2700 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىرغا، ئۇلترا بىنەپشە نۇر 299~390 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. (7) ئېگىز تاغلارنىڭ قايتۇرۇش نىسبىتى ئىنتايىن زور بولۇپ، قار يۈزىنىڭ قايتۇرۇش نىسبىتى ئادەتتە 0.4~0.7 ئارىلىقىدا بولىدۇ. (8) سوغۇق پەسىلدە ئېگىز تاغلاردا ھاۋا ئوچۇق، شامال ئاز، بۇلۇتسىز بولىدۇ.

**ئېگىزلىك كىلىماتى** بۇ شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېگىزلىك كىلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: (1) دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى يۇقىرى، ھاۋا بېسىمى تۆۋەن، ھاۋا شالاڭ، ئوكسىگېن مىقدارى ئاز، قايناش نۇقتىسى تۆۋەن. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىر كېلىدىغان ئېگىزلىكلەردە ھاۋا بېسىمى 30% تۆۋەنلەيدۇ، 5000 ~ 5500 مېتىر كېلىدىغان جايلاردا ھاۋا بېسىمى دېڭىز يۈزىدىكىنىڭ 50% ىگىلا توغرا كېلىدۇ، قايناش نۇقتىسى 80℃ ~ 70℃ قىچە تۆۋەنلەيدۇ. ياز پەسلى ئېگىزلىك ئىسسىق تۆۋەن بېسىمنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ، قىش پەسلى بولسا سوغۇق يۇقىرى بېسىمنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. ھاۋا بېسىمىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشىنىڭ ئىككى يۇقىرى قىممىتى بولىدۇ. كەڭشۈەردە ئەڭ يۇقىرى قىممەت 9 - ، 10 - ئايلاردا كۆرۈلگەن، تۆۋەنرەك ئېگىزلىكتە 6 - ئايلاردا كۆرۈلگەن، پەس جىلغىلىرىدا ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 2 - ئايدا كۆرۈلگەن. (2) قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، قۇياشنىڭ ئومۇمىي رادىئاتسىيىسى زور، ئۇلترا بىنەپشە نۇر كۈچلۈك. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى كەڭشۈەردە تەخمىنەن 3000 سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ، شىچۇەنخېدا 3501 سائەتكە يېتىدۇ. قۇياشنىڭ ئومۇمىي رادىئاتسىيىسى كەڭشۈەردە 5900 مېگا جوئۇل / كۋادرات مېتىر بولغان. (3) ئېگىزلىكتە ھاۋا قۇرغاق، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 ~ 3500 مېتىر ئارىلىقتا ئەڭ چوڭ بىر ھۆل - يېغىن بەلۋېغى بولۇپ، ئۇنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 150 ~ 300 مىللىمېتىر كېلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن ئېگىزلىك ئاشقانسېرى ھۆل - يېغىن تەدرىجىي ئازىيىپ بارىدۇ. كەڭشۈەر (3975 مېتىر) دە 35.7 مىللىمېتىرلا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر يۇقىرى ئېگىزلىكتە ياز پەسلى گۈلدۈرمامىلىق ئۆتكۈنچى يامغۇر كۆپ بولۇپ، گۈلدۈرى بار، يامغۇرى ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. (4) تېمپېراتۇرا تۆۋەن، سوغۇق مەزگىلى ئۇزۇن، تۇپراقنىڭ توڭلىشى چوڭقۇر، قار توپلىنىش مەزگىلى ئۇزۇن. كەڭشۈەردە ≤0℃ بولىدىغان ۋاقىتنىڭ باش قىشتىكى كۈن سانى 337 كۈنگە يەتكەن. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0.6℃ - بولۇپ، يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت 0℃ تىن تۆۋەن بولىدۇ؛ يىل بويى قار قاپلاپ، تۇپرىقى كۆپ يىل توڭلاشتەك ھالەت شەكىللەنگەن. (5) شامالنىڭ سۈرئىتى تېز، بورانلىق كۈن سانى كۆپ. كەڭشۈەردە 130 كۈنگە يېتىدۇ، 2 - ، 4 - ئايلاردىكى ئەڭ زور شامال سۈرئىتى 20 مېتىر /سېكۇنتقا يېتىدۇ. (6) تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق پەرقى كىچىك، سوتكىلىق پەرقى چوڭ. يىللىق پەرقى 20℃ ئەتراپىدا؛ ئوتتۇرىچە سوتكىلىق پەرقى كەڭشۈەردە 15℃~18℃ بولغان. (7) چوڭ قۇرۇقلۇق دەرىجىسى (گورزىنسكىي W. Gorczynski فورمۇلىسىغا ئاساسلانغاندا) تورغاتنىڭ 39.09، كەڭشۈەرنىڭ 40.89 بولۇپ، قومۇل ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تاغلىقلىرى (50 ~ 70) نىڭكىدىن كۆپ كىچىك.

**ئويمانلىق كىلىماتى** شىنجاڭدا ئويمانلىقلار

ناھايىتى كۆپ، ئويمانلىق كىلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: (1) يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق. ياز پەسلى ئويمانلىقنىڭ «تونۇر»لۇق رولى بولغانلىقتىن، يېپىق ھالەتتە بولۇپ، ھاۋا ئېقىمى، ھاۋا ماسسىسىنىڭ ئالمىشىشى قىيىن، يانتۇلۇق رادىئاتسىيىسىنىڭ ئىسسىقلىقنى ئاشۇرۇۋېتىشى بىلەن كۈچلۈك تۇربۇلېنتلىق ئېقىم ۋە كونۋېكسىيە رول ئوينايدۇ. ئەگەر يەر ئۈستى پائالىيەت يۈزى قۇملۇق رايون بولسا، چۈشتە دائىم قۇملار ئۇچۇپ، قۇيۇن چىقىپ، قۇم بورانلىق ھاۋا رايى ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. قىش پەسلى سوغۇق ھاۋا تۆۋەنلەپ «سوغۇق ئوقۇر»لۇق رولىنى ھاسىل قىلىدۇ. يەر ئۈستى پائالىيەت يۈزى قېلىن قار بىلەن قاپلانغان جۇڭغار ئويمانلىقىدا، 12 ـ ئايدا دائىم تۇمان بىلەن قاپلانغان تۇمان سۆڭگىلىك ھاۋا رايى كۆرۈلىدۇ. (2) تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق، سوتكىلىق پەرقى چوڭ. جۇڭغار ئويمانلىقىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق پەرقى 40°C تىن يۇقىرى بولۇپ، قارامايدا 44.1°C، سەيجياخۇدا 44.9°C، تۇرپان ئويمانلىقىدا 42.2°C، قۇمۇل ئويمانلىقىدا 39.4°C، تارىم ئويمانلىقىدا 30°C~35°C، كورلىدا 34.2°C، قەشقەردە 32.0°C بولىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە سوتكىلىق پەرقى 12°C ~ 16°C بولۇپ، يىللىق ئەڭ چوڭ سوتكىلىق پەرقى 24°C ~ 27°C بولىدۇ. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدە 26°C، قەشقەردە 27.5°C بولىدۇ. (3) پارغا ئايلىنىش مىقدارى چوڭ، نەملىكى تۆۋەن، بۇلۇت مىقدارى ئاز.

**ۋادى كىلىماتى** ۋادى كىلىماتى ئويمانلىق كىلىماتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كىلىمات ئامىلىنىڭ ئۆزگىرىشى، كىلىماتىنىڭ دەۋرلىك ئۆزگىرىشى بىر قەدەر ئاستا بولىدۇ. ئالاھىدىلىكى: (1) يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق، ياز پەسلى ۋادى ئىسسىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە ئەتراپتىكى جايلار بىلەن ئىسسىقلىق ئالمىشىش ئاز، ھاۋانىڭ كونۋېكسىيە خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، ئاسانلا توپ بۇلۇت ۋە ئۆتكۈنچى ھۆل ـ يېغىنلىق، گۈلدۈرماملىق، مۆلدۈرلۈك ھاۋا رايى شەكىللىنىدۇ؛ قىش پەسلى ۋادىنىڭ سوغۇق ھاۋاسى تاغلىق رايونلاردىن تۆۋەنگە سىلجىپ، ۋادى سوغۇق ھاۋاسى شەكىللىنىدۇ؛ تۆزلەڭلىك رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا قىرو ئۇششۇكى بالدۇر كۆرۈلۈپ، كېيىن ئاخىرلىشىدۇ، قىرو ئۇششۇكى مەزگىلى ئۇزۇن بولىدۇ. (2) دائىم ئىنۋېرسىيە قاتلىمى شەكىللىنىدۇ، قىش پەسلى بۇ خىل ئەھۋال روشەن بولىدۇ. ئىلى ۋادىسىنىڭ ئىللىق بەلۋېغى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 660~1500 مېتىر ئارىلىقىدىكى جايلاردا بولىدۇ. (3) ئىللىق پەسلىدە ۋادىلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمىدا ئەڭ چوڭ ھۆل ـ يېغىن بەلۋېغى شەكىللىنىدۇ. ئىلىدىكى كۈنەس دەرياسى، قاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنىنىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 1000 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. (4) تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق، سوتكىلىق پەرقى تۆزلەڭلىكلەرنىڭكىدىن چوڭ، ئويمانلىقلارنىڭكىدىن كىچىك بولىدۇ. (5) تاغ شامىلى ۋە ۋادى شامىلى روشەن. كۈندۈزى كۈن چىققاندىن كېيىن ۋادى شامىلى ۋادىنى بويلاپ چىقىشقا باشلايدۇ، نەتىجىدە ۋادى ئۈستىدە دائىم بۇلۇت شەكىللىنىدۇ؛ كېچىدە تاغ شامىلى تۆۋەنگە سىلجىيدۇ، نەتىجىدە بەزىدە ئىسسىق قۇرغاق شامال پەيدا بولىدۇ. (6) قىش پەسلى ۋادىلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمىدا يېغىندى قار مىقدارى كۆپ بولۇپ، دائىم قار كۆچكۈنى ۋە قار شۇۋۇرغان شەكىللىنىدۇ؛ ياز پەسلى قارا يامغۇر يېغىپ، دائىم لايلىق تاش ئېقىنى، يانتۇلۇقتىن سىيرىلىپ چۈشۈش قاتارلىق ئاپەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**كۆل كىلىماتى** شىنجاڭدا كۆللەر كۆپ بولۇپ، يەنە 500 دىن ئارتۇق سۇ ئامبىرى بار. ئۇلارنىڭ كىلىمات ئالاھىدىلىكى: (1) تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق، سوتكىلىق ئۆزگىرىشى كىچىك؛ يىللىق، سوتكىلىق ئامپلىتۇدىسىنىڭ ئۆزگىرىشى كىچىك. (2) روشەن دېڭىز ـ قۇرۇقلۇق شامىلى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. كۈندۈزى كۆل يۈزىدە سوققان قۇرۇقلۇق شامىلى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلەتكەچكە نەملىك يۇقىرى بولۇپ، سالقىن تۇيغۇ بېرىدۇ؛ كېچىسى قۇرۇقلۇق تېز سوۋۇغاچقا، سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كۆل رايونىغا قاراپ ئېقىپ، ھاۋا بىر قەدەر ئىللىق، قۇرغاق بولىدۇ. كىلىماتىدا كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئۆزگىرىشمۇ، سوغۇق، ئىسسىق پەسىللىك ئۆزگىرىشمۇ بولىدۇ. دائىرىلىك ئايلانما ئېقىملىق دېڭىز ـ قۇرۇقلۇق شامىلى چىقىدىغان بولۇپ، شامال يۆنىلىشى چاستوتىسى (قېتىم سانى) دا يەر شەكلىگە قاراپ بىر قەدەر چوڭ چاستوتا شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن، بۇغدا كۆلىنىڭ جىلغا شامىلى NW، تاغ شامىلى SE بولۇپ، يىللىق چاستوتىسى ھەرقايسىسىنىڭ 25%تىن يۇقىرى بولىدۇ. (3) كۆل كىلىماتىنىڭ نەملىكى يۇقىرى، مۇتلەق نەملىك، نىسپىي نەملىك، سېلىشتۇرما نەملىك

قاتارلىقلارمۇ مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى بولىدۇ. ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇن دائىم تۇمان پەيدا بولىدۇ، بوغدا كۆلىدە تۇمان بولىدىغان كۈن كۆپ بولغاندا 66 كۈنگە يېتىدۇ. بۇلۇت مىقدارى بىر قەدەر كۆپ. بوغدا كۆلىنىڭ يىللىق ئومۇمىي بۇلۇت مىقدارى > 8.0 ئۈلۈش، بۇلۇتلۇق ۋاقتى 96.6 كۈن، تۆۋەن بۇلۇتلۇق تۇمان 1.7 ئۈلۈش بولىدۇ. (4) كۆللەردە سۇ پارى يېتەرلىك. كۆلنى چۆرىگەن كۆل يۈزىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى دائىم قۇرۇقلۇق قىرغاق رايونلىرىنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

**چۆل كىلىماتى** قۇملۇق كىلىماتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئالاھىدىلىكى: (1) تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق، سۇتكىلىق پەرقى چوڭ. كېچىك (يۇلغۇن دەرياسى) تە تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق پەرقى 34.6°C، نومدا 40.5°C، قارامايدا 44.1°C بولىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە سۇتكىلىق پەرقى كېچىكتە 16.0°C ئەتراپىغا يېتىدۇ، نومدا 12.0°C~16.0°C، قارامايدا 7. C~12°C لا بولىدۇ. كېچىكتە مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 39.0°C، مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا -31.0°C بولىدۇ؛ نومدا مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 43.5°C، مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا -30.9°C؛ قارامايدا مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا -35.9°C بولىدۇ. (2) قۇم بوران، قۇم ئۇچۇش، چاڭ - توزانلىق كۈن ناھايىتى ئاز. قۇم بوران قارامايدا، كېچىكلەردە ئومۇمەن 18 كۈن، نومدا 30 كۈنگە يېتىدۇ. قۇملۇق رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ روشەن ھالدا ئاز، بولۇپمۇ قۇم ئۇچۇش، چاڭ - توزانلىق كۈن ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. (3) كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى قۇملۇق رايونلارنىڭكىدىن كۆپ. كېچىك، نوم قاتارلىق جايلاردا 3300 سائەتتىن يۇقىرى بولىدۇ؛ قارامايدا ئازراق بولۇپ، 2800 سائەت ئەتچەدىلا بولىدۇ. (4) ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ، قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈشى، قۇياش ئومۇمىي رادىئاتسىيىسى قۇملۇق رايونلارنىڭكىدىن كۆپ. (5) يەر يۈزىگە يېقىن شامال سۈرئىتى قۇملۇق رايونلارنىڭكىدىن زور. (6) ئېزىتقۇ ھادىسىسى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

**قار - مۇزلۇق كىلىماتى** شىمالىي شىنجاڭدا 11 - ئايدا قىش كىرگەندىن كېيىن، يېغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 15 ~ 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. قارنىڭ قېلىنلىقى 30 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتكەن كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن سانى كۆكتوقايدا 95.0 كۈنگە يەتكەن (ئەڭ كۆپ بولغاندا 125 كۈن) بولۇپ، جۇڭگو مېتېئورولوگىيە پونكىتى بۇ جايىنى يېغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 30 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كېتىدىغان كۈن سانى ئەڭ كۆپ يەر، دەپ بېكىتكەن. شىنجاڭمۇ جۇڭگودىكى ئەڭ قېلىن يېغىندى قار چۆكتۈرۈلۈشى كۆرۈلىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئالتاي ئېغىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1900 مېتىر كېلىدىغان سىنتاشتا 149 سانتىمېتىرغا يەتكەن (1960 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى). تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىر كېلىدىغان يەرلىرىدە ئەڭ قېلىن قار چۆكتۈرۈلۈشى 100 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ؛ كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى ۋە ئېگىز تاغ داۋىنىدا 100 ~ 120 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. ئېگىز تاغ بەلۋېغىدا مەڭگۈلۈك يېغىندى قار ۋە مۇزلۇقلار بار، يېغىندى قار ۋە مۇزلۇقلارنىڭ قايتۇرۇش نىسبىتى ئادەتتە %30تىن %70 كىچە بولۇپ، يېڭى قارنىڭ %90تىن ئاشىدۇ. قار ۋە مۇزلار تېمپېراتۇرىنى ساقلاش رولىغا ئىگە. چۈشتە قار يۈزىنىڭ قايتۇرۇش نىسبىتى تۆۋەنلەيدۇ، قار - مۇز قەۋىتىنىڭ ئاستىدىكى تېمپېراتۇرا يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولىدۇ. مۇزلۇقلاردا مۇزلۇق شاماللىرى بولۇپ، تاغ جىلغىسى شامىلىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، نەملىكى يۇقىرى بولىدۇ.

**ئوتلاق كىلىماتى** شىنجاڭنىڭ ئوتلاقلىرى كەڭ، يەر كۆلىمى چوڭ. كىلىمات ئالاھىدىلىكى: (1) ھۆل - يېغىن مىقدارى 280~500 مىللىمېتىر بولۇپ، كۆپىنچە ئىللىق پەسىلگە مەركەزلەشكەن. (2) يەر ئۈستى پائالىيەت يۈزى ئوت - چۆپ بىلەن قاپلانغان، ھەرقايسى ئايلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق، سۇتكىلىق تېمپېراتۇرا پەرقى كىچىكرەك بولۇپ، 12°C~15°C؛ يىللىق تېمپېراتۇرا پەرقى تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭكىدىن كىچىك بولۇپ، ئومۇمەن 30°C~35°C بولىدۇ. بايىنبۇلاقنىڭ ياز پەسلىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 16°C~17°C، قىش پەسلى (12 - ئايدىن 2 - ئايغىچە) دىكى ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -26°C~-32°C بولىدۇ. (3) نىسپىي نەملىكى %60 تىن %70 كىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ. (4) قۇم بورانلىق كۈن سانى ئىنتايىن ئاز، لېكىن مۆلدۈر، تۇمان، گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرلۇق ھاۋا رايى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. (5) ياز پەسلى، ھەتتا قىش پەسلىمۇ قار - يامغۇرى كۆپ؛ لېكىن ھاۋا

ئوچۇق كۈنلىرى كۆپ بولغاچقا، ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 4500～5000 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر. (6) جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئوتلاقلار، ھەتتا چۆل ئوتلاقلىرى قىش پەسلى قار بىلەن قاپلىنىدۇ.

**ئورمان كىلىماتى** شىنجاڭدىكى ئورمانلىقلار ئاساسەن ھەرقايسى تاغلارنىڭ ئوتتۇراھال تاغ بەلۋاغلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى كەڭلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەپ بارىدۇ. ئورمان كىلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى: (1) سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە سوغۇق بەلۋاغلارغا كۆپرەك تارقالغان. ئورمان ئەڭ چوڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى 300～500 مىللىمېتىر بولۇپ، كۆپىنچە ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن؛ قىش پەسلى قارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، چەكسىز ئورمان، قارلىق دالانى شەكىللەندۈرىدۇ. يېغىندى قارلار ئىسسىقلىق ساقلاش رولىغا ئىگە. (2) نىسپىي نەملىكى ومۇمەن %70تىن ئاشىدۇ. (3) ئورمان بەلۋاغلىرىدا قاتلام ئېگىزلىكى ئوخشاش بولمىغان متېرئولۇق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. (4) تېمپېراتۇرىنىڭ سوتكىلىق، يىللىق پەرقى كىچىك. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدىكى شياۋچۈيزىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئايلىق، يىللىق ئوتتۇرىچە سوتكىلىق پەرقى 10 C ئەتراپىدا بولىدۇ، 8- ئايدا ئەڭ چوڭ بولۇپ، 11.3°C كېلىدۇ، يىللىق پەرقى 25.6°C. (5) ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى تۆۋەن، پۈتۈن يىلنىڭ ھەرقايسى ئايلىرىدا ئىككى مېتىر /سېكۇنت ئەتراپىدا بولىدۇ. (6) تاغلىق ئىنۋېرسىيە بەلۋېغى بولۇپ، قىشتا سوغۇق بولمايدۇ، يازدا ئىسسىپ كەتمەيدۇ.

**قۇياش رادىئاتسىيىسى** بۇ ئومۇمىي رادىئاتسىيە، بىۋاستە رادىئاتسىيە، چېچىلما رادىئاتسىيە، قايتۇرۇش نىسبىتى، ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە، فوتوسىنتېزلىق ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە، ئۇلترا بىنەپشە نۇر رادىئاتسىيىسى، ئىنفرا قىزىل نۇر رادىئاتسىيىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. شىنجاڭدا قۇياش ئومۇمىي رادىئاتسىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا شىمالىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ، شەرقتە غەربتىكىدىن كۆپ، ئويمانلىقلاردا تاغلىقلاردىكىدىن كۆپ. شىمالىي شىنجاڭدا يىلىغا 5200～5600 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا يىلىغا 6000～6200 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر؛ ئەڭ چوڭ قىممىتى قۇمۇلنىڭ نومدا بولۇپ، يىلىغا 6200 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىرغا يەتكەن؛ ئەڭ كىچىك قىممىتى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، يىلىغا 5200 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر. قۇياش بىۋاستە رادىئاتسىيىسىنىڭ تارقىلىشى قۇياش ئومۇمىي رادىئاتسىيىسىنىڭ ئەكسىچە. شىمالىي شىنجاڭدا يىلىغا 3400～3800 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭدا يىلىغا 3000～3400 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر؛ ئەڭ چوڭ قىممىتى قۇمۇل ئويمانلىقىدا بولۇپ، يىلىغا 400 مېگا جوئۇل / كۋادرات مېتىر؛ ئەڭ كىچىك قىممىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدە بولۇپ، يىلىغا 2600～2900 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر. چېچىلما رادىئاتسىيە شىمالىي شىنجاڭدا يىلىغا 1800～2200 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭدا يىلىغا 2300～2500 مېگاجوئۇل/كۋادرات مېتىر؛ ئەڭ كىچىك قىممىتى چۆچەك ئويمانلىقىدا ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدە بولۇپ، يىلىغا 1800～1900 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر؛ ئەڭ چوڭ قىممىتى تارىم ئويمانلىقىدا بولۇپ، يىلىغا 2800～300 مېگا جوئۇل / كۋادرات مېتىر. يىللىق قايتۇرۇش نىسبىتى مەڭگۈلۈك قار سىزىقى ئۈستىدە %70كە يېتىدۇ، ئوتتۇرا، تۆۋەن تاغلاردا %35 تىن %40 كىچە، ئېگىزلىكلەردە %30تىن %40كىچە، جۇڭغار ئويمانلىقىدا %30تىن %35كىچە، تارىم ئويمانلىقىدا %35تىن يۇقىرى. ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە شىمالىي شىنجاڭدا يىلىغا 1700～1800 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭدا يىلىغا 2000 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر، شەرقىي شىنجاڭدا يىلىغا 2100～2200 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر. فوتوسىنتېزلىق ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە ئوتتۇرا دولقۇنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 380～710 مېتىر بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېز رولى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش، يېتىلىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. ھېسابلىنىشىچە، ئۇ شىمالىي شىنجاڭدا يىلىغا 2400～2600 مېگا جوئۇل / كۋادرات مېتىرغا، جەنۇبىي شىنجاڭدا يىلىغا 2800～3000 مېگا جوئۇل / كۋادرات مېتىرغا يەتكەن.

**قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى** شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە قۇياش نۇرى ئەڭ تولۇق چۈشىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى شىمالىي شىنجاڭدا 2500～2700 سائەت بولسا، جەنۇبىي شىنجاڭدا 2700～3000 سائەتكە يېتىدۇ، قۇمۇلنىڭ مەركىزى قىسمى بولغان ئوتتۇرا تارىمدا

2700~2900 سائەت بولىدۇ؛ شىنشىڭشيادا 3550 سائەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ بويىچە قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى جەھەتتىكى ئەڭ چوڭ قىممەت. شىنشىڭشيا قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشىدە مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى پۈتۈن يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60% تىن يۇقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ زور كۆپچىلىك رايونلىرىدا 74% ئەتراپىدا بولىدۇ، شەرقىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چاقىلىقتا 83% كە يېتىدۇ. ئەڭ كىچىك قىممىتى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى بىلەن قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە بولۇپ، 40%تىن 50%كىچىك بولىدۇ.

**شىنجاڭدىكى ئاساسىي رايونلاردا قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ھەمدە قۇياش نۇرىنىڭ چەكلىك مۇددەتتە چۈشۈش ۋاقتى (سائەت)**

| يەر نامى | يىللىق ئومۇمىي مىقدارى | سوتكىلىق ئوتتۇرىچە قىممەت | 1 - ئاي | 7 - ئاي | 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە | | ≥0℃ مەزگىل | | ≥10℃ مەزگىل | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | ئومۇمىي مىقدارى | سوتكىلىق ئوتتۇرىچە قىممەت | ئومۇمىي مىقدارى | سوتكىلىق ئوتتۇرىچە قىممەت | ئومۇمىي مىقدارى | سوتكىلىق ئوتتۇرىچە قىممەت |
| ئالتاي | 2963.4 | 8.1 | 167.4 | 336.2 | 1959.8 | 10.1 | 2055 | 9.9 | 1529 | 10.6 |
| ئىلى | 2802.4 | 7.7 | 156.6 | 322.3 | 1740.2 | 9.5 | 2180 | 8.7 | 1660 | 9.5 |
| ئۈرۈمچى | 2733.6 | 7.5 | 153.3 | 311.5 | 1724.0 | 9.4 | 2065 | 9.0 | 1540 | 9.6 |
| تۇرپان | 3049.5 | 8.4 | 180.5 | 318.1 | 1789.5 | 9.8 | 2473 | 9.2 | 2025 | 9.5 |
| قۇمۇل | 3360.3 | 9.2 | 212.5 | 335.9 | 1910.6 | 10.6 | 2548 | 10.2 | 1953 | 10.8 |
| كورلا | 2990.0 | 8.2 | 186.5 | 300.4 | 1716.4 | 9.4 | 2373 | 8.9 | 1834 | 9.4 |
| ئاقسۇ | 2873.3 | 7.9 | 188.9 | 303.9 | 1625.8 | 8.9 | 2265 | 8.5 | 1746 | 9.0 |
| قەشقەر | 2784.0 | 7.6 | 181.2 | 308.5 | 1654.7 | 9.0 | 2363 | 8.4 | 1852 | 9.0 |
| خوتەن | 2610.6 | 7.2 | 174.3 | 248.7 | 1045.7 | 7.7 | 2146 | 7.6 | 1651 | 7.9 |

**بۇلۇت مىقدارى** بۇلۇت مىقدارىنى 1 ~ 10 دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، 20%~0 بولسا ھاۋا ئوچۇق، 100%~80 بولسا ھاۋا تۇتۇق، باشقىلىرى بۇلۇتلۇق كۈن بولىدۇ. بۇلۇت يەنە ئومۇمىي بۇلۇت مىقدارى تەركىبىدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئۈچ خىل بۇلۇتنىڭ ئارىلاشما مىقدارى، تۆۋەن بۇلۇت مىقدارىدىن ئىبارەت ئىككى خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي بۇلۇت مىقدارىنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى: شىنجاڭ قۇرغاق رايون، يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي بۇلۇت مىقدارىنى كەم دېگىلى بولمايدۇ. كۆكتوقايدىن چەرچەنگىچە بولغان تۈز سىزىق لىنىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئومۇمىي بۇلۇت مىقدارى 50% تىن چوڭ، لىنىيىنىڭ شەرقىي قىسمى 50% تىن سەل ئازراق. ئەتىياز پەسلى پۈتۈن يىلدا بۇلۇت مىقدارى ئەڭ كۆپ بولىدىغان مەزگىل بولۇپ، 70%~60 كە يېتىدۇ. ياز پەسلى تاغلىق رايونلاردا 70% كە يېتىدۇ، تۈزلەڭلىكلەردە 60% بولىدۇ؛ كۈز پەسلى ئەڭ ئاز بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدا 40%، جەنۇبىي شىنجاڭدا 30% بولىدۇ؛ قىش پەسلى كۈز پەسلىدىكىدىن كۆپ بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدا 60%~50، جەنۇبىي شىنجاڭدا 50%~40 بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تۆۋەن بۇلۇت مىقدارى شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى تاغلىقلار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلاردا 20%~10 كىچىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا رايونلاردا 10% كىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ ھال شىنجاڭدا ھاۋا بوشلۇقىدىكى سۇ ھورلىرىنى غەرب شامىلى بەلۋېغىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي مۇز ئوكيان سۇ ھورلىرىنىڭ يەتكۈزۈلۈشى بىلەن كېلىدىغانلىقىنى

ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**شامال** ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمىدىن ياكى ھاۋا ماسسىسىنىڭ ھەرىكىتىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنى يۇقىرى بوشلۇق شامىلى، يەر يۈزى شامىلى، شامال يۆنىلىشى، شامال سۈرئىتى قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. قىش پەسلى شىنجاڭ موڭغۇلىيە يۇقىرى ھاۋا بېسىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي ۋە غەربىي جەنۇب قىسمىدا غەربىي شىمال شامىلى ۋە غەرب شامىلى كۆپ چىققاندىن باشقا، قالغان رايونلاردا شەرقىي شىمال شامىلى ۋە قىيپاش شەرق شامىلى كۆپ چىقىدۇ. ياز پەسلى شىنجاڭ ئىسسىق تۆۋەن بېسىمىنىڭ شىمالىي چېتىدە بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا غەربىي شىمال شامىلى بىلەن غەرب شامىلى كۆپ چىقىدۇ. شىمالىي شىنجاڭ ھاۋا ئېقىمى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي ئۇچىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سائەت ئىسترېلكىسى يۆنىلىشى بويىچە بۇرۇلۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگەنلىكتىن، كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىدە شەرقىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. نىيە ناھىيىسىنى پاسىل قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ شەرقىي قىسىملىرىدا شەرقىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، غەرب تەرىپىدە قىيپاش غەرب شامىلى كۆپ چىقىدۇ. ئەتىياز پەسلى چىقىدىغان شامالنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ياز پەسلى چىقىدىغان شامالنىڭ يۆنىلىشى ئاساسەن ئوخشاش، كۈز پەسلى چىقىدىغان شامالنىڭ يۆنىلىشى بىلەن قىش پەسلى چىقىدىغان شامالنىڭ يۆنىلىشى ئاساسەن ئوخشاش. يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى جۇڭغار رايونىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن ئېرتىش دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدا 4 مېتىر / سېكۇنتتىن يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، قارا تۇمشۇق قاتارلىق جايلاردا 4 ~ 5 مېتىر/سېكۇنت، ئالاتاۋ ئېغىزىدا بولسا 6 مېتىر/ سېكۇنتقا يېتىدۇ؛ شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى، شەرقىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە 4 مېتىر/ سېكۇنت، سەنتاڭخۇ، نوم چۆللۈك رايونىدا 5 ~ 6 مېتىر/سېكۇنت، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكى بويلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا 3 مېتىر/ سېكۇنتتىن تۆۋەن بولىدۇ؛ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا 2 ـ 2.5 مېتىر/ سېكۇنت ، ئۈرۈمچى ـ داۋانچىڭ ـ تۇرپان ۋىلايىتىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 ~ 6 مېتىر/ سېكۇنتقا يېتىدۇ. شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا شامال سۈرئىتى بىرقەدەر زور. قۇمۇلنىڭ غەربىي قىسمىدىكى لياۋدۈندىن 13 ئېغىز ئۆيگىچە بولغان ئارىلىقتا يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 5.5 ~ 4.5 مېتىر/ سېكۇنت، كېرىيە ۋە لوپنور كۆلىدە 5 مېتىر/سېكۇنت ئەتراپىدا بولىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ غەربىدىكى تارىم ئويمانلىقىدا شامال سۈرئىتى كۆپىنچە 2 مېتىر/سېكۇنتتىن تۆۋەن بولىدۇ. شامال سۈرئىتىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى ئومۇمەن ئەتىياز پەسلى ئەڭ زور، ياز پەسلى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، قىش پەسلى ئەڭ كىچىك بولىدۇ. شامال سۈرئىتىنىڭ سوتكىلىق ئۆزگىرىشى مۇنداق ئۈچ خىل تىپقا بۆلۈنىدۇ: (1) كۈندۈزدىكى شامال سۈرئىتى كېچىدىكى شامال سۈرئىتىدىن تېز بولىدۇ. (2) چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ كەچكىچە شامال سۈرئىتى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. ئەڭ ئاستا بولىدىغان مەزگىل ئەتىگەن سائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە بولغان ۋاقىتتۇر. (3) كېچىدە (تۈن يېرىمىدىن كېيىن) شامال سۈرئىتى تېز، چۈشتىن بۇرۇن شامال سۈرئىتى ئاستا بولىدۇ ياكى كېچە ـ كۈندۈز بىر قەدەر مۇقىم بولىدۇ.

**تۇرپان 30 چاقىرىملىق شامال رايونى** لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ تۇداۋخې ئىستانسىسىدىن خۇگۇ جىلغىسىغىچە بولغان 30 كىلومېتىرلىق كۆپ شامالliq بۆلىكى: بۇ جايدا غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە بورانلىق كۈن سانى 130 ~ 140 كۈنگە يېتىدۇ. ئۈرۈمچى، داۋانچىڭ ۋە ئۈچ بۇلاقتىن تۇداۋخې، تۇرپانغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر شامال سىستېمىسى بولۇپ، ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى توققۇز ~ ئون بال، ئەڭ زور بولغاندا 12 بالدىن ئېشىپ كېتىدۇ. قىسقا ۋاقىتلىق ئەڭ زور شامال سۈرئىتى 40 مېتىر/سېكۇنت بولۇپ، ئىككى ~ ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدۇ؛ بوراننىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن، ئادەتتە ئىككى ~ ئۈچ كۈن، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا سەككىز ~ ئون كۈن داۋاملىشىدۇ. ئەتىياز ۋە ياز پەسلى بوران ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. سوتكىلىق ئۆزگىرىشى روشەن، سائەت نۆلدىن سەككىزگىچە شامال ئەڭ كۆپ چىقىدىغان بولۇپ، پۈتۈن كۈنلۈك شامال چىقىش ۋاقتىنىڭ 80%نى ئىگىلەيدۇ. سەۋەبى: (1) ھاۋا بېسىم مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەس؛ (2) بوغۇز ئېففېكتىنىڭ تەسىرى؛ (3) سوغۇق ھاۋانىڭ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە تۆۋەنگە سىلجىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**100 چاقىرىملىق شامال رايونى** لەنجۇ ـ

شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ لياۋدۇن ئىستانسىسىدىن دابۇ، قىزىل بايراق كارىزى ئىستانسىسىغىچە بولغان 100 نەچچە كىلومېتىرلىق رايوندىكى بوران كۆپ چىقىدىغان بۆلىكى. 13 ئېغىز ئۆيدە يىللىق ئوتتۇرىچە بورانلىق كۈن سانى 140 كۈندىن ئاشىدۇ؛ 4 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر ئايدا ئون كۈندىن ئارتۇق بوران چىقىدۇ، ئەڭ زور بوران سۈرئىتى 12 بالدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ رايوندا 1960 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە سەككىز بالدىن ئارتۇق بوران ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 40 كۈندىن ئارتۇق چىققان بولۇپ، كۆپىنچە 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىتتا مەركەزلەشكەن. ئادەتتە چۈشتىن كېيىن بوران چىقىپ، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەن سائەت ئىككىدىن بەشكىچە بولغان ئارىلىقتا توختاپ، 12 سائەتتىن 15 سائەتكىچە داۋاملىشىپ، ئومۇمىي بوران قېتىم سانىنىڭ 81%نى ئىگىلىگەن؛ بوراننىڭ 40 سائەتتىن ئارتۇق داۋاملىشىشى 6%نى ئىگىلىگەن. بوراننىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى: (1) شامال رايونى شەرقىي تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي چېتىدە بولۇپ، يەتتە قۇدۇق شامال ئېغىزى بوغۇز ئۆتۈشمە يولى سۈپىتىدە بوراننى كەلتۈرۈپ چىقارغان. (2) غەرب، غەربىي شىمال ۋە شىمالىي يولدىن ئۆتكەن سوغۇق ھاۋا شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي تەرىپىگە يۆتكەلگەندە ياكى سوغۇق فرونت جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلگەندە بوران پەيدا بولىدۇ.

**سەيۋوپۇ ـ داۋانچىڭ شامال رايونى** 30 چاقىرىملىق شامال رايونىنىڭ شىمالغا سوزۇلغان قىسمى. داۋانچىڭدا غەرب، غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدىغان بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 6.1 مېتىر/ سېكۇنتتىن ئاشىدۇ. 4 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا 7 ~ 8 مېتىر/ سېكۇنت، ئەڭ ئاستا بولغاندا 10 ـ ئايدا 5 مېتىر/ سېكۇنتتىن ئاشىدۇ. ئەڭ تېز شامال سۈرئىتى 1958 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 34 مېتىر/ سېكۇنتقا يەتكەن. بورانلىق كۈن سانى 150 كۈندىن 170 كۈنگىچە بولۇپ، پۈتۈن يىلنىڭ 45%نى ئىگىلىگەن؛ ئەڭ كۆپ چىققان يىلى 1979 ـ يىلى بولۇپ، 202 كۈنگە يەتكەن. بۇ رايوندا شامال ئېنېرگىيە بايلىقى مول بولۇپ، ھازىر شامال ئېنېرگىيىسىدىن توك ھاسىل قىلىش تەرەققىيات رايونىغا ئايلاندى.

**ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇب بوران رايونى** ئۈرۈمچى بورىنى ئۈرۈمچى ۋادىسى شامال يولىدىن شەكىللەنگەن دائىرىلىك شامال. ۋادى غەربىي شىمال ـ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە بولۇپ، داۋانچىڭ ئارقىلىق 30 چاقىرىملىق شامال رايونىغا ئۆتىدۇ. سەيۋوپۇدىن باشلىنىپ ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى ۋە «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتىدە ئاخىرلىشىدۇ. ئالاھىدىلىكى: (1) شامالنىڭ چىقىشى بىرقەدەر تېز، شامال كۈچى ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك بولۇپ، بەزىدە قاتتىق، بەزىدە ئاستا بولىدۇ. (2) سوتكىلىق ئۆزگىرىشى يېرىم كېچىدىن تاڭ سەھەرگىچە ئەڭ زور بولىدۇ، چۈشتىن كېيىن بىرقەدەر ئاجىزلايدۇ. ئەتىياز، يازدا بىرقەدەر كۈچلۈك، ئەتىياز، كۈز پەسىللىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن يىلدا چىقىدىغان شامالنىڭ 68.8%نى ئىگىلەيدۇ. (3) تېمپېراتۇرا ناھايىتى تېز ئۆرلەپ، ھاۋا بېسىمى ۋە نەملىك ئۇشتۇمتۇت تۆۋەنلەپ، ئىسسىق قۇرغاق شامالنى شەكىللەندۈرىدۇ. (4) شەرقىي جەنۇب شامىلى چىققاندا ھاۋا ئوچۇق، بۇلۇتسىز بولىدۇ ياكى بۇلۇت ئاز بولىدۇ؛ قىش پەسلى شەھەر رايونىدا بەزىدە تۇمان پەيدا بولىدۇ. كېلىپ چىقىش شارائىتى: (1) تورپان ئويمانلىقىنىڭ ھاۋا بېسىمى ئۈرۈمچى ۋادىسىنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا، ھاۋا بېسىمى بەيياڭخې ۋادىسى ئارقىلىق داۋانچىڭ ۋە ئۈرۈمچىگە ئېقىپ كىرىدۇ. (2) يۇقىرى بوشلۇقتا كىنېتىك ئېنېرگىيىنىڭ تۆۋەنگە يۆتكىلىش رولى كۆرۈلىدۇ(يۇقىرى بوشلۇقتا شەرقىي جەنۇب شامىلى يەر يۈزىدىكىدىن بۇرۇن پەيدا بولىدۇ) . (3) ھاۋا رايى تىپلىرى ئايلانما ئېقىم تىپى، فرونت ئالدى بېسىم ئازىيىش تىپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئايلانما ئېقىم تىپى بىلەن بېسىم ئازىيىش تىپى بىرلا ۋاقىتتا يۈز بېرىپ، جەنۇب سوغۇق، شىمال ئىللىق بولۇشتەك ھالەتنى پەيدا قىلىدۇ. شەرقىي جەنۇب بورىنى ئىللىق پەسىلدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، سوغۇق پەسىلدە دائىم يەر يۈزىدىكى يىغىندى قارلارنى ئېرىتىدۇ.

**لاۋفېڭكۇ (شامال ئېغىزى) شامال رايونى** تولى ناھىيىسىدىكى قىرتاۋ تېغى بىلەن دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى ئۇرۇقشاي تېغىنىڭ تۇتاشقان يېرىدىكى جايىر تېغى بىلەن ئۇرۇقشاي تېغىدىن تەركىب تاپقان تار جىلغىغا جايلاشقان. جىلغا ئېغىزىنىڭ غەرب تەرىپى لاۋفېڭكۇدۇر. بۇ رايوننىڭ ئالاھىدىلى-

كى: (1) بىر يىلنىڭ ئەتىياز پەسلىدە شامال ئەڭ كۆپ (1962 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان 21 يىللىق ستاتىستىكا) بولۇپ، 36.4% نى ئىگىلەيدۇ. 4 - ئايدا 16.9% نى ئىگىلەيدۇ. 10 - ئايدا ئىككىنچى ئورۇندا بولۇپ، 12.8% نى ئىگىلەيدۇ؛ ياز پەسلىدە، بولۇپمۇ 7 - ئايدا ئەڭ ئاز بولۇپ، 0 گە چۈشىدۇ. (2) شامالنىڭ سوتكىلىق ئۆزگىرىشىنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى سائەت 14 دىن 20 گىچە (بېيجىڭ ۋاقتى) ئەڭ زور بولىدۇ؛ ئادەتتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە كۈچىيىشكە باشلاپ، كېچىدە ئاستىلايدۇ. (3) داۋاملىشىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئالتە كۈندىن ئاشىدۇ. بىر ئاي ئىچىدە ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت قېتىم يۈز بېرىدۇ ۋە توققۇز كۈنگە يېتىدۇ. (4) قىش پەسلى قىيپاش شەرق بورىنى دائىم قار - شىۋىرغان بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەچكە، دالىنىڭ كۆرۈنۈش دەرىجىسى ئىنتايىن ناچار بولىدۇ؛ قار - شىۋىرغان ئېغىر بولغاندا دالىنىڭ كۆرۈنۈش دەرىجىسى بىر مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ ھەمدە ئېغىر ھالدا ئۈششۈك ئاپىتى شەكىللىنىدۇ. (5) شەرق شامىلى چىققاندا نەملىك تۆۋەنلەپ، تېمپېراتۇرا ئۆرلەيدۇ. چۈچەكتە نىسپىي نەملىك 20% ئەتراپىدا بولىدۇ، قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرا روشەن ئۆرلەيدۇ. (6) دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى (لاۋفېڭكۇدىن باشلىنىپ) دا ئۇنىڭ دائىرىسى 10 ~ 15 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## ئالاتاۋ ئېغىزى شامال رايونى

قازاقىستاندىكى ئالا كۆلدىن جۇڭگونىڭ ئېبىنور كۆلىگىچە بولغان رايون. ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق، كەڭلىكى 10 ~ 15 كىلومېتىر، تار تاغ يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 80 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئالاتاۋ ئېغىزى جىلغىسىنىڭ شامالغا يۈزلەنگەن چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 6 مېتىر/ سېكۇنت، قىش پەسلى 4 مېتىر/ سېكۇنت بولىدۇ. 5 - ئايدا ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، 8.1 مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ، ياز پەسلى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ، باشقا ئايلاردا ئومۇمەن 5 ~ 8 مېتىر/ سېكۇنت بولىدۇ. شامال سوقۇۋاتقان تەرەپتە قىيپاش شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، قىش پەسلى قىيپاش جەنۇب شامىلى ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. بۇ شامال ئېغىزىدا 1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شامال سۈرئىتى 46 مېتىر/ سېكۇنت، ئەڭ زور شامال سۈرئىتى 55 مېتىر/ سېكۇنت (1997 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) قا يەتكەن؛ ھەر يىلى سۈرئىتى 30 ~ 40 مېتىر/ سېكۇنتلۇق بوران چىقىدۇ. بۇ رايوندا بوران چىقىدىغان كۈن سانى 164 كۈنگە، ئەڭ كۆپ بولغاندا 188 كۈن (1978 - يىلى) گە يېتىدۇ. يەنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم بوران چىقىدۇ. ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى: (1) تاغ ئېغىزى تار يولغا جايلاشقان؛ (2) يانتۇ يانباغىردا ھاۋا ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرىدە تۆۋەنگە سىلجىپ، ئېنېرگىيىسى كۈچەيگەن؛ (3) غەرب، غەربىي شىمال، شىمالدىن سوغۇق ھاۋا بېسىپ كىرىدۇ؛ (4) ئايلانما ئېقىمنىڭ تەسىرىدە سوغۇق ھاۋا شەكىللىنىدۇ ياكى يۇقىرى بېسىم مەركىزىنىڭ شىمالىي شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن كۆپىنچە قىيپاش جەنۇب شامىلى كۆپ چىقىدۇ.

**قاراماي شامال رايونى** بوران كۆپىنچە سوغۇق ھاۋانىڭ بېسىپ كىرىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. بۇ جاينىڭ ھاۋا ئېقىمىنى ئىككى ھاۋا ئېقىمىغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى، تارباغاتاي رايونىدىن چاغانتوقايغا بۆسۈپ كىرىپ لاۋفېڭكۇنىڭ شەرقىگە ئېقىپ كىرىش ئارقىلىق، تولىنىڭ تۆمۈر تام جىلغىسىدىن بۆسۈپ كىرگەن سوغۇق ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىدۇ؛ يەنە بىر تارماق سوغۇق ھاۋا چاغانتوقايدىكى بارلىق تېغى جىلغىسىدىن شەرققە كىرىدۇ. بۇ ئىككى تارماق ھاۋا ئېقىمى يۇقىرىدا ئېيتىلغان رايونلارنىڭ تاغلىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىلجىپ بوران ھاسىل قىلىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىقلاردا ناھايىتى نۇرغۇن دەريا، قۇرۇق جىلغىلار بولۇپ، ئۇلار سوغۇق ھاۋانىڭ ئېقىشىنى تېزلىتىدىغان يول شەكىللەندۈرۈپ، بوغۇز رولى ۋە ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تۆۋەنگە سىلجىتىش رولىنى پەيدا قىلىپ شامال كۈچىنى ئۇلغايتىدۇ. قاراماي بورىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى: شامال سۈرئىتى ئەتىياز پەسلىدىكى 4-، 5 - ئايلاردا ئەڭ كۈچلۈك، ياز پەسلى پەسىيىدۇ. قىش پەسلى ئەڭ ئاجىز بولىدۇ؛ بوراننىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىلەن يىللىق تارقىلىشى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، كۈز پەسلى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سوتكىلىق ئۆزگىرىشى ئومۇمەن ئەتىگەندە ۋە چۈشتىن كېيىن ئەڭ چوڭ بولىدۇ، چۈشتە كىچىكرەك بولىدۇ. ئەڭ كۈچلۈك شامال سۈرئىتى 40 مېتىر/ سېكۇنت (1963 - يىلى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋە 1966 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) تىن ئېشىپ

كېتىدۇ. ئەڭ زور (قىسقا ۋاقىتلىق) شامال سۈرئىتى 46 ~ 49 مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. ھەرقايسى 1979 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋە 1989 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كۆرۈلگەن.

**جەنۇبىي شىنجاڭ قارا بورىنى** قارا بوران ئەمەلىيەتتە قۇم بوراندىن ئىبارەت. ئۇ چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي چېتىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە سىلجىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شامال سۈرئىتى 28 ~ 30 مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشقان قارا بوراننىڭ سۈرئىتى 18 مېتىر/سېكۇنتقا يېتىدۇ. قارا بوران ئادەتتە قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن باشلىنىپ، چەرچەن، چاقىلىقتا توختايدۇ، ھەتتا شەرققە سوزۇلۇپ لوپنور، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغىچە يېتىپ بارىدۇ؛ بەزىدە گەنسۇ، نىڭشياغىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلارغىچە سوزۇلىدۇ. يىللىق ئۆزگىرىشى ئومۇمەن ئەڭ بۇرۇن بولغاندا 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ئەڭ كېچىككەندە 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر بولىدۇ، 5 ـ ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتكۈل جەريان ئىككى ~ تۆت سائەت داۋاملىشىدۇ. دالىنىڭ كۆرۈنۈش دەرىجىسى نۆلگە چۈشىدۇ، داۋاملىشىش ۋاقتى 30 مىنۇتتىن ئاشىدۇ. قارا بوراننىڭ شەكىللىنىشىدە، شۇ كۈنى ئاسماندا يېلىنسىمان بۇلۇت غەربىي شىمالدىن سۈرۈلۈپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھاۋا بېسىمى تۆۋەنلەپ، تېمپېراتۇرا ئۆرلەيدۇ، نەتىجىدە كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا بېسىپ كىرىپ، تەكلىماكاننىڭ غەربىي قىسمىنىڭ يەر يۈزىگە يېقىن ھاۋا قەۋىتىدە ئىللىق نەم، تۇراقسىز ھاۋا قەۋىتى پەيدا بولۇپ، فرونت ئالدى تۇراقسىزلىقى شەكىللىنىدۇ. كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا بېسىپ كىرگەندە كونۋېرگېنسىيىلىشىش يۈز بېرىپ، چاڭ ـ توزانلارنى ئۇچۇرتۇپ قارا بوران شەكىللىنىدۇ.

**جەنۇبىي شىنجاڭ يەر يۈزى شامال سىستېمىسى** شەكىللىنىش سەۋەبىدىن ئېيتقاندا: (1) تاغ ھالقىغان بوران. سوغۇق ھاۋانىڭ تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىشى نەتىجىسىدە بوران شەكىللىنىدۇ. يۇقىرى بوشلۇق ئوقۇرى بىلەن يەر يۈزى سوغۇق يۇقىرى ھاۋا بېسىمىغا ئاساسەن، ئۇ غەربىي يول، غەربىي شىمالىي يول ۋە شىمالىي يولغا بۆلۈنىدۇ. غەربىي يول كۆپىنچە قەشقەرنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، چەرچەن، چاقىلىق ئارقىلىق شەرققە سۈرۈلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، پامىر ئېگىزلىكىدىن ھاسىل بولغان ئېنېرگىيىنىڭ تۆۋەنگە تارقىلىشىدىن شەكىللەنگەن غەربىي يولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يوپۇرغا، مەكىتنىڭ شەرقىگىچە سوزۇلۇپ، تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە يېتىپ بارىدۇ؛ غەربىي شىمالىي يول توشقان دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاقچى، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلار ئارقىلىق ئاقسۇغىچە بارغاندىن كېيىن شەرققە سۈرۈلىدۇ؛ شىمالىي يول شىمالىي شىنجاڭدىكى كۈچلۈك سوغۇق ھاۋانىڭ تاغ ئېغىزلىرى ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىدىغان يولى بولۇپ، بۇ يولدا سوغۇق ھاۋا كۈچاردا تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ، توقسۇ، شايار، شاۋخۇغا ھەم تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مەنشى ۋە ئوتتۇرا تارىمنىڭ قىيپاش جەنۇبىي رايونلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. غەربىي يول ۋە غەربىي شىمالىي يول ھەممىدىن كۈچلۈك. (2) شەرققە ئۆتىدىغان بوران سىستېمىسى. بۇ شىمالىي شىنجاڭنىڭ سوغۇق ھاۋاسى ياكى يەر يۈزى يۇقىرى بېسىم مەركىزىنىڭ سوغۇق فرونتنى بويلاپ موڭغۇلىيىگە ۋە جۇڭگونىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا يۆتكىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭدا ئۇ تەڭرىتاغ ۋادىلىرى ئارقىلىق تاغدىن ھالقىيدۇ؛ يەنە بىر تارمىقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىن تەڭرىتاغلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شەرقىي شىمال شاملىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شامال كۈچى زورايغان ۋاقىتتا ئۇ دۆڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغىچە يېتىپ بېرىپ، تەكلىماكان قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (3) ئايلانما ئېقىملىق شەرق شاملى. شەرققە ئۆتىدىغان شەرقىي شىمال شاملىدىن ئاجىزراق بولۇپ، كۆپىنچە تەكلىماكاننىڭ شەرقىي قىسمىدا توختايدۇ؛ ئەڭ يىراق بولغاندا تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا بېرىپ يوقىلىدۇ. (4) تەكلىماكان مازار تاغ شامال سىستېمىسى. كۆپىنچە غەربىي يول ۋە غەربىي شىمالىي يولنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

**جەنۇبىي شىنجاڭ يەر يۈزى كونۋېرگېنسىيە بەلۋېغى** جەنۇبىي شىنجاڭ يەر يۈزى شامال سىستېمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ياكى ئوخشاش ۋاقىتتا قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىكى ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق كېلىدىغان يۆنىلىشتىكى شامالنى پەيدا قىلىشىدىن شەكىللەنگەن كونۋېرگېنسىيىلىك شامال سىستېمىسى رايونىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىق تارقىلىشى: (1)

قەشقەر ـ قاغىلىق كونۇپىرگىنسىيە رايونى. كونۇپىرگىنسىيىلىشىش دائىرىسى كىچىك، سىجىللىقى ئاجىزراق، تەسىر كۆرسىتىش كۆلىمى كىچىك. كونۇپىرگىنسىيە رايونىنىڭ شەرقىدە قىيپاش شەرق شامىلى، غەربىدە قىيپاش غەرب شامىلى كۆپ چىقىدۇ؛ شەرق تەرەپى قۇرغاق، غەرب تەرەپى نەم، كونۇپىرگىنسىيەلەشكەندىن كېيىن دائىم هۆل ـ يېغىن پەيدا قىلىدۇ. قىيپاش شەرق شامىلىنىڭ تەسىرىدە، قۇم بارخانلىرى قىيپاش غەربكە يۆتكىلىدۇ، يىراق غەربىي قىسىم ئېگىزلىكتىن تۆۋەنلىگەن هاۋا ئېقىمى تاغ ئېتەكلىرىگە يېتىپ بېرىپ سىكلونغا ئايلىنىدۇ ياكى شەرققە سۈرۈلگەندە، مەكىت، يوپۇرغا ئەتراپلىرىدا قۇم بارخانلىرى تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ. بۇ رايون قارا بورانىنىڭ باشلىنىدىغان جايى. (2) كېرىيە دەرياسى كونۇپىرگىنسىيە رايونى. كېرىيە دەرياسى كونۇپىرگىنسىيە رايونىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2575 مېتىر كېلىدۇ. بۇ كونۇپىرگىنسىيە رايونىدا تۆت پەسىل مەۋجۇت بولۇپ، كونۇپىرگىنسىيەنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە دائىرىسى هاۋارايى ۋەزىيىتىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. قىش پەسلى (12 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە) چاستوتىسى تۆۋەن بولۇپ، 27% نى ئىگىلەيدۇ، 3 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە نىسپىي مۇقىم بولىدۇ، 6 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە كۈچىيىدىغان مەزگىل هېسابلىنىدۇ. كونۇپىرگىنسىيە ئېگىزلىكى 3000 مېتىر، بەزىدە 4000 مېتىرغا يېتىپ، بۇ رايوندا چاڭ ـ توزانلىق هاۋا رايىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال يېنىك بولغاندا ئىككى ـ ئۈچ كۈن، ئېغىر بولغاندا بىر ئايدىن ئارتۇق داۋاملىشىدۇ، بىر يىلدا تەخمىنەن 200 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. (3) ئاقسۇ ـ ئاۋات كونۇپىرگىنسىيە رايونى. (4) بۈگۈر ـ توقسۇ، شايار كونۇپىرگىنسىيە رايونى. بۇ رايوندا قىيپاش شەرق شامىلى ناهايىتى كۈچلۈك. (5) لوپنور كۆلى كونۇپىرگىنسىيە رايونى. بۇ رايوندا NE ~ SW شامىلى روشەن، كونۇپىرگىنسىيەلىنىدىغان ئورنى كۆپىنچە چاقىلىقنىڭ تىكەنلىك، لوپنور ئەتراپىدا.

**شىمالىي شىنجاڭ يەر يۈزى شامال سىستېمىسى** شىمالىي شىنجاڭ سوغۇق هاۋا ۋە يۇقىرى بېسىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، قىيپاش غەرب شامىلى، غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. يۇقىرى بېسىمنىڭ ئارقا قىسمىدا قىيپاش شەرق شامىلى سوقۇپ تۇرىدۇ. شىمالىي شىنجاڭ يەر يۈزى شامال سىستېمىسى رايون خاراكتېرىگە قاراپ تۆۋەندىكىلەرگە بۆلۈنىدۇ: (1) ئېرتىش دەرياسى شامال سىستېمىسى. كۆپىنچە قىيپاش غەرب شامىلى ياكى قىيپاش شەرق شامىلى چىقىدۇ؛ سوغۇق هاۋا، يۇقىرى بېسىم بېسىپ كىرگەندە كۆپىنچە NW شامىلى چىقىپ، ئالتاي تاغلىرىغا يېتىپ بارغاندا شەرقىي جەنۇب شامىلىغا ئايلىنىدۇ. (2) چۆچەك ـ لاۋفېڭكۇ، قاراماي شامال سىستېمىسى. (3) ئالاتاۋ ئېغىزى ـ جىڭ شامال سىستېمىسى. (4) ئىلى دەرياسى ۋادىسى شامال سىستېمىسى. ئاساسەن سوغۇق هاۋا بېسىپ كىرىپ قىيپاش غەرب شامىلى چىقىدۇ؛ سوغۇق هاۋا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭغار ئويمانلىقىغا يېتىپ بېرىپ، ئايلانما ئېقىمنىڭ تەسىرىدە قىيپاش شەرق شامىلىغا ئايلىنىدۇ. (5) ئۈرۈمچى ـ داۋانچىڭ، تۇرپان شامال سىستېمىسى. ئۈرۈمچى ۋادىسى ۋە ئاق تېرەك دەرياسى ۋادىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، سىستېمىلىق شامال سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. (6) شىمالىي شىنجاڭنىڭ مورى ناھىيىسىدىكى سىبىكۇ ئېغىزى — يەتتە قۇدۇق، يۈز چاقىرىم شامال سىستېمىسى. (7) بورتالا ـ ئارشاڭ، بورتالا دەرياسى ۋادىسى شامال سىستېمىسى. دەريا ۋادىسىنىڭ تەسىرىدە كۆپىنچە قىيپاش غەرب شامىلى چىقىدۇ، يۇقىرى بېسىم ئارقىسىنىڭ تەسىرىدە بەزىدە قىيپاش شەرق شامىلى چىقىدۇ، ئەمما ئۇ ئاجىزراق بولىدۇ. (8) مورى ـ سەنتاڭخۇ، نوم شامال سىستېمىسى. سوغۇق هاۋا سوغۇق يۇقىرى بېسىمنىڭ تەسىرىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىدۇ، يەنى قىيپاش غەربىي شىمال شامىلىدىن قىيپاش شەرقىي شىمال شامال سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ.

**دەريالار** ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمى ئارقىلىق ئوتتۇرا هېساب بىلەن هەر يىلى شىنجاڭنىڭ هاۋا بوشلۇقىغا كىرىدىغان هاۋادىكى سۇ جەمئىي 1 تىرىلىيون 276 مىليارد 500 مىليون توننا بولسىمۇ، لېكىن يىلىغا يەر يۈزىگە چۈشىدىغان سۇ مىقدارى 256 مىليارد 400 مىليون توننىلا بولۇپ، بۇ سان هاۋادىكى سۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ 84%ى تاغلىق رايونلارغا ياغىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئېگىز تاغ رايونلىرىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 26 مىڭ 297 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلاردا

سۇنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 2 تىرىليون 831 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ يىللىق ئېرىگەن سۇ مىقدارى 22 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى دەريالار ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ %25.7 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھال دەريالارنىڭ ئېقىن مىقدارىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى بىرقەدەر مۇقىملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شىنجاڭدا جەمئىي 570 دەريا بار. شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدىغان ئېرتىش دەرياسى، ھىندى ئوكيانىغا قۇيۇلىدىغان چىپچاپ دەرياسىدىن ئىبارەت تاشقى ئېقىن رايونلىرىدىن باشقا، قالغان دەريالار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭغار، تارىم، چايدام، چاقىلىق - تاڭگۇلا قاتارلىق بەش ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىغا تەۋە بولۇپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىدىكى دەريالار يەنە 29 سۇ سىستېمىسىغا بۆلۈنىدۇ. شىنجاڭدىكى 570 دەريانىڭ 387 سى شىمالىي شىنجاڭدا، 183 ى جەنۇبىي شىنجاڭدا. يىللىق ئېقىن مىقدارى بويىچە ھېسابلىغاندا 100 مىليون كۇب مېتىردىن تۆۋەن دەريالاردىن 487 سى بولۇپ، دەريالار ئومۇمىي سانىنىڭ %85.4 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېقىن مىقدارى 8 مىليارد 290 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، شىنجاڭ يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارىنىڭ %10.6نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق ئېقىن مىقدارى 100 مىليون كۇب مېتىردىن 1 مىليارد كۇب مېتىرغىچە بولغان دەريالاردىن 66 سى بولۇپ، دەريالار ئومۇمىي سانىنىڭ %11.6 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 18 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارىنىڭ %23.6نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن چوڭ دەريالاردىن 18 ى بولۇپ، دەريالار ئومۇمىي سانىنىڭ ئاران %3 نى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇ دەريالارنىڭ ئېقىن مىقدارى 51 مىليارد 450 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، يەر ئۈستى سۇ بايلىقىنىڭ %65.7 نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرى ئېقىنلارنىڭ شەكىللىنىش رايونى، تۈزلەڭلىكلەر بولسا ئېقىنلارنىڭ سىڭىپ كېتىدىغان رايوندۇر. دەريالارنىڭ تاغ ئېغىزىدىن چىقىدىغان جايى يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ ئەڭ چوڭ قىممىتى كۆرۈلىدىغان بۆلىكى بولۇپ، ئۇ يىللىق ئېقىن مىقدارىنى توغرا ستاتىستىكىلاشقا پايدىلىق. لېكىن بەزى چوڭ دەريالارنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىن مىقدارىنى ستاتىستىكا قىلغىلى بولسىمۇ، بەزى غول ئېقىنلارنى ستاتىستىكا قىلغىلى بولمىدى، مەسىلەن، ئېرتىش دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تارىم دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق دەريالار. ئاز ساندىكى چوڭ دەريالارنىڭ سۈيى چېگرا سىرتىغا ئاققاندىن باشقا، قالغان دەريالار تۈزلەڭلىكتىكى سۇغىرىش رايونلىرىغا كىرگەندىن كېيىن چۆلگە سىڭىپ كېتىدۇ ياكى كۆللەرگە قۇيۇلۇپ ئاخىرلىشىدۇ. شىنجاڭنىڭ يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 7 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر، ئۇنىڭغا چەت ئەلدىن چېگرا ئىچىگە ئېقىپ كىرىدىغان سۇ مىقدارى 8 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىرنى قوشقاندا، شىنجاڭدىكى دەريالارنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 88 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ لېكىن چېگرا سىرتىغا ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان سۇ مىقدارى 24 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى پايدىلىنىلغان دەريا سۈيى مىقدارى 42 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر بولدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى دەريالارنىڭ سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى 33 مىليون كىلوۋات بولۇپ، زور كۈچ بىلەن ئېچىشنى كۈتمەكتە.

**ئېرتىش دەرياسى تاشقى ئېقىن سۇ سىستېمىسى** ئېرتىش دەرياسى شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى چىگىرتاي داۋىنىدىن باشلىنىپ، كۆكتوقاي، بورۇلتوقاي، ئالتاي، بۇرچىن، قابا قاتارلىق بەش ناھىيە، شەھەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن دەريا ئېغىزىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4248 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 643 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قازاقىستان ئارقىلىق شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدىغان جۇڭگودىكى بىردىنبىر خەلقئارالىق دەريا ھېسابلىنىدۇ. تارماق ئېقىنلىرى ئومۇمەن شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، تارغاقسىمان ھالدا غول ئېقىنغا قۇيۇلىدۇ. ئاساسلىق تارماق ئېقىنلىرى شەرقتىن غەربكە قارىتا قۇۋۇ ئېرتىش دەرياسى، قايىرتى دەرياسى، قارا ئېرتىش دەرياسى، قىران دەرياسى، بۇرچىن دەرياسى، قابا دەرياسى، بىلەزىك دەرياسى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى رەت تەرتىپى بويىچە: 700 مىليون 70 مىڭ كۇب مېتىر، 700 مىليون 850 مىڭ كۇب مېتىر، 1 مىليارد 790 مىليون كۇب مېتىر، 600 مىليون 50 مىڭ كۇب مېتىر، 4 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، 2 مىليارد 150 مىليون كۇب مېتىر، 380 مىليون

كۇب مېتىر. قۇۋۇ ئېرتىش دەرياسى بىلەن قايىرتى دەرياسى قوشۇلغاندىن كېيىن ئېرتىش دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن دۆلەت چېگرىسىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 633 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 57 مىڭ 290 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تاغلىق رايونلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىشى بىر قەدەر كەڭ، يەر يۈزىنىڭ ئېقىن سۇلارنىڭ يالىشىغا ئۇچرىشى يېنىكرەك بولغانلىقتىن، ھەرقايسى تارماق ئېقىنلاردا دەريا سۈيىنىڭ تەركىبىدە قۇم مىقدارى ئاز. سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى پەقەت 52.3 ~ 144 مىللىگرام بولۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئۇششاق سۇ ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 13 - بېتىگە قارالسۇن)

**بۇرچىن دەرياسى** ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئاساسلىق تارماق ئېقىن. ئالتاي تېغىنىڭ دوسلۇق چوققىسى (4374 مېتىر) دىن باشلىنىپ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، سول قىرغاقتىكى قوم دەرياسى، ھۇمىدايىك دەرياسى قاتارلىق تارماق ئېقىنلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، بۇرچىن ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا ئېرتىش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 145 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - لاتقا مىقدارى 0.049 كىلوگرام/كۇب مېتىر، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 52.3 مىللىگرام/لىتىر بولۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئۇششاق



بۇرچىن دەرياسى

سۇ ھېسابلىنىدۇ. كەلكۈن سۈيى ئاساسەن پەسىل خاراكتېرلىك يېغىندى قارلارنىڭ ئېرىشى ۋە قارا يامغۇردىن شەكىللىنىدۇ. كەلكۈن مەزگىلى 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىدۇ. بۇرچىن دەرياسىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى مول ھۆل - يېغىندىن ئىبارەت.

**قابا دەرياسى** ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئىككىنچى چوڭ تارماق ئېقىن. قازاقىستان تەۋەلىكىدىكى قارا قابا دەرياسىدىن باشلىنىپ، ئۇشقۇرسىنكېر تاغلىرىدىن جۇڭگوغا ئېقىپ كىرىدۇ ھەمدە جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىدىكى دەريا — ئاق قابا دەرياسى بىلەن بىرلىشىدۇ، شىبارشىكىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى قابا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. قابا ناھىيىسىنىڭ ئاردا دېگەن جايىدا ئېرتىش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 165 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 150 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - لاتقا مىقدارى 0.066 كىلوگرام/كۇب مېتىر، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 82.1 مىللىگرام/لىتىر بولۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئۇششاق سۇ ھېسابلىنىدۇ.

**قارا ئېرتىش دەرياسى** ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئۈچىنچى چوڭ تارماق ئېقىن. موڭغۇلىيە تەۋەلىكىدىن باشلىنىپ، داخېيەندىن جۇڭگوغا ئېقىپ كىرىدۇ ھەمدە قۇرمۇتۇ دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ جولتى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى قارا ئېرتىش دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە بالا ئېرتىش دېگەن جايىدا بالا ئېرتىش دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئېقىپ، دەريا ئېغىزىدا ئېرتىش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 790 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - لاتقا مىقدارى 0.11 كىلوگرام/كۇب مېتىر.

**جۇڭغار ئىچكى ئېقىن رايونى سۇ سىستېمىسى** ئۇلۇڭگۇر دەرياسى، ئېبىنۇر كۆلى سۇ سىستېمىسى (بورتالا دەرياسى، جىڭ دەرياسى، چىڭشۇر دەرياسى، كۈيتۇن دەرياسى)، قاراماي بەيياڭخې دەرياسى، ماناس دەرياسى، ئۈرۈمچى دەرياسى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى كىچىك دەريالار، باركۆل - ئاراتۈرۈكتىكى كىچىك دەريالار قاتارلىق ئالتە كىچىك سۇ سىستېمىسى بىلەن جۇڭغارىيە چۆل رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكەت ئىچ-

دىكى ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 316 مىڭ 500 كۇۋادرات كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ بوغدا چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5445 مېتىر)، ئەڭ تۆۋەن نۇقتىسى ئېبىنور كۆلى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 189 مېتىر) دۇر. يەر ئۈستى سۇلىرىنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 12 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر (موڭغۇلىيىدىكى بۆلگان دەرياسىنىڭ ئېقىپ كىرگەن سۇ مىقدارى 230 مىليون كۇب مېتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - لاتقا مىقدارى 1.09 كىلوگرام/كۇب مېتىر، دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 223 مىللىگرام/لىتىر (ھەرقايسى سۇ سىستېمىلىرىنىڭ پارامېتىرلىرى جەدۋەلگە قاراڭ).

جۇڭغار ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىدىكى ئېقىن شەكىللەنگەن رايونلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى ۋە يىللىق لاتقا ئېقىنىش مىقدارى جەدۋىلى
(سۇ سىستېمىسى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغان)

| سۇ سىستېمىسى | دۆلەت ئىچى ھەۋز كۆلىمى (كۇۋادرات كىلومېتىر) | كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەت | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئېقىن مىقدارى (كۇۋادرات مېتىر/$10^8$) | قۇم مىقدارى كىلوگرام/كۇب مېتىر | قۇم ئېقىنىش مىقدارى (10 مىڭ توننا) | مىنېراللىشىش دەرىجىسى (مىللىگرام) | ئېرىتمىلىك ئېقىن مىقدارى (10 مىڭ توننا) |
| ئۇلۇڭگۇر كۆلى | 23700 | 11.0 | 0.175 | 19.3 | 162 | 69.5 |
| ئېبىنور كۆلى | 53700 | 42.9 | 0.9.8 | 394 | 166 | 18.3 |
| قاراماي بەيياڭخې دەرياسى | 29500 | 9.57 | 0.80 | 76.6 | 713 | 68.2 |
| ماناس كۆلى | 37200 | 29.2 | 2.00 | 584 | 180 | 52.6 |
| ئۈرۈمچى دەرياسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى كىچىك دەريالار | 23000 | 11.4 | 1.52 | 173 | 167 | 19.0 |
| | 23600 | 17.3 | 0.677 | 117 | 211 | 36.5 |
| باركۆل، ئاراتۇرۇكتىكى كىچىك دەريالار | 34200 | 5.95 | 0.343 | 19.2 | 297 | 16.6 |
| جۇڭغار جۇللۇك رايونى | 91600 | 0.531 | 0.343 | 1.82 | 442 | 2.35 |
| جەمئىي | 316500 | 127.851 | 6.776 | 1383.92 | 2338 | 283.05 |

**ئۇلۇڭگۇر دەرياسى** ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن باشلىنىدۇ. ئاساسىي تارمىقى بولغان چىڭگىل دەرياسى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3863 مېتىر كېلىدىغان دۇشىنئۇلا تېغىدىن باشلىنىدۇ. چىڭگىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن مەنبەسى چوڭ چىڭگىل ۋە كىچىك چىڭگىل دەريالىرىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار چىڭگىل ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا بىرلىشىپ، چىڭگىل ئويمانلىقىدىن چىققاندىن كېيىن تارماق ئېقىن چاغانغول دەرياسى بىلەن بىرلىشىدۇ. چوڭ چىڭگىل دەرياسى ۋە كىچىك چىڭگىل دەرياسى پونكىتلىرىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 411 مىليون كۇب مېتىر، 224 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ يەنە بىر چوڭ تارمىقى بولغان بۆلگان دەرياسى موڭغۇلىيە چېگرىسى ئىچىدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ تاشقىن پونكىتىغا ئېقىپ كىرگەن يىللىق ئېقىن مىقدارى 352 مىليون كۇب مېتىر. بۆلگان ئويمانلىقىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئەرتەي گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ يۇقىرىسىغا تەخمىنەن 65 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا كەلگەندە، چىڭگىل دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇلۇڭگۇر دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 821 كى-

لومېتىر كېلىدۇ. ئەرتەي گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى يىغىندى سۇ كۆلىمى 18 مىڭ 375 كۋادرات كىلومېتىر، دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 382 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۇلۇغكۆل دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى ئەڭ كۆپ جاي بولۇپ، 900 مىليون 73 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ؛ بۇرۇلتوقاي گىدرولوگىيە پونكىتىدا يىغىندى سۇ كۆلىمى 37 مىڭ 882 كۋادرات كىلومېتىر، دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 811 كىلومېتىر بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى ئازىيىپ 443 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشكەن. ئەرتەي ۋە بۇرۇلتوقاي پونكىتلىرىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - لاتقا مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.176 كىلوگرام/كۇب مېتىر ۋە 0.11 كىلوگرام/كۇب مېتىر؛ يىللىق قۇم ئېقىشى مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 171 مىڭ توننا ۋە 48 مىڭ 700 توننا؛ سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 152 مىللىگرام/لىتىر ۋە 438 مىللىگرام / لىتىر.

**بورتالا دەرياسى** ئالاتاۋ تاغلىرىنىڭ ئەسىن داۋىنىدىن باشلىنىپ، داخېيەنزى دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن ئېبىنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 257 كىلومېتىر بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 475 مىليون كۇب مېتىر.

**جىڭ دەرياسى** يولكىنۇر تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ، يۇقىرى ئېقىنى دۈندۈجىڭ دەرياسى، تۆۋەنكى ئېقىنى جىڭ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ جىڭ ناھىيە بازىرىدىن ئۆتۈپ، شىمالغا ئېقىپ ئېبىنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 472 مىليون كۇب مېتىر، ئۇدا ئەڭ كۆپ بولىدىغان 4 ئايدىكى ئېقىن مىقدارى پۈتۈن يىللىق ئېقىن مىقدارىنىڭ %73.6 نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە كۆرۈلىدۇ.

**كۈيتۇن دەرياسى** شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ئېرەن قابىرغا تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ. دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 71 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 629 مىليون كۇب مېتىر. دەريا تاغ ئېغىزىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن ئۇدۇل شىمالغا قاراپ ئېقىپ شىخو ناھىيە بازىرىدىن ئۆتۈپ، شىمالغا تەخمىنەن ئون كىلومېتىر ئاققاندىن كېيىن شىخو سۇغىرىش رايونىغا ھەمدە بىگتۈەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىغا كىرىدۇ، ئاندىن چېپەيزى دەرياسىنىڭ كونا ئېقىن يولى بىلەن ئېقىپ غەربكە بۇرۇلۇپ، باياس ۋە چىگىشور دەريالىرىنىڭ ئېقىنى بىلەن بىرلىشىپ داۋاملىق غەربكە ئېقىپ ئېبىنور كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

**ماناس دەرياسى** شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان ئېرەن قابىرغا تاغلىرىدىكى



ماناس دەرياسى


ھۆدەيكىن دەرياسىنىڭ 43 - نومۇرلۇق مۇزلۇقىدىن باشلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 420 كىلومېتىر كېلىدۇ. باشلىنىش مەنبەسى رايونىدا 800 مۇزلۇق بار، مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 608 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭغار ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونىدىكى مۇزلۇق كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان دەريادۇر.

**ئۈرۈمچى دەرياسى** شىمالىي تەڭرىتاغدىكى تەڭرى II چوققىسىدىن باشلىنىدۇ، تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇلانبايغا كېلىپ ئاندىن ئۇدۇل شىمالغا قاراپ ئېقىپ ئۈرۈمچى رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى دۇڭداۋ خەيزىگىچە بارىدۇ. دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 214 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 5803 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 237 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. دەريانىڭ تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن ئەنسەن، دۇڭشەنلەرگە يىغىلغان سۈيى ۋە تۇدۇڭخابا دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ ھاسىل قىلغان سۇ مىقدارى جەمئىي 596 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ھەممىسى ئۆستەڭ ۋە سۇ ئامبارلىرىغا باشلى-

نىدۇ. ئۇلانباي سۇ ئامبىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئەسلىي دەريا يولى ھازىر ئۆزگەرتىلىپ ساي يولى قىلىپ ياسىلىپ، دەريا سۈيى تىنچلىق ئۆستىڭى ئارقىلىق تۆۋەن ئېقىنغا ئۆزىتىلدى. دەريانى بويلاپ ئۇلانباي، خۇڭخيەنچى، «1 ـ ئاۋغۇست»، مېڭجىن قاتارلىق تۆت سۇ ئامبىرى ياسالدى، بۇ سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 108 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

**ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا رايونى ئىلى دەرياسى سۇ سىستېمىسى** ئىلى دەرياسى جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن قازاقىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى چوڭ خەلقئارالىق دەريانىڭ بىرى. يۇقىرى ئېقىنىدا ئۈچ چوڭ تارمىقى، يەنى تېكەس دەرياسى (ئاساسىي ئېقىنى) كۈنەس دەرياسى ۋە قاش دەرياسى بار. ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلغاندىن كېيىنكى قىسمى ئىلى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلى دەرياسى ئىلى ئويمانلىقىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، تارماق ئېقىنى بولغان قورغاس دەرياسى قوشۇلغاندىن كېيىن قازاقىستان تەۋەلىكىگە ئېقىپ كىرىپ، ئاخىرىدا بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1236.5 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 151 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر؛ بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 442 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 56 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. پۈتكۈل ھەۋزىسىنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە يەر ئۈستى سۈيى ئېقىن مىقدارى تەخمىنەن 22 مىليارد 840مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكىسىنىڭ ئېقىن مىقدارى 15 مىليارد 870 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 70%نى ئىگىلەيدۇ. قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدىكى سۇ مىقدارى 6 مىليارد 970 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 30%نى ئىگىلەيدۇ. ئىلى دەرياسى ياماتۇ گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ يىغىندى سۇ كۆلىمى 49 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 11 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلايدىغىنى 39.0%نى، مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۈيى 22.2%نى، يامغۇر سۈيى ۋە ئېرىگەن قار سۇلىرى 38.8%نى ئىگىلەيدۇ). (رەڭلىك قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭ 13 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**تېكەس دەرياسى** ئىلى دەرياسىنىڭ ئاساسىي تارمىقى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ خانتەڭرى چوققىسىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدىن باشلىنىپ، خالىقتاۋ تېغى، تېرىسكەي تېغى ۋە ئالاقار تاغلىرى ئارىسىدىكى موڭغۇلكۈرە ـ تېكەس ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاساسىي تارماقلىرى دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن قوشۇلىدۇ. يۇقىرى ئېقىنىدىن تۆۋەن ئېقىنغا قاراپ رەت بويىچە شىمالىي مۇزارت دەرياسى، ئاقتىياز دەرياسى، كۆكسۇ دەرياسى، جىرغىلاڭ دەرياسى قاتارلىقلار بار. تېكەس دەرياسىنىڭ تاغ ئېغىزىدىكى قاپچىغاي گىدرولوگىيە پونكىتىغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 383 كىلومېتىر، يىغىندى سۇ كۆلىمى 27 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر،



تېكەس دەرياسى

باشلىنىش مەنبەسىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 1496 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 8 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر (چەت ئەلدىن ئېقىپ كىرىدىغان سۇ مىقدارى 577 مىليون كۇب مېتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). دەريانىڭ يىللىق ئەڭ كۆپ ئېقىن مىقدارى ئاساسەن 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا كۆرۈلىدۇ، يامغۇر ۋە ئېرىگەن قار ـ مۇز سۇلىرى بىرىكمىسىنى ئاساس قىلىدۇ، يىللىق ئۆزگىرىشى چوڭ ئەمەس.

**كۈنەس دەرياسى** ئىلى دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى. يىلان قابىرغا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ. دەريا نارات تېغى بىلەن ئابرال تېغى ئارىلىقىدىكى كۈنەس ۋادىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۈنەس ئەسلىلىك قوي فېرمىسىدا تېكەس دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 230 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 7707 كۋادرات كىلومېتىر. زەكتى گىدرولوگىيە پونكىتى ئۆلچىگەن يىغىندى سۇ كۆلىمى 4123 كۋادرات كىلومېتىر، دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 170

كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 570 مىليون كۇب مېتىر. ھەۋزىسىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى خېلى يېتەرلىك. بۇ جوڭگو ئىلى دەرياسى ھەۋزىسى ئىچىدە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ كۆپ بىر تارماق ئېقىن ھېسابلىنىدۇ.



ئۆتەڭ دەرياسى

قاش دەرياسى ئىلى دەرياسىنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقىنىڭ بىرى. ئېرەن قابىرغا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ، ئىلقا دەرياسى ۋادىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، ئىككى قاشتىكى تارماق ئېقىنلار قىسقا ھەم ئوششاق بولۇپ، پەيسىمان ھالەتتە قاش دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. قاش دەرياسى مازار دېگەن جايدا بۇرۇلۇش



قاش دەرياسى

ياساپ جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، ياماتۇدا ئىلى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. قاش دەرياسىنىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزىدىكى توقاي گىدرولوگىيە پونكىتى ئۆلچىگەن يىغىندى سۇ كۆلىمى 9541 كۋادرات كىلومېتىر، دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 318 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 960 مىليون كۇب مېتىر. يىللىق ئەڭ كۆپ ئېقىن مىقدارى ئاساسەن 6-، 7-ئايلاردا كۆرۈلىدۇ، يامغۇر ۋە ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى بىلەن ئارىلاشما كەلكۈن سۈيىنى ئاساس قىلىدۇ.

**تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرى سۇ سىستېمىسى** تارىم دەرياسى ھەۋزىسى جوڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرى سۇ سىستېمىسىدۇر. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىن مەركىزىگە قاراپ يىغىلىپ ئاقىدىغان قارا شەھەر دەرياسى - كۆنچى دەرياسى، دىنار دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، چەرچەن دەرياسى قاتارلىق توققۇز سۇ سىستېمىسىدىكى جەمئىي 144 دەريانى ھەمدە تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر (جوڭگونىڭ سىرتىدىكى ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 23 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر)، نوپۇسى 8 مىليون 257 مىڭ. يەكەن دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى (يەنى تارىم دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى) بولغان لاسكوي دەرياسىدىن تېتىما كۆلىگىچە تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2437 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە غول ئېقىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1321 كىلومېتىر) كېلىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسى رايونىدا ھۆل - يېغىن بىرقەدەر مول بولۇپ، ئادەتتىكى يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 300 ~ 900 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، ھەۋز ئىچىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 117 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر (ھەۋزىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 115 مىللىمېتىر، لېكىن قۇملۇق رايونلىرىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 25 ~ 50 مىللىمېتىر). ئېگىز تاغلاردىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 23 مىڭ 320 كۋادرات كىلومېتىر (چەت ئەلدىكى قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مۇزلۇق زاپىسى 2 تىرىليون 404 مىليارد كۇب مېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ يىللىق ئېرىگەن سۇ مىقدارى 17 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، تارىم دەرياسى ھەۋزىسى يەر ئۈستى سۈيى ئومۇمىي مىقدارى 39 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر (چەت ئەلدىن ئېقىپ كىرگەن سۇ مىقدارى 6 مىليارد 70 مىليون كۇب مېتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ %44 نى ئىگىلەيدۇ. ھەۋزىسىدىكى ھەرقايسى دەريالاردىكى لەيلىمە ماددىلار،

ئېقىتىلىپ يۆتكىلىدىغان ماددىلار، ئېرىگەن ماددىلار ھەمدە بۇ ئۈچىنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن قاتتىق جىسىملارنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 156 مىليون 600 مىڭ توننا/يىل، 31 مىليون 320 مىڭ توننا/يىل، 16 مىليون 570 مىڭ توننا/يىل، 204 مىليون 500 مىڭ توننا/يىلغا يېتىدۇ. تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ تەبىئىي تولۇقلاش مىقدارى 4 مىليارد 455 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئېقىننىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى بىرقەدەر مۇقىم، لېكىن يىل ئىچىدىكى كەلكۈن كېلىش بىلەن سۇ تارتىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ. ھەۋز ئىچىدە ئىنسانلار پائالىيىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدا يەر ئۈستى سۈيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۇ سىستېمىلىرى ئازىيىپ تۆتكە چۈشۈپ قالدى، يەنى ئاقسۇ دەرياسى، خوتەن دەرياسى، يەكەن دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسىلا قالدى. تارىم دەرياسىنىڭ 1978 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە بولغان ئون يىلدىكى ئوتتۇرىچە يىللىق ئېقىن مىقدارى جەمئىي 4 مىليارد 956 مىليون كۇب مېتىر بولغان. تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىدىكى ئالار گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ ئۆلچەپ چىقىشىچە، 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن 80 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەر ئۈستى سۈيى ئېقىن مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىردىن ئازىيىپ 4 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان. لېكىن، ئوخشاش مەزگىلدە تۆۋەنكى ئېقىندىكى قارا گىدرولوگىيە پونكىتىدا يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىردىن ئازىيىپ 392 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالغان، نەتىجىدە تۆۋەنكى ئېقىننىڭ ئېكولوگىيىسى ناچارلىشىپ، دەريا ئېقىنى 280 كىلومېتىر قىسقىرىپ كەتكەن؛ لوپنۇركۆلى 1972 - يىلى، تېتىما كۆلى 1980 - يىلى قۇرۇپ كەتكەن. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرى ھەۋزىسىدىكى كۆللەرنىڭ كۆلىمى 2957 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالدى. چوڭ - كىچىك سۇ ئامبارلىرىدىن 28ى بولۇپ، سۇ سىغىمچانلىقى 4 مىليارد 660 مىليون كۇب مېتىر قىلىپ لايىھەلەنگەن، بوستانلىقلاردا سۇغىرىش كۆلىمى 1 مىليون 660 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 12 - بېتىگە قارالسۇن)

## قارا شەھەر دەرياسى — كۆنچى دەرياسى

شىمالىي تەڭرىتاغلىرىدىكى يىلان قاپىرغا ئېغىزىنىڭ جەنۇبىي يانباغىرىدىن باشلىنىدۇ. دەريا شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېقىپ، كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقىدىن ئۆتۈپ بايىنبۇلاقتا يېتىپ بېرىپ، ئاندىن يەنە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقىغا ئېقىپ كىرىدۇ. دەريا 130 گرادۇس بۇرۇلۇپ، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ شەرققە قاراپ كۆكتېپكە ئېقىپ، خورا ئېغىزىنىڭ شىمالىي چېتىنى بويلاپ ئېقىپ ئاندىن قىيپاش شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ؛ خوستايشىلدىن ئۆتكەندىن كېيىن 170 كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان تار جىلغىلىق دەريا بۆلىكىگە كىرىدۇ، سۇ يۈزىنىڭ يانتولۇقتىن چۈشۈشى 5‰~10‰ بولۇپ، ئومۇمىي تۆۋەنلەش پەرقى 1169 مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ جاي سۇ ئېنېرگىيىسى مەركەزلەشكەن بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. دەريا ئېقىنى داشەنكو گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا 20 كىلومېتىر ئاققاندىن كېيىن، تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ قاراشەھەر ئويمانلىقىغا كىرىدۇ. دەريانىڭ ئويمانلىق ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق. قاراشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ تۆۋىنىگە 11 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بورانسۇ توغىنىدىن ئۆتكەندە دەريا يولى ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ: شەرقىي تارمىقى باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، غەربىي تارمىقى كىچىك باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. يۇقىرىقى دەريا بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 560 كىلومېتىر بولۇپ، قاراشەھەر دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سېرىقسۇ جىلغىسى، چىندىخوزا دەرياسى ۋە چاغانتوڭگى دەريالىرىمۇ باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، ئادەتتە بۇ ئۈچ تارماق كىچىك دەريامۇ قاراشەھەر دەرياسى ھەۋزىسىگە كىرىدۇ. باغراش كۆلىنىڭ غەربىدىن ئېقىپ چىققان ئېقىن كۆنچى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. قارا شەھەر دەرياسىنىڭ داشەنكو گىدرولوگىيە پونكىتىدە ئۆلچەنگەن يىغىندى سۇ كۆلىمى 19 مىڭ 22 كۋادرات كىلومېتىر، ھەۋز ئىچىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 444 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ يىللىق ئېرىگەن سۇ مىقدارى 481 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، دەريانىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 290 مىليون كۇب مېتىرنىڭ %14.6نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق قۇم - لاتقا مىقدارى 0.198 كىلوگرام/كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 650 مىڭ توننا، سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 243 مىللىگرام/لىتىر. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 12- بېتىگە قارالسۇن)

**ئۆگەن دەرياسى** تەڭرىتاغلىرىنىڭ خانتەڭرى چوققىسىنىڭ شەرقىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ. يۇقىرى ئېقىنى مۇزارت دەرياسى (282 كىلومېتىر) دەپ ئاتىلىدۇ. دەريا يولى باي ئويمانلىقىنىڭ 160 نەچچە كىلومېتىر جايىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خالىقتاغنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىن باشلانغان قاپسىلاڭ دەرياسى، تەلۋىچۇك دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى، قىزىل دەرياسى قاتارلىق تارماق ئېقىنلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، قىزىل ئەتراپىغا كەلگەندە شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ چۆلتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىنكۆي گىدرولوگىيە پونكىتىغا كەلگەندە جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ، تاغ ئالدى تۈزلەڭلىكىگە ئېقىپ كىرىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا كۇچار، توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىنىڭ زور مىقداردىكى سۇ باشلاپ سۇغىرىش رايونلىرى بار. سۇغىرىش رايونلىرى تاكى تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئادەتتىكى يىللاردا تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان سۈيى بولمايدۇ. ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 452 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 69 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ھەۋزىسىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 1701 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى 255 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر. مۇزلۇقلارنىڭ يىللىق ئېرىگەن سۇ مىقدارى 1 مىليارد 750 مىليون كۇب مېتىر. مۇزارت دەرياسىنىڭ قىزىل سۇ ئامبىرى گىدرولوگىيە پونكىتىدىكى يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 440 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ـ لاتقا مىقدارى 3.50 كىلوگرام/كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 9 مىليون 560 مىڭ توننا. دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 426 مىللىگرام/ لىتىر.

**ئاقسۇ دەرياسى** توشقان دەرياسى بىلەن قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ قارا دۆۋە دېگەن جايدا قوشۇلغاندىن كېيىنكى قىسمى ئاقسۇ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. قوشۇلۇش ئېغىزىدىكى يىللىق ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 860 مىليون كۇب مېتىر، قوشۇلۇش ئېغىزىدىن شورچاقتى دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلغۇچە بولغان غول دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 132 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاقسۇ دەرياسىنىڭ غەربىي چوڭ كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەنكى قىسمى كونا دەريا ۋە يېڭى دەريادىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈنىدۇ. غەربىي چوڭ كۆۋرۈك گىدرولوگىيە پونكىتى ئۆلچىگەن قوشۇلۇش ئېغىزىنىڭ تۆۋىنىدىكى 16 كىلومېتىرلىق ئورۇنىنىڭ يىغىندى سۇ كۆلىمى 43 مىڭ 123 كۋادرات كىلومېتىر، ئەمەلىي ئۆلچەنگەن يىللىق ئېقىن مىقدارى 6 مىليارد 50 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 19 مىليون 700 مىڭ توننا، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ـ لاتقا مىقدارى 3.13 كىلوگرام/كۇب مېتىر، دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 299 مىللىگرام/لىتىر. بۇنىڭ ئىچىدە كونا دەريا، يېڭى دەريالارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر ۋە 3 مىليارد 550 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 4 مىليون 740 مىڭ توننا ۋە 15 مىليون توننا. كونا دەريانىڭ دېلتا ئېقىندى تۈزلەڭلىكى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى ھەمدە ساجىڭزى (قۇمقۇدۇق) دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە يېيىلغان بولۇپ، يەر شەكلى تەكشى، تۇپرىقى مۇنبەت، يەر مەيدانى 733 مىڭ گېكتار، بوستانلىق كۆلىمى 184 مىڭ گېكتار، سۇغىرىش كۆلىمى 87 مىڭ 300 گېكتار. يېڭى دەريا دولان ئۆستىڭى سۇغىرىش رايونىنىڭ ئارتۇق سۈيىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىماmپاشا توسمىسى ئارقىلىق ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىر بۆلىكى شىمالىي غول ئۆستەڭ ئارقىلىق تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇغىرىش رايونىغا كىرىپ 20 مىڭ گېكتار يەرنى سۇغىرىدۇ؛ يەنە بىر بۆلىكى جەنۇبىي غول ئۆستەڭ ئارقىلىق تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇغىرىش رايونىغا كىرىپ 23 مىڭ گېكتار يەرنى سۇغىرىدۇ؛ كەلكۈن مەزگىلىدە بولسا، كەلكۈن سۈيى ئىماmپاشا دەريا يولى ئارقىلىق تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

**قۇمئېرىق دەرياسى** ئاقسۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چوڭ تارماق ئېقىن. تەڭرىتاغلىرىنىڭ تۆمۈر چوققىسىدىن باشلىنىپ، ئالدى بىلەن قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ ئاندىن شىمال تەرەپتىن جۇڭگو چېگراسىغا ئېقىپ كىرىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن توشقان دەرياسى بىلەن قوشۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 293 كىلومېتىر كېلىدۇ. دەريانىڭ قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىكى ئۇزۇنلۇقى 188 كىلومېتىر بولۇپ، سارىجاس دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ؛ جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ئۇزۇنلۇقى 105 كىلومېتىر، يىغىندى سۇ كۆلىمى 2306 كۋادرات كىلومېتىر؛ ئاساسلىق تارماقلىرىدىن تۆمۈر دەرياسى، يېڭىيەر دەرياسى، ئاقچى دەرياسى قاتارلىق

ئۈچ تارماق ئېقىنى بار. قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 3208 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ يىللىق ئېرىگەن سۇ مىقدارى 3 مىليارد 393 مىليون كۇب مېتىر. تاغ ئېغىزىدىكى ئىشىخلا گىدرولوگىيە پونكىتى ئۆلچىگەن يىغىندى سۇ كۆلىمى 12 مىڭ 816 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 750 مىليون كۇب مېتىر (چەت ئەلدىن ئېقىپ كېلىدىغان 3 مىليارد 610 مىليون كۇب مېتىر سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭغا گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى بۇلاق سۇلىرىنىڭ ئېقىن مىقدارى 144 مىليون كۇب مېتىرنى قوشقاندا، دەريانىڭ جەمئىي ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 750 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم-لاتقا مىقدارى 3.52 كىلوگرام/كۇب مېتىر. دەريا تاغ ئېغىزىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن غايەت زور بىر دېلتىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا ئۇزۇنلۇقى 110 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە قارىتا كەڭلىكى 35 ~ 45 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 318 مىڭ گېكتار، سۇغىرىش كۆلىمى 50 مىڭ 300 گېكتار، سازلىق كۆلىمى 6300 گېكتار كېلىدۇ، ئۇ ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بەش چوڭ سۇغىرىش رايونىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**توشقان دەرياسى** ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غول ئېقىنى. دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى قىرغىزىستان تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 140 كىلومېتىر كېلىدۇ، چىچار گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى 20 كىلومېتىرلىق جايدىن جۇڭگوغا ئېقىپ كىرىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن قۇمئېرىق دەرياسى بىلەن قوشۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 475 كىلومېتىر، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 317 كىلومېتىر، يىغىندى سۇ كۆلىمى 10 مىڭ 230 كۋادرات كىلومېتىر. ساركۆرەك گىدرولوگىيە پونكىتىدىكى يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 650 مىليون كۇب مېتىر (چەت ئەلدىن ئېقىپ كىرگەن 1 مىليارد 170 مىليون كۇب مېتىر سۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭغا گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ تۆۋەنىدىكى تاغ بۇلاقلىرىنىڭ ئېقىن مىقدارى 455 مىليون كۇب مېتىرنى قوشقاندا، دەريانىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 110 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ؛ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 724.7 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى 55 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۇ مىقدارى 766 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر؛ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - لاتقا مىقدارى 2.54 كىلوگرام/كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 5 مىليون 340 مىڭ توننا، دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 270 مىللىگرام/لىتىر.

**قەشقەر دەرياسى** جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا رېتى بويىچە ئېگىز يار دەرياسى، كۆسەن دەرياسى، گەز دەرياسى، قىزىل دەرياسى، چاقماق دەرياسى، بۇغۇز دەرياسى قاتارلىق ئالتە ئاساسىي دەريانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 65 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر، جەمئىي يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 222 مىليون كۇب مېتىر (چېگرا سىرتىدىن ئېقىپ كىرگەن سۇ مىقدارى 556 مىليون كۇب مېتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، قەشقەر تۈزلەڭلىكىدە پايدىلىنىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي غول ئېقىنى بولغان قىزىل دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 960 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، جەمئىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 49.6% نى ئىگىلەيدۇ. ئېگىز تاغلاردىكى جەمئىي مۇزلۇق كۆلىمى 2880 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۇ مىقدارى 1 مىليارد 625 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ھەۋزىسىدىكى جەمئىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 35.4% نى ئىگىلەيدۇ. ھەۋزىسىنىڭ تاغلىق رايونلاردىكى يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 2360 توننا. ئوتتۇرىچە يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 496 توننا/كۋادرات كىلومېتىر. سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى 1 مىليون 900 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، ئاساسەن قىزىل دەرياسى بىلەن گەز دەرياسىغا تارقالغان. يەر ئۈستى سۈيى بىلەن تەكرارلانمايدىغان يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 457 مىليون كۇب مېتىر.

**قىزىل دەرياسى** قەشقەر دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غول ئېقىنى. قىرغىزىستان تەۋەلىكىدىكى قىزىل ئاقىن تېغىدىن باشلىنىدۇ. ئەڭ چوڭ تارماق ئېقىنى بولغان مارقانچات دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تاجىكىستاندىن باشلىنىدۇ. كالابېلى گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 213 كىلومېتىر، يىغىندى سۇ كۆلىمى 13 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 47 مىليون كۇب مېتىر (چەت ئەلدىن ئېقىپ كىرىدىغان سۇ مىقدارى 556 مىليون كۇب مېتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) . بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئاستى سۈيى 30.2% نى، مۇز-

لۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۈيى %24.7نى، يامغۇر، قار ئارىلاشما سۈيى %45.1نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ـ لاتقا مىقدارى 5.90 كىلوگرام/كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 12 مىليون 100 مىڭ توننا. سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 639 مىللىگرام / لىتىر. قۇم ـ لاتقا دانچىلىرى ئۇششاق، رەڭگى قىزىل، لاتقىسى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن «قىزىل دەريا» دەپ ئاتالغان.

**گەز دەرياسى** قەشقەر دەرياسى سۇ سىستېمىسىدا بولۇپ، مۇجى دەرياسى بىلەن قارا كۆل دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى تارماق ئېقىندىن تەركىب تاپقان. ئاساسلىق تارماق ئېقىنى بولغان مۇجى دەرياسى جۇڭگو بىلەن تاجىكىستان چېگرىسىدىكى سارىقول تاغلىرىنىڭ قارازاق چوققىسى ئەتراپىدىن باشلىنىدۇ. قارا كۆل دەرياسى مۇز تاغ مۇزلۇق رايونىدىن باشلىنىدۇ، بۇلۇڭكۆلدە مۇجى دەرياسى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن گەز دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. گەز دەرياسىنىڭ بۇلۇڭكۆلدىن قىرىق گىدرولوگىيە پونكىتىغىچە بولغان 37 كىلومېتىرلىق دەريا قىنىنىڭ تۆۋەنلەش پەرقى 1600 مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سول قىرغىقىدا دائىم مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن لاتقا ـ شېغىل ئېقىنى يۈز بېرىدۇ. قىرىق گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 151 كىلومېتىر، يىغىندى سۇ كۆلىمى 9212 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 954 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر؛ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ـ لاتقا مىقدارى 3.23 كىلوگرام/كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 3 مىليون 100 مىڭ توننا، دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 344 مىللىگرام / لىتىر. قىرىق گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى 28 كىلومېتىرلىق جايى تاغ ئېغىزى. دەريا ئېقىنى تاغدىن چىققاندىن كېيىن قەشقەر تۈزلەڭلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بورۇختاي، ئۈچ كۆۋرۈك سۇ بۆلگۈچ توغۇنى ئارقىلىق قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇرغا سۇغىرىش رايونىغا ئېقىپ كىرىدۇ، ئاخىرقى قىسمى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىدۇ. دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 374 كىلومېتىر.

**يەكەن دەرياسى** تارىم دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى. قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى لاسكوي دەرياسىدىن باشلىنىدۇ. دەريانىڭ يۇقىرى ئې-قىنىدا كىلىچىن دەرياسى ۋە تاشقورغان دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارماق ئېقىن قوشۇلىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن شورچاقتىدىكى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1165 كىلومېتىر، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 96 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە كاچۇڭ تاغ ئېغىزىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى تاغلىق رايون يىغىندى سۇ كۆلىمى 50 مىڭ 248 كۋادرات كىلومېتىر. دەريا مەنبەسى رايونى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ تاغلىق مۇزلۇقلار مەركىزى بولۇپ، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى ھەۋز ئىچى مۇزلۇق كۆلىمى 5574 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلار بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى %11، مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ مىقدارى 4 مىليارد 70 مىليون كۇب مېتىر. كاچۇڭ گىدرولوگىيە پونكىتىدا ئۆلچەنگەن يەر ئۈستى سۈيى ئېقىن مىقدارى 6 مىليارد 490 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ـ لاتقا مىقدارى 4.40 كىلوگرام/ كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 28 مىليون 300 مىڭ توننا. دەريا كاچۇڭنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا ئوتتۇرا ـ تۆۋەن ئېقىن تۈزلەڭلىك رايونىغا كىرىپ، يەكەن، پوسكام، مەكىت، مارالبېشى ناھىيىلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. سۇغىرىش رايونىدا ھازىر بار بولغان سۇ ئامبىرى 41 بولۇپ، ئومۇمىي سۇ سىغىمچانلىقى 1 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەريادا يەنە كاچۇڭ شەرقىي، غەربىي قىرغاق چوڭ ئۆستەڭ سۇ باشلاش توغۇنى قۇرۇلۇشى ۋە ئوپا ئۆستىڭى، مىنشىڭ ئۆستىڭى قاتارلىق سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرى بار. ئونۇملۇك سۇغىرىش كۆلىمى 367 مىڭ گېكتار بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە مۇھىم ئاشلىق بازىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى ئومۇمىي مىقدارى 6 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

**تاشقورغان دەرياسى** يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغاقتىكى بىر تارماق ئېقىنى. جۇڭگو بىلەن پاكىستان چېگرىلىنىدىغان مىنتېكە داۋىنى ئەتراپىدىن باشلىنىدۇ، غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ قۇيۇنسالامغا كەلگەندە قونجىراپ دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئودۇل شىمالغا ئېقىپ تاشقورغان ناھىيە بازىرىغا يېتىپ بارىدۇ، تار ئەتراپىغا كەلگەندە يەكەن دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 273 كىلومېتىر، ھەۋزىسى-

نىڭ كۆلىمى 120 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ھەۋزىسىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 862 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى 53 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر. مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ مىقدارى 733 مىليون كۇب مېتىر. ئىرلىخ گىدرولوگىيە پونكىتىدا ئۆلچەنگەن يىغىندى سۇ كۆلىمى 7780 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 150 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قۇم مىقدارى بىرقەدەر ئاز دەريالارنىڭ بىرى.

**خوتەن دەرياسى** كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىدىغان چوڭ دەريا. جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنى قاراقاش دەرياسى غول ئېقىنى (ئۇزۇنلۇقى 808 كىلومېتىر) بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى (ئۇزۇنلۇقى 504 كىلومېتىر) تارماق ئېقىنىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قوشلاش ئەتراپىدا بىرلەشكەندىن كېيىن خوتەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەن دەرياسىنىڭ قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى باشلىنىش مەنبەسىدىن خوتەن دەرياسى ئېغىزىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1127 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاساسەن قاراقاش، خوتەن، لوپ ناھىيىلىرىدىن ۋە خوتەن شەھىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، ھەۋزىسىنىڭ كۆلىمى 48 مىڭ 870 كۋادرات كىلومېتىر. ھەۋزىسى ئىچىدىكى بارلىق مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 5121 كۋادرات كىلومېتىر، زاپاس مىقدارى 566 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، كۇئېنلۇن تاغلىرىدىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق ھەرىكىتى مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. خوتەن دەرياسىنىڭ تاغلىق رايوندىكى جەمئىي يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 420 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 19 مىليون 420 مىڭ توننا؛ ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەردىكى سۇغىرىش رايونىنىڭ زور مىقداردا سۇ باشلاپ ئىشلىتىشى ھەمدە سۇنىڭ دەريا قىنىدا سىڭىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن، ئىككى دەريانىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدىكى يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 100 مىليون كۇب مېتىر ئەتراپىدا، تارىم دەرياسىغا ئېقىپ كىرىدىغان سۇ مىقدارى بولسا ئاران 1 مىليارد 160 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ؛ دەريانىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - لاتقا مىقدارى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، 11.1كىلوگرام / كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 1280 توننا بولۇپ، خوتەن دەرياسىنىڭ ئومۇمىي قۇم ئېقىتىش مىقدارى — 19 مىليون 420 مىڭ توننىنىڭ %65.9نى ئىگىلەيدۇ.

**قاراقاش دەرياسى** خوتەن دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غول ئېقىنى، قارا قورۇم تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن ئۇلۇغ ئات گىدرولوگىيە پونكىتى چىقىش ئېغىزىغىچە بولغان تاغلىق رايوندىكى ئۇزۇنلۇقى 589 كىلومېتىر، دەريا ئېقىنىنىڭ يانتۇلۇقتىن تۆۋەنلىشى ‰7.92، يىغىندى سۇ كۆلىمى 19 مىڭ 983 كۋادرات كىلومېتىر. دەريانىڭ ئۇلۇغ ئاتتىن قاراقاش چوڭ كۆۋرۈكىگىچە بولغان بۆلىكى ئېدىرلىق ۋە تۈزلەڭلىك رايونى بولۇپ، دەريا ئۇزۇنلۇقى 91 كىلومېتىر، دەريا يولىنىڭ تۆۋەنلىشى ‰6 ئەتراپىدا؛ سۇ ئېقىنى خوتەن، قاراقاش ئىككى ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا تارقىلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلىدە كەلكۈن سۈيى خوتەن دەرياسىغا ئېقىپ كىرىدۇ. قاراقاش چوڭ كۆۋرۈكىدىن قوشلاشتا يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قوشۇلغان جايىغىچە بولغان دەريا بۆلىكى قۇملۇق رايونى بولۇپ، دەريا ئۇزۇنلۇقى 128 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇلۇغ ئات گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تاغلىق رايون مۇزلۇقىنىڭ كۆلىمى 2163 كۋادرات كىلومېتىر، زاپاس مىقدارى 156 مىليارد كۇب مېتىر، مۇزلۇقىنىڭ يىللىق ئېرىگەن سۇ مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىر؛ دەريانىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 180 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ تولۇقلىمىسى %45.9نى، يەر ئاستى سۇ تولۇقلىمىسى %24نى، ھۆل - يېغىن پەسلىدىكى قار، يامغۇر تولۇقلىمىسى %30.1نى ئىگىلەيدۇ؛ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم - لاتقا مىقدارى 2.25كىلوگرام / كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 4 مىليون 920 مىڭ توننا، دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسىنىڭ ھەر لىتىرى 437 مىللىگرام لىتىر؛ ئېقىن مىقدارىنىڭ يىل ئىچىدىكى تەقسىملىنىشى تەكشىسىز بولۇپ، ئەتىياز پەسلى ئاران %9.6نى ئىگىلىسە، ياز پەسلى %73.2نى ئىگىلەيدۇ.

**يۇرۇڭقاش دەرياسى** خوتەن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئاساسلىق تىزمىلىرىدىن باشلىنىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسى رايونى كۇئېنلۇن تاغلىرىدىكى ئەڭ زور مۇزلۇق ھەرىكىتى مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن تاغدىن چىقىش ئېغىزىدىكى تۇڭگۇزلۇق گىدرولو-

گىيە پونكىتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۆلىكى تاغلىق رايون بولۇپ، دەريا ئۇزۇنلۇقى 300 كىلومېتىر كېلىدۇ، تارماق ئېقىنلىرى كۆپ. تۇڭگوزلۇقتىن يېڭىئېرىقچىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۆلىكى ئېدىرلىق رايونى بولۇپ، دەريا ئۇزۇنلۇقى 64 كىلومېتىر كېلىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ بويلىرى خوتەن، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدۇر. تۇڭگوزلۇق گىدرولوگىيە پونكىتىدا ئۆلچەنگەن يىغىندى سۇ كۆلىمى 14 مىڭ 575 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق كۆلىمى 2958 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 410 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر؛ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 240 مىليون كۇب مېتىر بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ تولۇقلىمىسى 61.1%نى، يەر ئاستى سۇ تولۇقلىمىسى 18.3%نى، يامغۇر، قار سۇلىرى تولۇقلىمىسى 20.6%نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇ دەريانىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ـ لاتقا مىقدارى 6.47 كىلوگرام/كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 14 مىليون 500 مىڭ توننا، دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 397 مىللىگرام/لىتىر. ئېقىن مىقدارىنىڭ يىل ئىچىدىكى تەقسىملىنىشى تەكشى ئەمەس، ئەتىياز پەسلى ئاران 5.8%نى، ياز پەسلى بولسا 80.4%نى ئىگىلەيدۇ.

**كېرىيە دەرياسى** كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ، مۇز ـ قارلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. تاغلىق رايوندىكى دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 438 كىلومېتىر، تاغ ئېغىزىدىكى نۇرمۇھەممەت لەنگەر گىدرولوگىيە پونكىتىدا ئۆلچەنگەن يىغىندى سۇ كۆلىمى 7358 كۋادرات كىلومېتىر؛ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 723 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ـ لاتقا مىقدارى 4.16 كىلوگرام/كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 3 مىليون 10 مىڭ توننا. تاغ ئېغىزىنىڭ تۆۋىنىدىكى 75 كىلومېتىر كېلىدىغان كېرىيە ناھىيىسى چۆل كۆۋرۈكىدە يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 200 مىليون كۇب مېتىرلا كېلىدۇ. ھازىرقى سۇغىرىش كۆلىمى 382 مىڭ گېكتار، يىللىق سۇغىرىشقا باشلىنىدىغان سۇ مىقدارى 500 مىليون كۇب مېتىر. 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، دەريانىڭ ئېقىن مۇساپىسى 100 كىلومېتىردەك قىسقىرىپ كەتتى. لېكىن دەريا سۈيى ئاۋۋالقىدەك يوشۇرۇن ئېقىن شەكلىدە ئىزچىل تۈردە كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 180 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغىچە ئېقىپ كەلمەكتە.

**چەرچەن دەرياسى** كاچاڭ دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۇئېنلۇن تېغىدىكى مۇز تاغ چوققىسىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىن باشلىنىدۇ. ئۇ كۇئېنلۇن ـ ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى سۇ ھاسىل قىلىش مىقدارى ئەڭ كۆپ، شۇنداقلا مۇز، قارلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان بىر دەريا ھېسابلىنىدۇ. دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 813 كىلومېتىر. چەرچەن گىدرولوگىيە پونكىتىدا ئۆلچەنگەن يىغىندى سۇ كۆلىمى 26 مىڭ 822 كۋادرات كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 552 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قۇم ـ لاتقا مىقدارى 7.97 كىلوگرام/كۇب مېتىر، يىللىق قۇم ئېقىتىش مىقدارى 4 مىليون 410 مىڭ توننا، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 768 مىللىگرام/لىتىر.

**كۆللەر** شىنجاڭ جۇڭگودىكى كۆللەرنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لەرنىڭ بىرى. كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ بولغان كۆللەر 138، ئومۇمىي كۆلىمى 5136 كۋادرات كىلومېتىر (ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن ماناس كۆلى، لوپنۇر كۆلى ۋە تېتىما كۆللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆللەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 7.2%نى ئىگىلەپ، شىزاڭ، چىڭخەي ۋە جياڭسۇدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 4 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئېرتىش دەرياسى ھەۋزىسىدىكى تاشقى ئېقىن كۆللىرىدىن باشقىلىرى ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىگە كىرىدۇ، بولۇپمۇ ئويمانلىقنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىنىڭ سۇ ئورنى ئۆزگىرىشى چوڭ، كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى شورلۇق كۆل ياكى تۇزلۇق كۆللەردىن ئىبارەت؛ بىراق تاغلىق رايونلاردىكى ۋە ئېگىزلىكتىكى كۆللەرنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان. شىنجاڭدىكى كۆللەر چۆككەن كۆل، ئۇلتۇرۇشقان كۆل، ئاخىرقى مورېنا كۆلى، توسۇلما كۆل، دەريا ئارىلىقىدىكى كۆل، قالدۇق كۆل، شامالنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن كۆل، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تېشىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان كۆل ۋە سۈنئىي كۆل قاتارلىق توققۇز خىل تىپقا ئىگە. ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىنىڭ ئۆزىگە ئىچكى شەكىللەندۈرۈش رايونى (تاغلىق رايوندا)، ئۆزىنىڭ سۇ

سىستېمىسى (تەبىئىي دەريالار ۋە سۈنئىي ئۆستەڭلەر) ۋە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى يىغىلىدىغان جايى (ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆل سۈيى) ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمى سىستېمىسى (جىلغا شامىلى) بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەريا ئېقىنلىرىنىڭ كەڭ ئويمانلىقلارنىڭ مەركىزىگە توپلىنىشىدىن شەكىللەنگەن. كۆل سۈيى تېيىز، سۇ مىقدارى ئاز بولۇپ، ھالىتى خىلمۇخىل. ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆل سۈيىدىكى جانلىقلار سىستېمىسى ئۆزلىرى كۆلگە ئېلىپ كەلگەن ئانئورگانىك تۇزلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق (يېمەكلىك) زەنجىرىگە قوبۇل قىلىپ كۆل سۈيىنى تۇزسىزلاشتۇرىدۇ، شۇڭا جانلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆلنىڭ قىرغاققا يېقىن زونىلىرىغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئالاھىدە كىلىمات شارائىتى، شۇنىڭدەك جانلىقلارنىڭ مىقدارى ۋە جانلىقلار توپىنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، كۆلدىكى جانلىقلار دائىم يېڭىلىنىپ، جانلىقلار مىقدارى زىيادە ئېشىپ كېتەلمەيدۇ. زەھەرلىك يوسۇنلار زور دەرىجىدە كۆپىيىپ سۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىدە يوسۇن تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسەلمەيدۇ ۋە كۆللەر تەرەققىي قىلىپ سازلىققا ئايلىنالمايدۇ. بۇ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تۈپ سەۋەب، شۇنداقلا بۇ ئۇلارنىڭ نەم رايونلاردىكى كۆللەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىش تارىخىغا ئوخشىمايدىغان جايىدۇر. ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنداق تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ، كۆل تارىخىدىكى ھاياتىي كۈچ ئەڭ جانلانغان، سۇ مىقدارى ئەڭ مول بولغان باسقۇچ؛ ئىككىنچى باسقۇچ، دەريالاردىن كېلىدىغان سۇ مىقدار ئازىيىپ، كۆل دەسلەپكى قۇرۇشقا باشلىغان باسقۇچ؛ ئۈچىنچى باسقۇچ، سۇ مەنبەسىنىڭ ئۈزۈلۈش باسقۇچى؛ تۆتىنچى باسقۇچ، سۇنىڭ تامامەن تارتىلىپ كېتىپ، كۆل رايونىنىڭ بىر پارچە شورلۇق يەرگە ئايلىنىش باسقۇچى. ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆللىرى ۋە كۆل بويلىرى قىممەتلىك تەبىئىي بوستانلىقلار، شۇنداقلا قۇرغاق رايون كىلىماتىنىڭ ئىندىكاتورى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**بوغدا كۆلى** قەدىمكى زاماندا ياۋچى كۆلى (چىرايلىق كۆل) دەپ ئاتالغان. دۆلەتنىڭ ئۇقتىلىق داڭلىق مەنزىرىلىك رايونى، خەلقئارا ئادەم ۋە بىئوسفېرا تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىي يانباغرىغا، فۇكاڭ شەھىرى تەۋەلىكىدىكى سەنگۇڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن جىلغىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى تەخمىنەن 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر، كەڭلىكى 0.9 كىلومېتىر، كۆلىمى 2.7 كۋادرات كىلومېتىر؛ ئەڭ چوڭقۇر يېرى 95 مېتىر، سۇنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 52 مېتىر، زاپاس سۇ مىقدارى تەخمىنەن 144 مىليون كۇب مېتىر. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1911 مېتىر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، موتيەنزى بىلەن ئۇماي بۇ يەردە ئەنجۈر شاپتۇل بەزمىسى ئۆتكۈزگەنىكەن. كۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىدا چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدە سېلىنغان فۇشۇ ئىبادەتخانىسى بولۇپ، تېۋا ئىبادەتخانىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 47 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**ئاقسايچىن كۆلى** ئاقساي كۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چاقىلىق ـ ئاڭگۇلا ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا، خوتەن ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى ئاقسايچىن ئويمانلىقىغا جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك 35°08′~35°17′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°45′ ~ 79°54′؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4848 مېتىر، كۆل يۈزى كۆلىمى 164 كۋادرات كىلومېتىر. كۆلنىڭ شەكلى يۇمىلاقراق، شەرقىي قىسمىدا يىل بويى ئېقىپ كىرىدىغان ئاقساي دەرياسى بار، كۆلگە كۈنپېتىش تاغلىرىدىكى يىغىندى قار ۋە مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى ھەمدە يامغۇر سۇلىرى توپلىنىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 47.2 گرام/لىتىر، PH قىممىتى 8.9، سۇ تىپى Cl—Na بولۇپ، شورلۇق كۆلگە كىرىدۇ. ئېگىز ھەم سوغۇق، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، كۆلدىكى جانلىقلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاجىز بولغاچقا، كۆل سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈك دەرىجىسى 3 مېتىرغا يېتىدۇ، سۇ رەڭگى تەرتىپ نومۇرى تۆۋەن بولۇپ، 7 ـ ئورۇندا. كۆل سۈيىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن چوڭقۇرلۇقى توققۇز مېتىر.

**ئاياغ قۇمكۆل** شەرقىي كۈنپېتىش تاغلىرىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى قۇمكۆل ئويمانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا تەۋە. ئويمانلىقتىكى كۆللەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

شۇكى، يەر ئۈستى ئېقىنلىرى پارچە - پارچە ھالەتتىن يىغىلىپ توپلىنىش ئارقىلىق چوڭ كۆلگە ئايلانغان، ئاياغ قۇمكۆل بولارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كۆلدۇر؛ ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3876 مېتىر، كۆل يۈزىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 530 كۋادرات كىلومېتىر. كۆلگە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئېقىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن دەريالار قۇيۇلۇپ تۇرغانلىقى، كۆل رايونى ئەتراپىدىكى يىغىندى قار ۋە مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى ھەمدە يامغۇر سۇلىرى يىغىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۆلگە قۇيۇلىدىغان سۇ مىقدارى كۆپ، كۆلنىڭ سۇ ئورنى نىسبەتەن مۇقىم ھالەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. كۆل سۈيى ئېقىپ چىقمايدۇ، ئاساسەن پارغا ئايلىنىپ خورايدۇ، شۇ سەۋەبتىن كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، 126.17 گرام/لىتىرغا يېتىدۇ، سۈيىنىڭ PH قىممىتى 8.9، Cl — Na تىپلىق سۇ بولۇپ، تۇزلۇق كۆلگە كىرىدۇ.

**ئېبىنور كۆلى** جىڭ ناھىيىسى بازىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۇ كۈيتۇن دەرياسى، چېگىشور دەرياسى، بورتالا دەرياسى ۋە جىڭ دەريالىرىنىڭ ئاخىرى قۇيۇلىدىغان كۆل بولۇپ، ئۇزۇلۇپ ئولتۇرۇشقان كۆلگە كىرىدۇ. ھازىرقى كۆلنىڭ كۆلىمى 560 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 1950 - يىلىدىكى 1070 كۋادرات كىلومېتىرلىق كۆلىمىنىڭ تەڭ يېرىمى كىچىكلەپ كەتكەن. ئېبىنور كۆلى «تېيىز تەخسە» ھالىتىدە بولۇپ، سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرىمۇ 3.5 مېتىرغا يەتمەيدۇ. كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 92 ~ 137 گرام/لىتىر، ئوتتۇرىچە مىنېراللىشىش دەرىجىسى 112.4 گرام/لىتىر، PH قىممىتى 8.4 ~ 9 ئارىلىقىدا بولۇپ، تۇزلۇق كۆلگە كىرىدۇ.

**سايرام كۆلى** سەنتەي كۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئەۋلىيا چۇجۇجىنىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتى» دە: «تەڭرى كۆلى» دەپ تەرىپلەنگەن. شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، بورتالا ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، 312 - دۆلەت تاشيولى كۆل بويىدىن ئۆتىدۇ. تۇزۇلمىلىك ئولتۇرۇشۇشتىن شەكىللەنگەن كۆل تىپىغا كىرىدۇ. كۆل ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3600 مېتىر كېلىدىغان جايلىرىنىڭ يۇقىرىسى مەڭگۈلۈك يىغىندى قار ۋە مۇزلۇق بەلۋاغلىرى، 2800 مېتىردىن 3600 مېتىرغىچە بولغان جايلىرى ئېگىز تاغ يايلىقى، 2800 مېتىردىن تۆۋەن قىسمى تاكى كۆل بويىغىچە شەمشاد ئورمىنى بەلۋېغىدىن ئىبارەت. كۆل رايونى ئەتراپىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 500 مىللىمېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. كۆل سۈيى ئاتموسفېرا ھۆل - يېغىنى بىلەن كۆل ئەتراپىدىكى تاغلىقلارنىڭ يانباغرى ئېقىنلىرىنىڭ يىغىلىشىدىن كەلگەن؛ كۆل سۈيىنىڭ خورىشى پارغا ئايلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2072 مېتىر، شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى 27 كىلومېتىر، كۆلىمى 454 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 86 مېتىر، زاپاس سۇ مىقدارى تەخمىنەن 20 مىليارد كۇب مېتىر. كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 2.8 ~ 3 گرام/لىتىر بولۇپ، ئاجىز شورلۇق كۆل تىپىغا كىرىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 12 - بېتىگە قارالسۇن)

**ئۇلۇڭغۇر كۆلى** بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە جايلاشقان، ئۇلۇڭغۇر دەرياسىنىڭ ئاخىرى. كۆل ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: شىمالدىكىسى بۇرۇلتوقاي كۆلى بولۇپ، چوڭ كۆل دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئاجىز شورلۇق كۆلدۇر؛ جەنۇبتىكىسى جىلى كۆلى بولۇپ، باگا كۆلى، كىچىك كۆل دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ تۇزسىز كۆل ھېسابلىنىدۇ. بۇرۇلتوقاي كۆلىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 478.6 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 41 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ جايى 27 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 18.4 كىلومېتىر، ئەمەلىي ئۆلچەنگەن ئەڭ چوڭقۇر جايى 12 مېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى سەككىز مېتىر، كۆلىمى 753 كۋادرات كىلومېتىر، زاپاس سۇ مىقدارى 6 مىليارد 20 مىليون كۇب مېتىر؛ جىلى كۆلىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 482.8 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 17.5 كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ جايى 16.5 كىلومېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 9.9 كىلومېتىر، ئەمەلىي ئۆلچەنگەن ئەڭ چوڭقۇر جايى 14.7 مېتىر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 9.9 مې-

تىر، كۆلمى 174 كۋادرات كىلومېتىر، زاپاس سۇ مىقدارى 1 مىليارد 720 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. چوڭ - كىچىك كۆللەرنى تۇتاشتۇرىدىغان سۇ يولى قويىرغاي دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئون كىلومېتىر كېلىدىغان سازلىقتىن ئىبارەت. ئۇلۇڭگۇر كۆلى ئۇزۇلمە قاتلاملىق كۆل. كۆل رايونىدا لەيلىمە جانلىقلار مول بولۇپ، 75 خىل لەيلىمە ئۆسۈملۈك ئۆسىدۇ، سۇ ئېقىمىغا ئەگىشىپ ياشىغۇچى هايۋانلاردىن ئون نەچچە خىلى بار، سۇدا ئۆسىدىغان ئالتە چوڭ ۋاسكۇليار ئۆسۈملۈك بار، سۇ ئاستى جانلىقلىرى كۆپ؛ ئىككىلا كۆل ئۇزۇقلۇق تىپىدىكى كۆل هېسابلىنىدۇ. مۇقىم ئىقتىسادىي بېلىق تۈرلىرىدىن: بايقال لېيوتىسكۇس بېلىقى (كىچىك ئاق بېلىق)، ئوكۇن بېلىقى، قىيسىق چىشلىق ياپىلاق بېلىق، شەرق ياپىلاق بېلىقى، ئىدۇس بېلىقى، كۆمۈش تاپانلىق بېلىق، تېتىردان بېلىقى قاتارلىق 16 تۈرى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى تۆت خىلىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى كۆپ. ئوتتۇرىچە يىللىق بېلىق مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 3000 توننا بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى 4500 توننىغا يېتىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 12- بېتىگە قارالسۇن)

**لوپنور كۆلى** تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرى قۇيۇلىدىغان كۆل، موڭغۇل تىلىدا سۇ يىغىلىدىغان كۆل دېگەن مەنىدە. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى لوپنور ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا «ئويمان سازلىق»، «شور سازلىق» دېيىلگەن. كۆل قىرغاقلىرىدا تۇز ئۇچاستكىلىرى كەڭ تارقالغان. «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: غەربىي رايوننىڭ «جەنۇب- شىمال تەرەپلىرىدە چوڭ تاغلار بار ئىكەن، ئوتتۇرىسىدا دەريا بولۇپ، شەرققە ئېقىپ پۇچاڭ كۆلىگە قۇيۇلىدىكەن، كۆل ئەتراپى شورلۇق سازلىق ئىكەن» دەپ بايان قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لوپنور كۆلى دەپ ئاتالغان. هازىر خەرىتىدىكى لوپنور كۆلى (شىمالىي كەڭلىك 40°03′ ~ 40°40′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 90°05′~90°25′) ۋە ئېتىما كۆلى (شىمالىي كەڭلىك 39°20′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 88°25′) قاتارلىقلار مەۋجۇت ئەمەس. ئېتىما كۆلىمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇپ كەتتى. لېكىن تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى دېگەن بۇ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمدىكى لوپنور كۆلى يوقىلىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ يېقىنقى جۇغراپىيىلىك ئورنى داشىخەيزى سۇ ئامبىرى بولۇپ، شىمالىي كەڭلىك 40°35′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 87°30′ قا جايلاشقان.

**ئايدىڭكۆل** جۇڭگو قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن نۇقتىسى. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سەل جەنۇبىدىكى ئەڭ پەس ئويمانغا جايلاشقان. كۆل يۈزى دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر تۆۋەن، كۆلنىڭ ئەڭ تۆۋەن يېرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەنلىكى 161 مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇ دۇنيا بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان پەس يەر هېسابلىنىدۇ. ئايدىڭكۆلنىڭ يەنە جۇلوخۇەن، ئاي تۈرى كۆلى دېگەندەك ناملىرى بار. كۆل



ئايدىڭكۆل

ئويمانلىقىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى ئون كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 450 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي كەڭلىك 42°38′~42°41′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 89°13′~89°20′ قا جايلاشقان. گېئولوگىيىلىك تارىختا ئايدىڭكۆل خېلى چوڭ كۆل بولغان. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلاردا سۇدىن پايدىلىنىشنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كۆل سۈيى پەقەت يەر ئاستى ئېقىنلىرى ئارقىلىقلا تولۇقلىنىدىغان بولدى. شۇڭا، ئايدىڭكۆل تىپىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ تېشىپ چىقىشىدىن شەكىللەنگەن كۆل هېسابلىنىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دە-

رىجىسى 210 گرام/لىتىر، سۈيىنىڭ خىمىيىۋى تىپى $SO_4-Cl-Na$ نى ئاساس قىلىدۇ، تۇزلۇق كۆلگە كىرىدۇ، شورلۇق چۆل لاندشافتى كۆرۈنۈشىدە. كۆلدە ئاساسەن تاش تۇز، مىرابىلىت، سۇسىز مىرابىلىت قاتارلىق مىنېراللار بار.

**باركۆل كۆلى** ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان كۆل. شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى باركۆل تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا جايلاشقان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە فۇلى كۆلى دەپ ئاتالغان، «غەربىي يۇرت خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە بارقول دەپ ئاتالغان. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1585 مېتىر كېلىدۇ. كۆل قاپاق شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇن ئوقى غەربىي شىمال — غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە، ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 5 ~ 10 كىلومېتىر، كۆلىمى 140 كۋادرات كىلومېتىر. نۆۋەتتە كىچىكلەپ 112.5 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالدى. چوڭقۇرلۇقى 1.1 مېتىر. كۆل سۈيى كۆل ئەتراپىدىكى يەر يۈزى ئېقىنلىرى،



باركۆل كۆلى

ئەتراپىدىكى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىلىرى ئاستىدىن چىققان بۇلاق سۇلىرى ھەمدە يەر ئاستى سۈيى ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 244 گرام / لىتىر بولۇپ، تۇزلۇق كۆلگە كىرىدۇ.

**باغراش كۆلى** جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تۇزسىز كۆلى. قاراشەھەر دەرياسىنىڭ ئاخىرى، كونچى دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى. قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك 41°56′ ~ 42°14′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86°40′~87°25′. «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە «قاراشەھەر كۆلى» دەپ، «سۇ تەپسىراتلىرى. دەريالار جىلتى» دە «دۈنخۇڭچۇ» دەپ، «غەربىي دىيار سۇ يوللىرى» دا «باغراچ كۆلى» دەپ ئاتالغان. ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان كۆل. كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 20 كىلومېتىر، كۆلنىڭ سۇ ئورنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1048 مېتىر كېلىدىغان ۋاقىتتا، كۆلنىڭ كۆلىمى 990 كۋادرات كىلومېتىر، سىغىمچانلىقى 8 مىليارد 150 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 8.15 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 16.5 مېتىر. ھازىرقى كۆل ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: چوڭ كۆلنىڭ كۆلىمى 980 كۋادرات كىلومېتىر، كىچىك كۆلنىڭ كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق؛ كىچىك كۆل ئەتراپىدىكى قومۇشلۇق كۆل ھەم سازلىق تەخمىنەن 300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆل سۈيى ئاساسەن قاراشەھەر دەرياسى تەرىپىدىن تولۇقلىنىدۇ. باغراش كۆلى ئوتتۇراھال ئوزۇقلۇق تىپىدىكى كۆل بولۇپ، سۇ جانلىقلىرىدىن لەيلىمە جانلىقلار، سۇ ئاستى جانلىقلىرى، لەيلەپ يۈرگۈچى جانلىقلار، ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگۈچى جانلىقلار بار. ھازىر پۈتۈن كۆلدە 24 خىل بېلىق تۈرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي بېلىق تۈرى 18 خىل بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 2000 توننىدىن ئاشىدۇ. سازلىق رايونىدىن ئەڭ سۈپەتلىك قومۇش چىقىدۇ، ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 300 مىڭ توننىدىن ئارتۇق. باغراش كۆلى ئادەتتە 12 - ئايدا مۇز تۇتىدۇ. مۇز تۇتۇش مەزگىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 93 كۈن بولۇپ، مۇزنىڭ قېلىنلىقى 0.8 مېتىردىن بىر مېتىرغىچە، ئەڭ قېلىن بولغاندا 1.2 مېتىرغا يېتىدۇ. باغراش كۆلى ھازىر داڭلىق ساياھەت ئورنى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 12 - بېتىگە قارالسۇن)

**ئاققۇ كۆلى** قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقىدا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 42°40′ ~ 42°45′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 83°37′~84°22′. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2400 ~ 2600 مېتىر. چوڭ يۇلتۇز ئويمانلىقىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 25 كىلومېتىر. ئويمانلىق تەكشى بولۇپ، ئەتراپىدىكى قارلىق تاغ، مۇزلۇق چوققىلاردىكى ئېرىگەن قار سۇلىرىنىڭ توپلىنىشى، ئويمانلىقنى كېسىپ ئۆتكەن دەريالارنىڭ ئەگرى - بۈگرى ئېقىنلىرى، بۇلاقلارنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن كەڭ كۆلەمدىكى كۆل ۋە سازلىقلار شەكىللەنگەن. كۆل ۋە سازلىقلاردا سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر سۇ يۈزىدىن 30 ~ 50 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئېگىزرەك سازلىق يەرلىرى باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن چىملىق ئوتلاق بولۇپ، ئاققۇنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ھازىرلانغان، ئاققۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشى، ئوزۇقلىنىشى ۋە پاناھلىنىشىغا تولىمۇ باب كېلىدۇ. كۆل - سازلىق سۇ تەۋەلىكىدە 3000 غا يېقىن ئاق قۇ ۋە ئاز مىقداردىكى ھۇررەك بۇرۇن ئاق قۇ ۋە كىچىك ئاق قۇلار ياشايدۇ؛ سۇ قۇشلىرىنىڭ تۈرى نەچچە ئون خىل بولۇپ، سانى 100 مىڭدىن ئاشىدۇ. قۇشلارنىڭ كۆپچىلىكى ياز قۇشلىرىدىن ئىبارەت؛ ئۇنىڭدىن باشقا، كۆل رەڭ تۇرنا، قارامتۇل كۆل رەڭ تۇرنا، ئالاباش ياۋا غاز، ھاڭگىرت قاتارلىق تۇرغۇن لەيلەك ئاياغلىقلار ۋە سۇ قۇشلىرى، شۇنىڭدەك ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، سۈسۈن قاناتلىق قارىغۇجا، پايپاقلىق قارلىغاچ قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلار ھەمدە سايرايدىغان قۇشلارمۇ ياشايدۇ. قۇش تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 23 ئائىلە، 77 تۈرگە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بېلىقلار، قوش ماكانلىقلار، ئۆمىلىگۈچىلەر، ھايۋانلار قاتارلىقلار بار. ھەر يىلى 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئاققۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، سايرىشىپ، ئاسماندىن خۇددى ئاق بۇلۇتتەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغاچقا، «ئاققۇ كۆلى» دەپ ئاتالغان. ھازىر ئۇ «بايىنبۇلاق ئاققۇ كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى (دۆلەت دەرىجىلىك)» بولدى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 23 - بېتىگە قارالسۇن)

**قاناس كۆلى** بۇرچىن ناھىيىسى تەۋەلىكىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 48°43′~48°54′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 87°00′~87°10′. قەدىمكى مۇزلۇقلارنىڭ كېڭىيىشچان يېرىلمىسى بويلاپ يونۇشىدىن شەكىللەنگەن مورېنا توسما كۆلى بولۇپ، بۇرچىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چېگرا ئاتلايدىغان كۆل. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1374 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.6 ~ 2.9 كىلومېتىر، ھىلال ئايسىمان شەكىلدە؛ كۆلنىڭ كۆلىمى 37.7 كۋادرات كىلومېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 188.5 مېتىر، سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 90 مېتىر، سىغىمچانلىقى 4 مىليارد كۇب مېتىر، كۆل ئېغىزىدىكى سۈيىنىڭ چىقىش مىقدارى 50 كۇب مېتىر /سېكۇنت. كۆل رايونىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4 - C، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 600 مىللىمېتىردىن يۇقىرى. ھەر يىلى 12 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 5 - ئايغىچە كۆل يۈزىدە مۇز تۇتىدۇ. بۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدا ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى ئوتتۇراھال تاغلىق ئورمان بەلۋېغى شەكىللەنگەن. كۆل ئەتراپى ئورمانلىق ھەم قويۇق ئوت - چۆپلۈك بولۇپ، بەزىدە قوڭۇر ئېيىق، بۇغا، ياۋا چوشقا قاتارلىقلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. كۆلدىن تايمېن بېلىقى (چوڭ قىزىل بېلىق)، مارىنكا بېلىقى، نالىم بېلىقى، ئالتاي ئوسىتېر بېلىقى، سىبىرىيە ياپىلاق بېلىقى قاتارلىق سەككىز خىل قىممەتلىك بېلىق تۈرى چىقىدۇ. 1984 - يىلى ئېغىرلىقى 38 كىلوگرام كېلىدىغان بىردانە سۇس قىزىل رەڭلىك تايمېن بېلىقى تۇتۇۋېلىنغان. كۆل ياقىلىرىدا ئاققۇ، قارا بويۇن تۇرنا، سىبىرىيە تۇرنىسى قاتارلىقلار بار. قاناس كۆلىنىڭ تاغلىرى ھەيۋەت، سۈيى سۈزۈك، ئورمانلىرى قويۇق، يايلاقلىرى گۈزەل بولۇپ، ئىپتىدائىي ئېكولوگىيىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالغاچقا، «شەرقتىكى ئالپ» دەپ تەرىپلەنمەكتە. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 47 -

بېتىگە قارالسۇن)

**سەيۇوپۇ كۆلى** جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 44°33′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 87°55′. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان. شەھەر مەركىزىگە تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىم سۇ مەنبەسى. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 6.37 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 5.75 كىلومېتىر، يۇمىلاقراق شەكىلدە. كۆل ئويمانلىقى تېيىز تەخسىسىمان ھالەتتە. كۆل تېگى تەكشى، سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئومۇمەن ئۈچ~بەش مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 6.1 مېتىر كېلىدۇ. كۆل يۈزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1092.7 مېتىر. كۆلىمى تەخمىنەن 30 كۋادرات كىلومېتىر، سىغىمچانلىقى 125 مىليون كۇب مېتىر. كۆل سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 4 گرام / لىتىر بولۇپ، ئاجىز شورلۇق كۆلگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى، ساياھەتچىلىك، مەھەللە كىلىماتىنى تەڭشەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**داۋانچىڭ تۇزلۇق كۆلى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى سەيۇوپۇ ـ داۋانچىڭ ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ئويمانلىقنىڭ تۇزلۇق سۈيى توپلىنىدىغان جاي، سەيۇوپۇ كۆلىنىڭ سۈيى يەر ئاستى ئارقىلىق تۇزلۇق كۆلگە تۇتىشىدۇ. تۇزلۇق كۆل شەرقىي تۇزلۇق كۆل ۋە غەربىي تۇزلۇق كۆل دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. غەربىي تۇزلۇق كۆل كىچىكرەك بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 88°05′، شىمالىي كەڭلىك 43°28′20″ ئارىلىقىدا؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1072 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 2 كۋادرات كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 0.2 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تۇزلۇق كۆل چوڭراق بولۇپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 88°10′10″، شىمالىي كەڭلىك 43°25′10″ قا جايلاشقان؛ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1071 مېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 35 كۋادرات كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 0.5 مېتىر كېلىدۇ. ئىككى كۆل سۇ يولى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ئاساسلىق تۇز چۆكۈندىلىرىدىن تاش تۇز، مىرابىلىت (گىلاۋبېر تۇزى) قاتارلىقلار بار. كىچىك تۇزلۇق كۆلنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 275 گرام / لىتىر، چوڭ تۇزلۇق كۆلنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 351 گرام / لىتىر، سۈيىنىڭ خىمىيىلىك تىپى ئومۇمەن ناترىي سولفات سۇب تىپىغا كىرىدۇ.



داۋانچىڭ تۇزلۇق كۆلى

**مۇزلۇقلار** تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇھىم تاتلىق سۇ بايلىقى. مۇزلۇقلار ئېگىز تاغلاردا قاتتىق ھالەتتىكى سۇ ئامبىرىلىق رولىنى ئوينايدۇ، دەريالارنىڭ ئېقىن مىقدارىنى تۇراقلاشتۇرۇپ ۋە تەڭشەپ تۇرىدۇ. ئۇ بوستانلىقلارنى يېتىلدۈرگەن قىممەتلىك سۇ بايلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى مۇزلۇقلارنىڭ سانى كۆپ، كۆلىمى كەڭ. مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى غەربىي شىمال رايونىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ %91.4ـىنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇزلۇقلارنىڭ %44ىنى ئىگىلەيدۇ، شىزاڭ (%45.4) دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئىچكى ئېقىن سۇ سىستېمىسى مۇزلۇقلىرى پۈتۈن مەملىكەت ئىچكى ئېقىن سۇ سىستېمىسى مۇزلۇقلىرىنىڭ %72.3 نى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگودا كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ مۇزلۇقتىن جەمئىي 26 سى بولۇپ، بۇنىڭ 18ى شىنجاڭدا. شىنجاڭ يەنە دۇنيا بويىچە ئوتتۇرا كەڭلىك بەلۋېغىدىكى تاغ مۇزلۇقلىرى ئەڭ كۆپ تارقالغان رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا بويىچە ئوتتۇرا، تۆۋەن كەڭلىكتىكى كۆلىمى 300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 15 ئالاھىدە چوڭ مۇزلۇقنىڭ تۆتىلىسى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە. شىنجاڭدا جەمئىي 19 مىڭ 374 مۇزلۇق بولۇپ، مۇزلۇق كۆلىمى 25 مىڭ 458.4 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى 2 تىرىليون 683 مىليارد 104 مىليون كۇب مېتىر (1990 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالى). بۇنىڭ ئىچىدە: ئالتاي تاغلىرىدا 403 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 279.91 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى 15 مىليارد 888 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر؛ تەڭرىتاغلىرىدا 9128 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 9253.58 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى 1 تىرىليون 12 مىليارد 237 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر؛

پامىر ئېگىزلىكىدە 1823 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 2622.70 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى 217 مىليارد 602 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر؛ كۇئېنلۇن تاغلىرىدا 6065 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 8931.56 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى 885 مىليارد 840 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر؛ قارا قورۇم تاغلىرىدا 1784 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 4159.65 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 539 مىليارد 141 مىليون 600 مىڭ كۇپ مېتىر؛ ئالتۇنتاغدا 150 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 194.16 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇق زاپىسى 11 مىليارد 665 مىليون 600 مىڭ كۇپ مېتىر؛ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسىم تاغلىقلىرىدىكى ساۋۇر تېغىدا 21 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 16.84 كۋادرات كىلومېتىر، مۇزلۇقلارنىڭ زاپاس مىقدارى 734 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ. ھەرقايسى تاغلارنىڭ قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى جەھەتتە، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2800 ~ 3350 مېتىر؛ كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز بولۇپ، 4500 ~ 6080 مېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىدا قار سىزىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3620 ~ 4450 مېتىر. شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق تەڭرىتاغلىرىنىڭ خانتەڭرى چوققىسىدىكى جەنۇبىي ئىنەلچۈك مۇزلۇقى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 63.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 392.84 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ تەڭرىتاغلىرىدىكى تۆمۈر چوققىسى مۇزلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 41.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 337.85 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ قارا قورۇم تاغلىرىدىكى كۆپ چوققا مۇزلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر، كۆلىمى 251.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭدىكى مۇزلۇقلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىدىكى زاپاس مىقدارى پۈتۈن شىنجاڭ يەر يۈزى ئېقىنىنىڭ تەخمىنەن 29 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ، ھەر يىلى تەخمىنەن 19 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر ئېرىگەن سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ مۇزلۇقلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىدا غايەت زور تەڭشەش ۋە تۇراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**كۆپ چوققا مۇزلۇقى** كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى كۇئېنلۇن تاغ چوققىسى رايونى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى، كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ چوڭ مۇزلۇقلىرى مەركەزلىك ھالدا جايلاشقان رايوندۇر. بۇ جايدا تۆت چوڭ مۇزلۇق بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر يانتۇلۇق يۆنىلىشىدە جايلاشقان بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك بىر سۇ بۆلگۈچ ئارقىلىق ئايرىلغان ھالەتتە پاراللېل جايلاشقان. تۆت مۇزلۇقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 627 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ چوققا مۇزلۇقىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، 251.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، مۇزلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر، شەرقىي شىمالغا يۈزلەنگەن. مۇزلۇقنىڭ يۇقىرى چېكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6957 مېتىر، مۇز تىلىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4590 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 5960 مېتىر ( 1988 - يىلى). مۇزلۇقنىڭ باش مەنبەسىدە ئۈچ چوڭ قىرن ئويمىنى تەمىنلەش رايونى بولۇپ، ئەڭ كەڭ جايى 12 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەمئىي 12 تارماق مۇزلۇق ئاساسىي مۇزلۇققا قوشۇلۇپ، تىپىك شاخسىمان تاغ جىلغىسى مۇزلۇقىنى شەكىللەندۈرگەن؛ قار سىزىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئاساسلىق مۇز تىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتىر، مۇز تىلىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 1.5 ~ 2 كىلومېتىر، ئاستى تەرىپىدىكى مۇز تىلىنىڭ كەڭلىكى 0.7 ~ 1 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىكى مۇزلۇقلار تەمىنلەش رايونىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىكى 997 مېتىر، مۇز تىللىرىنىڭ ئېرىيدىغان قىسمىنىڭ نىسپىي ئېگىزلىك پەرقى 1370 مېتىر كېلىدۇ. مۇزلۇقلار رولىنىڭ مۇسبەت - مەنپىيلىك پەرقىدىن قارىغاندا، مۇزلۇقلار نېپىزلاش، كىچىكلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

**يۇرۇڭقاش مۇزلۇقى** كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى مۇزلۇق رايونىغا جايلاشقان. بۇ مۇزلۇق رايونىدا يۇرۇڭقاش مۇزلۇقى ئەڭ چوڭ بولۇپ، مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5740 مېتىر، مۇز تىللىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ كەڭلىكى 5000 مېتىر، ئوتتۇرا قىسمىغا بارغاندا ئېشىپ ئىككى كىلومېتىرغا يېتىدۇ. مەنبە رايونىدىكى قىرن ئويمىنىنىڭ كەڭلىكى 4.5 كىلومېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30.9 كىلومېتىر، كۆلىمى 139.07 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يۇرۇڭقاش مۇزلۇقى يايسىمان شەكىلدە تارقالغان، تاغ جىلغا مۇزلۇقىغا تەۋە بولۇپ، مۇزلۇق تەمىنلەيدىغان چوڭ بىر

تارماق ئېقىن بار. مۇز تىللىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ ئالدىغا تەخمىنەن 100 نەچچە مېتىر كېلىدىغان جايدا جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشتىكى ئۇزۇنلۇقى 6.5 كىلومېتىر، ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5040 مېتىر كېلىدىغان بىر مۇزلۇق بولۇپ، بىر قانچە يىللار بۇرۇن ئۇ يۇرۇڭقاش مۇزلۇقلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن، يېقىنقى مەزگىلدە كىلىماتنىڭ ئىسسىشى تۈپەيلىدىن يەنە ئاساسىي مۇزلۇقتىن ئايرىلىپ كەتتى.

**ئوتتۇرا چوققا مۇزلۇقى** كۆئېنلۈن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى خوتەن دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 35°10′ ~ 35°20′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80°45′ ~ 81°00′. بىرىكمە تاغ جىلغىسى مۇزلۇقى بولۇپ، تۆت چوڭ تارماق مۇزلۇقنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. بۇ يەرنىڭ تاغ قىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى كۆپىنچە 6500 مېتىردىن ئاشىدۇ؛ بۇ مۇزلۇق ئەڭ ئېگىز چوققا — 7167 مېتىرلىق كۆئېنلۈن چوققىسىنىڭ قىيپاش شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ئوتتۇرا چوققا مۇزلۇقىنىڭ مۇز تىللىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5400 مېتىر كېلىدۇ، مۇز تىللىرىنىڭ كەڭلىكى 800 ~ 900، قىرن ئويمىنىنىڭ كەڭلىكى 2.5 ~ 3.8 كىلومېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 23.4 كىلومېتىر، ئاساسىي مۇزلۇق ۋە قوشۇلغان تارماق مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 241 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 6050 مېتىر. مۇزلۇقنىڭ ئېرىشى كۈچلۈك، مۇز مۇنارلىرى مۇز تىللىرىنىڭ ئۇچىغا تارقالغان، مۇز يۈزى ئويغۇل ـ دوڭغۇل بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى ئىككى مۇزلۇق بىلەن سىرتتىكى ئىككى مۇزلۇق ئايرىلغان ھالەت شەكىللەنگەن. مۇزلۇقنىڭ ئالدى ئۇچىدا مۇزلۇقنىڭ ئېرىشىدىن قېلىپ قالغان ئاخىرقى قالدۇق مورېنا دۆمبەللىرى بولۇپ، دەريا قىنىدىن 7 ~ 9 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ.

**چۇڭسى مۇزلۇقى** كۆئېنلۈن تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئارقا تەرىپى كۆپ چوققا مۇزلۇقىغا ياندىش، غەرب تەرىپىدە ئوتتۇرا چوققا مۇزلۇقى بار. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي كەڭلىك 35°11′ ~ 35°21′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81°0′ ~ 81°09′ تا. مۇزلۇق مەنبەسى بولغان ئەڭ ئېگىز چوققىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6903 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5380 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28.7 كىلومېتىر، كۆلىمى 163.06 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. مۇزلۇق شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە، قىرن ئويمىنىنىڭ كەڭلىكى تۆت كىلومېتىر، مۇز تىللىرىنىڭ كەڭلىكى 1.1 كىلومېتىر، ئاخىرقى ئۇچىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 1.6 كىلومېتىر، مۇز تىللىرى تېيىز جىلغىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن تەكشى ئېگىزلىك يۈزىگە يېيىلغان. ئۇ ئېلىمىزدىكى چوڭ شاخسىمان كەڭ قويرۇق جىلغا مۇزلۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مۇزلۇق كۆپ چوققا مۇزلۇقى بىلەن ئېنىق بولمىغان تاغ ئومۇرتقىسى ياكى چوققىلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ ھەم تەكشى كەتكەن تاغ ئويمانلىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۇ سۇ ھورلىرى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، ھەم يىغىندى قار توپلىنىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ. مۇزلۇقنىڭ ئېرىگەن سۈيى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىر كېلىدىغان گۈزاسو كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا مۇكەممەل ساقلانغان ئىككى ياسسىمان ئاخىرقى مورېنا تۆپىلىكى بولۇپ، بىرى ھازىرقى مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا 600 ~ 700 مېتىر كېلىدۇ، يايمىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 2.5 كىلومېتىر بولۇپ، دەريا قىنىدىن 40 نەچچە مېتىر ئېگىز؛ ئەڭ چەتتىكى بىرىنىڭ مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1.5 ~ 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ياسسىمان ئاخىرقى مورېنا تۆپىلىكى چۇڭسى مۇزلۇقى بىلەن شەرق تەرىپىدىكى تارماق مۇزلۇقلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ چېكىنىشى نەتىجىسىدە قېلىپ قالغان قالدۇق ماددىلار بولۇپ، دەريا قىنىدىن 40 ~ 50 مېتىر ئېگىز.

**قارا يايلاق مۇزلۇقى** قوڭۇر چوققىسى بىلەن قوڭۇر توققۇز چوققىسىنىڭ شىمالىي يانباغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى گەز دەرياسى ھەۋزىسىگە تەۋە. بۇ مۇزلۇق قوڭۇر تېغىدىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق بولۇپ، كۆپلىگەن تولۇقلاش مەنبەلىرىدىن شەكىللەنگەن شاخسىمان تاغ جىلغىسى مۇزلۇقى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 21.6 كىلومېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2880 مېتىر بولۇپ، بۇ رايوندىكى مۇز

تىلىنىڭ تۆۋەنگە سوزۇلۇشى ئەڭ تۆۋەن مۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ. قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 4800 مېتىر ئەتراپىدا، مۇزلۇقنىڭ كۆلىمى 94.94 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي گەۋدىسى شىمالغا يۆزلەنگەن. مۇزلۇق ئەڭ راۋاجلانغان مەزگىلدە گەز دەرياسى ۋادىسىنى توسۇۋالغان ھەمدە ۋادىنى بويلاپ تۆۋەنگە بىر نەچچە كىلومېتىر سوزۇلغان. گەز دەرياسى ۋادىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2200 مېتىر ئۆپچۆرىسىدىكى قەدىمكى مورېنىلار (ھازىر بىرلىشىپ كەتكەن) قەدىمكى مۇزلۇقنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. گەز تەكشۈرۈش پونكىتى ئەتراپىدىكى ئۈستۈنكى گەز، ئاستىنقى گەز كەنتلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ مورېنا جىسىملىرى تېپىلدى. مورېنىلار سۇپا شەكلىدە بولۇپ، ھازىرقى دەريا قىنى بىلەن بولغان ئېگىزلىك پەرقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 230~280 مېتىر ۋە 210 مېتىر كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى مۇزلۇقلارنىڭ ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرىدىن خېلىلا چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**كېرىيە مۇز قالپاق مۇزلۇقى** تەكشى چوققىلىق مۇزلۇق دېمۇ ئاتىلىدۇ. ئېگىز تاغلارنىڭ تەكشى چوققىلىرىدا شەكىللىنىدىغان مۇزلۇق بولۇپ، شەكلى قالپاققا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ بىر ئالاھىدە تىپتىكى ھازىرقى زامان مۇزلۇقىدۇر. ئورنى غەربىي كۇئېنلۇن تېغىنىڭ كۇئېنلۇن چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7167 مېتىر) رايونىدا. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81°31′، شىمالىي كەڭلىك 35°21′. ئۇ تىپىك چوڭ تەكشى چوققىلىق مۇزلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تەكشى چوققىلىق قىسمىنىڭ كۆلىمى 131.75 كۋادرات كىلومېتىر. غەرب ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلەردىن تۇتاشقان مۇز تىللىرىنى ھېسابلىغاندا، مۇز قالپىقىنىڭ كۆلىمى 376.05 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ چوققا قىسمىنىڭ كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق. بۇ مۇز قالپاقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6700 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 200 مېتىردىن يۇقىرى، ئەڭ زور قېلىنلىقى 350 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇ نۆۋەتتە ئوتتۇرا، تۆۋەن كەڭلىكتە بايقالغان ئەڭ ئېگىز، ئەڭ چوڭ، ئەڭ قېلىن ۋە ئەڭ سوغۇق مۇز قالپاق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە قۇتۇپ تىپىدىكى مۇزلۇق بولۇپ، ھازىرغا قەدەر جۇڭگودا بايقالغان بىر قەدەر تۇراقلىق مۇزلۇقتۇر.

**يېڭىسۇگەت مۇزلۇقى** قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى شور بۇلاق تېغىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، چوغىر چوققىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 35°55′~36°16′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 75°57′~76°20′. جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ مۇزلۇق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 42 كىلومېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 5420 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ كۆلىمى 379.97 كۋادرات كىلومېتىر، زاپاس مىقدارى 115 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئاساسىي مەنبەلىك تۆت تولۇقلاش رايونى بىلەن كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان ئوندىن ئارتۇق تارماق مۇزلۇقنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. شور بۇلاق تېغى تولۇقلاش رايونىدىكى قار سىزىقىنىڭ تۆۋەندىكى مۇز تىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ مۇزلۇقنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ $\frac{6}{7}$ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، مۇز تىللىرىنىڭ كەڭلىكى 23 كىلومېتىر. 1937 - يىلى مۇز تىللىرىنىڭ ئالدى بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان مۇز يۈزى ئېقىنىنى مورېنا ئويمانلىقى ۋە مۇز ۋارونكىسى ئىگىلىگەن. مۇز تىللىرى ئۈستىدە مورېنىلار نېپىزلەپ، مۇز مۇنارلىرى يېتىلىپ، ئېرىشى كۈچەيگەن. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 10 - بېتىگە قارالسۇن)

**چوغىر مۇزلۇقى** چوغىر چوققىسى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان غول تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىن باشلانغان. ماددا تولۇقلاش رايونلىرى شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە تىزىلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئون كىلومېتىر كېلىدۇ، مۇزلۇق شىمالغا يۆزلەنگەن. يەنە بىر مەنبە مۇزلۇقنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان، تاغ چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7315 مېتىر كېلىدۇ؛ بۇ جايدا بىر تارماق مۇزلۇق ھاسىل بولغان بولۇپ، شەرقىي شىمالغا يۆزلىنىپ تۇرغان غول مۇزلۇققا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. يەنە شىمالغا يۆزلەنگەن ئۈچ تارماق مۇزلۇق بولۇپ، ئۇلارمۇ غول مۇزلۇق بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرق تەرەپتە 7545 مېتىر ئېگىز چوققىدىن باشلانغان ئايلاك مۇزلۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 12 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇمۇ غول مۇزلۇققا قوشۇلىدۇ. چوغىر مۇزلۇقى بىرىكمە تاغ جىلغىسى مۇزلۇقى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 21.3 كىلومېتىر، مۇز-

لۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4150 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 5330 مېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 35°53′ ~ 36°03′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76°26′~76°32′. 1937-يىلىدىن 1968-يىلىغىچە بولغان 31 يىلدا چوغىر مۇزلۇقى 1.7 كىلومېتىر چېكىنىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 55 مېتىر چېكىنگەن، مۇز تىللىرى 150 ~ 250 مېتىر ئازىيىپ كەتكەن. نۆۋەتتە مۇزلۇقنىڭ چېكىنىشى ۋە نېپىزلىشى كۈچلۈك بولماقتا.

**جاشۇ بۇلۇم مۇزلۇقى** قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ قىيپاش شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، باش مەنبەسى شىمالغا تومپىيىپ چىققان تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ شەرق تەرەپكە بۇرۇلغان جايىدا. تاغ ئومۇرتقىسى لىنىيىسى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8011 مېتىر، 8028 مېتىر، 8051 مېتىر ۋە 8028 مېتىر كېلىدىغان تۆت ئېگىز چوققىنى ھاسىل قىلغان، تاغ ئومۇرتقىسى لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28.3 كىلومېتىر. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 35°45′~35°54′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76°34′~76°46′. مۇزلۇق شەرقىي شىمالغا يۆزلەنگەن، ئۇزۇنلۇقى 26 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 1500 مېتىر، ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4250 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ كۆلىمى 119.8 كۋادرات كىلومېتىر. باش قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8000 مېتىردىن ئاشىدىغان 4 ئېگىزلىك مۇزلۇقنىڭ ئاساسلىق توپلۇقلاش رايونى بولۇپ، قار مەنبەلىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ئۇ ئۈچ چوڭ تارماق مۇزلۇقنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن.

**تىرامكەڭرى مۇزلۇقى** قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى ئەڭ ئېگىز تىرامكەڭرى چوققىسى باغرىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شىمالىي كەڭلىك 35°35′ ~35°44′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 76°58′~77°07′. تىرامكەڭرى مۇزلۇقىنىڭ باش مەنبەسى ئىككى، بىرى شەرق تەرەپتىكى ئاساسلىق چوققا، يەنە بىرى غەرب تەرەپتىكى 7172 مېتىرلىق ئېگىز چوققىنىڭ ئاستىدا. ئىككى چوققىنىڭ ئارىلىقى يەتتە كىلومېتىر بولۇپ، ئۈچ تارماق مۇزلۇق قوشۇلۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئاساسىي مۇزلۇقنى تولۇقلايدۇ. بۇ مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4520 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 5400 مېتىر، مۇزلۇق كۆلىمى 124.53 كۋادرات كىلومېتىر. مۇزلۇق توپلىنىش رايونى شەرقىي شىمالغا يۆزلەنگەن، ئېرىش رايونى غەربىي شىمالغا يۆزلەنگەن بولۇپ، چوڭ تىپتىكى بىرىكمە كەڭ قۇيرۇق (3.3 كىلومېتىر) لۇق جىلغا مۇزلۇقىدىن ئىبارەت. 1944-يىلدىكى خەرىتىنى 1976-يىلدىكى خەرىتىگە سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، مۇزلۇقنىڭ ئالدى ئۇچى 300 ~ 400 مېتىر ئارقىغا چېكىنگەن.

**ئۈرۈمچى دەرياسى مەنبەسى 1-نومۇرلۇق مۇزلۇقى** تەڭرىتاغلىرىدىكى تەڭگىرتاغ (قاراۋۇچىلىق تېغى)نىڭ شىمالىي يانباغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ داشگۇ جىلغىسىنىڭ باش مەنبەسىدە. جۇغراپىيىلىك كوئوردېناتى: شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86°49′، شىمالىي كەڭلىك 43°07′. بۇ مۇزلۇق شەرق، غەرب ئىككى تارماقتىن تەركىب تاپقان ئىككى تارماق مۇز ئازگال — جىلغا مۇزلۇقىدۇر. مۇزلۇقنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تەڭگىرتاغ 1 چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4300 مېتىر كېلىدۇ. 1959-يىلى 7-ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ مۇزلۇق، توڭ تۇپراق تەتقىقات ئورنى بۇ مۇزلۇقنىڭ ئېتىكىدە مۇزلۇقنى كۆزىتىش، ئۆلچەش پونكىتى قۇرغان؛ بۇ پونكىت 1962-يىلى 10-ئايدا 1-نومۇرلۇق مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ 2.41 كىلومېتىر، مۇز تىللىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنىڭ 3736 مېتىر ئىكەنلىكى، مۇزلۇق كۆلىمىنىڭ 1.95 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ چىققان. 1958-يىلى 6-ئايدا شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى 1-نومۇرلۇق مۇزلۇقنىڭ ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3540 مېتىر كېلىدىغان جايىدا مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى قۇردى. بۇ جاينىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى -5.35℃، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 435.6 مىللىمېتىر بولغان. 1-نومۇرلۇق مۇزلۇق ھەم ئىلگىرىلەۋاتقان، ھەم چېكىنىۋاتقان مۇزلۇق بولماي، ئومۇمىي يۈزلىنىشى يەنىلا چېكىنىش، نېپىزلەش، كۆلىمى ئازىيىش ھالىتىدە تۇرماقتا. 1980-يىلدىكى ئەمەلىي ئۆلچەشتە، مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن

ئېگىزلىكىنىڭ يۇقىرىلاپ 3746 مېتىرغا چىققانلىقى، مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئۆزگىرىپ 2.33 كىلومېتىرغا چۈشكەنلىكى، قار سىزىقى ئېگىزلىكىنىڭ 4050 مېتىرغا چىققانلىقى، كۆلىمىنىڭ قىسقىرىپ 1.84 كۋادرات كىلومېتىرغا چۈشكەنلىكى ئېنىقلانغان. 1 - نومۇرلۇق مۇزلۇق ئۈرۈمچى شەھىرىگە 120 كىلومېتىر كېلىدۇ، 216 - دۆلەت تاشيولى مۇزلۇق كۆزىتىش پونكىتىدىن ئۆتىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 46 - بېتىگە قارالسۇن)

**تۆمۈر مۇزلۇقى** تەڭرىتاغلىرىدىكى تۆمۈر چوققىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن باشلىنىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 41°47′~42°00′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°49′~80°20′. مۇزلۇقنىڭ يۇقىرى چېكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435.3 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 37.2 كىلومېتىر، قار سىزىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4300 مېتىر، ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2700 مېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 9.5 كىلومېتىر، كۆلىمى 293.4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ قار سىزىقىنىڭ ئۈستىدىكى مۇزلۇق جەنۇبقا يۈزلەنگەن، ئۇزۇن مۇز تىللىرى غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان. مۇزلۇقنىڭ ئېرىگەن سۈيى تۆۋەنگە تەخمىنەن 30 كىلومېتىر ئېقىپ قۇمئېرىق دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تەخمىنەن 3000 مېتىرلىق جايى مۇز پىرىقلىرى تارقالغان رايوندۇر. مۇز پىرىقلىرى رايونىنىڭ يۇقىرىسىدىكى مۇز ئۈستى ئېقىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر بولۇپ، مۇز پىرىقلىرى رايونىغا كەلگەندە تۆۋەنگە ئېقىپ مۇز ئاستى دەرياسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ جايدىكى مۇزلۇقلارنىڭ چېكىنىش سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا. 1964 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە بولغان 14 يىلدا مۇزلۇق يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1~1.6 مېتىر چېكىنگەن، بۇ مۇز ئۈستىنىڭ مورېنىلار بىلەن قاپلىنىشىنىڭ بىر قەدەر قېلىن بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**چوڭ تېرەن مۇزلۇقى** تۆمۈر مۇزلۇقىنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن 31 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 41°53′~42°02′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 89°09′~89°17′. بۇ مۇزلۇق ئەسلىدە شەرق - غەرب ئىككى تارماققا بۆلۈنەتتى، غەربىي تارمىقى تۆمۈر چوققىسىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، جىلغىنى بويلاپ شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان. مۇزلۇقنىڭ يۇقىرى چېكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435.3 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 22.8 كىلومېتىر، كۆلىمى 108.15 كۋادرات كىلومېتىر، قار سىزىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4500 مېتىر، ئاخىرقى ئۇچىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3084 مېتىر (1970 - يىلى) كېلەتتى. شەرقىي تارمىقى تۆمۈر تېغىنىڭ شەرقىي بېشىدىن باشلىنىپ، مېرىدئان تېغىنىڭ غەربىي يېقىغا ياندىش ھالدا جەنۇبقا سوزۇلغان؛ يۇقىرى چېكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6876 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 4400 مېتىر، ئاخىرقى ئۇچىنىڭ ئېگىزلىكى 3100 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18.4 كىلومېتىر، كۆلىمى 64.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. ھازىر شەرق - غەرب ئىككى تارماق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ئىككى مۇزلۇققا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئىككى مۇزلۇقنىڭ قار سىزىقىنىڭ تۆۋىنىدە ئېگىزلىك تۆۋەنلىگەنسېرى مۇز ئۈستى مورېنالىرىمۇ بارغانچە قېلىنلاپ 10 ~ 30 سانتىمېتىرغا، ئەڭ قېلىن بولغاندا 0.5 مېتىرغا يېتىدۇ؛ قېلىن مۇز ئۈستى مورېنا قەۋىتىنىڭ قوغدىشى نەتىجىسىدە مۇز يۈزىنىڭ ئېرىشى ناھايىتى ئاجىز.

**توغبەلچى مۇزلۇقى** مېرىدئان تېغىنىڭ شەرقى، خانتەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا، تۆمۈر تېغىنىڭ شىمالىدىكى شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە سوزۇلغان ئۆزلىمە جىلغىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 42°05′~42°13′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80°18′~80°37′. مۇزلۇق شەرققە يۈزلەنگەن، 3 تەرىپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى كۆپىنچە 6000 مېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. مۇزلۇقنىڭ يۇقىرى چېكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6934 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37.8 كىلومېتىر، كۆلىمى 337.97 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1985 - يىلىدىكى قار سىزىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4200 مېتىر، ئاخىرقى بۆلىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2750 مېتىر. بۇ مۇزلۇق جۇڭگو تەڭرىتاغلىرى بويىچە ئەڭ ئۇزۇن مۇزلۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا 14 چوڭ تارماق مۇز ئېقىنى قوشۇلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇب تەرىپىدە بەشى، شىمالىي تەرىپىدە توق-

قۇزى بولۇپ، شاخسىمان جىلغا مۇزلۇقىنى ھاسىل قىلغان. مۇزلۇقنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى مۇز تىللىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى مۇز غارلىرىدىن چىقىپ شەرققە ئون كىلومېتىر ئاققاندىن كېيىن مۇزارت دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. مۇزلۇقنىڭ ئۈستى 19 كىلومېتىر ئارىلىقىچە مۇز ئۈستى مورېنالىرى بىلەن قاپلانغان. مورېنالارنىڭ يۇقىرى چېكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4860 مېتىر كېلىدىغان جايدىن مۇز تىللىرىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغىچە يېتىپ بارغان بولۇپ، نىسپىي ۋېرتىكال ئېگىزلىك پەرقى 2100 مېتىرغا يېقىن كېلىدۇ. بۇ مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى ئۇچى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1964 ـ يىلىغىچە 1400 مېتىر چېكىنىپ كەتكەن بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە چېكىنىش سۈرئىتى 11.2 مېتىر بولغان.

**مۇزارت مۇزلۇقى** تۆمۈر ـ خانتەڭرى تاغ تۈگۈنىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى قاراجۇلغا تېغىغا جايلاشقان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى ئايرىپ تۇرىدىغان مۇزارت تاغ ئېغىزى بۇ تاغنىڭ شەرقىي بېشىدا بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مۇزلۇق مۇزارت مۇزلۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 42°17′~42°22′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 80°43′~81°03′. ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتىر، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 4220 مېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 4.2 كىلومېتىر، ئاخىرقى بۆلىكىنىڭ ئېگىزلىكى 2830 مېتىر، كۆلىمى 137.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. مۇزلۇقنىڭ يۈز قىسمىنىڭ ئېرىشى كۈچلۈك، مۇز يۈزىدىن ئېقىنلار يېتىلگەن. 1964 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆلچەپ سىزىلغان خەرىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، مۇزلۇقتا پاراللېل سوزۇلغان ئۈچ مۇز ئۈستى دەرياسى بولۇپ، ھەرقايسى دەريالارنىڭ ئارىلىقى 250 مېتىردىن 500 مېتىرغىچە كېلىدۇ. مۇز ئۈستى دەريالىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئەڭ چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى توققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ. خاتىرىلىنىشىچە، مۇزارت مۇزلۇقى 1816 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە 1.254 كىلومېتىر چېكىنگەن. مۇزلۇق رايونى جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا ئۆتۈشتىكى تەبىئىي پىيادىلەر يولى بولۇپ، ئۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى تۇتاشتۇرۇپلا قالماي بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىمۇ باغلاپ تۇرىدۇ.

**جەنۇبىي ئىنەلچېك مۇزلۇقى** خانتەڭرى مۇزلۇقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خانتەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى، تۆمۈر تېغىنىڭ شىمالىغا، مېرىدىئان تېغىنىڭ غەربىدىكى چوڭقۇر ئۈزۈلمە جىلغىسىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 42°01′~42°14′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°55′~80°22′. مۇزلۇقنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمى (مەنبە رايونىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جۇڭگو تەۋەلىكىدە بولۇپ، مۇزلۇق ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئاز كەم يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، مۇز تىللىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ يەنە بىر بۆلىكى (تەخمىنەن 30 كىلومېتىر) قىرغىزىستان تەۋەلىكىدە. مۇزلۇق غەربكە يۆزلەنگەن، يۇقىرى چېكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435.3 مېتىر، قار سىزىقىنىڭ ئېگىزلىكى 4200 مېتىر، ئاخىرقى ئۇچىنىڭ ئېگىزلىكى 3000 مېتىر، مۇزلۇقنىڭ كەڭلىكى تۆت كىلومېتىردىن تۆت كىلومېتىرغىچە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 61.1 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 544.29 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ تەڭرىتاغ سىستېمىسى بويىچە ئەڭ چوڭ ھازىرقى زامان مۇزلۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى غايەت زور ئۈچ ئېگىز چوققا غەربكە يۆزلەنگەن بۇ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە مۇز زاپىسىنى گېئومورفولوگىيىلىك شارائىت ۋە غەربتىن كېلىدىغان سۇ ھورلىرىنىڭ كىرىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت بىلەن تەمىنلىگەن. زور مىقداردىكى ياغقان قار مۇزلۇقنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ تۇرغاچقا، تەڭرىتاغلىرىدىكى بۇ ئەڭ ئۇزۇن، كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىرىكمە جىلغا مۇزلۇقى شەكىللەنگەن.

**ئالتاي تېغى مۇزلۇقلىرى** جۇڭگودىكى ئالتاي تاغلىرى پۈتكۈل تاغ سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ غەربىي جەنۇب يانباغرىدۇر. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: شىمالىي كەڭلىك 45°47′~49°10′، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 88°27′~91°01′. تاغ سىستېمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئەڭ كەڭ يېرى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر. جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى دوستلۇق چوققىسى ھەمدە جۇڭگو بىلەن رۇسىيە چېگرىسىدىكى كۈيتۇن چوققىسىنى مەركەز قىلغان بۇ تاغ ھازىر زامان مۇزلۇقلىرى يېتىلگەن رايوندۇر. ئالتاي تاغلىرىدىكى ئون كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ ئۈچ مۇزلۇقنىڭ ھەممىسى بۇ رايوننىڭ باش قىسمىغا مەركەزلەشكەن. جۇڭگونىڭ ئالتاي تاغلىرىدا 416 مۇزلۇق بولۇپ، كۆلىمى 293.20

كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بۇرچىن دەرياسى ھەۋزىسىدە مۇزلۇقلار ئەڭ كۆپ، مۇزلۇق كۆلىمى ئەڭ كەڭ بولۇپ، جەمئىي 302 مۇزلۇق بار، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 247.55 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ تاغدىكى مۇزلۇقلار ئومۇمىي سانىنىڭ 72.6% ۋە 84.43% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا قابا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولۇپ، ئۇ جايدا جەمئىي 35 مۇزلۇق بار، كۆلىمى 19.48 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ ھەمدە مەزكۇر تاغدىكى مۇزلۇق ئومۇمىي سانىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 8.4% ۋە 6.64% نى ئىگىلەيدۇ. ئالتاي تېغىدىكى ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى ئاساسەن ۋارونكىسمان مۇزلۇق ۋە ئاسما مۇزلۇقلار بولۇپ، ۋارونكىسمان مۇزلۇقتىن 79ى، ئاسما مۇزلۇقتىن 270ى بار.

**ئورمان تۇپراقلىرى** شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تاغلىقلاردا سۇ، ئىسسىقلىق شارائىتى ۋە ئورمان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى شارائىتىدا ئوخشاش بولمىغان ئورمان تۇپراقلىرى يېتىلگەن. ئالتاي تاغلىرىدا، غەربىي قىسمىدىكى تەخمىنەن 90 مىڭ گېكتار كېلىدىغان قوڭۇر يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان تۇپرىقىدىن باشقا، كۈل رەڭ ئورمان تۇپرىقى پۈتكۈل ئورمان بەلۋاغلىرىدىكى تارقىلىشى بىر قەدەر كۆپ بولغان تۇپراق تىپى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 350 مىڭ گېكتار كېلىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئورمان تۇپرىقى شەكىللىنىشىنىڭ ئوت ـ چۆپ ئۆسۈش، چىرىندى ماددىلار كۆپلەپ توپلىنىش، ئاجىز كىسلاتالىق ئېرىپ سىڭىشىش ھەمدە سېغىزلىشىپ چۆكمىلىشىش قاتارلىق جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، چىملىق قەۋەت، قالدۇق ماددىلار ۋە يىرىك چىرىندى ماددىلار قەۋىتى بىر قەدەر نېپىز، چىرىندى ماددىلار قەۋىتى بىر قەدەر قېلىن، ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى يۇقىرى بولۇش، ئوتتۇرىچى قەۋەتتە ئاجىز كۈل رەڭلىشىش ئەھۋالى بولۇش، كالتسىي كاربونات ئېرىپ ئاستىنقى قىسمىغا ياكى ئېخىمۇ چوڭقۇر قىسمىغا سىڭگەچكە، پۈتكۈل تۇپراق ئاجىز كىسلاتالىق رېئاكسىيىدە بولۇش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. تەڭرىتاغ ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئورمان بەلۋاغلىرىغا تارقالغان كۈل رەڭ قوڭۇر تۇپراق كۈچلۈك كالتسىيلاشقان ۋە سېغىزلاشقان قەۋەتلىرى كۈل رەڭلەشمەسلىك ھالىتى بىلەن كۈل رەڭ ئورمان تۇپرىقىدىن پەرقلىنىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي يانباغرى ۋە غەربىي قىسىم تەڭرىتاغلىرىنىڭ كۈلرەڭ قوڭۇر تۇپرىقىدا ئومۇمەن بىر قەدەر قېلىن چىرىندى ماددىلار قەۋىتى بار ھەمدە ئورگانىك ماددىلار مىقدارى يۇقىرى، تۇپراقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ سېغىزلىشىش جەريانى روشەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قەدەر كۈچلۈك ئېرىپ سىڭىشىش رولىغا ئىگە بولغانلىقتىن، كالتسىيلىق يىغىندى قەۋەت 50 ~ 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقنىڭ ئاستىدا، بەزىلىرىدە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر جايدا كۆرۈلىدۇ. تۇپراقنىڭ كۆپ قىسمى تۇز ئاساسىغا تويۇنغان بولىدۇ. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى بىلەن غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ قۇرغاقچىلىق دەرىجىسى كۈچلۈك، تۇپراقتىكى چىرىندى ماددىلارنىڭ توپلىنىشى جەريانى ۋە ئېرىپ سىڭىشىشى روشەن ئاجىز بولغانلىقتىن، چىرىندى ماددىلار قەۋىتى نېپىز ھەم ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارىمۇ ئاز بولۇپ، ئومۇمەن تۇپراق يۈزىدىن باشلاپ ھاكلىق ئىنكاس كۆرۈلىدۇ، تۇپراق پۈتۈنلەي تۇز ئاساسىغا تويۇنغان، ئىشقارلىق ھالەتتە بولىدۇ.

**يايلاق تۇپراقلىرى** قوڭۇر چىملان تۇپراق ۋە قارا چىملان تۇپراقتىن ئىبارەت. قوڭۇر چىملان تۇپراق مۆتىدىل بەلباغ يېرىم قۇرغاق يايلاق زونىسىدا يېتىلگەن تۇپراق بولۇپ، كۆپىنچە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تاغ سىستېمىلىرىنىڭ پەس تاغ ئويمانلىقلىرىدا، تاغ ئارىسى ۋادىلىرىدا ۋە تاغ ئالدى تۈزلەڭلىكلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا كۆرۈلىدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 7 مىليون 450 مىڭ گېكتار ( تېرىلغۇ يەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كېلىدۇ. قوڭۇر چىملان تۇپراق بىر قەدەر يېنىك، ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى، تەبىئىي ئۇنۇمدارلىقى خېلى يۇقىرى تۇپراق بولۇپ، تۈزلەڭلىك ۋە ئويمانلىقلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا باب كېلىدۇ، سۇغىرىش شارائىتىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىنغىلى بولىدۇ، تاغلىقلاردا بولسا، پەقەت چارۋىچىلىققىلا باب كېلىدۇ. قارا چىملان تۇپراق شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ بىر قەدەر نەم بۆلەكلىرىگە، تاغلارنىڭ كۈنگەي يانباغرىغا، شۇنىڭدەك ئورمان بەلۋاغلىرىنىڭ ئاستىدىكى تاغلىق يايلاق زونىسىغا تارقالغان. تۈز يەرلەر دائىرىسىدە بولسا ئىلى دەرياسى ھەۋزىسىدىكى موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقىنىڭ تاغ ئالدى يانتۇ تۈزلەڭلىكىدە ۋە تاغ ئالدى ئېدىرلىقلىرىدىلا ئۇچرايدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 2 مىليون 510 مىڭ گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر تەخمىنەن 90 مىڭ گېكتار كېلىدۇ. قارا چىملان تۇپراقتا

چىملىق ـ يايلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، بىر قەدەر سوغۇق نەم كىلىمات شارائىتىدا چىرىندى ماددىلارنىڭ توپلىنىشى كۆپلۈك، تۇپراق رەڭگى قوڭۇر چىلان تۇپراققا قارىغاندا بىر قەدەر قېنىق بولغاچقا، قارا چىلان تۇپراق دەپ ئاتالغان. قارا چىلان تۇپراق رايونىنىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى بىر قەدەر كۆپ، لېكىن يىغىندى تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، قىروسىز مەزگىلى قىسقا؛ تۈز يەرلەردە پەقەت سوغۇققا چىداملىق بالدۇر پىشىدىغان زىرائەتلەرنىلا ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. تاغلىرى چارۋىچىلىققا باب كېلىدۇ، ئوت ـ چۆپىنى ئورۇۋالغىلىمۇ بولىدۇ. جۇڭگونىڭ تۇپراق سىستېمىسىنى تۈرگە ئايرىشتا، چىرىندى ماددىلار ئالاھىدىلىكى ۋە قۇرغاق، نەم تۇپراقلارنىڭ سۇ تەركىبى ئەھۋالىغا قاراپ، قوڭۇر چىلان تۇپراق بىلەن قارا چىلان تۇپراق چىرىندى تۇپراقلار سىنىپىغا كىرگۈزۈلگەن.

**بوستانلىق تۇپراقلىرى** سۇغىرىلىدىغان بوستانلىقلاردىكى ئۇرۇغۇن دېھقانچىلىق تۇپراقلىرى ئىچىدىكى ئۇزۇن مەزگىل تېرىش، سۇغىرىش، ھوسۇلدارلىقىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق سۈنئىي تەدبىرلەرنىڭ تەسىرىدە، ئەسلىدىكى تەبىئىي تۇپراقنىڭ فىزىكا، خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە ھالىتى ئۆزگەرتىلگەن تۇپراقلارنى ياكى پۈتۈنلەي سۈنئىي يول بىلەن ھاسىل قىلىنغان سۈنئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇپراقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: سۇغىرىپ لاتقىلاشقان تۇپراق، شاللىق تۇپرىقى قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەممىسىدە سۈنئىي قاتلام بولىدۇ. سۇغىرىپ لاتقىلاشقان تۇپراق( سۇغىرىپ لاتقىلاشقان بەنەم سۈنئىي تۇپراق) بولسا سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكىدىكى ئالاھىدە تۇپراق بولۇپ، ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ يۇقىرى قىسمىغا تارقالغان، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 900 مىڭ گېكتار كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ئىككى ۋىلايەتتە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 50% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. شاللىق تۇپرىقى (سۇ تېرىقچىلىقى سۈنئىي تۇپرىقى) ئاساسەن ماناس دەرياسى ۋە ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ سۇغىرىش رايونلىرىغا تارقالغان، مەسىلەن: مىچۈەن؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسەن ئاقسۇ دەرياسى سۇغىرىش رايونىغا تارقالغان، مەسىلەن، ئونسۇ؛ قىزىلسۇ دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسى سۇغىرىش رايونىغىمۇ بۇخىل تۇپراق تارقالغان. شاللىق تۇپرىقىدا سۇلۇق تېرىقچىلىق شارائىتىدا شەكىللەنگەن سۇلۇق تېرىقچىلىق ئۆزلەشكەن قەۋىتى، يەنى سۇلۇق تېرىقچىلىق سۈنئىي قەۋىتى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ شاللىق تۇپرىقىنىڭ كەسمە يۈزىدە ماددىلارنىڭ يۆتكىلىپ چۆكمىلىشىش رولى ئاجىز بولۇپ، ئېرىشچان تۇزلار يۇيۇلغاندىن باشقا، تۆمۈر، مانگانلارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىش ھادىسىسى روشەن ئەمەس. تۇپراق كۆپىنچە ئاجىز ئىشقارلىق ۋە ئىشقارلىق رېئاكسىيىدە بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ شاللىق تۇپرىقى خېلى كۆپ چەكلەنگۈچى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقتىن، ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى ئەمەس. ئۇنى سىجىل مۇنبەتلەشتۈرگەندىلا ئاندىن سۈنئىي تۇپراقلىق سۈپىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ شاللىق تۇپرىقىغا ئازوت ۋە فوسفور تولۇقلاش كېرەك.

**قۇرغاق تۇپراقلار** تۈزلەڭلىك، تاغلىق ۋە ئېگىز تاغلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان كىلىمات بەلۋاغلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان قۇرغاق كىلىمات تىپى شارائىتىدا شەكىللەنگەن تۇپراق. تارقىلىشى كەڭ، كۆلىمى قۇم بوران تۇپرىقىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەسلىدە چۆل تۇپراقلىرى تەركىبىدىكى كۈل رەڭ قوڭۇر چۆل تۇپرىقى (كۆلىمى تەخمىنەن 7 مىليون 200 مىڭ گېكتار)، كۈل رەڭ چۆل تۇپرىقى (كۆلىمى 1 مىليون 800 مىڭ گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلىۋاتقىنى 570 مىڭ گېكتار)، قوڭۇر چۆل تۇپرىقى (تەخمىنەن 22 مىليون گېكتار)، تاقىر تۇپراق (تەخمىنەن 600 مىڭ گېكتار) قاتارلىقلارنى؛ يېرىم چۆل تۇپراقلىرى تەركىبىدىكى كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق (تەخمىنەن 5 مىليون 810 مىڭ گېكتار)، كالتسىيلىق كۈل رەڭ تۇپراق (تەخمىنەن 680 مىڭ گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلىۋاتقىنى 300 مىڭ گېكتار) ھەم قۇرغاق يايلاق تۇپراقلىرى تەركىبىدىكى قىسمەن قوڭۇر چىلان تۇپراقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھازىر بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئادەتتىكى قۇرغاق تۇپراقلار دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. بۇخىل تۇپراقلارنىڭ قۇرغاق ئۈستى قەۋىتى قۇرغاقلىق سۇ تەركىبى شارائىتى ئاستىدا شەكىللەنگەن تۆۋەن چىرىندى ماددا ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنداقلا توشۇكچىسىمان قېتىشما پوستلاق قەۋەت ۋە تارشىسىمان قەۋەتتىن ئىبارەت؛ يەر يۈزى يېرىلىش ياكى يەر يۈزىدە يۇمشۇنلار بولۇش ۋە ياكى قۇم ـ شېغىللار بىلەن قاپلىنىش قاتارلىق ئالاھىدە مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۈستى قەۋەت-

ىنۇر. قۇرغاق ئۈستى قەۋەتنىڭ ئاستىغا جايلاشقان تې-
يىمىز قاتلامغا يۆتكىلىپ چۆكمىلەشكەن تۇپراق قەۋىتى
سېغىزلىق قەۋەت، ئېپىتىدائىي قەۋەت، گەج قەۋىتى،
تۇز قەۋىتى ياكى تۇزپان قاتارلىق بىر ياكى بىردىن
يۇقىرى تۇپراق قەۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇر-
غاق تۇپراقلاردا يەر شەكلى چەكلىمىسى، قىسمەنلىرىدە
ئانا جىنسلارنىڭ شېغىللىق بولۇشى، سۇ مەنبەلىرىنىڭ
كەم بولۇشى، شۇنىڭدەك قۇم بوران قاتارلىق ئامىللار-
نىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىققا
باب كېلىدىغان كۆلىمى چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن ئې-
چىپ پايدىلىنىش ئارقىلىق كۆپ تەركىبلىك دېھقانچى-
لىق ئېتىزلىرىغا ئايلاندۇرغىلى بولۇش شارائىتىغا ئې-
گە. شۇڭا، قۇرغاق تۇپراقلارمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك
تۇپراق بايلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تۇزلۇق تۇپراقلار** شىنجاڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق
تۇزلۇق تۇپرىقى تارقالغان ئاساسلىق رايون، ئۇ پۈتۈن
شىنجاڭدىكى تۇزلەڭلىكلەرگە كەڭ تارقالغاندىن باشقا،
كۆكپىلۈن، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
كۆل ئويمانلىقلىرىغىمۇ تارقالغان. تۇپراقتا سۇدا ئې-
رىشچان تۇزلارنىڭ توپلىنىشى تۇزلۇق تۇپراقنىڭ شە-
كىللىنىشىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى. بىراق ئالاھىدە
كىلىمات، يەر شەكلى، ئانا جىنس، گىدرولوگىيە ۋە
گىدرو گېئولوگىيە قاتارلىق تەبىئىي شارائىتلار ئاستى-
دا، كۈچلۈك تۇز توپلىنىش رولى شىنجاڭنىڭ تۇزلۇق
تۇپراقلىرىدا تۇز مىقدارىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقارغان، بۇ خىل ئەھۋال دۇنيادا كەم ئۇچراي-
دۇ. تۇزلۇق تۇپراق تىپلىرىدىن يەر ئاستى سۈيىنىڭ
ھازىرقى زامان تۇز توپلىنىش جەريانىغا قاتنىششى
نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن نەم تۇزلۇق تۇپراقمۇ بار،
مەسىلەن، چىملىق تۇزلۇق تۇپرىقى، قاسراقلىق تۇز-
لۇق تۇپراق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ كۆلىمى
ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2 مىليون 410 مىڭ گېكتار
ۋە 3 مىليون 620 مىڭ گېكتار. يەنە يەر ئاستى
سۈيىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغانلىقتىن
تۇز توپلىنىش توختىغان، لېكىن ئاز مىقداردىكى يام-
غۇرنىڭ تەسىرىدە تۇز قەۋىتى ۋە تۇز مىقدارى ھازىرغا
قەدەر ساقلىنىپ قالغان قۇرغاق تۇزلۇق تۇپراقمۇ بار
بولۇپ، ئۇ ئاساسەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ يەكەن دەريا-
سى ۋادىسى، تارىم دەرياسىنىڭ شىمالى، 314 ـ دۆلەت
تاشيولىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ھەمدە تۇرپان ئوي-
مانلىقىغا تارقالغان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىل-
يون 470 مىڭ گېكتار كېلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ
ئاساسەن يەنە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى
كەلپىن تاغ ئالدى چوڭقۇر يەر ئاستى سۈيى رايونىغا
تارقالغان. تارىختىن بۇيان كەلكۈن سۈيى تۇز بىلەن
تەمىنلەپ كېلىۋاتقان قۇرغاق تۇزلۇق تۇپراقلارنىڭ كۆ-
لىمى تەخمىنەن 220 مىڭ گېكتار كېلىدۇ. شىنجاڭدا
شورلاشقان تۇپراقنىڭ كۆلىمى كىچىك، تارقىلىش دا-
ئىرىسىمۇ تار بولۇپ، ئاساسەن تاقىر شورلۇق تۇپراق،
چىملىق شورلۇق تۇپراق قاتارلىقلار بار. شورلۇق تۇپ-
راق ئۇنىۋېرسال ئامىللار ئاستىدا شورلىشىش ئارقى-
لىق شەكىللەنگەن.

**نەم تۇپراقلار** يەر ئاستى سۈيىگە ئۇزۇن مۇد-
دەت چىلىنىپ تۇرۇش ياكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۇپ-
راقنىڭ كاپىللىيارىنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئېقىشى
نەتىجىسىدە تۇپراقنىڭ ھۆللىنىشى ۋە تويۇنۇشى بۇ
خىل تۇپراقنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھې-
سابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ سۇدىن ھا-
سىل بولغان تۇپراقلار دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چىم-
لىق تۇپراق ئەڭ كەڭ تارقالغان بولۇپ، جەنۇبىي شىن-
جاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى يەلپۈگۈچسىمان تۇزلەڭ-
لىكلەرنىڭ چەتلىرىگە ۋە دەريا ساھىلى قاتارلىق يۇقى-
رى سۇ ئورنى بۆلەكلىرىگە تارقالغان. ئۇ ئاساسەن
چىملىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پارچىلىنىپ چىرىن-
دى ماددىلارنىڭ توپلىنىش جەريانى ۋە يەر ئاستى سۈيى-
نىڭ پەسىللىك ئۆرلەش ـ تۆۋەنلىشىدىن ھاسىل بول-
غان ئوكسىدلىنىش ـ ئوكسىدسىزلىنىش جەريانىنىڭ
تەسىرىدە تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن، كۆلىمى تەخ-
مىنەن 3 مىليون 710 مىڭ گېكتار كېلىدۇ. چىملىق
تۇپراقلاردىن پايدىلىنىش دائىرىسى كەڭرەك، لېكىن
ئادەتتە بۇ خىل تۇپراقلار تۇزلاشقان، ئاز بىر قىسمى
شورلاشقان بولغاچقا، مۇھىت ناچارلاشسىلا چۆللىشىپ
كېتىشى مۇمكىن. سازلىق تۇپرىقى كۆپىنچە يەلپۈ-
گۈچسىمان تۇزلەڭلىكلەرنىڭ چەتلىرىگە، كۆل بويلى-
رىدىكى پەس، ئويمان جايلارغا جايلاشقان بولۇپ، تار-
قىلىشى كەڭ ھەم تارقاق، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن
990 مىڭ گېكتار كېلىدۇ. جايلاشقان ئورنىدا يەر
ئاستى سۇ ئورنى ئادەتتە بىر مېتىر ئەتراپىدا ئۆزگىرىپ
تۇرىدۇ. تۇپراق سازلىق ئۆسۈملۈكلىرى ياكى ئوت ـ
چۆپلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئاجىز چىرىندى-

لىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاستى قىسمىدىكى سۇغا چىلىنىپ تۇرغان قەۋەتتە يەنە ئاناپىروبىك شارائىتتىكى يوشۇرۇن پىتىلىش جەريانى يۈز بېرىدۇ، مانا شۇنىڭدىن شەكىللەنگەن كۆل رەڭ يوشۇرۇن پىتىلگەن قەۋەت سازلىق تۇپرىقىنىڭ بەلگە قەۋىتى ھېسابلىنىدۇ. نەم تۇپراق بولسا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۇپراقنى ئېچىپ ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇزاق مۇددەت تېرىلغان دېھقانچىلىق تۇپرىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تۇپراق ئاساسەن يەر ئاستى سۈيى ۋە سۇغىرىلىدىغان سۇلارنىڭ قوش رولى ئاستىدا، يىل بويى خېلى ئۇزۇن مەزگىل نەملىكنى ساقلىغانلىقتىن، نەم تۇپراق دەپ ئاتالغان. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 560 مىڭ گېكتار. نەم تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ساقلىشى بىرقەدەر مۇقىم، يەنە ئۇ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ۋە سۇغىرىلىدىغان سۇنى تېجەشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە، تېرىقچىلىققا باپ كېلىشچانلىقى يۇقىرى، بولۇپمۇ ئالاھىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باپ كېلىدۇ. شۇڭا، نەشپۈت، خەمەكلىك كۆكتاتلار ۋە قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى ئومۇمەن نەم تۇپراق رايونىدا بولىدۇ. لېكىن، بارلىق نەم تۇپراقلارنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئاسانلا شور بېسىپ كېتىش ياكى سازلىقلىشىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ، شۇڭا ئوتتۇرا، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر كەڭ. بۇ خىلدىكى تۇپراقلار جۇڭگو تۇپراق سىستېمىسىنى تۈرگە ئايرىشتا ئوخشاش بولمىغان تۇپراق سىنىپلىرىغا كىرگۈزۈلگەن.

**قۇم - بوران تۇپراقلىرى** شىنجاڭدا تۇراقلىق قۇم - بوران تۇپرىقى، يېرىم تۇراقلىق قۇم - بوران تۇپرىقى قاتارلىقلار بار. ئۇلار شامالدىن ھاسىل بولغان قۇم سۈپەتلىك ئانا جىنسلارنىڭ يېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، تۈزلەڭلىكلەردىكى قۇرغاق قۇم بوران رايونلىرىغا مەركەزلىك تارقالغاندىن باشقا، قۇرغاق تاغلىق رايونلارغىمۇ تارقاق ھالەتتە تارقالغان. ئۇلار شىنجاڭ بويىچە تارقىلىش كۆلىمى ئەڭ زور تۇپراق تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر بىر قەدەر ياخشى ئۆسكەن قۇم - بوران تۇپراقلىرىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئاجىز چىرىندى ماددا قەۋىتى بولۇپ، يۇمشاق توپا ۋە ئۇششاق دانچە ماددىلار كۆپ، سىرتقى يۈزىدە يەنە جانلىقلار قاتارلىقلارنىڭ ھەرخىل رولىدىن شەكىللەنگەن پوستلاق قەۋىتى بار. سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ مەنبەسى بولغان شارائىتتا، قۇم - بوران تۇپراقلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىشمۇ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ.

**يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر خەرىتىسى** يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يەر شارى سىرتقى يۈزىنىڭ ياكى مەلۇم بىر رايوننىڭ ئۆسۈملۈك قاپلىمىنى ھەمدە تۈرلۈك ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرىنىڭ، مەسىلەن، ئورمان، چاتقال، چۆل، ئوتلاق، چىملىق، سازلىق قاتارلىقلارنىڭ شەكىللىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، يېپىنچا ئۆسۈملۈك يەنە ھەرخىل ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرىنىڭ ئومۇمىي نامى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە سۈنئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭدا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فلورا تەركىبى يېتەرسىز، قۇرغاقچىلىقتا ئۆسىدىغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تىپى تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە چۆللەرنىڭ تارقىلىشى كەڭ، كۆلىمى ئەڭ چوڭ. ئۇلار زونالliq رېتىمى بويىچە ئۆزگىرىدۇ، مەسىلەن: شىمالىي شىنجاڭدىكىسى ئادەتتىكى چۆل، جەنۇبىي شىنجاڭدىكىسى بولسا ئىنتايىن قۇرغاق چۆل. شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى گورىزونتال يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىلىرى شىمالدىن جەنۇبقا مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل يايلاق زونىسى — جۇڭغار مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل سۇب زونىسى — تارىم ئىللىق مۆتىدىل چۆل سۇب زونىسى — شىمالىي شىزاڭ ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئېگىز، سوغۇق چۆل رايونى قاتارلىقلارغا تارقالغان. ئۆسۈملۈك جۇغراپىيەسىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى، موڭغۇلىيە، سىبىرىيە، جۇڭگو - ھىمالايا ئۆسۈملۈك فلورىلىرىنىڭ تۇتاشقان جايىدا بولۇپ، ئۆسۈملۈك فلورىسى مۇرەككەپ ھەم ئۆتكۈنچى خاراكتېرگە ئىگە. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ خاراكتېرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ، شىمالىي شىنجاڭ بولسا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۆتكۈنچى خاراكتېرى ئىپادىلىنىدۇ.

يېپىنچا ئۆسۈملۈك خەرىتىسى يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ ياكى مەلۇم بىر رايوننىڭ ئۆسۈملۈك قاپلىمىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىرىكمىسىنىڭ تارقىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەرىتە بولۇپ، ئۇ يەنە گېئو بوتانىكا خەرىتىسى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تىپى خەرىتىسى ياكى ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈك خەرىتىسى مۇناسىپ رايوندىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ماكان جەھەتتىكى تارقىلىشى ھەققىدە مۇكەممەل ئۇقۇم بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئېكولوگىيىلىك جۇغراپىيىلىك شارائىت بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتىنى ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈك بايلىقى ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ بىر-بىر رايوننىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈك تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بويىچە رايونغا ئايرىش، يېزا ئىگىلىكى بويىچە رايونغا ئايرىش، ئۇنىۋېرسال تەبىئىي رايونلار بويىچە رايونغا ئايرىش ھەمدە ئورمان تىپلىرى خەرىتىسىنى تۈزۈش، ئوتلاق خەرىتىسىنى ئىشلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئۇل ماتېرىيال بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىشى** شىنجاڭ ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، يېرى كەڭ، تەۋەلىكىدە قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ۋە ئاتموسفېرا ھۆل - يېغىنىنىڭ كەڭلىككە قاراپ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا قارىتا مۇناسىپ ھالدا گورىزونتال زونىلىق تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غايەت زور دەرىجىدە كۆتۈرۈلگەن ۋە ئاساسەن كەڭلىك بويىچە سوزۇلغان ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، كۇئېنلۇن تاغلىرى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمىنى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىتىشى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گورىزونتال زونىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. شىنجاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى گورىزونتال زونىلىرىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا تارقىلىش سخېمىسى مۇنداق: يايلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسى — مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك سۈب زونىسى — ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك سۈب زونىسى — ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تاغلىقلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېرتىكال تارقىلىشى كەڭلىكتە تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ھەمدە تاغلىق رايونلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ پەرقلىنىشى تۈپەيلىدىن، ھەرقايسىسىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونىسى قۇرۇلمىسى شەكىللەنگەن. يىغىنچاقلىغاندا، ھەرقايسى تاغلىقلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونىسى قۇرۇلمىسىدىكى ئاساسىي زونا بىلەن گورىزونتال يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئوخشاش بىر تىپقا كىرىدۇ؛ گورىزونتال زونىلار بويىچە شىمالدىن جەنۇبقا قارىتا ھەرقايسى تاغلىقلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنىڭ چېگىرىسى مۇناسىپ ھالدا يۇقىرىلىغان؛ ئوتتۇراھال مۇھىتتا ياشاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونىلىرى تەدرىجىي كىچىكلەپ يوقالغان. قۇرغاق مۇھىت ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدىغان تاغلىقلاردىكى چۆل ۋە يايلاق ۋېرتىكال زونىلىرى بولسا تەدرىجىي يۇقىرىغا قارىتا كېڭىيىپ، پۈتكۈل زونا سپېكتىرىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن؛ شىنجاڭ دائىرىسىدە ۋېرتىكال زونىلار قۇرۇلمىسىنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىغا قەدەر ۋېرتىكال زونىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ بارىدۇ، يەنە جەنۇبقا سۈرۈلگەنچە ئاددىيلىشىپ بارىدۇ؛ غەربتىن شەرققە قارىتا قۇرغاقلىق دەرىجىسى ئېشىپ بارىدۇ، تاغلىقلارنىڭ ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسىدىكى ھەرقايسى زونىلارمۇ مۇناسىپ ھالدا يۇقىرىلاپ، مۆتىدىل يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىلىرى تارىيىپ، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسى كېڭىيىپ، زونىلارنىڭ سانى تەدرىجىي ئازىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يامغۇر كۆلەڭگىسى زونىسى، چوڭ تاغلارنىڭ جەنۇبىي يانباغرى، تاغلىقلارنىڭ ئىچكى

قىسمى ۋە بىر قەدەر پاكار تاغلار ياكى تاشلىق تاغلارنىڭ ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى قۇرغاقلىشىش ياكى ئۆسۈملۈك فلورىسى كەمچىل بولۇش ھالىتى ئىپادىلىنىدۇ.

**شىمالىي قىسىم ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە بولۇپ، ياۋروئاسىيا ئوتلاق زونىسىنىڭ چۆل ئوتلاق سۇب زونىسى تار ھەم ئۈزۈك - ئۈزۈك بەلۋاغسىمان ھالەتتە بۇ جايدىن ئۆتىدۇ. غەرب تەرىپى قارا دېڭىز - قازاقىستان ئوتلاقلىرىغا تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى موڭغۇلىيە ۋە جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاسىيا ئوتتۇرا قىسىم ئوتلاقلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئالتاي تاغلىرى ۋە جۇڭغارىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلارنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپتىن كېلىدىغان ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئېقىپ كىرىشىگە توسالغۇ بولۇشى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ جۇڭغار چۆل كىلىماتىغا تەسىر كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن، بۇ يەردە چوڭ قۇرۇقلۇق مۆتىدىل بەلۋاغ ئوتلاق كىلىماتى شەكىللەنگەن. زونىلىق تۇپراقلىرى شېغىل سۇبەتلىك كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق ۋە سۇس قوڭۇر چىلان تۇپراقتىن ئىبارەت. زونىلىق چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى پاكار، زىچ ئۆسىدىغان باشاقلىق ئوت - چۆپلەر، قىسقا ئۇق يىلتىزلىق ئۆسۈملۈكلەر ھەم يېرىم چاتقال، كىچىك يېرىم چاتقال قاتارلىق تۈرمۇشتا پايدىلىنىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى % 20 تىن % 40 كىچە. ئۆسۈملۈك تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى گورىزونتال جايلاشقان ئوتلاق زونىسىنى روشەن ھالدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تىپقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى قازاقىستاننىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەن تۈرىدىكى چۆل ئوتلىقى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ شەرقىي تارباغاتاي تاغلىرىغا كىرگەندىن كېيىن ساۋۇر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالىي ئېتىكىگىچە يېتىپ بارىدۇ. يەنە بىرى، ساۋۇر تاغلىرىدىن باشلىنىپ، ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىن ئۆتۈپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ ئالدى ياتقۇ تۈزلەڭلىكىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى چۆل ئوتلاقچىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ ئوتلاق زونىسىدىكى تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئاساسىي زونىسى چۆل ئوتلاقتىن ئىبارەت؛ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىقلار ئورمان ئوتلاق زونىسى بولۇپ ئايرىلىپ چىققان، شەرقىي قىسمىدىكى تاغلىقلار بولسا مۆتىدىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىر قەدەر ياخشى يېتىلگەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**جۇڭغار چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك سۇب زونىسى** تەڭرىتاغ ئاساسىي تىزمىسى سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنىڭ شىمالىدىن ئېرتىش دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ تۈزلەڭلىك ۋە تاغلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زونىلىق تۇپراقلىرى كۆل رەڭ قوڭۇر چۆل تۇپرىقى ۋە چۆل كالتسىيلىق بوز تۇپرىقى بولۇپ، قۇملۇقلاردا كەڭ كۆلەمدىكى قۇم - بوران تۇپرىقى تارقالغان. جۇڭغار تۈزلەڭلىكىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك تۈرلىرى تارىم ئويمانلىقىغا قارىغاندا مول بولۇپ، تەخمىنەن 500 خىل ئەتراپىدا؛ فلورا تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسىم تەركىبى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسىم تەركىبمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، روشەن ئۆتكۈنچى خاراكتېرگە ئىگە. زونىلىق چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئۇششاق يېرىم دەرەخ ۋە ئۇششاق يېرىم چاتقاللارنى ئاساس قىلىدۇ، قاپلاش نىسبىتى % 10 تىن % (70) 40 كىچە بولۇپ، ئوخشاش ئەمەس. بۇ چۆل سۇب زونىسىنىڭ زونىلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئۇششاق يېرىم دەرەخ، ئۇششاق يېرىم چاتقال ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆز ئالاھىدىلىكى قىلغان بولۇپ، قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر قەۋىتىنىڭ ئارىلىشى ئۇنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر: شىمالىي قىسمىدا ئوتلاقلاشقان چۆللەرنىڭ پەيدا بولۇشى چۆللۈكتىن ئوتلاققا ئۆتكۈنچىلىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۇب زونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي قىسىم چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، شەرقىي قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا چۆل - باياۋان خاراكتېرىگە مەنسۇپ. زونىسىز يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن كۆل بويلىرىدىكى پەس يەرلەردە، يەلپۈگۈچسىمان ئويمانلىقلارنىڭ چەتلىرىدىكى تۇزلۇق تۇپراقتا ئۆسىدىغان سۇلۇق شور ئۆسۈملۈكلىرىدىن باشقا يەنە شورلاشقان چىملىق، شالاڭ قارا ياغاچ ئورمىنى ۋە توغراق، يۇلغۇننى ئاساس قىلغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار. تاغلىقلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋېرتىكال زونىسى قۇرۇلمىسىدا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدا يېڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلار ۋە چىملىقلار بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىقلار بولسا ئوتلاقنى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك قىلغان.

**تارىم چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك سۈب زونىسى** جەنۇبتا كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ چېتىدىكى تاغلىقلارنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىلىرىدىن باشلىنىپ، شىمالدا جەنۇبىي تەڭرىتاغ ئاساسىي تاغ تىزمىسىنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىم ئويمانلىقى، گاشۇن چۆلى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىككى يېقىدىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى، كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى ۋە ئالتۇنتاغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زونىلىق تۇپرىقى گەج تەركىبى مول بولغان قوڭۇر رەڭلىك چۆل تۇپرىقى بولۇپ، زونىلار ئارىسىدىكى جايلاردا تۈرلۈك شورلاشقان تۇپراقلار تارقالغان. زور كۆلەمدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكسىز شېغىللىق چۆل ۋە كۆچمە قۇم ھالقىسىمان بوستانلىق زونىسى بۇ سۈب زونىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرى ئاران 200 ئەتراپىدا. جۇغراپىيىلىك تەركىبىدە ئاسىيا ئوتتۇرا قىسىم تۈرلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەركىبىدە نۇرغۇن قەدىمىي ئۆسۈملۈك تۈرلىرى بار؛ زونىلىق چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغىنى تۇرمۇشتا پايدىلىنىدىغان، قۇرغاقچىلىققا زىيادە چىداملىق بولغان چاتقال بولۇپ، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى چۆلىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرىگە ئىگە. زونىلىق چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن توپ ھاسىل قىلغۇچى تۈر ياكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلەردىن ئاساسەن پەردىلىك چاكاندا، ئاق تىكەن، مۇرسەت، ياغاچلانغان تۆگىتاپان، گىرلەن قاتارلىقلار بار. يەلپۈگۈچسىمان لاتقىلىقنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى نېپىز قۇم باسقان يەرلەردە ئومۇمەن تارىم جوزغۇنى تارقالغان. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرى بىلەن كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يەلپۈگۈچسىمان لاتقىلىقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئاساسەن يېرىم چاتقال، كىچىك يېرىم چاتقال قاتارلىق شورلۇق يەر ئوتۇنلۇق ئۆسۈملۈك چۆللىرى بولۇپ، ئىككى تەرەپتىكى تاغلارنىڭ قىيپاش يانباغىرلىرىمۇ يەنىلا چۆل ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، زونىلىق ۋە ئىنتىرا زونىلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممە تۈركۈمىدە قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈك قەۋەتلىرى يېتىلمىگەن. تاغلىقلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسىدا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى ئوتلاق ۋېرتىكال زونىسلىق، كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى چۆل ۋېرتىكال زونىسى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، زونا سپېكترى بىرقەدەر ئاددىي.

**شىمالىي شىزاڭ — پامىر ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چۆل رايونى** تارىم چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك سۈب زونىسىنىڭ جەنۇبىدىن چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى ئېگىز ھەم سوغۇق يايلاق كەنجى رايونىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغىچە بولغان رايون بولۇپ، كۇئېنلۇن تېغى، قارا قورۇم ۋە پامىر ئېگىزلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئىپتىدائىي تاغلارنىڭ دەسلەپكى كۆتۈرۈلۈشى جەريانىدا قاتتىق سوغۇق، قۇرغاق، كۆپ شاماللىق، يېغىندى قارسىز ياكى قار ئاز ياغىدىغان مۇھىتقا تەدرىجىي ماسلاشقان سوغۇققا چىداملىق، قۇرغاقچىلىققا ۋە بورانغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چۆل ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلاش نىسبىتى %5تىن %20كىچە، قۇرۇلمىسى ئاددىي، فلورا تەركىبى ئىنتايىن كەمچىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسى يەرگە چاپلىشىپ ئۆسىدىغان، تېنى تۈكچەلەر بىلەن قاپلانغان، يىلتىزى تەرەققىي قىلمىغان، يېيىلىپ ئۆسىدىغان ۋە نىلوفەر كاسىسىمان ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت. زونىلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئەھمىيىتىگە ئىگە تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى ئۆسۈملۈكلەردىن ياتما تەسكەن، تىبەت ئاجانىيىسى، ئېتىزلىق تۈكلۈك ئەمنى قاتارلىقلار بار. ئېنترازونال يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، دەريا ۋادىلىرىدا ياتما بالغۇن، يېيىلىپ ئۆسىدىغان پوتېنتىللا چاتقىلى قاتارلىق ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چاتقاللىرىنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كۆل بويلىرىدىكى نەم جايلارغا شورلاشقان چىملىقلار تارقالغان، كۆل ئويمانلىقلىرىنىڭ قىسمەن نېپىز قۇم باسقان جايلىرىدا يەنە ئېگىز ھەم سوغۇق زونا يايلاقلىرى ياكى ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چۆل يايلاقلىرى بار. تاغلىقلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ئاددىي. ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چۆللۈكلىرىنىڭ ئاساسىي زونىسىنىڭ يۇقىرىسىدا تار كەتكەن ئېگىز ھەم سوغۇق ئوتلاق زونىسى بولۇپ، ئۇ يۇقىرىغا قارىتا ئېگىز تاغ سۈب مۇز - قار شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسىغا ئۆتكۈنچىلىشىدۇ.

**ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكترى** ئالتاي تاغلىقى غەربتىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمىنىڭ كىرىشىگە پايدىلىق، شۇڭا

تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بىر قەدەر ياخشى يېتىلگەن. ئۆسۈملۈك فلورا تەركىبى 2500 خىل ئۆپچۆرىسىگە يېتىدۇ، ئۆسۈملۈك تۈركۈمىنىڭ تىپلىرى مول ھەم كۆپ خىل بولۇپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونىسىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئالمىشىش ئەھۋالى روشەن، ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسى مۇكەممەل. ئورمان زونىسى بىلەن چىملىق زونىسىنىڭ كۆلىمى پۈتكۈل يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىبىرىيە بال قارىغىيى ئورمىنى ۋېرتىكال زونىسىنىڭ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ باراقسانلىق دەرىجىسى ئادەتتە 0.4 ~ 0.6 ئارىلىقىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا كىلىمات سوغۇق، نەمرەك بولۇپ، سۇبئالپ چىملىق زونىسى بىلەن ئېگىز تاغ چىملىق زونىسى سۇبئالپ يوپۇرماق تاشلايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق چاتقال ۋە ئېگىز تاغ توندراسىنىڭ ئورنىنى ئالغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، جەنۇبىي يانباغرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بىر قەدەر قۇرغاق بولغان چىگىل ئەتراپىدىكى تاغلىقلاردا تاغلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان زونىسىنىڭ ئوتلاقلىشىش ھادىسىسى كۈچلۈك بولۇپ، تاغلىق ئورمان — ئوتلاق زونىسىغا ئايلانغان. ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى گورىزونتال ئوتلاق زونىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتلاق خاراكتېرىدىكى تاغلىققا كىرىدۇ؛ ئوتلاق تاغلىق ۋېرتىكال يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسىدىكى ئاساسىي زونا بولۇپ، تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن تاغلىرى قاتارلىق چۆل تاغلىقلاردىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ. تىپىك تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكتىرى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا تاغلىق ئوتلاق زونىسى — تاغلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان زونىسى — سۇبئالپ (ئېگىز ھەم سوغۇق زونا) چىملىق زونىسى — ئېگىز تاغ (ئېگىز ھەم سوغۇق زونا) چىملىق زونىسى بولۇپ، سىبىرىيە — موڭغۇلىيە تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسى تىپىغا كىرىدۇ.

**ئىلى تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكتىرى** ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئىككى چېتىدىكى تاغلىقلاردا دائىم ئوروگرافىك يامغۇر ھاسىل بولۇپ، تاغلىق ئورمانلىرى ۋە چىملىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يېتىلىشىنى ئەۋزەل ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن تەمىن ئېتىپ، تەڭرىتاغ تاغلىقلىرىنى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئەڭ تەرەققىي تاپقان رايونغا ئايلاندۇرغان. ئىلى تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى تەركىبىدە ئوتتۇرا ھال ئۆسىدىغان شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ — ياۋرو - ئاسىيا مۆتىدىل بەلۋاغ تەركىبى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي قىسىم تاغلىق تەركىبى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئىسسىق بەلۋاغ تەركىبىدىكى ئارپا باش ھەمدە ئۈچىنچى دەۋر قەدىمكى مۆتىدىل بەلۋاغ كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان تەركىبىدىكى شىنجاڭ ياۋا ئالمىسى، ياۋا ياڭاق، گىلاسسىمان ئالۇچا، كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن، تەڭرىتاغ زەرىڭى قاتارلىق قەدىمكى تۈرلەرنىڭ قالدۇقلىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بىرىكمىسى مول، ئوتلاق زونىسىدا ئارپا باش ئوتلىقى بولۇش، ئورمان زونىسىدا ياۋا مېۋىلىك ئورمانلار ۋەكىللىكىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان سۇب زونىسى بۆلۈنۈپ چىقىش ۋە سۇبئالپ زونىسىدا قويۇق ئۆسىدىغان ئوتتۇرا ھال ئوت - چۆپ تىپىدىكى سۇبئالپ چىملىقى كۆرۈلۈش قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئەھۋالى بار. ئىلى تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونىسىنىڭ بۆلۈنۈشى روشەن، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا تاغلىق ئەمەن تۈرى چۆل زونىسى — تاغلىق ئوتلاق زونىسى — يايما قەۋەت قۇرۇلمىلىق تاغلىق ئورمان زونىسى — سۇبئالپ چىملىق زونىسى — ئېگىز تاغ چىملىق زونىسى، — سۇبئالپ شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي قىسىم چۆل تاغلىقى يوپۇرماق تاشلايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان سۇب زونىسلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسى تىپىغا كىرىدۇ.

**تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكتىرى** تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىنىڭ شىمالىي يانباغرى غەربتىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، كىلىماتى بىر قەدەر نەم بولۇپ، ئورمان ۋە چىملىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئوتتۇرا ھال تاغ زونىسى ۋە سۇبئالپ زونىلىرىدا بىر قەدەر ياخشى يېتىلگەن. ئۆسۈملۈك فلورىسىمۇ ناھايىتى مول، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر تەخمىنەن 2500 خىلغا يېتىدۇ. ئۇ چۆل رايون تاغلىق ئۆسۈملۈكلىرى تۈرىنىڭ كۆپ خىللىقى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر تاغلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۆسۈملۈك فلورىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ بىلەن ياۋرو - ئاسىيا مۆتىدىل بەلۋاغ تەركىبى ئەڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. مول ھەم خىلمۇخىل ئۆسۈملۈك

فلورىلىرى بىلەن ئېكولوگىيىلىك شارائىت خىلمۇ خىل ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرى ۋە تىپلىرىنى، ۋېرتىكال زونىلارغا بۆلۈنۈشنى ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە ئۆزگىرىپ بېرىشىنى ھاسىل قىلغان. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى ئەڭ ئالاھىدە ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى تىپى ئوتتۇرا ھال ئۆسىدىغان تاغ ئورمىنى ۋە چىملىق بولۇپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسىمۇ بىرقەدەر مۇكەممەل. ئۇنىڭ تىپىك تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكترى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا تاغلىق چۆل زونىسى — تاغلىق ئوتلاق زونىسى — تاغلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان زونىسى — سۇبئالپ (ئېگىز ھەم سوغۇق زونا) چىملىق زونىسى — ئېگىز تاغ (ئېگىز ھەم سوغۇق زونا) چىملىق زونىسى — ئېگىز تاغ سۇب قار - مۇزلۇق شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىسى ۋە ئېگىز تاغ قار - مۇزلۇق زونا بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي قىسىم چۆل تاغلىقى شەرقىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسى تىپىغا كىرىدۇ.

**تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكترى** چوڭ قۇرغاقلىق خاراكتېرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم چۆللۈكىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان. غەربتىن كېلىدىغان نەم ھاۋا ئېقىمىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغانلىقى ھەمدە يەنە موڭغۇلىيە — سىبىرىيە يۇقىرى بېسىم ئانتىسىكلونى ۋە تارىم چۆل ئويمانلىقى قۇرغاق ئىسسىق كىلىماتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن، تاغلىقلىرى روشەن ھالدا قۇرغاقلاشقان، پەس تاغلار كۈچلۈك چۆللەشكەن. مەزكۇر تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تاغلىق چۆل زونىسى ئاساسەن كۆپ خىل شورلۇق ئوتۇنلۇق ئۆسۈملۈكلەر تۈرى بولغان كىچىك يېرىم چاتقال چۆل ئۆسۈملۈكلىرى تۈركۈمىدىن تەركىب تاپقان. ۋېرتىكال زونىلىرىدا تاغلىق ئوتلاق زونىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، ئورمان ۋە چىملىق زونىلىرى چېكىنگەن ياكى يېتىلىشى ئىنتايىن ئاجىز. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىنىڭ شەرق، غەرب ئىككى تەرىپى ئېخىمۇ قۇرغاقلىشىشقا يۈزلەنگەن ھەمدە ھەرقايسى تاغلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، يەرلىك كىلىماتى، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ۋە سۇ تەركىبى ئەھۋالى قاتارلىقلاردا پەرق بولغاچقا، ھەرقايسى يېپىنچا ئۆسۈملۈك زونىلىرىنىڭ ئېگىزلىكتىكى ئورنى، كەڭلىكى قاتارلىقلارمۇ تۆپتىن ئوخشاشمايدۇ. ئۇنىڭ تىپىك يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكترى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا تاغلىق چۆل زونىسى — تاغلىق ئوتلاق ۋە ئېگىز ھەم سوغۇق ئوتلاق زونىسى — ئېگىز ھەم سوغۇق چىملىق زونىسى — سۇب قار - مۇزلۇق شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە مەڭگۈلۈك يىغىندى قار زونىسى بولۇپ، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم چۆل تاغلىقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى — غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسى تىپىغا كىرىدۇ.

**كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا سپېكترى** چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى تاغلىقلىرىغا جايلاشقان، تەكلىماكان قۇملۇقىغا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئاسىيا چوڭ قۇرغاقلىقىدىكى ئەڭ قۇرغاق تاغلىقتۇر. ئۆسۈملۈك فلورا تەركىبى كەمچىل بولۇپ، كۇئېنلۇن تاغلىرى ۋە ئالتۇنتاغدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر تۈرى 400 خىلغا يېقىن. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ قۇرغاقلىشىش، چۆللىشىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى كۈچلۈك، ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ، تىپلىرى ئىنتايىن ئاددىي. تاغلىق چۆل ۋېرتىكال زونىسى بەك يۇقىرىلاپ كەتكەن، ئۇنىڭ يۇقىرى قىسمىدا ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چۆل ئۆسۈملۈك تۈركۈمى يېتىلگەن؛ تاغلىق ئوتلىقى يۇقىرىلاپ سۇبئالپ زونىسى ۋە ئېگىز تاغ زونىسىغىچە يېتىپ بارغان ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىنى ئېگىز ھەم سوغۇق زونا ئوتلاقلىرى ئېلىپ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تار كەتكەن يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونىسىغا ئايلانغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسىم چۆل تاغلىقى ئېگىز تاغ زونىسىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان تاغ ئوت - چۆپلىرى — ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چىملىقلىرىمۇ بۇ جاينىڭ ئېگىز تاغ زونىلىرىدا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆۋاق تاشلىق يانباغىرلار ۋە تەكشى كەلگەن سۇ بۆلگۈچ چوققىلاردىكى شالاڭ ھەم پاكار ئۆسكەن نىلۇفەر كاسىسىمان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئىگىلىگەن. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسى ئاددىيلاشقان بولۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا تاغلىق چۆل ۋېرتىكال زونىسى — ئېگىز ھەم سوغۇق ئوتلاق ۋېرتىكال زونىسى — ئېگىز تاغ ياتما يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونىسى بولۇپ، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەڭ قۇرغاق بولغان چۆل تاغلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋېرتىكال زونا قۇرۇل-

مىسىنىڭ شەرقىي كۆئېنلۈن تىپىغا كىرىدۇ.

شىنجاڭ ئۈسۈملۈك فلورىسىنىڭ تەركىبى ئۈسۈملۈك فلورىسى مەلۇم بىر جۇغراپىيىلىك رايوندا ياكى مەلۇم بىر گېئولوگىيىلىك تارىخىي دەۋردە ياشىغان بارلىق ئۈسۈملۈك خىللىرىنى، ئۈسۈملۈكلەرنىڭ ھەممە ئائىلە، ئۇرۇقداش، تۈرلىرىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يېيىنچا ئۈسۈملۈكلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساس، شۇنداقلا بىئوسفېرا ئېكولوگىيىلىك سىستېما قۇرۇلمىسى ۋە جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشتە تايىنىدىغان ماددىي بايلىقى. شىنجاڭ تەۋەلىكىدە 108 ئائىلە، 687 ئۇرۇقداشقا مەنسۇپ 3270 خىل (كەنجى تۈر ۋە ئۆزگەرگەن تۈرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يۇقىرى دەرىجىلىك ئۈسۈملۈك بار. تۈرلۈك ئۈسۈملۈكلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى ھەم ئۇلارنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ ئۈسۈملۈك فلورىسىدىكى نىسبىتى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندىكىدەك. شىنجاڭ ئۈسۈملۈك فلورىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى: (1) تۈر تەركىبى بىرقەدەر كەمچىل. يۇقىرى دەرىجىلىك ئۈسۈملۈك خىللىرىنىڭ سانى پۈتۈن مەملىكەت ئۈسۈملۈك خىللىرى سانىنىڭ ئاران%12نى ئىگىلەيدۇ؛ يەككە خىلدىكى ئائىلە، ئۇرۇقداشلار بىلەن ئاز خىلدىكى ئائىلە، ئۇرۇقداشلار خېلى كۆپ. يەككە خىلدىكى ئائىلىلا 25تىن ئارتۇق ھەمدە ئۇنىڭ بەزى ئۇرۇقداشلىرى دۆلەت ئىچىدە پەقەت شىنجاڭدىلا تارقالغان؛ روشەن چوڭ ئائىلىلەردىن بىرنەچچىسى بار. ئۈسۈملۈك تۈرى 100دىن كۆپ ئائىلىدىن 11ى بولۇپ، ئۇلار رەتى بويىچە مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى (489تۈر)، پۇرچاق ئائىلىسى(374تۈر)، باشاقلىقلار ئائىلىسى(346 تۈر) كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسى(178 تۈر)، لويىلا ئائىلىسى(153 تۈر)، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى (133 تۈر)، ئېيىق تاپانلار ئائىلىسى (125 تۈر)، قىياق ئائىلىسى(112تۈر)، كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى(106 تۈر)، ئەتىرگۈل ئائىلىسى(110 تۈر) گۈلسامساق ئائىلىسى(101 تۈر). (2) تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايونلار بويىچە تەقسىملىنىشى تەكشىسىز. تۈر سانى بويىچە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭكىدىن كۆپ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىدىن مول. مەسىلەن، ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 2500 تۈر ئۈسۈملۈك بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئۈسۈملۈك تۈر سانىنىڭ تەخمىنەن%78 نى ئىگىلەيدۇ؛ تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا تەخمىنەن 500 تۈر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئۈسۈملۈك تۈر سانىنىڭ %16 نى ئىگىلەيدۇ. (3) مەلۇم ئالاھىدە تۈرلەر بار. مەسىلەن، شىنجاڭ جۇزغۇنى، جىلغا جۇزغۇنى، شىنجاڭ يېرىلغىسى قاتارلىقلار. (4) مۇئەييەن قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۈسۈملۈكلەر ۋە قەدىمكى تۈرلەر بار. قەدىمكى تۈرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىرى توغراق، پەردىلىك چاكاندا قاتارلىقلار. (5) ئۈسۈملۈك فلورىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەركىبى بىرقەدەر مۇرەككەپ. ئاساسلىقلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسىم تەركىبى، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسىم تەركىبى، قەدىمكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تەركىبى، پان شىمالىي قۇتۇپ تەركىبى، كونا چوڭ قۇرۇقلۇق مۆتىدىل بەلۋاغ تەركىبى ۋە دۇنياغا كەڭ تارقالغان تەركىب قاتارلىقلار بار.

شىنجاڭ ئۈسۈملۈك فلورىسىنىڭ ھەرقايسى تۈر تۈپلىرىنىڭ ئائىلە، ئۇرۇقداش، تۈر تەركىبلىرى

| تۈر تۈپى | ئائىلە سانى | شىنجاڭ بويىچە ئىگىلىگەن ئومۇمىي ئائىلە سانى (%) | ئۇرۇقداش سانى | شىنجاڭ بويىچە ئىگىلىگەن ئومۇمىي ئۇرۇقداش سانى(%) | تۈر سانى | شىنجاڭ بويىچە ئىگىلىگەن ئومۇمىي تۈر سانى(%) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| پاپوروتنىكلار | 13 | 12.03 | 16 | 2.33 | 34 | 1.04 |
| يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۈسۈملۈكلەر | 3 | 2.78 | 7 | 1.02 | 24 | 0.73 |
| يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۈسۈملۈكلەر | 92 | 85.19 | 664 | 96.65 | 32.12 | 98.23 |
| جەمئىي | 108 | 100 | 687 | 100 | 3270 | 100 |

**شىنجاڭ بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ فلورا تەركىبى** بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلەر ئۇرۇقى ئارقىلىق قىشتىن ئۆتۈپ، قۇرغاق ھەم سۇ كەمچىل بولغان چۆللۈك شارائىتىدا تۇپراقنىڭ يۇقىرى قەۋىتىدىكى ئۈنۈملۈك سۇدىن پايدىلىنىپ ياشايدۇ ھەم كۆپىيىدۇ. شىنجاڭدا بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلەر بىرقەدەر مول، بۇ مەزكۇر رايوننىڭ ئۆسۈملۈك فلورىسى ۋە ھاياتلىق تىپ تەركىبىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلەر فلورىسى تەركىبىدە 41 ئائىلىگە كىرىدىغان جەمئىي 533 تۈر بولۇپ، شىنجاڭ ئۆسۈملۈك فلورىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 15.1% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۈرى ئەڭ مول بولغان ئائىلىلەر رېتى بويىچە: لويلا ئائىلىسى (108 تۈر بولۇپ، شىنجاڭدىكى بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ 20.3% نى ئىگىلەيدۇ)، كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسى (64 تۈر، 12% نى ئىگىلەيدۇ)، باشاقلىقلار ئائىلىسى (55 تۈر 10.3% نى ئىگىلەيدۇ)، مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى (43 تۈر، 8.1% نى ئىگىلەيدۇ)، ئەڭلىكئوت ئائىلىسى (32 تۈر، 6% نى ئىگىلەيدۇ)، پۇرچاق ئائىلىسى (23 تۈر، 4.3% نى ئىگىلەيدۇ) ۋە چوقا ئائىلىسى (22 تۈر، 4.1% نى ئىگىلەيدۇ) دىن ئىبارەت جەمئىي 304 تۈر بولۇپ، شىنجاڭ بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلەر فلورىسىنىڭ 57% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان 34 ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈك تۈرىنىڭ سانى ئومۇمەن 20 دىن تۆۋەن، جەمئىي 229 تۈر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ بىر يىللىق ئۆسۈملۈكلەر فلورىسى ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 43% نى ئىگىلەيدۇ.

**شىنجاڭ قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ فلورا تەركىبى** قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش دەۋرى قىسقا بولۇپ، قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان ياز پەسلى كېلىشتىن ئىلگىرى پۈتكۈل ئوزۇقلىنىش دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ ھەمدە قىشلىق ئۇيقا ھالىتىدىكى ئۇرۇقى ياكى يەر ئاستى ئەزالىرى ئارقىلىق پايدىسىز پەسىلدىن ئۆتۈۋالىدۇ. شۇڭا ئوزۇقلىنىش مەزگىلى قىسقا ئۆسۈملۈكلەر، قىسقا ۋاقىت ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ياكى قىسقا مەزگىل ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى شىمالىي شىنجاڭغا مەركەزلىك ھالدا تارقالغان بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى ئىللىق نەم كىلىمات شارائىتىغا ماسلاشقان؛ ئۇلار باش ئەتىياز تىپىدىكى قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆسۈملۈك فلورىسىدىكى ئۆزىگە خاس تۈركۈم ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا 26 ئائىلە، 104 ئۇرۇقداشقا تەئەللۇق 203 تۈر قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈك بار. ئۇلار بىر يىللىق ئۆسۈملۈك تۈرى ۋە كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقىسىدا 120 خىلدىن ئارتۇق تۈر بولۇپ، شىنجاڭ قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈك فلورىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ كېيىنكىسى، يەنى كۆپ يىللىق قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرمۇ 80 خىلدىن ئارتۇقراق. بۇنىڭ ئىچىدە تەركىبىدە 30 تۈردىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك بولغان چوڭ ئائىلىلەردىن گۈلسامساق ئائىلىسى (34 تۈر) بىلەن كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسى (31 تۈر) بار. ئىككى ئائىلىنىڭ جەمئىي تۈر سانى شىنجاڭ قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر ئومۇمىي تۈر سانىنىڭ 32.1% نى ئىگىلەيدۇ؛ تەركىبىدە ئون تۈردىن 20 تۈرگىچە ئۆسۈملۈك بولغان ئائىلىلەر ئەڭلىكئوت ئائىلىسى (17 تۈر)، مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى (16 تۈر)، كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى (15 تۈر)، باشاقلىقلار ئائىلىسى (14 تۈر)، پۇرچاق ئائىلىسى (11 تۈر) ھەمدە ئەپيۇنگۈل ئائىلىسى (10 تۈر) بولۇپ، جەمئىي ئالتە ئائىلە، 83 تۈر بار. بۇلار شىنجاڭ قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ 40.8% نى ئىگىلەيدۇ. تەركىبىدە ئون تۈردىن تۆۋەن ئۆسۈملۈك بولغان ئائىلىلەر چىنىگۈل ئائىلىسى، كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى، چوقا ئائىلىسى قاتارلىق جەمئىي 18 ئائىلە، 55 تۈر بولۇپ، شىنجاڭ قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 27.1% ىنىلا ئىگىلەيدۇ.

**تارىم توغراق ئورمىنى، كۆك تېرەك ئورمىنى** توغراق ئۈچىنچى دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنىڭ ساۋاننالىرىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئورمان تەركىبلىرىنىڭ ئەۋلادى ۋە قەدىمكى يەر ئوتتۇرا دېڭىزى قالدۇقلىرىنىڭ ئامان قالغان تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھايات قېلىشى چۆل رايونلىرىدىكى دەريا ئېقىنلىرى ياكى سۇغا چۆكۈپ تۇرۇشى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ بىر خىل سۇغا چۆكۈپ تۇرىدىغان ئوتتۇراھال ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك، شۇنداقلا ئاسىيا چۆل تۈزلەڭلىكلىرىگە ئەڭ كەڭ تارقالغان دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىرى. توغراق ئورمىنى بىر خىل ئىنترازونال (بەلۋاغ ئارا) يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە تەبىئىي بوستانلىق بولۇپ، چۆل دەريا قىرغىقى ئورمىنى ۋە يۇلغۇن چاتقاللىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدا بۇ بوستانلىق ئاقسۇ دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسىنىڭ

دا بۇ بوستانلىق ئاقسۇ دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسىنىڭ
يەكەن دەرياسى بىلەن قوشۇلغان جايىدىن شەرققە قارىتا
تارىم دەرياسىنى بويلاپ ئۈزۈك ـ ئۈزۈك تارقىلىپ
تاكى تەتىما كۆلى ۋە لوپنور كۆلىگىچە يېتىپ بېرىپ
ھەيۋەتلىك يېشىل كارىدور شەكىللەندۈرۈپ، قۇملۇق-
نىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە سۇنىي بوس-
تانلىقلارنى قوغدايدىغان تەبىئىي توساققا ئايلانغان. تۇر
تەركىبلىرى ئاساسەن چۆل دەريا قىرغاقلىرىغا ۋە يەلپۇ-
گۈچسىمانلىقنىڭ چەت زونىلىرىدىكى نەملىككە، شۇ-
نىڭدەك ھەر خىل شورلاشقان تۇپراقلارغا ماس كېلىدى-
غان چاتقال، چىملىقلار ۋە چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ھەمدە
ئوخشاش بولمىغان يەر شەكلى، تۇپراق ۋە شورلۇق سۇ
شارائىتىدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورگانىك بى-
رىكمىسىدىن تەركىب تاپقان تۇرغۇن تۇركۇم تىپلىرى-
دىن ئىبارەت. تىپىك بولغان تۇركۇم قەۋەتلىرى قۇ-
رۇلمىسى دەرەخ — چاتقال — كۆپ يىللىق ئوت ـ
چۆپ تۈرلىرىدىن ئىبارەت. تارىم ئويمانلىقىدىكى توغ-
راق ئورمىنىنىڭ تىپلىرى مول ھەم كۆلىمى كەڭ
بولۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى تارقىلىشى ئەڭ مەركەز-
لىك ۋە يېتىلىشى ئەڭ ياخشى رايون ھېسابلىنىدۇ.
كۆك تېرەكنىڭ ئېكولوگىيىلىك دائىرىسى توغراق ئور-
مانلىرىغا قارىغاندا كۆپ تار بولۇپ، ئۇ خېلى يۇقىرى
ئىسسىقلىق ۋە بىرقەدەر تولۇق بولغان نەملىك شارائى-
تىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ كۈچلۈك شورلىشىش ۋە
ئېغىر سېغىز تۇپراقتا بولغان ماسلىشىشچانلىق ئىقتىدا-
رى تۆۋەن بولغاچقا، تارقالغان رايونلىرىمۇ توغراق ئور-
مىنىغا قارىغاندا كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرىغان. جۇڭگودا
كۆك تېرەك ئورمىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىس-
مىدىكى تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، يەكەن دەر-
ياسى، خوتەن دەرياسى ۋە كېرىيە دەريالىرىنىڭ تاشقىن
ساھىللىرىغا ھەمدە پەس تېرراسسىلاردىكى قۇم تۇپراق-
لارغا تارقالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسى ئوتتۇرا
ھال ۋە ئۇششاق ئورمانلاردىن ئىبارەت. ئۆسۈملۈك
تەركىبىدە، كۆپىنچىسى يەڭگىل دەرىجىدىكى شورغا
چىداملىق ياكى شورغا چىدامسىز تۈرلەر بولۇپ، ھا-
سىل قىلغان تۇركۇم تىپلىرى توغراق ئورمانلىرىنىڭ-
كىدەك مول ئەمەس.

**جۇڭغار سۆكسۆك چۆلى** كۈچلۈك قۇرغاقچى-
لىقتا ئۆسەلەيدىغان لويلا ئائىلىسىدىكى كىچىك يېرىم
چاتقال قارا سۆكسۆك ۋە ئاق سۆكسۆكتىن ئىبارەت
تۇركۇم ھاسىل قىلغۇچى تۈرلەردىن تەركىب تاپقان
سۆكسۆك چۆلى مۆتىدىل بەلۋاغ چۆلىدىكى بىئولوگىيە-
لىك مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغان يېپىنچا
ئۆسۈملۈك تىپى بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقىغا كەڭ تار-
قالغان. ئوخشاش بولمىغان ئۇل ماددا ( ستروما) لار
ئۈستىدە ئىككى خىل سۆكسۆك ئايرىم تۇركۇم شەكىل-
لەندۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا يەنە ئارىلاش تۇركۇممۇ شەكىل-
لەندۈرەلەيدۇ. قارا سۆكسۆكنىڭ ئېكولوگىيىلىك كۆ-
لىمى بىرقەدەر كەڭ. تۇراقلىق، يېرىم تۇراقلىق قۇم
بارخانلىرى بىلەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى قۇم
جىنسلىق چۆللەردە قارا سۆكسۆك ئومۇمەن كۈچلۈك
قۇرغاقچىلىقتا چىدامىلىق ، قۇملۇقتا ئۆسى-
دىغان چاتقال — جوزغۇننىڭ بەزى تۈرلىرى بىلەن
ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈملۈك تۇركۇملىرىنى شەكىل-
لەندۈرگەن؛ شېغىللىق چۆللەردە قارا سۆكسۆك بىلەن
بىللە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى كۈچ-
لۈك قۇرغاقچىلىققا چىداملىق چاتقال ياكى يېرىم چات-
قاللاردىن ئىبارەت؛ شورلاشقان تۇپراقتىكى تۇركۇم-
لەردە بولسا خېلى كۆپ بولغان سۇلۇق شور ئۆسۈملۈك-
لىرى بىلەن شورغا چىداملىق ھەم سۇغا چىلىنىپ
تۇرۇشقا ماسلاشقان تۈرلەر بار؛ ئەت تۇپراق، قۇم
تۇپراق ۋە تاقىر يەرلەردىكى قارا سۆكسۆك تۇركۇمىدە
بىر يىللىق ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ئادەتتە ناھايىتى زور
نىسبەتنى ئىگىلىگەن. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي
قىسمىدىكى نېپىز قۇملۇق يەرلەر بىلەن شېغىللىق تۇپ-
راقلاردىكى قارا سۆكسۆك تۇركۇملىرىدە كۆپىنچە قۇر-
غاقچىلىقتا ئۆسىدىغان ۋە كۆپ يىللىق، توپلىنىپ ئۆ-
سىدىغان باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن بولۇپ، قارا
سۆكسۆك تۇركۇمىنى ئوتلاقلاشقان تۈسكە كىرگۈز-
گەن. ئاق سۆكسۆكنىڭ ئېكولوگىيىلىك كۆلىمى بىر-
قەدەر تار بولۇپ، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن تۇركۇم جۇڭ-
غار ئويمانلىقىدىكى قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقى بىلەن ئې-
بىنور كۆلىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇملۇقلارغا تار-
قالغاندىن باشقا، ئۇلۇڭگۈر كۆلى بىلەن ئېرتىش دەريا-
سىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى بەزى كىچىك كۆلەمدىكى
قۇملۇق يەرلەرگىمۇ پارچە ـ پارچە ھالدا تارقالغان.
ئۇلار تىپىك قۇملۇق ئۆسۈملۈك تۇركۇمى بولۇپ، ئۇ-
نىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆسۈش مۇھىتى، كۆچمە،
يېرىم كۆچمە قۇملۇقلار ياكى يېرىم تۇراقلىق قۇم بار-
خانلىرىنىڭ ئۈستى قىسمى ۋە تۆپىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا،
ئۈستى قىسىملىرىدىن ئىبارەت. تۇركۇملىرى باراقسان
ئەمەس، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ۋېرتىكال قەۋەتلەرگە ئاي-
رىلىپلا قالماي، بەلكى گورىزونتال يۆنىلىشتىكى گە-
رەلىشىش ھادىسىسىمۇ ئىنتايىن روشەن. تۇركۇم تەر-
كىبىدىكى ھەمراھ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى قۇم-

لىق ئۆسۈملۈك تۈرى بولۇپ، تۈرى بىرقەدەر مول، ئەتىياز پەسلى قىسقا ئۆمۈرلۈك ۋە كۆپ يىللىق قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر قەۋەت ھاسىل قىلىدۇ.

**شىنجاڭ تەمەسى ئېگىز سوغۇق زونا ئوتلىقى** شىنجاڭ تەمەسى سوغۇق قۇرغاقچىلىقتا ئوتتۇرا ھال تۆپلىنىپ ئۆسىدىغان بىرخىل باشاقلىق ئۆسۈملۈك. بۇ ئۆسۈملۈك تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈر بولۇپ شەكىللەندۈرگەن ئوتلاق جەنۇبىي تەڭرىتاغ، پامىر ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىغا كەڭ تارقالغان. تۈركۈمدە تەمە ئۆسۈملۈك تۆپلىرى توپ ھالەتتە شالاڭ ھەم تەكشى تارقالغان؛ ھەمراھ ئۆسۈملۈكلىرى كۆپىنچە ئېگىز تاغ زونىسىدىكى تۈرلەر بولۇپ، ئوت - چۆپ قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 40 ~ 50 سانتىمېتىر، قاپلاش نىسبىتى %60~ %30 كېلىدۇ، بۇ ئالاھىدە بىر خىل ئېگىز سوغۇق زونا يايلىقى ۋە ئۆي ھايۋانلىرى ئوتلىقى ھېسابلىنىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان تۈركۈم تىپلىرىدىن شىنجاڭ تەمەسى — تىپچاق، بىنەپشە گۈللۈك سىبەۋ، چوڭ سىبغىن چېچەكى، كىچىك قىياق تۈرىدىكى ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرى بار. ئەمەن تۈرلىرى بىلەن شەكىللەنگەن ئوتلاق تۈركۈمى ئوتلاق زونىسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى تېخىمۇ قۇرغاق ئۆسۈش مۇھىتىدا ئۇچرايدۇ.

**قۇرغاقچىلىقتا ئۆسىدىغان چاتقال چۆلى** بۇ ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ كىلىماتىغا ماسلاشقان، كۈچلۈك قۇرغاقچىلىقتا ئۆسىدىغان چاتقاللار تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈر بولغان بىر خىل چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىدۇر. شىنجاڭ كۈچلۈك قۇرغاقچىلىقتا ئۆسىدىغان چاتقال چۆلىدىكى ئۇستۇنلۇككە ئىگە تۈرلەردىن ئاساسەن پەردىلىك چاكاندا، مۇباۋاڭ، ئاقتىكەن، چېشمان يوپۇرماقلىق ئاقتىكەن، ئاق قوۋزاقلىق جوزغۇن، موڭغۇلىيە جوزغۇنى، تارىم جوزغۇنى، تىكەنلىك تۆگە سىيەر، مۇرسەت قاتارلىق كۈچلۈك قۇرغاقلاشقان ئالاھىدە تۈرلەر بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى يەر ئوتتۇرا دېڭىزى چۆلىدىكى قالدۇق تۈرلەر بولۇپ، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى تەركىبىگە مەنسۇپ. ئۇلار شەكىللەندۈرگەن چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى شالاڭ، تۈر تەركىبى كەمچىل، تۈركۈم قۇرۇلمىسى ئاددىي، قاپلاش دەرىجىسى ۋە يەر ئۈستى ئۆسۈملۈك مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن. بۇ خىلدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى روشەن رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭدا تارىم ئويمانلىقى، گاشۇن چۆللۈكى، شەرقىي شىنجاڭ تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرىغا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان، جۇڭغار ئويمانلىقىغىمۇ پارچە - پارچە تارقالغان، ئۇ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسىم چۆلىدىكى ئۆسۈش مۇھىتى ئىنتايىن قۇرغاق، ھاياتلىق شارائىتى ئەڭ شەپقەتسىز بولىدىغان تاشلىق، گەج جىنسلىق چۆللۈكلەردىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يېپىنچا ئۆسۈملۈك تىپى ھېسابلىنىدۇ.

**چۆل دەريا قىرغىقى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى** چۆل تۈزلەڭلىكىدىكى دەريا قىرغاقلىرى قانۇنىيەتلىك ھالدا دەريا سۇلىرىنىڭ تېشىپ، ئەملەپ تۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، يەر ئاستى سۈيى مول، تۇپرىقىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە شورلاشقان بولۇپ، بەزى ئوتتۇراھال ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ھاياتلىق مۇھىتى يارىتىلغان ھەمدە بەلگىلىك ئۆسۈملۈك قاپلىمى شەكىللەنگەن. شىنجاڭدا بۇ خىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاساسەن توغراق، كۆك تېرەك، يۇلغۇننى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شورلۇق ئورمانلىقى، چاتقال ۋە تۈرلۈك شورلاشقان چىملىق تۈركۈملىرىدىن تەركىب تاپقان. قىسمەن كۈچلۈك شورلاشقان ئۆسۈش مۇھىتى بۆلەكلىرىدە يەنە سۇلۇق شور ئۆسۈملۈكلىرى چۆلىنىڭ تارقالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۆل دەريا قىرغىقى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار خېلى باراقسان، ياپيېشىل ئۆسكەن بولۇپ، ئەتراپىدىكى شالاڭ، ئاددىي چۆل بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل تەبىئىي بوستانلىقتىن ئىبارەت؛ دەريانى بويلاپ كارىدور شەكلىدە تارقالغان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپ خىللىقى بىرقەدەر يۇقىرى، شۇنداقلا چۆل تۈزلەڭلىكلىرىدىكى ھاياتلىق ئەڭ جانلانغان، بىئولوگىيىلىك مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى يېپىنچا ئۆسۈملۈك تىپى ھېسابلىنىدۇ.

**سۇلۇق ياغاچ غوللۇق شورلۇق ئۆسۈملۈكلىرى چۆلى** لويلا ئائىلىسىدىكى شورغا يۇقىرى دەرىجىدە چىدامىلىق، ھەتتا شورنى ياخشى كۆرىدىغان، يوپۇرمىقى كۈچلۈك چېكىنگەن ياكى ئالاھىدىلەشكەن، شىرنىسى ۋە ئېرىشچان تۇزلار مول بولغان يېرىم چاتقال ھەمدە كىچىك يېرىم چاتقال تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ئادەتتە «شورلۇق ئۆسۈملۈكلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. شىن-

جاڭدىكى تۈزلۈق كۆللەر ئەتراپىغا، يەلپۈگۈچسىمانلىقنىڭ چەتلىرىگە، دەريا قىرغىقى تېرراسىلىرىغا ۋە قىسمەن پەس ئويمانلىقلارنىڭ كۈچلۈك شورلاشقان ئۆسۈملۈك مۇھىتىغا تارقالغان. ئۆسۈملۈك تېپىدە ناترىي، خلور ئىئونلىرى ۋە ھاك تەركىبى مىقدارى ئىنتايىن يۇقىرى. بۇ خىلدىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرىگە كىرىدىغانلىرىدىن پوزمان، كورزۇك، خالتىلىق مېۋىلىك سۆۋان، ياغاچ غوللۇق سۆۋان، كاسپى ياۋا كورزۇكى، ياۋا كورزۇك، ئاق شورا قاتارلىقلار بار. ئۇلار تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈر بولۇپ شەكىللەندۈرگەن شورلۇق ئۆسۈملۈكلىرى تۈركۈمى بىر خىل ئىنتىرازونالىلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئادەتتە باشقا تۈركۈملەر بىلەن ئېكولوگىيىلىك سىستېما ھاسىل قىلىدۇ ياكى گىرەلەشكەن، بىرىككەن ھالدا تارقالغان بولىدۇ. تۈر تەركىبى يېتەرسىز بولۇپ، ھەممىسىنى يىغقاندىمۇ 50 تۈردىن ئاشمايدۇ. تۈركۈمنىڭ قەۋەتلىنىش تۈزۈلۈشى ئاددىي، قاپلاش دەرىجىسى، ئېگىزلىكى ۋە ھەمراھ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى يەر ئاستى سۇ ئورنى، مىنېراللىشىش دەرىجىسى ۋە تۈركۈم تىپلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بۇ پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى بولمىغان بىر خىل ئۆي ھايۋانلىرى ئوتلىقىدىن ئىبارەت.

**يېرىم چاتقال، كىچىك يېرىم چاتقال چۆلى** ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ كىلىماتىغا ماسلاشقان، كۈچلۈك قۇرغاقچىلىققا ئۆسىدىغان يېرىم چاتقال ۋە كىچىك يېرىم چاتقاللار تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈر بولغان چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بولۇپ، مۆتىدىل بەلۋاغ چۆللۈك رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. شىنجاڭدا بۇ تۈردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى شورلۇق ئۆسۈملۈكلىرى تۈرىدىكى يېرىم چاتقال، كىچىك يېرىم چاتقال چۆلى ۋە ئەمەن تۈرىدىكى كىچىك يېرىم چاتقال چۆلى دەپ ئىككى يىرىك تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدىنقىسىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلىرىدىن ئاساسەن لويلا ئائىلىسىدىكى تۆگە قېرىن، بۇدارغان، تەسكەن، تاشبۇرگۇن، قىسقا يوپۇرماقلىق ئىت سىيگەك، شورلۇق ئىت سىيگىكى، يوپۇرماقسىز ئىت سىيگەك، ئەمەن يوپۇرماقلىق قامغاق، چوڭ قامغاق ۋە يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى گىرلەن، شىنجاڭ گىرلىنى قاتارلىقلار بار. ئۇلاردىن شەكىللەنگەن تۈركۈملەرنىڭ كۆپىنچىسى يەككە قەۋەت قۇرۇلمىلىق، تۈرلەرگە تويۇنۇش دەرىجىسى تۆۋەن، قاپلىنىش دەرىجىسى كىچىك بولۇپ، ئادەتتە باش ئەتىيازدىكى ياخشى كۆكلەيدىغان مەزگىلى يوق دېيەرلىك. جۇڭغار ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى، قۇمۇل ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى، گاشۇن چۆلى، كۇئېنلۇن تاغلىرى ۋە ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي يانباغىرلىرىغا تەكشى تارقالغان. كېيىنكىسىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلىرىدىن ئىلى ئەمىنى، ماكلېيە ئەمىنى، ئاق غوللۇق ئەمەن، قۇملۇق ئەمىنى، ئىنچىكە تالالىق شايسىمان ئەمەن ۋە چۆل ئەمىنى قاتارلىقلار بار بولۇپ، تۈركۈمنى قاپلاش دەرىجىسى ئومۇمەن خېلى يۇقىرى، تۈر تەركىبلىرى بىر قەدەر مول. قىشتا قار، ئەتىيازدا يامغۇر ياغىدىغان رايونلاردا قىسقا ئۆمۈرلۈك ئۆسۈملۈك قەۋەتلىرى، بولۇپمۇ بىر يىللىق ئۆسۈملۈك قەۋەتلىرى خېلى يېتىلگەن بولۇپ، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئەتىياز ۋە كۈزلۈك ئوتلىقى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋادىسى، تارباغاتاي ئويمانلىقى، ئالتاي تېغى ئېتىكىدىكى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندى تۈزلەڭلىكى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى ۋە پەس تاغلارغا ھەمدە قۇربانتوڭغۇت قۇملۇقىغا مەركەزلىك تارقالغان.

**ئېگىز ھەم سوغۇق زونا ئەمەنلىك چىملىقى** شىنجاڭدا ئەمەن ئائىلىسى ئەمەن ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ 11 تۈرى بار بولۇپ، ئۇلار بىر خىل كۆپ يىللىق پاكار ئۆسىدىغان، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق تۈزۈلمىگە ئىگە، ئېگىز ھەم سوغۇق زونىغا ماسلىشىپ تۆپلىشىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەردۇر. ئۇنىڭ تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈرلىرىدىن شەكىللەنگەن ئەمەن يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ھەرقايسى چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ ئېگىز تاغ زونىلىرىدىكى توپا قاتلىمى بىرقەدەر قېلىن، ھۆل - يېغىنى تولۇق ھەمدە سۇ چىقىپ كېتىش شارائىتى ياخشى بولغان ئۆسۈش مۇھىتىغا تارقالغان بولۇپ، شىنجاڭ ئېگىز ھەم سوغۇق زونا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چىملىقلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئېگىز ھەم زونا ئەمەنلىك چىملىقىنىڭ فلورا تەركىبى مول، شىمالىي قۇتۇپ ئېگىز تاغ تەركىبى بىرقەدەر كۆپ، يېپىنچا ئوت - چۆپلەر قويۇق، قاپلاش كۆلىمى كەڭ بولۇپ، تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغى، ساۋۇر تېغى، ئالاتاۋ ۋە غەربىي كۇئېنلۇن تېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئېگىز تاغ دەريا ۋادىلىرىغا كەڭ تارقالغان ھەمدە قانۇنىيەتلىك ھالدا بەلگىلىك يانباغىر يۆنىلىشىنى ۋە ۋېرتىكال كۆلەمنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ تارقىلىشى روشەن ۋېرتىكال زونىلىق خاراكتېرگە ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى زور،

تارقىلىشى كەڭ بولغان ئېگىز ھەم سوغۇق زونا ئەمەنلىك چىملىقى ئاساسەن تار يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئۇششاق يوپۇرماقلىق ئەمەن، ئالتاي ئەمىنى، تار مۇنچاقلىق ئەمەن، شىۋاق ۋە پاكار شىۋاقلاردىن ئىبارەت تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈرلەر بىلەن بەزى قوغاجاي ۋە ئېگىز تاغ ئۇششاق ئوت - چۆپلىرىدىن تەركىب تاپقان.

**ياۋا بادام چاتقاللىقى** ياۋا بادام تۈپىنىڭ ئېگىزلىكى 1 مېتىردىن 2.5 مېتىرغىچە كېلىدىغان، ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئوتتۇرا ھال ئۆسىدىغان يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە شىنجاڭنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىقلارغا تارقالغان. ئۇ قازاقىستان - جۇڭغارىيىنىڭ غەربىي قىسىم تاغلىقلىرىدىكى ئالاھىدە تۈر ھېسابلىنىدۇ. ياۋا بادام تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈر بولغان چاتقال يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى پارچە - پارچە ھالەتتە باشقا ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرى بىلەن گىرەلەشكەن ھالدا تارقالغان. ئادەتتە كۆلىمى زور بولمىسىمۇ، لېكىن بىر قەدەر قويۇق. شىنجاڭدا نۆۋەتتە ئېنىقلانغان تارقىلىش كۆلىمى تەخمىنەن 1333 گېكتار دائىرىسىدە. فلورا تەركىبى مولراق بولۇپ، جەمئىي 36 ئائىلە، 116 تۈر بار؛ تۈرى كۆپرەك بولغان ئائىلىلەردىن ئەتىرگۈل ئائىلىسى، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسى، پۇرچاق ئائىلىسى ۋە كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا بادام قالدۇق قەدىمىي ھەم ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ بارلىق تېغىدا كۆلىمى 800 گېكتار كېلىدىغان تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى.

**يۇلغۇن چاتقاللىقى** شىنجاڭدا يۇلغۇن ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈك 15 خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ شاخلىق يۇلغۇن، ئىنچىكە باشاقلىق يۇلغۇن، قاتتىق تۈكلۈك يۇلغۇن، شالاڭ باشاقلىق يۇلغۇن قاتارلىقلارنىڭ تارقىلىشى ئەڭ كەڭ، تۈر تۈپىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ. يۇلغۇن ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەر تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈر بولغان چاتقاللىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئادەتتە يەر ئاستى سۇ ئورنى بىر قەدەر ئېگىز بولغان پەس ئويمانلىقلاردا، يەلپۈگۈچسىمانلىقنىڭ چەتلىرىدىكى تاشقىن زونىلىرىدا، كۆل بويلىرىدا ۋە چۆلدىكى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ تۈر تەركىبى بىلەن باراقسا-

لىق دەرىجىسى (قاپلاش دەرىجىسى) تۇپراقنىڭ شورلىشىش دەرىجىسىگە ھەمدە يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، لېكىن ھەمراھ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى شورغا چىدامىلىق ياكى شورغا ماسلاشقان، يەر ئاستى سۈيىدە ئۆسىدىغان ئوتتۇرا ھال تۈرلەردىن ئىبارەت. بۇ تۈردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈشتە ئاساسەن ياز پەسلىدىكى كەلكۈن سۈيى ۋە يەر ئاستى يوشۇرۇن سۈيىگە تايىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار يەنە شورلۇق تۇپراققا ماسلاشقان بولىدۇ.

**كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمىنى** شىنجاڭ ئەرمۇدۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ شىنجاڭدىكى قىممەتلىك ئۈچىنچى دەۋر مۆتىدىل بەلۋاغ يوپۇرماق تاشلايدىغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمىنىنىڭ قىممەتلىك قالدۇق دەرەخ تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى ۋادىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 700 ~ 1600 مېتىر بولغان دەريا ۋادىسى، توقايلىق ۋە دەريا ساھىلى زونىسىغىلا تارقالغان. ئۇنى تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈر قىلغان ئورمان ئۆسۈملۈك تۈركۈمىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر ئاز كەم 200 تۈردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 54 ئائىلىگە، 137 ئۇرۇقداشقا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈرى ئەڭ كۆپ بولغان ئائىلىلەردىن ئەتىرگۈل ئائىلىسى، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى ۋە باشاقلىقلار ئائىلىسى بار. ئاساسلىق تۈركۈم تىپلىرىدىن باشاقلىق ئوت - چۆپلەر — قوڭغۇراقتىكەن — كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمىنى، ئوت - چۆپلەر — چاتقال — تەڭرىتاغ زەرىڭى - كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمىنى، پەردىلىك چىغىرتماق — كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمىنى، چىملىق ئوت - چۆپلىرى — چاتقال - قويۇق يوپۇرماقلىق تېرەك — كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمىنى، باشاقلىق ئوت - چۆپلەر — قارا سۆگەت — كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمىنى ھەمدە ئەمەن تۈرلىرى — كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمىنى قاتارلىقلار بار. ئىلى ۋادىسىدا ھازىر ئوتتۇرا ھال تاغ زونىلىرى ۋە تاغ ئالدى زونىلىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى دەريا ۋادىسى زونىلىرىدا كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن ئورمانلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، تەبىئىي يېڭىلىنىش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، ئەرمۇدۇن مايسىلىرى ۋە ياش كۆچەتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئىنتايىن ياخشى. غۇلجا ناھىيىسىدە

كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلغان بولۇپ، كۆلىمى 400 گېكتار كېلىدۇ.

**يۇلغۇن دۆڭلۈكلىرى** يۇلغۇن قۇرغاق رايونلاردىكى دەريا - ئېقىن بويلىرى، كۆل ياقىلىرى، يەلپۈگۈچسىمانلىقتىنىڭ چەتلىرىگە ھەمدە سۇ ئورنى يۇقىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە شورلاشقان پەس ئويمان يەرلەرگە تارقالغان. ئۇ بىر خىل قۇرغاق ھاۋاغا ماسلاشقان، كەلكۈن سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيى تەمىن ئەتكەن نەملىككە تايىنىدىغان ھەمدە تېنىدىن تۇز ئاجرىتىپ چىقىرىش ۋە شاخ - يوپۇرماق تاشلاش ئارقىلىق تېنىدىكى تۇز تەركىبىنى تەڭشەپ شورلاشقان ئۆسۈش مۇھىتىغا ماسلىشىدىغان، ئوتتۇرا ھال ئۆسىدىغان چاتقالدۇر. قىش پەسلى ئۇنىڭ شۇ يىلى چىققان ئۇششاق شاخلىرى تۆۋەنگە چۈشىدۇ؛ شامال پەسلى يېتىپ كەلگەندە قويۇق شاخلىرى ئارقىلىق شامالنى توسىدۇ ھەم شامال سۈرئىتىنى ئاستىلىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن قۇم - توپا يۇلغۇن تۈۋىگە دۆۋىلىنىپ قالىدۇ ھەمدە قۇرىغان شاخ - يوپۇرماقلارنىڭ ئۈستىنى يېپىۋالىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۇلغۇننىڭ قۇرىغان شاخ - يوپۇرماق قەۋىتى بىلەن قۇم قاتلىمىنىڭ نۆۋەتلىشىش ۋە ئۈزلۈكسىز دۆۋىلىنىپ ئېگىزلەپ بېرىشى نەتىجىسىدە، يۇلغۇن تۈپىنى تايانچ قىلغان تۆپىلىك ياكى دۆمبەلسىمان قۇم دۆۋىلىرىنى، يەنى يۇلغۇن دۆڭلىرىنى ياكى يۇلغۇنلۇق قۇم ئېدىرلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. قۇرغاق رايونلاردا يۇلغۇن يۇلغۇن دۆڭلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاۋانگارت ئۆسۈملۈك ياكى يېتەكچى ئۆسۈملۈكتۇر. چۆل رايونلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە بىئوگېئومورفولوگىيىلىك لاندشافت يۇلغۇننىڭ ئۆسۈش مۇھىتىنىڭ قۇرغاقلىشىش ۋە چۆللىشىشىنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى شۇنداقلا ئۇ روشەن ھالدا چېكىنىۋاتقان يۇلغۇن يېپىنچا ئۆسۈملۈك لاندشافتى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى قۇملۇقلاردا ئاقتىكەن دۆڭلۈكلىرى، قومۇشلۇق (قۇم) دۆڭلۈكلىرى، يانتاق (قۇم) دۆڭلۈكلىرى ۋە قارا سۆكسۆك (قۇم) دۆڭلۈكلىرى قاتارلىق چاتقال ، ئوت - چۆپ قۇم دۆڭلۈكلىرى بولسىمۇ، لېكىن يۇلغۇن دۆڭلۈكلىرى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

**ئاپەت** شىنجاڭ جۇڭگودىكى تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لەرنىڭ بىرى. زور تەبىئىي ئاپەتلەر ھەر يىلى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئادەتتىكى يىللاردا شىنجاڭدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش كۆلىمى 260000~ 400000 گېكتار (بىڭتۇەن ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) غا يېتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن ئوندىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدا تەبىئىي ئاپەتلەردىن ھاۋا رايى ئاپىتى، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، يەر تەۋرەش ئاپىتى، دېھقانچىلىق ئاپىتى، ئورمانچىلىق ئاپىتى، يايلاق ئاپىتى قاتارلىق ئاپەتلەر بار. ئاپەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى: (1) ئاپەتنىڭ يۈز بېرىش قېتىمسانى كۆپ، كۈچلۈكلۈكى زور؛ (2) زىيان سېلىش كۆلىمى كەڭ، بۇزغۇنچىلىقى زور؛ (3) ئاپەتلەر تۈركۈملەپ يۈز بېرىش، رىتىملىق يۈز بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە؛ (4) شىنجاڭدا قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىسى ئىنتايىن ئاجىز، قۇرغاقلىشىش، شورلىشىش، چۆللىشىش تەبىئىي ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساس. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 40 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا 40 قېتىم ئالتە بالدىن يۇقىرى، ئالتە قېتىم يەتتە بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش يۈز بەرگەن. 1955 - يىلى ۋە 1985 - يىلى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە ئىككى قېتىم يەتتە بال قاتتىق يەر تەۋرەش يۈز بېرىپ ناھىيە بازىرى ۋەيران بولغان ھەمدە ناھىيە بازىرى ئىككى قېتىم كۆچۈرۈلۈپ، زىيان نەچچە 100 مىليون يۈەنگە يەتكەن. يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتى 100 قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەن. 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك قارا يامغۇر يېغىپ، شىنجاڭدا يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ زور بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، نەتىجىدە نۇرغۇن سۇ ئامبارلىرى تېشىپ كېتىپ ياكى يار ئېلىپ كېتىپ، ئىقتىسادىي زىيان 4 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىنىڭ زىيىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %1ى ئۆپچۆرىسىنى ئىگىلىگەن. 1952 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىغان كۆلىمى 100 مىليون موغا يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 مىليون مودىن توغرا كەلگەن. 1975 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە چاشقان ئاپىتىگە ئۇچرىغان يايلاق كۆلىمى تەخمىنەن 200 مىليون موغا يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 13 مىليون مودىن توغرا كەلگەن. شىنجاڭدا شورلىشىۋاتقان يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، چۆللەشكەن كۆلەم 34 مىڭ

كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. كۆللەرنىڭ تارىيىشى، شورلىشىشى، قۇرۇپ كېتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇرغاقلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسى.

**ھاۋا رايى ئاپەتلىرى** ئالاھىدىلىكى: (1) ئاپەتنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى كۆپ، كۈچلۈكلۈكى زور؛ (2) زىيان يەتكۈزۈش كۆلىمى كەڭ، كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي زىيىنى زور؛ (3) تۈركۈملەپ يۈز بېرىش، رىتىملىق يۈز بېرىش، پەسىل خاراكتېرلىك يۈز بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە؛ (4) ئاپەت تۈركۈمى ۋە ئاپەت زەنجىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يېتەكچى ئامىللار؛ (5) داۋاملىشىش ۋاقتى ئوخشاش بولمىغان سىجىللىققا ئىگە؛ (6) ئادەتتە گېئوفىزىكىلىق ئامىل، ئاسترونومىيىلىك ئامىل، چوڭ رايون خاراكتېرى قاتارلىقلار بىلەن روشەن ھالدا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ھاۋا رايى ئاپەتلىرىدىن: قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، بوران ئاپىتى، سوغۇق ئېقىم (جۇدۇن)، قارا يامغۇر، قېلىن قار، قۇم بوران، قىرو ئۈششۈكى زىيىنى، قار ئاپىتى، قۇرغاق شامال، يامغۇر سۆڭگىسى، تۇمان سۆڭگىسى، تاغ كەلكۈنى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن دائىم ئىككىلەمچى، تۇغۇندى ئاپەتلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاپەتلىرى، كېسەللىك، ھاشارات ۋە چېكەتكە ئاپىتى، ئورمان ئوت ئاپىتى، قار ئاپىتى قاتارلىقلار. ئۇلاردىن يەنە قۇرغاقلىشىش، چۆللىشىش، شورلىشىش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر تۇغۇلىدۇ. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1949 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدا ھاۋا رايىدىن كېلىپ چىققان ئاپەتلەر جەمئىي 1837 قېتىمغا يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى 75 قېتىم، كەلكۈن ئاپىتى 748 قېتىم، بوران ئاپىتى 213 قېتىم، مۆلدۈر ئاپىتى 555 قېتىم، جۇدۇن، سوغۇق ھاۋا كەلتۈرۈپ چىقارغان قىرو ئۈششۈكى 226 قېتىم، چاقماقنىڭ زەربىسى 20 قېتىم بولغان. ھاۋا رايى ئاپەتلىرىدە ئۆلگەن ـ يارىلانغان ئادەم 1671 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلگەنلەر 423 كە يەتكەن، ئىقتىسادىي زىيان 10 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

**قۇرغاقچىلىق** شىنجاڭ كىلىماتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى. مەيلى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ياكى شىمالىي بولسۇن، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى پارغا ئايلىنىش مىقدارىدىن بەكلا كىچىك. قۇرغاقلىق كۆرسەتكۈچى شىمالىي شىنجاڭ تۈزلەڭلىكىدە تۆتتىن يۇقىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا $\geqslant 10$ دىن يۇقىرى بولغان، بۇ شىنجاڭنىڭ مەڭگۈلۈك قۇرغاق رايون ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرغاقچىلىقنىڭ سەۋەبلىرى: (1) دەريالار تاغلىق رايونلارنىڭ ھۆل ـ يېغىن مىقدارى بىلەن تېمپېراتۇرىسى (قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشى) نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بولۇپ، پەسىل خاراكتېرلىك دەۋرىيلىككە ئىگە. قۇرغاقچىلىق ئەتىياز، ياز پەسلىگە مەركەزلەشكەن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا 3 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىتقا مەركەزلەشكەن. (2) ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە دەريالارنىڭ تاشقىن مەزگىلى كېچىكىپ كەلگەنلىكتىن، ئەتىياز، ياز پەسلىدىكى قۇرغاقچىلىق ئۇزىرىپ كەتكەن. بۇ قۇرغاق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى. سۈنئىي سەۋەبلەر: (1) قارىغۇلارچە يەر ئېچىش؛ (2) زىرائەت قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق؛ (3) سۇغىرىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىقلار.

**بوران** ئوتتۇرىچە ئۈچ مىنۇتلۇق شامال سۈرئىتى $\geqslant 17.2$ مېتىر / سېكۇنت بولغاندا بورانلىق كۈن دېيىلىدۇ. رايونلارنى ئېلىپ ئېيتقاندا، شىمالىي شىنجاڭدا ئەڭ كۆپ، شەرقىي شىنجاڭدا ئۇنىڭدىن تۆۋەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەڭ ئاز. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شامال ئېغىزلىرىدىكى شامال سىستېمىسى رايونلىرىدا بورانلىق كۈن بىر يىلدا 100 كۈندىن ئارتۇق بولىدۇ. شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىيپاش غەربىي، قىيپاش شىمالىي رايونلىرىدىكى چاغانتوقاي، ئۈت، قوبۇقسار، قورايتى، جىمىنەي، قابا، شەرقىي شىنجاڭدىكى يەتتە قۇدۇق، جەنۇبىي شىنجاڭ تەڭرىتېغىنىڭ ئاقىن داۋان، كۆيشەن داۋان، تورغات، ئالتۇنتاغدىكى توغرا ساي جىلغىسى، سايتۇرا قاتارلىق جايلاردا بوران ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60 كۈندىن 80 كۈنگىچە چىقىدۇ. ئېرتىش دەرياسى، بۇرۇلتوقاي، چۆچەك، دۆربىلجىن، تولى، جىڭ، ئارا تۈرۈك، بايىنبۇلاق، كورلا، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئون كۈنگە يەتمەيدۇ. بوران شىمالىي يول، غەربىي شىمالىي يول، غەربىي يولدىن ئىبارەت ئۈچ يولغا بۆلۈنىدۇ. بىر يىلنىڭ ئەتىياز، ياز پەسلىدە ئەڭ كۆپ بولۇپ، بورانلىق كۈن سانىنىڭ تەخمىنەن 75%نى ئىگىلەيدۇ، كۈز پەسلى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدىغان بولۇپ، تەخمىنەن 15%نى ئىگىلەيدۇ. بوراننىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئەتىياز پەسلى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، ئادەتتە ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە بولىدۇ؛ شەرقىي شىنجاڭدا بەش كۈندىن يەتتە

كۈنگىچە، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ئىككى كۈنلا بولىدۇ. شىنجاڭ بويىچە بوراننىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن جاي توقسۇن ناھىيىسى بولۇپ، 20 نەچچە كۈنگە يېتىدۇ. شىنجاڭدىكى بوراننىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى: (1) غەربىي شىمال (قىيپاش غەرب) بورىنى؛ (2) تارىم ئىسسىق بورىنى؛ (3) ئايلانما ئېقىم تىپىدىكى قىيپاش شەرق بورىنى؛ (4) ھەرىكەت ئېنېرگىيىسىنىڭ تۆۋەنگە تارقىلىشى تىپىدىكى غەرب شامىلى؛ (5) كونۋېكسىيىلىك قىيپاش غەرب بورىنى.

**قۇرغاق شامال** يۇقىرى تېمپېراتۇرا، تۆۋەن نەملىكتىكى بىر خىل شامال. ئەتىياز، ياز ئارىلىقىدا كۆپ يۈز بېرىدۇ. قۇرغاق شامالنىڭ كىلىمات ئالاھىدىلىكى: (1) مېتېئورولوگىيە ئېلېمېنتلىرىنىڭ روشەن ھالدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشى تېمپېراتۇرىنى 10°C تىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نىسپىي نەملىكنى 20% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. (2) مېتېئورولوگىيە ئېلېمېنتلىرىنىڭ قىممىتى (تېمپېراتۇرا، نەملىك قاتارلىقلار) نىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئاتموسفېرانىڭ قۇرغاقلاشقانلىقىدۇر. قۇرغاق شامال شىنجاڭدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان، بەزى جايلاردا خېلىلا ئېغىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قۇرغاق شامال رايونلىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇرغاق شامالنىڭ تىپلىرى: (1) يۇقىرى تېمپېراتۇرا، تۆۋەن نەملىك تىپى، بۇ شىنجاڭدىكى ئاساسىي تىپ بولۇپ، كۆزگى بۇغداي چېچەكلىگەندىن تارتىپ تاكى پىشقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىدۇ؛ (2) بورانلىق ھەم تۆۋەن نەملىك تىپى، بۇ ئاساسەن ئەتىياز پەسلىدە يۈز بېرىدۇ؛ (3) يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق يوشۇرۇن شامال تىپى، بۇ يېپىق ھالەتتىكى جايلاردا كۆپرەك يۈز بېرىدۇ. قۇرغاق شامالنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بولغان تەسىرى ئاساسەن ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتى، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى، داۋاملىشىش ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا يەنە بۇغدايلارنىڭ سورتى، ناچار شارائىتقا تاقابىلچانلىقى، كىلىمات، تۇپراق، يېتىلىش مەزگىلى قاتارلىقلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭدا بۇغدايلارنىڭ قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىشى ئەڭ ئېغىر بولىدىغان رايون تۇرپان ۋىلايىتى، نوم چۆلى، تەكلىماكان ۋە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىن رايونلىرىدۇر؛ ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان رايونلار قۇمۇل ئويمانلىقى، تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىن رايونلىرى ھەمدە شىخەنزە، شىخۇ، جىڭ قاتارلىق رايونلاردىن ئىبارەت.

**قۇم بوران** «قارا بوران»، «سېرىق بوران» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا گورىزونتال كۆرۈنۈش دەرىجىسى 1000 مېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ ھەمدە كۈچلۈك شامال يەر يۈزىدىكى قۇم - توپىلارنى ئۇچۇرتۇپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ھاۋانى تۇتۇقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. قۇم بوران دەسلەپ باشلانغاندا كۆرۈنۈش دەرىجىسى ناچارلىشىشقا باشلايدۇ، ئىككىنچى كۈنىگە كەلگەندە ئەتراپ غۇۋالىشىپ، قولنى سۇنسا بارماقنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ؛ شامال سۈرئىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئادەتتە 5 ~ 8 بالغا، ئەڭ زور بولغاندا 12 بالغا يېتىدۇ. تەكلىماكاننىڭ مەركىزىدە ئادەتتە بەش بال بوران قۇم بورانتى شەكىللەندۈرىدۇ. 1993 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە بىر قېتىم 1927 - يىلىدىن بۇيان كەم كۆرۈلگەن قۇم بوران چىققان. ئۇ غەربتە جۇڭغار ئويمانلىقىدىن باشلىنىپ، قۇمۇل، گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئالاشەن ئايمىقى، نىڭشىيا تۇزلەڭلىكى رايونى قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، 18 ۋىلايەت (شەھەر)، ئايماق، 72 ناھىيە (خوشۇن) تەسىرگە ئۇچرىغان. قىسقا ۋاقىتلىق شامال سۈرئىتى 34 ~ 37.9 مېتىر / سېكۇنتقا يەتكەن، تۆت ئۆلكە (رايون) دىن 85 ئادەم ئۆلۈپ، 264 ئادەم يارىلىنىپ، 31 ئادەم ئىز - دېرەكسىز يوقالغان؛ يوقالغان چارۋا 120 مىڭ تۇياقتا، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانچىلىق ئېتىزى 370 مىڭ گېكتارغا يەتكەن. شىنجاڭ قۇم بوران كۆپ يۈز بېرىدىغان رايون. قۇم بوراننىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يوللىرى: (1) شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى يولى، قازاقىستاندىن شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ شەرقىي جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، بىر يولى خېشى كارىدورىغا كىرىدۇ، يەنە بىر يولى غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ ئۇدۇل تەكلىماكانغا كىرىدۇ؛ (2) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى يولى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ غەربىي قىسمىدىن شەرققە سۈرۈلۈپ، كۇچار، بۈگۈرلەرگە يېتىپ كېلىدۇ، ئاندىن كورلا، قارا شەھەردىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلىدۇ؛ (3) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى يولى.

**چاڭ - توزانلىق ھاۋا رايى** قۇملۇق ھاۋا رايىغا مەنسۇپ. يىراقتىكى ئۇششاق چاڭ - توزانلار يۇقىرى بوشلۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ شۇ جايغا يۆتكىشى ياكى شۇ جايدا قۇم بوران چىققاندىن كېيىن ئۇششاق چاڭ - توزانلارنى ھاۋادا لەيلىتىپ، كۈن نۇرىنى توسۇپ ئاسماننى خىرەلەشتۈرۈۋېتىشى تۈپەيلىدىن يىراق-

تىكى ئەرسىلەرنىڭ سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە كۆرۈنۈشى چاڭ - توزانلىق ھاۋا رايى دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنى توپا ياغقان ھاۋا رايى دەپ ئاتايدۇ. بۇخىل ئەھۋال ئۇدا بىر قانچە كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۆگزىلەرنىڭ ئۈستىنى ئادەتتە بىر~ ئۈچ مىللىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قېلىنلىقتا بىر قەۋەت توپا قاپلاپ، قۇياش نۇرىنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈشىنى تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقى چاڭ - توزانلىق ھاۋا رايىنىڭ كۆپ كۆرۈلۈشى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا بويىچە داڭلىق. ئەتىياز پەسلى خوتەن ئەترابلىرىدا ئېغىر چاڭ - توزانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھاۋا كىشىلەرگە دىمىق تۇيۇلۇپ بۇرۇنلىرى قىچىشىدۇ، كۆز چانىقى كېچىشىپ ياشاڭغىرايدۇ. چاڭ - توزان كۆپىنچە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە مەركىزىدە يۈز بېرىدۇ. چاڭ - توزاننىڭ ئەڭ ئېگىز رايونى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي چەتلىرى بولۇپ، ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. يۇقىرى بوشلۇق غەرب شامىلى بەلۋېغى چاڭ - توزاننى خېلى يىراق رايونلارغىچە ئېلىپ بارالايدۇ. چاڭ - توزانلىق كۈن ئەڭ كۆپ بولىدىغان خوتەن ۋىلايىتىدە چاڭ - توزانلىق كۈن سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 204.4 كۈن بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 260 كۈنگە يېتىدۇ؛ چەرچەندە 193.7 كۈن، نىيەدە 192.5 كۈن بولىدۇ. چاڭ - توزانلىق كۈن ئەتىياز پەسلىدە ئەڭ كۆپ بولۇپ، چەرچەن، خوتەن لىنىيىسىدە تەخمىنەن 25 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ.

**سوغۇق ئېقىم (جۇدۇن)** قۇتۇپ شىمالىي مۇز ئوكيان ياكى يۇقىرى كەڭلىك رايونىنىڭ كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ئېقىمى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ شىنجاڭغا يۇسۇپ كىرىپ، دائىم دېگۈدەك تېمپېراتۇرىنى كەڭ دائىرىدە تېز تۆۋەنلىتىپ، بوران، مۆل - يېغىن قاتارلىق ھاۋا رايى ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. سوغۇق ئېقىمنىڭ ئۆلچىمى: (1) ھاۋا رايى جەريانى تۆت كۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ $\geqslant 10^{\circ}C$ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئالتە بال (ياكى قىسقا ۋاقىتلىق شامال سۈرئىتى 18 مېتىر / سېكۇنت) بوران ياكى مۆل - يېغىن پەيدا بولىدۇ؛ (2) 24 سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ $\geqslant 7^{\circ}C$ بولىدۇ؛ (3) ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭدا $4^{\circ}C$ تىن تۆۋەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا $5^{\circ}C$ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن بولىدۇ. سوغۇق ئېقىمنىڭ كېلىش مەنبەسى: (1) تايمىر ئارىلى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى ئوكيان يۈزى؛ (2) يېڭى يەر ئارىلى ھەم ئۇنىڭ شەرق - غەرب ئىككى تەرىپىدىكى بارېنتس دېڭىزى بىلەن كارا دېڭىزى؛ (3) شىمالىي ياۋروپا رايونى؛ (4) ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونى. سوغۇق ئېقىمنىڭ كىرىش يوللىرى: (1) غەربىي يول: يۇقىرى ھاۋا بېسىمى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا كۆرۈلۈپ، سىجىل شەرققە يۆتكىلىپ، قارا دېڭىز، كاسپىي دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا يۇسۇپ كىرىدۇ. (2) غەربىي شىمالىي يول: يۇقىرى ھاۋا بېسىمى بالتىق دېڭىزىدا كۆرۈلۈپ، SE~NW يۆنىلىشىدە ئۇرال تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئۇچى ئارقىلىق شەرقىي بالقاش كۆلى تەرەپكە بۇرۇلۇپ شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. (3) شىمالىي يول: يېڭى يەر ئارىلىدىن ئۇرال تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ سۈرۈلۈپ، ئۇرال تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىغا يېتىپ كېلىپ، ئاندىن 50°N نى بويلاپ شەرققە سۈرۈلۈپ شىنجاڭغا يۇسۇپ كىرىدۇ. (4) قۇتۇپتىن ھالقىغان يول: تايمىر ئارىلى ئەترابىدىن ئالدى بىلەن غەربىي جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، ئۇرال تاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا كەلگەندە بۇرۇلۇپ، 50°N نى بويلاپ شەرققە سۈرۈلىدۇ. 1961 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە جەمئىي 56 قېتىم سوغۇق ئېقىم كۆرۈلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئۈچ قېتىمدىن توغرا كەلگەن، ئەڭ كۆپ (1961 - يىلى) بولغاندا سەككىز قېتىمغا يەتكەن. ئەڭ بۇرۇن كۆرۈلگىنى 9 - ئاينىڭ 5 - ، 6 - كۈنلىرى، ئەڭ كېيىن كۆرۈلگىنى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (1961 - يىلى) يۈز بەرگەن. ئەتىياز، كۈز پەسلى سوغۇق ئېقىمنىڭ غەربىي شىمالىي يول ئارقىلىق كېلىشى ئەڭ كۆپ بولۇپ، % 56 نى ئىگىلەيدۇ؛ قىش پەسلى غەربىي يول ئارقىلىق كېلىشى ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن % 47 نى ئىگىلەيدۇ.

**قىرو ئۈششۈكى** ئەتىياز، كۈز پەسىللىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى تۇراقسىز بولۇپ، نۆل گرادۇس ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەنلىگەندە زىرائەتلەرگە ئۈششۈك تېگىدۇ. بۇ ئادەتتە قىرو ئۈششۈكى دەپ ئاتىلىدۇ. قىرو ئۈششۈكىدە ئادەتتە سوتكىلىق ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا كۆرسەتكۈچ قىلىنىدۇ. رايون، پەسىل، زىرائەت ۋە ئۇنىڭ يېتىلىش مەزگىلى پەرقلىق بولغانلىقتىن، زىرائەت تۈرلىرىنىڭ ئۈششۈككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىدىمۇ پەرق بولىدۇ. ئەتىيازدا قىرو ئۈششۈكى كۆرۈلگەن مەزگىلدە كۆممىقوناق، كېۋەز مايسىلىرى ئادەتتە $1^{\circ}C$ - تا زىيانغا ئۇچراپ، ياپراقلىرى-

ـىلاڭ كۆپ قىسمى ئۇششۇيدۇ؛ خاسلاڭ بىلەن شال كۆ-
پىنچە 0°C تا زىيانغا ئۇچرايدۇ؛ ئىسسىقنى ياخشى كۆ-
رىدىغان كۆكتاتلاردىن تەرخەمەك، پەمىدۇر، لازا، قو-
غۇن ـ تاۋۇز قاتارلىقلارغا كۆپىنچە 1°C تىلا ئۇششۇك
تېگىدۇ. ئادەتتە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 0°C قىرو
ئۇششۇكنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدۇ. كۈزلۈك قىرو ئۇش-
شۇكى مەزگىلى زىرائەتلەرنىڭ ئاخىرقى ئۆسۈش مەز-
گىلى بولغاچقا، ئادەتتە يېنىك قىرو ئۇششۇكى تېمپېرا-
تۇرا 3°C~0°C تىن تۆۋەن، يەر يۈزىنىڭ تۆۋەن تېمپې-
راتۇرىسى 2.5°C ـ قا چۈشكەندە يۈز بېرىدۇ؛
ئېغىر قىرو ئۇششۇكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا
2°C~0°C، يەر يۈزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى
4°C ـ قا چۈشكەندە يۈز بېرىدۇ. ئاخىرقى قىرو ئۇش-
شۇكى شىمالىي شىنجاڭدا 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، جەنۇ-
بىي شىنجاڭدا 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى يۈز بېرىدۇ.
دەسلەپكى قىرو ئۇششۇكى شىمالىي شىنجاڭدا 10 ـ
ئاينىڭ باشلىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 10 ـ ئاينىڭ
ئاخىرى يۈز بېرىدۇ. قىرو ئۇششۇكنىڭ يىللىق ئۆز-
گىرىشى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقى دەسلەپكى
قىرو ئۇششۇكى شىخەنزىدە 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى،
ئۈرۈمچىدە 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئەڭ كېچىككەندە
10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كۆرۈلىدىغان بولۇپ، پەرقى
50 نەچچە كۈنگە يېتىدۇ. بۇ ھال شىنجاڭدا كېۋەزلەر-
نىڭ قىرو چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئېچىلىپ بولۇشىغا
ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئاخىرقى قىرو ئۇششۇكى ئەڭ
بۇرۇن بولغاندا 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئەڭ كېچىك-
كەندە 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كۆرۈلىدىغان بولۇپ،
پەرقى 60 نەچچە كۈنگە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىسسىقنى
ياخشى كۆرىدىغان زىرائەتلەرگە ناھايىتى زور تەسىرى
بولىدۇ.

**ئۇششۇك ئاپىتى** ئۆسۈملۈكلەر قىشلىق ئۇيقۇ
باسقۇچىدىن ئۆتۈش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا تۇيۇق-
لەپ 0°C تىن چۈشۈپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئۇششۇش
ياكى توڭلاپ ئۆلۈش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆسۈم-
لۈكلەرنىڭ ئۇيقۇ دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس، ئۇش-
شۇشقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمۇ ئوخشاش ئەمەس.
ئۇششۇك تېگىش ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: (1) زىمىس-
تان قىشتا، ئۆسۈملۈكلەر تۇراقلىق ئۇيقۇ مەزگىلىگە
كىرىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئۇلار ناھايىتى كۈچلۈك ئۇش-
شۇككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇزۇن مەزگىللىك تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئۆسۈملۈك-
لەرنى ئۇششۇتۇپ قويۇشى مۇمكىن؛ (2) كۈزنىڭ

ئاخىرى، قىشنىڭ باشلىرىدا، قىشنىڭ ئاخىرى، ئەتى-
يازنىڭ باشلىرىدا ئۆسۈملۈكلەر تۇراقسىز ئۇيقۇ ھالى-
تىدە تۇرىدىغان بولغاچقا، سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش كۈ-
چى ئاجىزلايدۇ. شۇڭا، ئادەتتىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرى-
دىمۇ ئۇششۇك تېگىشى مۇمكىن. جەنۇبىي شىنجاڭدا
قىش پەسلى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 25°C ـ تىن تۆۋەن
بولىدىغان ۋاقىت كۆپ ئەمەس، 30°C ـ تىن تۆۋەن
بولىدىغان ۋاقىت تېخىمۇ ئاز. يوپۇرماق تاشلايدىغان
تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار
قاتارلىقلار يەرگە كۆمۈش ئارقىلىق قىشتىن ئۆتكۈزۈ-
لىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت،
ياڭاق قاتارلىقلارغا سوغۇقتىن ساقلىنىش تەدبىرى قول-
لىنىلمايدۇ؛ كۈزگى بۇغدايمۇ قىشتىن بىخەتەر ئۆتەلەي-
دۇ. شىمالىي شىنجاڭدا ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئادەتتە
30°C ـ تىن تۆۋەن بولىدۇ، 35°C ـ تىن تۆۋەن
تېمپېراتۇرىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا مېۋىلىك
دەرەخلەرگە ئاسانلا ئۇششۇك تېگىدۇ. قار تېيىز ياغقان
ياكى بەك بالدۇر ئېرىپ كەتكەن يىللىرى كۈزگى بۇغ-
دايلارنىڭ ئۇششۇك تېگىپ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى
يۇقىرى بولىدۇ. ئادەتتە 12ـ ئاينىڭ باشلىرى كۈزگى
بۇغداي بەش سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قارنىڭ ئاس-
تىدا بولسا قىشتىن بىخەتەر ئۆتەلەيدۇ. ئادەتتىكى يىل-
لاردا ئۇششۇك ئاپىتىگە ئۇچرىغان كۈزگى بۇغدايلار
ئومۇمىي كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ
6%~8% نى ئىگىلەيدۇ. 1961ـ يىلدىن 1983ـ
يىلغىچە بولغان 23 يىلدا كەڭ كۆلەملىك ئېغىر ئۇش-
شۇك ئاپىتى ئالتە قېتىم كۆرۈلگەن؛ 1974ـ يىلدىن
1975ـ يىلغىچە كۈزگى بۇغدايلار ئېغىر ئۇششۇك
ئاپىتىگە ئۇچراپ، نابۇت بولۇش كۆلىمى 2 مىليون
200 مىڭ موغا يەتكەن، شىخەنزە موسۇۋەن، جىڭ
رايونلىرىدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك قايتا تېرىلغان.

**قارا يامغۇر** شىنجاڭدا يامغۇرنى ئۆلچەشتە دا-
ئىم قوللىنىلىدىغان قارا يامغۇر ئۆلچىمى 50 مىللىمې-
تىرنىڭ يېرىمى، يەنى سوتكىلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدا-
رى ≥ 25 مىللىمېتىر قارا يامغۇرنىڭ ئۆلچىمى قىلى-
نىدۇ. بۇ غەربىي شىمال قۇرغاق رايونىنىڭمۇ قارا
يامغۇر ئۆلچىمىدۇر. ئۇنىڭ تارقىلىشى شىمالىي شىن-
جاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپرەك، تاغلىقلاردا
تۈزلەڭلىكلەردىكىدىن كۆپ. تارباغاتاي ئويمانلىقى ۋە
ئىلى ۋادىسىدا ئىككى يىل ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىم؛
ئالتايدا ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا ئۈچ ـ تۆت يىلدا بىر
قېتىم، تاغلىق رايونلاردا ھەر يىلى تەخمىنەن ئىككى

قېتىم ئۆپچۆرىسىدە كۆرۈلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەرقايسى جايلاردا نەچچە ئون يىلدا بىر قېتىم، تۇرپان، قۇمۇلدا تەخمىنەن 20 يىلدا بىر قېتىم كۆرۈلىدۇ. 1950 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 24 سائەتلىك ياكى كۈندىلىك يامغۇر مىقدارى ⩽50 مىللىمېتىرلىق قارا يامغۇر (ھاۋارايى ۋە گىدرولوگىيە پونكىتى) جەمئىي 77 قېتىم، ⩽70 مىللىمېتىرلىق قارا يامغۇر 15 قېتىم، ⩽90 مىللىمېتىرلىق قارا يامغۇر 4 قېتىم كۆرۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە تەڭرىتاغ رايونىدىكىسى %80 نى، جۇڭغارىيىنىڭ غەربىي قىسىم تاغلىقلىرىدىكىسى %14.3 نى، كۇئېنلۇن تېغىدىكىسى %5نى ئىگىلىگەن. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدا ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىدىن گۇچۇڭنىڭ غەربىگىچە بولغان رايونلاردا كۆپرەك يۈز بېرىدۇ؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدا ئاقسۇدىن قارا شەھەر دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. تارىختا ياغقان مەشھۇر قارا يامغۇرلار: (1) كۇچاردا ياغقان قارا يامغۇر (1958 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە): مىڭئۆي گىدرولوگىيە پونكىتىدا ئالتە سائەت 20 مىنۇتتا ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 56 مىللىمېتىر بولغان؛ كۇچار لەڭگەر گىدرولوگىيە پونكىتىدا 48 مىللىمېتىر بولغان. قارا شەھەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى شەڭبىنتۇ كۆلى گىدرولوگىيە پونكىتىدا 95 مىللىمېتىرغا يەتكەن. (2) ئاقسۇدا ياغقان قارا يامغۇر (1971 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە): تېرەن دەرياسى گىدرولوگىيە پونكىتىدا يامغۇر مىقدارى 110 مىللىمېتىرغا يەتكەن، ئاقسۇدا 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يامغۇر مىقدارى 35.8 مىللىمېتىرغا يەتكەن. (3) چاقىلىقتا ياغقان قارا يامغۇر (1981 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە): 14 سائەتلىك ھۆل ـ يېغىن ئومۇمىي مىقدارى 73.5 مىللىمېتىرغا يەتكەن. (4) قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەنشىدە ياغقان قارا يامغۇر (1988 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى): كۈندىلىك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 28.6 مىللىمېتىرغا يەتكەن.

قارا يامغۇر ياز پەسلى 6 ـ، 7 ـ ئايلار ئارىلىقىغا مەركەزلىشىدۇ، ئەڭ بۇرۇن بولغاندا 2 ـ ئايدا، ئەڭ كېچىككەندە 9 ـ ئايدا ياغىدۇ. قارا يامغۇر يولىنىڭ بۆلۈنۈشى: (1) غەربىي يۆنىلىش يولى؛ (2) غەربىي شىمال يولى؛ (3) غەربىي جەنۇب يولى (جەنۇبىي شىنجاڭ).

**مۆلدۈر** كونۋېكسىيىلىك مۆلدۈرلۈك بۇلۇتتىن ياغقان بىر خىل قاتتىق ھالەتتىكى سۇ. دىئامېتىرى بەش مىللىمېتىردىن يۇقىرى بولغانلىرى مۆلدۈر دېيىلىدۇ، بەش مىللىمېتىردىن تۆۋەنلىرى مۇز دانچىسى ياكى يارما دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە كۈچلۈك كونۋېكسىيىلىك قات بۇلۇت سىستېمىسى ياكى داۋۇل (شۇررىغان) لىنىيىسى كەلگەندە يۈز بېرىدۇ. يېغىشى شىددەتلىك، كۈچلۈكلۈكى زور، داۋاملىشىش ۋاقتى قىسقا بولۇپ، شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇن بىللە كېلىدۇ ھەمدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. مۆلدۈر شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋا رايى بولۇپ، زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر. قاراماي، ئورقۇ رايونىدا 1982 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارىختا كەم كۆرۈلىدىغان مۆلدۈر ياغقان بولۇپ، دىئامېتىرى ئون سانتىمېتىرغا يەتكەن؛ بايدا 1972 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بىر قېتىم مۆلدۈر يېغىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ %23 ىنى زىيانغا ئۇچراتقان.

مۆلدۈرنىڭ تارقىلىشى: تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەرگە قارىغاندا كۆپ، غەربىي قىسىمدا شەرقىي قىسىمغا قارىغاندا كۆپ، شىمالدا جەنۇبقا قارىغاندا كۆپ، تاغ ئېتەكلىرىدە قۇملۇق، ئويمانلىقلارغا قارىغاندا كۆپ. دەريا ۋادىلىرىدا مۆلدۈر ئەڭ كۆپ ياغىدۇ، مەسىلەن، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، بورتالا دەرياسى ۋادىسى، توشقان دەرياسى ۋادىسى قاتارلىقلار. مۆلدۈر ئەڭ كۆپ ياغىدىغان جاي موڭغۇلكۈرە بولۇپ، 22.2 كۈنگە يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا بايىنبۇلاق بولۇپ، 14 كۈنگە يېتىدۇ. مۆلدۈرنىڭ يىل ئىچىدىكى تارقىلىشى: 2 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بولغان ئايلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كۆرۈلىدۇ، 5 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان ئايلاردىكى مۆلدۈر پۈتۈن يىللىق مۆلدۈر ئومۇمىي قېتىم سانىنىڭ %80 ىنى ئىگىلەيدۇ. 5 ـ 6 ـ ئايلاردا ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي مۆلدۈر قېتىم سانىنىڭ %50 ىنى ئىگىلەيدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن يېغىپ، ئەڭ كېچىكىپ ئاخىرلىشىدۇ.

مۆلدۈرنىڭ سوتكىلىق ئۆزگىرىشى: چۈشتىن كېيىن ئەڭ كۆپ ياغىدۇ، ئەڭ كۆپ قېتىم سانى سائەت 15 تە كۆرۈلىدىغان بولۇپ، %17 نى ئىگىلەيدۇ. ئەڭ ئاز قېتىم سانى سائەت 22 دە كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ئەتىگەن سائەت ئىككىدىن ئالتىگىچە بولغان ۋاقىتنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدۇ، ئادەتتە %1.8 كە يېتىدۇ. سائەت 13 تىن 16 گىچە بولغان ۋاقىتتا ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن بولۇپ، %56.4 نى ئىگىلەيدۇ. مۆلدۈر ئەتىيازلىق مۆلدۈر، يازلىق مۆلدۈر، ياز ـ كۈزـ

لوك مۆلدۈر ۋە تۆت پەسىللىك مۆلدۈر دەپ تۆتكە بۆلۈنىدۇ.

**ياسغۇر سۆڭگىكى، تۇمان سۆڭگىكى** ياسغۇر سۆڭگىكى ئارتۇقچە سوۋۇغان ياسغۇر تامچىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0 C تىن تۆۋەن ياكى 0°C ئۆپچۆرىسىدىكى يەر ئۈستى، دەرەخ شاخلىرى ۋە توك سىملىرىغا ھەمدە يەر يۈزىدىكى جىسىملارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، تېزلىكتە شەكىللەندۈرگەن سۈزۈك ۋە يېرىم سۈزۈك مۇز قەۋىتىدىن ئىبارەت. بەزىلەر ئۇنى مۇز ياكى توڭ ياسغۇر دەپ ئاتايدۇ. ياسغۇر سۆڭگىكى خەۋەرلىشىش توك لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، قاتناشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

تۇمان سۆڭگىكى ئادەتتە تۇمان قىروسى دېيىلىدۇ، ئۇنى دانچىسىمان، كرىستالسىمان دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. كىرىستالسىمان تۇمان سۆڭگىكى ئارتۇقچە توڭلىغان تۇمان تامچىسى ياكى سۇ ھورلىرىنىڭ سوغۇق جىسىملارنىڭ يۈزىگە يېپىشىپ قېتىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. شامال چىقمىغان ياكى سەلكىن شامال چىققان، تېمپېراتۇرا كۆپىنچە 15 C ـ تىن تۆۋەن بولغان ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ. دانچىسىمان تۇمان سۆڭگىكى شامالنىڭ ئۇچۇرتۇشى بىلەن يېتىپ كەلگەن ئارتۇقچە سوۋۇغان تۇمان تامچىلىرى ( سىم ـ سىم ياسغۇرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ سوغۇق جىسىملارنىڭ ئۈستىگە يېپىشىپ تەكرار توڭلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، ئادەتتە تېمپېراتۇرا 2°C – ~ 7°C – تا پەيدا بولىدۇ. شىنجاڭدا ≥15°C – تۇمان سۆڭگىكى %56.4 نى، >10°C – تۇمان سۆڭگىكى %92.3 نى ئىگىلەيدۇ. تۇمان سۆڭگىكى قاتناشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەسىلەن، 1984 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۈرۈمچىدە ئۇدا 5 ~ 7 كۈن قويۇق تۇمان ۋە تۇمان سۆڭگىكى يۈز بېرىپ، ئايروپىلانلار ئۇچۇشتىن توختىغان. تۇمان سۆڭگىكى ئادەتتە باش كۈز ۋە باش ئەتىيازدا پەيدا بولىدۇ، ياسغۇر سۆڭگىكى زىمىستان قىشتىن كېلەر يىلى 3 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىدۇ. تۇمان سۆڭگىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا شىمالىي شىنجاڭغا قارىغاندا بىر ئاي بالدۇر بولىدۇ. داۋاملىشىش ۋاقتى ئادەتتە بىرنەچچە مىنۇت، نەچچە ئون مىنۇت، بىرنەچچە سائەت، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر ئايدىن ئارتۇقراق بولىدۇ؛ قارامايدا ياسغۇر سۆڭگىكى 594 سائەتكە يېتىدۇ. تۇمان سۆڭگىكى ئەڭ ئۇزۇن بولغان جاي بورتالا بولۇپ، 728 سائەت 17 مىنۇت (1958 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە) قا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇنغا چىققان.

**ئاق، قارا ئاپەت** چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى قار ئاپىتى ئاق ئاپەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتلاقلاردا ياغقان قار بەك قېلىن بولسا، چارۋىلارنىڭ ئوزۇقلۇق تېپىپ يېيىشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئاچارچىلىقتا قالغان كىچىك، قېرى، ئاجىز چارۋىلار كېسەل بولۇپ ياكى توڭلاپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئانا چارۋىلار بالا تاشلىۋېتىدۇ. ئاق ئاپەت مۇنۇلارغا باغلىق بولىدۇ: (1) قىش پەسلىدىكى بىر قېتىم ياغقان قارنىڭ مىقدارى ۋە يىغىندى قارنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ھەمدە داۋاملىشىش ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك؛ (2) ئوتلاقلاردا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشى، چارۋا بېقىش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ (3) چوڭ ـ كىچىك چارۋىلارنىڭ ئوت ـ چۆپ تېپىپ يېيىش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قوي 20 ~ 35 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىچە قاردىن ئوت ـ چۆپ تېپىپ يېيەلەيدۇ؛ كالىنىڭ ئوت ـ چۆپ تېپىپ يېيىش ئىقتىدارى ئەڭ ناچار بولۇپ، ئادەتتە 10 ~ 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قاردىنلا ئوت ـ چۆپ تېپىپ يېيەلەيدۇ. ئاق ئاپەت ئالتاي تاغلىرى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئەڭ ئېغىر، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇب ـ شىمالى ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ. پامىر ئېگىزلىكى ۋە ئالتۇنتاغدا ئەڭ يېنىك.

قارا ئاپەت قىش، ئەتىياز پەسىللىرى ئوتلاقلاردا يۈز بېرىدىغان قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدۇر. ئۇ قىش، ئەتىياز پەسىللىرى ئوتلاقلاردا كۆرۈلىدىغان ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ: (1) دەريا ئېقىنى ئۈزۈلۈپ قېلىش؛ (2) بۇلاق سۈيى ياكى سۇ ئامبارلىرى قۇرۇپ كېتىش؛ (3) قار ئاز يېغىش ياكى ياغماسلىق. ئۈچتۇرپاننىڭ كۆكتەڭگىر چارۋىچىلىق مەيدانىدا 1984 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە ئۇدا ئۈچ يىل قۇرغاقچىلىق بولۇپ، سۇ ئامبارلىرى قۇرۇپ، بۇلاق، قۇدۇقلارنىڭ سۇ مىقدارى ئىنتايىن ئازىيىپ كەتكەن؛ ئوتلاقلاردا سۇ قىس بولۇش، قار ياغماسلىق، تۇپراقتا سۇ تەركىبى ئازىيىپ كېتىش تۈپەيلىدىن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ كۆكىرىشىگە تەسىر يەتكەن؛ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆپىيىپ، پارازىت قۇرت كېسەللىكىنىڭ نىسبىتى ئېشىپ كەتكەن. قارا ئاپەتنىڭ تارقىلىشى: جەنۇبىي شىنجاڭدا شىمالىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىدىن كۆپ، قۇرغاق رايونلاردا بىرقەدەر نەم رايونلاردىكىدىن كۆپ.

**قار كۆچكۈنى** تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بىرى. مۇئەييەن يىغىندى قار چوڭقۇرلۇقى بىلەن تاغ گەۋدىسىنىڭ يانتۇلۇقى شارائىتىدا يۈز بېرىدۇ. قار كۆچكۈنى خەتەرلىك رايونى تۆۋەندىكى ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ: (1) يەر شەكلىنىڭ كېسىلىش زىچلىقى؛ (2) يەر شەكلىنىڭ كېسىلىش چوڭقۇرلۇقى؛ (3) تاغ يانباغرى ئەھۋالى؛ (4) تاغ جىلغىسى بىلەن سۇ بۆلگۈچ چوققىنىڭ توغرا كەسمە يۈز ھالىتى. قار كۆچكۈنىنى شەكىللەندۈرىدىغان مېتېئورولوگىيەلىك ئامىللار: (1) قۇياش رادىئاتسىيىسىدىن كېلىپ چىققان كونۋېكسىيەلىك شامال، ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش، ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش ۋە كوندېنساتسىيەلىنىش؛ (2) يىغىندى قارنىڭ بېسىم كۈچى بىلەن قارنىڭ زىچلىقىدا ئۆزگىرىش بولۇش؛ (3) شۇۋىرغان، شامال كۈچى؛ (4) يىغىندى قارنىڭ ئىچكى تېمپېراتۇرىسى ۋە سۇ مىقدارىدا ئۆزگىرىش بولۇش؛ (5) ئېرىگەن سۇلارنىڭ سىڭىش رولى. قار كۆچكۈنى ئاساسەن تەڭرىتاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى قاتارلىق جايلاردا يۈز بېرىدۇ.

قار كۆچكۈنى خەتەرلىك رايونلىرىنىڭ تارقىلىشى: (1) پەس تاغ يايلاقلىرى، پەس تاغلىق پېرىم چۆللۈك، چۆللۈك خەتەرلىك رايونلىرى (زونىلىرى) : ئادەتتە تاغ ئالدى زونىلىرى ۋە تاغ ئارىسى ئويمانلىقى ئەتراپلىرىدا، كېسىلىش چوڭقۇرلۇقى ≤200 مېتىر بولغان دەريا ۋادىلىرىدىكى تار جىلغىلاردا يىغىندى قار ≤ 35 سانتىمېتىر، يىغىندى قارنىڭ تۇراقلىق مەزگىلى ئىككى ئاي بولسا، ئادەتتە كىچىك كۆلەمدە قار كۆچكۈنى بولىدۇ؛ قار كۆچكۈنى خەتىرى كوئېففىتسېنتى 0.2 ~0.3، ھەجمى نەچچە ئون كۇب مېتىردىن نەچچە يۈز كۇب مېتىرغىچە بولىدۇ. (2) ئوتتۇرا ھال تاغلىق ئورمان يايلاق، ئوتلاق قار كۆچكۈنى خەتەرلىك رايونلىرى (زونىلىرى) : يىغىندى قارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 70 سانتىمېتىر، تۇراقلىق قار مەزگىلى 150 كۈن، قار كۆچكۈنى خەتىرى كوئېففىتسېنتى 0.4، قار كۆچۈش مەزگىلى 12 - ئايدىن 4 - ئايغىچە. (3) ئوتتۇرا ھال تاغلىق ئوتلاق قار كۆچكۈنى خەتەرلىك رايونلىرى (زونىلىرى) : دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 مېتىردىن 2000 مېتىرغىچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز. كېسىلىش چوڭقۇرلۇقى 500 مېتىردىن 1000 مېتىرغىچە، يانتۇلۇقى >25°. قار كۆچكۈنى جىلغىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1000 مېتىردىن 4000 مېتىرغىچە، قارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 50 سانتىمېتىردىن 1000 سانتىمېتىرغىچە، كۆرۈلۈش مەزگىلى 11 - ئايدىن 4 - ئايغىچە بولۇپ، قار كۆچكۈنى كۆپ يۈز بېرىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ. بىر يىلدا كۆپ بولغاندا ئالتە قېتىم ئۆپچۆرىسىگە يېتىدۇ، زىيىنى ئېغىر. (4) سۇبئالپ مۇزلۇق چېتى (تاشلىق) رايونى (زونىسى) : كۆپىنچە مۇزلۇق قالدۇقلىرى بولۇپ، كېسىلىش چوڭقۇرلۇقى 400 مېتىردىن 600 مېتىرغىچە، كۆپىنچە تاغلىرى تىك قىيالىق. تاغلىق رايوندا كۈچلۈك شۇۋىرغان چىقىپ يىغىندى قارلارنىڭ يېڭىۋاشتىن جايلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇراقلىق يىغىندى قار مەزگىلى 10 - ئايدىن 5 - ئايغىچە، قار كۆچكۈنى خەتىرى كوئېففېتسېنتى 0.3 تىن 0.5 گىچە. ئۇنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئوتتۇرا ھال تاغلىق رايونلاردىن تۆۋەن بولىدۇ. (5) ئېگىز تاغ، ئىنتايىن ئېگىز تاغ مۇزلۇق قار كۆچكۈنى رايونى: يەر شەكلىنىڭ كېسىلىشى چوڭقۇر، زىچلىق دەرىجىسى يۇقىرى، قار كۆچكۈنى يىل بويى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ياز پەسلى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى** شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، كۆرۈلۈش قېتىم سانى كۆپ، زىيىنى ئېغىر، پەسىل خاراكتېرلىككە ھەم رايون خاراكتېرلىككە ئىگە. ئاساسلىق زىرائەت كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقلىرى: (1) بۇغداي دات كېسەللىكى. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - ۋە 60 - يىللىرى ئىلى، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە كۆپ پەيدا بولغان بولۇپ، يىل ئارىلاپ بىر قېتىمدىن يۈز بەرگەن. ئەڭ ئېغىر بولغان 1959 - ، 1960 - ، 1963 - ، 1964 - يىللىرى كېسەللىك پەيدا بولغان كۆلەم 3 مىليون مودىن 5 مىليون موغىچە يېتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم % 50 بولغان. بۇغداي دات كېسەللىكىنىڭ كىلىمات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زور بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 16.8℃~19.3℃ تا دات زەمبۇرۇغىنىڭ يوشۇرۇن مەزگىلى سەككىز كۈندىن ئون كۈنگىچە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن بەك يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسا، يوشۇرۇن مەزگىلى ئۇزىرىدۇ ياكى سپورا تۇيۇق ھاسىل بولمايدۇ. 3 ~6 - ئايلاردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاچقۇچلۇق فاكتور بولۇپ، ئوتتۇرىچە كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تەرەققىياتىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. (2) بۇغداي كۆك پىتى. بۇغداي، قوناقلارنىڭ ئاساسلىق زىيانداش ھاشارىتى. 1952- يىلىدىن 1999 - يىلغىچە تۇرپان، قەشقەر،

خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، سانجىلاردا كۆپ پەيدا بولغان بولۇپ، ئېغىر بولغان يىللاردىكى قېتىم سانى 50% كە يەتكەن. تۇرپاندا 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە كۆك پىت ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 75%~96% نى ئىگىلىگەن. بۇ ئاپەت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىمۇ كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن. كۆك پىت ئاساسەن بۇغداي باش تارتقان مەزگىلدە پەيدا بولىدۇ. ئوتتۇرىچە كۈندىلىك تېمپېراتۇرا 19°C~24°C ۋە ھۆل - يېغىن مىقدارى 20 مىللىمېتىر بولغاندا ئەڭ كۆپ پەيدا بولىدۇ. (3) سېرىق يەر يولۋىسى. پەيدا بولۇش دائىرىسى كەڭ، زىيان سالىدىغان زىرائەت تۈرلىرى كۆپ. جەنۇبىي شىنجاڭدا شىمالىي شىنجاڭغا قارىغاندا ئېغىر، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەندە ئىنتايىن ئېغىر. 1973 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە ناھىيە بويىچە سۈنئىي ئۇسۇلدا 21 مىڭ 567 كىلوگرام سېرىق يەر يولۋىسى لىچىنكىسى تۇتۇلغان. 1957 - يىلى قاراقاشتىكى 56% كېۋەز مايسىسى زىيانغا ئۇچراپ قايتا تېرىلغان ھەم تولۇقلاپ تېرىلغان؛ 1962 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە 5411 مو كېۋەز بۇزۇلۇپ قايتا تېرىلغان. سېرىق يەر يولۋىسى بىر يىلدا ئىككى - ئۈچ ئەۋلاد كۆپىيىپ زىيان سالىدۇ. بىرىنچى ئەۋلاد ئاساسلىق زىيان سالغۇچىدۇر. (4) تورلۇق يەر يولۋىسى. كۆپىيىپ كەتكەن يىللىرى ئوتلاقلاردىن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا يۆتكىلىدۇ. تورلۇق يەر يولۋىسى ئاپىتى يېقىنقى 40 يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن. 1976 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە دۆربىلجىن، ئارشاڭ، بۆرۈلتوقاي، بۇرچىن، كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردىكى يايلاقلاردا يۈز بەرگەن. ئارشاڭ ناھىيىسىدە 31 مىڭ مو يەردىكى زىرائەت زىيانغا ئۇچرىغان بولۇپ، تورلۇق يەر يولۋىسى 8000 مو يەردىكى بۇغداي، كۆممىقوناق، زىغىر قاتارلىقلارنى يەپ كەتكەن. بۇرچىن، بۆرۈلتوقاي، كۆكتوقايلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 14 مىڭ مو، 2000 مو، 200 مو يازلىق زىرائەتنى يەپ كەتكەن؛ (5) كېۋەز پىتى. كېۋەزگە بولغان زىيىنى ئىنتايىن زور. 1986 - يىلى 74 مىڭ 200 مو كېۋەز، 11 مىڭ 400 مو قوغۇن زىيانغا ئۇچرىغان. پاختا مەھسۇلاتى 46% كېمىيىپ، سۈپىتى بىر - ئىككى دەرىجە تۆۋەنلەپ كەتكەن؛ 1987 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە كېۋەز پىتى 225 مىڭ 400 مو كېۋەزنى زىيانغا ئۇچراتقان؛ 1988 - يىلى ئاقسۇدا 500 مىڭ مو يەردىكى كېۋەزنى زىيانغا ئۇچراتقان. (6) چېكەتكە ئاپىتى. قۇرغاق باش ياز مەۋسۇمىدە كۆپ يۈز بېرىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، چېكەتكە ئاپىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتلاقلاردا ھەر يىلى يۈز بەرگەن، 1952 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ھەر يىلى تەخمىنەن 50 مىڭ مودىن 150 مىڭ موغىچە دېھقانچىلىق ئېتىزى زىيانغا ئۇچراپ، 1 مىليون مو ئېتىز تەھدىتكە ئۇچرىغان؛ ھەر يىلى ئوتلاقلاردا 4 مىليون 480 مىڭ مو قېتىم چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن. 1999 - يىلى چېكەتكىلەر توپى قازاقىستاندىن شىنجاڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئوتلاقلىرىدىن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا كىرگەن ھەم جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، بېسىپ ئۆتكەن ناھىيە، شەھەرلەردە زىرائەتلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن يەپ تۈگەتكەن، زىيىنى ئېغىر بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇغداي قارا كۈيە كېسەللىكى، شال ۋاباسى كېسەللىكى قاتارلىقلارمۇ بار.

**كەلكۈن ئاپىتى** شىنجاڭدا كەلكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ. شىنجاڭنىڭ كەلكۈن ئاپىتى تىپلىرىنى كېلىپ چىقىش سەۋەبى ۋە ئاپەت ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قار - مۇزلارنىڭ ئېرىگەن سۈيىدىن ھاسىل بولغان كەلكۈن ئاپىتى، قارا يامغۇر كەلكۈن ئاپىتى، قار - مۇزلارنىڭ ئېرىگەن سۈيى بىلەن قارا يامغۇر سۈيىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان كەلكۈن ئاپىتى ھەمدە ھەر خىل تىپتىكى ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان كەلكۈن ئاپىتىدىن ئىبارەت تۆت خىلغا بۆلۈنۈشكە بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دەريالارنىڭ 1950 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە ئارىلىقتا ئەمەلىي تەكشۈرۈلگەن 1953 قېتىملىق يىللىق ئەڭ زور كەلكۈن ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان كەلكۈن 39% نى، قارا يامغۇر كەلكۈنى 24% نى، ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى بىلەن قارا يامغۇرنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان كەلكۈن 34% نى، ھەر خىل تىپتىكى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن كەلكۈن 3% نى ئىگىلىگەن. ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان كەلكۈن ئاپىتى: شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا، پەس تاغ زونىلىرىدا قىش پەسلى شەكىللەنگەن تۇراقلىق پەسىل خاراكتېرلىك يىغىندى قارلار، ئېگىز تاغ رايونلىرىدا بولسا يىل بويى ئېرىمەيدىغان مۇزلۇقلار ۋە مەڭگۈلۈك يىغىندى قارلار بولغانلىقتىن، ھەر يىلى تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە دائىم پەس تاغلار ۋە كەلكۈن جىنسلىق يەلپۈگۈچسىمان يانتۇلۇقلاردا ئېرىگەن قار سۈيى ۋە ئوتتۇرا ھال، ئېگىز تاغلاردا ئېرىگەن قار - مۇز سۈيى-

دىن كەلكۈن ھاسىل بولىدۇ، بۇ ئىككى خىل كەلكۈن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېرىگەن قار ـ مۇز سۈيى دەپ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدا ئېرىگەن قار ـ مۇز سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان كەلكۈن ئاپىتى ئومۇمىي كەلكۈن ئاپەتلىرىنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانىنىڭ 3.6%نى، تۈرلۈك كەلكۈن ئاپەتلىرى زىيىنىنىڭ 4.3% نى ئىگىلەيدۇ.

**قارا يامغۇر كەلكۈن ئاپىتى** شىنجاڭدىكى چوڭراق دەريالاردا شەكىللىنىدىغان كەلكۈنلەر ئىچىدە قارا يامغۇر كەلكۈنىنىڭ كۆرۈلۈش قېتىم سانى 24% نى ئىگىلەيدۇ، ئوتتۇرا، كىچىك دەريالار ۋە تاغلاردىكى كەلكۈن جىلغىلىرى ياز پەسلى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قارا يامغۇر كەلكۈنى بىلەن تولىدۇ. قارا يامغۇر كەلكۈنى ئىنتايىن شىددەتلىك كېلىدۇ، تېز ئۆرلەپ ـ پەسىيىدۇ، ئۇشتۇمتۇتلۇقى كۈچلۈك، يىللىق ئۆزگىرىشى چوڭ، ئېلىپ ماڭىدىغان قۇم ـ لاتقا مىقدارى كۆپ. قارا يامغۇر بەزىدە يەنە لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىن پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى زور بولۇپ، دائىم قاتناش ۋە قۇرۇلۇش مۇئەسسەسەلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، زور كەلكۈن ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قارا يامغۇر كەلكۈنى تۈرلۈك كەلكۈن ئاپىتى زىيانلىرى ئىچىدە 63% نى ئىگىلەيدۇ. قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى بىلەن قارا يامغۇر سۈيىنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان كەلكۈن ئاپىتى شىنجاڭدا كۆرۈلىدىغان كەلكۈنلەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى ئومۇمىي كەلكۈن ئاپەتلىرى قېتىم سانىنىڭ 10%نى، كەلتۈرىدىغان ئىقتىسادىي زىيىنى ئومۇمىي كەلكۈن ئاپىتى زىيىنىنىڭ 12.1% نى ئىگىلەيدۇ. كەلكۈننى شەكىللەندۈرىدىغان سەۋەبلەرگە ئاساسەن، ئۇنى مۇزلۇق ھەرىكىتى، تاغ جىنىسلىرىنىڭ گۈمۈرۈلۈشى، لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىنىنىڭ توسۇۋېلىشى، مۇزنىڭ توسۇۋېلىشى ھەمدە توسمىنىڭ ئۆرۈلۈشىدىن كېلىپ چىققان ئۇشتۇمتۇت كۆرۈلىدىغان كەلكۈن ئاپەتلىرىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مۇزلۇقلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان كەلكۈن ئاساسەن قارا قۇرۇم تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ تۇمۇر چوققىسى ۋە پامىر مۇزلۇق ھەرىكىتى رايونلىرىدا يۈز بېرىدۇ، مەسىلەن، يەكەن دەرياسى بىلەن قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ مۇزلۇق كۆلى كەلكۈنى؛ 1987 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كۈيتۇن دەرياسىدا كۆرۈلگەن تاغ جىنىسلىرىنىڭ گۈمۈرۈلۈشىدىن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن كەلكۈن، 1966 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قىزىل دەرياسىدا يۈز بەرگەن لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىنىنىڭ دەريا يولىنى توسۇۋېلىشىدىن كېلىپ چىققان تۇيۇقسىز كەلكۈن، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى چىڭشۇي دەرياسىدا دائىم كۆرۈلىدىغان مۇزنىڭ دەريانى توسۇۋېلىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان كەلكۈن قاتارلىقلار. سۇ ئامبارلىرىدا توسمىنىڭ ئۆرۈلۈشىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۇيۇقسىز كەلكۈن ئومۇمىي كەلكۈن ئاپىتى قېتىم سانىنىڭ 24.8%نى، زىيىنى ئومۇمىي كەلكۈن ئاپىتى زىيىنىنىڭ 10.5%نى ئىگىلەيدۇ. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، كەلكۈن ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانىدا يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ بېرىش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەن: 50 ـ يىللاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 10.2 قېتىم كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەن بولسا، 80 ـ يىللارغا كەلگەندە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 22.5 قېتىم يۈز بېرىپ، 80 ـ يىللاردىكى يىللىق ئوتتۇرىچە كەلكۈن ئاپىتى زىيىنى 60 ـ، 70 ـ يىللاردىكىگە قارىغاندا ئون ھەسسە ئاشقان. جەنۇبىي شىنجاڭدا كەلكۈن ئاپىتى شىمالىي شىنجاڭغا قارىغاندا كۆپ يۈز بېرىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 9.2 قېتىم، شىمالىي شىنجاڭدا بولسا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 4.8 قېتىم كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىدۇ؛ قارا يامغۇر كەلكۈن ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 7.5 قېتىم كۆرۈلۈپ، تۈرلۈك كەلكۈن ئاپەتلىرىنىڭ 50%دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

**يەر تەۋرەش ئاپىتى** بەش بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەبىئىي ئاپەتلەر ئىچىدىكى ئىنتايىن ئېغىر ئاپەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ باشقا ئاپەتلەرگە قارىغاندا كەلتۈرىدىغان زىيىنى زور بولۇپ، يۈز بېرىش ۋاقتى قىسقا، ئۆلگەن، يارىلانغانلار كۆپ بولىدۇ. شىنجاڭدا 1716 ـ يىلى تېكەستە 7.5 بال يەر تەۋرىگەندىن تارتىپ 1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كۇچاردا 5.6 بال يەر تەۋرىگەنگە قەدەر بولغان يەر تەۋرەشلەرنىڭ زىيىنىنى ستاتىستىكا قىلىشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 50 قېتىم بەش بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە قېتىم 5.0 بالدىن 5.9 بالغىچە، 28 قېتىم 6.0 بالدىن 6.9 بالغىچە، 11 قېتىم 7.0 بالدىن 7.9 بالغىچە، تۆت قېتىم سەككىز بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت قېتىملىق چېگرا سىرتىدا يۈز بەرگەن 5.5 ~ 8.3 بال يەر تەۋرەش شىنجاڭدا 6519 ئادەمـ

ىنىڭ ئۆلۈشى، 31 مىڭ 402 ئادەمنىڭ يارىلىنىشىنى، 28 مىڭ 216 تۇياق چارۋىنىڭ ئۆلۈشىنى، 46 مىڭ 485 ئېغىز ئۆينىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان تەخمىنەن 2 مىليارد 513 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1997 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە پەيزىۋات ناھىيىسىدە سەككىز قېتىم 6.0 بالدىن 6.6 بالغىچە كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي زىيىنى 940 مىليون يۈەنگە يەتكەن. ئادەملەرنىڭ ئۆلۈش - يارىلىنىشى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش 1902 - يىلى ئاتۇش شەھىرىدە يۈز بەرگەن 8.3 بال يەر تەۋرەش بولۇپ، 5553 ئادەم ئۆلۈپ، تەخمىنەن 9700 ئادەم يارىلانغان. كەم دېگەندىمۇ 12 قېتىملىق 6.6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشتە يەر يۈزىدە يېرىق پەيدا بولغان، مەسىلەن، 1931 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن سەككىز بال يەر تەۋرەشتە يېرىلغان جاينىڭ ئۇزۇنلۇقى 156 كىلومېتىر بولۇپ، ئەڭ كەڭ يېرى 2.4 كىلومېتىرغا يەتكەن، تەۋرەش مەركىزى 63 مېتىر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئەڭ چوڭ گورىزونتال سىلجىش 14 مېتىرغا يەتكەن. يەر تەۋرەشتىن پەيدا بولىدىغان ئىككىلەمچى ئاپەتلەرنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

**شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايونلارغا ئايرىلىشى** شىنجاڭ ئىككى چوڭ رايونغا، ئالتە ئىككىنچى دەرىجىلىك رايونغا، 37 ئۈچىنچى دەرىجىلىك رايونغا بۆلۈنىدۇ: (1) ئىككى چوڭ رايون: تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى شىمالىي شىنجاڭ ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق چوڭ رايونغا كىرىدۇ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق چوڭ رايونغا كىرىدۇ. شىمالىي شىنجاڭ چوڭ رايونىنىڭ يەر كۆلىمى پۈتۈن شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ 27%نى، نوپۇسىنىڭ 48%نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى تۈزلەڭلىكلەرنىڭ 6℃~8℃ بولۇپ، ≥10℃ لۇق يىللىق يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 3000℃ تىن 3500℃ قىچە، قىروسىز مەزگىلى 150 ~170 كۈن، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتە 150 مىللىمېتىردىن 200 مىللىمېتىرغىچە، ئوتتۇرىچە يىللىق ئېقىن چوڭقۇرلۇقى 89 مىللىمېتىر. شىمالىي شىنجاڭدا قۇملۇقنىڭ چەتلىرى كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق بولۇپ، تاغ ئالدى تۈزلەڭلىكلىرى چۆل كالتسىيلىق كۈل رەڭ تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى كۈل رەڭ قوڭۇر ئورمان تۇپرىقى ۋە قارا چىلان تۇپراق بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400~2700 مېتىر بولغان جايلىرى قويۇق شەمشاد ئورمانلىرى بىلەن قاپلانغان، چۆل بىلەن بولغان ئارىلىقى 1100 مېتىرلا كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ چوڭ رايونى ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدىكى ئەڭ قۇرغاق رايون بولۇپ، يەر كۆلىمى پۈتۈن شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ 73% نى، نوپۇسىنىڭ 52% نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ 40 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ، ئوتتۇرىچە يىللىق ئېقىن چوڭقۇرلۇقى 33 مىللىمېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى تۈزلەڭلىكلەرنىڭ 10℃ ~ 11℃ بولۇپ، ≥10℃ لۇق يىللىق يىغىندى تېمپېراتۇرا ئادەتتە 4000℃ تىن ئېشىپ كېتىدۇ، قىروسىز مەزگىلى 200 ~ 220 كۈن. جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇملۇقلارنىڭ چەتلىرى قوڭۇر رەڭلىك چۆل تۇپرىقىدۇر؛ تاغ ئالدى تۈزلەڭلىكلىرىدە قوڭۇر رەڭلىك چۆل تۇپرىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدا تاغلىق كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپرىقى ھېسابلىنىدۇ. چۆللۈك يۇقىرىلاپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1700 مېتىرنىڭ يۇقىرىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ، شالاڭ پارچە ھالەتتىكى شەمشادلىقلارنى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىر ئەتراپىدىكى جايلاردىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. (2) ئىككىنچى دەرىجىلىك رايون گېئومورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىككە قاراپ شىمالدىن جەنۇبقا ئالتاي تاغلىرى، جۇڭغار ئويمانلىقى، تەڭرىتاغلىرى (يەنە جەنۇبىي يانباغرى ۋە شىمالىي يانباغرىغا بۆلۈنىدۇ)، تارىم ئويمانلىقى، كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئالتە گېئومورفولوگىيىلىك بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. (3) يەنە ئاساسلىق تەبىئىي ئالاھىدىلىككە، بولۇپمۇ سۇ، ئىسسىقلىق ئەھۋالى جەھەتتىكى پەرققە ئاساسەن 37 ئۈچىنچى دەرىجىلىك رايونغا ئايرىلىدۇ.

**شىنجاڭ ئوتلاقلىرىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى** شىنجاڭ ئوتلاقلىرى ئافرىقا - ئاسىيا چۆل رايونىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا مەنسۇپ بولۇپ، پەقەت ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ تاغ ئالدى قىسمى-

لا ياۋرو ـ ئاسىيا ئوتلاقلىرى دائىرىسىگە كىرىدۇ. جۇڭگودا شىنجاڭ ـ گەنسۇ ـ نىڭشىيا مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل رايونى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. شىنجاڭ ئوتلاقلىرى ئىككى رايونغا، 13 كەنجى رايون ۋە 25 شۆبە رايونغا بۆلۈنىدۇ. ئىككى رايون، يەنى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسىنىڭ تاغ ئومۇرتقا لىنىيىسىنى چېگرا قىلغان ھالدا شىمالىي شىنجاڭ مۆتىدىل چۆلى — تاغلىق ئوتلاق رايونى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئىللىق مۆتىدىل چۆلى — تاغلىق ئوتلاق رايونىغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئاساسى: بىرىنچى، زونىلىق كىلىمات ئالاھىدىلىكى؛ ئىككىنچى، ئوتلاق تىپلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە بىرلىشىشى. تۈزلەڭلىك زونال تىپى گەرچە ئومۇمەن ئافرىقا ـ ئاسىيا چۆللىرىنىڭ بىر قىسمىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، بىراق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قۇرغاقلىق دەرىجىسى شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن روشەن ھالدا يۇقىرى، شۇڭا جەنۇبىي شىنجاڭدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ چەتلىرىدىلا ھەددىدىن ئارتۇق قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چاتقاللارنى ئاساس قىلغان ئۆسۈملۈكلەردىن تەركىب تاپقان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن بولۇپ، ئوتلاق سۈپىتىدە پايدىلىنىلغانلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، تارىم دەرياسى ھەۋزىسىدە ئىنترازوناللىق پەس جاي چىملىقلىرى بىر قەدەر ياخشى يېتىلگەن، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئويمانلىقلىرىدىكى ئاساسلىق ئوتلاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چەتلىرىدە قىسمەن چۆل ئوتلاقلىرى ۋە ئوتلاقلاشقان چۆللەر يېتىلگەن بولۇپ، ئورغۇن چۆل ئۆسۈملۈك تىپلىرى ئاساسەن ئەمەن تۈرلىرى ۋە شورلۇق ئۆسۈملۈكلەر تۈرىدىكى يېرىم چاتقاللاردىن تەركىب تاپقان، ئويمانلىقنىڭ مەركىزىدە قۇملۇق چۆل ئوتلاقلىرى يېتىلگەن بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا چارۋا بېقىش قىممىتىگە ئىگە. تاغلىق ئوتلاق تىپىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى تاغ سىستېمىلىرىدىكى ۋېرتىكال زونا قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولۇپ، ئورمان زونىلىرى بىلەن تاغلىق چىملىق زونىلىرى تەڭ مەۋجۇت، بولۇپمۇ ئوتلاقلار بىلەن تاغلىق چىملىقلىرىنىڭ يېتىلىشى جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىغاندا روشەن ھالدا ياخشى. كۈئېنلۈن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدا ئوتلاقلار ئاساسىي گەۋدىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، چۆل ئوتلاقلىرىنىڭ نىسبىتى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي ئېشىپ بارىدۇ. ئالتۇنتاغدا بولسا چۆل ئوتلاقلىرى يېتەكچى تىپ بولۇپ، ئېگىز ھەم سوغۇق زونا چىملىقلىرى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي يوقىلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، شىمالىي شىنجاڭدا پەسىللىك چارۋىچىلىق مەيدانلىرى گەۋدىلىك بولۇپ، ئوتلاق چارۋىچىلىقى ئىگىلىكى خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن ئوتلاق چارۋىچىلىقىدىن باشقا، ئوتلاقلار بىلەن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدا چارۋا بېقىش زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ بوستانلىقلارنىڭ چەتلىرىدىكى ئوتلاقلار بىلەن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقىنىڭ سالمىقى زور. كەنجى رايون ئوت ـ چۆپ مەھسۇلات مىقدارى، سۈپىتى، چارۋا يايلىتىش مىقدارى ۋە يايلىتىلىدىغان چارۋا تۈرى ھەمدە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ئامىللارنى ئاساس قىلىپ 13 كەنجى رايونغا بۆلۈنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭ مۆتىدىل چۆلى — تاغلىق ئوتلاق رايونى ئالتە، جەنۇبىي شىنجاڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ چۆلى — تاغلىق ئوتلاق رايونى يەتتە. 25 شۆبە رايون ئوتلاق تىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوتلاق بايلىقى ئۈستۈنلۈكى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ھەم تەدبىرلىرىگە ئاساسەن ئايرىلغان.

**شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ كىلىمات بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى** شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك رايونلىرى ئۈچ كىلىمات بەلۋېغىغا، سەككىز يېزا ئىگىلىك كىلىمات رايونىغا ۋە 22 يېزا ئىگىلىك كىلىمات زونىسىغا ئايرىلىدۇ: (1) كىلىمات بەلۋېغى. ئىسسىقلىق مىقدارى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى يېتەكچى ئامىل، شۇڭا >0℃ يىغىندى تېمپېراتۇرا بىرىنچى دەرىجىلىك رايونغا ئايرىشنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچى قىلىنغان. شىنجاڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ (>0℃ يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 4000℃ ~ 5000℃، قىروسىز مەزگىلى >180 ~ 215 كۈن)، ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ (>0℃ يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 2400℃ ~ 4000℃، قىروسىز مەزگىلى 120 ~ 185 كۈن) ۋە ئېگىزلىك سوغۇق بەلۋېغى (>0℃ يىغىندى تېمپېراتۇرىسى <500℃، ئەڭ ئىسسىق ئايلارنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى <6℃) قاتارلىق ئۈچ كىلىمات بەلۋېغىغا ئايرىلغان. (2) كىلىمات رايونى. زونىسىز يېزا ئىگىلىك كىلىمات تىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان


رايون بولۇپ، شىنجاڭ ئىسسىقلىق مىقدارى كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، تۇرپان ۋىلايىتى، قۇمۇل ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمى، غەربىي قىسمى ۋە بورتالا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يانباغرى، موڭغۇلكۈرە، باركۆل ئويمانلىقى ئېگىز ھەم سوغۇق تاغلىق رايونى، پامىر - كۇئېنلۇن تاغلىق رايونى قاتارلىق سەككىز يېزا ئىگىلىك كلىمات رايونىغا ئايرىلغان. (3) كلىمات زونىسى. يۇقىرىدىكى كلىمات رايونلىرى ئاساسىدا ھەممە ھەرقايسى جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىك كلىمات شارائىتىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭ 22 يېزا ئىگىلىك كلىمات زونىسىغا ئايرىلغان.

شىنجاڭنىڭ كلىمات بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى شىنجاڭ بەش كلىمات بەلۋېغى، 14 كلىمات چوڭ رايونى، 63 كلىمات كىچىك رايونىغا ئايرىلىدۇ: (1) بىرىنچى دەرىجىلىك رايونغا ئايرىشتا، شىنجاڭنىڭ گورىزونتال ۋە ۋېرتىكال يۆنىلىشلىك كلىمات بەلۋاغلىرىنىڭ روشەنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ≥10℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا ۋە ≥10℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا كۈن سانىدىن ئىبارەت قوش ئۆلچەم قوللىنىلىپ، شىنجاڭ سوغۇق بەلۋاغ، سوغۇق بەلۋاغ، سۇب سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ، مۆتىدىل بەلۋاغ، ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغدىن ئىبارەت بەش كلىمات بەلۋېغىغا ئايرىلغان (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ). مەسىلەن: تۇرپاننىڭ ≥10℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 5500℃ قا يېتىدۇ، شۇڭا بۇنىلا كۆرسەتكۈچ قىلغاندا، تۇرپان ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسسىق بەلۋېغى (5100℃~6500℃) غا ئايرىلىدۇ. لېكىن بۇ رايوننىڭ ≥10℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا كۈنى 216 كۈن بولغاچقا، ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغقا كىرىدۇ. تاغلىق ۋە ئېگىزلىكلەرنىڭ پەرقى، يەنى قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ تېمپېراتۇرىنى تولۇقلاش رولىنى ئويلاشقان ئاساستا، پامىر، كۇئېنلۇن ۋە قاراقورۇم تاغلىرى يەنە ئۈچ كلىمات بەلۋېغىغا ئايرىلىپ، شىزاڭ كلىمات بەلۋېغىغا ئۇلاشتۇرۇلغان. (2) ئىككىنچى دەرىجىلىك كلىمات رايونىغا ئايرىشتا، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاساسىي كۆرسەتكۈچ، قۇرغاقلىق دەرىجىسى قوشۇمچە كۆرسەتكۈچ قىلىنىپ، شىنجاڭ 14 كلىمات چوڭ رايونىغا ئايرىلغان. (3) مۇقىم قىروسىز مەزگىل (كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 0℃ تىن مۇقىم ھالدا ئاشقان دەسلەپكى مەزگىل ۋە ئاخىرقى مەزگىل ئارىلىقىدىكى كۈن سانى) ئاساسىي كۆرسەتكۈچ، ئەڭ ئىللىق ئايلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى قوشۇمچە كۆرسەتكۈچ قىلىنىپ، شىنجاڭ 63 كلىمات كىچىك رايونىغا ئايرىلغان.

شىنجاڭدىكى بەش چوڭ كلىمات بەلۋېغى ۋە ئايرىش كۆرسەتكۈچى

| | | كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥10℃ بولغان كۈن سانى | ≥10℃ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا | ئەڭ ئىللىق ئايلارنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى | كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥0℃ بولغان كۈن سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| I | سوغۇق بەلۋاغ | 10 ~ 0 | 201 ~ 0 | >5 | 101 |
| II | سۇب سوغۇق بەلۋاغ | 50 ~ 11 | 1001 ~ 200 | 10~6 | 181 ~100 |
| III | سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ | 100 ~ 51 | 1600 ~ 1000 | 18 ~ 10 | 200 ~ 180 |
| IV | مۆتىدىل بەلۋاغ | 180 ~ 101 | 3400 ~ 1600 | 25 ~ 19 | 250 ~ 200 |
| V | ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ | 220 ~ 181 | 5500 ~ 3900 | 27 ~ 26 | 350 ~ 251 |

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كلىمات بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى




| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1. IB1$_{(1)}$ | 2. IIA2$_{(2)}$ | 3. IIB2$_{(1)}$ | 4. IIIB3$_{(1)}$ | 5. IIC3$_{(1)}$ | 6. IIIC3$_{(1)}$ | 7. IIB2$_{(2)}$ | 8. IIIC3$_{(2)}$ |
| 9. IIB3$_{(2)}$ | 10. ND3$_{(2)}$ | 11. IIIC3$_{(3)}$ | 12. IVD3$_{(1)}$ | 13. IB1$_{(3)}$ | 14. IIIB3$_{(3)}$ | 15. IIB2$_{(3)}$ | 16. IB1$_{(2)}$ |
| 17. IVC4$_{(1)}$ | 18. IIB2$_{(5)}$ | 19. IIC2$_{(1)}$ | 20. IIA2$_{(1)}$ | 21. IIIA3$_{(1)}$ | 22. IIB2$_{(6)}$ | 23. IIIC3$_{(9)}$ | 24. IB1$_{(7)}$ |
| 25. IIB2$_{(4)}$ | 26. IIIC3$_{(8)}$ | 27. IVC4$_{(3)}$ | 28. IB1$_{(5)}$ | 29. IVC4$_{(4)}$ | 30. VE4$_{(5)}$ | 31. IIC2$_{(6)}$ | 32. IIC2$_{(3)}$ |
| 33. IVC3$_{(3)}$ | 34. IB1$_{(6)}$ | 35. IIC2$_{(4)}$ | 36. IIIC3$_{(10)}$ | 37. IC1$_{(2)}$ | 38. IC1$_{(1)}$ | 39. ID1$_{(1)}$ | 40. VE4$_{(6)}$ |
| 41. VE4$_{(7)}$ | 42. V4$_{(8)}$ | 43. IIC2$_{(5)}$ | 44. ID3 | 45. ID1$_{(2)}$ | 46. VD3$_{(3)}$ | 47. VE4$_{(4)}$ | 48. IIIC3$_{(7)}$ |
| 49. IVC4$_{(2)}$ | 50. IIIC3$_{(6)}$ | 51. VE4$_{(1)}$ | 52. IB1$_{(4)}$ | 53. IIIC3$_{(5)}$ | 54. IIIB3$_{(4)}$ | 55. VE4$_{(2)}$ | 56. IIC2$_{(2)}$ |
| 57. IC2$_{(1)}$ | 58. IVC3$_{(1)}$ | 59. IVE3$_{(1)}$ | 60. IIIC3$_{(4)}$ | 61. VE4$_{(3)}$ | 62. IIID2$_{(1)}$ | 63. IVC3$_{(2)}$ | 64. IIC2$_{(1)}$ |

**شىنجاڭنىڭ يەر شەكلى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى** شىنجاڭ بەش چوڭ يەر شەكلى چوڭ رايونغا، 15 يەر شەكلى كەنجى رايونغا ۋە 76 يەر شەكلى كىچىك رايونغا ئايرىلىدۇ: (1) رايونلارنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى ۋە يەر شەكلى ھالىتى ئەندىزىسىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭ بەش چوڭ يەر شەكلى رايونغا بۆلۈنىدۇ. (2) يەر شەكلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تۈرلۈك تاشقى تەسىر كۈچلەر (كلىمات، ئېقىن سۇ، قۇرغاقچىلىقتىن يالىنىش قاتارلىقلارنىڭ رولى) ۋە يېڭى تۈزۈلمە رولىغا ئاساسەن، شىنجاڭ 15 يەر شەكلى كەنجى رايونغا بۆلۈنىدۇ. (3) ئاساسەن يەر شەكلىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىش تەدبىرىگە ئاساسەن، 76 يەر شەكلى كىچىك رايونغا بۆلۈنىدۇ. بۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا بىۋاسىتە رولغا ۋە قىممەتكە ئىگە، بولۇپمۇ ئۇ بوستانلىقلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە بوستانلىق ئېكولوگىيە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.


**شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەر شەكلى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى** شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك يەر شەكلىنى ئالتە چوڭ رايون، 26 رايون ۋە 105 كىچىك رايونغا ئايرىشنىڭ لايىھىسى: (1) چوڭ رايون. گېئوتېكتونىكىلىق بىرلىك، يېڭى گېئوتېكتونىكىلىق ھەرىكەت قاتارلىق ئىچكى كۈچلەر رولىنى ئۆلچەم قىلىپ، شىنجاڭنى ئالتاي تېغى ۋە بەيتىك تېغى رايونى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايون، جۇڭغار ئويمانلىقى رايونى، تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، تارىم ئويمانلىقى ۋە كۇئېنلۇن - ئالتۇنتاغ رايونى قاتارلىق ئالتە چوڭ رايونغا بۆلۈش. (2) رايون. گېئوتېكتونىكا ۋە يېڭى گېئوتېكتونىكىلىق ھەرىكەتنىڭ رايونلۇق ئالاھىدىلىكىگە، يەر شەكلى تىپلىرىنىڭ بىرىكىشى ۋە ھەر خىل يەر شەكىللىرىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى ھەم تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە ۋە باغلىنىشچانلىقىغا ھەمدە مورفولوگىيىدىكى ئوخشاشلىققا، يېتەكچى رول ئوينايدىغان تاشقى ئامىللار رولى جەريانى، سۇ، ئىسسىقلىق ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرى، ئۆزگەرتىش ۋە

پايدىلىنىش يۆنىلىشىنىڭ بىردەك بولۇشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، شىنجاڭنى 26 يېزا ئىگىلىك يەر شەكلى رايونىغا بۆلۈش. (3) كىچىك رايون. بىر خىل يەر شەكلى تىپى، ھالىتى ھەمدە يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئاساسەن ئوخشاشلىقىغا، بىر خىل گېئومورفولوگىيىلىك لاندشافت ۋە خاس ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن ئېكولوگىيە ۋە مۇھىت سىستېمىسىغا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، پايدىلىنىش ۋە ياخشىلاش شارائىتلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسلىنىپ، شىنجاڭنى 105 يېزا ئىگىلىك يەر شەكلى كىچىك رايونىغا بۆلۈش. مەسىلەن، قارا شەھەر ئويمانلىقىنى چۆرىدىگەن كەلكۈن چۆكۈندى - ئېقىندى تۈزلەڭلىكى كىچىك رايونى، كۆنچى دەرياسى دېلتىسى كىچىك رايونى قاتارلىقلار.

**شىنجاڭنىڭ تۇپراق جۇغراپىيىسى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى** بۇنىڭدا شىنجاڭ تۇپرىقىنىڭ بىئو كلىماتى ۋە گېئومورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مۇنداق ئىككى پرىنسىپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن: (1) ئۇنىۋېرساللىق. تۇپراق يېپىنچىسى قۇرۇلمىسى، تۇپراقنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەمدە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى بەلگىلەيدىغان بارلىق تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئامىللارنى تەھلىل قىلىش، شۇنىڭدەك ئىنسانلار پائالىيىتى، بولۇپمۇ سۇغىرىلىدىغان بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەسىرىنى ئويلىشىش. (2) زونىلىقى. تۇپراق ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ زونىلىقى ئۇقۇمىنى تۇپراق جۇغراپىيىسى بويىچە رايونلارغا ئايرىشنىڭ مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساسى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك بىرلىك سىستېمىسىغا ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلىش. بۇنىڭغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ تۇپراق جۇغراپىيىسى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىش سىستېمىسى مۇنداق: تۇپراق زونىلىرى ۋە سۇب زونىلىرى ( 1 - دەرىجىلىك) ، تۇپراق رايونلىرى ۋە كەنجى رايونلىرى ( 2 - دەرىجىلىك) ، يەر رايونلىرى ۋە كەنجى يەر رايونلىرى( 3- دەرىجىلىك) . شىنجاڭنىڭ تۇپراق زونىلىرى ئاساسەن كەڭلىكنى بويلاپ سوزۇلغان بولۇپ، ئۇلارنى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تۆت زونىغا، يەنى شىمالىي شىنجاڭ يېرىم چۆل كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق زونىسى، شىمالىي شىنجاڭ تاغ ئالدى يېرىم چۆل كالتسىيلىق كۇل رەڭ تۇپراق زونىسى، شىمالىي شىنجاڭ قوڭۇر چۆل تۇپرىقى — كۇل رەڭ چۆل تۇپرىقى زونىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ قوڭۇر چۆل تۇپرىقى زونىسىدىن ئىبارەت تۆت زونىغا بۆلۈشكە بولىدۇ. تۇپراق رايونلىرى 15 تۈزلەڭلىك تۇپراق رايونى، 18 تاغلىق تۇپراق رايونى بولۇپ، جەمئىي 33 تۇپراق رايونىغا ئايرىلغان. تۇپراق - يەر شەكلى پرىنسىپىغا ئاساسەن، شىنجاڭنى يەنە 99 يەر رايونىغا ئايرىشقا بولىدۇ، بۇنىڭ 56 سى تۈزلەڭلىك يەر رايونى، 43 ى تاغلىق يەر رايونى.

**شىنجاڭنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى** شىنجاڭ ياۋرو - ئاسىيا ئوتلاق رايونى، ئاسىيا - ئافرىقا چۆل رايونىدىن ئىبارەت ئىككى يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونىغا بۆلۈنىدۇ. مۆتىدىل ئاساستا زونىلىق (كەڭلىك زونىسى، ئۇزۇنلۇق زونىسى ۋە ۋېرتىكال زونا) ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلەردىن پايدىلىنىش ياكى تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈرلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تەركىبى ھەمدە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەسىرى ئويلىشىلىپ، شىنجاڭ بەش يېپىنچا ئۆسۈملۈك كەنجى رايونى، توققۇز يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونىغا ئايرىلغان. شىنجاڭنىڭ ئوتلاق رايونلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ئىككى چېتىگە تارقالغان، ئۇنىڭدىكى تۈركۈم ھاسىل قىلغۇچى تۈرلەرنىڭ ھەممىسى ياۋرو - ئاسىيا ئوتلاقلىرى تىپىدىكى سىلو قاتارلىق غوزىمەك ئۆسىدىغان باشاقلىق ئوت - چۆپلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ماكان جەھەتتىكى جۇغراپىيىلىك جايلىشىشىدىمۇ ياۋرو - ئاسىيا ئوتلاق رايونى بىلەن ئۇتىشىپ بىر گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭا شىنجاڭنىڭ ئوتلاق رايونلىرى ياۋرو - ئاسىيا ئوتلاق رايونىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا مەنسۇپ. شىنجاڭنىڭ چۆللۈكلىرى گەرچە ئاسىيا - ئافرىقا چۆللۈكلىرىنىڭ بىر قىسمى دېيىلسىمۇ، لېكىن غەربىي قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان چۆللۈكلىرى ۋە شەرقتىكى خېشى كارىدورى — ئالاشەن چۆللىرىنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ قۇرغاق. تەڭرىتاغ تاغ سىستېمىسىنى چۆللۈكلەر ئوراپ تۇرغاچقا، قۇرغاق رايوندىكى نەم ئارالغا ئوخشاپ قالغان. پامىر، كۇئېنلۇن تاغلىرى، قارا قۇرۇم تاغلىرى ۋە ئالتۇنتاغ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە چۆل تىپلىرى ئىگىلىگەن. پەقەت ئېگىز تاغ زونىلىرى بىلەن چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى بىرىكىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئېگىزلىك ئۈستىدىلا ئېگىز ھەم سوغۇق زونا ئوتلاقلىرى تىپى يېتىلگەن.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى




I . ياۋرو ـ ئاسىيا ئوتلاق رايونى I A قارا دېڭىز بويلىرى ـ قازاقىستان مۆتىدىل بەلۋاغ ئوتلاق كەنجى رايونى I A₁
جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسىم تاغلىقلىرى ئوتلاق رايونى I B ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى مۆتىدىل بەلۋاغ ئوتلاق كەنجى رايونى
I B₁ ئالتاي تاغلىرى ـــ بەيتىك تېغى ئوتلاق رايونى I C چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى ئېگىز ھەم سوغۇق زونا ئوتلاق كەنجى
رايونى I C₁ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئېگىز ھەم سوغۇق زونا ئوتلاق رايونى **II ئافرىقا ـ ئاسىيا چۆل رايونى II A**
جۇڭغارىيە-قازاقىستان چۆل كەنجى رايونى II A₁ جۇڭغار ئويمانلىقى بىرىم چاتقال چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى II A₂ شەرقىي
تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى ئوتلاق ـ شەمشاد ئورمىنى ۋە ئېگىز تاغ چىملىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى II B ئاسىيانىڭ
ئوتتۇرا قىسمى چۆل كەنجى رايونى II B₁ شەرقىي شىنجاڭ ئېغىللىق چۆللۈكى چاتقال چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى II B₂ تارىم
ئويمانلىقى چاتقال چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى II B₃ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى چۆل ۋە تاغلىق ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈك
رايونى II B₄ پامىر ـــ كۇئېنلۇن ـــ ئالتۇنتاغ تاغلىق چۆل ۋە ئېگىز تاغ ئوتلاق يېپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى.

**شىنجاڭنىڭ سۇ رايى بويىچە رايونلارغا ئاي-رىلىشى** «شىنجاڭ گىدروگرافىيىسى» دىكى يەر ئۈستى ئېقىن مىقدارى، ئېقىننىڭ يىل ئىچىدىكى ئۆز-گىرىشى، دەريا سۇلىرىنىڭ تولۇقلىنىش مەنبەسى قا-تارلىق كۆرسەتكۈچلەرگە ئاساسەن، ئىككى بىرىنچى دە-رىجىلىك رايون (رايون)، ئون زونا (ئىككىنچى دەرى-جىلىك رايون)، 28 دائىرە (ئۈچىنچى دەرىجىلىك رايون) دىن ئىبارەت سۇ رايى بويىچە رايونلارغا ئايرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىرىنچى دەرىجىلىك رايون (را-يون) شىنجاڭ يەر ئۈستى ئېقىن مىقدارىنىڭ شەكىللە-نىشىنى يېتەكچى گىدرولوگىيىلىك جەريان، ئېقىنلار-نىڭ تارقىلىپ يوقىلىشىنى مۇھىم گىدرولوگىيىلىك ھادىسە قىلغان ھەمدە ئون مىللىمېتىرلىق يىللىق ئې-قىن چوڭقۇرلۇقى تەڭ قىممەت سىزىقىنى ئۆلچەم قىل-غان ئاساستا، شىنجاڭنىڭ تاغلىق ئېقىن شەكىللىنىش رايونى ۋە تۈزلەڭلىك ئېقىن تارقىلىپ يوقىلىش رايونى-غا بۆلۈنۈشىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى دەرىجىلىك رايون دەريالارنىڭ سۇ مىقدارىنىڭ يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئۆلچەم قىلىپ ئايرىلغان. ئۇ دەريالارنىڭ تولۇقلىنىش مەنبەسىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكىنى ئەكس

ئەتتۇرىدۇ. شۇڭا، ئېقىن شەكىللىنىش رايونى ئالتاي، چۆچەك، ئىلى، تەڭرىتاغلىرى، پامىر، كۇئېنلۇندىن ئىبارەت ئالتە زونىغا بۆلۈنگەن. ئېقىن تارقىلىپ يوقىلىش رايونى ئېقىننىڭ تارقىلىپ يوقىلىش دەرىجىسىگە ئاساسەن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئېقىن تارقىلىپ يوقىلىش زونىسى، جۇڭغار ئېقىنسىز زونىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئېقىن تارقىلىپ يوقىلىش زونىسى ۋە تەكلىماكان ئېقىنسىز زونىسى قاتارلىق جەمئىي ئون زونىغا ئايرىلغان. ئۈچىنچى دەرىجىلىك رايون سۇ بايلىقىنىڭ ئېچىپ پايدىلىنىش شارائىتىنى ئۆلچەم قىلىپ جەمئىي 28 دائىرىگە ئايرىپ چىقىلغان. (تۆۋەندىكى سۇ رايى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىش خەرىتىسىگە قاراڭ)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ رايى بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى



I ئېقىن شەكىللىنىش رايونى I A ئالتاي ئېقىن شەكىللىنىش زونىسى، I $A_1$ قاناس دائىرىسى، I $A_2$ كۆكتوقاي دائىرىسى، I $A_3$ ئۇلۇنگۇر دائىرىسى، I B چۆچەك ئېقىن شەكىللىنىش زونىسى، I $B_1$ دۆربىلجىن دائىرىسى، I $B_2$ قوبۇقسار دائىرىسى، I C تەڭرىتاغلىرى ئېقىن شەكىللىنىش زونىسى، I $C_1$ بورتالا دائىرىسى، I $C_2$ ماناس دائىرىسى، I $C_3$ گۇچۇڭ دائىرىسى، I $C_4$ تەڭرىتاغلىرى قار ـ مۇز دائىرىسى، I $C_5$ باي دائىرىسى، I $C_6$ قارا شەھەر دائىرىسى، I $C_7$ كەلپىن دائىرىسى، I D ئىلى ئېقىن شەكىللىنىش زونىسى، I $D_1$ تېكەس دائىرىسى، I $D_2$ ئىلى دائىرىسى، I E پامىر ئېقىن شەكىللىنىش رايونى، I $E_1$ قىزىل دائىرىسى، I $E_2$ يەكەن دائىرىسى، I F كۇئېنلۇن تاغلىرى ئېقىن شەكىللىنىش زونىسى، I $F_1$ كۇئېنلۇن دائىرىسى، I $F_2$ شىمالىي شىزاڭ دائىرىسى II ئېقىن تارقىلىپ يوقىلىش رايونى II A تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئېقىن تارقىلىپ يوقىلىش زونىسى، II $A_1$ ماناس كۆلى دائىرىسى، II $A_2$ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى دائىرىسى، II B جۇڭغار ئېقىنسىز زونىسى، II C جەنۇبىي شىنجاڭ ئېقىن تارقىلىپ يوقىلىش زونىسى، II $C_1$ تۇرپان ـ قومۇل دائىرىسى، II $C_2$ گاشۇن چۆللۈكى دائىرىسى، II $C_3$ ئاقسۇ دائىرىسى، II $C_4$ لوپنور كۆلى دائىرىسى، II $C_5$ چەرچەن دائىرىسى، II $C_6$ قەشقەر دائىرىسى، II D تەكلىماكان ئېقىنسىز زونىسى

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاتلىسى** 1909 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى شەرق ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خەرىتىسى» هازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ تەپسىلىي ۋە مۇكەممەل بولغان شىنجاڭنىڭ قەدىمىي ئاتلىسى («شىنجاڭ تەزكىرىسى» نىڭ خەرىتە قىسمىغا مەنسۇپ) هېسابلىنىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، 1966 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلچەش ـ سىزىش باشقارمىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاتلىسى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل نۇسخىدا) نى تۈزۈپ نەشر قىلدى. 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىساد ئاتلىسى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدى. 1984 ـ يىلى شىنجاڭ گىدرولوگىيە باش پونكىتى «شىنجاڭ قارا يامغۇر ئاتلىسى» ۋە «شىنجاڭ يەر ئاستى سۈيى ئاتلىسى» نى تۈزدى. 1984 ـ يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تېلېتېخنىكا مەركىزى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېمپك ئاۋئاتسىيە سۈرەتلىرى ئاتلىسى» نى تۈزدى. 1986 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئولوگىيە ـ تۇپراق تەتقىقات ئورنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇپراقتىكى ئۇنۇملۇك مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ تارقىلىش ئاتلىسى» نى تۈزدى. 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ كان ئىشلىرى ئىدارىسى تەتقىقات ئورنى «شىنجاڭ قەدىمىي جۇغراپىيە ئاتلىسى» نى تۈزدى. 1995 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال ئاتلىسىنى تۈزدى، بۇ ئاتلاس قاتتىق مۇقاۋىلىق، سەككىز فورماتلىق، خەرىتە سانى 95 پارچە بولۇپ، 15 پارچە مەخسۇس خەرىتە ۋە 80 پارچە ئادەتتىكى خەرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەخسۇس خەرىتىلەر نوپۇس، مىللەت، قاتناش، يەر تۈزۈلۈشى، گىدروگېئولوگىيە، كىلىمات، سۇ ئىشلىرى، تۇپراق، يېپىنچا ئۆسۈملۈك، نېفىت، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ جايلىشىشى قاتارلىق خەرىتىلەردىن ئىبارەت؛ ئادەتتىكى خەرىتىلەر ئىچىدە جۇڭگونىڭ مەمۇرىي رايونلىرى خەرىتىسى، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى خەرىتىسى، 13 پارچە ۋىلايەت، ئوبلاستلار خەرىتىسى، 53 پارچە شەھەر (ناھىيە) خەرىتىسى، بىر پارچە كوچا رايونى خەرىتىسى ۋە سەككىز پارچە چوڭايتىلغان خەرىتە قاتارلىقلار بار. ماسشتابلىرى: جۇڭگونىڭ مەمۇرىي رايونلىرى خەرىتىسى 1:17000000، شىنجاڭنىڭ كىلىمات خەرىتىسى 1:13750000؛ شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى خەرىتىسى ۋە كىلىمات خەرىتىسىدىن باشقا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەخسۇس خەرىتىلىرى 1:5500000 ماسشتابلىق، باشقا خەرىتىلەرنىڭ ماسشتابلىرى 2750000 ~ 1:125000.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى خەرىتىسى** 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى هۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىشلىرى نازارىتى 1:3000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش خەرىتىسى» نى تۈزدى. يەنە 1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق ئىشلىرى نازارىتى تۈزگەن 1:2000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش خەرىتىسى»، 1960 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش چوڭ ئەترىتى تۈزگەن 1:2000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاسما خەرىتىسى»، 1967 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلچەش ـ سىزىش باشقارمىسى تۈزگەن 1:2000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈش خەرىتىسى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە)، 1969 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن 1:4000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىسى»، 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسى تۈزگەن 1:000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىسى»، 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسى تۈزگەن 1:4000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىسى»، 1989 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسى تۈزگەن 1:7500000 ماسشتابلىق «شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى خەرىتىسى» قاتارلىقلار بار. ئەڭ يېڭى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى خەرىتىسى» 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، چېڭدۇ خەرىتە نەشرىياتى نەشر قىلغان خەرىتىدۇر. ئۇ پۈتۈن ئىستىلىق رەڭلىك ئاسما خەرىتە بولۇپ، ماسشتابى 1:2500000. خەرىتىدىكىسى شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي رايونلار سىستېمىسى، ئۇ سەككىز ۋىلايەت (ئىلى، چۆچەك،

ئالتاي، تۇرپان، قۇمۇل، خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىقلار)، بەش ئاپتونوم ئوبلاست (بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى)، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈچ بىۋاستە قاراشلىق شەھەر (ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە)، ئوبلاستقا قاراشلىق ئالتە شەھەر (كۈيتۇن، بورتالا، سانجى، فۇكاڭ، كورلا، ئاتۇش)، ۋىلايەتكە قاراشلىق سەككىز شەھەر (غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي، تۇرپان، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن) بىلەن 64 ناھىيە ۋە ئالتە ئاپتونوم ناھىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايون بويىچە ئايرىلىش خەرىتىسى**

شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايون بويىچە ئايرىلىش خەرىتىسى «جۇڭگونىڭ ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايون بويىچە ئايرىلىش خەرىتىسى» نىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، خەرىتە ماسشتابى 1:4000000، ئۇنى 1992 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى دۆلەت تەبىئىي جۇغراپىيە ئاتلىسىدىكى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايون بويىچە ئايرىلىش خەرىتىسىگە ئاساسەن تۈزگەن. خەرىتە مەزمۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايونلار سىستېمىسى ۋە جۇغراپىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈش سىستېمىسى دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. خەرىتىدە تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايونلار سىستېمىسى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلغان: بىرىنچى دەرىجىلىكتە شىنجاڭ ئۈچ چوڭ بەلۋاغقا ئايرىلغان (شىمالىي شىنجاڭ ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋېغى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋېغى، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىك بەلۋېغى)؛ ئىككىنچى دەرىجىلىكتە شىمالىي شىنجاڭ ئىككى زونىغا ئايرىلغان (ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل ئوتلاق زونىسى ۋە چۆل زونىسى)؛ ئۈچىنچى دەرىجىلىكتە شىمالىي شىنجاڭ ئالتە رايونغا بۆلۈنگەن (ئالتاي تېغى رايونى، ئېرتىش دەرياسى — جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسىم رايونى، تارباغاتاي ئويمانلىقى رايونى، ئىلى ئويمانلىقى رايونى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرى ۋە تاغ ئالدى تۈزلەڭلىك رايونى)؛ خەرىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭ ئىللىق مۆتىدىل بەلۋېغى بىۋاستە ئۈچىنچى دەرىجىلىك رايونغا ئايرىلغان بولۇپ، ئۇ شەرقىي شىنجاڭ تاغ ئارىسى ئويمانلىقى رايونى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى ۋە تاغ ئىچىدىكى تۈزلەڭلىك رايونى، تارىم ئويمانلىقى رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خەرىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئامىللىرى بەش دەرىجە بويىچە سۇ سىستېمىسى ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاھالىلەر رايونى، ۋىلايەت، ئوبلاست ھەمدە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي رايون چېگرىسى، ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك پەرقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك تورلىرىدىن تەركىب تاپقان. 1987 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، ئىلىم - پەن نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايونلار بويىچە ئايرىلىشى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن كىتابقا قوشۇمچە قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال تەبىئىي جۇغراپىيىلىك رايونلار بويىچە ئايرىلىش خەرىتىسى» نىڭ ماسشتابى 1:12000000 بولۇپ، خەرىتىدە تەڭرىتاغلىرى چېگرا قىلىنىپ، شىنجاڭ ئىككى بىرىنچى دەرىجىلىك رايون، ئالتە ئىككىنچى دەرىجىلىك رايون، 37 ئۈچىنچى دەرىجىلىك رايونغا ئايرىلغان.

**شىنجاڭنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى**

پۈتۈن شىنجاڭنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى ۋە شىنجاڭنىڭ رايونلار بويىچە گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ: (1) پۈتۈن شىنجاڭنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى. 1965 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن 1:3000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ گېئومورفوگىيىلىك فاكتورلىرى خەرىتىسى»؛ 1964 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى تۈزگەن 1:2500000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى»؛ 1988 - ۋە 1994 - يىللىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن 1:1000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك تىپ خەرىتىسى» ۋە 1:1000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك گېئومورفولوگىيىسى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى خەرىتىسى». (2) شىنجاڭنىڭ رايونلار بويىچە گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى. تۈزگۈچى ئورۇنغا ئاساسەن ئايرىغاندا، 1986 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن 1:1500000 ماسشتابلىق

«ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى»، 1984 - يىلى تۈزگەن 1:500000 ماسشتابلىق «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى»، 1985 - ۋە 1987 - يىللىرى تۈزگەن 1:500000 ماسشتابلىق «ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك تىپ خەرىتىسى» ۋە «ماناس دەرياسى رايونىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى»، 1988 - يىلى تۈزگەن 1:100000 ماسشتابلىق «تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى» قاتارلىقلار بار. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ قۇملۇق تەتقىقات ئورنى 1973 - يىلى تۈزگەن 1:1500000 ماسشتابلىق «تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قۇم بوران يەر شەكلى خەرىتىسى»، شىنجاڭ بىنەم يەر بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1978 ~ 1981 يىللىرى تۈزگەن 1:1000000 ماسشتابلىق «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسىم رايونىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى»، 1:500000 ماسشتابلىق «تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى»، 1:500000 ماسشتابلىق «ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى» ۋە «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى ۋە يانتۇلۇق خەرىتىسى»، 1961 - يىلى جۇڭگو ئاتلاس تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن 1:500000 ماسشتابلىق «تارىم ئويمانلىقىنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك خەرىتىسى» قاتارلىقلار بار.

**شىنجاڭنىڭ قاتناش خەرىتىسى** بىرقەدەر بۇرۇنراق چىققان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ قاتناش خەرىتىسى 1948- يىلى تۈزۈلگەن 1:4000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭنىڭ تاشيول مۇساپىسى خەرىتىسى» ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ قاتناش خەرىتىلىرىدىن 1983- يىلى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى 2- ئۆلچەش-سىزىش چوڭ ئەترىتى تۈزگەن 1:1000000 ماسشتابلىق ۋە 1:2000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭنىڭ گېئومورفولوگىيىلىك قاتناش خەرىتىسى» بار. 1985- يىلى تۈزۈپ تاماملانغان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ قاتناش خەرىتىلىرىدىن: شىنجاڭ ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى تۈزگەن 1:1300000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىم تاشيوللىرى خەرىتىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قاتناش ئاتلىسى»، شىنجاڭ گېئولوگىيە - كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش چوڭ ئەترىتى تۈزگەن 1:3000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭنىڭ قاتناش خەرىتىسى»، شىنجاڭ قاتناش نازارىتى تاشيول ئىدارىسى تۈزگەن 1:1300000 ماسشتابلىق «شىنجاڭنىڭ قاتناش ئاسما خەرىتىسى» (ئۇيغۇرچە) (دىلون رەختكە چۈشۈرۈلگەن)؛ 1992 - يىلى شىنجاڭ ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى تۈزگەن 1:3500000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قاتناش خەرىتىسى» قاتارلىقلار بار؛ يەنە 1992- يىلى 12- ئايدا ۋە 1998- يىلى 12- ئايدا نەشر قىلىنغان (رەختكە چۈشۈرۈلگەن) شىنجاڭنىڭ ئىككى خىل قاتناش خەرىتىسى بار. ئالدىنقىسىنى شىنجاڭ قاتناش نازارىتى تاشيول ئىدارىسى تۈزۈپ باستۇرغان، ماسشتابى 1:2500000 بولۇپ، خەرىتىدە تاشيوللار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان قاتناش ئۇچۇرلىرى تاشيول، دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى، ئادەتتىكى ئاپتوموبىل يولى، ئادەتتىكى يوللار ۋە ھەر دەرىجىلىك مۇساپىلەر قاتارلىق بەش دەرىجىگە بۆلۈنگەن؛ ئارقا كۆرۈنۈش سىستېمىسىدا ئادەتتىكى جۇغراپىيىلىك ئامىللاردىن باشقا، يەر شەكلى تەڭ ئېگىزلىك سىزىقلىرى ئۇچۇرى بېرىلگەن. كېيىنكىسىنى شىنجاڭ دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش ئىشخانىسى تۈزگەن بولۇپ، ماسشتابى 1:2250000، دىلون تالالىق رەختكە چۈشۈرۈلگەن؛ خەرىتىنىڭ مەزمۇنى قاتناش، ئاھالىلەر رايونلىرى، سۇ سىستېمىلىرى، مەمۇرىي رايونلار ۋە چېگرا لىنىيىلىرىگە ئايرىلغان. خەرىتە تېمىسىنىڭ مەزمۇنى: قاتناش تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە، تاشيول، پورت، يول كۆۋرۈكى قاتارلىق بەش قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول تاق لىنىيە ۋە ۋوگزاللار، قوش لىنىيە ۋە ۋوگزاللاردىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىگە بۆلۈنگەن؛ تاشيوللار يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول، دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى، ناھىيە يولى، ئادەتتىكى ئاپتوموبىل يولى، چوڭ ئاپتوموبىل يولى ۋە كىچىك يوللارغا بۆلۈنگەن ھەمدە ھەر دەرىجىلىك يوللارنىڭ مۇساپىسى ئىزاھلانغان. خەرىتىدە ھەردەرىجىلىك قاتناش لىنىيىلىرى ئوخشاش بولمىغان رەڭلەر ۋە ھەر خىل توملۇقتىكى تاق ۋە قوش لىنىيە تىپلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆمۈريوللارنىڭ كېسىشىشى، تاشيوللارنىڭ ئۆتۈشۈشى، تاشيوللار بىلەن تۆمۈريوللارنىڭ ئۆتۈشۈشى قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

**ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەڭلىك ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق سۈرەت خەرىتىسى** بۇ ساختا رەڭلىك ئاۋ-

ئاتسىيە سۈرىتى خەرىتىسى بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى 2 - ئۆلچەش - سىزىش چوڭ ئەترىتى، دۆلەت تېلېتېبخىنىكا مەركىزى ماتېرىيال بۆلۈمى بىلەن دۆلەت ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىققان. خەرىتە يۈزىنىڭ قاپلاش دائىرىسى شىمالدا كازىۋەن رايونىدىن جەنۇبتا سۇ ئۆستى باغچىسىغىچە، غەربتە دېۋۋپۇدىن شەرقتە شۈيموگۇ رايونىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خەرىتە رەڭلىك ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق ئاۋىئاتسىيە سۈرەتلىرىنى توغرىلاش، كىرىشتۈرۈش، بەت ياساش ۋە بېسىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن رەڭلىك ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق ئاۋىئاتسىيە سۈرەتلىرى 1989- يىلى7- ئاينىڭ 6- كۈنى تارتىلغان بولۇپ، ئاۋىئاتسىيە سۈرەتلىرىنىڭ ماسشتابى 1:35000، خەرىتىگە ئايلاندۇرۇلغان ۋاقتى 1991 - يىلى 4 - ئاي، خەرىتە قىلىنغان ماسشتابى 1:15000. سۈرەتنىڭ دولقۇن سپېكتىرى بۆلەكلىرى: كۆرۈنىدىغان نۇرلار ئىچىدىكى يېشىل نۇر دولقۇنى بۆلىكى، قىزىل نۇر دولقۇنى بۆلىكى، ئىنفىرا قىزىل نۇر ئىچىدىكى يېقىن ئىنفىرا قىزىل نۇر دولقۇن بۆلىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سۈرەتنى تارتقاندا رەڭلىك ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق فوتو سۈرەت لېنتىسىغا يېشىل نۇر، قىزىل نۇر ۋە يېقىن ئىنفىرا قىزىل نۇرغا سەزگۈر بوياق بېرىلىپ، يېشىل نۇرنى كۆك رەڭلىك، قىزىل نۇرنى يېشىل رەڭلىك، يېقىن ئىنفىرا قىزىل نۇرنى قىزىل رەڭلىك قىلىپ خاتىرىلەپ، ساختا رەڭلىك سۈرەت ھاسىل قىلىنغان. بۇ خەرىتىدە قىزىل رەڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرگە، قېنىق رەڭ سۇغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى ھەمدە بۇلغىنىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇلارنىڭ يېقىن ئىنفىرا قىزىل نۇر دولقۇن بۆلىكىگە بولغان قايتۇرۇشچانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىمۇ پەرق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇ سۈرەت خەرىتىسىدە يورۇقلۇق دەرىجىسى ۋە تويۇنۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان قىزىل رەڭلەر بار؛ ئوخشاشلا يەنە خەرىتىدە دۇغلۇق، قېنىق - سۇسلۇق دەرىجىسىنىڭ ۋە بۇلغىنىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۇ رەڭگى بار. خەرىتىدىن يامالىق تېغىنى ھەمدە شەھەر رايونىنىڭ ماكرولۇق يەر شەكلىنى كۆرگىلى بولىدۇ. خەرىتە كىشىگە كۈچلۈك ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. كوچا، رايونلارنىڭ ئىزنالىرى ھەمدە بىنا - قۇرۇلۇشلارنىڭ بوشلۇقتىكى تارقىلىش ئالاھىدىلىكى ئېنىق، خەرىتىدە يەنە مۇھىم كوچا، رايونلار، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە قىسمەن ئورۇنلارنىڭ ناملىرى ئىزاھلانغان.

**ئەمەلىي ئۆلچەپ سىزىلغان يەر شەكلى خەرىتىسى** شىنجاڭنىڭ تۇنجى ئەمەلىي ئۆلچەپ سىزىلغان خەرىتىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 56 - يىلى (1717 - يىلى ) نەشر قىلىنغان «قۇمۇلنىڭ شەرقىدىكى رايونلار خەرىتىسى» دۇر. ئۇنىڭ ماسشتابى 1:1400000 ~ 1500000 ئىدى. 1929 - يىلى گەنسۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۆلچەش ئىدارىسى بۈگۈنكى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «دىخۇا ئايرودرومى» ۋە «دىخۇا شۈيموگۇ» يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئەمەلىي ئۆلچەپ سىزىپ چىققان. ئۇنىڭ ماسشتابى 1:25000 بولۇپ، گرىنفورت سفېروئىد پارامېتىرى ھەمدە لامبېرت پىرويېكسىيە ئۇسۇلى قوللىنىلغان. 1936 - يىلى شىنجاڭدا زامانىۋى ئاستورونومىيىلىك ۋە گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش ئارقىلىق خەرىتە ئىشلەش ئۇسۇلى ۋە چوڭ مېنزۇلا ئارقىلىق ئاقسۇ ئۆلۈغيار قاتارلىق جايلارنى ئەمەلىي ئۆلچەپ، 1:25000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 11نى، ئۈرۈمچى - قۇتۇبى رايونىنىڭ 1 : 100000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن سەككىزى ئىشلەنگەن. 1938- يىلدىن 1947- يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ ئۆلچەش - سىزىش خادىملىرى ئەمەلىي ئۆلچەش ئارقىلىق ھەر خىل ماسشتابتىكى يەر شەكلى خەرىتىلىرىدىن 267نى ئىشلىگەن. 1952- يىلى شىنجاڭدا چوڭ مېنزۇلدىن ئومۇمىيۈزلۈك پايدىلىنىپ يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئۆلچەپ سىزىش ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە ئاۋىئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىپ ئۆلچەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، يەر شەكلى خەرىتىسى ئەمەلىي ئۆلچەپ سىزىلىشقا باشلىغان. 1949- يىلدىن 1990- يىلىغىچە شىنجاڭدا ئەمەلىي ئۆلچەپ سىزىلغان ھەرخىل ئاساسىي ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىلىرى 30 مىڭ 39 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1:500 ماسشتابلىق خەرىتە 946 پارچە، 1:1000 ماسشتابلىق خەرىتە 4453 پارچە، 1:2000 ماسشتابلىق خەرىتە 1621 پارچە. 1951 - يىلدىن 1990 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا سىزىلغانلىرىدىن 1:5000 ماسشتابلىق خەرىتە 767 پارچە، 1:10000 ماسشتابلىق خەرىتە 17 مىڭ 60 پارچە، 1:25000 ماسشتابلىق خەرىتە 935 پارچە، 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتە 3026 پارچە، 1:100000 ماسشتابلىق خەرىتە 1158 پارچە، 1:200000 ماسشتابلىق خەرىتە 73 پارچە.

1986 - يىلى تۈنجى ئەۋلاد پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان 1:100000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى بارلىققا كەلدى. 1995 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە ئەمەلىي ئۆلچەپ سىزىلغان ھەر خىل ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىلىرى 3132 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1:500 ماسشتابلىق خەرىتە 518 پارچە، 1:1000 ماسشتابلىق خەرىتە 1920 پارچە، 1:2000 ماسشتابلىق خەرىتە يەتتە پارچە، 1:5000 ماسشتابلىق خەرىتە 286 پارچە، 1:10000 ماسشتابلىق خەرىتە 401 پارچە. ئەمەلىي ئۆلچەپ سىزىلغان يەر شەكلى خەرىتىلىرى دۆلەتنىڭ ئاساسىي يەر شەكلى خەرىتىلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھەممىسىدە گائۇس - كرىيوگېر پروييېكسىيىسى قوللىنىلغان. قوللىنىلغان كوئوردىنات سىستېمىسى: 1:50000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىگە 1992 - يىلدىن بۇرۇن 1954 - يىلدىكى بېيجىڭ كوئوردىنات سىستېمىسى بىلەن 1956 - يىلدىكى خۇاڭخەي ئېگىزلىك سىستېمىسى قوللىنىلغان. 1992 - ، 1993 - ، 1996 - ۋە 1998 - يىلدىكى ئەمەلىي ئۆلچەپ سىزىشتا، 1980 - يىلدىكى شىئەن گېئودېزىيىلىك كوئوردىنات سىستېمىسى ھەمدە 1985 - يىلدىكى دۆلەت ئېگىزلىك ئاساسىي ئۆلچىمى قوللىنىلغان. شىنجاڭنىڭ 1:50000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىگە چۈشۈرۈلگەن رايون تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالى ھەمدە جەنۇبىي قىسىم رايونلىرىدۇر. 1998 - يىلى دۆلەت ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى بىرلىشىپ ئۆلچەپ سىزىپ چىققان 1:50000 ماسشتابلىق يېڭى يەر شەكلى خەرىتىلىرى 1011 پارچە بولۇپ، خوتەن - كېرىيە، قەشقەر - يەكەن، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقى، غۇلجا، تارىم، تۇرپان، لوپنۇرنىڭ جەنۇبى، لوپنۇرنىڭ شەرقى، باركۆل، كورلا، ئالتاي، قارا شەھەر، گۇچۇڭ، قاراماي، ئۇلۇغچات - قاغىلىق، قاغىلىقنىڭ شەرقى، جۇڭغار ئويمانلىقى قاتارلىق جايلارنى قاپلايدۇ. 1:25000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى ئاساسەن ئۈرۈمچى رايونىنى ۋە سانجى، مىچۈەن قاتارلىق جايلارنى، 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى ئاساسەن شىنجاڭنىڭ قىسمەن شەھەر، بازار ئاھالىلەر رايونلىرى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنى قاپلايدۇ.

## ئاسىيا - ياۋروپا رايونى خەرىتىلىرى

ئاسىيا خەرىتىسى: ئەڭ دەسلەپتىكىسى «خانلىق ئومۇمىي خەرىتىسى» بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭجېڭ يىللىرى (1723 - 1735) سىزىلغان، ئۇنىڭ قاپلاش دائىرىسى شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانىغىچە، جەنۇبتا جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىن شەرقتە تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي قىرغاقلىرىغىچە، غەربتە قارا دېڭىز ۋە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1972 - ۋە 1975 - يىللىرى جۇڭگو خەرىتىلەر نەشرىياتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 1:20000000 ماسشتابلىق ۋە 1:8000000 ماسشتابلىق ئاسىيا خەرىتىسىنى نەشر قىلغان، ئالدىنقىسىغا پىننا پروييېكسىيىسى قوللىنىلغان، كېيىنكىسىگە گومولوگرافىك قىيپاش ئازىموتلۇق پروييېكسىيە قوللىنىلغان. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى يەنە «ئاسىيانىڭ گېئولوگىيە خەرىتىسى»نى ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ گومولوگرافىك قىيپاش ئازىموتلۇق خەرىتە پروييېكسىيىسى قوللىنىلغان. بۇ خەرىتە ئىلىم - پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئاسىيا - ياۋروپا خەرىتىسى: 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى تۈزۈپ ئىشلىگەن 1:5000000 ماسشتابلىق «ئاسىيا - ياۋروپا رايونى خەرىتىسى» بار؛ يەنە 1992 - يىلى شىنجاڭ ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى تۈزۈپ ئىشلىگەن «ئاسىيا - ياۋروپا رايونى خەرىتىسى»مۇ بار. بۇ خەرىتىدە شىنجاڭ مەركەز قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا شىمالدا ۋلادىۋوستوكتىن روتتېردامغىچە بولغان ياۋرو - ئاسىيا بىرىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ھەمدە يېڭىدىن قاتناش باشلانغان ياۋرو - ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى، شۇنىڭدەك ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ۋە ياۋروپانىڭ قىسمەن رايونلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭغا يەنە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يەر مەيدانى، ئاھالىسى، پايتەختى ھەمدە نوپۇسى قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلارمۇ ئىزاھلانغان.

ئاسىيا - ياۋروپا مەركىزىي رايونى خەرىتىسى: ئەڭ دەسلەپتىكىلىرىدىن شەرقىي خەن دەۋرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى»، ۋېي، جىن دەۋرلىرىدىكى «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»نىڭ قوشۇمچە خەرىتىسى، سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې يىللىرىدىكى «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرىلەر»نىڭ قوشۇمچە خەرىتىسى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەنچىڭ 3 - يىلى (658 - يىلى) شۈي جىڭزۇڭ تۈزگەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ قوشۇمچە خەرىتىسى قاتارلىقلار بار.

2000 ـ يىلى جۇڭگو خەرىتىلەر نەشرىياتى تۈزۈپ قايتا نەشر قىلغان جۇڭگو شىنجاڭغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى خەرىتىسى بولۇپ، نامى «قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان خەرىتىسى». بۇ خەرىتە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بەش ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتىنى ھەمدە شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسىم رايونىنى قاپلىغان بولۇپ، غەربتە كاسپىي دېڭىزىدىن شەرقتە ئۈرۈمچىگىچە، شىمالدا قازاقىستاننىڭ شىمالىي چېگرىسىدىن جەنۇبتا تۈركمەنىستاننىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خەرىتىنىڭ خەرىتە ۋارىقى ئوتتۇرىدىن ئېچىلىدىغان بولۇپ، ماسشتابى 1:5000000، تەڭ بۇلۇڭلۇق كونۇس پروېكسىيىسى قوللىنىلغان. خەرىتىنىڭ تۆۋەنكى ئوڭ بۇرجىكىگە فەرغانە ئويمانلىقىنىڭ قىستۇرما خەرىتىسى بېرىلگەن بولۇپ، ماسشتابى 1:2500000؛ خەرىتىدە ئاساسىي بەلگىلەر (سۇ سىستېمىلىرى، ئاھالە تۇرالغۇ نۇقتىلىرى، قاتناش قاتارلىقلار) ئېنىق ھەم تەپسىلىي ئىپادىلەنگەن.

يىراقتىن سېزىش شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇنقى ئايروفوتوگرافىيە 1931ـ، 1932 ـ يىللىرى باشلانغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئاۋىئاتسىيىلىك يىراقتىن سېزىش 1952 ـ يىلى باشلانغان. 1987 ـ يىلى شىنجاڭ ھەۋز پىلانلاش كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن گېئولوگىيە ـ كان ئىشلىرى مىنىستىرلىقى شىنجاڭدا 65 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىدىكى رەڭلىك ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق ئاۋىئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىشنى تاماملىغان. 1989 ـ يىلى جۇڭگو ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۈرۈمچىدە 155 كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىدىكى رەڭلىك ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق ئاۋىئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىشنى ۋە شىمالىي تارىم نېفىتلىكىدە 9814.85 كىلومېتىرلىق رەڭلىك ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق ئاۋىئاتسىيىلىك سۈرەتكە ئېلىشنى ۋە ئايروپىلان ئارقىلىق كۆپ سپېكترلىق يىراقتىن سېزىش ئۇچۇش مەشغۇلاتىنى تاماملىغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭدا ئالەملىك يىراقتىن سېزىش نەتىجىلىرى ماتېرىياللىرىنى توپلاش باشلانغان. 1978 ـ يىلى 10 ـ ئايدا دۆلەت گېئولوگىيە باش ئىدارىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيىلىك گېئوفىزىكىلىق چارلاش چوڭ ئەترىتى 1:1000000 ماسشتابلىق «يەر شارى بايلىق سۈنئىي ھەمراھى ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەر توپلىمى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك 112 پارچە ساختا رەڭلىك بىرىكمە سۈرەت بار. 1984 ـ يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى 1:500000 ماسشتابلىق، ساختا رەڭ بىرىكمىسىلىق «قۇرۇقلۇق سۈنئىي ھەمراھى ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەر توپلىمى» نى تۈزدى، بۇ توپلام بىر يۈرۈش ئۈچ توپلام بولۇپ، ئۈچىنچى توپلام شىنجاڭ مەخسۇس توپلىمىدىن ئىبارەت. 1987 ـ يىلى شىنجاڭ 305 تۈر ئىشخانىسى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىراقتىن سېزىش تەتقىقات ئورنى يەنە 1:2000000 ماسشتابلىق «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتلىرى توپلىمى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدى. ئاساسىي تەتقىقات ۋە ئەمەلىيەتتە قوللىنىشقا بولىدىغان نەتىجىلەر: (1) سۈرەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشچىلىقىدا 7 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەتقىقات تۈرى — «كۆپ خىل تېلېتېخنىكا ماتېرىياللىرىنى بىرىكتۈرۈپ رەتلەش ھەمدە ئۇنىۋېرسال ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تەتقىقات» نى، ئۇنىڭدىن كېيىن «كۆپ خىل تېلېتېخنىكا ماتېرىياللىرىنى ئوپتىكىلىق بىرىكتۈرۈش ھەمدە ئۇچۇرغا ئېرىشىش» تەتقىقاتىنى تاماملىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتى «سۈنئىي ھەمراھ تېلېتېخنىكا سۈرەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئىككى ئۆلچەملىك RGS ئۇسۇلى تەتقىقاتى» نى تاماملىدى. (2) يەر ئۈستىدىكى ماددىلار سپېكترى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى «يەر ئۈستىدىكى ماددىلارنىڭ سپېكترلىق سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ قوملۇقلاشقان يەر تىپلىرىنى يېشىشتىكى قوللىنىلىشى توغرىسىدا تەتقىقات» ۋە «ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق ئىنچىكە ئايرىلغان سپېكترنىڭ گېئولوگىيىلىك كان ئىزدەشتە قوللىنىلىشى ھەققىدە تەتقىقات» نى تاماملىدى. (3) مۇتەخەسسىسلەر سىستېمىسى ۋە GIS. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى دۆلەتنىڭ تەبىئىي پەن فوندى تۈرى بولغان «قۇرغاق رايونلارنىڭ تۇپرىقىنى تېلېتېخنىكىدا ئاپتوماتىك پەرقلەندۈرۈش، تۈرگە ئايرىش ۋە چېرتيوژ سىزىش مۇتەخەسسىسلەر سىستېمىسى ھەققىدىكى تەتقىقات» نى تاماملىدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئوگېئوگرافىيە تەتقىقات ئورنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى بولغان «زېمىن، بايلىق، مۇھىتنىڭ

تېلېتېخنىكىلىق ۋاقىت ـ بوشلۇق ئۇچۇر ئانالىزى ۋە يەر شارىغا ئالاقىدار رەقەملىك نەزەرىيىۋى تېخنىكا تەتقىقاتى تۈرى ـــ شىنجاڭ رايونىدا تۇپراقتىن پايدىلىنىشنىڭ ۋاقىت ـ بوشلۇق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ۋە رايون ئەمۋالىنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تەتقىقات » نى ھەمدە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 8 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى مۇھىم تەتقىقات تۈرى ـــ « مەملىكەت بويىچە بايلىق، مۇھىتنى ماكرو جەھەتتىن تېلېتېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ۋە ھەرىكەت ھالىتى تەتقىقات تۈرىنىڭ شىنجاڭ قىسمى تەتقىقاتى» نى تاماملىدى. (4) بايلىق تەكشۈرۈش. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ بىئوگېئوگرافىيە تەتقىقات ئورنى باغراش كۆلىنىڭ قومۇش بايلىقىنى تېلېتېخنىكىلىق تەكشۈرۈش، ئاقسۇ دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ سۇ، تۇپراق بايلىقىنى تېلېتېخنىكىلىك تەكشۈرۈش، « تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ بايلىق ۋە مۇھىتىنى تېلېتېخنىكىلىق تەكشۈرۈش» ۋە «ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمان سىستېمىسىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىنى تېلېتېخنىكىلىق تەكشۈرۈش» قاتارلىقلارنى تاماملىدى.

**شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي رايونلارغا ئايرىلىشى** ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭدا شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان روشەن رايون ئىقتىسادى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئورۇنلىشىش ئالاھىدىلىكى شەكىللەنگەن. بولۇپمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا ئىقتىسادىي رايونلار شەكىللەندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ جۇڭگودىكى بىر مۇستەقىل ئىقتىسادىي رايونغا ئايلاندى. شىنجاڭنى مۇنداق بەش ئىقتىسادىي رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ: (1) ئۈرۈمچى ـ شىخەنزە رايونى (ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ (2) ئالتاي ـ شىخۇ ـ ئىلى رايونى ( شىخۇ شەھىرى، بورتالا ئوبلاستى، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ (3) تۇرپان ـ قۇمۇل رايونى (تۇرپان ۋىلايىتى، قۇمۇل شەھىرى، باركۆل ـ ئارا تۈرۈك ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ (4) كورلا ـ ئاقسۇ رايونى (قارا شەھەر رايونى، كورلا رايونى، كۇچار رايونى، ئاقسۇ رايونى، چاقىلىق رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ (5) قەشقەر ـ خوتەن رايونى (قەشقەر رايونى، يەكەن رايونى، خوتەن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

**شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىلىشى** شىنجاڭنى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىش خىزمىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلانغان. 1984 ـ يىلى « شىنجاڭنى ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىش » تاماملىنىپ، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەش، تاۋار بازىلىرىنى قۇرۇش لايىھىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا دائىر مۇھىم تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاخىرىدا پۈتۈن شىنجاڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئون يېزا ئىگىلىك رايونىغا، ئىككىنچى دەرىجىلىك 28 يېزا ئىگىلىك رايونىغا ئايرىلىپ، نام بېرىشتە « يەر نامى + يەر شەكلى تىپى + يېتەكچى تارماقنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى» ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بىرىنچى دەرىجىلىك ئون رايون: (1) ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرىدىكى چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى رايونى؛ (2) جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق رايونى؛ (3) ئىلى ۋادىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق رايونى؛ (4) تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ غەربىي قىسىم دېھقانچىلىق رايونى؛ (5) تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىنىڭ شەرقىي قىسىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى؛ (6) تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەت رايونى؛ (7) قارا شەھەر ئويمانلىقى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى رايونى؛ (8) تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يانباغرى دېھقانچىلىق رايونى؛ (9) قەشقەر دېلتىسى دېھقانچىلىق رايونى؛ (10) كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، پىلىچىلىك رايونى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەر ھەمدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى سىستېمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىش خىزمىتى تاماملىنىپ، زور تۈركۈمدىكى يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىش دوكلاتلىرى ۋە خەرىتە، سخېمىلىرى ئىچكى قىسىمدا نەشر قىلىندى. بۇ خىزمەت شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى ئېچىپ ھەم ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرگەن ئاساستا پىلانلاش ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تۈرگە، رايونلارغا ئايرىپ يې-

تەكچىلىك قىلىشنى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەشنى مۇھىم ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

**شىنجاڭنىڭ يەردىن پايدىلىنىش بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى** شىنجاڭدا يەردىن پايدىلىنىشنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈش 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئالدى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 1/ 1000000 لىك يەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈشنى قانات ياپدۇردى. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە يەردىن پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈشنى قانات ياپدۇردى ۋە ئۇنى 12 يىلدا تاماملىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە پۈتۈن شىنجاڭ يەردىن پايدىلىنىش بويىچە سەككىز بىرىنچى دەرىجىلىك تىپقا، 43 ئىككىنچى دەرىجىلىك تىپقا، 30 ئۈچىنچى دەرىجىلىك تىپقا ئايرىلدى. تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى ئاساسىدا، 1998 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» ھەققىدىكى مەخسۇس كىتاب ( ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ) نى يېزىش تاماملاندى. بۇ كىتابنىڭ 10 ـ بابىدا يەردىن پايدىلىنىشنى رايونلارغا ئايرىش ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقات يېزىلغان. بۇ شىنجاڭدىكى يەردىن پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بويىچە تۇنجى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق رايونلارغا ئايرىش خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى رايونلارغا ئايرىشقا ئاساسەن، شىنجاڭ بىرىنچى دەرىجىلىك يەتتە رايونغا، ئىككىنچى دەرىجىلىك 21 رايون ( كەنجى رايون ) غا ئايرىلغان. بىرىنچى دەرىجىلىك رايون جۇغراپىيىلىك ئورنى، يەر شەكلى بىرلىكى ۋە يەردىن پايدىلىنىش قۇرۇلما تىپى دەپ ئاتالدى. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمى چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق، كانچىلىق رايونى؛ ② ئىلى ۋادىسى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق رايونى؛ ③ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى سانائەت، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق رايونى؛ ④ تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، سانائەت، كانچىلىق كەنجى رايونى؛ ⑤ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، نېفىت ئېلىش رايونى؛ ⑥ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك رايونى؛ ⑦ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك رايونى.

بۇلاردىن باشقا، يەر شەكلى تىپى ۋە يەردىن پايدىلىنىش قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن يەنە ئىنچىكىلەپ 21 كەنجى رايونغا ئايرىلغان: ①$_1$ ئالتاي چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق، كانچىلىق كەنجى رايونى؛ ①$_2$ چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق كەنجى رايونى؛ ②$_1$ ئىلى ۋادىسىنىڭ يۇقىرى قىسمى چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق كەنجى رايونى؛ ②$_2$ ئىلى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەنجى رايونى؛ ③$_1$ بورتالا دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق كەنجى رايونى؛ ③$_2$ شىخەنزە ـ كۈيتۇن سانائەت، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق كەنجى رايونى؛ ③$_3$ ئۈرۈمچى ـ سانجى سانائەت، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق كەنجى رايونى؛ ③$_4$ گۈچۈڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق كەنجى رايونى؛ ④$_1$ تۇرپان ـ قۇمۇل باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، سانائەت، كان كەنجى رايونى؛ ④$_2$ ئاراتۈرۈك ـ بارىكۆل چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق كەنجى رايونى؛ ⑤$_1$ قاراشەھەر ئويمانلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى كەنجى رايونى؛ ⑤$_2$ باي ئويمانلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەنجى رايونى؛ ⑤$_3$ كورلا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سانائەت كەنجى رايونى؛ ⑤$_4$ ئۆگەن دەرياسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەنجى رايونى؛ ⑤$_5$ ئاقسۇ دەرياسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك كەنجى رايونى؛ ⑥$_1$ پامىرنىڭ شەرقىي قىسمى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق كەنجى رايونى؛ ⑥$_2$ قەشقەر دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك كەنجى رايونى؛ ⑦$_1$ يەكەن دەرياسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك كەنجى رايونى؛ ⑦$_2$ خوتەن دەرياسى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك كەنجى رايونى؛ ⑦$_3$ كېرىيە دەرياسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك كەنجى رايونى؛ ⑦$_4$ چەرچەن دەرياسى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سانائەت، كان كەنجى رايونى.

**شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئايرىلىشى** شىنجاڭنىڭ ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك رايونلىرىغا ئايرىلىشىدىكى تارماق رايونلارغا ئايرىش. دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئايرىش خىزمىتى 1981 ـ يىلى باشلانغان، 1983 ـ يىلى دەسلەپكى ئورگىنالى پۈتكەن، 1986 ـ يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ كەسىپ

قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن. بۇ تۈردىكى رايونلارغا ئايرىشنى تۈزۈش خىزمىتىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىدىكى 20 گە يېقىن خادىم ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىغان. بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق سىستېمىلىق ھالدا دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئايرىش بولۇپ، ئۇنىڭدا 1949 ـ يىلىدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئوبيېكتىپ تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات فاڭجېنى، تاۋار بازىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇش قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك شەرھلەنگەن. رايونلارنىڭ پەرقلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، زىرائەت تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك شارائىتلىرى بويىچە دېھقانچىلىقنى رايونلارغا ئايرىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئون رايونغا ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك 23 رايونغا ئايرىلغان. بىرىنچى دەرىجىلىك ئون رايون: (1) ئالتاي ۋادىسى تۈزلەڭلىكى ئاشلىق، يەم ـ خەشەك رايونى؛ (2) جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ئاشلىق، مايلىق دان، يەم ـ خەشەك رايونى؛ (3) ئىلى ۋادىسى ئاشلىق، مايلىق دان، شېكەر ماتېرىياللىرى، باغۋەنچىلىك رايونى؛ (4) جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنىڭ غەربىي قىسمى ئاشلىق، مايلىق دان، شېكەر ماتېرىياللىرى، پاختا، كۆكتات رايونى؛ (5) جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنىڭ شەرقىي قىسمى ئاشلىق، مايلىق دان، شېكەر ماتېرىياللىرى رايونى؛ (6) تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەت رايونى؛ (7) قارا شەھەر ئويمانلىقى ئاشلىق، شېكەر ماتېرىياللىرى رايونى؛ (8) تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتى ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان، باغۋەنچىلىك رايونى؛ (9) تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتى پاختا، ئاشلىق، باغۋەنچىلىك رايونى؛ (10) تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتى پاختا، ئاشلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك رايونى.

**خوتەن بوستانلىقى** خوتەن دەرياسى ھەۋزىسىنى ئاساس قىلىپ پۈتكۈل خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى بوستانلىق توپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، قارا قاش، گۇما، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە قاتارلىق سەككىز ناھىيە، شەھەرنى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسى قارىمىقىدىكى تۆت تۇەن ـ مەيدان قاتارلىق بوستانلىقلاردىن تەركىب تاپقان. خوتەن بوستانلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئومۇمىي يەر مەيدانى 249 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ % 9 .15 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، سۇنئىي بوستانلىقلارنىڭ يەر كۆلىمى 4691 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ رايون زېمىنىنىڭ %88 .1نى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلارنىڭ % 58 .7نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 581 مىڭ، بوستانلىق نوپۇسىنىڭ زىچلىقى 337 نەپەر/كۋادرات كىلومېتىر. بۇ بوستانلىقتا خوتەن، قاراقاش ، لوپ، گۇما، چىرا، كېرىيە، نىيەدىن ئىبارەت بەش سۇغىرىش رايونى بار. ھازىر ئېچىلغان تېرىلغۇ يەر 186 مىڭ گېكتار. بوستانلىقتا ئاساسەن ئاشلىق، پاختا ۋە قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، ئۈژمە پىلىسى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. نۆۋەتتە يىلىغا 764 مىڭ 100 توننا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ % 3 .9 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا 54 مىڭ 300 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ پاختا مەھسۇلاتىنىڭ %8 .3 نى ئىگىلەيدۇ. ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. سۇنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 135 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، بوستانلىق يەر كۆلىمىنىڭ %9 .28 نى ئىگىلەيدۇ.

**قەشقەر بوستانلىقى** «قەشقەر دېلتىسى بوستانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئاتۇش، ئاقتو، ئۇلۇغچات قاتارلىق ئۈچ ناھىيە، شەھەر بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كونا شەھەر، يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزىۋات، تاشقورغاندىن ئىبارەت يەتتە ناھىيە ھەمدە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق بەش تۇەن ـ مەيدان بوستانلىقلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 115 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ يەر مەيدانىنىڭ %7نى ئىگىلەيدۇ؛ سۇنئىي بوستانلىقلارنىڭ يەر كۆلىمى 4624.1 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەزكۇر رايوننىڭ زېمىنىنىڭ %4.02 نى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ %7.5نى

ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 986 مىڭ 100، بوستانلىق ئاھالىسىنىڭ زىچلىقى تەخمىنەن 430 نەپەر/كۋادرات كىلومېتىر. قەشقەر دەرياسى، گەز دەرياسى، كۇسەن دەرياسى قاتارلىق دەريالىرى بار. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يېرى 264 مىڭ گېكتار. بۇ بوستانلىقتا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا، ئاشلىق ۋە ئالاھىدە مېۋە - چىۋىلەر پۈتۈن شىنجاڭدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

**يەكەن دەرياسى بوستانلىقى** يەكەن دەرياسى ھەۋزىسى بوستانلىقى، يەكەننى مەركەز قىلغاچقا، يەكەن بوستانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق توپى ھېسابلىنىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق بەش ناھىيىنى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ 12 تۇەن - مەيدان بوستانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 70 مىڭ 334.4 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ يەر كۆلىمىنىڭ % 3 . 4 نى ئىگىلەيدۇ. سۈنئىي بوستانلىقلار يەر كۆلىمى 6301.5 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەزكۇر رايون يەر كۆلىمىنىڭ %0.9نى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ %2.10نى ئىگىلەيدۇ. ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يەر 344 مىڭ 700 گېكتار، باغ يېرى 213 مىڭ گېكتار. ئاساسلىق سۇ مەنبەسى يەكەن دەرياسى، تىزناپ دەرياسى ۋە قەشقەر دەرياسى. يەكەن دەرياسى ۋادىسى بوستانلىقى شىنجاڭنىڭ پاختا، مېۋە - چىۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، مۇھىم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئاقسۇ بوستانلىقى** ئاقسۇ دەرياسى ھەۋزىسى بوستانلىقلار توپىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كونا- يېڭى بوستانلىقلارنىڭ بىرىكمىسى تىپىدىكى بوستانلىقتا كىرىدۇ. شىنجاڭدىكى چوڭ بوستانلىق توپلىرىنىڭ بىرى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى، جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ، ئۇچتۇرپان، كەلپىن، ئاۋات ناھىيىلىرىنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقچى ناھىيىسىنى ھەمدە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسى قارمىقىدىكى 17 تۇەن - مەيداننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر كۆلىمى 75 مىڭ 949 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ %4.6 نى ئىگىلەيدۇ. سۈنئىي بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى 5011.3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ % 8.1 نى، مەزكۇر رايون زېمىنىنىڭ % 6.6نى ئىگىلەيدۇ. ئېچىپ پايدىلىنىلغان تېرىلغۇ يېرى $46.6 \times 10^4$ گېكتار، پايدىلىنىۋاتقان باغ يېرى 16 مىڭ 300 گېكتار. ئاساسلىق سۇ سىستېمىلىرى ئاقسۇ دەرياسى، توشقان دەرياسى، تېرەن دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. دېھقانچىلىق قىلىشقا بولىدىغان زاپاس يەر بايلىقى $103 \times 10^4$ گېكتار بولۇپ، ھەممىسى 2 - ، 3 - دەرىجىلىك يەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئاقسۇ بوستانلىقىنىڭ مەركىزى ئاقسۇ شەھىرى. پۈتكۈل بوستانلىقتىن پاختا، ئاشلىق، مېۋە - چىۋە قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ.

**ئۆگەن دەرياسى بوستانلىقى** يەنى ئۆگەن دەرياسى ھەۋزىسى بوستانلىقى، كۇچار بوستانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدىكى چوڭ بوستانلىق توپلىرىنىڭ بىرى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا، شىمالىي قىسمىغا، تارىم دەرياسى غول ئېقىنى ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق، كۇچا، شايار، توقسۇ ۋە باي ناھىيىلىرىنىڭ بوستانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 68 مىڭ 129 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ % 11. 4 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي بوستانلىقلار 1. 3274 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ % 3. 5 نى، مەزكۇر رايون زېمىنىنىڭ % 3. 6 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق يەر ئۈستى سۈيى ئۆگەن دەرياسى ۋە كۇچار دەرياسى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىشكە بولىدىغان زاپاس يېرى $96.8 \times 10^4$ گېكتار بولۇپ، 2 - ، 3 - دەرىجىلىك يەر ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يېرى $21.9 \times 10^4$ گېكتار. بۇ بوستانلىق شىنجاڭنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ، يېقىنقى يىللاردا ئىشلەپ-

چىقىرىدىغان ئاشلىقى 578 مىڭ 400 توننا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ %7 نى ئىگىلەيدۇ؛ يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا 119 مىڭ 300 توننا بولۇپ، شىنجاڭ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ % 5. 8نى ئىگىلەيدۇ.

**قارا شەھەر دەرياسى — كۆنچى دەرياسى بوستانلىقى** شىنجاڭدىكى چوڭ بوستانلىق تۇپلىرىنىڭ بىرى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى قارا شەھەر ئويمانلىقى بىلەن كۆنچى دەرياسى دېلتىسى ۋە دىنار دەرياسى ھەۋزىسىگە جايلاشقان. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى كورلا شەھىرى، بۆگۈر، لوپنۇر، قارا شەھەر، خېجىڭ، خوشۇت، باغراش قاتارلىق ئالتە ناھىيە، شەھەرنى ۋە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - دىۋىزىيىسى قارىمىقىدىكى 16 تۈەن - مەيداننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا بۇ تارىم نېفىت قوماندانلىق شىتابى تۇرۇشلۇق جاي ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 134 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭ زېمىنىنىڭ %1. 8نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى 3667 .32 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ %9 .5نى، مەزكۇر رايون زېمىنىنىڭ %2.7 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسەن قارا شەھەر دەرياسىنىڭ تەڭشەش رولىغا ئىگە باغراش كۆلىگە قويۇلۇشى ئارقىلىق، كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىشكە بولىدىغان زاپاس يېرى $10^4 \times 160$ گېكتار. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يېرى $18.3 \times 10^4$ گېكتار. يىللىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاشلىقى 291 مىڭ 200 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ % 5. 3نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا 68 مىڭ 600 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ %9. 4نى ئىگىلەيدۇ؛ تۇتۇلىدىغان بېلىق 14 مىڭ توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە تۇتۇلىدىغان بېلىق مەھسۇلاتىنىڭ % 2. 26 نى ئىگىلەيدۇ.

**تۇرپان - قۇمۇل بوستانلىقى** تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق تۇرپان شەھىرى، پىچان ۋە توقسۇن ناھىيىلىرىنى ھەمدە قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق قۇمۇل شەھىرى دائىرىسىدىكى بوستانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. شەرقىي شىنجاڭغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 209 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭ زېمىنىنىڭ % 7. 12نى ئىگىلەيدۇ. سۈنئىي بوستانلىقلار 3176 .36 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ %5.1 نى، مەزكۇر رايون زېمىنىنىڭ % 1.5 نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىقلاردا ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يەر 135 مىڭ 700 گېكتار. ئاساسەن تەڭرىتاغ سۇ سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى دەريا ئېقىنلىرى، جىرالار ۋە تاغ ئارىسىدىكى بۇلاق سۇلىرى بولۇپ، جەمئىي 160 تىن ئارتۇق سۇغىرىش ئېقىنىغا تايىنىدۇ. بۇ شىنجاڭ بويىچە كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىشتىكى تىپىك رايون ھېسابلىنىدۇ. يەنە دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدىغان 420 مىڭ گېكتار زاپاس يەر بايلىقى بار. بۇ بوستانلىق ئاساسەن يېزا ئىگىلىك بوستانلىقى ۋە سانائەت، كان بوستانلىقىدىن تەركىب تاپقان. بۇ قاي شىنجاڭدىكى مەشھۇر ئۈزۈم تاللىق پاختا بازىسى ۋە ئۈزۈم، قوغۇن قاتارلىق ئالاھىدە مېۋە - چېۋىلەر بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ماناس بوستانلىقى** ماناس دەرياسى ھەۋزىسىدە يېتىلگەن بوستانلىق بولۇپ، شىنجاڭدىكى چوڭ بوستانلىق تۇپلىرىنىڭ بىرى. شىمالىي تەڭرىتاغلىرى تەركىبىدىكى ئېرەن قابىرغا تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئاساسەن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ماناس ناھىيىسى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ساۋەن ناھىيىسى ھەمدە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر - شىخەنزە شەھىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ بىر يېڭى تىپتىكى بوستانلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان چوڭ بوستانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى $10^4 \times 27$ .2 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ %4 .1 نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى 4391.2 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ %7.1 نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى

935 مىڭ. بوستانلىقنى تەمىنلەيدىغان سۇ سىستېمىلى-
رىدىن ئاساسەن ماناس دەرياسى، تاش دەرياسى، نىڭجيا
دەرياسى، جىنگۇ دەرياسى، دانەنگۇ دەرياسى، بايىنگۇ
دەرياسى قاتارلىقلار بار. ئىچمپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىل-
غۇ يېرى 347 مىڭ گېكتار. ماناس بوستانلىقى شىن-
جاڭدىكى مەشھۇر سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال
تەرەققىيات رايونى بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقى-
رىش سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى. يىللىق ئىشلەپچى-
قىرىدىغان ئاشلىقى 330 مىڭ توننا بولۇپ، پۈتۈن
شىنجاڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ %4 نى ئى-
گىلەيدۇ؛ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا 104 مىڭ
400 توننا بولۇپ، شىنجاڭ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى-
نىڭ %4نى ئىگىلەيدۇ؛ يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان
قىزىلچا 221 مىڭ 400 توننا؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى
4714 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى
مىقدارىنىڭ %8.8نى ئىگىلەيدۇ.

**ئېبىنور كۆلى بوستانلىقى** ئېبىنور كۆلى سۇ
سىستېمىسىدا يېتىلگەن بوستانلىق تىپى. جۇڭغار ئوي-
مانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە، جۇڭگو تەۋەلى-
كىدىكى غەربىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە
جايلاشقان. كۈيتۈن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئۈزۈ-
لۈپ قالغان بولغاچقا ئېبىنور كۆلىگە قۇيۇلمايدۇ، شۇڭا
بۇ بوستانلىق بورتالا دەرياسى ۋە جىڭ دەرياسى سۇ
سىستېمىلىرى ئىچىدىكى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوب-
لاستىغا قاراشلىق بورتالا شەھىرى، جىڭ، ئارشاڭ
قاتارلىق ئۈچ ناھىيە، شەھەرنى ھەمدە بىڭتۇەن يېزا
ئىگىلىك 5 ـ دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق 12 تۇەن ـ
مەيداننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 24
مىڭ 934 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ
زېمىنىنىڭ %1.5 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۇن-
ئىي بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى 1624.1 كۋادرات كىلو-
مېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلى-
مىنىڭ %2.6 نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 394
مىڭ 400. بوستانلىق ئاھالىسىنىڭ زىچلىقى 243
نەپەر/كۋادرات كىلومېتىر. يىللىق ئىشلەپچىقىرىلى-
دىغان ئاشلىق 158 مىڭ 700 توننا، ياغلىق دان 32
مىڭ توننا. ئالقات كۆپ چىقىدۇ.

**ئىلى بوستانلىقى** شىنجاڭدىكى چوڭ بوستان-
لىق تۈپلىرىنىڭ بىرى. ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق
غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، چاپچال، قورغاس،
توققۇزتارا، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، نىلقا قا-
تارلىق توققۇز ناھىيە، شەھەرنى ھەمدە بىڭتۇەن يېزا
ئىگىلىك 4 ـ دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق تۇەن- مەيدانلار-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلى دەرياسى ھەۋزىسىگە جاي-
لاشقان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 55 مىڭ 271.6 كۋاد-
رات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ
%3.4 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي بوستان-
لىقلارنىڭ يەر كۆلىمى 7681.5 كۋادرات كىلومېتىر
بولۇپ، مەزكۇر رايون زېمىنىنىڭ %13.9نى، پۈ-
تۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ %12.4
نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 67 مىڭ
400 . بوستانلىق نوپۇسىنىڭ زىچلىقى تەخمىنەن 269
نەپەر / كۋادرات كىلومېتىر. دېھقانچىلىقتا پايدىلىنىشقا
بولىدىغان زاپاس يەر بايلىقى $40.6 \times 10^4$ گېكتار بو-
لۇپ، ھەممىسى 1 ـ ، 2 ـ دەرىجىلىك يەرلەردۇر.
ھازىر پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يەر $55.7 \times 10^4$ گېكتار. ئىلى
بوستانلىقى شىنجاڭنىڭ مەشھۇر «ئاشلىق، ياغ ، گۆش
ئامبىرى» دۇر. يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاشلىق
1 مىليون 417 مىڭ توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ
ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ %17.1 نى، ياغلىق
دان 90 مىڭ 300 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ياغلىق
دان ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ %24نى ئىگىلەيدۇ.
گۆش مەھسۇلاتى 113 مىڭ 300 توننا بولۇپ، پۈتۈن
شىنجاڭ گۆش مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %15 نى ئى-
گىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇلماق، زاراڭزا
قاتارلىق ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى
ئۆستۈرۈش ئەۋزەللىكىگە ئىگە.

**ئېرتىش ـ ئۇلۇڭگۇر دەريالىرى بوستانلىقى**
ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئالتاي شەھىرى، بۇر-
چىن، بۇرۇلتوقاي، قابا، جېمىنەي، كۆكتوقاي،
چىڭگىل قاتارلىق يەتتە ناھىيە، شەھەر ھەمدە بىڭتۇەن
يېزا ئىگىلىك 10 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ سەككىز تۇەن ـ
مەيدانى دائىرىسىدىكى بوستانلىق. شىنجاڭنىڭ شىما-
لىي قىسمىغا، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئې-
تىكىگە جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 117 مىڭ
500 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ
زېمىنىنىڭ %7.1نى ئىگىلەيدۇ. سۈنئىي بوستان-

لىقلارنىڭ كۆلىمى 2931.3 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ 4.7%نى ئىگىلەيدۇ. بۇ بوستانلىق ئاساسەن ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۇلۇڭگۇر دەرياسىغا تايىنىدۇ. دېھقانچىلىققا ئىشلىتىشكە بولىدىغان زاپاس يېرى $102\times10^4$ گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1-، 2-دەرىجىلىك يەرلەر 9%نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يېرى $15.15\times10^4$ گېكتار. ئېرتىش - ئۇلۇڭگۇر دەريالىرى بوستانلىقى چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن رايون. چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى 3 مىليون 280 مىڭ تۇياق بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكىنىڭ 7.8% نى ئىگىلەيدۇ. سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى كۆلىمى 17 مىڭ 400 گېكتار، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 5563 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى مىقدارىنىڭ 10.4%نى ئىگىلەيدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ياغلىق دان، ئاشلىق، قىزىلچىنى ئاساس قىلىدۇ.

تارباغاتاي - دۆربىلجىن ۋادىسى بوستانلىقى شىنجاڭدىكى چوڭ بوستانلىق توپلىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى چۆچەك شەھىرى، دۆربىلجىن، تولى، چاغانتوقاي، قوبۇقسار قاتارلىق تۆت ناھىيە، بىر شەھەر ھەمدە بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 9 - دىۋىزىيەسىنىڭ 11 تۈەن - مەيدانى، يېزا ئىگىلىك 10- دىۋىزىيەسىنىڭ 184 - تۈەن - مەيدانى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ئومۇمىي يەر مەيدانى $4.61\times104^{4}$ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ 2.8% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۇئىي بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى 4317 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ 7.0% نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 516 مىڭ 600. بوستانلىق ئاھالىسىنىڭ زىچلىقى 118 نەپەر/كۋادرات كىلومېتىر. بۇ بوستانلىقنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى دۆربىلجىن دەرياسى، قوبۇقسار دەرياسى قاتارلىق چوڭ - كىچىك دەريالار، جىلغا ئېقىنلىرى، بۇلاق سۇلىرىدىن تەركىب تاپقان. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يېرى $35\times10^4$ گېكتار، دېھقانچىلىققا ئىشلىتىشكە بولىدىغان زاپاس يېرى تەخمىنەن $60\times10^4$ گېكتاردىن ئارتۇق. تارباغاتاي - دۆربىلجىن ۋادىسى بوستانلىقى شىنجاڭنىڭ مۇھىم ئاشلىق، ياغ، شېكەر، گۆش بازىسى. يىلىغا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاشلىقى 401 مىڭ 600 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 4.8%نى؛ قىزىلچا 670 مىڭ 600 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ قىزىلچا ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 13.1%نى؛ ياغلىق دان 70 مىڭ 300 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 18.7% نى ئىگىلەيدۇ. چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قوتاندىكى سانى 2 مىليون 726 مىڭ 800 تۇياق بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكىنىڭ 6.5% نى؛ گۆش مەھسۇلاتى 36 مىڭ 500 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ گۆش مەھسۇلاتىنىڭ 4.9% نى ئىگىلەيدۇ.

شىخو - كۈيتۇن - مايتاغ «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» بوستانلىقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، 217 - دۆلەت تاشيولى بىلەن 312 - دۆلەت تاشيولىنىڭ كېسىشكەن رايونىغا، شۇنداقلا شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» دەپ ئاتالغان. ئومۇمىي يەر مەيدانى $2.41\times104$ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ يەر مەيدانىنىڭ 1.45%نى ئىگىلەيدۇ. سۇئىي بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى 1972.62 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ 3.18%نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 727 مىڭ. بوستانلىق ئاھالىسىنىڭ زىچلىقى 368 نەپەر / كۋادرات كىلومېتىر. «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» بوستانلىقى ماناس بوستانلىقى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تۇتىشىپ كېتىدۇ. بۇ بوستانلىق ئاساسەن كۈيتۇن دەرياسى، چىگىشور دەرياسى، گۇرتۇ دەرياسى، بەيياڭخې دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى، داربۇت دەرياسى قاتارلىق سۇ مەنبەلىرىگە ۋە 15 كەلكۈن جىلغىسىغا تايىنىدۇ، شۇنداقلا ماناس بوستانلىقىنىڭ غەربىي قىرغاق چوڭ ئۆستىڭىدىن مەنپەئەتلىنىدۇ. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يېرى 129 مىڭ 700 گېكتار، يەنە دېھقانچىلىققا ئىشلىتىشكە بولىدىغان 300 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق يەر بايلىقى بار. بۇ بوستانلىقنىڭ سانائىتى ۋە يېزا ئىگىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان.

مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 13 مىليارد 40 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %12.3نى ئىگىلەيدۇ. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 872 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %27 نى ئىگىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 70 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %5.2نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق پاختا مەھسۇلاتى 122 مىڭ 700 توننا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ پاختا مەھسۇلاتىنىڭ %6.8 نى ئىگىلەيدۇ.

**ئۈرۈمچى بوستانلىقى** تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوستانلىق تۈپى. ئۈرۈمچى شەھىرى (ئۈرۈمچى ناھىيىسىمۇ ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ)، مىچۈەن شەھىرى، سانجى شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسىنى ھەمدە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق 11 تۇەن - مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 33 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ تەخمىنەن %2.0نى ئىگىلەيدۇ. سۇغىي بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى 4401 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەزكۇر رايون زېمىنىنىڭ %13.3 نى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ %7.1نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 302 مىڭ 200 بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ %13.2نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىق نوپۇسىنىڭ زىچلىقى 523 نەپەر / كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ يۇقىرى. غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 561 مىڭ 400 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %67.8 نى ئىگىلەيدۇ، بۇ ھال بۇ بوستانلىقنىڭ شەھەرلىشىش سەۋىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بوستانلىق ئاساسەن شەھەر - بازار بوستانلىقى بىلەن يېزا ئىگىلىك بوستانلىقىدىن تەركىب تاپقان. سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىدا شىنجاڭ بويىچە ئىنتايىن گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 25 مىليارد 357 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %22.7نى ئىگىلەيدۇ. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليارد 874 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %31.5 نى؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 638 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %7.3 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يېرى 273 مىڭ گېكتار. ئۈرۈمچى بوستانلىقى كونا - يېڭى بوستانلىقلارنىڭ بىرلىشىشى تىپىدىكى بوستانلىق بولۇپ، يېڭى بوستانلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ، غەربتە ماناس بوستانلىقىغا تۇتىشىدۇ، شەرقتە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بوستانلىقلارغا قوشنا.

**تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بوستانلىق** بوغدا تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شەرقىدىكى فۇكاڭ شەھىرى، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئىبارەت تۆت ناھىيە، شەھەرنى ھەمدە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق توققۇز تۇەن - مەيدان جايلاشقان بوستانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بوستانلىقتا شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىك شىركىتى بار. بوستانلىقنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 466 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ %2.8 نى ئىگىلەيدۇ. كونا- يېڭى بوستانلىقلارنىڭ بىرلىشىشى تىپىدىكى بوستانلىققا كىرىدۇ. سۇغىي بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى 3777 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەزكۇر رايون كۆلىمىنىڭ %8.1نى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ %6.1 نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 593 مىڭ 700 بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ %3.4نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىق نوپۇسىنىڭ زىچلىقى 157 نەپەر/كۋادرات كىلومېتىر. ئاساسەن شەرقىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى كىچىك دەريالار، بۇلاق سۈيى ئېقىنلىرى بولۇپ، تەخمىنەن 60 تەك ئېقىنغا تايىنىدۇ. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يېرى 327 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى

تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 36.8%نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىقتا گۈچۈڭ يېزا ئىگىلىك بوستانلىقى ئەڭ تىپىك ھەم مەركەزلەشكەن. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ.

**شەرقىي كۆيېنلون — ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى بوستانلىقى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق چەرچەن، چاقىلىق ئىككى ناھىيىنىڭ بوستانلىقىنى ھەمدە يېزا ئىگىلىك 2 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق 36- تۇەن - مەيدانىنى ۋە چەرچەن ناھىيىلىك قۇرۇلۇش تارماق ئەترىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 336 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنىڭ 20.4% نى ئىگىلەيدۇ. سۇنئىي بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى 3.308 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوستانلىقلار كۆلىمىنىڭ 0.5% نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 80 مىڭ 400 بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 0.5% نى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىق نوپۇسىنىڭ زىچلىقى 261 نەپەر/كۋادرات كىلومېتىر. ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تېرىلغۇ يېرى 13 مىڭ 600 گېكتار.

**ئۈرۈمچى** موڭغۇلچە «گۈزەل يايلاق» دېگەن مەنىدە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، قاتناش، سودا مەركىزى. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى دەرياسى بويىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇھاپىزەتچى بېگى تەسىس قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) بۈگۈنكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىدا سېپىل بەرپا قىلىنغان، چيەنلۇڭنىڭ 32 - يىلى «دىخۇا» يېڭى بازىرى قۇرۇلغان. 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلۇپ، دىخۇا ئۆلكە مەركىزى قىلىنغان. 1934 - يىلى شەھەر قىلىپ تەسىس قىلىنغان. 1954 - يىلى نامى ئۈرۈمچىگە ئۆزگەرتىلگەن. جۇغراپىيىلىك كوئوردىناتى: E86° 37′ 33″ ~ 88°58′24″، N42°45′32″~44°′08′ . جەنۇبتىن شىمالغا قارىتا كەڭلىكى 153 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە قارىتا ئۇزۇنلۇقى 190 كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 700 ~ 900 مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 11 مىڭ 444 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ يەر مەيدانى 835 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ قۇرۇلۇپ بولغان كۆلىمى 140 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 80 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر نوپۇسى 1 مىليون 730 مىڭ، يېزا نوپۇسى 340 مىڭ. ھازىر يەتتە رايون (تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، يېڭى شەھەر رايونى، شۈيموگۇ رايونى، دۆڭسەن رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى، نەنسەن كان رايونى) ۋە بىر ناھىيە (ئۈرۈمچى ناھىيىسى) قاراشلىق. يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس، شىمالىي قىسمى تىنىما تۈزلەڭلىك. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ھەمدە دۆلەت يولىنىڭ 312 -، 314 - ۋە 216 - لىنىيىلىرى شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. مەملىكەت ئىچىگە ئېچىلغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 29، خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بەش بولۇپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ ئاۋىئاتسىيە ئېچىۋېتىلگەن پورتىغا ئايلانغان. ئۈرۈمچى يېڭىدىن گۈللەنگەن ئۇنىۋېرسال سانائەت شەھىرى بولۇپ، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش، توقۇمىچىلىق، ماشىنىسازلىق، پولات - تۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكترون، رەڭلىك مېتال، كۆمۈر، يېنىك سانائەت، يېمەكلىك سانائىتى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان سانائەت سىستېمىسى شەكىللەنگەن.

**ۋۇجياچۈي (بەش ئائىلىلىك ئۆستەڭ)** ئەڭ دەسلەپتە بەش ئائىلىلىك دېھقان بۇ يەرگە كېلىپ ئۆستەڭ قېزىپ تېرىقچىلىق قىلغاچقا مۇشۇنداق ئاتالغان. ئۈرۈمچى قاتارلىق دەريا ئېقىنلىرىنىڭ تىنىما - كەلكۈن جىنس تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر ئۈستى تۈزۈلۈشى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، ئوتتۇرىچە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 470 مېتىر ئەتراپىدا. بۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىيلەر بەرپا قىلغان يېڭى شەھەرلەرنىڭ بىرى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 6 - دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى تۇرۇشلۇق

جاي. بۇ جاي جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي
چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، غەرب تەرىپى سانجى شەھە-
رىگە تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى مىچۈەن شەھىرى بىلەن



ۋوجياچۈي

قۇكاڭ شەھىرىگە قوشنا. جەنۇبتا ئۈرۈمچى شەھىرى
بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن
بولغان ئارىلىقى 35 كىلومېتىر. ۋۇجياچۈي بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1725
كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 14
كۋادرات كىلومېتىر. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى-
نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ، شەھەر رايونىنىڭ
ئومۇمىي نوپۇسى 50 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ % 4 . 96نى
خەنزۇلار ئىگىلەيدۇ.

**شۇيموگۇ** 1907 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى
خەلق ئىشلىتىدىغان سۇ تۈگمىنى ئاساسىدا كۆلىمى
بىرقەدەر چوڭ بولغان ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى سۇ تۈگ-
مەنلىرىنى قۇرغان، شۇنىڭ بىلەن «شۇيموگۇ» (سۇ
تۈگمىنى جىلغىسى ) دەپ ئاتالغان. ھازىر ئۈرۈمچى
شەھىرىنىڭ بىر رايونى، ئۇ شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي
شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن ئومۇ-
مىي يەر كۆلىمى 12مىڭ 170 گېكتار. ئومۇمىي نوپۇ-
سى 114 مىڭ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق،
خۇيزۇ قاتارلىق 29 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. شۇيمو-
گۇ مەنزىرىلىك رايونى «تۆت تاغ، بىر دەريا» (شى-
مالىي تاغ، ئارشاڭ تېغى، سۇزۇك بۇلاق تېغى، ھە-
سەن - ھۈسەن كۆۋرۈكى تېغى ھەمدە شۇيموگۇ دەريا-
سى)نى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، تاغ - دەريالار
گىرەلەشكەن ئۆزگىچە ئالاھىدە تەبىئىي مەنزى-

رىنى ھاسىل قىلغان.

**تۇدۇڭخابا** شىمالىي تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسىنىڭ
شىمالىي يانباغرىدىن باشلىنىدىغان تۇدۇڭخې دەرياسى-
نىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ
چېنلۇڭ يىللىرى بۇ يەردە لەشكەرلەر بوز يەر ئاچقان
ھەمدە بۇ جاي لەشكەرلەر قوماندانى تۇرغان گازارما
بولغاچقا «تۇتۇن» دەپ ئاتالغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن « تۇدۇڭخابا» دەپ ئاتالغان. بۇ جاي ئىل-
گىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى ئوبلاستى ۋە دىخۇا
ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1954 - يىلى
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندىن كېيىن،
تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ غول ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيە-
سىنى پاسىل قىلىپ، دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقى ئۈ-
رۈمچى غەربىي شەھەر رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا، غەربىي
قىرغىقى سانجى شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.
دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سوغىرىش رايونى ئۈ-
رۈمچى شەھىرىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونى بولۇپ، تەۋەلىكى-
دە شىنجاڭ پولات - تۆمۈر باش زاۋۇتى ( 1 - ئاۋ-
غۇست پولات زاۋۇتى) ، تۇدۇڭخابا دېھقانچىلىق مەيدانى
( ئەسلىدىكى 1 - ئاۋغۇست دېھقانچىلىق مەيدانى) ،
سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، 1 - ماي دېھقانچىلىق
مەيدانى ھەمدە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى غەربىي
ۋوگزالى قاتارلىقلار بار.

**داۋانچىڭ** ئۇيغۇرچە تاغ ئېغىزى ، تاغ يانباغرى
دېگەن مەنىدە. قەدىمقى زاماندا «جىھاد قەلئەسى» دەپ
ئاتالغان، ھازىرقى بازارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا
«ئەسكى قەلئە » خارابىسى ساقلانماقتا. قەلئەنىڭ شەر-
قىي جەنۇبىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەيشۈيجەن بازى-
رىنىڭ خارابىسى بار. بەيشۈي جىلغىسىنىڭ بوغۇزىغا
جايلاشقان. بۇ قەدىمقى يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار
بولۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا.
لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىلەن 312- دۆلەت
تاشيولى ۋە تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭخەن يۇقىرى
سۈرئەتلىك تاشيولى بازارنى كېسىپ ئۆتىدۇ. جەنۇبىي
شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتنىشىنى تۇتاش-
تۇرىدىغان مۇھىم يول. ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە قارايدۇ.
1984 - يىلى 10 - ئايدا بازار تەسىس قىلىنغان. يەر

مەيدانى 6000 گېكتار، قۇرۇلۇپ بولغان بازار رايونـ
نىڭ كۆلىمى 46.37 گېكتار. ئومۇمىي نوپۇسى
5800 بولۇپ، ئاساسەن خۇيزۇ (%89نى ئىگىـ
لەيدۇ)، خەنزۇ (%5)، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق
مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

**قاراماي** بۇ ئىسىم شەھەرنىڭ شەرقىي شىماـ
لىي بۇرجىكىدىكى قاراماي تېغىنىڭ نامىدىن كەلگەن.
قاراماي شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىماـ
لىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىـ
لەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 312 كىلومېتىر كېلىـ
دۇ. 1955 ـ يىلى دۆلەت بۇ يەرنى كەڭ كۆلەمدە
قىدىرىپ تەكشۈرۈپ ئېچىشقا كىرىشكەن ھەمدە بۇ جايدا
كان ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرغان. 1958 ـ يىـ
لى قاراماي شەھىرى بولۇپ قۇرۇلغان، 1982 ـ يىلى
رايون تەسىس قىلىنغان شەھەر بولغان. شىنجاڭ نېفىت
باشقۇرۇش ئىدارىسى ئورگىنى قاراماي شەھىرىگە تەـ
سىس قىلىنغان. شىنجاڭدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك بىۋاـ
ستە قاراشلىق شەھەر، يېڭىدىن گۈللەنگەن زامانىۋى
نېفىت سانائىتى شەھىرى. قاراماي نېفىتلىكى جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن قىدىرىپ تەكـ
شۈرۈپ ئېچىلغان تۇنجى چوڭ نېفىتلىك ھېسابلىنىدۇ.
شەھەرگە قاراشلىق رايوننىڭ يەر مەيدانى 8654 كۋادـ
رات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 261 مىڭ 300
بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىلـ
لەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇـ
سى %23.4 نى ئىگىلەيدۇ. نېفىت سانائىتى ئاساسىي
گەۋدە بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ
%92.4نى ئىگىلەيدۇ. 217 ـ دۆلەت تاشيولى زېمىنىـ
نى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، شىمالىي شىنجاڭ
تۆمۈريولى بىلەن 112 ـ دۆلەت تاشيولى جەنۇبىي قىسـ
مىدىكى مايتاغ رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

**مايتاغ** قاراماي شەھىرىگە قاراشلىق رايون
بولۇپ، داڭلىق نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە
نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى بازىسى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ
شىمالىي ئېتىكىدىكى كۈيتۇن دەرياسىنىڭ تاغدىن چىـ
قىش ئېغىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان، بۇ راـ
يوننىڭ جەنۇبىدىكى «مايتاغ» نىڭ نامى بىلەن ئاتالـ
غان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1283 مېتىر، يەر
مەيدانى 448 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي
نوپۇسى 65 مىڭ 800 بولۇپ، خەنزۇلار %81.1نى
ئىگىلەيدۇ. ھازىر قارىمىقىدا بىر مەھەللە باشقارمىسى،
12 ئاھالىلەر كومىتېتى بار. مايتاغ نېفىت ـ خىمىيە



مايتاغ

باش زاۋۇتى، شىنجاڭ نېفىت مەكتىپى قاتارلىق 50
تىن ئارتۇق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇن
بار. يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %27.8
بولۇپ، «مەملىكەت بويىچە ئارماقلارنىڭ ئورمان بىنا
قىلىش، كۆكەرتىش بويىچە 400 ياخشى ئورۇن» نىڭ
بىرى بولۇپ باھالانغان.

**كۈيتۇن** 1957 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 7 ـ دىۋىـ
زىيىسىنىڭ دىۋىزىيە شتابى تۇرۇشلۇق جايغا ئايلانغان.
جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە، كۈيتۇن
دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايـ
لاشقان، شەرقىي تەرىپىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە
بولغان تاشيول مۇساپىسى 253 كىلومېتىر كېلىدۇ.
يەر مەيدانى 1110 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇـ
سى 263 مىڭ 900 بولۇپ، خەنزۇلار %96 نى



كۈيتۇن

ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇيزۇ، قازاق، ئۇيـ

غۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر بار. 1975 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولغان. ئۇ شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ گۇرۇپپىلاش ۋوگزالى بار. 312 - دۆلەت تاشيولى بىلەن 217 - دۆلەت تاشيولى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن ئۈرۈمچى - كۈيتۈن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ كېسىشىدىغان ۋە قوشۇلىدىغان جايى.

**غۇلجا** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي. ئىلى ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 702 كىلومېتىر، غەربتە قورغاس ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىقى 88 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 525 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەرنىڭ قۇرۇلۇپ بولغان كۆلىمى 26.45 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 332 مىڭ بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك، شىبە، رۇس، موڭغۇل، تاتار قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 63.9% نى ئىگىلەيدۇ. 1984 - يىلدىن باشلاپ ئىلى ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. ئۇنىڭ «سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى جياڭنەن»، «گۈلزارلىق شەھىرى» دېگەندەك چىرايلىق ناملىرى بار. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 14 - بېتىگە قارالسۇن)

**قورغاس** چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى (1736~1795) ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان. ئىلى ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا بولۇپ، غەربىي قىسمى قازاقىستان بىلەن قورغاس دەرياسى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 655 كىلومېتىر كېلىدۇ. گۇاڭشۈينىڭ 14 - يىلى (1888 - يىلى) سۈيدۈڭ ناھىيىسى ۋە قورغاس شۆبە چېگرا قوغداش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. 1947 - يىلى قورغاس ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1956 - يىلى سۈيدۈڭ سۈيدۈڭگە ئۆزگەرتىلگەن. 1966 - يىلى سۈيدۈڭ ناھىيىسى بىلەن قورغاس ناھىيىسى بىرلەشتۈرۈلگەن ھەمدە قورغاس ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سۈيدۈڭ بازىرىغا تەسىس قىلىنىپ ئىلى ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان. دۆلەت تەرىپىدىن «ئالما يۇرتى» دەپ نام بېرىلگەن. سانائىتىدە كۆمۈر (كۆمۈر مەھسۇلاتى 423 مىڭ 400 توننا)، سېمونت، ھاراق ئىشلەش، تېرە - يۇڭ پىششىقلاپ ئىشلەش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كانچىلىق، ئاشلىق، ماي پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سانائەتلىرى بار. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى بويىچە ئون كۈچلۈك ناھىيە (شەھەر) نىڭ بىرى.

**كەڭساي** ئىلكە جىلغىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا بارىدىغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىنىڭ بوغۇزى ھېسابلىنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، 1218 - يىلى چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي قوشۇن



كەڭساي

باشلاپ تاغلارنى يېرىپ يول ياساپ، ھارۋا يولى ئاچقانىكەن. كەڭساي قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا، ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولى ( 312 - دۆلەت تاشيولى ) بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىغا، جەنۇبتا ئىلى ئويمانلىقىغا بارغىلى بولىدىغان مەشھۇر تەڭرىتاغ جىلغا ئۆتۈشمە يولى ھېسابلىنىدۇ. قارىغايلىقنىڭ بېشىدىن جىلغا ئېغىزىغىچە بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر كېلىدۇ. كەڭسايدا تاغ چوققىلىرى بوي تالاشقان، ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەر قويۇق ئۆسكەن، تېز ئېقىن، شارقىراتمىلار كۆپ، مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئۆتكەن چى يۈنشى بۇ جاينى «ئاجايىپ سېھىرلىك ماكان» دەپ تەرىپلىگەن.

**چاپچال** قەدىمكى زاماندا ساك، توخرى، ئۇيسۇن قاتارلىق مىللەتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان جاي. جۇڭگودىكى بىردىنبىر شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى. ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تاغ تىزمىسىدىكى ئۇي-

حۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي قىسمى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 695 كىلومېتىر. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى شىبەلەردىن 3000 دىن ئارتۇق كىشى چاپچالغا يۆتكەپ كېلىنىپ بوز يەر ئاچقان. 1939 - يىلى شىبە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ دەريانىڭ جەنۇبىدا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان. ئىككىنچى يىلى



چاپچال

(1940 - يىلى) ئۇنىڭ دەرىجىسى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. 1954 - يىلى 3 - ئايدا چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى. يەر مەيدانى 4471.9 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 157 مىڭ بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، شىبە قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %76.3 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شىبەلەر %13.3 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق.

**نىلقا** چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 35 - يىلى (1770 - يىلى) نوك بازىرى قۇرۇلغان، 1938 - يىلى گۈڭخا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، ئىككىنچى يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. 1954 - يىلى نامى نىلقا ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئىلى دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان قاش دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان، شەرقتە ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 599 كىلومېتىر، غەربتە غۇلجا شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 112 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 10 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 146 مىڭ بولۇپ، قازاق، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %71.5 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ شىنجاڭنىڭ قوتۇر كالا، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، ئىلى ئېتى چىقىدىغان مۇھىم رايونلىرىنىڭ بىرى.

**كۈنەس** نامى كۈنەس دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، يېڭى سۇ مەنبەسى دېگەن مەنىدە. 1939 - يىلى چاقما مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلغان، 1942 - يىلى كۈنەس مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1946 - يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئىلى دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى كۈنەس دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. 218 - دۆلەت تاشيولى شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، 217 - دۆلەت تاشيولى شەرقىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 900 كىلومېتىر، غەربتە غۇلجا شەھىرىگە 180 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 6813 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 277 مىڭ 400، قازاق، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار %50.6 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئىلى ۋىلايىتىگە قارايدۇ. بۇ جايدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ياۋا مېۋە ئورمانلىقى بار، شۇنداقلا ئۇ مەملىكەت بويىچە چارۋىچىلىق بازىسى ناھىيىلىرىنىڭ بىرى. «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» تۈرىدىكى ھاراقلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىغا داڭلىق.

**توققۇزتارا** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى بولغان. 1930 - يىلى توققۇزتارا ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان. نارات تېغى بىلەن ئىشگىلىك تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 816 كىلومېتىر، غەربتە غۇلجا شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 100 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 4326.9 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 149 مىڭ 100 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ھازىر ئىلى ۋىلايىتىگە قارايدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە مەشھۇر ياغاچ ماتېرىياللىرى چىقىدىغان جاي، شۇنداقلا شىنجاڭ بويىچە ياۋا مېۋە ئورمانلىقى تارقالغان ئاساسلىق رايونلارنىڭ بىرى. تەۋەلىكىدە جۇڭگو بويىچە بىردىنبىر ياڭاقساي ياۋا ياڭاق ئورمانلىقى بار. ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 41 مىڭ 200 گېكتار. يىلىغا 126 مىڭ 200 توننا (بۇنىڭ ئىچىدە شال 54 مىڭ

200 توننا) ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدۇ. قوغۇن - تاۋۇز، ئالما كۆپ چىقىدۇ.

**تېكەس** موڭغۇلچە «ياۋا ئۆچكە» دېگەن مەنىدە. 1934 - يىلى توققۇزتارا ناھىيىسىدىن تېكەس مەمۇرىي



تېكەس

باشقۇرۇش ئىدارىسى بولۇپ ئايرىلىپ چىققان، 1937 - يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. تەڭرىتاغلىرىنىڭ تارماق تىزمىسى خالىقتاۋ تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تېكەس دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 852 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 7764.1 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 148 مىڭ 400 بولۇپ، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. خەنزۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 75.4% نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئىلى ۋىلايىتىگە قارايدۇ. 1938-يىلى «پالنامە» دېگى قەدىمىي سەككىز تەرەپلىك خەرىتە ئاساسىدا قۇرۇلغان «يايلاق سەككىز تەرەپلىك ناھىيە بازىرى» دېگەن نام بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر. 1998 - يىلى تېكەس ناھىيىسى دۆلەت پىلان كومىتېتى تەرىپىدىن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بەرپا قىلغان ناھىيە، دەپ بېكىتىلگەن.

**موڭغۇلكۈرە** 1937 - يىلى تېكەس مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان. تەڭرىتاغلىرىنىڭ تارماق تىزمىسى خالىقتاۋ تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تېكەس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 879 كىلومېتىر. غەربىي قىسمى قازاقىستان بىلەن قوشنا بولۇپ، قازاقىستاننىڭ مۇزارت ئېغىزىغا بارىدىغان يول بار. يەر مەيدانى 11 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 109 مىڭ 300 بولۇپ، قازاق، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 79% نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق، شىنجاڭدىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، ئىلى ئېتى چىقىدىغان ئاساسلىق جاي ھېسابلىنىدۇ.

**چۆچەك** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھونلارنىڭ ئوڭ قانات قەبىلىسى ئولتۇراقلاشقان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭغار كۆچمەنلىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونى بولغان. گۇاڭشۈينىڭ 14 - يىلى (1888 - يىلى) چۆچەك بىۋاستە قاراشلىق ئازارىتى قۇرۇلغان،



چۆچەك

1913 - يىلى چۆچەك ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي. چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. غەربىي قىسمى قازاقىستان بىلەن قوشنا، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر بولۇپ، باقتۇ چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق ئۆتۈشىدۇ. يەر مەيدانى 3991.3 كۋادرات كىلومېتىر. شەھەر رايونىنىڭ قۇرۇلۇپ پۈتكەن كۆلىمى 12.10 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 147 مىڭ 500 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، داغۇر، رۇس قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 36.8% نى ئىگىلەيدۇ. 1984 - يىلى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىندى. چۆچەك

شەھەرلىك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلغان بولۇپ، كۆلىمى 6.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. باقتۇ چېگرا ئېغىزى شىنجاڭ بويىچە تاشقى سودا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، شەھەر رايونىغا ئەڭ يېقىن چېگرا ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ.

**دۆربىلجىن** قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى. 1918 ـ يىلى چۆچەك ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ دۆربىلجىن ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان، نامى دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. تارباغاتاي ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي يېرىمىغا، دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن رايونىغا جايلاشقان، شىمالىي قىسمى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 580 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 9448.4 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 182 مىڭ 500 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %57.3 ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 61 مىڭ 400 بولۇپ، %33.6 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قارايدۇ. شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

**چاغانتوقاي** 1940 ـ يىلى چاغانتوقاي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان، 1942 ـ يىلى چاغانتوقاي ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان. شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بارلىق تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، غەربىي ۋە غەربىي جەنۇب قىسمى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 589 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 6112.1 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 51 مىڭ، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، رۇس قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %45 نى ئىگىلەيدۇ. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن چاغانتوقاي زاراڭزىسى، تاۋۇز قاتارلىقلار بار.

**تولى** موڭغۇلچە «ئەينەك» دېگەن مەنىدە. تولى قەدىمقى زاماندا كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. مىنگو دەۋرىدە دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان، 1952 ـ يىلى تولى ناھىيىسى بولۇپ ئايرىلىپ چىقىپ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان. تولى ناھىيىسى تارباغاتاي ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان، غەربىي جەنۇب بۆرجىكى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 516 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 19 مىڭ 997 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 80 مىڭ 700 بولۇپ، قازاق (%69.2 نى ئىگىلەيدۇ)، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان زاپىسى 30 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، خروم قاتارلىقلار بار. 105 جايدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئالتۇن كېنى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە زاھىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى خاتۇ ئالتۇن كېنى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئالتۇن كېنى ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان خروم كېنى 25. تۆمۈر تام تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى مۇھىم كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

**قوبۇقسار** قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، قىسقارتىپ قوبۇقسار ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. 1944 ـ يىلى قوبۇقسار مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا، ساۋۇر تاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، غەربىي شىمال بۆرجىكى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 495 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 28 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 49 مىڭ 900 بولۇپ، خەنزۇ، موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %63.3 نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇللار %32.7 نى ئىگىلەيدۇ. 1954 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان. ھازىر تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قارايدۇ. قارا (كۆمۈر)، ئاق (تۇز)، قىزىل (بېنتونىت) دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %71.3 نى ئىگىلەيدۇ.

**قوشتولغاي** قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ بىر بازىرى بولۇپ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەشھۇر. قوشتولغاي بازىرى بۇ ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتە قوبۇقسار ناھىيە بازىرىغا 70 كىلومېتىر، جەنۇبتا قارامايغا 167 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى

10 مىڭ 700 . قوشتولغاي ئەتراپىدا كۆمۈر زاپىسى مول بولۇپ، چوڭ، ئوتتۇراھال كاللەك كۆمۈر، ئىس‌سىز كۆمۈر قاتارلىقلار كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

**شىخۇ** كۇرقاراسۇنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى، سۆزلۈك قار سۈيى ئېقىنى (كۈيتۇن دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ) دېگەن مەنىدە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى ئىدى. گۇاڭشۇينىڭ 12 ـ يىلى (1886 ـ يىلى) كۇرقاراسۇ بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى (ھازىرقى شىخۇنىڭ نەكتى) تەسىس قىلىنغان. 1913ـ يىلى شىخۇ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى، شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، كۈيتۇن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 268 كىلومېتىر. 1996 ـ يىلى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىنغان. يەر مەيدانى 14 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر. قۇرۇلۇپ بولغان شەھەر رايونى كۆلىمى 16.0 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 200 مىڭ بولۇپ، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %37.3 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قارايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر كۆپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ يېرى 89 مىڭ 400 گېكتار. يىلىغا 802 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 63 مىڭ 100 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىدۇ. شىخۇ شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى.

**ساۋەن** چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى سۈيلەي (ماناس) ناھىيىسىگە قارىغان. 1915 ـ يىلى ساۋەن ناھىيىسى بولۇپ ئايرىلىپ چىققان. ناھىيە بازىرى بۇگۇنكى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا 40 كىلومېتىر (ھازىر كونا ساۋەن دەپ ئاتىلىدۇ) كېلىدىغان جايغا جايلاشقانىدى. 1955 ـ يىلى بۇگۇنكى سەندوخوزا بازىرىغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. تەڭرىتاغلىرى تەركىبىدىكى ئېرەن قابىرغا تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە زېمىنى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بولۇپ، يەر مەيدانى 12 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 193 مىڭ 800 ، ئاساسەن خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %30.1 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قارايدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك چوڭ ناھىيىسى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئالتاي** قازاق تىلىدا «ئالتۇن» دېگەن مەنىدە. 1921 ـ يىلى بۇ جايدا چېڭخۇا ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. 1953 ـ يىلى ئارتاي ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، كېيىنكى يىلى يەنە ئالتاي ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىنغان. ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 684 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 10 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 182 مىڭ 500 بولۇپ، خەنزۇ،



ئالتاي

قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %43.9 نى ئىگىلەيدۇ. ئالتاي چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ.

**بەيتۈن** يېزا ئىگىلىك 10 ـ دىۋىزىيىسى، يەنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئەڭ شىمالدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا قوغداش قىسىملىرى تۇرۇشلۇق جاي. بەيتۈن دېگەن نام شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا ئالتاي شەھىرىگە 62 كىلومېتىر، جەنۇبتا ئۈرۈمچى شەھىرىگە 622 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى


1500 گېكتار، قۇرۇلۇپ بولغان بازار كۆلىمى 852 گېكتار. بەيتۈن ئەسلىدە بازار بولۇپ، 1974 ـ يىلى



بەيتۈن

قۇرۇلغان، 1999 ـ يىلى بازار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىنغان. شەھەر رايونىنىڭ نوپۇسى 22 مىڭ بولۇپ، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال قاتارلىقلار بار.

**بۇرچىن** ئىسمى بۇرچىن دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن، 1913 ـ يىلى چىڭخۇا ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ بۇرچىن مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان، 1919 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. شىنجاڭنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىغا، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇب ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي قىسمى رۇسىيە، موڭغۇلىيىلەر بىلەن قوشنا، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 620 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 10 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 67 مىڭ 100 بولۇپ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن



بۇرچىن

تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 67.2% نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىگە قارايدۇ. قاناس دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 18 مىڭ 400 گېكتار، تۆگىچى يەم ـ خەشەك بازىسى دۆلەتنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇرچىن مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە، «مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ مەدەنىي يېزا ـ بازار ئىلغار تىپى» ناھىيىسى. 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى خەلقئارالىق تور ئۇچۇر بونكىتى قۇرۇلغان.

**جىمىنەي** 1916 ـ يىلى جىمىنەي ئامبال ياردەمچىسى تەسىس قىلىنغان، 1930 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ساۋۇر تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان، غەربىي قىسمى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 628 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 3.7152 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 35 مىڭ 300 بولۇپ، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 64% نى ئىگىلەيدۇ. 1962 ـ يىلى ناھىيە بازىرى بوگۇنكى توپتېرەك بازىرىغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. قازاقىستانغا ئېچىۋېتىلگەن جىمىنەي چېگرا ئېغىزى بار.

**قابا ناھىيىسى** 1912 ـ يىلى قابا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان، 1920 ـ يىلى ئامبال ياردەمچىسى تەسىس قىلىنغان، 1930 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا، ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي قىسمىلىرى قازاقىستان، رۇسىيە بىلەن قوشنا، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 673 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 6.8166 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 70 مىڭ 300 بولۇپ، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، قازاقلار 63% نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىگە قارايدۇ. ئاساسلىق كان بايلىقىدىن مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئاشىلى مىس كېنى دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ مىس كان ھېسابلىنىدۇ، دولانساي داڭلىق ئالتۇن كېنىدۇر. شىنجاڭ بويىچە نۇقتىلىق ئورمان رايونى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ئاقتۇبېك چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق قازاقىستانغا ئۆتكىلى بولىدۇ.

**بۆرۆلتوقاي** نامى ناھىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بۆرۆلتوقاي (تۈركچە چاتقاللىق دېگەن مەنىدە) كۆلىنىڭ نامىدىن كەلگەن. 1914 ـ يىلى بۆرۆلتوقاي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان، 1922 ـ يىلى بۆرۆلتوقاي ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان، 1942 ـ يىلى خەنزۇچە نامى (福海) گە ئۆزگەرتىلگەن. بۆرۆلتوقاي جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئالتاي ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي شىمالىي قىسمى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ ھەمدە قىزىلتاغ ئۆتكىلى ئارقىلىق موڭغۇلىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 637 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 33 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 49 مىڭ 100 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %51.7 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىگە قارايدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بۆرۆلتوقاي كۆلى (ئۇلۇڭگۇر كۆلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) جۇڭغارىيىدىكى «گۆھەر» دەپ تەرىپلەنمەكتە. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇھىم بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، بايقال لېنوتسكوس بېلىقى، دەريا ئوكۇن بېلىقى (ئالابۇغا)، شەرق يايلاق بېلىقى قاتارلىق 20 خىلدىن ئارتۇق بېلىق چىقىدۇ.

**كۆكتوقاي** يەر ئاستى كان بايلىقى مول بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ نام قويۇلغان. 1937 ـ يىلى كۆكتوقاي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان، 1941 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھەمدە خەنزۇچە نامى (富蕴) قىلىپ بېكىتىلگەن. 1959 ـ يىلى ھازىرقى ناھىيە بازىرى قۇيۇقتىش



كۆكتوقاي

بازىرىغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان، 216 ـ دۆلەت تاشيولى ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 480 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 32 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 81 مىڭ 600 بولۇپ، قازاق، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، قازاقلار %68.5 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىگە قارايدۇ. قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، گۆھەر، خرۇستال، مىس، نىكېل، تۆمۈر، بېرىللىي، نىئوبىي، لىتىي، تانتال، چىرىمتال قاتارلىقلار بار. كۆكتوقايدىكى قارا تۆڭكى مىس، نىكېل كېنى ئىنتايىن داڭلىق.

**كۆكتوقاي** كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى بىر بازار، داڭلىق كان رايونى.

**چىڭگىل** 1916 ـ يىلى بۇلگان دەرياسى ئامبال ياردەمچىسى تەسىس قىلىنغان. 1937 ـ يىلى چىڭگىل دەرياسى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان، 1941 ـ يىلى دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ چىڭگىل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن رايونىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 530 كىلومېتىر. شەرقىي قىسمى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىپ، تاشقى چېگرا ئېغىزى ئارقىلىق بۇ دۆلەت بىلەن تۇتىشىدۇ. يەر مەيدانى 15 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 53 مىڭ 200 بولۇپ، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار %75 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىگە قارايدۇ. چارۋىچىلىق ناھىيىسى. «مەملىكەت بويىچە تاغلىق رايونلارنى ئۇنۇملۈك ئېچىشتىكى ئۈلگىلىك ناھىيە» قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

**بورتالا** قەدىمقى زاماندا «بولو» دەپ ئاتالغان. 1920 ـ يىلى بورتالا ناھىيىسى بولۇپ ئايرىلىپ چىققان. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئالاتاۋ تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەھەرنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇل ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بارىدۇ، شىمالدا قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 524 كىلومېتىر، ئالاتاۋ چېگرا ئېغىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 73 كىلومېتىر كېلىدۇ.

يەر مەيدانى 7877 كۋادرات كىلومېتىر. شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 13.10 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 204 مىڭ 700 بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر،



بورتالا

قازاق، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 33.9% نى ئىگىلەيدۇ. بورتالا دېگەن نام بورتالا دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. 1985 ـ يىلى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىنغان. ھازىر ئۇ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي. شەھەردە چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى بار.

**جىڭ ناھىيىسى** جىڭ دەرياسى ناھىيە بازىرىدىن جەنۇبتىن شىمالغا ئېقىپ ئۆتكەچكە، ناھىيىنىڭ نامى جىڭ دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. گۇاڭشۈينىڭ 14 ـ يىلى ( 1888 ـ يىلى ) جىڭ بىۋاستە قاراشلىق نازارىتى تەسىس قىلىنغان. 1913 ـ يىلى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1954 ـ يىلى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىلغان. جىڭ ناھىيىسى شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى پولكىنۇر تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى، 312 ـ دۆلەت تاشيولى ناھىيە تەۋەلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئۆتىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 425 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 11 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 118 مىڭ بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30.4% نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئورمان يېرى 122 مىڭ 600 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 701 مىڭ 200 گېكتار، تېرىلغۇ يېرى 31 مىڭ 500 گېكتار. «جۇڭگونىڭ ئالقات شەھىرى» دېگەن پەخىرلىك نامى بار.

**ئارىشاڭ** ناھىيە تەۋەسىدە ئارىشاڭ بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. 1938ـ يىلى ئارىشاڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1942 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بېگىنتاۋ تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بورتالا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان، غەرب تەرىپى قازاقىستان بىلەن قوشنا؛ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 625 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 5881.7 كۋادرات كىلومېتىر . ئومۇمىي نوپۇسى 71 مىڭ 600 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 38.9% نى ئىگىلەيدۇ. 1954 ـ يىلىدىن باشلاپ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بولغان. تەۋەلىكىدە 412 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بولۇپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ.

**سانجى** چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى ( 1762 ـ يىلى) تىخبېن قەلئەسى قۇرۇلۇپ، سەييارە ئامبال قويۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 38 ـ يىلى (1773 ـ يىلى) سانجى ناھىيىسى قۇرۇلغان. ھازىر سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تودۇنخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 35 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 8216 كۋادرات كىلومېتىر. شەھەر رايونىنىڭ



سانجى

كۆلىمى 16.30 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇ-

سى 338 مىڭ 700 بولۇپ، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار %12.9 نى ئىگىلەيدۇ. 1983-يىلى 12-ئايدا ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى، 312-دۆلەت تاشيولى ۋە ئۈرۈمچى - كۈيتۇن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. تەۋەلىكىدە 28 مىڭ 800 گېكتار ئورمان، 546 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق، 75 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يېرى بار. شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %34.6. كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، ماشىنىسازلىق ۋە ئېلېكترون، توقۇمىچىلىق، قەغەز ياساش، ئاشلىق - ماي پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان سانائەت سىستېمىسى شەكىللەنگەن. 1998 ~ 2000 يىللىق دۆلەت دەرىجىلىك شاخ - شۇمبا بىلەن قوي بېقىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

**مىچۈەن** 1921-يىلى ئامبال ياردەمچىسى قويۇلۇپ، چيەندى دەپ ئاتالغان. 1928-يىلى رەسمىي چيەندى ناھىيىسى قۇرۇلغان، 1954-يىلى نامى مىچۈەن ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىلغان. ئۈرۈمچىنىڭ مۇھىم ھەمراھ شەھەرلىرىنىڭ بىرى. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 17 كىلومېتىرلا كېلىدۇ، يەر مەيدانى 3788 كۋادرات كىلومېتىر. شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 8.8 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 169 مىڭ 900 بولۇپ، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان؛ خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 53 مىڭ بولۇپ، %31.6 نى ئىگىلەيدۇ. 1996-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىنغان. باغ - ئورمان يېرى 10 مىڭ 500 گېكتار، ئوتلاق 264 مىڭ 200 گېكتار، تېرىلغۇ يېرى 38 مىڭ 200 گېكتار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، ھاك تېشى، تۆمۈر رودىسى، ساپال تۇپىسى، سىرابىلىت قاتارلىقلار بار. مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ناھىيىلەرنىڭ بىرى. كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، نېفىت - خىمىيە ئۈچ چوڭ تۈۋرۈك كەسپى ھېسابلىنىدۇ. تەۋەلىكىدە ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى قاتارلىق داڭلىق كارخانىلار بار. مىچۈەن شىنجاڭدىكى مۇھىم گۈرۈچ ۋە كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، «سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى شاللىق ماكان» دېگەن مەشھۇر نامى بار.

**ماناس** موڭغۇل تىلىدا «پاترول» دېگەن مەنىدە. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 42-يىلى (1777-يىلى) كاڭجى، سۈينىڭ دېگەن ئىككى قەلئە قۇرۇلۇپ، ماناس بازىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى دائىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىككىنچى يىلى سۈيلەي ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، بۈگۈنكى ماناس، ساۋەندىن ئىبارەت ئىككى جايغا قاراشلىق بولغان. 1953-يىلى نامى ماناس ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1958-يىلدىن كېيىن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە بولغان. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 134 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 9597.3 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 159 مىڭ 400 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %21.6 نى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى %70 نى تەشكىل قىلىدۇ. تەۋەلىكىدە 41 مىڭ 300 گېكتار ئورمان، 420 مىڭ گېكتار ئوتلاق، 130 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. شىنجاڭ بويىچە «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار ناھىيە».

**قۇتۇبى** تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قۇتۇبى دەرياسى ھەۋزىسىگە جايلاشقان بولغاچقا، شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 29-يىلى (1764-يىلى) جىڭخۇا قەلئەسى قۇرۇلۇپ، قۇتۇبى سەييارە ئامبىلى تەسىس قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 29-يىلى (1903-يىلى) ياردەمچى ئامباللىققا ئۆزگەرتىلگەن. 1947-يىلى جىڭخۇا ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1953-يىلى قۇتۇبى ناھىيىسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. يەر مەيدانى 9421 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 196 مىڭ 800 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، ئۇي-

غۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %22.2 نى ئىگىلەيدۇ. 1958- يىلدىن كېيىن سانجى ئوبلاستىغا قاراشلىق بولغان. تەۋەلىكىدە 39 مىڭ 500 گېكتار ئورمان، 520 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق، 95 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۇرۇبىلاشتۇرۇلغان گازلىق — قۇتۇبى گازلىقى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، سىناق تەرىقىسىدە گاز يەتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

**فۇكاڭ** چاڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى ( 1760 - يىلى ) ئەڭ بۇرۇن تېناگىر قەلئەسى قۇرۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى ( 1763 - يىلى ) يەنە بىر قەلئە قۇرۇلۇپ فۇكاڭ دەپ ئاتالغان. چيەنلۇڭنىڭ 41 - يىلى (1776 - يىلى) فۇكاڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 57 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىر سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق. 1993 - يىلى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر (ناھىيە دەرىجىلىك ) تەسىس قىلىنغان. ئومۇمىي نوپۇسى 147 مىڭ 800 بولۇپ، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار %11.4 نى ئىگىلەيدۇ. فۇكاڭ ساياھەت شەھىرى بولۇپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى دۆلەت دەرىجىلىك مەشھۇر مەنزىرىلىك رايون.

**جىمسار** چاڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 37 - يىلى ( 1772 - يىلى ) بۈگۈنكى ناھىيە بازىرى جايلاشقان ئورۇندا كەيئەن قەلئەسى قۇرۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 41 - يىلى ( 1776 - يىلى ) جىمسار ئامبال ياردەمچىسى قويۇلغان. 1894 - يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 20 - يىلى) ناھىيە بازىرى قايتىدىن سېلىنغان ھەمدە نامى فۇيۈەنگە ئۆزگەرتىلگەن. 1902 - يىلى فۇيۈەن ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. 1954 - يىلى نامى جىمسار ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1958 - يىلى سانجى ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئايرىلغان. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا، بوغدا تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 165 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 8145 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 130 مىڭ 600 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار %13.5 نى ئىگىلەيدۇ. 53 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يېرى بار. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. شىمالىي قىسمىدا قارامايلى تېغى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانات مۇھاپىزەت رايونى (دۆلەت دەرىجىلىك) بار.

**گۇچۇڭ** چاڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىتەي قەلئەسى قۇرۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 40-يىلى (1775 - يىلى) بۈگۈنكى لوچىتەيدە چىڭيۈەن قەلئەسى قۇرۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 41- يىلى (1776- يىلى ) گۇچۇڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. گۇاڭشۈينىڭ 15- يىلى (1889 - يىلى) ناھىيە لوچىتەيدىن گۇچۇڭغا (ھازىرقى گۇچۇڭ ناھىيىسى بازىرىغا) كۆچۈرۈلگەن. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە، بوغدا تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئۈرۈمچى - گۇچۇڭ تاشيولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 207 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 16 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 228 مىڭ بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى %22.5 نى ئىگىلەيدۇ. 1958- يىلى سانجى ئوبلاستىنىڭ تەۋەلىكىگە ئايرىلغان. تېرىلغۇ يېرى 135 مىڭ 600 گېكتار، ئورمان يېرى 45 مىڭ 700 گېكتار، ئوتلاق 924 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، يېزا ئىگىلىك چوڭ ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

**مورى** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق فۇلېي ناھىيىسى ئىدى. مورى دېگەن نام فۇلېينىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بارلىققا كەلگەن. 1920-يىلى مورى ناھىيىسى بولغان. ھازىر سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ. بوغدا تاغلىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىمالىي چېگرىسى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 270 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 13 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 84 مىڭ 700 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن تەر-

كىب تاپقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، قازاقلار 22.9%نى ئىگىلەيدۇ. 1954 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان. 1 مىليون 156 مىڭ 500 گېكتار ئوتلىقى بار. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. شىنجاڭدىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىلىرىنىڭ بىرى، ئۆچكە يېتىشتۈرۈش بازىسى. دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى سىناق نۇقتىسى ناھىيىسى.

**تۇرپان** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالدى قاڭقىل دۆلىتى دەپ ئاتالغان. گۇاڭشۈينىڭ 12 - يىلى (1886 - يىلى) تۇرپان بىۋاسىتە قاراشلىق نازارىتى تەسىس قىلىنغان. 1913 - يىلى تۇرپان ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ھازىر تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، بوغدا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى، 312 - دۆلەت تاشيولى شەھەر رايونىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ، تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن ئالىي دەرىجىلىك تاشيولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 182 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 13 مىڭ 600 كۋادرات كىلومېتىر، قۇرۇلۇپ بولغان شەھەر كۆلىمى 8.45 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 242 مىڭ 500 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 79% نى ئىگىلەيدۇ. 1984 - يىلى 12 - ئايدا ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىنغان. شەھەر رايونىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 34.5 مېتىر، جەنۇبىي قىسمىدا دۇنيا بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرىدىغان پەس جاي ئايدىڭكۆل (دېڭىز يۈزىدىن 155 مېتىر تۆۋەن) بار. ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ. پۈتۈن يىللىق 30°C تىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق كۈن 146 كۈنگە يەتكەچكە، «ئاتەش ماكان» دەپ ئاتالغان. مەملىكەت بويىچە ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، شىنجاڭدىكى مۇھىم ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش رايونى. ساياھەت نۇقتىلىرىدىن: ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، يارغول قەدىمكى شەھىرى، بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى ھەمدە بۈيلۇق، ئايدىڭكۆل، يالقۇنتاغ، كارىز قاتارلىقلار بار.

**داخېيەن** لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تۇرپان ۋوگزالى، تۇرپان شەھىرىنىڭ بىر بازىرى. 1992 - يىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تەرەققىيات رايونى قىلىپ ئېچىلغان. بوغدا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تاغ ئالدى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندى تۈزلەڭلىكى زونىسىغا جايلاشقان، غەربىي شىمال تەرىپىدە ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تۆمۈريول مۇساپىسى 150 كىلومېتىر. جەنۇبتا تۇرپان شەھىرىگە 45 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرق تەرىپى داخېيەن دەرياسى بولۇپ، شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن داخېيەن دەپ ئاتالغان. ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر مەيدانى 40 كۋادرات كىلومېتىر، قۇرۇلۇپ بولغان رايون كۆلىمى يەتتە كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 13 مىڭ 800 بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، مانجۇ، زاڭزۇ، جۇاڭزۇ، قازاق، رۇس قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. داخېيەن لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تۇتاشقان جايى ھېسابلىنىدۇ.


**توقسۇن** 1920 - يىلى توقسۇن ئامبال ياردەمچىسى تەسىس قىلىنغان، 1930 - يىلى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1936 - يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. 312 - ، 314 - دۆلەت تاشيولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ناھىيە تەۋەلىكىدىن ئۆتىدۇ، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 162 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 15 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 102 مىڭ 200 بولۇپ، ئۇيغۇر خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 84.5%نى ئىگىلەيدۇ. 1975 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتىگە تەۋە قىلىپ ئايرىلغان. مەملىكەت بويىچە ئەڭ قۇرغاق ناھىيە ھېسابلىنىدۇ. بىر يىل ئىچىدە سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدىغان ۋاقتى 108 كۈنگە يېتىدىغان بولغاچقا، «بورانلىق» دېگەن نامى بار. ھازىرقى تېرىلغۇ يېرى 17 مىڭ 600 گېكتار.

**ئارغىبۇلاق (قۇرۇق جىلغا)** ئىنتايىن قۇرغاق تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا يۈزلىنىپ تۇرغانلىقتىن، كىلىماتى قۇرغاق ھەم يامغۇر ئاز ياغىدۇ (توقسۇن ناھىيە بازىرىنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 6.9 مىللىمېتىرلا بولغان). تاغ جىنسلىرى ئېچىلىپ قالغان، يەر شەكلى ناچار، جىلغا سۇسىز بولغاچقا، «قۇرۇق جىلغا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرا تەڭرىتاغلىرىنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان ئال-

غۇي تېغىنىڭ شىمالىي يانباغرىدا بولۇپ، توقسۇندىن
جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشتا مۇشۇ تاغلىق جايدىن ئۆتى-
دۇ. يەنى ئۇ 314 - دۆلەت تاشيولىنىڭ بىر بۆلىكى
بولۇپ، 54 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**پىچان** چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى
( 1759 - يىلى ) پىچاندا خان ئامبال تەسىس قىلىن-
غان، پىچان بازىرىمۇ شۇ مەزگىلدە قۇرۇلغان. گۇاڭ-
شۈينىڭ 28 - يىلى ( 1902 - يىلى ) رەسمىي ناھىيە
تەسىس قىلىنغان. بوغدا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى-
گە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي چېتىگە جايلاشقان،
لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن 312- دۆلەت تاشيو-
لى ناھىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.
ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى
287 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 38 مىڭ 300 كۋادرات
كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 198 مىڭ 200
بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ قاتارلىق مىل-
لەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇ-
سى %4 .69 نى ئىگىلەيدۇ. 1975 - يىلىدىن كېيىن
تۇرپان ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان. داڭلىق قوغۇن،
كىشمىش ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جاي. «مەملى-
كەت بويىچە مېۋە - چېۋە مەھسۇلات مىقدارىدا 100
كۈچلۈك ناھىيە» بولۇپ، «جۇڭگودىكى قوغۇن ماكا-
نى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاساس-
لىق نېفىت چىقىدىغان جاي.

**قۇمۇل** قەدىمكى زاماندا كۇنمۇ دەپ ئاتالغان.
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل دەپ ئاتالغان، گۇاڭ-
شۈينىڭ 10 - يىلى ( 1884 - يىلى ) قۇمۇل بىۋاستە
قاراشلىق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. 1913 - يىلى
قۇمۇل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1934 - يىلى قۇ-
مۇل مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنغان، ھازىر قۇمۇل
ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي.



قۇمۇل

شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، شەرقىي تەڭرىتاغلىرى-
نىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قۇمۇل ئويمانلىقىغا جايلاش-
قان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تۆمۈريول مۇسا-
پىسى 574 كىلومېتىر كېلىدۇ، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر
يولى، 312 - دۆلەت تاشيولى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ
ئۆتىدۇ، يەر مەيدانى 85 مىڭ 600 كۋادرات كىلومې-
تىر، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 35 .24 كۋادرات كى-
لومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 352 مىڭ 900 بولۇپ،
خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن
تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى
%31.2 نى ئىگىلەيدۇ. 1961 - يىلى قۇمۇل شەھىرى
قۇرۇلۇپ، كېيىنكى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.
1977 - يىلى قۇمۇل شەھىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن،
1983 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ
قۇمۇل شەھىرىگە قوشۇۋېتىلگەن.

**شىڭشىڭشيا** شىنجاڭنىڭ ئەڭ شەرقىي دەرۋا-
زىسى. شامالنىڭ بېيشەن تاغلىرىنى يالاش رولى نەتى-
جىسىدە شەكىللەنگەن تار قورۇق جىلغا. شۇنداقلا بۇ
يەر ئېدىرلىق تاشلىق چۆللۈكتىكى بىردىنبىر ئاھالە
تۇرالغۇسى. ئۇلار تاڭ يۇلتۇزلىرىدەك شالاڭ بولغاچ-
قا، « 星星峡 » دەپ ئاتالغان . قەدىمدىن تارتىپ
گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش
تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن، ھازىر 312 - دۆلەت تاشيولى
بېسىپ ئۆتىدىغان جاي. غەربتە قۇمۇل شەھىرىگە 192
كىلومېتىر كېلىدۇ.

**سەنداۋلىڭ ( تارانچى )** قۇمۇل كان ئىشلىرى
ئىدارىسىگە قارايدۇ، شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى
چوڭ كۆمۈر كېنى. شىمالىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي
بۆلىكىدىكى بارقۇ تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، لەنجۇ-
شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان،
غەربتە ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 521
كىلومېتىر، شەرقتە قۇمۇل شەھىرىگە 74 كىلومېتىر
كېلىدۇ، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن 312 -
دۆلەت تاشيولى كان رايونىنىڭ جەنۇب، شىمال ئىككى
تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. كان رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلى-
مى 1050 كۋادرات كىلومېتىر، ھازىرقى نوپۇسى 40
مىڭ. قۇمۇل كان ئىشلىرى ئىدارىسى 1958 - يىلى
قۇرۇلغان. 30 نەچچە يىللىق ئىگىلىك يارىتىش ئارقى-
لىق، ھازىرقى كۆمۈرچىلىكنى ئاساس قىلغان، كۆمۈر
قېزىش، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، توشۇش، توقۇمىچى-
لىق، بىناكارلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنى-
سازلىق، خىمىيە سانائىتى، سودا، يېمەك - ئىچمەك
مۇلازىمىتى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باقمىچىلىق-

تىن ئىبارەت كۆپ خىل كەسىپلەر تەرەققىي قىلغان يېڭى كۆمۈر شەھىرى بولۇپ شەكىللەندى .

**يامانسۇ** قۇمۇل شەھىرىنىڭ بىر بازىرى. شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر ئوتتۇرا تىپتىكى ئۈستى ئوچۇق تۆمۈر كېنى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 110 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. مەخسۇس تۆمۈريول تارماق لىنىيىسى ئارقىلىق لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. ئومۇمىي نوپۇسى 3800، يامانسۇ كېنى 1958 - يىلى ئېچىلغان. 1969- يىلى 2 - ئايدا مۇستەقىل كان بولۇپ قۇرۇلغان. 1971 - يىلى 3 - ئايدا تۇنجى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغان. يىلىغا 500 مىڭ توننا تۆمۈر رودىسى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ كان رايونىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ھاك تاش كېنى بار.

**ئارا تۈرۈك** 1935 - يىلى ئارا تۈرۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان، 1943 - يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ قۇمۇل ۋىلايىتىگە قارىغان. شىمالىي تەڭرىتاغلىرىدىكى قارلىق تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىمال قىسمى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 761 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 19 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 18 مىڭ 500 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى %68.3 نى ئىگىلەيدۇ.

**باركۆل** موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى بولغان. باركۆل دېگەن نام تاغنىڭ نامىدىن كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 36 - يىلى (1697 - يىلى) نامى باركۆلگە ئۆزگەرتىلگەن. چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 9 - يىلى (1731- يىلى) باركۆل قەلئەسى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. 1913- يىلى نامى جېنشى ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1954- يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان. شەرقىي تەڭرىتاغلىرىدىكى باركۆل تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، شەرقىي شىمالىي قىسمىدا موڭغۇلىيىگە ئۆتىدىغان لاۋيېمياۋ چېگرا ئېغىزى بار. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 570 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 37 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 100 مىڭ 400 بولۇپ، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار %30 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىر قۇمۇل ۋىلايىتىگە قارايدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا باركۆل كۆلى بار. 329 مىڭ گېكتار ئورمان، 1 مىليون 332 مىڭ گېكتار ئوتلاق، 48 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يېرى بار بولۇپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق بازىسى ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۈچ خىل داڭلىق ئاتنىڭ بىرى بولغان باركۆل ئېتىنىڭ ماكانى. بېقىلىدىغان تۆگە سانى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، « 10 مىڭ تۆگىلىك ناھىيە» دېگەن نامى بار.

**كورلا** 1917 - يىلى كورلا ياردەمچى ئامبىلى تەسىس قىلىنىپ، قارا شەھەر ئامبال مەھكىمىسىگە قاراشلىق بولغان. 1939 - يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. 1954 - يىلدىن كېيىن كورلا ۋىلايىتىگە قارىغان. 1960 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بولغان. 1979 - يىلى كورلا شەھىرى قۇرۇلغان، 1983 - يىلى كورلا ناھىيىسى كورلا شەھىرىگە قوشۇۋېتىلگەن. كورلا جۇڭگودىكى يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ ئوبلاست — بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى كۆنچى دەرياسى دېلتىسىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 471 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 7216 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 50 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 332 مىڭ بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلىدۇ. كورلا نەشپۈتى، تۈرۈك، شاپتۇل قاتارلىق مېۋە - چېۋىلىرى داڭلىق بولۇپ، «جۇڭگونىڭ نەشپۈت ماكانى» دېگەن نامى بار. ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى (314- دۆلەت تاشيولى) بىلەن غۇلجا - چاقىلىق تاشيولى (218 - دۆلەت تاشيولى) ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەھەر رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. « جۇڭگو بويىچە مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» دەپ نام بېرىلگەن. ( رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 14 - بېتىگە قارالسۇن)

**باشئەگىم** جىن دەۋرىدە بۇ يەردە قوۋۇق تەسىس قىلىنغان، خەتەرلىك، پۇختا ئۆتكەل بولغاچقا،

«باشئەگىم» دەپ ئاتالغان. باشئەگىم ئۆتكىلى يېنىدىكى قىيادا قەدىمكىلەر ئويۇپ قويغان «گىرەلەشكەن تاغ – دەريا» دېگەن چوڭ خەتلەر بار. بۇ بۇ جاينىڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كورلا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان خورا تېغى بىلەن قۇرۇقتاغ ئوتتۇرىسىدىكى 14 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تىك قىيالىق تار جىلغا بولۇپ، جىلغىدىن كۆنچى دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. باشئەگىم قەدىمقى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 48 – بېتىگە قارالسۇن)

**خېجىڭ** قەدىمقى زاماندا كىنگىت بەگلىكىگە قارىغان. 1938 – يىلى خېجىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1939 – يىلى خېجىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 456 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 34 مىڭ 887 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 167 مىڭ 400 بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇللار 17.3% نى ئىگىلەيدۇ. 1954 – يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولغان. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. داڭلىق چارۋىلىرىدىن بايىنبۇلاق چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، قاراشەھەر ئېتى، ئېگىز تاغ قوتىزى قاتارلىقلار بار.

**بالغۇنتاي** خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ بىر بازىرى. غۇلجا – چاقىلىق تاشيولى (218 – دۆلەت تاشيولى) بىلەن ئالتاي – بالغۇنتاي تاشيولى (216 – دۆلەت تاشيولى) نىڭ تۇتاشقان تۈگۈنىگە جايلاشقان بولۇپ، بازارنىڭ شەرقىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئۆتىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 16 مىڭ 400. بازارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 1888 – يىلى قۇرۇلغان بالغۇنتاي خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسى بار، بۇ شىنجاڭدىكى تۆت چوڭ لاما دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**خوشۇت** 1938 – يىلى خوشۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان، 1946 – يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، قاراشەھەر ۋىلايىتىگە قارىشلىق بولغان. 1954 – يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولغان. قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، 314 – دۆلەت تاشيولى ناھىيىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 384 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 12 مىڭ 816 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 62 مىڭ 200 بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 31.6% نى ئىگىلەيدۇ.

**قاراشەھەر** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كىنگىت بەگلىكى قۇرۇلغان جاي. 1913 – يىلى قاراشەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگە، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەندىكى ئېقىن رايونىغا جايلاشقان. 218 – دۆلەت تاشيولى بىلەن 314 – دۆلەت تاشيولى ناھىيە تەۋەلىكىدە كېسىشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 2440.7 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 115 مىڭ 800 بولۇپ، ئاساسەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئازسانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 55.1% نى ئىگىلەيدۇ. 1953 – يىلى 3 – ئاينىڭ 15 – كۈنى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلۇپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولغان. پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 128 مىڭ 100 گېكتار. مەملىكەت بويىچە پەن – تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە.

**باغراش** نامى باغراش كۆلىنىڭ نامىدىن كەلگەن. جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇلۇق كۆلى — باغراش كۆلىنىڭ بويىغا، قاراشەھەر دەرياسى دېلتىسىنىڭ تۆۋەندىكى ئېقىنىغا جايلاشقان. 314 – دۆلەت تاشيولى ناھىيىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىن ئۆتىدۇ، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 430 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 3538.7 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 55 مىڭ 200 بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 34.2% نى ئىگىلەيدۇ. 1970 – يىلى باغراش ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، بۇرانسۇمۇل ناھىيە مەركىزى قىلىنغان ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارىغان. پۈتۈن ناھىيە يەر كۆلىمى-

ىنىڭ پېرىمىنى ئىگىلەيدىغان باغراش كۆلىنىڭ سۇ دائىرىسى كۆلىمى 1061 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، كۆلدە 20 خىلدىن ئارتۇق تاتلىق سۇ بېلىقلىرى ياشايدۇ، كۆل ياقىلىرى غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ قومۇش چىقىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

**بۈگۈر** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈرلى، بۈگۈر، كورلى بەگلىكى ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 12 - يىلى (1886- يىلى) بۈگۈر سەييارە ئامبىلى تەسىس قىلىنغان، گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى (1902 - يىلى) ئۆزگەرتىلىپ بۈگۈر ناھىيىسى قىلىپ تەسىس قىلىنغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، 314- دۆلەت تاشيولى بىلەن قۇملۇق تاشيولى مۇشۇ يەردە تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 640 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 14 مىڭ 157 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 85 مىڭ 400 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 88.4% نى ئىگىلەيدۇ. 1954 - يىلى كورلا ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان، 1960 - يىلىدىن كېيىن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولغان. ھازىر نېفىت، تەبىئىي گاز ئېلىنىدىغان ئاساسلىق رايون.

**لوپنور** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە لوپنور بەگلىكى ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 24- يىلى (1898 - يىلى) شىنچىڭ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. 1914 - يىلى نامى لوپنور ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، تارىم دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 520 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 59 مىڭ 234 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 94 مىڭ 700 بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 29.5% نى ئىگىلەيدۇ. 1956 - يىلىدىن كېيىن كورلا ۋىلايىتىگە قارىغان، 1960 - يىلىدىن كېيىن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بولغان. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋېرمىكۇلىت كېنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋېرمىكۇلىت كېنىدۇر.

**چاقىلىق** خەن دەۋرىدە نوپچان، كرووران بەگلىكى ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 24 - يىلى (1898 - يىلى) قىرقى ئامبال يارىدەمچىسى تەسىس قىلىنغان، گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى (1902 - يىلى) ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھەمدە نامى چاقىلىق ناھىيىسى، دەپ بېكىتىلگەن. چاقىلىقنىڭ نامى قەدىمكى دەۋردىكى چاڭلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. چاقىلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. 218- دۆلەت تاشيولى بىلەن 315- دۆلەت تاشيولى ناھىيە بازىرىدا كېسىشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 894 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 198 مىڭ 794 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ناھىيە ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 28 مىڭ 700، ئاساسەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 41.3% نى ئىگىلەيدۇ. 1960 - يىلىدىن باشلاپ بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستىغا قارىغان. ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا دۆلەتنىڭ زور تۈركۈمدىكى 1 -، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلىرى بار. ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونىدۇر.

**چەرچەن** قەدىمكى چەرچەن بازىرى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ئىدى. 1914 - يىلى چەرچەن ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان، ئىسمى چەرچەن دەرياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۆئېنلۇن تاغلىرى — ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، 315 - دۆلەت تاشيولى ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1270 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 137 مىڭ 831 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 51 مىڭ 700 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 77.7% نى ئىگىلەيدۇ. 1954 - يىلىدىن كېيىن كورلا ۋىلايىتىگە قارىغان، 1960 - يىلىدىن كېيىن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق بولغان. داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن چەرچەن قاشتېشى، جاڭدا قوغۇن، ئاق ئۆرۈك قاتارلىقلار بار.

**ئاقسۇ** چىن، خەن دەۋرىدە توقسۇ بەگلىكى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى) نامى ئاقسۇ دەپ بېكىتىلگەن.

1913 - يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغان. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاقسۇ - تارىم دەرياسى تىنىما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1010 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 18 مىڭ 184 كۋادرات كىلومېتىر. قۇرۇلۇپ بولغان شەھەر كۆلىمى 25.66 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 498 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ نوپۇسى 42.1% نى ئىگىلەيدۇ. 1983 - يىلى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىنغان. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارايدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ھەمدە يېزا ئىگىلىك 1 - دىۋىزىيىسى شتابى تۇرۇشلۇق جاي. شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، پاختا، مېۋە-چېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى.

**ئونسۇ** غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئونسۇ دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 19 - يىلى (1839 - يىلى) قەلئە قورۇلغان. گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى (1902 - يىلى) ئونسۇ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. تەڭرىتېغىدىكى تۆمۈر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، 314 - دۆلەت تاشيولى جەنۇبىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1019 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 14 مىڭ 2 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 202 مىڭ 800 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 78.6% نى ئىگىلەيدۇ. 1958 - يىلى ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئاقسۇ ناھىيىسى بىلەن قوشۇۋېتىلگەن، 1962 - يىلى ئونسۇ ناھىيىسى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارايدۇ. «جۇڭگودىكى ئونسۇ گۈرۈچ ماكانى» دېگەن نامى بار.



ئاقسۇ

**باي** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەن بەگلىكىگە قارىغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 8 - يىلى (1882 - يىلى) باي ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارايدۇ. باي تۈركىي تىلدا «بار» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن بولۇپ، باي، ئەلۋەك دېگەن مەنىدە. جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىدىكى خالىقتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، چۆل تاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى باي ئويمانلىقىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 860 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 15 مىڭ 755 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 190 مىڭ 200 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 87.01% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ئاشلىق، ياغلىقدان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. جۇڭگودىكى تۆت چوڭ غار مىڭئۆيلىرىنىڭ بىرى بولغان قىزىل مىڭئۆيى قاتارلىقلار بار. بۇ مىڭئۆي ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا.

**كۇچار** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەن بەگلىكىگە قارىغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1758 - يىلى ) نامى رەسمىي كۇچار دەپ بېكىتىلگەن. 1913 - يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغان، ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىدىكى كۆك تېكە تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان، 314 - دۆلەت تاشيولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مايتاغ - كۇ-

چار تاشيولى (217 ـ دۆلەت تاشيولى) نىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 750 كىلومېتىر، يەر مەيدانى 14 مىڭ 603 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 368 مىڭ 400 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى %89.9 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك چوڭ ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەلىكىدە نېفىت، تەبىئىي گاز مول. مۇھىم ساياھەت نۇقتىلىرىدىن: كوسەن قەدىمكى شەھىرى، قۇمتۇرا مىڭ ئۆيى قاتارلىقلار بار.

**توقسۇ** خەن دەۋرىدە كوسەن بەگلىكىگە قارىغان. جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ تاغ ئالدى زونىسىدىكى چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. 314 ـ دۆلەت تاشيولى شەرقتىن غەربكە قارىتا ناھىيە تەۋەسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 794 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 779 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 5817.8 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 132 مىڭ 300 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى %95.2 نى ئىگىلەيدۇ، يېزا نوپۇسى %78نى ئىگىلەيدۇ. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى شۆبە ناھىيە تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) خەنزۇچە نامى (新和) غا ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى.

**شايار** چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 26 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) شايار ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان، ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئۆگەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ۋە تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن زونىسىغا جايلاشقان. يەر مەيدانى 31 مىڭ 955 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 183 مىڭ بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %85.4 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ شىنجاڭدىكى ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ بىرى.

**ئۇچتۇرپان** «ئۇچتۇرپان» دېگەن نام تەۋەلىكىدىكى ئۈچ تېغىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان.



ئۇچتۇرپاندىكى توققۇز بۇلاق

جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ توشقان دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1111 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ يەر مەيدانى 9802 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 173 مىڭ 800 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى %92.5نى ئىگىلەيدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نامىنى ئۇچتۇرپان دەپ بېكىتكەن. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى.

**ئاۋات** ئاۋات تۈركچە ئىسىم بولۇپ، گۈللەنگەن دېگەن مەنىدە. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئاقسۇ دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەريالىرى قوشۇلغان ئىنتىما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 13 مىڭ 234 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى 174 مىڭ 800



ئاتۇش

بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 86.2%نى ئىگىلەيدۇ. ئەشمە كۆلى (كۆلىمى 13.3 كۋادرات كىلومېتىر) دىكى يەرلىك بېلىق تۈرلىرىدىن ياپىلاق تۇمشۇق بېلىق (يوغانباش بېلىق) ۋە تارىم دەرياسىنىڭ قىسقۇچ ئېغىزلىق بېلىقى شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ.

**كەلپىن** 1915- يىلى كەلپىندە ئامبال ياردەمچىسى تەسىس قىلىنغان، 1930- يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان، ھازىر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى. جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ كەلپىن تېغى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا جايلاشقان، 314- دۆلەت تاشيولى شەرقىي جەنۇب قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1446 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 8709.6 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ نوپۇسى 97.5%نى ئىگىلەيدۇ.

**ئاتۇش** خەن دەۋرىدە سۇلى بەگلىكىگە قارىغان. 1938- يىلى ئاتۇش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1933- يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. 1954- يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئايرىلغان. 1986- يىلى 10- ئايدا ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەر تەسىس قىلىنغان. ھازىر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى بولغان قارا تېرەك تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قەشقەر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. شىمالدا قىرغىزىستان بىلەن قوشنا بولۇپ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 128 كىلومېتىر كېلىدۇ. 314 - دۆلەت تاشيولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى جەنۇبىي قىسمىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1430 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 16 مىڭ 151 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 188 مىڭ 200 بولۇپ، ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇ، تاجىك، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، قىرغىزلار 13% نى ئىگىلەيدۇ. داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئەنجۈر، مۇناقى ئۈزۈم، قارا كۆسەي قوغۇن، خۇۋەينى ئۈرۈك قاتارلىقلار بار. «ئەنجۈر ماكانى» دېگەن نامى بار.

**ئاقچى** قىرغىزچە ئىسىم بولۇپ، «ئاق چىغ» دېگەن مەنىدە. خەن دەۋرىدە يۈيتو بەگلىكىگە قارىغان. 1944- يىلى ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئەسلىي ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارايتتى، 1954- يىلى 7- ئايدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان قىلىپ ئايرىلغان. تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىكى قىرتاغ بىلەن قارا تېرەك تاغلىرى ئارىسىدىكى توشقان دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1180 كىلومېتىر، شىمالىي قىسمى قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان بولۇپ، دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 288 كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر مەيدانى 12مىڭ 77 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 34 مىڭ 300، قىرغىز (88%نى ئىگىلەيدۇ)، خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

**ئۇلۇغچات** تۈركىي تىلدا ھەيۋەتلىك، كەڭ دېگەن مەنىدە. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چېگرا ناھىيىلىرىنىڭ بىرى. تەڭرىتاغلىرى بىلەن كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ تۇتاشقان قىسمىغا جايلاشقان، غەربىي شىمال قىسمى قىرغىزىستان بىلەن قوشنا، دۆلەت

چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1533 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 19 مىڭ 40 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 42 مىڭ 900 بولۇپ، قىرغىز (73.1%نى ئىگىلەيدۇ)، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. خەن دەۋرىدە جۈەندۇ بەگلىكىگە قارىغان. 1938- يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، نامىنى ئۇلۇغچاتقا ئۆزگەرتكەن. 1954- يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدىغان بولغان. 1987- يىلى ناھىيە بازىرى يېڭىدىن قۇرۇلغان. قەشقەردىن تورغات چېگرا ئېغىزىغا بارىدىغان تاشيول ناھىيە تەۋەلىكىدىن جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈپ قىرغىزىستانغا تۇتىشىدۇ.

**ئاقتۇ** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى بەگلىكىگە قارىغان. جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىدىكى بىر چېگرا ناھىيە. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1545 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 24 مىڭ 540 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي نوپۇسى 160 مىڭ 600 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، قىرغىز (25.1%نى ئىگىلەيدۇ)، تاجىك، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. 1955- يىلى ئاقتۇ ناھىيىسى قۇرۇلغان. ھازىر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ. تەۋەلىكىدە ئېگىز تاغلار، مۇزلۇقلار كۆپ، 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان تاغ چوققىسىدىن 66سى بار. مەشھۇر مۇزتاغ چوققىسى، قوڭۇر چوققىسى، قوڭۇر توققۇز چوققىسى قاتارلىق چوققىلار بار. يايلىقى 630 مىڭ گېكتار. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ناھىيىسى.

**قەشقەر** قەشقەر ئۇيغۇرچە قىرغاق، قاش دېگەن مەنىدە. قەدىمىي يىپەك يولىدىكى تارىخىي مەدەنىيەتلىك داڭلىق شەھەر، 2100 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىي ئېتىكىگە، قەشقەر دېلتىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدىكى شەھەر (76°Eغا جايلاشقان)، دۇنيا ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىنىڭ بىرى، 314- دۆلەت تاشيولى بىلەن 315 - دۆلەت تاشيولىنىڭ تۇتاشقان جايى. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1473 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 92.8 كۋادرات كىلومېتىر. قۇرۇلۇپ يۈتكەن شەھەر رايونى كۆلىمى 18.52 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 311 مىڭ 100 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 82.1% نى ئىگىلەيدۇ. 1952- يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ قەشقەر شەھىرى بولۇپ قۇرۇلغان ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولغان. مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك، نەپىس سەنئەت - زىننەت بۇيۇملىرى، بادام دوپپا، كەشتە بۇيۇملىرى، ئۆتۈك ۋە ھەرخىل مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. جۇڭگو - پاكىستان خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورتىنىڭ تۈگۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتا ۋوگزالى. 1986- يىلى 12- ئايدا گوۋۇيۈەنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەتلىك شەھەر بولغان. تەۋەلىكىدە مەشھۇر ئاسار - ئەتىقىلەر كۆپ، ھېيتگاھ مەسچىتى، ئاپئاق غوجا مازىرى (ئىپارخان مازىرى)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، ئەسكىسار قەدىمىي قەلئەسى خارابىسى ھەمدە سۇلى قەدىمىي قەلئەسى، كونا شەھەر قەدىمىي قەلئەسى، يومۇلاق شەھەر قاتارلىقلار بار. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 14-، 38- بېتىگە قارالسۇن)

**قەشقەر كونا شەھەر** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى بەگلىكىگە قارىغان. گۇاڭشۈينىڭ 9- يىلى (1883- يىلى) كونا شەھەر ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. 1956- يىلدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە قىلىپ ئايرىلغان. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى گەز دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ دېلتا زونىسىغا جايلاشقان، 314- دۆلەت تاشيولى ناھىيە تەۋەسىنى ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تاشيول مۇساپىسى 1490 كىلومېتىر. قەشقەر شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 14 كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 348 مىڭ 600 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 95%نى ئىگىلەيدۇ.

**قەشقەر يېڭى شەھەر** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى بەگلىكىگە قارىغان. گۇاڭشۈينىڭ 28- يىلى (1902- يىلى) يېڭى شەھەر ئامبال مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. 1913- يىلى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1949- يىلدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىگە قا-

رايدىغان بولغان. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتە-
كىدىكى قەشقەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى تىنما تۈز-
لەڭلىكىگە جايلاشقان. تەۋەلىكىدىن 315- دۆلەت تاش-
يولى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى
شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1484 كىلو-
مېتىر، قەشقەر شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 9 كىلو-
مېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 1486.3 كۋادرات كىلو-
مېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 270 مىڭ 700 بولۇپ،
ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق
مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر
نوپۇسى 93.3% نى ئىگىلەيدۇ. دېھقانچىلىق تارىخى
ئۇزۇن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، پاختا بازىسى نا-
ھىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

**مارالبېشى** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يۈيتۇ بەگ-
لىكىگە قارىغان. تۈركىي تىلدا «بارچۇق» دەپ ئاتىلى-
دۇ. چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭنىڭ 12- يىلى (182-
يىلى) مارالبېشى قەلئەسى قۇرۇلغان، گۇاڭشۈينىڭ
9- يىلى (1903- يىلى) ئايماق بولغان ۋە يەكەن
ئامبال مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولغان. 1913- يىلى
ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. مەملىكەت بويىچە چۈچۈكبۇيا
ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە. تەكلىماكان قۇم-
لۇقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە، يەكەن دەرياسى بى-
لەن قەشقەر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى تىنما تۈزلەڭ-
لىك رايونىغا جايلاشقان، 314- دۆلەت تاشيولى بىلەن
جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى (ناھىيە بازىرىنىڭ شىما-
لىغا ئۆت كىلومېتىر كېلىدۇ) ناھىيە تەۋەسىنىڭ شىما-
لىي قىسمىدىن ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بول-
غان تاشيول مۇساپىسى 1255 كىلومېتىر. يەر مەيدانى
20مىڭ 805 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى
237 مىڭ 700 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ،
قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز
سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 94.4%نى ئىگىلەيدۇ. ھا-
زىرقى تېرىلغۇ يېرى 93مىڭ 100 گېكتار. مەملىكەت
بويىچە ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى،
يىللىق پاختا مەھسۇلاتى 55مىڭ توننا بولۇپ، شىنجاڭ-
دا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ئاچال** ئۇيغۇرچە «ئاۋات، گۈللەنگەن» جاي دې-
گەن مەنىدە. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ بىر بازىرى.
ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى (314- دۆلەت تاشيولى)
بىلەن مارالبېشى - يەكەن تاشيولىنىڭ كېسىشىش نۇق-
تىسىغا جايلاشقان. جەنۇبتا مارالبېشى ناھىيىسىگە 20
كىلومېتىر كېلىدۇ. ئاچال شەرقتە ئاقسۇ شەھىرىگە،
غەربتە قەشقەر شەھىرىگە، جەنۇبتا مارالبېشى ناھىيە-
سىگە بارىدىغان ئۈچ ئاچا يول تۈگۈنىگە جايلاشقان بول-
غاچقا، ئاچال (سەنساكۇ) دەپ ئاتالغان. ئاپتوموبىل
قاتنىشىدىكى ئۆتەڭ بېكەت. ھازىرقى نوپۇسى 2300.

**پەيزىۋات** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى بەگ-
لىكىگە قارىغان. گۇاڭشۈينىڭ 29- يىلى (1903-
يىلى) پەيزىۋات ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. 1954-
يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە
قاراشلىق بولغان. 1956- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىگە قا-
رايدىغان قىلىپ ئايرىلغان. قەشقەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇ-
را، تۆۋەن ئېقىنى تىنما تۈزلەڭلىك رايونىغا جايلاشقان؛
314 - دۆلەت تاشيولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر
يولى شىمالىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى
شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1338 كىلو-
مېتىر. يەر مەيدانى 6668.6 كۋادرات كىلومېتىر،
ئومۇمىي نوپۇسى 291 مىڭ 100 بولۇپ، ئاساسەن
ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر-
دىن تەركىب تاپقان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى
97.3%نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق ئىشلەپچىقىرىدىغان
ئاشلىقى 146 مىڭ توننا بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە 10
كۈچلۈك ناھىيە قاتارىغا كىرگەن؛ يىللىق ئىشلەپچىقى-
رىلىدىغان پاختا 28 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت
بويىچە 100 كۈچلۈك ناھىيە قاتارىغا كىرگەن.

**يوپۇرغا** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلى بەگلى-
كىگە قارىغان، گۇاڭشۈينىڭ 28- يىلى (1902- يى-
لى) سۇلى ئامبال مەھكىمىسىگە قارىغان، 1941- يى-
لى ئايرىلىپ چىقىپ يوپۇرغا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدا-
رىسى تەسىس قىلىنغان. 1943- يىلى ناھىيە دەرىجە-
سىگە كۆتۈرۈلگەن. نامى يوپۇرغا دەرياسىنىڭ نامىدىن
كەلگەن. ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى.
دۆلەتنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە تالالىق پاختا ئىشلەپ-
چىقىرىش بازىسى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىس-
مىدىكى گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىن كەلكۈن
جىنس تىنما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. قەشقەر - مە-
كىت تاشيولى غەربتىن شەرققە ناھىيە تەۋەلىكىدىن كې-
سىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول
مۇساپىسى 1560 كىلومېتىر، يەر مەيدانى
2700.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي نو-
پۇسى 127 مىڭ 800 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ
قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇلارنىڭ ئىچى-

دە ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 94%نى ئىگىلەيدۇ.

**يېڭىسار** «يېڭى شەھەر» دېگەن نامنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلې بەگلىكىگە قارىغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 24- يىلى (1757- يىلى) يېڭىسار دەپ بېكىتىلگەن. 1883- يىلى يېڭىسار بىۋاسىتە قاراشلىق ئازارەتى تەسىس قىلىنغان. 1913- يىلى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي ئېتىكىدىكى كۇسەن دەرياسى بىلەن ئېگىز يار دەرياسىنىڭ تىنما تۇزلەڭلىكىگە جايلاشقان، 315 ـ دۆلەت تاشيولى شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قارىتا تەۋەلىكىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1541 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 3223.9 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 211 مىڭ 700 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 92.8%نى ئىگىلەيدۇ. يېڭىسار پىچىقى مىللىي ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ، يىلىغا 100 مىڭدىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە شۆھرەت قازانغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 29- بېتىگە قارالسۇن)

**مەكىت** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يۈتيەن بەگلىكىگە قارىغان. 1928- يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ مەكىت ناھىيىسى بولغان. 1956- يىلىدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بىلەن تىزناپ دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ تىنما تۇزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1410 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 10 مىڭ 277 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 193 مىڭ 700 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ نوپۇسى 75%نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە دولان قويى بازىسى. ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە تالالىق پاختا بىلەن ئۇزۇن تالالىق پاختا كۆپ چىقىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ خەلق سەنئىتى تارىخى ئۇزۇن، كلاسسىك مۇزىكا «دولان مۇقامى» بىلەن مىللىي ئۇسسۇل «دولان مەشرىپى» نىڭ بارلىققا كەلگەن جايى. بۇ ناھىيە يەنە «دېھقان رەسساملار يۇرتى» دەپمۇ تەرىپلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 45- بېتىگە قارالسۇن)

**يەكەن** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەكەن بەگلىكىنىڭ يېرى بولغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەركەن دەپ ئاتالغان. چيەنلۇڭنىڭ 24- يىلى (1759- يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى يەكەن بازىرىنى كېڭەيتكەن. گۇاڭشۈينىڭ 28- يىلى (1902- يىلى) يەكەن ئامبال مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. 1913- يىلى ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى. غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان، 315- دۆلەت تاشيولى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتىدۇ. قەشقەر ـ خوتەن تاشيولى بىلەن مارالبېشى ـ يەكەن تاشيولى مۇشۇ جايدا تۇتىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيول تۈگۈنىگە ئايلانغان. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1666 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە 195 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 9066.8 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 601 مىڭ 800 بولۇپ، شىنجاڭدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ناھىيە ھېسابلىنىدۇ. نوپۇسى ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 96.5%نى ئىگىلەيدۇ. مەملىكەت بويىچە ئاشلىق ۋە ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىنغان ناھىيە، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك چوڭ ناھىيىسى. يەكەندە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە خانىش ئامانىساخان تەرىپىدىن رەتلەنگەن مەشھۇر ئۇيغۇر 12 مۇقامى كەڭ تارقالغان ۋە پۈتۈن شىنجاڭدا شۆھرەت قازانغان.


**پوسكام** خەن دەۋرىدە يەكەن بەگلىكىگە قارىغان. 1921- يىلى پوسكام ناھىيە بولۇپ ئايرىلىپ چىققان. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يەكەن ئامبال مەھكىمىسىگە، قەشقەر مەمۇرىي رايونىغا، يەكەن مەمۇرىي رايونى (ۋىلايىتى) غا قارىغان. 1956- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن تىنما تۇزلەڭلىكىگە جايلاشقان. 315- دۆلەت تاشيولى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپە-

سى 1692 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرى بىلەن بولغان
ئارىلىقى 218 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى
9. 826 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 164
مىڭ 900 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، خۇيزۇ
قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق
مىللەتلەر نوپۇسى 79.2%نى ئىگىلەيدۇ.

**قاغىلىق** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەكەن بەگلـ
كى، يۈلتېرىق بەگلىكى ۋە زىخې بەگلىكلىرىگە قارا-
غان. 1882- يىلى قاغىلىق ناھىيىسى تەسىس قىلىن-
غان. 1959- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بول-
غان. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم
ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى تىزناپ دەرياسىنىڭ
ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان. 315- دۆلەت تاشيولى
شىمالىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ شىن-
جاڭ- تىبەت تاشيولى (219- دۆلەت تاشيولى) نىڭ
باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن
بولغان تاشيول مۇساپىسى 1745 كىلومېتىر، قەشقەر
شەھىرىگە 262 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 29
مىڭ 359 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 373
مىڭ 600 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك،
قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. ئاز
سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 91.8%نى ئىگىلەيدۇ. مەم-
لىكەت بويىچە ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىشتە 100
ياخشى ناھىيىنىڭ بىرى. داڭلىق مېۋە - چېۋە ماكانى.
شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت، ياڭاق، ئانار، جىگدە قا-
تارلىق مېۋە - چېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ. يىلنچىلىكمۇ
خېلى تەرەققىي قىلغان.

**تاشقورغان** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىل-
گىرى - كېيىن بولۇپ سارىقول بەگلىكى، سىغىنال
بەگلىكى ۋە يۈلتېرىق بەگلىكلىرىگە قاراشلىق بولغان.
تاش شەھەر دېگەن مەنىدە. 1913- يىلى ناھىيە تەسىس
قىلىنغان. 1954- يىلى 9- ئاينىڭ 17- كۈنى تاشقور-
غان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان. ھازىر قەش-
قەر ۋىلايىتىگە قارايدۇ. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي
قىسمىغا جايلاشقان. تاجىكىستان، ئافغانىستان ھەمدە
پاكىستان («كەشمىر» ئەمەلىي كونترول رايونى) بە-
لەن چېگرىلىنىدۇ. جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى
(314- دۆلەت تاشيولى) شىمالدىن جەنۇبقا ناھىيىنىڭ
غەربىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. يەر مەيدانى 36 مىڭ
751 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭ
500 بولۇپ، تاجىك، ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇ قاتار-
لىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە تا-
جىكلار 82.9%نى ئىگىلەيدۇ. تەۋەلىكىنى قاتمۇ قات
تاغلار ئوراپ تۇرغان بولۇپ، بۇ جايدا «دۇنيانىڭ ئۆگ-
زىسى» شەكىللەنگەن. كۆپىنچە جايلىرىنىڭ دېڭىز يۈ-
زىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئېگىز، ناھىيە
بازىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3100 مېتىر
كېلىدۇ. جەنۇبىدا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا
چوغىر چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611
مېتىر) بار، شىمالىدا «مۇز تاغ ئاتا» دەپ ئاتالغان مۇز
تاغ چوققىسى (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7546 مې-
تىر) بار. تاشقورغان ئېگىز ھەم سوغۇق چارۋىچىلىق
ناھىيىسى. ناھىيە تەۋەسىدە يەنە مەشھۇر قونجىراب
ئېغىزى بار.

**خوتەن** قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ جايلاشقان
يېرى. 1913- يىلى ئۇدۇن ناھىيىسى تەسىس قىلىن-
غان. 1913- يىلى نامى خوتەنگە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر
خوتەن ۋىلايىتىگە قارايدۇ. مەمۇرىي مەھكىمە ۋە شە-
ھەرلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي. تەكلىماكان قۇملۇ-
قىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن
قاراقاش دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان. 315- دۆلەت
تاشيولى ناھىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتە-
دۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپى-
سى 1513 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 40 مىڭ 874
كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 245 مىڭ
800، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتار-
لىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق



خوتەن

مىللەتلەر نوپۇسى 99.4%نى ئىگىلەيدۇ. 26 مىڭ
گېكتار ئورمان يېرى، 320 مىڭ گېكتار ئوتلىقى بار.
ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ياڭاق، قوي يۇڭى، گىلەم،
خوتەن قاشتېشى بار. يىلىنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى

1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

**گۇما** خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى گۇما بەگلىكى تۇرۇشلۇق جاي. 1902- يىلى چىڭ سۇلالىسى گۇما (ھازىرقى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق بازار) نى باشقۇرۇش مەھكىمىسى قىلغان ئاساستا گۇما ناھىيىسىنى تەسىس قىلغان. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىگە قارايدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە، كۇئېنلۇن تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىي بېشىغا جايلاشقان، 315- دۆلەت تاشيولى ناھىيە تەۋەلىكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1812 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 39 مىڭ 819.8 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 192 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 98.6% نى ئىگىلەيدۇ.

**قاراقاش** تارىختا قاراقاش دەپ ئاتالغان، تۈركچە «قارا رەڭلىك قاشتېشى» دېگەن مەنىدە. ئەسلىدە خوتەن ناھىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان. 1919- يىلى قاراقاش ناھىيىسى بولۇپ ئايرىلىپ چىققان. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ناھىيە. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، قاراقاش دەرياسى — خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، 315- دۆلەت تاشيولى جەنۇبىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1535 كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 383 مىڭ 900، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 98.6% نى ئىگىلەيدۇ.

**لوپ** گۇاڭشۈينىڭ 28- يىلى (1902- يىلى) لوپتا ناھىيە تەسىس قىلىنغان. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسى. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى — خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان، 315- دۆلەت تاشيولى جەنۇبىي قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1489 كىلومېتىر. يەر مەيدانى 14 مىڭ 287 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىڭ 900. ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 98.6% نى ئىگىلەيدۇ.

**چىرا** گۇاڭشۈينىڭ 9- يىلى (1883- يىلى) ئۆدۈن ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندا، چىرا ئۆدۈننىڭ بىر قىسمى بولغان. 1929- يىلى چىرا ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىگە قارايدۇ. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى خوتەن دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان، 315- دۆلەت تاشيولى ئوتتۇرا قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1415 كىلومېتىر (قۇملۇق تاشيولى بويىچە)، يەر مەيدانى 31 مىڭ 343 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 130 مىڭ 400 بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 98.3% نى ئىگىلەيدۇ.

**كېرىيە** قەدىمكى ئۆدۈن بەگلىكىنىڭ جايلاشقان يېرى. 1882- يىلى قاراقاش بازىرىدا ئۆدۈن ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان، كېيىن كېرىيە بازىرىغا كۆچۈرۈلگەن. 1959- يىلى ئۆدۈن كېرىيەگە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىگە قارايدۇ. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، كېرىيە دەرياسى بويىغا جايلاشقان. 315- دۆلەت تاشيولى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1300 كىلومېتىر (قۇملۇق تاشيولى بويىچە)، يەر مەيدانى 39 مىڭ 126 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 203 مىڭ 900 بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 98.9% نى ئىگىلەيدۇ.

**نىيە** خەن دەۋرىدە نىيە بەگلىكىگە قارىغان. 1934- يىلى ئۆدۈن ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ نىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. 1946- يىلى نىيە ناھىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ھازىر خوتەن ۋىلايىتىگە قارايدۇ. كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، 315- دۆلەت تاشيولى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1230 كىلومېتىر (قۇملۇق تاشيولى بويىچە) كېلىدۇ. يەر مەيدانى 57 مىڭ 574 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 32 مىڭ 600. ئاساسەن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ نوپۇسى 91.1% نى ئىگىلەيدۇ.

# تەبىئىي بايلىقلار

**تەبىئىي بايلىقلار** شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى مول، مەيلى كىلىمات، قېزىلما بايلىق، سۇ رايى، تۇپراق، يايلاق، ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ساياھەت بايلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، ھەممىسى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى قۇرغاق رايون ئالاھىدىلىكىگە ۋە غەربىي رايونغا خاس تەبىئىي شارائىت ۋە تۈرپ - ئادەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇلار جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنى ئېچىشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ قىممەتلىك بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ پايدىلىنىش شىنجاڭنىڭ ئىمكانىيەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

1. قېزىلما بايلىقلىرى مول

شىنجاڭدا مول كان بايلىقلىرى كۆمۈلۈپ ياتماقتا. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بايقالغان كان تۈرى 138 خىل بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 168 خىل كان تۈرىنىڭ %82 نى ئىگىلىدى، كان چىقىدىغان جايلار 4000 ئورۇندىن كۆپرەك بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە كان تۈرى ئەڭ كۆپ جاي ھېسابلىنىدۇ. 138 خىل كان تۈرى ئىچىدە 117 تۈرنىڭ زاپىسى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 42 كان تۈرىنىڭ زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 10 - ئورۇندا؛ 24 كان تۈرىنىڭ زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاق چىرىمتال، بېرىللىي، ناترىيلىق سېلىترا، سېغىز تۇپا، سېرپېنتىن، ۋېرمىكۇتىت، دالا شپاتى قاتارلىق يەتتە خىل قېزىلما بايلىق مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. كالىيلىق سېلىترا، ناترىيلىق سېلىترا سويۇن تاشلار مەملىكەت بويىچە پەقەت شىنجاڭدىنلا چىقىدۇ. يەنە 13 خىل كېنىنىڭ ئېنىقلانغان زاپىسى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. نۆۋەتتە تېپىلغان ئېنېرگىيە، قارا مېتال، رەڭلىك مېتال، سىرەك مېتال، سىرەك يەر، شۇنىڭدەك قىممەتلىك مېتاللار، خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدىغان مېتاللوئىدلار، جاۋاھىراتلار ۋە قاشتېشى، شۇنداقلا يەر ئاستى سۈيى قاتارلىق چوڭ تۈردىكى قېزىلما بايلىقلار ئىچىدە 68 خىلى، بولۇپمۇ نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس نىكېل، ئالتۇن قاتارلىق كانلار ئېچىپ پايدىلىنىلىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تۈۋرۈك كەسپىگە ياكى مۇھىم تارمىقىغا ئايلاندى.

ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر ئەڭ مول. نېفىت، تەبىئىي گاز مەركەزلىك ھالدا تارىم، جۇڭغار، تۇرپان - قۇمۇلدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئويمانلىق ۋە ئىلى، قارا شەھەر، باي، سەنتاڭخۇ قاتارلىق ئوتتۇرا - كىچىك تىپتىكى ئويمانلىقلاردىن چىقىدۇ. بۇ ئويمانلىقلار نېفىت ساقلانغان ياخشى تۈزۈلمىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زاپاس مىقدار مول، نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ تۈرلىرى تولۇق، ماي سۈپىتى ياخشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېفىت بىلەن تەبىئىي گاز كۆپىنچە بىللە بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا، جەمئىي 50 نەچچە نېفىت ۋە تەبىئىي گازلىق تېپىلدى، يەر يۈزىدىكى 250 تىن كۆپرەك ئورۇندا نېفىت - گاز ئالامىتى كۆرۈلدى، ئۇ جايلاردىكى نېفىت - گاز بايلىقىنىڭ مىقدارى $300\times10^{8}$ توننا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى نېفىت - گاز بايلىقىنىڭ 1/4 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. 1997 - يىلى ئۇنىڭغا يەنە 127 مىليون توننا نېفىت، 36 مىليارد 15 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز زاپىسى يېڭىدىن قوشۇلدى. 1999- يىلى ئۈچ چوڭ ئويمانلىقتىكى نېفىت - گاز چارلاش خىزمىتىدە ئارقا-ئارقىدىن غايەت زور يېڭى بايقاشلار قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، شىنجاڭدا 10 تىرىللىيون 470 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ساقلانغانلىقىنى، بۇنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى تەبىئىي گاز ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %34 نى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقتى. يەنە تېخى زاپىسى مول، كۆمۈلمە قەۋىتى نېپىز، بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغان قويۇق نېفىت بايلىقى بايقالدى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ 21 - ئەسىردە نېفىت - گازنى ئېچىشتىكى زاپاس ئىستراتېگىيىلىك بازىسىغا ئايلاندى.

كۆمۈر بايلىقى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا

ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان. پۈتۈن شىنجاڭدا ھازىر 66 ناھىيە (شەھەر) دىن كۆمۈر چىقىدۇ. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، جەمئىي 190 نەچچە ئورۇندىن كۆمۈر چىقىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇلاردىن 157 ئورۇندىكىسى چارلاپ كۆرۈلۈپ، 33 ئورۇندا زاپىسى 100 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان كۆمۈر كان بارلىقى سېزىلدى. مۆلچەرلەنگەن ئومۇمىي بايلىق مىقدارى 2 تىرىليون 190 مىليارد توننا بولدى. ئىشەنچلىك مۆلچەردىكى بايلىق مىقدارى 630 مىليارد 260 مىليون توننا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئومۇمىي كۆمۈر بايلىقى مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 1/3 قىسمىنى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىنلا «ئالتۇن، قاشتاش ماكانى» دېگەن گۈزەل نامى بار. گۆھەر ۋە قاشتاش كانلىرى شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىككە ئىگە كان تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ خوتەن قاشتېشى، ئالتاي كۆك گۆھىرى ئىنتايىن مەشھۇر. 1985 - يىلغىچە پۈتۈن شىنجاڭدا جەمئىي 13 تۈردىكى 36 خىل گۆھەر كېنى، 20 نەچچە خىل قاشتاش كېنى بايقالدى، ئۇلار ئاساسەن ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ ۋە كۇئېنلۇن - ئالتۇنتاغ قاتارلىق رايونلارغا جايلاشقان. خوتەن قاشتېشى سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، تەركىبىنىڭ ساپلىقى، رەڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، قاتتىقلىقى، گۈزەللىكى بىلەن دۇنياغا داڭلىق.

**2. يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، سۇ، تۇپراق بايلىقلىرىنى ئېچىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور**

شىنجاڭنىڭ يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول بولۇپ، ئۇ جۇڭگودىكى قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى كۆپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش پىرسەنتى يۇقىرى رايوندۇر. قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 5000 ~ 6600 مېگا جول/كۋادرات مېتىر. يىل بولۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. يىل بويى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىدىغان قۇياش رادىئاتسىيىسى ئېنېرگىيىسى $3200\times10^8$ توننا ئەلا سۈپەتلىك كۆمۈردىن چىقىدىغان ئېنېرگىيىگە باراۋەر، فوتوسىنتېزلىق ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە جەنۇبىي شىنجاڭدا $2700\times3100$ مېگا جول / كۋادرات مېتىر. يىل. شىمالىي شىنجاڭدا 2500 ~ 2800 مېگا جول / كۋادرات مېتىر. يىل. يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ 2550 ~ 3500 سائەتكە يېتىدۇ. ≥10°C بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا شىمالدىن جەنۇبقىچە 5400°C ~ 2800°C قا بارىدۇ. تۇرپاندا 5500°C قا يېتىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق، سوتكىلىق ئۆزگىرىش پەرقى مەملىكىتىمىز ئىچىدە ئوخشاش كەڭلىكتىكى شەرقىي رايونلارنىڭكىدىن چوڭ. بىراق، ئىسسىقلىق مىقدارى بىر قەدەر تۇراقسىز بولۇپ، يىللىق ئۆزگىرىش ۋە ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدىكى ئىسسىق - سوغۇقنىڭ ئۆزگىرىشى بىر قەدەر زور.

شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى مول. يىللىق ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1500 ~ 300 كىلوۋات سائەت / كۋادرات مېتىر. يىل ئارىلىقىدا بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يىللىق شامال ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 3 تىرىليون كىلوۋات سائەت ئەتراپىدا بولىدۇ. داڭلىق ئالاتاۋ ئېغىزى، داۋانچىڭ، لاۋفېڭكۇ قاتارلىق رايونلاردىكى ≥8 بال شامال چىقىدىغان كۈنلەر 100 كۈندىن ئاشىدۇ. بۇ رايونلار شامال ئېنېرگىيىسى زىچلىقىنىڭ قىممىتى يۇقىرى رايونلار ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى مىقدارى زور ھەمدە بىر قەدەر مۇقىم. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېغىن ئومۇمىي مىقدارى 245 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلاردىكى يېغىن مىقدارى 212 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېغىن مىقدارىنىڭ 86.3% نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 22 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مۇزلۇقلارنىڭ يىللىق ئېرىش مىقدارى 22 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. دەريالار سىرغىمىسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مىقدارى 88 مىليارد 250 مىليون كۇب مېتىر، دۆلەت ئىچىدە ھاسىل بولغان ئېقىن مىقدارى 79 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 12 - ئورۇندا تۇرىدۇ. كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان سۇ بايلىقى مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوتتۇرىچە قىممەتنىڭ 2.2 ھەسسىسىگە تەڭ بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بىرلىك مەيدانغا توغرا كېلىدىغان سۇ بايلىقى ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن، شىنجاڭ قۇرغاق رايون ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى سۇ بايلىقىنىڭ زامان ۋە ماكاندىكى تارقىلىشى تەكشى بولمىغانلىقتىن، پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن. كۆپ ساندىكى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىشى ناھايىتى زور، ئەمما يىللار ئارا ئۆزگىرىشى نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ، مول سۇلۇق يىل بىلەن سېلىك سۇ يىلىنىڭ نىسبىتى

1:5. تۈزلەڭ رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۇ يوشۇرۇن كۆچى 6 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىردىن 19 مىليارد كۇب مېتىرغىچە بارىدۇ. 1997 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت، شەھەر - بازار ئاھالىسى ۋە يېزىلارنىڭ تۇرمۇشى قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ئىشلىتىلگەن سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 43 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر بولدى. ئېكولوگىيىلىك سۇ ئىشلىتىش ئامىلىنى چىقىرىۋېتىپ، ئىلغار سۇ تېجەش تېخنىكىلىرى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ كېڭىيىشىنى نەزەرگە ئالغاندا، كەلگۈسىدىكى شىنجاڭ سۇ بايلىقىنىڭ يەنىلا ئاچقۇدەك يوشۇرۇن كۆچى بار.

شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ 1/6 نى ئىگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر تىپلىرى مۇرەككەپ، كۆپ خىل. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان يەر مەيدانى 63 مىليون 400 مىڭ گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %38.1 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق تېرىلغۇ يەردىن 4 مىليون 91 مىڭ 800 گېكتار، باغ - ۋاران يەرلىرىدىن 168 مىڭ 200 گېكتار، ئورمانلىق 6 مىليون 566 مىڭ گېكتار، يايلاق 51 مىليون 397 مىڭ 700 گېكتار، سۇ ئىگىلىگەن يەرلەردىن 1 مىليون 175 مىڭ 700 گېكتار بار. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان يەرلەر (شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق جايى ۋە زاۋۇت - كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرلەر، قاتناش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرلەر ۋە سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن 1 مىليون 154 مىڭ 700 گېكتار بار. نۆۋەتتە يەنە 1 مىليون 927 مىڭ گېكتار بوز يەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىشقا بولىدىغان، دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان زاپاس يەر بايلىقىدىن 8 مىليون 837 مىڭ گېكتار بار. دېھقانچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدىغان زاپاس يەر بايلىقى ئىچىدە بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك يەرلەر %76 نى ئىگىلەيدۇ.

### 3. ئوتلاق كۆلىمى كەڭ، ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك بايلىقى مول ۋە كۆپ خىل

شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئوتلاق بايلىقى كۆلىمى چوڭ، تىپى كۆپ، ئوت - چۆپ تۈرلىرى مول، ئەلا سورتلۇق ئوت - چۆپ بىر قەدەر كۆپ. تۆت پەسىل ئوتلاقلىرى تولۇق. ئوتلاق ئومۇمىي مەيدانى 57 مىليون 258 مىڭ 800 گېكتارغا يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %34.44 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 48 مىليون گېكتار بولۇپ، ئوتلاق ئومۇمىي مەيدانىنىڭ %83.8 نى ئىگىلەيدۇ، مەملىكەت بويىچە شىزاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇلدىنلا كېيىن تۇرىدۇ.

مەملىكىتىمىز بويىچە بىرلىككە كەلگەن تۈرگە ئايرىش سىستېمىسى بويىچە شىنجاڭ ئوتلاقلىرىنى 11 ئوتلاق تىپى، 25 كەنجى گۇرۇپپا، 131 ئوتلاق گۇرۇپپىسى ۋە 687 ئوتلاق تۈرىگە ئايرىشقا بولىدۇ. شىنجاڭ بويىچە يەم - خەشەك قىلىنىدىغان يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلەر 2930 خىل (سۇ ئۆسۈملۈكلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) غا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئەلا سورتلۇق ئوت - چۆپ ئۆسۈملۈكلىرى 382 خىل. دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان ئەلا سورتلۇق ئوت - چۆپلەردىن تىپچاق، قومۇشسىمان تىپچاق، زەۋرەك، قىلتىرىقسىز ئارپىخان، تارغاقئوت، ئوتلاق قوڭغۇرباشى، كىرپىباش، بېدە، سېرىق گۈللۈك بېدە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا بار.

شىنجاڭنىڭ ئوتلاق تىپلىرىدىن مۆتىدىل چىملىق ئوتلاق، مۆتىدىل ئوتلاق، مۆتىدىل چۆللەشكەن ئوتلاق، ئېگىز تاغ ئوتلىقى، مۆتىدىل ئوتلاقلاشقان چۆللۈك، مۆتىدىل چۆللۈك، ئېگىز تاغ چۆللۈكى، پەس تۈزلەڭ چىملىقى، تاغ چىملىقى، ئېگىز تاغ چىملىقى ۋە سازلىق چىملىقى قاتارلىقلار بار. يايلاق تۈرلىرىدىن يازلىق يايلاق، قىشلىق يايلاق، ئەتىياز ۋە كۈزلۈك يايلاق، قىشلىق، ئەتىيازلىق، كۈزلۈك يايلاق ۋە پۈتۈن يىللىق يايلاق قاتارلىقلار بار. لېكىن ئوتلاقلارنىڭ ماكان جەھەتتىكى جايلىشىشى ۋە پەسىللىك يايلاقلارنىڭ جايلىشىشى تەكشى بولماسلىقى ئوتلاقلار تاغلاردا كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولۇش؛ تۈزلەڭلىكلەردە ئاز، سۈپىتى ناچار بولۇش؛ شىمالىي شىنجاڭدا كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولۇش؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاز، سۈپىتى ناچار بولۇش؛ يازلىق يايلاق نىسبەتەن يېتەرلىك، قىشلىق يايلاق كەمچىل بولۇش، ئوت - چۆپ ئىشلەپچىقىرىش يىللىق پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سۈيى كەم ئوتلاق كۆلىمى ئومۇمىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ %38 نى ئىگىلەيدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئورمان بايلىقى نىسبەتەن ئازراق، قاپلاش نىسبىتى ئاران %1.57 بولۇپ، ناھايىتى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جايلىشىشى تەكشى بولمىغانلىقتىن، شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ئورمان بايلىقى بىر قەدەر كەمچىل جايلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدا 1 مىليون

523 مىڭ 500 گېكتار ئورمانلىق، 988 مىڭ گېكتار چاتقاللىق بار. ئۇلار ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان.

شىنجاڭنىڭ ياۋايى ھايۋانات بايلىقىنىڭ تۈرى كۆپ، رايون سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن، پۈتۈن شىنجاڭدا 137 تۈرلۈك ياۋايى ھايۋان بار بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ياۋايى ھايۋانات تۈرىنىڭ % 4 .30 نى ئىگىلەيدۇ؛ قۇشلار 398 خىل بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇشلارنىڭ %6 .33 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت يەنە 43 خىل ئۆمىلىگۈچى ھايۋان، ئالتە خىل قوش ماكانلىق ھايۋان ۋە 50 خىلچە بېلىق بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك بىرىنچى تۈردىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان قىممەتلىك ھايۋانلاردىن شىنجاڭ يوغانباش بېلىقى ، تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، سېرىق بۈركۈت، ئاق يەلكە بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، ئاق قۇيرۇقلۇق دېڭىز بۈركۈتى، ساقاللىق بۈركۈت، قارا بويۇن تۇرنا، تۇرنا، چوڭ دوغداق، كىچىك دوغداق، چىپار دوغداق، قۇندۇز، قارا بۇلغۇن ئېيىقسىمان بۇلغۇن، يىلپىز، يولۋاس، موڭغۇل قۇلانى، تىبەت قۇلانى، ياۋا ئات، ياۋا تۆگە، ياۋا قوتاز، پىرژىۋالسكى تاغ بۆكىنى، تىبەت بۆكىنى، قاڭشارلىق بۆكەن ۋە تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق 28 خىلى بار. دۆلەتلىك ئىككىنچى تۈردىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋاناتلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلەردىن ساقىيقۇش، ئاق قۇ، ئۇلاي، قوڭۇر ئېيىق، تايغان بۈغا، كۆكيامان، ئارقار قاتارلىق 74 تۈرى بار. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئاساسەن، يېمەكلىك تۈرىدىكىلەرنى 96 خىلغا، يۇڭ، تېرە ۋە پەي - موي تۈرىدىكىلەرنى 114 خىلغا، دورىگەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى 58 خىلغا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقتا پايدىلىقلىرىنى 108 خىلغا، تاماشا قىلىش تېپىدىكى ۋە باشقا تېپتىكىلەرنى 172 خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ ياۋايى ھايۋاناتلار بايلىقىنىڭ سانى ئازىيىشقا قاراپ يۈزلەندى.

شىنجاڭنىڭ ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقىنىڭ جايلىشىش كۆلىمى كەڭ، سۈپىتى ياخشى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئوتلاق بايلىقلىرىدىن سىرت، شىنجاڭنىڭ ھازىر مەلۇم بولغان دورا ئۆسۈملۈكلىرى 2014 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋايىلىرىدىن 1451 خىلى ، مەسىلەن، چاكاندا، سوغىگۈل، چۆچۈك بۇيا، كەترا، ئەنجۇدان، توشقان زەدىكى، قارلەيلىسى، يەر مەدىكى، تاغدېنى پەربۇن، گېنتىئانا، تەڭرىتاغ رەۋىنى، قانتېپەر قاتارلىقلاردىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پايدىلىنىلىدى. 120 خىلدىن كۆپرەك دېھقانچىلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار. يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلىرىدىن 130 خىل ياۋا مېۋە دەرىخى بار. مەسىلەن، ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈك، ياۋا گىلاس، ياۋا ياڭاق، كۆپ خىل ئازغان ۋە بۆلجۈرگەن قاتارلىقلار. يەنە تېخى چوڭ تىپتىكى يېمەكلىك زەمبۇرۇغلىرىدىن 200 خىل، ۋىتامىنلىق ئۆسۈملۈكلەردىن 50 نەچچە خىل، مايلىق دان ئۆسۈملۈكلىرىدىن 100 خىلغا يېقىن، ھەسەل مەنبەسى ئۆسۈملۈكلىرىدىن تەخمىنەن 500 خىلچە بار. ئۇنىڭدىن باشقا، مەنزىرە ئۆسۈملۈكلىرىدىن 300 نەچچە خىلى، قۇمنى مۇقىملاشتۇرغۇچى ئۆسۈملۈكلەردىن 100 خىلچە، ئورمان دەرەخ تۈرلىرىدىن 80 نەچچە خىلى بار. گېرمپلازما ئۆسۈملۈك بايلىقى ئىچىدە، ياۋا دانلىق زىرائەتلەرگە يېقىن تۈرلەردىن 87 خىل، ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەرگە يېقىن تۈرلەردىن 70 خىلى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، شورغا، قۇرغاقچىلىققا، ئۇلترا بىنەپشە نۇرغا چىداملىق گېرمپازما بايلىقى 100 خىل ئەتراپىغىچە بارىدۇ. مەملىكەت بويىچە پەقەت شىنجاڭدىلا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بايلىقلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئاق سۆكسۆك، بوز تېرەك، قارلىق تاغ شەمشادى، قۇلماق ۋە ياۋا ئالما قاتارلىقلار. شىنجاڭدا ئۆسۈملۈك بايلىقىنىڭ جايلىشىشى تەكشى ئەمەس بولۇپ، تۈزلەڭلىكلەرگە قارىغاندا تاغلىق رايونلاردا كۆپ، شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ.

4. ئۈزگىچە ساياھەت بايلىقى ئېچىشنى كۈتمەكتە
(«ئىقتىساد» قىسمىدىكى «ساياھەت بايلىقى»غا قارالسۇن)

يەر بايلىقى يەر — يەر شارى قۇرۇقلۇقىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەت قىسمى بولۇپ، ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي ماكانى ۋە بازىسى. تۇپراق — يەرنى ئۆزگەرتكۈچى ماددىي ئاساس، ئەمما يەر قىياپىتى، كىلىمات، سۇ رايى، يېپىنچا ئۆسۈملۈك، ئورگانىزم قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرى يەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىش يۆنىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، يەرلەرنىڭ تەبىئىي تۈرگە ئايرىلىش سىستېمىسى ھاسىل بولغان. يەرنىڭ تەبىئىي تىپلارغا بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئامىل بىرىنچى دەرىجىلىك يەر تىپىنى ئايرىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئوتتۇرا (كىچىك) يەر قىياپىتى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تىپى (سۇب تىپ)، يەر سىنىپى (تۈرى) قاتار-

لىقلار بولسا تىپلارغا ئايرىشنىڭ ئاساسىدۇر. شىنجاڭ يەرلىرىنىڭ تەبىئىي تىپلىرى يەر قىياپىتى، تۇپراق ھاسىل بولۇش جەريانى، شۇنىڭدەك جايلىشىش قانۇنىيىتى قاتارلىق شەرتلەرگە ئاساسەن ئىككى دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىك تىپلاردىن 9 ى، ئىككىنچى دەرىجىلىك تىپلاردىن 27 سى بار.

**قوتۇپ ئېگىز تاغ يەر تىپى** ئاساسەن ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن ئېگىز، تەڭرىتاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3400 (3600) مېتىردىن ئېگىز ۋە كوئېنلۇن تېغىنىڭ (پامىر ئېگىزلىكى) ۋە ئالتۇن تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردىن ئېگىز رايونلىرىغا جايلاشقان. ئۇلارنىڭ تۇپراق تىپى — توڭ تۇپراق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى سوغۇققا چىدامىلىق ياتما ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلىدۇ؛ مۇزلۇق ۋە مەڭگۈلۈك يىغىندى قارلاردىن تاغلىق رايون «قاتتىق ھالەتتىكى سۇ ئامبىرى» ھاسىل بولغاندىن سىرت، كۆپىنچىسى تاش ئېقىم ساھىلى ۋە ئۆرۈلگەن تاش دۆۋىلىرىدىن ئىبارەت. قوتۇپ ئېگىز تاغ يەرلىرىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تىپىدىن مۇزلۇقلار، يىغىندى قارلار، ئېچىلما جىنسلار، شېغىللار بار.

**ئېگىز تاغ يەر تىپى** ئاساسەن تۆۋەندىكى ئورۇنلارغا جايلاشقان: بىرىنچى، ئالتاي تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2100 ~ 2400 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدىغان جايلىرى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تۇپراق تىپلىرى تۇندىرا سېغىز تۇپراق، ئېگىز تاغ سېغىز تۇپرىقى، ئېگىز تاغ قارا تۇپرىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئېگىز تاغ چىملىقى بىلەن ئوتلاق چىملىقىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىككىنچى، تەڭرىتاغ ۋە جۇڭغارنىڭ غەربىدىكى تاغلىق يەرلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1800 ~ 2000 مېتىردىن ئېگىز رايونلىرى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 2500 ~ 2700 مېتىردىن ئېگىز رايونلار، بۇ رايونلارنىڭ تۇپراق تىپى ئاساسەن ئېگىز تاغ قارا توپىسى، تۇندىرا سېغىز توپىسى، ئېگىز تاغ سېغىز توپىسى ۋە ئېگىز تاغ كالتەسىلىق توپىسىدىن ئىبارەت. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى چىملىقلارنى ئاساس قىلىدۇ، جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن شەرقىي بۆلۈكىدە چىملىق، چىملىقلاشقان ئوتلاق ياكى ئوتلاقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۈچىنچى، پامىر ئېگىزلىكى — قارا قۇرۇم — كوئېنلۇن — ئالتۇن تاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 3500 (4300) ~ 5000 (5300) مېتىر ئېگىز جايلىرى ئارىلىقلىرى بولۇپ، كىلىماتى سوغۇق - قۇرغاق، تۇپرىقى بىر قەدەر يېرىك، ئاساسەن تۇندىرا توپىسى، سوغۇق چۆل توپىسىدىن ئىبارەت؛ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئېگىز تاغ ياتما ھالەتتىكى چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاز قىسىم ئوتلاق (چىملىقلاشقان ئوتلاق) يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىمۇ بار. ئېگىز تاغ يېرىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تىپلىرىدىن چىملىق ئېگىز تاغ، چۆل تاغ، چىملىقلاشقان ئوتلاق كەنجى تاغلىق، ئوتلاق تاغلىقلار بار. ئېگىز تاغ يەر تىپى تاغلىق رايون چارۋىچىلىقىنىڭ ئاساسلىق يازلىق يايلىقىدۇر.

**ئوتتۇرا تاغ يەر تىپى** ئاساسەن ئوتتۇرا تاغ بەلۋېغىنىڭ ئورمان سىزىقى ياكى ئورمانسىز يەرلەرگە جايلاشقان. بىرىنچى، ئالتاي تېغىدا: تۆۋەن چەكتىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400 ( 1500 ) مېتىر ئەتراپىدا، تۇپراق تىپلىرىدىن ئاساسلىقلىرى قارا چىملان تۇپراق، بوز قوڭۇر تۇپراق، قاتارلىقلاردىن ئىبارەت؛ يېپىنچا ئۆسۈملۈكى ئاساسەن ئورمان ئوتلىقى. ئىككىنچى، تەڭرىتاغدا: شىمالىي ئېتىكىنىڭ تۆۋەن چەكتىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1700 ( 1800 ) مېتىر، تۇپرىقى ئاساسەن قارا چىملان تۇپراق، بوز قارا تۇپراق، قوڭۇر چىملان تۇپراق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئوتلاق، ئورمان ئوتلاقلىرى بار؛ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ تۆۋەن چەكتىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 (2700) مېتىر، تۇپرىقى قوڭۇر چىملان تۇپراق، قارامتۇل تۇپراق، بوز قارا تۇپراقلارنى ئاساس قىلىدۇ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى چۆل ئوتلىقى، ئوتلاق ۋە ئورمان ئوتلىقىدىن ئىبارەت. ئۈچىنچى، كوئېنلۇن تېغى (پامىر ئېگىزلىكى) ۋە ئالتۇن تاغلىرىدا: تۆۋەن چەكتىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 (3500) مېتىر ئەتراپىدا، تۇپراق تىپلىرىدىن ئاساسەن قارامتۇل تۇپراق، قارامتۇل چۆل تۇپرىقى قاتارلىقلار بار. كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي بۆلىكىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى چۆل ئوتلىقى، ئوتلاق ( پارچە - پۇرات ئورمان ئوتلاقلىرىدىن) ؛ شەرق بۆلىكىنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بولسا چۆل، چۆل ئوتلىقى، ئوتلاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئوتتۇرا تاغ يېرىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تىپلىرىدىن ئورمان ئوتلاقلىق ئوتتۇرا تاغ، ئوتلاقلىق ئوتتۇرا تاغ، چۆل ئوتلىقلىق ئوتتۇرا تاغ، چۆللۈك ئوتتۇرا تاغ قاتارلىقلار بار. ئوتتۇرا تاغ بەلۋېغىنىڭ ئورمانلىرى

قويۇق، ھاۋاسى مۇۋاپىق، بۇ يەر تاغلىق رايون ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان سورۇنى بولۇپ، كۆپىنچە قىشلىق يايلاق قىلىنىدۇ، شۇنداقلا پەس تاغدىكى ئەتىيازلىق - كۈزلۈك يايلاقتىن يازلىق يايلاققا يۆتكىلىشتىكى ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك چارۋىچىلىق يەر تىپى ھېسابلىنىدۇ.

پەس تاغ ئېدىرلىق يەر تىپى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئورۇنلارغا يەنى: بىرىنچى، ئالتاي ئېغىنىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 750 ( 1000 ) ~ 1400 (1500) مېتىرغىچە ئېگىز جايلىرى ئارىلىققا جايلاشقان، تۇپراق تىپى كاشتان تۇپراق، قارا چىلان تۇپراق ۋە كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق قاتارلىقلار؛ يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئاساسەن چۆل ئوتلىقى، ئوتلاقتىن ئىبارەت. ئىككىنچى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن شىمالىي ئېتىكىنىڭ پەرقى بىر قەدەر چوڭ. شىمالىي ئېتىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 600 — 1200 مېتىر، جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1000 — 1800 مېتىر ئېگىز جايلىرىغا جايلاشقان. ئاساسلىق تۇپراق تىپلىرىدىن بوز چۆل تۇپرىقى، قوڭۇر چۆل تۇپرىقى ۋە كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق قاتارلىقلار بار. يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىدىن جەنۇبىي ئېتەكتە چۆل ۋە چۆل ئوتلىقى، شىمالىي ئېتەكتە چۆل ئوتلىقى ۋە ئوتلاقلار بار. ئۈچىنچى، كۇئېنلۇن، ئالتۇن تاغلىرىدا: دېڭىز يۈزىدىن 1300 — 2000 مېتىر ئارىلىقىدىكى جايلارغا جايلاشقان، تۇپرىقى قوڭۇر چۆل تۇپىسىنى، يىپىنچا ئۆسۈملۈكى چۆللۈكنى ئاساس قىلىدۇ. پەس تاغ ئېدىرلىقىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تىپلىرىدىن ئوتلاق پەس تاغ ئېدىرلىقى، چۆل ئوتلىقى پەس تاغ ئېدىرلىقى، چۆل پەس تاغ ئېدىرلىقلىرى بار. پەس تاغ ئېدىرلىقلىرى ئاساسەن ئەتىيازلىق - كۈزلۈك يايلاقلار ۋە قىشلىق يايلاقلار جايلاشقان رايونلاردۇر. پەس تاغ ئېدىرلىقلىرى يەرلەرنى ئىشلىتىش جەھەتتە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىشتىن تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى بەلۋاغدۇر.

قىيپاش دۆڭلۈكلەرنىڭ يەر تىپى تاغلارنىڭ ئالدىدىكى كەلكۈن چۆكۈندى ۋە ئېقىن چۆكۈندى يانتۇ تۈزلەڭلىك قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، بۇلار ئاساسەن: بىرىنچى، ئالتاي ئېغىنغا ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان، تۇپرىقى ئادەتتە كاشتان تۇپراق، كۈل رەڭ قوڭۇر چۆل تۇپرىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئاساسەن چۆل ئوتلىقى ياكى چۆل يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى، غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارغا جايلاشقان، تۇپرىقى قارا چىلان تۇپراق، كاشتان تۇپراق، كۈل رەڭ چىلان تۇپراقلاردىن ئىبارەت. يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى چۆل ئوتلىقى ياكى ئوتلاقتۇر. ئۈچىنچى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، كۇئېنلۇن ۋە ئالتۇن تاغلىرىنىڭ تاغ ئالدىغا جايلاشقان، تۇپرىقى قوڭۇر چۆل تۇپرىقىنى ئاساس قىلىدۇ، يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى چۆل يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئىبارەت. قىيپاش دۆڭلۈكلەرنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك يەر تىپلىرىدىن: ئوتلاق قىيپاش دۆڭ يەرلىرى، چۆل ئوتلىقى قىيپاش دۆڭ يەرلىرى، چۆل قىيپاش دۆڭ يەرلىرى قاتارلىقلار بار. يەر ئىشلىتىشتە بۇلار ئاساسەن ئەتىياز - كۈزلۈك ئوتلاق ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى قىلىنىدۇ، بىر قىسمى سۈنئىي بوستانلىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلدى.

تۈز يەرلەرنىڭ يەر تىپى قىيپاش دۆڭلۈكلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقان، يەر شەكلى بىر قەدەر تۈز بولۇپ، چوڭ دەريا دېلتىلىرى، قۇرۇق دېلتا، دەريا جىلغىلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەر، قەدىمكى تىندۇرما تۈزلەڭلىكلەر ۋە ئۆپىرىغان تۈزلەڭلىكلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ ھالقىسىمان جايلاشقان. تۇپراق تىپى ئاساسەن قوڭۇر چۆل تۇپرىقى، قاغجىراپ يېرىلغان تۇپراق، كۈل رەڭ چىلان تۇپراق، كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق، كۈل رەڭ چۆل تۇپرىقى، قارا چىلان تۇپراق، كاشتان تۇپراق، شۇنىڭدەك شاخ - شۇمبىلىق نەم تۇپراق، شور تۇپراق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئاساسەن چۆللۈك بولۇپ، پەقەت دەريا بويى تۈزلەڭلىكلىرىگىلا بەلۋاغسىمان چۆل ئورمانلىرى جايلاشقان، تىندۇرما تۈزلەڭلىكلەردە چۆللۈكلەشكەن چىملىق يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى بار. ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ئوتلاق ياكى چۆل ئوتلىقى يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى جايلاشقان. ئالتاي رايونىغا چۆل ئوتلىقى ۋە چۆل يىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى جايلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شورغا چىدامىلىق يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەر كەڭ كۆلەمدە جايلاشقان. تۈز يەرلەرنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك يەر تىپلىرىدىن ئاساسلىقى: چىملىق تۈز يەرلەر، ئوتلاق تۈز يەرلەر، چۆل ئوتلىقى تۈز يەرلىرى، چۆل تۈز يەرلەر، شورلۇق تۈز يەرلەردىن ئىبارەت. تۈز يەر تىپلىرى شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق بوستانلىقلىرى جايلاشقان رايونلاردۇر.

**پەس نەم يەرلەرنىڭ يەر تىپى** ئاساسلىقى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسى ۋە يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىگە، تاشقىن ساھىللىرىغا، پەس پەلەمپەي يەرلەرگە، دەريالار ئارىلىقىدىكى ئويمان يەرلەرگە ۋە كۆل بويىدىكى تۈزلەڭلىكلەرگە جايلاشقان. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئاساسلىقلىرى: چىملىق، ساسلىق تۈرىدىكىلەر، تۇپراق ئورمانلىقى ياكى چاتقاللاردىن ئىبارەت، زەيگە ۋە شورغا چىدامىلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرمۇ ئۆسىدۇ. ئاساسلىق تۇپراق تىپلىرىدىن: زەي تۇپراق، يوشۇرۇن يېتىلگەن تۇپراق، شاخ ـ شۇمبىلىق زەي تۇپراق، شورلۇق تۇپراق قاتارلىقلار بار. پەس نەم يەرلەرنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تىپلىرىدىن ئاساسلىقى: چىملىق ۋە ساسلىق پەس نەم يەرلەر، شور تۇپراقلىق پەس نەم يەرلەر بار. پەس نەم يەرلەر شىنجاڭنىڭ تارىختىكى تۈزلەڭ رايونلار چارۋىچىلىقىنىڭ بازىسى بولۇپ، قىشلىق ئوتلاق ياكى تۆت پەسىل يايلاقلىرى جايلاشقان رايونلاردۇر.

**قۇملۇق يەر تىپى** قۇملۇقلارنىڭ جايلىشىش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، تاغلىقلاردىن تۈزلەڭلىكلەرگىچە ھەرخىل يەر تۈزۈلۈشىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ، لېكىن تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەڭ مەركەزلەشكەن بولۇپ، يەر تىپى شامالدىن ھاسىل بولغان يەر تىپىغا كىرىدۇ. قۇملۇقلارنىڭ شەكىللىرىدىن: ھىلال ئاي تىپلىق، بىرلەشمە تىپلىق، پىرامىدا تىپلىق، كۆنەكسىمان قاتارلىق قۇم بارخانلىرى، شاخسىمان قۇم قىرلىرى ۋە تۈز قۇملۇق يەرلەر بار. تۇپرىقىنىڭ ھەممىسى قۇملۇق توپا بولۇپ، كۆپ قىسمىدا يېپىنچا ئۆسۈملۈك كەمچىل ياكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكى ناھايىتى شالاڭ. قۇملۇق يەرنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك تىپلىرىدىن تاغلىق ۋە قىيپاش دۆڭلۈكتىكى قۇملۇق يەرلەر، تۈزلەڭدىكى قۇملۇق يەرلەر بار.

**پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر تىپى** يەردىن پايدىلىنىش ئىنسانلارنىڭ يەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، مۇئەييەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەقسەت بويىچە، بىر قاتار بىئولوگىيىلىك، تېخنىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، يەرلەرنى دەۋرىيلىك ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك پەرۋىش قىلىپ باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەپ ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدۇر. شىنجاڭنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر تىپلىرىنى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان يەرلەر، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان يەرلەر ۋە پايدىلىنىلمىغان يەرلەر دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان يەر كۆلىمى 63 مىليون 399 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 38.08% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنى يەنە تېرىلغۇ يەر، باغ يەرلىرى، ئورمان يەرلىرى، ئوتلاق يەرلىرى، سۇ رايونى دېگەن 5 چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 514 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.91% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنى ئۆز ئىچىدىن يەنە ئاھالىلەر ئولتۇراق يېرى ۋە زاۋۇت ـ كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يەر، قاتناش ئىشلىرىغا ئىشلىتىدىغان يەر، سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**تېرىلغۇ يەرلەر** ھازىر پۈتۈن شىنجاڭدا 4 مىليون 91 مىڭ 851.25 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 6.45% نى ئىگىلەيدۇ، ئۇ ئاساسەن ھەرقايسى دەريا ۋادىلىرىدىكى بوستانلىقلارغا مەركەزلىك جايلاشقان. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سۇغىرىلىدىغان يەرلەر بولۇپ، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 89.21% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇلار ئاساسەن: بىرىنچى، سۇغىرىشقا تايىنىدىغان يەرلەر. ئۇلارنىڭ كۆلىمى 77247.42 گېكتار بولۇپ، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1.89% نى ئىگىلەيدۇ، ئاساسەن مىچۈەن شەھىرى، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، شۇنىڭدەك تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، كونا شەھەر ناھىيىسى، ئاقسۇ بوز يەر رايونى، خوتەن دەرياسى بىلەن سۇغىرىلىدىغان رايونلارغا جايلاشقان. ئىككىنچى، ئۆلكە يەرلەر. كۆلىمى 3 مىليون 768 مىڭ 175.84 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 92.09% نى ئىگىلەيدۇ. ئۆلكە يەرلەر شىنجاڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ ئاساسلىق تىپى بولۇپ، ھەرقايسى بوستانلىقلارغا، ھەرقايسى ۋادىلاردىكى چوڭ ـ كىچىك دەريالارنىڭ تاغدىن چىقىش ئاغزىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسى، كەلكۈن چۆكۈندىلىرىگە ياكى ئېقىن چۆكۈندىسى تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا، شۇنداقلا چوڭ دەريا ياقىلىرىدىكى سۇ باشلاش ئاسان يەرلەرگە تارقالغان. ئۈچىنچى، بىنەم يەرلەر. يەر كۆلىمى 217 مىڭ 188.74 گېكتار بولۇپ، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 5.31% نى ئىگىلەيدۇ،

ئاساسەن شىنجاڭدىكى يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 300 مىللىمېتىردىن يۇقىرى رايونلارغا، جۈملىدىن ئىلى دەرياسى جىلغىسىنىڭ تاغ ئېتىكىدىكى ئېدىرلىقلارغا ۋە تېكەس جىلغىسى بىلەن موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقىغا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى پەس تاغ ئېدىرلىقى رايونلىرىغا جايلاشقان. تۆتىنچى، كۆكتات يەرلىرى. كۆلىمى 29 مىڭ 196.79 گېكتار بولۇپ، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 0.71% نى ئىگىلەيدۇ، مەركەزلىك ھالدا ھەرقايسى شەھەر، ناھىيە بازىرى، يېزا - بازارلارنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان، يېزىلارغىمۇ پارچە - پۇرات تارقالغان.

باغ يەرلىرى كۆلىمى 168مىڭ 195.52 گېكتار بولۇپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.27% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىقلىرىدىن: بىرىنچى، مېۋىلىك باغلار. كۆلىمى 156 مىڭ 30.88 گېكتار بولۇپ، باغ يەرلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 92.77% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسەن تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىغا، كورلا - ئاقسۇ رايونلىرىغا، شۇنداقلا، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، ئىلى ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان. ئىككىنچى، ئۈژمىزارلىق يەرلىرى. كۆلىمى 4845.68 گېكتار بولۇپ، باغ يەرلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 2.88% نى ئىگىلەيدۇ، ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە جايلاشقان. ئۈچىنچى، قۇلماقلىق ۋە باشقا باغ يەرلىرى. كۆلىمى 7319.96 گېكتار بولۇپ، باغ يەرلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 4.35% نى ئىگىلەيدۇ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىغا كۆپ تارقالغان.

ئورمان يەرلىرى كۆلىمى 6 مىليون 565 مىڭ 972.04 گېكتار بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 10.36% نى ئىگىلەيدۇ. بىرىنچى، ئورمان بار يەرلەر. كۆلىمى 2 مىليون 332 مىڭ 256.71 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 35.52% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسەن تاغلىق رايون ئورمان يەرلىرى ۋە تۈزلەڭلىكلەردىكى ئورمان يەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان. تاغلىق رايون ئورمان يەرلىرى ئاساسلىقى غەربىي تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا تاغ رايونلىرىغا جايلاشقان؛ تۈزلەڭلىكلەردىكى ئورمان يەرلىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا، چوڭ دەريا بويلىرىغا ۋە ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسىدىكى كەڭ ئورمان رايونلىرىغا جايلاشقان، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ توغراقلىق رايونى ساقلانماقتا. ئىككىنچى، چاتقال ئورمىنى. كۆلىمى 2 مىليون 823 مىڭ 348.09 گېكتار بولۇپ، ئورمان يەرلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 43% نى ئىگىلەيدۇ. كەڭ كۆلەمدە تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن جۇڭغار ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى، شۇنداقلا تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ كەڭ چۆللىرىگە مەركەزلىك جايلاشقان. ئۈنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئورمان يەرلىرى ئىچىدە 1 مىليون 201 مىڭ 796.47 گېكتار شالاڭ ئورمانلىق بار بولۇپ، ئورمان يەرلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 18.3% نى ئىگىلەيدۇ؛ بەرپا قىلىنمىغان ئورمان يەرلىرى 56مىڭ 520.01 گېكتار، ئورمان ئىزى 146 مىڭ 115.59 گېكتار، كۆچەتلىك يەر 5935.01 گېكتار. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 21 - بېتىگە قارالسۇن)

ئوت - چۆپلۈك يەرلەر كۆلىمى 51مىليون 397 مىڭ 689.67 گېكتار بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 81.07% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئوتلاق (ياخشىلانغان ئوتلاقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لارنىڭ كۆلىمى 51 مىليون 301 مىڭ 441.70 گېكتار بولۇپ، ئوت - چۆپلۈك يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 99.81% نى ئىگىلەيدۇ. بۇلار ئاساسەن ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تەڭرىتاغنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا، تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا، شۇنداقلا يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن - كەلكۈن چۆكۈندىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىگە ۋە ئېقىن چۆكۈندىسى تۈزلەڭلىكلىرىگە جايلاشقان. سۈنئىي ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى 96 مىڭ 247.97 گېكتار بولۇپ، ئوت - چۆپلۈك يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 0.19% نى ئىگىلەيدۇ. بۇلار ئاساسەن ئىلى ۋىلايىتىگە، ئالتاي ۋىلايىتىگە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى كەڭ رايونلارغا ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە جايلاشقان.

سۈنئىي ئوتلاق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى تۈرى، سۈنئىي ئۇسۇلدا ياخشىلانغان تەبىئىي ئوت - چۆپلۈكلەر بولۇپ، ئاساسەن سۈنئىي ئۇسۇلدا قاشالانغان ھەرخىل ئوتلاق (كورە) لارنى ۋە سۇغىرىلىدىغان ئوتلاقلار (دەريا جىلغىلىرىنىڭ پەس يەرلىرىدىكى چاپىملىقلار) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،

ئۇلار جەمئىي 1 مىليون 67 مىڭ گېكتار كېلىدۇ؛ ئىككىنچى تۈرى، ئۇستىلەپ تېرىپ ئايروپىلاندا ئۇرۇق چېچىپ ياخشىلانغان ئوتلاقلار بولۇپ، تەخمىنەن 213 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك كۆلەمگە ئىگە؛ ئۈچىنچى تۈرى، سۇنئىي ئۇسۇلدا بەرپا قىلىنغان ئوت - چۆپ يەرلىرى، يەنى ئېتىز - ئېرىق تەلىپى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك تېرىشنى ئاساس قىلغان ئوتلاقلار بولۇپ، بەرپا قىلىنغىنى جەمئىي 800 مىڭ گېكتار، ساقلىنىپ قېلىنغىنى 600 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدۇ.

**ئاھالىلەر ئولتۇراق جايلىرى ۋە زاۋۇت - كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرلەر** كۆلىمى 875 مىڭ 123.72 گېكتار بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 57.78% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ تۆۋەندىكى يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، شەھەر - بازارلار، كۆلىمى 76 مىڭ 430.19 گېكتار بولۇپ، ئاھالە ئولتۇراق جايلىرى ۋە زاۋۇت - كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 8.73% ئىگىلەيدۇ، ھەرقايسى بوستانلىقلارغا مەركەزلىك تارقالغان. 216، 217، 315، 314، 312 قاتارلىق دۆلەت يولى بويىغا ئەڭ كەڭ تارقالغان. ئىككىنچى، يېزا ئاھالە ئولتۇراق جايلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 450 مىڭ 600.84 گېكتار بولۇپ، ئولتۇراق جاي، ۋە زاۋۇت - كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 51.49% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق يەرلەر ھەرقايسى بوستانلىقلارغا كەڭ تارقالغان. ئۈچىنچى، مۇستەقىل زاۋۇت - كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرلەر 82 مىڭ 926.84 گېكتار بولۇپ، ئاھالىنىڭ ئولتۇراق جايى ۋە زاۋۇت - كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 9.48% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنداق يەرلەر ئاساسەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارغا تارقالغان، ئۇنىڭدىن قالسا تورپان - قۇمۇل ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى قاتارلىق رايونلارغا تارقالغان. مۇستەقىل زاۋۇت - كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەرلەر ئىچىدە نېفىت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن يەرلەرنىڭ سالمىقى ئەڭ زور. تۆتىنچى، شورلۇق ئېتىزلار، كۆلىمى 10 مىڭ 330.27 گېكتار بولۇپ، ئاھالە ئولتۇراق جايلىرى ۋە زاۋۇت - كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.18% نى ئىگىلەيدۇ، ئاساسەن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى ئېبىنۇر كۆلى رايونى، ماناس كۆلى رايونىغا جايلاشقان. بەشىنچى، ئالاھىدە ئىشلىتىلگەن يەرلەر، كۆلىمى 254 مىڭ 836.58 گېكتار بولۇپ، ئاھالە ئولتۇراق جايلىرى ۋە زاۋۇت - كانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 29.12% نى ئىگىلەيدۇ.

**قاتناشقا ئىشلىتىلگەن يەرلەر** كۆلىمى 218 مىڭ 281.95 گېكتار بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 14.41% نى ئىگىلەيدۇ. بىرىنچى، تۆمۈر يول: كۆلىمى 7244.39 گېكتار بولۇپ، قاتناشقا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 3.32% نى ئىگىلەيدۇ، ئاساسلىقى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىغا ئىشلىتىلگەن يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى، تاشيول: كۆلىمى 39 مىڭ 853.51 گېكتار بولۇپ، قاتناشقا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 18.26% نى ئىگىلەيدۇ، ئاساسلىق تاش يوللاردىن 312، 314، 315، 217، 216 قاتارلىق دۆلەت يوللىرى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك تاشيول سىستېمىسى بار. ئۈچىنچى، يېزا يوللىرى: كۆلىمى 168 مىڭ 727.32 گېكتار بولۇپ، قاتناشقا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 77.3% نى ئىگىلەيدۇ، ئەڭ كەڭ تارقالغان. تۆتىنچى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايرودروملىرى: كۆلىمى 2101.23 گېكتار بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.96% نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسەن ئۈرۈمچى، كورلا، غۇلجا، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرگە جايلاشقان. بەشىنچى، پورت - پىرىستانلار: كۆلىمى 355.60 گېكتار بولۇپ، قاتناشقا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.15% نى ئىگىلەيدۇ، ئاساسەن باغراش كۆلى رايونىغا جايلاشقان.

**سۇ رايونى** كۆلىمى 4 مىليون 226 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، تۇزلەڭلىكلەردىكى جانلىقلارنىڭ ۋە بوستانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسلىق سۇ مەنبەسى. ھازىر ئاساسەن سۇغىرىشقا ئىشلىتىلمەكتە. باقمىچىلىققا ئىشلىتىلىۋاتقان سۇ يۈزىنىڭ سالمىقى زور ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە تۇزلەڭلىكتىكى سۇ يۈزىنىڭ مەيدانى (ئاساسەن ھەرقايسى چوڭ دەريالار، كۆللەر، سۇ ئامبارلىرى، كۆلچەكلەر) 1 مىليون 175 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ،

يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %1.85 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇچىلىق مۇئەسسەسەلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەر 421 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن يەر كۆلىمىنىڭ %27.81 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئاساسەن ھەرقايسى ۋادا، ھەرقايسى سۇغىرىش رايونلىرىدىكى سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا ۋە سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ئۈستەڭ سىستېمىسىغا ئىشلىتىلگەن يەرلەردىن ئىبارەت.

پايدىلىنىلمىغان يەر مەيدانى 101 مىليون 575 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %61.01 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئاساسەن يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %5 كە يەتمەيدىغان يالىڭاچ يەرلەر ياكى گوبى، قۇملۇق، قۇملۇق يەرلەر، ئېغىر شورلاشقان يەرلەر، تۇز يېپىنچىلىق يەرلەر، تۇزلۇق لايقىلار، مازلىقلار، تۇپىسى، تېشى ئېچىلىپ قالغان يەرلەر، ئۆرۈلگەن تاش دۆۋىلىرى قاتارلىق ئۆزلەشتۈرۈشكە قولايسىز يەرلەردىن ئىبارەت. پايدىلىنىلمىغان يەرلەردىن جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئەڭ چوڭ. ئۇنىڭدىن باشقا تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغى قاتارلىق تاغ تىزمىلىرىنىڭ قار سىزىقى ئۈستىدە نۇرغۇن مۇزلۇقلار، مەڭگۈلۈك يىغىندى قارلار، شۇنداقلا تاغلاردا ئېچىلىپ قالغان تاش شېغىللار بار. ھەممە بوستانلىقلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە گوبى، قۇملۇق سەھرالار، قۇملۇق يەرلەر، شورلۇق يەرلەر بار. ئېغىر دەرىجىدە شورلىشىش، قۇملۇقلىشىش، قۇرغاق ۋە سۇ كەمچىل بولۇش، شېغىل كۆپ، تۇپا قاتلىمى نېپىز، سۈپىتى ناچار بولۇش ئامىللىرى يەردىن پايدىلىنىشنى چەكلىگۈچى ئاساسلىق ئامىللاردۇر.

## شىنجاڭنىڭ يەردىن پايدىلىنىش رايونلىرى

يەردىن پايدىلىنىش شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، بەش يەردىن پايدىلىنىش رايونىغا بۆلۈنىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يەردىن پايدىلىنىش رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى ۋە قاراماي شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوندا شەھەر - بازارلار زىچ، زاۋۇت - كانلار مەركەزلەشكەن، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان، نوپۇسى كۆپ، ئىجتىمائىي ئىقتىساد بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، ھازىر يېزا - ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىۋاتقان يەرلەر 7 مىليون 342 مىڭ 800 گېكتار، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىۋاتقان يەرلەر 232 مىڭ گېكتار. يەردىن پايدىلىنىشتا سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى شەھەر - بازارلار ۋە سانائەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەردىن پايدىلىنىش رايونى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوندا سۇ ۋە تۇپراق بايلىقى مول، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىر قەدەر ياخشى ئاساسقا ئىگە ھەمدە مول قېزىلما بايلىقى بار. ھازىرقى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىۋاتقان يېرى 25 مىليون 128 مىڭ 300 گېكتار، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىۋاتقان يېرى 371 مىڭ گېكتار. يەردىن پايدىلىنىشتا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇلماقتا؛ ئاشلىق، قىزىلچا، پاختا، ياغلىق دان ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى قۇرۇلماقتا؛ قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش سۈرئىتى تېزلىتىلمەكتە.

شەرقىي شىنجاڭدىكى يەردىن پايدىلىنىش رايونى تۇرپان، قۇمۇلدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوننىڭ كلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى ناھايىتى مول، سۇ بايلىقى قىس، لېكىن قېزىلما بايلىقلىرى بىر قەدەر مول. كېۋەز، باغۋەنچىلىك زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق. ھازىر دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىۋاتقان يېرى 5 مىليون 232 مىڭ 300 گېكتار، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىۋاتقان يېرى 242 مىڭ 900 گېكتار. يەردىن پايدىلىنىشتا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە رودا قېزىشنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۇزۇن تالالىق پاختا ۋە ئەلا سۈپەتلىك مېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى نۇقتىلىق قۇرماقتا؛ كان بايلىقلىرى مول بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇناسىپ ھالدىكى رودا پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى ۋە كان قېزىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويماقتا.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يەردىن پايدىلىنىش رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق كلىماتقا مەنسۇپ. يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، سۇ باي-

لىقى ۋە زاپاس يەر بايلىقى بىر قەدەر مول، ھازىر دېھقانچىلىققا ئىشلىتىۋاتقان يېرى 15 مىليون 264 مىڭ 700 گېكتار. قورۇلۇشقا ئىشلىتىۋاتقان يېرى 321 مىڭ 100 گېكتار، يەردىن پايدىلىنىشتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىكنى ۋە نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتىنى ئاساس قىلىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يەردىن پايدىلىنىش رايونى   قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق كىلىماتقا مەنسۇپ. يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، ئادىمى كۆپ، يېرى ئاز، بوران - قۇم ئاپىتىنىڭ زىيىنى ئېغىر. ھازىر يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىۋاتقان يېرى 10 مىليون 430 مىڭ 130 گېكتار، قورۇلۇشقا ئىشلىتىۋاتقان يېرى 347 مىڭ 700 گېكتار. يەردىن پايدىلىنىشتا سۇ بايلىقىنى يەنىمۇ ئېچىپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ساياھەتچىلىكنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ.

دېھقانچىلىققا باب يەرلەر پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە دېھقانچىلىققا باب 4 مىليون 897 مىڭ 500 گېكتار يەر بولۇپ، پايدىلىنىشقا باب ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %7.15 نى ئىگىلەيدۇ. يەر سۈپىتى نىسبىتى (بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ بۇ تۈردىكى يەرلەردە ئىگىلىگەن سالمىقى) ئاران %22.44، سۈپىتى ناچار يەرلەر ئاساسەن تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەرگە جايلاشقان، يەر تۈزلۈكى، ئورنى جەھەتتە كۆپ قىسمى دېلتىلارغا (ياكى دېلتىلارنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن قىسمىغا) ۋە ئېقىن چۆكۈندى تۈزلەڭلىكلىرىدىكى دەريالارنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. بۇ رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيى ئادەتتە بىر قەدەر چوڭقۇر، تۇپرىقىنىڭ كۆپ قىسمى تۇزلۇق. چوڭ دەريالارنىڭ بويلىرىغا ياكى سۇغىرىش رايونىغا يېقىن جايلاشقان دېھقانچىلىققا باب يەرلەرنىڭ سۇچىلىق شارائىتى ياخشى، باشقا كۆپ قىسىم دېھقانچىلىققا باب يەرلەرنىڭ سۇ بايلىقى مۇھىتى ناچار، يەر ئۈستى سىرغىمى كىچىك، سۇ قۇرۇلۇشى كۆپ مەبلەغ تەلەپ قىلىدۇ. قۇرغاقچىلىق، سۇ كەمچىلىك، شورلىشىش، قۇملىشىش، ئۈنۈمسىزلىك قاتارلىق ئامىللار دېھقانچىلىققا باب يەر بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى چەكلەيدىغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر.

ئورمانغا باب يەرلەر   پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئورمانغا باب 4 مىليون 181 مىڭ 400 گېكتار يەر بولۇپ، پايدىلىنىشقا باب ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %6.11 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق رايونلاردىكى ئورمانغا باب يەرلەرنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 592 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، ئورمانغا باب ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %38.04 نى ئىگىلەيدۇ؛ تۈزلەڭلىكتىكى ئورمانغا باب يەرلەر 2 مىليون 588 مىڭ 700 گېكتار (دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى سۈنئىي ئورمان كۆلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بولۇپ، ئورمانغا باب ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %61.96 نى ئىگىلەيدۇ. ئورمانغا باب يەرلەر ئىچىدە، 1- دەرىجىلىك يەرلەر 1 مىليون 788 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، ئورمانغا باب ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %42.79 نى ئىگىلەيدۇ؛ 2- دەرىجىلىك يەرلەر 857 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، ئورمانغا باب ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %20.50 نى ئىگىلەيدۇ. ئورمانغا باب يەرلەرنىڭ سۈپەت نىسبىتى %63.21 بولۇپ، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى يەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

چارۋىچىلىققا باب يەرلەر   پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە چارۋىچىلىققا باب 53 مىليون 521 مىڭ 300 گېكتار يەر بولۇپ، پايدىلىنىشقا باب ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %78.19 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەرلەرنىڭ سۈپەت نىسبىتى %37.36 بولۇپ، سۈپىتى ناچارراق يەر بايلىقى قاتارىغا كىرىدۇ. چارۋىچىلىققا باب يەرلەر ئىچىدە، تاغلىق رايونلاردىكى چارۋىچىلىققا باب يەرلەر بىلەن تۈزلەڭلىكلەردىكى چارۋىچىلىققا باب يەرلەر نىسبىتى 0.1:8.2. شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى يەرلەرنىڭ كۆپ خىل ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك. سۇ مەنبەسى شارائىتى بار، يەنە كېلىپ بوز يەر ئېچىشقا مۇۋاپىق يەرلەر بولسا ئادەتتە ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك ئۆستۈرۈلىدىغان يەر ياكى تېرىلغۇ يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئۆستۈرۈلىدۇ. چارۋىچىلىققا باب يەرلەرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق: بىرىنچى، قۇرغاق ئوتلاق تىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، كۆپچىلىكى چۆل تۈرىگە كىرىدۇ؛ ئىككىنچى، تاغلىق ئوتلاقلاردىكى ئوتلاق يەرلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئەمما يېيىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «قىسقا ئۆمۈرلۈكلەر» تۈرىگە كىرىدۇ، ئوتلاقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدا-

رى تۆۋەن؛ ئۈچىنچى، سۇيى كەمچىل ئوتلاقلار ئۇنۇملۇك ئىشلىتىلىدىغان ئوتلاق مەيدانىنىڭ 1/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ؛ تۆتىنچى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاقلار ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئوتلاقلارنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوتۇقلارنىڭ سۈپىتى ناچارراق.

سۇ بايلىقى    مۇئەييەن رايون دائىرىسى ئىچىدە ئاتموسفېرادىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئېگىز تاغلاردىكى مۇزلۇقلاردا قاتتىق ھالەتتە ساقلانغان ياكى كۆللەردە، سۇ ئامبارلىرىدا سۇيۇق ھالەتتە ساقلىنىۋاتقان ۋە ياكى يەر يۈزىدە سىرغىم شەكىللەندۈرۈپ ئېقىۋاتقان يەر ئۈستى سۇلىرى ۋە يەر ئاستىغا سىڭىپ يەر ئاستى سۇيى بولۇپ شەكىللەنگەن سۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئاتموسفېرا ھۆل يېغىنىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مىقدارى 254 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى 85 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر سۇ بايلىقىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستى سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 79 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئۈستى سۇيى بىلەن تەكرارلانمايدىغان يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ مىقدارى 6 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭغا دۆلەت سىرتىدىن ئېقىپ كىرىدىغان 8 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر دەريا ئېقىن مىقدارىنى قوشقاندا، ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 94 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ يەر ئۈستى سۇ بايلىقىنىڭ زامان ۋە ماكان جەھەتتىكى جايلىشىشى تولىمۇ تەكشى ئەمەس. پەقەت ھۆل يېغىن ئارقىلىقلا تولۇقلىنىدىغان دەريالاردىن ھاسىل بولىدىغان يەر ئۈستى سۇ بايلىقلىرىنىڭ مولچىلىق مەزگىلى 4~8 ـ ئايلاردا كېلىدۇ، زور مىقداردىكى مۇزلۇق سۇلىرى ئارقىلىق تولۇقلىنىدىغان دەريا ئېقىنلىرىنىڭ مولچىلىق مەزگىلى بولسا 6~9 ـ ئايلاردا كېلىدۇ، مۇزلۇقلار يەر ئۈستى سۇ بايلىقىغا نىسبەتەن ئۇزۇن مۇددەتلىك تەڭشەش رولىغا ئىگە. تۈزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇيىنىڭ 83.5% ى يەر ئۈستى سۇلىرىنى مەنبە قىلىدۇ، ئۇنىڭ مولچىلىق مەزگىلى يەر ئۈستى سۇيىنىڭكىدىن كېيىنرەك بولۇپ، كېچىكىش مەزگىلى ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە بولىدۇ. سۇ بايلىقىنىڭ ماكان جەھەتتىكى تارقىلىشىدا تاغلىق رايونلاردا كۆپ، تۈزلەڭلىكلەردە ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىك بار. ئالتاي، تەڭرىتاغلىرىدىكى ئەڭ زور يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 800~ 1000 مىللىمېتىرغا؛ پامىر، كۇئېنلۇن تاغلىرىدىكى يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئەڭ چوڭ بولغان رايونلاردا 400 ~600 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. دەريالار ئاساسەن تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن شەكىللىنىدۇ. يەر ئاستى سۇلىرى ئاساسەن تاغلىق رايونلاردىكى يەر ئۈستى سۇلىرىنىڭ سىڭىشىدىن كېلىدۇ. تۈزلەڭ رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۇلىرى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە يەر ئاستى سۇ بايلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ زاپىسى 38 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە 6 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىرى ھەريىللىق تەبىئىي ھۆل يېغىندىن تولۇقلىنىدۇ. 32 مىليارد كۇب مېتىرى يەر ئۈستى سۇلىرىنىڭ سىڭىشىدىن تولۇقلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ كۆنلۈك ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. نۆۋەتتە يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىتىلىش مىقدارى 7 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئېچىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى مىقدارىنىڭ 31.3% ىنى ئىگىلەيدۇ.

دەريا سۇيى بايلىقى    شىنجاڭنىڭ دەريا سۇيى بايلىقىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مىقدارى يەنى دەريالارنىڭ ئومۇمىي سىرغىم مىقدارى 88 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. سۇ بايلىقى مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان چوڭ دەريالاردىن تۆۋەندىكىلەر بار: ئېرتىش دەرياسى 11 مىليازد 700 مىليون كۇب مېتىر؛ ئۆلۈڭگۈر دەرياسى 1 مىليارد 70 مىليون كۇب مېتىر؛ ئىلى دەرياسى 16 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر؛ ماناس دەرياسى 1 مىليارد 280 مىليون كۇب مېتىر؛ يەكەن دەرياسى 6 مىليارد 460 مىليون كۇب مېتىر؛ قىزىل دەرياسى 2 مىليارد 167 مىليون كۇب مېتىر؛ گەز دەرياسى 1 مىليارد 132 مىليون كۇب مېتىر؛ ئاقسۇ دەرياسى 2 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر؛ قارا شەھەر دەرياسى 3 مىليارد 304 مىليون كۇب مېتىر؛ خوتەن دەرياسى 4 مىليارد 375 مىليون كۇب مېتىر. يۇقىرىقى 11 چوڭ دەريانىڭ سۇ بايلىقى مىقدارىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى دەريا سۇيى بايلىقى مىقدارىنىڭ 63.5% ىنى ئىگىلەيدۇ. باشقا 550 تىن ئارتۇق ئوتتۇرا ۋە كىچىك دەريالارنىڭ سۇ بايلىقى مىقدارى پۈتۈن شىنجاڭ دەريا سۇيى بايلىقى مىقدارىنىڭ 34.7% ىنى ئىگىلەيدۇ. چوڭ دەريالارنىڭ ئېقىم مىقدارى زور، ئېقىش مۇساپىسى ئۇزۇن، پەسىيىش پەرقى چوڭ، ئۆز ـ ئۆزى

دىن تازىلىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، سۇ بايلى-
قىنى ئېچىپ پايدىلىنىشقا ۋە تەكرار ئايلاندۇرۇپ ئىش-
لىتىشكە قولايلىق. ئوتتۇرا ۋە كىچىك دەريالارنىڭ
كۆپىنچىسى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرى بولۇپ، ئې-
قىم مىقدارى ئاز، ئېقىش مۇساپىسى قىسقا، ئوشتۇم-
تۇت كەلكۈن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى چوڭ، ئۆز -
ئۆزىدىن تازىلىنىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، ئېچىپ
پايدىلىنىش قولايسىز. شىنجاڭدىكى دەريالارنىڭ ھەريى-
لى دۆلەت سىرتىغا ۋە ئاپتونوم رايون سىرتىغا ئېقىپ
چىقىپ كەتكەن 24 مىليارد 40 مىليون كۇب مېتىر
سۇيىدىن باشقا، نۆۋەتتە ھەريىلى تەخمىنەن 40~42
مىليارد كۇب مېتىر دەريا سىرغىمى سۇ ئىنشائىتى
قۇرۇلۇشلىرى ئارقىلىق سۇغىرىش رايونلىرىغا باشلى-
نىپ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا ئىنتا-
يىن مۇھىم رول ئوينىماقتا.

**مۇزلۇق سۇ بايلىقى** شىنجاڭنىڭ مۇزلۇق باي-
لىقى ئىنتايىن مول، مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 22 مىڭ
184.83 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملە-
كەت مۇزلۇقلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 37.8% نى
ئىگىلەيدۇ، مۇزلۇقلارنىڭ زاپىسى 2455.5513 كۇب
كىلومېتىر بولۇپ، سۇغا سۇندۇرغاندا 1 تىرىللىيون
908 مىليارد 720 مىليون كۇب مېتىر سۇغا توغرا
كېلىدۇ. مۇزلۇقلار ھەر يىلى شىنجاڭنىڭ دەريا ئېقىن-
لىرىغا 17 مىليارد 179 مىليون كۇب مېتىر سۇ تولۇق-
لاپ تۇرىدۇ، بۇ شىنجاڭدىكى دەريالارنىڭ ئومۇمىي
ئېقىم مىقدارىنىڭ 19.48% نى ئىگىلەيدۇ. مۇزلۇق-
لار ئاساسەن كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسى (قارا قورۇم
تېغى، كۇئېنلۇن تېغى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە ئالتۇن
تاغلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە تەڭرىتاغ سىستېمى-
سىغا مەركەزلەشكەن. مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىش جەھەتتى-
كى يىللار ئارا ئۆزگىرىشى بىر قەدەر تۇراقلىق بولۇپ،
دەريالارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارىنى كۆپ يىللىق تەڭ-
شەش رولىغا ئىگە، بۇ ھال شىنجاڭنىڭ سۇغىرىشقا
تايىنىدىغان دېھقانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشەنچلىك
سۇ بايلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**ئالتاي تاغ سىستېمىسىدىكى مۇزلۇق سۇ بايلىقى** ئالتاي تاغ سىستېمىسىنىڭ مۇزلۇق
تەسىرى مەركىزى دوستلۇق چوققىسىغا جايلاشقان بو-
لۇپ، قاپلاش كۆلىمى 293.20 كۋادرات كىلومېتىر-
غا، زاپىسى 16.49 كۇب كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ھەر-
يىلى بۇرچىن دەرياسىنى ئېرىگەن سۇ بىلەن تولۇقلاش
مىقدارى 387 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇر-
چىن دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارىنىڭ %
9.1 نى ئىگىلەيدۇ.

**تەڭرىتاغ سىستېمىسىدىكى مۇزلۇق سۇ بايلىقى** تەڭرىتاغ مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسلىق
مۇزلۇقلار جايلاشقان رايون، مۇزلۇق كۆلىمى 9200
كۋادرات كىلومېتىر، زاپىسى 1010 كۇب كىلومې-
تىردىن يۇقىرى بولۇپ، يىللىق ئېرىگەن سۇ بىلەن
تولۇقلاش مىقدارى 9 مىليارد 545 مىليون كۇب مې-
تىرغا بارىدۇ. تەڭرىتاغ سىستېمىسىدا بىر قانچە مۇز-
لۇق تەسىرى مەركىزى بار. ئەڭ چوڭ مۇزلۇق تەسىرى
مەركىزى جەنۇبىي تەڭرىتاغدىكى تۆمۈر چوققىسى ۋە
خانتەڭرى چوققىسى رايونىغا جايلاشقان. تەڭرىتاغنىڭ
جەنۇبىي ئېتىكىدىكى مۇزلۇقنىڭ ئاقسۇ دەرياسى، تې-
رەك دەرياسى، ئۆگەن دەرياسىنى ئېرىگەن سۇ بىلەن
تولۇقلاش مىقدارى ھەر يىلى 5 مىليارد كۇب مېتىرغا
يېتىدۇ؛ شىمالىي ئېتىكىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئىلى،
تېكەس دەريالىرىنى يىللىق ئېرىگەن سۇ بىلەن تولۇق-
لاش مىقدارى 1 مىليارد 957 مىليون كۇب مېتىرغا
يېتىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ ئىككىنچى ئورۇندىكى مۇزلۇق
تەسىرى مەركىزى شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ ئىرەنقابىرغا
تېغىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئېتىكىدىكى مۇزلۇقلار قاش
دەرياسى، كۈنەس دەريالىرىنى يىلىغا 603 مىليون
كۇب مېتىر ئېرىگەن سۇ بىلەن تولۇقلايدۇ، ئۇنىڭ
شىمالىي ئېتىكىدىكى مۇزلۇق تاسىرقاي دەرياسى، ما-
ناس دەرياسى، قورغاس دەرياسى، بايانغول دەرياسى،
كۈيتۇن دەرياسى، چىگىشور دەريالىرىنى يىلىغا 1 مىل-
يارد 71 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر ئېرىگەن سۇ
بىلەن تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە كىچىكرەك
تۆت مۇزلۇق تەسىرى مەركىزى بار بولۇپ، ئۇلار بېگ-
جىنتاۋ تېغى، تىڭگىر تېغى، بوغدا تاغلىرىنىڭ ئاسا-
سىي چوققىلىرى ئەتراپىغا ۋە قارلىق تاغدىكى تۆمۈرتى
چوققىسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان.

**كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسىدىكى مۇزلۇق سۇ بايلىقى** كۇئېنلۇن تېغى، قارا قورۇم تېغى،
پامىر ئېگىزلىكى ۋە ئالتۇن تاغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالى-
دۇ. مۇزلۇقلارنىڭ كۆلىمى 12 مىڭ 695.65 كۋاد-
رات كىلومېتىرغا، زاپىسى 1428.39 كۇب كىلومې-
تىرغا يېتىدۇ، دەريالارنى يىلىغا 7 مىليارد 247 مىل-
يون كۇب مېتىر ئېرىگەن سۇ بىلەن تولۇقلايدۇ. بۇ
تاغ سىستېمىسىدا بىر قانچە مۇزلۇق تەسىرى مەركىزى

بار. يەكەن دەرياسى، تېزناپ دەرياسى، كۆسەن دەرياسى ۋە گەز دەريالىرىنى يىلىغا 4 مىليارد 144 مىليون كۇب مېتىر ئېرىگەن سۇ بىلەن تولۇقلايدۇ. يورۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، چەرچەن دەريالىرىنى يىلىغا 2 مىليارد 971 مىليون كۇب مېتىر ئېرىگەن سۇ بىلەن تولۇقلايدۇ.

**كۆل سۈيى بايلىقى** شىنجاڭنىڭ كۆللىرى ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىر تۈرى ئېگىز تاغ كۆللىرى، مەسىلەن، قارا كۆل، ئاچچىق كۆل، سايرام كۆلى، قاناس كۆلى، بوغدا كۆلى قاتارلىقلار؛ يەنە بىر تۈرى تۈزلەڭلىك كۆللىرى، مەسىلەن، باغراش كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى. 1 كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭ كۆللەردىن 139 ى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5504.5 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە كۆللەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %73 نى ئىگىلەيدۇ. باغراش كۆلى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى بولۇپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىگە جايلاشقان، چېگرا ئاتلىغان، سۈيى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆل. ئۇ ئىلگىرى تاتلىق سۇلۇق كۆل ئىدى، ئۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى كۆلگە ئېقىپ كىرگەن سۇنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كۆل رايونىنىڭ كۆلىمى 972 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ سىغىمچانلىقى 7 مىليارد 740 مىليون كۇب مېتىر. قاراشەھەر دەرياسى ئۇنىڭ ئاساسلىق سۇ تولۇقلاش مەنبەسى. كۆل سۈيىنىڭ ئېقىپ چىققان قىسمى كۆنچى دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بېلىقچىلىق، ساياھەتچىلىك، قومۇش پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە. سايرام كۆلى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى كۆكدارچىن تېغىدىكى ئېگىز تاغ ئويمانلىقىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان. كۆلنىڭ كۆلىمى 454 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ مىقدارى 21 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ. بۇ كۆل بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ داڭلىق مەنزىرە رايونى. كۆل سۈيىنىڭ خىمىيىلىك كومپونېنتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، بىر تۇيۇق شورلۇق كۆل ھېسابلىنىدۇ. ئېبىنۇر كۆلى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان، كۆلنىڭ كۆلىمى 522 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، سۇ مىقدارى يىلمۇ يىل ئازىيىپ بارماقتا، ھازىر بۇ كۆل تۇزلۇق كۆلگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلۇڭگۈر كۆلى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان. كۆلنىڭ كۆلىمى 736 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ سىغىمچانلىقى 9 مىليارد 570 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئۇلۇڭگۈر دەرياسىنىڭ سۈيى قۇيۇلغانلىقتىن، كۆل سۈيى ئازراق تۇزلۇق. ئۇ شىنجاڭنىڭ داڭلىق بېلىقچىلىق بازىسى. قاناس كۆلى شىنجاڭدىكى بىر قەدەر چوڭ تاتلىق سۇلۇق كۆل بولۇپ، بۇرچىن ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان، كۆلىمى 45 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ سىغىمچانلىقى 5 مىليارد 380 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. كۆل رايونىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، ساياھەتچىلىك جەھەتتە بىر قەدەر چوڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە.

**سۇ بايلىقلىرىنىڭ رايونلارغا تارقىلىشى** شىنجاڭدا سۇ بايلىقلىرىنىڭ ھەرقايسى رايونلارغا تارقىلىشى تەكشى ئەمەس. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ئېتەكلىرى ۋە ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى رايونلاردا سۇ بايلىقى نىسبەتەن مولراق، قۇملۇقلارنىڭ گىرۋىكىدىكى رايونلاردا سۇ بايلىقى نىسبەتەن كەمچىل. سۇ بايلىقى ئەڭ كۆپ جايلار — تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىلى ۋىلايىتى، ئۇنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 16 مىليارد 690 مىليون كۇب مېتىر؛ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئۇنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 15 مىليارد 467 مىليون كۇب مېتىر.

**ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى** يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 10 مىليارد 840 مىليون كۇب مېتىر، تۈزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 3 مىليارد 177 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭدىن تەكرارلىنىدىغان 2 مىليارد 656 مىليون كۇب مېتىر سۇنى چىقىرىۋەتكەندە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 11 مىليارد 360 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئالتاي ۋىلايىتى شىنجاڭدىكى سۇ بايلىقى بىر قەدەر مول رايونلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. سۈيى سىرتقا ئاقىدىغان مەشھۇر دەريا — ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا — ئۇلۇڭگۈر دەرياسىنىڭ سۇ بايلىقى دۆلىتىمىز ئىچىدە ھاسىل بولغاندىن سىرت، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى (قابا دەرياسى) دىن، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى (قارا ئېرتىش دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى — جولت دەرياسى، بۇلغۇن دەرياسى) دىن چېگرىمىز ئىچىگە 2 مىليارد كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىدۇ، بۇلارنى قوشقاندا بۇ ۋىلايەتنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى مىقدارى

13 مىليارد 90 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. نۆۋەتتە جەمئىي 960 مىليون كۇب مېتىر سۇ قازاقىستانغا ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

**تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى** يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 6 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر، تۈزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 2 مىليارد 983 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭدىن تەكرارلىنىدىغان 2 مىليارد 30 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇ ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي سۇ بايلىقى مىقدارى 7 مىليارد 33 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايىتى سۇ قىس رايونلار قاتارىغا كىرىدۇ، كۆيتۈن دەرياسى، چىڭگىشور دەرياسى، گۇر دەرياسى، ئېمىل دەرياسى، نامىغول (چۆچەك) قاتارلىق دەريالىرى چوڭراق دەريالار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 653 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر، 290 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر، 343 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر، 316 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر، 114 مىليون كۇب مېتىر. سۇ بايلىقىنىڭ تارقىلىشى تەكشى ئەمەس.

**ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى** ئىلى ۋىلايىتى شىنجاڭ بويىچە سۇ بايلىقى ئەڭ مول ۋىلايەت. بۇ ۋىلايەتتە ھۆل يېغىن يېتەرلىك بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 4 . 535 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئىلى ئويمانلىقىنىڭ شىمالى، شەرقى، جەنۇبىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغان، تاغلىق رايونلاردىن باشلانغان ھەرقايسى تارماق ئېقىنلار ئويمانلىققا ئېقىپ كېلىپ قوشۇلۇپ ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ ۋىلايەتنىڭ 15 مىليارد 40 مىليون كۇب مېتىر يەر ئۈستى سۇ بايلىقى بار، تۈزلەڭ رايونلىرىدا 4 مىليارد 946 مىليون كۇب مېتىر يەر ئاستى سۇ بايلىقى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى يەر ئۈستى سۇلىرىنىڭ سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان. ئۆز تەۋەسىدە ھاسىل بولغان سۇ بايلىقىدىن سىرت، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى (كۆك سۇ دەرياسى، كۈنەس دەرياسى) دىن 1 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىدۇ، قازاقىستان (تېكەس دەرياسى، چاپچال ناھىيىسىدىكى خونۇخاي دەرياسى) دىن 568 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تەۋەيىمىزگە ئېقىپ كىرىدۇ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 16 مىليارد 690 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. نۆۋەتتە ھەر يىلى ئىلى دەرياسى ئارقىلىق دۆلەت سىرتىغا ئېقىپ چىقىپ كېتىدىغان سۇ 12 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

**بورتالا ئوبلاستىنىڭ سۇ بايلىقى** يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 2 مىليارد 510 مىليون كۇب مېتىر، تۈزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 948 مىليون كۇب مېتىر، تەكرارلىنىدىغان 628 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇ ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي سۇ بايلىقى مىقدارى 2 مىليارد 830 مىليون كۇب مېتىر بولىدۇ. ئوبلاستنىڭ ئۆزىدە ھاسىل بولغان سۇ بايلىقىدىن سىرت، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسى (ئاچال دەرياسى) دىن 129 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كېلىدۇ، بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئومۇمىي سۇ بايلىقى مىقدارى 2 مىليارد 960 مىليون كۇب مېتىر. بۇ ئوبلاستتا بورتالا دەرياسى بىلەن جىڭ دەرياسىدىن ئىبارەت چوڭراق ئىككى دەريا بار، بۇ دەريالارنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 471 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر، 466 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر.

**سانجى ئوبلاستىنىڭ سۇ بايلىقى** يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 3 مىليارد 264 مىليون كۇب مېتىر، تۈزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 1 مىليارد 722 مىليون كۇب مېتىر. بۇنىڭدىن تەكرارلىنىدىغان 1 مىليارد 76 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇ ئوبلاستنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 3 مىليارد 910 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئوبلاستنىڭ ئۆزىدە ھاسىل بولغان سۇ بايلىقىدىن سىرت، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى (ماناس دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى) دىن 757 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 4 مىليارد 667 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان سانجى ئوبلاستىنىڭ سۇ بايلىقى يېتىشمەيدۇ. سانجى ئوبلاستىنىڭ غەربىدىكى تاسىرقاي دەرياسى، قۇتۇبىي دەرياسى، سەنتۇنخې دەرياسى، تۇدۇڭخابا دەريالىرىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 230 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، 448 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر، 353 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر، 219 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر. سانجى ئوبلاستىنىڭ شەرقىدىكى دەريالارنىڭ سۈيى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، تاغ ئاغزىدىن چىقىپ ناھايىتى تېزلا چۆللۈكلەرگە سىڭىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ ئوبلاست سۇ بايلىقى كەمچىل رايون ھېسابلىنىدۇ.

**ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سۇ بايلىقى** ئۈرۈمچى شەھىرى (ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ يەر ئۈستى سۇ مىقدارى 920 مىليون كۇب مېتىر، تۆزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 556 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭدىن تەكرارلىنىدىغان 448 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليارد 28 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. سۇ بايلىقى ئىنتايىن قىس، يىللىق ئېقىم مىقدارى 240 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدىغان ئۈرۈمچى دەرياسى چوڭراق دەريا ھېسابلانغاندىن سىرت، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك دەريالار بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى كۆپىنچە 5 مىليون كۇب مېتىردىن 80 مىليون كۇب مېتىرغىچە بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، سۇ بايلىقى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى كۈنسايىن گەۋدىلەنمەكتە. سەيۋەيۇ كۆلىنىڭ سۇ دائىرىسىنىڭ كۆلىمى 29 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، سۇ سىغىمچانلىقى 125 مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. ئۇ ھازىر ئۈرۈمچى شەھىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبەلىرىنىڭ بىرى ۋە بېلىق باقمىچىلىقى بازىسى قىلىندى.

**قاراماي، كۈيتۇن شەھەرلىرىنىڭ سۇ بايلىقى** بۇ رايوندا ھاسىل بولغان ئېقىم ئىنتايىن ئاز، يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 6 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر. تۆزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 155 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭدىن 138 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىر قىسىم دەريا ئېقىنلىرىدىن (تارباغاتايدىكى نامىنغول دەرياسى ۋە داربۇت دەرياسى) ھاسىل بولغان يەر ئاستى سۈيىدىن تولۇقلانغان. بۇ ئىككى شەھەر جەمئىي 23 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە سۇ بايلىقى ئەڭ ئاز رايون ھېسابلىنىدۇ.

**شىخەنزە شەھىرىنىڭ سۇ بايلىقى** يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئاران 2 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ. تۆزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 414 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇنىڭدىن 335 مىليون كۇب مېتىر سۇ بايلىقى ماناس دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەر ئاستى سۈيىدىن تولۇقلىنىدۇ. شىخەنزە شەھىرىنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 81 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئومۇ سۇ بايلىقى كەمچىل رايونلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق سۈيى ماناس دەرياسىدىن كېلىدۇ.

**تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى** يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 596 مىليون كۇب مېتىر، تۆزلەڭلىكتىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 903 مىليون كۇب مېتىر، تەكرارلىنىدىغان 523 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 976 مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. ۋىلايەتنىڭ ئۆزىدە ھاسىل بولغان سۇ بايلىقىدىن سىرت، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە بايىنغولىن ئوبلاستى (ئالغوي ۋە داخېيەنزى دەرياسى) لىرىدىن ئېقىپ كىرگەن سۇ مىقدارى 289 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇ ۋىلايەتنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارى 1 مىليارد 265 مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقىدىن تەكرار پايدىلىنىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى، ئوچۇق ئۆستەڭلەر ئارقىلىق سۇ باشلاپ يەر سۇغىرىشتىن سىرت، تاغلىق رايوندىن ئويمانلىقلارغىچە بولغان سۇ كۆچى يانتۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ تاغ باغرىدىكى يەر ئاستىغا سىڭگەن سۇلار كارىزلار ئارقىلىق ئويمانلىقلارغا باشلىنىدۇ، نۆۋەتتە تۇرپاندا 700 دىن ئارتۇق كارىز بولۇپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 294 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

**قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى** يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 1 مىليارد 75 مىليون كۇب مېتىر، تۆزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 1 مىليارد 199 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئۈستى سۈيى بىلەن يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەكرارلىنىش مىقدارى 889 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، بۇ ۋىلايەتنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليارد 385 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ ۋىلايەتتىكى دەريالارنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تەڭرىتاغدىن باشلىنىدۇ، كۆپ ساندىكى دەريالارنى تولۇقلايدىغان مۇزلۇق يوق، يىللىق ئېقىم مىقدارى 5 مىليوندىن 60 مىليون كۇب مېتىر ئارىلىقىدا. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭراق دەريالاردىن ئارا تۇرۇك دەرياسى، گوشاڭ دەرياسى، يۇشۇگۇ دەرياسى، بامۇدۇن دەريالىرى بار.

**بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ سۇ بايلىقى** يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 10 مىليارد 180 مىليون كۇب مېتىر، تۆزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 3 مىليارد 764 مىليون كۇب مېتىر، تەكرارلىنىدىغان 3 مىليارد 465 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، پۈتۈن ئوبلاستنىڭ سۇ

بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 10 مىليارد 480 مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. بۇ ئوبلاستىنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىلايدىغان سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 11 مىلياردتىن 11 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرغىچە بارىدۇ. قارا شەھەر دەرياسى بۇ ئوبلاستتىكى ئەڭ چوڭ دەريا، ئۇنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 304 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، باغراش ناھىيىسى تەۋەسىدىكى باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، كۆنچى دەرياسىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 1 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر سۇ چىقىرىپ بېرىدۇ. چوڭراق دەريالىرىدىن يەنە كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلانغان كاچان دەرياسى (چەرچەن دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، چاقىلىق دەرياسى، يىللىق ئېقىن مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 511 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر ۋە 660 مىليون 990 مىڭ كۇب مېتىر؛ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلانغان دىنار دەرياسى، سېرىق سۇ دەرياسى، چىڭشخوزا دەرياسى قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 347 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر، 256 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر، 110 مىليون كۇب مېتىر. بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ۋە قاراشەھەر، باغراش ناھىيىلىرىدىكى رايونلىرى يەر ئاستى سۈيى مول رايونلار ھېسابلىنىدۇ، ئالتۇن تاغلىرى ئەتراپى ۋە لوپنۇر رايونلىرى سۇ بايلىقى كەمچىل رايونلار ھېسابلىنىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 6 مىليارد 484 مىليون كۇب مېتىر، تۇزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 6 مىليارد 331 مىليون كۇب مېتىر، تەكرارلىنىدىغان 4 مىليارد 786 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇ ۋىلايەتنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 8 مىليارد 47 مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتى شىنجاڭدىكى سۇ بايلىقى بىر قەدەر مول رايونلارنىڭ بىرى. قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى (قۇم ئېرىق دەرياسى) دىن ئاقسۇغا 3 مىليارد 680 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىدۇ، قىزىلسۇ ئوبلاستى (توشقان دەرياسى) دىن 2 مىليارد 630 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىدۇ، خوتەن (خوتەن دەرياسى) دىن 1 مىليارد 110 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىدۇ. بۇ ۋىلايەتنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 15 مىليارد 467 مىليون كۇب مېتىر. سۇ بايلىقى ئەڭ مول دەريا ئاقسۇ دەرياسى بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 6 مىليارد 242 مىليون كۇب مېتىر؛ ئۇنىڭدىن قالسا تۆۋەندىكىلەر بار: ئۆگەن دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 230 مىليون كۇب مېتىر؛ تېرەڭ دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 745 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر؛ كۇچار دەرياسى، يىللىق ئېقىن مىقدارى 349 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىر. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى بىر قەدەر زور تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، لېكىن رايونلارغا تارقىلىشى تەكشى ئەمەس، كەلپىن ناھىيىسى يەنىلا سۇ كەمچىل رايون ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 7 مىليارد 403 مىليون كۇب مېتىر، تۇزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 7 مىليارد 9 مىليون كۇب مېتىر، تەكرارلىنىدىغان 6 مىليارد 842 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 7 مىليارد 570 مىليون كۇب مېتىرغا بارىدۇ. ۋىلايەتنىڭ ئۆزىدە ھاسىل بولغان سۇ بايلىقىدىن سىرت، قىزىلسۇ ئوبلاستى (قىزىل دەرياسى، چاقماق دەرياسى، ئۇلۇغ ئاۋات دەرياسى، گەز دەرياسى، كۇسەن دەرياسى، ئېگىز يار دەرياسى) دىن 4 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىدۇ، پاكىستان (كۆلچىن دەرياسى) دىن 717 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋىلايەتنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 11 مىليارد 764 مىليون كۇب مېتىر بولىدۇ. يەكەن دەرياسى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى سۇ بايلىقى ئەڭ مول دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 6 مىليارد 460 مىليون كۇب مېتىر؛ ئۇنىڭدىن قالسا تىزناپ دەرياسى بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 807 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىر، قەشقەرنىڭ سۇ بايلىقى ئاساسەن قارا قۇرۇم تېغىدىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن كېلىدۇ.

قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ سۇ بايلىقى يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 6 مىليارد 327 مىليون كۇب مېتىر، تۇزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 552 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭدىن تەكرارلىنىدىغان 423 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 6 مىليارد 456 مىليون كۇب مېتىر بولىدۇ. ئوبلاست تەۋەسىنىڭ ئۆزىدە ھاسىل بولغان سۇ بايلىقىدىن سىرت، قىرغىزىستان (توشقان دەرياسى،

قىزىل دەرياسى) ۋە تاجىكستان (قىزىل دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىنى) لاردىن 1 مىليارد 805 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوبلاستنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 8 مىليارد 261 مىليون كۇب مېتىر بولىدۇ. قىزىلسۇ ئوبلاستىدا سۇ بايلىقى بىر قەدەر مول دەريالاردىن تۆۋەندىكىلەر بار: توشقان دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 630 مىليون كۇب مېتىر؛ قىزىل دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 167 مىليون كۇب مېتىر؛ گەز دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 132 مىليون كۇب مېتىر؛ كۆسەن دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 625 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى 8 مىليارد 707 مىليون كۇب مېتىر، تۈزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى 3 مىليارد 635 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭدىن تەكرارلىنىدىغان 2 مىليارد 841 مىليون كۇب مېتىر سۇ مىقدارىنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇ ۋىلايەتنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 9 مىليارد 501 مىليون كۇب مېتىر بولىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى ئانچە ئاز ئەمەس، بىراق كۆپىنچىسىدىن پايدىلانماق تەسرەك، نۆۋەتتە ئەمەلىي پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 7 مىليارد 816 مىليون كۇب مېتىر. سۇ بايلىقى بىر قەدەر مول دەريالاردىن تۆۋەندىكىلەر بار: يۇرۇڭقاش دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 219 مىليون كۇب مېتىر؛ قاراقاش دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 156 مىليون كۇب مېتىر؛ كېرىيە دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 698 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر؛ گۇما دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 332 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر؛ سانجۇ دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى 257 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر.

سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى مەلۇم چۈشۈش پەرقىگە ۋە ئېقىم مىقدارىغا ئىگە دەريالار ھازىرلىغان سۇ كۈچى ئېنېرگىيىسىنى كۆرسىتىدۇ، سۇ كۈچى بايلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى مول، نەزەرىيىۋى ساقلىنىش مىقدارى 33 مىليون 555 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، مەملىكەت بويىچە شىزاڭ، سىچۈەن، يۈننەن ئۆلكىلىرىدىن قالسىلا 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ. يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 293 مىليارد 940 مىليون كىلوۋات سائەت. ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى 8 مىليون 335 مىڭ 100 كىلوۋات بولۇپ، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 45 مىليارد 975 مىليون كىلوۋات سائەت. پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى 10 مىڭ كىلوۋاتتىن چوڭ بولغان دەريالاردىن 340 ى بار، ئەمما ئاساسەن 12 چوڭ دەرياغا يەنى ئېرتىش دەرياسى، ئۆلۈڭگۈر دەرياسى، ماناس دەرياسى، ئىلى دەرياسى، قارا شەھەر دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، قىزىل دەريا، گەز دەرياسى، يەكەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى قاتارلىقلارغا مەركەزلەشكەن. ئۇلاردىكى نەزەرىيىۋى ساقلىنىش مىقدارى شىنجاڭدىكى بارلىق دەريالاردا ساقلىنىۋاتقان سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى مىقدارىنىڭ 81.8% نى ئىگىلەيدۇ، ئېچىشقا بولىدىغان سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئېچىشقا بولىدىغان سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقىنىڭ 97.1% نى ئىگىلەيدۇ. (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

| چېگرا ئىچىدىكى ئاساسلىق دەريالار | سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى (10 مىڭ كىلوۋات) | ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى (10 مىڭ كىلوۋات) |
|---|---|---|
| 1. ئىلى دەرياسى ۋادىسى | 705.26 | 268.82 |
| 2. قارا شەھەر دەرياسى | 159.69 | 138.38 |
| 3. ئېرتىش دەرياسى (تارماق ئېقىنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | 401.85 | 100.70 |
| 4. قىزىل دەريا ۋادىسى | 85.76 | 72.58 |
| 5. يەكەن دەرياسى ۋادىسى | 606.55 | 82.34 |
| 6. ماناس دەرياسى | 94.94 | 31.16 |
| 7. گەز، كۆسەن دەريالىرى | 117.83 | 70.32 |
| 8. ئاقسۇ دەرياسى | 235.89 | 22.85 |

نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئوتتۇرا تىپلىق ئالتە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. ئۇلار: بىرىنچى، قاش دەرياسى (ئىلى دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى) دىكى توقاي ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇراشتۇرۇلما سىغىمى 50 مىڭ كىلوۋات، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى 1991- يىلى تۈنجى قېتىم ئۆزلەشتۈرۈپ تاماملانغان. ئىككىنچى، ماناس دەرياسىدىكى 3 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، 1982- يىلى پۈتكەن، قۇراشتۇرۇلما سىغىمى 26 مىڭ 250 كىلوۋات. ئۈچىنچى، ئۆگەن دەرياسى قىزىل سۇ ئامبىرى ئېلېكتر ئىستانسىسى، 1992- يىلى پۈتكەن، قۇراشتۇرۇلما سىغىمى 26 مىڭ كىلوۋات. (4) كۆنچى دەرياسىنىڭ باش ئەگىم ئېلېكتر ئىستانسىسى، 1978- يىلى پۈتكەن، قۇراشتۇرۇلما سىغىمى 35 مىڭ كىلوۋات. بەشىنچى، ئاقسۇ دەرياسى غەربىي چوڭ كۆۋرۈك ئېلېكتر ئىستانسىسى، 1986- يىلى بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى پۈتكەن، قۇراشتۇرۇلما سىغىمى 13 مىڭ كىلوۋات. ئالتىنچى، قارا شەھەر دەرياسى تاغ ئاغزى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، 1992- يىلى پۈتكەن، قۇراشتۇرۇلما سىغىمى 80 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، شىنجاڭدا پۈتكۈزۈلگەن ئەڭ چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**يەر ئاستى سۇ بايلىقى** پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەرخىل يەر ئاستى سۇلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى تىپىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى بىلەن ئاتموسفېرا ھۆل يېغىنى ۋە يەر يۈزى سۇلىرى ئوتتۇرىسىدا بايلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىدىن ئىبارەت زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان. شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى ئاساسەن تاغلىق رايونلاردىكى ئاتموسفېرا ھۆل يېغىنىدىن كېلىدۇ. تاغلىق رايونلاردىكى ئاتموسفېرا ھۆل يېغىنى تاغلىق رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ۋە يەر يۈزى ئېقىنلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقى 39.6 مىليارد كۇب مېتىر/يىل. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 19.5 مىليارد كۇب مېتىر/يىل بولۇپ، 49% نى ئىگىلەيدۇ؛ شىمالىي شىنجاڭنىڭ 20.2 مىليارد كۇب مېتىر/يىل بولۇپ، 51% نى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭ (ئويمانلىقلار) رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقى 39.5 مىليارد كۇب مېتىر/يىل، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 22.87 مىليارد كۇب مېتىر/يىل بولۇپ، 58% نى ئىگىلەيدۇ؛ شىمالىي شىنجاڭنىڭ 16.7 مىليارد كۇب مېتىر/يىل بولۇپ، 42% نى ئىگىلەيدۇ. تۈزلەڭ رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقى ئىچىدە يەر يۈزى سۈيىنىڭ سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ 29.8 مىليارد كۇب مېتىر/يىل بولۇپ، تۈزلەڭ رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ 75% نى ئىگىلەيدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىشىنىڭ موللۇق دەرىجىسىگە ئاساسەن، تولۇقلىنىش مودۇلىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە تۆت دەرىجىگە ئايرىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، يەر ئاستى سۇ بايلىقى ئەڭ مول رايونلار. يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مودۇلى 200 مىڭ كۇب مېتىر/يىل. كۋادرات كىلومېتىردىن چوڭلىرىدىن ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، يەكەن دەرياسى، گۇما دەرياسى، ئىلى دەرياسى، خوتەن دەرياسى قاتارلىق ئالتە، يەر ئاستى سۈيى رايونى بار. ئىككىنچى، يەر ئاستى سۇ بايلىقى مول رايونلار. يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مودۇلى 100 ~ 200 مىڭ كۇب مېتىر/يىل. كۋادرات كىلومېتىر بولغانلاردىن قارا شەھەر دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، باركۆل تاغ ئارىسى ئويمانلىقى، ئېرتىش دەرياسى، دۆربىلجىن دەرياسى، ئېبىنۇر كۆلى سۇ سىستېمىسى، ماناس دەرياسى، سەنتۇنخې - تۇدۇنخې دەريالىرى، ئۈرۈمچى دەرياسى، سايۋوپۇ كۆلى سۇ سىستېمىسى قاتارلىق ئون يەر ئاستى سۈيى رايونى بار. ئۈچىنچى، يەر ئاستى سۇ بايلىقى ئوتتۇراھال رايونلار. يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مودۇلى 50~100 مىڭ كۇب مېتىر/يىل. كۋادرات كىلومېتىر بولغانلىرىدىن تۇرپان ئويمانلىقى، چەرچەن دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى، قۇتۇبى دەرياسى، فۇكاڭ، مورى قاتارلىق بەش ئورۇندىكى يەر ئاستى سۇ رايونلىرى بار. تۆتىنچى، يەر ئاستى سۈيى كەمچىل رايونلار. يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مودۇلى 50 مىڭ كۇب مېتىر/يىل. كۋادرات كىلومېتىردىن كىچىك بولغان رايونلاردىن قۇمۇل ئويمانلىقى، لوپنۇر كۆلى رايونى، تارىم دەرياسى ۋادىسى، تەكلىماكان قۇملۇقى، قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى قاتارلىق بەش ئورۇندىكى يەر ئاستى سۇ رايونى بار. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 19 - بېتىدىكى «لوپنۇردا تۈنجى تاتلىق سۇ قۇدۇقى قېزىلدى» غا قارالسۇن).

**تەبىئىي مىنېرال ئىچىملىك سۇلار** تەبىئىي مۇھىتتا چوڭقۇر يەر ئاستى ئايلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان بىر خىل ياكى بىر قانچە خىل خىمىيىلىك تەركىب (تۆۋەندە ئاددىيلاشتۇرۇپ تەركىب دەپ ئاتايمىز) لەر، گاز تەركىبلىرى ياكى مىكرو ئېلېمېنت قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى ئۆلچەمگە يەتكەن، يەنە كېلىپ چەكلەنگەن كۆرسەتكۈچتىن ئېشىپ كەتمىگەن، گىگىيېنالىق كۆرسەتكۈچى ئىچىملىك سۇنىڭ سۈپەت تەلىپىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولغان، بىۋاستە ئىچىشكە بولىدىغان يەر ئاستى سۇلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە گېئولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشى شىنجاڭدىكى مىنېرال سۇلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى ئالاھىدە تەبىئىي مۇھىتنى ياراتقان. ھازىرغىچە مىنېرال سۇ مەنبەلىرىدىن 61 ى بايقالدى. ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىگە ئاساسەن ئۇلارنى: بىرىنچى، ئۈزۈلمىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ئايلىنىش ئاقما مەنبەلىك ئېرىش تىپلىق؛ ئىككىنچى، يېرىق چاكلىرىدىكى ئايلىنىش ئارقىلىق ئېرىپ پەيدا بولۇش تىپلىق؛ ئۈچىنچى، تولۇقلىما سۇنىڭ يىغىلىپ كۆمۈلۈشى تىپلىق دېگەن ئۈچ چوڭ تىپتىكى مىنېرال سۇغا ئايرىشقا بولىدۇ. دۆلەتنىڭ تەبىئىي مىنېرال ئىچىملىك سۇ ئۆلچىمى بويىچە باھالىغاندا، شىنجاڭدىكى 61 ئورۇندىكى مىنېرال سۇدىن 44 ئورۇندىكىسىنىڭ ستىرونتسىي ئېلېمېنتى تاق تۈر بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن بولۇپ 87% نى ئىگىلەيدۇ؛ ستىرونتسىي بىلەن مېتاكرېمنىي ئۆلچەمگە يەتكەن ئىككى ئاساسلىق بىرىكمە تىپىدىكى ئەلا سۈپەتلىك مىنېرال سۇ پەقەت ئالتە ئورۇندىلا بار بولۇپ، 10% نى ئىگىلەيدۇ؛ ستىرونتسىي بىلەن مېتاكرېمنىي كىسلاتاسىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈر بويىچە تەركىبى ئۆلچەمگە يەتكەن ئۈچ ئاساسلىق بىرىكمە تىپىدىكى ئەلا سۈپەتلىك مىنېرال سۇ پەقەت ئىككى ئورۇندا بولۇپ، 3%نى ئىگىلەيدۇ. 61 ئورۇندىكى مىنېرال سۇنىڭ ستىرونتسىي تەركىبى پۈتۈنلەي ئۆلچەمگە يەتكەن. ھازىرغىچە 46 ئورۇندىكىسى تەكشۈرۈپ باھالانغان بولۇپ، بايقالغان مىنېرال سۇلارنىڭ 75.4%نى ئىگىلەيدۇ. تەخمىنىي ھېسابلانغان ئىچىشكە بولىدىغان مىنېرال سۇ بايلىقىنىڭ C+B دەرىجىلىك زاپىسى 25 مىليون 238 مىڭ 700 كۇب مېتىر/يىل. غەربىي تۈزلەڭ رايونلارنىڭ ئىچىشكە بولىدىغان مىنېرال سۇ بايلىقى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پەقەت تۇرپان، ۋۇجياچۇ، قەشقەر قاتارلىق بەش ئورۇندىكى تەخمىنەن ھېسابلانغان ئىچىشكە بولىدىغان مىنېرال سۇ بايلىقى 18 مىليون 20 مىڭ مېتىر/يىلغا بارىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا قۇرۇلغان مىنېرال سۇ زاۋۇتىدىن 32 سى بار، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، 10مىڭ توننىغىمۇ يەتمەيدۇ. شىنجاڭدىكى مىنېرال سۇلارنىڭ تۈرى بىرلا خىل، ئەلا سۈپەتلىكلىرى ئاز، شۇنىڭدەك تەركىبىدە سىنىك، يود قاتارلىقلار بولغان ئەتىۋارلىق مىنېرال سۇلار كەم، شىنجاڭدا ئەتىۋارلىق مىنېرال سۇلارنىڭ ساقلىنىشىغا ئائىت گېئولوگىيىلىك شارائىت ھازىرلانغان. بۇنىڭدىن كېيىن چارلاش، ئىزدەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

**يەر ئىسسىقلىقى مىنېرال سۈيى** ئىسسىقلىقى تېمپېراتۇرا چەك ئۆلچىمىدىن يۇقىرى بولغان، شۇنداقلا ئارىسىدىكى ئالاھىدە خىمىيىلىك تەركىبلەر ۋە گازلارنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش قىممىتى بولغان يەر ئاستى سۈيى (ياكى گاز) لارنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە بۇ خىل بايلىق 81 ئورۇندا بايقالدى. بۇنىڭدىن 66 ئورۇندىكىسى مىنېرال سۇلۇق ئارشاڭ، يەتتە ئورۇندىكىسى ھور ئارشاڭ، سەككىز ئورۇندىكىسى ئىسسىق سۇ قۇدۇقى. يەر يۈزىگە چىققان يەر ئىسسىقلىقى مىنېرال سۇلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق ئىسسىق مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا، تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىقلىرى 74.6% نى، ئوتتۇرا، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىقلىرى 16.7% نى، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىقلىرى پەقەت 8.7% نى ئىگىلەيدۇ. ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يەر يۈزىگە ئېقىپ چىققان ئىسسىق مىنېرال سۇلارنى ئىسسىنىش، يۇيۇنۇش، پارنىكتىكى تېرىقچىلىق، بېلىقچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنېرگىيە سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ. خىمىيىلىك تەركىبىدىن قارىغاندا، كۆپىنچىسى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىسسىق ئارشاڭ سۈيى سۈپىتىدە ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان، تەركىبىدە رادون، سىلتىسىي، گىدروسۇلفىد، بور، ستىرونتسىي، بارىي، فتور قاتارلىق ئېلېمېنتلار بولغان داۋالاش تۈرىدىكى ئارشاڭ سۇلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قوش تۈر بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن، بەزىلىرى بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە تۈر بويىچە ئۆلچەمگە يەتكەن

بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى. شىنجاڭ يەر ئىسسىقلىقى بايلىقىنى ئېچىشتا 200 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە، يەرلىك خەلقلەر ئارىشاڭ سۈيىدە يۇيۇنۇپ، كېسىلىنى داۋالىغان ۋە ئۇ ئارىشاڭلارنى « زەمزەم بۇلاق » دەپ ئاتاشقان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تەشكىللىدى. مەسىلەن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىمىگو ئارىشىڭىدا ساناتورىيە قۇرۇلدى. سانجىدىكى گۆڭگۈرتلۈك ئىسسىق ھور ئارىشىڭىدىمۇ ساناتورىيە قۇرۇلدى .

**سۇ، پار كانلىرى** يەر ئاستى سۇلىرى (پارى) نىڭ تەركىبىدە بەزى تۈزلارنىڭ مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى ياكى تېمپېراتۇرىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىش قىممىتى بولسا، ئۇلار مىنېرال سۇ دەپ ئاتىلىدۇ. مىنېرال سۇلار ئىشلىتىلىش ئورنىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ يەنە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان مىنېرال سۇ، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مىنېرال سۇ ۋە ئىچىملىك مىنېرال سۇ دەپ بىر نەچچە تۈرگە ئايرىلىدۇ. تېمپېراتۇرىسى چەك كۆرسەتكۈچىدىن يۇقىرى بولغان مىنېرال سۇ (گاز) يەر ئاستى ئىسسىق سۈيى (گاز) دەپ ئاتىلىدۇ. نۆۋەتتە شىنجاڭدا يەر ئاستى ئىسسىق سۈيى (گازى) نۇقتىلىرى جەمئىي 85 ئورۇندا بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسسىق سۇ نۇقتىسىدىن 78 ى، ئىسسىق گاز نۇقتىسىدىن يەتتىسى بار. سانائەتتە ئىشلىتىدىغان مىنېرال سۇلارنىڭ ئىسسىقىمۇ، سوغۇقىمۇ بار. سوغۇقلىرىدىن يەنخۇ تۈز كۆلىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ؛ سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئىسسىق مىنېرال سۇلاردىن شىنجاڭدا يەر يۈزىگە چىقىپ قالغانلىرى كۆپ ئەمەس، كۆپىنچىسى چوڭقۇر يەر قاتلىمىدا ساقلانغان. نېفىت چارلاش جەريانىدا تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىدىن تەركىبىدە ناترىي خىلور، كالتسىي خىلور، يود، بور، بروم، لىتى قاتارلىق كېرەكلىك تەركىبلەر بولغان يەر ئاستى ئىسسىق سۈيى بايقالغان، ئۇنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى دېڭىز سۈيىنىڭ قويۇقلۇقىغا يېقىنلىشىدۇ، بەزى تەركىبلىرى دېڭىز سۈيىدىكىدىنمۇ يۇقىرى. مەسىلەن، قاراماي جەنۇبىي 25 - نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، تەركىبىدىكى يودنىڭ مىقدارى 7 مىللىگرام / لىتىر بولۇپ، دېڭىز سۈيىنىڭ 0.05 مىللىگرام / لىتىرلىق قويۇقلۇقىنىڭ 140 ھەسسىسىگە باراۋەر؛ مېتابور كىسلاتاسىنىڭ مىقدارى 167.37 مىللىگرام / لىتىر بولۇپ، دېڭىز سۈيىنىڭ 4.5 مىللىگرام / لىتىرلىق مىقدارىنىڭ 30 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. يەنە ئاتۇش ئارىشىڭىنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى كالىي ئىئونىنىڭ مىقدارى 2333 مىللىگرام / لىتىرغا، ستىرونتسىي مىقدارى 136.27 مىللىگرام/لىتىرغا يېتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان مىنېرال سۇلاردۇر. داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مىنېرال سۇلارنىڭمۇ سوغۇقى ھەم ئىسسىقى بولىدۇ. داۋالاشتا ئاساسەن يەر ئاستى ئىسسىق سۈيىدىن ياكى يەر ئاستى ئىسسىق گازىدىن پايدىلىنىلىدۇ.

**يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ مەنبە يەرلىرى** يەر ئاستى سۇ مىقدارى كاپالەتكە ئىگە، سۇ سۈپىتى ئىشلىتىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان، ھەرىكەتلىك ۋە تۇراقلىق ھالەتتە شەھەر - بازارلار ۋە سانائەت، كان، كارخانىلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبەسى قىلىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇلىرىنى، ئۆزلۈكسىز ياكى تارقاق ھالەتتىكى قەرەللىك سۇلۇق بۆلەكلەر ياكى ئوچاستىكىلارنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ خەلقى كارىز كولاش، قۇدۇق قېزىش، سۇ چىقىرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق يەر ئاستى سۇلىرىنى ئېچىپ، ئىچىملىك سۈيىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك سۇنى ھەل قىلغان. شىنجاڭدا يەر ئاستى سۇلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ پايدىلىنىش ئىشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن باشلانغان. نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەر - بازارلىرىدا يەر ئاستى سۈيى بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبەلىرى قۇرۇلدى. سانائەت، كان - كارخانىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبە يەرلىرى 13 ئورۇندا قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك سۇ چىقىرىش مىقدارى 300 مىڭ كۇب مېتىرغا بارىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبە يەرلىرى 22 ئورۇندا قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ سۇ چىقىرىش مىقدارى 1 مىليون 720 مىڭ كۇب مېتىرغا بارىدۇ. قۇرۇلغان سۇ مەنبەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بوشاڭ تاغ جىنسلىرىنىڭ كاۋاكلىرىدىكى سۇلاردۇر. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قىزىل تاغ، يامالىق تاغلىرىدا ئورمان بەرپا قىلىشتا ئىشلىتىلگەن ۋە كانلارنى تەمىنلىگەن سۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇل جىنسلارنىڭ

چاكلىرىدىكى سۇلاردىن تەركىب تاپقان سۇ مەنبە يەرلىرىدۇر.

**ئاساسلىق شەھەرلەرنى سۇ بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبە يەرلىرى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سۇ مەنبە يېرى 1957 - يىلى قۇرۇلغان. نۆۋەتتە ئەرگۈلۈك سۇ مەنبە يېرى ناچارلىشىپ كېتىش سەۋەبلىك ئىشلىتىلىشتىن توختىغاندىن سىرت، باشقا تۆت ئۈرۈندىكى سۇ بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبە يېرى — ئۇلانباي - سەندۇڭبېي سۇ مەنبە يېرى، سەيۋۇپۇ كۆلىنىڭ شىمالىدىكى سۇ مەنبە يېرى، شىمىگو سۇ مەنبە يېرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نورمال ئىشلىمەكتە، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 252 مىڭ 400 كۇب مېتىرغا بارىدۇ.

شىخەنزە، سانجى، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبە يەرلىرىنىڭ ھەممىسى تاغ باغرىدىكى ئېقىن چۆكۈندىسى، كەلكۈن چۆكۈندىسى تۈزلەڭلىكلىرىگە قۇرۇلغان بولۇپ، كاۋاكچىلاردىكى سۇ ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسلىق زاۋۇت - كانلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبەلىرىدىن ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ سۇ مەنبە يېرى ئەڭ چوڭ، بۇ سۇ مەنبە يېرى بوغدا تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان. 4 - دەۋر يەر قاتلام سىستېمىسى يېتىلگەن. يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى كۈنىگە 232 مىڭ 182 كۇب مېتىر. نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ سۇغا بولغان كۈندىلىك ئېھتىياجى 78 مىڭ كۇب مېتىر، نۆۋەتتىكى كۈندىلىك قېزىۋېلىش مىقدارى پەقەت 54 مىڭ 800 كۇب مېتىر. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ 2 - سۇ مەنبە يېرى 1989 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كۈيتۇن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى مايتاغ كان رايونىغا شەرقىي جەنۇبتىن 15 — 20 كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان. يەر ئاستى سۈيى دەريا سۈيى ۋە كەلكۈن سۇلىرىنىڭ سىڭىشىدىن تولۇقلىنىدۇ، چارلاپ تەكشۈرۈلگەن يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئىجازەتلىك كۈندىلىك قېزىلىش مىقدارى B دەرىجىلىكنىڭ 27 مىڭ 400 كۇب مېتىر، B +C دەرىجىلىكنىڭ 41 مىڭ 100 كۇب مېتىر. جەنۇبىي بۈگۈر نېفىتلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبە يېرى 1994 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بۈگۈر ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 18 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دىنار دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كەلكۈن چۆكۈندىسى - ئېقىن چۆكۈندىسى تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، سۇ مىقدارى مول، سۇ سۈپىتى ياخشى. يەككە قۇدۇقتىن سۇ ئۇرغۇش مىقدارى 459.27 ~ 1782.74 كۇب/مېتىر كۈن. بىرلىك سۇ ئۇرغۇش مىقدارى 0.18~0.791 لىتىر/سېكۇنت . مېتىر. كۈندىلىك سىزىش كوئېففىتسېنتى 2.82 مېتىر/كۈن بولۇپ، $Cl\cdot SO_4-Na$، $SO_4Cl-N$، ۋە تىپلىق سۇ ھېسابلىنىدۇ. چارلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەستىقلانغان B دەرىجىلىك سۇ زاپىسىنىڭ ئىجازەتلىك قېزىلىش مىقدارى 20 مىڭ كۇب مېتىر. كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ قارا تۇڭكى مىس - نىكېل كېنىنىڭ 1 - نومۇرلۇق سۇ مەنبە يېرى ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئۈلۈڭگۈر دەرياسى ئارىلىقىدىكى يەرگە ۋە تاغ ئالدى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىسى تۆپىلىكىنىڭ ئالدى گىرۋىكىگە جايلاشقان. سۈيىنىڭ مول‌لۇقى تەكشى ئەمەس، بىرلىك سۇ ئۇرغۇش مىقدارى 0.83~4.95 لىتىر/ سېكۇنت. مېتىر، سىزىش كوئېففىتسېنتى 0.52~22.03 مېتىر / كۈن. سۇ مەنبە يېرىنىڭ ھېسابلانغان يەر ئاستى سۈيى بىلەن تەبىئىي تولۇقلىنىش مىقدارى 25 مىڭ 704 كۇب مېتىر /كۈن. تەستىقلانغان B دەرىجىلىك سۇ زاپىسى 2500 كۇب مېتىر / كۈن. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق سۇ مەنبە يەرلىرىدىن نۆۋەتتە 22 سى قۇرۇلۇپ، سۇ بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي قېزىش مىقدارى 1 مىليون 720 مىڭ 120 كۇب مېتىر/كۈنگە يەتتى.

**قېزىلما بايلىقلار** شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، گېئولوگىيىلىك مۇھىتى مۇرەككەپ بولۇپ، كان پەيدا بولۇش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى. نۆۋەتتە تېپىلغان قېزىلما كان بايلىقى 138 خىل ( پۈتۈن مەملىكەتتە تېپىلغان 171 خىل قېزىلما بايلىقنىڭ 80.7% ىنى ئىگىلەيدۇ) ، زاپىسى چارلاپ ئېنىقلانغان ھەمدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىقلار زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن كان تۈرى 74 ( كەنجى كان

تۈرى) خىل بولۇپ، كان چىقىدىغان ئورۇن 637 (نېفىت، تەبىئىي گاز، ئۇران قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ).

**شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقلار زاپىسى جەدۋەلگە كىرگۈزۈلگەن كان تۈرلىرى، كان رايونلىرىنىڭ ئىستاتىستىكا جەدۋىلى (بىرلىكى: دانە)**

| قېزىلما بايلىق تۈرى | كان تۈرى سانى | كان رايونى سانى | كان تۈرى ئىسمى ۋە كان رايونى سانى |
|---|---|---|---|
| ئېنېرگىيە كانلىرى | 4 | 137 | كۆمۈر 134، مايلىق سلانىس 3 |
| قارا مېتاللار | 5 | 90 | تۆمۈر 61، مانگان 8، خروم 17، تىتان 1، ۋانادىي 3 |
| رەڭلىك مېتاللار | 9 | 74 | مىس 31، قوغۇشۇن 10، سىنك 11، ئاليۇمىن 1، نىكېل 9، كوبالت 5، سىمۇت 1، مولىبدېن 4، قەلەي 2 |
| قىممەتلىك مېتاللار | 4 | 32 | پلاتىنا 1، پاللادىي 1، ئالتۇن 25، كۈمۈش 5 |
| ئاز ئۇچرايدىغان، تارقاق رادىئاكتىپ ئېلېمېنتلار | 11 | 49 | نىئوبىي - تانتال 10، نىئوبىي 3، تانتال 2، بېرىللىي 21، لىتىي 6، سېزىي 2، گاللىي 1، گادىي 1، سېلېن 2، تېللۇر 1 |
| مېتال تاۋلاشقا يارىدىغان خام ئەشيا مېتاللوئىدلار | 6 | 16 | ماگنېزىت كاللىگى 1، ئاددىي فتورىت 1، ئېرىتكۈچى ھاكتاش 5، مېتال تاۋلاشتا ئىشلىتىدىغان دولومىت جىنسى 3، مېتال تاۋلاشتا ئىشلىتىدىغان تومۇرسىمان كۋارتس 3، ئوتقا چىدامىلىق توپا 3 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرى، مېتاللوئىدلار | 12 | 64 | تەبىئىي گۈڭگۈرت 1، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر كېنى 8، تاتىربىلىق سېلىتىر 3، شور 17، بارىت 2، ۋىتېرىت 1، خىمىيىۋى ئوغۇتتا ئىشلىتىدىغان جىنس (سېرپېنتىنىت) 2، تۇز 18، فوسفور 8، ماگنىي تۇزى 1، كالىي تۇزى 2، بور 1 |
| قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ خام ئەشيا مېتاللوئىدلىرى | 26 | 175 | گرافىت 1، فىرو ئېلېكترلىك خرۇستال 2، تاشپاختا 7، دالا شپاتى 1، ئاق چېرىستال 88، سۇلۇك تاش 1، گەج 5، سېمونتقا ئىشلىتىدىغان ھاكتاش 35، مارېل 1، ئەينەككە ئىشلىتىدىغان كۋارتس جىنسى 1، ئەينەككە ئىشلىتىدىغان قۇم جىنسى 1، ئەينەككە ئىشلىتىدىغان قۇم 2، ئىشلىتىدىغان تومۇرسىمان كۋارتس 1، ساپال توپىسى 2، خىش سېغىز توپىسى 1، سېمونتقا ئارىلاشتۇرىدىغان قىلانىس 2، سېمونتقا ئارىلاشتۇرىدىغان گىل تاش (ئارگىلىت) 5، سېمونتقا ئارىلاشتۇرىدىغان سېغىز توپا 5، سېمونتقا ئارىلاشتۇرىدىغان سېرىق توپا 2، سېمونتقا ئىشلىتىدىغان مەرمەر جىنسى 1، سېمونتقا ئارىلاشتۇرىدىغان قۇم جىنسى 1، قۇيمىچىلىقتا ئىشلىتىدىغان مىشاباز 1، بېنتون 3، زىننەتلەشتە ئىشلىتىدىغان گرانىت 2، سېپىئولىت 2 |
| جەمئىي | 77 | 637 | ئەسكەرتىش: نېفىت، تەبىئىي گاز، ئۇران جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى، لېكىن كان تۈرىنىڭ ئومۇمىي سانىغا كىرگۈزۈلدى. |

شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى بەش خىل بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 10 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى 41 خىل (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قارالسۇن)؛ غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى 22 خىل، 2 - ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى 20 خىل.

**شىنجاڭنىڭ 1998 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 10 - ئورۇندا تۇرىدىغان كان تۈرلىرى**

| مەملىكەت بويىچە تۇرىدىغان ئورنى | كان تۈرىنىڭ نامى | كان تۈرى سانى (دانە) |
|---|---|---|

| | | |
|---|---|---|
| 1 | بېرىللىي، ناترىيلىق سېلىترا، ئاق چېرىمتال، ۋېرمىكۇلىت، ماپال تۇپىسى | 5 |
| 2 | نىكېل، خىروميت، مېتال ئاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان تومۇرسىمان كۋارتس، تەبىئىي گۈگۈرت، دالاشپاتى، يىلان پوستى چىنىسى (سېرپېنتىنىت)، بېنتونىت، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر چىنىسى | 8 |
| 3 | تۈيىسىملىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىشاباز | 1 |
| 4 | نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ماگنېزىت، ۋىتېرىت، كالىي تۇزى، ماگنىي تۇزى، ئاشپاختا، سېمونتقا ئارىلاشتۇرىدىغان گىمىل تاش | 9 |
| 5 | سېزىي | 1 |
| 6 | بىسمۇت، پلاتىنا گۇرۇپپىسى ئېلېمېنتلىرى، لىتىي، ئەينەككە ئىشلىتىلىدىغان تومۇرسىمان كۋارتس | 4 |
| 7 | مايلىق سلانېتس، كوبالت، سېمونتقا ئارىلاشتۇرىدىغان سېرىق تۇپا، مارمىل | 4 |
| 8 | مىس، تېللۇر، بور، شور، سېمونتقا ئارىلاشتۇرىدىغان سلانېتس | 5 |
| 9 | مانگان، تانتال | 2 |
| 10 | نىئوبىي، خىشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز تۇپا | 2 |

1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭنىڭ بارلىق قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي يوشۇرۇن قىممىتى 5 ترىليون 294 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 45 خىل ئاساسلىق قېزىلما بايلىقنىڭ يوشۇرۇن قىممىتى 5 ترىليون 157 مىليارد 200 مىليون يۈەن (يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئىگە بولغان زاپاس مىقدارىنىڭ 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمىگەن باھاسى) بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ. 1998 - يىلى شىنجاڭدا ھەرخىل كانچىلىق كارخانىلىرىدىن 3215 ى بار (نېفىت، تەبىئىي گاز كان - كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بولۇپ، قېزىلىدىغان ھەرخىل قېزىلما بايلىقلارنىڭ تۈرى 95 خىلغا (نېفىت، تەبىئىي گازنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىشلەپ چىقىرىلغان ھەرخىل رۇدا خام ئەشيالىرى 84 مىليون 697 مىڭ 600 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليارد 65 مىليون 751 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى — 75 مىليارد 800 مىليون 570 مىڭ يۈەننىڭ 26.47% نى ئىگىلەپ، پۈتۈن رايوننىڭ كان قازمىچىلىقى كەسپى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلىنىپ قالدى. ئەمما ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، قېزىلما بايلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولماقتا.

نېفىت، تەبىئىي گاز شىنجاڭدا چۆكۈندە جىنسلاردىن شەكىللەنگەن ئويمانلىقلاردىن 30 نەچچىسى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 900 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.


شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا يېڭى ھاياتلىق ئېراسىدا شەكىللەنگەن ئاساسلىق ئويمانلىقلارنىڭ كۆرسەتمە جەدۋىلى

| ئويمانلىق | كۆلىمى ($10^4km^2$) | چۆكۈندى جىنسلار قېلىنلىقى (m) | نېفىت - گازلار |
|---|---|---|---|
| تارىم | 56.0 | 17000 | 25 نېفىت - گازلىق |
| جۇڭغار | 13 | >10000 | >24 نېفىت - گازلىق |
| تۇرپان - قۇمۇل | 4.8 | <6000 | 10 نېفىت - گازلىق |
| بۇرچىن | 1 | >1000 | |
| قوبۇقسار | 0.35 | <1800 | |
| يۇچەك | 0.75 | <2500 | |
| قوشتولغاي | 0.69 | 3300 | |
| جىلىڭ | 0.71 | 2000 | ئاسفالت |
| غۇلجا | 1.35 | 2000~4000 | ئاسفالت |
| تېكەس | 0.61 | <2000 | |
| يۇلتۇز | 0.6 | 2000 | |
| قاراشەھەر | 1.07 | 2420 | 3 نېفىتلىك |
| كۇمۇش | 0.37 | <2000 | |
| سەنتاغخۇ | 2.0 | 42000 | 1 نېفىتلىك |
| باركۆل | 0.4 | <3000 | |
| يامانسۇ | 0.14 | | |
| قۇمكۆل | 2.0 | <5500 | |

شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقلىرى ئاساسەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن چارلانغان ۋە بايقالغان. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 59 نېفىت - گازلىق تېپىلدى، بۇلاردىن ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپاس جەمئىي $26 \times 10^8$ توننىغا،

تەبىئىي گاز $4000\times10^8$ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى نېفىت ـ گاز بايلىقىنىڭ مىقدارى $300\times10^8$ توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي گاز $8\sim10\times10^{12}$ كۇب مېتىر. 1990 ـ يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ نېفىت ـ گاز زاپىسىنىڭ ئېشىش مىقدارى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدىكى نېفىت ـ گاز زاپىسىنىڭ ئېشىشى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە. تارىم ئويمانلىقى سىچۈەن، ئوردوس ئويمانلىقلىرىدىن قالسىلا 3 ـ چوڭ گازلىققا ئايلاندى. خام نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ھەر يىلى $80\sim160\times10^4$ توننىلىق سۈرئەتتە ئاشماقتا. 1998 ـ يىلى خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى $1782\times10^4$ توننىغا يەتتى. شىنجاڭ كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ نېفىت ـ تەبىئىي گاز سانائىتى تەرەققىياتىدىكى ئورۇنباسار رايون بولۇپ قالىدۇ.

جۇڭغار نېفىت ـ گازلىق ئويمانلىقى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. جۇڭگونىڭ چوڭ تىپتىكى نېفىت ـ گازلىق ئويمانلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆلىمى 130 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قوش قەۋەت قۇرۇلمىلىق ئاساسقا يەنى كېمبرىي دەۋرىدىن ئىلگىرىكى تولۇق مېتامورفىزملىق ئاساس بىلەن ئوردوۋىك سىستېمىسى — ئاستىنقى تاشكۆمۈر سېرىيىسىنىڭ يۈزەكى مېتامورفىزملىق ئاساسىغا ئىگە. تاشكۆمۈر سىستېمىسى — تۆتىنچى سىستېما ئارىسىدىكى چۆكۈندىلىرى تولۇق، تارقىلىشى كەڭ، قېلىنلىق دەرىجىسى زور. كۆپ قېتىملىق تۈزۈلمە ھەرىكىتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئويمانلىقتا ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ۋە چۆكۈندىلىرى كۆپ ئايلانمىلىق يەر شەكلىنى ھاسىل قىلغان. مەلۇم بولغان نېفىت ھاسىل قىلغۇچى جىنس سىستېمىلىرىدىن پېرم سىستېمىسى، ترىئاس سىستېمىسى، ئوتتۇرا ـ تۆۋەن يۇرا دەۋرى ۋە ئاستىنقى 3 ـ سىستېمىلار بار. قىسمەن رايونلاردىكى ئۈستۈنكى تاشكۆمۈر سېرىيىسىدىكى ھاك جىنسلىرىنىڭ نېفىت ھاسىل قىلىش خۇسۇسىيىتىمۇ بىر قەدەر ياخشى. ئويمانلىقتا 8 مىليارد توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتلىق نېفىت ـ گاز بايلىقى بار. 1955 ـ يىلى ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمالىي گىرۋىكىدىكى قاراماي 1 ـ قۇدۇقىنىڭ ترىئاس سىستېمىسىدىن تۇنجى قېتىم سانائەت نېفىت گازى ئېلىنىدى، بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 1 ـ چوڭ نېفىتلىك — قاراماي نېفىتلىكىدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن، ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمالىي گىرۋىكىدىن ۋە جەنۇبىي، شەرقىي قىسىملىرىدىن ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاشكۆمۈر سىستېمىسى، پېرم سىستېمىسى، ترىئاس سىستېمىسى، يۇرا سىستېمىسى ۋە 3 ـ سىستېمىلاردىن كۆپ تىپلىق نېفىت ـ گازلىقلىرىدىن جەمئىي 24 ى تېپىلىپ، 1 مىليارد 700 مىليون توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتلىق گېئولوگىيىلىك زاپاس قولغا كەلتۈرۈلدى.



قاراماي نېفىت ـ گاز رايونى

1998 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 8 مىليون 700 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 1 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ نېفىت ـ گاز ئىستىقبالى ئىنتايىن زور.

قاراماي نېفىت ـ گاز رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي ياقىسىغا جايلاشقان، كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ گېرتسىن ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرا ـ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ھاسىل بولغان، كۆپلىگەن ئۈستىگە شۇڭغىغان يېرىلمىلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ تىپتىكى ئۈستىگە شۇڭغىغان بەلۋاغ (زونا)، ئۇنىڭ تاشكۆمۈر دەۋرىدىن بۇيانقى يەر قاتلاملىرى مۇكەممەل يېتىلگەن بولۇپ، ئاساسلىق نېفىت مەنبەلىك جىنسلىرى پېرم، ترىئاس، يۇرا سىستېمىلىرىدىن ئىبارەت. كۆپ دەۋرىيلىك نېفىت ھاسىل قىلىش قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇپ، ئەۋزەل نېفىت پەيدا بولۇش شەرت ـ شارائىتىغا ئىگە. 1955 ـ يىلى قاراماي چوڭ نېفىتلىكى تېپىلدى، بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قانچە نېفىت ـ گاز تەركىبلىك بۆلەكلەر تېپىلدى. 1958 ـ يىلى يەنە ئاقبۇلاق، ئورقۇ، قىزىلتاغ ئاغزى قاتارلىق

ئۈچ نېفىتلىك تېپىلدى. 1976 ـ يىلى خام نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 974 مىڭ توننىغا يەتتى. كېيىن يەنە شيازىجيې نېفىتلىكى تېپىلىپ، 1981 ـ يىلىغىچە چېپەيزە، قاراماي، ئۆرقۇدىن تارتىپ شيازىجيېگىچە بولغان ياپسىمان يېرىلىش بەلۋېغى ( زونا) نىڭ نېفىت ھاسىل بولۇش ئالاھىدىلىكى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، كۆلىمى 5000 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. 1992 ـ يىلى شىمالىي ماناس نېفىتلىكى، 1995 ـ يىلى يەنە شاۋگەي نېفىتلىكى تېپىلدى. بۇ رايونلاردا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى جەمئىي 1 مىليارد توننا نېفىت ئىكۋىۋالېنتىغا، 1998 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت تەخمىنەن 6 مىليون توننىغا يەتتى. نېفىت بايلىقىنىڭ كەلگۈسى يوشۇرۇن كۈچى يەنىلا ناھايىتى زور.

شەرقىي جۇڭغار نېفىت ـ گازلىق رايونى   شىمالدا تامچا بۇلاقتىن تارتىپ جەنۇبتا ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىن مورىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1983 ـ يىلى كۆيۈك تاغ تۈزۈلمىسىدە تۇنجى بولۇپ سانائەت نېفىت گازى قېزىۋېلىندى، كېيىن يەنە جەنۇبىي كۆيۈك تاغ نېفىتلىكى، شىمالىي سەنتەي نېفىتلىكى، سەنتەي نېفىتلىكى ماجۇاڭ گازلىقى، گەنخېزى نېفىتلىكلىرى تېپىلدى. 1997 ـ يىلى ۋۇسەيۋەندە تاشكۆمۈر سىستېمىسىغا تەئەللۇق يانار تاغ جىنسلىرىدىن گازلىق بايقالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قوملۇقنىڭ جەنۇبىي ( شائەن ) نېفىتلىكى تېپىلدى. يۇقىرىقى نېفىت ـ گازلىقلارنىڭ نېفىت چىقىدىغان قاتلاملىرى ئاساسەن پېرم، ترىئاس ۋە تاشكۆمۈر سىستېمىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلاردىن ئېرىشكەن گېئولوگىيىلىك زاپاس جەمئىي 121 مىليون توننا. 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىشلەپچىقىرىلغان خام نېفىت مەھسۇلاتى 865 مىڭ توننىغا يەتتى. بۇ رايوننىڭ نېفىت ئىستىقبالى بىر قەدەر ياخشى، تېخىمۇ كۆپ نېفىت ـ گازلىقلارنىڭ تېپىلىشىدىن ئۈمىد بار. جۇڭغارنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى نېفىت ـ گازلىق رايونى شەرقتە ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ، غەربتە شىخونىڭ جەنۇبىغىچە بارىدۇ. كۆلىمى 2300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ رايوندا شەكىللەنگەن 3 — 4 رەت سەل شەرقتە قىيپاش پۈرمىلەر نېفىت ـ گازلارنىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن ئوبدان سورۇن ھازىرلىغان. 1936 ـ يىلى قېزىلغان 1 ـ قۇدۇقتىن 200 نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىنلا كۈنىگە ئون نەچچە توننا نېفىت ئېلىنغان. نېفىت ساقلانغان يەر قاتلىمى 3 ـ سىستېمىنىڭ ئوتتۇرا، يېڭى دەۋرىگە تەئەللۇق قۇمتاش قاتلىمى. 1989 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 149 قۇدۇق قېزىلىپ، پۈتۈن نېفىتلىكتە جەمئىي 363 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلغان. 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قوتۇبى تۈزۈلمىسى ( ستروكتۇرا) دىكى قوتۇبى 2 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ ئاستىنقى 3 ـ سىستېمىسىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق تەبىئىي گاز قېزىۋېلىنىپ، گېئولوگىيىلىك زاپىسى 34 مىليارد 889 مىليون كۇب مېتىر بولغان قوتۇبى گازلىقى تېپىلدى. بۇ رايوندا چوڭ تېپتىكى دۈم پۈرۈلمە تۈزۈلمىسىدىن نەچچە ئونى پېتىلگەن، شۇڭا بۇ رايوننىڭ نېفىت ھاسىل بولۇش شارائىتى ياخشى بولۇپ، نېفىت ـ گاز چارلايدىغان مۇھىم رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭغارنىڭ كىندىك قىسمىدىكى نېفىت ـ گاز رايونى موسوۋەن — بەيجاخەينىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى كۆتۈرۈلمە بەلۋاغنى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىنى، فۇكاڭ — كۇيتۇننىڭ شىمالىدىكى كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. 1964 ـ يىلدىن بۇيان پىنھەن (ئويمانلىق پارامېتىرى) 1 ـ ، 2 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقلار، موسوۋەن 1 ـ ، 2 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقلار بۇرغىلىنىپ، قۇدۇقلاردىن ياخشى نېفىت ـ گاز ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن. 1991 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سەيىنەندىكى قىسمەن كۆتۈرۈلمىلەردە سەي 2 ـ قۇدۇقى بۇرغىلىنىپ، يۇرا سىستېمىسىدىن سانائەت نېفىت ـ گازى چىقىپ سەيىنەن نېفىتلىكى تېپىلدى، ئۇنىڭ نېفىت ـ گاز كۆلىمى 2.57 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 62 مىليون 520 مىڭ توننا گېئولوگىيىلىك زاپاس قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن يىللىق مەھسۇلاتى 1 مىليون توننىدىن ئېشىپ كەتتى. 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شىمالىي موسوۋەن كۆتۈرۈلمىسىگە قويۇلغان شىمالىي موسوۋەن 2 ـ قۇدۇقنىڭ يۇرا سىستېمىسىدىن سانائەت نېفىت گازى چىقتى. جۇڭغار لۇلياڭ نېفىت ـ گازلىق رايونى ئۈچ بۇلاق كۆتۈرۈلمىسى ھەم ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى يانتۇلۇق رايونىغا جايلاشقان، كۆلىمى تەخمىنەن 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1992 ـ يىلى غەربىي شىخەنزە



شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىك شىركىتى

تۈزۈلمىسىدە لايىھىلەنگەن غەربىي شىخەنزە 1 ـ نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ تاشكۆمۈر سىستېمىسىدىن سانائەت، نېفىت گازى ئېلىنىپ، غەربىي شىخەنزە نېفىتلىكى تېپىلدى ھەمدە 98 مىليون 820 مىڭ توننا گېئولوگىيىلىك زاپاس ئېنىقلاندى. 1996 ـ يىلى جەنۇبىي شىخەنزە 4 ـ قۇدۇقنىڭ يۇرا سىستېمىسىدىن سانائەت نېفىت گازى ئېقىمى چىقىپ، جەنۇبىي شىخەنزە نېفىتلىكى تېپىلدى. ئۇنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسىدىن 36 مىليون 500 مىڭ توننا نېفىت، 4 مىليارد 970 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېنىقلاندى. ئارقىدىنلا يەنە شايەن نېفىتلىكى، مادۇڭ (شەرقى ماناس) نېفىتلىكلىرى تېپىلدى. بۇ رايونلارنىڭ نېفىت ـ گاز جەھەتتە ئىستىقبالى پارلاق، بايلىق يوشۇرۇن كۈچى زور.

**تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى نېفىت ـ گاز بايلىقى** شىنجاڭنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 53 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. مۆلچەرلەنگەن نېفىت ـ گاز بايلىقى ئىچىدە 1 مىليارد 600 مىليون توننا نېفىت، 365 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز بار. بۇ ئويمانلىق كېيىنكى قەدىمكى ھاياتلىق ئېراسى كراتون ئويمانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەرلەردىن باشلاپ پەيدا بولۇپ، ئوستى ئوتتۇرا يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاغ ئارىسى چۆكۈندى ئويمانلىقى، ئاساسەن كېيىنكى تاشكۆمۈر، كېيىنكى پېرم، دەسلەپكى يۇرا ئېپوخاسى يەر قاتلاملىرىدىن تارتىپ 4 ـ سىستېمىنىڭ چۆكۈندىلىرىگىچە تىنغان قاتلاملاردۇر. ئۇنىڭ قېلىنلىقى 7000 ~ 9000 مېتىرغا يېتىدۇ. ئويمانلىقتا چوڭ ئۈچ يۈرۈش نېفىت ـ گاز بىرىكمە ئۆۋىسى شەكىللەنگەن: ئۈستۈنكى قىسمى يۇرا سىستېمىسىغا تەئەللۇق كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى ئاساس قىلىنغان كۆمۈردىن ھاسىل بولغان كاربون بىرىكمىسى؛ ئوتتۇرا قىسمى پېرم سىستېمىسىغا تەئەللۇق كۆل فاتسىيىلىك گىل تاشلار- نى ئاساس قىلغان قويۇق نېفىت بىرىكمە ئۆۋىسى؛ تۆۋەنكى قىسمى تاشكۆمۈر سىستېمىسىغا تەئەللۇق دېڭىز فاتسىيىلىك ھاك تاش بىرىكمە ئۆۋىسى. ئاساسەن ئۈچ چوڭ چۆكۈندى ئولتۇرۇشمىسى بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار: تەيبېي (شىمالىي تەمەخادا) ئولتۇرۇشمىسى، توخسۇن ئولتۇرۇشمىسى ۋە قۇمۇل ئولتۇرۇشمىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئويمانلىقتا نېفىت چارلاش خىزمىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلىنىپ، 1958 ـ يىلى سىڭگىم ئېغىزى نېفىتلىكى تۇنجى بولۇپ بايقالغان. 1983 ـ يىلى چارلاش خىزمىتى يېڭىۋاشتىن قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە 1989 ـ يىلى پىچان نېفىتلىكى بايقالدى. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، يۇرا، بور، 3 ـ سىستېما ۋە ترىئاس سىستېمىلىرى قاتارلىق تۆت يۈرۈش نېفىت قاتلىمىدىن سانائەت نېفىت ـ گاز ئېقىمى قولغا كېلىپ، پىچان، پۇشىن، شەنلې، خوڭلەي، خوڭلىيەن، لۇكچۇن قاتارلىق ئالتە نېفىت ـ گاز يىغىلىش بەلۋېغى تېپىلدى. پىچان، چيۇلىڭ قاتارلىق ئون نەچچە نېفىت ـ گازلىق ئېنىقلاندى، جەمئىي 290 مىليون توننا نېفىت ـ گاز (ئېكۋىۋالېنتلىق) زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، يىلىغا 3 مىليون 400 مىڭ توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇت قۇرۇلدى. بۇ ئويمانلىقنىڭ نېفىت ـ گاز بايلىقى بىر قەدەر مول، يوشۇرۇن كۈچى يەنىلا ناھايىتى زور. تەيبېي (شىمالىي تەمەخادا) ئولتۇرۇشما نېفىت ـ گاز رايونى تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ كۆلىمى 14800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. تەيبېي (شىمالىي تەمەخادا) ئولتۇرۇشمىسى تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ پېرم، ترىئاس سىستېمىلىرىدىكى نېفىت ـ گاز بار يەر قاتلىمى بىلەن يۇرا،

يور سىستېمىلىرىدىكى نېفىت ـ گاز بار يەر قاتلاملىرىنىڭ ئورنىنى بېسىش ئاساسىدا يېتىلگەن چۆكۈندە ئولتۇرۇشما، شۇنداقلا بۇ ئويمانلىقتىكى بايلىقى ئەڭ مول بولغان نېفىت ھاسىل قىلغۇچى ئولتۇرۇشمىدۇر. بۇ ئولتۇرۇشمىدا ئاساسەن چېۋىلىڭ تۈزۈلمە بەلۋېغى، ۋېنجىيالىڭ تۈزۈلمە بەلۋېغى، شەنلې تۈزۈلمە بەلۋېغى قاتارلىق 14 ئىككىنچى دەرىجىلىك تۈزۈلمە بەلۋېغى يېتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى چېۋىلىڭ تۈزۈلمە بەلۋېغى بىلەن ۋېنجىيالىڭ تۈزۈلمە بەلۋېغى ئولتۇرۇشما ئىچىدىكى ئاساسلىق نېفىت ـ گاز توپلاشقان بەلۋاغلار بولۇپ، 1958 ـ يىلى ئەڭ ئاۋۋال سىڭگىم ئېغىزى نېفىتلىكى تېپىلغان. 1989 ـ يىلى بۇ ئولتۇرۇشمىدا تەيسەن 1 ـ قۇدۇقى لايىھىلىنىپ، يۇرا سىستېمىسى يەر قاتلىمىدىن سانائەت نېفىت ـ گازى ئېلىنىدى، ئۇنىڭ كۈندىلىك نېفىت چىقىش مىقدارى 27 توننىغا يەتتى. ئارقىدىنلا زور كۆلەملىك چارلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پىچان، چېۋىلىڭ، ۋېنمى، باقى، تۇيۇق قاتارلىق نېفىتلىكلەر تېپىلدى ۋە زاپىسى ئېنىقلاندى. ئولتۇرۇشمىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تۇيۇق نېفىتلىكىنىڭ نېفىتى ترىئاس سىستېمىسىغا تەئەللۇق قويۇق نېفىت بولغاندىن سىرت، باشقا نېفىتلىكلەردىكى نىشانلانغان قاتلاملارنىڭ ھەممىسى يۇرا سىستېمىسىنىڭ سەنجەنخې (ئۈچ ئېغىز ئۆي) گورۇپپىسىنى ئاساسلىق نېفىت قاتلىمى قىلغان، نېفىت مەنبەسى ئوتتۇرا ـ تۆۋەنكى يۇرا سىستېمىسىنىڭ شۈيشىگو توپىنىڭ كۆمۈر سىستېمىسىدىكى مەنبە جىنسىتىن كەلگەن بولۇپ، نېفىتى يېنىك، ماي سۈپىتى ياخشى. نۆۋەتتە 200 مىليون توننا نېفىت ئېكۆئۇۋالېنت گېئولوگىيىلىك زاپاس ئېنىقلاندى. 1998 ـ يىلى تۇيۇق نېفىتلىكىدىن 3 مىليون 200 مىڭ توننا نېفىت ئېلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئويمانلىقتىكى ئاساسلىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون بولۇپ قالدى.

**تارىم نېفىت ـ گازلىق ئويمانلىقى** شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، كۆلىمى 560 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى. بۇ ئويمانلىق جىنىدەن سىستېمىسىدىن ئىلگىرىكى، كرىستاللانغان مېتامورفىزملىق ئۇلغا ئىگە، قەدىمكى ھايات ئېراسىغا تەئەللۇق كراتون ئويمانلىقىدا كەڭ ھەم تولۇق بولغان قەدىمكى ھايات ئېراسى يەر قاتلاملىرى يېتىلگەن، ئوتتۇرا يېڭى ھايات ئېراسى ئالدىنقى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقلىرى تەرەققىي قىلغان باسقۇچتا كىرىدۇ، بۇ مەزگىلدە ناھايىتى قېلىن بولغان ئوتتۇرا يېڭى ھايات ئېراسى يەر قاتلاملىرى تېنغان. ئويمانلىقى رايونلۇق تۈزۈلمە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تۆت چوڭ رايون، 18 تۈزۈلمە بۆلىكىگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئويمانلىقتا قەدىمكى ھايات، ئوتتۇرا ھايات ۋە يېڭى ھايات ئېرا تىپى ماي ھاسىل قىلغۇچى جىنسلىرى يېتىلگەن بولۇپ، ماي ھاسىل قىلغۇچى جىنسلارنىڭ قېلىنلىقى 2000 ~ 3000 مېتىرچە كېلىدۇ، ئۇلاردىكى نېفىت ـ گاز بايلىقى ئىنتايىن مول. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھېسابلانغان نېفىت ـ گاز بايلىقىنىڭ مىقدارى 20 مىليارد توننا نېفىت ئېكۆئۇۋالېنتىغا يېتىپ، مەملىكىتىمىز نېفىت ـ گاز ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 1/5 نى ئىگىلەيدۇ. 1952 ـ يىلى نېفىت ـ گاز تەكشۈرۈش باشلانغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ 1984 ـ يىلى تارىمنىڭ شىمالىدىكى شاسەن 2 ـ قۇدۇقى ( شايا 2 ـ قۇدۇقى) نىڭ قەدىمكى ھايات ئېرا تىپى دېڭىز فاتسىيىسىدە غايەت زور بۆسۈش بولغاندىن كېيىن، گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىق ۋە نېفىت تارماقلىرى بۇ ئويمانلىقتا مىسلىسىز زور كۆلەملىك نېفىت بىرلەشمە جېڭى ئېلىپ بېرىپ، 8 يەر قاتلىمى سىستېمىسىدىن 25 نېفىت ـ گازلىق تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىپتىكى نېفىت ـ گازلىقتىن 11 ى بار. ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپاس 900 مىليون توننا نېفىت ئېكۆئۇۋالېنت بولۇپ، تەخمىنەن 400 مىليون توننا نېفىتنى، 500 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويمانلىق جۇڭگودىكى 3 ـ چوڭ تەبىئىي گاز رايونى بولۇپ قالدى. 1998 ـ يىلى خام نېفىت مەھسۇلاتى 4 مىليون 575 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گاز 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتتى. بۇ ئويمانلىقنىڭ چارلاپ تەكشۈرۈلۈش دەرىجىسى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن، نېفىت ـ گازنىڭ بايقىلىش نىسبىتى پەقەتلا % 5 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ جاي ھازىر نېفىت ـ گازنى تەكشۈرۈشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. كۇچار، شىمالىي تارىم، ئوتتۇرا تارىم، مارالۋېشى ـ مەكىت، كۆكيار قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن نېفىت ـ گازلىق رايوننىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور.

**كۇچار نېفىت ـ گازلىق رايونى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ كراتون ئويمانلىقى يەر قاتلىمى ئاساسىدا يېتىلگەن، ئوتتۇرا يېڭى ھايات ئېراسىغا تەئەللۇق ئالدىنقى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىدۇر. رايون ئىچىدە قەدىمكى ھايات ئې‑

راسى يەر قاتلىمىنىڭ قىسمەن قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان، ئوتتۇرا يېڭى هايات ئېراسى يەر قاتلاملىرىنىڭ يېتىلىشى تولۇق، تارقىلىشى كەڭ بولۇپ، يەر قاتلىمى ناهايىتى قېلىن. رايون دائىرىسىدىكى تۈزۈلمە شىمالىي قىسىم ئۈستىگە چۈشكەن بەلۋاغ، ئوتتۇرا قىسمى ئۆزۈك - پۈرمە بەلۋېغى ۋە جەنۇبىي قىسمى يانتۇ بەلۋاغلارغا بۆلۈنىدۇ. قىسمەن تۈزۈلمىلەر ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، جەمئىي 60 نەچچە دۈم پۈرمە، ئۆزۈك دۈم پۈرمە قاتارلىق تۈزۈلمىلەر بار. بۇ رايون ئىچىدىكى ئاساسلىق نېفىت مەنبەلىك جىنسلار يۇرا، ترىئاس ۋە ئاز بىر قىسىم تاشكۆمۈر سىستېمىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، نېفىت - گاز بايلىقى مىقدارى 1 ~ 1.2 مىليارد توننىغىچە بارىدۇ. سابىق نېفىت مىنىستىرلىقى 1958 - يىلى 10 - ئايدا ئالدى بىلەن ئۆچكىلىك تۈزۈلمىسىدە قازغان كې 1 - قۇدۇقنىڭ يۇرا سىستېمىسى قۇمتېشىدىن سائەت نېفىت - گازى چىقتى. ئۇنىڭدىن كۈنىگە 58 توننا نېفىت ئېلىندى. 1995 - يىلى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتى داۋەنجى يېڭى سېرىيىسى گازلىقىنى تاپتى. 1998 - يىلى يەنە قارا 2 - چوڭ گازلىقىنى تاپتى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە جەنۇبىي ئۆچكىلىك گازلىقى، شىمالىي داۋەنجى گازلىقى قاتارلىق گازلىقلارنى تاپتى. شۇنىڭ بىلەن كۇچار ئولتۇرۇشمىسىدىكى تەبىئىي گازلارنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 200 نەچچە مىليارد كۇب مېتىرغا يەتتى. بۇ رايوننىڭ نېفىت - گاز بايلىقى مول، نېفىت هاسىل قىلىش شارائىتى ياخشى بولغاچقا، تېخىمۇ كۆپ نېفىت - گازلىقلار تېپىلغۇسى.

**شىمالىي تارىم نېفىت - گاز رايونى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، غەربتە قارا يۇلغۇندىن باشلىنىپ شەرقتە كورلىغىچە، جەنۇبتا تارىم دەرياسىدىن باشلىنىپ شىمالدا كورلا - ئاقسۇ تاشيولىغىچە بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تۈزۈلمە بۆلىكى شايار كۆتۈرۈلمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ رايوندا 1984 - يىلى 9 - ئايدا ياقىلا تۈزۈلمىسىگە لايىهىلەنگەن شايار 2 - قۇدۇقى ( شاسەن 2 - قۇدۇقى ) نىڭ 5391.18 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئوردوۋىك سىستېمىسى دولومىت جىنسىدىن يۇقىرى مەهسۇلاتلىق نېفىت - گاز ئېقىمى تېپىلدى، دەسلەپتە ئۇنىڭدىن كۈنىگە 1000 كۇب مېتىر نېفىت، 2 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىنىپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى هاياتلىق ئېراسى دېڭىز فاتسىيىلىك نېفىت - گازلىقلىرى بويىچە تۇنجى زور بۆسۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1985 - يىلدىن بۇيان، شىمالىي تارىمدا مەسىلىسىز كۆلەملىك نېفىت - گاز تەكشۈرۈش - ئېچىش بىرلەشمە جېڭى قانات يايدۇرۇلدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ رايوندىكى سەككىز قاتلام سىستېمىدىن 19 نېفىت - گازلىق (ئۇيۇسى ) تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تىپتىكى نېفىت - گازلىقتىن بەشى، 100 مىليون توننا دەرىجىلىك چوڭ نېفىتلىكتىن بىرى — تارىم دەرياسى نېفىتلىكى بار. نۆۋەتتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس نېفىت 299 مىليون توننا، تەبىئىي گاز 132 مىليارد 446 مىليون كۇب مېتىر. كونترول قىلىنىدىغان زاپاس: نېفىت 44 مىليون 178 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 25 مىليارد 40 مىليون كۇب مېتىر. جەمئىي 400 مىليون توننا نېفىت ئىكۇۋالېنتى بولدى. 1999 - يىلقى نېفىت - گاز مەهسۇلات مىقدارى: نېفىت 2 مىليون 500 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 500 مىليون كۇب مېتىر. بۇ رايوندىكى نېفىت - گاز بايلىقى ئىنتايىن مول.

**ئوتتۇرا تارىم نېفىت - گازلىق رايونى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 24 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ تارىم كراتون ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى، ئوتتۇرا ۋە يېڭى هايات ئېرالىرى يەر قاتلىمى ئۇنىڭ ئۈستىنى كەڭ كۆلەمدە قاپلىغان. قەدىمكى هايات ئېرا تېمى تولۇق يېتىلگەن، ئوتتۇرا ۋە يېڭى هايات ئېرا تېمى يۇرا ۋە بور سىستېمىلىرىدىن باشقا سىستېمىلارنىڭ هەممىسىدە چۆكۈندى قالدۇرغان. بۇ رايوننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسىملىرى ئولتۇرۇشما رايونلار بولۇپ، ئويمانلىق مەركىزىدىكى كۆتۈرۈلمە رايوننىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. رايون ئىچىدىكى ئاساسلىق نېفىت هاسىل قىلغۇچى جىنسلار كېمبىرىي - ئوردوۋىك سىستېمىسى ۋە تاشكۆمۈر سىستېمىسىدىن ئىبارەت. نېفىت-گاز بايلىقى مىقدارى 1 ~ 1.2 مىليارد توننا نېفىت ئىكۇۋالېنتى. 1989 - يىلى 10 - ئايدا ئوتتۇرا تارىم 1 - نومۇرلۇق تۈزۈلمىسىدىكى ئوتتۇرا تارىم 1 - قۇدۇقنىڭ 3586 ~ 3737 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئوردوۋىك سىستېمىسىنىڭ دولومىت جىنسى قاتلىمىدىن يۇقىرى مەهسۇلاتلىق نېفىت - گاز سىناق تەرىقىسىدە ئېلىندى. ئۇنىڭ كۈندىلىك نېفىت مەهسۇلاتى 576 كۇب مېتىر، تەبىئىي گاز 360 مىڭ كۇب مېتىر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئوتتۇرا تارىم 4 -،



قومۇل سەنداۋلىق ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنى سەنداۋلىق ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنى تەمىنلىگەن



... بىلەنتلىرى، رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



ئالتاي ئالتۇن كېنى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى تەمىنلىگەن



سارتوقاي خروم كېنى «شىنجاڭنىڭ بايلىقلىرى»
رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى




كۆكتوقاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كېنى
يەن شۈسىن فوتوسى



مىس رودىسى «شىنجاڭنىڭ بايلىقلىرى»
رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



382.5 گرام تەبىئىي ئالتۇن «شىنجاڭنىڭ
بايلىقلىرى» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



هېقىق «شىنجاڭنىڭ بايلىقلىرى» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



«خوتەن قاشتېشى سىلىق بۇت سۈرىتى»
تاڭ يەنلياڭ فوتوسى



لوپنۇردا تۇنجى ئاتلىق سۇ قۇدۇقى قېزىلدى  «ئاچقۇچىلار ئىزى» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى




موڭغۇل ياۋا ئېتى    قىلاڭ گالڭ فوتوسى



جەرەن    قىلاڭ گالڭ فوتوسى



ياۋا تۆگە    يۈەن گوبىلاڭ فوتوسى



ياۋا تۇنار    قىلاڭ گالڭ فوتوسى



تىبەت يەرلىك بۆكىنى     قىباڭ گاڭ فوتوسى



تەڭگە گۈللۈك يىلپىز
خۇاڭ رېنشىن فوتوسى



تاغ ئۆچكىسى     قىباڭ گاڭ فوتوسى



ئۇلار     خۇاڭ رېنشىن فوتوسى



شىنجاڭ سەمەندەرى     شىنجاڭ جۇغراپىيە
تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن




چىپار قوش كالپۇك بېلىق
شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن



تەڭرىتاغ قار لەيلىسى    جاڭ جۈنشەن فوتوسى



تەڭرىتېغىدىكى ئورمانزارلىق    سۇلاڭ شىجىاڭ فوتوسى



تارىم ئويمانلىقىدىكى توغراق ئورمىنى
شيا شۈنچياڭ فوتوسى




ئىلىدىكى ياۋا مېۋە ئورمىنى    بەن شۈن فوتوسى



بايىنبۇلاق چوڭ يايلىقى
شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن




ئەگرتېپغىتىناق ئېچكىرىسىدىكى چولك يايلاق
ۋاڭ دېجۇن فوتوسى



توققۇزتارا ياۋا ياڭاق ئەبىشىيلىكى قوغدىلىدىغان
رايون  ياۋ زوجيلڭ فوتوسى



ئۇياقلىق ھايۋانلار (تىبەت ياۋا ئېشىكى) ئەبىشىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون   فېلڭ گاڭ فوتوسى



گۆجۈك چۆللۈك، بېرىم چۆللۈك يايلاق ئەبىشىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون   فېڭ گاڭ فوتوسى



تۈرپان قۇمنى تىزگىنلەش يولىدىكى بىپەنجا ئۆسۈملۈكلەر
بىلەن قۇم - بوراننى توسۇش     يى لىنكې فوتوسى



شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇمنى ئۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇمۇر
بولىشاق راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش «شىنجاڭ»
رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



ئالتۇنتاغ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون
چاقىلىق ناھىيىسى تەمىنلىگەن



غەربىي تەڭرىتاغ شەمشادى تەبىئىيلىكى
قوغدىلىدىغان رايون   ما جۈڭيى فوتوسى



ئاق قۇ كۆلى تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون
شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن



ئۈرۈمچىدە، شەھەردىن چىققان پاسكىنا سۇلارنىڭ
بىر تەرەپ قىلىنىشى     ئاپتونوم رايونلۇق
مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەمىنلىگەن



ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى
جاڭ جۇنلىن فوتوسى



شەھەر ئاتموسفىراسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش
جاڭ جۇنلىن فوتوسى



سۇ سۈپىتىنى ئانالىز قىلىش     ئاپتونوم رايونلۇق
مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەمىنلىگەن



قاراماي شەھىرىدە سانائەتتىن چىققان كىر-كىمىز سۇلارنىڭ
بىر تەرەپ قىلىنىشى  ئاپتونوم رايونلۇق
مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەمىنلىگەن



ئاپتوموبىللاردىن چىققان گازنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش
ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت
ئاسراش ئىدارىسى تەمىنلىگەن

ئوتتۇرا تارىم 10 -، ئوتتۇرا تارىم 6 -، ئوتتۇرا تارىم 16 - ۋە ئوتتۇرا تارىم 45 - قۇدۇقلىرى قاتارلىق نېفىت - گازلىقلار تېپىلدى. نېفىت - گاز چىققان قاتلاملار ئوردوۋىك، تاشكۆمۈر سىستېمىلىرىدىن ئىبارەت. نۆۋەتتە ئېرىشكەن گېئولوگىيىلىك زاپاس تەخمىنەن 150 مىليون توننا نېفىت ئىكۋىۋالېنتى. بۇ رايوندا ئۆز تەۋەسىدىن ھاسىل بولغان بايلىقلارمۇ، سىرتتىن كەلگەن بايلىقلارمۇ بار بولۇپ، نېفىت - گاز ئىستىقبالى ياخشى، نېفىت - گاز يۆتكىلىپ يىغىلىدىغان نىشانلىق رايون.

**مارالۋېشى - مەكىت نېفىت رايونى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا يەنى مارالۋېشى كۆتۈرۈلمىسى بىلەن مەكىت يانتۇلۇقى تۇتاشقان رايوننىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 1000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 1992 - يىلى مەكىت يانتۇلۇقىنىڭ باشتۇ تۈزۈلمىسى مەكىت 3 - قۇدۇقى (مەي 3 - قۇدۇقى) نىڭ تاشكۆمۈر سىستېمىسىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت - گاز ئېقىمى چىقتى، ئۇنىڭ كۈندىلىك تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى 800 مىڭ كۇب مېتىر، نېفىت مەھسۇلاتى 15 كۇب مېتىر بولدى. 1995 - يىلى مارالۋېشى كۆتۈرۈلمىسىدىكى ياسىندى تۈزۈلمىسىگە لايىھىلەنگەن باسەن 1 - قۇدۇقى ( بارالۋېشى 1 - قۇدۇقى) نىڭ تاشكۆمۈر سىستېمىسىدىن سانائەت نېفىت - گازى چىقىپ، دەسلەپكى كۈندىلىك نېفىت مەھسۇلاتى 61 كۇب مېتىرغا يەتتى. بۇ ئىككى نېفىت - گازلىقنى تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق گېئولوگىيىلىك زاپاس قولغا كەلتۈرۈلدى. باشتۇ نېفىت - گازلىقى: 2 مىليون 178 مىڭ توننا نېفىت زاپىسى ئېنىقلاندى، 529 مىڭ توننا زاپاس كونترول قىلىندى؛ 1 مىليارد 670 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز زاپىسى ئېنىقلاندى، 8 مىليارد 34 مىليون كۇب مېتىر زاپاس كونترول قىلىندى. ئېنىقلانغان ۋە كونترول قىلىنغان ئومۇمىي زاپاس 12 مىليون 411 مىڭ توننا نېفىت ئىكۋىۋالېنتىغا يېتىدۇ. ياسىندى نېفىت - گازلىقىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەبىئىي گاز زاپىسى 571 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ھازىر بۇ ئىككى نېفىت - گازلىقتا تەكشۈرۈش بىلەن ئېچىش تەڭ تۇتۇلماقتا، تەبىئىي گازدىن ھاسىل قىلىنغان توك بىلەن مارالۋېشى، مەكىت، قەشقەر قاتارلىق رايونلار تەمىنلەنمەكتە.

**كۆكيار قېتىشما نېفىت - گازلىقى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئولتۇرۇشما رايونى قاغىلىق ئولتۇرۇشمىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى تارىم باغرىنىڭ 2 - رەتتىكى دۈم يۆرۈلمە بەلۋېغىدىن ئورۇن ئالغان، بۇ تۈزۈلمە سەل قىيپاش شەرقىي جەنۇپ يۆنىلىشىگە قاراپ يېيىلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، كەڭلىكى ئالتە كىلومېتىر، كۆلىمى 72 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ نېفىت - گازلىق قەدىمكى يەر قاتلىمىدا ھاسىل بولۇپ، يېڭى يەر قاتلىمىدا ساقلانغان نېفىت - گازلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نېفىت چىققان قاتلام — يۇقىرىقى 3 - سىستېما ئوتتۇرا يېڭىلىنىش سېرىيىسى شاخاپ گورۇپپىسىنىڭ يۇمشاق قۇمتېشىدۇر، ئۇ بىر كۆپ قاتلاملىق نېفىتلىك بولۇپ، ئۈستۈنكى نېفىت قاتلىمى گورۇپپىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3000 مېتىردىن 3400 مېتىرغىچە، ئاستىنقى نېفىت قاتلىمى گورۇپپىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3600 مېتىردىن 3900 مېتىرغىچە بولۇپ، نېفىت قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 160 مېتىردىن 200 مېتىرغىچە كېلىدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس كۆلىمى 25.74 كۋادرات كىلومېتىر، خام نېفىت مىقدارى 19 مىليون 272 مىڭ توننا، قېتىشما نېفىت 6 مىليون 829 مىڭ 400 توننا، تەبىئىي گاز 18 مىليارد 288 مىليون كۇب مېتىر ( بۇ 4 مىليارد 875 مىليون كۇب مېتىر ئېرىگەن گازنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا بارىدۇ. 1988 - يىلى كۆكيار نېفىت - گازلىقىنى ئېچىش رەسمىي باشلاندى. 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 1 مىليون 791 مىڭ 200 توننا نېفىت، 4 مىليارد 997 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى.

**قارا شەھەر نېفىت - گازلىق ئويمانلىقى** تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قارا شەھەر ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ گېرتسىن يۆرۈلمىسى ئاساسىدا يېتىلگەن ئوتتۇرا، يېڭى ھايات ئېراسى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىدۇر. ئويمانلىقتا ئوتتۇرا، يېڭى ھايات ئېرا تېمى تولۇق يېتىلگەن. ئويمانلىقنىڭ شىمالىي قىسمىنى خېجىڭ ئولتۇرۇشمىسى، ئوتتۇرا قىسمىنى قاراشەھەر كۆتۈرۈلمىسى، جەنۇبىي قىسمىنى باغراش ئولتۇرۇشمىسى دەپ ئۈچ 2 - دەرىجىلىك تۈزۈلمە بۆلىكىگە ئايرىش مۇمكىن. ئويمانلىقتىكى ئاساسلىق نېفىت مەنبەلىك جىنس يۇرا سىستې-

مەمدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا ئوتتۇرا، ئۈستۈنكى ترىئاس دەۋرىگە خاس يەر قاتلاملىرىدىن ئىبارەت. 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يەنجى 1 ـ قۇدۇقى ( يەنسەن 1 ـ قۇدۇقى) تۆۋەنكى يۇرا دەۋرىگە تەئەللۇق 2290 ~ 2327 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر قاتلىمىدىن سانائەت نېفىت ـ گاز ئېقىمى تېپىلىپ، كۈنىگە 72 توننا نېفىت، 139 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى. باۋلاڭ قېتىشما گازلىقى تېپىلغاندىن كېيىن باۋبېي، بۇمبۇت قاتارلىق نېفىت ـ گازلىقلار تېپىلدى. ئېنىقلانغان ئومۇمىي گېئولوگىيىلىك زاپاستىن نېفىت 30 مىليون توننىنى، تەبىئىي گاز 7 مىليارد كۇب مېتىرنى ئىگىلىدى. 1997 ـ يىلى ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، 1998 ـ يىلى 220 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپ چىقىرىلدى.

**سەنتاڭخۇ ئويمانلىقى** شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا، باركۆل ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 2300 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى تاشكۆمۈر دەۋرىنىڭ گېرتسىن پۈرلىمىسىنى ئۇل قىلىپ، ئۈستۈنكى تاشكۆمۈر دەۋرى ۋە پېرم سىستېمىسى تۈرىدىكى كراتون ئويمانلىقى ئاساسىدا يېتىلگەن، ئوتتۇرا ۋە يېڭى ھايات ئېراسىغا خاس تاغ ئارىسى ئويمانلىقىدىن ئىبارەت. ئوتتۇرا ۋە يېڭى ھايات ئېرا تېمى تولۇق يېتىلگەن، ئومۇمىي قېلىنلىقى 3000 ~ 4000 مېتىر. ئويمانلىق شىمالىي قىسمى كۆتۈرۈلمە، مەركىزىي ئولتۇرۇشما ۋە جەنۇبىي قىسمى يانتۇلۇق دېگەن ئۈچ تۈزۈلمە بۆلىكىگە بۆلۈنىدۇ. مەركىزىي ئولتۇرۇشما رايون ئاساسلىق نېفىت ـ گازلىق رايوندۇر. كۆلىمى تەخمىنەن 9000 كۋادرات كىلومېتىر. ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بەش ئولتۇرۇشما ۋە 4 كۆتۈرۈلمىگە ئايرىش مۇمكىن. ئولتۇرۇشما ئىچىدىكى ئاساسلىق نېفىت مەنبەلىك جىنسلاردىن پېرم ۋە يۇرا سىستېمىلىرى بار بولۇپ، دەسلەپكى ھېسابلاش ئارقىلىق، ئويمانلىقتىكى نېفىت ـ گاز بايلىقى زاپىسى 500 مىليون توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتى بولۇپ چىقتى. 1993 ـ يىلى بېيشاۋخۇ تۈزۈلمىسىدە لايىھىلەنگەن تاگسەن 1 ـ قۇدۇقى ( سەنتاڭخۇ 1 ـ قۇدۇقى) نىڭ يۇرا سىستېمىسى شىشىنياۋ گورۇپپىسىنىڭ 2082 ~ 2087 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر قاتلىمىدىن بېسىم بىلەن قاتلام يېرىپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق سانائەت نېفىت ـ گازى ئېلىندى، ئۇنىڭ كۈندىلىك نېفىت مەھسۇلاتى 19 تونىغا يەتتى. باھالاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، نېفىتلىكنىڭ كۆلىمى 5.5 كۋادرات كىلومېتىر، كونترول قىلىنغان گېئولوگىيىلىك زاپاس 3 مىليون 110 مىڭ توننا ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. كېيىن تياۋخۇ ( ئۇزۇنچاق كۆل) ئولتۇرۇشمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تەتۈر يېپىلغان بەلۋاغدىكى تياۋ 3 ـ قۇدۇقىدىن قويۇق ماي بايقىلىپ، زاپىسىنىڭ 10 مىليون 450 مىڭ توننا ئىكەنلىكى ئالدىن مۆلچەرلەندى. 1996 ـ يىلى نيۇچۇەنخۇ تۈزۈلمىسى 1 ـ ، 2 ـ قۇدۇقلىرىدىن تۆۋەن مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت ـ گاز ئېقىمى تېپىلدى، بۇ نېفىتلىكنىڭ كۆلىمى 23 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 20 مىليون 110 مىڭ توننا زاپاس كونترول قىلىندى.

**كۆمۈر بايلىقى** كۆمۈر شىنجاڭدىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كان تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆمۈرلۈك رايونى 27 چوڭ ـ كىچىك ئويمانلىققا تارقالغان. ئاساسەن جۇڭغار ئويمانلىقى، ئىلى ئويمانلىقى، تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئويمانلىققا مەركەزلەشكەن. گېئولوگىيىلىك تارىختا شىنجاڭنىڭ دېۋون دەۋرى، تاشكۆمۈر دەۋرى، پېرم دەۋرى، ترىئاس دەۋرى ۋە يۇرا دەۋرىدىن ئىبارەت بەش كۆمۈر تۈپلىنىش مەزگىلى بولغان. پەقەت يۇرا دەۋرىگە خاس كۆمۈرلۈك يەر قاتلاملىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىش كۆلىمى چوڭ، تارقىلىشى كەڭ، كۆمۈرنىڭ قاتلام سانى كۆپ، يەككە قاتلىمى قېلىن بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاساسلىق قېزىش ئوبيېكتى. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق، گېئولوگىيىلىك دەۋرلەردە ئىپادىلىنىشىچە، تاشكۆمۈر، پېرم دەۋرلىرىگە خاس كونا يەر قاتلاملىرىدا مېتامورفىزملىق (سوپەت ئۆزگىرىش ) دەرىجىسى يۇقىرى بولغان كۆچىسىز كۆمۈر، ئۇنۇمسىز كۆمۈر، ئىسسىز كۆمۈر قاتارلىقلار كۆپ بولغان؛ يۇرا دەۋرىگە خاس كۆمۈر قاتلاملىرىدا ياش ئىسلىق كۆمۈر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مېتامورفىزملىق كوكۇس كۆمۈرى كۆپ بولغان. ياش ئىسلىق كۆمۈرلەر ئىچىدە يەنە ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈر ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا يېپىشماس كۆمۈر بولۇپ، قوڭۇر كۆمۈر ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ماكان جەھەتتىكى جايلىشىشتا ئىپادىلىنىشىچە، يۇقىرى مېتامورفىزملىق كۆمۈرلەر جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ چەت ـ ياقا رايونلىرىغا تارقاق جايلاشقان؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مېتامورفىزملىق كوكۇس كۆمۈرلىرى ئوتتۇرا رايونلاردىكى كۇچار ـ باي كۆمۈرلۈكىنىڭ كۆپ قىسمىغا، تۇرپان ـ قۇمۇل كۆمۈرـ

لۇكلىرىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى ئىككى بۆلىكىگە، نىلقا كۆمۈرلۈكىنىڭ شەرقى قىسمىغا، قاراشەھەر كۆمۈرلۈكىدىكى تاشدەڭ كۆمۈر كانىغا، ئۈرۈمچىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى شەھەر ئەتراپلىرىغا، شۇنىڭدەك فۇكاڭ، باركۆل قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان؛ قوڭۇر كۆمۈرنى پەقەت قوشتولغاي، قاراماي، شىخودىكى چىگشور قاتارلىق قىسمەن نۇقتىلاردىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يۇرا دەۋرى كۆمۈرلىرىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولۇپ، كۈل تەركىبى ‎%25 تىن تۆۋەنلىرى تەخمىنەن ‎%95 نى، ‎%15تىن تۆۋەنلىرى ‎%47 نى ئىگىلەيدۇ. كۆمۈرنىڭ زىيانلىق تەركىبلىرى تۆۋەن، كۆمۈر سۈپىتى ياخشى، باشقا دەۋرلەرگە خاس كۆمۈرلەرنىڭ سۈپىتى نىسبەتەن ناچار. 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىقلار زاپىسى مىقدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەدۋىلىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى ھازىرقى A+B+C+D دەرىجىلىك كۆمۈر زاپىسى 95 مىليارد 145 مىليون 664 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە A+B دەرىجىلىك زاپاس 2 مىليارد 473 مىليون 838 مىڭ توننىنى، A+B+C دەرىجىلىك زاپاس 8 مىليارد 466 مىليون 409 مىڭ توننىنى تەشكىل قىلىدۇ. 3 ـ قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە قارىغاندا، ئومۇمىي كۆمۈر زاپىسى 1 ترىللىيون 818 مىليارد 230 مىليون توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىك دەرىجىلىكى 63 ترىللىيون 623 مىليارد 600 مىليون توننىنى، ئىمكانىيەتلىك دەرىجىلىكى 830 مىليارد 480 مىليون توننىنى، يەكۈنلۈك دەرىجىلىكى 351 مىليارد 490 مىليون توننىنى تەشكىل قىلىدۇ. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن شىنجاڭدا جەمئىي 1071 كۆمۈر كان بولۇپ، چوڭ تىپتىكى كان قۇدۇقىدىن بىرسىمۇ يوق، ئوتتۇرا تىپتىكى كان قۇدۇقىدىن پەقەت تۆت ئورۇندىلا بار، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك تىپتىكى كان قۇدۇقلىرى، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم سانى 81 مىڭ 134 نەپەر. ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 26 مىليون 30 مىڭ توننا، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 793 مىليون 369 مىڭ يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كانچىلىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ‎%7.10نى ئىگىلەيدۇ، قاتتىق قېزىلما بايلىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ ‎%54نى ئىگىلەيدۇ.

**جۇڭغار كۆمۈرلۈك رايونى** تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان. كۆمۈرلۈك رايوننىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 620 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئەڭ چوڭ كەڭلىكى 470 كىلومېتىر، كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقىي جۇڭغار ۋە جەنۇبىي جۇڭغاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كۆمۈرلۈكنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ كۆمۈرلۈك رايوندا 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ كەڭ كۆلەملىك گېئولوگىيىلىك چارلاپ ـ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەنگەن، ئۇ نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى گېئولوگىيىلىك خىزمەت دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كۆمۈرلۈك رايونلىرىنىڭ بىرى. كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى ئاستىنقى ۋە ئوتتۇرا يۇرا دەۋرىنىڭ باداۋان گورۇپپىسى بىلەن شىشەنياۋ گورۇپپىسى بولۇپ، كۆمۈر قاتلىمىنىڭ قاتلام سانى كۆپ ھەم قېلىن، كۆمۈر سۈپىتى تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا كۈللۈك، تۆۋەن گۈڭگۈرتلۈك، ئوتتۇرا ــــ يۇقىرى ئىسسىقلىق تارقىتىشچانلىقىنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلىدۇ. كۆمۈر تۈرلىرى تۆۋەن مېتامورفىزملىق باسقۇچتىكى ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈر، ئاجىز يېپىشقاق كۆمۈر، گازلىق كۆمۈر، گازلىق ياغلىق كۆمۈرلەرنى ئاساس قىلىدۇ. 3 ـ قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، كۆمۈر بايلىقى مىقدارى 494 مىليارد 410 مىليون توننىغا بارىدۇ. بۇ رايوندىكى كۆمۈر بايلىقى بىر قەدەر بالدۇر ئېچىلغان، ئېۋىرغول ۋە ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك تىپتىكى كان قۇدۇقلىرى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

**تولى ـ قوشتولغاي كۆمۈرلۈكى** غەربىي جۇڭغار پاسىل تېغى ئىچىدىكى بەيياڭخې دەريا سايلىقى بىلەن تولى ئويمانلىقىغا جايلاشقان. شىمالىي شەرقتىن شەرققە قاراپ يېيىلغان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 8500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ گېئولوگىيىلىك چارلىنىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپلا، بۇ رايوندا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. كۆمۈرلۈك تىيىچاڭگۇ تاغ ئارىسى ئولتۇرۇشمىسىغا جايلاشقان، كۆمۈرلۈك يەر قاتلاملىرى ئاستىنقى ۋە ئوتتۇرا يۇرا دەۋرى باداۋان گورۇپپىسى ۋە شىشەنياۋ (شىسەن جىلغىسى) گورۇپپىسىدىكى يەر قاتلاملىرىدىن ئىبارەت، باداۋان گورۇپپىسىنىڭ قې-

زىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى 2 ~ 15 قەۋەتكىچە بارىدۇ، قېزىشقا بولىدىغان ئومۇمىي قېلىنلىقى 2.85 ~ 30.18 مېتىرغىچە بولۇپ، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 10.16 مېتىر؛ شىشەنياۋ گورۇپپىسىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى 7 ~ 11 قەۋەتكىچە بارىدۇ، قېزىشقا بولىدىغان قېلىنلىقى 13.55 ~ 32.29 مېتىر. كۆمۈرى ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈرنى ئاساس قىلىدۇ، يېپىشماس كۆمۈر بىلەن قوڭۇر كۆمۈر 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆمۈرلۈكتە كۆمۈر كانلىرى كۆپ بولۇپ، ھەممىسىنىڭ كۆلىمى كىچىك، قايتا قېزىش ئۈنۈمى تۆۋەن. 3-قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ بايلىق مىقدارى 66 مىليارد 890 مىليون توننا ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىك دەرىجىدىكىسى 1 مىليارد 520 مىليون توننا ئىكەن.

**شەرقىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى جىمسار، گۇچۇڭ، مورى ناھىيىلىرى تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 250 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 12 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆمۈرلۈكنىڭ يەر يۈزى گېئولوگىيىلىك خىزمەتلىرى بىر قەدەر كۆپ ئىشلەنگەن، چوڭقۇر قىسمىنى بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاساسەن شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدا ئېلىپ بېرىلغان، خىزمەت دەرىجىسى كۆپىنچە تۆمۈر ئىزدەش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش باسقۇچىغا تەئەللۇق بولغان. كۆمۈرلۈك يەر قاتلاملىرى ئاستىنقى، ئوتتۇرا يۇرا دەۋرى باداۋان گورۇپپىسى ۋە شىشەنياۋ گورۇپپىسى قاتلاملىرىدىن ئىبارەت. باداۋان گورۇپپىسىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى 1 ~ 15 قەۋەتكە بارىدۇ، غەربىي قىسمىدا كۆمۈرلۈك قاتلاملار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، قېزىشقا بولىدىغان قېلىنلىقى 0.8 ~ 36.5 مېتىرغىچە بارىدۇ؛ شىشەنياۋ گورۇپپىسىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى 1 ~ 15 قەۋەتكىچە، قېزىشقا بولىدىغان قېلىنلىقى 0.8 ~ 57.11 مېتىرغىچە بولۇپ، شەرق تەرىپى قېلىن، غەربى نېپىز، كۆمۈرى ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈر، يېپىشماس كۆمۈرنى ئاساس قىلىدۇ، ئاساسەن ئوچۇقچىلىقتا قېزىلىدۇ. 3-قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بايلىق مىقدارى 374 مىليارد 760 مىليون توننا بولۇپ، ئىشەنچلىك دەرىجىلىكى 284 مىليارد 200 مىليون توننىغا بارىدۇ.

**جەنۇبىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكى** تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقتە جىمسار ناھىيىسىنىڭ شۇيشىگو دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ غەربتە شىخو ناھىيىسىنىڭ سىسۇمۇ دېگەن يېرىگىچە بارىدۇ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 550 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى 20 كىلومېتىر بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 11 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆمۈرلۈك شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىگىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونغا جايلاشقان بولغاچقا، چارلىنىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى، تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار 30 پارچىدىن ئاشىدۇ. كۆمۈرلۈكتىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئېچىش خىزمىتى ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنى ئاساسىي كۈچ قىلىدۇ، يەرلىك، يېزا-بازارلار ئاچقان كىچىك كانلار ھەممىلا يەرگە تارقالغان. كۆمۈرلۈكنىڭ ئۈزلەشتۈرۈلۈش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى. كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى ئاستىنقى ۋە ئوتتۇرا يۇرا دەۋرى باداۋان گورۇپپىسى بىلەن شىشەنياۋ گورۇپپىسىغا خاس، باداۋان گورۇپپىسىنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى 4 ~ 46 قەۋەتكىچە، قېلىنلىقى 7 ~ 68 مېتىرغىچە بارىدۇ، شەرقىي قىسمىنىڭ قەۋەت سانى غەربىي قىسمىنىڭكىدىن كۆپ ۋە قېلىن؛ شىشەنياۋ گورۇپپىسىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى سانى 2 ~ 35 قەۋەتكىچە، قېزىشقا بولىدىغان قېلىنلىقى 4.4 ~ 151.9 مېتىرغىچە بولۇپ، ئۈرۈمچى تەۋەسىدىكى قىسمىنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى. كۆمۈرى ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈر، ئاجىز يېپىشقاق كۆمۈر، گازلىق مايلىق كۆمۈرلەرنى ئاساس قىلىدۇ. 3-قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بايلىق مىقدارى 48 مىليارد 620 مىليون توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىك دەرىجىدىكىسى 16 مىليارد 340 مىليون توننىغا بارىدۇ.

**ئۈرۈمچى كان رايونى** ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي جۇڭغار كۆمۈرلۈكىنىڭ ئاساسلىق كان رايونى ھېسابلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 58 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر، كۆلىمى 232 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ 16 كۆمۈر خاڭ رايونى ۋە ئىستىقباللىق رايونلاردىن تەركىب تاپقان. چارلاش خىزمىتى 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن باشلانغان بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ گېئولوگىيە-

لىك خىزمەت دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، قاتناش شارائى-
تى بىر قەدەر ياخشى رايون ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى تەپسە-
لىي تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلى-
نىپ بولدى. كان رايونىنىڭ كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى
ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى يۇرا دەۋرى باداۋان گورۇپپىسى
بىلەن شىشەنياۋ گورۇپپىسىغا خاس ھەمدە شىشەنياۋ
گورۇپپىسىنى ئاساس قىلغان. قېزىشقا بولىدىغان كۆ-
مۈر قەۋىتى 30 ~ 35 قەۋەتكىچە، قېزىشقا بولىدىغان
قېلىنلىقى 117.39 ~ 134.9 مېتىرغىچە بولۇپ،
كۆمۈر قاتلىمى تۇراقلىق، قۇرۇلمىسى ئاددىي؛ باداۋان
گورۇپپىسىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى 11
قەۋەت، قېلىنلىقى 3.96 ~ 39.13 مېتىرغىچە بو-
لۇپ، كۆمۈرى ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈرنى ئاساس قىلى-
دۇ، گازلىق كۆمۈر، ئاجىز يېپىشقاق كۆمۈرلەر ئىك-
كىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كان رايونىنىڭ تۈزلەشتۈرۈ-
لۈش دەرىجىسى يۇقىرى. كان قۇدۇقلىرىنىڭ جايلىشى-
شى زىچ بولۇپ، كىچىك تىپتىكى كان قۇدۇقلىرى
ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مەھسۇلات مىقدارى كۆپىنچە
يىلىغا 30 مىڭ توننىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ئوتتۇرا تىپ-
تىكى كان قۇدۇقلىرىدىن ليۇداۋان كۆمۈر كېنى، ۋېي-
خولياڭ كۆمۈر كانلىرى بار. 3 - قېتىملىق كۆمۈر
بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بۇ رايوننىڭ باي-
لىق مىقدارى 22 مىليارد 390 مىليون توننا بولۇپ،
ئىشەنچلىك دەرىجىلىكى 8 مىليارد 680 مىليون تونني-
غا بارىدۇ.

**سەنتاڭخۇ - باركۆل كۆمۈرلۈكى** شەرقىي
تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى سەنتاڭخۇ - نوم ئولتۇرۇشما
ئويمانلىقى بىلەن ئۇزۇلۇپ ئولتۇرۇشقان باركۆل ئوي-
مانلىقىغا جايلاشقان، سەنتاڭخۇ، نوم، باركۆلدىن ئىبا-
رەت ئۈچ كىچىك كۆمۈرلۈكتىن تۈزۈلگەن، باركۆل،
ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرى چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، كۆلى-
مى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 9200 ، 5200، 3600
كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. باركۆل كۆمۈرلۈكىدە
كىچىك دائىرىدىكى بىر قەدەر تەپسىلىي چارلاش خىز-
مىتى ئىشلەنگەندىن سىرت، باشقا ئىككى كۆمۈرلۈكتە
ئاساسەن يەر يۈزى خىزمىتى ئىشلەنگەن، كۆمۈرلۈك
يەر قاتلىمى ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى يۇرا دەۋرىنىڭ باداۋان
گورۇپپىسى بىلەن شىشەنياۋ گورۇپپىسىغا خاس بو-
لۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سەنتاڭخۇ كۆمۈرلۈكىنىڭ قېزىشقا
بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى 3 ~ 7 قەۋەتكىچە، قېزىشقا
بولىدىغان قېلىنلىقى 7.9 ~ 24.7 مېتىرغىچە؛ نوم
كۆمۈرلۈكىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان قەۋەت سانى 7 ~
9 قەۋەتكىچە، قېزىشقا بولىدىغان قېلىنلىقى 14 ~ 35
مېتىرغىچە؛ باركۆل كۆمۈرلۈكىنىڭ قېزىشقا بولىدى-
غان كۆمۈر قەۋىتى 3 ~ 11 قەۋەتكىچە، قېزىشقا
بولىدىغان قېلىنلىقى ئادەتتە 25 ~ 35 مېتىرغىچە
كېلىدۇ. كۆمۈر سۈپىتى تۆۋەن مېتامورفىزملىق باس-
قۇچتىكى ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈر، يېپىشماس كۆمۈر،
ئاجىز يېپىشقاق كۆمۈرلەرنى ئاساس قىلغان. كۆمۈر-
لۈكتە ئاز ساندىكى كىچىك تىپلىق كۆمۈركانلار ئېچىل-
غان بولۇپ، يەككە قۇدۇقنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدا-
رى ئومۇمەن 90 مىڭ تونىنغا يەتمەيدۇ. 3 - قېتىملىق
كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بايلىق
مىقدارى 65 مىليارد 510 مىليون توننا بولۇپ، ھە-
مىسىنىڭ دەرىجىسى ئىمكانىيەت قالدۇرۇلغان دەرىجە-
لىكتىن تۆۋەن.

**غەربىي شىمالىي جۇڭغار كۆمۈر-
لۈكى** قاراماي كۆمۈرلۈكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاراماي
شەھىرى بىلەن قوبۇقسار موڭغول ئاپتونوم ناھىيىسى-
نىڭ چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى
تەخمىنەن 200 كىلومېتىر، كۆلىمى 5000 كۋادرات
كىلومېتىر كېلىدۇ. گېئولوگىيىلىك چارلاشتا يەر يۈ-
زى خىزمىتى ئاساس قىلىنغان، چوڭقۇر قىسمىغا نىس-
بەتەن قىسمەن نېفىت چارلاش قۇدۇقلىرى ۋە ئاز سان-
دىكى كۆمۈر چارلاش قۇدۇقلىرى بۇرغىلانغان. كۆمۈر-
لۈك قاتلاملىرى ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى يۇرا دەۋرىنىڭ
باداۋان گورۇپپىسى ۋە شىشەنياۋ گورۇپپىسىغا خاس
بولۇپ، باداۋان گورۇپپىسىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان كۆ-
مۈر قەۋىتى 2 ~ 6 قەۋەتكىچە، قېلىنلىقى 2.7 ~
9.8 مېتىرغىچە؛ شىشەنياۋ گورۇپپىسىنىڭ كۆمۈر
قەۋىتى 2 ~ 13 قەۋەتكىچە، كۆمۈر قەۋىتىنىڭ ئومۇ-
مىي قېلىنلىقى 4.3 ~ 22 مېتىرغىچە. كۆمۈر سۈپى-
تى تۆۋەن - ئوتتۇرا كۈللۈك، تۆۋەن گۈڭگۈرتلۈك ۋە
ئالاھىدە تۆۋەن فوسفورلۇق، ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈردىن
ئىبارەت. كۆمۈرلۈكنىڭ تۈزلەشتۈرۈلۈشى بىر قەدەر
ئاز بولۇپ، پەقەت كىچىك كۆمۈر كانلىرى بار. 3 -
قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا،
بايلىق مىقدارى 8 مىليارد 720 مىليون توننا بولۇپ،
ھەممىسى ئىمكانىيەت قالدۇرۇلغان دەرىجىلىكتۇر.

**تۇرپان - قۇمۇل كۆمۈرلۈك رايو-
نى** شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، غەربتە
ئۈرۈمچى غول كان رايونىدىن باشلىنىپ شەرقتە يىما-
چۈەنگىچە سوزۇلغان، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇ-

زۇنلۇقى 730 نەچچە كىلومېتىر، ئادەتتىكى كەڭلىكى 110 كىلومېتىر، كۆلىمى 80 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، توخسۇن كۆمۈرلۈكى، تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدىكى كۆمۈرلۈك بەلۋاغلىرى ۋە ئېۋىرغول كۆمۈر رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئويمانلىقنىڭ شىمالىي (توخسۇن كۆمۈرلۈكى) قىسمىغا ئىشلەنگەن گېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر بىر قەدەر بالدۇر باشلانغان بولۇپ، چارلىنىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى؛ ئوتتۇرا قىسمىدىكى پىچان كۆمۈرلۈكىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ كۆمۈر ئىزدەش ئاساس قىلىندى، قۇمۇل كۆمۈرلۈكىدىكى چارلاش خىزمىتى ئاساسەن سەنداۋلىڭ كۆمۈر كان رايونىغا مەركەزلەشتى؛ جەنۇبىي قىسىمدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاساس قىلىندى؛ غەربىتىكى ئېۋىرغول كۆمۈر كېنىغا ئىشلەنگەن چارلاش خىزمىتىنىڭ دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى. كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى ئاستىنقى ۋە ئوتتۇرا يۇرا دەۋرلىرى باداۋان گورۇپپىسى بىلەن شىشەنياۋ گورۇپپىسى بولۇپ، كۆمۈرلۈك قەۋىتى كۆپ ھەم قېلىن. كۆمۈر سۈپىتى تۆۋەن كۈللۈك، تۆۋەن گۈڭگۈرتلۈك ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈر بىلەن يېپىشماس كۆمۈرنى ئاساس قىلىدۇ، گازلىق كۆمۈر بىلەن كوكۇس كۆمۈرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شەرق ـ غەرب ئىككى ئۇچىنىڭ مېتامورفىزملىق دەرىجىسى يۇقىرى، ئوتتۇرىدىكى كەڭ رايونلارنىڭ مېتامورفىزملىق دەرىجىسى تۆۋەن، ئىككى ئۇچىنىڭ كۆمۈرى كوكۇس كۆمۈر بولۇپ، ئوتتۇرىسى ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈر بىلەن يېپىشماس كۆمۈردىن ئىبارەت. 3 ـ قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بايلىق مىقدارى 629 مىليارد 860 مىليون توننىغا بارىدۇ.

**ئېۋىرغول كۆمۈر كېنى** ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇبىدىن قىيپاش شەرقىگە 130 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئېۋىرغول كۆمۈر كانىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېنىقلانغان سانائەت زاپىسى 538 مىليون توننا. 1965 ـ يىلى قۇرۇلغان، 1988 ـ يىلى كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىقىنىڭ بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان كۆمۈر كانلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. 1998 ـ يىلى شىنجاڭغا بۆلۈپ بېرىلگەن. ھازىر كۆمۈركاندا 1930 ـ تۈز تەشمە، 2130 ـ تۈز تەشمە، نەنسەن تۈز تەشمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش كان قۇدۇقى بار، لايىھەدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 780 مىڭ توننا/يىل. كان رايونىغا بىر كۆمۈر يۇيۇش زاۋۇتى، بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى، بىر كوكۇس زاۋۇتى قۇرۇلغان، كۆمۈر يۇيۇش زاۋۇتىنىڭ لايىھەدىكى يىللىق كۆمۈر يۇيۇش ئىقتىدارى 650 مىڭ توننا بولۇپ، ئەمەلىي ئىقتىدارى يىلىغا 300 ~ 350 مىڭ توننىغىچە، كوكۇس زاۋۇتىنىڭ لايىھەدىكى يىللىق كوكۇس ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 مىڭ توننا بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 60 مىڭ توننا بولماقتا.

**سەنداۋلىڭ كۆمۈر كېنى** قۇمۇل كۆمۈرلۈكىنىڭ غەربىي شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان سەنداۋلىڭ كۆمۈر كانىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 760 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كان رايونىنىڭ كۆمۈر بايلىقى زاپىسى 1 مىليارد 500 مىليون توننا بولۇپ، يېپىشماس ئەلا سۈپەتلىك ئېنېرگىيە كۆمۈرى چىقىدۇ. كۆمۈركان قۇرۇلۇشى 1958 ـ يىلدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىر ئۈستى ئوچۇق كان، بىرىنچى كان، بىرىنچى كان 2 ـ قۇرۇقى قاتارلىق ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى بار. 1959 ـ يىلى ئۈستى ئوچۇق كان قۇرۇلغان. 1970 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. لايىھەدىكى ئىقتىدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننا /يىل بولۇپ، غەربىي شىمالدىكى ئەڭ چوڭ ماشىنىلاشقان ئۈستى ئوچۇق كان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەھسۇلاتى ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى رايونىغا ۋە شىنجاڭ ئىچىگە سېتىلىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 17 ـ بېتىگە قاراڭسۇن)

**غۇلجا ـ يۇلتۇز ـ قاراشەھەر كۆمۈرلۈك رايونى** غۇلجا كۆمۈرلۈكى غۇلجا ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 5425 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى يۇرا دەۋرىنىڭ شىشەنياۋ گورۇپپىسى بىلەن باداۋان گورۇپپىسى قاتلاملىرىدىن ئىبارەت. باداۋان گورۇپپىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆمۈر قەۋىتى 11 ~ 20 قەۋەتكىچە، قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى 3 ~ 11 قەۋەتكىچە، قېزىشقا بولىدىغان قېلىنلىقى 11 ~ 71 مېتىرغىچە، جەنۇبىي قىسمىدىكى كۆمۈر قەۋىتى بەش قەۋەت، قېلىنلىقى 51.9 مېتىر؛ شىشەنياۋ گورۇپپىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كۆمۈر قەۋىتى 5 ~ 9 قەۋەتكىچە، قېزىشقا بولىدىغان قېلىنلىقى 40.66 مېتىر، جەنۇبىي قىسمىدىكى كۆمۈر قەۋىتى 12 قەۋەت، كۆمۈر قەۋىتىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 53.38 مېتىر بولۇپ، ئەڭ قېلىن يېرى

59.1 مېتىر كېلىدۇ. كۆمۈر سۈپىتى تۆۋەن كۈللۈك، ئوتتۇرا كۈللۈك، ئالاھىدە تۆۋەن گۈڭگۈرتلۈك، تۆۋەن گۈڭگۈرتلۈك، ئالاھىدە تۆۋەن فوسفورلۇق، تۆۋەن فوسفورلۇق، ئوتتۇراھال ئىسسىقلىق قىممىتىگە ئىگە يېپىشماس ياش ئىسلىق كۆمۈرنى ئاساس قىلغان. كانلارنىڭ ھەممىسى كىچىك تىپتىكى كان قۇدۇقلىرى بولۇپ، ئاساسەن ئۆز جايىنى تەمىنلەيدۇ. 3 - قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، غۇلجا كۆمۈرلۈكىنىڭ بايلىق مىقدارى 217 مىليارد 880 مىليون توننا كېلىدۇ. موڭغۇلكۈرە - تېكەس كۆمۈرلۈكىنىڭ كۆلىمى 2134 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كىچىك تىپتىكى كۆمۈر كانىدىن تۆتىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 15 توننىدىن ئاشىدۇ. كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى يۇرا دەۋرىنىڭ شىسەنياۋ گۇرۇپپىسى بىلەن باداۋان گۇرۇپپىسىغا خاس. بۇنىڭ ئىچىدە شىسەنياۋ گۇرۇپپىسىنىڭ كۆمۈر قەۋىتى تۆت قەۋەت بولۇپ، قېلىنلىقى 40 مېتىر كېلىدۇ؛ باداۋان گۇرۇپپىسىنىڭ كۆمۈر قەۋىتى 9 ~ 12 قەۋەتكىچە بولۇپ، قېزىشقا بولىدىغان قېلىنلىقى 16.63 ~ 77.7 مېتىر كېلىدۇ. كۆمۈر سۈپىتى ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈرنى ئاساس قىلىدۇ، گازلىق كۆمۈر، يېپىشماس كۆمۈرلەر ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 3 - قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ بايلىق مىقدارى 11 مىليارد 380 مىليون توننا كېلىدۇ. نىلقا كۆمۈرلۈكىنىڭ كۆلىمى 1240 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى يۇرا دەۋرىنىڭ شىسەنياۋ گۇرۇپپىسى بىلەن باداۋان گۇرۇپپىسىغا خاس. بۇنىڭ ئىچىدە شىسەنياۋ گۇرۇپپىسىنىڭ كۆمۈر قەۋىتى توققۇز قەۋەت، قېزىشقا بولىدىغان بەش قەۋەتنىڭ قېلىنلىقى 51.95 مېتىر كېلىدۇ؛ باداۋان گۇرۇپپىسىنىڭ كۆمۈر قەۋىتى 13 قەۋەت، قېزىشقا بولىدىغان قەۋىتى ئالتە قەۋەت بولۇپ، قېزىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە ئومۇمىي قېلىنلىقى 41.68 مېتىر كېلىدۇ. كۆمۈرلۈكنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يېپىشماس كۆمۈر بولۇپ، ئاز ساندىكى نۇقتىلاردىن ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈر چىقىدۇ، كۆمۈرنىڭ سۈپىتى ياخشى، كۈلى ئاز، گۈڭگۈرت، فوسفور مىقدارى تۆۋەن بولۇپ، يېپىشقاق ئەمەس. شەرقىي قىسمىدا يېپىشماس كۆمۈر بىلەن گازلىق كۆمۈر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئاز مىقداردا ئۇزۇن ئىسلىق كۆمۈر ۋە ئاجىز يېپىشقاق كۆمۈرلەرمۇ بار. 3 - قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، نىلقا كۆمۈرلۈكىنىڭ بايلىق مىقدارى 50 مىليارد 40 مىليون توننا كېلىدۇ. يۇلتۇز كۆمۈرلۈكى بايىنبۇلاق كۆمۈرلۈكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، كۆلىمى 2500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆمۈرلۈكتە بەزى كىچىك كۆمۈر كانلار قېزىلماقتا. كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى يۇرا دەۋرىگە خاس بولۇپ، بايىنبۇلاق ئەتراپىدا ئۇچرايدىغان كۆمۈر قەۋىتى ئىككى ~ ئۈچ قەۋەت، قېلىنلىقى ئۈچ ~ توققۇز مېتىر كېلىدۇ، كۆمۈرنىڭ تۈرى گازلىق كۆمۈردىن ئىبارەت. 3 - قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بايلىق مىقدارى 8 مىليارد 950 مىليون توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىك دەرىجىدىكىسى 1 مىليارد 640 مىليون توننا، قىياس قىلىنغان دەرىجىدىكىسى 7 مىليارد 310 مىليون توننا. قاراشەھەر كۆمۈرلۈكىنىڭ كۆلىمى 7512 كۋادرات كىلومېتىر. كۆمۈرلۈكنىڭ يەر قاتلىمى ئوتتۇرا قاتلام بولۇپ، يۇرا سىستېمىسى كۆمۈرلۈكى، ئاستىنقى يۇرا دەۋرى قارا سۇ تۈۋى خامانگۇ گۇرۇپپىسى بىلەن تاشدەڭ گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت. تاشدەڭ گۇرۇپپىسى: كۆمۈر قەۋىتى 9 ~ 66 قەۋەتكىچە، كۆمۈر قەۋىتىنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 2.27 ~ 64.84 مېتىرغىچە، قېزىشقا بولىدىغىنىنىڭ قەۋىتى 6~ 13 كىچە، ئومۇمىي قېلىنلىقى 5.95 ~ 58 مېتىرغىچە؛ خامانگۇ گۇرۇپپىسىنىڭ كۆمۈر قەۋىتى 3 ~ 10 قەۋەتكىچە، كۆمۈر قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.82 ~ 20.6 مېتىرغىچە، قېزىشقا بولىدىغان سەككىز قەۋەتنىڭ قېلىنلىقى 1.95 ~ 19.75 مېتىرغىچە كېلىدۇ. تاشدەڭ كان قۇدۇقى بىلەن خامانگۇ كان قۇدۇقىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 150 مىڭ توننا بولغاندىن سىرت، باشقىلىرى كىچىك كۆمۈر كانلاردۇر. 3 - قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ بايلىق مىقدارى 59 مىليارد 410 مىليون توننىغا بارىدۇ.

**تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى كۆمۈرلۈك رايونى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىغا جايلاشقان، شەرقتە بۈگۈرنىڭ يېڭىسار يېزىسىدىن باشلىنىپ غەربتە توقسۇنىڭ شىمالىغىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 400 كىلومېتىر، كۆلىمى 1007 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يېڭىسار، كۇچار - باي، بوزدۆڭ - توقسۇ قاتارلىق ئۈچ كۆمۈرلۈكتىن تەركىب تاپقان. كۆمۈر-

لۆك يەر قاتلىمى ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى يۇرا دەۋرىنىڭ
تالچىق گورۇپپىسى، قىزىلنۇر گورۇپپىسىغا خاس بو-
لۇپ، تالچىق گورۇپپىسىنىڭ يېقىسار كۆمۈرلۈكىدىكى
كۆمۈر قەۋىتى ئىككى قەۋەت، قېلىنلىقى 7.3 مېتىر؛
كۇچار ـ باي كۆمۈرلۈكىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر
قەۋىتى 9 ~ 13 قەۋەتكىچە، قېزىشقا بولىدىغان قېلىن-
لىقى 9.69 ~ 33.73 مېتىرغىچە؛ بوزدۆڭ ـ توقسۇ
كۆمۈرلۈكىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى ئىك-
كى قەۋەت، قېلىنلىقى 5.5 ~ 8.51 مېتىرغىچە؛
قىزىلنۇر گورۇپپىسىنىڭ يېقىسار كۆمۈرلۈكىدىكى
قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى 7 ~ 19 قەۋەتكىچە،
قېلىنلىقى 5.7 ~ 27.97 مېتىرغىچە بارىدۇ. كۆ-
مۈر تۈرى گازلىق كۆمۈر، گازلىق مايلىق كۆمۈر،
كوكوس كۆمۈرنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنۇمسىز كۆمۈر،
كۆچسىز كۆمۈرلەر ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مېتا-
مورفىزملىق دەرىجىسى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېگىز-
لەپ بارىدۇ. كىچىك كۆمۈركانلار زىچراق جايلاشقان
بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلى-
مى 30 مىڭ توننىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇلار پۈتكۈل
جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئاساسلىق كۆمۈر ئىشلەپ-
چىقىرىش بازىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 3 ـ قېتىملىق
كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئاساسلانغاندا، بۇ كۆ-
مۈرلۈكنىڭ بايلىق مىقدارى 43 مىليارد 950 مىليون
توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۇچار ـ باي كۆمۈرلۈكى-
نىڭ 33 مىليارد 330 مىليون توننىغا بارىدۇ.

**تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى كۆمۈرلۈك رايونى** تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي
جەنۇبىي ياقىسى ۋە جەنۇبىي ياقىسىدىكى كەڭ رايونلار-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى يولىما-
مان يېيىلغان بولۇپ، كۆمۈر قاتلىمى تۇراقسىز. كۆ-
مۈر قاتلىمىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان بۆلەكلىرى تارقاق؛
بايقالغان ۋە قېزىلىۋاتقان ئاساسلىق كان رايونلىرىدىن
ئەگلىم ۋە بۈيا كان رايونلىرى مۇئەييەن ئىشلەپچىقى-
رىش كۆلىمىگە ئىگە بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئاساسلىق
ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. باش-
قا كۆمۈركانلارنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇپ، يىللىق
ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئادەتتە 30 مىڭ توننىدىن
تۆۋەن تۇرىدۇ. كۆمۈرلۈك يەر قاتلىمى ئوتتۇرا، ئاس-
تىنقى يۇرا دەۋرىگە خاس، ئەگلىم كان رايونىنىڭ
قېزىشقا بولىدىغان كۆمۈر قەۋىتى بەش قەۋەت، قېلىن-
لىقى 8 مېتىر بولۇپ، كۆمۈر تۈرى ئاجىز يېپىشقاق
كۆمۈر، يېپىشماس كۆمۈر ۋە گازلىق كۆمۈرلەردىن
ئىبارەت؛ بۈيا كان رايونىنىڭ قېزىشقا بولىدىغان كۆ-
مۈر قەۋىتى بەش قەۋەت، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 7.1
~ 8.23 مېتىرغىچە بولۇپ، كۆمۈرى يېپىشماس كۆ-
مۈر. 3 ـ قېتىملىق كۆمۈر بايلىقىنى مۆلچەرلەشكە
ئاساسلانغاندا، (مۆلچەرلەنگەن رايون پەقەت ئەگلىم،
يۇسا، بۈيا قاتارلىق رايونلار بىلەن چەكلىنىدۇ) بايلىق
مىقدارى 370 مىليون توننا كېلىدۇ.

**تۆمۈر كانلىرى** شىنجاڭنىڭ ئۈستۈنلۈككە
ئىگە كان مەھسۇلاتى بولۇپ، تارقىلىشى كەڭ، ئىس-
تىقبالى زور، تۈرلىرى تولۇق، ھوسۇللۇق كانلارنىڭ
نىسبىتى يۇقىرى. ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغ، كۇئېن-
لۇن ـ ئالتۇنتاغلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ سىس-
تېمىسىنىڭ ھەممىسىدىن چىقىدۇ. شەرقىي شىنجاڭ
تۆمۈر يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر
يولىنىڭ شەرقىدىكى تەڭرىتاغ رايونلىرىغا ئەڭ كەڭ
تارقالغان. ئېنىقلانغان زاپىسى مەملىكەت بويىچە 16 ـ
ئورۇندا، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە ئىك-
كىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا
قەدەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس مىقدارى 734 مىل-
يون توننىغا، كاپالەتكە ئىگە زاپىسى 718 مىليون
توننىغا بارىدۇ. تۆمۈر كانلىرى ھەرقايسى ۋىلايەت،
ئوبلاستلارنىڭ ھەممىسىدە بار. كان ياتقۇلىرىنىڭ كۆ-
لەملىرى بىر قەدەر كىچىك بولۇپ، كۆپىنچە ئوتتۇرا
ـ كىچىك تىپتىكى كان ياتقۇلىرى ئاساسىي ئورۇندا
تۇرىدۇ. رۇدا تۈرلىرى تولۇق، ئاسان تاللىنىدىغان
ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى كۆپ بولۇپ، زاپىسى ئومۇ-
مىي زاپاسنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئى-
گىلەيدۇ، ئۆزلۈكىدىن ئېرىيدىغان رومبا تۆمۈر رۇدى-
سى ئىككىنچى ئورۇندا، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى ئۈچىن-
چى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھوسۇللۇق تۆمۈر رۇدىسىنىڭ
نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئومۇمىي زاپاسنىڭ تەخمىنەن
30%نى ئىگىلەيدۇ، ساپ تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرىچە سور-
تى 45%تىن يۇقىرى. تۆمۈركان ياتقۇلىرىنىڭ كەل-
گۈسى يوشۇرۇن كۈچى زور بولۇپ، ئالدىن مۆلچەرلەن-
گەن بايلىق مىقدارى 7 مىليارد 780 مىليون توننىغا
بارىدۇ. ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان ئاساسلىق كانلاردىن يا-
مانسۇ تۆمۈر كېنى، مودوت سالا تۆمۈر ـ مانگان كې-
نى، ۋۇتۇڭگو تۆمۈر كېنى، خوڭيۈنتەن تۆمۈر كېنى،
جىيەنشەن تۆمۈر كېنى، ئۇچكەپتەر تۆمۈر كېنى قاتار-
لىقلار بار. مەلۇم يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، يېقىن كەل-
گۈسىدە ئېچىپ پايدىلىنىش پىلانلانغان تۆمۈر كانلاردىن
ئاسەن سىخەي تۆمۈر كېنى، تيەنخۇ تۆمۈر كېنى،

بەيلىڭشەن تۆمۈر كېنى، چافاننۇر تۆمۈر كېنى، مۆڭكۈ تۆمۈر كېنى، چېلەكچى تۆمۈر كېنى قاتارلىق كانلار بار.

يامانسۇ تۆمۈر كېنى قۇمۇل شەھىرىدىن شەرقىي جەنۇبقا تەخمىنەن 110 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆللۈكنىڭ ئىچكىرى قىسمىغا جايلاشقان. 1956 - يىلى ھاۋادىن ئۆلچەش جەريانىدا بايقالغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەپسىلىي تەكشۈرۈش، تەپسىلىي چارلاش، يىراق ئىستىقبالىنى ئاساس قىلىپ چارلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ چارلاش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى. 1991 - يىلدىن 1997 - يىللىرىغىچە ئاساسىي كان گەۋدىسىنىڭ چوڭقۇر قىسمى تولۇقلاپ چارلاندى. كان رايونى تارىم بۆلىكىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، رۇدا ساقلانغان يەر قاتلىمى ئاستىنقى تاشكۆمۈر دەۋرى يامانسۇ گۇرۇپپىسىنىڭ ئوتتۇرا ئۆللۈق يانار تاغ جىنسىدۇر. كان رايونىدا چوڭ - كىچىك كان گەۋدىسىدىن جەمئىي 18 ى بار، ئاساسلىق كان گەۋدىسى $Fe_1$ بىلەن $Fe_{2+3}$ تىن ئىبارەت. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى تارقاق كىچىك كان گەۋدىلىرىدۇر. $Fe_1$ كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1100 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 11 مېتىر كېلىدۇ؛ $Fe_{2+3}$ كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1118 مېتىر بولۇپ، 130 مېتىر سوزۇلغان، قېلىنلىقى 16 ~ 27 مېتىرچە كېلىدۇ. TFe نىڭ ئوتتۇرىچە سورتى %42.43، بۇنىڭ ئىچىدە ھوسۇللۇق رۇدا تەركىبى %52.08، ئۇنۇمسىز رۇدا تەركىبى %32.18، گۈڭگۈرت مىقدارى %2.62 ~ %3.55. رۇدىلارنىڭ ماددا تەركىبى ئاددىي بولۇپ، سىلىكاتلار بىلەن تۆمۈر ئوكسىدلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، ئاساسلىق مىنېراللار ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى بىلەن قىزىل تۆمۈر رۇدىسى بولۇپ، ھوسۇللۇق رۇدىنى ئاساس قىلىدۇ، بۇ رۇدا ئاسان تاللىنىدىغان، يۇقىرى گۈڭگۈرتلۈك ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسىدۇر. كان رايونىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان جۇغلانما زاپاس 31 مىليون 750 مىڭ توننا، كاپالەتكە ئىگە زاپاس 20 مىليون 750 مىڭ توننا بولۇپ، ساپ تۆمۈر سورتى %51.43 كە بارىدۇ. 1991 - يىلى چوڭقۇر قىسىمدا ئېنىقلانغان زاپاس 9 مىليون 110 مىڭ توننا بولۇپ، سورتى %45.14 نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ھوسۇللۇق رۇدا 7 مىليون 230 مىڭ توننا بولۇپ، سورتى %52.08 نى تەشكىل قىلىدۇ. يامانسۇ تۆمۈر كېنى 1958 - يىلى قۇرۇلغان. 1971 - يىلى ئۈستى ئوچۇق كان ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. لايىھەدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 750 مىڭ توننا / يىل، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 600 ~ 650 مىڭ توننا / يىل بولۇپ، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئەڭ زور تۆمۈر كان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 17 - بېتىدىكى رەسىمگە قارالسۇن).

سىخەي تۆمۈر كېنى قۇمۇل شەھىرىدىن جەنۇبقا 186 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، 1969- يىلقى ھاۋادىن تەكشۈرۈشتە بايقالغاندىن تارتىپ 1982- يىلىغا قەدەر، گېئوفىزىكىلىق چارلاش جەھەتتىكى نورماللىسىزلىقلارنى ئىسپاتلاش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەپسىلىي تەكشۈرۈش ۋە دەسلەپكى چارلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى باشتىن كەچۈردى، 1997- يىلدىن 1999- يىلغىچە ئۈستى ئوچۇق قېزىش رايونىدا گېئولوگىيىلىك چارلاش ئېلىپ بېرىلدى. كان رايونى تەڭرىتاغ گېئوسىنكلىنال پۈرمە سىستېمىسىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى شىمالىي تاغ پۈرمە بەلۋېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى يانار تاغ چۆكۈندىلىرى ئۈزۈلۈپ ئولتۇرۇشقان ئويمانلىققا جايلاشقان، كانلىق بەلۋاغ ۋارىس ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى دىئاباز جىنسىدا ساقلانغان بولۇپ، كۆپلىگەن كان گەۋدىلىرىدىن تۈزۈلگەن، يەر يۈزى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى دەۋرلەرگە خاس يەر قاتلاملىرى بىلەن قاپلانغان، كان بەلۋېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1600 مېتىر، كەڭلىكى 300 ~ 500 مېتىرغىچە كېلىدۇ، يانتۇ چوڭقۇرلۇقى 900 مېتىردىن ئاشىدۇ. كان بەلۋېغى سىخەي كان رايونى، جەنۇبىي كان بۆلىكى ۋە غەربىي كان بۆلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كانلىق بەلۋاغ ئىچىدە كان گەۋدىلىرى كۆپ، ئۇلار قەۋەتسىمان، تومۇرسىمان، لىنزىسىمان شەكىللەردە بولۇپ، كېڭىيىش، تارىيىش، شاخلىنىش، بىرىكىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. ھەرقايسى كان گەۋدىلىرىنىڭ كۆلەم جەھەتتىكى پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 25~556 مېتىرغىچە، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 4.99 مېتىر كېلىدۇ. كان رايونىدىكى ساپ تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى %45.74، ھوسۇللۇق رۇدا سورتى %52.93، ئۇنۇمسىز رۇدا سورتى %34.55، گۈڭگۈرت تەركىبى %1.12. رۇدا مىنېراللىرىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، تۈرى كۆپ (24 خىلغا بارىدۇ)، مېتال مىنېراللار ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسىنى ئاساس قىلىدۇ، رۇدا تىپى ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى ۋە ئاجىز


ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسىدىن ئىبارەت. كان رايونىنىڭ ئېنىقلانغان B+C+D دەرىجىلىك زاپىسى 90 مىليون 560 مىڭ توننا، ئۈستى ئوچۇق رايونىنىڭ B+C+D دەرىجىلىك زاپىسى 23 مىليون 369 مىڭ 100 توننا بولۇپ، ھوسۇللۇق رۇدا مىقدارى 14 مىليون 227 مىڭ 100 تونىنغا بارىدۇ. ھازىر يىللىق مەھسۇلاتى 200 مىڭ توننا بولغان ئۈستى ئوچۇق كان قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلماقتا. ئىككىنچى باسقۇچلۇق، يىللىق مەھسۇلاتى 800 مىڭ توننا بولغان ئۈستى ئوچۇق كانىنىڭ كېڭەيتىش قۇرۇلۇش پىلانى تاماملاندى، 2000-يىلى كان قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ كانىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ناھايىتى ياخشى.

تىيەنخۇ تۆمۈر كېنى قۇمۇل شەھىرىدىن شەرقىي جەنۇبقا 150 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. 1960-يىلى يەر يۈزى ماگنىت نورماللىقىنى تەكشۈرۈشتە بايقالغان. 1988-يىلغا قەدەر ماگنىت نورماللىقىنى تەكشۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىق چارلاش، ئادەتتىكىچە چارلاش ۋە تەپسىلىي چارلاش خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. رۇدا ساقلانغان قاتلام، ئوتتۇرا - يىراق قەدىمكى ئېرا تېمى كاۋا بۇلاق توپىدىكى تارشا جىنىس، گىنېيس، ۋە مەرمەر تاش قاتلىمىدىن ئىبارەت. ئاساسەن 10 كان گەۋدىسىدىن تەركىب تاپىدۇ، يۈرۈش يۆنىلىشى 77°~124°، شىمالغا قىيسايغان بولۇپ، قىيسىيىش بۇلۇڭى 65°~ 50° گىچە. كان گەۋدىسى قەۋەتسىمان، لىنزىسىمان تۈس ئالغان، 1 - نومۇرلۇق ئاساسىي كان گەۋدىسى يوشۇرۇن كان گەۋدىسى بولۇپ، كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 200 ~800 مېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى 3600 مېتىر كېلىدۇ، كان ئۈستۈنكى قەۋەت، ئوتتۇرا قەۋەت، ئاستىنقى قەۋەت دەپ ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ، يەككە قەۋەتلىرىنىڭ قېلىنلىقى 2 ~10 مېتىرغىچە، ئەڭ قېلىن بولغاندا 24.56 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر كېلىدۇ. قالغان كان گەۋدىلىرىنىڭ كۆلەملىرى بىر قەدەر كىچىك بولۇپ، ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 50 ~ 750 مېتىرغىچە، قېلىنلىقى 0.3 ~ 2.73 مېتىرغىچە كېلىدۇ. 1 - نومۇرلۇق كان گەۋدىسىدىكى ساپ تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى %41.97، گۈڭگۈرت مىقدارى %2.22، فوسفور مىقدارى %0.025 نى ئىگىلەيدۇ. مېتال مىنېراللىرى ئاساسەن ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى بولۇپ، سانائەتتىكى تىپى: يۇقىرى گۈڭگۈرتلۈك، تۆۋەن فوسفورلۇق، تاللاشقا موھتاج ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى تىپىغا كىرىدۇ. بۇ كانىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 104 مىليون تونىنغا، بۇنىڭ ئىچىدە تەستىقلانغان زاپاس 60 مىليون 660 تونىنغا بارىدۇ.

مودوت سالا تۆمۈر (مادىگان) كېنى خېجىڭ ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمالغا 58 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. 1953 - يىلى بايقالغان، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، دەسلەپكى چارلاش، تولۇقلاپ چارلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. 1958 - يىلى خېجىڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتى تەرىپىدىن ئېچىلغان بولۇپ، 40 نەچچە يىللىق تارىختا ئىگە، ئاساسەن تۆمۈر رۇدىسى چىقىدۇ. كان ياتقىسى ئۇزۇلۇپ ئولتۇرۇشقان ئويمانلىقتا ھاسىل بولغان، رۇدىلىق يەر قاتلىمى ئاستىنقى تاشكۆمۈر دەۋرىنىڭ ئاقساق گورۇپپىسىغا خاس ئۆزگەرگەن جىنىس قاتلىمىدۇر. كان گەۋدىسى قاتلامسىمان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1.6 كىلومېتىر، كەڭلىكى 300 ~500 مېتىرغىچە، قېلىنلىقى 0.6 ~ 46 مېتىرغىچە، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 18.14 مېتىر. ئەڭ چوڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 350 مېتىر، پۈتۈن كان ئۈزۈلمە تەرىپىدىن جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىۋېتىلگەن. مېتال مىنېرالى ئاساسەن قىزىل تۆمۈر رۇدىسى بولۇپ، ساپ تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرىچە تەركىبى %47.21، بۇنىڭ ئىچىدىكى ھوسۇللۇق رۇدا تەركىبى %50 نى، ئۇنۇمسىز رۇدا تەركىبى %36.77 نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھەمرا مىنېراللاردىن مانگان %0.93 نى، گۈڭگۈرت %0.46 نى، قوغۇشۇن %0.2 نى، سىنىك %0.18 نى تەشكىل قىلىدۇ. مانگان كېنى قاتلىمى تۆمۈر كېنى قاتلىمىنىڭ 15 ~ 30 مېتىرچە ئۈستىگە جايلاشقان؛ ئۇ جەمئىي 3 قەۋەت، ئەڭ ئاستىنقى قەۋەتتىكى كان بىر قەدەر تۇراقلىق، ئۇ قەۋەتسىمان ھالەتتە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر، كەڭلىكى 400 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 4.7 مېتىر كېلىدۇ؛ ئوتتۇرا كان قاتلىمى قەۋەتسىمان ھالەتتە بولۇپ، قېلىنلىقىدا پەرق زور، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 4.9 مېتىر كېلىدۇ، تارقىلىش دائىرىسى ئاستىنقى كان قاتلىمىدىن كىچىك ؛ ئۈستۈنكى قاتلام كانىنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك. مانگان رۇدىلىرىدىن كاللەكسىمان رومبىك مانگان رۇدىسى، تەركىبى >%25؛ كاللەكسىمان قوڭۇر مانگان رۇدىسى، تەركىبى ⩽%25؛ يوللۇق رومبىك مانگان رودىسى، تەركىبى ⩽%16 لار بار. ئېنىقلانغان تۆمۈر رۇدىسى زاپىسى 40 مىليون

350 مىڭ توننا، مانگان رۇدىسى زاپىسى 4 مىليون 590 مىڭ توننا؛ كاپالەتكە ئىگە زاپىسى 38 مىليون 430 مىڭ تونىنغا بارىدۇ.

**ئۇچ كەپتەر تۆمۈر كېنى** كۈنەس ناھىيە بازىرىدىن شەرققە تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا، يەنى كۈنەس دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. 1952- يىلى بايقالغان، 1956 ~ 1977- يىللىرىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە تولۇقلاپ چارلاش خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. 1972 - يىلى كۈنەس تۆمۈر كانىدا ئۈستى ئوچۇق ھالەتتە رۇدا ئېلىنىدى، لاھىيىلەنگەن كۆلىمى 150 مىڭ توننا/يىل ئىدى، ئەمەلىي ئېچىش كۆلىمى



ئۇچ كەپتەر تۆمۈر كېنى

30 مىڭ توننا/يىل بولماقتا. رۇدا ساقلانغان يەر قاتلىمى ئوتتۇرا تاشكۆمۈر دەۋرىنىڭ مېتامورفىزملىق ۋولقان چۆكۈندى جىنىس سىستېمىسى بولۇپ، قاتلام ئورنىنىڭ كانىنى كونترول قىلىشى روشەن. كان رايونىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4000 مېتىر، كەڭلىكى 1300 مېتىر بولۇپ، پۈتۈن كان ئاساسىي كان بۆلىكى، غەربىي كان بۆلىكى، شەرقىي كان بۆلىكى، غەربىي جەنۇب كان بۆلىكى، جەنۇبىي كان بۆلىكى ۋە لوبىي كان بۆلەكلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئاساسىي كان بۆلىكىنىڭ كان گەۋدىسى كۆپ قاتلاملىق لىنزىسىمان ھالەتتە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 800 ~ 900 مېتىر، يەككە قاتلاملارنىڭ قېلىنلىقى 1 ~ 15 مېتىر، ئومۇمىي قېلىنلىقى 70 مېتىر كېلىدۇ. باشقا كان بۆلەكلىرىنىڭ كان گەۋدىلىرى بىر قەدەر نېپىز، ئۇلىنىشچانلىقى ناچار، ئۇزۇنلۇقى بىر قانچە مېتىردىن بىر قانچە يۈز مېتىرغىچە، قېلىنلىقى 1~5 مېتىرغىچە بارىدۇ. رۇدىسى قىزىل تۆمۈر رودىسىنى ئاساس قىلىدۇ، ئەينەك تۆمۈر رۇدىسى، ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى ۋە رومبىك تۆمۈر رۇدىلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ساپ تۆمۈرنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى %56.66 بولۇپ، ئاساسىي كان بۆلىكىنىڭ كان تەركىبى ئەڭ مول، گۈڭگۈرت تەركىبى %0.27، بوسفور %0.05. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 25 مىليون 510 مىڭ توننا بولۇپ، رۇدا سۈپىتى ياخشى، ھوسۇللۇق رۇدىلار ( سورتى >%58) ئومۇمىي رۇدا مىقدارىنىڭ %84.21 تىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ كان ياتىقى شىنجاڭدىكى تەركىبى ئەڭ مول تۆمۈر كان ياتىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**مۆڭكۈ تۆمۈر كېنى** كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمالغا 67 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. 1953 - يىلى بايقالغان، 1957 - يىلى يەر يۈزىدىكى باھالاش ئېلىپ بېرىلغان، 1978- يىلى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 109 مىليون 700 مىڭ توننا، سورتى %45تىن سەل يۇقىرى. 1997 - يىلى شىنجاڭ بولات - تۆمۈر گورۇھى كان ئىشلىرى شىركىتى بىلەن كۆكتوقاي ناھىيىسى بىرلىشىپ ئاچقان، ئۇنىڭ ئۈستى ئوچۇق قېزىش ئىقتىدارى يىلىغا 100 مىڭ تونىنغا بارىدۇ. شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گورۇھى بۇ كانىنى رەسمىي ئېچىش تورىغا كىرگۈزۈپ، 2000 - يىلدىن باشلاپ گېئولوگىيىلىك چارلاش ئېلىپ باردى. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئۇنى يىلىغا 600 مىڭ توننا رۇدا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە كان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىدى. كان گەۋدىسى تۆۋەنكى دېۋون سېرىيىسىنىڭ قانبوتېبى گورۇپپىسى مېتامورفىزملىق جىنىسلار قاتلىمىدا ھاسىل بولغان بولۇپ، قاتلاملارنىڭ كونترول قىلىش ئالاھىدىلىكى روشەن. ھازىرغىچە جەمئىي 44 كان گەۋدىسى تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 33 ى مەلۇم كۆلەمگە ئىگە، كان گەۋدىلىرى توپ - توپ بولۇپ، قاتلام بويىچە كۆزگە چېلىقىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك، كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 ~ 1200 مېتىرغىچە، قېلىنلىقى 1 ~ 35 مېتىرغىچە، چوڭقۇرلۇقى 50 ~ 200 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىردىن ئاشىدىغان كان گەۋدىسىدىن توققۇزى بار. كان گەۋدىلىرى قەۋەتسىمان ۋە تەرتىپسىز لىنزىسىمان، يېسىمۇقسىمان، تومۇرسىمان ھالەتلەردە ئۇچرايدۇ. كاندىن ئاساسەن ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى چىقىدۇ، قىزىل

تۆمۈر رۇدىسى، پارقىراق تۆمۈر رۇدىسى، قوڭۇر تۆمۈر رۇدىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ساپ تۆمۈر سورتى 35%~46%، گۈڭگۈرت تەركىبى 0.3%، فوسفور تەركىبى <0.25% بولۇپ، رۇدا تىپى ئاسان تاللىنىدىغان ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى تىپىغا كىرىدۇ.

**چىلەكچى تۆمۈر كېنى** ئاقتۇ ناھىيە بازىرىدىن غەربىي جەنۇبقا 110 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4100 ~ 4700 مېتىرچە كېلىدۇ. 1958 - يىلى بايقالغان. 1962 - يىلى دەسلەپكى قەدەمدە باھالانغان. 1980 - يىلى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ بېرىلغان. كان ھاسىل بولغان يەر قاتلىمى كېمبرىي - ئوردوۋىك سىستېمىلىرىنىڭ مىجىگەن تۈپى مېتامورفىزملىق جىنىس سىستېمىسىدىكى مەرمەر تاش ھەم تارشا جىنىسلار قاتلاملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مەرمەر تاش ۋە كرىستاللىق ھاكتاش كونتروللۇقىدىكى يەككە يانتۇ قۇرۇلما. كان گەۋدىسىنىڭ يېتىش يۆنىلىشى شەرقتىن غەربىي يۆنىلىشكە يېقىن بولۇپ، يانتۇلۇق بۇلۇڭى 40°~50°. كان گەۋدىسى قاتلامسىمان، لىنزىسىمان تۈس ئالغان. بايقالغان كان گەۋدىسى (تۈپى) ئۈچ بولۇپ، 1 - نومۇرلۇق كان تۈپى ئالتە كىچىك كان گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان، يەككە كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 175 ~ 325 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 10.17 ~ 35 مېتىر، ئەڭ چوڭ قېلىنلىقى 65.78 مېتىرغا يېتىدۇ؛ 2 - نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 350 مېتىر، قېلىنلىقى 18.46 ~ 37.26 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 27.86 مېتىر كېلىدۇ؛ 3 - نومۇرلۇق كان تۈپى تۆت كان گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەر يۈزىگە چىقىپ قالغان بىر كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر كېلىدۇ، قالغانلىرى يەر يۈزىدە كۆرۈنمەيدۇ. رۇدا مىنېرالى ئاساسەن ئەسلىدىكى رۇمبىك تۆمۈر رۇدىسى (70%~80%) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سۇلۇق قىزىل تۆمۈر رۇدىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. رۇدا تىپى يەككە ھوسۇللۇق رۇدا بولۇپ، كان ياتىقىنىڭ ئۆكسىدلىنىش تەسىرى كۈچلۈك ئەمەس. ساپ تۆمۈر سورتى 41.78% ~ 47.38% نى، ئوتتۇرىچە سورتى 45.1% نى، گۈڭگۈرت تەركىبى 0.015%~0.216% نى تەشكىل قىلىدۇ. تېپىلغان زاپاس 65 مىليون 580 مىڭ توننا بولۇپ، تېخىچە ئېچىلمىدى.

**ۋۇتۇڭگۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۆمۈر كانلىرى** پىچان ناھىيىسى دىغار يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. 1958 ~ 1960 - يىللىرى بايقالغان، تۆمۈر كان ياتىقىدا ئاساسلىق كانلاردىن ۋۇتۇڭگۇ تۆمۈر كېنى، خۇڭيۈنتەن تۆمۈر كېنى، بەيلىڭشەن تۆمۈر كېنى، پالگان تۆمۈر كېنى، جيەنشەن تۆمۈر كېنى، تېلىڭ تۆمۈر كېنى قاتارلىقلار بار. رۇدا تىپى جەھەتتە ۋۇتۇڭگۇ تۆمۈر كانىدىن رۇمبىك تۆمۈر رۇدىسى چىققاندىن سىرت، باشقا كان ياتىقىلىرىدىن ماگنىتلىق تۆمۈر رۇدىسى چىقىدۇ. ۋۇتۇڭگۇ تۆمۈر كانىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 57 مىليون 930 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت زاپىسى 13 مىليون 520 مىڭ تونننى، قېزىشقا بولىدىغان زاپىسى 20 مىليون 160 مىڭ تونننى تەشكىل قىلىدۇ، ئوتتۇرىچە سورتى 42.42% كېلىدۇ. 1995 - يىلى 1 -، 3 - نومۇرلۇق كان ياتىقىلىرىنىڭ ئۈستى ئوچۇق قېزىش رايونلىرىدا چارلاش ئېلىپ بېرىلىپ، ئېنىقلانغان زاپاس 7 مىليون 510 مىڭ توننا، سورتى 38.66%~52.81% كىچە يەتتى، كۆيۈپ خورىغان مىقدارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى سورتى 47.27%~60.04% بولۇپ، ھوسۇللۇق رۇدا مىقدارى 7 مىليون 410 مىڭ توننا كېلىدۇ. 1996 - يىلى قۇرۇلۇپ، لايىھەدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى يىلىغا 100 مىڭ توننا، ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 150 مىڭ تونىنىغا يەتتى. خۇڭيۈنتەن تۆمۈر كېنى: ئېنىقلانغان زاپىسى 32 مىليون 260 مىڭ توننا بولۇپ، ئوتتۇرىچە سورتى 49.59% كېلىدۇ. بۇ كان 1994 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 مىڭ توننا كېلىدۇ. بەيلىڭشەن تۆمۈر كېنى: ئېنىقلانغان زاپىسى 13 مىليون 60 مىڭ توننا، سورتى 44.94% بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھوسۇللۇق رۇدا 8 مىليون 330 مىڭ تونننى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ سورتى 54.83%. كان قۇرۇلۇشى 1999 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان، 2000 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، لايىھىدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 200 مىڭ توننا.

**مانگان كېنى** بۇ خىل كاننىڭ چۆكۈندى مانگان كېنى، چۆكۈپ مېتامورفىزملاشقان مانگان كېنى ۋە يېمىرىلگەن قالدۇق چۆكۈندى تىپىدىكى مانگان كېنى دېگەن ئۈچ خىل تىپى بار. ئالدىنقىسىنىڭ ئىگىلىگەن

زاپىسى ئەڭ كۆپ، كېيىنكىلىرى يېقىنقى مەزگىلدە ئېچىلىدىغان ئوبيېكت قىلىنماقتا. هازىرقى زاپىسى 9 مىليون 9000 توننا. چۆكۈندى مانگان كانلىرىدىن ئاساسەن موڭغۇلكۈرەدىكى مانگان كېنى ۋە خېجىڭ ناھىيىسىدىكى مودوت سالا مانگان كانلىرى بار. موڭغۇلكۈرە مانگان كېنى ئاستىنقى تاشكۆمۈر دەۋرىنىڭ چۆكۈندى دېڭىز فاتسىيىسى تۈرىدىكى قىلشلىق چۆكۈندى جىنىسلار قاتلىمىدا ھاسىل بولغان، كانلىق قاتلام جەمئىي ئۈچ قەۋەت بولۇپ، كان گەۋدىسى قەۋەتسىمان تۇس ئالغان، يەككە كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 ~ 2160 مېتىرغىچە، قېلىنلىقى 0.5 ~ 7.5 مېتىرغىچە بولۇپ، رومبىك مانگان رۇدىسىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا يۇمشاق مانگان رۇدىسى ۋە قاتتىق مانگان رۇدىسى بار بولۇپ، مانگان تەركىبى 13%~30%، زىيانلىق تەركىبلەردىن P ( فوسفور ) 0.058% نى، S ( گۈڭگۈرت) 0.076% نى، $SiO_2$ (سىلتسىي ئوكسىدى) 15.86% نى، Mn/F 4%~8% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جاماتتاي كان رايونىنىڭ كېپىلگە ئىگە زاپىسى 2 مىليون 380 مىڭ توننا، ئوتتۇرىچە سورتى 17.28%؛ ئاقسۇ شەرقىي كان رايونىنىڭ كېپىلگە ئىگە زاپىسى 1 مىليون 417 مىڭ توننا، ئوتتۇرىچە سورتى 20.47%؛ قاراسۇ كان رايونىنىڭ كېپىلگە ئىگە زاپىسى 30 مىڭ توننا، ئوتتۇرىچە سورتى 21.5%. مودۇت سالا مانگان كېنى تۆمۈر كانىنىڭ ئۈستىدە ھاسىل بولغان (« مودۇت سالا تۆمۈر (مانگان) كېنى» غا قارالسۇن). مانگان كانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 ~ 1000 مېتىرغىچە، كەڭلىكى 300 ~ 500 مېتىرغىچە كېلىدۇ، جەمئىي ئۈچ قەۋەت بولۇپ، ئاستىدىن ئۈستىگە بولغان قېلىنلىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 4.7 مېتىر، 4.9 مېتىر، 2.0 ~ 2 مېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى قەۋەتتە رومبىك مانگان رۇدىسىنى، ئۈستۈنكى قەۋەتتە مانگان ئوكسىدىنى ئاساس قىلىدۇ. كېپىلگە ئىگە زاپىسى 4 مىليون 593 مىڭ توننا بولۇپ، ئوتتۇرىچە سورتى Mn 18.77% نى، TFe 7.17% نى، S 0.89% نى تەشكىل قىلىدۇ. يىمىرىلگەن قالدۇق چۆكۈندىلەر تىپىدىكى مانگان كانىدىن ئاساسلىقى قۇمۇل داشۇي مانگان كېنى بولۇپ، كېمبرىي سىستېمىسىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى جىيندەن سىستېمىسىغا تەئەللۇق دولومىتلىق مەرمەر جىنىسىنىڭ سويۇلۇپ يىمىرىلگەن يۈزىدىكى تەرتىپسىز كارست ئۆڭكۈرلىرى ياكى سويۇلغان ئولتۇرۇشمىلاردا ھاسىل بولغان، كان گەۋدىسى لىنزىسىمان، خالتىسىمان ھالەتتە ئۇچرايدۇ، ئادەتتە بىر قەدەر كىچىك بولۇپ، ئەڭ چوڭ كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 157 مېتىر، قېلىنلىقى 6 مېتىر كېلىدۇ. مانگان ئوكسىدىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، Mn 22.99% نى، Co 0.078% نى، P 0.16% نى، $SiO_2$ 1.55% نى تەشكىل قىلىدۇ. چۆكۈپ مېتامورفىزملاشقان مانگان كېنى ۋە كۆچپا قاراڭغۇ مانگان كانلىرىنىڭ كېپىلگە ئىگە زاپىسى 533 مىڭ توننا، ئوتتۇرىچە سورتى 30.25% كېلىدۇ.

**خرومىت كېنى** شىنجاڭدا بايقالغان خرومىت كانلىرىنىڭ ھەممىسى قەۋەتسىز ( يۇرچاقسىمان) ماگمىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغان كان ياتىملىرىدۇر. ئاساسەن تولى ناھىيىسىنىڭ سارتوقاي دېگەن جايىدىن چىقىدۇ. قارامايدىن شىمالغا تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى بايقىلىپ، چارلاش خىزمىتى 80 - يىللاردا ئاخىرلاشقان. ئۇ ئۇلترا ئاساسلىق جىنىس گەۋدىسى ئىچىدە ھاسىل بولغان، كانلىق تاغ جىنىسلىرى كلىنوپىروكسىنلىق گاببرو بولۇپ، 500 دىن كۆپرەك كان گەۋدىسى تېپىلغان. كان گەۋدىلىرى لىنزىسىمان، يېسمۇقسىمان ھالەتلەرنى ئاساس قىلىدۇ. كان گەۋدىسىنىڭ يانتۇلۇقى بىلەن تاغ جىنىس گەۋدىسىنىڭ يېتىشى ئاساسەن بىردەك، ئادەتتىكى كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8~70 مېتىرغىچە، قېلىنلىقى 1~8 مېتىرغىچە، چوڭقۇرلۇقى 3 ~ 45 مېتىرغىچە كېلىدۇ. رۇدىسى ئۆز شەكىللىك، يېرىم ئۆز شەكىللىك رۇدىنى ئاساس قىلىدۇ، ئادەتتە يىرىك دانىچىلىك، ئوتتۇرا - يىرىك دانىچىلىك، ئۇيۇل كېلىدۇ. كاللەكسىمان - قويۇق كۆنجۈتسىمانلىرىنىڭ مىنېرالى پىكوتىتنى ئاساس قىلىدۇ. $Cr_2O_3$ 28.9% ~ 35.6% نى، $Al_2O_3$ 17.1% ~ 22.6% نى، $Fe_2O_3$ 3% ~ 3.7% نى، FeO 9.3% ~ 10.1% نى، MgO 15.5% ~ 19.5% نى، $SiO_2$ 4.2% ~ 9.7% نى تەشكىل قىلىدۇ. هازىرقى زاپاس 1 مىليون 680 مىڭ توننا بولۇپ، يۇقىرى ئالىيۇمىنلىق، تۆۋەن خروملۇق كان ياتىمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېچىلغىنىغا كۆپ يىللار بولدى. تولىنىڭ ساشۇنوخەي، كۆكتوقاينىڭ چىڭشۇي، چارقىلىقنىڭ يۇلغۇنلۇق جىلغىسى ھەم پىچاننىڭ كاۋا بۇلاق تېغى قاتارلىق جايلاردىمۇ خرومىت كانلىرى تېپىلدى. شىنجاڭنىڭ خرومىت زاپىسى مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 18 - بېتىگە قارالسۇن)

**مىس كېنى** شىنجاڭنىڭ مىس كان بايلىقى بىر قەدەر مول، كان ھاسىل بولۇش شارائىتى ياخشى، كان ياتمىلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش تىپلىرى بىر قەدەر تولۇق، بولۇپمۇ يانار تاغ جىنسلىرى ۋە يانار تاغ ماگما جىنسلىرى تىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كان ياتمىلىرىنىڭ ئىستىقبالى ناھايىتى زور. شۇنىڭدەك، نۇرغۇنلىغان كان ھاسىل بولغان بەلۋاغلارنىڭ ۋە ئىستىقباللىق رايونلارنىڭ دائىرىسى بېكىتىلدى، مىس رۇدىسى چېقىلغان ئورۇندىن 500 نەچچىسى بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، چوڭ تىپلىق كان ياتمىسىدىن 10 ى، كىچىك تىپتىكى كان ياتمىسىدىن 14 ى، كان نۇقتىسىدىن 36 سى بار، يەنە نۇرغۇنلىغان مىس كانلىشىش نۇقتىلىرى ۋە گېئوخىمىيىلىك چارلاشتا نورمالسىزلىق كۆرۈلگەن رايونلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان جۇغلانما زاپاس 3 مىليون 190 مىڭ توننا بولۇپ، ھازىرقى زاپىسى 3 مىليون 160 مىڭ توننىغا باردۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشىلى چوڭ تىپتىكى مىس - سىنىك كانىنىڭ مىس رۇدا زاپىسى 920 مىڭ توننا، ئوتتۇرىچە سورتى 2.43% بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدە كەم ئۇچرايدىغان چوڭ تىپتىكى ھوسۇللۇق مىس كېنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۆلچەردىكى بايلىق مىقدارى 61 مىليون 920 مىڭ توننا بولۇپ، ئېنىقلانغان زاپىسى بايلىق ئومۇمىي مىقدارىنىڭ پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىس كانلىرىنىڭ گېئولوگىيىلىك چارلاش ۋە ئېچىپ پايدىلىنىش ئىستىقبالى پارلاق، يوشۇرۇن كۈچى زور. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشىلى مىس - سىنىك كان ياتمىسى، قارا تۇڭكى مىس - نىكېل كانىنىڭ 2 - باسقۇچلۇق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، شەرقىي شىنجاڭ خۇاڭشەن مىس-نىكېل كېنى، ئىسسىق بۇلاق مىس كېنى، تۇۋۇ مىس كېنى قاتارلىق كان رايونلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چارلاپ تەكشۈرۈلۈشى ۋە ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ يەنە بىر مىس رۇدىسى خام ئەشيا بازىسىغا ئايلانغۇسى ( رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 18 - بېتىدىكى «مىس رۇدىسى» غا قارالسۇن)


**ئاشىلى مىس - سىنىك كېنى** قابا ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمالغا 31 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. 1984 - يىلى بايقالغان، 1991 - يىلى 1 - نومۇرلۇق كان ياتمىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ، 1993 - يىلى چارلاپ تەكشۈرۈشكە ئۆتكەن. رۇدا ساقلانغان يەر قاتلىمى داتىستلىق قىرلىق شېغىللىق تۇف بولۇپ، يانار تاغ جىنسلىرىدىن پەيدا بولغان ھەمدە كۆپ خىل مېتال تەركىبلىك كالىلەكسىمان گۈڭگۈرتلەشكەن كان ياتمىسى بىلەن بىللە ھاسىل بولغان. كان گەۋدىسىنىڭ بوشلۇقتىكى كۆرۈنۈشى بىر غايەت زور تەتۈر ئۆرۈلگەن ئوڭدا پۈرۈلمىلىك لىنزىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ مىنېرال تەركىبى سېرىق تۆمۈر رۇدىسى، سېرىق مىس رۇدىسى ۋە يالتىراق سىنىك رۇدىسىنى ئاساس قىلغان. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس مىقدارى ئىچىدە: مىس 919 مىڭ 500 توننا، سورتى 2.43%؛ سىنىك 408 مىڭ 300 توننا، سورتى 2.78%؛ گۈڭگۈرت 67 مىليون 850 مىڭ توننا، بىللە ھاسىل بولغان سىنىك 11 مىڭ 500 توننا، قوغۇشۇن 55مىڭ 600 توننا، ئالتۇن 18.07 توننا، كۆمۈش 1174 توننا ئۈلۈشنى ئىگىلەيدۇ. بۇ كان « 7 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە مەملىكىتىمىزدە تېپىلغان ئىككى ئاساسلىق مىس كانىنىڭ بىرى بولۇپ، سورتى يۇقىرى، كان گەۋدىلىرى مەركەزلەشكەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. 12 يىللىق گېئولوگىيىلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەپسىلىي تەكشۈرۈش ۋە چارلاش ئارقىلىق، بىر چوڭ تىپتىكى مىس كان ياتمىسى، گۈڭگۈرت كان ياتمىسى ۋە بىر ئوتتۇرا تىپتىكى سىنىك كان ياتمىسى ئېنىقلاندى. 1999 - يىلى جۇڭگو كان ئىشلىرى شىركىتى بىلەن شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ھەمكارلىشىپ ئاچقان، قېزىلما بايلىقنى مۆلچەرلەپ باھالاش ۋە كان ئېچىشقا ئائىت مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ بولدى، 2000 - يىلى كان قۇرۇلۇشى باشلاندى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 3000 توننا رۇدىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەن.

**شور قۇدۇق مىس كېنى** كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن غەربىي جەنۇبقا 85 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، يانار تاغ ئىسسىق ئېرىتمە قاتلىمى كونتروللۇقىدىكى مىس كېنى. 1984 - يىلى بايقالغان، 1990- يىلى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش تاماملانغان. كانلىق قاتلام ئوتتۇرا دېۋون دەۋرى بېيتاگشەن گورۇپپىسىنىڭ 2 - كەنجى گورۇپپىسىغا جايلاشقان، كانلىق تاغ جىنسلىرى ئوتتۇرا - ئاساسلىق يانار تاغ جىنسلىرى، تۇف ۋە تۇفلۇق قۇمتاشتىن ئىبارەت. كان گەۋدىسىنىڭ يېتىش ھالىتى قورشىما جىنسلار بىلەن ئاساسەن بىردەك، قورشىما جىنسلار سىكارنلاشقان. كانلىق بەلۋاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2550 مېتىر، كەڭلىكى 900 مېتىر بولۇپ، 330°～350° لىق يۆنىلىشتە ئورۇنلاشقان،

قىيسىيىش يۆنىلىشى جەنۇبىي غەرب يۆنىلىشتە، قىي-
يىش بۇلۇڭى °30~°40 قىچە. بۇنىڭ ئىچىدە مىس كان
گەۋدىسىدىن 40 ى، مولىبدېن كان گەۋدىسىدىن 21
ى بار، 4-، 5-، 9 - نومۇرلۇق كان گەۋدىلىرى ئەڭ
چوڭلىرى بولۇپ، ئومۇمىي زاپاسنىڭ %80 نى ئىگە-
لەيدۇ. 5- نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
1000 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 873 مېتىر، ئەڭ قېلىن
جايى 43 .64 مېتىر كېلىدۇ. كان گەۋدىلىرىنىڭ
ھەممىسى قاتلامسىمان، لىنزىسىمان بولۇپ، كۆپىنچە-
سىنىڭ يەر يۈزىدە ئېچىلمىسى بار. رۇدىسىنىڭ قۇ-
رۇلمىسى كۆنجۇتسىمان، ئۇششاق تومۇرلۇق كۆنجۇت-
سىمان، ئۇششاق تومۇرسىمان تۈس ئالغان. ئېنىقلان-
غان مىس زاپىسى 315 مىڭ 800 توننا، ئوتتۇرىچە
سورتى %70 .0، مولىبدېننىڭ زاپىسى 20 مىڭ 100
توننا، ئوتتۇرىچە سورتى %091 .0 بولۇپ، بۇنىڭغا
يانداش ھالدا كۈمۈش، ئالتۇن، گۈڭگۈرت ۋە ئانار
تاشلىرىمۇ بار. بۇ بىر ئوتتۇرا تىپلىق كان بولۇپ، ھازىر
تېخى ئېچىلمىدى.

نىكېل كېنى ئاساسلىق - ئۇلترا ئاساسلىق
جىنىسلاردا پەيدا بولغان مىس - نىكېللارنىڭ مىنېرال-
لاشقان بىرىكمە كان ياتىقى، كۆكتوقاي ناھىيىسى
تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى ۋە قومۇل-
دىكى خۇاڭشەن ئەتراپلىرىغا تارقالغان، تېكەسنىڭ
چىمبۇلاق ۋە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شىمالىي دەرياسى
ئەتراپلىرىدىمۇ ئايرىم كىچىك كان ياتىقلىرى بار. ئا-
ساسلىق كان ياتىقلىرىدىن قارا تۇڭكې، خۇاڭشەن ۋە
خۇاڭشەننىڭ شەرقىدىكى كان ياتىقلىرى بار، بۇ كان
ياتىقلىرىنىڭ ھازىرقى زاپاس مىقدارى 90 مىڭ 400
توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە گەنسۇدىكىدىن قالسىلا
2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. قارا تۇڭكې مىس - نىكېل كېنى
ھوسۇللۇق رۇدا ۋە ئالاھىدە ھوسۇللۇق رۇدىلارنى ئا-
ساس قىلىدۇ، ئۇ ھازىر ئېچىلىۋاتىدۇ، باشقا كان يات-
ىقلىرى پەقەت تېپىز قىسىملاردا كىچىك كۆلەمدە ئې-
چىلماقتا. كان ياتىقىدا نىكېلدىن باشقا يەنە بىللە
پەيدا بولغان رۇدىلاردىن مىس، كوبالت، گۈڭگۈرت
قاتارلىقلار، بەزىلىرىدە يەنە ئالتۇن، كۈمۈش، پىلاتى-
نا، پاللادىي، سېلىن، تېللۇر قاتارلىق ھەمراھ مىنې-
راللار بار، بۇلاردىن ئۇنىۋېرسال يىغىپ پايدىلىنىشقا
بولىدۇ.

قارا تۇڭكې مىس - نىكېل كېنى كۆكتوقاي
ناھىيىسىدىن شەرقىي جەنۇبقا 30 كىلومېتىر كېلىد-
غان جايدا، 1979 - يىلى بايقالغان. 1979~1987-
يىللىرىغىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەپسىلىي تەك-
شۈرۈش، دەسلەپكى چارلاش، چارلاپ تەكشۈرۈش
خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن. كان رايونى 7 كان ياتىقى-
دىن تەركىب تاپقان، 1 - نومۇرلۇق كان ياتىقى چوڭ
تىپتىكى كان ياتىقى، 2 -، 3 - نومۇرلۇقلىرى
ئوتتۇرا تىپتىكى كان ياتىقى، 6 - نومۇرلۇقتىن 9-
نومۇرلۇققىچە بولغانلىرى كىچىك تىپتىكى كان ياتىق-
لىرى ھېسابلىنىدۇ. ئېنىقلانغان زاپاس ئىچىدە مىس
470 مىڭ توننىنى، نىكېل 280 مىڭ توننىنى ئىگە-
لەيدۇ. 1 - نومۇرلۇق كان ياتىقى ئاساسەن ئاساسلىق
كومپلېكس جىنس گەۋدىسىدە ساقلانغان، كان گەۋدىسى
كۆنجۇتسىمان ۋە زىچ كاللەكسىمان گۈڭگۈرتلەشكەن
رۇدىلاردىن تۈزۈلگەن. كان گەۋدىسى ماكان جەھەتتە
غايەت زور بىر تەرتىپسىز لىنزىغا ئوخشايدۇ، زىچ



قارا تۇڭكې مىس - نىكېل كېنى

كاللەكسىمان ئالاھىدە ھوسۇللۇق كان گەۋدىسى بۇ كان
گەۋدىسىنىڭ يادروسى بولۇپ، سىرتقى قەۋىتى ھوسۇل-
لۇق رۇدىلار بىلەن ئورالغان، بۇ سىرتقا قاراپ تەدرى-
جىي كۆنجۇتسىمان ئۇنۇمسىز كان گەۋدىسىگە ئۆزگە-
رىپ، شەكىل جەھەتتە ھالقىسىمان تۈزۈلمىگە ئوخشاپ
قالغان. ئاساسلىق مېتال مىنېراللاردىن ماگنىتلىق
سېرىق تۆمۈر ، سېرىق مىس، نىكېللىق سېرىق تۆ-
مۈر، سېرىق تۆمۈر، ۋىئولارىت ۋە تېنناتىت قاتار-
لىقلار بولۇپ، كان ياتىقى ماگمىنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىلىدىكى ئېرىپ ئايرىلىش — چوڭقۇردا ئېرىپ تۆتۈ-
شۈش تىپىدىكى كان ياتىقىغا مەنسۇپ، ئېنىقلانغان
زاپاس ئىچىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق:
مىس 215 مىڭ 900 توننا بولۇپ، سورتى %4 .1؛
نىكېل 136 مىڭ 400 توننا بولۇپ، سورتى
%88 .0؛ ھەمرا مىنېراللاردىن ئالتۇن 3257 كىلوگ-

رام، كۆمۈش 152 توننا، كوبالت 5211 توننا، پلاتىنا 509 كىلوگرام، پاللادىي 1644 كىلوگرام، گۈڭگۈرت 1 مىليون 250 مىڭ توننا. كان قۇرۇلۇشى 1984 - يىلى باشلانغان، 1990 - يىلى كۈنىگە 250 توننا رۇدا تاۋلايدىغان زاۋۇت پۈتۈپ، ئالاھىدە ھوسۇللۇق رۇدىنى ئاساسلىق قېزىش ئوبيېكتى قىلدى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پىلانلانماقتا، ئۇ ھوسۇللۇق ۋە ئۈنۈمسىز رۇدىلارنى قېزىش ئوبيېكتى قىلىدۇ. 2-، 3 - نومۇرلۇق كان ياتقۇلىرىدىن ئېنىقلانغان زاپاس ئىچىدە: مىس 187 مىڭ 100 توننا بولۇپ، سورتى %1.05؛ نىكېل 96 مىڭ 400 توننا بولۇپ، سورتى %0.58. بۇ كان ھازىر تېخى رەسمىي ئېچىلمىدى.

قۇمۇل خۇاڭشەن مىس - نىكېل كېنى قۇمۇلنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق - شىمال يۆنىلىشتە يېيىلغان، ئۇزۇنلۇقى 273 كىلومېتىر كېلىدۇ، تۇدۇن، شىمالىي خۇاڭشەن، خۇاڭشەن، جەنۇبىي خۇاڭشەن، شەرقىي خۇاڭشەن، جىڭئېرچۈەن قاتارلىق مىس - نىكېل كانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرا خۇاڭشەن مىس - نىكېل كېنى 1980 - يىلى تېپىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ۋە تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ كان ياتقۇسى ئاساسلىق - ئولترا ئاساسلىق جىنسلاردىكى ئېرىگەن ماگمىلاردىن ئايرىلغان مىس - نىكېل سۇلفىدلىق كان ياتقۇسى تىپىغا كىرىدۇ. ئاساسلىق كان گەۋدىلىرىنىڭ ھەممىسى تاغ جىنسلىرىنىڭ ئاستى قىسمىغا جايلاشقان، ئوتتۇرا ئۈستى قىسىملىرى ئۈستىگە ئېسىلغان ھالەتتىكى كىچىك كانلار بولۇپ، كان گەۋدىسى گوياكى قاتلامسىمان، لىنزىسىمان بولۇپ، كۆنجۈتسىمان ھالەتتىكى قەدىمىي جىنسلارنى ئاساس قىلىدۇ. خۇاڭشەن مىس - نىكېل كانىدا 40 نەچچە كان گەۋدىسى بار، ئاساسىي كان گەۋدىسى بولغان 30 - نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 650 مېتىر، قېلىنلىقى 20~100 مېتىرغىچە، يانتۇ چوڭقۇرلۇقى 200~600 مېتىرغىچە، كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 400 مېتىردىن چوڭقۇر، باشقا كان گەۋدىلىرى سەل كىچىكرەك. خۇاڭشەن مىس - نىكېل كانىدا 20 كان گەۋدىسى بار، ئۇنىڭ ئېنىقلانغان مىس زاپىسى 208 مىڭ 300 توننا، ئوتتۇرىچە سورتى %0.31؛ نىكېل زاپىسى 324 مىڭ توننا، ئوتتۇرىچە سورتى %0.46؛ كوبالت زاپىسى 19 مىڭ 500 توننا، ئوتتۇرىچە سورتى %0.028. شەرقىي خۇاڭشەن مىس - نىكېل كانىنىڭ ئېنىقلانغان مىس زاپىسى 175 مىڭ 400 توننا، ئوتتۇرىچە سورتى %0.272؛ نىكېل زاپىسى 364 مىڭ 100 توننا، ئوتتۇرىچە سورتى %0.52؛ كوبالت زاپىسى 16مىڭ 700 توننا، ئوتتۇرىچە سورتى %0.024.

قوغۇشۇن - سىنك كېنى ئاساسەن ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي گىرۋىكىگە مەركەزلەشكەن، باشقا رايونلارغا پارچە - پۇرات، تارقاق جايلاشقان. جەمئىي 15 كان ياتقۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئورۇندىكىسى يەككە قوغۇشۇن كېنى، قالغان 12 ئورۇندىكىسى قوغۇشۇن - سىنك، مىس - سىنك، مىس - قوغۇشۇن - سىنك كانلىرىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىپتىكى كان ياتقۇسىدىن بىرى (كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى كۆكتال قوغۇشۇن - سىنك كېنى)، ئوتتۇرا تىپتىكى كان ياتقۇسىدىن تۆتى (ئاقتۇ ناھىيىسى قاراغۇ توغراق قوغۇشۇن - سىنك كېنى، تام قوغۇشۇن- سىنك كېنى، ئاتۇش ناھىيىسىدىكى قوشبۇلاق قوغۇشۇن - سىنك كېنى، قابا ناھىيىسىدىكى ئاشلىق مىس كېنى) بار. كان ياتقۇسى ئاساسەن قاتلام كونترولluqى تىپىدىكى قوغۇشۇن - سىنك كېنى (قاراغۇ توغراق، قوشبۇلاق، تام قاتارلىقلار)، يانار تاغ چۆكۈندىسىدىكى قوغۇشۇن - سىنك كېنى (كۆكتال)، دېڭىز فاتسىيىلىك يانار تاغ جىنسىنىڭ سىرىق تۆمۈر رۇدىسى تىپىدىكى مىس كېنى بىلەن تەڭ ھاسىل بولغان قوشۇغۇن- سىنك كېنى(ئاشلىق) قاتارلىق تىپلارغا مەنسۇپ. ئىككىنچى ئورۇندىكى تىپلاردىن ئورتاق چۆكۈندى تىپى، سىكارن تىپى ۋە ئىسسىق ئېرىتمە تىپى قاتارلىقلار بار. ئاشلىق مىس - سىنك كانىدا ھازىر ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. كۆكتال ۋە باشقا كان ياتقۇلىرىدا كىچىك كۆلەمدە رۇدا قېزىلىۋاتىدۇ.

ئالتۇن كېنى تارقىلىش نۇقتىلىرى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، بايلىقى مول. ئالتۇن تۈرلىرىدىن تاغ ئالتۇنى، كېپەك ئالتۇن ۋە باشقا كانلار بىلەن بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇنلار بار. ئالتاي تاغلىرى، شەرقىي ۋە غەربىي جۇڭغار ئويمانلىقلىرى، تەڭرىتاغلىرى، كۇئېنلۇن تاغلىرى، ئالتۇنتاغ قاتارلىق ھەرقايسى تاغ سىستېمىلىرى ۋە تاغ ئالدىدىكى رايونلارغا كەڭ تارقالغان. ئالتۇن چىقىدىغان جايلار پۈتۈن شىنجاڭدىكى 56 ناھىيە (شەھەر) گە تارقالغان بولۇپ، بەلۋاغ شەكلىدە جايلىشىش، مەركەزلىشىپ توپ - توپ بولۇشتەك ئالا-

ھەدىلىككە ئىگە. تاغ ئالتۇنى ئاساسەن ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، شەرقىي ۋە غەربىي جۇڭغار قاتارلىق جايلارغا تارقالغان، كېپەك ئالتۇن مەركەزلىك ھالدا ئالتاي رايونى ۋە خوتەن - چەرچەن ئەتراپلىرىغا تارقالغان. نۆۋەتتە تېپىلغان ئالتۇن كان ياتمىسى 52 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىپتىكى كان ياتمىسىدىن 3 ى، ئوتتۇرا تىپتىكى كان ياتمىسىدىن 13 ى، كىچىك تىپتىكى كان ياتمىسىدىن 36 سى بار. ئۇنىڭدىن سىرت، ئالتۇن كان (كانلاشقان) نۇقتىدىن 600 گە يېقىنى بار. شىنجاڭنىڭ ئالتۇن قېزىش تارىخى ئۇزۇن، ئالتاي تاغلىرى، شەرقىي، غەربىي جۇڭغار رايونى، قۇمۇل ئالتۇنلۇق رايونى ۋە خوتەن، چەرچەن ئەتراپلىرى تارىختىكى مۇھىم ئالتۇن قېزىش رايونلىرىدۇر. بولۇپمۇ يېقىنقى 10 نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئالتۇن سانائىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى غوللۇق ساھەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئالتۇن كانلارنىڭ ئېنىقلانغان جۇغلانما زاپىسى 200 توننىغا يېقىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغ ئالتۇنىنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 190 توننىدىن ئارتۇقراق، كېپەك ئالتۇن تەخمىنەن 7 توننا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئېنىقلانغان باشقا كانلار بىلەن بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇن زاپىسى 30 نەچچە توننىغا بارىدۇ. ئالدىن مۆلچەرلەنگەن بايلىق مىقدارى 3922 توننا كېلىدۇ. ھازىر ئېچىلىۋاتقان بىر تۈركۈم چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى مۇھىم كان ياتمىلىرىنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاشى ئالتۇن كېنى، خاتۇ ئالتۇن كېنى، دولانساي ئالتۇن كېنى، توقتۇز باي ئالتۇن كېنى، سار بۇلاق ئالتۇن كېنى، شەرقىي شىنجاڭدىكى كاڭگۇر تاغ ئالتۇن كېنى، ماتوتەن ئالتۇن كېنى، ئالتۇنلۇق ئالتۇن كېنى، ماجىاڭشەن ئالتۇن كېنى قاتارلىقلار بار. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بايلىق ئىستىقبالى بىر قەدەر ياخشى بولغان كان ياتمىلىرى تېپىلماقتا ۋە باھالانماقتا. ئۇلار: ئىشغىل ئالتۇن كېنى، تاۋۇربەك ئالتۇن كېنى، كوجىنكولا ئالتۇن كېنى، سارقوبۇ ئالتۇن كېنى، دولانساي ئالتۇن كانىنىڭ 2 - نومۇرلۇق كان ياتمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**ئاشى ئالتۇن كېنى** غۇلجا ناھىيىسى ناھىيە بازىرىدىن شىمالغا 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1988 - يىلى بايقالغان، 1989 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن. 1990 - يىلى گېئولوگىيىلىك چارلاپ تەكشۈرۈشكە ئۆتكەن. كان ياتمىسى تاشكۆمۈر دەۋرىنىڭ قەدىمكى يانار تاغ تۈزۈلمىسىدە ھاسىل بولغان، كان ھاسىل بولغان جىنس نايار تاغ لاۋىلىرى ۋە يانار تاغ تۇرۇبا يولىدىكى فاتسىيىلىك قىرلىق شىغىل لاۋىلىرىدىن ئىبارەت. كان گەۋدىسى قىلىن تاختاسىمان بولۇپ، ماكان جەھەتتە جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن، شىمالىي بۆلەك ئاساس قىلىنىپ سەككىز كان گەۋدىسى دائىرىگە ئېلىنغان. ئاساسىي كان گەۋدىسى بولغان 1 - نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 990 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 450 مېتىر، ئادەتتىكى قېلىنلىقى 11~15 مېتىر، ئەڭ چوڭ قېلىنلىقى 35 مېتىر كېلىدۇ، ئوتتۇرىچە سورتى $5.85\times10^{-6}$، ئۇنىڭ زاپىسى كان ياتمىسىنىڭ ئېنىقلانغان زاپىسىنىڭ 90% نى ئىگىلەيدۇ. 2 - نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 440 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 255 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 3.42 مېتىر، ئوتتۇرىچە سورتى $6.24\times10^{-6}$ كېلىدۇ. رۇدا تىپى جەھەتتە شىمالىي بۆلىكى كۋارتس تومۇرى تىپىنى ئاساس قىلسا، جەنۇبىي بۆلىكى يالىنىپ ئۆزگەرگەن جىنسلار تىپىنى ئاساس قىلىدۇ. پۈتۈن كان ياتمىسىنىڭ ئېنىقلانغان ئالتۇن كان زاپىسى 50.5 توننا، ئوتتۇرىچە سورتى $5.51\times10^{-6}$ بولۇپ، بۇ بىر چوڭ تىپتىكى تاغ جىنس ئالتۇن كان ياتمىسى، شۇنداقلا نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئېنىقلانغان زاپىسى ۋە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئالتۇن كان ياتمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1992- يىلى ئۈستى ئوچۇق كان قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1994- يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. رۇدا تاللاش زاۋۇتىنىڭ كۈنلۈك تاللاپ بىر تەرەپ قىلىش كۆلىمى 750 توننا بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ كانچىلىق كارخانىسىدۇر. ئۇنىڭ 1999 - يىلى ئىشلەپچىقارغان ئالتۇن مىقدارى 1.39 توننا بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 100 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 8 مىليون يۈەنگە يەتتى. ( رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 17- بېتىگە قارالسۇن)

**خاتۇ ئالتۇن كېنى** قاراماي شەھىرىدىن غەربىي شىمالغا 75 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، ئاساسلىقى چىيچيۇ 1 - نومۇرلۇق ئالتۇن كېنى بولۇپ، بۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدە تاغ ئالتۇنى قېزىلىدىغان ئاساسلىق رايونلارنىڭ بىرى. 1963 - يىلى گېئولوگىيە جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن، 1976 ~ 1991 - يىللىرىغىچە بۇ ئالتۇن كانىدا

ئېلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەپسىلىي تەكشۈرۈش ۋە گېئولوگىيىلىك چارلاش ئېلىپ بېرىلغان. كان رايونىدا جەمئىي 27 رەت ئالتۇن كان تومۇرى ( تورى) تېپىلغان، كان تومۇرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى يەككە تومۇر ھالىتىدە، ئاز ساندىكىلىرى شاخچە تومۇر ياكى مۇرەككەپ تومۇر ھالىتىدە بولۇپ، تومۇرلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە بىر نەچچە 10 مېتىردىن 300 مېتىرغىچە، ئەڭ ئۇزۇنى 740 مېتىرغا يېتىدۇ، قېلىنلىقى كۆپىنچە $0.1\sim2$ مېتىرغىچە، ئەڭ قېلىن جايى 5.59 مېتىرغىچە بارىدۇ، رۇدا سورتى بىر قەدەر باي بولۇپ، ھەرقايسى كان تومۇرلىرىنىڭ سورتى $7.08\sim34.55\times10^{-6}$ غىچە، كان رايونىنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $10\times10^{-6}$غىچە بارىدۇ. رۇدا تىپى جەھەتتە ئالتۇن تەركىبلىك كۋارتس تومۇر تىپلىق ۋە ئالتۇن تەركىبلىك يالىنىپ ئۆزگەرگەن تاغ جىنس تىپلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل تىپ بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان جۇغلانما زاپاس مىقدارى 20 توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، بىر چوڭ تىپتىكى ئالتۇن كان ياتىقى ھېسابلىنىدۇ.

**كاڭگۇرتاغ ئالتۇن كانلىرى** پىچان ناھىيىسىدىن شەرقىي جەنۇبقا 120 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. بۇ كان تۈركۈمى ئاساسەن ھازىر ئېچىلىۋاتقان كاڭگۇرتاغ ئالتۇن كېنى، شىيىگتەن ئالتۇن كېنى، ماتۇتەن ئالتۇن كېنى ۋە يېڭىدىن تېپىلغان يەنجيەنپو ئالتۇن كېنى، جەنۇبىي كاڭگۇرتاغ ئالتۇن كېنى، غەربىي كاڭگورتاغ ئالتۇن كېنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كان ياتىقى غايەت زور ئەۋرىشىملىك قايچىلانما تۈزۈلمە بەلۋېغىدا ھاسىل بولغان. كانلىق يەر قاتلىمى ئاستىنقى تاشكۆمۈر دەۋرى يامانسۇ گۇرۇپپىسىنىڭ يانار تاغ جىنىسلىرى بىلەن يانار تاغ ئۇۋۇندى جىنىسلىرىدىن ئىبارەت. پۈتۈن كان ياتىقى 10 كان گەۋدىسىدىن تۈزۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى L2—2 نومۇرلۇقى كان ياتىقىدىكى ئەڭ چوڭ سانائەت كان گەۋدىسى بولۇپ، تومۇرسىمان تۈس ئالغان. ئۇ ئالتۇن ۋە مىستىن ئىبارەت ئىككى خىل كان گەۋدىسىگە بۆلۈنگەن، ئالتۇن كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 450 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 1.92 مېتىر، ئوتتۇرىچە سورتى $9.10\times10^{-6}$؛ مىس كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 750 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 3.97 مېتىر، ئوتتۇرىچە سورتى $1.12\times10^{-6}$ كېلىدۇ. ئالتۇن كان كۆلەم جەھەتتە ئوتتۇرا تىپلىق كان بولۇپ، ئېنىقلانغان ئالتۇن كان زاپىسى 9.9 توننا كېلىدۇ؛ مىس كانىنىڭ رۇدا زاپىسى تەخمىنەن 60 مىڭ توننا كېلىدۇ. 1993 ـ يىلى كۈنىگە 100 توننا رۇدا بىر تەرەپ قىلىدىغان رۇدا ئاللاش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، يىلىغا بىر تەرەپ قىلىنغان رۇدا مىقدارى 30 مىڭ تونىغا يەتتى. شىيىگتەن ئالتۇن كېنى پىچان ناھىيە بازىرىدىن جەنۇبقا 90 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئاساسلىق ئۈچ كان گەۋدىسىدىن تەشكىل تاپقان، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $7.93\sim14.18\times10^{-6}$ ، ئېنىقلانغان زاپىسى تەخمىنەن 10 توننا كېلىدۇ. 1993 ـ يىلى كان پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ماتۇتەن ئالتۇن كېنى پىچان ناھىيىسىدىن شەرقىي جەنۇبقا 120 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. ئۇنىڭ توققۇز كان گەۋدىسى بار، ئوتتۇرىچە سورتى $8.66\times10^{-6}$ كېلىدۇ. ئېنىقلانغان زاپىسى 16 توننا. بۇ كان 1991 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 28 مىڭ توننا رۇدىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**ساۋاياردۇڭ ئالتۇن كېنى** 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى تېپىلغان بەۋقۇلئاددە چوڭ ئالتۇن كېنى، ئۈلۈغچات ناھىيىسىدىن غەربىي شىمالغا 200 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان، دېڭىز يۈزىدىن $3100\sim4600$ مېتىر ئېگىز جايغا جايلاشقان. ئالتۇن كان سىلۇر سىستېمىسىنىڭ قارا رەڭدىكى كاربونلۇق دۆغ چۆكمە جىنىسلىرى ئىچىدە ساقلانغان، قاتلامنىڭ كونترول قىلىشى ۋە تۈزۈلمە تەسىرى روشەن. ئالتۇن كانلاشقان بەلۋاغدىن 20 نەچچىسى تېپىلدى. ئۇلار قاتلاملار ئارىسىدىكى يېرىقچىلار ياكى يانجىلىپ چىرىگەن بەلۋاغلاردا ساقلانغان بولۇپ، قاتلامسىمان، تومۇرسىمان ياكى تەرتىپسىز شەكىللەردە ئۇچرايدۇ، كۆلىمى ناھايىتى زور. 4 ـ نومۇرلۇق كان ياتىقى ئەڭ چوڭ كان ياتىقى بولۇپ، ئىككى كان گەۋدىسىدىن تەركىب تاپقان، شىمالىي كان گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 3.05 مېتىر، ئوتتۇرىچە سورتى 1.47 گرام/توننا؛ جەنۇبىي كان گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 12.75 مېتىر، ئوتتۇرىچە سورتى 2.13 گرام/توننا، كونترول قىلىنغان ياتىقى چوڭقۇرلۇقى 300 مېتىردىن ئاشىدۇ. 1 ـ نومۇرلۇق كان ياتىقىدا ئۈچ كان گەۋدىسى بار، ئاساسىي كان گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى 1.71 گرام/توننا بولۇپ، 4 ـ نومۇرلۇق كان ياتىقىدىنلا كېيىن تۇرىدۇ. سورتى$>3$ گرام/توننا بويىچە مۆلچەرلىگەندە، 4 ـ نومۇرلۇق كان ياتىقى بىلەن 1 ـ نومۇرلۇق كان ياتىقىنىڭ D+E دەرىجىلىك ئالتۇن

زاپىسى 40.8 توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 4 - نومۇرلۇق كان ياتمىسىنىڭ 31 توننا، 1 - نومۇرلۇق كان ياتمىسىنىڭ 9.8 توننا كېلىدۇ. سورتى >1گرام /توننا بويىچە مۆلچەرلىگەندە، 4- ۋە 1 - نومۇرلۇق كان ياتمىلىرىنىڭ D+E دەرىجىلىك ئالتۇن زاپىسى 161 توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 4 - نومۇرلۇق كان ياتمىسىنىڭ رۇدا مىقدارى 65 مىليون 270 مىڭ توننا، ئالتۇن زاپىسى 139 توننا، ئوتتۇرىچە سورتى 2.13 گرام /توننا بولۇپ، 400 مېتىرغىچە چوڭقۇرلۇقتىكى بولىدۇ. 1 - نومۇرلۇق كان ياتمىسىنىڭ رۇدا مىقدارى 12 مىليون توننا، ئالتۇن زاپىسى 22 توننا، ئوتتۇرىچە سورتى 1.85 گرام /توننا كېلىدۇ. بۇ كان ھازىر چارلاش، باھالاش باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى پەۋقۇلئاددە چوڭ تىۋىن سورتلۇق ئالتۇن كان ياتمىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى ئالتۇن كانلار** ئالتاي ئالتۇن كانىنىڭ كان ھاسىل بولغان بەلۋاغلىرىغا مەركەزلىك تارقالغان بولۇپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي بويىدىكى، شۇنىڭدەك شىمالدىكى كەڭ تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان. ئۇ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ يېيىلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 200 كىلومېتىرغىچە، كۆلىمى تەخمىنەن 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ رايون مۇھىم كېپەك ئالتۇن قېزىش رايونى بولۇپ، ئالتۇن قېزىش تارىخى ئۇزۇن. ئاساسلىق كېپەك ئالتۇن كان رايونلىرىدىن شىچاڭ، خۇڭدۇن، قارامايلى قاتارلىق جايلار بار. 1985 - يىلىدىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر تۈركۈم ئىستىقباللىق تاغ ئالتۇنى كان ئورۇنلىرى تېپىلدى. مۇھىم ئالتۇن كان ياتمىلىرىدىن دولانساي ئالتۇن كېنى، ساربۇلاق ئالتۇن كېنى، توققۇزباي ئالتۇن كېنى قاتارلىقلار بار.

**شىچاڭ كېپەك ئالتۇن كېنى** بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ مەنبەسىدىكى سۇ رايونىغا جايلاشقان. كان ياتمىسى دەريا مەنبەسىگە يېقىن جىلغىلاردا ھاسىل بولغان، كان گەۋدىسى ئۇزۇن بولسىمۇ تۈس ئالغان بولۇپ، قىزىلتاغ ئېغىزى، شىنجىنگۇ، لاۋجىنگۇ ۋە شىچاڭ رايونلىرىغا تارقالغان. كانلىق قۇم قەۋىتىنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 7.46 مېتىر، سورتى 0.38 گرام / كۇب مېتىر بولۇپ، ئېنىقلانغان كېپەك ئالتۇن زاپىسى 3237 كىلوگرام.

**توققۇزباي ئالتۇن كېنى** قابا ناھىيەسىدىن غەربىي شىمالغا 53 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. جەمئىي 70 نەچچە كان گەۋدىسى دائىرىگە ئېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدا 33 - نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، پۈتۈن كان ياتمىسىدىكى ئېنىقلانغان زاپاسنىڭ تەخمىنەن 70% نى ئىگىلەيدۇ، ئوتتۇرىچە سورتى $5.32\times10^{-6}$. ئېنىقلانغان زاپىسى 5.7 توننا بولۇپ، ئوتتۇرا كۆلەملىك كان ياتمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئالتۇن رۇدا مىقدارى 1 مىليون 67 مىڭ توننا بولۇپ، مېتال كان ياتمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 220 مېتىر، قېلىنلىقى 0.74 ~ 11.06 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 4.57 مېتىر، يانتۇ چوڭقۇرلۇقى 300 نەچچە مېتىر، سورتى $1.23 \sim 13.13\times10^{-6}$، ئوتتۇرىچە سورتى $5.62\times10^{-6}$ كېلىدۇ. ئوكسىدلانغان كانلاردا 1989 - يىلدىن باشلاپ دۆۋىلەپ ئەمدەش ئارقىلىق ئالتۇن ئېلىش ھۈنەر - سەنئىتى قوللىنىلغان، دۆۋىلەپ ئەمدەش كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغاندا يىلىغا 50 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى. ھازىر ئوكسىدلانغان كانلار تۈگىگەچكە، دۆۋىلەپ ئەمدەش زاۋۇتى ئىشتىن توختىدى. ئەسلىدىكى كانلاردا كاربون سۈيۈقلۇقى ئارقىلىق ئالتۇن ئېلىش ھۈنەر - سەنئىتى قوللىنىلدى. رۇدا تاللاش زاۋۇتى 1994 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، يىلىغا 20 مىڭ توننا ئالتۇن رۇدىسىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

**ئوتتۇرا چىدامىلىق سېغىز** ئاساسەن يۇرا سىستېمىسىنىڭ كۆمۈر سىستېمىسى يەر قاتلاملىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى، غۇلجا، قۇمۇل قاتارلىق ئۈچ جايدىكى كان ئورنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. كان ياتمىسىنىڭ تىپى ئاساسەن كۆمۈر قاتلاملىرى بىلەن بىرگە پەيدا بولغان چۆكۈندە تىپىدىكى كان ياتمىلىرىدىن ئىبارەت، يىمىرىلگەن قالدۇق چۆكۈندى تىپلىق ۋە قەدىمكى يالاڭما يۈزىدىكى چۆكۈندى تىپلىقلىرىمۇ بار. ئوتتۇرا چىدامىلىق سېغىز كان ياتمىلىرى ئادەتتە كۆپ قاتلاملىق ھالەتتە كۆمۈر قاتلاملىرىنىڭ يېنىدا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر قانچە يۈز مېتىردىن بىر قانچە مىڭ مېتىرغىچە بارىدۇ، يەككە قاتلاملىرىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 ~ 5 مېتىرغىچە، ئومۇمىي قېلىنلىقى 5~12 مېتىرغىچە كېلىدۇ. رۇدا تىپى يۇمشاق سېغىز تىپلىق ۋە قاتتىق سېغىز تىپلىق بولۇپ، ئاساسلىق مىنېراللاردىن گاۋلىنىت، ئاللوفان، كۋارتس، سۇلۇق چىرىمتال قاتارلىقلار بار. رۇدىلىرىنىڭ خىمى-

يىلىك تەركىبىدە $Al_2O_3$ نىڭ مىقدارى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنرەك، تۆمۈر مىقدارى يۇقىرىراق بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ ئوتقا چىداملىق دەرىجىسى 1650℃~1770℃ غىچە بارىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چيەنشۈيخې ئوتقا چىداملىق سېغىز كان ياتىقى ئەڭ تىپىك بولۇپ، ئۈرۈمچى تاغ ئالدى ئولتۇرۇشمىسىنىڭ ئوتتۇرا يۇرا دەۋرى شىشەنياۋ گورۇپپىسى قاتلاملىرىدا ھاسىل بولغان. ئوتقا چىداملىق سېغىز بۇ گورۇپپىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى ئاساسىي كۆمۈر ئوقۇرى بۆلىكىدە ھاسىل بولغان، ئۇنىڭ ئۈستى كۆمۈرلۈك قاتلام بولۇپ، ئەتراپى قۇمتاش، گىلتاش قاتارلىق تاغ جىنسلىرى بىلەن ئورالغان. كان رايونىنىڭ كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تۇدۇڭخابا ئوڭدا پۈرمىسىنىڭ جەنۇبىي قانىتىغا جايلاشقان. كان قاتلىمى 10 كىلومېتىرغا قەدەر سوزۇلغان، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 2~3 مېتىر، ئەڭ قېلىن جايى 5 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇرى 150 مېتىرغا سوزۇلغان. رۇدا تىپلىرىدىن قاتتىق سېغىز، يۇمشاق سېغىز، يېرىم كرىمنىيلىك سېغىز قاتارلىق تۈرلەر بار بولۇپ، 7 دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. رۇدىلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبلىرى: $Al_2O_3+TiO_2$ 23%~47%، $Fe_2O_3$ 1%~3%، $CaO+MgO$ 0.62%~0.9%، $K_2O+Na_2O$ 0.95%~2.1%، $SiO_2$ 50%~71%، $SO_3$ 0%~1.59%، P 0.01%~0.89% بولۇپ، ئوتقا چىداملىق دەرىجىسى 1650℃~1770℃، تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، قاتتىق سېغىزنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك سورتى دومناپېچنىڭ خىش تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ، قاتتىق سېغىزنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك سورتى قۇيمىچىلىقنىڭ خىش تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ. تەپسىلىي چارلاش ئارقىلىق ئېنىقلانغان B+C+D دەرىجىلىك زاپىسى 5 مىليون 334 مىڭ توننا بولغاچقا، بۇ بىر ئوتتۇرا تىپلىق كان ياتىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كان ياتىقىنىڭ رۇدا تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، ئېچىش شارائىتى ياخشى بولۇپ، كان مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر شىركىتىدە ۋە ساپالچىلىق سانائىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ماگنېزىت كېنى** ئاساسەن خېجىڭ ـ پىچان دولومىت كان ھاسىل بولغان بەلۋاغقا جايلاشقان. كان بەلۋېغىنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 300 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ھازىر شىنجاڭنىڭ دولومىت چىقىدىغان ئاساسلىق كېنى. باشقا رايونلاردىن، مەسىلەن، كېرىيە، چارقىلىق قاتارلىق جايلاردىنمۇ ئاز مىقداردا ماگنېزىت چىقىدۇ. ھازىر خېجىڭ ناھىيىسىدىكى قارىقات ماگنېزىت كان ياتىقىنىڭ زاپىسى ئېنىقلانغان، C+D دەرىجىلىك رۇدىنىڭ ئېنىقلانغان زاپىسى 50 مىليون 485 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 4 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ كان خېجىڭ ناھىيىسىدىن غەربىي شىمالغا 180 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. ئوتتۇرا دېۋون دەۋرى سائارمىڭ گورۇپپىسىنىڭ 2 ـ كەنجى گورۇپپىسىدا ھاسىل بولغان، 30 غا يېقىن كان گەۋدىسى بار، يەككە كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20~750 مېتىرغىچە، كەڭلىكى 20~200 مېتىرغىچە كېلىدۇ؛ كان گەۋدىسى قاتلامسىمان، لىنزىسىمان، يېسىمۇقسىمان تۈس ئالغان. كان گەۋدىسىنىڭ يېتىش ھالىتى يەر قاتلىمىنىڭ يېتىش ھالىتى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئەتراپ جىنسلىرى بىلەن بولغان چېگرىسى ئېنىق. رۇدىسى ئاق رەڭلىك، گۆش رەڭلىك، كرىستاللىق ماگنېزىت بولۇپ، ئاز مىقداردا دولومىت، تالك ۋە مىكرو كرىستاللىق سېرىق تۆمۈر رۇدىسى ئارىلاشقان. رۇدىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $MgO$ 44.34%~46.6% غىچە بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 45.68% دىن توغرا كەلگەن؛ $CaO$ 0.58%~3.14% غىچە بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.9%؛ $SiO_2$ 0.21%~0.91% غىچە بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.45% نى تەشكىل قىلىدۇ. رۇدا سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، 1-، 2- دەرىجىلىك مەھسۇلاتلار كۆپ، باشقا كان ئورۇنلىرى، مەسىلەن، پىچان ناھىيىسىدىكى جيەنشەن ماگنېزىت كېنى قاتارلىقلارنىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسىنىڭ ئىستىقبالى بىر قەدەر ياخشى.

**تاش تۇز، شور** بايلىقى ئىنتايىن مول، كۆپىنچە ئىككىسى ئورتاق (ياندىش) ھاسىل بولىدۇ. رۇدىلىرىنىڭ قاتتىق فاتسىيىلىك، سۇيۇق فاتسىيىلىك ۋە قاتتىق ـ سۇيۇق ئارىلاش فاتسىيىلىك بولۇشتەك ئۈچ خىل تەبىئىي تىپى بار. كان ياتقىلىرىدىن 4 ـ دەۋردىن بۇرۇنقى قەدىمكى تۇزلۇق كان ياتقىلىرى ۋە 4 ـ دەۋردىكى ھازىرقى زامان تۇزلۇق كان ياتقىلىرىمۇ بار. ھازىرقى زامان تۇزلۇق كان ياتقىلىرى: ئاساسەن جۇڭغار، تۇرپان ـ قۇمۇل، تارىم ئويمانلىقلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىغا جايلاشقان؛ ھازىر تاش تۇز چىقىدىغان ئورۇندىن 160 نەچچىسى، شور كان مەيدانىدىن 40 نەچچىسى مەلۇم بولدى. ھازىرقى زاپاس ئىچىدە 1 مىليارد 200 مىليون توننا تۇز، 175 مىليون توننا شور بار. مىنېراللىشىش گېئولوگىيىسى ۋە گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتقا ئاساسەن، كان ياتقىلىرىنى

تۇت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ، يەنى يۈزى ئىشقارلىق سۇ
تىپىدىكى كان ياتقۇلىرى، مەسىلەن، ئېبىنۇر كۆلى
تاش تۇز، شور كان ياتقۇسى، ئۇ ئادەتتە سۇيۇق قاتتىـ
يىلىك، سورتى تۆۋەن، كۆلىمى زور بولۇشتەك ئالا-
ھىدىلىككە ئىگە؛ تۇز كۆل تىپىدىكى كان ياتقۇلىرى،
مەسىلەن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داۋانچىڭ، باركۆل
ناھىيىسىنىڭ باركۆل تاش تۇز، شور كان ياتقۇسى،
ئۇ ئادەتتە قاتتىق ـ سۇيۇق ئارىلاشما قاتتىيىلىك،
سورتى يۇقىرى، كۆلىمى چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىك-
كە ئىگە؛ تۇز كۆل تىپىدىكى كان ياتقۇلىرى، مەسى-
لەن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ چىجاۋجىڭ، تۇرپان شەھە-
رىنىڭ ئويبۇلاق تاش تۇز، شور كان ياتقۇسى، ئۇ
ئادەتتە قاتتىق ـ سۇيۇق ئارىلاشما قاتتىيىلىك بولۇپ،
ناھايىتى قېلىن، سانائەت قىممىتى يۇقىرى بولۇشتەك
ئالاھىدىلىككە ئىگە؛ تۇز ساھىلى تىپىدىكى كان ياتقۇ-
لىرى، مەسىلەن، قۇمۇل شەھىرىدىكى لاۋۋۇ - سىكې-
شۇ شور كان ياتقۇسى، ئۇ ئادەتتە قاتتىق قاتتىيىلىك
بولۇپ، نېپىز، قېزىش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە
ئىگە. قەدىمكى تۇز تۈرىدىكى كان ياتقۇلىرى ئاساسەن
ئوتتۇرا، يېڭى ھايات ئېراسى ئويمانلىقلىرىغا ۋە قەدىمكى
ھايات ئېراسى قۇرۇقلۇقلىرى ياقىسىدىكى ئويمانلىقلار-
غا جايلاشقان، مەلۇم بولغان كان مەيدانلىرى 60 تىن
ئاشىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، بايلىق ئومۇمىي زاپىسى
100 مىليارد توننا كېلىدىكەن. تاش تۇز كان ياتقۇلى-
رىدا ئاساسەن 3 ـ دەۋردە، ئۇنىڭدىن قالسا تاشكۆمۈر
دەۋرى ۋە بور دەۋرلىرىدە تۇز ھاسىل بولغان. ئاساسەن
بەش ئورۇندا تۇز ھاسىل بولغان، ئۇلار تارىمنىڭ مەر-
كىزىي يەر بۆلىكىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى كۇچا ئول-
تۇرۇشمىسى تۇز ھاسىل قىلىش رايونى ۋە جەنۇبىي
ياقىسىدىكى غەربىي جەنۇب ئولتۇرۇشمىسىدىكى تۇز ھا-
سىل قىلىش رايونى، تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى تۇز
ھاسىل قىلىش رايونى، قۇمكۆل ئولتۇرۇشمىسى تۇز
ھاسىل قىلىش رايونى، جەنۇبىي تەڭرىتاغ تۇز ھاسىل
قىلىش رايونى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كان ياتقۇسى
ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىر تۈرى دېڭىز قاتتىيىلىك،
لاگونال قاتتىيىلىك چۆكۈندىلەر بولۇپ، ئاساسەن تا-
رىم ئويمانلىقى ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغ تۇز ھاسىل قىلىش
رايونلىرىغا جايلاشقان، ئۇلارنىڭ تۇز قاتلىمى بىر قەدەر
قېلىن؛ يەنە بىر تۈرى ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى قاتتىـ
يىلىك چۆكۈندى كان ياتقۇلىرى بولۇپ، تۇرپان ـ
قۇمۇل ئويمانلىقى ۋە قۇمكۆل ئويمانلىقى تۇز ھاسىل
قىلىش رايونىغا جايلاشقان، تۇز قاتلىمى ئادەتتە بىر
قەدەر نېپىز بولۇپ، تارقىلىش كۆلىمى زور ئەمەس.

شىنجاڭنىڭ مول تۇز كان بايلىقلىرىنى ئېچىشنىڭ
ئىستىقبالى كەڭ. بولۇپمۇ شور كان بايلىقى مەملىكەت
بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا بولۇپ، شىنجاڭدىكى مۇھىم
ئېكسپورت كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

كالىيلىق سېلىترا ئاساسەن كۇمۇش ئازگال
يېرىگە ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىكى ئازگال يەرلەر-
گە، قۇمۇلنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. كان يات-
قۇسىنىڭ تىپى قاتتىق قاتتىيىلىك تىپتىن ئىبارەت.
كۇمۇش ئازگال يېرىدىكى شاۋخېگۇەن كالىيلىق سې-
لىترا كېنى 1987 ـ يىلى تۇنجى قېتىم تېپىلغان ۋە
ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن. 1994 ـ يىلى تەپسىلىي
تەكشۈرۈلگەن. 1996 ~ 1998 ـ يىللىرى لوپنۇر
كۆلىنىڭ شىمالىدىكى چوڭ ئازگالدىكى كالىيلىق سې-
لىترا كان ياتقۇسى ۋە كۇمۇش ئازگىلىدىكى ئۇزۇنبۇ-
لاق كالىيلىق سېلىترا كان ياتقۇسى، ئۆركەش بۇلاق
كالىيلىق سېلىترا كان ياتقۇلىرى ئىلگىرى - كېيىن
تېپىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تەپسىلىي تەكشۈرۈلدى.
چوڭ ئازگالدىكى كالىيلىق سېلىترا كان ياتقۇسى 4 ـ
دەۋرنىڭ ھازىرقى زامان كۆل قاتتىيىلىك خىمىيىلىك
چۆكۈندى قاتلىمى ۋە كرىستاللار ئارىسىدىكى ئىشقار-
لىق سۇلاردا ھاسىل بولغان بولۇپ، شەرق ۋە غەربتىن
ئىبارەت ئىككى كان گەۋدىسىگە بۆلۈنىدۇ. قاتتىق كان
قەۋىتى يەر يۈزىدە ئېچىلىپ قالغان بولۇپ گورىزونتال
ھالەتتە ياتقان. غەربىي كان ياتقۇسى قاتتىق ـ سۇيۇق
ئارىلاش قاتتىيىلىك بولۇپ، تارقىلىش كۆلىمى 1.5
كۋادرات كىلومېتىر، كان قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى
0.25~1.20 مېتىر كېلىدۇ. قاتتىق قاتتىيىلىك كا-
لىيلىق سېلىترا رۇدىسىنىڭ تەبىئىي تىپى سېغىزلىق،
تاش تۇزلۇق، كالىيلىق سېلىترا كېنى، تاش تۇزلۇق،
كالىيلىق سېلىترا كانىدىن ئىبارەت. رۇدىسى ئۇشـ
شاق- ئوتتۇراھال ئۇششاق دانچىلىق، توپسىمان ـ
كاللەكسىمان قۇرۇلمىلىق ھالەتتە بولىدۇ، توپسىمانـ
لىرى بوش، ئاسان ئۇۋۇلىدۇ. كاللەكسىمانلىرى زىچ،
قاتتىق بولۇپ، ئەۋرىشىملىككە ئىگە. رۇدا تەركىبى
ئاساسەن كالىيلىق سېلىترا، تاش تۇز، سۇلۇق شور،
ئىشقارلىق ماگنىي زەمچىسى، ناترىيلىق سېلىترا،
سودا، زەمچە، گەج، سۇسىز شور، كالتسىيلىق
شور ۋە لاي قۇم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. رۇدىدى-
كى ئاساسلىق پايدىلىق خىمىيىلىك تەركىبلەر:
$KNO_3$ 5.03%، $NaNO_3$ 2.29%، KCl 0.4%،
سۇيۇق قاتتىيىلىك كالىي نىتراتى كانىنىڭ چوڭقۇرلۇ-
قى 0.94~1.30 مېتىرچە، كانلىق قاتلامنىڭ قېلىنلى-

قى 2.20~4.67 مېتىرچە كېلىدۇ. ئاساسلىق پايدىلىق تەركىبلەر: $KNO_3$ 17.07 گرام/لىتىر، $NaNO_3$ 17.37 گرام/لىتىر. شەرقىي كان گەۋدىسى ئاساسەن سۇيۇق فاتسىيىلىك كان بولۇپ، كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 1.12 مېتىر، كانلىق قاتلامنىڭ قېلىنلىقى 2.18 مېتىر، رۇدىدىكى ئاساسلىق پايدىلىق تەركىبلەر: $KNO_3$ 7.68 گرام/لىتىر، $NaNO$ 7.05 گرام/لىتىر. ئېنىقلانغان C + D دەرىجىلىك $KNO_3$نىڭ زاپاس مىقدارى ئىچىدە قاتتىق فاتسىيىلىكنىڭ زاپىسى 78 مىڭ توننا، سۇيۇق فاتسىيىلىكنىڭ زاپىسى 171 مىڭ 100 توننا كېلىدۇ. بۇ كان 1996 ـ يىلى ئېچىلغان بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 10 مىڭ توننا بولماقتا.

**ناترىيلىق سېلىترا** ئاساسەن تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە، قۇمۇل ئويمانلىقىغا جايلاشقان، كان ياتمىسىنىڭ تىپى قاتتىق فاتسىيىلىك، سۇيۇق فاتسىيىلىك، سۇيۇق ـ قاتتىق ئارىلاشما فاتسىيىلىكتىن ئىبارەت. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ياساش مەزگىلىدە شياۋساۋخۇ ۋە سار ناترىيلىق سېلىترا كانلىرى



ناترىيلىق سېلىترا

تېپىلغاندىن كېيىن، 60 ـ يىللاردا بۇ كانلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانىدا يەنە خوڭتەي ناترىيلىق سېلىترا كېنى، ئاقتېرەك، چىچان، تاۋشۇيۈەنزى، دۇڭخۇ، شياۋيامۇسى، سىركىپ قاتارلىق ناترىيلىق سېلىترا كانلىرى، قىزىلقاراساي سېلىترا كېنى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلدى؛ 90 ـ يىللارغا كەلگەندە يەنە خوڭتەي ۋە ئاقتېرەك ناترىيلىق سېلىترا كانلىرىدا تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 1996ـ يىلى قۇمۇل ئويمانلىقىدا يەنە شەرقىي شىيىڭتەن تۇز كۆلى، سىخەي تۇز كۆلى، تۇزلۇق قاتارلىق ناترىي نىترات كانلىرى تېپىلدى. 1998 ـ يىلى تۇزلۇق ناترىي نىترات كېنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. قاتتىق فاتسىيىلىك ناترىي سېلىترا كېنى ئاساسەن ئېقىندى ـ چۆكۈندى ماددىلار ياكى يانباغىر دۆۋىلەنمىلىرى ۋە قالدۇق چۆكۈندىلىرىنىڭ چاك ۋە كاۋاكچىلاردا تىنىشىدىن ھاسىل بولغان، كان گەۋدىسى كۆپىنچە بۇ قاتلامنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا ھاسىل بولغان بولۇپ، قەۋەتسىمان تۈس ئالغان، ئاساسەن گورىزونتال جايلاشقان، كان گەۋدىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى تەكشى ئەمەس، يەككە كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500~5000 مېتىرغىچە، كەڭلىكى 200~2000 مېتىرغىچە، كان قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 0.2~1.50 مېتىرغىچە كېلىدۇ. رۇدىلىرىنىڭ تەبىئىي تىپى ئاساسەن قىرلىق شېغىلسىمان ناترىيلىق سېلىترا ۋە قۇمسىمان ناترىيلىق سېلىترا بولۇپ، رۇدىلىرىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ناترىيلىق سېلىترا. ناترىيلىق سېلىترا زەمچىسى، ئاق ناترىي ـ ماگنىي زەمچىسى، ئاق تۇز، گەج، شور، كالىيلىق شور، كالتسىيلىق شورلاردىن ئىبارەت. پايدىلىق خىمىيىۋى تەركىبلەر: $NaNO_3$ 2.00%~8.90%، KCl 0.09%~0.20%. سۇيۇق فاتسىيىلىك كالىي نىترات كېنى كۆپىنچە 4 ـ دەۋر ھازىرقى زامان تۇز كۆل كرىستاللىرى ئارىسىدىكى ئىشقارلىق سۇلاردا ھاسىل بولغان، تارقىلىش كۆلىمى ئادەتتە 1 ~ 5 كۋادرات كىلومېتىرغىچە بارىدۇ، سۇلۇق قاتلامنىڭ كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 0.30~1.35 مېتىر، كان قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 0.5~10.0 مېتىر كېلىدۇ، رۇدىلاردىكى ئاساسلىق پايدىلىق تەركىبلەر: $KNO_3$ 0.32~3.63 گرام/لىتىرنى، $NaNO_3$ 0.87~16.38 گرام/لىتىرنى تەشكىل قىلىدۇ. ئېنىقلانغان C+D دەرىجىلىك $NaNO_3$ زاپىسى: قاتتىق فاتسىيىلىكنىڭ 2 مىليون 377 مىڭ 500 توننا، سۇيۇق فاتسىيىلىكنىڭ 472 مىڭ توننا. شياۋساۋخۇ ناترىيلىق سېلىترا كېنى 1995 ـ يىلى ئېچىلغان بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 5000 توننا بولماقتا.

**كالىيلىق تۇز كانلىرى** ئاساسەن تارىم ئويمانلىقى، تۇرپان ـ قۇمۇل ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى، شۇنىڭدەك ئويمانلىقلارنىڭ ئەتراپلىرىدىكى 4 ـ دەۋرگە خاس ھازىرقى زامان تۇز كۆللىرىگە تارقالغان. ئاساسلىق كان چىقىدىغان جايلار لوپنۇر

كۆلى كالىيلىق تۇز كان ياتمىسى، ئۇنىڭدىن قالسا توخسۇن ناھىيىسىنىڭ شياۋ خېگشەن ـ ئۆركەش بۇلاق كالىيلىق تۇز كان ياتمىسى، قوبۇقسار ناھىيىسىنىڭ ماناس كۆلى كالىيلىق كان ياتمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. لوپنۇر كۆلى كالىيلىق تۇز كېنى ياتمىسى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. كۆلىمى 5500 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، سۇيۇق فاتسىيىلىكى ئاساسىي ئورۇندا، قاتتىق فاتسىيىلىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بايقالغان رۇدا تىپلىرى كالىيلىق تۇز ($KCl \cdot K_2SO_4$)، كالىيلىق سىلىترا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سۇيۇق فاتسىيىلىك كانلاردا كالىي خلورىد بىلەن كالىي سۇلفىد ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، يەر ئۈستىدىكى تاش تۇز پوستىنىڭ ئاستىدىكى دانىچىسىمان تاش تۇز كرىستاللىرى ئارىسىدىكى ئىشقارلىق سۇلار ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، تارقىلىش كۆلىمى بىر قەدەر كەڭ، قاتلام ئورنى مۇقىم. قاتتىق فاتسىيىلىك كانلار كالىيلىق سىلىترانى ئاساس قىلغان بولۇپ، كۆل ئويمانلىقىغا نىسبەتەن ئويمان يەرلەردىكى يەر ئۈستى تاش تۇز پوستلىرى ئارىسىغا تارقالغان، قېلىنلىقى ئادەتتە نەچچە ئون مېتىردىن بىر مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. مۆلچەردىكى زاپاس مىقدارى 100 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ.

**سوپۇن تاش** سوپۇن تاشنىڭ كەنجى تۈرى سىمېكتىت تۈرىدىكى مىنېراللار بولۇپ، ئاساسلىقلىرىدىن سوپۇن تاش، ماگنىيلىق سوپۇن تاش، لىتىيلىق سوپۇن تاش قاتارلىقلار بار. ئۇلار ئاساسەن گىرىم بۇيۇملىرى، كۈندىلىك بۇيۇملار خىمىيە سانائىتى، دورىگەرلىك قاتارلىق سانائەتلەردە ئىشلىتىلىدۇ. توخسۇن ناھىيىسى لىيۇشۇگۇ سوپۇن تاش كېنى 1984 ـ يىلى بايقالغان. 1984 ~ 1987 ـ يىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن. 1997 ~ 1998 ـ يىللىرى يەنە قىسمەن گېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، زاپىسى ئاشۇرۇلغان. بۇ سوپۇن تاش كان ياتمىسى پېرولىت، مول ئىشقارلىق گرانىت بىلەن ئوتتۇرا دىئۇن دەۋرىدىكى كىرېمنىيلىق مەر ـ مەر جىنىسلار تېگىشكەن بەلۋاغدا ھاسىل بولغان، تېگىشمە بەلۋاغ بىر قەدەر ئېغىر دەرىجىدە چىرىگەن ۋە يانجىلغان. شىمال، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئۈچ كانلىشىش بەلۋىغى بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 110 ~ 170 مېتىر، كەڭلىكى 20 ~ 38 مېتىرچە كېلىدۇ. رۇدىسى بوزرەڭ تۈس ئالغان، ئاساسلىق مىنېرالى سوپۇن تاش، ماگنىيلىق سوپۇن تاش بولۇپ، ئادەتتە تەركىبى 3% ~ 5 % گىچە، قىسمەن جايلىرىنىڭ 15% ~ 25 % گە يېتىدۇ. كرېمنىيلىق ھاكتاش جىنىسلىرىنىڭ يېرىقلىرىنى بويلاپ قەۋەتلىنىپ جايلاشقان. باشقا مىنېراللاردىن مونتمورىللونىت، كالتسىت، كۋارتس، دىئوپسىد، گراپېستون (ئۈزۈمتاش)، گارنىت (ئانار باش) لارمۇ بار. رۇدىلارنىڭ مۇسبەت ئىئون ئالماشتۇرۇشتىكى ئوتتۇرىچە سىغىمچانلىقى 13.69 مىللىي گرام ئېكۋىۋالېنت/100 گرام، ئوتتۇرىچە رەڭ سۇندۇرۇش مىقدارى 5.25 گرام/100 گرام، مونتمورىللونىت تەركىبى 11.88%، ئوتتۇرىچە كوللوئىد دەرىجىسى 73%. بۇ كان 1984 ـ يىلدىن تا ھازىرغىچە كىچىك كۆلەمدە قېزىلماقتا، كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى چەت ئەللەردىكى ئوخشاش مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتتى، خېلى بازارلىق بولۇپ، ئېچىش ئىستىقبالى ئىنتايىن ياخشى.

**تاشپاختا كېنى** تاشپاختا چىقىدىغان ئورۇندىن 30 نەچچىسى بايقالدى، ئۇلار ئاساسەن ئالتۇن تاغ، تەڭرىتاغ، غەربىي كۇئېنلۇن تېغى، غەربىي جۇڭغار قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئاساسلىق كان پەيدا بولۇش بەلۋىغى ئالتۇنتاغ تاشپاختا كان پەيدا بولۇش بەلۋىغى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىر كېلىدۇ، يەتتە ئورۇندىن كان ياتمىسى تېپىلدى، چوڭراقلىرىدىن يىتىمبۇلاق كېنى، ئىگبېتلىك كېنى، ئارپا تاشپاختا كېنى قاتارلىقلار بار. ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاشپاختا كېنى ھاسىل بولۇش بەلۋىغى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە غەربىي جۇڭغار تاشپاختا كېنى ھاسىل بولۇش بەلۋىغى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كان ياتمىسىنىڭ تىپى ئۇلترا ئاساسلىق جىنىسلارنىڭ سېرپېنتىنلاشقان تۈرىنى ئاساس قىلىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يىتىمبۇلاق تاشپاختا كان ياتمىسى تىپىك كان ياتمىسى بولۇپ، چاقىلىق ناھىيىسىدىن شەرقىي جەنۇبقا 250 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. بۇ كان كۈچلۈك سېرپېنتىنلاشقان ئۇلترا ئاساسلىق جىنىسلار گەۋدىسىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، تۆت تاشپاختىلاشقان جىنىس گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 0.98 ~ 9.5 كىلومېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 800 مېتىر كېلىدۇ. پاختا تومۇرى تورسىمان تومۇر ۋە ئىنچىكە تومۇرنى ئاساس قىلىدۇ، تاشپاختا توغرا تالالىق بولۇپ، بوي تالالىقلىرىمۇ ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدۇ. تالا ئۇزۇنلۇقى 0.5 ~ 10 مىللىمېتىرغىچە، ئايرىملىرى 50 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، تەركىبىدىكى تاشپاخـ

تەمىنىڭ مىقدارى %4~%8 نى تەشكىل قىلىدۇ. تاشپاختىنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيىلىك ئىقتىدارى ياخشى، سوزۇلۇشقا تاقابىلچانلىقى 300 كىلوگرام / كۋادرات مىللىمېتىر. ئىشقاردا چىرىش مىقدارى %2.63~%6.63 بولۇپ، ئىزولياتسىيىلىك ۋە ئادىئاباتىك ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى. بۇ كان ياتىقىدا ئېنىقلانغان تاشپاختا مىنېرالىنىڭ مىقدارى جەمئىي 19 مىليون 355 مىڭ توننا، كەلگۈسى زاپىسى 74 مىليون 730 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە پەۋقۇلئاددە چوڭ تىپتىكى تاشپاختا كان ياتىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

زۇلۇك تاش كېنى  لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىن شەرقىي جەنۇبقا 120 كىلومېتىر كېلىدىغان جىگەنبۇلاققا جايلاشقان، تارىم قەدىمكى قۇرۇقلۇق بۆلىكىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدىكى قۇرۇقتاغنىڭ دەسلەپكى قەدەمكى ھايات ئېراسىغا خاس ئالدىنقى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇلتىرا ئاساسلىق تاغ جىنسلىرى ئىچىدىكى زۇلۇك تاش كان ياتىقىغا كىرىدۇ. 1988 ـ يىلى تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن. كان گەۋدىسىنىڭ غەربتىن شەرققە بولغان ئۇزۇنلۇقى 4000 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى 300~850 مېتىر كېلىدۇ؛ زۇلۇك تاش كېنى بىلەن ئاپاتىت كېنى بىرگە پەيدا بولغان، ئاساسلىق جىنسلار گەۋدىسى ئىچىدە ناھايىتى روشەن بەلۋاغقا ئايرىلىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا زۇلۇك تاش، يان قىسىملىرىغا ئاپاتىت رۇدىلىرى ئورۇنلاشقان. زۇلۇك تاش كان گەۋدىسى ئاساسەن گورىزونتال يۆنىلىشتە ياتقان بولۇپ، كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى 0~35 مېتىر كېلىدۇ، ئاساسلىق تۆت كان گەۋدىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 2 ـ نومۇرلۇقى ئاساسىي كان گەۋدىسى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2300 مېتىر، كەڭلىكى 140 ~ 660 مېتىرغىچە، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 16~20 مېتىرچە كېلىدۇ؛ قالغان ئۈچ كان گەۋدىسىنىڭ ئادەتتىكى ئۇزۇنلۇقى 160~800 مېتىرچە، كەڭلىكى 30~160 مېتىرچە كېلىدۇ. رۇدىلىرىنىڭ تەبىئىي تىپى ئىچىدە سېرپېنتىت تىپلىق ۋە دىئوپسىد تىپلىق چىنىلار بولۇپ، سېرپېنتىت تىپلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. رۇدىلىرى كاللەكسىمان ھالەتتە بولۇپ، ئاساسەن زۇلۇك تاش، ئالتۇن، چىرىمتال، سېرپېنتىت، دىئوپسىد، ماگنىتلىق تۆمۈر تاش، كالتسىت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. زۇلۇك تاش تۈچرەڭ، سۇس قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، تارشلىنىش دەرىجىسى 4~15

مىللىمېتىر، ماي پارقىراق ۋە ئەينەك پارقىراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سورتى %20~%68؛ كېڭىيىش ھەسسىلىك سانى 10~33. بۇ كان شىنجاڭنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئىگە كان بايلىقى بولۇپ، ئېنىقلانغان زاپىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئومۇمىي زاپاسنىڭ %90 نى ئىگىلەيدۇ. ھازىرقى زاپىسى 10 مىليون 160 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ كان 1977 ـ يىلى ئېچىلغان، نۆۋەتتە كان مەھسۇلاتىنىڭ كۆپ قىسمى چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنماقتا.

گەج  تارقىلىشى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ھازىر مەلۇم بولغان كان نۇقتىلىرى 120 دىن ئاشىدۇ. كانلىق قاتلاملار ئوچىنچى سىستېما بىلەن تاشكۆمۈر سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭدىن قالسا دېۋون، پېرم، كېمبرىي، يۇرا سىستېمىلىرىغىمۇ تارقالغان. ئاساسلىق كان ھاسىل بولۇش بەلۋاغلىرىدىن تارىمنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئولتۇرۇشما ۋە كۇچا ئويمانلىقىنىڭ ئوچىنچى سىستېمىغا خاس گەج ھاسىل قىلىش بەلۋېغى، جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ تاشكۆمۈر ـ دېۋون سىستېمىسىغا خاس گەج كان ھاسىل قىلىش بەلۋاغلىرى بار. رۇدا تىپى ئاساسەن چۆكۈندى تىپلىق ۋە كېيىن ھاسىل بولغان چاك تولدۇرۇش تىپلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل، چۆكۈندى تىپلىقى يەنە دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندى ۋە قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىر قەدەر تېپىكلىرىدىن ئاقتۇ ناھىيىسىدىكى ئاراتاش ـ تامساي گەج كېنى بولۇپ، ئوچىنچى دەۋردە ھاسىل بولغان دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندى كان ياتىقى ھېسابلىنىدۇ. كان قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشى ئاساسەن جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە. كان قاتلىمى ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئۈززۈك ـ



گەج

ئۈزۈك ھالەتتە 80 كىلومېتىرغا سوزۇلغان، كان گەۋدىسى پەۋقۇلئاددە قېلىن قاتلامسىمان، قاتلامسىمانغا ئوخشاش تۈس ئالغان بولۇپ، ئادەتتىكى قېلىنلىقى 20 ~200 مېتىرغا، ئەڭ قېلىن جايى 300 مېتىرغا يېتىدۇ. رۇدىلىرىنىڭ ھەممىسى قارىسىمان گەج بولۇپ، ئاق كاللەكسىمان ۋە يوللۇق ھالەتلەردە كېلىدۇ. كاللەكسىمانلىرى بىر قەدەر ساپ، يوللۇقلىرىنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار. رۇدىلارنىڭ پايدىلىق تەركىبى $CaSO_4$ %86نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ كاننىڭ زاپىسى 10 مىليارد توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، پەۋقۇلئاددە چوڭ كان ياتىقى ھېسابلىنىدۇ، ئۈستى ئوچۇق، ئېچىشقا مۇۋاپىق.

ئاق چىرمىتال مەلۇم بولغان كان چىقىدىغان ئورۇنلار 130 دىن ئاشىدۇ، 49 ئورۇندىكىسىنىڭ زاپىسى ئېنىقلاندى، ئاساسەن ئالتاي، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، قۇمۇل، غەربىي كۇئېنلۇن، ئالتۇنتاغ قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئالتاي ئاق چىرمىتال كان ھاسىل بولۇش بەلۋېغى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئاق چىرمىتال كان ھاسىل بولۇش بەلۋېغى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 300 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 ~ 40 كىلومېتىر كېلىدۇ، كانلىق پېگماتىت تومۇرى 1200 دىن كۆپرەك بولۇپ، كان چىقىدىغان ئورۇنلار 100 دىن ئاشىدۇ. چارلاش خىزمىتى 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ دەسلەپىدىن باشلىنىپ 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقان. شىنجاڭ ئاق چىرمىتال كانلىرىنىڭ ھەممىسى گرانىتلىق پېگماتىت تىپلىق بولۇپ، گرانىتلىق پېگماتىت ئارىلاشما گرانىتلاشقان ۋە گرانىتلىنىش تەسىرى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان رايونلارغا تارقالغان، پېگماتىت تومۇرلىرى ھەمىشە توپ- توپ بولۇپ جايلىشىدۇ، شەكلى تومۇرسىمان، لىنزىسىمان، تورسىمان بولۇپ، كۆلىمى بىردەك ئەمەس، چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىرچە، قېلىنلىقى نەچچە مېتىردىن 30 مېتىرغىچە، كىچىكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى نەچچە مېتىردىن نەچچە ئون مېتىرغىچە، قېلىنلىقى بىر نەچچە 10 سانتىمېتىردىن نەچچە مېتىرغىچە؛ چوڭقۇرلۇقى بىرقانچە 10 مېتىردىن بىرقانچە 100 مېتىرغىچە كېلىدۇ، شۇنىڭدەك شاخلىنىش، بىرىكىپ كېتىش ھادىسىلىرىمۇ كۆرۈلىدۇ، يېتىش ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىر قەدەر چوڭ. ئاق چىرمىتاللىق پېگماتىتلارنىڭ پلاگىئوكلازنى ئاساس قىلغان ۋە مىكروكلىننى ئاساس قىلغان ئىككى خىل تىپى بار. بىر قەدەر ياخشى كانلاشقان پېگماتىتلاردا كۋارتس بىلەن ئاق چىرمىتالنىڭ ئورۇن ئالمىشىش تەسىرى ۋە ئوتتۇرا ھال كۆچىنىشتىكى ئالبىتلىشىش، ئورۇن ئالمىشىش تەسىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ناسىنچا ئاق چىرمىتال كان ياتىقى بىر قەدەر تىپىك كان ياتىقى بولۇپ، بۇ كاندىكى ئاق چىرمىتال پېگماتىتلار ئىچىدە تەكشى بولمىغان بەلۋاغسىمان، ئۇۋۇسىمان ياكى چاچمىسىمان ھالەتتە جايلاشقان. چىرمىتال چوڭ كرىستاللىق قاتلىما تاختىسىمان ۋە شىنىسىمان تۈس ئالغان بولۇپ، كرىستالنىڭ قېلىنلىقى بىرقانچە سانتىمېتىردىن 10 نەچچە سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ، ئەڭ قېلىن جايلىرى 20 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، چىرمىتالنىڭ دائىرە كۆلىمى 20~50 كۋادرات سانتىمېتىر بولۇپ، پەۋقۇلئاددە چوڭلىرىنىڭ 100~1000 كۋادرات سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، كۆپىنچىسى ئاق رەڭ ۋە سۇس چاي رەڭدە بولۇپ، سويۇپ نېپىز ياپراقچە قىلىشقا ئەپلىك. سانائەت رۇدىلىق نىسبىتى 10~100 كىلوگرام/كۇپ مېتىر، ماتېرىيال بولۇش نىسبىتى %30~%50 غىچە، قىسمەن جايلىرىنىڭ %70 گە يېتىدۇ. سۈپىتى ئوتتۇرا ھاللىرى كۆپرەك، ئەلا سۈپەتلىكلىرى ئاز ساندا بولۇپ، ئادەتتە سانائەت ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. 1959~1980 - يىللىرى شىنجاڭنىڭ چىرمىتال كانلىرىنى زور كۆلەمدە ئېچىش مەزگىلى بولۇپ، تەخمىنەن 34 مىڭ توننا سانائەت خام ئەشيا چىرمىتالى ئىشلەپ چىقىرىلغان، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن مەملىكەت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %52 نى ئىگىلىگەن. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ھازىرقى بار زاپاس 41 مىڭ 100 تونىغا يېتىدۇ.



ئاق چىرمىتال

**ھاڭ تاش كېنى** كان بايلىقى مول بولۇپ،
ئەۋزەل بايلىقلارنىڭ بىرى. شىنجاڭدىكى ئۈچ چوڭ تاغ
سىستېمىسىنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان؛ يىراق قەدىمكى
ئېرا تېمىدىن تارتىپ ئۈچىنچى سىستېمىغىچە بولغان
يەر قاتلاملىرىنىڭ ھەممىسىدىن تېپىلىدۇ، بۇنىڭ ئى-
چىدە ئەڭ ياخشىلىرى تاش كۆمۈر سىستېمىسىغا تار-
قالغان؛ دېڭىز فاتسىيىلىك، قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك ۋە
مېتامورفىزملىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىپى بار، بۇ-
نىڭ ئىچىدە دېڭىز فاتسىيىلىك پەيدا بولۇش تىپىدىكى-
لىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىرغىچە زاپىسى
ئېنىقلانغان كان مەيدانلىرى 35 ئورۇندا بولۇپ،
%50 كە يېقىنى ئېچىپ پايدىلىنىلماقتا، بۇنىڭ ئىچىدە
ئاساسلىق كان ياتقۇلىرىدىن خېجىڭ ناھىيىسىدىكى
ئۆرغول، تۇرپان شەھىرىدىكى شاپتۇللۇق، قۇمۇلدىكى
يامانسۇ، ئۈرۈمچىدىكى ليۇشۇگو بىلەن بەيياڭگو، ئۇ-
لۇغچات ناھىيىسىدىكى قىزىلئۆي، لوپ ناھىيىسىدىكى
ئاچچىق قاتارلىقلار بار. تۇرپان ۋوگزالىدىن شىمالغا
20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان تۇرپان شە-
ھەرلىك شاپتۇللۇق ھاڭ تاش كانىدا 1986 ـ يىلى
گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمىتى ئىشلەنگەن. كان
قاتلىمى ئوتتۇرا تاش كۆمۈر دەۋرىدە ھاسىل بولغان
بولۇپ، دېڭىز فاتسىيىلىك چۆكۈندى تىپىدىكى قاتلام-
سىمان كان ياتقىسى ھېسابلىنىدۇ. بەش كان گەۋدىسى
بار بولۇپ، بۇلاردىن 2ـ، 4 ـ نومۇرلۇق كان گەۋدىلە-
رى ئەڭ ياخشى، بۇ ئىككى كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇن-
لۇقلىرى 2400 مېتىر ۋە 2100 مېتىر، قېلىنلىقى
ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 100~200 مېتىر كېلىدۇ.
دىئاباز تومۇرى بىلەن دىئورىت تومۇرى كان گەۋدىسىگە
بۆسۈپ كىرگەن. رۇدىلىرى كۆپىنچە كۈلرەڭ، بوز ۋە
قوڭۇر رەڭدە ئۇچرايدۇ، مىنېراللىرىنىڭ تەركىبى ئا-
ساسەن كالتسىت بولۇپ، ئورگانىك ئۇۋۇندىلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئاز مىقداردىكى گىللىك ماددىلارمۇ بار.
رۇدىلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىدە CaO 52%~54%
نى، MgO 0.3%~2.83% نى، $Fe_2O_3$ 0.32%~0.4% نى،
$Al_2O_2$ 0.6%~1.1% نى، $SiO_2$ 2%~4% نى،
$SO_3$ 0.06%~0.07% نى ئىگىلەيدۇ. كۆيۈپ خوراش
مىقدارى %41. ئېنىقلانغان زاپىسى 302 مىليون توننا
بولۇپ، چوڭ تىپتىكى كان ياتقىسىغا كىرىدۇ. ئومۇ-
مىي بايلىق مىقدارىنىڭ 205 مىليارد 520 مىليون
تونىنغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

**بېنتونىت كېنى** ئاساسەن جۇڭغار ئويمانلىقى-
نىڭ شىمالىي گىرۋىكى، جەنۇبىي گىرۋىكى، شۇنىڭ-
دەك قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى شىيا-
زىجىي، جىمسار ناھىيىسىدىكى جاڭپېڭگو، كۈيتۇن
شەھىرىدىكى ئەنسەن تېغى، توخسۇن ناھىيىسىدىكى
كۆرجەي ھەم قۇمۇل ئويمانلىقى ۋە قۇمۇل شەھىرىدىكى
سار قاتارلىق 10 نەچچە ئورۇنغا تارقالغان، بۇ كانلار-
نىڭ كۆپ قىسمىدا گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمىتى
ئىشلەنگەن. رۇدىلارنى تەبىئىي تىپىگە ئاساسەن كال-
لەكسىمان، قۇمسىمان، قىرلىق شېغىلسىمان بېنتو-
نىت كانلىرىغا ئايرىشقا بولىدۇ؛ رەڭگىگە ئاساسەن
بوز، قېنىق قوڭۇر ۋە ھەرخىل رەڭلىك بېنتونىت
كانلىرىغا ئايرىشقا بولىدۇ؛ خاراكتېرىگە ۋە سانائەتتىكى
ئىشلىتىلىشىگە ئاساسەن ناترىي ئاساسلىق، كالتسىي
ئاساسلىق ۋە ناترىي ـ كالتسىي ئاساسلىق، كالتسىي-
ناترىي ئاساسلىق بېنتونىت كانلىرى دەپ ئايرىشقا بولى-
دۇ. قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى شىيا-
زىجىي بېنتونىت كېنى بىر قەدەر تىپىك بولۇپ، قۇ-
رۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندى تىپىدىكى كان ياتقىسى
ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ جەمئىي تۆت كان قاتلىمى بار،
ئەڭ ئۈستۈنكى كان قاتلىمى تۆۋەنكى ئۈچىنچى سىستې-
مىنىڭ قەدىمكى ـ دەسلەپكى يېڭىلىنىش دەۋرىگە تار-
قالغان؛ ئاستىنقى، ئوتتۇرانچى ۋە ئۈستۈنكى قەۋەتلە-
رى بور سىستېمىسىنىڭ يۇقىرىقى سېرىيىسى ئەيرىك
كۆلى گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈستۈنكى جىنس بۆلىكىدە ساق-
لانغان؛ يەككە كان گەۋدىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70~
2800 مېتىرغىچە، كان گەۋدىسىنىڭ يەككە قەۋەتلىرى-
نىڭ قېلىنلىقى 5~43 مېتىرغىچە كېلىدۇ. كان
گەۋدىسىنىڭ يېتىش ھالىتى ئاساسەن گورىزونتال؛
رۇدىلىرىنىڭ تەبىئىي تىپى بوز بېنتونىت، ئارىلاش
رەڭلىك بېنتونىت، قىزغۇچ قوڭۇر بېنتونىت، قۇم-
سىمان بېنتونىت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت؛ سانائەت تى-
پى ناترىي ئاساسلىق، كالتسىي ئاساسلىق بېنتونىت ۋە
ناترىي ـ كالتسىي ئاساسلىق، كالتسىي ـ ناترىي ئا-
ساسلىق بېنتونىتتىن ئىبارەت تۆت خىل؛ رۇدىنىڭ
مونتمورىللونىت تەركىبى %17.44~%17.84 كى-
چە، رەڭسىزلىنىش نىسبىتى %80.92~%91.98-
كىچە. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېنىقلانغان B+C+D
دەرىجىلىك ئومۇمىي زاپاس 37 مىليارد 800 مىليون
توننا، بايلىق مىقدارى 31 مىليون توننا بولۇپ، مەملى-
كەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**دولومىت كېنى** ھازىرغىچە مەلۇم بولغان كان
چېقىدىغان ئورۇن 30 نەچچە بولۇپ، تۆت ئورۇندىكى
كاننىڭ زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، چوڭ تىپتىكى


كان ياتقىسىدىن ئىككىسى بار. قۇمۇلدىن خېجىڭ ناھىيىسىگىچە بولغان تەڭرىتاغ رايونى ۋە كەلپىن رايونلىرىغا تارقالغان. ئاساسلىق كان ياتقىلىرىدىن قۇمۇل شەھىرىدىكى ۋىيا، خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بۇلۇستاي ـ ئۇلاستاي، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى سۆگەتبۇلاق، ئاقسۇ شەھىرىدىكى سايلىق، گۇما ناھىيىسىدىكى سانجۇ، ئاچچىق قاتارلىقلار بار. دولومىت كېنى قەۋەتسىمان ياكى لىنزىسىمان بولۇپ، كۆپىنچە ھاك تاشلار ئارىسىدا ئۇچرايدۇ. كان قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى بىر نەچچە مېتىردىن 100 مېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى بىر قانچە مېتىردىن بىر نەچچە مىڭ مېتىرغىچە بولۇپ، ئادەتتە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ، رۇدا سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى، رۇدىلىرىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىدە: $MgO$ 17%~21% نى؛ $CaO$ 24%~36% نى؛ $SiO$ 0.8%~5.3% نى ئىگىلەيدۇ. مىنېرال تەركىبى دولومىتنى ئاساس قىلىدۇ، ئاز مىقداردا كالتسىتمۇ بار. رۇدىلىرى ئاق، بوز، سېرىق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل كان كېمبىري سىستېمىسىدىن ئىلگىرىكى دولومىتلار ئارىسىغا جايلاشقان، رايون دائىرىلىك ئۆزگىرىش تەسىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، كانلىق جىنس سىستېمىسى مەرمەر تاش، كالتسىيلىق ئارشا جىنس، دولومىتلىق مەرمەر تاش قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن. قەدىمكى ھايات ئېراسى يەر قاتلاملىرىدىكى دولومىتنىڭ مېتامورفىزملىق دەرىجىسى بىر قەدەر ئاجىز. شىنجاڭنىڭ دولومىت بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، كۆلىمى زور، سۈپىتى ياخشى، ئېچىش ئاسان، ھازىرقى زاپىسى 178 مىليون توننا، مۆلچەرلەنگەن بايلىق ئومۇمىي مىقدارى 10 مىليارد توننىدىن يۇقىرى. نۆۋەتتە پەقەت كىچىك كۆلەمدە قېزىلماقتا.

**يېنىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى خام ئەشيالىرى** زۇلۇك تاش، تاشپاختا، گەج، چىرىمتاللاردىن باشقا، يەنە پېرلىت، سېئولىت، ساپال توپىسى، گىل تاش، سلانېتس قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى بار. 10 نەچچە جايدا پېرلىت، سېئولىت چىقىدىغان كان بار بولۇپ، ئىككىسى دائىم بىرگە پەيدا بولىدۇ، ئاساسەن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپىغا تارقالغان، كانلىق يەر قاتلىمى تاش كۆمۈر سىستېمىسىغا خاس كىسلاتالىق لاۋا قاتلىمىدۇر. ئاساسلىق كان ئورۇنلىرىدىن ۋۇسەيۋەنىڭ شىمالىدىكى پېرلىت، سېئولىت كان ياتقىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى قوشقۇدۇقنىڭ شىمالى، كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى، بورتالا ناھىيىسىنىڭ خەنجىخاي پېرلىت كان ياتقىسى قاتارلىقلار بار. مۆلچەردىكى بايلىق مىقدارى بىر قانچە ئون مىليون توننىغا يېتىدۇ، كۆپىنچە پېرلىت كان مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بۇ خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتىن 60 نەچچىسى بار. سېئولىت كېنى كىچىك كۆلەمدە ئېچىلماقتا. ساپال توپىسى، گىل تاش، سلانېتسلارنىڭ تارقىلىشى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ھەمىشە كۆمۈر كانلىرى بىلەن بىللە پەيدا بولۇپ، كۆمۈر كان قاتلاملىرىنىڭ تورۇسى ۋە تەگلىكى بولۇپ كېلىدۇ، ئادەتتە بۇلارنىڭ قاتلام ئورنى مۇقىم، كۆلىمى چوڭ بولىدۇ. ئاددىي خىزمەت ئىشلەنگەن كانلاردىن شىخو شەھىرىدىكى بايىنغول ساپال دانچىلىق سلانېتس كېنى، بورتالا شەھىرىدىكى ئاقتاغ، قاراماي شەھىرىدىكى ساپال توپىسى كېنى، سىجۇەن ناھىيىسى داخۇڭگۇ ساپال دانچىلىق گىل تاش كېنى قاتارلىقلار بار.

**گرانىت تاش** ئاساسەن ئالتاي تاغلىرى، غەربىي جۇڭغار، تەڭرىتاغ، شۇنىڭدەك غەربىي كۇئېنلۇن ـ ئالتۇنتاغ رايونلىرىغا تارقالغان، كىسلاتالىق جىنسلاردىن تارتىپ ئۇلترا ئاساسلىق جىنس، ئىشقارلىق جىنسلارغىچە، يىراق قەدىمكى ئېرانىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن تارتىپ يېڭى ھايات ئېراسى (ھىمالايا دەۋرى) گىچە بولغان دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان. ھازىرغىچە 70 نەچچە ئورۇندا كان ياتقىسى (نۇقتىسى) تېپىلىپ، بايلىق ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىر دەپ مۆلچەرلەندى، ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان تاش ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى 36 خىلغا يەتتى. ئېچىلىۋاتقان تاغ جىنسلىرى ئاساسەن كالىيلىق گرانىت، گنېيسسىمان گرانىت، ئالبىتلىق چىپار جىنس، گابىرو، دىئاباز، پىروكسېنلىق زەيتۇن تاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. رەڭگى جەھەتتە قىزىل، سېرىق، كۆك، قارامتۇل يېشىل، قارا، بوز قاتارلىق بىر قاتار رەڭلىكلىرى بار، مەلۇم ئالاھىدىلىكى ۋە داڭقى بارلىرىدىن شىنجاڭ قىزىلى، تەڭرىتاغ كۆكى، يۇلتۇز كۆك، تەڭرىتاغ مۇز گۈلى، جۈيخۇا سېرىقى، كۇنجۇت يېشىلى، قوشقۇدۇق قىزىلى، قوشقۇدۇق گۈلى، پىچان قىزىلى، خېتەن قىزىلى، تولى قىزىلى، بورتالا قىزىلى، تەڭرىتاغ يېشىلى، تەڭرىتاغ خوڭمېي، قار كۆكى، تەڭرىتاغ قىزىلى، تەڭرىتاغ ئاقچىپارى، قاپلان گۈلى، جۇڭخۇا يېشىلى قاتارلىقلار بار. نۆۋەتتە تۈرلۈك ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كانلاردىن 65 ى قۇرۇلدى، ئۇلار

ئاساسەن قۇمۇل، تۇرپان، ئالتاي، چۆچەك، بورتالا، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت ـ ئوبلاستلارغا تارقالغان. ھازىر تاش ماتېرىيال پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىدىن 60 نەچچىسى بار، كۆپىنچە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 5000~20000 كۋادرات مېتىر / يىل، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تاشتاختا ماتېرىيالى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 300 نەچچە مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەھسۇلات تۈرلىرىدىن چوڭ تاختا، نېپىز تاختا، ئۆلچەملىك تاختا، ھەرخىل قۇرۇلۇش تاختىلىرى ۋە ئالاھىدە شەكىللىك تاش ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك ئاز مىقداردىكى تاش ھەيكەل، تاش ئويمىلار بار.

**مەرمەر تاش** ئاساسەن ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي گىرۋەكلىرى، غەربىي كۇئېنلۇن ـ ئالتۇن تېغىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكى ۋە تاغ ئالدى رايونلىرىغا تارقالغان.



مەرمەر تاش

كېمبرىي سىستېمىسى، تاشكۆمۈر سىستېمىسى ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مېتامورفىزملىق تاغ جىنسلىرىنىڭ ھەممىسىدە بار بولۇپ، چۆكۈندى تىپلىق، مېتامورفىزملىق جىنس تىپلىق دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھازىرغىچە 50 دىن كۆپرەك كان ياتما (نۇقتىلىرى) تېپىلىپ، بايلىق مىقدارى 800 مىليون كۇب مېتىر دەپ مۆلچەرلەندى. نۆۋەتتە ئىشلىنىۋاتقان تاش ماتېرىياللارنىڭ تۈرلىرى 11 خىل بولۇپ، ئاساسەن مەرمەر، ھاكتاش، دولومىت، دولومىتلىق مەرمەر تاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. سۇس رەڭلىكلىرى ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، ئاق، بوز، ئاچ گۆشرەڭ، سارغۇچ يېشىل، ئاچ يېشىل، سۇس قارا رەڭلىكلىرىمۇ بار. مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئىگە مەرمەر تاش ماتېرىياللىرىدىن ناۋات سېرىقى، تەڭرىتاغ ئاق قاشتېشى، تەڭرىتاغ كەچكى شەپىقى، قار چېچىكى ئاق، ئاق بۇلۇت، ئاچ يېشىل، چوڭ قار چېچىكى، كىچىك قار چېچىكى، باھار گۈلى، چىپار قىزىلگۈل قاتارلىق تۈرلەر بار. ھازىر ئون نەچچە جايدا كىچىك تىپتىكى كانلار قۇرۇلدى، ئۇلار ئاساسەن قۇمۇل، تۇرپان، كورلا، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا تارقالغان. تاش ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلاردىن 11 ى بار بولۇپ، كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 1000 دىن 5000 كۋادرات مېتىرغىچە بولماقتا. مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن تۈرلۈك قۇرۇلۇش تاختا ماتېرىياللىرى، ئالاھىدە تاش ماتېرىياللار، شۇنىڭدەك تاش ھەيكەل، تاش ئويمىلاردىن ئىبارەت.

**گۆھەر تاشلار** شىنجاڭدا گۆھەر تاش چىقىدىغان جايدىن 50 نەچچىسى بار، ئەڭ داڭلىقلىرى ئالتاي تېغىدىن چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا كۇئېنلۇن تېغى، تەڭرىتاغ، ئالتۇن تاغ، شەرقىي جۇڭغار، غەربىي جۇڭغارلاردىنمۇ ئاز مىقداردا چىقىدۇ. شىنجاڭنىڭ گۆھەرلىرى 21 خىل 48 سورتقا بۆلۈنىدىغان بولۇپ، شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە گۆھەر خىللىرى ئەڭ كۆپ ئۆلكە ـ رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەرخىل گۆھەرلەرنى رەڭگىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئالاھىدە فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆك گۆھەر، خرىزوبېرىل، قىزىل تۇرمالىن، يېشىل تۇرمالىن قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. نۆۋەتتە كۆك گۆھەر، زۇمرەت تاش، تۇرمالىن، خرۇستاللار زور مىقداردا ئېچىلماقتا، بولۇپمۇ كۆك گۆھەر بىلەن تۇرمالىن ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە شۇ خىل گۆھەرلەرنى ئىشلەپ



كۆك گۆھەر

چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئورۇن. دېئوپسىد، سكاپولىت، كالتسىيلىق ـ ئاليۇمىنلىق ئانار تاش، يېشىل ئانار تاش قاتارلىقلار مەملىكىتىمىزدە كەم ئۇچرايدىغان

گۆھەرلەردۇر. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،
تاڭ سۇلالىسى ۋە بەش دەۋر مەزگىلىدىلا شىنجاڭدا
ئالماس، ياقۇت ئىشلەپ چىقىرىلغانىكەن. بىراق، گې-
ئولوگىيىلىك خىزمەت 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللى-
رىدىن باشلاپ ئىشلەنگەن. 80 - يىللاردا يۇقىرى
پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. شىنجاڭدا گۆھەر كان ياتقۇلىرى-
نىڭ تىپى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىچكى تەسىردىن
ھاسىل بولغان كان ياتقۇلىرىدىن: ماگما تىپلىق (ئال-
ماس)، زور كرىستال جىنس تىپلىق (كۆك گۆھەر،
تۇرمالىن، خرۇستال)، گازلىق ئىسسىق ئېرىتمە،
ئورۇن ئالماشتۇرۇش تىپلىق (كالتسىيلىق - ئاليۇمىن-
لىق ئانار تاش، سكابولىت)، ئىسسىق ئېرىتمە تىپلىق
(خرۇستال) كان ياتقۇلىرى بار؛ مېتامورفىزملىق
كان ياتقۇلىرىدىن رايونلۇق مېتامورفىزم تىپلىق (يا-
قۇت) كان ياتقۇسى بار؛ سىرتقى تەسىردىن پەيدا
بولغان كان ياتقۇلىرىدىن قالدۇق چۆكۈندى، يانباغىر
دۆۋىلەنمە تىپلىق (ياقۇت)، چاشما كان تىپلىق (ئال-
ماس) كان ياتقۇلىرى بار. بۇلاردىن زور كرىستال
جىنس تىپىدىكىسى ئەڭ داڭلىق. شىنجاڭ گۆھەرلىرى
پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر، ھازىر شىنجاڭدا مىڭغا يې-
قىن ئۈنچە - مەرۋايىت، گۆھەر، قاشتاش بۇيۇملىرى
دۇكىنى بار بولۇپ، گۆھەرلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە
سېتىلماقتا.

**خوتەن قاشتېشى** قەدىمكى زاماندا «كۇئېنلۇن
قاشتېشى»، «يۇرۇڭقاش قاشتېشى» دەپمۇ ئاتالغان،
شىنجاڭنىڭ كۇئېنلۇن تېغى رايونىغا تارقالغان. بۇ
قاشتاش ماگنىيلىق مەرمەر تاش بىلەن ئوتتۇراھال
كىسلاتالىق ماگما جىنسلارنىڭ ئۇچرىشىپ ئورۇن ئال-
ماشتۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان ترېمولىت بىرىكمە گەۋدى-
سىدىن تەركىب تاپقان. ھازىر مەلۇم بولغان خوتەن
قاشتېشى چىقىدىغان ئورۇندىن 20 نەچچىسى بار بو-
لۇپ، كۇئېنلۇن تېغى بىلەن ئالتۇن تاغلىرىغا، قاغى-
لىق ناھىيىسىدىن تارتىپ چاقىلىقچە بولغان رايونلار-
غا تارقالغان. داڭلىق كان ياتقۇلىرىدىن كېرىيە ناھىيە-
سىدىكى ئالماس، چەرچەن ناھىيىسىدىكى ئاتلىقسۇ،
قاغىلىق ناھىيىسىدىكى مىشەردەي تېغى قاتارلىق كان
ياتقۇلىرى بار. كان ياتقۇلىرىنىڭ ئەسلىدىكى، غۇلاپ
دۆۋىلەنگەن ۋە چاشما كان ياتقۇسى دېگەن ئۈچ خىل
تىپى بار. ئەسلىدىكى كان ياتقۇسى ماگنىيلىق مەرمەر
جىنس بىلەن ئوتتۇراھال كىسلاتالىق ماگما جىنسلار-
نىڭ ئۇچرىشىپ ئورۇن ئالماشتۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان
بولۇپ، كۆپلىگەن شەرتلەرنىڭ قاتتىق كونترول قىلى-
شىغا ئۇچرايدۇ، ئادەتتە بۇنداق كان گەۋدىسىنىڭ كۆ-
لىمى چوڭ بولمايدۇ؛ غۇلاپ دۆۋىلەنگەن كان ياتقۇسى
ئەسلىدىكى كانلارنىڭ يېمىرىلىش، غۇلاش ۋە سۇ ئېقى-
نى تەسىرىدىن ھاسىل بولغان؛ چاشما كان ياتقۇلىرى
دەريا ئېقىنلىرى، پەلەمپەي يەرلەر، يەلپۈگۈچسىمان
دەريا چۆكۈندىلىرى، كەلكۈن دۆۋىلەنمىلىرىدە كەڭ
تارقالغان. يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، يە-
كەن دەريالىرى داڭلىق قاشتېشى چىقىدىغان دەريالار-
دۇر. قاشتېشى تاغ قاشتېشى، تاغ ئېقىن قاشتېشى،
سۇ قاشتېشى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، سۇ قاشتېشى-
نىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى. رەڭگىگە قاراپ ئاق
قاشتېشى، سېرىق قاشتېشى، كۆك قاشتېشى، قارا
قاشتېشى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مايلىق قاشتېشى
ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مىنېرال تەركىبى
ترېمولىت بولۇپ، دانىچىسى ئىنتايىن ئۇششاق، كۆ-
پىنچىسى كىگىزسىمان قۇرۇلمىلىق كېلىدۇ. سۈپە-
تى سىپتا، سىلىق، ئۈزى ئىللىق، جۇلالىق، موس
قاتتىقلىقى 6～7 غىچە، ئەۋرىشىملىكى ئىنتايىن يۇقى-
رى بولۇپ، قاشتاشلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىلى شۇ.
ئۇنىڭ ئېچىپ ئۈزلەشتۈرۈلۈش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ،
شاڭ- يىن دەۋرلىرىدىلا جۇڭگونىڭ قاشتېشى ئەسۋابلى-
رىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى بولۇپ قالغان. قاشتاشقا ئا-
ئىت گېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر 20- ئەسىرنىڭ 50-
يىللىرىدا قانات يايدۇرۇلدى، ھازىرغىچە يەنىلا داۋام-
لىق قېزىلماقتا. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 100 تون-
نىغا يېتىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 18- بېتى-
دىكى «خوتەن قاشتېشى مىڭ بۇت سۈرىتى» گە قارالسۇن)

**كىلىمات بايلىقى** بۇ يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق،
سۇ پارى، شامال قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى كۆرسە-
تىدىغان بولۇپ، ئۇن چوڭ دۆلەت زېمىنى بايلىق
مەنبەسىنىڭ بىرى، باشقا تەبىئىي بايلىقلارغا
ئوخشاشلا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي
نەرسىلەرگە ۋە ئېنېرگىيىگە ئېرىشىشىدىكى مۇھىم
مەنبە. شىنجاڭدا مول يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق باي-
لىقى بار. يىللىق قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ ئومۇمىي
مىقدارى 5000～6600 مېگاجوئۇل / كۋادرات مېتىر
بولۇپ، چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن قالسىلا 2-
ئورۇندا تۇرىدۇ، پۈتۈن يىلدا شىنجاڭغا يېتىپ كېلىدى-
غان قۇياش رادىئاتسىيىسى ئېنېرگىيىسى $3.2\times10^{11}$
توننا ئەلا سۈپەتلىك كۆمۈردىن چىقىدىغان ئېنېرگىيىگە
تەڭ كېلىدۇ. يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى
2550～3500 سائەت بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1 -
ئورۇندا تۇرىدۇ. كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا
≤10℃ بولغان جۇغلانما تېمپېراتۇرا شىمالدىن جەنۇبقا
قاراپ 2800℃～5400℃ بولىدۇ، تۇرپاندا 5500℃ قا
يېتىدۇ. قىروسىز مەزگىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا

180~220 كۈن، شىمالىي شىنجاڭدا 140~185 كۈن. ئەمما ئىسسىقلىق مىقدارى مۇقىم ئەمەس، يىللار ئارا ئۆزگىرىشى چوڭ، ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە ئىسسىق، سوغۇق ئۆزگىرىشى كەسكىن بولىدۇ. شىنجاڭ قۇرغاق رايون بولۇپ، نەملىك بايلىقىنىڭ تارقىلىشى تەكشى ئەمەس، ئەمما بىرقەدەر مۇقىم. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا 150~250 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا 100 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ. تاغلىق رايونلاردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى ئويمانلىقلاردىكىدىن كۆپ بولۇپ، يىللار ئارا ئۆزگىرىشمۇ كىچىك بولىدۇ. ئۇ شىنجاڭدىكى دەريا سۇلىرىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى. شىنجاڭدا مول شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى بار بولۇپ، ئېچىپ پايدىلىنىشتىكى يوشۇرۇن كۈچىمۇ زور، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى 300~1500 كىلوۋات سائەت/ كۋادرات مېتىر ئارىلىقىدا بولۇپ، يىللىق شامال ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ساقلىنىش مىقدارى 30 تىرىليون كىلوۋات سائەت ئەتراپىدا.

**يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسى بايلىقى** شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى كۈن نۇرى چۈشۈشى بىرقەدەر مول بولغان رايونلارنىڭ بىرى، يىللىق ئومۇمىي كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2470~3380 سائەت بولۇپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ ئازىيىپ بارىدۇ، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى شىمالىي قىسمىدا جەنۇبىي قىسمىغا قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ. ئىككى چوڭ ئويمانلىقنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە ھەر بىرسىدە بىردىن تۆۋەن قىممەتلىك رايون بار بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە 2700 سائەتتىن ئاز، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە 2600 سائەتكىمۇ يەتمەيدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي، شىمالىي ئېتىكىدە، ئويمانلىقتىن تارتىپ تاغلىق رايونلارغىچە يىللىق كۈن نۇرى چۈشىدىغان كۈن سانى ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئازىيىپ بارىدۇ؛ كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە بولسا، ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئېشىپ بارىدۇ. تۈرلۈك زىرائەتلەر ئۆسۈپ يېتىلىشتە، قۇياش رادىئاتسىيىسىدىن ئېنېرگىيىگە ئېرىشىدۇ. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 380~710 مىكرومىللىمېتىر بولغان كۆرۈنىدىغان يورۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېزلىق رولى جەريانىدا، خلوروفىل تاللاپ قوبۇل قىلىدىغان قىسىمدۇر. بۇ بىر قىسىم قۇياش رادىئاتسىيىسى فوتوسىنتېزلىق ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدىكى فوتوسىنتېزلىق ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە بىرقەدەر مول بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدا يىلىغا 2700~3100 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر، شىمالىي شىنجاڭدا بولسا يىلىغا 2500~2800 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر بولىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بەلگىلىك تېمپېراتۇرا شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پەقەت ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى ئىچىدىلا، فوتوسىنتېزلىق ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥10℃ بولغاندا، فوتوسىنتېزلىق ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥10℃ بولغان مەزگىلدىكى فوتوسىنتېزلىق ئۈنۈملۈك رادىئاتسىيە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا 1900~2000 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر، شىمالىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا بولسا 200~2300 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي ئېتەكلىرىدە بولسا 2500 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر؛ شەرقىي قىسمىدا 2600~2750 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر، كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە 2600 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر، شەرقىي شىنجاڭدا بولسا 2500~2700 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر بولىدۇ.

**ئىسسىقلىق بايلىقى** ئىسسىقلىق بايلىق مەنبەسىنىڭ كۆپ - ئازلىقى ئادەتتە بەلگىلىك تېمپېراتۇرا چەكلىمىسىدىن مۇقىم ئۆتكەن جۇغلانما تېمپېراتۇرا، قىروسىز مەزگىل، كىلىمات قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىسسىقلىق بايلىقى مول، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ≥10 بولغان جۇغلانما تېمپېراتۇرا تۇرپاندا 5500℃ قا يېتىدۇ، تارىم ئويمانلىقىدا كۆپىنچە 4000℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ئىلى ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولسا 3000℃~3600℃ بولىدۇ، ئالتاي، چۆچەك ۋە ئىلىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ۋادىلىرىدا بولسا 2500℃~3000℃ بولىدۇ. شىنجاڭ كۈندىلىك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ≥10℃ بولغان ۋاقىتنى قىرو كۆرسەتكۈچى قىلىدۇ. قىروسىز مەزگىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇزۇنراق، شىمالىي شىنجاڭدا قىسقىراق، تۈزلەڭلىكتە ئۇزۇنراق، تاغلىق رايونلاردا قىسقىراق، جەنۇبىي شىنجاڭدا 180~220 كۈن، شىمالىي شىنجاڭدا 140~285 كۈن بولىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يازدا يۇقىرى، قىشتا تۆۋەن بولۇپ، 1 - ئايدا ئەڭ تۆۋەن، 7 - ئايدا ئەڭ يۇقىرى

بولىدۇ. ئەتىياز، كۈزدىكى يۇقىرىلاش، تۆۋەنلىشى كەسكىن بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىش پەرقى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، كۆپىنچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40°C ئەتراپىدا بولىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى مىجۇەن شەھىرىنىڭ سەيجاخۇدا 44.9°C قا يېتىدىغان بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە پەرق ئەڭ چوڭ جاي ھېسابلىنىدۇ. ئىلى ۋادىسى ۋە چۆچەك ئويمانلىقىدا بولسا 30°C~35°C بولىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا 40°C بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈنلۈك ئۆزگىرىش پەرقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن شىمالىي شىنجاڭدا 12°C ~ 14°C، جەنۇبىي شىنجاڭدا 13°C~16°C بولىدۇ، تاغلىق رايونلاردا ئادەتتە 10°C ئەتراپىدا بولىدۇ. 1975 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۇرپان ئايرودرومىدا كۆزىتىلگەن مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا قىممىتى 48.9°C بولغان، ئەڭ ئىسسىق ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرانىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى تۇرپان بولۇپ، 1974 - يىلى 7 - ئايدا 41.9°C بولغان، ئەڭ ئىسسىق ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى بولغىنىمۇ تۇرپان بولۇپ، 7 - ئايدا 33.0°C بولغان. كۈندىلىك ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ≥40°C بولغان قاتتىق ئىسسىق كۈن سانى تۇرپاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 37.3 كۈن، ≥35°C بولغان پەۋقۇلئاددە ئىسسىق كۈن سانى تۇرپاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 4.98 كۈن بولىدۇ. بۇ كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ھەممىسى مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىسسىقلىق مىقدارى بويىچە ئايرىغاندا، شىنجاڭدا جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئىللىق تېمپېراتۇرىلىق بەلۋاغ، ئوتتۇرا تېمپېراتۇرىلىق بەلۋاغ ۋە سوغۇق تېمپېراتۇرىلىق بەلۋاغ دەپ ئايرىغىلى بولىدۇ، ئويمانلىقتىن تاغلىق رايونلارغا قاراپمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىدىكىدەك ئۈچ تېمپېراتۇرا بەلۋېغىغا ئايرىغىلى بولىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى سۇبتروپىك كىلىماتنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى ئۆلچىمىگە يېتىدۇ.

**شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى**

شىنجاڭنىڭ شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئىنتايىن مول، يىللىق شامال ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپاس مىقدارى 3 تىرىليون كىلوۋات - سائەت ئەتراپىدا، تاغ ئېغىزلىرى شامال ئېنېرگىيە بايلىقى ئەڭ مول جايلار بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى يىلىغا 3000 كىلوۋات - سائەت/ كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى، جۇڭغار ئويمانلىقىدا كۆپىنچە يىلىغا 300~800 كىلوۋات - سائەت/ كۋادرات مېتىر؛ تارىم ئويمانلىقىدا كۆپىنچە يىلىغا 300 كىلوۋات - سائەت/ كۋادرات مېتىر؛ شەرقىي قىسمىدا يىلىغا 800 كىلوۋات - سائەت /كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى. شامال ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە جايلار كۆپىنچە شىمالىي شىنجاڭدىكى شامال ئېغىزلىرى، دەريا ۋادىسى، تاغلىق جىلغىلار ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى، غەربىي شىمالىي قىسمى ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى يەتتە ئورۇنغا مەركەزلەشكەن. ① ئېرتىش دەريا ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى شامال رايونى (ئۆز ئىچىگە قابا، بۇرچىن، جېمىنەي قاتارلىق جايلارنى ئالىدۇ)، شامال ئېنېرگىيىسى يىلىغا 900~1100 كىلوۋات - سائەت/ كۋادرات مېتىر. ② جۇڭغار ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمى شامال رايونى: شىمالدا قۇبۇقسارنىڭ جەنۇبىدىن قارامايغىچە ھەمدە تولىدىكى لاۋفېڭكوغىچە بولۇپ، شامال ئېنېرگىيىسى يىلىغا 700~1500 كىلوۋات - سائەت/ كۋادرات مېتىر. ③ ئالاتاۋ ئېغىزى— ئېبىنۇر كۆلى شامال ئېغىزى: يارىكۆل تېغى بىلەن ئالاتاۋنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورانكۆل جىلغىسىغا جايلاشقان شامال ئېنېرگىيىسى يىلىغا 3000~4000 كىلوۋات - سائەت/ كۋادرات مېتىر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە شامال ئېنېرگىيە بايلىقى ئەڭ مول رايون. ④ ئۈرۈمچى - داۋانچىڭ شامال رايونى: ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى ئولانبايدىن داۋانچىڭ تاغ ئېغىزىغىچە بولۇپ، شامال ئېنېرگىيىسى يىلىغا 2000 ~3000 كىلوۋات-سائەت / كۋادرات مېتىر. بۇ يەردە ھازىر ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان بولۇپ، شامال كۈچى گېنېراتورى گۇرۇپپىسىدىن 111 بار، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 57 مىڭ 500 كىلوۋات - سائەت. ⑤ قۇمۇلنىڭ جەنۇبىي شىمالىي گوبىسىدىكى شامال رايونى: شەرقىي تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يانباغرىدىكى سەنتاڭخۇ - جومولخۇ گوبىيى ۋە گاشىن گوبىيىغا جايلاشقان. شامال ئېنېرگىيىسى يىلىغا 1500~2000 كىلوۋات-سائەت/ كۋادرات مېتىر. ⑥ تۇرپان شامال رايونى: ئۆز ئىچىگە تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى خۇگۇدىن سەنگىپچۇەنگىچە بولغان «30 چاقىرىملىق شامال رايونى» نى، بەيياڭگۇدىن توقسۇنغىچە بولغان شامال رايونى ۋە تۇرپاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئايدىڭكۆل شامال رايونىنى ئالىدۇ. شامال ئېنېرگىيىسى يىلىغا 1500~2000 كىلوۋات - سائەت/ كۋادرات مېتىر. ⑦ يۈز چاقىرىملىق شامال رايونى: قۇمۇلنىڭ غەربىي، لەن-

جۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ لياۋدۇڭدىن شىەنجيەنغىچە بولغان يۈز كىلومېتىرلىق يول ياقىسى بولۇپ، شامال ئېنېرگىيىسى يىلىغا 2000 كىلوۋات - سائەت/كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى بولىدۇ.

**قۇياش ئېنېرگىيىسى بايلىقى** شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، بۇلۇت مىقدارى ئاز، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كۆپ، قۇياش رادىئاتسىيىسى ئىنتايىن مول. يىللىق ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى يىلىغا 5000 ~ 6000 مېگاجوئۇل / كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئېلىمىز بويىچە قۇياش ئېنېرگىيىسى مول رايون. قۇياش ئېنېرگىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا شىمالىي شىنجاڭدىن كۆپرەك، شەرقىي شىنجاڭدا غەربىي شىنجاڭدىن كۆپرەك، تاغلىق رايوندا ئويمانلىقلاردىن كۆپرەك، ئومۇمەن شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا قاراپ تەكشىسىز ھالدا ئازىيىپ بارىدۇ، ھەربىر پاراللېلدا تەخمىنەن يىلىغا 60 ~ 80 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر ئازىيىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا يىلىغا 5200 ~ 5600 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئادەتتە يىلىغا 6000 ~ 6200 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر. قىسمەن ئەڭ چوڭ جاي قۇمۇلدا بولۇپ، جۇموخۇ ئويمانلىقىدا يىلىغا 6600 مېگا جوئۇل/ كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدە بولسا يىلىغا 5200 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر بولۇپ، تۈزلەڭلىك رايونىدىكى قۇياش ئومۇمىي رادىئاتسىيىسى ئەڭ ئاز بولغان رايون ھېسابلىنىدۇ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلار 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئاز قىممەتلىك يەرلەر بولۇپ، يىلىغا 5600 مېگاجوئۇل/ كۋادرات مېتىر بولىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قۇياش ئېنېرگىيىسى مول بولغان رايونلار ئاساسلىقى شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇن تاغ ئەتراپىغا جايلاشقان. قۇياش رادىئاتسىيىسى ئومۇمىي مىقدارى يىلىغا 6300 مېگاجوئۇل / كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى؛ 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان قۇياش ئېنېرگىيىسى مول رايون ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقالغان، قۇياش رادىئاتسىيىسى ئومۇمىي مىقدارى يىلىغا 5600~6300 مېگا جوئۇل/ كۋادرات مېتىر؛ قۇياش رادىئاتسىيىسى بىرقەدەر مول بولغان رايون ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭ، قۇياش رادىئاتسىيىسى ئومۇمىي مىقدارى يىلىغا 5000~5600 مېگا جوئۇل/ كۋادرات مېتىر.

**ئەمەلىيەت بايلىقى** قۇرغاقچىلىق بىلەن نام چى-

قارىغان شىنجاڭدا سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر يۈزى سۈيى، يەر ئاستى سۈيى ۋە ئېگىز تاغدىكى قار - مۇزلار ئېرىگەن سۇنىڭ تۈپ كېلىش مەنبەسى ئاتموسفېرا يامغۇر - يېشىنى. ھاۋادىكى سۇ پارىنىڭ كۆپ- ئازلىقى ئاتموسفېرا يامغۇر - يېشىنىنىڭ كۆپ- ئاز بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. شىنجاڭنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا، پۈتۈن يىلدا 1 تىرىليون 200 مىليارد توننا سۇ پارى ئايلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ سۇ پارىنىڭ 80%ى شەرققە ئېقىپ گەنسۇ، چىڭخەي ۋە تاشقى موڭغۇلغا كىرىدۇ، پەقەت 20% ئەتراپىدىكىسى، يەنى 240 مىليارد توننا ئەتراپىدىكى سۇ پارى يامغۇر، قار قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چۈشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 33%ى دەريا ئېقىنلارنى تولۇقلايدۇ، 7.5%ى مۇزلۇقلارنى تولۇقلايدۇ. ھەرخىل پارغا ئايلىنىشلارنى چىقىرىۋەتكەندە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى دەريا - ئېقىنلار تەبىئىي ھۆل- يېغىندىن (تاغلىق رايوندىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە مۇزلۇقلارنىڭ تولۇقلىنىشىدىن جەمئىي 90 مىليارد كۇب مېتىر سۇ مىقدارىغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىليارد كۇب مېتىرى چەت ئەلگە ئېقىپ كېتىدۇ.

**ئوتلاق بايلىقى** شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ تەخمىنىي كۆلىمى 57 مىليون 258 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 34.44%نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 48 مىليون 8000 گېكتار، تەبىئىي چاپىملىق كۆلىمى 1 مىليون 551 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە، ئورمانچىلىققا، چارۋىچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان 55 مىليون 20 مىڭ گېكتار يەرنىڭ 86.9%نى ئىگىلەيدۇ. ئوتلاقلار تۈزلەڭلىكتىن تارتىپ ئېگىز تاغدىكى قار لىنىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا جايلاشقان بولۇپ، بۇ شىنجاڭدا ئوتلاق چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ماددىي بازىسى. شىنجاڭنىڭ ئوتلاق كۆلىمى مەملىكەت بويىچە 3- ئورۇندا تۇرىدۇ، پەقەت شىزاڭ ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭكىلا كەينىدە. ئوتلاق تىپى ئىنتايىن مول، ئوتلاقتىن پايدىلىنىش شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچىنى باھالىغاندا، ئوتلاق سۈپىتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى تۈزگەن «جۇڭگو ئوتلاق تىپىنى تۈرلەرگە ئايرىشتىكى ئايرىش ئۆلچىمى ۋە جۇڭگو ئوتلاق تىپىنى ئايرىش سىستېمىسى» دىكى پرىنسىپقا ئاساسەن، شىنجاڭدا 11 ئوتلاق تىپى، 25 ئوتلاق كەنجە تىپى، 131 ئوتلاق گۇرۇپپىسى ۋە 687 ئوتلاق تۈرىگە

ئايرىشقا بولىدۇ.

**ئوتلاق ئوت - چۆپ بايلىقى** شىنجاڭ ئوتلاقلىرىدا چارۋا بېقىشقا بولىدىغان تەبىئىي ئوت - چۆپ تۈر سانى 2930 تۈرگە يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، تارقىلىش مىقدارى ئەڭ كۆپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىرى 382 خىل بولۇپ، ئوت - چۆپ بايلىقى ئومۇمىي سانىنىڭ 13.04%نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئېكولوگىيىلىك جۇغراپىيىلىك رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، ھەرخىل تىپتىكى ئوتلاقلارنىڭ ئاساسلىق تۈرىنى شەكىللەندۈرىدىغان سورتى ۋە ئۈستۈنلۈككە ئىگە سورتى ھېسابلىنىدۇ. مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، پۇرچاق ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسى، لويلا ئائىلىسى، قىياق ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپ تۈرى شىنجاڭ ئوتلاقلىرى ئوت - چۆپ بايلىقىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەر ئاساسەن تاغلىق رايونلاردىكى ئوتلاقلارغا جايلاشقان بولۇپ، ئوت - چۆپ تۈرىنى شەكىللەندۈرىدىغان سورتلار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى، ئوزۇقلۇق ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپ - ئازلىقى، سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى شۇ رايوندىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەر ھەر تۈرلۈك ئوتلاقلارغا تارقالغان بولۇپ، تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن تۈرلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى. پەقەت ئاز ساندىكى ئەمەن ئۇرۇقدىشى، يوگىمەچ ئەمىنى ئۇرۇقدىشى، چۆل سېغىز ئۇرۇقدىشى، ئاچانىيە ئۇرۇقدىشىدىكى بىر قىسىم سورتلار چۆللۈك، يېرىم چۆللۈك ئوتلاقلارنىڭ ئوت - چۆپ قۇرۇلمىسىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ تۈرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئېگىز تاغلاردىن تۈزلەڭلىكلەرگىچە، ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى ئوتلاقلارنىڭ ھەممىسىگە تارقالغان، جۈملىدىن نۇرغۇن تۈرلىرى چىملىق ئوتلاقلار ۋە چۆللۈك ئوتلاقلىرىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. قارىغان (پىرمە) ئۇرۇقدىشى تاغلىق چاتقاللىق ئوتلاقلىرىدىكى ئاساسلىق تۈر شەكىللەندۈرىدىغان سورت؛ چۈچۈك بۇيا ئۇرۇقدىشى، يانتاق ئۇرۇقدىشى بولسا، پەسلىك شورتاڭلىق چىملىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئاق گۈللۈك ئۈچ قولاق، ياۋا كۆك پۇرچاق، كەكىرا، تەلۋە، ئۆپقان، بىدە قاتارلىق ئۇرۇقداشلاردىكى بەزى سورتلارمۇ بۇ ئوتلاقلاردىكى ئاساسلىق ھەمراھ تەركىب بولۇپ، ئوتلاقنىڭ ئوت تۈرى سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئوتلاقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لويلا ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ، مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭ لويلا ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەر ئەڭ مول بولغان رايون ھېسابلىنىدۇ؛ جۈملىدىن، نۇرغۇن تۈرلىرى شىنجاڭ چۆللۈك ئوتلاقلىرىنىڭ ئاساسىي تەركىبى بولۇپ، ئۇلار ئوزۇقلۇق قىممىتى جەھەتتە، بولۇپمۇ قۇرغاق رايونلاردا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم رولغا ئىگە. قىياق ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپلەردىن، يازدا پايدىلىنىدىغان ئوتلاقلاردا قوغجاي ئۇرۇقدىشى ۋە ئەمەن ئۇرۇقدىشىدىكى بەزى سورتلار ئاساسلىق ياكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە سورت بولۇش ئورنى بىلەن ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىق ئوتلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**ئوتلاق ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى** ئوتلاق ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەر بايلىقى ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلىرى، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر، سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، مۇھىتتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر قاتارلىق تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ.

① يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلىرى: ياۋايى يېمەكلىك ئۆسۈملۈكلىرىدىن شىنجاڭ ياۋا ئالمىسى، ياۋا ئۆرۈك، ئالۇچا، جىغان، ئۈچلۈق جىگدە، قارا مالىنا، بۆلجۈرگەن ۋە دولانا قاتارلىقلار بار. ياۋايى ۋىتامىنلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قوچقاچ تىل، تار يوپۇرماق ئات قولاق، ھەرخىل بىدىلەر، ياۋايى يالپۇز، ھەرخىل پاقا يوپۇرمىقى، ھەرخىل ماكاپ قاتارلىقلار بار. تەبىئىي كراخمال، قەنت تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەردىن يىلانسىمان قامچا ئوت، تاغ قامچا ئوتى، چىگىلىك قاتارلىقلار بار. تەبىئىي ئاقسىللىق ئۆسۈملۈكلەردىن كۆپ خىل ياۋا پۇرچاق، شالاڭ يوپۇرماقلىق يانتاق قاتارلىقلار بار. تەبىئىي ياغلىق دان ئۆسۈملۈكلىرىدىن ياۋا ياڭاق، ياۋا بادام قاتارلىقلار بار.

② دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر: شىنجاڭدا چىقىدىغان دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 2014 خىل بولۇپ، 158 تۈر، 637 ئۇرۇقداشقا تەۋە. قوملۇقلاردىن تارتىپ ئېگىز تاغلارغىچە ھەممە جايغا تارقالغان، ئىنتايىن كۆپ خىل دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە زاپاس مىقدارى كۆپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولغانلىرى چۈچۈك بۇيا، سوغا گۈل، چاكاندىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈر. شىنجاڭنىڭ چۈچۈك بۇيا بايلىقى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆلىمى 933

مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، ھەر يىللىق يىغىۋېلىنىش مىقدارى 60 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. سوغا گۈلىنىڭ شىنجاڭدا تۆت خىل تۈرى بار، ئاساسلىقى ئىلى، بورتالا قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. يىللىق يىغىۋېلىنىش مىقدارى 200 توننىدىن ئاشىدۇ. چاكاندىنىڭ شىنجاڭدا ئون نەچچە تۈرى بار بولۇپ، ئاساسلىقى تۇراقلىق قۇم بارخانلىرىغا، گوبى ۋە تاغ جىنسلىق تاغلارغا جايلاشقان. بۇنىڭدىن سىرت، شىنجاڭدىلا بار بولغان دورىلىق ئۆسۈملۈكتىن يەنە كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە بولغان شىنجاڭ ھېڭى، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى قار لەيلىسى، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى شىنجاڭ ئالىقاتى قاتارلىقلار بار.

③ سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر: بۇنىڭدا ئاساسلىقى ياۋايى تالالىق ئۆسۈملۈكلەردىن قومۇش، چىغ، كەندىر قاتارلىقلار، ياۋايى ئاشلاش خورۇچى ئۆسۈملۈكلىرىدىن بەش چېچەكلىك سۆگەت، ئەمەن (سۆگەت)، تىيانشان ئات قۇلىقى بار؛ ياۋايى خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەردىن قۇلماق گۈلى، جۇڭگو جۇۋىسى، ياۋا يالپۇز، باشاق گۈللۈك يالپۇز قاتارلىقلار بار.

④ مۇھىت ئاسراش ئۆسۈملۈكلىرى: ئاساسلىقى شامالدىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان سۆكسۆك، جۇزغۇن، تېرىسكەن، شالاڭ يوپۇرماقلىق يانتاق؛ كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان چىملىق ئۆسۈملۈكلىرىدىن قوڭغۇر باش، قارا ئىجرىق، ئاق ئۆچ قۇلاق، قىزىل ئۆچ قۇلاق قاتارلىقلار بار.

**مۆتىدىل چىملىق يايلاق تىپى** ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 166 مىڭ گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەم 1 مىليون 86 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق كۆلىمى ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەمنىڭ 2% ۋە 2.3% نى ئىگىلەيدۇ. ئاسمان تەڭرىتاغ سۇ بۆلگۈچ داۋانىنىڭ شىمالىدىكى تاغلارنىڭ ئوتتۇراھال تاغ بەلۋېغىغا، يەنى تاغلىق يىڭنە يوپۇرماق ئورمانلىق بەلۋېغىنىڭ تۆۋەنكى قىرغىقىغا جايلاشقان ياكى تاغلىق چىملىقنىڭ كۆنگەي باغرى بىلەن تاغلىق قۇرغاق ئوتلاقنىڭ تەسكەي باغرىنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ، كەڭلىكى تەخمىنەن 100~200 مېتىر كېلىدىغان، ئۇلاشمىغان بەلۋاغ شەكلىدە جايلاشقان. چىملىق ئوتلىقى جايلاشقان رايونلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئىللىق نەم بولۇپ، يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 350~450 مىللىمېتىر، تۇپرىقى تاغلىق قوڭغۇر كاشتان تۇپراق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسلىقى ئوتتۇراھال قۇرغاق مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان ۋە قۇرغاق مۇھىتقا كەڭ دائىرىدە ماسلىشالايدىغان كۆپ يىللىق باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر. ئوتلاقتىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلەر، ئاساسلىقى تېپچاق، يايلاق قوغچىيى، سىلىۋ، ئىنچىكە يوپۇرماق قوڭغۇر باش، شىنجاڭ قوڭغۇر بېشى، تېۋىلغا، ئازغان، شىنجاڭ ئارچىسى ۋە مەرۋەرەك قاتارلىقلار. تاغلىق چىملىق ئوتلىقىدا ئوت - چۆپ تۈرى مول، بىرقەدەر قويۇق ئۆسىدىغان بولۇپ، ئوت - چۆپ ئېگىزلىكى ئادەتتە 30~40 سانتىمېتىر، قاپلاش دەرىجىسى 60%~70% بولۇپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى 3500~4560 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

**مۆتىدىل يايلاق تىپى** ئومۇمىي كۆلىمى 4 مىليون 807 مىڭ 700 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 4 مىليون 422 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق كۆلىمى ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەمنىڭ 8.4% نى ۋە 9.2% نى ئىگىلەيدۇ. تارقىلىشى ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تاغلىقلارنىڭ ئاساسلىق ئوتلاق تىپى ھېسابلىنىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا بەلۋاغ شەكلىدە پەس تاغ رايونىغا جايلاشقان، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا ئوتتۇراھال تاغ بەلۋېغى، كەنجى ئېگىز تاغ بەلۋاغلىرىغا جايلاشقان. مۆتىدىل يايلاق تىپى شىمالىي شىنجاڭدا تاغلىق ئوتلاق ۋېرتىكال بەلۋېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ھاۋا كىلىماتى تاغلىق چىملىق ئوتلىقىغا سېلىشتۇرغاندا قۇرغاقراق؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا تاغ باغرىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ، كۆپىنچە ئېگىز ھەم سوغۇق رايون يايلىقى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاغلىق يايلاق تىپى جايلاشقان رايونلارنىڭ كىلىماتى شىمالىي شىنجاڭدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، قۇرغاق ھەم سوغاق. تۇپرىقى كۆپىنچە سېرىق تۇپراق شەكلىدىكى تاغلىق كاشتان تۇپرىقى بولۇپ، كۆنگەي باغرىنى كۆپىنچە قۇم - شېغىل قاپلاپ تۇرىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قۇرغاقچىلىققا ماسلىشىدىغان كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىن تەركىب تاپقان، غوۋژەك ئۆسىدىغان باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى. ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلەر ئاساسلىقى تېپچاق، جىلغا تېپچىقى، سىلىۋ، غەربىي شىمال سىلىۋسى، كوئىنلون سىلىۋسى، كەشپەر قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەمەن تۈرىدىكى يېرىم چاتقاللىقلار بولۇپ، ئاساسلىقى سوغۇق ئەمەن، شىنجاڭ ياجۇيى، ئېگىز تاغ يۇگمەچ ئەمىنى قاتارلىقلار. مۆتىدىل ئوتلاق تىپىدىكىلەرنىڭ ئوت - چۆپ قاتلىمى ئومۇمىيۈزلۈك بىرقەدەر پاكار بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارىمۇ بىرقەدەر تۆۋەن. ئوت - چۆپ قاتلىمىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 20~

25 سانتىمېتىر، قاپلاش دەرىجىسى 50% ~ 60% بولۇپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوت ـ چۆپ مىقدارى 1410~2295 كىلوگرام بولىدۇ.

**مۆتىدىل چۆللۈك يايلاق تىپى** تارقىلىشى بىرقەدەر كەڭ، ئومۇمىي كۆلىمى 6 مىليون 298 مىڭ 600 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 5 مىليون 809 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 11% ۋە 12.1% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىمات شارائىتىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئوتلاق چىملىقى ئىچىدە ئەڭ قۇرغاق تىپ ھېسابلىنىدۇ. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 150~300 مىللىمېتىر. تۇپرىقى سېرىق تۇپراق، قۇم ـ شېغىللىق سۇس كاشتان تۇپراق ۋە كاشتان تۇپراق. شىمالىي شىنجاڭدا تاغ ئالدى تۈزلەڭلىكلىرى ۋە ئوتتۇرا تۆۋەن تاغ بەلۋېغىغا تارقالغان، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا، ئوتتۇرا ھال تاغ بەلۋېغى ۋە كەنجى ئېگىز تاغ بەلۋېغىغىچە سوزۇلغان. ئۆسۈملۈك يېپىنچىسىنىڭ قۇرۇلمىسى قۇرغاق مۇھىتقا ماسلاشقان كۆپ يىللىق ئۆششاق باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلىدۇ. كۆپ مىقداردىكى چۆللۈك ئەمەن تىپىدىكى يېرىم چاتقاللار، شورلۇق يېرىم چاتقاللىرى ۋە قۇرغاق مۇھىتقا ماسلاشقان چاتقاللار ئارىلىشىپ ئۆسكەن. ئارىلىشىش دەرىجىسى 30%~50% كە يېتىدۇ. چۆللۈك ئوتلىقىنىڭ تۈرلىرىنىڭ موللۇقى، قاپلىنىش دەرىجىسى ۋە ئوت ـ چۆپ مىقدارى ئومۇمىيۈزلۈك باشقا ئوتلاقلاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئوت قاتلىمىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 10~30 سانتىمېتىر بولۇپ، قاپلىنىشى 15%~40%، ھەر گېكتارنىڭ ئوت ـ چۆپ مىقدارى 855~1200 كىلوگرام.

**ئېگىز ھەم سوغۇق رايون يايلاق تىپى** بۇ سوغۇق ھەم قۇرغاق بولغان ئېگىز تاغ، كەنجى ئېگىز تاغ رايونىدا يېتىلگەن بىر خىل ئالاھىدە يايلاق تىپى. كۇئېنلۇن تېغى، پامىر ئېگىزلىكى، تەڭرىتاغ ۋە ئالتاي تاغلىرىغا تارقالغان. ئومۇمىي كۆلىمى 4 مىليون 331 مىڭ 900 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 3 مىليون 860 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ ئوتلاق كۆلىمى ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەمنىڭ 7.6% ۋە 8% نى ئىگىلەيدۇ. تارقالغان رايونلاردا كىلىمات قۇرغاق ۋە سوغۇق بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا سىلسىيە 0 گرادۇستىن تۆۋەن، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئازىيىپ بارىدۇ. تۇپرىقى ئېگىز ھەم سوغۇق رايون ئوتلاق تۇپرىقىنى ئاساس قىلىدۇ. كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئويمانلىق رايونىدا كۆپىنچە قۇم ـ شېغىللىق ۋە قۇملۇق تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ. ئۆسۈملۈك يېپىنچىسىنىڭ قۇرۇلمىسى سوغۇق ھەم قۇرغاق مۇھىتقا ماسلاشقان غۇژمەك ئۆسىدىغان باشاقلىق ئوتلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئۈستۈنلۈككە ئىگە سورتى ئاساسلىقى سۆسۈن چېچەك تېپچاق، تەمە، قاتتىق يوپۇرماقلىق قوغازاي قاتارلىقلار. كۇئېنلۇن، پامىر ئېگىزلىكىدە تاغنىڭ ئېگىزلىشىگە، سوغۇق ۋە قۇرغاقلىق دەرىجىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ قۇرغاقلىققا، سوغۇققا بەرداشلىق ئەمەن تۈرىدىكى يېرىم چاتقال ۋە ياتما يېرىم چاتقاللار كۆپىيىپ، چۆللۈك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئوت تۈركۈمىنىڭ قۇرۇلمىسى مول ئەمەس، چارۋا باقىدىغان ئوت ـ چۆپلەر تەخمىنەن 40 تۈردىن تۆۋەن بولۇپ، ئۆسۈشى شالاڭ، ئوت ـ چۆپ قاتلىمى پاكار، ئوت ـ چۆپ چىقىش مىقدارى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئوت ـ چۆپ قاتلىمىنىڭ ئېگىزلىكى 10~20 سانتىمېتىر، قاپلىنىش دەرىجىسى 20%~40%، ھەر گېكتارنىڭ ئوت ـ چۆپ مىقدارى 450~1200 كىلوگرام.

**مۆتىدىل يايلاقلاشقان چۆللۈك تىپى** ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىكلەرگە تارقالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاغلىقلاردىمۇ ئاز مىقداردا تارقالغان. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000~2400 مېتىر كېلىدىغان، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي باغرىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2800~3000 مېتىر كېلىدىغان جايلاردىمۇ بەلۋاغ شەكلىدە تارقالغان. كۆلىمى 4 مىليون 418 مىڭ 500 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 3 مىليون 566 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 7.4% ۋە 7.7% نى ئىگىلەيدۇ. تارقالغان رايونلارنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىردىن تۆۋەن. تۇپرىقى تۈزلەڭلىك قوڭۇر چۆل تۇپرىقى، تاغلىق قوڭۇر چۆل تۇپرىقى. ئوتلاقنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى شورلۇق چاتقال تىپى، ئەمەن تىپىدىكى يېرىم چاتقاللىقلارنى ئاساس قىلغان، ئوت ـ چۆپ توپى ئىچىدە 10%~30% قۇرغاق مۇھىتقا ماسلاشقان كۆپ يىللىق ئۆششاق باشاقلىق ئوت ـ چۆپلەر ئارىلاشقان بولۇپ، ئوتلاق تىپىدىكى كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۈرگەن. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسلىقى ئىنچىكە غوللۇق ئاق ئەمەن، ئاق غوللۇق ئاق ئەمەن، بورتالا ئاق ئەمىنى، تۆگە قېرىن،

قامىراق، قىسقا يوپۇرماق ئىت سىيگەك، چۆل سىلوسى قاتارلىقلار. تۈزلەڭلىك رايونلاردا يەنە ئاز مىقداردىكى سۆكسۆك بار. تاغلىقلاردا يەنە قارىغان ئۇرۇقدىشى تۈرىدىكىلەر ۋە چاكاندا قاتارلىق چاتقاللار ئارىلاش ئۆسكەن. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئوت - چۆپ تۈركۈمىدە يەنە قىسقا ئۆمۈرلۈك ۋە قىسقا ئۆمۈرلۈك تۈرىدىكى ئۆسۈملۈك قەۋىتى بار بولۇپ، ئۇ باش باھاردىكى چارۋا باقىدىغان ئوت - چۆپنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئوت - چۆپ قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى 10~40 سانتىمېتىر، قاپلاش دەرىجىسى 20%~30%، ھەر گېكتارنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى 780~1425 كىلوگرام.

**مۆتىدىل چۆللۈك تىپى** شىنجاڭنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئوتلاق تىپى بولۇپ، تۈزلەڭلىك ۋە تاغلىق جايلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك يەر يۈزى تۈزۈلۈشىگە تەۋە. ئومۇمىي كۆلىمى 21 مىليون 311 مىڭ 900 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 16 مىليون 99 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق كۆلىمى ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەمنىڭ 35.5% ۋە 37.3%نى ئىگىلەيدۇ. ① تۈزلەڭلىك چۆللۈكى شىمالىي شىنجاڭدا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە تاغ ئالدى كەلكۈن چۆكۈندىسى - كەلكۈن چۆكۈندىسى تۈزلەڭلىكى، ئىلى ئويمانلىقى، بورتالا ئويمانلىقى، چۆچەك ئويمانلىقىغا تارقالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ چەتلىرى ھەمدە تاغ ئالدى يانتۇ تۈزلەڭلىكنىڭ يۇقىرى قىسمىغا تارقالغان. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى يېرىم دەرەخ غوللۇق سۆكسۆك، ئاق سۆكسۆكنى، چاتقاللىقلار كۆپ خىل جۇجگۇن، كۆپ خىل يۇلغۇن، پەردىلىك چاكاندا، تۆگە تاپان قاتارلىقلارنى، شورلۇق يېرىم چاتقىلى تېرىسكەن، تۆگە قېرىن، قامىراق، كۆپ خىل ئىت سىيگەك، قامغاق ئۇرۇقدىشى قاتارلىقلارنى، ئەمەن تۈرىدىكى يېرىم چاتقاللىقلار بورتالا ئاق ئەمىنى، شىنجاڭ ئەمىنى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. ② تاغلىق چۆللۈكلەر ئالتاي تاغلىرىدىن باشقا جايلاردا، ھەرقايسى تاغلارنىڭ ۋېرتىكال تەبىئىي بەلۋېغىنىڭ ئاساسىي بەلۋېغىغا جايلاشقان، ئورۇنلاشقان رايونلىرىنىڭ كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 150 مىللىمېتىردىن تۆۋەن. تۇپرىقى قۇمساڭ، شېغىللىق قوڭۇر چۆل تۇپرىقى ۋە شور تۇپراق. ئۆسۈملۈك يېپىنچىسىنىڭ قۇرۇلمىسى شورلۇق چاتقال تۈرى ۋە ئەمەن تۈرىدىكى يېرىم چاتقاللىقلارنى ئاساس قىلىدۇ. تۈرى تۈزلەڭلىك چۆل تىپىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، تۈزلەڭلىك چۆل تىپىنىڭ تاغلىق جايلارغا قاراپ سوزۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىك ۋە تاغلىق جايلاردا، بولۇپمۇ ئىلى ئويمانلىقى، چۆچەك ئويمانلىقىدا قىسقا ئۆمۈرلۈك ۋە قىسقا ئۆمۈرلۈك تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ئەتىياز پەسلىدە بىرقەدەر ياخشى يېتىلىدىغان بولۇپ، ئوت - چۆپ قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى شالاڭ، قاپلىنىش دەرىجىسى 5%~30%، ھەر گېكتارنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى 450~1410 كىلوگرام بولىدۇ.

**ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چۆللۈكى تىپى** پامىر ئېگىزلىكىگە، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئالتۇن تاغنىڭ غەربىدىكى ئېگىز تاغ رايونىغا تارقالغان. ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 117 مىڭ 500 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 804 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، پۈتۈن شىنجاڭ ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمى ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمىنىڭ 1.7% ۋە 2%نى ئىگىلەيدۇ. تارقالغان جايلىرىنىڭ كىلىماتى ئېگىز ھەم سوغۇق، قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدىغان، يەر يۈزى قۇرغاق، بوش بولۇپ، توڭدىن يېرىلغان يوچۇقلار كۆپ بولىدۇ. تۇپرىقى ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چۆللۈك تۇپرىقى، كۆپىنچىسى تۇپراقلىق، ئارىلاپ قۇملۇقلار بار. ئۆسۈملۈك يېپىنچا قەۋىتى ئېگىزلىك ھەم سوغۇقتا، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، شامالغا تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئەمەن تۈرىدىكىلەر ۋە ياتما يېرىم چاتقاللاردىن تەركىب تاپقان. ئۈستۈنلۈككە ئىگە سورتىدىن ئېگىز تاغ يۈگمەچ ئەمىنى، تېرىسكەن، ياتما تېرىسكەن، شىزاڭ ئاجانىيەسى، قىسقا گۈللۈك سىلو قاتارلىقلار بار. ئوت تۈركۈمى شالاڭ، پاكار بولۇپ، ئېگىزلىكى ئادەتتە 5~10 سانتىمېتىر، قاپلىنىش دەرىجىسى 5%~10%، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 25%كە يېتىدۇ. ھەر گېكتارنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى 150~310 كىلوگرام.

**پەس تۈزلەڭلىك چىملىق تىپى** بۇنىڭ ھاسىل بولىدىغان يەرلىرى تاشقىنىدىن بولغان تۈزلەڭلىك، كەڭ ساي، كۆل ئەتراپى، كۆل ئويمانلىقى چۆكمىلىرى ۋە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى چۆكمە

جايلار. تارقىلىشى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق كۆل ئويمانلىقى، پەس تاغ جىلغىلىرى، چوڭ دەريا ئېقىنلىرى قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ تىپتىكى ئوتلاقلار بار. ئوتلاق كۆلىمى 6 مىليون 885 مىڭ 800 گېكتار. پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەم 6 مىليون 36 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمى ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەمنىڭ 12% ۋە 12.6%نى ئىگىلەيدۇ. ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى ئوتتۇراھال نەملىك، قۇرغاق ئوتتۇراھال نەملىك، نەملىككە ماسلىشىدىغان باشاقلىق ئوتلار، يۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئوتلار ۋە ئارىلاش ئوتلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى قومۇش، چىغ، ئىجىرىق، ئاق ئۆلەڭ، كۆپ خىل چۆچەك بۇيا، بۇيا، شالاڭ يوپۇرماقلىق يانتاق، چىغىرتماق، يوغان يوپۇرماقلىق ئاق كەندىر، زاغزاق قاتارلىقلار. تۆپرىقى چىملىق تۆپرىقى، شورلاشقان چىملىق تۆپرىقى ۋە چۆللۈك چىملىق تۆپرىقى بولۇپ، تۆپراق قاتلىمى بىرقەدەر قېلىن، ئورگانىك ماددىلار ۋە مۇنبەتلىكلىكى بىرقەدەر يۇقىرى. ئوت - چۆپ قاتلىمى ئادەتتە 50~100 سانتىمېتىر. قاپلىنىش دەرىجىسى ئادەتتە 60%~80% بولۇپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى 2640~7755 كىلوگرام.


**تاغلىق چىملىق تىپى** بۇ تىپ مەركەزلىك ھالدا تەڭرىتاغ سۇ بۆلگۈچ داۋانىنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى تاغلارنىڭ ئوتتۇراھال تاغ بەلۋېغى ۋە كەنجە ئېگىز تاغ بەلۋېغىغا جايلاشقان. سۇ بۆلگۈچ داۋانىنىڭ جەنۇبىدا پەقەت كەنجە ئېگىز تاغ بەلۋېغىدىلا پارچە - پۇرات چىملىق كۆزگە چېلىقىدۇ. شىنجاڭدا تاغ ئورمىنى بارلىكى جايلاردا تاغ چىملىقى تەرەققىي قىلغان. ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون 870 مىڭ 600 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەم 2 مىليون 657 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق كۆلىمى ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەمنىڭ 5% ۋە 5.5%نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىقى بىلەن تاغ يايلىقىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى غەربتىن شەرققە قاراپ تەدرىجىي يۇقىرىلاپ بارىدۇ. تارقالغان رايوننىڭ كىلىماتى نەم، يامغۇر مىقدارى يېتەرلىك، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 400~600 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 1.9°C، تۆپرىقى تاغ چىملىق تۆپرىقى ۋە كەنجى ئېگىز تاغ چىملىق تۆپرىقى بولۇپ، تۆپراق قەۋىتى قېلىن، ئورگانىك ماددىلار مول، مۇنبەتلىكلىكى يۇقىرى. چۆپلۈك يېپىنچىسى تاغلىق جايلاردىكى يېتىلىشى ئەڭ ياخشى تىپ بولۇپ، ئېگىز ئوت - چۆپلۈك چىملىق ۋە پاكار چىملىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئېگىز ئوتلۇق چىملىق ئېگىز باشاقلىق ئوتلار ۋە ئېگىز ئارىلاش ئوتلاردىن تەركىب تاپقان. باشاقلىق ئوتلارنىڭ ئىچىدە يالتىر باش، ھارام شاغىر، چوڭ توشقان قۇيرۇق، زەۋەك، شىنجاڭ كىرپە باش ئوتى قاتارلىقلار بار. ئارىلاش تۈردىكى ئوتلاردا يايلاق قاقىر تۇمشۇقى، تىك قاقىر تۇمشۇقى، ياۋا قوقەنگۈل، قېلىن قىر، مەرۋەرەك، تۈكلۈنەك يىلتىزلىق مەرۋەرەك، تاغ توشقان ئوتى قاتارلىقلار بار. باشاقلىق ئوتلارنىڭ كۆپىيىش شېخىنىڭ ئېگىزلىكى 90—120 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. ئوتلاقنىڭ ئېگىزلىك دەرىجىسى 50~80 سانتىمېتىر، قاپلاش دەرىجىسى 85%~100% بولۇپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوت- چۆپ مىقدارى 6375 كىلوگرام. پاكار ئوتلۇق چىملىق تۈركۈمى قوغىجاي ۋە بىرقەدەر پاكار بولغان ئارىلاش ئوت - چۆپلەر ھەمدە باشاقلىق ئوت- چۆپلەردىن تەركىب تاپقان. مەسىلەن، قارا گۈللۈك قوغىجاي، ئاق ئۇچلۇق قوغىجاي، سىبىرىيە ئۈنچە ئوتى، تەڭرىتاغ ئۈنچە ئوتى، تاغ قامچا ئوتى، تاغ جۇپار بېشى، تېپچاق قاتارلىقلار. ئوت قاتلىمىنىڭ ئېگىزلىكى 20~30 سانتىمېتىر، قاپلاش دەرىجىسى 80%~90% بولۇپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى 3450~4500 كىلوگرام.

**ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىق تىپى** تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغى ۋە جۇڭغارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق جايلار قاتارلىق ئېگىز تاغ قار - مۇز بەلۋېغى، ياكى ئېگىز تاغ ئاستىدىكى ياتما ئۆسۈملۈك يېپىنچىسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان. كوئېنلون تېغىدا بولسا، ئېگىز تاغ ئويمانلىقلىرى ۋە تەسكەي باغرىغا پارچە - پۇرات تارقالغان. ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىقى تىپىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 3 مىليون 763 مىڭ 700 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 3 مىليون 419 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ ئوتلاق كۆلىمى ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمىنىڭ 6.6% ۋە 7.1%نى ئىگىلەيدۇ. سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇراھال نەملىك ئۈششاق قىياق ئوتلىرى، ئۈششاق ئارىلاش

تىپتىكى ئوت - چۆپلەر ۋە ئۆششاق غوۋزەك ئۆسىدىغان باشاقلىق ئوتلار قاتارلىق ئۈچ چوڭ تىپتىكى ئۆسۈملۈكلەردىن تەركىب تاپقان. ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىقىنىڭ ئوت - چۆپ قاتلىمى پاكار، قۇرۇلمىسى ئاددىي، قاتلامغا ئايرىلىشى روشەن ئەمەس، ئەمما ئوت - چۆپ تۈركۈمىنىڭ ئۆسۈشى قويۇق، قاپلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى، ئۆسۈش پەسلى قىسقا، ئوت - چۆپ مىقدارى تۆۋەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئوت - چۆپ قاتلىمىنىڭ ئېگىزلىكى 10～20 سانتىمېتىر، قاپلىنىش دەرىجىسى 40%～90% بولۇپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى 600～3150 كىلوگرام.

**سازلىق تىپىدىكى ئوتلاق** ئاساسلىقى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى ھەرقايسى چوڭ دەريا ئېقىنلىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى ۋە دەريا ئېغىزى، تاشقىن تۈزلەڭلىكى، كۆل ئەتراپى، تاغ ئالدىدىكى يەر ئاستى سۈيى سىڭىپ چىققان جايلار، تاغ ئارىسى پەس ئويمانلىقلىرىدىكى كۆل بويلىرى ۋە ئېگىزلىكتىكى ئويمانلىقلارغا تارقالغان. ئومۇمىي كۆلىمى 266 مىڭ 600 گېكتار. پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 244 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمى ۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمىنىڭ 0.46% ىنى ۋە 0.5% ىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭدىكى سازلىق سامان غوللۇق سازلىق بولۇپ، ئوت تۈركۈمى نەمخۇش كۆپ يىللىق يىلتىزسىمان غوللۇق ئوتلار ۋە قىياق ئوت تۈرىدىكىلەردىن تەركىب تاپقان. ئاساسلىقى قومۇش، پىزەك، چىم ئوت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. قاپلىنىش دەرىجىسى 60%～90% بولۇپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى 3900～7200 كىلوگرام.


**يازلىق ئوتلاق** تەخمىنىي كۆلىمى 11 مىليون 761 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 20.5% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىقى ھەرقايسى چوڭ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇراھال ئېگىز تاغ بەلۋېغىغا جايلاشقان. ئالتاي تېغى، جۇڭغارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق جايلار ھەمدە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي باغرىدا، ئادەتتە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1700～3400 مېتىر ئارىلىقىدا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدا 2600～360 مېتىر ئارىلىقىدا تارقالغان. كۇئېنلۇن تاغلىرىدا بولسا، 3200～4200 مېتىر ئارىلىقىدا تارقالغان. ئوتلاق تىپى ئاساسلىقى تاغلىق چىملىق ئوتلىقى، تاغلىق چىملىقى، ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىقى ھەم ئېگىز ھەم سوغۇق رايون ئوتلىقى بولۇپ، كۆپىنچىسى ئەلا



يازلىق ئوتلاق

سۈپەتلىك ئوتلاقلارغا تەۋە. كۇئېنلۇن تاغلىرىدا بولسا، تاغلىق جاي ئوتلىقى، ئېگىز ھەم سوغۇق رايون يايلىقى ۋە ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىقىغا تەۋە. يايلاقتىن پايدىلىنىش ۋاقتى 90～150 كۈن بولىدۇ. بۇ ۋاقىت دەل ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆسىدىغان پەسلى، تاغلىق رايونلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ مول، كىلىمات سالقىن بولۇپ، قاتتىق ئىسسىق ۋە پاشا قاتارلىق ھاشاراتلەرنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكى بولمىغاچقا، تۇرلۇك مال - چارۋىلارنى سەمرىتىدىغان ياخشى ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

**قىشلاق** تەخمىنىي كۆلىمى 21 مىليون 677 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 37.9% ىنى ئىگىلەيدۇ.



قىشلاق

ھەرقايسى چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن تاغلىق جايلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا قۇملۇقلار ۋە ھەرقاي-

سى چوڭ جىلغىلارغا تارقالغان. ئوتتۇرا، تۆۋەن تاغدىكى قىشلاقلاردا ئادەتتە تەتۈر تېمپېراتۇرا قاتلىمى مەۋجۇت بولۇپ، قىش پەسلىدە تېمپېراتۇرا بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ. شامال تەگمەيدىغان كۈنگەي، ئوت - چۆپ سۈپىتىمۇ ياخشى بولۇپ، ئەلا سۈپەتلىك قىشلاق ھېسابلىنىدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى دەريا ۋادىلىرىمۇ مۇھىم قىشلاق ھېسابلىنىدۇ. قىشلاقتىكى ئاساسلىق چۆپلۈك تىپى تۈزلەڭلىك چۆللۈكى، يايلاقلاشقان چۆللۈك، تاغلىق چۆللۈك ئوتلىقى، تاغلىق ئوتلىقى ۋە تۈزلەڭلىك پاكار چىملىقىدىن ئىبارەت. قىشلاقتىن پايدىلىنىش ۋاقتى 120~150 كۈن بولىدۇ.

**كۈزلەك - كۆكلەم** تەخمىنىي كۆلىمى 10 مىليون 834 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 18.9%نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىقى ھەرقايسى تاغ سىستېمىسىدىكى پاكار تاغ ئېدىرلىق بەلۋېغىغا، تاغ ئالدى كەلكۈن چۆكۈندىسى ئېقىندى يانتۇ تۈزلەڭلىك ھەمدە تۈزلەڭلىك چۆللۈك رايونىغا جايلاشقان، تاغنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى تۆۋەن، تۈزلەڭلىكلەر كەڭرى، تۈز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. كۆكلەم - كۈزلەكلەر ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ئوخشاش بىر جايدا چارۋا باقىدىغان ئوتلاق بولۇپ، ئوتلاق تىپى ئاساسەن تاغلىق جايلار چۆللۈكى، تاغلىق جايلار چۆللۈك ئوتلىقى ۋە تۈزلەڭلىك چۆللۈكى، ئوتلاقلاشقان چۆللۈك، ئاز بىر قىسمى تۈزلەڭلىك پاكار چىملىقىدىن ئىبارەت. كۈزلەك - كۆكلەملىكنىڭ پايدىلىنىش ۋاقتى 130~150 كۈن بولىدۇ.

**پۈتۈن يىللىق ئوتلاق** بۇ ئەتىياز، ياز، كۈز ۋە قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلدە ئوخشاش بىر جايدا چارۋا بېقىپ پايدىلىنىدىغان ئوتلاق بولۇپ، تەخمىنىي كۆلىمى 9 مىليون 291 مىڭ 800 گېكتار، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 16.2%نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىك بوستانلىقلىرىغا، تېرىلغۇ ئېتىزلىرى ئەتراپىدىكى يەر ئاستى سۈيى تولۇقلاپ بېرىدىغان تۈزلەڭ ئويمانلىق چىملىقلىرى ۋە سازلىق چىملىقلىرىغا تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى توغراقلىق ۋە يۇلغۇنلۇقلاردىكى شالاڭ ئورمان ئوتلىقى ۋە شالاڭ چاتقاللىق ئوتلىقىدىن ئىبارەت. ئاساسلىق ئوت - چۆپ ئۆسۈملۈكلىرى قومۇش، شالاڭ يوپۇرماقلىق يانتاق، چۈچۈك بۇيا، ئىجىرىق، زاغزاق، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىقلار. ئوت - چۆپنىڭ سۈپىتى بىرقەدەر ناچار، يېيىشلىك ئەمەس، پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، كۆپىنچىسى ئوتتۇرا تۆۋەن دەرىجىلىك ئوتلاقلارغا تەۋە. شىمالىي شىنجاڭدا كىچىك بۆلەكلەر بويىچە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئويمانلىق چىملىقلار ۋە تۈزلەڭلىك چۆللۈكلىرىگە تارقالغان. كۆپىنچە شەخسكە قالدۇرۇلغان چارۋىلار ۋە دېھقانچىلىقتىكى بىر قىسىم ئۇلاغلارنى بېقىشتا پايدىلىنىلىدۇ.

**كۆكلەم - كۈزلەك - قىشلاق** كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس، تەخمىنىي كۆلىمى 3 مىليون 93 مىڭ 900 گېكتار. ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ ئاران 6.5%نى ئىگىلەيدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ، شىمالىي شىنجاڭدىمۇ بار، ئاساسلىقى تۆۋەن تاغ بەلۋېغىدىكى چۆللۈك ئوتلاقلىرىغا، يايلاقلارغا، چىملىق ئوتلاقلارغا ۋە قىسمەن تاغلىق جايلاردىكى چىملىق ئوتلاقلىرىغا تارقالغان. ئالتاي تېغىدا كۆكلەم - كۈزلەك - قىشلاق ئوتلاقلار ئاساسلىقى چاپمىلىق شارائىتى بولغان ئوتتۇرا تاغ بەلۋاغلىرىغا تارقالغان. پايدىلىنىش ۋاقتى 270~290 كۈن.

**ئوتلاق كۆلىمى** شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمى 57 مىليون 258 مىڭ 800 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 48 مىليون 6800 گېكتار. تەبىئىي ئوتلاقلار ئىچىدە مۆتىدىل چۆللۈك تىپىدىكى ئوتلاق كۆلىمىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەڭ چوڭ بولۇپ، پۈتۈن تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 37.26%نى ئىگىلەيدۇ. تۆۋەن تۈزلەڭلىك چىملىق تىپى 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. مۆتىدىل چۆللۈك يايلاق تىپىدىكى ئوتلاق 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوتلاق تىپى بويىچە ستاتىستىكىلىغاندا، چۆللۈك ئوتلاقلىرى 47%، يايلاق ئوتلاقلىرى 29%، چىملىق ئوتلاقلىرى 23%، سازلىق ئوتلاقلىرى 2.5%نى ئىگىلەيدۇ.

**ئوتلاقنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى** شىنجاڭ ئوتلاقلىرىدىكى ئوت تۈركۈمى ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تۈر سانى ۋە ئوت - چۆپ مىقدارىدا پەرق ئىنتايىن چوڭ. سازلىق تىپىدىكى ئوتلاقلارنىڭ ئوت - چۆپ مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى تەبىئىي ئوتلاقلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئوت - چۆپ مىقدارىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. 2 - ئورۇندا تۇرىدىغ-

نى تاغلىق چىملىق تىپىدىكى ئوتلاق، ئوتتۇرىچە ئوت-چۆپ مىقدارىمۇ پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە يېقىن. ئۇنىڭدىن قالسا، رەت تەرتىپى بويىچە مۆتىدىل چىملىق ئوتلاق، تۆۋەن تۈزلەڭلىك چىملىقى ۋە ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىقى تىپى. بىرلىك كۆلەمنىڭ ئوت-چۆپ مىقدارى ئەڭ تۆۋەن بولغىنى ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چۆللۈك تىپى بولۇپ، پەقەت پۈتۈن شىنجاڭ ئوتتۇرىچە ئوت-چۆپ مىقدارىنىڭ 1/8 گە تەڭ كېلىدۇ. ئوتتۇرىچە ھەر گېكتارنىڭ ئوت-چۆپ مىقدارى 1500 كىلوگرامغا يەتمەيدىغان ئوتلاق تىپىدىن ئېگىز ھەم سوغۇق رايون يايلاق تىپى، مۆتىدىل يايلاق چۆللۈك تىپى، مۆتىدىل چۆللۈك تىپى ۋە مۆتىدىل چۆللۈك ئوتلاق تىپى بار.

**ئوتلاقنىڭ مال سىغىمچانلىقى** مال سىغىمچانلىقىدا قوينىڭ كۈندىلىك ئوزۇق مىقدارى شىمالىي شىنجاڭدا بەش كىلوگرام، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۆت كىلوگرام، ئىلى رايونىدا ئالتە كىلوگرام بولىدۇ. ئوت-چۆپتىن پايدىلىنىش نىسبىتى يايلاقلاردا 60%~70%، كۆكلەم-كۈزلەكتە 50%~55%، قىشلاقتا 35%~55%، پۈتۈن يىللىق ئوتلاقتا 45%~55% بولىدۇ. شىنجاڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى مال سىغىمچانلىقى 32 مىليون 248 مىڭ قوي بىرلىكى، قوي بىرلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئىگىلىگەن ئوتلاق كۆلىمى 1.49 گېكتار. پەس تۈزلەڭلىك چىملىق تىپىدىكى ئوتلاقلارنىڭ نەزەرىيىۋى مال سىغىمچانلىق نىسبىتى تۈرلۈك ئوتلاقلارنىڭ ئىچىدە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 1/4 ىگە يېقىنلىشىدۇ؛ 2-ئورۇندا تۇرىدىغىنى تاغلىق چىملىق تىپى، سىغىمچانلىق نىسبىتىمۇ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 1/5 ىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ؛ 3-ئورۇندا تۇرىدىغىنى مۆتىدىل چۆللۈك تىپى؛ ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى ئوتلاق تىپلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى مال سىغىمچانلىق مىقدارى 1 مىليون تۇياقتىن ئاشىدىغانلىرى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى ئىچىدە مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقلىرىدىن يەنە ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىق تىپى، مۆتىدىل چۆللۈك تىپى، مۆتىدىل چۆللۈك ئوتلاق تىپى، ئېگىز ھەم سوغۇق رايون ئوتلاق تىپى، مۆتىدىل چىملىق ئوتلاق تىپى ۋە مۆتىدىل ئوتلاقلاشقان چۆللۈك تىپى بار؛ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىۋى سىغىمچانلىقتا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەڭ ئاز بولغىنى ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چۆللۈك تىپى ۋە سازلىق تىپى. (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قارالسۇن)

**شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تىپتىكى ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى، سىغىمچانلىقى ۋە نىسبىتى**

| ئوتلاق تىپىنىڭ نامى | ئوتلاقلارنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى | | نەزەرىيىۋى سىغىمچانلىقى | | قوي بىرلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئىگىلىگەن ئوتلاق كۆلىمى (گېكتار/قوي، كالا) |
|---|---|---|---|---|---|
| | كۆلىمى (10 مىڭ گېكتار) | نىسبىتى (%) | كۆلىمى (10 مىڭ گېكتار) | نىسبىتى (%) | |
| مۆتىدىل چىملىق ئوتلاق | 108.62 | 2.26 | 161.10 | 4.99 | 0.67 |
| مۆتىدىل ئوتلاق | 442.25 | 9.21 | 286.79 | 8.80 | 1.56 |
| مۆتىدىل چۆللۈك ئوتلاق | 580.97 | 12.11 | 224.40 | 6.87 | 2.62 |
| ئېگىز ھەم سوغۇق رايوندىكى ئوتلاق | 386.09 | 8.04 | 164.72 | 5.11 | 2.35 |
| مۆتىدىل ئوتلاقلاشقان چۆللۈك | 356.63 | 7.43 | 105.97 | 3.29 | 3.37 |
| مۆتىدىل چۆللۈك | 1609.99 | 33.54 | 452.81 | 14.04 | 3.56 |
| ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چۆللۈكى | 80.48 | 1.68 | 13.30 | 0.41 | 6.05 |
| تۆۋەن تۈزلەڭلىك چىملىقى | 603.62 | 12.57 | 701.77 | 21.76 | 0.86 |
| تاغلىق چىملىقى | 265.70 | 5.53 | 666.70 | 20.67 | 0.40 |
| ئېگىز ھەم سوغۇق رايون چىملىقى | 341.90 | 7.12 | 412.87 | 12.80 | 0.83 |
| سازلىق تىپى | 24.44 | 0.51 | 40.53 | 1.26 | 0.60 |
| پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 4800.68 | 100 | 3224.86 | 100 | 1.49 |

**ئوتلاق دەرىجىسى** تەبىئىي ئوتلاق بايلىقىنىڭ دەرىجىسىنى باھالاشتىكى پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەرگە ئا-

ساسەن، شىنجاڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرى ئوخشاش بولمىغان سۈپەت ۋە مىقدار دەرىجىسىگە ئايرىلىدۇ، ئوتلاق كۆلىمىنىڭ نىسبىتى ئەڭ چوڭ بولغىنى 2 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق؛ 3 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق ئۇنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ، ئىككىسىنىڭ يىغىندىسى پۈتۈن شىنجاڭ ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %60 كە يېقىنىنى ئىگىلەيدۇ، ئوت تۈركۈمىنىڭ سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى. شىنجاڭدا تەبىئىي ئوتلاقلار مەركەزلەشكەن بولۇپ، 8 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق كۆلىمىنىڭ نىسبىتى ئەڭ چوڭ، پۈتۈن شىنجاڭ ئوتلاق كۆلىمىنىڭ 1/3 نى دىگۈدەك ئىگىلەيدۇ. 7 ـ دەرىجىلىك ۋە 6 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق كۆلىمىنىڭ نىسبىتىمۇ بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوت ـ چۆپ مىقدارى 3000~7500 كىلوگرام بولغان 6~8 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئۈچىسىنىڭ كۆلىمىنىڭ يىغىندىسى %80 تىن ئاشىدۇ. شىنجاڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرىنىڭ بىرلىك ئوت ـ چۆپ مىقدارى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك ئوتلاقلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، يىغىپ كەلگەندە، ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %7 ىدىن ئاشمايدۇ. (تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

شىنجاڭدىكى ھەر «دەرىجە» لىك ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى ۋە نىسبىتى

| ئوتلاق دەرىجىسى | ئوتلاق كۆلىمى (10 مىڭ گېكتار) | نىسبىتى (%) |
|---|---|---|
| 1 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 338.211 | 5.91 |
| 2 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 1730.98 | 30.23 |
| 3 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 1686.17 | 29.45 |
| 4 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 1446.46 | 25.26 |
| 5 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 524.06 | 9.15 |

شىنجاڭدىكى ھەر «سورت» لۇق ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى ۋە نىسبىتى

| ئوتلاق سورتى | ئوتلاق كۆلىمى (10 مىڭ گېكتار) | نىسبىتى (%) |
|---|---|---|
| 1 ـ سورتلۇق ئوتلاق | 62.16 | 1.09 |
| 2 ـ سورتلۇق ئوتلاق | 91.94 | 1.61 |
| 3 ـ سورتلۇق ئوتلاق | 215.89 | 3.79 |
| 4 ـ سورتلۇق ئوتلاق | 232.12 | 4.05 |
| 5 ـ سورتلۇق ئوتلاق | 522.41 | 9.12 |
| 6 ـ سورتلۇق ئوتلاق | 1171.39 | 20.46 |
| 7 ـ سورتلۇق ئوتلاق | 1546.50 | 27.01 |
| 8 ـ سورتلۇق ئوتلاق | 1882.47 | 32.87 |

**كۈنەس يايلىقى** ئىلى رايونىنىڭ كۈنەس ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى ۋە نىلقا ناھىيىسىگە تارقالغان، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى كۈنەس دەرياسى ۋە قاش دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. تەبىئىي ئوتلىقى 1 مىليون 457 مىڭ گېكتار، ئوتلاقنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 1 مىليون 319 مىڭ 200 گېكتار. رايون ئىچىدە تاغلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ يېرىم قۇرغاق تىپلىق كىلىمات رايونىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 6.0℃~8.6℃، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 500~800 مىللىمېتىر، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1312~1469 مىللىمېتىر، يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2709~2812 سائەت، قىروسىز



كۈنەس يايلىقى

مەزگىلى 107~150 كۈن. تاغلىق چىملىقى ۋە تاغلىق چىملىق ئوتلىقىنى تىپ قىلغان، ئېگىز ئوت ـ چۆپ تىپلىق چاپمىلىقى ۋە باقمىچىلىققا ئەڭ ئىشلىتىلىدىغان ئوتلاقنى شەكىللەندۈرگەن. ئوت ـ چۆپنىڭ تەركىبى ئەلا، ئوت ـ چۆپ مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، بۇ يەردە دۇنيا بويىچە ئېتىراپ قىلىنغان ئەلا سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھەممىسى تارقالغان، مەسىلەن: تاغاق ئوت، قىزىل ئۈچقۇلاق، قىزىل يۇرچاق ئوت، يالتىرباش، تىپچاق، ئېرەن (ياغاچسىمان ياۋا سۈپۈرگە) قاتارلىقلار. رايون ئىچىدە تاغلىق جايلاردىكى ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى ۋېرتىكال بەلۋېغىنىڭ قۇرۇلمىسى

مۇكەممەل، روشەن بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ رەت تەرتىپى بويىچە ئېگىز تاغ تاشلىق يانتۇلۇق ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى، ئېگىز تاغ چىملىقى، كەنجى ئېگىز تاغ چىملىقى، تاشلىق جايلاردىكى ئورمانلىق - چىملىق، تاغلىق جايلاردىكى چىملىق ئوتلاق، تاغلىق جايلاردىكى ئوتلاق، تاغلىق جايلاردىكى چۆللۈك ئوتلاق ۋە ۋادا تۈزلەڭلىك چۆللۈكى، تۈزلەڭلىك سايلىرىدا يەنە ئويمانلىق چىملىقى ۋە ساسلىق چىملىقى يېتىلگەن. رايون ئىچىدىكى ئوتلاق تىپى مول، ئوت - چۆپنىڭ ئۆسۈشى بۇلۇق بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ ياخشى چارۋىچىلىق مەيدانى ھېسابلىنىدۇ، مەملىكەت بويىچە داڭلىق بولغان شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلىرىنى يېتىلدۈرگەن.

**بايىنبۇلاق يايلىقى** بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئىچىدە، تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يۇلتۇزنىڭ يۇقىرى ئورۇنلۇق تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىقلارغا جايلاشقان. ئوتلاقنىڭ تەخمىنىي كۆلىمى 1 مىليون 579 مىڭ 900 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 1 مىليون 467 مىڭ 300 گېكتار. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2300 ~2600 مېتىر. قىش، ئەتىياز پەسىللىرى ئۇزۇن ھەم سوغۇق، ياز، كۈز پەسىللىرى قىسقا، ئىللىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -5℃، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -36.8℃، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 18.1℃، يىل بويى مۇتلەق قىروسىز مەزگىلى يوق. ئويمانلىقنىڭ مەركىزىدە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 260 مىللىمېتىر، ئەتراپىتىكى تاغلىقلاردا بولسا 400 مىللىمېتىردىن يۇقىرى، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 3.54 ھەسسىسىگە تەڭ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قار چۈشىدۇ، قار قېلىنلىقى 28~35 سانتىمېتىر، قار تۇرىدىغان ۋاقتى 150~180 كۈن. يىللىق ئەڭ چوڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى 307~361 سانتىمېتىر، ئويمانلىقنىڭ مەركىزىدىكى يەر قاتلىمىدا مەڭگۈلۈك توڭ قەۋىتى بار. ئويمانلىقتا يىغىلغان يەر يۈزى سۇلىرى يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتەلمەيدۇ، تەكشى بولغان ئويمانلىقتا ئۇزۇن مۇددەت سۇ يىغىلىپ كەڭ دائىرىدىكى يۇقىرى ھەم سوغۇق رايون سازلىق ئوتلىقىنى شەكىللەندۈرگەن، كەڭ دائىرىدىكى يۇقىرى ھەم سوغۇق رايون ئوتلىقى، يۇقىرى ھەم سوغۇق رايون چىملىقىنى يېتىلدۈرگەن. يۇقىرى ھەم سوغۇق رايون سازلىق ئوتلىقى ئويمانلىقنىڭ مەركىزىدە بولۇپ، يۇقىرى ھەم سوغۇق رايون ئوتلىقى ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2600~4200 مېتىر بولغان تاغ ئېتىكىدىن 2800 مېتىر بولغان كۈنگەي تاغلىق جايلارغىچە تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2800~3400 مېتىر بولغان تاغلىق جايلارغا يۇقىرى ھەم سوغۇق رايون چىملىقلىرى جايلاشقان. ئوت - چۆپ تۈركۈمىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسەن يىپسىمان يوپۇرماقلىق كوبرېزىيە ئوتى، قوغاۋاي، سىلو، نىجىم ۋە كۆنۈر باش قاتارلىقلار ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئۆسۈملۈك قەۋىتىنى ھاسىل قىلغان. ئوت - چۆپ قاتلىمى پاكار، قۇرغاق ماددىلارنىڭ تەركىبى يۇقىرى، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، يېيىشچانلىقى يۇقىرى. بۇ شىنجاڭدىكى داڭلىق ئېگىز تاغ ساپ چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 21 - بەتكە قارالسۇن)

**باركۆل يايلىقى** باركۆل ۋە ئاراتۇرۇك ئىككى ناھىيىگە تارقالغان، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى قارلىق تاغ، باركۆل تېغى ۋە مېشىن ئۇلا تېغىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، يەر شەكلى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى تۆۋەن، جەنۇبىي قىسمى ئېگىز تاغلىق رايون، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئارا ئويمانلىق (كەلكۈن چۆكۈندىسى، ئېقىندى يانتۇ تۈزلەڭلىك)، شىمالىي قىسمى تۆۋەن تاغلىق. ئوتتۇرا تېمپېراتۇرلۇق بەلۋاغ قۇرغاق كىلىمات رايونىغا تەۋە، يىللىق ھۆل- يېغىن مىقدارى 90~200 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 3.6℃-1℃. يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1603~2260 مىللىمېتىر، يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 3170~3257 سائەت، قىروسىز مەزگىلى 109~154 كۈن. ئوتلاقنىڭ تەخمىنىي كۆلىمى 2 مىليون 257 مىڭ 800 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى 2 مىليون 100 مىڭ 100 گېكتار، تۈزلەڭلىكتىكى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن ۋە ئوتتۇراھال رايونلار چۆللۈكنى ئاساس قىلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز رايونلاردا ئوتلاق يېتىلگەن. تاغلىق جايلار ئوتلاق ۋە يۇقىرى ھەم سوغۇق رايون چىملىقىنى ئاساس قىلغان، باركۆلنىڭ پاكار تاغلىرى ۋە ئويمانلىقلىرىدىكى ئەلا سۈپەتلىك ئوتلاق چىملىقى داڭلىق باركۆل ئېتىنى يېتىلدۈرگەن.

**شەمشاد** شىنجاڭدا بۇنىڭ ئىككى تۈرى بار: تەڭرىتاغ شەمشادى، سىبىرىيە شەمشادى. تەڭرىتاغ شەمشادىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆسىدىغان جايى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 74°~95°35′، شىمالىي كەڭلىك 37°-46°

ئارىلىقىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1250～3100 مېتىر، جۈملىدىن تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئورمانچىلىق رايونلىرى، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئورمانچىلىق رايونلىرى، شىمالىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق رايونى، جۇڭغارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئورمانچىلىق رايونى ھەمدە جەنۇبىي تەڭرىتاغ ۋە كۇئېنلۇن تېغىنىڭ غەربىي بۆلىكى (قاغىلىق) ئورمانچىلىق رايونلىرىدا شىنجاڭ شەمشادى بەلۋاغسىمان تارقالغان بولۇپ، تاغلىق جايلاردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ چوڭ بەلۋاغ بىلەن ئۆز-ئارا ماس كېلىدۇ. يەككە تۈپ دەرەخنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 30～40 مېتىر، كۆكرەك ئېگىزلىكىنىڭ دىئامېتىرى 70～100 سانتىمېتىر، دەرەخ يېشى 300 يىل ئەتراپىدا بولىدۇ. شىنجاڭ شەمشادى 1250 مېتىردىن تۆۋەن بولغان تاغلارغىمۇ تارقالغان. سىبىرىيە شەمشادىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنىدىغان دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ. ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرىدا ئۆسىدۇ، شەرقتە قىران دەرياسىدىن غەربتە بۇرچىن دەرياسى، قاناس كۆلى ھەمدە قۇم دەريا ۋادىسىغىچە، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 900～2400 مېتىر كېلىدىغان جايلاردا ئۆسىدۇ.

سىبىرىيە قىزىل قارىغىيى (شىنجاڭ بەش يىڭنىلىك قارىغىيى) ئاساسلىقى بۇرچىن ۋە قابا ناھىيەلىرىدە ئۆسىدۇ، بولۇپمۇ قابا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى قۇم دەرياسى ۋادىسىدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 600～2300 مېتىر كېلىدىغان جايلاردا ئۆسىدۇ، سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇراھال مۆھىتتا ئۆسىدىغان بولۇپ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدۇ. 20～25 يىلدىن باشلاپ مېۋە تۇتىدۇ، 80～140 يىلدا تازا مېۋىلەش مەزگىلىگە كېلىدۇ، ئۆمرى 500～800 يىل بولىدۇ. دائىم ئارىلاش ئورمان ياكى تاشلىق تاقىر چوققىلارنىڭ ئەتراپىدا «پاكار دەرەخلىك بۆلەك» شەكىللەندۈرىدۇ. سىبىرىيە قىزىل قارىغىيى قىممەتلىك دەرەخ تۈرى بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان 48 دەرەخ تۈرىنىڭ بىرى.

سىبىرىيە بال قارىغىيى ئاساسلىقى ئالتاي تېغى ۋە شىمالىي تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدە ئۆسىدۇ، ساپ ئورمانلىق ياكى ئارىلاش ئورمانلىق بولۇپ شەكىللەنگەن. سوغۇققا تاقابىلچان، ئوتتۇراھال مۆھىتقا ماسلاشقان، دائىم يېشىل تۇرىدۇ. يورۇقپەرەس، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق؛ ئۈنۈمسىز تاشلىق تۇپراقلارغا چىداملىق، دائىم تاغلىق جايلارنىڭ يۇقىرى قىسمىدا ساپ ئورمان ياكى ئارىلاش ئورمان بولۇپ شەكىللىنىدۇ.



سىبىرىيە بال قارىغىيى

كۇئېنلۇن ئارچىسى بۇ كۆلى ئارچىسى ۋە ئارچىغا ئايرىلىدۇ. كۇئېنلۇن كۆلى ئارچىسى ئېگىز دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ، ئېگىزلىكى 8～15 مېتىر كېلىدۇ. ئاقتو، ئۇلۇغچات، قاغىلىق، گۇما، تاشقورغان قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق جايلارنىڭ كەنجى ئېگىز تاغدىن تارتىپ ئېگىز تاغ بەلۋېغىنىڭ تەسكەي ئېتىكى، يېرىم تەسكەي ئېتەكلىرىدە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2600～3600 مېتىر كېلىدىغان جايلاردا پارچىلار بويىچە ياكى بۆلەكلەر بويىچە ئۆسىدۇ. 20 يىلدا ئېگىزلىكى 3～4 مېتىرغا، 40 يىلدا ئېگىزلىكى 7～8 مېتىرغا يېتىدۇ. دائىم ئاساسىي غولدىن دەرەخزارلىق شەكىللىنىدۇ، يۇقىرى قىسمىدا روشەن ئاساسىي غول بولمايدۇ، ئورمان شالاڭ بولۇپ، يوپۇق يېپىش دەرىجىسى 0.3～0.4 بولىدۇ، بۇ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئالاھىدە تۈرگە تەۋە. سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇراھال نەملىك، قۇرغاقلىققا ماسلىشالىشچان، دائىم يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، ياش دەرەخلىرى سايىغا چىداملىق، مۆتىدىل سالقىن كىلىمات ۋە نەم تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ. دەرەخ تاجىسى قويۇق، تۆت پەسىلدە يېشىل تۇرىدىغان بولۇپ، قىممەتلىك باغۇبوستانلاشتۇرۇش - يېشىللاشتۇرۇش دەرەخ تۈرى، مەنزىرىلىك قىممىتى ئېگە. ئارچا ئېگىزلىكى 8～10 مېتىرغا يېتىدۇ. قاغىلىقتىكى كۇئېنلۇن تېغى ئورمان مەيدانىدا، ئاقتو ناھىيىسىدىكى ئۆيتاغ ئورمان مەيدانلىرىدا بار. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئالاھىدە تۈرگە تەۋە. سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇراھال نەملىك، قۇرغاقلىققا ماسلىشىدۇ، دائىم يېشىل تۇرىدۇ. يورۇقپەرەس، ياش دەرەخلىرى سايىگە چىداملىق، مۆتىدىل سالقىن كىلىمات ھەمدە نەم مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ، بەش يىلدىن كېيىن ئۆسۈشى تېز-

لىشىدۇ، ئۇرۇقى ياكى ياش نوتىلىرىنى تىكىپ كۆپەيتىشكە بولىدۇ.

تېرەك تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، كۈمۈش تېرەك، بوز تېرەك، توغراق، ساي تېرىكى، قارا تېرەك، پاقا تېرەك قاتارلىقلار بار بولۇپ، ھەممىسى ئېگىز دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ. ① كۈمۈش تېرەك، ئاساسلىقى ئالتاي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل، بۇرچىن، قابا قاتارلىق ناھىيىلەردە ئۆسىدۇ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردا كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلىدۇ. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونى سىستېمىسى تەركىبىگە تەۋە. سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇراھال نەملىك، نەملىككە ماس كېلىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، سۇ چىقىرىۋېتىشى ياخشى بولغان، قۇمساڭ تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ. ياغاچ ماتېرىيالى قۇرۇلۇش، ئۆي جاھازلىرى ياساش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. تالاسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 1.110 مىكرون، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 26.91 مىكرون، قەغەز بوتقىسى ئىشلەيدىغان ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ② بوز تېرەك ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 مېتىر كېلىدۇ. ئالتاي، بۇرچىن، قابا قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 440~580 مېتىر كېلىدىغان جايلاردا ئۆسىدۇ. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونى سىستېمىسى تەركىبىگە تەۋە. يورۇقپەرەس، ئوتتۇراھال نەملىك، نەملىككە ماس كېلىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ. سوغۇققا، شامالغا چىداملىق كېلىدۇ، قېلىن، نەم، مۇنبەت قۇمساڭ تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ. ئۇ باغ - ۋاران، مەنزىرە دەرەخ تۈرى، ماتېرىيال دەرەخ تۈرى. ③ توغراق شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى (بۇرچىن ناھىيىسى)، گۇچۇڭ بەيتىك تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدە، ماناس دەرياسى، چىگىشۇر دەرياسى، كۇيتۇن دەرياسى، بەيياڭخې دەرياسى ھەمدە ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا ئۆسىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەنجى، خېجىڭ، خوشۇت، تۇرپان ئويمانلىقى قاتارلىق جايلاردىمۇ شالاڭ تارقالغان. تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئەڭ مەركەزلەشكەن بولۇپ، كەڭ كۆلەمدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ھازىرقى بار بولغان كۆلىمى 200 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق. 1983 - يىلى تارىم دەرياسىنىڭ لوپنۇر، بۈگۈر ناھىيىلىرى چېگراسى ئىچىدە توغراق قوغداش رايونى تەسىس قىلىندى، كۆلىمى 3800 كۋادرات كېلومېتىر، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونى سىستېمىسى تەركىبىگە تەۋە. يورۇقپەرەس، قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىداملىق، چېچەكلىشىدىن تارتىپ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگۈچە تەخمىنەن 40~60 كۈن كېتىدۇ، 9~12-ئايلاردا يوپۇرمىقى تۆكۈلىدۇ. توغراق قۇرغاق رايونلارنى ئۆزگەرتىش ۋە قۇم چۆللۈكلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئەتىۋارلىق مۇھىم ئاسرايدىغان دەرەخ تۈرى. ئۇنىڭ ئەجدادى بۇنىڭدىن 130 مىليون يىللار ئىلگىرى (دەسلەپكى بور دەۋرى) لا پەيدا بولغان، بۇنىڭدىن 40 مىليون يىللار ئىلگىرى (ئەدرىجىي يېڭىلىنىش مەزگىلى)، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىر مەزگىل گۈللەپ ياشنىغان، ئۇ تروپىك بەلۋاغ، سۇبتروپىك بەلۋاغدىكى دەريا قولتۇقى ئورمانلىرىنىڭ ئۇستۇنلۈككە ئىگە سورتى بولغان؛ بۇنىڭدىن 25 مىليون يىللار ئىلگىرى (ئوتتۇرا يېڭىلىنىش مەزگىلى) تەڭرىتاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرىغا كەلگەن، بۇنىڭدىن 12 مىليون يىللار ئىلگىرى (دەسلەپكى يېڭىلىنىش مەزگىلى) ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىملىرىغا ئومۇملاشقان. توغراقنىڭ ئۆمرى ئادەتتە تەخمىنەن 100 يىل بولىدۇ، ئايرىم تۈپلەرنىڭ ئۆمرى 150 يىلغا يېتىدۇ، ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى 200~300 يىل ياشايدۇ. تۇپراق، نەملىكى بىرقەدەر ياخشى بولغان تۇپراق شارائىتىدا بەش يىلدىن كېيىن ئۆسۈشى تېزلىشىدۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24~45 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ، 10~24 يىللىرى يۇقىرى سۈرئەتتە ئۆسۈش مەزگىلى بولىدۇ، يىللىق ئۆسۈش مىقدارى 40~60 سانتىمېتىر بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن 40 يىلغىچە ئوتتۇرا سۈرئەتتە ئۆسۈشنى ساقلاپ قالىدۇ، يىلىغا ئۆسۈش مىقدارى 25~35 سانتىمېتىر بولىدۇ. 45 يىلدىن كېيىن، ئۆسۈشى ئاستىلاشقا باشلايدۇ، يىلىغا ئۆسۈش مىقدارى 20 سانتىمېتىر بولىدۇ، 60 يىلدىن كېيىن تېخىمۇ ئاستىلايدۇ. يىللىق ئۆسۈش مىقدارى 10~13 سانتىمېتىر بولىدۇ. ياغاچ ھەجمىنىڭ ئۆسۈشى ئاساسەن 20~40 يىل ئارىسىدا بولىدۇ، 20 ياش ۋاقتىدا ئوتتۇرىچە دىئامېتىرى 12 سانتىمېتىر بولىدۇ، ھەر گېكتاردا 1500 تۈپ، زاپاس مىقدارى 64.21 كۇب مېتىر بولىدۇ؛ 40 ياش ۋاقتىدا ئوتتۇرىچە ئۆسۈش مىقدارى 18 سانتىمېتىر، ھەر گېكتاردا 760 تۈپ، زاپاس مىقدارى 74.34 كۇب مېتىر بولىدۇ؛ 60 ياشتا ئوتتۇرىچە دىئامېتىرى 50 سانتىمېتىر، ھەر گېكتاردا 112 تۈپ، زاپاس مىقدارى 129.4 كۇب مېتىر بولىدۇ. ④ كۆل رەڭ يوپۇرماقلىق توغراق يەكەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، خوتەن دەرياسى، شەرقتە ئارال، ئۆگەن دەرياسى، جەنۇبتا چاقىلىق

ۋەششەرى، ئوتتۇراھال نەملىكتە شىمالدا داۋانچىلىك بەيياڭخې دەرياسى، غەربتە ئىلى دەريا ۋادىسىغىچە بولغان جايلاردا ئۆسىدۇ. قەدىمكى ئوتتۇرا دېڭىز رايونى سىستېمىسى تەركىبىگە تەۋە. ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىداملىق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆسۈشى تېز، ئۇرۇقىدىن كۆپىيىدۇ، يىلتىزىدىن چاتاقلاپ چىقىدۇ، قەلەمچە تىكىپ كۆپەيتىشكىمۇ بولىدۇ. ⑤ ساي تېرەكى چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، ئالتاي، بۇرچىن، قابا، جىمىنەي، مورى، گۇچۇڭ، قوبۇقسار، چۆچەك، چاغانتوقاي، ئاراتۇرۇك، باركۆل قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ. سىبىرىيە رايونى سىستېمىسى تەركىبىگە تەۋە. سوغۇققا چىداملىق يورۇقپەرەس، ئوتتۇراھال نەملىك، نەملىكتە ئۆسىدۇ. يازدا يېشىل تۇرىدۇ. ئۇ ئالتاي رايونىدىكى چۆللۈك جايلاردىن تاغلىق جايلارغىچە بولغان دەريا ۋادىلىرىدىكى توسما - قىرغاقلارنى ئاسرايدىغان مۇھىم دەرەخ تۈرى. ⑥ قارا تېرەك بۇرۇلتوقاي، ئالتاي، بۇرچىن، قابا ناھىيىلىرىدىكى ئېرتىش دەرياسى بويلىرى ھەمدە ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ۋادىسىدا ئۆسىدۇ. قەدىمكى شىمالىي قۇتۇپ رايونى سىستېمىسى تەركىبىگە تەۋە. سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇرا ھال نەملىكتە ئۆسىدۇ. يازدا يېشىل تۇرىدۇ يورۇقپەرەس، تېز ئۆسىدۇ. ئۇرۇقىدىن ۋە قەلەمچىسىدىن كۆپەيتىشكە بولىدۇ. قۇرغاق چۆل رايون دەريا بويلىرىدىكى سۇ مەنبەلىرىنى ساقلايدىغان قىممەتلىك دەرەخ تۈرى، ماتېرىيالى ئىشلىتىلىدىغان دەرەخ. ⑦ پاقا تېرەك ئۇرۇمچىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تەڭرىتاغ ھەمدە ئىلى ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق جايلاردا ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى خېجىڭ، ئاقسۇ، ئونسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ تاغلىق جايلىرى، دەريا ۋادىلىرىدا ئۆسىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ ئالاھىدە تۈرى، سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ. يورۇقپەرەس، قېلىن ھەم نەم تۇپراق قاتلىمىنى ياقتۇرىدۇ، ئۇرۇقىدىن ھەم قەلەمچىدىن كۆپەيتىشكە بولىدۇ. توسما - قىرغاق ئاسرايدىغان دەرەخ تۈرى بولۇپ، دەرەخ ماتېرىيالى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ⑧ تاغ تېرەكى ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆسىدۇ. قەدىمكى شىمالىي قۇتۇپ رايونى سىستېمىسى تەركىبىگە تەۋە. سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، سالقىن كىلىماتنى ياقتۇرىدۇ، دائىم ئورمان بۆلىكى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. 20 يىلدا 10~12 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، 50 يىلدا 15~25 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئۆمرى 80~90 يىل، ھويلا - ئارامنى كۆكەرتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**سۆگەت** شىنجاڭ ئاق سۆگىتى، جۇڭغار قارا سۆگىتى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ھەممىسى ئېگىز دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ. ① ئاق سۆگەتنىڭ ئېرتىش دەرياسى ۋە چۆچەك نەنخۇ كۆلىدە تەبىئىي ئورمانلىقى بار؛ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەر - بازارلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونى سىستېمىسى تەركىبىگە تەۋە. سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ. يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، نەمخۇش، چوڭقۇر قاتلاملىق مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ. يېنىك دەرىجىدىكى شورغا چىداملىق. شىنجاڭدىكى قىممەتلىك ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى دەرەخ تۈرى ۋە شەھەر - بازارلاردىكى باغچا كۆكەرتىش دەرەخ تۈرى. ② جۇڭغار قارا سۆگىتى گۇچۇڭ، سانجى، ماناس، ساۋەن، كۈيتۇن، چاپچال ۋە كۈنەس قاتارلىق جايلارنىڭ چۆللۈكلىرىدىكى دەريا ئېقىنلىرى ۋە ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، قەدىمكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تۈرىگە تەۋە. سوغۇققا چىداملىق، ئوتتۇراھال نەملىك، نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، چوڭقۇر قاتلاملىق نەمخۇش، قۇمساڭ تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ. قەلەمچە تىكىپ كۆپەيتكەندە، ئۆسۈشى تېز بولۇپ، ھويلا- ئارامنى كۆكەرتىشتىكى ئېسىل دەرەخ تۈرى.

**قېيىن** شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە ئالتاي قېيىنى ۋە تەڭرىتاغ قېيىنى بار بولۇپ، ھەممىسى قابا، گۇچۇڭ، جىمسار، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ، قەدىمكى شىمالىي قۇتۇپ رايونى سىستېمىسى تەركىبىگە تەۋە، سوغۇققا بەرداشلىق، ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، چوڭقۇر، نەم، مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ، ئۆسۈشى ئىنتايىن تېز بولۇپ، بەش يىلدا ئېگىزلىكى 5~6 مېتىرغا، كۆكرەك ئېگىزلىكىنىڭ دىئامېتىرى 3~4 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، ئون يىلدا ئېگىزلىكى ئون مېتىرغا يېتىپ، كۆكرەك ئېگىزلىكىنىڭ دىئامېتىرى 15~16 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، 15 يىلدا ئېگىزلىكى 14~15 مېتىر، كۆكرەك ئېگىزلىكىنىڭ دىئامېتىرى 23~24 سانتىمېتىر بولىدۇ؛ 20 يىلدا ئېگىزلىكى 18~20 مېتىرغا يېتىدۇ، كۆكرەك ئېگىز-

لىكىنىڭ دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. ئۆمرى 140 يىلدىن ئاشىدۇ. قىممەتلىك ھويلا ـ ئارام مەنزىرە دەرەخ تۈرى، دەرەخ ماتېرىيالى بىرقەدەر چىڭ بولۇپ، پەندەركە تاختاي، ئۆي جاھازلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن يەنە مېتىل ئىسپىرتى، سىركە كىسلاتاسى، ئۈرونىڭ قاتارلىق خىمىيە سانائەت ماتېرىياللىرىنى چىقارغىلى بولىدۇ، قېيىن ئىچىملىكى ئىشلىنىدىغان قىممەتلىك دەرەخ تۈرى. ② تەڭرىتاغ قېيىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى ھەرقايسى تاغلىق رايونلاردىكى ئورمان چېتى ئارلاش ئورمانلىرىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ ئالاھىدە تۈرى، سوغۇققا چىدامىلىق، ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، چوڭقۇر، نەم، مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 37 ـ بەتتىكى «ئاق قېيىن ئورمىنى» غا قارالسۇن)

**قارىياغاچ** شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە سېدە ۋە قارىياغاچ دەپ ئىككى تۈرى بار بولۇپ، ھەممىسى ئېگىز دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ. ① سېدە ئاساسلىقى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەر ـ بازارلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. غۇلجا شەھىرى، قەشقەر شەھىرىدە ئالاھىدە كۆپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرىگە تەۋە. يورۇقپەرەس، سوغۇققا چىدامىلىق، ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، ئۇلاش ياكى قەلەمچە تىكىش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ. شەھەرلەرنى كۆكەرتىش جەھەتتە قىممەتلىك دەرەخ تۈرى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەر ـ بازارلارغا ئومۇملاشتۇرۇلدى. ② قارىياغاچ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تاغ ئالدى يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن چۆكۈندىسى ۋە چۆللۈك بوستانلىقلىرىغا تارقالغان. ئاسىيا ئوتتۇرا قىسمى سورتىغا تەۋە بولۇپ، سوغۇققا چىدامىلىق، يورۇقپەرەس، ئوتتۇراھال نەملىكتە، قۇرغاقلىقتا ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، قاتتىق سوغۇققا چىدامىلىق، قاتتىق ئىسسىققا چىدامىلىق، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، كۈچلۈك يورۇقپەرەس بولۇپ، مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ، كۆكەرتىش، ئېتىز ـ ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىرى دەرەخ تۈرى بولۇپ، ماتېرىيال قىلىنىدىغان دەرەخ تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

**قارا ئۈجمە** يوپۇرماق تۆكىدىغان پاكار غوللۇق دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ؛ ئانىلىق، ئاتلىق چېچىكى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ، ئاتلىق چېچەك رېتى تىزمىسى 2~5 سانتىمېتىر بولۇپ، قۇژمەك گۈللۈك، مېۋىسى تۇخۇمسىمان يۇمىلاق شەكىلدە ياكى ئېللىپس شەكىلدە بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 2 سانتىمېتىر، قېنىق قىزىل رەڭدە بولىدۇ، چېچەكلەش مەزگىلى 5 ـ ئايدا، مېۋىلەش مەزگىلى 6 ـ ئايدا بولىدۇ. قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئىراننىڭ ئالاھىدە تۈرى. نەملىكنى ياخشى كۆرىدۇ، ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، چوڭقۇر، نەم، مۇنبەت، قۇمساڭ تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ، ئۇرۇقىدىن كۆپىيىدۇ. پوستى قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ، ياغاچ ماتېرىياللىرى سېپتا ئۆي جاھازلىرى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ، يوپۇرمىقى پىلە بېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، مېۋىسى يېمەكلىك قىلىنىدۇ.

**قىزىل مېۋىلىك جوزگۈن** چاتقال دەرىخى بولۇپ، ئېگىزلىكى 50~80 سانتىمېتىر كېلىدۇ، چېچەكلەش مەزگىلى 5 ـ ئايدا، مېۋىلەش مەزگىلى 6~7 ـ ئايدا بولىدۇ. بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، جىمىنەي قاتارلىق ناھىيىلەردە ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، ئاسىيا ئوتتۇرا قىسمىدىكى قۇملۇق تۈرىگە تەۋە. ئۇلترا قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، سوغۇققا چىدامىلىق، قۇرغاقچىلىققا، قۇم ـ بورانغا، قۇمنىڭ كۆمۈشكە چىدامىلىق، ئۇرۇقى ۋە يىلتىزىدىن چاتاقلاپ كۆپىيىدۇ، قىممەتلىك قۇم تۇراقلاشتۇرىدىغان ئۆسۈملۈك بايلىقى.

**سۆكسۆك** چاتقال دەرىخى، ئېگىزلىكى 1~5 مېتىر، چېچەكلەش مەزگىلى 5 ـ ئاي، مېۋىلەش مەزگىلى 10 ـ ~11 ـ ئاي، جۇڭغار ئويمانلىقى ھەمدە چاقىلىق، بۈگۈر، كۇچار، باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا دائىم كەڭ دائىرىدىكى چۆللۈك سۆكسۆك ئورمانلىقى بولۇپ شەكىللىنىدۇ، ھازىر جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆلىمى 540 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان گەنجاخۇ ئاق سۆكسۆك مۇھاپىزەت رايونى بەرپا قىلىندى. ئاسىيا ئوتتۇرا قىسمى چۆللۈك سورتىغا تەۋە. سۆكسۆك شىنجاڭ قۇملۇقلىرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك دەرەخ تۈرى، ئاق سۆكسۆكنىڭ دەرەخ شەكلى بىرقەدەر ئېگىز ھەم چوڭ، ئاساسىي غولى روشەن بولۇپ، دەرەخ پوستى سۇس رەڭدە، يوپۇرمىقى قىلتىرىق شەكىللىك ئۇچلۇق، شېخىغا چىڭ چاپلىشىپ

تۇرىدۇ، ئاساسلىقى جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن، قابا، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، ماناس، ساۋەن، كۈيتۇن، جىڭ قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقالغان. جىڭ ناھىيىسىدىكى ئېبىنۇر كۆلى كۆچمە قۇم بارخانلىرىدىكى ئاق سۆكسۆك ئورمانلىقىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۆسۈشى ئەڭ ياخشى، تارقىلىشمۇ ئەڭ مەركەزلەشكەن. جۇڭغار - تۇران، ئىران قۇملۇق تۈرىگە تەۋە. يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، سوغۇققا، زىيادە تەملىككە، قۇم - بورانغا چىدامىلىق، قىممەتلىك قۇم تۇراقلاشتۇرىدىغان دەرەخ تۈرى، جۇڭگونىڭ 3 - دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭغار دولانىسى پاكار غوللۇق دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ. چېچەكلەش مەزگىلى 5 - ئاي، مېۋىلەش مەزگىلى 7 - ئاي. غۇلجا، كۈنەس، قورغاس قاتارلىق شەھەرلەردىكى دەريا ۋادىلىرى ياكى تاشلىق تاغ باغرىلىرىدا ئۆسىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ ئالاھىدە تۈرى. يورۇقپەرەس، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، سوغۇققا چىدامىلىق، چوڭقۇر، نەم، مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ، ئۇرۇقىدىن كۆپىيىدۇ. قىممەتلىك باغۋاران دەرەخ تۈرى، ياۋا مېۋە بايلىق مەنبەسى دەرەخ تۈرى.



جۇڭغار دولانىسى

چىتەن شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە تەڭرىتاغ چىتىنى ۋە سىبىرىيە چىتىنىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرى بار، پاكار غوللۇق دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ. ① تەڭرىتاغ چىتىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى 6 - ئاي، مېۋىلەش مەزگىلى 8 -~9 - ئاي، باركۆل، فۇكاڭ، ئۈرۈمچى، سانجى، كۈنەس، توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ ئالاھىدە تۈرى، سوغۇققا چىدامىلىق ۋە ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، ئىللىق، سالقىن كىلىماتنى، نەمخۇش، مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ. باغ - ئورمان دەرەخ تۈرى، مېۋىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە بولىدۇ. تاغ ئالدى تەتۈر تېمپېراتۇرا بەلۋېغىدا ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ② سىبىرىيە چىتىنىڭ چېچەكلەش مەزگىلى 6 - ئاي، مېۋىلەش مەزگىلى 8~9 - ئايلاردا، بۇرچىن ناھىيىسى (قاناس كۆلى)، قابا قاتارلىق جايلارنىڭ تاغلىق جايلىرىدا ئۆسىدۇ، سىبىرىيە تۈرىگە تەۋە. سوغۇققا چىدامىلىق، يورۇقپەرەس، سوغۇق، سالقىن كىلىماتنى، چوڭقۇر، نەم، مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ، باغ - ئورمان كۆكەرتىش دەرەخ تۈرى، مېۋىسىنى پىششىقلاپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

تەڭرىتاغ زەرىڭى پاكار غوللۇق دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ، ئېگىزلىكى 3~5 مېتىر كېلىدۇ. دائىم چاتقال شەكلىدە بولىدۇ، چېچەكلەش مەزگىلى 5 - ئاي، مېۋىلەش مەزگىلى 8~9 - ئاي، كۈنەس، توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ دەريا بويلىرىدىكى چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ ئالاھىدە تۈرى، ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، سوغۇققا چىدامىلىق، يورۇقپەرەس، چوڭقۇر، نەمخۇش، مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ. ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ قاتارلىق شەھەرلەردە كىرگۈزۈپ ئۆستۈرۈلدى، ھازىر چېچەكلەپ مېۋە بەردى.

يۇلغۇن شىنجاڭدا توكلۇك يۇلغۇن، كۆپ شاخلىق يۇلغۇن بار بولۇپ، چاتقاللىق دەرىخى ھېسابلىنىدۇ. ① توكلۇك يۇلغۇن ئېگىزلىكى 5~6 مېتىر كېلىدۇ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئىران - تۇران - جۇڭغار رايونى سىستېمىسىغا تەۋە، شورلۇق تۇپراقتا، ئوتتۇراھال نەملىكتە ئۆسىدۇ، يازدا يېشىل تۇرىدۇ، نەملىكنى، شورلۇقنى ياقتۇرىدۇ، يورۇقپەرەس، سوغۇققا چىدامىلىق؛ شامالغا چىدامىلىق، ئۇرۇقىدىن ياكى قەلەمچىسىدىن كۆپىيىدۇ. باغۇبوستانلاشتۇرۇش، يېشىللاشتۇرۇش ھەمدە شورلۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش دەرەخ تۈرى. ② كۆپ شاخلىق يۇلغۇن ئېگىزلىكى 1~3 مېتىر كېلىدۇ. مېۋىلەش مەزگىلى 5 - ~9 - ئايلاردا. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تۈرىگە تەۋە. يورۇقپەرەس، شامالغا، سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، قۇملۇقنى ياقتۇرىدۇ. قۇملۇقنى تۇراقلاشتۇرىدىغان دەرەخ تۈ-

رى ۋە باغۇبوستانلاشتۇرۇش، يېشىللاشتۇرۇش دەرەخ تۈرى ھېسابلىنىدۇ.



يۇلغۇن

**شىنجاڭ كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇنى** ئېگىز غوللۇق دەرەخ تۈرىگە كىرىدۇ. ئېگىزلىكى 25 مېتىرغا يېتىدۇ، يەر شارىدىكى مۇز دەۋرىدىن كېيىنكى مەزگىلدىن ئامان قالغان ئاز ساندىكى قەدىمكى كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخ تۈرى ھېسابلىنىدۇ. چېچەكلەش مەزگىلى 5 ـ ئاي، مېۋىلەش مەزگىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا، كۈنەس، توققۇزتارا، چاپچال قاتارلىق يەرلەردىكى دەريا ۋادىلىرىدا ئۆسىدۇ؛ قەشقەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئارالچا سايلىقىدا تۆت كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھاپىزەت رايونى بەرپا قىلىنغان؛ قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆستۈرۈلىدۇ. يازدا يېشىل تۇرىدۇ، ئوتتۇرا تىپلىق، بىخ ئورنى ئېگىز، سوغۇققا چىداملىق، يورۇقپەرەس، چوڭقۇر، نەمخۇش، مۇنبەت تۇپراقنى ياقتۇرىدۇ؛ ئۇرۇقىدىن كۆپىيىدۇ. باغۇ بوستانلاشتۇرۇش، يېشىللاشتۇرۇش دەرەخ تۈرى. تەڭرىتاغنىڭ ئالاھىدە تۈرىگە تەۋە (ئوتتۇرا ئاسىيا تاغلىق ئالاھىدە تۈرى).

**ئۆسۈملۈك بايلىقى** ئىنسانلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىغىندىسى. شىنجاڭ مول ۋە خاس ئۆسۈملۈك بايلىقىغا ئىگە. ① ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە ۋىتامىنلىق ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈك، گىلاس، جىغان، مالىنا، ئازغان، بۆلجۈرگەن، تىكەنلىك قارىغان، قاغا جىگدىسى قاتارلىقلار. ② كىراخمال، شېكەر ۋە ئاقسىل تەركىبلىك ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: ئىلانسىمان قامچا ئوت (ئەنجبار)، تاغ قامچا ئوتى، قويانجىن، چىشگىلىكسىمان غاز تاپان، ياۋا كۆك پۇرچاق، خوش پۇراق كۆك پۇرچاق، بۇيا، ئاق تىكەن، شىنجاڭ سۇ ياڭىقى، ئېيىق ئۈزۈمى، ياۋروپا سۇ ئوقياسى قاتارلىقلار. ③ مايلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: ياڭاق، بادام، ياۋا بادام قاتارلىقلار. ④ دورىلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا، يەرمەدىكى، شىنجاڭ ھىڭى، لوپنۇر كەندىرى، شىنجاڭ ئەڭلىك ئوتى، تولۇق يوپۇرماقلىق مەرزەنجۇش، تاغ لەيلىسى (قار لەيلىسى)، يىزىخو ئەمىنى، قانتېپەر، قىرىقبوغۇمسىمان چاكاندا قاتارلىقلار. ⑤ خوش پۇراقلىق ماي چىقىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: ياۋا قۇلماق، مۇڭگۇ چىنىگۈلى، سېرىق گۈللۈك قاشقابېدە، ياۋا ياليۇز، غوزمەك گۈللۈك يالغان رەيھان، خەمىل (كېپەك ئوتى)، چۆل رەيھىنى، جۇلاغ، سۇمبۇل، ئىگىر قاتارلىقلار. ⑥ ياۋايى تاماشا ئۆسۈملۈكلىرى، مەسىلەن: ئىلى ياۋا كوركوم گۈلى، جۇڭغار سەددىنى، چاي ئوت، شىنجاڭ بۇۋايىسى، تەڭرىتاغ گۈلسېرىسى، چوڭ يوپۇرماقلىق بەھمەن، قوڭغۇر باش، توگۈمەك بىلىتىرلىق چۇغلۇق قاتارلىقلار. ⑦ يەم ـ خەشەك قىلىنىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: بىدە ئۇرۇقدىشى، قاشقابېدە ئۇرۇقدىشى، ئوچ قۇلاق ئۇرۇقدىشى، ياۋا كۆك پۇرچاق ئۇرۇقدىشى، كەسرا ئۇرۇقدىشى، تىپچاق ئۇرۇقدىشى، يوتەن شەھدىنى ئۇرۇقدىشى، قوڭغۇر باش ئۇرۇقدىشى، ئارپىغان ئۇرۇقدىشى، رەۋرەڭ قاتارلىق ئۇرۇقداشلارغا تەۋە ئوت ـ چۆپلەر. ⑧ ياۋايى تالالىق ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: قومۇش، چىغ، چوڭ گۈللۈك ياۋا كەندىر، تار يوپۇرماقلىق يېكەن، كەڭ يوپۇرماقلىق يېكەن، بىيدايىق قاتارلىقلار. ⑨ تېرە ئەيلەشكە ئىشلىتىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: شىنجاڭ بال قارىغىيى، قارلىق چوققا شەمشادلىرى، سۆگەت، ئات قۇلاق قاتارلىقلار. ⑩ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە چېتىلىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر: بۇنىڭ ئىچىگە شال، بۇغداي، ئارپا، تېرىق، قىچا قاتارلىقلارنىڭ ياۋا تۇغقانلىرى كىرىدۇ. ⑪ پىگمېنتلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: ئوسما، ئەڭلىك ئوت، قىزىلگۈل قاتارلىقلار. ⑫ ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: قىچا، قاغا جىگدىسى، ياۋا ئالما، بىدە، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلار. ⑬. قۇرت ئۆلتۈرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: ياڭاق، يوپۇرماقسىز يالغان قىرىقبوغۇم، ئېيىق تاپان، بۆۋانە، بۇيا قاتارلىقلار. شىنجاڭدا ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىشتا مۇئەييەن تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى، مەسىلەن؛ چۈچۈكبۇيا، تاغ لەيلىسى (قار لەيلى-

سى)، سوغۇل، ھىلال، ئازغان، جىغان، قىزىل مارال، چاكاندا، ئەگلىك ئوت، توشقان زەدىكى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدىن ئومۇمیۈزلۈك تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، ئۆسۈملۈك، پەرداز بۇيۇملىرى، ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى، يېمەكلىك، دورا، ھاراق - شاراب قاتارلىق كۆپ خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقاردى. بەزى ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى، پايدىلىنىش دائىرىسى كەڭ بولغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرگە قارىتا كۆندۈرۈپ تېرىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلماقتا.

**يەم - خەشەك قىلىنىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر** شىنجاڭدا يەم - خەشەك قىلىنىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈك مەنبەسى مول بولۇپ، ئوتلاق تۈرى مۇرەككەپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۇرۇپپىلىرىمۇ كۆپ خىل، بۇنىڭ ئىچىدە يەم - خەشەك قىلىنىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈك تۈرى كۆپ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داڭلىق، دۇنيادىكى ھەرقاسى ئەللەرنىڭ داڭلىق ئوت - چۆپلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلىدۇ.

1. شىنجاڭدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئوت - چۆپلەرنىڭ ياۋا ئۆسىدىغان يېقىن تۇغقانلىرىدىن تېرىپ ئۆستۈرۈۋاتقانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا ئۈچ خىل، 31 ئۇرۇقداش، 330 دىن ئوشۇق تۈر بولۇپ، بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى ئەلا سۈپەتلىك ئوت - چۆپلەر.

1) پۇرچاق ئائىلىسىگە تەۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ياۋايى تۇغقانلىرىدىن: ① بېدە ئۇرۇقدىشى: شىنجاڭدا 10 تۈرى بار، تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقىنى بىرلا تۈر، يەنى سۆسۈن گۈللۈك بېدە، يەنە بىر خىل سېرىق گۈللۈك بېدە ھازىر تېرىپ ئۆستۈرۈلۈشكە كۆندۈرۈلۈۋاتىدۇ. ② قاشقابېدە ئۇرۇقدىشى: شىنجاڭدىن بۇنىڭ تۆت تۈرى چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقىنى ئىككى تۈر. ③ ئۈچ قۇلاق ئۇرۇقدىشى: شىنجاڭدا تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقىنى يەتتە تۈر (بۇنىڭ ئىچىدە تۆتى ياۋايى تۈر)، ياۋايى ئۆسىدىغىنى ئۈچ تۈر. ④ ئايلانما يوپۇرماقلىق ياۋا پۇرچاق ئۇرۇقدىشى: شىنجاڭدا تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقىنى بىر تۈر، ياۋايى ئۆسىدىغىنى ئىككى تۈر⑤ نوقۇت ئۇرۇقدىشى: تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقىنى بىر تۈر، ياۋايى ئۆسىدىغىنى ئۈچ تۈر. ⑥ ياۋا كۆك پۇرچاق ئۇرۇقدىشى: تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقىنى ئۈچ تۈر، بۇنىڭغا تۇغقان كېلىدىغان 16 تۈر بار. ⑦ خوش پۇراق ياۋا كۆك پۇرچاق ئۇرۇقدىشى: تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقىنى بىر تۈر، ياۋايى ئۆسۈۋاتقان تۇغقانلىرى سەككىز تۈر. ⑧ كەتىرا ئۇرۇقدىشى: شىنجاڭدا ھەرخىل ھاياتلىق مۇھىتىغا تارقالغان تەخمىنەن 140 تۈرى بار.

2) تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان باشاقلىق ئوت - چۆپلەر بىلەن يېقىن تۇغقانچىلىقى بار ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر: بۇلار شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئوتلاقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرى قىسمىدا قەنت ماددىسى بىر قەدەر كۆپ، چېچەكلەشتىن بۇرۇن تەركىبىدە خېلى يۇقىرى مىقداردا يېرىك ئاقسىل بولىدۇ. شىنجاڭدا ئۇلارنىڭ مۇھىم يەم - خەشەكلىك قىممىتى بار، مەسىلەن: تېپچاق ئۇرۇقدىشى (16 ئائىلە، 10 كەنجى تۈر)، ياۋا ئىمپېراتا قومۇشى ئۇرۇقدىشى (بىر تۈر)، قوڭغۇر باش ئۇرۇقدىشى (20 تۈر)، مەستەك ئۇرۇقدىشى، ئارپىغان ئۇرۇقدىشى (ئالتە تۈر)، زەۋرەك ئۇرۇقدىشى (ئىككى تۈر)، توشقان قۇيرۇق ئۇرۇقدىشى (تۆت تۈر)، سېپىل ئۇرۇقدىشى (ئالتە تۈر) قاتارلىقلار.

3) ئاق لويلا ئائىلىسىدىكى تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئوت - چۆپلەر بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر: بۇنىڭ كۆپىنچىسى قۇرغاقچىلىق ۋە زىيادە قۇرغاقچىلىق شارائىتتا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەردۇر، بەزى تۈرلىرىنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل ۋە كۈل تەركىبى مول بولۇپ، شىنجاڭنىڭ چۆللۈك ئوتلاقلىرىنىڭ ئاساسىي ئوت - چۆپى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: تەسكەن ئۇرۇقدىشى، ساھىل لويلىسى ئۇرۇقدىشى، ياۋا سۈپۈرگە ئۇرۇقدىشى، قارا ماتاپ ئۇرۇقدىشى قاتارلىقلار.

2. شىنجاڭدىكى يەم - خەشەك قىلىنىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسىي تارقالغىنى باشاقلىقلار ئائىلىسى، قىياق ئائىلىسى، گۈلسامساق ئائىلىسى، پۇرچاق ئائىلىسى، چېغىرتماق ئائىلىسى، قامچا ئوت ئائىلىسى، ئاق لويلا ئائىلىسى، كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسى، ئەترگۈل ئائىلىسى، مۇرەككەپ گۈللەر ئائىلىسى قاتارلىقلارغا كىرىدۇ.

**ياۋايى تالالىق ئۆسۈملۈكلەر** ئۆسۈملۈك تېنىدە زور مىقداردا تالا توقۇلمىلىرى بار ئۆسۈملۈكلەردۇر. بۇنداق ئۆسۈملۈكلەر شىنجاڭدا بىر قەدەر مول، بولۇپمۇ قومۇش، چىغ ۋە ياۋا كەندىرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ياۋايى تالالىق ئۆسۈملۈكلەر ئومۇمەن قەغەزچىلىك سانائىتىگە ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قومۇش، چىغ، چوڭ گۈللۈك كەندىر، قۇلماق، تار يوپۇرماقلىق قارىغان، قېرىقىز، سېرىق گۈللۈك ئەمەن، تار يوپۇرماقلىق

يېكەن، كەڭ يوپۇرماقلىق يېكەن، تەڭگە باش، نىجىسىم، بىيدايىق، ئارپىغان، ئايراۋۇق، چوڭ يوپۇرماقلىق دېيىبۇكسىيە ئوتى، ئىتقوناق، ئاق ئوت، پايىزا، چەغىرتماق (پىچان) قاتارلىقلار. يەنە ئۇرۇش، توقۇش، كۆلا ـ ئارقان ئېشىش، سۇنئىي تالالىق پەنەركە ياساش، رەخت توقۇمىچىلىقى قاتارلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن: قارىياغاچ، كەندىر، خەنجەرسىمان يوپۇرماقلىق قارىغان، چۈچۈكبۇيا، يۇلغۇن، چىڭگىلىك، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىقلار.

**تېرە ئەيلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر** تېنىدە ئەيلەش ماددىسى مول بولغان ئۆسۈملۈكلەردۇر. ئەيلەش ماددىسى ئۆسۈملۈك تانىنىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ بىر خىل پولىبازىك فېنولنىڭ تۇغۇندى ماددىسى. ئادەتتە قوۋزاق، ياغاچ، مېۋە-چېۋە شۆپۈكى، يىلتىز پوستى ۋە يوپۇرماقتا بولىدۇ. تېرە ئەيلەشنىڭ بىر خىل خىمىيىۋى سانائەت خام ئەشياسى. شىنجاڭدا تېرە ئەيلەشكە ئىشلىتىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر بىر قەدەر مول بولۇپ، ئاساسەن بال قارىغاي، قارلىق چوققا شەمشادى، بەش ئاتىلىقلىق سۆگەت، ئۈچ ئاتىلىقلىق سۆگەت، پاكار تال، ئىلانسىمان قامچا ئوت، ئات قۇلاق، پۈرمە يوپۇرماقلىق ئات قۇلاق، باتىيەن ئات قۇلىقى، تەڭرىتاغ ئات قۇلىقى، غاز ئوتى، سۇ بۆلجۈرگىنى، ماموقسىمان غاز تاپان، ئەبجەس، توشقان ئوتى، ئېگىز تاغ توشقان ئوتى، ئېگىز تاغ تۈگۈنەك يىلتىزلىق قاقىرا تۇمشۇقى، سىبىرىيە قاقىرا تۇمشۇقى، يالمانقۇلاق، چاي ئوت، ئېيىق ئۈزۈمى، بەھمەن قاتارلىقلار بار. بۇلار ئاساسەن تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغىغا تارقالغان، باشقا يەرلەردىمۇ بار. نۆۋەتتە، بەزى مەملىكەتلەر تېرە ئەيلەشكە ئىشلىتىلىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، خام ئەشيا بازىسىنى تەرەققىي قىلدۇرماقتا.

**دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە چېتىلىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر** تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان مەلۇم زىرائەت بىلەن چاڭلىشالايدىغان ياكى چاڭلىشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان «تۇغقانچىلىق ۋە شالغۇتلىشىش مۇناسىۋىتى بار» ئۆسۈملۈكلەر. شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى بىلەن چېتىشلىقى بولغان ياۋايى ئۆسۈملۈك بايلىقى ئىنتايىن مول، بۇ ئۆز ئىچىگە دانلىق زىرائەتلەر بىلەن چېتىشلىقى بار ئۆسۈملۈكلەر: ① شالنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان ئۆسۈملۈك — كونەس بالغان شىبلى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، دېنى ئاق ۋە سۇزۇك. ② بۇغداي ۋە ئارپىنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان ئۆسۈملۈك — كىرپە باش، ياۋا توقۇل بۇغداي، بىيدايىق، غىشە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، بالدۇر پىشىدىغان، كېسەللىككە قارشى تۇرالايدىغان ئارتۇقچىلىقلىرى بار. ③ تېرىق بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئۆسۈملۈكلەر — پايىزا، ئۇزۇن باشاقلىق پايىزا، سېرىق پايىزا. ④ چۈجگۈن قوناق بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئۆسۈملۈك — ياۋا چۈجگۈن قوناق. ⑤ سۇلۇ بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئۆسۈملۈك — ياۋا سۇلۇ. مايلىق زىرائەتلەر بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئۆسۈملۈكلەردىن: ① قىچا بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئۆسۈملۈكلەر — ياۋا قىچا خەردەل، كاپۇستا، تارا تىزىق. ② زىغىر بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئۆسۈملۈكلەر — تەڭرىتاغ زىغىرى، ئالتاي زىغىرى، ئاق زىغىر، ئۇششاق چېچەكلىك زىغىر. ③ كەندىر بىلەن تۇغقانچىلىقى بار ئۆسۈملۈك — ياۋا كەندىر. ④ پىياز ئۇرۇقداشلىرى تۈرىگە كىرىدىغان ئۆسۈملۈك بايلىقى — شىنجاڭ گۈللىماق ئائىلىسىگە تەۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەركىزى، دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىلا 45 خىلى تېپىلدى، بۇنىڭ % 95ى ياۋا تۈرلەر، شىنجاڭدا ياۋا پىياز، ساماق، كۆدە ئىنتايىن كەڭ تارقالغان، بولۇپمۇ ئالتاي ۋە تەڭرىتېغىنىڭ ئوتلاقلىرىدا ئەڭ كۆپ، قۇملۇق ۋە ئورمان ئوتلاقلىرىدىمۇ تارقالغان.

**پىگمېنتلىق ئۆسۈملۈكلەر** تەركىبىدە تەبىئىي پىگمېنتلار بولغان، يېمەكلىكلەرگە، ئۇسسۇلۇقلارغا قوشۇلىدىغان رەڭ خۇرۇچلىرىنى ئالغىلى بولىدىغان، جۇملىدىن بوياق ماددىلىرىنى ياسايدىغان ئۆسۈملۈكلەر. پىگمېنت — ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېتابولىزمى جەريانىدا پەيدا بولىدىغان ھاسىلاتى بولۇپ، خىمىيىۋى قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئورگانىك بىرىكمىلەردۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يوپۇرماق ۋە غوللاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەسىلەن: ئوسما، ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدا ئىندىگوتىن بولۇپ، ئۇ كۆك بوياق ماددىسىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن ئۆسۈملۈك تالالىرىنى بويىغاندا تىزاپ ئىشلىتىش ھاجەتسىز، ئۇ گىرىم بۇيۇملىرىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىدىمۇ پىگمېنتلار ساقلىنىدۇ، مەسىلەن: ئەڭلىك ئوت، يىلتىزىدا بىنەپشە قىزىل پىگمېنت ئالكانىن بولۇپ، قىزىلگۈل رەڭگىدە، پاختا ۋە يىپەك توقۇلمىلارنى بوياشقىلى، يېمەكلىك ۋە گىرىم بۇيۇملىرىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بەزى پىگمېنتلار گۈل ۋە چېچەكلەردە ساقلانغان، مەسىلەن: زاراڭزىنىڭ گۈل تاجى تەركىبىدىكى

كارتامىن ماددىسىدىن قىزىل بوياقلارنى ئېلىپ پاختا رەختلەرنى بويىغىلى، گىرىم بۇيۇملىرىنى ياسىغىلى، ئوسسۇلۇق ۋە يېمەكلىكلەرگە رەڭ بەرگىلى بولىدۇ.

## ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر

ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ھەسەل ھەرىسى باقمىچىلىقىدا كەم بولسا بولمايدىغان ماددىي ئاساستۇر. شىنجاڭنىڭ ئېگىز تاغلىرى، تۈزلەڭلىكلىرى، چۆللىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەر بار. شىنجاڭدا ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر 2000 خىل ئەتراپىدا، بۇلارنى ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان تېرىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە تۆۋەندىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرى كىرىدۇ: ① باھار پەسلىدە مۇھىم ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر: قىچا، خەردەل، جۇيۇرساڭ، جۇغۇندان، تۇدارى، يېسىلغاق، جىگدە، جىغان، ياۋا ئالما، ياۋا ئۆرۈك، شاپتۇل، قارىياغاچ يوپۇرماقلىق قارىئۆرۈك، ئالتاي دولانىسى، ياۋا گىلاس، سۆگەت قاتارلىقلار. ② ياز پەسلىدە ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر: ئاق ئاكاتسىيە، ئوچقۇلاق، قىزىل بېدە، بېدە، قاشقابېدە، بۇيا، خۇش پۇراقلىق كۆك پۇرچاق، ياۋا كۆك پۇرچاق، يانتاق، قوڭغۇراقگىكەن، قاقىرا تومشۇق، ئاق تىكەن، قامغاق، چۆل رەيھىنى، سوزە، چۆل يالپۇزى، مەرۋەرەك، جۇلاغ قاتارلىقلار. ③ كۈز پەسلىدىكى ھەسەل مەنبەسى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر: ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، قۇش قوناس، سېفالونوپلوس ئوتى، يالغان رەيھان، ياۋا يالپۇز قاتارلىقلار.

## ھاشارات ئۆلتۈرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر

تەركىبىدە زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرىدىغان زەھەرلىك ماددىسى ۋە كېسەللىك باكتېرىيىلىرىگە قارشى ماددىسى بار ئۆسۈملۈكلەر. ئۇ ماددىلارنىڭ تەركىبىدە كۆپىنچە ئۆسۈملۈك ئىشقارى، ساپونىن، ئۇچۇشچان مايلار، تاننىنلىق ماددىلار، گلۇكوزىدلىق سمولىلار، روتېنون قاتارلىقلار بار. ئۆسۈملۈك خاراكتېرلىق دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى زەھەر ماددىسى بار ئۆسۈملۈكلەردىن ياڭاق، سۇ قامچىئوتى، قۇشقاچتىل، ئات قۇلاق، يوپۇرماقسىز يالغان قىرىق بوغۇم، ئېيىقتاپان، بۇۋانە، ياۋا زاغۇن، سېسىق چۆلۈك، قىشىر سۇتلۇكئوتى، ئابدىسىلىك، بۆرە ئوغىسى (سۇتلۇكئوت)، بۇيا، ئىت ئۈزۈمى، سۆگەت، قامغاق، ئاقباش ئوت، يېكەن، خارا يۇسۇنى قاتارلىقلار بار؛ يەنە بىر تۈردىكى ئۆسۈملۈك خاراكتېرلىك دېھقانچىلىق دورىلىرى تەركىبىدە ھاشارات گورمۇنلىرى بار ئۆسۈملۈكلەردۇر، مەسىلەن: تۇلەتكۈچى گورمون (ئېكدىسون)، قېرىتماسلىق گورمونى، بۇلار ھاشاراتلارنىڭ تۇلەش، ھالەت ئۆزگەرتىش، قورچاقتىن يېتىلىش ھالەتلىرىنى، ھەتتا يېتىلگەن ھاشاراتنىڭ ھالەت ئۆزگەرتىشىنى كونترول قىلىپ، غەيرىيلىككە ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ، مەسىلەن، چىلپايە ئۇرۇقدىشى، سەرىبىز ئۇرۇقدىشى، ياۋا كونجۇت، ئاق گۈللۈك ئوچقۇلاق، جۇلاغ قاتارلىقلار.

**ياۋا ئالما** ئەتىرگۈل ئائىلىسى ئالما ئۇرۇقدىشىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر ئەتراپىدا، ئەڭ ئېگىزلىرى 14 مېتىرغا يېتىدۇ. دەرەخ ياراقسىنى كەڭ،



ياۋا ئالما

قوۋزىقى كۈلرەڭ قوڭۇر، يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان ياكى ئېللىپىس شەكىللىك، ئۇزۇنلۇقى 6 ~ 11 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3 ~ 5 سانتىمېتىر، ئۇۋۇى شىنا شەكىلدە، گىرۋەكلىرى چىشسىمان، يوپۇرمىقىنىڭ كەينىدە شالاڭ تۈكلىرى بار. كۆنلۈكسىمان گۈل رېتىمدە چېچەكلەيدۇ، چېچىكى 3 ~ 6 گىچە بولۇپ، چېچەك دىئامېتىرى 3 ~ 3.5 سانتىمېتىر؛ گۈل كاسىسىنىڭ ياپراقچىسى ئۇچ بۇرجەك، گىرۋەكلىرى مۇكەممەل؛ گۈل بەرگى تەتۈر تۇخۇمسىمان، سۇس ھال رەڭ؛ 20 تال ئاتىلىقى، بەش تال ئانىلىقى بار. مېۋىسى شارسىمان ياكى ياپىلاق شارسىمان، دىئامېتىرى 3~5 سانتىمېتىر، سارغۇچ يېشىل رەڭدە، بەزىلىرى قىزغۇچ ياكى پۈتۈنلەي قىزىل رەڭدە. ماي ئېيىدا چېچەكلەپ، ئىيۇلدىن ئۆكتەبىرگىچە مېۋە تۇتىدۇ. ئاساسەن

شىنجاڭنىڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا دېڭىز يۈزىدىن 1000 ~ 1700 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلارنىڭ تەسكەي يانباغىرىدا ۋە ئورمان بەلۋاغلىرىنىڭ تۆۋەن ئېتەكلىرىدە ئۆسىدۇ. تارباغاتاي رايونىدىكى تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە ۋە بارلىق تېغىنىڭ غەربىگىمۇ تارقالغان بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە داڭلىق ياۋا مېۋىلىك ئورمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن، ئومۇمىي كۆلىمى 140 مىڭ موغا يېتىدۇ. سوغۇققا چىداملىقلىقى ئوتتۇراھال، قۇرغاقچىلىققا چىداملىقلىقى كۈچلۈك، بالدۇر مېۋىلەش، مول مەھسۇلات بېرىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۈلاق تېگى قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدا نۇرغۇن كونا ئالما سورتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ تۈردىن ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، شىنجاڭ ئالما سورتلىرىنىڭ ئاساسىي ئۈلاق تېگى قىلىندىغان ئالمىلىرىنىڭ بىرى.

**ياۋا ئۆرۈك** ئەتىرگۈل ئائىلىسى ئۆرۈك ئۇرۇقدىشىدىكى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 4~6 مېتىر. قوۋزىقى قارامتۇل كۈلرەڭ قوڭۇر رەڭدە، كۆپ يىللىق پۇتاقلىرى سۇس قوڭۇر رەڭدە، قوۋزاق تۆشۈكچىلىرى چوڭ ھەم كۆندىلەڭ؛ بىر يىللىق پۇتاقلىرى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن تاق يوپۇرماقلىقىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ ياكى دۈگىلەك تۇخۇمسىمان، بىراقلا ئۇچلانغان، تۈۋى دۈگىلەك ياكى يۈرەكسىمان، يوپۇرماق قىرغىقى دۈگىلەك ھەرە چىشسىمان، ئىككىلا يۈزىدە تۈكى يوق ياكى يوپۇرماقنىڭ كەينى تەرىپىدىكى تومۇرلىرىدا ئازراق تۈكى بار. چېچىكى يالاڭ، دىئامېتىرى 2 ~ 3 سانتىمېتىر، يوپۇرماق چىقىرىشتىن ئاۋۋال چېچەكلەيدۇ. گۈل كاسىسى سۇسسۇنرەڭ يېشىل، كاناي شەكىلدە، سىرتىدا تىۋىتسىمان تۈكچىلىرى بار، گۈل كاسىسى ياپراقچىسى تۇخۇمسىمان ياكى ئۇزۇنراق تۇخۇمسىمان، چېچەكنىڭ كەينىگە قايرىلىپ تۇرىدۇ. گۈل بەرگى دۈگىلەك ياكى تەتۈر تۇخۇمسىمان، چېچىكى ھال رەڭ ياكى ئاق رەڭدە، ئاتلىقى كۆپ. مېۋىسى شار شەكىلدە، دىئامېتىرى 2.5 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، ئاقۇش سېرىق ياكى كۆكۈچ قىزىل، سىرتىدا تۈكى بار؛ مېۋىسى شىرنىلىك، پىشقان ۋاقتىدا يېرىلمايدۇ؛ مېغىزى ياپىلاقراق دۈگىلەك شەكىلدە، تەمى ئاچچىق ياكى تاتلىق. ئاپرېل، ماي ئايلىرىدا چېچەكلەپ، ئىيۇن، ئىيۇل ئايلىرىدا مېۋىلەيدۇ. ئاساسەن ئىلى رايونىدىكى كۈنەس، قورغاس، توققۇزتارا، غۇلجا ناھىيىسى قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ پاكارراق تاغلىرىنىڭ تەسكەي ياكى يېرىم كۆنگەي يانباغىرلىرىدا ئۆسىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پىلىچى جىلغىسىدا ۋە جىرغىلاڭ جىلغىسىدىن شەرققە سوزۇلغان كۈنەس ناھىيىسىنىڭ تېمىرلىك دېگەن يېرىگىچە ئەڭ كۆپ. بۇ تۈر تىكىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ئۆرۈكلەر بىلەن بىر تۈرگە تەۋە، بىراق تىكىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ئۆرۈك تۈرلىرىگە قارىغاندا ماسلىشىشچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك.

**ياۋا ئالۇچا** ئەتىرگۈل ئائىلىسى ئالۇچا ئۇرۇقدىشىدىكى چاتقال ياكى دەرەخ. ئېگىزلىكى 2 ~ 8 مېتىر. شاخ - پۇتاقلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ، تىكەنلىك. كونا شاخلىرى تۇتۇق كۈلرەڭ، نوتا شاخلىرى قارامتۇل قىزىل رەڭدە. يوپۇرمىقى ئېللىپسسىمان، تۇخۇمسىمان ياكى تەتۈر تۇخۇمسىمان، بىراقلا ئۇچلانغان، تۈۋى شىنا شەكىلدە ياكى دۈگىلەك شەكىلگە يېقىنراق، گىرۋىكىدە دىقماق ھەرە چىشلىرى بار. چېچىكى بىر، دىئامېتىرى 2 ~ 2.5 سانتىمېتىر، گۈل بەرگى ئاق، مايدا چېچەكلەيدۇ، ئالدىدا چېچەكلەپ، ئاندىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ ياكى چېچەك ۋە يوپۇرمىقى تەڭلا چىقىدۇ. ئۇرۇقچىلىق مېۋىسى شارسىمان، دىئامېتىرى 2 ~ 3 سانتىمېتىر، مېۋىسى سېرىق، قىزىل ياكى سۇسسۇن رەڭدە، سىرتىدا نېپىز مايلىق شورى بار، تېپىز يان ئېرىقچىسى بار، مېۋە ئېتى قېلىن، چۈچۈمەل، ئۇرۇقچىسىغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە پەقەت شىنجاڭ ئىلى رايونىنىڭ قورغاس ناھىيىسىنىڭ داشكۆ ۋە شياۋشىگۇغا تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن 1000 ~ 1200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ جىلغىلىرىغا ياكى يانباغىرلىرىغا تارقالغان. ئىللىق، كۆنگەي ۋە قۇرغاقراق جايلاردا ياخشى ئۆسىدۇ. ھۆل مېۋىسىنى يېگىلى، قاق سالغىلى، مۇراببا ۋە شىرنە چىقارغىلى بولىدۇ.

**جىغان** جىگدە ئائىلىسى جىغان ئۇرۇقدىشىدىكى دەرەخ ياكى چاتقال ئۆسۈملۈك. تىكەنلىك، ئېگىزلىكى 2 ~ 5 مېتىر كېلىدۇ. نوتا شاخلىرىدا قوڭۇر رەڭلىك زىچ تەڭگىچىلىرى بار. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ياكى ئازراق ئۇدۇل ئۆسكەن پەيسىمان، سوزۇنچاق، ئۇچى دىقماق، كەينى يۈزىدە زىچ ۋە سۇس ئاق رەڭلىك تەڭگىچىلىرى بار، يوپۇرماق ساپىقى بەك قىسقا. ئالدىن چېچەكلەپ، ئاندىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ، ئاتلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىلغان؛ قىسقا ئومۇمىي گۈل رېتى ئالدىنقى يىلىدىكى شاخ قولتۇقىدا چېچەكلەيدۇ، چېچىكى ئۇششاق، سۇس

سېرىق رەڭدە، ئىككىگە يېرىلغان؛ ئەركەك چېچەكنىڭ گۈل رېتى ئوقى دائىم چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاتىلىقى تۆت تال بولىدۇ؛ چىشى چېچەك ئەركەك چېچەكتىن كېيىن ئېچىلىدۇ، ساپىقى قىسقا، كانايسىمان خالتا شەكلىدە، چوققا قىسمى ئىككىگە يېرىلغان بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئېتى چېچەك نەيچىسى ئىچىگە ئورالغان بولۇپ، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، ئازراق شارسىمان، دىئامېتىرى 5 ~ 10 مىللىمېتىر. ئاپرېل، ماي ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ، تاغ ۋە تۈزلەڭلىكلەردىكى دەريا بويلىرىدىكى سايلىقلاردا ئۆسىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان، ئومۇمىي كۆلىمى 33 مىڭ 400 گېكتار، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئىلى، بۆرتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا مەركەزلەشكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سۈنئىي ئۇسۇلدا تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ. مېۋىسىدە مول ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە دورىلىق تەركىبى بار. ئۇنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن C، ۋىتامىن E، ۋىتامىن A، ۋىتامىن B قاتارلىقلار مول. بولۇپمۇ ھەر يۈز گرام مېۋىدە 850 ~ 1500 مىللىگرام ۋىتامىن C بار. مېۋىسىدىن ھەرخىل ئۇسسۇلۇق ۋە يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشقا بولىدۇ. شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تۇراقلاندۇرۇش، تۇپراقنى، قاشنى قوغداش ۋە تۇپراقنى ياخشىلاشقا پايدىلىق دەرەخ تۈرىدۇر.

**مالىنا** ئەتىرگۈل ئائىلىسى مالىنا ئۇرۇقدىشىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تىك، يەر باغىرلىغۇچى ياكى ياماشقۇچى غوللۇق، غولىدا تىكەنلىرى ياكى تۈكلىرى بار. يوپۇرمىقى تاق سانلىق نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن پەيسىمان ياكى ئالقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، يوپۇرمىقىنىڭ گىرۋەكلىرى ھەرە چىشسىمان ياكى ئايرىلغان شەكىلدە، يوپۇرماق ساپىقى بار. چېچىكى ئىككى جىنسلىق، تاق جىنسلىقلىرى ئاز ئۇچرايدۇ، ئاتىلىق، ئانىلىقى ئايرىلغان، توپ گۈل رېتى، كونۇسسىمان گۈل رېتى، كۆنلۈكسىمان گۈل رېتى ۋە غوژمەك گۈل رېتىدە چېچەكلەيدۇ، ئاز ساندىكىلىرى يالغۇز چېچەكلەيدۇ، گۈل كاسىسى شارسىمان ياكى كونۇسسىمان؛ چېچىكى ئاق ياكى ھال رەڭدە، ئاتىلىقى كۆپ، ئانىلىقىمۇ كۆپ. مېۋىسى غوژمەك، قىزىل ياكى قارا، يېگىلى بولىدۇ. شىنجاڭدا تۆت تۈرى بار، ئالتاي تېغى، بارلىق تېغى، تەڭرىتېغى ۋە تارباغاتاي تاغلىرىغا تارقالغان.

**ئازغان** ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان ياكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. غولى تىكەنلىك، تىك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، يوپۇرماق ئۇچى ئايرىلغان. چېچىكى ئىككى جىنسلىق، گۈگۈسسىمان، يالغۇز، كۆنلۈكسىمان ياكى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە چېچەكلەيدۇ. گۈل كاسىسى شارسىمان، چۆگۈنسىمان، تۇخۇمسىمان ياكى لوڭقىسىمان بولىدۇ؛ گۈل تاجى بەش تال، گۈل بەرگى بەش تال، يالاڭ ياكى قوش قەۋەت، ئاق، قىزىل، سېرىق رەڭدە، مۇكەممەل ياكى ئۇچى ئازراق ئويمان بولىدۇ؛ ئاتىلىقى كۆپ؛ ئۈزەك پوستى كۆپ، ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇقى مېۋىسى كۆپ. گۈل كاسىسى ئىچىگە ئورالغان بولۇپ غوژمەك بىرىككەن مېۋىگە كىرىدۇ (ئازغان مېۋىسى دەپ ئاتىلىدۇ)، پىشقان ۋاقتىدا گۈل كاسىسى مېۋە ئېتىگە ياكى تېرىسىمان ماددىغا ئايلىنىدۇ، مېۋىسى قىزىل، سۆسۈن، قىزغۇچ سېرىق ياكى قارا رەڭدە بولىدۇ؛ گۈل تاجى چۈشۈپ كېتىدۇ ياكى ساقلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇقداشتىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغانلىرى بىلەن قوشقاندا شىنجاڭدا 21 تۈرى بولۇپ، ئاساسەن تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغى، تارباغاتاي تېغى، ئالاتاۋ قاتارلىق تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 800 ~ 2300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورمانلىقلىرىنىڭ چەت-چۆرىسىدە، چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. گۈلى ئوچۇق، چىرايلىق، بەزى تۈرلىرىنىڭ گۈلىدىن خۇش پۇراق مايلارنى ئالغىلى بولىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ مېۋىسى چوڭراق بولۇپ، ۋىتامىن C ئېلىشنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى؛ چېچىكى، مېۋىسى، يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ.

**ماكسىموۋىچ باتالى رىبېس چاتقىلى**
تاشيارغان ئائىلىسى رىبېس ئۇرۇقدىشىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، ئېگىزلىكى 1 ~ 3 مېتىر. پۇتاقلىرى ۋە غولىدا بىر سانتىمېتىرغا يېتىدىغان يىڭنىسىمان ئۈچ ئاچا تىكىنى بار، بوغۇم ئارىلىقلىرىدا تىكەنلىرى زىچراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى 3 ~ 5 كېچە يېرىلغان، يېرىلغان ياپراقچىلىرىنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، ئىككىدىن چىشى بار، سىلىق پارقىراق بولىدۇ. چېچىكى يالغۇز، گۈل كاسىسىغا ئورالغان؛ گۈل بەرگى قىزىل ياكى ھال رەڭدە، گۈل تاجى ۋە گۈل ساپىقى تۈكسىز. شىرنىلىك مېۋىسى سىلىق، دىئامېتىرى 12 ~ 16 مىللىمېتىر، گۈل كاسىسى قۇرۇلغان ھالەتتە ساقلىنىدۇ. ئىيۇلدىن ئاۋغۇستقىچە چېچەكلەپ مېۋىلەيدۇ. مەملىكىتىمىزدە پەقەت چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي، ئالتاي، بۇرچىن، قابا، دۆربىلجىن، تولى، باركۆل قا-

تارلىق ناھىيە ـ شەھەرلەردىن چىقىدۇ، ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى ۋە تارباغاتاي تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1100 ~ 3200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ چاتقاللىقلىرىدا، جىلغا سايلىرىدا ۋە تاغ ئوتلاقلىرىدا ئۆسىدۇ. مېۋىسىنىڭ تەمى چۈچۈمەل، خام يېگىلى بولىدۇ.

**ئۈچلۈق مېۋىلىك قاغا جىگدىسى** جىگدە ئائىلىسى قاغا جىگدە ئۇرۇقىدىكى دەرەخ ياكى چاتقال، ئېگىزلىكى 3 ~ 10 مېتىر، شاخلىرى كۆپ، تىكەنلىك، قوۋزاق ۋە تىكەنلىرى قوڭۇر رەڭدە، نوتا شاخلىرىدا كۈمۈشرەڭ تەڭگىچىلىرى بار. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق ئۈچلۈق ياكى كەڭرەك ئۈچلۈق بولىدۇ، كەينىدە بىر قەۋەت كۈمۈشرەڭ تەڭگىچىلىرى بار، ئوڭ تەرىپى كۆلرەڭ يېشىل، شالاڭ تەڭگىچىلىرى ۋە تۈكچىلىرى بار؛ يوپۇرماق سابىقى قىسقىراق. چېچىكى كىچىك، يالغۇز ياكى ئۈچتىن بولۇپ يوپۇرماق قولتۇقىدا چېچەكلەيدۇ، چېچەك سابىقى قىسقا؛ چېچىكى ۋارونكىسىمان، سىرتىدا كۈمۈشرەڭ تەڭگىچىلىرى بار، ئىچكى يۈزى سېرىق، چوققىسى تۆتكە يېرىلغان. مېۋىسى ئۇرۇقچىلىق مېۋە بولۇپ، ئېللىپس ياكى شار شەكلىدە، سېرىق ياكى توتۇق قىزىل، كىچىكرەك؛ مېۋە ئېتى تالقانسىمان، ئۇرۇقى موكا شەكلىدە، قېنىق ۋە سۇس ئىككى خىل سىزىقچىلىرى بار. ماي ئېيىدا چېچەكلەيدۇ، ئاۋغۇستتىن ئۆكتەبىرگىچە مېۋىلەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان، بوستانلىق تۈزلەڭلىكلەرگە يېقىن چۆللەردە، يېزا ـ كەنتلەردە ئۆسىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىسى مول، ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ يېيىشىگە بولىدۇ ھەمدە ھاراق ئېچىتىشنىڭ ياخشى خام ئەشياسىدۇر؛ يوپۇرمىقى، چېچىكى، مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ ھەم خۇش پۇراق ماي ئېلىنىدىغان، ھەسەل مەنبەسى قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك. شاماللىق، قۇملۇق يەرلەردە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ئىھاتە ئورمانلىقلىرى، ئوتۇن ئورمانلىقى، شامالنى توسۇپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمانلىقى، يول ياقىلىرىنى كۆكەرتىش ئورمانلىقى ۋە قوش قەۋەتلىك ئوتلاق بەرپا قىلىشتىكى ئەلا سورتلۇق دەرەخ تۈرى.

**ياۋا بۆلجۈرگەن** ئەترگۈل ئائىلىسى بۆلجۈرگەن ئۇرۇقىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 5 ~ 20 سانتىمېتىر، غولى تۈكلۈك، ئۈچ يوپۇرماقلىق، ئوتتۇرىسىدىكى يوپۇرمىقىنىڭ قىسقا سابىقى بار، يوپۇرماقلىرى تەتۈر تۇخۇمسىمان، تۇخۇمسىمان ياكى ئېللىپسسىمان، ئۇزۇن سابىقى بار؛ تەگ يوپۇرمىقى بىلەن يوپۇرماق سابىقى بىرلىشىپ كەتكەن، چېچىكى ئىككى جىنسلىق، يېرىم كۈنلۈك ياكى نۇرغۇن چېچەكلىرى غوژمەك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىمدە بولۇپ، گۈل كاسىسى تەخسىسىمان؛ گۈل تاجى بەش تال، قوشۇمچە گۈل تاجىمۇ بەش تال، گۈل تاجى نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن؛ گۈل بەرگى ئاق، ئاز ساندىكىلىرى سېرىق، تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى دۈگىلەك؛ ئاتىلىقى ۋە ئۆزەك پوستى كۆپ، ئۆزەك پوستى ئايرىلىپ تۇرغان بولۇپ، گۈل كاسىسى ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇق مېۋىسى كۆپ، يوغان گۆشلۈك مېۋىسى گۈل كاسىسى ئىچىگە جايلىشىپ غوژمەك مېۋىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاپرېل، ماي ئايلىرى چېچەكلەپ، ئىيۇن ئېيىدا مېۋە بېرىدۇ. شىنجاڭدا ئىككى خىل ياۋا تۈرى بار، ئالتاي تېغى، تارباغاتاي تېغى، ئالاتاۋ ۋە تەڭرىتېغىدىن چىقىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 1400 ~ 2400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورمانلىق ۋە ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. مېۋىسى قېنىق قىزىل، شىرنىلىك، چۈچۈمەل تاتلىق، ھۆل پېتى يېيىشكە ۋە بۆلجۈرگەن مۇرابباسى، بۆلجۈرگەن ھارىقى، بۆلجۈرگەن شىرنىسى ئىچىملىكلىرىنى ئىشلەشكە بولىدۇ.

**ياۋا ياڭاق** ياڭاق ئائىلىسى ياڭاق ئۇرۇقىدىكى دەرەخ، ئېگىزلىكى 25 مېتىر؛ قوۋزىقى كۆلرەڭ، نوتا شاخلىرىدا تۈكى يوق. يوپۇرمىقى 5 ~ 9 تال، سوقىچاق تۇخۇمسىمان ياكى ئېللىپسسىمان، ئۇچى دۈگىلەك ياكى ئازراق ئۈچلۈق، يومران يوپۇرمىقى خۇش پۇراقلىق. ئەركەك گۈل رېتىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 ~ 15 سانتىمېتىر، چىشى چېچىكى 1 ~ 3 بولۇپ، شاخنىڭ ئەڭ ئۇچىدا بولىدۇ. مېۋە رېتىمىنىڭ ئوق ئۇزۇنلۇقى 4.5 ~ 6 سانتىمېتىر، رەڭگى يېشىل. مېۋىسى شارسىمان، خورا ۋاقتىدا تۈكلۈك، پىشقاندا تۈكى بولمايدۇ، پوستى قوڭۇر رەڭدە. ئۇرۇقچىسىنىڭ دىئامېتىرى 3 ~ 4 سانتىمېتىر، تۆۋى تەرىپى تۈز، ئىككى تال قىرى ۋە تېيىز ئېرىقچە سىزىقچىلىرى بار. ياۋا تۈرلىرى تەڭرىتېغىنىڭ غەربىدىكى قورغاس ۋە توققۇزتارا ناھىيىلىرىگە تارقالغان. دېڭىز يۈزىدىن 1300 ~ 1700 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جىلغىلارغا ۋە يېرىم تەسكەي يانباغىرلاردا ئۆسىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. شىنجاڭدىكى ياڭاقنىڭ ئەلا سورتلىرىدىن يىل ئاتلايدىغان ياڭاق، ئوچۇق مېغىزلىق ياڭاق، قەغەز ياڭاق، بالدۇر پىشىدىغان مول ھوسۇللۇق ياڭاق تۈرلىرى بار. مېغىزىدا

60 ~ 80% ماي، 17 ~ 29% ئاقسىل، يەنە كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، كاروتىن، تىئامىن، رىبوفلاۋىن قاتارلىق كۆپ خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار بار.

**ياۋا بادام** ئەترگۈل ئائىلىسى شاپتۇل ئۇرۇقدىشىدىكى ئوتتۇراھال چاتقال، ئېگىزلىكى 1 ~ 1.5 مېتىر. كونا شاخلىرى كۈلرەڭ ياكى سۇس قىزىل رەڭدە، بىر يىللىق شاخلىرى سۇس قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە. يوپۇرمىقى ئۇزۇن شىپخىدا نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، قىسقا شاخلىرىدا غۇژمەك ئۆسىدۇ، يوپۇرماق شەكلى تار ئېللىپىس شەكىللىك، سوقىچاق ئۇچلۇق ياكى ئۇچلۇق شەكىلدە بولىدۇ، گىرۋەكلىرى ھەرە چىشسىمان. چېچىكى يالغۇز، يوپۇرماق چىقىرىش بىلەن تەڭلا چېچەكلەيدۇ. گۈل تاجى ھال رەڭدە، ماي ۋە ئىيۇن ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ. دىئامېتىرى 1~2 سانتىمېتىر، سىرتى سۇس سېرىق تۈكچىلەر بىلەن قاپلانغان: مېۋە ئېتى قۇرغاق، ئىيۇل ـ ئاۋغۇست ئايلىرىدا پىشقان ۋاقتىدا يېرىلىدۇ: ئۇرۇقچىسى تۇخۇمسىمان شار شەكلىدە، يېنىغا يابىلاقراق، يۈزىدە روشەن بولىغان تۇشۇكچىلەر بار، يېرىك، ئۇرۇقچا شاكىلى قېلىن ۋە قاتتىق. قۇرغاق يانباغىرلاردا ۋە جىلغىلاردا ئۆسىدۇ، چۆچەك ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تېغى ۋە چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ بارلىق تېغىدىن چىقىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 800 ~ 1300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئالدىنقى تاغلىق بەلۋاغلاردا ئۆسىدۇ. تارقىلىش كۆلىمى 1300 گېكتاردىن كۆپرەك. مېغىزىدا 51% ماي، 28.3% ئاقسىل بولۇپ، تەركىبى پۇرچاقلارغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن يېگىلى ياكى ئېسىل ئۇسسۇلۇقلارنى ئىشلىگىلى بولىدۇ، دورىغا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

**سوغىگۈل** گۈلسامساق ئائىلىسى سوغىگۈل ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق تەڭگىچە يىلتىزلىق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدىكى تەڭگىچە يىلتىزى 2 ~ 6 گىچە ياكى كۆپ چىشلىق ئۈچ بۇرجەك ئاق ياكى سۇس سېرىق رەڭدىكى تەڭگىچە چىشلاردىن تۈزۈلگەن. غولى تىك، يالغۇز ئۆسىدۇ، پۈتۈن تۈپى سىلىق ياكى شالاڭ تۈپچىسىمان تۈكچىلىرى بار. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپمۇ، ئۇدۇلمۇ ياكى ئايلانما بولۇپ ئۆسىدۇ، ئۇچى ئېگىلىدۇ ياكى ئېگىلمەيدۇ. يوپۇرماق تۈۋى غولىنى يېرىم ئوراپ تۇرىدۇ. چېچىكى ئىككى جىنسلىق، چوڭ ـ كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس، قوڭغۇراق شەكلىدە تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، گۈگۈسۈنسىمان ھالەتتە سىممېترىيە ھاسىل قىلغان، ئاز ساندىكىلىرى ئىككى ياندا سىممېترىك ھالەتتە تۇرىدۇ.



سوغىگۈل

چېچىكى غولىنىڭ ئۇچىدا يالغۇز ئېچىلىدۇ ياكى كۆپ چېچەك ئومۇمىي گۈل رېتىنى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. چېچىكى سېرىق، سۇسۇن ياكى سۈت رەڭدە بولىدۇ. گۈل كاسىسى يوپۇرماقسىمان ھالەتتە، گۈل بەرگى قىسقا دۈگىلەك، قوشۇقسىمان ياكى تار تۇخۇمسىمان شەكىلدە 6 ~ 8 تال بولۇپ، ئىككى قاتار ئايلانما شەكىلدە، ماي، ئىيۇل ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ. غوزا مېۋىسى 6 ~ 8 قىرلىق، قاناتلىق بولىدۇ، ئۇرۇقى كۆپ. ئاساسەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يانباغىرلىرىدىكى ئوتلاقلاردا ۋە چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. بۇ قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بولۇپ، شىنجاڭدا دورا قىلىنىدىغانلىرىدىن ئىلى سوغىگۈلى، چۆل سوغىگۈلى، شىنجاڭ سوغىگۈلى، سېرىق گۈللۈك سوغىگۈل، ئۇلۇغچات سوغىگۈلى، كىچىك گۈللۈك سوغىگۈللەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى سوغىگۈلىنىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى.

**چۇچۇكبۇيا** (سېرىق بۇيا، قارا بۇيا) پۇرچاق ئائىلىسى چۇچۇكبۇيا ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپىنچە تۈز ياكى ئوتتۇراھال ھالەتتە ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. توم ھەم كۆپ ئۇچلۇق يىلتىزسىمان غولى بار، يىلتىزسىمان غولى توغرىسىغا ماڭىدۇ، كۆپ شاخلايدۇ؛ ئاساسىي يىلتىزى تۈز، تۈۋرۈكسىمان، توم، ھەم ئۇزۇن بولىدۇ، يىلتىز پوستى قىزغۇچ قوڭۇر ياكى قارامتۇل قوڭۇر، ئىچى قىزغۇچ سېرىق ياكى ئوچۇق سېرىق رەڭدە، تەمى تاتلىق بولىدۇ. غولى بىر تال ياكى شاخلىق، تاق سانلىق پەيسىمان نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن مۇرەككەپ يوپۇرمىقى بار، يوپۇرمىقى 7 ~ 17 جۈپ، تۇخۇمسىمان ياكى ئېللىپسىمان، گىرۋەكلىرى مۇكەممەل. ئومۇملاشقان گۈل رېتىدە پۇ-

ئاق قولتۇقىدا چېچەكلەيدۇ، چېچىكى سۇس قىزغۇچ سۆسۈن رەڭلىك، چېچەكلەش مەزگىلى ماي ئېيىدىن ئىيۇل ئېيىغىچە. ئۇزۇن مۇڭگۇزلۇك مېۋىسى يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئورغاقسىمان ئېگىلىپ ياكى ھالقىسىمان يۆگىلىپ تۇرىدۇ، ئۇرۇقى شار شەكىلدە. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، سايلىق ئوتلاقلاردا ۋە شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ. يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى گلىتسىرىك كىسلاتا، دىگلىتسىرىك كىسلاتا، گلۇكورۇنىك كىسلاتا ۋە كېتون تۈرلىرىدىكى بىرىكمىلەر. شىنجاڭدا ھەقىقىي دورا قىلىنىدىغان يەنە سىلىق مېۋىلىك چۈچۈكبۇيا ھەم كۆپمە مېۋىلىك چۈچۈكبۇيا بار.

**يەرمەدىكى** يەرمەدىكى ئائىلىسى يەرمەدىكى ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق پارازىت سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 10 ~ 30 سانتىمېتىر، خلوروفىللى يوق. پۈتۈن تۈپىنىڭ كۆپ قىسمى تۇپراققا كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ، غولى تۆۋرۈكسىمان، قارامتۇل سۆسۈن رەڭدە، ئارماق تەڭگىچىسى بار، تۈۋى يوغان بولىدۇ. ئەتلىك باشاقسىمان گۈل رېتى غولىنىڭ چوققىسىغىچە يەتكەن بولۇپ، كالتەك شەكلىدە، ئۇزۇنلۇقى 3 ~ 13 سانتىمېتىر كېلىدۇ، دىئامېتىرى 2 ~ 4 سانتىمېتىر، زىچ چېچەك ۋە تەڭگىچە بىلەن قاپلانغان بولىدۇ. چېچىكى مۇرەككەپ، قارامتۇل قىزىل، خۇش پۇراقلىق، ماي ـ ئىيۇن ئايلىرى چېچەكلەيدۇ. كىچىك قاتتىق مېۋىسى شارسىمان ياكى سوقىچاق بولۇپ، 1 ~ 1.5 مىللىمېتىر بولىدۇ، چوققىسىدا سۇس سېرىق گۈل تۈۋرۈكچىسىنىڭ قالدۇقى بولىدۇ. مېۋە پوستى ئاق، ئۇرۇقى شارسىمان. شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ، ئاق تىكەن ۋە سۆگەتنىڭ يىلتىزىدا پارازىتلىنىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭدا تارقالغان.

**شىنجاڭ ھىڭى** كۈنلۈكسىمانلار ئائىلىسى ھىڭ ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق ئوتتۇراھال ئۆسىدىغان، بىر قېتىملا مېۋە بېرىدىغان ئۆمرى قىسقا ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 30 ~ 150 سانتىمېتىر. يىلتىزى توم ھەم يوغان، موكا ياكى كونۇس شەكلىدە، غولى يوغان، تۈكلۈك، سۆسۈن رەڭدە. يوپۇرماقلىرى تۆۋەن تەرەپتە نۆۋەتلىشىپ، يۇقىرى تەرەپتە ئايلانما ھالەتتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ بۇرجەك ياكى ئېللىپس شەكلىدە، ئۈچ ئاچىلىنىپ پەيسىمان تولۇق يېرىلغان بولىدۇ. تۆۋەندىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ قىسقا ساپىقى بار، يوپۇرماق ساپىقىنىڭ تۈۋى غىلاپ شەكلىدە؛ غولىدا ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى كىچىكرەك. مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە چېچەكلەيدۇ، چېچەكلىرى سېرىق رەڭدە بولۇپ، غول ۋە شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا بولىدۇ، ئاپرېل ـ ماي ئايلىرىدا چېچەكلەپ، ماي ـ ئىيۇن ئايلىرىدا مېۋىلەيدۇ. جۈپ ساڭگىلىما مېۋىسى ئېللىپسسىمان، ياپىلاقراق، مېۋە قىرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، قىر ئويمىنىنىڭ ئارىسىدا 3 ~ 4 تال، بىرىككەن يۈزىدە 12 ~ 14 تال ماي نەيچىسى بار. شىنجاڭدا غۇلجىدىن چىقىدۇ، شېغىللىق چۆللەردە، پاكار تاغلاردا، چۆل ئېدىرلاردا ياكى چۆللۈك ئوتلاقلىرىدا ئۆسىدۇ. مايلىق يېلىمى دورا قىلىنىدۇ. ماي ـ ئىيۇن ئايلىرىدا غول ئارتقاندىن ئارتىپ دەسلەپكى چېچەكلىگۈچە، غولىنىڭ ئۈستىدىن كېسىپ، يېلىمى ئېقىپ بولغاندىن كېيىن يەنە كېسىپ، مۇشۇنداق 3 ~ 5 قېتىم تەكرارلىنىدۇ، يىغىۋېلىنغان ماددا قاچىغا سېلىنىدۇ ياكى باھار پەسلىدە يىلتىزى قېزىۋېلىنىپ، توغرالغاندىن كېيىن يانجىپ سۈيى چىقىرىۋېلىنىدۇ. ئەلا سۈپەتلىك خام ئەشيانىڭ سمولا تەركىبى %60 تىن يۇقىرى، ئۇچۇچچان ماي تەركىبى %20 ~ %3، دەرەخ يېلىمى %25، ئەركىن ئىئونلۇق ھىڭ كىسلاتاسى %1.3، يەنە مىكرو مىقداردىكى ۋانىللىك ئالدېگىد بار بولۇپ، ئۇچۇچچان مايىنىڭ كۈچلۈك سېسىق پۇرىقى بار، ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى تېرپېن ۋە كۆپ خىل دىسۇلفىدلار. شىنجاڭدا دورا قىلىنىدىغان يەنە پۇكاڭ ھىڭى قاتارلىقلار بار.

**لوپنۇر كەندىرى (قىزىل كەندىر)** سۆگەتگۈل ئائىلىسى لوپنۇر كەندىرى ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق ئوتتۇراھال تىك ئۆسىدىغان يېرىم چاتقال ياكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 1 ~ 2 مېتىر، ئۆسۈملۈك تېنىدە ئاق سۈت رەڭلىك سۇيۇقلۇق بار. شاخلىرى جۈپ ئۆسىدۇ، تۈكسىز، قىزغۇچ سۆسۈن ياكى سۇس قىزىل رەڭدە. يوپۇرمىقى جۈپ ئۆسىدۇ، شاخلىغان جايلاردىكى يوپۇرماقلىرى جۈپ يوپۇرماققا يېقىنلىشىدۇ؛ يوپۇرمىقى ئېللىپسسىمان ئۇچلۇق، تۇخۇمسىمان ياكى سوقىچاق دۈگىلەك يوپۇرماق؛ گۈل تاجى قىزغۇچ سۆسۈن ياكى ھال رەڭدە، كانايسىمان قوڭغۇراق شەكلىدە، ئىيۇن ـ ئىيۇل ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ، ئىيۇل ـ ئاۋغۇست ئايلىرىدا مېۋە بېرىدۇ، مېۋىسى چوكىسىمان ئۇزۇن نەيچە شەكلىدە بولۇپ يېرىلىپ، ساڭگىلاپ تۇرىدۇ؛ ئۇرۇقى كىچىك، چوققىسىدا غۇۋەك ئاق تۈكى بار. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان، بولۇپمۇ لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىغا مەركەزلىك تارقالغان بولۇپ، لوپنۇر كەندىرى دەپ ئاتالغان. شورلۇق چۆللەردە، قۇملۇقلارنىڭ

چۆرىسىدە ۋە دەريا بويلىرىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، سۈتى يارا ئاغزىنى ساقايتىدۇ؛ يىلتىزىدىكى ئۆسۈملۈك ئىشقارى غەرب تېبابەتچىلىكىدە دورا قىلىنىدۇ. ئۇ توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك سانائىتىنىڭمۇ مۇھىم خام ئەشياسى.

شىنجاڭ ئەڭلىك ئوتى ئەڭلىك ئوت ئائىلىسى يالغان ئەڭلىك ئوت ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 15 ~ 30 سانتىمېتىر، ھەممە يېرى يېرىك تۈكلۈك. يىلتىزى توم، قارامتۇل جىگەررەڭدە، دائىم ئارغامچىسىمان



شىنجاڭ ئەڭلىك ئوتى

تولغانما ھالەتتە ئۆسىدۇ. غولى تىك. گۈل رېتى ئاستىدا شاخلىمايدۇ. تۈۋەندىكى يوپۇرماقلىرى يىڭنىسىمان ياكى يېپچىسىمان، غولدىكى يوپۇرماقلىرى تۈۋەندىكى يوپۇرماقلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما بارغانسېرى كىچىكلىگەن بولىدۇ. گۈل رېتى شار شەكىللىك، غۇژمەك بولىدۇ. گۈل تاجى سۆسۈن رەڭدە، گۈل كاسىسى بىلەن ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا، تۈۋىدە ھالقىسى يوق، ئۈستى قوڭغۇراقسىمان، تېپىز بەشكە يېرىلغان، بوغۇز قىسمىدا قوشۇمچىلىرى يوق. ئىيۇل- ئاۋغۇست ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ، سېنتەبىردە مېۋىلەيدۇ. كىچىك قاتتىق مېۋىسى تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولۇپ، ھۆررەكلىرى بار. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا تارقالغان، دېڭىز يۈزىدىن 2100 ~ 3300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى زەي چىقىرىۋېتىشى ياخشى تاشلىق كۆنگەي يانباغىرلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى ئالكاننىن، پورفىروخىنون.

تولۇق يوپۇرماقلىق مەرزەنجۇش كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى مەرزەنجۇش ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق ئوتتۇراھال سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 20 ~ 40 سانتىمېتىر. غولى تىك، تۈۋىدىن باشلاپ شاخلىنىدۇ ياكى شاخلانمايدۇ، ئاقۇش كۈلرەڭ تۈكلىرى بار. چېچەك ساپىقى قىسقا، ساختا ئايلانما ھالەتتە غولنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ھەر بىر يوپۇرماق قولتۇقىدا ئۈچتىن چېچىكى بولىدۇ. گۈل تاجى كۆكۈچ سۆسۈن رەڭدە، كالپۇكسىمان، ئۇزۇنلۇقى 15 مىللىمېتىر، قىسقا تۈكچىلەر بىلەن قاپلانغان، ئۈستۈنكى كالپۇكسىمان قىسمى يېرىم دۈگىلەك شەكىلدە ئىككىگە يېرىلغان، تۆۋەنكى كالپۇكسىمان قىسمى ئۈچكە يېرىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى بۆرەكسىمان، چوققىسى ئويمان. ئىيۇن - ئىيۇل ئايلىرىدا مېۋىلەيدۇ. كىچىك قاتتىق مېۋىسى تۇتۇق قوڭۇر رەڭدە، تۇخۇمسىمان، ئۇزۇنلۇقى 2.5 مىللىمېتىر. تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغى ۋە جۇڭغارىيىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق جايلارغا تارقالغان. ئوتلاق، چاتقاللىق ۋە ئورمان بەلۋېغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جىلغىلارنىڭ يانباغىرلىرىدا ئۆسىدۇ. پۈتۈن قىسمى دورا قىلىنىدۇ، دەم سىقىلىشنى توختىتىپ بەلغەم چۈشۈرىدۇ، ئىسسىقنى بېسىپ، زەھەرنى قايتۇرۇش رولى بار.

تاغ لەيلىسى ( قار لەيلىسى) مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى قۇشتە ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 15 ~ 35 سانتىمېتىر. يىلتىزسىمان غولى توم، قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە، تۈۋىدە نۇرغۇن قوڭۇر رەڭلىك يېپچىسىمان قالدۇق يوپۇرماق غىلاپ تالالىرى بار. غولى بىر، تىك ئۆسىدۇ، ئىچى كاۋاك. يوپۇرمىقى زىچ، قېلىن، مايسىرەڭدە، سوقىچاق يۇمىلاق ياكى تۇخۇمسىمان سوقىچاق شەكىلدە، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچى دىقماق ياكى ئازراق ئۇچى بار، تۈۋى سوزۇنچاقراق، گىرۋەكلىرى ھەرە چىشسىمان، ئىككىلا يۈزى سىلىق، يوپۇرماق ساپىقى يوق؛ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدا 13 ~ 17 دانە ئورىغۇچى يوپۇرمىقى بولۇپ، دائىم گۈل رېتىدىن ئىككى ھەسسە ئېگىز تۇرىدۇ. كىچىك ئومۇمىي ئورىغۇچىسى يېرىم شار شەكىلدە بولۇپ، 3 ~ 4 كە يېرىلىدۇ، كۆپ قاتلاملىق پەردىسىمان بولىدۇ، ئۇچى ئۇچلۇق، يىڭنىسىمان، گىرۋەكلىرى قارا رەڭدە، تۈكلۈك؛ گۈل تاجى سۆسۈن رەڭدە، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 14 مىللىمېتىر. ئۇرۇق مېۋىسى ئۇزۇنچاق يۇمىلاق شەكىلدە، بويىغا تىزىلغان؛ ئۈستىدىكى تۈكچىلىرى ئاقۇش كۈلرەڭدە، ئىككى قەۋەت، سىرتقى قەۋىتى قىس-

قا، يىرىك تۈكلۈك، ئىچكى قەۋىتى ئۇزۇن، پەيسىمان تۈكلۈك. ئىيۇل - ئاۋغۇست ئايلىرىدا چېچەكلەپ، سېنتەبىردە مېۋىلەيدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا، ئالتاي، كۆئېنلۈن تاغلىرىغا تارقالغان، دېڭىز يۈزىدىن 3000 ~ 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلارنىڭ تاشلىق يانباغلىرىدا ئۆسىدۇ. پۈتۈن قىسمى دورا قىلىنىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇپ، قاننى جانلاندۇرۇش، رېماتىزىمنى داۋالاش رولى بار. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 21 - بېتىگە قارالسۇن).

**يىزىنخو ئەمىنى** مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى ئەمەن ئۇرۇقدىشىدىكى كىچىك يېرىم چاتقالسىمان كۆپ يىللىق ئوتتۇراھال سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 20 ~ 40 سانتىمېتىر. قىسقارغان يىلتىزسىمان غولى بار بولۇپ، كۆپ شاخلىنىدۇ، رەڭگى قوڭۇر، تۈكلۈك. يوپۇرمىقى يېشىل، تۈكسىز ياكى ئەتۇر يۈزىدە شالاڭ تۈكچىلىرى بولىدۇ. باشسىمان گۈل رېتى زىچ، يېرىم شار شەكلىدە، غولىنىڭ ئۇچ قىسمىغا توپلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي گۈل رېتىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ ئومۇمىي ئورىغۇچىسى 4 ~ 5 قەۋەت؛ گۈل رېتىنىڭ چەتلىرىدە گۈل تاجى كانايسىمان شەكىلدىكى بەز چېكىتلىرى بار چىشى چېچەكلەر بولىدۇ؛ ئوتتۇرا قىسمىدا گۈل تاجى كونۇس شەكىللىك، ئەترابى تۈكچىلەر بىلەن ئورالغان، بەز چېكىتلىرى بار ئىككى جىنسلىق چېچەكلەر بولىدۇ؛ گۈل چېڭى چېچەك يىپچىلىرى بىلەن تەڭ ئۇزۇنلۇقتا ئۇزۇنچاق دۈگىلەك يىپچە شەكلىدە بولىدۇ. ئانىلىق تۈۋرۈكچىسى گۈل تاجى كانايچىسىدىن قىسقا بولۇپ، بېشى ئاچىلانغان بولىدۇ. ئۇرۇق مېۋىسى سوقىچاق تۇخۇمسىمان. ئىيۇل - ئاۋغۇست ئايلىرىدا چېچەكلەپ، سېنتەبىر - ئۆكتەبىر ئايلىرىدا مېۋىلەيدۇ. ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى ۋە كۆئېنلۈن تېغىدىكى ئورمانلىق، ئوتلاقلارنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆسىدۇ. يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى بېسىپ، زەھەرنى قايتۇرۇش، ئاشقازاننى ساغلاملاشتۇرۇپ، ھەزىم قىلىشنى ياشلاش، يەلنى ھەيدەپ، قاننى جانلاندۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش رولى بار. زۇكامدىن بولغان باش ئاغرىقى، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىشى، قەۋزىيەت، زەخىملىنىش ۋە ئىلان چېقىشلارنى داۋالايدۇ.

**قانتېپەر** تورسۇلداق، سوغۇر سېسىق ئوتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قوڭغۇراق گۈللۈكلەر ئائىلىسى قانتېپەر ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېنىدە ئاق سۈتسىمان شىرنىسى بار، ناھايىتى سېسىق. يىلتىزى سەۋزىگە ئوخشاش تۈۋرۈكسىمان، ئەتلىك بولۇپ، ئۈستىدىكى ئۇچىدا قورۇقلىرى بار. غولىنىڭ ئېگىزلىكى 40 ~ 80 سانتىمېتىر، تىك ياكى يانتۇراق ئۆسىدۇ، كۆپ شاخلايدۇ، سۇس يېشىل رەڭدە. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ياكى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرماق سايىقى ئىنچىكە، يوپۇرماق شەكلى تۇخۇمسىمان، ئۇچى بىراقلا ئۇچلانغان، تۈۋى سەل يۈرەكسىمان، گىرۋىكى تولۇق، پۈرۈلمەيدۇ، ئىككىلا يۈزىدە زىچ تۈكچىلىرى بار. چېچىكى يالغۇز ھالەتتە شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا بولىدۇ. گۈل تاجى كۆك رەڭدە، قوڭغۇراقسىمان، تۈكسىز. گۈل بەرگىنىڭ ئۇچى بەشكە يېرىلغان. ئۇرۇق مېۋىسى تۇخۇمسىمان، پىشقاندىن كېيىن يېرىلىدۇ. ئىيۇل - ئاۋغۇست ئايلىرىدا چېچەكلەپ، ئاۋغۇست ئېيىدا مېۋىلەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان، دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 2500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ يانباغرىدىكى ئوت - چۆپلەر ئارىسى، چاتقاللىقلار، شەمشاد ئورمانلىقلىرى ۋە تاغ جىلغىلىرى قاتارلىق نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، تال ۋە ئاشقازاننى ساغلاملاشتۇرۇش، قۇۋۋەت تولۇقلاپ قاننى كۆپەيتىش، شۆلگەي پەيدا قىلىپ، يۆتەلنى توختىتىش رولى بار.

**قىرىق بوغۇمسىمان چاكاندا** چاكاندا ئائىلىسى چاكاندا ئۇرۇقدىشىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. ئېگىزلىكى 1 ~ 1.5 مېتىر، غولى توم، تۈۋى تەرىپى بەكرەك توم بولۇپ، بىر سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى كۈلرەڭ ياكى كۈلرەڭ قوڭۇر؛ قوۋزىقىدا بويىغا سوزۇلغان چوڭقۇر ئېرىقچىلىرى بار بولۇپ، رەتسىز يېرىلغان بولىدۇ؛ غولىنىڭ تۈۋەن تەرىپى كۆپ شاخلانغان بولۇپ، بوغۇملىرى ۋە بوغۇملىرىنىڭ غولغا تۇتاشقان يەرلىرى ئېنىق بولىدۇ. ئىككى تال يوپۇرمىقى بولۇپ، تۇتىشىپ غىلاپچىسىمان نەيچىنى شەكىللەندۈرگەن، تېيىز يېرىلغان، يېرىلغان يېرى ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە بولىدۇ. ئەركەك شارسىمان چېچىكى يالغۇز ياكى غۇژمەك ھالەتتە بوغۇمدا ئۆسىدۇ، سايىقى بولمايدۇ ياكى بەك قىسقا بولىدۇ، تۇخۇمسىمان، گۈل بەرگى 3 ~ 4 جۈپ. چىشى شارسىمان چېچىكى ئىككىدىن جۈپ ھالەتتە بوغۇمدا ئۆسىدۇ، سوقىچاق تۇخۇمسىمان ياكى ئېللىپس شەكلىدە، ئۈچ جۈپ گۈل بەرگى بار. گۈل بەرگى ئەتلىك، قىزىل ياكى قېنىق سېرىق رەڭدە، تار پەردىسىمان گىرۋەكلىك بولىدۇ. ئۇرۇقى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە، سىلىق ھەم پارقىراق. ئىيۇن - ئىيۇل ئايلىرىدا چېچەكلەپ، ئاۋغۇست - سېنتەبىر ئايلىرىدا مېۋىلەيدۇ. شىمالىي شىن-

جاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان. شېغىللىق تاغ يانباغىرلىرىدا ئۆسىدۇ. يىلتىزى ۋە يېشىل شاخلىرى دورا قىلىنىدۇ. شامالداپ زۇكام تەگكەنلەرگە، ئۆتكۈر كاناي ۋە كاناي شاخچىلىرى ياللۇغىغا، دەم سىقىلىشقا، سۇلۇق ئىششىقلارغا شىپا بولىدۇ. شىنجاڭدا دورا قىلىنىدىغان چاكاندىدىن يەنە ئوتتۇرا چاكاندا ۋە كۆك چاكاندىلار بار.

**سېرىق گۈللۈك قاشقابېدە** پۇرچاق ئائىلىسى قاشقابېدە ئۇرۇقدىشىدىكى ئوتتۇراھال بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 1 ~ 2.5 مېتىر. تۈپ يىلتىزى سەۋزىسىمان، يىلتىز شاخلىرى تەرەققىي قىلغان، چاچما يىلتىزى بەك كۆپ، يىلتىز ھۈررىكى بار، خۇش پۇراقلىق. ئۈچ تال كىچىك يوپۇرمىقى بار؛ چېچىكى ئۇششاق، تىزىلىپ ئومۇمىي گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، گۈل تاجى سېرىق رەڭدە، ئىيۇن - ئىيۇل ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ؛ قاسىراقلىق مېۋىسى تۇخۇمسىمان دۈگىلەك، بىر تال ئۇرۇقى بار. ئۇرۇقى سەل چاسىراق دۈگىلەك، رەڭگى قوڭۇر. شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە بار، تۈزلەڭلىكلەردىكى ئېقىن بويلىرىدا ۋە ئورمان ئەتراپىدا ئۆستۈرۈشكە ياپ كېلىدۇ. شىخەنزە، سانجى رايونلىرىدا كۆپلەپ ئۆستۈرۈلمەكتە. ئۇنىڭ غول ۋە يوپۇرمىقىدا 0.2%~1 كىچە ماي بار، ئاساسلىق تەركىبى كوئۇمارىن بولۇپ، تاماكا، گىرىم بويۇملىرى ۋە سوپۇنلارنىڭ پۇرىقىنى تەڭشەشتە خام ئەشيا قىلىنىدۇ، چېچىكى قۇرۇغاندىن كېيىن بىۋاسىتە تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇپ خۇش پۇراق خۇرۇچى قىلىنىدۇ، بۇ ئۆسۈملۈك يەم - خەشەك ۋە يېشىل ئوغۇت قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

**ياۋا يالپۇز** كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى يالپۇز ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق ئوتتۇراھال سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ئۆسىدۇ، تۆت قىرلىق، ئېگىزلىكى 40 ~ 120 سانتىمېتىر. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، ساپىقى بار. ئايلانما كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە غولى ياكى شېخىنىڭ ئۇچىدىكى 4 ~ 10 سانتىمېتىر جايدا چېچەكلەيدۇ، ئارىلىرىدا تۈۋرۈكسىمان يالغان باشاقسىمان گۈل رېتىدىكى چېچەكلىرى بار. گۈل كاسىسى كانايسىمان قوڭغۇراق شەكىللىك، بەش چىشى بار، گۈل تاجى سۇس سۆسۈن رەڭدە، ئىيۇل - ئاۋغۇست ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ. كىچىك قاتتىق مېۋىسى تۇخۇمسىمان شار شەكىللىك. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭلىك بوستانلىقلىرىغا تارقالغان، ئىلى رايونىدا ئەڭ كۆپ. ئېرىق - ئۆستەڭ ياقىلىرىدا ۋە زەي ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. غول ۋە يوپۇرماقلىرىدا خۇش پۇراق مايلار (يالپۇز مېيى) بار. ئاساسەن كەمپۇت، ئۇسسۇزلۇق، چىش پاستىسى، چىش پاراشوكى ۋە دورا ياساشتا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. يۇمران يوپۇرمىقىدا 0.8~1.0%، غولىدا 1.3~2% يالپۇز مېيى بار. شىنجاڭدا بۇ ئۇرۇقداشتىكى ئۆسۈملۈكلەردىن يەنە يالپۇز، ئاسىيا يالپۇزى، كۆلرەڭ يالپۇز قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە مېنتول قاتارلىق ماددىلار بار.

**چىنىگۈل** چىنىگۈل ئائىلىسى چىنىگۈل ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق سامانگۈللۈك ئۆسۈملۈك. غولى بىر تال ياكى كۆپ تال، بولۇپ، تىك ياكى يانتۇراق ئۆسىدۇ، غول تۈۋىدىن شاخلايدۇ، غول بوغۇمى تومىلاشقان. يوپۇرمىقى يىڭنىسىمان ياكى تۆمۈنسىمان، تۈۋى تارلىشىپ غىلاپسىمان شەكىلدە بوغۇمنى ئوراپ تۇرىدۇ. گۈلى ئۇچىدا، يالغۇز ياكى ئىككى - ئۈچتىن غۇژمەك ئۆسۈپ، غۇژمەك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى ھاسىل قىلىدۇ، گۈلىنىڭ دىئامېتىرى 2.5 ~ 3.5 سانتىمېتىر. گۈل كاسىسى كانايسىمان، بەزىدە سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ؛ گۈل بەرگى بىنەپشە ياكى ھال رەڭدە، ئۈستى قىسمىدا رەتسىز چىشلىرى بار. غوزەكسىمان مېۋىسى ئۇزۇنچاق دۈگىلەك ياكى كانايسىمان شەكىلدە. ئۇرۇقى كەڭرەك سوزۇنچاق تەتۈر تۇخۇمسىمان شەكىلدە، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2.5 مىللىمېتىر. ئىيۇندىن سېنتەبىرگىچە چېچەكلەيدۇ، ئىيۇلدىن ئۆكتەبىرگىچە مېۋىلەيدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى گۈچۈڭ، مىچۈەن، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قارىماي، قورغاس، غۇلجا، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلەردىن چىقىدۇ. كۆنەگەي ئېدىرلاردا، قۇرغاق تاغ يانباغىرلىرىدا، تاغ ئورمانلىرىنىڭ چەت - ياقىلىرىدا، چاتقاللىقلاردا، شالاڭ ئورمانلىقلاردا، ئوت كەتكەن خارابىلەردە ۋە ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. گۈلى تەركىبىدە خۇش پۇراق مايلارنىڭ ئېكستراكتلىرى ۋە ساپ مايلار بولۇپ، ئېسىل خۇش پۇراق مۇئەتتەرلەرنى تەييارلاشقا بولىدۇ.

**زىچ گۈللۈك يالغان رەيھان** كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى يالغان رەيھان ئۇرۇقدىشىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 20 ~ 60 سانتىمېتىر، غولى تىك، تۆت قىرلىق، ئۇدۇل شاخلىنىدۇ؛ يوپۇرمىقىنىڭ ساپىقى بار بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى قىسقا يىڭنىسىمان ياكى ئېللىپسسىمان، ئايلانما كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە زىچ چېچەكلەپ، 2 ~ 6 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۈۋرۈككە ئوخشايدىغان ساختا باشاقسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەن-

دۇرىدۇ. غۇنچىسى تەتۈر تۇخۇمسىمان، چوققىسى دىق-
ماقراق؛ گۈلى قوڭغۇراقسىمان، مېۋىلەش مەزگىلىدە
چوڭىيىپ يۇمىلاق شەكىلگە كىرىدۇ، بەش تال چىشى
بار بولۇپ، ئۈچ بۇرجەك ھاسىل قىلغان، ئۇزۇنلۇقى
بىردەك ئەمەس؛ گۈل تاجى سۇس سۆسۈن رەڭدە،
ئىيۇل - سېنتەبىر ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ؛ كىچىك قات-
تىق مېۋىسى يۇمىلاق شەكىلدە. جەنۇبىي ۋە شىمالىي
شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان، بولۇپمۇ ئىچىدە
ئۈرۈمچى ۋە گۇچۇڭغا ئەڭ مەركەزلەشكەن. دەريا بويى-
لىرى، تاغ قاپتاللىرى، ئېتىزلىقلار ۋە چۆللۈكلەردە ئۆ-
سىدۇ. تەركىبىدە خۇش پۇراق مايلار بار. ئېچىپ
پايدىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

**جەمبىل** كېيىك ئوتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كال-
پۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى جەمبىل ئۇرۇقدىشى-
دىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىز-
لىكى 25 ~ 60 سانتىمېتىر. غولى تىك، تۆت قىر-
لىق، ئانچە - مۇنچە سۆسۈن رەڭگى بار. يوپۇرمىقى
ئۇدۇل ئۆسكەن، يوپۇرماق شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى
چاسىراق دۈگىلەك. كۈنلۈك شەكلىدىكى كونۇسسىمان
گۈل رېتىدە چېچەكلەيدۇ، كۆپ ساندىكى چېچىكى تۆۋ-
رۈكسىمان، مېۋىلەش مەزگىلىدە ئۇزىراپ باشاقسىمان
گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ غۇنچىسى چاسىراق دۈ-
گىلەك ياكى تەتۈر تۇخۇمسىمان، بەزىدە تۆمۈتسىمان
شەكىلدە، يېشىل ياكى قىزغۇچ رەڭدە؛ گۈل كاسىسى
قوڭغۇراقسىمان، ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە ھەم باراۋەر
چوڭلۇقتا بەش تال چىشى بار؛ گۈل تاجى بىنەپشە
رەڭدىن ئاق رەڭگىچە، ئىيۇن - ئاۋغۇست ئايلىرىدا
چېچەكلەيدۇ. كىچىك قاتتىق مېۋىسى تۇخۇمسىمان بو-
لىدۇ. تەڭرىتېغى ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن چىقىدۇ. دېڭىز
يۈزىدىن 1500 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى ئورمان ياقىلى-
رىدا، ئورمانلىقلاردا ۋە تاغ ئوتلاقلىرىدا ئۆسىدۇ. ئىلى
رايونىدىكى توققۇزتارا ۋە نىلقى ناھىيىسىنىڭ تاغلىرىغا
كۆپرەك تارقالغان. ئۇنىڭدىن خۇش پۇراق ماي ئالغىلى
بولىدۇ، قۇرۇق غولىدا 15 .0%~4 .0 خۇش پۇراق
ماي بار، ئاساسلىق تەركىبى ۋاننىلول (2 % ~3)
ۋە تىمول ( 7% ) بولۇپ، مۇئەتتەر ياسىغىلى، ھاراق
ئېچىتقۇسىغا خۇرۇچ قىلغىلى بولىدۇ.

**جۇلاغ** كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى جۇ-
لاغ ئۇرۇقدىشىدىكى بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق سا-
مان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئاز ساندىكىلىرى چاتقالغا كې-
رىدۇ. يوپۇرمىقى چىشىمەك ياكى يېرىلغان، يۇقىرى
قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى بەزىدە تولۇق گىرۋەكلىك
بولىدۇ. چېچىكى ئايلانما كۈنلۈكسىمان ياكى غۇژمەك
كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئالدىنقى-
سى ئايرىلىدۇ ياكى غۇژمەك باشسىمان گۈل رېتىنى
شەكىللەندۈرىدۇ. كېيىنكىسى ئۇدۇل ئۆسكەن بولۇپ،
ئومۇمىي گۈل رېتى ياكى كونۇسسىمان گۈل رېتىنى
شەكىللەندۈرىدۇ؛ چېچىكىنىڭ كۆپ ساندىكىسى ئىككى
جىنسلىق، بىراق ئاندا - ساندا چىشى چېچەكلىكلىرى،
ئەركەك - چىشى چېچەك بىر تۈپتە بولۇش ياكى ئاي-
رىم- ئايرىم تۈپتە بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. گۈل
كاسىسى نەيچىسىمان، تەتۈر كونۇس شەكلىدە، سەل
ئەگرى ياكى تۈز بولۇپ، بوغۇز قىسمى سەل يانتۇ ياكى
تەكشى، ياكى قوش كالپۇكلۇق، بەش تال چىشى بار،
باراۋەر چوڭلۇقتا ياكى چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك
ئەمەس. گۈل تاجى قوش كالپۇكسىمان، ئۈستۈنكىسى
ئىككىگە، ئاستىدىكىسى ئۈچكە يېرىلغان، كانايچە ئى-
چىدە تۈۋرۈكلۈك ھالقىسى يوق. ئاتىلىقى تۆت تال
بولۇپ، چېچەك ئىچىگە يوشۇرۇنغان ياكى چىقىپ تۇرى-
دۇ؛ ئانىلىق تۈۋرۈكىنىڭ ئۇچى تەڭ ئىككىگە يېرىل-
غان. كىچىك قاتتىق مېۋىسى سوقچاق دۈگىلەك تۇ-
خۇمسىمان، ئېللىپس، تەتۈر تۇخۇمسىمان شەكىلدە،
سىلىق. شىنجاڭدا 13 تۈرى بولۇپ، تەڭرىتېغى، ئال-
تاي تېغى ۋە پامىر تېغىغا تارقالغان. پۈتۈن تۈپىدە
ئۇچۇچان مايلار بار، ئاساسلىق تەركىبى پىپېرىتون،
لىمونېن.

**چۆل رەيھىنى** كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائى-
لىسى چۆل رەيھىنى ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق،
قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدىغان يېرىم چاتقالسىمان سامان
غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 20 ~ 30 سانتىمې-
تىر. تۆۋەن تەرەپتىكى غوللىرى يەر باغىرلاپ ئۆسى-
دۇ، بوغۇم قىسمى يەرگە تېگىپ، يىلتىز چىقىرىدۇ.
باشقا پۇتاقلىرى غولىنىڭ ئۇچىدىن ياكى تۆۋىدىن ئۆ-
سۈپ چىقىدۇ، چېچەكلەيدىغان پۇتىقى 2 ~ 10 سانتى-
مېتىر ئېگىزلىكتە بولىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان،
ئۇدۇل ئۆسىدۇ، يوپۇرماق ساپىقى بار. باشسىمان گۈل
رېتى؛ گۈل كاسىسى كانايسىمان قوڭغۇراق ياكى تار
قوڭغۇراق شەكىلدە، گۈل تاجى بىنەپشە رەڭلىكتىن
ھال رەڭگىچە بولىدۇ، ئىيۇن - ئىيۇل ئايلىرىدا چې-
چەكلەيدۇ. ئۇششاق قاتتىق مېۋىسى يۇمىلاق ياكى تۇ-
خۇمسىمان، سىلىق. تەڭرىتېغى، جۇڭغارىيىنىڭ غەر-
بىدىكى تاغلىق جايلار ۋە ئالتاي تېغىنىڭ ئوتلاقلىرىدىن
چىقىدۇ، بولۇپمۇ توققۇزتارا، تېكەس، نىلقا، قور-
غاس، موڭغۇلكۈرە، چۆچەك، دۆربىلجىن قاتارلىق
جايلاردىكى تاغلىق بەلۋاغلارنىڭ كۈنگەي قاپتاللىرىغا
ئەڭ مەركەزلەشكەن. تاغلىق جايلاردا ياخشى ئۆسىدۇ.
دېڭىز يۈزىدىن 1100 ~ 3600 مېتىر ئېگىزلىكتىكى
تاغلاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىدا خۇش پۇراق مايلار بو-
لۇپ، ئۇنىڭدىن ئارىل ئالكوگول ۋە بورنېئول قاتارلىق

ماددىلارنى چەككىلەپ ئالغىلى، كۈندىلىك گىرىم بويۇملىرىنى ياسايدىغان مۇئەتتەرلەرنى تەڭشىگىلى بولىدۇ. يەنە يۆتەل توختىتىش، ياللۇغنى قايتۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش قاتارلىق رولى بار.

**سۇمبۇل** سۇمبۇل ئائىلىسى سۇمبۇل ئۇرۇقىدىكى كۆپ يىللىق ئوتتۇراھال سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىز غولى توم ۋە قويۇق خۇش پۇراقلىق. غولى كاۋاك، بويىدا قىرى بار. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ ساپاقلىرى ئۇزۇنراق، يۇقىرى قىسمىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ ساپىقى يوق دېيەرلىك. ئۈچ قىسمىدا ئۆگزىسىمان گۈل رېتىمدە ھەم مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىمدە چېچەكلەپ، مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىمنى شەكىللەندۈرىدۇ. گۈلى كىچىك، پۇراقلىق، سۇس بىنەپشە ياكى ئاق رەڭدە. گۈل كاسىسى بەشكە يېرىلغان، گۈل تاجى كانايسىمان بولۇپ، بەشكە يېرىلغان. ئۇرۇق مېۋىسى ياپىلاقراق تۈز، چوققىسىدا قورۇلغان گۈل كاسىسى ياپراقچىسىدىن شەكىللەنگەن پەيسىمان تۈكچىلىرى بولىدۇ. تەڭرىتېغىدىكى ئورمانلىقلارنىڭ چەت - ياقىلىرىدىكى ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە 0.5%~2% خۇش پۇراق مايلار بار بولۇپ، ئاساسلىق تەركىبى پېنتانوئىك ئېستېر تۈرىدىكىلەر ۋە بۇتىرىك ئېستېر تۈرىدىكىلەردىن ئىبارەت. تاماكا، ھاراق، يېمەكلىكلەر، گىرىم بويۇملىرى، ئەتىر ۋە مۇئەتتەرلەرنىڭ خۇرۇچى قىلىشقا بولىدۇ. سېنتەبىر - ئۆكتەبىر ئايلىرىدا يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى يىغىۋېلىنىپ، يۇيۇپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇششاق توغراپ، پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ.

**ئىگىر** چايان ئوت ئائىلىسى ئىگىر ئۇرۇقىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق سۇ ئۆسۈملۈكى. ئېگىزلىكى 50 ~ 70 سانتىمېتىر. توغرىسىغا ماڭىدىغان، سەل ياپىلاقراق يىلتىزسىمان غولى بار، دىئامېتىرى 1 ~ 1.5 سانتىمېتىر، خۇش پۇراقلىق. يوپۇرمىقى خەنجەرسىمان ئاسما شەكىللىك بولۇپ، تۈۋىدىن ئۆسىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ؛ تۈۋى غىلاپسىمان بولۇپ، ئىككى قاتلىنىپ غولىنى ئوراپ تۇرىدۇ. چېچەك غولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 ~ 50 سانتىمېتىر، ئۈچ قىرلىق، غۇنچىسى يېشىل رەڭدە، ئۇزۇنلۇقى 30 ~ 40 سانتىمېتىر؛ گۆشلۈك باشاقسىمان گۈل رېتى تىك ياكى يانتۇراق، يۇمىلاق تۈۋرۈكسىمان سوقىچاق شەكىلدە، گۈلى سارغۇچ يېشىل رەڭدە. ئىيۇن - ئىيۇل ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ؛ قىزىل رەڭلىك، سوقىچاق شىرنىلىك مېۋىسى بولىدۇ. ئالتاي ۋە غۇلجىدىن چىقىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭغىمۇ تارقالغان، دەريا بويلىرىدا ۋە چۆپلۈكلەردە، سازلىقلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزسىمان غولى تەركىبىدە 1.5%~3.5% خۇش پۇراق مايلار بار، ئاساسلىق تەركىبى مېتىل ئېۋگېنول، سېسكۋىتېرپېن، نور - گېپتىلىك كېسلاتا، ئېۋگېنول، ئاسارالدېگىد ۋە ئاسارون قاتارلىقلار. ئىنچىكىلەپ بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، گىرىم بويۇملىرى ۋە ئەتىر سوپۇنلارنىڭ مۇئەتتىرى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىلى كۆركۆم گۈلى** گۈل ساماق ئائىلىسى كۆركۆم گۈلى ئۇرۇقىدىكى ئوتتۇراھال ئۆمرى قىسقا ئۆسۈملۈك، ئېگىزلىكى 10 ~ 30 سانتىمېتىر؛ تەڭگىچە غولى بار، غولىنىڭ تۈۋىدىن 3 ~ 4 تال ئاسمىسىمان ياكى ئۈچلۇق ئاسمىسىمان، سۇس يېشىل رەڭلىك يوپۇرمىقى ئايلانما ھالەتتە ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۈلى چوققىسىدا يالغۇز ئېچىلىدۇ، كۆپ گۈللۈكلىرىمۇ بولىدۇ. گۈل تاجى سېرىق رەڭدە، دىئامېتىرى 2 ~ 4 سانتىمېتىر. گۈل بەرگى ئىككى قەۋەت، سىرتىدىكىسى ئېللىپسىمان رومبا شەكىللىك، دۈمبە تەرىپىدە سۆسۈن رەڭلىك ھالقىسى بار؛ ئىچىدىكىسى سېرىق رەڭلىك، ئۇزۇنچاق تەتۈر تۇخۇمسىمان. غوزىسىمان مېۋىسى ئېللىپسىمان، ئۇزۇنلۇقى 15 ~ 25 مىللىمېتىر؛ ئۇرۇقى ياپىلاق، ئۈچ بۇرجەكرەك شەكىلدە. چېچەكلەش ۋە مېۋىلەش مەزگىلى ئاپرېل - ماي ئايلىرى، شۇنىڭدىن كېيىنلا يەر ئۈستى قىسمى قۇرۇپ كېتىدۇ، يەر ئاستى قىسمى ئۇزاق ۋاقىتلىق ئۇيقۇ ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتېغى ئېتەكلىرىدىكى گۇچۇڭ، فۇكاڭ، ئۈرۈمچى، قۇتۇبى، ماناس، ساۋەن، كۈيتۇن، جىڭ، غۇلجا، كۈنەس، توققۇزتارا، نىلقا، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلىرىدىن چىقىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 800 ~ 1200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئېدىرلىق چۆللەردە ۋە ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. شىنجاڭدا 12 تۈرى بار. باش باھاردا ئېچىلىدۇ، گۈل رەڭگى ئوچۇق، قۇرغاق رايونلاردا باش باھاردا ئېچىلىدىغان ياۋا گۈل بولۇپ، ھۇزۇرلىنىش قىممىتى بار ھەمدە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان تۈرلەرنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ھازىر ئۈرۈمچىدە تېرىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ.

**شەھدان (جوڭغار شەھدىنى)** ئېيىق تاپانلار ئائىلىسى شەھدان ئۇرۇقىدىكى كۆپ يىللىق ئوتتۇراھال تىپتىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 20 ~ 50 سانتىمېتىر. شاخلىمايدۇ ياكى تۈۋىدىن شاخلايدۇ، پۈتۈن تېنىدە تۈكچىلىرى يوق. تۈۋىدىن 3 ~ 7 گىچە ئۇزۇن ساپاقلىق يوپۇرماق چىقىرىدۇ، يوپۇرمىقى ئايلانما ئۆسكەن بولۇپ، بەش بۇرجەك ياكى ئۈچ بۇرجەك تۇخۇمسىمان بولىدۇ. تۈۋى تەرىپى يۈرەكسىمان بولۇپ، چوڭقۇر ئۈچكە يېرىلغان بولىدۇ. گۈلى يالغۇز بولۇپ، ئۈچىدا ئېچىلىدۇ، بەزىدە 2 ~ 3 تىن توپ بولۇپ، غۇژمەك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىمنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ گۈل تاجىنىڭ دىئامېتىرى 3 ~

4.5 سانتىمېتىر. گۈل كاسىسى ياپراقچىسى سېرىق



شەمدان (جۇڭغار شەمدىنى)

ياكى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە، 8 ~ 13 تال، شەكلى تەتۈر تۇخۇمسىمان ياكى كەڭرەك تەتۈر تۇخۇمسىمان، ئۇزۇنلۇقى 1.5 ~ 2 سانتىمېتىر، ئۇچى سىرتىغا ئېگىلگەن بولىدۇ. ئىيۇن - ئىيۇل ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ غەربىدىكى توققۇزتارا، موڭغۇلكۈرە، كۈنەس، نىلقا ناھىيىلىرىدە ھەم گۈڭجۇلۇڭ، ئۇرۇمچى ۋە جۇڭغارىيىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1700 ~ 2200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورمانلارنىڭ چەتلىرىدە، شالاڭ ئورمانلىقلاردا ۋە تاغ قاپتاللىرىدىكى ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى يوغان، رەڭگى ئوچۇق، چېچەكلەش مەزگىلى ئۇزۇن بولۇپ، بۇ ياۋا گۈل مەنزىرىسى بايلىقلىرى ئىچىدىكى داڭلىق ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ. گۈلىدە بىتۈئىشقار ۋە فلاۋون بولۇپ، ئىسسىقلىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى ياندۇرىدۇ، يۇقىرى نەپەس يوللىرىنىڭ يۇقۇملىنىشى، ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى، يۇتقۇنچاق ياللۇغى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا روشەن ئۈنۈمى بار.

**چاي ئوت** گۈلقىيار ئائىلىسى چاي ئوت ئۇرۇقىدىكى كۆپ يىللىق ئوتتۇراھال تىپتىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، شاخلىمايدۇ. يوپۇرمىقى ئۆدۈل ئۆسىدۇ، قويۇق، ئۇچلۇق، تۆۋى شىناسىمان، تولۇق گىرۋەكلىك ياكى پۈرمىسىمان، تۈكسىز بولىدۇ. ئومۇمىي گۈل رېتىدە ئۇچىدا چېچەكلەيدۇ، گۈل رېتى سوزۇلغان بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 12~18 سانتىمېتىر؛ گۈلى چوڭ، ئىككى جىنسلىق گۈل كاسىسىنىڭ نەيچىسى ئۇرۇقدانىنىڭ ئۈستىگىچە سوزۇلغان بولۇپ، تۆتكە يېرىلىدۇ، سۈمۈن رەڭلىك بولىدۇ؛ گۈل بەرگى تۆت، بىنەپشە رەڭدە، ئۇزۇنلۇقى 1.5 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ، ئۇچى يۇمىلاق، تۆۋى پەنجىسىمان؛ ئاتىلىق يىپچىسى سەككىز تال، ئانىلىق تۈۋرۈكچىسىنىڭ بېشى تۆتكە يېرىلىدۇ. غوزىسىمان مېۋىسى تۈۋرۈكسىمان، ئۇزۇنلۇقى 6 ~ 10 سانتىمېتىر، ئۇرۇقى كۆپ. ئىيۇن - ئىيۇل ئايلىرىدا چېچەكلەيدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان



چاي ئوت

بولۇپ، سوغۇققا چىداملىق ئەم يەرلەرنى خالايدۇ. تاغ ئوتلاقلىرىدا، ئورمانلىقنىڭ چەت - ياقىلىرىدا، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. گۈلى چوڭ، رەڭگى ئوچۇق. گۈلى غۇژمەك بولغاچقا، خېلى يۇقىرى تاماشا قىلىش قىممىتى بار. يۇنىڭ تورداشلىرىدىن ھوزۇر ئېلىشقا بولىدىغان يەنە كەڭ يوپۇرماقلىق چاي ئوتمۇ بار.

**شىنجاڭ بۇۋانىسى** ئېيىق تاپانلار ئائىلىسى بۇۋانە ئۇرۇقىدىكى كۆپ يىللىق ياكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپ يىللىقنىڭ يىلتىزى



شىنجاڭ بۇۋانىسى

تۈز ياكى بىر نەچچە تال تۈگۈنەك يىلتىزدىن شەكىللەنگەن، ياكى بىر يىللىق تۈز يىلتىز بولىدۇ. غولى تىك. يوپۇرمىقى يالغۇزدىن نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، بەزىدە تۈۋىدىن غولىغىچە ئۆسىدۇ. ئالىقانسىمان يېرىل-

غان بولىدۇ. گۈل رەتى ئومۇمىي گۈل رەتى بولۇپ،
ئىككى جىنسلىق، ئىككى تەرىپى سىممېترىك ھالەت-
تە، گۈل كاسىسىنىڭ ياپراقچىسى بەش تال، گۈل
تاجى سۆسۈن، زەڭگەر ياكى سېرىق رەڭدە بولىدۇ،
گۈل كاسىسىنىڭ ئۈستۈنكى ياپراقچىسى بىر تال بو-
لۇپ، قولۇاقسىمان، دۇبۇلغىسىمان ياكى كانايسىمان
بولىدۇ. يان ياپراقچىسى ئىككى تال بولۇپ، دۈگىلەك-
رەك، ئاستىنقى ياپراقچىسى ئىككى تال، كىچىكرەك،
سوقىچاقىراق دۈگىلەك؛ گۈل بەرگى ئىككى تال، پەن-
جىسى بار؛ ئاتىلىقى كۆپ؛ تۈزەك پوستى ئۈچتىن
بەشكىچە. غورەكسىمان مېۋىسى تورلۇق بولۇپ، ئانا-
لىق تۈۋرۈكى قورۇلغان ھالەتتە ساقلانغان بولىدۇ.
شىنجاڭدا ئۇنىڭ 10 تۈرى، بەش ۋارىيانتى بار، تەڭرى-
تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى قاپتاللاردا، ئالتاي
تېغى، تارباغاتاي تېغىنىڭ ئورمان ياقىلىرىدىكى ئوتلاق-
لاردا ئۆسىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ گۈل رەتىسى ئوقى
10 ~ 60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، كۆپ چېچەك-
لىرى توپلىشىپ گۈلىنى چوڭ كۆرسىتىدۇ. رەڭگى
ئوچۇق ۋە جىرالىق، چېچەكلەش مەزگىلى ئۇزۇن،
تاماشا قىلىش قىممىتى يۇقىرى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇمىلاق
يوپۇرماقلىق يۇۋانە، سېرىق گۈللۈك يۇۋانە، جۇڭغار
يۇۋانىسى قاتارلىقلارنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزلىرى دورىغا
ئىشلىتىلىدۇ.

تەڭرىتاغ گۈلەمبىرى  ئېيىق تاپانلار ئائىلە-
سى گۈلەمبەر ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق ئوتتۇرا



تەڭرىتاغ گۈلەمبىرى

تېپىلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تىك ئۆسىدۇ،
ئېگىزلىكى 40 ~ 120 سانتىمېتىر، ئاق قاتتىق تۈك-
چىلىرى بار. يوپۇرمىقى بەش بۇرجەك بۆرەكسىمان،
چوڭقۇر ئۈچكە يېرىلغان، ئۇزۇن ساپىقى بار. چوققى-
سىدا ئومۇمىي گۈل رەتىدە چېچەكلىگەن 8 ~ 15 تال
چېچىكى بار؛ گۈل كاسىسىنىڭ ياپراقچىسى بەش تال،
گۈل تاجىسى شەكىللىك بولۇپ، رەڭگى كۆكۈش سۆ-
سۈن، تۇخۇمسىمان ياكى تەتۈر تۇخۇمسىمان، گۈل
كاسىسىنىڭ ئۈستۈنكى ياپراقچىسى دۈگىلەك كانايسى-
مان بۆرىغا شەكلىدە؛ گۈل تاجى قارا، سەل ئويمىنى
بار؛ رۇدىمېنتلاشقان ئاتىلىق يىپچىسى قارا، گۈل بەر-
گى تۇخۇمسىمانراق، ئىككىگە يېرىلغان؛ ئاتىلىق يىپ-
چىسى كۆپ. ئىيۇل - ئاۋغۇست ئايلىرىدا چېچەكلەي-
دۇ، ئاۋغۇست - سېنتەبىر ئايلىرىدا مېۋىلەيدۇ. شىن-
جاڭدا گۈلەمبەر ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ 24
تۈر ۋە 3 ۋارىيانتى بار، تاغلىق رايونلارنىڭ دېڭىز
يۈزىدىن 1700 ~ 2800 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورمان
ياقىلىرىدا، ئوتلاقلىرىدا ئۆسىدۇ، كۆپرەك مەركەز-
لەشكەن يېرى جۇڭغارىيىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق
رايونلار، تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغى، ئاز قىسمى كۇئېن-
لۇن تېغى ۋە پامىر تېغىغا تارقالغان. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ
ئومۇمىي گۈل رەتى ئۇزۇنراق، گۈللىرى كۆپ بو-
لۇپ، 30 ~ 40 قا يېتىدۇ، بەزىسىنىڭ گۈلى ئوژ-
مەك، بەزىسىنىڭ شالاڭ. گۈلىنىڭ رەڭگى سۆسۈن،
زەڭگەر، ئاق ۋە سېرىق، بىرقەدەر يۇقىرى ھوزۇرلى-
نىش قىممىتىگە ئىگە. بەزى تۈرلىرىنى دورا قىلىشقا
بولىدۇ.

قوڭغۇر باش  باشاقلىقلار ئائىلىسى قوڭغۇر باش
ئۇرۇقدىشىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان
غوللۇق، ئىنچىكە چاچما يىلتىزلىق ئۆسۈملۈك. غولى
تىك ياكى تۈۋ قىسمى سەل يانتۇراق، توپ ئۆسىدۇ،
تۈكى يوق، سىلىق، ئېگىزلىكى 5 ~ 30 سانتىمې-
تىر. يوپۇرماق غىلىپىنىڭ ئاستى قىسمى تۇتاشقان
بولۇپ، بوغۇم ئارىلىقىدىن قىسقا، يوپۇرماق تىلى نې-
پىز، ئۇچى دىقماق؛ يوپۇرمىقى تاسمىسىمان، يۇم-
شاق، تۈز، ئىككىلا يۈزى سىلىق، تۈكى يوق، ئۇچى
قولۇاقسىمان، گىرۋەكلىرى يىرىكرەك. كونۇسسىمان
گۈل رەتى ئوچۇق، ئومۇمىي شەكلى تۇخۇمسىمان ياكى
پىرامىدىسىمان، ئۇزۇنلۇقى 2 ~ 7 سانتىمېتىر،
ھەربىر بوغۇمدا 1 ~ 2 تال شېخى بار؛ كىچىك باشىقى
يېشىل ياكى بەزىدە سۇس سۆسۈن رەڭدە بولۇپ،
3 ~ 5 تالغىچە چېچىكى بار؛ چانىقى نېپىز، گىرۋەك-
لىرى ناھايىتى يۇپقا، بەش تال تومۇرى بار، ئوتتۇرا
تۈۋەن قىسمىدا ئۇزۇن تۈكچىلىرى بار. گۈل تېگىدە
تۈكچىسى يوق. چاناقلىق مېۋىسى موكسىمان، سار-
غۇچ قوڭغۇر رەڭدە. شىمالىي شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭلىك
بوستانلىقلىرىدا ۋە سۇيى مول، شارائىتى ياخشى ئېقىن
ياقىلىرى ۋە جىلغىلاردا ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ بويى
پاكار، توپلىشىپ ئۆسىدۇ، بىر خىل ياخشى چىملىق
ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ.

**تۆگۈنەك گۈللۈك چوغلۇق** مودەنگۈل ئائىلىسى (ياكى ئېيىق تاپانلار ئائىلىسى) چوغلۇق ئۇرۇقدىشىدىكى كۆپ يىللىق ئوتتۇرا تېپلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۆگۈنەك يىلتىزى موكىسىمان ياكى دومىلاقراق بولىدۇ. ئېگىزلىكى 50 ~ 100 سانتىمېتىر. يوپۇرمىقى 1 ~ 2 قايتىلىنىپ ئۈچتىن ئۆسكەن پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق؛ يوپۇرماق ئالقىنىنىڭ دائىرىسى كەڭ تۇخۇمسىمان، كىچىك يوپۇرماقلىرى پەيسىمان يېرىلغان، ھەربىر يېرىقىنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق ياكى تۆمۈنسىمان، گىرۋەكلىرى مۇكەممەل، تۈكسىز؛ يوپۇرماق ساپىقى ئۇزۇن بولۇپ، 1.5 ~ 9 سانتىمېتىر كېلىدۇ. گۈلى يالغۇزدىن تۈپنىڭ ئۇچىدا ئېچىلىدۇ، گۈل تاجىنىڭ دىئامېتىرى 5.5 ~ 7 سانتىمېتىر، گۈل كاسىسىنىڭ ياپراقچىسى ئۈچ تال، كەڭ تۇخۇمسىمان، رەڭگى قىزىل؛ گۈل بەرگى توققۇز تال، بىنەپشە رەڭدە، سوقىچاقراق دۈگىلەك، تەتۈر تۇخۇمسىمان، چوققا قىسمى غاجىلانغاندەك، تەكشى ئەمەس. ئۇرۇقى قارا. ماي - ئىيۇل ئايلىرىدا ئېچىلىدۇ، ئىيۇن - ئاۋغۇست ئايلىرىدا مېۋىلەيدۇ. ئالتاي تېغى، جۇڭغارىيىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 1400 ~ 2200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورمان ئەتراپى، دەرەخ ئاستى، چاتقاللىقلار، تەسكەي قاپتاللار ۋە جىلغا - ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. گۈلى چوڭ، چىرايلىق، غولى، يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسى قاتارلىق ھەممىسىنىڭلا ھۇزۇرلىنىش قىممىتى بار. چوغلۇقنىڭ شىنجاڭدا بەش تۈرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان تۈر، بۇلارنىڭ ھەممىسى تاماشا ئۆسۈملۈكلىرىدۇر.

**ھايۋانات بايلىقى** شىنجاڭدا ياۋايى ھايۋانات تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھايۋانات بايلىقى مول. پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە 137 خىل ھايۋانات بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھايۋانات تۈرلىرىنىڭ 30.4% نى؛ 398 خىل قۇش بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇش تۈرلىرى سانىنىڭ 33.6% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 43 خىل يەر بېغىرلىغۇچىلار، ئالتە خىل قوش ماكانلىقلار ۋە 50 نەچچە خىل يەرلىك بېلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋاناتلاردىن شىنجاڭدا خاپان باش بېلىق، تۆت پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، شۇڭقار، ئاق مۇرە بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، ئاق قۇيرۇق بۈركۈت، قۇماي، قارا بويۇن تۇرنا، ئاق تۇرنا، چوڭ دوغداق، بازغالداق، چىپار دوغداق، قۇندۇز، قارا بۇلغۇن، بۆرە بورسۇق، تەڭگە گۈللۈك يىلپىز، يولۋاس، جۇڭغار قۇلانى، تىبەت قۇلانى، ياۋا ئات، ياۋا تۆگە، ياۋا قوتاز، پرژېۋالسكىي بۆكىنى، تىبەت بۆكىنى (يورغا)، قاڭشارلىق بۆكەن ۋە تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق 28 خىل ھايۋان بار؛ مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ساقىيقۇش، ئاققۇ، قۇر، قىيالىق تۇندرا كەكلىكى، ئالا قۇيرۇق چىل، ئۇلار، تەڭگە گۈللۈك يىلپىز، ئۇزۇن قۇلاق توشقان، يەكەن توشقىنى، ياۋا ئاق توشقان، قوڭۇر ئېيىق، سۆسەر، قۇندۇز، ئوتلاق ئاغىل مۈشۈكى، سۈلەيسۈن، مولۇن، ئىپار كىيىك، ئاق كاسا بۇغا، قانداغاي، تىبەت يەرلىك بۆكىنى، جەرەن، كۆكمەت (تورۇق تېكە)، ئارقار، ئاپوللو كېپىنىكى (جۇڭخۇا تاغىل كېپىنىكى) قاتارلىق 74 تۈر بار. شىنجاڭنىڭ ھايۋانات بايلىقىنى پايدىلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ: ① ئوزۇق قىلىشقا بولىدىغانلىرى 96 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوش ماكانلىقلار ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلار ئىككى خىل، قۇشلار 65 خىل، باشقا ھايۋانلار 29 خىل؛ ② تېرە، موي ۋە مامۇق ئېلىشقا بولىدىغانلىرى 114 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇشلار 65 خىل، ھايۋانلار 48 خىل؛ ③ دورا قىلىنىدىغانلىرى 58 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوش ماكانلىقلار ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلار يەتتە خىل، قۇشلار 27 خىل، ھايۋانلار 27 خىل؛ ④ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا پايدىلىقلىرى 108 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوش ماكانلىقلار ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلار 12 خىل، قۇشلار 91 خىل، ھايۋانلار بەش خىل؛ ⑤ تاماشا قىلىش ۋە باشقا تېپتىكىلەر 172 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوش ماكانلىقلار ئۈچ خىل، قۇشلار 129 خىل، ھايۋانلار 40 خىل. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھايۋاناتنىڭ ياشاش مۇھىتى ناچارلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ياۋايى ھايۋانات بايلىقى ئازىيىشقا يۈزلىنىپ، تارىختىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ يولۋىسىنى ھازىر ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس؛ ياۋا ئات، قاڭشارلىق بۆكەنمۇ شىنجاڭنىڭ ياۋايى ھايۋانات مۇھىتىدىن يوقالدى؛ جەرەن قاتارلىق ھايۋانلار بايلىقىمۇ بەك ئازىيىپ كەتتى، شۇڭا شىنجاڭنىڭ ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم ۋە جاپالىق خىزمەتتۇر.

**شىنجاڭ سەمەندىرى** ئوتتۇرا ئاسىيا سەمەندىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدەن ئۇزۇنلۇقى 240 مىللىمېتىر. دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 2100 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ جىلغىلىرىدىكى سۇلاردا ياشايدۇ، كۈندۈزى تاش ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، كېچىسى ئوزۇق-

راق يەرلەرگە چىقىپ، تۆكلۈك قاناتلىقلار ئەتراپىدىكى هاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. بۇ تارقىلىش دائىرىسى بەك تار بولغان قەدىمىي هايۋان بولۇپ، بەك ئەتىۋارلىق ۋە ئاز ئۇچرايدىغان تۈرگە كىرىدۇ. شىنجاڭدا ئارشاڭ، قورغاس ۋە ئالاتاۋغىلا تارقالغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 20 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**تۆت پەنجىلىك قورۇقلۇق تاشپاقىسى** ئادەتتە قورۇقلۇق تاشپاقىسى دېيىلىدۇ. چوڭراقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، ئەركىكىنىڭ ئېغىرلىقى 400 گىرام ئەتراپىدا، چىشىسىنىڭ ئېغىرلىقى 1000 گىرامدىن يۇقىرى. شىنجاڭ قورغاس ناھىيىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 700 ~ 1000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چۆل ـ دالا ۋە ئوتلاقلىرىدا، سېرىق تۇپىلىق ئېدىرلىقلىرىدا، شۇۋاق قويۇق ئۆسىدىغان يەرلىرىدە ياشايدۇ. دائىرىسى تەخمىنەن 150 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىن كولاپ ياشايدۇ، قىشلىق ۋە يازلىق ئۆچەككە كىرىدۇ. ماشكاپ، قوڭغۇر باش، ياۋا پىيار، قىياق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ. جىنسىي يېتىلىشى ئاستا، كۆپىيىش نىسبىتى تۆۋەن، توپ سانى بىر قەدەر ئاز بولۇپ، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. 1983 ـ يىلى قورغاس ناهىيىسىدە تۆت پەنجىلىك قورۇقلۇق تاشپاقىسىنىڭ تەبىئىيلىكىنى قوغداش رايونى تەسىس قىلىندى. بۇ تاشپاقىنىڭ ناهايىتى ياخشى تاماشا قىلىش ۋە دورىلىق قىممىتى بار.

**ئاق لەيلەك** ئادەتتە لەيلەك دېيىلىدۇ. چوڭلۇقى تۇرنىچىلىك بولۇپ، تۇمشۇقى ۋە پۇتى نىسبەتەن ئۇزۇن، بەدىنى ئاق، قاناتلىرى كۆپىنچە قارا بولىدۇ. دائىم كەڭ سازلىق ياكى سۇ بويلىرىدا يالغۇز ياكى توپلىشىپ ياشايدۇ. بېلىق، پاقا، هاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. بەدەن شەكلى چىرايلىق، پەيلىرى ئاپئاق، قەدەم بېسىشى ئۆزگىچە، مۇلايىم بولۇپ، مۇهىم تاماشا قىلىدىغان قۇش هېسابلىنىدۇ. هازىر بۇ تۈرنىڭ ئومۇمىي سانى بەك ئاز بولغاچقا، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ، شىنجاڭدا ئاق لەيلەكنىڭ شىنجاڭ كەنجى تۈرى بار بولۇپ، قەشقەر ئەتراپىدا تارقالغان.



ئاق لەيلەك

**قارا لەيلەك** چوڭلۇقى ئاق لەيلەك بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تۇمشۇقى قىزىل رەڭدە، تومراق، ئۇزۇن ۋە تۈز بولۇپ يېنىغا ياپىلاقراق؛ پۇتى



قارا لەيلەك

ئۇزۇنراق، بوينىنىڭ تۆۋەن قىسمى يالىڭاچ بولىدۇ. تۆشىنىڭ ئاستى قىسمى ۋە قورسىقى ئاق بولغاندىن سىرت، پۈتۈن بەدىنى قارا قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، كۆپىنچىسى سۆسۈن ۋە يېشىل رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. دائىم كەڭ سازلىقلاردا ياكى كۆل بويلىرىدا، بەزىدە ئېقىن سۇ بويلىرى ۋە شاللىقلاردا يالغۇز ياكى توپلىشىپ ياشايدۇ. بېلىق، پاقا، قوڭغۇز ۋە باشقا هاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. سانى بىر قەدەر ئاز، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە

تارقالغان.

**شۇڭقار** بۈركۈت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چوڭ تىپلىق يىرتقۇچ قۇش. تۇمشۇقى ئۆتكۈر، ئۈستۈنكى تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى ئىلمەكسىمان؛ قانىتى كۈچلۈك، قانىتىنىڭ كېرىلىش ئۇزۇنلۇقى 60 ~ 70 سانتىمېتىر؛ پەنجە تىرناقلىرى چاڭگاقسىمان. بەدەن پەيلىرى سۇس قوڭۇر رەڭدە؛ قانىتىنىڭ ئاستى قىسمىدا ئاق سىزىقچىلىرى بار؛ بەدىنىنىڭ تۆۋەن قىسمى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە. تاغ ئورمانلىرىدا ۋە ئېگىز تاغدىكى يايلاقلاردا ياشايدۇ، تىك قىيالارغا ياكى تىك قىيادا ئۆسكەن دەرەخلەرگە ئۇۋا سالىدۇ. ئوۋلاش ئىقتىدارى



شۇڭقار

كۈچلۈك، يەيدىغان نەرسىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئاساسەن چوڭ تىپتىكى قۇشلار، ئارقار، تاغ ئۆچكىسى، بۆكەن، بۇغا، توشقان، چاشقان، تۈلكە قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. بالىلىرىنى قولغا ئۆگىتىپ، تۈلكە، بۆكەنلەرنى ئوۋلاتقىلى بولىدۇ ھەمدە مۇھىم تاماشا قىلىدىغان قۇش. ئومۇمىي سانى ھازىر كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كەتتى. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ شۇڭقارى ئۇنىڭ غەربىي جۇڭخوا كەنجى تۈرىگە كىرىدۇ. كۇئېنلۇن، تەڭرىتېغى ۋە ئالتاي تاغلىرىغا تارقالغان.

**ئاق مورە بۈركۈت** چوڭ تىپلىق يىرتقۇچ قۇش. پۈتۈن بەدىنى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە، مورىسىدە ئاق پەيلىرى بار؛ قانىتىنىڭ تۆۋەن قىسمى تۇتۇق قوڭۇر رەڭدە. دېڭىز يۈزىدىن ئانچە ئېگىز بولمىغان كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلار ۋە ئارىلاش ئورمانلاردا ياشايدۇ. دەرەخكە ئۇۋا سالىدۇ. كىچىكرەك ھايۋانلار ۋە قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، بەزىدە يەر بېغىرلىغۇچىلارنى ۋە تاپلارنىمۇ يەيدۇ. بۇ قۇش چاشقانلارنى يېگەچكە، ئوتلاقلارنى چاشقان ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىشتا كۆرۈنەرلىك رولى بار. ئومۇمىي سانى خېلى بەك ئازىيىپ كەتتى. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، شىنجاڭدىكىسى ئاتالغان كەنجى تۈرى بولۇپ، تەڭرىتېغى ۋە ئالتاي تاغلىرىدا تارقالغان.

**ئالا قۇيرۇق بۈركۈت** ئاق بەلۋاغ بۈركۈت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چوڭ تىپتىكى يىرتقۇچ قۇش، قانىتىنى كەرگەندىكى ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر. بەدىنىنىڭ ئۈستى قىسمى تۇتۇق قوڭۇر رەڭدە، تۆۋەنكى قىسمى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، ئاق بەلۋاغسىمان سىزىقلىرى بار، قۇيرۇقى قارا. ئاساسەن ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى كۆل، دەريا بويلىرى، ئوتلاقلار، ئېتىزلىقلاردا ياشايدۇ. ئاساسەن بېلىق تۇتۇپ يەيدۇ، بەزىدە چاشقان، توشقان، سۇغۇر، ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەك ۋە قۇش ماكانلىقلارنىمۇ يەيدۇ. ئومۇمىي سانى بەك ئاز، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، خېجىڭ، قەشقەر، قۇمۇل، خوتەن، قاراقاش، يۇلتۇز ئوتلىقى، تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

**ساقاللىق قۇماي** ئېگىز سالۋار، ساقاللىق تاپقۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چوڭ تىپلىق يىرتقۇچ قۇش. تۇمشۇقى يوغان، قاڭشىرى ئېگىز ھەم ياپىلاق، تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى ئىلمەك. ئېڭىكى ئاستىدا ساقالسىمان قارا تۈكلەر بار. بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى قارا بولۇپ، كۆل رەڭ پارقىراق كۆرۈنىدۇ؛ تۆشى قارا. بېشىدا ئاقۇچ سېرىق ماموق تۈكلىرى بار بولۇپ، ئادەتتىكى قۇماي، تاز قارىلاردىن پەرقلىنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 2000 ~ 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلىق جايلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ. ئاساسەن تاپ ۋە چىرىگەن گۆشلەرنى يېيىش بىلەن بىللە، يەنە يەر بېغىرلىغۇچىلار، قۇشلار، چوڭ تىپتىكى غاجىلىغۇچىلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى تۇياقلىقلارنىڭ ئاجىزراقلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. قانات ۋە قۇيرۇق پەيلىرى قىممەتلىك زىننەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ. ئومۇمىي سانى كۆپ ئەمەس، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكىسى ئۇنىڭ شىمال كەنجى تۈرى بولۇپ، كۇئېنلۇن، پامىر، تەڭرىتېغى، ئالتاي تاغلىرىدا تارقالغان.

**قۇر** ئورمان قۇرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدىنى چوڭ، شەكلى توخۇغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. خوراز -


مېكىيانلىرى روشەن پەرقلىنىدۇ. خورازلىرى 4000 گرامغا يېتىدۇ، پېشانىسىدىن تارتىپ قۇيرۇقىغىچە بارلىق پەيلىرى قارامتۇل كۈل رەڭدە؛ مېكىيىنى 2000 گرام ئەتراپىدا بولۇپ، بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ پەيلىرى سارغۇچ رەڭدە بولىدۇ. تېپىك سوغۇق ۋە مۆتىدىل بەلۋاغ يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلىرىدا ياشايدىغان تۈرگە كىرىدۇ. كىچىك توپ بولۇپ يۈرىدۇ، سەزگۈر كېلىدۇ. ئۇزاققا ئۇچالمايدۇ. قارىغاي يوپۇرمىقى، قارىغاينىڭ يۇمران بىخى، ئۇچقات، مالىنا قاتارلىقلارنى تېرىپ يەيدۇ. بەزىدە ھاشارات ۋە يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنىمۇ يەيدۇ. تايگا ئورمانلىقى قۇشلىرىغا تەۋە. شىنجاڭدىكىسى قالدۇق تۈرگە مەنسۇپ. جۇڭگودا پەقەت ئالتاي تېغىدىلا تارقالغان.

**قارا بويۇن تورنا** قارا باش تورنا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدىنى چوڭ. تۇمشۇقى تۈز. يېنىغا پايپىلاقراق، بويىنى، پاچىقى ۋە پەنجە بارماقلىرى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن. بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى دېگۈدەك ئاق ياكى كۈل رەڭلىك، بېشى ۋە بويىنى قارا، قۇيرۇق پەيلىرى قارا قوڭۇر رەڭدە. ئېگىزلىك تورنىلىرىغا تەۋە بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2000 ~ 5000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئېگىز تاغ ئوتلاقلىرىدىكى سازلىقلاردا ۋە قومۇشلۇقلاردا توپلىشىپ ياشاشقا ئامراق. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، دانلىرى، يۇمران مايسىلىرى ۋە تۆگۈنەك يىلتىزى قاتارلىقلارنى ئوزۇق قىلىدۇ، ھاشارات قاتارلىقلارنىمۇ يەيدۇ. قارا بويۇن تورنىنىڭ كۆپىيىپ قىشلايدىغان ماكانى ئاساسەن مەملىكىتىمىزدە بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئالاھىدە تۈرى دەپ ئاتالغان. قىممەتلىك تاماشا قىلىدىغان قۇش تۈرى بولۇپ، سانى بەك ئاز. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، چاقىلىق قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

**ئاق تورنا** قارا يەلك تورنا، سىبىرىيە كەنجى تورنىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بەدىنى ئەڭ چوڭ بىر خىل تورنا بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى ئاق رەڭدە، پەقەت قانىتىنى ئاچقان ياكى ئۇچقان ۋاقىتتىلا قارا پەيلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تېيىز سۇلۇق سازلىقلارنىڭ ئېگىزرەك جايلىرىدا ياكى چاتقاللىقلاردا ياشايدۇ. ئاساسەن سۇ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى، تۆگۈنەك غوللىرى، يۇمران يوپۇرماقلىرى ۋە يىلتىزلىرىنى يەيدۇ. بەدەن شەكلى چىرايلىق، ئاۋازى يېقىملىق، ئۇسسۇل ھەرىكىتى نەپىس، مۇھىم تاماشا قىلىش قىممىتى بار، نەسلى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئەتىۋارلىق قۇش. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، تەڭرىتېغى ۋە قەشقەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

**لەيلىلىك تورنا** بۇ ئوتتۇرا كىچىك تىپتىكى تورنا تۈرىگە كىرىدۇ. پۈتۈن بەدىنى قارامتۇل كۈل رەڭدە، ئىككى ياڭىقىدا قۇلاقسىمان ئاق رەڭلىك پەيلىرى، كۆك رەڭلىك لەيلىسى بار. ئوتلاق، قۇرغاق ئوتلاق ۋە قۇملۇق چۆللەردىكى دەريا، كۆل بويلىرى، سازلىقلار، سۇ ئامبارلىرى ياكى شاللىقلاردا توپلىشىپ ياشاشقا ئامراق. ئاساسەن ئۆسۈملۈك تۈرىدىكى ئوزۇقلارنى يەيدۇ، ياز كۈنلىرى قۇرت - قوڭغۇز قاتارلىق ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىمۇ يەيدۇ. بەدەن شەكلى كۆركەم، ھەرىكىتى تەمكىن، قولدا بېقىپ ئۆستۈرۈش ئوڭاي بولۇپ، مۇھىم تاماشا قىلىدىغان قۇش سانىلىدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئىلى، جۇڭغار ئويمانلىقى قاتارلىق جايلاردا تارقالغان.

**چوڭ دوغداق** بەدىنى چوڭ. بېشى كۆكۈچ كۈل رەڭدە، بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى قارا چىپار ئارىلاش قوڭۇر رەڭدە، تۆۋەن قىسمى ئاق رەڭدە، ئىككى قانىتى ئاقۇش كۈل رەڭدە، قانات - قۇيرۇق پەيلىرى قارا رەڭدە بولىدۇ. خورىزىنىڭ بوغۇز قىسمىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە بۇرۇتسىمان پەيلىرى بار. كەڭ ئوتلاقلاردا، چۆل - داللاردا، ئېدىر - دۆڭلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى ئوت - چۆپ ئارىلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، توپلىشىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. سايرىمايدۇ. يۇمران ئوت - چۆپلەر، دانلار ۋە مايسىلارنى، بەزىدە ھاشاراتلارنى، بېلىقچانلارنى، پاقىلارنىمۇ يەيدۇ، ئوتلاقتا پايدىلىق قۇش. ئومۇمىي سانى بىر قەدەر ئاز، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلى-



چوڭ دوغداق

دىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئۇنىڭ ئاتالغان كەنجى تۈرى بار بولۇپ، قەشقەر، تەڭرىتېغى، بەيتىك تېغى، تۇرپان، جۇڭغار ئويمانلىقى قاتارلىق جايلاردا تارقالغان.

**بازغالداق** بەدەن شەكلى ئوتتۇرىچە چوڭلۇقتا. خورىزىنىڭ باش ۋە بويۇنلىرى كۆل رەڭ، ئاق، قارا ئۈچ خىل رەڭدە، بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى قوڭۇر سېرىق رەڭ ئارىلاش چىپار، تۆۋەن تەرىپى ئاق رەڭدە؛ مېكىيىنىنىڭ بېشىدا خورىزىنىڭكىدەك ھەر خىل رەڭ يوق. تۈزلەڭلىك ئوتلاقلىرىدا، يېرىم چۆل ۋە چۆللەردە ياشايدۇ. ئاساسەن ھاشارات ۋە ھەرخىل ئومۇرتقىسىز كىچىك جانلىقلارنى، ھەمدە ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى، يۇمران بىخلىرى، ئۇرۇقى ۋە مېۋىلىرىنى يەيدۇ. سانى چوڭ دوغداقتىنمۇ ئاز بولۇپ، ئەتىۋارلىق قۇشتۇر. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكىسى ئۇنىڭ شىنجاڭ كەنجى تۈرى، قەشقەر، يەكەن، تاشقورغان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

**چىپار دوغداق** بەدىنى ئوتتۇرا تىپلىق. پۇتلىرى مەزمۇت، يۈگۈرۈشكە ماھىر. ماڭلاي ۋە چوققا قىسمىدىكى پەيلىرىنىڭ ئاستى ئاق، ئۈچىدا قارا رەڭلىك ئۇزۇن تالالىرى بار؛ قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدىن باشلاپ، قارا ئۇزۇن پەي ئارىلاشقان قارا بەلۋاغ شەكىللەنگەن؛ بوينىنىڭ كەينىدىكى ئىككى تەرىپىدە ئۇزۇن قارا رەڭلىك پەيلىرى بار؛ ئۈستۈنكى بەدىنىنىڭ قالغان قىسمى قوڭۇر چىپار بولۇپ، تۇتۇق سىزىقچىلىرى بار؛ بوغۇز قىسمى ئاق. چۆللەردە، چۆل ئوتلاقلاردا چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى ۋە يېشىل قىسىملىرىنى يەيدۇ، قۇرت - قوڭغۇز، يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار، قوش ماكانلىقلار ۋە يەر بېغىرلىغۇچىلارنىمۇ يەيدۇ. ئومۇمىي سانى ئىنتايىن ئاز. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكىسى شىنجاڭ كەنجى تۈرى بولۇپ، قەشقەر، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا ئۇچرايدۇ.

**قۇندۇز** ئەڭ چوڭ غاجىغۇچى ھايۋان. يېتىلگەن ئەركەك قۇندۇزنىڭ بەدەن ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىرغا، ئېغىرلىقى 30 كىلوگرامغا يېتىدۇ. چىشىسى كىچىكرەك بولىدۇ. سوغۇق بەلۋاغ ئورمانلىرىدىكى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان ئوراپ تۇرغان، چوڭقۇر ۋە تىنچ ئاقىدىغان جايلىرىدا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. سۆگەت - تېرەكلەرنىڭ قوۋزاقلىرىنى، يۇمران يوپۇرماقلىرىنى، يېكەن، پىيىزەك، پىياز، قومۇش قاتارلىقلارنى يەيدۇ. ئېسىل مويلۇق



قۇندۇز

تېرە ئېلىنىدىغان ھايۋان. كاستور (قۇندۇزنىڭ كاستور بېزىدىن ئېلىنىدىغان خۇش پۇراق ماتېرىيال — ت) دورا خام ئەشياسى قىلىنىدۇ ھەم ئىنتايىن داڭلىق خۇش پۇراق ماتېرىيال ۋە خۇش پۇراق ساقلاش خۇرۇچى قىلىنىدۇ. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، شىنجاڭدىكىسى قۇندۇزنىڭ شىنجاڭ كەنجى تۈرى، شىنجاڭنىڭ ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ئېقىنلىرىغا تارقالغان، 1990 - يىلى بۇلغۇن دەرياسى قۇندۇز تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون تەسىس قىلىندى.

**قارا بۇلغۇن** كىچىك تىپتىكى مويلۇق تېرە ئېلىنىدىغان ھايۋان. بەدەن ئېغىرلىقى 530 ~ 1020 گرام، ئۇزۇنلۇقى 36 ~ 45 سانتىمېتىر. پۈتۈن بەدىنى قوڭۇر رەڭدە، تۆش، بوغۇز قىسىملىرى سارغۇچ رەڭدە. يىڭنە يوپۇرماقلىق ياكى ئارىلاش ئورمانلارنىڭ ئىچكىرىسىدە ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاساسەن ھەرخىل ئۇششاق چاشقانلارنى، بەزىدە تىيىن، ياۋا توشقان، قۇش، بېلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ؛ قارىغاي ئۇرۇقىنى، شىرنىلىك مېۋىلەرنىمۇ يەيدۇ. تېرىسى يەڭگىل، چىداملىق، چىرايلىق ۋە پارقىراق بولۇپ، ئىسسىقلىق ساقلىشى ئەڭ ياخشى بولۇپ، مويلۇق تېرىلەرنىڭ تاجى دېگەن نامى بار؛ چاشقان تۈرىدىكىلەرنى زور مىقداردا تۇتۇپ يېگەچكە، ئورماندىكى چاشقان زىيانداشلىقىنى يەڭگىللىتىش رولى بار. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدىكىسى قۇندۇزنىڭ شىنجاڭ كەنجى تۈرى بولۇپ، پەقەت ئالتاي رايونىدىلا ئۇچرايدۇ.

**بۆرە بورسۇق** ئاغمىخان ئائىلىسىدىكى قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئەڭ چوڭ هايۋان، چوڭلۇقى تۈلكىچىلىك كېلىدۇ. تۈكى قارامتۇل قوڭۇر، مۇرىسىدىن باشلاپ بىر سۇس سىزىقى بار بولۇپ، بۇ سىزىق قۇيرۇق تۈۋىدە بىر ـ بىرىگە تۇتىشىدۇ، سىزىقنىڭ شەكلى هىلال ئايغا ئوخشايدىغان بولغاچقا، خەنزۇچىدا 月熊 ( ئاي سىزىقلىق ئېيىق) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۆتىدىل سوغۇق بەلۋاغ ۋە سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلىرىدا ياشايدۇ، ئورمان، ئېقىن بويلىرىدىكى تۇندرادا، قىيالىقلاردا هەرىكەت قىلىدۇ. ئوزۇقلىنىشى مۇرەككەپ، ياۋا توشقان، تېيىن، يۇغا، تۈلكە، پاقا، بېلىق، قاما، قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرى، هەرە لىچىنكىلىرى، شىرنىلىك مېۋىلەر قاتارلىقلارنىڭ هەممىسىنى يەيدۇ. تېرىسىنى كىيىم قىلغىلى بولىدۇ. بۆرە بورسۇق غاجىغۇچى هايۋانلارنىڭ كۈشەندىسى. سانى ئاز، ئىنتايىن ئەتىۋارلىق، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. ئالتاينىڭ تاغلىق رايونلىرىغا تارقالغان.

**تەڭگە گۈللۈك يىلپىز** سىرتقى شەكلى يىلپىزغا ئوخشىشىدۇ. بەدەن ئېغىرلىقى 50 كىلوگرامغا يېتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1.2 ~ 1.5 مېتىر. پۈتۈن بەدىنىدىكى تۈكى ئاقۇش كۆل رەڭدە بولۇپ، قارا رەڭلىك تەڭگىسىمان گۈلى بار. بەدىنىنىڭ يان تەرىپىدە ۋە تۆت پۇتىنىڭ سىرتقى تەرىپىدە تەكشى بولمىغان قارا رەڭلىك هالقىلىرى بار. دائىم ئېگىز تاغلاردىكى قارلىق جايلاردا هەرىكەت قىلىدۇ، تاغ ئۆچكىسى، كۆكمەت، ئارقار، سۇغۇر قاتارلىقلارنى ۋە باشقا غاجىغۇچى هايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. تېرىسى قىسقا قويۇق مويلۇق بولۇپ، كىيىم، كۆرپە قىلىشقا مۇۋاپىق؛ سۆڭىكى يولۋاس سۆڭىكىنىڭ ئورنىدا هاراققا چىلىنىپ دورا قىلىنىدۇ. سانى بەك ئاز، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ، كۇئېنلۇن، ئالتۇن تاغ، تەڭرىتېغى ۋە ئالتاي تېغىنىڭ هەممىلا يېرىگە تارقالغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 20 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**قۇلان** شىنجاڭدا جۇڭغار قۇلىنى ۋە تىبەت قۇلانىدىن ئىبارەت ئىككى كەنجى تۈرى بار. قىياپىتى قېچىرغا ئوخشىشىدۇ، يېتىلگەنلىرىنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى 200 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر ئەتراپىدا. بويۇن قىسمىدا تار يالى بولۇپ، قىلچىلىرى تىك تۇرىدۇ؛ قۇيرۇقى توم ۋە ئۇزۇنراق، تۈۋەنكى 1/3 قىسمىدا قۇيرۇق قىلى بار؛ ئالدىنقى پۇتىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە تۇخۇم چوڭلۇقىدا قاداق بار. دۈمبىسىنىڭ رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر، قورساق قىسمى ئاقۇش سېرىق رەڭدە. دېڭىز يۈزىدىن 800 ~ 2000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چۆل، ئېدىرلىق، قۇملۇقلاردا ياشايدۇ. توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. سېلەۋ، ئاق سېلەۋ، چىغ، شىۋاق ـ ئەمەن تۈرىدىكىلەر، لويىلا، پىياز ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەر، ئاقتىكەن، سۆكسۆك، يانتاق قاتارلىق قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ هەممىسىنى يەيدۇ. ئات بىلەن شالغۇتلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇهىم كۆندۈرۈپ يېتىشتۈرۈش ئوبيېكتى دەپ قارىلىدۇ. سانى ئاز، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ، جۇڭغار ئويمانلىقى، شەرقىي شىنجاڭ ئويمانلىقىدا تارقالغان.



قۇلان

1982 ـ يىلى جۇڭغار قۇلىنى قوغداش ئوبيېكتى قىلىنغان قارامايلى تېغى توم تۇياقلىق هايۋانلار قوغداش رايونى تەسىس قىلىندى. تىبەت قۇلانى. بۇ تۈر جۇڭغار قۇلانى بىلەن يېقىن بولغان تۈر بولۇپ، بەدەن شەكلى ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ، بىراق رەڭگى قارامتۇلراق، بەدىنىنىڭ يان تەرىپى بىلەن قورسىقى ئارىلىقىدىكى چېگرىسى بەك ئېنىق، بەدىنىمۇ جۇڭغار قۇلىنىدىن چوڭ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى 1.9 ~ 2.1 مېتىر. ئېغىرلىقى 280 كىلوگرام ئەتراپىدا. چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكى هايۋانلىرىغا تەۋە. توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 2600 ~ 5000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ ئوتلاقلىرىدا، چۆل ئوتلاقلىرـ

دا ۋە سوغۇق چۆللەردە ياشاشنى خالايدۇ. ئەمەن - شۇۋاق تۈرىدىكىلەر، سېلەۋ، پىياز ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەر، مۈخلار قاتارلىق ئېگىز تاغ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەيدۇ. سانى جۇڭغار قۇلىنىدىن كۆپرەك. ئۇ ئېشەكنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇھىم كۆندۈرۈپ يېتىشتۈرۈش ئوبيېكتى دەپ قارىلىدۇ. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، كوئېنلۇن تېغى، ئالتۇن تاغدا تارقالغان، 1983 - يىلى كوئېنلۇن - ئالتۇن تاغ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون تەسىس قىلىندى.

**ياۋا ئات** پرژېۋالسكىي ياۋا ئېتى، موڭغۇل ياۋا ئېتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆي ئېتىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بىراق بېشى قىسقا، تۇمشۇقى دىقماقراق؛ ماڭلاي يالى قىسقا ياكى يوق؛ يالى تىك ئۆسكەن، قىسقا ۋە تىك، بويىنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ تۇرمايدۇ؛ قۇيرۇق تۈۋى قىسقا تۈكلۈك، قۇيرۇق تۈۋىدىن ئون سانتىمېتىر تۆۋەندىن باشلاپ قۇيرۇق قىللىرى باشلىنىدۇ. پۈتۈن بەدىنىدىكى تۈكلەر، قورساق ۋە تۆت پۇتى ئاق رەڭلىك بولغاندىن باشقا يەرلىرى قۇلا رەڭدە. تۈزلەڭلىكلەر، ئېدىرلىقلار، چۆللەر، قۇملۇقلاردىكى ئوت - سۇيى مول جايلاردا ئۇيۇر بولۇپ ياشايدۇ. سېلەۋ قاتارلىق باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر، سۆكسۆك، ئەمەن - شۇۋاق تۈرىدىكىلەر، پىياز ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەر قاتارلىقلارنى يەيدۇ. ياۋا ئات ئۆي ئاتلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قارىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ جۇڭغار ئويمانلىقى تارىختىن بۇيان ياۋا ئاتنىڭ ئاساسىي تارقالغان يېرى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە، ھازىر بۇ يەردىن ياۋا ئات يوقىلىپ كەتكەندى، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. 1985 - يىلىدىن باشلاپ ياۋا ئاتلارنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، كۆندۈرۈپ كۆپەيتىلىۋاتىدۇ. جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە قايتا قۇرۇلغان ياۋا ئات ئۇيۇرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا تىزىمغا ئېلىنغان جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى ياۋا ئات سانى 117 تۇياق بولۇپ، شىنجاڭ ياۋا ئاتلىرىنى كۆپەيتىش مەركىزى تەسىس قىلىندى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 19 - بېتىگە قارالسۇن)

**ياۋا تۆگە** قوش ئۆركەشلىك ياۋا تۆگە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بويى ئېگىز، يېتىلگەن تۆگىنىڭ ئۆركىشىنىڭ چوققىسىغىچە بولغان ئېگىزلىكى 1.8 ~ 2.1 مېتىر، بەدەن ئۇزۇنلۇقى 3 ~ 4 مېتىر، ئېغىرلىقى 1 ~ 1.5 توننا. ئۇ ئۆي تۆگىسىگە بەك ئوخشايدۇ، بىراق ياۋا تۆگىنىڭ چوققىسىدا جوغدىسى يوق؛ ئۆركىشى بەكلا پەس؛ تۆت پۇتى ئۇزۇنراق، تاپىنى كىچىك ۋە تار؛ يال، ئۆيەك، قۇيرۇق، جەينەك، تىز قىسمىدىكى يۇڭلىرى قىسقا؛ قۇلىقى ئۆي تۆگىسىنىڭ قۇلىقىدىن كىچىك؛ ئالدى پۇتىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە قاداق يوق. دېڭىز يۈزىدىن 1000 ~ 2800 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چۆللەردە، ئېدىرلىقلاردا ۋە قۇملۇقلاردا ياشايدۇ. ئاسەن يۇلغۇن، سۆكسۆك، ئاقتىكەن، يانتاق، قامغاق، قومۇش، چىغ، ياۋا پىياز، توغراق يوپۇرمىقى قاتارلىقلارنى يەيدۇ. ئۇ تۆگىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى بولۇپ، سانى بەك ئاز، پۈتۈن شىنجاڭدا 100 تۇياققا يەتمەيدۇ، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ھازىر لوپنۇر كۆلى رايونى ۋە ئالتۇن تاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە ياشايدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 19 - بېتىگە قارالسۇن)

**ياۋا قوتاز** تىبەت ياۋا قوتىزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆرۈنۈشى ئۆي قوتىزىغا ئوخشىشىدۇ، بىراق ئۆي قوتىزىدىن چوڭ، ئېغىرلىقى 500 كىلوگرامدىن يۇقىرى، مۈڭگۈزى ئىچىگە ئېگىلگەن، ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقى ئۆي قوتىزىنىڭكىدىن تارراق. رەڭگى بىردەك قارا. دېڭىز يۈزىدىن 4000 ~ 6000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلاردا توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمەن - شۇۋاق تۈرىدىكىلەر، قىزىل مارال، قىياق، مۆرەككەپ گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر، سېلەۋ قاتارلىق ئېگىز ۋە سوغۇق ئوتلاق ئۆسۈملۈكلىرىنى يەيدۇ. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئالتۇن تاغدا تارقالغان، 1983- يىلى شەرقىي كوئېنلۇن - ئالتۇن تاغ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون تەسىس قىلىندى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 19 - بېتىگە قارالسۇن)

**پرژېۋالسكىي بۆكىنى** ساھىل بۆكىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆرۈنۈشى تىبەت بۆكىنىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بىراق تىبەت بۆكىنىدىن چوڭراق؛ مۈڭگۈزىنىڭ تۆۋىنىكى يېرىمى توم، مۈڭگۈز ئۇچى كۆرۈنەرلىك ئىچىگە ئېگىلىپ ئازراق تىكلەشكەن. دېڭىز يۈزىدىن 3400 مېتىر ئېگىزلىككىچە بولغان يېرىم چۆللۈك ئوتلاقلاردا باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر، قىياق - چۆجگۈن-

لەر ۋە باشقا قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرىنى يەيدۇ. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئالتۇن تاغقا تارقالغان، 1983 - يىلى شەرقىي كۇئېنلۇن - ئالتۇن تاغ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون تەسىس قىلىندى.

**تىبەت بۆكىنى** بىر مۈڭگۈزلۈك ھايۋان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدەن چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، ئېغىرلىقى 20 ~ 40 كىلوگرام. تېكىسىنىڭ 61 ~ 71 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا تىك ئۆسكەن مۈڭگۈزى بار، يېنىدىن قارىغاندا بىرلا مۈڭگۈزى باردەك كۆرۈنىدۇ. مەخسۇس چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشايدىغان تۈر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3500 ~ 6000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ تۈزلەڭلىكلىرىدە ياكى تاغ جىلغىلىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. يازدا تېكە - چىۋىشلىرى ئايرىلىپ تۇرىدۇ. تېۋىتى ئىنچىكە ۋە يۇمشاق، ئىنتايىن قىممەتلىك، مۈڭگۈزى دورا قىلىنىدۇ. مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇن تاغقا تارقالغان، 1983 - يىلى شەرقىي كۇئېنلۇن - ئالتۇن تاغ تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون تەسىس قىلىندى.

**قاڭشارلىق بۆكەن** سايگا بۆكىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چوڭلۇقى ئادەتتىكى قويچىلىك كېلىدۇ. قاڭشىرى ئېگىز، تۆۋەنگە ئېگىلگەن، شۇڭا قاڭشارلىق بۆكەن دەپ ئاتالغان؛ قۇلىقى كىچىك، تېكىسىنىڭ 20 ~ 35 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئازراق كەينىگە سوزۇلۇپ، يۇقىرىغا ئېگىلگەن كەھرىۋا رەڭلىك مۈڭگۈزى بار. ئوتلاق، يېرىم چۆللۈك ھايۋىنى، توپلىشىپ ياشايدۇ. باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر، لويلا، ئەمەن- شۋاق تۈرىدىكىلەرنى يەيدۇ. تېرە، يۇڭى ۋە گۆشىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، مۈڭگۈزى قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بولۇپ، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، تارىختىن بۇيان جۇڭغار ئويمانلىقىدا كەڭ تارقالغان.

**تاغ ئۆچكىسى** ياۋا ئۆچكە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدىنى چوڭ، ئېغىرلىقى 60 كىلوگرامدىن يۇقىرى. تېكىسىنىڭ ئۇزۇن ساقىلى بار، چىۋىشلىرىنىڭ ساقىلى قىسقىراق؛ تېكە - چىۋىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كەينىگە ئېگىلگەن قىلىچسىمان مۈڭگۈزى بار، تېكىسىنىڭ مۈڭگۈزى چىۋىشلىرىنىڭ مۈڭگۈزىگە قارىغاندا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يوغان كۆندىلەڭ قىرلىرى بار. دېڭىز يۈزىدىن 2000 ~ 5000 مېتىر ئېگىز تاغلارنىڭ قىيا تاشلىرى كۆپرەك جايلىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ. باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر، پىياز ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ. تېرىسىنىڭ سۈپىتى ياخشى، مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تېغى، پامىر تاغلىرىدىكى ئېگىزلىكلەردە تارقالغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 20 - بېتىگە قارالسۇن).

**چارپاقا** قوش ماكانلىقلار سىنىپىنىڭ قۇيرۇقسىز ھايۋانلار ئەترىتى چارپاقا ئائىلىسىگە مەنسۇپ. دۈمبىسىنىڭ يېشىل ياكى كۆل رەڭ چىپار، قورسىقىنىڭ رەڭگى ئاق؛ ئالدى پۇتىنىڭ 4 - بارمىقى 3 - بارمىقىنىڭ 3/4 ىدىن ئۇزۇنراق. 4 ھەسسىلەنگەن خروموزومىسى بار. تۈزلەڭلىكتىكى سازلىقلاردا، كۆل قىرغاقلىرىدا، بەزى سۇ يىغىلىپ قالغان ئورەكلەردە ياشايدۇ ۋە كۆپىيىدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر كېلىدىغان ئېگىزلىكلىرىدىمۇ بار. ھەرخىل ھاشاراتلارنى يەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان، سانى كۆپ. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ئاساسلىق كۈشەندىسى؛ قۇلاق كەينى بېزىدىن چارپاقا شىرىسى ( تەركىبىدە بۇفونىن، بۇفوگېنىن دېگەن زەھەرلىك ماددىلىرى بولغان ئاجراتما — ت) ئىشلەپ چىقىرىدۇ، بۇ دورا قىلىنىدۇ، مۇھىم دورا ماتېرىيالى قىلىنىدىغان ھايۋان.

**شىنجاڭ ياللىق كەسلەنچۈكى** يەر بېغىرلىغۇچىلار سىنىپىنىڭ تەڭگە قاسىراقلىقلار ئەترىتى ياللىق كەسلەنچۈكلەر ئائىلىسىگە تەۋە. بەدەن شەكلى ئوتتۇراھال، ئۇزۇنلۇقى 350 مىللىمېتىر ئەتراپىدا. بېشى ئۈچ بۇرجەك، قاسىراقلىرى بۆرتۈپ چىققان، بەدىنىنىڭ يان تەرىپىدىكى قاسىراقلىرى دۈمبە قاسىراقلىرىدىن كىچىكرەك بولۇپ، كۆندىلەڭ سىزىقلار ھاسىل قىلىپ تىزىلغان ئاق قاسىراق توپلىرى بار. بوستانلىقلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدە، دەريا قىرغاقلىرىدا ۋە توغراقلىقلاردا ياشايدۇ. ھاشارات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ. دورا قىلىنىدۇ. شىنجاڭدا ياشايدىغان مەخسۇس تۈر بولۇپ، ئاساسەن تارىم ئويمانلىقىغا تارقالغان.

**ئاق ساقىيقۇش** كۆلچەك غېزى دەپمۇ ئاتىلى-

دۇ. چوڭ تېپتىكى سۇ قۇشى، بەدەن ئېغىرلىقى 10 ~ 13 كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى 140 ~ 175 سانتىمېتىر. پۈتۈن بەدىنى ئاق؛ تۇمشۇقى كۆكۈش كۆل رەڭ، تۇمشۇقىنىڭ ئاستىدا جۇيزىرەڭ خالتىسى بار. كۆللەر ۋە دەريا ئەگىملىرىدە توپلىشىپ ياشايدۇ. دائىم سۇنىڭ تېيىز جايلىرىدا بېلىق ۋە قۇلۇلىلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. سانى بەك ئاز، مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي، جۇڭغارىيىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى سۇلۇق جايلاردا، قارا شەھەر دەرياسى، تارىم دەرياسى ۋادىلىرىدا ئۇچرايدۇ.



ئاق ساقىيقۇش

**چوڭ ئاق قۇ** چوڭ تېپتىكى سۇ قۇشى، پۈتۈن بەدىنى ئاق؛ كۆزىدىن تۇمشۇقىنىڭ تۈۋىگىچە بولغان يېرى سۇس سېرىق رەڭدە؛ تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى، پاقالچىقىنىڭ تۆۋەن قىسمى ۋە پالاقچە تاپىنى قارا رەڭدە.



چوڭ ئاق قۇ

دائىم چوڭ كۆللەر، كۆلچەكلەر، سۇ ئامبارلىرى ۋە سازلىق بەلۋاغلاردا ياشايدۇ. سۇ ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرى، غولى، يوپۇرمىقى ۋە باشقا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى، بەزىدە يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار، سۇ ھاشاراتلىرى ۋە سازاڭ قۇرتلارنى يەيدۇ. داڭلىق تاماشا قۇشى. شىنجاڭدىكىسى ئاتالغان كەنجى تۈرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ غەربىدە ۋە تەڭرىتېغىنىڭ ئۈستىدىكى كۆللەر ۋە سازلىقلاردا تارقالغان. بۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭنىڭ غەربىدە ۋە تەڭرىتېغىدىكى كۆل ۋە سازلىقلاردا كىچىك ئاق قۇ ۋە شىر باش ئاق قۇلارمۇ تارقالغان. ھەممىسى مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. 1980 - يىلى بايىنبۇلاق ئاققۇ مۇھاپىزەت رايونى تەسىس قىلىندى. نۆۋەتتە، ھەر يىلى يازدا بىر تۈمەندىن كۆپرەك چوڭ - كىچىك ئاق قۇ ۋە شىر باش ئاق قۇلارنى ئاساس قىلغان قۇشلار توپى مۇشۇ يەرگە كېلىپ، يېرىم يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، كۆپىيىدۇ.

**لاچىن** قۇشلار سىنىپىنىڭ لاچىنسىمانلار ئەترىتى لاچىن ئائىلىسىگە تەۋە. ئوتتۇرا تىپلىق يىرتقۇچ قۇش. ئۇزۇنلۇقى 46 ~ 59 سانتىمېتىر. بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى تۇتۇق قوڭۇر، پالما رەڭ ياكى پور رەڭ ئارىلاشقان چىپار رەڭلىك، تۆۋەن قىسمى ئاق ۋە توپا رەڭ ئارىلاشقان چىپار رەڭلىك بولىدۇ. تاغ ئېتەكلىرىدىكى ئېدىرلىقلاردا ۋە تۈزلەڭلىكلەردە ياشايدۇ. دائىم ئورمان يوق ياكى دەرەخلەر شالاڭ جايلاردا، قىيا تاشلىق تاغ - ئېدىرلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاساسەن ئوتتۇرا - كىچىك تىپلىق قۇشلار، ياۋا توشقان، چاشقان تۈرىدىكى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. سانى بەك ئاز داڭلىق يىرتقۇچ قۇش، قولغا ئۆگىتىپ ئوۋ ئوۋلىتىشقا بولىدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. كۇئېنلۇن تېغى، تەڭرىتېغى، ئالتاي تېغى، پامىر ئېگىزلىكى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ چۆللۈكلىرىدە تارقالغان.

**قارا قۇر** قارا ياۋا توخۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدىنى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا. خورازلىرى ئومۇمەن قارا رەڭدە، قاناتلىرىدا ئاقۇچ سېرىق كۆندىلەڭ سىزىقلىرى بار، قۇيرۇقى چوڭقۇر ئاچىلانغان؛ مېكىيىنى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە، پۈتۈن بەدىنىدە قارا ياكى قوڭۇر رەڭلىك سىزىقچىلار ۋە چېكىتلەر بار، قانىتىدا كەڭ كۆندىلەڭ ئاق ئالا سىزىقچىلىرى بار، قۇيرۇقىدا ئازراق ئاچىسى بار. ئورمان قۇشىغا تەۋە، كۆپىنچە يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلاردا، ئورمان ئوتلاقلىرىدا، ئوتلاق ۋە جىلغىلاردا توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. قېيىن، تېرەك، سۆگەتلەرنىڭ يۇمران شاخ - يوپۇرماقلىرى، بىخلىرى، مېۋىلىرى قاتارلىقلارنى يەيدۇ. يەنە چۈمۈلە، تەڭگە قاناتلىق ھاشاراتلارنىڭ لىچىنكىلىرىنىمۇ يەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئۇنىڭ شىنجاڭ كەنجى تۈرى بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىدە، جۇڭغار

ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلاردا ۋە ئالتاي تېغىدا تارقالغان.

**قىيالىق تۇندرا كەكلىكى (ئاخۇنەك)** شىمالىي قۇتۇپ قۇرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوتتۇرا تىپلىق قۇش، ئۇزۇنلۇقى 34 ~ 38 سانتىمېتىر. پەيلىرى پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ، قىشتا خوراز - مېكيانلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرى قارا بولغاندىن تاشقىرى، پۈتۈن بەدىنى ئاق رەڭلىك بولىدۇ؛ يازدا پۈتۈن بەدىنىنىڭ رەڭگى سارغۇچ چىپار ئارىلاشقان قارامتۇل قوڭۇر بولىدۇ. ئېگىز تاغلاردىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلاردا، قارلىقلارنىڭ ئېتەكلىرىدىكى چاتقاللىقلاردا، ئېگىز تاغ ئوتلاقلىرىدا ۋە شېغىل تاشلىق تاغ ئوتلاقلىرىدا ياشايدۇ. ئاساسەن قېيىن، سۆگەت ۋە باشقا چاتقاللارنىڭ، ئوت - چۆپلەرنىڭ يۇمران شاخلىرى، بىخلىرى، يۇمران يوپۇرماقلىرى، چېچەك، شىرنىلىك مېۋىلىرى، ئۇرۇقلىرى قاتارلىقلارنى يەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئۇنىڭ شىنجاڭ كەنجى تۈرى بولۇپ، جۇڭگودا پەقەت ئالتاي تېغىدىلا تارقالغان.

**ئورمان چىلى** چوڭلۇقى تورۇلغىچىلىك كېلىدۇ. بەدىنى تۇتۇق سېرىق چېكىت ئارىلاشقان كۈل رەڭ قوڭۇر رەڭلىك، بېشىدا روشەن پوپۈكى بار؛ خورىزىنىڭ بوغۇزىنىڭ رەڭگى ئاق. ئورمان ئاستىدىكى يىقىلغان ياغاچلار ئارىسىدا، بوك ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان قىزىل قارىغاي، شەمشاد، ئاق شەمشاد، ۋە كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر ئارىلاشقان ئورمانلاردا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران شاخ، بىخ، يوپۇرماقلىرىنى، چېچەك، شىرنىلىك مېۋىلىرىنى، ئۇرۇقلىرىنى يەپ ياشايدۇ. هاشارات ۋە باشقا ئومۇرتقىسىز هايۋانلارنىمۇ يەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. ئالتاي تېغىدا تارقالغان.

**ئېگىز تاغ ئۇلارى** قارامتۇل قورساقلىق ئۇلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چوڭ تىپلىق ئېگىز تاغ قۇشى، ئېغىرلىقى 2000 گرامدىن ئاشىدۇ. يېتىلگەن خوراز - مېكيانلىرىنىڭ پۈتۈن بەدىنى پور رەڭ ياكى قوڭۇر رەڭدە؛ ئۈستىدە قارا قوڭۇر چىپار چېكىتلىرى، قانىتىدا چوڭراق ئاق چېكىتلىرى بار؛ ئېڭەك ئاستى، بوغۇز، تۆش قىسىملىرى ۋە قورساق قىسمى قارامتۇل كۈل رەڭ بولۇپ، قىزغۇچ قوڭۇر سىزىقچىلىرى ئارىلاش بولىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 2500 ~ 5000 مېتىر ئېگىز تاغلاردا تۈپلىشىپ ياشايدۇ. ئېگىز تاغلىق بەلۋاغلاردىكى تېپچاق، غاز تاپان، ياۋا پىياز، تەلۋە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى، غولى، ئۇرۇقلىرىنى يەيدۇ. تەڭرىتېغى، پامىر ئېگىزلىكى، غەربىي كۇئېنلۇن تېغى، ئالتۇن تاغ، جۇڭغارىيىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلارغا تارقالغان. شىنجاڭدا يەنە كۇئېنلۇن تېغىغا تارقالغان تىبەت ئۇلارى ۋە ئالتاي تېغىغا تارقالغان ئالتاي ئۇلارى بولۇپ، بۇلارنىڭ هەممىسى مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 20 - بېتىگە قارالسۇن)

**ئاق مۈشۈكياپىلاق** ئېغىرلىقى 800 گرام ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى 47 سانتىمېتىر. بېشى كەڭرى ۋە چوڭ، تۇمشۇقى كۈچلۈك، ئىلمەك شەكىلدە، يۈزى ۋە كۆزى يوغان، ئالدىغا ئورۇنلاشقان، قۇلىقى روشەن ئەمەس؛ قۇيرۇقى قىسقا يۇمىلاق. پۇتلىرى مەزمۇت.



ئاق مۈشۈكياپىلاق

پۈتۈن بەدىنىنىڭ رەڭگى ئاقۇچ كۈل رەڭ، دۈمبىسى، تۆشى ۋە قورسىقى ۋە ئىككى يېنىدا تۇتۇق قوڭۇر ئالىسى بار، قانات - قۇيرۇق پەيلىرىدە v شەكىللىك قوڭۇر داغلىرى بار. كۆپىنچە ئېگىز تاغلاردىكى قارلىق لىنىيىسىدىن تۆۋەن جايلاردا هەرىكەت قىلىدۇ. ئاق توشقان، چاشقان تۈرىدىكى هايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىققا پايدىلىق قۇش؛ ئەتىۋارلىق قۇش. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. ئالتاي تېغى، قەشقەر ۋە تەڭرىتېغىنىڭ غەربىدە تارقالغان.

**يەكەن توشقىنى** بەدەن قۇرۇلۇشى بىر قەدەر كىچىكرەك ياۋا توشقان، ئېغىرلىقى 2000 گرامدىن تۆۋەن. قۇلىقى ئۇزۇنراق بولۇپ، بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ 1/4 ىگە توغرا كېلىدۇ؛ تۈكىنىڭ رەڭگى سۇس، دۈمبىسى قارامتۇل كۈل رەڭ ئارىلاشقان سۇس قوڭۇر رەڭدە؛ بەدىنىنىڭ يان تەرىپى توپا رەڭدە؛ قورسىقى



يەكەن توشقىنى

ئاق رەڭدە بولىدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىكى مەخسۇس تۈر بولۇپ، تىپىك چۆللۈك هايۋىنى، كۆپىنچە توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، چاتقاللىقلاردا ئۇچرايدۇ. قومۇشنىڭ يۇمران غولىنى ۋە چاتقال، يېرىم چاتقاللارنىڭ پۇتاقلىرىنى يېيىشكە ئامراق. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ، پەقەت شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىدىلا تارقالغان.

**مۇشۇكياپىلاق** بەدەن ئۇزۇنلۇقى 36 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. بەدىنىنىڭ ئۈستى تەرىپى پور رەڭ بىلەن قارا قوڭۇر رەڭ ئارىلاشقان چىپار بولىدۇ؛ تۆۋەن تەرىپى پور رەڭلىك، ئەمما كۆندىلەڭ سىزىقچىلىرى بار. بېشىنىڭ ئىككى يېنىدا قۇلاققا ئوخشاش تىك تۇرىدىغان ئۇزۇن ئىككى تال پەي بار. ئورمان قۇشلىرىغا تەۋە، ئورمانلاردا ياكى ئورمان ئوتلاقلىرىدا ياشايدۇ، كۈندۈزى مۈكۈنۈپ يېتىپ، كېچىسى چىقىپ ئوزۇق ئوتىدۇ. ئاساسەن چاشقانلارنى يەيدۇ، بەزىدە كىچىك قۇشلارنىمۇ، هاشاراتلارنىمۇ يەيدۇ. ئۇ زىيانداش چاشقانلارنى يېيىشكە ئامراق بولغانلىقتىن دېهقانچىلىققا، ئورمانچىلىققا پايدىلىق؛ گۆشى مىللىي تېبابەتتە دورا قىلىنىدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ، جۇڭغارىيىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايونلاردا، جۇڭغار ئويمانلىقىدا، شەرقىي شىنجاڭ ئويمانلىقىدا، تارىم ئويمانلىقىدا تارقالغان.

**ياۋا ئاق توشقان** بەدىنى باشقا توشقانلاردىن چوڭراق بولۇپ، ئېغىرلىقى 2000 ~ 4000 گرام. قۇلىقى، قۇيرۇقى قىسقا؛ قىشلىق تۈكى قويۇق ۋە ئۇزۇن، بەدىنىنىڭ يان تەرىپىدىكى تۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. قىشلىق تۈكى قۇلاق ئۇچى ۋە كۆز ئەتراپىدا قارا بولغاندىن سىرت، پۈتۈن بەدىنى ئاق رەڭدە بولىدۇ؛ يازلىق تۈكى سۇر جىگەر رەڭدە، ئۇچى قاراقىلچۇق تۈك ئارىلاشقان بولىدۇ. سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغدىكى يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلىق هايۋىنى. دەرەخ قوۋزىقى، يۇمران شاخلار ۋە كۆپ خىل ئوت - چۆپلەرنى يەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ، ئالتاي تېغى ۋە ئارباغاتاي تېغىدا تارقالغان.

**سۆسەر** بەدىنى ئىنچىكە ئۇزۇن، ئۇزۇنلۇقى 430 ~ 540 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 1000 گرام ئەتراپىدا. پۇتلىرى تېنىك هەم كۈچلۈك، قۇيرۇقى سۆيۈرگە شەكلىدە يۇرقىراپ چىچىلىپ تۇرىدۇ. بەدەن تۈكى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە، بوغۇز، باش، دۈمبە ۋە تۆت پۇتىدا روشەن ئاق ئالىسى بار، قورسىقىنىڭ رەڭگى سۇسراق. ئېگىز تاشلىق تاغلاردا ۋە ئورمانلاردا ياشايدۇ. ئاساسەن هەرخىل چاشقانلار، قۇشلار، ياۋا توشقان، تىيىن، سۇغۇرلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. هاشارات ۋە ياۋا مېۋىلەرنىمۇ يەيدۇ. تېرە ئېلىنىدىغان مۇهىم هايۋان. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. ئالتاي تېغى، جۇڭغارىيىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق جايلار، تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تېغىدا تارقالغان.

**ئوتلاق ياۋا مۈشۈكى** ياۋا مۈشۈك، ياۋا ئىبار مۈشۈك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كىچىك تىپتىكى ياۋا مۈشۈك، بەدەن قۇرۇلۇشى ئۆي مۈشۈكلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. باش ۋە دۈمبىسىنىڭ رەڭگى سارغۇچ كۈل رەڭ، چوققا ۋە دۈمبىسىنىڭ رەڭگى قېنىقراق بولۇپ قوڭۇر كۈل رەڭ. دۈمبىسىدە تەكشى بولمىغان قارا تاغىل يوللىرى بار؛ بوغۇزى، قورساق قىسمى ئاقۇچ رەڭدە؛ قۇيرۇقىنىڭ تۈۋى سېرىقراق رەڭدە، ئۇچى قارا بولۇپ، ئالتە هالقىسىمان قارا سىزىقى بار. توغراقلىق ئورمانلاردا، يۇلغۇنلاردىكى قۇم دۆڭلىرىدە ياشايدۇ.

ئاساسەن چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ، بەزىدە كىچىك قۇشلارنى، قۇش تۇخۇملىرىنىمۇ يەيدۇ. چاشقان تۇتۇشتا پايدىلىق بولۇپ، مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. جۇڭغار، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چۆللۈك ئوتلاقلىرىدا تارقالغان.

**سۇلەيسۇن** شەكلى ئۆي مۈشۈكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەدىنى چوڭ، ئېغىرلىقى 18 ~ 32 كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى 90 ~ 130 سانتىمېتىر. قۇلىقىنىڭ ئۇچى كەڭ، قۇلاق ئۇچى ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك؛ قۇيرۇقى قىسقا ۋە توم، قۇيرۇقىنىڭ 3/1 قىسمى قارا رەڭدە؛ دۈمبىسى قىزغۇچ قوڭۇر، قورسىقى سارغۇچ ئاق رەڭدە، دۈمبە ۋە قورسىقىدا قارامتۇل قوڭۇر چېپار چېكىتلىرى بار. دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قويۇق ئورمانلاردا ۋە تاغ قىيالىرىدا ياشايدۇ. ئاساسەن توشقان، بۇغا، تىيىن، قۇر، ئاخۇنەك قاتارلىق هايۋان ۋە قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. قىممەتلىك تېرە ئېلىنىدىغان هايۋان، مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. ئالتاي تېغى، جۇڭغارىيىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق جايلار، تەڭرىتېغى، كۇئېنلۇن تېغى، ئالتۇن تاغلارغا تارقالغان.

**مولۇن** بەدەن شەكلى ئۆي مۈشۈكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئېغىرلىقى 2000 ~ 3000 گرام، ئۇزۇنلۇقى 47 ~ 65 سانتىمېتىر. پۈتۈن بەدىنى سېرىق رەڭدە، تۈۋتى قېلىن هەمدە زىچ، دۈمبىسى ۋە كاسىسىدا 6 ~ 7 تال روشەن تۇتۇق كۆندىلەڭ سىزىقى بار؛ قورساق تۈكى سۇس سارغۇچ ئاق رەڭدە؛ قۇيرۇقىنىڭ رەڭگى دۈمبىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قۇيرۇقىدىمۇ 7 ~ 8 هالقىسىمان قارا سىزىقى بار. دائىم چۆللۈك ئوتلاقلاردا ياكى چۆل - باياۋاندا هەرىكەت قىلىدۇ؛ بەزىدە ئورمانلىق، ئېدىرلىقلاردىمۇ ۋە دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئاساسەن ئۇششاق چاشقانلارنى، يەنى سېرىق چاشقان، قۇملۇق چاشقىنى، يالمانتاقتاق قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. مۇهىم تېرە ئېلىنىدىغان هايۋان هەمدە زىيانداش چاشقانني يوقىتىدىغان بولغاچقا، مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ، جۇڭغار ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقى ۋە شەرقىي شىنجاڭ ئويمانلىقىدا دائىم ئۇچرايدۇ.

**بۇغا** بەدەن قۇرۇلۇشى چوڭراق، ئېغىرلىقى 200 ~ 250 كىلوگرام، ئۇزۇنلۇقى 2 ~ 2.5 مېتىر. بۇغىسىنىڭ (ئەركىكىنىڭ) مۈڭگۈزى بار، مۈڭگۈزىنىڭ تۈۋىدىن ئىككى ئاچا ئايرىلغاندىن باشقا، مۈڭگۈز غولىدىن 3 ~ 4 ئاچا ئايرىلىدۇ. قىشلىق تۈكى زىچ ۋە قېلىن بولىدۇ، تىۋىتى بار، رەڭگى كۆل رەڭ قوڭۇر؛ يازلىق تۈكى قىسقىراق، ئادەتتە قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. كاسىسىدا بىر پارچە سارغۇچ ئاق يېرى بار. دائىرىسى كەڭ بولغان يىڭنە يوپۇرماقلىق ۋە كەڭ يوپۇرماقلىق ئارىلاش ئورمانلىقلاردا، ئېگىز تاغ ئورمانلىرى ئارىسىدىكى ئوتلاقلاردا ياشايدۇ. ئوت - چۆپ، يۇمران دەرەخ شاخلىرى ۋە دەرەخ نوتىلىرىنى يەيدۇ.



بۇغا

ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان دورا قىلىنىدىغان هايۋان، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى جۇڭگو تېبابەتچىلىكىدە قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى قىلىنىدۇ، بۇغا قېنى، بۇغا هامىلىسى، بۇغا چۇۋقى، بۇغا گۆشى، بۇغا يۈرىكى، بۇغا بۆرىكى، چۈشكەن بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى دورا قىلىنىدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى ۋە تارىم ئويمانلىقىغا تارقالغان، نۇرغۇن جايلاردا بېقىپ كۆپەيتىش فېرمىلىرى قۇرۇلۇپ بېقىلىۋاتىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 60 - بېتىگە قارالسۇن)

**قانداغاي** ئەڭ چوڭ بۇغا تۈرىدىكى هايۋان، ئېغىرلىقى 500 كىلوگرامغا يېتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇغىسىنىڭ مۈڭگۈزى بار، تۇنجى ئاچىسى مۈڭگۈز غولىدا بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ تۇنجى ئاچىسىنىڭ ئۈزىلا ئىككى ئاچىلىنىدۇ، مۈڭگۈز غولى كېڭىيىپ ئالىقانسىمان شەكىلگە كىرىدۇ؛ پۈتكۈل بەدىنىنىڭ رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر، يالى بار. قورساق قىسمىنىڭ تۈكلىرىنىڭ رەڭگى بەكرەك قارا بولىدۇ. ئارىلاش ئورمان ۋە يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان-


لارنىڭ سۇ مەنبەسىگە يېقىن جايلىرىدا ياشايدۇ. قىيىن، تېرەك، سۆگەتلەرنىڭ يۇمران شاخلىرى، نوتىلىرى، بىخلىرىنى يەيدۇ، يەنە يۇغىئۇت يىلتىزى، ئۇشنە، تال چىۋىقلىرى ھەمدە قىرىقبوغۇم، مۇخ، يېكەن قاتارلىقلارنىمۇ يەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، ئالتاي تېغىدا تارقالغان.

**تىبەت يەرلىك بۆكىنى** يەرلىك بۆكەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدەن شەكلى سەل كىچىكرەك، يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا. تېكىسىنىڭ ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن مۈڭگۈزى بار، مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچىدىن باشقا يېرىدە كۆپ ھەم تار كۆندىلەڭ قىرى بار؛ دۈمبىسى كۈل رەڭ قوڭۇر رەڭدە، قورسىقى ۋە تۆت پۇتىنىڭ ئىچكى تەرىپى ئاق، كاسىسىدا يوغان بىر پارچە ئېقى بار. ئېگىز تاغ ئوتلاقلىرىدا، ئېگىز تاغ چۆللۈكلىرىدە ۋە يېرىم چۆللۈك جايلاردا ياشايدۇ. ئېگىز تاغدىكى سىلەۋ، ئەمەن (شىۋاقلار، ئوگرە پىياز، قوڭۇر باش) قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. كوئېنلۇن تېغى، ئالتۇن تاغدا تارقالغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 20 ـ بېتىگە قارالسۇن).

**جەرەن** قارا قۇيرۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدەن شەكلى كىچىكرەك، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا. تېكىسىنىڭ ئازراق كەينىگە ئېگىلىپ، ئۇچى سەل ئۈستىگە ۋە ئىچىگە قايرىلغان مۈڭگۈزى بار؛ تېكىسىنىڭ بوينىنىڭ ئاستىدا پوقىقى بار. بەدىنىنىڭ ئۈستى تەرىپى قۇلا ياكى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە، قورسىقى، ۋە تۆت پۇتىنىڭ ئىچكى تەرىپى ۋە كاسىسى ئاق رەڭدە. لويلا ئورۇقدىشى، پىياز ئورۇقدىشى، چىغ قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئورمانلىقلاردا تارقالغان. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 19 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**كۆكمەت** تورۇق تېكە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەدەن تېپى ئوتتۇراھال، ئۇزۇنلۇقى 1.3 مېتىر ئەتراپىدا. تېكە ـ چىۋىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ توم ۋە قىسقىراق كەلگەن، سىرتقا ئازراق ئېگىلگەن ئۈچ قىرلىق مۈڭگۈزى بار، مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچى ئىنچىكە. قىشلىق تۈكىنىڭ رەڭگى سارغۇچ بوررەڭ، قورساق قىسمى، تۆت پۇتىنىڭ ئىچكى قىسمى، كاسسا قىسمى ۋە قۇيرۇق تۈۋىنىڭ قورساق قىسمى ئاق رەڭدە. ئوت ـ چۆپ ۋە چاتقاللارنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنى يەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، كوئېنلۇن ۋە ئالتاي تاغلىرىدا ئۇچرايدۇ.

**ئارقار** ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ، بەدەن تېپى ئوتتۇراھال، ئۇزۇنلۇقى 1.3~1.6 مېتىر، ئېغىرلىقى 50 ~ 100 كىلوگرام. ئارقار ـ غۇلجىلىرىنىڭ ئوخشاشلا مۈڭگۈز بار، غۇلجىنىڭ مۈڭگۈزى ئالاھىدە يوغان بولۇپ، كەينىگە بۈگەلگەن بولىدۇ، مۈڭگۈزى تۈۋى بەك توم، توغرا كەسمىسى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە،



ئارقار

مۈڭگۈزىنىڭ سىرتقا قارىغان تەرىپىدە روشەن ھالقىسىمان قىرى بار. دۈمبىسى ۋە ئىككى يېنى تۇتۇق قوڭۇر رەڭدە، كاسا قىسمى ئاق رەڭدە. دېڭىز يۈزىدىن 2000 ~ 5000 مېتىر ئېگىز تاغلارنىڭ ئورمان بولمايدىغان قىيا تاشلىق چۆل يەرلىرىدە ياشايدۇ. سىلەۋ، قىياق، قوڭۇر باش، شىۋاق ـ ئەمەنلەر، قىزىل مارال، پىيازلار ۋە چاتقاللارنىڭ شاخلىرىنى يەيدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى، كوئېنلۇن تېغى، ئالتۇن تاغ قاتارلىق تاغلارغا تارقالغان.

**ئاپوللو كېپىنىكى** چوڭ تىپتىكى كېپىنەك، ئالدىنقى قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 ~ 55 مىللىمېتىر. قانىتى ئاق رەڭدە، قانات تومۇرلىرىنىڭ رەڭگى سارغۇچ كۈل رەڭ. ئالدىنقى قانىتىدا ئايلانمىسى سۇزۇك بولغان بىر نەچچە يوغان قارا داغ بار؛ كەينى قانىتىدا ئايلانمىسى قارا ئىككى تەڭگىسى بار، تېنىنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرىسى ئاق رەڭدىكى يۇمىلاق قىزىل تۇۋرۆك بولۇپ، قۇيرۇق قىسمىدا ئىككى قارا چېكىتى

بار. قانىتىنىڭ تەتۈر يۈزىنىڭ تۈۋى قىسمى ۋە كەينى قانىتىنىڭ قۇيرۇق تەرەپتىكى بۇرجىكىدە ئۇششاق قىزىل چېكىتلەر بار. دېڭىز يۈزىدىن 1200 ~ 2000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ ئوتلاقلىرىدا ۋە ئورمانلىق ئوتلاقلاردا ئۇچرايدۇ. كۆك مارال ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردە پارازىتلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىملا ئەۋلاد قالدۇرۇپ، لىچىنكىسى قىشنى ئۆتكۈزىدۇ. مەملىكەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان هېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزدە پەقەت شىنجاڭنىڭ ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغىدىلا چىقىدۇ. شىنجاڭدا يەنە تەڭرىتاغ ئۆۋىتلىق كېپىنىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا گۈزەل ئۆۋىتلىق كېپىنىكى قاتارلىق 20 نەچچە تۈرلۈك كېپىنەك بار.

**ئۆرۈك كېپىنىكى** ياۋروپا ئۆرۈك كېپىنىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئالدىنقى قانىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 38 ~ 45 مىللىمېتىر. قانىتى سارغۇچ سۈت رەڭلىك، ئالدىنقى قانىتىدا يەتتە تال كۆندىلەڭ قارا سىزىقى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى قاناتنىڭ كەينى گىرۋىكىگە يەتمەيدۇ: كەينى قانىتىدا ئىككى تال قارا سىزىقى بار، سىرتقى گىرۋىكىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان كۆك هىلال ئايسىمان سىزىقچىلىرى بار، كەينى گىرۋىكىدىكى قۇيرۇق قىسمىغا يېقىن بۇرجىكىنىڭ ئىچ تەرىپىدە بىر- بىرىنى ئوراپ تۇرغان بوررەڭ، رەڭگەر، قارا كۆزسىمان داغلىرى بار. قۇيرۇقى ئىنچىكە ئۇزۇن. پاكار تاغلاردىكى چاتقال ئارىلاش ئورمانلاردا هەرىكەت قىلىدۇ. ياۋا ئېنۇلا، ياۋا ئۆرۈك ۋە ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردە پارازىتلىنىدۇ، بىر يىلدا بىر قېتىم ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، قورچىقى قىشتىن ئۆتىدۇ. مەملىكەت بويىچە پەقەت شىنجاڭدىلا تارقالغان.

**بېلىق بايلىقى** شىنجاڭدا بېلىقچىلىقتا پايدىلىنىدىغان سۇ كۆلىمى 343 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىۋاتقىنى 257 مىڭ 100 گېكتار. شىنجاڭدا ئەسلى 50 خىلدىن ئارتۇق بېلىق بار ئىدى، بۇلار بەش بىرىكمە گەۋدىگە تەۋە: ① ئوتتۇرا ئاسىيا ئېگىز تاغ بېلىقلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى، مەسىلەن: شىنجاڭ تىرېسكا بېلىقى، ئىلى ئوكۇن بېلىقى ( ئىلى ئالا بۇغا بېلىقى) ، شىنجاڭ تەرخەمەكسىمان قاسىراقسىز بېلىقى قاتارلىقلار؛ ② يەرلىك تۈزلەڭلىك بىرىكمە گەۋدىسى، مەسىلەن: ئۈچ خىل بايقال لېيتسىنكۇس بېلىقى، قارا تاپان بېلىق ( قارا كاراس بېلىقى) قاتارلىقلار ③ شىمال تاغ ئېتەكلىرى بىرلەشمە گەۋدىسى، مەسىلەن: سالمون بېلىقى، براخىمىستاكس بېلىقى، قوتۇپ تىماللۇس بېلىقى قاتارلىقلار؛ ④ ئىرتىش ئېراسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىكگە تەۋە بىرىكمە گەۋدە، مەسىلەن: سىبىرىيە سىكات بېلىقى قاتارلىقلار. ⑤ شىمالىي قوتۇپ ئاتلىق سۇ بىرىكمە گەۋدىسى، مەسىلەن: دەريا تىرېسكا بېلىقى قاتارلىقلار. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ باقمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا بار بولغان بېلىق تۈرلىرى 100 نەچچە تۈرگە يەتكۈزۈلۈپ، توققۇز ئەترەت، 21 ئائىلە، 57 ئۇرۇقداشقا تەۋە بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بەزى ئەلا سورتلۇق بېلىق تۈرلىرى، مەسىلەن: شەرقى ياۋروپا يېسى بېلىقى، ياۋروپا سوم بېلىقى، يالىڭاچ قورساقلىق سىكات بېلىقى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلدى. نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ بېلىقچىلىق ئىشلىرى كۆلدە بېلىق بېقىش، زاۋۇتلاشقان ئىللىق ئېقىن سۇدا بېلىق بېقىش، سوغۇق سۇدا بېلىق بېقىش، شاللىقتا بېلىق بېقىش، بېلىق تۇتۇپ پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلارغا تەرەققىي قىلدى.

**يالىڭاچ قورساقلىق سىكات بېلىقى** بەدىنى ئۇزۇن، بېشى سەل يوغان، كالپۇكى ئالدىغا سوزۇلغان، كۆزى بەكلا كىچىك، ئىككى جۈپ بۇرۇتى بار، ساقاق تۆشۈكى بىر قەدەر چوڭ. بەدىنىدە بەش قاتار بويىغا تىزىلغان سۆڭەكلەشكەن تەڭگىچىسى بار، دۈمبە پالاقچىسى كەينىدىرەك، تۆش پالاقچىسى مەقئەتتىن يىراقراق، قۇيرۇق پالاقچىسى قىيسىق، بەدىنىنىڭ يان تەرىپى كۆكۈچ كۈل رەڭ، قورساق قىسمى ئاق رەڭدە.



يالىڭاچ قورساقلىق سىكات بېلىقى

گۆشى تەملىك بولۇپ، بېلىق تۈرلىرى ئىچىدە ئېسىل تۈر هېسابلىنىدۇ، تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىگىلى، تۇخۇمىدىن بېلىق تۇخۇمى كونسېرۋاسى ياسىغىلى، ئومۇرتقىسىنى دورا قىلغىلى بولىدۇ. جۇڭگو زېمىنى ئىچىدە ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئارتىپ سەندوخوزىغىچە بولغان ئارىلىققا تارقالغان.

**سالمون بېلىقى** بەدىنى ئۇزۇن، بېشى ياپىلاق، تۇمشۇقى ئۇچلۇقراق، ئۈستۈنكى ئېڭىكى ئاس-

ستىنقى ئېڭىكىگە قارىغاندا ئالدىغىراق چىققان، ئاغزى يوغان. ئۈستۈنكى ئېڭەك سۆڭىكى غەلىتىرەك، ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئېڭەك سۆڭىكىدە، ساپانسىمان سۆڭىكىدە ۋە تىل سۆڭىكىدە ئۇششاق چىشى بار. ساقاق سوزغۇچى شالاڭ، ئۇزۇن، دۈمبە پالاقچىسى بەدىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سەل ئالدىدىراق، كۆكرەك پالاقچىسى دۈمبە پالاقچىسىنىڭ تۆگەنچىسىنىڭ ئاستىدا، بەدىنىدە ئېللىپس شەكلىدە ئۇششاق تەڭگىچىلىرى بار. دۈمبىسى كۆكۈچ قوڭۇر، بېقىنى سۇس بېغىررەڭدە، شۇڭا «قىزىل بېلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چوڭراقلىرىنىڭ بىقىن تەرىپىدە كىچىك قاراتۇل قوڭۇر چېكىتلىرى بار، قورسىقى ئاق رەڭدە، تۆش، قورساق، كاسا پالاقچىلىرىنىڭ رەڭگى سۇسراق، سوغۇق تاتلىق سۇدا ياشىغۇچى يىرتقۇچ بېلىق تۈرىگە كىرىدۇ. شىنجاڭدا پەقەت ئېرتىش دەرياسىدىلا بار. گۆشى تەملىك ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئېرتىش دەرياسىدىكى كاتتا داڭلىق بېلىق ھېسابلىنىدۇ.

**شىمالىي قۇتۇپ تىماللۇس بېلىقى** بەدىنى ئۇزۇن ۋە يېنىغا ياپىلاق، تۇمشۇقى دىقماق، ئۈستۈنكى ـ ئاستىنقى ئېڭەك سۆڭىكىدە ۋە تىل سۆڭىكىدە تىۋىتسىمان ئۇششاق چىشلىرى بار. كۆزى يوغان، ساقاق سوزغۇچى ئىنچىكە ۋە ئۇچلۇق، دۈمبە پالاقچىسى ئېگىز، ئەركەك ـ چىشىسىنىڭ روشەن پەرقى بار. دۈمبىسى كۆكۈچ قوڭۇر رەڭدە، بىقىن تەرىپىنىڭ رەڭگى سۇسراق، بەدىنىنىڭ ئالدى قىسمى ۋە يان تەرىپىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا ئۇششاق قارا چېكىتلىرى بار. بېلىجانلىرىنىڭ بىقىن تەرىپىدە سۇس سارغۇچ كۆندىلەڭ داغ بار، ئۇ داغ بېلىجانلارنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىپ كېتىدۇ، قورسىقى ئاق رەڭدە. دۈمبە پالاقچىسىنىڭ كەينى تەرىپىدە قىزغۇچ قوڭۇر ۋە قېنىق يېشىل رەڭدىكى تۇخۇمسىمان دېغى بار. ئەركەك بېلىق ئالاھىدە گەۋدىلىك. سوغۇق سۇلارنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشىغۇچى بېلىق تۈرىگە كىرىدۇ، ئاستى شېغىللىق سۈزۈك ئېقىنلاردا ياشاشقا ئامراق. جۇڭگودا پەقەت ئېرتىش دەرياسىدىلا بار، ئىقتىسادىي بېلىقلارنىڭ بىرى.

**ئالا چورتان بېلىق (ئالا ئىت بېلىق)** بەدىنى ئۇزۇن، قۇيرۇقى قىسقا. تۇمشۇقى ئۇزۇن ھەم ياپىلاق بولۇپ، ئۆردەكنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كۆزى، ئاغزى يوغان، ئاستىنقى ئېڭىكى ئۈستۈنكى ئېڭىكىدىن ئازراق ئۇزۇن. ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئېڭەك سۆڭىكىدە، ساپانسىمان سۆڭىكى بىلەن تاڭلاي سۆڭىكىدە ئۇچلۇق چىشلىرى بار، تاڭلاي سۆڭىكىدىكى چىشلىرى بويىغا ئالتە قاتار تىزىلغان. ساقاق تۆشۈكى يوغان، ساقاق قاپقاق پەردىسى ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ساقاق سوزغۇچى ئىچىدە ھۈررەكسىمان شەكىلدە تۈگۈرچەكلىرى بار. دۈمبىسىنىڭ يان تەرىپى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، بويىغا ئىنچىكە قارا سىزىقلىرى بار. ئۇ سوغۇق جايلاردىكى دەريا ـ كۆللەردە ياشايدىغان گۆشخور يىرتقۇچ بېلىق. جۇڭگودا پەقەت ئېرتىش دەرياسىدىلا تارقالغان، مۇھىم ئىقتىسادىي بېلىق تۈرىگە كىرىدۇ.

**ئىدۇس بېلىقى** بەدىنى ئۇزۇن، يۇمىلاق تۈۋرۈك شەكلىدە، بېشى قىسقا ۋە كىچىك، تۇمشۇقى دىقماق ۋە يۇمىلاق، كۆزى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا، بوغۇز چىشى يېنىغا ياپىلاقراق، ساقاق سوزغۇچى قىسقا ھەم كىچىك، تەڭگىچىسى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا، دۈگىلەك. قورساق پالاقچىسىنىڭ تۆۋىدە ئۇزۇن بىر قولتۇق تەڭگىچىسى بار؛ دۈمبە پالاقچىسى باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ كەينىدىلا قورساق پالاقچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بار؛ كاسا پالاقچىسىنىڭ ئاستىنقى قىرغىقىدا بىر ئويمىنى بار؛ كۆكرەك پالاقچىسىنىڭ ئورنى تۆۋەنرەك؛ قۇيرۇق پالاقچىسى چوڭقۇر يېرىلغان شەكىلدە. بەدىنىنىڭ دۈمبە تەرىپى قاراتۇل كۆل رەڭ رەڭدە. تەڭگىچىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرى قارا رەڭدە؛ قورسىقىنىڭ يان تەرىپى ئاق رەڭدە؛ كۆكرەك، قورساق ۋە كاسا پالاقچىسىنىڭ رەڭگى سارغۇچ . جۇڭگودا پەقەت شىنجاڭنىڭ ئېرتىش دەرياسىدىلا ئۇچرايتقىلى بولىدۇ. ھەر يىلىنىڭ باھار پەسلىدە كۆپ ساندىكى يېتىلگەن بېلىقلار ئېرتىش دەرياسىنىڭ مەملىكىتىمىز تەۋەسىدىكى بۆلىكىگە كېلىپ كۆپىيىدۇ. بېلىقچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ 20% نى ئىگىلەيدۇ.

**بايقال لېيتسسكۇس بېلىقى** ئىقتىسادىي بېلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى. بەدىنى ئۇزۇن، بېشى كىچىك، ئاغزىمۇ كىچىك. كۆزى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا، بوغۇز چىشى يېنىغا ياپىلاقراق، ساقاق سوزغۇچى قىسقا ھەم كىچىك. دۈمبىسى قاراتۇل كۆل رەڭ، بېشىنىڭ دۈمبە تەرىپى كۆكۈچ قارا رەڭدە، قورسىقى كۈمۈش رەڭ، دۈمبە پالاقچىسى بىلەن قۇيرۇق پالاقچىسى قاراتۇل كۆل رەڭ، كاسا پالاقچىسى، كۆكرەك پالاقچىسى ۋە قورساق پالاقچىسى سارغۇچ رەڭدە. كىچىك تىپتىكى ئوتتۇرا قاتلام بېلىقلىرىغا كىرىدۇ. جۇڭگودا

پەقەت شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسىغىلا تارقالغان.


**كۆل كارپ بېلىقسىمان بېلىق** ئىقتىسادىي بېلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى. بەدەن شەكلى موكىسىمان، بېشى كىچىك، ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە. دۈمبىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمى كۆتۈرۈلۈپ چىققان. كۆزى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا، ساقاق سۈزگۈچى شالاڭ، قىسقا ۋە كىچىك، بوغۇز چىشى يېنىغا ياپىلاق، چىشىنىڭ ئۇچى ئىلمەك شەكىلدە، ساقاق پەردىسى بىلەن تارايغان قىسمى تۇتاشقان. دۈمبە پالاقچىسىنىڭ باشلانغان نۇقتىسى قورساق پالاقچىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ كەينىگەرەك توغرا كېلىپ، بەدىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ، پالاقچىسى ئېگىزرەك؛ كۆكرەك پالاقچىسى كىچىك، قۇيرۇق پالاقچىسى چوڭقۇر يېرىلغان ئاچا شەكىلدە، ئۇچلۇقراق. بىقىن سىزىقىنىڭ تەڭگىچىسى تولۇق، دۈگىلەك كېلىدۇ. تۆش قىسمى تۈز، قورساق پالاقچىسىنىڭ تۈۋىدىن تارتىپ مەقئەتكىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قاتار ئەگرى قىر ھاسىل قىلغان تەڭگىچىسى بار. دۈمبىسى قارامتۇل كۈل رەڭ، بىقىن تەرىپى كۈمۈش رەڭدە، كۆز ۋە مەقئەت پەردىلىرىدە قىزىل پىگمېنت بار، شۇڭا كىچىك قىزىل كۆز بېلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دۈمبە پالاقچىسى سۇسراق قارا، كۆكرەك، قورساق، كاسا پالاقچىلىرى ۋە قۇيرۇق پالاقچىلىرىنىڭ تۆۋەنكى ياپراقچىسى سارغۇچ قىزىل رەڭدە. بۇ بېلىق جۇڭگودا پەقەت ئېرتىش دەرياسىدىلا بار.

**فوكسىن بېلىقى** ئىقتىسادىي بېلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى. بەدىنى ئېللىپس شەكىللىك، يېنىغا ياپىلاق، قورساق قىسمىدا تېرە تەڭگىچىسى يوق، قۇيرۇق تۈۋى قىسقا ۋە ئېگىز. بېشى قىسقا. ئېغىزى كىچىك، ئالدىغىراق چىقىپ تۇرىدۇ. جاۋغىيىدا بىر ئالدىن قىسقا بۇرۇتى بار. كۆزى يان تەرەپتە بولۇپ، ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا. ساقاق پەردىسى بىلەن تارايغان قىسمى تۇتاشقان، ساقاق قاپقىقى ئۈچ تال؛ ساقاق سۈزگۈچى قىسقا ھەم يېنىغا ياپىلاق. بوغۇز چىشى يېنىغا ياپىلاق، ئۇچى ئىلمەك. دۈمبىسىدە زىچ تىزىلغان ئۇششاق دۈگىلەك تەڭگىچىسى بار. يان سىزىقى مۇكەممەل بولۇپ، بىقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا. دۈمبە پالاقچىسى قىسقا، باشلىنىش نۇقتىسى بەدەن ئوتتۇرىسىدىن سەل ئارقىدىراق؛ كاسا پالاقچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دۈمبە پالاقچىسى ئاساسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ كەينىگەرەك ئاستىغا توغرا كېلىدۇ؛ كۆكرەك پالاقچىسى يېنىدا بولۇپ، بەك تۆۋەن جايلاشقان، كەينى ئۇچى قورساق پالاقچىسىغا يەتمەيدۇ. قورساق پالاقچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دۈمبە پالاقچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ ئالدىدا. ئەركەك بېلىقىنىڭ ئىككىنچى پالاقچە سىزىقى توم. ھەرقايسى پالاقچىلىرى ئازراقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان، پەقەت قۇيرۇق پالاقچىسىلا ئويمانراق بولىدۇ. دۈمبىسىنىڭ يان تەرەپلىرى كۆكۈچ قارا رەڭ، قورسىقىنىڭ ئىككى يان تەرىپى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە. پالاقچىلىرى كۆپىنچە قارامتۇل كۈل رەڭ بولۇپ، ئالتۇن رەڭدە چاقناپ تۇرىدۇ. تىنچ سۇلاردىكى پاتقاقنىڭ ئاستىدا ياشاشقا ئامراق، سۇدىكى ئوكسىگېن مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىشچانلىقى ۋە قىشتا سوغۇققا چىدامچانلىقى كۈچلۈك، پاتقاقنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ قىشنى چىقىرىدۇ. گۆشى يۇمشاق، ماي تەركىبى يۇقىرى، تەملىك، تاۋارلىق قىممىتى يۇقىرى. شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۇلۇڭگۇر دەرياسىدىن چىقىدۇ.

**شىنجاڭ خاپانباش بېلىقى** بەدىنى ئۇزۇن، يېنىغا سەل ياپىلاقراق. بېشى چوڭ بولۇپ، بەدەن ئۇزۇنلۇقىنىڭ 1/4 دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. تۇمشۇقى ياپىلاق ۋە تۈز، شىنا شەكىلدە. ئاغزى كەڭ، چىقىڭقى شەكىلدە، بىر جۈپ قىسقا بۇرۇتى بار. كۆزى كىچىك. بوغۇز چىشى تۈۋرۈكسىمان، ئۇچى ئۇچلۇق ئىلمەك شەكىلدە. ساقاق سۈزگۈچى شالاڭ ۋە قىسقا. دۈمبە پالاقچىسى تىكەنلىك، بېلىمجان ۋاقتىدا ئېگىز ۋە قاتتىق، كەينى گىرۋىكى ھەرە چىشى شەكىلدە، بەدىنىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، تىكەنلىشىپ قىسقىراپ، قاتتىقلىقى ئاجىزلىشىدۇ؛ كاسا پالاقچىسى مەقئەتكە يېقىن؛ قورساق پالاقچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دۈمبە پالاقچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ كەينىدىرەك؛ قۇيرۇق پالاقچىسى ئاچا شەكىلدە. دۈمبىسىدە ئۇششاق تەڭگىچىسى بار، قورسىقىدا تەڭگىچىلىرى ئازراق. كۆكرەك قىسمى يالىڭاچ ئەمەس. بەدەن يان سىزىقىدىكى تەڭگىچىسى باشقا جايلىرىنىڭكىدىن چوڭراق، كاسا قىسمىنىڭ تەڭگىچىلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تەڭگىچە قاتىرىنىڭ ئالدى تەرىپى قورساق پالاقچىسىنىڭ تۈۋىگىچە بارىدۇ. بەدەن رەڭگى چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ۋە ياشاۋاتقان سۇ شارائىتىغا قاراپ ئازراق ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. كۆپىيىش مەزگىلىدە روشەن كۆيلەش رەڭگى بولىدۇ، رەڭگى ئىنتايىن روشەن، پۈتۈن بەدىنى كۈمۈش رەڭ، دۈمبىسى تۇتۇقراق، تۇمشۇقىدىن قۇيرۇقىغىچە ئۇششاق قوڭۇر داغلىرى بار، چىشىسىنىڭ تۇمشۇق ئۇچى، ئۈستۈنكى ـ

ئاستىنقى ئېڭىكىدىن باشلىنىپ بەدىنىنى بويلاپ كەتكەن بىر تال جۇيزىرەڭ سىزىقى بار. ئەركىكىنىڭ ئوچۇق سېرىق سىزىقى بار. تىنچ كۆل سۈيىدە ياكى ئاستا ئاقىدىغان سۇلاردا ياشاشقا ئامراق. تەبىئىتى يىرتقۇچ، ئاساسەن بېلىق تۈرلىرىنى يەيدۇ. پەقەت شىنجاڭنىڭ تارىم دەرياسىدىلا بار. 1986 - يىلىدىن بۇرۇن باغراش كۆلىنىڭ بېلىق مەھسۇلاتىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى، ھازىر يوقىلىشقا يۈزلەنگەچكە، نۆۋەتتە مەملىكەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان سۇ ھايۋىنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

**ئىلى يېرىق كاسىسلىق بېلىقى** ئىقتىسادىي بېلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى. بەدىنى ئۇزۇن، يېنىغا سەل ياپىلاقراق. بېشى كونۇس شەكلىدە، تۇمشۇقى دىقماق يۇمىلاق. ئاغزى ياي ياكى تاقا شەكلىدە بولۇپ، ئاستىغىراق جايلاشقان. تۆۋەنكى كالپۇكىنىڭ ئالدى گىرۋىكىدە ئۆتكۈر مۈڭگۈز ماددىسى يوق، ئىچكى گىرۋىكىدە تېپىز مۈڭگۈز ماددىسى بار. ئاستىنقى كالپۇكى ئوڭ - سول ياپراقچىغا بۆلۈنىدۇ، ئارىسى يىراقراق، كالپۇكىنىڭ ئارقا ئېرىقچىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئۈزۈك. باراۋەر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى جۈپ بۇرۇتى بار.



ئىلى يېرىق كاسىسلىق بېلىقى

كالپۇك بۇرۇتى كۆزىنىڭ ئالدىنقى گىرۋىكىگىچە، ئېڭەك بۇرۇتى كۆزىنىڭ كەينى گىرۋىكىگىچە سوزۇلغان. كۆزى سەل ئۈستىدىرەك، كىچىك. تۆۋەنكى بوغۇز سۆڭىكى ياي شەكلىدە، بوغۇز چىشى ئۈچ قاتار، ئۇچى ئۇچلۇق، چايناش يۈزى ئويمان ھەم ئىلمەكلىك بولۇپ، قۇش تۇمشۇقى شەكلىدە. ساقاق سۈزگۈچى شالاڭراق. بەدىنى ئۇششاق تەڭگىچە بىلەن قاپلانغان، بەدىنىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى تەڭگىچىلىرىنىڭ تىزىلىشى رەتسىز، كۆكرەك قىسمىنىڭ بوغۇز قىسمىدىن كېيىنكى قىسمىدىمۇ تەڭگىچىلىرى بار؛ كاسسا پالاقچىسىنىڭ ئالدىنقى ئۇچى قورساق پالاقچىسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا يېتىدۇ. دۈمبە پالاقچىسىنىڭ ئۈچىنچىسى شاخلانمىغان بولۇپ، پالاقچە تارمىقى قاتتىق، ئۇنىڭ كەينى گىرۋىكىدە 17 تال ھەرىسىمان چىشى بار. دۈمبىسى سۇس قارا، بېلىجانلارنىڭ بەدىنىنىڭ يان تەرىپىدە چېكىتلىرى بار. شىنجاڭنىڭ ئىلى دەرياسى تارماقلىرىدا تارقالغان.

**كۆمۈش رەڭ يېرىق كاسىسلىق بېلىق** بەدىنى ئۇزۇن، يېنىغا ياپىلاقراق. بېشى دۈگىلەك كونۇس شەكىللىك، تۇمشۇقى دىقماقراق. ئاغزى ياي شەكلىدە بولۇپ، سەل تۆۋەنرەك. تۆۋەنكى ئېڭىكىنىڭ ئالدىنقى گىرۋىكىدە مۈڭگۈز ماددىسى يوق. ئاستىنقى كالپۇكى تار، ئوڭ - سول ئىككى كالپۇك ياپراقچىسىغا ئايرىلىپ، كالپۇك كەينى ئېرىقچىسى ئۈزۈك بولىدۇ. ئىككى جۈپ بۇرۇتى بار، كالپۇك بۇرۇتىنىڭ ئۇچى بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ كەينى گىرۋىكىنىڭ ئاستىغا يېتىدۇ ياكى ئۆتكىدىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئېڭەك بۇرۇتىنىڭ ئۇچى كۆز ئالمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى كۆزىنىڭ ئاستى تەرىپىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ بەدىنىدە ئۇششاق ۋە تىزىلىشى رەتسىز تەڭگىچىسى بار. قورساق پالاقچىسىنىڭ ئالدى كەينىدىكى تەڭگىچىلىرى چوڭراق. كۆكرەك ۋە دۈمبە قىسمىنىڭ تەڭگىچىلىرى كىچىكرەك. ساقاق بوغۇزىنىڭ كەينى قىسمىدا روشەن تەڭگىچىلىرى بار؛ كاسسىدىكى تەڭگىچىلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قاتارىنىڭ ئالدىنقى ئۇچى پەقەت قورساق پالاقچىسى بىلەن كاسسا پالاقچىسىنىڭ ئارىلىقىنىڭ يېرىمىغا كېلىدۇ. دۈمبە پالاقچىسى تىكەنلىك، قاتتىق بولۇپ كەينى گىرۋىكىدە 20 تال چوڭقۇر يېرىلغان ھەرە چىشى بار. تۆۋەنكى بوغۇز سۆڭىكى ياي شەكلىدە، بوغۇز چىشى تومىراق تۈۋرۈك شەكلىدە، ئۇچىدا ئىلمىكى بار، ئايرىم چىشلىرىنىڭ چايناش يۈزىدە يانتۇ ئويمانلىرى بار. چوڭ بېلىقلارنىڭ ئىچكى يان ساقاق سۈزگۈچلىرى ئاچىلانغان بولۇپ، بېلىجانلاردا ئاچىلىنىش روشەن ئەمەس. تىنچ سۇلۇق كۆللەردە ۋە دەريالارنىڭ ئاستا ئاقىدىغان جايلىرىدا ياشايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلى دەرياسىغا تارقالغان. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا شىنجاڭدىكى ئىلى دەرياسىنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي بېلىقى بولۇپ، بېلىقچىلىق مەھسۇلاتىنىڭ % 50نى ئىگىلەيتتى، ھازىر يوقىلىش خەۋپىدە تۇرماقتا.

**تارىم يېرىق كاسىسلىق بېلىقى** بېشى كونۇسسىمان، تۇمشۇقى ئۇچلۇق، كالپۇكى تەرەققىي قىلمىغان، ئىككى جۈپ بۇرۇتى بار. دۈمبىسىدە ئۇش-

شاق تەڭگىچىسى بار، بىراق كۆكرەك ۋە قورسىقىدا تەڭگىچىسى يوق، كاسسا تەڭگىچىلىرى تەرەققىي قىلغان. دۇمبە پالاقچىسىنىڭ تىكەنلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، تۆۋەنكى بوغۇز سۆڭىكى ياي شەكلىدە، دۇمبىسى كۆكۈچ كۈل رەڭ، قورسىقى ئاق. قۇيرۇق پالاقچىسى سۇس قىزىل رەڭدە. تىنچ دەريا ئېقىنلىرى ۋە كۆللەردە ياشايدۇ، سۇنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدىغان ئومۇرتقىسىز جانىۋارلارنى ۋە يوسۇنلارنى يەيدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا باغراش كۆلىدىكى يىللىق تۇتۇلۇش مىقدارى 1500 توننىدىن يۇقىرى ئىدى، ھازىر ئازىيىپ كەتتى.

**چىپار قوش كالپۇك بېلىق** بەدىنى ئىنچىكە ئۇزۇن، كالتەك شەكلىدە. تۇمشۇقى دىغماق ۋە يۇمىلاق، ئۈستىنكى ئېڭىكى چىقىڭقى، ئاستىنقى كالپۇكى ئوڭ ـ سول كالپۇك ياپراقچىسىغا بۆلۈنىدۇ، كالپۇك كەينى ئېرىقچىسى تۇتاشماي، «八» شەكلىنى ھاسىل قىلغان. جاۋغىيىدا بىر جۈپ بۇرۇتى بار، كۆزى كىچىكرەك، ساقاق سۆزگۈچىنىڭ تىزىلىشى شالاڭراق. بوغۇز چىشى تۈۋرۈكسىمان، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ كۆكرەك ۋە قورساق قىسمىدا تەڭگىچىلىرى يوق. باش، دۇمبىسىنىڭ يان تەرىپى، دۇمبە پالاقچىسى، قۇيرۇق پالاقچىسىدا تەكشى تارقالغان قارا چېكىتلىرى بار، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ كۆكرەك پالاقچىسى، قورساق پالاقچىسى، كاسسا پالاقچىلىرىدىمۇ قارا چېكىتلىرى بار؛ قورسىقى كۈمۈش رەڭ ياكى سۇس سېرىق رەڭدە. شېغىللىق دەريا ئېقىنى ۋە جىلغا ئېقىنلىرىدا ياشايدۇ. سوغۇق سۇ خومار بېلىق بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىم دەرياسى، ئىلى دەرياسىغا تارقالغان، شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي بېلىقلىرى تۈرىگە كىرىدۇ. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 20 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**شىنجاڭ تەڭگىچىسىز قوش كالپۇك بېلىقى** بەدىنى ئۇزۇن، بېشى كونۇسسىمان، تۇمشۇقى



شىنجاڭ تەڭگىچىسىز قوش كالپۇك بېلىقى

دىغماق، چىقىڭقى، ئاستى ـ ئۈستى كالپۇكى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، بىر جۈپ ئېگىز بۇرۇتى بار، تۆۋەنكى بوغۇز سۆڭىكى ياپىسمان، بوغۇز چىشى ئىككى قاتار، ساقاق سۆزگۈچى قىسقا ھەم شالاڭ، بەدىنىدە تەڭگىچە قاسىراقلىرى يوق دېيەرلىك. دۇمبىسى كۈل رەڭ قوڭۇر رەڭدە، قارا چېكىتلىرى بار، قورسىقى ئاق رەڭدە. قۇم شېغىللىق دەريا ئېقىنلىرىدا ياشاشقا ئامراق، سوغۇق سۇ بېلىقلىرىغا كىرىدۇ، شىنجاڭدا ئىلى دەرياسى، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى سۇلۇق جايلارغا ۋە قاراشەھەر دەرياسىغا تارقالغان بولۇپ، شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي بېلىقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**شەرقى ياۋروپا يېسسى بېلىقى** بەدىنى ئېگىزرەك، تۇخۇمسىمان ئېللىپس شەكلىدە. بېشى كىچىك، ئاغزى مايماقراق، كۆزى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا، قورسىقىدا قورساق قىرى بار، قورساق پالاقچىسىنىڭ تۆۋىدە بىر قولتۇق تەڭگىچىسى بار. دۇمبىسى قاراتتۇل كۈل رەڭ، ئىككى يېنى كۈمۈش رەڭدە. سۇنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدىغان جانىۋارلار ۋە سۇ ھاشاراتلىرىنى يەيدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا سۇ ئۆسۈملۈكلىرىنى ۋە لەيلىمە جانلىقلارنىمۇ يەيدۇ. ئەركەكلىرى ئۈچ ياشتىن ئاشقاندا، چىشىسى تۆت ياشتىن ئاشقاندا يېتىلىدۇ. ئاپرېلدىن ماينىڭ ئاخىرىغىچە تۇخۇم سالىدۇ، توپلىشىپ تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇملىرىنى ئوت ـ چۆپ ۋە دەرەخ يىلتىزلىرىغا چاپلاشتۇرۇپ تۇغىدۇ ۋە شۇ يەرلەردە چىقىرىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگودا ئىلى دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسىدا شەرقى ياۋروپا يېسسى بېلىقى ئارقىمۇ ئارقا بايقالغانىدى، 80 ـ يىللارغا كەلگەندە بۇ بېلىق مۇشۇ ئىككى دەريادىكى مۇھىم تۇتۇش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.

**سازان بېلىق ( كارپ بېلىقى)** بەدىنى ئۇزۇن، بېشى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا. دۇمبە پالاقچىسىنىڭ ئالدىدىكى گەجگە قىسمى سەل ئېگىزرەك. ئاغزى تاقا شەكلىدە، ئىككى جۈپ ئېگىز بۇرۇتى بار، كۆزى كىچىك، ساقاق سۆزگۈچى توم ۋە قىسقا، بوغۇز سۆڭىكى ياپىسمان. تەڭگىچىسى چوڭ، دۇمبە پالاقچىسىنىڭ تۆۋى ئۇزۇن، كۆكرەك پالاقچىسىنىڭ ئورنى تۆۋەنرەك. دۇمبىسى قاراتتۇل كۈل رەڭ، بىقىن تەرىپى سارغۇچ قوڭۇر، قورسىقى ئاقۇچ كۈل رەڭ ياكى ئاق رەڭدە. چوڭ بېلىقنىڭ كۆكرەك، قورساق پالاقچىسى سەل قىزغۇچ رەڭدە، كاسسا پالاقچىسى بىلەن قۇيرۇق

پالاقچىسىنىڭ ئاستىنقى ياپراقچىسى قىزغۇچ رەڭدە بو-
لۇپ، روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قورساق بوشلۇقى
پەردىسىنىڭ رەڭگى كۈمۈش رەڭ. شىنجاڭغا سازان
بېلىق كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. بۇ بېلىقنىڭ تەبىئىتى
ئىللىق، يېيىشلىك، كۆندۈرۈش ئوڭاي. ھازىر ئاپتو-
نوم رايوندىكى بېقىلىدىغان ئاساسلىق بېلىق تۈرىنىڭ
بىرى بولۇپ قالدى.

**كۈمۈش رەڭ كاراس بېلىقى** بەدىنى يېنىغا
ياپىلاق ھەم ئېگىز، بېشى كىچىكرەك. بەدىنىنىڭ ئې-
گىزلىكى بېشىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.
تۇمشۇقى دىقماق، ياي شەكىلدە، ئاغزىنىڭ ئېچىلىش
كەڭلىكى ئېچىلىش ئۇزۇنلۇقىدىن چوڭ. ساقاق سۈز-
گۈچى ئۇزۇن ۋە زىچ، تۆۋەنكى بوغۇز چىشى تۆۋرۈك-
سىمان، دۈمبە پالاقچىسىدا قاتتىق تىكىنى بار، كۆك-
رەك پالاقچىسى بەك تۆۋەن جايلاشقان، كاسا پالاقچى-
سىمۇ قاتتىق تىكەنلىك بولۇپ، كەينى گىرۋىكى ھەرە
چىشسىمان، قۇيرۇق پالاقچىسى ئاچىلانغان، ئاستى -
ئۈستى ياپراقچىسى ئۇچلۇق. دۈمبىسى قارامتۇل قو-
ڭۇر، قورسىقى ئاق، پالاقچىلىرى ئاقۇچ كۈل رەڭ،
بەدەن بوشلۇق پەردىسى قارا رەڭدە. ئۆسۈپ يېتىلىشى
تېز، بەدىنى چوڭ (چوڭلىرى 5000 گرام كېلىدۇ)، نەس-
لى ساپ (ئەركەك بېلىق % 0.3 نى ئىگىلەيدۇ)
گۆشى يۇمشاق، تەملىك، ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۇلۇڭ-
گۇر دەرياسىغا تارقالغان، مۇھىم ئىقتىسادىي بېلىق
تۈرلىرىنىڭ بىرى.

**دەريا تىرىسكا بېلىقى** بەدىنى ئۇزۇن، بېشى
ياپىلاق ۋە تۈز. ئۈستۈنكى ئېڭىكى ئاستىنقى ئېڭىكى-
دىن ئۇزۇن، ئاغزى يوغان، ئاستى - ئۈستى ئېڭەك
سۆڭىكى ۋە ساپانسىمان سۆڭىكىدە تىۋىتسىمان ئۇششاق
چىشلىرى بار. ساقاق پەردىسى ئايرىلغان، كۆزى كى-
چىكرەك، تەڭگىچىلىرى ئۇششاق. دۈمبە پالاقچىسى
ئىككى، بىرىنچى دۈمبە پالاقچىسى كىچىكرەك، ئىك-
كىنچى دۈمبە پالاقچىسىنىڭ تۆۋى ئالاھىدە ئۇزۇن،
كۆكرەك پالاقچىسىنىڭ كەينى گىرۋىكى يەلپۈگۈچ
شەكىلدە، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى پالاقچە مۇسۇنى ئالاھى-
دە سوزۇلغان، قۇيرۇق پالاقچىسى ئېللىپس شەكىل-
لىك. بەدىنى كۈل رەڭ قوڭۇر رەڭدە، رەتسىز چىپار
چېكىتلىرى بار، قورسىقى ئاق رەڭدە. تاتلىق سوغۇق
سۇلاردا ياشايدىغان يىرتقۇچ بېلىق تۈرىگە كىرىدۇ.
ئاستى قۇملۇق ياكى سۇ ئۆسۈملۈكلىرى كۆپ دەريا
ئېگىلىرىدە ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. باشقا تۈردىكى
ئۇششاق بېلىقلارنى يەيدۇ. ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۇلۇڭ-
گۇر دەرياسىغا تارقالغان.

**دەريا ئوكۇن بېلىقى** بەدىنى سەل ياپىلاق،
ئۇزۇن ئېللىپس شەكىلدە. بېشى ئۇچلۇقراق ئوچ بۇر-
جەك شەكىلدە، ئاستى - ئۈستى ئېڭەك سۆڭىكى ۋە
ساپانسىمان سۆڭىكىدە تىۋىتسىمان ئۇششاق چىشلىرى
بار. كۆزى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا. ئالدىنقى ساقاق قاپ-
قاق سۆڭىكىنىڭ كەينى گىرۋىكى ھەرە چىشسىمان،
ئاساسلىق ساقاق قاپقاق سۆڭىكىنىڭ كەينى گىرۋىكى-
نىڭ ئۈستىدە بىر تال تىكىنى بار، ساقاق پەردىسى
ئايرىلغان. دۈمبە تەڭگىچىلىرى تارغاقسىمان، بېشى-
نىڭ قوۋۇز قىسمىدىمۇ ئۇششاق تەڭگىچىلىرى بار.
ئىككى دۈمبە پالاقچىسى ئايرىلىپ تۇرىدۇ، بىرىنچى
دۈمبە پالاقچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن كۆك-
رەك پالاقچىسىنىڭ تۆۋى سىممېترىك ھالەتتە، ئىك-
كىنچى دۈمبە پالاقچىسىنىڭ بەشىنچى ۋە ئالتىنچى مۇ-
سۇنى قۇيرۇق پالاقچىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا توغ-
را كېلىدۇ؛ كۆكرەك پالاقچىسى يېنىدا بولۇپ، ئورنى
ئېگىزرەك، پالاقچە مۇسۇنىنىڭ كەينى گىرۋىكى يۇمى-
لاق يەلپۈگۈچ شەكىلدە؛ قورساق پالاقچىسىنىڭ ئورنى
بىلەن قۇيرۇق پالاقچىسىنىڭ ئاچىلىنىشى تېيىزرەك.
دۈمبىسى مايسا رەڭ ياكى سارغۇچ رەڭدە، 7 ~ 9
تال كۆندىلەڭ قارا سىزىقى بار، قورسىقى ئاق رەڭدە؛
بىرىنچى دۈمبە پالاقچىسىنىڭ كەينىدە بىر قارا داغ
بار، ئىككىنچى دۈمبە پالاقچىسى، كاسا پالاقچىسى ۋە
قۇيرۇق پالاقچىسى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە؛ قورساق
پەردىسى سۇس سېرىق رەڭدە. سۇ ئۆسۈملۈكلىرى قاپ-
لاپ تۇرغان سۇلاردا ياشايدۇ. شىنجاڭنىڭ ئېرتىش،
ئۇلۇڭگۇر دەريالىرىدىن چىقىدۇ. تاتلىق كۆللەردە يا-
شايدىغان گۆشخور بېلىق تۈرىگە تەۋە. گۆشى تەملىك،
يۇقىرىدىكى دەريالارنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي بېلىق تۈر-
لىرىنىڭ بىرى.

**لەيلىمە جانلىقلار** شىنجاڭدا لەيلىمە ئۆسۈم-
لۈكلەر 157 خىل بولۇپ، ئۇلار توققۇز تىپقا تەۋە.
ئۇنىڭ ئىچىدە دىئاتوملاردىن 60 خىل، يېشىل يوسۇن-
لەر 53 خىل، كۆك يوسۇنلا 21 خىل، يالىڭاچ يوسۇن-
لەر توققۇز خىل، قالقانسىمان يوسۇنلەر تۆت خىل،
كرىپتوزوئون يوسۇنلىرى ئىككى خىل، سېرىق يوسۇن
ئىككى خىل، ئالتۇن رەڭ يوسۇن تۆت خىل، خارا
يوسۇنى ئىككى خىل. ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلەردىن
دىئاتوملارغا تەۋە يوسۇنلار ئىچىدىكى يىگىنىسمان غول-

لىق يۇسۇن، كىچىك ھالقىسىمان يۇسۇن، قولۇاقسىمان يۇسۇن؛ يېشىل يۇسۇنلەر ئىچىدىكى ۋادەكسىمان يۇسۇن، قالقانسىمان يۇسۇنلەر ئىچىدىكى يالىڭاچ يۇسۇن قاتارلىقلار بار. سان جەھەتتىن تىزغاندا شەرقىي شىنجاڭ > جەنۇبىي شىنجاڭ > شىمالىي شىنجاڭ؛ بىئو مىقدار جەھەتتىن تىزغاندا شىمالىي شىنجاڭ > شەرقىي شىنجاڭ > جەنۇبىي شىنجاڭ. لەيلىمە ھايۋانلار 76 ئۇرۇقداشقا تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پروتوزوئالار 26 ئۇرۇقداش، ھالقىسىمان قۇرۇتلار 25 ئۇرۇقداش، ئاچا مۇڭگۈزلۈكلەر 15 ئۇرۇقداش، پالاقسىمان پۇتلۇقلار 10 ئۇرۇقداش. پروتوزوئالارنىڭ دائىم ئۇچرايدىغان تۈرلىرىدىن كانايىسىمان قاسراقلىق قۇرت، پەردە خالتىلىق قۇرت، سەكرىگەك قۇرت قاتارلىقلار؛ ھالقىسىمان قۇرتلاردىن مۇڭگۈزلۈك دولڭ كاسىلىق ھالقىسىمان قۇرت، تاشپاقا قاسىرىقسىمان سىزىقلىق ھالقىسىمان قۇرت، قۇلۇلىسىمان چىغىناقلىق ھالقىسىمان قۇرت قاتارلىقلار؛ ئاچا مۇڭگۈزلۈكلەردىن كوتمەك قۇيرۇق زىلۋا بۇرگە، ئىچكى موڭغۇل كىمە قۇيرۇقسىمان بۇرگىسى قاتارلىقلار؛ پالاقسىمان پۇتلۇقلاردىن تۇزلۇق سۇدا ياشايدىغان شىمال دىئاپتومۇس قۇرتى، سىكلوپىس سۇ بۇرگىسى قاتارلىقلار بار. شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈرلەر ئەڭ كۆپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئىككىنچى ئورۇندا، شەرقىي شىنجاڭدا ئەڭ ئاز.

**سۇ ئاستى جانلىقلىرى** شىنجاڭدىكى سۇ ئاستى جانلىقلىرى 130 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە ئولىگوخېتالار ئۈچ ئائىلە توققۇز ئۇرۇقداش 18 تۈرگە تەۋە بولۇپ، ھەرخىل سۇ ئاستى جانلىقلىرىنىڭ %14 نى؛ سۇ ھاشاراتلىرى 28 ئائىلە 59 ئۇرۇقداش 88 تۈرگە تەۋە بولۇپ، %68 نى؛ يۇمشاق تەنلىكلەر بەش ئائىلە يەتتە ئۇرۇقداش 15 تۈرگە تەۋە بولۇپ %12 نى؛ باشقا ھايۋانلار توققۇز خىل بولۇپ، %6نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ سۇ ئاستى جانلىقلىرىنىڭ تۈرى ئاز. تەركىبى ئاددى بولۇپ، ئاساسەن سۇ ھاشاراتلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى سۇ ئاستى جانلىقلىرىنىڭ مىقدارى نىسبەتەن يۇقىرى بولۇپ ھەر كۋادرات مېتىرغا 1943 تىن، ئۇنىڭ ئىچىدە كىچىك تىپتىكى جانلىقلار 1743 تىن توغرا كېلىپ، ئومۇمىي زىچلىقىنىڭ %90 نى ئىگىلەيدۇ. بىئو ماسسىسى 12.587 گرام، بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك تىپتىكى ھايۋانلارنىڭ 4.914 گرام بولۇپ ئومۇمىي زىچلىقىنىڭ %39 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ تارقىلىشى تەكشى ئەمەس، شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈرلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى سۇ ئاستى جانلىقلىرىنىڭ %61 نى، ئۇنىڭدىن قالسا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىلىرى %26نى ئىگىلەيدۇ. شەرقىي شىنجاڭدا ئەڭ ئاز. كۆللەردىكى سۇ ئاستى جانلىقلىرىنىڭ تۈرلىرى ئەڭ كۆپ، سۇ ئامبارلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

### يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ ئۆسۈملۈكلىرى

شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ ئۆسۈملۈكلىرى 170 خىل بولۇپ 30 ئائىلىگە تەۋە. بۇنىڭ ئىچىدە نەملىكتە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ۋە سۇغا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەر 70 خىل. ئۈزۈپ يۈرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر تۆت خىل، لەيلىمە يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەر توققۇز خىل، سۇ ئاستى ئۆسۈملۈكلىرى 24 خىل. ئاساسلىق تۈرلەردىن قومۇش، ئىگىر، سىمفىتۇم ئوتى، ئارغاقسىمان يوپۇرماقلىق شاپ، ھالقىسىمان يۇسۇن، مالايىيا شاپى قاتارلىقلار بار. شىمالىي شىنجاڭدىكى نەملىكتە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ۋە سۇغا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەر 51 خىل، سۇ ئاستى ئۆسۈملۈكلىرى 16 خىل، ئۈزۈپ يۈرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئۈچ خىل، لەيلىمە يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەر ئىككى خىل، جەمئىي 72 خىل بولۇپ، ئاساسەن ئالتاي رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىگە تارقالغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نەملىكتە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، سۇغا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەر 41 خىل، سۇ ئاستى ئۆسۈملۈكلىرى 18 خىل، لەيلىمە يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈكلەر توققۇز خىل، جەمئىي 71 خىل بولۇپ، ئاساسەن زەرەپشان دەرياسى ۋادىسى، ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە باغراش كۆلى ئەتراپىدىكى كىچىك كۆللەرگە تارقالغان. شەرقىي شىنجاڭدا نەملىكتە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ۋە سۇغا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەر سەككىز خىل، سۇ ئاستى ئۆسۈملۈكلىرى بەش خىل، جەمئىي 13 خىل بولۇپ، ئاساسەن باركۆل ناھىيىسى ۋە قۇمۇل شەھىرىگە تارقالغان.

# مىللەتلەر

**مىللەت** شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئۆزئارا ئۇچراشقان، كۆپ مىللەت بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن يەر. ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، چېگرا رايوننى ئېچىش، چېگرا رايوننى قوغداش كۈرىشىدە گۆش بىلەن قاندەك ئايرىلماس زىچ مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشتا، كۆپ مەنبەلىك بىر پۈتۈن پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا زور تارىخىي تۆھپە قوشتى.

شىنجاڭ ــــ جۇڭگودىكى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان ئەڭ چوڭ مەمۇرىي رايون. شىنجاڭنىڭ يەر مەيدانى 1 مىليون 660 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ زېمىنغا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتار قاتارلىق بۇرۇندىن بار 13 مىللەت ئولتۇراقلاشقان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدا يەنە دۇڭشياڭ مىللىتى، زاڭزۇ مىللىتى قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 34 مىللەت يېڭىدىن قوشۇلۇپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ سانى ھازىرقى 47 گە يەتتى. ھازىر شىنجاڭ جۇڭگودىكى يەر كۆلىمى ئەڭ كەڭ، مىللەت سانى ئەڭ كۆپ مىللىي رايون بولۇپ قالدى. 2000 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك نوپۇس تەكشۈرۈشتە شىنجاڭدىكى دائىملىق نوپۇس 18 مىليون 460 مىڭ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 256 مىڭ 600 بولۇپ ، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 44.68%نى ئىگىلىدى؛ خەنزۇ 7 مىليون 23 مىڭ 900 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 38.04% نى ئىگىلىدى؛ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى جەمئىي 11 مىليون 436 مىڭ 100 بولۇپ، شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 61.93% نى ئىگىلىدى.

شىنجاڭ جۇڭگودىكى كۆپ خىل تىل ۋە كۆپ خىل يېزىق ئىشلىتىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. شىنجاڭدىكى بۇرۇندىن بار 13 مىللەت ئىچىدە خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇدىن ئىبارەت ئۈچ مىللەت خەنزۇ تىلىنى ئورتاق قوللانغاندىن باشقا، قالغان 10 مىللەتنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىلىنى قوللىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان ئەنئەنىۋى يېزىقلىرى بار. ھازىر شىنجاڭدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى يۇقىرىدىكى ئالتە خىل ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىندى.

شىنجاڭ ــــ جۇڭگودىكى كۆپ قاتلاملىق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ بىرى. دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، شۇ مىللەت نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە ئولتۇراق رايونىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلىرىنى قۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، 1954 - يىلى كىچىكتىن چوڭغا قاراپ پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بەش مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست، ئالتە مىللىي ئاپتونوم ناھىيە، 40 مىللىي يېزا قۇرۇلدى. مانا شۇ ئاساستا، 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەسمىي قۇرۇلدى.

**ئۇيغۇر مىللىتى** جۇڭگودىكى قەدىمىي ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم مىللەتنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ «ئىتتىپاق»، «ئۇيۇشقاق» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى مىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان جەرياندىكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 《袁纥》《回纥》《韦纥》、《回鹘》、《畏兀儿》، قە-

لىپ يېزىلغان، 1935 - يىلىغا كەلگەندە ھازىرقى «维吾尔» دېگەن ئۈچ خەتكە تۇراقلاشقان. ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئولتۇراقلاشقان. 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 256 مىڭ 600 بولۇپ، بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىلايەتلەر، بولۇپمۇ قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتكە مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %70ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادىنى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى Ⅲ ئەسىردە بايقال كۆلى ئەتراپىدا ياشىغان دىڭلىڭلار دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قوۋم Ⅶ ئەسىردىن كېيىن خەنزۇچە مەنبەلەردە تېيلې دەپ ئاتالدى؛ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە 《回纥》، جېنيۈەننىڭ 4 - يىلى (مىلادىيە 788 - يىلى) «回鹘» دەپ ئاتالدى. مىلادىيە 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىز قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يېمىرىلگەندىن كېيىن، كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتقا كېلىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن تەدرىجىي مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىققا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن قاتارلىق قەدىمكى بەگلىكلەردىكى يەرلىك ئاھالە ۋە ئىككى خەن سۇلالىسىدىن كېيىن غەربىي يۇرتقا كەلگەن كۆچمەن خەنزۇلار ھەم ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن تۇبۇت، قىتان ۋە موڭغۇل قاتارلىق قوۋملار بىلەن قوشۇلۇشى ئارقىسىدا، XⅢ ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «ئۇيغۇر (畏兀儿)» دەپ قەيت قىلىنغان ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار قەدىم زامانلاردا شامان دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك (زەردۇشت) ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان، مىلادىيە X ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قىسمەنلىرى سودا، چارۋىچىلىق ۋە قول - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، ھازىرقى زامان سانائىتى ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. ئۇيغۇرلارنىڭ Ⅺ ئەسىردىن تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن كاتتا ئەسەرلىرى بار. مەسىلەن: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ۋەسىقىلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ مىراسلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى تەبىئىي يوسۇندا بېيىتتى. ئۇيغۇرلار ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلۈك مۇزىكا — «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ نادىر مىراسى، سەنەم — خەلق ئارىسىدا ئەڭ ئومۇملاشقان ئۇسسۇل شەكلى. ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرىنىڭ خىللىرى كۆپ، دۇتتار، راۋاب ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ساز، ئۇنى يالغۇز چالسىمۇ، باشقا سازلار بىلەن بىللە تەڭكەش قىلسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، گىلەمچىلىك ۋە يىپەكچىلىك سەنئىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاق - قارا رەڭلىك ياكى رەڭدار مەشۇت يىپتىن كەشتىلەپ تىكىلگەن يۇمىلاق جىيەكلىك تۆت بۇرجەكلىك گۈللۈك دوپپا ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى بار ئەنئەنىۋى مىللىي باش كىيىملەرنىڭ بىرى. ئەرلەر چوڭ ياقىلىق ئۇزۇن تون كىيىپ، بېلىگە شايى باغلىق ياكى رەخت بەلۋاغ باغلايدۇ. ئاياللار بولسا، كۆپىنچە كەڭ ھەم ئۇزۇن يەڭلىك كۆڭلەك، كەمزۇل ھەم ئۇزۇن تامبال كىيىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەرلىرى دەۋرگە خاس پەسىللىك، يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئاياللىرى بولسا، يەنىلا ئۇزۇن كۆڭلەك، غەربچە كاستۇم - يوپكا قاتارلىقلارنى كىيىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىدا ئۇن تامىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. گۆش ۋە سۈت تۈرىدىكىلەر، يەنە نان، مانتا، پولۇ ۋە مېۋىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۆي - جايلىرى ئادەتتە توپا ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تۈز ئۆگزىلىك، بىر قەۋەتلىك بولىدۇ. دەپنە قىلىش ئىشلىرى ئىسلام قائىدىسى بويىچە بولىدۇ. مېيىت يەرگە كۆمۈلىدۇ. روزى ھېيت، قۇربان ھېيتلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى بايراملىرى بولۇپ، بۇ بايراملار ئىسلام دىنىدىن كەلگەن. ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن داۋازلىق، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىش قاتارلىقلار بار. ناخشا - ئۇسسۇل ۋە ئويۇن - تاماشا بىر گەۋدە قىلىنغان مەشرەپ

خەلق ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت.
(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 25 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**خەنزۇ مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاساسلىق مىللەت. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شيا، شياڭ، جۇ، چىن قاتارلىق ئاھالە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئۈزلۈكسىز قوشۇلۇشى ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شەكىللەنگەن خەلقنىڭ نامى. 2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 7 مىليون 23 مىڭ 900 گە يەتكەن. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، 75% تىن كۆپرەكى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ئورۇنلاشقان. خەنزۇ تىلى خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسىنىڭ خەنزۇ تىل تۈركۈمىگە مەنسۇپ. خەنزۇلار خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىدۇ. شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ ئېغىز تىلىدا ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر بولغاندىن باشقا، يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەرمۇ بار. شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم خەنزۇلار ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا سۆزلىيەلەيدۇ.

خەنزۇ مىللىتى شىنجاڭ رايونىدا ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئەڭ قەدىمكى دەۋردىكى خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى قوۋملەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغان. ئالايلۇق، خەن ۋۇدى دەۋرىدە جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئىككى قېتىم ئەلچىلىككە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، خاندانلىق غەربىي يۇرتتا چوڭ كۆلەملىك تېرىقچىلىقنى باشلىغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىللاردا، غەربىي يۇرت قورۇقچىلىق مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن ئېتىبارەن چېگرانى قوغداش، تېرىقچىلىق قىلىش، سودا قىلىش ۋە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن پانالىنىش ئۈچۈن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كېلىدىغان كۆچمەن خەنزۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگىچە تۇرپان ئويمانلىقىدا كۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوجۇ خانلىقى قۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە تۇرپان ئويمانلىقى، قۇمۇل تۈزلەڭلىكى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا ئولتۇراقلاشقان خەنزۇ ئاھالە كۆپرەك بولۇپ، بۇ يەرنىڭ مەمۇرىي ئايرىمىسىدا ئىچكىرىدىكى جايلارغا ئوخشاش «ئايماق، ناھىيە، يېزا، كەنت» تۈزۈمى قوللىنىلغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنى قىسقارتىپ، ئۇلارغا يەر بۆلۈپ بېرىش، جىنايەتچىلەرنى ئەۋەتىپ بوز يەر ئاچقۇزۇش، ئاھالە كۆچۈرۈپ چېگرانى قوغداش، ھەرخىل ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش، سودا ـ سېتىقنى رىغبەتلەندۈرۈش سىياسەتلىرىنى يولغا قويغاچقا، خەنزۇ ئاھالىلىرى تۈركۈملەپ غەربىي قىسىمغا كۆچۈپ كېلىپ شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان. مىڭگو يىللىرىدا نۇرغۇنلىغان خەنزۇلار شىنجاڭغا كېلىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان، گەنسۇ، شەنشى، خېبېي قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى ئاھالىلەرمۇ شىنجاڭغا كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ سانى تېز ئاشتى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن زور تۈركۈمدىكى كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر، زىيالىي ياشلار، دېھقانلار، كادىرلار، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ كەسپىي جەھەتتىن تارقىلىشى كەڭ، ئىقتىسادىي پائالىيىتى كۆپ خىل. ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە ئۇلار ئومۇمەن ئەسلىي يۇرتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلىغان، شۇنداقلا يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ تەسىرىگىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغان. ئاياللار شىم ـ چاپان كىيىشنى ياقتۇرىدۇ. ئاماقتا ئۇن تامىقى ئاساس، گۈرۈچ تامىقى قوشۇمچە بولۇپ، نان، پولۇ، سۈت، قوي گۆشى قاتارلىقلارنىمۇ ياقتۇرۇپ يەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بايرىمى باھار بايرىمىدۇر.
(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 25 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**قازاق مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئاساسلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى ۋە قاراماي شەھىرى قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان. 2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ

نوپۇسى 1 مىليون 277 مىڭ 400 گە يەتكەن. ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى غەربىي ھون تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى قازاق يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

قازاق مىللىتىنىڭ ئەجدادىنى غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئۇيسۇنلارغا، سۈي ـ تاڭ دەۋرىدىكى تۈركلەرگە، قارلۇقلارغا ھەم XII، XIII ئەسىر ئارىلىقىدىكى نايمان، كىرەي، قىزاي قاتارلىق قەبىلىلەرگە باغلاشقا بولىدۇ. قازاق مىللىتىنىڭ ئىچىدە ئۇيسۇن، كىرەي، نايمان قاتارلىق قەبىلە ئىسىملىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. «قازاق» دېگەن ئىسىم ئەڭ دەسلەپ XV ئەسىردە مەيدانغا چىققان. XVII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قازاق قەبىلىلىرى جۇغراپىيىلىك ئورۇن مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ يۈز، ئوتتۇرا يۈز ۋە كىچىك يۈزدىن ئىبارەت ئۈچ يۈزگە ئايرىلغان؛ XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان. 1864 ـ يىلى زەيسان كۆلى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قازاقلارنىڭ 12 كىرەي قەبىلىسى ئەسلىدىكى جايىدىن ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىپ چارۋا باققان. 1883 ـ يىلى، يەنە قازاق مىللىتى قىزاي قەبىلىسىدىن 3000 دىن كۆپرەك ئائىلىلىك كىشى ئىلى ۋە بورتالاغا كۆچۈپ كەلگەن. قازاقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەمما، بەزى چارۋىچىلاردا شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ ساقلانغان. قازاقلار مېيىتنى يەرگە دەپنە قىلىدۇ.

قازاق مىللىتى ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن، قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، كىگىز ئۆيدە تۇرىدۇ، تاماقلىنىشتا گۆش بىلەن سۈتنى ئاساس قىلىدۇ. چارۋىچىلار قىشتا «تۇماق» كىيىدۇ. ياش ئاياللار بېشىغا ئاق لېچەك چىگىدۇ، ئۈستىگە كەجىگەنى باسقۇدەك ياغلىق يېپىنىدۇ، ياغلىقنىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسىغا بىر تال بېزەك تاقايدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن قازاقلاردىكى ئۇرۇق ـ قەبىلە تەشكىلاتى ئاساسەن ساقلانغان بولۇپ، قەبىلە ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك ئىجتىمائىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى «ئاۋۇل» دەپ ئاتالغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، قازاقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، تولۇقسىز مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قازاقلار ئەزەلدىن ئۆزىگە خاس سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، «ئاقىن» لار خەلق قوشاقلىرىنى تارقاتقۇچى غەزەلخانلاردۇر. مول، رەڭدار خەلق ھېكايىلىرى، داستانلار ۋە شەجەرىلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قويۇق يايلاق مەدەنىيىتى تۈسىدىكى قول ـ ھۈنەر سەنئىتى ۋە ئاتلىق ھەرخىل تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى قازاق خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، باتۇرلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاساسلىق ھېيت ـ بايراملىرى قۇربان ھېيت ۋە روزى ھېيتتىن ئىبارەت.

(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 25 ـ بېتىگە قاراڭ)

خۇيزۇ مىللىتى جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. 2000 ـ يىللىق ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتا شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 813 مىڭ بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى، ئىلى، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل ۋە شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئۇلار سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە يەنە بەش ئاپتونوم يېزىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئەجدادى ئاساسلىقى، مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغاندا جۇڭگوغا ئېلىپ كىرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيالىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەرقايسى مىللەتتىن چىققان ئەسكەر، ھۈنەرۋەن، كاسىپلار بولۇپ، ئۇلار «تەنماچىجۈن» قىسمى قىلىپ تەشكىللەنگەن، ئومۇمىي نامى «خۇي خۇي» (مۇسۇلمانلار) دەپ ئاتالغان. ئۇلار قۇبلەي خاننىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى تەنماچىجۈن «ئاتلانسا ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىدۇ، ئادەتتىكى چاغدا توپلىشىپ چارۋا باقىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن. جىيۈەننىڭ 10 ـ يىلى (1273 ـ يىلى) يۈەن شىزۇ تەنما چىجۈننى «مەمۇرىيغا قوشۇلۇپ، ئاۋام پۇقرا بولۇش» قا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركۈم ـ تۈركۈم خۇي خۇي قىسىملىرى ئاۋامغا قوشۇلۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە باشلىدى. جىيۈەننىڭ 27 ـ يىلى (1290 ـ يىلى) يۈەن شىزۇ: «تىڭگىردىكى 3000 ئائىلىلىك خۇي خۇي تېرىقچىلىق قىلسۇن، بوز يەر ئاچسۇن، چارۋا باقسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. (تىڭگىر بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ فۇكاڭ شەھىرى). شىنجاڭ تەنما چىجۈننىڭ چېگرا قوغدايدىغان ئاساسلىق رايونى بولغاچقا، خۇيزۇلارنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ قالدى. يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ سانجى، فۇكاڭ، جىمسار، ئىلى دەريا ۋادى-

سى ۋە قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىمۇ خۇي خۇيلار تېرىقچىلىق قىلغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن زور ساندىكى خۇيمىنلار شىنجاڭغا كۆچۈپ چىقىپ، ھازىرقى زامان خۇيزۇ مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن، قوشۇمچە قول سانائىتى ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۇرمۇشتا كىيىم ـ كېچەكنىڭ رەتلىك، پاكىز، ئاددىي ـ ساددا، تەبىئىي، چوڭ سۈپەت بولۇشىغا دىققەت قىلىدۇ. ئەرلىرى بېشىغا ئاق دوپپا، ئۈچىسىغا ئاق كۆڭلەك، ئۈستىگە قارا رەڭلىك تون ياكى زىغىر رەڭ جىلىتكە كىيىدۇ. ئاياللىرى بېشىغا ياغلىق چىگىدۇ ياكى يۇمىلاق دوپپا كىيىدۇ، زىننەت بۇيۇملىرى تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھازىرقى زامان خۇيزۇ ياشلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى زامانغا يۈزلەنگەچكە، خەنزۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ئانچە چوڭ پەرق قىلمايدۇ. خۇيزۇلارنىڭ يېمەكلىكىدە ئۇن تاماقلىرى ئاساسلىق بولۇپ، ھەرخىل تەملىك يېمەكلىكلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. لەغمەن، خوشاڭ، لەڭپۇڭ، راڭبىزا، پىلتە قويماق، پىنتاڭ ۋە دۇملىمە گۆش قاتارلىقلارنىڭ خېلى نامى بار. خۇيزۇلارنىڭ «توققۇز قاچا، ئۈچ يۈرۈشلۈك» ئائىلە زىياپىتىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. خۇيزۇ ئاممىسىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ دافاڭ ۋە شياۋفاڭ مەزھەپلىرىگە ئايرىلغان. دافاڭ دېگىنىمىز «قەدىمىيە مەزھىپى» ۋە «خۇفىيە مەزھىپى» ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. شياۋفاڭ دېگىنىمىز خاسلا جەھرىيە ئېتىقادچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. خۇيزۇلاردىكى پەرھىزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇزۇن جەريانلىق ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. خۇيزۇلار مېيىتنى تۇپراققا كۆمىدۇ. روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلار ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى بايرىمى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 26 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**قىرغىز مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. «قىرغىز» مىللەتنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى بەزىلەر ساناق سان قىرىقنىڭ كۆپلۈكى، شۇڭا ئۇ «قىرىق قەبىلە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېسە؛ يەنە بەزىلەر «يايلاق ئادىمى» دېگەن بولىدۇ، دېيىشىدۇ. خەنزۇچە تارىخنامىلەردە: «鬲昆» (گېكۇن)، «坚昆» (جيەن كۇن)، «纥骨» (خېگۇ)، «辖戛斯»، «黠戛斯» (شاگاس)، «乞儿吉思» (چىرجىسى)، «吉利吉思» (جىلىجىس)، «布鲁特» (بۇلۇتى) دېگەنگە ئوخشاش ئاھاڭ تەرجىمىلىرى بىلەن خاتىرىلەنگەن. قىرغىزلار ئاساسلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا، ئاز ساندىكىلىرى شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ فۇيۈ ناھىيىسىدىمۇ بىرقانچە يۈز ئائىلىلىك قىرغىز بار. 2000 ـ يىللىق ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتا شىنجاڭدىكى قىرغىزلارنىڭ نوپۇسى 159 مىڭ 500 نەپەر. قىرغىز تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ شەرقىي ھون تارمىقىغا مەنسۇپ. قىرغىز تىلى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ. قىرغىزلار ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقنى قوللىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىرغىزلار ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى قىرغىزلار بولسا قازاق تىلىنى بىلىدۇ.

قىرغىز مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىم رايونلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھونلاردىن ئىبارەت. كېيىنرەك ئۇلار غەربىي جەنۇبقا، يەنى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر تۈرك ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە قوشۇلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قىرغىزلار سىرتاردۇش خانلىقىغا تەۋە بولغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 22 ـ يىلى (مىلادىيە 648 ـ يىلى) قىرغىزلارنىڭ سەركەردىسى تاڭ سۇلالىسىگە كىرگەن. تاڭ سۇلالىسى ئۆز تەۋەلىكىدىن ئۇلارغا جيەنكۇن تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ بەرگەن. قىرغىزلار 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنى مەغلۇپ قىلىپ، قىرغىز خانلىقىنى قۇرغان. ئۇلار 10 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قاراخانىيلار سۇلالىسى، قىتان، غەربىي قىتان، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان. غەربىي قىتاننىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈشى ۋە 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشلىرىنىڭ تەسىرىدە يېنىسەي دەرياسىنىڭ ۋادىسىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرى ئاستا ـ ئاستا غەربىي جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن. ئۇلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا جۇڭغارلارغا بېقىنغان. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن بىر قىسىم قىرغىز قەبىلىلىرى يەت-

ئىسىز بويلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆچۈش جەريانىدا، ئۇلار ئەتراپىدىكى باشقا قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قىرغىزلار مەنچىڭ ئەسكەرلىرىگە ماسلىشىپ، جوڭغارلارنى ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقان. 19 - ئەسىردىن بۇيان قىرغىزلار چارروسىيىنىڭ ۋە ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزى ھەم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، چېگرىنى مۇستەھكەم ساقلىغان. قىرغىزلار ئاساسلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىگە ئولتۇراقلاشقان ئاز ساندىكى قىرغىزلار لاما دىنى ۋە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار مىيىتنى يەرگە دەپنە قىلىدۇ.

قىرغىز مىللىتى ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت. مەشھۇر خەلق ئېپوسى «ماناس» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۈچ چوڭ ئېپوسىنىڭ بىرى. قومۇز ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە چالغۇ مۇزىكىسى. قول - ھۈنەر سەنئىتىدە كەشتىچىلىك، ئويمىچىلىق ناھايىتى مەشھۇر. ئەرلەرنىڭ ئاق كىگىز قالپىقى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك كىيىم - كېچەكى ھېسابلىنىدۇ. ئەرلىرى تېگى ئاق كەشتىلەنگەن ئويما ياقىلىق كۆڭلەك كىيىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خورۇمدىن ياكى كۆك قارا رەختتىن تىكىلگەن چوڭ ياقىلىق چاپان كىيىدۇ، بەلگە پوتا باغلايدۇ. ئاياللىرى كەمزۇل ۋە كۆڭلەك كىيىدۇ ياكى كۆڭلەك ئۈستىگە جىلىتكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تون كىيىدۇ. ئاساسلىق تامىقى گۆش تۈرىدىكى يېمەكلىك ۋە سۈت ياساملىرىدىن ئىبارەت. سۈت چاي ئىچىشكە ئامراق. تاغلىق رايوندا چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار يازدا كىگىز ئۆيدە، قىشتا تام ئۆيدە تۇرىدۇ. تۈزلەڭلىك رايوندا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كېسەك ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيدە تۇرىدۇ. ئاساسلىق بايراملىرى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە نورۇز بايراملىرى قاتارلىقلار.
(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 26 - بېتىگە قارالسۇن)

**موڭغۇل مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. شىنجاڭدىكى موڭغۇللار موڭغۇل مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئەۋلادى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «ئۇۋەيس، ئويرات» دەپ قەيت قىلىنغان. ئۇلار ئاساسلىقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 156 مىڭ 800 گە يەتكەن. موڭغۇل تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ، ئويرات دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ، تودو يېزىقىنى قوللىنىدۇ. نۆۋەتتە ئۇلار مەملىكەت بويىچە ئورتاق قوللىنىلىدىغان خودوم يېزىقىنى ئۆگىنىشنى يولغا قويۇپ، ئىككى خىل يېزىقنى تەڭ ئىشلەتمەكتە.

13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللار چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا كېلىپ تۇرۇپ قالغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللار شەرقىي تاتارلار ۋە چۆللۈكنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئويراتلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۆلەككە ئايرىلغان. 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى ئويراتلار تورغۇت، دوربوت، خوشۇت ۋە جوڭغارلاردىن ئىبارەت تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇلار ئويراتلار دەپ ئاتالغان. ئويرات موڭغۇللىرى شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىن تاكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىغىچە بولغان جايلاردا چارۋىچىلىق قىلغان. 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقان ھەمدە شۇ يەردىكى ئويراتلارنى مانجۇلارنىڭ سەككىز خوشۇنلۇق تۈزۈمى بويىچە ئويرات يېڭى (باتاليونى) قىلىپ تەشكىللىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار «ئويرات موڭغۇللىرى» دەپ ئاتالغان. 1771 - يىلى ئىلگىرى غەربكە كۆچۈپ ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىغىچە بارغان تورغۇت قەبىلىسىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سەركەردە ئۇۋۇباشىنىڭ باشلامچىلىقىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ھازىرقى بايىنغولىن، قوبۇقسار، جىڭ قاتارلىق ئوبلاست ۋە ناھىيىلەردىكى موڭغۇللار ئاشۇلارنىڭ ئەۋلادى. 1764 - يىلى ۋە 1813 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاڭجياكونىڭ شىمالىدىكى جايلاردىن بىر بۆلەك چاھار موڭغۇللىرىنى كۆچۈرۈپ كەلگەن. ھازىر بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا ياشاۋاتقان موڭغۇللارنىڭ ئاساسلىقى شۇلارنىڭ ئەۋلادى. موڭغۇللار ئىلگىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. 16 - ئەسىردىن كېيىن ئاستا - ئاستا لاما دىنىنىڭ گېلۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان. ئەمما، شامان دىنى ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىدە چوڭقۇر ئىزلىرىنى قالدۇرغان. موڭغۇللار-

نىڭ مېيت ئۇزىتىشىدا كۆيدۈرۈش، كۆمۈش، ئوچۇقچىلىقتا قويۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىل بار.

شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئەزەلدىن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاساسلىقى ئات، تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق بەش خىل چارۋىنى باقىدۇ. يېقىنقى زاماندىن بۇيان بىر بۆلەك موڭغۇللار تەدرىجىي دېھقانچىلىققا يۈزلەندى. ئۆيرات موڭغۇللىرىنىڭ ئارىسىدىكى چوڭ ھەجىملىك قەھرىمانلىق ئېپوسى «جاڭغىر» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۈچ چوڭ ئېپوسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. سازلىرىدىن ئات باشلىق غىجەك ناھايىتى مەشھۇر. شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ يەنە چېكىپ چالىدىغان ئىككى تارلىق «توبوشۇر» دېگەن سازى بار. ئەنئەنىۋى كىيىمى موڭغۇلچە چاپان. يېمەكلىك جەھەتتە سۈت مەھسۇلاتلىرى، كالا، قوي گۆشى ۋە ئۇن تامىقى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. سۈتلۈك چايغا ئامراق. چارۋىچىلار موڭغۇل ئۇسلۇبىدىكى كىگىز ئۆيدە تۇرىدۇ. باھار بايرىمى ئەڭ كاتتا بايرىمى ھېسابلىنىدۇ. ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەرخىل ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىشنى نىشان قىلغان «نادام» مەرىكىسىمۇ موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى.

(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 26 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**تاجىك مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. «تاجىك» ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «خان تاجى» دېگەن بولىدۇ. 2000 ـ يىلدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ نوپۇسى 39600 نەپەر. ئۇلارنىڭ %60ى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىگە جايلاشقان، قالغان قىسمى ئاقتو، يەكەن، پوسكام، گۇما ۋە قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقالغان. تاجىكلارنىڭ تىلى ھىندى ـ ياۋرو تىللىرى سىستېمىسى ئىران تىلى ئائىلىسىنىڭ پامىر تىل تارمىقىغا مەنسۇپ. كۆپ ساندىكى تاجىكلار تاجىك تىلىنىڭ سارىقول دىئالېكتىدا، ئاز ساندىكى تاجىكلار ۋاخان دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. جۇڭگو تاجىكلىرىنىڭ تىلىمۇ سارىقول تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. تاجىكلارنىڭ يېزىقى يوق. مىللەتلەر ئارا باردى ـ كەلدىنىڭ قويۇقلۇقى تۈپەيلى كۆپ ساندىكى تاجىكلار ئۇيغۇر ۋە قىرغىز تىللىرىنى بىلىدۇ. ئادەتتە ئومۇميۈزلۈك ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ.

تاجىكلارنىڭ ئەجدادىنى قەدىم زاماندا پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەرگە باغلاشقا بولىدۇ. مىلادىيە 2 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردە تاشقورغاندا كاۋانتا دۆلىتى قۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قاراپ ئېچكىرىدىكى جايلار بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆزئارا ئەلچى ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن يىللىرى (مىلادىيە 713 ـ يىللاردىن 741 ـ يىللارغىچە) «پامىر قورۇلى» قۇرۇلۇپ، ئۇلار پامىر ئېگىزلىكىنى قوغدىغان. سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە تاشقورغان «سارىقول» دەپ ئاتالغان. كاۋانتالىقلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بارا ـ بارا سارىقوللار دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ دەۋرىدە سارىقوللار ئەسلىدىكى نامى بىلەن ئاتىلىپ، مۇسۇلمانلار يۇرتىغا تەۋەلەشتۈرۈلگەن، ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتە كاشغەر مەسلىھەتچى ئامبال بېگىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان. 1884 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندا، سارىقول يەكەن مەھكىمىسىدىن ئايرىلىپ «كاۋانتا شۆبە يانداش ئايماق بېگى» تەسىس قىلىنغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن كاۋانتا ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1950 ـ يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1954 ـ يىلى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى. تاجىك مىللىتى ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

تاجىكلار ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېرىم كۆچمەن، يېرىم ئولتۇراق تۇرمۇش شەكلىدە ياشايدۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىچىدە باش كىيىمى تولىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئەرلىرى چۆرىسى قارا، يۇمىلاق شەكىللىك ئېگىز تۇماق كىيىدۇ، ئاياللىرى بولسا يۇمىلاق گىرۋەكلىك ئۈستى تۈز، گۈللۈك تۇماق كىيىدۇ. تۇماقنىڭ كەينىي تەرىپىگە لېنتا قىستۇرۇلغان بولىدۇ. تاجىكلار ئەدەپ ـ قائىدىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ، قىزغىن ۋە مېھماندوست كېلىدۇ. ئاساسلىق بايراملىرىدىن قۇربان ھېيت، روزى ھېيت، شەۋگۈن باھار (نورۇز) قاتارلىقلار بار.

(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 27 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**شىبە مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. «شىبە» مىللەتنىڭ نامى، بۇ نام تارىختا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «شىپى، شىبىي، شەنبىي، شىبەي، شىبو» دەپ ئاتالغان. شىنجاڭدىكى شىبەلەر ئاساسلىقى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىگە جايلاشقان، ئازراق

بىر قىسىملىرى قورغاس، توققۇزتارا ناھىيىلىرى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. 2000 ـ يىللىق ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتا شىبەلەرنىڭ نوپۇسى 39200 نەپەر. شىبە تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ مانجۇ ـ تۇڭگۇس تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. شىبە يېزىقى مانجۇ يېزىقى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن. شىبەلەر ئۆز تىل ـ يېزىقىدىن باشقا يەنە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئاز ساندىكى شىبەلەر مانجۇچىنىمۇ بىلىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىبەلەر كۆپ خىل ئېتىقادلىق ئىدى، ھەتتا شامان دىنى، لاما دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلاتتى، ئەمما دىنىي پائالىيەتتە ئاساسلىقى ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا تېۋىنىدۇ. شىبەلەر مېيىتنى يەرگە دەپىن قىلىدۇ، كۆيدۈرىدىغانلارمۇ بار.

شىبە مىللىتى قەدىمكى سىيانپىلار بىلەن ئېتنىك مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلار ئەڭ دەسلەپ چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە چارۋا باققان. ئالتە سۇلالە دەۋرىدە ئاز ساندىكى شىبە قوۋملىرى نېنجياڭ، سۇڭخۇاجياڭ ئەتراپىغا ئورۇنلىشىپ، بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىبەلەرنىڭ ھەرقايسى قوۋملىرى مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، سەككىزنىچى خوشۇن قىلىپ تەشكىللەنگەن. چيەنلۇڭنىڭ 29 ـ يىلى (1764 ـ يىلى) شىبەلەردىن 1016 نەپەر ئوفىتسېر، ئەسكەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 3000 دىن ئارتۇق ئادەم غەربكە يۆرۈش قىلىپ، ئىلى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان. ئۇلار بوز يەر ئېچىپ چېگرانى قوغدىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىبە مىللىتىنىڭ شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە تۇرۇش ھالىتى شەكىللەنگەن. چيەنلۇڭنىڭ 32 ـ يىلى (1767 ـ يىلى) شىنجاڭغا كۆچۈرۈلگەن شىبەلەر سەككىز نىرۇ (خوشۇن) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىبە يىڭى (كورە) قىلىپ تەشكىللەنگەن. ئۇلار ئىلى دەرياسىنىڭ بويلىرىغا جايلىشىپ، چېگرانى قوغداش، بوز يەر ئېچىش، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاش، تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

شىبە مىللىتى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە باقمىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شىنجاڭدىكى شىبەلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىدە بۇغداي ئاساسلىق ئورۇندا، گۈرۈچ ۋە قوناقلار قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەربىر كاشەن (كەنت) دە 200 دىن 300 گىچە ئائىلە بولىدۇ. ئولتۇراق جايى تۆت چاسا ھويلا شەكىللىك بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرى پىرامىدا شەكىللىك بولىدۇ. ئۆيلەر كېسەك ۋە ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ھازىر كۆپ سانلىق ئۆيلەر خىش، بېتون قۇرۇلمىلىق سېلىنىۋاتىدۇ. ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكتە مانجۇلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، ئەرلىرى ئىككى ياندا چېكى بار ئۇزۇن چاپان، قىسقا كۆڭلەك، بېشىغا يۇمىلاق قالپاق كىيىدۇ. ئاياللىرى بولسا ئۇزۇن چاپاۋ، پۇچقاقلىق تامبال، ئاق پايپاق، كەشتىلەنگەن خەي كىيىدۇ. قۇلىقىغا ھالقا، بىلىكىگە بىلەزۈك، قولىغا ئۈزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدۇ. دومبۇر، مېكىن قاتارلىق سازلىرى بار. ئاياللىرى كەشتىچىلىك ۋە ئىلمە ـ توقۇمىچىلىققا ماھىر كېلىدۇ. ئاساسلىق بايراملىرىدىن باھار بايرىمى ۋە «غەربكە كۆچۈش بايرىمى» (4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) قاتارلىقلار بار. ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئىچىدە ئوقيا ئېتىش ناھايىتى مەشھۇر، چاپچالنىڭ «ئوقيا يۇرتى» دېگەن نامى بار.

(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 27 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**مانجۇ مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. 2000 ـ يىللىق ستاتىستىكىلىق مەلۇمات بويىچە شىنجاڭدىكى مانجۇلارنىڭ نوپۇسى 22 مىڭ 300 نەپەر. ئۇلار ئاساسلىقى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلاشقان. مانجۇ تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ مانجۇ ـ تۇڭگۇس تىللىرى ئائىلىسىنىڭ مانجۇ تىل تارمىقىغا مەنسۇپ. ھازىر مانجۇلار ئاساسەن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىدۇ. مانجۇلار ئەجدادلىرىغا تېۋىنىدۇ ۋە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مانجۇلار مېيىتنى يەرگە دەپنە قىلىدۇ ياكى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ.

مانجۇ مىللىتىنىڭ ئەجدادىنى جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇشىنلارغا ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېيپالىلار، ۋۇجىلار، موغاللار ۋە جۇرجىتلارغا باغلاشقا بولىدۇ. كېيىنكى جىن سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ تيەنسۇڭنىڭ 9 ـ يىلى (1635 ـ يىلى) قۇنتاجى «جۇرجىتلار» دېگەن ئىسىمنى رەسمىي مانجۇغا ئۆزگەرتتى. بۇ ئىسىم شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن قىسقارتىلىپ مەنزۇ دەپ ئاتالدى. مانجۇلار شۇنجىنىڭ 1 ـ يىلى (1644 ـ يىلى) شەنخەيگۈەندىن كىرىپ، بېيجىڭنى پايتەخت قىلىپ مەنچىڭ سۇلالىسىنى قۇردى. جۇڭگونى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا مانجۇلار شىنجاڭغا كەلدى. يۇڭجېڭ دەۋرىدە چىڭ

سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى باركۆل، قۇمۇل ۋە تۇرپانلارغا كەلدى. چيەنلۇڭ دەۋرىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) ئىلىدا ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى باشقۇردى. مەنچىڭ ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشقانلىكى يەرىدە مانجۇ ئۇسلۇبىدىكى راۋاقلارنى ياسىدى. ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئېلىپ يۈرۈشكە يول قويۇلغاچقا، مانجۇلارنىڭ سانى ھەدەپ تېز كۆپەيدى. ئەينى چاغدا مانجۇلار شىنجاڭنىڭ چىتەي، غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرىغا مەركەزلىك ئورۇنلاشقانىدى.

مانجۇلار ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسلىق يېمەكلىكى بۇغداي ئۇنى، قوشۇمچە قوناق ئۇنى يېمەكلىكلىرىدۇر. ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرى ئىچىدە «بوبو» (پۇرچاق مانتىسى) ئەڭ داڭلىق. شىنجاڭدىكى مانجۇلارنىڭ مايدا پىشۇرۇلغان مانتىسى، قوش قەۋەت قاتلىمىسى، كاۋا ئارىلاشتۇرۇلغان بوغۇرساقلىرىنى كىشىلەر بەك ياقتۇرىدۇ. مانجۇلارنىڭ ئەرلىرى چېچىنىڭ چۆرىسىنى چۈشۈرۈپ، قالغان قىسمىنى توم ئۆرۈپ ئارقىسىغا تاشلايدۇ، ئۇزۇن ھەم كەڭ يەڭلىك پوۋزى كىيىدۇ، بېلىگە پوتا باغلايدۇ. ئاياللىرى چېچىنى تورۇۋالىدۇ، قۇلىقىغا ھالقا تاقايدۇ، ئۇزۇن چاپاۋ كىيىدۇ، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق گۈللۈك ئاياغ كىيىدۇ. مانجۇلاردا قاغا، سېغىزخان ۋە ئىتنى ئەتىۋارلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزمەيدىغان ئادەت بار. مانجۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بەنجىن بايرىمى (دېھقانلار كالېندارى بويىچە 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى) مانجۇلارنىڭ نام بېرىش خاتىرە كۈنى ھېسابلىنىدۇ. «بەنجىن» مانجۇچە «تۇغۇلۇش، جانلىنىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مانجۇلارمۇ باھار بايرىمى، تاۋۇز چاغىنى ئۆتكۈزىدۇ.
(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 27 - بېتىگە قارالسۇن)

**ئۆزبېك مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئۇلار ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى قەشقەر، غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى، يەكەن ۋە قاغىلىقلارغا تارقالغان. 2000 - يىللىق ستاتىستىكىلىق مەلۇماتتا ئۆزبېكلەرنىڭ نوپۇسى 13100 نەپەر. ئۆزبېكلەرنىڭ تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ غەربىي ھون تىل تارمىقىغا كىرىدۇ، ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. «ئۆزبېك» ئاتالغۇسى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا، ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «يۆجىبېي»، «يۆزۋەي» دەپ ئاتالغان. 14 - ئەسىردە ئۆزبېكلەر موڭغۇللارنىڭ ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا تەۋە بولغان. 15 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئالتۇن ئوردا خانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان ئاق ئوردا خانلىقى ئۆزبېك خان دەۋرىدە بىر مەھەل كۈچىيىپ، ئۆزبېك خانلىقى دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئۆزبېكلەر دەپ ئاتالغان. 15 - ئەسىردە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۆزبېكلەرنىڭ ئاستا - ئاستا يەرلىك دېھقان ئاھالىلىرى بىلەن قوشۇلۇشى ئارقىسىدا ئۆزبېك مىللىتى شەكىللەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر قىسىم ئۆزبېكلەر شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار «ئەنجانلىق، بۇخارالىق، قوقانلىق» لار دەپ ئاتالغان. ئۆزبېكلەر ئىلگىرى زەردۇشت دىنىغا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. 14 - ئەسىردىكى ئۆزبېك خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۆزبېكلەر ئاساسلىقى سودا - سېتىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان ئاز ساندىكى ئۆزبېكلەر چارۋىچىلىق بىلەن، جەنۇبىدىكى ئۆزبېكلەر بولسا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسلىق يېمەكلىكى نان، سۇيۇقئاش، مانتا، لەغمەن، چۆچۈرە، جۇۋاۋا قاتارلىق ئۇن تاماقلىرىدىن ئىبارەت. كۆپىنچە پولۇ ۋە نارىن بىلەن مېھمان كۈتىدۇ. كالا، قوي، ئات گۆشىنى كۆپ يەيدۇ.

ئۆزبېكلەر باھار، ياز، كۈز پەسىللىرىدە گۈللۈك دوپپا كىيىشكە خۇشتار. ئەرلىرى قىش پەسلىدە قۇلاقچا ياكى قالپاق كىيىدۇ. ئاياللىرى رومال ئارتىدۇ. ياز پەسلىدە ئەرلىرى ياقىلىق، قىسقا يەڭلىك كانۋاي كۆڭلەك كىيىدۇ، بېلىگە كەشتىلەنگەن ئۈچ بۇرجەكلىك ياغلىق ياكى گۈللۈك بەلۋاغ باغلايدۇ. ياش ئاياللار كوفتا ياكى ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە گۈل كەشتىلەنگەن رەڭلىك جىلىتكە كىيىدۇ. ئۇلارنىڭ قىشلىق تاشقى كىيىمى خۇرۇمدىن تىكىلگەن بولىدۇ. ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت قاتارلىقلار بار. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ناھايىتى مول ۋە رەڭدار بولۇپ، ئېپوس، داستان، قوشاق، ھېكايە، ماقال - تەمسىل ۋە تېپىشماق قاتارلىق ژانىرلىرى بار.
(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 28 - بېتىگە قارالسۇن)

**رۇس مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. 2000 - يىللىق ستاتىستىكىلىق مەلۇ-

مانتا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى رۇسلارنىڭ نوپۇسى 10500 نەپەر. ئۇلار ئاساسلىقى ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. رۇس مىللىتى ئاق تەنلىكلەر ئىرقىغا مەنسۇپ، رۇس تىلىدا سۆزلىشىدۇ. رۇس تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ سلاۋيان تىل ئائىلىسىنىڭ سلاۋيان تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. رۇس يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتا خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئالاقە قورالى قىلىدۇ. پراۋسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. جۇڭگودىكى رۇسلارنىڭ ئاز سانلىقى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چار رۇسىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن، زور كۆپچىلىكى 19 - ئەسىردە، بولۇپمۇ رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن. 19 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە يەنە بىر تۈركۈم رۇس سودىگەرلىرى ۋە دېھقانلىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭدىكى ئىلى، چۆچەكلەرنىڭ چېگرالىرىدىكى يېزا - كەنتلەرگە كېلىپ، بىرمۇنچە سودا - سېتىق ۋە تۇرالغۇ جاي ئۇقتىلىرىنى قۇرغان.

رۇسلار ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن، ئاز بىر قىسمى سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ كەلدى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى. رۇسلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى ئېگىز، تاملىرى قېلىن بولىدۇ. ئىشىكتىن كىرىشكىلا كارىدور، ئىككى تەرەپتە ياتاق ۋە مېھمانخانا بولىدۇ. ئۆيلىرى تاختايلىق، بۇلۇڭدا چوڭ ۋە ئېگىز تام مەش بولىدۇ. ھويلىلىرىغا گۈللەر تېرىلىدۇ، بولۇپمۇ قىزىلگۈل، سېرىنگۈل، ئۈزۈم ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىدۇ. رۇسلارنىڭ كىيىم - كېچىكى رەڭدار ۋە ھەرخىل بولۇپ، ئەرلىرى كاستيۇم - بۇرۇلكا ۋە جىلىتكە كىيىدۇ. ئاياللىرى بولسا كەشتىلەنگەن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ. يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى ساقلىغان بولۇپ، غىزالانغاندا پىچاق، ۋىلكا، قوشۇق ئىشلىتىدۇ. غىزانى كۆپ ھاللاردا تەخسىگە ئۇسۇيدۇ. كالا گۆشى، قوي گۆشى، چوشقا گۆشى يەيدۇ. قورۇمىلىرى ھەرخىل رۇسچە قورۇمىلاردىن ئىبارەت. كۆكتات شورپىسى ئىچىشكە ئامراق. سۇبو شورپىسى، توخۇم پوشكىلىنى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. رۇسلار ئەدەپ - قائىدىگە ئېتىبار بېرىدۇ، ئائىلە زىياپىتىنى كۆپ ئۇيۇشتۇرىدۇ، ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر. ئاكاردىيون، دوخورۇتكا، كىچىك گىتار قاتارلىق سازلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. تىنتا ئۇسسۇلىمۇ مەشھۇر، ياغلىق ئۇسسۇلى رۇس ئاياللىرى ياخشى كۆرىدىغان بىرخىل كوللېكتىپ ئۇسسۇل.

(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 28 - بېتىگە قارالسۇن)

**داغۇر مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. «داغۇر» دېگەن سۆز مىللەتنىڭ نامى، بۇ نام خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە ھەرخىل ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلغان. شىنجاڭدىكى داغۇرلار سولۇن قەبىلىسىدىن كەلگەن بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سولۇن مىللىتى دەپ ئاتالغان. 1953 - يىلى ئەسلىدىكى داغۇر دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن. 2000 - يىلدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا شىنجاڭدىكى داغۇرلارنىڭ نوپۇسى 6400 نەپەر، ئۇلار ئاساسلىقى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چۆچەك ۋىلايىتىگە تارقالغان. چۆچەك شەھىرىگە تەۋە ئاشىل داغۇر مىللىي يېزىسى بار. داغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىل ئائىلىسىگە كىرىدۇ. داغۇر تىلىنىڭ بۇتىخا، چىچىخار ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ خىل دىئالېكتى بار. كۆپ سانلىق داغۇرلار خەنزۇ تىلى، قازاق تىلى، موڭغۇل تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېزىقى يوق. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مانجۇ يېزىقىنى قوللانغان، ھازىر خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىدۇ. داغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىلگىرى شامان دىنىغا، ئاز بىر قىسمى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلار مېيىتنى يەرگە دەپنە قىلىدۇ.

داغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: ئۇنىڭ بىرى، يەرلىك خەلق دېيىدىغان؛ يەنە بىرى، قىتانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دېيىدىغان قاراش. يەرلىك خەلق دېگۈچىلەر داغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادى ئەسلىي لياۋخې دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا بولۇپ، كېيىنرەك خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىم رايونلىرىغا كۆچكەن؛ 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چار رۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن جەنۇبتىكى نېنجياڭ دەرياسىنىڭ بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن دەپ قارايدۇ. قىتانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دېگۈچىلەر جىن سۇلالىسى لياۋ سۇلالىسىنى يوقاتقاندا قىتانلارنىڭ بىر تارمىقى خېيلۇڭجياڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا كۆچۈپ بېرىپ، ھازىرقى داغۇر مىللىتىگە تەرەققىي قىلغان دەيدۇ. «قارا موكۇن» دېيىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمى بار. «قارا» بىر ئەجدادنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇ بىر فامىلىلىك ھېسابلىنىدۇ. 5 - ئەۋلادقا بارغاندا «موكۇن» (ئۇرۇق) شەكىللىنىدۇ. شىنجاڭدىكى داغۇر مىللىتى توققۇز قارا ۋە 39

ئۇرۇقۇقا بۆلۈنىدۇ. 17 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، داغۇر مىللىتى غەربكە يۈرۈش قىلغان چوڭ قوشۇن بىلەن بىللە خېيلۇڭجياڭنىڭ بۇتىخا رايونىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، غەربىي موڭغۇل جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇلار سولۇن باتالىيونى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىپ چېگرانى قوغداش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 28 ـ يىلى (1763 ـ يىلى) مەنچىڭ ئوردىسى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە شەرقىي شىمالدىن 1000 نەپەر داغۇر ئوفىتسېر، ئەسكەرنى ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن قوشۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ئۇلار ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قورغاس رايونىغا ئورۇنلىشىپ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە بىر ياقتىن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر ياقتىن چېگرانى باققان. 1868 ـ يىلى قورغاستىن كۆچۈرۈلگەن داغۇرلار چۆچەك رايونىغا ئورۇنلاشقان. داغۇرلار مېيىتنى يەرگە دەپنە قىلىدۇ.

داغۇرلار ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكى بىلەن، قوشۇمچە چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يېمەك ـ ئىچمىكىدە قاقلاپ پىشۇرۇلغان موما، نان ۋە سۈيۇقئاش قاتارلىق ئۇن تاماقلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. گۆش، سۈت قاتارلىقلار ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكى، قوي گۆشى شورپىسى ئەڭ ئالىي يېمەكلىكى ھېسابلىنىدۇ. داغۇرلارنىڭ چېلىشىش، كۈچ سىنىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بار. ئاشۇل داغۇر يېزىسى «چېلىشچىلار يۇرتى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ بايرىمى باھار بايرىمىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، داغۇرلار «غەربكە كۆچۈش كۈنى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ ئەجدادلىرىنىڭ خېيلۇڭجياڭدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەشنى تەشەببۇس قىلماقتا.

(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 28 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**تاتار مىللىتى** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى؛ ئۇلار ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭغا، ئاز بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقالغان. 2000 ـ يىللىق ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى تاتارلارنىڭ نوپۇسى 4600 نەپەر. تاتار تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ غەربىي ھون تىل تارمىقى قىپچاق تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقنى قوللىنىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

«تاتار» دېگەن ئىسىم ئەڭ دەسلەپ ئورخۇن ـ يېنسەي تاش ئابىدىلىرىدە كۆرۈلگەن. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىمالدىكى تۈرك خاندانلىقىنىڭ تاتار قىسمىغا تەۋە بولغان. خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «دادەن» دەپ ئاتالغان. كېيىن تۈرك خاندانلىقى ئاستا ـ ئاستا زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، تاتارلار تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان. 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار ۋولگا دەرياسى بويىدا قىپچاق خانلىقىنى قۇرغان. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىپچاق خانلىقى يىمىرىلىپ، تاتارلار ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا قازان خانلىقىنى قۇرغان. كېيىن بۇ خانلىق رۇسلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. قازان خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ يەردىكى تاتارلار، تۈركلەشكەن موڭغۇللار قىپچاق ۋە بۇلغارلار بىلەن بىر يەردە ياشاپ، ئۆزئارا قوشۇلۇپ تاتار مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭدىكى تاتارلار 19 ـ ئەسىردە قازان، زەيسان قاتارلىق جايلاردىن شىنجاڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان. تاتار مىللىتى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ تىل ھەم يېزىقى ئاستا ـ ئاستا تاتارلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تىل ـ يېزىقىغا ئايلانغان. تاتارلار تارىختا ئاساسلىقى سودا ـ سېتىق بىلەن، قوشۇمچە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تاتار ئاھالىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى توپا قورۇلمىلىق تۈز ئۆگزىلىك ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. ئەرلىرى تېگى ئاق كانۋاي كۆڭلەك، قارا رەڭلىك قىسقا جىلىتكە كىيىشكە ئامراق. ئاياللىرى بېشىغا گۈللۈك دوپپا، ئۈچىسىغا ئاق سېرىق ياكى بىنەپشە رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئىچىدە كېچىك توقاچلىرى داڭلىق. ھەر يىلى ئەتىيازدا داغدۇغىلىق «سابان بايرىمى» ئۆتكۈزىدۇ.

(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 29 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى** بۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى، شۇنداقلا مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى. شىنجاڭ — كۆپ مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان جاي. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى ھەم توپلىشىپ، ھەم ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش، ھەم ئارىلاش گىرەلەشمە ئولتۇراقلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى يولىغا قو-

يۈش پروگراممىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1954 - يىلى ئىلگىرى - ئاخىر قارا شەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق ئالتە ئاپتونوم ناھىيە ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق بەش ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلدى. مۇشۇ ئاساستا 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش، تارقاق ئولتۇراقلىشىشى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتىن ئىبارەت باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا شىنجاڭدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا رايون دەرىجىلىك يەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي ۋە توققۇز يېزا دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلدى. بۇلار كېيىن مىللىي يېزىلارغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىللىي يېزىلىق تۈزۈمنىڭ ئورنىنى خەلق گۇڭشېسى ئىگىلىدى. 1982 - يىلدىن كېيىن مىللىي يېزىلىق تۈزۈم يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان مىللىي يېزىلارنىڭ سانى 42 گە يېتىپ، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىرى شۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ». شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ھازىر ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى تامامەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى خەلق سوتى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرى ئىچىدە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ خادىملىرى بولۇشى كېرەك». شىنجاڭدا يولغا قويۇلغان كۆپ مىللەت، كۆپ قاتلاملىق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھازىر ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ خەلق سوتى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدىكى رەھبەرلەر ۋە خىزمەتچى خادىملار ئىچىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ خادىملىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىنىمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ. ھەردەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ھەردەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى پەرقلىق نامزات ئارقىلىق سايلاشتا، ئاز سانلىق مىللەت نامزاتلىرى سايلامدا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن سايلاپ تولدۇرۇش لازىملىقى بېكىتىلگەن. بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۈچلۈك كاپالەتلىك رول ئوينايدۇ.

ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئاپتونومىيە ھوقۇقى قانۇن تۈرغۈزۈش، مەمۇرىيەت، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مالىيە، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، مائارىپ، تىل - يېزىق، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە

قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، قانۇن تۈرغۇزۇش جەھەتتە ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى يەرلىك مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى تۈزۈشكە ھوقۇقلۇق. لېكىن، تۈزۈلگەن نىزاملار يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، مەمۇرىيەت جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى جانلىق ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختاتسا بولىدۇ.

**مىللەتلەر باراۋەرلىكى سىياسىتى** بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى پرىنسىپال مەيدانى ۋە تۈپ سىياسىتى. ھەرقايسى مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشىدىن، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن، ئۆرپ - ئادىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە قانۇن بويىچە ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەم ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

① دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەر قاتنىشىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈشى ئۈچۈن، قانۇن ۋە سىياسەتتە مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: ھەر بىر مىللەت دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ۋە ھەردەرىجىلىك يەرلىكنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەر قاتنىشىدۇ؛ ھەرقايسى مىللەت پۇقرالىرى مىللىتىگە، ئىرقىغا، دىنىي ئېتىقادىغا قارىماي سايلاش - سايلىنىش ھوقۇقىدىن ئوخشاش بەھرىمەن بولىدۇ. ئالايلۇق، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايوندىن 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋەكىللەر 56 نەپەر بولۇپ، ئۇلار 11 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 36 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىل سانىنىڭ 64.29% نى تەشكىل قىلغان. بىرنەچچە مىڭ نوپۇسلۇق رۇس ۋە تاتار مىللەتلىرىدىنمۇ ۋەكىل قاتناشتۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەكىل سانى 550 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 363 نەپەر. بۇ ئومۇمىي ۋەكىل سانىنىڭ 66% نى ئىگىلىگەن. شىنجاڭدىكى بۇرۇندىن بار 13 مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەكىلى بولغاندىن سىرت، تارقاق ئولتۇراقلاشقان، نوپۇسى بىرقەدەر ئاز بولغان دۇڭشياڭ مىللىتىدىنمۇ ۋەكىل قاتناشتۇرۇلغان.

② ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ھەرقايسى مىللەتلەر باپباراۋەر بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇن - پەرمانلىرىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك ئىززىتى دەخلىسىزدۇر؛ ئۇلاردا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولىدۇ؛ بىلىم ئېلىش ھوقۇقى بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ؛ سۆز، مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نامايىش قىلىش، كۆچ كۆرسىتىش ئەركىنلىكى بولىدۇ؛ ئىلىم - پەن تەتقىقاتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە باشقا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى بولىدۇ؛ ئەمگەكتىن دەم ئېلىشقا چىققاندا ۋە ئەمگەك كۈچىدىن مەھرۇم بولغاندا، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشىش ھوقۇقى بولىدۇ؛ دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە خىزمەتچى خادىملارغا تەنقىد بېرىش ۋە تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ؛ ھەرقايسى مىللەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاش ئەركىنلىكى بولىدۇ؛ يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا ناھايىتى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

③ ھەرقانداق شەكىلدىكى مىللىي كەمسىتىش ۋە ئېزىشكە قارشى تۇرۇلىدۇ.

④ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نامى باپباراۋەر بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا مىللەتنى تونۇش ۋە «ئىسىم ئىگىسىگە بويسۇنۇش» پرىنسىپى بويىچە شىنجاڭدىكى بۇرۇندىن بار 13 مىللەتنىڭ ئۆز نامى بېكىتىلگەن.

**ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سىياسىتى** بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم بىر سىياسىتى، شۇنداقلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: دۆلەت مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ يەرلىك مىللەتلەر ئىچىدىن ھەردەرىجىلىك كادىرلارنى، ھەرخىل كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىمۇ بۇ ھەقتە مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر بار. بۇنىڭدا يەنە مىللىي ئاپتونوم جايلاردىكى ئاپتونوم ئورگانلار ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىپ ھەرخىل كەسپىي خادىملارنى ئاپتونوم جايلاردىكى ھەرخىل قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى ھەم ئۇلارغا ئېتىبار بېرىشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كەمچىل ئىدى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىرىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭ ھەرخىل شەكىل، ھەرخىل يوللار بىلەن زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەرخىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى 329 مىڭ 700 نەپەرگە يەتكەن. بۇ ئومۇمىي كادىرلار سانىنىڭ 49.65% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە خادىملار سانى 139 مىڭ 600 نەپەر بولۇپ، بۇ ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 42.33% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ 35 ياشتىن تۆۋەن كادىرلارنىڭ سانى 196 مىڭ 500 نەپەر بولۇپ، بۇ ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 59.58% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ كەسپىي تېخنىك كادىرلارنىڭ سانى 258 مىڭ 200 نەپەر بولۇپ، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي تېخنىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 50.67% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايوندىكى ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 36 نەپەر بولۇپ، بۇ شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 57.14% نى تەشكىل قىلىدۇ؛ ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 430 نەچچە بولۇپ، بۇ شۇ دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 33.58% نى ئىگىلەيدۇ. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەرخىل كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئەۋەتتى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىك خادىملار ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، بىر نىيەتتە ماسلىشىپ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قوشماقتا.

**دېموكراتىك ئىسلاھات سىياسىتى** شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يەنى دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90% نى تەشكىل قىلىدىغان كەڭ يېزا - كەنت ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېھقان، چارۋىچىلار ھەم ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەرلىرى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. يەر ئىسلاھاتىنى مەركەز قىلغان دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مەركىزىي ۋەزىپە ئىدى.

«ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇختا ئىلگىرىلەش» يولىنىشىگە ئاساسەن، شىنجاڭدا دېموكراتىك ئىسلاھاتنى يولغا قويۇش داۋامىدا باشتىن - ئاخىر شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇشقا دىققەت قىلىندى، فېئوداللىققا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. مىللىي، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ خىزمىتى ئالاھىدە ياخشى ئىشلەندى. شىنجاڭنىڭ يېزا - كەنت، چارۋىچىلىق رايونلىرى، سودا - سانائەت ساھەسى، دىنىي ساھە قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى سىياسەتلەر قاتتىق ئىجرا قىلىندى: چارۋىچىلىق قوغدالدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. جۈملىدىن پومېشچىكلارنىڭ، سودا - سانائەتچىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى چارۋىچىلىقمۇ بىردەك قوغدىلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا بىردەك ئىلھام بېرىلدى؛ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياكى يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىدى؛ كۆرەش قىلىش، مال - مۈلۈكنى بۆلۈپ بېرىش، سىنىپلارغا ئايرىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلماي، چارۋا ئىگىسىنىڭمۇ، چارۋا باققۇچىنىڭمۇ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىلدى؛ نورمال سودا - سانائەتچىلەر ئىگىلىكى قوغدالدى ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىلدى، دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن خۇسۇسىي ئىگىلىككە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتال ئىگىلىرى مەنپەئەتدار بولۇش ۋە ئىچكى سودىدا ئەركىن بولۇش يولغا قويۇلدى؛ مەسچىتلەرنىڭ، بۇتخانىلارنىڭ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ، مازارلارنىڭ (ئاممۇۋى

قەبرىستانلىقىنىڭ) يەرلىرى، ئۆيلىرى، مال - مۈلكى قاتارلىقلار مۇسادىرە قىلىنمىدى، سېتىۋېلىنمىدى. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىندى؛ ئادەتتىكى كەسىپىي دىنىي زاتلارمۇ دېھقانلارغا ئوخشاش كۆرەش مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولدى؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان دېموكراتىك زاتلار ۋە ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلاشقان دېموكراتىك زاتلار ھەمدە ھەر مىللەت ۋە ھەرقايسى دىندىكى يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنىڭ ئائىلە تەركىبى پومېشچىك ئايرىلغان، ئۆتمۈشتە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قانۇنغا رىئايە قىلىپ، جىنايىتىنى تونۇشنى خالىسا، ھۆكۈمەت ئاممىنى ئۇلارغا قارشى كۆرەش قىلماسلىققا قايىل قىلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ تەقسىم قىلغاندا ئۇلارغا تېگىشلىك ئېتىبار بەردى. يۇقىرىقى سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى تەبىقە خەلقلىرىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

**ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى سىياسىتى** جۇڭگونىڭ قانۇنلىرىدا: ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى ھۆرمەت قىلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەر باپباراۋەر ھالدا ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ». 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئۇ تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: ① ئاپتونوم رايوندىكى ئىدارىلەر خىزمەت بېجىرگەندە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىل - يېزىقنى تەڭ قوللاندى، ئېھتىياجغا ئاساسەن باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنىمۇ قوللاندى. ئاپتونوم رايون ئاچقان خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە بەش خىل تىل - يېزىق قوللىنىلدى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى خىزمەت بېجىرگەندە ئۆزىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقىنى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ قورالى قىلدى، شۇنداقلا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىل - يېزىقنىمۇ قوللاندى، ھەتتا زۆرۈر بولغاندا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنىمۇ قوللاندى. ② ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو - تېلېۋىزىيە ۋە كىنو ساھەسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى جارى قىلدۇرۇلدى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1999 - يىلى شىنجاڭدا ئاشكارا نەشر قىلىنغان گېزىت 83 خىلغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق يېزىق تۈرىدە چىقىرىلغان گېزىت 54 خىل بولۇپ، ئومۇمىي گېزىت تۈرىنىڭ %65.06 نى تەشكىل قىلغان. 168 خىل قەرەللىك ژۇرنالنىڭ %50 تىن ئارتۇقراقى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا نەشر قىلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق ئالتە مىللەتنىڭ يېزىقىدا ھەرخىل كىتاب ۋە دەرسلىك نەشر قىلماقتا. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ھەرقايسى يەرلىك ئىستانسىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدا رادىئو پروگراممىلىرىنى تارقاتماقتا. ③ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش سىستېمىلاشتى. ④ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقى ئارقىلىق ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلىش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. ⑤ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلاردا مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى بېيىدى ۋە راۋاجلاندى. ⑥ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقى قانۇنلاشقان باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىندى. 1993 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللاپ ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

**ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى** ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باباراۋەر ھالدا بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش مىللەتلەر باراۋەرلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئومۇمەن ئالتە ياشقا توشقان بالىلار جىنسىنىڭ، مىللىتىنىڭ، ئىرقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەكتەپكە كىرىپ بەلگىلەنگەن مۇددەتتىكى مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئېلىشى لازىم» . نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئالايلۇق، 1949 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت بىرلا ئالىي مەكتەپ بار بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 185 نەپەر ئىدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر 11 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 1266 نەپەر ئىدى؛ ئوتتۇرا مەكتەپ توققۇز بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 1819 نەپەر ئىدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1335 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 182 مىڭ 427 نەپەر ئىدى. كونا جۇڭگودا ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئاران %19.8 ئىدى. ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلىقلارنىڭ نىسبىتى پۈتۈن نوپۇسنىڭ %90 ىدىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلاتتى. 50 يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئىشلىرى چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. 2000 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سانى 20 گە، ئاز سانلىق مىللەت تولۇق، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 23200 گە يەتتى؛ چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ سانى 23 كە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 31900 نەپەرگە يەتتى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ سانى 203كە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 97564 نەپەرگە يەتتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ سانى 112 گە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 62572 نەپەرگە يەتتى، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 98 گە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 9466 نەپەرگە يەتتى؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ سانى 96 گە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 15105 نەپەرگە يەتتى؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 484 كە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 91800 نەپەرگە يەتتى؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 1227 گە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 632 مىڭ 700 نەپەرگە يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى 6718 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1 مىليون 714 مىڭ 400 نەپەرگە يەتتى؛ يەسلى مائارىپ مەكتەپلىرىنىڭ سانى يەتتە بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 287 نەپەرگە يەتتى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دۆلەت يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە 50 تىن ئارتۇق شىنجاڭلىق مىللىي ئوقۇغۇچىلار سىنىپى ئاچتى. 1990 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بۇ سىنىپلاردا 7000 نەپەردىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلىنىپ چىقتى. 1999 - يىلى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىقى بىرلىكتە 2000 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى شىنجاڭدىن 900 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن 100 نەپەرنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ ئوقىتىلىق تەربىيىلەشنى قارار قىلدى. 1999 - يىل 9 - ئايدىكى دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەكشۈرۈپ، باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى ياش، ئوتتۇرا ياشلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى %1.24 كە چۈشكەن. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ساۋاتىنى چىقارغانلارنىڭ قايتىدىن ساۋاتسىزلارغا ئايلىنىپ قېلىش نىسبىتى %5 ئۆپچۆرىسىدە كونترول قىلىنماقتا.

**ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش سىياسىتى** ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم بىر سىياسىتى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا: «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدەك ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، ئاپتونوم رايون ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تۆۋەندىكىدەك كونكرېت تەدبىرلەرنى يولغا قويدى: ① كادىرلار ۋە ئاممىغا قارىتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش تەربىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ ھەربىي قىسىملاردىكى ئوفىتسېر، ئەسكەر، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بولغان تەربىيىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىپ، كىشىلەرنىڭ مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقى، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ مىزانلىرىغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. ② مۇسۇلمان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئاممىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. ئاپتونوم رايون ھەرقايسى جايلاردىكى قاتناش تۈگۈنلىرى، پويىز ئىستانسىسى، ئايرودروم ۋە ئىدارە، ئورگان، مەكتەپ، كارخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى قۇرۇشنى ياكى مۇسۇلمانچە تاماق تەييارلاشنى تەلەپ قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى جايلار مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى قانۇن ـ تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ③ ئاپتونوم رايون مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى ئۆز ئادەتلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى، مېيىتنى كۆيدۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىنمايدىغانلىقىنى، مېيىتنى بەلگىلەنگەن زاراتگاھلىقتا قويۇش لازىملىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى. ④ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش يولغا قويۇلغان دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن بەھرىمەن بولغاندىن سىرت، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى چوڭ بايراملىرى يېتىپ كەلگەندە يەنە ھېيتلىق دەم ئېلىشتىن بەھرىمەن قىلىندى.

**مىللىي سودا ۋە مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش سىياسىتى** مىللىي سودا تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە تاۋار ئوبوروتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئالاھىدە بىرخىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي جەھەتتىكى سودا خاراكتېرىدىن باشقا، يەنە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش دېگىنىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشىغا كېرەكلىك ئالاھىدە بۇيۇملارغا بولغان ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ۋە ئۇنى قامداش ئۈچۈن مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان سانائەت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىشىدۇر. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايون يولغا قويۇۋاتقىنى «9 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش تەرتىپى مۇنداق: مىللىي سودا جەھەتتە ئەڭ ئاۋۋال مىللىي سودا بولىدىغان ناھىيىلەرنى بېكىتىش (پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 53 ناھىيە بار) ۋە ئاپتونوم رايون، ئوبلاست دەرىجىلىك مىللىي سودا شىركەتلىرىنى قۇرۇش (پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا سەككىز شىركەت بار). مىللىي تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ئاۋۋال ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملارنىڭ تىزىملىكىنى بېكىتىش (جەمئىي 200 خىلدىن ئارتۇق). يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن مىللىي تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارنى بېكىتىش (پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 277 كارخانا بار). ئېتىبار بېرىش دائىرىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئاندىن كونكرېت سىياسەتلەرنى بەلگىلەش.

«9 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە مىللىي سودا بىلەن مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① مەخسۇس تۈرگە مەبلەغ سېلىش. بۇ ئاساسلىقى مىللىي سودىنىڭ ئاساسىي قاتلام تورىنى قۇرۇش ۋە مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ② ئۆسۈمدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى. جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى بىلەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى مىللىي سودا ۋە مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا بەرگەن قەرزنىڭ ئۆسۈمى باشقا نورمال يىللىق قەرز ئۆسۈم نىسبىتىدىن 2.88 پونكىت تۆۋەن بولىدۇ، ئۆسۈمدىكى پەرقنىڭ ئورنىنى جۇڭگو خەلق بانكىسى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. ③ باج ئېلىشتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى. مىللىي سودىنى يولغا قويغان ناھىيىلەردىكى ناھىيە دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مىللىي سودا كارخانىلىرى بىلەن تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرى كارخانىلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروتىدىن ئېلىنىدىغان قوشۇلما قىممەت بېجى ئاۋۋال ئېلىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭ 50% ى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. مىللىي سودا كارخانىلىرى بىلەن مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلاردىن تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

باج سىياسىتى 1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باج ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھۆكۈمەت ھەر مىللەت باج كادىرلىرىنى يېتەكلەپ دۆلەتنىڭ باج ئىشلىرىغا ئائىت سىياسەت، قانۇن - نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، باجنىڭ كىرىمنى تەشكىللەش ۋە ماكرولۇق تەڭشەپ - باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، قانۇن بويىچە باج يىغىشتا چىڭ تۇرۇپ، باج باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، باج ئىشلىرى كادىرلىرى قوشۇنى ۋە پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. باج كىرىمى 1950 - يىلدىكى 9 مىليون يۈەندىن 1999 - يىلدىكى 12 مىليارد 500 مىليونغا يېتىپ، 13888 ھەسسە ئاشتى. باج كادىرلىرى قوشۇنى 1630 ئادەمدىن تەرەققىي قىلىپ، 15600 گە يەتتى، ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا زور تۆھپە قوشتى.

شىنجاڭ باج ئىشلىرىنىڭ 50 يىللىق مۇساپىسى ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈردى. 50 يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا بىرنەچچە قېتىملىق زور باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 1950 - يىلى 1 - ئايدا مەركىزىي ھۆكۈمەت «مەملىكەت بويىچە باج سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم قائىدىلىرى» نى ئېلان قىلىپ، باج سىياسىتىنى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى باج تۈزۈمىنى ئورناتتى. 1958 - يىلى «ئاساسەن بۇرۇنقى باج سېلىقى ئاساسىدا باج تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. 1973 - يىلى باج تۈزۈمى ئاددىيلاشتۇرۇلدى ۋە قوشۇۋېتىلدى. 1978 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا چەتكە چېتىلىدىغان باج تۈزۈمى ئورنىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا قارىتا ئىككى باسقۇچلۇق پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش ۋە سودا - سانائەت باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭ باج ئىشلىرى تارماقلىرى بىر تۇتاش باج قانۇنى ئاساسىدا مۇناسىپ باج يىغىش سىياسىتىنى تۈزۈپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى قوللىدى.

1994 - يىلدىن ئىلگىرى، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قاراتقان باج جەھەتتىكى يۆلەش سىياسىتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى: ئاز سانلىق مىللەت يېزا - كەنت ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلارغا ئىلھام بېرىش سىياسىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سىياسىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش سىياسىتى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بېجىنى جانلاندۇرۇش سىياسىتى، يېزا - بازار كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىتى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرىدا يولغا قويۇلغان «تۆتنى ئېچىۋېتىش»، «بەشكە ئۆزى خوجا بولۇش» تىن ئىبارەت تىجارەت سىناق نۇقتىسىنى قوللاش سىياسىتى، چېگرا رايوندىكى شەھەرلەرنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىدىغان باج سىياسىتى قاتارلىقلار. 1979 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باج تارماقلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئۈچۈن 74 مىليارد 500 مىليون يۈەنلىك باج يىغىپ تاپشۇرغان، بۇ سان مەملىكەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يىغىلغان باج پۇلىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 13.5 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. 1994 - يىلى يېڭى باج تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، باج ئىشلىرى ئورگانلىرى دۆلەت بېجى ۋە يەرلىك باجدىن ئىبارەت ئىككى تارماققا بۆلۈندى. دۆلەت بېجى تارماقلىرى ئاساسلىقى قوشۇلما قىممەت بېجى، ئىستېمال بېجى، مەركەز كارخانىلىرى ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى قاتارلىق باج تۈرلىرىگە مەسئۇل؛ يەرلىك باج ئورۇنلىرى ئاساسلىقى تىجارەت بېجى، شەخسلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى، يەرلىك كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى قاتارلىق 15 خىل باجنى يىغىشقا مەسئۇل. باج تۈزۈمىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك باج تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ يىغقان باج كىرىمى بىۋاسىتە ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيىسىگە ئىشلىتىلگەندىن سىرت، 1999 - يىلى دۆلەت باج ئورگانلىرى مەسئۇل بولۇپ يىغقان «ئىككى باج» كىرىمى مەركەزنىڭ مالىيىسى ئارقىلىق يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە تارماقلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. قايتۇرۇپ بېرىلگەن بۇ نىسبەت «ئىككى باج» ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 68.55% نى تەشكىل قىلىدۇ.

## شىنجاڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى

نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى 1986 ـ يىلى باشلانغان. 1995 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە بېكىتىلگەن كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، شىنجاڭدىكى نامراتلارنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 430 مىڭ نەپەر ئىدى. ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نامرات ناھىيىلەرنىڭ سانى 30 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 25 ى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق يۆلەيدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا، بەشى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق يۆلەيدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. پۈتۈن شىنجاڭدا 141 نامرات يېزا بار ئىدى. نامرات ئەمەس ناھىيىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ يەنە 19 نامرات يېزا بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئائىلە سانى 353 مىڭ 700، نوپۇسى 1 مىليون 630 مىڭ ئىدى. 1992 ـ يىلى 1 مىليون 510 مىڭدىن ئارتۇق كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 1994 ـ يىلى مەملىكەتنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، شىنجاڭدىكى نامراتلارنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 70 مىڭ نەپەر.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەشكە دائىر ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. مەركەز مەملىكەت بويىچە «7 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە نامراتلارنى يۆلەشتە چىڭ تۇرۇش پىلانى» نى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايونمۇ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مىليونلىغان كىشىلەرنى كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق قىلىش پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گۇۋۇيۈەن شىنجاڭدىكى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنى مەملىكەت بويىچە يۆلەيدىغان نۇقتىلىق رايونلار قاتارىغا كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايون «7 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستقا سۇ، توك، يول قاتارلىق ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 100 مىليون يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ بەردى. 10 مىليون يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ئايلانما مەبلىغى تەسىس قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ بېجى، ئاشلىق ۋە پاختا سېتىۋېلىش توختام كۆرسەتكۈچى، كان ئېچىش، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەبلىغى، مالىيە ھۆددىگەرلىك نىسبىتى قاتارلىقلاردا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى قوللاندى. ئاپتونوم رايون يەنە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستقا نىشانلىق ياردەم بېرىشىنى قارار قىلدى.

شىنجاڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى 10 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 1 مىليون 430 مىڭ كىشىدىن 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 300 مىڭغا كېمەيدى.

**ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇس سىياسىتى** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش — جۇڭگونىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك نېگىزلىك دۆلەت سىياسىتى. شىنجاڭنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش خىزمىتى 1975 ـ يىلى باشلانغان ھەمدە ئالدى بىلەن شەھەرلەردىكى خەنزۇ ئاھالىلىرى ئىچىدە يولغا قويۇلغانىدى. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ خەنزۇ ئاھالىلىرى ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

1982 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 1964 ـ يىلدىكى 4 مىليون 990 مىڭدىن كۆپىيىپ 7 مىليون 790 مىڭغا يېتىپ، 56% ئاشتى. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى ۋە تەشەببۇسى باشلاندى. 1988 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇ بەلگىلىمە 1989 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايوندا يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بەلگىلىمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ئادەتتە بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىككىلا پەرزەنتلىك بولۇشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. شەھەرلەردە بەلگىلىمىدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن تەستىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ. يېزا ـ كەنت، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئومۇمەن ئۈچ پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ؛ بەلگىلىمىدىكى شەرتكە ئۇيغۇن بولسا، تەستىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن تۆت پەرزەنتلىك بولسا بولىدۇ.

**ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھ سىياسىتى** 1980 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، «شىنجاڭدا ،جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇر-

يىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» نى يولغا قويۇشتىكى بەلگىلە-
مە» نى ماقۇللىدى. بۇ بەلگىلىمە جەمئىي 12 ماددا
بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى مۇنۇلاردىن ئىبا-
رەت: نىكاھلىنىش يېشى ئەرلەرنىڭ 20 دىن، قىزلار-
نىڭ 18 دىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم؛ ئۈچ ئەۋلاد
دائىرىسىگە كىرىدىغان ۋاستىلىك قانداش تۇغقانلارنىڭ
توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ تول ئاياللارنىڭ
توي قىلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ
ئۇنىڭغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ تويدا سودىلە-
شىش ۋە توي ئارقىلىق مال - مۈلۈك ئۇندۇرۇۋېلىش
چەكلىنىدۇ؛ نىكاھلىنىشتا ۋە نىكاھتىن ئايرىلىشتا چو-
قۇم قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتۈلىدۇ؛ نىكاھتىكى بىر تە-
رەپنىڭ ئىبغىزچە ياكى يازمىچە ئۇسۇل ئارقىلىق قارشى
تەرەپكە نىكاھتىن ئايرىلغانلىقىنى ئۆز ئالدىغا ئۇقتۇرۇ-
شى مەنئى قىلىنىدۇ؛ دىنىنىڭ نىكاھلىنىش ئىشلىرىغا
ئارىلىشىۋېلىشى چەكلىنىدۇ؛ دىنىي مۇراسىملارنى نى-
كاھلىنىشنىڭ قانۇنىي رەسمىيەتلىرىنىڭ ئورنىغا دەس-
سىتىشكە يول قويۇلمايدۇ؛ نىكاھلىنىش يېشىغا يەتمە-
گەن ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئاۋۋال قولاق چىشلىشىپ
قويۇلۇشى چەكلىنىدۇ. بۇ قوشۇمچە بەلگىلىمە
1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى بىلەن
بىرلىكتە ئىجرا قىلىنىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت-
لەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ
ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ۋە دىن ئىشلىرىنى باشقۇ-
رىدىغان فۇنكسىيىلىك تارمىقى. 1950 - يىل 1 - ئايدا
قۇرۇلغان. 1950 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇرو-
سىدا مىللەتلەر خىزمىتى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ مىللىي
ئىشلار كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئۆتە-
گەن. 1951 - يىل 6 - ئايدا مىللەتلەر خىزمىتى
بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىرلىكسەپ خىزمىتى
بۆلۈمى قۇرۇلدى ۋە بۇنىڭ ئىچىدە مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 1955 -
يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە
مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى باشقارمىسى قۇرۇل-
دى. 1955 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق كومىتېتى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى
باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1978 - يىل 5 - ئايدا
ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
قۇرۇلۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى
خىزمىتىنى باشقۇردى. 1979 - يىل 3 - ئايدا مىللەت-
لەر، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،
ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قۇ-
رۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دىن ئىشلىرى باشقارمىسى تە-
سىس قىلىندى. 1980 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىش-
لىرى ئىدارىسى قۇرۇشنى ھەم ئۇنىڭ ئاپتونوم رايون-
لۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىر ئورۇندا
بىرلىكتە ئىش بېجىرىشىنى قارار قىلدى. 1984 -
يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى-
نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى-
دىن ئايرىم بولۇشىنى، ئۇنىڭ شتاتىنىڭ 21 ئادەم
بولۇشىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ مەخسۇس دىن ئىشلىرى
خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشىنى قارار قىلدى. 1995 -
يىلدىكى ئورگان ئىسلاھاتىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كو-
مىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارى-
سىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر،
دىن ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇشنى، ئۇنىڭ ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقى
بولۇپ، پۈتكۈل ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت-
لەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1950 -
يىلنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىل - يېزىق يېتەك-
چىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
سابىق رەئىسى بۇرھان شەھىدى بۇ كومىتېتنىڭ خىز-
مىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. شۇ يىلى 10 - ئايدا
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاز سان-
لىق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقاتى يېتەكچىلىك
كومىتېتى قۇرۇشنى رەسمىي قارار قىلدى. كومىتېتقا
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى
شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ باش كاتىپى، ئۆلكىلىك مەدەنى-
يەت، مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دېڭ لىچۈن مەس-
ئۇل بولدى. كومىتېتنىڭ ئىشخانىسى ئۆلكىلىك مەدە-
نىيەت، مائارىپ كومىتېتىدا تەسىس قىلىندى. ئۇ
خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكىدىكى فۇنكسىيىلىك ئو-
رۇن بولدى. 1956 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقات يېتەكچىلىك كومىتې-
تىنىڭ نامى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق

كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1959 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. لېكىن، يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى دېگەن نام ساقلىنىپ، مائارىپ نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. كەسپىي ئىشلارغىمۇ مائارىپ نازارىتى مەسئۇل بولدى. 1963 - يىل 10 - ئايدا يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى مائارىپ نازارىتىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا خىزمەت يۈرگۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1973 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى دېگەن نام رەسمىي بېكىتىلدى.

مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا يېتەكچى سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش بۆلۈمى، تىل - يېزىق ئىلمىي تەتقىقات بۆلۈمى، لۇغەت تۈزۈش بۆلۈمى، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى بۆلۈمى، خودۇم موڭغۇل يېزىقىنى يولغا قويۇش بۆلۈمى ۋە تەربىيىلەش مەركىزى ، مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىق 12 بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىقى تەرجىمانلىرى كەسپىي ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى، قىرغىز تىل - يېزىقى تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى: تىل - يېزىق تەزكىرىسى» تەھرىر بۆلۈمى ئىشخانىسى قاتارلىقلار مۇشۇ كومىتېتقا باغلانغان.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى** بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى ئاپپاراتى ئىشخانىسى بولۇپ، قىسقارتىلىپ «ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. 1983 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولغان. 1984 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاستىدا ئۇيغۇر - ئۆزبېك، قازاق - تاتار، موڭغۇل - داغۇر، قىرغىز، شىبە - مانجۇ ۋە خۇيزۇ گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت قەدىمكى ئەسەرلەر كەسپىي گۇرۇپپىسىدىن ئالتىسى تەسىس قىلىنغان.

1984 - يىل 10 - ئايدا، ئاپتونوم رايوندا تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ «7 - بەش يىللىق پىلانى» مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى بەش ئوبلاست، سەككىز ۋىلايەت ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى، غۇلجا شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، مۇناسىپ خادىملار سەپلىنىپ خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، «كىتابلارنى قۇتقۇلدۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى قۇتقۇلدۇرۇش ، ئىلىم - پەننى قۇتقۇلدۇرۇش» نى مەركەز، يىغىشنى ئاساس قىلىپ، يىغىش بىلەن رەتلەشنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ، پىلانلىق نەشر قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇپ ۋە ساقلاپ، مۇنەۋۋەر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر توپلانغان چاغاتايچە، پارسچە، ئەرەبچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، مانجۇچە، شىبەچە، ئۆزبېكچە، تاتارچە، زاڭزۇچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە قاتارلىق 12 خىل يېزىقتىكى قەدىمكى ئەسەر، ماتېرىياللار 5000 نۇسخىدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىممەتلىك قولىيازما نۇسخىسى، ياغاچ ئويما كىتابلار بار. يەنە خەلق سەنئەتكارلىرى ئوقۇغان ئاغزاكى ھۆججەتلەرمۇ بار. يەنە بىرنەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى كىتاب تۈرىدىكى ماتېرىيال، تاش پۈتۈك، خەت - ئالاقە تىپىدىكى ماتېرىياللار ھەم بىر قىسىم چەت ئەلدىن كۆپەيتىپ كېلىنگەن ھۆججەت - ماتېرىياللار بار. چەت ئەللەردە ساقلىنىپ قالغان ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىگە ئائىت بىر بۆلۈك ماتېرىياللارمۇ تەك-

شۇرۇلۇپ بايقالدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىمۇ 3500 نۇسخىدىن ئارتۇق ئەسەر يىغدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەت مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 105 پارچە قەدىمكى ئەسەر رەتلەپ نەشر قىلىندى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ 30 پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى ئەسەرنى نەشر قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۈچ خىل قولىيازمىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى، قازاقچە «شىپاگەرلىك تەزكىرىسى» ۋە «ماناس»، «جاڭغىر» ھەم شىبە مىللىتىنىڭ شامان دىنىغا ئائىت ئەسىرى «شامان ناخشىسى» قاتارلىقلار بار. 1991 - يىلى مانجۇچە قەدىمكى ئەسەرلەر يۈرۈشلۈك كىتابىنىڭ بىرى بولغان «ئالتە قىسىملىق ئىدد-ئوم» شىمالىي جۇڭگودىكى 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر كىتابلىرىنى باھالاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1998 - يىلى قازاقچە «شىپاگەرلىك تەزكىرىسى» مەملىكەت بويىچە مىللىي يېزىقتىكى مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە مۇكاپاتلاش پائالىيىتى** 1982 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە باشلامچى بولۇپ، تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 183 نەمۇنچى كوللېكتىپ ۋە 322 نەپەر نەمۇنچى شەخسنى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلىدى. يولداش چياۋشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە تەقدىرلەش يىغىنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرىدىغان «ناھايىتى ياخشى ئىجادىيەت» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگىلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنچى شەخس بولۇش پائالىيىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى گوۋۇيۈەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىلدى. 1999 - يىلى دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە شىنجاڭدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە جەمئىي 112 نەمۇنچى ئورۇن، 175 نەپەر نەمۇنچى شەخس گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە 111 نەمۇنچى ئورۇن، 114 نەپەر نەمۇنچى شەخس دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. 423 مۇنەۋۋەر ئورۇن، 793 نەپەر مۇنەۋۋەر شەخس ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئورۇن بەرپا قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇش پائالىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى 1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنچى ئورۇن بەرپا قىلىش، نەمۇنچى شەخس بولۇش پائالىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى بېسىپ تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ پائالىيەت تېخىمۇ ئۆلچەملەشتى ۋە تۈزۈملەشتى.


**مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە پائالىيىتى** 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە پائالىيىتىدە ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، مىللىي قانۇن - نىزام ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە نەمۇنچى شەخسلەر زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ پائالىيەت 1999 - يىلغىچە 17 قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. دېمەك، بۇ پائالىيەت بىر خىل تۈزۈم بولۇپ شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى.

**بۇرژۇئا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش** جۇڭگودا بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى ئاساسەن چوڭ مىللەتچىلىك ۋە يەرلىك مىللەتچىلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. چوڭ مىللەتچىلىك ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. بەزەن نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ، تەرەققىياتى بىرقەدەر ئىلغارراق بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىمۇ باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا چوڭ مىللەتچىلىك

خاھىشى ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. يەرلىك مىللەتچىلىك
بولسا ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.
بۇ ئىككى خىل مىللەتچىلىكنىڭ ھەر ئىككىلىسى تەبى-
ئىي ھالدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قارىتا پاسسىپ تە-
سىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: چوڭ مىللەتچىلىك ئىدى-
يىسى كۆپىنچە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا باراۋەر-
لىك پوزىتسىيىسىدە مۇئامىلە قىلماسلىق، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىز تارىخىي تەرەققىياتىدا ئوينىغان
رولىغا ئېتىبار بەرمەسلىك، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
تىل ـ يېزىقى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلما-
سلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار
بەرمەسلىك، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىغا
ئىشەنمەسلىك دېگەندەك خاھىشلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بولسا، ئۆز مىللىتى-
نىڭ مەنپەئىتىنى ئارتۇقچە تەكىتلەش، ۋەتىنىڭ بىر-
لىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دەخلى قىلىش، باشقا
مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا ئىشەنمەسلىك، ھەتتا
ئۇلارنى چەتكە قېقىش، كونسېرۋاتىپلىق قىلىش، بې-
كىنمە ھالەتتە تۇرۇۋېلىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ئۆزئارا ئۆگىنىشىنى ۋە يېقىنلىشىشىنى قارشى ئالما-
سلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككى
خىل شەكىلدىكى مىللەتچىلىكنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللە-
نىپ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز بولغانلىقتىن، ئۇ-
نىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە ئېكس-
پىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئاللىقاچان يوقىتىلدى. مىللىي
زىددىيەت ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت ھېسابلى-
نىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى خىل مىللەتچىلىك
ئومۇمەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ. يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا كادىرلار ۋە
ئاممىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ۋە جۇڭگو ھۆكۈ-
مىتىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇ-
رۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، كۆپ
قېتىم مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى
تەكشۈرۈلدى ھەمدە چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش-
قىمۇ دىققەت قىلىندى. 1957 ـ ۋە 1958 ـ يىللىرى
يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات
يايدۇرۇلدى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈ-
رۈش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كې-
يىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رىنى تاللاش، تەربىيىلەش ۋە ئىشلىتىشنى مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى قىلغاچقا، زور بىر
تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى يېتىشىپ چىق-
قىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا چىق-
تى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانى 1999 ـ يىلى 329 مىڭ
700 نەپەرگە يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىر-
لار ئومۇمىي سانىنىڭ %49.65 نى ئىگىلىدى. بۇ
سان 1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان چاغدىكى-
دىن 8.6 ھەسسە يۇقىرى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-
يىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» بىلەن «جۇڭخۇا خەلق جۇم-
ھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قا-
نۇنى» نىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شىن-
جاڭدىكى ھەردەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋە
ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا خېلى ساندا ئاز سانلىق مىللەت
رەھبىرىي كادىرلىرى سەپلەندى. ئاپتونوم رايون، ئاپ-
تونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ رەئىسلىكىنى،
ئوبلاست باشلىقلىقىنى، ھاكىملىقىنى ئاشۇ مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاساسلىق
مىللەتتىن چىققان كادىرلار ئۆز ئۈستىگە ئالدى.
ھەرقايسى جايلاردىكى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىي-
لىقى ۋە %83 تىن ئارتۇق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ
ھاكىملىقىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۈستىگە
ئالدى. ھازىر ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى
ئاز سانلىق مىللەتلەر رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ سانى
25000 غا يەتتى. ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت،
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاممىۋى تەشكىلات ۋە كارخانا،
كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىكى ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نىسبىتىمۇ خېلى بار.
زور تۈركۈمدىكى ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك
ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرلىرى ھەردەرىجىلىك
رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە قويۇلدى. 1998 ـ يىلى ئاز
سانلىق مىللەت ئايال كادىرلىرىنىڭ سانى 126000 غا
يېتىپ، شىنجاڭدىكى ئومۇمىي ئايال كادىر نىسبىتىنىڭ
%45 نى ئىگىلىدى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا
سىياسىي، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت،
مائارىپ، سەھىيە ـ داۋالاش قاتارلىق ھەر ساھەدىكى
ئىختىساسلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى
شەكىللىنىپ، تەشكىلىي جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ مەملىكەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە ئۆز مىللىتى-
نىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى كاپالەت-
لەندۈرۈلدى.

**ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى كەسپىي تېخنىك كادىرلارنىڭ سانى 1971 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدا ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرىنىڭ نىسبىتى ئاران 23.3% نى تەشكىل قىلاتتى. جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ھەرخىل يوللار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرىنى تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملار قوشۇنى تېز سۈرئەتتە زورايدى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاز سانلىق مىللەتلەر كەسپىي تېخنىك خادىملىرىنىڭ سانى 229 مىڭغا يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى كەسپىي تېخنىك خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ 51.8% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك ئۇنۋانى بار خادىملار پۈتۈن شىنجاڭدىكى شۇ دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك ئۇنۋانى بار خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ 31.7% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ نۇرغۇنلىرى كەسپىي تېخنىكا ساھەسىدىكى تايانچ كۈچ ۋە ئىلىم باشلامچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.



ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرى ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

**ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدا ھازىرقى زامان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئىشچىلىرىنىڭ سانى ئاران 17000 ئىدى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى، شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سانائەت ۋە 3 - كەسىپ تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى. ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان كەسپىي خادىملارنىڭ سانى ۋە نىسبىتىدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش بولدى. ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 80 - يىللاردىن كېيىن، ئىشچى قوبۇل قىلىش، تېخنىك مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى يولغا قويۇلدى. ئالايلۇق، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى ئەھۋالىغا قاراپ ئىشچى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇۋاپىق نىسبىتى بەلگىلەندى، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا يېڭىدىن ئادەم كۆپەيتىشتە يېزا - كەنت ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى، شۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلار قوشۇنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 846 مىڭغا يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 30% نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىدىكى كەسپىي قۇرۇلمىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

*شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى*

| يىل | 1950 | 1955 | 1985 | 1995 | 1998 |
|---|---|---|---|---|---|
| ئادەم سانى (بىرلىكى ئون مىڭ ئادەم) | 1.7 | 7.5 | 68.0 | 71.2 | 84.6 |

**شىنجاڭدىكى ھازىرقى تىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق 13 قەدىمىي مىللەت بار. شىنجاڭدىكى 13 مىللەت قوللىنىدىغان 11 خىل مىللىي تىلنى تىللارنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن تۈرگە بۆلگەندە، ئايرىم ھالدا خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ. ھەر بىر تىل سىستېمىسى ئىچىدە ئۇلارنى يەنە تىللارنىڭ يىراق - يېقىنلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئوخشاشمىغان تىل تۈركۈمى، تىل تارمىقى ۋە تىل گۇرۇپپىلىرىغا ئايرىشقا بولىدۇ. يېزىق تىپىدىن ئالغاندا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئەنئەنىۋى يېزىقنى قوللىنىدۇ، تاجىك

مىللىتى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. موڭغۇللار ئىلگىرى تودۇ موڭغۇل يېزىقىنى قوللىناتتى (بۇ يېزىق 1648 - يىلى ئۆيرات موڭغۇللىرى خۇدۇم يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان ھەم قوللانغان كونا يېزىق ئىدى). جۇڭگو تېررىتورىيىسىدىكى موڭغۇل تىل - يېزىقىنىڭ بىرلىكى ۋە قېلىپلىشىشىنى ھەمدە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە گۈللەپ - ياشنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوندا 1982 - يىلدىن ئېتىبارەن خۇدۇم يېزىقى يولغا قويۇلدى ھەمدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشقا باشلىدى (خۇدۇم يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېزىق). شىبە مىللىتى بولسا كونا مانجۇ يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن شىبە يېزىقىنى قوللىنىپ كەلمەكتە. ئۆزبېك، تاتار مىللەتلىرىنىڭ ئەسلىدە ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى مىللىي يېزىقى بار ئىدى، ئەمما ھازىر كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى قازاق يېزىقىنى قوللىنىدۇ. رۇس مىللىتى سلاۋيان يېزىقىنى قوللىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. داغۇر مىللىتىنىڭ بىر قىسمى خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا، قازاق يېزىقىنى ياكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ.

**ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى** ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تىللارنىڭ تۇغقانچىلىق كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە ئايرىلغان تىل سىستېمىسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ تۈركىي تىللار تۈركۈمى، موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمى ۋە تۇنگۇس - مانجۇ تىللىرى تۈركۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىل تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مورفولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئالغاندا، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە تىللارنىڭ ھەممىسى ئاگگلىيۇتىناتىۋ تىللار تىپىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇنۇلار: (1) ئۈچ تىل تۈركۈمىدىكى ھەرقايسى تىللار تىپ بويىچە يۈكسەك بىردەكلىككە ئىگە؛ (2) ئۈچ تىل تۈركۈمىدىكى ھەرقايسى تىللارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق گراماتىكىلىق تەركىبلەر بار؛ (3) ئۈچ تىل تۈركۈمىدىكى ھەر قايسى تىللارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ ئورتاق سۆزلەر بار. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ئۈچ تىل تۈركۈمىنىڭ ئىچىدە تۈركىي تىللار بىلەن موڭغۇل تىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن؛ تۇنگۇس - مانجۇ تىللىرى بىلەن موڭغۇل تىللىرىمۇ بىر قەدەر يېقىن تىل ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە ئالتاي تىللىرىغا تەۋە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، موڭغۇل، داغۇر، شىبە قاتارلىق سەككىز خىل تىل بار، بۇ تىللارنى ئىشلەتكۈچى ئاھالە پۈتكۈل ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 60% نى ئىگىلەيدۇ.

**تۈركىي تىللار تۈركۈمى** ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە تىل تۈركۈمىنىڭ بىرى. «تۈرك» سۆزى جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن VIII ئەسىرگىچە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى كەڭ كەتكەن رايوندا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، تىل جەھەتتە ئوخشاش بىر تىل تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى بولسا «تۈرك تىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى تۈرك تىلى مەزكۇر تىل تۈركۈمىگە ئائىت قەدىمكى مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىنىڭ تىلى ۋە كېيىنكى ھەر قايسى دەۋرلەردىكى تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ تىلى ھەمدە ھازىرقى زاماندىكى بىرقانچە ئون خىل جانلىق تىلنى ۋە ئۇلارنىڭ دىئالېكتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى تۈرك تىلى بولسا، قەدىمكى دەۋردىكى تۈركلەرنىڭ تىلىنى، يەنى تاش ئابىدىلەرنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق گۈللەنگەندىن كېيىن، جۇڭگو تىلشۇناسلىرى «تۈرك تىلى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي مەزگىللەردىكى، ئوخشىمىغان رايونلاردىكى مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى بار كۆپ خىل تۈركىي تىلنى، جۈملىدىن تاش ئابىدىلەر، قوليازمىلار قاتارلىق تارىخىي ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنى ھەم ھازىرقى زاماندىكى بىرقانچە ئون خىل مىللەتنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭ دىئالېكتىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى شەرھلەپ، بۇ ئاتالغۇنى ھازىرقى زامان تۈركىي تىلىنىڭ نامىدىن روشەن پەرقلەندۈردى. تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە مەنسۇپ تىللار جۇڭگودا ئاساسلىقى شىنجاڭ، گەنسۇ ۋە چىڭخەيلەرگە تارقالغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار تىللىرى مۇشۇ تىل تۈركۈمىگە تەۋە. تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىكى تىللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) فونېتىكا جەھەتتە، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ۋە ماسلىشىشى ھەمدە تاۋۇشلارنىڭ قىسقىرىشى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ؛ (2) گراماتىكا جەھەتتە، ئاگگلىيۇتىناتىۋلىق تىللارنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، سۆز ياساش ۋە سۆز تۈرلەشلىرى سۆز يىلتىزى ياكى سۆز تومۇرىنىڭ ئاخىرىغا مۇئەييەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ئارقا قوشۇمچىلار ئۇلىنىش ئارقىلىق ئىشقا

ئاشىدۇ؛ (3) لېكسىكا جەھەتتە، ھەرقايسى تىللار ئۆزئارا ناھايىتى يېقىن، ئاساسلىق سۆزلۈكلەر ئورتاق سۆز يىلتىزى، ئورتاق مورفېمىغا ئىگە. ئەمما، فونېتىكا جەھەتتە بەزى ئۆزگىرىشلەر بار.

**ئۇيغۇر تىلى** ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى غەربىي ھون تىل تارمىقى قارلۇق تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتە ئاگگلىيۇتىناتىۋ تىللار تىپىغا مەنسۇپ. ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىي سەككىز سوزۇق تاۋۇش، 24 ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى بار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ھەم ئالماشتۇرۇش قورالى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن قېرىنداش مىللەتلەر ئورتاق قوللىنىدىغان مىللىي تىللارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا تەدرىجىي ھالدا كۆپ مەنبەلەشتى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىدا ئەزەلدىن بار قەدىمىي سۆزلەر ياكى تۈركىي تىللارغا ئورتاق مەنبەداش سۆزلەردىن سىرت يەنە خەنزۇ تىلىدىن، ئەرەب تىلىدىن، پارس تىلىدىن، رۇس تىلىدىن، موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان خېلى كۆپ ساندىكى سۆزلەر ھەمدە خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار بار. باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئوخشىمىغان تارىخىي مەزگىللەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىدى ھەم بېيىتتى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي رايون دىئالېكتى، خوتەن دىئالېكتى، لوپنۇر دىئالېكتىدىن ئىبارەت ئۈچ دىئالېكتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركىزىي رايون دىئالېكتى بولسا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى ئىچىدە، لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك، يەنى لوپنۇر دىئالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بىرقەدەر كۈچلۈك، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىلىنىش ھادىسىسى كۆپرەك، گىرامماتىكىلىق قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتلىرى بىرقەدەر كۆپ. ئۈچ خىل دىئالېكتنىڭ ئاساسلىق پەرقى فونېتىكىدا ئىپادىلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاھالىنىڭ تەلەپپۇزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇيغۇر يېزىقى** ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا سوغدى يېزىقى، تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغىتاي يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل يېزىقلارنى قوللانغان. ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقتىن ئىبارەت. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇر يېزىقى بىر نەچچە قېتىملىق ئىسلاھاتنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇنىڭ ئەڭ يېقىنقىسى ۋە بىرقەدەر چوڭراقى 1983- يىلى ئېلىپ بېرىلغان. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقى 32 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئوڭدىن سولغا قارىتا يېزىلىدۇ. ھەربىر ھەرپنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا مۇناسىپ يەككە ھالەتتە كېلىش، ئالدىدا، ئوتتۇرىدا، كەينىدە كېلىش قاتارلىق ئوخشىمىغان شەكىللىرى بار. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىسى مورفولوگىيىلىك پرىنسىپنى ئاساس، فونېتىكىلىق پرىنسىپ بىلەن تارىخىي (ئەنئەنىۋى) پرىنسىپنى قوشۇمچە قىلغان ئاساستا تۈزۈلگەن. سۆز يىلتىزىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش، قوشۇمچە تەركىب بىلەن توپ سۆزلەردىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى يېزىقتا ئەكس ئېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوخشاش بىر سۆز تومۇرىنىڭ ئوخشاشمىغان يېزىق شەكلى بولىدۇ، ئوخشاش بىر قوشۇمچىنىڭمۇ بىرنەچچە خىل ۋارىيانتى بولىدۇ.

**قازاق تىلى** قازاق تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى غەربىي ھون تىل تارمىقى قىپچاق تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتە ئاگگلىيۇتىناتىۋ تىل تىپىغا مەنسۇپ. ھازىرقى زامان قازاق تىلى قەدىمكى قەبىلە تىلى بولۇپ، قەدىمكى قىپچاق تىلى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن. ئادەتتە قازاق مىللىتى ۋە ئۇنىڭ تىلىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى XV ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىگە توغرا كېلىدۇ، قازاق ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى بولسا XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. قازاق تىلىدا توققۇز سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى، 24 ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى بار. قازاق تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىلىنىش ھادىسىسى مەۋجۇت. قازاق تىلىدىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا كۆپ مىقداردىكى تۈركىي تىللارغا ئورتاق مەنبەداش سۆزلەر ھەمدە خېلى كۆپ مىقداردىكى خەنزۇ تىلىدىن، ئەرەب - پارس تىلىدىن، موڭغۇل تىلىدىن، رۇس تىلىدىن ھەم ئۇيغۇر تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بار. شىنجاڭ دائىرىسىدىكى قازاقلار-

نىڭ تىلى ئومۇمەن شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دىئالېكت رايونىغا بۆلۈنىدۇ. ئەمما، بۇ ئىككى دىئالېكت رايوندىكى كىشىلەر ئۆزئارا بىمالال پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ. تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ تىلىنى ئالاھىدە بىر دىئالېكت دەپ قارايدۇ. جۇڭگو، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە تەۋە دۆلەتلەر ۋە موڭغۇلىيىدىكى قازاقلارنىڭ تىلى ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇلارنىڭ تىلىدا فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق پەرقلەر يوق دېيەرلىك، ئاساسلىق پەرق لېكسىكىدا ئىپادىلىنىدۇ.

**قازاق يېزىقى** قازاق مىللىتى ئۆتمۈشتە ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان. ھازىر قازاقلار ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقنى ئىشلىتىدۇ. يېقىنقى يىللاردا قازاق يېزىقى بىرقانچە قېتىم ئىسلاھ قىلىندى. 1954 - يىلى ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى قازاق ئېلىپبەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. قازاق ئېلىپبەسىدە جەمئىي 33 ھەرپ بولۇپ، بۇنىڭ توققۇزى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى، 24 ى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى. ھەربىر ھەرپ سۆزدىكى ئورنىغا قاراپ، يازغاندا مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆزگىرىدۇ، يەنى ھەربىر ھەرپنىڭ يەككە شەكلى، سۆز بېشى، سۆز ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا كېلىش شەكلىدىن ئىبارەت ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرى بار. يېزىقتا بىر سۆز بىر بىرلىك بولىدۇ، ئوڭدىن سولغا قارىتا يېزىلىدۇ. 1983 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قازاق تىلىنىڭ ئېلىپبەسىنى ئېلان قىلدى، 1984 - يىلى 6 - ئايدا «قازاق تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»نى ئېلان قىلدى.

**قىرغىز تىلى** قىرغىز تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى شەرقىي ھون تىل تارمىقىنىڭ قىرغىز - قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. بۇ تىل مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما جەھەتتىن ئاگگلىيۇتىناتىۋ تىل تىپىغا مەنسۇپ. قىرغىز تىلىدا 14 سوزۇق تاۋۇش (سەككىز قىسقا سوزۇق تاۋۇش، ئالتە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)، 22 ئۈزۈك تاۋۇش بار. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بىر قەدەر كۈچلۈك، بولۇپمۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن جەھەتتىكى ماسلىشىشى خېلىلا ئومۇمىيۈزلۈك. قىرغىز تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدا تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە ئورتاق سۆزلەر بىلەن قىرغىز تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. قىرغىز تىلىغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىچىدە ئەرەب - پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە قارىغاندا ئازراق، موڭغۇل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر نىسبەتەن كۆپرەك؛ قىرغىز تىلىدا يەنە خېلى كۆپ قازاقچە، خەنزۇچە سۆزلەر بار. قىرغىز تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە چارۋىچىلىققا ئائىت سۆز - ئاتالغۇلار ئىنتايىن مول. شىنجاڭ قىرغىزلىرىنىڭ تىلى قىزىلسۇ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ جەنۇب ۋە شىمال دىئالېكتلىرىغا ئايرىلىدۇ. دىئالېكت پەرقى ئاساسلىقى فونېتىكىدا ئىپادىلىنىدۇ. گىراماتىكىدىكى پەرق ئېھتىمۇ ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەرقمۇ فونېتىكىلىق پەرق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان. شىمال دىئالېكتى قىرغىز ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى ھېسابلىنىدۇ.

**قىرغىز يېزىقى** قىرغىز مىللىتى تارىختا تۈرك يېزىقى (تۈرك - رونىك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى قوللانغان، كېيىنرەك ئەرەب ھەرپلىرى سىستېمىسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىق - چاغىتاي يېزىقىنى قوللانغان. ھازىر ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى قىرغىز يېزىقىنى ئىشلەتمەكتە. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قىرغىزلارنىڭ يېزىق مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1979 - يىلى 10 - ئايدىن ئېتىبارەن ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى قىرغىز يېزىقى رەسمىي قوللىنىلدى. قىرغىز يېزىقى جەمئىي 36 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ 14 ى سوزۇق تاۋۇش (سەككىز قىسقا سوزۇق تاۋۇش، ئالتە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) ھەرپى، 22 سى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى، يېزىقتا ھەربىر سۆز بىر بىرلىك بولۇپ، ئوڭدىن سولغا قارىتا يېزىلىدۇ. 1980 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «قىرغىز تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»نى ئېلان قىلدى. 1988 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «قىرغىز تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»غا يەنە بىر قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى «قىرغىز تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» بىلەن بىرگە ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

**ئۆزبېك تىلى** ئۆزبېك تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى غەربىي ھون تىلى تارمىقى قارلۇق تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئۆز-

بېك تىلى فونېتىكا جەھەتتە ئاگگلىيوتىناتىۋ تىل تىپىغا مەنسۇپ. ئۆزبېكلەر ئادەتتە ئۆز مىللىتى دائىرىسىدە ئانا تىلى — ئۆزبېك تىلىنى ئىشلىتىدۇ، لېكىن شەھەر- بازار ۋە يېزا — قىشلاقلاردىكى ئۆزبېكلەر كۆپىنچە ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئۆزبېكلەر كۆپ ھاللاردا قازاق تىلىنى قوللىنىدۇ. ئۆزبېك تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش، 23 ئۈزۈك تاۋۇش بار. ئۆزبېك تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى، ئاساسلىق لۇغەت فوندى، گىراماتىكىلىق قۇرۇلما، مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇر تىلى بىلەن نۇرغۇن ئوخشاش ياكى يېقىن جايلىرى بار. ئىسىملارنىڭ شەخس، سان، كېلىش قاتارلىق گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بار. قوشۇمچىلارنىڭ شەكلى ناھايىتى ئاز. ئۆزبېك تىلىدا باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش، بېرىش كېلىش، ئورۇن — پەيت كېلىش ۋە چىقىش كېلىش قاتارلىق ئالتە كېلىش بار. ساننىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك تۈرى بار. شەخسمۇ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شەخسلەرگە بۆلۈنىدۇ. سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بار. ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدا خېلى كۆپ مىقداردىكى ئەرەب، پارس، رۇس، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بار. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تېخىمۇ كۆپ، تۈركىي تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان نۇرغۇن سۆزلەر تەلەپپۇز، مەنە، گىراماتىكا جەھەتلەردە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ئۆزبېك تىلىنىڭ يېزىلىشىمۇ ئۇيغۇرچىلاشماقتا. شىنجاڭدىكى ئۆزبېكلەر ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقنى قوللىنىدۇ.

**تاتار تىلى** تاتار تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى غەربىي ھون تىل تارمىقى قىپچاق تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. تاتار تىلى ئاگگلىيوتىناتىۋ تىللارنىڭ بىرى. تاتارلارنىڭ چوڭ ياشتىكىلىرىدىن باشقا ھەممە ئاھالىسى ئادەتتە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى ياكى قازاق تىلىنى ئىشلىتىدۇ. تاتارلارنىڭمۇ ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىقى بار. تاتار تىلىدا جەمئىي توققۇز سوزۇق تاۋۇش، 21 ئۈزۈك تاۋۇش بار. تاتار تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇنۇلار: سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىش ھادىسىسى بار، تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش، چۈشۈپ قېلىش، ئاجىزلىشىش، دىسسىمىلاتسىيىلىنىش قاتارلىق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى بار. تۈپ سۆز ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىلاردىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ جاراڭلىق، جاراڭسىزلىقى بىردەك ھالدا ماسلىشىدىغان قانۇنىيەتكە ئىگە. گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق: قوشۇمچىلارنىڭ شەكلى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىلىدىكىگە قارىغاندا كۆپ خىل. ئىسىملارنىڭ سان، شەخس ۋە كېلىش قاتارلىق مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى بار؛ سانلارنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك تۈرى بار. شەخسنىڭمۇ بېقىندى خاراكتېرلىك ۋە خەۋەر خاراكتېرلىك ئايرىمىسى بار. كېلىشمۇ باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، بېرىش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئورۇن — پەيت كېلىش، چىقىش كېلىشتىن ئىبارەت ئالتە خىل بولىدۇ. تاتار تىلىدا بىر بۆلەك قەدىمىي تۈركىي سۆزلەر ساقلانغان. تاتار تىلىغا ھەر خىل دەۋرلەردە نۇرغۇن ئەرەبچە، پارسچە، رۇسچە، خەنزۇچە سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان.

**موڭغۇل تىلى** ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمىدىن ئىبارەت. موڭغۇل تىللىرى ئىچكى موڭغۇل، ئويرات، بارخۇ — بۇلياتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل دىئالېكتتىن تەركىب تاپقان. شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ تىلى ئويرات دىئالېكتىغا تەۋە. ئويرات دىئالېكتى بىلەن موڭغۇل تىلى ئاساسىي دىئالېكتىنىڭ پەرقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) ئويرات دىئالېكتىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش aa ئىچكى موڭغۇل دىئالېكتىدىن كەڭرەك. oo بولسا ئىچكى موڭغۇل دىئالېكتىدىن تارراق؛ (2) ئويرات دىئالېكتىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن جەھەتتە ماسلىشىدىغان جايلىرى بار؛ ئىچكى موڭغۇل دىئالېكتىدا بولسا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن جەھەتتىكى ماسلىشىشىدىن باشقا يەنە لەۋ جەھەتتىكى ماسلىشىشىمۇ مەۋجۇت؛ (3) ئويرات دىئالېكتىدا قوشما سوزۇق تاۋۇش يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ئىشلىتىلىدۇ؛ (4) ئىچكى موڭغۇل دىئالېكتىدا ئىسىملارنىڭ يەتتە كېلىشى بار، ئويرات دىئالېكتىدا بولسا ئون كېلىش بار، يەنى بۇنىڭدا بىرلەشمە كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، ئۆلچەم كېلىش دېگەن ئۈچ كېلىش ئارتۇق. شىنجاڭ ئويرات دىئالېكتىدا كېلىش كاتېگورىيىسى ناھايىتى تولۇق ھەم مول؛ (5) ئويرات دىئالېكتىدا شەخس كاتېگورىيىسىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى شەخسنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك ئايرىمىلىرى بار، بەزى ئوخشاش شەيئىلەرمۇ ئوخشاشمىغان سۆزلەر بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ؛ (6) ئويرات دىئالېكتىدا بەزى سۆزلەرنىڭ

فونېتىكىلىق شەكلى ئىچكى موڭغۇل دىئالېكتى بىلەن ئوخشاش، ئەمما مەنىسى دېگەندەك ئوخشاش ئەمەس؛ (7) ئۆيرات دىئالېكتىدا بىر بۆلەك ئالاھىدە ئارقا ياردەمچى سۆزلەر بار. ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر خېلى كۆپ.

**موڭغۇل يېزىقى** جۇڭگو موڭغۇللىرى ئىلگىرى قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقى، باسبا يېزىقى، موڭغۇل يېزىقى، تودۇ يېزىقى قاتارلىق كۆپ خىل يېزىقلارنى قوللانغان. 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللانغان. يۈەن سۇلالىسى شىزۇنىڭ 6 ـ يىلىدىن تاكى يۈەن سۇلالىسى شۇندىنىڭ 10 ـ يىلى (1350 ~ 1369 ـ يىللار) غىچە ئارىلىقتا باسبا يېزىقىنى ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىپ قوللانغان. ئەمما، كېيىن يەنە ئۆز تىلىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىشقا باشلىغان، بۇ ھال تا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. ھازىرقى زامان موڭغۇللىرى موڭغۇل يېزىقى (ئەنئەنىۋى موڭغۇل يېزىقى ياكى خۇدۇم يېزىقى)، تودۇ يېزىقى (تودۇ موڭغۇل يېزىقى) دىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىقنى قوللانماقتا. خۇدۇم يېزىقى تودۇ يېزىقىغا قارىتا ئېيتىلغان. چۈنكى، شىنجاڭ دائىرىسىدىكى موڭغۇللار ئۆزلىرى قوللىنىۋاتقان يېزىقنى «تودۇ يېزىقى» دەپ ئاتايدۇ. باشقا جايلاردىكى موڭغۇللار قوللىنىۋاتقان يېزىقنى «خۇدۇم يېزىقى» دەپ ئاتايدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش قوللىنىلىۋاتقان يېزىق خۇدۇم يېزىقىدىن ئىبارەت. ھازىرقى بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، جەمئىي 29 ھەرپتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ بەشى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى، 24 ى ئۈزۈك تاۋۇشى ھەرپى. موڭغۇل يېزىقى دىئالېكت ھالقىغان ئېلىپبەلىك يېزىق. يېزىقنىڭ دىئالېكتتىن خالى بولۇشى موڭغۇل يېزىقىنىڭ روشەن خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا موڭغۇل يېزىقىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ مۇھىم مەنبەسى. ھەر بىر ھەرپ سۆزلەردىكى ئورنىغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يەنى ھەرپلەرنىڭ سۆز بېشى، سۆز ئوتتۇرىسى، سۆز ئاخىرىدا كېلىشىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ۋارىيانتى بار. يېزىقتا بىر سۆز بىرلىك قىلىنىدۇ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قوشۇپ يېزىلىدۇ. يازما يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ياكى سولدىن ئوڭغا قارىتا يېزىلىدۇ.

**تودۇ يېزىقى** ئۆيرات دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغان شىنجاڭدا ياشىغۇچى موڭغۇللار موڭغۇل يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا ئىختىرا قىلغان بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق. «تودۇ» سۆزى موڭغۇل تىلىدا «ئوچۇق، روشەن» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. تودۇ يېزىقى چىڭ سۇلالىسى شۈنجىنىڭ 5 ـ يىلى (1648 ـ يىلى) خوشۇتلۇق چولۇڭ راھىب تازاياباندىتامۇ خەيزامۇسۇر تەرىپىدىن ئۆيرات دىئالېكتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا خۇدۇم يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئىختىرا قىلىنغان بىر خىل يېزىق. تودۇ يېزىقىدا جەمئىي 31 ھەرپ بار، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتىسى سوزۇق تاۋۇش، 24 ى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىدىن ئىبارەت. تودۇ يېزىقىدىكى ھەر خىل قوشۇمچە تەركىبلەرنىڭ سۆز تومۇرىغا ئۇلىنىپ يېزىلىشى موڭغۇل يېزىقىغا قارىغاندا ئومۇمىيراق. تىنىش بەلگىلىرى موڭغۇل يېزىقىدىكى بىلەن ئوخشاش. مەملىكەت بويىچە موڭغۇل يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1975 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ، لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ ۋە بېيجىڭ قاتارلىق سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك موڭغۇل تىل- يېزىق خىزمىتى ھەمكارلىق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە موڭغۇل تىل ـ يېزىقىنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1982 ـ يىلى شىنجاڭدىكى موڭغۇل ئاممىسى ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ھازىرقى موڭغۇل يېزىقىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا 79 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە موڭغۇل يېزىقىنى يولغا قويۇش، ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىنى تەستىقلىدى.

**داغۇر تىلى** داغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىلى تۈركۈمى داغۇر تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. داغۇر تىلىدا ئالتە سوزۇق تاۋۇش، 12 قوشما سوزۇق تاۋۇش (بۇنىڭ ئىچىدە سەككىزى ئىككىلەمچى سوزۇق تاۋۇش، تۆتى ئۈچلەمچى سوزۇق تاۋۇش)، 23 ئۈزۈك تاۋۇش بار. داغۇر تىلىدا بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇشلىرى ماسلىشالايدۇ. ئىسىملارنىڭ ئون كېلىشى بار، يەنى ئۇ باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، ياسىما كېلىش، ئورتاق كېلىش، نىشان كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، دەرىجە كېلىش، تەرەپ كېلىشلەردىن ئىبارەت. ئىسىملاردا سان، سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسىلا بار. ساننىڭ بىرلىك، كۆپلۈك شەكلى بار.

داغۇر تىلىدىكى پېئىل بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى، تولۇقلىما دەرىجىسى قاتارلىق تۆت خىل دەرىجە كاتېگورىيىسى بار. زاماننىڭ ئۆتكەن زامان ۋە ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زامان شەكىللىرى پېئىلنىڭ، بۇيرۇق، ماقۇللۇق، دالالەت شەكىللىرى بار. بۇلاردىن باشقا، پېئىلنىڭ يەنە سۇپەتداش، رەۋىشداش قاتارلىق ئىسىم خاراكتېرلىك شەكىللىرىمۇ بار. داغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدا موڭغۇل تىلى بىلەن ئورتاق مەنبەلىك سۆزلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپ مىقداردىكى خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، مانجۇ تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بار. لۇغەت فوندىدا بېلىقچىلىققا، ئوۋچىلىققا، چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلەر مول. داغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز يېزىقى يوق، ئۇلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاساسەن مانجۇ يېزىقىنى قوللانغان، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن خەنزۇ يېزىقىنى قوللاندى. داغۇر تىلى بۇتخا ۋە چىچىخاردىن ئىبارەت ئىككى دىئالېكت رايونىغا بۆلۈنىدۇ. داغۇر تىلى موڭغۇل تىلىغا ناھايىتى يېقىن تىل. شىنجاڭ داغۇرلىرى ئۇزۇن مەزگىللەردىن بېرى قازاق، ئۇيغۇر مىللەتلىرى بىلەن يېقىن ئۆتكەچكە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قازاق ھەم ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى بىلىدۇ، موڭغۇل تىلىنى بىلىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ.

**شىبە تىلى** ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ مانجۇ - تۇنگۇس تىللىرى تۈركۈمى مانجۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. شىبە تىلى ئەسلىدە مانجۇ تىلىنىڭ بىر دىئالېكتى ئىدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر تۈركۈم شىبەلەر جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىن شىنجاڭنىڭ ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى چاپچال رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مانجۇ تىلى ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن مىللىي تىل. شىبە تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش، 18 قوشما سوزۇق تاۋۇش، 29 ئۈزۈك تاۋۇش بار. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، سوزۇق تاۋۇشلار مەنپىي، مۇسپىي، ئوتتۇراھال سىنىپلارغا ئايرىلىدۇ. ھەر بىر سۆزلەمنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش كېيىنكى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ سىغا ياكى لەۋ ھالىتى بويىچە بىردەك ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شىبە تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇنۇلار: سۆز تومۇرىنىڭ ئاخىرىغا ھەر خىل قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئوخشاشمىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەر ئىپادىلىنىدۇ. ئىسىملار كۆپلۈك، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. شىبە تىلىدا ئالتە كېلىش بار. جۈملە تەرتىپىدە ئىگە خەۋەردىن ئاۋال كېلىدۇ، بېقىنغۇچى تەركىبلەر مەركىزىي تەركىبنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. لېكسىكا جەھەتتە، سۆز يىلتىزىغا ھەر خىل سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەر ياسىلىدۇ. شىبە تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر مانجۇ تىلى بىلەن ئوخشاش، يەنە خېلى كۆپ سۆزلەر ئولۇنچۇن، ئېۋېنكى، خېجى تىللىرىدىكى سۆزلەر بىلەن مەنىداش. شىبەلەر غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، موڭغۇل تىللىرىدىن نۇرغۇن سۆز قوبۇل قىلدى. ھازىر شىبە تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تېخىمۇ كۆپ.

**شىبە يېزىقى** شىبە يېزىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى شىبەلەر قوللىنىدىغان بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق. بۇ يېزىقنى شىبە مىللىتىدىن چىققان تىل - يېزىق خىزمىتى خادىملىرى 1947 - يىلى مانجۇ يېزىقىدىكى ئايرىم ھەرپلەرنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىش، بىر بۆلۈك بوغۇملىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىختىرا قىلغان. ھازىر قوللىنىلىۋاتقان شىبە يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپ سىستېمىسىدىكى ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، مانجۇ يېزىقىنىڭ بىر خىل ۋارىيانتىدىن ئىبارەت. شىبە يېزىقىدا جەمئىي 40 ھەرپ بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتىسى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى، 24ى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى، ئونى خاسلا چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەرپ. شىبە يېزىقى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ياكى سولدىن ئوڭغا قارىتا يېزىلىدۇ. شىبە يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى ئومۇمەن باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ، ئايلانما ھەرپ، نۇقتا ھەرپ، ئاياغ ھەرپتىن تەشكىل تاپقان. يېزىلىشى ھەر خىل ئوخشىمىغان بۆلەك ۋە قوشۇلما ھەرپلەرنىڭ تىزما شەكلىدىن ئىبارەت، شىبە يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكلى، ھەرپ سانى، قوشۇپ يېزىش قائىدىسى، يېزىق ئۇسلۇبى قاتارلىق جەھەتلەردە مانجۇچە بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش، لېكىن لېكسىكا ۋە گىراماتىكا جەھەتلەردە بەزى ئوخشىمايدىغان جايلىرى بار.

**ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى** تىلشۇناسلىقتىكى تىللارنى تۇغقانچىلىق كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىغا بىنائەن ئايرىلغان تىل سىستېمىسىنىڭ بىرى. ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى دېگەنلىك ئەسلى ھىندىستان -

ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ قىسقارتىلما ئاتىلىشى. بۇنىڭ يەنە بىر ئاتالمىسى ھىندى - گېرمان تىللىرى سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى ھازىرقى دۇنيادىكى تارقالغان رايونلىرى ئەڭ كەڭ، تىللارنى قوللانغۇچى ئاھالە ئەڭ كۆپ بولغان تىل سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ؛ بۇ سىستېمىغا تەۋە تىللار پۈتكۈل ياۋروپا، شىمالىي ھەم جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى، ئوكيانىيە، ئاسىيانىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قىسمى، ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى قاتارلىق رايونلارغا تارقالغان. بۇ سىستېمىغا تەۋە تىلنى قوللانغۇچى ئاھالە دۇنيا ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ ئالاھەزەل يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سىستېمىغا تەۋە تىللار شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تىل توپىغا بۆلۈنىدۇ. جۇڭگودا ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ تىللار تاجىك تىلى بىلەن رۇس تىلىدىن ئىبارەت، بۇ ئىككى خىل تىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بولۇپ، تاجىك تىلى ئىران تىللىرى تۈركۈمىگە، رۇس تىلى سلاۋيان تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

**تاجىك تىلى** ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئىران تىللىرى تۈركۈمى پامىر تىللىرى تارمىقىنىڭ غەربىي جەنۇب تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. تاجىك تىلى جۇڭگو دائىرىسىدە «سارىقول تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭ تاجىكلىرىنىڭ تىلى ۋارشىدى ۋە توڭگاندىن ئىبارەت ئىككى دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ. سارىقول، ۋاخان دېگەنلەر ئەسلى يەر نامى ئىدى، بۇ نام ئۆز نۆۋىتىدە شۇ جايدىكى ئاھالىنى ۋە ئۇلار ئىشلەتكەن تىلنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مۇتلەق كۆپچىلىك تاجىك ئاھالىسى سارىقول دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. تاجىك تىلىدا ئالتە يەككە سوزۇق تاۋۇش، سەككىز تىل ئالدى قوشما سوزۇق تاۋۇش، 30 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى بار. تاجىك تىلىنىڭ گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇنۇلار: سۆز تۈركۈمى 11 خىل، ئىسىملارنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، تۆت خىل كېلىش بار، ئىسىملارنىڭ ئەسلى ھالىتى باش كېلىشتە بولىدۇ، ئىگىلىك كېلىش، بېرىش كېلىش، چۈشۈم كېلىشلەر قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجە كاتېگورىيىلىرى بار. لېكسىكا جەھەتتە، تاجىك تىلىدا ئىران تىللىرى تۈركۈمىدىكى تىللار بىلەن ئورتاق مەنبەلىك سۆزلەر ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆزلەر كۆپ مەنبەلىك. يېرىم ئەسىردىن بۇيان تاجىك تىلىغا قوبۇل قىلىنغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىن بولۇۋاتىدۇ. شىنجاڭ تاجىكلىرىنىڭ مىللىي يېزىقى يوق، ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ، مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ.

**رۇس تىلى** ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ سلاۋيان تىللىرى تۈركۈمىنىڭ شەرقىي سلاۋيان تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. شىنجاڭ مىقياسىدىكى رۇسلارنىڭ تىلى پۈتكۈل رۇس تىلىنىڭ جەنۇبىي رايون دىئالېكتىغا مەنسۇپ. شىنجاڭ رۇسلىرىنىڭ تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ ھەم خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، فونېتىكا ۋە لېكسىكىسىدا بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بار. رۇس تىلىدا جەمئىي 41 فونېما بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى ئالتە، ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى 35. فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق: سوزۇق تاۋۇش ئاز، ئۈزۈك تاۋۇش كۆپ، كۆپ ساندىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ھەم جاراڭسىز شەكلى، قاتتىق ھەم يۇمشاق شەكلى بار. گراماتىكىلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى مۇنداق: سۆز بىلەن سۆزنىڭ گراماتىكىلىق مۇناسىۋىتى ۋە سۆزنىڭ جۈملىدىكى گراماتىكىلىق رولى ئاساسلىقى سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىسىملارنىڭ ئومۇمەن 12 خىل شەكلى بولۇپ، بىرلىك ھەم كۆپلۈكى ئايرىم - ئايرىم ئالتە كېلىشتە كېلىدۇ؛ سۈپەتنىڭمۇ 20 خىلدىن ئارتۇق شەكلى بولۇپ، بىرلىكتە مۇسبەت، مەنپىي، ئوتتۇراھال سىغىمى بار؛ كۆپلۈكنىڭ ھەرقايسىسى ئالتە كېلىشتە كېلىدۇ. يەنە سۆز ئاخىرى، دەرىجە كاتېگورىيىلىرى بار. پېئىلنىڭ شەكىللىرى تېخىمۇ كۆپ، ئۇ تۈس، ۋاقىت، دەرىجە، راي، رەۋىشداش، سۈپەتداش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭدىكى رۇسلارنىڭ تىلىدا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سىياسىي ھەم ئىقتىسادقا ئائىت نۇرغۇن ئاتالغۇلار بار.

### خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى

خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىنى ئىلگىرى بەزى ئالىملار «زاڭزۇ - خەنزۇ تىللىرى سىستېمىسى» ياكى «ھىندى تىللىرى سىستېمىسى» دەپمۇ ئاتىغان. بۇ سىستېمىمۇ تىللارنىڭ تۇغقانچىلىق كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن بۆلۈنگەن تىل سىستېمىلىرىنىڭ بىرى. بۇ سىستېمىدىكى تىللار ئاساسلىقى ئاسىياغا، بولۇپمۇ جۇڭگوغا تارقالغان. ۋېيت-

نام، بىرما، تايلاند، لائوس، نېپال، بوتان، سىك-
كىم، ھىندىستان، بېنگال، كامبودژا، سىنگاپور،
ھىندونېزىيە قاتارلىق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلى-
رىگىمۇ تارقالغان. خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستې-
مىسى خەنزۇ تىلى، زاڭزۇ - بىرما تىللىرى، مياۋزۇ-
ياۋزۇ تىللىرى، جۇاڭزۇ - دۇڭزۇ تىللىرىدىن ئىبارەت
تۆت تىل تۈركۈمىدىن تەركىب تاپقان. شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىدا خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرىدا سۆزلىشى-
دىغان مىللەتلەر ئاساسلىقى خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇلار-
دىن ئىبارەت.

خەنزۇ تىلى بۇ تىل خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى
سىستېمىسىدا مۇستەقىل بىر تىل تۈركۈمىنى، يەنى
خەنزۇ تىلى تۈركۈمىنى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ تىلى
تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن تىللارنىڭ بىرى، شۇنداقلا دۇن-
يا بويىچە قوللىنىدىغان ئاھالە ئەڭ كۆپ بىر تىل.
خەنزۇ تىلى جۇڭگودا ئورتاق قوللىنىلىدىغان مۇھىم
تىل. خەنزۇ تىلى ب د ت دىمۇ قوللىنىلىدىغان خەلقئارا
تىل، شۇنداقلا ب د ت دىكى خىزمەت يۈرۈشتۈرىدىغان
تىللارنىڭ بىرى. خەنزۇ تىلى دۇنيادا ئەڭ تەرەققىي
قىلغان، لېكسىكىسى ئەڭ مول تىللارنىڭ بىرى. ھا-
زىرقى زامان خەنزۇ ئورتاق تىلى (نورمال تەلەپپۇزى)
شىمالىي جۇڭگو دىئالېكتىنى ئاساس قىلغان، بېيجىڭ
تەلەپپۇزىنى ئۆلچەم قىلغان، ھازىرقى زامان خەنزۇ
تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ گراماتىكىسىنى قېلىپ
قىلغان. خەنزۇ ئورتاق تىلى جۇڭگو چولڭ قۇرۇقلۇقىدا
«ئورتاق تىل» دېيىلىدۇ، تەيۋەن ئۆلكىسىدە «دۆلەت
تىلى» دېيىلىدۇ. خەنزۇ تىلىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەت-
لىرى مۇنۇلار: (1) فونېتىكا جەھەتتە: خەنزۇ تىلىدا
21 شېڭمۇ، 35 يۈنمۇ بار. خەنزۇ تىلىدىكى بوغۇملارنى
شېڭمۇ، يۈنمۇ، توندىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە
بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى تون 1-، 2-، 3-، 4-
توندىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. شېڭمۇلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۈزۈك تاۋۇش بولىدۇ. (2) گراماتىكا جەھەت-
تە: خەنزۇ تىلىدىكى مورفېمىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمى تاق بوغۇملۇق بولىدۇ. مورفېما بىلەن مورفېما
بىرىكىپ سۆز ھاسىل بولىدۇ. بەزى مورفېمىلارنىڭ
ئۆزى مۇستەقىل سۆز بولىدۇ، ئەمما بەزى مورفېمىلار
ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار باشقا مورفېمىلار بىلەن قوشۇلۇپ
بىرىككەن سۆز ھاسىل قىلالايدۇ. ھازىرقى زامان خەن-
زۇ تىلىدا قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ سالمىقى خېلى
زور. خەنزۇ تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ فۇنكسىيە-
سى كۆپ تەرەپلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوخشاش
تۈركۈمدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپى بەزى ھاللاردا ئوخشى-
مىغان گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلارغا ۋەكىللىك قىلى-
دۇ. سۆز تەرتىپىدىن قارىغاندا، خەنزۇ تىلىنىڭ مۇ-
ھىم بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، بارلىق سۈپەتلىگۈچى
سۆزلەر سۈپەتلەنگۈچى تەركىبىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.
(3) لېكسىكا جەھەتتە: خەنزۇ تىلى لېكسىكىسىنىڭ
ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يەككە تاۋۇشلارمۇ مەنە
ئىپادىلىيەلەيدۇ، يەنى بىر بوغۇم بىر مەنىگە ۋەكىللىك
قىلىدۇ، لېكسىكا بايلىقى مول، رەڭدار. خەنزۇ تىلى-
نىڭ لۇغەت فوندىدا مىللىي تىلدا ئەسلىدە بار بولغان
سۆزلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئاز مىقداردا چەت
تىلدىن (جۇملىدىن مەملىكەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر تىلىدىن) قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بار.
(4) دىئالېكت جەھەتتە: يېرىم ئەسىردىن بۇيان،
تىلشۇناسلار تىل ماتېرىياللىرىنى ئۈزلۈكسىز تەكشۈ-
رۈپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان خەنزۇ
تىلى دىئالېكتىنى يەتتە رايونغا، يەنى ھۆكۈمەت تىلى
دىئالېكتى (شىمال دىئالېكتى)، ۋۇ دىئالېكتى، جياڭ-
شى دىئالېكتى، خۇنەن دىئالېكتى، كېجىيا دىئالېكتى،
گۇاڭدۇڭ دىئالېكتى، فۇجيەن دىئالېكتىغا ئايرىدى.
دىئالېكتلىرىنىڭ پەرقى فونېتىكا، لېكسىكا، گراما-
تىكا قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلى
شىنجاڭدا خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەر-
نىڭ ئاساسلىق ئالاقە قورالى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇھىم ئالاقە قوراللىرىنىڭ
بىرى.

خەنزۇ يېزىقى خەنزۇ يېزىقى جۇڭگودىكى خەن-
زۇ تىلىنى خاتىرىلەيدىغان يېزىق، ئۇ خەنزۇچە خەت
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەنزۇ يېزىقى خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى
ئۇزۇن مەزگىللىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئىجتى-
مائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىختىرا قىلغان يېزىق، خەن-
زۇلار ئەزەلدىن بېرى بۇ يېزىقنى پىكىر ئالماشتۇرۇش-
نىڭ، تىلنى خاتىرىلەشنىڭ قورالى قىلىپ كەلمەك-
تە. خەنزۇ يېزىقى ئاساسلىقى مەنىنى ئىپادىلىگۈچى،
قىسمەنلىرى تاۋۇشنى ئىپادىلىگۈچى يېزىق، بىر خەت
تىلدىكى بىرلا بوغۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. خەنزۇ تىلى-
دا تاق بوغۇملۇق مورفېما ئاساسلىق ئورۇندا بولغاچقا،
خەنزۇچە خەتلەر بۇ تىلنى خاتىرىلەشكە تولىمۇ باب
كېلىدۇ، ھەربىر خەتنىڭ مۇئەييەن بەلگىلىك مەنىسى
بولىدۇ. خەنزۇچە خەتنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئال-
غاندا، خەتنىڭ بىر بۆلىكى مەنىنى، يەنە بىر بۆلىكى
تاۋۇشنى ئىپادە قىلغۇچى خەتلەر ناھايىتى كۆپ. بۇنداق

خەتلەر خەنزۇچە خەتلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 80% ىگە يېتىدۇ. خەنزۇچە خەتلەرنىڭ تاۋۇش ئامىللىرىمۇ مەنەلىك بەلگىلەر بىلەن ئىپادە قىلىنغاچقا، ئادەتتە بۇ يېزىق «مەنىنى ئىپادە قىلغۇچى يېزىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەنزۇچە خەتلەر بەلگىلىك ھەم قاتتىق قۇرۇلما قانۇنىيىتىگە ھەمدە مۇكەممەل سىستېمچانلىققا ئىگە. گەرچە خەنزۇ تىلىنىڭ دىئالېكت پەرقى بىر قەدەر چوڭ بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ يېزىقىنى جەنۇب ۋە شىمال دىئالېكت رايونىدىكى كىشىلەر ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ. گەرچە قەدىمدىن ھازىرغىچە خەنزۇ تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن شاڭ، جۇ سۇلالىرى دەۋرىدىكى يېزىقنى، چىن، خەن دەۋرلىرىدىكى قەدىمىي ۋەسىقىلەرنى يەنىلا ئوقۇغىلى بولىدۇ. خەنزۇ يېزىقى دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان، داۋاملىق قوللىنىلىۋاتقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېزىق. خەنزۇ يېزىقىنىڭ قۇرۇلما مەنبەسى رەسىمدىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى يېزىق ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى «ئالتە خىل يېزىق»، يەنى شەكىل، ئىش ـ ھەرىكەت، مەنە بىلدۈرۈش، شەكلەن تاۋۇش، ئىما ـ ئىشارە، ۋاستە قىلىش ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت. خەنزۇ يېزىقى خەنزۇ تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوخشىمىغان تارىخىي مەزگىللەردە يېڭى ـ يېڭى خەتلەر مەيدانغا كېلىپ، خەنزۇچە خەتلەر كۈنسايىن كۆپەيدى. «شوۋېن جيېزى (يېزىق ھەققىدە بايان)» ناملىق كىتابقا 9353 خەت كىرگۈزۈلگەن. ھازىر دائىم ئىشلىتىلىدىغان خەتنىڭ ئۆزىلا 6000 ئۆپچۆرىسىگە يەتتى. خەنزۇ يېزىقى شىنجاڭدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇلار ئورتاق قوللىنىدىغان يېزىق، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىماقتا.

**ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرى** بۇ ئاھالىلەر ئولتۇرىدىغان ئۆيلەردىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراق ئۆيلىرىنى چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئۆيلەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرى، شەھەر، بازارلاردىكى ئۆي ـ قۇرۇلۇشلار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. چارۋىچىلىق رايونىدا ئەتىياز، ياز، كۈز پەسلىدە كىگىزدىن ياسالغان چېدىر ئۆيلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنداق كىگىز ئۆيلەر ياتاق، مېھمانخانا، شۇنداقلا يەنە ئىسكىلات، ئاشخانا ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ. موڭغۇللارنىڭ موڭغۇل ئاق ئۆيى، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كىگىز ئۆيلىرى قوي يۇڭىدىن ياسالغان كىگىز، شۇنداقلا يايلاقلاردا كۆپ بولىدىغان يۇلغۇن، چىغ قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ قۇراشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق ئۆيلەر كۆچكەندە ئېلىپ يۈرۈشكە، چۇۋۇشقا، قۇراشتۇرۇشقا ئەپلىك، يامغۇردىن، يەر تەۋرەشتىن، سوغۇقتىن ساقلىنىشقا قولايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، يايلاقلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق. موڭغۇل ئاق ئۆيى كىگىز ئۆيدىن تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە ئازراق پەرقلىنىدۇ،



ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرى

موڭغۇل ئاق ئۆيىنىڭ تاشقى شەكلى قىرلىق، كىگىز ئۆيىنىڭ تاشقى شەكلى يۇمىلاق بولىدۇ. چارۋىچىلار قىشتا كېسەك ئۆي، ياغاچ ئۆي، گەمە ياكى تاش ئۆيلەردە قىشلايدۇ. ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، شىبە، مانجۇ، داغۇر، رۇسلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى ئاساسەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا، شەھەر، بازارلاردا بولۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ياغاچ ئۆي، كېسەك ـ ياغاچ ئۆي، تاش ـ ياغاچ ئۆي، خىش ـ ياغاچ ئۆي، خىش ـ بېتون ئۆي، پولات چىۋىق ـ سېمونت قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە ئايرىلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ تولىسى ئايرىم ـ ئايرىم قورۇ بولۇپ، ئۆگزىسى تۈز ياكى يانتۇ شەكىللىك قىلىپ سېلىنىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ھويلىسىغا گۈل ـ گىياھ، ئۈزۈم، كاۋا ـ قاپاق، مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈشكە ئامراق. ھويلىدا ئولتۇراق ئۆي، ئاشخانا قاتارلىقلار بار بولىدۇ. ئۆيلەرنىڭ تولىسى قورۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، ئۆي ئىچىدە كاڭ، ئوچاق ياكى مەش، تەكچە ئويۇقلار بولىدۇ. كاڭ كېسەكتىن 30 سانتىمېتىرچە ئېگىزلىكتە قىلىپ ياسىلىدۇ. بەزى ئۆيلەردە تام ئوچاق بار. ئويۇق ـ تەكچە كۆپىنچە نەقىشلىك قىلىنىپ چىرايلىق ياسىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئورۇن ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەكلەر تىزىپ قويۇلىدۇ.

**ئاممىۋى قۇرۇلۇشلار** بۇ جامائەت ئورتاق پايدىلىنىدىغان قۇرۇلۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش شەكلى مەسچىت - ئىبادەتخانىلاردىن ئىبارەت. بۇنى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى، لاما دىنى ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئىسلام دىنى مەسچىتى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. بۇددا دىنى، لاما دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئىچكىرىدىكى، زاڭزۇ رايونلىرىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆگزە - تورۇسلىرى ئەگمە ج، بۇرجەكلىرى ئۇچلۇق، لىم - تۈۋرۈك، ياغاچلىرى سۈرەتلىك، نەقىشلىك قىلىپ ياسىلىدۇ، راۋاق - شىپاڭ، زاللىرى ناھايىتى رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئىسلام دىنى مەسچىتلىرىنىڭ بىناكارلىق شەكلى ھەر خىل بولىدۇ، ئەمما ھەممىسى دېگۈدەك خانىقا (چوڭ زال)، ئەزان مۇنارى، دەرۋازا راۋىقى (پەشتاق)، سەينا، ئىتىكاپخانا، سوراپ (مۇنجا، تاھارەت ئېلىش ئۆيى)، ئىمام، مەزىننىڭ ئولتۇراق ئۆيى ۋە باشقا ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان قۇرۇلۇش تۈزى بولۇپ، تولىسى خىش، كېسەك، تاشتىن ياسىلىدۇ. خانىقا ئادەتتە كۈنچىقىشقا قارىتىپ سېلىنىپ، ئىشىكىگە گۈل نەقىش قىلىنىدۇ، مېھراب مەككە - ھەرەمگە يۈزلەنگەن بولىدۇ؛ نامازخانىلارنىڭ سەجدىگە ئولتۇرۇشى قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن، يەرگە گىلەم، كىگىز - پالاس سېلىنىدۇ؛ خانىقانىڭ ئىككى تەرىپىگە ئايۋان چىقىرىلىدۇ، ئايۋاننىڭ ئىككى قاتار تۈۋرۈك لىملىرى خانىقاغا ئالاھىدە ھەيۋەت تۈس بېرىپ تۇرىدۇ. تۈۋرۈك، تام- تورۇسلارغا تۈرلۈك رەڭلەردە چىرايلىق گۈل - نەقىشلەر سىزىلىدۇ، تۈرلۈك نۇسخىلاردىكى ئەرەبچە ھۆسنخەتلەر يېزىلىدۇ. تىپىك ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ئۇچلۇق ئەگمە شەكلىدە، تورۇسلىرى يۇمىلاق گۈمبەز شەكلىدە بولىدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەسچىتلىرى كۆپىنچە مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. خۇيزۇ مەسچىتلىرىنىڭ تولىسى تۆت چاسا قورۇ شەكلىدە بولۇپ، لەمپىلىرى قاتمۇقات قىلىپ، ئۆگزىسى بەل چىقىرىلىپ، بىر - بىرىگە مىنگەشتۈرۈلگەن قۇرۇلما ئۇسلۇبىدا ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئىچكىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئارىلاش ئۇسلۇبتا سېلىنغان قۇرۇلۇشلاردا ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبلار بىر گەۋدە قىلىپ مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن. ئالايلۇق، تۇرپان شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى، شەھەردىن ئىككى كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايغا جايلاشقان سۇلايمان ۋاڭ (ئىمىن ۋاڭ) مۇنارى بىلەن مۇنار ئاستىدىكى مەسچىت پۈتۈنلەي بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن، ئۇ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر بىناكارلىقى بىلەن ئەرەب بىناكارلىقىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى.

**ياغاچ نەقىش سەنئىتى** بۇ پىچاقتا ياغاچنى ئويۇش ئارقىلىق گۈل چىقىرىش سەنئىتى. بۇ ئاساسلىقى بىناكارلىقتا قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر مەسچىت ھەم ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك، دېرىزە، لەمپە، تۈۋرۈك، لىم، چەگىزە



ياغاچ نەقىش سەنئىتى

ئۈچى، تۈۋرۈك تەگلىكى قاتارلىق جايلىرىغا تۈرلۈك گۈل - نەقىشلەرنى ئويۇشقا ئامراق. بۇ گۈل - نەقىشلەرنىڭ تولىسى گېئومېتىرىك شەكىللەر ۋە گۈل - گىياھ نەقىشلىرى بولۇپ، بىنانىڭ قۇرۇلمىسى، تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ، شۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، بىر- بىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان نەقىشلەرنى چۈشۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. نەقىشلەردە ئۇز سىزىق شەكلى ئاساس قىلىنىدۇ. نەقىشلەر تولىمۇ كۆركەم، ھەيۋەتلىك بولۇپ، نەقىش بىلەن ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ، بىناغا ئالاھىدە ھۆسن قوشىدۇ. شىبە مىللىتى ئولتۇراق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە، ساندۇق، جاۋەن قاتارلىق ئۆي جاھازىلىرىغا مودەنگۈل، نىلۇپەر گۈلى ئاساس قىلىنغان نەقىشلەرنى ئويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. قازاقلارنىڭ كىگىز ئۆيى ھەم ئائىلىدە ئىشلە-

تىدىغان سوغا (ياغاچ چىلەك)، ئاياق (ياغاچ قاچا)، ساپلىق، قوشۇق قاتارلىق ياغاچتىن ياسالغان ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئويما نەقىشلەر بار. موڭغۇللارنىڭ چالغۇ ئەسۋابىنىڭ دەستە ئۇچىغا ياغاچتىن ئويۇلغان كىچىك ئات بېشى قوندۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇ ئات باشلىق غىجەك دەپ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ياغاچ ئويما سەنئىتى مەخسۇس بوۋاقلار ئۈچۈن لايىھىلەنگەن بۆشۈكتە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. ياغاچ ئويمىنىڭ بېكىتىپ قويۇلغان قېلىپ شەكلى يوق، ئۇنى سەنئەتكارلار تامامەن ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە قاراپ ئويۇپ چىقىدۇ. شۇڭا، جايلارنىڭ ياغاچ ئويمىلىرى بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

**گەج نەقىش سەنئىتى** بۇ گەج خام ئەشيا قىلىنىدىغان ئويما سەنئىتى بولۇپ، بىناكارلىقنىڭ زىننەتلەش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ئۆيلىرىنىڭ ئويۇق - تەكچە، تام ئوچاق ۋە تورۇسلىرىنى كۆپىنچە گەج بىلەن زىننەتلەيدۇ. گەجدىن ئويۇلغان قاپارتما نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى سەل تېيىز، بەزىلىرى چوڭقۇرراق قىلىپ ئويۇلىدۇ. گەج نەقىشلەرنىڭ تېگىگە ئاچ كۆك، ئاچ سېرىق ياكى ئاچ يېشىل رەڭلەر بېرىلىدۇ، نەقىشلەر ئاق قالدۇرۇلىدۇ. بەزىلىرى بولسا پۈتۈنلەي سېرىق ھەل بىلەن سىرلىنىدۇ. گەج نەقىشلەر كۆپىنچە ھەر خىل رەڭلىك سۈرەتلەر، ياغاچ ئويما گۈللەرگە پار قىلىنغان ھالدا ئۆيلەرنى بېزەيدۇ. گەج ئويما سەنئىتى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى قۇرۇلۇشى بولغان ئىسلام دىنى مەسچىتلىرىنىڭ كەڭ، سىدام تاملىرىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. گەج ئويما نەقىشلەر ناھايىتى نەپىس، چىرايلىق بولغاچقا، بۇنىڭ بىلەن بېزەلگەن بىنالارمۇ ناھايىتى كۆركەم، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ.

**قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى** بۇ قاشتېشىغا ئويۇلغان ئويمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى. شىنجاڭ قاشتېشى مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا داڭلىق بولۇپ، خوتەن، چاقىلىقلاردىن چىقىدىغان قاشتېشى ئەڭ مەشھۇر. قاشتېشى رەڭگىگە قاراپ، ئاق قاشتېشى، يېشىل قاشتېشى، كۆك قاشتېشى، قارا قاشتېشى، سېرىق قاشتېشى، قىزغۇچ قاشتېشى، قىزىل قاشتېشى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. ئاقلىقى قويرۇق ياغقا، سېرىقلىقى كەھرىۋاغا، قىزىللىقى خوراز تاجىسىغا، قىزغۇچلىقى ئەڭلىككە، قارىلىقى قارا سىرغا ئوخشايدىغانلىرى ئەلا ئېسىللىرى ھېسابلىنىدۇ. خوتەن قاشتېشىنىڭ تارىخىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، دېرۇلۇڭ خان (780—805) دىۋانبېگى جورويۇنى ئەنشىگە ئەۋەتىپ، كېرىيىدىن بىر دانە قاشتېشى پالاق (ئۈچى يۇمىلاق ياكى ئۇچلۇق، تۆۋەن ئۇچى چاسا، ياپىلاق كەلگەن مۇراسىم سايمىنى. ئادەتتە خان، پادىشاھلار ياكى بەگلەر مۇراسىمغا قاتناشقاندا قولىغا تۇتۇۋالىدۇ - ت)، بەش دانە بەلباغ بېزىكى، بىر دانە تەكىيە، 300 دانە كەمەر توقىسى، 40 دانە جىغا (چاچ تۈرگۈچ، زىق)... ئالدۇرغان. قاشتېشى ئويمىچىلىقىدا يونۇش، سۈركەش، دومىلىتىش، پارقىرىتىش، ئويۇش، داغلاش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلاردىن قائالتىر تەخسە، نوكەش ئۇشكە، بىگىز قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. خوتەندىكى قاشتېشى پىششىقلاپ ئىشلەش ستانوكىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق: ئېگىزلىكى، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن ئارتۇق، كەڭلىكى 90 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان ياغاچ رامكا، رامكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ياغاچ سىيرىلما چاق ئورنىتىلغان. سىيرىلما چاقنىڭ تاسمىسى ئاستى تەرەپتىكى ئىككى تەپكۈچكە تۇتاشتۇرۇلغان. قاشتېشىنى ئويۇشقا كىرىشكەندە، ياغاچ تۇتقۇچ بېكىتىلگەن قائالتىر تەخسە ياكى نوكەش ئۇشكە سىيرىلما چاقتا توغرىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، تەپكۈچ تېپىلىدۇ، سىيرىلما چاق ئايلىنىپ، پىچاقنى ئىشقا سالىدۇ. پىچاق ئاستىغا مۇقىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياغاچ تەڭنىگە قاشتېشى قومى ئارىلاشتۇرۇلغان بوتقا سۇ قۇيۇلىدۇ. ئويمىچى ئۇستام قولىغا قاشتېشى پارچىسىنى ئېلىپ پىچاق ئاستىغا تۇتىدۇ، شۇنداقلا يەنە بىر قولى بىلەن تاش ئۈستىگە توختىماستىن بوتقا سۇيىنى قۇيۇپ، قاشتېشىنى ئاستا - ئاستا سىلىقلايدۇ، كېسىدۇ. شىنجاڭدا ئىشلەنگەن قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى ئاساسلىقى چەينەك، لوڭقا، ئادەم ھەيكىلى، تاغ - سۇ، گۈل - گىياھ، ئۇچارقانات، تامغا ئېسىپ قويىدىغان مەنزىرە كۆرۈنۈشى قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە بېزەك بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت. بۇيۇملارنىڭ شەكلى جانلىق، نەپىس، سىپتا، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، چىرايلىق.

**توقۇش سەنئىتى** بۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى توقۇلما بۇيۇمى گىلەمدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرىكى خەن دەۋرىدىلا گىلەم يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا

ئاسىياغا ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىلغان ھەم ئارتۇق بۇيۇمى سۈپىتىدە مەركىزىي خانىدانلىقنىڭ ئوردىلىرىغا ئېلىپ بېرىلغان. گىلەم ئادەتتە پاختا يىپ ئۆرۈش، يۇڭدىن ئېگىرىلگەن يىپ ئارقاق قىلىنىپ، بىر - بىرىنى باستۇرۇش، يۇڭ يىپنى قىرقىش ئارقىلىق توقۇلىدۇ. ئۆرۈش، ئارقاق يىپلىرىنىڭ زىچلىقى 330 ئارام ئەتراپىدا بولىدۇ. يۇڭ يىپلار ياڭاق شاكىلى، ئانار چېچىكى، جىگدە پوستى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاكال، غول، يوپۇرماق، چېچەك بەرگىلىرىگە تۆمۈر دېتى قوشۇپ ئېچىتىلغان رەڭلەردە بويالغان بولغاچقا، رەڭ ناھايىتى جۇلالىق بولىدۇ، ئاسان ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ. گىلەمگە كۆپ قەۋەتلىك، گېئومېتىرىيىلىك رامكا شەكلى نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىچى تورلۇك گۈل، نەقىشلەر بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. گۈل نەقىشلەرنىڭ تولىسى جۈپ- جۈپى بىلەن رەتلىك قىلىپ چۈشۈرۈلگەن بولغاچقا، تولىمۇ ھەيۋەتلىك، جۇلالىق كۆرۈنىدۇ. بۇنداق گىلەملەردىن يەر گىلىمى، تام گىلىمى، سافا- ئورۇندۇق گىلىمى، جايناماز، كارىۋات گىلىمى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئاياللىرىنىڭ چىغ توقۇش سەنئىتىمۇ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان چىغنى قورۇتۇپ، ئاقلاپ، ئۇزۇنلۇقىنى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ كېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى يۇڭ يىپ بىلەن توقۇپ چىقىدۇ ياكى يىپلارنى بىر - بىرىگە قوشۇپ، نەقىش چىقىرىپ توقۇپ چىقىدۇ. گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر، گۈل - گىياھ، ئۇچارقانات، تاغ- ئېدىر، ئېقىن سۇ مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن بۇنداق توقۇلما بۇيۇملار ئىشىك پەردىسى، دەرپەردە، تام توساق، بورا ئورنىدا ۋە باشقا بېزەك، كۆندىلىك بۇيۇملار ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**كەشتە سەنئىتى** بۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ھۈنەر- سەنئەت. كەشتە ئىشلەشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇششاق، ئىنچىكە، ئۇلاپ كەشتىلەش ئاساس قىلىنغان ئادەتتىكى يىپەك كەشتە، ئۇگۇچ چىقىرىلىدىغان يىپەك كەشتە، نېپىز مېتال ياپراقچىلارنى ئېگىپ گۈل چىقىرىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان كۆمۈش كەشتە، ئۆرۈش، ئارقاق يىپلىرىدىن توقۇلىدىغان قوشۇش بەلگىسى شەكلىدىكى گۈللۈك كەشتە بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە چەكمە مەخمەل كەشتە، كاتەكچە ئىچىگە قوندۇرۇلىدىغان كەشتە، ئۇنۇۋېرسال كەشتە، گۈل تىكىش، قۇراق گۈل، چاپلىما گۈل، ئويما گۈل قاتارلىق شەكىللەر بار. نەقىشلەردە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر، گۈل - گىياھ، مېۋە - چېۋە شەكىللىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپا تىكىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدى بىلەن دوپپا تىكىشكە تەييارلانغان رەخت بۆلۈكلىرى بىر - بىرىگە ئۇدۇل كېلىدىغان، تەپمۇتەڭ تۆت ئۈچ بۆلۈككە ئېلىپ كېسىۋېلىنىدۇ، بۇ ئۈچ بۆلۈكلۈك رەخت ياكى دۇخاۋىغا قارا يىپ ياكى زەر يىپتا گۈل كەشتىلىنىدۇ. دوپپىدىكى گۈل نەقىشلىرىنىڭ جۈپ - جۈپى بىلەن رەتلىك، چىرايلىق بولۇشى ئۇچۇن رەڭگى، تىكىلىشى جەزمەن بىر خىل، سىپتا بولۇشى لازىم. شىنجاڭنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى، يەنە كىيىم - كېچەك زىننىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت قىزلىرى ياقتۇرۇپ كىيىدىغان كەشتىلىك كۆڭلەكلەر، قازاق قىزلىرىنىڭ گۈل تىكىلگەن شىمى، قىرغىز قىزلىرىنىڭ گۈللۈك دوپپىسى، موڭغۇللارنىڭ ھەممە يېرىگە گۈل چېكىلگەن چاپان، شىم، ئۆتۈك قاتارلىق چېلىشىش كىيىمى، تاجىكلارنىڭ گۈللۈك دوپپىسى، پوتىسى، شىبەلەرنىڭ كەشتىلىك كەشى ھەم ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، رۇس قاتارلىق مىللەت ئەرلىرى ياقتۇرۇپ كىيىدىغان ياقىسى، مەيدىسىگە، ھەتتا يېڭىنىڭ ئۇچىغىمۇ گۈل تىكىلگەن كۆڭلەك قاتارلىقلار. يەنە ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان ياستۇق، يۇڭ ئەديال، كىگىز، تورلۇك ياپقۇچلار، تام بېزەكلىرى، يوتقان تېشى، ئېگەر كۆرپىسى، گىلىمى قاتارلىقلارغىمۇ كۆپىنچە ناھايىتى چىرايلىق گۈل نەقىشلەر تىكىلىدۇ.

**كۆن - خۇرۇم قول ھۈنەر - سەنئىتى** بۇ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن كىيىم - كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەييارلاش قول ھۈنەر - سەنئىتى. كۆن - خۇرۇم ياساش ئىش تەرتىپى سويۇۋېلىنغان تېرىنى شور سۈيىدە پىشۇرۇش، يۇمشىتىش، يۇيۇش، تازىلاش ۋە تەييار مەھسۇلات قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت. تېرىدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بولۇپ، بۇ قولاقچا، خۇرۇم چاپان، خۇرۇم شالۋۇر، تاسما، جوۋا، خۇرۇم پەلتو، خۇرۇم پەلەي، ئاياغ، ئۆتۈك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. چالغۇ ئەسۋابلاردىن راۋاب، غېجەك، داپ، ئات باشلىق غېجەك، ناغرا قاتارلىقلارنىڭ يۈزىمۇ تېرىدىن قاپلىنىدۇ. باشقا بۇيۇملاردىن قىرغىز، موڭغۇل،

قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىگەر ـ توقۇم جابدۇقلىرى بار. بۇ جابدۇقلار ئىچىدە ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرى خام تاسمىدىن ياسىلىدۇ، قامچا يۇمشاق خام تاسمىدىن توقۇلىدۇ. ئىگەرنىڭ بىر قىسىم جايلىرى كالا تېرىسىدىن ياسىلىدۇ. قازاقلار قىمىز ئېچىتىدىغان تېرە تۇلۇم ئات تېرىسىدىن ياسىلىدۇ.

**نان** بۇ تونۇردا، بولدۇرۇلغان خېمىردىن پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكلىرىدىن بىرى. قەدىمكى زاماندا «ئۇيغۇر قوتۇرمىچى» دەپ ئاتالغان.



نان

تۇرپاندىن تاڭ دەۋرىدە پىشۇرۇلغان، ھازىرقىغا ئوخشاش نان بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياسىلىش شەكلى ھازىرقى نانغا تامامەن ئوخشايدۇ. نان ئاق ئۇن، قوناق ئۇنى، قىزىل قوناق ئۇنى قاتارلىقلارغا خېمىرتۇرۇچ ياكى سۈنئىي ئېچىتقۇ قوشۇپ، كۈنجۈت، تۇز، پىياز، تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. نان تەييارلاشتا، ئالدىدا خېمىر بولدۇرۇلىدۇ، ئاندىن چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان نان راسلىنىپ، ئۈستىگە پىياز ۋە كۈنجۈت سۈركەلگەندىن كېيىن تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇر نانلىرىنىڭ شەكلى ناھايىتى كۆپ، نانغا ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيامۇ ناھايىتى مول. ناننىڭ تولىسى يۇملاق بولىدۇ. ئەڭ چوڭ نان «ھەمەك نان» بولۇپ، ئوتتۇرىسى نېپىز، ئۈستىگە چەككۈچتە گۈل چېكىلىدۇ. گىرۋىكى سەل توم، چوڭلۇقى 40—50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئۇنى نانلارنىڭ شاھى دېيىشكە بولىدۇ. ئەڭ كىچىك نان «توقاچ» بولۇپ، چوڭلۇقى پىيالىنىڭ ئاغزىچىلىك كېلىدۇ. ئوتتۇرىسى ئويمان، گىرۋىكى قېلىن نان «گىردە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ نانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قېلىن نان. كۆپىنچە ئۇيغۇرلار بۇ ناننى ياخشى كۆرىدۇ. قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار گىردە يېقىشقا ئەڭ ئۇستا، ئۇلار ياققان گىردە ناننىڭ ئۈستى پارقىراق، رەڭگى سېرىق بولۇپ، تولىمۇ مەززىلىك. ئۇنى يېيىشلا ئەمەس، كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۇزۇرلۇق ئىش. پېتىر خېمىردىن پىشۇرۇلغان نان «پېتىر نان» دەپ ئاتىلىدۇ. قوي يېغى ۋە سۈت يېغى قوشۇپ پىشۇرۇلغان نان «ماي نان ياكى مايلىق توقاچ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئارىسىغا گۆش ھەم باشقا تېتىتقۇلار ئېلىپ پىشۇرۇلغان نان «گۆشنان» بولىدۇ. «شېكەر نان» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل تاتلىق نانمۇ بار. نان تونۇرغا يېقىلىشتىن ئىلگىرى ئۈستىگە ناۋات سۈيى سۈرتۈلسە، پىشقاندىن كېيىن قاتقان ناۋات سۈيى ناننىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت ناۋات كرىستاللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. «توقاچ» ۋە باشقا نانلارغا ياغ، سۈت قاتارلىق خام ئەشيالار قوشۇلغاندىن سىرت، ئۈستىگە يەنە سىيادان سېپىلىدۇ. بۇنداق نان مەززىلىك، يېيىشلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇزۇن ساقلىسىمۇ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. چارۋىچىلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «ناۋا نېنى» يەيدۇ. ناۋا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان ئىككى دانە ئاستى تۈز قازان بولۇپ، نان پىشۇرغاندا ئىككى ناۋا بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلىدۇ. بۇ ناھايىتى قولايلىق ھەم ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك سايمان بولغاچقا، يايلاقتا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان چارۋىچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئەڭ باب كېلىدۇ. نان ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك بولۇپ، سۈيى ئاز، ساقلاش ئوڭاي، يېيىشكە ئەپلىك بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك يەيدىغان ھەم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاساسىي يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ.

**لەغمەن** بۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ بىر خىل ئاساسلىق تامىقى. شۇنداقلا شىنجاڭدا ئەڭ ئومۇملاشقان ئۇن تامىقى. لەغمەن ئېتىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئۇنغا ئازراق تۇز سېلىپ، خېمىر يۇمشاقراق يۇغۇرۇلىدۇ. ئوبدان چەيلىگەندىن كېيىن يېرىم سائەتچە تىندۇرۇلىدۇ. ئۆيدە لەغمەن ئەتكەندە، تەييارلانغان خېمىر ئۈستىگە ئازراق ياغ سۈرتۈلۈپ، پىلتە قىلىنىپ، لېگەنگە يۇملاق قىلىپ تىزىلىدۇ ياكى ئاشتاختا ئۈستىگە تۈز تىزىلىپ، ئۈستىگە ھۆل لاتا يېپىپ قويۇلىدۇ. قازان قاينىغاندا، خېمىر بىر ئۇچىدىن ئىنچىكە قىلىپ تارتىلىپ، ئاشتاختىغا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇلۇپ، سىلكىنىپ، چوپ تازا ئىنچىكە سوزۇلغاندا ئاندىن قا-

زانغا سېلىنىدۇ ۋە سۇ قايناپ چۈپ پىشقاندىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىنىدۇ. ئاشپۇزۇل، رېستورانلارنىڭ ئۇستا ئاشپەزلىرى بىر قېتىمدا بىرنەچچە كىلوگرام خېمىرنى ئىككى ئۇچىدىن تۇتۇپ، هاۋادا بىرنەچچە قېتىم ئايلان-دۇرۇپ ۋە بۇ ھەرىكەتنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاپلا بىرنەچچە يۈز تال چاچتەك ئىنچىكە چۈپكە ئايلاندۇرىدۇ ۋە بىر قېتىمدىلا ئون نەچچە ئادەمگە يەتكۈدەك ئاش چىقىرالايدۇ. لەڭمەن چۈپىگە مەززىلىك قىلىپ قورۇل-غان قورۇما قوشۇپ يېيىلىدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە لەڭ-مەننى ياغدىن ئۆتكۈزۈلگەن گۆشلۈك قورۇما، قىزىل مۇچ قوشۇپ قورۇلغان، يېسىۋىلەك قوشۇپ قورۇلغان گۆشلۈك قورۇما ياكى مۇچ، پېدىگەن، قورۇما پۇرچە-قى، شوخلا، پىياز، سامساق قوشۇپ قورۇلغان قورۇما ياكى سۇلۇق گۆشلۈك قورۇما بىلەن قوشۇپ يەيدۇ. پەسىلنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، قورۇمىلار-نىڭ تۈرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. لەڭمەن يېيىشلىك، كىشىلەرگە دەرمان بېغىشلايدىغان تاماق.

**سامسا** سامسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە يېمەك-




سامسا

لىكلىرىنىڭ بىرى. سامسا ئاق ئۇن، قوي گۆشى، قۇيرۇق ياغ، پىياز، زىرە، تۇز، قارىمۇچلاردىن تەي-يارلىنىدۇ. تەييارلاش ئۇسۇلى: خېمىردىن شاپىلاقتەك جىلتا تەييارلىنىدۇ. قوي گۆشى، قۇيرۇق ياغ ئىرناق-تەك چوڭلۇقتا توغرىلىدۇ، پىياز ئۇششاق چانىلىپ، زىرە، قارىمۇچ، تۇز، ئازراق سۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ، ئاندىن سامسا تۈگۈلۈپ، تونۇرغا يېقىلىدۇ. پىشقان سامسىنىڭ رەڭگى ناھايىتى چىراي-لىق بولۇپ، دىماغقا مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلىدۇ؛ سامسىنىڭ جىلتىسى چۇرۇك، گۆشى ناھايىتى يۇم-شاق، تەمى ئۆزگىچە بولىدۇ. سامسىنىڭ تۈرى كۆپ. پەرمۇدىنىڭ قىيمىسى ئادەتتىكى سامسىنىڭ قىيمىسىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ جىلتا خېمىرىغا ئۈز-

دىن باشقا، تۇخۇم ۋە سۇ يېغى ئارىلاشتۇرۇلىدىغان بولغاچقا، پىشقان پەرمۇدە ناھايىتى مەززىلىك بولۇپ، ئېغىزغا كىرسە غۇژۇلداپ تۇرىدۇ.

**پولۇ** پولۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاساسىي يې-مەكلىكلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاممىسى ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان ئائىلە تامىقى. ئۇيغۇرچە «پولۇ» سۆزى پارس تىلىدىن كىرگەن. پولۇ ئادەتتە پاكىز يۇيۇلغان قول بىلەن يېيىلىدۇ. پولۇ ئاساسلىقى گۈ-رۈچ، گۆش، سەۋزە، ياغ، پىيازلارنى ئارىلاشتۇرۇپ دۇملەش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. پىشقان پولۇ پۇراق-لىق، مەززىلىك، ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ. پولۇ ئادەتتە يېيىلگەندىن باشقا، كۆپىنچە يەنە مېھمان كۈ-تۈش ئۈچۈنمۇ ئېتىلىدۇ.



پولۇ

پولۇنىڭ نۇرغۇن خىللىرى بار. مەسىلەن، كىش-مىش، گۈلە، شاپتۇل قېقى، ياڭاق مېغىزى قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلەر سېلىپ ئېتىلىدىغان «مېۋە پولۇسى» ياكى «گۆشسىز پولۇ»، ئۈستىگە قېتىق قۇيۇپ يېيى-لىدىغان «قېتىق پولۇسى»، شۇنداقلا يەنە ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان، پولۇ ئۈستىگە تۆت - بەش پېتىر مانتا بېسىلىدىغان «ئاش مانتا»، ئۈستىگە قورۇما بېسىپ يېيىلىدىغان «بەتتە پولۇ»لار بار.

**پىنتاڭ** بۇ شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدە تامىقى. ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى مۇنداق: ساپ ماش ئۇنىدا ئېتىلگەن لەمپۇڭ بىرلىك چوڭلۇقتا چاسا قىلىپ توغرىلىدۇ، ئاندىن گۆش، شوخلا، پالەك، يې-سىۋىلەك، قىزىل مۇچ، قارىمۇچ ۋە سۇدا كۆپتۈرۈل-گەن قارا مۇئېر ئۇلۇغ ئوتتا قورۇلۇپ، ئۈستىگە شورپا قۇيۇلىدۇ، ئاندىن قازانغا لەمپۇڭ سېلىنىدۇ. پىنتاڭنى ھەرقانداق چاغدا ئېتىپ يېسە بولىدۇ. ئەمما، پەسىل-لەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا سېلىنى-دىغان كۆكتاتلار ھەر خىل بولىدۇ. پىنتاڭ مەيلى قانداقلا چاغدا ئېتىلسۇن، تەمى مەززىلىك، خۇش پۇ-

راق بولىدۇ. پىنتاڭ ئادەتتە يەنە بولدۇرۇلغان خېمىردا تەييارلانغان، ياغدا پىشۇرۇلغان ئالاھىدە قېلىن قويماق بىلەن بىللە يېيىلىدۇ. قۇربان ھېيت، روزى ھېيتتا پەتلەپ كىرگەن ئەتىۋارلىق مېھمانلارنى، تۇغقانلارنى ۋە دوستلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، خۇيزۇ ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پىنتاڭ ئېتىدۇ. بۇ ئۆزگىچە تاماقنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ.

**نېرىن** بۇ قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مېھمان كۈتكەندە تەييارلايدىغان بىر خىل ئالىي تامىقى. ئۇنى ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: ئادەتتە قوينىڭ ئالدى قول، سان، قوۋۇرغا، تۆش گۆشلىرى چوڭ ـ چوڭ پارچىلىنىپ، سوغۇق سۇغا سېلىپ ئۇلۇغ ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ. كۆپۈكلەر سۈزۈپ ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن سۇس ئوتتا قاينىتىلىدۇ. شورپىنىڭ ۋە گۆشنىڭ تەملىك بولۇشى ئۈچۈن قازانغا ئازراق تۇز ۋە پىياز سېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، يېيىلغاندىن كېيىن، لەڭمەن چۆپىدەك قىلىپ كېسىلىدۇ. قازاندىكى پىشقان گۆش سۈزۈپ ئېلىنىپ، چۆپ ياكى يىرتىلغان خېمىر شورپىدا پىشۇرۇلۇپ، قاچىغا ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆش بېسىلىدۇ، شۇنداقلا تۇز ۋە پىياز سېلىنىدۇ. نېرىن داستىخانغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئادەتتە بىرەيلەن ئۆتكۈر پىچاق بىلەن گۆشنى ئۇششاقلاپ توغراپ چۆپكە ئارىلاشتۇرىدۇ. يېگەندە قول بىلەن چۆپكە گۆش قوشۇپ يېيىلىدۇ. نېرىن يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئادەتتە بىر چىنە شورپا ئىچىلىدۇ. نېرىن قوي گۆشىدىن باشقا، يەنە كالا، ئات گۆشلىرىدىنمۇ ئېتىلىدۇ. نېرىن قولدا يېيىلگەچكە «بەش بارماق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قولداما** بۇ تاتار، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بىر خىل ئۇن تامىقى. ئۇنىڭغا ئۇن، سۇ يېغى، قوي گۆشى، پىياز، قارىمۇچ، سەۋزە، ياڭيۇ، شوخلا، ھۆل مۇچ قاتارلىق خام ئەشيالار ئىشلىتىلىدۇ. قولدامىنى ئېتىش ئىككى باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ: ئالدى بىلەن خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، ئوبدان چەيلىنىپ، يېرىم سائەتچە تىندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇزۇنچاق پىلتە قىلىنىدۇ، پىلتە ئۇزۇن تارتىلىپ، باشمالتاق بىلەن بېسىلىپ، تىرناقتەك چوڭلۇقتا ياپىلاق قىلىپ يىمىرىلىدۇ، بۇ قازاندىكى قاينىغان سۇدا پىشۇرۇلغاندىن كېيىن چوڭ لېگەنگە ئۇسۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن قورۇما تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭدا قازانغا سۇ يېغى قۇيۇلۇپ، ياغ سەككىز ئۇلۇش قىزىغاندا تىرناقتەك ئۇششاق قىلىپ توغرالغان گۆش، پىياز، مۇچ، سەۋزە، شوخلا، ياڭيۇ ۋە قارىمۇچ، تۇز ئۇلۇغ ئوتتا قورۇلۇپ، پىشقاندىن كېيىن، قورۇما لېگەندىكى چۆپ ئۈستىگە قۇيۇلسىلا تاماق تەييار بولغان بولىدۇ. تاماق ئۇسۇلغان لېگەن داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلۇپ، ھەربىر ئادەم ئالدىدىكى يېمىش تەخسىلىرىگە بۆلۈپ يەيدۇ.

**بولكا** بۇ رۇسلارنىڭ ئاساسلىق ئۇن تامىقى، ئۇ رۇس بولكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: ئۇنغا سۇ، ئېچىتقۇ (خېمىرتۇرۇچ)، بەزىدە شېكەر، سېرىق ماي، ئارپا ئۈندۈرمىسى، شىرنە، سۈت قوشۇپ خېمىر تەييارلىنىدۇ، خېمىر بولغاندىن كېيىن، خۇش پۇراق دورىلار (ئارپىبەدىيان قاتارلىق) قوشۇلۇپ، مەخسۇس تۆمۈر لىپ ياكى بولكا قۇتىسىغا سېلىنىپ، دوخوپكا ياكى تونۇرسىمان ئوچاقتا پىشۇرۇلىدۇ. رۇس بولكىسىنىڭ خېمىرىنى بولدۇرۇش ۋاقتى سەل ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېچىتقۇ ئورنىدا بىر خىل بىئولوگىك كۆپتۈرگۈچى دورا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ يەنە «چىڭدالغان ئېچىتقۇ»، «يېڭى ئېچىتقۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رۇس بولكىسى چوڭ ھەم قېلىن بولغاچقا، پىشۇرۇش ۋاقتىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ خىل بولكا تەركىبىدە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ئاقسىل، مىنېرال ماددىلار، ئامىنو كىسلاتالىرى، ۋىتامىن قاتارلىقلار بار.

**بولاق قوتۇرماچ** بۇ شىبەلەر ئەڭ ئامراق تاماق بولۇپ، شىبە تىلىدا فارغۇبىن دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئازراق خېمىر بولدۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا يەنە ئازراق تۇز، شولتا ۋە مۇۋاپىق ئۇن قوشۇپ چەيلەنگەندىن كېيىن، نوغۇچتا نېپىز يېيىپ، سۇس ئوتتا، قازان ياكى تاۋىدا پىشۇرۇلىدۇ. قازان، تاۋىغا ئازراق ياغ قويۇلسا تېخىمۇ مەززىلىك بولىدۇ. ئوتنىڭ تاۋىنى ئىگىلەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، شىبەلەرنىڭ تولىسى ئوچاقتا سامان ياكى ئوتۇن قالايدۇ. قوتۇرماچ پىچاق بىلەن ئەمەس، قولدا پارچىلاپ يېيىلىدۇ. بۇنداق قوتۇرماچنى خالىغان ۋاقىتتا تەييارلاپ يېيىشكە بولىدۇ (كىشىلەر ئادەتتە بىر كېچە تۇرۇپ قالغان قوتۇرماچنى يېمەيدۇ)، شۇڭا، ئۇ ناھايىتى يۇمشاق، تەملىك، يېيىشلىك بولىدۇ.

**پىشۇرۇلغان گۆش** بۇ چارۋىچىلىق رايونىدا ياشايدىغان ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۆش تامىقى بولۇپ، مېھمانلارغىمۇ دائىم گۆش تارتىلىدۇ.

قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر مېھمانغا ئاتاپ قوي سويماقچى بولغاندا، ئۆي ئىگىسى قوينى كىگىز ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا يېتىلەپ كېلىپ، سول بىلىكىدە قوينىڭ بېشىنى، ئوڭ بىلىكىدە قوينىڭ قورسىقىنى قۇچاقلاپ، ئىككى ئالىقىنىنى يۇقىرىغا قارىتىپ كۆتىرىپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلەن مېھمانلاردىن «پاتىھە» سورايدۇ. مېھمانلار دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ياخشى كۈتۈپ ئالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا ئامەت، ياخشىلىق، ئامان - ئېسەنلىك تىلىگەندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى قوينى بوغۇزلاپ، سان، قوۋۇرغا، ئۆشلىرىنى چوڭ - چوڭ پارچىلاپ، سوغۇق سۇغا سېلىپ قاينىتىپ پىشۇرىدۇ. قازان قاينىغاندىن كېيىن كۆپۈكى سۈزۈپ ئېلىۋېتىلىپ، سۇس ئوتتا ئاستا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن تۇز ۋە پىياز سالىدۇ. ئادەتتە گۆش بىر سائەتتە پىشىدۇ. پىشقان گۆش چوڭ تاۋاققا ئۇسسۇلىدۇ. گۆش يېيىشتىن ئىلگىرى ئۆي ئىگىسى ۋە مېھمانلار قولىنى يۇيىدۇ. ئارقىدىن ئۆي ئىگىسى تاۋاقتىكى گۆشنى داستىخانغا ئېلىپ كېلىپ، قوينىڭ بېشىنى ۋە بەكىنى مېھمانغا تۇتىدۇ. مېھمان بەكىنى ئېلىپ، قوينىڭ سول تەرەپ چېكىسىدىن بىر پارچە گۆش كېسىۋېلىپ، مېھماندارچىلىقتىن رازى بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنى ئاغزىغا سالىدۇ ياكى تاۋاققا سېلىپ قويىدۇ. ئاندىن ئۆي ئىگىسىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا بولغان ئامراقلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوينىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىۋېلىپ، ئۇنى شۇ ئائىلىدىكى كىچىك بالىغا ياكى شۇ سورۇندىكى يېشى ئەڭ كىچىك ئادەمگە تۇتىدۇ (بۇنىڭ يەنە بالىلار چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىسۇن، دېگەن مەنىسىمۇ بار). ئارقىدىن قوينىڭ بېشىنى ئۆي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. مانا بۇ رەسمىيەتلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى گۆشنى توغرايدۇ - دە، گۆش يېيىش باشلىنىدۇ. گۆش يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى مېھمانغا يەنە بىر چىنىدە شورپا سۇنىدۇ. مېھمان شورپىنى ئىچىپ بولۇپ، قولىنى پاكىز سۈرتكەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى بىلەن بىرلىكتە «دۇئا» قىلىدۇ. چارۋىچىلار مېھمان كۈتكەندە مېھمانلارنىڭ ياش - قۇرامىغا قاراپ، ئۇلارغا قوينىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەزالىرىنىڭ گۆشىنى بۆلۈپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە قائىدە - يوسۇننى بىلدۈرىدۇ.

ناھايىتى ئىنچىكە ھۈنەر، ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان تاماق ھېسابلىنىدۇ. ئۆپكە قۇيۇش ئۇسۇلى مۇنداق: قوينىڭ ئۆپكىسىگە سۇ بېرىلىپ، تا ئۆپكە ئاپئاق بولۇپ ئاقارغىچە قانسىرىتىلىدۇ. ئاندىن قېرىندىن كېسىپ ئېلىنغان ئۆپكە ئاغزى، ئۆپكە كانىيىغا تىكىلىدۇ؛ يۇغۇرۇلغان خېمىر سۇدا يۇيۇلۇپ، تىرىپى ئايرىۋېلىنىدۇ. ئۇن سۈيى سەل تىنغاندىن كېيىن، ئارتۇق سۈيى تۆكۈۋېتىلىپ قالغان ئۇن سۈيى ئۆپكە ئاغزى ئارقىلىق ئۆپكىگە سىقىپ كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇن سۈيى ئۆپكە تولۇق چىڭىغىچە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە سۇ يېغى، تۇز، زىرە قۇيۇلىدۇ. ئاندىن ۋارونكا رولىنى ئوينايدىغان ئۆپكە ئاغزى كېسىپ ئېلىۋېتىلىپ (ئېلىۋەتمەي چېگىپ قويسىمۇ بولىدۇ) كاناي چىڭ چېگىلگەندىن كېيىن قازاندا ئىككى سائەتچە قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. يۇيۇلغان خېمىردىن چىققان ئۇن تىرىپىمۇ زايە قىلىۋېتىلمەي، يېيىپ، ئىچىگە سوقۇلغان مۇچ قاتارلىق نەرسىلەر سېلىنىپ، ئىنچىكە شوينا بىلەن بوغۇپ، قازاندا ئۆپكە بىلەن تەڭ پىشۇرۇلىدۇ.

ھېسىپ ياسىشمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق. ئالدى بىلەن ئۈچەي پاكىز يۇيۇپ تازىلىنىدۇ. ئاندىن جىگەر، يۈرەك، ئۈچەي يېغى ئۇششاق توغرىلىپ، قارىمۇچ، سوقۇلغان مۇچ، زىرە، تۇز ۋە پاكىز يۇيۇلغان گۈرۈچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قايناقسۇ قۇيۇلغاندىن كېيىن ئۈچەيگە كىرگۈزۈلىدۇ، ئۈچەينىڭ ئىككى ئۇچى يىپتا باغلىنىپ، سوغۇق سۇغا سېلىنىدۇ. سۇ قاينىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە نەچچە قېتىم سوغ سۇ قۇيۇلىدۇ (بىۋاسىتە قايناۋاتقان سۇغا سالسىمۇ بولىدۇ). ھېسىپ چالا پىشقاندا، ئۇنىڭ كۆپۈپ يېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىرنەچچە يېرىگە يىڭنە سانچىلىپ، ئىچىدىكى ھاۋا چىقىرىۋېتىلىدۇ. ھېسىپ بىرەر سائەتلەردە پىشىدۇ. پىشقان ئۆپكە - ھېسىپ، يېيىشكە ئەپلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇششاق توغرىلىپ داستىخانغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۆي ئىگىسى پىششىق جىگەرنى ياپىلاق توغراپ، ئارىسىغا پىشقان قۇيرۇق مايىنى قىستۇرۇپ مېھمانلارغا تۇتىدۇ. بۇ «دۈمبە جىگەر» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇيرۇق ياغ جىگەرگە قوشۇپ يېيىلسە ناھايىتى مەززىلىك بولىدۇ، كۆڭۈلگىمۇ تەگمەيدۇ.

**ئۆپكە - ھېسىپ** بۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە يېمەكلىكى، مېھمانلارغا تارتىلىدىغان بىر خىل ئېسىل تائام. ئۆپكە - ھېسىپ

**زىق كاۋاپ** بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى تاماقلىرىدىن بىرى. كاۋاپ يېغى قوي گۆشى (پاقلان گۆشى بولسا تېخىمۇ ياخشى)، قارىمۇچ، زىرە، تۇز، سوقۇلغان مۇچتا تەييارلىنىدۇ. كاۋاپ ياساش

ئۇسۇلى مۇنداق: قوي گۆشى ئېغىزغا چىققۇدەك توغرىلىپ، تۆمۈر زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ، كاۋاپدانغا بېسىلىدۇ ۋە ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۈستىگە قارىمۇچ، سوقۇلغان مۇچ، تۇز ۋە زىرە سېپىلىدۇ. كاۋاپنى جەزمەن ئوتۇن كۆمۈرى ياكى ئىسسىز كۆمۈردە پىشۇرۇش كېرەك، كاۋاپنىڭ ئوتى بەك كۈچلۈك بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. گۆش ۋىژىلداپ يېغى ئاققاندىن كېيىن بىرنەچچە سىنۇتتىلا پىشىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى سارغۇچ، يېغى پارقىراپ تۇرىدۇ، تەمى شېرىن ئاچچىق بولۇپ كۆڭۈلگە تەگمەيدۇ، تەملىك ۋە يۇمشاق بولىدۇ. زىقتىكى گۆش ئۈستىگە تۇخۇم، ئۇن، زىرە ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇماچ سۈرتۈلىدىغان يەنە بىر خىل كاۋاپمۇ بار بولۇپ، بۇنداق كاۋاپنىڭ گۆشى تېخىمۇ يۇمشاق پىشىدۇ. تەمى تېخىمۇ ئوبدان بولىدۇ. زىق كاۋاپ شىنجاڭدا، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن تائام ھېسابلىنىدۇ.

**تونۇر كاۋاپى** بۇ شىنجاڭنىڭ بىر داڭلىق يەرلىك تامىقى. پۈتۈن تونۇر كاۋاپى ئاختا قوي ياكى ئىككى ياش ئۆچكىنىڭ سېمىز پاقلاندىن تەييارلىنىدۇ. ئۇنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق: قوي سويۇلۇپ، كاللا - پاچاق، ئىچ - قارنى ئېلىۋېتىلىپ، پاكىز يۇيۇلىدۇ. ئاندىن ئۇن، تۇز، تۇخۇم، زەنجىۋىل، قارىمۇچ ۋە زىرە قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان قويۇق ئۇماچ ھالەتتىكى دورا - دەرمان تېتىمىسى قوينىڭ ھەممە يېرىگە ۋە قورسىقىغا سۈرتۈلۈپ، مىخلىق خادا ياغاچقا ئۆتكۈزۈلۈپ، ئالاھىدە ياسالغان تونۇرغا سېلىنىپ، دۇملىنىدۇ ھەم پات - پات ئۆرۈپ كۆزىتىلىپ، بىر سائەت دۇملەنگەندىن كېيىن پىشىدۇ. پىشقان گۆش پارچىلىنىپ تەخسىلەرگە ئېلىنىپ، داستىخانغا تارتىلىدۇ. كاتتا زىياپەتلەردە ئاشپەزلەر پىشۇرۇلغان پۈتۈن تونۇر كاۋاپنى تاماق غالتىكىگە سېلىپ، قوينىڭ بېشىغا قىزىل لېنتا باغلاپ، ئاغزىغا بىر تۇتام كەرەپشە ياكى يۇمغاقسۈت چىشلىتىپ ئەكىلىپ مېھمانلارغا تاماشا قىلدۇرىدۇ. بۇ ھالەت ئادەمگە بىر دانە تىرىك قوي غالتەكتە ئولتۇرۇپ ئوت يەۋاتقاندەك كۆرۈنۈشنى ئەسلىتىدۇ ۋە ئادەمگە تولىمۇ تەسىرلىك بەدىئىي ئەسەردەك كۆرۈنىدۇ. پۈتۈن تونۇر كاۋاپنى ئادەملەر ئۆزلىرى پىچاق بىلەن كېسىپ يېسىمۇ، ئاشپەزلەر توغراپ، تەخسىگە سېلىپ ئەكىلىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. پۈتۈن تونۇر كاۋاپنىڭ گۆشى يۇمشاق، تەملىك، ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ. ھازىر جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان كاتتا زىياپەتلەردە پۈتۈن تونۇر كاۋاپى قىممەتلىك ئېسىل تائام سۈپىتىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مېھمانلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشمەكتە.

**تالقان** بۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قولايلىق يېمەكلىكلىرىنىڭ بىرى. ئۇنى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر كۆممىقوناق، بۇغداي قاتارلىق دانلاردىن ياسايدۇ. ئۇنى ياساش ئۇسۇلى بىرقەدەر ئاددىي بولۇپ، كۆممىقوناق ياكى بۇغداي، ئالدىدا قازاندا قۇرۇق قورۇپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن ياغچاق (قول تۈگمىنى) ياكى تۈگمەندە تارتىلىپ تالقان قىلىنىدۇ. تالقان ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ. تالقان يېيىشكە توغرا كەلگەندە يېرىم چىنە تالقانغا قايناق سۇ ياكى چاي قۇيۇپ، شۇنداقلا ھەركىم ئۆزىنىڭ خاھىشىغا ئاساسەن تۇز، سېرىقماي ياكى قايماق، شېكەر، ياڭاق مېغىزى سېلىپ ئىچسە بولىۋېرىدۇ. شورپا ياكى قىزىق سۈت قۇيۇپ ئىچسە تېخىمۇ مەززىلىك بولىدۇ. تالقان ياشانغانلار، گۆدەكلەر ياقتۇرىدىغان يېمەكلىك.

**سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر** سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى قوشۇمچە يېمەكلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق يېمەكلىكلەرنىڭ خىلى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سېرىقماي، قايماق، قۇرۇت، ئېرىمچىك، سۈزمە، جەننەت، ئۇز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

*سېرىقماي.* چارۋىچىلىق رايونىدىكى كىشىلەر ئۆچكە ۋە كالا ساغقاندىن كېيىن سۈتنى بىر كېچە قويۇپ قويىدۇ ۋە ئەتىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت مېيىنى ئايرىپ ئالىدۇ. بۇ قايماق دەپ ئاتىلىدۇ. قايماقنى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ساقلاش ئۈچۈن ئۇ بىر تەرەپكە قارىتىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۇ ۋە كۆك سۈت چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، ئاندىن سۇغا سېلىنىپ قول بىلەن توختىماي مىجىلىپ، ماي تەركىبىدىكى سۇ چىقىرىپ تاشلىنىدۇ، قايتا - قايتا يۇيۇش نەتىجىسىدە ئاپئاق قايماق سارغۇچ سېرىقمايغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئازراق تۇز سېلىنىپ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇتۇلغان قوي قېرىنىغا قاچىلىنىدۇ ۋە ئاغزى ھىم ئېتىلىپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ساقلىنىدۇ.

*قايماق.* ئۆچكە، كالا سۈتلىرى قاينىتىلىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن سوۋۇغاندا ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر قەۋەت تەركىبىدە ماي ۋە ئاقسىل بولغان ئارىلاشما ماددا ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدا سۈتنىڭ ۋە ماينىڭ خۇش پۇرىقى

بولۇپ، تەمى سەل ئاتلىق بولىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر بۇنى قايماق دەپ ئاتايدۇ.

*قۇرۇت*. بۇ چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئادەملەر ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل يېمەكلىك. ئۇ قۇرۇتۇش ئارقىلىق ياسالغان بولغاچقا قۇرۇت دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرۇتنىڭ تەركىبىدە ماي بار بولغىنى ئاتلىق قۇرۇت، تەركىبىدە ماي بولمىغىنى ئاچچىق قۇرۇت دەپ ئاتىلىدۇ. قازاقلار قۇرۇت ياسىغاندا، ئالدى بىلەن ئۆچكە ياكى كالا سۈتىنى ئېچىتىپ، ئاندىن قازاندا قاينىتىدۇ، كېيىن خالتىغا تۆكۈپ ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنى تولۇق ساقىتىۋەتكەندىن كېيىن قول بىلەن ئۇششاق يۇم قىلىپ قۇرۇتىدۇ. موڭغۇللار ياسايدىغان قۇرۇتمۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى ياغلىق قۇرۇت، ئۇنى ياساش ئۇسۇلى قازاقلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ؛ يەنە بىر خىلى، سۈت هارىقى ياساپ ئېشىپ قالغان سۈت تىرىپىنىڭ سۈيىنى ساقىتىۋېتىپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇنداق قۇرۇت سەل ئاچچىق بولىدۇ.

*پىشلاق (ئىرىمچىك)*. بۇ ئۆچكە، كالا سۈتىدىن ياسالغان كرىستالسىمان يېمەكلىك. رەڭگى سېرىق، بەزىلىرىنىڭ سۈتتەك ئاق، ناهايىتى يېيىشلىك ۋە تەملىك. ئۇنى ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: ئۆچكە ياكى كالا سۈتى ئالدى بىلەن قازاندا ئۇلۇغ ئوتتا قاينىتىلىدۇ، ئاندىن سۇس ئوتتا ئاستا - ئاستا بىرنەچچە سائەت قاينىتىلىپ، سۈتنىڭ سۈيى تۈگەپ قويۇقلاشقاندا چولڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان پارچىلارغا بۆلۈپ، چىغ بورا ئۈستىگە قويۇپ قۇرۇتىلىدۇ.

**چاي** بۇ شىنجاڭدىكى هەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئىچىملىكى. ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر چاي ئىچىشكە ئامراق، ئۇلار چايدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، چاي ئىچىش كىشىلەرنىڭ بىر تۈرلۈك ئادىتىگە ئايلانغان. شىنجاڭدىكى هەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چاي ئىچىش ئادىتى شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇهىتى ۋە ئاهالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىرى، شىنجاڭدا قۇملۇق، چۆل - جەزىرىلەر ناهايىتى كۆپ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ. بۇنداق قۇرغاق رايوندا ياشىغان ئادەملەر ئۇچۇن چاي زۆرۈر بۇيۇم هېسابلىنىدۇ؛ ئىككىنچىسى، شىنجاڭدا كۆكتات ئاز، گۆش كۆپ، چاي ئىچكەندە كۆكتاتلاردىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئوزۇقلۇقلارنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا هەزىم قىلىشقىمۇ ياردىمى بار. شۇڭا، «تاماق بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما چاي بولمىسا بولمايدۇ» دېگەن گەپ بار.

چاي ۋە سۈت چاي يەنە مېهماننىڭ ئالدىغا قويىدىغان بىر خىل ئىچىملىك بولۇپ، قانداقلا چاغدا بىرسىنىڭ ئۆيىگە مېهمان بولۇپ كىرسىڭىز، ئۆي ئىگىسى هامان سىزنى ناهايىتى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە چاي بىلەن مېهمان قىلىدۇ.

ئادەملەر ئادەتتە سۈت چاي (ئەتكەن چاي) ئىچىشكە ئامراق. سۈت چاي، چاي ۋە كالا سۈتى ياكى قوي (ئۆچكە) سۈتىدىن تەييارلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ۋە رايونلاردىكى ئاممىنىڭ ئىچىدىغان چېيى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى هەر خىل. مەسىلەن، بىر قىسىم رايونلاردىكى قازاقلار تاش چاينى، يەنە بىر قىسمىلىرى كۆرەك چاي (تاختا چاي، قارا چاي) ۋە قىزىل چاي ئىچىشنى؛ موڭغۇللار كۆك تاش چاينى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئۇيغۇر، شىبە، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر بولسا قارا چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**قېتىق** بۇ قازاق، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سۈتتىن ياسىلىدىغان ئەنئەنىۋى يېمەكلىكى. قېتىق تەركىبىدە ئوزۇقلۇق مول بولغان قۇۋۋەت دورىسى، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئۇسسۇزلۇقنى بېسىپ، هەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىچىملىك. هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قېتىق ياساش ئۇسۇلى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. قازاقلار قېتىق ياسىغاندا، سۈتنى قاينىتىپ، قايمىقىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئېچىتقۇ (كۆنەلگۈ) سېلىپ، سوغا (ياغاچ تۇڭ، چېلەك) غا قويۇپ ئېچىتىدۇ؛ ياكى سۈتنى قايناتقاندىن كېيىن قايمىقىنى ئالمايلا ئېچىتقۇ سېلىپ، بىۋاستە ئېچىتىدۇ؛ ياكى خام سۈتنى چاناش (تېرە خالتا، تۇلۇم) قا قويۇپلا ئېچىتىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنقىسى چۈچۈمەل، كېيىنكىسى سەل چۈچۈك تاتلىق بولۇپ، ناهايىتى تەملىك بولىدۇ. موڭغۇللارنىڭ قېتىق ياساش ئۇسۇلى قازاقلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بىراق، ئۇلار ئاساسلىقى قايمىقى سۈزۈپ ئېلىنغان كۆك سۈتتە قېتىق ئېچىتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قېتىق ياسايدىغان چانىشى ئالاهىدە يوغان بولىدۇ. بۇنداق قېتىقنى ئىچىپ بولالمىغاندا، ئۇ سۈت هارىقى ياسايدىغان خام ئەشياغا ئايلىنىدۇ. قازاقلار ئىچىپ بولالمىغان قېتىقىدىن قۇرۇت ياكى سۇيۇق قېتىق (ئايران)، پىشلاق (ئىرىمچىك، سۈزمە) ياسايدۇ. يېزا ۋە شەهەردە ياشايدىغان ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تولىسى سۈتنى قاينىتىپ، سەل سوۋۇغاندىن كېيىن، چىنىگە تۆكۈپ، ئازراق ئېچىتقۇ سېلىپ، بىرنەچچە سائەت ئېچىتىش

ئارقىلىق قېتىق ياسايدۇ. شىنجاڭدىكى بەزى ئاز سان-
لىق مىللەتلەر تەم كىرگۈزۈش ۋە ھەزىم قىلىشقا ياردى-
مى بولسۇن ئۈچۈن، قېتىقنى يەنە تاماققا ئارىلاشتۇرۇپ
ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**مۇسەللەس** بۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئالىي ئىچىملىكى. بۇنداق ئىچىملىك ھۆل ئۈ-
زۈمنى ئېچىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۈزۈم
ھارىقى ئەمەس. ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: ئۈزۈم ئۈزۈل-
گەندىن كېيىن، پاكىز يۇيۇلغان تاختاي ئۈستىگە قو-
يۇپ يېيىتىلىدۇ. ئاندىن چۆلدە ئۆسىدىغان كۆك يانتاق
(بىر خىل قۇملۇق ئۆسۈملۈكى) نىڭ يوپۇرمىقى ئېلى-
ۋېتىلىپ، تىكىنىلا قالدۇرۇلغاندىن كېيىن پاكىز يۇ-
يۇلۇپ، تاختاي ئۈستىدىكى ئۈزۈم كۆك يانتاق تىكىنى
بىلەن ساۋىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېزىلگەن ئۈزۈمنىڭ
تېرىپى بىلەن ئۆرۈقى تاختاي ئۈستىدە قېلىپ، شىرن-
سى جاۋۇرغا ئېقىپ چۈشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا شىرنە
داكىدا سۈزۈلۈپ، قازانغا سېلىپ قاينىتىلىدۇ. ئادەتتە
10 كىلوگرام ئۈزۈم شىرنىسىگە 20 كىلوگرام سۇ
قوشۇپ، سۇس ئوتتا 10 كىلوگرام قالغۇچە قاينىتىلى-
دۇ. ھوردالغان شىرنە پاكىز كوزا ـ ئىدىشقا قاچىلى-
نىپ، ئوبدان يېپىەتلەنگەندىن كېيىن كۈن تېگىدىغان
جايغا قويۇپ 40 كۈنچە ئېچىتىلغاندىن كېيىن تەييار
بولىدۇ. شىرنە ئېچىغاندا ئۇنىڭدىن قازاندىكى سۇ قاي-
نىغاندەك بۇلدۇقلىغان ئاۋاز چىقىدۇ ۋە بۇ ئاۋاز پۈتۈن-
لەي تىنچلانغاندا مۇسەللەس پىشقان بولىدۇ. مۇسەل-
لەس ياسىغاندا، ھەرقايسى رايونلارنىڭ شىرنە ئىچىگە
ئارىلاشتۇرىدىغان خورۇچلىرىمۇ تامامەن ئوخشاش بول-
مايدۇ. بەزى رايونلار شىرنە ئىچىگە ئازراق كۆمىقو-
ناق، چاي ۋە دورا قاتارلىقلارنى سالىدۇ. مۇسەللەس
تەركىبىدە ئازراق ئىسپىرت بولغاچقا، ئۇنىڭ قاننى
جانلاندۇرۇش، پەي ـ تومۇرلارنى يۇمشىتىش رولى
بار. تەييار بولغان مۇسەللەسنىڭ رەڭگى جىگەر رەڭدە
بولۇپ، تەمى سەل چۈچۈمەل تاتلىق، خۇش پۇراق
كېلىدۇ، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول.

**مۇراببا** بۇ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق
مىللەتلەر تۈرلۈك يەل ـ يېمىشلەردىن تەييارلايدىغان،
شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار،
رۇس قاتارلىق مىللەتلەر ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان يېمەك-
لىك. ئادەملەر مېھمان كۈتكەندە تاماق تارتىلىشتىن
ئىلگىرى ئۇلارنى چاي، نان ـ توقاچ، پىرەنىك ۋە
شەربەت، مۇراببالار بىلەن مېھمان قىلىدۇ. شۇنداقلا،
مۇرابىا تۈرلۈك پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى ياساشنىڭ خام
ئەشياسى قىلىنىدۇ. مېۋە ـ چېۋە ماكانى بولغان شىن-
جاڭدا مۇرابىا ياسىلىدىغان خام ئەشيا ناھايىتى كۆپ
بولۇپ، ئۆلار ئالما، ئۆرۈك، بۆلجۈرگەن، شاپتۇل،
تاش ئالما، ئەنجۈر، قارا ئۆرۈك، مالىنا، ياۋا دولانا
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: ئال-
دى بىلەن مۇرابىا ياسىلىدىغان مېۋە پاكىز يۇيۇلۇپ،
پوستى، ئۆرۈقى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئەمما، شىرنى-
لىك مېۋىلەرنىڭ، مەسىلەن، بۆلجۈرگەننىڭ پوستىنى
ئېلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئادەتتە ئىككى كىلوگرام مېۋى-
گە بىر كىلوگرام شېكەر قوشۇلىدۇ، شېكەر مىس
قازان ياكى سىرلىق كورا (چويۈن قازان ئىشلىتىشكە
بولمايدۇ) غا سېلىنىپ، ئازراق سۇ قۇيۇلۇپ، سۇس
ئوتتا ئاستا قاينىتىلىدۇ، شۇنداقلا شېكەر تامامەن ئې-
رىپ، سوزۇلما شىرنە بولغۇچە تىنىماي قوچۇپ تۇرۇلى-
دۇ. مېۋە مانا شۇ چاغدا قازانغا سېلىنىپ توختىماي
قوچۇلىدۇ. ئادەتتە مېۋە 2 سائەتتىن 4 سائەتكىچە قاي-
نىتىلىدۇ. ئەمما، بەزى شىرنىلىك مېۋىلەرنى ۋە بۆل-
جۈرگەنلەرنى يېرىم سائەت قايناتسىلا كۇپايە قىلىدۇ.
مۇرابىا پىشقاندىن كېيىن ئەينەك قاچىلارغا قاچىلىنىپ
ساقلىنىدۇ. مۇراببالار تەركىبىدە كۆپ خىل ۋىتامىن-
لار، ئامىنو كىسلاتالىرى ۋە شېكەر تۈرىدىكى ماددىلار
بولۇپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، كۆڭۈلنى تىنچلاندۇ-
رۇش، ئۆپكىنى ياشارتىش، شۆلگەي پەيدا قىلىپ،
ئىشتىھانى ئېچىش، بەدەندىكى ئىسسىقنى قايتۇرۇش
رولى بار.

**قىمىز** بۇ ئات سۈتىدىن ئېچىتىپ ياسىلىدۇ.
قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىي ئىچىملى-
كى. قىمىز ياساش ئۇسۇلى خېلى غەلىتە بولۇپ، يېڭى
سېغىلغان ئات سۈتى ئات تېرىسىدىن ياسالغان چاناشقا
قۇيۇلۇپ، ئېچىتقۇ ئورنىدا كونا قىمىز قوشۇلۇپ،
ئىسسىق جايغا قويۇپ ئېچىتىلىدۇ. ھەر كۈنى كالتەك
بىلەن بىرنەچچە قېتىم قوچۇپ قويۇلىدۇ، قانچە كۆپ
قوچۇلسا، شۇنچە تېز ئېچىيدۇ، شۇنچە ياخشى بولىدۇ.
شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ چۈ-
چۈمەل، ئېغىزنى قورۇيدىغان مەززىلىك قىمىز بولۇپ
چىقىدۇ. قىمىز تەييار بولغاندىن كېيىن، ھەممىنى
ئىچىپ تۈگىتىۋەتمەي، بۇنىڭدىن كېيىن قىمىز ياساشقا
ئىشلىتىش ئۈچۈن، چاناشتا ھەر كۈنى ئازراق قىمىز
قالدۇرۇپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر كۈن بىر دەۋر
بولۇپ، چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە ھەر كۈنى خالىغان چاغدا
ئىچىدىغان يېتەرلىك قىمىز بار بولىدۇ. كالىنى ھەر

كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئىككى قېتىملا ساغقىلى بولىدۇ، ئاتنى بولسا ئەتىگەندىن كەچكىچە بەش - ئون قېتىملاپ ساغقىلى بولىدۇ. ھەر قېتىم سېغىلغان سۈت شۇ ھامان ئېلىپ كېلىنىپ چاناشقا تۆكۈلىدۇ. بەزى قازاق چارۋىچىلار بىر پارچە خام قۇيرۇق ياغنى چاناشقا سېلىپ قىمىز بىلەن تەڭ ئېچىتىدۇ، بۇنداق قىمىز تېخىمۇ پۇراقلىق، تېخىمۇ لەززەتلىك، ئوزۇقلۇققا باي بولىدۇ. بەزى ئادەملەر كېسەل داۋالاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قىمىز ئىچىگە يەنە ياۋا زەنجىۋىل، كۆجۈلا سېلىپ ئۇنىڭ تەمىنى تېخىمۇ تەڭشەپ، كېسەل داۋالاش رولىنى كۈچەيتىدۇ.

**تۆگە قىمىزى** بۇ قازاق، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىي ئىچىملىكى. قازاق، قىرغىزلار ئۇنى «چۇبات» دەيدۇ. تۆگە سۈتىنىمۇ ئات سۈتىگە ئوخشاش، ئېچىتقاندىن كېيىن ئاندىن ئىچكىلى بولىدۇ. تۆگە سېغىلغاندىن كېيىن، سۈت ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن چاناشقا قۇيۇلۇپ، ئازراق ئېچىتقۇ سېلىنىپ، ئىسسىق جايغا قويۇپ ئېچىتىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، سىرتى پاختىلىق نەرسىلەر بىلەن چۈمكەپ قويۇلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇنى كالتەك بىلەن بىرنەچچە قېتىم قوچۇپ قويۇش كېرەك. ئادەتتە ئۇنى ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىچكىلى بولىدۇ. ئاتقا قارىغاندا تۆگىدىن سۈت ئاز چىقىدۇ، ئۇ بوتىلىقىنى ئەمدۈرگەندىن باشقا، بىر كۈندە ئاران 2 كىلوگىرامچە سۈت بېرىدۇ. شۇڭا، تۆگە قىمىزى ئات قىمىزىدىن ئەتىۋارلىقراق. چارۋىچىلار ھەمىشە مېھماننى تۆگە قىمىزى بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. تۆگە قىمىزى ئىسسىقنى ئېلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ئىچىملىكلا بولۇپ قالماي، يەنە ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، قان ئازلىق، ئاشقازان كېسەللىكىنى داۋالايدىغان ئېسىل دورا. تۆگە قىمىزى يازدا كۆپرەك بولىدۇ، ئەمما ئەتىياز، كۈز، قىشتىمۇ ياسىغىلى بولىدۇ.

**سۈت ھارىقى** بۇ كالا، قوي (ئۆچكە) سۈتىدىن ياسىلىدۇ. ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىچىملىكى. ئۇنىڭ موڭغۇلچە نامى «ئىركە» بولۇپ، «ھاراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: كالا، قوي (ئۆچكە) سۈتى چوڭ تېرە چاناشقا قويۇلۇپ، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ئاستىدا كالتەك بىلەن قايتا - قايتا قوچۇپ ئېچىتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە بىرەر ھەپتىدە تولۇق ئېچىپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان قايماق ياكى ماي سۈزۈپ ئېلىنىدۇ. ئاندىن ئېچىتىلغان سۈت چوڭ قازانغا تۆكۈلىدۇ، قازاننىڭ ئۈستىگە قاسقانغا ئوخشايدىغان ياغاچ تۇڭ (ئاستى - ئۈستى ئوچۇق) قويۇلىدۇ. تۇڭنىڭ ئۈستىگە ئىچىگە سوغۇق سۇ قويۇلغان سوۋۇتۇش قازىنى ئورنىتىلىدۇ. ياغاچ تۇڭ بىلەن سوۋۇتۇش قازىنى تۇتاشقان جاي لاتا ئورالغان چەمبەر بىلەن ھىم ئېتىلىدۇ، ھور قېچىپ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قازان بىلەن ياغاچ تۇڭنىڭ تۇتاشقان جايىمۇ چىڭ ئېتىپ قويۇلىدۇ. ياغاچ تۇڭنىڭ قاپ بېلىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ، ئۇنىڭغا بىر ئۇچى سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان نەيچە كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئاستىغا ھاراق چۈشىدىغان كوزا قويۇلىدۇ. قازاندىكى ئېچىغان سۈت ئۇلۇغ ئوتتا تازا قاينىغاندا چىققان قېتىقنىڭ ھورى سوۋۇتۇش قازىنىغا يېتىپ بېرىپ، ھاراق تامچىسىغا ئايلىنىپ، تۇڭغا سانجىلغان نەيچە ئارقىلىق ھاراق كوزىسىغا چۈشىدۇ. مانا بۇ سۈت ھارىقى بولىدۇ. سوۋۇتۇش قازىنىدىكى سۇ قىزىپ 30 C—40 C قا يەتكەندە، سوغۇق سۇ ئالماشتۇرۇلىدۇ. سۈت ھارىقى سۈزۈك، خۇش پۇراق بولۇپ، كۈچى 20 گرادۇستىن تۆۋەن. سۈت ھارىقىنى مۇۋاپىق ئىچىپ بەرگەندە ئادەمنى ساغلاملاشتۇرۇپ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. بولۇپمۇ قان ئازلىق قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان تېنى ئاجىز ئادەملەر سۈت ھارىقىنى ئىچىپ بەرسە سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىسى بار.

موڭغۇل چارۋىچىلار توي ۋە قۇتلۇق بايراملارنى ھەمىشە سۈت ھارىقى بىلەن مۇبارەكلەيدۇ. چوڭلار ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - يارەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە يوقلاپ بارغان چاغدا ياكى مېھمانغا بارغان چېغىدىمۇ يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسى سۈپىتىدە سۈت ھارىقى ئېلىپ بارىدۇ. موڭغۇللارنىڭ سۈت ھارىقى قاچىلايدىغان قاچىسىمۇ بۆلەكچىلا بولۇپ، ئۇ تۆگىنىڭ لوكا تېرىسىدىن شاپتۇلسىمان ياكى يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان تېرە خالتىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ چوڭلىرىغا بەش - ئالتە كىلوگرام، كىچىكلىرىگە بىر كىلوگرام سۈت ھارىقى قاچىلىغىلى بولىدۇ. بۇنداق ھاراق خالتىسى موڭغۇل تىلىدا «كوكېر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**بوزا** بۇ قىرغىزلارنىڭ بىر خىل ئىچىملىكى. ئۇنى ياساش ئۇسۇلى مۇنداق: تېرىق ئۇنىدا قويۇق ئوماچ ئېتىلىپ، پىشقان ئوماچ سوغىغا تۆكۈلىدۇ، سوۋۇتۇپ، قول كۆيمىگۈدەك بولغاندا ئارپا ئۈندۈرمىسى تالقىنىدىن ياسالغان ئېچىتقۇ سېلىنىپ، ئاغزى يېپىلىپ، چۈمكەپ ئېچىتىلىدۇ. ئەتىسى قايناق سۇ

قويۇپ سۇيۇلدۇرغاندىن كېيىن سۈزگۈچتە سۈزسىلا بوزا تەييار بولىدۇ. بۇ ئىچىملىكنىڭ تەمى سەل تاتلىق چۈچۈمەل بولۇپ، تەركىبىدە ئازراق ئىسپىرت بار، ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئادەمنى قىزىتىدۇ. شۇڭا، قىشتا ئادەملەر ئۇنى دائىم ئىچىدۇ. بوزا ياساشنى قىرغىز ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىلىدۇ. بوزا تەركىبىدە كۆپ خىل ئوزۇقلۇق تەركىبلەر بولغاچقا، بىر خىل قان تولۇقلايدىغان ئوزۇقلۇق دەپ قارالماقتا، چارۋىچىلار قان ئازلىق كېسىلى قاتارلىق كېسەللەرنى ھەمىشە بوزا بىلەن داۋالايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يەنە ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش رولىمۇ بار. قىشتا، قىرغىزلار مېھماننى قانداقلا تاماق بىلەن كۈتمىسۇن، ئۇلارغا ئۆزلىرى ياسىغان بوزىنى تېتىتىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

**مودزى** بۇ تاجىكلارنىڭ بىر خىل سوغۇق ئىچىملىكى. مۇۋاپىق مىقداردىكى قېتىقنى ساغىي دەپ ئاتىلىدىغان ماي ئايرىش ئەسۋابى (ياغاچتىن ياسالغان سوغا، چېلەك) غا قويۇپ، بىر ئۇچى يايلاق كالتەك بىلەن بىر سائەتچە قوچۇپ ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن قېتىق تەركىبىدىكى ئاق ماي، ئۈستىگە ئۆرلەپ چىقىدۇ. ئاق ماي سۈزۈپ ئېلىنغاندىن كېيىن، قالغان سۈت قازانغا قويۇلۇپ 10—15 مىنۇت قاينىتىلىدۇ. سوۋۇغاندىن كېيىن بۇنىڭ بىر قىسمى سوغۇق ئىچىملىك قاتارىدا ئىچىلىدۇ ۋە مودزى دەپ ئاتىلىدۇ؛ قالغان قىسمىنىڭ سۈيى ساقىتىۋېتىلىپ، قۇرۇتۇش ئارقىلىق پىشلاق (ئېرىمچىك) ياسىلىدۇ. مودزىنىڭ تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر ھەپتە ساقلىغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۇسسۇزلۇقنىمۇ باسىدۇ، ھەزىم قىلىش فۇنكسىيىسىنىمۇ كۈچەيتىدۇ. سېمىز گۆش قاتارلىق ماي تەركىبى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى يېگەندىن كېيىن ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

**تونۇر** ئۇيغۇرلاردا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان نان پىشۇرىدىغان قۇرۇلما. تونۇر بەئەينى دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان، تۈۋى يوق ئىدىشقا ئوخشايدۇ. ئېگىزلىكى بىر مېتىرچە كېلىدۇ. ئۈستىدە ئاغزى، ئاستى تەرىپىدە داپخانىسى بولىدۇ. تونۇر ئاغزىنىڭ گىرۋىكىگە ئاددىي نەقىش چىقىرىلىدۇ. تونۇرلارنىڭ تولىسى لاي، كېسەكتىن ياسىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ تونۇر ياساش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش ئەمەس. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تونۇرلارنىڭ تولىسى سېغىزلىق شور توپىدا، شىمالىي شىنجاڭدا بولسا سېغىز توپا، تۇز، قوي يۇڭى ئارىلاشتۇرۇلغان لايدا ياسىلىدۇ. تونۇرنىڭ مۇئەييەن قېلىپى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى مەخسۇس ئۇستىلار ياسايدۇ. تونۇر ياساشتا، ئالدى بىلەن سېغىز توپىغا قوي يۇڭى ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتىلىدۇ، لاي تەييارلاش بىرئاز ئۇزۇن ۋاقىت ۋە خېلى كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بەئەينى تام قوپۇرغاندەك، تەييارلانغان لاي بىر قەۋەتتىن، بىر قەۋەتتىن چەمبەر شەكلىدە قىلىنىپ بىر - بىرىگە چېتىلىدۇ. بىر قەۋەتنى قۇرۇغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت لاي قويۇلۇپ، ئاستىدىن ئۈستىگىچە ئىدىش شەكلى ھاسىل قىلىنىدۇ. ئادەتتە بىر تونۇرنى ياساشقا بىر ھەپتىچە ۋاقىت كېتىدۇ. تونۇر پۈتكەندىن كېيىن مۇۋاپىق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەتراپى كېسەك بىلەن چاسا قىلىپ ياساپ چىقىلىدۇ. تونۇرنىڭ ئاستىدا شالاسى، داپخانىسى، شامال كىرىش ئېغىزى بولىدۇ. داپخانا ئارقىلىق تونۇر ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ. نان يېقىشقا توغرا كەلگەندە، تونۇرغا ئوتۇن، كۆمۈر بىلەن ئوت يېقىلىپ، تونۇر تازا ئاقارغۇچە قىزىتىلىدۇ، ئاندىن ئوت تارتىپ ئېلىنىپ، داپخانىسى ئېتىلىدۇ. تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەش ئۈچۈن تۇز چېچىلغاندىن كېيىن نان تونۇرغا رەتلىك يېقىلىپ، تونۇرنىڭ ئاغزى يېپىلىدۇ. نان تونۇرنىڭ قىزىقى ۋە تونۇردا قالغان ئوتتا دۈملىنىپ پىشىدۇ.

چوڭ تونۇرلاردا ناندىن باشقا تونۇر كاۋىپى پىشۇرغىلى، كىچىك تونۇرلارغا سامسا ياققىلى، ھەر خىل كاۋاپ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرغىلى بولىدۇ.

**ئاپتۇۋا** بۇ سۇ قاچىلىنىدىغان ئەسۋاب. ئۇيغۇرلار مېھمان كۈتكەندە، تاماقنىڭ ئالدى - كەينىدە قول يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس سۇ قاچىسى، شۇنداقلا ئۇ يەنە كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى. ئادەتتە ئۇ چىلاپچا بىلەن پار قىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى يەرلىك مىسكەر ئۇستىلار قىزىل مىس، برونزا ياكى ئاليۇمىندىن پىششىقلاپ ياسايدۇ. ئاپتۇۋىنىڭ قىزىل مىستا ياسالغىنى كۆپرەك ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا ئەتىۋارلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاپتۇۋىنىڭ غازىنىڭ بويىنىدەك ئاستىدىن ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان جۇغىسى ئاپتۇۋا بىلەن بىر تۇتاش بولىدۇ. جۇغىسىنىڭ ئۇچىدا سۇ چىقىدىغاندا ئېچىلىپ، ئېقىپ چىققان سۇنى بىر يەرگە يىغىپ بېرىش، سۇنىڭ چاچراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش رولىنى ئوينايدىغان بىر تال ھەرىكەتچان ياپراقچە بار. ئاپتۇۋىنىڭ تۇتقۇچى ۋە شاپتۇلسىمان ئاغزى، نەقىش بىلەن توشقۇ-

زۇلغان ئاپتوۋا گەۋدىسى بىلەن مۇكەممەل بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ، كۆزگە ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

**دوپپا** شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر كىيىدىغان دوپپىنىڭ خىلى ناھايىتى كۆپ. دوپپا قارا تاۋارغا ئاق گۈل قوندۇرۇپ ياكى رەڭلىك دۇخاۋىغا تۈرلۈك چىرايلىق گۈل، نەقىشلەر كەشتىلىنىپ تىكىلىدۇ. ھەرقايسى رايونلارنىڭ، يېشى ئوخشاش بولمىغانلارنىڭ دوپپىلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. گۈللۈك دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە باش كىيىمى ھېسابلىنىدۇ. مەيلى قېرى - ياش بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭھەممىسى تۇجۇپلەپ ئىشلەنگەن چىرايلىق دوپپىلارنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قازاقلارنىڭ دوپپىسىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈل كەشتىلىنىدۇ. چۆرىسىگە ئۈنچە بىلەن تۈرلۈك گۈللەر نەقىشلەنگەن يۇمىلاق، تۈز دوپپا — «تاقىيە» قازاق قىزلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان باش كىيىمى بولۇپ، دوپپىنىڭ چوققىسىغا باتۇرلۇق، جەسۇرلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە بۈركۈتنىڭ يۇمشاق پەيلىرى قادىلىدۇ. قىزلار ياتلىق بولغاندا بېشىغا گۈل كەشتىلەنگەن ھەم ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن ئۇچى ئۇچلۇق ئېگىز قالپاق — «ساۋكەلە»نى كىيىدۇ. قىرغىز ئەر - ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى تۈرلۈك رەڭلىك دۇخاۋىلاردىن تىكىلگەن ئۈستى تۈز دوپپىنى كىيىشكە ئامراق. تاجىك ئاياللىرى چىرايلىق كەشتە بېسىلغان چۆرىسىگە قۇلىقىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان چۈچىسى بار دوپپىلارنى كىيىشكە خۇشتار. تاتار ئاياللىرى رەڭلىك مونچاقلاردىن كۆز قويۇلغان ئۈستى تۈز گۈللۈك دوپپا كىيىپ ئۈستىگە گۈللۈك رومال ئارتىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەرلىرى تۈرلۈك تېرە ۋە كىگىز تۇماق ۋە قالپاقلارنى كىيىدۇ. قازاقچە تۇماق ئالاھىدە ئۆزگىچە بولۇپ، ئوڭ - سول تەرەپلەردە قۇلاقنى، ئارقىدا گەجگىنى يېپىپ تۇرىدىغان قۇلاقلىرى بار، تۇماقنىڭ چوققىسى تۆت قىرلىق بولۇپ، سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىشكە ناھايىتى ئەپلىك. موڭغۇللارنىڭ ئەرلىرى چوڭ گىرۋەكلىك سوكنا قالپاق كىيىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ ئەرلىرى قارا، ئاق رەختلەردىن تىكىلگەن كىچىك، ئەپلىك دوپپىنى كىيىشكە ئامراق. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 29 - بېتىگە قارالسۇن)

**كىيىم - كېچەك ۋە بېزەكلەر** ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاياللىرى رەڭدار، جۇلالىق ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، ئۈستىگە پىنجەك كىيىشكە ئامراق. ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەرنىڭ كۆڭلىكى كەڭ، مەيدىسى پۈرمىلىك بولىدۇ. قازاق، قىرغىزلارنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى پۈرمىلىك بولىدۇ. تاجىك ئاياللىرى كۆڭلەك ئۈستىگە پەشتاما ئېسىۋالىدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەرلىرىنىڭ تولىسى يېشى تىزىدىن ئاشىدىغان، ياقىسى، يانچۇقى يوق بەقەسەم كىيىپ، بېلىگە پوتا باغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. موڭغۇل، داغۇرلار خەنزۇچە ئۇزۇن نىمچە تون كىيىپ، بېلىگە قىزىل، سېرىق، يېشىل شايىدىن پوتا باغلاپ يۈرۈشكە ئامراق. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر يەنە كىيىملىرىنىڭ ياقىسى، مەيدىسى، يەڭ ئۇچى، مۆرىسى، ئىشتانىنىڭ پۇچقىقى قاتارلىق جايلىرىغا، تۈرلۈك رەڭدار مەشۇت يىپلار بىلەن تولىمۇ نەپىس گۈل ۋە نەقىشلەرنى چېكىشكە، بەزىلىرى تۈرلۈك رەڭدار مونچاقلارنى ۋە رەڭلىك ياپراقچە قاتارلىق بېزەكلەرنى تاقاشقا ئامراق. تاغلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياشايدىغان قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يايلاقتىكى چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قىش پەسلىدە ئەرلەرنىڭ تولىسى بىرقەدەر كەڭ، ئازادە، چىدامىلىق جۇۋا، تېرە شالۋۇرلارنى كىيىدۇ، بۇنداق جۇۋا ئات ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىشقا قولايلىق بولۇپلا قالماي، ئۇنى يەنە كېچىلىرى يوتقان ئورنىدا يېپىپ ياتقىلىمۇ بولىدۇ.




مىللىي كىيىم - كېچەكلەر

بېزەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرىدۇ. قازاق ئاياللىرى كىيىمنى كۈمۈش تەڭگىلەر، كۈمۈشتىن ياسالغان بېزەكلەر ياكى تۈرلۈك رەڭلىك مارجان - مونچاقلار بىلەن زىننەتلەشنى ياخشى كۆرىدۇ

دۇ. قىرغىز ئاياللىرى بولسا ئۈزۈمە چاچلىرىغا نۇر-
غۇن كۈمۈش زەنجىر، كۈمۈش تەڭگە قاتارلىقلارنى ئا-
سىدۇ ۋە ئۇنى تىزىق مارجان بىلەن چىتىپ قويىدۇ.
تاجىك ئاياللىرى دوپپىنىڭ چۆرىسىگە چۇچا ئورنىدا
بىرقاتار كۈمۈش زەنجىر ئېسىشقا، چوڭ ھالقا سېلىپ،
بوينىغا بىرنەچچە قۇر مارجان ئېسىشقا، مەيدىسىگە بىر
قاتار چوڭ كۈمۈش ياپراق بېزەكلەرنى قاداشقا، قوللىغا
مېتاللاردىن ئىشلەنگەن بىلەزۈك ياكى ئۈزۈك سېلىشقا
ئامراق.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچى-
ۋېتىلگەندىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش
سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەدرىجىي ھالدا زامانىۋىلاشتۇ-
رۇشقا قاراپ قەدەم قويماقتا. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە بېزەك-
لىرى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەكلىككە قاراپ يۈزلەن-
مەكتە. شەھەرلەردىكى ھەر مىللەت ئەرلىرىنىڭ كاس-
تيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ يۈرۈشى،
ئاياللارنىڭ يۇرۇشلۇك پار كىيىملەرنى كىيىشى ئومۇمە-
يۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ قالدى.

**ئۆتۈك، ئاياغ** ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تو-
لىسى ئۇزاق مۇددەتلىك ئوۋ ئوۋلاش، كۆچمەن چارۋى-
چىلىق تۇرمۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، ئۇ-
لاردا ئۆتۈك كىيىش ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ
ئاساسلىق ئاياغ كىيىملىرى ئۆتۈك، چورۇق، مەسە،
كەش، كالاچتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئاياغ كىيىملىرىنىڭ
تولىسى قوي، كالا تېرىسىدىن ياسىلىدۇ. ئۆتۈكنى
ئەر- ئاياللارنىڭ ھەممىسى ياخشى كۆرىدۇ، ياشانغانلار
كۆپىنچە مەسە - كالاچ كىيىدۇ. بۇرۇنقى كالاچلار
كۆپىنچە كۆندىن ياسىلاتتى، ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا
كاۋچۇكتىن ياسىلىدىغان بولدى.



مىللىچە ئۆتۈك، ئاياغ

ئاياللارنىڭ ئۆتۈكلىرىگە تۈرلۈك نەقىشلەر قويۇ-
لىدۇ. قازاقلارنىڭ ئەرلىرى كىيىدىغان ئاياغ، ئۆتۈك-
لەر مۇنداق بىرنەچچە خىل بولىدۇ: ① ئىگىز پاشنى-
لىق، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، ئۇنىڭ قونچى تىزدىن
ئاشىدۇ. بۇنداق ئۆتۈك پاشنىسى - ئاخىرغىچە كالا خۇ-
رۇمىدىن تىكىلىدۇ. ② يارلىق ئۆتۈك، بۇنىڭ تاپىنى
نېپىزرەك بولىدۇ. ③ ئوۋدا كىيىدىغان ئۆتۈك، بۇنىڭ
پاشنىسى پاكار، ئۇچىدا قاپلىمىسى بار بولۇپ، يېنىك،
ئەپلىك، يۇمشاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ④
يۇمشاق تېرىدىن تىكىلگەن يۇمشاق ئۆتۈك ۋە تېرە كەش-
مۇ بار. بۇلارنىڭ پاشنىسى بولمايدۇ. قازاقلارنىڭ كە-
شىنىڭ سىرتىغا كۆك ياكى باشقا رەڭلىك رەختتىن
تۈرلۈك چىرايلىق نەقىشلەر تىكىلىدۇ. ئاياللار ئومۇمە-
يۈزلۈك ھالدا مەسە كىيىپ، ئۈستىگە كالاچ سېپىۋالى-
دۇ. تاجىكلار ئۆزى تىكىۋالىدىغان ئۇزۇن قونچلۇق،
ئۇچى ئۇچلۇق، ئاستى يۇمشاق ئۆتۈكنى كىيىدۇ. ئا-
دەتتە ئۇ قىزىل رەڭدە بويىلىدۇ. ئۆتۈكنىڭ قونچى
ئەركەك تاغ ئۆچكىسىنىڭ تېرىسىدىن، تاپىنى كالا،
قوتاز ياكى تۆگە تېرىسىدىن تىكىلىدۇ.

**نىكاھ** شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئارىسىدا بىر
ئەر، بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئادەتتە ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەر بىلەن نىكاھلانمايدۇ. بۇ چەك-
لىمە ئاياللارغا نىسبەتەن تېخىمۇ قاتتىق. جەمەت تۈزۈ-
مى ساقىندىلىرى ساقلىنىپ قالغان قازاق، قىرغىز،
موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا يەنە بىر جەمەتنىڭ
ئەزالىرى ئۆزئارا توي قىلسا بولمايدۇ، دېگەن چەكلىمە
بار. قازاقلارنىڭ بىر قەبىلىدىن بولغان قىز -
ئوغۇللىرى توي قىلماقچى بولسا قانداشلىق مۇناسىۋىتى
يەتتە ئەۋلادتىن ھالقىغان بولۇش، قۇدا تەرەپنىڭ ئۆيى
يەتتە كۆنلۈك يىراق جايدا بولۇشى لازىم، دەيدىغان
گەپلەرمۇ بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ تولىسى ئۆز مىللىتى دائىرىسىدە
توي قىلىشىدۇ. توي داغدۇغىلىق، قويۇق مىللىي ئالاھىدى-
لىككە ئىگە ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي كۈنى ئەتىگەندە، قىز-
نىڭ ئۆيىدە نىكاھ ئوقۇلىدۇ، ئاخۇنۇم ئايەت ئوقۇيدۇ
ھەم قىز - ئوغۇلدىن تويدىن رازى ياكى رازى ئەمەسلى-
كىنى سورايدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تويى
بولغان قىز - يىگىت تۇز سۈيىگە چىلانغان ناننى يېيى-
شىدۇ، بۇ «جاپانىمۇ، راھەتنىمۇ بىللە تارتىمىز، نى-
كاھقا مەڭگۈ سادىق بولىمىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرى-
دۇ. نىكاھ ئوقۇش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن

كېلىن ئۆيدە قىز كۆچۈرىدىغانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتە-
دۇ. توي كۈنى قىز - ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە تەڭلا بىر
ۋاقىتتا داستىخان سېلىنىپ، يۇرتقا چاي بېرىلىدۇ.
چۈشتىن كېيىن چىرايلىق تويلۇق كىيىملەرنى كىيگەن
يىگىت ئۇغقانلىرى، دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزنى
كۆچۈرۈپ كەلگىلى قۇدا تەرەپكە بارىدۇ. تويى بولغ-
ان قىز يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى قىزنىڭ ئاتا -
ئانىلىرى قىزغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. قىز ئائىلە-
سىدىكىلەر بىلەن يىغلاپ خەيرلىشىدۇ. كېلىن قېينا-
تا، قېيناسىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە، يىگىتنىڭ
ئائىلىسىدىكىلەر كېلىنىنى قىزىل پاياندازغا دەسسىتە-
دۇ. يىگىت، كېلىن پاياندازدىن ئۆتۈپ بولۇشىغىلا
مېھمانغا كەلگەن ياش يىگىت - قىزلار ئولىشىپ كې-
لىپ پاياندازنى تالىشىپ يىرتىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىر
پارچىنى قۇت بەلگىسى قىلىپ ساقلىشىدۇ. ئۆيگە كىر-
گەندىن كېيىن ناخشا - ئۇسسۇل ئىچىدە قىزنىڭ يۈزى-
نى ئېچىش مۇراسىمى بولىدۇ. ئاندىن ھەممەيلەن زىيا-
پەت داستىخىنىغا ئولتۇرۇشىدۇ. ئاندىن مەشرەپ ئۆت-
كۈزۈلىدۇ. ئەتىسى ئاق سەھەردە تويى بولغان قىز -
يىگىت قېيناتا، قېيناتىلىرىغا سالام بېرىدۇ. تويدىن
كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە قۇدىلار ئۆزئارا بىر -
بىرىنى چىللاپ، ھال سورىشىدۇ.

قازاقلار يېڭى كېلىن ئۆيگە ئېلىپ كىرىلگەندە،
قېيناتا بولغۇچى كەمپۈت، قۇرۇت قاتارلىق نەرسىلەرنى
قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چاچقۇ قىلىدۇ. ئارقىدىن كې-
لىن ئاق ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىپ، يۈز ئېچىش ئۈچۈن
چوكىلارنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. قولىغا تورلۇك رەڭ-
دار لېنتىلار باغلانغان قامچىنى ئالغان بىرەيلەن، قىزغا
قاراپ يۈز ئېچىش ناخشىسى ئېيتىدۇ، ناخشا تۈگىگەن-
دىن كېيىن قامچىسى بىلەن قىزنىڭ يۈزىگە يېپىلغان
ياغلىقنى ئېچىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلاق تار-
تىش، بەيگە، قىز قوغلاش، چېلىشىش قاتارلىق كۆ-
ڭۈللۈك ئويۇنلار ئوينىلىدۇ.

موڭغۇللار چاي ئىچكۈزگەن كۈنى يىگىت تەرەپ
سېرىق يىلىم سۈرتۈلگەن خادا (ئىككى قوللاپ سۇنىدى-
غان ئاق لاتا) نى قىزنىڭ ئائىلىسىدىكى ياشانغانلارغا ۋە
ئاتا - ئانىسىغا تەقدىم قىلىدۇ. بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ
مۇناسىۋىتى بەئەينى مۇشۇ يىلىمدا چاپلانغاندەك، مەڭگۈ
ئايرىلمىسۇن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. توي كۈنى
ئەتىگەندە يىگىت قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، دەسلەپتە قىز
تەرەپ ئۇلارنى ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ، كېيىن يالۋۇ-
رۇش، تاتلىق گەپلەر قىلىش نەتىجىسىدە ئىشىكنى ئې-
چىپ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ، مېھمان قىلىدۇ (بۇ
شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ قىز كۆچۈرۈشىگە ئوخشاي-
دۇ). ئاندىن يىگىت قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ.



توي

بۇ چاغدا يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىدىكى توي باشلىنىپ،
زىياپەت بېرىلىدۇ ھەم چېلىشىش، قوينىڭ بويىنىنى
كېسىۋېلىش، قوي تېرىسى تارتىش، قوي بېشىنى تالى-
شىش قاتارلىق كۆڭۈللۈك ئويۇنلار ئوينىلىدۇ.

قىرغىزلار چاي ئىچكۈزگەندە، ئوغۇل تەرەپ توي-
لۇق مالنى ئاتقا ئارتىپ ئېلىپ كېلىدۇ. چاي ئىچكۈ-
زۈلدى، دېگەن مەنىدە ئاتنىڭ بېشىغا ئازراق پاختا قىس-
تۇرۇپ قويىدۇ. ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ
كەلگەندە، قىز تەرەپ بۇ تويغا رازى ئىكەنلىكىنى ئىز-
ھار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا ئازراق ئۇن چاچىدۇ
ھەم داستىخان تەييارلاپ مېھمان قىلىدۇ. توينىڭ ھارپا
كۈنى يىگىت قولدىشى ۋە ئۇغقانلىرى، دوست - يارەن-
لىرى بىلەن ئاتلىق بېرىپ قىزنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ
كېلىدۇ. ئەتىسى توي رەسمىي باشلىنىدۇ. قوي - كالا
سويۇلۇپ، يۇرتقا كاتتا ئاش تارتىلىدۇ. ئاماقتىن كې-
يىن ئاخۇنۇم دۇئا قىلىدۇ ھەم قىز - يىگىتكە تۇز
سۈيىگە چىلانغان نان يېگۈزىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغ-
لاق تارتىش، بەيگە، چېلىشىش، كۆچ سىنىشىش قا-
تارلىق كۆڭۈللۈك ئويۇنلار ئوينىلىدۇ.

شىبەلەرنىڭ ئەنئەنىۋى توي مۇراسىمى مۇنداق بو-
لىدۇ: ئالدى بىلەن يىگىت تەرەپ «سالام بېرىش زىيا-
پىتى» ئۆتكۈزۈپ، تويلۇقلارنى تاپشۇرۇپ، چاي ئىچ-
كۈزۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئەلچى بىلەن قىز - يىگىت
تەرەپ «قىز كۆچۈرۈش» ۋاقتىنى مەسلىھەتلىشىپ بې-
كىتىدۇ. توي كۈنى قىز تەرەپ زىياپەت تەييارلاپ ئۇ-
رۇق - ئۇغقانلارنى، دوستلىرىنى مېھمان قىلىدۇ. قىز
يۆتكەش كۈنى يىگىت تەرەپ سايىۋەنلىك ھارۋا بىلەن
قىزنى ئالغىلى كېلىدۇ. كېلىنىنىڭ بېشى قىزىل ياغ-
لىقتا يېپىلىدۇ. كېلىن قېيناتا، قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە

كەلگەندىن كېيىن ئاسمانغا، زېمىنغا، ئاتا - ئانىسىغا تەزىم قىلىدۇ. ئاندىن يىگىت بىلەن قىز ئوچاق ئالدىدا بىر - بىرىگە قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، خاداغا ئۇرالغان قۇيرۇق مايىنى ئوچاقتىكى ئوتقا تاشلاپ، قېرىپ ئۆلگۈچە بىر - بىرىدىن ئايرىلماسلىققا قەسەم قىلىشىدۇ.

تاجىكلاردا، توي بولغان كۈنى يىگىت بېشىغا ئىككى تال قىزىل - ئاق شايى ئورالغان تۇماق كىيىدۇ، قىز قولىغا قىزىل، ئاق شايى لېنتا باغلانغان ئۈزۈك سالىدۇ. ئەتىسى يىگىت ئاتقا مىنىپ قىزنى ئالغىلى بارىدۇ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يىگىتكە ئىككى چىنە سېرىقماي سېلىنغان سۈت تۇتىدۇ. يىگىت ئۇنى ئىچىپ بولۇپ ئاندىن ئاتتىن چۈشىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئاقساقاللىرى يىگىتنى مۇبارەكلەپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇن چاچىدۇ. ئاندىن كېيىن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مېھمان قىلىدۇ ھەم تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن نىكاھ ئوقۇلىدۇ. نىكاھ مۇراسىمىغا خەلپەت رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئايەت ئوقۇپ، دۇئا قىلغاندىن كېيىن قىز - يىگىتكە بىر يۇتۇمدىن تۇز ئىچكۈزىدۇ. قىز - يىگىت ئاق، قىزىل شايى لاتا يۆگەلگەن ئۈزۈكنى ئالماشتۇرۇشىدۇ. گۇگۇم چۈشكەندە، كېلىن قېيىنانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. قېيىنانا بولغۇچى قىز - يىگىتكە ئۆز قولى بىلەن ئىچىگە سېرىقماي سېلىنغان ئەتكەن چاي تۇتىدۇ، قىز - يىگىت ئۇنى ئىچىپ بولۇپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە ئۇن چېچىش ئارقىلىق بەخت تىلەيدۇ. كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن يۈز ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، توي مانا شۇ چاغدا ئاندىن تۈگىگەن بولىدۇ.

ئۆزبېكلەرنىڭ تويى قىز تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ، قىز - يىگىت ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى پۈتۈنلەي قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرنەچچە تۇغقىنى، دوستى ئەتىگەندىلا قىزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كېلىننىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە مېھمان كۈتىدۇ. چۈشتىن كېيىن يىگىت تۇغقانلىرى، دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز كۆچۈرۈشكە كېلىدۇ. قىز تەرەپ كۈيئوغۇلغا ئاق پاياندار سالىدۇ. كۈيئوغۇل يىگىت پاياندازدىن ئۆتۈپ بولۇشىغىلا ھەمراھلىرى بۇ لاتىنى تارتىشىپ يىرتىۋالىدۇ. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، «نىكاھ» ئوقۇلىدۇ. مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، كېلىن يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، بوسۇغىغا قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى گۈلخاننى ئۈچ قېتىم چۆرگىلەيدۇ، ئاندىن ئاپئاق پاياندازنى دەسسەپ ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ، يىگىتكە يانداشىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ چاغدا نىكاھى بەختلىك، پەرزەنتلىرى ۋاپادار بولغان بىر جۈپ ياشانغان ئەر - خوتۇنلار ئۇلارنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ بىردەم ياتىدۇ. يىگىت بولسا يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم تەڭگە پۇلنى ئېلىپ، ئادەملەرگە چاچىدۇ، ئادەملەر تەڭگە تېرىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كېلىننى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئاپىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەملەر بۇ يەردىن ئايرىلىدۇ. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، يىگىتنىڭ ئۆيىدە يۈز ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تاتارلار ئالدىدا يىگىتنى «ئەرگە بېرىدۇ»، ئاندىن كېيىن ئۇنى يەنە «باللىق قىلىپ ئەكېلىۋالىدۇ». توي بولغان كۈنى يىگىت قولدىشى ھەم تۇغقانلىرى، دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەيگە جۈشۈپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. تويدا قىز بىلەن يىگىت كۆيجىلىكنىڭ ئالدىدا تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشنىڭ ناۋاتتەك شېرىن بولۇشىغا ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ياشاشقا سىمۋول قىلىنغان بىر ئىستاكان شېكەر سۈيىنى ئىچىدۇ. توي تۈگىگەندىن كېيىن يىگىت قىزنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا بىرەر باللىق بولغۇچە تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن خوتۇنىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ توي مۇراسىملىرىغا دەۋر روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلماقتا.

**ئائىلە** شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئائىلىنىڭ تەشكىللىنىشى جەھەتتە ناھايىتى زور پەرق بار. ① ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەردىكىدەك يادرولۇق ئائىلىنى ئاساس قىلىش تىپىدىكىلەر. بۇنداق ئائىلىنىڭ ئەزالىرى بوۋا - موما، ئاتا - ئانا، نەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەر ئارىسىدىكى بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئادەملەردىن تەركىب تاپىدۇ. كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىلەردە، ئوغۇللار چوڭ بولۇپ توي قىلغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسى ئۇلارغا ئايرىم ئۆي ئاجرىتىپ بېرىدۇ. ئەمما، ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇشقا بىر ئوغۇلنى ئېلىپ قالىدۇ. ② بىۋاستە قېرىنداشلارنىڭ ئائىلىسىنى ئاساس قىلىش تىپىدىكىلەر. مەسىلەن، قازاق، قىرغىزلارغا ئوخشاش كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىلەردىكى ئوغۇللار توي قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئايرىم يېڭى چېدىر تىكىپ بېرىلىدۇ،

كەنجى ئوغۇل ئۆيدە قېلىپ، ئائىلىنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئەمما، يېڭىدىن ئايرىم چېدىر تىكىپ ئولتۇرغان ئوغۇللار يەنىلا ئاتا - ئانىسىنىڭ چېدىرىغا يېقىن جايدا تۇرۇشلۇق بولۇپ، ئوخشاشلا بىر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىرلىكى بولغان «ئاۋۇل»نى ھاسىل قىلىدۇ، بەزىدە بولسا، يەنە ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. كەنجى ئوغۇللارنىڭ تولىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا قېلىپ، مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ③ بىرلەشمە ئائىلىنى ئاساس قىلىش تىپىدىكىلەر. مەسىلەن، تاجىك، شىبە، دوڭشياڭ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر. بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار ئەڭ تىپ بولالايدۇ. تاجىكلاردا ئادەتتە بىر ئائىلىدىكى ئۈچ - تۆت ئەۋلاد ئادەم بىللە تۇرىدۇ. بوۋىسى ھايات ۋاقتىدا ئۆي ئايرىپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرىدىغانلار ئاز بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ تىپقا كىرىدىغان ئاساسلىق ئائىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ئامىلغا باغلىق. 1990 - يىلىدىكى نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ ئىچىدە، ئومۇميۈزلۈك ھالدا يادرولۇق ئائىلىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىكەن؛ ئەمما تۈرلۈك ئائىلىلەر سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى يەنىلا ئەسلىدىكى ئەنئەنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىكەن. ئائىلىنىڭ كۆلىمى بويىچە چوڭدىن كىچىككىچە رەتكە تىزغاندا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا تاجىكلار (6.22 ئادەم)، قازاقلار (5.94 ئادەم)، قىرغىزلار (5.38 ئادەم)، خۇيزۇلار (5.1 ئادەم)، موڭغۇللار (5.1 ئادەم)، ئۆزبېكلەر (5.09 ئادەم)، شىبەلەر (5.04 ئادەم)، تاتارلار (5.04 ئادەم)، رۇسلار (4.89)، ئۇيغۇرلار (4.75 ئادەم)، مانجۇلار (4.12 ئادەم)، خەنزۇلار (تۆت ئادەم) بولىدىكەن. ئائىلە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان تاجىكلاردا ئۈچ ئەۋلاد ھەم ئۈچ ئەۋلادتىن ئاشىدىغان ئائىلىلەر 27.7% نىلا ئىگىلەيدىغان بولسىمۇ، بىراق ئادىمى سەككىزدىن ئاشىدىغان ئائىلىلەر ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن. كۆپ پەرزەنتتىن قۇرۇلغان چوڭ، يادرولۇق ئائىلىلەرنىڭ سانى كۈنسايىن ئازايماقتا، چوڭ ئائىلىلەر ئاساسلىقى توي قىلغاندىن كېيىن ئەر تەرەپتە تۇرۇش يولىغا قويۇلغان بىرلەشمە ئائىلىلەردىن ئىبارەت بولۇپ قالماقتا.

**تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت** شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. خۇيزۇ، شىبە، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەردە ئاتا - ئانا، ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىل، كىچىك دادا، چوڭ ئاتا، ھامما، نەۋرە، جىيەن دېگەندەك ئېنىق ناملار بار. ئائىلىدىكى تۇغقانلار ئاتا جەمەت تۇغقانلار ۋە ئانا جەمەت تۇغقانلار دەپ ئايرىلىدۇ. ئاتا جەمەت تۇغقانلار بىر ئاتىدىن بولغان تۇغقانلار بولۇپ، يۇقىرىدا ئاتا، بوۋا، چوڭ بوۋا، ئۇلۇغ بوۋا؛ تۆۋەندە ئوغۇل، نەۋرە، ئەۋرە، چەۋرە، قېرىنداشلاردىن ئاكا، ئۇكا، ئىگىچە، سىڭىل بار. تۇغقانلاردىن بوۋا (موما)، تاغا، ھامماچا، نەۋرە قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ مەخسۇس ناملىرى بار. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكا، پەرزەنتلەرنى مەخسۇس نام بىلەن چاقىرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئاتىسىنى «دادا»، بوۋىسىنى «چوڭ دادا»، چوڭ بوۋىسىنى «بوۋا»، ئۇلۇغ بوۋىسىنى «چوڭ بوۋا» دەيدۇ. شۇنداقلا ئوغۇل، قىز، نەۋرە، ئەۋرە، چەۋرە، پەي نەۋرە، كۆكۈنەۋرە دېگەندەك ناملار بىلەن ئەۋلادنى داۋاملاشتۇرىدۇ. قازاقلار ئوغۇل - قىزلىرىغا بۇرۇن ئۆتكەن يەتتە ئەۋلاد ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرۈش ئاتا- ئانا بولغۇچىنىڭ بۇرچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا بىۋاسىتە تۇغقانلاردىن ئاتا «ئاتا»؛ بوۋا «ئۇرشا ئاتا» ياكى ئۈۋل ئاتا دېيىلىدۇ. بۇ چوڭ ئاتا دېگەنلىك بولىدۇ؛ ئوغۇل «ئۇزۇل»؛ نەۋرە (ئوغۇل) «نەمرە ئوغۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. قازاقلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلار ئاتالمىسىدا بىر-بىرىگە جۈپ قىلىپ ئېيتىلىدىغان ناملاردىن ئاتا - ئاپا، ئاغا (ئاكا)، ئىنى (ئۇكا، ئىنى)، ئاچا (ئاپپاي، ئاپەكە، تەتە)، سىڭىل (ئەرلەر قېرىنداش، قىزلار سىڭىل دەپ چاقىرىلىدۇ)، يەڭگە (جېنىگى)، كېلىن، قىز، ئوغۇل دېگەندەك ناملار بار. بوۋا - موما، ئاتا- ئانىلىرى بار بولسا «ئاغا»، «تەتە» دەپ چاقىرىشىدۇ؛ بوۋا - مومىلىرى يوق بولسا ئادەتتىكى ئاتا - ئانىلار ياش ۋاقتىدا (20—30 ياشلاردا) تۇغقان باللار ئاتا- ئانىسىنى كۆپىنچە «ئاغا»، «تەتە» دەپ، ئاتا - ئانىلار ئوتتۇرا ياشلاردىن كېيىن تۇغقان باللار ئاتا - ئانىسىنى «ئاتا»، «ئاپا» دەپ چاقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىدە بىر قورساقتىن بولغان ئاكا - ئۇكا، ئاچا- سىڭىللارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى چاقىرىشلىرىمۇ تازا ئوخشاش بولمايدۇ. نەۋرە قىز - ئوغۇللارنى قىزىم، ئوغلۇم دەپ، بوۋا - مومىلار ئاتا- ئانا دەپلا چاقىرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سىڭىل (باۋىر)، جىيەن قىز (ئاكا - ئۇكىنىڭ ياكى ئەڭ دېمەتلىك ئۇرۇق - تۇغقان-

لارنىڭ قىزلىرى) ۋە ئۆزىدىن كىچىك ئايال قانداش تۇغقانلار، مەسىلەن، ھامما (ئاتىنىڭ ئاچا ـ سىڭلىسى) بىردەك «قېرىنداش» ياكى سىڭىل؛ ئاچا، ھامما ۋە ئۆزىدىن چوڭ قانداش ئايال تۇغقانلار (جيەن قىزلار) بىردەك «ئاپاكە»، ئۇكا، جيەن ئوغۇل ۋە ئۆزىدىن كىچىك ئەر قانداش تۇغقانلار بىردەك «ئىنى»؛ ئاكا، تاغا ۋە ئۆزىدىن چوڭ قانداش ئەر تۇغقانلار بىردەك «ئاغاي» دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ قېيىنى تۇغقانلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

**تۇغۇت ئادىتى** شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇت ئادەت يوسۇنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. قىرغىز ئاياللار ئادەتتە كىگىز ئۆينىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىكى چىملىدىق ئىچىدە تۇغىدۇ. چىملىدىق ئىچىگە كۆرپە ۋە قىزىل رەخت (ئەديال) سېلىنىدۇ. بوشىنىدىغان ئايالنىڭ ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈلگەندە تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن چىملىدىق ئىچىگە بىر تال خادا ئورنىتىلىدۇ. تۇغۇتقا ئادەتتە ياشانغان، تەجرىبىسى بار، شۇنداقلا بالىلىق بولغان ئايال ياردەملىشىدۇ. بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن تۇغۇت ئانىسى ئۇنىڭ كىندىكىنى كېسىپ، يۇيۇپ، قىزىل يۆگەككە ئوراپ بولۇپ، ئاندىن ئىشىكنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان ئەرلەرگە خەۋەر قىلىدۇ. خۇش خەۋەرنى بوۋاقنىڭ بوۋىسى ئاتلىق بېرىپ، قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەرگە يەتكۈزىدۇ. ئادەت بويىچە بالا تۇغۇلغان ئۆينىڭ ئىگىسى ئىشىككە «يات ئادەملەر كىرىشكە بولمايدۇ» ۋە بالا ـ قازادىن ساقلىنىش دېگەن ئىككى خىل مەنىسى بار بىر پارچە قىزىل لاتىنى ئېسىپ قويىدۇ. تۇغۇلغان بالا ئوغۇل بولسا، ئىشىك سىرتىغا ئوقيا ياكى ئۈچۈپ پەرۋاز قىلىۋاتقان ئەجدىھا سۈرىتى، قىز بولسا قىزىل لاتىدىن قىلىنغان ئۇچار قۇش سۈرىتى ئېسىلىپ، ئۈستىگە بىر تال پەي قاداپ قويۇلىدۇ.

تاجىك ئاياللىرى ئوغۇل تۇغسا، بالىنىڭ دادىسى تۈڭلۈكتىن ئۈچ پاي ئوق ئېتىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ ياكى بالىسىنىڭ چوڭ بولغاندا باتۇر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۈچ قېتىم قاتتىق نەرە تارتىدۇ. قىز تۇغسا مىلتىق ئاتماي، قىزنىڭ بېشى ئاستىغا بىر تال سۈپۈرگە قويۇپ قويىدۇ. بۇ ئۇنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئائىلىنى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار تەبرىكلەپ كەلگەندە بوۋاقنىڭ بەدىنىگە ئازراق ئۇن چېچىپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق، ئامەت تىلەيدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى يەڭگىشتىن ئىلگىرى ئامان ـ ئېسەن بوشىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئادەت بويىچە ئاياللار ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بوشىنىدۇ. بۇرۇن، بوشىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرى تۇغۇتلۇق ئايال ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي پاكىز تازىلىنىپ، ئادراسمان بىلەن ئىسرىق سېلىناتتى. يەڭگىيدىغان ئايال بويىنى سۇغا سېلىپ، چاچلىرىنى تاراپ، پاكىز كىيىم ئالماشتۇرىدۇ. بوشىنىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى قولۇم ـ قوشنىلار ئارىسىدىكى بىرنەچچە ياشانغان، كۆپ پەرزەنتلىك ئايال مۇراسىمغا قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۆيگە تۇغۇت ئانىسىنى ئەكېلىدۇ. بەزى جايلاردا يەنە قولىغا تۇخۇم تۇتقان بىر ياشانغان ئايال ھامىلدار ئايالنى تۆگمەنگە باشلاپ بارىدۇ ۋە تۇغۇتلۇق ئايالنى تۆگمەننىڭ كويلىسىدىن ئاتلىتىدۇ، ئاتلاش داۋامىدا قولىدىكى تۇخۇمنى سۇغا تاشلىۋېتىدۇ. بۇ ھامىلدار ئايالنىڭ تۇغۇتى خۇددى ئېقىۋاتقان سۇدەك راۋان بولسۇن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

موڭغۇل ئاياللارنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاشقاندا، چېدىرنىڭ ئىشىكىگە يېقىن يېرىگە مەخسۇس تۇغۇت كارىۋىتى قويۇلىدۇ، ھال ـ ئوقىتى ياخشىراق ئائىلىلەر ۋاقىتلىق چېدىر تىكىدۇ. ھامىلدار ئايالغا تۇغۇتتىن ئىلگىرى سېرىقماي، تۇغۇتتىن كېيىن ئىلمان سۈت، ئەتكەن چاي ياكى تۇزلۇق قايناق سۇ ئىچكۈزۈلىدۇ. قىرقى ئىچىدە قۇۋۋەت بولۇپ، ماغدۇر كىرسۇن دەپ، يېڭى ئاختا قوي گۆشى يېگۈزۈلىدۇ، شورپا ئىچكۈزۈلىدۇ، تۇغۇتنى تەكلىپ قىلىنغان، تەجرىبىلىك تۇغۇت ئانىلىرى قوبۇل قىلىدۇ. بالا ھەمراھىنى بىر ياقلىق قىلىش مۇراسىمىنى تۇغۇت ئانىسى باشقۇرىدۇ. بوۋاق يەرگە چۈشكەندە، ئارچا يوپۇرمىقى كۆيدۈرۈلۈپ، بالا ھەمراھى شۇ جاينىڭ ئۆزىگە كۆمۈلىدۇ؛ ئاندىن كېيىن خاسىيەتلىك كۈن ۋە تەرەپ تاللىنىپ، سىرتقا «كۆچۈرۈلىدۇ». شىنجاڭدىكى موڭغۇللار «تۇغۇت ئانىسى»نى تولىمۇ ئەتىۋارلايدۇ. شۇڭا، ئۇنى «گېجىي ئېجىي» دەپ ئاتايدۇ. بۇ «يەر ئانا» دېگەنلىك بولىدۇ. بالا تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭغا دائىر يەنە نۇرغۇن پەرز ـ سۈننەتلەر، قۇتلۇقلاشلار بار. يات ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە كىرىشىگە بولمايدۇ. تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆينىڭ سىرتىغا قىزىل لاتا ئېسىلىدۇ.

قازاقلار بوۋاقلار دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنى تۇغۇتلۇق ئايال ئۈچۈن «قالجا» قوي سويۇش مۇراسىمى

ئۆتكۈزىدۇ. ئاۋۇلدىكى ھەرقايسى ئۆيلەردىكى ئاياللار «كۆرۈملۈك» (يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسى) ئەكىلىپ مۇبارەكلەيدۇ. كېچىدە قىز ـ يىگىت ياشلار تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئۆيىدە ياكى ئىشىكى ئالدىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ.

ھازىر تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرىلاپ، داۋالىنىش شارائىتى ياخشىلانغانلىقتىن ھەرقايسى مىللەت ئاياللىرىنىڭ تولىسى دوختۇرخانىدا بوشىنىدىغان بولدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئادەتلەردىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

مېيىت ئۆزىتىش بۇ مېيىتنى يەرگە كۆمۈشتەك بىر خىل دەپنە شەكلى بولۇپ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئەڭ ئومۇملاشقان. ئەمما، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كونكرېت دەپنە مۇراسىمى بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمى مۇنداق: ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن مېيىت يۇغۇچىلار تەكلىپ قىلىنىپ، مېيىت پاكىز يۇيۇلۇپ، ئاق كېپەنگە ئورىلىدۇ. ئاندىن تاۋۇتقا سېلىنىپ، مەسچىتكە ئاپىرىپ ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، جامائەتچىلىكنىڭ رازىلىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، گۇناھلىرى ساقىت قىلىنغاندىن كېيىن قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ يەرلىككە قويۇلىدۇ. روھىغا ئاتاپ دۇئا ئوقۇلىدۇ. مۇسۇلمانلاردا ئادەتتە مېيىت ئۆيدە قونۇپ قالىدىغان ئەھۋال ئاز بولىدۇ، ئادەم ئەتىگەندە ئۆلسە مېيىتى پېشىندە، كەچتە ئۆلگەن بولسا بامداتتا ئۆزىتىلىدۇ. ئۆلۈم (مېيىت) ئىگىلىرىدىن ئەرلەر بېشىغا سەللە ئورايدۇ، ئاياللار ئاق رومال ئارتىپ، بېلىگە ئاق پوتا باغلايدۇ. مۇسۇلمانلاردا مېيىت ساندۇققا سېلىنمايدۇ. ئادەتتىكى يەرلىك مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن تىك، تۆزۈنچاق چاسا ئورەك، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىرچە قىلىپ قېزىلىدۇ، ئاندىن ئورەكنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن مېيىتنى ياتقۇزۇپ قويغىلى بولغۇدەك، ئادەم يۆكۈنۈپ ئولتۇرسا بېشى تورۇسقا تېگىپ قالمىغۇدەك يان ئورەك قېزىلىدۇ، مېيىت بۇ جايغا بېشى شىمالغا، پۇتى جەنۇبقا، يۈزى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن ئورەكنىڭ ئاغزى كېسەكتە ھىم ئېتىلىپ، توپا بىلەن تىندۇرۇلۇپ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ قويۇلىدۇ. مېيىت ئۆزىتىلىپ 7 ـ، 40 ـ كۈنلىرى ۋە بىر يىل بولغاندا، مەرھۇمنى يوقلاپ قۇرئان ـ تىلاۋەت نەزىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

مېيىتنى كۆيدۈرۈش بۇ موڭغۇل ۋە مانجۇلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، مېيىت پاكىز يۇيۇلۇپ، تېنىگە سېرىقماي سۈرتۈلىدۇ، ئېگىزرەك جايغا ئوتۇن دۆۋىلىنىپ، سېرىقماي قاچىلانغان قېرىن (ئاز بولغاندا بىر نەچچە، كۆپ بولغاندا بىر قانچە ئون بولىدۇ) ئوتۇن دۆۋىسى ئۈستىگە قويۇلىدۇ. مېيىت بەدەشقان قۇرغان، ئىككى قولىنى جۈپلىگەن ھالەتتە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ئاستىغا ئوت يېقىلىدۇ. كۆيدۈرۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، جەسەت كۈلى سېرىق، كۆك، ئاق قاتارلىق رەڭلىك لاتىدىن تىكىلگەن خالتىلارغا قاچىلىنىپ، ئىبادەتخانىدا ساقلىنىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئەۋلىياغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جەسەت كۈلى خېمىر قىلىنىپ، بۇتقا چاپلاپ قويۇلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۆلگۈچىنىڭ ئەرشكە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، جەسەت كۈلىنى ساقلىماي، ئۇنى تاغلارغا ياكى دەريالارغا چېچىۋېتىدۇ.

ئىسىم قويۇش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، بوۋاق تۇغۇلۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆيگە ئاخۇنۇم تەكلىپ قىلىنىپ ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىلىدۇ. ئىسىم قويۇش مۇراسىمىغا ئادەتتە بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چوڭ ياشتىكى يېقىن تۇغقانلىرى قاتنىشىدۇ. بوۋاقنىڭ چوڭ ئانىسى (مومىسى) چىرايلىق يۆگەككە يۆگەلگەن بوۋاقنى ئانىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئاخۇنۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. ئاخۇنۇم جەينامازدا ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىدا بوۋاقنى تۇتقان ھالدا دۇئا ئوقۇپ ئىسىم قويىدۇ. ئىسىمنىڭ رەت تەرتىپى بالىنىڭ ئىسمى ئالدىدا، دادىسىنىڭ ئىسمى كەينىدە بولىدۇ. ئاندىن بوۋاقنى يەردە يېنىككىنە دۈملىتىدۇ، بوۋاق يىغلايدۇ. بوۋاقنىڭ چوڭ دادىسى (بوۋىسى) بوۋاقنى يەردىن ئېلىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ تۇرۇپ ئۇنى بەزلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا بەخت ـ سائادەت تىلەيدۇ. ئاندىن بوۋاقنى يېنىدىكى ئادەمگە بېرىدۇ. مېھمانلار ھۆرمىتى ۋە يېشى بويىچە بوۋاقنى بىر ـ بىردىن قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ قويىدۇ، ئاخىرىدا بوۋاقنىڭ دادىسى بالىنى ئېلىپ ئاپىسىغا بېرىدۇ. قازاقلاردا ئىسىم قويغاندا بۇ بالىنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى بالىنىڭ ئىسمىغا قاپىيداش قىلىپ قويىدىغان ياكى ئاخىرقى بوغۇمىنى ئوخشاش قىلىپ قويىدىغان، ئەگەر قىز پەرزەنت كۆرسە كېيىن ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى تىلەپ، ئۇنىڭغا ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمىنى قويىدىغان ئادەت بار. تاجىك-

لار بالىغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى قويۇۋېرىدۇ، ئەمما شەرت دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولۇشى كېرەك. ئۇندىن باشقا ئىسىم قويغاندا ئايلارنىڭ نامىنى قويىدىغان ئىشمۇ بار. مەسىلەن، ھوشۇر (ھوشۇر ئاي)، يەنە ئۇچار قۇش، گۈل - گىياھ، يېمەكلىكلەرنىڭ ئىسمىنى قويىدىغان، سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ ئىسىم قويىدىغان ئىشلارمۇ بار. خۇيزۇلار خەنزۇچە تىل ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، خەنزۇچە ئىسىم قويىدۇ. بەزى سورۇنلاردا خەنزۇچە ئىسمىنىڭ ئالدىغا دىنى ئىسمىنى قوشۇۋېلىپ تەڭ ئىشلىتىدۇ. تاتارلارنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىسمى، ئارقىسىدىن دادىسىنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەبىلىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتايدىغان ئادەت بار.

**خەتنە قىلىش** ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئوغۇل بالىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك ئوپېراتسىيە مۇراسىمى. خەتنە مۇراسىمى ئادەتتە ئوغۇل بالىلار بەش ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا خەتنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرى خەتنىسى بولىدىغان بالا چىرايلىق يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، ئات مىنىپ قانغۇچە ئوينايدۇ ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئۆزىنىڭ خەتنە مۇراسىمىغا قاتنىشىشىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار بولسا ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىغا تۈرلۈك رەڭلىك لاتىلارنى ئېسىپ قويىدۇ. خەتنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى ئادەملەر خۇددى ھېيت بولغاندەك ئۆگزىگە چىقىپ ناغرا - سۇناي چېلىشىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار، دوستلار ۋە قولۇم - قوشنىلار سوۋغىلارنى ئەكېلىپ مۇبارەكلەيدۇ. خەتنە مۇراسىمىدىن كېيىن، بالا بىرنەچچە كۈن يېتىپ ئارام ئالىدۇ ۋە ئالاھىدە كۈتۈلىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بۇ ئادەت تا ھازىرغىچە بار. يېقىنقى 10—20 يىلدىن بۇيان، شەھەرلەردىكى خەتنە مۇراسىمىنىڭ دىنىي ئەھمىيىتى بارا - بارا سۇسلىشىپ كەتتى، ئۇ ھازىر مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىر خىل مۇراسىمغا ئايلىنىپ قالدى.

**قۇلاق تېشىش** شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قىزلىرىنىڭ قۇلىقىنى تېشىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم. قىرغىزلار قىز بالا بەش ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا قۇلاق تېشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مۇراسىمغا ئاياللار ۋە قىزلارلا قاتنىشىدۇ. مۇراسىمدا يېشى ئەڭ چوڭ بىر ئايال قىزنىڭ چېچىنى 40 تال قىلىپ ئۆرۈيدۇ ھەم دۇئا قىلىپ ئۇنىڭغا بەخت تىلەيدۇ. ئاندىن ئەل ئىچىدىكى مەخسۇس قۇلاق تېشىدىغان ئاياللار قىزنىڭ قۇلىقىنى تېشىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى قىزىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان بىر جۈپ ھالقا سوۋغا قىلىدۇ. مۇراسىمغا كەلگەن مېھمانلار «قۇلاق تېشىش ناخشىسى»، «ھالقا ناخشىسى» دېگەندەك ناخشىلارنى ئېيتىشىدۇ ياكى بەزى ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ، مۇراسىم كەيپىياتى ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولىدۇ. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندا، مېھمانلار قۇلىقى تېشىلگەن قىزغا ھالقا، كىيىم - كېچەك، دوپپا، مېتالدىن ياسالغان تۈگمە، كىچىك ئەينەك، ئۆكە (پەي) قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىدۇ.

قۇلاق تېشىش مۇراسىمى ئەل ئارىسىدا قىزلارنىڭ يېتىلىش تويى دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قىزچاق ئاتا - ئانىسى ۋە ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن بىر كارىۋاتتا، بىر يوتقاندا يېتىپ ئۇخلىمايدۇ، ئېغى يوق ئىشتانمۇ كىيمەيدۇ ياكى ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ يۈرمەيدۇ ۋە ئوغۇللار بىلەن قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ ۋە ئاياللارغا خاس ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بولىدۇ.

**ئاتقا مىندۈرۈش** شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى كىچىك بالىلار تۇنجى قېتىم ئات مىنگەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم. قازاق، قىرغىزلارنىڭ دۇنيادا «ئات ئۈستىدىكى مىللەت» دېگەن داڭقى بار. بوۋاق تۇغۇلغاندىن كۈندىن باشلاپلا، ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا، ئات ئۈستىدە تەۋرىنىپ چوڭ بولىدۇ. ئادەتتە بەش ياشلارغا كىرگەندە ئات مىنىشنى ئۆگىنىدۇ. بالا تۇنجى قېتىم ئات ئۈستىگە چىققاندا، بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى، قولۇم - قوشنىلار ئۇنىڭ ئۈچۈن تەنتەنىلىك ئاتقا چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ كۈنى ئاتا - ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن ئاچماق شەكىللىك ئالاھىدە ياسالغان كىچىك ئېگەر تەييارلاپ، بالىسىنىڭ دۈمبىسىگە بۈركۈتنىڭ پېيىنى قاداپ، ئۇنى ئاتلىق يېقىن ئەتراپتىكى ئۇرۇق- تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم- قوشنىلار بۇ بالىغا ئېگەر، قامچا، تۆشباغ، ئۈزەڭگە ھەم كەمپۈت، بوغۇرساق قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ بالا پۈتۈن يۇرۇشلۇك ئېگەر - جابدۇقلارغا ئىگە بولۇپ، بىر كىچىك چەۋەندازغا

ئايلىنىدۇ. قىرغىزلارنىڭ قازاقلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇلار ئاتنىڭ قۇلىقى، بوينى، قۇيرۇقى قاتارلىق جايلارنى قىزىل شالپەر ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن بېزەپ قويىدۇ. ئالدى بىلەن بالىنىڭ ئاتىسى بالىسىنىڭ ئۈزەڭگىگە دەسسەپ ئېگەرگە ئولتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملىشىدۇ ۋە ئاتنى يېتىلەپ مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. بالا ئۆزىدىن ئىلگىرى ئاتقا چىقىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بولغان يەتتە بالىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەيداننى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ، مېھمانلار بىر چەتتە تۇرۇپ بۇنى تاماشا قىلىدۇ ھەم بالىنىڭ بالدۇرراق ئوبدان چەۋەنداز بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئامان - ئېسەنلىك تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇ. بالا ئارقا - ئارقىدىن ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. بالىنىڭ دادىسى جامائەتچىلىكنىڭ ئالدىدا بۇ ئاتنى ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەنلا بالىغا بەرگەنلىكىنى جاكارلايدۇ ھەم ئۇنىڭ يەتتە ھەمراھىغا سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ. مېھمانلار ئاتقا چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن بالىغا ئاتىغان تۈرلۈك سوۋغاتلىرىنى بېرىپ، ئۇنى مۇبارەكلەيدۇ. مۇراسىم ئاياقلاشقاندىن كېيىن، بالا ھەمراھلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتلىق بېرىپ ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرىنى، قولۇم - قوشنىلارنى زىيارەت قىلىدۇ. ھەربىر ئۆيگە بارغاندا ئادەملەر ئۇنىڭ ئات مىنىشنى ئۆگەنگەنلىكىنى تەبرىكلەيدۇ ھەم ئۇنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپ، خاتىرە بۇيۇملىرى سوۋغا قىلىدۇ.

**قائىدە - يوسۇن** شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەپ - قائىدىلەرگە، يوسۇنلارغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدۇ. كۆپچىلىك بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە ئۆزئارا ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلەر يۈز كۆرۈشكەندە ئوڭ قولىنى يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ ۋە ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ، سەل ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئىككى قوللاپ (قوش قوللاپ) كۆرۈشىدۇ. قارشى تەرەپ جاۋابەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەيدۇ ۋە ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ، ئامان - ئېسەنلىك سورىشىدۇ. ئاياللار يۈز كۆرۈشكەندە ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ، مەڭزىلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىشىدۇ، ھەتتا سۆيۈشۈپ قويىدۇ ھەم خوشلاشقاندا ئېگىلىپ، ئىككى قولىنى تىزى ئۈستىگە قويۇپ خەيرلىشىدۇ. قازاقلار يۈز كۆرۈشكەندە قول ئېلىشىپ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دىن كېيىن، يەنە ئاتا - ئانا، خوتۇن - بالا، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرى ھەم مال - ۋارانلىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى بىر قۇر سوراپ چىقىدۇ. تاجىك ئەرلەر بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە قولىغا سۆيىدۇ ياكى قۇچاقلىشىدۇ؛ ياشانغانلار كىچىكلەرنىڭ پېشانىسىگە، كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئالقىنىغا سۆيىدۇ؛ ئاياللار كۆرۈشكەندە چوڭلار كىچىكلەرنىڭ كۆزى ياكى چېكىسىگە، قۇرداشلار مەڭزىگە، يېقىن تۇغقانلار لېۋىگە سۆيۈشىدۇ؛ ئەر - ئاياللار كۆرۈشكەندە، ئاياللار ئەرلەرنىڭ قولىغا سۆيىدۇ، ئەرلەر بولسا ئاياللارنىڭ بېشىغا قولىنى تەگكۈزۈپ قويىدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە بولمايدۇ. ھەرقانداق سورۇندا چوڭلار تۆردە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ، تاماق، چاي ئالدى بىلەن چوڭلارغا تارتىلىدۇ، مېڭىشتا توغرا كەلگەندە چوڭلار ئالدىدا ماڭىدۇ. ئۆيگە كىرگەندە چوڭلار ئالدى بىلەن كىرىدۇ، چوڭلارنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرۇش، ئۇلارغا ئورۇن بېرىش كېرەك. چوڭلارغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىشكە، ھاراق - شاراب ئىچىشكە بولمايدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر مېھمان بىلەن تونۇش بولسۇن - بولمىسۇن، ئۇلارنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ، ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلىدۇ. مېھمانلار قونۇپ قالىدىغان بولسا، ئەڭ يېڭى، ئەڭ ياخشى يوتقان - كۆرپىلەر بىلەن ئورۇن راسلاپ بېرىدۇ. بىر ئائىلىگە مېھمان كەلسە، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرنىڭ ھەممىسى نۆۋەت بىلەن مېھمانغا چىللايدۇ. تاماق تارتقاندا، قازاقلار قوينىڭ بېشىنى مېھمانغا تۇتىدۇ، مېھمان ئۇنىڭ سول چېكىسىدىن بىر توغرام گۆش كېسىۋېلىپ، سورۇندىكى يېشى ئەڭ چوڭ ئادەمگە تۇتىدۇ، يەنە قوينىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىۋېلىپ، سورۇندىكى يېشى ئەڭ كىچىك ئادەمگە بېرىدۇ، ئاندىن ئۆزى بىر توغرام گۆشنى كېسىۋېلىپ باشنى ئۆي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك تاماققا تۇتۇش قىلىدۇ.

**پەرھىز - سۈننەت** ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئادىتى جەھەتلەردە بىرمۇنچە پەرھىز - سۈننەتلەر شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە تاماقتىن ئىلگىرى قول يۇيۇش ئادىتى بار، قولنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قولنى سىلكىپ، سۇ

چاچرىتىشقا بولمايدۇ. مېھمانغا بارغاندا، سۇپىدا ئىككى
پۇتنى تۈز سۇنۇپ، تاپاننى باشقىلارغا قارىتىپ ئولتۇ-
رۇشقا بولمايدۇ. تاماق يېگەندە نان - توقاچلارنى پار-
چىلاپ لېگەنگە قويۇش كېرەك، ناننى پۈتۈن تۇتۇپ
يېيىشكە بولمايدۇ. مېھماننىڭ قاچىدىكى تاماقنى كەل-
سە- كەلمەس ماللىتىشى ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ،
مېھمان خالىغانچە قازان بېشىغا بېرىۋالماسلىقى كې-
رەك. ئادەتتە قاچىدىكى تاماقنى ئاشۇرۇپ قويۇشقا بول-
مايدۇ. يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نان، تاماق ئۇۋاقلىرىنى
تېرىپ ئېلىپ داستىخانغا قويۇپ قويۇش لازىم. تاماق-
تىن كېيىن، چوڭلار باشلاپ دۇئا ياندۇرىدۇ. سورۇن-
دىن ئايرىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن
ئەمەس، ئارقىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈش لازىم. تاماق
يەۋاتقاندا ياكى باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا،
تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، بۇرنىنى، قۇلىقىنى كولاش،
تىرناق ئېلىش، ئۇ يەر - بۇ يېرىنى قاشلاش، ئۇسسۇ-
رۇش قاتارلىقلار قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. چوشقا گۆ-
شى ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنى ياكى ھارام ماللارنىڭ گۆشى-
نى يېيىش چەكلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆز بالى-
سىنى ماختىشى ياخشى ئەمەس، بولۇپمۇ «سېمىز»،
«چىرايلىق»، «ئىشتىھالىق» دېگەندەك سۆزلەرنى
ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، كۆزگە، ئايغا قاراپ چوڭ -
كىچىك تاھارەت قىلىشقا ۋە سۇغا سىيىشكە، ئاسمانغا
قاراپ تۈكۈرۈشكە بولمايدۇ.

**يۇرۇشلۇك مۇزىكا** بۇ بىرقانچە ئاھاڭ ياكى
سىمفونىيىلىك بۆلەكلەردىن تەركىب تاپقان چوڭ تىپ-
تىكى نەغمە ياكى ناخشا مۇزىكىسى. شىنجاڭدىكى ئەڭ
مەشھۇر يۇرۇشلۇك مۇزىكا — مۇقام بولۇپ، ئۇ غە-
زەل، ئۇسسۇل، مۇزىكىدىن قۇرۇلغان. يۇرت، رايون
ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مۇقامنىڭ يۇرۇش سانى ۋە
نامىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئۇ قەشقەر 12
مۇقامى، دولان مۇقامى، ئىلى مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى
ۋە تۇرپان مۇقامىدىن ئىبارەت بەش ئېقىمغا بۆلۈنگەن.
بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىگە تارقالغان 12 مۇقام
ئەڭ تىپىك بولۇپ، ئۇ 12 يۇرۇش چوڭ ئاھاڭدىن
تەركىب تاپقان بولغاچقا، 12 مۇقام دەپ ئاتالغان. ئۇ
قەدىمكى داستانلار ئاساسىدا ئىشلەنگەن غەزەللەر، ئەل
ئىچىدىكى داستانلار ئاساسىدا ئىشلەنگەن گۇرۇپپىلىق
ناخشىلار، گۇرۇپپىلىق ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ھەم نەق
مەيداندا ئورۇندىلىدىغان ئاھاڭلار بولۇپ، 340 نەچچە
ناخشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇقامنى تولۇق ئورۇنداپ
چىقىشقا 24 سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ. ئۆزبېك-
لەر ئارىسىدا تارقالغان يۇرۇشلۇك مۇزىكا — مۇقام
بىلەن، 12 مۇقام بىلەن مۇھىم باغلىنىشى بار. ئۇ
جەمئىي ئالتە يۇرۇش، ئەمما چوڭ نەغمىسى كەم. بۇ-
نىڭدىن باشقا، قازاق، موڭغۇللارنىڭ توي ناخشىلىرىمۇ
يۇرۇشلۇك مۇزىكا قاتارىغا كىرىدۇ. بۇنداق يۇرۇشلۇك
مۇزىكىلار توي قائىدىسىنىڭ ئېلىنىش - تېگىشىش
شەكلى ۋە تەرتىپىگە قاراپ، توينىڭ پۈتكۈل جەريانىدا
ئورۇندىلىدۇ. قازاقلارنىڭ توي ناخشىلىرى سارىن
(مۇقەددىمە)، جار - جار (يار - يار، نەسىھەت)،
سىڭسىما (دادلاپ يىغلاش)، كۆرىس (يىغلاپ خوشلى-
شىش)، بېتئاشار (يۈز ئېچىش) دىن ئىبارەت بەش
گۇرۇپپا ناخشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. موڭغۇللارنىڭ
توي ناخشىلىرى مېھمان كۈتۈۋېلىش ئاھاڭى، قەدەھ
ناخشىسى، شادىيانە ناخشا - ئۇسسۇل، ئانا بىلەن قىز-
نىڭ خەيرلىشىش ئالدىدىكى ئېيتىشىش ۋە مېھمان ئۇ-
زىتىش ناخشىسىدىن ئىبارەت ئالتە گۇرۇپپا ئاھاڭدىن
تەركىب تاپىدۇ.

**مۇھەببەت ناخشىلىرى** قىز - يىگىتلەر ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدىغان ناخشىلار. ئو-
رۇنداش شەكلى جەھەتتە يالغۇز كىشىلىك ناخشا،
قىز - يىگىت ئېيتىشىش، ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم ئو-
رۇندايدىغان ناخشا قاتارلىقلار بار. مۇھەببەت ناخشىلى-
رىنىڭ ئاھاڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆزى قىسقا، رى-
تىمى ئەركىن. بۇنداق ناخشىلارنىڭ بەزىلىرى ئاستا،
سوزۇپ ئېيتىلىدۇ. مېلودىيىسى كۆپىنچە تۈز، مۇڭ-
لۇق، ئالدىنقى قىسمى سوزۇپ ئېيتىلىپ، دولقۇنسى-
مان داۋاملىشىپ، ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ يۈرىكىدىكى يو-
شۇرۇن، چوڭقۇر مۇھەببەت تۇيغۇسىنى نامايان قىلىپ
بېرىدۇ؛ بەزىلىرى شوخ، جاراڭلىق بولۇپ، مېلودىيە-
سىدە تۆت - بەش گرادۇس ئەتراپىدا يۇقىرى - تۆۋەن
سەكرەتمە ھالدا داۋاملىشىدىغان جايلار كۆپرەك بولى-
دۇ. بۇنداق ناخشىلار ھېس - تۇيغۇنى بىۋاسىتە، ئې-
نىق ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مۇھەببەت ناخ-
شىلىرىنىڭ ناخشا تېكىستى كۈچلۈك بايان خۇسۇسىيە-
تىگە ئىگە، ئەمما ئۇنىڭدا مۇكەممەل ۋەقەلىك ۋە ئۇنى
گەۋدىلەندۈرىدىغان پېرسوناژلار ئوبرازى بولۇش تەلەپ
قىلىنمايدۇ. شۇڭا، ناخشا تېكىستىگە نىسبەتەن چەكلى-
مە يوق، تېكىستنى خالىغانچە ئىجاد قىلىپ ئېيتقىلى
بولىدۇ. ناخشا تېكىستىدە ئىككى مىسرالىق جۈملىلەر
پار بولۇپ كېلىدىغان شەكىل كۆپ ئۇچرايدۇ، بىرىنچى
مىسرادا كەيپىيات كۆتۈرۈلۈپ، مەنزىرىلەر ئوخشىتىش
بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. كېيىنكى مىسرادا كۆڭۈلدىكى

ھېسسىيات، تۇيغۇ بىۋاسىتە ئىزھار قىلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ناخشىلىرى مۇھەببەت ناخشىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قوشاقلىرى، قازاقلارنىڭ ئاقىنلىرى ئوقۇيدىغان ناخشىلار، خۇيزۇلارنىڭ خۇار (گۈل ناخشا) لىرى، موڭغۇللارنىڭ قىسقا، ئۇزۇن ئاھاڭلىق خەلق ناخشىلىرى، تاتارلارنىڭ جىرلىرى، تاجىكلارنىڭ بېيىتلىرى، شىبەلەرنىڭ «تالبى ئۇچۇن» قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدىغان مۇھىم مەزمۇنمۇ ئىشق ـ مۇھەببەتتىن ئىبارەت. مۇھەببەت ناخشىلىرىغا سورۇن كەتمەيدۇ، يېزىدىن يايلاقچىچە، شەھەر ـ بازارلاردىن سەھنىگىچە بولغان سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئۇزۇن ئاھاڭلىق ناخشىلار بۇ چاچما ئاھاڭلىق چوپان ناخشىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ناخشا شەكلى. شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ خەلق ناخشىلىرىدا ئۇزۇن ئاھاڭلىق ناخشىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇزۇن ئاھاڭلىق ناخشىلارنىڭ ئاۋاز دائىرىسى كەڭ، مېلودىيىسىدىكى ئۆرلەش، پەسىيىش ئۆزگىرىشلىرى بىرقەدەر زور. ئاھاڭ بىر تۇرۇپ جاراڭلاپ، دولقۇنلىنىپ ئەۋجىگە چىقسا، بىر تۇرۇپ ئەكس سادادەك بوغۇق، مۇڭلۇق، يېقىملىق بولۇپ ئۆزگىرىپ، يۈرەكنى لەرزىگە سالىدۇ. رىتىمىدىن جەسۇرلۇق، ئەركىن ـ ئازادىلىك، لەرزان ـ ئەۋرىشىملىك، ئاجايىپ سىر ـ ھەيۋە چىقىپ تۇرىدۇ. ناخشا تېكىستىدە سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش ۋاستىلىرى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ، ناخشا تېكىستلىرى مىسرالىرىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. ناخشا تېكىستىنىڭ تولىسى ياكى ھەممىسى «ئا... ھا... ھاي... ۋاي...» دېگەندەك بېزەك سۆزلەر بىلەن بېزىلىدۇ، كۆپ بۆلەكلىك شېئىر شەكلى قوللىنىلىدۇ، تولىسىدا چارۋىچىلىق تۇرمۇشى، ئانا يۇرتنى مەدھىيىلەش، مۇھەببەت، نىكاھنى كۈيلەش، كالا، قوي قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش مەزمۇن قىلىنىدۇ. بۇنداق ناخشىلارنى ئورۇنداشتا راست ـ يالغان ئاۋازلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئۇزۇن سوزۇلىدىغان ئاھاڭ ئىچىگە بەئەينى تولپارنىڭ كىشنىشىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋاز ۋە تىترەك ئاۋۇشلار قوشۇلىدۇ. مېلودىيىسىدە ئۈچ ـ تۆت گرادۇسلۇق سېيرىلما ئاھاڭ كۆپ بولۇپ، ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ بىردە يۇقىرىلاپ، بىردە تۆۋەنلەپ تۇرغان دولقۇنلۇق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، يۇقىرىقىلار مۇزىكىنى ناھايىتى سۈلكەتلىك قىلىدۇ. سۈلكەتلىك بولۇش بىلەن لىرىكىلىق بولۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇزۇن ئاھاڭلىق ناخشىلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇزۇن ئاھاڭلىق ناخشىلار مال باققاندا ئېيتىلىدۇ، بەزىدە زىياپەتلەردە، توي ـ تۆكۈنلەردە ۋە موڭغۇللارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدە مەرىكىسى بولغان نادام بايراملىرىدىمۇ ئېيتىلىدۇ. نادام يىغىلىشىنىڭ چېلىشىش مۇسابىقىسى دەل مانا شۇ ئۇزۇن ئاھاڭلىق ناخشا ساداسى ئىچىدە باشلىنىدۇ. ئۇزۇن ئاھاڭلىق ناخشىلاردا قويۇق يايلاق پۇرىقى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا يايلاقنىڭ چەكسىز كەتكەن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى ۋە چارۋىچىلارنىڭ دەريادەك كەڭ كۆكسى ـ قارنى ھەم ئەركىن ـ ئازادە، ئاددىي ـ ساددا، ئۇلۇغۋارلىق جاسارىتى، قىزغىن، ئاق كۆڭۈللۈك خاراكتېرى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

خۇار (گۈل) ناخشىلىرى بۇ جۇڭگودىكى خەلق ناخشىلىرىنىڭ بىر ژانىرى. گۈدىكىم، ياۋا ئاھاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى خەنزۇ، دوڭشياڭ، تۇزۇ، سالا قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ خۇيزۇلار ئارىسىدا تارقالغان بىر خىل تاغ ناخشىسى. خۇار ناخشىسى شىنجاڭدا ئاساسلىقى خۇيزۇ، دۇڭشياڭ مىللەتلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تارقالغان. چىڭ خاندانلىقىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا ياشىغان لىن تاۋ (يەر ئىسمى، جىلىن ئۆلكىسىدە) لىق شائىر ۋۇ جېن (1721—1792) ئۆز شېئىرىدا: «خۇار ناخشىسى بەكمۇ ئاجايىپ، چىدالماس مەزلۇملار ئۇنى ئاڭلىسا» دەپ يازغان. بۇ خۇار ناخشىسى ھەققىدە بىرقەدەر بۇرۇن يېزىلغان خاتىرە ھېسابلىنىدۇ. ئورۇنداش شەكلى جەھەتتە خۇار ناخشىسى يالغۇز كىشىلىك ناخشا، ئېيتىشىش، چاتما ناخشا قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. ئېيتىشىشتا يىگىت قىزنى خۇار (گۈلۈم) دەپ ئاتىسا، قىز يىگىتنى «گۈدىكىم» دەپ ئاتايدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ خىل ناخشا «خۇار» (گۈل ناخشا) دەپ ئاتالغان. خۇار ناخشىسىنىڭ كۆپ خىل ئاھاڭى بار. بۇنداق ئاھاڭلار «ناۋا» دەپ ئاتىلىدۇ. ناۋانىڭ يۈز نەچچە خىلى بار بولۇپ، بۇلار «خېجۇ ناۋاسى»، «تۇزۇلار ناۋاسى»، «گامار ناۋاسى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى «خېجۇ ناۋاسى» خۇار ناخشىسى ئىچىدە تارقىلىشى ئەڭ كەڭ، تەسىرى ئەڭ زور، ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئاھاڭلارنىڭ بىرى. خۇار ناخشىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاھاڭ ھەمىشە دېگۈدەك

5،6،1،2 دىن ئىبارەت تۆت ئاۋازدىن قۇرۇلغان بولـ
دۇ، مېلودىيىسىدە تۆت گرادۇسلۇق ئاۋازنى يۇقىرىـ
تۆۋەن سەكرىتىپ، ئۇزۇن سوزۇپ ئوقۇلىدىغان ئاھاڭ
كۆپ بولىدۇ. بۇ كىشىگە مەردۇ مەيدانلارغا خاس ئۇـ
لۇغۋارلىق، بىر يۇقىرى ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ تۇرىـ
دىغان، جاراڭلىق، بەھۇزۇر مۇڭلۇق تۇيغۇ بېرىدۇ،
ئۇ غەربىي شىمالنىڭ مول يەرلىك تۈسىگە ئىگە بولۇپ،
رىتىمى بىرقەدەر ئەركىن – ئازادە، سوزۇلما ئاۋاز
كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇدارى ھەر خىل، كۆپىنچە
ھاللاردا بىر ناخشىدا ئىككى خىل ياكى ئىككى خىلدىن
كۆپ ئۇدار بولىدۇ. پەرداز ئاھاڭغا كۆپىنچە بېقىندى
ئاۋاز ۋە چولڭ سىيرىلما ئاۋازلار قوللىنىلىدىغان بولـ
غاچقا، كىشىگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ. ناخشا تېكىسـ
تىدە دائىم بىر كۇپلېتلىق ۋە ئىككى بۆلەكلىك شەكىل
قوللىنىلىدۇ. ناخشىچىنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسۇلى ھەر
خىل بولۇپ، ئىنچىكە (چىرقىراق، ساختا ئاۋاز) ئاـ
ۋازدا، توم (چىن ئاۋاز) ئاۋازدا، شۇنداقلا ئىنچىكە،
توم ئاۋازنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدا ناخشا ئېيتىدىغانـ
لارمۇ بار. ناخشىنى ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بىر خىل
ئاۋازدا ئوقۇيدۇ. ناخشىنى لىرىكىلىق ئېيتىسىمۇ، ۋەـ
قەلىكنى بايان قىلىش شەكلىدە ئېيتىسىمۇ بولىدۇ. ناخـ
شىنىڭ مەزمۇنى ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، تارىخ،
ئۆرپ – ئادەت، ئائىلە، تۇرمۇش قاتارلىق تەرەپلەرگە
چېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت ناخشىلىرى ئەڭ
كۆپ، خوار ناخشىسى خۇيزۇ، دوڭشياڭ قاتارلىق مىلـ
لەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم شەكلى ھېسابلىنىـ
دۇ.

بەخت تىلەش ناخشىسى بۇ ياخشى تىلەك تىـ
لەش، مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدىغان ناخشا.
بەخت تىلەش ناخشىسىنىڭ ئادەتتە مۇقىم بەلگىلەنگەن
تېكىستى بولمايدۇ، ئۇنى ناخشىچى ئۆزى خالىغانچە توـ
قۇيدۇ. بۇنداق ناخشا قازاقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشـ
قان جايلاردا ئەڭ كەڭ تارقالغان. بوۋاقلار دۇنياغا
تەۋەللۇت بولغاندا تۇغۇلۇش ناخشىسى ئوقۇلىدۇ. قازاقـ
لارنىڭ يوسۇنى بويىچە، بوۋاقلار دۇنياغا كۆز ئاچقاندا،
قىز – يىگىتلەر بالىنىڭ ئاتىسى، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە
يىغىلىپ، نۆۋەت بىلەن ئۈچ كېچە – كۈندۈز توختىماي
«شىلدىخانا» (بەخت تىلەش ناخشىسى) ئوقۇيدۇ. كىـ
شىلەر: كىشىلىك ھاياتنىڭ تۇنجى ئۈچ كۈنىنى بەخت
تىلەش ناخشىسى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بوۋاقنىڭ پۈتۈن
ھاياتى بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئوغۇل بالا چوڭ بولسا
مىللەتنىڭ پەخىرلىك ئاقىنى (ناخشىچىسى)، قىز بالا
چوڭ بولسا چىرايلىق، شوخ ناخشا ئېيتىدىغان بۇلبۇل
بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. يۇرۇشلۇق توي ناخشىلىرى
ئارىسىدىكى يار – يار (جار – جار، نەسىھەت)، يۈز
ئاچار (بېتىنئا شار) ناخشىلىرىدىمۇ ياش ئەر – خوتۇنـ
لارنى مۇبارەكلەش، ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت – سائادەت
تىلەش، ئۇلارنىڭ بىر – بىرىنى خۇددى مېھمانەك
ھۆرمەت قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىللە ئۆتۈشـ
نى ئۈمىد قىلىشتەك مەزمۇنلار بار. بۇنىڭدىن باشقا،
شىنجاڭدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توي مۇراـ
سىملىرىدا ئوقۇلىدىغان ناخشىلار ئارىسىدىمۇ بەخت تىـ
لەش ناخشىلىرى بار. بەخت تىلەشلەرنىڭ تولىسى دىكـ
لاماتسىيە خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، شاد – خۇراـ
لىق، قۇتلۇقلاش تۈسىگە باي بولىدۇ.

مەرسىيە ناخشىسى ماتەم، تەزىيە مۇراسىمـ
لىرىدا ئوقۇلىدىغان ئادەت – يوسۇن ناخشىسى، دەپنە
ناخشىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەرسىيە ناخشىسى كىشىلەرـ
نىڭ ئىستېخىيىلىك ئاغزاكى ئىجادىيىتى بولۇپ،
ئېغىز – قۇلاق ئارقىلىق تارقىلىدۇ. بۇنداق ناخشىلار
ئادەتتە ياشانغانلار ياكى ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۆلۈپ كەتـ
كەندىن كېيىنكى ئادەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەزىيە
بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىدە ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر كىـ
شى ئېيتىش، كۆپچىلىك تەڭ ئېيتىش، ناخشا باشلاپ
بەرگۈچىگە ئەگىشىپ ئېيتىشتەك شەكىللىرى بار.
مەرسىيە ناخشىسى سۆيۈملۈك كىشىلىرىدىن جۇدا بوـ
لۇشتەك قايغۇلۇق كەيپىياتنى بايان قىلىش، ۋاپات بولـ
غۇچىنى چوڭقۇر ياد ئېتىش ھەم ۋاپات بولغۇچىنىڭ
قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلەپ،
كېيىنكىلەرگە تەربىيە بېرىش، ئائىلە تاۋابىئاتلارنىڭ
كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ قايغۇسىنى يەڭـ
گىللىتىش مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەرسىيە
ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى كۆپىنچە ناھايىتى غەمكىن، قايـ
غۇلۇق بولۇپ، ئادەمنى ئىختىيارسىز يىغلىتىۋېتىدۇ.
تاجىكلارنىڭ «تالقىن»ى بىرقەدەر تىپىك مەرسىيە ناخـ
شىسى شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئۆيدە بىرسى ۋاپات بولـ
غاندا، مېيىت يۇيۇلۇپ، كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن
ئەر تۇغقانلار پەگاھدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلىشىدۇ،
ئايال تۇغقانلار بولسا سۇپا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاھاڭغا
كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتىش شەكلى بىلەن يىغلايدۇ. ئاـ
دەتتە بۇنداق هازىنى ئەل ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق، مەرسىـ
يە ناخشىسى ئېيتىشقا ماھىر تۇغقانلاردىن بىرسى باشـ
لاپ بېرىدۇ، ناخشىنىمۇ بىرىنچى بولۇپ ئېيتىدۇ.
هازا ئېچىش داۋامىدا ناخشا ئېيتىلىپ، ۋاپات بولغۇچىـ

نىڭ ياخشىلىقى ۋە پەزىلىتى، تۆھپىلىرى بايان قىلىنىدۇ؛ قالغان ئايال‌لار بولسا مەرسىيە ناخشىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىغا جور بولىدۇ. قازاقلاردا ئاقساقاللار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئائىلە تاۋاپچىلىرى قايغۇلۇق، مىسكىن ئاھاڭدا «جوقتاۋ» (مەرسىيە ناخشىسى) ئوقۇيدۇ. يايلاقتىن ئۆي كۆچكەندە، ئۆلگۈچىنىڭ دوپپا ياكى قولاقچىسىنى ئاتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ ۋە ھەربىر ئاۋۇل (بىر جەمەتنىڭ نەسەبداش تۇغقانلىرى ئولتۇرۇشلۇق جاي) دىن ئۆتكەندە، ئايال‌لار مەرسىيە ناخشىسى ئېيتىپ، ئۇنى ياد ئېتىدۇ. موڭغۇللارنىڭ «روھ ناخشىسى»، قىرغىزلارنىڭ «يىغا شېئىرى» (قوشاق) ى، داغۇرلارنىڭ «ھازا ناخشىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەرسىيە ناخشىسىغا كىرىدۇ.

ساما ئۇسسۇلى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىر خىلى. ئۇ «سامان» سۆزىنىڭ باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشى بولۇپ، «پېرىخون» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئىپتىدائىي دىن — «شامان دىنى» دىكى پېرىخونلار ئوينايدىغان پىر ئۇسسۇلىدىن ئۆزگەرگەن. ئۇيغۇرلار پېرىخونلارنى «باخشى» دەپ ئاتايدۇ. پېرىخونلار جىن - شايatanلارنى قوغلىغاندا جەزمەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ. XVI ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى كۆرگۈچىلىكى بار، ھەرىكەتلىرى نەپىس «باخشى» ئۇسسۇلى بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئۇسسۇللار سىرلىق دىنىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، مۇزىكا تەڭكەش قىلىنمايدۇ، ئۇسسۇلدىكى كەيپىيات پەقەت «ئاھ، ئۇھ» دېگەندەك ئاۋازلار بىلەنلا پەيدا قىلىنىدۇ. كېيىن ئۇيغۇرلار باخشى ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن ھەم ئاھاڭ تەڭكەش قىلىپ، ناخشا قوشۇپ، بۇ ئۇسسۇلنى يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە قىلغان ۋە ساما ئۇسسۇلى قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىنىدىغان ناغرا، سۇناي ئاھاڭى 12 مۇقامدىكى ئاھاڭلار بولۇپ، ئورۇنداش داۋامىدا ھەربىر سائەتتە بىر ئاھاڭ ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئادەملەر مۇزىكا ئاھاڭىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، ئۇسسۇلنى ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن ئوينايدۇ. بۇ ئۇسسۇل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا كەڭ تارقالغان، ئۇ، مەشرەپنى باشلاشتا جەزمەن ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل.

**دولان ئۇسسۇلى** ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئۇسسۇلى. بۇ ئاساسلىقى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيەسى، مارالبېشى ناھىيەسى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيەسى ھەم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەر ئوينايدىغان ئەل ئىچى ئۇسسۇلى. ئۇسسۇل توققۇز قىسىملىق دولان مۇقامى ئاھاڭى ئاساسىدا تاللاپ ئېلىنغان بەش بۆلەك مۇزىكا، تۆت خىل ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق ئوينىلىدۇ. ئۇسسۇل مۇقەددىمە مۇزىكىسىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇسسۇلنىڭ 1 - ھەرىكىتى «چېكىتمە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ رىتىمى 3/4 ئۇدارلىق بولىدۇ؛ 2 - ھەرىكىتى «سەنەم» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ رىتىمى 4/4 ئۇدارلىق بولىدۇ؛ 3 - ۋە 4 - ھەرىكەتلىرى ئايرىم - ئايرىم «سەلىقە» ۋە «سولىما» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ رىتىمى 2/4 ئۇدارلىق بولىدۇ. دولان ئۇسسۇلى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوما ئۇسسۇلىدىن تەرەققىي قىلغان. مەكىت ناھىيەسى بىلەن ئاۋات ناھىيەسىنىڭ ئۇسسۇلى شەكىل جەھەتتە پەرقلىنىدۇ.

نازىركوم ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى. «نازىركوم» «گۈزەل، لەۋەن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئۇسسۇل تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا بۇ ئۇسسۇلنىڭ كۆپ خىل ۋارىيانتى بار. مەسىلەن، قارايورغا، يەملەپ



نازىركوم

باقىشىم، توكۇر باقىشىم، باقىشىم تۆرەم، ئاللىمدى - يەي، جاقا جومبۇلچاق، ئاللىمدىلا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئۇسسۇلنى مەشرەپ، توي - تۆكۈن، يىغىلىشلاردا ئەرلەر ئوينايدۇ. بۇ ئۇسسۇلنىڭ تۇرپاندا ئۈچ خىل شەكلى بار: ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل شەكلى،

ئۇسسۇلچىلار ناخشىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئوينايدىغان شەكلى ۋە مەخسۇس ناغرا، سۇنايىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل شەكلى. كېيىنكى ئىككى خىل شەكىل تورپان مۇشاۋرەك مۇقامى مۇزىكىسىنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئوينىلىدۇ. «نازىركوم» ئۇسسۇلىنىڭ مۇزىكىسى «مۇقەددىمە»، «زەيتۇنخان»، «دوستۇم ھەمراھجان»، «ساي سايدا ياتامدۇ»، «ئاشۇ باغدا ئۈزۈم بار»، «ئالتە كەپتەر يەتتە بولدى» قاتارلىق ئالتە مۇزىكىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**شادىيانە ئۇسسۇلى** ئۇيغۇرچە مەنىسى «شادلىق ئۇسسۇلى». مۇزىكىسى 4/4 ئۇدارلىق، مېلودىيىلىك خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك. بۇ ئۇسسۇلنى ئەرلەر ئوينايدۇ. ھەمىشە ئەنئەنىۋى مىللىي ھېيت ـ ئايەم، بايرام كۈنلىرى، توي ـ تۆكۈن، تەبرىكلەش مۇراسىملىرى قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئوينىلىدۇ. ئۇسسۇل يېنىك، شوخ، راۋان مۇزىكا بىلەن باشلىنىپ، مۇزىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇسسۇلمۇ قىزىپ ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئۇنىڭ يالغۇز ۋە كوللېكتىپ ئورۇنداشتەك ئىككى خىل ئورۇندىلىنىش شەكلى بار.

**سەنەم ئۇسسۇلى** بۇ بايرام ئۇسسۇلى. سەنەم ئۇسسۇلى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئۇسسۇللىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە سەنەم ئۇسسۇللىرى بار. مەسىلەن، ئىلى، قۇمۇل، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، پەيزاۋات، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان سەنەم ئۇسسۇللىرى مۇشۇ قاتارغا كىرىدۇ. جايلارنىڭ سەنەم ئۇسسۇللىرى چوڭ ۋە كىچىك سەنەم ئۇسسۇلى دەپ ئايرىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇل ھەمىشە ھېيت ـ ئايەم، تەبرىكلەش مۇراسىملىرى، شاد ـ خۇراملىق سورۇنلاردا، مەشرەپلەردە ئوينىلىدۇ. ئادەتتە، ئۇسسۇلنى ئەر ـ ئاياللار جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ ۋە ئۇسسۇل ئارقىلىق ھېسسىيات ئالماشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەخسۇس تەڭكەش مۇزىكىسى بار. ئۇسسۇل باشلىنىشتىن ئىلگىرى مۇقەددىمە ئورنىدا بىر ئابزاس مۇقام ناخشىسى ئېيتىلىپ، ئارقىدىن سەنەم ئۇسسۇلىنىڭ مۇزىكىسى چېلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلاردىن بىرەيلەن ئالدى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىرەيلەننى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ، قارشى تەرەپمۇ ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بىللە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مۇزىكىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار نۆۋەت بىلەن مەيدانغا چۈشىدۇ، ئۇسسۇلمۇ توختىماي ئەۋجىگە چىقىپ تۇرىدۇ.

**كىگىز بېسىش ئۇسسۇلى** بۇ قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى بولۇپ، قازاقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تارقالغان. ئۇسسۇلدا يۇڭ ساۋاش، يۇڭ يېيىش، سۇ چېچىش، ئوراپ باغلاش، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇش قاتارلىق كىگىز بېسىش ئەمگىكى جەريانى ناھايىتى تۇجۇپلەنگەن نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ. ئۇ قازاقلارنىڭ ئائىلىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتەك شاد ـ خۇراملىق كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**يورغا ئۇسسۇلى** بۇ قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى. ئاساسلىقى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان. ئۇسسۇلغا قازاقچە مەشھۇر مۇزىكا — «قارا يورغا» تەڭكەش قىلىنىدۇ. مۇزىكا شوخ، يېنىك، تولىمۇ رىتىملىق. ئۇسسۇلدا قازاق چەۋەندازلارنىڭ تۇلپارغا مىنىپ، يايلاقتا چېپىپ يۈرگەن تۈرلۈك چەبدەس، جەسۇرانە قىياپەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنكاس قىلىنىدىغىنى «چاپار ئات» ئەمەس، «يورغا ئات» بولغاچقا، يېنىك، چەبدەس ئات مىنىش ھەرىكەتلىرى كۆپ، ئوقتەك ئىتتىك چېپىش ھەرىكەتلىرى ئاز. ئۇسسۇل بارىكۆل ئېتىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

**ئادىنوچكا** رۇس خەلق ئۇسسۇلى. ئۇسسۇلدا ئۆتۈك ياكى ئاياغنىڭ تاپىنى يەرگە تاقىلداپ تېپىلىپ، تاقىلدىغان ئاۋاز چىقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا شۇنداق نام بېرىلگەن. رۇسچە «ئاتانوچكا» دېيىلىدۇ. رۇسلار ئەسلىي سوغۇق بەلۋاغدا ياشايدىغان بولغاچقا، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولغاندا، ئۇلار ھەمىشە پۇتىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن، پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرىدۇ. كېيىن بۇ ھەرىكەت تەدرىجىي پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، ئۆزگەرتىلىش نەتىجىسىدە بىر خىل ئۇسسۇل بولۇپ شەكىللەنگەن. كېيىن يەنە كازاكلارنىڭ ئۆتۈك كىيىپ ئوينايدىغان ئات مىنىش ئۇسسۇلىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلى-

رىنى ۋە ئۇسسۇل قەدىمىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بىر خىل ئېپىل ھەم نەپىس ئۇسسۇل سەنئىتىگە ئايلانغان. بۇ ئۇسسۇلنى ئوينىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، بىردەك تاپىنى ياكى ئاستى پۇتۇنلەي قاتتىق، پۇختا كالا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇتۇك ياكى ئۇزۇن قونچلۇق ئاياغ كىيىدىغان بولغاچقا ئاياغنىڭ ئاستى يەرگە تەگكەندە ئۇنىڭدىن قاتتىق تاقىلدىغان ئاۋاز چىقىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنىڭ يالغۇز ئويناپ باشقىلارنى ئۇسسۇلغا تارتىدىغان، ئەر - ئايال جۈپ بولۇپ ئوينايدىغان ۋە كوللېكتىپ ئوينايدىغان ئۈچ خىل شەكلى بار. يالغۇز ئويناش شەكلى تانسا ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئوينىلىدۇ، بۇنىڭدا بىرەيلەن ئۆزلۈكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ تۈرلۈك پۇت تاقىلدىتىش ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئاندىن يەنە بىرەيلەنتى ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. باشقىلارنى ئۇسسۇلغان تارتقاندا، ئالدىغا كېلىپ پۇتىنى تاقىلدىتىدۇ، ئەگەر قارشى تەرەپ ئۆزىدىن چوڭ ئادەم بولسا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملاشتۇرۇلۇپ، تۈرلۈك قىياپەتتە، ئۆزگىچە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئورۇندىلىنىدۇ، مول ھۇزۇرلىنىش قىممىتى بار. ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلنى بىر ئايال، بىر ئەر جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ، ياكى ئىككى ئادەم بىر - بىرىگە بېقىشىپ تۇرۇپ پۇتلىرىنى تاقىلدىتىدۇ؛ ياكى ئەر زوڭ ئولتۇرۇپ پۇتىنى تاقىلداتسا، ئايال ئۆرە تۇرۇپ، ئەرنى چۆرىدىگەن ھالدا پۇتىنى تاقىلدىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى شىددەتلىكرەك بولىدۇ. كوللېكتىپ ئوينىلىدىغان ئادىنوچكا ئۇسسۇلى ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم ئوينايدىغان ئوپچە ئۇسسۇل بولۇپ، ئادەملەر ياكى ھالقا شەكىلدە بولۇپ، ياكى قاتار سەپ بولۇپ تۇرۇپ ئوينايدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭ مۇقىم جايىدا تۇرۇپ تۈرلۈك پۇت تاقىلدىتىش ھەرىكەتلىرىنى ۋە تۈرلۈك قىياپەتلەردىكى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئورۇندايدۇ. ئادىنوچكا ئوينىغاندا ئۆتۈك ۋە ئاياغلارنىڭ يەرگە تېگىپ تاقىلدىغان ئاۋازلىرى خۇددى دۇمباق چالغاندەك شوخ، جاراڭلىق بولۇپ، ئادەمگە كۈچلۈك رىتىم ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدۇ.

**بۈركۈت ئۇسسۇلى** تاجىكلارنىڭ خەلق ئۇسسۇلى. تاجىكلار قەدىمدىن تارتىپلا بۈركۈتكە سېغىنىدىغان بولغاچقا، بۈركۈتنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرى تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەل ئىچى ئۇسسۇللىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ئۇسسۇلنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاساسەن دېگۈدەك بۈركۈتنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىرىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، ئۇسسۇل تولىمۇ گۈزەل، رىتىمى يېقىملىق. ئۇسسۇلدىكى ئەرلەرنىڭ ھەرىكىتى كۈچلۈك، جانلىق بولۇپ، ئۇسسۇل تازا قىزىغاندا، ھەرىكەتلەر زېمىن قەھرىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان، شۇنداقلا تۆۋەنگە ئوقتەك تېز شۇڭغۇۋاتقان ياكى پەستىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان لاچىندەك چەبدەس ۋە جەسۇر؛ ئاياللارنىڭ ھەرىكىتى سىلىق، ئەۋرىشىم، ئەمما، جەسۇرلۇق، چەبدەسلىك خىسلىتىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ.

**ئۇيغۇر 12 مۇقامى** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان مۇزىكىلىق، ئۇسسۇللۇق، يۈرۈشلۈك مۇزىكا. ئۇ 12 يۈرۈش چوڭ ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، 12 مۇقام دەپ ئاتالغان. قەشقەر مۇقامى دېگەن نامىمۇ بار. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ساپ، ئەڭ تىپىك ئەنئەنىۋى مۇزىكا، ئۇسسۇل ئەسىرى دەپ قارالماقتا. ئۇنىڭدىكى 12 يۈرۈش ئاھاڭنىڭ نامى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنداق: ① راك؛ ② چەبىيات؛ ③ مۇشاۋىرەك؛ ④ چارىگاھ؛ ⑤ پەنجىگاھ؛ ⑥ ئۆزھال؛ ⑦ ئەجەم؛ ⑧ ئۇشاق؛ ⑨ بايات؛ ⑩ ناۋا؛ ⑪ سىگاھ؛ ⑫ ئىراق. بۇنىڭ ئىچىدىكى «راك» نىڭ ئىسمى ھىندىستان ۋە پاكىستانلاردا تارقالغان يۈرۈشلۈك مۇزىكا «راگ» نىڭ ئىسمىغا ئوخشايدۇ. «ئىراق» ئەرەبىي دىياردىكى دۆلەتنىڭ نامى. بۇنىڭدىن 12 مۇقامدا ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئەرەب مۇزىكىلىرىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 12 مۇقامدا جەمئىي 340 نەچچە ئاھاڭ ۋە ناخشا بار. بۇ 100 نەچچە نەغمە مۇزىكىسى، 70 نەچچە مەرغۇل ھەم نۇرغۇن كلاسسىك ناخشىلار، خەلق ناخشىلىرى، ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى ۋە نەق مەيداندىلا تۈزۈپ ئورۇندىلىنىدىغان ئاھاڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزمۇنى ئىنتايىن مول. ھەربىر مۇقام يەنە «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئومۇمىي ساز بىلەن ئورۇندىلىنىدىغان نەغمە، مۇزىكا ۋە ناخشىلار، ئاممىۋى ناخشا ئۇسسۇللۇق بىرلەشمە ئولتۇرۇشتەك «ئۈچ قىسىم» شەكلىدە ئوينىلىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك ئورۇنداش ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا، 12 مۇقامنى تولۇق ئورۇنلاپ چىقىشقا 24—27 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ، ھەر كۈنى تۆت

سائەتتىن ھېسابلىغاندا، بىر ھەپتىچە ۋاقىتتا ئاندىن ئورۇنداپ بولغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكا ئۇسسۇلىنىڭ يىغىندىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بىرى.

**بېيلون ئۇسسۇلى** شىبەلەرنىڭ خەلق ئۇسسۇلى. «بېيلېئېن ئۇسسۇلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭ چاپچالغا تارقالغان. كۆپىنچە ھېيت ئايەم، توي ـ تۆكۈن، تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش، مېھمان كۈتۈش ۋە بوش ۋاقىتلاردا ئوينىلىدۇ. بىر جايغا توختىماي دەسسەش، يېرىم زوڭ ئولتۇرۇش، ئىككى بىلەكنى گىرەلەشتۇرۇپ، ئۇنى بەدەننىڭ بۇ يېنىدىن ئۇ يېنىغا ئايلاندۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققاندا، ئەرلەر تۈرلۈك مۇرەككەپ، رىتىملىق ھەرىكەتلەر بىلەن مۈرە، كۆكرەك، پاچاق، پۇت قاتارلىق ئورۇنلارغا شاپىلاقلايدۇ. دومبۇرا، نەي قاتارلىق سازلار تەڭكەش قىلىنىدۇ. تاماشىبىنلار ئۇسسۇل ئاخىرلاشقانغا قەدەر چاۋاك بىلەن جور بولۇپ كەيپىياتنى كۆتۈرىدۇ. ئۇسسۇلدا يېڭىپ چىققانلار ئەل ئاغزىدا تەرىپلىنىدۇ ھەم شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇسسۇل سورۇنىنىڭ داڭلىق ئەربابى بولۇپ قالىدۇ.

**بەدەخشانلىق سودىگەر** تاجىكلارنىڭ خەلق ئۇسسۇلى. خەنزۇلارنىڭ ئېشەك يورغىلىتىش ئۇسسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما ئەرلەر ئوينايدۇ. ئارتىس بېلىنىڭ ئاستىغا قىزىل شايى چىگىپ، «ئات» ياسايدۇ ۋە ئاتلىق تاغقا چىقىش، تاغدىن پەسكە چۈشۈش، ساي، جىلغىلاردىن ئۆتۈش، تېز چېپىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىشلەيدۇ. ئۇسسۇل ھەرىكىتى سەل مۇبالىغە قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ناھايىتى نەپىس، شۇنداقلا كۆپىنچە ئاددىي ھېكايە ۋەقەلىكى قوشۇپ ئورۇندىلىدۇ.

**جىر** شاد ـ خۇرام تاتارلار ئارىسىدا تارقالغان كوچا ناخشىسى. جىرنىڭ ئاھاڭى تۇراقلىق بولۇپ، تېكىستىنى خالىغانچە توقۇپ ئېيتىشقا بولىدۇ. تاتارلارنىڭ توي مۇراسىملىرى، ھېيت ـ ئايەم، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە، ماشىنا، ھارۋىغا ئولتۇرغاندا تاتار ياشلىرى گارمون چېلىپ، زوق ـ شوخ بىلەن جىر ئېيتىشىدۇ. ياشلارنىڭ بەزىلىرى ئىسقىرتىپ، بەزىلىرى ھاي ـ ھۇي تۇۋلاپ دېگەندەك يول بويى ناخشا ـ ساز بىلەن ماڭىدۇ، ھاي ـ ھۇي دېگەن قىيقىرىق سادالىرى ئەتراپنى قاپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن شاد ـ خۇراملىق كەيپىيات تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ.

**ئېيىق ئۇسسۇلى** بۇ قازاق خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بىر قەدەر قەدىمىي بولغان ھايان خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇلى. بىر ئەر ئورۇندايدۇ. ئۇسسۇلنى ئوينىغۇچى ئۇستىگە ئېيىق تېرىسى كىيىپ، ئېيىق قىياپىتىگە كىرىدۇ ـ دە، ئېيىقنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىنغان ئۇسسۇلنى ئوينايدۇ (بەزىدە ئېيىق تېرىسىنىڭ ئورنىغا باشقا ھايۋاناتنىڭ تېرىسىنى كىيىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى دورايدۇ). بۇ ئۇسسۇلغا تاغ ئۆچكىسىنىڭ مودېلى ۋە ئۇستىدە قوڭغۇراق گۈل ئۆسكەن چوڭ ئىككى پارچە چىملىق سەھنە جاھازىسى قىلىنىدۇ.

**قۇمۇل مۇقامى** قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان يۈرۈشلۈك مۇزىكا. ئۇ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە كلاسسىك چوڭ مۇزىكا شەكلىگە كىرىدۇ. ئۇ 12 يۈرۈش گۇرۇپپىلىق ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى 12 مۇقامنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددىمىسى كىرىش سۆز ئورنىدىكى سوزۇپ ئېيتىلىدىغان چاچما ناخشا بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تا مۇزىكا ئاخىرلاشقۇچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە گۇرۇپپىلىق ناخشا ـ ئۇسسۇللار، مۇزىكىلار ئورۇندىلىنىدۇ. قۇمۇل مۇقامى ئاساسىي جەھەتتىن بىر خىل يۈرۈشلۈك خەلق مۇزىكىسى بولۇپ، ناھايىتى ئەركىن ھالەتتە ئورۇندىلىنىدۇ، مۇزىكا قىسقا بولسىمۇ، ئۇزۇن بولسىمۇ بولىدۇ، ئورۇنداش داۋامىدا خالىغانچە سۆز قوشۇشقا، ئاھاڭلارنى ئەركىن تاللاپ بېكىتىۋېلىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ تۆت ئۆزگىرىشلىك، بەش ئۆزگىرىشلىك، ئالتە ئۆزگىرىشلىك ۋە يەتتە ئۆزگىرىشلىكتەك كۆپ خىل مېلودىيىسى بار. ئۇنىڭغا ئۆزگىچە چالغۇ ئەسۋابى — «قۇمۇل» غېجىكى ۋە داپ تەڭكەش قىلىنىدۇ. گۇرۇپپىلىق مۇزىكىلار چوڭدور مۇقامى، ئۇلۇقدۇر مۇقامى، مۇستەھزاد مۇقامى، چارگاھ مۇقامى، خوپتى مۇقامى، چەبىيات مۇقامى، مۇشاۋىرەك مۇقامى، ئۆزھال مۇقامى، دوگا مۇقامى، دولان مۇشاۋرەك مۇقامى، ئىراق مۇقامى، راك مۇقامىدىن ئىبارەت. قۇمۇل مۇقامىدا جەمئىي 262 ئاھاڭ بار.

**راۋاب** ئۇيغۇر، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ چېكىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئورتاق

نامى، شەكلى، تارقالغان رايونى ھەم تارا سېلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، راۋاب تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ: ① قەشقەر راۋابى، ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان. بۇ خىل راۋاب ياغاچتىن ياسىلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 130 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. بېشى يېرىم شار شەكلىدە بولۇپ، يۈزلىكى قوي، ئات، ئېشەك ياكى بۇغا يىلان تېرىسىدىن ياسىلىدۇ. دەستىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، ئۇچى ئارقىسىغا قايرىلغان، بوغۇزى بىلەن بېشى تۇتاشقان جايدا بىردىن ئىككى مۈڭگۈزدەك قۇلىقى بار.




ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى

راۋابنىڭ دەستىسى، بېشى تۆگىنىڭ سۆڭىكى، قولۇلە قېپى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن بېزەلگەن. دەستە ئۈستىگە 28 پەدە ئورنى باغلانغان بولۇپ، 12 تەڭلىمە قانۇنىيىتىگە ئاساسەن تىزىلغان. بىر تال ئاساسلىق سىم تارىسى، تۆتتىن يەتتە تالغىچە ئۈنلەش تارىسى (ئەكس سادا قايتۇرۇش تارىسى) بار. راۋاب چالغۇچى راۋابنى توغرىسىغا تۇتۇپ، راۋابنىڭ بېشىنى ئوڭ بىلىكىدە كۆتۈرۈپ، سول قولىدا راۋاب دەستىسىنى قىيپاشىراق تۇتقان ھالدا، ئوڭ قولىنىڭ باشمالتاق، بىگىز بارماق ۋە ئوتتۇرا بارمىقىغا قىستۇرۇلغان، كالا مۈڭگۈزىدىن ياكى بامبۇكتىن ياسالغان زەخمەك بىلەن تارلارنى چېكىپ چالىدۇ. راۋاب چېلىشنىڭ يالاڭ چېلىش، قوش چېلىش، يۆگەپ چېلىش ۋە سىيرىپ چېلىشتەك ئۇسۇللىرى بار. راۋابنىڭ ئاۋازى زىل، جاراڭلىق، ئىپادىلەش كۈچىگە باي. راۋابنى يالغۇز چېلىشقىمۇ، تەڭكەش قىلىپ چېلىشقىمۇ ۋە نەغمە سازى قىلىپ چېلىشقىمۇ بولىدۇ. ② دولان راۋابى، يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان. شەكلى ئۈچ بۇرجەك، يۇمىلاق قاتارلىق كۆپ خىل بولىدۇ. ئۈجمە ياغىچىدىن يۇمىلاق شەكىلدە ياسىلىپ، يۈزىگە ئات ياكى قوي تېرىسى تارتىلىدۇ. گەۋدىسى يوغانراق، بوغۇزى توم ھەم قىسقا، ئاستى كەڭ، ئۈستى تارراق بولىدۇ، پەدىسى بولمايدۇ. ئۈچ تال ئاساسىي تارىسى ۋە يەتتە تالدىن 12 تالغىچە ئۈنلەش تارىسى بار بولىدۇ. ③ قۇمۇل راۋابى. شەكلى دولان راۋابىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما دەستىسىدە پەدە ئورنى بار. ئۈچ تال ئاساسىي تارىسىنىڭ ئىككى تىلى قوش سىم. ④ تاجىك راۋابىنىڭ شەكىللىرى كۆپ، چوڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 40—70 سانتىمېتىر كېلىدۇ، كۆپىنچىسى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بېشىنىڭ ئارقىسى دوغا شەكلىدە بولۇپ، يۈزىگە موزاي ياكى ئاتنىڭ قورساق تېرىسى تارتىلىدۇ. بوغۇزى تومراق، دەستىسىنىڭ ئۇچى ئارقىسىغا ئېگىلگەن. راۋابنىڭ بېشى بىلەن بوينى تۇتاشقان جايىنىڭ ئىچى بەش سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا كاۋاك بولىدۇ ھەم كاۋاك جاي نېپىز تاختا بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ. ئالدى تۈز، ئارقىسى سەل ئەگمەچ. راۋابنىڭ بېشى بىلەن بوغۇزى تۇتاشقان جايىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان رومبا شەكلىدىكى قۇلىقى بار. دەستىسىگە پەدە باغلانمايدۇ. چېلىشتا قولنىڭ دەستىدىكى ئورنى يۆتكەلمەيدۇ. قوي ئۈچەيدىن ياسالغان ئالتە تال تارىسى بار. ياغاچ زەخمەك بىلەن چېكىپ چېلىنىدۇ، ئۇنى يالغۇز چېلىشقىمۇ، نەغمىدە چېلىشقىمۇ بولىدۇ. ⑤ ئۆزبېك راۋابى قەشقەر راۋابى ئاساسىدا، راۋابنىڭ بېشىنى چوڭايتىش، دەستىسىنى قىسقارتىش، ئۈنلەش تارىسىنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق ياسالغان. جەمئىي بەش تال سىم تارىسى بار. پەدىسى سىمدىن قويۇلىدۇ. ئىككى تەرىپىدىكى تارىسى ئىككى تالدىن بولۇپ، ئوخشاش بىر خىل ئاۋاز چىقىرىدۇ؛ ئىچ تارىسى بىر تال بولىدۇ. ئۇنى يالغۇز چېلىشقىمۇ، تەڭكەش قىلىپ چېلىشقىمۇ ھەم نەغمىدە چېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**دۇتار** ئۇيغۇرلارنىڭ بارماق بىلەن چېكىپ چالىدىغان، تارلىق چالغۇلىرىنىڭ بىرى. ئۈجمە ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بېشى چۆمۈچكە ئوخشايدۇ، دەستىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. دۇتار چوڭ، كىچىك ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 12 تەڭلىمە قانۇنىيىتى بويىچە تىزىلغان 14 دىن 18 گىچە پەدە بېسىش ئورنى بار. دۇتارنىڭ گەۋدىسى چوڭراق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە سەدەپ ياكى تۆگە سۆڭىكىدىن ئاق-

قارا چىرايلىق نەقىشلەر قويۇلغان. كۋارتا (تۆت گرادۇسلۇق ئاۋاز) بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى تال تارىسى بار. دۇتار چالغاندا، دۇتار چالغۇچى بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، دۇتارنىڭ بېشىنى ئوڭ پۇتى ئۇستىگە قويۇپ، سول قولىدا دۇتار دەستىسىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىنىڭ بەش بارمىقىنى تەڭ ئىشقا سېلىش ئارقىلىق چالىدۇ. دۇتار چېلىشنىڭ چېكىپ چېلىش، ئىلىپ چېلىش، مەرغۇللاپ (بىگىز بارماق، ئوتتۇرا بارماقنى ياكى بىگىز بارماق، ئوتتۇرا بارماق، چىمچىلاق بارماقنى بىر قىلىپ تۆۋەنگە ئۇرۇش، ئارقىسىدىن باشمالتاقنى تۆۋەنگە ئۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن باشمالتاقنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئىلىپ ئۇرۇش، ئۇنىڭ ئارقىدىن بىگىز بارماق، ئوتتۇرا بارماق، نامسىز بارماق، چىمچىلاقنىمۇ يۇقىرىغا قارىتىپ ئۇرۇپ چېلىش) چېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ئۇسۇللىرى بار. دۇتارنىڭ ئاۋازى يۇمشاق، مۇڭلۇق، نەپىس بولىدۇ، ئاۋازى پەسرەك بولسىمۇ، ئەر - ئاياللارنىڭ چېلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. دۇتارنى يالغۇز چالسىمۇ، داپ، نەيلەرگە تەڭكەش قىلىپ چالسىمۇ بولىدۇ. دۇتار كۆپىنچە ئائىلىدىكى ئولتۇرۇشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**خۇشتار** ئۇيغۇرلارنىڭ كامانچە بىلەن چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، شۇنداقلا قەدىمكى زاماندىكى چالغۇ



خۇشتار


ئەسۋابى — ئەشتاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلغان. خۇشتارنىڭ بېشى ئامۇت شەكلىدە بولۇپ، بوغۇزى قىسقا بولىدۇ. تۆت تال مېتال تارىسى يەنە يەتتە تال ئۈنلەش تارىسى بار. خۇشتار چالغۇچى خۇشتارنىڭ دەستىسىنى سول قولىدا تۇتۇپ، خۇشتارنى سول تىزىغا قويۇپ، ئوڭ قولىدا كامانچىنى تۇتۇپ تارتىپ چالىدۇ. خۇشتارنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە، زىل، يېقىملىق بولۇپ، ئىپادىلەش كۈچىگە باي، خەلق ناخشا ئاھاڭلىرىنى چېلىشقا باب كېلىدۇ.

**غىجەك** تاجىكلارنىڭ كامانچە تارتىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بېشى ئۇزۇنچاق، چاسا قاڭالتىر قۇتىدىن ياسىلىپ يېنىغا ئۈچ ساتىمېتىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ. غىجەك دەستىسى سۆگەت ياكى قارىغاي ياغىچىدىن ئۇستى كىچىك، ئاستى چوڭ قىلىپ ياسىلىپ، غىجەك بېشىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بېكىتىلىدۇ. ئىككى تالدىن تۆت تالغىچە مېتال تارىسى بار، پەدىسى يوق. خەرىكى ياڭاق ياكى ئۆرۈك ياغىچىدىن ھىلال ئاي شەكلىدە ياسىلىدۇ. كامانچىسى سۆگەت ياكى تېرەك ياغىچىغا ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلى تارتىپ ياسىلىدۇ. غىجەك چالغۇچى ئۇنى سول تىزى ئۇستىگە قويۇپ، سول قولىدا غىجەك دەستىسىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىدىكى كامانچىسىنى تار ئۇستىگە قويۇپ سۈركەپ تارتىش ئارقىلىق چالىدۇ. ئاۋازى يېقىملىق بوم بولىدۇ. غىجەك كۆپىنچە توي - تۆكۈنلەردە ۋە ياشلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا چېلىنىدۇ.

**غىجەك** ئۇيغۇرلارنىڭ كامانچە ئارقىلىق چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەدىمكى دولان غىجىكىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان. غىجەكنىڭ كىچىك غىجەك ۋە باس غىجەك دېگەن كۆپ خىل تۈرى بار. غىجەكنىڭ دەستىسى كوكۇس ياغىچىدىن، بېشى جىگدە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بېشى يېرىم چەمبەر شەكلىدە ياسىلىپ، يۈزلۈكى قوي تېرىسىدىن ياسىلىدۇ ياكى نېپىز قارىغاي تاختىسى بىلەن قاپلىنىدۇ. غىجەك دەستىسىدە پەدە ئورنى بولمايدۇ. تۆت تال مېتال تارىسى بار. بەزى غىجەكلەرنىڭ غىجەك دەستىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بەشتىن 10 تالغىچە مېتال ئۈنلەش تارىسى (ئەكس سادا بېرىش تارىسى) بولىدۇ. ئىسكىرىپكىنىڭ كامانچىسى بىلەن تارتىپ چېلىنىدۇ. غىجەك چالغۇچى ئۇنى سول تىزى ئۇستىگە ياكى ئىككى تىزى ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئولتۇرۇپ چالىدۇ، سول قولىدا غىجەك دەستىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، سىم تارنى پەدە ئورنىدا باسىدۇ. غىجەك چېلىشنىڭ ئۇلاپ چېلىش، قىسقا چېلىش، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چېلىش، سەكرىتىپ چېلىش، تىترىتىپ چېلىش قاتارلىق ئۇسۇللىرى بار. غىجەك دائىم خەلق ناخشا - ئۇسۇل ئاھاڭلىرىنى ۋە مۇقام مۇزىكىسىنى چېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ساتار** ئۇيغۇرلارنىڭ كامانچە بىلەن چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. ساتار كۆپىنچە ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. بېشى چوڭراق چۆمۈچ شەكلىدە ياسىلىپ، يۈز-

لۇكى نېپىز ياغاچتىن قىلىنىدۇ. دەستىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن، پەدە تاختىسى كەڭرەك بولۇپ، سەككىز پەدە باغلىنىدۇ. يۈزلۈكىگە يەنە ھامبۇكتىن بەش تال، يۇقىرى ئاۋازلىق پەدە ئورنى چاپلىنىدۇ. بۇ پەدىلەر 12 تەڭلىمە قانۇنىيىتى بويىچە تىزىلغان بولىدۇ. بىر تال مېتال سىم ئاساسىي تار قىلىنىدۇ، يەنە توققۇزدىن 13 تالغىچە ئۈنلەش (ئەكس سادا قايتۇرۇش) تارىسى بېكىتىلىدۇ. ئات قىلىدىن ياسالغان كامانچە بىلەن چېلىنىدۇ. ساتار چېلىشتا دەستە سول قولدا تۇتۇلۇپ، پەدە بىگىز بارماق، ئوتتۇرا بارماقتا بېسىلىدۇ. كامانچىنى ئوڭ قولدا تۇتۇپ تارتىش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىلىدۇ، كامانچە ئاساسىي تارغىلا سۈركىلىدۇ. ئۈنلەش تارلىرىغا تەگمەيدۇ. ئۈنلەش تارىسى ئەكس سادا قايتۇرۇپ ئاۋازنى كۈچەيتىش ۋە بېزەش رولىنى ئوينايدۇ. ساتارنىڭ ئاۋازى زىل، جاراڭلىق، تولۇق چىقىدۇ. ساتار كۆپىنچە ئەل ئىچىدىكى ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىدە ناخشىغا تەڭكەش قىلىنىدۇ. شۇنداقلا 12 مۇقامنىڭ ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابى ھېسابلىنىدۇ. ساتار چالغۇچى ناخشىنى ئۆزى ئېيتىدۇ.


سۇناي

**سۇناي** ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەرنىڭ پۈۋلەپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. سۇناينىڭ كانىيى ئارچا ياكى قىزىل ياغاچتىن، يۇقىرىسى كىچىك، ئاستى چوڭ قىلىپ، يۇمىلاق بىگىز شەكلىدە ياسىلىدۇ. ئۇستىدە يەتتە كىچىك ئاۋاز تۆشۈكى بار. بىرىنچى تۆشۈكى چىمچىلاق بارماقتا بېسىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، سول تەرەپكىرەك ئېچىلغان. سۇناينىڭ ئاستىنقى ئۇچىغا ئاۋازنى چوڭايتىش ۋە بېزەش ئۈچۈن قالپاقسىمان مىس قاچا ئورنىتىلىدۇ. سۇناينىڭ ئاۋاز تۆشۈكى يەتتە ئاۋاز رېتى بويىچە تىزىلغان. سۇناينىڭ ئاۋازىدا سەل دىماغ ئاۋۇشى بار بولۇپ، ئاۋازى ناھايىتى ھەيۋەتلىك چىقىدۇ. سۇنايچالغۇچى سول قولىنىڭ بىگىز بارماق، ئوتتۇرا بارماق، نامسىز بارمىقى بىلەن يۇقىرىدىكى ئۈچ تۆشۈكنى؛ ئوڭ قولىنىڭ بىگىز، ئوتتۇرا، نامسىز بار- ماقلىرى بىلەن تۆۋەندىكى تۆت تۆشۈكنى بېسىپ، لېپىرىنى ئاغزىغا تىقىپ، دەۋرىي نەپەس ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن چالىدۇ. نەي چېلىشنىڭ سىيرىلما ئاۋازدا، تىترەمە ئاۋازدا، دولقۇنسىمان ئاۋازدا ۋە تۈرلەتمە ئاۋازدا چېلىشتەك ئۇسۇللىرى بار. سۇناي تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە، مىللىي ھېيت - ئايەملەردە ۋە ناخشا - ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان چالغۇ ئەسۋابى.


**بالىمان** بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پۈۋلەپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، قومۇشتىن ياسىلىدۇ. قومۇشنىڭ يۇقىرىقى ئۇچى نېپىز قىلىپ ئۇچلىنىپ ۋە بېسىلىپ لېپىر قىلىنىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىرچە بولۇپ، 1.8 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىردىن سەككىز دانە چاسا تۆشۈك ئېچىلىدۇ. بالىمان تۈز تۇتۇپ، تۆشۈكى ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىدا بېسىلىپ چېلىنىدۇ. ئاۋازى بوم، چىرايلىق بولىدۇ. يالغۇز چېلىنىدۇ ياكى نەغمىدە چېلىنىدۇ.

**داپ** بۇ ئۇيغۇر، تاجىك، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. تۈرلۈك داپلارنىڭ شەكىللىرى ئانچە ئوخشاشمايدۇ. ئۇيغۇر دېپىنىڭ گەردىشى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسىلىپ، ئۇنىڭغا ئات تېرىسى، ئۆشكە تېرىسى تارتىلىدۇ، بوغما يىلان تېرىسىمۇ تارتىلىدۇ. داپنى ئۇرغاندا ياكى چايقىغاندا شاراقلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن داپ گەردىشىنىڭ ئىچى ئەتراپىغا نۇرغۇن تۆمۈر ھالقىلار ئېسىپ قويۇلىدۇ. داپ چوڭ، كىچىك ئىككى خىل بولىدۇ. داپنى چالغاندا، داپنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، كۆكرەككىچە كۆتۈرۈپ، بارماق ياكى ئالىقان بىلەن داپ يۈزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىغا ئۇرغاندا ياكى چەككەندە، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە خىل ئوخشاش بولمىغان ئاۋاز چىقىدۇ. تاجىك دېپىنىڭ گەردىشى سەل كەڭرەك، تۆمۈر ھالقىلىرى ئازراق بولىدۇ، ئاۋازى ئۇيغۇر دېپىنىڭكىدىن ئېغىر، ھەيۋەتلىك چىقىدۇ. داپ كۆپىنچە بىر جۈپ قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، ھەم ئۇنى ئىككى ئايال چالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى، ئاساسىي ئاھاڭغا چالىدۇ، يەنە بىرسى ئۇنىڭغا جور بولۇپ، ئاھاڭنى بېزەپ بېرىدۇ. داپ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئەت تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

**ناغرا** ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇپ چالىدىغان سوقما چالغۇ ئەسۋابى. ناغرا تۆمۈر-

دىن، ئۈستى كەڭ، ئاستى تار قىلىپ ياسىلىدۇ. يۈزلۈكى قوي ياكى ئېشەك تېرىسىدىن كېرىلىدۇ. ناغرىنىڭ بەل قىسمىدىكى ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئىككى تۇتقۇچ ھالقىسى بار. چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس. چوڭلىرىنىڭ يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 28 سانتىمېتىر، كىچىكلىرىنىڭ يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 20 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. ناغرا يەرگە قويۇلۇپ، ناغرا چوكىسى بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. ناغرا ھەمىشە دېگۈدەك سۇناي بىلەن بىرلىكتە چېلىنىدۇ ۋە تۈرلۈك مۇراسىم، ئەنئەنىۋى ھېيت - ئايەملەردە چېلىنىدۇ ياكى ناخشا - ئۇسسۇللارغا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

**ساپايى** ئۇيغۇرلارنىڭ سىلكىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. ئۇنىڭ ئۈچ خىل شەكلى بار. بىرقەدەر ئومۇملاشقان ساپايى ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىرچە، تومىلۇقى ئىككىلىكچە كېلىدىغان ئىككى تال ياغاچنى بىر قىلىپ باغلاپ، ئوتتۇرا قىسمىغا ئىككى چوڭ تۆمۈر ھالقىنى بېكىتىش، ھالقىغا بىرمۇنچە مېتال چەمبىرەكلەرنى كىرگۈزۈش، تۆمۈر ھالقا تاياققا ئۇرۇلىدىغان جايىنى قاڭالتىر بىلەن قاپلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ساپايىنى چالغاندا ئوڭ قول بىلەن ساپايىنىڭ ساپىقىنى تۇتۇپ، بېغىش ۋە بىلەكنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنى رىتىملىق ھالدا يۇقىرى - تۆۋەن سىلكىگەندە، تۆمۈر ھالقا ۋە ئۇنىڭدىكى مېتال چەمبىرەكلەر قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان جايغا تېگىپ، ئۇنىڭدىن «شاراق، شاراق» قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ. ئۇنى مۈرىگە ئۇرۇپ، يەرگە سوقۇپ چېلىش ئۇسۇللىرىمۇ بار. ئۇ ئومۇمىي ساز بىلەن نەغمە قىلغاندا مۇزىكىنىڭ رىتىمىنى كۈچەيتىپ بېرىش ۋە كەيپىياتنى كۆتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.



ساپايى

**دومبىرا** قازاقلارنىڭ چىرتىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ، شەكلى ئامۇتقا ئوخشايدۇ. دەستىسى ھەم ئۇنىڭ ئارقا تەرىپى يۇلغۇن ياكى قارىغاي ياغىچىدىن ئويۇپ ياسىلىدۇ. يۈزلۈكى قارىغايدىن قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرقانچە ئاۋاز تۇشۇكى بار. ئىنچىكە دەستىسىگە قوي ئۈچەيدىن 8 دىن 10 غىچە پەدە باغلىنىدۇ. قوي ئۈچەيدىن ياكى يىپەكتىن ياسالغان ئىككى تال تارىسى 4 ياكى 5 گرادۇسلۇق قىلىپ سازلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى دومبىرا ئوتتۇرا ئاۋازلىق چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دومبىرا كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، سىناق تەرىقىسىدە يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن (باس) ئاۋازلىق كۆپ خىل دومبىرالار ياساپ چىقىلدى، پەدىسى مىستىن ياسىلىپ، پەدىسى 18—20 گە كۆپەيتىلىپ، 12 تەڭلىمە قانۇنىيىتى بويىچە تىزىلدى. دومبىرا كۆپىنچە ئولتۇرۇپ، قوچاقتا قىسىپ ھالدا، بېشى ئوڭ يوت ئۈستىگە قويۇلۇپ، سول قولدا پەدە بېسىلىپ، ئوڭ قولنىڭ بارماقلىرىدا چىرتىپ چېلىنىدۇ. ئۇنى چېلىش ئۇسۇللىرى كۆپ خىل، ئاۋازى پەسرەك، ئەمما ناھايىتى زىل ۋە مۇڭلۇق. كۆپىنچە ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ناخشا ئېيتىپ كۆڭۈل ئاۋۇنۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. يالغۇز چېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**قومۇز** قىرغىزلارنىڭ چىرتىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. قومۇز قارىغاي، ئۆرۈك، قىزىل ياغاچ قاتارلىق قاتتىق ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ. پۈتۈن ئۇزۇنلۇقى 80—100 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. بېشى سەل ياپىلاق بولۇپ، شەكلى ئامۇتقا ئوخشايدۇ. يۇقىرى قىسمىدا بىر سانتىمېتىرچە چوڭلۇقتىكى يۇمىلاق ئاۋاز تۇشۇكى بار، يۈزلۈكى قارىغاي ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. دەستىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن، پەدىسى يوق. دەستە ئۇچىدا ئۈچ تال قۇلىقى بار. خەرىكى قاتتىق نەشپۈت ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. ئۈچ تال يىپەك تارىسى بار. ئۇنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئاۋازلىق بولۇپ ئۈچ خىلى بار. قومۇزنى چالغاندا، قومۇز مەيدىگە قويۇلۇپ، سول قولدا پەدە بېسىلىدۇ، ئوڭ قولنىڭ بىگىز بارمىقى ۋە باشمالتاقتا ياكى بەش بارماقنىڭ ھەممىسىدە نۆۋەت بىلەن چىرتىپ چېلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان چېلىش ئۇسۇلىدىن ئوخشاش بولمىغان ئاۋاز ۋە مۇزىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ. قومۇزنى يالغۇز چېلىشقىمۇ، تەڭكەش قىلىپ چېلىشقىمۇ، نەغمىدە چېلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئەل ئىچىدە كەڭ ئىشلىتىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. يەنە كېلىپ، ماناس داستانىنى ئورۇندىلغاندا كەم بولسا

بولمايدىغان تەڭكەش چالغۇ ئەسۋابى.

توبىشۇر    موڭغۇللارنىڭ چىرتىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى، ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. بېشى ئۇزۇنچاق چاسا شەكلىدە، ئۈستى كەڭ، ئاستى تار، يۈزلۈكى نېپىز ياغاچ تاختىدىن قىلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىدا بىر ئاۋاز تۆشۈكى بار. دەستىسىنىڭ ئۇچىغا ئىجدىها بېشى قوندۇرۇلغان. ئىككى تال تارىسى بار. بوغۇزى ئۇزۇن، پەدە تاختىسىغا پەدە باغلانمىغان. چالغاندا قول دەستىدىن يۆتكەلمەي، بارماقلارلا تارىغا تېگىدۇ. بېشى ۋە دەستە ئۇچىدا چىرايلىق مىللىي گۈل - نەقىشلەر بار. چالغاندا، توبىشۇر مەيدىگە قويۇلۇپ، سول قول بىلەن دەستە تۇتۇلۇپ، پەدە بېسىلىدۇ، تار ئوڭ قولنىڭ بارماقلىرىدا چېرتىلىدۇ. توبىشۇر چېلىشنىڭ چىرتىپ چېلىش، تارتىپ چېلىش، تەگكۈزۈپ چېلىش، سىيرىپ چېلىشتەك ئۇسۇللىرى بار. ئۇ يالغۇز چېلىش ۋە تەڭكەش قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

بۈركۈت نەي (سۆڭەك نەي)    تاجىكلارنىڭ پۈۋلەپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. بۈركۈتنىڭ قانات سۆڭىكىدىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 20 — 24 سانتىمېتىرچە، ئۇچى تەرىپىنىڭ توملۇقى ئىككى سانتىمېتىرچە، ئاستىنىڭ توملۇقى بىر سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. نەينىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئۈچ ئاۋاز تۆشۈكى بار. ئادەتتە ئىككى نەي تەڭ چېلىنىدۇ يەنى، بىر ئادەم ئاساسىي ئاھاڭنى چالسا، يەنە بىر ئادەم ئۇنى بېزەيدىغان، كۈچەيتىدىغان قوشۇمچە ئاھاڭلارنى چالىدۇ. ھەمىشە دېگۈدەك داپقا تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدۇ. ئاۋازى زىل، يېقىملىق بولۇپ، نەچچە چاقىرىم يەرلەرگىچە ئاڭلىنىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان، تاجىكلارنىڭ ئەل ئىچى سەنئەت تۇرمۇشىدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئەڭ ئەتىۋارلىق چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ كەلمەكتە.

ئات باش غېجەك (مورىنغور) موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى، سۈركەپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. دەستىسىنىڭ ئۇچىغا ئات بېشى شەكلى قوندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن مانا شۇ نام بىلەن ئاتالغان. ساندۇقسىمان بېشىنىڭ رامكىسى قارا قارىغاي ياكى زەرەڭ دەرىخى ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. شەكلى تراپېتسىيە ياكى دوم كۆمتۈرۈلگەن تراپېتسىيە شەكلى دېگەندەك كۆپ خىل بولىدۇ، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. رامكىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۈرلۈك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن قوي تېرىسى ياكى بوغما يىلان تېرىسى يۈزلۈك قىلىپ تارتىلىدۇ. دەستىسى قارىياغاچ ياكى سۆسۈن سەندەل ياغىچىدىن ياسىلىدۇ. پەدە تاختىسى يوق، پەدىسىمۇ يوق. ئىككى تارىم ئات قىلىنى ئاساسىي تار قىلىپ، كامانچە بىلەن تارتىپ چېلىنىدۇ. كامانچىنىڭ قىلى ئىككى تارىم تارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلمايدۇ. ئات باش غېجەكنى چالغۇچىلار يەردە بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، غېجەكنىڭ بېشىنى ئالدىغا يانتۇ قويۇپ، سول قولىدا بوغۇزىنى تۇتۇپ تۇرۇپ پەدە باسىدۇ. غېجەكنىڭ ئۇچى سول تەرەپ مۈرىگە تېگىپ تۇرىدۇ، غېجەك بېشىنىڭ سول بۆرجىكى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. ئوڭ قولىدىكى كامانچە بىلەن چېلىنىدۇ. ئۇنى چېلىشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ. ئاۋازى بوم، ساپ، يېقىملىق بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ بىرى.

رىۋايەت    شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ كۆپ تارقالغان ژانىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا مەلۇم بىر مىللەت ياكى رايونغا تەۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ سەرگۈزەشتىسى، تارىخىي ۋەقەلەر، يەرلىك قەدىمكى ئىزلار، تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى ھەم جەمئىيەتتىكى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى مۇئەييەن تارىخىي پاكىتقا ئاساسەن، ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان تەپسىلاتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ تولىسى روشەن مىللەت ئالاھىدىلىكىگە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن ئەمەلىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ مۇئەييەن ئىشەنچلىك بولۇش ۋە بېقىنىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. رىۋايەتلەر نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، بۇنىڭ بىلەن رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىغان، بەدىئىي جەھەتتىمۇ پىشىپ يېتىلگەن. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ رىۋايەتلىرى سان جەھەتتە ئىنتايىن مول بولۇپلا قالماي، مەزمۇن جەھەتتىمۇ ئىنتايىن رەڭگارەڭ. يالغۇز مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىشىلەر ھەققىدىكى رىۋايەت، يەرلىك مەنزىرە - كۆرۈنۈش، تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى رىۋايەت، ئۆرپ - ئادەت،

قائىدە ـ يوسۇنلار ھەققىدىكى رىۋايەت قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۇنداق كۆپ رىۋايەتلىرى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارقىلىش داۋامىدا خەلق داستانلىرى، خەلق چۆچەكلىرى، خەلق تىياتىر ـ ئويۇنلىرى قاتارلىق ژانىرلار بارلىققا كەلگەن. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇزخان، قازاقلارنىڭ ئالپامىش، قىرغىزلارنىڭ ماناس، تاجىكلارنىڭ رۇستەمى داستان قاتارلىق ئەل ئىچى پالۋانلىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازى رىۋايەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدىمۇ ناھايىتى ئومۇميۈزلۈك بولۇپ، رىۋايەت باشقا ژانىرلار بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. رىۋايەتلەر شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

**لەتىپە** شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان، ئىخچام، قىسقا، شۇنداقلا يەنە كۈچلۈك كومېدىيىلىك تۈسكە ئىگە كىچىك ھېكايە. ئۇيغۇر، قازاق، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، خېلى كۆپ لەتىپىلەردە نەسىردىن ئەپەندى باش قەھرىمان قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر لەتىپىلىرىدە موللا زەيدىن، سەلەي چاققان قاتارلىق كاتتا چاقچاقچىلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىمۇ پات ـ پاتلا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. موڭغۇللارنىڭ خەلق ئېغىز لەتىپىلىرىدىكى ئارغىچ، قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ لەتىپىلىرىدىكى ئالدار كۆسە، تاجىكلارنىڭ لەتىپىلىرىدىكى موللا مۇشفىقلارنىڭ ھەممىسى خەلق ياخشى كۆرىدىغان پېرسوناژلار. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ لەتىپىلىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا قىسقا، كىچىك، ئىخچام، تېما دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك قىزىقارلىق، ھەجۋىلىك سەرگۈزەشتىلەر ئىچىدە بايان قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ رېئاللىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈكرەك، خىيالىي ئامىللار ئازراق بولىدۇ، يۇمۇرلۇق ۋە كىنايىلىك بولۇش ئۇنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى. لەتىپىلەردىكى ئوخشىتىش دائىم دېگۈدەك مۇبالىغە قىلىش، ياپتا سۆزلەر ئارقىلىق، دارىتمىلاش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە، كىنايە قىلىنغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئۇنۇمگە زادىلا ماسلاشمىغان ھالدا ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش مەقسىتىگە يېتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا نەسىردىن ئەپەندى باش قەھرىمان قىلىنغان لەتىپىلەر ئەڭ كۆپ تارقالغان بولۇپ، ھەممە ئائىلە، ھەممە ئادەم بىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. نەسىردىن ئەپەندى ھەمىشە ئۇچۇق ـ يورۇق، ئۈمىدۋار، ئەقىللىق ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا باي بەدىئىي ئوبراز. ئۇ ھەم باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ، قاراڭغۇلۇقنى، رەزىللىكنى پاش قىلىدۇ، ھەم ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ، جەمئىيەتتىكى قالاقلىققا ھەم نامۇۋاپىق ھادىسىلەرگە كىنايە قىلىدۇ. كىنايە ھەمىشە زېرەكلىك ۋە قىزىقچىلىقنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى دائىم دۈشمەن كۈچلىرىگە، سەلبىي ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە ياكى جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرگە قارىتىلغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر قىسىم لەتىپىلەرنىڭ تۇراقلىق بەدىئىي ئوبرازىمۇ، روشەن كىنايە ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتىمۇ يوق. ئۇلار پەقەت بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئادەملەرنى قانغۇچە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس يۇمۇرلۇق تۇيغۇسىنى ۋە ساغلام ئېستېتىك ھەۋىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

**مەسەل** شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى پەند ـ نەسىھەت ئەھمىيىتىگە، شۇنداقلا يەنە مۇئەييەن پەلسەپىۋى قائىدىلەرگە ئىگە ژانىر. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىخچام، ھېكايە ۋەقەلىكىگە ئىگە. كۆپىنچە ئوخشىتىش ۋاسىتىسى قوللىنىلىپ، ئادەملەر ياكى ئادەملەشتۈرۈلگەن ئۇچارقانات، ھايۋانلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى بايان قىلىش ئارقىلىق بىرەر قائىدىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، مۇشۇ يول بىلەن مەسەلنىڭ مۇۋاپىق مەقسىتىگە يېتىدۇ. مەسەلنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەيئىلەر ۋە قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈش، قايىل قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئىنتايىن زور نەسىھەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت مەسەللىرىنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، كۆپىنچىسىدە ھايۋانلار باش قەھرىمان قىلىنىپ، ئۇلارنى ئادەملەرگە تەقلىد قىلىش يولى بىلەن ئادەملەرگە ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، نەپسانىيەتچىلىك، قۇتراتقۇلۇق قىلماسلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ھەددىدىن ئاشماسلىقنى ئۆگىتىدۇ. تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولىدۇ. ئادەتتە، شەكلىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كۆڭۈلدىكى سۆز بىۋاسىتە ئىزھار قىلىنىدۇ. شېئىر ـ قوشاق، نەسرلەر ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېيتىلىدىغان شەكىلمۇ بار، بەزى مەسەللەردە يەنە ئۆزئارا ئېيتىشىش

شەكلىمۇ قوللىنىلىدۇ. بەزى مەسەللەرنىڭ ئاخىرىسىدا بىر جۈملە گەپ ياكى بىرەر ماقال ـ تەمسىل بىلەن ھېكايىدىن ئېنىق يەكۈن چىقىرىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «پالتا ۋە پالتا سېپى» ناملىق مەسەلىدە دەرەخ كېسىدىغان پالتىنىڭ سېپى ياغاچتىن ياسالغان، دەپ كۆرسىتىلىپ، بۇ ئارقىلىق «بەخت بىلەن ئاپەت بىر ـ بىرىگە ھەمراھ» دېگەن خاسىيەتلىك سۆز چۈشەندۈرۈلىدۇ.

سارغايدى    ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى ئەل ئىچى تەنتەربىيە تۈرى. ئۇ يەنە «چاقپەلەك» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئىلەڭگۈچ ئۇچۇشتىن تەرەققىي قىلغان. قەدىمدىن تارتىپلا، ھەر قېتىم ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە ياكى دېھقانچىلىقتىن بوشىغان ئارىسالدا ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر خەلقى بۇ خىل تەنتەربىيە پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. پائالىيەت كۆپىنچە ھاللاردا بىرقانچە كۈن، ھەتتا ئون نەچچە كۈن داۋاملىشىدۇ. «سارغايدى» يوغان خادىغا ياغاچ چاق، چاق تۇتقۇچىنى ئارغامچا بىلەن باغلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. 15—20 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خادا يەرگە تىك ئورنىتىلىپ، چاق تۇتقۇچى خادىنىڭ ئاستى قىسمىغا كىيگۈزۈلىدۇ، خادىنىڭ ئۇچىغا ياغاچ چاق بېكىتىلىدۇ. تۇتقۇچ ئارقىلىق چاقنى ئايلاندۇرۇشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، چاق بىلەن خادىنىڭ ئاستى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن تۇتقۇچ، ئارغامچا بىلەن چېتىپ قويۇلىدۇ. چاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە، ئوتتۇرىسىغا ئادەم دەسسەپ تۇرالىغۇدەك تاختاي بېكىتىلگەن ئىككى تالدىن ئارغامچا باغلىنىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا تۆتتىن ئىككى گۇرۇپپا بولغان يىگىتلەر چاقنى سائەتنىڭ مېڭىش يۆنىلىشى بويىچە ئوڭ تەرەپكە قاراپ ئىتتىرىپ ئايلاندۇرۇپ، چاقنى پىرقىرىتىدۇ ۋە چاقتىكى ئىلەڭگۈچكە چىققان ئادەملەرمۇ چاق بىلەن تەڭ پىرقىراپ ئۇچۇشقا باشلايدۇ. چاق قانچە تېز ئايلاندۇرۇلسا ئىلەڭگۈچتىكى كىشىلەرمۇ شۇنچە ئېگىزگە ئۆرلەپ ئۇچىدۇ. بۇ چاغدا گۇمبۇرلىگەن ھەيۋەتلىك ناغرا ساداسى، شوخ، شادىمان سۇناي ساداسى، بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئادەملەرگە جور بولۇپ، پەلەك قەھرىدە ياڭرايدۇ ۋە ئالاھىدە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىدۇ. ئوينىغۇچىلار نۆۋەت بىلەن ئۇچۇپ، چەكسىز شادلىققا چۆمىدۇ. ئەل ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇنداق سارغايدى پائالىيەتلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق قائىدە، تەرتىپى بولۇپ، بۇنى يىگىتلەر سايلاپ چىققان يىگىت بېشى ئىگىلەيدۇ. ئەگەر بەزىلەر مەدەنىيەتسىز قىلىقلارنى قىلىپ، سورۇننىڭ تەرتىپىنى بۇزغان بولسا، يىگىت بېشى ئۇنىڭ قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ياكى كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇنى جازالايدۇ. قىلمىشى ئېغىرلار سورۇندىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە يېزىلغان كلاسسىك داستانى — «يۈسۈپ، ئەھمەد»تە مۇنداق خاتىرە بار: ئاكا ـ ئۇكا شاھزادىلەر — ئەھمەد ۋە يۈسۈپ بىلەن تاغىسى بۇغراخان ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكتىن، ئۇلار بېشىنى ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئۆز يېنىغا تارتىش ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق بوشلۇقتا ئايلىنىپ ئوينايدىغان چاقنى قۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئويۇنغا جەلپ قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ناغرا ـ سۇناي بىلەن تەڭكەش قىلىپ بېرىدۇ. بۇ داستاندا XII ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن. شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، چاقپەلەك بىلەن بوشلۇقتا ئايلىنىش ئويۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى XII ئەسىردىن كېيىن ئەمەس.

ئات ئويۇنى    موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى. كۆپىنچە ھېيت ـ ئايەم، بايرام، مۇراسىملاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ «توسالغۇلاردىن ئاتلىق ئاتلاپ ئۆتۈش»، «ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قىلىچ چېپىش»، «ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش»، «ئات ئۈستىدە باشچىلاپ تىك تۇرۇش»، «ئات بېقىنىغا يوشۇرۇنۇش» قاتارلىق تۈرلىرى بار. ھەربىر تۈرنىڭ ئۆزىگە لايىق كونكرېت ئۇسۇلى ۋە ھەرىكىتى بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش» بىرقەدەر ئومۇملاشقان تۈر بولۇپ، چەۋەندازلار ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، ئورۇنداش بىرقەدەر تەس بولغان تۈرلۈك تەنتەربىيە ماھارىتى ھەرىكەتلىرىنى ئورۇندايدۇ. مەسىلەن، ئوقتەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئات چەۋەندازنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، چەۋەنداز ئۇشتۇمتۇتلا چەبدەس ھەرىكەت بىلەن ئاتنىڭ يايلىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭغا مىنىۋالىدۇ. ئاندىن يەنە شۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا چۈشۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىنى يەرگە تەگكۈزگەندىن كېيىن، يەنە سەكرەپ ئاتقا مىنىۋالىدۇ. ئات ئۈستىدە قىلىچ چېپىشتا بولسا چەۋەنداز ئېتىنى دىۋىتىپ تېز چاپقان پېتى بېرىپ، قىلىچ بىلەن يولغا قويۇلغان دەرەخ شېخى ياكى قارانچۇقنى چاپىدۇ. شۇڭا، چەۋەنداز جەزمەن ئات مىنىشكە ئۇستا ئادەم بولۇشى لازىم. ھازىر ئات ئويۇنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تەنـ

تەربىيە ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم مۇسابىقە تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

**قىز قوۋار (قىز قوغلاش)** قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرى. ئادەتتە ھېيت - ئايەم، توي - تۆكۈن، تەنتەنىلىك يىغىلىش كۈنلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئويۇن جۈپ - جۈپ قىز - ئوغۇل ياشلاردىن قىزلارنىڭ قاچقان يىگىتنى قوغلىشى شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئويۇن باشلىنىش ئالدىدا ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەر ياكى رايونلارنىڭ ھەرقايسىسى بىر گۇرۇپپىدىن ئادەم سانى تەڭ بولغان قىز - يىگىتلەرنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە جۈپ قىلىپ سەپلەيدۇ. ئادەتتە، قىزلار ئالدى بىلەن ئۆز رەقىبىنى تاللاپ بېكىتىدۇ، ئاندىن مەلۇم ئارىلىققا بەلگە سېلىپ قويۇلىدۇ. ئىككىيلەن ئاتقا مىنىپ، بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ ماڭىدۇ. يولدا بارغۇچە يىگىت قىزغا تۈرلۈك چاقچاقلارنى قىلىدۇ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ، ھەتتا قىزنى قۇچاقلاپ سۆيۈۋالىدۇ. قىزلار بۇنىڭدىن خاپا بولماسلىقى كېرەك. بەلگىلەنگەن جايغا بارغان ھامان، يىگىت دەرھال ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ، ئىتتىك چېپىپ كېتىشى كېرەك، بۇ چاغدا قىز ئېتىنى دېۋىتىپ ئۇنى قوغلايدۇ ۋە يىگىتنى قوغلاپ يېتىشىۋالسا ئۇنى قامچا بىلەن ساۋايدۇ، يىگىت بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى كېرەك. ئادەتتە قىزچاق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولسا، رەقىبىنى قامچا بىلەن بىرنەچچىنى تازا قاتتىق ئۇرسا بولىدۇ، ئەگەر قىزچاق ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا كۆپىنچە قامچىسىنى ھاۋادا يۇلاڭلىتىپلا قويىدۇ ياكى يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك قىلىپ بىرنەچچىنى ئۇرۇپ قويىدۇ. ئەتراپتا تۇرغانلار قىيقاس - چۇقان سېلىپ ئۇلارغا مەدەت بېرىدۇ. بۇنداق قىزىقارلىق تەنتەربىيە ھەرىكىتى ياشلارنى ئۆچرىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بەزىدە قۇرداشلار، يېشى بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان چوڭلارمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىدۇ.

**ئەر ئاغدۇرۇش** قازاق، قىرغىزلارنىڭ بىر - بىرىگە ئاقابىل تۇرۇش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرى، ئۇ يەنە ئات ئۈستىدىكى چېلىشىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە، چوڭراق ھېيت - بايراملاردا تۈرلۈك مۇراسىم ياكى نەزىر پائالىيەتلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇسابىقىلىشىش شەكلى مۇنداق: مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان چەۋەندازلار ئاۋۋال ياكى قەبىلە بويىچە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىر جۈپتىن بولۇپ مۇسابىقىگە چۈشىدۇ. مۇسابىقە ۋاقتىدا، ھەر ئىككى تەرەپتىكى چەۋەندازلار ئۆز ئاتلىرىغا مىنىشىپ، بىر - بىرى بىلەن تارتىشىپ چېلىشىدۇ. كىم قارشى تەرەپنى تارتىپ ئاتتىن يەرگە چۈشۈرۈۋەتەلىسە ياكى يۆلۈپ ئۆز ئېتى ئۈستىگە ئالالىسا، شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ. ئىككى گۇرۇپپىدا، قايسى گۇرۇپپىدىكىلەردىن يەڭگەن ئادەم سانى كۆپ بولسا، شۇ گۇرۇپپا ئۇتۇپ چىققان بولىدۇ. مۇسابىقىنى نۇرغۇن ئادەم كۆرىدۇ،



ئەر ئاغدۇرۇش

تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قەبىلىسىدىن چىققان چەۋەندازنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدۇ. بۇ خىل تەنتەربىيە ھەرىكىتى ھەم ئادەملەرنىڭ بىلەك كۈچىنى، زېرەكلىكىنى ھەم چاققانلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، چېنىقتۇرىدۇ، ھەم ئاتلارنى خوجايىنىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ بېرىش جەھەتتىمۇ تەربىيىلەيدۇ.

**گاگار ئويۇنى** شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت باللىرىنىڭ ھەممىسى ئو.ۇمىيۈزلۈك ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى. ئويۇن ئىككى ئادەم ياكى ئادەم سانى تەڭ بولغان ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان، ئوتتۇرىسى توم، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق «گاگار»، ئاندىن يەنە 50 سانتىمېتىرچە ئۇزۇنلۇقتا گاگار كالتىكى ياسىلىدۇ. ئوچۇقچىلىق يەرگە ئىككى چەمبەر سىزىلىپ، چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئۇزۇنچاق چاسا ئورەك كولىنىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ بىردىن ئادەم چىقىرىپ، ئويۇن باشلاش ھوقۇقىنى تالىشىدۇ. ئويۇن باشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەپنىڭ ئەزالىرى نۆۋەت بىلەن چەمبەر ئالدىغا كېلىپ

گاگار ئۇرىدۇ. بىرىنچى قەدەمدە A تەرەپ گاگارنى چاسا ئورەككە توغرا قويۇپ، گاگار كالتىكى بىلەن ئۇنى يۇقىرىغا ئېلىپ، كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنى كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرىدۇ، B تەرەپ ئۇدۇلدا تۇرۇپ گاگارنى تۇتىدۇ، ئەگەر گاگارنى تۇتۇۋالالىسا A تەرەپ بىلەن ئالمىشىدۇ، تۇتۇۋالالمىسا، A تەرەپ كالتەكنى چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا قويۇپ قويىدۇ، B تەرەپ بولسا گاگار يەرگە چۈشكەن جايدا تۇرۇپ، گاگار بىلەن كالتەكنى سوقىدۇ، گاگارنى كالتەككە تەگكۈزەلىسە، A تەرەپ بىلەن ئالمىشىدۇ. تەگكۈزەلمىسە، A تەرەپ، گاگارنى يەنە ھېلىقى ئورەككە توغرا قويۇپ، ئۇنى كالتەك بىلەن ئېلىپ كۆتۈرگەندىن كېيىن، يىراققا قارىتىپ ئۇرىدۇ. B تەرەپ ئۇدۇلدا تۇرۇپ ئۇنى تۇتىدۇ. تۇتۇۋالالىسا A تەرەپ بىلەن ئالمىشىدۇ. تۇتۇپ ئالالمىسا گاگارنى يەنە بايىقى ئورەككە ئاتىدۇ؛ A تەرەپ بايىقى ھەرىكەتلەرنى يەنە تەكرارلايدۇ، گاگار قانچە ئۇزاققا ئۇرۇلسا شۇنچە ياخشى. B تەرەپ ئۇنى يەنە تۇتۇپ ئالالمىسا، A تەرەپ B تەرەپنى گاگار چۈشكەن جايدىن باشلاپ، ئورەككىچە يۈگۈرتىدۇ. يۈگۈرۈش داۋامىدا A تەرەپ بەلگىلەپ بەرگەن سۆزنى تەكرارلاپ يۈگۈرىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ بىلەك كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارنىڭ يۈگۈرۈش ئىقتىدارىنى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتا ناھايىتى ئوبدان رول ئوينايدۇ.

**پاپۇز** ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى تۈرى. ئادەم سانى تەڭ بولغان ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر گۇرۇپپىدا ئادەتتە يەتتىدىن توققۇزغىچە ئادەم بولىدۇ. مۇسابىقە سورۇنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئادەم سانىغا ياكى يەر شەكلىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئىككى تەرەپ ئالدى بىلەن سورۇننىڭ ئەڭ چەت سىزىقىنى بېكىتىپ، ئۇ يەرگە ئىككى نەرسىنى بەلگە قىلىپ دەرۋازا قىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەزالىرى قوللىرىغا ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر، بىر ئۇچى 15—20 سانتىمېتىرچە ئېگىلگەن پاپۇز تايىقىنى قولىغا ئالىدۇ. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭلۇقى 20 سانتىمېتىرچە كېلىدىغان كىچىك چەمبەر سىزىلىپ توپ باشلاش ئورنى قىلىنىدۇ. مۇسابىقىنى باشلاشتا قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان يۇملاق پاپۇز توپى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەر ئىچىگە قويۇلۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى توپ تالىشىپ، توپ چەمبەردىن ئۇرۇپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇنى بەس - بەس بىلەن تالىشىپ، توپنى قارشى تەرەپنىڭ دەرۋازىسىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ، غەلىبە قازىنىش ياكى ئۇتتۇرۇش دەرۋازىغا كىرگەن توپ سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپ تەڭ چىقىپ قالسا، مۇسابىقە ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ. مۇسابىقە ۋاقتىدا، ئىككى تەرەپ ئەزالىرىنىڭ توپنى بەدىنى بىلەن توسۇشىغا، قارشى تەرەپ ئەزالىرىنىڭ ھەرقانداق يېرىگە ئۇرۇشقا بولمايدۇ. ئاياقنى، توپ ئۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرگەن ئېگىزلىك بەلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بۇ تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەت مىقدارى زور، تىركىشىش كۈچى كۈچلۈك، قىزىقارلىق. شۇڭا، ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئالاھىدە ئەۋج ئالغان.

**قوتاز چاپتۇرۇش** تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى. ئادەتتە توي - تۆكۈن، ھېيت - ئايەم مەزگىللىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇسابىقە ئۇسۇلى ئات بەيگىسىگە ئوخشايدۇ، ئەمما ئارىلىق قىسقىراق بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ 3000 مېتىردىن ئاشمايدۇ. ئاخىرقى نۇقتىغا كىم بالدۇر يېتىپ بارغان بولسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ. چوڭ كۆلەمدىكى قوتاز چاپتۇرۇش مۇسابىقىسىدا ئۇتۇپ چىققانلار ئادەتتە ئات، قوتاز، كالا، قوي، سائەت، رەخت قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، مۇكاپاتلىنىدىغانلار سانىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشى، شۇنداقلا مۇكاپاتنىڭ قانچىلىك بولۇشىمۇ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان قوتاز سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بايىنبۇلاقتىكى موڭغۇللار ھەر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان نادام مەرىكىسىگە قوتاز چاپتۇرۇش پائالىيىتىنىمۇ قوشتى.

**ئودىكام ئويۇنى** ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. ئادەتتە ئۇنىڭغا ئۈچتىن سەككىزگىچە ئادەم قاتنىشىدۇ. ئويۇننى باشلاشتىن ئىلگىرى بىر تۈز يەرگە چوڭلۇقى ئىككى مېتىرچە كېلىدىغان چەمبەر سىزىلىپ، چەمبەرنىڭ گىرۋىكىگە قاتناشقان ئادەم سانىغا قاراپ كىچىك ئورەك، چەمبەرنىڭ مەركىزىگە بىر چوڭراق ئورەك كولىنىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى بىردىن ئازگال يېنىدا تۇرىدۇ، يەنە بىر ئادەم ئوتتۇرىدىكى ئورەك يېنىدا تۇرىدۇ، ئورەككە ئون سانتىمېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كىچىك ياغاچ تاياقچە قويۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا تۇرغان ئادەم ئۇنى ئالدى بىلەن ئىلىپ ئېلىپ، چەمبەر گىرۋىكىدىكى ئورەكلەرگە چۈشۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئەمما، گىرۋەكتىكى ئورەك يېنىدا تۇرغان ئادەم بولسا قولىدىكى تاياق بىلەن

ئۇنى ئېرىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزمەي، ئۆز ئورىسىنى قوغدايدۇ. ئەگەر كىچىك تاياقچە ئورىغا چۈشۈرۈۋېتىلسە، ئورىنى قوغداپ تۇرغان ئادەم چەمبەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورەككە بېرىپ، تاياق بىلەن كىچىك تاياقچىنى يېڭۋاشتىن ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئويۇن ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ چاققانلىقى ۋە نىشانى ئېنىق مۆلچەرلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينايدۇ.

**دوپپا تالىشىش** ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. ئادەتتە ئادەم سانى تاق بولغان ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپا ئالدى بىلەن يوقلىما قىلىپ ساناق سانايدۇ. ھەربىر گۇرۇپپا ئەزاسى ئۆزىنىڭ نومۇرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى گۇرۇپپىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ئارىلىشىپ، يەردە يۇمىلاق دائىرە ھاسىل قىلىپ، ئولتۇرىدۇ. يۇمىلاق دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر دوپپا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يۇمىلاق چەمبەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ نومۇر چاقىرىشقا بىر ئادەم قويۇلىدۇ. ئۇ ھەربىر نومۇرنى چاقىرغاندا، ھەر ئىككى گۇرۇپپىدىكى ئوخشاش نومۇرلۇق ئىككى بالا تەڭلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ دوپپىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. قالغانلار بولسا چاۋاك چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇلارغا مەدەت بېرىدۇ. دوپپىنى ئالدى بىلەن قولىغا ئېلىۋالغان بالا، دەرھال يۇمىلاق چەمبەرنى بويلاپ قاچىدۇ، دوپپىنى ئالالماي قالغان ئوخشاش نومۇرلۇق بالا بولسا ھە دەپ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. ئەگەر ئۇ ناخشا ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى رەقىبىنى قوغلاپ يېتىشىۋالسا ھەم دوپپىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويالىسا، ئۇ بىر نومۇرغا ئېرىشىدۇ.، ئۇنداق قىلالمىسا، دوپپىنى ئالدى بىلەن قولىغا ئېلىۋالغان بالا ئىككى نومۇرغا ئېرىشىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن ئۆز ئورنىغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇرىدۇ. چەمبەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ نومۇر چاقىرغۇچى بالا باشقا بىر نومۇرنى چاقىرىدۇ، دوپپا تالىشىش ئويۇنى يەنە يېڭۋاشتىن باشلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كۆپ نومۇرغا ئېرىشكەن گۇرۇپپا يېڭىپ چىققان بولىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ رىقابەتلىشىش خۇسۇسىيىتى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، بالىلارنىڭ رىقابەت ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە مەلۇم رولى بار.

**ئاتلىق چېپىپ كېتىۋېتىپ، يەردىن تەڭگە ئېلىش** قازاق، تاجىك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرى. ئۇنىڭ قائىدىسى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. ئادەتتە بۇنىڭغا ئات مىنىشكە ئەڭ ئۇستا چەۋەنداز ياشلار، ئۆسمۈرلەر قاتنىشىدۇ. مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىلگىرى بىرنەچچە كۈمۈش تەڭگە قولياغلىققا ياكى بىر پارچە لاتىغا ئورىلىپ، ئوتلاققا ياكى ئالدىنئالا كولانغان تېيىز ئورەككە قويۇپ قويۇلىدۇ. چەۋەندازلار ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئاتتىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ يەردىكى ياكى ئورەكتىكى كۈمۈش تەڭگىنى ئالىدۇ. بەزىدە تەڭگە قويۇلغان جاينىڭ ئالدىغا بىرەر مېتىرچە ئېگىزلىكتە توساق قۇرۇپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭدا چەۋەندازلار ئالدى بىلەن توساقتىن سەكرەپ ئۆتۈشى، ئاندىن يەنە دەرھال ئېڭىلىپ، يەردىكى تەڭگىنى ئېلىشى كېرەك. ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، يەردىكى كۈمۈش تەڭگىنى ئالغۇچىلار تۈرلۈك بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.




ئاتلىق چېپىپ كېتىۋېتىپ يەردىن تەڭگە ئېلىش

**سۆگەك تاشلاش ئويۇنى** ئۇيغۇر، تاجىك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بالىلىرى گۆگۈم چۈشۈش ئالدىدا ئوينايدىغان ئويۇن. ئادەتتە ھېيت ـ ئايەملەردە ئوينىلىدۇ. ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئويۇنغا قاتنىشىدىغان بالىلار تەڭ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ ھەم ئويۇن ئوينىغاندا تۇرىدىغان «قورغان»نى بېكىتىۋالىدۇ. ئاندىن چەك تارتىش ئارقىلىق ئويۇن باشلاش ھوقۇقىنى بەلگىلەيدۇ. ئويۇننى باشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەپنىڭ بىر نەپەر ئەزاسى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان قوينىڭ پاچاق سۆڭىكىنى ئالدى تەرەپكە قارىتىپ كۈچ بىلەن ئاتىدۇ، ھەر ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئادەملىرى تەڭلا يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ئۇنى ئىزدەيدۇ. مەيلى كىملا بولسۇن، سۆگەكنى تېپىۋالغان بالا ۋارقىراپ: سۆگەكنى تاپتىم، دەيدۇ- دە، ئۆز «قورغان»ىغا قاراپ يۈگۈرىدۇ. قارشى گۇرۇپپىنىڭ

ئەزالىرى بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سۆڭەكنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، تولىشىپ كېلىپ ئۇنى قوغلايدۇ. قايسى گۇرۇپپىنىڭ بالىلىرى سۆڭەكنى ئالدى بىلەن تارتىۋېلىپ «قورغان»غا ئالدىدا كېلىۋالسا، شۇ گۇرۇپپا يەڭگەن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ تىركىشىش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇ بالىلارنىڭ تېزلىك، چەبدەسلىك، سەزگۈرلۈك ئىقتىدارىنى ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.

بويۇندا ئارقان تارتىش ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنى. ئىككى بالا ئىككى ئۇچى بىر قىلىپ چىگىلگەن ئىككى - ئۈچ مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى تاسما ياكى پوتىنى بوينىغا سېلىپ، ئولتۇرغان ياكى يالاڭ ئۇستىدە ئۈمىلەپ تۇرۇپ بىر - بىرىگە قارشى يۆنىلىشتە تارتىشىدۇ. رەقىبىنى كىم تارتىپ ئوتتۇرىدىكى پاسىل سىزىقتىن ئۆتكۈزىۋەتسە، شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ. يېڭىۋالغۇچى كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇسلەش ماھارىتىگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك.



بويۇندا ئارقان تارتىش

يۇك توپ ئۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ تىركىشىش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك، ئىنتايىن زور ئەپچىللىك تەلەپ قىلىدىغان تەنھەرىكەت تۈرىنىڭ بىرى. مۇسابىقە ئادەم سانى تەڭ بولغان ئىككى گۇرۇپپا ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە، ھەربىر گۇرۇپپىدا سەككىز ئادەم بولىدۇ. يۇگۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، تۈز يەر بولسىلا مۇسابىقە مەيدانى قىلىشقا بولىدۇ. مەيداننىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئادەم سانىغا ياكى يەر شەكلىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. مۇسابىقىدە ئىشلىتىلىدىغان توپنىڭ ئىچى قاتتىقراق ياغاچتىن ياسىلىپ، سىرتى يىرىك يۇڭ يىپتا ئالمىدەك چوڭلۇقتا قىلىپ ئورىلىدۇ. توپنىڭ يۈزى رەڭلىك يىپلاردىن چىرايلىق قىلىپ بېزىلىدۇ. توپنى ئۇرىدىغان توقماق 90 سانتىمېتىرچە ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. مۇسابىقىنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئىككى گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىرى توپ باشلاش ھوقۇقىنى تالىشىدۇ. توپ باشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن گۇرۇپپا ھۇجۇم قىلغۇچى تەرەپ بولىدۇ. ھۇجۇم قىلغۇچى گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى توپ مەيدانىنىڭ يىخەتەر رايونىدا تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن توپ ئۇرىدۇ. مۇداپىئەدە تۇرغۇچى گۇرۇپپىنىڭ بىر ئەزاسى توپ ئاتقۇچى بولىدۇ، گۇرۇپپىنىڭ قالغان ئەزالىرى ئېتىلغان توپنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ھۇجۇم قىلغۇچى تەرەپ توقماق بىلەن توپنى ئۇرغاندىن كېيىن دەرھال بەلگىلەنگەن «نىشان رايونى»غا قاراپ يۈگۈرىدۇ، يۈگۈرۈش داۋامىدا مۇداپىئەدە تۇرغۇچى تەرەپتىكى توپ تۇتقۇچىلارنىڭ توپنى ئۇزىگە تەگكۈزۈمەي بىخەتەر ھالدا «بىخەتەر رايون»غا قايتىپ كېلىۋالالىغانلار، قايتىدىن توپ ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. توقماقنى توپقا تەگكۈزەلمەي قالغانلار ياكى توپنى يىراققا ئۇرالماي، يۈگۈرمەسەمۇ بولىدۇ، دەپ قارىغانلار «بىخەتەر رايون»غا چېكىنىپ، ئىككىنچى بىر ئادەم توپنى ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈگۈرسە بولىدۇ. مۇداپىئەدە تۇرغان گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى ھۇجۇم قىلغۇچى گۇرۇپپا ئۇرغان توپنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تېزلىك بىلەن باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ ياكى بىۋاسىتە ھالدا توپ بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ھۇجۇمچى تەرەپ ئەزاسىنى ئۇرىدۇ؛ توپنى ئۇرۇپ تەگكۈزەلمەي قالسا، توپنى يەنىلا ھۇجۇمچى تەرەپ ئۇرىدۇ؛ توپنى ئۇرۇپ تەگكۈزۈپ ھەم «بىخەتەر رايون»غا ئامان - ئېسەن كېلىۋالغاندا ئىككى تەرەپ ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ. بۇ ئويۇن ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، ئاساسەن ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان.

باشقا قوغۇن قويۇپ يورغىلاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار ئېغىرلىقى، چوڭ - كىچىكلىكى، ئۆلچىمى يېقىن كېلىدىغان قوغۇنلارنى بېشىغا قويۇپ، بەلگىلەنگەن نۇقتىغا كېلىپ تۇرىدۇ - دە، بۇيرۇق بېرىلىش بىلەن تەڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىن يورغىلاپ ماڭىدۇ. مۇسابىقە داۋامىدا، باشتىكى قوغۇننى قول بىلەن تۇتۇۋېلىشقا بولمايدۇ، قوغۇن چۈشۈپ كەتسە قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. قوغۇننى بېشىدىن چۈشۈرۈۋەتمەي تېز ماڭغانلار ھەم ئاخىرقى نۇقتىغا بىخەتەر يېتىپ بارالىغانلار يېڭىپ چىققان ھېسابلىنىدۇ.

**يامبۇ ئېتىش** قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى. يامبۇ بىر ئۇزۇن خادىنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. چەۋەندازلار يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ مەلۇم ئارىلىققا كەلگەندە مىلتىق ياكى ئوقيا بىلەن يامبۇ ئېسىلغان يىپنى چەنلەپ ئاتىدۇ. ئوق ئاتقاندا توختىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئوقنى يامبۇغا تەگكۈزەلىگەنلەر ياكى ئوقنى يىپقا تەگكۈزۈپ ئۈزۈپ، يامبۇنى يەرگە چۈشۈرەلىگەنلەر ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ. قىرغىزلاردا ئۇنى پىيادە مېڭىپ ئاتىدىغان ئۇسۇلمۇ بار. مەرگەنلەر مەلۇم ئارىلىقتا تۇرۇپ يامبۇنى چەنلەپ ئوق ئاتىدۇ. ئوقنى تەگكۈزەلىسە يامبۇ مەرگەنگە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇتۇپ چىققانلارغا يەنە تۈرلۈك مۇكاپاتلار بېرىلىدۇ.

**ئوۋ ئوۋلاش** شىبەلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئادەتتە قىش پەسلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر يىلى قار ياغقاندىن كېيىن ئوۋچىلار تۆت ـ بەش تىن بولۇپ، ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈپ، قارچىغا ـ بۈركۈتلەرنى قوللىرىغا قوندۇرۇپ، ئەتراپتىكى ئوۋ مەيدانىغا بېرىپ ئوۋ ئوۋلايدۇ. ئوۋ داۋامىدا كۆپچىلىك ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ئوۋلىنىدىغان نەرسىلەرنى بىرلىكتە قوغلايدۇ. ئوۋ غەنىيمىتىنى مەيلى كىم قولغا چۈشۈرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى بىر ئادەم يالغۇز ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئوۋغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن بىر كىشىلىك بەھرىمەن بولىدۇ. ئوۋ غەنىيمىتىنى شۇ سورۇندىكى ئاقساقاللار تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، تۇنجى ئوقنى ياكى تۇنجى نەيزە تەگكۈزگۈچى ئوۋ غەنىيمىتىنىڭ بېشىنى ئالىدۇ. قەدىمكى زاماندا، ئوۋ ئوۋلاش شىبەلەرنىڭ ئاساسلىق جان ساقلاش ۋاستىسى ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ تەدرىجىي ھالدا ئۆزگىرىپ، بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش، تاماشا پائالىيىتى بولۇپ قالدى.

**ئايدىڭدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى** قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. ئادەتتە چولڭ، كاتتا يىغىلىشلار ياكى توي ـ تۆكۈنلەردە، ئايدىڭدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنى ئاياللار تەشكىللەيدۇ. ياشقا قاراپ بىرقانچە مۇسابىقە گۇرۇپپىسىغا ئايرىلىدۇ، ھەر قېتىمدا ھەربىر گۇرۇپپىدىن بىردىن ئادەم مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. قايسى گۇرۇپپىدا بىرىنچىلىكنى ئالغانلار كۆپ بولسا، شۇ گۇرۇپپا 1 ـ بولىدۇ. مۇسابىقىدە، يۈگۈرۈش يولىغا توسالغۇلار قۇرۇلىدۇ ھەم سۇغىلار قويۇپ قويۇلىدۇ. يۈگۈرۈش داۋامىدا ئارغامچا تاقلاش، يۈك كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بولىدۇ. بەزى مۇسابىقە مەيدانلىرى چوڭقۇر ساي ـ جىلغا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، ئېگىز ـ پەس تاغ ئېدىرلىقلىرى بار جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئايدىڭدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى يۈگۈرۈش سۈرئىتىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە كۈچ، جاسارەت، سەكرەش، تاقلاش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار سىلىشتۇرۇلىدىغان مۇسابىقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئايدىڭدا مۇنداق مۇسابىقىنى ئۆتكۈزۈشى تېخىمۇ قىزىق بولۇپ، ئويۇنغا قاتناشقانلار ئاينىڭ نۇرى ئاستىدا ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تاماشا قىلىدىغان بولغاچقا، كەيپىيات تېخىمۇ قىزغىن، جۇشقۇن بولۇپ، ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ.


**ئوردا ئېلىش ئويۇنى** قىرغىزلارنىڭ بىر تۈرلۈك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى. قىرغىز تىلىدا «ئوردا ئېتىش» دېيىلىدۇ. پەسىل ۋە سورۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ پائالىيەت XVII ئەسىردە بارلىققا كەلگەن. قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانى — «ماناس»تا بۇ پائالىيەت مۇنداق خاتىرىلەنگەن: يەرگە بىر يۇمىلاق چەمبەر سىزىلىپ، ئارغامچا بەلگە قىلىنىپ، ئويۇنغا قاتناشقانلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تاشلىنىدۇ، ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، ئوتتۇرىدىكى «خاقان»نى بېكىتىدۇ. ئاندىن مۇكاپات بۇيۇمى بېكىتىلىپ، «خاقان» سوۋغات ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇلغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ، يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بەلگىلەيدۇ. ئىككى تەرەپ بەس ـ بەس بىلەن ئوشۇقلارنى ئۇرۇپ ئۇچۇرىدۇ، قايسى تەرەپ ئوشۇق بىلەن «خاقان»نى چىقىرىۋېتەلىسە مۇكاپات بۇيۇملىرى شۇلارنىڭ بولىدۇ. مۇسابىقە ئەسۋابى ئاساسلىقى كالا، قويلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن قىرىپ ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىرچە، كەڭلىكى يەتتە سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدىغان چاسا تاختا، مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ھەربىر ئادەمنىڭ قولىدىكى ئۈچ تال ئوشۇقتىن ئىبارەت بولىدۇ. خاقان مىس داچەن، تەڭگىدىن قىلىنىدۇ؛ ئۈستىگە بەلگە سېلىنغان 40 سانتىمېتىرچە تاياق ئۆلچەش كالتىكى قىلىنىدۇ. چوڭلۇقى سەككىز مېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق چەمبەر مۇسابىقە مەيدانى قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر كىچىك چەمبەر سىزىلىدۇ. بىر تال تەڭگە كىچىك چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلۇپ «خاقان» قىلىنىدۇ، ھەربىر ئادەم قولىدىكى ئۈچ تال ئوشۇقنى «خاقان»نىڭ

ئەتراپىغا تىزىپ، خاقاننىڭ ئوردىسىنى قوغدايدىغان يا-
ساۋۇل، يەنى ئورۇنلىدىغان نىشان قىلىدۇ. مۇسابىقە
ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەربىر
گۇرۇپپىدا بەشتىن - 10 غىچە ئادەم بولىدۇ. ھەر
قېتىملىق مۇسابىقىدە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۈچ نۆۋەت ئې-
تىش ھوقۇقى بولىدۇ. مۇسابىقە باشلىنىشتىن ئىلگى-
رى، ھەربىر گۇرۇپپىدىن بىردىن ئادەم چىقىپ، ئو-
يۇن باشلاش ھوقۇقىنى تالىشىدۇ ۋە ئويۇن باشلاش
ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەپ ئالدى بىلەن ھۇجۇم باشلاي-
دۇ. مۇسابىقە باشلانغاندىن كېيىن، مۇسابىقىگە قات-
ناشقۇچى مۇڭگۈز تاختىنى قولىغا ئېلىپ، يۇمىلاق
چەمبەرنىڭ سىرتقى سىزىقىدا تۇرۇپ «ئوردا» دىكى ئو-
شۇق ياكى خاقاننى سوقىدۇ. ئەگەر ئوشۇقنى ئۇرۇپ
چەمبەرنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتەلمىسە، تاختىنى داۋام-
لىق ئاتىدۇ؛ ئوشۇقنى ئۇرۇپ چىقىرىۋېتەلمىسە، بىر
قېتىملىق ئۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ.
ئەگەر ئوشۇق ئۇرۇپ چىقىرىۋېتىلىپ، تاختا ھالقا ئى-
چىگە كىرىپ قالغان بولسا، ئۆلچەش كالتىكى بىلەن
ئوشۇق ۋە تاختا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئۆلچىنىدۇ.
ئارىلىق، ئۆلچەش كالتىكىگە تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئار-
تۇق بولسا، تاختىنى ئاتقۇچى «ئوردا» غا كىرىدۇ ھەم
تاختا چۈشكەن جايدىن ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن بولغان ئو-
شۇقنى بىۋاستە سوقۇپ ھالقا سىرتىغا چىقىرىۋېتىدۇ.
ئەگەر بۇ چاغدا تاختا ھالقىنىڭ ئىچىدىن قاڭقىپ چە-
قىپ كېتىدىغان بولسا، تاختا ئېتىش ھوقۇقىدىن مەھ-
رۇم بولىدۇ. مۇسابىقىدە ھالقا ئىچىدىكى بارلىق ئو-
شۇقلارنى ۋە خاقاننى ھالقا سىرتىغا قوغلاپ چىقىرىۋېتە-
لىگەن تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ. ئەگەر «ئوردا» نىڭ بار-
لىق ياساۋۇللىرى يوقىتىلىپ، «خاقان» ئېخىچىلا ھالقا
ئىچىدىن چىقىرىۋېتىلمىگەن بولسا ئۇتتۇش - يېڭىلىش
ئېنىق بەلگىلەنمىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئويۇن تاكى بىر
تەرەپ «خاقان» نى تولۇق قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر ئۈز-
لۈكسىز داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

**خوراز سوقۇشتۇرۇش** ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى
كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى. بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق بو-
لۇپ، كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىي تۇرمۇشنى جانلاندۇ-
رۇش رولىغا ئىگە. خوراز سوقۇشتۇرۇش پائالىيىتى
شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا، ئىلى ئەتراپىدا ۋە تۇرپان قاتار-
لىق جايلاردا ناھايىتى ئەۋج ئالغان. قىش پەسلىدە،
كوچا - كويلارنىڭ ھەممىسىدە ئەل ئىچىدە ئۆزلىرى
ئۇيۇشتۇرغان خوراز سوقۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرى بو-
لۇپ تۇرىدۇ. سوقۇشقا سالىدىغان خورازلار چۈجە ۋاق-
تىدا تاللىنىدۇ ۋە شۇ چاغدىن باشلاپ تەربىيىلىنىدۇ.
بۇنىڭغا جۇغى چوڭراق، تىرناقلىرى ئۆتكۈر، ھەرىكە-
تى چاققان خورازلار تاللاپ ئېلىنىپ ئالاھىدە تەربىيە-
لىنىدۇ. بەزى خوراز سوقۇشتۇرۇش ھەۋەسكارلىرى
كۆڭۈلدىكىدەك خوراز تاللاش ئۈچۈن، يۇرتمۇ يۇرت
كېزىپ يۈرۈپ، تەرەپ - تەرەپتىن خوراز تاللايدۇ،
ھەتتا ئۇزۇن يوللارنى بېسىشتىن ئايانماي باشقا جايلارغا
بېرىپ خوراز سېتىۋالىدۇ. تۇرپان ۋە پىچاندىن شىن-
جاڭ بويىچە داڭلىق سوقۇشقاق خورازلار چىقىدۇ. بۇ
يەردە چوڭ سۆڭەكلىك توخۇ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل
توخۇ بار، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ سۈپەتلىك يەرلىك
توخۇ سورتى بولۇپ، بېشى يىلاننىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ.
تاجىسى بەك كىچىك، تۇمشۇقى بۈركۈتنىڭكىدەك يوغان
ھەم ئۆتكۈر، سۆڭىكى توم، پوكىنى كەڭ ھەم كۈچ-
لۈك، ئېگىزلىكى 60—70 سانتىمېتىر، پەيلىرى قا-
رامتۇل يېشىل رەڭدە، ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى تۆت كى-
لوگرامدىن ئاشىدۇ، مىجەزلىرى بەكمۇ ھەيۋەتلىك.
بۇنداق خورازلار تۇغما ئۇرۇشقاق بولۇپ، ئۆيگە قارىيا-
لايدۇ ۋە ناتونۇش ئادەملەرنى كۆرسە چوقۇلايدۇ. شۇڭا،
قەشقەر، خوتەنلەردىكى خوراز سوقۇشتۇرۇش ھەۋەس-
كارلىرى ئالايىتەن مۇشۇنداق توخۇنى ئالغىلى كېلىدۇ.
خوراز سوقۇشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئىككى تەرەپنىڭ
ھېچقايسىسى خورازلىرىنى خەققە كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلار
ئالدى بىلەن شەرتلەر ئۈستىدە ئوبدان سۆزلىشىۋېلىپ،
مۇسابىقە قائىدىلىرىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن ئان-
دىن خورازلارنى ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ خورازلار ئالاھىدە
تەربىيىلەنگەن بولغاچقا، ناھايىتى قەيسەر، باتۇر بولى-
دۇ. خوراز سوقۇشتۇرۇش مۇسابىقىسى ئادەتتە يېرىم
سائەتتىن بىر سائەتكىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق
داۋاملىشىدۇ. ئىككى خوراز بىر - بىرى بىلەن ئۇچ-
راشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە بىردەم قاراپ تۇرۇ-
شىدۇ - دە، ئارقىدىنلا تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. كۆپىنچە
ھاللاردا باش - كۆزى قانغا بويۇلۇپ، پەيلىرى يۇڭۇز-
لىنىپ، تاجىلىرى تىتىلىپ كەتسىمۇ زادىلا توختىماي
ئېلىشىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا سوقۇشۇۋېرىپ ئۆلۈپمۇ كې-
تىدۇ. سوقۇشۇشتا تازا كۈچىمىگەن ياكى يېرىم يولدا
يېڭىلىپ قاچقان، ياكى بويىنىنى ئىچىگە تىقىپ، تۈگۈ-
لۈپ جىم تۇرۇۋالغان خوراز يېڭىلگەن بولىدۇ. خوراز
سوقۇشتۇرۇشتا ئىككى تەرەپ ئۇرۇشماي توختاپ قالى-
دىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز بولىدۇ. خورازلار تېنىدە
نەپەسى بار بولسىلا، مەيلى ھەممە يېرىدىن قان تۆكۈ-
لۈپ تۇرغان، كۆزلىرى قارىغۇ بولۇپ قالغان ئەھۋالدى-
مۇ ئۆلۈپ قالغۇچە باتۇرلۇق بىلەن سوقۇشىدۇ، ھەر-

گىز يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدۇ. يېڭىپ چىققان خورازمۇ كۆپىنچە هاللاردا يېڭىلىپ قاچقان خورازنى توختىماي قوغلايدۇ.

**قوچقار سوقۇشتۇرۇش** ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. ھەمىشە ھېيت - ئايەم كۈنلىرى، يىغىلىش سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا دائىر مۇنداق خاتىرىلەر بار: «جاق - جاق، جاق - جۇق، بۇلار قوچقارلارنى سوقۇشۇشقا ئۈندەيدىغان سۆز»، «ئۇ قوچقارنى سوقۇشىدىغان قىلىپ تەربىيىلىدى». بۇ ئۇيغۇرلاردىكى قوچقار سوقۇشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.



قوچقار سوقۇشتۇرۇش

قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا ئامراق ئادەملەر ئادەتتە دائىم دېگۈدەك كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك، كۈچلۈك، مۈڭگۈزى بار، سوقۇشقاق قوچقارلارنى تاللاپ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەيدۇ. قوچقار سوقۇشتۇرۇشتا، رىياسەتچى ئىككى قوچقارنى سورۇنغا ئېلىپ كىرىپ ھەم ئۇلارنى سوقۇشۇشقا ئۈندەيدىغان ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، قىزىتىدۇ. دەي - دەيگە سېلىنىپ، تېرىكتۈرۈلگەن قوچقارلار بىر قېتىم قاتتىق ئۈسۈشكەندىن كېيىن، ئارقىغا بىرنەچچە قەدەم داجىپ، ئاندىن يەنە كېلىپ ئۈسىدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قوچقار قورقۇپ ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ. بەدەنلىرىنى ئۇيان - بۇيانغا تولغاپ، بېشىنى يانغا بۇرايدۇ ياكى ئارقىغا چېكىنىپ، ئالدىغا ماڭماي تۇرۇۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يېڭىش - يېڭىلىش مەلۇم بولىدۇ.

قوچقار سوقۇشتۇرۇشتا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھادىسە بار: بىرەر قوچقار يۇقىرىقىدەك قورقۇش، يېڭىلىش ھەرىكەتلىرىنى قىلسا يېڭىپ چىققان قوچقار ئۇنى ھەرگىز قايتا قوغلىمايدۇ، قايتا سوقۇشمايدۇ. ئادەتتە ئۈچ قېتىم ئۇدا يېڭىپ چىققانلار مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بەزىدە شاللاپ چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تاللاپ چىقىلغان ئىككى قوچقار ھەل قىلغۇچ جەڭگە سېلىنىدۇ ۋە يېڭىپ چىققانلارغا مۇكاپات بېرىلىدۇ. قوچقار سوقۇشتۇرۇش جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك بولىدۇ. بۇ جايلاردىكى قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل پائالىيەتنى تاماشا قىلىشقا ئامراق.

**كالا سوقۇشتۇرۇش** ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. كۆپىنچە جامائەت يىغىلغان سورۇنلاردا، يېزىلاردىكى بازار كۈنلىرىدە ۋە توي - تۆكۈنلەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. كالا سوقۇشتۇرۇشقا بۇقىلار قاتناشتۇرۇلىدۇ. كالا سوقۇشتۇرۇشتا، بۇقىلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش دائىرىسى كەڭ، سوقۇشۇشى ناھايىتى دەھشەتلىك بولىدىغان بولغاچقا، يەنە كېلىپ، ئۇنى كۆرىدىغان ئادەم كۆپ بولغاچقا، مەيداننىڭ كەڭرەك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇقىلار سوقۇشقاندا، ئىككى بۇقا بىر - بىرىنى مۈڭگۈزى بىلەن ئۈسۈپ سوقۇشىدۇ، كۈچلۈكرەك بۇقىلار ئۆز رەقىبىنى يېڭىپ چىقىپلا قالماي، ھەتتا ئۇنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپمۇ قويىدۇ. ئۈسۈشۈپ، سوقۇشقان بۇقىلاردىن يېڭىلىپ قاچقىنى ياكى ئۈسۈلۈپ يەرگە يىقىلغىنى يېڭىلگەن بولىدۇ.

**ئىت تالاشتۇرۇش** ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. ئاجايىپ قىزىق ۋە جەلپ قىلارلىق بولىدۇ. ئىت تالاشتۇرۇشقا خۇمارى بار ئادەملەر كۆپىنچە كۈچتۈگۈر بۆرە ئىتلارنى ياكى ئۇۋ ئىتلىرىنى تاللاپ تەربىيىلىگەندىن كېيىن تالاشقا سالىدۇ. ئۇيدان تالاشقاق ئىتلارنىڭ باھاسى ناھايىتى قىممەت بولىدۇ. ئىت تالاشتۇرۇش پائالىيىتى كۆپىنچە يېزىلاردىكى بازار كۈنلىرى، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى، جامائەت يىغىلغان سورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىت تالاشتۇرۇشتا، ئىككى ئىت مەيدانغا ئېلىپ كىرىلىپ، بىر - بىرىنى تالاشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. يامان ئىتلار رەقىبىنىڭ كانىيىنى، پاچىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىدۇ. ئىككى ئىت تالىشىش جەريانىدا غىڭشىپ قالغىنى، چىشلىرىنى كۆرسىتىپ خىرىلداپ تۇرۇۋالغىنى، قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىستۇرۇپ شۈمشىيىپ قالغىنى، ئارقىغا قاراپ قاچقىنى يېڭىلگەن بولىدۇ. ئىت تالاشتۇرۇش كۆپىنچە ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ، ئىتلار جىسمانىي جەھەتتە قاتتىق ھېرىپ كېتىد-

دۇ. شۇڭا، ئادەتتە ئەمدىلا تالاشقا سېلىنىپ يېڭىپ
چىققان ئىت، دەرھال يەنە باشقا تالاشقا سېلىنمايدۇ.
ئىت تالاشتۇرۇش پائالىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلى-
رىدىكى بازار كۈنلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. چۈنكى،
بۇنداق چاغلاردا ئۇنى كۆرۈپ تاماشا قىلىدىغان ئادەم
ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يېڭىپ چىققان ئىتنىڭ ئىگىسى
بەئەينى جەڭدە نۇسرەت قازىنىپ، زەپەر قۇچقان قەھرى-
ماندەك ئۆزىنى ناھايىتى پەخىرلىك ھېس قىلىدۇ. ئىت
تالاشتۇرۇشقا ئامراق ئادەملەر قەيەردە داڭلىق، ياخشى
ئىت بار ئىكەن، دەپ ئاڭلىسا، ئۆزلۈكىدىن شۇ جايغا
ئىزدەپ بېرىپ، ئىت تالاشتۇرىدۇ. ھازىر، يېزىلاردى-
كى بەزى بازارلاردا مەخسۇس ئىت تالاشتۇرۇش مەيدان-
لىرى بار بولدى.

**كويلا توپ** ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى توپ پائا-
لىيىتى. ھازىرقى زامان تەنتەربىيىسىدىكى قورغان توپ
(بېيسبول توپى) قا سەل ئوخشاپ كېتىدۇ. «كويلا»
نىڭ مەنىسى «قورغان» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇسابىقىگە
توپ ۋە كالتەك ئىشلىتىلىدۇ. توپ شاپتۇل، ئۆرۈك
ئۈچكىسىگە توم يىپلارنى ئوراش ئارقىلىق ئالمىدەك
چوڭلۇقتا ياسىلىدۇ. توپنىڭ يۈزى رەڭلىك يىپلاردىن
ناھايىتى چىرايلىق، كۆركەم قىلىپ بېزىلىدۇ ھەم تۆت-
تىن سەككىزگىچە تالا چىقىرىلىدۇ. كالتەكنىڭ ئۇ-
زۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر، توملۇقى بەش سانتىمېتىرغى-
چە بولۇپ، تۇتىدىغان ساپىقى يۇمىلاق، سىلىق قىلىپ
ياسىلىدۇ. تۇتۇشقا ۋە توپ ئۇرۇشقا قولايلىق بولۇشى
ئۈچۈن، كالتەكنىڭ توپ ئۇرىدىغان ئۇچى ياپىلاق قى-
لىپ قىرىلىدۇ. كالتەك ئورنىغا ئادەتتىكى ياغاچ توق-
ماقنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. مەيداننىڭ چوڭ - كىچىك-
لىكى يەر شارائىتىغا ۋە مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئادەم
سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، كېڭىشىپ بېكىتى-
لىدۇ. مۆتىدىل مەيداننىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر،
كەڭلىكى 60 مېتىر بولىدۇ. مۇسابىقە ئىككى گۇرۇپ-
پىغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەربىر گۇرۇپپىدا يەتتە-
سەككىزدىن ئادەم بولغىنى مۇۋاپىق، ھەرقايسى گۇرۇپ-
پىلار بىردىن گۇرۇپپا باشلىقى سايلايدۇ. مۇسابىقە
باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئىككى گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىرى
ئويۇن باشلاش ھوقۇقىنى تالىشىدۇ. ئويۇن باشلاش
ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەپ ھۇجۇم قىلغۇچى تەرەپ،
يەنە بىر تەرەپ مۇداپىئەدە تۇرغۇچى تەرەپ بولىدۇ.
ھۇجۇم قىلغۇچى تەرەپنىڭ ئەزالىرى بىخەتەر رايون
ئىچىدە تۇرۇپ، توپ ئۇرغۇچىلار سۈپىتىدە بىرىنىڭ
ئارقىدىن بىرى نۆۋەت بىلەن توپ ئۇرىدۇ. ھەربىر
ئادەمنىڭ بىر قېتىمدىن، گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ ئىككى
قېتىمدىن توپ ئۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. مۇداپىئەدە
تۇرغۇچى گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرىدىن بىر ئادەم توپ ئات-
قۇچى بولىدۇ؛ قالغانلار مەيداندىكى ئۆزىگە مۇۋاپىق
جايلاردا تۇرۇپ، توپ تۇتقۇچى بولىدۇ. ھۇجۇم قىلغۇ-
چى تەرەپنىڭ توپ ئۇرغۇچىسى توپنى ئۇرغاندىن كې-
يىن، دەرھال بەلگىلەنگەن «نىشان رايون»نىغا قاراپ
يۈگۈرىدۇ. يۈگۈرۈش داۋامىدا، مۇداپىئەدە تۇرغۇچى
تەرەپتىكى توپ تۇتقۇچىلارنىڭ توپنى ئۆزىگە تەگكۈز-
مەي، بىخەتەر ھالدا «بىخەتەر رايون»غا قايتىپ كېلىۋا-
لالىغانلار قايتىدىن توپ ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.
كالتەكنى توپقا تەگكۈزەلمەي قالغانلار ياكى توپنى يە-
راققا ئۇرالماي، يۈگۈرمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارىغان-
لار «بىخەتەر رايون»غا چېكىنىپ، ئىككىنچى بىر ئا-
دەم توپنى ئۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈگۈر-
سە بولىدۇ. مۇداپىئەدە تۇرغان گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى
ھۇجۇم قىلغۇچى گۇرۇپپا ئۇرغان توپنى تۇتۇۋالغاندىن
كېيىن ئۇنى تېزلىك بىلەن باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرى-
دۇ ياكى بىۋاسىتە ھالدا توپ بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋات-
قان ھۇجۇمچى تەرەپنىڭ ئەزاسىنى ئۇرىدۇ. توپنى ئۇ-
لارغا تەگكۈزەلىسە، مۇداپىئەدە تۇرغۇچى تەرەپ ئەزاسى
دەرھال «نىشان رايونى»غا قاراپ يۈگۈرىدۇ، ئەگەر
«بىخەتەر رايون»غا ئامان - ئېسەن كېلىۋالالىسا ئىك-
كى تەرەپ ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ. بۇ ئويۇندا يۈگۈرۈپ
كېتىۋاتقان گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ بېشىدىن تۆۋەن قىس-
مىغىلا توپ بىلەن ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

**ياغاچ توپ** خۇيزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە
پائالىيىتى. ئۇ «سېۋەت ئويۇنى»، «يۇڭ توپ ئويۇنى»
قاتارلىق ئويۇن پائالىيەتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش،
ياخشىلاش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ مۇسابىقە مۇز
توپ ئويۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ياغاچ توپ مەيدانىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كەڭلىكى 20 مېتىر كېلىدۇ،
ئوتتۇرىغا مەيداننى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان سىزىق
سىزىلىدۇ. مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاخىرقى سى-
زىقتا بىردىن ئىككى - ئۈچ مېتىر كەڭلىكتە، 50
سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە يېرىم ئاي شەكىللىك دەرۋازا
بولىدۇ. مۇسابىقىگە ھەربىر گۇرۇپپىدىن بەشتىن ئادەم
قاتنىشىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ قولىدا توپ ئۇرۇشقا
ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىرچە كېلىدى-
غان ياغاچ كالتەك بولىدۇ. ياغاچ توپ تۇخۇمسىمان
شەكىلدە ياسىلىدۇ. بىر مەيدان مۇسابىقە ۋاقتى 10
مىنۇتچە بولىدۇ ھەم ئالدىنقى ۋە كېيىنكى مەيدان دەپ

ئايرىلىدۇ. نومۇر، كىرگۈزگەن توپنىڭ ئاز ـ كۆپلۈ-
كى بويىچە ھېسابلىنىدۇ، ھەربىر كىرگەن توپقا بىر
نومۇر بېرىلىدۇ. نومۇرنى كۆپ ئالغان تەرەپ ئۇتقان
بولىدۇ. مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا، ئۇتتۇرۇپ قويغان تە-
رەپ جازا ئورنىدا «سور!» دەپ ۋارقىرايدۇ ھەم يەڭ-
گەن تەرەپ يىراقتا ئۇرغان توپنى تېرىپ كېلىدۇ. بۇ
پائالىيەت ئىنگىشيا، شىنجاڭ يېزىلىرىدا تولىمۇ ئالقىشقا
ئىگە.

**كالتەك بىلەن توپ ئۇرۇش** قىرغىزلارنىڭ
ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش تۈرى. مۇسابە-
قىدە يۇڭدا ئورالغان قۇم خالتا ئويۇننىڭ توپى قىلىنى-
دۇ، ئىككى تەرەپ ئالدى بىلەن قوللىرىغا بىر مېتىرچە
كېلىدىغان ياغاچ تاياقنى تۇتۇپ، قالپىقى بىلەن تاياقنى
ئۇرۇش ئارقىلىق ئويۇن باشلاش ھوقۇقىنى بېكىتىدۇ.
ئويۇن باشلانغاندا بىر تەرەپ بەلگىلەنگەن ئارىلىقنىڭ
سىرتىدا تۇرىدۇ، توپ ئۇرغۇچى تەرەپ تاياق بىلەن
كۆچەپ تۇرۇپ ئالدىنئالا سىزىپ قويۇلغان ھالقا ئىچىگە
كىرگۈزۈش ئۈچۈن توپنى ئۇرىدۇ، ئەگەر قارشى تەرەپ
توپنى توسۇۋالالىسا توپ ئۇرغۇچى ئۇتتۇرغان بولىدۇ،
مۇسابىقە مۇشۇ تەرىقىدە داۋام قىلىدۇ، ئىنتايىن جاز-
لىق، قىزىق بولىدۇ.

**كالتەك ئويۇنى** رۇسلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەر-
بىيە تۈرى. كالتەك سوقۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ پائالى-
يەت XIX ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا روسىيىدىن ئېلىمىزگە
كىرگەن. بۇ پائالىيەتنىڭ مەيدان ۋە سايمانلارغا قويى-
دىغان تەلىپى ئاددىي، بىلەكنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشقا،
شۇنداقلا كۆز بىلەن چەنلەش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدا-
رىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا ئىلى
رايونىدا ئومۇملاشقان. كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئاتۇش،
ئۈچتۇرپان، تارباغاتاي ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا
تارقىلىپ، تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر-
مۇ ئورتاق ياخشى كۆرىدىغان تەنتەربىيە پائالىيىتى بو-
لۇپ قالغان.

كالتەك ئويۇنى تىركىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە
تەنتەربىيە پائالىيىتى بولۇپ، ئادەتتە بەش ئادەم بىر
گۇرۇپپىدىن بولۇپ، ئىككى گۇرۇپپا ئادەم ئوينايدىغان
مۇسابىقە ھېسابلىنىدۇ، ئىككى ئادەم بىر ـ بىرىگە
قارشى ئوينايدىغان مۇسابىقىمۇ بار. مۇسابىقىدە ئىشلى-
تىلىدىغان كىچىك ياغاچ كۆتەك ۋە ئۇنى ئۇرۇپ سوقى-
دىغان كالتەكلەرنىڭ ھەممىسى ياغاچتىن ياسىلىدۇ.
ياغاچ كۆتەكلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 سانتىمېتىر، توملۇ-
قى تۆت ـ بەش سانتىمېتىرچە كېلىدۇ، جەمئىي 10
تال (ھەربىر گۇرۇپپىغا بەش تالدىن) بولىدۇ. كال-
تەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر، بىر ئۇچىنىڭ
توملۇقى يەتتە سانتىمېتىرچە، يەنە بىر ئۇچىنىڭ توم-
لۇقى بەش سانتىمېتىرچە كېلىدۇ. ھەر ئىككى كالتەك-
كە بىر نومۇر قويۇلىدۇ، گۇرۇپپىنىڭ ھەربىر ئەزاسى-
غا ئوخشاش نومۇرلۇق كالتەكتىن ئىككىسى بېرىلىدۇ.
مەيداننىڭ ئۇزۇنلۇقى 22 مېتىر، كەڭلىكى ئالتە مې-
تىرچە كېلىدۇ. مەيداننىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئۇنىڭ
ئىككى يان تەرىپىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈز سىزىق سىزى-
لىدۇ. ئوتتۇرا سىزىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇنىڭدىن
1.5 مېتىر نېرىغا بىر تال پاراللېل سىزىق سىزىلىپ
ئويۇن باشلاش سىزىقى قىلىنىدۇ. مەيداننىڭ ئىككى
چەت سىزىقىنىڭ مەركىزىگە ئۈچ مېتىرچە چوڭلۇقتى-
كى چاسا رايون سىزىلىپ، ياغاچ كۆتەكلەر تىزىلىدىغان
جاي قىلىنىدۇ. ياغاچ كۆتەك تىزىلىدىغان جاينىڭ
ئوتتۇرا سىزىقىغا پاراللېل تۇرىدىغان بىر تەرىپى تۈنجى
قېتىملىق ھۇجۇم سىزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىك ياغاچ
كۆتەكلەرنى كۆتەك تىزىلىدىغان قورغان ئىچىگە ئون
نەچچە خىل شەكىل چىقىرىپ تىزىشقا بولىدۇ. شۇڭا،
بۇ كۆتەكلەرنى كالتەك بىلەن ئۇرۇشمۇ شۇنچە قىيىنلى-
شىدۇ. بۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت كېرەك.
مۇسابىقىنىڭ شەخسلەر بىر ـ بىرىگە قارشى ئويناش
ۋە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئويناش دېگەن ئىككى خىل
شەكلى بار. مۇسابىقە باشلانغاندا، بىر تەرەپنىڭ گۇ-
رۇپپا ئەزالىرى رەت بويىچە يەنە بىر گۇرۇپپىنىڭ كۆ-
تەك تىزىلغان جاينىڭ تۈنجى قېتىملىق ھۇجۇم سىزىقى
ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ كۆتەك تىزىلى-
دىغان جايىدىكى بەلگىلەنگەن شەكىللەردە تىزىپ قويۇل-
غان ياغاچ كۆتەكلىرىنى كالتەك بىلەن سوقىدۇ. كال-
تەك بىلەن سوقۇش ئارقىلىق ئۇ يەردىكى ھەرقانداق
بىر ياغاچ كۆتەكنى كۆتەك تىزىلغان رايوننىڭ سىرتىغا
چىقىرىۋەتكەن ھامان، ئۇنى دەرھال ئوتتۇرا سىزىققا
ئەكېلىپ تىزىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق سو-
قۇشقا بولىدۇ، بۇنداق سوقۇش قالغان كىچىك كۆتەك-
لەرنىڭ ھەممىسىنى كۆتەك تىزىلغان جايدىن ئۇرۇپ
چىقارغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆ-
تەكلەر يەنە بىر خىل شەكىل (جەمئىي بەش خىل) دە
تىزىلىپ، يەنە تۈنجى قېتىملىق ھۇجۇم سىزىقىدا تۇ-
رۇپ كالتەك بىلەن سوقۇلىدۇ. كېڭىشىپ بېكىتىلگەن
شەكىلنى ئالدى بىلەن سوقۇپ تۈگەتكەن گۇرۇپپا ۋە
شەخس ئۇتۇپ چىققان بولىدۇ. ئەگەر مۇسابىقىنى ئال-
دىدا باشلىغان گۇرۇپپا بىرىنچى بولۇپ ھەممە كۆتەك-

لەرنى سوقۇپ بولغان، يەنە بىر گۇرۇپپىسى ئۇلاردىن كېيىنكى ئويناشتا ئوخشاشلا كۆتەكلەرنى سوقۇپ تۈگەتكەن بولسا، قولىدا كالتەك كۆپ ئېشىپ قالغان تەرەپ ئۇتتى، دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

**ئاق تېرەك - كۆك تېرەك** ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر بالىلىرى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئويۇن. بۇ ئويۇن كۆپىنچە كەچتە ئوينىلىدۇ. سورۇن، پەسىل، ئادەم سانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، بالىلارنىڭ يۈگۈرۈش ۋە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ناھايىتى پايدىسى بار. بۇ ئويۇننى ئويناشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار، بىر خىلى مۇنداق: ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئويۇنغا قاتناشقانلار تەڭ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ ۋە بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ، ئىككى قاتار بولۇپ تىزىلىپ، بىر - بىرىگە روبىرو بولۇپ تۇرۇشىدۇ. ئىككى سەپنىڭ ئارىلىقى 20—30 مېتىرچە كېلىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپا بىردىن «ئاتامان» سايلايدۇ، ئاندىن «ئاتامان» لار ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئويۇن باشلاش ھوقۇقىنى تالىشىپ بېكىتىدۇ. ئويۇننى تۇنجى باشلايدىغان تەرەپ «ئاق تېرەك»، كېيىنكىسى «كۆك تېرەك» بولىدۇ. ئويۇننىڭ «ئاق تېرەك - كۆك تېرەك» دېگەن نامى مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئويۇن باشلانغاندىن كېيىن، ئاق تېرەك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى: «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك، بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟» دەيدۇ. كۆك تېرەك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى جاۋابەن: «قولى ئىشچان، ئۆزى گۈل، سىزدىن بىزگە XX كېرەك» دەيدۇ. ئىسمى ئاتالغان بالا سەپتىن چىقىپ، دەرھال كۆك تېرەك گۇرۇپپىسى قاتارىغا بېرىپ، كۈچ بىلەن ئۇلارنىڭ قاتارىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆك تېرەك گۇرۇپپىسىنىڭ قاتارىنى بۇزۇۋېتەلىسە، بىر ئادەمنى دەرھال تارتىپ، ئاق تېرەك گۇرۇپپىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاق تېرەك گۇرۇپپىسى ئۇتقان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر قايتا - قايتا تارتىشىش نەتىجىسىدىمۇ سەپنى بۇزۇۋېتەلمىسە، بۇ ئادەم كۆك تېرەك گۇرۇپپىسىغا قوشۇلۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە تاكى بىر گۇرۇپپىدىكى ئادەم بارغانسېرى ئازىيىپ، قارشى تەرەپكە تەڭ كېلەلمىگۈدەك دەرىجىگە يېتىپ، ئۇتتۇرغىنىغا تەن بەرگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ. يەنە بىر خىل ئويناش ئۇسۇلى مۇنداق: ئىسمى ئاتالغان بالا ئۆز قاتارىدىن چىقىپ، يۈگۈرگىنىچە قارشى تەرەپ قاتارىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ - دە، شۇ قاتاردىكى خالىغان بىر بالىنىڭ ئالىقىنىغا ئۇرۇپ قويۇپ، دەرھال ئۆز قاتارىغا قاراپ قاچىدۇ. ئالىقىنىغا ئۇرۇلغان بالا ئۇنى قوغلايدۇ؛ ئەگەر ئۇ قاچقان بالا ئۆز قاتارىغا قايتىپ كەلگۈچە قارشى تەرەپكە تۇتۇلۇپ قالسا، قارشى تەرەپنىڭ ئەزاسى بولۇپ كېتىدۇ؛ تۇتۇلۇپ قالماي، ئۆز قاتارىغا قايتىپ كېلەلىسە، ئۆز گۇرۇپپىسى ئۈچۈن بىر ئادەم كۆپەيتىپ بەرگەن بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدىكى يېڭىش - يېڭىلىش ئادەم سانىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

**دامكا** ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەل ئىچى شاھمات تۈرى. پادىشاھ ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، قارشى تەرەپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىزىقىغا يېتىپ بارالىغان ئۇرۇق تەرەپ - تەرەپكە خالىغانچە مېڭىپ، ئالدى - ئارقى، ئوڭ - سولىدىكى ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى يېيەلەيدىغان بولىدۇ، شۇڭا مۇشۇنداق ئاتالغان. بەزى جايلاردا ئۇ يەنە قاتار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دامكا شاھمات تاختىسىدا ئوينىلىدۇ. دامكا ئويۇنچىلىرىنىڭ ھەربىرىدە 12دىن رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق (رەڭگى ئوخشاش بولمىغان تاشلارنى ئۇرۇق ئورنىدا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ) بولىدۇ، ئۇرۇقلار ئۈچ قاتار قىلىنىپ، قارا كاتەكچىلەرگە تىزىلىدۇ، ئىككى تەرەپ ئۇرۇقلارنى نۆۋەت بىلەن ماڭىدۇ. ئۇرۇقلارنىڭ ئەمەل - مەنسەپ پەرقى بولمايدۇ. ھەربىر ئۇرۇق ھەر قېتىمدا ئۇدۇلىغا بىر قەدەملا ماڭالايدۇ، ئوڭ - سولغا مېڭىشقا ۋە يانچە، قىيپاش مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇرۇقلارنى يېيىش قائىدىسى مۇنداق: بىر ئۇرۇق قارشى تەرەپنىڭ بىر ئۇرۇقىغا دۇچ كەلگەن، شۇنداقلا بۇ ئۇرۇقنىڭ ئارقىدا بىر بوش كاتەك بار بولغان ئەھۋالدىلا ئاندىن ئۇنى ئاتلاپ ئۆتۈپ يېيەلەيدۇ؛ ئەگەر بىر ئۇرۇقنىڭ ئالدىدا يېيىشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئۇرۇق بار تۇرۇقلۇق، ئۇنى يېمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئۇرۇق «كۆيدى» دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ - دە، قارشى تەرەپ بۇ ئۇرۇقنى ئېلىپ تاشلاپلا قالماي، يەنە ئالدىغا قاراپ بىر قەدەم مېڭىۋالالايدۇ. شۇڭا، بەزىدە ئۇرۇقلارنىڭ ئالدىدىكى يولنى ئېچىش ئۈچۈن، قارشى تەرەپكە مەقسەتلىك ھالدا ئۇرۇق يېگۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۇرۇقلارنىڭ بىرەرى قاتمۇقات توسالغۇلارنى يېڭىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرى قارشى تەرەپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىزىقىغا بارالىغان بولسا، بۇ ئۇرۇق «دامكا» بولىدۇ. دامكىنىڭ رولى ناھايىتى زور، ئۇ تۈزمۇ، توغرىسىغىمۇ ماڭالايدۇ، قانچە كاتەك ئاتلاپ مېڭىشىغىمۇ چەك قويۇلمايدىغان بولغاچقا، يىراقتا تۇرۇپ ئۇرۇق يېيەلەيدۇ. «دامكا» سى بار ئادەم-

نىڭ ئۇتۇپ چىقىش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى زور بولىدۇ. مۇسابىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتكەنلەر ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ.

**موڭغۇل شاھمىتى** موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى شاھمات تۈرى. موڭغۇلچە «شاتىر» دېيىلىدۇ. خەلقئارا شاھماتقا ئىنتايىن ئوخشايدۇ. موڭغۇل شاھمىتىنىڭ ئۇرۇقلىرى ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان تۈرلۈك مودېللار بولۇپ، ياسىلىش شەكلى روشەن يايلاق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شاھماتتا ئىككى ئوفىتسېر، بىردىن يولۋاس، شىر، تۆتتىن تۆگە، ئات، ئىككى ھارۋا چاقى، ئىككى ئالتۇن چىنە، سەككىزدىن كىچىك شىر، كىچىك يولۋاس بولۇپ جەمئىي 32 ئۇرۇق بار. شاھمات تاختىسىدا ئۇزۇنىسىغا، توغرىسىغا سەككىز بولۇپ، جەمئىي 64 ئاق، قارا چاسا كاتەكچە بار. ھەربىر شاھماتچىنىڭ قولىدا 16دىن ئۇرۇق بولۇپ، 32 كاتەكچىنى ئىگىلەيدۇ. بىر تەرەپتە ئوفىتسېر، شىر، تۆگە، ئات، ھارۋا چاقى، كىچىك شىر، يەنە بىر تەرەپتە ئوفىتسېر، يولۋاس، تۆگە، ئات، ئالتۇن چىنە، كىچىك يولۋاس تۇرىدۇ. ئويناش ئۇسۇلى: ئۇرۇقلار كاتەكچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ. ئارقىدىكى سەككىز كاتەكچىنىڭ ئىككىسىگە ئوفىتسېر بىلەن شىر، ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىگە تۆگە، ئات، ھارۋا چاقى؛ ئالدىدىكى سەككىز كاتەكچىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن كىچىك شىر قويۇلىدۇ، قارشى تەرەپمۇ مانا شۇنداق تىزىدۇ. شاھماتنى باشلىغاندا كىمنىڭ بالدۇر، كىمنىڭ كېيىن مېڭىشى جەھەتتە مۇئەييەن قائىدە يوق. ئوفىتسېر ياكى ئوڭغا، ياكى سولغا ياكى ئالدىغا بىر قەدەملا ماڭالايدۇ. شىر بىلەن يولۋاس ئوڭ، سول، ئالدى، ئارقى ۋە يان تەرەپ بولۇپ، سەككىز تەرەپكە ماڭالايدۇ. تۆگە يانچىلا ماڭالايدۇ. ئات ئەگىپ ماڭىدۇ. ھارۋا چاقى، ئالتۇن چىنە شاھماتتىكى ھارۋىغا ئوخشاش بولۇپ، ئالدى ـ ئارقى، ئوڭ ـ سول تەرەپلەرگە ماڭالايدۇ، كىچىك شىر، كىچىك يولۋاسلار ئالدىغا بىر قەدەم ماڭالايدۇ. ئەگەر ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئاخىرقى كاتەكچىسىگە مېڭىپ بارالىسا، شىر، يولۋاسنىڭ رولىنى ئوينىيالايدۇ ـ دە، ئالدى ـ ئارقى، ئوڭ ـ سول، قىيپاش تەرەپلەرگە خالىغانچە ماڭالايدىغان بولىدۇ. بىر تەرەپنىڭ ئوفىتسېرى قورشاۋغا چۈشۈپ، مېڭىشقا ئامالسىز قالغاندا شاھمات ئاخىرلىشىدۇ. موڭغۇل شاھمىتىنىڭ ياسىلىشى خەلقئارا شاھماتتىن نەپىس، كۆركەم بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل شاھمات، XIII ئەسىردە چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا قەدىمكى پېرسىيەدىن موڭغۇللار رايونلىرىغا تارقالغانىكەن.

**بۇغا شاھمىتى** موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى شاھمات تۈرى. بۇغا شاھمىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئىچكى موڭغۇلدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەت ئەترىتى يىنشەن تېغىدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى ئىچىدە تاشقا ئويۇلغان بۇغا شاھمىتى، شاھمات تاختىسىنىڭ سۈرىتىنى بايقىغان. بۇ بۇغا شاھمىتىنىڭ مىڭ نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھازىر ئوينىلىۋاتقان بۇغا شاھمىتىنىڭ شاھمات تاختىسى تەڭ تۆت تەرەپلىك چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئالتە تال ئۇزۇنىسىغا، توغرىسىدا سىزىلغان ۋە ئالتە تال قىيپاش سىزىلغان سىزىقلارنىڭ كېسىشىدىن ھاسىل بولغان 25 نۇقتىدىن تەركىب تاپقان. بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان ئىككى تەرەپنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن «تاغ» بار بولۇپ، بىر تاغنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، يەنە بىر تاغنىڭ ئۈستى تۈز، ئۇلاردىمۇ بىرقانچىدىن نۇقتا بار. بۇ شاھماتنى ئىككى ئادەم ئوينايدۇ. بىر تەرەپنىڭ قولىدا ئىككى تال ئۇرۇق بار، بۇ ئىككى ئۇرۇق بۇغا دەپ ئاتىلىدۇ (موڭغۇل تىلىدىمۇ «بۇغا» دېيىلىدۇ)؛ يەنە بىر تەرەپنىڭ قولىدا 24 تال ئۇرۇق بار، بۇ ئۇرۇقلار ئىت (موڭغۇل تىلىدا «نوخا» دېيىلىدۇ) دەپ ئاتىلىدۇ. شاھماتنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئىككى بۇغا ئايرىم- ئايرىم ھالدا شاھمات تاختىسىنىڭ ئىككى ئۇچى سىرتىغا سىزىلغان ئىككى تاغنىڭ كىرىش ئېغىزىغا قويۇلىدۇ، سەككىز دانە ئىت شاھمات تاختىسى ئىچىدىكى سەككىز ئورۇنغا قويۇلىدۇ. شاھمات باشلانغاندا، بۇغا ئالدىدا مېڭىپ، بىر ئىتنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتىدۇ، بۇ بۇغىنىڭ ئىتنى يەۋەتكەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئالدىنى ئىككى ئىت توغرا توسۇۋالغاندا، بۇغا ئۇلارنى سەكرەپ يېيەلمەي، بوش نۇقتىغا قاراپ يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. قولىدا ئىتى بار بىر تەرەپ ھەر قېتىم شاھمات تاختىسىغا بىردىن ئىت قويۇپ، ئىككى ئىت بىللە تۇرغان ھالەتنى پەيدا قىلىشقا تىرىشىپ، بۇغىنىڭ سەكرەپ كېلىپ ئىتنى يەپ قويۇشىنى توسىدۇ ھەم ئۇنىڭ يۆتكىلىشىنى چەكلەيدۇ. قولىدىكى 16 ئۇرۇقنىڭ ھەممىسى تۈگىگەندە ئاندىن شاھمات تاختىسىدىكى ئۇرۇقلارنى ماڭىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە، بۇغا ئىمكانقەدەر سەكرەپ يۈرۈپ ئىتلارنى يېيىشكە، ئىتلار بارچە ئاماللار بىلەن بۇغىنى قورشاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر 24 تال ئۇرۇق (ئىت) نىڭ ھەممە-

سى قويۇلۇپ تۈگىگەندىمۇ، بۇغا ئاۋۋالقىدەكلا ھېچقاداق تۇسالغۇسىز راۋان يۈرۈۋەرگەن، قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆلىدىغان ھالەت پەيدا بولمىغان بولسا، بۇغا ئۇتۇپ چىققان بولىدۇ. بۇغا شاھمىتىدا ماڭىدىغان يول ئۈزۈنىسىغا، توغرىسىغا، شۇنداقلا قىيپاش سىزىلغان سىزىقلار بىلەن كېسىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەردىكى ئىككى «تاغ» بۇغىنى ھەرىكەت قىلىدىغان زېمىن بىلەن تەمىنلەيدىغان بولغاچقا، ئۆزگىرىش ناھايىتى كۆپ، بەك قىزىقارلىق بولىدۇ.

**توققۇز ساراي شاھمىتى** قازاقلارنىڭ شاھمات تۈرىدىكى ئەل ئىچى ئويۇنى. قازاقچە «توققۇز قۇمۇلاق» دېيىلىدۇ. بۇ ئۇششاق تاش ياكى قوينىڭ مايىقى ئورۇق، يەرگە سىزىلغان تەكچىلەر شاھمات تاختىسى قىلىپ ئوينىلىدىغان ئاددىي ھەم قىزىقارلىق شاھمات ئويۇنى. ھازىر ئۇنى قازاقلارنىڭ قورشام دامكىسى، دەپ ئاتايدىغانلارمۇ بار. بۇ خىل شاھمات قازاقلار ئارىسىدا ئەۋج ئالغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قىرغىزلار ئارىسىدا ھەم روسىيەدىكى قارا قالپاق، تۇۋا قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ تارقالغان. توققۇز ساراي شاھمىتىنىڭ ئورۇقى جەمئىي 162 دانە بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىرىدە 81 تالدىن ئورۇق بولىدۇ. شاھمات تاختىسى يەرگە سىزىلغان 18 كىچىك ھالقا (چەمبەر) دىن ھاسىل قىلىنغان بىر چوڭ ھالقا بولۇپ، ھالقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىلغان سىزىق پاسىل (چېگرا) بولىدۇ. ھەربىر يېرىم ھالقا ئىچىدە توققۇزدىن كىچىك ھالقا (ساراي) بولىدۇ. بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن چوڭ ئىككى ھالقىدىن توققۇز ساراي شاھمىتىنىڭ سىرلىق شاھمات تاختىسى ياسىلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ئۆزىنىڭ ئورۇقلىرىنى ئۆز ئوردىسىغا، ھەربىر ئوردىغا توققۇزدىن قىلىپ قويىدۇ. ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئوردىلىرىغا سولدىن ئوڭغا بىردىن توققۇزغىچە نومۇر قويۇلىدۇ. ئورۇقلارنى مېڭىشتىن ئىلگىرى ئىككى ئادەم مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ بەسلىشىش ئارقىلىق كىمنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنى ئويناش ئۇسۇلى تەخمىنەن مۇنداق: ئويۇن ئالدى بىلەن 1 - نومۇرلۇق ئوردىدىن باشلىنىپ، ئوردىدا بىر تال ئورۇق قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغان ئورۇقلار 2 - نومۇرلۇق ئوردىدىن باشلاپ ھەربىر ئوردىغا بىر تالدىن قويۇلىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئۆزىنىڭ ئوردىسىدىن قارشى تەرەپنىڭ ئوردىسىغىچە رەت بويىچە ماڭىدۇ، ئەگەر ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئورۇق قارشى تەرەپنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپ قالغان ھەم جۈپ سان ھاسىل قىلغان بولسا، بۇ قارشى تەرەپنىڭ بىر ئوردىسىنى يەۋەتكەنلىك بولۇپ، بۇ ئوردىدىكى ئورۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز سارىيىغا يۆتكەپ كېتىلىدۇ؛ ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئورۇق ئۆزىنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپ قالغان بولسا ھەرىكەت قىلىشقا بولمايدۇ، ئاندىن قارشى تەرەپ ئۇلاپ ماڭىدۇ. شۇ تەرىقىدە توققۇز ئوردىنىڭ ھەممىسى مېڭىپ چىقىلىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز سارىيىغا يۆتكەپ كىرىلگەن ئورۇق سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاساسەن يېڭىش - يېڭىلىش بەلگىلىنىدۇ. توققۇز ساراي شاھمىتى ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، پەم - پاراسەتكە ئايىنىپلا قالماي، يەنە ماتېماتىكا بىلىملىرىدىن پايدىلىنىشقىمۇ ماھىر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى قازاقلارنىڭ توققۇز ساراي شاھمىتىنى ئويناش ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ، شاھمات تاختىسىنىڭ شەكىللىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزىلىرى بىر - بىرىگە تۇتاش كەتكەن ئىككى قاتار 18 كاتەكچىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

**سەكرەپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى** تاتارلارنىڭ ئەل ئىچى تەنتەربىيە پائالىيىتى. مۇسابىقە تۈپتۈز مەيداندا، ئەر - ئاياللار بىردىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ھالدا ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئارىلىق ئادەتتە 60 مېتىر بولىدۇ. مۇسابىقىلىشىش ئۇسۇلى مۇنداق: مۇسابىقىگە قاتناشقانلار ئاغزىغا ئىچىگە بىر دانە تۇخۇم قويۇلغان قوشۇقنى چىشلەپ يۈگۈرىدۇ. قوشۇقنى جەزمەن ئۇدۇل چىشلەش كېرەك، قىڭغايتىپ جاۋغىيىدا چىشلەشكە بولمايدۇ. رېپىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ ئالغا قاراپ يۈگۈرۈش كېرەك. تۇخۇمنى چۈشۈرۈۋەتمەي تۇرۇپ، ئاخىرقى نۇقتىغا ئەڭ ئالدىدا يېتىپ بارغان ئادەم ئۇتۇپ چىققان بولىدۇ. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا تۇخۇم يەرگە چۈشۈپ كەتسە ياكى تۇخۇمنى قولدا تۇتۇپ يۈگۈرسە نەتىجىسى ئىناۋەتسىز قىلىنىدۇ. بەزىلەر يۈگۈرگەندە يەنە پاچىقىغا بىر كىچىك قۇم خالتىسىنى تېڭىپ يۈگۈرىدۇ.

**خادىغا چىقىش** تاتارلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەل ئىچى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. سورۇن، ئادەم سانى چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئالدى بىلەن بىر سورۇن تاللىنىپ، ئۇ يەرگە بىرقانچە خادا تىكىلىدۇ ۋە سىلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۈستىگە سوپۇن سۈركىلىدۇ. مۇسابىقە باشلانغاندىن كېيىن، مۇسابىقە قاتناشچىلىرى بەس - بەس بىلەن خادىغا يامىشىدۇ، ئەڭ ئالدىدا خادىنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىقالىغانلار ئۇتقان بولىدۇ. پۈتكۈل

پائالىيەت ناھايىتى كۈلكىلىك، كومېدىيىلىك، قىزىقارلىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا ئىنتايىن پايدىلىق.

**بولدۇرسۇن (توم قامچا) (توقمۇق)**

قىرغىزلارنىڭ پادىچىلار ئويۇنى، يەنى كالتەك ئېتىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن قىرغىز چارۋىدارلار پادىچى ياللىغان چاغدا، پادىچىلارنىڭ كالتەك ئېتىش ماھارىتىنى سىناپ كۆرىدىكەن. پادىچىلار كالتەك ئېتىش ھۈنىرىنى ئوبدان ئىگىلەپ، سەركىلەرگە كالتەك ئارقىلىق قوماندانلىق قىلىدىكەن، شۇنداقلا پادا بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا كالتەكنى خاتاسىز، دەل تەگكۈزۈپ، قويغا زىيان يەتكۈزمەي بۆرىنى سوقۇپ ئۆلتۈرىدىكەن. قىرغىز پادىچىلار قوي باققاندا ئىشلىتىدىغان كالتەككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىنى يۇمىلاق قىلىپ قىرىپ سىلىقداپ، ئۈستىنى سېرىق ماي ۋە قويرۇق ياغ بىلەن ياغلاپ ۋال-ۋۇل پارقىراپ تۇرىدىغان قىلىۋېتىدۇ. بەزىلەر تېخى ئۇنى ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ئويۇپ، نەقىش چىقىرىپ، بەئەينى بىر قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمىدەك قىلىۋېتىدۇ. قىرغىزلاردا: «پادىچىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئۇنىڭ پادىچىلىق قىلىدىغان كالتىكىگە قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ»، «پادىچىنىڭ باتۇرى بۆرىگە كالتەك ئاتىدۇ، قورقۇنچاقلار ۋاي دادلاپ قاچىدۇ» دېگەن ماقال بار. بۇ ئىككى ماقال قىرغىز پادىچىلارنىڭ كالتەك ئېتىشقا ئالاھىدە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئويۇندا مۇسابىقە شەخسلەر ۋە گۇرۇپپىلار ئارا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇسابىقە قىلىنىدىغان تۈرلەر مۇنداق: ماھارەت مۇسابىقىسى، يەنى كالتەكنى ئېتىپ، كىمنىڭ كالتىكىنىڭ كۆپ موللاق ئاتقانلىقىغا، يەنە كېلىپ بەلگىلەنگەن ئارىلىققا بارالىغانلىقىغا قاراش؛ كالتەكنى يىراققا ئېتىش مۇسابىقىسى، كالتەكنى ئەڭ يىراققا ئاتالىغانلار ئۇتقان بولىدۇ؛ كالتەكنى نىشانغا دەل تەگكۈزۈش مۇسابىقىسى، ئورتاق كېڭىشىپ بېكىتىلگەن ئارىلىققا تاش، كىيىم - كېچەك، قالپاق قاتارلىق نەرسىلەر نىشان قىلىپ قويۇلۇپ، كالتەكنى ئېتىپ مۇشۇ نىشانلارغا دەل تەگكۈزەلىگەنلەر يەڭگەن بولىدۇ.

**يۇڭ توپ (قاچما توپ)** قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى توپ تۇرىدىكى پائالىيىتى. يۇڭ توپ قوي، كالا يۇڭىدىن پومزەك چوڭلۇقىدا قىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ. توپ مەيدانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدۇ. مەيداننىڭ مەركىزىگە توپ سىزىقى سىزىلىدۇ. توپ تايىقى ياغاچتىن ئورغاق شەكلىدە ياسىلىدۇ. مەيداننىڭ ئىككى چېتىگە پۇتبول ۋارتارنىڭ تورىغا ئوخشاش، ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر كېلىدىغان تور بېكىتىلىدۇ. مۇسابىقە ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپىدا ئىككى ئالدى ھۇجۇمچى، ئىككى ئوتتۇرا ھۇجۇمچى، بىر ۋاراتار بولۇپ، جەمئىي بەش ئادەم بولىدۇ. مۇسابىقىگە ئىككى رېپىرى قويۇلىدۇ. مۇسابىقە قائىدىسى مۇنداق: بىر تەرەپ توپنى ئۇرۇپ مەيداندىن چىقىرىۋەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپ توپ باشلايدۇ. قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا توپ ئارقىغا 10 مېتىر چېكىندۈرۈلىدۇ. قائىدىگە ئالتە قېتىم خىلاپلىق قىلغانلارغا مەيداندىن چىقىرىش جازاسى بېرىلىپ، ئورنىغا باشقا ئادەم ئالماشتۇرۇلىدۇ. مۇسابىقىنىڭ ۋاقىت تەلىپى بولمايدۇ، يېڭىش - يېڭىلىش كىرگۈزۈلگەن توپنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ.

**ئات كۆندۈرۈش** شىنجاڭدىكى قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى پائالىيىتى. يايلاقتىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى ئات مىنىشنى بىلىدۇ، ئەمما ھەممە ئادەمنىڭ ئات كۆندۈرۈشنى بىلىشى ناتايىن. دەسلەپتە تاللانغان ئاتلار سېمىز بولغاچقا چاپالمايدۇ، چاپسا ئاسانلا خېيىمخەتەر يۈز بېرىدۇ. تاللانغان ئاتلارغا يەم نورمىسى بەلگىلىنىپ، نورمىلىق مىقداردا بېقىلىدۇ. بۇنى تېخنىكىلىق بىر ياقلىق قىلىش تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: 1 - باسقۇچ بىرىنچى ئاي بولىدۇ، ئات كۆندۈرۈلۈشكە باشلىغاندا ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ قېتىم قۇدۇق سۈيىدە يۇيۇلىدۇ. 1 - باسقۇچتا ئاتنىڭ ئۈستىگە تۆت قات ئەدىيال يېپىلىپ، ئاستا چاپتۇرۇلىدۇ، 4000 مېتىر ئارىلىققا بېرىپ - كېلىشكە بىر سائەت سەرپ قىلىنىپ، ئات تەرلىتىلىدۇ. 2 - باسقۇچتا، بىر قەۋەت ئەدىيال ئېلىپ تاشلىنىپ، 4000 مېتىر ئارىلىققا بېرىپ - كېلىشكە يېرىم سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىنىدۇ، بۇ چاغدا ئات بىرىنچى قېتىمدىكىدىن كۆپرەك تەرلەيدۇ. 3 - باسقۇچتا، يەنە بىر قەۋەت ئەدىيال ئېلىپ تاشلىنىپ، 4000 ئارىلىققا بېرىپ - كېلىشكە 20 مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلىنىدۇ، ئات قاتتىق تەرلەيدۇ. 4 - باسقۇچتا ئەدىيال ئېلىپ تاشلىنىپ 4000 مېتىر ئارىلىققا راسا قاتتىق چاپتۇرۇلۇپ، ئات بەيگىگە چۈشىدىغانغا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. ئات تەرلىگەندە، ئاتنىڭ تەرى تۇزلۇق ياكى تۇزلۇق ئەمەسلىكىنى ئېغىز بىلەن تېتىپ بېقىش كېرەك، تەردە تۇزلۇق تەم بولمىسا ئات

كۆنگەن بولىدۇ؛ ئەگەر تەردە تۈزلۈق تەم بولسا، ئاتنى يەنە تەردە تۈزلۈق تەم بولمىغۇچە ۋە 4000 مېتىرغا چاپقاندا تەر چىقمايدىغان بولغۇچە چېنىقتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئات كۆنگەندە يەنە قول بىلەن ئۇنىڭ مۇسكۇللىرىنى تۇتقاندا، قاتتىق، مونەك بىلىنىدۇ؛ تېزىكى قۇرغاق، قاتتىق، يۇمىلاق شاردەك بولىدۇ؛ قورسىقى ئىچىگە تارتىلىدۇ. ئۇبدان كۆنگەن ئات ئادەتتە سۇغۇرۇلمايدۇ، ئۇنىڭغا سۇ بەرسىمۇ سۇغا تۇمشۇقىنى تەگكۈزۈپ قويۇپلا، سۇنى پۈركۈپ چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇبدان كۆندۈرۈلگەن ئاتنى سۇۋەتلىك، يەم-بوغۇزلار بىلەن، مەسىلەن، بىدە، سۇلۇ بىلەن باققاندا، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يېرىم ئاي ئىچىدە بەيگىگە قاتنىشالىغۇدەك بولىدۇ.

**سالما تاشلاش** شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ پەم-پاراسەت، باتۇرلۇق تەلەپ قىلىدىغان جەددىي ھەم شىددەتلىك ئەنئەنىۋى ئات ئۈستى پائالىيىتى. يايلاقتا مەيلى بەيگە، ئات كۆندۈرۈش ياكى ئات يايلى قىرقىش، قۇيرۇقىنى كېسىش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى سالما



سالما تاشلاش

تاشلاشتىن ئايرىلالمايدۇ. سالما تاشلاش يايلاقتا، باتۇرلارنىڭ ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاچچىقى يامان، شاش ئاتلارنى سالما سېلىپ تۇتۇپ كۆندۈرۈش ئۈچۈن، ئالاھىدە يۇقىرى ئات مىنىش ماھارىتى ۋە باتۇرلۇق بولمىسا بولمايدۇ. ھەر قېتىم سالما تاشلاپ ئات تۇتۇشقا توغرا كەلگەن كۈنلەردە، چارۋىچىلار خۇددى بايرام بولغاندەك ئۇلۇشۇپ تاماشا كۆرىدۇ. سالما تاشلاش ئۇسۇلى مۇنداق: سالما تاشلايدىغان چەۋەنداز ئاتقا مىنىپ، قولىغا، ئۇچىغا جانلىق ھالقا چىقىرىلغان ئون نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاسما ئارغامچىنى ئېلىپ، نىشانلانغان ئاتنى قوغلايدۇ. ئاتنى قوغلاپ مەلۇم ئارىلىققا يەتكەندە قولىدىكى تاسما ئارغامچىنى سالماقلىق بىلەن دەل قىلىپ ئاتنىڭ بويىنىغا تاشلايدۇ. ئۇبدان سالمىچى ئارغامچىنى بىر - ئىككى قېتىم تاشلاپلا ئاتنىڭ بويىنىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئارغامچىنىڭ ھالقىسى ئاتنىڭ بويىنىغا چۈشكەن ھامان ئارغامچا چىڭ تارتىلىدۇ - دە، ھالقا ئاتنىڭ بويىنىنى چىڭ بوغۇۋالغانلىقتىن، ئات چاپچىپ ئالدى پۇتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تېپچەكلەيدۇ، بۇ چاغدا تېزلىك بىلەن كېلىپ، ئاتقا ئۇقتا سېلىنىدۇ، ئات تۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن، سالمىچى دەرھال بۇ ئېگەرسىز ئاتقا سەكرەپ مىنىۋالىدۇ، بۇ چاغدا ئات جان-جەھلى بىلەن تىركىشىپ، سەكرەپ قاچىدۇ، يايلىنى تاڭ قىلىپ، ئالدى پۇتنى كۆتۈرۈپ، چاپچىيدۇ، تېپچەكلەيدۇ، ئەمما ئۇ قانداقلا قىلغىنى بىلەن سالمىچىدىن قۇتۇلالمايدۇ. كۆندۈرۈلىدىغان ئات مۇشۇ تەرىقىدە قاتتىق تىركىشىپ، ھېرىپ، قارا تەرگە چۆكۈپ كېتىدۇ، توختىغاندىن كېيىن بولسا، ھە دەپ تۇمشۇقىنى يەرگە سۈركەيدۇ ۋە ئاخىرىغا بېرىپ كۆنۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىرەر كۆندۈرۈلمىگەن شاش ئاتنى سالما سېلىپ تۇتۇش ئۈچۈن، بىرنەچچە پالۋان ئەڭ ياخشى ئاتلارنى مىنىپ، نۇرغۇن قېتىم قوغلايدۇ، نۇرغۇن قېتىم سالما تاشلاپ، ئۇنى ئاندىن تۇتۇپ كۆندۈرىدۇ.

**بۇمۇك** موڭغۇللارنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئەل ئىچى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. بۇمۇك كالا ياكى قوينىڭ دوۋسىقىنى پۈۋلەپ، ئۇنى شار شەكلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ ۋە پۇتنىڭ ئۈستى دۈمبىسى بىلەن تېپىپ ئوينىلىدۇ. ئۇ خۇددى تەپكۈچ تېپىپ ئوينىغانغا ئوخشاش ئويۇن بولۇپ، تېپىپ ئوينىغاندا بىر پۇتتا تېپىش، ئىككى پۇتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېپىش، سەكرەپ تاپاننىڭ سوڭى بىلەن تېپىش دېگەندەك نۇرغۇن ئويناش ئۇسۇللىرى بار. بۇمۇك تېپىش مۇسابىقىسىدە، ئاساسلىقى تېپىش ئېگىزلىكى سېلىشتۇرۇلىدۇ، يەنە كېلىپ ئېگىزلىك ئۆلچىمى بەلگىلەنمەيدۇ، مۇسابىقىگە قاتناشقانلاردىن ئۇنى ئەڭ ئېگىز تېپەلىگەنلەر ئۇتۇپ چىققان بولىدۇ. بۇمۇك دوۋساقتىن ياسالغان، يېنىك بولغاچقا، توغرا تەپكىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئاسان يېرىلىپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇمۇك كېيىن تېرىدىن تىكىلىپ، ئىچىگە قوي، كالا يۇڭلىرى تىقىلاتتى. ھازىر بۇمۇك ئورنىغا پۇتبول، ۋالىبوللار ئىشلىتىلىدىغان بولدى.

**تاش توپ تېپىش** موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەل ئىچى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. ئەل ئىچىدىكى تاش توپ ئويۇنى مۇنداق ئوينىلىدۇ: ئىككى تاش توپ ياكى پومزەك يەتتە - سەككىز مېتىر ئارىلىقتا بىردىن قويۇلىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقانلار ئۇنى رەت بويىچە كېلىپ تېپىدۇ، توپنى قارشى تەرەپنىڭ توپىغا تېپىپ تەگكۈزگەنلەر ئۇتقان بولىدۇ ھەم تېپىپ تەگكۈزگەن قېتىم

سانى ھېسابلىنىپ، كۆپ نومۇر ئالغانلار ئۇتقان بولىدۇ. تېپىش ئۇسۇلى پۇتبولغا ئوخشاپ كېتىدۇ. پۇتىنىڭ ئىچى، يان تەرىپى بىلەن تېپىش، سول پۇتنى ئالدىغا بىر قەدەم چىقىرىپ، ئوڭ پۇت بىلەن تېپىش؛ ئوڭ پۇتنى ئالدىغا بىر قەدەم چىقىرىپ، سول پۇت بىلەن تېپىش دېگەندەك ئۇسۇللىرى بار. ھازىر بۇ ئەل ئىچى ئويۇنى پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى. ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى 30 مېتىر كېلىدىغان چاسا جاي مۇسابىقە مەيدانى قىلىنىپ، مەيدانىڭ تۆت بۇرجىكىدىن ئىككى مېتىر يىراقتىكى يان سىزىقتا بىردىن چوڭلۇقى 10 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق كامار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سائەتنىڭ تەتۈر يۆنىلىشى بويىچە 1، 2، 3، 4 دەپ نومۇر قويۇلىدۇ. ھەربىر كامارنىڭ ئالدىدىكى بەش سانتىمېتىر كېلىدىغان جاي چەكلەش سىزىقى بولىدۇ. مەيدان بۇرجەكلىرىنىڭ كېسىشىش سىزىقىنىڭ مەركىزىگە توملۇقى ئىككى سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان تۈۋرۈك ئورنىتىلىدۇ. 1 ـ نومۇرلۇق، 4 ـ نومۇرلۇق كامار تۇرۇشلۇق يان سىزىقنىڭ بىر مېتىر كېلىدىغان يېرىگە ئويۇن باشلاش سىزىقى سىزىلىدۇ. تاش توپلارنىڭ چوڭلۇقى بەش سانتىمېتىر بولۇپ، جەمئىي ئالتە دانە بولىدۇ، توپلار ئاق، قىزىل ئىككى خىل رەڭدە بولۇپ، قىزىلغا جۈپ، ئېقىغا تاق قىلىپ رەت نومۇرى سېلىنىدۇ. مۇسابىقىگە چۈشكەندە، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسىسىدىن ئۈچ نەپەر ئادەم، بىردىن ئاق، قىزىل توپلارنى ئېلىپ، ئويۇن باشلاش سىزىقىغا قويىدۇ. ئويۇننى قىزىل 1 ـ نومۇر باشلاپ، توپنى پۇتىنىڭ ئالدىنقى ئالىقىنى بىلەن 1 ـ نومۇرلۇق كامارغا قاراپ سىيرىلدۇرىدۇ. توپنى ئۇدا ئىككى قېتىم سىيرىلدۇرۇشقا بولىدۇ، توپنى سىيرىلدۇرۇپ، ئىككىلا قېتىمدا كامارغا كىرگۈزەلمىسە، توپ باشلاش سىزىقىغا قايتۇرۇپ كېتىدۇ. ئارقىدىن ئاق تەرەپنىڭ 2 ـ نومۇرى توپنى سىيرىلدۇرىدۇ، ئويۇن مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر توپ 1 ـ نومۇرلۇق كامارغا كىرسە، توپنى كامار ئالدىدىكى چەكلەش سىزىقىغا قويۇپ قويۇپ، توپنى داۋاملىق 2 ـ نومۇرلۇق كامارغا قاراپ سىيرىلدۇرىدۇ، 2ـ، 3ـ، 4 ـ نومۇرلۇق كامارلارغا كىرمىگەن توپنىڭ ھەرقانداق بىرىنى سىيرىلدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر توپنى كىرگۈزەلمىسە، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر توپنى تاللاپ داۋاملىق تۆردە تۆۋەندىكى كامارلارغا سىيرىلدۇرۇشقا بولىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ توپىنى بولسا كامارىدىن يىراق جايغا تېپىۋېتىپ، مۇسابىقە جەريانىنى ئۇزارتسا بولىدۇ. ھەممە توپلار رەت بويىچە كامارغا كىرگۈزۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئاندىن مەركىزى تۈۋرۈكنى نىشانلاپ تېپىشكە بولىدۇ. ھەممە توپنى تەگكۈزگەنلەر ھەم ئۈزۈپ چىققانلار يەڭگەن ھېسابلىنىدۇ.

**چوقماق (بولو) ئېتىش** بولو موڭغۇللارنىڭ ئۇۋ ئەسۋابى ۋە قوغدىنىش قورالى. بولونىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر، ئۇچى ئەگرى بولۇپ، ئەگرى كالتەكلىك توپ كالتىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان ۋە تۈلكە قاتارلىق ئۇچۇۋقاناتلارنى ۋە ھايۋانلارنى ئۇۋلىغىلى بولىدۇ. ئۇرۇپ بىھوش قىلىنغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ تېرىسى پۈتۈن بولىدۇ. يالغۇز ئۇۋغا چىققاندا ياكى ھايۋانلارنى بىرقانچە ئادەم قورشاپ تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ قەدىمكى زاماندىكى ئۇۋ ئوۋلاش تۇرمۇشىدىن كېلىپ چىققان. ئۇۋ غەنىيمىتىگە دەل، توغرا تەككۈزۈش ئۈچۈن بولو ئېتىش ماھارىتىنى پىششىق ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇۋچىلار ئادەتتە بولونى دەل، توغرا ۋە يىراققا ئېتىشنى مەشىق قىلىشقا دىققەت قىلىدۇ ھەم ھەمىشە ئۆزئارا سىنىشىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەدرىجىي ھالدا مۇسابىقە تۈرى بولۇپ شەكىللەنگەن ھەم بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋاستىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ بىلەك كۈچىنى ۋە چاققانلىق، چەبدەسلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى ساپاسىنى چېنىقتۇرۇشتا مەلۇم پايدىسى بار. بولو ئېتىش مۇسابىقىسى يىراققا ئېتىش ۋە دەل جايغا تەگكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. بولونى دەل جايغا تەگكۈزۈپ ئېتىش يەنە ئاتلىق توغرا ئېتىش ۋە يەردە توغرا ئېتىش دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. بولو 250 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چاسا، تۈز مەيداندا ئېتىلىدۇ، مەيداننىڭ بىر چېتىگە ئېتىش سىزىقى سىزىلىدۇ. مۇسابىقىدە بولونى يىراققا ئاتالىغانلار ۋە دەل جايغا تەگكۈزگەنلەر ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ.

**ئارقان تارتىش** قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇنى. بۇ جايلاردىكى، ئادەتتىكى ئارغامچا تارتىشقا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: بىر تۈز جاي تاللىنىپ، يەرگە يۇمىلاق چەمبەر سىزىلىدۇ. پائالىيەتكە قاتنىشىدىغان ئادەم سانىغا ئاساسەن، تەڭ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. بىر گۇرۇپپا ئادەم چەمبەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ، چەمبەرنىڭ سىرتىغا قاراپ، يۇمىلاق چەمبەر شەكلىدە تىزىلىپ تۇرىدۇ؛ يەنە بىر

گورۇپپا ئادەم چەمبەرنىڭ سىرتىدا يۈزىنى چەمبەر ئىچىدىكىلەرگە قارىتىپ تىزىلىپ تۇرىدۇ. چەمبەرنىڭ ئىچى - سىرتىدىكىلەر ئۆز ئارا بىر - بىرىنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرۇشىدۇ. رىياسەتچى، بىر، ئىككى، ئۈچ، باشلانسۇن! دەپ بۇيرۇق قىلغان ھامان، چەمبەرنىڭ ئىچى - سىرتىدىكىلەر بىر - بىرىنى كۈچەپ تارتىشىدۇ. ئەگەر چەمبەرنىڭ ئىچىدە تۇرغانلار چەمبەرنىڭ سىرتىدا تۇرغانلارنى تارتىپ چەمبەر ئىچىگە ئەكىرىۋالالىسا چەمبەرنىڭ ئىچىدىكىلەر ئۇتقان بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئۇتتۇرغان بولىدۇ. بۇ خىل تەنتەربىيە ئويۇنى كۆپىنچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**دولىسىدا كۆتۈرۈش** قىرغىزلارنىڭ كۈچ سىنىشىش ئويۇنى. ئارقىچىلاپ كۈچ سىنىشىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇسابىقە گورۇپپىلار بويىچە ۋە شەخسلەر ئارا ئىككى خىلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇسابىقە باشلانغاندا، ھەرقايسى تەرەپتىن بىردىن ماھىر ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۈمبىسىنى دۈمبىسىگە يېقىپ، بىلەكلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە قارشى تەرەپنى دۈمبىسى بىلەن كۆتۈرىدۇ، كۆتۈرەلمەي قالغان تەرەپ ئۇتتۇرغان بولىدۇ.

**بويۇنغا يوتا سېلىپ كۈچ سىنىشىش** ئۇيغۇر، شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ياقتۇرىدىغان بىر تۈرلۈك ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇنى. مۇسابىقىدە ئىككى ئادەم بىر - بىرى بىلەن كۈچ سىنىشىدۇ، مەيدان ۋە ئەسۋابقا يۇقىرى تەلەپ قويۇلمايدۇ. مۇسابىقە باشلانغاندا، ئىككى تەرەپ تاپانلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىپ، پۇتىنى تۈز سۇنغان ھالدا يەردە ئولتۇرۇپ ئۇچى چىگىلگەن كەڭ يوتىنى بويۇنلىرىغا كىرگۈزۈپ، ئىككى قولىنى بېلىگە تېرىگەن ياكى يوتىسىغا قويغان ھالدا، بويىنى بىلەن كۈچەپ تۇرۇپ، ئارقىغا داجىپ قارشى تەرەپنى تارتىدۇ ۋە قارشى تەرەپنى تارتىپ ئورنىدىن قوزغاتقان تەرەپ ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن ئاچارىسى ئېچىلىپ كەتكەن، تىزى پۈكۈلگەن، يانغا يىقىلىپ چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇتتۇرغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ مۇسابىقىنى ئادەم كۆپ سورۇنلاردا ياكى ئېتىز بېشىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ پۇتنىڭ پەيلىرىنى ۋە بويۇننىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشتا پايدىسى بار.

**توقماق تارتىش** ئۇيغۇر، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر ياقتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى كۈچ سىنىشىش ئويۇنى. بۇ ھەرىكەت شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بىرقەدەر ئومۇملاشقان. بۇ ئويۇننىڭ تىركىشىش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، قىزىقارلىق بولۇپ، سورۇن، سايمان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. قاتنىشىدىغان ئادەم سانىمۇ چەكلەنمەيدۇ، ئېلىپ بېرىشقا ئەپلىك، ھەتتا ئېتىزدا ئەمگەك قىلىۋېتىپ، ئارام ئالغان چاغدىمۇ مۇسابىقە قىلىشقا بولىدۇ. مۇسابىقە شەخسلەر ئارا ۋە كوللېكتىپلار بويىچە دېگەن ئىككى خىلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇسابىقىلىشىش ئۇسۇلى: مۇسابىقىگە چۈشكەن ئىككى تەرەپ يەردە ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى تۈز سوزۇپ، تاپانلىرىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزگەن ھالدا ئۇزۇنلۇقى 70—80 سانتىمېتىر، توملۇقى بەش سانتىمېتىرچە كېلىدىغان بىر تال توقماقنى چىڭ تۇتۇشىدۇ. رىبېرى بۇيرۇق بەرگەن ھامان، ئىككى تەرەپ پۇت - قولىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، توقماقنى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى يۆنىلىشتە تارتىشىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپنى تارتىپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن ياكى توقماق قولىدىن چىقىپ كەتكەن تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ. كوللېكتىپ مۇسابىقىدە ئادەم سانى تەڭ بولۇپ، نومۇر خاتىرىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، كۆپ نومۇر ئالغان تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ.

**بازار** شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەھەرلەر، يېزىلاردىكى يەرمەنكە، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئاممىسى تاۋار سودىسى قىلىدىغان، مال ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم سورۇن. ھازىر بۇ ھەر كۈنى بولىدىغان بازارلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولدى. شىنجاڭدىكى بازارلارنىڭ سودىسى تۇرمۇشقا قولايلىق بولۇش، سودا جانلىق بولۇش، مۇلازىمىتى ئەلا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزۈندىن بۇيان بارغانسېرى گۈللەنمەكتە. بازار سودىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان سودا شەكلى بولۇپ قالدى.

بازارلار ئادەتتە شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ۋە يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان بولۇپ، قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ بويىغا، بازارلارغا ياكى شۇ جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە جايلاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا جەمئىيىتىدىكى بازارلار يېزا بازىرى ۋە ناھىيە بازىرى دەپ ئايرىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىر ناھىيىدە بىرنەچچىدىن ئون نەچچىگىچە بازار بار بولۇپ، ئادەتتە يېزىلاردىكى بىر كۈن ئىچىدە بېرىپ - كەلگۈچە بولغان ئارى-

لىقتا (ئۇلاغ هارۋىلىرىنىڭ مۇساپىسى بويىچە هېسابلى-
غاندا) بىردىن مۇقىم بازار بار. ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئاۋات
بازارلارنىڭ تولىسى ناهىيە بازىرىدىكى بازارلاردىن ئىبا-
رەت. بازارلارنىڭ تولىسى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان شە-
كىللەنگەن. يەنە بەزىلىرى بولسا، شۇ جايلاردىكى ئىق-
تىسادنىڭ تەرەققىياتىغا يانداش ياكى مەمۇرىي رايونلار-
نىڭ قۇرۇلۇشىغا ياندىشىپ هالدا پەيدىنپەي شەكىللەن-
گەن. بازارلارنىڭ تولىسى تىجارەت مەزمۇنى، يەرمەنكە
بولىدىغان كۈن، ئورۇن ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلارغا
ئاساسەن نام ئالغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قو-
يۇلغاندىن بۇيان، جايلاردىكى نۇرغۇن بازارلار «شياڭ-
گاڭ بازىرى» دېگەن چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتالماقتا.
بازار سودىسىنىڭ سۇبيېكتى دېھقانلاردىن ئىبارەت. ئۇ-
لار بازارلاردا ئۆز ئۆيلىرىدە ئىشلەپ چىقارغان دېھقانچى-
لىق ۋە قول هۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدۇ، ئاندىن
كېيىن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش
ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىپ قايتىدۇ. سودا قىلىشقا
ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بىر- بىرىگە قوشنا ۋە يېقىن
بولغان بازارلارنىڭ بازار كۈنلىرى ئادەتتە بىر - بىرى
بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالمايدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇل-
غان. مەسىلەن، «يەكشەنبە بازار»، «دۈشەنبە بازار»
دېگەندەك. ئادەتتە بازارلاردا سودا بولمايدۇ، شۇڭا يەتتە
كۈندە بىر بولىدىغان بازار ناهايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنى
ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بازار كۈنلىرى شەھەرلەردىكى
بازارلارغا كېلىدىغان ئادەم سانى 10 مىڭدىن؛ يېزا
بازارلىرىغا كېلىدىغان ئادەم 4 ـ 5 مىڭدىن ئېشىپ
كېتىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىن ئەتراپلاردىن كېلىدىغان سودى-
گەرلەر، بازارچىلار قوشۇلسا ئادەم سانى نەچچە ئون
مىڭغا يېتىدۇ.

**نادام بايرىمى** موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى كاتتا
ئايەم مۇراسىمى. «نادام» موڭغۇلچە «كۆڭۈل ئېچىش»،
«ئويۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. نادام بايرىمىنىڭ تارىخى
ناهايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان
«ئاۋباۋ» خاتىرە مۇراسىمىدىن كەلگەن. «ئاۋباۋ» تاش-
لارنى دۆۋىلەش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئۇ ئەسلىدە يول
ياكى پاسىل بەلگىسى بولۇپ، كېيىنچە خاتىرىلەش مۇ-
راسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالغان.
ئەڭ دەسلەپتە ئۇ دىنىي تۈسكە ئىگە ئىدى. ئاۋباۋدا
تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئامان - ئېسەن-
لىك، مال - دۇنيا، بەخت - سائادەت تىلەپ قىلىناتت-
تى. ئاۋباۋ تەزىيە مۇراسىمى ئادەتتە دېھقانلار كالېندا-
رى بويىچە 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ئۆتكۈزۈلەتتى.
مۇراسىم مەزگىلىدە مالچىلار بالا - ۋاقىلىرىنى ئېلىپ
كېلىپ، ۋاقىتلىق موڭغۇل چېدىرلىرىنى قۇراتتى،
تاش تېرىپ كېلىپ ئاۋباۋغا دۆۋىلەپ قوياتتى. قامغاق
ياكى سۆگەت شاخلىرىنى ئۈستىگە قاداپ، خاداغا سى-
ۋول قىلىنغان قىزىل، ئاق، سېرىق ئۇزۇن لاتا لېنتى-
لارنى ئۇنىڭغا باغلاپ قوياتتى. بۇددا لامالىرى كۈجە
كۆيدۈرۈپ، چىراغ يېقىپ ئىسرىق سېلىپ، بۇددا شە-
نىگە مەدھىيىلەرنى ئوقۇپ، ئىلاھتىن پاناھلىق تىلەپ
قىلىشاتتى، شۇنداقلا يەنە بەزى تەنتەربىيە، كۆڭۈل
ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزەتتى هەم قوي سويۇپ،
شورپا تەييارلاپ، كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزەتتى. بىر سو-
رۇنغا جەم بولغان ئادەملەر شادلىققا تولۇپ، ناخشا ئېي-
تىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، كېچىنى تاڭغا ئۇلاشتۇرۇۋې-
تەتتى. موڭغۇللارنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ
ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئاۋباۋدىكى تەزىيە مۇراسىمىنىڭ
خاراكتېرى ۋە شەكلىدىمۇ ئاز تولا ئۆزگىرىش بولۇپ،
دىنىي تۈس سۇسلاشتى، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى
كۆپەيدى. ئۇ بارا - بارا نادام يىغىلىشى بولۇپ ئۆزگى-
رىپ، مول - هوسۇلنى تەبرىكلەيدىغان ۋە چارۋىچىلىق
ئىگىلىكىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى قۇتلۇقلايدىغان كاتتا ئا-
يەم مەرىكىسىگە ئايلاندى. نادام بايرىمى هەر يىلى هاۋا
ئىللىق، ئوت - چۆپلەر ۋايىغا يېتىپ، يايلاق ياپيېشىل
چىمەنلىككە ئايلانغان، ئات - كالىلار تولۇمدەك سەمرى-
گەن ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا
مالچىلارمۇ تۆل ئېلىپ پاقلان - قوزىلارنى بېقىشتەك
جىددىي خىزمەتتىن بوشىغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار
مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، يار-
بۇرادەرلىرى بىلەن بىر سورۇنغا جەم بولۇپ، قانغۇچە
مۇڭدىشىپ، بىر - بىرىنى تەبرىكلەيدۇ؛ ياشلار بولسا
تاغلارغا چىقىپ سەيلە قىلىشىپ، سۆيگۈ - مۇھەببەت
ئىزهار قىلىدۇ. مۇراسىم مەزگىلىدە تەرەپ - تەرەپتى-
كى چارۋىچىلار ئايەملىك كىيىملىرىنى كىيىشىپ،
بەس - بەس بىلەن هارۋىلىق ۋە ئاتلىق هالدا بىر -
ئىككى يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىن كېلىپ، يايلاقتا بولى-
دىغان بۇ كاتتا يىغىلىش مەرىكىسىگە قاتنىشىدۇ. بۇ
چاغدا، يايلاقتا كېگىز ئۆيلەر يۇلتۇزدەك قاتار تىكى-
لىپ، ئادەتتە تىمتاس بولىدىغان يايلاقتا بىردىنلا باي-
راق، تۇغ، ئەلەملەر لەپىلدەپ، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ -
چۇڭلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ياڭراپ، ئاجايىپ
قايناپ كېتىدۇ. مۇراسىم مەزگىلىدە بەيگە، چېلى-
شىش، ئوقيا ئېتىش، ئارغامچا تارتىش قاتارلىق تەن-
تەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ناخشا- ئۇس-
سۇل، ئېيتىشىش نومۇرلىرى ئوينىلىدۇ، تۈرلۈك

كۆرگەزمىلەر ئېچىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە مال ئالماشتۇرۇش قاتارلىق سودا پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. موڭغۇللار يەنە ئۆزئارا بىر - بىرىنى مېھمانغا چىللاپ، شاراب ئۇتۇپ بەخت تىلىشىدۇ. چوڭ تىپتىكى نادام يىغىلىشلىرىغا نەچچە تۈمەنلەپ ئادەم قاتنىشىدۇ. ئادەتتە پائالىيەت ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ. بەكمۇ داغدۇغىلىق بولىدۇ. ھازىر ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈزەل سايرام كۆلى بويىدا، بايىنبۇلاق يايلىقىدا، قوبۇقسار يايلىقى قاتارلىق جايلاردا ئۈچ كۈندىن بىر ھەپتىگىچە نادام يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**ئات ئۇستى بازىرى** كۆچمە، سەييارە سودىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. ئاۋارلار ئاتقا ئارتىلىپ، مال سەييارە سېتىلىدىغان بولغاچقا مانا شۇنداق دەپ ئاتالغان. قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ تولىسى قاتناش لىنىيىلىرىدىن يىراق، چەت - ياقا تاغلىق رايونلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تۇرىدىغان، شۇنداقلا كۆچۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بىر قىسىم رايونلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشى ۋە ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلارنى سېتىشى ئىنتايىن قولايسىز ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرى سەييارە مال سېتىش پائالىيىتىنى پائال يولغا قويۇپ، مالنى چەت - ياقا تاغلىق رايونلارغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ۋە سودا تور نۇقتىلىرى ناھايىتى ئاز بولغان رايونلاردىكى يېزىلارغا يەتكۈزۈپ بەردى، شۇنداقلا مالنى ئىشىك ئالدىلىرىغىچە ئېرىپ سېتىپ، چەت - ياقا، يىراق رايونلاردىكى دېھقانلارغا، چارۋىچىلارغا ئىنتايىن ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. كۆچمە سودا شەكلى، ئادەتتە مۇقىم سەييارە، گۇرۇپپا ۋە ۋاقىتلىق (ياكى پەسىل خاراكتېرلىك) سەييارە گۇرۇپپا دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. نۇرغۇن يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇقىم سەييارە سودا تەشكىلىي خادىمى ۋە مۇقىم سەييارە لىنىيەسى بار بولۇپ، ئۇلار ئىش تەقسىماتىدىكى رايون دائىرىسىدە پۈتۈن يىل بويى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدۇ. ۋاقىتلىق (ياكى پەسىل خاراكتېرلىك، ھېيت - ئايەم، بايرام خاراكتېرلىك) سەييارە گۇرۇپپىلارنىڭ مۇقىم تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە خادىمى بولمايدۇ، مۇقىم رايونىمۇ يوق، ئۇلار پەسىل ياكى ۋاقىتلىق ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئادەملەرنى ۋاقىتلىق تەشكىللەپ، يېزىلاردا مال سېتىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇنداق سودا شەكلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئىگە.

**چاغان** شىنجاڭدا چاغان خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كاتتا بايرىمى بولۇپلا قالماستىن، موڭغۇل، شىبە، مانجۇ، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ كاتتا بايرىمى ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇللار چاغاننى «چاغان»، يەنى «ئاق ھېيت» دەيدۇ. موڭغۇللار كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى قارشى ئېلىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، چاغاننى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 - ئايدىن باشلاپلا يېمەكلىك، ئىگىن، تەزىيە مۇراسىمىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشقا كىرىشىدۇ. ھارپا كېچىسى، ياشانغانلار پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، بۇدداغا كاتتا سالام - تەزىم قىلىدۇ، كۆجە كۆيدۈرۈپ، چىراغ يېقىپ ئىسرىق سالىدۇ، ئالدىغا تاۋاپ تائامى سۈپىتىدە قوي، كالا گۆشلىرىنى ۋە سۈتتىن ياسالغان يېمەكلىكلەرنى تىزىپ قويىدۇ؛ ئاندىن ئاتا - بوۋىلىرىغا تەزىيە بىلدۈرىدۇ. كەچلىك تاماقتا، پۈتۈن ئۆيدىكىلەر بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ گۆش، جۇۋاۋا يەيدۇ. تاماقتىن ئىلگىرى، كىچىكلەر ياشانغانلارغا قەدەھ تۇتۇپ سەجدە قىلىدۇ، چوڭلار بولسا كىچىكلەرگە بەخت تىلەيدۇ. شىنجاڭدىكى موڭغۇللاردا يەنە مۇنداق بىر ئادەت بار، بىر چارۋىچىلىق كەنتىدىكى كىچىكلەر ھاراق - شاراب، خادالارنى ئېلىپ بېرىپ، ياشانغان ئاقساقاللارغا 30 قېتىم تەزىم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھارپا ئاخشىمى قوي، كالىلارنىڭ گۆشىنى يەپ بولغاندىن كېيىن يانپاش سۆڭەكنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئىلىكىنى پۈتۈن ئۆيدىكىلەر بۆلۈشۈپ يەيدۇ. بۇ جىن - شاياتۇنلارنىڭ پاچىقىنى چېقىپ تاشلاپ، جىن - ئەرۋاھلارنى قوغلىۋېتىش، كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ھارپا كېچىسى، ھەممە ئۆينى خۇش پۇراق كۆجە ھىدى، ھاراق - شارابلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى قاپلاپ، شام - چىراغلار پارلىداپ يېنىپ، ناخشا - ئۇسسۇل ساداسى ئەۋجىگە چىقىپ، قويۇق ئايەم، شادلىق كەيپىياتى ھۆكۈم سۈرىدۇ. چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئالدى بىلەن ئاتا - بوۋىلارنىڭ روھى يوقلىنىپ، تەڭرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدۇ. ئاندىن ھېيتلاش باشلىنىپ، ھېيتلاش، پەتە قىلىش چاغان ئېيىنىڭ 30 - كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ. شىبەلەرمۇ

چاغان قىلىدۇ. كونا ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بۇ بىر كۈندە ھەممە ئۆيلەر چوشقا، قوي سويىدۇ. ئاياللار بولدۇرۇق خېمىردا ۋە پېتىر خېمىردا پوشكال سالىدۇ. قوتۇرماچ، گوكەي نانلارنى پىشۇرىدۇ. قوي، كالا گۆشلىرىنى پىشۇرۇپ، قورۇما تەييارلايدۇ. ياشلار بولسا ئەتىگەندىلا تۇپراق بېشىغا بېرىپ، قەبرە ئۈستىدىكى قارلارنى سۈپۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇرۇق- تۇغقانلارغا، چوڭلارغا ھېيتلىق سوۋغا ئاپىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. كەچتە، بىر ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر داستىخانغا يىغىلىپ، جەم بولۇش تامىقى يەيدۇ. تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى، ئائىلە باشلىقلىرى ئۆيدىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ روھىنى يوقلايدۇ، يەر مۇئەككىلىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بۇ 30 تەزىم دەپ ئاتىلىدۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، ئائىلىدىكى ئەرلەر ئائىلە باشلىقىنىڭ باشلىشى بىلەن شۇ جەمەتنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسى ساقلانغان ئۆيگە بېرىپ، يۇرۇن ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىغا كۆجە يېقىپ، ئىسرىق سېلىپ، سەجدە قىلىدۇ. كىچىكلەرگە شۇ جەمەتنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدۇ، بۇ نەسەبنامىغا ھۆرمەت قىلىش دېيىلىدۇ. ئارقىدىن بارلىق ياشانغانلارغا تەزىم قىلىدۇ. ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى گۆش چاناپ، قىيما تەييارلاپ جوۋاۋا تۈگىدۇ. قىزلار بىلەن بالىلار بىرلىكتە گارچۇك ئويۇنى ئوينايدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى سەھەردىلا جوۋاۋا پىشۇرۇپ يەيدۇ. ئاندىن ئاتائانىلار بالىلىرىنى ئېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ، دوست ـ يارەنلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە پەتىلەشكە، ھېيتلاشقا ماڭىدۇ.

**قۇربان ھېيت** ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىلىك ھېيتى. قۇربان ئەرەب تىلىدىن ئېلىنغان سۆز بولۇپ، «قۇربانلىق قىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قۇربان ھېيت بىلەن روزى ھېيت ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى چوڭ ھېيتى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قۇربان ھېيت بولىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرى دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پەرزىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئەڭ ئاخىرقى كۈنى (يەنى 12ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى) قوي، كالا سويۇلۇپ، ھېيت تەبرىكلىنىدۇ. بۇ دەل روزى ھېيتتىن كېيىنكى 70 ـ كۈنگە توغرا كېلىدۇ. قۇربان ھېيتتا مال سويۇپ، قۇربانلىق قىلىش ئەسلى ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىگە ئاللاتائالا زاھىر بوپتۇ، ئاللا ئۇنىڭغا مىلاد تېغى جىلغىسىغا بېرىپ، ئوغلى ئىسمايىلنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئاللا يولىدا قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، ئارزۇلۇق ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئاللا پەرىشتىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىر كۆك قوچقارنى ئەۋەتىپ، ئاللا سىنىڭ ئاللاغا بولغان ساداقىتىڭنى مەقبۇل



قۇربان ھېيت

كۆردى، ئەمدى كۆك قوچقارنى ئۇنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق قىلغىن، دەپتۇ. مۇشۇ رىۋايەتكە ئاساسەن، ئەرەبلەر ئارىسىدا ھەر يىلى مال سويۇپ قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەت بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ھېيتىغا ئايلانغان. ئىسلام دىنى كالېندارى بىلەن ھازىرقى مىلادىيە كالېندارى ئوتتۇرىسىدا 11 كۈنگە يېقىن پەرق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادىيە كالېندارىدىكى ھەر يىلقى قۇربان ھېيتنىڭ ۋاقتى مۇقىم ئەمەس. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، ھېيتتىن ئىلگىرى ھەممە ئائىلىلەر ئۆي-ئىچى، ھويلا ـ ئاراملىرىنى پاك ـ پاكىز قىلىپ تازىلاپ، يېڭىلاپ چىقىدۇ ھەم ھېيتلىق ئىگىن تەييارلايدۇ. ئاياللار ساڭزا سېلىپ، ياغلىق توقاچ ـ نانلارنى يېقىپ، تۈرلۈك تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى پىشۇرىدۇ، ھەر خىل پېچىنە ـ كەمپۈت، مېۋە ـ چېۋە دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ، ھېيتقا ئوبدان تەييارلىق قىلىدۇ. ھېيت كۈنى ئەتىگەندە، ئىخلاسمەن ئىسلام مۇخلىسلىرى يۇيۇنۇپ، ئىگىن يەڭگۈشلەپ، مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. ئاندىن تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ۋاپات بولغانلارنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلايدۇ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوي سويۇپ، گۆش

پىشۇرۇشقا باشلايدۇ. يەنە بەزىلەر كالا، تۆگە سويىدۇ. قۇربانلىق مالنىڭ گۆشىنى سېتىشقا بولمايدۇ. بەلگىلىمە بويىچە قوينىڭ تېرە ـ ئۈچەيلىرىنى مەسچىتكە بەرگەندىن باشقا، گۆشى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەرگە بېرىلىدۇ. ھېيت مەزگىلىدە ھەممە ئۆينىڭ داستىخىنىغا ئوبدان پىشۇرۇلغان بىر تاۋاق گۆش بىلەن چىرايلىق تىزىلغان ساڭزا، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بولسا يىمىش تەخسىلىرىگە ۋە چىرايلىق ۋازىلارغا قاچىلانغان تۈرلۈك پېچىنە ـ پىرەنىك، تاتلىق يېمەكلىكلەر، كەمپۈت ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر تىزىپ قويۇلغان بولىدۇ. ھېيت كۈنلىرى كىشىلەر ئەڭ چىرايلىق ئىگىنلەرنى كىيىپ، ئەڭ ئېسىل بېزەكلىرىنى تاقاپ، ئۆزئارا مۇبارەكلىشىدۇ، پەتىلىشىدۇ، ھېيتلاپ كەلگەنلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. بۇرۇن ئارازلىشىپ قالغانلارمۇ ھېيتتا يۈز كۆرۈشكەندە چىرايلىق ھال ـ ئەھۋال سورىشىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەر شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇرۇنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، قايتا ياخشى، خوپ بولۇشۇپ قالىدۇ. ھېيت كۈنلىرى يەنە تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەن كىشىلەر شادلىنىپ، كۈلۈشۈپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ، پۈتكۈل ئايەم كۈنلىرىگە ئاجايىپ تەنتەنىلىك، قىزغىن تۈس كىرگۈزىدۇ. دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسى قۇربان ھېيتتا ئۈچ كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ.

**روزى ھېيت** ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كاتتا ئايىمى. ئۇ ئېغىز ئېچىش ھېيتى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسلام كالېندارى بويىچە 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ، بۇ ھېيت ئاساسلىقى رامزان ئېيىنىڭ توشقانلىقىنى مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە، بالىلار، ياشانغانلار، تېنى ئاجىزلار، كېسەلچان ئادەملەر ۋە ھامىلىدار ئاياللاردىن باشقا، ھەربىر بالاغەتكە يەتكەن (12 ياشقا توشقان) مۇسۇلمان بەندىلىرى رامزان (ئىسلام كالېندارى بويىچە 9 ـ ئاي) دا بىر ئاي روزا تۇتۇشى لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن. روزا تۇتۇش ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى ئورۇنداشقا تېگىشلىك بەش چوڭ پەرزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. روزا مەزگىلىدە ئادەملەر كۆڭلىنى پاك تۇتۇپ، بارلىق مەئشەتنى ئۆزىدىن تەرك قىلىش، ھەر كۈنى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پاتقاندىن كېيىن ئىككى ۋاقلا تاماق يېيىشى لازىم. كۈندۈزى تاماق يېيىش، سۇ ئىچىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، قاتتىق بولغاندا ھەتتا تۈكۈرۈكنىمۇ يۇتۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر زولۇق تاماقتا ۋە ئېپتارغا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى، دوست ـ يارەنلىرىنى ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىنى قىزغىن تەكلىپ قىلىپ، تاماقنى ئۇلار بىلەن بىللە يەيدۇ. رامزان ئېيىنىڭ باشلىنىشى ۋە تاماملىنىشى ھىلال ئاينىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. رامزان ئېيى توشقان كۈننىڭ ئەتىسى ئۇنى تەبرىكلەپ ھېيت ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھېيت يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۆيلىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلايدۇ. ساڭزا، پېچىنە ـ پىرەنىك پىشۇرىدۇ، ھېيتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ. ھېيت كۈنى ئەتىگەندە، ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار مەسچىتكە يىغىلىپ، ھەيۋەتلىك ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. نامازدىن كېيىن كىشىلەر تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ۋاپات بولغان يېقىنلىرىنىڭ روھىنى يوقلايدۇ، ياد ئېتىدۇ. ھېيتقا ئاتاپ ئادەملەر ئىنتايىن مول يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ. ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشنىڭ ھەممىسى ھېيتلىق كاتتا كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ، ئۆزئارا مۇبارەكلىشىدۇ، بىر سورۇنغا جەم بولۇشىدۇ. باشقا مىللەتلەرگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، خۇيزۇلار روزى ھېيتنى چوڭ ھېيت ھېسابلايدۇ. ھازىر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن ئامما رامزان ئېيىدا روزى تۇتمىغان بىلەن، روزى ھېيتنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھېيتى قاتارىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. دۆلەت روزى ھېيت مەزگىلىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت ئاممىسىنى بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. ئىسلام كالېندارىدىكى كۈن سانى مىلادىيە كالېندارىدىكىدىن ئون كۈندىن ئارتۇقراق ئاز بولغاچقا، روزى ھېيت مىلادىيە كالېندارىدىكى ھەرقايسى ئايلارنىڭ ھەممىسىدە نۆۋەت بىلەن كېلىدۇ.

**نورۇز بايرىمى** قازاق، قىرغىز، ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئەنئەنىۋى بايرىمى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئادەت ـ يوسۇنىغا ئاساسەن، تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. «نورۇز» پارسچە سۆز بولۇپ، «باھار يامغۇرى» دېگەنلىك بولىدۇ. پارسلارنىڭ قەدىمكى قۇياش كالېندارىدىكى ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، يەنى مىلادىيە كالېندارى-

دىكى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەڭ بولىدۇ، مانا بۇ كۈن (دەل جۇڭگونىڭ دېھقانلار كالېندارىدىكى «ئەتىيازلىق كۈن تەڭلىكى» كۈنى) «نورۇز» بولىدۇ. بايرامنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش، ئەتىيازنىڭ ياخشىلىق، بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ كۈنى قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئۆيلىرىدە قوي گۆشى، قۇرۇت، ئېرىق، بۇغداي، گۈرۈچ قاتارلىق يەتتە خىل يېمەكلىكتىن «نورۇز ئېشى» ئېتىپ، يېڭى بىر يىلدا داستىخاننىڭ مول، باياشاد بولۇشى ئىلتىجا قىلىدۇ. نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزگەندە، قازاقلاردا يەنە قوينىڭ بېشىنى ئاقساقاللارغا تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەخت - سائادەت تىلەپ دۇئا قىلىپ قويۇشىنى سورايدىغان ئادەتمۇ بار. قىرغىزلار نورۇز بايرىمى كۈنى گۈگۈم چۈشۈپ ماللار پادىدىن قايتىپ كەلگەندە، ھەربىر ئۆينىڭ كىگىز چېدىرى ئالدىغا چىغدا بىر دۆۋە ئوت يېقىپ، ئالدىدا ئادەملەرنى، ئارقىدىن ماللارنى مانا شۇ ئوتتىن سەكرەپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆتكەن يىلقى نەسلىكنى، كېسەللىكنى، بالا - قازالارنى قوغلاپ، يېڭى بىر يىلدىن ئامان - ئېسەنلىك، خۇشال - خۇراملىق ۋە مول - ھوسۇل تىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزگەندە، بىر ئادەمنى قىش بوۋاي سۈپىتىدە ياساپ، بىر پەس ئويناتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پاختىلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، يىلنىڭ كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەيدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، مول - ھوسۇل تىلەيدۇ. نورۇز بايرىمىدىن كېيىنلا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىدۇ. تاجىكلار بۇ بايرامنى «شوگۇن باھار» دەپ ئاتايدۇ، بايرام ھارپىسىدا ھەممە ئائىلىلەر ئۆيلىرىنى پاكىز قىلىپ تازىلايدۇ ھەم تامغا تۇراقلىق گۈل - نەقىشلەرنى سىزىدۇ، ئۇن چېچىش ئارقىلىق بەخت - سائادەت تىلەيدۇ. ئاياللار بولسا بايرامغا ئاتاپ چوڭ نانلارنى ياقىدۇ. بايرام بولغان كۈنى كىشىلەر كۆپچىلىك سايلاپ چىققان «شوگۇن» (ئاتامان) نىڭ باشچىلىقىدا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ، بىر - بىرىنى قۇتلۇقلىشىدۇ. «شوگۇن» ھەربىر ئۆيگە بارغاندا، ساھىبخان ئايال ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئازراق ئۇن چېچىپ، ياخشىلىق تىلەيدۇ؛ شوگۇن بولسا، قائىدە بويىچە ئۆي ئىگىسى ئەكەلگەن چوڭ ناننى سۇندۇرۇپ، ئاغزىغا بىر چىشلەم سالغاندىن كېيىن ئۇزئارا مۇبارەكلىشىپ، بەخت تىلىشىدۇ. بايرام مەزگىلىدە يەنە تۈرلۈك ئەنئەنىۋى سەنئەت، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**بارات ئايىمى** ئۇيغۇر، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى. ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام كۈنى تەقۋادار مۇسۇلمانلار كېلەر يىلى ئۈچۈن ياخشىلىق، ئامان - ئېسەنلىك تىلەپ، پۈتۈن بىر كېچىنى تۆۋە - ئىستىغپار ئوقۇپ، دۇرۇت ئوقۇپ، ناماز ئۆتەپ، تاۋۋا قىلىپ، دۇئا - تەلەپ بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ھەممە ئائىلىلەر ياغلىق قاپاقنى ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ، كۆيدۈرۈپ، يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، قاپاقنى پۇتى بىلەن دەسسەپ، سۇندۇرۇپ، بالا - قازانى يوقىتىدۇ. ياشلار - ئۆسمۈرلەر بولسا، توپلىنىپ، بارات ئېيى قوشىقىنى ئوقۇپ، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ سەدىقە سورايدۇ. ئۇيغۇرلار بارات ئايىمىدا يەنە پوشكال، قويماقلارنى سېلىپ، ئەرۋاھلارغا ياغ پۇرىتىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ياغنىڭ پۇرىقى ۋاپات بولغان يېقىنلىرىنىڭ روھىغا تەسەللى بولىدىكەن. تاجىكلار بۇ ئايەمگە بىرقەدەر ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، شۇنداقلا ئۇنى يەنە «پىلىك» بايرىمى، يەنى «چىراغ بايرىمى» دەپ ئاتايدۇ. بايرام ئىككى كۈن بولىدۇ. بايرام كۈنى كەچتە پۈتۈن ئۆيدىكىلەر بىللە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئائىلە باشلىقى ئالدى بىلەن دۇئا قىلىدۇ، ئارقىدىن ھەربىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن ئىككى تالدىن شام يېقىپ، قومغا سانجىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم ئاللادىن تىنچ - ئاسايىشلىق تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە بەخت، ياخشىلىق تىلىشىپ، مۇبارەكلىشىدۇ. بۇ رەسمىيەت تاماملانغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك شام يېقىلغان مول داستىخانغا ئولتۇرۇپ، بايراملىق يېمەكلىكلەرگە ئېغىز تېگىشىدۇ. تاماقتىن كېيىن، ھەممە ئائىلىلەر ياغاچقا چىلانغان پاختا بىلەن ياسالغان مەشئەلنى ئۆگزىسىگە قاداپ قويىدۇ. بۇ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەل كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، ھەيۋەتلىك، قويۇق ئايەم كەيپىياتى ھاسىل قىلىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ھەممە ئائىلىلەر مال سويۇپ، يېمەكلىك تەييارلاپ، تۇغراق بېشىغا ئېلىپ بارىدۇ ھەم شام يېقىپ، يېقىنلىرىنىڭ روھىنى يوقلايدۇ. ئاندىن كېيىن، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئولىشىپ ئولتۇرۇپ تاماقلىنىدۇ. بايرام مەزگىلىدە، بالىلار تالاغا گۈلخان يېقىپ، مول مەزمۇنلۇق ئويۇنلارنى ئويناپ، بايرامغا

قىزغىن، شادلىق تۈسى كىرگۈزىدۇ.

**غەربكە كۆچۈش بايرىمى** شىنجاڭدىكى شىبەلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى. ھەر يىلى قەمەرىيە (ئاي كالېندارى) 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭدىكى شىبەلەر ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىن شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە كۆچۈپ كەلگەن ئەنئەنىۋى خاتىرە كۈن ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ پادىشاھنىڭ 29 - يىلى (1764 - يىلى) قەمەرىيە 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭغا كۆچۈپ بارىدىغان شىبەلەر ۋە شەرقىي شىمالدا قالىدىغان شىبە قېرىنداشلار ئانا يۇرتى بولغان لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنياڭ شەھىرى (ئەينى ۋاقىتتا شېڭ جىڭ دەپ ئاتىلاتتى) دىكى شىبە ئىبادەتخانىسى — تەيپىڭ ئىبادەتخانىسىغا توپلىنىپ، خەيرلىشىش ئاشىقى يېگەن. ئاندىن كېيىن جان جىگەر قانقېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ، غەربكە كۆچۈش سەپىرىگە ئاتلانغان. مانا بۇ كۈنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 200 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن شىبەلەر ھەر يىلى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، بايرام



غەربكە كۆچۈش بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى

قىلىدۇ. بۇ كۈنى ھەرقايسى كەنتلەردە تۈرلۈك شەكىللەردىكى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن مول مەزمۇنلۇق سەنئەت ئويۇنلىرىنى قويۇش، بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش، ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش قاتارلىقلار ئۆتكۈزۈلىدۇ. ياشلار ئارغىماقلارغا مىنىشىپ، سىرتقا چىقىپ دالا ساياھىتى قىلىدۇ؛ ئاياللار، ياشانغانلار بولسا ئۈچتىن - تۆتتىن بولۇشۇپ، ھارۋىلىق ياكى پىيادە دالىغا چىقىپ سەيلە قىلىپ، تاماق يەپ، بۇ قۇتلۇق بايرامنى بىرلىكتە ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر يەنە بۇتخانا سەيلىسىگە بارىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى «مىشۇن» (بۇغدايدىن ياسالغان بىر خىل شەربەت) ياساپ، ھورداپ پىشۇرۇلغان گۆش يەپ، بۇ ئەنئەنىۋى خاتىرە كۈننى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزىدۇ.

**دولبۇز بايرىمى** قىرغىزلارنىڭ ئىنتايىن قەدىمكى بايرىمى. ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ بايرام ئاساسلىقى دولبۇز ئىسىملىك بىر قەھرىماننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ. يات مىللەتلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە چىداپ تۇرالمىغانلىقتىن، ئۇ 40 نەپەر قىرغىز پالۋاننى باشلاپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى باتۇرانە كۆرەش قىلىدۇ. بىر قېتىملىق جەڭدە دولبۇز يەككە - يېگانە ھالدا دۈشمەنلەرنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇ گەرچە دۈشمەن بىلەن شىددەتلىك ئېلىشىپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئېتى ئېغىر يارىلىنىدۇ ۋە ئىگىسىنى ئېلىپ خەتەردىن قۇتۇلىدۇ، ئەمما، قانسىراپ كېتىپ، ئۆلۈپ كېتىدۇ. دولبۇز بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرىدۇ ۋە ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر تۇتام يۇلۇپ ئېلىپ «قىلقىياق» (چالغۇ ئەسۋاب) ياسايدۇ - دە، ئاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قەدىناس ھەمراھى بولغان جەڭ ئېتىنى يادلاپ مۇڭلۇق ئاھاڭغا چالىدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان بۇ قايغۇلۇق ئاھاڭ ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن بۇ پالۋاننىڭ يېنىغا كېلىشىپ، ئۇنىڭ خەتەردىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىغا تەنتەنە قىلىشىدۇ ھەم كاتتا قۇتلۇقلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى مانا شۇنداق قۇتلۇقلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۇ پائالىيەت قىرغىزلارنىڭ بىر - بىرىگە بەخت ۋە ئامان - ئېسەنلىك تىلەيدىغان بايرىمىغا ئايلىنىپ قالغان. بايرام مەزگىلىدە، كىشىلەر بىر سورۇنغا جەم بولۇپ، بىرلىكتە غىزالىنىدۇ ۋە بىر - بىرىگە بەخت - سائادەت تىلىشىدۇ ھەم تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ، ياشانغانلارنىڭ دولبۇزنىڭ قەھرىمانە ئىش - پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىشىدۇ.

**زۇۋۇر بايرىمى** تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنىڭ بىرى. تاجىكچە «زۇۋۇر» دېيىلىدۇ، مە-

نىسى «سۇ باشلاش» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ بىر دېھقانچىلىق بايرىمى بولۇپ، ھەر يىلى باھار پەسلى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، قار - مۇزلار ئېرىگەن ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. تاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تاشقورغان رايونىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، ئاھالىسى شالاڭ، قىشتا تاغدىن كېلىدىغان سۇلار توڭلاپ كېتىدۇ، ئەتىياز يېتىپ كەلگەندە يەرگە ئۇرۇق سېلىش ئۈچۈن مۇز پارچىلىرىنى ئۇرۇپ چېقىپ، ئېرىقلارغا سۇ باشلاپ كېلىنىدۇ. بىر ئائىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا يالغۇز سۇ باشلاش، تېرىلغۇلۇق قىلىشى زادىلا مۇمكىن بولمىغاچقا، پۈتۈن كەنتتىكى ھەممە ئادەمنىڭ بىرلىكتە تەڭ ئاتلىنىشىغا توغرا كېلەتتى. سۇ باشلاش بايرىمى دەل مانا شۇ رېئاللىق ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ھەر قېتىم بايرام يېقىنلاشقاندا، ئاساسلىق غول ئۆستەڭ - ئېرىقلارغا بېرىپ، مۇز ئۈستىگە توپا چېچىشقا ھەم تۈرلۈك قوراللارنى ئوبدان تەقلەپ قويۇشقا، شۇنداقلا يەنە بايراملىق چوڭ نانلارنى يېقىپ تەييارلاشقا توغرا كېلىدۇ. سۇ باشلاش بايرىمى كۈنى، پۈتۈن كەنتتىكى كىشىلەر مىرابنىڭ باشچىلىقىدا، ئاتلىق سۇ باشلاش نۇقتىسىغا بېرىپ، مۇز چېقىش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى تۈزەشتۈرۈپ، رېمونت قىلىش ئەمگىكىگە قاتنىشىدۇ. باشلاپ كېلىنگەن سۇ ئېرىققا ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن، كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئېلىپ كەلگەن بايراملىق نانلىرىنى بىللە يېيىشىدۇ. بالىلار بولسا بىر-بىرىگە سۇ چېچىشىپ، خۇشال - خۇرام ئوينىشىدۇ. كىشىلەر بىرلىكتە ئاب - ھاۋانىڭ ياخشى بولۇشىنى، زىرائەتلەردىن مول - ھوسۇل ئېلىشنى تىلىشىدۇ. ئارقىدىن تەنتەنىلىك ئوغلاق تارتىش، بەيگە قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈنى پامىر ئېگىزلىكىدە ياشايدىغان تاجىك چارۋىچىلار بىر قىش ئېتىپ قويۇلغان تۈڭلۈكلىرىنى ئېچىپ، ئۆيلىرىنى ئاپتاپقا سالىدۇ.

**ئۇرۇق چېچىش بايرىمى** تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى. تاجىكچە «تېخمى زۇۋۇد» دېيىلىدۇ. بۇ «ئۇرۇق سېلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر يىلى پامىر ئېگىزلىكىدىكى قار - مۇزلار ئېرىشكە باشلاپ، يەرلەرگە ساپان سالغىلى بولغۇدەك بولغان كۈندىن بىر كۈن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام يېتىپ كېلىشتىن ئالدىدا، ھەممە ئائىلىلەر چوڭ نانلارنى ياقىدۇ، شۇنداقلا ئارپا ۋە ئېرىمچىك ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان، «دەلىيا» دەپ ئاتىلىدىغان تاماق قاتارلىق بايراملىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ. قولۇم - قوشنىلار ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ. ئۆي ئىگىسى بولغان ئەرلەر ھېيتلاش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققاندا، ئاياللار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپ چىقىپ، مول - ھوسۇل بولۇشنى تىلەپ سۇ چاچىدۇ. تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى بار كەنت ئاھالىلىرى يەنە خېمىردىن كىچىك كالا، ساپان ياساپ، تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىغا يېگۈزىدۇ. بايرام كۈنى ھەرقايسى ئائىلىلەر ئېتىزغا چىقىپ، سىمۋول خاراكتېرلىك ئەمگەكلەرنى قىلىدۇ. كەنت ئاھالىلىرى بىر جايغا توپلاشقاندىن كېيىن، بىر پارچە تېرىلغۇ يەرنى تاللاپ، بىر پېشقەدەم دېھقاننى، يەرگە سىمۋول خاراكتېرلىك ھالدا ئۇرۇق چېچىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. قالغان ئادەملەر بولسا، پەشلىرى بىلەن ئۇرۇقنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆز ئېتىزىغا چېچىشقا تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇرۇق چېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ياشانغان ئايال يەردە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ، بىر دېھقان، موماينى چۆرگىلەپ، كەتمەن بىلەن يەرنى چاپايدۇ، بۇ، بۇ يىلقى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق ئۇرۇق سېلىش بۈگۈندىن باشلاندى، كەنت ئاھالىلىرى ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمدى رەسمىي باشلىسا بولىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا، چوڭلار، بالىلار ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ بەدىنىگە ئازراق سۇ چېچىشىپ، مول - ھوسۇل تىلىشىدۇ.

**سابان تويى** تاتارلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدە ئەنئەنىۋى بايرىمى. «سابان بايرىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ پەسلى يېتىپ كەلگەندە، مەنزىرىسى گۈزەل، سۈيى مول، ئوتى ئەلۋەك جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. سابان (ساپان) تاتارلار ئەڭ بۇرۇن يەر ھەيدەشتە ئىشلەتكەن قورال بولۇپ، ئۇ تاتارلارنىڭ يەرنى كەتمەن بىلەن ئاغدۇرۇشتەك ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، تاتارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە تۈرتكە بولغان.

تاتار خەلقى ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە دېھقانچىلىقنىڭ قاتلاڭ مەزگىلىدە مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، «سابان» دىن ئىبارەت بۇ يېڭىچە ساپاننىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. كىشىلەر چىملىقتا ئولتۇرۇشۇپ، تۈرلۈك پېچىنە - پىرەنىكلەرنى، مېۋە - چېۋىلەرنى يېيىشىپ، گارمون ۋە ئىسكىرىپكا ساداسىغا جور بولۇپ، قىزغىن، جۇشقۇن

ئۇسسۇللارنى ئوينىشىدۇ، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان



ساپان توي

يېقىملىق، لىرىك ناخشىلارنى ئېيتىشىدۇ. بايرام مەزگىلىدە، ناخشا - ئۇسسۇل، بوكوروش، چېلىشىش، ئارغامچا تارتىش، بەيگە قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

پاسخا بايرىمى روسلارنىڭ ئەڭ تەنتەنىلىك ئەنئەنىۋى بايرىمى. پاسخا بايرىمى ئىسانىڭ قايتا تىرىلگەنلىكىنى خاتىرىلەش بايرىمى ھېسابلىنىدۇ. پاسخا بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن تامامەن مۇقىم ئەمەس، ئادەتتە ئەتىيازلىق كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن ۋاقىتتىن كېيىنكى ئاي تولغان ۋاقىتنىڭ بىرىنچى يەكشەنبە كۈنىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئادەتتە 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن بۇرۇن، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن كېيىن بولمايدۇ. پاسخا بايرىمىدىن ئىلگىرى كىشىلەر ئەنئەنە بويىچە تاماقتىن قاتتىق پەرھىز تۇتىدۇ، پەرھىز تۇتۇش مەزگىلى 49 كۈن بولۇپ، ھەر كۈنى بىر ۋاقلا تاماق يېيىلىدۇ، قالغان ئىككى ۋاق تاماق چالا - بۇلا يېيىلىدۇ. تاماق ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ھېچقانداق ياغ، گۆش قوشۇلمايدۇ، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقىمۇ بولمايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىساغا تەزىيە بىلدۈرۈلىدۇ. ھازىر قېرىلاردىن ۋە دىن مۇخلىسلىرىدىن باشقا، جۇڭگودىكى نۇرغۇن روسلار بۇ پەرھىزگە ئەمدى ئەمەل قىلمايدىغان بولدى. پاسخا بايرىمى كۈنى كىشىلەر پەرھىز تۇتماي، ھەممە ئۆيدە مول يېمەكلىك تەييارلايدۇ، ئايەملىك كىيىملىرىنى كىيىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇبارەكلىشىدۇ، ئىسانىڭ قايتا تىرىلگەنلىكىنى خاتىرىلىدۇ؛ كۆپچىلىك يۈز كۆرۈشكەن ھامان ئىنتايىن خۇشال ھالدا: «ئىسا تىرىلدى» دېيىشىدۇ. قارشى تەرەپمۇ: «راستتىنلا تىرىلدى» دەيدۇ. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە تۈرلۈك رەڭلەردە بويالغان نۇرغۇن رەڭلىك تۇخۇملار تەييارلىنىدۇ، ئۆيگە مۇبارەكلەپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە بىردىن رەڭلىك تۇخۇم، بىر پارچىدىن تورت ۋە «گولچا» (مىكىيان) بېرىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ گۈللەپ - ياشناۋاتقانلىقىغا سىمۋول قىلىنىدۇ. بايرام مەزگىلىدە، كىشىلەر ياكى ئائىلىدە ئولتۇرۇش ئۆتكۈزۈپ، ياكى كوللېكتىپ تانسىلارغا قاتنىشىپ، خۇمارىدىن چىققۇدەك ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بايرامنى قۇتلۇقلايدۇ. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پاسخا بايرىمىدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى روسلارنىڭ بىر كۈن دەم ئېلىشىنى بەلگىلىدى.

مىلاد بايرىمى (روژدېستۋو بايرىمى) روسلارنىڭ شادلىق بايرىمى. بۇ بايرام ئىسا (ئەيسۇس) نىڭ تۇغۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. روسلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە روس كالېندارىنى ئىشلىتىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان مىلادىيە كالېندارى ئوتتۇرىسىدا ۋاقىت پەرقى بار. شۇڭلاشقا، ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى شەرق پراۋوسلاۋىيە دىنىغا، كاتولىك دىنىغا، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مىلاد بايرىمىنى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۆتكۈزىدىغان بولسا، روسلار بۇ بايرامنى كېلەركى يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدە ئۆتكۈزىدۇ. بايرام يېتىپ كېلىش ئالدىدا ھەممە ئائىلىلەر ئۆيلىرىنى ئارچا ياكى قارىغاي دەرىخىدىن ياسالغان ھەشەمەتلىك مىلاد دەرىخى بىلەن بېزەپ، مول بايراملىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، مېھمانلارنى كۈتىدۇ. كەچتە ئۆيدىكىلەر جەم بولغاندا، چىرايلىق ياسانغان مىلاد بوۋاي كۆپچىلىككە سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ، يەنە ئىسانىڭ تۇغۇلغانلىقى شەرىپىگە خور ئېيتىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ. 1983 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مىلاد (روژدېستۋو بايرىمى) بايرىمىدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى روسلارنى بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

# دىن

دىن — كىشىلەرنىڭ بىر خىل ئېتىقادى بولغان دىن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ بىرى ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش يولىغا جايلاشقان شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن رايون ئىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىنغا كېيىنكى دەۋردىكى ئىپتىدائىي دىن — شامان دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن باشقا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەجۇسىي دىنى بىلەن بۇددا دىنىمۇ تارقىلىپ كىرگەنىدى. مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە تويىن دىنى، مانى دىنى ۋە نېستورى دىنى تارقىلىپ كىرگەن. بۇددا دىنى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئاساسىي دىن بولۇپ، ئۇ گۈللەنگەن مەزگىلدە تارىم ئويمانلىقى بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بۇددا مۇنارلىرى، بۇددا كېمىرلىرى، راھىبلار كۆپ ئىدى، خوتەن، سۇلى (قەشقەر)، كۇسەن (كۇچار) قاتارلىق جايلار بۇددا دىنىنىڭ داڭلىق مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن، كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قورال كۈچى بىلەن تارقىتىشى ۋە چاغاتاي موڭغۇل خانلىقىنىڭ زورلۇق بىلەن يولغا قويۇشى ئارقىسىدا ئىسلام دىنى XVI ئەسىردە ئاخىر بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، شىنجاڭدىكى ئاساسىي دىن بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇددا دىنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەرگەن ھەمدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ زاڭزۇ بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى ۋە كاتولىك دىنى قاتارلىق دىنلار تارقىلىپ كىرگەن. شىنجاڭدا ھازىر ئىسلام دىنى، خەنزۇ بۇددا دىنى، زاڭزۇ بۇددا دىنى، تويىن دىنى، خرىستىيان دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى بار. خرىستىيان دىنى (پروتېستانتىيە دىنى)، كاتولىك دىنى شىنجاڭغا ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن كىرگەن، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەۋرەنمەستىن ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن بىللە تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى** شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتىدۇر. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان، بۇ يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ ۋە ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى بىرىنچى نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى سايلاپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلغان. ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيى 1980 - يىلى 6 - ئايدا ئېچىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم قۇرۇلتاي ئېچىلىپ تۇردى. ئۇزاقتىن بۇيان، بۇ جەمئىيەت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پائال ياردەملىشىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈردى، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ۋە نەشر قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ دۆلەت قانۇنلىرى، قانۇن - نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرىنىڭ يولىغا كىرگۈزۈلۈشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈردى، مۇسۇلمانلارنى ھەج - تاۋاپ قىلىشقا ۋە دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارا دوستانە بېرىش - كېلىشكە ئۇيۇشتۇردى، شۇنداق قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش جەھەتتە مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن-

دىن بىرى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە كەينى - كەينىدىن 80 دىن ئارتۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

**شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى** شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى ئالىي بىلىم يۇرتى. ئۇ — 1982 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن تۇنجى تۈركۈمدە قۇرۇلغان يەرلىك بەش ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ بىرى. بۇ دارىلفۇنۇننىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى مۇنداق ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يۇقىرى سەۋىيىلىك ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش؛ 2) پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش، تەسىرى بار دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىش؛ 3) پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئاچقان دىنىي كۇرسلارغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش. بۇ دارىلفۇنۇننى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قۇرغان. ئۇ 1987 - يىلى تۇنجى تۈركۈم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندىن باشلاپ، 1998 - يىلغىچە بەش يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئالتە قاراردا 309 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان، ئۇلاردىن تۆت قاراردا 166 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن، ئۇلارنىڭ



شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى

كۆپىنچىسى ناھىيە ۋە شەھەرلەردىكى نۇقتىلىق مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىقىغا ياكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مۇدەررىسلىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ دارىلفۇنۇن يەنە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دىنىي خادىملار ئۈچۈن يەتتە قارار كۇرس ئاچقان، تەخمىنەن مىڭچە كىشى بۇ كۇرسلارغا قاتناشقان. بۇ دارىلفۇنۇن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىران، مالايسىيا، ھىندونېزىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنى، قىسمەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىنى، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ، دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى، شۇنىڭدەك ھىندىستان، ياپونىيە، تۈركىيە، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەرنى كۈتۈۋالغان

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى** شىنجاڭدىكى يەرلىك بۇددا دىنى تەشكىلاتىدۇر، 1983 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى نۆۋەتلىك بۇددا دىنى قۇرۇلتىيى ئېچىلغان. بۇ يىغىن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا ياردەملىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بۇددا مۇخلىسلىرىنى بۇددا دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىش يولىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلغان.

1983 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنىي جەمئىيىتى بۇددا دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ئۈچۈن توققۇز قارار كۇرس ئاچقان، بۇ كۇرسلارنىڭ سەككىز قارارىنى زاڭزۇ بۇددا دىنىدىكىلەر ئۈچۈن ئاچقان، بىر قارارىنى خەنزۇ بۇددا دىنىدىكىلەر ئۈچۈن ئاچقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 30 نەپەر مانىچ (بۇددا دىنى تالىپى) نى بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىزاڭدىكى بىرەيبۈڭ ئىبادەتخانىسى بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىكى باگىر ئىبادەتخانىسىغا ئەۋەتكەن. شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن بەنچەن ھەزرەتنى، جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى شىزاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شىگىچىن لوساڭجىيەنزەننى كۈتۈۋالغان، شىنجاڭغا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتكە كەلگەن «ياپونىيە رىششو كوسېي كاي مەزھىپى شۆەن زاڭ دەرمە چارىيە بۇددا يادىكارلىقلىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۆمىكى»، «ياپونىيە دوستلۇق بۇددا دىنى يوسۇنلىرىنى تەتقىق قىلىش - جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى» ۋە كانادا بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېڭشەن ھەزرەت قاتارلىقلارنى كۆپ قېتىم كۈتۈۋالغان؛ 1990 - يىلى «شىزاڭ بۇددا دىنى ۋە مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشقان ۋە 1994 - يىلى «كومۇراجىۋا تۇغۇلغانلىقىغا 1650 يىل توشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېچىلغان تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئۇيۇشتۇرغان.

1989 - يىلى 1 - ئايدا «ۋاپات بولغان بەنچەن ھەزرەت X نىڭ روھ ئالمىشىشىنى تىلەش دەرمە مۇراسىمى» نى ئۆتكۈزگەن. 1987 - يىلى 3 - ئايدا گۈڭشىمىڭ گېگەن IX ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىزدەش، پەرق ئېتىش ئاساسىدا 1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ خېجىڭ ناھىيىسىدىكى خۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىدا گۈڭشىمىڭ گېگەن X نىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن. 1998 - يىلى جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى خارابىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، بۇددا ئەقىدىسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن تارىخىي مۇساپىسىنى ئەسلەش پائالىيىتى ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن «بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگىنىگە 2000 يىل توشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇقەددەس نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن راھىبلار ئۆمىكى» نى كۈتۈۋالغان.

ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە خېجىڭ، خوشۇت ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇددا دىنى جەمئىيىتى قۇرۇلغان.

**ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگودا دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مۇھىم پرىنسىپى. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى قىلماسلىق پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشى، خەلق ھۆكۈمىتى ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە سىياسەت دائىرىسىدىكى بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتنى قوغدايدۇ. ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلار ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا دىنىي ئىشلارنى يولغا قويىدۇ ھەمدە ئېھتىياجىغا قاراپ دىنىي مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ، ھەرخىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇلازىمەت ئىشلىرىنى يولغا قويىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق بىر دىن دۆلەت مەمۇرىيىتى، ئەدلىيە، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت، ھەق - تەلەپ دەۋاسى قاتارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئارىلاشسا بولمايدۇ. دىنىي دۆلەت قانۇنىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بولمايدۇ. دىنىي پائالىيەت ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، قائىدە - نىزاملار ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدىن چىقىپ كەتسە بولمايدۇ، دىنىي قائىدە - يوسۇنلار دۆلەت قانۇنىغا زىت كېلىپ قالغاندا، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش، دىنىي قائىدە - يوسۇنى ئېگىشلىك دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىش كېرەك. ھاكىمىيەت بىلەن دىننى ئايرىۋېتىش دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدىكى كېڭەشكە ۋە ئۇ ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىنى چەتكە قاقمايدۇ. جۇڭگودىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنىي ساھەدىكى زاتلار ئالدى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكتىن كەڭ تۈردە بەھرىمەن بولىدۇ، ئاساسىي قانۇن بەخش ئەتكەن ھوقۇقلاردىن باشقا پۇقرالارغا ئوخشاشلا بەھرىمەن بولىدۇ ۋە شۇلارغا ئوخشاشلا مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ. شىنجاڭدا دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ شەرتكە توشىدىغانلىرى باشقا ساھەدىكى زاتلارغا ئوخشاشلا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىپ ياكى سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولۇشقا كۆرسىتىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىدا تېگىشلىك رول ئوينىيالايدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ - چوڭ سىياسەتلىرىنى ۋە دىنىي جەھەتتىكى كونكرېت سىياسەتلىرىنى، قانۇن - نىزام قاتارلىقلارنى تۈزگەندە، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارمۇ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ياكى بىۋاسىتىلا پارتىيە تەشكىلاتىغا ۋە ھۆكۈمەتكە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ ياكى تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھۆكۈمەتلەر، خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي كېڭەشلەر دىنىي ساھەدىكىلەر بەرگەن تەكلىپلەرنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىغا ئۆز ۋاقتىدا يوللاپ بېرىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئېتىقادچىلىرىغا قاراتقان ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ سىياسىتى. پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە؛ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە؛ بىر دىننىڭ بۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ ئۇ مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە؛ ئىلگىرى ئېتىقاد قىلمىغان بولسا ھازىر ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە؛ ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان بولسا ھازىر ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ئىگە. دۆ-

لەت دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، مانا بۇ ــ مۇشۇ سىياسەتنىڭ توپ مەزمۇنى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بىر قانچە خىل دىن مەۋجۇت، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىر قەدەر كۆپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئومۇمەن، ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قائىدە ـ نىزاملار ۋە سىياسەتلەر يول قويغان دائىرە ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر ، مەسىلەن: دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا، شۇنىڭدەك دىن مۇخلىسلىرى ئادەت بويىچە ئۆز ئائىلىلىرىدە ئېلىپ بارغان ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، كوچە يېقىش، بۇتقا چوقۇنۇش، ئىبادەت قىلىش، ئەمرىمەرۇپ قىلىش، قىرائەت قىلىش، ۋەز ئېيتىش، مىسسا ئۆتكۈزۈش، تەئمىد قىلىش، ئاخىرەتلىك ياغ سۈرتۈش، شۇنىڭدەك دىنىي ھېيت ـ بايراملارنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق نورمال پائالىيەتلەر قانۇندا قوغدىلىدۇ ھەمدە بۇلار ئۈچۈن مۇۋاپىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تىزىمغا ئالدۇرۇلغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ پىلانلىق ھالدا دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەشكە مەدەت بېرىلىدۇ. دىنىي خادىملارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى ھۆرمەتلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ. كۆپچىلىك كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان جايلاردا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق ئاممىنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؛ كۆپچىلىك كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان جايلاردا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاز سانلىق ئاممىنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. دىنىي ئېتقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ توپ چىقىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرقى نۇقتىسى دىنغا ئىشىنىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىدىغان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

**دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدە رەھبەرلىك قىلىدىغان كەڭ كۆلەمدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەر بىرلىك سېپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شىنجاڭدىكى ھەر خىل دىنىي خادىملار: 1998 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام دىنىدىكى ئىماملار 29 مىڭدىن ئارتۇق، زاڭزۇ بۇددا دىنىنىڭ بۇتخانىدىكى لامالىرى 359 نەپەر، خەنزۇ بۇددا دىنىنىڭ ئۇپاسەكەلىرى 14 نەپەر، خرىستىئان دىنىنىڭ پاستورى ئىككى نەپەر، پرېسبىتېرى ئون نەچچە نەپەر، كاتولىك دىنىنىڭ پوپى بىر نەپەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. XX ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىدىلا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ياقلىغان ۋە قوللىغان دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشكە پايدىلىق بولغان سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللانغاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلىنىپ، دىنىي ساھەدىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدە ئاساسەن مۇنۇ ئۈچ ھالقىنى چىڭ تۇتتى: 1) دىنىي ساھەدىكىلەرگە قارىتىلغان سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتتى. شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەردىكى سىياسىي مەكتەپلەر، ناھىيىلەردە ئېچىلغان ئۆگىنىش كۇرسلىرى ۋە يېزا ـ بازارلاردا قۇرۇلغان ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى ئارقىلىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا ھەم ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، ئۇلارغا قارىتا سوتسىيالىستىك تەربىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. 2) دىنىي ساھەدىكىلەر ئىچىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ۋە شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى ياكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى.

1998 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەردىن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئەزالىقىغا ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى، بۇددا دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەيئەتلىكىگە كۆرسىتىلگەنلەر 4 مىڭ 700 دىن ئاشقان. 3) دىنىي ساھەدىكىلەر ئىچىدىكى تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بار ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا مەلۇم تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1998 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ياردەم بېرىلگەنلەر تەخمىنەن بەش مىڭدىن، شۇ يىلى ياردەم بېرىلگەن پۇل سەككىز مىليون يۈەندىن ئاشقان. يۇقىرىقى خىزمەتلەر ئارقىلىق، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى يەنىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئۇلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى، پارتىيىنىڭ دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە كېڭەيدى.

**ياش دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سىياسىتىدۇر. شىنجاڭدا ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتە ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار قوللىنىلغان. 50 - يىللاردىن 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاساسەن پېشقەدەم دىنىي زاتلار مەسچىت ۋە مەدرىسلەردە، لاما ئىبادەتخانىلىرىدا ياكى ئائىلىلەردە ئىختىيارىي ھالدا تالىپلارنى تەربىيىلىگەن. جۇڭگو كومپارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولغان دىنىي زاتلاردىن ھەربىرىنىڭ ئىككىدىن ئۈچكىچە تالىپ تەربىيىلىشىنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى يوق ناھىيە - شەھەرلەردە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرى ئىچىدىن كۆرسىتىلگەن كىشىنىڭ تالىپ تەربىيىلىشىنى بەلگىلىگەن. 90 - يىللاردىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى پىلانلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولۇپ، ئاساسەن مۇنۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللاندى: بىرىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دارىلغۇنۇنىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئالىي دىنىي بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش؛ ئىككىنچىسى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەردە ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى دىنىي كۇرسلارنى ئېچىپ، ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭ ئىسلام دارىلغۇنۇنى بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ئالتە قارار تولۇق كۇرس سىنىپىغا 309 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن تۆت قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن 160 نەپەر ئوقۇغۇچىنى نۇقتىلىق مەسچىتلەردە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەشكە ياكى دىنىي كۇرسلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىم قىلغان. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەردە 30 قارار دىنىي كۇرس ئېچىپ، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى دىنىي خادىمدىن تەخمىنەن 1000 كىشىنى تەربىيىلىگەن. بۇلاردىن باشقا، ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى يەنە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، ئاساسىي قاتلامنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەرىجىلىك ئابرۇيلۇق ۋە دىنىي بىلىم سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئىككىدىن ئۈچكىچە تالىپ تەربىيىلىشىنى، تەربىيىلەش ۋاقتىنىڭ ئومۇمەن 2 - 3 يىل بولۇشىنى بەلگىلىدى. بۇ تالىپلارنىڭ بەزىسى يېزا، كەنت مەسچىتلىرىدە دىنىي ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ، بەزىسى ئۆزى تەۋە بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلەردە ئېچىلغان دىنىي كۇرسلارغا ياكى شىنجاڭ ئىسلام دارىلغۇنۇنىغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرسا بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق بۇددا دىنى جەمئىيىتى ھازىر بار دىنىي خادىملارنى ئۆزى تەربىيىلىگەندىن باشقا، يەنە 30 نەپەر مانجى (تالىب) نى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىكى مەشھۇر ئىبادەتخانىلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. خرىستىئان دىنىي ۋە كاتولىك دىنىي جەمئىيەتلىرىمۇ ئۆز خادىملىرىنى ئىمتىھان ئالغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىكى ئىلاھىيەت ئىنستىتۇتىغا داۋاملىق تۈردە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ تۇردى.

**دىنىي جەھەتتىكى دوستانە بېرىش - كېلىشلەر** جۇڭگودىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ چەت ئەللەردىكى دىنىي

تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن باراۋەرلىك
ۋە دوستانە ئاساستا ئېلىپ بارغان دىنىي ئىلىم ۋە
مەدەنىيەت جەھەتتە ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا كۆرۈشۈش
ۋە زىيارەتتە بولۇش، شۇنىڭدەك خەلقئارا دىنىي پائالى-
يەتلەرگە قاتنىشىش ھەرىكىتىدۇر. شىنجاڭ ۋەتىنى-
مىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ،
ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى
بەزى دۆلەتلەرگە تۇتىشىدۇ. تارىختا ئىسلام دىنىي جە-
ھەتتە بۇ دۆلەتلەر بىلەن بىر قەدەر كەڭ تەسىر كۆرسە-
تىشىپ كەلگەن. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كې-
يىن، بۇ جەھەتتىكى تەسىر ۋە بېرىش - كېلىش تېخىمۇ
كۆپەيدى. شىنجاڭ دىنىي جەھەتتىكى تاشقى مۇناسىۋەت-
نى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەم دىنىي جەھەتتىكى خەلقئارا
دوستانە بېرىش - كېلىشنى پائال قانات يايدۇرۇش،
دىنىي كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ھەرىكىتىنى قەتئىي
توسۇش فاڭجېنىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇردى. شىن-
جاڭ مۇسۇلمانلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن رايون بول-
غاچقا، كۆپ يىللاردىن بېرى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت
بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئەرەب ئەللىرى بىلەن مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشىش
ئىشلىرى بىر قەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن
دۇنيادىكى ئىسلام ئەللىرىنىڭ دىنىي تەشكىلات ۋەكىل-
لىرى، مۇخبىرلىرى ، دىپلوماتىك ئەمەلدارلىرى ئې-
كىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىش، پاكى دىن، مەدەنىيەت
ۋە سودا ھەمكارلىقى جەھەتلەردىكى ئىشلار توغرىسىدا
سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ قېتىم شىنجاڭغا كەل-
دى. ياپونىيە بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش
ئۆمىكى، تاۋاپ قىلىش ئۆمىكى، كۆرۈشۈش ئۆمىكى،
شۇنىڭدەك كانادا بۇددا دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى چېكچەن ھەزرەت قاتارلىقلار شىنجاڭدا تەكشۈ-
رۈش ۋە زىيارەتتە بولدى. شىنجاڭدىكى مەشھۇر دىنىي
زاتلار، ئالىملارمۇ تەكلىپكە بىنائەن كۆپ قېتىم چەت
ئەللەرگە زىيارەتكە چىقتى، پاكى خەلقئارا دىن ۋە مەدەنى-
يەت جەھەتتىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناش-
تى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1985ـ يىلىدىن 2000ـ
يىلىغىچە جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلا-
شتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭدىن ئۆمەك تەشكىل قىلىپ
ھەجگە بارغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى جەمئىي 8327
كىشى بولدى. دىنىي ئىشلار بىلەن چەت ئەللەرگە بې-
رىش - كېلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ مىللەتلەر باراۋەر-
لىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى سىياسىتى، دىنىي ئېتىقاد ئەر-
كىنلىكى سىياسىتى تەشۋىق قىلىنىپ، جۇڭگو
خەلقى بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلە-
رى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە
دوستلۇق ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**دىنىي تۈزۈم ئىسلاھاتى** ماھىيەتتە ئىسلام
دىنى، لاماizm بۇددا دىنىنىڭ فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە
ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتۇر. جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن دىنىي تۈزۈم
بىلەن فېئوداللىق تۈزۈم بىرلىشىپ، دىنغا ئېتىقاد
قىلغۇچى كەڭ ئاممىنى ئېزىپ كەلگەنىدى. جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېموكراتىك
ئىسلاھات ئارقىلىق «دىنىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى
ئىمتىيازلىرى (مەسىلەن، ئۆشرە - زاكات) پەيدىن -
پەي بىكار قىلىندى، دىنىي ئىبادەتخانىلار تۇرغۇن يەر-
زېمىننى ئىگىلىۋالغان ئەھۋال ئىجارە ھەققىنى كېمەي-
تىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتى ئارقى-
لىق مۇۋاپىق ھالدا ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا
ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قى-
لىپ، 1959 - يىلى 4 - ئايدا «ئىسلام دىنى، لاما
دىنى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى يوليو-
رۇق»نى تارقىتىپ، تۆرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا
بىرلەشتۈرۈپ، سالماق پوزىتسىيە بىلەن ئاممىنى ھە-
رىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئاممىغا تايىنىپ، نامۇۋاپىق دىنىي
تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىشنى قارار قىلدى. پارتىيە
ئەزالىرى، كادىرلار ۋە زىيالىيلار ئىچىدە ئاتېئىزىم
تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، خەلق ئاممىسى ئىچىدە پار-
تىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئو-
مۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلىپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار
بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ، دىنىي
ئىمتىياز ۋە دىنىي تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، مىللەت
تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ
بېرىۋاتقان ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش تەلەپ قىلىندى.
سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتى ئارقىلىق
دىنىنىڭ فېئوداللىق ئىمتىيازى ۋە ئېزىش - ئېكسپىلا-
تاتسىيە قىلىش تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن بىكار قى-
لىندى.

**دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش** ھۆكۈمەتنىڭ
دىنغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قانۇن - نىزاملار ۋە سىيا-
سەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى مەمۇرىي جەھەتتىن
باشقۇرۇشى ۋە نازارەت قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ

ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: دىنىي تەشكىلاتلار ۋە مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى، دىنىي خادىملارنىڭ نورمال دىنىي ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش پائالىيىتى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ دىندىن ۋە دىنىي پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى چەكلەش، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇش، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن، قانۇن ـ نىزاملار ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىگە كىرگۈزۈش. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ھۆكۈمەتنىڭ بىر خىل فۇنكسىيىسى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ جامائەت ئىشلىرى دائىرىسىگە چېتىلىدىغان ئىشتۇر. دىنىي تەشكىلاتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشقا كەلسەك، ئۇ ــ دىنىي تەشكىلاتنىڭ ئىچكى ئىشى، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ئارىلاشمايدۇ. 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قائىدىسى» ماقۇللانغان ۋە شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان. 1990 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 96 ـ قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي خادىملارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان ۋە شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان. مۇشۇ ئاساستا ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ سانلىق يىغىنىدا 1994 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى» ماقۇللانغان ۋە شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن، 1994 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيىتىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويغان. يۇقىرىقى نىزام، بەلگىلىمىلەر شىنجاڭنىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى مۇھىم قانۇنىي ئاساسىدۇر.

**دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش** دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتۇر. 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق قائىدىسى» دە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ھەرخىل دىنلارنىڭ مەسچىت، بۇتخانا، ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلىرى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى بىردەك ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ناھىيە دەرىجىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ دىن ئىشلىرى تارماقلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش كېرەك؛ يېڭىدىن بەرپا قىلىنىدىغان، ئۆزگەرتىپ ياسىلىدىغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش لازىم؛ تىزىمغا ئالدۇرۇلغان، تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلگەن دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق تەشكىل ۋە شەخسنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلىشىغا بولمايدۇ؛ تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ھەرقانداق تەشكىل ۋە شەخس خالىغىنىچە يەر تاللاپ دىنىي پائالىيەت سورۇنى بەرپا قىلسا بولمايدۇ؛ بەلگىلىمە بويىچە، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدۇ ھەمدە ئۇنداق سورۇنلاردا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ۋەكىلى بىلەن دىنىي خادىملار قاتناشقان دېموكراتىك باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلىنىشى، بۇ ئورگاننىڭ ئەزالىرىنى شۇ يەردىكى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇشى كېرەك؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا ۋە پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە رىئايە قىلىشى، چەت ئەللەردىكى دىنىي كۈچلەرنىڭ نېرى ـ بېرى قىلىشىنى قوبۇل قىلماسلىقى لازىم.

**دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش** ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1990 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ
16ـ كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش
توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» دە ئاپتونوم را-
يون دائىرىسىدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش
توغرىسىدا ئېنىق ۋە كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىل-
غان، ئۇ دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇنغا ئاساسەن باشقۇ-
رۇشنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. مەركەز ۋە ئاپتونوم را-
يوننىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن:
پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىل-
ماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە، دىنىي پائالىيەتلەرگە قات-
نىشىش ياكى قاتناشماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە. بار-
لىق دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، پەر-
مان ـ بۇيرۇقلار ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدە
ئېلىپ بېرىلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرى تارماق-
لىرىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كې-
رەك. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنىي ئادەت
بويىچە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ۋە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە
ئېلىپ بارغان بارلىق نورمال دىنىي پائالىيىتى، مەسى-
لەن، دىنىي كىتابلارنى ئوقۇش، ۋەز ـ تەبلىغ قى-
لىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئىبادەت قىلىش،
كۆجە يېقىش، بۇتقا باش ئۇرۇش، مىسسا ئۆتكۈزۈش،
ئاخىرەتلىك ياغ سۈرتۈش ۋە دىنىي بايراملارنى ئۆتكۈ-
زۈش قاتارلىق دىنىي پائالىيىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغ-
دىلىدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ.
لېكىن، ھەرقانداق دىنىي تەشكىلات ۋە دىن مۇخلىسى
دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن باشقا يەردە ۋەز ئېيتسا،
دىن تارقاتسا ۋە ئىلاھكويلۇقنى تەشۋىق قىلسا، ھەرقان-
داق جايدا دىنىي تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى ۋە ھۆكۈمەت-
نىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن
ئۆتكۈزمەي نەشر قىلىنغان دىنىي كىتاب ـ ژۇرناللار
ۋە ئۈن ـ سىن بويۇملىرىنى تارقاتسا بولمايدۇ. دىنىي
پائالىيەت سورۇنلىرىغا يۇقىرى ئاۋازلىق كارناي ئورنى-
تىشقا بولمايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەر جەمئىيەت تەرتىپى-
گە، ئىشلەپ چىقىرىش تەرتىپىگە، خىزمەت تەرتىپىگە
ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىگە دەخلى يەت-
كۈزسە بولمايدۇ.

**دىنىي خادىملارنى باشقۇرۇش** دىنىي خادىم-
لارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتۇر. «شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزا-
مى» نىڭ 7 ~ 11 ـ ماددىلىرىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەن-
گەن: دىنىي خادىم مۇئەييەن دىنىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە
ئالغان ۋە شۇ ۋەزىپىنى ئۆتەيدىغان دىنغا ئېتىقاد قىلغۇ-
چى پۇقرانى كۆرسىتىدۇ. دىنىي خادىملار جۇڭگو كوم-
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى
ھىمايە قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىنى قوغدىشى، ۋەتەننى سۆيۈپ قانۇنغا رىئايە
قىلىشى، ئامما ئىچىدە بىر قەدەر يۇقىرى ئابرۇيغا ۋە
دىنىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. دىنىي خادىملارنى
دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش
تەشكىلى كۆرسىتىدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما
مۇزاكىرە قىلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەر دى-
نىي تەشكىلات تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، ئۇلارغا گۇۋاھنا-
مە تارقىتىپ بېرىدۇ. باشقا ھەرقانداق تەشكىلات ۋە
شەخسنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا دىنىي خادىم-
لارنى تەۋىتىشىگە، بەلگىلىشىگە ياكى دىنىي خادىملارنى
ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشىگە بولمايدۇ. دىنىي خادىملار-
نى ئۆز ناھىيىسى (شەھىرى، رايونى) دائىرىسىدىن
تاللاش كېرەك، ئۆز دائىرىسىدە مۇۋاپىق كىشى ھەق-
قەتەن يوق بولۇپ، باشقا ناھىيە ( شەھەر ) ، ئوبلاست
(ۋىلايەت، شەھەر) دىن تەكلىپ قىلىش توغرا كەلسە،
ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن
ئىشلىرى تارمىقىغا تەستىقلىتىش كېرەك. «شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي خادىملارنى باشقۇ-
رۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» دىمۇ دىنىي
خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى، رىئايە قىلىشى زۆرۈر بول-
غان قائىدىلەر، ئۇلارنى مۇكاپاتلاش ـ جازالاش توغرى-
سىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر بار. 1987 ـ يىلىدىن
1990 ـ يىلىغىچە پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە پىلانلىق
ۋە قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا دىنىي خادىملارنىڭ سىيا-
سىي ئىدىيىۋى ئىپادىسى ۋە دىنىي بىلىمى ئۈستىدە
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغانىدى. بۇ خىزمەتنى ئاساسەن
ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلى-
رى تارماقلىرىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن ئېلىپ باردى
ھەمدە بۇ خىزمەت دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئامما-
نىڭ ۋە دىنىي خادىملارنىڭ ماختىشى ھەم قوللىشىغا
ئېرىشكەنلىكتىن، كۆزلىگەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

**قوش «بەشتە ياخشى» لارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش** بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى-
نى، بەشتە ياخشى دىنىي خادىملارنى سېلىشتۇرۇپ با-
ھالاش ھەرىكىتىدۇر. بۇ — ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنغا ئاسا-

سەن، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي خادىملارنى ۋەتەننى سۆيۈپ قانۇنغا رىئايە قىلىش، ئاكتىپلىق بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى. قوش «بەشتە ياخشى بولۇش»نىڭ ئۆلچىمى ھەرقايسى جايلاردا تازا ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، يەنە ئانچە - مۇنچە پەرقلەر بار. ئۈرۈمچىنى مىسالغا ئالساق، بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق: 1 ) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى بولۇش؛ 2 ) قانۇنغا رىئايە قىلىش، سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا ياخشى بولۇش؛ 3 ) قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دېموكراتىك باشقۇرۇشتا ياخشى بولۇش؛ 4 ) دەل - دەرەخ تىكىش، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشتە ياخشى بولۇش؛ 5 ) جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشتە ياخشى بولۇش. بەشتە ياخشى دىنىي خادىملارنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق: 1 ) پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خىزمەتكە ماسلىشىشتا ياخشى بولۇش؛ 2 ) سىياسەت ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىپ، نىزام، بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشتا ياخشى بولۇش؛ 3 ) دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ، سىرتتىن سىڭىپ كىرگۈچىلەرنى توسۇشتا ياخشى ئۈلگە بولۇش؛ 4 ) دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا ھۆرمەت قىلىپ، ھەرقايسى دىن ۋە مەزھەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ياخشى بولۇش؛ 5 ) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پائال قاتنىشىپ، جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش ئىشلىرىنى قوللاشتا ياخشى بولۇش. قوش «بەشتە ياخشى»لارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ھەرىكىتى دەسلەپتە غۇلجا شەھىرىدە باشلىنىپ، ئاندىن پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغان. 1993 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدا قوش «بەشتە ياخشى »لارنىڭ ئۆلچەمگە يەتكەنلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش چارىسىنى بېكىتتى. 1993 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن 52 نى، بەشتە ياخشى دىنىي خادىمدىن 82 نى تەقدىرلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا قوش «بەشتە ياخشى»لارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېڭى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى. 1998 - يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن باھالانغان قوش «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى 102 گە، قوش « بەشتە ياخشى» دىنىي خادىم 182 گە يەتتى.

**شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى** ئىسلام دىنى «ئاللا» نى بىردىنبىر ئىلاھ دەپ بىلىدىغان بىر ئىلاھلىق دىندۇر. ئۇ بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان دۇنياۋى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرىدۇر. ئۇ مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەككە شەھىرىدە بەرپا قىلىنغان بولۇپ، جۇڭگودا ئىلگىرى مۇسۇلمانلار دىنى، پاك دىن ياكى ساماۋى دىن دەپ ئاتالغان. «ئىسلام» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى بويسۇنۇش، يەنى « ئاللا»نىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش دېگەنلىك بولىدۇ. شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار «ئاللا» نى پارس تىلىدا «خۇدا» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كىتابى «قۇرئان كەرىم» ، ئۇنىڭدىن قالسا «ھەدىس» بولۇپ، بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئەدەپ - ئەخلاقىنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ توپ ئەقىدىسى بەش جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بەش جەھەت: ئاللاغا ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىش، پەرىشتىلىرىگە ئىمان ئېيتىش، كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت. مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بەش پەرھىز شاھادەت ئېيتىش(يەنى گۇۋاھلىق بېرىش) ، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتۇر. ئادەتتە، ئىسلام دىنى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن دەپ قارىلىدۇ. 962 - يىلى ئىسلام دىنىغا كىرگەن قارا خانىيلار سۇلالىسى خوتەندىكى بۇددا خانلىقىغا دىنىي ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، 1006 - يىلى خوتەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى خوتەن رايونىغا تارقاتقان. تەخمىنەن 1346 - يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سىياسىي كۈچىگە تايىنىپ، ئىسلام دىنىنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە

كېڭەيتكەن. XVI ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئاساسىي دىن بولۇپ قالغان. ھازىر شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار، تاجىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى** «قۇرئان كەرىم» نىڭ تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە تولۇق تەرجىمە قىلىنغان كۆپ خىل ئۇيغۇرچە نۇسخىسى تارقىتىلغان. 1910 - يىلى يۈسۈپ داموللا چۆچەكتە روزى ئاخۇننىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ قىسمەن تەپسىرىنى ئىشلەپ، «قۇرئان كەرىم تەپسىرى» دەپ ئاتىغان. 1954 ~ 1955 - يىللىرى دامولla مۇھەممەد زىرىپ قارىي ھاجى ئىشلىگەن «قۇرئان كەرىم تەپسىرى» مۇ ئىلىدا تاماملانغان. 1961 - يىلى غۇلجىلىق ھاجى ئابدۇللا شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنىغا ھەدىيە قىلغان «ھېكمەتلىك سۆزلەر» دېگەن كىتاب ئۇنىڭ ئاتىسى دامولla سابىت تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئىدى. بۇلاردىن باشقا، دامولla شەمسىددىننىڭ «قۇرئان كەرىم تەپسىرى» مۇ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. 1986 - يىلى ئۇيغۇر ئالىم مۇھەممەد سالىھ ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۆڭۈل قويۇپ تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە «قۇرئان كەرىم» نى قولدىن چىقاردى. بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ئۇيغۇرچە بىلەن ئەرەبچىنى سېلىشتۇرۇش، ئۇيغۇرچە ئىزاھ بېرىش شەكلىدە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ نۇسخىنى سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھىنىڭ نامىدىكى فەھدى پادىشاھ قۇرئان باسما زاۋۇتى نەشر قىلدى.

**«قۇرئان كەرىم»نىڭ قازاقچە تەرجىمىسى** «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەبچىدىن قازاقچىغا تەرجىمە قىلىنغان كۆپ خىل نۇسخىسى بار. 1990 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى جۇڭگولۇق مەشھۇر قازاق ئالىم دىنىي زات خەزىز ئەخەت ئىنىسى مۇقاش ئەخەت بىلەن بىرلىكتە ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كۆڭۈل قويۇپ، تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» نى نەشر قىلغاندى ئۇنىڭ تەسىرى خېلى چوڭ بولدى.

**«سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى** مىسىرنىڭ قاھىرە شەھرىدە 1929 - يىلى نەشر قىلىنغان، مىسىر پادىشاھ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە تاللاپ تۈزگەن «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» دېگەن كىتابنىڭ ئۈچىنچى نەشرىگە ئاساسەن جۇڭگولۇق ئۇيغۇر ئالىم مۇھەممەد سالىھ ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانىدى، بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 - يىلى 10 - ئايدا نەشر قىلىندى ۋە كېيىن - كېيىندىن كۆپ قېتىم قايتا نەشر قىلىندى.

**سۈننىي مەزھىپى** ئىسلام دىنىدىكى ئاساسىي مەزھەپلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ شىئە مەزھىپى بىلەن بىرلىكتە ئىككى چوڭ مەزھەپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «ئەھلى سۈننە ۋەل - جامائە» دۇر. «سۈننىي» نىڭ مەنىسى «سۈننەتكە ئەمەل قىلغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى «ئەنئەنىچىلەر» دەپ ئاتايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەلىپىلىك ئورۇن سەۋەبىدىن دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. تۆتىنچى خەلىپە ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى پەقەت ئەلى ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە ئەۋلادلىرىلا خەلىپە ۋارىسى بولالايدۇ، دەپ قاراپ، ئالدىنقى ئۈچ خەلىپە (ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان) نىڭ قانۇنىيلىقىنى ئىنكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى. ئەلىنىڭ تەرەپدارلىرى «شىئە» دەپ ئاتالدى. تۆت خەلىپىنى ئېتىراپ قىلىدىغان كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار بولسا، سۈننىيلەرنىڭ دەسلەپكى ئاساس سالغۇچىلىرى بولۇپ قالدى . شىئەلەر ۋە باشقا مەزھەپتىكىلەر بىلەن بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا، IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۈننىيلار بارا - بارا ئۆزىنىڭ سىستېمىلىق دىنىي تەشەببۇس ۋە ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1) «ئىماننىڭ ئالتە مەزمۇنى» ، يەنى ئاللاغا ئىمان ئېيتىش، ئەلچىسىگە ئىمكان ئېيتىش، پەرىشتىلىرىگە ئىمان ئېيتىش، كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش، تەقدىرىگە ئىمان ئېيتىش، قىيامەت ياكى ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش؛ 2) «بەش پەرھىز» نى ئادا قىلىش، يەنى شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىشتۇر؛ 3) فىقھە ئىدىيىسى، بۇنىڭدا «قۇرئان كەرىم» ، ھەدىس ، ئىجمائى، قىياسنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تۆت مەنبەسى

ۋە ئۇسۇل ئىلمىنىڭ ئاساسى قىلىش. بۇلارنىڭ تەرتىپى مۇنداق: ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم»گە، ئىككىنچىدىن ھەدىسكە، ئۈچىنچىدىن ئىجمائقا، تۆتىنچىدىن قىياسقا ئاساسلىنىش، يەنى بىرەر ئىشنىڭ قانۇنىي ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ئاۋۋال «قۇرئان كەرىم» دىن ئاساس ئىزدەش، ئەگەر ئايەتلەردىن ئۇنداق ئىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە تېپىلمىسا، ھەدىستىن ئاساس ئىزدەش؛ ئەگەر ھەدىسلەردىن ئاساس تېپىلمىسا، فىقھە ئالىملىرى ياكى مۇپتىلار كېڭىشىپ بىرلىككە كەلگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، ئىلگىرى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇ ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش، فىقھە ئىدىيىسى ھەنەفىي، مالىكىي ، شافىئىي، ھەنبەلىي ئېقىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۈننىيلەر پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 80% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سۈننىي مەزھىپىگە كىرىدۇ. شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 7 ئاز سانلىق مىللەتتىن تاجىكلارنىڭ كۆپچىلىكى شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغاندىن باشقا، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى سۈننىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، فىقھە جەھەتتە ھەنەفىي ئېقىمىغا كىرىدۇ.

**ھەنەفىي فىقھە ئېقىمى** ئىسلام دىنىدىكى فىقھە ئېقىملىرىنىڭ بىرى. VIII ئەسىردە ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بۇ ئېقىمنى تىكلىگەن. بۇ ئېقىم شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشتا ئاساسەن «قۇرئان كەرىم» گە ئاساسلىنىدۇ، ھەدىسنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوللىنىدۇ؛ قىياس ۋە ئىجمائنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلارنى تەتبىقلاشتا بىر قەدەر جانلىق ئىش كۆرىدۇ، ئەھكاملارنى ئىجرا قىلغۇچىنىڭ شەخسىي پىكرى ۋە ھۆكمىنى تەكىتلەيدۇ، شۇڭا «پىكىر تەرەپدارلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېقىم ئەھكاملارنى ئىزاھلىغاندا، شەرىئەت ئاتالغۇلىرىغا قارىغاندا شەرىئەت روھىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا قىياسنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، قازى (دىنىي سوتچى) پەتىۋانىڭ مۇۋاپىقىنى تاللاش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئادىللىققا يېقىنراق كېلىدىغان ھۆكۈمنى چىقارسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئېقىم ئىسلام دىنى ئىچىدە تەسىرى ئەڭ كەڭ بىر فىقھە ئېقىمى بولۇپ، تۈركىيە، ئىراق، مىسىر، ھىندىستان، پاكىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارالغان. سەئۇدىي ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەر ھەنبەلىي فىقھە ئېقىمى (يەنى كىتاب تەرەپدارلىرى، بەزىدە ئەسلىيەتچىلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غا ئېتىقاد قىلىدۇ. مالىكىي فىقھە ئېقىمى ۋە شافىئىي فىقھە ئېقىمى دېگەن ئىككى ئېقىم ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىمالىي ئافرىقا ۋە غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەر ۋە رايونلارغا تارقالغان. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەنەفىي فىقھە ئېقىمىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

**شىئە مەزھىپى** ئىسلام دىنىدىكى ئاساسىي مەزھەپلەرنىڭ بىرى. «شىئە» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى «ئەگەشكۈچى» ، «گۇرۇھ» دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە ئىنىسى، كۈيئوغلى ئەلىنىڭ خەلىپە ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىكى گۇرۇھلارنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئارىسىدا كېلىپ چىققان سىياسىي كۈرەش داۋامىدا شەكىللىنىپ، سۈننىيلەر بىلەن قارشىلاشقان. ئۇلار ئېتىقاد ۋە تەۋھىد جەھەتتە ئىسلام دىنىدىكى ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ ئاللا، «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر توغرىسىدىكى ئورتاق ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغاندىن باشقا، ئاساسەن تۆۋەندىكى قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ: 1) ئىمام توغرىسىدىكى تەلىمات. شىئەلەر سۈننىي مەزھىپىنىڭ خەلىپىلىك تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلىدە «نامازغا باشچىلىق قىلغۇچى » «ئىمام» دېگەن سۆزگە مۇقەددەسلىك مەنىسىنى بەرگەن. ئۇلار ئىمام دېگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ داھىيسى، ئىماملىق ھوقۇقى ئەلىگە ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، بۇ ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بېكىتىلگەن دەپ قارايدۇ. لېكىن ئىماملارنىڭ مۇقەددەسلىكىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى ۋە سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى جەھەتتە شىئە مەزھىپىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت. 2) غايىب بولغان ئىمام ۋە مەھدى ئىدىيىسى. «مەھدى» نىڭ مەنىسى «توغرا يولغا باشلىغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىدىيىنى ئەڭ دەسلەپتە كەيسانىيە ئېقىمىدىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئېقىمنى تىكلىگەن ئىمام

ئىبنى ھەنەفىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئېقىمدىكىلەر ئىبنى ھەنەفىيىە ئۆلمىدى، بەلكى مەدىنىنىڭ شىرقىدىكى بىر تاغنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا مەھدى سالاھىيىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پىكىر كېيىنكى چاغلاردا شىئە مەزھەپىدىكىلەر تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. لېكىن ئىمام زادى كىم؟ مەھدى قاچان خەلق ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ھەرقايسى ئېقىمنىڭ پىكرى ئوخشاش ئەمەس. 3) «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىچكى مەنىسى بار دېگەن تەلىمات. شىئە مەزھىپى: ئىمام ئاللا ئاتا قىلغان مەخپىي بىلىمگە ئىگە، پەقەت ئىمامنىڭ خۇيپىيانە ئۆگىتىشى بىلەنلا ئاندىن ئايەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنىڭ يۈزەكى (سىرتقى) مەنىسى مۇھىم ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچكى مەنىسىلا ھەقىقىي مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، شىئە مەزھىپى «باتىنىيە ئېقىمى» (ئىچكى بىلىم ئېقىمى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 4) تەقىيە پرىنسىپى. شىئە مەزھىپى ئۇزاققىچە بېسىمغا ئۇچرىغان ئەھۋالدا، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئېتىقادچىلىرى قارشى تۇرۇشقا قۇربىي يەتمەيدىغان بېسىمغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى يوشۇرۇپ، كۆرۈنۈشتە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دىنىي ئېتىراپ قىلغان بولۇۋېلىشىغا، لېكىن دىلىدا ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، بۇ مەزھەپ يەنە ئۆز ئىماملىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ قەبرىگاھلىرىغا چوقۇنىدۇ.

شىئە مەزھىپى ئاساسەن ئىران، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ئافغانىستان، لىۋان، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارالغان، ئۇلارنىڭ سانى دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %15 تىن %17 كىچە بولغان قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسىي تارماقلىرى ئون ئىككى ئىمامچىلار، ئىسمائىلىيەچىلەر (يەتتە ئىمامچىلار)، زەيدچىلەردىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە پەقەتلا تاجىكلار (كۆپچىلىكى) شىئە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**سوپىلار (سوفىزمچىلار) ئېقىمى** ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلار ئېقىمى (يەنى ئىشانلار). «سۇف» دېگەن سۆز ئەرەبچە بولۇپ، «قوي يۇڭى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ ئەزالىرى يېرىك قوي يۇڭىدىن كىيىم كىيىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمبەغەللىككە شۈكۈر قىلىدىغان، ئېتىقادتا ئىخلاسمەن بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

سوپىلار شىنجاڭ ئىسلام دىنىدىكى مۇھىم ئېقىملارنىڭ بىرى. شىنجاڭدىكى سوپىلار ھەنەفىي فىقھە ئېقىمىغا كىرىدۇ. سوپىلار ئىسلام دىنىنىڭ توپ ئەقىدىسى ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق قائىدىسىگە رىئايە قىلغاندىن باشقا، ئۆز پىرىگە چوقۇنۇش ۋە ئۇنى ئەۋلىيالاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆز سۇلۇكىنىڭ پىرىنى «ئەۋلىيا» دەپ قارايدۇ، «ئەۋلىيا» نىڭ «كارامەت» كۆرسىتىش ئىقتىدارى بار دەپ ئىشىنىدۇ. مازارلارنى تاۋاپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مازارنى تاۋاپ قىلىشنى مۇرىتلارنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئەمىلى دەپ قارايدۇ. سوپىلار بۇلارنى تارقىتىش داۋامىدا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش، روھ ـ ئەرۋاھلارغا چوقۇنۇش، ئاتا ـ بوۋىلارغا چوقۇنۇش، شۇنىڭدەك شامان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئەگىشىش قاتارلىق ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە بۇلارنى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلغان. سۇلۇك ئىچىدە قاتتىق تەشكىلىي شەكىل بار، دىنىي دەرىجە ئېنىق، ھەرىكەت مەخپىي، ھەرىكەت سورۇنى خانىقا، پىر «شەيخ»، «ئىشان» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ، تۆۋەندىكىلەر خەلىپە، سوپى، ھاپىز (ھۆكمەت ئوقۇغۇچى)، مۇرىت، بوۋى دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىشان» دېگەن سۆز پارسچە «ئۇلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، دىنىي زاتلار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ قالغان. نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد پىرى خوجا ئەھدار ھەممىدىن ئاۋۋال «ئىشان» دەپ ئاتالغان، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىسلام مۇشۇ سۇلۇكىنىڭ چوڭ ـ كىچىك پىرلىرىنىڭ رەسمىي نامى بولۇپ قالغان. سوپىلىق شىنجاڭدا كەڭ تارقالغانلىقى، ئۇنىڭ تەسىرى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر شىنجاڭدىكى تەسەۋۋۇپچىلارنى «سوپى» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن، بۇ ئى-

سىم ھېلىمۇ قوللىنىلماقتا. ھازىر تەسەۋۋۇپچىلار، يەنى سوپىلار قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ئۇيغۇر ۋە شىنجاڭدىكى خۇيزۇ (ئۇلار تەرىقەتچىلەر دەپ ئاتىلىدۇ) مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

**خۇفىيە** شىنجاڭ ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ بىر ئېقىمى. «خۇفىيە»نىڭ مەنىسى «پەس ئاۋازلىق» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئېقىم «زىكرى»نى پەس ئاۋازدا ئېيتىشنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلغاچقا، «پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغۇچىلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېقىم ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشىبەندىيە سۇلۇكىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنى ئاشۇ سۇلۇكىنىڭ باش پىرى مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد يۈسۈپ XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر تەرەپلەرگە ئېلىپ كىرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئىشانىيە» دەپ ئاتىغان، يەنە «ئاق تاغلىقلار» دەپ نام چىقارغان، بۇ ئېقىمنىڭ كاتتىۋېشى ئاپاق خوجا گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بۇ ئېقىمنى تارقاتقان. بۇ ئېقىم تارقاتقان تەسەۋۋۇپچىلىق قائىدىسى ئىچكى جايلاردىكى خۇيزۇلار ئارىسىغا تارقالغان خۇفىيە تەرىقىتىنىڭ ئاساسى مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاق تاغلىقلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زەربىسىدە پەيدىنپەي ئاجىزلىشىپ بارغان، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇخلىسلىرى يەنىلا خۇفىيە ئېقىمىنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھىندىستاننىڭ سىر ھىندىيە ئېقىمى (ئىمام رەببانى تەرىپىدىن تىكلەنگەن ۋە «گۈللەنگەن نەقشىبەندىيە» دەپ ئاتالغان) شىنجاڭدا تەرەققىي قىلغان، بۇ يېقىنقى زامان خۇفىيە ئېقىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدا ئېقىپ يۈرگەن «پەس ئاۋازدا زىكرى قىلىش»نى ئۆزىگە بەلگە قىلغان سوپىلار سۇلۇكى (مەسىلەن، مىسكىيە قاتارلىقلار) مۇ «خۇفىيە» دەپ ئاتالغان. شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار ئىچىدىكى «خۇفىيە» چوڭ بىر تەرىقەت ئېقىمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تارماقلىرى ئاساسەن بېيجۇاڭ، خۇاسى، بى جياچاڭ، خۇچىمېن قاتارلىقلاردۇر.

**جەھرىيە سۇلۇكى** ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسەۋۋۇپچىلار (سوپىلار) نىڭ دىنىي ئېقىمىدىن بىرى. ئەرەب تىلىدا «جەھرىيە» دېگەن سۆز «ياڭراق، جاراڭلىق، ئۈنلۈك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئۈنلۈك زىكرى قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، «خۇفىيە تەرىقىتى» ئەكسىچە «جەھرىيە سۇلۇكى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئېقىمنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى ئوتتۇرا ئاسىيا يەسەۋىيە تەرىقىتى ۋە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىدۇر. ئىسھاقىيە يەنە «قارا تاغلىقلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلار يەكەننى مەسلەك تارقىتىش مەركىزى قىلغان بولۇپ، نۇرغۇن مۇخلىسلىرى بار. مەزكۇر سۇلۇكنىڭ زاھىتلىق نەزەرىيىسى جەھەتتە خۇفىيە بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يەرى زىكرى قىلىشتىكى ئاۋازىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، ئاددىي - مۇرەككەپلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە. مۇخلىسلار دائىم بىر يەرگە جەم بولۇپ ياكى خانىقا - مازارلارغا توپلىشىۋېلىپ تەسبىھ ئېيتىشىدۇ. نۆۋەتتە بۇ سۇلۇكنىڭ يەكەن، قەشقەر، قاغىلىقلاردا تەسىرى بىر قەدەر چوڭ. شىنجاڭدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا جەھرىيە تەرىقىتىنىڭ شاگۇ، بەنچياۋ قاتارلىق تارماق ئېقىملىرى بار.

**قەدىمىيە** شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىدىن بىرى. «قەدىمىيە» ئەرەب تىلىدا «قەدىمكى دىن»، «قەدىمىي ئېقىم» دېگەن مەنىدە. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن - ئەھكاملىرى، قائىدە - يوسۇنلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى مىڭ - چىڭ خاندانلىقلىرى دەۋرىدە سىڭىپ كىرگەن سوپىزم تەرىقىتى («جەھرىيە»، «يېڭى سۇلۇك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن پەرقلەندۈرۈپ، شۇنداق ئاتالغان. مەزكۇر ئېقىم سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەنئەنىچىلىرى (ئەھلى سۈننەت) نىڭ قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، «ئالتە ئىمان» (ئەل ئاقائىد ئەل سىتتە)، «بەش پەرز»، «سەككىز دىنىي ئەقىدە» ۋە ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇن، تۈزۈملىرىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۆز ئارا قاراشلىق بولماسلىقتەك جامائە تۈزۈمىنى، دىنىي ئىشلاردا ئىمام ياكى ئاخۇننى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى، مەسچىتتە ئىمام، خاتىب، مەزىن بولۇشتەك «ئۈچ ئاخۇنلۇق تۈزۈم» قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويىدۇ.

مەزكۇر ئېقىم تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن تۈزۈم جەھەتتە پىكىر ئىختىلاپى بولۇپ، ئىمامغا تېۋىنىش ۋە گۇمبەزگە تاۋاپ قىلىشقا قارشى تۇرىسمۇ، بىراق ھەرقايسى تەرىقەت ۋە دىنىي مەزھەپلەر چىقىشىپ ئۆتۈش پوزىتسىيىسىنى ساقلايدۇ. مەزكۇر ئېقىم جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ بۇرۇن، ئەڭ كەڭ، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان ئاساسلىق ئېقىمىدۇر. شىنجاڭدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئېقىمغا تەۋە.

**ئىخۋانىيە** شىنجاڭ خۇيزۇلىرىنىڭ دىنىي ئېقىملىرىدىن بىرى. ئەرەب تىلىدا «ئىخۋانىيە» دېگەن سۆز «ئەھلى سۈننەت» دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. بۇ ئېقىم «قەدىمىيە مەزھىپى»، «تەسەۋۋۇپچىلار تەرىقىتى» دىن پەرقلىق ھالدا «ئىخۋانىيە» دەپ ئاتالغان. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇڭشياڭ مىللىتىنىڭ خېجۇلۇق داڭلىق ئاخۇنى ماۋەنفۇ ھەج قىلغىلى بېرىپ، ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇرغۇزغان. مەزكۇر ئېقىمنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەنلىكى، «دىنىدا قۇرئان بويىچە يول تۇتۇش»، «سۈننەتكە ئەمەل قىلىپ، دەھرىيلىكنى تۈگىتىش»، «ھەممىدە قۇرئاندا دېيىلگىنى بويىچە ئىش كۆرۈش» تەك كونىلىقنى تەشەببۇس قىلغانلىقى، بىدئەتلىككە، سوپىزم مۇخلىسلىرىنىڭ ئەۋلىيالارغا، ئەۋلىيالار قەبرىسىگە چوقۇنۇشىغا قارشى تۇرۇپ، قۇرئان – ھەدىسلەرگە ئۇيغۇن بولمىغان ئۆرپ – ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلغانلىقى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. مەزكۇر مەزھەپ شىنجاڭدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**خەلىپە** بۇ سۆز ئەرەب تىلىدا «ۋاكالەتچى»، «ئورۇنباسار» دېگەن سۆز بولۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئاللانىڭ ۋاكالەتچىسى، ۋاكالىتەن ئىدارە قىلغۇچىسى دەپ قارىلاتتى. كېيىن بۇ سۆز مەخسۇس مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى سىياسەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈپ ئىدارە قىلغۇچى داھىيىنى كۆرسىتىدىغان بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھاكىمىيەت تۇتقان تۆت چوڭ خەلىپە مۇشۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ خەلىپە توغرىسىدىكى مەنىلىرى: ① جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنىدىكى بۇ ئۆلكىلىرىدىكى مۇسۇلمانلار مەسچىتلەردە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئاخۇن سەۋىيىسىگە يەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى «خەلىپە» دەيدۇ؛ ② جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلار تەرىقىتىدىكى بىر دىنىي ۋەزىپە نامى. مەسىلەن، شىنجاڭدىكى ئىشان مەزھىپىدە ئىشان ئالاھىدە تەربىيىلىگەن ياكى ۋارىسلىققا كۆرسەتكەن كىشى «خەلىپە» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «شاگىرت» ياكى «ئورۇنباسار» دېگەن مەنىدە.

**ئىمام** ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدا ئەسلى «داھىي»، «ئۇستاز»، «باشلامچى» ۋە ئىدىيىۋى نەزەرىيە ساھەسىدىكى «نوپۇزلۇق ئەرباب» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ مەنىلەرگە ئىگە: ① سۈننىي مەزھىپىدىكىلەر دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ سىياسىي، دىنىي رەھبىرىنى ئىمام دەپ ئاتاپ، «خەلىپە» بىلەن ئوخشاش ئىشلىتەتتى. ② شىئە مەزھىپىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تارماق مەزھىپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيلىرىنى ۋە دىنىي نوپۇزلۇق ۋەكىللىرىنى ئىمام دەيدۇ. ③ مەسچىتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز – ئىبادەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى كىشى مەسچىتنىڭ ئىمامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، جۇڭگو خۇيزۇ مەسچىتلىرىدىكى ئاخۇن بىلەن ئوخشاش. ④ كالام ئىلمى، فىقھە ئىلمى، ھەدىس ئىلمى، تەپسىر ئىلمى، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەردىكى ۋە ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەر، ئىلمىي ئېقىملارنىڭ ئىدىيىۋى نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ نوپۇزلۇق ئەرباپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**خاتىپ** ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. «خەتىپ»مۇ دېيىلىدۇ. ئەرەب تىلىدا ئەسلى «خۇتبە ئوقۇغۇچى»، «دىنىي ناتىق» دېگەن مەنىلەردە ئىدى. جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى خاتىپ دەسلەپكى مەزگىللەردە مەسچىتنىڭ «ئۈچ ئاخۇن» لۇق تۈزۈمىدىكى ئاخۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ئۇ كالام ئىلمى، فىقھى تەشۋىق

قىلغۇچى ئىدى؛ كېيىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاخۇنلار قىلىدىغان بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدا چوڭ مەسچىتلەردە جۈمە نامىزىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى خاتىب دېيىلىۋاتىدۇ.

**موللا** ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «قوغدىغۇچى»، «خوجايىن» ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ سۆز دىنىي ۋەزىپە نامى بولۇپ كەڭ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ھازىر كۆپ خىل مەنىگە ئىگە: ① مىلادىيىنىڭ VII ~ VIII ئەسىرلىرىدە ئەرەبلەرنىڭ خەلىپىلىك دۆلەتلىرىدە ئەرەبلەر باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى موللا دەپ ئاتايتتى. ② ئىسلام مەملىكەتلىرىدە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان - پاكىستان ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىدا زىيالىيلارنى، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى موللا دەيدۇ. ③ ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىدە ئىماملارنى ھۆرمەتلەپ موللا دەپمۇ ئاتايدۇ. ④ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى مەسچىتنىڭ ئاخۇن، ئىماملىرىنى «موللام» دەپمۇ ئاتايدۇ. ⑤ جۇڭگونىڭ گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلىرىدىكى خەنزۇ تىلى ئىشلىتىدىغان خۇيزۇ، سالار، دۇڭشياڭ، باۋئەن مىللەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىرى مەسچىتتە دىنىي ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان تالىپلارنى «موللا» دەيدۇ. ⑥ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدا ئەرلەرنىڭ مەدەنىيەتلىك، سالاپەتلىكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسمىغا «موللا» دېگەن سۆزنى قوشۇۋېلىشنى ئادەت قىلغان.

**ئاخۇن** ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «ئوقۇتقۇچى»، «ئۆلىما» دېگەن مەنىلەردە ئىدى. مەسچىتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى كىشى ۋە بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان دىنىي ۋەزىپىسى بار زاتلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. دىنىي بىلىم، تەربىيىلىنىش، ئورۇن، ۋەزىپە قاتارلىقلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، تارىختا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈردىكى كىشىلەر ئاخۇن دەپ ئاتالغان: ① ئىمام، يەنى مەسچىتنىڭ ئىمامى، ئادەتتە يەرلىك كىشىلەر ئۈستىگە ئالىدۇ. ② موللام، يەنى تەكلىپ بىلەن دىنىي دەرس بېرىدىغان ئاخۇن. ③ ئۈچ ئاخۇن، يەنى ئىمامغا ياردەمچى بولۇپ ئەزان توۋلايدىغان مەزىن، خۇتبە ئوقۇيدىغان ۋە بالىلارغا مەرىپەتتىن دەرس بېرىدىغان خەتىب ھەم ئىلمى فىقھىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرىدىغان مۇپتى، بۇ ئۈچى قوشۇلۇپ «ئۈچ ئاخۇن» دېيىلىدۇ. ④ ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپ ئاخۇنى، يەنى ئېلىپبە ۋە ھەپتىيەكتىن دەرس بېرىدىغان ئاخۇن. ⑤ ئىككى ئاخۇن، يەنى چوڭراق مەسچىتلەردە مەخسۇس قۇربانلىق قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە مەدرىسىدە دەرس بېرىدىغان ئاخۇن. ⑥ ۋەزىپىسىز ئاخۇن، يەنى مەسچىتتە تۇرماي دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئاخۇن. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچىدە ئەرلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىغا ئاخۇن سۆزىنى قوشىدىغان ئادەت بار. بۇنداق ئەھۋالدا «ئەپەندى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**شەيخ** ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «ئاقساقال»، «پىر-كالان». مۇسۇلمانلار دىندا شۆھرەت قازانغان مويسىپىتلارنى، مۇدەررىسلەرنى، ئۆلىمالارنى ياكى نوپۇزلۇق زاتلارنى ھۆرمەتلەپ شەيخ دەپ ئاتايدۇ. تەسەۋۋۇپچىلار (سوپىلار) ۋە ئىشان ئېقىمىدىكىلەر باشلىقلىرىنى شەيخ دەپ ئاتايدۇ.

**ئىشان** جۇڭگو شىنجاڭدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلار (سوپىلار) نىڭ باشلىقلىرى ئىشان دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز ئەسلى پارس تىلىدا ئۈچىنچى شەخس كىشىلىك ئالمىشىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، «ئۇلار» دېگەن مەنىدە ئىدى، دەسلەپكى مەزگىللەردە باشقا ساھەدىكىلەر بۇ ئېقىمدىكىلەرنى شۇنداق ئاتاپ كەلگەن. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ، سوپىلارنىڭ باشلىقلىرىنى ئاتايدىغان مەخسۇس ئاتالغۇ قىلىۋالغان. يەنە بۇ سۆزنى ئەرەب تىلىدىكى «ئىرشاد» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگۈچىلەرمۇ بار. «ئىرشاد» دېگەن سۆزنىڭ «يېتەكچى»، «باشلىق، »، «ئۇستاز» قاتارلىق مەنىلىرى بار. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو شىنجاڭدا سوپىلارنى «ئىشان

ئېقىمدىكىلەر» دەپ، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىرىنى «ئىشان» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپى ئىسمائىلىيە سۇلۇكىدىكى تاجىك مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي باشلامچىلىرىنى «ئىشان» دەپ ئاتايدۇ.

**هافىز** ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «ۋەسىي»، «هامىي»، «قوغدىغۇچى»، «ساقلىغۇچى». هازىر تۆۋەندىكىدەك مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: ① «قۇرئان» دا ئېيتىلىشىچە ئاللانىڭ 99 گۈزەل ئىسمىنىڭ بىرى، مەنىسى «ساقلىغۇچى». ② ئىسلام دىنىدا «قۇرئان»نى تولۇق يادلىيالىغان ئادەمنىڭ هۆرمەتلەپ ئاتىلىشى. ③ جۇڭگو شىنجاڭدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىشان ئېقىمىنىڭ جارچىسى. ئىشان ئېقىمىنىڭ مۇرىتلىرى ئىبادەت قىلغاندا، هافىز زىكىر قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، ھەلقەساما سالغاندا هافىزلار هۆكمەت ئېيتىپ تەڭكەش قىلىشىدۇ. ④ مۇسۇلمانلار ئەرلەرگە قويىدىغان ئىسىم.

**تالىپ** موللا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەسچىتلىرىنىڭ دىنىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان، ئوقۇغۇچىلار. خۇيزۇلار مەسچىتلەردە ئاخۇنلۇق دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن دىنىي كەسىپتە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنى «موللا» دەيدۇ. ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردىكى «خەلىپە» بىلەن ئوخشاش. شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى مەسچىتتە ۋە هازىرقى دىنىي مەكتەپلەردە، دىنىي ئىنستىتۇتلاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى «تالىپ» دەپ ئاتايدۇ. قارىي «قۇرئان»نى يادلىيالايدىغان ۋە قىرائەت قىلالايدىغان كىشى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «قۇرئاننى يادقا بىلگۈچى». بەزى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە مەخسۇس «قۇرئان» نى يادلاشنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەر ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى بار بولۇپ، ئۇ يەرلەردە قارىيلارنى يېتىشتۈرىدۇ. خەلقئارا ئىسلام دىنىي بىرلەشمىسى ئىككى نۆۋەتلىك قارىيلار مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇردى.

**مەزىن (مۇئەززىن)** ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى «ئەزان ئېيتقۇچى». هەر كۈنى ۋاقتى-ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشقا چاقىرغۇچى كىشى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىمامنى ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقىت بولغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىش. ئەزان ئېيتقاندا مەزىن مەسچىت پەشتىقىغا ياكى مەسچىت ئالدىدىكى سۇپىغا چىقىپ ئەزان توۋلاپ، مۇسۇلمانلارنى ناماز ئوقۇشقا چاقىرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئەزاننى ئاڭلاپ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ئىسلام مەملىكەتلىرىدە بۇرۇنلاردا مەزىنلىك ئاتىسىدىن مىراس قالاتتى، هازىر تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلىدىغان بولدى. جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنىدىمۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇن مەزىنلىك ئاتىسىدىن مىراس قالاتتى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ۋاجىپلىق تۈزۈمگە ئۆزگىرىپ، كۆپىنچە مەسچىتلەردە ئۆگىنىۋاتقان تالىپلار مەزىنلىك قىلىدىغان بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەسچىتلىرىدە مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مەزىنلەر بار.

**هاجى** ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە نامى. ئەرەب تىلىدا «ھەج قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە. مەخسۇس ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغانلار، ھەمدە ھەج-تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلغان ئەر-ئايال مۇسۇلمانلار. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بۇ ئاتالغۇنى ھەج قىلغانلارنى هۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئىشلىتىدۇ.

**مۇتەۋەللى** ئىسلام دىنىدىكى دىنىي ۋەزىپە. خەنزۇ تىلى ئىشلىتىدىغان مۇسۇلمانلار بۇنى ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىدۇ: ① مەخسۇس مەسچىت باشقۇرۇش تەشكىلىنىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ ئىمام ئاخۇنغا ياردەملىشىپ، مەسچىتنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ۋە مەسچىت مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەسچىت مۈلكىنى باشقۇرۇش، مەسچىت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىسى بار. ② ئومۇمەن مۇسۇلمانلار جامائىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**مۇسۇلمان (مۇسلىم)** ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئاتىلىشى. ئەرەب تىلىدا «ئىتائەت قىلغۇچى»، «خۇداغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغۇچى» دې-

گەن مەنىدە. بۇرۇن ھەممىدە ئاللاغىلا ئىتائەت قىلغۇچى كىشىلەرنى، ئىسلام دىنى تارىخىدىكى پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلغۇچى كىشىلەرنى كۆرسەتەتتى، كېيىنچە ئومۇمەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

**قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى** شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر كاتتا مەسچىتى. ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەشقەر شەھىرى ئازادلىق يولىدا. «ھېيتگاھ» سۆزى ئەرەبچە «ھېيت» دېگەن سۆز بىلەن پارسچە «گاھ» دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بولۇپ، «ھېيت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان جاي» دېگەن مەنىدە. بۇ مەسچىت شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار يىغىلىش ـ مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدىغان كاتتا مەسچىت، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە مەدەنىيەت مەركىزى. بۇ مەسچىتنىڭ قاچان سېلىنىشقا باشلىغانلىقى توغرىسىدا قولىمىزدا ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەسچىت ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى قۇتەيبە ئەرەبىستاندىن تارقاتقىلى كەلگەن ئىمامنىڭ مازىرىنى كۆچۈرۈپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلغانىكەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭتۇڭ يىللىرىدا ( 1436 ~ 1449 يىللىرى) قەشقەر ھۆكۈمرانى سانىز مىرزا ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مازارنىڭ يېنىغا بىر مەسچىت سالدۇرغانىكەن، شۇ مەسچىت مۇشۇ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئاساسى ئىكەن. XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەكەن خانلىقىنىڭ قەشقەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان دائىرىلىرى بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ چوڭ جامەگە ئايلاندۇرغانىكەن. 1798 ـ يىلى يېڭىسارلىق ئۇيغۇر قىزى مۇسۇلمان گۈلرەنا پاكىستانغا كېتىۋېتىپ سەپەر ئۈستىدە قەشقەردە قازا قىپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قالغان سەپەر خىراجىتىنى ئىشلىتىپ، بۇ مەسچىتنى يەنە كېڭەيتىپ، ھېيتگاھ دەپ نام بېرىپتۇ. كېيىن يەنە كۆپ قېتىم كېڭەيتىلىپتۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ يىللىرىدا (1821~1850 ـ يىللىرى) قەشقەر شەھىرى كېڭەيتىلگەندە، ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپ، تولۇق رېمونت قىلىنىپ، يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلگەنىكەن. 1872 ـ يىلى قوقانلىق تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەزكۇر مەسچىت تېخىمۇ زور كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، مەسچىت ئۆيلىرى، ئىسسىق بۆلمىلەر، ھۇسلىخانا، پەشتاق، سۇنئىي كۆللەرنى ياسىغاندىن باشقا، مەسچىت دەرۋازىسى، جايىنامازلارنى ھازىرلاپ، مەسچىتنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھېيتگاھ مەسچىتى ھازىرقى دائىرىگە ئىگە بولغان.

مەسچىتنىڭ بارلىق ئىگىلىگەن يېرى 25 مو، بۇ ئاساسەن مەسچىت دەرۋازىسى، خانىقا، پەشتاق، مەسچىت ئۆيلىرى، سۇنئىي كۆل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالدىنقى دەرۋازىسى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ، دەرۋازا ئالدىدا مەسچىتنىڭ نامىدىكى ھېيتگاھ مەيدانى بار. دەرۋازا مۇنارى ئەرەبچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، دەرۋازا چوققىسىدا قۇببە بار، ئۈستىگە كىچىك ئۈچلۇق مۇنار سېلىنغان. دەرۋازا ئىچىدە سەككىز بۇرجەك دەھلىز، دەھلىزنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە مەسچىت قورۇسىغا ئېچىلغان مېھراپسىمان ئىككى ئىشىك بار. ئېگىزلىكى 18 مېتىرچە كېلىدىغان، خىشتا قوپۇرۇلغان ئىككى تۈۋرۈكسىمان ئەزان چاقىرىش مۇنارى مەسچىتنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، مۇنار تۈۋىدىن يۇقىرىسىغا ھەر قەۋەتتە ئاز ـ ئازدىن قورۇپ، ھەرخىل نەقىش ۋە شەكىللەرنى چىقىرىپ قوپۇرۇلغان. مۇنار بىلەن دەرۋازا راۋىقى قىسقا تام بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. تام ۋە دەرۋازا راۋىقى ھەممىسى سۇس سېرىق سىرلانغان، خىشلارنىڭ ئارىلىقلىرى ۋە تامغا چىقىرىلغان ئويۇقلار ھاك بىلەن ئەنىكاپلانغان، سىزىقلىرى ئېنىق ۋە راۋان بولۇپ، كىشىگە كۈچلۈك تەكشىلىكتىكى ستېرېئو تۇيغۇ بېرىدۇ. خانىقا (نامازخانا) مەسچىت قورۇسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، خىش ۋە ياغاچ بىلەن قۇرۇلغان، ئۆگزىسى تۈز، ئۇزۇنلۇقى 160 مېتىر، ئىشىكتىن قول تامغىچە 16 مېتىر. ئىچكى ـ تاشقى نامازخانا ۋە دەھلىزدىن تەشكىل تاپقان، ھەممىسىگە تۈۋرۈك قويۇلغان بولۇپ، ئويۇلغان نەقىش 158 تال. ياغاچ تۈۋرۈك ئاق تورۇسنى تىرەپ تۇرىدۇ، تورۇسقا ھەرخىل گۈل ۋە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنىڭ سۈرىتى سىزىلغان. مەسچىت قورۇسى كۆركەم، ئازادە، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بولۇپ، كىشىگە راھەت بەخش ئېتىدۇ. پۈتۈن مەسچىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، بىناكارلىق سەنئىتى نەپىس، بېزىلىشى ئاددىي ـ

سادىدا بولۇپ، كۆركەم كۆرۈنىدۇ. ئۇسلۇبى ئالاھىدە. نامازخانا، مەسچىت قورۇسى ۋە ھېيتگاھ مەيدانىنى قوشقاندا نەچچە ئون مىڭ كىشى بىمالال ناماز ئوقۇيالاي-دۇ. يېقىنقى زامانلاردىن تارتىپ ھېيتگاھ مەسچىتى قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دى-نىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ كەلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى مەسچىتنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، مەسچىتنى يېڭىلاپ تۇردى. ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورۇن. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 30 - بېتىگە قارالسۇن)

**تۇرپان سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى** شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر مەسچە-تى. «ئىمىن ۋاڭ مۇنارى» مۇ دېيىلىدۇ. تولۇق نامى «ئىمىن خوجىنىڭ شەپقەتكە جاۋاب قايتۇرۇش مۇنارى» . ئورنى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، شە-ھەر بىلەن ئارىلىقى 4000 مېتىر كېلىدۇ. XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرپان ۋاڭى ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ شەپقىتىگە مىننەتدارلىقى-نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سالدۇرغانىكەن. مۇنار پۈتمەي تۇرۇپ ئىمىن خوجا ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان چىيەنلۇڭنىڭ 43 - يىلى (1778 - يىلى) پۈتكۈزۈپتۇ. شۇڭا ئۇ «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى» دەپ ئاتالغانىكەن. پۈتۈن قۇ-رۇلۇش خىشتا قوپۇرۇلغان مۇنار، خانىقا ۋە دەرۋازا پەشتىقىدىن تەشكىل تاپىدۇ. مۇنار خانىقانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا، مۇنار دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى تاش ئابىدىگە ئەرەبچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا ئاللاغا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭغا يېزىلغان مەدھىيە بار. مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 44 مېتىر، تۈۋىنىڭ دىئا-مېتىرى 11 مېتىر، ئاستىدىن ئۈستىگە قەۋەتمۇ قەۋەت ئاز - ئازدىن قۇرۇلۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، شەكلى لوڭقىسىمان، مۇنارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈل تۈۋرۈكى بار. مۇنار ئىچىدە سپىرالسىمان 72 باسقۇچلۇق پەلەم-پەي بار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇنارنىڭ چوققىسىغىچە چىققىلى بولىدۇ. مۇنارنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىدە ئېگىزلىكى ھەرخىل بولغان، يورۇقلۇق چۈشىدىغان ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان 14 دېرىزىسى بار. مۇنارنىڭ چوققا قىسمىدا دۈگىلەك زال بولۇپ، تۆت تەرەپكە ئېچىلغان مېھرابسىمان ئىشىكى بار، ئىشىكتىن چىقىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ تۆت ئەتراپنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇنار خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، نەقىشلىك خىشلار بىلەن 15 تۈرلۈك نەقىش چىقىرىلغان. ھەممە يېرى خىشنىڭ ئەسلى رەڭگى توپا رەڭدە. مۇنار ئىچىدە بىرەر ئۈل تاش قويۇلمىغان، ياغاچمۇ ئىشلىتىلمىگەن، پۈتۈنلەي خىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئۈزۈل تۈۋرۈك مۇنارنىڭ بارلىق ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاددىي ۋە كۆركەم قى-لىپ سېلىنغان بۇ مۇنار ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر بىنا-كارلىقىنىڭ ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. خانىقا توققۇز بۆلمە كەڭلىكىدە، ئىشىكتىن تۆرگىچە 11 بۆلمە ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، چاسا شەكىلدە، تۈز ئۆگزىلىك قى-لىپ سېلىنغان، بىراق مېھرابىنىڭ ئۈستىگە قۇببە چې-قىرىلغان. خانىقا زالى بىلەن يان نامازخانىلار مېھراب-سىمان ئىشىكلەر ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. دەرۋازا راۋىقىنىڭ ئۇدۇلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ مېھرابسىمان ئىشىك ئېچىلغان، ئوتتۇرىدىكى چوڭ ئىشىك تۆت بۇر-جەك شەكىلدە. ئىچىگە كىرگەندىلا يەردە قۇببە ئۆگزىلىك چوڭ زال بولۇپ، ئۇدۇل ماڭسا چوڭ نامازخانىغا كىر-گىلى، سولغا ماڭسا مۇنار ئېغىزىغا چىققىلى بولىدۇ. مۇنار، خانىقا ۋە دەرۋازا راۋىقى بىر گەۋدە بولۇپ، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ئۇسلۇبى جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقىدا تىكلەنگەن بىر بايراق دېيىشكە بولىدۇ. ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورۇن. (رەڭلىك قىستۇرما ۋا-راقنىڭ 30 - بېتىگە قارالسۇن)

**تۇرپان شەرقىي چوڭ مەسچىتى** شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئاساسلىق مەسچىتى. ئورنى تۇرپان شە-ھىرىنىڭ يېڭى شەھەر يولىدا. 1871 - يىلى قۇرۇل-غان. خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق. ئىگىلىگەن ئورنى 3025.91 كۋادرات مېتىر. نامازخانىنىڭ يەر مەيدانى 1459.3 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 600 دىن ئارتۇقراق كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ.

**ئۈرۈمچى جەنۇبىي چوڭ مەسچىتى** مەشھۇر

مەسچىت. ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدا. 1868 ـ يىلى سېلىنغان. مەزكۇر مەسچىت جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، نامازخانا پىششىق خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق. نامازخانا ئىچكى تاشقى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 2500 كۋادرات مېتىر.

**تۇرپان قازىخانا مەسچىتى** تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسچىتى. 1860 ـ يىلى سېلىنغان. كۆپ قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنغان، ئۈچىنچى قېتىملىق رېمونتى 1948 ـ يىلى تاماملانغان. 1982 ـ يىلى دەرۋازا راۋىقى رېمونت قىلىنىپ، 1983 ـ يىلى بېزەلگەن. مەسچىت قورۇسىنىڭ يەر مەيدانى 2400 كۋادرات مېتىر، 500 دىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ.

**ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتى** مەشھۇر مەسچىت. 1898 ـ يىلى سېلىنغان. تاتار مەسچىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر مەسچىت خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلما، ئۇسلۇب جەھەتتىن باشقا مەسچىتلەرگە ئوخشىمايدۇ. مەسچىتنىڭ نامازخانىسى تۆت چاسا بولۇپ، نامازخانىنىڭ ئىچىدە سول، ئوتتۇرا ۋە ئوڭ ئارماق نامازخانىلىرى بار، ئۇدۇل ئىشىكتىن كىرىپ، دەھلىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ ئىشىك ئارقىلىق باشقا بۆلمىلەرگە كىرگىلى بولىدۇ. ئۆگزىسىنىڭ تۆت تەرىپى تۈز، ئوتتۇرىسىدا تۆت بۇرجەك گۈمبىزى بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئۈچلۈق مۇنارى بار، مۇنار ئاستىغا رومبىسىمان قىرلىق تۈۋرۈك ئۇل قىلىنىپ، ئۈستى پىرامىدا شەكلىدە ياسىلىپ چوققىسىغا ھىلال ئاي شەكلى قوندۇرۇلغان.

**كېرىيە جامە مەسچىتى** مەشھۇر مەسچىت. ئورنى كېرىيە ناھىيىسىدە. يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە سېلىنغان، كېيىن كۆپ قېتىم كېڭەيتىلىپ ھازىرقى كۆلەمدىكى مەسچىت شەكىللەنگەن. بۇ مەسچىتنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 12 مىڭ 580 كۋادرات مېتىر. نامازخانىسىنىڭ ئايۋان بىلەن قوشۇلغاندىكى ئىچكىرىلىكى 72 مېتىر، كەڭلىكى 41.5 مېتىر بولۇپ، 5000 ~ 6000 كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. مەسچىت قورۇسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 109 مېتىر، كەڭلىكى 88 مېتىر، يەر مەيدانى 9592 كۋادرات مېتىر. قۇربان ـ روزا ھېيتلىرىدا ئون مىڭغا يېقىن مۇسۇلمان ناماز ئوقۇيالايدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.


**ئۈرۈمچى شەنشى چوڭ مەسچىتى** ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇيزۇ مەسچىتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ چوڭ مەسچىت. ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى يۈڭخې ئۇدۇل كوچىسىدا. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرى سېلىنىشقا باشلاپ، 1906 ـ يىلى ( گۇاڭشۈينىڭ 32 ـ يىلى) قايتا قۇرۇلغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا چوڭ رېمونت قىلىنغان. مەزكۇر مەسچىت چاسا قورۇ شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. نامازخانىسى جۇڭگو قەسىرلىرى شەكلىدىكى خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت بولۇپ، ئالدى قىسمى تاق لەمپىلىك بېلىق سىرتى ئۆگزىلىك، كەينى قىسمى ئۈستى سەككىز بۇرجەكلىك، ئاستى تۆت بۇرجەكلىك، قەۋەت لەمپىلىك « سەككىز بۇرجەك راۋاق» ، ئەزانخانا راۋىقىدىن ئىبارەت. نامازخانىنىڭ سىرتىدا ئايلانما دەھلىز تۇتىشىپ تۇرىدۇ. قورۇنىڭ شىمالىي، جەنۇبىي، شەرقىي تەرەپلىرىدە زال، ياتاقخانا، مەدرىسە ۋە غۇسلخانا بار، مەزكۇر مەسچىت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورۇن.

**غۇلجا تۇڭگان مەسچىتى** غەربىي شىمال چېگرا شەھىرىدىكى مەشھۇر مەسچىت. ئەسلى نىڭگۇ مەسچىتى، شەنشى چوڭ مەسچىتى، شەنشى ـ گەنسۇ چوڭ مەسچىتى قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. ئورنى غۇلجا شەھىرىدە. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى ( 1760 ـ يىلى) قۇرۇلۇشقا باشلىغان، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيلىك خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان. ئەسلى ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 6000 كۋادرات مېتىردىن ئاشاتتى. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى شىئەن شەھىرىنىڭ خۇاجۆ كوچىسى مەسچىتىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قەسىرلىرى شەكلى بىلەن ئەرەبچە بېزەش سەنئىتى بىرلەشتۈرۈلگەن بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەۋە. مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىدا يان ئىشىكلىرى

بار بولۇپ، ھەرقايسى يان ئىشىكنىڭ قوش «八» شەكلىدىكى تومسا تېمى بار. دەرۋازىنىڭ ئىچىدە تىك سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك ئەزان توۋلاش پەشتىقى بار. نامازخانىنىڭ يەر مەيدانى 600 كۋادرات مېتىردىن ئار-تۇق بولۇپ، سىرتقى نامازخانا، ئوتتۇرا نامازخانا ۋە كەينى نامازخانىلارغا بۆلۈنگەن 42 بۆلمىسى بار، ھەم-مىسى بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيالاي-دۇ. ئۈچ ئۆگزە چېتىلما مۇنار قۇرۇلمىسىنى شەكىل-لەندۈرىدۇ. كەينى نامازخانىنىڭ سىرتقى شەكلى تۆت قەۋەتلىك سەككىز بۇرجەكلىك شىپائىسمان قۇرۇلۇش بولۇپ، ئىچى گۈمبەزسىمان قۇرۇلمىلىق. نامازخانى-نىڭ ئالدى تېمىدا ئەرەبچە «مەسچىت» دېگەن خەت ھەمدە روجەك ۋە ئىشىك قاناتلىرىغا نەقىش ئويۇلغان. نامازخانىنىڭ ئىككى ئىشىكى ئىچىدىكى تاملارغا ئايەتلەر ئويۇلغان. ئوڭ ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى تېمىغا «ئاللا-غىلا سەجدە قىلىمىز» دېگەن سۆز، سول ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى تېمىغا «ئاللانى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېگەن سۆز ئويۇلغان. ئوتتۇرا نامازخانا بىلەن كەينى نامازخانا، سىرتقى نامازخانىلارنىڭ ھەممىسى ئەينەك-لىك دېرىزىلەر بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. نامازخانىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە دىنىي دەرسخانىلار بار، ھەممىسى پېشايۋانلىق قۇرۇلمىدا بولۇپ، بىر قەدەر مۇكەممەل ھەم ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇۋاپىق ئىمارەت تو-پىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتى** ئىلى رايونىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر مەسچىتى. ئورنى غۇلجا شەھىرى شىن-خۇا جەنۇبىي يولىدا. 1760 - يىلى سېلىنىپ، 1865-يىلى بىر قېتىم كېڭەيتىلگەن، 1981 - يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. يەر كۆلىمى 6325 كۋادرات مېتىر. خىش - ياغاچ قۇرۇل-مىلىق، دەرۋازا راۋاقى ئۈچ قەۋەتلىك مۇنارسىمان را-ۋاقلىق ئىمارەت.

**كۇچا خانىقاسى** مەشھۇر مەسچىت. ئورنى كۇ-چا ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە. تەخمىنەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 16 - ئەسىر-دە شىنجاڭدىكى قارا تاغلىقلارنىڭ مۇرشىدى ھەزرەت خوجا مۇھەممەد ئىسھاق ۋەلى قەشقەردىن كۇچاغا كېلىپ دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارغاندا سالدۇرغانىكەن. چىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى بىر نەچچە قېتىم كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغانىكەن. 1931 - يى-لى ئوت ئاپىتىدە ۋەيران بولغان. شۇ يىلى كۇچالىق باي ھەلىم ھاجى پۇل چىقىرىپ ئەسلىي ئورنىنىڭ يېنى-غا قايتا سالدۇرغان، 1934 - يىلى قۇرۇلۇش پۈتكەن. قۇرۇلۇشقا قىزىل خىش، تاش، گەج ۋە ئۈجمە ياغىچى ئىشلىتىلگەن. بۇ مەسچىتنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 21 مو بولۇپ، نامازخانا، پەشتاق، قۇببىلىك دەرۋازا راۋىقى، مەنزەنە (ئەزانخانا) راۋىقى، مەدرىسە، ياتاق قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان. ئۈچ پەشتاق ئايرىم - ئايرىم ھالدا دەرۋازا راۋىقىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئېگىز-لىكى 16 مېتىر. ئورنى ئېگىزرەك يەردە بولغاچقا،



كۇچا خانىقاسى

پۈتۈن شەھەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نامازخانىنى 88 تال تۈۋرۈك تىرەپ تۇرىدۇ، ئوچۇق بۆلمە، قوشۇمچە بۆلمە ۋە چەت بۆلمىلەر، شۇنىڭدەك روجەك قاناتلىرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرىدا ئۆگزىدىن ئېگىزرەك چە-قىپ تۇرغان تۈڭلۈك ئورنىتىلغان بولۇپ، ئايلانما لەم-پىلىك تورۇس بىلەن يېپىلغان، تۈۋرۈكلەرگە ھەرخىل نەقىشلەر ئويۇلغان. نامازخانا ئىچىدە ئويما نەقىشلەر، تام رەسىملىرى، ھۆسنخەتلەر بار بولۇپ، بەك كۆركەم بېزەلگەن، ئويۇق، تەكچىلەر، ئىشىك - روجەكلەرنى بېزەشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن. سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەي-ۋەتلىك، ئاددىي - ساددا ۋە نەپىس بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى سەنئەت سەۋىيىسى نامايان قىلىنغان، قويۇق

ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبىغا ئىگە. مەزكۇر مەسچىت كۇچا مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ، نەچچە مىڭ كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. قورۇ ئىچىدە نامىسىز مازار ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا تەۋە بىناكارلىق يادىكارلىقلىرى بار. 1976 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا نۇقتىلىق قوغدايدىغان ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

**يەكەن جامە مەسچىتى** مەشھۇر مەسچىت. ئورنى يەكەن شەھەر ئىچىنىڭ مەركىزىدە. كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ. بىناكارلىق سەنئىتى ئالاھىدە بولغان قەدىمىي مەسچىت. بۇ مەسچىت يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللاخان زامانىسىدا سېلىنغان. 1734 - يىلى چوڭ رېمونت قىلىنغان. 1870 - يىلى ئىككىنچى قېتىم كېڭەيتىلگەن، كېيىن يەنە بىر نەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان. جامە مەسچىتى ياغاچ سالاسۇن ۋە قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان تام بىلەن ئىچكى - تاشقى ئىككى قىسمىغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى قىسمى مەدرىسە، كەينى قىسمى مەسچىت، ئىككى تەرىپىدە مېۋىلىك باغ ۋە ۋەخپە يەر بار بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 20 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك. دەرۋازا راۋىقىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۆزئارا سىممېترىك قىلىپ سېلىنغان ئىككى مەنزىرە مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە ئېگىز ۋە ئۈچلۈق قۇببە بولۇپ، قۇببىنىڭ ئىككى يېنىدا بىر قاتار تەكچىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىدە گەج بىلەن نەقىش چىقىرىلغان روجەكلەر بار. تورۇسلىرى كاتەكچىلەر بىلەن بېزەلگەن. مەدرىسە قاتار سېلىنغان 40 نەچچە ھۇجرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا چۆرىسىگە دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كۆلچەك بار. مەسچىتنىڭ نامازخانىسى ئىچكى - تاشقى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، تورۇسى لىم ياغاچلار زىچ قويۇلۇپ يېپىلغان. ئىچكى نامازخانا تۈۋرۈكلۈك، غەربىي تېمىدا مېھرابسىمان تەكچىلەر بولۇپ، ئىشىك رامكىلىرى ھەرخىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئۈستىگە خىلمۇخىل كاتەكچىلەر چىقىرىلغان روجەكلەر ئورنىتىلغان. تاشقى نامازخانا كەڭ - ئازادە دەھلىزدىن ئىبارەت بولۇپ، دەھلىزنىڭ ئالدىغا بىر قاتار نەقىشلىك تۈۋرۈكچىلەر ئورنىتىلغان، ھەربىر تۈۋرۈكچىنىڭ شەكلى ۋە نەقىشى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بار. پۈتۈن مەسچىتنىڭ تورۇس قۇرۇلمىسى بەك مۇرەككەپ بولۇپ، نەپىس ۋە گۈزەللىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تورۇسنى 136 تال تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىچكىرىلىكى بەش ھۇجرا، ئالدى كەڭلىكى 18 ھۇجرا بولۇپ، جەمئىي 90 ھۇجرا بار. 62 ھۇجرىنىڭ تورۇسى لىم ياغاچلار زىچ قويۇلۇپ يېپىلغان، 28 ھۇجرىنىڭ تورۇسى كاتەكچىلەر بىلەن نەقىشلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 20 ھۇجرىنىڭ تورۇسى ۋاسىجۇپ قىلىنىپ يېپىلغان. ۋاسىجۇپ قىلىنغان تورۇسلار گەج بىلەن ئاقارتىلىپ، ھەرخىل نەقىش ۋە رەڭلىك رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن. رەڭلىك رەسىم قاتارلىقلارنى بېزەش سەنئىتىدە ئۇيغۇر مەسچىتلىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇجەسسەم ھالەتتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئۈرۈمچى ئەنمىن مەسچىتى (خانتەڭرى جامەسى)** مەشھۇر مەسچىت. 1882 - يىلى سېلىنىپ، 1902 - يىلى قايتا قۇرۇلغان. ئۇزۇن يىللار رېمونت قىلىنماي 1985 - يىلى قايتا قۇرۇلۇپ،



ئۈرۈمچى ئەنمىن مەسچىتى (خانتەڭرى جامەسى)

1988 - يىلى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، شۇندىن باشلاپ «خانتەڭرى جامەسى» دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى جامەنىڭ ئورنى ئەنمىن چوڭ كوچىسىدا بولۇپ، شەرققە قاراپ تۇرىدۇ. سېلىنىشى چىرايلىق، تۆت ئۈچلۈق مۇنار مەسچىتنىڭ ئوتتۇرىسى-

دىكى يېرىم شارسىمان قۇببىنىڭ تۆت تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىككى يېنىدا يەنە كىچىكرەك ئىككى قۇببە بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن شەكلى تىپىك ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ، ئىسلام بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. قۇرۇلۇشنىڭ گەۋدىسى مۇنار شەكىللىك بولۇپ، يەر مەيدانى 2800 كۋادرات مېتىر، تۆت قەۋەتتىن تەشكىل تاپقان. ئالدىنقى چوڭ ئىشىك ۋە نامازخانا بىر گەۋدە بولۇپ، ئالدىدا كەڭ ئايۋان، ئىككى تەرىپىدە رېشاتكىلىق پەلەمپەي بار. نامازخانىنىڭ ئىچى ئازادە ۋە يورۇق بولۇپ، تىنچ، 1000 دىن ئارتۇق كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. بىرىنچى قەۋىتى يەر ئاستى قەۋىتى. ئىككىنچى قەۋىتى يەر ئۈستىدىكى بىرىنچى قەۋەت بولۇپ، مەسچىتنىڭ سۇخانىسى ۋە تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ھۇجرىلىرى ھەممە مەسچىت سودا سارىيى. ئىككى تەرەپتىكى پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىكى ئۈچىنچى قەۋەت قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى — نامازخانا. تۆتىنچى قەۋەت تالىپلارنى تەربىيىلەيدىغان دەرسخانا.

**خوتەن جامە مەسچىتى** مەشھۇر مەسچىت. ئورنى خوتەن شەھەر ئىچىدە. 1870 - يىلى سېلىنغان، كېيىن نەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان، بىراق ئاساسلىق كۆلىمى ۋە قۇرۇلۇش شەكلى ئۆزگەرمىگەن. 1980 - يىلى يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان. مەسچىتنىڭ تەكشىلىكتىكى يۈزى پاراللېلېپىپېد شەكلىدە، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، لىم ياغاچلار زىچ جۈپلەشتۈرۈلۈپ يېپىلغان. نامازخانا ئىچكى - تاشقى ئىككى نامازخانىغا بۆلۈنىدۇ، ئىچكى - تاشقى نامازخانىنىڭ ئالدى روجەكلىك، تاشقى نامازخانىنىڭ ئالدى ئوچۇق بولۇپ، تۆۋرۈكلۈك ئايۋاندىن ئىبارەت، تۆۋرۈكلۈك ئايۋان ئالدىدا سالاسۇن يوق، ئىشىكى ئۈستىدە ياغاچ كاتەكچىلىك نەقىش سېلىنغان. قۇرۇلۇشنىڭ قۇرۇلمىسى، شەكلى ۋە نەقىشلىرى جەھەتتە ئۆزگىچە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىك بار.

**مازار** شىنجاڭدا ئىسلام دىنىدىكىلەر شەيخ، پىر- ئەۋلىيا ۋە دانىشمەن ئۆلىمالارنىڭ قەبرىسىنى ياكى خاتىرە ئۈچۈن ياسالغان قەبرىلەرنى مازار دەپ ئاتايدۇ. « مازار » سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي مەنىسى « تاۋاپ قىلىدىغان جاي»، كۆچمە مەنىسى « پەيغەمبەر قەبرىسى»، « ئۇلۇغلار قەبرىسى» دېگەن بولىدۇ. جۇڭگو خۇيزۇلىرى پارس تىلىدىكى « گۇمبەز» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. شىنجاڭدىكى مازارلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇسۇلمانلار مازار بەرپا قىلىشقا باشلىغان. بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ دەسلەپكى مازار — قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى. كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ غازات ئۇرۇشلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن مازارلار شىنجاڭدا ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. شىنجاڭدىكى مازارلارنىڭ تۈرى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىي رەھبەرلىرىنىڭ، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ مازارلىرى، دىنىي تەرغىباتچىلارنىڭ ۋە غازاتتا شېھىت بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ مازارلىرى بار. يەنە ھايۋان، ئۆسۈملۈك ناملىرى بىلەن ئاتالغان مازارلارمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئىپتىدائىي دىندىكى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شىنجاڭ مازارلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدۇر، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا ئەڭ كۆپ. مازارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەۋە بولغان قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە سانىغا قاراپ ئوخشاشمايدۇ، ئومۇمەن چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. چوڭ تىپتىكى مازارلارنىڭ كۆلىمى چوڭ، قوشۇمچە قۇرۇلۇشلىرى كۆپ، نۇرغۇنلىرى ئەرەبچە ئاستى چاسا، ئۈستى قۇببىلىك قۇرۇلۇشلار، ئادەتتە شەھەر - بازارلارغا ياكى شەھەر سىرتىدىكى ھاۋالىق، مەنزىرىلىك جايلارغا قۇرۇلغان. ئوتتۇرا تىپتىكى مازار قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس، ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى قەبرە قاتۇرۇلغان، ئادەتتىكى تۈز ئۆگزىلىك ئۆيلەرمۇ بار بولۇپ، ھەممىسى ئاددىي، مەسچىت قاتارلىق قوشۇمچە قۇرۇلۇشلىرى بار، بۇنداق مازارلار كۆپىنچە يېزا - كەنتلەردە ياكى چۆل سەھرالاردا يولۇقىدۇ. كىچىك تىپتىكى مازارلاردا قەبرىمۇ قاتۇرۇلمىغان ۋە قوشۇمچە قۇرۇلۇشلىرىمۇ يوق، قەبرە ئورنىدا تاش - توپىلار دۆۋىلەپ قويۇلغان ياكى كېسەك

قەبرە قاتۇرۇلغان، بۇلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، بەك كەڭ تارقالغان. مازار شىنجاڭدىكى مۇھىم ئىسلام بىناكارلىقىغا كىرىدۇ، يەنە مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئىشان مەزھىپىدىكىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنى. مازار شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، تاۋاپ قىلىشىدۇ. مازارغا تاۋاپ قىلىش ئادىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىنتايىن ئەۋج ئالغان.

**سۇتۇق بۇغراخان مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەشھۇر مازىرى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرى. يەرلىك خەلقلەر «ھەسسۇلتان مازىرى» دەپ ئاتايدۇ. ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاتۇش شەھىرى ئەترابىدىكى سۇنتاغ يېزىسىدا. 955~956 يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 344-يىلى) سېلىنغان. شىنجاڭدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مازار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى مازار ئۆرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن توققۇز گۈمبەزلىك ئېگىز مازار سېلىنىپ، بۇ مازار يەركەن خانلىقى دەۋرىدە كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغانىكەن، شۇ چاغدا قايتىدىن بىر كىچىك مازار سېلىنغانىكەن. 1872-يىلى چوڭ كۆلەمدە قايتا ياسالغان ۋە كېڭەيتىلگەنىكەن. 1944-يىلى كەلكۈن ئاپىتىدە يەنە ۋەيران بولۇپتۇ. 1956-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلىپ، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ، ئەسلىي شەكلىنى ئۆزگەرتمەي، قايتا ياسالدى، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 20 مو، مازار، مەسچىت، مەدرىسە، دەرۋازا، كۆل قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. نامازخانا 1902-يىلى رېمونت قىلىنغان، تۇپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، چاسا، تۈز ئۆگزىلىك، 57 تال نەقىش ئويۇلغان تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. مەقبەرە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئاستى چاسا، ئۈستى قۇببىلىك، ئۈچ تەرىپىدىن مېھرابسىمان دېرىزە قويۇلغان. تام يۈزى خىشلار بىلەن قوپۇرۇپ چىقىلغان كۆپ خىل گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر بىلەن نەقىشلەنگەن بولۇپ، نەقىشلەرنىڭ سىزىقلىرى ئېنىق، شەكىللىرى كۆركەم. ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ياغاچ سالاسۇن ئىچىگە ئېلىنغان بىر قەبرە بولۇپ، بۇ قەبرە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دىنىي ئاقارتقۇچىسى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ مازىرى. سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئىناۋىتى بار. XV ئەسىردىن بۇيان، خوجا، ئىشانلار بۇ مازارغا كۆپلەپ كېلىپ تاۋاپ ۋە ئىستىقامەت قىلىشقان. ھازىرغىچە تاۋاپ قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق.

**ئوردام مازار** شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەشھۇر مازىرى. X ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئەلى ئارسلانخاننىڭ قەبرىسى. ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر كونا شەھەردە. بۇ مازارنىڭ ئوردام مازار دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب ئەلى ئارسلانخان تەختتىكى ۋاقتىدا كىرىيە بۇددىستلىرى بىلەن ئۇرۇشقان بولۇپ، ئۇرۇش جەريانىدا مۇشۇ يەرگە بارگاھ قۇرۇپ، ۋاقىتلىق ئوردا قىلغانىكەن. 998-يىلىنىڭ بېشىدا (ھىجرىيە 388-يىلى 1-ئايدا) ئەلى ئارسلانخان كىرىيە بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ غازاتتا شېھىت بولغان تۇنجى خاقانى بوپتۇ. XIV ئەسىردىكى جامال قارشىنىڭ «سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە ئاپىرىپ خاقان مەقبەرىسىگە، يەنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئارسلانخان مازىرىغا دەپنە قىلىنغانىكەن. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، مازاردا پەقەت ئەلى ئارسلانخاننىڭ باش سۆڭىكى بار ئىمىش، تېنى ئۇنىڭ جەڭدە شېھىت بولغان يېرىگە دەپنە قىلىنغانىمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر مازارنىڭ 40 نەچچە ئادەم باشقۇرىدىغان خېلى كۆپ ۋەخپە يېرى بولغانىكەن. ئەسلىي ئورنىنى ئاللىقاچان قۇم بېسىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئون مېتىرچە ئېگىزلىكتە بىرلا قۇم دۆۋىسىدىن باشقا ھېچقانداق قەبرە كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت كېلىپ تاۋاپ قىلغۇچىلار قاداپ قويغان تۇغ - شەددىلەر بىلەن قورشىلىپ تۇرغان ئېگىز تۇغ تۇراسىلار بار. تۇغ تۇراسى كونۇس شەكلىدە بولۇپ، ئاستىنىڭ دىئا-

مېتىرى بەش مېتىر، ئېگىزلىكى 20 مېتىر. مازاردىن ئارىلىقى 2000 مېتىر كېلىدىغان جايدا بىر تۈزلەڭرەك كەلگەن ئويمان يەر بولۇپ، مازارنىڭ قوشۇمچە قورۇلۇشلىرى — بىر مەسچىت، بىر خانىقا، شەيخ تۇرىدىغان ئون ئىككى ئۆي ۋە ئىككى تۇغ تۇراسى بار. خانىقا كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، يېرىمى كۆمۈلۈپ قالغان، ئىچىدە يېنىغا تۇغ قادالغان بىر ئورەك بار. قۇربانلىق قىلغۇچىلار دائىم مۇشۇ يەردە قۇربانلىق قىلىپ، ئورەكنىڭ ئىچىگە قان قىلىدىكەن. كەينى تېمىغا يېقىن يەرگە ئۈماچ قاينىتىدىغان ئۈچ مىس قازان قويۇلغان، ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى مېتىر كېلىدۇ، قازاننىڭ گىرۋىكىدە ئويۇلغان خەت بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ قازان چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغانىكەن. تاۋاپ قىلغۇچىلار مۇشۇ يەردىن ئۈماچ ئېلىپ ئىچىدىكەن. ئوردام مازار «ئۇلۇغ قەبرە» دەپ قارىلىدۇ، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تەسىرى ئەڭ چوڭ، تاۋاپ قىلغۇچىلار ئەڭ كۆپ مازارلارنىڭ بىرى.

**مەھمۇد قەشقەرى مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مازىرى. XI ~ XII ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئالىم، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى. «ھەزرىتى موللام مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ، تولۇق نامى «ھەزرەت موللا شەمسىددىن بىن مەھمۇد قەشقەرى مازىرى». شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا. XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياسالغان بولۇپ، دەرۋازا ۋە قەبرىلا ساقلىنىپ قالغان. دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا تۆۋرۈك شەكلىدە پەشتاق سېلىنغان، ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتكە تەۋە. قەبرە دەرۋازىدىن 50 مېتىرچە يىراقتا، كېسەك - ياغاچلىق قۇرۇلما، ئۆگزىسى تۈز. تورۇسى رەڭلىك رەسىم ۋە ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، تۆت تېمىدا پارسچە يېزىلغان بېغىشلىمىلار بولۇپ، ھازىر تونۇغىلى بولمايدۇ. قەبرىنىڭ سول تەرىپىدە بىر خارابە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ بىر مەدرىسىنىڭ خارابىسى ئىكەن. مەھمۇد قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدا مۇشۇ مەدرىسىدە باش مۇدەررىسلىك قىلغانىكەن. ئەسلى بىر قەبرە تېشى بار بولۇپ، كېيىن يوقىلىپ كەتكەنىكەن. ھازىر بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇن مەلۇم بىر تاۋاپ قىلغۇچىنىڭ مازارغا كەتاب ھەدىيە قىلغانلىقى توغرىسىدا يازغان ئىسپاتى بار، ئىسپاتنىڭ ئاخىرىسىغا ھەدىيە قىلغۇچى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ قويغان ئىمزاسى بار. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان مەزكۇر مازار ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىدىغان يېرى بولۇپ كەلدى. نۇرغۇن سوپىلارمۇ مۇشۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت ئىستىقامەت قىلىشىدۇ. مەزكۇر مازار يېقىنقى يىللاردا تولۇق رېمونت قىلىنىپ يېڭىلاندى.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مازىرى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھىرىدە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەردە مەشھۇر ئىلمى ھېكمەت خاراكتېرلىك داستان «قۇتادغۇبىلىگ» نى يازغان. ۋاپات



يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى

بولغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۈمەن دەرياسى بويىدىكى پايناپقا دەپنە قىلىنغان. كېيىنچە نەچچە قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە يولۇقۇپ، ھازىرقى جايغا كۆچۈرۈلگەن. مازار ئەرەب بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، ئاستى چاسا، ئۈستى گۈمبەز بولۇپ، قەبرە ئىچىدىكى تام يۈزىگە يېشىل سىرلىق ساپال خىش چاپلانغان، ئالدى قىسمى نامازخا-

ا. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغان، يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بۇزۇلۇپ خارابىگە ئايلى-
نىپ، كىشىلەر بىلەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قال-
غان، 50 - يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى-
نىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تۈز-
گەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەدەنىي
يادىكارلىقلارنىڭ تارقىلىشى ۋە قوغدىلىدىغان مەدەنىي
يادىكارلىقلارنىڭ تىزىملىكى»دە قەشقەر شەھىرى خەلق
باغچىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاراخانىيلار سۇلالى-
سىنىڭ سەردارى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مۇكەممەل ساق-
لانغان قەبرىسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى دەپ
خاتا بېكىتىپ قويغان. 1980 - يىللارغا كەلگەندىلا
مۇتەخەسسىس، ئالىملار تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن. كې-
يىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى پۈتۈن مەملىكەتلىك
نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قاتا-
رىغا كىرگۈزۈلدى. 1980 - يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ
ئاجرىتىپ، ئەسلىي شەكلى بويىچە بۇرۇنقى ئورنىغا
قايتا ياسالدى.

**يۈسۈپ قادىرخان مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇل-
مان قەبرىستانلىقى، XI ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلا-
لىسىنىڭ سەردارى، «خوتەننى بويسۇندۇرغۇچى» يۈ-
سۈپ بىن ھەسەن قادىرخاننىڭ قەبرىسى. شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھىرى خەلق باغچىسى-
نىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە. 1032 - يىلى ياسال-
غان، كېيىن كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان ۋە كېڭەي-
تىلگەن. مازارنى قۇرۇلۇشقا چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى-
نىڭ 13 - يىلى ( 1874 - يىلى ) ئۇل سېلىنغان.
ئەرەب بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەۋە، قەبرە، نامازخانا
قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. قەبرە ئارقا ھويلىغا جاي-
لاشقان بولۇپ، خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئاستى چاسا،
سىرتقى يۈزىگە يېشىل، كۆك، ئاق گۈللۈك سىرلىق ساپال
خىش چاپلانغان؛ ئۈستى گۈمبەز بولۇپ، سىرتقى يۈز-
ىگە ئاقۇچ يېشىل سىرلىق ساپال خىش چاپلانغان. نا-
مازخانا خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئىچكى،
تاشقى نامازخانىلاردىن تەشكىل تاپقان. تاشقى نامازخانا
تۈز ئۆگزىلىك، ئىچكى نامازخانا قوبىلىك. دەرۋازا ۋە
قەبرە ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپى، قورۇنىڭ تۆت بۇر-
جىكى قاتارلىق جايلاردا ئون بەشتاق مۇنارى بار. بەش-
تاقلارنىڭ ئۈستى قوببەسىمان راۋاقتىن ئىبارەت بو-
لۇپ، شەكلى بىردەك ئەمەس. پۈتۈن قۇرۇلۇشنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى رەتلىك، ئېگىز - پەسلىكىدىن دە-
رىجىسى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ، قويۇق ئىسلام بىنا-
كارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبىغا ئىگە.

**تويۇق مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇلمان قەبرىستان-
لىقى. تولۇق ئاتىلىشى «تويۇق ئەسھابۇل كەھف مازى-
رى»، ئادەتتە «ئەۋلىيا قەبرىسى»، «ئۇلۇغلار قەب-
رىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو-
نى تۇرپان شەھىرىدىكى يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئې-
تىكىدە. «ئەسھابۇل كەھف» ئەرەب تىلىدا «غاردا ياش-
ىغۇچى» دېگەن مەنىدىكى سۆز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن مەككىنىڭ غەر-
بىدىكى ئەلۇم دۆلىتىدىن يەمنىخا قاتارلىق بەش كىشى
شەرقكە كېلىپ «ئەقدىر ئىلاھىغا سېغىنغان»، ئۇلار
تۇرپاندىكى يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كېلىپ،
ئىت يېتىلەپ يۈرگەن بىر پادىچىنى ئۇچراتقان. ئۇلار
شۇ پادىچىغا ئەگىشىپ مېڭىپ تويۇققا كەلگەندە بىر
غارنى كۆرگەن، ھەممىسى غارغا كىرىپ ئىستىقامەت قىل-
غان. 300 يىلدىن كېيىن غاردىن چىقىشقا باشلىغان،
بىراق يەنە غارغا كىرىپ كېتىپ ئىككىنچى قايتىپ
چىقمىغان، ئالتە ئادەم بىر ئىت بىللە ئىستىقامەت
قىلىپ ئەۋلىيا بولغان. بۇ رىۋايەت «قۇرئان كەرىم»
نىڭ 18 - بابىدىكى «كەھف» سۈرىسىدە قەيت قىلىنىدۇ.



تويۇق مازىرى

غار تاغ قاپتىلىدا، مازار ئۇنىڭ ئىچىدە. مۇسۇلمانچە
ئالتە قەبرە ۋە ئىتقا ئوخشايدىغان بىر تاش بار. غارنىڭ
ئاغزىدا ياغاچ سالاسۇن بار، ئىچىدە بىر كالتەك قويۇل-

غان بولۇپ، بۇ يەتتە ئەۋلىيادىن قالغان تەۋەررۈك دېيىلىدۇ. ئۇنى سىلاپ قويسا بەخت قۇچىدۇ ۋە ئاللا ساقلايدۇ، دېيىلىدۇ. غارنىڭ سىرتىدا بىر مازار بار، مازار كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئىچىدە قەبرە يوق، تۆت تېمىغا لەۋھە، بايراقلار ئېسىلغان بولۇپ، بۇ يەر تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان جايى. ئەتراپىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىلىرى كۆپ. بۇ مازارنىڭ تەسىرى بەك چوڭ، تاۋاپ قىلغۇچىلار ئىچىدە شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىدىن باشقا، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن كېلىدىغان مۇسۇلمانلارمۇ بار.

**چىلتەن مازار (چىلتەنلىرىم)** شىنجاڭ مۇسۇلمان قەبرىستانلىقى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەكەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە. «چىلتەن چېھىل تەن» پارسچە، «قىرىق جەسەت» دېگەن مەنىدە. مازارنىڭ نامى بىلەن مازار توغرىسىدىكى رىۋايەت بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. رىۋايەتتە مازارنىڭ خوجايىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا دىن تەرغىب قىلغىلى كەلگەن يەتتە نەپەر ئەرەب مۇسۇلمان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاشلا مۇھەممەد ئىكەن (يەنە بىر ئېيتىشلارغا، قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئابدۇللا ئىشان خوجىنىڭ يەتتە مۇرىتى ئىكەن)، شۇڭا يەنە «يەتتە مۇھەممەدنىڭ مازىرى»، «ھەفتە مۇھەممەدان مازىرى»، «يەتتە ئەۋلىيا مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ. مازارنىڭ سېلىنغان ۋاقتىمۇ ئىشەنچىسىز. مەزكۇر مازار توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، XVI ئەسىردە شىنجاڭدا ئۆتكەن مۇسۇلمان تارىخچى مىرزا ھەيدەرنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» دېگەن كىتابىدا: «يەكەن قەبرىلىرىدىكى قەدىمكى كىشىلەر دىننى تەرغىب قىلمىغان. بىراق، يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرگە يەتتە ئەۋلىيا دەپنە قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىدۇ»، «بۇ يەتتە ئەۋلىيانىڭ ھەممىسى مەشھۇر كىشىلەر» دەپ يازغان. موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئابابەكرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ( 1468 ~ 1514 يىللىرى ) ۋە ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە (1865~1877 يىللىرى) بۇ مازار رېمونت قىلىنغان. مازار قەبرە، مەسچىت، مازارخانا، دەرۋازىدىن تەشكىل تاپقان. قەبرىنىڭ ئاستى چاسا، ئۈستى گۈمبەز بولۇپ، خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئومۇمىي ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىر، ئەرەب بىناكارلىقىغا تەۋە. مەقبەرە ئىچىدە يەتتە قەبرە بار. قەبرە ئالدىدا كەشكە ئوخشايدىغان بىر تاش بولۇپ، بۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاياغ ئىزى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەسلى مازاردا بىر كۈمۈش بىلەن قاپلانغان قۇتا بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ( يەنە بىر رىۋايەتتە ئىمام رەببانىنىڭ ) ساقىلى ساقلانغان دېيىلىدۇ. 1958 ـ يىلى بۇ قۇتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تاپشۇرۇلغانىكەن، كېيىن ساقال يوقىلىپ كېتىپتۇ.

**نىيا چوڭ مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇلمان قەبرىستانلىقى. ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد ئىمامى جەئفەر سادىق نامىغا سالدۇرۇلغان خاتىرە مەقبەرىسى بولۇپ، «جەئفەر سادىق مازىرى» مۇ دېيىلىدۇ. سېلىنغان يىلى ئىشەنچلىك ئەمەس. مازار بىر چوڭ قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان، بارخاننىڭ ئاستىدىن مازارنى ياقىلاپ 11 ئېشىكى بار. مەقبەرە ياغاچ قۇرۇلمىلىق، تۈز ئۆگزىلىك، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئاددىي، مەقبەرە ئىچىدە ۋە ئۆگزىدە جەئفەر سادىقنىڭ قەبرىسىدىن بىردىن بار. مەقبەرە ئىچىدە ۋە سىرتىغا توغ ـ شەددىلەر قادالغان ۋە ھەرخىل مىس، تۆمۈر، ياغاچتىن ياسالغان ئۆيمىلار قويۇلغان. ئەتراپىدا نۇرغۇن قەبرىلەر بولۇپ، بۇلار ئۆلگەندىن كېيىن جەئفەر سادىقنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭ قەبرىسى. يېنىدا ئۈچ مەسچىت، بىر مەدرىسە، 40 نەچچە ئۆي بار. بۇ مازار كېيىنكى كىشىلەرنىڭ جەئفەر سادىقنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسىغان خاتىرە مازىرى. جەئفەر سادىق 765 ـ يىلى مەدىنىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، پۈتۈن ئۆمرىدە شىنجاڭغا كېلىپ باقمىغان. بىراق، شىنجاڭدا ئۇنىڭ خوتەنگە كېلىپ دىننى تەرغىب قىلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئېقىپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە يازما يادىكارلىق يوق. «شىنجاڭ رەسىملىك تەزكىرىسى»دە « ھىجرىيىنىڭ 184 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىننىڭ چەۋرىسى جەئفەر سادىق شەرققە ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، قەشقەردە تۇرغان، كېيىن جەئفەر سادىق خو-

ئەنگە قىلىنغان غازاتتا شېھىت بولۇپ، غازاتنى داۋاملاشتۇرالمىغان» دېيىلىدۇ. « سىتەيىنىنىڭ غەربىي دىيارىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دە: «ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ مازىرى بىر مۇقەددەس جاي. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس داھىيسى ئىمام جەئفەر سادىق نەچچە يۈز مۇخلىسلىرىنى باشلاپ چىن ۋە ماچىندىكى كاپىرلارغا غازات يۈرۈشى قىلىپ، شۇ يەردە شېھىت بولغان» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭ ھەممىسى يالغان، كېيىنكى كىشىلەر مۇشۇنى ئاساس قىلىۋالغان. بۇ شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تەسىرى ئەڭ چوڭ مازارلارنىڭ بىرى.

**قەيس مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مازىرى. يەنە « ئەۋلىيا قەبرىسى» ، « يېشىل گۈمبەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەرەب ئىسلام دىنىنىڭ تەرغىباتچىسى قەيسنىڭ قەبرىسى، شىنجاڭ قۇمۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدا. ئېيتىلىشىچە، تاڭ تەيزۇڭ دەۋرىدە قەيس ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق خەلىپىسى ئوسماننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئۇۋەيس، ۋەققاسلار بىلەن بىللە ئەرەبىستاندىن جۇڭگوغا كېلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. ۋەققاس، ئۇۋەيس ئىككىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، گۇاڭجۇدا ۋە گەنسۇدىكى خۇيخۇيباۋ دېگەن يەردە كېسەل بىلەن قازا قىلىدۇ. جېنگۇەننىڭ 9 ـ يىلى ( 635 ـ يىلى) قەيس كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كېتىۋېتىپ، گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىڭشىڭشيا دېگەن يەردە كېسەل بىلەن قازا قىلىدۇ. سەپەرداشلىرى ئۇنى شۇ يەردىلا تاش قەبرە ياساپ دەپنە قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بۇ قەبرە شۇ پېتى ساقلىنىدۇ. «شىنجاڭنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» دە : « شىڭشىڭشيادىكى تاغ قاپتىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرىسى بار» ، « يەرلىك خەلقلەر پۇل يىغىپ ئۆي سېلىپ، ئۇنىڭغا قەبرە قاتۇرۇپ، دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇشۇپ، تۇغ ـ شەددىلەرنى قاداشتى، يەنە ئۇنىڭ قەبرىسىگە تۇغ ـ لەۋھە تەقدىم قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل ۋاڭى مەبلەغ چىقىرىپ، گۈمبەزنى ياسىتىپ تۇردى. 1939 ـ يىلى گۈمبەز بۇزۇۋېتىلىپ قەيسنىڭ جەسىتى جىلغىدا ئوچۇق قالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەسەت مۇمىياغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئالتە چىدىن ئارتۇقراق ئىكەن، ساقلىنىمۇ ساقلىنىپ قاپتۇ. 1945 ـ يىلى قۇمۇلدىكى ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرى يىغىش قىلىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى ھازىرقى ئورنىغا ئەكېلىپ دەپنە قىلىپ، گۈمبەز قاتۇرغانىكەن. گۈمبەز ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، تېگى ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىنىپ، ئۈستى شىپاڭ شەكلىدە ياسالغان، ئۆگزىسىگە قۇببە چىقىرىلىپ سىرتقى يۈزىگە ئاقۇچ يېشىل سىرلاقلىق ساپال خىش چاپلانغان، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 15 مېتىر. يېڭى ئورنىغا كۆچۈرۈلۈپ كېلىنگەندىن بۇيان، شىنجاڭ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىن تاۋاپ قىلغىلى كېلىدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. بۇ گۈمبەز جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ دىپلوماتىيە تارىخىنى، ئىسلام دىنى تارىخىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەرەب خەلقى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى، جۈملىدىن جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى قەبرىستانلىقى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان موڭغۇل خاقانى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەبرىسى. ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قورغاس ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چوڭ مازار كەنتىدە. بۇ ئەرەبچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان قۇرۇلۇش بولۇپ، ئىراق بىناكارى لايىھىلىگەن. خىش - كېسەك قۇرۇلمىلىق گۈمبەز بولۇپ، لىم، تۈۋرۈكلىرى يوق. ئېگىزلىكى 14 مېتىر، يۈزىنىڭ كەڭلىكى 10.8 مېتىر، ئۇچكىرىلىكى 15.8 مېتىر. گۈمبەز ئىچىدە يېپىق پەلەمپەي بولۇپ، گۈمبەزنىڭ چوققىسىغىچە چىققىلى بولىدۇ. مازارنىڭ ئۇدۇل تېمىغا كۆك، ئاق، سۆسۈن ئۈچ خىل رەڭلىك سىرلىق ساپال خىش بىلەن گۈل چىقىرىلغان، گۈمبەز ئىشىكىنىڭ ئىككى يېنىدا ئەرەبچە ئويما يېزىق بار. ئوڭ تەرەپتىكىسىگە «بۇ يەر ئۇلۇغ خاقان مۇھەممەد تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەبرىسى» دەپ يېزىلغاندىن باشقا، يەنە «ئىسلام دىنىنىڭ قورغىنى» ، «ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ شەرىپى ۋە پەخرى» ، «تۆت چوڭ خەلىپىگە زىچ ئەگەشكەن » ،

«مۇھتەرەم ئالىم» دېگەندەك مەدھىيە سۆزلىرى يېزىلغان. سول تەرىپىدىكى تولۇق ئەمەس، ئوقۇغىلى بولىدىغان يەرلىرىدە «دەۋرىمىزنىڭ خانىشى»، «دەۋرىمىزدىكى بىلقىس»، «ئاقىل ۋە ئىپپەتلىك، جاھان ئاياللىرىنىڭ تەڭداشسىزى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئايالى بىتىل خاتۇننىڭ شەرەپلىك نامى مەڭگۇ ئۆچمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى مەشرىق ۋە مەغرىبتە مەڭگۇ نۇر چاچىدۇ» دەپ يېزىلغان. گۇمبەزنىڭ ئۈستىدىكى يېزىقتا «بۇ قەبرىنى بالساق ياسىغان» دەپ يېزىلغان. مەزكۇر مازارنىڭ ياسالغان ۋاقتى توغرىسىدا «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دېگەن كىتابتا يۈەن سۇلالىسى جىجېڭنىڭ 20 - يىلى ( 1306 - يىللىرى) سېلىنغان دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. بۇ مازار ياسالغاندىن ھازىرغىچە چوڭراق رېمونت قىلىنىپ باقمىغان. ئاساسەن بۇرۇنقى قېلىپىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا ياسالغان بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان ئىسلام بىناكارلىقى قۇرۇلۇشى. 1981 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى قاتارىدا قوغدىلىدىغان ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. ( رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 31 - بېتىگە قارالسۇن)

**مەۋلانا ئەرشىدىن مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇلمان قەبرىستانلىقى. XIV ئەسىردىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنى تەسەۋۋۇپچىلار ئېقىمىدىكى مەشھۇر دىنىي تەرغىباتچىسى مەۋلانا ئەرشىدىن خوجىنىڭ قەبرىسى. ئورنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۇچا ناھىيىسىدە. قەبرىنىڭ ئورنى مەۋلانا ئەرشىدىن خوجىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى ئىدى، بۇ يەر كېيىن ئومۇملاشتۇرۇلغان دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش سورۇنى قىلىنغان. ئىچىدە ئەرشىدىن خوجىنىڭ قەبرە سۆزى، مەسچىت، مەھكىمە شەرئى (قازىخانا)، مەدرىسە ۋە باشقا قوشۇمچە ئىمارەتلەر بار. ئەتراپىدا قويۇق دەرەخلىك بار. مەسچىت مۇنارى ئېگىز بولۇپ، سىرلىق ساپال خىش بىلەن بېزەلگەن، قويۇق مىللىي بىناكارلىق پۇرىقىغا ئىگە. مەقبەرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىناكارلىق ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، چاسا شەكىلدىكى تۈز ئۈگزىلىك، لەمپە چىقىرىلغان كېمەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر، تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 16 مېتىر. قەبرە ئىچىدىكى تۇپىدىن ياسالغان قەبرىنىڭ ئۈستىگە يوپۇق يېپىلغان بولۇپ، تۆت ئەتراپى روجەكلىك تاملار بىلەن قورشالغان، ئۇنىڭ ئارىلىقىدا ئايلانما دەھلىز بولۇپ، ئۇ تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ قەبرىنى كۆرۈشى ئۈچۈن ياسالغان. لەمپە ئاستىدا ئويۇلغان ئەرەبچە يېزىق بار. ھازىرقى ساقلانغان قۇرۇلۇش ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقانلىق تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگ كۇچارنى ئىشغال قىلغان چاغدا ( 1867 ~ 1871 يىللىرى) قايتىدىن ياسالغان. نامازخانىنىڭ غەربىي دەھلىزىدە چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي يىللىرىدىكى كۇچانىڭ ئامبىلى لى فەننىڭ «ئىسلام دىنى ئەۋلىياسى» دېگەن بېغىشلىمىسى بار. مەزكۇر مازار 1964 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

**ئاپاق خوجا مازىرى** شىنجاڭ مۇسۇلمان قەبرىستانلىقى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ كاتتىۋېشى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىگاھى. «ھەزرەت مازىرى»، «خوجا مەقبەرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېقىنقى زامانلاردا چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ ئۇيغۇر توقال خانىشى ئىپارخان مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان دېگەن يالغان گەپ تارقالغانلىقتىن، كىشىلەر «ئىپارخان قەبرىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە. 1670 - يىلى ياسالغان. ئەڭ دەسلەپتە ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا يۈسۈپ دەپنە قىلىنغان چاغدا دائىرىسى چوڭ ئەمەس ئىكەن. 1694 - يىلى مازار قارا تاغلىقلارنىڭ مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلۈپ ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپاق خوجا نەچچە تۈمەن سەر كۈمۈش سەرپ قىلىپ، نەچچە تۈمەن مەدىكارلارنى ئىشقا سېلىپ، بۇ مازارنى ياساتقانىكەن. كېيىنكى يىلى ئاپاق خوجا قوزغىلاڭچى ئامما تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئاپاق خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋېشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ۋە ئىناۋىتى ھېسابقا ئېلىنىپ، مازار شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ

جەسەتلىرىمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. 1811 ـ يىلى كېڭەيتىلگەندە مەقبەرە چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، دەرۋازا راۋىقى ياسالغان. 1874 ـ يىلى قوقانلىق تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مازار ئوتتۇرا ئاسىيا مازارلىرىنىڭ شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلاردىن گۈمبەز، مەسچىت، مەدرىسە، دەرۋازا راۋىقى، مۇتىۋەللىنىڭ ياتىقى، سەرراپ، سۇنىشى كۆل قاتارلىقلار بار. ھەرقايسى قىسىملىرى ئۆز ئالدىغا بىر گەۋدە بولۇپ، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولسىمۇ، ئۆز ئارا جۇلالىنىپ، بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مۇكەممەل بىر پۈتۈن ئىمارەتنى تەشكىل قىلىدۇ. گۈمبەز بۇ ئىمارەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، مەقبەرىنىڭ شەرقىدە تۇرىدۇ، بۇ ئىمارەت ئەرەب بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا تەۋە. ئاستى تۆت بۇرجەك، كەڭلىكى 35 مېتىر، بويىغا ئېگىزلىكى 29 مېتىر. ئۈستى قىسمى دىئامېتىرى 17 مېتىر كېلىدىغان چوڭ گۈمبەز بولۇپ، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 26 مېتىر. گۈمبەزنىڭ ئاستى كەڭ قەبرىخانا بولۇپ، ئىچىدە ئاپاق خوجىنىڭ بەش ئەۋلاد جەمەتىدىن 72 كىشىنىڭ قەبرىسى (ھازىر ساقلانغىنى 58 قەبرە) رەتلىك تىزىلغان. گۈمبەزنىڭ تۆت بۇرجىكىدە يېرىمى تامغا كىرگۈزۈپ سېلىنغان تۈۋرۈكسىمان پەشتاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە چوققىسىغىچە چىققىلى بولىدىغان پەلەمپەي بار. پۈتۈن گەۋدىسى ئاقۇچ يېشىل ئارىلاشقان كۆك رەڭدە، سىرلىق سىرلانغان ساپال خىشلار چاپلانغان بولۇپ، پۈتۈن قۇرۇلۇش ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ھېيتگاھ جامەسى مازارنىڭ غەربىدە. نامازخانىنىڭ تەكشىلىكتىن كۆرۈنۈشى پېتىنقى بولۇپ، ئوتتۇرا نامازخانا ۋە ئوڭ ـ سول نامازخانىنىڭ ئوتتۇرىسى مېھرابىسمان ئىشىك بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان، ئۆگزىسى 19 يانتۇ لىم قويۇلغان دۈگىلەك ئۆگزە، پۈتۈن قۇرۇلۇش خىش بىلەن سېلىنغان، چوڭ نامازخانىنىڭ دەھلىزىدە ئۈچ قاتار قويۇلغان، نەقىش ئويۇلغان 70 تىن ئارتۇق تۈۋرۈك بار، ئۆگزىسى ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان. مەزكۇر مەسچىتنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام بىناكارلىقى ئىچىدە بىر قەدەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. 1948 ـ يىلى مازارنىڭ چوڭ گۈمبىزى يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان. 1956 ـ يىلى بۇ مازار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدىكى ئورنى دەپ بېكىتىلدى ھەم ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ 1874 ـ يىلىدىكى شەكلى بويىچە قايتا ياساتتى. كېيىن يەنە ئۈزلۈكسىز رېمونت قىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مازار جۇڭگو بىناكارلىقىدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان مۇسۇلمان قەبرىستانلىقىدۇر.
(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ31 ـ بېتىگە قارالسۇن)

**ئالتۇن مازار** شىنجاڭ مۇسۇلمان قەبرىستانلىقى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتى ۋە يەكەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىنىڭ قەبرىستانلىقى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يەكەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا. ئالتۇن كۆچمە مەنىدە «ئېسىل»، «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە. «ئالتۇن» دەپ ئاتالغان مازارلار مازاردا ياتقۇچىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. مەزكۇر مازار XVI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى سېلىنغان. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىنغان. ئەسلىي قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى بەك چوڭ بولۇپ، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىدى. ھازىر پەقەت بىر نەچچە ئون توپا قەبرە ساقلىنىپ قالغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان ئۈچ قەبرە بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئىسھاق خوجا ( ئەمەلىيەتتە ئۇ سەمەرقەنتتە دەپنە قىلىنغان ) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا سەئدى، نەۋرىسى يەھيا خوجىنىڭ قەبرىسى. قوشۇمچە ئىمارەتلەردىن كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىر مەسچىت بولۇپ، مەسچىت ئىچىدە ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر، كەڭلىكى 0.7 مېتىر كېلىدىغان تاش ئابىدە بار ئىدى، ئابىدىگە ئالتۇن مازار ۋە مەسچىتنىڭ تارىخىغا ئائىت ئەھۋاللار ئويۇپ يېزىلغان. 1935 ـ يىلى تاش ئابىدىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر تەكشۈرۈش ئەترىتى ئېلىپ كەتكەنىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەزكۇر مازاردىكى بەزى قەبرىلەر قايتا رېمونت قىلىنىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ رەپىقىسى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى توپلاپ رەتلىگەن ئامانىسا خېنىمـ

نىڭ قەبرىسى يېڭىدىن ياسالدى.

**ھىجرىيە ( ئىسلام يىلنامىسى)** ئىسلام مەملىكەتلىرى ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئورتاق ئىشلىتىدىغان دىنىي يىلنامە. بۇ ئەرەبچە «ھىجرە» (كۆچمەك، يۆتكەلمەك ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. 639- يىلى ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى ئۆمەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 622 - يىلى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ مۇھىم تارىخىي ۋەقەنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، شۇ يىلنى ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى يىلى، ئەرەبچە قەمەرىيە يىلنىڭ بېشىنى ( يەنى مىلادىيىنىڭ 622- يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) ئىسلام يىلنامىسى، يەنى ھىجرىيىنىڭ 1 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قىلىپ بېكىتكەن. ئىسلام يىلنامىسى بويىچە ھەريىلى رامىزان ئېيى (9 - ئاي) ئىسلام دىنىنىڭ روزا ئېيى قىلىپ بېكىتىلگەن، بۇ ئاينىڭ باشلىنىشى يېڭى ھىلال ئاينىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن بەلگىلىنىدۇ؛ زۇلھەججە ئېيى ( 12 - ئاي) نىڭ بىرىنچى دېكادىسى ھەج قىلىدىغان ۋاقىت؛ زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 - كۈنى قۇربان ھېيت. بۇ يىلنامە يۈەن سۇلالىسى شىزۇنىڭ بىرىنچى يىلىدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ 4 - يىلى (1267 - يىلى) غىچە ئىشلىتىلگەن. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى تا ھازىرغىچە روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، ھېيت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا مۇشۇ يىلنامىنى ئاساس قىلىدۇ.

**مەۋلۇد بايرىمى** ئىسلام دىنىنىڭ بايرىمى. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش كۈنى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەرەب قەمەرىيە كالېندارى بويىچە پىل يىلى ( مىلادىيىنىڭ 571 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ياكى 12- كۈنى تۇغۇلغانىكەن. XI ئەسىرگە كەلگەندە ئىراق شاھى مۇزەففەر ئەبۇ سەئىد بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئىسلام كالېندارى بويىچە ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىنى مەۋلۇد بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۈننى تەبرىكلەش پائالىيىتى بارا - بارا باشقا ئىسلام ئەللىرىگىچە كېڭىيىپ، ھازىرغىچە ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد پەيغەمبەر ھىجرىيە 11 - يىلى ( مىلادىيە 632 - يىلى ) 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، تۇغۇلغان كۈنى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. شۇڭا، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەۋلۇد بايرىمىنىڭ مەۋلۇد كۈنىنى خاتىرىلەش ھەم پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىنى خاتىرىلەشتەك قوش مەزمۇنى بار. شىنجاڭدا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئادەتتە مەسچىتتە ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاخۇنلار قۇرئان ۋە مەۋلۇد ئوقۇيدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئېسىل خىسلەتلىرى مەدھىيىلىنىدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار ياغ پۇرىتىپ، مەۋلۇد ئېشى ئېتىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ خاتىرىلەيدۇ.

**ئاشۇرا كۈنى** ئىسلام دىنىنىڭ بايرىمى. «ئاشۇرا» ئەرەب تىلىدا « ئون» دېگەن مەنىدە. ئاشۇرا كۈنى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇ كۈن قەدىمكى زاماندىكى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر قۇتقۇزۇلغان كۈن ئىكەن. كېيىنكىلەر مۇشۇ كۈنگە ئېتىبار بىلەن قارىغان. جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ مۇشۇ كۈننى مېھمان چاقىرىپ خاتىرىلەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، شىئە مەزھىپىدە ئاشۇرا كۈنىنى مۇسىبەت كۈنى دەپ قارايدۇ، ئۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى، تۆتىنچى قېتىملىق خەلىپە ئەلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، شىئە مەزھىپىنىڭ ئۈچىنچى ئىمامى ھۈسەيىننىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ، تەنتەنىلىك خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ.

**بارات كېچىسى** ئىسلام دىنىنىڭ بايرىمى. ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچىسى. « بارات كېچىسى» نىڭ مەنىسى « كەچۈرۈم قىلىش كېچىسى» . مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇ كېچىسى ئاللا كەچۈرۈم، رەھىم - شەپقەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ، بەندىلەرنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا، تۆۋبە ۋە گۇناھلىرىغا باھا بېرىدىكەن. ياخشىلىرىنى بەختلىك قىلىپ، گۇناھ قىلغان بولسىمۇ ئۆزگەرتىپ تۇۋا قىلغانلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدىكەن. شۇڭا بۇ كېچىنى گۇناھنى كەچۈرۈش كېچىسى، سەنارەلىكتىن قۇتۇلۇش كېچىسى

دەپمۇ ئاتايدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ كېچىسى قۇرئان ئوقۇش، ناماز ئوقۇش، سەدىقە بېرىش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشتىن باشقا، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، ئاللانىڭ مېھىر - شەپقەت قىلىپ، كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەيدۇ.

**تىبەت بۇددا دىنى** بۇددا دىنى شىنجاڭغا تارقىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى قەدىمىي دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش ۋە ئۆزئارا تەسىر قىلىشلار بولۇپ، مىلادىيە X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شىزاڭ بۇددا دىنىنىڭ كېيىنكى ئەۋج ئېلىش مەزگىلىدە شەكىللەنگەن بۇددا ئەقىدىسىنى ئاساس قىلىپ ئەسلىدىكى دىنىنىڭ بەزى ئىلاھ ۋە مۇراسىم قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلغان بىر دىنىي مەزھەپ. «شىزاڭ بۇددا دىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە «لاما دىنى» دېيىلىدۇ. VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن IX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بۇددا دىنى شىزاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ دەۋر شىزاڭ بۇددا دىنىنىڭ «ئالدىنقى ئەۋج ئېلىش مەزگىلى» دېيىلىدۇ، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، شىزاڭ ھاكىمىيىتى ئەسلىدىكى دىنىنى ھىمايە قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ تارقىتىلىشىنى مەنئى قىلدى، بۇ ئىش بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتى، بۇ دەۋر «دارمانى خاراب قىلىش مەزگىلى» دېيىلىدۇ. X ئەسىردىن كېيىن XI ئەسىرگىچە بۇددا دىنى شىزاڭدا گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، بۇ دەۋر شىزاڭ بۇددا دىنىنىڭ «كېيىنكى ئەۋج ئېلىش مەزگىلى» دېيىلىدۇ. تىبەت بۇددا دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى بار، ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرىمۇ خېلى كۆپ. تىبەت بۇددا دىنى سەمبۇددە ( بۇددا ئەقىدىسى) جەھەتتە ماھايانا بۇددىزمى بىلەن ھىنايانا بۇددىزمىنى ماسلاشتۇرۇپ، ماھايانا بۇددىزمىنى ئاساس قىلغان، ماھايانا بۇددىزمى ئاشكارىلىق ۋە خۇپىيانىلىككە ئىگە ھەمدە، تانتراچىلىققا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ؛ ساڭرام ۋە دىن ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى پۇختا؛ زاڭزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان تىرى پىتاكا چاريا (ئۈچ ئاغىلىق نوم پىتىكلەر) بار؛ مۇستەقىل ساڭرام ئىگىلىكى بار؛ يولباشچىلىققا ۋارىسلىق قىلغۇچى ئۈچۈن بىر يۈرۈش گېگەن لامانىڭ دۇنيا تۇتۇش (قۇبلاي خان) تۈزۈمى تەسىس قىلىنغان. تىبەت بۇددا دىنىدا بىر قانچە مەزھەپلەر بار، دەسلەپكى مەزگىللەردە نىما مەزھىپى قاتارلىق مەزھەپلەر بولغان. XV ئەسىرنىڭ بېشىدا زوڭكابا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، گېلۇ مەزھىپىنى تەسىس قىلدى، گېلۇ مەزھىپى تېز تەرەققىي قىلىپ، شىزاڭنىڭ سىياسىي، دىنىي چوڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، تىبەت بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى. تىبەت بۇددا دىنى دۆلەت ئىچىدە ئاساسەن شىزاڭ، چىڭخەي، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، گەنسۇ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلارغا، مەملىكەت سىرتىدا بۇتان، سىككىم، نېپال، موڭغۇلىيە ۋە رۇسىيىنىڭ بۇريات، قالماقىستان قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان، ھازىر ئېقىۋاتقىنى ئاساسەن گېلۇ مەزھىپى بولۇپ، ئاز ساندا باشقا مەزھەپلەردىكى ساڭرام ۋە راھىبلارمۇ بار.

**لاما** تىبەت بۇددا دىنىدا ئاترۇبلۇق. ئوقۇمۇشلۇق، بىر قەدەر چوڭقۇر تەربىيە كۆرگەن، كىشىلەرگە ئۈلگە بولالايدىغان، باشقىلارغا دىنىي ئىلىم بېرەلەيدىغان راھىبلارنىڭ ھۆرمەتلەپ ئاتىلىشى. زاڭزۇ تىلىدا «ئۇستاز» دېگەن مەنىدە. تىبەت بۇددا دىنىدا تۆتكە ئېتىقاد قىلىشنى، يەنى بۇددىغا ئېتىقاد قىلىش، دارماغا



لامالار

ئېتىقاد قىلىش، سامغاغا ئېتىقاد قىلىش قاتارلىق ئۈچىدىن باشقا، يەنە لاماغا ئېتىقاد قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. ئادەتتىكى راھىبلار (جابا) لاما بولالايدۇ.

**نىما مەزھىپى** تىبەت بۇددا دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مەزھىپى. XI – XII ئەسىرلەردە شىزاڭ

راھىبلىرى ئىچىدە سېرىق جەمەتىدىن چىققان سېرىق لاگدەن ساماشىپاڭ، سېرىق جيۇڭ شىراۋ جاپا، سېرىق جيۇڭ جوپۇبا ۋە رۇڭ چۆجى سانگبو قاتارلىق پەدما سەنباۋالارنى پىر تۇتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ شىزاڭغا كىرگەن ۋاقتىدىكى دۇئالىرى ۋە قېزىلما نوملىرىغا ۋارىسلىق قىلغانلار بىر مەزھەپ بولۇپ ئۇيۇشقان. ئەينى ۋاقىتتا مەزھەپ نامى يوق ئىدى، پەقەت ئۇلارنىڭ تىبەت بۇددا دىنىنىڭ ئالدىنقى ئەۋج ئېلىش مەزگىلىدىكى دۇئالىرىغا ئەمەل قىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، باشقا مەزھەپلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى نىما مەزھىپى دەپ ئاتىغان، «نىما» دېگەن سۆزنىڭ «قەدىمىي»، «كونا» دېگەن مەنىسى بار. نىما مەزھىپىدىكىلەر دەسلەپتە تارقاق ھالەتتە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، چوڭ مەزھەپ بولۇپ شەكىللەنمىگەن؛ كېيىنچە 5 - ئەۋلاد دالاي لاما ئاۋاڭ دېيەنساڭ جاسونىڭ قوللىشى بىلەن تەرەققىي قىلىپ زورايغان. نىما مەزھىپىدىكى راھىبلار قىزىل قالپاق كىيگەنلىكتىن «قىزىل دىندىكىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نىما مەزھىپىدىكىلەر تانتراچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، شاستىراچىلىققا سەل قارايدۇ، ئادەتتە راھىبلارنىڭ مۇئەييەن نوم ئۆگىنىش تۈزۈمى يوق، ئۇلار ئەمگەكمۇ قىلىدۇ، ئۆيلىنىپ بالا - چاقىلىق بولالايدۇ.

**گادام مەزھىپى** تىبەت بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى. زاڭزۇ تىلىدا «گا» نىڭ مەنىسى «بۇددا (سانسكرىت) تىلى»، «دام» نىڭ مەنىسى «ئوقۇتقۇچى» ياكى «تەلىم بەرگۈچى» بولۇپ، «گادام» بارلىق بۇددا تىلى (ئاشكارا، خۇپىيانە دىنلارنىڭ نوم، ۋىناي، ئابىدارما قاتارلىق ترى پىتاكالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) راھىبلارغا كۈندىلىك ئىش - ھەرىكەتتىن تارتىپ دارما تەلىمىنى قوبۇل قىلىپ، بۇددالىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈچە بولغان پۈتۈن جەرياندا يولىيورۇق كۆرسىتىپ يېتەكچىلىك قىلىش دېگەن مەزمۇننى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھىندى راھىبى ئاتىشانىڭ تەشەببۇسى ئىدى، بىراق گادام مەزھىپىنىڭ پىركالانى راھىب ئاتىشانىڭ چوڭ شاگىرتى جۇڭدۇنبا (1005 ~ 1064 يىللار) بولدى. ئاتىشا شىزاڭغا كىرىپ دارمانى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «بودى يولى چىرىغى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئاشكارا ۋە خۇپىيانە ئەقىدىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇخالىپلىقى يوق نەزەرىيىسى ۋە رىيازەت چېكىپ ئىبادەت قىلىشتىكى رىئايە قىلىدىغان قائىدىلەرنىڭ دەرىجىسىنى شەرھلەپ، گادام مەزھىپىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئاساس تىكلەپ بەردى. جۇڭدۇنبا ئاتىشانى ئۇستاز تۇتۇپ، شاستىراچىلىق ۋە تانتراچىلىقنىڭ ھەرخىل سەمبۇددەلىرىنى (بۇددا ئەقىدىلىرىنى) ئۆگەندى. ئاتىشا نىرۋانلىققا يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى جۇڭدۇنباغا ئەگىشىپ دارمانى ئۆگەندى. مىلادىيىنىڭ 1056 - يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭدۇنبا تەكلىپ بىلەن داڭشيۇڭ رايونىنىڭ راجوڭ دېگەن يېرىگە بېرىپ دىن تارقىتىپ، راجوڭدا توپ بودگاھ قىلىش ئۈچۈن راجوڭ ساڭرامىنى سالدۇرغان، كېيىن گادام مەزھىپى تەدرىجىي شەكىللەنگەن. گادام مەزھىپى ئاشكارىلىق بىلەن خۇپىيانىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىدا پراكارانا شاسانا شاستىرانى، كېيىن پراكارانا شاسانا تانترانى پەقەت ئاز ساندىكى سىناقلاردىن ئۆتكەن نېگىزى پۇختا ئادەملەرگىلا ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. XV ئەسىرنىڭ بېشىدا زوڭكابا گادام مەزھىپىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ئاساسىدا گېلۇ مەزھىپىگە ئاساس سېلىپ، گادام مەزھىپىنىڭ ساڭراملىرىنى گېلۇ مەزھىپىنىڭ ساڭراملىرىغا ئۆزگەرتتى، گادام مەزھىپىدىكىلەر ئاستا - ئاستا گېلۇ مەزھىپىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

**ساكيا مەزھىپى** تىبەت بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى. 1073 - يىلى گۇڭچوك جەپو شىزاڭدا ساڭرام سالغۇزۇپ دارمانى تەرەققىي قىلدۇردى. ساڭرام ئاق توپا ئۈستىگە سېلىنغاچقا، زاڭزۇ تىلىدا ئاق توپىنى «ساكيا» دەيدۇ، شۇڭا بۇ ساڭرامنى ساكيا ساڭرامى دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ مەزھىپىمۇ ساكيا مەزھىپى دەپ ئاتالغان، مەزكۇر مەزھەپنىڭ ساڭرام قورۇسىنىڭ قورۇق تېمىدا مەنجۇشرى بودىساتۋا، ئاۋالوكىتەسۋارا بودىساتۋا ۋە ۋاجىرانى يەكسا بودىساتۋالارنى بىلدۈرىدىغان قىزىل، ئاق، قارا ئۈچ خىل رەڭدە ئالا سىزىق سىزىلغان، شۇڭا «ئالا دىندىكىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر مەزھەپنىڭ پىركالانلىقىنى گۇڭچوك جەپونىڭ جەمەتى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىگىلەپ، قانداشلىق، دارماداشلىق ئىككىسىگە تەڭ ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. بۇ مەزھەپ ئۆيلىنىشنى مەنئى قىلمىغاچقا، پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىنلا ئايالىغا يېقىنلىشىش چەكلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ساكيا مەزھىپىدىن بەش

پېشۋا پاسپا يۈەن سۇلالىسى خاقانى قۇبلاي خان تەرىپىدىن پىرشاھ قىلىپ بېكىتىلگەندىن باشلاپ، ساكيا دارما خانلىرىدىن ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 14 كىشى پىرشاھ بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ساكيا مەزھىپى زەئىپلىشىپ، گاجۇ مەزھىپى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى، بىراق دىنىي جەھەتتە گادام مەزھىپىنىڭ مۇئەييەن تەسىرى بار. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ماھايانا دارما خانلىقىغا، ساۋاپلىق ئىش قىلغانلارنى مەدھىيىلىگۈچى خانلىقىغا، دىنىي ئىشلارغا يار-دەمچى خانلىقىغا بېكىتىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ساكيا مەزھىپىنىڭ دارما رەھبەرلىرى.


**گاجۇ مەزھىپى** تىبەت بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى. زاڭزۇ تىلىدا «گا» نىڭ مەنىسى «بۇددا (سانسكرىت) تىلى»، «جۇ» نىڭ مەنىسى «ۋارىسلىق قىلماق، ئەستە تۇتماق» بولۇپ، «گاجۇ» نىڭ مەنىسى «بۇددا نوملىرىنى ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىشكە ۋارىسلىق قىلماق» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ مەزھەپتىكىلەر ئەھمىيەت بېرىدىغان تانترا دارمانى ئۆگىنىش ئۇستازلىرىنىڭ ئاغزاكى يەتكۈزۈشى ئارقىلىق مىراس قالغان، شۇڭا «گاجۇ مەزھىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بۇ مەزھەپنىڭ راھىبلىرى كىيىدىغان كۆڭلەك ئاق بولغاچقا «ئاق دىندىكىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**گېلۇ مەزھىپى** تىبەت بۇددا دىنىنىڭ مەزھەپلىرىدىن بىرى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زوڭكابا گادام مەزھىپىنىڭ سەمبۇددەسى ئاساسىدا تىبەت بۇددا دىنىنى رەتكە سېلىپ ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن تەسىس قىلغان مەزھەپ، شۇڭا «يېڭى گادام مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە زوڭكابا گاردەن ساڭرامىنى سالدۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇزۇن ۋاقىت مۇشۇ ساڭرامدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مەزھەپنى «گاردەن مەزھىپى» دەپمۇ ئاتايدۇ. گاردەن دېگەن سۆزنى زاڭزۇ يېزىقىدا «جيالۇ» دەپ ئوقۇش ئادەت بولۇپ قالغان، ئادەتتىكى كىشىلەر «گېلۇ» دېيىشنى ئادەت قىلىۋالغان بولغاچقا، «گېلۇ مەزھىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر مەزھەپتىكى راھىبلار سېرىق قالپاق كىيىۋالىدۇ، شۇڭا، «سېرىق قالپاقلىقلار مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە «سېرىق دىندىكىلەر» دەپ خاتىرىلەنگەن. گېلۇ مەزھىپى راھىبلارنىڭ شىلا ۋىنايا (ئەمرىمەرۇپ) قا قاتتىق ئەمەل قىلىشىنى، خوتۇن ئالماي بويتاق ئۆتۈشىنى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈشىنى، ساڭرام تەشكىلىگە ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلىشىنى تەكىتلەيدۇ؛ شاسترا بىلەن تانترانى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئالدىدا پراكارانا شاسانا شاسترانى، كېيىن پراكارانا شاسانا تانترانى ئۆگىنىشنى، شاسترا بىلەن تانترانى بىرلىكتە ئۆگىنىشنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكىنى ياخشى بىلىشنى تەكىتلەيدۇ. 1543-يىلى گېلۇ مەزھەپدىكىلەر گېگەننىڭ دۇنيا تۇتۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا باشلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دالاي، بەنچەن لامالارنىڭ دۇنيا تۇتۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزدى. XVII ئەسىرنىڭ بېشىدا گېلۇ مەزھىپى موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسىگە سىڭىپ كىردى. 1640-يىلى بېكىتىلگەن «موڭغۇل — ئويرات قانۇنلىرى قامۇسى» نىڭ كىرىش سۆزىدە زوڭكابا، دالاي لاما، بەنچەنگە چوقۇنىدىغان سۆزلەر يېزىلغان. ئۇنىڭ 5-، 9-، 16-، 17-، 18-، 19-ماددىلىرىدا راھىبلارنى قوغداش ۋە راھىبلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن شىلا ۋىنايا (ئەمرىمەرۇپ) نى بۇزۇشىنى ۋە كونا ئۆرپ-ئادەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا مەزمۇنلار بار. شۇنىڭدىن باشلاپ، گېلۇ مەزھىپى ئويرات موڭغۇللىرى ئىچىدە تارقىلىپ قانۇننىڭ قوغدىشىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇنىڭ كەينىدىنلا زانىيابانىدا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەرغىباتى بىلەن گېلۇ مەزھىپى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تېز سىڭىپ كىردى.

**شىگېيۇ بۇتخانىسى** تىبەت بۇددا دىنىنىڭ بۇتخانىسى، ئورنى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ يېنىدا. بۇ بۇتخانىنىڭ زاڭزۇچە ئىسمى «جىجىنلىڭ»، موڭغۇلچە «بوغدا شاگسون» (مەنىسى ئەۋلىيالار مېھىر-شەپقىتى بۇتخانىسى). ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1984-يىلى 8-ئاينىڭ 7-كۈنى تەستىق سېلىپ، بۇددا دىنىنىڭ نۇقتىلىق بەش ساڭرامىنىڭ بىرى دەپ بېكىتكەن. بۇ بۇتخانىنى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 25-يىلى (1899-يىلى) موڭغۇل لاما جىمبۇ سالدۇرغان، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 500

ئەچچە مو، قورۇلۇش كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر-
دىن كۆپرەك. بۇتخانا جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان بو-
لۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى رەتلىك، سىممېترىيىلىك
ھالەتتە، ئوق سىزىقىنىڭ ئۈستىدە قوۋۇق، توسۇق
تام، ئالدى ئىبادەتخانا، چوڭ تىلاۋەتخانا، ئارقا تىلاۋەت-
خانا، شەرق ۋە غەرب يانلىرىدا بىردىن يان تىلاۋەتخانا
ۋە سەككىز بۇرجەكلىك قوش قەۋەت لەمپىلىك
راۋاق بار. چوڭ تىلاۋەتخانا چاسا شەكىلدىكى ئۈز قوش
قەۋەتلىك ئىمارەت بولۇپ، چوڭ لەمپىلىك، ئەگمە
لەمپىلىك قەۋەتلىك راۋاق شەكلىدە سېلىنغان بولۇپ،
ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. چوڭ تىلاۋەتخانىنىڭ
ئالدىدا «خان ئەمرى بىلەن سېلىنغان شىڭيۇ بۇتخانى-
سى» دېگەن ئالتۇن رەڭلىك خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان
ۋىۋىسكا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. 1929 - يىلى بىر قېتىم
رېمونت قىلىنغان. 1978 - يىلى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەت-
لىك تارماقلىرى 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ
رېمونت قىلدۇرۇپ، 1981 - يىلى 12 - ئايدا پۈتتۈر-
دى. 1962 - يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن
مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىدا قوغدىلىدىغان نۇقتىلىق ئو-
رۇن قىلىپ بېكىتىلدى. (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراق-
نىڭ 30 - بېتىگە قارالسۇن)

**خېجىڭ سېرىق بۇتخانىسى** بۇتخانا سېرىق
رەڭدە بولغاچقا «سېرىق بۇتخانا» دەپ ئاتالغان. چىڭ
سۇلالىسى گۇاڭشۈيىنىڭ 15 - يىلى (1889 - يىلى)
سېلىنغان، 54 تورغۇت قەبىلىسى سەدىقە يىغىپ خې-
جىڭ ناھىيىسىنىڭ بالغۇنتاي جىلغىسى ئىچىگە سال-
غان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1984 -
يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تەستىق سېلىپ، بۇددا
دىنىنىڭ نۇقتىلىق بەش ساڭرامىنىڭ بىرى دەپ بېكىت-
كەن. قۇرۇلغان ۋاقتىدا پەلسەپە بۆلۈمچىسى، تىبابەت
بۆلۈمچىسى، ئىلمى نۇجۇم ۋە يىلنامە بۆلۈمچىسى،
ئامىتايۇس سۇترا زالى قاتارلىق پۈتۈنلەي زاڭزۇ بىنا-
كارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان 11 بۇتخانا بار ئىدى.
مەزكۇر بۇتخانىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى ئەينى ۋاقىتتا
400 مودىن كۆپرەك، قۇرۇلۇشنىڭ ئىگىلىگەن كۆلى-
مى 3000 كۋادرات مېتىر ئىدى. ئامىتايۇس سۇترا
زالىنىڭ گۈڭمىڭ ئەرۋاھخانىسى موڭغۇللارنىڭ تور-
غۇت قەبىلىسىنىڭ XVII ئەسىردە ۋولگا دەرياسىنىڭ
بويىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىدە مۇھىم رول ئويني-
غان گېگەن لاما گۈڭمىڭنىڭ ۋەتەنسۆيەرلىك قىزغىنلى-
قىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن سېلىنغان. سېرىق بۇتخانا



خېجىڭ سېرىق بۇتخانىسى

تورغۇت قەبىلىسىنىڭ باش شتابى، ئەينى ۋاقىتتا بۇد-
دىستلار مۇقەددەس جاي دەپ قارىغاچقا، موڭغۇل خەلق
ئاممىسى ئىچىدە تەسىرى ئىنتايىن چوڭ.

**ئارۋبدۈن چومبول بۇتخانىسى** تىبەت بۇددا
دىنى ئىبادەتخانىسى. «ئارۋبدۈن چومبول» دېگەن
سۆزنىڭ مەنىسى «پۇختا، مۇستەھكەم، گۈللەنگەن»
دېگەن مەنىلەردە، موڭغۇلچە يەنە «ۋاڭگىن كۈرە»
(ۋاڭنىڭ ئىبادەتخانىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلا-
لىسى ئوردىسىنىڭ ۋاسساللار مەھكىمىسى ئۇنىڭغا
«مېھىر - شەپقەت بۇتخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ھەدى-
يە قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
1984 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تەستىق سېلىپ،
بۇددا دىنىنىڭ نۇقتىلىق بەش ساڭرامىنىڭ بىرى دەپ
بېكىتكەن. مەزكۇر بۇتخانىنىڭ سېلىنغان ۋاقتى ئېنىق
ئەمەس، سېلىنغاندىن بۇيان ئالتە قېتىم رېمونت قىلىپ
ئۆزگەرتىلگەن. ئۈچىنچى قېتىم 1801 - يىلى رېمونت
قىلىنىپ ياسالغان، تۆتىنچى قېتىم 1864 - يىلى 12-
ئەۋلاد گېگەن شالىۋاڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە رېمونت
قىلىنغان. كېيىنكى گېگەن شالىۋاڭلارنىڭ ھەممىسىلا
بۇ بۇتخانىدا تۇرغان. 1983 - يىلى ئەڭ دەسلەپكى
سېلىنغان ئورنى — توگىرىك خالغا دېگەن يەردىن ھا-
زىرقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىما-
لىدىكى سەر تېغى ئەتراپىغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. ئەي-
نى ۋاقىتتا بۇ بۇتخانىدا تېبابەتچىلىك بۆلۈمچىسى، ئىل-
مى نۇجۇم ۋە يىلنامە بۆلۈمچىسى، ئامىتايۇس سۇترا

زالى يوق ئىدى. كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن قوشۇپ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئامستايۇس سۇترا زالىنىڭ ئېگىزلىكى 19 مېتىرلىق تۆت قەۋەت بىنادىن تەشكىل تاپتى، ئۇنىڭ كۆلىمى، شەكلى چىڭخەيدىكى ئارۋېدۇن سوبلىن بۇتخانىسىغا تەقلىد قىلىپ زاڭزۇ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ياسالغان. 1983 - يىلى ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ بىر يېنىدىكى تىلاۋەتخانىنى رېمونت قىلدۇردى. ھازىر بۇتخانا ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 200 كۋادرات مېتىر، 40 راھىب بار.

**شارسۇم ساڭرامى** تىبەت بۇددا دىنىنىڭ ساڭرامى. موڭغۇل تىلىدا يەنە «ساغان گېگەن كۈرە»، يەنى «ئاق گېگەنىنىڭ ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. خەنزۇچە «چېڭخۇا ساڭرامى» دېيىلىدۇ. ئورنى شىخو ناھىيىسى بايانغول چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ يۆياتەي كەنتىدە. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1984 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تەستىق سېلىپ، بۇددا دىنىنىڭ نۇقتىلىق بەش ساڭرامىنىڭ بىرى دەپ بېكىتكەن. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى چوڭ لاما گوڭگا جالي ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، چىڭگىل دەرياسى بويىغا بارگاھ قۇرۇپ، ئالتايدا ئۇرۇش قىلىپ تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئوردىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شۇ لامانىڭ نامىغا بۇ ساڭرامنى سالدۇرغان. بۇتخانىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 36 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئامستايۇس سۇترا زالى، تېبابەتچىلىك مەكتىپى، ئانترا مەھكىمىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار بار، يەنە 169 ئېغىز راھىبلار ياتىقى بار، راھىبلار كۆپ بولغاندا 100 گە يېتەتتى. 1983 - يىلدىن كېيىن كونا بۇتخانا بۇزۇۋېتىلىپ، مەبلەغ توپلاپ قايتىدىن سېلىنىدى، چوڭ تىلاۋەتخانىنىڭ يەر مەيدانى 120 كۋادرات مېتىر. ھازىر دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بەش بۇددىست بار.

**بورتالا لاما بۇتخانىسى** تىبەت بۇددا دىنىنىڭ بۇتخانىسى، يەنى چاخار شىنتەنگي بۇتخانىسى. موڭغۇلچە نامى «گېسۈگېلۈنكۈ بۇتخانىسى»، مەنىسى «بەخت ئاتا قىلغۇچى». 1775 - يىلى بورتالانىڭ ئالتوقاي دېگەن يېرىدە سېلىنغان، ئىچىدە ئىلمى ھېكمەت بۆلۈمچىسى، تېبابەتچىلىك بۆلۈمچىسى، ئامستايۇس سۇترا زالى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. كەلكۈن ئاپىتىدە ۋەيران بولغاندىن كېيىن، 1885 - يىلى بىرىنچى قېتىم قايتا قۇرۇلغان. 1986 - يىلى بورتالا شەھىرىگە ئىككىنچى قېتىم قايتا قۇرۇلدى. قەدىمكى خەنزۇ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان تىلاۋەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا ھازىر 10 نەچچە راھىب بار.

**ئارىشاڭ ئاق بۇتخانىسى** تىبەت بۇددا دىنىنىڭ بۇتخانىسى. موڭغۇلچە «كىشىكتىن ساغان سۈم» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ «قۇتلۇق ساڭرام» دېگەن مەنىدە. بۇتخانا ئاق رەڭلىك بولغاچقا، ئادەتتە «ئاق بۇتخانا» دېيىلىدۇ. بۇ بۇتخانا چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ بىرىنچى يىلى (1875 - يىلى) چاخار موڭغۇل گازارمىسى ئارىشاڭ ناھىيىسىدە سالدۇرغان، ئامستايۇس سۇترا زالى، دارما پالا شىنىدىن، ئىستىقامەتخانا قاتارلىق ئۈچ خانىدىن تەركىب تاپىدۇ. XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى 300 گە يېقىن راھىب بولغان. كېيىن ئۇزۇن يىل رېمونتسىز قالغاچقا، ۋەيران بولغان. 1988 - يىلى ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتىدىن يەر مەيدانى 200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، قەدىمكى خەنزۇ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا بىر تىلاۋەتخانا سېلىنىدى، ھازىر 12 راھىب بار.

**خرىستىئان دىنى (يېڭى دىن)** XVI ئەسىردىكى دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدە كاتولىك دىنىدىن بۆلۈنۈپ چىققان، رىم پاپاسى بىلەن قارشىلاشقان دىنىي مەزھەپ. جۇڭگودا ئادەتتە «يېڭى دىن» دەپلا ئاتىلىدۇ. خرىستىئان دىنى دېگەن بۇ ئاتالغۇ كەڭ ۋە تار ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. كەڭ مەنىدە كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، يېڭى دىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئومۇمىي نامى؛ تار مەنىدىكىسى بولسا ئىلىم - پەن ساھەسى «يېڭى دىن» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان مەزھەپ. بۇ تارماقتا دېيىلىۋاتقان خرىستىئان دىنى دەل مۇشۇ تار مەنىدىكى خرىستىئان دىنىنى كۆرسىتىدۇ. خرىستىئان دىنىنىڭ كىتابى «ئىنجىل» بولۇپ، «تەۋرات» ۋە «يېڭى ئەھد»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنى خرىستىئان دىنىدا پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھيىسى دەپ بىلىدۇ، بۇ خرىستىئان دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئاساسىدۇر. تارىخىي خاتىرىلەر-

گە ئاساسلانغاندا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، شۋېتسارىـ
يە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مىسسىئونېرلىـ
رى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، شىنجاڭغا كېلىپ بەزى
جايلاردا دىن تارقاتقان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ
31 - يىلى ( 1905 - يىلى) ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگونىڭ
ئىچكى رايونلىرىدا دىن تارقىتىش جەمئىيىتىدىن خۇ
جيېدې (خەنزۇچە ئىسمى) دىخۇا (ئۈرۈمچى) گە كېـ
لىپ دىن تارقىتىپ، دەسلەپتە شىمالىي چوڭ كوچىدا
گوسپېل چېركاۋىنى قۇرۇپ، كېيىن كۇڭخۇ كوچىسى
(ھازىرقى مەدەنىيەت يولى) غا يۆتكىگەن. ئۇزۇن ئۆتـ
مەي ئەنخۇيدىن بىر ما مۇجيې (خەنزۇچە ئىسمى)
دېگەن ئەنگلىيىلىك كېلىپ، خۇ جيېدې بىلەن بىللە
دىن تارقاتقان. 1945 - يىلى ئىچكى رايونلاردا دىن
تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى لى كەيخۇەن (جياڭـ
سۇ نەنجىڭلىق، پوچتا - تېلېگراف تارمىقىنىڭ خىزـ
مەتچىسى) خىزمىتى يۆتكىلىش سەۋەبى بىلەن ئايالى
جەي مىڭشيا ( جياڭسۇ تەيشىڭلىق) بىلەن كېلىپ
شىنجاڭدا جۇڭخۇا خرىستىئان جەمئىيىتىنى قۇرۇپ،
ھازىرقى مىڭدې كوچىسىدا بىر قورۇنى سېتىۋالغان،
قورۇدا 34 ئېغىز بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر بولۇپ، ئۇلار
بىر قاتار رېمونت قىلدۇرغاندىن كېيىن، گوسپېل
چېركاۋىنى قۇرۇپ، گېزىتكە خرىستىئان مۇرىتلىرىـ
نىڭ كېلىپ ئالاقىلىشىشىنى تەۋسىيە قىلىپ ئېلان
چىقارغان. لى كەيخۇەن 1947 - يىلى كۇنمىڭ ئەنگلىـ
كان چېركاۋىنىڭ مىسسىئونېرى فۇ ياگې تەرىپىدىن
مىسسىئونېر دەپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ
پوچتا - تېلېگراف تارمىقىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىبپا
بېرىپ، مەخسۇس شىنجاڭ جۇڭخۇا خرىستىئان جەمئىـ
يىتىنىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1955 - يىلى
كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. شىنجاڭ جۇڭخۇا خرىستىئان
جەمئىيىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشنىڭ
ئالدى - كەينىدىكى شىنجاڭدا خرىستىئان دىنى جەھەتتە
بىر قەدەر چوڭ تەسىر قوزغىغان تەشكىلات. جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چەت ئەللىك
مىسسىئونېرلار شىنجاڭدىن كەتتى. شىنجاڭ جۇڭخۇا
خرىستىئان جەمئىيىتىدىن باشقا، يەنە ئۈرۈمچى خرىسـ
تىئان جەمئىيىتى بار، كېيىنكىسى گوسپېل چېركاۋىـ
نى ھازىرقى دېموكراتىيە يولى ئالغا كوچىسى 37 -
نومۇرلۇق قورۇدا قۇرغان. 1980 - يىلى شىنجاڭ
جۇڭخۇا خرىستىئان جەمئىيىتى ئۈرۈمچى جۇڭخۇا
خرىستىئان جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ھازىر شىنـ
جاڭدا خرىستىئان دىنىي پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلار
ئۈرۈمچى، سانجى، قۇمۇل، شىخەنزە، چۆچەك، غۇلجا
قاتارلىق جايلاردىكى بەزى خەنزۇلار ئامىسى، تەخمىـ
نەن 40 مىڭدەك ئادەم. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا
پۈتۈن شىنجاڭدا تىزىمغا ئېلىنغان خرىستىئان چېركاـ
ۋى 24 بولۇپ، يىغىلىش نۇقتىلىرى 97، مىسسىئونېر
ئىككى نەپەر، پرېسبىتېر تۆت نەپەر، دىن يېتەكچىسى
بىر نەپەر. كۆلىمى ۋە تەسىرى بىر قەدەر چوڭراق
خرىستىئان چېركاۋى ئۈرۈمچى شەھىرى مىڭدې كوچىـ
سىدىكى چېركاۋ.

**كاتولىك دىنى** خرىستىئان دىنىنىڭ ئۈچ چوڭ
مەزھىپىنىڭ بىرى. رىم كاتولىك دىنى دەپمۇ ئاتىلىـ
دۇ. كاتولىك دىنى رىم كاتولىك دىنىنىڭ جۇڭگودىكى
ئاتىلىشى. «شىنجاڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» دە خاتىـ
رىلىنىشىچە، كاتولىك دىنى XIII ئەسىردىلا شىنجاڭغا
كىرىشكە باشلىغان. 1882 - يىلى بېلگىيىلىك مىسـ
سىئونېر شى تيەنجى (خەنزۇچە ئىسمى) سۈيدۇڭدە
(ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىدە) كاتولىك چېركاۋى
قۇرغان. 1885 - يىلى بېلگىيىلىك مىسسىئونېر لياڭ
مىڭدې (خەنزۇچە ئىسمى) غۇلجا شەھىرىدە كاتولىك
چېركاۋى قۇرغان. 1907 - يىلى فرانسىيىلىك مىسـ
سىئونېر لىبې جىخۇا (خەنزۇچە ئىسمى) دىخۇا (ئۈـ
رۈمچى) گە كېلىپ، كىچىك جەنۇبىي قوۋۇقتىكى باش
كوچىدىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ كاتولىك چېركاۋى قۇرـ
غان. لىبې جىخۇانىڭ كەينىدىنلا گوللاندىيىلىك گاۋ
رىشېڭ ( خەنزۇچە ئىسمى) بۇ كاتولىك چېركاۋىنى
تىنجلىق كوچىسى 178 - نومۇرلۇق قورۇغا، يەنى
ھازىرقى كاتولىك چېركاۋىنىڭ ئورنىغا كۆچۈرگەن.
1922 - يىلىدىن كېيىن فرانسىيىلىك لىبې مەندې
(خەنزۇچە ئىسمى)، خاۋ بولياڭ (خەنزۇچە ئىسمى)،
خالتېر قاتارلىق پوپلار مۇشۇ كاتولىك چېركاۋىدا دىنىي
ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلغان. شۇ چاغلاردا مۇرىتلار
140 نەچچە ئادەم بولۇپ، خېيىملىكلەرنى ئاساس قىلاتـ
تى. 1943 - يىلى لەنجۇ چېركاۋ تەۋەلىكى تەيىنلىگەن
جۇڭگولۇق جاڭ يى شىنجاڭغا كېلىپ چېركاۋ تەۋەلىكىـ
نىڭ ئېپىسكوپلۇقىنى ئۆتىدى. 1949 - يىلى يازدا

دۆەن يۇڭ بىلەن خۇ سىڭشىنى شىنجاڭنىڭ دىنىي
ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى، دۆەن يۇڭ دىخۋا كاتو-
لىك چېركاۋىنىڭ پوپى بولدى. ھازىر شىنجاڭدىكى
كاتولىك مۇرىتلىرى تەخمىنەن 4000 ئادەمگە يېتىدۇ،
بۇلار ئاساسەن ئۈرۈمچى، قۇمۇل، شىخەنزە، سانجى،
غۇلجا، چۆچەكلەرگە تارقالغان بولۇپ، خەنزۇ ئاممىسى
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا. تىزىملىككە ئالدا-
لانغاندا 25 جايدا كاتولىك چېركاۋى، يىغىلىش نۇقتى-
لىرى بار. كۆلىمى ۋە تەسىرى چوڭراق بولغىنى ئۈ-
رۈمچىدىكى كاتولىك چېركاۋى.

**پراۋوسلاۋىيە دىنى** كەڭ مەنىدىكى خرىستى-
ئان دىنىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر مەزھەپ. 1054 ـ
يىلى خرىستىئان دىنى غەربىي دىن ۋە شەرقىي دىنلارغا
بۆلۈندى، غەربىي دىن ئۆزىنى رىم كاتولىك دىنى، يەنى
كاتولىك دىنى دەپ ئاتىدى؛ شەرقىي دىن ئۆزىنى «ئور-
تودوكسىيە» ، يەنى پراۋوسلاۋىيە دىنى دەپ ئاتىدى.
جۇڭگودىكى رۇسلار پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلى-
دۇ. 1671 ـ يىلى پرووۋوسلاۋىيە دىنى جۇڭگوغا كىر-
دى. رۇسىيە «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نىڭ ئالدى ـ كەي-
نىدە پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم
رۇسلار شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. 1922 ـ
يىلى شىنجاڭدا ھازىرقى ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھىرىدە ۋە
قورغاس ناھىيىسىدە پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ ئۈچ چېركا-
ۋى قۇرۇلدى. شىنجاڭدا ھازىر 9000 دىن ئارتۇق
رۇس بار، ئۇلار ئاساسەن ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك
قاتارلىق جايلارغا تارقالغان، دائىم پراۋوسلاۋىيە دىنى-
نىڭ دىنىي پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلار 100 نەچچىلا
ئادەم. ئۈرۈمچى شەھىرىدە پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ بىر
چېركاۋى بولۇپ، ئورنى غالىبىيەت يولى يېڭى شەرقىي
كوچىسىنىڭ 8 ـ نومۇرلۇق قورۇسىدا، ئىگىلىگەن يەر
مەيدانى 290 كۋادرات مېتىر.

**توپىن دىنى (يولچىلىق دىنى)** جۇڭگونىڭ
دەسلەپكى فېئوداللىق جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەن
«يولچىلىق» نى ئەڭ يۇكسەك ئېتىقادى قىلغان ئەنئەنى-
ۋى دىن. شەرقىي خەن سۇلالىسى شۈندى يىللىرى
(126 ~ 144 يىللىرى) دا جاڭ لىڭ بەش كۈرە
گۈرۈچ يولچىلىقى مەزھىپىنى قۇرغان، بۇ يەنە ئەۋلىيا-
يى ھەزرەت يولچىلىقى مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لىڭدى
زامانىسىدا جاڭ جياۋ ئاسايىشلىق يولى مەزھىپىنى
قۇرغان، بۇ بەش كۈرە گۈرۈچ يولچىلىقى مەزھىپى
بىلەن ماسلاشقان، مىلادىيىنىڭ 184 ـ يىلى سېرىق
ياغلىقلار قوزغىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاسا-
يىشلىق يولى مەزھىپى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ، ئەۋ-
لىيايى ھەزرەت يولچىلىقى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.
بۇ ئىككى مەزھەپ لاۋزىنىڭ «يولچىلىق» تەلىماتىغا
چوقۇنۇپ، « يولچىلىق» نى دىن نامى قىلىپ، «
توپىن دىنى( يولچىلىق دىنى) » دەپ ئاتالدى. توپىن
دىنىنىڭ ئاساسلىق ئېتىقاد قىلىدىغىنى «يولچىلىق»
بولۇپ، بارلىق دىيانەت ۋە دىنىي ئەقىدىلەر يولچىلىق-
تىن تەرەققىي قىلغان، «يولچىلىق» تا مەۋجۇد ئەمەس
نەرسە يوق، ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان،
ئۇ بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ
ئاساسلىق كىتابى « يول ۋە پەزىلەت دەستۇرى» . قو-
چودىن قېزىۋېلىنغان دەپنە ئىشلىرى ۋە نەزىر ـ چىراغ-
قا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، تو-
پىن دىنى مىلادىيە ٧ ئەسىردىلا قوچودا تارقالغان.
ئاساسەن ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن لەشكەر ـ چې-
رىكلەر، كۆچمەن ئاھالىلەر ۋە سودىگەرلەر ئارقىلىق
تارقالغان. شىنجاڭدىمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاشلا،
جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر، تاڭ، سۇڭ، يۈەن
سۇلالىلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرى ۋە مىڭ سۇلالىسى-
نىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى توپىن دىنىنىڭ روناق
تېپىپ تەرەققىي قىلىش باسقۇچى بولغان. تاڭ سۇلالى-
سى دەۋرىدىكى لى جەمەتى خانلىقى ئۆزلىرىنى لاۋزى
(لى ئېر) نىڭ ئەۋلادى دەپ، يولچىلىق بىرىنچى ئو-
رۇندا، كۇڭزىچىلىق ئىككىنچى ئورۇندا، بۇددىزىم ئۈ-
چىنچى ئورۇندا دەپ رەتكە تۇرغۇزغان. قوچو رايونىدى-
كى ھەممە شەھەردە خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان، توپىن
دىنى شەكىللەندۈرگەن ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئىچكى جايلار
بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈ-
شىگە ئەگىشىپ شىنجاڭدىكى بۇددا دىنى بىلەن توپىن
دىنى ئامما ئارىسىدا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. مىڭ سۇلالى-
سىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا توپىن دىنى
تەدرىجىي خارابلاشقان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىر-
لىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىچكىرىدىن زور تۈر-
كۈملەپ لەشكەر ـ سانغۇنلار، ئاۋام ـ پۇقرالار، سودى-

گەرلەر شىنجاڭغا كىرگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ تويىن دىنىمۇ گۈللىنىشكە باشلىغان. «شىنجاڭنىڭ رەسىملىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭدا 283 نەپەر تويىن بار ئىكەن. چىڭ سۇلالىسى ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا تويىن دىنى ئىبادەتخانىسى قۇرۇلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال، تويىن دىنى خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن، بىراق ئۈرۈمچىدە يەنىلا بەلگىلىك تەسىرى بار. نۆۋەتتە شىنجاڭدا بىر تويىن دىنى ئىبادەتخانىسى، 300 نەپەر مۇرىتى بار بولۇپ، ئاساسەن ئۈرۈمچى ۋە سانجى شەھىرىگە مەركەزلەشكەن.

**تويىن** تويىن دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ھەمدە تويىنلىق كارامىتىنى ئۆگىنىۋاتقان مۇخلىسلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. تويىنلار تويىنلىق يولىنى تۇتۇپ كامىل چىن يولچىلىقتىكى تويىن ۋە يۇقىرى مۇخلىسلىق بىلەن ھەق بىر يولچىلىقتىكى تويىنلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تويىنلىق ئادەتتە شاگىرت تۇتۇپ ئۆگىتىش يولى بىلەن، ئالتە باسقۇچ، ئۈچ دەرىجە بويىچە تارقىتىلىدۇ. دىنىي ئىشلارغا پىشقان ۋە دىنىي ئەقىدىدە ئۈلگە بولالايدىغانلار، دەۋەتخانا تۆرىدە ئولتۇرىدىغانلار يېتەكچى تويىن دېيىلىدۇ. تويىن ئىبادەتخانىسىنى باشقۇرىدىغان تويىنلار بۇددا دىنىدىكىگە ئوخشاش باش شەيخ، باش راھىب، ئىبادەتخانا مۇتەۋەللىسى دېيىلىدۇ. تويىنلارنىڭ يەنە پەي تونلۇق، ئۇچار ئەۋلىيا، ئۇچار زات، سېرىق تاجلىق دېگەن ناملىرىمۇ بار، ئايال تويىنلارمۇ ئايالار تاجى ياكى تويىن ئايال، راھىبە دەپ ئاتىلىدۇ.

# سىياسىي قانۇنچىلىق


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى** 1949 - يىلى 10 - ئايدىن 1955 - يىلى 9 - ئايغىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبىرىي ئورگىنى. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنى قۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە رەھبىرىي ئورگىنى قىلىشنى قارار قىلدى. ۋاڭ جېن شۇجى، شۇ لىچىڭ مۇئاۋىن شۇجى، لو يۈەنفا، جاڭ شىيەنيۈ، راۋجېڭشى، ۋاڭ ئېنماۋ، گوپېڭ، زېڭ دى، دېڭ لىچۈن ئەزا بولدى. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۇەنى ۋاڭ جېننىڭ قوماندانلىقىدا شىنجاڭغا كىردى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىمۇ شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا كىردى، ئۇنىڭ ئورگىنى دىخۇا شەھىرى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى) دە بولدى. 1950 - يىلى 1 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى دىخۇا رايونلۇق، قەشقەر رايونلۇق، ئالتاي رايونلۇق پارتكوملارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەسىس قىلدى. 1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ شۇجى ۋە مۇئاۋىن شۇجىلىرىنىڭ نامى 1 -، 2 -، 3 - شۇجىلىققا ئۆزگەرتىلىپ، ۋاڭ جېن 1 - شۇجى، شۇ لىچىڭ 2 - شۇجى، جاڭ باڭيىڭ 3 - شۇجى بولدى. 1952 - يىلى 8 - ئايدا ۋاڭ ئېنماۋ 1 - شۇجى، شۇ لىچىڭ 2 - شۇجى، جاڭ باڭيىڭ 3 - شۇجى، سەيپىدىن ئەزىزى 4 - شۇجى بولدى. 1954 - يىلى 12 - ئايدا 1 -، 2 - مۇئاۋىن شۇجىلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش قارار قىلىندى، گاۋ جىنچۈن 1 - مۇئاۋىن شۇجى، ۋۇ كەيجاڭ 2 - مۇئاۋىن شۇجى بولدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، 1954 - يىلى 8 - ئايدا غەربىي شىمال بيۇروسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتتى. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىمۇ قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1950 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلغان قەشقەر رايونلۇق پارتكوم (ئۆلكە دەرىجىگە تەڭ) ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋە ئاقسۇ يەرلىك پارتكوملار بولۇپ، ئورگىنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىدا بولدى (1954 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى). 1952 - يىلى 1 - ئايدا ج ك پ قەشقەر رايونلۇق كومىتېتى ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى (جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومى دېيىلىدۇ) گە ئۆزگەرتىلدى. 1954 - يىلى 7 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ج ك پ قىزىلسۇ يەرلىك كومىتېتى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1956 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى تۆت يەرلىك پارتكوم ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتتى.

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ دىخۇا رايونلۇق كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) يەرلىك تەشكىلاتى. 1951 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلدى. ج ك پ دىخۇا رايونلۇق كومىتېتى (ئۆلكە دەرىجىگە تەڭ) ج ك پ شىمالىي شىنجاڭ

ئوبلاستلىق كومىتېتى دەپمۇ ئاتىلىپ، ج ك پ شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. قارىمىقىدا دىخۇا، قۇمۇل، يەنجى قاتارلىق ئۈچ يەرلىك پارتكوم بار ئىدى، ئورگىنى دىخۇا شەھىرى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى) دە بولدى. 1952 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دىخۇا رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قارىمىقىدىكى ئۈچ يەرلىك پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتتى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ ئىلى رايونلۇق كومىتېتى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىلى يەرلىك تەشكىلاتى. 1950 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلدى. ج ك پ ئىلى رايونلۇق كومىتېتى (ئۆلكە دەرىجىگە تەڭ) ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، قارىمىقىدا ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي يەرلىك پارتكوملار بار ئىدى، ئورگىنى غۇلجا ناھىيە بازىرىدا بولدى. 1952 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىلى رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قارىمىقىدىكى ئۈچ يەرلىك پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتتى.




جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
كومىتېتىنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيى

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يەرلىك تەشكىلاتى بولۇپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيى

ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقى ۋە شۇ دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۇنىڭدەك ئارمىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلۇپ، ۋاڭ ئېنماۋ 1 ـ شۇجى، شۇ لىچىڭ 2 ـ شۇجى، سەيپىدىن ئەزىزى 3 ـ شۇجى، گاۋ جىنچۈن 1 ـ مۇئاۋىن شۇجى، ۋۇ كەيجاڭ 2 ـ مۇئاۋىن شۇجى بولدى. 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ قۇرۇلتىيى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، ۋاڭ ئېنماۋ 1 ـ شۇجى، سەيپىدىن ئەزىزى، ۋۇ كەيجاڭ، لۈ جيەنرېن، زېڭ دې، سەيدۇللا سەيپۇللايوف شۇجى بولدى. ئارقىدىنلا يەنە لى چۈەن، ۋۇگۇاڭ، چى گو، لىن بومىن شۇجى بولدى، لۈ شۆبىن كاندىدات شۇجى بولدى. 1968 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، مالىيە، مەدەنىيەت چوڭ ھوقۇقىنى بىر تۇتاش ئىگىلەپ، «بىر تۇتاش» رەھبەرلىكنى يولغا قويدى. 1970 ‐ يىلى 3 ‐ ئاينىڭ 27 ‐ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىنقىلابىي كومىتېت ئىچىدە پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى، لۇڭ شۇجېن گۇرۇپپا باشلىقى، شياۋ سىمىڭ، سەيپىدىن ئەزىزى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. 1971 ‐ يىلى 5 ‐ ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ‐ قۇرۇلتىيى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ‐ نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، لۇڭ شۇجېن 1 ‐ شۇجى، سەيپىدىن ئەزىزى 2 ‐ شۇجى، ساۋ سىمىڭ، سۇڭ جىخې، ليۇ شىڭ شۇجى بولدى. بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى ۋە يېڭى كومىتېتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيە رەھبەرلىكى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1972 ‐ يىلى 7 ‐ ئاينىڭ 27‐ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت 1 ‐ شۇجىسى بولدى، ساۋ سىمىڭ 2 ‐ شۇجىسى، ليۇ شىڭ، سۇڭ جىخې، ئىسمائىل ئەھمەد، جاڭ شىگۇڭ، خې لىنجاۋ شۇجىسى بولدى. شۇ يىلى 12 ‐ ئاينىڭ 29 ‐ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى لۇڭ شۇجېننى شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى. 1973 ‐ يىلى 6 ‐ ئاينىڭ 3 ‐ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 1 ‐ شۇجىسى، ياڭ يۇڭ 2 ‐ شۇجىسى، ساۋ سىمىڭ 3‐ شۇجىسى بولدى، ليۇ شىڭ، سۇڭ جىخې، ئىسمائىل ئەھمەد، جاڭ شىگۇڭ، خې لىنجاۋ شۇجىسى بولدى. 1977 ‐ يىلى 7 ‐ ئايدا ۋاڭ فېڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 2 ‐ شۇجىسى بولدى، شۇ يىلى 9 ‐ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ياڭ يۇڭنى بېيجىڭغا يۆتكەشنى قارار قىلدى، ليۇ جېن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 3 ‐ شۇجىسى بولدى، خې لىنجاۋ شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكەلدى. 1977 ‐ يىلى 12 ‐ ئايدا ۋاڭ فېڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ‐ شۇجىسى بولدى، سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. 1978 ‐ يىلى 3 ‐ ئايدا ليۇ جېن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 2 ‐ شۇجىسى، تۆمۈر داۋامەت شۇجىسى بولدى. شۇ يىلى 5 ‐ ئايدا جۇ رېنشەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 2 ‐ شۇجىسى بولدى، 1980 ‐ يىلى 6 ‐ ئايدا جاڭ شىگۇڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى. غۇ لۇبىن، لى جيايۇ، خەن جىنساۋ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى. شۇ يىلى 12 ‐ ئايدا گۇ جىڭشېڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 2 ‐ شۇجىسى بولدى. 1981 ‐ يىلى 10 ‐ ئايدا ۋاڭ ئېنماۋ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ‐ شۇجىسى بولدى. 1983‐ يىلى 3 ‐ ئايدا چې گو بىلەن جانابىل شۇجىسى بولدى. 1984 ‐ يىلى 2 ‐ ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 ‐ قۇرۇلتىيى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 ‐ نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، ۋاڭ ئېنماۋ 1 ‐ شۇجى، ئىسمائىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت، چې گو، لى جيايۇ ۋە جانابىل شۇجى بولدى. 1985 ‐ يىلى 10 ‐ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدا 1 ‐ شۇجى قويۇلماي، شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزاسىلا قويۇلدى، سۇڭ خەنلياڭ شۇجى، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، لى شۇشەن، ھامىدىن نىياز، جاڭ سىشۈ مۇئاۋىن شۇجى بولدى. 1991 ‐ يىلى 3 ‐ ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 ‐ قۇرۇلتىيى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 ‐ نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، سۇڭ خەنلياڭ شۇجى بولدى. 1994 ‐ يىلى 9 ‐ ئايدا ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بولدى. 1995 ‐ يىلى 12 ‐ ئايدا ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى. 1996‐ يىلى 2 ‐ ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 ‐ قۇرۇلتىيى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 ‐ نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، ۋاڭ لېچۈەن شۇجى، ئابلەت ئابدۇرېشىت، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي مۇئاۋىن شۇجى بولدى. ھازىرقى ئاپپاراتلىرى: بەنگۇڭتىڭ، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، سىياسىي ‐ قانۇن كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار كومىتېتى، سىياسەت تەتقىقاتى ئىشخانىسى، پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى، كارخانا خىزمىتى كومىتېتى قاتارلىقلار (رەھبەرلىك قىسمى ۋاراقنىڭ 15 ‐ بېتىگە قارالسۇن).

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ياردەمچىسى ۋە

مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئالاقىدار قارارلىرى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىگە ئاساسەن قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلىدى. ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ھەمدە تەكلىپ بېرىش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھاۋالە قىلغان مۇھىم ئىشلارنى بېجىرىشتىن ئىبارەت. 1983 - يىلى 3 - ئايدا بەي چېڭمىڭ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى بولدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا شيۇڭ خۇاڭ، خۇ لياڭ، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. 1984 - يىلى 2 - ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قۇرۇلتىيى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 47 نەپەر ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى. 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېت ئەزاسىدىن 11 نەپەرنى سايلاپ چىقتى، بەي چېڭمىڭ مۇدىر، شيۇڭ خۇاڭ، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. 1985 - يىلى 10 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشىدى، ۋاڭ ئېنماۋ مۇدىر، بەي چېڭمىڭ، چى گو، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، ۋاڭ جېنۋېن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنى 1991 - يىلى 3 - ئايدا مۇئاۋىن مۇدىر ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى، چېن شىفۇ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئالاقىدار قارارىغا ئاساسەن، 1994 - يىلى 1 - ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك كېڭەيتىلگەن 6 - ئومۇمىي يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنى ئەمدى قۇرماسلىق توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى 1996 - يىلى 2 - ئايدا ئىش توختاتتى.

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. شىنجاڭدىكى پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى كۆپ قېتىم ئۆزگەردى. 1950 - يىلى 6 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى قۇردى. 1955 - يىلى 10 - ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش كومىتېتى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام - تەپتىش ئاپپاراتلىرى خىزمەتتىن توختىدى. 1978 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىنتىزام - تەپتىش كومىتېتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1984 - يىلى 2 - ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قۇرۇلتىيىدا پارتىيە نىزامنامىسى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 1983 - يىلىدىكى 3 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىنتىزام - تەپتىش كومىتېتى ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (رېۋىزىيە كومىتېتى) نىڭ ئىلگىرىكى ئاساسلىق مەسئۇللىرى: ۋاڭ جېن (قوشۇمچە)، شۇ لىچىڭ (قوشۇمچە)، جاڭ باڭيىڭ (قوشۇمچە)، راۋ جېڭشى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ۋۇ كەيجاڭ (قوشۇمچە)، لۇ جيەنرېن (قوشۇمچە)، چى چېڭدې، جاڭ شىگوڭ، شى گېڭ، جۇ شېڭتاۋ، خۇ جيايەن. 1993 - يىلى 2 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى بىرلىكتە ئىش بېجىرىدىغان بولدى.

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى** ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە مەسئۇل تارمىقى. ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا پارتىيىنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە دائىر لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى قارار قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. 1979 - يىلى 3 - ئايدا، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى سىياسىي -

قانۇن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. 1982 - يىلى 7 - ئايدا سىياسىي - قانۇن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى سىياسىي - قانۇن كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرى: تۆمۈر داۋامەت، ھامىدىن نىياز، بادەي، لى فېڭزى، جۇ شېڭتاۋ، جاڭ شيۇمىڭ.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايون كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ رەھبىرىي ئورگىنى. 1949 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ جېن بۇيرۇققا بىنائەن 2 - جۇن 4 -، 5 -، 6 - شى، 6 - جۇن (16 -، 17 - شى) نى باشلاپ شىنجاڭغا كىردى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 17- كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلدى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1- دالا ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۇەنى پارتكومى شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى، ۋاڭ جېن شۇجى بولدى، 1951 - يىلى 7 - ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ھەربىي رايونى كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى، ۋاڭ جېن شۇجى بولدى، بۇ غەربىي شىمال ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئورگىنى دىخۇا شەھىرى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى) دە ئىدى. 1953 - يىلى 8 - ئايدا ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى بولدى. 1954 - يىلى 12 - ئايدا ۋە 1956 - يىلى 6 - ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 -، 2 - قۇرۇلتايلىرى ج ك پ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك، 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنى سايلاپ چىقتى، ۋاڭ ئېنماۋ 1 - شۇجى، سەيپىدىن ئەزىزى 2- شۇجى بولدى. 1958 - يىلى 5 - ئايدا گوپىڭ 3- شۇجىلىققا تولۇقلاپ سايلاندى. 1960 - يىلى 3 - ئايدا ۋە 1965- يىلى 11 - ئايدا ج ك پ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 3 -، 4 - قۇرۇلتايلىرى ج ك پ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك ۋە 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنى سايلاپ چىقتى، ۋاڭ ئېنماۋ 1 - شۇجى، سەيپىدىن ئەزىزى 2 - شۇجى، گوپىڭ 3 - شۇجى بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ج ك پ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ۋە 5- نۆۋەتلىك كومىتېتلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى، ۋاڭ ئېنماۋ، لۇڭ شۇجىن، سەيپىدىن ئەزىزى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 1 - شۇجى بولدى. 1978 - يىلى 1- ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سەيپىدىن ئەزىزىنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ فېڭنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىشىنى قارار قىلدى. 1979 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى (چوڭ ھەربىي رايون دەرىجىلىك) غا ئۆزگەرتىلدى. پارتكومىنىڭ نامىمۇ تەڭلا ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىلى 1- ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىشىنى قارار قىلدى. 1982 - يىلى 10 - ئايدا ج ك پ ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى ج ك پ ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، ۋاڭ ئېنماۋ 1 - شۇجى بولدى. 1985 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى بىلەن لەنجۇ ھەربىي رايونى قوشۇلۇپ لەنجۇ ھەربىي رايونى قۇرۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇپ، لەنجۇ ھەربىي رايونىغا قارايدىغان بولدى، ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى بولدى. 1986 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1996 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى بولدى.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1955 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان. قارىمىقىدا تارباغاتاي، ئالتاي يەرلىك كومىتېتلىرى ۋە سابىق ئىلى يەرلىك پارتكومىغا قاراشلىق 10 ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوم بار ئىدى ھەمدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى (كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى) نىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ج ك پ بورتالا يەرلىك كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغانىدى، ئورگىنى غۇلجا شەھىرىدە ئىدى. 1955 - يىلى

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىلگىرى، ئىلى رايونلۇق
پارتكوم دېيىلىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىن-
جاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان؛ كېيىن ئوب-
لاستلىق پارتكوم دېيىلىپ، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ج ك پ ئىلى
رايونلۇق كومىتېتى، ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم
ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتى يادرو گۇرۇپپىسى ۋە
ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى
ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈز-
دى. ئوبلاستلىق پارتكوم رەھبىرىي ئورگىنى 1966 -
يىلى 5 - ئايدىن 1975 - يىلى 9 - ئايغىچە غۇلجا
شەھىرىدە ئىدى، 1975 - يىلى 9 - ئايدا كۈيتۇن
شەھىرىگە كۆچۈپ باردى. 1969 - يىلى 5 - ئايدا
قۇرۇلغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي
كومىتېتى، 1970 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلغان
ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي
كومىتېت يادرو گۇرۇپپىسى، 1971 - يىلى 1 - ئايدا
سايلاپ چىقىلغان ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاست-
لىق 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سابىق ئىلى يەرلىك
پارتكومغا بىۋاسىتە قارايدىغان سەككىز ناھىيىلىك
پارتكوم ۋە بىر شەھەرلىك پارتكومغىلا رەھبەرلىك قى-
لاتتى. 1975 - يىلى 9 - ئايدا ئىلى قازاق ئاپتونوم
ئوبلاستى ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلى
ۋىلايىتىنىڭ تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كېلىپ، سابىق ئاپ-
تونوم ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق سەككىز ناھىيە،
بىر شەھەر ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتتى؛ كۈي-
تۇن شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) قۇرۇلۇپ، ئىلى
قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق
پارتكوم قارىمىقىدا يەنە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلا-
يەتلىك پارتكوملىرى ۋە كۈيتۇن شەھەرلىك پارتكومى
بولدى. 1979 - يىلى 9 - ئايدا ئىلى قازاق ئاپتونوم
ئوبلاستلىق پارتكوم ئورگىنى كۈيتۇن شەھىرىدىن غۇل-
جا شەھىرىگە كۆچۈپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلى
ۋىلايىتىنىڭ تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ
قارىمىقىدىكى سەككىز ناھىيىلىك ۋە بىر شەھەرلىك
پارتكومغا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم بى-
ۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى، تارباغاتاي، ئال-
تاي ۋىلايىتىدىكى پارتكوملارغا ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كوم رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. 1984 - يىلى
9 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي
ۋىلايەتلىك پارتكوملىرى يەنە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوب-
لاستلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى. 2001 -
يىلى ئەتىيازدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى سەككىز ناھىيە-
لىك، بىر شەھەرلىك پارتكوم ئىلى قازاق ئاپتونوم
ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى.

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بايىنغو-
## لىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلا-
تى. 1950 - يىلى 3 - ئايدا، ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ج ك پ يەنجى يەرلىك
كومىتېتىنى قۇرغان، ئۇ دىخۋا رايونلۇق پارتكومنىڭ
رەھبەرلىكىدە بولغان، قارىمىقىدا يەنجى، خېجىڭ،
خوشۇت، كورلا، بۈگۈر، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق
قاتارلىق سەككىز ناھىيىلىك پارتكوم بار ئىدى.
1952 - يىلى 2 - ئايدا دىخۋا رايونلۇق پارتكوم
ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنجى يەرلىك
پارتكوم ج.ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇرو-
سىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولغان، يەرلىك پارت-
كوم ئورگىنى يەنجى بازىرىدا ئىدى. 1954 - يىلى 6-
ئايدا يەنجى ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بايىنغو-
لىن ۋىلايىتى قۇرۇلدى؛ ج ك پ يەنجى يەرلىك كومى-
تېتىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،
ج ك پ بايىنغولىن يەرلىك كومىتېتى ۋە ج ك پ كورلا
يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى 6 - ئايدا
بايىنغولىن ۋىلايىتى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوب-
لاستىغا ئۆزگەرتىلدى، بايىنغولىن يەرلىك پارتكومى-
نىڭ نامىمۇ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق
پارتكومغا ئۆزگەرتىلىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى
شىنجاڭ بيۇروسى (كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا
ئۆزگەرتىلدى) نىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، قارىمىقىدا
يەنجى، خېجىڭ، خوشۇت قاتارلىق ئۈچ ناھىيىلىك
پارتكوم بولدى، ئوبلاستلىق پارتكوم ئورگىنى يەنجى
بازىرىدا ئىدى. كورلا يەرلىك پارتكومى 1954 - يىلى
9 - ئايدا قۇرۇلۇپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى
شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، قارىمىقى-
دا كورلا، بۈگۈر، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق قاتار-
لىق بەش ناھىيىلىك پارتكوم بولدى، يەرلىك پارتكوم
ئورگىنى كورلا بازىرىدا ئىدى. 1957 - يىلى 1 - ئايدا
كورلا يەرلىك پارتكومى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بايىن-
غولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومغا قوشۇ-
ۋېتىلدى، قارىمىقىدا يەنجى، خېجىڭ، خوشۇت، كور-

لا، بۈگۈر، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق سەككىز ناھىيىلىك پارتكوم بولدى. 1960 - يىلى 12 - ئايدا ئوبلاستلىق پارتكوم ئورگىنى يەنجى بازىرىدىن كورلا بازىرىغا كۆچۈپ كەلدى. 1971 - يىلى 4 - ئايدا باغراش ناھىيىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، باغراش ناھىيىلىك پارتكومغا ئوبلاستلىق پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. 1979 - يىلى 6 - ئايدا كورلا شەھىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كورلا ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كورلا ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ نامى شەھەرلىك پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم قارمىقىدا كورلا شەھەرلىك پارتكوم ۋە بۈگۈر، چاقىلىق، چەرچەن، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، خېجىڭ، خوشۇت، باغراش قاتارلىق سەككىز ناھىيىلىك پارتكوم بولدى. ئوبلاستلىق پارتكوم ئورگىنى كورلا شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى، 19[illegible] - يىلى 10 - ئايدا سانجى ۋىلايىتى قۇرۇلغان. ج ك پ سانجى يەرلىك كومىتېتى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدى، قارمىقىدا ئۈرۈمچى، مىچۈەن، سانجى قاتارلىق ئۈچ ناھىيىلىك پارتكوم بار ئىدى. يەرلىك پارتكوم ئورگىنى سانجى ناھىيە بازىرىدا ئىدى. 1955 - يىلى 3 - ئايدا سانجى ۋىلايىتىدە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندا، سانجى يەرلىك پارتكومىنىڭ نامىمۇ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىلى 5 - ئايدا ج ك پ ئۈرۈمچى يەرلىك كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قارمىقىدىكى مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق ئالتە ناھىيىلىك پارتكوم سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1959 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پارتكوم ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1983 - يىلى 7 - ئايدا، 1992 - يىلى 12 - ئايدا ۋە 1966 - يىلى 12 - ئايدا سانجى ناھىيىسى، فۇكاڭ ناھىيىسى، مىچۈەن ناھىيىسى ئىلگىرى - كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەر بولۇپ قۇرۇلغاندا، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ نامى شەھەرلىك پارتكوملارغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم سانجى، فۇكاڭ، مىچۈەن قاتارلىق ئۈچ شەھەرلىك پارتكوم ۋە مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، گۇچۇڭ، جىمسار، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق بەش ناھىيىلىك پارتكومغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. ئوبلاستلىق پارتكوم ئورگىنى سانجى شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى، 1954 - يىلى 9 - ئايدا ج ك پ بورتالا يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدى، قارمىقىدا بورتالا، جىڭ، ئارشاڭ ناھىيىلىك پارتكوملار بار ئىدى، يەرلىك پارتكوم ئورگىنى بورتالا بازىرىدا ئىدى. 1954 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى 3 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى بورتالا يەرلىك پارتكومىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە ئىلى رايونلۇق پارتكومىنىڭ ۋاكالىتەن رەھبەرلىك قىلىشىنى قارار قىلدى. 1956 - يىلى 10 - ئايدا ج ك پ بورتالا يەرلىك كومىتېتىنىڭ نامى ج ك پ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى. 1985 - يىلى 9 - ئايدا بورتالا ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بورتالا شەھىرى قۇرۇلغاندا، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ نامى شەھەرلىك پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم بورتالا شەھەرلىك پارتكوم، جىڭ ۋە ئارشاڭ ناھىيىلىك پارتكوملارغا رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ. ئوبلاستلىق پارتكوم ئورگىنى بورتالا شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1954 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ج ك پ قىزىلسۇ قىرغىز يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان، قارمىقىدا ئاتۇش، ئاقسۇ (1955 - يىلى 1 - ئايدا ناھىيە قۇرۇلغان)، ئۇلۇغچات، ئاقچى ناھىيىلىك پارتكوملار بار ئىدى. 1954 - يىلى 10 - ئايدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇپ، قىزىلسۇ

يەرلىك پارتكوم ج ك پ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1986 - يىلى 6 - ئايدا ئاتۇش ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاتۇش شەھىرى قۇرۇلغاندا، ئاتۇش ناھىيىلىك پارتكومنىڭ نامى ئاتۇش شەھەرلىك پارتكوم (ناھىيە دەرىجىلىك) غا ئۆزگەرتىلدى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم قارمىقىدا ئاتۇش شەھەرلىك پارتكوم، ئاقتۇ، ئاقچى ۋە ئۇلۇغچات ناھىيىلىك پارتكوملار بار. ئوبلاستلىق پارتكوم ئورگىنى ئاتۇش شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ج ك پ دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) شەھەرلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1954 - يىلى 2 - ئايدا دىخۇا شەھىرىنىڭ نامى ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئۆزگەرتىلگەندە ج ك پ دىخۇا شەھەرلىك پارتكومىنىڭ نامىمۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. 1959 - يىلى 11 - ئايدا



ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى

ئۈرۈمچى ناھىيىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1969 - يىلى 9 - ئايدا تۇرپان ناھىيىسى بىلەن توقسۇن ناھىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1971- يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە نەنشەن رايونى قۇرۇلدى. 1975 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان ناھىيىسى بىلەن توقسۇن ناھىيىسى يەنە يېڭى قۇرۇلغان تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ قارمىقىدا تىيانشان رايونلۇق پارتكوم، سايباغ رايونلۇق پارتكوم، يېڭى شەھەر رايونلۇق پارتكوم، شىمگو رايونلۇق پارتكوم، تۇدۇڭخابا رايونلۇق پارتكوم، دۇڭشەن رايونلۇق پارتكوم، نەنشەن رايونلۇق پارتكوم ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىلىك پارتكوم بار. شەھەرلىك پارتكوم ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھىرى نۇرلۇق يولى 30 - نومۇرلۇق قورۇدا.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1950 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان. ج ك پ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان، قارمىقىدا يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يوپۇرغا، پەيزىۋات، مارالبېشى، يېڭىسار، سارىقول (ھازىرقى تاشقورغان)، ئاتۇش، ئۇلۇغچات قاتارلىق توققۇز ناھىيىلىك پارتكوم بولغان، يەرلىك پارتكوم ئورگىنى يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىدا ئىدى. 1952 - يىلى 5 - ئايدا يەرلىك پارتكوم ئورگىنى قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ كىرگەن. 1954 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر يەرلىك پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1956 - يىلى 6 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ 7 - ئايدا قەشقەر يەرلىك پارتكوم قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1956 - يىلى 6- ئايدا يەكەن يەرلىك پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قارمىقىدىكى تۆت ناھىيىلىك پارتكوم قەشقەر يەرلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ چاغدا قەشقەر يەرلىك پارتكومنىڭ قارمىقىدا يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يوپۇرغا، پەيزىۋات، مارالبېشى، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، تاشقورغان قاتارلىق 11 ناھىيىلىك پارتكوم ۋە قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم بار ئىدى. 1977 - يىلى 1 - ئايدا پەيزىۋات ناھىيىلىك پارتكوم ج ك پ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1980 - يىلى 7 - ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ 1977 - يىلى 1 - ئايدىن بۇرۇنقى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قارمىقىدا بىر شەھەرلىك پارتكوم ۋە 11 ناھىيىلىك پارتكوم بار، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قارمىقىدىكى ناھىيىلىك ۋە شەھەرلىك پارتكوم سانى ئەڭ كۆپ بولغان ۋىلايەتلىك پارتكوم ھېسابلىنىدۇ. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى

قەشقەر شەھىرىدە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قۇرۇلغان. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. قارىمىقىدا خوتەن، گۇما، قارىقاش، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە قاتارلىق يەتتە ناھىيىلىك پارتكوم بولغان، يەرلىك پارتكوم ئورگىنى خوتەن ناھىيە بازىرىدا ئىدى. 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خوتەن شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) قۇرۇلغاندا خوتەن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ نامى خوتەن شەھەرلىك پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ چاغدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم خوتەن شەھەرلىك پارتكوم ۋە گۇما، قارىقاش، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە قاتارلىق ئالتە ناھىيىلىك پارتكومغا رەھبەرلىك قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى خوتەن شەھىرىدە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان، قارىمىقىدا ئاقسۇ، كۇچا، شايا، توقسۇ، باي، ئونسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، كەلپىن، ئاقچى قاتارلىق 10 ناھىيىلىك پارتكوم بولغان، يەرلىك پارتكوم ئورگىنى ئاقسۇ ناھىيە بازىرىدا ئىدى. 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كۇچا مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكوم (كۇچا، توقسۇ، شايا قاتارلىق ئۈچ ناھىيىلىك پارتكومغا رەھبەرلىك قىلغان) قۇرۇلۇپ، ئاقسۇ يەرلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1953 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كۇچا مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1954 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاقچى ناھىيىلىك پارتكوم قىزىلسۇ يەرلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتى. 1983 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاقسۇ ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاقسۇ شەھىرى قۇرۇلغاندا، ئاقسۇ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ نامى ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قارىمىقىدا ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكوم ۋە كۇچا، شايا، توقسۇ، باي، ئونسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، كەلپىن قاتارلىق سەككىز ناھىيىلىك پارتكوم بولدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى ئاقسۇ شەھىرىدە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتى 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان. ئىلى رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان، 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىلى رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا ئىلى يەرلىك پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولغان. ئىلى يەرلىك پارتكومىنىڭ قارىمىقىدا غۇلجا، تېكەس، سۈيدۈڭ (1962 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قورغاس ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى)، نىلقا، جاۋكې، كۈنەس، چاپچال (1954 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى)، توققۇزتارا، قورغاس، بورتالا، جىڭ، ئارشاڭ قاتارلىق 12 ناھىيىلىك پارتكوم بار ئىدى. 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرى قۇرۇلغاندا، غۇلجا شەھەرلىك پارتكوم قۇرۇلۇپ، ئىلى يەرلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1954 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بورتالا، جىڭ، ئارشاڭ قاتارلىق ئۈچ ناھىيە بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئىلى يەرلىك پارتكوم ئورگىنى دەسلەپتە غۇلجا ناھىيە بازىرىدا ئىدى، 1952 ـ يىلى 5 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى. 1955 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىلى رايونلۇق پارتكوم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، ئىلى يەرلىك كومىتېتى ئىلى رايونلۇق پارتكومغا قوشۇۋېتىلدى، يەرلىك پارتكوم قارىمىقىدىكى توققۇز ناھىيىلىك پارتكوم، بىر شەھەرلىك پارتكومغا ئىلى رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىك قىلدى. 1975 ـ يىلى 9 ـ



ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى

ئايدا ئىلى ۋىلايىتى تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. قارمىقىدا كۈيتۇن شەھەرلىك پارتكوم ۋە ئىلى، قورغاس، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارا، نىلقا ۋە چاپچال قاتارلىق سەككىز ناھىيىلىك پارتكوم بار ئىدى. 1979 - يىلى 9 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، قارمىقىدىكى سەككىز ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن بىر شەھەرلىك پارتكومغا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. 1985 - يىلى 1 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، قارمىقىدا يەنىلا ئەسلىدىكى سەككىز ناھىيىلىك پارتكوم ۋە بىر شەھەرلىك پارتكوم بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى غۇلجا شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1950 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان، ج ك پ ئاشەن يەرلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندا، ئىلى رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. قارمىقىدا سارسۈمبې (1954 - يىلى 2 - ئايدا ئالتاي ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى)، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق يەتتە ناھىيىلىك پارتكوم بار ئىدى، يەرلىك پارتكوم ئورگىنى ئالتاي ناھىيە بازىرىدا ئىدى. 1952- يىلى 5 - ئايدا ئىلى رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ ئاشەن يەرلىك كومىتېتى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولغان. 1955 - يىلى 3 - ئايدا ئىلى رايونلۇق پارتكوم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، ئالتاي يەرلىك كومىتېتى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ۋە ئىلى رايونلۇق پارتكومنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى. 1955 - يىلى 10 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1984- يىلى 11 - ئايدا ئالتاي ناھىيىلىك پارتكومنىڭ نامى ئالتاي شەھەرلىك پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. ھازىر ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قارمىقىدا ئالتاي شەھەرلىك پارتكوم ۋە بۇرچىن، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، قابا، چىڭگىل، جېمىنەي قاتارلىق ئالتە ناھىيىلىك پارتكوم بار، ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى ئالتاي شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1950 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلغان. ئىلى رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1952 - يىلى 5 - ئايدا ئىلى رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، تارباغاتاي يەرلىك پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولغان، قارمىقىدا چۆچەك، دۆربىلجىن، شىخۇ، ساۋەن، تولى، چاغانتوقاي، قوبۇقسار (ھازىرقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى) قاتارلىق يەتتە ناھىيىلىك پارتكوم بولغان، يەرلىك پارتكوم ئورگىنى چۆچەك ناھىيە بازىرىدا ئىدى. 1955 - يىلى 3 - ئايدا ئىلى رايونلۇق پارتكوم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، تارباغاتاي يەرلىك پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى بىلەن ئىلى رايونلۇق پارتكومنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولغان. 1955 - يىلى 10 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ئىلى رايونلۇق پارتكومنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولغان. 1975 - يىلى 6 - ئايدا ساۋەن ناھىيىلىك پارتكوم يېڭى قۇرۇلغان شىخەنزە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1978 - يىلى 9 - ئايدا شىخەنزە ۋىلايەتلىك پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ساۋەن ناھىيىلىك پارتكوم يەنە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984 - يىلى 11 - ئايدا چۆچەك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ نامى چۆچەك شەھەرلىك پارتكوم (ناھىيە دەرىجىلىك) غا ئۆزگەرتىلدى. 1996 - يىلى 7 - ئايدا شىخۇ ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىخۇ شەھىرى قۇرۇلغاندا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ نامى شەھەرلىك پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. ھازىر تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قارمىقىدا چۆچەك شەھەرلىك پارتكوم، شىخۇ شەھەرلىك پارتكوم، دۆربىلجىن، ساۋەن، تولى، چاغانتوقاي ۋە قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق بەش ناھىيىلىك پارتكوم بار. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى چۆچەك شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرۇلۇپ، دىخۇا رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان، قارمىقىدا قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، جىمكۆل (ھازىرقى باركۆل) قاتارلىق ئۈچ ناھىيىلىك پارتكوم بولغان، يەرلىك پارتكوم ئورگىنى قۇمۇل ناھىيە بازىرىدا ئىدى. 1952 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دىخۇا رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، قۇمۇل يەرلىك پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1954 ـ يىلى جىمكۆل ناھىيىسىنىڭ نامى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1970 ـ يىلى 1 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك پارتكوم قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1975 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پىچان ناھىيىلىك پارتكوم تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1977ـ يىلى 1 ـ ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ نامى قۇمۇل شەھىرىگە ئۆزگەرتىلدى. ھازىر قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ قارمىقىدا قۇمۇل شەھەرلىك پارتكوم، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىك پارتكوم ۋە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم بار. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى قۇمۇل شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ج ك پ تۇرپان مەركىزىي ناھىيىلىك كومىتېتى (ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلغان) ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، قارمىقىدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىك پارتكوملار بار ئىدى. 1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، پىچان ناھىيىسى قۇمۇل ۋىلايىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، تۇرپان مەركىزىي ناھىيىلىك پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1975 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ج ك پ تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، قارمىقىدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىك پارتكوملار بار ئىدى. 1976 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن تۇرپان ناھىيىلىك پارتكوم قوشۇلۇپ كەتتى. 1978 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم يەنە تۇرپان شەھەرلىك پارتكومدىن ئايرىلىپ چىقتى. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپاندا ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر قۇرۇلغاندا، تۇرپان ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ نامى تۇرپان شەھەرلىك پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ قارمىقىدا تۇرپان شەھەرلىك پارتكوم ۋە توقسۇن، پىچان ناھىيىلىك پارتكوملار بار. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنى تۇرپان شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قاراماي شەھەرلىك كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قاراماي كان رايونىدا قاراماي شەھىرى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر بولدى، كان رايونلۇق پارتكوم قاراماي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى، ئايرىم شەھەرلىك پارتكوم قۇرۇلمىدى. 1962 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ج ك پ شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى كومىتېتى بىلەن نېفىت ئىدارىسى ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن قاراماي شەھىرىگە كۆچۈپ باردى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا قاراماي كان رايونلۇق پارتكوم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى پارتكومى قاراماي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈپ، ئىدارە بىلەن شەھەر بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈلمىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولدى. شەھەرلىك پارتكوم ئورگىنى قاراماي شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. 1975 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىخەنزە ۋىلايىتى ۋە شىخەنزە شەھىرى قۇرۇلدى. شىخەنزە شەھىرى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يېڭى شەھىرى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 8 ـ شى پارتكومى ئورگىنى شىخەنزە شەھىرىدە. ج ك پ شىخەنزە ۋىلايەتلىك كومىتېتى شىخەنزە شەھەرلىك پارتكوم، ساۋەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ماناس ناھىيىلىك پارتكومغا رەھبەرلىك قىلغان. 1979 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىخەنزە ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ـ سانائەت ـ

سودا بىرلەشمە كارخانىسى ۋە شىخەنزە شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ج ك پ شىخەنزە كارخانا، شەھەرلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولدى. 1982 - يىلى 5 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شىخەنزە كارخانا، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ نامى يېزا ئىگىلىك 8 - شى پارتكومى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك پارتكومغا ئۆزگەرتىلىپ، بىر يۈرۈش ئاپپارات بولۇش، ئىككى ۋىۋىسكا ئىشلىتىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، دىۋىزىيە ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. شىخەنزە شەھىرى ھازىر ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك شەھەردۇر، يېزا ئىگىلىك 8 - شى پارتكومى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك پارتكومغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومى قوش رەھبەرلىك قىلىدۇ. شەھەرلىك پارتكوم ئورگىنى شىخەنزە شەھىرىدە.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى** ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ كادىرلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتىپى. 1950 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغاندا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى دەپ ئاتالغان. 1951 - يىلى 7 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى كادىرلار مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1953 - يىلى 11 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى پارتىيە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1955 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپ مۇدىرلىرى: شۇ لىنچىڭ، جاڭ باۋچيىڭ، سەيپىدىن ئەزىزى، ۋاڭ فېڭ، فۇۋېن، فېڭ داجىن، جاڭ فۇسېن، جۇ شېڭتاۋ. 20- ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن 70 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 1999- يىلى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 504 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بولغانلىرى 91 كىشى. ھازىر نازىر دەرىجىلىك كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى، ھاكىم دەرىجىلىك كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى، ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى، پارتىيە خىزمىتى ئارماقلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى بار. ئوقۇش تارىخى مائارىپىدىن ئاسپىرانتلار، ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسى، مەخسۇس كۇرسى ۋە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ سىرتتىن ئوقۇتۇش ئىنستىتۇتى شىنجاڭ شۆبىسى بار. مەكتەپ ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى دۇڭخۇ كوچىسىدا.

**شىنجاڭ خەلق سارىيى** ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت پائالىيەت سورۇنى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى. 1985 - يىلى سېلىنغان. قۇرۇلۇش كۆلىمى 27 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. پۈتكۈل ئىمارەت ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە. سارايىنىڭ تورۇسىغا ئالتۇن رەڭلىك سىرلىق تاختاي ئورنىتىلغان، تۆت بۇلۇڭىدا دىئامېتىرى ئىككى مېتىر كېلىدىغان سۈت رەڭلىك يۇمىلاق مۇنار بار، ئوتتۇرا تەرىپىدە ئېگىزلىكى 22 مېتىر كېلىدىغان 20 تال سۈس كۆل رەڭ مەرمەرتاش تۈۋرۈك بار، ئىشىك - دېرىزىسىگە قېنىق قوڭۇر رەڭلىك چوڭ ئەينەك ئورنىتىلغان، ساراي ئىچىدە 3160 ئادەم سىغىدىغان چوڭ زال، زىياپەت زالى، چوڭ يۇمىلاق ئۈستەللىك يىغىن زالى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان 16 يىغىن زالى بار. بۇ ساراي ھازىر شىنجاڭدا كۆلىمى ئەڭ چوڭ، زىننىتى ئەڭ كۆركەم بولغان زامانىۋى قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 15 - بېتىگە قارالسۇن).

**شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى** 1951 - يىلىدىن 1954- يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق



ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى

قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزگەن. 1951- يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە دىخۇا (هازىرقى ئۈرۈمچى) دە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلغان، يىغىنغا 13 مىللەتنىڭ 502 ۋەكىلى قاتناشقان. ئاساسلىق قارالمىسى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنىنى بېكىتىش، ئۆلكىنىڭ مالىيە خام چوتى ۋە ئەق چوتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش ئىدى. يىغىن ئۆلكىلىك مەسلىھەت كومىتېتىنى سايلاپ چىققان، ئۇنىڭغا بۇرھان شەھىدى رەئىس، گاۋ جىنچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى، جاكۇلىن، مۇھەممەد ئەيسا، داشاپ، بۇ جەنلىن مۇئاۋىن رەئىس بولغان.

1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 2 - يىغىنى 1952 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە دىخۇادا ئېچىلىپ، 551 ۋەكىل قاتناشقان. يىغىن «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى›نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا قارار» ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىلاردا سىنىپىي تەركىب ئايرىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»نى ماقۇللىغان. يىغىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلغان.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنى. ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (قىسقارتىپ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېيىلىدۇ). خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 - نومۇرلۇق قورۇدا.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى 1954 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلىپ، 340 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا بۇرھان شەھىدى «ئۆلكىلىك مەسلىھەت كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن بىرلەشمە يىغىنىدىن بۇيانقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توققۇز ئايلىق خىزمىتىدىن خۇلاسە» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ۋاڭ ئېنماۋ «شىنجاڭ رايونىدا دۆلەتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىدىكى باش ۋەزىپىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، سەيپىدىن ئەزىزى «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى› (لايىھىسى) توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 21 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ شۇ نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئۆتچى يىغىنىدا شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنى سايلىماسلىق توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، بۇ يىغىندا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىپ سايلانمىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى 1955 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 364 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق قارالمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى شۇنىڭدەك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى، دۆڭ بىۋۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى ھەمدە سۆز قىلدى. يىغىندا «‹مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسى تۈزۈلمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى›نى ھىمايە قىلىش توغرىسىدىكى قارار» ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە بىر



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

كىشى، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئۈچ كىشى، خەلق كومىتېتى ئەزالىقىغا 37 كىشى سايلاپ چىقىلدى. سەيپىدىن ئەزىزى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا ئۆزگەرتىلدى.

1978 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا 122 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئورگىنى، ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىدى. 1979 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى قۇرۇش، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. تۆمۈر داۋامەت كومىتېت مۇدىرلىقىغا، ئىسمائىل ئەھمەد ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

1988 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ھامىدىن نىياز كومىتېت مۇدىرلىقىغا، تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

1998 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ھامىدىن نىياز كومىتېت مۇدىرلىقىغا، ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنى بولۇپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ئورگىنىدىكى ئاساسلىق خادىملارنى سايلاش ۋە تەيىنلەش - قالدۇرۇش ھوقۇقى، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

**ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى. ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (قىسقارتىپ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېيىلىدۇ). خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي شىنخۇا يولى 100 - نومۇرلۇق قورۇدا. 1954 - يىلى 6 - ئايدا، 1956 - يىلى 12 - ئايدا، 1958 - يىلى 9 - ئايدا، 1961 - يىلى 7 - ئايدا، 1963 - يىلى 11 - ئايدا، 1966 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىكتىن 6 - نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلىپ، 1 - نۆۋەتلىكتىن 6 - نۆۋەتلىككىچە بولغان شەھەرلىك خەلق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1968 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1981 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلىپ، يىغىنغا 450 ۋەكىل قاتناشتى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. يىغىن 35 كىشىدىن تەركىب تاپقان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى ھەمدە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلاپ چىقتى. 1983 - يىلى 4 - ئايدا، 1988 - يىلى 3 - ئايدا، 1993 - يىلى 3 - ئايدا شەھەرلىك 9 - نۆۋەتلىكتىن 11 - نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلىپ، شەھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى. 1998 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شەھەرلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلىپ، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە شەھەر باشلىقى ساي-

لاپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى.

**ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ۋە ئاپتونومىيە ئورگىنى، ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (قىسقارتىپ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېيىلىدۇ). ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازادلىق يولى 63 - نومۇرلۇق قورۇدا. 1954 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان. 1983 - يىلى 4 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ئاپتونوم ئوبلاست 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىنى ئېچىپ، 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى 41 كىشىنى سايلاپ چىقتى. 1988 - يىلى 5 - ئايدا، 1993 - يىلى 5 - ئايدا، 1998 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم ئوبلاست 8 - نۆۋەتلىك، 9 - نۆۋەتلىك، 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى ئاچتى (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 15 - بېتىگە قارالسۇن).

**بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى** بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنى ۋە ئاپتونومىيە ئورگىنى، ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (قىسقارتىپ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېيىلىدۇ) ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى بورتالا شەھىرى چىڭدىلى كوچىسىنىڭ 81 - نومۇرلۇق قورۇسىدا. 1954 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بورتالا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇلغان. 1954 - يىلى 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە بورتالادا ئېچىلغان بورتالا تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 1 - يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىغان. 1957 - يىلى 2 - ئايدا، 1958 - يىلى 6 - ئايدا، 1963 - يىلى 10 - ئايدا، 1966 - يىلى 2 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ 2 - نۆۋەتلىكتىن 5- نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 1 - يىغىنىدا، 2 - نۆۋەتلىكتىن 5 - نۆۋەتلىككىچە بولغان ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقىلدى. 1969 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1983 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12- كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئېچىلغان ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي كومىتېتمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 2000- يىلغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 10 نۆۋەتلىك ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلدى.

**بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى** بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنى ۋە ئاپتونومىيە ئورگىنى، ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (قىسقارتىپ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېيىلىدۇ). ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى كورلا شەھىرىنىڭ شەرقىي بايىن يولىدا. 1957 - يىلى 1 - ئايدا، 1958 - يىلى 2 - ئايدا، 1963 - يىلى 10 - ئايدا ۋە 1965 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ 2- نۆۋەتلىكتىن 5 - نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 1 - يىغىنىدا 2 - نۆۋەتلىكتىن 5 - نۆۋەتلىككىچە بولغان ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1983 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم ئوبلاست 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىنى ئېچىپ، ئىنقىلابىي كومىتېتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1998 - يىلى 3 - ئايغىچە ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ 8 - نۆۋەتلىكتىن 10 - نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىنى ئېچىلدى.

**قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى** قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنى ۋە ئاپتونومىيە ئورگىنى. ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (قىسقارتىپ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېيىلىدۇ) . ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ئاتۇش شەھىرىنىڭ پامىر يولىدا. 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، 1958 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، 1961 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، 1965 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىكتىن 5 ـ نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلىپ، 1 ـ نۆۋەتلىكتىن 5 ـ نۆۋەتلىككىچە بولغان ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1969 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم ئوبلاست 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىنى ئېچىپ، ئىنقىلابىي كومىتېتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، 1998 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىكتىن 10 ـ نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىنى ئېچىلدى.

**سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى** سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنى ۋە ئاپتونومىيە ئورگىنى. ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (قىسقارتىپ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېيىلىدۇ) . ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى سانجى شەھىرىنىڭ شىمالىي يەنئەن يولىدا. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئەسلىدە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بولۇپ، 1954 ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇرۇلغان. 1954 ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلغان. 1955 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ نامى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئۆزگەرتىلدى. 1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، 1958 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، 1961 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، 1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىكتىن 6 ـ نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، شۇ نۆۋەتلىك ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتلىرى سايلاپ چىقىلدى. 1969 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1983 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئېچىلغان ئاپتونوم ئوبلاستلىق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1988 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە، 1993 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە، 1998 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 9 ـ، 10ـ، 11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىنى ئېچىلدى.

**شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى** شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون قىسمىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ بىلەن گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى باشلاپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلاپ، خەلق دېموكراتىك لاگېرىغا ئۆتتى. 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىلىپ، بۇرھان شەھىدى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلىق يەرلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىشتىن بۇرۇن يەرلىك مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە تەرتىپىنى ساقلاش، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى كونا تۈزۈمنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇلارنىڭ مەمۇرىي خادىملىرى داۋاملىق ئىشلىتىلگەن. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن 1949 ـ



شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش يىغىنى

يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە، پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭ، ۋاڭ جېن قاتارلىقلار دىخۇا شەھىرى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى) دە ئۆلكىدىكى ھەرمىللەت دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، ھەر ساھە زاتلىرى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ ۋەكىللىرى شۇنىڭدەك دىخۇا شەھىرىدىكى دېموكراتىك ھەر تەبىقە خادىملىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنى قۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى قۇرۇش مەسىلىسىنى دېموكراتىك ئاساستا مەسلىھەتلەشكەن، ئۇنىڭ نامزاتى 33 كىشى بولغان. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى تەستىقلىغان، بۇرھان شەھىدى رەئىس، گاۋجىنچۈن بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى مۇئاۋىن رەئىس بولغان. 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پېڭ دېخۇەينىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى قۇرۇش يىغىنى ۋە 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تارىخىي بۇرچى تاماملانغان. بۇ يىغىندا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ ھازىرقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنى» ماقۇللانغان. 1951 - يىلى 9 - ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىغا ئون كىشى تولۇقلاپ سايلانغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە غەربىي شىمال ھەربىي - سىياسىي كومىتېت (1953 - يىلى 1 - ئايدا غەربىي شىمال مەمۇرىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1954 - يىلى 11 - ئايدا غەربىي شىمال مەمۇرىي كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتكەن. 1950 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى ئۆلكىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك كونا ھاكىمىيەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ۋىلايەتلەردە ۋالىي مەھكىمىسى قۇرغان، ناھىيە، رايون، يېزىلاردا خەلق ھۆكۈمىتى قۇرغان. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئون ۋىلايەت، ئۈچ شەھەر، 79 ناھىيە، بىر مەركىزىي شەھەردە كونا ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈنلەي تاماملىغان، ئۇ باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققى ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ئامانلىق ساقلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنى قۇرۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە گوۋۇيۈەن ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە خىزمىتىدىن

دوكلات بېرىدۇ. ھۆكۈمەت ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جۇڭشەن يولى 2 - نومۇرلۇق قورۇدا. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت ئۈچ تارىخىي باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى، يەرلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى بولۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. 1968 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1979 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئېچىلغان 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارار قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى ھەمدە ئىسمائىل ئەھمەد ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. 1998 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى سايلاپ چىقىلىپ، ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 15 - بېتىگە قارالسۇن).

**يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى ۋە يەرلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى. ئاپتونوم رايون ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئوبلاست، ناھىيە، يېزا (بازار) دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۆت دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭ تەرتىپى مۇنداق: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك (ئاپتونوم ناھىيىلىك، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق) خەلق ھۆكۈمىتى، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمىتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا بەش ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى، ئىككى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سەككىز ۋاكالەت ئورگىنى (مەمۇرىي مەھكىمە) شۇنىڭدەك 17 ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلىك، 11 شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق، 62 ناھىيىلىك، ئالتە ئاپتونوم ناھىيىلىك، 177 بازارلىق، 630 يېزىلىق، 42 مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىلىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، شەھەرلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ، يېزىلىق (بازارلىق) ۋە مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى رەئىس، ئوبلاست باشلىقى، شەھەر باشلىقى، ھاكىم، ئاپتونوم ناھىيە ھاكىمى، رايون باشلىقى، يېزا باشلىقى، مىللىي يېزا باشلىقى، بازار باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، شەھەر باشلىقى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىملىرى، رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقلىرى، يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرى، مىللىي يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، بازار باشلىقى، مۇئاۋىن بازار باشلىقلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا سايلاپ چىقىلىدۇ. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىي ۋە مۇئاۋىن ۋالىيلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەيىنلەيدۇ.

**ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نۇرلۇق يولىدا. 1949 - يىلى 12 - ئايدا دىخۇا شەھەرلىك (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. 1950 - يىلى 2 - ئايدا دىخۇا شەھىرىدە دىخۇا ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى بولغان، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

كومىتېتى بىر كىشىنى ۋالىيلىققا، بىردىن ئۈچكىچە
كىشىنى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلىگەن. 1954 ـ يىلى
2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دىخۇا شەھىرىنىڭ نامى ئۈرۈمچى
شەھىرىگە ئۆزگەرتىلگەندە، دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆ-
كۈمىتىنىڭ نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمى-
تىگە، دىخۇا ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نامى ئۈرۈمچى ۋا-
لىي مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1955- يىلى 4 ـ
ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا
شەھەر باشلىقى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى ۋە خەلق
كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سايلاپ چىقىلغان. 1958 ـ
يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋالىي مەھكىمىسى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1959 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھە-
رىنىڭ دەرىجىسى رايون بار شەھەرگە رەسمىي ئۆستۈ-
رۈلگەن. 1968 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5- كۈنى ئۈرۈمچى
شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلغان.
1981 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شەھەرلىك 8-
نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا ئۈرۈمچى
شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇش قارار قىلىنىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەسىس قىلىنغان؛ شۇنىڭ
بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە
كەلتۈرۈلۈپ، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى-
نىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى.

**ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىـ
ـرى** شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم ئوبلا-
ستلىرىنىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى، ئاز سانلىق مىل-
لەت ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىج-
رائىيە ئورگىنى ۋە ئوبلاست دەرىجىلىك مىللىي ئاپتو-
نومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى. 1954 ـ
يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، بورتالا موڭ-
غۇل ئاپتونوم رايونى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم رايو-
نى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋە ئىلى قازاق
ئاپتونوم رايونى ئىلگىرى ـ ئاخىر قۇرۇلغان. ئاپتونوم
رايوننىڭ بەش مەمۇرىي رەھبىرىي ئورگىنىدا، ئىلى
قازاق ئاپتونوم رايونىدا خەلق كومىتېتى دەپ ئاتالغانلى-
قىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئاپتونوم رايونلاردا خەلق
ھۆكۈمىتى دەپ ئاتالغان. خەلق ھۆكۈمىتى (خەلق كو-
مىتېتى) ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى
يىغىنى ياكى خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلغان،
رەئىسلىككە بىر كىشى، مۇئاۋىن رەئىسلىككە بىرقانچە
كىشى قويۇلغان، ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1955 ـ يىلىدىن
كېيىن، بەش ئاپتونوم رايوننىڭ نامى ئىلى قازاق ئاپتو-
نوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى،
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ



سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق
خەلق ھۆكۈمىتى

ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتو-
نوم ئوبلاستىغا ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم ئوبلاستى-
قا ئۆزگەرتىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم
رايونلۇق مەمۇرىي رەھبىرىي ئورگاننىڭ نامى
بىردەك خەلق كومىتېتى دەپ ئاتالدى، ئاپتونوم
رايوننىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ نا-
مى ئوبلاست باشلىقى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىق-
لىرىغا ئۆزگەرتىلدى. 1969 ـ يىلى 5 ـ ئايدا
ئىلى ئوبلاستىدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغان-
دىن كېيىن، بورتالا ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كو-
مىتېتىنى ئىلى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتې-
تى ۋاكالىتەن باشقۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا، باشقا جايلاردىكى ئىنقىلابىي كومىتېتلار
ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە بولدى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقى-
لابىي كومىتېتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي
كومىتېتى ئىلى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتې-
تىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولمىدى. 1975 ـ يىل-
ى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئىلى
قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى-
نى ئايرىش مەسىلىسى ھەققىدە قارار چىقىرىپ،
ئىلى ۋىلايىتى تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈر-
دى، شۇنىڭ بىلەن ئىلى ئوبلاستى ئىلى، تاربا-
غاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىندى-

غان بولدى. 1979 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بورتالا ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. 1981 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاپتونوم ئوبلاستلاردا ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلدى، بۇلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ئوبلاست باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئوبلاستنىڭ باشلىقىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئالدى.

ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئورگانلىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك كونا ھاكىمىيەتلەر دەرھال ئۆزگەرتىلگەن. 1954 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى بولغان، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن ۋالىي مەھكىمىلىرى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم رايونى بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا سابىق قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئالتە ناھىيە، بىر شەھەر بىۋاستە قارايدىغان بولغان. ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن ۋالىي مەھكىمىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدىمۇ بولغان. 1955 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋە سەككىز ۋالىي مەھكىمە بار ئىدى. كېيىن مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئايرىلىشىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ۋالىي مەھكىمىلىرى بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرتىلدى ۋە تەڭشەلدى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋە يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىلىرى بار ئىدى. 1970 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1971 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئاپپاراتى بولىدىغانلىقى بېكىتىلدى. 1979 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ نامى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلىپ، سابىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋاكالەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مەمۇرىي ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 2000 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سەككىز ۋاكالەت ئورگىنىنى تەسىس قىلدى، ئۇلار ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسى، تارباغاتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى، ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسى، قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسى، تۇرپان مەمۇرىي مەھكىمىسى، ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمىسى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىلىرى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى، ھەم ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنىدۇر.

ناھىيىلىك (شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى ناھىيە، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا شىنجاڭدا جەمئىي 78 ناھىيە بار ئىدى. مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئايرىلىشى كۆپ قېتىم ئۆزگىرىپ ۋە تەڭشىلىپ، 1955 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا 74 ناھىيىلىك، ئالتە ئاپتونوم ناھىيىلىك ۋە ئىككى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بار ئىدى. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ نامى خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، ھاكىم (شەھەر باشلىقى) لىققا بىر كىشى، مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى) لىققا بىرقانچە كىشى قويۇلدى. 1966 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا جەمئىي 73 ناھىيىلىك، ئالتە ئاپتونوم ناھىيىلىك، ئۈچ ناھىيە

دەرىجىلىك شەھەرلىك، بەش شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق كومىتېتى بار ئىدى. 1979- يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، ناھىيە (شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايون) لەردە ئىنقىلابىي كومىتېت كېيىنى - كېيىندىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدا ئىككى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەرلىك، سەككىز ۋىلايەتلىك، بەش ئاپتونوم ئوبلاستلىق، 62 ناھىيىلىك، ئالتە ئاپتونوم ناھىيىلىك، ۋىلايەت ۋە ئوبلاستقا قاراشلىق 16 شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق بىر شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق 11 رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بار بولدى. ناھىيىلىك (شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق) خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ھاكىم (شەھەر باشلىقى، رايون باشلىقى) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

## ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم ناھىيىلىرىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى. 1954 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15- كۈنى يەنجى ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان؛ 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چاپچال ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چاپچال شىبە ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان؛ 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مورى ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مورى قازاق ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان؛ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قوبۇقسار ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان؛ 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سارىقول ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان؛ 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى باركۆل ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باركۆل قازاق ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان. يۇقىرىقى ناھىيە دەرىجىلىك ئالتە ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سابىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلغان. 1955 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك ئالتە مىللىي ئاپتونوم رايوننىڭ نامى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ نامى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈلمىسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم ناھىيىلەردە ئىنقىلابىي كومىتېت كېيىنى - كېيىندىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلدى. ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ھاكىم مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھاكىملىقنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت يۇقىرىسى ئۆتىدى.

## مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللىي يېزىلارنىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى، مىللىي يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى ۋە يېزا دەرىجىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگىنى. مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ئوخشاشلا ناھىيىدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتىدۇر. مىللىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ، يېزا باشلىقلىقىنى مىللىي يېزا قۇرغان ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرىسى ئۆتەيدۇ. مىللىي يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ، ئۇ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىلەن تەڭ بولىدۇ. 1953 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24- كۈنى پىچان ناھىيىسىدە دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1985 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13- كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە كۆكيار قىرغىز يېزىسى قۇرۇلغانغا قەدەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا جەمئىي 42 مىللىي يېزا قۇرۇلدى.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللىي يېزىلار جەدۋىلى (جەمئىي 42)

| ناھىيە، شەھەرلەر | سانى | مىللىي يېزىلارنىڭ نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| قۇمۇل شەھىرى | 2 | دەۋلەدۆرۆك قازاق يېزىسى<br>گۇلاتاي قازاق يېزىسى | 1958. 4. 4<br>1984. 6 |
| قاراتۇرۇك ناھىيىسى | 1 | شىرىنكىر قازاق يېزىسى | 1985. 4. 8 |
| پىچان ناھىيىسى | 1 | دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى | 1953. 11. 24<br>(1984. 12. 10) |
| سانجى شەھىرى | 1 | ئاشىلى قازاق يېزىسى | 1984. 105 |
| فۇكاڭ شەھىرى | 2 | سەنگوڭخې قازاق يېزىسى<br>ئاقتول قازاق يېزىسى | 1984. 10<br>1984. 10. 5 |
| مىچۈەن شەھىرى | 1 | بەيياڭخې قازاق يېزىسى | 1984. 10. 5 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 1 | ئاشىبەلەمپەي قازاق يېزىسى | 1984. 10. 5 |
| ماناس ناھىيىسى | 3 | چىڭدىخۇازا قازاق يېزىسى<br>تاسىرقاي قازاق يېزىسى<br>خەنگازىتەن قازاق يېزىسى | 1984. 9. 13<br>1984. 9. 13<br>1990. 2. 5 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 3 | ئوماچاڭ قازاق يېزىسى<br>چورىن قازاق يېزىسى<br>داچۈەن تاتار يېزىسى | 1984. 10<br>1984. 12. 20<br>1988. 9. 14 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 1 | دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسى | 1986. 12. 2 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 1 | ئۇششاقتال خۇيزۇ يېزىسى | 1954. 1. 28<br>(1984. 7. 24) |
| ئونسۇ ناھىيىسى | 1 | بۆزدۆڭ قىرغىز يېزىسى | 1984. 6. 19 |
| ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | 1 | يامانسۇ قىرغىز يېزىسى | 1984. 6. 16 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 1 | تار تاجىك يېزىسى | 1984. 10. 11 |
| پوسكام ناھىيىسى | 1 | بۇيلىق تاجىك يېزىسى | 1984. 12. 3 |
| يەكەن ناھىيىسى | 1 | زەرەپشا تاجىك يېزىسى | 1954. 2. 22<br>(1984. 12. 3) |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 1 | كۆكيار قىرغىز يېزىسى | 1985. 3. 13 |
| گۇما ناھىيىسى | 2 | ناۋئابات تاجىك يېزىسى<br>كەڭقىر قىرغىز يېزىسى | 1954. 3. 18<br>1984. 9. 15<br>1984. 9. 18 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 1 | ئۈچچۈن خۇيزۇ يېزىسى | 1953. 1. 13<br>(1984. 9. 18) |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 1 | مىلەنچۈەن خۇيزۇ يېزىسى | 1984. 9. 18 |
| قورغاس ناھىيىسى | 2 | ئىچكىاشەن شىبە يېزىسى<br>سەنگوڭ خۇيزۇ يېزىسى | 1953. 11. 15<br>(1984. 9. 18)<br>1984. 9. 18 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 3 | چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى<br>چوڭ مۇزئارت يېڭىبىرىق قىرغىز يېزىسى<br>خوسۇمتۇ خارسون موڭغۇل يېزىسى | 1954. 2. 27<br>(1984. 11. 8)<br>1953. 12. 20<br>(1984. 11. 8)<br>1984. 11. 8 |
| تېكەس ناھىيىسى | 2 | خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى<br>كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى | 1954. 4. 11<br>(1984. 6. 12)<br>1954. 12. 19<br>(1984. 6. 12) |
| نىلقا ناھىيىسى | 1 | كۆكخوتقور موڭغۇل يېزىسى | 1984. 9. 18 |
| چۆچەك شەھىرى | 1 | ئاشىلى داغۇر يېزىسى | 1954. 3. 5<br>(1984. 9. 18) |
| شىخۇ شەھىرى | 2 | جىرگىلتى گولىن موڭغۇل يېزىسى<br>تابلىغات موڭغۇل يېزىسى | 1953. 12. 10<br>(1984. 12. 10)<br>1954. 12. 10<br>(1984. 9. 18) |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 2 | ئېمالغولىن موڭغۇل يېزىسى<br>خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى | 1954. 7. 15<br>(1984. 11. 1)<br>1954. 7. 15<br>(1984. 11. 1) |
| ئالتاي شەھىرى | 1 | خاندىغاكې موڭغۇل يېزىسى | 1954. 6. 11<br>(1984. 11. 22) |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 1 | قومقازاس موڭغۇل يېزىسى | 1984. 11. 22 |

**شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى مەسلىھەت كومىتېتى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ دائىمىي ئاپپاراتى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ قوش خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. 1951 - يىلى 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «ئۆلكىلىك ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ تەشكىلىي ئومۇمىي قائىدىسى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىسى تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئاچقان. يىغىندا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى مەسلىھەت كومىتېتى سايلاپ چىقىلغان، بۇرھان شەھىدى رەئىس بولغان. ئۇنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى كاتىبات باشقارمىسى ئىدى. 1951 - يىلى 4 - ئايدىن 1955 - يىلى 2 - ئايغىچە دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) شەھىرىدە ۋە قىسمەن ناھىيىلەردە مەسلىھەت كومىتېتى قۇرۇلغان، قەشقەر شەھىرىدە ۋە ئاۋات ناھىيىسى قاتارلىق سەككىز ناھىيىدە مەسلىھەت كومىتېتى قۇرۇلغان، قالغان ناھىيىلەردە بىردەك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغان. 1955 - يىلى 2 - ئايغا كەلگەندە، ئۆلكە بويىچە جەمئىي 600 نەپەر مەسلىھەت كومىتېتى ئەزاسى بولغان. مەسلىھەت كومىتېتى قۇرۇلغان چاغدا شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىنىش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش باسقۇچىدا ئىدى، ھەممە ئىشلارنى گۈللەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، شۇڭا مەسلىھەت كومىتېتى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت تۈزۈشىگە پائال ياردەملىشىپ، ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلغان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ئىجارە كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە «3 كە قارشى»، «5 كە قارشى» ھەرىكەتلىرىگە شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتى ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە ئاكتىپ قاتناشتۇرغان، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان، ھۆكۈمەتكە ئاممىنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىنكاس قىلغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي دېموكراتىك بىرلىك سېپىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، دېموكراتىك ئىنقىلابنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان.

**جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى** سىياسىي كېڭەشنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. قىسقارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دېيىلىدۇ. سىياسىي كېڭەش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي شەكلى، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئاز سانلىق مىللەت ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان جەمئىيەت مۆتىۋەرلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن تەركىب تاپقان. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، تۆۋەندە ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئۆلكىگە قاراشلىق شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئادرېسى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 47 - نومۇرلۇق قورۇدا. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئۆز خىزمىتىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسى»نى مىزان قىلىپ قانات يايدۇرىدۇ، ۋەتەننى، شىنجاڭنى سۆيۈش، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي ئاساستا، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدە-

نىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاساسى 1951 - يىلى 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ مەسلىھەت كومىتېتىدۇر. 1955 - يىلى 2 - ئايدا مەسلىھەت كومىتېتى ئاساسىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس بولدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇرھان شەھىدى رەئىس بولدى. 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1959 - يىلى 9 - ئايدىن 1964 - يىلى 3 - ئايغىچە بولۇپ، بۇرھان شەھىدى رەئىس بولدى؛ 3 - نۆۋەتلىك كومىتېت 1964 - يىلى 3 - ئايدىن 1966 - يىلىغىچە بولۇپ، ۋاڭ ئېنماۋ رەئىس بولدى؛ 4 - نۆۋەتلىك كومىتېت 1978 - يىلى 2 - ئايدىن 1983 - يىلى 4 - ئايغىچە بولۇپ، ۋاڭ فېڭ رەئىس بولدى (1979 - يىلى 9 - ئايدا جاڭ شىگۇڭ رەئىس بولدى)؛ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېت 1983 - يىلى 4 - ئايدىن 1988 - يىلى 1 - ئايغىچە بولۇپ، ئىسمائىل ياسىنوف رەئىس بولدى؛ 6 - نۆۋەتلىك كومىتېت 1988 - يىلى 1 - ئايدىن 1993 - يىلى 1 - ئايغىچە بولۇپ، بادىي رەئىس بولدى؛ 7 - نۆۋەتلىك كومىتېت 1993 - يىلى 1 - ئايدىن 1998 - يىلى 1 - ئايغىچە بولۇپ، جانابىل رەئىس بولدى؛ 8 - نۆۋەتلىك كومىتېت 1998 - يىلى 1 - ئايدىن ھازىرغىچە بولۇپ، جانابىل رەئىس بولدى (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 15 - بېتىگە قارالسۇن).

**جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى** جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبىرىي ئاپپاراتى، قىسقارتىپ شىنجاڭ گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى دېيىلىدۇ. ئۇ گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسىگە يېقىن دوست پارتىيە ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيە. 1981 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىگە بىۋاسىتە قارايدىغان ئۈرۈمچى ياچېيكىسىنىڭ ئەزاسى پەقەت 13 لا ئىدى. 1984 - يىلى 10 - ئايدا گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شىنجاڭدىكى «25 - سېنتەبىر» تىنچلىق قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق رەھبىرىي زاتلىرى ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلاردۇر. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - نومۇرلۇق قورۇ.

**جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى** جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبىرىي ئاپپاراتى، قىسقارتىپ شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى دېيىلىدۇ. ئۇ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي مەسلىھەت كۆرسىتىش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە يېقىن دوست پارتىيە ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن بىرى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيە. شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى 1955 - يىلى قۇرۇلغان دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى گۇرۇپپىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان. 1956 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى ياچېيكىسى قۇرۇلغان. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى تەشكىلاتى شىنجاڭدىكى پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە يېڭى ئەزاسىنى تەدرىجىي كۆپەيتتى. 1982 - يىلى 2 - ئايدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى تەشكىلاتى ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپتىكى رايونلاردا دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزالىرى يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. 1982 - يىلى 2 - ئايدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك تەشكىلاتى تۇنجى نۆۋەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزالىرى يىغىنىنى ئېچىپ، دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. 1986 - يىلى 5 - ئايدا 2 - نۆۋەتلىك، 1992 - يىلى 2 - ئايدا 3 - نۆۋەتلىك، 1997 - يىلى 2 - ئايدا 4 - نۆۋەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئەزالىرى قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالاقىلاشقان ئاممىسى ئاساسلىقى مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىيلاردۇر، تەشكىلىي تەرەققىياتىدا چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنى ئاساس قىلىدۇ، ئەزالىرى ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بولغان زىيالىيلارنى ئاساس قىلىدۇ. دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى قارمىقىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك، سانجى شەھەرلىك، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتى ۋە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملار، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى ئاساس قىلغان 31 ئاساسىي قاتلام ياچېيكا ياكى گورۇپپا بار. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - نومۇرلۇق قورۇ.

**جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى** جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتى، قىسقارتىپ شىنجاڭ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى دېيىلىدۇ. ئۇ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە يېقىن دوست پارتىيە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيە. 1953 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئۈرۈمچى گورۇپپىسى قۇرۇلغان. 1985 - يىلى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسلىقى ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش، ئاياللار ساھەسى قاتارلىق ھەر ساھەدىكى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلاردۇر. ئادرېسى: جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - نومۇرلۇق قورۇ.

**جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى** جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتى، قىسقارتىپ شىنجاڭ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى دېيىلىدۇ. ئۇ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە يېقىن دوست پارتىيە، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىرى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيە. 1984 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىگە بىۋاسىتە قاراشلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياچېيكىسى قۇرۇلغان، شۇ چاغدا ياچېيكىدا ئارانلا 11 كىشى بار ئىدى. 1988 - يىلى 12 - ئايدا 1 - نۆۋەتلىك دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى مائارىپ، مەدەنىيەت، نەشرىيات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلارنى ئاساس قىلغان. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - نومۇرلۇق قورۇ.

**جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى** جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتى. ئۇ دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى مەركىزىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە يېقىن دوست پارتىيە ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىرى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيە. 1986 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى شىنجاڭ تەييارلىق گورۇپپىسى قۇرۇلدى. 1992 - يىلى 9 - ئايدا 1 - نۆۋەتلىك جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. ھازىرغىچە بىر قېتىملا پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ئەزالىرى ئاساسلىقى داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش، مائارىپ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەلىرىگە تارقالغان، بۇنىڭ ئىچىدە داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ساھەسى ئاساس قىلىنىدۇ، ھەممىسى ئوتتۇرا

ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار زىيالىيلاردۇر. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ھېسابلىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ئەزاسىدىن 333 كىشى بار. قارىمىقىدا ئۈچ شەھەرلىك كومىتېت، 24 ياچېيكا، ئۈچ گۇرۇپپا بار. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ نومۇرلۇق قورۇ.

**«3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى**

«3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتى. ئۇ «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسىگە يېقىن دوست پارتىيە ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيە. 1983 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىگە بىۋاستە قاراشلىق ئۈرۈمچى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇنىڭ نامى «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت كومىتېتى تەييارلىق گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلات ئەزالىرى ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار زىيالىيلارنى ئاساس قىلغان، ھەممىسىنىڭ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتى بار. قارىمىقىدا ئىككى شەھەرلىك كومىتېت ۋە 38 ئاساسىي قاتلام تەشكىلات بار. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ نومۇرلۇق قورۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى جەمئىيىتى**

مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يەرلىك تەشكىلاتى، قىسقارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى دېيىلىدۇ. ئۇ سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى زاتلاردىن تەركىب تاپقان خەلق تەشكىلاتى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدە بولمىغان ئىقتىساد ساھەسىدىكى زاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە، ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنى باشقۇرىدىغان ياردەمچىسى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ئۇ 1955 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پائالىيىتىنى توختاتقان. 1882 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋە يەتتە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتى ۋە پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 83 تەشكىلات بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتىدىن 11 ى، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتىدىن 72 سى بار؛ ئاساسىي قاتلام سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يېزا ـ بازارلىق شۆبە بىرلەشمىسىدىن 66 سى بار. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىيەت ئەزاسىدىن جەمئىي 18 مىڭ 541 كىشى بار. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولى 40 ـ نومۇرلۇق قورۇ.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى**

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنىڭ شىنجاڭدىكى رەھبىرىي ئاپپاراتى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، ئۇ ئىلغار ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى ھەم




كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خادىملىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگەنمەكتە

شىنجاڭدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي، سىياسىي تەشكىلات. 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خىزمەت كومىتېتىنى قۇرغان. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ نامى ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1957 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ نامى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلدى، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت كومىتېتىنىڭ نامى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1954 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1959 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 2 ـ نۆۋەتلىك، 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايلار ئېچىلدى. 1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 4 ـ نۆۋەتلىك، 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 5 ـ نۆۋەتلىك، 1982 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 6 ـ نۆۋەتلىك، 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 7 ـ نۆۋەتلىك، 1994 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 8 ـ نۆۋەتلىك، 1999 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 9 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايلار ئېچىلىپ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتلار سايلاپ چىقىلدى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 ـ نومۇرلۇق قورۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى** جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. قىسقارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دېيىلىدۇ. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەشكىللەنگەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، شىنجاڭدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي، سىياسىي تەشكىلات، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئىشچىلار ئاممىۋى تەشكىلاتى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دىخۇا شەھىرىدە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. 1951 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلغان. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۆلكىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1 ـ قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ئاچقاندا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى رەسمىي قۇرۇلغان. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1957 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1951 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 13 مىڭ 800، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى 8000 كىشى بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 75% نى ئىگىلەيتتى. 50 يىلغا يېقىن تەرەققىيات ئارقىلىق، 2000 ـ يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ 2 مىليون 960 مىڭ 200 گە، تەشكىللەنگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 2 مىليون 204 مىڭ 600 گە يېتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچى ئومۇمىي سانىنىڭ 74.4% نى ئىگىلىدى؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى 2 مىليون 48 مىڭ 900 بولۇپ، تەشكىللەنگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 92.94% نى ئىگىلىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاكتىپلىرى 202 مىڭغا يەتتى؛ ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىدىن 10 مىڭ 624 ى بار. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 8 ـ نومۇرلۇق قورۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى** جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. قىسقارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى دېيىلىدۇ. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. 1951 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىدە 1 ـ قېتىملىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلغان. 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ،

## ئۇيغۇر مىللىتى



ئايەم تەنتەنىسى  لى جىنتاڭ فوتوسى



قىز كۆچۈرۈپ كىلىش        ومچى» رەسىملەر
تو    يدىن      لدى

## خەنزۇ مىللىتى



سۇيەت ئۆتكىلىنى چەك تۇتۇش      «شىنجاڭنىڭ
40 يىلى» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



يېڭى گۈل نۇسخىلىرىنى لايىھىلەش      «ئۈرۈمچى»
رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى

## قازاق مىللىتى



تەنتەنە        سۇلاڭ شىجاڭ فوتوسى



ئوۋچى        «شىنجاڭ» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى

## خۇيزۇ مىللىتى



خۇيزۇ قىزلىرى    سۇلاڭ شىجاڭ فوتوسى



مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش    «جۇڭگو شىنجاڭ» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى

## قىرغىز مىللىتى



مىللىيچە كىيىم بىلەن    «شىنجاڭ» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



سازەندە    سۇلاڭ شىجاڭ فوتوسى

## موڭغۇل مىللىتى



توي    «تارىختىن ئابىدە» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



ئۇسسۇل    «بايىنغولىن» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى

## تاجىك مىللىتى



ئۇسسۇل     مەدەنىيەت نازارىتى تەمىنلىگەن



تاجىك قىزى     «ش...
توپلىمىدىن ...

## شىبە مىللىتى



قىز كۆچۈرۈپ كېلىش     «شىنجاڭ» رەسساملار
توپلىمىدىن ئېلىندى



تربىبرلار ئائىلىسى     چاڭ يۇشەن فوتوسى

## مانجۇ مىللىتى



قۇيماق سېلىش     لو ۋاڭخاۋ فوتوسى



مىللىيچە كىيىم بىلەن «شىنجاڭ»
رەسساملار توپلىمىدىن ئېلىندى

## ئۆزبېك مىللىتى



ئائىلە سۆ... [illegible]



كەشتە تىكىش «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ئىقتىسادى» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى

## وس مىللىتى



ئارام لياڭ فېڭ فوتوسى



بېلىقچىلار «جۇڭگو شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى»دىن ئېلىندى

## داغۇر مىللىتى



ئۇسسۇل رېپتىس قىلىش شىن لى تەمىنلىگەن



داغۇر قىزلىرى «شىنجاڭ» رەسىملەر توپلىمىدىن ئېلىندى



سايان بايرىسى      سۇلاڭ د  ڭ فوتوسى



زىياپەت      شېن تيەنشياڭ فوتوسى



قىز قوۋار      دۇ جيەنزو فوتوسى



ئوغلاق تارتىشىش      سۇلاڭ شىجىلاڭ فوتوسى



يېڭىسار پىچىقى
گاۋ لەنچىڭ فوتوسى




مارجان دوپپا      «ئۈرۈمچى» رەسسەملەر توپلىمىدىن ئېلىندى




زىخ ۋاڭ نۇي فوتوسى




نان بازىرى    قىباڭ قىي فوتوسى



قەشقەردىكى ھېيتكار مەسچىتى    جالڭ جۇنگې فوتوسى



تۇرپاندىكى سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى لى يۇڭۋاڭ فوتوسى



مورگۇلكۆرەدىكى شىڭيۇ لىباداتخانىسى    سۇلاڭ شىجىلاڭ فوتوسى



تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى     جۇەنشياڭ فوتوسى



ئاپاق خوجا مازىرى     سۇڭ شىجياڭ فوتوسى



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك
تەنھەرىكەت يىغىنى   يۈ جىنخۇا تەسۋىرلىگەن



مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە
ئۆتكۈزۈلدى     لى جىنتياڭ تەسۋىرلىگەن



ئاۋئاموبىل دۇنيا چېمپىيونى— خەن شىنپىڭ
خەن شىنپىڭ تەسۋىرلىگەن



قارىغا ئېتىش تەنھەرىكىتى بويىچە دۇنيا
چېمپىيونى— لى ۋېنجيې     لى ۋېنجيې تەسۋىرلىگەن



2000 - يىللىق ... ئو ... ك تەنھەرىكەت يىغىنىغا
قاتناشقان بوكس ... كەن ... ۋە ئۇنىڭ تربېنېرى
بوكسچ ... ش ... ئەمىلىگەن




ئوقيا ئېتىش تەنھەرىكەتچىلىرى    سۇلاڭ شىجىاڭ فوتوسى



ئات ئويۇنى    جاۋ جۇنشەن فوتوسى



دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىدا ئۈرۈمچىدىكى
ياشانغانلار تەيجى گىمپىسى ماھارىتى كۆرسەتمەكتە
يەن گودۇڭ فوتوسى



ئالتاي تەنتەربىيە سارىيى    چې شياۋشەن فوتوسى

ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە رەھبىرىي ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. 1973 - يىلى 8 - ئايدا 3 - قېتىملىق، 1979 - يىلى 10 - ئايدا 4 - قېتىملىق، 1983- يىلى 7 - ئايدا 5 - قېتىملىق، 1988 - يىلى 10- ئايدا 6 - قېتىملىق، 1993 - يىلى 10 - ئايدا 7- قېتىملىق، 1998 - يىلى 10 - ئايدا، 8 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، 3 -، 4-، 5-، 6-، 7-، 8 - نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە رەھبىرىي ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى** مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. قىسقارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى دېيىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى مەركىزىنىڭ رەھبەرلىكىدە پائالىيەت قىلىدۇ. ئۇ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى يادرو كۈچ قىلغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بىرلەشمە تەشكىلاتى، سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەشكىللەنگەن ئاممىۋى تەشكىلات، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. 1956 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 9 - ئايدىن 10 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - قېتىملىق ياشلار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1962 - يىلى 9 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ياشلار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1980 - يىلى 8 - ئايدا، 1985 - يىلى 5 - ئايدا، 1991 - يىلى 2 - ئايدا، 1998 - يىلى 5 - ئايدا 3 -، 4 -، 5 -، 6 - قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 3 -، 4 -، 5 -، 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - نومۇرلۇق قورۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمىسى** جۇڭگو تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى. قىسقارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمىسى دېيىلىدۇ. شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن تەركىب تاپقان ۋەتەنپەرۋەر ئاممىۋى تەشكىلات، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كۆۋرۈكى. 1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمىسى ئۈرۈمچىدە 1- قېتىملىق تەيۋەنلىك قېرىنداشلار قۇرۇلتىيى ئاچتى، بۇ قۇرۇلتايغا 98 كىشى قاتناشتى، قۇرۇلتايدا توققۇز نەپەر كېڭەش ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان ئاپتونوم رايونلۇق تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمىسىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كېڭىشى سايلاپ چىقىلدى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - نومۇرلۇق قورۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسى** جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىرلەشمىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتى، قىسقارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى دېيىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇرۇۋاتقان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن تەركىب تاپقان ۋەتەنپەرۋەر ئاممىۋى تەشكىلات، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كۆۋرۈكى ۋە ۋاسىتىسى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، تۆۋەندە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ۋە مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. 1980 - يىلى 2 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك مۇھاجىرلار قۇرۇلتىيىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامە-

سى» ماقۇللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار بىر-
لەشمىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاپتونوم
رايونلۇق مۇھاجىرلار قۇرۇلتىيى ئۈچ قېتىم ئېچى-
لىپ، ئۈچ نۆۋەتلىك بىرلەشمە كومىتېتى سايلاپ چى-
قىلدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 16 ۋىلايەت،
ئوبلاست، شەھەر (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇ-
لۇش بىڭتۇەنىنىڭ شى، ئىدارىلىرى) ۋە 371 ناھىيە،
تۇەن - مەيداندا مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ياكى مۇھا-
جىرلار بىرلەشمە گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم را-
يونىمىزدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق ۋەتەنگە قايتقان مۇ-
ھاجىر، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە چەت ئەل-
لەردىكى شىنجاڭ تەۋەلىكىدە بولغان 1 مىليوندىن ئار-
تۇق جۇڭگو مۇھاجىرى، جۇڭگولۇقلار بىلەن ئالاقىلى-
شىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە مىللىي
بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، خەۋەردار چاقىرىپ
مەبلەغ كەلتۈرۈش، ياخشىلارنى چاقىرىپ ئەقىل -
پاراسەت كەلتۈرۈش، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى قانۇن بو-
يىچە قوغداش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە
مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئار-
قىلىق گۈللەندۈرۈش، ئىشانە تويلاپ مەكتەپلەرگە يار-
دەم بېرىش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا. ئاپتونوم
رايونلۇق مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى بىلەن مۇھاجىرلار
ئىشخانىسى بىرلىشىپ ئىش بېجىرىدۇ. ئادرېسى: ئۈ-
رۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 2 - نومۇرلۇق قورۇ.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ
ھەربىي رايونى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەر-
كىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىدا قۇرغان 1 - دەرىجىلىك ھەربىي تەش-
كىلاتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەم شىنجاڭ ھەربىي
رايونى دائىرىسىدىكى ئارمىيە قوشۇنىنىڭ ئالىي ھەربىي
رەھبەرلىك قوماندانلىق ئورگىنى، ھەم ج ك پ شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەربىي
خىزمەت تارمىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمى-
تىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئاپپاراتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق
مەسئۇلىيىتى شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ ئالىي رايونىدىكى
قىسىملارنىڭ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش، جىبگرا مۇ-
داپىئە ئىشلىرى ۋە قارىمىقىدىكى قىسىملارنىڭ ھەر-
بىي، سىياسىي، بىرلەشمە تەمىنات، قورال - جابدۇق
قاتارلىق ئىشلىرىغا شۇنىڭدەك رايون ئىچىدىكى خەلق
ئەسكەرلىرى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش سەپەرۋەرلىك
خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ
ھەربىي رايونى 1949 - يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيە-

سى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي
ھەربىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭ-
تۈەنى ئورگىنى ئاساسىدا تەشكىللەنگەن، شۇ يىلى 12-
ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى دىخۇا (ھا-
زىرقى ئۈرۈمچى) دا قۇرۇلغان. ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن-
لىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2 - دەرىجى-
لىك ھەربىي رايون بولۇپ، غەربىي شىمال ھەربىي
رايونىنىڭ شتاتىدا بولغان. 1953 - يىلى شىنجاڭ
ھەربىي رايونى دۆلەت مۇداپىئە قىسمى ۋە ئىشلەپچىقى-
رىش قىسمى بولۇپ رەتلەنگەن. 1954 - يىلى 22 -
بىڭتۇەن بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قىسىملىرى ئاساسىدا
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەش-
كىللەنگەن. 1955 - يىلى ئەتىيازدا، گوۋۇيۈەن ج ك
پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي ھەربىي ئىش-
لار كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىستراتېگىيە-
لىك رايونلارنى ئايرىشقا قاراپ، بۇ ھەربىي رايوننى
مەملىكەت بويىچە 12 ھەربىي رايوننىڭ بىرى قىلىشنى
قارار قىلغان، 5 - ئايدىن باشلاپ ج ك پ مەركىزىي
كومىتېتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىۋاسىتە رەھبەر-
لىك قىلغان. 1979 - يىلى 5 - ئايدا ئۇنىڭ نامى
ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىغا ئۆزگەرتىلدى، قارىمىقىدا
جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شەرقىي شىنجاڭ
ھەربىي رايونى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە
ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىم ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-
قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ھەربىي خىزمەتتىكى قىسىملى-
رى بار ئىدى. 1985 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى
ھەربىي رايونى بىلەن لەنجۇ ھەربىي رايونى قوشۇلۇپ
لەنجۇ ھەربىي رايونى قىلىندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلدى، بۇ بىڭ-
تۈەن دەرىجىلىك بولۇپ، لەنجۇ ھەربىي رايونىغا قارى-
دى. 1992 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى-
نىڭ تۈزۈلمىسى بىڭتۇەن دەرىجىلىك ئورۇندىن جۈن
دەرىجىلىك ئورۇنغا تەڭشەلدى. 1993 - يىلى 12 -
ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى مۇئاۋىن چوڭ ھەربىي
رايون دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ تەڭشىلىپ، قوماندان-
لىق بۆسى، سىياسىي بۆ، ئارقا سەپ تەمىنات بۆسى،
قورال - جابدۇق، تېخنىكا بۆسى تەسىس قىلىندى.
1999 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا
سەپ تەمىنات بۆسىنىڭ نامى شىنجاڭ ھەربىي رايونى
بىرلەشمە تەمىنات بۆسىغا ئۆزگەرتىلدى. جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ھەربىي را-

يونى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭ قوشۇنى، خىزمەت قوشۇنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئوبدان تايىنىپ ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەر خىل كەسكىن سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە زورىيىپ، قىسمىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈردى، ۋەتىنىمىز زېمىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە خەلقىنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش، شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى ۋە ئۆچمەس نەتىجە ياراتتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىرى: پەڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋ، لۇڭ شۇجىن، ساۋ سىمىڭ، ياڭ يۇڭ، ليۇ جېن، ۋۇ كېخۇا، شياۋ چۈەنفۇ، ليۇ خەيچىڭ، گاۋ خۇەنچاڭ، ۋاڭ كې، فۇ بىڭياۋ، لى لياڭخۇي، چيۇ يەنخەن. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىرى: پەڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋ، ساۋسىمىڭ، شياۋ سىمىڭ، گو لىنشياڭ، تەن يۈلىن، تەن شەنخې، تاڭ گۇاڭخەي، پەن جاۋمىن، جۇ يۇڭشۈن، يۈي لىندشاڭ. 1955 - يىلىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1 - سىياسىي كومىسسارى ياكى پارتكومنىڭ 1 - شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى ياشلار يولىدا.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دىخۇا ھەربىي رايونى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) دا قۇرغان 1 - دەرىجىلىك ئارمىيە تەشكىلاتى. 1950 - يىلى 2 - ئايدا دىخۇا ھەربىي رايونى قۇرۇلغان. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق 6 - جۈن جۈنبۇسى قوشۇمچە دىخۇا ھەربىي رايونى بولغان، ئۇ 3 - دەرىجىلىك ھەربىي رايون بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى شتاتىدا بولغان. ئۇزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ھەربىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئاساسلىقى خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە، ھەربىي خىزمەتكە ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغانىدى. 1952 - يىلى 11 - ئايدا دىخۇا ھەربىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى شۆبە ھەربىي رايون شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە ئۆتكەن.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى** شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونىدا قۇرغان 1 - دەرىجىلىك ئارمىيە تەشكىلاتى. ھەربىي رايون ئورگىنى قەشقەر ۋېيگشەھەر ناھىيىسىدە ئىدى. 1950 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر ھەربىي رايونى قۇرۇلغان. 2 - جۈن جۈنبۇسى قوشۇمچە قەشقەر ھەربىي رايونى بولغان، ئۇ 3 - دەرىجىلىك ھەربىي رايون بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاتىدا ئىدى. 1951 - يىلى 11 - ئايدا ئۇنىڭ نامى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن، ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ھەربىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، چېگرا مۇداپىئەسى ۋە مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئاساسلىقى خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە، ھەربىي خىزمەتكە ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان. 1985 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا قارىمىقىدىكى شۆبە ھەربىي رايونلار شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە ئۆتكەن. 1987 - يىلى 10 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قايتىدىن قۇرۇلۇپ، جۈن دەرىجىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈپ كەلدى، ئۇنىڭغا شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىك قىلىدۇ.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى** شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىم رايونىدا قۇرغان 1 - دەرىجىلىك ئارمىيە تەشكىلاتى. 1952 - يىلى 2 - ئايدا ئىلى ھەربىي رايونى قۇرۇلغاندا، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ 5 - جۈنى ھەربىي رايونلۇق رولىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن، ئۇ 3 - دەرىجىلىك ھەربىي رايون بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاتىدا ئىدى. 1952 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلى ھەربىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1954 - يىلى 10 - ئايدا 5 - جۈندىن ئىلى قازاق ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي رايونى قايتا تەشكىل قىلىنغان. 1955 - يىلى 1 - ئايدا ئۇنىڭ نامى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھەر-

بىي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئىلى ھەربىي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1969 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ھەربىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، چېگرا مۇداپىئەسى ۋە مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئاساسلىقى خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە، ھەربىي خىزمەتكە ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان. 1985 - يىلى شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى شۆبە ھەربىي رايونلار شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتكەن.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى** شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسىم رايونىدا قۇرغان 1 - دەرىجىلىك ئارمىيە تەشكىلاتى. 1979 - يىلى 1 - ئايدا شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى گارنىزونلۇق رولىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن، ئۇ ئۆلكە دەرىجىلىك ھەربىي رايون بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاتىدا ئىدى، ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ھەربىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، چېگرا مۇداپىئەسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، ئاساسلىقى خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە، ھەربىي خىزمەتكە ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلغان، 1985 - يىلى شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى شۆبە ھەربىي رايونلار شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە ئۆتكەن.

**شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ھەربىي بۆلۈمى** شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدە قۇرغان 1 - دەرىجىلىك ئارمىيە تەشكىلاتى. 1962 - يىلىدىن 1982 - يىلغىچە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قوماندانلىق شتابى بىلەن يېزا ئىگىلىك شىلىرىدا قوراللىق بۆلۈم (باشقارما) تەسىس قىلىندى. 1983 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ خىزمەتتىكى ھەربىي قوراللىق قىسمى تەشكىل قىلىنىپ، شى دەرىجىلىك خىزمەت ھوقۇقىنى ئىجرا قىلدى. ئۇ ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ شتاتىدا بولدى. 1990 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قوراللىق بۆلۈمى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ھەربىي بۆلۈمى (شى دەرىجىلىك) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، شى، ئىدارىلەردىكى قوراللىق بۆلۈملەرنىڭ نامى ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئۆزگەرمىدى. 1998 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ھەربىي بۆلۈمى شى دەرىجىلىكتىن مۇئاۋىن جۈن دەرىجىلىككە، شى، ئىدارىلەردىكى قوراللىق بۆلۈملەر تۈەن دەرىجىلىكتىن مۇئاۋىن شى دەرىجىلىككە تەڭشەلدى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ھەربىي خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىگە، زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتىگە ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

**جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى شىنجاڭ باش ئەترىتى** جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قۇرغان قىسمى. مۇئاۋىن جۈن دەرىجىلىك شتاتتا بولۇپ، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى باش بۆسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ساقلاش، قوغداش، مۇھاپىزەت قىلىش، يالاش، قاراش، شەھەرلەردە قوراللىق چارلاش، تۇيۇقسىز ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، گوۋۇيۈەننىڭ شتاتىغا قارايدۇ. ئاپپاراتى كۆپ قېتىم ئۆزگەردى. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ۋىلايەتلىك، كان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترەتلىرى ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك، كان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەترەتلىرى ۋە مۇستەقىل يىڭلار شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي شىمال جامائەت خەۋپسىزلىكى قوماندانلىق شتابى ۋە ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. 1955 - يىلى شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك (شەھەرلىك، ناھىيىلىك) جامائەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ئەترەتلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەترەتلىرى قوراللىق ساقچى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى

باش ئەترىتى ۋە جۇڭ ئەترىتى دېگەن بەلگىلەر بىكار



قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى

قىلىنىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرى باشقارمىسىغا ۋە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1957 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمىغا قاراشلىق باشقارمىلار بىكار قىلىندى. 1958 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمى يەنە بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى ۋە چېگرا مۇداپىئە، ئايرودروم تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدەك ئىچكى قوغداشتىكى نۆۋەت، پىكەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياكى بىر قىسمى خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى ھەمدە يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1962 ـ يىلى قوراللىق ساقچى باش ئەترىتى ۋە چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسمى شىنجاڭ باش ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1966 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باش ئەترىتى ئورگىنى، ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق نۆۋەت، پىكەتلار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تارماق ئەترىتى ئورگىنى، ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق ئوتتۇرا ئەترەتلەر شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇستەقىل شىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ۋىلايەت (ئوبلاست) لاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرىمۇ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شتاتى بويىچە شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان بولدى؛ ناھىيىلىك (شەھەرلىك) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەترەتلىرى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئوتتۇرا ئەترەتلەرگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان بولدى. 1975 ـ يىلى يەنە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئوتتۇرا ئەترەتلەر يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، خەلق قوراللىق ساقچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1982 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىچكى قوغداش ۋە كۆزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىسمى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتى قايتا قۇرۇپ چىقىلدى. باش ئەترەت ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھاۋا ئارمىيە قىسمى** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھاۋادا ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى قىسمىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى — ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ياردەم بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى قىسىملارنى بىرىكمە مەشىق قىلدۇرۇش، پەن تەتقىقاتى سىنىقى قىلىش، ھاۋادىن توشۇش ـ تاشلاش، خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئايروپىلان ئارقىلىق ئورۇق چېچىپ ئورمان بىنا قىلىش، ئوت ـ چۆپ تېرىش قاتارلىقلار. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، قوزغىلاڭ قىلغان گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسى 259 ـ تەمىنات ئوتتۇرا ئەترىتى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دىخۇا ئاۋىئاتسىيە پونكىتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇ 1950 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دىخۇا ئاۋىئاتسىيە پونكىتى قىلىپ كېڭەيتىلىپ، شى دەرىجىلىك ھوقۇق ئىجرا قىلغان. 1954 ـ يىلى شتاتى قىسقارتىلغان، 1956 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1962 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى خوتەندە قوماندانلىق ئورنى قۇرغان، ئۇ شى دەرىجىلىك ھوقۇق ئىجرا قىلغان. 1973 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ خوتەن قوماندانلىق ئورنى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمىغا قارايدىغان بولغان. 1964 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭدىكى ھاۋا ئارمىيە قىسمى لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيە شتاتىغا ئۆتتى، 1975 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھاۋا ئارمىيە شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ھاۋا ئارمىيە پارتكومى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى قوش رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى ھەربىي رايون ھاۋا ئارمىيىسى قوماندانلىق ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى قوماندانلىق ئورنى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، لەنجۇ

ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيە شتاتىغا ئۆتتى. 80 ـ
يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ھاۋا ئارمىيە مەلۇم قىسمى دەپ
ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**شىنجاڭ خەلق قوراللىق كومىتېتى**
مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر
پارتكومىنىڭ خەلقنى قوراللاندۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھ-
بەرلىك قىلىشتىكى ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتى بولۇپ،
قوراللىق كومىتېت دەپ ئاتىلىدۇ. 1960 ـ يىلى 7-
ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق ئەسكەرلىرى
خىزمىتى گۇرۇپپىسى قۇرغان. ئۇ 1964 ـ يىلى 4-
ئايدا خەلق قوراللىق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتو-
نوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى مۇدىر، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىر مۇئاۋىن شۇجىسى بىلەن
شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىر رەھبىرى مۇئاۋىن مۇدىر
بولغان، ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىشلىرى،
ج خ، تەشكىلات ـ تەشۋىقات، مالىيە، مائارىپ، ئاش-
لىق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى،
كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ ھەربىي
رايونىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قات-
ناشتۇرۇلغان. 1995 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر
دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ،
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قوراللىق كومىتېتى بىلەن
بىر ئاپپارات بولۇپ، ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىپ، بىرلىكتە
ئىشلىگەن؛ ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيىلەر
(شەھەر، رايونلار) دە مۇناسىپ ئاپپارات قۇرۇلدى.
ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئادەتتە خەلق ئەسكەرلىرى،
زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتىدىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلە-
لەرنى مۇھاكىمە قىلىش، ھەربىي خىزمەتكە سەپەرۋەر
قىلىش ۋە ھەربىيلەرنى كەسىپ ئالماشتۇرۇش، ھەربىي
سەپتىن چېكىندۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش
خىزمىتىگە ئائىت فاڭجېن ـ سىياسەتلەرنى، خەلق
ئەسكەرلىرىنى مەشىققە ئۇيۇشتۇرۇشنى مۇھاكىمە قى-
لىشتىن ئىبارەت؛ ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەرقايسى جەھەتتى-
كى كۈچلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، ھەربىي ھەرىكەتكە ماس-
لىشىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىدىغان قوماندانلىق
ئاپپاراتىدۇر.

**شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە قىسمى**
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىن-
جاڭدا چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان
قىسمى. 1949 ـ يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى
شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى
قىسىم ئەۋەتىپ سابىق گومىنداڭ چېگرا قوغداش چوڭ
ئەترىتىنىڭ مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ۋە
چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.
1955 ـ يىلى ج خ چېگرا مۇداپىئە قىسمى ۋە چېگرا
مۇداپىئە پونكىتلىرى قۇرۇلغان. 1963 ـ يىلى شىن-
جاڭدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى شىنجاڭ ھەربىي
رايونىنىڭ شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1964 ـ يى-
لىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ۋە شىزاڭنىڭ ئالى رايو-
نىدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەر-
تىپكە سېلىنىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى — ئۆلكە
دەرىجىلىك ھەربىي رايون — شۆبە ھەربىي رايون —
چېگرا خىزمىتى پونكىتى رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى شە-
كىللەنگەن؛ چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى باش پونكىتى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى باش پونكىتقا قا-
راشلىق رايونلار ئاساس قىلىنىپ، مەمۇرىي رايون ئاي-
رىمىسىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، يەتتە مۇداپىئە رايونى قى-
لىپ تەڭشەلگەن ھەمدە ئېھتىياجغا قاراپ، خىزمەت
پونكىتلىرى كۆپەيتىلگەن، چېگرا خىزمىتى (تەكشۈ-
رۈش) پونكىتلىرى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك دەپ
ئايرىلغان. 1965 ـ يىلىدىن كېيىن، چېگرا مۇداپىئە
پونكىتلىرى تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭ ھەر-
بىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆلكە دەرىجىلىك ھەر-
بىي رايون، شۆبە ھەربىي رايون، چېگرا مۇداپىئە قى-
سىملىرى (شۆبىلىرى) گە قاراشلىق رايونلاردا خېلى
مۇكەممەل چېگرا مۇداپىئە سىستېمىسى تەدرىجىي شە-
كىللەنگەن. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ھەربىي
رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى چۆل ـ جەزىرە،
قارلىق دالا، ئېگىز لىكلەرنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئىگى-
لىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداشتىن ئىبا-
رەت مۇقەددەس بۇرچىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ،
«چېگرا مۇداپىئەسىنى قىزغىن سۆيىدىغان، جاپاغا چى-
داپ كۈرەش قىلىدىغان، خالىسانە تۆھپە قوشىدىغان،
قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدىغان» قاراقۇرۇم روھى-
ھىنى يېتىلدۈردى، ئۇلار ئارىسىدا مەركىزىي ھەربىي
كومىتېت تەرىپىدىن «قارا قۇرۇمدىكى پولاتتەك قارا-
ۋۇل» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن سىرلىق ئەگىم
چېگرا مۇداپىئە لىيەنى قاتارلىق زور بىر تۈركۈم قەھرى-
مان ـ نەمۇنە كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر مەيدانغا كەلدى،
ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەر-
لىكى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشتا گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى
(رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 16 ـ بېتىگە قارالسۇن).

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ زاپاس قىسمى** زاپاس ھەربىيلەر ئاساس، رەسمىي ھەربىيلەر تايانچ قىلىنىپ تۈزۈلگەن، ئارمىيە قىلىپ تېزدىن تەشكىللىگىلى بولىدىغان قىسىمدۇر. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ج ك پ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنىڭ ئاساسىغا، شۇنىڭدەك ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قاتناش، ئاھالە قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، گۇڭجۇڭ قۇرۇلۇش قىسىملىرى زاپاس ھەربىيلەر تۇەنىنى قۇردى. كېيىن يەنە شىخەنزە قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس ھەربىيلەر شىسى، قاراماي قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس قۇرۇلۇش قىسىملىرى تۇەنى ۋە قەشقەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس پىيادە ئەسكەرلەر تۇەنىنى قۇردى. 1998 - يىلى 10 - ئايدا شىخەنزە قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس پىيادە ئەسكەرلەر شىسى كېڭەيتىلىپ، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە زاپاس پىيادە ئەسكەرلەر شىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى شتابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شىنجاڭ زاپاس ھەربىي قىسمى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شتابىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ نىزام، ئۇستاۋىنى ئىجرا قىلىدۇ.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتى** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭدا قۇرغان، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېر - جەڭچىلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ھەربىي ئىنستىتۇت. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شوربۇلاق كوچىسىدا. 1958 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى تېز پۈتتۈرۈش ئوتتۇرا مەكتىپى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار تەلىم - تەربىيە ئەترىتى، ئىلى ھەربىي رايونى مىللىي كادىرلار تەلىم - تەربىيە ئەترىتى قوشۇۋېتىلىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلغان. 1962 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، شى دەرىجىلىك ھوقۇق يۈرگۈزگەن. 1969 - يىلى 2 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1973 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي- سىياسىي كادىرلار مەكتىپى قۇرۇشقا كىرىشكەن. 1975 - يىلى 3 - ئايدا ھەربىي - سىياسىي كادىرلار مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلۇپ، جۈن دەرىجىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن. 1978 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1981 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1986 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى شىئەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈرۈمچى تەلىم - تەربىيە دادۇيىگە ئۆزگەرتىلىپ، شىئەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىنىڭ شتابىغا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولغان. 1992 - يىلى 12 - ئايدا شىئەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1999 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، لەنجۇ ھەربىي رايونىغا قارايدىغان بولغان.

**قوراللىق ساقچى قىسمى باش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى قوماندانلىق مەكتىپى** جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ شىنجاڭ باش ئەترىتى قۇرغان، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېرلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەنئەن يولىدا. 1983 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى پارتكومىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى تەركىبىدە بولۇپ، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىك قىلىدۇ، مۇئاۋىن شى دەرىجىلىك. مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇش تارىخىغا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسكەرلەر (بەنجاڭلار) نى قوبۇل قىلىپ، پەي دەرىجىلىك كادىرلارنى يېتىشتۈرىدۇ. ئوقۇش تۈزۈمى ئىككى يىل ياكى ئۈچ يىل، ئوقۇش تارىخى تېخنىكوم ياكى ئالىي تېخنىكوم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۇرسانتلار ئەترىتى ۋە كادىرلار تەلىم - تەربىيە ئەترىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، خىزمەتتىكى كادىرلارنى يىغىپ تەربىيىلەيدۇ ياكى بىلىمىنى تولۇقلاشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ.

**لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچىدە قۇرغان، داۋالاش، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، ئالدىنى ئېلىش، سالامەتلىكنى ساقلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىر گەۋدە قىلىنغان، A3 دەرىجىلىك چوڭ ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي دوستلۇق يولى 41 -

نومۇرلۇق قورۇدا. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئاساسى گومىند-
داڭ بىرلەشمە ھەرىكەت باش شتابىنىڭ 60 - دوختۇر-
خانىسى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن
كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۇنى شىن-
جاڭ ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرت-



لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى

كەن. 1985 - يىلى ھازىرقى نامىغا ئۆزگەرتىلگەن.
50 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق، بۇ باش دوخ-
تۇرخانا 40 نەچچە كەسىپىي بۆلۈم - ئىشخانىسى، زور
بىر تۈركۈم داۋالاش مۇتەخەسسىسى ۋە ئىلغار داۋالاش
تېخنىكىسى، پەن - تېخنىكا نەتىجىسى بار چوڭ دوخ-
تۇرخانىغا ئايلاندى. ھازىر مىڭدىن ئارتۇق كېسەل كا-
رىۋىتى بار، يىللىق كېسەل كۆرۈش مىقدارى تەخمىنەن
450 مىڭ ئادەم - قېتىم، يىللىق كېسەل قوبۇل
قىلىش مىقدارى 14 مىڭ ئادەم - قېتىمدىن ئارتۇق
بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى نۇقتا قى-
لىپ بېكىتىلگەن سەككىز داۋالاش ئورنىنىڭ بىرى.

**ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) خەلق قوراللىق بۆلۈمى** دۆلەت ناھىيىلەر (ئاپتونوم نا-
ھىيىلەر، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەر، شەھەرگە قا-
راشلىق رايونلار) دا تەسىس قىلىنغان ھەربىي خىزمەت
تارمىقى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ناھىيە
دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى تەڭ دەرىجىلىك
يەرلىك پارتكوملارنىڭ ھەربىي خىزمەت تارمىقى ۋە ھۆ-
كۈمەتنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت خىزمىتى تارمىقى بو-
لۇپ، تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە
يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي تارماقنىڭ قوش رەھبەرلى-
كىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاساسلىقى تەۋەلىكىدىكى خەلق
ئەسكەرلىرى، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچىلەرنى سە-
پەرۋەر قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. 1959 -
يىلى 3 - ئايدا، 12 ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ھەربىي
خىزمەت ئىدارىسى شتات جەھەتتە تەڭشىلىپ، خەلق
قوراللىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1961 - يىلىغا كەل-
گەندە، ناھىيىلەر (شەھەرلەر) نىڭ ھەممىسىدە قورال-
لىق بۆلۈم قۇرۇلۇپ، ئۇلارغا خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەر-
بىيلەر قويۇلدى، ئۇلار ئارمىيە شتاتىغا ئۆتتى. ۋىلايەت-
لەردىكى قوراللىق بۆلۈملەر 1962 - يىلى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى-
نىڭ شىلىرى (باشقارمىلىرى) ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدى-
كى رايونلار، شۇنىڭدەك يېڭىدىن قۇرۇلغان ناھىيە
دەرىجىلىك شەھەر - رايونلاردا خەلق قوراللىق بۆلۈمى
قۇرۇلدى. 1975 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش
بىڭتۇەنىنىڭ شى دەرىجىلىك ئورۇنلىرىدىكى قوراللىق
تارماقلار بىڭتۇەننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا ئەگە-
شىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تۇەن - مەيدانلار ۋە
زاۋۇت - كانلاردىكى خەلق قوراللىق تارماقلىرى ئۆزى
تۇرۇشلۇق جايدىكى ھەربىي رايونلارنىڭ رەھبەرلىكىگە
ئۆتتى. بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن،
شىلار (ئىدارىلەر) دا 1983 - يىلى ئىلگىرى - ئاخىر
بولۇپ خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈل-
دى، ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى تۇەن - مەيدان، زاۋۇت-
كانلاردىمۇ خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى بار بولدى.
1986 - يىلى 9 - ئايدا جىڭرا مۇدايىنە 1 - سېپىدىكى
ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ۋە
بىڭتۇەننىڭ شىلىرى (ئىدارىلىرى) دىكى خەلق قورال-
لىق بۆلۈملىرىدىن باشقا، قالغان ناھىيە دەرىجىلىك
خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى يەرلىك شتاتقا ئۆتكۈزۈپ
بېرىلدى. 1993 - يىلى 10 - ئايدا ئاقسۇ، قەشقەر،
خوتەن ۋىلايەتلىرىدىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق
قوراللىق بۆلۈملىرى قايتىدىن ھەربىي شتاتقا ئۆتكۈزۈپ
بېرىلدى. 1994 - يىلى 12 - ئايدا بايىنغولىن،
تۇرپان، قۇمۇل، سانجى، ئالتاي، تارباغاتاي، بورتالا،
ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق توققۇز ۋىلايەت، ئوبلاست،
شەھەرگە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق قو-
راللىق بۆلۈملىرىمۇ ھەربىي شتاتقا ئۆتتى. بۇنىڭ بى-
لەن، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ
ھەممىسى ھەربىي شتاتقا ئۆتتى.

**شۆبە ھەربىي رايون** شىنجاڭ ھەربىي رايونى
قارىمىقىدىكى، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايون ئايرىمى-
دىكى ۋىلايەتلەر (ئاپتونوم ئوبلاستلار، ئاپتونوم رايونغا
بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر) دە تەسىس قىلىنغان بىر
دەرىجىلىك ھەربىي تەشكىلات بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي
رايونى ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك ھەربىي رايون شتاتىغا
تەۋەدۇر. ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋىلايەتلىك (ئوبلا-
ستلىق، شەھەرلىك) كومىتېتلىرىنىڭ ھەربىي خىز-

مەت ئارمىيە ۋە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە (ئوب-
لاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت) نىڭ ھەربىي خىزمەت
ئاپپاراتى. ئۇ ئۆلكە دەرىجىلىك ھەربىي رايون ياكى
شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق،
شەھەرلىك) پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە (ئوبلاستلىق،
شەھەرلىك ھۆكۈمەت) نىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل
قىلىدۇ. تۇرۇشلۇق جاينىڭ ھەربىي خىزمىتىگە، ئا-
ساسلىقى خەلق ئەسكەرلىرى، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆ-
تىگۈچىلەر خىزمىتى ۋە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىگە مەس-
ئۇل بولىدۇ، كۆپىنچىسى چېگرا مۇداپىئە خىزمىتىنى
ئۈستىگە ئالىدۇ. XX ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ
بېشىدا، قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن، ئۈرۈمچى،
قۇمۇل، قارا شەھەر، ئالتاي، ئىلى، تارباغاتايدا 10
شۆبە ھەربىي رايون قۇرۇلدى. كېيىن قارا شەھەر،
يەكەن، ئۈرۈمچى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ئەمەل-
دىن قالدۇرۇلدى. 60 ـ يىللاردىن كېيىن يەنە قەش-
قەر، قىزىلسۇ، سانجى، بورتالا، بايىنغولىن، تۇرپان،
شىخەنزە، ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونلىرى ئەسلىگە
كەلتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونى گارنىزون
رايونى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى دەپ ئۆزگەرتىلگەنى-
دى، 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يەنە ئۈرۈمچى شۆبە
ھەربىي رايونى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1994 ـ يىلى
11 ـ ئايدا قاراماي شۆبە ھەربىي رايونى قۇرۇلدى.
شۆبە ھەربىي رايونلىرى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك
ئورنى ۋە زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىگە قاراپ، چېگرا مۇ-
داپىئە شۆبە ھەربىي رايونى ۋە ئىچكى قوغداش شۆبە
ھەربىي رايونى دەپ ئايرىلىدى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق
ئەسكەرلىرى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى
ھەردەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق
ئاممىسىنىڭ قوراللىق تەشكىلاتى، ئۇ ھەم دۆلەت قو-
راللىق كۈچلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ھەم زاپاس
ھەربىيلەرنىڭ ئاساسىي تەشكىللىي شەكلى. ئۇنىڭ ۋە-
زىپىسى: زۆرۈر تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ، سوتسىيالىس-
تىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇ-
لۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش، خەۋپتىن
قۇتقۇزۇش، ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى باش-
لامچىلىق بىلەن ئورۇنداش؛ ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزى-
پىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، چېگرىنى قوغداش؛ جەمئى-
يەت ئامانلىقىنى ساقلاش؛ ھەربىيگە ۋە ئۇرۇشقا قاتنى-
شىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلىققا تاقا-
بىل تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداشتىن ئىبارەت. 1950 ـ
يىلى ئەتىيازدا شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۈرۈمچى،
فۇكاڭ، تۇرپان، قۇمۇل، چەرچەن قاتارلىق 15 ناھى-
يىدە قوغدىنىش ئەترىتى، خەلق ئەسكەرلىرى ئەترىتى
قاتارلىق تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. 1951 ـ يىلى شىنجاڭ-
دا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ھەردەرىجىلىك قوماندانلىق
شتابلىرىنىڭ ئورۇن قىلىش تارماقلىرى خەلق ئەس-
كەرلىرى خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1952 ـ
يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا خەلق ئەسكەرلىرى خىز-
مىتىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان خەلق قوراللىق باشقار-
مىسى قۇرۇلدى. 1953 ـ يىلى باندىتلارنى يوقىتىش
مەزگىلىدىكى ئاممىۋى قوراللىق تەشكىلات ئاپپاراتلىرى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى
كۆپ ھاللاردا بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى، ئامانلىق
ساقلاش گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالدى. 1958 ـ يىلى قىشتا
شىنجاڭ بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى
ۋە راۋاجلاندى. 1959 ـ يىلى دۆلەتنىڭ خەلق ئەسكەر-
لىرى ۋاقىتلىق نىزامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، خەلق
ئەسكەرلىرى ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى ۋە تايانچ خەلق
ئەسكىرى دەپ ئايرىلدى. 1960 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا
شىنجاڭ بويىچە 88 ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە خەلق ئەس-
كەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى تەڭ-
شەش ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەي-
دانلىرى، يېزا ـ بازارلار ۋە زاۋۇت ـ كان، كارخانا
ئورۇنلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى،
ئورگان، مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئومۇمەن
قۇرۇلمىدى، ئىلگىرى ناھىيە، يېزىلاردا قۇرۇلغان
خەلق ئەسكەرلىرى شىلىرى، تۈەنلىرى ناھىيە (رايون)
دە قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنىگە، يىڭىغا ئۆز-
گەرتىلدى، تۈەن، يىڭلارنىڭ شتابى خەلق ھۆكۈمىتى-
نىڭ قوراللىق بۆلۈمىدە تەسىس قىلىندى.
1983 ـ يىلىدىن كېيىن خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى
ۋە تۈزۈملەر تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئەس-
كەرلىرى خىزمىتىدە تەشكىل، سىياسىي ۋە ھەربىي
ئىشلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ
سانى بىر ئاز ئازايتىلدى، يېزا (رايون، بازار) دا تايانچ
خەلق ئەسكەرلىرى يىڭى ياكى لىيەنى، كەنتتە خەلق
ئەسكەرلىرى لىيەنى ياكى پەيى، كەنت ئاھالە گۇرۇپپى-
سىدا خەلق ئەسكەرلىرى پەيى ياكى بەنى قۇرۇلدى.
ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى خەلق ئەس-
كەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىن-
جاڭ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز ئالدىغا
سىستېما بولدى، خەلق ئەسكەرلىرىگە بىڭتۇەندىكى
ھەردەرىجىلىك پارتكوملار رەھبەرلىك قىلدى («ئىش-

لەپچىقىرىش ـ قوزغۇلۇش بىكىتۇەنى» نىڭ خەلق ئەس-
كەرلىرى دېگەن قىسمىغا قاراڭ)

**جۇڭگونىڭ يادرو سىناق بازىسى** دۆلەت شىن-
جاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى لوپنۇر رايونىدا قۇرغان ئۇنىۋېرسال
ئاتوم سىناق بازىسى. 1958 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ج ك پ
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ياد-
رو قوراللىرى سىناق مەيدانى (كېيىن يادرو سىناق
بازىسى دەپ ئاتالدى) قۇرۇشنى تەستىقلىدى؛ 5 ـ ئايدا
يادرو سىناق قىسىملىرىنى قۇردى، ئۇ «ئالاھىدە قۇرۇ-
لۇش قوماندانلىق شتابى» غا تەۋە بولىدى. 1960 ـ
يىلى 4 ـ ئايدا بازا ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى باشلى-
دى. 1961 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇل قۇرۇ-
لۇش تۈرلىرى ئاساسەن پۈتتى. 1963 ـ يىلى 4 ـ
ئايدا بازىدا سىناق ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى باشلىنىپ،
1964 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە، ئالاھىدە قۇرۇلۇش-
لار پۈتتى، يادرو سىنىقى قىلىش شەرت ـ شارائىتى
ھازىرلاندى. كۆپ يىل جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش
ئارقىلىق، بازا تېخنىكا كۈچى قالتىس، مول تەجرىبى-
گە ئىگە يادرو سىنىقى قوشۇنى يېتىشتۈرۈلدى، ئۇلار
يادرونى ھاۋادا، يەر يۈزىدە ۋە يەر ئاستىدا سىناق قى-
لىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى، ئۇسۇلى، كۈچ ـ قۇد-
رىتى ئوخشاش بولمىغان سىناق ۋەزىپىسىنى 40 نەچچە
قېتىم ئورۇنلىدى.

**ئاتوم بومبىسى سىنىقى** پەن تەتقىقاتى ۋە
ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئاتوم بومبى-
سىنى پارتلىتىش سىنىقىدۇر. جۇڭگو 1964 ـ يىلى
10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭدىكى يادرو سىناق
بازىسىدا تۇنجى قېتىم ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىش سى-
نىقى ئېلىپ باردى. 1960 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگو
ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، بىرىنچى ئاتوم بومبىسىنى تەت-
قىق قىلىپ ياساشقا رەسمىي كىرىشتى. سىناقنىڭ پۈت-
كۈل تەييارلىق خىزمىتى گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جو
ئېنلەينىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، ئىشلەندى، جۇڭگو
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭى
جاڭ ئەيپىڭ نەق مەيداندا باش قوماندانلىق قىلدى.
ئەتراپلىق، پىلانلىق، تولۇق تەييارلىق كۆرۈش ۋە ماز-
ۋېر ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق 1964 ـ يىلى 10 ـ ئاي-
نىڭ 16 ـ كۈنى سائەت 15 (بېيجىڭ ۋاقتى) تە ئاتوم



ئاتوم بومبىسى سىنىقى

بومبىسى قوزغىلى-
سى ئۆز ۋاقتىدا پارت-
لىتىلدى. ئۆلچىگەن
سانلىق مەلۇماتلارنى
ئۇنىۋېرسال تەھلىل
قىلىشقا قارىغاندا، بۇ
قېتىمقى ئاتوم بومبى-
سىنىڭ پارتلاش كۈ-
چى 22 مىڭ TNT
بولۇپ، لايىھىلەنگە-
نى بىلەن ئاساسەن
بىردەك بولغان. شۇ
كۈنى كەچتە ج ك پ
مەركىزىي كومىتې-
تى، گوۋۇيۈەن سى-
ناق كومىتېتىغا ۋە
سىناققا قاتناشقان بارلىق خادىملارغا تەبرىك تېلېگرام-
مىسى ئەۋەتتى. جۇڭگونىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسى سى-
نىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى جۇڭگونىڭ يادرو
قوراللىرى تەرەققىياتىدىكى تۇنجى نامايەندە بولۇپ،
جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئە-
شىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى،
يادرو قوراللىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس
سالدى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتى-
پاقى، ئەنگلىيە، فرانسىيەدىن كېيىن دۇنيادا ئاتوم
بومبىسىنى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياساش ھەمدە
يادرو سىنىقى ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بەشىنچى
دۆلەت بولۇپ قالدى. ياسىغان يادرو قوراللىرىنىڭ ئۇ-
چۇش مۇھىتىدىكى خىزمەت ھالىتىنى باھالاش،
پارتلاش كۈچىنى ئۆلچەش، باشقۇرۇلىدىغان ئاتوم بوم-
بىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ئەينەن ۋە ئۇنىۋېرسال سىناش
ئۈچۈن، 1966 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى
جۇڭگو ئوتتۇرا يېقىن مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان ئاتوم
بومبىسىنى ئۆز زېمىنىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا پارتلىتىپ
سىناق قىلدى. 27 ـ چىسلا سائەت 9 دە، باشقۇرۇل-
دىغان ئاتوم بومبىسى جيۇچۈەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى
باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناق بازىسىدىن ئاسمانغا كۆتۈ-
رۈلۈپ، يادرو ئوق بېشى لوپنۇر يادرو سىناق مەيدانى-
نىڭ ئالدىن بېكىتىلگەن نىشانىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا
پارتلىدى. سىناق مۇساپىسى 894 كىلومېتىر، پارتلا-
ش كۈچى 12 مىڭ TNT بولدى. بىر دۆلەتنىڭ ئۆز
زېمىنىدا باشقۇرۇلىدىغان ئاتوم بومبىسىنى ھەقىقىي
جەڭدىكىدەك قويۇپ بېرىپ سىناق قىلىشى دۇنيادا تۇن-

جى كۆرۈلگەن ئىش. باشقۇرۇلىدىغان بومبا قورالى سىنىقىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى نەتىجىسىدە، جۇڭگو ئۆزى ياسىغان ئوتتۇرا يېقىن مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن يادرو ئوق بېشى ئۇچۇش سىنىقىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. بۇ، جۇڭگونىڭ ھەقىقىي جەڭدە ئىشلىتىدىغان باشقۇرۇلىدىغان ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولغانلىقىدىن، دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنىڭ تېخىمۇ ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**يادرو سىنىقى** ھەربىي تەتقىقات ۋە پەن تەتقىقاتى مەقسىتىدە، ئالدىن بېكىتىلگەن شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان يادرو پارتلىتىش قۇرۇلمىسى ياكى يادرو قورالىنى پارتلىتىش سىنىقىدۇر. يادرو سىنىقى يادرو قورالىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ۋاسىتە. شۇنداقلا كۆلىمى چوڭ بولغان، ئۇرغۇن پەن ۋە تارماقلار ماسلىشىشقا توغرا كېلىدىغان، ئۇرغۇن ئادەم، نەرسە كېتىدىغان ئىلمىي سىناق ھېسابلىنىدۇ. 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئامېرىكا دۇنيادا تۇنجى قېتىم يادرو سىنىقى قىلغاندىن باشلاپ 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ھەرقايسى ئەللەر 1800 قېتىمدىن ئارتۇق يادرو سىنىقى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ 900 قېتىمدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 600 قېتىمدىن، فرانسىيىنىڭ 180 قېتىمدىن ئارتۇق. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو سىنىقىنىڭ قېتىم سانى ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن %80 ىدىن ئاشىدۇ. جۇڭگو 1964 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭدىكى يادرو سىنىقى مەيدانىدا تۇنجى قېتىم يادرو سىنىقى ئېلىپ باردى. ئىككى يىلدىن كېيىن، 1966 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۇنجى قېتىم ۋودورود بومبىسى قائىدىسى سىنىقى ئېلىپ باردى. 1967 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 3 مىليون 300 مىڭ TNT لىق ۋودورود بومبىسىنى ھاۋادىن تاشلاش سىنىقى ئېلىپ باردى. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو ئاتموسفېرادا 23 قېتىم، يەر ئاستىدا 11 قېتىم يادرو سىنىقى ئېلىپ باردى. يادرو قورالى بار باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا، يادرو سىنىقىنىڭ قېتىم سانى ئاز بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى ۋە ئۈنۈمى خېلى يۇقىرى بولدى. 1981 - يىلدىن كېيىن، دۆلىتىمىز ئاتموسفېرادا يادرو سىنىقى قىلمايدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇ كۈندىن باشلاپ يادرو سىنىقىنى توختاتقانلىقىنى دۇنياغا تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى.

**قونجىراپ يول باشلاش پونكىتى** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى قونجىراپ تاغ ئېغىزىدا قۇرغان



قونجىراپ يول باشلاش پونكىتى

مۇقىم يول باشلاش خىزمىتى پونكىتىدۇر. قونجىراپ قارا قورۇم تېغى سىستېمىسىنىڭ غەربىدىكى جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 4100 مېتىر ئېگىز. 1965 - يىلى قونجىراپ يول باشلاش پونكىتى قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاۋىئاتسىيە قىسىملىرى (شۆبىلىرى) ۋە ئايرىم ئايروپىلانلارنى مۇئەييەن نىشانغا باشلاش بولغان. پونكىت قۇرۇلۇپ، تاكى 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە، بۇ پونكىت ئايروپىلانغا نەچچە 10 مىڭ قېتىم توغرا يول باشلىغان، يول باشلاشقا ئائىت مۇھىم مېتېئورولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن 100 مىڭ پارچىدىن ئارتۇقىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن. 1988 - يىلى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن «ئىلغار ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ ئۈلگىسى» قىلىنغان. 1990 - يىلى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن «مېتېئورولوگىيىلىك يول باشلاش پونكىتلىرىنىڭ نەمۇنىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەن.

**ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتىدۇر. ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خۇاڭخې يولى 58 - نومۇرلۇق قورۇدا. 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇرۇلغاندا شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى دەپ ئاتالغان، 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھازىرقى نامىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1967 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنى ھەر-

بىر ئىدارە قىلىپ، ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى قۇرغان. 1968 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن. شۇ ئايدا يەنە ش ئۇ ئا ر ج ت س ئورگانلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن. 1973 - يىلى 5 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئەسلىي قۇرۇلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن. 1973 - يىلى 9 - ئايدا ج ت س ئورگانلىرىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1979 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن. 1981 - يىلى 1 - ئايدا ھازىرقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) ۋە كەسپىي جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: زوراۋان - تېررورچىلار، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەر ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، پەن تەتقىقاتى، تۇرمۇش تەرتىپلىرىنى ساقلاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش.

**ش ئۇ ئا ر دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتىدۇر. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ XX - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ سىياسىي قوغداش باشقارمىسى مەسئۇل بولدى. دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، 1983 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سىياسىي قوغداش باشقارمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قۇرۇلدى. خەۋپسىزلىك نازارىتى كەسپىي جەھەتتە دۆلەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە كۆپ ساندىكى ناھىيىلەر (شەھەرلەر) دە دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

**جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ش ئۇ ئا ر ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى** قوراللىق ساقچى ئوت ئۆچۈرۈش قىسمى ۋە ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ رەھبىرىي ئورگىنىدۇر. باش ئەترەت ئورگىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە. 1952 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ج خ قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭ باش ئەترىتى قارمىقىدا ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترەتلىرى بولغان. 1965 - يىلى 6 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى، يەنى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسى قۇرۇلغان. 1967 - يىلى 3 - ئايدا ھەردەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ھەربىي ئىدارە قىلىنىپ، ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسى پارچىلىنىپ كەتكەن. 1968 - يىلىدىن 1969 - يىلىغىچە جايلاردىكى ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترەتلىرى ئوت ئۆچۈرۈش يىڭى دېگەن نامغا، ناھىيىلەردىكى ئوتتۇرا ئەترەتلەر ئوت ئۆچۈرۈش لىيەنى دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلىپ، شۇ جايدىكى ج خ ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى بىلەن شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولغان. 1973- يىلى 9 - ئايدا ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى (ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسى) ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، ئوت ئۆچۈرۈش قوشۇنىغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلغان. 1983 - يىلى 11- ئايدا ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى قوراللىق ساقچى قىسمى ش ئۇ ئا ر باش ئەترىتى ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدا ئازادلىق ئارمىيە رەسمىي قىسىملىرىنىڭ تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان. 1986 - يىلى 10 - ئايدا ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسىغا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولغان ھەمدە ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن، ئىچكى جەھەتتە يەنىلا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسى دەپ ئاتالغان.

1988 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسى ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان خىزمەت تارمىقى بولغان، سىرتقا قارىتا جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى دەپ ئاتالغان. باش ئەترەت قارمىقىدا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى، ناھىيىلەر (شەھەرلەر) دە ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمى (بۆلۈمچىسى) ۋە ج خ ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى بولغان. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى قارمىقىدا 16 ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى، 14 ۋەزىپە ئۆتەش ئوتتۇرا ئەترىتى ۋە بىر ئوت ئۆچۈرۈش مەكتىپى بار بولدى.

**جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ش ئۇ ئا ر چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى** قوراللىق ساقچى چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ رەھبىرىي ئورگىنىدۇر. 1952 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ج خ قىسمىنىڭ شىنجاڭ باش ئەترىتى قۇرۇلغاندا ئىچكى قوغداش ۋە چېگرا مۇداپىئەسى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1955 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ج خ قىسمىنىڭ شىنجاڭ باش ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ج خ چوڭ ئەترەتلىرى، ئوتتۇرا ئەترەتلىرى خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىغا ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە ئۇلار ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇلغان؛ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى قوراللىق ساقچى قىسىملارنى باشقۇرىدىغان قوراللىق ساقچىلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلغان. 1959 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قوراللىق ساقچى قىسمى ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قوراللىق ساقچى باش ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1966 ـ يىلى 7 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسمىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1976 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يۇقىرىقى قىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1973 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى چېگرا مۇداپىئە باشقارمىسى قۇرغان. 1982 ـ يىلى بۇ باشقارما قوراللىق ساقچى قىسىم شتاتىغا كىرگۈزۈلۈپ، چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى قۇرۇلغان. جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى ش ئۇ ئا ر باش ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىدىغان بولغان. 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى شىنجاڭ باش ئەترىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكەن، ئىچكى جەھەتتە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى دەپ، سىرتقا قارىتا جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى دەپ ئاتالغان. چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى (چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى) رەسمىي ھەربىي قىسىم بولۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپى، ئۇستاپى، نىزامى بويىچە قۇرۇلىدۇ ۋە باشقۇرۇلىدۇ.

**ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ قاتناش ساقچىلىرى باش ئەترىتى** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ساقچىلىرى قوشۇنىغا رەھبەرلىك ۋە قوماندانلىق قىلىدىغان ئورگاندۇر. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە قارايدۇ، كەسپىي جەھەتتە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى قاتناش باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى: پۈتۈن شىنجاڭدىكى قاتناش ساقچىلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، تاشيول قاتنىشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش. شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىدە قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتى تەسىس قىلىنغان (ئىچكى جەھەتتە قاتناش باشقۇرۇش بۆلۈمى دېيىلىدۇ). ناھىيىلىك (شەھەرلىك) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىدە قاتناش باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان ئاساسىي قاتلام ئورۇن سۈپىتىدە قاتناش ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى ياكى ئوتتۇرا ئەترىتى تەسىس قىلىنغان. تارماق ئەترەت، چوڭ ئەترەتلەر كەسپىي جەھەتتە باش ئەترەتنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

**ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئامانلىق ساقلاش مۇلازىمەت شىركىتى** دەرۋازىغا قاراش، ساقلاش، چارلاش، يالاپ مېڭىش قاتارلىق ئامانلىق ساقلاش مۇلازىمىتى قىلىدىغان، پۇقرالار باشقۇرۇپ ھۆكۈمەت ياردەم قىلىدىغان مۇلازىمەت شىركىتىدۇر. 1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش

مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە تۆمۈريول سىستېمىسىدا ئامانلىق ساقلاش شىركەتلىرى قۇرۇلغان. 2000-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە ئامانلىق ساقلاش شىركىتىدىن 18 ى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ مۇقىم مۈلكى 25 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، كۆچمە مەبلىغى 15 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، مۇلازىمەت قىلىدىغان خېرىدارى 912 گە يەتكەن. ئۇ تىجارەت پائالىيىتىنى خېرىدارلار بىلەن ئىختىيارى توختام تۈزۈپ قانات يايدۇرىدۇ، كەسپىي جەھەتتە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل ھېسابات قىلىپ، پايدا - زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ، مۇستەقىل قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە. ئاساسلىقى: دەرۋازىغا قاراش، ساقلاش، چارلاش، قىممەتلىك ۋە خەتەرلىك نەرسىلەرنى يالاپ مېڭىش؛ كۆرگەزمە، يەرمەنكە، كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە، ساياھەت قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئامانلىق ساقلاش؛ دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئامانلىق ساقلاش ئۈسكۈنە- سايمانلىرى تىجارىتى قىلىش، ئامانلىق ساقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ئامانلىق ساقلاش مەسلىھەتى بېرىش مۇلازىمىتى قىلىدۇ؛ ئامانلىق ساقلاشتا قۇربى يېتىدىغان باشقا مۇلازىمەتلەرنى قىلىدۇ.

**ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئالاھىدە ساقچى تارماق (چوك) ئەترىتى** ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرى جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى ساقلاش ۋە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قۇرغان زاپاس ساقچى قوشۇنىدۇر. ئۇ چارلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، چارلاش ساقچى ئەترىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئالاھىدە ساقچى چوك ئەترىتى 1989 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان، نامى 1991 - يىلى ئالاھىدە ساقچى تارماق ئەترىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1991 ~ 1995 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرىنىڭ ئالاھىدە ساقچى تارماق (چوك) ئەترەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئالاھىدە ساقچى تارماق (چوك) ئەترىتى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى ساقلاش داۋامىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

**ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى)** ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىگە قاراشلىق بولغان، ئۆز ۋىلايىتى، ئوبلاستى، شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە بىخەتەرلىك، قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل ج خ ئورگىنى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى ئۆز ۋىلايىتى، ئوبلاستى ۋە شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش، تۆۋەن دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرىنىڭ بىخەتەرلىك، قوغداشتا ئالاقىدار خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 16 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى (باشقارمىسى) بولۇپ، قارىمىقىدا 86 ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ج خ ئىدارىسى بار بولدى.

**ئۈرۈمچى تۆمۈريول ج خ ئىدارىسى** ئۇ تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ترانسپورت، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى ۋە قوغداش خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئورگىنى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى ۋە تۆمۈريول مىنىستىرلىقى ج خ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ئۇ ئەسلىدە، 1950 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىقى غەربىي شىمال تۆمۈريول غول لىنىيىسى قۇرۇلۇش ئىدارىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۈي شەھىرىدە قۇرغان غەربىي شىمال تۆمۈريول غول لىنىيىسى قۇرۇلۇش ئىدارىسى ج خ باشقارمىسى ئىدى. 1952 - يىلى ئۇنىڭ نامى تۆمۈريول مىنىستىرلىقى 1 - تۆمۈريول قۇرۇلۇش ئىدارىسى ج خ باشقارمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ج خ باشقارمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1990 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ج خ ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىككى تۆمۈريول ج خ باشقارمىسى، بىر ج خ شۆبە باشقارمىسى، ئىككى ج خ ئۇچاستكىسى، 28 ۋوگزال ج خ ساقچىخانىسى بار.

**خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ج خ ئىدارىسى** خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئىدارىسىنىڭ ئۇچۇش بىخەتەرلىكى ۋە قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل مەخسۇس ئورگىنى. 1982 - يىلى 1- ئايدا قۇرۇلغاندا، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى شىنجاڭ رايونى ئىدارىسى ج خ شۆبە باشقارمىسى دېيىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى باش ئىدارىسى ج خ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان.

1984 ـ يىلى خەلق ئاۋئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئاۋئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ج خ باشقارمىسى دەپ ئاتىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنىدى. 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خەلق ئاۋئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ج خ ئىدارىسى دەپ ئاتالغان، قارىمىقىدا قەشقەر ئايرودرومى ج خ شۆبە ئىدارىسى ۋە 11 ئاۋئاتسىيە پونكىتى ساقچىخانىسى بار.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى نېفىتلىك ج خ ئورگىنى** يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش، نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قۇرۇلۇشىنى قوغداش فۇنكسىيىسىگە ئىگە كارخانا ج خ ئورگىنى. 1950 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى جۇڭگو ـ سوۋېت نېفىت شىركىتىدە ج خ باشقارمىسى قۇرغان. 1952 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ نېفىت شىركىتى ج خ ئىدارىسى دەپ ئاتالغان. 1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قاراماي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا قاراماي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قوغداش باشقارمىسى بىرگە ئىشلىگەن (بىر بەنزە، ئىككى ۋىۋسكا). 1988 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىكى ج خ ئىدارىسى فۇكاڭ شەھىرىدە قۇرۇلغان. 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تارىم نېفىتلىكى ج خ ئىدارىسى كورلا شەھىرىدە قۇرۇلغان. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇرپان، قۇمۇل نېفىتلىكى ج خ ئىدارىسى پىچان ناھىيىسىدە قۇرۇلغان. نېفىتلىك ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى نېفىتلىكنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشى، مەشغۇلاتى ۋە نېفىتلىك ماددىي ئەشيالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسى** ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، ترانسپورتى، ئورمان بايلىقى ۋە ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا مەخسۇس مەسئۇل بولىدىغان كەسپىي ج خ ئورگىنى. ئۇ 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇلغان. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ قارىمىقىدىكى مەخسۇس قوغداش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان فۇنكسىيىلىك تارماق. ئۇ كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. 1954 ـ يىلى ئورمانچىلىق نازارىتىدە قوغداش بۆلۈمى قۇرۇلغان. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، كۆپچىلىك ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىدا ساقچىخانا قۇرۇلغان. 1981 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق ئورمانچىلىق رايونلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 21 ساقچىخانا قۇرۇلغان. 1986 ـ يىلى ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، ج خ نازارىتىنىڭ 14 ـ باشقارمىسى قىلىنىپ، ج خ نازارىتى بىلەن ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1995 ـ يىلى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ئورمانچىلىق ج خ باشقارمىسى (بۆلۈم) قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا 44 ئورمانچىلىق ساقچىخانىسى تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى ساقچىخانىلار ئۆزى تۇرۇشلۇق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ج خ ئىدارىلىرىنىڭ ئورمانچىلىق تارمىقىدا تەسىس قىلىنغان ۋاكالەت ئاپپاراتى بولۇپ، يەرلىك ئاساسىي قاتلام ساقچىخانىلىرى بىلەن ئوخشاش ج خ باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش كومىتېتى** ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىك ئاپپاراتى. 1982 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇرۇلغان ج خ، ئەدلىيە، خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، مائارىپ، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ. كومىتېتنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشخانىسى قۇرۇلغان. ئىشخانا كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشخانىسى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغانلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ. تالاش ـ تارتىش بولغان دېلولارنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ. تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا، تەپتىش ئورگىنىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىمۇ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش كومىتېتى بار.

**چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى** چېگرا مۇداپىئە قوغداش تارمىقى ئېچىۋېتىلگەن ئايرود-

روم، پورت ۋە دۆلەت يولى قاتارلىق ئىمپورت - ئېكسپورت ئېغىزلىرىدا چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئاساسىي قاتلام ئورۇن. ئۇ ھەربىي ئىشلارغا، ئامانلىققا ۋە چەت ئەلگە چېتىلىدىغان بىر گەۋدە بولۇپ، چېگرىدىن كىرىش - چىقىشنى تەكشۈرۈش - باشقۇرۇش ھوقۇقىنى دۆلەتكە ۋاكالىتەن يۈرگۈزىدۇ. ئۇ قوراللىق ساقچى چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسىگە قارايدۇ. 1952 - يىلىدىن باشلاپ، قورغاس چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى، باقتۇ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى. 2000 - يىلغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا قورغاس، باقتۇ، قونجىراپ، ئۈرۈمچى، خوتەن، ئالاتاۋ، تايكەشكىن، قىزىلتاغ ئېغىزى، ئۇلاستاي، تۇمۇرتام، جېمنەي قاتارلىق 17 چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى بار بولدى.

**چېگرا باشقۇرۇش رايونى** چېگرىغا يېقىن، چېگرا باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن رايون. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ چېگرا ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت چېگرىسىغا يېقىن، دۆلىتىمىز چېگرىسى تەرەپتىن مۇئەييەن كەڭلىكتىكى رايوننى ئايرىغان ھەمدە بۇ رايوندا ئالاھىدە ئولتۇراقلىشىش، يول يۈرۈشنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئاپتونوم رايوننىڭ باشقۇرۇلىدىغان چېگرا رايونىنىڭ ئايرىلىشى چەكلەنگەن چېگرا رايوندىن باشقۇرۇلىدىغان چېگرا رايونغا پەيدىنپەي ئۆتۈش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. 1963 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى «چەكلەنگەن چېگرا رايونىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نى تۈزۈپ، چەكلەنگەن چېگرا رايوندا يول يۈرۈش گۇۋاھنامىسى ۋە چېگرا ئاھالە گۇۋاھنامىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1979 - يىلى باشقۇرۇلىدىغان چېگرا رايونىنى تۇنجى قېتىم ئايرىدى ھەمدە مۇۋاپىق جايلاردا قىسمەن چەكلەنگەن چېگرا رايونىنى ساقلاپ قېلىپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن باشقۇرۇلىدىغان چېگرا رايوندا يول يۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى يولغا قويدى. 1989 - يىلى چېگرىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلدى. 1994 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە، ئاپتونوم رايون باشقۇرۇلىدىغان چېگرا رايونىنىڭ دائىرىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئايرىدى. ھازىر، شىنجاڭنىڭ چېگرا باشقۇرۇش رايونىنىڭ كۆلىمى 204581 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 32 چېگرا ناھىيە (شەھەر) گە چېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ناھىيە دەرىجىلىك بازار، 58 يېزا بازار، 23 يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن. مەيدانى، 18 چارۋىچىلىق مەيدانى، كان، شۇنىڭدەك 14 قورۇقلۇق ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزى بار.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى** قانۇن نازارەتچىلىك ئورگىنى. 1950 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان. ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى دۆلەت قۇرۇش يولى 63 - نومۇرلۇق قورۇدا. ئۇ ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش ئورنى دېيىلگەن. 1955 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش ئورۇنلىرى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دەپ ئاتالدى. 1955 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دەپ ئاتالدى. 1968 - يىلى 1 - ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە ھەربىي ئىدارە تۈزۈمى ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇلدى.

1978 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قايتا قۇرۇلدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى قايتا قۇرۇلۇپ بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپ-

تىش مەھكىمىسى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. باش تەپتىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلىدۇ ۋە قالدۇرۇلىدۇ ھەمدە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئارقىلىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىلىدۇ.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەپتىش مەھكىمىسى** شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا تەسىس قىلىنغان قانۇن نازارەتچىلىكى ئورگىنى بولۇپ، ئارمىيە شتاتىدىكى مەخسۇس تەپتىش مەھكىمىسى ھېسابلىنىدۇ. ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىش پرىنسىپى جايلار بويىچە تەسىس قىلىش بىلەن سىستېما بويىچە تەسىس قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە، جايلار بويىچە تەسىس قىلىنغىنىدىن شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ شۆبىسى بار، سىستېما بويىچە تەسىس قىلىنغىنىدىن 21 ـ سىناق، تەلىم ـ تەربىيە بازىسى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى قوماندانلىق ئورنى تەپتىش مەھكىمىسى ۋە قوراللىق ساقچى ئۈرۈمچى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى بار. ھەر دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ھەربىي ئورگاننىڭ سىياسىي بۆلۈمى بىلەن بىر دەرىجە يۇقىرى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى قوش رەھبەرلىك قىلىدۇ. 1954 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلغان. 1956 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ قارىمىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە 4 ـ شىدا ھەربىي تەپتىش مەھكىمىلىرى قۇرۇلغان. 1957 ـ يىلى 4 ـ شى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، تەپتىش ھوقۇقىنى جۇندىن يۇقىرى قوغداش تارماقلىرى يۈرگۈزگەن. 1978 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1979 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى دەپ ئۆزگەرتىلگەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن، ئۇنىڭ قارىمىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، ھەربىي رايون ئارقا سەپ ـ تەمىنات بۆلۈمى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق بەش ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى بولغان. 1985 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي رايونى دەپ، ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى لەنجۇ ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1999 ـ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى لەنجۇ ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەپتىش شۆبىسى تەسىس قىلىنغان.

**تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىيانەتچىلىك ـ پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسى** ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە تەسىس قىلىنغان خىيانەتچىلىك ـ پارىخورلۇق جىنايى قىلمىشلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتى. ئۇ خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىيانەتچىلىك ـ پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسى 1991 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە خىيانەتچىلىك ـ پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىلىرى قۇرۇلغان. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە خىيانەتچىلىك ـ پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسىدىن 93 ى قۇرۇلغان. قۇرۇلغاندىن بۇيان، چوڭ، مۇھىم دېلودىن بىر تۈركۈمنى بىر تەرەپ قىلغان.

**تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جىنايەت دېلوسىنى پاش قىلىش مەركىزى** ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە تەسىس قىلىنغان ئاما ياكى ئورۇنلار پاش قىلغان جىنايەت دېلولىرىنى مەخسۇس قوبۇل قىلىدىغان ئاپپارات بولۇپ، ئەرز - شىكايەت تەپتىش باشقارمىسى (بۆلۈمى) بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە 1988 - يىلى جىنايەت دېلولىرىنى پاش قىلىش مەركىزى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر 155 ى بار. پاش قىلىش خىزمىتى — تەپتىش ئورگانلىرى ئاممىغا بىۋاسىتە تايىنىپ، خىيانەتچىلىك - پارىخورلۇق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان مۇھىم كەسپىي خىزمەت. 2000 - يىلىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە جايلاردىكى پاش قىلىش مەركىزى پاش قىلىنغان دېلو يىپ ئۇچىدىن 49842 نى قوبۇل قىلىپ، خىيانەتچىلىككە ئائىت 17932 دېلو، پارىخورلۇققا ئائىت 7777 دېلو، جامائەتنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىۋېلىشقا ئائىت 3545 دېلو ۋە باشقىلارغا ئائىت 8665 دېلو ئېچىپ تەھقىقلىگەن. ئاممىنىڭ پاش قىلىشى تەپتىش ئورگانلىرى ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالغان.

**ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى** ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە قۇرۇلغان قانۇن نازارەتچىلىكى ئورگىنىدۇر، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، قارىمىقىدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە سەككىز ۋىلايەتلىك شۆبە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، بەش ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئىككى شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بار بولدى.

**ئاساسىي قاتلام خەلق تەپتىش مەھكىمىسى** ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىلەر (ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەر، شەھەرگە قاراشلىق رايونلار) دىكى تەپتىش مەھكىمىلىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدىكى تەپتىش مەھكىمىلىرى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى قارىمىقىدىكى تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە تەپتىش ئورگىنىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدىكى تەپتىش مەھكىمىلىرىدىن ئىبارەت. ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە 96 ناھىيىلىك (ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق) تەپتىش مەھكىمىسى، 17 ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى، 25 بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى، ناھىيە دەرىجىلىك ئۈچ تۆمۈريول تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئۈچ ۋاكالەت تەپتىش مەھكىمىسى بار.

**ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى** تۆمۈريول ترانسپورتى سىستېمىسىدا تەسىس قىلىنغان مەخسۇس تەپتىش ئورگىنى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى 1982 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى تەپتىش مەھكىمىسى ۋە قۇمۇل تۆمۈريول ترانسپورتى تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي قاتلام تۆمۈريول ترانسپورتى تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلغان. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئىككى ئاساسىي قاتلام تەپتىش مەھكىمىسى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى تۆمۈريول ئىدارىسى پارتكومى، شۆبە ئىدارە پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەسپىي جەھەتتە مەملىكەتلىك تۆمۈريول ترانسپورتى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 1987 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ، مەملىكەتلىك تۆمۈريول ترانسپورتى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى شۆبىسى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر تۆمۈريول ئىدارىسى پارتكومىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولغان. شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، كورلا (1986 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان) ئۈچ ئاساسىي قاتلام تۆمۈريول ترانسپورتى تەپتىش مەھكىمىسى ئاساسلىقى شەرقتە گەنسۇدىكى شۇلېخېدىن باشلاپ، غەربتە ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە، جەنۇبتا قەشقەر تۆمۈريول ترانسپورتى لىنىيىسىدىكى ۋوگزاللار، يولۇچىلار، يۈك پويىزلىرى ۋە تۆمۈريول ئورۇنلىرىدا يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئەيىبلەش ۋە سوتقا قاتنىشىپ ئەيىبلەشنى

قوللاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان، تۆمۈريول ترانسپورتى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئىقتىسادىي دېلو، قانۇن - ئىنتىزام دېلوسى قاتارلىق دېلولارنى بىجىرگەن.

**جىنايى ئىشلار تەپتىشى** خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ج خ ئورگىنى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەھقىقلەش، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، ئەيىبلەش خىزمىتى ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتىنى نازارەت قىلىش پائالىيىتىدۇر. 1950 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە، شىنجاڭنىڭ جىنايى ئىشلار تەپتىش خىزمىتىدە ئىجارە كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ۋە «3 كە قارشى تۇرۇش» ، «5 كە قارشى تۇرۇش» قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى چۆرىدەپ، ئۇلار ئەيىبكارلارنى قولغا ئېلىش - ئالماسلىقنى تەكشۈرگەن، قىسمەن جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ ئەيىبلىگەن ھەمدە سوتقا قاتنىشىپ ئەيىبلەشنى قوللىغان. 1954 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش، سوتقا قاتنىشىپ ئەيىبلەشنى قوللاش خىزمەتلىرىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، ج خ ئورگانلىرىنىڭ تەھقىقلەش پائالىيىتى ۋە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت پائالىيىتىنىڭ قانۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقىنى نازارەت قىلغان. 1983 - يىلى 9 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش باشقارمىسى، ئەيىبلەش باشقارمىسى قۇرغان. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ جىنايى ئىشلار تەپتىش باشقارما (بۆلۈم) لىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە تەڭشەلگەن. 1988 - يىلى 12 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش باشقارمىسى بىلەن ئەيىبلەش باشقارمىسىنى قوشۇپ، 1 - جىنايى ئىشلار تەپتىش باشقارمىسى قىلغان، ئۆزى تەھقىقلىگەن دېلولاردا قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش - ئەيىبلەش باشقارمىسى (2 - جىنايى ئىشلار تەپتىش باشقارمىسى) نى قۇرغان؛ جايلاردىكى جىنايى ئىشلار تەپتىش باشقارما (بۆلۈم) لىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزگەرگەن. 1996 - يىلى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» نى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش، تەپتىش ئورگىنىنىڭ جىنايى ئىشلار تەپتىش ئاپپاراتىنى ئۇنىڭغا لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش باشقارمىسى، تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش باشقارمىسى قۇردى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرىنىڭ نامى ۋە مەسئۇلىيىتىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن ئوخشاش بولدى.

**ھەق تەلەپ، مەمۇرىي تەپتىشى** خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلغان ھەق تەلەپ دېلولىرى، مەمۇرىي دېلولار ئۈستىدە ئېلىپ بارىدىغان قانۇن نازارەتچىلىكى پائالىيىتىدۇر. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى 1956 - يىلىدىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ سوت پائالىيىتىنى نازارەت ۋە تەپتىش قىلىپ كەلدى. 1988 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ھەق تەلەپ، مەمۇرىي سوت خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى، شۇ يىلى 9 - ئايدا ھەق تەلەپ، مەمۇرىي تەپتىش باشقارمىسىنى رەسمىي قۇردى. 1988 - يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىرلىكتە «خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ، مەمۇرىي دەۋا پائالىيىتىگە قانۇن نازارەتچىلىكى يۈرگۈزۈشنى سىناق قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، شىنجاڭ بويىچە 16 شەھەرنى نۇقتا قىلغان ھالدا سىناق قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھەق تەلەپ، مەمۇرىي دەۋالارغا قاتنىشىشتىكى قانۇنىي ئورنى، دائىرىسى ۋە نازارەت تەرتىپى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئېنىق بەلگىلىدى. 1990 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ھەق تەلەپ، مەمۇرىي تەپتىش ئاپپاراتى قۇردى ھەمدە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ، مەمۇرىي دەۋا پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە ئومۇميۈزلۈك نازارەت قىلدى.


**قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشى** خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى ۋە پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى، جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۆز يەتكۈزۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ

قىلىش پائالىيىتىدۇر. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قوبۇل قىلىدىغان قانۇن - ئىنتىزام دېلولىرىنىڭ دائىرىسى خېلى كەڭ بولغان. 1954 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، 1957 - يىلىغا قەدەر، دۆلەت خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى قوبۇل قىلىدىغان قانۇن - ئىنتىزام دېلولىرىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلىگەن، ئۇ ئاساسلىقى سايلامغا دەخلى يەتكۈزۈش دېلوسى، قارا چاپلاش دېلوسى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش دېلوسى، زور مەسئۇلىيەتسىزلىك ھادىسىسى دېلوسى، شۇنىڭدەك دۆلەت خادىملىرى خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلمە - كەلمەس پايدىلىنىش ياكى ۋەزىپىسىدىن ھالقىپ، ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش دېلوسى، بىپەرۋالىق دېلوسى، ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى، قىيناپ سوراق قىلىپ قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش دېلوسى ۋە دۆلەت مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇش دېلوسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۈزىتىلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە تەھقىقلايدىغان قانۇن - ئىنتىزامغا دائىر دېلودىن 40 خىلى بار بولۇپ، ئۇ خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلمە - كەلمەس پايدىلىنىش، بىپەرۋالىق قىلىش، قانۇننى بۇزۇپ ناھەق ھۆكۈم - كېسىم چىقىرىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايەت دېلوسىغا ئوخشاش 33 خىلنى، قىيناپ سوراق قىلىپ قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، زورلۇق ئىشلىتىپ دەلىل - ئىسپات ئېلىش، ئۆچ ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىشقا ئوخشاش دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پۇقرالارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش دېلوسى بولۇپ يەتتە خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**تۈرمە - قاماقخانا تەپتىشى** خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە تۇختىتىپ قويۇش، قولغا ئېلىش، ھۆكۈم، كېسىملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش - ئۆزگەرتىش ئورگانلىرى خىزمىتىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ئېلىپ بېرىلغان - بېرىلمىغانلىقىنى نازارەت قىلىش پائالىيىتىدۇر. 1950 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭدا تەپتىش ئورگىنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرمە - قاماقخانا تەپتىش خىزمىتى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش يولىغا قويۇلدى. 1954 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تۈرمە - قاماقخانا تەپتىش خىزمىتىنىڭ دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭەيتىلدى، جىنايى ئىشلار ھۆكۈم - كېسىملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، شۇنىڭدەك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش - ئۆزگەرتىش ئورگانلىرىنىڭ سىياسەت، قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلغاندىن باشقا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقانلارنىڭ جازاسىنى كېمەيتىش ۋە قوشۇش دېلوسى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان خادىملارنىڭ تەربىيىلىنىش ۋاقتىنى كېمەيتىش ۋە قوشۇش، ئۇلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىش ئىشلىرىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىنى نازارەت قىلدى ھەمدە بۇ خادىملارنىڭ ئەرز دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. بۇ مەزگىللەردە تۈرمە - قاماقخانا تەپتىشى جىنايەتچىلەرنىڭ يېڭىۋاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇنىڭ باشقا نازارەتچىلىك ھوقۇقلىرى يولغا قويۇلمىدى. 1978 - يىلى 11 - ئايدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى قايتا قۇرۇلۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۈرمە - قاماقخانا نازارەتچىلىكى ئاپپاراتى قۇرۇلدى ھەمدە تۈرمە - ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدا تۇرۇشلۇق 11 تەپتىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلدى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى مەركەزلەشكەن ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلىق ۋىلايەتلەردە ئۈچ ۋاكالەت تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى، شىنجاڭدىكى 50% قاماقخانىغا شۇ ئورۇندا تۇرۇشلۇق تەپتىش ئەۋەتىلىپ، تۈرمە - قاماقخانا نازارەتچىلىكى تۈزۈمى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تۈرمە - قاماقخانا تەپتىشى خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تۈرمە - قاماقخانا تەپتىش پائالىيىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈرمە قانۇنى» غا ئوخشاش قانۇن - نىزاملارنى يولغا قويۇش، نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى كادىر - ساقچىلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى توساش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلدى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سوت ئورگىنى. ئۇنىڭ ئاساسىي

شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىدى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئارمىيە ۋەكىلى ۋە كادىرىنى ئەۋەتىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 51 - نومۇرلۇق قورۇدا. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى قوشۇمچە مەھكىمە باشلىقى بولدى. 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى
خەلق سوت مەھكىمىسى

مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. مەھكىمە باشلىقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدىغان ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان بولدى. مۇئاۋىن سوت باشلىقى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، سوتچى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدىغان ۋە قالدۇرۇلىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت خىزمىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى 1 - سوت دېلولىرىنى بىجىرىشكە مەسئۇل بولۇش؛ تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 1 - سوت قىلىنىدىغان دېلولارنى قوبۇل قىلىش ھەمدە ئەرز قىلىنغان ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلولارنى قوبۇل قىلىش.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى** شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىچىدە تەسىس قىلىنغان سوت ئورگىنى بولۇپ، ئارمىيە شتاتىدىكى مەخسۇس سوت مەھكىمىسى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ۋە ئىلى ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. 1969 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1978 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى شتاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كېيىنكى يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايون ھەربىي سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىمالىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا، ھەربىي سوت مەھكىمىسى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1987 - يىلى 10 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئارقىدىنلا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى** ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان سوت ئورگىنى. ئۇنىڭ ئاساسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ شۆبىسى. 1952 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىسى، يەنجى ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىسى، يەكەن ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىسى، ئارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك شۆبە سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. 1955 - يىلدىن كېيىن، شۆبە سوت مەھكىمىلىرى ئوتتۇرا خەلق سوت

مەھكىمىلەرگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىرىدە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىن 14 ى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسى بار ئىدى. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئاخىرقى سوت مەھكىمىسى بولىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1 - سوت مەھكىمىسى بولىدۇ.

**ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىلىرى** ھەرقايسى ناھىيىلەر (ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەر، شەھەرگە قاراشلىق رايونلار) دە تەسىس قىلىنغان سوت ئورگىنى. ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى رايون، نوپۇس ۋە دېلو ئەھۋالىغا قارىغان ھەمدە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا قىلىشىغا ئاسان بولۇش ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلولارنى سوت قىلىشىغا قولايلىق بولۇش پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا بىرقانچە خەلق سوتى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى قىلىدۇ. 1952 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 78 ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى ۋە 59 ۋاكالەت خەلق سوتى بار ئىدى. 1958 - يىلى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەت خەلق سوتى ئايرىم - ئايرىم 92 ۋە 182 گە كۆپەيتىلدى. 2000 - يىلى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەت خەلق سوتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 94 ۋە 183 كە كۆپەيتىلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تەۋەلىكىدىكى 1 - سوت دېلولىرىنى سوت قىلىشتىن ئىبارەت.

**ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى** دۆلەتنىڭ تۆمۈريول سىستېمىسىدا تەسىس قىلىنغان، بەلگىلىك دېلولارنى قاراپ چىقىدىغان سوت ئورگىنى بولۇپ مەخسۇس سوت مەھكىمىسىدۇر. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1981 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈرۈمچى، قۇمۇلدا ئىككى ئاساسىي قاتلام تۆمۈريول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىياجغا ئاساسەن كورلا تۆمۈريول ترانسپورتى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۈچ ئاساسىي قاتلام تۆمۈريول ترانسپورتى سوت مەھكىمىسىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

**جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى** ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن، جامائەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەن دېلولار ۋە باشقا جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىش پائالىيىتى. 1950 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى (1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلدى) دە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ئاپتونوم ئوبلاست، شەھەر ۋە رايونلىرىدىكى شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى ئارقا - ئارقىدىن تەسىس قىلىندى. 1950 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى 200 مىڭدىن ئاشقان. 1986 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى 40 مىڭ 919 بولۇپ، ھەر يىلى 10.81% كۆپەيگەن. 1991 - يىلى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى 10 مىڭ 508 بولۇپ، 2000 - يىلىغىچە 118 مىڭ 944 دېلونى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرغان بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11894.4 دېلونى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرغان.

**ھەق تەلەپ سوت خىزمىتى** ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش پائالىيىتىدۇر. 1950 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى ھەمدە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك شۆبە سوت مەھكىمىلىرى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى، ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى ئىلگىرى - ئاخىر قۇرۇلدى. ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ تۈرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە مانىنىڭ ئېشىشى دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىساد تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاپتونوم رايوندىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى نەچچە يىللاردىن بۇيان 1 - سوتتا ھەق تەلەپ دېلولىرىدىن: 1951 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە 2825 نى؛ 1956 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە 11 مىڭ 91 نى؛ 1961 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە 14 مىڭ 29 نى؛ 1976 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە 165 مىڭ 7 نى؛

1986 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە 194 مىڭ 394 نى؛ 1991 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە 584 مىڭ 604 نى قوبۇل قىلغان.

ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىساد دېلولىرىنى سوت قىلىش پائالىيىتىدۇر. 1980 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئىقتىساد سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1983 - يىلى 9 - ئايدىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى باشقا ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ۋە ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى يىللاردىن بۇيان 1 - سوتتا ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن: 1980 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە 9955 نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 1659.2 نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان؛ 1986 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە 52 مىڭ 209 نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 10 مىڭ 441.8 نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان؛ 1991 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە 214 مىڭ 482 نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 21 مىڭ 448.2 نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان.

مەمۇرىي سوت خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي دېلولارنى سوت قىلىش پائالىيىتىدۇر. 1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى. ئارقىدىنلا ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىمۇ مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1990 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» يولغا قويۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1982 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى مەمۇرىي دېلودىن 570 نى بېجىرىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 142 دېلو بېجىردى، 1988 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوت مەمۇرىي دېلودىن 605 نى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 201.67 دېلونى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇردى. 1991 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 2503 دېلونى 1 - سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500.6 دېلونى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى؛ 1996 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 3852 مەمۇرىي دېلونى 1 - سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 770.4 دېلونى سوت قىلىپ ئاياغلاشتۇردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى خەلق مۇرەسسە خىزمىتى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇننى تەشۋىق قىلىش، ئادۋوكاتلىق، گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئوخشاش ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپارات. ئورنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق يولى 27 - نومۇرلۇق قورۇدا. 1955 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدلىيە نازارىتى قۇرۇلغان. شۇ يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئەدلىيە ئىدارىسى (باشقارمىسى) قۇرۇلغان. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى ئەدلىيە ئىدارىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1979 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى قايتىدىن قۇرۇلدى. 1982 - يىلى 6 - ئايدا ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى سوت مەھكىمىسى باشقارمىسىنى بىكار قىلىپ، خەلق مۇرەسسە خىزمىتى باشقارمىسىنى قۇردى. 1983 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى ۋە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1986 - يىلى 4 - ئايدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر قارىمىقىدىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش - باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق

ئەدلىيە نازارىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى ۋە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1980 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدە ئىككى دەرىجىلىك ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى تېز قۇرۇلۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن 16 سى، ناھىيىلىك (ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق) ئەدلىيە ئىدارىسىدىن 97 سى، يېزا ـ بازارلىق، مەھەللە ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى ئەدلىيە ئورنىدىن 860 ى قۇرۇلدى، ئاساسىي قاتلام ئەدلىيە ياردەمچىسىدىن 1349 ى بار بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى مەخسۇس ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە تۈرمە خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات. ئۇنىڭ ئاساسى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى ئىدى. 1951 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى (ناھىيە باشقارما دەرىجىلىك) قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى ۋە ئۇنى باشقۇردى. 1983 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى ۋە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ھەمدە دەرىجىسى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىدارىگە ئۆستۈرۈلدى. 1994 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ نامى تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 30 ئورۇن تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قارايدىغان بولدى، بۇنىڭدىكى 24 ئورۇن جىنايەتچىلەرنى قامايدىغان ئورۇن ئىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى مەخسۇس ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپارات. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى 1957 ـ يىلى يولغا قويۇلغان، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مۇددىتى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر يىل ئۇزارتىشقا بولىدۇ. 1982 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، كېيىن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە مۇناسىپ ھالدا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ـ باشقۇرۇش كومىتېتلىرى تەسىس قىلىندى. 1984 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنى رەسمىي تەسىس قىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغانلارنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش ۋە ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ـ باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ھەم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك ئاپپاراتى، ھەم ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ ۋاكالەت ئاپپاراتى بولۇپ، ئۆز رايونىدىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ـ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل. 1992 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇ ھازىر 10 ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش باشقۇرۇش ئورنىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ.

ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ـ باشقۇرۇش ئورنى مەخسۇس ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغانلارنى باشقۇرىدىغان ئورۇن. 1957 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنى قۇرۇش تەييارلىقىنى باشلىدى. 1958 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى ۋە سانجى شىگوبى، قۇمۇل نوم، كورلا سوفۇ قاتارلىق ئۈچ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانى ئىلگىرى ـ ئاخىر قۇرۇلدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش

خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈرۈمچى، سانجى، شىخو، تۇرپان، بورتالا، غۇلجا، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەرلەردىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش - باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇپ كەلدى. 1999 - يىلى 5 - ئايدا غەربىي پىچەنلىك زەھەر تاشلاتقۇزۇش - ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى قۇرۇلۇپ، زەھەر چەككەنلەرنى مەجبۇرىي زەھەر تاشلاتقۇزدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش - باشقۇرۇش ئورنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغانلارغا «تەربىيە بېرىش، تەسىرلەندۈرۈش ۋە قۇتقۇزۇۋېلىش» فاڭجېنىنى يولغا قويدى.

**ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى** ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى مەخسۇس باشقۇرۇپ تەربىيىلەيدىغان ئورۇن. ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى يېڭى قۇرۇلغاندا ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى دەپ ئاتالغان. 1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى 14 ياشقا توشقان، 18 ياشقا توشمىغان ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر ۋە ھۆكۈمەت يىغىۋېلىپ تەربىيىلەيدىغان جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئۆسمۈرلەرنى (قىسقارتىپ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش دەپ ئاتالدى) مەجبۇرىي تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىدىغان ئورگان، شۇنداقلا ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدىغان، ئۆزگەرتىدىغان پەۋقۇلئاددە مەكتەپ. ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى «تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىشنى ئاساس، يېنىك ئەمگەك قىلىشنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئەمگەك قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجىدا ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى تەسىس قىلىنغان. 18 ياشقا توشقان، قالغان مۇددىتى ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتكەن جىنايەتچىلەر ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۈرمىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئۈرۈمچى ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى 1957 - يىلى قۇرۇلغان، 1985 - يىلى 7 - ئايدا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئىلى ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى 1952- يىلى قۇرۇلۇپ، 1987 - يىلى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. قەشقەر ئۆسمۈرلەرنى باشقۇرۇپ تەربىيىلەش ئورنى 1957 - يىلى قۇرۇلۇپ، 1987 - يىلى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

**خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى** مەخسۇس خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلىدىغان تەشكىلات. شىنجاڭدا خەلق مۇرەسسە تۈزۈمى 1953 - يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان. شۇ يىلى 5- ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «رايون، يېزىلاردا مۇرەسسە تەشكىلاتى قۇرۇش ۋە خەلق ئىچىدە مۇرەسسە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق»نى ئېلان قىلىپ، «يېزىلاردا مۇرەسسە ھەيئىتى تەسىس قىلىش، شەھەرلەردە مەھەللىلەرنى بىرلىك قىلىپ مۇرەسسە ھەيئىتى تەسىس قىلىش»نى تەلەپ قىلدى. 1955 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە نۇرغۇن جايلاردا خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى قۇرۇلدى. 1979- يىلى 10 - ئايدا ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىدا مۇرەسسە خىزمىتىگە مەسئۇل فۇنكسىيىلىك تارماق تەسىس قىلىندى ھەمدە يېزا - بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، مەھەللە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تۈەن - مەيدانلىرىدا ئەدلىيە ياردەمچىلىرى پەيدىنپەي سەپلەندى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندا (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بۇنىڭ ئىچىدە) 22 مىڭ 416 خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى بار بولدى(مۇرەسسە خادىمى 89 مىڭ 69 ) ، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالە كومىتېتى مۇرەسسە ھەيئىتى 12 مىڭ 395، ئاھالىلەر كومىتېتى مۇرەسسە ھەيئىتى 2204، زاۋۇت، كان - كارخانا مۇرەسسە ھەيئىتى 4776، بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى 327، بازار مۇرەسسە ھەيئىتى 129، كۆچمە نوپۇس توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مۇرەسسە ھەيئىتى 46، باشقا مۇرەسسە ھەيئىتى 2539 بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2390 كارخانىدا مۇرەسسە تەشكىلى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا 6199 خادىم سەپلەندى؛ يەنە 2009 كارخانا مەخسۇس خەلق مۇرەسسە كادىرىدىن 3045نى تەيىنلىدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەرخىل مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى خەلق ئىچىدىكى ھەرخىل ماجىرادىن 87 مىڭ 559 نى مۇرەسسە قىلىپ، 82 مىڭنى ھەل قىلدى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتى 93. 65% بولدى. خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىدە ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، رايون (ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىكى ھەرقايسى شى، تۈەن) لاردا ماجىرالارنى رەتكە تۇر-

ئۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتى 525 قېتىم ئېلىپ بېرىلىپ، مەخسۇس تۈزەش تۈرىدىكى 1585 ماجىرا ھەل قىلىندى، 704 جىنايەت يىپ ئۇچى پاش قىلىنىپ، 425 دېلو سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 6947 خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىندى، 53 مىڭ 38 مۇرەسسە خادىمى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرىنچى تۈردىكى مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 12 مىڭ 175 ى، ئىككىنچى تۈردىكى مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 7961 ى، ئۈچىنچى تۈردىكى مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 2251 ى بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىدىن خەلق مۇرەسسە خىزمىتىگە تۆھپە قوشقان 1631 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 2528 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

**ئادۋوكاتلىق ئورنى** ئادۋوكاتلارنى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئۈچۈن قانۇن مۇلازىمىتى قىلىشقا تەشكىللەيدىغان ۋە ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئورۇن. 1954 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئادۋوكاتلار تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1956 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1959 - يىلى 6 - ئايدا جايلاردىكى قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش باشقارمىلىرى پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى. ئادۋوكاتلىق تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1982 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا 80% تىن يۇقىرى ناھىيە (ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر) دە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1984 - يىلىدىن باشلاپ ئادۋوكاتلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ نامى قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش باشقارمىسىدىن ئادۋوكاتلىق ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن 219 ى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «دۆلەت» ئادۋوكاتلىق ئورنى 158 (ئۆزى كىرىم قىلىپ، ئۆزى چىقىم قىلىدىغان ئورۇن 108، تولۇق خىراجەتلىك ئورۇن 41، كېمى تولۇقلىنىدىغان ئورۇن توققۇز)، ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى ئادۋوكاتلىق ئورنى ئۈت، شېرىكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئادۋوكاتلىق ئورنى 57؛ جەمئىي 1817 ئادۋوكات بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئادۋوكات 1371، قوشۇمچە ئادۋوكات 244، تەكلىپلىك ئادۋوكات 202.



ئاپتونوم رايون مۇنەۋۋەر ئادۋوكاتلارنى تەقدىرلىمەكتە

**جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى** جامائەت گۇۋاھچىسىنى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئۈچۈن جامائەت گۇۋاھلىقى مۇلازىمىتى قىلىشقا تەشكىللەيدىغان ۋە ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئورۇن. جامائەت گۇۋاھلىقى دۆلەت دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئىسپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلغان جامائەت گۇۋاھلىقى ئورگىنىنى كۆرسىتىدۇ. 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدلىيە نازارىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جامائەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى ۋاقىتلىق، بەيدىنبەي يولغا قويۇلدى. 1959 - يىلىدىن كېيىنكى 20 يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى خەلقئارالىق ئادەت بويىچە چەت ئەلگە چىقىدىغان جامائەت گۇۋاھلىقى توغرىسىدىكى ئايرىم خەت - ئالاقە چىقارغاندىن باشقا، باشقا جايلارنىڭ جامائەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى ئەمەلىيەتتە توختاپ قالغان. 1979 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا 85 جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى تەسىس قىلىنىپ، ھەر بىر ناھىيىدە (ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەردە) بىردىن جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1987 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ 24 بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئەدلىيە باشقارمىلىرى (ئىدارە) دا جامائەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىدىن 128 ى، جامائەت گۇۋاھچىسىدىن 358 ى بارلىققا كەلدى.

**ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى** يېزا - بازار ۋە شەھەر مەھەللىلەردە دېھقان (چارۋىچى) لار ۋە ئاھالىلەرگە قانۇن ياردىمى بېرىدىغان پائالىيەت. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغاندىن بۇيان، قانۇن مۇلازىمىتى تەلەپ قىلىدىغان پۇقرالار ۋە تەشكىلاتلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، سانى ئانچە كۆپ بولمىغان ئادۋوكاتلار يېتىشەلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا - بازار، شەھەر مەھەللىلەردە قانۇنچىلىق ئورنى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1987 - يىلى 5 - ئايدا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى تۈزگەن «يېزا - بازارلىق قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» دە: «شەھەر مەھەللىلەردىكى قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرى مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنۇن» دەپ بەلگىلەندى. 1994 - يىلى 11 - ئايدا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى يېزا-بازارلاردىكى قانۇنچىلىق ئورۇنلىرى، مەھەللىلەردىكى قانۇن مۇلازىمىتى ئورۇنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى دەپ ئاتاشنى بېكىتتى. كېيىن قانۇنچىلىق ئورنى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسىي قاتلام قانۇنچىلىق ئورنىدىن 836 سى، قانۇن خىزمەتچىسىدىن 2866 سى بارلىققا كەلدى.

**قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى** ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، قانۇن ئېڭىنى ئاشۇرۇپ، قانۇنغا بويسۇنۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرىدىغان پائالىيەت. 1985- يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا 1 - قېتىملىق قانۇن - تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىش - تەربىيىلەش خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق



قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ماتېرىياللىرىنى تارقاتماقتا

قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ۋە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىدا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق شى، تۇەن مەيدانلىرىدا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇرۇلدى. 1999 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق رايونىمىزنى قانۇن بىلەن تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش (رايوننى قانۇن بىلەن تۈزەش) رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى پۇقرالارغا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش پائالىيىتى توغرىسىدا ئۈچ بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى تۈزۈپ چىقتى. ئالدىنقى ئىككى بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ئورۇندىلىپ بولدى ھەمدە خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى؛ ئۈچىنچى بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. رايوننى قانۇن بىلەن تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى ئىچىدە.

**شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈشى** 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كونا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا، شىنجاڭ ئۆلكىسىدە دىخۇا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، يەنجى، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەندىن ئىبارەت 10 ۋىلايەت، 78 ناھىيە، ئىككى يېرىم ناھىيە بار ئىدى. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن قارمىقىدا ئالتە ۋىلايەت، تۆت ئاپتونوم ئوبلاست، بىر مەركىزىي ناھىيە، 76 ناھىيە، بەش شەھەرگە قاراشلىق رايون بارلىققا كەلدى. 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قارمىقىدا بەش ئاپتونوم ئوبلاست، سەككىز ۋىلايەت، ئىككى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر، 62 ناھىيە، 17 ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، 11 شەھەرگە قاراشلىق رايون، 630 يېزا، 42 مىللىي يېزا، 177 بازار بارلىققا كەلدى (تەپسىلاتىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈشى 1 - جەدۋەلدىن كۆرۈڭ)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلۈشى جەدۋىلى

(بۇ بەش ئاپتونوم ئوبلاست، ئىككى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر، سەككىز ۋىلايەت، 62 ناھىيە، ئالتە ئاپتونوم ناھىيە، 17 ناھىيە دەرىجىلىك بازار، 11 شەھەرگە قاراشلىق رايون، 621 يېزا، 42 مىللىي يېزا، 194 بازارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

| ئوبلاست، شەھەر، ۋىلايەت نامى | ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، ناھىيە دەرىجىلىك بازار، شەھەرگە قاراشلىق رايون ناملىرى | يېزا - بازار سانى | |
|---|---|---|---|
| | | يېزا | بازار |
| ئۈرۈمچى شەھىرى (7 رايون 1 ناھىيە) | تىيانشان رايونى، سايباغ رايونى، ئۇدۇڭخابا رايونى، شىمگو رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، نەنشەن رايونى، دۆڭشەن رايونى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 19 | 2 |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئىلى ۋىلايىتى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، ۋاكالىتەن باشقۇرۇلىدىغان بورتالا ئاپتونوم ئوبلاستى | 159 | 56 |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى (1 شەھەر، 8 ناھىيە) | كورلا شەھىرى، بۈگۈر ناھىيىسى، چاقىلىق ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى، باغراش ناھىيىسى | 66 | 19 |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى (3 شەھەر 5 ناھىيە) | سانجى شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى، مىچۈەن شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، جىمسار ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 42 | 36 |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى (1 شەھەر، 2 ناھىيە) | بورتالا شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى، ئارشاڭ ناھىيىسى | 9 | 7 |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى (1 شەھەر، 3 ناھىيە) | ئاتۇش شەھىرى، ئاقتۇ ناھىيىسى، ئاقچى ناھىيىسى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 32 | 5 |
| قەشقەر ۋىلايىتى (1 شەھەر، 11 ناھىيە) | قەشقەر شەھىرى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، پەيزىۋات ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى، تاشقورغان ئاپتونوم ناھىيىسى | 141 | 26 |
| خوتەن ۋىلايىتى (1 شەھەر، 7 ناھىيە) | خوتەن شەھىرى، خوتەن ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، نىيە ناھىيىسى | 75 | 11 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى (1 شەھەر، 8 ناھىيە) | ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ ناھىيىسى، كۇچار ناھىيىسى، شايار ناھىيىسى، توقسۇ ناھىيىسى، باي ناھىيىسى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى، كەلپىن ناھىيىسى | 67 | 16 |
| ئوبلاست، شەھەر، ۋىلايەت نامى | ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە ناھىيە دەرىجىلىك بازار، شەھەرگە قاراشلىق رايون ناملىرى | | |
| ئىلى ۋىلايىتى (2 شەھەر 8 ناھىيە) | كۈيتۇن شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسى، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى | 79 | 16 |
| ئالتاي ۋىلايىتى (1 شەھەر، 6 ناھىيە) | ئالتاي شەھىرى، بۇرچىن ناھىيىسى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، قابا ناھىيىسى، چىڭگىل ناھىيىسى، جېمىنەي ناھىيىسى | 41 | 12 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى (2 شەھەر، 5 ناھىيە) | چۆچەك شەھىرى، شىخو شەھىرى، دۇربىلجىن ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى، تولى ناھىيىسى، چاغانتوقاي ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 38 | 28 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى(1 شەھەر، 2 ناھىيە) | قۇمۇل شەھىرى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | 31 | 7 |
| تۇرپان ۋىلايىتى (1 شەھەر، 2 ناھىيە) | تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى | 19 | 8 |
| قاراماي شەھىرى (4 رايون) | مايتاغ رايونى، قاراماي رايونى، جەرەنبۇلاق رايونى، ئورقو رايونى | 2 | |
| شىخەنزە شەھىرى | | 1 | 1 |

ئىزاھات: ئىلى ۋىلايىتى 2001 - يىلى ئەتىيازدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق شەھەر، ناھىيىلەر يەنىلا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قارايدۇ.

**ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. 1954 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇرۇلغان. ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھىرىدە. ھازىر ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك بىر شەھەر بار. ئومۇمىي ئاھالىسى 3 مىليون 891 مىڭ 531 (ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 2 مىليون 154 مىڭ 783)، يېزا ئاھالىسى 1 مىليون 910 مىڭ 671.




ئوبلاست بويىچە 720 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 308 مىڭ گېكتار ئاشلىق تېرىلغۇ يېرى، 412 مىڭ 800 گېكتار ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ يېرى بار. تېمپېراتۇرىسى ئوتتۇراھال مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ. تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 36 مىليارد 320 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپاس مىقدارى 7 مىليارد 912 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئورمان كۆلىمى 107 مىڭ 300 گېكتار كېلىدۇ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2.84% كە يېتىدۇ. ئاز ئۇچرايدىغان ياۋايى ھايۋانلىرىدىن كۈمۈش رەڭ تۈلكە، كۆك تۈلكە، ئېيىقسىمان بۆلغۇن، قارا تايغان بۆغا، سۇغۇر، ئاق شۇڭقار، ئاق قۇيرۇق ئورمان ياڭاقلىقى توخۇسى قاتارلىقلار بار. تەۋەسىدە بايقالغان رۇدىدىن 86 خىلى بار، زاپاس مىقدارى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىرىدىن بېرىللىي،

ئاق چىرىمتال، كالىيلىق ئۈژۈن تاش قاتارلىقلار بار، خروم، سېزىي رۇدىسى 2 - ئورۇندا، نىكېل رۇدىسى 4 - ئورۇندا، لىتىي رۇدىسى 5 - ئورۇندا، تانتال رۇدىسى 9 - ئورۇندا، نىئوبىي رۇدىسى 10 - ئورۇندا تۇرىدۇ. يېرى كەڭ، سۇ مەنبەسى مول بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياخشى شارائىتقا ئىگە. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق سېلىنمىسىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، دەرەخ تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىشنى زور كۈچ بىلەن تۇتۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ ئوبلاستنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ئاشلىق بازىسى ۋە چارۋىچىلىق بازىسىغا ئايلاندۇردى.


ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قازاقىستان، رۇسىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىر كېلىدۇ. چېگرا بويىدىكى ئوچۇق پورتلاردىن سەككىزى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا شۇنىڭدەك ياۋروپاغا قۇرۇقلۇق يولىدىن كىرىدىغان مۇھىم جاي ھېسابلىنىدۇ. ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئۈستۈنلۈكى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك، شۇنىڭدەك قاتناش ئىشلىرى تەرەققىي تاپقان، ماددىي بايلىقى مول، شۇنداقلا بۇ ئوبلاستنىڭ چېگرا سودىسى تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولغان. پورت ئارقىلىق زور تۈركۈملىگەن ماللارنى ئۆتكۈزگەندىن تاشقىرى، چېگرا ئاھالىسى سودا بازىرىمۇ ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى. چېگرا سودىسى ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئوبلاستنى تاشقى سودا مۇھىم بازىسىغا ئايلاندۇردى. ھازىر، ئىلى ئوبلاستى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم بازىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا توقۇمىچىلىق، كۆن - خۇرۇم، شېكەرچىلىك، ھاراق ئىشلەش، يېمەكلىك پىششىقلاش، مېتاللورگىيە، كۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانائەت سىستېمىسى ھاسىل بولدى ھەمدە ئۇ مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە تېخنىكا ئاساسىغا ئىگە بولدى. تەۋەسىدە كەڭساي جىلغىسى، كۇنەس يايلىقى، مۇزلۇق قەدىمكى يولى، جيۇلىيەنچۈەن بۇلىقى، شەيتان كەرەش شەھىرى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلەر بار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالمالى قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، كۈرە قەدىمكى شەھىرى، گېدىلەڭ خاتىرە تېشى، قەدىمكى زاماندىكى قىيا تاش سىزمىلىرى قاتارلىق ئانتوروپولوگىيىلىك مەنزىرىلەر بار.

## بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

قىسقارتىپ بايىنغولىن ئوبلاستى دېيىلىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. 1956 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا قارىمىقىدا خېجىڭ، خوشۇت، يەنجى قاتارلىق ئۈچ ناھىيە بار ئىدى، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت يەنجىدە ئىدى. 1960 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كورلا ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قارىمىقىدىكى كورلا، لوپنۇر، بۈگۈر، چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق بەش ناھىيە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندە، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى يەنجى بازىرىدىن كورلا بازىرىغا كۆچتى. 1980 - يىلى كورلا ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1971 - يىلى 4 - ئايدا باغراش ناھىيىسى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ج ك پ بايىنغولىن ئوبلاستلىق كومىتېتى، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى كورلا شەھىرىدە. كورلا شەھىرى شىمالىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 471 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 603.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ قارىمىقىدا ھازىر سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر بار، مەمۇرىي رايون كۆلىمى 482 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تۆتتىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ جۇڭگودىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم ئوبلاست بولۇپ، جاھاندىكى 1 - ئوبلاست دېگەن نامى بار. تەۋەسىدە تارىم نېفىت چارلاش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول ۋاقىتلىق باشقارمىسى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ 2 - شىسى قاتارلىق مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلىرى بار. بايىنغولىن ئوبلاستىدا جەمئىي 37 مىللەت تەركىبى بار. ئاساسلىقى موڭغۇل، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىقلار. 2000 - يىلى ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 1 مىليون 56 مىڭ 400، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 455 مىڭ 400 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 43.12% نى ئىگىلىگەن؛ يېزا ئاھالىسى 683 مىڭ 200.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېرى

كەلگ، بايلىقى مول. پايدىلىنىشقا بولىدىغان چەمنى پوز يېرى 21 مىليون موغا يېتىدۇ؛ پايدىلانغىلى بولىدىغان ئۆزلەشتۈرمە تېرىلغۇ يېرى 3 مىليون موغا يېقىنلىشىدۇ؛ ئورمان كۆلىمى 8 مىليون 590 مىڭ 500 موغا، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 124 مىليون موغا يېتىدۇ. يەر ئۈستى سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى 10 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي تولۇقلاش مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېچىش مىقدارى 2 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر، سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ زاپاس مىقدارى 2 مىليون 960 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ. قېزىلما بايلىقى ئىچىدە ۋېرمىكوتىت زاپىسى 101 مىليون 610 مىڭ توننا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت زاپىسىنىڭ 92% نى ئىگىلەيدۇ؛ تاشپاختا زاپىسى 63 مىليون 340 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت زاپىسىنىڭ 30% نى ئىگىلەيدۇ؛ باشقا زاپاس مىقدارى كۆپرەك بولغانلىرىدىن يەنە گلائۇبېر تۇزى، مانگان، ماگنېزىت، قاشتېشى، هاك، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. لوپنۇرنىڭ كالىي تۇز زاپىسى 250 مىليون توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئېنىقلانغان زاپاسنىڭ 54.4% نى ئىگىلەيدۇ. تارىم ئويمانلىقىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن نېفىت ـ تەبىئىي گاز ئومۇمىي بايلىق مىقدارى 19 مىليارد 200 مىليون تونىنغا يېتىدۇ، هازىر ئېنىقلانغان 13 يۇرۇش نېفىتلىكنىڭ يەتتىسى بايىنغولىن چېگرىسى ئىچىدە، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت نېفىتلىك ـ تەبىئىي گازلىق ئېچىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنجى ئويمانلىقى «كىچىك ھەم باي» دەپ ئاتالغان نېفىتلىك ھېسابلىنىدۇ. غەربىنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بايىنغولىن چېگرىسى ئىچىدە،




ئۈنىڭدا يەتكۈزۈلىدىغان تەبىئىي گازنىڭ زور كۆپ قىسمى بايىنغولىن ئوبلاستىدىن چىقىدۇ.

بايىنغولىن ئوبلاستىدا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان تەكلىماكان قۇملۇقى، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە بايىنبۇلاق يايلىقى، ئاق قۇ كۆلى، باغراش كۆلى، ياردائىلىق قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلەر، يىپەك يولى، باشئەگىم، كىروران قەدىمكى خارابىسى، شىبكشىن مىڭئۆيى، مىرەن خارابىلىكى قاتارلىق تارىخىي خارابىلەر ۋە ئانتروپولوگىيىلىك مەنزىرىلەر بار. ئوبلاستتىكى بىر شەھەر، سەككىز ناھىيىنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر) بولغان، كورلا شەھىرى «مەملىكەت بويىچە پاكىز شەھەر» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. 1955 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان، ئەينى ۋاقىتتا قارىمىقىدا ئۈرۈمچى، مىچۇەن، سانجى قاتارلىق ئۈچ ناھىيە بار ئىدى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى سانجى بازىرىدا ئىدى. 1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، قارىمىقىدىكى موري، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق ئالتە ناھىيە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1983 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سانجى ناھىيىسى، فۇكاڭ ناھىيىسى، مىچۇەن ناھىيىسىدە ناھىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم ئوبلاست تەۋەسىدە ئۈچ شەھەر، بەش ناھىيە بار بولدى. ج ك پ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى ۋە ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى سانجى شەھىرىدە (ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ). ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى (جۇملىدىن ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 6 ـ شىنىڭ ئاھالىسى) 1 مىليون 456 مىڭ 500، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئاھالىسى 688 مىڭ؛ ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 365 مىڭ 800 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 25.1% نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇ ئاھالىسى 11.2% نى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە خۇيزۇ، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق 29 مىللەت تەركىبى بار.

سانجى ئوبلاستى تەۋەسىدە چوڭ مۇزلۇقتىن 1319 ى، جىلغا خاراكتېرلىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ئېقىنىدىن 57 سى بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 510 مىليون كۇب مېتىرغا، بۇلاق سۈيى 302 مىليون كۇب مېتىرغا، ئوتلاق كۆلىمى تەخمىنەن 4 مىليون 586 مىڭ 667 گېكتارغا، تېرىقچىلىق بولىدىغان يەر 704



مىڭ 667 گېكتارغا، تېرىلغۇ كۆلىمى 286 مىڭ 667 گېكتار چامىسىغا يېتىدۇ، تۇپرىقى مۇنبەت، سۇ مىقدارى تولۇق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق بولغاچقا، زىرائەت تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، يەنە كېلىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئېتىز - ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلگەچكە، بۇ ئوبلاست ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، پاختا ۋە ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالدى. قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، ھاك تېشى، تۆمۈر، خروم، مىس، ئالتۇن، فوسفور، كۆل تۇزى، گلائۇبېر تۇزى، سۈرمە تاش، ساپال بۇيۇم سېغىز توپىسى، ياندىغان سلانىتېس، زۇمرەت قاتارلىق 50 نەچچە خىلى بار. بولۇپمۇ نېفىت زاپىسى مول بولۇپ، ئېچىشقا ئاسان. شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچىدىن داخۇاڭشەنگىچە بولغان ئالىي دەرىجىلىك تاشيول تۇتاشتۇرۇلدى، تېچاڭگو ئۈستى ئۈچۈق كۆمۈر كېنىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇ ئوبلاست ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تيانشان شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

سانجى ئوبلاستىدا مەشھۇر قەدىمكى يادىكارلىقلار ناھايىتى كۆپ. فۇكاڭ شەھىرى دائىرىسىگە جايلاشقان بوغدا چوققىسى تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىرىنچى چوققا بولۇپ، جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئون خەتەرلىك تاغ چوققىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چوققىنىڭ قاپ بېلىگە جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن 1910 مېتىر ئېگىز بولغان، دۇنياغا داڭلىق ئېگىز كۆل — بوغدا كۆلى داڭلىق ساياھەت ئورنى بولۇپ قالدى.

**ئۈرۈمچى شەھىرى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى. تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. شەھەرنىڭ پىلانلانغان كۆلىمى 1600 كۋادرات كىلومېتىر، پۈتكەن رايون كۆلىمى 139.55 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قارمىقىدا يەتتە ناھىيە دەرىجىلىك رايون، بىر ناھىيە بار. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى شەھەرنىڭ ساغلاملىق يولىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭشەن يولىدا، شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت نۇرلۇق يولىدا، ئاپتونوم رايون ئورگانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تيانشان رايونى بىلەن سايباغ رايونىدا. شەھەرنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 2 مىليون 82 مىڭ بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق 43 مىللەت تەركىبى بار. ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 444 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %21.3 نى ئىگىلەيدۇ؛ يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 343 مىڭ بولۇپ، %16.6 نى ئىگىلەيدۇ («جۇغراپىيە» ماۋزۇسىدىكى «ئۈرۈمچى»گە قاراڭ).

ئۈرۈمچى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى مۇھىم ئورۇن بولۇپ، مەنزىرىسى چىرايلىق، داڭلىق مەنزىرىلىك جايلار كۆپ؛ شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان قىزىلتاغ دېڭىز يۈزىدىن 910 مېتىر ئېگىز، مىللىي قەھرىمان لىن زېشۈي بۇ يەرگە چىقىپ شېئىر يازغانىدى؛ شەھەرنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ياتىدۇ؛ شەھەر رايونىدا 8 - ئارمىيە ئىش ئورنىنىڭ قەدىمكى ئورنى، ماۋ زېمىننىڭ تۇرالغۇسى قاتارلىق ئىنقىلابىي تارىخىي خارابىلەر ۋە ھايۋاناتلار باغچىسى، ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى، بالىلار باغچىسى قاتارلىق 18 باغچا بار. ئۇنىڭدىن باشقا بەي ياڭگو، مياۋئېرگو، گۇلتەكچە قاتارلىق داڭلىق ساياھەت ئورۇنلىرى بار.

ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق ئىككىنچى كۆۋرۈكىنىڭ تۇتىشىشى بىلەن، ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭگودا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ھەتتا ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم دەرۋازا ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆزنىكى بولۇپ قالدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر نېفىت خىمىيە، مېتاللورگىيە، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈر، توقۇمىچىلىق، ماشىنىسازلىق، بىناكارلىق ماتېرىيالى، يېمەكلىك، خىمىيە سانائىتى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان، تۈرى بىر قەدەر تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان مېھمانخانا، مېھمانساراي ۋە ساياھەت مۇلازىمەت ئەسلىھە - ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار، بېزىلىشى چىرايلىق، مۇلازىمەت ئىقتىدارى تولۇق؛ ھەرخىل يېڭى، كونا ماگىزىن، مېھمانساراي، كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى پۈتۈن شەھەرنى قاپلىغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يېڭىدىن قۇرۇلغان زەنجىرسىمان دۇكان، تاللا بازار، قولاي دۇكان، مەخسۇس دۇكان ۋە تەكشە باھالىق ماگىزىن قاتارلىقلار بار، بازارنىڭ مۇلازىمەت سىستېمىسى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىستېمالىغا تولىمۇ قولايلىق بولماقتا. شىنجاڭ سودا شەھەرچىسى، خۇالىڭ توپ سېتىش بازىرى، داشىمېن بازىرى ۋە شىنخۇا مېھمانسارىيى قاتارلىقلار شىنجاڭ ۋە ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەردە خېلى

ئاتاقلىق. ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەمدىلا باشلاندى، ئۆي - زېمىن ۋە ئىجارە بازارلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.


1991 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلگەندىن بۇيان، 2000 - يىلىغىچە ئۇدا 10 نۆۋەت ئۆتكۈزۈلدى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دۇنيادىكى بەش چوڭ قىتئەدىكى 63 دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى، رايون خاراكتېرلىك ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى تەدرىجىي ھالدا خەلقئارا كۆرگەزمە نىشانىغا قاراپ قەدەم تاشلىماقتا. ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۈرۈمچى مەركەز قىلىنغان، دۆلەت يولى غول لىنىيىسى ئاساسىي رامكا قىلىنغان، شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەي، جەنۇبتا شىزاڭ بىلەن تۇتىشىدىغان، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە چىقىدىغان، ئۆز تەۋەسىدىكى ۋىلايەت، شەھەرلەرنى، ناھىيە بىلەن يېزىلارنى تۇتاشتۇرىدىغان تاشيول ترانسپورت تورى بارلىققا كەلدى. ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايرودرومى دۆلىتىمىزدىكى بەش چوڭ ئايرودرومنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى دۆلەت ئىچى لىنىيىسى ۋە خەلقئارا لىنىيەسىدىن 40 نەچچىسىنى باشقۇرىدۇ، خەلق ئاۋىئاتسىيەسى دۇنياغا تۇتاشتۇرۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ئۈرۈمچى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ مەركىزى بولۇپ، 10 ئالىي مەكتەپ، 20 چوڭلار ئالىي مەكتىپى، 24 چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى، 400 دىن ئارتۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ بار. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر ئۈرۈمچى شەھەر رايونلىرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەرخىل سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىن 914 ى، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋاتتىن 11 مىڭ 533 ى، سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 18 مىڭ 207 سى بار. رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق كۆپ مىللەت تىللىرىدا ئاڭلىتىش بېرىدۇ. ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇدا ئۈچ قېتىم «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتا نەمۇنىچى شەھەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 14 -، 66 -، 67 - بەتلىرىگە قارالسۇن).

## بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

قىسقارتىپ بورتالا ئوبلاستى دېيىلىدۇ. «بورتالا» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «يېشىل ئوتلاق» دېگەن مەنىدە. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. 1954 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلغان. ج ك پ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بورتالا شەھىرىدە (ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 524 كىلومېتىر كېلىدۇ). قارمىقىدا بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە بار. ئومۇمىي ئاھالىسى 423 مىڭ 700 بولۇپ، موڭغۇل، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق 35 مىللەت تەركىبى بار. ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 33.7% ىنى، يېزا ئاھالىسى 26.76% نى ئىگىلەيدۇ.

بۇ ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ يەر كۆلىمى 27 مىڭ






كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يېرى 70 مىڭ 700 گېكتار، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 24 مىڭ 600 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 42 مىڭ 100 گېكتار كېلىدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەت ئىچىدە قىزىلچا، پاختا، ياغلىق داندىن سىرت، يەنە ئالىقات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى. قېزىلما بايلىقى مول بولۇپ، 39 خىل قېزىلما بايقالدى، ئۇلاردا تۇزلۇق فوسفور، پېرلىت، مەرمەر تاش، گرانىت، ھاك تېشى، فولفرام، ھاك، مىس، سىنىك رۇدىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئېچىش قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى. مەشھۇر سەيلىگاھىدىن سايرام مەنزىرىلىك رايونى بار.

يېڭى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئالاتاۋ ئېغىزى تۆمۈريول ۋە تاشيول تولۇق بولغان دۆلەت 1 - دەرىجىلىك

پورت بولۇپ قالدى، زور تۈركۈمدىكى ماللار مۇشۇ پورت ئارقىلىق قوشنا دۆلەت قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە توشۇلىدۇ. ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەرەققىي تاپقان تۆمۈريول، تاشيول قاتنىشى بۇ ئوبلاستنىڭ تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى.

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قىسقارتىپ قىزىلسۇ ئوبلاستى دېيىلىدۇ. تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شىمالدا قىرغىزىستان بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە تاجىكىستان بىلەن قوشنا، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1170 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1954 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان. ھازىر قارىمىقىدا بىر شەھەر، ئۈچ ناھىيە بار. ج ك پ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتى بىلەن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئاتۇش شەھىرىدە (ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 1433 كىلومېتىر كېلىدۇ). بۇ ئوبلاستنىڭ يەر كۆلىمى 70 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قىزىلسۇ ئوبلاستى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، ھازىر قىرغىز، ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، خۇيزۇ، موڭغۇل، ئۆزبېك، قازاق، مانجۇ، شىبە، تاتار قاتارلىق 11 مىللەت تەركىبى بار. ئوبلاستنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 426 مىڭ، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 94.63% نى ئىگىلەيدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز ئاھالىسى 126 مىڭ 300 بولۇپ، 29.65% نى ئىگىلەيدۇ. قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول. غەربىي شىمال قىسمىدىكى تاغلار تۇتىشىپ كەتكەن، تاغلىق يېرى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 90% نى ئىگىلەيدۇ. مەشھۇر مۇزتاغ، قوڭغۇرتاغ قاتارلىق تاغ چوققىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7000 مېتىردىن ئاشىدۇ. چوڭراق دەريالىرىدىن قىزىلسۇ دەرياسى، توشقان دەرياسى، گەز دەرياسى، كۆسەن دەرياسى، چاقماق دەرياسى، بوغۇز دەرياسى قاتارلىقلار بار. ئۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاساسلىق سۇ مەنبەسىنىڭ بىرى بولۇپ، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد 962 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ ھەمدە 3 مىليون 468 مىڭ كىلوۋاتلىق سۇ كۈچى مەنبەسىنى ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. پۈتۈن ئوبلاستنىڭ تېمپېراتۇرىسى مۆتىدىل بەلۋاغ چوڭ قۇرغاقلىق كىلىماتىغا تەۋە. قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، مانگان، خروم قاتارلىق 36 خىلى بار، سىنىك زاپىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. مەشھۇر مېۋىلىرىدىن ئەنجۈر، ئانار، مۇناغ ئۈزۈم ۋە بارىن ئۆرۈك قېقى بار.






**قەشقەر ۋىلايىتى** شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. شەرقتە تەكلىماكان چۆل قۇملۇقى بىلەن، غەربتە ۋە غەربىي جەنۇبتا تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە. قەشقەر شەھىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم ئۇرۇن بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 1473 كىلومېتىر، تۆمۈر يول ئارىلىقى 974 كىلومېتىر كېلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي يىلىنىڭ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭدا رەسمىي ئۆلكە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆلكە تەۋەسى ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن، قەشقەر رايونى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى، جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) قەشقەر مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1943 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1952 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى تەسىس قىلىنغان. 1953 ـ يىلى 12 ـ ئايدا سارىقول ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان. ھازىر قارىمىقىدا قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزىۋات، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق 12 ناھىيە (شەھەر) بار. ئومۇمىي ئاھالىسى 3 مىليون 365 مىڭ 600، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 3 مىليون 52 مىڭ 100، يېزا ئاھالىسى 2 مىليون 697 مىڭ.


قارىمىقىدىكى ئېقىن مىقدارى 600 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان دەريالاردىن بەشى بار، دەريا سۈيى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 12 مىليارد 217 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ؛ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 8 مىليارد 681 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 631 مىڭ گېكتار، ئورمان كۆلىمى 438 مىڭ 500 گېكتار كېلىدۇ. دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى، زاراڭزا، سېرىق يۇگەي قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، چىرىماتال، تاشپاختا، قاشتېشى، ئالماس، كۆمۈر، فوسفور، بارىي، تىتان، مىس قاتارلىق 38 خىلى بار. ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە

(شەھەر) دىن 10 ناھىيە (شەھەر) سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربتىن مۇداپىئە كۆرۈش، غەربتىن كىرگۈزۈپ، شەرققە سېتىش ئارقىلىق قەشقەرنى ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە تارقىتىش ئوبوروت بازىسى، ئېكسپورت تاۋارلىرىنى پىششىقلاش بازىسى ۋە ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويدى. 1992 - يىلدىن باشلاپ ۋىلايەتنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەممىسىدە ئورماننى تورلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 10 ناھىيە (شەھەر) دە تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قەشقەر قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر تارىخىي مەدەنىيەت شەھىرى. ئاساسلىق قەدىمكى يادىكارلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ھېيتگاھ مەسچىتى، ئۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان كۆلىمى چوڭ ئىسلام ئىمارىتى بولۇپ، 500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە؛ ئاپاق خوجا قەبرىسى، ئۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمىنەن 5000 مېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ 1640 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ياسالغان بولۇپ، ئىسلام ئەۋلىياسى ئەۋلادىنىڭ قەبرىسى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، مەھمۇد قەشقەرى مازىرى، خانئۆي قەدىمكى شەھىرى ۋە مورا تام مۇنارى، قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرى، بەشكېرەم مېۋىلىك بېغى قاتارلىقلار بار.

**خوتەن ۋىلايىتى** كوئېنلۇن تېغى ۋە قاراقورۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئارىلىقى بەلۋېغىغا جايلاشقان، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە كىرىدۇ، جەنۇبتا شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي جەنۇبتا ھىندىستان، پاكىستان ئەمەلىي كونترول قىلىۋاتقان كەشمىر رايونى بىلەن قوشنا، چېگرا لىنىيىسى 210 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 247 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە خوتەن شەھىرىدە، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ (تارىم قۇملۇق تاشيولى). خوتەن بۇرۇن ئۇدۇن دەپ ئاتىلاتتى ھەمدە قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ، خوتەن رەسمىي غەربىي خەن سۇلالىسىگە قارايتتى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) خوتەنگە خان ئامبىلى قويۇلغان، ئۇ يەكەن خان ئامبىلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) خوتەن رايونى تەسىس قىلىندى (ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىسىدە جەمئىي سەككىز مەمۇرىي رايون بار ئىدى). جۇڭخۇا مىنگونىڭ 13 - يىلى خوتەن مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32 - يىلى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن، قارمىقىدا يەتتە ناھىيە بار ئىدى، ۋىلايەت ئورگىنى خوتەن ناھىيىسىدە ئىدى. 1977 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. 1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خوتەن شەھىرى (ناھىيە دەرىجىلىك) تەسىس قىلىندى. ھازىر ئۇنىڭ قارمىقىدا بىر شەھەر (خوتەن)، يەتتە ناھىيە (گۇما، قاراقاش، خوتەن، كېرىيە، لوپ، چىرا، نىيە) بار. ئومۇمىي ئاھالىسى 1 مىليون 664 مىڭ 527. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 1 مىليون 614 مىڭ 116، يېزا ئاھالىسى 1 مىليون 444 مىڭ 800.

دەريالىرىنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 8 مىليارد 820 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، بوستانلىق رايونىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقىنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان قىسمى 2 مىليارد 363 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 174 مىڭ گېكتار، ئورمان كۆلىمى 147 مىڭ 500 گېكتار، پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 967 مىڭ 300 گېكتار كېلىدۇ. ياڭاق، ئۈرۈك، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ. دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئاساسلىقى توشقان زەردىكى، قار لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، يەر مەدىكى، ئالقات قاتارلىقلار بار. ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋاناتلىرىدىن ئاساسلىقى ياۋا قوتاز، شىزاڭ ياۋا ئېشىكى، شىزاڭ جەرىنى، كۆكمەت، ئۇلار قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقىدىن ئاساسلىقى قاشتېشى، كۆمۈر، تۇز، نېفىت، ھاك، چىرىمتال، مەرمەر تاش قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن قاشتېشى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق. خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىگە جايلاشقان جەنۇبىي تارىم نېفىتلىك - گازلىقىنىڭ بايلىقى ئىنتايىن مول،





قاراقاش ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان مازار تاغدا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت ـ گاز قۇدۇقى قېزىلىپ، بۇ يەرنىڭ ياخشى تەرەققىيات ئىستىقبالى نامايان قىلىندى. كۆمۈرنىڭ قازغىلى بولىدىغان زاپىسى تەخمىنەن 95 مىليون 730 مىڭ توننا كېلىدۇ. داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن يەنە «ئەتىرگۈل پادىشاھى» ماركىلىق ئەتىرگۈل ئۈزۈم ھارىقى بار. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاسالىق پىلە غوزىكى چىقىدىغان جايدۇر.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 20 نەچچە يېرىدە سەيلىگاھ بار. نىيە خارابىسى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى 130 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نىيە بەگلىكىنىڭ خارابىسى ئىدى. مەلىكە ئاۋات خارابىسى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىگە 25 كىلومېتىر كېلىدىغان يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ خارابىسى ئىدى، بۇ خانلىق مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 907 ـ يىللىرىغىچە مەۋجۇت تۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يوتقان خارابىسى، نىيە شەرقىي خەن قەبرىستانلىقى، سانجۇ قىيا تاش سىزمىلىرى، شاخلىق فېئوداللىق باغچىسى قاتارلىقلار بار.

**ئاقسۇ ۋىلايىتى** بۇ نام ئاقسۇ دەرياسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. غەربىي شىمالدا قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 232 كىلومېتىر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭدا رەسمىي ئۆلكە قۇرۇلغاندا، ئاقسۇ رايونى تەسىس قىلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ئاقسۇ مەمۇرىي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32 ـ يىلى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن. 1980 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيىسى شەھەرگە ئۆزگەرتىلدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە ئاقسۇ شەھىرىدە، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 995 كىلومېتىر، تۆمۈريول ئارىلىقى 1126 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 132 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىر قارىمىقىدا بىر شەھەر (ئاقسۇ)، سەككىز ناھىيە (ئونسۇ، كۇچا، باي، توقسۇ، ئۈچتۇرپان، ئاۋات، شايار، كەلپىن) بار، ئومۇمىي ئاھالىسى 2 مىليون 141 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 1 مىليون 550 مىڭ، يېزا ئاھالىسى 1 مىليون 661 مىڭ 100.


بۇ ۋىلايەتنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 353 مىڭ 900 گېكتار، پايدىلانغىلى بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 3 مىليون 335 مىڭ 400 گېكتار كېلىدۇ. ئورمان




كۆلىمى 581 مىڭ 900 گېكتار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4.4 % كېلىدۇ. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلىرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى سېرىق بۇيا، چاكاندا، پەربۇن، ئاق چوغلۇق، قانتېپەر، كېرەش، پىچەك گۈل، ئالىقات، چۆچۈكبۇيا، كەندىرا، ياۋا كەندىر، سوغۇگۈل، زاراڭزا، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا هايۋانلىرىنىڭ تۈرى 300 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ياۋا هايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، تاغ يىلپىزى، جەرەن، چىپار يىلپىز، قارا تايغان بۇغا، ئاق تۇرنا، قارا تۇرنا، ئاق بۈركۈت، ئاق قۇ، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق سۇ سىستېمىسىدىن ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، تارىم دەرياسى، تېرەك دەرياسى، كۇچا دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقى مول، هازىر ئېنىقلانغان تۈرى 55 كە يېتىدۇ، هازىر دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىش ياكى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش شارائىتى هازىرلانغان قېزىلمىلاردىن كۆمۈر، ئاشتۇزى، هاك تېشى، هاك، فوسفور، مانگان، تۆمۈر، مەرمەر تاش، سېرىق چىرىمتال، مىس، ئالىيومىن، ۋانادىي، ئۇران قاتارلىقلار بار. تەۋەسىدە كۆپلىگەن نېفىت ـ گاز بايلىقى ياتماقتا، ئېنىقلانغان تەبىئىي گاز زاپىسى ۋە قېتىشقان نېفىت زاپىسى تارىم نېفىتلىكى بويىچە 78.23% ۋە 79.3% نى ئىگىلەيدۇ. هازىر قۇرۇلغان تەبىئىي مۇهاپىزەت رايونىدىن ئۈچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئونسۇ ناهىيىسى تەۋەسىدىكى تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇهاپىزەت رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەبىئىي مۇهاپىزەت رايونىدۇر.

ئاساسلىق مەنزىرىلىك جايلىرى: قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىلقاغا مىڭئۆيى، قىزىلقاغا تۇراسى، قىسمىلتاغ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى، چۇقۇر بەهارى بۇتخانىسى، سىم ـ سىم تاش غارى، ئۇچقات قەدىمكى شەهىرى، توققۇز باش قەدىمكى شەهىرى، لىن جىلۇ خاتىرە سارىيى قاتارلىقلار بار.

ئىلى ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا جايلاشقان. ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەهكىمىسى غۇلجا شەهىرىدە، ئۈرۈمچى شەهىرى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 702 كىلومېتىر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 14 ـ يىلى (1888 ـ يىلى) شىنجاڭ رايونلارغا ئايرىلغاندا ئىلى رايونى تەسىس قىلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى) ئىلى رايونى ۋە تارباغاتاي رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن، 21 ـ يىلى مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلگەن، 32 ـ يىلى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرقانچە قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان هەم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن ئىلى ۋىلايىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەستىقلىغان، ئۇنىڭغا ئىككى شەهەر (كۈيتۇن، غۇلجا)، سەككىز ناهىيە (غۇلجا، چاپچال، قورغاس، توققۇزتارا، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، نىلقا) قارىغان. 2001 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قارمىقىدىكى ئىككى شەهەر، سەككىز ناهىيە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولدى. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 56 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي ئاهالىسى 2 مىليون 115




مىڭ 393، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 1 مىليون 420 مىڭ 340، يېزا ئاھالىسى 1 مىليون 614 مىڭ 800.

بۇ ۋىلايەتنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 286 مىڭ 600 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 78 مىڭ 800 گېكتار كېلىدۇ. بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، سويا پۇرچاق، قىزىلچا، زىغىر، تاماكا قاتارلىق زىرائەتلەر كۆپ چىقىدۇ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، قىزىلچا، ياغلىق دان مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 20% ۋە 17.6% نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئامبىرى دېگەن نامى بار. باقمىچىلىقىدىن گۆش، سۈت، تېرە، يۇڭ مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. كۈنەس نەسىللىك قوي فېرمىسى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىلى ئېتى بىلەن تيانشان قاراتايغان بۇغىسى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز ئۇچرايدىغان 60 نەچچە خىل ئەتىۋارلىق ھايۋانات بار. 58 خىل ئۆسۈملۈكى قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، 20 نەچچە خىل دورا ئۆسۈملۈكىنىڭ مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. غۇلجا ئالمىسىنىڭ نامى شىنجاڭدا ۋە ئىچكى جايلاردا داڭلىق، ياۋا مېۋىزارلىق كۆلىمى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، مەملىكىتىمىز بويىچە غەربىي شىمال مېۋىلىك دەرەخ تۈرى بايلىقى ساقلانغان جاي، ئېلىمىز بويىچە بىردىنبىر ياۋا ياڭاق، كۆكسۇلتان، ياۋروپا ئالۇچىسى چىقىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. قېزىلما بايلىقى 63 خىلغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر، ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، ھاك تېشى، گرانىت قاتارلىق رۇدا تۈرلىرىنىڭ مىقدارى ئىنتايىن مول، كۆمۈرنىڭ ئېنىقلانغان زاپىسى 300 مىليارد توننىغا، ئالتۇننىڭ مۆلچەر زاپىسى 50 توننىغا يېتىدۇ.

ئىلى ۋىلايىتىدە كۆپلىگەن تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە ئانتروپولوگىيىلىك مەنزىرىلەر بار. مەسىلەن، قارلىق تاغ، مۇزلۇق، ئوتلاق، قەدىمكى يول، شەھەر كۆلى، مەسچىت ـ ئىبادەتخانا قاتارلىقلار بار. مەشھۇر كۈنەس چوڭ يايلىقى، تاڭبالى، چاشى، نارات، ئاقياز، كەڭساي مەنزىرىسى، ئىلى دەرياسى، مۇزارت مۇزلۇقى قاتارلىق مەنزىرىلىك جايلىرى ھەممە يەرگە داڭلىق.

**ئالتاي ۋىلايىتى** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ۋىلايەت. ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، شىنجاڭنىڭ ئەڭ شىمالىغا جايلاشقان، غەربىي شىمالدا قازاقىستان بىلەن قوشنا، شىمالدا رۇسىيە بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالدا موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىداش. ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە ئالتاي شەھىرىدە، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 700 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى) ئالتاي ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندە، ئاشەن رايونى تەسىس قىلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 21 ـ يىلى مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلگەن؛ 32 ـ يىلى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن، ئورنى سارسۈمبە ناھىيىسى (ھازىرقى ئالتاي ناھىيىسى) دە ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئاشەن ۋىلايىتى قۇرۇلغان. 1953 ـ يىلى ئاشەن ۋىلايىتىنىڭ نامى ئالتاي ۋىلايىتىگە، سارسۈمبە ناھىيىسىنىڭ نامى ئالتاي ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ئالتاي ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر تەسىس قىلىندى. ھازىر ئۇنىڭ قارمىقىدا بىر شەھەر (ئالتاي)، ئالتە ناھىيە (چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، جېمىنەي، بۇرچىن، قابا) بار. ئومۇمىي ئاھالىسى 561 مىڭ 700، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 335 مىڭ 600، يېزا ئاھالىسى 384 مىڭ 700.





بۇ ۋىلايەتنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 176 مىڭ 200 گېكتار كېلىدۇ. داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ئاشەن ئالتۇنى، گۆھەر مەھسۇلاتلىرى ۋە ھېلك موگۇسى قاتارلىقلار بار. ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان قېزىلمىسىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، نىكېل، قوغۇشۇن، سىنك، كوبالت، ئالتۇن، كۆمۈش، پلاتىنا، پاللادىي، لىتىي، بېرىللىي، نىئوبىي، تانتال، سېزىي، ئېرىتكۈچ ھاك تېشى، سىلىكون دىئوكسىد، فلىيوئورىت، گلائۇبېر تۇزى، ئاق چىرمىتال، گۆھەر، قاشتېشى قاتارلىق 84 خىلى بار. بۇ شىنجاڭدىكى مۇھىم ئالتۇن ھاسىل بولىدىغان بەلۋاغ بولۇپ، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال، گۆھەر، ئاق چىرمىتالى جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە داڭلىق. 56 چوڭ - كىچىك ئېقىنى بار، جۇڭگودىكى 2 - چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى بولغان ئۇلۇڭگۇر كۆلى شۇنىڭدەك قاناس كۆلى، ئاق كۆل، چاغانغول كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى بار. ھازىر قاناس تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت رايونى، بۇلغۇن، قاما تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، سىنتاس يايلىقى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، قارامايلى تۇياقلىق ھايۋانلىرى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار. ئالتاي تاغلىق رايونىدا كۆپلىگەن ئويما جىنس ۋە سىزما جىنس، غار رەڭلىك سىزمىسى، ئويما تاش ئادەم قاتارلىق مەدەنىيەت ساقلانمىلىرى بار.

1989 - يىلىدىن باشلاپ ئالتاي ۋىلايىتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جېمىنەي، تايىكېشكىن، قىزىلتاغ ئېغىزى، ئاقچى، تۇيېك قاتارلىق بەش چېگرا پورتىنى سىرتقا ئېچىۋەتتى. 1997 - يىلى دۆلەت يەنە جېمىنەي پورتىنى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىشنى تەستىقلىدى.

مەشھۇر سەيلىگاھلىرىدىن قاناس تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت رايونى بار، ئۇ بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، ئومۇمىي كۆلىمى 5588 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئۇنىۋېرسال تەبىئىي مەنزىرە مۇھاپىزەت رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىيا تاش سىزمىلىرى كاردۇورى، كۆكتوقاي يولى تاش قەبرىسى، ۋۇسەيۇەن، كۆكتوقاي يەر تەۋرەش يېرىلما بەلۋېغى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، چىمىرچەك مېتېئورىتلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىلەر، ئاق قۇم كۆلى، قابا قولدوۋقۇم تېغى ياغاچ قەبرىسى، چىمىرچېك تاش ھەيكىلى ۋە قەبرىستانلىقى، بۇرۇلتوقاي، قاراتاراسەن ئارشىڭى قاتارلىق مەشھۇر قەدىمكى ئاسارەتىقىلىرى بار.

**تارباغاتاي ۋىلايىتى** ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ۋىلايەت. شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. شىمالدا قازاقىستان بىلەن تۇتىشىدۇ. چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 486 كىلومېتىر كېلىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە چۆچەك شەھىرىدە، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 637 كىلومېتىر، چېگرا بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى سەككىز كىلومېتىرلا كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 13 - يىلى (1887 - يىلى) تارباغاتايغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئەمىن

مەھكىمىسى قۇرۇلغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) چۆچەك ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، 5 ـ يىلى چۆچەك دوتەي يامۇلى تەسىس قىلىنغان، 31ـ يىلى مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلگەن، 32 ـ يىلى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارباغاتاي مەمۇرىي رايونىنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلگەن. 1984 ـ يىلى چۆچەك ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چۆچەك شەھىرى قۇرۇلدى. ھازىر ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىككى شەھەر (چۆچەك، شىخۇ)، بەش ناھىيە (دۆربىلجىن، ساۋەن، چاغانتوقاي، تولى ۋە قوبۇقسار) بار. ئومۇمىي ئاھالىسى 892 مىڭ 400، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 385 مىڭ 400، يېزا ئاھالىسى 613 مىڭ 800.




بۇ ۋىلايەتنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 308 مىڭ 900 گېكتار كېلىدۇ. چوڭ ـ كىچىك 107 ئېقىنى بار. ئاساسلىق قېزىلمىلىرىدىن كۆمۈر، ئالتۇن، تۆمۈر، خروم، بېنتونىت، كۆل تۇزى، ھاخرۇس تېشى، گرانىت، تاشپاختا، سېغىز توپا، خرۇستال قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەھسۇلات بايلىقلىرىدىن چاغانتوقاي سوغوگۈلى، ياۋا بادام، باسباي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، زاراڭزا يېغى، شىخۇ پىۋىسى، شىخۇ سۈت پاراشوكى، چۆچەك ئۇچار غازى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چىرمىتال، قانتېپەر، توشقان زەردىكى، چۈچۈكبۇيا، كەتىرا، ئاق چوغلۇق، رەۋەن قاتارلىقلار بار. دۆلەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ يىلپىزى، ساغا جەرىنى، ياۋا ئېشەك، ئاق تۇرنا، قارا تۇرنا، شۇڭقار، كوكولا بۇلغىنى، دۇغداق، شىنجاڭ شىمال مىگالاسى قاتارلىقلار بار.

1992 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن تارباغاتاينى چېگرىدىكى يەنىمۇ ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىپ تەستىقلىدى. باقتۇ پورتى دۆلەت بىرىنچى دەرىجىلىك پورتى بولۇپ، چۆچەك شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ پورت 1995 ـ يىلى 3ـ دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى.

ئاساسلىق داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن تۆت ئارشاڭ شۇنىگىدەك موڭغۇلكۈرە يايلىقى، لۇجەن يايلىقى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا تارباغاتاي تېغى، بارلۇق تېغى، قوبۇقسار ناھىيىسىدىكى قارىغاي جىلغىسى، ئورخۇدىكى «شەيتان كىرىش» قاتارلىقلارنى سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا بولىدۇ (479 ـ بەتتىكى خەرىتىگە قاراڭ).

قاراماي شەھىرى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئىدارە بىلەن شەھەر بىرلەشتۈرۈلگەن شەھەر. ئۇنىڭ نامى ئۆزىدە چىقىدىغان قاراماي بىلەن ئاتالغان. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە، زاھىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان،


جەنۇب تەرىپى تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىرغىقى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 400 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1955 ـ يىلىدىن تارتىپ، دۆلەت بۇ يەردە نېفىت چارلاش ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە يولغا قويدى. 1958 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن قاراماي شەھىرى قۇرۇلدى، ئۇ شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تۇرۇشلۇق جاي. شەھەر رايونى شەرقتىن غەربكە تار، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇن بولۇپ، ئۇزۇنچاق شەكىل ھاسىل قىلغان. شەھەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي ئاھالىسى 2 مىليون 269 مىڭ 600، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 592 مىڭ، يېزا ئاھالىسى 293 مىڭ.

بۇ شەھەرنىڭ تېرىلغۇ يېرى 3160 گېكتار كېلىدۇ. زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 3950 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 490 گېكتار كېلىدۇ. نېفىت قاراماي شەھىرىنىڭ ئاساسلىق بايلىقى بولۇپ، زاپىسى كۆپ، يەر قاتلىمى تېيىز، يەر سۈپىتى ياخشى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تەبىئىي ئاسفالت، كۆمۈر، ھاك، گلائۇبېر تۇزى، تۇز، تاشپاختا، خرۇستال قاتارلىق قېزىلما بايلىقلىرى بار. دائىرىسىدىكى ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى جەرەن، ياۋا توشقان، ياۋا چوشقا، ياۋا توخۇ، تۈلكە قاتارلىقلار بار. يەر ئۈستى سۈيىدىن ئاساسلىقى بەيياڭخې دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى ۋە ئېبىنۇر كۆلى بار. 2000 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىمالىي شىنجاڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ چوققاتاغ — غەربىي شەھەر ئەتراپى سۇ ئامبىرىغا سۇ كەلدى، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 329 كىلومېتىر كېلىدۇ.

قاراماي نېفىتلىكى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن چارلاپ ئېچىلغان تۇنجى چوڭ نېفىتلىك، شۇڭلاشقا داچىڭ نېفىتلىكى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئىدى. قاراماي شەھىرى نېفىتلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ دۇنياغا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، 40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامانىۋىلاشقان نېفىت سانائىتى شەھىرى بارلىققا كەلدى. 1958 ـ يىلى شەھەر قۇرۇلغاندا قاراماي نېفىتلىكى ئەمدىلا ئېچىلىۋاتاتتى، يىللىق نېفىت مىقدارى 339 مىڭ تونна بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇراتتى. 1960 ـ يىلى نېفىت مىقدارى 1 مىليون 600 نەچچە مىڭ تونناغا يېتىپ، شۇ يىلى پۈتۈن مەملىكەت نېفىت مىقدارىنىڭ 40% نى ئىگىلىدى. 1994 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى دۆلىتىمىز بويىچە تۇنجى مىليون تونىنا دەرىجىلىك يۈرۈشلۈك نېفىتلىك — سەيىدەن نېفىتلىكىنى قۇرۇپ چىقىپ، مەملىكەت بويىچە باشلامچى سەۋىيىگە يەتتى. 1995 ـ يىلى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان مايتاغ 140 مىڭ تونىلىق ئېتىلىن قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى.

ئاساسلىق مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلىرىدىن قاراماي ئورخۇ رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان، ئومۇمىي ھەجمى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان شامال يالاپ كەتكەن ئۆزگىچە شامال شەھىرى بار. كىشىلەر بۇ يەرنى «شەيتان كىرىش» دەپ ئادەتلەنگەن.

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىغا، تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە تۇرپان شەھىرىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 182 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇرپان قەدىمكى زاماندا قوش (قاچۇ) دەپ ئاتالغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا تۇرپان دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 12 ـ يىلى (1886 ـ يىلى) تۇرپاندا بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە تەسىس قىلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) تۇرپان ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1950 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيە دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) ۋىلايىتىگە قارايتتى. 1958 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە ئۈچ ناھىيە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ناھىيە بولدى. 1970 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە تۇرپان بىلەن توقسۇن ئۈرۈمچى شەھىرىگە قارىدى، پىچان قۇمۇل ۋىلايىتىگە قارىدى. 1975 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتى قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ قارمىقىدا تۇرپان، پىچان ۋە توقسۇن قاتارلىق ئۈچ ناھىيە بار بولدى. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپان ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۇرپان شەھىرى تەسىس قىلىندى. ھازىر ئۇنىڭ قارمىقىدا بىر شەھەر (تۇرپان)، ئىككى ناھىيە (پىچان، توقسۇن) بار. ئومۇمىي كۆلىمى 69 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي ئاھالىسى 551




مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 424 مىڭ 700، يېزا ئاھالىسى 342 مىڭ 200.

بۇ ۋىلايەتنىڭ تېرىلغۇ يېرى 39 مىڭ 500 گېكتار، تېرىلغۇ كۆلىمى 50 مىڭ 400 گېكتار كېلىدۇ. كىلىماتى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ، نۇر ۋە ئىسسىقلىق بايلىقى مول، يىللىق قىروسىز مەزگىلى ئۇزاق، ئۈنۈملۈك تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، يەرنىڭ قۇۋۋىتى خېلى كۈچلۈك بولۇپ، ئۈزۈم، كېۋەز، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات، بۇغداي، ئاق قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. تۇرپان شەھىرى مەملىكەت بويىچە ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق ئۈزۈم چىقىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ، ئۈزۈمنىڭ تۈرى 120 خىلدىن ئاشىدۇ.

1978 ـ يىلى دۆلەت تۇرپاننى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر قىلىپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، ۋىلايەت ئىچىدە 30 نەچچە سەيلىگاھ بەرپا قىلىندى. ئاساسلىق داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن يالقۇنتاغ، يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، ئاستانە ـ قاراغوجا قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى شۇنىڭدەك بۈيلۈق قاتارلىق جايلار بار.

**قۇمۇل ۋىلايىتى** شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ئىلگىرى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم جاي بولۇپ، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى بەك ئۇزاق ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە 哈密力 دەپ ئاتالغان، مىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭلې يىللىرىدا 哈密卫 تەسىس قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭنىڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) 哈密厅 تەسىس قىلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) ناھىيىگە ئۆزگەرتىلگەن. قۇمۇل مەمۇرىي رايونى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) قۇرۇلۇشقا باشلىغان؛ 32 ـ يىلى ۋىلايەتكە ئۆزگەرتىلگەندە قارىمىقىدا قۇمۇل، جىمكۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق ئۈچ ناھىيە بار ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى جىمكۆل ناھىيىسىنىڭ نامى باركۆل ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1954 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغان. 1977 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ قۇمۇل شەھىرى قۇرۇلدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل شەھىرىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول ئارىلىقى 595 كىلومېتىر، تۆمۈريول ئارىلىقى 574 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىر شەھەر (قۇمۇل)، ئىككى ناھىيە (ئاراتۈرۈك، باركۆل) بار. ئومۇمىي ئاھالىسى 492 مىڭ 100، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 195 مىڭ 600، يېزا ئاھالىسى 238 مىڭ 800.

قۇمۇل ۋىلايىتى تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا ئىگە. تەڭرىتاغ شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، تاغنىڭ شىمالىدا قىش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب كېلىدۇ؛ تاغنىڭ جەنۇبى بولسا قۇرغاق، يېغىن مىقدارى ئاز، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور بولۇپ، قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، چىلان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب كېلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 49 مىڭ 200 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى 173 مىليون كۇب




مېتىرغا يېتىدۇ. قۇمۇل تەۋەسىدىكى يا-
ۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى 98
ئۆسۈملۈك ئائىلىسىدىكى 900 نەچچە
خىلى بار. دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قار
لەيلىسى، قانتېپەر قاتارلىق 178 خىلى
بار. دۆلەت ئۇقتىلىق قوغدايدىغان قىم-
مەتلىك ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ياۋا
تۆگە، ياۋا ئېشەك، ئېيىق، تىكە، تاغ
ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار. ئۈستۈنلۈككە
ئىگە قېزىلمىلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر،
ئالتۇن، مىس، نىكېل، گرانىت تاش،
مەرمەر، ھاك تاش قاتارلىقلار بار. بۇ-
نىڭ ئىچىدە نىكېل زاپىسى 15 مىليون
880 مىڭ توننا بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە
بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئالتۇن زاپى-
سى 33 توننا بولۇپ، 1998 - يىلى
ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى 61 مىڭ
200 سەرگە يەتكەن. تەڭرىتاغ ئاق مەر-
مەر تېشى، سىلىق سارغۇچ مەرمەر،
ئاق چوڭ مەرمەر تاش، قارا رەڭلىك
قۇمۇل تېشى ۋە تەبىئىي كۆك ياقۇت، قۇمۇل يېشىل
تېشى قاتارلىقلار قۇمۇلدىنلا چىقىدىغان، بىناكارلىق ۋە
ھۈنەر - سەنئەت خام ئەشياسى قىلىنىدىغان، ئاز ئۇچ-
رايدىغان ئالتە چوڭ قىممەتلىك تاش ھېسابلىنىدۇ.

ئاساسلىق داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىدىن قۇمۇل
ۋاڭ قەبرىسى، قەيس غوجام مەقبەرىسى، قارا دۆۋە
قەدىمىي قەبرىستانلىقى، تېرەكتى (بەيياڭگۇ) بۇددا
خارابىسى، غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا
كىرگەنلىكى خاتىرە باغچىسى، خۇۋاشەن ئاجايىپ مەن-
زىرىسى، مېيېرگۇ، شەيتان كىرىش، كارىز، بارە-
كۆل، سىگنال تۇراسى، مۇزبېي قاتارلىقلار بار.

**ئۈرۈمچى تامۇژنىسى** دۆلەت باش تامۇژنا
مەھكىمىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇ-
رۇشلۇق چېگرىدىن كىرىدىغان چىقىدىغان خادىملار ۋە
ماددىي ئەشيالارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان قانۇن
ئىجرا قىلىش ئورگىنى. ئۈرۈمچى تامۇژنىسى تامۇژنا
رايونىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ، باش تامۇژنا
مەھكىمىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.
ئۇ 1950 - يىلى قۇرۇلغان. ئادرېسى: ئۈرۈمچى شە-
ھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 17 - نومۇرلۇق قورۇ.
50 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق
ھازىر ئۈرۈمچى تامۇژنىسىنىڭ قارمىقىدا توققۇز باش-
قارما دەرىجىلىك تامۇژنا، يەنى قەشقەر تامۇژنىسى،
تۇرغات تامۇژنىسى، ئالاتاۋ تامۇژنىسى، ئالتاي تامۇژنى-
سى ۋە ئېركەشتام تامۇژنىسى بارلىققا كەلدى. ئاساس-
لىق ۋەزىپىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تا-
مۇژنا قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاسا-
سەن، شىنجاڭدىكى دۆلەتنىڭ بىرىنچى تۈردىكى 16
چېگرا پورتىدا چېگرىدىن كىرىدىغان، چىقىدىغان
ترانسپورت قوراللىرى، ماددىي ئەشيالار، خادىم-
لار، يۈك - تاق، ئەرسە - كېرەكلەر، پوچتا يوللانمى-
لىرى ۋە باشقا ماللارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش،
تامۇژنا بېجى ۋە باشقا ھەقلەرنى يىغىش، ئەتكەسچىلىك-
نى تەكشۈرۈش ۋە تامۇژنا تەكشۈرۈش قاتارلىق كەسپ-
لەرنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۈرۈمچى تامۇژ-
نىسى ئۆز قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىپ،
كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئەتكەسچى-
لىكتىن ئىبارەت قانۇنسىز قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە
بېرىش خىزمىتىدە نەتىجە يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتى-
سادىي قۇرۇلۇشى ۋە تاشقى سودا تەرەققىياتىنى كۈچ-
لۈك ئىلگىرى سۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم
رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارغا يېقىندىن ماسلىشىپ،
مەخسۇس تۈزەش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، قورال-
ياراغ، ئوق - دورا، زەھەر، ئەكسىيەتچىل، شەھۋانىي
كىتاب - ژۇرناللار ۋە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان

دىنىي باسما بۇيۇملىرى، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈش، قولغا چۈشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن كەۋدىلىك تۆھپە قوشتى (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 16 - بېتىگە قارالسۇن).

**ئاۋىئا پورتى** ھاۋا قاتنىشى ئارقىلىق دۆلىتىمىزدىن چەت ئەلگە چىقىدىغان ياكى چەت ئەلدىن دۆلىتىمىزگە كىرىدىغان پورت. شىنجاڭنىڭ ئاۋىئا پورتى ئاساسلىقى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىدۇر. ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى ئېلىمىزدىكى بەش چوڭ كۆزنەك ئايرودروملارنىڭ بىرى بولۇپ، 1974 - يىلى سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنى مەركەز قىلغان ئىچكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ۋە خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىن 40 نەچچىسى بار، ئومۇمىي قاتناش لىنىيىسىنىڭ مۇساپىسى 50 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. شىنجاڭ ئېلىمىز بويىچە ئاۋىئاتسىيە بېكىتى ئەڭ كۆپ، ئۈچۈش مۇساپىسى ئەڭ ئۇزۇن بولغان رايون، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قاتنايدۇ. 2000 - يىلى ئاۋىئا پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 176 مىڭ ئادەم قېتىمغا، ئېكسپورت ماللىرى 19 مىڭ 264 توننىغا، سودا سوممىسى 24 مىليون 735 مىڭ دوللارغا يەتتى.

**تۆمۈرتام پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل ۋىلايىتى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ چۆللۈك رايونى بولغان ئالتاي ئۆلكىسى ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. تۆمۈرتام پورتى شىنجاڭدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتۈشىدىغان تاشيول پورتى بولۇپ، پەسىل خاراكتېرلىك ئېچىلىدۇ. باركۆل ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 85 كىلومېتىر، قۇمۇل شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 218 كىلومېتىر، موڭغۇلىيىنىڭ ئالتاي ناھىيىسى بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 182 كىلومېتىر بولۇپ، تارىختا بېيجىڭ، تيەنجىن تەرەپلەردىن كېلىدىغان تۆگىلىك سودا كارۋانلىرى جاڭجياكۇ، باۋتۇ ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولغانىدى. 1991 - يىلى 6 - ئايدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىرلا ۋاقىتتا تۆمۈرتام پورتى بىلەن بۇرجاستاي پورتىنى ئىككى تەرەپكە ئېچىۋېتىشنى جاكارلاپ، جۇڭگو - موڭغۇلىيە ئىككى تەرەپ خادىملىرى، چېگرا سودىسى ماللىرى ۋە قاتناش - ترانسپورت قوراللىرىنىڭ بۇ پورت ئارقىلىق ئىككى دۆلەت چېگرىسىدىن كىرىش - چىقىشىغا قوشۇلدى ھەمدە شۇ يىلىدىن ئارتىپ مال ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. 2000 - يىلى تۆمۈرتام پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 6685 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 10 مىڭ 468 توننىغا، ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 4 مىليون 250 مىڭ دوللارغا يەتتى.

**تايكەشكەن پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالتاي ۋىلايىتى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ چاغانغول يېزىسىغا جايلاشقان، موڭغۇلىيە كوبدو ئۆلكىسى بۇلغۇن ناھىيىسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. تايكەشكەن پورتى شىنجاڭدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتۈشىدىغان تاشيول پورتى بولۇپ، پەسىل خاراكتېرلىك ئېچىلىدۇ. چىڭگىل ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقى 103 كىلومېتىر، ئالتاي شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 270 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 518 كىلومېتىر، موڭغۇلىيىنىڭ ئۇتىڭغا ئۇدۇل پورتى بولغان بۇلغۇن پورتىغىچە ئارىلىقى 42 كىلومېتىر كېلىدۇ. تايكەشكەندىن بۇلغۇنغىچە بىر قەدىمىي سودا يولى بار بولۇپ، تارىختا چېگرا ئاھالىلىرى دائىم بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو - موڭغۇلىيە سودىسى خېلى تەرەققىي قىلغان. 1989 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جۇڭگو - موڭغۇلىيە ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا تايكەشكەن پورتى بىلەن بۇلغۇن پورتى ئارىسىدا چېگرا سودىسىنى ئېچىۋېتىشنى جاكارلىدى ھەمدە مال ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. 1992 - يىلى 7 - ئايدا تايكەشكەن بىلەن بۇلغۇن ئارىسىدا رەسمىي خەلقئارا يولۇچىلار نۆۋەتچى ئاپتوبۇسى قاتناشقا باشلىدى. 2000 - يىلى تايكەشكەن پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 47 مىڭ 384 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 16 مىڭ 82 توننىغا، ئىمپورت، ئېكسپورت سودا سوممىسى 7 مىليون 817 مىڭ دوللارغا يەتتى.

**قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونىدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالتاي ۋىلايىتى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، موڭغۇلىيە بايانئۆلاغان ئۆلكىسى سافساي ناھىيىسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى شىنجاڭدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتۈشىدىغان تاشيول پورتى بولۇپ، پەسىل خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىلىدۇ. بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقى 269 كىلومېتىر، ئالتاي شەھىرىگە بولغان ئارىلىقى 169 كىلومېتىر، چېگرا سىزىقىغىچە بولغان ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى موڭغۇلىيىنىڭ داياڭ پورتىغىچە بولغان ئارىلىقى 12 كىلومېتىر، موڭغۇلىيە ساغساي ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقى 16 كىلومېتىر كېلىدۇ. تارىختا قىزىلتاغ ئېغىزىدىن داياڭغىچە جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا سودىسى يولى بار ئىدى. 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، بىرلا ۋاقىتتا قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى بىلەن داياڭ پورتىنى ئىككى تەرەپكە ئېچىۋېتىشنى جاكارلاپ، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى تەرەپ خادىملىرى، چېگرا سودىسى ماللىرى ۋە قاتناش قوراللىرىنىڭ مۇشۇ پورت ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىندى. قىزىلتاغ ئېغىزى پورتىدىن موڭغۇلىيە ئۇلاغان شەھىرىدىكى موڭغۇلىيە ـ رۇسىيە پورتىغىچە ئون كىلومېتىرلا ئارىلىق بولۇپ، قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى ئارقىلىق رۇسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن چېگرا سودىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىستىقبالى ئىنتايىن كەڭ. 2000 ـ يىلى قىزىلتاغ ئېغىزى پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان خادىملار 4 مىڭ 32 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ماللىرى 461 توننىغا، سودا سوممىسى 191 مىڭ دوللارغا يەتتى.

**ئۇلاستاي پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى گۆچۈڭ ناھىيىسىنىڭ بەيتىك تېغى رايونىغا جايلاشقان، موڭغۇلىيىنىڭ كوبدو ئۆلكىسى بولغۇن ناھىيىسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ، موڭغۇلىيە كوبدو ئۆلكىسىنىڭ بايتاغ پورتى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇرىدۇ. ئۇلاستاي پورتى شىنجاڭدىن موڭغۇلىيىگە ئۆتۈشىدىغان تاشيول پورتى بولۇپ، پەسىل خاراكتېرلىك ئېچىلىدۇ. گۆچۈڭ ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقى 236 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 430 كىلومېتىر، موڭغۇلىيىنىڭ بەيتاغ پورتى بىلەن بولغان ئارىلىقى سەككىز كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇلاستايدىن بەيتاغقىچە تارىختا بىر سودا يولى بولۇپ، گۆچۈڭ، مورىي ناھىيىلىرىدىكى چېگرا رايون ئاھالىلىرى تاماكا، ھاراق، شېكەر، چاي، بۇغداي، تاۋار، فارفور بۇيۇم قاتارلىقلارنى بەيتاغقا ئېلىپ بېرىپ موڭغۇللارنىڭ ئات، كالا، قوي قاتارلىق تىرىك ماللىرىغا تېگىشىپ كېلەتتى. 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى تەرەپ بىرلا ۋاقىتتا ئۇلاستاي پورتى بىلەن بەيتاغ پورتىنى ئىككى تەرەپكە ئېچىۋېتىشنى جاكارلىدى، 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن تارتىپ رەسمىي مال ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. 2000 ـ يىلى ئۇلاستاي پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان خادىملار 10 مىڭ 186 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ماللىرى 3 مىڭ 345 توننىغا، سودا سوممىسى 2 مىليون 863 مىڭ دوللارغا يەتتى.

**جېمىنەي پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن قازاقىستان رېسپۇبلىكىسىغا ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالتاي ۋىلايىتى جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ شالشىغاي يېزىسىغا جايلاشقان. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى نەيسەن ناھىيىسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. جېمىنەي پورتى شىنجاڭدىن قازاقىستانغا ئۆتۈشىدىغان تاشيول پورتى بولۇپ، دائىملىق ئېچىلىدۇ. جېمىنەي ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقى 23 كىلومېتىر، ئالتاي شەھىرىگىچە 198 كىلومېتىر، قازاقىستان تەرەپنىڭ مايخاپچىغاي پورتىغىچە بولغان ئارىلىقى 68 كىلومېتىر كېلىدۇ. جېمىنەيدىن مايخاپچىغايغىچە تارىختا جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ئارىسىدا مۇھىم سودا يولى بار ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چېگرا سودىسى بەك ئاۋاتلاشقان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسىدىكى تۆت چوڭ پورتنىڭ بىرى بولۇپ، 50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇنىڭ ئېكسپورت سوممىسى شۇ تۆت چوڭ پورتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان. خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن بۇ پورت بىر مەزگىل تاقالغان. 1992 ـ يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان كېلىشىمگە ئاساسەن، جېمىنەي پورتى بىلەن مايخاپچىغاي پورتى ئىككى تەرەپكە ئېچىۋېتىلدى. 1997 ـ يىلى سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. جۇڭگو ـ قازاقىستان

ئىككى دۆلەت پۇقرالىرى، مال ۋە قاتناش قوراللىرى دائىم ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. 2000 - يىلى جىمىنەي پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 15 مىڭ 96 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت - ئېكسپورت مال مىقدارى 110 مىڭ توننىغا، سودا سوممىسى 104 مىليون دوللارغا يەتتى.

**باقتۇ پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا



باقتۇ پورتى

پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارباغاتاي ۋىلايىتى چۆچەك شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، قازاقىستان سىمىپالاتىنسكي ئوبلاستى ماكانچى رايونىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ. باقتۇ پورتى شىنجاڭدىن قازاقىستانغا ئۆتۈشىدىغان تاشيول پورتى بولۇپ، دائىملىق ئېچىلىدۇ. چۆچەك شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 17 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 634 كىلومېتىر، ئۇدۇلىدىكى قازاقىستان تەرەپنىڭ باقىت پورتىغىچە بولغان ئارىلىقى تۆت كىلومېتىر، قازاقىستان تەرەپنىڭ ماكانچى رايونىغىچە بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر، ئايغۇس ۋوگزالىغىچە بولغان ئارىلىقى 283 كىلومېتىر كېلىدۇ. باقتۇ بىلەن باقىت ئارىلىقى تارىختا جۇڭگو - رۇسىيە، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى سودىسىنىڭ مۇھىم سودا يولى ئىدى. 1992 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن باقتۇ پورتى بىلەن باقىت پورتى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تەرەپكە ئېچىۋېتىلدى. 2000 - يىلى باقتۇ پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 19 مىڭ 563 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 111 مىڭ 100 توننىغا، سودا سوممىسى 160 مىليون دوللارغا يەتتى.

**ئالاتاۋ پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بورتالا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. قارشى تەرىپىدە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالدىقورغان ئوبلاستىنىڭ دىرۇژبا (دوستلۇق) پورتى بار. ئالاتاۋ پورتى جۇڭگودىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈشىدىغان تۆمۈريول، تاشيول پورتى، شۇنداقلا ئاسىيا - ياۋروپا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىكى جۇڭگو تەرەپنىڭ دەرۋازىسى ھېسابلىنىدۇ. بورتالا شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 73 كىلومېتىر، قازاقىستان تەرەپنىڭ دىرۇژبا پورتىغىچە بولغان ئارىلىقى 12 كىلومېتىر كېلىدۇ. تارىختا ئالاتاۋ ئېغىزىدىن دىرۇژباغىچە مۇھىم سودا يولى بار ئىدى. 1990 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئالاتاۋ پورتى رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركسىب (تۈركىستان - سىبىرىيە) تۆمۈريولىنى تۇتاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاسىيا - ياۋروپا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئومۇمىيۈزلۈك تۇتاشتۇرۇلدى. ئورۇن ئۆتمەي تۆمۈريول يۈك ترانسپورتى، خەلقئارا يولۇچىلار پويىزى ۋە تاشيول يولۇچى - يۈك ترانسپورتى كەسپلىرى باشلاندى. 2000 - يىلى ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 82 مىڭ 565 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 4 مىليون 373 مىڭ 300 توننىغا، سودا سوممىسى 720 مىليون دوللارغا يەتتى. ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق خەلقئارا بىرلەشمە مال ترانسپورتىنى يولغا قويۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە مال ئېكسپورت قىلىشىدىكى ئاساسلىق ئۆتۈشمە يولىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 16 - بېتىگە قارالسۇن).

**قورغاس پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قورغاس ناھىيىسىگە جايلاشقان، قارشى تەرەپتە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالدىقورغان ئوبلاستىنىڭ پامپىلوف بازىرىغا ئۇدۇل كېلىدۇ. قورغاس پورتى شىنجاڭدىن قازاقىستانغا ئۆتۈشىدىغان ئاساسلىق تاشيول پورتى بولۇپ، داۋاملىق ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ قورغاس ناھىيىسى بازىرى (سۇي-

دۆلەت بازىرى) غىچە بولغان ئارىلىقى 59 كىلومېتىر، غۇلجا شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 96 كىلومېتىر، قازاقىستان تەرەپتىكى پانفىلوف پورتىغىچە بولغان ئارىلىقى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. قورغاس چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ 8 - يىلى (1882) يىلى پورت بولۇپ قۇرۇلغان، قورغاستىن تارتىپ پانفىلوفقىچە ئىزچىل تۈردە جۇڭگو - رۇسىيە، جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى ئارا مۇھىم سودا يولى بولۇپ كەلگەن. 1993 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو - قازاقىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، قورغاس پورتى بىلەن پانفىلوف پورتى بىرلا ۋاقىتتا سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. شۇ يىلى 3 مىڭ 825 توننا مال ئۆتكۈزۈلدى. 2000 - يىلى قورغاس پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 146 مىڭ 516 ئادەم قېتىمغا، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا ئاھالىلىرى سودىسى بويىچە كىرگەن - چىققانلار 17 مىڭ 894 ئادەم قېتىمغا؛ ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 290 مىڭ 487 توننىغا، سودا سوممىسى 438 مىليون دوللارغا يەتتى (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 16- بېتىگە قاراڭ).

**دولاتى پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىگە جايلاشقان. قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستىغا ئۇدۇل كېلىدۇ. پورتتىن چاپچال ناھىيە بازىرىغا 50 كىلومېتىر، غۇلجا شەھىرىگە 63 كىلومېتىر، قازاقىستاننىڭ كولىزات پورتىغا 3.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1992 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن قازاقىستان ھۆكۈمىتى كېلىشىم ئىمزالاپ، دولاتى پورتى بىلەن كولىزات پورتىنى بىرلا ۋاقىتتا ئېچىۋەتتى. دولاتى پورتى ئاساسەن چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىشىنى ئاساس قىلىدۇ، 1999 - يىلى 9 - ئايدا بېكىتمە شەكلىدە باشقۇرۇلىدىغان چېگرا ئاھالىلىرى ئۆزئارا سودا بازىرى قۇرۇلدى. 2000 - يىلى دولاتى پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 576 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 8 مىڭ 960 توننىغا، سودا سوممىسى 12 مىليون 407 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى.

**تورغات پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە جايلاشقان. قارشى تەرەپتە قىرغىزىستاننىڭ نارىن شەھىرىگە ئۇدۇل كېلىدۇ. تورغات پورتى شىنجاڭدىن قىرغىزىستانغا ئۆتۈشىدىغان تاشيول پورتى بولۇپ، داۋاملىق ئېچىلىدۇ. پورتتىن ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىغا 140 كىلومېتىر، ئاتۇش شەھىرىگە 170 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە 165 كىلومېتىر، قىرغىزىستاننىڭ نارىن شەھىرىگە 65 كىلومېتىر، بىشكەك شەھىرىگە 540 كىلومېتىر كېلىدۇ. تورغات تارىختا يىپەك يولى ئۈستىدىكى بىر مۇھىم ئۆتەڭ بولغان، 1931 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى سودىسىدىكى مۇھىم پورت قىلىنغان. 1993 - يىلى جۇڭگو- قىرغىزىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، پورت خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 2000 - يىلى تورغات پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 26 مىڭ 258 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 124 مىڭ 732 توننىغا، سودا سوممىسى 153 مىليون دوللارغا يەتتى.

**ئېركەشتام پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتلىرىدىن بىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە جايلاشقان، قىرغىزىستاننىڭ ئوش ئوبلاستىغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئېركەشتام پورتى شىنجاڭ قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە ۋاقىتلىق مال ئۆتكۈزىدىغان پورت. پورت ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىغا 150 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە 282 كىلومېتىر، قىرغىزىستاننىڭ ئوش شەھىرىگە 195 كىلومېتىر، ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىگە 267 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئېركەشتام يەنە سىڭفانا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قوشنا دۆلەت بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ يول بىلەن غەربكە ماڭغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستاندىن ئىبارەت بەش دۆلەتكە ۋە ئىران، تۈركىيىلەرگىچە بارغىلى بولىدۇ. 2000 - يىلى ئېركەشتام پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 8 مىڭ 71 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 52 مىڭ 256 توننىغا، سودا سوممىسى 59 مىليون 207 مىڭ 800 دوللارغا يەتتى.

**قونجىراپ پورتى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن پاكىستانغا ئۆتۈشىدىغان چېگرا پورتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ قونجىراپ داۋىنىغا جايلاشقان. پاكىستاننىڭ گىلگىت شەھىرىگە ئۇدۇل كېلىدۇ. قونجىراپ پورتى شىنجاڭ بىلەن پاكىستان ئارىسىدىكى بىردىنبىر تاشيول پورتى ھېسابلىنىدۇ. 1982 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن، قونجىراپ



قونجىراپ پورتى

پورتى ۋە پاكىستان تەرەپنىڭ سۇستى پورتى بىرلا ۋاقىتتا ئېچىۋېتىلدى. پورت تاشقورغان ناھىيە بازىرىغا 91 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە 426 كىلومېتىر، ئۇدۇلىدىكى پاكىستاننىڭ سۇستى پورتىغا 116 كىلومېتىر، گىلگىت شەھىرىگە 290 كىلومېتىر كېلىدۇ. قونجىراپ ئېگىز تاغدا بولۇپ يولى خەتەرلىك ئىدى. جۇڭگو - پاكىستان خەلقئارا تاشيولى پۈتۈشتىن ئىلگىرى، بارلىق ئەلچىلەر، ھەج قىلغۇچىلار، سودا كارۋانلىرى ۋە ساياھەتچىلەر يازدا تۆگە ۋە ئاتقا مىنىپ ماڭاتتى. 1968 - يىلى جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى پۈتتى، 1969 - يىلىدىن تارتىپ چېگرا سودىسى باشلاندى. 1982 - يىلى 8 - ئايدا، مال، ئادەم ۋە قاتناش قوراللىرىنىڭ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىندى. 1986 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى. 2000 - يىلى قونجىراپ پورتى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەن - چىققان خادىملار 24 مىڭ 686 ئادەم قېتىمغا، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى 14 مىڭ 954 توننىغا، سودا سوممىسى 18 مىليون 931 مىڭ 800 دوللارغا يەتتى. بۇ پورت ئېلىمىز بىلەن پاكىستاننىڭ خادىملار بىلەن ماللارنى ئۆتكۈزىدىغان مۇھىم ئۆتۈشمە يولى بولۇپ قالدى.

**پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇش** بۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭدا يەرلىك تەشكىلات قۇرمىغانىدى. شۇڭا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلاتى ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ بويىچە ئون ۋىلايەت، بىر شەھەر، 81 ناھىيە (شەھەر)، 500 دىن ئارتۇق رايون - مەيداندا پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلدى، قىسمەن يېزىلاردا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيىتىمۇ تەدرىجىي قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتى قۇرۇش يىغىنى ۋە 1 - قېتىملىق ئومۇمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى ھەمدە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنى» مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فاڭجېنى» دىكى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىشكە دائىر بەلگىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك كونا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىشكە تۇتۇش قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھۆددىگە بېرىش شەكلى ئارقىلىق، جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملارنى شۇ جاينىڭ پارتىيە، ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشقا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. 1950 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرىدىن ئاجرىتىلغان 8400 دىن ئارتۇق كادىر، جەڭچى، ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن كادىرلار ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن تەركىب تاپقان پارتىيە، ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش خىزمەت ئەترىتى ياكى ج ك پ ناھىيە دەرىجىلىك خىزمەت كومىتېتى، جايلاردىكى ۋالىي مەھكىمىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئاپپاراتلارنى ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە ئۆزگەرتتى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىغى-

چە، ئۆلكە بويىچە ئون ۋىلايەت، بىر شەھەر، 81 ناھىيە، 393 رايون، 2200 يېزىدا خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي قۇرۇلۇپ بولدى.

**ئىجارە كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش** بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭدا دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ۋە زومىگەر كۈچلەرنى يوقىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدۇر. دېموكراتىك ئىسلاھاتتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ يېزىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن فېئوداللىق جەمئىيەت ھالىتىدە ئىدى، ھەتتا ئايرىم چەت جايلاردا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان قۇللۇق تۈزۈمى ساقلىنىپ قالغانىدى. ھەرمىللەت دېھقانلار پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ رەھىمسىز ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە سىياسىي زۇلمىغا ئۇچرىغاندىن سىرت، يەنە تۈرى كۆپ بولغان دىنىي يۈكلەرنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئىجارە كېمەيتىش دەل دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغاندىكى ئىجارە ھەققىنى ئازايتىشتىن، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش بولسا، دەل زومىگەر پومېشچىكلار ۋە ئۇلارنىڭ دېھقانلارنى ئېزىش قىلمىشىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، 1950- يىلى 9- ئايدىن 1951 - يىلى 10 - ئايغىچە، ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق رايونىدىكى 147 نۇقتىلىق يېزا، تەخمىنەن 500 مىڭ ئاھالە دائىرىسىدە ئىجارە كېمەيتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. 1951 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنىدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئىجارە كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش قارار قىلىندى. 1952 - يىلى 5 - ئايغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە توققۇز ۋىلايەت، 58 ناھىيىدىكى 4 مىليونغا يېقىن ئاھالە جايلاشقان دېھقانچىلىق رايونىدا ئىجارە كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. ئىجارە كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق، كەڭ دېھقانلار ئاممىسى سەپەرۋەر قىلىندى ۋە تەشكىللەندى، يېزىلاردىكى كونا ھاكىمىيەت دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلىپ، دېھقانلارنىڭ سىياسىي ئۈستۈنلۈكى تىكلەندى؛ فېئودال كۈچلەر ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللىتىلىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىجارە كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە 4 مىڭ زومىگەر پومېشچىك كۈرەشكە تارتىلدى، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان 600 دىن ئارتۇق زومىگەر پومېشچىك جازالاندى، ھەر مىللەت دېھقانلىرى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، قايتۇرۇش جەريانىدا ئېرىشكەن ئاشلىق ۋە نەق پۇلنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 100 مىليون كىلوگرامدىن ئاشىدۇ؛ زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە دېھقان ئاكتىپلىرى يېتىشتۈرۈلدى ۋە چېنىقتۇرۇلدى، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت كادىرى ئىجارە كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىپ چېنىقتى، 100 مىڭغا يېقىن يېزا - كەنت كادىرى ۋە دېھقان ئاكتىپلىرى يېزا ھاكىمىيىتى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەردىكى تايانچ كۈچكە ئايلاندى؛ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، كۆپ مىللەتلىك رايوندا ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا ئاساسىي تەجرىبىلەر توپلاندى.

**ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى** بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جەمئىيەت تەرتىپى تىنچ ئەمەس ئىدى. يېڭى خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغداپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى «ئىشپىيونلارنى تازىلاش خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ، شىنجاڭ بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 1950 - يىلىغىچە جەمئىي ئالتە ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتى، بىر يوشۇرۇن پونكىت ۋە 37 يوشۇرۇن گۇرۇپپا بىتچىت قىلىندى، ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولاردىن 66 سى پاش قىلىندى، ئىشپىيونلاردىن 1600 دىن كۆپرەكى تىزىمغا ئېلىندى، ئىشپىيون ۋە باندىتلاردىن 887 سى رېجىمغا ئېلىنىپ تەربىيىلەندى، يوشۇرۇنۇۋالغان ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ئاساسىي جەھەتتىن بىتچىت قىلىندى. ھەرىكەت داۋامىدا باستۇرۇش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يوشۇرۇنۇۋالغان گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى، باندىتلار، زومىگەرلەر، ئەكسىيەتچىل پارتىيە - تەشكىلاتلارنىڭ تايانچلىرى ۋە ئەكسىيەتچىل يوشۇرۇن دى-

نى گۇرۇھلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا نۇقتىلىق زەربە بېرىلدى، بىر تۈركۈم قەبىھ ئەكسىلئىنقىلابچىلار باستۇرۇلدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاماملاندى.

**يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى** بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭدا نامۇۋاپىق فېئوداللىق يەر ئىگىلەش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت. شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى يەر ئىسلاھاتىنىڭ جەريانى مۇنداق: 1952ـ يىلى ئالدى بىلەن توققۇز ۋىلايەتنىڭ 18 يېزىسىدا يەر ئىسلاھاتى سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، دەسلەپكى تەجرىبە ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن، 1952 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ تۆت تۈركۈمگە بۆلۈپ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ھەربىر تۈركۈمدىكىسى 70 ~ 90 كۈن ئەتراپىدا داۋام قىلدى. يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار جەزمەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، سالماق بولۇش، پۇختا ئىلگىرىلەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، فېئوداللىققا قارشى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى، بولۇپمۇ مىللىي دىنىي ساھەدىكى زاتلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىشنى باشتىن ـ ئاخىر تەكىتلىدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى بىر يىل ئۈچ ئاي داۋاملىشىپ، 1953ـ يىلى قىشتا غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. شىنجاڭنىڭ توققۇز ۋىلايەت، 57 ناھىيە، ئۈچ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى 1520 يېزا، تەخمىنەن 4 مىليون ئاھالە جايلاشقان دېھقانچىلىق رايونىدا يەر ئىسلاھاتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. ھەرىكەت داۋامىدا 7 مىليون 370 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 70 مىڭدىن ئارتۇق ئات ـ ئۇلاغ، 460 مىڭ دېھقانچىلىق سايمىنى، 200 مىڭ ئېغىز ئۆي، 14 مىليون جىڭ ئاشلىق مۇسادىرە قىلىندى ۋە يىغىۋېلىندى. يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن دېھقانلار 630 مىڭچە ئائىلە، 3 مىليون 320 مىڭ كىشىگە يەتتى. يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازاد قىلىندى؛ زور تۈركۈمدىكى كادىرلار ۋە ئاكتىپلار تەربىيىلىنىپ يېزا ـ كەنت ھاكىمىيىتى تولۇقلاندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، يېزا پارتىيە ياچېيكىسىدىن 340 ى قۇرۇلدى، يېڭىدىن 2366 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى؛ ئازاد بولۇپ قەد كۆتۈرگەن ھەر مىللەت دېھقانلار يېڭى جەمئىيەتنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

**«3 كە قارشى تۇرۇش»، «5 كە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى** بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قانات يايدۇرۇلغان تۈزەش ـ تازىلاش ۋە قانۇنسىز كاپىتالىستلارنىڭ كادىرلارنى چىرىتىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. 1952 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «3 كە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئالدى بىلەن ئۆلكىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ۋە دىخۇا شەھىرى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى) دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورگان ۋە قاراشلىق ئورۇنلاردا باشلاندى، يېرىم يىل داۋاملىشىپ، 1952 ـ يىلى يازدا ئاخىرلاشتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاشەن (ھازىرقى ئالتاي) ۋىلايىتى ئورگىنى ۋە چىڭخۇا ناھىيىسى (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) دىن باشقىلىرىدا «3 كە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلمىدى. ھەرىكەت داۋامىدا ھەرخىل خىيانەتچىلەردىن 19 مىڭ 654 كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، خىيانەت قىلىنغان پۇل ـ ماللارنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 18 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك زاڭ پۇل ۋە زاڭ مال قايتۇرۇۋېلىندى. «3 كە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر ئارىسىدا «پارە بېرىش، باج ئوغرىلاش، دۆلەت مۈلكىنى ئالداپ قولغا كىرگۈزۈۋېلىش، ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ، ماتېرىيال ئوغرىلاش ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «5 كە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1952 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «5 كە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

**يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى** بۇ دېھقانلارنى كوللېكتىپلىشىش يولىغا مېڭىشقا تەشكىللەش ھەرىكىتى، يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئومۇمەن ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. 1953 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى سىـ

خاق قىلىش باسقۇچى؛ 1955 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن شۇ يىلىنىڭ كۈز پەسلىگىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى تەرەققىي قىلىش باسقۇچى؛ 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن كېيىن شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان باسقۇچ بولدى. 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى تەرەققىي قىلىپ 10 مىڭ 781 گە يەتتى، كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىلىرى سانىنىڭ 91.93% ىگە يېتىپ، دەسلەپكى شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 6956 ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلۇپ، ئالىي كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىلىرى سانىنىڭ 76.55% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ئورۇنلاندى.

**قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش** بۇ قول سانائەتچىلەرنى كوللېكتىپلىشىش يولىغا مېڭىشقا تەشكىللەش ھەرىكىتى، قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدۇ. 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدا قول سانائەتنى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىلدى. 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ بويىچە قول سانائەتتى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىدىن 541 سى (بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تىپتىكىسى 239 غا يېتىدۇ)، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىن 71 سى، تەمىنات ـ سودا ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىدىن 454 ى قۇرۇلدى. ھەممىنى قوشقاندا، قۇرۇلغان قول سانائەتتى كوپېراتىپى (گۇرۇپپىسى) 1066 غا يەتتى، كوپېراتىپ، گۇرۇپپىلارغا كىرگەنلەر قول سانائەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 83.8% ىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا قول سانائەتتى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى.

**خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش** بۇ خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدۇر. 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە نىسبەتەن ئالدى بىلەن مال پىششىقلاشنى زاكاز قىلىش، بىر تۇتاش سېتىۋېلىشنى ھۆددىگە ئېلىش، ۋاكالىتەن سېتىۋېلىپ ۋاكالىتەن سېتىش، تىجارەت قىلىش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بەرگەچ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. شىنجاڭنىڭ خۇسۇسىي سودا ـ سانائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى سالماق بولۇش بىلەن پۇختا ئىلگىرىلەش فاڭجېنى بويىچە، قەدەم ۋە تۈرگە بۆلۈپ تەدرىجىي ئۆزگەرتىش، پۇختا قەدەمدە ئالغا سىلجىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنى قۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. 1954ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان، ئاز سانلىق مىللەت كاپىتالىستى ئاساسلىق ئىگىلىك باشقۇرىدىغان شىنجاڭ لىچۈن سانائەت پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى تۇنجى بولۇپ دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1955 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، مەملىكەت بويىچە قوزغالغان خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى ئۆزگەرتىش دولقۇنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، شىنجاڭدا خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى ئۆزگەرتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ساھە بويىچە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىش، مەخسۇس شىركەتلەرنى قۇرۇش، مۇقىم ئۆسۈمنى يولغا قويۇش يادرو كۆچلەرنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان خۇسۇسىي سانائەت كارخانىلىرى 350 كە، خۇسۇسىي سودا، يېمەك ـ ئىچمەك كارخانىلىرى 3 مىڭ 409 غا يەتتى، ئاپتوموبىل ترانسپورتى ساھەسىنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 25 مىڭ ئوتتۇرا، كىچىك سودا، يېمەك ـ ئىچمەك كارخانىسىدا سېتىش، ۋاكالىتەن سېتىش يولغا قويۇلدى ياكى ھەمكارلىق ماگىزىنى (گۇرۇپپىسى) قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى.

**چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات** بۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان چارۋا ئىگىلىرىنىڭ فېئوداللىق ئىمتىيازىنى يوقىتىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي

قىلدۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. 1952 - يىلى 7 - ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بيۇروسى دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) شەھىرىدە 2 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىردى، يىغىندا چارۋا ئىگىلىرى ئىقتىسادىنىڭ خاراكتېرى مۇھاكىمە قىلىنىپ، چارۋا ئىگىلىرى ئىقتىسادىنىڭ يومبىچىكلار ئىقتىسادىغا ئوخشاشمايدىغانلىقى، يېرىم فېئوداللىق، يېرىم كاپىتالىستىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. شۇڭا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋا ئىگىلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى فېئوداللىق ئىمتىيازىنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، لېكىن چارۋا ئىگىلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى قەتئىي قوغداپ، ئۇنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسادنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشىغا ئىلھام بېرىش فاڭجېنى بېكىتىلدى. يىغىندا بېكىتىلگەن شىنجاڭنىڭ خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىلغان فاڭجېن ۋە ۋەزىپىسى: باندىتلارنى تازىلاش، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش؛ چارۋا ئىگىلىرى ئىقتىسادىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چارۋىچىلىقنى قوغداش؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە داۋالاش، سودا خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ شۇ جايدىكى مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەتنى تەدرىجىي قۇرۇپ چىقىش؛ ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياللانما چارۋىچىلار ۋە نامرات چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ياخشىلاشتىن ئىبارەت. يىغىندا «شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتى توغرىسىدا قارار» ماقۇللىنىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتىنىڭ باش فاڭجېنى بېكىتىلدى، چارۋا ئىگىلىرى ئىقتىسادىغا قارىتا كۈرەش ئېلىپ بارماسلىق، بۆلمەسلىك، سىنىپقا ئايرىماسلىق، چارۋا ئىگىسى بىلەن ياللانما چارۋىچىنىڭ ھەر ئىككىسىگە پايدا يەتكۈزۈش قاتارلىق سىياسەتلەر بەلگىلەندى. يۇقىرىقى فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاندى.

**ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى** بۇ 1957 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بۇرژۇئازىيە ئوڭچىلىرىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قىلغان ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش كۈرىشىدۇر. 1957 - يىلى يازدا، شىنجاڭدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئامما چاقىرىقتا ئاۋاز قوشۇپ، پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە ياردەم بەردى. لېكىن شىنجاڭدىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاشلا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر چوڭ سايراش - ئېچىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيىگە ۋە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بۇ ئاز ساندىكى بۇرژۇئازىيە ئوڭچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «كۈچ تەشكىللەپ ئوڭچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇق»نى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى مەملىكەت مىقياسىدا قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭدىكى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىچكى جايلاردىكى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى تازا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە باشلاندى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»دە «ئوڭچىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش كۈرىشىنى قەتئىي ۋە ئەستايىدىل قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى شىنجاڭ بويىچە قانات يايدۇرۇلۇپ، 11 - ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. ھەرىكەت داۋامىدا جەمئىي 3172 كىشىگە «ئوڭچى» قالپىقى كىيدۈرۈلدى. سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتى خاتا مۆلچەرلەنگەنلىكتىن، ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلىپ، ناچار ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. 1959 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى خاتا ھالدا «ئوڭچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەنلەرنى ئېنىقلاپ ئاقلاش ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن 1985 - يىلىغىچە، خاتا ھالدا «ئوڭچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەنلەرنى قايتا تەكشۈرۈش، خاتا يەكۈننى ئۆزگەرتىش، ئاقلاش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمەتلىرى ئورۇنلاندى.

**يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى** بۇ 1957 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدۇر. 1957 - يىلى يازدا، ئوڭچىلارنىڭ پارتىيىگە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدىكى ئېغىر يەرلىك مىللەتچىلىك ئە-

دىيىسى بار ئاز سانلىق كىشىلەر مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، ۋەتىنىمىز بىرلىكىگە ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە، پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە قارشى چىقتى. ج ك پ 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1957 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ پارتىيە ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى پاش قىلىش ۋە پىپەن قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 1958 - يىلى 5 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتىنىمىز بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق سالغانلارنى پاش قىلىپ كۈرەش قىلىش؛ ئادەتتىكى مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بارلارغا «ئىتتىپاقلىشىش - تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش - ئىتتىپاقلىشىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن تەربىيە بېرىش، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەرىكەت 1959 - يىلى 3 - ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا زور ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىدى. لېكىن، ھەرىكەت جەريانىدا كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقىمۇ كۆرۈلۈپ، ناچار ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. 1959 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خاتا ھالدا «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن تارتىپ 1985 - يىلىغىچە قايتا تەكشۈرۈش، تۈزىتىش، ئاقلاش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى.

**«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»** بۇ 1958 - يىلى قانات يايدۇرۇلغان «زور كۆلەمدە پولات تاۋلاش» ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى سەكرەپ ئىلگىرىلەش شەكلى ئارقىلىق تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي بەلگىسى: سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پولات - تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىدا بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن يۇقىرى كۆرسەتكۈچ ۋە يۇقىرى سۈرئەتنى قوغلىشىشتىن ئىبارەت. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 17 مىليون 881 مىڭ 300 مو كېڭەيتىلىپ، 1949 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە كېڭەيتىلگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىدىن %60.4 كۆپ بولدى؛ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1957 - يىلى 1 مىليون 455 مىڭ 700 توننا بولغان بولسا، 1960 - يىلى كۆپىيىپ 1 مىليون 979 مىڭ 800 توننىغا يەتتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1957 - يىلى 35 مىڭ 700 توننا بولغان بولسا، 1959 - يىلى كۆپىيىپ 57 مىڭ 100 توننىغا يەتتى. لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، يۇقىرى سۈرئەتنى قارىغۇلارچە قوغلىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن، ساختىلىق، كۆپتۈرمىچىلىك شامىلىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنىڭ زور دەرىجىدە ئىسراپ بولۇشىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. 1958 - يىلى 8 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بېيدەيخې يىغىنى چاقىرىپ «پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن خەلق ھەرىكەتكە كېلىپ 10 مىليون 700 مىڭ توننا پولات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» چاقىرىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاشلا پۈتۈن خەلق پولات - تۆمۈر تاۋلاشقا ئاتلىنىش مەركەز قىلىنغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى قوزغالدى. 1958 - يىلى قىشتا، ئاپتونوم رايون بويىچە مىليونلىغان كىشى زور كۆلەمدە پولات - تۆمۈر تاۋلاشقا ئاتلاندى، 2500 دىن ئارتۇق ئاددىي دومنا پېچ ياسىلىپ، 240 مىڭ توننا پولات - تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش پىلانلاندى. نەتىجىدە ئاپتونوم رايون بويىچە 173 مىڭ 500 توننا چۆيۈن ئىشلەپ چىقىرىلىپ، بۇنىڭ ئاران 24 مىڭ 400 توننىسىلا لاياقەتلىك بولالىدى؛ 30 نەچچە مىڭ توننا پولات ئىشلەپ چىقىرىلىپ، بۇنىڭ ئاران 18 مىڭ 900 توننىسىلا لاياقەتلىك بولالىدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغانلىقتىن، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتە غايەت زور ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شىن-

جاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنىمۇ بۇزۇۋەتتى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدىكى بىر قېتىملىق ئېغىر خاتالىقىدۇر.

**يېزىلارنى خەلق گۇڭشېلاشتۇرۇش ھەرىكىتى** بۇ 1958 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، يېزىنى بىرلىك قىلغان «ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلگەن» خەلق گۇڭشېسى ھەرىكىتىدۇر. يېزىلارنى خەلق گۇڭشېلاشتۇرۇش ھەرىكىتى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ مەھسۇلى. 1958 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى چاقىرغان بېيدەيخې يىغىنىنىڭ «يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارار»ى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ھەرىكىتى مەملىكەت بويىچە بىراقلا ھەر - ھۇ بىلەن كۆتۈرۈلدى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا ناھايىتى تېزلا يېزا بويىچە كوپېراتىپلارنى بىرلەشتۈرۈپ، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەسلىدىكى 5836 يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى ئاساسىدا 572 خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، گۇڭشېغا كىرگەن دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلە سانىنىڭ %98 نى ئىگىلىدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا %70 چارۋىچى خەلق گۇڭشېسىغا كىردى. گۇڭشې كۆلىمى مۇنداق بولدى: ئادەتتە بىر يېزا بىر گۇڭشې ياكى بىر رايون بىر گۇڭشې بولدى، ئاز ساندىكى جايلاردا بىرنەچچە رايون بىر گۇڭشې بولۇپ قۇرۇلغانلىرىمۇ بار. ھەربىر گۇڭشېدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1500 ئۆيچۆرىسىدە ئائىلە بولدى. ئەڭ چوڭلىرىدا 11 مىڭ ئائىلە بولغانلىرىمۇ بار. ئادەمى ئەڭ ئاز بولغان چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى گۇڭشېلاردىمۇ 150 ئائىلىدىن توغرا كەلدى. خەلق گۇڭشېسى شەكلى ئەينى چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىندى. خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندا، «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي بولۇش» تەكىتلىنىپ، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالدىراپ كېتىلدى؛ خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» ۋە «كوممۇنىزم شامىلى» بىلەن ھەدەپ شۇغۇللىنىلغانلىقتىن، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئېغىر تەسىر يېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى.

**سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى** بۇ 1963 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە قىسمەن يېزىلار ۋە ئاز ساندىكى شەھەرلەردە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە ھەرىكىتى بولۇپ، قىسقارتىلىپ سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان. 1963- يىلى 5 - ئايدا ماۋزېدۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «نۆۋەتتە يېزا خىزمىتىدىكى بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا قارار (لايىھە)» («ئالدىنقى 10 ماددا») تۈزۈپ چىقىلىپ، ھېساباتنى ئېنىقلاش، ئىسكىلاتنى ئېنىقلاش، مالىينى ئېنىقلاش، ئىش تەقسىماتىنى ئېنىقلاش (ئادەتتە «كىچىك 4 ئېنىقلاش» دەپ ئاتالدى) نى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى قوزغاش بەلگىلەندى. 1963- يىلى 8- ئايدا، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. 1965 - يىلى 1 - ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تارقاتقان «يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر» (يەنى «23 ماددا») دا: سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ زىددىيىتىنى ھەل قىلىش، ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارغا زەربە بېرىش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە «4 نى ئېنىقلاش»نىڭ مەزمۇنى سىياسىنى ئېنىقلاش، ئىقتىسادنى ئېنىقلاش، تەشكىلاتنى ئېنىقلاش، ئىدىيىنى ئېنىقلاش (ئادەتتە «چوڭ 4 ئېنىقلاش» دەپ ئاتالدى) قا ئۆزگەردى. بۇنىڭ بىلەن كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچى پارتىيە ئىچىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە قارىتىلدى. شىنجاڭدا «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارغا زەربە بېرىش» يەنە مۇنداق ئۈچ خىل ئادەملەرگە زەربە بېرىشكە كونكرېتلاشتۇرۇلدى: بىرىنچى، پارتىيە ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان پومېشچىك، باي دېھقان ئۇنسۇرلار، بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرى، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ئۇنسۇرلىرى،

ئىشپىيونلار، يەرلىك مىللەتچىلەر، چەت ئەل بىلەن ئالاقە باغلىغان ئۇنسۇرلار ۋە باشقا ئۇنسۇرلار؛ ئىككىنچى، خىيانەتچى، ئوغرى، ھايانكەشلەر؛ ئۈچىنچى، يۈنىلىش خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزگەن كادىرلار. شىنجاڭدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە ئوخشاشلا، سىنىپىي كۈرەش ئۆتتە قىلىنىپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى، خېلى كۆپ ساندىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئورۇنسىز زەربىگە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش ئاقىۋىتى كېلىپ چىقتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بۇ خاتا نەزەرىيە، لۇشيەن ۋە فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان، ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بىر مەيدان مەملىكەت مىقياسىدىكى سىياسىي ھەرىكەت. بۇ ھەرىكەت 1966 ـ يىلى 5 ـ ئايدا باشلىنىپ، 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاخىرلاشقان بولغاچقا، «10 يىللىق قالايمىقانچىلىق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1966ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ۋە 8 ـ ئايدىكى ج ك پ 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى» («16 ـ ماي» ئۇقتۇرۇشى) ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (16 ماددا) دېگەن ئىككى ھۆججەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ماقۇللاندى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ يەتكۈزۈلۈپ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شىنجاڭدا 9ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، مىڭلىغان ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنى قورشىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا بېسىم كىردى ھەمدە ئاشلىق ئېلان قىلدى، ئۇلار تىغ ئۇچىنى بىۋاستە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرىي ئورگانلىرىغا قاراتتى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق باشلاندى. 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى نەچچە مىڭ كىشى ئاپتونوم رايونلۇق «3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» ئېچىۋاتقان كوئىنلۇن مېھمانخانىسىنى قورشىۋالدى ھەمدە بەزىلەر سۇ، توك، قاتناشنى توختىتىمىز دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى، ۋەقە بارغانسېرى چوڭىيىپ ۋەزىيەت كونترول قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. 1967 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا شاڭخەي «يانۋار بورىنى» نىڭ تەسىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايوندا شىددەتلىك ھوقۇق تارتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئالدى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ھوقۇقى تارتىۋېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ ھوقۇقىمۇ كەينى ـ كەينىدىن تارتىۋېلىندى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى ئومۇمىيۈزلۈك پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى زور دەرىجىدە قالايمىقانلاشتى. شىنجاڭ بويىچە ئەلەم كۆرشىنىڭ دەرىجىسى ئۆرلەۋەردى. 1967 ـ يىلىدىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى زور تۈركۈمدە كادىر، جەڭچى ئەۋەتىپ «ئۈچ كە ياردەم بېرىش، ئىككى ھەربىي تەدبىر» (سولچىلارغا ياردەم بېرىش، سانائەتكە ياردەم بېرىش، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، ھەربىي ئىدارە قىلىش، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش) خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. 1968 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1969 ـ يىلى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترەتلىرى مەكتەپ، ئورگان ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا كىردى، جەمئىيەت تەرتىپى سەل ياخشىلاندى. 1972 ـ يىلى «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم ئادەم خاتا ھالدا تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش، لىن بياۋ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. 1973 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى گەرچە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئارقىدىنلا يەنە دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەسلىدە خېلى ياخشىلىنىۋاتقان جەمئىيەت تەرتىپى يەنە قالايمىقانلىشىشقا يۈزلەندى. بىراق ئاممىنىڭ تاقابىل تۇرۇشى بىلەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش يەنىلا بەيدىنبەي مۇقىملىشىشقا باشلىدى. 1976 ـ يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار

قىلغاندىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىر-
لىشىپ، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت ئاندىن تۈپتىن ياخشىلان-
دى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ كەلگەن بۇز-
غۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئاقىۋەت كۆپ تەرەپلىمە-
لىك: سىياسىي جەھەتتە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجە-
لىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر زور دەرىجە-
دە ئاجىزلىشىپ، زور تۈركۈمدىكى كادىر ۋە ئاما
ئەشەددىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، دېموكراتىيە ۋە
قانۇنچىلىق خالىغانچە دەپسەندە قىلىنغان؛ ئىقتىسادىي
جەھەتتە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور
دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان: 1976 - يىلىنى
1966 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئون يىل ئىچىدە سانا-
ئەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى پە-
قەت 16.8% لا ئاشقان، مىللىي دارامەت 4.2%
ئاشقان، ھالبۇكى، شىنجاڭنىڭ نوپۇسى بولسا 41.5%
ئاشقان، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق
28.9% تۆۋەنلىگەن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت قۇ-
رۇلمىسى ئېغىر دەرىجىدە تەڭپۇڭسىز قىلىپ، ئىقتى-
سادىي ئۇنۇم زور ھەجىمدە تۆۋەنلىگەن؛ پەن - مەدەنى-
يەت مائارىپ جەھەتتە، زىيالىيلار زەربىگە ئۇچراپ،
مەكتەپلەر تاقىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن توختى-
غان، تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئېغىر بۇز-
غۇنچىلىققا ئۇچرىغان، مەدەنىيەت گۈلزارىدىكى بارچە
گۈللەر سولىشىپ، ھەممە ئېقىملار قاراڭغۇلۇققا كې-
رىپ كەتكەن؛ ئىدىيە جەھەتتە، مېتافىزىكا ئەۋج ئې-
لىپ، ئىدېئالىزم تازا ئاقىدىغان بولغان، ھۆكۈمەت-
سىزلىك، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، بۇرژۇئا-
چە گۇرۇھۋازلىق يامراپ كەتكەن. ئون يىل داۋاملاش-
قان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ
ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ۋە زىيانغا ئۇچراتتى.

**ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقى بو-
يىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى** ج ك پ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،
پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈ-
مەت، سىياسىي كېڭەش قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئاسا-
سلىق رەھبەرلىرى قاتناشقان شىنجاڭ بويىچە جايلارنىڭ
جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىز-
مىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان دائىملىق ئاپپارات.
1991 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى-
سى 1985 - يىلى قۇرۇلغان جەمئىيەت ئامانلىقى بويى-
چە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئى-
دى. ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە
ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سىياسىي - قانۇن خىزمى-
تىگە ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ھەر تەرەپلىمە
تۈزەش خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى ئۈستىگە
ئالغان، يەنە بىر نەپەر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن
مۇدىر سەپلەنگەن. كومىتېت ئەزالىرى ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى،
ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش قاتارلىق تارماقلار ۋە
ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپ-
قان. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرمۇ بىر-
دەك مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسلىنىپ، جەمئىيەت ئامانلى-
قى بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى قۇرۇپ،
ئۆز جايى، ئۆز ئورنىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە
ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.
1992 - يىلى، ناھىيە (شەھەر) لەردە جەمئىيەت
ئامانلىقى بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى قۇ-
رۇلغاندىن كېيىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېزا - با-
زار، كەنت، ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە ئورۇنلارمۇ جەم-
ئىيەت ئامانلىقى بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش رەھبەر-
لىك گۇرۇپپىسى ياكى خىزمەت ئاپپاراتى قۇردى. ئاپ-
تونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھى-
يىلەر ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا قۇرۇلغان ھەر
دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە
ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئاپپاراتلىرىنىڭ سانى 10 مىڭغا
يەتتى. بۇ ئاپپاراتلار جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملى-
قىنى قوغداش، قانۇنسىز جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش، تۈرلۈك خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى پەسەي-
تىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئو-
ڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە
ئاكتىپ رول ئوينىدى.

**ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى
ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ھەققانىيەت يولىدا پىدا-
كارلىق كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش فوندى**
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقى
بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى تەسىس قىلغان
ئىئانە مەبلەغ توپلاپ ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق
كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاپ، ئىجتىمائىي توغرا كەيپى-
ياتنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان تەشكىلات. 1995 - يىلى 8 -
ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە قۇرۇلغان.

فوند جەمئىيىتى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئورگان،
تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە پۇقرالار
ئىختىيارى قاتنىشىدىغان، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىل-
مايدىغان تەشكىلات بولۇپ، مۇستەقىل ئىجتىمائىي
تەشكىلات قانۇنىي ئىگىسىدۇر. فوند جەمئىيىتىنىڭ
ۋەزىپىسى: پۇقرالارنىڭ قانۇنسىز جىنايەتچىلەر بىلەن
ئېلىشىشىغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، پۈتكۈل
جەمئىيەتنى ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش
روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەممە
ئادەم قانۇنسىز جىنايەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدى-
غان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛
ھايات - ماماتىغا باقماي ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق
كۆرسەتكەن ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەشۋىق
قىلىپ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش؛ مۇكاپات
فوندىنى توپلاش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشتىن ئىبارەت.
2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ فوند جەمئىيىتى 3
مىليون 500 مىڭ يۈەن ئىئانە مەبلەغ توپلىدى، جەم-
ئىيەت ئامانلىقى بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ھەققا-
نىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن 24 ئىلغار
شەخسنى تەقدىرلەپ ۋە مۇكاپاتلاپ، 190 مىڭ يۈەن
مۇكاپات پۇلى تارقاتتى.

زەھەر چەكلەش زەھەر سېتىش، چېكىش،
تېرىش، ساقلاش قىلمىشلىرىنى چەكلەش ۋە زەھەرنىڭ
زىيىنىنى تۈگىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھەرى-
كەت. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كې-
يىن، جۇڭگو خەلقى زور كۆلەملىك زەھەرگە قارشى
كۈرەشنى قانات يايدۇردى. 20 - ئەسىرنىڭ 50 -،
60 - يىللىرىدا، شىنجاڭدا ئەپيۇن، زەھەر چەكلەش
ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى، ئۇلار زەھەر چەككەن، ساتقان-
لارنى تىزىملاپ، ئەپيۇنخانىلارنى پېچەتلىدى، ئەپيۇن
ۋە زەھەر چېكىش ئەسۋابلىرىنى مۇسادىرە قىلدى، زە-
ھەر تېرىش، سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان، زەھەر چەك-
كەن ۋە ساقلىغان قانۇنسىز جىنايەتچىلەرنى قولغا ئالدى
ۋە قانۇن بويىچە جازالىدى. زەھەر تاشلاتقۇزۇش، زە-
ھەر چەكلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا
كەلگەنىدى. 80 - يىللاردىن بۇيان، زەھەر يەنە باش
كۆتۈرۈپ يامراشقا باشلىدى. 1985 - يىلى شىنجاڭدا
زەھەر چەككۈچىلەر بايقالغاندىن تارتىپ 1995 - يىلى-
غىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە، شىنجاڭدىكى زەھەر
چەككۈچىلەر 100 ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. 1995-
يىلى قولغا چۈشۈرگەن زەھەرگە باغلىنىشلىق جىنايەت-
چىلەرنىڭ سانى 1990 - يىلىدىكىدىن 20 نەچچە ھەس-
سە ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە زەھەر
بىلەن مۇناسىۋەتلىك جىنايى قىلمىشلار بىرقەدەر ئېغىر
بولغان ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ بىرى بولۇپ
قالدى. بۇ خىل ئەھۋالغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر-
دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە زەھەر
تەكشۈرۈش ساقچى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، زەھەرگە
چېتىشلىق جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى
ھەمدە 1996 - يىلى زەھەر چەكلەش ۋە زەھەرگە قار-
شى تەشۋىقات كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، خەلق ئام-
مىسىغا زەھەرنىڭ زىيىنى تەشۋىق قىلىندى، زەھەردىن
يىراق تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى، شۇنىڭ
بىلەن زەھەر چەكلەش كۈرىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈ-
رۈلدى.

ئەتكەسچىلىكنى تەكشۈرۈش بۇ ئەتكەس
قىلىنغان قورال - ياراغ، ئوق - دورا، زەھەر ۋە
مەنئى قىلىنغان بۇيۇملارنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈ-
رۈش ھەرىكىتى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى 1999 - يىلى
5 - ئايدا ئەتكەسچىلىك جىنايىتىنى رازۋېدكا قىلىش
شۆبە ئىدارىسى قۇردى ھەمدە تاموژنا رايونىدىكى تاموژ-
نىلاردا تارماق ئىدارە قۇردى. ئەتكەسچىلىك جىنايىتى-
نى رازۋېدكا قىلىش شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كې-
يىن، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئەت-
كەسچىلىك جىنايى قىلمىشلىرىغا كۈچلۈك زەربە
بەردى. 1988 - يىلىدىن 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغى-
چە، تۈرلۈك ئەتكەسچىلىك دېلولىرىدىن 960 نى تەك-
شۈرۈپ قولغا چۈشۈردى، دېلوغا چېتىشلىق ئومۇمىي
سومما 850 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 35
مىڭ تالدىن ئارتۇق تۈرلۈك ئوق، 780 مىڭ تابلېتكى-
دىن ئارتۇق تۈرلۈك نېرۋا دورىسى، 22.3 توننا زەھەر
ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان سىركە كىسلاتالىق ئانگىد-
رىت، 151 ئەتكەس ماشىنا، 21 پارچە ساختا تاموژنىغا
مەلۇم قىلىش تالونى قاتارلىقلار بار بولۇپ، چېتىشلىق
سومما 310 مىليون يۈەنگە يەتتى . 1998 - يىلى 4-
ئايدا، قورغاس تاموژنىسى يۈك قاچىلاپ چېگرىدىن
كىرگەن بىر يۈك ئاپتوموبىلىنى تەكشۈرۈپ، ئالتە دانە
تاپانچا، بىر پىلىموت، 19 مىڭ تالدىن ئارتۇق ئوق ۋە
100 دىن ئارتۇق گرانات ۋە بومبىنى قولغا چۈشۈردى،
بۇ مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق پەۋقۇلئاددە
زور قورال - ياراغ ئەتكەسچىلىكى دېلوسى ھېسابلىنى-
دۇ. 1998 - يىلى 12 - ئايدا، قورغاس تاموژنىسى
ئۇدا تەكشۈرۈپ ئەتكەسچىلىك بىلەن چېگرىدىن چىقار-
ماقچى بولغان 720 مىڭ تابلېتكا نېرۋا دورىسىنى قولغا

چۈشۈردى، بۇ دېلو مەملىكەت بويىچە تاموژنىلار ئىچىدە دۆلەت 1 - دەرىجىلىك تىزگىنلەيدىغان نەرۋا دورىسى — ئەنفىلاتىن (ئانالگىن) تابلىتكىسىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن، سانى ئەڭ كۆپ بولغان چوڭ بىر قېتىملىق نەرۋا دورىلىرى ئەتكەسچىلىك دېلوسى دەپ سانالدى. تاموژنا رايونىدىكى تاموژنىلار يېقىنقى ئىككى يىللىق ئەتكەسچىلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان سېلىش جىنايىتىگە زەربە بېرىش خىزمىتىدە، جىنايەتچىلەرنىڭ ئەتكەسچىلىك قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش خىزمىتىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەش قېتىم دۆلەت تاموژنا باش ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.

پۇقرالار ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش بۇ ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى پۇقرالار ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش ھەرىكىتى. پۇقرالار ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش بۇيۇملىرى دېگىنىمىز، ھەربىي ئىشلار سىستېمىسىدىن باشقا ساھەدىكى خادىملار ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش سايمان - ماتېرىياللىرى، جۈملىدىن تۈرلۈك پارتلاش دورىلىرى، كاپسۇلا، پىلتە، پىستان، غەيرىي ئېلېكترلىق پىستان سىستېمىسى، پارتلاتقۇچ، پارتلىتىش سۇيۇقلۇقى ۋە قارا پروكسىلىن، رەڭدار ئۇچقۇن چىقىرىش دورىسى، پۇقرالار ئىشلىتىدىغان سىگنال ئوقى، رەڭدار پوجاڭزا قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش رايونىدىكى پارتلاش بۇيۇملىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇش بويىچە نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى يولغا قويىدۇ. باشقۇرۇش تەدبىرى مۇنداق: باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى پارتلاش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، ساقلايدىغان، ساتىدىغان، توشۇيدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىخەتەر باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە بىخەتەر مەشغۇلات قائىدىسىنى ئورنىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇنى نازارەت قىلىدۇ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تىزىملاش ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ؛ قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا تەكشۈرۈپ، قانۇنسىز ئىشلەپچىقىرىلغان، ساقلانغان، توشۇلغان ۋە سېتىلغان پارتلاش بۇيۇملىرىنى يىغىۋالىدۇ؛ باشقۇرۇش نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىپ جامائەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن جاۋابكارلارنى ئامانلىق ساقلاش بويىچە جازالاش نىزامى بويىچە جازالايدۇ، ھەتتا جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىغا تارتىدۇ. پۇقرالار ئىشلىتىدىغان پارتلاش بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇش پارتلاش بۇيۇملىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش، ئۇنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىشىدىن ساقلىنىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چەت ئەللىكلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىش - چىقىشىنى باشقۇرۇش بۇ چەت ئەللىكلەر دۆلىتىمىز چېگرىسىدىن كىرگەن - چىققاندا ئۇلارنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش ھەرىكىتى. «جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەت ئەللىكلەرنىڭ چېگرىدىن كىرىش - چىقىشىنى باشقۇرۇش چارىسى» دا مۇنداق بەلگىلەنگەن: چەت ئەللىكلەر چېگرىدىن كىرمەكچى بولغاندا، جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە ۋاكالەت ئورگىنى، كونسۇل ئورگىنى ياكى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ھوقۇق بەرگەن باشقا چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئاپپاراتقا كۈچكە ئىگە پاسپورت ۋە ئالاقىدار ئىسپاتلارنى تەمىنلەپ ۋىزا بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىشى؛ ۋىزا ئالغاندىن كېيىن، كۆرسىتىپ بېرىلگەن سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن پورت ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىشى ھەمدە چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. خەلقئارا قاتناش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايروپىلان ياكى پاراخوتلار جۇڭگو پورتىغا يېتىپ كەلگەندە، ئايروپىلان باشلىقى، پاراخوت كاپىتانى ياكى ۋاكالەتچىسى دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش ئورگىنىغا يولۇچىلار تىزىملىكىنى تاپشۇرۇشى، چەت ئەل ئايروپىلانلىرى ۋە پاراخوتلىرى يەنە ئايروپىلان گۇرۇپپىسى، پاراخوت خادىملىرىنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇرۇشى كېرەك. جۇڭگونىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىماللىقى بار دەپ قارالغان چەت ئەللىك خادىملارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. جۇڭگو قانۇنىغا رىئايە قىلمىغان چەت ئەللىكلەرگە قارىتا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇل ئورگىنى ئۇلارنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق مۇددىتىنى قىسقارتىدۇ ياكى جۇڭگودا تۇرۇش سالاھىيىتىنى بىكار قىلىدۇ. قانۇنسىز چېگرىدىن كىرىپ جۇڭگودا تۇرۇۋاتقان چەت ئەللىكلەر بايقالسا، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ج خ ئورگىنى ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرسە، تۇرالغۇسىنى نەزەربەند قىلسا ياكى يالاپ چېگرىدىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ. بەلگە-

لىمىگە خىلاپلىق قىلىپ چېگرىدىن كىرىش - چىقىش، جۇڭگودا ئولتۇراقلىشىش، تۇرۇپ قېلىش، ساياھەت قىلىش ياكى چېگرىدىن كىرىش - چىقىش گۇۋاھنامىلىرىنى يالغاندىن ياساش، ئۆزگەرتىش، باشقىلارنىڭكىنى ئىشلىتىش، ئۆتۈنۈش قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلار بايقالسا، ناھىيىدىن يۇقىرى ج خ ئورگانلىرى ئەھۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ جاۋابكارغا مەمۇرىي جازا بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ. جۇڭگو بىلەن قوشنا دۆلەتنىڭ ئىككى دۆلەت چېگرىسى تۇتاشقان رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق چەت ئەللىكلەر جۇڭگو چېگرىسىدىن ۋاقىتلىق كىرىش - چىقىشتا، ئىككى دۆلەتنىڭ كېلىشىمى بولسا، شۇ كېلىشىم بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ؛ كېلىشىم بولمىغانلىرىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىدۇ.

جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ چېگرىدىن چىقىش - كىرىشىنى باشقۇرۇش بۇ جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن چىقىش - كىرىشىنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش ھەرىكىتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە بولغانلىكى كىشىلەر مەيلى دۆلىتىمىز ئىچىدە، ياكى چەت ئەلدە ئولتۇراقلاشقان بولسۇن، جۇڭگو چېگرىسىدىن چىقىش - كىرىشتە بىردەك جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ چېگرىدىن چىقىش - كىرىشىنى باشقۇرۇش قانۇنىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ. ئۇ جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ باشقا دۆلەت ۋە رايونلارغا بېرىشى ھەمدە شۇ دۆلەت ۋە رايونلاردىن قايتىپ كېلىشى؛ ئىچكى جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىغا بېرىش - كېلىشى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ئىچكى جايلارغا بېرىش - كېلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگو پۇقرالىرى شەخسىي ئىش بىلەن چېگرىدىن چىقىشتا، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايدىكى شەھەر، ناھىيىلىك ج خ ئورگىنىغا ئىلتىماس سۇنۇشى؛ شەخسىي ئىش بىلەن چېگرىدىن چىقىش پاسپورتىنى ئالغاندىن كېيىن، كۆرسىتىپ بېرىلگەن پورت ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىشى ھەمدە چېگرا مۇداپىئە ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. چەت ئەلدە ئولتۇراقلاشقان جۇڭگو پۇقرالىرى دۆلىتىمىزگە قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلسا، جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ۋاكالەت ئورگىنىغا رەسمىيەت ئۆتەشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك، ئالاقىدار ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئورگىنىغا رەسمىيەت ئۆتەشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ؛ تەستىقلىتىپ پاسپورت، گۇۋاھنامە ئېلىپ، كۆرسىتىپ بېرىلگەن پورت ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگەندىن كېيىن، نوپۇس باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى بويىچە نوپۇسىنى تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش كېرەك. جۇڭگو بىلەن قوشنا دۆلەتنىڭ چېگرا رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق جۇڭگو پۇقرالىرى چېگرىدىن ۋاقىتلىق كىرىش - چىقىشتا، ئىككى دۆلەتتە كېلىشىم بولسا، شۇ كېلىشىم بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ؛ كېلىشىم بولمىسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى چارىسىگە خىلاپلىق قىلىپ چېگرىدىن چىققان، كىرگەنلەرنى ج خ ئورگىنى ئەھۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ئاگاھلاندۇرۇش، تۇتۇپ تۇرۇش قاتارلىق ئامانلىق تۈزەش جازالىرى بويىچە جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ.

جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ئىش بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە رايونىغا بېرىش - كېلىشىنى باشقۇرۇش بۇ جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ئىش بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىغا بېرىش - كېلىشىنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش ھەرىكىتى. «جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ئىش بىلەن شياڭگاڭ رايونى ياكى ئاۋمېن رايونىغا بېرىش - كېلىشىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»دە مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئىچكى جايلاردىكى پۇقرالار شەخسىي ئىش بىلەن شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونىغا بېرىشتا، نوپۇسى تىزىمغا ئېلىنغان جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك ج خ ئورگىنىنىڭ چېگرىدىن كىرىش - چىقىشنى باشقۇرۇش تارمىقىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشى؛ تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىپ ج خ ئورگىنى ئىمزالاپ تارقاتقان شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونىغا بېرىش يولخېتى ياكى بېرىش - كېلىش يولخېتى ئالغاندىن كېيىن، كۆرسىتىپ بېرىلگەن پورت ئارقىلىق ئۆتۈشى كېرەك. ئىچكى جايلاردىكى پۇقرالار شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشماقچى بولسا، نورمىلىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چارىسى قوللىنىلىدۇ. شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار شياڭگاڭ، ئاۋمېن بىلەن ئىچكى جايلار ئارىلىقىدا قاتناشماقچى بولسا، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار يۇرتىغا قايتىش گۇۋاھنامىسى ياكى چېگرىدىن كىرىش - چىقىش يولخېتى ئېلىپ، كۆرسىتىپ بېرىلگەن پورت ئارقىلىق ئۆتۈشى كېرەك. موتۇرلۇق قاتناش ۋاستى-

لىرى بىلەن ئىچكى جايلارغا بېرىشتا، گۇاڭدۇڭ ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇپ قاتناش كىنىشكى-
سى ۋە شوپۇرلۇق ئىجازەتنامىسى ئېلىش لازىم. شياڭ-
گاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ئىچكى جايلارغا ۋاقىتلىق
كەلمەكچى بولسا، نوپۇس باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى بو-
يىچە ۋاقىتلىق تۇرۇشنى تىزىملىتىشى؛ ئىچكى جايلارغا
كېلىپ ئولتۇراقلاشماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئولتۇ-
راقلاشماقچى بولغان جايدىكى ج خ ئورگىنىغا ئىلتىماس
سۇنۇپ، تەستىقلانغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ ئولتۇ-
راقلىشىش گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ، ئولتۇراقلاشماقچى
بولغان جايغا بېرىپ دائىملىق نوپۇسقا تىزىملىتىش
رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك. ئىچكى جايلاردىكى
پۇقرالار شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق
قېرىنداشلار ئىچكى جايلارغا بېرىشتا كۆرسىتىپ بېرىل-
گەن پورتتىكى چېگرا مۇداپىئە پونكىتىغا چېگرىدىن
چىقىش ـ كىرىش گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىپ، چېگ-
رىدىن چىقىش ـ كىرىشنى تىزىملاش كارتىسىنى تول-
دۇرۇپ تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشى شەرت. شياڭ-
گاڭ، ئاۋمېنغا بارىدىغان يولخېتىنى كۆچكە ئىگە مۇد-
دەت ئىچىدە بىر قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شياڭ-
گاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ يۇرتىغا قايتىش گۇ-
ۋاھنامىسىنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى ئون يىل بولۇپ،
بۇنى كىنىشكا ئىگىسى ئۆز يېنىدا ساقلايدۇ، بۇ مۇددەت
ئىچىدە كۆپ قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بەلگىلەنگەن
چارىگە خىلاپلىق قىلىپ چېگرىدىن كىرگەن ـ چىقق-
انلارنى ج خ ئورگىنى ئەھۋالنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى-
گە قاراپ مەمۇرىي جەھەتتىن جازالايدۇ، ھەتتا جىنايى
ئىشلار جاۋابكارلىقىغا تارتىدۇ.

**زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەت-
لىرىگە زەربە بېرىش** بۇ جەمئىيەت ئامانلىقىغا
ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن قاتىللىق، پارتلىتىش، بۇلاڭ-
چىلىق، ئۇرۇش ـ چېقىش ـ بۇلاش قاتارلىق زوراۋان-
لىق ـ تېررورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، جىنايى
ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان جىنايەتچىلەرگە قەتئىي
زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى توسۇش
ھەرىكىتىدۇر. زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق جىنايىتى ئا-
ساسلىقى مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلار ۋە دىنىي
ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ پارتلىتىش، يو-
شۇرۇن ئۆلتۈرۈش، كۈشكۈرتۈپ پاراكەندىچىلىك سې-
لىش قاتارلىق زوراۋانلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ جى-
نايەت ئۆتكۈزۈپ، ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە جەمئىيەت مۇقىم-
لىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان قانۇنسىز جىنايى ھەر-
كەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلى-
كى مۇنداق: (1) مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەشۋىق قى-
لىش، دىنىي ئەسەبىيلىكنى كۈشكۈرتۈش، «غازات»
قىلىشنى تەرغىب قىلىش، دىنىي ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى
ۋە چامباشچىلىق نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، زوراۋان ـ تېر-
رورچىلارنى تەربىيىلەش؛ (2) تەشكىلى چىڭ، مەقسى-
تى ئېنىق بولۇپ، خىراجەت توپلاپ، قورال ـ ياراغ،
ئوق ـ دورا، پارتلاتقۇچ بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ،
ياساپ، بۇلاپ، ئوغرىلاپ ۋە توشۇپ، زوراۋانلىق ـ
تېررورلۇق جىنايى قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش؛
(3) يېزا ـ كەنت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ۋەتەن-
پەرۋەر، ئىلغار دىنىي زاتلار ۋە خەنزۇ ئاممىنى ئۆلتۈ-
رۈپ، مەقسەتلىك ھالدا مىللىي ئارازلىق پەيدا قىلىشقا
ئۇرۇنۇش ھەمدە دىكتاتورا ئورگانلىرىدىكى كادىر ـ
ساقچىلاردىن ئەسەبىيلەرچە ئۆچ ئېلىش؛ (4) جەمئى-
يەتكە سالىدىغان زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر، ئادەم ئۆ-
لۈش، يارىلىنىش ۋە مال ـ مۈلۈك زىيانغا ئۇچراشتەك
ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەت-
نىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ،
جەمئىيەتتە ۋەھىمە پەيدا قىلىش ۋە كىشىلەردە قورقۇنچ
پەيدا قىلىش. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سى-
ياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم-
ھۆكۈمەتلەرنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت
خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇن-
سۇرلار، زوراۋانلىق ـ تېررورچىلار ۋە دىنىي ئەسەبىي
كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا قارىتا باشتىن ـ ئاخىر
سىياسىي تەربىيە بىلەن قوراللىق باستۇرۇشنى بىرلەش-
تۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېغىر جىنايەت ئۆت-
كۈزگەن بىر تۈركۈم زوراۋان ـ تېررورچىلارغا زەربە
بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە
خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت
تەرتىپى ۋە مۇقىملىقىنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش،
ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئې-
لىپ بېرىلىشىنى قوغدىدى.

**سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز
نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش** بۇ سېرىق
بۇلغىنىشنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز ئەكسىيەتچىل شەھۋا-
نە نەشر بۇيۇملىرى ياكى ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىغا زەربە
بېرىش ھەرىكىتىدۇر. «سېرىق بۇلغىنىشنى تازىلاش»
ئاساسلىقى شەھۋانە بۇيۇملارنى ياساش ـ سېتىش، ئىجـ-
ـارە ـ نومۇسىنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش،

زەھەر چېكىش، قىمارۋازلىق قاتارلىق سېرىق بۇلغىنىش ۋە جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەرنى تازىلاشنى كۆرسىتىدۇ؛ «قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش» بولسا، ئاساسلىقى ئەكسىيەتچىل، شەھۋانە ۋە نورمال نەشر قىلىش رەسمىيىتى بولمىغان قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى چىقارىدىغان جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتونوم رايون جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، مەدەنىيەت بازىرى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، 1995 ـ يىلىدىن بۇيان قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، كۆپ قېتىم مەخسۇس سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش ۋە قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. يالغۇز 1997 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېلىپ بېرىلغان «قىشلىق ھەرىكەت» تىلا، ئاسمۇي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىدىن 3867 نى، ئىجارىگە بېرىلگەن ئۆيدىن 6731 نى تەكشۈرۈپ چىقىپ، شەھۋانە مۇلازىمەت تۈستى ئالغان ئاشخانا، ساتراشخانا قاتارلىق سورۇنلاردىن 1090 ى ئېنىقلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەر ۋە قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

**چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش** بۇ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ھەرىكىتىدۇر. چىرىكلىك پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئارىسىدىكى پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، خىيانەتچىلىك قىلىپ چىرىكلىشىش، پارە ئېلىپ، دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك پاكلىققا ئېغىر دەخلى ـ تەرۇز قىلمىشى. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىش، ھوقۇق ـ پۇل سودىسى قىلىشتىن ئىبارەت. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ھەرىكىتى داۋامىدا، بىرىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلار پاك ـ تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش، ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ساياھەت قىلىش، ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ پىكاپ سېتىۋېلىش شامىلىنى قاتتىق توستى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تۇرالغۇ ئۆينى ئارتۇق ئىگىلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئېنىقلىدى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ شەخسىي كىرىمىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيەسى ئاساسىدا ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە قاتتىق سىناش ـ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۆز تۇغقانلىرىنى يېنىغا تارتىدىغان، مۇناسىۋەت تورى باغلايدىغان، ئارقا ئىشىك قىلىدىغان ھادىسىلەرنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى؛ ئىككىنچىدىن، بىر تۈركۈم چوڭ، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلۈك يولىغا ماڭغان بىر تۈركۈم پارتىيە ـ ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى جازالاپ، رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنى پاكلاشتۇردى؛ ئۈچىنچىدىن؛ ھەر ساھەدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ، مائارىپ، قاتناش، سودا ـ سانائەت، جامائەت خەۋپسىزلىكى، باج، سەھىيە، يەر باشقۇرۇش، پۇل مۇئامىلىسى قاتارلىق تارماقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلەرنى ئېنىقلاپ يۇقىرىغا تاپشۇرتقۇزدى، نۇرغۇن نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ بىكار قىلىپ، كارخانىلار ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى، ئاشىيولدىكى «قالايمىقان چازا قۇرۇش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش» تىن ئىبارەت «3 قالايمىقان» ھادىسىسىنى تۈزىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ئىستىلىنى، ھۆكۈمەت ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى زور ياخشىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

**نۇقتىلىق جايلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش** بۇ ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى نۇقتىلىق جايلار، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ تۈزەش ھەرىكىتىدۇر. 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ج خ مىنىستىرلىقى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق جايلىرىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى نۇقتىلىق تۈزەپ، زوراۋانلىق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركەزلىك



چارلاش

تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 10 مىڭغا يېقىن كادىرنى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تاللاپ، قىسقا مۇددەت تەربىيىلىگەندىن كېيىن قەشقەر، خوتەن، ئىلى، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى 18 ناھىيە (شەھەر) ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 110 يېزا ـ بازارغا مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتتى. 1997 ـ يىلى باھاردىن 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى يەنە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى نورمالسىز بولغان نۇقتىلىق جايلاردا مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلار، زوراۋان ـ تېررورچىلار ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق مەركەزلىك تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىن زور تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، خىزمەت گۇرۇپپىلىرى يېزا، كەنت، كوچا ئاساسىي قاتلاملىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى، ئاممىنى تەربىيىلەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى تايانچ ئۇنسۇرلار، زوراۋان ـ تېررورچىلار، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى ھەمدە ئۇلارنى قاتتىق جازالىدى؛ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى؛ ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولغان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سالدى ۋە كۈچەيتتى. مەركەزلىك تۈزەش نەتىجىسىدە، دۈشمەن كۈچلەرگە ئېغىر زەربە بېرىلدى، قىسمەن جايلاردىكى جەمئىيەت ئامانلىقى بىنورمال بولۇش ھالىتى روشەن ھالدا ياخشىلاندى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆستى، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىندى، ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمەتلىرى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. مەركەزلىك تۈزەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى قوغدىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلدى.

**جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش** بۇ دۆلەت بىخەتەرلىكى، جامائەت بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر زىيان سالغان جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتتۇر. شىنجاڭدىكى تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەر ئاساسلىقى زوراۋانلىق ـ تېررورلۇق جىنايىتى ۋە باشقا جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىگە زىيان سالىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان جىنايەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرى ھەر خىل كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، زور بىر تۈركۈم ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنى تەھقىقلەپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى ۋە جازالىدى. 1996 ـ يىلى ج خ ئورگانلىرى قانات يايدۇرغان «شايكىلارغا زەربە بېرىش، چوڭ دېلولارنى پاش قىلىش، قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاش ئاساسىي لىنىيە قىلىنغان، زوراۋان ـ تېررورچىلارغا زەربە بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان» «100 كۈنلۈك قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتى، 1997 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە قانات يايدۇرۇلغان «قاتتىق زەربە بېرىش، تۈزەش» ھەرىكىتى، 2000 ـ يىلى ئەتىيازدا قانات يايدۇرۇلغان ئاياللار ۋە بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتىگە زەربە بېرىش ھەرىكىتى قاتارلىقلاردا، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بېرىلدى. جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرى زور بىر تۈركۈم چوڭ، مۇھىم دېلولارنى پاش قىلدى. مەسىلەن، قارىماي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئىككى قېتىملىق ئايال تاكسى شوپۇرلىرىنى بۇلاش، باسقۇنچىلىق قىلىش، ئۆلتۈرۈش دېلوسىنى پاش قىلدى؛ باي ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى يەكەن، باي، غەربىي جەنۇب تارىم نېفىتلىكى بازىسى قاتارلىق جايلاردا ئۇدا 56 قېتىم دېلو تۇغدۇرغان موتسىكلىت ئوغرىلاش شايكىسىنى پاش قىلدى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چوڭ زەھەر سېتىش دېلوسى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «25 ـ فېۋرال» ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسى ۋە «19 ـ ئاۋغۇست» پەۋقۇلئاددە زور بىر يۈرۈش قوراللىق بۇلاڭچىلىق، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى قاتارلىقلارنى پاش قىلدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە جىنايەتچىلەرگە ئېغىر زەربە بېرىلدى.

**ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى** بۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇش پائالىيىتىنى پىلانلاش، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكلەشكە

مەسئۇل بولغان رەھبەرلىك ئورگىنىدۇر. قىسقارتىپ «مەدەنىيلىك كومىتېتى» ياكى يېتەكچىلىك كومىتېتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، تۆۋەندە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىلگىرىكىسى 1983 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان «بەشكە ئەھمىيەت بېرىش، تۆتتە گۈزەل بولۇش، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» ھەرىكىتى كومىتېتى بولۇپ، 1989 - يىلى 10 - ئايدا ئۇنىڭ نامى ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1997 - يىلى ھازىرقى نامىغا ئۆزگەرتىلگەن. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كومىتېتلىرى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيلىك كومىتېتى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىك مەدەنىيلىك كومىتېتلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئۈچ چوڭ بەرپا قىلىش» (مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش، مەدەنىي كەنت- بازار بەرپا قىلىش، مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش) پائالىيىتى، «ئۈچ چوڭ ئەخلاق» (جەمئىيەت ئومۇمىي ئەخلاقى، كەسىپ ئەخلاقى، ئائىلە گۈزەل ئەخلاقى) تەربىيىسى پائالىيىتى، مەدەنىي ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتى ۋە «مەدەنىي بولۇش، يېڭى كەيپىيات تىكلەش»، مەدەنىي ئىشچى-خىزمەتچى، مەدەنىي شەھەر ئاھالىسى، ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە باھالاش پائالىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 1998 - يىلى 3 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيلىك كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىي كەنت - بازار بەرپا قىلىش ئۆلچىمى ۋە باشقۇرۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىي ساھە بەرپا قىلىش ئۆلچىمى ۋە باشقۇرۇش چارىسى»نى ئېلان قىلىپ، «ئۈچ چوڭ بەرپا قىلىش پائالىيىتى» ئاساس قىلىنغان مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى.

**ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى** بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى. يەنى ھەر يىلى 3 - ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا مەركەزلىك ھالدا بىر ئاي مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇشنى زور تەكىتلەش، كىشىلەرنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. 1982 - يىلىدىن 1984- يىلىغىچە، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەر يىلى 3- ئايدا «مەدەنىيلىككە، ئەدەپلىككە، پاكىزلىققا، تەرتىپكە، ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىش ۋە قەلبى گۈزەل بولۇش، سۆزى گۈزەل بولۇش، مۇھىتى گۈزەل بولۇش» مەزمۇن قىلىنغان «بەشكە ئەھمىيەت بېرىش، تۆتتە گۈزەل بولۇش» تىن ئىبارەت مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەزى جايلار قانات يايدۇرغان «ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش، كومپارتىيىنى سۆيۈش» ھەرىكىتىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، «بەشكە ئەھمىيەت بېرىش، تۆتتە گۈزەل بولۇش» بىلەن «ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «بەشكە ئەھمىيەت بېرىش، تۆتتە گۈزەل بولۇش، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي نۇقسانلارنى تۈزەشكە سەپەرۋەر قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا ئۆرپ - ئادەتنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ياخشىلاش شۇنىڭدەك پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچار كەيپىياتنى تۈزەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئۈچ قېتىملىق مەدەنىي بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون شەھەر - يېزىلىرىنىڭ مۇھىت قىياپىتى ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئەخلاقىي قىياپىتى ھەمدە جەمئىيەت كەيپىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبىلەر توپلاندى.

**مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش** بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى پائالىيەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى، يەنى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۇنىۋېرسال باھالاش ۋە ئورۇنلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش

ھەرىكىتىدۇر. ئاپتونوم رايوندا 1985 – يىلىدىن باشلاپ بۇ ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن جەمئىي 18 مىڭ 360 ى باھالاپ چىقىلدى. 1993 – يىلى 12 – ئاينىڭ 25 – كۈنى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ش پ [1993] 42 – نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى تۈزۈپ چىققان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىشنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تارقاتتى. بۇنىڭدا مەدەنىي ئورۇن ئۆلچىمى، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش، مەدەنىي ئورۇننى باھالاش ۋە نام بېرىش، مەدەنىي ئورۇنلارنى مۇكاپاتلاش، مەدەنىي ئورۇنلارنى باشقۇرۇش جەھەتتە كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى.

**«ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» بويىچە مۇسابىقىلىشىش** بۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى پائالىيەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى. 1986 – يىلى 6 – ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق «بەشكە ئەھمىيەت بېرىش، تۆتتە گۈزەل بولۇش، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيەت ھەيئىتى شىنجاڭدىكى 16 شەھەردە مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشكىللىدى. مۇسابىقىنىڭ مەزمۇنى «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» (ئەلا مۇلازىمەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئەلا تەرتىپ ئورنىتىش، ئەلا مۇھىت بەرپا قىلىش، لېي فېڭدىن، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش) تىن ئىبارەت. 1986 – يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى بىر قېتىم بىرلىشىپ باھالاش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇدا ئون قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئاكتىپلىقى قوزغىلىپ، شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيلىك سەۋىيىسى تېز ئۆستى، بۇ پائالىيەت شىنجاڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى «نادىر قۇرۇلۇش» بولۇپ قالدى. 1992 – يىلىدىن باشلاپ ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم باھالاشقا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، 19 شەھەرنى مۇسابىقىگە تەشكىللەش، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ناھىيە، رايونلارنى مۇسابىقىگە تەشكىللەش، ناھىيە، رايونلار يېزا – بازار، ئىش باشقارمىلىرىنى مۇسابىقىگە تەشكىللەش قۇرۇلمىسى شەكىللەندى. 19 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن تەشكىللەنگەن «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى»نى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش، باھالاش ئارقىلىق، 2000 – يىلى 8 – ئايدىكى 10 – قېتىملىق تەكشۈرۈشتە سەككىز مەدەنىي شەھەر، بەش مەدەنىي رايون، تۆت مەدەنىي ناھىيە ھەمدە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار ناھىيىلەر (شەھەرلەر) باھالاپ چىقىلدى.

**«4231» ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ھەرىكىتى** بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى پائالىيەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى، ئاپتونوم رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيەت ئۇسۇللىرى ۋە مەزمۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. 1994 – يىلى 8 – ئاينىڭ 23 – كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى تارقاتقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق «مەدەنىيلىك كومىتېتى» ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، «4231» ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بويىچە بىر يۈرۈش پائالىيەتنى قانات يايدۇردى. «4231» دېگىنىمىز، ھەر بىر كىشى ھەر يىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە دائىر تۆت كىتاب ئوقۇش، ۋەتەنپەرلىك تەربىيىسىگە دائىر كىنو فىلىمى كۆرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە دائىر ئۈچ ناخشا ئۆگىنىش ۋە ئوقۇش، بىر قېتىم ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە دائىر كۆرگەزمىنى كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ پائالىيەتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، 1993 – يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىلىملىرى مۇسابىقىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1993 – يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش» لېكسىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. كادىر، دېھقان، ئىشچى، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن لېكسىيە سۆزلەشكە قاتناشقۇچىلار 30 مىڭدىن ئېشىپ، بىۋاستە لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلار 890 نەچچە مىڭ كىشىگە يەتتى. 1994 – يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جايلاردا «جۇڭخۇانى سۆيۈش، يۇرتىمىزنى سۆيۈش» بويىچە كىتاب ئوقۇش يازلىق لاگېرى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، بۇنىڭغا قاتناشقۇچىلار 1 مىليون 200 مىڭ كىشىگە يەتتى. 1994 – يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1995 – يىلىنىڭ ئالدىن-

قى يېرىمىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە «ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش» ئاساسىي تېما قىلىنغان شىنجاڭ ئەھۋالى بىلىملىرى بويىچە تەربىيە - مۇسابىقە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، بۇنىڭغا بىر مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ھارپىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق «مەدەنىيلىك كومىتېتى» يەنە «مېنىڭ ۋەتەنگە بولغان ھېسسىياتىم، مېنىڭ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىم» دېگەن تېمىدا زور كۆلەملىك لېكسىيە سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. مۇسابىقىدە يۇقىرىدىن- تۆۋەنگىچە، قاتلامغا بۆلۈپ قانات يايدۇرۇش، سىستېما بىلەن جايلارنى بىرلەشتۈرۈش، جايلارنى ئاساس قىلىش چارىسى قوللىنىلىپ، ھەرمىللەت ئاممىسى كەڭ دائىرىدە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 6500 ئورۇن 9370 مەيدان مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرغان، 37 مىڭ 908 ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشقان، بىۋاستە تىڭشىغۇچى (كۆرگۈچى) لەر 1 مىليون 310 مىڭغا يەتكەن، ۋاسىتىلىك ئاڭلىغۇچى (كۆرگۈچى) لەر 2 مىليوندىن ئاشقان.

**يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش ئوبراز قۇرۇلۇشى** بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى پائالىيەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى. 1998 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيلىك كومىتېتى «ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شەھەر - بازارلاردىكى قۇرامىغا يەتكەن ھەربىر ئادەمنى «ئۈچ ئەخلاق» (جەمئىيەت ئەخلاقى، كەسىپ ئەخلاقى، ئائىلە ئەخلاقى) ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمى تەربىيىسىگە ئىگە قىلىپ يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش ئوبراز قۇرۇلۇشى» نى لايىھىلەپ چىقتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 15 - قۇرۇلتايى دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچ ئەخلاق» تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە دائىر ئومۇمىي تەلەپكە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيلىك كومىتېتى» رايون، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئىش باشقارمىسىلىرىنى باشلامچى، ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇنلارنى تايانچ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيلىك خىزمىتى ئىشخانىسى قايتىدىن تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان «سوتسىيالىستىك ئەخلاق ۋە مەدەنىي ھەرىكەت ئۆلچىمى» دېگەن كىتابنى ئاساسلىق ئوقۇش ماتېرىيالى، تۈرلۈك مەدەنىيلىك مەكتەپلىرىنى ئېچىشنى ئاساسلىق شەكىل، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، ئامما ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئاساسلىق ئۇسۇل قىلىپ، ھەرمىللەت كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇغۇچى، ئاھالە، يەككە سودا- سانائەتچىلەرنى كەڭ كۆلەملىك «ئۈچ ئەخلاق» تەربىيىسى ۋە مەدەنىي ھەرىكەت ئۆلچىمى تەربىيىسىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشنى بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەدەنىي ئىشچى - خىزمەتچى، مەدەنىي شەھەر ئاھالىسى، ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە باھالاش پائالىيىتى ۋە ياخشى قېينانا، ياخشى كېلىن، ياخشى ئېپى يەڭگە، ياخشى قوشنا بولۇشقا تىرىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. تەربىيە ئالغان ئادەم سانى تەخمىنەن 3 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، شەھەر - يېزا ئاممىسىنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

**ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش** بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى پائالىيەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭ مەزمۇنى: قىسىملار ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ جايدىكى خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.



ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى
مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش

بۇ پائالىيەت 1982 - يىلىدىن باشلاپ قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، نۇقتىدىن دائىرىگە، يېزىدىن شەھەرگە، كوچىدىن زاۋۇت، مەكتەپ، كارخانىلارغا كېڭىيىپ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ھازىر شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى، شىنجاڭ قوراللىق ساقچى باش ئەترىتى، بىڭتۇەن قوراللىق ساقچى قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ ج خ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى يەرلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە بەرپا قىلغان مەنىۋى مەدەنىيلىك ئورۇن جەمئىي 2121. بۇ پائالىيەت يەنە ساقچى بىلەن خەلق بىرلىكتە

قوروش، بىكىتۈەن بىلەن يەرلىك بىرلىكتە قوروش، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار بىرلىكتە قوروش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىگە تۈرتكە بولغان. 2000 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيلىك خىزمىتى كومىتېتى كورلىدا «ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە قوروش بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىڭ چاقىرىملىق تۆمۈريول مەدەنىي لىنىيىسى» بەرپا قىلىش پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنى ئېچىپ، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشقا يېڭى مەزمۇن قوشتى.

**مەدەنىيەت، سەھىيە، پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى** بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى پائالىيەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى. قىسقارتىپ «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» دېيىلىدۇ. 1995 - يىلى 9 - ئايدا، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق ئالتە تارماق بىرلىكتە «ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلارغا كىتاب يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى ھەمدە يېزىلارغا كىتاب يەتكۈزۈش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇردى. 1995 - يىلى قىشتا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، دېھقانچىلىق نازارىتى ۋە يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ئاكادېمىيىسى 22 مۇتەخەسسىس ئاجرىتىپ، پەن - تېخنىكا لېكتورلار ئۆمىكى تەشكىللەپ، يېزا - قىشلاقلارغا سەييارە لېكسىيە سۆزلەشكە ئەۋەتتى. مەملىكەت بويىچە «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتى بىر تۇتاش قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار ھەر يىلى قىش، ئەتىيازدىكى دېھقانچىلىقنىڭ بوش مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيە ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر خادىملارنى يېزىغا بېرىپ «دېھقان - چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشقا يېتەكلەش»تىن ئىبارەت ئاساسىي دەۋر تېمىسىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى. «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنىڭ نىشانى: بىرىنچىدىن تايانچلارنى كۆچەپ تەربىيىلەپ، «يەتكۈزۈش» بىلەن «قوروش»نى بىرلەشتۈرۈپ، يېزىدىن مەڭگۈ كېتىپ قالمايدىغان «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» خىزمەت ئەترىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، ئۈلگىلەرنى ياخشى تۇتۇپ، تەسىر كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش كۈچىگە ئىگە پائالىيەتلەرنى پىلانلاش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، ئاساسنى پۇختىلاپ، دائىرىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىم نۇقتىنى نامرات جايلارغا قارىتىش؛ خادىملار كۆپرەك نامرات جايلارغا چۈشۈش، ئەسلىھەلەرنى كۆپرەك نامرات جايلاردا قوروش، چەكلىك ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنى ھەقىقىي نەپكە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 51 - بېتىگە قاراڭ).

**«100 شەھەردىكى 10 مىڭ دۇكاندا ساختا مال بولماسلىق» پائالىيىتى** بۇ ئاپتونوم رايوننىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى پائالىيەت ئۇسۇللىرىدىن بىرى. ساختا - ناچار تاۋارلارنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشىنى يوقىتىش ئۈچۈن سودا كارخانىلىرىنىڭ سەمىمىي - ئىناۋەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىش يۈزىسىدىن قانات يايدۇرۇلغان ھەرىكەت. 1996 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە بۇ پائالىيەت قانات يايدۇرۇلدى. بەش يىلدىن بۇيان بۇ پائالىيەت نۇقتىدىن لىنىيىگە، لىنىيىدىن دائىرىگە كېڭىيىپ، ئۈچ كېڭىيىش پائال ھەم سالماقلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى: بىرىنچى، دۆلەت سودا كارخانىلىرىدىن يۇقىرى ۋە خۇسۇسىي سودا كارخانىلىرىغا كېڭەيدى؛ ئىككىنچى، سودا پارچە سېتىش كارخانىلىرىدىن چوڭ توپ سېتىش بازارلىرىغا كېڭەيدى؛ ئۈچىنچى، ئوبوروت ساھەسىدىن ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە كېڭەيدى. بۇ پائالىيەت ئاپتونوم رايون بويىچە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون بۇ پائالىيەتنى ياخشى ئېلىپ بارغان 33 سودا كارخانىسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى. 1998 - يىلى دۆلەت «بەش بىرلەشمە مۇلازىمەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن» 100 ماگىزىن ۋە «100 شەھەردىكى 10 مىڭ دۇكاندا ساختا مال بولماسلىق» پائالىيىتىدىكى ئۈلگە دۇكانلارنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭدىن ئۈرۈمچى دوستلۇق سودا سارىيى، ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ سودا سارىيى بۇ ئۈلگە دۇكانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 2000 - يىلى 3 - ئايدا، ئۈرۈمچى ئىسلام كاتتا مېھمانخانىسى، شەرق 100 سودا سارىيى، قارىماي شەھەرلىك جۇڭغار سودا سارىيى، كورلا شەھەرلىك خەلق سودا سارىيى، شىخەنزە شەھەرلىك تۈرلۈك ماللار سودا بىناسى، يېزا ئىگىلىك 4 - شى

خۇاچىاڭ سودا سارىيى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئالتە تارماق تەرىپىدىن 2 ـ تۈركۈم «100 شەھەردىكى 10 مىڭ دۇكاندا ساختا مال بولماسلىق» پائالىيىتىدىكى ئۈلگە دۇكان قىلىپ بېكىتىلدى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشى بۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان زور ھەربىي ھەرىكىتىدۇر. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لەنجۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ بىڭتۇەنى دەرھال جاڭيې، جيۇچۇەن، يۈيمېن، ئەنشى ئەتراپىغا يۈرۈش قىلدى، 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 1 ـ بىڭتۇەن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش يۈرۈشىنى ئاشۇرۇۋېلىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ گەنسۇ ـ شىنجاڭ تاشيولىنى بويلاپ شىنجاڭغا قاراپ ماڭدى. 2 ـ جۇن سول يۆنىلىش ئارمىيىسى بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا، 6 ـ جۇن ئوڭ يۆنىلىش ئارمىيىسى بولۇپ شىمالىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە 90 مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى بەلگىلەنگەن جايلارغا تولۇق يېتىپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. 1 ـ بىڭتۇەننىڭ برونېۋىك يېڭى تۈەن كوماندىرى خۇجيەننىڭ قوماندانلىقىدا شىنجاڭغا كىرىشكە يول باشلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ يەردە 45 برونېۋىك، قوشۇمچە 37 ئاپتوموبىل، 500 دىن ئارتۇق ئادەم ھەممە بىر كۆچەيتمە پىيادە ئەسكەرلەر لېيەنى بار ئىدى. يەنە 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يۈيمېندىن يولغا چىقىپ، 13 ـ كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ باردى، 17 ـ كۈنى، داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ، چۆللۈك ۋە تۈرپان ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مەركىزى دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) غا يېتىپ باردى. شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى ھەر ساھەدىكى ئامما بىلەن بىرلىكتە دىخۇانىڭ جەنۇبىي ئەتراپىدىكى ئۆلانبايغا بېرىپ ئارمىينى قارشى ئالدى. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 1 ـ بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۇەنى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ جېن بىڭتۇەننىڭ بىر قىسىم خادىملىرىنى باشلاپ ئايروپىلان بىلەن دىخۇاغا يېتىپ كەلدى. 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 1 ـ بىڭتۇەن 2 ـ جۇنىگە قاراشلىق 4 ـ شى، 5 ـ شى، 6 ـ شى ۋە جۇنگە بىۋاسىتە قاراشلىق زەمبىرەكچىلەر تۈەنى، تەلىم ـ تەربىيە تۈەنى، سايپيورلار تۈەنى بولۇپ 43 مىڭچە ئادەم ئىككى يۆنىلىش بويىچە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. جۇن كوماندىرى گوپېڭ، سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ئېنماۋلار ئاساسىي قىسىمنى باشلاپ جيۇچۇەن، يۈيمېنگۇەندىن يولغا چىقىپ، قۇمۇل ۋە تۈرپاندىن ئۆتۈپ قارا شەھەر، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق مۇھىم شەھەر ـ بازارلارغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. خوتەنگە تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، 15 ـ تۈەندىكى 1800 دىن ئارتۇق ئادەم سىياسىي كومىسسار خۇاڭ چېڭنىڭ قوماندانلىقىدا 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، 18 كۈندە 790 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى پىيادە مېڭىپ، 22 ـ كۈنى خوتەنگە يېتىپ بېرىپ، قۇملۇقتا يۈرۈش قىلىش رېكورتىنى ياراتتى. ئىككى تۈەن دۇنخۇاڭدىن يولغا چىقىپ، ئاددىي تاشيولنى بويلاپ چارقىلىق، كېرىيە ناھىيىلىرىگە يۈرۈش قىلدى. يەنە بىر سايپيورلار تۈەنى ۋە 5 ـ شىنىڭ بىر مۇستەقىل تۈەنى شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. 6 ـ جۇن 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى رەسمىي 1 ـ بىڭتۇەن شتاتىغا ئۆتتى. بۇ جۇنگە قاراشلىق 16 ـ شى، 17 ـ شى ۋە جۇنگە



جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى

بۇاستە قاراشلىق زەمبىرەكچىلەر تۈەنى، ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى، تەلىم ـ تەربىيە تۈەنى قاتارلىقلاردىن 28 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم 11 ـ ئاينىڭ 4ـ كۈنىدىن باشلاپ، جۈن كوماندىرى لو يۈەنفا سىياسىي كومىسسار جاڭ شيەنيۈەنىڭ قوماندانلىقىدا، ئايروپىلان ۋە ماشىنىدا توشۇشنى ئاساسلىق ۋاستە قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن دىخۇا، قۇمۇل، جىمكۆل (ھازىرقى باركۆل)، سۈيلەي (ھازىرقى ماناس)، غۇلجا قاتارلىق مۇھىم شەھەر ـ بازارلارغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش داۋامىدا ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر قوزغاتقان كۆپ قېتىملىق توپىلاڭلارنى تىنچىتتى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى پىچاندىكى ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى توپىلاڭچىلارنى باستۇردى. 1949 ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قۇمۇلدىكى ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى توپىلاڭچىلارنى قورالسىزلاندۇردى. 10 ـ ئاينىڭ 28ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ بۈگۈردىكى ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى. 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ كۈچادىكى ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلىرىنىڭ ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاش ۋەقەسى ۋە كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، زىيانغا ئۇچرىغان ئاممىغا نەپىقە بېرىپ خاتىرجەملەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەملەشتى. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا شىنجاڭغا كىرگەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ۋە گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرى بىلەن دىخۇادا ئۇچراشتى، 9 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بۇ ئۈچ ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭلار ۋاڭ جېن، بۇرھان شەھىدى، تاۋ سيۈ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا دىخۇا شەھىرىنىڭ جەنۇبىي چوڭ كوچىسىغا جايلاشقان چوڭ بانكا بىناسىنىڭ پەلەمپەي سۇپىسىغا چىقىپ ئۈچ ئارمىيە قىسىملىرىنى پاراتتىن ئۆتكۈزدى. 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دىخۇادا شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇش يىغىنى ئېچىلىپ، پېڭ دېخۇەي قوشۇمچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، سىياسىي كومىسسارى بولدى. ۋاڭ جېن 1 ـ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنلىككە، تاۋسيۈ 2 ـ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنلىككە، سەيپىدىن ئەزىزى 3 ـ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنلىككە، جاڭ شىچىن شتاب باشلىقلىقىغا، شۈي لىچىڭ سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 15 ـ، 16 ـ بەتلىرىگە قاراڭ).

**شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى** بۇ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭ مۇداپىئە باش قوماندانى گېنېرال تاۋسيۈنىڭ يېتەكچىلىكىدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، گومىنداڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيىسى سېپىگە قوشۇلغانلىقىنى جاكارلىغانلىق ۋەقەسى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىكى كەڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، ئەتراپلىق پىلانلاش ۋە كەسكىن كۈرەش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مۇداپىئە باش قوماندانى گېنېرال تاسيۈنىڭ باشلامچىلىقىدا تېلگرامما ئەۋەتىپ ھەقىقەتكە قايتتى. تېلېگرامما تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كوماندىر جەڭچىلىرىمىز ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بۇيان، گېنېرال جاڭ ۋېنبونىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىچكى تىنچلىقنى ھىمايە قىلىپ، تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى. جاڭ گېنېرال غەربىي شىمالدىن كەتكەندىن كېيىن، ئىچكى جايلارنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن جاڭ گېنېرال يەنىلا شىنجاڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىنقىلابىي روھ بىلەن ئارمىيىمىزدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە دەرھال خەلق دېموكراتىيىسى سېپىگە قوشۇلۇپ، دۆلەتكە ئازراق بولسىمۇ تۆھپە قوشۇشنى تاپىلىدى. بىز تاۋسيۈ قاتارلىقلار بىر ھەربىي بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق ئىش بولىدىغانلا بولسا، شەخسىي ئار ـ نومۇسقا قىلىشىمىز بىلەن ھېسابلاشمايمىز. ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلدى، جۇڭگو خەلقى سەممىي ئارزۇ قىلىپ كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋۇجۇدقا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، يېڭى جۇڭگو تىنچلىق بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتەك شانلىق يولغا قەدەم قويدى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىمىز دۆلەتنىڭ چېگرا رايونىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ،

دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى، ئاۋات ھەم گۈللەنگەن ئىستىقبالغا ئېرىشىشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدۇ. خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل ئورۇنداش يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ. بىز تاۋسىيۈ قاتارلىقلار پۈتۈن ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرگە ۋاكالىتەن شۇنى تەنتەنىلىك جاكارلايمىزكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ئۈزۈپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سەككىز تۈرلۈك تىنچلىق شەرتنامىسى ۋە ئىچكى تىنچلىق بىتىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز. پۈتۈن ئارمىيىمىز ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئورۇنلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى قوغدايدۇ ھەمدە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ. شۇڭا بۇ تېلېگراممىنى يوللىدۇق، يوليورۇق بېرىشىڭلارنى كۈتىمىز.» ئەينى چاغدا جايلار بىلەن بولغان تېلېگراف ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان بولغاچقا، راتسىيىدە ئۇزاق مۇددەت چاقىرىپمۇ ئالاقە باغلاش مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جاڭجياكۇدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ راتسىيىسى ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى بېيپىڭ (بېيجىڭ) غا يوللاپ بېرىلدى. 28-كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدې جاۋاب تېلېگراممىسى يوللاپ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى تەبرىكلىدى.

**شىنجاڭ ئۆلكىلىك گومىنداڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى**

بۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بورھان شەھىدىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، گومىنداڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىق ۋەقەسى. 1949-يىلى 9-ئاينىڭ 26-كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى باشلامچى بولۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى يوللىدى. تېلېگرامما تېكىستى تۆۋەندىكىچە: «شىنجاڭدا 1946-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى تىنچلىق كېلىشىمى ماددىلىرىغا ئاساسەن، ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى بىردەك ھىمايە قىلغان تىنچلىق، بىرلىككە كەلگەن، ئىتتىپاقلىق، دېموكراتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلىيالمىدۇق، شۇنداقتىمۇ ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمى ۋە بۈيۈك دوستىمىزنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى نەتىجىسىدە، شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئاخىرى تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالالىدۇق. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ تىنچلىق ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن غەربىي شىمالدىن ئايرىلغان، دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر جاھىللىق بىلەن جان تالىشىۋاتقان چاغدىمۇ، يەنىلا ئۆلكىمىزنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق. بىز شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىمىزكى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك ۋەتىنىمىزنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، باي، قۇدرەتلىك، شادلىققا تولغان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچلىق قۇرۇلۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1-نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلدى، بىرلىككە كەلگەن، مۇستەقىل، ئەركىن بولغان يېڭى دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋۇجۇدقا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تارىختىن بۇيانقى بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشقا ئۇل سېلىنغانلىقىدىن چەكسىز خۇشاللانماقتا. شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى بارلىق خەلقمۇ يېڭى جۇڭگونىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىن ئىنتايىن شادلانماقتا. بىز ھازىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا ۋاكالىتەن شۇنى جاكارلايمىزكى، بۈگۈندىن باشلاپ ئەكسىيەتچىل گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزدۇق، ماۋ جۇشىنىڭ سەككىز تۈرلۈك تىنچلىق باياناتى ۋە تىنچلىق كېلىشىمىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىمىز ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيمىز. بۇ ھۆكۈمەت ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ۋاقىتلىق رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرغاچ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە غۇلجىدىكى ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىمۇ دىخۋاغا قايتىپ كېلىپ بىرلىكتە ھەمكارلىشىشقا تەكلىپ قىلىمىز. چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئۆلكىمىز جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە، تېز سۈرئەت بىلەن شانلىق تىنچلىق قۇرۇلۇشى داغدام يولىغا قەدەم قويغۇسى. شۇ ۋەجىدىن بۇ تېلېگراممىنى يوللىدۇق، يولىيورۇق بېرىشىڭلارنى ھۆرمەت بىلەن كۈتىمىز.» ھەقىقەتكە قايىتىش تېلېگراممىسىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تاۋسىيۇ بىلەن بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مۇھاپىزەت باش قوماندانلىق شتابى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلانى»نى بىرلىكتە ئىمزالىدى. ئۇنىڭدا پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئارمىيە - خەلقتىن زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بۇ مەزگىلدە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، باشقىلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە دەخلى - تەرۇز قىلماسلىق، جەمئىيەت تەرتىپىگە پاراكەندىچىلىك سالماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق، بۇرۇنقى ئۆچمەنلىكلىرىنى دەپ باشقىلاردىن ئۆچ ئالماسلىق، مال باھاسىنى ھەدەپ ئۆستۈرمەسلىك، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار يەتكۈزمەسلىك، چەت ئەل مۇھاجىرلىرىغا چېقىلماسلىق، ئومۇمنىڭ مۈلكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك تەلەپ قىلىندى. 28 - كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇ دې شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى تەبرىكلەپ جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

**ئالىغا يۈرۈش قىلىش** 1950 - يىلى 4 - ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەركەز ۋە غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر شىسى قۇرۇپ شىزاڭنىڭ ئالى رايونىغا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي جەنۇب ھەربىي رايونىنىڭ 18 - جۈنى قاتارلىق قىسىملىرىغا ماسلىشىپ شىزاڭغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىدى. مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر شىسىدا ئۈچ ئاتلىق ئەسكەر تۇەنى ۋە بىر تۆگە چولۇق ئەترىتى بار ئىدى. شىنىڭ قوماندانلىق ئورگىنى خوتەنگە ئورۇنلاشتى، 7 - ئايدا كېرىيىگە يۆتكەلدى. 5 - ئايدا بۇ شىنىڭ ئاساسلىق ئەسكەر كۈچلىرى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايوندىن ئاجرىتىلغان بىر قىسىم ساپىيورلار ھەمدە سەپەرۋەر قىلىنغان 1800 خەلق ئىشچىسى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي شىزاڭغا تۇتىشىدىغان تاشيولنى ياساشقا كىرىشتى. 1951 - يىلى 11 - ئايغىچە 169 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى. مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر شىسى 1 - تۇەنىنىڭ 1 - لىيەنىنى ئاساس قىلىپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق يەتتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 135 نەپەر جەڭچىنى ئالدىنقى لىيەن قىلىپ تەشكىللىدى. بۇ لىيەن 1950 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى پولى كەنتىدىن چىقىپ ئالى رايونىغا يۈرۈش قىلدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئالىنىڭ گەيزې رايونىدىكى لياڭشۇيچۈەن (قوشبۇلاق) گە يېتىپ باردى، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دومغا، 10 - ئاينىڭ ئاخىرى زاماڭباۋغا يېتىپ باردى. بۇ يەرگە كەلگۈچە ئالدىنقى لىيەن جەمئىي 600 كىلومېتىر يول باستى. 1951 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر شىسى 2 - تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ئەن زېمىن باشچىلىقىدا شى رازۋېدكا لىيەنى ۋە بىر كۈچەيتمە ئاتلىق ئەسكەر لىيەندىن تەشكىللەنگەن 280 نەچچە كىشىلىك ئالدىنقى تارماق ئەترەت شىزاڭغا كىردى. 21 - كۈنى ئالدىنقى تارماق ئەترەت لياڭشۇيچۈەنگە يېتىپ باردى. 28 - كۈنى زاماڭباۋغا يېتىپ بېرىپ ئالدىنقى لىيەن بىلەن ئۇچراشتى. ئالدىنقى لىيەن جەڭچىلىرى كىلىمات ناچار بولۇش، دوختۇر، دورا يوق بولۇش، قەھرىتان سوغۇق ۋە ئاچارچىلىقتا قېلىش، ئارقا سەپتىن يىراقتا ئايرىلىپ تۇرۇپ، ئارقا سەپ تەمىناتىغا ئېرىشەلمەسلىكتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شىزاڭنىڭ ئالى ئېگىزلىكىدە ئون ئاي تۇردى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ لى چىيۇشەن قاتارلىق 37 نەپەر جەڭچى قۇربان بولدى، شانلىق نەتىجىلىرى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن «قەھرىمان لىيەن» دېگەن نام بېرىلدى. ئالدىنقى تارماق ئەترەت ئالدىنقى لىيەن بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، داۋاملىق پۇلەن، گارداق (گورىياشا) غا قاراپ يۈرۈش قىلدى. 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قىسىملار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، گاندىس تېغىنىڭ ئاساسلىق چوققىسى ئېتىكىدىكى مۇز دەريادىن كېسىپ ئۆتۈپ، دېڭىز يۈزىدىن 7 مىڭ نەچچە مېتىر ئېگىز دۇڭجۇلا داۋىنىدىن ئۆتۈپ، 29 - كۈنى پۇلەنگە يېتىپ باردى. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پۇلەندە ئاممىۋى يىغىن چاقىرىپ، شىزاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش كېلىشىمىنى ئېلان قىلدى ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىنتىزامىنى تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۇلەندە بىر كۈچەيتمە لىيەننى قالدۇرۇپ، باشقا قىسىملار بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئالىنىڭ مەركىزى گوداكقا يېتىپ باردى. بىر كۈن توختىغاندىن كېيىن يەنە شىمالغا

مېڭىپ، گوربېشا (گور) غا كىرىپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئالى ئېگىزلىكى تولۇق ئازاد بولدى.

**ئاراتۈرۈك مۇداپىئە جېڭى** 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16 ـ شى 46 ـ تۇەنى ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىنى قوغداش ئۈچۈن، باندىتلارنىڭ قوراللىق ھۇجۇمىغا قارشى ئىنتايىن جاپالىق ۋە كەسكىن بىر مەيدان جەڭ قىلدى. 1950 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايلاردا ئازادلىق ئارمىيە 6 ـ جۈن 16 ـ شى 46 ـ تۇەن 1 ـ يىڭنىڭ 2 ـ ليەنى بۇيرۇققا بىنائەن ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشقانىدى. 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سابىق گومىنداڭ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئەبەيدۇللا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يى جيەنجۇڭ ۋە باندىتلار كاتتىۋېشى ئوسمان، يولۋاسلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، سابىق گومىنداڭ قوغدىنىش ئەترىتى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان 700 نەچچە كىشىنى تايانچ قىلىپ، ئاممىنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى. ئۇلار ئاراتۈرۈكتىن قۇمۇل، تاشبۇلاق، غەربىي بازار (ھازىرقى باركۆل) قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان يوللارنى قامال قىلىپ، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈۋەتتى، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىققان خىزمەت ئەترىتىنىڭ 25 خادىمىنى ئۆلتۈردى. 30 ـ كۈنى سەھەردە توپىلاڭچى باندىتلار ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى 3 ـ نومۇرلۇق پوتەينى ئىگىلەپ، ئاراتۈرۈك بازىرىنى قوغداۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە 2 ـ لىيەنىنىڭ گازارمىسىغا ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. 2 ـ لىيەن دەرھال باندىتلارغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، شىمالىي تاغنى قايتۇرۇۋېلىپ، 30 نەچچە باندىتنى يوقاتتى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە، 200 نەچچە باندىت بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ، يەنە 2 ـ لىيەنگە ھۇجۇم قوزغىدى؛ 50 نەچچە باندىت ساقچى ئىدارىسىگە يوشۇرۇن كىرىپ، سولاقتا ياتقان يى جيەنجۇڭ قاتارلىقلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىشقا ئۇرۇندى. 1 ـ يىڭنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى خۇ چىڭشەن، سىياسىي يېتەكچى ۋاڭ پېڭيۈنىڭ قوماندانلىقىدا، 2 ـ لىيەن باتۇرانە جەڭ قىلىپ، باندىتلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. باندىتلار ئوڭمۇيزلۇك چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان باندىتلاردىن نەچچە يۈز كىشى كۆپ قېتىم 2 ـ لىيەنگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىردەك زەربە يەپ چېكىندى. 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، 16 ـ شى ئۈچ پىيادە ئەسكەر يىڭى، ئىككى ئاتلىق ئەسكەر لىيەنىنى ئامداۋان ئارقىلىق ئاراتۈرۈككە ماڭدۇردى. بۇ قوشۇن نېرىنكىر، دازىگو ئەتراپىدا يولۋاس باندىتلىرىنى تارمار قىلدى، ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان باندىتلار پاتىپاراق بولۇشۇپ قېچىپ كەتتى. 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 46 ـ تۇەنىنىڭ كوماندىرى رېن شۆتيەن بۇ تۇەنىنىڭ بىر يىڭى ۋە 40 ـ تۇەنىنىڭ 3 ـ يىڭىنى باشلاپ ئاراتۈرۈككە يېتىپ بېرىپ 2 ـ لىيەن بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى. 2 ـ لىيەن ئاراتۈرۈك بازىرىنى 40 كۈن قاتتىق ساقلاپ، 85 باندىتنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە يارىلاندۇردى. بۇ لىيەندىن 15 كىشى قۇربان بولدى. بۇ دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز بولغان شارائىتتا ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان، پاراسەتلىك، باتۇرانە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق شانلىق جەڭ ھېسابلىنىدۇ. 1 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىدا 2 ـ لىيەنگە «پولاتتەك قەھرىمان لىيەن» دەپ نام بېرىلدى.

**توپىلاڭنى تىنچىتىپ باندىت تازىلاش** بۇ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىپ باندىتلارنى تازىلاشتىكى ھەربىي ھەرىكىتىدۇر. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرى ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر، يەرلىك باندىتلار يېڭىلىكنىڭ تەن بەرمەي، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پارتىيە، ھاكىمىيەت قۇرۇش، جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كونسۇلى ماكىنانىنىڭ بىۋاسىتە پىلانلىشى ۋە كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا، باندىت ئوسمان ۋە جانىمقان گۈچۈڭ تەرەپتە بىر قىسىم ئاممىنى قۇترىتىپ ۋە كۈشكۈرتۈپ توپىلاڭ كۆتۈردى؛ يەرلىك باندىت ئۇرازباي سابىق گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەر 7 ـ شىسى ئالاھىدە ھەرىكەت يىڭى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ دىخۇانىڭ نەنشەن رايونى، سانجى قاتارلىق جايلاردا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى؛ قۇمۇلنىڭ سابىق ۋالىيسى، گومىنداڭ ئىشپىيونى يولۋاس قۇمۇلنىڭ تاشبۇلاق، شوپۇل، ئاراتۈرۈك رايونلىرىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئازادلىق ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلدى. ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، شىنجاڭ ھەربىي

رايونى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شتابى ۋە غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، باندىت تازىلاش قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، ۋاڭ جېن باش قوماندان، جاڭ شىچېن سەنمۇجاڭ بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە شىمالىي شىنجاڭ باندىت تازىلاش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، لو يۈەنفا باش قوماندان بولدى. باندىت تازىلاش قىسىملىرى 6-جۈننى ئاساس قىلىپ، 5-جۈننىڭ 14-شىسى، 40-ھەربىي رايوننىڭ برونېۋىك قىسىملىرى تۈەنى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەندى. شۇ يىلى 3-ئايدا گومىنداڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرى ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، باندىت تازىلىغۇچى قىسىم ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاتلىق قىسىم، توپچى قىسىم، پىيادە قىسىم ۋە برونېۋىك قىسىملىرى (قوشۇپ ھېسابلىغاندا بىر جۈن شتابى، بىر شى شتابى، ئۈچ تۈەن، 12 يىڭ، 38 ليەن ۋە بىر برونېۋىك تۈەنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە تەڭ) نى ئاتلاندۇرۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرى ۋە 15 ناھىيە (شەھەر) دىن تەشكىللەنگەن 12 مىڭ قوراللىق قوغدانغۇچىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئاساسلىقى شىمالىي شىنجاڭدا ۋە گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ چېگرىسىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوسمان، يولۋاس قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قوراللىق باندىتلارغا قارىتا زور كۆلەملىك تازىلاش ئېلىپ باردى. چوڭ-كىچىك قولىنچەرى ئۇرۇشى، ئاراتۇرۇك مۇداپىئە ئۇرۇشى، بەيتىك باندىت تازىلاش جېڭى، ئۈچ ئۆلكە بىرلەشمە يوقىتىش جېڭى قاتارلىق چوڭ-كىچىك 100 نەچچە قېتىملىق جەڭ ئارقىلىق، 1951-يىلى 10-ئايغىچە ئوسمان قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى باندىتلار پۈتۈنلەي يوقىتىلىپ، شىنجاڭغا ئۇزۇن يىل خەۋپ يەتكۈزگەن باندىتلار تازىلىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشىلاندى، خەلق ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەندى.

## ئۈچ يىللىق چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوماندان-جەڭچىلىرى يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك تېجەپ قانات يايدۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى. 1950-يىلى ئەتىيازدا، ئەمدىلا شىنجاڭغا كىرگەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى رەئىس ماۋزېدۇڭ ئېلان قىلغان ئارمىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشى توغرىسىدىكى بۇيرۇققا بىنائەن، قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە بىر قىسىم ئەسكەر قويۇپ قويغاندىن باشقا، 110 مىڭ ئوفىتسېر-جەڭچىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي-شىمالىدىكى قەدىمىي چۆللۈكلەرگە بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، نەتىجىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۈچ يىللىق داغدۇغىلىق چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 1954-يىلغىچە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىكى قىسىملار جەمئىي 153 مىڭ 300 گېكتار بوز يەر ئاچتى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۈيتۇن، ئىلى، كورلا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا 20 دىن ئارتۇق بوز يەر رايونى ۋە 30 دىن ئارتۇق چوڭ ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى قۇرۇلدى، پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان ئېرىق-ئۆستەڭلەر ۋە بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا سۇ ئامبارلىرى ياسالدى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تېز تەرەققىي قىلىپ، قىسىملار ئۆزىنى ئاساسەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى كۆپلەپ مەبلەغ، ئاشلىق، يەر چىقىرىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە تۇرمۇشىغا ياردەم بەردى. ئەينى يىللىرى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەرلەر بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىكى قىسىملار يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكنى تېجەپ، مەبلەغ توپلاپ، كەڭ كۆلەملىك سانائەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى، 1-ئاۋغۇست پولات-تۆمۈر زاۋۇتى، 1-ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى، 1-ئاۋغۇست ئۇن زاۋۇتى، ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ليۇداۋان كۆمۈر كېنى قاتارلىق 25 چوڭ، ئوتتۇرا كان، كارخانا ۋە 76 كىچىك زاۋۇت قۇردى، 38 مىڭ كىشىلىك بىناكارلىق قوشۇنى تەشكىللىدى ھەمدە 1952-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسىنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۈچ يىللىق چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى ئارقىلىق دۆلەتكە 227 مىليون يۈەنلىك بايلىق تېجەپ بېرىلدى. بۇ دۆلەتنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بېرىدىغان ئۈچ يىللىق ھەربىي خىراجىتىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتتى، بەلكى يەنە شىنجاڭ ئۈچۈن 1-ئەۋلاد سانائەت ئىشچىلىرى يېتىشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانائەت ئاساسى يارىتىلدى. بۇ چوڭ كارخانىلار تا ھازىرغىچە شىنجاڭ ئىقتىسادىدا تايانچلىق رول ئويناپ كەلمەكتە.

**ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلىش ۋە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» پائالىيىتى** 1982 ـ يىلىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان يېڭى ۋەزىيەتتە، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، يەرلىك بىلەن بىرلىكتە ئارمىيە ـ خەلق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ۋە «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش» شۇنىڭدەك ئارمىيە ـ خەلق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، «ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ پائالىيەت بىرلىكتە مەدەنىي كەنت بەرپا قىلىشتىن بىرلىكتە مەدەنىي كوچا، مەدەنىي زاۋۇت ـ كان، مەدەنىي ماگىزىن، مەدەنىي ئالىي مەكتەپ، مەدەنىي دوختۇرخانا، مەدەنىي بېكەت ـ ۋوگزال، مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. 1999 ـ يىلىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1056 ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلىش نۇقتىسىنىڭ 80% ىگە ناھىيىدىن يۇقىرى ئورگانلار تەرىپىدىن مەدەنىي ئورۇن دەپ نام بېرىلدى. «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تا مەملىكەت بويىچە توققۇز نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە)، ئاپتونوم رايون بويىچە 37 نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) بەرپا قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەممە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» بويىچە نەمۇنە شەھەر (ناھىيە) بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە بەرپا قىلىش ۋە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» پائالىيىتى جەريانىدا، قىسىملار ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنى گازارمىلاردىن چىقىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى ئىدىيە، يېڭى خىسلەتنى تەشەببۇس قىلىش، يەرلىكنىڭ ھەرخىل پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا ياردەملىشىش، پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ھەرمىللەت ئاممىغا كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ياخشى ئىدىيىسى، ياخشى تەجرىبىسىنى ئۆگەندى، چېگرا رايوننى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈپ، ھەرمىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننى قوغداش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئېتىقادىنى كۈچەيتتى. «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنى ئۇزاقتىن بۇيان تەڭلىكتە قويۇپ كېلىۋاتقان ئوتلاق، مۈلۈك، زېمىن قاتارلىق تارىخىي ماجىرا مەسىلىلىرى ئاساسەن ھەل بولدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت خەلقى قىسىملارنى ئەسكەر قوبۇل قىلىش، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش، مېيىپ ھەربىيلەر ۋە قۇربان بولغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ئارمىيىگىمۇ، يەرلىككىمۇ ياراملىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، قىسىملارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى ۋە مەشىق قىلىشىغا يەر ئىشلىتىشى قاتارلىق ئىشلاردا قىسىملارنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈردى.

**ئارمىيە خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق ئەسكەرلىرى، ج خ ئورۇنلىرى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش پائالىيىتى. ئارمىيە ـ خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىجادىيىتى. بۇ ئۇسۇل دەسلەپتە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە مەيدانغا چىققان. 1959 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، بۇ ناھىيىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى 3400 نەچچە كىشىگە يەتكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكىرى 1100 دىن ئاشىدۇ، ئۇلار تەشكىللىنىپ، ئازادلىق ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە چېگرا ساقلىغان. 1960 ـ يىلى تاشقورغان، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە بىر بىرلەشمە مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى، بەش بىرلەشمە مۇداپىئە ئوتتۇرا ئەترىتى ۋە 23 بىرلەشمە مۇداپىئە بەنى قۇرۇلغان. 1963 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، شۇ جايدىكى خەلق ئەسكەرلىرى تايانچلىرى ۋە ھەر مىللەتتىن بولغان ئاممىنى ئاساس قىلىپ، ئارمىيە ـ خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى يولغا قويۇشنى قاـ

رار قىلدى. چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيە، يېزا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرى ۋە كەنت ـ ئەترەتلەر بىلەن ھەرخىل شەكىلدىكى بىرلەشمە مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى، بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىسى قۇردى، بەزى جايلاردا بىرلەشمە مۇداپىئە رايونى ئايرىپ چىقىلدى. 1965 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى چېگرا خەلق ئەسكەرلىرى 80 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى 40 مىڭدىن ئاشىدۇ. 683 چارلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 259 چېگرا مۇداپىئە ئېغىزىنى ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە ساقلىدى. بەزى جايلار خەلق ئەسكەرلىرى ئارقىلىق چېگرا ئاھالىلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، 80% تىن ئارتۇق ئاممىنى بىرلەشمە مۇداپىئەگە قاتناشتۇردى. 1976 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 187 خەلق ئەسكەرلىرى ليەنى، 195 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە مۇداپىئەنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن دائىملىق مۇقىم قاراۋۇل ئورنى ۋە پەسىللىك چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرى، كۆزەتخانىلىرى بەرپا قىلىندى. 1981 ـ يىلدىن كېيىن، ئارمىيە ـ خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى تەشكىلاتلىرى تەڭشىلىپ، چېگرا



ئارمىيە خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى

مۇداپىئە قىسىملىرى بىلەن بىرلەشمە مۇداپىئە قىلىۋاتقان خەلق ئەسكەرلىرى ليەنلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىلىرى ئازايتىلدى، ئايرىم خەلق ئەسكەرلىرى قاراۋۇلخانىلىرى ئىشتىن ئاجرىتىلغاندىن باشقا، قالغانلىرى ئەمگەك بىلەن قوراللىق خىزمەت بىرلەشتۈرۈلگەن ياكى پەسىللىك قاراۋۇلخانىغا ئۆزگەرتىلدى. بەزى جايلاردا قوماندانلىق قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئېھتىياجغا قاراپ ناھىيە بىلەن ناھىيە، تۈەن ـ مەيدان بىلەن تۈەن ـ مەيدان چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، دائىملىق، پەسىللىك، ۋاقىتلىق بىرلەشمە مۇداپىئە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. ئارمىيە ـ خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسى چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

**كۆۋرۈك سېلىش ۋە يول ياساش** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى شىنجاڭ قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ قالاقلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەملىك يول ياساش ۋە كۆۋرۈك سېلىش پائالىيىتىنى يولغا قويدى. 1949 ـ يىلى قىشتا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق تاشيوللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى باشلىدى. ئالدى بىلەن ماناس دەرياسى كۆۋرۈكىنى قايتىدىن سالدى. دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) دىن غۇلجىغىچە بولغان تاشيولنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، بەيياڭخې ـ قەشقەر، قەشقەر ـ كېرىيە، قەشقەر ـ ئۇلۇغچاتتىن ئىبارەت ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2335 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈچ تاشيولنى رېمونت قىلدى. شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى (كېرىيە ـ گەيزې لىنىيىسى) نىڭ 169 كىلومېتىرلىق قىسمىنى يېڭىدىن ياسىدى. 1952 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە، دىخۇا (ئۈرۈمچى) ـ كورلا، قاغىلىق ـ غىداق ـ بۇلەنسۇڭ، قاراقۇرۇم ـ مايتاغ ـ كۇچادىن ئىبارەت 3334 كىلومېتىرلىق تاشيولنى يېڭىدىن ياسىدى. قاراقۇرۇم تاشيولى قەشقەردىن باشلىنىپ، قونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرا شەھىرى تاكىتقا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1032 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭ ھەربىي رايونى 1974 ـ يىلى بىر تارماق ئەترەت تەشكىللەپ بۇ يولنى ياساشقا باشلىغان، دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى 416 كىلومېتىر بۆلەكنى ياسىغاندىن باشقا، يەنە پاكىستان چېگرىسى ئىچىدىكى قونجىراپ تاغ ئېغىزىدىن تاكىتقىچە بولغان 616 كىلومېتىرلىق بۆلەكنى ياساشقا ياردەملەشتى. 1974 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى ياسالغان 10 يىلدا، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 151 نەپەر ھەربىي قۇربان بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ چۆرۈلمە دېگەن جايىغا بىر ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى ياساتتى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار تۆمۈريول ياساشقىمۇ كۆپ قېتىم قاتناشتى. 1958 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ تۇرپان بۆلىكىنى ياساشقا قاتناشتى؛ 1960 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ جەنۇبىي

ۋوگزال يول ئۆلىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى؛
1974 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1979 ـ يىلى 11 ـ
ئايغىچە، تۇرپان ـ كورلا تۆمۈريولىنى ياسىدى؛
1985 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى پىيادە ئەسكەرلەر
مەلۇم تۈەننى ئاجرىتىپ لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولى-
نى غەربكە ئۇزارتىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق قىسىملار تۇرپان ـ كورلا تۆمۈريولىنى يا-
ساش جەريانىدا كۆپ بەدەل تۆلىدى، 170 ئادەم ھاياتى-
نى تەقدىم قىلدى. ئۇلارنىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى خاتى-
رىلەش ئۈچۈن، بۇ تۆمۈريولىنى بويلاپ تۆت جايدا ئىن-
قىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ياسالدى. يەنە
1987 ـ يىلى ھەربىي قىسىملار شىمالىي شىنجاڭ
تۆمۈريولىنى ياساشقا ياردەم بەردى. 1993 ـ يىلى
لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنى قوش رېلىسلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. 1997 ـ يىلى جەنۇبىي
شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ياساشقا ياردەم بەردى. نەچچە
ئون يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار
ھەربىي خىراجەتنى ئاساس قىلىپ ياسىغان تاشيول 6
مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىرغا، ئاددىي تاشيول 5 مىڭ
668 كىلومېتىرغا، مۇستەقىل كۆۋرۈك 4 مىڭ 124
كە، ھەرخىل سۇڭگۈچ 400 نەچچىگە يەتتى ۋە شىن-
جاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى
قۇرۇلۇشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

سۇ ئىنشائاتى ياساش جۇڭگو ئازادلىق ئار-
مىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى شىنجاڭ-
نىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك سۇ ئىنشائا-
تى قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، چوڭ
ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. قىسىم-
لار سۇ ئىنشائاتى ياساشنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىش-
لىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى زور ئىش قاتارىدا
تۇتتى. 1950 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭ-
دا تۇرۇشلۇق قىسىملار 115 ئۆستەڭنى رېمونت قىلدى
ۋە ياسىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ياسىغان ئۆستەڭ
48 گە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 981 كىلومېتىرغا، يې-
ڭىدىن ياسىغان سۇ ئامبىرى سەككىزگە، يېڭىدىن يا-
سىغان سۇ ئىنشائات ئەسلىھەسى 800 نەچچىگە يېتىدۇ.
بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭراق سۇ ئىنشائاتلىرى: دىخۇا
خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىنى كېڭەيتىش، كورلا 18 ـ تۈەن
ئۆستىڭىنى ياساش، يەنجى غالىبىيەت 1 ـ ئۆستىڭى،
قۇمۇل قىزىل يۇلتۇز 1 ـ ئۆستىڭى، ئاقسۇ غالىبىيەت
ئۆستىڭى، خېجىڭ ئازاد 2 ـ ئۆستىڭى، دىخۇا تىنچلىق
ئۆستىڭىنى كېڭەيتىش، چيەندى (ھازىرقى مىجۈەن)
1 ـ ئاۋغۇست سۇ ئامبىرىنى ياساش، مىڭجىن سۇ
ئامبىرى، قۇمۇل قىزىل يۇلتۇز 2 ـ ئۆستىڭى قاتار-
لىقلار. 1955 ـ يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار
مۇنتىزىملاشقان ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە مەزگىلىگە
قەدەم قويغاندىن كېيىن، داۋاملىق تۈردە يەرلىكنىڭ
سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتى. ئاساسلىق
تۈرلەر مۇنداق: 1957 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، شىنجاڭ
ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئورگان قىس-
مى 3500 ئوفىتسېر ـ جەڭچى ئاجرىتىپ ئۈرۈمچى
ياشلار ئۆستىڭىنى ياساشقا قاتناشتى؛ 1958 ـ يىلى 7
ـ ئايدا، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورگىنى ۋە
ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق قىسىمدىن 2000 دىن ئار-
تۇق ئادەم قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە قاتارسۆگەت
سۇ ئامبىرىنى ياساشقا قاتناشتى؛ 1959 ـ يىلى 10 ـ
ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى تىنچلىق ئۆس-
تىڭىنى ئۆزگەرتىشكە قىسىملاردىن ئادەم قاتناشتۇر-
دى. 1960 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، دۆلەت مۇداپىئە پەن-
تېخنىكا كومىتېتى مەلۇم بازىسىنىڭ قۇرۇلۇش بىكىتۇ-
نى خوشۇت ناھىيە قىزىلتاغ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى
ياساشقا قاتناشتى؛ 1975 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، شىنجاڭ
ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى 172 ـ تۈەن-
نى يېڭىسار ناھىيە كامپا ئۆستىڭىنى ياساشقا ئاجرات-
تى؛ 1977 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي
رايونى مەلۇم شىنىڭ 25 ـ لىيەننى كۆنەس ناھىيىسى-
نىڭ جەنۇبىي شىمالىي سۇغىرىش ئەسلىھەسىنى كېڭەي-
تىش قۇرۇلۇشىغا ئاجراتتى. 1975 ـ يىلىدىن
1985 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سۇ
بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى قىسمى چارلاش ـ قېزىش
قۇدۇقىدىن 609 نى قازدى، ئۇلارنىڭ سۇ چىقىش
مىقدارى يىلىغا 56 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. 90 ـ
يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
قىسىملار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدى-
كى ئۇلۇغئاتا سۇ باشلاش ـ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى،
كۇچادىكى ئۆگەن دەرياسى پەيزىۋات سۇ ئىنشائاتى قۇ-
رۇلۇشى، تېكەستىكى سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، شىما-
لىي شىنجاڭدىكى «ئېرتىش دەرياسىنىڭ سۈيىنى قارا-
مايغا باشلاش» قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ياساشقا ياردە-
لەشتى.

«ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي»
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئالاھىدە مەز-

گىلدە، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرى كادىر، جەڭچى ئاجرىتىپ يەرلىكتە «ساناائەتكە ياردەم بېرىش، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، سولچىلارنى قوللاش» ۋە «ھەربىي ئىدارە قىلىش، ھەربىي تەلىم - تەربىيە» پائالىيىتىنى يولغا قويدى. 1967 - يىلى 1 - ئايدا، شائخەيدىكى «يانۋار بورىنى» نىڭ تەسىرى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى بىر گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلات شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، ھۆكۈمەتسىزلىك پىكىر ئېقىمى يامراپ، ئەلەم كۈرىشى ھەممە يەردە يۈز بەردى ھەمدە ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى بۇيرۇق بويىچە، «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. 1973 - يىلىغىچە، ھەربىي رايون بويىچە جەمئىي 71669 ئادەم - قېتىم ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 41417 ئادەم - قېتىم، جەڭچى 30252 ئادەم - قېتىم. ئەۋەتىلگەنلەر 1969-يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 28090 ئادەم - قېتىمغا يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1974 - يىلى قىشتا ۋە 1975 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئورگىنى ۋە 11 شۆبە ھەربىي رايون، 80 خەلق قوراللىق بۆلۈمى ۋە بەزى قىسىملار جەمئىي 890 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، ئۇلارنى 398 گۇڭشې - ئەترەتكە بېرىپ، نۇقتا بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەملەشتۈردى. 1975 - يىلى يەنە 300 دىن ئارتۇق كادىرنى زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا ئەۋەتىپ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بەردى. «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» گە قاتناشقان كادىر - جەڭچىلەر نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ساقلاپ قېلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى، لېكىن، «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» خىزمىتىدە ئومۇمەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خاتا فاڭجېنلىرى ئىجرا قىلىنغاچقا، خىزمەتتە نۇرغۇن كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارمۇ يۈز بەردى.

**خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى تەبىئىي ئاپەت، تاسادىپىي ھادىسە يۈز بەرگەندە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مۈلكى خەۋپكە دۇچ كەلگەندە خەلق ئاممىسىغا ياردەملىشىپ ئاپەت ۋە ھادىسە تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان قىيىنچىلىقنى يېڭىش پائالىيىتى. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار كۆپ قېتىم خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇلار ئىختىيارىي يوسۇندا 490 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇلار قىيىنچىلىقى بارلارغا ئىئانە قىلغان ماددىي بۇيۇمنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق. كۆلىمى چوڭراق بولغان خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پائالىيىتى: 1958 - يىلى 8 - ئايدا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كۇچا، چاپچال قاتارلىق ناھىيىلەردە يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى؛ 1966-يىلى 3 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قۇرساي جىلغىسىدىكى خەتەردىن قۇتقۇزۇش - مىنا تازىلاشقا قاتناشتى؛ 1977 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم كۆكيار نېفىتلىكىدە ئوت ئۆچۈرۈپ قۇدۇقنى ساقلاپ قېلىش خىزمىتىگە قاتناشتى؛ 1977- يىلى 8 - ئايدا پىچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قۇملۇقىدا گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىنى قۇتقۇزدى؛ 1982- يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدا قار كولاپ ئادەم قۇتقۇزدى؛ 1984 - يىلى 2 - ئايدا تۇرپاندا كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى قىلدى. 1985 - يىلى 8 - ئايدا ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى، ۋەھاكازالار. 1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 10 يىلدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار 2775 قېتىم خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى، قۇتقۇزۇلغان ئامما 25302 ئادەمگە، جىددىي توشۇلغان ئەشيا 300 مىڭ توننىدىن كۆپرەككە يەتتى. 1986 - يىلى 8 - ئايدا، دېڭىز يۈزىدىن 5200 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاتلىق سۇلۇق كۆلدە كەلكۈن خەتىرىدە قالغان 445 نەپەر ھەر مىللەت ئامما ۋە چەت ئەللىكنى قۇتقۇزدى. شۇ يىلى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا جەمئىي 227 قېتىم قاتنىشىپ، خەتەرگە ئۇچرىغان 2400 دىن ئارتۇق ئاممىنى قۇتقۇزدى. 1986-يىلدىن 1996 - يىلغىچە، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار كېسەلگە، كەلكۈنگە، شىۋىرغانغا، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىگە 1064 قېتىم قاتنىشىپ، 4200 ئاممىنى قۇتقۇزدى، تارقاقلاشتۇردى ۋە يۆتكىدى، زور بىر تۈركۈم ئەشيانى جىددىي توشۇدى، بىر تۈركۈم چارۋىنى يۆتكىدى. 1998 - يىلى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى ئوفىتسېر - جەڭ-

چىلەر كەلگەن، يەر تەۋرەش قاتارلىق خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى قۇتقۇزۇش يولىدا يەنە يېڭى خىزمەت كۆرسەتتى.

**جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش مۇنارى**

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئورنىتىلغان خاتىرە مۇنارى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە. شۇڭا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى ھارپىسىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەش مۇنارى ئورنىتىشنى قارار قىلدى. خاتىرە مۇنارى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانى مەركىزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە ياسالغان. بۇ تۆت چاسا خاتىرە مۇنارىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 900 كۋادرات مېتىر، ئومۇمىي ئېگىزلىكى 32.6 مېتىر بولۇپ، مۇنار گەۋدىسى، مۇنار تەگلىكى، سۇپىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە سۇپا ئىككى قەۋەت بولۇپ جەمئىي سەككىز پەلەمپەيي ھەمدە رىشاتكىسى بار؛ مۇنار تەگلىكىنىڭ تۆت يۈزىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەن قاپارتما نەقىش ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامى بىلەن يېزىلغان تاشپۈتۈك بار؛ مۇنار گەۋدىسىنىڭ يۈزىگە قېلىنلىقى 12 سانتىمېتىرلىق گرانىت تاش چاپلانغان، شىمالىي يۈزىگە ۋاڭ جېن يازغان «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خاتىرىسى» دېگەن بېغىشلىما ئويۇلغان، شەرقىي يۈزىگە ۋاڭ جېن بېغىشلىمىسىنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئويۇلغان. جەنۇبىي يۈزىگە ۋاڭ ئېنماۋ يازغان «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىردى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئازاد بولغان يېڭى تارىخىي دەۋر باشلاندى» دېگەن بېغىشلىما ئويۇلغان، غەربىي تەرىپىگە ۋاڭ ئېنماۋ بېغىشلىمىسىنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئويۇلغان. خاتىرە مۇنارى خەلق مەيدانىدىكى دۆلەت بايرىقى چىقىرىش ـ چۈشۈرۈش خادىسى ۋە ئۇنىڭ تەگلىكى بىلەن ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدۇ، بۇ جاي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسىنىڭ بىرىدۇر (رەڭلىك قىستۇرما ۋاراقنىڭ 16 ـ بېتىگە قارالسۇن).

**ئىلى ـ تارباغاتاي ۋەقەسى** سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قوزغىغان ۋە مەجبۇرلىغان جۇڭگونىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىش ۋەقەسى. 1962 ـ يىلى 4 ـ ۋە 5 ـ ئايلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئارقىلىق، جۇڭگو تەرەپتىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن پايدىلىنىپ ئىلى، تارباغاتاي چېگرا رايونىدىكى 50 ـ 60 مىڭ جۇڭگو پۇقراسىنى ئۆي بىساتلىرى ۋە 300 مىڭدىن ئارتۇق قوي ـ كالىسىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىشكە قۇتراتتى ۋە مەجبۇرلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرىسىدىكى سىم توساقنىڭ نەچچە ئون يېرىدىن ئېغىز ئېچىپ ۋە نەچچە يۈز ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرى ئادەم ئەۋەتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، چەت ئەلگە قېچىۋاتقان ئاممىغا چېگرىدىن چىقىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى ھەمدە يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ، ئائىلەرنى ئارىلاپ پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ ئاممىنى تەربىيىلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىپ خەلقنى تىنچلاندۇرۇش مەقسىتىدە ھۆكۈمەت توشۇپ كەلگەن ئاشلىق، گۆش، سۈت، رەخت قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىرىنى ئاممىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. تاراپ كەتكەن چارۋىلارنى يىغىپ كېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى، گۇڭشې ـ ئەترەت ئاپپاراتلىرىنى قايتىدىن قۇرۇشۇپ بېرىپ، ئاممىنى يېتەكلەپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە خىزمەت ئارقىلىق ۋەقە ئاخىرى تىنچىتىلىپ، خەلق رايى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ مۇقىملاشتى.

**زىيالىي ياشلارنىڭ چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشى** 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زىيالىي ياشلارنىڭ پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، شىنجاڭغا كېلىپ چېگرا رايونغا قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش پائالىيىتى. 1963 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1966 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پىلانلىق ھالدا شاڭخەي، بېيجىڭ، تيەنجىن، ۋۇخەندىن ۋە جياڭسۇ، جېجياڭ ئۆلكىلىرىدىن 126 مىڭ 700 زىيالىي ياشنى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە قوبۇل قىلدى

ۋە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ زىيالىي ياشلار تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە، سىياسىي قىزغىنلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىگە يېڭى قان قوشتى، شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشتە تۆھپە قوشتى. شاڭخەي شەھىرىدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشلار ئەڭ كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولۇپ، ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى، قەشقەردىكى يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىگە تەقسىملەندى،



زىيالىي ياشلارنىڭ چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشى

بىر قىسمى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىگە، بورتالادىكى يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىگە، سانجىدىكى يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىگە، كۈيتۇندىكى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىگە ۋە ئالتايدىكى يېزا ئىگىلىك 10 - شىسىگە تەقسىملەندى. باشقا ئۆلكە، شەھەردىن كەلگەن زىيالىي ياشلارنىڭ جايلىشىشى نىسبەتەن مەركەزلىك بولدى: بېيجىڭدىن كەلگەن ياشلار ئاساسەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى، يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى ۋە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىدارىسى (ئۈرۈمچى شەھىرى) گە، تيەنجىندىن كەلگەن ياشلار يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى، يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى، يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى (شىخەنزە شەھىرى) گە، ۋۇخەندىن كەلگەن ياشلار يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى، يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى ۋە يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىغا، جېجياڭدىن كەلگەن ياشلار ئاساسەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى، يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى ۋە يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىغا، جياڭسۇدىن كەلگەن ياشلار ئاساسەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى، يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ۋە خوتەن ۋىلايىتىگە تەقسىملەندى. چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار ياشلىق باھارىنى چېگرا رايونغا تەقدىم قىلىپ، چېگرا رايوننى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

## يانۋار ھوقۇق تارتىۋېلىش بورىنى

1967 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يۈز بەرگەن بىر گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ھەرىكىتى. 1967 - يىلىنىڭ بېشىدا، شاڭخەي «يانۋار بورىنى» (شاڭخەيدىكى ئىسيانچىلارنىڭ 1 - ئايدا ج ك پ شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتى، شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ) پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى، شىنجاڭدىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. 1967 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار جەمئىيەتتىكى بىر گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلات بىلەن بىرلىكتە پىلانلاپ، يۇقىرىقى ئىككى ئاخبارات ئورنىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئورگىنىدىكى بىر گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلات بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بىر گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلات ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا ھوقۇق تارتىۋېلىش ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئىدارىلەر شۇنىڭدەك ۋىلايەت، ئاپتونوم، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ھوقۇقىمۇ ئىلگىرى-كېيىن تارتىۋېلىندى. ھوقۇق تارتىۋېلىش جەريانىدا، قانلىق ئەلەم كۆرۈشى ۋەقەسى پات - پات يۈز بېرىپ تۇردى. يېڭىدىن ھوقۇق ئىگىلىگەن ئىسيانچىلار ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن، كادىرلارغا كەڭ كۆلەملىك زىيانكەشلىك قىلىشنى، ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشتىكى ئاممىنى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشنى تەشكىللىدى. ئىككى گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ زىددىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ئومۇمىيۈزلۈك پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، ۋەزىيەت تىزگىنسىز قالدى. 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىخەنزە يېزا ئىگىلىك 8 - شىسىدە قانلىق ئەلەم كۆرۈشى ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، 27 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىڭتۈەننى ھەربىي ئىدارە

قىلىشنى ئۈنىڭدا پەن – تېخنىكا، ماكارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە تارماقلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا بىردەك بولمايدىغانلىقى، يەرلىكنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا ئارىلاشماسلىقىنى قارار قىلدى. 2 – ئاينىڭ ئاخىرىدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى يەنە: ج ك پ شىنجاڭ ھەربىي رايونى كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈپ، مۇھىم تارماقلارغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويىدۇ، دەپ يوليورۇق چىقاردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرمۇ مۇناسىپ تەدبىر قوللاندى. 3 – ئايدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئارمىيە ئاساسەن تىزگىنلىدى، ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ۋاقتىنچە مۇقىم بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى.

**«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئەلەم كۆرۈشى ۋەقەلىرى** «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىككى گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەلىرى. 1966 – يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شىنجاڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قالايمىقانچىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويدى. 1967 – يىلى 1 – ئايدا شاڭخەيدە يۈز بەرگەن «يانۋار بورىنى» باشلىنىش ئۇقتىسى قىلىنغان «ھوقۇق تارتىۋېلىش شاملى» پۈتۈن شىنجاڭنى تېز قاپلىدى. 1 – ئاينىڭ 26 – كۈنى شىخەنزە يېزا ئىگىلىك 8 – شىسىدىكى ئىككى گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تارتىۋېلىش جەريانىدا شىددەتلىك توقۇنۇش يۈز بېرىپ، قورال ئىگىلىگەن بىر گۇرۇھ 27 ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، 70 تىن ئارتۇق ئادەمنى يارىلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى تۇنجى كەڭ كۆلەملىك قانلىق ئەلەم كۆرۈشى ۋەقەسىنى تۇغدۇردى. ھوقۇق تارتىۋېلىش دولقۇنى جەريانىدا، بىر – بىرىگە كەسكىن زىتلىشىپ كەتكەن ئىككى گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ قولىدىكى تاياق – توقماق قورال – ياراغقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئەلەم كۆرۈشى ۋەقەلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بەردى ۋە كۆچەيدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى نۇقتىلىق ئورۇنلاردا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت سەل ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە تېزدىن ئەكسىگە يېنىپ كەتتى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يەرلىك ئورۇنلاردا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغانلىقىنى «مارت قارا بورىنى» دەپ ھاقارەتلىدى. 5 – ئاينىڭ 7 – كۈنى ئىسيانچىلار بىرقانچە مىڭ ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچىنى قۇتراتىپ، ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلغان «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنى مەجبۇرىي پېچەتلەپ ئىگىلىۋالدى. 8 – كۈنى يەنە بىر گۇرۇھتىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئامما گېزىتخانىنى پېچەتلەشكە قارشى ھەرىكەت قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇنجى كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرۈشى يۈز بەردى. 1967 – يىلى 1 – ئايدا، ئەلەم كۆرۈشنىڭ دائىرىسى ئۈرۈمچىدىن پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىپ، ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچىدىكى «20 – ئاپرېل»، «30 – ئاپرېل»، «9 – ئىيۇل»، «4 – ئۆكتەبىر» ئەلەم كۆرۈشى، قەشقەردىكى «14 – ئاۋغۇست» ئەلەم كۆرۈشى ۋەقەسى، قاراماي ئېلېكتر ئىستانسىدىكى ئەلەم كۆرۈشى ۋەقەسى قاتارلىقلار يۈز بەردى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە، شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 117 قېتىم ئەلەم كۆرۈشى ۋەقەسى يۈز بېرىپ 700 دىن ئارتۇق ئادەم ئەلەم كۆرۈشتە ئۆلدى، 5000 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلاندى ۋە مېيىپ بولدى ھەمدە ئىنتايىن زور ئىقتىسادىي زىيان ۋە ئىجتىمائىي خەۋپ كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى** 1968 – يىلى 9 – ئاينىڭ 5 – كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىدا نەچچە ئون مىڭ كىشى قاتناشقان چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. 1967 – يىلى قىشتا جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ كۆپ قېتىم بىۋاسىتە ئارىلىشىشى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسمىنىڭ قايىل قىلىش ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ئىككى گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى ماۋزېدۇڭنىڭ چوڭ بىرلىشىش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئارمىيىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، چوڭ بىرلىشىش ئۈستىدە كېڭەشتى. 1968 – يىلى يازادا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭدا شىنجاڭدىكى ئىككى گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلات، ئارمىيە ۋە رەھبەرىي كادىر ۋەكىللىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكى ۋە نەسىھىتى ئارقىسىدا، 8 – ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاندىن ئاپتونوم رايونلۇق

ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش توغرىسىدا بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىندى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كېڭەشمىش پىكرىنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلدى. 1968 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1969 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ناھىيىلەردە ئىنقىلابىي كومىتېت ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنىنى ئالدى ھەمدە تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقىچە ھوقۇق يۈرگۈزدى.

## ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەر قېتىملىق ھەرىكەتتە پەيدا قىلىنغان ناھەق دېلو، يالغان دېلو، خاتا دېلولارنى ئاقلاش ھەرىكىتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن، «ھەممىدىن گۇمانلىنىش، ھەممىنى يوقىتىش» دولقۇنىنى پەيدا قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىغا شەپقەتسىزلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلىپ، زور بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى قەستەن ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئۇنىڭغا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇنقى ھەر قېتىملىق ھەرىكەتتە قېلىپ قالغان ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى قوشقاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە يۈز بەرگەن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنىڭ سانى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، يالغان دېلولارنى ئاقلاش، خاتا دېلولارنى تۈزىتىش، ناھەق دېلولارنى ئاقلاش كەڭ خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئايلاندى. 1979 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى «شىنجاڭدا ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› جەريانىدىكى ۋە تارىختا قېلىپ قالغان بەزى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى ۋە تارىختا قېلىپ قالغان بىر تۈركۈم چوڭ - چوڭ ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلىدى. 1980 - يىلى 3 - ئايغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى 200 مىڭدىن ئارتۇق ناھەق، يالغان، خاتا دېلو قايتا تەكشۈرۈلدى ۋە ئاقلاندى، بۇ قايتا تەكشۈرۈپ ئاقلاش تەلەپ قىلىنغان دېلولارنىڭ 97.8% نى ئىگىلەيدۇ. ئاتالمىش «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ دېلوسى»، «چەت ئەلگە قېچىش گۇرۇھى دېلوسى»، «توپىلاڭ كۆتۈرۈش گۇرۇھى دېلوسى» ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. مۇشۇ دېلولار سەۋەبىدىن چېتىشلىق بولغان ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ھەممىسى ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشتە خاتا ھالدا «ئوڭچى ئۇنسۇر» دەپ ئايرىلغان 3266 ئادەم ۋە «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش» كۈرىشى، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قاتارلىق ھەرىكەتلەردە خاتا بىر تەرەپ قىلىنغانلار قايتا تەكشۈرۈلدى، ئاقلاندى ھەمدە سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش بىلەن بىرگە، كادىرلارنى ئازاد قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى، پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھەر قېتىملىق ھەرىكەتتە ناھەقچىلىققا ئۇچرىغان كادىرلار ۋە ئامما ھەم ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كۆڭلى ئازادە ھالدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

## لى يىڭچى ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شىنجاڭدا يۈز بەرگەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، ھەققانىي كىشىلەر ۋە بىگۇناھ ئاممىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار سانى ئەڭ كۆپ، زىيان ئەڭ ئېغىر، جىنايەت ئەڭ زور، قىلمىش ئەڭ قەبىھ بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي قاتىللىق دېلوسى. ئاساسلىق جىنايەتچى لى يىڭچى، خەنزۇ، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن دېگەن يېرىدىن بولۇپ، شېڭ شىسەي دۇبەن مەھكىمىسى كاتۋاي باشقارمىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، مالىيە تەپتىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سىياسىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە سوت ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1939 - يىلى لى يىڭچى جاڭ

گۇاڭچيەن، ۋۇ شاۋبياڭ قاتارلىق باندىتلار بىلەن شېرىكلىشىپ، «ئالتاي توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قەستلەش دېلوسى»، «قەشقەر زىيانكەشلىك دېلوسى»، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش دېلوسى»، «شىياڭ شىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش دېلوسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ۋاستىسى ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا، خەلققە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. 1937 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە، ئۇلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە بىگۇناھ ئاممىدىن 120 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. شېڭ شىسەي دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ غالچىسى بولغان مەزگىلدە، ئۇلار شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق كىشى ۋە بىر مۇنچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن زاتنى قولغا ئالدى ھەمدە قولغا ئېلىنىپ قاماققا سولانغان زاتلارنى ئالداپ ئىقرار قىلدۇرۇش، قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇش، يالغاندىن يۈزلەشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئىقرارنامە ياساپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارغامچىدا بوغۇش، زەھەر سېلىش، تىرىك كۆمۈش، تېرىسىنى سويۇش، كۆيدۈرۈش، كېسىش، مىلتىقتا ئېتىش قاتارلىق ۋەھشىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆلتۈردى. 1951 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى لى يىڭچىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئاتتى.

**ئوسمان ئىسلام ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوسى**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن، ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن خەۋپى ئەڭ ئېغىر بولغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ دېلوسى. ئوسمان ئىسلام، ئەر، قازاق، شىنجاڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن، 1946ـ يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1946 ـ يىلى گومىداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، ئالتاينى ئۈچ قېتىم پاراكەندە قىلغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئامېرىكىنىڭ دىخۋادا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە يول كۆرسىتىشى بىلەن، پائال تۈردە ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچ توپلاپ، «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇندى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشكە قارشىلىق كۆرسەتتى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئوسمان ئىسلام ئەكسىيەتچىل ئوفىتسېرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئاسىيلىق قىلىشقا قوزغاپ، ھەرقايسى تەرەپتىكى ئەكسىيەتچىلەر بىلەن قوراللىق توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلاپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇندى. ئوسمان ئىسلام باشچىلىقىدىكى باندىتلارنىڭ قوراللىق توپىلىڭى نەچچە يىل داۋام قىلدى. ئۇلار باندىتلارنى توپلاپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن نەچچە يۈز قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، قازاق ئاممىدىن 319 كىشىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتچىسى قاتارلىقلاردىن 1175 كىشىنى ئۆلتۈردى، پۇقرالارنىڭ 48 ئۆيىنى، 10 ئاپتوموبىلنى كۆيدۈرۈۋەتتى، 88885 تۇياق ئات ۋە 352461 تۇياق قوي، 530 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق، 3684 سەر ئالتۇن، 17435 سەر كۈمۈش قاتارلىق ئومۇم ۋە شەخسنىڭ مېلىنى بۇلاپ كەتتى. 1951 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئامېرىكا ـ جياڭ جيېشى ئىشپىيونلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ۋە قوراللىق توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش جىنايىتى بىلەن ئوسمان ئىسلامغا ئۆلۈم جازىسى بېرىپ ئاتتى.

**شاياردىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈرمىدىن قېچىش دېلوسى**

1996 ـ يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈرمىدىن قېچىش دېلوسى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا، جىنايەتچى ئابباس تۇرسۇن، ئابلىمىت جۇمە باش بولۇپ، تۈرمىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ تۈرمىدىن قېچىش، ئىجتىمائىي مالىمانچىلىق پەيدا قىلىش مەقسىتىدىكى ئەكسىيەتچىل شايكىنى مەخپىي ئۇيۇشتۇرغان. ئۇلار كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەش ۋە قاتىللىق قوراللىرى تەييارلاش ئارقىلىق، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جىنايەتچىلەرنىڭ سىرتتا ئەمگەككە چىقىپ چۈشتە تۈرمىگە قايتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پىچاق قاتارلىق قاتىللىق قوراللىرى بىلەن تۆت نەپەر قوراللىق ساقچى جەڭچىسىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ، تۆت دانە پىلىموتنى بۇلاپ كەتكەن. ئارقىدىنلا 12 جىنايەتچى تۈرمە باشقۇرۇش كادىرى تۇرغۇننى تۇتقۇنغا ئېلىپ ۋە تەھدىت بىلەن ئۇنىڭغا ماشىنا ھەيدىتىپ شايار ناھىيە بازىرىغا بۆسۈپ كىرىپ داۋاملىق جىنايەت سادىر قىلغان. بۇ جىنايەتچىلەر جىنايەت سادىر قىلىش جەريانىدا، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 17 نەپەر قوراللىق ساق-

چى جەڭچىسى ۋە بىگۇناھ ئاممىنى پىچاق تىقىپ ۋە ئوق ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، ئابلىمىت ئابدۇرېھىم، ئەخمەت تاش قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈزۈمدىن قېچىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ بېكىتىپ، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا، ھەسەن ھەمدۇللا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈزۈمدىن قېچىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ بېكىتىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا؛ ئۆمەر مۇھەممەتنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۈزۈمدىن قېچىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بېكىتىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى.

**قەشقەردىكى «12 ـ ماي» قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى** 1996 ـ يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زوراۋان، تېرروررلۇق جىنايى تەشكىلاتىنىڭ كاتتىۋېشى پىلانلىغان سىياسىي قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئابلىز ئابدۇللا قاتارلىق زوراۋان تېرروررلۇق شايكىسىنىڭ ئۈچ نەپەر ئەزاسى كاتتىۋېشىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ ئىمامى ھارۇنخان ھاجىمنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان. 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاڭ سەھەر سائەت تۆتلەردە، ھارۇنخان ھاجىمنى ئوغلى ئەمەت قارى ۋېلسىپىتلىك مەسچىتكە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، ئۆي ئەتراپىغا ئالدىن يوشۇرۇنۇۋالغان ئابلىز ئابدۇللا، نۇر مۇھەممەت ئابدۇللا ۋە مەتنىياز مەتسەيدى توساتتىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا پىچاق ۋە پالتا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھارۇنخان ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا پىچاق سىلىپ ۋە پالتا بىلەن چېپىپ، ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى ئۆمۈرلۈك مېيىپ قىلىۋەتكەن. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، ئابلىز ئابدۇللا قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ بېكىتىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا؛ مۇھەممەت ئەلى تۇرسۇن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ۋە ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بېكىتىپ مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۈچ يىل مەھرۇم قىلىشقا؛ ئابدۇللا سىدىق ئوغرىلىق جىنايىتى، قانات ئاستىغا ئېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ بېكىتىپ مۇددەتلىك تۆت يىللىق قاماق جازاسى بېرىشكە ھۆكۈم قىلدى.

**قاغىلىقتىكى پەۋقۇلئاددە زور ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى** 1996 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر، قىلمىشى ئىنتايىن قەبىھ بولغان قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جىنايەتچى ئىدرىس ئابباس، تۇرسۇن قاسىم، مۇھەممەت قۇربان ۋە ئابدۇرازاق ئاۋۇت قاتارلىقلار بىرلىكتە مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئوبۇل ئەخمەت، ئامانلىق خادىمى ئىدرىس قۇربانئىياز قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پىلانلىغان. 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچ سائەت توققۇزلاردا، ئىدرىس ئابباس قاتارلىقلار قوللىرىغا پىچاق ئېلىپ ئىككى تاكسىغا ئولتۇرۇپ جاڭگىلەسكى يېزىسىنىڭ چاچقۇم كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدىن قېچىپ چىققان ئەخمەت سەمەت بىلەن قولىغا پىچاق، بومبا ئېلىپ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئوبۇل ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، ئوبۇل ئەخمەتنىڭ بىرقانچە يېرىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرگەن، ئارقىدىنلا بىر بومبىنى رادىئو ئاڭلىتىش ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن تاشلاپ پارتلاتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىدرىس ئابباس، تۇرسۇن قاسىم، ياسىن روزى قاتارلىقلار قوللىرىغا پىچاق، بومبا ۋە ئويۇنچۇق تاپانچا قاتارلىقلارنى ئېلىپ چاچقۇم باشقۇرۇش رايونى ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرىپ، ساقچى مۇھەممەت ھەمدۇللاغا ئارقا ـ ئارقىدىن پىچاق تىققان ۋە گېلىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەن ھەمدە ئامانلىق خادىمى ئەركىننىڭ بويىنىغا پىچاق تىقىپ ئېغىر زەخىملەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىدرىس ئابباس كەنت ئاھالىسى زامات ئەمەتنى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ بىرقانچە يېرىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. تۇرسۇن قاسىم، ئىدرىس ئابباسلار تۇتقۇن قىلىپ كەنت سىرتىغا ئېلىپ چىققان كەنت ئاھالىسى ياسىن پولاتنى ئۆلتۈرگەن. بۇ زوراۋانلارنى قوغلاپ تۇتۇۋاتقاندا، ئىدرىس ئابباس قارشىلىق كۆرسەتكەچكە ئېتىپ تاشلاندى، قالغانلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تۇتۇلدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، تۇرسۇن قاسىم، مۇھەممەت قۇربان، ئەخمەت سەمەت، ئابدۇرازاق ئاۋۇتلارنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى، قانۇنسىز ھالدا قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ياساش جىنايىتى، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بېكى-

تىپ، بىرقانچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاپ ئۆلۈپ جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى.

**«25 ـ فېۋرال» كوچا ئاپتوبۇسىنى پارتلىتىش دېلوسى** 1997 ـ يىلى زوراۋان، تېررورچىلار ئۈرۈمچى رايونىدا پەيدا قىلغان كىشىنى چۆچۈتىدىغان، زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولغان پارتلىتىش دېلوسى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندىن تارتىپ سائەت 5 تىن 30 مىنۇت ئۆتكۈچە، زوراۋان، تېررورچىلار شايىكىسىنىڭ كاتتىۋېشى ماخمۇت ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى كىچىك تىپلىق ئۇنئالغۇسىدىن ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇلغان بەش دانە مۇددەتلىك پارتلاش قورۇلمىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بەش كوچا ئاپتوبۇسىغا قويۇپ، ئۈچ كوچا ئاپتوبۇسى پارتلاش، توققۇز ئادەم ئۆلۈش، 58 ئادەم يارىلىنىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ج خ ئورگانلىرى بۇ جىنايەت شايكىسىنىڭ سەككىز نەپەر غوللۇق ئەزاسىنىڭ ئەسلىدىنلا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان قارا نىيەتلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ سەككىز ئادەم 1996 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىن تارتىپ «25 ـ فېۋرال» پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگۈچە بولغان قىسقىغىنا ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە 10 نەچچە قېتىم قاتىللىق دېلوسى سادىر قىلىپ توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. بۇ سەككىز قارا نىيەت يەنە كەسپىي ئوغرىلار بولۇپ، 1995 ـ يىلدىن باشلاپ ئومۇمنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ 130 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مېلىنى ئوغرىلىغان ۋە بۇلىغان. ئۈرۈمچى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، ماخمۇت ئابدۇراخمان، ئابدۇللا نىياز، ئابلەت مۇھەممەت، ھوشۇر ئەمەت، يۈسۈپ ھېيت، مۇستافا نۇر، ئېلى رەھىم، جېلىل بىلال قاتارلىق سەككىز كىشىنى پارتلىتىش جىنايىتى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى، قانۇنسىز ھالدا قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا سېتىۋېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ بېكىتىپ، بىرقانچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاپ، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى.

**زۇلىلۇن، زۇلىچۈنلەرنىڭ بانكا بۇلاش، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى** 1998 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا يۈز بەرگەن تەسىرى چوڭ قوراللىق بۇلاڭچىلىق دېلوسى. زۇلىلۇن، زۇ لىچۈن (ئايال) ۋە زۇ جىچۈن (ئايرىم دېلودا بىر تەرەپ قىلىندى) قاتارلىق بۇ ئۈچ كىشى بانكا بۇلاشنى پىلانلاپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسىنىڭ جىنشەن تارماق بانكىسى شياۋشىمېن تىجارەت بۆلۈمىگە كۆپ قېتىم كېلىپ پايلىغان. 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەچ سائەت 20 لەردە، زۇلىلۇن زۇ جىچۈن تەمىنلىگەن «54» تىپلىق تاپانچىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شياۋشىمېنغا كەلگەن. زۇ لىچۈن ئاۋۋال كېلىشىۋالغىنى بويىچە ئوتتۇرا كۆۋرۈكتىكى بىر كوچىغا زۇ لىلۇننى ئېلىشقا بارغان. شۇ چاغدا سودا بانكىسى جىنشەن تارماق بانكىسى شياۋشىمېن تىجارەت بۆلۈمىنىڭ پۇل توشۇغۇچىسى جيادىيەنكې ۋە خەزىنەتچىسى شۇيۇگۈشىن، يۈي جىڭلار پۇل ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ تىجارەت بۆلۈمىدىن پۇل توشۇش ماشىنىسىغا قاراپ چىقىۋاتقاندا، زۇ لىلۇن جيادىيەنكېنى ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ، يۇ يۈگۈشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، 693644.44 يۈەن نەق پۇل قاچىلانغان ساندۇقنى بۇلاپ نەق مەيداندىن قېچىپ كېتىپ، زۇ لىچۈن ئېلىپ كەلگەن تاكسىغا چىقىپ، شوپۇرغا قورال تەڭلەپ تەھدىت سېلىپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خۇاڭخې يولىغا قاراپ تاكسىلىق قاچقان. كېيىن ئىككىسى تاكسىدىن چۈشۈپ ئايرىم ـ ئايرىم قېچىپ كەتكەن. زۇ لىلۇن قېچىش جەريانىدا يەنە ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاممىغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتقان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، زۇ لىلۇننى بۇلاڭچىلىق جىنايىتى، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بېكىتىپ، قانۇن بويىچە بىرقانچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى؛ زۇ لىچۈنگە بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى.

**بەي باۋشەننىڭ بۇلاڭچىلىق، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى** 1997 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى چېگرا رايون مېھمانخانىسىدا يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە زور قوراللىق بۇلاڭچىلىق دېلوسى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سائەت 9 لەردە، جىنايەتچى بەي باۋشەن شېرىك جىنايەتچى ۋۇ زىمىڭ بىلەن پىلانى بويىچە بىردىن مىلتىق ۋە تاپانچا ئېلىپ، ئۈرۈمچى چېگرا رايون مېھمانخانىسىغا كېلىپ پۇرسەت كۈتكەن.

سائەت 12 لەردە بەي باۋشەن ئۇيغۇر سودىگەر خەيرۇللا مۇھەممەترېھىم ۋە ھەزرەت ئۆمەرلەرنىڭ قولىدىكى سومكىدا نۇرغۇن نەق پۇل بارلىقىنى كۆرۈپ، خەيرۇللا مۇھەممەترېھىمغا بىر پاي ئوق ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، ۋۇزىمىڭ خەيرۇللانىڭ 380 مىڭ يۈەن نەق پۇلى قاچىلانغان سومكىنى بۇلاپ كەتكەن، چېگرا رايون مېھمانخانىسىنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسى دىڭ شياۋباۋ ئۇلارنى توسۇۋالىمەن دەپ ماڭغاندا بەي باۋشەن ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پاي ئوق ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە شۇ مەيداندىكى ئەزەربەيجانلىق سودىگەر نازارەت ئۆمەرنىڭ پۇتىغا ئوق ئېتىپ زەخىملەندۈرگەن. بەي باۋشەن ئۇيغۇر سودىگەر ھەزرەت ئۆمەرگە يېتىشىۋېلىپ، ئوق ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە 580 مىڭ يۈەن نەق پۇل قاچىلانغان سومكىنى بۇلاپ كەتكەن. بەي باۋشەن قېچىش جەريانىدا يەنە ئوق چىقىرىپ، ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ ئىككى ئۇيغۇر ياشنى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئىشچى - خىزمەتچىسى قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرگەن. بۇ دېلودا يەتتە ئادەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، بەش ئادەم يارىلاندۇرۇلغان، 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن نەق پۇل بۇلاپ كېتىلگەن. كېيىن ئېنىقلىنىشىچە، بەي باۋشەن 1996 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭدا جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلىپ بېيجىڭغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، شۇ ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋە 23 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، بېيجىڭدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۆت قېتىم ھەربىي ۋە ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر نەپەر قاراۋۇلنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، بىر نەپەر قاراۋۇل ۋە تۆت نەپەر چارلاش ساقچىسىنى يارىلاندۇرغان، «56» تىپلىق بىر دانە يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىق ۋە بىر دانە تاپانچا قېپىنى بۇلاپ كەتكەن. 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بەي باۋشەن خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شۇشۇي دېگەن يېرىدە مەلۇم ھەربىي قىسىم ئوق - دورا ئامبىرىنى ساقلاۋاتقان ئۈچ قاراۋۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، بىر ئادەمنى يارىلاندۇرغان، قاتلىنىدىغان بىر دانە «81» تىپلىق يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقنى بۇلاپ كەتكەن. 1996 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 لەردە، بەي باۋشەن بېيجىڭ غەربىي شەھەر توپ سېتىش بازىرىدا بىر نەپەر ئايال ياپىمچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ 65 مىڭ يۈەن نەق پۇل قاچىلانغان سومكىسىنى بۇلاپ كەتكەن. ج خ ئورگانلىرى ئەتراپلىق رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى شىنجاڭدا بىر يېرىم يىل ئىچىدە 16 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، 15 ئادەمنى يارىلاندۇرغان ئېبلىس قاتىلنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ، 1997 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۇنى بېيجىڭدا تۇتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، بەي باۋشەن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى، قورال- ياراغ، ئوق - دورا بۇلاش جىنايىتى، قورال - ياراغ ئوغرىلاش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بېكىتىپ، بىرقانچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى.

چېن يۈەنفۇ، ياڭ شۇاڭچۈەننىڭ پەۋقۇلئاددە زور زەھەر سېتىش دېلوسى 1998 - يىلى شىنجاڭدىكى زەھەر تۇتقۇچى خادىملار قولغا چۈشۈرگەن ئەڭ چوڭ زەھەر سېتىش دېلوسى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، جىنايەتچى چېن يۈەنفۇ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ رۇيلى شەھىرىدە ئىلگىرى ئۆزى بىلەن ئوقەت قىلغان ياڭ شۇاڭچۈەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ياڭ شۇاڭچۈەن چېن يۈەنفۇغا ئۈرۈمچىدە زەھەر ئالغۇچى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىپ، چېن يۈەنفۇدىن خىروئىن ئالىدىغان خېرىدار ئالاقىلىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. چېن يۈەنفۇ يۈننەن - گۇيجۇ - گۇاڭشى نېفىت چارلاش ئىدارىسى لۇڭچۈەن يۈنفېڭ چېگرا سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغان مەزگىلدە، بىرمىغا كۆپ قېتىم سودا ئىشلىرى ئۈچۈن بېرىپ، بىرمىلىق سودىگەر ياڭ دېۋېي بىلەن تونۇشقان. ھەددىن ئارتۇق پايدىنىڭ ۋەسۋەسىدە، ئۇ بىرمىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ ياڭ دېۋېيدىن زەھەر تەمىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە قاشتېشى ۋە يۇڭ رەخت سودىسى قىلىش نامىدا زەھەرنى قاشتېشى ۋە يۇڭ رەخت ئارىسىغا تىقىپ جۇڭگو چېگرىسىغا ئەكىرگەن. 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، چېن يۈەنفۇ ناھايىتى كۆپ زەھەرنى ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئاپىرىپ باشقىلار بىلەن ھەر كىلوگرامىنى 150 مىڭ يۈەندىن دېيىشىپ سودا قىلىۋاتقاندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ زەھەر تۇتقۇچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان. 14900 گرام خىروئىن قولغا چۈشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ياڭ شۇاڭچۈەنمۇ يۈننەندە زەھەر تۇتقۇچىلىرىمىز تەرىپىدىن تۇتۇلغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، چېن يۈەنفۇ زەھەر ئەتكەسچىلىكى، زەھەر سېتىش، توشۇش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ بېكىتىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھەمدە بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە

قىلىشنى؛ ياڭ شۋاڭچۈەنگە زەھەر سېتىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھەمدە بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى.

**گې يىنشياڭنىڭ ساختا قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى كېسىپ بېرىش دېلوسى**

ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن يوق ئىشقا قوشۇلما قىممەت بېجى تالونى كېسىپ بېرىش دېلوسى، ساختا قوشۇلما قىممەت بېجى تالونى كېسىپ بېرىش يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان زور ئىقتىسادىي جىنايەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. جىنايەتچى گې يىنشياڭ، ئۆزگەرتىۋالغان ئىسمى شۆي ۋېي، ئۈرۈمچى تيەنمىن ئوقەتچىلىك تەمىنات ـ سودا شىركىتى ئەشيا تەمىنات باشقارمىسىنىڭ دىرېكتورى بولغان. 1995 ـ يىلى 6 ـ ئايلاردا، گې يىنشياڭ شۆي ۋېي دېگەن نامدىكى كىملىكىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلار ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۈرۈمچى تيەنمىن ئوقەتچىلىك تەمىنات ـ سودا شىركىتى تەمىنات باشقارمىسىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ۋە باج تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلغان ھەمدە شۆي ۋېي دېگەن ئىسمىنى قوللىنىپ قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئېرىشىۋالغان. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا يەنە ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچى سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان. بۇ كارخانا تىجارەت كەسپىنى يولغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن 1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يوق ئىشقا 219 پارچە قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى كېسىپ بەرگەن، ئۇنىڭ سوممىسى 11 مىليون 279 مىڭ 242.39 يۈەن، تۆلۈشكە تېگىشلىك باج پۇلى 1 مىليون 638 مىڭ 864.28 يۈەن بولغان. گې يىنشياڭ باشقىلارغا قوشۇلما قىممەت بېجى تالونى كېسىپ بەرگەندە ئارىلىقتىن 1% تىن 4% كىچە رەسمىيەت ھەققى ئالغان، دېلو پاش قىلىنغاندىن كېيىن، گې يىنشياڭدىن 55 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىنىپ دۆلەت بېجى تولۇقلاندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، گې يىنشياڭ يوق ئىشقا قوشۇلما قىممەت بېجى مەخسۇس تالونى كېسىپ بېرىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سوممىسى زور، زىيىنى ئېغىر دەپ بېكىتىپ، قانۇن بويىچە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھەمدە بارلىق مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى.

**خې پۈنىڭ خىيانەتچىلىك دېلوسى** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدا يۈز بەرگەن زور ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسى. جىنايەتچى خې پۈ ئەسلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ كومپيۇتېر مەشغۇلاتچىسى. 1993 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، گې پۈ شۆبە بانكا تىجارەت بۆلۈمىنىڭ كومپيۇتېر مەشغۇلاتچىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، خىزمەتتىكى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئالاقىدار مەخپىي نومۇرنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئوردېرسىز ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «مەملىكەت بويىچە بانكا مەبلىغى يىرىكۆت پەرقى» مەخسۇس ئىسچوتىدىكى بىر مىليون يۈەن پۇلنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۆزى 1993 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يۈخەي سودا شىركىتى نامىدا ئېچىۋالغان ئىسچوتقا كىرگۈزۈۋالغان. 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ ۋە 19 ـ كۈنلىرى ئۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋاسىتە بىلەن، شۇ مەخسۇس ئىسچوتتىكى 3 مىليون 350 مىڭ يۈەننى يۈخەي سودا شىركىتىنىڭ ئىسچوتىغا كىرگۈزۈۋالغان. 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خې پۈ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋاسىتە قوللىنىپ، شۇ مەخسۇس ئىسچوتتىكى 8 مىليون يۈەننى ئىككىگە بۆلۈپ يۈخەي سودا شىركىتىنىڭ ئىسچوتىغا كىرگۈزۈۋالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خې پۈ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بۇ ئىسچوتتىن يۇقىرىقى پۇللارنى يۆتكەپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، سودىگەرچىلىك قىلغان، بۇزۇپ چاچقان ۋە باشقىلارغا قەرز بەرگەن. دېلو پاش قىلىنغاندىن كېيىن، 1 مىليون 961 مىڭ 394.71 يۈەن نەق پۇل، ئۆي ـ زېمىن، ئاپتوموبىل ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلار (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 1 مىليون 741 مىڭ 700 يۈەن بولىدۇ) قايتۇرۇۋېلىندى يەنە خې پۈ باشقا ئىككى ئادەم بىلەن تىجارەت ھوقۇقىنى 7 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغان بىر مېھمانخانا قايتۇرۇۋېلىندى، قايتۇرۇۋېلىنغان ھارام مالنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 11 مىليون 203 مىڭ 94.71 يۈەن چىقىدۇ؛ لېكىن يەنە 4 مىليون 950 مىڭ 122.30 يۈەن ھارام پۇلنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، خې پۈ ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بېكىتىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھەمدە 100 مىڭ يۈەنلىك مال ـ مۈل-

كىنى مۇسادىرە قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى.

**دىڭ شياۋلىننىڭ ئالدامچىلىق دېلوسى** ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن زور ئىقتىسادىي ئالدامچىلىق دېلوسى. جىنايەتچى دىڭ شياۋلىن ئەسلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خۇالبې سودا ـ سانائەت مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى بولۇپ، 1995 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ زاپاس ئەشيا ئىدارىسىنىڭ «835» باشقارمىسىنىڭ سېتىش بۆلۈمىدە بىر تۈركۈم پولات ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلۈپ سېتىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇۋاتقان كارخانىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى ئاران 100 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، شىركەتنى يالغاندىن «ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى قارمىقىدىكى شىركەت، كۆپلەپ پولات ماتېرىياللىرىغا ئېھتىياجلىق، مەبلەغ كۈچىمىز كۈچلۈك» دەپ بۇ سېتىش بۆلۈمى رەھبەرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالغان. ئىككىسى تەرەپ پولات ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىش ـ سېتىش توغرۇلۇق ئاغزاكى كېلىشىم ھاسىل قىلىشقاندىن كېيىن، دىڭ شياۋلىن خۇالبې سودا ـ سانائەت مۇلازىمەت مەركىزى قارمىقىدىكى جيۇلۇڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات شىركىتىنىڭ قۇرۇق مېمورىئال پۇل چېكىنى (835) باشقارما سېتىش بۆلۈمىگە رەنگە قويۇپ «835» باشقارمىسىدىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 5 مىليون 349 مىڭ 982.80 يۈەن قىممىتىدىكى 1961.17 تونىنا پولات ماتېرىيالنى يۆتكەپ كەتكەن. دىڭ شياۋلىن پولات ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مال كىرگۈزۈش باھاسىدىنمۇ تۆۋەن باھادا ساتقان، ئاز بىر قىسمىنى قەرز تۆلەشكە ئىشلەتكەن. «835» باشقارما سېتىش بۆلۈمى مال پۇلىنى سۈيلەۋەرگەندىن كېيىن، دىڭ شياۋلىن كۆپ قېتىم قۇرۇق پۇل چېكى كېسىپ بېرىپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتۈۋالغان، ئاخىرىدا ئاران 1 مىليون 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مال پۇلىنى بەرگەن. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1 ـ سوتتا دىڭ شياۋلىن چەك ـ ھۆججەت ئالدامچىلىقى جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ ئۆلۈم جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھەمدە 200 مىڭ يۈەنلىك مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى ھۆكۈم قىلغان، قويمىچىلىق قىلىپ ئېرىشكەن 3 مىليون 845 مىڭ 928.80 يۈەن پۇلى قايتۇرۇۋېلىنغان، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دىڭ شياۋلىن ئۇنىڭغا قايىل بولماي نارازىلىق ئەرز سۇنغان. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى دىڭ شياۋلىن ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بېكىتىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى.

**چيۇچۇاڭتيەننىڭ خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىۋېلىش ۋە پارا بېرىش دېلوسى** 1993 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە زور ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىۋېلىش ۋە پارا بېرىش دېلوسى. جىنايەتچى چيۇچۇاڭتيەن ئەر، خەنزۇ، تەيۋەن ئۆلكىسىدىن، 1992 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چيۇچۇاڭتيەن تەيۋەن چاڭشىن ياڭلەن خەلقئارا كارخانا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ۋە قانۇنىي ئىگىسى سۈپىتى بىلەن، شياڭگاڭ گۇاڭشىن بانكىسىنىڭ ساختا مەبلەغ ئىناۋەتلىك ئىسپاتىنى ئېلىپ، قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىدىكى مەلۇم رەھبەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ، قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ، چاڭشىڭ ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرغان. چيۇچۇاڭتيەن باش مۇدىر، باشقارما رەئىسى، قانۇنىي ئىگە بولغان. 1993 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋە 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چيۇچۇاڭتيەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ چاڭشىڭ ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىدىن ئېرىشكەن 10 مىليون دوللار قەرز پۇلنى شياڭگاڭ خۇيفېڭ بانكىسىغا پېرېۋوت قىلىۋېتىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ تەيۋەن «جۇڭگو خەلقئارا سودا بانكىسى»نىڭ يۇنلىن ناھىيىلىك تىجارەت ئورنىغا ئاغدۇرۇپ ئۆزى ئىشلەتكەن. 1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالدامچىلىق جىنايىتى ۋە پارا بېرىش جىنايىتى ئۈچۈن چيۇچۇاڭتيەن ئۈستىدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبنامە سۇندى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەپ، چيۇچۇاڭتيەن شېرىك شىركەتنىڭ قانۇنىي ئىگىسى تۇرۇقلۇق، خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭ چاڭشىڭ ئۆي ـ زېمىن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 10 مىليون دوللار پۇلىنى تەيۋەن ئۆلكىسىگە ئاغدۇرۇپ ئۆزى ئىشلەتكەن (قايتۇرۇۋالغىلى بولمىدى)، ئۇنىڭ قىلمىشىدىن

خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىۋېلىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. جىنايەت سوممىسى بەك زور، جىنايى قىلمىشى ئېغىر؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە چيۇچۇاڭتيەن باشقىلارغا 12700 دوللار پارا بەرگەن، سوممىسى زور، جىنايى قىلمىشى ئېغىر؛ ئۇنىڭ قىلمىشىدىن پارا بېرىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ دەپ قارىدى. شۇڭا چيۇچۇاڭتيەن خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ ئىگىلىۋېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بېكىتىپ، مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي هوقۇقتىن ئۈچ يىل مەھرۇم قىلىشنى؛ پارا بېرىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ بېكىتىپ، مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىشنى؛ ئىككى جىنايەتنى قوشۇپ جازالاپ، مۇددەتلىك 19 يىللىق قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي هوقۇقتىن ئۈچ يىل مەھرۇم قىلىشنى هۆكۈم قىلدى.

**جياڭ ئەيجېننىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى** 1978 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 144 - تۈەندە يۈز بەرگەن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى. جياڭ ئەيجېن ئەسلى شىخەنزە رايونى 144 - تۈەن دوختۇرخانىسىنىڭ سېستراسى بولۇپ، 1978 - يىلدىن تارتىپ شۇ دوختۇرخانىدىكى لى پېيخۇا، شيې شىپىڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاساسسىز بۆھتانلىرىغا ئۇچراپ ناھايىتى ئازابلانغان. جياڭ ئەيجېن تەشكىلنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، 144 - تۈەننىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى فېڭ جۇڭگە ۋە بۇ دوختۇرخانىدا تۇرۇپ جياڭ ئەيجېننىڭ جاڭ × × بىلەن بولغان ئاتالمىش ئاشىنىدارچىلىق مەسىلىسىنى تەكشۈرۈۋاتقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياڭ مىڭئەن قاتارلىق كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئىنكاس قىلغان. لېكىن، جياڭ ئەيجېننىڭ بۆھتان چاپلىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىنمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەكسىچە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن، تەنقىدكە قالغان، ھاقارەتكە قالغان. ياڭ مىڭئەن، سۇ يۈگچېڭ (تۈەن دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) تېخى لى پېيخۇا قاتارلىق كىشىلەرنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىت، ھەجۋىي رەسىم ئارقىلىق جياڭ ئەيجېنگە قارا چاپلىشىنى قوللىغان ۋە ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەرگەن ھەمدە يىغىن ئېچىپ جياڭ ئەيجېننى چاپلانغان بۆھتانلارنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستىغان، جاڭ ئەيجېن دەردىنى ئېيتالماي، ئاچچىقىنى باسالماي، ھېچبىر ئىگە چىقمىغان ئەھۋالدا قارامىلىق قىلغان. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزلاردا، جياڭ ئەيجېن خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ راست ئوقتا قارىغا ئېتىش مەشىقىگە قاتناشقاندا ئالغان بىر دانە «53» تىپلىق مىلتىق ۋە بۇرۇنلا يوشۇرۇپ قويغان سەككىز پاي ئوقنى ئېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى بۆلۈم دوختۇرلار ئىشخانىسىغا بۆسۈپ كىرىپ ئاۋۋال لى پېيخۇانى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، كېيىن يەنە جۇڭ چيۇ (ئايال، شۇ دوختۇرخانىنىڭ كېسەل ئارخىپىنى ستاتىستىكا قىلغۇچىسى) نى، دەي جى (ئايال، شۇ دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت سېستراسى) نى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. جياڭ ئەيجېن كېسەللەر ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندا ئىشقا كەلگەن دوختۇر گوجيەنشيۇڭ ئۇچراپ قالغان، ئۇنىڭغا ئوق چىقىرىپ تەگكۈزەلمىگەن. جياڭ ئەيجېن قورالنى كۆتۈرۈپ شيې شىپىڭ، ياڭ مىڭئەن، سۇيۈچېڭلارنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندا ئامما تەرىپىدىن قورشاپ تۇتۇلغان. شىخەنزە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1984 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۈچۈن جياڭ ئەيجېنغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي هوقۇقتىن ئۆمۈر ۋايەت مەھرۇم قىلىشنى هۆكۈم قىلدى. جياڭ ئەيجېن هۆكۈمگە قايىل بولماي، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرزى سۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تەھقىقلەش ئارقىلىق، نارازىلىق ئەرز سۇنغۇچىنىڭ جىنايى قىلمىشى كىشىلىك شەنى ۋە نام - ئابرۇيى ھاقارەتلەنگەن، قارا چاپلانغان لېكىن ئار - نومۇسى ئاقلانماي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە سادىر قىلىنغان، سوراق جەريانىدا جىنايىتىنى تونۇش پوزىتسىيىسى ياخشى بولدى، قاماپ قويۇلغان مەزگىلدە خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بار. سوتنىڭ ئەسلىدىكى خاراكتېرنى بېكىتىشى توغرا بولغان بولسىمۇ، جازا سەل ئېغىر كەتكەن دەپ قاراپ، 1 - سوتنىڭ هۆكۈمىنى بىكار قىلىپ، مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي هوقۇقتىن بەش يىل مەھرۇم قىلىشقا ئۆزگەرتتى.

**شى دىيەنرۇڭنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، خىزمەتتىكى بىپەرۋالىق دېلوسى** ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر سىستېمىسىدا يۈز بەرگەن خېلى تىپىك ھالدىكى خىزمەت ۋەزىپىسىگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەت دېلوسى. جىنايەتچى شى دىيەنرۇڭ، ئايال، خەنزۇ، 1993 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر سانائىتى ئىدارىسى ئۇنى

شىنجاڭ ئېلېكتر سانائىتى كۆپ خىل ئىگىلىك باش شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇقى ۋە شىنجاڭ ئېلېكتر سانائىتى كۆپ خىل ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن، شى دېيەنرۇڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خەيكۇ شەھەرلىك جۇڭگىيى سۈرەت لايىھەلەش - ئىشلىتىش ئېلان چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ماچۇەنيۇڭ بىلەن تونۇشقان ھەمدە ماچۇەنيۇڭنىڭ جۇڭگىيى شىركىتىنىڭ مەبلەغ، ئىناۋەت، سودا - سانائەت تىزىملىتىش كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ھېچقانداق ماھىيەتلىك تەكشۈرمەي تۇرۇپلا، ماچۇەنيۇڭ بىلەن شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ رەڭلىك باسما زاۋۇتى قۇرۇش توختامى ئىمزالىغان، توختام ئىمزالانغاندىن كېيىن، شى دېيەنرۇڭ يەنە توختامنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلماي ۋە ماچۇەنيۇڭنىڭ مەبلەغ سالمىقىنى تەكشۈرمەي تۇرۇپلا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ماچۇەنيۇڭغا ئىككى قېتىمدا 1 مىليون 750 مىڭ يۈەن پۇل سالغان. ماچۇەنيۇڭ بۇ پۇللارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن شۇ پۇلغا داچا، پىكاپ قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئۆزى پايدىلانغان. شى دېيەنرۇڭ مەبلەغ پۇلى خەۋپ - خەتەر ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا پائال تەدبىر قوللىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە باشقىلارنى ماچۇەنيۇڭ بىلەن «تولۇقلىما توختام» ئىمزالاشقا ئورۇنلاشتۇرغان ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار مەبلىغىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى ئېنىقلىشى ۋە توسۇشى لازىم، بانكىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ھەرخىل مەبلەغ سېلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ، دېگەن بەلگىلىمىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەم خەينەن ئۆلكىسىنىڭ باسمىچىلىق بازىرى ئەھۋالىنى تەكشۈرمەي، ھەم 2 - تەرەپنىڭ مەبلەغ ئىناۋىتى ۋە توختام ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى تەكشۈرمەي، رەھبەرلەرگە تەكشۈرتمەي ۋە رەھبەرلەردىن يوليورۇقمۇ سورىماي، خەينەنگە داۋاملىق مەبلەغ سېلىشنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قارار قىلىپ، بانكىنىڭ 13 مىليون يۈەن قەرز پۇلىنى ماچۇەنيۇڭنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە بىۋاسىتە تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك ئىدارىسىنى 950 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيانغا ئۇچراتقان. ئۇنىڭ قىلمىشىدىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شى دېيەنرۇڭ خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىدارىسىنىڭ پۇلىنى مەبلەغ سېلىش شەكلى ئارقىلىق خەينەنگە ئەۋەتىپ، ماچۇەنيۇڭ تۆلەپ تۇرغان 250 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئۆي سېتىۋېلىش پۇلىنى قايتۇرغان، ئۇنىڭ قىلمىشىدىن خىيانەتچىلىك جىنايىتى شەكىللىنىدۇ؛ ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ باشقىلارنىڭ 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن پارىسىنى ئالغان، ئۇنىڭ قىلمىشىدىن پارا ئېلىش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ. 1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى شى دېيەنرۇڭغا خىيانەتچىلىك جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھەمدە 210 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى؛ پارا ئېلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقتىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىشقا، پارا ئالغان 1 مىليون 290 مىڭ يۈەننى قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىپ دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇۋېتىش؛ خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىش؛ بىرقانچە جىنايەتنى قوشۇپ جازالاپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقتىن بەش يىل مەھرۇم قىلىش ھەمدە 210 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشنى ھۆكۈم قىلدى.

**«18 - ماي» پەۋقۇلئاددە زور يولۇچىلار پويىزى ئوت ئاپىتى ھادىسىسى** 1974 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە يۈز بەرگەن خەۋپى زور، زىيىنى ئېغىر بولغان پويىز ئوت ئاپىتى ھادىسىسى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى يولۇچى ترانسپورت ئۇچاستكىسىنىڭ جېڭجۇدىن ئۈرۈمچىگە قاتناۋاتقان 71 - قېتىملىق يولۇچىلار پويىزى سىڭگىمتاي ئىستانسىسى بىلەن چىچانخۇ ئىستانسىسى ئارىلىقى (تۇرپانغا يېقىن) دا كېتىۋاتقاندا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 22 يولۇچى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى. ئىككى يولۇچى دېرىزىدىن سەكرەپ يىقىلىپ ئۆلدى، 38 ئادەم كۆيۈپ يارىلاندى. قاتتىق ئورۇندۇقلۇق بىر ۋاگون پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگىدى، 111 نەپەر يولۇچىنىڭ يۈك - تاقلىرىمۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى، يولدىكى قاتناش ئۈچ سائەت 26 مىنۇت توختاپ قالدى. تەكشۈرۈلۈشىچە، ئوت ئاپىتى 8 - نومۇرلۇق ۋاگوندىكى يولۇچى خې خۇجى فارفۇر بوتۇلكىغا ئېلىۋالغان ئالتە كىلوگرام كۈچلۈك ھاراق يۈك - تاق جازىسىدىن چۈشۈپ كېتىپ، بوتۇلكا سۇنۇپ، ئىچىدىكى ھاراق چېچىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر يولۇچى تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن

ھاراقتا ئوت تۇتىشىپ پەيدا بولغان. ھادىسە يۈز بەرگەندىن كېيىن، خې خۇجى جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن، كېيىنچە داخىيەندە تۇتۇلغان، سوت ئورگانلىرى تەھقىقلەپ، خې خۇجى بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى ۋەقەسىدە قانۇن جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك، دەپ بېكىتتى ھەمدە ئۇنى قاتتىق جازالىدى.

**بىڭتۇەن 61 ـ تۇەن مەيدانىدا يۈز بەرگەن «28 ـ فېۋرال» ئوت ئاپىتى ھادىسىسى** 1977 ـ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 61 ـ تۇەن مەيدان كۇلۇبىدا يۈز بەرگەن، ئەڭ كۆپ ئۆلۈم ـ يېتىم يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سائەت 21 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدىكى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 61 ـ تۇەن مەيدانى كۇلۇبىدا كىنو قويۇلۇۋاتقاندا، ئۇششاق باللار ئاتقان پوجاڭزىدىن كۇلۇب ئىچىگە قويۇلغان گۈلچەمبىرەكلەرگە ئوت كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىخەتەرلىك ئېغىزلىرى ئېتىكلىك بولغاچقا، ئادەملەر قىستا ـ قىستاڭچىلىق ئىچىدە قالغان بۇ ۋەقەدە 694 ئادەم ئۆلدى، 161 ئادەم يارىلاندى. پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىلى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى جاۋابكارلىقنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، 61 ـ تۇەن مەيدانىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جۇگەنفۇ، تۇەن مۇئاۋىن باشلىقى گاۋلياڭگۈينىڭ پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، تەشۋىقات كادىرى ۋاڭ يۈجۇڭ، كىنو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خې شىڭغا چارە كۆرۈش، پوجاڭزا ئېتىپ ئوت ئاپىتى پەيدا قىلغان بالىنى ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر ئورنىنىڭ تەربىيىلىشىگە ئاپىرىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن ئىلى رايونى 61 ـ تۇەن مەيدانىدا يۈز بەرگەن زور ئوت ئاپىتىدىن پۈتۈن مەملىكەتنى خەۋەرلەندۈردى.

**داخىيەن بازىرىدىكى «10 ـ ئاپرېل پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسى»** 1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى پويىز يۈك مەيدانىدا يۈز بەرگەن، زىيان ئىنتايىن ئېغىر بولغان ئوت ئاپىتى ھادىسىسى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى داخىيەن ۋوگزالى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭغا يۈك توپلىنىپ تارقىلىدىغان مۇھىم جاي. داخىيەن ۋوگزالى ئەتراپىدىكى ئۈستى ئوچۇق يۈك مەيدانىدا يۈكلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. 1979 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، داخىيەن رايونىدا 11 بال بوران چىقىپ، پويىز ھەرىكەت ئىشخانىسىدىكى مەشىنىڭ ئۇچقۇنى بوراندا يۈك مەيدانىغا قويۇلغان قومۇش دۆۋىسىگە ئۇچۇپ بېرىپ ئوت تۇتىشىپ كەتكەن، ئوت بوراندا تېز ئۇلغىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆچۈرۈۋېلىش مۇمكىن بولمىغان، جەمئىي 3000 توننا قومۇش، 10 دانە ۋاگون، 250 مېتىر پويىز سىم يولى، 10 مىڭ كۇب مېتىردىن ئارتۇق ياغاچ، زور تۈركۈم بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ھەربىي ئەشيا كۆيۈپ كەتكەن، ئىككى نەپەر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسى ئۆلگەن، 25 مىليون 820 مىڭ يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولغان.

**ئۈرۈمچىدىكى «2 ـ ئىيۇل» پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ھادىسىسى** 1990 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا يۈز بەرگەن، ئۆلگەنلەر ـ يارىلانغانلار ئەڭ كۆپ بولغان پەۋقۇلئاددە زور قاتناش ھادىسىسى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يولۇچى ترانسپورت شىركىتى 7 ـ كالوننىنىڭ شوپۇرى ماجياڭ ھەيدىگەن شەرق شاملى 662 تىپلىق چوڭ ئاپتوبۇس يولۇچى بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن كورلىغا قاراپ ماڭغان. نورمىدىن ئارتۇق سۈرئەت ۋە يولۇچى بىلەن مېڭىۋاتقان بۇ ئاپتوبۇس ئۈرۈمچى ـ شىڭشىڭشيا تاشيولىنىڭ سايئۈزى بۆلىكىدە كېتىۋاتقاندا، ئاپتوبۇسنىڭ كەينى ئوڭ چاقىنىڭ يېرىم ئوق قاپلىمىسى تۇيۇقسىز سۇنۇپ كېتىپ، ئاپتوبۇس ئۆرۈلۈپ ئوت كەتكەن، 38 ئادەم ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن، 13 ئادەم كۆيۈپ يارىلانغان. ئاپتوبۇس كۆيۈپ كېرەكتىن چىققان. بۇ ۋەقە شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ زور قاتناش ھادىسىسى بولدى. شوپۇر ماجياڭ قاتناش ۋەقەسى سادىر قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن مۇددەتلىك تۆت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

**ئۈرۈمچىدىكى «13 ـ نويابىر» ئايروپىلان ۋەقەسى** 1993 ـ يىلى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئايروپىلان ۋەقەسى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سائەت 14 تىن 56 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇڭگو شىمال ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ MD — 82B تىپلىق بىر يولۇچى ئايروپىلانى بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋېتىپ، ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا 2 . 4 كىلومېتىر كېلىدىغان ھاۋا بوشلۇقىدا ۋەقەگە ئۇچرىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى
ئوت ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن
كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 15 ئوت ئۆچۈرۈش
ماشىنىسى، 128 نەپەر ئوت ئۆچۈرگۈچى ئوفىتسېر ـ
ئەسكەرنى يۆتكەپ ئوت ئۆچۈرۈش ـ خەتەردىن قۇتقۇ-
زۇش كۈرىشىگە قاتناشتۇردى. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق
قىسىملار ۋە ئايروپىلان ۋەقەگە ئۇچرىغان جاي ئەتراپى-
دىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ھەمكار-
لىششى ئارقىسىدا، سائەت 16 دە ئوت پۈتۈنلەي ئۆچۈ-
رۈۋېلىندى. ئايروپىلان ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كې-
يىن، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە
رەھبەرلىرى ئاۋۇئاتسىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى،
ھەربىي قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە داۋالاش
تارماقلىرىغا ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرى بىلەن ئوبدان
ماسلىشىپ خەتەردىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە تېز ئاتلى-
نىش توغرىسىدا دەل ۋاقتىدا پەرمان چۈشۈردى. ئوت
ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋېلىنغانلىقى ۋە قۇتقۇزۇش ۋاقتىدا بول-
غانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە-
چە چۈشۈرۈلۈپ، ئايروپىلان ۋەقەسى تارىخىدا مۆجىزە
يارىتىلدى. ۋەقەدىن كېيىنكى تەكشۈرۈشتىن قارىغان-
دا، MD—82B تىپلىق بۇ ئايروپىلاندا جەمئىي 102
ئادەم بار بولۇپ، ئۇنىڭ توققۇزى ئايروپىلان خادىمل-
رى، 93 ى يولۇچى ئىكەن، ۋەقەدە 12 ئادەم ئۆلگەن.
11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۆلەت
ئىشلىرى كومىسسارى، گوۋۇيۈەن باش كاتىپى لوگەن
قاتارلىقلار مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كې-
لىپ، ئايروپىلان ۋەقەسىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش ۋە
ۋەقەدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلى-
رىنى تەشكىللىدى.

**قارامايدىكى «8 ـ دېكابىر» پەۋقۇلئاددە
زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسى** 1994 ـ يىلى قارا-
ماي شەھىرى دوستلۇق مېھمانخانىسىدا يۈز بەرگەن،
پۈتۈن مەملىكەتنى چۆچۈتكەن، زىيان ئالاھىدە ئېغىر
بولغان پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسى. شۇ
يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ قاراماي شە-
ھەرلىك مائارىپ كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ نېفىت ئىدا-
رىسى مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزى قاراماي شەھەر-
لىك دوستلۇق مېھمانخانىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق «ئىككى ئاساسەن» (توققۇز يىللىق مەجبۇرى-
يەت مائارىپىنى ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇش، ياشلار ۋە
قىرانلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگىتىش)
نى باھالاش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش

يۈزىسىدىن مەخسۇس ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى تەش-
كىللىگەن، شەھەردىكى يەتتە ئوتتۇرا مەكتەپ، سەك-
كىز باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىلىرى
ۋە ئالاقىدار رەھبەرلەردىن بولۇپ جەمئىي 796 ئادەم
بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان. ئويۇن داۋاملىشىپ سائەت 18
دىن 20 مىنۇتلار ئۆتكەندە، سەھنىنىڭ پەردىسى كۆچ-
لۈك چىراغ نۇرىدا قىزىپ كۆيۈشكە باشلىغان، ئوت
ئۇلغىيىپ دوستلۇق مېھمانخانىسىنىڭ چوڭ زالىغا تېز-
دىن تۇتاشقان، ئاسان كۆيىدىغان تۈرلۈك ماتېرىياللار-
نىڭ كۆيۈشى ئارقىسىدا كۆپلەپ زەھەرلىك گاز پەيدا
بولغان، يەنە كېلىپ زالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىخە-
تەرلىك ئىشىكلىرى پۈتۈنلەي قۇلۇپلىۋېتىلگەچكە، ئى-
چىدىكى ئادەملەر سىرتقا تارقىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن
323 ئادەم ئۆلۈش، 132 ئادەم يارىلىنىشتەك پاجىئە
يۈز بەرگەن ھەمدە 38 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بىۋاسىتە
ئىقتىسادىي زىيان بولغان. تەكشۈرۈلۈشىچە، بۇ قېتىم-
قى پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسى دوستلۇق
مېھمانخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى قائى-
دە ـ تۈزۈمىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىق-
تىن، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان ياكى توغرا ئادا
قىلمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان. ئوت ئاپىتىدە ئۆلگەن
ۋە يارىلانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەخلاق ۋە
ئۆگىنىشتە ياخشى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇ-
غۇچىلىرى بولغاچقا، جەمئىيەتتە ئىنتايىن كۈچلۈك
ئىنكاس قوزغالدى ۋە مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى-
لەرنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتتى. ئاپتونوم رايونلۇق
ۋە قارىماي شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى
بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ۋەقەدىن كېيىنكى
ئىشلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، زور مەس-
ئۇلىيەتسىزلىك ھادىسىسى جىنايىتى ۋە بىپەرۋالىق
جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن 14 جىنايەتچى قاتتىق بىر
تەرەپ قىلىندى.

**«جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە دوستلۇق ـ ھەمكار-
لىق مۇناسىۋىتى شەرتنامىسى»** جۇڭگو ـ موڭ-
غۇلىيە ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك
شەرتنامە. 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى
پېڭ بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلى-
سى پېن زاسلەي ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆز دۆلىتىگە
ۋاكالىتەن ئۇلانباتۇردا ئىمزالىغان. شۇ يىلى 8 ـ ئاي-
نىڭ 31 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ قېتىملىق يە-

ھىندا تەستىقلانغان. بۇ شەرتنامە جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە 1960 - يىلى تۈزۈشكەن جۇڭگو - موڭغۇلىيە دوستلۇق - ھەمكارلىق شەرتنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەقسىتىدە، ھەرقايسى تەرەپ شەرتنامىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاساسىدا، دوستانە سۆھبەت ئارقىلىق بىردەك پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن ئىمزالانغان. شەرتنامىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي پرىنسىپ تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىدۇر، شەرتنامە تۈزۈشكۈچى ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە قارىتىلغان ھەرقانداق ھەربىي - سىياسىي ئىتتىپاققا قاتناشمايدۇ، 3 - دۆلەت بىلەن يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق ۋە بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان شەرتنامە تۈزمەيدۇ، ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ 3 - دۆلەتنىڭ ئۆز تېررىتورىيىسىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ.

«جۇڭگو - موڭغۇلىيە كونسۇل شەرتنامىسى» جۇڭگو - موڭغۇلىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كونسۇل شەرتنامىسى. 1986 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ليۇشۇچىڭ بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى دالام يوندىڭ ئۇلانباتوردا ئىمزالىغان. 1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى بېيجىڭدا تەستىقنامە ئالماشتۇرۇشقان. بۇ شەرتنامە جەمئىي بەش باب، 35 ماددا. ئۇنىڭ 1 - بابىدا كونسۇلخانىنىڭ خادىملىرى، مال - مۈلكى، ئارخىپى ۋە كونسۇلخانىغا ئالاقىدار باشقا جەھەتتىكى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ تەبىرى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلگەن. 2 - بابىدىن 4 - بابىغىچە ئىككى تەرەپ كونسۇلخانىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، كونسۇل ئەۋەتىش، كونسۇللار ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى، كونسۇلخانا ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقى، دىپلوماتىيە ئىمتىيازى ۋە دىپلوماتىيە كەچۈرۈم ھوقۇقى شۇنىڭدەك خىزمەتچىلەرنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، كونسۇللۇق ۋەزىپىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان. 5 - بابىدا شەرتنامىنىڭ تەستىقلىنىشى، كۈچكە ئىگە بولۇش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇلۇش تەرتىپى بەلگىلەنگەن.

«جۇڭگو-موڭغۇلىيە چېگرا شەرتنامىسى» جۇڭگو - موڭغۇلىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك شەرتنامە. 1962 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى يۇمۇجا زېدېنبار ئىمزالىغان، 1963 - يىلى 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كۈچكە ئىگە بولغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش، ئۆزئارا يول قويۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، دوستانە كېڭىشىش ئارقىلىق، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنى رەسمىي بېكىتتى. شەرتنامىدە ئىككى دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئورنى تەپسىلىي بايان قىلىندى. ئىككى تەرەپ دەريالارنىڭ غول ئېقىنى بولغان مەركىزىي سىزىقنى پاسىل قىلىشقا؛ چېگرا دەرياسىدىكى ئارال ۋە چېگرا دەرياسى پاسىلغا چىشلەپ قالغان قۇدۇق ۋە بۇلاق، يوللارغا تەڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش، ئۇنى ئىككى تەرەپ ئورتاق باشقۇرۇش، ئورتاق ئىشلىتىشكە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو - موڭغۇلىيە بىرلەشمە چېگرا ئايرىش كومىتېتى قۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ تولۇق چېگرىسىنى كونكرېت بېكىتىش ۋە چېگرا بەلگىسى ئورنىتىشقا قوشۇلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مانا مۇشۇ شەرتنامىگە ئاساسەن بېكىتىلدى.

«جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرا تۈزۈمى ۋە چېگرا مەسىلىسى شەرتنامىسى» جۇڭگو - موڭغۇلىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك شەرتنامە. 1988 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ليۇشۇچىڭ بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى دالام يوندىڭ بېيجىڭدا ئىمزالىغان. شەرتنامە ئىككى تەرەپ ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ھەمكارلىشىش روھىغا ئاساسەن تۈزگەن بولۇپ، ئىككى دۆلەت چېگرىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە چېگرا رايونلىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. شەرتنامىدە چېگرا ئورنى، چېگرا بەلگىسى، قوشۇمچە بەلگە ۋە چېگرا بەلگىلىرىنى ئاسراش تەدبىرلىرى، چېگرىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش، چېگرىدىكى سۇ شۇنىڭدەك چېگرا ھالقىغان تۆمۈريول، باشقا يوللار ۋە خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىش، چېگرا ئەتراپىدىكى جايلاردا ئوۋ ئوۋلاش، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى، مۇھىت ئاسراش ۋە چېگرا ئىشلىرىنى بىر

تەرەپ قىلىش، چېگرا خىزمەتچىلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى، ئاخىرقى ماددا قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى، شەرتنامىگە كېلىشىمنامە قوشۇمچە قىلىندى. كېلىشىمنامىدە جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرا ۋەكىللىرى باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى چېگرا بۆلەكلىرى، چېگرىدىن ئۆتۈش لىنىيىسى، ئۇچرىشىدىغان جاي، ئىككى تەرەپ ئىشلىتىدىغان كېنىشكا ۋە خاتىرە نۇسخىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

«جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ قازاقىستان ـ قىرغىزىستان ـ تاجىكىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ھەربىي ساھەدىكى ئىشەنچنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» جۇڭگو بىلەن ئەتراپتىكى تۆت دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم. 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدىن تەشكىل تاپقان بىرلەشمە (تۆۋەندە ئىككى تەرەپ دەپ قىسقارتىلدى) بىلەن شاڭخەيدە ئىمزالىغان. كېلىشىمدە ئۆزئارا قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك ياكى قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سالماسلىق، بىر تەرەپلىمە ھەربىي ئۈستۈنلۈككە ئىنتىلمەسلىك قايتا تەكىتلەندى؛ ئۇزۇن مۇددەت ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە دوستانە مۇناسىۋەت بەش دۆلەت ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، دەپ قارالدى. كېلىشىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئىككى تەرەپ چېگرا رايونىغا ئورۇنلاشتۇرغان ھەربىي كۈچ ئىككى تەرەپ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش، ئۇنى قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلەتمەسلىك، يەنە بىر تەرەپكە تەھدىت سالىدىغان ۋە چېگرا رايونىنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىق؛ چېگرا رايونىدا ھەربىي ساھەدىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى كۈچەيتىش توغرىسىدا 10 تۈرلۈك تەدبىر قوللىنىش؛ ئىككى تەرەپ چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۆز تەرىپىدىكى 100 كىلومېتىر دائىرىگە ئورۇنلاشتۇرغان ھەربىي قىسىم تۈرلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ سانى، قورال ـ جابدۇقلىرى، ھەربىي تېخنىكا جابدۇقلىرىنىڭ ئاساسىي تۈرى ۋە سانى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. كېلىشىمدە ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي مانېۋىرى، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۆز تەرىپىدىكى 100 كىلومېتىر دائىرىدىكى خەۋەرلەندۈرۈشكە تېگىشلىك ھەربىي پائالىيەت ۋە خەۋەرلەندۈرۈش مەزمۇنى، رايون ئىچىدىكى خادىملارنىڭ چەكلىمىسى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ كۆزەتكۈچى ئەكلىپ قىلىشى، دەريا ئورۇش پاراخوتلىرىنىڭ ئۆز تەرىپىدىكى چېگرا رايوندا خەتەرلىك ھەربىي پائالىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەدبىرلىرى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى گۇمانلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى، ھەربىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ئۇسۇلى، ھەمكارلىق تەرەپلىرى قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

«جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ قازاقىستان ـ قىرغىزىستان ـ تاجىكىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ھەربىي كۈچلەرنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» جۇڭگو بىلەن ئەتراپتىكى تۆت دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم. 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشلىقلىرى موسكۋادا ئىمزالىغان. 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 27 ـ سانلىق يىغىنىدا تەستىقلانغان. كېلىشىم جەمئىي بەش نۇسخا بولۇپ، ھەربىر نۇسخىسى خەنزۇچە ۋە رۇسچە يېزىلغان. بەش دۆلەت ئۆزئارا قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك ياكى قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سالماسلىق، بىر تەرەپلىمە ھەربىي ئۈستۈنلۈك كۆزلىمەسلىكنى قايتا تەكىتلىدى. كېلىشىمدە 13 ئاتالغۇنىڭ تەبىرى، كېلىشىم تەتبىقلىنىدىغان جۇغراپىيىلىك دائىرە ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىسىملارنى قىسقارتىش ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئەڭ يۇقىرى چەك، ھەرقايسى ئەسكەر تۈرلىرىنىڭ كونكرېت ئادەم سانى، قىسقارتىلىدىغان ۋە چەك قويۇلىدىغان قورال ـ جابدۇق ۋە ھەربىي تېخنىكا، قورال ـ جابدۇقلارنىڭ تۈرلىرى، ئەڭ يۇقىرى چېكى، كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن ھەربىي كۈچلەر ۋە ئۆزئارا قىسقارتىشنى تاماملاشنىڭ بارلىق ۋاقىت چېكى، ھەربىي كۈچلەرنى قىسقارتىش ئۇسۇلى، كېلىشىمنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش، شۇنىڭدەك ھەربىر تەرەپ كېلىشىم تەتبىقلىنىدىغان دائىرە ئىچىدە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي كۈچلىرى ۋە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشنىڭ تەرتىپى قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان. «كېلىشىمنى تەتبىق-

لاش دائىرىسى توغرىسىدىكى كېلىشىمنامە»، «قىسقارتىش تەرتىپى توغرىسىدىكى كېلىشىمنامە»، «ماتېرىيال ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىمنامە» ۋە «نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى كېلىشىمنامە» مەزكۇر كېلىشىمنىڭ قوشۇمچىسى قىلىندى، ئۇنىڭدا كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش سۈرۈكى، كۈچتىن قېلىش ئەھۋالى، قوللىنىلىدىغان يېزىق قاتارلىقلار توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

**«جۇڭگو ـ قازاقىستان ـ قىرغىزىستان ـ رۇسىيە ـ تاجىكىستان قوشما باياناتى»** جۇڭگو بىلەن ئەتراپتىكى تۆت دۆلەتنىڭ قوشما باياناتى. 1998- يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى ك. توقايېۋ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى تاڭ جياشۈەن، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى م. ئىمالىيېۋ، رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ۋەكىلى ئې. پرىماكوف، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى ت. نازاروفلار ئۆز دۆلەتلىرىگە ۋاكالىتەن ئالمۇتادا ئىمزالىغان. باياناتتا ئۇچرىشىشقا قاتناشقۇچى دۆلەتلەر 1996 ـ يىلى شاڭخەيدە ئىمزالانغان «چېگرا رايونىدا ھەربىي ساھەدىكى ئىشەنچنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» ۋە 1997ـ يىلى موسكۋادا ئىمزالانغان «چېگرا رايونىدا ھەربىي كۈچلەرنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم» ئاساسىدا، كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش ۋە كۈچەيتىش؛ بىر- بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر بولۇش، بىر ـ بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق قاتارلىق ئومۇم ئېتىراپ قىلغان مىزاندا چىڭ تۇرۇش، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ماجىرا ۋە ئىختىلاپلارنى دوستانە كېڭىشىش يولى بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىق مېخانىزمى بەرپا قىلىشقا دىققەت قىلىش، كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى نەزەرگە ئېلىشنى خالايدىغانلىقى بايان قىلىنغان؛ چېگرا رايوندىكى ھەربىي كۈچلەر ۋە ھەربىي ساھەدىكى ئىشەنچ ۋە بىخەتەرلىك، زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا ۋە قانۇنغا خىلاپ باشقا جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش تەكىتلەنگەن؛ باراۋەرلىك، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا رىئايە قىلىش شەرت بولغان پرىنسىپ ۋە ھەمكارلىق تۈرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ ئافغانىستان ۋە جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن؛ ھەرقايسى تەرەپلەر XXI ئەسىردىكى ئورتاق تىنچلىق ۋە گۈللىنىش ئۈچۈن جەزمەن ئادىل ۋە مۇۋاپىق خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش لازىملىقى، بۇ بەش دۆلەت ئارىسىدىكى ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى پۈتكۈل ياۋروپا ـ ئاسىيا رايونى مۇقىملىقى، بىخەتەرلىكى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇنۇملۇك بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىلغا ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىغانلىقى تەكىتلەنگەن. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بەش دۆلەت باشلىقلىرى بىشكەكتە يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن بولغان كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش ۋە كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئورتاق ئارزۇسى، بەش دۆلەت ئورتاق قىزىقىدىغان ساھەلەردە كونكرېت ھەمكارلىق مېخانىزمى ئورنىتىش، زوراۋانلىققا، تېررورچى جىنايەتچىلەرگە ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي ئەسەبىيلىككە زەربە بېرىش ۋە بۇ جەھەتتە قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پرىنسىپى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە يادرو قورالىدىن خالىي رايون بەرپا قىلىش، ئافغانىستان مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا قوشما بايانات ئېلان قىلدى ھەمدە بەش دۆلەت ئىمزالىغان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە چېگرا رايونىدا ھەربىي ئىشەنچنى كۈچەيتىش، ھەربىي كۈچلەرنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى كېلىشىملەرنى قايتا تەكىتلىدى.

**«قازاقىستان ـ جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ـ رۇسىيە ـ تاجىكىستان باشلىقلىرىنىڭ دۈشەنبە باياناتى»** جۇڭگو بىلەن ئەتراپتىكى تۆت دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ قوشما باياناتى. 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ۋە تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى (تۆۋەندە ھەرقايسى تەرەپلەر دەپ قىسقارتىلدى) نىڭ دۆلەت باشلىقلىرى دۈشەنبىدە ئېلان قىلغان قوشما بايانات. ھەرقايسى تەرەپلەر دوستانىلىك، ئىناق قوشنىدارچىلىق ئاساسىدا، «شاڭخەي بەش دۆلەت تەشكىلاتى» رامكىسىدىكى ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە زىچ ھەمكارلىشىش بۇ بەش دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلاپ، بەش دۆلەتنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىدىغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى قوغدىشىغا بەل باغلىدى، بەش دۆلەت ھەر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئىمزا-

لىغان ھۆججەتلەرنىڭ روھى ۋە مەقسىتى، شۇنىڭدەك ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان بارلىق ئىككى تەرەپلىك شەرتنامە ۋە كېلىشىملەرگە سادىق بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. باياناتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ھەرقايسى تەرەپلەر «شاڭخەي بەش دۆلەت تەشكىلاتى»غا قاتناشقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەرەققىياتىدىن مەمنۇن، بەش دۆلەت ئۆز رايونىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش جەھەتتە كۈندىن - كۈنگە مۇھىم ۋە ئىجابىي رول ئوينىماقتا. ھەرقايسى تەرەپلەر «شاڭخەي بەش دۆلەت تەشكىلاتى»نى مۇشۇ بەش دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشتىكى رايون مېخانىزمىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ؛ ھەرقايسى تەرەپلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى تىنچ، ئىناق، مۇقىم رايون ۋە باراۋەر خەلقئارا ھەمكارلىقنى يولغا قويىدىغان رايونغا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ھەربىي ئىشەنچنى كۈچەيتىش جەھەتتە ھاسىل قىلىنغان كېلىشىملەردە بەش دۆلەتنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىش، باراۋەر ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭى بىخەتەرلىك قارىشى نامايان قىلىندى؛ رايون بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا ئاساسىي تەھدىت بولۇۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك، خەلقئارا تېررورچىلىق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك، شۇنىڭدەك قورال - ياراغ ۋە زەھەرنى قانۇنسىز ھالدا يۆتكەش، قانۇنسىز كۆچۈش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەرگە بىرلىشىپ زەربە بېرىشكە بەل باغلىدى؛ كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشنى قايتا تەكىتلەيدۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە قورال كۈچى ئىشلىتىش ياكى قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سېلىشقا قارشى تۇرىدۇ، ھەرقانداق دۆلەت ياكى دۆلەت گۇرۇھىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەت مەقسىتىدە دۇنيا ۋە رايون ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىش قەستىگە قارشى تۇرىدۇ؛ ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى يادروسىز رايونغا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوللايدۇ؛ ھەرقايسى تەرەپلەر «شاڭخەي بەش دۆلەت تەشكىلاتى»نىڭ ئېنېرگىيە يوشۇرۇن كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى رايون خاراكتېرلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، «شاڭخەي بەش دۆلەت تەشكىلاتى» رامكىسى ئىچىدە ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئىزىغا چۈشۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ؛ بەش دۆلەتنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقى باشقا دۆلەتلەرگە قارىتىلمايدىغانلىقى، ئوچۇق ئىكەنلىكى تەكىتلەندى؛ ئالاقىدار باشقا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەتلەر ئارا ياكى باشقا سەۋىيىدە بەش دۆلەت ھەمكارلىقىغا قاتنىشىش جەھەتتىكى كونكرېت پىلانى ۋە تۈرلىرىنى قارشى ئالىدۇ.

**«جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن پاكىستان مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئەمەلىي كونترول قىلىۋاتقان رايونلار ئارىسىدىكى چېگرا كېلىشىمى»** قوش تەرەپلىك كېلىشىم. 1963 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرى چېن يى بىلەن پاكىستان دىپلوماتىيە مىنىستىرى زۇلپىقار ئەلى بوتتو ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمەتلىرىگە ۋاكالىتەن بېيجىڭدا ئىمزالىغان. جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن پاكىستان مۇداپىئە ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋاتقان جايلار ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا رەسمىي ئايرىلمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئادىل- مۇۋاپىق بولۇش، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش، ئۆزئارا يول قويۇش روھىغا ئاساسەن، باندۇڭ كونفېرېنسىيىسىدە شەرھلەنگەن 10 پرىنسىپ ئاساسىدا، ئىككى تەرەپ چېگرا بۆلەكلىرىدە ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ قالغان چېگرا سىزىقىنى ئاساس قىلىپ ھەمدە تەبىئىي ھاسىل بولغان چېگرا سىزىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، چېگرىنى رەسمىي بېكىتىش ۋە بەلگە قويۇشقا قوشۇلدى. كېلىشىمدە جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن پاكىستان مۇداپىئە ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋاتقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق چېگرا لىنىيىسى تۆت قىسىمغا بۆلۈنۈپ، كېلىشىمنىڭ 2 - ماددا 1 - تارمىقىدا تەپسىلىي شەرھلەندى ھەمدە 1 : 1000000 لىك ماسشتاپ بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا جۇڭگو تەرەپنىڭ خەنزۇچە خەرىتىسى ۋە پاكىستان تەرەپنىڭ ئىنگلىزچە خەرىتىسىدە بەلگە قويۇلۇپ، ئىككى تەرەپتىن ئىمزا قويۇلۇپ، مەزكۇر كېلىشىمگە كىرگۈزۈلدى. ئىككى تەرەپ تېزلىكتە بىرلەشمە چېگرا بەلگىلەش كومىتېتى قۇرۇشقا قوشۇلدى ھەمدە ئۆزلىرى زىممىسىگە ئالىدىغان كونكرېت ۋەزىپىلەرنى مۇنداق بەلگىلىدى: دەريا - ئېقىن پاسىل قىلىنغان بۆلەكلەردە، ئېقىننىڭ مەركىزىي سىزىقى چېگرا قىلىنىدۇ؛ داۋان (تاغ ئېغىزى) پاسىل قىلىنغان جايلاردا سۇ بۆلگۈچ چېگرا قىلىنىدۇ. ئىككى تەرەپ تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان ھەل قىلىش چارىسى ۋە كەشمىر مەسىلىسى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقاردى.

**«جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەت چېگرىسى كېلىشىمى»ۋە ئۇنىڭ «تولۇقلىما كېلىشىمى»** جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىمىلىك كېلىشىم. 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېف ئالمۇتادا ئىمزالىغان. 1994ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ سانلىق يىغىنىدا تەستىقلىنىپ يولغا قويۇلغان. كېلىشىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: جۇڭگو بىلەن قازاقىستان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا لىنىيىسىدە تاغ تىزمىسى پاسىل قىلىنغان بۆلەكلەردە چېگرا سۇ بۆلگۈچىنى بويلاپ ئايرىلىدۇ؛ دەريا ـ ئېقىن پاسىل قىلىنغان بۆلەكلەردە ئېقىننىڭ مەركىزىي سىزىقى ياكى ئاساسىي ئېقىن مەركىزىي سىزىقى بويىچە ئايرىلىدۇ؛ سۇ بۆلگۈچ، ئېقىن مەركىزىي سىزىقى ياكى ئاساسىي ئېقىن مەركىزىي سىزىقىنىڭ ھەقىقىي ئورنى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئايرىلغان دەريادىكى ئاراللار تەۋەلىكى جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرىسى ئايرىلغاندا كونكرېت بېكىتىلىدۇ؛ ئاساسىي ئېقىننى بەلگىلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى سۇ ئورنى ئوتتۇرا ھال بولغان چاغدىكى ئېقىن مىقدارى بويىچە بولىدۇ، ئەمەلىي ئايرىلغان جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەت چېگرىسى تىك يۆنىلىش بويلاپ ھاۋا بوشلۇقى ۋە يەرگە قاراپ ئايرىلىشى كېرەك؛ ئىككى تەرەپ دۆلەت چېگرا لىنىيىسىدىكى 69 پاسىل نۇقتىسىنىڭ باشلىنىش ـ ئاخىرلىشىش ئورنىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. 15 ـ پاسىل نۇقتىسىدىن 16 ـ پاسىل نۇقتىسىغىچە، 48 ـ پاسىل نۇقتىسىدىن 49ـ پاسىل نۇقتىسىغىچە بولغان چېگرا يۆنىلىشى مەسىلىسى ئۈستىدە داۋاملىق سۆھبەتلىشىش؛ جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرا سىزىقىنى ئەمەلىي بېكىتىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن بىرلەشمە چېگرا ئايرىش كومىتېتى قۇرۇشنى ھەمدە چېگرا ئايرىش خىزمىتىنى مۇشۇ كومىتېت يولغا قويۇشنى بېكىتتى. كېلىشىم ئىككى نۇسخا بولۇپ، ھەربىر نۇسخىسى خەنزۇچە، قازاقچە ۋە رۇسچە يېزىلدى. 1997ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتتى رەھبەرلىرى يەنە ئالمۇتادا ئۇچرىشىپ، كېلىشىمنىڭ 2 ـ ماددىسى توغرىسىدا تولۇقلىما بەلگىلىمە چىقاردى. «تولۇقلىما كېلىشىم» دە جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرىسىنىڭ 69 ـ پاسىل نۇقتىسىدىن تارتىپ ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغىچە بولغان چېگرا لىنىيىسىنىڭ يۆنىلىشى ئېنىق بېكىتىلدى ھەمدە ماسشتاب، بەلگە ۋە تولۇقلىما كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى، قوللىنىلىدىغان تىل ـ يېزىق قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. 1998 ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 4ـ كۈنى جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىدىن جياڭ زېمىن بىلەن نەزەر بايېف ئالمۇتىدا ئىككى دۆلەت چېگرىسى مەسىلىسى توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم «تولۇقلىما كېلىشىم» ئىمزالىدى. تولۇقلىما كېلىشىمدە 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى «جۇڭگو ـ قازاقىستان چېگرا كېلىشىمى»نىڭ 3 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 15 ـ پاسىل نۇقتىسىدىن 16 ـ پاسىل نۇقتىسىغىچە، 48ـ پاسىل نۇقتىسىدىن 49 ـ پاسىل نۇقتىسىغىچە بولغان چېگرا يۆنىلىشى ۋە پاسىلنىڭ باشلىنىش ـ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى كونكرېت بەلگىلەندى. 1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەتلىرى باشلىقلىرى بېيجىڭدا «جۇڭگو ـ قازاقىستاننىڭ ئىككى چېگرا مەسىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلغانلىق توغرىسىدىكى قوشما ئاخبارات»نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ چېگرا مەسىلىسى ئومۇميۈزلۈك، تەلتۆكۈس ھەل بولدى، دەپ كۆرسەتتى. ئاخباراتنىڭ ئېلان قىلىنىشى جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، مۇشۇ رايوننىڭ خاتىرجەملىكى ۋە مۇقىملىقىغىمۇ پايدىلىق بولدى.

**«جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ 21 ـ ئەسىردە ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قوشما باياناتى»** قوشما بايانات. 1999ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېف بېيجىڭدا ئېلان قىلغان. باياناتتا 1993 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈندىكى جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئاساسىي توغرىسىدىكى بىرلەشمە بايانات، 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قوشما بايانات، شۇنىڭدەك 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى جۇڭگو ـ قازاقىستان قوشما باياناتىدىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر بولۇش، ئىشىنىش، بىر ـ بىرى-

نىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، تالاش - تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش قاتارلىق پرىنسىپلار ئاساسىدا ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش؛ دۆلەت چېگرىسى ۋە تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكى دەخلى - تەرۇزسىز بولۇش توغرىسىدىكى ئومۇميۈزلۈك پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش؛ يېڭى ئەسىردە جۇڭگو - قازاقىستان ھۆكۈمەتلىرى ئىقتىساد - سودا ۋە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ رولىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىنى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ھەمراھلىق خاراكتېرىگە ئىگە قىلىش؛ ئىككى دۆلەتنىڭ نېفىت ساھەسى، خەلقئارا قاتناش - ترانسپورت ساھەسى، مۇھىت ئاسراش ۋە تەبىئىي بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېررورلۇققا شۇنىڭدەك قورال - ياراغ ۋە ئەتكەس بۇيۇملارنى قانۇنسىز توشۇش، قانۇنسىز كۆچۈش جىنايەتلىرىگە ۋە باشقا جىنايى ھەرىكەتلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش؛ 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى جۇڭگو - قازاقىستان - قىرغىزىستان - رۇسىيە - تاجىكىستان باشلىقلىرىنىڭ بىشكەك باياناتىدا ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئاكتىپ قاتنىشىش تەكىتلەندى. قازاقىستان تەرەپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ بىردىنبىر قانۇنىي ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، تەيۋەن بىلەن ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەت تەرەپ ئالاقىسى ئورناتمايدىغانلىقىنى قەيت قىلدى. ئىككى تەرەپ «ئاسىيا ئىشەنچ»دە تەشەببۇس قىلىنغان كونكرېت تەدبىرلەرگە ئەمەل قىلىپ، ئادىل ۋە مۇۋاپىق خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

### «جۇڭگو - رۇسىيە قوشما باياناتى»

جۇڭگو - رۇسىيە دۆلەتلىرىنىڭ قوشما باياناتى. 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭى يېلتسىن بېيجىڭدا ئىمزالىغان. باياناتنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى جەھەتتە، ئىككى تەرەپ 1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ۋە 1994 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى جۇڭگو - رۇسىيە قوشما باياناتلىرىدا شەرھلەنگەن پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش، 1991 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىمزالانغان «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي دۆلەت چېگرىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم» ۋە 1994 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىمزالانغان «جۇڭگو بىلەن رۇسىيىنىڭ شەرقىي - غەربىي دۆلەت چېگرىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم»گە قاتتىق رىئايە قىلىش؛ ئىككى دۆلەتنىڭ جۇغراپىيىلىك قوشنىدارچىلىقى ۋە ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇكتىن ئۆزئارا پايدىلىنىشتەك ئۆزگىچە ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى چوڭ - چوڭ تۈرلەر ئۈستىدىكى ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بېرىش؛ نەق پېرېۋوت سودىسى ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل شەكىل تەڭ يولغا قويۇلغان سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ 1994 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىمزالانغان ئۆز دۆلىتىنىڭ يادرو قوراللىرىنى قارشى تەرەپكە نىشانلىماسلىق ۋە ئۆزئارا ئالدىن يادرو قورالى ئىشلەتمەسلىك توغرىسىدىكى قوشما باياناتقا ئەمەل قىلىش؛ ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، چېگرا رايونىدا ھەربىي ساھەدىكى ئىشەنچنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جۇڭگو - رۇسىيە دۆلەتلىرىنىڭ ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان «جۇڭگو - رۇسىيە دوستلۇق، تىنچلىق، تەرەققىيات كومىتېتى» قۇرۇشتىن ئىبارەت. خەلقئارا تىنچلىق ۋە تەرەققىيات جەھەتتە، ئىككى تەرەپ تىنچ بىللە ئۆتۈشنىڭ بەش پرىنسىپى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە باراۋەر، نورمال ۋە ساغلام بولغان دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى، ھەربىر دۆلەت خەلقى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشى بولمىغان ئەھۋالدا، ئىجتىمائىي تۈزۈم، تەرەققىيات يولى ۋە ئەندىزىسىنى مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان ئاساستا تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى؛ ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيىلىك مۇقىملىق مەسىلىسى توغرىسىدا ئاكتىپ سۆھبەتلىشىپ، كونكرېت ھەرىكەتتى ئارقىلىق ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە ئارمىيىنى ئازايتىش، ئالدى بىلەن يادرو ھەربىي ھازىرلىقلىرىنى قىسقارتىش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى ۋە تېزلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئۈنۈمى ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە

قوشۇلدى. ئادىل، باراۋەر، ھەمكارلىق ۋە خەلقئارا سودىدا كەمسىتىش ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق ئاساسىدا خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ھەرقانداق شەكىلدىكى تېررورلۇققا ۋە تەشكىللىك ئاساستىكى دۆلەت ھالقىغان جىنايەتكە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

**«جۇڭگو - ئافغانىستان چېگرا شەرتنامىسى»** جۇڭگو - ئافغانىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك شەرتنامە. 1963 - يىلى 11- ئاينىڭ 23 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى چېن يى بىلەن ئافغانىستان پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئابدۇل قايۇم ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆز ھۆكۈمەتلىرىگە ۋاكالىتەن بېيجىڭدا ئىمزالىغان. شەرتنامىدە ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا لىنىيىسىنى ئايرىش مەسىلىسى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، بارلىق چېگرا لىنىيىسى مەزكۇر شەرتنامىگە قوشۇمچە قىلىنغان جۇڭگو تەرەپنىڭ 1: 2000000 ماسشتاپلىق خەنزۇچە خەرىتىسى، ئافغانىستان تەرەپنىڭ 1: 253440 ماسشتاپلىق پارسچە خەرىتىسىدە ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىقى ئىككى خىل خەرىتىگە ئىنگلىزچە خەت قوشۇلغان. ئىككى دۆلەت سۇ بۆلگۈچ ۋە داۋان (تاغ ئېغىزى) بويلاپ چېگرا بېكىتىپ، سۇ بۆلگۈچ تاغ قاپتىلى ۋە داۋان (تاغ ئېغىزى) دىكى سۇ بۆلگۈچنى پاسىل سىزىقى قىلىشقا قوشۇلغان. شەرتنامىدە بىرلەشمە چېگرا ئايرىش كومىتېتىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى، تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

**«جۇڭگو - قىرغىزىستان قوشما باياناتى»** جۇڭگو - قىرغىزىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قوشما بايانات. 1998 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ئاقايېۋ بېيجىڭدا ئىمزالىغان. ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇق ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم، ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كۈچەيتىش ئارزۇسىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان ئالىي دەرىجىلىك ئۇچرىشىشىنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن مۇنداق بايانات ئېلان قىلدى: ئىككى تەرەپ 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5- كۈنىدىكى جۇڭگو- قىرغىزىستاننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدىكى قوشما ئاخباراتى، 1992- يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى جۇڭگو - قىرغىزىستان قوشما ئاخباراتى ۋە 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى جۇڭگو - قىرغىزىستان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي توغرىسىدىكى قوشما بايانات قاتارلىق ھۆججەتلەردە بايان قىلىنغان پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى تەكىتلەيدۇ؛ ئىككى تەرەپ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق سىياسىي ئۇچرىشىشنى داۋاملىق ساقلاپ، ئىشىنىش ۋە چۈشىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ؛ 1996- يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئىمزالانغان جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا كېلىشىمىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئومۇم ئېتىراپ قىلغان خەلقئارا قانۇنلاردىكى مىزانلارغا ئاساسەن، ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئەلتۈكۈس ھەل قىلىدۇ؛ ئىككى تەرەپلىك ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ، ئىككى دۆلەت شىركەتلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئالاقە ئورنىتىپ، ئۆز ئارا مەبلەغ سېلىشىنى كۆپەيتىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ؛ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش - ترانسپورتنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ؛ زوراۋانلىق جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىشتىكى ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ؛ ھەرقانداق شەكىلدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگونىڭ بىردىنبىر قانۇنىي ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ ئىككى تەرەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلار دائىرىسىدە، ئىككى تەرەپ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى خالايدۇ.

**«جۇڭگو - قىرغىزىستان كونسۇل شەرتنامىسى»** جۇڭگو - قىرغىزىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك شەرتنامە. 1994 - يىلى 3- ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى چيەن چىچېن بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى قارا بايېۋ ئىمزالىغان. شەرتنامىدە «كونسۇلخانا»، «كونسۇل رايونى»، «كونسۇلخانا باشلىقى»، «كونسۇلخانا خادىمى»، «كونسۇلخانا ئەزاسى» قاتارلىق-

نىڭ تەبىرى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن، كونسۇلخانا تەسىس قىلىش ۋە كونسۇلخانا ئەزالىرىنى ئەۋەتىش شۇنىڭدەك كونسۇل ۋەزىپىسى، ئىمتىيازى ۋە كەچۈرۈم ھوقۇقى، ئاخىرقى ماددا ئۈستىدە كونكرېت شەرت چىقىرىلغان.

**«جۇڭگو-قىرغىزىستان چېگرا كېلىشىمى» ۋە ئۇنىڭ «تولۇقلىما كېلىشىمى»** جۇڭگو - قىرغىزىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك كېلىشىم. 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ئاقايېف بىشكەكتە ئىمزالىغان. جۇڭگو - قىرغىزىستان ئىككى تەرەپ خەلقئارا قانۇنلارنىڭ مىزانى ۋە ئىككى تەرەپ چېگرا سۆھبىتى جەريانىدا ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمگە ئاساسەن، جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىق بېكىتىپ، ئىككى دۆلەت چېگرىسىنىڭ باشلىنىش - ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنى تەپسىلىي شەرھلىدى؛ جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنىڭ 7 - پاسىل نۇقتىسىدىن 8 - پاسىل نۇقتىسىغىچە بولغان يۆنىلىش مەسىلىسىنى داۋاملىق سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى، بىرلەشمە چېگرا ئايرىش كومىتېتى قۇرۇپ، چېگرا ئايرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بىشكەكتە چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا يەنە «تولۇقلىما كېلىشىم»گە ئىمزا قويدى. تولۇقلىما كېلىشىمدە 7 - پاسىل نۇقتىسىدىن 8 - پاسىل نۇقتىسىغىچە بولغان ئارىلىق، 21 - پاسىل نۇقتىسىدىن ئاخىرقى نۇقتىغىچە بولغان يۆنىلىش تەپسىلىي شەرھلەندى، باشلىقلار «جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرا كېلىشىمى»نىڭ 1 - ماددا، 4 - ماددا، 5 - ماددا، 6 - ماددا، 7 - ماددا ۋە 8 - ماددىلىرىنى مۇشۇ كېلىشىمگىمۇ ئوخشاشلا تەتبىقلاشقا قوشۇلدى، كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش شەرتى، قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**«جۇڭگو - قىرغىزىستان - قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسى تۇتىشىدىغان نۇقتىلار توغرىسىدىكى كېلىشىمى»** خەلقئارا كېلىشىم. 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشلىقلىرى بىشكەكتە ئىمزالىغان. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - سانلىق يىغىنىدا تەستىقلانغان. بۇ كېلىشىم 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈندىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسى توغرىسىدىكى كېلىشىمى»نىڭ 6 - ماددىسى ۋە 1994 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسى توغرىسىدىكى كېلىشىمى»نىڭ 6 - ماددىسىغا ئاساسەن ھاسىل قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: جۇڭگو - قىرغىزىستان - قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسى تۇتاشقان نۇقتا خانتەڭرى چوققىسىدىكى 6995 مېتىر ئېگىزلىكتە جايلاشقانلىقىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت، بۇ نۇقتا جۇڭگو تەۋەسىدىكى 5992 مېتىر ئېگىزلىكنىڭ شىمالىدىن قىيپاش غەربىي شىمالىي تەرەپتىكى 3387 مېتىرلىق جايغا قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى 6411 مېتىر ئېگىزلىكنىڭ شەرقىدىن قىيپاش شەرقىي شىمالىي تەرەپتىكى 3428 مېتىرلىق جايغا، قازاقىستان تەۋەسىدىكى 4672 مېتىر ئېگىزلىكنىڭ غەربىدىن 5292 مېتىرلىق جايغا جايلاشقان؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۈچ دۆلەت چېگرىسى تۇتاشقان نۇقتىنىڭ كوئوردىناتى، خەرىتە سىزىش ئۇسۇلى ۋە كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش شەرتى، قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىق توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**«جۇڭگو بىلەن تاجىكىستاننىڭ جۇڭگو - تاجىكىستان چېگرىسى توغرىسىدىكى كېلىشىمى»** جۇڭگو - تاجىكىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك كېلىشىم. 1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى باشلىقلىرى دالمىيەندە ئىمزالىغان. 2000 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى، جۇڭگو بىلەن تاجىكىستان ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت چېگرىسىنىڭ يۆنىلىشىنى تەپسىلىي بەلگىلەش ھەمدە جۇڭگو - تاجىكىستان چېگرىسىنى قىزىل سىزىق ئارقىلىق بىرلىكتە ئۆلچەپ ئىشلەنگەن 1:50000 ماسشتابلىق خەرىتىدە بەلگىلەش؛ ئىككى تەرەپ باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ئاساسەن بىرلەشمە چېگرا ئايرىش كومىتېتى قۇرۇش ھەمدە بۇ كومىتېتقا مۇشۇ كېلىشىمگە ئاساسەن دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە-

كى ھەقىقىي ئورنىنى بېكىتىش، چېگرا بەلگىسى ئور-
نىتىش، چېگرا ئايرىش توغرىسىدا مۇجەجەت تەييارلاش،
تەپسىلىي بولغان چېگرا ئايرىش رايونلىرىنى سىزىپ
چىقىش قاتارلىق چېگرا ئايرىش خىزمەتلىرىنى ھاۋالە
قىلىشتىن ئىبارەت؛ مەزكۇر كېلىشىمنىڭ 2 ـ ماددى-
سىدا بايان قىلىنغان جۇڭگو ـ تاجىكىستان چېگرىسى-
دا، تاغ تىزمىسى پاسىل قىلىنغان بۆلەكلەردە سۇ
بۆلگۈچنى بويلاپ بېكىتىش، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى
جۇڭگو ـ تاجىكىستان چېگرىسىنى ئايرىش ۋاقتىدا
كونكرېت بېكىتىش؛ جۇڭگو ـ تاجىكىستان چېگرىسى-
نىڭ 14 ـ پاسىل نۇقتىسىدىن تارتىپ جۇڭگو- تاجى-
كىستان ـ ئافغانىستان چېگرىلىرى تۇتاشقان نۇقتىغىچە
بولغان يۆنىلىش مەسىلىسىنى ئىككى تەرەپ داۋاملىق
سۆھبەتلىشىپ ھەل قىلىش؛ بۇ كېلىشىم تەستىقلانغان
ھەمدە تەستىق نۇسخىسى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلغان كۈن-
دىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولۇش، ئىككى نۇسخىدىن
قىلىپ، خەنزۇچە، تاجىكچە ۋە رۇسچە يېزىش، كېلى-
شىم تۈزۈشكۈچى تەرەپلەردە بۇ كېلىشىمنى چۈشەندۈ-
رۈش جەھەتتە ئىختىلاپ پەيدا بولسا، خەنزۇچە، رۇسچە
نۇسخىسىنى ئاساس قىلىش بەلگىلەنگەن.

«جۇڭگو بىلەن تاجىكىستان ئىككى
دۆلەتنىڭ XXI ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئىناق قوش-
نىدارچىلىق ۋە دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋى-
تىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى قوشما
باياناتى» جۇڭگو تاجىكىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇر-
سىدىكى قوشما بايانات. 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ
4 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تاجىكىس-
تان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشلىقلىرى دۇشەنبىدە ئىككى
دۆلەتنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە دوستانە ھەمكارلىق
مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى-
نى مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان
خەلقئارا مەسىلىلەر ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا
پىكىر ئالماشتۇردى. كەڭ تۈردە ئورتاق تونۇش ھاسىل
قىلىپ، قوشما بايانات ئېلان قىلدى. باياناتنىڭ ئاسا-
سلىق مەزمۇنى: ئىككى تەرەپ تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ
بەش پرىنسىپى ئاساسىدا ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە
دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش،
21 ـ ئەسىردىكى خىرىسنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئىك-
كى تەرەپ ئورتاق تىرىشىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋى-
تىنى پۇختا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا تېخىمۇ ھا-
ياتىي كۈچكە تولدۇرۇشتىن ئىبارەت؛ ئىككى تەرەپ:
ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ
13 ـ كۈنى دالىيەندە ئىمزالىغان «جۇڭگو بىلەن تاجى-
كىستاننىڭ جۇڭگو ـ تاجىكىستان چېگرىلىرى تۇتىشى-
دىغان نۇقتا توغرىسىدىكى كېلىشىمى» ۋە ئىمزالىنىش
ئالدىدا تۇرغان «جۇڭگو ـ تاجىكىستان ـ قىرغىزىستان
دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسى تۇتىشىدىغان نۇقتا توغرىسىدى-
كى كېلىشىمى» ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى
ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىشقا پۇختا ئاساس سېلىپ بەر-
دى، دەپ قارىدى؛ ئىككى تەرەپ چېگرا مەسىلىسى
ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىنىشتىن بۇرۇن چېگرىنىڭ
ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ تۇرۇشقا قوشۇلدى؛ ئىككى
تەرەپ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئارا ئىقتىساد ـ
سودا كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىككى
دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىق سۈيىيىكتىنىڭ
ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت
يارىتىدۇ؛ ئىككى تەرەپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، خەلقئا-
را تېررورچىلىق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك رايون بىخەتەر-
لىكى ۋە مۇقىملىقىغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدۇ، دەپ
قاراپ، ئىككى تەرەپ ۋە كۆپ تەرەپ رامكىسى ئىچىدە
ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرىقى ھەرىكەتلەر-
گە ئورتاق زەربە بېرىشكە ھەمدە ئۈنۈملۈك تەدبىر قول-
لىنىپ، قورال ـ ياراغ ۋە زەھەرنى قانۇنسىز ھال-
تۇشۇشتەك دۆلەت ھالقىغان جىنايى ھەرىكەتلەرگە قات-
تىق زەربە بېرىشكە بەل باغلىدى؛ تاجىكىستان جۇمھۇ-
رىيىتى «بىر جۇڭگو» سىياسىتىنى تەكىتلەپ، جۇڭگو-
نىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى
قوللىدى؛ ئىككى تەرەپ ئافغانىستان ۋەزىيىتىنىڭ دا-
ۋاملىق جىددىيلىشىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ مۇشۇ رايون
ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا كۆرسىتىدىغان پاسسىپ تە-
سىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئالاقىدار دۆلەتلەر ۋە
خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ياراشتۇرۇش يولىدىكى بارلىق
تىرىشچانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

«جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ جۇڭگو ـ
ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئەمەلىي كونترول لى-
نىيىسىدىكى ھەربىي ساھەلەردە ئىشەنچ تەدبىر-
لىرى ئورنىتىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى»
جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپ-
لىك كېلىشىم. 1996ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى
چيەن چىچېن بىلەن ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈ-
مىتىنىڭ ۋەكىلى گۇجرال يېڭى دېھلىدا ئىمزالىغ-
ان. 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 8 ـ
نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-

ستېتىنىڭ 25 - سانلىق يىغىنىدا تەستىقلىنىپ كۈچ-
كە ئىگە بولغان. كېلىشىمدە 1993 - يىلى 9 -
ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان «جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن ھىندىستان جۇم-
ھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو - ھىندىستان چېگرى-
سىنىڭ ئەمەلىي كونترول لىنىيىسىدىكى رايونلاردا
تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ساقلاش توغرىسىدىكى كې-
لىشىمى» گە ئاساسەن، ھەرقانداق بىر تەرەپ ھەرقانداق
ئۇسۇل ئارقىلىق يەنە بىر تەرەپكە قورال كۈچى ئىشلەت-
مەسلىك ياكى قورال كۈچى ئارقىلىق تەھدىت سالماس-
لىق، يەككە تەرەپلىمە ھەربىي ئۈستۈنلۈك كۆزلىمەس-
لىك، ھەربىي ساھەدىكى ئىشەنچنى ئاشۇرۇش ۋە ئې-
نىقلىق دەرىجىسىنى كۈچەيتىش؛ تىنچ بىللە تۇرۇش
بەش پرىنسىپى ئاساسىدا، چېگرا مەسىلىسى ئاخىرقى
ھېسابتا ھەل قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئىككى تەرەپ جۇڭ-
گو - ھىندىستان چېگرا رايونىدىكى ئەمەلىي كونترول
لىنىيىسىگە قەتئىي ھۆرمەت قىلىش ۋە رىئايە قىلىش؛
جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئەمەلىي كونترول
رايونلىرىدا ئورتاق كېڭىشىپ بېكىتىلگەن جۇغراپىيە-
لىك دائىرە ئىچىدە ھەرقايسى دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى-
نى قىسقارتىش ۋە ئۇنىڭغا چەك قويۇش يۈزىسىدىن ئۆچ
تۈرلۈك كونكرېت تەدبىر قوللىنىش تەكىتلەندى، كې-
لىشىمدە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئەمەلىي
كونترول لىنىيىسى ئەتراپىدىكى جايلاردا ئىككى تەرەپ
ھەربىي قىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قويۇلىدىغان تە-
لەپ، ھەربىي ئايروپىلانلارنىڭ جۇڭگو - ھىندىستان
چېگرىسىنىڭ ئەمەلىي كونترول لىنىيىسىدە چېگرىدىن
ئۆتۈش ۋە يەرگە قونۇشقا قويۇلىدىغان تەلەپ، چېگرى-
نىڭ-ئەمەلىي كونترول لىنىيىسىدە قورال - ياراغ،
ئوق - دورا ئىشلىتىشتىكى مەنئى خاراكتېرلىك بەلگى-
لىمە ۋە چەكلەش خاراكتېرلىك بەلگىلىمە، ئىككى تە-
رەپ ھەربىي خادىملىرى ۋە ئاپپاراتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
ئالاقە ۋە ھەمكارلىق، ئەمەلىي كونترول لىنىيىسىنى
ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئېتراپ قىلىش خىزمىتى قاتارلىق-
لار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى،
كۈچتىن قېلىشى ۋە تىل - يېزىق قوللىنىش توغرىسى-
دىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**«جۇڭگو - قازاقىستان قوشما باياناتى»**
جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ قوشما باياناتى.
1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بىلەن قازاقىس-
تان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى نەزەر بايېف ئالمۇتادا
ئىمزالىغان باياناتتا جۇڭگو - قازاقىستان ئىككى تەرەپ
1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى جۇڭگو -
قازاقىستاننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغ-
رىسىدىكى قوشما باياناتى، 1992 - يىلى 2 - ئاينىڭ
26 - كۈنىدىكى جۇڭگو - قازاقىستان قوشما بايان-
اتى، 1993 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى
جۇڭگو - قازاقىستان قوشما باياناتى ۋە 1995 - يىلى
9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى جۇڭگو - قازاقىستان
قوشما باياناتلىرىدا بېكىتىلگەن پرىنسىپلارغا ئەمەل قى-
لىش تەكىتلەندى. ئالىي دەرىجىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ھەرقايسى دەرىجىلىكلەرنىڭ دائىملىق سىياسىي
سۆزلىشىشى ۋە كېڭىشىشىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشقا قوشۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، چېگرا مەسىلىسىنى
ھەل قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە جىنايى ھەرى-
كەتلەرگە زەربە بېرىش، ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى-
نى كۈچەيتىش، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش پرىنسىپى، يادرو قوراللىرى مەسىلى-
سى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى ۋەزىيىتى، تىنچ-
لىقنى ساقلاش جەھەتلەردە بىردەك پىكىرگە كەلدى.

**«جۇڭگو - رۇسىيە چېگرىسىنىڭ غەربىي بۆلىكى توغرىسىدىكى كېلىشىم»** جۇڭگو -
رۇسىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك
كېلىشىم. 1994 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋە-
كىلى چيەن چىچېن بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ
تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى كوزىرېف ئايرىم - ئايرىم
ھالدا ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمەتلىرىگە ۋاكالىتەن موسكۋادا
ئىمزالىغان. كېلىشىم ئاساسەن جۇڭگو - رۇسىيە غەر-
بىي بۆلەك چېگرىسىنىڭ يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش
ۋە بېكىتىش، تارىختىن قېلىپ قالغان جۇڭگو - رۇ-
سىيە چېگرا مەسىلىسىنى ئادىل، مۇۋاپىق ھەل قىلىش
مەقسىتىدە ئىمزالانغان. ئاساسلىق مەزمۇنى: جۇڭگو -
رۇسىيە پاسىلىنى سىزىپ بۆلگۈچ بويلاپ ئايرىش، سىز
بۆلگۈچنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى جۇڭگو بىلەن رۇسىيە
چېگرىسىنى ئايرىش ۋاقتىدا كونكرېت بېكىتىش؛ ئەمە-
لىي ئايرىلغان جۇڭگو - رۇسىيە دۆلەت چېگرىسىدا
ئوخشاشلا تىك ھالەتتە ئۈستىدىكى ھاۋا ۋە ئاستىدىكى
يەرنى ئايرىش ھەمدە جۇڭگو - رۇسىيە دۆلەت چېگرى-
سىنىڭ غەربىي بۆلەك پاسىل نۇقتىسىنىڭ باشلىنىش
ۋە ئاخىرلىشىش ئورنى، ماسشتاپ چوڭ - كىچىكلى-
كىنى تەپسىلىي شەرھلەش؛ باراۋەر بولۇش پرىنسىپى

بويىچە بىرلەشمە چېگرا ئايرىش كومىتېتى قۇرۇش ھەمدە بۇ كومىتېتقا چېگرا ئايرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنى ھاۋالە قىلىشتىن ئىبارەت. كېلىشىم ئىككى نۇسخا بولۇپ، ھەربىرى خەنزۇچە ۋە رۇسچە يېزىلغان، ئەستىقلانغان ھەمدە ئەستىق نۇسخىسى ئالماشتۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەستىق نۇسخىسى بېيجىڭدا ئالماشتۇرۇلىدۇ. 1998 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا يەنە قوشما بايانات ئېلان قىلدى، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى 1994 ـ يىلىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن، غەربىي بۆلەك دۆلەت چېگرىسىنى دالىدا ئايرىش خىزمىتى ئاخىرلاشقانلىقىنى مەمنۇنلۇق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئىككى تەرەپ باراۋەر ئاساستا كېڭىشىش، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە يول قويۇش ئاساسىدا، جۇڭگو ـ رۇسىيە چېگرىسىنى ئايرىش مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىش چېگرا رايوننىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە، جۇڭگو ـ رۇسىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق، دەپ بىردەك ھېسابلىدى. ئىككى تەرەپ كېڭىشىلمىگەن بۆلەكلەرنىڭ چېگرا يۆنىلىشى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، مەسىلىنى ئادىل، مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى قارار قىلدى.

**«جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ قازاقىستاننىڭ ئۈچ دۆلەت چېگرىسىنىڭ تۇتىشىش نۇقتىسىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى»** جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ قازاقىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارا كېلىشىم، 1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى ئالمۇتادا ئىمزالىغان. 1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ سانلىق يىغىنىدا تەستىقلانغان. كېلىشىمدە 1994 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ جۇڭگو ـ رۇسىيە دۆلەت چېگرىسىنىڭ غەربىي بۆلىكى توغرىسىدىكى كېلىشىمى» ۋە 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەت چېگرىسى توغرىسىدىكى كېلىشىمى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۈچ دۆلەت چېگرىسى تۇتاشقان نۇقتا ئالتاي تاغ تىزمىسى (جەنۇبىي ئالتاي تاغ تىزمىسى) دىكى سۇ بۆلگۈچتە ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. بۇ نۇقتا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە 2988 مېتىرلىق ئېگىزلىكنىڭ شىمالىدىن قىيپاش شەرقىي شىمالدىكى تەخمىنەن 2810 مېتىرلىق جايغا، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تەۋەسىدە 3086 مېتىرلىق ئېگىزلىكنىڭ جەنۇبىدىن قىيپاش شەرقىي جەنۇبىي تەرەپتىكى تەخمىنەن 2900 مېتىرلىق جايغا جايلاشقان؛ كېلىشىمدە ئۈچ دۆلەت چېگرىسى تۇتاشقان نۇقتىنىڭ كوئوردىناتى ۋە ئېگىزلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۈچ دۆلەت چېگرىسى تۇتاشقان نۇقتىنىڭ ئورنىنى قىزىل چەمبىرەك ئارقىلىق 1: 50000 ماسشتابلىق خەرىتىگە سىزىپ قويۇش؛ كېلىشىم تۈزۈشكۈچى ئۈچ تەرەپ بۇ كېلىشىمنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى قانۇن تەرتىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆزئارا خەۋەرلەندۈرۈش لازىملىقى بېكىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ كېلىشىمنىڭ ئاخىرقى يازما ئۇقتۇرۇشى ئەۋەتىلگەن كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى، ئۈچ نۇسخا بولىدىغانلىقى، ھەربىر نۇسخىسى خەنزۇچە، رۇسچە ۋە قازاقچە يېزىلىدىغانلىقى، ئەگەر ھۆججەت نۇسخىسىنى چۈشەندۈرۈشتە ئىختىلاپ كۆرۈلسە خەنزۇچە، رۇسچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىش بەلگىلەنگەن.

**«جۇڭگو ـ قازاقىستان ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلارغا دائىر ئەدلىيە ياردەم شەرتنامىسى»** جۇڭگو ـ قازاقىستان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك شەرتنامە. 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى سەي چېڭ بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى ئېرزانوف ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بېيجىڭدا ئىمزالىغان. بۇ شەرتنامە ئىككى دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە كۈچەيتىش مەقسىتىدە ئىمزالانغان. شەرتنامىنىڭ مەقسىتى ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا، ھەق تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار جەھەتتە ئۆزئارا ئەدلىيە ياردىمى بېرىشتىن ئىبارەت. شەرتنامىدە ئەدلىيە جەھەتتىن قوغداش ۋە ياردەم بېرىشنىڭ بىرلەشمە يولى، ئەدلىيە ياردىمىنىڭ دائىرىسى، ئىلتىماسنامىنىڭ ئەندىزىسى، ئىلتىماسنىڭ ئىجرا ئۇقتۇرۇشى، ئىجرا نەتىجىسى، قوللىنىلىدىغان تىل ـ يېزىق، دىپلوماتىيە ۋە كونسۇل ۋەكىللىك ئورگىنىنىڭ ھۆججەت ئەۋەتىشى، تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش، شۇنىڭدەك گۇۋاھچى، زىيانلانغۇچى ۋە بېكىتكۈچىنى قوغداش، ئەدلىيە ياردىمى ھەق-

قى، ئەدلىيە ياردىمىنى رەت قىلىش قاتارلىقلار ئۈستە-
دە پرىنسىپلىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە ھەق تەلەپكە دائىر ئەدلىيە ياردىمىنىڭ دائىرى-
سى، دەۋا ھەققىنى تۆلەش ۋە كېمەيتىش، ئېتىراپ
قىلىنىدىغان ۋە ئىجرا قىلىنىدىغان كېسىم ۋە ئېتىراپ
قىلىش، ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىش؛ جىنايى ئىشلار-
غا دائىر ئەدلىيە ياردىمىنىڭ دائىرىسى، ھۆججەت ئەۋە-
تىش ۋە تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش، ھارام پۇل، ھارام
ماللارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، جىنايى ئىشلارغا دائىر
ئەدلىيە ياردىمىنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرى، جىنايى
ئىشلار دەۋا ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇش، ئىلگىرىكى ئاخبا-
رات قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقى-
رىلدى. شەرتنامە ئىككى نۇسخا بولۇپ، ھەربىر نۇس-
خىسى بىردەك خەنزۇچە، قازاقچە يېزىلدى ھەمدە
رۇسچە تەرجىمىسى قوشۇمچە قىلىندى.

«جۇڭگو - رۇسىيە ئۆتكۈزۈپ بېرىش
شەرتنامىسى» جۇڭگو - رۇسىيە دۆلەتلىرى ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك شەرتنامە. 1995 - يىلى
6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى-
نىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ۋۇباڭگو بىلەن رۇسى-
يىچە فېدېراتسىيىسىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى
ۋ. ئا. كورلېۋ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆز دۆلىتى ھۆ-
كۈمەتلىرىگە ۋاكالىتەن موسكۋادا ئىمزالىغان. 1996-
يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەت-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 -
سانلىق يىغىنىدا تەستىقلانغان. شەرتنامە ئىككى نۇس-
خا بولۇپ، ھەربىرى خەنزۇچە ۋە رۇسچە يېزىلغان.
ئۇنىڭدا ئاساسلىقى شەرتنامە تۈزۈشكۈچى تەرەپلەرنىڭ
ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتى، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە
بولىدىغان جىنايەتچى، ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىش-
قا تېگىشلىك ئەھۋال، ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلىش-
قا بولىدىغان ئەھۋال، ئۆز دۆلىتى پۇقرالىرىنى ئۆتكۈ-
زۈپ بەرمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى، ئالاقىلىشىش يوللىرى،
تىل - يېزىقنىڭ قوللىنىلىشى، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىل-
تىماسى ۋە ئۇنىڭغا كېرەكلىك ھۆججەت، تولۇقلىما
ماتېرىيال، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قاماپ تۇرۇش،
ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسى قولغا تېگىشتىن بۇرۇنقى
قاماپ تۇرۇش، ئۆتكۈزۈپ بېرىلگۈچىنى تاپشۇرۇپ بې-
رىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈش ۋە ۋاقىتلىق
ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسىنى
بىرقانچە كۆن ئىچىدە سۇنۇش، خاس پرىنسىپ، جىنا-
يەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملارنى تاپشۇرۇپ بې-
رىش، چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش، نەتىجىسىنى خەۋەرلەن-
دۈرۈش، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالاقىدار خىراجەت، باش-
قا خەلقئارا شەرتنامىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت،
تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش، شەرتنامىنىڭ تەستىق-
لىنىش ۋە كۈچكە ئىگە بولۇش شەرتى قاتارلىقلار بەلگى-
لەنگەن.

«جۇڭگو - ئۆزبېكىستان ئۆتكۈزۈپ بېرىش
شەرتنامىسى» جۇڭگو - ئۆزبېكىستان دۆلەتلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپلىك شەرتنامە. 1999 -
يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-
تى بىلەن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى باشلىقلىرى بېي-
جىڭدا ئىمزالىغان. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - سانلىق يىغى-
نىدا تەستىقلانغان. شەرتنامە تۈزۈشكۈچى ئىككى تەرەپ
ئومۇم ئېتىراپ قىلغان خەلقئارا قانۇنلار مىزانىغا ئاسا-
سەن، ئىككى دۆلەتنىڭ جىنايەتكە زەربە بېرىش ساھە-
سىدىكى ئۈنۈملۈك ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش
مەقسىتىدە ئىمزالىغان. شەرتنامە جەمئىي 23 ماددىلىق
بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىق شەرتنامە تۈزۈشكۈچى ئىككى
تەرەپنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇرىيىتى، ئۆتكۈزۈپ
بېرىشكە بولىدىغان جىنايەت، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتى-
ماسىنى رەت قىلىشتىكى ئەھۋال، ئىلتىماس قىلىنغۇ-
چى تەرەپنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋاسى قىلىش مەجبۇرى-
يىتى، ئالاقىلىشىش يوللىرى، تىل - يېزىق قوللى-
نىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلتىماسى ۋە ئۇنىڭغا كې-
رەكلىك ھۆججەت، تولۇقلىما ماتېرىيال، ۋاقىتلىق
قاماپ تۇرۇش شەرتى، ئۆتكۈزۈپ بېرىلگۈچىنى تاپشۇ-
رۇپ بېرىش، تاپشۇرۇپ بېرىشنى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈ-
رۈش ۋە ۋاقىتلىق تاپشۇرۇپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ بې-
رىش ئىلتىماسىنى بىرقانچە كۆن ئىچىدە سۇنۇش،
خاس پرىنسىپ، يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈپ بېرىش،
جىنايەتكە ئالاقىدار بۇيۇملارنى تاپشۇرۇپ بېرىش،
چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش، نەتىجىنى خەۋەرلەندۈرۈش،
خىراجەت تۆلەش، مەخپىيەتلىك ساقلاش مەجبۇرىيى-
تى، تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش، شەرتنامىگە
تۈزىتىش كىرگۈزۈش، شەرتنامىنى تولۇقلاش ۋە شەرت-
نامىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى قاتارلىقلار بەلگى-
لەنگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك
قانۇن چىقىرىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى-
نىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى يەرلىك نىزاملارنى چە-

قىرىدۇ. يەرلىك نىزام چىقىرىش ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ھەم ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم قەدەم باسقۇچى. 1979 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (قىسقارتىپ خ ق دائىمىي كومىتېتى دېيىلىدۇ) قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن يەرلىك قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە يەرلىك نىزاملارنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر تۈركۈم يەرلىك نىزام ۋە نىزام خاراكتېرلىك قارارلارنى تەستىقلىدى. 1979 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «چېگرا باشقۇرۇش رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئېلان» ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن چىقىرىلغان تۇنجى يەرلىك قانۇن بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ قەدەم باسقۇچى تەدرىجىي تېزلەشتى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى 119 يەرلىك نىزام، 71 نىزام خاراكتېرلىك قارار چىقاردى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈپ چىققان 31 يەرلىك نىزامنى تەستىقلىدى؛ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى چىقارغان ئۈچ يەككە نىزامنى تەستىقلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىشنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ مەزگىلدە يەنە 173 مەمۇرىي نىزام چىقاردى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 44 مەمۇرىي نىزام چىقاردى. شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان، بايلىقى مول ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان جاي بولغاچقا، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا قارىغاندا كۆپلىگەن ئالاھىدە ئەھۋاللىرى بار، شۇڭا يەرلىك نىزام چىقىرىشتا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ: بىرىنچىدىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ساقلانغان ئالاھىدە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، مەسىلەن، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى، تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى، نەشە مەنئى قىلىش نىزامى، نەسىللىك چارۋا باشقۇرۇش نىزامى، «نىكاھ قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش قوشۇمچە بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ چىقىش، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى باشقۇرۇش چارىسى قاتارلىقلارنى تەستىقلاش. ئىككىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش پرىنسىپىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى كىشىلەر ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندۇرۇش. ئۈچىنچىدىن، قانۇن چىقىرىش تەدبىرى بىلەن ئىسلاھات، تەرەققىيات تەدبىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نىزام چىقىرىش ئارقىلىق ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق ئىسلاھات جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەنلىكى ئىسپاتلانغان، ئەمەلگە ئاقىدىغان تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، مۇنتىزىملاشتۇرۇپ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ساغلام، چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ ۋە كاپالەتلىك قىلىپ، ياخشى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى ئورنىتىش ئىسلاھات، تەرەققىيات، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈچۈن كۈچلۈك قانۇن كاپالىتى يارىتىپ بېرىش. مەسىلەن، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چىقىرىلغان «تارىم ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» دا بىۋاسىتە نىزام چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق تارىم ۋادىسىدا خەلقئارا ئادەتكە چاپلاشقان پۈتۈنلەي يېڭى ۋادا ھەم باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئورنىتىلدى ۋە يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىشى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، يول ئېچىشقا جۈرئەت قىلىش، تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە قانۇنلاشتۇرۇش، ئىلمىيلەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدۇر. 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېچىلغان 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغىچە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىشى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، بۇ بەش يىلدا جەمئىي يەرلىك نىزام ۋە نىزام خاراكتېرلىك قاراردىن 102 سى چىقىرىلدى. بۇ 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى مەزگىلىدە چىقىرىلغان ئومۇمىي نىزام سانىنىڭ 1.4 ھەسسىگە

باراۋەر كېلىدۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش توغرىسىدىكى قارارى»** يەرلىك نىزام. 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى. قاراردا مۇنداق كۆرسىتىلدى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش — شىنجاڭنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرەشىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئامما باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ئېغىشماي چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشتەك قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، تېخىمۇ ئىتتىپاق ۋە مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى تىرىشىپ يارىتىپ، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش داۋامىدا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا كاپالەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك؛ پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش داۋامىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەت قىلىش نىزامى»** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇندا بېرىلگەن نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە چىقىرىلغان يەرلىك نىزام. 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە يولغا قويۇلدى. جەمئىي 23 ماددا. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يېپىق مەزگىلىدە نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى، نازارەتچىلىكنىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنى، نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇش ئۇسۇلى، قانۇن، نىزام ۋە خەلق قۇرۇلتىيى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ياكى تەكشۈرۈش، شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ خىزمەت تەرتىپىنى باھالاش، سۈرۈشتۈرۈش دېلولىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، پۇقرالار ۋە تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىغا چېتىلىدىغان ئەرز ـ شىكايەت ۋە پاش قىلىش پىكىرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇئەييەن مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ۋە تەكشۈرۈش دائىرىسى، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەت قىلىنغۇچى ئورگان ياكى شەخسلەردىن جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەنگەن.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلاشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»** يەرلىك نىزام. 1984 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە يولغا قويۇلدى. 1987 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 ـ سانلىق يىغىنىدا 1 ـ قېتىم تۈزىتىلدى، 1989 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

7 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ سانلىق يىغىنىدا 2 ـ قېتىم تۈزىتىلدى، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 8 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ سانلىق يىغىنىدا 3 ـ قېتىم تۈزىتىلدى. جەمئىي توققۇز باب، 46 ماددا. كونكرېت مەزمۇنى: ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش پرىنسىپى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن جايلاردا تۇرۇشلۇق يەرلىك قىسىملار، بىڭتۇەن ئورۇنلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاشقا دائىر ئالاھىدە بەلگىلىمە، سايلاش كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقى، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كونكرېت ئىسىملىكى ۋە تەقسىمات لايىھىسى، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سايلاش، سايلام رايونلىرىنى ئايرىش، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش، ۋەكىل نامزاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، سايلاش ئۇسۇلى ۋە باشقا ئالاقىدار ئىشلار، ۋەھاكازا.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنى›نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت قانۇنىنى تولۇقلاش ۋە جانلىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى تۇنجى يەرلىك نىزامى. 1980 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ سانلىق يىغىنىدا 1 ـ قېتىم تۈزىتىلدى، 1988 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ سانلىق يىغىنىدا 2 ـ قېتىم تۈزىتىلدى، 1990 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ سانلىق يىغىنىدا 3 ـ قېتىم تۈزىتىلدى. جەمئىي 11 ماددا. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»دىكى پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەر بەلگىلەندى: ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ نىكاھلىنىش يېشى ئەرلەرنىڭ 20 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى، ئاياللارنىڭ 18 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك («جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشى مۇنداق: ئەرلەر 22 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىق، ئاياللار 20 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىق)؛ ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى شەرەم قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلارنىڭ نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ؛ تۇل خوتۇنلارنىڭ قايتا نىكاھلىنىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن چات كېرىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ نىكاھلىنىش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىشتا قانۇن رەسمىيىتىنى ئۆتەش شەرت؛ بىر تەرەپنىڭ قارشى تەرەپكە ئاغزاكى ياكى يېزىقچە ئۇقتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ؛ دىنىنىڭ نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا چات كېرىۋېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ؛ دىنىي رەسمىيەتلەرنى قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىشقا تىزىملىتىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش كېرەك. خەنزۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا مۇۋاپىق دەرىجىدە كەڭ بولۇش كېرەك؛ نىكاھلىنىش ئادىتىنى ئىسلاھ قىلىش، توي ئىشلىرىنى تېجەشلىك بىلەن بېجىرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇ نىزام 1981 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنى» بىلەن بىر ۋاقىتتا يولغا قويۇلدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى» يەرلىك مەمۇرىي نىزام. 1991 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 129 ـ سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللاندى. 1992 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 1997 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۆزگەرتىلدى. جەمئىي يەتتە باب، 55 ماددا. ئاساسلىق مەزمۇنى: ئاپتونوم رايون كېچىكىپ نىكاھلىنىش ۋە كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ، پىلان سىرتىدا پەرزەنت كۆرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. ھەردەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى نوپۇس بىلەن پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇرۇلىدۇ، يېزا ـ بازاردىن تۆۋەن (جۈملىدىن يېزا ـ بازار) ئورۇنلىرىدا مەخسۇس

ياكى قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى پىلانلىق تۇغۇت ھەيئىتى ۋە تەشۋىقاتچىسى قويۇلىدۇ، ئۇلار پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر تەشۋىق - تەربىيە ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. شەھەر - بازارلاردىكى خەنزۇ ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىرلا پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئىككىلا پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ مۇشۇ قانۇننىڭ 6 - تارماقچىسىدىكى ئالاھىدە ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلگەنلەر ئىلتىماس سۇنسا، ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، شۇ ئاساستا يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ. دېھقان - چارۋىچى ئەر - خوتۇنلار ئىككى پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت دېھقان - چارۋىچى ئەر - خوتۇنلار ئۈچ پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ؛ مۇشۇ قانۇننىڭ 17 - ماددىسىنىڭ 3 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىدىكى ئالاھىدە ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلگەنلەر ئۆزى ئىلتىماس سۇنسا، ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ. جىمسار، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، سىچۇەن، قۇتۇبى، ماناس، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ۋە سانجى شەھىرىدىكى خەنزۇ دېھقان - چارۋىچى ئەر - خوتۇنلاردىن تۇنجى پەرزەنتى قىز بولغانلىقتىن يەنە بىر پەرزەنت كۆرگەنلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ بىرلا پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ مۇشۇ قانۇننىڭ 19 - ماددىسىنىڭ 3 - تارماقچىسىدا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلگەنلەر ئۆزى ئىلتىماس سۇنسا، ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ. ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىرى ئاز سانلىق مىللەت بولسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇتىغا دائىر بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىرى شەھەر نوپۇسىدا بولۇپ، يەنە بىرى يېزا نوپۇسىدا بولسا ياكى ئەر - خوتۇننىڭ نوپۇسى بىر جايدا بولمىسا، كۆرگەن پەرزەنتىنىڭ سانى ئايال تەرەپ نوپۇسقا ئېلىنغان جاينىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ. ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق ئاھالە ئارىسىدا ئۆزى نوپۇسقا ئېلىنغان جاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىدۇ. مۇشۇ نىزام بويىچە ئىككى ياكى ئۈچ پەرزەنت كۆرسە بولىدىغانلارنىڭ تۇغۇت ئارىلىقى ئۈچ يىلدىن ئاز بولسا بولمايدۇ. پىلانلىق تۇغۇتتا كۆرسەتكۈچ بويىچە باشقۇرۇش ۋە توختام بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كېچىكىپ نىكاھلانغان، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەن ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئەر - خوتۇنلارغا كونكرېت ئېتىبار ۋە مۇكاپات بېرىلىدۇ، پىلانلىق تۇغۇتقا خىلاپلىق قىلغان ئەر - خوتۇنلارغا، نوپۇس كۆرسەتكۈچى ئېشىپ كەتكەن ئورۇنلارغا جازا بېرىلىدۇ ۋە چەكلەش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە بىپەرۋالىق قىلغان، ساختىپەزلىك قىلغان، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان ياكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلغانلارغا ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي جازا بېرىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى»** يەرلىك نىزام. 1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 27 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە يولغا قويۇلدى. 1999 - يىلى 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىلدى. جەمئىي بەش باب، 36 ماددا. بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ياشانغانلار 60 ياشتىن ئاشقان پۇقرالارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ياشانغانلارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيىتى، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالارنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا ئادا قىلىدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى، ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەنلەر ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇن جاۋابكارلىقى قاتارلىقلار بەلگىلەندى. بۇ نىزامدا يەنە ھەر يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىنى ياشانغانلار بايرىمى قىلىش بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»** يەرلىك نىزام. 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 27 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل تارمىقىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى سالاھىيىتىنىڭ بېكىتىلىشى، مۇھاجىرلار مەبلىغى كارخانىلىرى، مۇھاجىرلارغا قاراشلىق كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى، تىزىملىنىشى ۋە بەھرىمەن بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى، چېگرىدىن چىقىپ تۇغقان يوقلاش مەزگىلىدىكى تەمىناتى ۋە چېگرىدىن چىقىشنى ئىلتىماس قىلىش رەسمىيىتى شۇنىڭدەك شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى» يەرلىك نىزام. 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 26 ماددا. ئىلگىرىكى «ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى» يولغا قويۇلغان كۆپ يىللىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى تىجارەتچىلەر ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ سودا پرىنسىپى، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى، تىجارەتچىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئىستېمالچىلارنىڭ رېمونت قىلىپ بېرىش، ئالماشتۇرۇپ بېرىش ۋە مال قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش مۆھلىتى، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە تاۋار ۋە مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان تىجارەتچىلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستېمالچىلىرى ئالدىدا ئۆتەيدىغان پەۋقۇلئاددە مەجبۇرىيىتى، تىجارەتچىلەرنىڭ ئالدامچىلىق قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئىستېمالچىلارغا ھەسسىلەپ تۆلەم تۆلەش مەجبۇرىيىتى، تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، تېخنىكا نازارەتچىلىكى، سەھىيە ۋە باھا تارمىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ۋە مۆھلىتى، تىجارەتچىلەرنىڭ مۇشۇ «چارە»گە خىلاپلىق قىلغاندا ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە ئېنىق ۋە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇ چارە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى» بىكار قىلىندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 33 ماددا. بۇ نىزام «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. «نىزام»دا مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەندى: دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى، دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ دىنىي پائالىيىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ؛ دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ئىشلاردا مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزى بېجىرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ نامزاتىنى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دېموكراتىك ئاساستا كۆرسىتىدۇ، ئۇلار شۇ ناھىيە (شەھەر، رايون) دائىرىسىدە تاللىنىدۇ؛ بارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىپ تىزىملىتىشى كېرەك؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ مال - مۈلكى ۋە كىرىمىنى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئۆزىنى قامداشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى قۇرسا بولىدۇ؛ دىنىي تەشكىلاتلار باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ تەستىقىغا بىنائەن، سىرت بىلەن ئالاقە قىلسا بولىدۇ؛ دىنىي مەنبەئە بۇيۇملىرى ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش، باستۇرۇش، تارقىتىش ۋە چېگرىدىن كىرگۈزۈش -

چىقىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك؛ دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىشتا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىنى ئېلىش كېرەك؛ ئۇنىڭدا يەنە مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغانلارغا بېرىلىدىغان كونكرېت جازا ۋە تەدبىرلەر بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق قائىدىسى»** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ھەرىكەت قائىدىسى مەخسۇس بەلگىلەنگەن يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 11 - سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللاندى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 1997 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تۈزىتىلدى. جەمئىي 23 ماددا. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇنۇلار بەلگىلەندى: دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋ، داۋجياۋ ئىبادەتخانىسى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما توپلىنىدىغان دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تەستىقلاپ تىزىملاش تەرتىپى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئەزالىرىنىڭ شەرتى؛ دىنىي ۋەزىپىدىكى نازاتلارنىڭ شەرتى؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىگە ئەمەل قىلىشى، بارلىق پائالىيەتتە ئىجتىمائىي تەرتىپ، تۇرمۇش تەرتىپى ۋە خىزمەت تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكى شەرت؛ چەت ئەل دىن تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ دىن تارقىتىش ۋە دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىشى رەت قىلىنىدۇ؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى تەستىق ئارقىلىق تىزىملانغاندىن كېيىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تارقاتقان مەلۇم ساندىكى دىنىي كىتاب - ژۇرنال، بۇيۇم ۋە سەنئەت بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىن ئېتىقادچىلىرى جۈملىدىن چەت ئەلدىكى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە ئېتىقادچىلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، مۇھاجىر قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان سەدىقىسى ياكى ئىئانىسىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ؛ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قۇرۇش، كېڭەيتىش ۋە يېڭىدىن قۇرۇشتا ئەمەل قىلىنىدىغان پرىن-
سىپ شۇنىڭدەك مۇشۇ «قائىدە»گە خىلاپلىق قىلغانلار ئۈستىگە ئالىدىغان جاۋابكارلىق قاتارلىقلار.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 96 - سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللاندى ۋە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 10 ماددا. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇنۇلار بەلگىلەندى: دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر ئىسلام دىنىدىكى ئىماملار (ئاخۇنلار)، خاتىپلار، بۇددا دىنى (لاما دىنى) دىكى راھىبلار، لامالار، گېگەنلەر، خرىستىيان دىنىدىكى دىئاكونلار، پرېسبىتېرلار، باستېرلار، كاتولىك دىنىدىكى دىئاكونلار، پوپلار، پراۋوسلاۋىيە دىنىدىكى باستېرلار، داۋجياۋ دىنىدىكى مۇخلىسلار شۇنىڭدەك يۇقىرىدىكى دىنلاردىكى ئاساسلىق دىنىي پائالىيەتنى كەسىپ قىلغانلار ۋە باشقا خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ دىنىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار تۆۋەندىكى بەش شەرتنى ھازىرلىشى شۇنىڭدەك تۆۋەندىكى رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىشى شەرت: دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشى، ۋەتەننى سۆيۈپ قانۇنغا رىئايە قىلىشى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە رىئايە قىلىشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى كېرەك. دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر رىئايە قىلىدىغان 10 پرىنسىپ: دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، نىكاھ ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا؛ قانۇنغا خىلاپ دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، چەت ئەللىكلەرنى ۋە چەت ئەل دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ زىيارىتىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قوبۇل قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ «بەلگىلىمە»گە خىلاپلىق قىلغان دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرگە ئەھۋالنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار ياكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى تەنقىد - تەربىيە بەرسە ياكى نەسىھەت قىلىش، ئاگاھلاندۇرۇش، سىناقتا قالدۇرۇش، دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى بىكار قىلىش چارىسىنى كۆرسە بولىدۇ، جىنايى جاۋابكارلىقى بارلىرىنى ج خ ۋە ئەدلىيە تارماقلىرى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. دىنىي

ۋەزىپىدىكىلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى مەسچىت، ئىبادەتخانا ۋە چېركاۋ بار جايدىكى رايونلۇق، يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى يۈرگۈزىدۇ.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 96 ـ سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللاندى، 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 22 ماددا. ئاساسلىق مەزمۇنى: پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە، دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىش ياكى قاتناشماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە. بارلىق دىنىي پائالىيەتلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلىرى، پەرمانلىرى ۋە سىياسەتلىرىدە رۇخسەت قىلىنغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك؛ دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت ۋە سەھىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ تەستىقلاتماي تۇرۇپ رايون ھالقىغان دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلمايدۇ؛ ھەرقانداق دىنىي تەشكىلات ياكى دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ سىرتىدا ۋەز ئېيتىشىغا، دىن تارقىتىشىغا ۋە ئىلاھكويلۇق تەشۋىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ دىنىي ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقىنىڭ تەستىقىسىز ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ھالقىپ دىن تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ خۇسۇسىيلارنىڭ دىنىي مەكتەپ ۋە كۇرسلارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېچىشىغا ياكى دىن ئېتىقادچىلىرىنى تەربىيىلىشىگە يول قويۇلمايدۇ؛ چەت ئەللەرنىڭ ئەكسىيەتچىل دىن تارقىتىدىغان رادىئوسىنى ئاڭلاش، كۆپەيتىش، تارقىتىش ۋە چەت ئەللەرنىڭ دىنىي كىتاب ـ ژۇرناللىرى ۋە باشقا تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى قوبۇل قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ چەت ئەللەرنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرى ۋە دىنىي خادىملىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا دىن تارقىتىشىغا ۋە دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ ھەرقايسى دىنىي مەزھەپتىكى دىنىي ۋەزىپىدىكىلەر ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، پەرمانلار ۋە سىياسەتلەرگە رىئايە قىلىپ، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلماسلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا دەخلى يەتكۈزمەسلىكى كېرەك؛ ئالاقىدار تارماقلار مۇشۇ «بەلگىلىمە»گە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى قىلمىشىغا قاراپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. مۇشۇ «بەلگىلىمە» دە پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش مەقسەت قىلىنىدۇ.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر نامىلىرىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1989 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 59 ـ سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 15 ماددا. بۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەر نامىلىرى كۆرسەتكەن دائىرە، ھەر دەرىجىلىك يەر نامىلىرىنى باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلارنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى، يەر نامىلىرىنىڭ قوللىنىشى ۋە ئۆزگەرتىلىش تەلىپى شۇنىڭدەك ئۇنى تەستىقلاش تەرتىپى؛ يەر نامىلىرىنى ئازسانلىق مىللەت يېزىقىدا يېزىش قائىدىسىنىڭ تەلىپى، يەر نامىنى تەكشۈرۈش، ئىشلىتىش، يەر نامى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇش؛ يەر نامى بەلگىسىنى قويۇش، باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەپ يولغا قويۇش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاش قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. «چارە» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1980 ـ يىلى ئېلان قىلغان «گوۋۇيۈەننىڭ يەر نامىلىرىنى قويۇش ۋە ئۆزگەرتىشكە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» بىكار قىلىنىدى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قېزىلما بايلىق باشقۇرۇش نىزامى»** يەرلىك نىزام. 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى، 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 ـ سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي 51 ماددا. بۇنىڭدا مۇنۇلار ئېنىق

بەلگىلەندى: قېزىلما بايلىق دۆلەت ئىلكىدە بولىدۇ، قېزىلما بايلىقنى چارلاش ۋە ئېچىشتا بىر تۇتاش پىلانلاش، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش، ھەر تەرەپلىمە چارلاش، مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت ئىلكىدىكى كانچىلىق ئىقتىسادىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كوللېكتىپ كانچىلىق كارخانىلىرىغا ۋە شەخسىي كان قېزىشقا پائال يار - يۆلەك بولۇشى، ئۇلارنى توغرا يېتەكلىشى، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قېزىلما بايلىق چارلىشى ۋە كانچىلىق كارخانىسى ئېچىشىغا ئىلھام بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كانچىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك؛ ئاپتونوم رايونلۇق گېئو قېزىلما مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قېزىلما بايلىق چارلاش - ئېچىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، گېئو مۇھىتنى قوغداشنى نازارەت قىلىدۇ، گېئولوگىيىلىك چارلاش ساھەسىنى باشقۇرۇش، پىلانلاشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە سۇ بايلىقى مەمۇرىي تارمىقىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇشىغا ھەمكارلىشىدۇ؛ ناھىيىدىن يۇقىرى گېئوقېزىلما مەسئۇل تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى قېزىلما بايلىقنى چارلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، كان ئېچىشنى تىزىملاپ باشقۇرۇش، كان ئېچىش ۋە قوغداشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش شۇنىڭدەك گېئو مۇھىتنى ئاسراش ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ قېزىلما بايلىق ئېچىشتا دائىر تالاش - تارتىشلارنى مۇرەسسە قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدا يەنە كان چارلاش ھوقۇقى ۋە كان ئېچىش ھوقۇقىنى تەستىقلاش ۋە ئىجازەتنامە بېرىش، كان ئېچىشنى باشقۇرۇش، كان ئېچىشنى نازارەت قىلىش شۇنىڭدەك مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. «نىزام»دا كوللېكتىپ كانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن دائىرە ئىچىدە قېزىلما بايلىق ئېچىشىغا ئىلھام بېرىلدى؛ شەخسلەرنىڭ پارچە - پۇرات ۋە تارقاق بايلىقلارنى ئېچىشى ھەمدە ئادەتتىكى بىناكارلىق ماتېرىيالى قىلىنىدىغان رۇدا ۋە سېغىز توپا ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرى نىزامى»** يەرلىك نىزام. 1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي بەش باب، 33 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ شەكلى، خاراكتېرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى شۇنىڭدەك ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ۋە يار - يۆلەك بولۇش تەدبىرى ھەم قانۇن جاۋابكارلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. «نىزام»نىڭ مەقسىتى خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يېتەكلەپ ۋە يۆلەپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىغا بېرىشقا قوزغاپ، پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىزامى»** يەرلىك نىزام. 1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي بەش باب، 34 ماددا. ئۇنىڭدا يەككە خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنىي ئورنى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خاراكتېرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ساھە بويىچە باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش دائىرىسى، يەككە سودا - سانائەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى شۇنىڭدەك مۇكاپاتلاش - جازالاش قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەندى.

«نىزام»نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىتا، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىدىغان، ئۇنى يۆلەيدىغان، ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان خېلى سالمىقى بار بىر قاتار تۈزۈم، تەدبىرلەر تۈزۈلدى ۋە ئېتىبار بېرىش چارىلىرى تۈزۈلدى. «نىزام» ئاپتونوم رايونىمىزدا يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى نىزامى» يەرلىك نىزام. 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي بەش باب، 36 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىپى، تىجارەت پرىنسىپى ۋە فاڭجېنى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى تەۋەلىكى، تىجارەتچىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش تەدبىرلىرى شۇنىڭدەك مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مۈلكىنى باشقۇرۇش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1995- يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 29 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ئۇقۇمى، مەسئۇل تارماق ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مۈلۈك دائىرىسى، مۈلۈكنى قوغداش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش پرىنسىپى؛ تىجارەتچىلەر بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق، يېزا كوللېكتىپ مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش پرىنسىپى؛ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مۈلكىنى باشقۇرۇش، مالىيە تۈزۈمى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تۈزۈمى شۇنىڭدەك مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازا ۋە نىزامنى تەتبىقلاش دائىرىسى قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا بازىرى نىزامى» يەرلىك نىزام. 1993 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى. 12 - ئاينىڭ 11- كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. 1997- يىلى 12- ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي ئالتە باب، 31 ماددا. «نىزام»دا ئاپتونوم رايونىمىز تېخنىكا بازارلىرىنىڭ كەسىپ دائىرىسى، يولغا قويۇش فاڭجېنى ۋە پرىنسىپى؛ تېخنىكا بازىرىنى باشقۇرۇش، تېخنىكا- سودا پائالىيىتى، تېخنىكا توختامىنى باشقۇرۇش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق تېخنىكا - سودا پائالىيەتلىرىگە مۇشۇ «نىزام» تەتبىقلىنىدۇ.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1995- يىلى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي ئالتە باب، 39 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىنىڭ پرىنسىپى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى، يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا دائىر پەن - تەتقىقات، كېڭەيتىش ۋە تەربىيىلەش ئىشلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ۋە سېتىش، ئىشلىتىش، مۇلازىمەت

قىلىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىشلىتىشنى رىغبەتلەندۈرۈشكە دائىر ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرى شۇنىڭدەك مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - يېزا سودا - بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»** يەرلىك نىزام. 1995 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى، 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي ئالتە باب، 50 ماددا. بۇ «نىزام» شەھەر - يېزا سودا - بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نورمال بازار سودىسى تەرتىپىنى ۋە سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، شەھەر - يېزا سودا - بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. «نىزام»دا مۇنداق بەلگىلەندى: سودا - بازارلار مۇقىم سورۇنى ۋە ئەسلىھەسى بولغان، بىرقانچە تىجارەتچى ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئاممىۋى سودا ئورنىدا مەركەزلىك ھەم ئاشكارا سودا قىلىدىغان سورۇننى كۆرسىتىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى شۇ مەمۇرىي رايون ئىچىدە سودا - بازارلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل فۇنكسىيىلىك تارماقتۇر؛ سودا - بازارلارنىڭ سودا پائالىيىتىدە ئىختىيار قىلىش، باراۋەر بولۇش، ئادىل بولۇش، سەمىمىي بولۇش ۋە لەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك؛ تىجارەتچىلەر قانۇن - نىزاملارغا ۋە سودا ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سودا - بازارلارنى پىلانلاش ۋە قۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە سودا قىلىش، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت تۈرى شۇنىڭدەك مۇشۇ «نىزام»نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تەدبىرى ھەققىدىمۇ كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەر باشقۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»** يەرلىك نىزام. 1989 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - سانلىق يىغىنىدا 1 - قېتىم تۈزىتىلدى، 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا 2 - قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - سانلىق يىغىنىدا 3 - قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي 53 ماددا. «چارە»دە ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى، يەر ئىشلىتىش تۈزۈمى، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە ئىگىدارلىق ھوقۇقى، يەر ئىشلىتىش ۋە قوغداش، دۆلەت قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش، يېزا (بازار)، كەنت قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش شۇنىڭدەك مۇشۇ «چارە»گە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاش تەدبىرى شۇنىڭدەك تەتبىقلىنىش دائىرىسى قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىڭتۇەننىڭ يەر باشقۇرۇش ئورگىنى مۇستەقىل ئىشلەيدىغانلىقى ئالاھىدە ماددا ئۇسۇلى بىلەن ئېنىق بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتلاق قانۇنى›نى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى»** يەرلىك نىزام. 1989 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي يەتتە باب، 44 ماددا. «تەپسىلىي قائىدە»دە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئوتلاقلارنىڭ دائىرىسى، چارۋا بېقىشقا

رۇخسەت قىلىنمىدىغان ئورمان يېرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئوتلاق ئىشلىتىش تۈزۈمى، ئوتلاق ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋە ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ئوتلاق ھوقۇقى تەۋەلىكىگە دائىر تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئاساسى، ئوتلاقلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئوتلاق قۇرۇلۇشى، ئوتلاق نازارەتچىلىك ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلىيىتى، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تەدبىرى قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئۇنىڭدا يەنە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى چارۋىچىلىق تارماقلىرىنىڭ ئوتلاق باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقى؛ ئوتلاققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، « ئوتلاق قانۇنى» ۋە مۇشۇ «تەپسىلىي قائىدە» گە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى بارلىق ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ پاش قىلىش ۋە شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى بەلگىلەندى.

« شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سۇ قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» يەرلىك نىزام. 1992 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 26 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي سەككىز باب، 49 ماددا. ئاپتونوم رايونىمىزدا سۇ بايلىقى كەمچىل، سۇ بايلىقىنىڭ بۆلۈنۈشى كۆندىن - كۈنگە ئېغىر بولۇۋاتقان ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ، پايدىلىنىپ ۋە قوغداپ، سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە تىزگىنلەپ، سۇ بايلىقىنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سۇ قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى سۇ بايلىقى ئۇقۇمى، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، باشقۇرۇش ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى، سۇ بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىش، سۇ، سۇ تەۋەلىكى ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنى قوغداش، سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ۋە مۇشۇ « چارە» گە خىلاپلىق قىلغانلار ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق قاتارلىقلار بەلگىلەندى. تەشۋىقاتنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى كۈچەيتىپ سۇ بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش ۋە بىر تۇتاش پىلانلاش ئۈچۈن، مۇشۇ « چارە» نى يولغا قويۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە، 1993 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنى يەنە «‹ سۇ قانۇنى› نى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار» ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا « سۇ قانۇنى» نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈش؛ سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، سۇ بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىشنى ئوبدان بىر تۇتاش پىلانلاش، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش؛ سۇ ھەققى ئېلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى ياخشى يولغا قويۇش ئالاھىدە تەكىتلەندى. بۇ قارار « سۇ قانۇنى» نى يولغا قويۇشتا ياخشى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئېتىبار بېرىش چارىسى»**
يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. جەمئىي سەككىز باب، 27 ماددا. ئۇنىڭدا چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئېتىبار بېرىش دائىرىسى، باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، ھەرخىل خىراجەتلەر ھەققىدىكى كونكرېت ئەھۋال ۋە چارە، كارخانا بەھرىمەن بولىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى، تاشقى پېرېۋوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، كرېدىت مەبلىغىنى يۈرۈشتۈرۈش، مەبلەغ سالغۇچى كارخانىلارنى تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، مەبلەغ كەلتۈرۈش يۈنىلىشى، ھەمكارلىشىش ئۇسۇلى ۋە دائىرىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چەكلىگەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يولغا قويغان جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسى 1 مىلىيون دوللاردىن تۆۋەن (1 مىلىيون دوللارنىمۇ ئۆز ئى-

چىگە ئالىدۇ) بولغان تۈرلىرىنىڭ تەكلىپنامىسى ۋە مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئۆز ئالدىغا تەستىقلايدىغانلىقى بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىش توغرىسىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1992 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويىدى. جەمئىي 10 ماددا. شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىچكى - تاشقى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن چىقارغان ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە تەدبىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون غۇلجا، بورتالا، چۆچەك قاتارلىق چېگرىدىكى ئۈچ شەھەر (چېگرا ھەمكارلىق رايونى) نى يەنىمۇ ئېچىۋېتىشنى قارار قىلدى؛ ئۈرۈمچى (ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى) دېڭىز بويىدىكى ئوچۇق شەھەرلەرنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ كۈيتۇن، شىخەنزە قاتارلىق شەھەرلەر شۇنىڭدەك ئىقتىساد - تېخنىكا رايونلىرى يەنىمۇ ئېچىۋېتىلىپ، شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش سىناق رايونى قىلىنىدۇ ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلىرى پايدىلىنىپ يولغا قويۇلىدۇ. بۇ قائىدىدە يۇقىرىقى ئوچۇق شەھەرلەر ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرى، چېگرا ھەمكارلىق رايونلىرىنىڭ تاشقى تىجارەت ھوقۇقى، تاموژنا بېجىدا ئېتىبار بېرىش، باجدا ئېتىبار بېرىش، يەر ئىشلىتىشتە ئېتىبار بېرىش، تاشقى پېرېۋوت سىياسىتىدە كەڭ قويۇپ بېرىش، تاشقى مەبلەغ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، چېگرىدىن كىرىپ - چىققۇچىلارنىڭ رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، تۈر تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ئىقتىساد - سودا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە بېرىش قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىش سىياسىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»** ھۆكۈمەت مەمۇرىي قائىدىسى. 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ھ [2000] 64 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. ئۇ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش توغرىسىدىكى قانۇن - نىزاملىرى ۋە دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشتا ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا مايىل بولۇش توغرىسىدىكى ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. جەمئىي بەش باب، 27 ماددا. ئۇنىڭدا چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىلىدىغان نۇقتىلىق كەسىپلەرنىڭ يۆنىلىشى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىدا ئېتىبار بېرىش چارىسى، بەھرىمەن بولىدىغان باشقا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش كاپالەت تەدبىرى قاتارلىقلار تەپسىلىي بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر بىرقانچە سىياسەت توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى»** ھۆكۈمەت مەمۇرىي قائىدىسى. 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ھ [2000] 83 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. ئۇ ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزام ۋە سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. جەمئىي تۆت باب، 28 ماددا. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش كارخانىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ياسالغان يول ئەسلىھەلەر، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە يۇقىرى يېڭى تېخنىكا تۈرىنى يولغا قويغان كارخانىلار بەھرىمەن بولىدىغان باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ

شىنجاڭدا يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى مۇلازىمەتنى كېڭەيتىش ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات كارخانىلىرى شۇنىڭدەك تاۋار، ئۈسكۈنە ۋە خام ئەشيا ـ ماتېرىيال ئىمپورت قىلغانلار بەھرىمەن بولىدىغان ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭغا كېلىپ قاقاس تاغ، قاقاس يەر، قاقاس ساھىل، قاقاس ياتقۇلۇقلارنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىش، تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئېكولوگىيىلىك ئورمان بەرپا قىلىش، ئوتچۆپ ئۆستۈرۈشكە مەبلەغ سېلىشقا ۋە يەر ئىشلىتىش هوقۇقىغا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئېرىشكەن يەر ئىشلىتىش هوقۇقى، قەرز پۇل، تاۋار ئۆزى سېتىۋېلىش ۋە نوپۇس جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈشكە ئىلھام بېرىش تەدبىرلىرى شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش كاپالىتى تۈزۈمى ۋە مۇشۇ «بەلگىلىمە» نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى بەلگىلەندى.

«خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە خىمىيە سانائىتى بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تېزلىتىش چارىسى» يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1991 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى باشقا ئۆلكە (شەھەر) لەرنىڭ شىنجاڭ بىلەن خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇشىدا قوللانغان هەمكارلىشىش ئۇسۇلى ۋە پايدا تەقسىماتى، بايلىق ۋە خام ئەشيا ـ ماتېرىيال تەمىناتى شۇنىڭدەك تەڭشەش بېجى توغرىسىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى، ئىمپورت قىلىش ۋە ئېكسپورت قىلىش هوقۇقىنى قويۇۋېتىش، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانغا كىرگۈزۈلگەن مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى ۋە ئۇنى سېتىش قاتارلىقلار بەلگىلەندى. 1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئىچكى ـ تاشقى مەبلەغنى تېخىمۇ ئوبدان جەلپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، خىمىيە سانائىتى بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەلگىلىمە چىقاردى، ئۇنىڭدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كارخانىلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بايلىق ۋە خام ئەشيا ـ ماتېرىيال جەھەتتە ئالدىن ئېتىبار بېرىش ھەم سىرتتىن ئىمپورت قىلىش ۋە سىرتقا ئېكسپورت قىلىش هوقۇقىنى كەڭ قويۇۋېتىش يەنە بىر قېتىم تەكىتلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەتتىن كېلىپ خىمىيە سانائىتى بازىسىغا مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلى، يەر ئىشلىتىش هوقۇقى، كارخانا تاپاۋەت بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجى، مەھسۇلات سېتىۋېلىشقا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى شۇنىڭدەك تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش قاتارلىقلار بەلگىلەندى. 1996 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى 90 ـ نومۇرلۇق هۆججەت ئارقىلىق ئېتىبار بېرىش چارىسىدىن بەھرىمەن بولىدىغان كارخانىلار هازىرلايدىغان بەش شەرت ھەققىدە يەنە بىر قېتىم قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقاردى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ئۆي ئىجارىسىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى تەستىقلىدى، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. 1997ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە كۆچمە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، هۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ ئۆي ئىجارە بېرىش ـ ئېلىش ئىشلىرى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە، بۇ ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىقتىسادىي ماجىرا جەھەتتىكى بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ «بەلگىلىمە» ئۆي ئىجارە بېرىش ـ ئېلىش ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆي ئىجارە بېرىش ـ ئېلىش بازىرىنىڭ تەرتىپىنى قوغداپ، ئۆي ئىجارە ئالغۇچى ۋە بەرگۈچىلەرنىڭ قانۇنىي هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەھەر ئۆي ـ زېمىن باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. ئۇنىڭدا ئۆي ئىجارە بېرىش ـ ئېلىشتا باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، سەمىمىي بولۇش، ئەۋزىدە تۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش، ئۆي ئىجارە بېرىشكە بولمايدىغان توققۇز خىل ئەھۋال، ئىجارە مۇناسىۋىتىنى ئۈنۈملۈك

ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ شەرتلىرى، يازما ئىجارە توخ-
تامىنىڭ توققۇز ئاساسلىق ماددىسى، ئىجارە ئالغۇچى-
لارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى، ئىجارە بەرگۈچىلەر-
نىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى، ئىجارە بەرگۈچىلەرنىڭ
ئىجارە توختامىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىغا دائىر سەككىز
خىل ئەھۋال، ئىجارە باشقۇرۇش ھەققىنى ئېلىش شۇ-
نىڭدەك مۇشۇ «بەلگىلىمە» نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى
شۇنىڭدەك مۇشۇ «بەلگىلىمە» گە خىلاپلىق قىلغانلارغا
بېرىلىدىغان جازا قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شە-
ھەر - بازارلاردىكى دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىش
ھوقۇقىنى سېتىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋاقىتلىق
چارىسى» يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1995 - يىلى
2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. جەمئىي ئالتە
باب، 37 ماددا. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى يەر باشقۇرۇش
تارمىقىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش، ئۆتۈ-
نۈپ بېرىش، ئىجارە بېرىش ۋە رەنىگە قويۇشنى نازارەت
قىلىش ۋە تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتى، يەر ئىشلىتىش
ھوقۇقىنى سېتىش ۋە ئايرىپ بېرىش تەرتىپى، يەر
ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە ئىجارىگە بې-
رىش، رەنىگە قويۇش شەرتى ھەم تەرتىپى، يەر ئىشلە-
تىش ھوقۇقىنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى، ناھىيە (شە-
ھەر) دىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەستىقلاش ھو-
قۇق دائىرىسى بويىچە ئايرىپ بەرگەن يەر ئىشلىتىش
ھوقۇقىنى ھەقسىز يىغىۋېلىش ياكى سېتىشقا دائىر
پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار، مۇشۇ «چارە» گە خىلاپلىق
قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازا، جازاغا قايىل بولمىغان-
لارنىڭ مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇش مۆھلىتى شۇنىڭدەك مۇشۇ «چارە» نىڭ تەتبىقلە-
نىش دائىرىسى قاتارلىقلار بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى، يەر ئىشلىتىش ھوقۇ-
قىنى ئايرىپ بېرىش، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈ-
نۈپ بېرىش، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئىجارە بېرىش،
يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇشنىڭ مەنىسى
قوشۇمچە پرىنسىپ شەكلىدە بەلگىلەندى ھەمدە شىنجاڭ
ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ يەر ئىشلە-
تىش ھوقۇقىنى سېتىپ بېرىشى ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە
دائىر ئىشلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە ئەھۋالى سۈ-
پىتىدە ئايرىم بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاسا-
سىي ئېتىز - ئېرىق مۇھاپىزىتى چارىسى»
يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ
1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان
قىلىپ يولغا قويدى. جەمئىي بەش باب، 29 ماددا.
ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي ئېتىز - ئېرىقلىرى-
نى ئالاھىدە قوغداپ ۋە باشقۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىش-
لەپچىقىرىشى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەنىنىڭ «ئاساسىي
ئېتىز- ئېرىق مۇھاپىزىتى نىزامى» ۋە ئالاقىدار قا-
نۇن- نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئە-
مەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. بۇ «چارە» دە ئا-
ساسىي ئېتىز - ئېرىقنىڭ مەنىسى، ناھىيە (شەھەر)
دىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار
فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئاساسىي
ئېتىز - ئېرىق مۇھاپىزىتىگە دائىر فاكتىپەن، ئاسا-
سىي ئېتىز - ئېرىقلارنى ئايرىش بەلگىسى، ئاساسىي
ئېتىز - ئېرىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە نازارەت
قىلىش، ئاساسىي ئېتىز - ئېرىقلارنى ئاسراش تۈ-
زۈمى، شۇنىڭدەك ئاساسىي ئېتىز - ئېرىقلاردا مەنئى
قىلىنغان ھەرىكەتلەر كونكرېت بەلگىلەندى. ئۇنىڭدىن
باشقا، ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق مۇھاپىزىتىگە بۇزغۇن-
چىلىق قىلىش قىلمىشىغا بېرىلىدىغان جازا ۋە ئاساسىي
ئېتىز - ئېرىق مۇھاپىزىتى رايونىدىكى ئوتلاق ۋە دەل-
دەرەخلەرنى باشقۇرۇشتا تەتبىقلىنىدىغان قانۇن - نى-
زاملار ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زىرا-
ئەت ئۇرۇقىنى باشقۇرۇش نىزامى» يەرلىك نى-
زام. 1987 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم
رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ
28 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ
يولغا قويۇلدى، 1994 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتې-
تىنىڭ 8 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.
جەمئىي سەككىز باب، 42 ماددا. ئۇنىڭدا زىرائەت
ئۇرۇقىنىڭ دائىرىسى، ئۇرۇقچىلىق خىزمىتىنىڭ ئا-
ساسلىق ئۇسۇلى ۋە ۋەزىپىسى، ئۇرۇق باشقۇرۇش ئاپ-
پاراتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى، زىرائەت سورت
بايلىقىنى باشقۇرۇش، يېتىشتۈرۈش ۋە بېكىتىش، ئۇ-
رۇق ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىششىقلاش، ئۇرۇق تىجارىتى
قىلىش، ئۇرۇق تەكشۈرۈش ۋە كاراتىن قىلىش، ئا-
پەتتىن قۇتقۇزۇشتا ئىشلىتىدىغان ۋە قەھەتچىلىكنىڭ
ئالدىنى ئالىدىغان ئاشلىق ئۇرۇقى، مۇكاپاتلاش ۋە جا-

زالاش تەدبىرى قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئورۇق سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، سورتىنى بېكىتىش، گۇۋاھنامە بېرىش قاتارلىق ئىشلاردىكى ھەق ئېلىش چارىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق مەسئۇل تارمىقى باھا تارمىقى بىلەن بىرلىكتە ئايرىم بەلگىلەيدىغانلىقى بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋاقىتلىق نىزامى» يەرلىك نىزام. 1987 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى، 1988 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى، 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي يەتتە باب، 45 ماددا. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە تازىلىق تۈزۈمى، مەسئۇل مەمۇرىي تارماقلارنىڭ ئەمگەك بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى نازارەتچىلىكى تۈزۈمى، تالاپەت ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش، شۇنىڭدەك بۇ «نىزام» نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى قاتارلىقلار بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش چارىسى» يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. جەمئىي بەش ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدا ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتا خىراجىتىنى توپلاش، ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتا شەخسىي ئىسچوتى تۇرغۇزۇش، جەمئىيەت بىر تۇتاش غەملىگەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش فوندىنى ئىشلىتىش دائىرىسى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي پۇلىنى ھېسابلاپ تارقىتىش چارىسى شۇنىڭدەك ئىش ئۈستىدە مېيىپ بولغانلارغا بېرىلىدىغان نەپىقە پۇلى، كېسەل سەۋەبىدىن مېيىپ بولغانلارغا ياكى ئىش ئۈستىدە بولمىغان مېيىپلەرگە بېرىلىدىغان ياشانغانلار كۈتۈنۈش پۇلى، ئۆلكە دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن پېنسىيىگە چىققانلار ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقانلاردىن دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى تارقىتىش چارىسى ۋە ھەق ئېلىش يىل چېكىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش تارقىتىش چارىسىنى بىڭتۈەننىڭ مۇشۇ «چارە» دە بەلگىلەنگەن ئاساسىي رامكا بويىچە، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تۈزۈپ چىقىدىغانلىقى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى، 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي بەش باب، 44 ماددا. مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازار ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۆلچەم قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. بۇ «نىزام» دا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپلار، مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى، تەدبىرى ۋە تەكشۈرۈش تۈزۈمى، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى، شۇنىڭدەك مۇشۇ «نىزام» غا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازا ۋە تەدبىر قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دەريا باشقۇرۇش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 38 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىنىڭ دەريا، كۆل سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە سۇ

ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەش پرىنسىپلىرى، مەسئۇل تارماقلار ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، دەريا باشقۇرۇش پرىنسىپى، دەريالارنى رەتكە سېلىش ۋە گۈللەندۈرۈش، دەريا بويلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، دەريادىكى كەلكۈن ئۆتكۈزۈش رايونلىرىنى ئايرىپ بېكىتىش، دەريا باشقۇرۇش دائىرىسى، مۇھاپىزەت توسمىسى يېرىنى بېكىتىش ۋە باشقۇرۇش تەدبىرى، دەريا مۇھاپىزەت توسمىسىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى دائىرىسىدىكى دەريالارنى باشقۇرۇش، دەريا ئاسراش تەدبىرى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش قوماندانلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە مەسئۇلىيىتى، مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغانلار ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق ۋە بۇ «نىزام»نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1998 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىندى، 1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي توققۇز باب، 59 ماددا. بىناكارلىق بازىرى تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، بىناكارلىق پائالىيىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىناكارلىق قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. بۇ «نىزام»دا بىناكارلىق بازىرىنىڭ مەنىسى، بىناكارلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە بىناكارلىق پائالىيىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پرىنسىپلىرى، بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددە بېرىش ۋە ھۆددە ئېلىش، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدىكى ۋاستىچىلىك مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىك تەلىپى، رېمونت كاپالىتى تۈزۈمى، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ۋە بۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1998 - يىلى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 11 باب، 65 ماددا. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يول ترانسپورتى ئۇقۇمى، دائىرىسى ۋە باشقۇرۇش پرىنسىپى، تىجارەت خاراكتېرلىك يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى ھازىرلايدىغان ئىش باشلاش شەرتى، تىجارەت سالاھىيىتى ۋە ئۆزگەرتىش رەسمىيىتى بېجىرىش، يولۇچىلار ترانسپورتىنىڭ تۈرى، تىجارەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى، يۈك ترانسپورت پرىنسىپى، توشۇغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش، يۈك توشۇش ۋە چۈشۈرۈش، شۇنىڭدەك ترانسپورت مۇلازىمىتى، چەتكە چېتىلىدىغان يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش، بىلەت ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش، ترانسپورتنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش، مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغانلار ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق ۋە مۇشۇ «نىزام»نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى قاتارلىقلار بەلگىلەندى. «نىزام»دا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى قارار قىلغان خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق جىددىي ترانسپورت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتا، ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى. قوشۇمچە پرىنسىپتا يەنە تىجارەت خاراكتېرلىك يول ترانسپورتى ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى، ئاپتوموبىل رېمونتى، توشۇش ۋە قاچىلاش - چۈشۈرۈش، ترانسپورت مۇلازىمىتىنىڭ مەنىسى قاتارلىقلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇھىت ئاسراش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى. جەمئىي ئالتە باب، 52 ماددا. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداپ ھەم ياخشىلاپ، بۇلغىنىشنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇلارنى تۈگىتىپ، كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە

تۈزۈلدى. بۇ «نىزام»دا مۇھىتنىڭ مەنىسى، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ پرىنسىپى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى مۇھىت ئاسراش خىزمىتى، مۇھىتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، مۇھىت ئاسراش ۋە ياخشىلاش تەدبىرى، بۇلغىنىشنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى، شۇنىڭدەك قانۇن ـ نىزامغا خىلاپلىق قىلغانلار ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى»** يەرلىك نىزام. 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. 1997 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25 ـ سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي تۆت باب، 42 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ياۋايى ھايۋانات بايلىقىنى قوغداش، باشقۇرۇش، كۆندۈرۈش ۋە كۆپەيتىش، ئىلمىي تەتقىق قىلىش ۋە ئېچىپ پايدىلىنىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» ۋە مۇشۇ «چارە»گە ئەمەل قىلىش كېرەكلىكى بەلگىلەندى. بۇ «چارە»دە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشنىڭ كونكرېت دائىرىسى، ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى قوغداش، باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، بولۇپمۇ ئوۋ ئوۋلاش تۈزۈمى، ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قوغداش تۈزۈمى شۇنىڭدەك مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى. شىنجاڭ ئېلىمىز بويىچە ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى بىرقەدەر مول رايون بولغاچقا، بۇ «چارە»دە ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، خەۋپ ئاستىدا قالغان قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش مەقسەت قىلىندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»** يەرلىك نىزام. 1997 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 28 ماددا. ئاساسلىق مەزمۇنى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىت ئاسراش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە ئاپتونوم رايون، ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر)، ناھىيە (شەھەر) دىكى يەرلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دەپ ئايرىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى؛ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە قوغداش پرىنسىپى؛ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ دائىرىسى ۋە چېگرىسىنىڭ بېكىتىلىشى؛ مەخسۇس مۇھاپىزەت ئاپپاراتىنىڭ قۇرۇلۇشى؛ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ئىچىدىكى يىرىك پىلاننىڭ باشقۇرۇلۇشى؛ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەستىقلىتىش رەسمىيىتى ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇشى؛ مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازا ۋە تەدبىر ۋەھاكازالار.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ئاممىۋى تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1990 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 87 ـ سانلىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللاندى، شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئېلان قىلىندى، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلدى. 1997 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي بەش باب، 49 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ئاممىۋى تازىلىقىغا دائىر خىزمەت فاڭجېنى، جامائەت سورۇنلىرىنىڭ تازىلىق خىزمىتى، شەھەر مۇھىت تازىلىقى خىزمىتى، تۇرالغۇ رايون تازىلىقى خىزمىتى، زاۋۇت، كان رايونلىرىنىڭ تازىلىق خىزمىتى، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تەدبىرى قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى يولغا قويۇش چارىسى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. 1997 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي 26 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش پرىنسىپى، شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كېرەكلىك سۇ مەنبەسىنى ئېچىپ پايدىلىنىش پىلانىنى تۈزگۈچى ئورۇنلار ۋە ئۇنى تۈزۈش تەلىپى، ئىچىملىك سۇ مەنبەسىنى قوغداش رايونىنىڭ بېكىتىلىشى، شەھەرلەرنى ئاممىۋى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، ئورۇنلار ئۆزى بەرپا قىلغان سۇ بىلەن تەمىنلەش تور سىستېمىسىنىڭ تەلىپى، شەھەرنى تەمىنلەيدىغان سۇنىڭ باھاسى، شۇنىڭدەك گوۋۇيۈەننىڭ «شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش نىزامى» ۋە مۇشۇ «چارە»گە خىلاپلىق قىلغانلارغا بېرىلىدىغان مەمۇرىي جازا تەدبىرى قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى خادىملىرىدىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، ئەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىنىڭ قانۇن جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تارىم ۋادىسى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى»** يەرلىك نىزام. 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 33 ماددا. ئۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سۇ قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، تارىم ۋادىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە چەت ئەللەرنىڭ ۋادا باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ تۈزۈلدى. «نىزام»دا ئېيتىلغان سۇ بايلىقى يەر ئۈستى سۈيى بىلەن يەر ئاستى سۈيىنى كۆرسىتىدۇ، تارىم ۋادىسى تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى بىلەن مەنبە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا تارىم ۋادىسى دائىرىسىدە دۆلەت ئىچىدىكى ھازىرقى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئوخشاش بولمىغان پۈتۈنلەي يېڭى ۋادا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلىدىغانلىقى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىم ۋادىسىدا سۇچىلىق كومىتېتى قۇرىدىغانلىقى، بۇ كومىتېتنىڭ تارىم ۋادىسى سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقى؛ بۇ كومىتېتنىڭ دائىمىي ئىشلار كومىتېتى، ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە تارىم ۋادىسى سۇچىلىق كومىتېتى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى؛ دائىمىي ئىشلار كومىتېتى كومىتېتنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتى بولۇپ، تارىم ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش، قوغداش ۋە باشقۇرۇش جەھەتلەردىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلار توغرىسىدا ئۇنۇملۇك تەدبىر بەلگىلەش، مۇزاكىرە قىلىش ۋە يىللىق سۇ ئىشلىتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغانلىقى؛ ئىجرائىيە كومىتېتى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى بولۇپ، دائىمىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا نازارەتچىلىك قىلىدىغانلىقى؛ باشقۇرۇش ئىدارىسى كومىتېتنىڭ مەمۇرىي ۋە تېخنىكىلىق فۇنكسىيە ئاپپاراتى ئىكەنلىكى، كونكرېت خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقى، مەنبە ئېقىنى ۋە غول ئېقىنىنىڭ مۇھىم تىزگىنلەش خاراكتېرلىك سۇ بۆلۈش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى يۈكسەك دەرىجىدە ئورۇنلاشتۇرۇش، باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈش، ۋادا ئىچىدىكى ئاساسلىق سۇ تېجەش مىقدارى ۋە سۇ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشكە مەسئۇل بولىدىغانلىقى، تارىم ۋادىسىدا سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋادا ئىچىدىكى سۇ بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش، قوغداش پرىنسىپى ۋە تەرتىپى، سۇ بايلىقىنى قوغداش مەبلىغىنى تەسىس قىلىش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش شۇنىڭدەك مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازا ـ تەدبىر قاتارلىقلارمۇ كونكرېت بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى چارلاش ـ باشقۇرۇش چارىسى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1996 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىدى، شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىق نازارىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. جەمئىي ئالتە باب، 28 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى چارلاش ۋە باشقۇرۇش، يەر ئاستى سۇ بايلى‑

قىنى چارلىغۇچى مەسئۇل تارماق، يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى چارلاشنى تىزىملاشتا بىجىرىدىغان رەسمىيەت، چارلاش ئىجازەتنامىسىنى ئەستىقلاش ۋە تارقىتىشتا تاپشۇرىدىغان ھۆججەتلەر، يەر ئاستى سۇ بايلىقى قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە چارلاش نەتىجىسىنى باشقۇرۇش، مۇشۇ «بەلگىلىمە»گە خىلاپلىق قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازا، شۇنىڭدەك مەمۇرىي جەھەتتە قايتا قاراپ چىقىش ۋە دەۋا قىلىش مۆھلىتى قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى نىزامى» يەرلىك نىزام. 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى، جەمئىي يەتتە باب، 47 ماددا. «پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى» ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. بۇ «نىزام» دا ئاپتونوم رايونىمىز پەن - تېخنىكا خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى ۋە پرىنسىپى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى، تەتقىق قىلغۇچى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغۇچى ئىلىم - پەن ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھلاندۇرۇش تەدبىرى، پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورنى ۋە تەمىناتى، پەن - تېخنىكا خىراجىتىنىڭ مەنبەسى ۋە ئىشلىتىلىشى، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تەدبىرى قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى. «نىزام» دا يەنە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتى ھەققىدىمۇ كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي يەتتە باب، 48 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش يۆنىلىشى ۋە پرىنسىپى، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ تىجارەت دائىرىسى، مەدەنىيەت بازىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى، مەدەنىيەت تىجارەت پائالىيىتىنى ئىلتىماس قىلىش شەرتى ۋە تەرتىپى، مەدەنىيەت پائالىيىتىنى باشقۇرۇش ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتى تىجارىتى قىلىش ۋە يولغا قويۇش، تىجارەتچىلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى شۇنىڭدەك مۇشۇ «نىزام»غا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى كونكرېت بەلگىلەندى. «نىزام» دا دۆلەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە داغ تەگكۈزىدىغان، مەزمۇنى ئەكسىيەتچى بولغان، ئەشقىۋازلىق، شەھۋانىيلىق ۋە قىمارۋازلىق مەزمۇنى بولغان، فېئودال خۇراپاتلىق تەرغىب قىلىنىدىغان، قاتىللىق، زوراۋانلىق مەزمۇنى بولغان شۇنىڭدەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق مەدەنىيەت تىجارەتلىرىنى مەنئى قىلىش ۋە بىكار قىلىش تەكىتلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» يەرلىك نىزام. 1993 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي بەش باب، 31 ماددا. ئاساسلىق مەزمۇنى: ئاپتونوم رايوننىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى پرىنسىپى؛ ھەممە مىللەتنىڭ تىل - يېزىق ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى؛ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىكى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىپ، قوش تىللىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش كېرەكلىكى؛ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلار ۋە خەنزۇ يېزىقى، چەت ئەل يېزىقىدىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ۋە خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىش؛ ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا، ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش. بۇ «نىزام» دا تىل - يېزىقنى ئىلمىي تەتقىق قىلىش ۋە

قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ھەققىدىمۇ كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولغاچقا، ھەممە ئاز سانلىق مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە، بۇ «نىزام» دەل شۇ سىياسەتنىڭ كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈلۈشىدۇر.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسى»** يەرلىك نىزام. 1988 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى، 1992 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - سانلىق يىغىنىدا 1 - قېتىم تۈزىتىلدى، 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا 2 - قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي 25 ماددا. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى دۆلەت تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرى ۋە دائىرىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش دائىرىسىدە مەنئى قىلىنغان ياكى چەكلەنگەن ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرى ۋە دائىرىسى، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە ھازىرلايدىغان شەرتلەر ۋە خىزمەت تەرتىپى، قازغۇچى، تەكشۈرگۈچى ئورۇننىڭ مەجبۇرىيىتى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يۆتكەش، ئالماشتۇرۇش، ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش، نۇسخا ئېلىش ھەققىدىكى چەكلىمە خاراكتېرلىك بەلگىلىمىلەر، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆپەيتىش، سۈرەتكە ئېلىش، نۇسخا ئېلىش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەنزىرىسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش رەسمىيىتى، تارقاق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ساقلاش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش تۈزۈمى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى»غا ۋە مۇشۇ «بەلگىلىمە»گە خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى نىزامى»** يەرلىك نىزام. 1996 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي ئالتە باب، 25 ماددا. بۇ «نىزام»دا دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەندى؛ دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىنىڭ فاڭجېن ۋە پرىنسىپلىرى، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكى ۋە مەسئۇلىيىتى، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىنىڭ ئوبيېكتى، مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى ئوقۇتقۇچىلىرى، دەرسلىكى، ئەسلىھەلىرى ۋە خىراجىتى بەلگىلەندى؛ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى دەرسلىكلەر، خەنزۇ يېزىقىدىكى دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى دەرسلىكلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ تۈرگە ئايرىلغان دەرسلىكلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى كومىتېتىنىڭ شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن بىر تۇتاش تەشكىللەپ تەشۋىق قىلىدىغانلىقى، ئۇنى تۈزۈشكە ئاخبارات، نەشرىيات، مائارىپ ۋە ھەربىي تارماقلارنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش نىزامى»** يەرلىك نىزام. 1993 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى، 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي سەككىز باب، 56 ماددا. ئۇنىڭدا پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ساھەسىنى باشقۇرۇش، خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكى ۋە خەۋەرلىشىش مەخپىيىتىنى ساقلاش، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش مۇلازىمىتى، پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كاپالىتى، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش قاتارلىقلار ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇ «نىزام» قىسمەن پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپىدە تىجارەت ھوقۇقىنى قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بولۇپ،

پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كەسپىنى ئۇزاقىچە مونوپول قىلىۋېلىش ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاش، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش، ئاپتونوم رايونىمىز پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش بازىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نەشە مەنئى قىلىش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1991 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي 17 ماددا. بۇ «نىزام» ئاپتونوم رايونىمىز تارىختىكى كەندىر (ھىندىستان كەندىرى) تېرىش ئادىتى بولغانلىقى، كەندىر خام ئەشياسىنى پىششىقلاش ئارقىلىق نەشە ئىشلەش، ئېلىپ - سېتىش ۋە چېكىش ئەھۋالى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، نەشىنى چەكلەپ، نەشىگە چېتىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن تۈزۈلدى. ئاساسلىق مەزمۇنى: نەشە ۋە نەشە خام ئەشيا قىلىنغان بۇيۇملار بىلەن ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئېلىپ - سېتىش، توشۇش، ياساش، چېكىش ۋە ئېلىپ يۈرۈش قىلمىشلىرى چەكلىنىدۇ؛ ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس يۇقىرىقىدەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى توسۇش، پاش قىلىش ۋە ئاشكارىلاشقا ھوقۇقلۇق؛ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە تەربىيىلەش بىلەن جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ؛ يۇقىرىقىدەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا جازا بېرىلىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە زەھەر تاشلىتىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە زەھەر تاشلايدىغانلارنى باشقۇرۇش؛ جەرىمانە، مۇسادىرە كىرىمىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلار ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش ۋە كۈچ كۆرسىتىش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى» يەرلىك نىزام. 1990 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. جەمئىي 24 ماددا. بۇ «چارە» دە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىدا يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى؛ پۇقرالارنىڭ يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيىتى، مەسئۇل ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى، يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىشنى ئىلتىماس قىلىش ۋە ئۇنى تەستىقلاش تەرتىپى، جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى باشقۇرۇش، ۋاقىتلىق ئاگاھلاندۇرۇش سىزىقى، مەنئى قىلىنغان رايونلارنى بېكىتىش، يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىشكە قاتناشقۇچىلار رىئايە قىلىدىغان بەلگىلىمە شۇنىڭدەك ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ۋە مۇشۇ «چارە»گە خىلاپلىق قىلغانلار ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇن جاۋابكارلىقى بەلگىلەندى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش نىزامى» يەرلىك نىزام. 1994 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى، 1997 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 30 - سانلىق يىغىنىدا تۈزىتىلدى. جەمئىي يەتتە باب، 46 ماددا. ئۇنىڭدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ قانۇنىي ئورنى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، فاڭجېنى ۋە پرىنسىپى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشى ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىشى، جايلار، تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ تەربىيىلەش ھەم باشقۇرۇش خىزمىتى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى، خىراجە-

تى ۋە ئۇنىڭ كاپالىتى، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش چارىسى ۋە مۇشۇ «نىزام»نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلوغا چېتىلىدىغان بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»** يەرلىك نىزام. 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىندى، شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يولغا قويۇلدى. جەمئىي ئالتە باب، 29 ماددا. بۇ «بەلگىلىمە»دە كۆرسىتىلگەن دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇم ئەدلىيە ئورگىنى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگان، كېسىم ئاپپاراتىنىڭ جىنايى، مەمۇرىي دېلولار، ھەق تەلەپ، ئىقتىساد دېلولىرىغا چېتىلىدىغان بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا بېكىتىشكە تېگىشلىك باھا قويۇش ئاپپاراتى باھا قويغان دېلوغا چېتىلىدىغان بۇيۇملارنىڭ تۈرى، دائىرىسى، باھا قويۇش پرىنسىپى، باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، دېلوغا چېتىلىدىغان بۇيۇمغا باھا قويغۇچى خادىملارنىڭ شەرتى، باھا قويۇش تەرتىپى، باھا قويۇش ئۇسۇلى شۇنىڭدەك مۇشۇ «بەلگىلىمە»نىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى ۋە مۇشۇ «بەلگىلىمە»گە خىلاپلىق قىلغانلار ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق قاتارلىقلار ئېنىق بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇرۇقلۇق كارانتىنىنى يولغا قويۇش چارىسى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى، 1997 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. جەمئىي 13 ماددا. بۇ «چارە» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئۇرۇقلۇقلىرىنى كارانتىن قىلىشقىلا تەتبىقلىنىدۇ، پورتتىكى ئۇرۇقلۇق كارانتىنىغا تەتبىقلانمايدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىق ئۇرۇقلۇق كارانتىنىغا مەسئۇل ئاپپارات، ئىجرائىيە ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى، كارانتىن ئوبيېكتى ۋە كارانتىن قىلىنىدىغان ئۇرۇقلۇق ۋە مەھسۇلات، كارانتىن ئوبيېكتىنىڭ يۇقۇملانغان رايونى، قوغداش رايونىنىڭ ئايرىلىشى ۋە بىكار قىلىنىشى، ئۇرۇقلۇق كارانتىن رەسمىيىتىنى بېجىرىش، «ئۇرۇقلۇق كارانتىن نىزامى» ۋە بۇ «چارە»گە خىلاپلىق قىلغانلارغا بېرىلىدىغان مەمۇرىي جازا ۋە جىنايى جازا بەلگىلەندى. بۇ «چارە»دە كونكرېت ئۇرۇقلۇق كارانتىن ئوبيېكتلىرى، كارانتىن قىلىنىدىغان دېھقانچىلىق ئۇرۇقلۇقلىرى ۋە ئورمانچىلىق ئۇرۇقلۇقلىرىنىڭ ئىسىملىكى قوشۇمچە قىلىندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان سودىسىنى باشقۇرۇشقا دائىر سىناق چارىسى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. جەمئىي 26 ماددا. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان سودىسىنىڭ تەبىرى، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىش پرىنسىپى، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىش بازىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، باشقۇرۇلۇشى، چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىش بازىرىنىڭ شەرتى ۋە تەلىپى، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودىسىنى باشقۇرۇش تەدبىرى، بازار باشقۇرۇش ھەققىنىڭ ئېلىنىشى، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان سودىسىنى باشقۇرۇش پرىنسىپى شۇنىڭدەك جازالاش چارىسى قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى. بۇ «چارە»دە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «‹چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان سودىسىنى باشقۇرۇش سىناق چارىسى›نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» قوشۇمچە قىلىندى. بۇ ئۇقتۇرۇشتا ئاساسلىقى چېگرا ئاھالىسى سودا نۇقتىلىرىنىڭ كونكرېت تەسىس قىلىنىش ئورنى بەلگىلەندى، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىش نۇقتىسىنى قۇرۇشنىڭ سودا قىلىشقا قولايلىق بولۇش، باشقۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش، چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە بولىدىغانلىقى تەكىتلەندى ھەمدە چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودا قىلىش نۇقتىسىدا تولۇق يېپىق باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

**«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا پورتىدىن ئۆتۈش ۋە ئۇ يەردە تۇرغۇچىلارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»** يەرلىك مەمۇرىي قائىدە. 1993 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى. جەمئىي تۆت ماددا. گوۋۇيۈەن بەنگۆڭتىڭنىڭ «چېگرا سودىسىنى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى پائال تەرەققىي

قىلدۇرۇپ، چېگرا رايونىنىڭ گۈللىنىشى ۋە مۇقىملە-
قىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇ-
رۇش»ى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن
شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «جۇڭگو ـ رۇسىيە، جۇڭ-
گو ـ قازاقىستان، جۇڭگو- قىرغىزىستان، جۇڭگو-
تاجىكىستان چېگرا رايونلىرىنىڭ چېگرا مۇداپىئە خىز-
مىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق
بەلگىلىمە»سىگە ئاساسەن تۈزۈلدى. بۇ «چارە» دە
چېگرا پورتىدىن ئۆتۈشنى باشقۇرۇش، چېگرا پورتىدا
تۈرغۇچىلارنى باشقۇرۇش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش
ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. بۇ «چارە»
نىڭ يولغا قويۇلۇشى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كى-
رىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى توسۇش ۋە ئۇلارغا
زەربە بېرىش، جىنايى ئىشلار جىنايىتى ۋە ھەرخىل
قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چېگرا
پورت رايونلىرىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشتا، چېگرا ئىقتى-
سادىي سودىسى ۋە پورت قۇرۇلۇشىنىڭ نورمال ئېلىپ
بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئى-
گە.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆ-
لەت چېگرىسى ۋە چېگرا باشقۇرۇش توغرىسى-
دىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» يەرلىك مەمۇرىي
قائىدە. 1989 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 49 ـ سانلىق
دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ماقۇللاندى، شۇ يىلى 5 ـ
ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى.
1997 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۈزىتىش
كىرگۈزۈلدى. جەمئىي سەككىز باب، 37 ماددا. ئۇ
دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى
قوغداپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى ۋە
بىخەتەرلىكىنى ساقلاپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئو-
ڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن،
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنى» شۇنىڭ-
دەك دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا باشقۇرۇشقا
ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.
ئۇنىڭدا مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەندى: چېگرا مۇداپىئە
قىسىملىرى، ج خ چېگرا مۇداپىئە ۋە تاشقى ئىشلار
تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بىر
تۇتاش رەھبەرلىكىدە، دۆلەت چېگرىسى ۋە چېگرا باش-
قۇرۇش خىزمىتىدە ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلى-
شىپ، ھەر كىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ ھەم-
دە ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ؛ ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس-
نىڭ دۆلەت چېگرىسى، دۆلەت چېگرا بەلگىسى ۋە ئەس-
لىھەلىرىنى، چېگرا رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى ۋە
بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ «ۋاقىت-
لىق بەلگىلىمە» دە دۆلەت چېگرىسىنى باشقۇرۇش تۈ-
زۈمى، چېگرا باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە دۆلەت چېگرىسى-
دىن كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، چېگرا
باشقۇرۇش خىزمىتىدە گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقانلارنى
مۇكاپاتلاش، بۇ «بەلگىلىمە» گە خىلاپلىق قىلغانلار
ئۈستىگە ئالىدىغان قانۇنىي جاۋابكارلىق، مۇكاپاتلاش
ۋە جازالاشنىڭ ئىجراسى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تەتبىقلىنىش
دائىرىسى قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەندى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە قوشۇمچە پرىنسىپ قىسمىدا قۇرۇقلۇقتى-
كى دۆلەت چېگرىسى، دۆلەت چېگرا بەلگىسى، چېگرا
مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى، دۆلەت زېمىنىنى قوغداش ئەس-
لىھەلىرى، چېگرا ئۆتەڭ يولى ۋە چېگرا ئاھالىسىنىڭ
ئۆز ئارا قىلىشقان سودىسىنىڭ مەنىسى ھەققىدىمۇ ئىزا-
ھات بېرىلدى.

«ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەك-
لىكلەرنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋىلايەت، شە-
ھەر دەرىجىلىك يەرلىك نىزام. 1994 ـ يىلى 7 ـ
ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 11 ـ
نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ سانلىق
يىغىنىدا ماقۇللاندى، 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13ـ
كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتىنىڭ 12 ـ سانلىق يىغىنىدا تەستىقلاندى ھەم-
دە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. 1997 ـ يىلى 7 ـ
ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 11 ـ نۆۋەتلىك
خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 32 ـ سانلىق يىغىنىدا
تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ
كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي
كومىتېتىنىڭ 29 ـ سانلىق يىغىنىدا تەستىقلاندى. بۇ
«چارە» مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان
مىللەتلەرنىڭ يېيىش ـ ئىچىش ئادىتىگە تولۇق ھۆر-
مەت قىلىپ، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇشنى كۈ-
چەيتىش ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-
يە قانۇنى» ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «شەھەرلەرنىڭ مىللىي
خىزمەت نىزامى» غا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ
ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى. جەمئىي 16 ماد-
دا. ئاساسلىق مەزمۇنى: مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر مۇ-

مۇسۇلمانچە تورت، شېكەر، كەمپۈت، تاماق، ئۆزگىچە ئۇششاق يېمەكلىك، پىششىق ئاشلىق يېمەكلىكى، سۈتتىن ئىشلەنگەن بۇيۇم، سوغۇق يېمەكلىك، گۆش ۋە گۆش يېمەكلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەش، پىششىقلاش، ياساش، ساقلاش ـ توشۇش ۋە سېتىشتا شەھەرلىك ياكى رايونلۇق (ناھىيىلىك) مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا تەستىقلىتىپ، مۇسۇلمانچە دېگەن بەلگە ئېلىش شەرت؛ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەيدىغان، پىششىقلايدىغان، ياسايدىغان، ساقلاپ ـ توشۇيدىغان كارخانىلارنىڭ، ئۇلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان مىللەتلەر يېمەيدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىشلىشى، پىششىقلىشى، ياسىشى ۋە ساقلاش ـ توشۇشىغا يول قويۇلمايدۇ، ئۇلار زۆرۈر باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىشى ۋە نازارەتچىلىك تەشكىلاتى قۇرۇشى كېرەك؛ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەيدىغان، پىششىقلايدىغان كارخانىلار ۋە مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى كارخانىلىرىدا مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىستېمال قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلار بولۇشى كېرەك؛ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەيدىغان، پىششىقلايدىغان، ياسايدىغان، ساقلاپ ـ توشۇيدىغان، ساتىدىغان كارخانىلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئىش توختىتىش ۋە دەم ئېلىشتا بەلگىلىمە بويىچە رەسمىيەت ئۆتىگەندىن سىرت، مۇسۇلمانچە دېگەن بەلگىنى ئەسلىي تارقاتقۇچى ئورۇنغا قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ئۇنى ئۆز مەيلىچە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ۋە باشقىغا سېتىشقا بولمايدۇ؛ مۇسۇلمانچە دېگەن بەلگە يوقاپ كەتسە ھەم كەمتۈك بولۇپ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتسە، تىجارەتچىلەر ئەسلىي تارقاتقۇچى ئورگانغا تولۇقلاپ بېجىرىپ بېرىش ۋە ئالماشتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ۋاقتىدا ئىلتىماس سۇنۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا يەنە مۇشۇ «چارە» گە خىلاپلىق قىلمىشلارغا كونكرېت بېرىلىدىغان مەمۇرىي جازا تەدبىرلىرى بەلگىلەندى.